جون تولاند

# ئادولف ھىتلېر

**Adolf Hitler**

— سەرگۈزەشتىلىرى

**ئىككىنچى كىتاب**

ئا. بوران تەرجىمىسى

قاربوران نەشرىياتى _ قاراماي

2014

# مۇندەرىجە

## جاھان ئۇرۇشى قوزغاش ۋە زاۋاللىققا يۈرۈش جەريانى

## ئالتىنچى بۆلۈم خەتەرلىك يۈرۈش

18. خرۇستال كېچىسى ........................................ 5
19. تۈلكە بىلەن ئېيىق ........................................ 41
20. تەڭداشسىز ئاپەت ........................................ 93

## يەتتىنچى بۆلۈم قورااللىق قىمار

21. غەربىي سەپتىكى غالىبىيەت ........................................ 145
22. غالىبىيەتتىن ئۇجۇقۇپ كېتىش ........................................ 215
23. دۇنيا نەپسىنى تۇتماقتا ........................................ 257
24. قاراڭغۇلۇققا قاراپ يۈرۈش قىلىش ........................................ 313

## سەككىزىنچى بۆلۈم تۆتىنچى چەۋەنداز

25. جەھەننەم سايىسى ........................................ 358
26. يېڭى جەمەتى بىلەن بىرلىكتە ........................................ 417
27. رەھىمسىز ھەمرا ........................................ 462

## توققۇزىنچى بۆلۈم پاتقاققا چوڭقۇرلاپ پېتىش

28. قۇرۇقلۇق ئارمىيە سۇيىقەستى ........................................ 498
29. ئاخىرقى قايتارما ھۇجۇم ........................................ 582
30. ”تۈن يېرىمىدىن بۇرۇن تەسلىم بولمايمەن“ ........................................ 621

31. تۇن يېرىمدىن كېيىن ۋىدالىشىش ..................................................... 659
خاتىمە ......................................................................................... 708

# ئىككىنچى كىتاب

# جاھان ئۇرۇشى قوزغاش ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىش جەريانى

# ئالتىنچى بۆلۈم

# خېيىم-خەتەرلىك يۈرۈش

## 18. خرۇستال كېچىسى

## 1938.11~1939.3

1

ھىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى تۇتقان يولى بەكلا ئەگرى توقاي جەريانلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ. 1933-يىلى تۇنجى بولۇپ يەھۇدىيلارغا چەكلىمە قويۇش ئىشى، فۈھرېرنىڭ بۇ پىرىنسىپتىن پايدىلىنىپ يارىشىشقا ئۇرۇنغانلىقىدىنمۇ ئەيتەۋىر، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىگەن ئىدى. ئەجەبا بۇ، مۇۋاپىق ئۇسلۇب بىلەن يەھۇدىيلارنى زىيانغا ئۇچراتماي تۇرۇپ ئۇلارنى تىزگىنلەپ تۇتۇپ تۇرۇش ئارقىلىق يەھۇدىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدىغان بىر ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىش سىنىقىمىدى؟ شۇندىن كېيىن، پارتىيە ئىچىدىكى ئىرقچى رادىكال ئۇنسۇرلار بىلەن ھۆكۈمەت ۋە باشقا خەلق ئىشلار تارماقلىرىدىكى مۆتىدىل تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئېلىشىش باشلىنىدۇ. بۇ ئېلىشىش 1935-يىلى ياز ئايلىرىغا كەلگىنىدە ئەڭ يوقۇرى پەللىگە چىققان ئىدى. بۇ چاغدا، مۆتىدىل تەرەپتىكىلەر سودا ئىشلىرىغا پايدىسىز دېگەننى باھانە قىلىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈش يولىنى تۇتۇپ يەھۇدىيلارنى داۋاملىق خار كۆرۈشكە ئاشكارە قارشى تۇرۇشقا باشلايدۇ. ئىمپېرىيە بانكىسىنىڭ باشلىقى بولغان شاخت قاتارىدىكى تەسىر دائىرىسى كۈچلۈك كىشىلەر، يەھۇدىيلارغا قارشى چىقىشتەك ”قانۇنسىز ھەرىكەت“ لەر چوقۇم ئاخىرلاشتۇرۇلۇشى كېرەك دېيىشىدۇ (بۇندىن باشقا يەنە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى فرىك، مالىيە مىنىستىرى شۋېرىن ۋون كروزىگ، ئەدلىيە مىنىستىرى

گۇرتنېر ۋە مائارىپ مىنىستىرى رۇست قاتارلىق كىشىلەرمۇ ئەنە شۇ خىل قاراشتا ئىدى).
ئۇ، ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەنمىز ئىگىلىكنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئەسكەرتىدۇ. مەسىلەن، سۇغۇرتا شىركەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ مىسىردىكى يەھۇدىي ۋاكالەتچىسى توختىماي قورقۇتۇپ كېلىنگەنلىكى سەۋەبىدىن ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىشى نەتىجىسىدە، بازارنى ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولغانلىقىنى، نۇرغۇنلىغان يەھۇدىي ئىمپورت سودىگەرلىرىنىڭ مال زاكاسلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئۇ يەنە، بىرەر دۆلەت ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئويلاپ تۇرۇغلۇق يەھۇدىيلارغا سودا قىلىش هوقۇقىنى بەرمەسلىك خىيالدا بولىشى ھەقىقەتەنمۇ ئاخماقانە ۋە كۈلكىلىك بىر ئەھۋال دەپ قارايتتى. شاخت "بىزگە يەھۇدىي كېرەك ئەمەس" دەيدىغان لوزۇنكىلارنىڭ ئاشكارە ئېسىلىشىغىمۇ قارشى چىقىپ كەتمەيتتى. چۈنكى بۇنىڭغا ئوخشايدىغان پىلاكاتلار ئامېرىكىدىمۇ بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ ستىرېيچېر ئېقىمىدىكىلەر "كىمكى يەھۇدىيلاردىن مال ئالىدىكەن، ئۇنداق ئادەم چوقۇم خەلق دۈشمىنى ھېسابلىنىدۇ" دېگەندەك پىلاكاتلارنىڭ ئېسىلىشىغا قەتئىي قارشى ئىدى. بۇ تۈردىكى تەسىرى كۈچلۈك كىشىلەر "ياۋايىلارچە شەخسى ھەرىكەتلەر" نى چوقۇم توختىتىش كېرەك، يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى قانۇن بويىچە ھەل قىلىش كېرەك دەپ قارىشاتتى.

ئارىدىن بىر قانچە ھەپتە ئۆتمەي، فۈھرېر ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ بىرىنچى قېتىملىق قانۇن تۇرغۇزۇش قەدىمىنى باشلىتىدۇ. نيۇرېمبېرگ قۇرۇلتىيىدا، فۈھرېر «نېمىس قېنىنىڭ ساپلىقى بىلەن شۆھرىتىنى قوغداش قانۇنى» نى ئېلان قىلىپ، بىر قاتار باستۇرۇش تەدبىرلىرىنى قانۇنلاشتۇرغۇزىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ كاتولىك گېزىتى بولغان «پراۋىزورلار» گېزىتى، بۇ تۈر تەدبىرلەر "نېمىس خەلقىنىڭ سۈپىتىنى قوغداشتىكى مۇناسىپ تەلەپ قىلىنمايدىغان تەدبىرلەردۇر" دەپ بۇ تەدبىرنى دەرھال قانۇنلۇق ھالغا كەلتۈرۈشىدۇ. يەھۇدىيلار مەسىلىسى گېرمانىيەنىڭ ئەڭ مۇكەممەل قانۇن سىستېمىسى تەرىپىدىن "بىر-بىرلەپ ھەل قىلىنىش ئىمكانىغا ئېرىشتى" دەپ قارىغاچقا، ھەتتا ستىرېيچېرمۇ بۇنداق بىر تەدبىردىن رازى كۆرۈنەتتى. "بىز دېرىزىلەرنى ئۇرۇپ چېقىپ يۈرمەسلىكىمىز كېرەك. يەھۇدىلارنىمۇ ئۇرۇپ دومىلىتىپ يۈرمەسلىكىمىز كېرەك. _ دەپ تەرغىب قىلىشقا كىرىشىدۇ ستىرېيچېر، _ كىمكى ئۆز ئالدىغا ئۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، ئۇنداق بىرى دۆلەت دۈشمىنى، بىر زىددىيەت تېرىغۇچى، ھەتتا بىر يەھۇدىي ھېسابلىنىدۇ." نيۇرېمبېرگ قانۇنى ھىتلېرنىڭ يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا پايدىلىنىدىغان نىسبەتەن سىلىق ۋە "قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان" بىر تەدبىر ھېسابلىناتتى

ياكى ئۇ ئەسلىدە يەھۇدىيلارنىڭ ئۇرۇقنى تۆگىتىشنىڭ بىرەر مۇۋاپىق پەيتى كېلىشىنى كۈتۈش خىيالىدىمىدى؟ قايسىلا ئەھۋال بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى، ھېچ بولمىغاندا بۇگۈنچە پارتىيە ئىچىدىكى ئىشتىن قانۇنىي بىر ئىشىغا ئۆزگەرتىۋالىدۇ. ئاقىۋەتتە، ناتسىستلار پارتىيىسىدىكى رادىكال ئىرقچىلارنىڭ غەزەپلىك سادالىرى، ئۇلارنىڭ ئۆچمەنلىك ھېسسىياتلىرى بارغانسىرى كۈچىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇندىن كېيىن، ھىتلېر تەرەققىيات پىلانىنى ئىجرا قىلىش ئىشىغا كىرىشىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن، بۇ جەھەتتىكى ھەرىكەتلىرىمۇ ئاز-تولا يىغىشتۇرۇلغان ئىدى. ئەمما ئارىدىن ئۈچ يىل ۋاقىت ئۆتۈپ 1938-يىلىغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئۆچمەنلىكى ئاخىرى رەسمىي پارتلاپ چىقىدۇ. مىيۇنخېن، نيۇرېمبېرگ ۋە دورتمۇندتا سىناگوكىنىڭ چېقىپ-كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلىنىشلىشى، يەھۇدىيلارنى ئاياق ئاستى قىلىش دولقۇنىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يامراپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

”كۇرفۇرستېندامدا شەھەر بويىچە ھەجىۋى رەسىم ۋە قالايمىقان شۇئارلار پۈتۈن ئەتراپقا يېزىپ چاپلىنىۋېتىلگەن. _ دەپ يازىدۇ بىرلىندىن كەلگەن قوشۇمچە مۇخبىر بولغان دېپلومات بېللا فروم، _ ئىشىكلەرگە، دېرىزىلەرگە ۋە تاملارغا چىقماس بوياقلار بىلەن 'يەھۇدىي' دېگەن خەتلەر يېزىۋېتىلگەن. نامرات يەھۇدىيلار دۇكان ئاچقان يەرلەردىكى ئەھۋالنىڭ تېخىمۇ يامانلىقىنى كۆردۈم. ئېس-ئاچىلار بۇنداق يەرلەرنى پۈتۈنلەي دېگىدەك ۋەيران قىلىۋېتىشكەن. ئۇ يەرلەردە يەھۇدىيلارنىڭ كاللىسىنى ئالغانلىق، ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىك، قاتتىق جازالىغانلىق، قول-پۇتلىرى كېسىۋېتىلگەنلىك ۋە ئادەم ئوقۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغىدەك ۋەھشىي چۈشەندۈرۈشلەرگە ئوخشاش قورقۇنۇشلۇق شۇئار-رەسىملەرنىڭ ئېسىلغانلىقىنى ھەممىلا يەردە كۆرگىلى بولاتتى. دېرىزىلەر چېقىپ كۇكۇم-تالقان قىلىۋېتىلگەن، يول ياقىلىرى، پاسكىنا كۆلچەك-ئېرىقلار بۇ بىچارىلارنىڭ بۇتكىلىرىدىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان نەرسىلەر بىلەن تولغان ئىدى.“

1938-يىلى 7-نويابىردا ھېرشېر گرىنسزپان ئىسىملىك بىر يەھۇدىي ياش، پارىژدا گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئادەتتىكى بىر ئەمەلدارىنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. بۇ ۋەقە، يەھۇدىيلارغا قارشى دولقۇنىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىگە سەۋاب بولۇپ بېرىدۇ. گرىنسزپاننىڭ ئاتا-ئانىسى بۇرۇنلا پولشاغا ھەيدەپ چىقىرىۋېتىلگەن ئىكەن؛ ئەسلىدە بۇ ياش باشچىنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلاپ ئەلچىخانىغا يۇشۇرۇنچە كىرگەن بولسىمۇ، كونسۇلخانىدا ئېرنست ۋون رات ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ قالغان. لات ئەسلىدە يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغاچقا گېستاپوچىلارنىڭ تەكشۈرۈشىگە

ئۆچرىغان بىرسى ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ باشلىقىغا ئىتىلىدىغان ئوق كىلىپ ئۇنىڭ جىنىغا زامىن بولىدۇ.

”ئەسلىدە يەھۇدىيلار ھېچ قاچان جىنايەت سادىر قىلمايتتى. ــ دەيدۇ گىرىنسىزپان ساقچىغا يىغلاپ تۇرۇپ، ــ مەن ئىت ئەمەس بىر ئادەممەن. مېنىڭمۇ ياشاشقا ھەققىم بار. بۇ يەرشارىدا يەھۇدىي مىللىتىنىڭمۇ ياشاش ھەققى بار. مەن نەگىلا بارسام خۇددى كوچىدا قالغان ئىگىسىز ھايۋانغا ئوخشاش ئۇرۇپ قوغلىنىپ يۈرگىنىم-يۈرگەن.“

9-نويابىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، رات بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ. بۇ چاغدا ھىتلېر مىيۇنخېن شەھەرلىك ھۆكۈمەت زالىدا پارتىيە كادىرلار يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ئىدى. شۇ چاغدا راتنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ھىتلېرنىڭ قولىقىغا يېتىدۇ. ئۇ يىغىن زالىدىن چىقىپ گېۋبېلس بىلەن بىردەم سۆزلىشىۋېلىپ، مەخسۇس پويىزىغا ئولتۇرۇپ كېتىپ قالىدۇ. گېۋبېلس يىغىن زالىغا قايتىپ كىرىپ،503 راتنىڭ ئۆلۈمى كۆرھېسسىيىن بىلەن ماگدېبۇرگتا، يەنى ئانخالت رايونىدا يەھۇدىيلارغا قارشى توپىلاڭ قوزغىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپتۇ، دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئۇ، فۇھرېرىمىز ئەگەر بۇ قوزغىلاڭ ئۆزلىكىدىن پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىگە يامراپ كەتكىدەك قىلسىمۇ توساشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارار قىلدى، دەيدۇ.

پارتىيە رەھبىرى بولغان كىشى بۇ يولىيورۇقنى ھەم نامايىش تەشكىللەش، ھەم بۇ نامايىشنى ھىتلېر بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ھالغا كەلتۈرۈش دەپ چۈشىنىۋالىدۇ. ئەمما ئېس-ئاچىلار كاتتىبېشى بولغان لۇتز بولسا گېۋبېلسنىڭ دېمەكچى بولغىنىنى خاتا چۈشىنىۋالغان ئەمەس بەلكى ھىتلېرنىڭ ئۇنىڭغا بۇنداق بىر قۇماندانلىق ھوقۇقىنى بەرگەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ. ئۇ شۇ يەردىكى ئەترەت باشلىقلىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا ھەرقانداق بىر يەھۇدىي دۈشمەنلىكى ھەرىكىتىگە قاتنىششىڭلارغا رۇخسەت يوق دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. ئېس-ئاچىلار ئەترىتىنىڭ باشلىقلىرى لۇتزنىڭ يولىيورىقىنى يەتكۈزۈش بىلەن بىرلىكتە (بەزى جايلاردا بۇ يولىيورۇققا پەرۋا قىلمايدۇ)، پارتىيە رەھبىرى بولغان كىشىمۇ تېلېفون ئارقىلىق ھەر قايسى شتاتلارغا بۇنىڭ ئەكسىچە يولىيورۇق بېرىدۇ.

دەسلىۋىدە، ئېس-ئېسچىلار دۇكانلارنى ئۇرۇپ-چېقىش، سىناگوكلارنى كۆيدۈرۈش ھەرىكەتلىرىگە قاتناشمىغان ئىدى. گېۋبېلسنىڭ يەھۇدىيلارنى ئوپچۇۋاي ئۆلتۈرۈش بۇيرۇقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ھىملېر يەنە قول ئاستىدىكىلەرگە بەك ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتمەسلىك توغرىلىق بۇيرۇقمۇ قىلغان. شۇندىن كېيىن، مۇنداق بىر ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشنى ئىبغىزچە ئېيتىپ بەرگەن: ”بۇ بۇيرۇق تەشۋىقات مىنىستىرلىكى نامىدا چۈشكەن بۇيرۇق. مېنىڭ گۇمانىمچە، ئۇزۇندىن بېرى ھوقۇق يۈرگۈزۈش خىيالىدا بولۇپ

كەلگەن گيۆبېلس، ھوقۇق تارتىۋېلىش مەقسىتىدە، شۇنىڭدەك كاللىسى قىزىپ كەتكەچكە، چەتئەل سىياسىي ۋەزىيىتى يامانلىشىپ كېتىۋاتقان بىر پەيىتتە بۇنداق بىر ھەرىكەتنى قوزغىغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلايمەن.“ ئۇنىڭ بۇ تۇردىكى ئەيىپنامىسىنى پەقەت ئارخىپلاردىلا ساقلاپ قويۇشقا بولىدىغان گەپلەردىن ئىبارەت ئىدى. بىر قانچە سائەت ئىلگىرى، ھىملېرمۇ ئېس-ئېسچىلار رەھبەرلىرىگە بەرگەن مەخپىي دوكلاتىدا يەھۇدىيلارغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلغان ئىدى. ئۇ دوكلاتىدا يەھۇدىيلار پۈتۈن قەلبى بىلەن گېرمانىيىنى ۋەيران قىلىۋېتىش كويىدىلا يۈرگەن بولغاچقا، چوقۇم ”مىسلى كۆرۈلمىگەن رەھىمسىز تەدبىرلەر بىلەن“ ئۇلارنى ئىمپېرىيىدىن قوغلاپ چىقىرىش كېرەك، دېگەن ئىدى. گېرمانىيە بۇ قېتىملىق يەھۇدىيلارغا قارشى ئومۇمىي يۈزلۈك جەڭدە ئەگەر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمەيدىكەن، ”ھەقىقىي تيۇتونلار ئۆزىنى يوشۇرىدىغانغا يەر تاپالماي، ھەممىسى يا ئاچتىن ئۆلىدۇ ياكى ئۆلتۈرۈلىدۇ،“ دېگەن ئىدى.

ئەگەر ھىملېرنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېيىلغان تېررورلۇققا قارشى چىققان دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ئاساسلىق ياردەمچىسى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئوت قويۇرۇغلۇق قىلىپ ئوت ئۇستىگە ياش چاچماقتا دېيىش كېرەك. يىرىم كېچىدىن سەل ئۆتكەندە، ھېيدرىخ SS چىلار ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسى بىلەن باش ساقچى شتابىغا، شۇنىڭدەك يەنە بىر قىسىم شۆبىلىرىگە تېلېفون-فاكسلار ئارقىلىق خەۋەر يوللاپ، ئۇلارنىڭ ”نامايىش ئۇيۇشتۇرۇش“ ئۇچۈن ئېس-ئېس رەھبەرلىرى بىلەن ھەمكارلىششىنى تەلەپ قىلىپ، ”بۇگۈن تۈرمىلەر قانچىلىك ئادەم سىغدۇراليسا“ شۇنچىلىك يەھۇدىي قولغا ئېلىنغلار، بولۇپمۇ باي يەھۇدىيلار چوقۇم قالمىسۇن. ”ھازىرچە يېشى بەك چوڭ بولمىغان، ساغلام يەھۇدىيلارنى تۇتۇڭلار. ئاندىن ئۇلارنى مۇۋاپىق بولغان يىغىۋېلىش لاگېرلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئىمكان بار ئۇلارنى شۇ لاگېرلارغا سولىۋېتىڭلار“ دەيدۇ.

گېرمانىيە يەھۇدىيلىرى ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ كېچە ھەقىقەتەنمۇ پۈتۈنلەي ئۇمىدىنى يوقاتقان بىر كېچە بولغان ئىدى ــ ساقچىلار ئۇرۇپ-چېقىش، قوغلاپ يۈرۈپ دۇمبالاشلاردا قول قوشتۇرۇپ بىر چەتتە قاراپ تۇرغان شاھىت بولۇپ تۇرۇپ بېرىدۇ. بىرلىن ساقچى ئىدارىسى مۇئاۋىن باشلىقى بىر ساقچىنىڭ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ قۇرۇغداپ قويۇلغان بىر ئاياق دۇكىنى ئالدىدا يىغلاپ ئولتۇرغىنىنى كۆرگەن ــ ئەسلىدە، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى جەمىيەت تەرتىۋىنى قوغداش بولسىمۇ، ئۇ قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنىڭ بولىۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇغلۇقمۇ قاراپ قويۇپلا ئۆتۈپ كەتكەن. ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 814 دۇكان، 171 ئائىلە ۋەيران قىلىۋېتىلگەن؛ 191 سىناگوك بۇزۇۋېتىلگەن؛

36 نەپەر يەھۇدىي ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن، 36 نەپىرى ئېغىر يارىلانغان. ئەمما ھېيدرىخنىڭ ئۆزىمۇ بۇ رەقەملەر بەكلا قىسقارتىپ كۆرسىتىلگەن رەقەم ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

ئوتتو تورىشيۇس «نيۇيورك ۋاقتى» گېزىتىگە يوللىغان تېلېگراممىسىدا، ئۇنىڭ تېخى يېڭىلا بىر مەيدان "ئوتتۇز يىللىق جەڭ" دىن بۇيان گېرمانىيىدە بۇنچە ئېغىر ۋەيرانچىلىق دولقۇنى كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس، دەيدۇ. "ھەربىر چوڭ-كىچىك شەھەردە ئەتىگەندىن باشلاپ كۆيدۈرۈش، ئۆلتۈرۈش، بۇلاپ-تالاش يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ ھەرىكەت پۈتۈن بىر كۈن داۋام قىلدى. نۇرغۇنلىغان ئادەم، ئەمما ئۇنىسىمۇ چىقارمايدىغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەر قول قوشتۇرۇپ بىر چەتتە قاراپ تۇرۇشتى. ساقچىلار بولسا قاتناش تەرتىۋىگىلا ماسئول بولۇش بىلەن بىرگە يەنە كەو كوّلەمدە يەھۇدىيلارنى قولغا ئېلىشى ئۇچۈن 'ئۇلارنى قوغداپ بېرىشتى'."

چەت دۆلەتلەر بۇ ۋەقەگە دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇشتى. بۇ قېتىمقى زوراۋانلىق ھەرىكىتى يەنە ئۇنتۇلماس بىر نامغا _ "خرۇستال كېچىسى" دېگەن نامغا ئېرىشكەن ئىدى. ئەسلىدە بۇ ئىسىم چېقىپ كۆكۈم تالقان قىلىۋېتىلگەن بەكلا كۆپ دېرىزە ئەينەكلىرىگە قاراپ بېرىلگەن بىر نام ئىدى. گېرمانىيە دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدىن كەلگەن قاتتىق نارازىلىقلار ئاستىدا كۆمۈلۈپلا قالىدۇ. دۇنيا جامائەتچىلىكى گېرمانىيىنى ۋەھشى دۆلەت دەپ ئاتىشىدۇ. بەكلا كۆپ نىمىسىمۇ بۇنداق نام بېرىلىشكە قوشۇلغان ئىدى. پارتىيىنىڭ نۇرغۇنلىغان مەسئول كىشىسى ھىملېر بىلەن بىرلىكتە گېۆبېلسنىڭ زوراۋانلىقنى ئەيىپلىشىدۇ. ئىقتىسادى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ ئايالى فىڭك خانىم يولدىشىنىڭ تېلېفوندا گېۆبېلسكە ۋارقىرىغىنىچە "سەن ئەقلىڭدىن ئازدىڭمۇ نېمە؟ ھەي گېۆبېلس، ئىشنى شۇنچە قالايماقان قىلىۋەتكەن بارمۇ! سېنىڭدەك بىرسىنىڭ نېمىس بولۇپ قالغىنىدىن نۇمۇس قىلىمەن! بىزنىڭ خەلقئارادىكى ئىناۋىتىمىزنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتىڭ! مەن كېچە-كۈندۈز دۆلىتىمىز ئۈچۈن بايلىق يىغىش بىلەن ئاۋارە بولايۇ، سەن قوپۇپ بۇ بايلىقلارنى خالىغىنىڭچە دېرىزىدىن سىرتقا تاشلا! ئەگەر سەن بۇ ئىشنى دەرھال توختاتمايدىكەنسەن، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ھەرگىزمۇ يىغىشتۇرغىلى بولمايدىغان بىر ئاپەتكە ئايلىنىدۇ" دەپ ئاچچىغلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

گېۆرىڭمۇ بىۋاستە ھىتلېر بىلەن كۆرۈشۈپ بۇ ۋەقەدىن كېيىن مەن ۋەزىيەمنى پۈتتۈرەلىشىم ئەسلا مۇمكىن ئەمەس دەپ غەزەپ بىلەن گەپ قىلىدۇ. "تۆت يىللىق پىلان ئۈچۈن، _ دەيدۇ ئۇ كېيىن دەلىللەپ كۆرسىتىپ، _ مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئىقتىسادنى تېجەشلىك باشقۇرۇپ مەركەزلەشتۈرۈشكە تىرىشتىم. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نۇرغۇن قېتىم نۇتۇق سۆزلەپ پۈتۈن خەلقىمىزدىن ھەر بىر چىش يۇيۇش سىقماق قۇتۇسىنى، ھەر

بىر كونا مىقنى، ھەر بىر تاشلاندۇق ماتېرىياللارنى تاشلىماي يىغىۋالار، دەپ تەلەپ قىلىپ كېلىۋاتىمەن. ئەندى بۇگۈنكى كۈندە ئوتتۇردا بىر مەسئۇلىيەتسىز بىرسى چىقىپ بىر تەرەپتىن شۇنچە كۆپ قىممەتلىك نەرسىلەرنى ۋەيران قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىقتىسادى تۇرمۇشىمىزدا شۇنچىۋالا قالايماقانچىلىقنى تېرىۋەتتى. نەتىجىدە مېنىڭ شۇنچە مۇشكۈللۈكلەر بىلەن پىلان قىلىپ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىمنى ۋەيران قىلىۋەتتى. بۇنىڭغا ھەرگىز چىداپ تۇرالمايمەن!“ گيۆرىڭنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا، ھىتلېر ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ، ”مەن سېنىڭ دېگەنلىرىڭنى گيۆبېلسقا ئېيتاي، شۇنداقتىمۇ ئومۇمەن ئالغاندا دېگىنىڭگە قوشۇلىمەن، بۇنداق ئىشلار يۈز بەرمەسلىكى كېرەك ئىدى، ئەندى ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا يول قويمايمەن“ دېگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

ھىتلېر بۇ مەسىلىدە كىشىلەرگە مۇنداق بىر تەسىرات قالدۇرماقچىدەك قىلاتتى: يەنى ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ”كرىستال كېچىسى“ دىن قەتئى خەۋىرى يوق ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىشتىن ئۇنىڭمۇ قاتتىق خاپا بولغانلىقىنى بىلدۈرگەندەك كۆرۈنەتتى. ”ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنۇشلۇق. _ دەيدۇ تروست خانىمغا ھىتلېر، _ ئۇلار ھەممە ئىشىمنى ۋەيران قىلىۋەتتى، ھەممە يارنى خۇددى خىش-ساپال دۇكىنىغىلا ئوخشاش ھالغا كەلتۈرۈۋېتىشتى. ... ياق، ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر. مەن ئەسلىدە بەكلا چوڭ ئۈمىدلەردە بولغان ئىدىم، فرانسىيە بىلەن يارىشىپ قېلىش نىيىتىدە ئىدىم. مەنا ئەندى؟!“ ئەمما لوندومدىن چاقىرتىپ كېلىنىپ ميۇنخېندا بىر قېتىملىق پەۋقۇلئاددە مۇخپىرلارنى كۈتىۋېلىش يىغىنىغا قاتناشقان فرىز ھېسپي، ”خرۇستال كېچىسى“ ھەرىكىتى باشلىنىش ۋاقتىدا، ئۇ ھىتلېرنىڭ ئاغزىدىن دەل بۇنىڭ ئەكسىچە سۆزلەرنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. كەچلىك تاماق ئارىلىقىدا، فۈھرېر، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئىككىسىنى قاندارق قىلىپ قوتقۇزۇۋالغانلىقىنى ماختىنىپ تۇرۇپ سۆزلىگەن ۋاقتىدا، بىر ئادىيۇتانت كېلىپ گيۆبېلسنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەر دەپ پىچىرلايدۇ. ئۇمۇ بۇرۇلۇپ فۈھرېرگە بىر نەچچە ئېغىز بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلايدۇ. دەسلىۋىدە، ھېسپي ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكىنىنى ئېنىق ئاڭلىيالماي قالغان بولسىمۇ، كېيىن، پۈتۈن دەستىرخاندىكىلەردىن ھېچ كىم گەپ قىلماي شۈك بولۇپ كېتىۋىدى ئاندىن ئۇلارنىڭ دېيىشكەنلىكىنى ئېنىق ئاڭلىۋالىدۇ. ئەسلىدە، تەشۋىقات مىنىستىرى فۈھرېرگە ئۆزىنىڭ ئېيس-ئاچىلارنىڭ بىر قانچە سائەتتىنكېيىن بىر قېتىملىق يەھۇدىيلار دۇكان ۋە سىناگوكلىرىغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەت قوزغايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرمەكتە ئىدى. ھېسپي ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: شۈبھە يوقكى، فۈھرېر ئۇنىڭ بۇ پىلانىنى تەستىقلىغان.

”ھىتلېر خوشال بولۇپ قاتتىق كۈلۈپ كېتىدۇ. ھەتتا ھاياجانلانغانلىقىدىن تىزىغا ئۇرۇپ كېتىدۇ.“ (پرۇسسىيە مالىيە مىنىستىرى جوھاننىس پوپىسمۇ گيۆرىڭنىڭ ئاغزىدىن

بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان گەپلەرنى ئاڭلىغان. پوبىس ”خرۇستال كېچىسى“ نىڭ ئارقىدىن پىلانلىغۇچىسىنى قاتتىق جازالاش كېرەكلىكىنى ئېيتقىنىدا، گېرمانىيە مارشالى دەرھال مۇنداق دېگەن: ”قەدىرلىك پوبىس ئەپەندىم، ياكى سىز فۇھرېرىمىزنى جازالاش نىيىتىدە ئەمەستۇرسىز ھەر ھالدا؟“) ئەتىسى، ھېسسىي بېرىپ رېبىنتروپنى زىيارەت قىلىدۇ. ئۇ ئالدىنقى كۈنىسىدىكى مۇخبىرلارنى كۈتىۋېلىش يىغىنىغا تەكلىپ قىلىنمىغانلىقىغا قورسىقى كۆپۈپ تېخىچىلا ئاچچىغا يانمىغان ئىدى. ئالدى بىلەن، رېبىنتروپ مىيۇنخېن قورۇلتىيىنى بىرىنچى دەرىجىلىك ئاخماقانە ھەرىكەت دەپ ئاتايدۇ. ئۇ يىغىن يىغىپ كەلگەندە دۈشمەنلىشىش ھەرىكىتىنى يەنە بىر يىل كېچىكتۈرۈش كېرەكلىكىنىلا ئوتتۇرغا قويىدى. ئەمما بىر يىلدىن كېيىن ئەنگلىيە بۆگۈنكىدىن بەكلا كۆپ كۈچىيىۋالىدۇ. ”دېگەنلىرىمگە ئىشىنىڭ، ئۇرۇشنى ھازىرلا قوزغاتقانغا يەتمەيدۇ. بىز بۈگۈن ھەربى جەھەتتىكى بارلىق كوزىرلارنى قولىمىزدا تۇتۇپ تۇرماقتىمىز. بىر يىلدىن كېيىن يەنە نېمە ئىشلار يۈز بېرىدىغىنىنى كىم بىلىدۇ دەيسىز؟“ ئەمما ھەممىدىن يامان بولىۋاتقىنى، فۇھرېر مەن ئېنگلىزلارنى قورقىتىۋالدىم، دەپ قارىماقتا. ”نەچچە يىلدىن بېرى مەن ئۇنىڭغا ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ بەكلا خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئېنگلىزلار بىلەن مۇئامىلىدە بەكلا ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كەلدىم. ئەمما ئۇنىڭ بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلايدىغان قۇلىقى نەدە دەيسىز. ... ئەكسىچە، ئۇ ھەممىلا يەردە بەكلا ئېغىر سۆزلەر بىلەن تولغان نۇتۇقلارنى سۆزلەپ يۈرگىنى يۈرگەن. تۈنۈگۈنكى نۇتقىنىمۇ ئاڭلىغانسىز، دېگەنلىرىگە قاراڭ! گېۆبېلس دېگەن ئۇ مەخلۇققا كەلسەك، سىز ئۇ تۈر كىشىلەرنىڭ ھەممىلا يەردە قالايماقانچىلىق تېرىپلا يۈرىدىغانلىقىدىن خەۋىرىڭىز يوقمۇ؟ بۇ ئەبلەخلەر يەھۇدىيلارنىڭ دۇكانلىرىنى چېقىۋېتىشتى _ ئەسلىدە بۇ دۇكانلار ئەزەلدىن ئارىيانلارنىڭ بايلىقى بولۇپ كەلگەن. ئۇلار مېنىڭ ئويناۋاتقان ئويۇنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ۋەيران قىلىۋەتتى.“

(ئۇرۇشىدىن كېيىن، بەزىلەر گېۆبېلس بىلەن ”خرۇستال كېچىسى“ نىڭ مۇناسىۋىتى يوق دەپ تۇرىۋېلىشتى. بۇ ھەقتە، گېۆبېلسنىڭ خۇسۇسى مەسلىھەتچىسى لىئوپولد گۇتلېر جاۋاب بېرگىنىدە بىر پارچە كاپالەتنامە ئىمزالايدۇ. بۇ كاپالەتنامىدا تەخمىنەن ئالغاندا، گېۆبېلس ئۆزى 1942-يىلى بىر ئۇچۇم كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ئۈستىدە توختالغان. خەۋەرلەردىن قارىغاندا، گېۆبېلس بۇرۇن ”قەتئى ئىرادىگە كېلىش كېرەك. يەنى بىز يەھۇدىيلارنى گېرمانىيە ئىقتىسادىي ھاياتىدىن تازىلىۋېتە - لىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر يەھۇدىيلار گېرمانىيە ئىقتىسادى پائالىيەتلىرىدىن تازىلىۋېتىلگىنىدە، بەك بولۇپ كەتسە ئارانلا بۆگۈنكىچىلىك ھالغا كەلتۈرەلىشىمىز

مۇمكىن. شۇنداق ئىكەن، بىز 'خوپ ئەمىسە، بىز بارلىق چوڭ-كىچىك كوچىلارنى ھىرىكەتكە كەلتۈرۈپ قايسى بىر خىل ئۇسۇل بىلەن بىر سوتكا ئىچىدە بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالايدىكەنمىز؟' " دېگەن.)

گەرچە ھىتلېر قايتا-قايتا مۆتىدىللارغا قارشى نارازىلىق بىلدۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇيپچە ئۆلتۈرۈشلەر بەرى بىر توختىتىلمىغان ئىدى. 12-نويابىرغا كەلگەندە، مۆلچەرلىنىشچە يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا ئېلىپ كېتىلگەن يەھۇدىي سانىنىڭ 20 مىڭغا يەتكەن. شۇ كۈنى، ئىقتىسادىي سەۋەپنى باھانە قىلىپ مال-مۈلۈككە بۇزغۇنچىلىق قىلىنىشقا قارشى چىققان گېۆرىڭ، كىمنىڭ بۇنىڭ زىيىنىنى تۆلەش مەسىلىسىگە قارار بېرىش ئۈچۈن بىر قېتىملىق مىنىستېرلار يىغىنى چاقىردۇ. ئۇ يىغىننىڭ بېشىدىلا، بۈگۈنكى يىغىنىنىڭ بىر قېتىملىق ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە يىغىن بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قىلىدۇ. ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ دېگەن سۆزلىرىنىڭ قانچىلىك ئەھمىيەتلىك سۆزلەر ئىكەنلىكىنى يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئۆز ۋاقتىدا پەرەز قىلىپ كېتەلمىگەن ئىدى. "مەن بورماندىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالدىم، بۇ خەت فۈھرېرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە كەلتۈرۈلگەن خەت ئىدى. خەتتە يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى بۈگۈن مەلۇم بىر ئۇسۇل بىلەن مەڭگۈلۈك ھەل قىلىۋېتىش كېرەكلىكى يېزىلغان. تۈنۈگۈن، فۈھرېر ماڭا تېلېفون قىلىپ، ھەمكارلىق ئاساسىدا ھەل قىلغۇچ تەدبىر قوللىنىش كېرەكلىكىنى كۆرسەتكەن ئىدى" دەيدۇ. بۇ يولىيورۇقنىڭ تۈرتكىسىدە يىغىن قاتناشقۇچىلىرى زىياننى يەھۇدىيلار مەسئۇل بولۇپ تۆلىشى كېرەكلىكىگە بىرلىكتە ماقۇل بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يەھۇدىيلارغا بىر مىليارد مارك جېرىمانە قويۇشتەك تەدبىر قوللىنىش قارار قىلىنىدۇ.

"ئەلۋەتتىكى مەن گېرمانىيىدە بىر يەھۇدىي بولۇپ قېلىشنى ھەرگىزمۇ خالىمايتتىم!" دەيدۇ گېۆرىڭ. 4 سائەتكە سوزۇلغان يىغىن تۈگەشكە ئاز قالغىنىدا، گېۆرىڭ مۇنداق بىر سىرلىق پەرەزدە بولىدۇ: "يېقىن بىر كېلەچەكتە، ئەگەر نېمىس ئىمپېرىيىسى بىلەن چەتئەللىكلەر تۇتىشىپ قالغىدەك بولغىنىدا، بۇ ئۇرۇشتا ئالدى بىلەن مەملىكىتىمىز ئىچىدە يەھۇدىيلارنى كوزۇر قىلىپ كۆرسىتىدىغانلىقىدا گەپ يوق." شۇنىڭدەك يەنە، فۈھرېرمۇ ئۇنداق گېرمانىيە يەھۇدىيلىرىنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان چەت دۆلەتلەرگە يەھۇدىيلارنى ماداگاسكا ئارىلىغا يالاپ ئېلىپ كېتىشلىرى توغرىلىق تەكلىپ بېرىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىدۇ.

"9-نويابىر كۈنى، ئۇ ماڭا شۇنداق چۈشەندۈرگەن ئىدى. – دەيدۇ گېۆرىڭ. ئۇ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ كېلىپ، _ ئۇ يەنە باشقا دۆلەتلەرگە، 'سىلەر نېمە ئۈچۈن داۋاملىق يەھۇدىيلار ھەققىدە بىر نېمىلەر دەپ تۇرىۋالىسىلەر، ئۇلارنى يىغىپ ئېلىپ كەتسەڭلارلا

ئىش تۈگىمەمدۇ!' دېيىشى مۇمكىن“ دەيدۇ.

يەھۇدىيلارنى گېرمانىيە ئىقتىسادى ھاياتىدىن تولۇق تازىلىۋېتىش پىلانى ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغان كۈنى كەلگىنىدە، قالغان نېمىسلار، مەسىلەن پارتىيىنىڭ نۇرغۇنلىغان رەھبەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئۆز ئارا ”خرۇستال كېچىسى“ دىكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىلگەن ھەرىكەتلەرگە جىددى تۈردە قىزىقىشىنى تالىشىپ كېتىدۇ. ھۆكۈمەت خادىملىرى بىلەن پارتىيە مەسئۇللىرىغا ئېنىق مەلۇم ئىدىكى، بۇتۈردىكى زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى تارىختىن بۇيان تېزگىنلىنەلمەي كېلىندى. شۇڭا ئۇلار نارازىلىق بىلدۈرگەن ھالدا كوللىكتىپ ئۆلتۈرۈشنىڭ بەدىلى بەكلا قىممەت بولۇپ كەتتى، يەھۇدىيلارغا قارشى كۈرەش جەريانىدا ئاساسەن ئالغاندا بىرەر ئۇتۇقتا ئېرىشكەنلىك ھېسابلانمايدۇ، دېيىشتى. باشقا كىشلەر بولسا، بۇ تۈردىكى ھەرىكەتلەرنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكتىن چىقىپ كەتكەن تەرەپلىرىگە قارىتا كۆڭۈلسىز بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ. ئەمما ئۇلار يەنىلا ئېھتىياتلىق بىلەن بىر قانچە جۈملە بىر نېمىلەر دەپ سۆزلەپ قويغاندىن باشقا تۈزۈك بىر نېمە دېيىشمەيدۇ. مەسىلان، گېرخارد خوپتمان بىر دوستىغا غەزەپلىنىپ مۇنداق دەيدۇ: ھىتلېر گېرمانىيىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ”بۇ ئىپلاس دۇنيانى ئۇرۇشقا سۆرەپ ماڭىدىغاندەك تۇرىدۇ، بۇ بىچارە مەلئۇن، بۇ ناتسىست جاللات بىزنى ئۇرۇش دۇنياسىغا، يىمىرىلىپ يوقۇلۇشقا قاراپ يېتەكلىمەكتە! _ دەيدۇ. شۇنىڭغا قارىماي خوپتمان، _ بورمان ۋە سۇئاللارغا ئوخشاش چەتكە چىقىپ ئورۇنلىشىش ۋاستىسىغا تايىنىپ نارازىلىقنى ئىپادىلىمەيسەن؟“ دېگەن سۇئالغا ”چۈنكى مەن بىر قورقۇنچاق. – دەيدۇ بۇ داڭلىق دراماتولوگ جاۋابەن، _ ئۇقتۇڭمۇ؟ مەن دېگەن بىر توخو يۈرەك قورقۇنچاق!“

ئۇ ئادەملەر، قىساس ئېلىش تەدبىرى قوللىنىشتىن باشقا ھىتلېرغا تىل-ھاقارەت ياغدۇرۇپ دېمىگەن گېپى قالمايدۇ. ئامېرىكىدا بولسا، ھەر بىر گېزىت، رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ھەر بىر پارچە ئوبزورىدا ”خرۇستال كېچىسى“ گە قاتتىق غەزەپ بىلەن ئىنكاس قايتۇرىدۇ. باش ئەلچى دىكخوف ۋاشىنگتوندىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە يازغان خېتىدە، مەن ”نۆۋەتتە پۈتكۈل ئامېرىكىغا يامراپ كەتكەن بۇ بوران-چاپقۇنلارنى يېقىن كەلگۈسىدە تىنجىپ قايتا خىزمىتىمنى قىلالىغىدەك ۋەزىيەت شەكىللىنىشىنى بەكلا ئارزۇ قىلاتتىم. تا 'گرۇستال كېچىسى' گە كەلگىچە بولغان ئارىلىقتا، _ دەپ يازىدۇ باش ئەلچى دوكلاتىدا، _ مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئامېرىكىلىقلار گېرمانىيەگە قارشى تەشۋىقاتلارغا ئاساسەن پەرۋا قىلماي يۈرگەن بولسا، مانا ئەندى، ئامېرىكىدىكى نېمىسلارمۇ غەزىۋىنى بېسىۋالالماس ھالغا كەلدى. بولۇپمۇ ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغىنى، بەزىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا تېگى-تەكتىدىن كوممۇنىزمغا قارشى ئىدىيىدىكى يەھۇدىيلارغا قارشى

تۇرۇشــنى ئاســا قىلــىپ كېلىۋاتقــان كىشــىلەرنىڭ ھىمايىســىگە ئېرىشــىپ كېلىۋاتقــان ۋەتەنــپەرۋەر تەشــكىلاتلارمۇ ماڭــا قــاراپمۇ قويمــاي ئۆتــۈپ كېتــىدىغان بولــدى. يەھــۇدىي گېزىتلىرىنىــڭ ســۆزلىرىمۇ بۇرۇنقىــدىن بەكــلا قــاتتىق غەزەپلىنىشــنى ئىپادىلەيــدىغان بولــۇپ كەتكەنلىكىــگە ھەيــران قــالغۇچىلىقى يــوق. ئەممــا بۇگــۈنگە كەلگىــچە بىــز بىــلەن ھەمكارلىشــىش مۇناســىۋىتىدە بولــۇپ كېلىۋاتقــان، مەلــۇم نىســبەتتە گېرمــانىيىگە ھېسىسداشــلىق قىلىــپ كېلىۋاتقــان دۆلەتــي، خــوف خېســىت قاتارىــدىكى نۇرغۇنلىغــان ئامېرىكىلىق ئەربابلارمۇ گېرمانىيىگە ئاشكارە تۈردە قاتتىق مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. بـۇ ئەھۋال ھەققەتەنمۇ ئېغىر بىر ئەھۋال. ... يېقىندىن بۇيان، ئومۇمىي ۋەزىيەتتىن قارىغانـدا گېرمــانىيە مــاللىرىنى چەكــلەش ئىدىيىســى يــاغ ئۇســتىگە ســۇ چاچقانــدەك كۆچىيىــپ كېتىۋاتىدۇ. نۆۋەتتە، سودا كىلىشىملىرى ئۈستىدە زادىلا ئېغىز ئاچالماس ھالغا كەلدۇق."

پرىنزدېنت روزۋېلتمۇ بۇنداق پۇرسەتنى قولـدىن بەرمەي ئەيىپلەشكە باشـلىغانلىقى، پۈتۈن ئامېرىكىدىكى غەزەپ-نەپرەتنى ئەڭ يوقىرى پەللىگە يېتىشىگە سەۋەبچى بولـدى. ئۇ، 15-نويابىر ئۆتكۈزگەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا مۇخبىرلارغا ئالـدىن تەييـارلاپ قويغان بىر پارچە باياناتنى ئوقۇپ ئۆتىدۇ. ئۇ بايانـاتىدا، گېرمانىيىدىن كەلـگەن خەۋەرلەر ئامېرىكا جامـائەتچىلىكىنى قـاتتىق چۆچىتىـۋەتتى. "مەدەنىيەتلىـك يىگىرمىنچى ئەسـىردە بۇنداق بىـر ئىشـنىڭ يـۈز بېرىشـىگە مەنمۇ ئىشـىنەلمەي قالـدىم. مەن گېرمـانىيە ۋەزىيىتـى توغرىسىدىكى بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچـۈن دۆلىتىمىزنىـڭ بېرلىنـدا تۇرۇشـلۇق بـاش ئەلچىسـىنى بـۇ ئىشـلارنى سۈرۈشـتە قىلىـپ قانـداق قىلىـش كېرەكلىكـى ھەققىدە مۇزاكىرە قىلىش مەقسىتىدە ئۇنى دەرھال ئامېرىكىغا چاقىرتىپ كېلىش بۇيرۇقىنى بەردىـم." ئەممـا، ھۆكـۈمەت دائىرىلىرىنىـڭ ئەيىپلىشـى ئېغىـزدىلا قالغـان بىـر ئەيىـپلەش بولغاچقا، ئامېرىكا داۋاملىق تۈردە ئۈچىنچى ئىمپېرىيە بىـلەن بولغـان سـودا مۇناسـىۋىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە ئىدى.

چەتئەللەردە كۆرۈلىۋاتقان بۇ تۈردىكى نارازىلىقلار ئېھتىمال ھىتلېرغىمۇ قىسمەنلىكتە بولسىمۇ تەسىر قىلغان بولىشى كېرەك. ھىتلېر، "خرۇستال كېچىسى" دىن بىر ھەپتە ۋاقىت ئۆتكەندە، بىلمـى بـار كىشـىلەرنى ئىشـقا ئېلىش تـۈزۈمىنى قـوللاپ چىقىـدۇ – بـۇ تـۈزۈم، مىللىــي سوتســىئالىزم پارتىيىســىدىكىلەردەك ئۇنــداق يىــرىم يەھــۇدىي قىنىــدىكىلەرنى "يەھۇدىي تەسىرى" نى يايغۇچىلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلماستىن بەلكـى ئۇلارنىمـۇ "نېمىس قېنىدىكىلەرنىڭ بىر قىسمى" دەپ قوغـداش تەرىپىـدە بولغـان ئىـدى. ئۇنىـڭ بـۇ تـۈزۈمنى قوغـدىغانلىقىنى "ئىمپېرىيە پـۇخرالىرى ھەققىـدىكى بىرىنچـى ماددىنىـڭ بەلگىلىمىسـى" دىگەنلىكىدىن كۆرىۋېلىشقا بـولاتتى. بـۇ پـۇخرالار قانۇنىـدا ئاتـالمىش ئارىيـان بولمىغـانلار

دېگەن كىشىلەرنى پۈخرالار قاتارىغا كىرگۈزۈشنى مۇقىملاشتۇرغان ئىدى. بۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئەڭ كامىدا ئەجداتىنىڭ ئۈچ ئەۋلادىچە يەھۇدىي قېنى بولغان ياكى ئىككى ئەۋلاتقىچە يەھۇدىي قېنى بولۇپ يەھۇدىي دىنىغا ئېتىقات قىلغان ۋە ياكى يەھۇدىي بىرسى بىلەن توي قىلغانلارنى يەھۇدىي دەپ ھېساپلاش كېرەك دەپ قارىلاتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر غەلىتە قانداشلىق مەسىلىسى ئوتتۇرغا چىقىدۇ: يېرىم قانداشلىق سىستېمىسى. بۇ سىستېمىدىكىلەر ئەجداتلىرىدىن بىرسىلا يەھۇدىي قېنىغا تەۋە بولىدىغانلا ئەھۋالدا، ياكى ئەجداتىنىڭ ھەر ئىككىسىلا يەھۇدىي قېنىغا تەۋە بولۇپ، يەھۇدىي دىنىغا ئېتىقات قىلمايدىغان، ياكى بىرەر يەھۇدىي بىلەن توي قىلمىغان كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلغان ئىدى. بۇ دېگەنلىك، ئەمەلىيەتتە ئارىيان بولمىغانلار ئىككى تۈرگە ئايرىلغان بولۇپ، "يېرىم قانداشلىق" بولغانلار بۇندىن كېيىن بېسىمغا ئۇچرىمايدۇ، دېگەنلىك ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېرنىڭ شۇنداقلا بىر قەلەم تەۋرىتىپ قويىشى بىلەنلا ئۇنىڭ غەزىۋىگە ئۇچرىغان دۈشمەنلىرى ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ غەزىۋىدىن قۇتۇلۇپ جېنىنى ساقلاپ قالغان بولدى. بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ ئۇرۇقنى قويماي يوقۇتۇش دەيدىغان ئىرادىسىدا بىرەر يۇمشاش ئەھۋالى كۆرۈلدىمۇ-قانداق؟ ياكى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەجداتلىرى ئارىسىدا بىر تەرەپتىكىلەرنىڭ قېنىغا يەھۇدىي قېنى ئارىلىشىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن، بىلىپ-بىلمەي ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇش يولىغا كىرىپ قالغانلىقىنىڭ بىر نەتىجىسىمۇ؟ "يېرىم قانداشلىق" دەيدىغان بۇ بەلگىلىمە يەنە كېلىپ ئەيسانىمۇ قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ھېسابلىناتتى. چۈنكى، ھىتلېرنىڭ قارىشى بويىچە ئالغاندا، ئەيسا گەرچە تەڭرىنىڭ ئوغلى بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئەجداتلىرىدىمۇ يەھۇدىي قېنى بار، ئەمما ئۇ يەھۇدىي دىنىغا ئېتىقات قىلمايدىغان ھەمدە بىرەر يەھۇدىي بىلەنمۇ توي قىلمىغان بىرسى ھېسابلىناتتى.

2

ھىتلېر تا ياش ۋاقتلىرىدىن تارتىپلا دېموكراتىك دۆلەتلەر بىلەن ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئېغىزىدا بىر خىل، ئەمىلىيەتتە بىر خىللىقىغا دىمىقىدا كۈلۈپ قۇياتتى. شۇڭا، 1938-يىلىنىڭ كېينكى يېرىمىدا غەرب دۇنياسىنىڭ بىلدۈرگەن نارازىلىقلىرىغا ئۆزىنىڭ سادىق ئەگەشكۈچىسىگە ئوخشاش ئۇنچىۋالا ئەھمىيەت بېرىپ كېتىدىغان بىرسى ئەمەس ئىدى. ئالايلۇق، رۇدولف ھېس بۇنىڭدىن ھەقىقەتەنمۇ كۆڭلى بەكلا يېرىم بولىدۇ. ھېس، 23-نويابىردا فۇھرېرنىڭ بۇرۇنقى ئەگەشكۈچىلىرىدىن بىرۇكمانلار ئائىلىسىگە

بىرىپ ئىككى سائەت ئولتۇرۇپ كەلگەن. ھېس ئۇلارغا، فۇھرېرغا ئوپچە قىرغىنچىلىقنى توساش ھەققىدە شۇنچە يالۋۇرغان بولسىمۇ قىلچە كار قىلمىغانلىقىنى ئېيتقان.

بۇ تۆردىكى پىشقەدەم ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىدىن ھىتلېرنىڭ خەۋىرى بولىشى چوقۇم. ئەمما يېڭى يىلھارپىسىدا، ئۇ يەنىلا كۆتۈرەڭگۈ رەھلۇق ھالدا قالغاچ قۇيرۇقلۇق كاستوم-بۇرۇلكىسىنى كىيىپ، بىرگىفوفتا ئۆتكۈزۈلگەن ھارپا كېچىسىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ. "مىنىڭ ھەدەم، _ دەپ يازىدۇ ئىرسىبې براۋن كۈندىلىك خاتىرىسىگە، _ يالۋۇرۇپ يۈرۈپ مىلك تەستە ئۇنى تۈزۈكرەك كىيىنىدىغان قىلغان ئىدى. 'مۇسسولىنىغا قارا' دەيتتى ئۇ ھەر دائىم ھىتلېرغا، 'ئۇ يەنە بىر قۇر يېڭى كىيىم كىيىپتۇ، سەنچۇ، بېشىڭغا كەيگىنىڭمۇ پوچتىكەچىلەرنىڭ شەپكىسى!' " ھىتلېر ئىرسىبېنىڭ قولىنى سۆيۈپ قويۇپ، سىلەر ئىككىڭلار ھەققەتەنمۇ چىرايلىق ئىكەنسىلەر. "ئۇ ماڭا تىكىلىپ قارىغىنىدا، مەيدەمدىن مۇنچاقتەك تەرلەر تۆكۈلۈشكە باشلىدى. مەن ئۇنىڭغا 'ئىلتىپاتىڭىزغا كۆپ رەخمەت' دەپ دەرھال جاۋاب بەرگىدەك جاسارەتمۇ بولمىدى. _ گەرچە مەن، غەيرەت قىلىپ ئۇنىڭغا بىر مۇنچە پىكىر قىلىشقىمۇ غەيرەت قىلىپ باققان ئىدىم."

ھىتلېر بۇ يەردە مېھمانلار ۋە قول ئاستىدىكىلەرنىڭ رەسمى تەبرىكلىرىنى قوبۇل قىلغىنىدىن كېيىن، تېۋتونلارنىڭ قېدىمى مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ. كىشىلەر ئېرىتىلگەن قوغۇشۇننى كىچىك بىر سۇ كۆلچىكىگە قۇيۇشقا كىرىشىپ كەتكەن ئىدى. ئېيتىشلاردىن قارىغاندا، كۆلچەكتە سوۋۇپ شەكىللەنگەن قوغۇشۇننىڭ شەكلى شۇ كىشىنىڭ تەغدىرىنى بەلگىلەرمىش. "قارىغاندا ھىتلېر ئۆزىنىڭ تۆككەن قوغۇشۇنىنىڭ شەكلى كۆرسەتكەن تەغدىردىن رازى بولمىدى ئەيتاۋۇر، بۇ ئىشتىن كېيىن قولتۇق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئۇچاقتا تىكىلگىنىچە پۈتۈن ئاخشام غىڭ قىلماي جىم ئولتۇرۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن ئېۋا بەكلا ئەنسىرەپ كەتكەن ئىدى."

شۇندىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە، بىر مۇنچە بانكىر بىرلىشىپ ھىتلېرنىڭ كەڭ كۆلەملىك قايتىدىن قۇراللىنىش پىلانىغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ مىجەزى تېخىمۇ ئوساللىشىپ كېتىدۇ. "ئىمپېرىيىنىڭ چەكلىمىسىز تۈردە چىقىم قىلىشى، _ دېيىلگەن ئىدى ئىمپېرىيە بانكىسىنىڭ باشلىقى شاختقولىغا قەلەم ئېلىپ، ھەر قايسى بانكىلارنىڭ باشلىقلىرى قول قويغان مېمراندومىدا، _ گېرمانىيە پۇلىغا ئەڭ ئېغىر تەھدىت سالماقتا. چىقىمنىڭ زور ھەجىملەردە ئارتىپ بېرىشى بىزنى نورمال خامچوت تۈزۈشمىزنىمۇ ئىمكانسىز ھالغا كەلتۈرۈۋەتتى؛ گەرچە باج يىغىشنى جىددىيلەشتۈرگەن بولساقمۇ، بۇ يەنە كېلىپ دۆلەتنىڭ مالىيەسىنى ۋەيران قىلىش گىرداۋىغا ئېلىپ كەلمەكتە.

شۇنىڭغا ئوخشاش، بۇ ئىش يەنە ئىمپېرىيە بانكىسى بىلەن گېرمانىيە ماركىنى ۋەيران قىلىۋەتمەكتە.“ شاختىيەنە ئاگاھلاندۇرۇپ كېلىپ، بۇنداق مال باھالىرىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان سىياسەت، گېرمانىيە ماركىنىڭ تۇراقلىق ئايلىنىشىنىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىماقتا، ”بۇنداق پىلاننى ئىشقا كىرگۈزۈشتىن توختاش ۋاقتى ئاللىمۇ قاچان يېتىپ كەلدى.“

شاخت، بۇنداق دېيىشى ماھىيەتتە ھەربىي تەۋەككۈلچىلىككە خاتىمە بېرىش دېگەنلىكنى بىلدۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھىتلېرنىڭ بۇ گەپلەردىن غەزەپتىن ئۆزىنى بېسىۋالالمايلا قالىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرى توغرىلىق شۇلىن ۋون كروسىگقا سۆزلەپ بېرىپ، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىش ئېھتىمالىنى ئېيتىدۇ (ئۇمۇ ئاللىقاچان ئىقتىسادى مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بولۇپ، ۋارد فۇك ئۇنىڭ ئورنىغا مىنىستىرلىككە تەيىنلەنگەن ئىدى. نەتىجىدە، فۇكنىڭ ھوقۇقىنى گىيۆرىڭ تۆت يىللىق پىلان مۇدىرى نامىدا ئۆزىگە ئېلىۋالىدۇ). مالىيە مىنىستىرى، ئەگەر شاخت ئىشتىن چىقىرىلىدىكەن، مېنىڭمۇ ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلۇشۇمنى تەلەپ قىلىمەن، دەيدۇ. شۇندىن كېيىن ئۇمۇ يوقۇرىقىغا ئوخشاش كېتىدىغان بىر مېمرانىدۇم يېزىپ ھىتلېرغا تاپشۇرىدۇ.

كۇنلەر كەينى كەيىندىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ ھېچ قانداق بىر ئىش يۈز بەرمەيدۇ. 1939-يىلى 19-يانۋار يېرىم كېچىدە، شاختنىڭ تېلېفونى جىرىڭلاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭغا، سەھەر چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9 دا بېرىپ ھىتلېر بىلەن كۆرۈشىشى كېرەكلىكى ئۇقتۇرۇلىدۇ. بۇنداق بىر ۋاقىتتا ھىتلېرنىڭ قوبۇل قىلىشى بەكلا غەلىتە بىر ئەھۋال بولۇپ، ئادەتتە ھىتلېر تۈن يېرىمى سائەت 3 تىن بۇرۇن ياتمايدىغانلىقى سەۋەبىدىن بۇنچە ئەتىگەن تۇرۇپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ساشىدىنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا، شۇ چاغدا فۇھرېر قىلچە ئايلاندۇرۇپ يۈرمەي ئۇدۇللا قىلىپ ”مەن سىزنى چاقىرتىشىمدىكى سەۋەب، ساڭا ئىمپېرىيە بانكىسىنىڭ باشلىقى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغانلىقىڭنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. مانا بۇ ۋەزىپەڭدىن قالدۇرۇلغانلىق ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش.“ ساشىد ئۇنىڭ قولىدىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى ئالىدۇ. ”سەن مىللى سوتسىئالىزم پىلانلىرى بىلەن پەقەتلا ماسلىشالمىدىڭ.“ ھىتلېر گېپىنى تۈگىتىپ ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى كۈتۈپ گەپ قىلماي بىر دەم جىم تۇرىدۇ.

شاخت يەنىلا گەپ قىلمايدۇ. ھىتلېر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ گەپ باشلاپ ئۇنى بىر مۇنچە ئەيىپلىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ روژدىستۋا بايرىمى كېچىسى بانكا خىزمەتچىلىرى قاتناشقان كەچلىك زىياپەتتە ”خرۇستال كېچىسى“ نى تەنقىت قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى

ئېيتىدۇ. "ئەگەر مەن بۇ ئىشلارنىڭ سىز تەستىقلىغان ئىشلار ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا ئىدىم، _ ئاخىرى ئېغىز ئاچىدۇ شاخت، _ سۆكۈت قىلىپ بىر نېمە دېمەسلىكىم مۇمكىن ئىدى."

ئۇنىڭ بۇ جاۋابىدىن ھىتلېر ھەيران قالىدۇ. "ھەر نېمە دېگەن بىلەن، _ دەيدۇ ھىتلېر ئاچچىق قىلغان ھالدا، _ مەن بەكلا كۆڭۈلسىز بولدۇم. بۇ گەپ شۇنچىلىك." ئۈزۈن بىر ساياھەت ئۇچۇن شاختنىڭچەتكە چىقىشىغا ئۆلار ئىككىسىلا ماقۇل بولىشىدۇ. شۇندىن ئۈزۈن ئۆتمەي شاختھىندىستانغا قاراپ سەپەر قىلىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىنىغا ئۆستىدىن ئېغىر بىر يۈك ئېلىپ تاشلانغىنىدەك ئارام تېپىپ قالىدۇ. "ئەگەر قاتتىق تەدبىر ئېلىشقا توغرا كەلگىدەك بولغاندا بۇ ئادەم ھەقىقەتەنمۇ تېپىلماس بىر گۆھەر" دەيدۇ ھىتلېر كېيىنكى كۈنلەردە ئۆز سىرداشلىرىغا.شۇنداقتىمۇ، ھەر قېتىم ئۇنىڭدىن خاراكتېر كۈچىگىنى ئۇتتۇرغا قويۇ دېگىنىدە ئۇ ھەر قاچانقىدەك تەمتىرەپ قالاتتى.

شاختنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ بولۇپلا، دەرھال كاپىتانۋيېدېماننى قىشلىق باغچىسىغا چاقىرتىدۇ. يېقىنقى بىر قانچە ئاي مابەينىدە ھىتلېرۋيېدېمانغىمۇ سوغۇق مۇئامىلە قىلىشقا باشلىغان،ۋيېدېمانمۇ بۇنى پەرق قىلغان بولغاچقا، ئۆزىنىڭمۇ پات ئارىدا قوغلىنىش ئاقىۋىتىگە قالدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ قالىدۇ. "خرۇستال كېچىسى" دىن بېرى، فۈھرېر گويا رىياللىق بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان بىر تاشقى دۇنيادا ياشاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ۋيېدېمان بىرەر پۇرسىتىنى تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن ھاكىمىيەت سىستېمىسىدىكى يېتەرسىزلىكلەر ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىشقا ئۇرۇنسىلا ھىتلېرنىڭ ئۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلماي تۇرىۋالىدىغان بولىۋالىدۇ.

"يوقۇرى مەرتىۋىلىك ياكى ئېچكى قاتلامدىن كەلگەن كىشىلەر بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئەگەر مېنىڭ سىياسىي قاراشلىرىمغا قوشۇلمايدىغانلا بولىدىكەن، ئۇنداق ئادەملەرنىڭ ماڭا قىلچىمۇ پايدىسى يوق. _ دەيدۇ ۋيېدىرمانغا قىسقىچە قىلىپ، _ مەن سېنىڭ ماڭا ئاتيۇتاتلىق قىلىش ۋەزىپەڭنى قالدۇرۇپ، سېنى سانفرانسىسكو كونسۇلى قىلىپ تەيىنلىدىم. سەن بۇ يېڭى ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىش ھەققىدە ئىگىسەن." ۋيېدىرمان قىلچە ئىككىلەنمەي بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما ئۇ، مائاشىنى ئازايتماسلىق تەلىۋى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھىتلېر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، خىيلىلا يۇمشاپ قالىدۇ. "ئىقتىسادى جەھەتتە قانداقلا تەلىۋىڭ بولسا قورقماي دەۋەرگىن." شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى كونا سەبداشلار تۆت يىل يېقىن مۇناسىۋەت قىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن بىر-بىرسىگە قىلچىمۇ رەنجىشمەستىن ئايرىلىدۇ.

شاخت بىلەن ۋيېدېمان ئىككىسىنىڭ ئەمىلىنىڭ ئېلىپ تاشلىنىشى بىلەن جوسېف

گېۆبېلسنىڭ قايتىدىن قەپەزدىن چىقىشىدىن دېرەك بېرەتتى ـ ئەسلىدە ئۇنىڭ نەزەردىن چۈشۈپ قېلىشىغا تۇرمۇشتا سىرتقا قاراپ قالغانلىقى سەۋەب بولغان ئىدى. "ھەر قانداق بىر ئايال مېنى ھاياجانغا سېلىپ ئارامىمدا قويمايدۇ. ـ دەپ يازىدۇ گېۆبېلس 20 نەچچە ياش ۋاقىتلىرىدىكى بىر كۈندىلىك خاتىرىسىدە، ـ مەن خۇددى بىر چىل بۆرىگە ئوخشاش ئۇلارنىڭ پېشىنى ئايلىنىپلا يۈرىمەن." ئۇ ماگدا بىلەن توي قىلغاندىن كېيىنمۇ ئۆزىنى تېزگىنلەپ كېتەلمىگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، نۇرغۇنلىغان ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇپ كېلىۋاتقان بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئۇ ھەرگىزمۇ قايسى بىرسى بىلەنلا ئاشنىلىق قىلىپ يۈرمەيتتى. يەنى، تا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇراسىمى بولغان يازدا چېخ بىر ئايال ئارتىس رىتا پاۋلوۋانى ياخشى كۆرۈپ قالغىچە ئۇنىڭ مەخسۇس بىرەر ئاشنىسى بولغان ئەمەس ئىدى. ئايالى ماگدا بۇ ئىشنىڭ ئادەتتىكىچە بىر ئويۇنشىپ يۈرۈش دەپلا قارىغان بولسىمۇ، كېيىنچە، يەنى 1938-يىلى ئۇ بۇ ئىشقا زادىلا تاقەت قىلالماي ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھىتلېر ئادەملىرىنىڭ بەچچىغەرلىك ھەرىكەتلىرىگە ھەيران قالارلىق دەرىجىدە تاقەت قىلىپ كېلەلىگەن بولسىمۇ، ئەمما پارتىيە رەھبىرى بولغان بىرسىنىڭ بۇرۇن ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىدا بىرگە ھەمرا بولۇپ كەلگەن بىرسىنى تاشلىۋېتىشىگە ؛پەقەتلا چىدىمايدۇ. شۇڭا ئۇ گېۆبېلس نى ئۇ چېخ ئارتىس بىلەن بولغان بېرىش-كېلىشىنى توختىتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. دەسلىۋىدە گېۆبېلس بۇنىڭغا ئۇنىماي، ئەگەر بۇنداق دەپ چېكىش تۇرىۋالساڭ مىنىستىرلىق ۋەزىپەمدىن ئىستىپا بېرىپ، ياپونىيە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش يىراق بىرەر دۆلەتنىڭ باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستۈمگە ئېلىپ كېلىپ قالىمەن، دەپ قورقۇتماقچى بولىدۇ. كېيىن، ئۇ ھىتلېرنىڭ بېسىم قىلىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي بۇ ئۇلۇغ سۆيگۈسىدىن ۋاز كېچىدۇ. پاۋلوۋا مۇ ساقچى دائىرىلىرى نىڭ "نەسىھەتى" بىلەن چېخوسلوۋاكىيىگە قايتىپ كېتىدۇ. پاۋلوۋانىڭ كېتىشى بىلەن تەڭ، ھىتلېرمۇ گېۆبېلس ئائىلىسىنى بىرگىخوفقا ئېلىپ كېلىۋالىدۇ. ئاندىن بۇ ئائىلىنىڭ ئىنتايىن بەختلىك ھالدا ياخشى ئۆتىۋاتقانلىقىنى ئىسپات قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن گېۆبېلس ئەر-ئايال ۋە ئۈچ بالىسىنىڭ كىرىستان چايخانىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا چۈشكەن رەسىمىنى مەملىكەت بويىچە ئاشكارە ئېلان قىلىدۇ.

بۇ تۇر دراماتىك ياراشتۇرۇش ئويۇنى "خرۇستال كېچىسى" يۈز بېرىشتىن بىر قانچە ھەپتە بۇرۇن ئوينالغان ئىدى. رىتا پاۋلوۋادىن ئايرىلىپ قالغان دەردى، شۇنىڭدەك خۇددى ھىملېر بىلەن رۇسېنبېرگ قاتارىدىكى كىشىلەر (ئۇلارنىڭ قارىشىدا، گېۆبېلسنىڭ بۇ شەرمەندىلىكى، "پارتىيىنىڭ ئەخلاقى ئورنىغا بەكلا ئېغىر زەربە بولىدى،" دەپ ھېسابلىشاتتى) ئالدىدا ئىناۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىستىگى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى،

ئۇنىڭ نويابىردىكى ”خرۇستال كېچىسى“ دا شۇنچىۋالا چېكىدىن ئاشۇرىۋەتكەنلىكىنىڭ بىر سەۋەبى بولسا كېرەك.

گيۆبېلس ئەملىنىڭ ئەسلىگە كېلىز ۋاقتى ھىتلېرنىڭ يەھۇدىيلار مەسلىسىدە يېڭى قاراشقا ئىگە بولغان ۋاقتىغا تووىرا كەلمەكتە. ئۇنىڭ سەل ئاۋال، ھىتلېر تروستېر خانىمنىڭ مېيۇنخېندىكى رەسى سىزىش ئۆيىگە بارىدۇ. بۇ خانىم ھىتلېرنى قايتىدىن ياسى پىشلى دېگەن يەھۇدىي كومپوزىتورىدىن پايدىلىنىش ھەققىدە قىزىقتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاۋگۇستبۇرگ مۇزىكا مەكتىۋىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشىغا يول قويىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن يەھۇدىيلارغا پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدىكەن؟ دەپ ھىتلېر بىلەن مۇنازىرە قىلىدۇ. ئۇنىڭ تونۇيدىغان بۇ بىر قانچە يەھۇدىيلار ئۆز كەسپى دائىرىسى ئىچىدىلا ئۇستا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ قىممەتلىك كىشىلەر دەپ بىلەتتى.

”بۇ دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى سىز ئۆزىڭىزنىڭ تەسىراتى. _ دەيدۇ ھىتلېر بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، _ ئەگەر مەندىمۇ سىزنىڭكىدەك بىر تەسىراتقا ئىگە بولۇش جەريانىم بولغان بولسا ئىدى، بەلكىم مەنمۇ بۇگۈن مېڭىۋاتقان بۇ يولدا بولماسلىقىم مۇمكىن ئىدى. ئەمما مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەنلەر خۇددى ۋېيىننادا كۆرگەنلىرىمگە ئوخشاش، سىزنىڭكىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. – ئۇ، گېرمانىيە خەلقىنىڭ تەقدىرىنى ھەممىدىن ئۈستۈن دەپ بىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ، _ يەھۇدىيلار ئۆز ئالدىغا ئەركىن ياشاپ ئادەتلەنگەن، ئۆز قانۇنلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلگەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ھېچ قاچان پۇخراسى بولۇپ كېلىۋاتقان مىللەت ياكى دۆلەت ئۈچۈن ياشاپ باققان ئەمەس، ياكى ئۇ يەردىكى قانۇنلارغا بوي سۇنۇپ باققان ئەمەس. ئۇلار نېمىس خەلقىگە تەۋە كىشىلەردىن ئەمەس، بىزنىڭ كۆزىمىزدە، ئۇلار پەقەتلا ئارىمىزدىكى بىر مېھمان. ئەمما ئۇلارنىڭ مېھمان بولىشى 1918~1933-يىللاردىكىسىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇلار سەنئەت، ئەدەبىيات، ئاخبارات، سودا-تىجارەت ۋە بانكا ساھەلىرىدىكى ئەڭ يوقىرى ئورۇنلارنى ئىگەللەپ ياتقان ۋاقىتلار ئىدى. مېنىڭ ۋەزىپەم، ۋەتىنىمىز خەلقىنى ئۆز مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىدا قايتىدىن بەرپا قىلىش ۋە قايتىدىن مۇستەھكەم، ساغلام ئىستىقبالغا ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. مانا بۇ مېنىڭ ئۈستۈمگە چۈشكەن بىر مەسئۇلىيەت. گېرمانىيە خەلقىنى، بولۇپمۇ گېرمانىيە ئىشچىلىرىنى بەختەر ياشىيالايدىغان، ھەمدە پارلاق ئىستىقباللىق ھالغا كەلتۈرۈش قاتارلىقلار مېنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ۋەزىپەم.“ ھىتلېر بۇ گەپلەرنى خانىمنىڭ ”پرىنسىپال تەلەپلىرى“ نى رەت قىلىش مەقسىتىدە ئېيتقان ئىدى. غەلىتە يېرى، ئۇ يەنە بىر قېتىم مېيۇنخېنغا بارغىنىدا پۈتۈنلەي ئەكسىچە بىر مىجەزدە بولۇپ، پروفېسسور پىشلىنى قايتىدىن ئىشقا سېلىشقا

ماقۇل بولىدۇ.

خـۇددى 1938-يىلىنىــڭ باشـلىرىدا ئاتــالمىش چـېخلار چېگـرا بويلىرىغـا ئەسـكەر يۆتكەپ ھىتلېرنىڭ بالدۇر ھەرىكەت قىلىشىغا سـەۋەپچى بولغـان دېيىلگـىنىگە ئوخشـاش، چەتئەلــدە "خرۇســتال كېچىســى" گە قارىتـا قوزغالغــان نــارازىلىق شــامالىلىرىمۇ ئۇنىــڭ يەھۇدىيلارغــا بولغــان ئــۆچمەنلىكىنى كۈچەيتىــۋېتىش بىــلەن بىــرگە، ئۇلارغــا تاقابىــل تۇرۇشـنىڭ يـېڭىچە ئۇسـۇللىرىنى ئاختۇرۇشـقا تـۈرتكە بولـۇپ بەرگەن ئىـدى. 1939-يىلى 21-فېۋرالــدا، ئــۇ، چــېخ تاشــقى ئىشــلار مىنىســتىرى شىۋاركوفىســكىغا، يەھــۇدىيلارنى يوقىتالمىغــان بىــر دۆلەتــكە گېرمــانىيە كاپالەتلىــك قىلالمايــدۇ، ســەيدۇ. بــۇ شــۇنى كۆرسەتمەكتىكى، ھىتلېر مەسىلىگە رىياللىق كۆزى بىلەن قاراش ئالاھىدىلىكىنى يوقـتىلەي يوقاتقان ئىدى. "بىزنىڭ دوستانە مۇئامىلىدە بولغـانلىقىمىز يۇمشـاق كـۆڭۈللۈكتىن باشقا نەرسـە ئەمەس. بىــز بۇنىڭــدىن پۇشــمان قىلمــاقتىمىز. ـ دەيــدۇ ھىتلېــر، ـ بــۇ زىيــانلىق مەخلۇقلار چوقۇم يوقۇتۇلىشى شەرت. يەھۇدىيلار بىـز بىـلەن بىـر دۇنيادا ياشاشـقا ھەققى بولمىغـان دۈشــمىنىمىزدۇر. بـۇ يىلنىــڭ ئــاخىرلىرىغىچە ئـۇلاردىن بىرنىمـۇ قويمـاي تـازىلاپ بولىشــىمىز كېــرەك. ـ ئــۇ يەنە، بــۇ يەھــۇدىيلار ھەرگىزمــۇ 1918-يىلــى نويابىردىكىــدەك جىنايىتىــدىن ھېســاب بېرىشــتىن قېچىــپ قۇتۇلالمايــدۇ، دەپ كۆرســىتىپ، ـ ئــۇلار بىــلەن ھېسابلىشىدىغان ۋاقىت كەلدى،" دەيدۇ.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ھەر قايسى چەتئەل دىپلوماتىيە ئــورگانلىرى بىــلەن كونســۇلخانىلىرىغا ئۇختــۇرۇش تارقىتىــپ، يەھــۇدىيلار مەسىلىسى گېرمانىيە دېپلوماتىك سىياسىتىنىڭ بىـر تەركىـۋى قىسمى دەپ ئۇختۇرىـدۇ. بـۇ ئۇختۇرۇشتا، "گېرمـانىيە يەھـۇدىي سىياسـىتىنىڭ ئەڭ ئـاخىرقى نىشانىسـى – گېرمانىيىـدە تۇرىۋاتقــان بــارلىق يەھۇدىيلارنىــڭ چېگرىــدىن چىقىرىلىشــىنى ئىشـقا ئاشۇرۇشـتۇر." دەپ كۆرسـىتىلگەن ئىـدى. مىللـى سوتسـىئالىزم پارتىيىسـى ھـاكىمىيەت ئۈسـتىگە چىققىنىـدىن بويان، ئاران يۈز مىڭدەك يەھۇدىي گېرمانىيىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىپ ئۇلارغا ئىگە چىققان دۆلەتكە يەرلىشەلىگەن. چېگرىدىن چىقىرىلغان بۇ سان بەكلا ئازدەك قىلىسمۇ، يەنىلا ئا ق ش، فرانسـىيە، گوللانـدىيە ۋە نـورۋېگىيە قاتارىـدىكى دۆلەتلەردىكـى يەرلىـك خەلقلەرنىـڭ قارشىلىقىغا دۇچ كەلگەن ئىدى. گەرچە گېرمانىيە ئۇلارنى ئەخلاق نوقتىسـىدا ئەيىپلىگەن بولشـىغا قارىمـاي، غەرب ئەللــرى ھىتلېرنىــڭ يەھــۇدىيلىرىنى دۆلىــتىگە كىرىشــىگە يــول قويماي چېگراسىنى ئېتىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىـپ بـۇ يەرلەردىكـى يەھـۇدىي دۈشـمەنلىكلىرى بىــراقلا كۈچىيىــپ كېتىــدۇ. بــۇ شــۇنى كۆرســەتمەكتىكى، يەھــۇدىيلارنى كەڭ كۆلەملىــك چېگرادىن ھەيدەپ چىقىرىش ھەرىكىتى ئەقىقەتەنمۇ كارغا كېلىدىغان بىـر ئۇسـۇل ئىـدى.

ئۇختۇرۇشنىڭ ئاخىرىسىدا، گېرمانىيە سىياسىتىنىڭ نىشانىسى "كەلگۈسىدە يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى خەلقارالىق بىر شەكىلدە ھەل قىلىشقا ئېرىشتۈرۈش، بۇ ئىشنى 'قوغلاپ چىقىرىلغان ئۇششاق يەھۇدىي دىنى' غا بولغان يالغان ھېسسىداشلىقنىڭ باشقۇرۇشىغا قەتئىي بوي سۇنماي، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تونۇشى كۈچىيىدىغان، يەنى يەھۇدىيلارنىڭ كەلگۈسىدە ھەرقايسى ئەل مىللەتلىرىگە بىر تەھدىت بولۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى تونۇپ يېتىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتۇر."

29-يانۋاردا، ھىتلېر تېخىمۇ ئاشكارە ھالدا ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تاكتىكىسىنى تۈيۈقسىز ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ناتسىستلار ھوقۇق تۇتقانلىقىنىڭ 6 يىللىق خاتىرە كۈنىنى تەبرىكلەش مۇراسىمى سەۋەبلىك ھىتلېر پارلامېنتقا سۆزلىگەن نۇتقىدا پۈتۈن دۇنيا يەھۇدىيلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. تېخىمۇ چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بولغىنى، بىر قانچە سائەت ئاۋال، ئۇ دېڭىز ئارمىيە 5 يىل ئىچىدە كۈچلۈك سۇ ئاستى پاراخوت پلوتى قۇرۇپ چىقىش بۇيرۇقىنى بەرگەنلىكى ئىدى. ئۇ يەھۇدىيلارغا ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ ئەنگلىيە، ئا ق ش ۋە فرانسىيە "بۇگۈنگىچىلا يەھۇدىي ۋە يەھۇدىي بولمىغان كۈشكۈرتكۈچىلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا قېلىپ، گېرمانىيە بىلەن نېمىس خەلقىگە ئۆچمەنلىك ساقلاپ كەلمەكتە" ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئۇ تىنچ-ئامانلىقتىن باشقا نەرسىگە ئېھتىياجى يوقلۇقىنى كۆرسەتتى. ئۇ سۆزىدە، بۇ تۆردىكى ئۇرۇش پەيدا قىلىدىغان يالغان گەپلەر بىلەن زىددىيەت تېرىش ئۇرۇنۇشلىرى گېرمانىيىنىڭ يەھۇدىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئىرادىسىگە قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ، دەپ كۆرسەتتى. بۇ ئۇنىڭ تەختكە چىققىنىدىن بۇيانقى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى پىلانى ھەققىدىكى پىلانىنى ئاشكارە ئوتتۇرغا قويۇشى ھېسابلىناتتى: "ھاياتىم بويىچە، مەن ئەزەلدىن ئالدىن پەرەز قىلغۇچى بولۇپ ئوتتۇرغا چىققان، ۋە بۇ سەۋەپتىن ئىزچىل مازاق قىلىنىشقا ئۇچراپ كەلگەن بىرىمەن. ... مەن يەنە بىر قېتىم ئالدىن پەرىزىمنى سىلەرگە ئېيتاي: ئەگەر ياۋروپانىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى يەھۇدىي مالىيە كاتتىۋاشلىرى ھەر قايسى ئەللەرنى يەنە بىر قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىغا سۆرەپ كىرگىدەك بولسا، ئۇ ھالدا بۇنىڭ ئاقىۋىتى يەر شارىنىڭ بولشېۋىكلىشىپ كېتىشى، يەھۇدىيلارنىڭ غەلىبە قىلىشى بولماستىن بەلكى يەھۇدىيلارنىڭ ياۋروپادا يوقۇتۇلۇشى بىلەن نەتىجىلىنىدۇ!" بۇ جاھىل تەلۋە يەھۇدىيلارغا قارىتا: "قولۇڭنى تارت يەھۇدىي! مېنى ئۆزەڭلارنى ئۆلتۈرۈشكە قىستاۋەرمەڭلار!" دەپ جار سالىدۇ.

3

ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە، ھىتلېر مۇستەقىل بىر دۆلەتنى يوق قىلىۋېتىپ، يەنە بىر مۇستەقىل دۆلەتنى پارچىلاپ پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇش بىلەن بىرگە، بۇ جەرياندا غەرب ئەللىرىنى تىز چۆكۈرۈپ خوشامەت قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان ئىدى. 1939-يىلى تېخىمۇ چوڭ سىياسىي ئىستىلادىن بىشارەت بەرمەكتە ئىدى. 1-يانۋار كۈنى، ئاخىرى غەيرەتكە كېلىپ گېرمانىيىنىڭ بۇلتۇر كۈزدە ئوتتۇرغا قويغان "خەلقارا ئىنتېرناتسيونالغا قارشى ئەھدىنامە" تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى تەشۋىقات ئۈنۈمىدىن باشقا رولى بولمىغان بىر شەرتنامىدىن رەسمىي تۈردە ھەربىي ئىتتىپاق شەرتنامىسىغا ئايلاندۇردى. "بۇ ئايدا، _ دەپ يازىدۇ چيانو كۈندىلىك خاتىرىسىگە، _ ئۇ، جامائەت پىكرىنىڭ ئۇنىڭ كۆزقارىشىنى قوبۇل قىلدۇرۇشنى پىلان قىلىدۇ _ ئۇ، جامائەت پىكرىگە قىلچىمۇ ئېتىۋار قىلىپ كەتمەيتتى." سەۋەبى، مۇسسولىنى غەربتە ئۇرۇش يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىشقا بولمايدىغانلىقىدىن قورقىنىدىن ئىدى.

ھىتلېر يېڭى يىللىق مۇراجەتنامىدا، گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بىرلا ئارزۇسى بار: "... يېڭى بىر يىل ئىچىدە، بىز دۇنيا تىنچلىقى ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تۆھپە قوشۇشنى ئارزۇ قىلىمىز" دەپ جاكارلايدۇ. ئۇنىڭ "يىنچلىق" پىلانىدا، كېيىنكى قەدەمدە چېخوسلوۋاكىيىنى پۈتۈنلەي تېزگىنىگە ئېلىش نىيىتى بار ئىدى. بىر مۇنچە ۋاقىتتىن بېرى مىيۇنخېن شەرتنامىسىدىن بەكلا پۇشايمان قىلىپ يۈرەتتى. چۈنكى، ئۇ ئەسلىدە پۈتكۈل چېخوسلوۋاكىيىنى يۇتىۋالىشى، شۇنىڭغا قارىماي ھېچ قانداق بىر قىساسقىمۇ دۇچ كەلمەسلىكى ئېنىق ئىدى. ئەندى بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بولسا، چېخوسلوۋاكىيىگە ھەربىي يۈرۈش قىلىپ قالغان قىسمىنى قولغا كەلتۈرەلىشى ئۈچۈن كىشىلەر قوبۇل قىلىپ كېتەلىگىدەك بىرەر باھانە ئۇيدۇرۇپ چىقىشقا توغرا كەلمەكتە ئىدى.

فېۋرال ئېيىدا، ئۇ گېۆبېلسقا، چېخ ھۆكۈمىتى يەنىلا باشقا بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان نېمىس پۇخرالىرى ئارىسىغا تېررورلۇق ۋەھىمىسى يېيىپ، سۇدېت چېگراسىغا ھەربىي قوشۇن يىغماقتا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يوشۇرۇنۇقچە سۆيۇقەست پىلانلاشماقتا، شۇنىڭدەك سلوۋاك پۇخرالىرىغىمۇ ئىنتايىن قوپال مۇئامىلە قىلىپ ئۇلارنى چەتكە قاقماقتا دېگەندەك چېخوسلوۋاكىيە ھۆكۈمىتىگە قارشى بىر مەيدان تەشۋىقات ھۇجۇمى باشلىتىشقا بۇيرۇق بېرىدۇ: بۇنىڭ ئىچىدىكى سلوۋاكلارنى چەتكە قېقىپ زۇلۇم قىلماقتا دېگەن ئەيىبلەشى ھەقىقەتەنمۇ زور ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ. سلوۋاكىيىدىكى بىر قىسىم رادىكال مىللەتچىلەر بۇ تۈردىكى كۈشكۈرتۈشلەردىن خېلى بۇرۇنلا غەيرەتكە كېلىپ، تولۇق مۇستەقىللىق تەلەپلىرىنى ئوتتۇرغا قويۇشقا باشلىغان ئىدى. بۇ تۈردىكى ۋەزىيەت پارتلاش خاراكتېرىدىكى بىرھالەت بولۇپ، ئەگەر چېخ ھۆكۈمىتىدىكى قايسى بىر تەجرىبىسىز

يوقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىرەرسى سەللا دىققەتسىزلىك قىلسىدىكەن، ھەر دائىم يەنە بىر بوھران پارتلىشى مۇمكىن. _ ھىتلېرغا كېرىكىمۇ دەل مۇشۇنداق بىر باھانە ئىدى.

لوندوندا بولسا، گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئەمەلدارى ئېلىز كېرت بىر پارچە يالغان دوكلاد بىلەن تەمىنلىشىدىن كېيىن ياخشىلىنىپ قېلىشقا قارشى كەيپىياتلار قايتىدىن يوقۇرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلايدۇ. كېرت بىر نەپەر ئەنگلىيە ئەمەلدارى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ، ھىتلېر يېقىن كېلەچەكتە لوندوننى بومباردىمان قىلىشنى پىلانلىماقتا (بۇ ئەسلىدە گېرمانىيىدىكى ھىتلېرغا قارشى گۇرۇھلارنىڭ تارقىتىپ يۈرگەن ئېغۋالىرى بولۇپ، مەقسەت، ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيىنى ئۆزئارا ئۇرۇشتۇرۇش ئىدى. بۇ مەلۇماتلار كېرت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بۇ تۈر سۇيىقەست بىلەن مۇناسىۋەتلىك دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىدىكى ئەمەلدارلار تارقىتىپ يۈرگەن بىر قاتار يالغان ئۇچۇرلاردىن بىرسىلا ئىدى) دەيدۇ. چېمبېرلىن بۇ گەپكە بەكلا ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتۇپ مەخسۇس بۇ ئىش توغرىلىق بىر قېتىملىق ئىچكى كابىنېت يىغىنى چاقىرىدۇ. گەرچە ناتسىستلارنىڭ ئايروپىلانلىرى تېخى كۆرۈلمىگەن بولسىمۇ، بۇنىڭدىن گۇمانلىنىشلار ھەققەتەنمۇ بارغانسىرى كۈچىيىپ كېتىدۇ. ئەنگلىيىنىڭ بېرلىندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ھېندېرسونمۇ لوندونغا چاقىرتىلىپ ۋەزىيەتتىن دوكلاد بېرىش ھەمدە ھىتلېرنىڭ راستىنلا ھەربىي ھەرىكەت قىلىش-قىلماسلىقى توغرىلىق دوكلات بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ھېندېرسون مىلىك بىر مۇشەققەتلەر بىلەن دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل ياردەمچى باش ۋەزىرنى ئىمسلار "دەرھال تەۋەككۈلچىلىك ھەرىكىتىگە ئاتلىنىشنى ئويلاشقىنى يوق، ئۇلارنىڭ تۇتقان يولى تىنچلىققا قاراپ ئىلگىرلەش،" ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرەلەيدۇ. ئەمما قاقۋاش گۇدگان ئۇنىڭدەك ئۈمىدۋار قارىمايتتى. ئۇ، ھىتلېرنىڭ نىيىتى "بەكلا شەرمەندىلەرچە"، دەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ھىتلېرنىڭ يېقىندا چېخوسلوۋاكىيىگە بېسىپ كىرىش دوكلاتىغىمۇ بەك ئىشىنىپ كەتمەيدۇ. ھېندېرسون بېرلىنغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، داۋاملىق تۈردە ئۈمىدۋارلىق بىلەن تولغان ۋەزىيەت مۆلچەرلەش دوكلاتىنى يوللاپ تۇرىدۇ. ئۇ دوكلاتىدا، ناتسىستلار ئۇكرائىنا ياكى گوللاندىيىگە تەۋەككۈل قىلىش توغرىسىدىكى ئېغۋالار ئۇن-تۈنسىز يوقاپ كېتىدۇ. "گەرچە بەزى ئەرباپلار نۆۋەتتىكى تىنچ ۋەزىيەت يەنە بىر قېتىملىق بوران-چاپقۇننىڭ بىشارىتىدەك كۆرۈنسىمۇ، مېنىڭچە بولغاندا، مەن ھازىر ئۇنچىۋالا ئۈمىدسىز قاراشقىمۇ ئىگە ئەمەسمەن" دەيدۇ.

ئەمما ئەتىسى ئاخشىمى، ھىتلېرنىڭ دىپلوماتىك ئەلچىلەر ئۈمىگىدىكىلەرگە ئۇيۇشتۇرغان يىللىق زىياپىتىدىكى ھەرىكەتلىرى ھەققەتەنمۇ ئۇنى ئەنسىرىتىپ قويغان ئىدى. "بۇ قېتىمقى كەچلىك زىياپەتتە، ئاپتوموبىل كۆرگەزمىسىدە كۆرسەتكەن دوستانىلىق

كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كامىيىپ كەتكەن ئىدى“ دەپ يازىدۇ خاندېرسون كۆنىدىلىك خاتىرىسىگە.

”ئۇنىڭ ئىككى كۆزى مېنىڭ سول مۈرەمگىلا تىكىلىپ قالغان بولۇپ، پەقەتلا ئادەتتىكىچە گەپلەرنىلا قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ، ئوتتۇرا ياۋروپادا ئەنگلىيىنىڭ ئىشى يوق. شۇڭا كەچكىچە گېرمانىيىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ يۈرمىگىنى تۈزۈك“ دەپ تەكىتلەيدۇ. فۈھرېرنىڭ مۇئامىلىسى گەرچە هېندېرسوننى ”غۇۋۋا بىر شەكىلدە ئەنسىرەتكەن“ دەك قىلغان بولسىمۇ، كېيىنكى قېتىملىق لوندونغا ئەۋەرتكەن دوكلاتىدا بۇ نوقتىنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمايدۇ.

گېرمانىيىنىڭ سىياسىتى تېزلا ئاشكارىلىنىدۇ. 6-مارت كۈنى، ئەنگلىيىنىڭ چېخوسلوۋاكىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى نيۇتوننىڭ پراگادىن يوللىغان دوكلاتىدا، چېخ بىلەن سلوۋاكىيە مۇناسىۋىتى ”گويا خەتەرلىك تەرەپكە قاراپ تەرەققى قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ“ دەپ كۆرسىتىلگەن ئىدى. سلوۋاكىيە مالىيە ياردەم تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ۋەزىيەت تەرەققىياتى ئوت-بالا هالغا كەلمەكتە ئىدى. ”بۇ تالاش-تارتىشلاردا گېرمانىيە قانداق رول ئويناۋاتقان بولۇشى مۇمكىن؟ _ ئەگەر گېرمانىيە بۇ ئىشقا راستىنلا قول تىققان دېيىلگىنىدە.“ ئىشنىڭ بۇ تەرىپى كىشىلەرنىڭ مۆلچەرلىشىگە قالغان بولسىمۇ، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر ئىش، سلوۋاكىيىنىڭ سودا مىنىستىرى بىلەن قاتناش مىنىستىرى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھەمرالىقىدائۆتكەن ھەپتە بېرلىننى زىيارەت قىلغانلىقى ئىدى.

مەلۇم سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن بۇ تېلېگرامما ئىككى سوتكا كېچىكىپ تېگىدۇ. بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، هېندېرسون ”ئېنىق بولمىغان خاتىرجەمسىزلىك“ تىن ئۈيغىنىدۇ. 9-مارت كۈنى، ئۇ خالىفاكسقا قارىتىپ ئۇزۇن بىر بىر پارچە خەت يازىدۇ. ئۇ خېتىدە هىتلېر بىلەن گېرمانىيە خەلقى تىنچلىققا تەشنا ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشىنىدىغانلىقى ئىپادىلەيدۇ. ”هىتلېرنىڭ ئۆزى دۇنيا ئۇرۇشىدا جەڭگە قاتنىشىپ باققان بىرسى بولغاچقا، قان تۆكۈلۈشكە ياكى نېمىس خەلقىنىڭ ھەر قانداق بىر شەكىلدىكى ئۆلۈمگە قەتئىي قارشى.“ ناتسىستلارنىڭ رادىكال ئۇنسۇرلىرى بەلكىم داۋاملىق تۈردە تاجاۋۇزچىلىقنى داۋراڭ قىلىپ يۈرگىنىدەك قىلغىنى بىلەن، كۆشكۆرتكۈچى سىياسەتۋاز هېسابلىنىدىغان هىتلېر ئاز بىر قىسىم ئەسەبىلەرگە ياخشى كۆرۈنۈشكە قارىغاندا كۆپ سانلىققا سەت كۆرۈنۈپ قېلىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ. ”مەن هىتلېرنىڭ ساراڭ بولۇپ قالغانلىقى ياكى ساراڭلىق گىرداۋىغا كېلىپ قالغان بىر نەزەرىيىچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغىدەك ھېچ قانداق بىر پاكىتنى ئۇچراتمىدىم. مانا بۇ، ئۇنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ھەرگىزمۇ ئۇرۇشنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدىغان بىرسى ئىكەنلىكىنى ئويلىشىمدىكى تۈپكى سەۋەپلەردىن بىرى.“

4

شۇ ئاخشىمى، چېخوسلوۋاكىيە يېڭى پرېزدېنتى ئېمىر خاس – ئۇمۇ سىياسىي ئىشلاردىن بەك خەۋىرى يوقلىقىنى بۇرۇنلا سۆزلەپ يۈرەتتى – ھىتلېر ئۇزۇندىن بېرى تەققەززار بولىۋاتقان چوڭ خاتالىقتىن بىرنى سادىر قىلىدۇ: ئۇ سلوۋاكىيە ھۆكۈمىتىنى تارقىتىۋېتىپ ھەربىي قىسىملارنى سلوۋاكىيە رايونىغا باستۇرۇپ كىرىشكە بۇيرۇق قىلىدۇ. ئەتىسى جۈما كۈنى، خاس ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىدۇ.

ھىتلېر بۇنىڭغا دەرھال ئىنكاس قايتۇرىدۇ. ئۇ، ۋېيىنناغا بېرىپ گېرمانىيە-ئاۋسترىيە بىرلەشكەنلىكىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش پىلانىنى بىكار قىلىپ، يەنە بىر قېتىملىق بېسىپ كىرىش تەييارلىقىغا كىرىشىدۇ. ئۇ ئەسلىدە سوۋېت ئىتتىپاقى پراگاغا دەرھال ياردەم قىلىشى مۇمكىن دەپ ئەنسىرىگەن بولسىمۇ، بۇنداق ئەرزىمەس ئەنسىرىشىدىنمۇ شۇ ھامان قۇتۇلىدۇ. خاس ھەربىي ھالەت بۇيرۇقى ئارقىلىق ياردەم كۆتىشكە مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، ستالىن 18-نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىدا، بىز بۇ ئىشتا بەكلا ئېھتىياتچان بولۇشىمىز، غەربنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۇلارنىڭ ئۇچىقىغا تۇتۇرۇق قىلىپ پايدىلىنىش خىيالىغا يول قويماسلىقىمىز كېرەك دەيدۇ. بۇ دېيىشى ئەسلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىتىگە ئۇيغۇن كېلەتتى: ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنى چېخوسلوۋاكىيىنىڭ بىردىن-بىر سادىق دوستى دەپ بىلسىمۇ، كىچىككىنە بولسىمۇ خەۋىپكە ئۇچرىشىنى خالىمايتتى.

ئۇلارنىڭ بۇ ئىشتا ھەرىكەت قوللانماسلىقىدىكى باھانىسى، چېخلار بىلەن ئىمزالاشقان شەرتنامىغا ئاساسەن، فرانسىيە ھەرىكەتكە كەلگىنىدىن كېيىنلا ئاندىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ياردەم قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

شەنبە كۈنى، يەنى ھىتلېر ۋەقە يەيدا بولغىنىدىن خوشال بولغان كۈنى، ئادەتتىكى چاققانلىقى بىلەن ھەرىكەتكە ئاتلىنىدۇ. ئۇ ئاۋال، گېنېرال كېيتېلغا يولىيورۇق بېرىپ، ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتومدىن بىرنى يېزىپ چىقىش، ئاندىن چېخلارنىڭ قارشىلىق كۆرسەتمەسلىكىنى، موراۋىيە بىلەن بوسىمىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئىشغال قىلىشىغا بويسۇنىشى كېرەكلىكىنى بۇيرۇق قىلىدۇ. كەينىدىنلا، ئۇ چېخ بىلەن سلوۋاكىيە تۇپراقلىرى تەۋەسىدىكى ئىشپىيونلىرىغا بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شوغۇللىنىش يولىيورۇقىنى بېرىدۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا، ھېندېرسون خالىفاكىسقا تېلېفون قىلىپ، ئۇنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىشنى ئۆتىنىدۇ. ئۇ، "ھىتلېر ئەپەندىنىڭ بۇ مەزگىلدە ھەر قانداق بىر

قارارغا كەلگەنلىكىدىن گۇمانلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇڭا ئۇ، بۇ ھەپتە ئاخىرىغىچە چەتئەللەردە ھېچ قانداق بىر گەپ قىلماسلىقى ياكى ھېچ قانداق بىر ماقالە ئېلان قىلماسلىقى ئەڭ توغرا قىلغانلىقى بولىدىغانلىقىنى، بولمىسا ھىتلېرنى ھەرىكەتكە ئۈندەيدىغان باھانە بولۇپ بېرىشى مۇمكىنلىكىنى،“ ھېچ نەرسى لازىم ئەمەسلىكىنى ئېيتىدۇ.

شۇ كۈنى ئاخشىمى، ھىتلېر ئىككى نەپەر ئاۋستىرىيىلىك قورچاق رەھبەرنى ئىۋەرتىپ، بەش نەپەر گېرمانىيىلىك گېنېرالنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاپتوموبىللىق دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ بۇلادىسلاۋقا كىردۇ. ئۇ يەردە سلوۋاكىيە يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان ئىچكى كابىنېت يىغىن زالىغا باستۇرۇپ كىردۇ. ئۇلار ھۆكۈمەت ئادەملىرىنى سلوۋاكىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلىشقا دەپ دەيدۇ. ئەمما ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋاقىتنى كەينىگە سوزۇشقا ئۇرۇنۇپ، بىز ئاۋال پراگا ھۆكۈمىتى بىلەن ۋەزىيەتنى مۇھاكىمە قىلىشىمىز شەرت دەپ تۇرىۋالىدۇ. سابىق باش مىنىستىر جوزېف تىسو _ ئۇ ئەسلىدە رىم كاتولىك پوپى ئىدى _ بىر چىركاۋدىغا قاماپ قويۇلغان ئىدى؛ ئەندى ئۇ تۇيۇقسىزدىن دراماتىك بىر شەكىلدە ئوتتۇرىدا پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ئەسلىدە، بۇ خامسېمىز پوپ (”مېنىڭ تەبىئىتىم يېرىم فۇد سۈرلەنگەن چوشقا سېنى يېيىش بىلەنلا ئاندىن ئارام تاپىدۇ“ دەپ يۈرەتتى) تۈرمىدىن قېچىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ سلوۋاكىيە يېڭى ھۆكۈمىتىدىن 12-مارت يەكشەنبە ئەتىگىنى يىغىن چاقىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇ قېتىمقى مەخپى يىغىندا، تىسو مۇنداق دەپ ئاشكارىلايدۇ: مەن بېرلىنغا بېرىپ ھىتلېر بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ”تەكلىپ ئالدىم.“ مەن بۇ تەكلىپنى بىرنى يا ۋېنگرىيە ئارمىيىسى ياكى بولمىسا گېرمانىيە ئارمىيىسى بېسىم ئېلىش خەۋپى ئاستىدا بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلغان ئىدىم، دەيدۇ. 13-مارت ئاخشىمى سائەت 7 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە، رىبېنتروپ تىسونى ھىتلېرنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىدۇ. فۇھرېرنىڭ چىرايى بەكلا جىددى بولۇپ، غەزىۋىنى ئارانلا بېسىپ تۇرغان ئىدى. ئىككى نەپەر يوقىرى دەرىجىلىك ھەربى رەھبەر، يەنى بىراۋشىچ بىلەن كېيتېل ئىككىسى ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا تۇراتتى؛ ئالدىنقاچان قۇرۇغلۇق ئارمىيىسى بىلەن ھاۋا ئارمىيىسىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇلارغا، 15-مارت سەھەر سائەت 6 دا چېخوسلوۋاكىيىگە بېسىپ كىرىش ئۈچۈن تەييارلىنىشلار دەپ بۇيرۇق قىلىنغان ئىدى.

”چېخوسلوۋاكىيە، گېرمانىيە بولغىنى ئۈچۈنلا پارچىلىنىپ كەتمەيدىغان بولدى“ دەيدۇ ھىتلېر ئۇنى ئەيىپلىگەن ھالدا. ئەمما چېخىيە گېرمانىيىنىڭ شۇنچە كۈچلۈك ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىنى پەقەتلا بىلمىدى، دەيدۇ. ئۇ يەنە ۋارقىراپ (ئۇ غەزەپلەنمىگەندەك كۆرۈنىشى

ئۇنىڭ دەل غەزەپلىنىشىنى كۆرستەتتى) تۇرۇپ، سىلەر نېمە ئويۇن ئويناۋاتىسىلەر، دەپ سورايدۇ. مېنىڭچە، سلوۋاكىيە مۇستەقىل بولماقچى. ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن ۋېنگرىيىنىڭ بۇ تۇپراقلارنى ئىشغال قىلىۋېلىشا توسالغۇلۇق قىلماقچى بولغان. مانا بۇ ئاساسىي سەۋەپ، دەيدۇ. ئۇ "ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە" مۇنداق بىر مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقىنىدا ئۇنىڭ ئاۋازى بىر-بىرىدىن قاتتىق چىقاتتى. ئاندىن، ئۇ تىسۇدىن ئۇدۇللا سورايدۇ: سلوۋاكىيە زادى مۇستەقىل بولۇشنى خالامدۇ-خالىمامدۇ؟ "ئەتە چۈشتە مەن چېخلارغا قارشى ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىمەن. ــ دەيدۇ ھىتلېر ئۇنىڭغا قوماندان ۋون بۇراۋشىچنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ــ بۇ ئىشنى گېنېرال ۋون بۇراۋشىچ پۈتتۈرىدۇ. گېرمانىيە سلوۋاكىيىنىڭ ئۆزىنىڭ ھاياتلىق ماكان دائىرىسىگە كىرگۈزىۋېلىش نىيىتى يوق. مانا بۇ سىنىڭ سلوۋاكىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى دەرھال ئېلان قىلىشىڭ زۆرۈر بولىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى. ئۇنداق بولمىغاندا، دۆلىتىڭلارنىڭ تەغدىرى مېنى قىزىقتۇرالمايدۇ. سېنىڭ تاللىۋېلىشىڭ ئۈچۈن مەن ساڭا ئەتە چۈشتىن بۇرۇنغىچە ۋاقىت بەلگىلەپ بېرەي. شۇ چاققا كەلگىنىدە، چېخىيە گېرمانىيە دېگەن بۇ يول چىڭداش ماشىنىسى تەرىپىدىن ئېزىپ تۈزلىۋېتىلىدۇ!"

تىسۇ بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، بۇرادىسلافتىكى ئىچكى كابىنتقا تېلېفون قىلىدۇ. ئاندىن ئۇ نېمىسچە بىلەن فۇھرېر ئىشخانىسىدىن تېلېفون قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇلاردىن ئەتە چۈشتىن بۇرۇن سلوۋاكىيە پارلامېنت يىغىنى چاقىرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ، تېلېفونىڭ قارشى تەرەپىدىكى نېمە گەپلەر بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي قالغان كىشىنىڭ ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئېنىق ئۇققانلىقىدىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن تۇرۇپكىنى جايىغا قويىدۇ. ئۇ دەل ۋاقتىدا بۇرادىسلافقا يېتىپ بېرىپ، پارلامېنتقا رېبېنتروپ تەييارلىغان مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنى ئوقۇيدۇ. خىتاپنامىغا قارشى چىقىدىغان كۆچلەر تۇنجۇقۇپلا قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاتاقتا مۇستەقىل يېڭى سلوۋاكىيە دۇنياغا كەلگەنلىكى ئېلان قىلىنىدۇ.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، لوندوندا چېمبېرلىن ئۆزى يالغۇز ئاۋام پالاتاسىدا ھۆكۈمەتنىڭ نېمە ئۈچۈن ھىتلېر بىلەن تىركىشمەسلىكى توغرىسىدىكى ھەر تۈرلۈك نەپرەتلىك سوئاللارغا قەيسەرلىك بىلەن جاۋاب بېرىپ چىقىدۇ. ئەنگلىيىنىڭ چېخوسلوۋاكىيىگە بەرگەن كاپالىتى نەگە كەتتى؟ دەپ سورايدۇ قايسى بىر تەنقىتلىگۈچى. ئۇنىڭغا ئۇ كاپالەتنامە سەۋەپسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىغىنىدىلا ئاندىن كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ رەددىيە بېرىدۇ. ئۇ يەنە، "بۇنداق بىر تاجاۋۇزچىلىق كۆرۈلمىدى" دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

چەمبېرلىن پارلامېنتتا ھەر تۈرلۈك باھانىلارنى ئـاختۇرۇپ يـۈرگەن ۋاقىـتلاردا ھىتلېـر ھىرىكەتكە ئۆتۈپ بولغـان ئىـدى. شـۇنىڭدەك، خـۇددى باشـقا ۋاقىتلاردىكـىدەك ئۇنـىڭ بـۇ ھەرىكىتىنىڭ قارشى تەرەپنىڭ ھەرىكىتىگە قارشـى قويۇشـتا قوللىنىلغـان بىـر تەدبىـر دەپ ئىزاھلايدۇ. بۇ ئويۇننـىڭ ئەڭ ئـاخىرقى بىـر پەردىسـىنى چېخوسـلوۋاكىيە پرېزىدېنتـى خـاس ئويناپ چىققـان بولـۇپ، ئـۆتكەن بىـر قـانچە كـۈن جەريانىدىكىھادىسـىلارنىڭ سـەۋەبىنى ئۇقۇپ بولالماي بېشى قېيىپ كەتكەن خاس، ئەندىلىكتە فۇھرېر بىلەن دەرھال كۆرۈشـۈش تەلىپىنى بىلدۈرىدۇ – بۇ دېگەنلىك، ئەسلىدە چېۋىنىنـىڭ ئۆمچـۈك تورىغـا ئـۆز ئىختىيـارى بىلەن چۈشكىنىدەكلا بىر ئىش ئىدى.

ھىتلېــر خاســنىڭ ئــۆزى بىــلەن كۆرۈشــۈش تاماســىنى بىــر قــانچە ســائەت كېچىكتۈرگىنىدىن كېيىن ئاخىرى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە مـاقۇل بولىـدۇ. پسـىخولوگىيە جەھەتتە ۋەيـران بولـۇپ بولغـان چېخوسـلوۋاكىيە پرېزىدېنتـى، قـىزى بىـلەن تاشـقى ئىشـلار مىنىسـتىرىنىڭ ھەمراھلىقىـدا بېـرلىنگە قـاراپ يولغـا چىققـان پويىزغـا ئولتـۇرۇپ ھىتلېرنـى كـۆرگىلى يولغـا چىقىـدۇ. ئۇنـىڭ يـۈرىكى ئـاجىز بولغاچقا ئايروپىلانـدا سـاياھەت قىلىـش ئىمكانى بولمىغاچقا پويىزغا ئولتۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى.

خـاس پراگـادىن ئايرىلغـان ۋاقىـتلاردا، يېقىنـدىن ھىتلېرنـى كـۆرۈپ تۇرىـدىغان بىـر ئەنگلىيىلىك مۇخبىر پراگاغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ ئادەم، سېيفتون دېرمۇ دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ، ۋېنسېيسلاس مەيـدانىنىڭ يېقىنلىرىـدىكى قەھۋەخانىلارنـىڭ دائىملىـق خېرىــدارلىرى بۇرۇنقىــدەكلا دۇنيــادا ھــېچ ئىــش بولمىغانــدەك بىخارامـان قەھــۋىلىرىنى يۇتۇملاپ ئولتۇرۇشقانلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالىـدۇ. گۈگـۈم ۋاقتىـدا پۇتلىرىغـا ئـاق پايپـاق كىيىشكەن سـۇدېتلاند نـېمىس ئەسـكەرلىرى تۇيۇقسـىزلا ئاسـماندىن چۈشـكەندەكلا پەيـدا بولىدۇ. ئۇلار ئالتىدىن ئالتىدىن قاتار تىـزىلغىنىچە مەيـدانغا كىرىـپ كېلىشـىدۇ. قولللىرىـدا ناتسىسـتلار بـايرىقىنى كۆتۈرۈشـۈپ "ياشىسـۇن غـالىبىيەت! ياشىسـۇن!" دەپ توۋلىشـىپ ماڭماقتا، ئۇلارنىڭ كەينىدىن چېخلارنىڭ ئۈچ رەڭلىك بـايراق كۆتۈرىشـۋالغان فاشىسـتلار بىلەن ھەمكارلاشقۇچىلار ئەگىشىپ كەلمەكتە ئىدى.

دەسلىۋىدە كىشىلەر بۇيرۇققا بوي سۇنۇپ، ناتسىستلار بايرىقىغا سالام بېرىشكەنىدى. كېيىنچە، ئىشچىلار مەيدانغا باستۇرۇپ كىرىشى نەتىجىسىدە ۋەزىـيەت پۈتـۈنلەي باشـقىچە تۈسكە كىرىدۇ. ئۇلار نامايىشچىلار قوشۇنىغا يول بەرمەيتتى، نەتىجىدە بىر-بىرسىنى ئۇرۇپ دۇمبالاشلار باشلىنىپ كېتىـدۇ. سـاقچىلار بولسـا نامايىشـچىلار تەرىپىنـدە تـۇرۇپ ئـۇلارنى ھىمايە قىلىپ ئالغا ئىلگىرلەپ تۇرۇپ شۇئار توۋلىشاتتى: "بىرلا دۆلەت، بىـرلا خەلـق، بىـرلا دۆلەت باشلىقى!" ئەگەر پراگـا سـىمۋۇل خـاراكتېردە گېرمانىيىنـىڭ قولىغـا چۈشـۈپ قالـدى

دېيلسە، ئۇ ھالدا، چېخىيىنىڭ مۇھىم سانائەت شەھىرى بولغان موراۋىسكا، ئوستراۋا _ پولشا چېگراسىغا يېقىن تەرەپتە – قاتارلىق شەھەرلەر بولسا ئەمەلىيەتتە گېرمانىيىنىڭ قولىغا چۈشۈپ بولغان دېيىش مۇمكىن ئىدى. بۇ زامانىۋى پولات-تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ پولشالىقلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشىغا ھېچ نەرسە توسقۇنلۇق قىلالمايتتى. ئەمما، ھىتلېر ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە سلوۋاكىيىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان. ئۇ ئاللىقاچان سلوۋاكلارنى ئايرىلىشقا قۇتراتقان ئىدى.

پولشالىقلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشىدىن ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە ھىتلېر قوغدىغۇچىلىرىنىڭ تالالىغان قىسمىلىرى قاراڭغۇ چۈشۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ جايلارنى ئىشغال قىلىۋالدۇ. بېرلىندا، ھىتلېر بىلەن ئۇنىڭ مېھمانلىرى باش مىنىستىرلىق مەھكىمىسىنىڭ مېھمان كۈتۈش زالىغا يىغىلىپ «پۈرسەت قولدىن كېتىش» دېگەن كىنو فىلىمىنى كۆرمەكتە ئىدى. گېنېرال كېيتېل ھىتلېرنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. ئەگەر زۆرۈر بولغىدەك قىلسا، كېيتېل باستۇرۇپ كىرىش بۇيرۇقىنى بېرىشكە ھەر دائىم تەييار ئىدى. پراگادىن كەلگەن پويىز ئېنخارد پويىز ئىستانسىسىغا ئاخشىمى سائەت 10 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، تۆن يېرىمىدىن بىر سائەت ۋاقىت ئۆتكەندىلا ئاندىن ھىتلېر خاسنى قوبۇل قىلدۇ. ھىتلېر كېيتېلغا نېمە ئۈچۈن شۇنچە كېچىكتۈرۈپ قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ كېلىپ، مەن بۇ قېرىنى يول ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ياخشىراق ئارام ئېلىۋالسۇن دېدىم، دەيدۇ. ئەمما ۋاقىتنىڭ بۇنچىۋالا ئۇزارتىلىشىتىشى خاسنى بەكلا ئەنسىرىتىۋېتىدۇ. تاشقى ئىشلار مىنىستىرى چۋاركوفسكى ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ ئېبس-ئېبسچىلار مۇراسىم ئەترىتىنىڭ ئالدىن ئۆتۈپ ھىتلېرنىڭ كىتاپخانىسىغا كىرىۋاتقىنىدا ئۇنىڭ چىرايى "جىددىيلەشكەنلىكىدىن قىزىرىپ كېتىدۇ."

خاس، ھىتلېرغا، مەن ھېچ قاچان سىياسەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ باققان ئەمەسمەن، دەپ ئەسكەرتىش بېرىدۇ. بۇ ئادەم ھىتلېردىن كەچۈرۈم قىلىشىنى تىلەپ خوشامەتچىلىك قىلغان ھالدا، "چېخوسلوۋاكىيىنىڭ تەغدىرى فۈھرېرنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىمەن، _ دەپ يازىدۇ گېرمانىيە ھۆكۈمەت تەرەپ خاتىرە قالدۇرغۇچىسى، _ ئەگەر فۈھرېرنىڭ قولىدىلا بولىدىكەن مەن قەتئىي خاتىرجەم بولىمەن، دەيدۇ."

گەرچە خاس شۇنچە خوشامەت قىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلە ھىتلېرنىڭ ئۇنى بىر قۇر ئەدەپلىشىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ھىتلېر، تېماسىرىك بىلەن بېنىس قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئاتالمىش خالىغانچە ھەرىكەت قىلىش ئىشىنى قايتا تەكرارلاپ كۆرسەتكەندىن كېيىن "يېڭى چېخوسلوۋاكىيىدە، ئاشكارە بىلىنمىگەندەك قىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە بېنىس روھى ھېلىمۇ مەۋجۇت" دەپ زەربە بېرىدۇ. ھىتلېرنىڭ بۇ تۇر ھۇجۇم قىلىشلىرى ئالدىدا بىچارە خاس بارغانسىرى تۇگۈلۈپ ئۇن چىقىرالمايلا قالىدۇ. ھىتلېر ئۇشتۇمتۇتلا (بەلكىم ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقان بولۇشىلىپ ياكى تاكتىك ئىشلىتىپ)، "مەن ھەرگىزمۇ خاسقا ئىشەنمىگەنلىكىمدىن ئەمەس، يىغىپ ئېيتقاندا، پرېزدېنت شۇنچە ياشىنىپ قالغانلىقىغا

قارىماي يەنە گېرمانىيىگە كېلىشى، چېخوسلوۋاكىيە ئۈچۈن بەكلا چوڭ پايدىسى تېگىشى مۇمكىنلىكىگە ئىشىنىمەن. چۈنكى گېرمانىيە بىر قانچە سائەت ئىچىدە بۇ ئىشقا مۇداخىلىدە بولماقچى" دەپ قوشۇپ قويىدۇ.

خاس بىلەن ئۇنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بۇ گەپنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تاشتەك قېتىپلا قالىدۇ. ھىتلېر سۆزىنى داۋام قىلىپ، بىز ھەر قانداق بىر دۆلەتكە دۈشمەنلىك نىيىتىمىز يوق. شۇڭا مەن خاسنىڭ ساداقىتىگە يەنىلا ئىشىنىمەن، دەيدۇ. بۇ گەپلەر ئۇلاردا ئاز-تولا ئۈمىدلىنىش پەيدا قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ھىتلېرنىڭ بىنېپىس روھى ھېلىمۇ جىلۋە قىلىپ تۇرماقتا دەپ ئېيتىشى بىلەن، ئۇلاردىكى بۇنچىلىك ئۈمىدۋارلىقمۇ دەرھال يوققا چىقىدۇ. ھىتلېر ئۇلارغا، يەكشەنبە كۈنى ۋەزىيەت ئاساسەن بەلگىلىنىپ بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. چۈنكى نىبۇ چاغدا گېرمانىيە قۇرۇغلۇق ئارمىيىسىگە ئاللىمۇقاچان بىسىپ كىرىش بۇيرۇقى بېرىلگەن بولۇپ، چېخوسلوۋاكىيىنىڭ ئىمپېرىيە تەۋەسىگە قوشۇۋېتىلىشى ھەققىدىكى بۇيرۇق چۈشۈپ بولغان ئىدى.

بۇ ئىككى نەپەر چېخ ھاڭۋاققىنىچە ئاغزىنى ئېچىپ ئولتۇرۇپلا قالىدۇ. ھىتلېر ئۇلارغا بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىز دۆلىتىڭلارغا سەھەر سائەت 6 دا ھەر تەرەپتىن يۈرۈش قىلىدۇ؛ گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى چېخنىڭ بارلىق ئايرودروملىرىنى ئىشغال قىلىدۇ، دەپ ئېلان قىلىدۇ.

ھىتلېر قاتتىق-يۇمشاق ئۇسۇللاردىن تەڭ پايدىلىنىش بىلەن بىرگە يەنە ھەم تەھدىت قىلاتتى، ھەم ۋەدىلەر بېرەتتى. پەقەت ئاددىلا بىر قارار بېرەلىسىلا خاسنىڭ چېخوسلوۋاكىيە ئۈچۈن داۋاملىق خىزمەت قىلالىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇڭا ئۇ دەرھال ھەرىكەتكە كېلىشى كېرەك ئىدى – ئۇنداق بولمىغىنىدا، سائەت 6 بولغاندا گېرمانىيە قۇرۇغلۇق ئارمىيىسى بىلەن ھاۋا ئارمىيىسى ھەرىكەت باشلىۋېتىدۇ دەيدۇ. "ئەگەر مەن بۇ تەھدىتىم شۇ چاغدا ئەمەلدە ئاشمىغان بولسا ئىدى، مەن چوقۇم قايتا تولۇقلاش مۇمكىن بولمايدىغان ئېغىر نۇمۇس ئىچىدە قالغان بولاتتىم. _ دەيدۇ ھىتلېر ئارىدىن بىر قانچە يىل ئۆتكەندە بۇ ئىشنى ئەسلەپ كېلىپ، _ چۈنكى شۇ ۋاقىتتا مەن بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقىنىمدا بىزنىڭ ئايرودروم قۇيۇق قارا بۇلۇت بىلەن قاپلىنىپ كەتكەن بولۇپ، بىزدىن بىرمۇ ئايروپىلان ئۇچۇپ چىقالا ئۆتەلمەيتتى."

ئۇ بىلەن ئۇنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرىگە تەكلىپ بېرىپ، ئىككىڭلار بۇ ھەقتە ئايرىم ئولتۇرۇپ قانداق قىلىش توغرىلىق مەسلىھەتلىشىڭلار، دەيدۇ. ئەمما خاس، "مەسىلە بەكلا ئوچۇق ئوتتۇردا." دەيدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھىتلېر خاترجەم بىر نەپەس ئېلىۋالىدۇ. پرېزدېنت، قارشىلىق كۆرسىتىش بىر ئاخماقلىق دەپ قارايتتى؛ ئەمما 6

سائەتكىمۇ يەتمىگەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن دۆلەتنى قانداقمۇ تېزگىنلەپ بولغىلى بولىدۇ؟ دەپ سورايدۇ. ھىتلېر بۇ ئىش مەيلى ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن بەربىر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن ئۇ ئۆمىدۋارلىق بىلەن مۇنداق دەيدۇ: مەن "ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ ئۆزۈن مۇددەت تىنچ ياشايدىغان" ئۈمۈقنى كۆرمەكتىمەن دەيدۇ.

ئەگەر سىلەر قارشىلىق كۆرسىتىشكە قارار قىلساڭلار، دەيدۇ ھىتلېر چىرايىنى پۈرۈشتۈرگىنىچە، مەن "چېخوسلوۋاكىيىنىڭ تارمار كەلتۈرۈشىنى كۆرمەكتىمەن" دەيدۇ.

ھىتلېر يامان غەرەزلىك بۇ گەپنى دەپ بولۇپ، كۆرۈشۈش مۇشۇ يەرگىچىلىك، دەيدۇ. ئالاقىزادىلىك ئىچىدە قالغان بۇ ئىككى نەپەر چېخ ياندىكى ئۆيگە باشلاپ مېڭىلغان ۋاقىتلاردا، رېبىنتروپ پراگاغا تېلېفون قىلماقتا ئىدى. تېلېفون يېرىمىدا ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، تەرجىمان شىمىدتتىن تېلېفوننى قايتا ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شىمىدت تېلېفون نومۇرىنى چۆرۈۋاتقىنىدا گيۆرىڭنىڭ يان ئۆيدىن "خاس ھۇشىدىن كەتتى!" دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ. شۇڭا كىشىلەر دەرھال دوختۇر مورىنىڭ بۇ يەرگە كەلسۇن دەپ توۋلىشىشقا باشلايدۇ. ئەسلىدە مورى دوختۇر ياشىنىپ قالغان كىسەلچان چېخ پرېزىدېنتىگە قاراش ئۈچۈن ھەر دائىم تەييار تۇرۇش ئۈچۈن ئالدىن ئالا نۆۋەتچىلىك قىلىشقا تەييار قويۇلغان ئىدى. شىمىدت كۆڭلىدە، ئەگەر خاسقا بىر نېمە بولۇپ قالغىدەك بولسا، ئەتە پۈتۈن دۇنيا ئۇنى باش مىنىستىرلىكتە سۇيىقەست قىلىنىپتۇ، دەپ بىلىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ. ئەمما دەل شۇ پەيتتە پراگاغا تېلېفون قايتا ئۇلىنىدۇ. پرېزىدېنت خاس ھەيران قالارلىق بىر شەكىلدە ھۇشىغا كەلگەن ئىدى. شىمىدت چىقىپ ئۇنى تېلېفونغا چاقىرىدۇ. پرېزىدېنت تېلېفون يېنىغا كېلىپ بولغان ئىشلارنى ئىچكى كابىنېتقا بىلدۈرۈپ بولۇپ، تەسلىم بولۇش تەكلىۋىنى بېرىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا شىمىدت ھۆكۈمەت تەرەپ بېكىتكەن، ئالدىن يېزىپ تەييارلانغان ئاخبارات ئورگىنالنى ماشىنىدا كۆچۈرۈشكە كىرىشىدۇ. بۇ ئاخباراتتا، چېخوسلوۋاكىيە پرېزىدېنتى تولۇق ئىشەنچ بىلەن چېخىيە دۆلىتى بىلەن خەلقىنىڭ تەقدىرىنى نېمىس ئىمپېرىيە دۆلەت باشلىقىغا تاپشۇردى، دېيىلگەن ئىدى. بۇ ئاخبارات ئەسلىدە بىر تەسلىمنامە ھېسابلىناتتى. خاس دوختۇردىن ئوكۇلدىن يەنە بىر تال سېلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوكۇل سېلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ روھى خېلىلا تۈزۈلۈپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ، بىر ياندا رېبىنتروپ بىلەن گيۆرىڭنىڭ تىنماي ئالدىرىتىپ تۇرغىنىغا قارىماي ئاخباراتقا قول قويۇشنى رەت قىلىپ تۇرىۋالىدۇ. فرانسىيە ھۆكۈمەت تەرەپ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئىككى كىشى ئىككى نەپەر چېخنى قىستاپ كەينىگە كىرىپلا ئالغان. "ئاخبارات ئۈستەل ئۈستىدە

تۇراتتى. ئۇ ئىككىسى ئۇستەل ئەتراپىدا خاس بىلەن چۋاركوفسكىنىڭ كەينىدىن قوغلىشىپ بـــايىقى ئاخبـــارات بـــىلەن قەلەمنـــى تەڭـــلەپ تـــۇرۇپ، ئەگەر داۋاملـــىق رەت قىلـــىپ تۇرىــۋالغىنىڭلاردا، ئىككــى يېــرىم ســائەت ئىچــىدە پراگــا بومباردىمــانچى ئــايروپىلانلار تەرىپىدىن پارتلىتىــپ خارابە خــىش دۆۋىســى هالىغا كەلتۈرۈۋېتىلىــدۇ. بــۇ تېخــى ئىشــنىڭ باشلىنىشى. يۈزلىگەن بومباردىمانچى ئايروپىلان ئۇچۇش بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تەييار تۇرماقتا؛ ئەگەر سىلەر بۇ ئاخباراتقا قول قويمايدىكەنسىلەر، بىرلا بۇيرۇق بىلەن سەھەر سـائەت 6 دا يولغا چىقىدۇ، دەپ تىنماي كاپشىماقتا." (گېۆرىك كېيىن نيۇرېمبېرگ سوتىدا، مەن خاسقا "ئەگەر مەن گــۆزەل پراگــا شــەهىرىنى بومباردىمــان قىلالمىســام ھەققەتەنمــۇ ئارمانــدا قــالىمەن" دېــگەن بولســامۇ، ھەرگىــز ئۇنــداق قىلــىش نىيــىتىم يــوق ئىــدى. چــۈنكى "بومباردىمان قىلمىغاندىلا ئاندىن قارشىلىق كۆرسەتكۈچى كۈچلەرنى نىسبەتەن ئاسان بۆلۈپ پــارچىلىغىلى بــولاتتى. ئەممــا ئــۇنى بىــر باھــانە قىلىــپ كۆرســىتىپ تــۇرۇپ پۈتكــۈل ۋەزىيەتنــى پايــدىلىق تەرەپكە بۇراشقا بولىــدۇ دەپ ئــويلاپ شــۇنداق دېــگەن ئىــدىم" دەپ ئېتراپ قىلىدۇ)

خاس ئاخىرى يول قويۇشقا مەجبۇر بولىــدۇ. ئــۇ چىرايــى قىزارغــان، قــوللىرى تىتــرەپ تۇرغان ھالدا سەھەر سـائەت بەش كـام 4 تە ئاخباراتقا قـول قويـۇپ بېرىـدۇ. قـول قويـۇپ بولغانــدىن كېيىن، دوختــۇر مورىغــا بۇرۇلــۇپ، كېســىلىمنى داۋالىغىنىڭىــز ئۈچــۈن رەخمــەت دەيدۇ.

خاس ئۇيۇشۇپ ھېچ نېمىنى سەزمەس قولىــدىكى ئاخباراتقا ئىمزا قويغــان قەلىمنــى ئەندىلا قويۇپ تۇرىشىغا، ھىتلېر دەرھال يىغىن زالىدىن چىقىــپ ئــۆز ئىشخانىســىغا كىرىــپ كېتىدۇ ــ ئىشخانىسىدا ئۇنى ئىككى نەپەر كاتىپى كۈتۈپ تۇراتتى.

كرىسىتا شــرودېرنىڭ ئەسلىمىســىگە ئاساسلانغاندا، شــۇ چاغــدا ھىتلېرنىــڭ چىرايــى بەكلا ئۆزگىرىپ كەتكەن بولــۇپ، ئىشــخانىغا كىــرەر-كىــرمەي ۋارقىــراپ كېتىــدۇ: "چاققــان، چاققان يېنىمغا كېلىڭلار قىـزلار، مېنـى دەرھـال سۆيۈپ قويـۇڭلار!" شـرودېر بـىلەن ئـورۇن ئىككىسى ئۇنىڭ ئىككى مەڭىزىدىن سۆيۈپ قويغان. "خــاس يــېڭىلا ئاخبــاراتنى ئىمزالىــدى. ــ دەيدۇ ھىتلېر چەكسىز خوشال بولغان ھالدا، ــ بۇ مېنىڭ ئاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ غەلىبە بــىلەن قايتىشـــىم! مەن ئەنـــدى گېرمانىيىنىـــڭ ئەڭ ئۇلـــۇغ كىشىســـى قاتارىـــدا تارىختـــا يېزىلىدىغان بولدۇم!"

ۋاقــت يېــرىم كېچــىدىن ئېشــىپ كەتــكەن بولســىمۇ، ھىتلېــر بــۇ غالىبىيىتىــدىن ھۇزۇرلىنىپ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

"مەن ئۇ ئىككى قېرىغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. ــ دەيدۇ خوفمان بىلەن باشقا سىرداشلىرىغا،

ــ شۇنداقتىمۇ بۇنداق بىر ۋاقىتتا ھېسسىياتقا بېرىلىش توغرا ئەمەس. كىم بىلىدۇ، بۇ بوھراندا ئۇلار ئۇتۇپ چىقامدۇ تېخى. تەمكىن بولىشىمىز كېرەك.»

دوختۇر مورى گەپ قىستۇرۇپ، ئەگەر مەن بولمىغان بولسام بۇ ئاخبارات ئىمزالانماي قالغان بولاتتى، دەيدۇ. «تەشەككۇر ئېيتىمەن، ئۇنىڭغا دەل ۋاقتىدا ئۈكۈل قىلىپتىمەن!»

«قورۇق گەپ قىلما، سېنىڭ ئۇ ئۈكۈلىڭ نېمىگە ئەسقاتاتتى! ــ دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ ھىتلېر، ــ سەن ئۇ قېرىغا ئۈكۈل قىلىپ روھلاندۇرۇپ قويىدۇڭ. مەن ئۇنىڭ قول قويماي تۇرۇۋېلىشىدىن بەكلا ئەنسىرىگەن ئىدىم!» كېيىن بۇ تەبرىكلەش مۇراسىمىنىڭ ئاقىۋىتى يېرىمىدا ئۆزگىرىدۇ: چېخوسلوۋاكىيىگە بېسىپ كىرىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلدى، ئەمما بىر شەرت بىلەن. يەنى قارشىلىق كۆرسىتىش كۆرۈلمەسلىك شەرتى بىلەن. ئوق چىقارماسلىق. بۇنداق ئەھۋالدا قورال ئىشلىتىشتىن ئاۋال، يەنىلا سۆزلىشىپ ھەل قىلىش ئېھتىمالىنى يوق دېيىشكە بولمايدۇ، دەپ دوكلات قىلىدۇ. ئاندىن ھىتلېردىن مۇراسىمدىن ئايرىلىشىنى ئۆتۈنىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا يولىيورۇق بېرىپ، چېخوسلوۋاكىيىگە قاراپ يولغا چىقىدىغان مەخسۇس پويىزدا بىرگە ھەمرا بولۇپ بېرىشى ئۈچۈن،نەچچە سائەتتىن كېيىن تەييار بولۇپ كەل، دەپ بۇيرۇيدۇ.

5

15-مارت تاڭ سۈزۈلگەن ۋاقىتتا، باش-كۆزىنى ئوربۇالغان ئىككى ئەر كىشى «قورقىنىدىن يۈزلىرى تۇپىدەك تاتارغان ھالدا»، پراگادا تۇرۇشلۇق ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا كېلىپ پانالىق تەلەپ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار گېرمانىيىدە تۇرۇۋاتقان چېخ ئىشپىيونلىرى بولۇپ، شۇ يەردىكى گېستاپو تەرىپىدىن ئىنقىلاپ بىلىنىپ قالغان ئىكەنمىش. «بىز ئۇلارنى بىر نەرسىلەر دەپ ياندۇرماقچى بولغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى تارتىشىپ كالپۇكلىرى تىترەپ كەتكەن ئىدى» دەيدۇ گېورگ كاننان ئەسلەپ كېلىپ، سەل ئۆتكەندىن كېيىن يوقۇرىنىڭ يولىيورۇقىغا بىنائەن ھىتلېردىن قېچىپ كەلگەن بۇ ئىككى نەپەر گېرمانىيىلىك مۇساپىرنى قار-شۇرىغانلىق كوچىغا چىقىرىۋەتتۇق. كوچىدا، «ئۇلار خۇددى كەينىدىن ئوۋچى قوغلاپ يۈرگەن ھايۋانلارغىلا ئوخشاپ قالغان ئىدى.» ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىر تونۇش يەھۇدىي كىرىپ كېلىدۇ. ئەلچىخانىمىز ئۇنىڭغا كۆڭلىنى تىنجىتقىچىلا ئەلچىخانىدا قېلىشىغا رۇخسەت بېرىدۇ. «ئۇ بەكلا بىچارە ھالەتتە ئىدى. مېھمان ساراي ئۆيىدە تا چۈشكىچە تىنماي ئالدى-كەينىگە مېڭىپ چىقتى.»

لوندوندا، تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكتىن ئەڭ ئاۋال خەۋەر تاپقان كىشى لورد خالىفاكس ئىدى. بۇ خەۋەر ئۇنىڭغا پراگادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى تەرىپىدىن يەتكۈزۈلگەن ئىدى. ئارىدىن بىر قانچە سائەت ئۆتۈپ، ھېندېرسون، باشلىقنىڭ سودا شىركەتلەر باشلىقلىرىنىڭ گېرمانىيىگە زىيارىتىنى كېچىكتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ بېرلىندىن تېلېفون قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "مېنىڭچە بولغاندا، گېرمانىيىنىڭ 'تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش' نى توساش ئىمكانىيىتى يوق. شۇنداقتىمۇ بۇنداق جىددى پەيتتە ھەر قانداق بىر ئەنگلىيە ئىچكى كابىنېت مىنىستىرىنىڭ گېرمانىيىگە زىيارەت قىلىشىغا مەن شەخسەن قوشۇلمايمەن."

بىر سائەتكە قالماي، ھېندېرسون يەنە بىر قېتىم تېلېفون قىلىپ، ھىتلېرنىڭ خاس بىلەن ئىمزالاشقان كېلىشىمنامىسىنى ئوقۇپ ئۆتىدۇ. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دا، ئۇ تېلېفون ئارقىلىق ھىتلېرنىڭ پىگراقتا گېرمانىيە خەلقىگە ئېلان قىلغان ئۇقتۇرۇشىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. بۇ ئۇقتۇرۇشتا: يەكشەنبە كۈنىدىن بۇيان، چېخىيىنىڭ نۇرغۇن يېزا-كەنتلىرىدە نېمىسلارغا قارشى "ياۋايىلارچە چېكىدىن ئاشقان ۋەھشىلىكلەر يۈز بەرمەكتە"، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار بىلەن بۇزغۇنچىلىققا يولۇققۇچىلارنىڭ چاقىرىق سادالىرى بارغانسېرى كۈچىيىپ ئاڭلانماقتا، دېيىلگەن ئىدى.

قاتتىق چۆچۈگەن خاندېرسون ھېچ بولمىغاندا شۇنى تونۇپ يېتىشى كېرەك ئىدىكى، بۇ ئۇنىڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن بېرلىن يولىدىكى "كىمسىنىڭ ئاخىرقى ھېسابىتا سۇغا پېتىشى" ئىدى. "مەن بېرلىنغا بېرىشنى روھىما داغ چۈشۈرۈش ئىشى دەپ تونۇيمەن. بۇنىڭغا سىز گۇمان قىلماسسىز؟"

ئۇ ئالدىراشلىق بىلەن خالىفاكسقا بىر پارچە رەسمى خەت يېزىپ ئەۋەرتىدۇ. "ھىتلېر يەنە بىر قېتىم تەۋەككۈلچىلىك يولىغا كىردى."

بېرلىندىن يولغا چىققان پويىزدا، ھىتلېر ئاساسەن ئۇخلاپ مېڭىپ، 15-مارت چۈشلەردە ئاندىن ئويغۇنىدۇ. "مەن بىرىنچى بولۇپ پراگاغا كىرىشىم كېرەك." دەيدۇ ئۇ كىيىمنى كەيگەچ ئەر خىزمەتچىسىگە. ئۇ چېگراغا يېقىنلاشقانسېرى شۇنچە جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ يالغۇز چېگرا يېقىنلىرىدا پويىزدىن چۈشۈپ ماشىنىلىق يولنى داۋام قىلىدۇ. ھىتلېر ئولتۇرغان ماشىنا ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ماشىنا بولۇپ، شوپۇرى كېپكانىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىدى. 10 ماشىنىدىن تەشكىل تاپقان بۇ ئاپتوموبىل كالونى قار-شىۋىرغانغا قارىماي ئاستا ئىلگىرلىمەكتە ئىدى. ماشىنىلار ھەر ئىككىلا تەرەپتىن بوش تاشلىۋېتىلگەن تاموژنىدىن ئۆتۈپ، ئۇزۇنغا قالماي قار-شىۋىرغان ئىچىدە مىڭ بىر مۇشەققەت بىلەن كېتىۋاتقان نېمىس قوشۇنلىرىغا يېتىشىدۇ.

كېيىكا ماشىنىسىنى بۇراپ يولدىن چىقىرىپ، يول بويىدىكى ئەگرى-بۈگرى پاتقاقلىق يولدا ھەيدەپ، شەپەق سۆكۈلگەن ۋاقىتتىلا ئاندىن پراگاغا يېتىپ باردۇ. ئاپتوموبىل كالونى خلادىچ سارىيىغا يېتىپ بارغان ۋاقىتتا، ئۇلارنى ھېچ كىم پەرق قىلمايدۇ. ھىتلېر ھەمراھلىرى بىلەن سىپىل ئىچىدە چۈشكۈن قىلىش قارارىنى ئالدۇ. ئاندىن بىرسىنى پراگا شەھەر ئىچىگە يوللاپ ئازراق ئىسلانغان چوشقا سىنى، بولكا، قايماق، ئىرىمچىك ۋە پىرسنا پىۋىسى قاتارلىقلاردىن تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇيدۇ. كېيىنكى ھىتلېرنىڭ تۇنجى قېتىم پىۋا ئىچكىنىنى كۆرمەكتە ئىدى.

گېرمانىيىنىڭ بۇ يېڭى تاجاۋۇزى دەرھال قاتتىق نارازىلىقلارنى قوزغايدۇ. ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ غەزىۋى قايناپ تاشقان بولۇپ، بۇ قېتىمقىسىغا ئىنكاس قايتۇرۇش ئۈچۈن بۇ ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى پولشا، رومىنىيە، گرېتسىيە ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى ھەربى ياردەم بىلەن تەمىنلەشكە ماقۇل بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلار توغرىلىق سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. بۇ باستۇرۇپ كىرىش ۋەقەسىدىن ھەتتا ھىتلېرنىڭ ئىتتىپاقدىشىمۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ كېتىدۇ. شۇ ئاخشىمى، چيانو كۈندىلىك خاتىرىسىگە ئاچچىقلانغان ھالدا مۇنۇ قۇرلارنى يازىدۇ: چېخوسلوۋاكىيىگە قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىق، مىيۇنخېندا قۇرۇلغان بۇ دۆلەتنى خاراپ قىلىۋەتتى.

ھىتلېر بۇرۇنلا شاھ فىلىپپ ۋون خېسنى چۈشەنچە بېرىش خېتى بىلەن رىمغا يولغا سېلىۋەتكەن ئىدى. ھىتلېر بۇ خەتتە، مۇسسولىنىنىڭ ئۇنى كېچۈرىشنى، شۇنىڭدەك يېقىندا يۈز بەرگەن ئىشلارغا توغرا قارىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى يازغان ئىدى. مۇسسولىن گەرچە سىئانوغا ئاچچىقلاپ تۇرۇپ "ئىتالىيانلار ئەندى، ھىتلېر ھەر قېتىم بىر دۆلەتنى ئىشغال قىلغىنىدا بىر پارچە خەت يېزىپلا قويىدىكەن، دەپ مېنى مازاق قىلىدىغان بولدى. _ دەپ خاپا بولسىمۇ، بولۇپمۇ مۇشۇنداق بىر پەيتتە، يەنىلا غالىپلار بىلەن ئىتتىپاقداشلىق تۈزۈش ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارارىنى بېرىدۇ، _ بىز ھازىر بۇ سىياسىتىمىزدىن يېنىۋېلىشىمىزغا بولمايدۇ، ھەر قانچە دېگەن بىلەن بىز بەرىبىر سىياسىي فاھىشە ئەمەسته." شۇنداقتىمۇ، بۇ ياش شېرىكىگە باش ئىگىشنى ئېغىر نومۇس ھېس قىلاتتى. سىئانوقېيىنى ئاتىسىنىڭ بۇنچىۋالا ئۈمىدسىز ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدى.

ئىچكى تاشقى تەنقىتلەرنى ھىتلېر گويا پاك-پاكىز ئۇنتۇپ كەتكەندەك كۆرۈنۈشتە ئىدى. 16-مارت كۈنى، ئۇنىڭ خوشاللىقىغا گەپ كەتمەيتتى. ئۇ ۋاقىتتا، ھىتلېر پوسىمىيە

پادىشاھىنىڭ قەلئەسىدە تۇرىۋاتقان بولۇپ، قەلئەنىڭ ئەتراپىدىكى كۆزىتىش يەرلىرىنىڭ ھەممىسىدىلا كىرىست بەلگىلىك بايراقلاپ لەپىلدەپ تۇراتتى.

ئۇ سىپىل ئۈستىگە چىقىپ بىر تەرەپتىن ئىشغال قىلغان بۇ دۆلەتكە كۆز يۈگۈرتسە، يەنە بىر تەرەپتىن تېۋتونلارنى ئىزنى خاتىرلىتىدىغان شۇنچە كۆپ تارىخىي ئىزلىرى بار بىر قېدىمى قەلئەنى ئىشغال قىلغانلىقىدىن خوشال ئىدى. 1621-يىلى، خابسبۇرگ خاندانلىقىغا قارشى كاتولىك دىنى قوزغىلىڭىنىڭ 27 نەپەر رەھبىرى، دەل بۇ شەھەرنىڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىدا قەتلى قىلىنغان ئىدى. جۇمھۇرىيەت مەيدانى ئالدىدا، گېرمانىيە پادىشاھى ۋىلھېلم، بىسمارك ۋە ماۋچى قاتارلىقلار پرۇسىيە-فرانسىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئاتاغلىق ”كۆك يۇلتۇز“ مېھمانخانىسىدا تۇرغان ئىدى.

پراگانىڭ ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇشلىرىنىڭ نۇرغۇن قىسمىنى گېرمانىيىلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش لايىھىلىگۈچىلەرنىڭ ئەسەرلىرى ئىدى. ھىتلېرنىڭ نەزىرىدە، بۇ بىنالار تېۋتون مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، پەقەت نېمىسلارلا بۇنداق قەلئەلەرنى، بۇنداق كۆرۈكلەرنى ۋە بىنالارنى ياسىيالايدۇ! دەپ ھېسابلىناتتى. بىر ئادتۇيانت ئۇنىڭ سورىۋاتقان خىياللىرىنى بۇزىۋەتتى. ئادىيۇتانت ئۇنىڭغا، ئەنگىلىيە ۋە فرانسىيەلەرنىڭ ھېچ قايسى سەپەرۋەرلىككە كەلمەپتۇ، دەپ بىلدۈردى. ”ئۇقتۇم“ دەپ جاۋاب بېرىپ يەنە بىر پەرزىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ: ”يەنە ئىككى ھەپتىدىن كېيىن بۇ ئىش توغرىسىدا پىكىر بايان قىلىدىغان ھېچ كىم چىقمايدۇ.“ يەنە بەزى مەلۇماتلاردا، ناتسىستلارغا يېقىن چېخلار پراگا كوچىلىرىغا چىقىپ ”JID“ ياكى ”JUDE“ (’يەھۇدىي‘ _ ئۇ.ت) دېگەن چوڭ رەڭلىك خەتلەر بىلەن يەھۇدىي دۇكانلىرىنى بوياپ بەلگە قويۇپ ماڭغان. مانا بۇ ھىتلېر قىزىقىدىغان دوكلات ئىدى! شۇ كۈنى كەچقۇرۇن پوپ تىسۇ بېرلىنغا تېلېگراف يوللاپ سلوۋاكىيىنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىنى ھەمدە گېرمانىيىنىڭ كېلىپ ھىمايە قىلىشىنى ئۆتۈنگەن. رۇتېنىيە ئۆلكىسىمۇ ئۆزلىرىنى بۇ يولغا كىرگۈزۈلۈشىنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ھىتلېر ۋېنگرلارغا تەسەللى بېرىشقا بەكىرەك قىزىقماقتا ئىدى. ئۇ، ۋېنگرىيە قىسىملىرىنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈپ رۇتېنىيە519 ئۆلكىسىنى تا پولشا چېگرىسىغىچە ئىشغال قىلىشىغا يول قويىدۇ. ئارانلا 20 يىل مۇستەقىل تۇرالىغان چېخوسلوۋاكىيە قەيتىدىن قۇل قىلغۇچە دۆلەتلەرنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىغا ئۇچرايدۇ.

گەرچە ئەنگىلىيە ئومۇمىي يۈزلۈك سەپەرۋەرلىك ئېلان قىلمىغان بولسىمۇ، غەزىپىنى باسالمايلا قالغان ئىدى. ”مەن ھىتلېر ئەپەندىنىڭ قان تۆكمەيدىغان ئۇسۇللارغا تايىنىپ غالىپ كېلىش ئارزۇسىنى پۈتۈنلەي چۈشىنىمەن. _ دەيدۇ خالىفاكس گېرمانىيە باش ئەلچىسىنى ئاگاھلاندۇرۇپ،ئەمما ئۇمۇ ئۇزۇنغا قالماي ئۆزىنىڭ دۆچ كېلىدىغىنى قان

تۆكمەي غەلىبە قىلىشقا تۇيتىن ئۇخشمايدىغان پۈتۈنلەي پەرقلىق باشقا بىر ئىشقا دۇچ كېلىدۇ!"

خېلى ۋاقىتلاردىن بېرى خالىفاكس ۋە شۇنىڭدەك ئۇن چىقارماي كېلىۋاتقان جېدگېن قاتارلىق كىشىلەر چەمبېرلىننىڭ كېلىشىپ بىر تەرەپ قىلىش سىياسىتىنىڭ بەزى تەرەپلىرىگە قارشى بولغان بولسىمۇ، چەمبېرلىنغا بولغان ساداقىتى تۈپەيلىدىن يەنىلا ئۇنى قوللاپ كەلگەن ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ باشقا تۇرلۇك مەيداندا تۇرىدىغان ۋاقتى كەلگەن ئىدى. تاشقى ئىشلار ۋەزىرى چەمبېرلىننىڭ يېنىغا كىرىپ مەملىكىتىمىز، پارتىيىمىز ۋە ئاۋام پالاتاسى بىردەك ھىتلېرنىڭ ھۇجۇمنى ئاشكارە ۋە پائال تۈردە ئەيىپلەش كېرەك دەپ بىردەك تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ.

چەمبېرلىن بۇ تۇردىكى تەۋسىيىلەرگە دىققەت قىلىشقا باشلايدۇ. 18-چىسلادا، باش ئەلچى ھېندېرسون بۇيرۇق بويىچە ۋاقتىنچە بېرلىندىن ئايرىلىپ دۆلىتىگە قايتىپ كېتىدۇ. شۇ كۈنى كەچتە، يەنى باش ۋەزىرنىڭ 70 ياشقا تولغان كۈننى خاتىرلەشتىن سەل ئاۋال، چەمبېرلىن بىرمىڭھامدا سۆزلىگەن نۇتۇقىدا، ئەنگلىيىنىڭ دىپلوماتىيىلىك سىياسىتىنىڭ يۈزلىنىشىنى بىراقلا ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. ئۇ ئاگاھلاندۇرۇپ كېلىپ، ئەگەر كىشىلەر ئۇلۇغ بېرتانىيىنى (ھەر قانچە ئۇرۇشتىن نەپرەتلەنسىمۇ) "بۇنداق ئۇرۇشقا قۇترانقۇلۇق قىلىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تاقابىل تۇرغىدەك غەيرىتى يوق دەپ قارايدىكەن _ ئەگەر بۇنداق ئۇرۇشۇش نىيىتى ئوتتۇرغا چىققانلا بولغىنىدا _ ئۇلار قاتتىق خاتالىشىدۇ" دەيدۇ.

گەرچە بۇ گەپ خەلقنى قولغا قۇرال ئېلىشنى تەرغىپ قىلغانلىق ھېسابلانمىسىمۇ، بۇنداق بىر گەپنىڭ تىنچلىققا ئۇندەشنىڭ سىمۋۇلى ھالىغا كەلگەن بىرسىنىڭ ئاغزىدىن چىققۋاتقانلىقى، يەنىلا ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىنى قوزغايدۇ. چۈنكى، بۇ گەپنىڭ ئۆزىلا ھەقىقەتەنمۇ تىنچلىققا ئۇندەش سىياسىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرسىتەتتى.

بۇ سۆز يەنە كېلىپ ھىتلېرنىڭ ھېساۋىنى پۈتۈنلەي بۇزۇپ تاشلايدۇ. راس دېگەندەك، ھىتلېر قۇرال كۈچى بىلەن تەھدىت سېلىش ۋاستىسى بىلەن چېخوسلوۋاكىيىنى قولغا كىرگۈزەلىگەندەك قىلسىمۇ، ئۇ، ۋاقتىنىڭ ئۈزىرىشىغا ئەگىشىپ چېخوسلوۋاكىيىنىڭ ئاخىرى بىر كۈنى ئۆز يولىغا ئولتۇرىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالمىغان ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىختىيارى بىر شەكىلدە خەلقئارالىق شەرتنامىلارنى تۈزەش ئىمكانىيىتىنى يىرتىپ تاشلىغىنى ئۈچۈن، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئىككى دۆلەت دۆلەت خادىملىرى بىلەن جامائەتچىلىك پىكرىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۆزگىرىش ياسىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. ھىتلېر ئۆيۈننىڭ قائىدىسىنى ئالىلقاچان

بۇزىۋەتكەن ئىدى. بۇ، ھەرگىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ئەمەس ئىدى.

ئۇنداقتا، فۇھرېر نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئېنىق بىلىنگەن ئېغىر بىر خاتالىقنى سادىر قىلىدۇ؟ سەۋەبى، ئۇ قوزغىغان ھەربىي ھەرىكەتنىڭ بۇنچىۋالا كۈچلۈك ئەكس تەسىر پەيدا قىلىشىنى ئويلىمىغان ئىدى. ئاۋستىرىيە مەسىلىسىدە ئۇنىڭ كۆرسەتكەن باھانىسى ئۇ يەردە قانۇننى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ تەرتىپ ئورنىتىش ئىدى. بۇنى غەرب ئەللىرىمۇ قوبۇل قىلغان. مىيۇنخېندا، ئۇلار يەنە كۆرۈنۈشتە توغرىدەك ئەمەلىيەتتە خاتا قاراشلىرىغا رازى بولۇشقان ئىدى. شۇنداق ئىكەن بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ساغلام تۇرۇپلا بىرەلىگىنىدە، گېرمانىيە ھەربىي كۈچى دۇشمەن تەرەپنىڭكىدىن كۈچلۈك بولۇشتەك پۇرسەتكىلا ئېرىشەلەيدىكەن، گېرمانىيە، تېۋتون مىللىتىنىڭ كېلەچىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان ئۆزىگە ئېھتىياجلىق بولىدىغان زېمىنلارنى چوقۇم ئىشغال قىلالايدۇ، دەپ قارىغان ئىدى.

ئۇ چېخوسلوۋاكىيىگە قەدەم بېسىشى بىلەن، كېيىنكى قەدەمدە نەدە ئۇرۇش قىلىش ۋە قانداق ئۇرۇش قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە كۆڭلىدە بىرەر سان يوق ئىدى. ئۇ پەقەتلا يەنىمۇ ئىلگىرلەپ تەھدىت قىلىش ياكى قوراللىق ھەرىكەت قىلىشتىن بۇرۇن، چوقۇم بوخېمىيەبىلەن موراۋىيىنى قولغا كىرگۈزىۋېلىشىم كېرەك دەپ ئويلايتتى. ئۇ، مەن ھېچ قانداق چوڭ خاتالىق سادىر قىلمىدىم، پەقەت ئامىمىۋى مۇناسىۋەت جەھەتتىلا ئازىراق يېتەرسىز قالدىم، دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇ، بۇندىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلارنىڭ غېمىدىلا قالغان ئىدى.

# 19.تۆلكە بىلەن ئېيىق

## 1939.8.24~1939.1

1

ھىتلېر خىلادكىن سارىيىدا بوسىمىيە بىلەن موراۋىيىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇشىنى ئېلان قىلغان كۈنىسى، رومىنىيە باش ئەلچىسى ئەنگىلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنى، بۇنىدىن كېيىنكى بىر قانچە ئاي ئىچىدە ھىتلېر رومىنىيە بىلەن ۋېنگىرىيىنى ئىشغال قىلماقچى دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. يېقىن بىر زامانىدا ئەنگىلىيىنىڭ پارىژدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىمۇ كىشىنى چۆچىتىدىغان بىر پارچە تېلېگراممىا يوللاپ، لوندوندىكى ئالدىراشلىق بىلەن تاشقى سىياسەتنى قايتىدىن بەلگىلەشكە تۈتىۈش قىلغان كىشىلەرنى تۆيۇق يولغا مەجبۇرلايدۇ. مەخپىيەتلىكنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ تېلېگراممىنى باش ئەلچى سىر ئېرىك فىپوس ئۆز قولى بىلەن ماشىنكىدا ئۇرۇپ چىققان بولغاچقا، بۇ تېلېگراممىنىڭ يېزىلىشى باشتىن-ئاخىرى ھەرپ خاتالىقلىرى بىلەن تولغان ئىدى. "ھىتلېرنىڭ ئۆز ئارزۇسى بىلەن، ــ دەپ يېزىلغان ئىدى بۇ تېلېگراممىدا، ــ گېۆرىڭ، ھىملېر، رىبىنتروپ، گېبوبلېس ۋە لېيشيو قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قوللاپ بېرىشى نەتىجىسىدە، 6~7-ئايلار ئارىسىدا ئۇلۇغ بېرىتانىيىگە قارشى ئۇرۇش قوزغىماقچى بوپتۇ." بۇ شامالنى بەلكىم گېرمانىيىدىكى ھىتلېرغا قارشى گۇرۇھتىكىلەر چىقارغانلىق ئېھتىمالى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلار ئەزەلدىن قۇراللىق توقۇنۇش يۈز بەرسىكەن دەپ پۈتۈن كۈچى بىلەن كۈشكۈرتۈپ كەلمەكتە ئىدى. ئەسلىدە ھىتلېر ھېچ قاچان ئەنگىلىيىگە ھۇجۇم قىلىش نىيىتىدە ئەمەس ئىدى. رومىنىيە بىلەن ۋېنگىرىيىنى ئىشغال قىلماقچى دەيدىغان گەپلەرمۇ پەقەتلا ئىقتىسادىي ساھەنىلا مەقسەت قىلىدىغان بىر ئىش ئىدى. ئەسلى ھىتلېرنىڭ كۆزى گېرمانىيە بىلەن پولشا ئوتتۇرىسىدىكى كىشىنى زېرىكتۈرىۋەتكىدەك پىكىر ئىختىلاپلىرى بىلەن تولغان مەسىلە ئۈستىگە تىكىلگەن ئىدى. بۇ پىكىر ئىختىلاپلىرى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر پەيدا قىلغان ئىختىلاپ ئىدى. ئۇلار ئەسلىدە گېرمانىيىنىڭ يەنە تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتى قوزغىشىغا توسالغۇ بولۇشىنى مەقسەت قىلىپ بۇنداق بىر زىددىيەتنى پەيدا قىلغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ گېرمانىيە غەربى پرۇسسىيىدىنلا ئايرىلىپ قالغان بولماي، يەنە ئىچكى قۇرۇقلۇق دۆلىتى بولغان پولشانى بىر دېڭىز پورتىغا ئېرىشتۈرۈشنى مەقسەت

قىلغان ۋىسشلاۋ دەرياسىنى بويلاپ بالتىق دېڭىزىغا قاراپ بىر كورىدور ئېچىپ بەرگەن ئىدى. نەتىجىدە، بۇ كورىدورنىڭ ئۈچىغا جايلاشقان دانزىگ پولشانىڭ بىر دېڭىز پورتى ھېساۋىدىكى ئەركىن پورتقا ئايلاندۇرۇلغان ئىدى. بۇ ئاتالمىش "پولشا كورىدورى" شەرقى پرۇسسىيە شتاتىنى ۋەتىنىدىن ئايرىپ تاشلىغان بولۇپ، بۇ ئىش نېمىس ۋەتەنپەرۋەرلىرىنى قوزغىۋېتىدىغان بىر مەسىلە ھالىغا كەلتۈرۈلگەن، ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى دېگىدەك نېمىس بولغان دانزىگ بولسا، بۇ زىددىيەتنىڭ تۈگۈنى ھالىغا كەلگەن ئىدى.

قىزىق يېرى، ھىتلېر ئۆزىنىڭ «كۈرەش يولۇم» دېگەن كىتابى بىلەن دەسلەپكى يىللاردىكى نۇتۇقلىرىدا مىللەتچىلىك ئىدىيىسى ئەڭ كۈچلۈك بولغان ئۇ يەرنىڭ نېمىسلىرى ھەققىدە بەك كۆپ سەھىپە ئايرىمىغانلىقى ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالارلىق بىر ئىش ئىدى. بۇنى ھەرگىزمۇ ھىتلېرنىڭ پولشالىقلارغا يېقىنلىق قىلىشىنىڭ بىر ئىپادىسى دەپ كۆرمەسلىكىمىز كېرەك ـ ئەسلىدە ئۇنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئالغاندا، پولشالىقلار باشقىلاردىن بىر بالداق تۆۋەن تۇرىدىغان پەس ئادەملەر ھېسابلىناتتى – ئۇ ئەسلى سوۋېت ئىتتىپاقى دېگەن گېرمانىيىنىڭ ھاياتلىق ماكانى مەسىلىنى قاندۇرالايدىغان دۆلەتنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالغانلىقىدىن ئۆزىنى تارتىپ تۇرىشى ئىدى. ئۇ تەختكە چىقىشىدىن باشلاپ، پولشا مەسىلىسىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈشكە تىرىشىپ كېلىدۇ. شۇنىڭدەك 1934-يىلى ۋارشاۋا بىلەن 10 يىل مۇددەتلىك ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنى ئىمزالاشقان ئىدى. ئاشكارە سورۇنلاردا ئۇ گېرمانىيە-پولشا دوستلۇقىنى داۋراڭ قىلىپ سۆلەپلا قالمايتتى. ھەتتا ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئىسىدە بولىشى كېرەك، پولەكلەرنى چېخوسلوۋاكىيىنى پارچىلايدىغان ميونخېن يىغىنىغىمۇ تەكلىپ قىلغان ئىدى. پولەكلەر ئىنتايىن خوشال ھالدا بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىشقان ئىدى. ئەمما ئۆلار شۇنى بىلمەيتتىكى، بۇ تۆردىكى زىياپەتلەرنىڭ پولنى ئاخىرقى ھېسابتا مېھمانلارنى تۆلەشكە مەجبۇر قالدۇرۇلاتتى. ميونخېن يىغىنى تۈگۈپ بىر ئايغا قالماي، بۇ زىياپەتنىڭ ئاتچوت قەغىزى چېخلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئىدى ـ رىبېنتروپ، باش ئەلچى جوزېف لىپوسكىنى بىسشگادېندىكى گراند مېھمانخانىسىغا بىرلىكتە چۈشلۈك تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلغان ئىدى. رىبېنتروپ شۇ چاغدا ئۇنىڭغا، ئارىدىكى ئىختىلاپنى ھەل قىلىشنىڭ پەيتى كەلەەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى. رىبېنتروپ ئۇنىڭغا، ئىنتايىن دوستانە قىياپەتتە پولشا دانزىگنى گېرمانىيىگە قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەكلىكىنى، گېرمانىيىنىڭ شەرقى پرۇسسىيە بىلەن گېرمانىيىنىڭ قالغان قىسىملىرىنى بىر-بىرگە تۇتاشتۇرىدىغان كورىدور قۇرۇپ چىقىشىغا يول قويۇشنى تەكلىپ قىلىدۇ. بۇنىڭ رەخمىتى ئۈچۈن گېرمانىيە، پولشانىڭ دانزىگ ئەركىن پورتىدىن پايدىلىنىش، نۆۋەتتىكى چېگرانىڭ ئۆزگەرمەي ساقلىنىشىغا

كاپالەتلىك قىلىش، شۇنىڭدەك ئىككى تەرەپ ئىمزالاشقان شەرتنامىنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتىش دېگەندەك كاپالەتنامىلارنى بېرىدۇ. رىببىنترو يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكلىپ بېرىپ، ئىككى دۆلەت پولشادىكى يەھۇدىيلارنى كۆچۈرۈش مەسىلىسىدىمۇ ھەمكارلىق ئورناتساق، شۇنىڭدەك يەنە "كومۇنىستىك ئىنتېرناتسيونال ئەھدىنامىسىگە قارشى تۇرۇش ئاساسىدا، رۇسىيىگە ئورتاق سىياسەت يۈرگۈزۈشنىمۇ" تەكلىپ قىلىدۇ.

كۆپلىگەن تەسىرى كۈچلۈك پولەك ئەربابلارمۇ خۇددى ھىتلېردەك بىر تەرەپتىن قىزىل رۇسلاردىن قورقسا يەنە بىر تەرەپتىن يەھۇدىيلارغا ئۆچلۈك قىلاتتى. بۇ تۈر زىددىيەتلەرنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشقا ئۈمىدلىرى يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ، پولشا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى پولكوۋنىك جوزېف بېك ھىتلېرنىڭ ئۇنى گېرمانىيىنى زىيارەت قىلىشقا قىلغان تەكلىپىنى قايتا-قايتا رەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاستىرتىن رۇسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ھە دەپ كۈچەيتىشكە تىرىشماقتا ئىدى.

ھىتلېردەك بۇنداق بىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىككى يۈزلىمىلىك ئۇسۇلىنى ئىزچىل قوللىنىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بېك ئاخىرى ھىتلېرنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. 1939-يىلى يانۋارنىڭ باشلىرىدا، بىك بېرگخوفقا كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ خۇددى شيۇشنىگ، تىسو ۋە خاسلارغا ئوخشاش ۋارقىراپ قورقۇتۇلۇشتىن قورقۇپ خاتالاشقان ئىدى: ئۇ شۇنچە كۆڭۈللۈك ۋە شۇنچە ھەيران قالدۇرۇلۇپ قارشى ئېلىندۇ. يەنى ئۇ، ھېچ بىر تەھدىتكە دۇچ كەلمەيدۇ، ئۇ پەقەت قىزىقتۇرۇشقىلا دۇچ كېلىدۇ. ھىتلېر چېخوسلوۋاكىيىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىش ئېھتىمالىنى پۈرۈتۈپ ئۆتۈپ، پولشاغا قارىتا تېخىمۇ كۆپ پايدىلىق بولىشنى ئېيتىدۇ. ئەمما بۇنداق ئۇسۇللار مۇ كار قىلمايدۇ. بېك ھە دەپ دېپلوماتىك ئىبارىلەرنى قوللىنىپ دانىگىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئىشىغىمۇ يېقىن كەلمەيدۇ.

بىر قانچە ھەپتىدىن كېيىن، رىببېنتروپ، گېرمانىيىنىڭ تەكلىۋىنى قاتا ئوتتۇرغا قويۇش مەقسىتىدە ۋارشاۋاغا كېلىدۇ. پولەكلەر ئۇنى تانسىلارغا تاكلىپ قىلىش، تىياتىر كۆرۈش، ئوۋغا چىقىش ۋە شۇنىڭدەك تۈگىمەس بېلىق تۇخۇمى قىيامى، يەنى ئىكرا قىيامى يېيىش، يېشىل ۋوتكا ئىچىشلار بىلەن بولۇپ ئۆتىدۇ. سۆھبەت سورۇنىدا بولسا، رىببېنتروپ تېخىمۇ كۆپ پولەكنىڭ مەستانە قىلغىدەك جەلپ قىلىش كۈچىدىن باشقا ھېچ نېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ۋىلھېلم كوچىسىدىكى يالغان-ياۋىداق گەپلەردىن بىرىدە بېك ئۇنىڭ قارىشىدىكى ئەڭ مەرتلىك بىلەن ئوتتۇرغا قويۇلغان تەكلىپلەرنىمۇ قايتا-قايتا قوبۇل قىلماي رەت قىلىۋەتكىنى سەۋەبىدىن، ھىتلېر پولشاغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىردىن-بىر ئۇسۇل ئۇلارغا تەھدىت سېلىش دەپ ۋارقىراپ كەتكەنمىش. شۇ يىلى مارت ئېيىدا

ئاۋستىرىيە بىلەن ھېخوسلوۋاكىيىلەرگە بەكلا ماس كەلگەن بۇ ئۇسۇلنى پولشاغمۇ پايدىلىنىش قارارلاشتۇرۇلىدۇ. رىببېنتروپ ۋارشاۋانى ، پولشانىڭ نېمىس ئاز سانلىق مىللىتى ئولتۇرۇشلۇق يۇرگىۋزۇپ كېلىۋاتقان زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى بارغانسىرى چىداپ تۇرغىچىلىكىمىزنى قويمىدى، دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. كەينىدىنلا، گېۋرىڭنىڭ گېزىتى «كۈن» گېزىتى ھۇجۇم باشلىۋېتىدۇ. ئۇ گېزىت، نېمىس ئاياللىرى بىلەن باللىرى پولشا كوچىلىرىدا پاراكەندە قىلىنماقتا، نېمىسلارنىڭ دۇكان ۋە ئۆيلىرى قاراماي بىلەن بۇياپ تاشلاندى، دەپ ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇنىڭدەك ھۇجۇملاردىن بېك قىلچىمۇ قورقۇپ قالمايلا قالماستىن، ئەكسىنچە سەيشەنبە كۈنى گېرمانىيە باش ئەلچىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ تەھدىتىنى بىلدۈرىدۇ: دانزىگنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئورۇنىدىغان ھەر قانداق بىر ئۇرۇنۇش، پولشاغا قارشى تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتى دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ، دەپ ئېلان قىلىدۇ.

گېرمانىيە باش ئەلچىسى "سىزنىڭ بۇ دېگىنىڭ ئىشتىك ئاستىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈش خىيالىدا بولغىنىڭ!" دەپ ۋارقىرايدۇ.

"ئۇ سىلەر ئادەتلەنگەن بىر ئۇسۇل،" دەيدۇ بېك.

پولشانىڭ بۇ قېتىمقى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا سورۇنلاردا ئىپادىلىگەن جاسارىتى، كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق بىر مۇكاپاتقا ئېرىشتۈرۈلىدۇ: لوندون دائىرىلىرى، ئەگەر پولشا ناتسىستلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغىدەك بولسا، ئەنگلىيە پولشاغا ھەربى ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋەدە بېرىدۇ. بېك، "قىلچە ئىككىلەنمەي ماقۇل بولىدۇ". مارتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى، چېمبېرلىن "تاتارغان ھالدا" ئاۋام پالاتاسىغا كىرىپ، بېرىپ ئورنىدا ئولتۇرىدۇ. بىر قانچە مىنوتتىن كېيىن، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بىر پارچە باياناتنى ئوقۇيدۇ. ئۇ قولىدىكىنى بەكلا ئاستا ئوقۇماقتا، ئاۋازىمۇ بەكلا نورمال ئىدى. ئۇنىڭ بېشىنى شۇنداق تۆۋەنگە قاراپ ئېگىلىپ قالغان ئىدىكى، گويا يازغانلىرىنى ئوقىيالماي قالغاندەك كۆرۈنۈشتە ئىدى. "ئەگەر پولشانىڭ مۇستەقىللىقىغا تەھدىت بولىدىغان ھەر قانداق بىر روشەن ھەرىكەت كۆرۈلىدىكەن، ـ دەيدۇ چېمبېرلىن، ـ شۇنىڭدەك پولشا ھۆكۈمىتىمۇ پۈتۈن مەملىكەت كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ بۇنداق بىر ھەرىكەتكە قارشىلىق كۆرسىتىشنى مۇتلەق زۆرۈر دەپ تونىغىنىدا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى پولشا ھۆكۈمىتىگە كۈچىنىڭ يېتىشىچە دەرھال پۈتۈن ياردەملەرنى قىلىش مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى تونۇيدۇ دەپ قارايدۇ." ئۇ يەنە قوشۇمچە قىلىپ، بۇندىن بۇرۇن، بۇ جەھەتتە پولەكلەر كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان، فرانسىيىمۇ ئەنگلىيە ئوتتۇرغا قويغان بۇ تۆردىكى كاپالەتلىك قىلىشلارغا فرانسىيىمۇ قاتنىشىش ھوقۇقى ئىگە دەپ ئېلان قىلغان

ئىدى، دەيدۇ. ئۇ، قايتا ئورنىغا ئولتۇرغىنىدا، زال ئىچىدىن تەنتەنە سادالىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇ مىيۇنخېندىن قايتىشىدىن بىرى بۇ قېتىمقى تەنتەنىلەر ھەققى تۈردە ماقۇللانغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى ئىدى. پولشانى شەرتسىز قوللاش، چېمبېرلىنىنىڭ يارىشىپ تىنچ ئۆتۈش سىياسىتىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنىڭ تۇنجى قېتىملىق قولغا چىققىدەك بىر ئىسپاتى ھېسابلىناتتى. ئەنگلىيە ئاخىرى ئىتتىپاق ھالغا كەلگەن، شۇڭدەك بىرلىكتە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالماقتا ئىدى.

ئەتىسى، يەنى 1-ئاپرېل كۈنى، گېرمانىيە دۆلەت باشلىقى بىر پارچە نۇتۇق ئېلان قىلىپ، ئەنگلىيە ئاۋام پالاتاسىنىڭ بىر ئىتتىپاق ھالىغا كەلگەنلىكىگە جاۋاب تەرىقىسىدە ئەنگلىيىنى مەسخىرە قىلىدۇ. ئۇ، ئەنگلىيە قايسى ھوقۇققا تايىنىپ گېرمانىيىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقىغا ئارىلىشالايدىكەن؟ دەپ سوئال قويىدۇ. "بۈگۈنكى كۈندە ئەگەر بىرەر ئەنگلىيە سىياسىيونى ئوتتۇرغا چىقىپ گېرمانىيە ھوقۇقىغا ئائىت مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئالدى بىلەن ئەنگلىيە بىلەن مۇزاكىرە قىلىنىشى كېرەك، دەپ تۇرىۋالغان ئىكەن، ئۇنداقتا، مەنمۇ ئەنگلىيىگە ئائىت ھەر قانداق بىر مەسىلىنىمۇ ئاۋال بىز بىلەن مۇزاكىرە قىلىش كېرەك دەپ تەلەپ قىلالايمەن. ئەلۋەتتىكى، بۇ ئىنگلىز بەلكىم ماڭا جاۋاب سۈپىتىدە پەلەستىنىدە نېمىسلارنىڭ ئىشى يوققۇ دېيەلىشى مۇمكىن. راس، بىزنىڭ ھەقىقەتەنمۇ پەلەستىنلىكلەر بىلەن بىرەر ئالاقىمىز يوق. ئەمما، خۇددى بىز نېمىسلار پەلەستىنلىكلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلىشالمايدىغانلىقىمىزغا ئوخشاش، سىلەر ئەنگلىيلىكلەرنىڭمۇ بىز نېمىسلارنىڭ ھاياتلىق بوشلۇقى مەسىلىسىگە ئارىلىشىۋېلىش ھەققىڭلار يوق." ناۋادا ئىنگلىزلار نېمىسلارنى بۇنى قىلمەن دېيىشكە ھەققى يوق، ئۇنى قىلمەن دېيىشكىمۇ ھەققى يوق دەپ قارايدىغانلا بولىدىكەن، ئۇنداقتا سىلەر ئىنگلىزلار پەلەستىنىدە پەقەتلا ئۆز دۆلىتىنى قوغدايمىز دەپ يۈرگەن ئەرەپلەرنى قىرىشقا نېمە ھەققىڭلار بار ئىدى؟

ئۇ بۇ تۈردىكى مەسخىرىلەردىن كېيىن رەسمى تەھدىت قىلىشقا ئۆتىدۇ. "نېمىس ئىمپېرىيىسى ھەرگىزمۇ بۇنداق قورقۇتۇشلارغا مەڭگۈ چىداپ كېتىۋەرمەيدۇ، ھەتتا ئىسكەنجىگە ئېلىش سىياسىتىگىمۇ تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ." بۇ تۈردىكى تەھدىتلەر، نىسبەتەن ئالغاندا، يەنىلا سىلىق تەھدىت ھېساپلىناتتى. ئېنىقكى، ھىتلېر ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى بۇ دەرىجىگىچە تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن خېلى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى مەلۇم. يېقىنلىرى ئارىسىدا ئۇ ئەسلىدە مەرتلىكى ئۇرغۇپ تۇراتتى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئادمىرال كانارىستىن ئەنگلىيەنىڭ ھەقىقەتەنمۇ پولەكلەرگە كاپالەت بەرگەنلىكىنىڭ راسلىقىنى بىلگىنىدىن كېيىن غەزەپتىن قايناپ كېتىدۇ. ئۇ

غەزەپلەنگىنىدىن چىرايىمۇ بىر تۈرلۈك بولۇپ قالغان بولۇپ، ئۆي ئىچىدە تىنماي ھۆركىرەپ مەرمەر ئۈستەلگە ھەدەپ مۇشلايتتى. ئۇنىڭ ئېغىزىدىن تىل-ھاقارەتلەر بىلەن تولغان ئىدى. "مەن ئۇلارغا ئۆزەمنى بىر تونۇتۇپ قويمىسام، قاراپ تۇرۇڭلار!" ئۇ راستىنلا ستالىن بىلەن كېلىشىم تۈزۈش نىيىتىگە كەلگەنمۇ-قانداق؟

شۇ كۈنى ئاخشىمى، ھىتلېر يەنە بىر قېتىم نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئۇ نۇتۇق سۆزلەش جەريانىدا ئۇنىڭ قىياپىتى ھەقىقەتەنمۇ قالتىس ئىدى. بۇنداق بولىشى بەلكىم ئەملى ھوقۇق كۈچى دەرىجىسىنىڭ بىر ئىپادىسى دېيىش مۇمكىن ئىدى. مادرىت فراڭكۇنىڭ قولىغا ئۆتكەن ئىدى. ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشى تېخى يېڭىلا رەسمى تۈردە ئاخىرلاشقان ئىدى. ئۇ يەردىن شۇ كۈنى "يېڭى بىر پىتنە-پاسات تارقالغان" بولۇپ، "ئىتالىيە ئالبانىيىگە بېسىم ئىشلىتىۋېتىپتۇ" دېگەن گەپ تارقىلىپ، ئەنگلىيەنىڭ دىققەت نەزىرى باشقا تەرەپكە بۇرىلىپ كەتكەن، بۇنداق بۇرۇلۇش ھىتلېرنىڭ دەل ئارزۇسىدىكى بىر ئىش بولغان ئىدى. ئۇ دەرھال كېيىتېلنى چاقىرتىپ كىرىپ ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ بىلەن ئىلۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنى ئىمزالاشقان قۇۋ ئۇستاز پىلسۇدسكىنىڭ بەكلا بالدۇر ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، ھەقىقەتەنمۇ بەكلا چوڭ ترادىگىيە! شۇنداقتىمۇ، بۇنداق بىر ئىش ھەر ۋاقىت ئۇنىڭدىمۇ كۆرۈلىشى مۇمكىن ئىدى. "شۇنداق بولغاچقا، گېرمانىيىنىڭ ئىستىقبالىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، جوغراپىيىلىك جەھەتتە شەرقى پرۇسسىيەنى ئىمپېرىيىنىڭ قالغان قىسمىدىن ئايرىپ تاشلىغان، چىداپ تۇرۇشقا بولمايدىغان مەسىلىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بالدۇرىراق ھەل قىلىشقا تىرىشقان ئىدىم. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بۇ ئىشنى كەينىگە سۆرەشنى خالىمايدىغان، شۇنىڭدەك بۇ ئىشنى ئۆزىنىڭ ئىزباسارىنىڭ قولىغا تاشلاپ قويۇشقىمۇ قىيمايدىغان بىرسى ئىدى." ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئەنگلىيە گېرمانىيىنىڭ قەتئى ئىرادىگە كەلگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن پولشا مەسىلىسىگە ئارىلاشمايدىغانلىقى ئېنىق.

ئەمما ئۇ ئەنەلىيەنىڭ ئېغىزىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەتتىمۇ تىنچ يارىشىپ ئۆتۈش سىياسىتىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى تونۇپ يەتمىگەن ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ھىتلېر 3-ئاپرېل كۈنى ئۇرۇش توغرىسىدىكى "قەتئى مەخپى" بۇيرۇقنى چىقىرىپ، يۇقۇرى دەرىجىلىك قۇماندانلارغا مەخسۇس ئادەملىرىنىڭ قولى بىلەن تارقىتىدۇ. "گېرمانىيىنىڭ شەرقىي چېگراسىدىكى ۋەزىيەت تاقەت قىلغىلى بولمىغىدەك دەرىجىدە ئۆزگەرگەنلىكى، تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىشنىڭ بارلىق سىياسىي ئېھتىمالى قالمىغانلىقى سەۋەبىدىن، _ دەپ يېزىلغان ئىدى بۇ بۇيرۇقتا، _ مەن بۇ مەسىلىنى قۇراللىق ھەل قىلىشقا قارار قىلدىم." پولشاغا ھۇجۇم قىلىش، يەنى "ئاق رەڭلىك

ئوپېراتسىيە“ ھەرىكىتى 1-سىنتەبىرگە بېكىتىلگەن ئىدى.

غەربىي سەپتە توقۇنۇش يۈز بەرگەندەك قىلغىنىدا، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئىككىسىنى ئاۋال قول سالىدىغان قىلىش ئارقىلىق دۈشمەنلىشىش ھەرىكىتىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى شۇلارنىڭ ئۆزىگە ئارتىپ قويۇش؛ ئەگەر ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە قىساس ئېلىش يۈزىسىدىن گېرمانىيىگە ھۇجۇم قىلغىدەك بولسا، قۇرۇغلۇق ئارمىيىسى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بۇ رايونلاردا كۈچىنى ساقلاپ قېلىش شەرت ئىدى. ”قايتارما ھۇجۇمغا بۇيرۇق قىلىش ھوقۇقى مۇتلەق تۈردە مېنىڭ قولىمدا بولىشى كېرەك“. لوندوننى ھاۋادىن بومباردىمان قىلىش-قىلماسلىقنى بەلگىلەش ھوقۇقىمۇ ھىتلېرنىڭ قولىدا بولاتتى.

ئۇنىڭ تۇتقان بۇ يولى شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ھىتلېر ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ كاپالەتلىك قىلىشىغا بەك ئىشىنىپ كەتمەيتتى. ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئۆز ئىناۋىتىنى ساقلاپ قېلىشنى مەقسەت قىلىپ بەك بولۇپ كەتسە ئۇرۇش ئېلان قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىشى، ئەگە گېرمانىيە قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتمەيدىغانلا بولىدىكەن، ئۇلار سودىلىششقا تەييار تۇرۇش ئېھتىمالىنى يەنىلا يوق دېيىشكە بولمايتتى. ھەر قايسى ئەللەرنىڭ تەقدىرىمۇ بۇ خاتا ھېساب سەۋەبىدىن بەلگىلىنىپ بولغان ئىدى. بۇ ئۇرۇش بۇيرۇقىغا كېيىنكى بىلەن بىلەن بىرلىكتە ئىمزا قويۇلغان ئىدى. كېيىنكى خۇددى بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىشقان قۇماندانلارغا ئوخشاش پولشا بىلەن ھەر قانداق بىر توقۇنۇشقا قارشى ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا گېرمانىيە تېخى ئۇرۇشقا تەييار ئەمەس دەپ قارىشاتتى.

ھىتلېر ئۇلارغا قارشى چىقىپ، پولشا بىلەن ئۆتكۈزۈشكە بولىدىغان مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ ھەر قانداق بىر تىنچلىق يولى قالمىدى، بۇ دېگىنىم ئاساسسىز دېيىلگەن گەپلەر ئەمەس، دەيدۇ. پولكوۋنىك بېك ھىتلېر بىلەن سۆزلىشىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرۈش بىلەنلا قالماستىن، دوۋىلىنىڭ يېنىغا كېتىپ ئەنگلىيە بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ يۈرمەكتە ئىدى. ئۇ ئەنگلىيىدە يەنە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان ئىدى. ئۇ يەنە قىزغىن كۈتىۋېلىنغان، بولۇپمۇ پادىشاھ بىلەن خانىش بىلەن بىرلىكتە كەچلىك زىياپەتكىمۇ قاتناشقان ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئادەم تۇغما ھاكاۋۇر، سىرلىق ۋە گۇمانخور بىرسى بولغاچقا، رەسمى سۆھبەت جەريانىدا ئۇنچە ئاسان گەپ يەيدىغان بىرسى ئەمەس ئىدى. ئەنگلىيە بىلەن پولشا، شۇنىڭدەك يەنە سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەنمۇ بىرلىكتە ھىتلېرغا قارشى بىرلىكسەپ قۇرۇپ چىقىش تەكلىۋى بېكىنىڭ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىشىگە دۈچ كېلىدۇ. بېك رۇسىيىنىڭ پولشاغا ھۇجۇم قىلىشىدىن بەكىرەك قورقىدىغان بولغاچقا، تۇيۇقسىز ھىتلېر بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىش ئېھتىمالىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەر قانداق بىر ئىشقا ئارىلىشىپ قېلىشنى قەتئىي رەت قىلىپ

تۇرىۋالىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇ قىلچمۇ يۇمشايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. شۇڭا، 6-ئاپرېل كۈنى ئەنگلىيە بىلەن ئىمزالاشقان ۋاقتلىق ئۆزئارا ھەمكارلىشىش شەرتنامىسىدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بۇ ھەمكارلىقنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلۇپ، بۇ ئىشقا ئۇلارنىڭ قول تىقىشىغا روخسەت قىلىنمىغان ئىدى.

دىپلوماتىيىلىك سىياسەت ئىجرا قىلىشتا مۇتلەق كۆپ ساندىكى دۆلەتلەر ئەمەلى ئىشنى كۆزدە تۇتۇپ ئىش قىلاتتى. يەنى، "تۆمۈرچىنىڭ ئۇچىقىدا بىر پارچە تۆمۈر قىزىتىلغىنىغا قارىغاندا ئىككى پارچىنىڭ قىزدۇرۇلغىنى ياخشىراق" دېگەن گەپ ئىدى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىمۇ بۇنىڭدىن باشقىچە ئويدا ئەمەس ئىدى. ئەسلىدە، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى شۇ پەيتلەردە يەنە ئەنگلىيە ۋە گېرمانىيە بىلەن سۆھبەتلىششىنى باشلىۋەتكەن ئىدى. سوۋېتلەر، ئىككى يىل بۇرۇن ستالىننىڭ قانلىق تازىلاش ھەرىكىتى جەريانىدا (بۇ يەردە شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، ستالىن بۇ ھەرىكىتىنى ھىتلېرنىڭ رۆم گۇرۇھىنى تازىلاش ئۇسلۇبىدىن ئىلھام ئېلىپ باشلىغان دېيىش كېرەك) مارشال توخاچېۋسكى ۋە شۇنىڭدەك باشقا يوقۇرى دەرىجىلىك قوماندانلار تازىلىۋېتىلگەنلىكى، شۇ سەۋەبتىن قىزىل ئارمىيىنىڭ كۈچى ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئىتتىپاقداش دوست ئەل تېپىشقا بەكلا ئېھتىياجلىق ئەھۋالدا ئىدى (كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھېيدىرىخ ماختىنىپ قىزىل ئارمىيىنىڭ شۇ قېتىمقى پارچىلىنىپ كېتىشى ئەسلىدە مېنىڭ تۆھپەم ئىدى، دەپ يازىدۇ. ئۇ، توخاچېۋسكى گۇرۇھى ستالىننى ئاغدۇرۇپ تاشلاش سۇيىقەستىنى پىلانلاپ يۈرگەنلىك ئۇچۇرىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، پرېزىدېنت بېنىس ۋاستىسى ئارقىلىق بۇ ئۇچۇرنى ئۇيدۇرۇلغان باشقا ھۆججەتلەر بىلەن بىرگە قوشۇپ ستالىنغا يەتكۈزگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىرلىنغا ۋەكىللەر ئۇمىكى ئەۋەرتىپ بۇ پاكىتلار ھەققىدە ھېيدىرىخ بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بارىدۇ. سوۋېتلېر ئىتتىپاقى ئۇنىڭغا 3 مىليون روبلىلىق چەك بېرىدۇ. بۇ تۆردىكى چەكلەر گېرمانىيە ئىشپىيونلىرى تەرىپىدىن بىر پارچىسى ئىشلىتىلدىمۇ، بولدى، ئۇنى دەرھال قولغا ئېلىشاتتى.شۇڭا بۇ چەكلەرگە ئەزەلدىن مەخپى ئىشارەت قويۇلغان بولاتتى. بۇنداق ئۇسۇل رۇسلار ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان بىردىن-بىر ئالدامچىلىق ئۇسۇلى ھېسابلىناتتى. توخاچېۋسكىنىڭ ھوقۇقى بەكلا چوڭ بولۇپ كېتىپ ستالىننىڭ مۇستەبىتلىك ھۆكمۈرانلىقىغا تەھدىت بولۇپ تۇرىۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن، بۇرۇنلا ستالىننىڭ ئۆزى ئەسلى ئورگىنالنى يامان غەرەزلىك ھېيدىرىخقا ئاشكارلاپ بەرگەن ئىدى). گېرمانىيە مەخپى تۆردە قىزىل ئارمىيە ئىچىدىكى كۈچنى كۈچەيتىپ يۈرگىنىگە 20 يىلدىن ئاشقان بولۇپ، بۇ ئىشلاردىن ھەممە كىشى خەۋەردار بولۇپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ۋېرسال كېلىشىم سۆھبىتى جەريانىدا، گېرمانىيە بىلەن سوۋېتلەر بىرلىكتە سىرتتا قالدۇرۇلغان ئىدى. سىرتتا قالدۇرۇلغان بۇ ئىككى دۆلەت، ئورتاق چەتكە قېقىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئوخشاش ھېسسىياتقا ئىگە ئىدى. شۇڭا، سوۋېتلەر بىلەن گېرمانىيە يۇشۇرۇن تۈردە كەڭ كۆلەملىك ھەربى ھەمكارلىق ئىچىدە ئىدى. بۇنداق ھەمكارلىقنىڭ ئاساسلىق قۇرغۇچىسى ئۇرۇشتىن كېيىنكى گېرمانىيىنىڭ كىچىك بىر قىسىمىنىڭ قوماندانى بولغان گېنېرال خانس ۋون شېكىت دېگەن بىرسى ئىدى. 1920-يىلى يىل ئاخىرىدا، بۇ گېنېرال دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرلىكىدە بىر باشقۇرۇش ئورگىنى تەسىس قىلىپ چىققان بولۇپ، بوسىن بىلەن موسكۋانىڭ ھەر ئىككىسىدىلا بىردىن ئىشخانە قۇرۇلغان ئىدى. يېقىندا، ”رۇك شىركىتى“ موسكۋا شەھەر ئەتراپىدا ئايروپىلان موتورى ياساشقا كىرىشىدۇ؛ بىسۇر — بۇ بىر ھەمكارلىق ئاكتسىيە شىركىتى بولۇپ، سامارا ئوبلاستىدا زەھەرلىك گاز ئىشلەپ چىقىراتتى. تېخىمۇ قىزىقى گېرمانىيە 20 نەپەر تېخنىك مۇتەخەسسىس چىقىرىپ سوۋېتلەرگە 3 ھەربى زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەملىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 60 نەپەر ھەربى ئوقۇتقۇچى ئەۋەرتىپ، نېمىسلاردىن تەشكىل تاپقان قىزىل ئارمىيە ھاۋا ئارمىيە لىيوتچىكلار ئەترىتى يېتىشتۈرۈشكە مەخسۇس ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭدەك، گېرمانىيە تانكا ئوفىتسېرلىرىمۇ قازان ئەتراپىدا ”ئېغىر ئاپتوموبىللار سىناق قىلىش پونكىتى“ دېگەن بىر يەردە مەخپى مەشىق قىلدۇرۇلغان ئىدى.

شۇمۇ كىشىلەرنىڭ ئېسىدە بولىشى كېرەككى، بۇ تۈردىكى بىر-بىرسىگە مەنپەت كەلتۈرىدىغان يۇشۇرۇن پائالىيەتلەر سىياسىي جەھەتتىكى دوستانە مۇناسىۋەتلەرگىچە تەرەققى قىلغان ئىدى. 1922-يىلى پاسخا بايرىمىدا راپاللوۋ شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى بىلەن رەسمىلەشتۈرۈلگەن ئىدى. بۇ بىر ۋېرسال ئەھدىنامە دۆلەتلىرىگە قارشى بىر كۈچلۈك ئىتتىپاقداشلىق قۇرۇش ھېسابلىناتتى. بىر تەرەپتە، بۇ ئىتتىپاقلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا گېرمانىيە سوۋېت ئىقتىسادىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ھەر قانداق بىر خەلقئارالىق مالىيە گۇرۇھىغا قاتناشمايدىغانلىقىغا كاپالەت بېرىش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن گېرمانىيىنى ئىسكەنجىگە ئېلىنىش خەۋپىدىن قۇتۇلدۇرغان ئىدى. ئەمما ھىتلېرنىڭ يۈكسىلىپ ئوتتۇرغا چىقىشى گېرمانىيە-سوۋېتلەر ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىنىڭ بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالغان ئىدى؛ 1938-يىلى سوۋېت-گېرمانىيە دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئاساسەن ئاخىرلاشتى دېيىشكە بولاتتى. گېرمانىيە، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن قىلچە مۇزاكىرە قىلىشماي تۇرۇپلا ئەنگىلىيە ۋە فرانسىيە ئىككىسى بىلەن ميۇنخېن شەرتنامىسىنى ئىمزالىغانلىقى بۇ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرىۋەتىدۇ.

غەرب ئەللىرىنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قىلچە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى سەۋەبىدىن، ئۇلار قايتىدىن گېرمانىيە بىلەن يېقىنلىشىشقا يۈزلىنىدۇ. 1939-يىلىنىڭ باشلىرىدا، سوۋېتلەر ھىتلېرنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىپ، رىببېنتروپنىڭ بىر ئادىيۇتانتىنى موسكۋاغا كېلىپ يېڭى سودا شەرتنامىسى ئىشى ئۈستىدە سۆھبەتلىشىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن، لوندوندا چىقىدىغان «ئاخبارات خاتىرىلىرى» گېزىتى بىر پارچە قۇلاققا غەلىتى ئاڭلىنىدىغان بىر پارچى خەۋەرنى باسىدۇ. بۇ خەۋەردە ستالىن ناتسىستلار بىلەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئىمزالانغانلىقى بىلدۈرۈلگەن ئىدى. بۇ ئىشتىن ستالىن قەتئىي گۇمانلانمايدۇ. ستالىن، 18-نۆۋەتلىك پارتىيە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن بىر نۇتۇقىدا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى غەرب دۇنياسى مەجبۇرلايدىغان گېرمانىيىگە قارشى ھەر قانداق بىر ئۇرۇشقا ھەرگىز قاتناشمايدۇ، دەپ ئېلان قىلىدۇ. "بىز تىنچلىقنى قۇۋۋەتلەيمىز، بارلىق ئەللەر بىلەن سودا مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەشنى قۇۋۋەتلەيمىز". گېرمانىيە گېزىتلىرى بۇ سۆزلەردىكى "بارلىق" سۆزىنى تۇتىۋېلىپ ھە دەپ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، بۇ سۆز ئىمپېرىيىمىزگە قىلىنغان يېڭى بىر تەكلىپ، دېيىشىدۇ. سوۋېت گېزىتلىرى بولسا ئۇلارنىڭ بۇ مەزمۇننى پەرق قىلالىغانلىقىنى تەبرىكلەيدىغانلىقىنى يازىدۇ.

بىر ئايغا قالماي، رىببېنتروپنىڭ پولشا ۋە بالتىق دېڭىزى ئەللەر مەسىلىسى مۇتەخەسسىسى پېتېر كلېيستىردىن سوۋېت ئىتتىپاقى بېرلىن باش ئەلچىسى خادىملىرى بىلەن بولغان شەخسى مۇناسىۋەتلەرنى ياخشىلاش يولىيورىقىنى ئالىدۇ. كلېيستېر ئەجىبا بۇ بىر جىددى تاشقى سىياسەت ئۆزگىرىشىنىڭ بىر بىر بىشارىتىمۇ-قانداق؟ دېگەن گۇمانغا قالىدۇ. كلېيستېر، بىر قانچە كۈندىن كېيىن مۇرەككەپ تۈيغۇلىرى بىلەن بىر شەرقىي ياۋروپا ئىقتىسادى مەسىلىلەر گېرمانىيە مۇتەخەسسىسى بىلەن بىرلىكتە "فىكۇس سايىسى" نامىدىكى ھەشەمەتلىك سوۋېت باش ئەلچىخانىسىغا بارىدۇ. سوۋېت باش ئەلچىخانىسىنىڭ ۋاقىتلىق ئەلچىسى گېيورگى ئاستاخوف _ بۇ ئادەم بەكلا مۇلايىم، كۆرۈنۈشتە خۇددى بىر راھىپقىلا ئوخشاپ كېتىدىغان بىرسى _ ئۇلارنى چايغا تەكلىپ قىلىدۇ. سورۇندا باشقا بىرەر رۇسنىڭ بولماسلىقى ھەققەتەنمۇ پەۋقۇلئاددە بىر ئەھۋال ئىدى. ئۇلار ئولتۇرۇپ فرانسىيىنىڭ تەسراتچىلار ئېقىمى ئۈستىدە ئازىراق پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئاستاخوف رەسمى مەسىلىلەرگە ئۆتۈپ سۆھبەت قىلىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ سۆزىدە، گېرمانىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى بەزى ئۇششاق ئىختىلاپلار سەۋەبىدىن بىر-بىرسى بىلەن جىدەل قىلىپ كەلگەنلىكى ھەققەتەنمۇ بىمەنىلىك ۋە كۈلكىلىك بىر ئىش، دەيدۇ. بىز نېمە ئۈچۈن ئورتاق بىر سىياسەت بەلگىلەپ چىقالمايمىز؟ كلېيستېر ئۇنىڭغا، ھەقىقەتەنمۇ ئىدېئولوگىيىدىكى ئىختىلاۋىمىز بىزنىڭ

مۇھىم رايال مەسىلىلەرنىڭ بىرى، دەيدۇ. ئەمما ئاستراخوف قولىنى شىلتىغىنىچە ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ئاگاھلاندۇرغاندەك تىرىشىدۇ. ئۇ، ستالىن بىلەن ھىتلېر ئىككىسى بۇ رېئاللىقنى پەيدا قىلغان كىشىلەر ھېسابلانسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا بۇنداق رېئاللىق تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇشقا يول قويماسلىقى، دەيدۇ.

ئۇلار ئەلچىخانىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن كلېيستېر ئۇزۇنغىچە جىمىپ قالىدۇ. ئېنىقكى، ئاستراخوف كرېمىل سارىيىدىكى بىر ئۇچۇرنى رىببېنتروپقا يەتكۈزمەكچى بولغاندەك قىلاتتى. ئەمما كېيىن كلېيستېرنى ھەيران قالدۇرغىنى، بۇ بىر مەيدان ئۇچرىشىشنى باشلاتقان رىببېنتروپ ئۇنى ئاستراخوف بىلەن قايتا ئۇچراشماسلىقنى بۇيرىغانلىقى ئىدى. "مېنىڭچە، فۇھرېرىمىز بۇنداق بىر سۆھبەتنىڭ داۋاملىشىشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ، دەپ ئويلايمەن."

ستالىن كېيىنكى قەدىمىنى باسىدۇ. 17-ئاپرېل كۈنى، سوۋېت باش ئەلچىسى ئالېكسېي مېركالوۋ، رىببېنتروپنىڭ ئاساسلىق ئادىمى بولغان بارون ۋون ۋېيزسوكېرنى زىيارەت قىلىدۇ. بۇ زىيارەت، ئەسلىدە تۆۋەنرەك بىر ئەمەلدارنىڭ بىر تەرەپ قىلغان ئىشىنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ 10 ئايدىن بۇيانقى رۇسلارنىڭ تۇنجى قېتىملىق زىيارەتكە كېلىشى ئىدى. سۆھبەت ئاخىرلىشاي دېگەندە، مېركالوۋ ۋېيزسوكېردىن سوۋېت-گېرمانىيە مۇناسىۋىتىگە قارىتا قانداق قاراشتا سىز؟ دەپ سوراپ قالىدۇ. ۋېيزسوكېر ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا "گېرمانىيە ئەزەلدىن رۇسىيە بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ رازى بولىدىغان سودا مۇناسىۋىتى تىكلىنىشىنى ئارزۇ قىلىپ كەلمەكتە" دەپ جاۋاب بېرىدۇ. باش ئەلچى مېركالوۋنىڭ بەرگەن جاۋابى شۆبھىسىزكى، راستىنلا دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشنىڭ بىر سىگنالى خاراكتېرىدا بولىدۇ: رۇسىيە گېرمانىيە بىلەن نورمال شەرتلەر ئاساسىدا بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇشقا ئۇنىمايدىغان ھېچ قانداق بىر سەۋەبى يوق. "نورمال نۇقتىدىن چىقىش قىلغىنىمىزدا، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز چوقۇم كۈندىن-كۈنگە ياخشىلىنىدىغانلىقىدا گەپ يوق."

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوۋېتلېر ئىتتىپاقى يەنە بىر تەرەپنىمۇ خوش قىلىشقا كىرىشكەن ئىدى. ئەمما چېمبېرلىن ئۇنداق ئالدىراپلا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تېخىمۇ قويۇق دىپلوماتىك مۇناسىۋەت تىكلەشنى خالىمايتتى. ئۇ، سوۋېتلېرنىڭمۇ خۇددى ئەنگلىيەگە ئوخشاش غايىسى ۋە نىشانى بولۇشىغا پەقەتلا ئىشەنگىسى كەلمەيتتى. ئۇلاردا دېموكراتىيەگە بىرەر ئېھتىسداشلىق بولۇشىغا زادىلا ئىشەنمەيتتى. باش ۋەزىر، رۇسىيە بىلەن ئىتتىپاقداشلىق ئورناتقاندا بالقان دۆلەتلىرىنىڭ گېرمانىيەگە قارشى تۇرۇش كۈچىنى بۆلۈۋېتىدۇ دەپ قەتئىي ئىشىنەتتى. شۇنداق بولغاچقا، چېمبېرلىن سوۋېتلېر ئىتتىپاقى بىلەن

ئويناپ بىرەر ئۇتتۇقا ئېرىشىش "بەكلا تەس" دەپ ئويلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، رومىنىيىگە ياردەم بېرىش چارىسى ئارقىلىق پولشاغا قىلىدىغان ياردەمنى كۈچەيتىشكە ماقۇل بولىدۇ.

19-ئاپرېل كۈنى، رومىنىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى گرىگورېل گافىنكوۋ باش مىنىسترلىق مەھكىمىسىگە بېرىپ ھىتلېرنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھىتلېرنىڭ بۇنداق بىر تەكلىپكە قانداق ئىپادە بىلدۈرىدىغانلىقى ھەققىدىكى بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئېرىشىپ چىقىدۇ. ئەنگلىيىنىڭ ئىسمى چىقىشى ھامان ھىتلېر ئورنىدىن سەكرەپ تۇرغىنىچە ئالدى-كەينىگە مېڭىپ كېتىدۇ. ئۇ ۋارقىرىغىنىچە، ئىنگلىزلار ئۇنىڭ مەقسىدى ئەنگلىيە بىلەن بىر كېلىشىم تۈزۈشتىن باشقىچە مەقسىدىم يوقلۇقىنى نېمىشقا بىلمەيدىغاندۇ؟ ئەگەر ئەنگلىيە ئۇرۇش قىلىشنى خالايدىكەن، مەرھەمەت قىلسۇن! "ئۇ چاغدا بۇ ئۇرۇش بۇزغۇنچىلىق كۈچىنى ھەرگىزمۇ ئالدىن مۆلچەرلەشكە بولمايدىغان بەكلا شىددەتلىك ئۇرۇش بولىدۇ." ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: "جەڭ مەيدانىغا تولۇق قۇراللانغان ئىككى دىۋىزىيە ئەسكەرمۇ چىقىرالمايدىغان ئەنگلىيە، زامانىۋى ئۇرۇشنىڭ قانداق بىر ئۇرۇش بولىدىغانلىقىنى قانداقمۇ پەرەز قىلالىسۇن؟"

ئەتىسى، يەنى 20-ئاپرېل ھىتلېرنىڭ 50 ياشقا تولغان كۈنى ئىدى. يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ ئاچچىقى چىرايىغا چىققان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ تاقەتى يوقلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ۋاقىت ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كېتىۋاتماقتا؛ ھىتلېر، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن پەقەت بىر قانچە يىللىقلا سالامەتلىكى ياخشى كۈنلىرىنىڭ قالغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا خۇددى ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىكىدەك، 1939-يىلىقى ھىتلېرنىڭ تۇغۇلغان كۈنى كاتتا ھەربىي پارات بىلەن تەبرىكلىنىدۇ. مەيدان ھەققەتەنمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشتە ئىدى _ دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسىنىڭ ئۈچ خىل ئارمىيە تۈرى بىلەن قۇراللىق ئېس-ئېسچىلار ئەترىتىنىڭ ھەممىسىدىنلا بۇ مۇراسىمغا ۋەكىللىرى قاتناشتۇرۇلغان ئىدى _ مەقسەد، دۈشمەنلىرىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش ئىدى. ھىتلېرنىڭ ئوچۇق تەلەپ قىلىشى بىلەن، ئەڭ يېڭى تىپتىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك توپ-زەمبىرەكلەر، ئېغىر تىپلىق تانكا ئاتارلار، زىنىت توپلىرى ۋە ھاۋا ئارمىيە پروژېكتورلىرىمۇ ماھارەت كۆرسىتىدۇ. قاتار كەتكەن كۈرەشچى ئايروپىلان ئەترەتلىرى، بومباردىمانچى ئايروپىلانلار كۆك يۈزىدىن مىغىلداپ گۈرۈلدەپ ئۆتۈپ تۇرۇشى ھەققەتەنمۇ قورقۇنۇشلۇق ئىدى. ھەربىي پارات مۇراسىمغا قاتناشقان چەتئەللىك ئەلچىلەر، گېرمانىيە تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ھەربىي پاراتنى كۆرۈپ ھەر تۈرلۈك تەسىراتلارغا كېلىشكەندى. شۇنىڭدەك ئۇلار يەنە چېخوسلوۋاكىيە پرېزىدېنتى خاسىنى ئاساسلىق مېھمانلار قاتارىدا ھىتلېرنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇلغانلىقىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنىمۇ نەزىرىدىن ساقىت قىلىشمىغان ئىدى.

بۇ قېتىمقى ھەربىي پارات نۇرغۇن كىشىلەرنى قورقۇتۇپ ئۈجۈقتۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، بۇنچىۋالا كۈچلۈك قۇراللىق كۈچنى كۆرگەن مۇتلەق كۆپ ساندىكى نېمىسلار ھەقىقەتەنمۇ مەغرۇرلىنىپ كېتىدۇ. 50-تۇغۇلغان كۈنى ھىتلېر ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك تەشۋىق قىلىش دولقۇنى يارىتىش پۇرسىتى بولۇپ بەرگەن ئىدى.

نۇرغۇنلىغان ھىتلېرغا چوقۇنغۇچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھىتلېر گېرمانىيىنىڭ نىجاتكارى ھېسابلىناتتى: "فۇھرېرىمىز بۇ ئەسىردىكى بىردىن-بىر تەڭرىنىڭ چېقىنىنى ئىگەللىگۈچى شۇنىڭدەك ئىنسانلار ئۈچۈن بۇنى قايتا ئۆزگەرتىپ بەرگۈچى" ھېسابلىناتتى. باشقىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ مېسسىئادىنمۇ ئېشىپ كەتكەن ــ تەڭرىنىڭ نەق ئۆزى ئىدى: "مېنىڭ بالىلىرىم فۇھرېرنى پۈتكۈل ئالەملەرگە بۇيرۇق قىلالايدىغان، بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئورۇنلاشتۇرالايدىغان بىر تەڭرى دەپ تونۇيتتى. ئۇلارنىڭ كۆزىدە فۇھرېرىمىز پۈتكۈل ئالەملەرنىڭ ئىگىسى ئىدى." باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئۆگىنىۋېلىشقان ئىدى:

ئادولف ھىتلېر نىجاتچىمىزسەن، قەھرىمانىمىزسەن،
بىپايان دۇنيادا، ئۇ ھەممىدىن ئۈستۈن،
بىز ھىتلېر ئۈچۈن ياشايمىز، ھىتلېر ئۈچۈن ئۆلىمىز.
ھىتلېر بىزنىڭ تەڭرىمىز، ئۇ جاسارەتلىك دۇنياغا ھۆكۈمران.

ھىتلېر ھەتتا "ئۈچىنچى ئىمپېرىيە" دېگەن سۆزنىڭ ئىشلىتىلىشىنىمۇ چەكلىگەن ئىدى. كۈندىن كۈنگە كۈچىيىپ كېتىۋاتقان شەخسكە چوقۇنۇش ئەھۋالىدىن يېقىن كىشىلىرىگە نۇرغۇن قېتىم رەنجىگەن ــ بەزى ئەھۋاللاردا، شەخسكە چوقۇنۇش ئەھۋالى ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن كۈلكىلىك دەرىجىلەرگە بېرىپ يەتكەن ئىدى. پارتىيە يېقىندا ئورۇنلاشتۇرغان ئۆگىنىش كۇرسىدا بىر ئايال ئوقۇتقۇچى ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىدۇ: سۆزلەشنى بىلمەيدىغان بىر ئىتى بار ئىكەن. ئۇنىڭدىن "ھىتلېر دېگەن كىم بولىدۇ" دەپ سورىسا، بۇ ئىت: "فۇھرېرىم بولىدۇ" دەپ جاۋاب بېرىدىكەنمىش. بىر ناتسىست شۇ يەردىلا ئوتتۇرىغا چىقىپ قاتتىق غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى كېسىپ ۋارقىراپ كەتكەن: "بۇنداق بىمەنە ھېكايىلارنى توقۇپ سۆزلىگىنىڭگە مىڭ لەنەت!" بايىقى مۇئەللىمە ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىۋېتىپ كۆز يېشىنىمۇ تۇتالماي قالىدۇ: "بۇ ئەقىللىق ھايۋان، تىرىك تۇرغۇزۇپ پارچىلاپ ئاناتومىيىلىك تەجرىبە قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەت كۈنىدە ھايۋان

ئۆلتۈرۈش هارام دەيدىغان بەلگىلىمىسىنى ئادولف هىتلېر ماقۇللىغان. شۇڭا، رەخمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇ كىچىككىنە كۆچۈۈكنىڭ مېڭىسى ئادولف هىتلېر، ئۇنىڭ فۈھرېرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغان ئىكەن" دەيدۇ.

دىنى جەمىيەتلەر هىتلېرنى مەسسىياھ دەپ ياكى تەڭرى دەپ قارىمىغان بولسىمۇ، ئۇلارمۇ هىتلېرنىڭ 50- تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەشكەن ئىدى. هەر بىر نېمىس چىركاۋىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن دىنى مىسسا قىلدۇرۇپ، "تەڭرىدىن فۈھرېر ۋە خەلقىنى ساقلىشنى تىلەيمىز" دەپ دۇئا قىلدىغان بولدى. مېيىنستىكى ئېپىسكوپمۇ هەر قايسى جايلاردىكى كاتولىكلاردىن "ئىمپىرىيەنىڭ رىغبەتچىسى، كېڭەيتكۈچىسى، قوغدىغۇچىسى فۈھرېر ۋە باش مىنىستىرى" ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى بۇيرىغان. هەتتا پاپىمۇ ئۇنىڭغا تەبرىك تېلېگراممىا يوللايدۇ.

بۇ تۆردىكى شان-شەرەپلەر هىتلېرنىڭ رومىنىيە باش ئەلچىسىگە بولغان ئاچچىقىنى قىلچىمۇ پەسەيتەلمىگەن ئىدى. شۇڭدەك ئەنگلىيەگە بولغان ئۆچمەنلىكىنىمۇ ئازايتالمايدۇ. هىتلېرنى تېخىمۇ بەك غەزەپلەندۈرگىنى، يېقىندا ئامېرىكىدا «كۆرەش يولۇم» نىڭ قىسقارتىلغان نۇسخىسى ئوتتۇرغا چىقىشى ئىدى. بۇ قىسقارتىلما نۇسخىسى رۇخسەت قىلىنمايلا مەتبەگە بېرىلىپ بېسىلغان بولۇپ، بۇ كىتاب يەنە هەممە قوبۇل قىلغان ئامېرىكا نۇسخىسىدا قىسقارتىۋېتىلگەن هەر قايسى ئابزاسلارنىمۇ كىرگۈزۈلگەن، شۇڭدەك ئېلىۋن كلانستون تەرىپىدىن كىتاپخانلارنى هىتلېردىن ئاگاھلاندۇرغان بۇرملاپ يېزىلغان باھالاش قىسمىمۇ كىرگۈزۈلگەن ئىدى. بۇ قىسقارتىلغان نۇسخا كىچىك كىتاپ شەكلىدە بېسىلغان بولۇپ، 10 سىنىت باھا قويۇلۇپ ئون كۈن ئىچىدىلا 500 مىڭ نۇسخا سېتىلىدۇ. كىتابنىڭ مۇقاۋىسىدا مۇنۇ سۆزلەر يېزىلغان ئىدى: "ئادولف هىتلېرغا بىر تىيىنمۇ بېرىلمەيدۇ" (فۈھرېرنىڭ ۋاكالەتچىسى مېنىڭ نەشرى هوقۇقۇم دەخلى تەرروزغا ئۇچرىدى، دېگەننى باھانە قىلىپ دەرھال ئەرز سۇنغان. سوت مەھكىمىسى هىتلېرغا پايدىلىق هۆكۈم چىقىرىپ، نەشرىيات خوجايىنىغا كلاستون نۇسخىسىنىڭ بېسىلىش ۋە تارقىتىلىشىنى دەرھال توختىتىش بۇيرۇقىنى چىقارغان ئىدى. هازىر كالىفورنىيە شتاتىنىڭ پارلامېنت ئەزاسا بولۇپ سايلانغان كلاستون، 1974-يىلى "بۇ، ئەمەلىيەتتە دېموكراتىيىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىدىكى ئەڭ چىرايلىق بىر مىسال" دەيدۇ. ئەسلىدە قانۇن بويىچە ئالغاندا، هىتلېرنىڭ توغرا، ئەمما ئۇنىڭكى خاتا ئىدى. "ئەمما بىز ساتقان 500 مىڭ نۇسخا كىتابنىڭ نۇرغۇنلىغان ئامېرىكىلىقلا ياردىمى تەككەن بولۇپ، ئۇلار هىتلېرنىڭ تېررورچىلىق سىياسىتىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ خاتا بىر سىياسەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىگە ياردىمى تەگدى. دەل شۇنداق سىياسەتلەر ئۇزۇنغا قالماي بىزنى دۇنيا ئۇرۇشى ئىچىگە

ئىتتىرگەن" دېيىلگەن.) بىر قېتىملىق خىلاپلىق قىلىش ئوتتۇرغا چىققانىكەن، يەنە بىر قېتىملىقمۇ چوقۇم چىقاتتى. بۇ قېتىمقى خىلاپلىق قىلغۇچى پىرىزدېنت روزۋېلتنىڭ دېگىنىدەك، ھىتلېر بىلەن مۇسسولىن (ئۇ تېخى يېقىندىلا ئالبانىيىگە تاجاۋۇز قىلغان ئىدى) بولۇپ، ئۇ بىرلا ۋاقىتتا ئۇلار ئىككىسىگە تېلېگراما يوللاپ، ئۇلارنى قايتا بىر يەرگە تاجاۋۇز قىلماسلىققا كاپالەت بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. "سىز بۇرۇن ئىزچىل تۈردە گېرمانىيە خەلقى ئۇرۇش قىلىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىگەن ئىدىڭىز. ــ دەيدۇ روزۋېلت ھىتلېرغا، ــ بۇ دېگىنىڭىز راست بولغىنىدا، سىزنىڭ ئۇرۇش قىلىشىڭىزنىڭ ھېچ بىر سەۋەبى يوق."

بۇ گەپلەر ھىتلېرنىڭ ئاچچىقىنى قوزغىۋەتكەن ئىدى. 28-ئافرېل كۈنى، ھىتلېر بۇ گەپلەرگە جاۋاپ قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى نۇتقىنى ئاڭلاشقان قاتناشقان ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بولىدۇ ــ بۇ قېتىمقى نۇتۇق رادىئو ئارقىلىق پۈتكۈل گېرمانىيە ۋە ياۋروپا بويىچە ئاڭلىتىلغان بولۇپلا قالماي، ھەتتا ئاساسلىق رادىئو تورلىرى ئارقىلىق ئامېرىكىدىمۇ ئاڭلىتىلىدۇ. بۇ قېتىمقىسىنى ھىتلېرنىڭ ۋېيىنادىكى ئەھۋالغا سېلىشتۇرغاندا پەقەتلا ئىشەنگىلى بولمىغىدەك دەرىجىدە ئۆزگەرگەن ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا ھىتلېر نۇتقىنى ئاڭلاشنى خالايدىغان بارلىق كىشىلەرگە سۆزلەيدىغانلىقىنى ــ ئەگەر دەل-دەرەخلەر ئاڭلىيالايدىغانلا بولىدىكەن ئۇلارغىمۇ نۇتۇق سۆزلەشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتاتتى. ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ ئاڭلىغۇچىلىرى ھىتلېرنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاقمۇ سېلىپ قويمايتتى ياكى ئۇنى مازاق قىلىپ كۈلۈشەتتى. مانا بۈگۈن پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭ ئالدىدا تىترىمەكتە.

ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلايدىغانلارنىڭ سانى بۇنچىۋالا كۆپ بولىشى ئۇنى قاتتىق رىغبەتلەندۇرىۋېتىدۇ. ۋلھېلمشائىل ھىتلېرنىڭ ھېچ قاچان بۇنچە جاسارەتلىك بىلەن ئۆزىنى ئاقلاپ باقمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ نۇتقىنىڭ باشلىنىشىدىن تارتىپلا ئۆزىنىڭ تاشقى سىياستىنى ئاقلاپ سۆزلەشكە كىرىشىدۇ.

ئۇ، ھەققەتەنمۇ ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە قىلغانلىرىنى ماختاپ چىقىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ ئەنگلىيەنىڭ دېپلوماتىك سىياستىنى ئەيىپلەپ كېتىدۇ. ئۇ بۇ جەھەتتە ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ، ئەنگلىيەنىڭ تاشقى سىياستى ئۇلارنىڭ 1935-يىلقى دېڭىز ئارمىيە شەرتنامىسىنىڭ ئۈلىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. بۇنى ھېچكىم ئويلىمىغان ئىدى: ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئۆزى شۇنچە جىددى تەلەپ قىلغان شەرتنامىنى بۈگۈن بىراقلا ئەمەلدىن قالدۇرىۋېتىدۇ. كەينىدىنلا، پولەكلەر "بىر تەرەپلىمە ھالدا بۇ شەرتنامىغا بوي سۇنمىغان" لىقىنى باھانە قىلىپ كۆرسىتىپ، پولشاغا رەھىمسىزلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، پولشا-گېرمانىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنى بىكار

قىلىۋەتكەنلىكى ئۇقتۇرىدۇ.

ھىتلېر ئىككىلا شەرتنامىنى يىرتىپ تاشلىغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋام قىلىپ يەنە مۇنداق دەپ جاكارلايدۇ: ئەگەر تەڭ-باراۋەر شەرتلەر بىلەن كېلىشىم تۈزۈلىدىغانلا ئىش بولىدىكەن، ئۇ يەنىلا قايتىدىن سۆھبەتكە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: "بۇنداق بىر شارائىت يارىتىلسا، ھېچ كىم مەنچىلىك خوشال بولالمايدۇ."

ئۇ، بۇ تۈردىكى تەپەككۇر تەنھەرىكىتىنى ھەقىقەتەنمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ سۆزلەپ، روزۋېلتنىڭ قىلغان ھۇجۇمىدىنمۇ ئاشۇرىۋېتەلىگەن ئىدى. بۇ ھۇجۇم ـ ھېچ بولمىغاندا گېرمانىيە خەلقىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلىپ بولسىمۇ ـ ئىنتايىن كۈچلۈك مازاق قىلىش ۋە ئېچىتىشنىڭ ئەڭ ئېسىل ئەسىرى ھېسابلىناتتى. مانا بۇ، بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكى ھىتلېر، پىۋىخانىلاردا خىزمەتچى ۋە مۇنازىرىچى بولۇپ يۈرگەن ۋاقىتلاردىكى ھىتلېر ئىدى. ئۇ، روزۋېلتنىڭ تېلېگراممىسىغا قۇرمۇ-قۇر رەددىيە بېرىپ كېلىپ، خۇددى بىر ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرىغا ئوخشاش بىر-بىرلەپ ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ. ئۇنىڭ ئېغىر ھەجۋىلەشتۈرۈشى ۋە ئېچىتىشى، پارلامېنتتىكى ھەممە كىشىنى يايرىتىۋېتىدۇ؛ ئۇ ھەر قېتىم رەددىيە بەرگىنىدە كۈلكە ۋە ئالقىش سادالىرى بىر-بىرسىدىن كۈچلۈك ياڭراپ تۇرىدۇ. باشلامچىلىق بىلەن قاتتىق كۈلۈپ بەرگىنى يەنىلا شۇ يىغىن باشقۇرغۇچى بولۇپ بېرىۋاتقان گېۆرىڭ ئىدى. (نيۇرېمبېرگسوتىدا، بۇ نۇتۇق مەيدانىنىڭ لېنتىسىنى ئۇنىڭغا قويۇپ كۆرسەتكىنىدىمۇ يەنە شۇنداق ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا قاتتىق كۈلۈپ كېتىدۇ.) فۈھرېر ئاخىرىدا پرېزدېنتنىڭ گېرمانىيىدىن قايتا تاجاۋۇز قىلماسلىقى توغرىلىق كاپالەت بېرىشنى ئۆتۈنۈپ سورىشىغا نۆۋەت كەلگىنىدە، ئۇنىڭ جاۋابى مازاق قىلىش ۋە رەددىيە بېرىشلا بولغان ئىدى ـ بۇ قېتىمقىسى تېخىمۇ قىزىقارلىق بولۇپ قاتتىق كۈلكە قوزغىغان ئىدى ـ ئەمما بۇ مەسىلىگە جاۋاپ قايتۇرمايدۇ: ئەجىبا ئۇ پولشاغا تاجاۋۇز قىلماقچى بولغانمىدى؟

بۇ قېتىملىق نۇتۇقىنىڭ مەقسىدى، دۈشمەننى قايىل قىلىش دېگەندىن كۆرە ئۆز قول ئاستىدىكىلەرنى رازى قىلىش دېگەن تۈزۈك. پولشا مەسىلىسىنى پايدىلىق بىر شەكىلدە ھەل قىلىش ئۈچۈن ۋاقىتقا بەكلا ئېھتىياجلىق ئىدى. ئۇ، سۆزلىگەن نۇتقى كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، دەرھال يېرىم ھۆكۈمەت داچىسى ھالىغا كەلگەن بېرگخوفقا كىرىپ بېكىنىدۇ. شۇندىن كېيىنكى ياز پەسلىدە، ئۇ پولشاغا يېقىن يولاشنى پەقەتلا خالىمايدۇ. شۇنداقتىمۇ رۇسىيىگە بولسا ھەلا دېسە يوگۇرۇپ ئالدىغا بارىدىغان ھالەتتە ئىدى. كلېيستېرنىڭ چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ قۇۋلۇق بىلەن ئوتتۇرغا قويغان دەسلەپكى دوستلۇق مەسىلىسى ئەندى كېلىپ ھەقىقىي مۇھەببەت ھالىغا تەرەققىي

قىلغان ئىدى. پارتلاش خاراكتېرىدىكى پارلامېنت نۇتقىنى سۆزلەپ ئۇزۇن ئۆتمەي، سوۋېت گېزىتلىرىنىڭ كەينى سەھىپىلىرىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتمىغىدەك بۇلۇڭدا بىر خەۋەر كۆرۈلدۇ: ماكسىم جىۋىنوۋىنىڭ ئورنىغا ۋ. م. مولوتوۋ تەيىنلىنىدۇ. بۇ بىر ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالارلىق بىر خەۋەر بولۇپ، بۇ خەۋەردىن ھەممىدىن بەك خوشال بولغانلار ئەلچۇەتتە گېرمانىيە ئەلچىخانىسىدىكىلەر بولىدۇ. شۇ ئاخشىمى، گېرمانىيەنىڭ ۋاقىتلىق ئەلچىسى ۋىلھېلىم كوچىسىغا تېلېگراممىا يوللاپ، تاشقى ئىشلار كومىسسارلىقى بۇ ئىش ھەققىدە بىرەر چۈشەندۈرۈش بەرمىگەن بولسىمۇ، جىۋىنوۋ (ئۇنىڭ رەپىقى ئېۋا ئەسلى بىر ئېنگلىز ئىدى) نىڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغانلىقى قارىغاندا ئۇنىڭ ستالىن بىلەن پىكىر ئىختىلابى بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدەك قىلاتتى. جىۋىنوۋ، ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىنىڭ كوللېكتىپ بىخەتەرلىك شەرتنامىسىغا قارشى تۇرىدىغانلارنىڭ سىمۋولى ھالىغا كەلگەن بىرسى ھېسابلىناتتى. دېمەك، ئۇنىڭ تەختتىن چۈشكەنلىكى، ستالىننىڭ بۇنداق بىر يولدىن ۋاز كەچكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەكتە ئىدى. ئۆزى بىر يەھۇدىي بولغان جىۋىنوۋنىڭ يەھۇدىي بولمىغان بىرسى تەرىپىدىن ئالماشتۇرۇلغانلىقى، ئەنگلىيەنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ئوتتۇرغا قويغان تەكلىپىگە ئىشەنمەس ھالغا كەلگەن ستالىن، دەرۋازىسىنى بېرلىندىكى يەھۇدىيلارغا قارشى شېرىكى ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ ئېچىپ بەرگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. شۇنداقتىمۇ، يەنە بىر قېتىم بىر ئىش بار بولۇپ، بۇ ئىشنى رۇسلار ھىتلېردىنلا يوشۇرۇپ قالماي، بەكلا ئۆز دىپلوماتلىك ئەمەلدارلىرى ئارىسىدىمۇ يوشۇرۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر ئىدى: مولوتوۋنىڭ رەپىقىسى بىر يەھۇدىي ئىدى.

ھىتلېر. جىۋىنوۋنىڭ ۋەزىپىسىنى مولوتوۋغا ئېلىپ بەرگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ گويا "ئوقنى دەل نىشانغا تەككۈزگەن" دەك تۇيغىغا كېلىدۇ. ھىتلېر بىلەن ستالىن ئىككىسىلا يەھۇدىيلارغا قاتتىق ئۆچ ۋە ئۇلاردىن بەكلا قورقاتتى. بۇ،تەرىپى ئۇلار ئىككىسىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇزۇندىن بۇيان ھىتلېر ستالىننىڭ رەھىمسىزلىكىگە ئاز-تولا قايىل ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، ھىتلېر يەنىلا ستالىن بىلەن ھەمكارلىشىشنىڭ ئاقىلانىلىق بىر ئىش ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى. ھىتلېر، 10-ماي كۈنى رۇسىيە ئىشلىرى مەسىلىسى بويىچە مۇتەخەسسىس بولغان بىرسىنى بېشىغا كاردىنغا چاقىرتىپ، ستالىننىڭ راستىنلا گېرمانىيە بىلەن ھەقىقى چۈشىنىش ھاسىل قىلىش نىيىتى بار-يوقلىقى ئىشىنى تەتقىق قىلىدۇ. 20 يىللىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەجرىبىسىگە ئىگە گۇستاف سىرگ، ھازىر گېرمانىيەنىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىدا ئىقتىسادى خادىم ۋەزىپىسىدە ئىدى. شۇڭا ئۇ، بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قانچىلىك ھەيران قالغانلىقىنى مۆلچەرلىمەك تەس ئەمەس. سىرگ، "ھىتلېرغا 1933-يىلىدىن بۇيانقى گېرمانىيە-سوۋېتلەر ئىتتىپاقى

مۇناسىۋىتىنىڭ قىسقىچە خۇلاسىسىنى بېرىدۇ. ئۇ ھىتلېرنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ستالىن تەختكە چىققان دەسلەپكى يىللاردا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكى دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاشنى ئارزۇ قىلىش ئىپادىسىنى بىلدۈرگەن" بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ گەپلىرى بىلەن ھىتلېرنى، ستالىننىڭ ئىككى ئاي بۇرۇن سوۋېت كومپارتىيىسى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ھېچ بىر باھانا يوق دەيدىغان باياناتىنى ئەسلىتىپ ئۆتۈشنىلا مەقسەت قىلغان ئىدى. سىرگىنى ھەيران قالدۇرغىنى، مەيلى ھىتلېر ياكى رىببېنتروپ بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچ قايسى ستالىننىڭ شۇ قېتىمقى نۇتقىنىڭ مەزمۇنىنى پۈتۈنلەي ئېسىگە ئالالماسلىقى ئىدى.

سىرگ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تىنچ مۇھىتتا ئىقتىسادى قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشقا بەكلا مۇھتاج بولىۋاتقانلىقى ئۈچۈن. ئۇلار ھەرگىزمۇ بىر ھەربىي تەھدىت بولالمايدىغانلىقىنى قىلچە تارتىنماي سۆزلەپ كېتىدۇ. سىرگ ئىشخانىدىن ئايرىلىشى ھامان ھىتلېر ئۇنى "ئۇ رەسمى بىر رۇسىيىلىكتەك ھالغا كېلىپ قاپتۇ"، بەلكىم ئۇمۇ رۇسلارنىڭ تەشۋىقاتىغا ئىشىنىپ قالسا كېرەك، دەيدۇ. "شۇنداقتىمۇ، ئەگەر ئۇنىڭ دېگەنلىرى توغرا بولغىنىدا، مەن ھەرگىزمۇ ستالىننىڭ تىنچلىق تەكلىۋىگە ماقۇل بولماسلىقىم كېرەك. مەن تېز ۋاقىت ئىچىدە بۇ گىگانتنىڭ ئىچكى قىسمىنى مۇستەھكەملىۋېلىش يولىنى توسىۋېتىشىم لازىم." ھىتلېر دەرھال رىببېنتروپقا بۇيرۇق قىلىپ، سوۋېتلېر ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە قىلچە ئىلگىرلىمەي ئۆز جايىدا تۇرىۋېلىشىمىز كېرەك دەيدۇ.

ئەمما ستالىن بولسا، ئاستاخوۋنى گېرمانىيە بىلەن سودا سۆھبىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلىدۇ. 20-ماي كۈنى، مولوتوۋ بۇ سۆھبەتكە قول تىقىپ، گېرمانىيە باش ئەلچىسى ۋون شۇرېنبېرگنى كرېمل سارىيىغا تەكلىپ قىلىدۇ. ئادەتتە چىرايىدىن مۇز چىقىپ تۇرىدىغان مولوتوۋ، بۇ قېتىم دەل ئەكسىچە مۇلايىم بىر ساھىپخان بولۇپ كۆرۈندۇ. ئەمما، سەمىمى تاشقى كۆرۈنىشى ئاستىدا رەھىمسىزلىك يوشۇرۇنغان ئىدى. رەسمى سۆھبەت باشلىنىشى ھامان، ئۇ دەرغەزەپ بولغان ھالدا: روشەنكى ھىتلېر يېڭى ئىقتىسادى كېلىشىم ئىمزالىنىشىنى بەك خالاپ كەتمىسە كېرەك؟ بۇ ھالەت سوۋېتلىكلەرگە باشقىچە بىر تەسىرات بەرمەكتە، يەنى نېمىسلار سەمىمى ئەمەستەك كۆرۈندۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىياسىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن سۆھبەت جەريانىدا ئۇيۇن ئوينىماقتا، دەيدۇ.

فۈھرېرنىڭ بەكىرەك كۆڭۈل بۆلىدىغىنى مۇسسولىن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش بولۇپ، ھېچ بولمىغاندا نۆۋەتتە شۇنداق ئويىدا دەپ قارىشىمىز مۇمكىن. مۇسسولىنىنىڭ ئالبانىيىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشى ھىتلېرنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلغان

بولسىمۇ (ھىتلېرنىڭ ئارزۇسى خوشال بولۇش بولۇپ، ھەرگىزمۇ رەسمى ئىش باشلىتىش ئەمەس)، شۇ ۋاقىتتىن بېرى ئېخىمۇ كۈچلۈك تېزگىنلەشكە بولىدىغان ئوق مەركىزى كېلىشىمى تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن ئۇ ئىزچىل تۈردە ئىتالىيە بىلەن سۆھبەت قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ كېلىشىمنامە 22-مايدا ئىمزالانغان بولۇپ، ئىمزالىنىش مۇراسىمى ئىنتايىن داغدۇغىلىق ئۆتىدۇ. بۇ شەرتنامە «پولات ئوق كېلىشىمنامىسى» دەپ ئاتىلىپ، ئىتالىيەنىڭ تەقدىرىنى گېرمانىيەنىڭ تەقدىرى بىلەن يېنىۋىلىشقا بولمايدىغان دەرىجىدە مەھكەم باغلىۋەتكەن ئىدى. ھىتلېر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ شەرتنامە دىپلوماتىك غالىبىيەت مەھسۇلى ھېسابلىناتتى. چۈنكى بۇ كېلىشىمدە، ئۇرۇش مەزگىلىدە تەرەپلەردىن بىرسى يەنە بىرسىگە "بارلىق دېڭىز، قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا ئارمىيە كۈچىدىن تەشكىل تاپقان ئۆچ خىل ئارمىيە كۈچى بىلەن" ياردەم بېرىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن ئىدى. ئادەمنىڭ ئىشەنگىسى كەلمەيدىغان يېرى، ھىتلېرنىڭ شەرتامنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئالدىراپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن، مۇسسولىن بۇ كېلىشىمنامىنىڭ تەپسىلى ماددىلىرىنى ئۆز ئىچكى كابىنېتىگە، ياكى سىياسەت ۋە قانۇن مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەپسىلى كۆزدى كۆچۈرۈپ چىقىشىغىمۇ پۇرسەت بەرمەي ئىمزالىۋېتىشى ئىدى – بۇ شەرتنامىدا ئېنىق بەلگىلىمىلەرمۇ يوق بولۇپ، پەقەتلا دۈشمەن ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندىلا بۇ شەرتنامە كۈچكە ئىگە بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. شۇنداق قىلىپ، مۇسسولىن ئېھتىياتسىزلىق بىلەن ئىتالىيەنىڭ تەقدىرىنى شېرىكىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغان بولدى.

بۇ شەرتنامىنىڭ ئىمزالىنىشلىقى، خۇددى ھىتلېرنى تەۋەككۈلچىلىك ئۇرۇشى قوزغاش ئۈچۈن رۇخسەت قەغىزى ئېلىۋالغاندەكلا بىر ئىش بولغان ئىدى. ئەتىسى، فۇھرېر تولۇق ئىشەنچىلىك ھالدا ئالى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلىرىنى باش مىنىستىرلىكتىكى كىتابخانىسىغا چاقىرتىدۇ. ئۇ گېنېراللارغا چۈشەندۈرۈش بېرىپ كېلىپ، گېرمانىيىنىڭ ئىقتىسادى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى، گېرمانىيە بىلەن پولشا ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلارغا زىچ مۇناسىۋەتلىك، دەپ كېلىپ، "دانزىگ غايىمىز ھەرگىزمۇ تالاش-تارتىش قىلىشقا تېگىشلىك ئاساسلىق غايىمىز ئەمەس. بۇ غايە بىزنىڭ ھاياتلىق ماكانى ئۈچۈن شەرققە قاراپ كېڭىيىشىمىزگە مۇناسىۋەتلىك بىر مەسىلە. شۇنىڭدەك يېمەك-ئىچمەك تەمىناتىنى قولغا كەلتۈرۈش، پولشا بىلەن ئوتتۇرىمىزدىكى تالاش-تارتىشلارنى ھەل قىلىش مەسىلىسىدۇر" دەيدۇ.

ھىتلېر سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: شۇڭلاشقا، پولشا (گەرچە گېرمانىيە بىلەن دوستلۇق شەرتنامىسى ئىمزالىغان بولسىمۇ) چوقۇم پۈتۈنلەي تارمار قىلىنىشى شەرت. "بىز ھەرگىزمۇ چېخ ۋەقەسىنىڭ قايتا تەكرارلىنىشىغا يول قويماسلىقىمىز كېرەك. _

ئۇ ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ، _ ئۇنداق بولمايدىكەن چوقۇم ئۇرۇش چىقىدۇ. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز پولشانى يېتىم قالدۇرۇش بولۇشى كېرەك.“ غەربىلىكلەر ئۇرۇشقا قاتناشمايدىغانلا بولىدىكەن، پولشا مەسىلىسىنى بىرلا يول بىلەن ھەل قىلغۇتەلىشىمىز مۇمكىن. شۇڭا ئۇ، پولشاغا ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتىدىغان بولىدۇ. ”ئەگەر بۇ ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەيدىغاندەك قىلساق، ئۇ ھالدا غەرپكە ھۇجۇم قىلىپ، شۇ قاتاردا پولشا مەسىلىسىنىمۇ بىرلىكتە ھەل قىلىشىمىز تېخىمۇ توغرا يول تۇتقانلىقىمىز بولىدۇ.“

ئۇنىڭ بۇ تۈر بىر-بىرىگە زىت گەپلىرى ئولتۇرغانلارنى قايمۇقتۇرۇپلا قويىدۇ. دەل شۇ پەيتتە، ھىتلېرغا سادىق كېيتېل ئۆزىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، فۈھرېرنىڭ دېمەكچى بولغىنى، ھەر قايسى قۇماندانلارغا بۇ جەھەتتە ئىككىلىنىپ يۈرۈشلىرىنىڭ ئورنى يوق، ئۇرۇش ھېچ قاچان رەسمى تۈردە پارتىلىمايدۇ، دېيىشتىن ئىبارەت ئىدى. ھىتلېر قايتا سۆزگە كىرىشىپ، بىز چوقۇم ئەنگلىيە-فرانسىيە بىلەن ”ئۆلۈم-كۆرۈم“ ئۇرۇشى قىلىشىمىز مۇمكىن، دەپ جەسسۇر پەرىزىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. ”بىز بۇ ئىشلاردىن ئاسانلا قۇتۇلۇپ چىقالايمىز دەپ ئويلىساق بەكلا خەتەرلىك ئويلىغان بولىمىز، بۇنداق ئاسان پۈتىدىغان ئىشتماللىقنىڭ بولىشىنى پەرەز قىلالمايمىز. بىز چوقۇم جاننى ئالقانغا ئېلىپ ئېلىششىمىز كېرەك، شۇنىڭدەك، بۇ ئىشىمىز قانداقتۇ ھەققانىيەت ياكى ھەققانىيەتسىزلىك دەيدىغان مەسىلىمۇ ئەمەس. بۇ مەسىلە 80 مىليون كىشىنىڭ ئۆلۈم-كۆرۈم مەسىلىسى.“ ئاساسلىق نىشانىمىز ئەنگلىيەنى تىز پۈكتۈرۈش بولىشى كېرەك. ”بىز ھېچ قاچان ئۇرۇشقا مەجبۇرلانماسلىقىمىز كېرەك، _ دەيدۇ ھىتلېر سۆزىنى داۋام قىلىپ، _ ئەمما شۇنىسى باركى، بىز بىر مەيدان ئۇرۇشتىن ھەرگىزمۇ ساقلىنالمايمىز.“

بۇ گەپلەرنى ھەرگىزمۇ ئىستىلا قىلىش ھەۋىسى ئىچىگە پېتىپ قالغان بىرسىنىڭ قالايماقان جۆيلىشى دەپ قالماي، ئۇنى بىر قېتىملىق جىنايى ئىقرار سۆزلىرى دەپ تونۇشىمىز كېرەك: ئەگەر ئۇرۇش قىلمىغىنىدا گېرمانىيە قايتا چوڭ دۆلەت بولۇپ ياشىيالمايدۇ؛ گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىنى پەقەت شەرقنىڭ پايانسىز كەتكەن تۇپراقلىرىدىكى بايلىقلارلا قۇتقۇزالايدۇ دېگەنلىك؛ گېرمانىيىنىڭ ئالدىدىكى ئىككىنچى بىر يول بولسا، غەرب ئەللىرى بىلەن ھەر تۈرلۈك خەۋپ-خەتەرلەر بىلەن تولغان مۇشۇ ھالەتنى ئېزچىل ساقلاپ قېلىش يولى بولۇپ، بۇنداق بىر يول ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان يول ئەمەس. ئەگەر ھىتلېر دۇنياغا ئۆزىنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى ئاشكارىلىماقچى دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۇ ھالدا، ئۇ ئېزچىل تۈردە ئۇرۇشت بىلەن قورقۇتۇش ۋە ئۇرۇشتىن قېچىش ئوتتۇرسىدىكى كۆچ سىنىقىغا كىرگەن دېيىش مۇمكىن. ئۇنداقتا، گېرمانىيەنىڭ ۋەھىمىسى

بىلەن ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتى يېلى چىققان توپتەك تېزلا يوقۇلىدۇ دېگەن گەپ.
يىغىن قاتناشقۇچىلىرى قىشلىق باغچىدىن ئايرىلغان ۋاقتىدا، بەلكىم كېيتېل بىلەن رىبېنتروپنىڭ باشقىلىرى راستىنلا قاتتىق چۈچۈپ كەتكەنلىكىدە گەپ يوق. ئەمما فۈھرېرنىڭ ئۆزىچۇ؟ ئۇ تەلەتىنى پۇرۇشتۇرگىنىچە يوقۇرى سالىسبۇرگقا بېرىپ مۆكۈنىۋالىدۇ. ئۇ يول ئۈستىدە يەنە ئاۋغۇستىبۇرگقا چۈشۈپ، شۇ يەرلىكلەر ئويىنىغان «لوھېنگرىن» ئوپېراسىنى كۆرۈپ ئۆتىدۇ. ئۇ بېرگخوف دا دەم ئېلىۋاتقاندەك قىلسىمۇ،يەنىلا شەرق بىلەن سودىلىشىش ئېھتىمالى ئۈستىدە ئىزدىنىشتىنمۇ توختىمىغان ئىدى.
موسكۋادىكى سۆھبەت ئىشىدا گەرچە شۇرېنبېرگكە "چىڭ تۇر" دەپ بۇيرۇق قىلىۋەتكىنىگە قارىماي ئەنگلىيەگە قارىتا يەنىلا خاتىرجەم بولالماي تۇراتتى. ئەگەر ئۇلار بولشېۋىكلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈش ئۈچۈن بالدۇر ھەرىكەت قىلىۋالغىنىدا، ئۇ چاغدا قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەگەر راستىنلا شۇنداق بىر ئىش بولۇپ قالسا، گېرمانىيە پولشاغا باستۇرۇپ كىرگىنىدە ستالىن قانداق بىر ھەرىكەت قىلىشى مۇمكىن؟ بۇ مەسىلىنى ئۇ چوقۇم ئېنىقلىۋېلىشى كېرەك ئىدى. 26-ماي كۈنى، رىبېنتروپ شۇرېنبېرگكە يوليورۇق بېرىپ، بۇ ھەقتە مولوتوپقا خەۋەر بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر ھىتلېر بۇ ھەقتە كاپالەتكە ئېرىشەلىگىنىدە، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى (خۇددى ستالىننىڭ يېقىندا سۆزلىگەن نۇتقىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك) ھەققى تۈردە گېرمانىيەنىڭ ھەيۋە قىلىش پوزىتسىيىسىگە قارشى تۇرۇشىدىن ۋاز كەچكىدەك بولسا، ئۇ ھاكىدا گېرمانىيىمۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقىدەك كوممۇنىزىمغا قارشى سىياسىتىدىن ۋاز كېچىشى مۇمكىن. ئەگەر بۇنى ئىشقا ئاشۇرالىغىدەكلا بولىدىكەن، ئۇنداقتا، "گېرمانىيە-سوۋېتلەر ئىتتىپاقى سىياسىتىدىكى تاشقى مۇناسىۋەتلەرنىڭ تىنچ ۋە نورمال بولۇشىنى ئويلىنىش" پەيتى كەلگەن بولاتتى.
ھىتلېر ئۆزىنىڭ ھاياتلىق ماكانى خىيالىنى كەينىگە سوزۇشقا رازى ئىدى. ئۇ، شۇرېنبېرگنى مولوتوۋنى گېرمانىيىنىڭ ئۇكرائىناغا كېڭىيىش دەيدىغان بىر نىيىتىنىڭ ئەسلا بولمىغانلىقىغا ئىشەندۇرگۈزۇشىنى، يېقىندا ئىمزالانغان «پولات شەرتنامىسى» غا قارىتا، رۇسىيىلىكلەرنىڭ قورقۇپ يۈرۈشىنىڭمۇ ھاجىتى يوقلىقىنى، چۈنكى بۇ شەرتنامە پۈتۈنلەي ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئىككىسىگە تاقابىل تۇرۇش مەقسىتىدە ئىمزالانغان بىر شەرتنامە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. مولوتوۋغا ھىتلېر پولشاغا قۇرال ئىشلىتىش زۆرۈر دەپ قارىشىدىنمۇ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ بىرەر زىيانغا ئۇچرىمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن شۇرېنبېرگ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يوليورۇق تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە گېرمانىيە بىلەن تېخىمۇ ئەمەلىي شەرتنامە تۈزۈشنى خالايدىغانلىقىنىمۇ بىلدۈرۈپ ئۆتۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەكلىپ، دىپلوماتىيىلىك سۆزلەر كەينىدە سوۋېتلەر

ئىتتىپاقىنىمۇ پولشانى بۆلۈشۈپلىشقا تەكلىپ قىلىنغانلىقى ئوپ-ئوچۇق پۇرۇتۇپ ئۆتۈلگەن ئىدى. شۇڭلاشقام بۇ تەكلىپ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى قىزىقتۇرغىدەك بىر تەكلىپ ئىدى. خۇددى شۇنىڭدەك، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئىككىسىنىڭ پولشاغا يادەم قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ياكى دەل ۋاقتىدا يادەم قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس دەيدىغان قاراشمۇ ستالىندەك بىر ئەمەلىيەتنى چىقىش نوقتىسى قىلىدىغان بىرسىگە نىسبەتەن ئالغاندا ئوخشاشلا جەلىپ قىلارلىق بىر قاراش ھېسابلىناتتى.

بۇ تەكلىپ شۇنداق ئىستىخىيىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر تەكلىپ بولغاچقا، ۋىلھېلىم كوچىسىدىمۇ بىر مۇنچە ئەنسىزچىلىكلەرنى پەيدا قىلىۋېتىدۇ. ئالدى بىلەن رىببېنتروپ ھىتلېر ئوتتۇرغا قويغان تەكلىپنىڭ مەزمۇنىنى ياپونىيە باش ئەلچىسى ئوجىما بىلدۈرۈپ، ياپونىيىنىڭمۇ بۇ تەكلىپكە قوشۇلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ تېزلىكتە توكيوغا تېلېگىراما يوللىشىنى تاپىلايدۇ. ياپونىيىدە بولسا، گېنېرال ئوجىمانى تەنقىتلەيدىغان كىشىلەر ئۇنى ھىتلېرنىڭ گۇپپاڭچىسى دەپ بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ، لازىم بولغىنىدا ئۇمۇ ئىنتايىن جاھىل بىرسىگە ئايلىنالايتتى. شۇڭا ئۇ ياپونىيىگە تېلېگىراما يوللاشقىمۇ ئۇنىماي تۇرىۋالىدۇ. ئۇ، سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، ھەر قانداق بىر ئوق مەركىزى دۆلىتى ئەگەر سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن شەرتنامە تۈزۈشكەنلا بولىدىكەن (گەرچە ئۇرۇش ئېلان قىلىنمىغان بولسىمۇ، سوۋېتلەرنىڭ پىيادە قىسىملىرى بىلەن تانكا قىسىملىرى مانجۇرىيە-ئىچكى موڭغۇل ئۇرۇش سەپلىرىدە ياپونىيە بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلماقتا ئىدى)، ياپونىيىنىڭ ياپونىيە-گېرمانىيە-ئىتالىيە ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسىغا قاتنىششىنىڭ بارلىق پۇرسەتلىرى تولۇق سۇيۇرۇپ تاشلانغان ھېسابلىنىدۇ دەپ تۇرىۋالىدۇ. ئەسلىدە ياپونىيىنىڭ بۇ ئىتتىپاققا قاتنىششىنى ھىتلېر بەكلا ئارزۇ قىلاتتى.

رىببېنتروپ چارىسىزلىك ئىچىدە دەرھال باش ئەلچى ئاتولىكوۋغا تېلېفون قىلىپ بۇ ھەقتە مەسلىھەت سورايدۇ. _ چۈنكى رىببېنتروپ بۇ ئادەمنى بىر باش ئەلچى دەپلا قارىماي، ئۇنى يەنە رۇسىيە مەسىلىلىرى بويىچە مۇتەخەسسىس بىرسى دەپمۇ بىلەتتى. ئاتولىكوۋ، ئوق مەركىزى دۆلەتلەر ئەگەر كرېمىل بىلەن يېقىنلاشقانلا بولىدىكەن، رۇسلار پارىژ بىلەن لوندوندا "مېلىنى تۆكمە بازار قىلىپ سېتىشى" مۇمكىن دەپ قاراپ، ئوجىمانىڭ پىكرىگە قوشۇلىدۇ.

باش قېتىقچىلىقىدا قالغان رىببېنتروپ، بەلكىم بېشىسگادېن () دا تۇرىۋاتقان ھىتلېر بىلەن تېلېفون ئارقىلىق بۇ ئىشنى مۇھاكىمە قىلىشقان بولىشى ھەمدە يېڭى تەلىماتلارغا ئېرىشكەن بولىشى ئېھتىمال. شۇ ئاخشىمى، رىببېنتروپ موسكۋاغا يەنە بىر پارچە تېلېگىراما

يـوللاپ، ئۇنىڭـدىن بـۇرۇن ئـۆزى تەشەببۇسـكارلىق بىـلەن رۇسـلارغا بەرگەن تەكلىپنـى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. باش ئەلچى ۋون د. شۇلېنبۇرگئەگەر بۇ يېڭـى يوليـورۇقنى تاپشـۇرۇپ ئالمىغان بولسا ئىدى، ئۇنچىۋالا ئەركىن ھەرىكەت قىلالمىغان بولاتتى.

ھىتلېــر، ئۇنــىڭ يېقىنلاشــقان ســوۋېتلىكنىڭ دەرىجىســى بەكــلا يوقــۇرى بولــۇپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ، ۋېيزسۆكېرنى بېرىپ ئاسـتاخوۋدىن ئەھـۋال ئۇقـۇپ بېقىشـنى تەلەپ قىلــدۇ. 31-مــارت كــۈنى، ۋېيزســۆكېريوليورۇق بــويىچە ھەرىكەتــكە ئۆتــدۇ. مەزمــۇن ۋە تەلەپپۇز جەھەتلەردە ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى قايتا خـاتىرجەم قىلــدىغان بىر سۆزلىشى بولغـان ئىـدى. شـۇڭا، فـۇھرېر شـۇ كـۈنى كەچـرەك ۋاقىـتلاردا شـۇلېنبۇرگقا تېلېگراممىا يولـلاپ، ئۇنى چوقۇم "سوۋېتلەر بىلەن سۆھبەتكە ئولتـۇر" دېـگەن يوليـورۇقنى بېرىدۇ. بـۇ تېلېگراممىنـى ئەنـدىلا يـوللاپ بولـۇپ، كەينىـدىن يەنە بىـر تېلېگرامما يـوللاپ رۇسلار بىلەن ئىقتىسادىي كېلىشىم ھەققىدە سـۆھبەت ئۆتكۈزۈشـنى ئەسـلىگە كەلتۈرۈشـنى تەكلىـپ قىلــدۇ. ئەممـا سـتالىننىڭ گۇمـانخورلۇقى ھىتلېرنـىڭ گۇمانخورلىقىــدىن ئېشىـپ چۈشىدۇ. 6-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، كۆرۈنەرلىك بىر نەتىجە بولمىغاچقا، ھىتلېر بۇ سۆھبەتنى تــوختىتىش بــويرۇقنى بېرىــدۇ. شــۇنداق قىلىــپ ئىككــى تەرەپنىــڭ ئورتــاق خوشــاللىق كۈنلىرىنىڭ ئاخىرلىشىدىغانلىقىنىڭ پۇرىقى كېلىشكە باشلايدۇ.

2

ستالىن ئارزۇ قىلىـپ كېلىۋاتقـان غەرب ئەللـىرى ئوتتۇرىسـىدىكى شـەرتنامە ئىمـزالاش جەھەتتىكـى ئىلگىرلەشـلەر ھىتلېرنــىڭ قولغـا كەلتــۈرمەكچى بولغانلىرىــدىن بەك پەرىــق قىلىپمۇ كەتمەيدۇ. لوندوندا بولسا، كرىپىل سارىيى ئەسـتايىدىل سـۆھبەت قىلىـش نىيىتـى بولمىغــانلىقى ئۈچــۈن، لــورد خالىفاكســنىڭمۇ تــاقەت قىلغــۇچىلىقى قالمىغــان ئىــدى. ئـۇ ۋېنسىچقا نېمىلا دېسەڭ ياق دەپ تۇرىۋالغان، بۇنداقمۇ بىر سۆھبەت بولامدۇ! بۇ سـۆھبەت، "ناتسىستلارنىڭ خەلقئارالىق مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسـىيىنىڭ نەق ئـۆزى" دەپ ۋايسـاپ بېرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى، 29-ئىيۇن كۈنى «ھەقىقەت» گېزىتى ئارقىلىق بۇ ئىشقا جـاۋاب بېرىدۇ. «ھەقىـقەت» گېزىتىغـا بېسـىلغان بـۇ ماقالىغـا «ئەنگلىـيە-ئـا ق ش ھۆكـۈمەتلىرى تەڭ-باراۋەرلىك ئاساسىدا س س س ر بىلەن كېلىشىم ئىمزالاشـنى خالىمايـدۇ» دەپ تېمـا قويۇلغـان بولـۇپ، ئىنتـايىن ئـاچچىق تىلـلار بىــلەن يېزىلغـان بىـر ماقـالە ئىـدى. سـوۋېت ئىتتىپــاقىنى ئارىســالدى قىلىۋاتقــان ئەســلى ســەۋەب، ئەنگلىــيە، ســوۋېتلەر ئىتتىپــاقىنى ھىتلېرغا قارشى بىـر مەيـدان ئـۇرۇش ئىچىـگە سـۆرەپ كىـرىش، شـۇ ئـارقىلىق ئۆزلىرىنــىڭ

تارتىدىغان زىيىنىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈشنى مەقسەت قىلغان دەپ قەتئىي ئىشىنەتتى. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش گۇمانلىق قاراپ كېلىۋاتقان ياپونىيىنىڭ لوندوندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىمۇ توكيوغا دوكلات قىلىپ، پەرىزىمچە، ئەنگلىيە يەنىلا شۇ بۇرۇنقىدەك ئىككى يۈزلىمىلىك ئويۇننى ئويناۋاتقاندەك كۆرۈنمەكتە: سوۋېتلەر بىلەن كېلىشىم تۈزۈش سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش يولى ئارقىلىق ھىتلېرغا تەھدىت قىلماقچى، گېرمانىيەنىڭ تىنچلىققا كاپالەتلىك قىلىش پىلانى ئارقىلىق ستالىنغا قارشى تۇرماقچى بولىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھىتلېر يا دىپلوماتىيە ساھەسىدىكىلەرگە كۆرۈنمەي، يا بىرەر مۇھىم نۇتۇقمۇ سۆزلىمەي پۈتۈن ياز بويىچە بېرگخوفتا بېشىنى چۆكۈرۈپ جىم يېتىۋالىدۇ. بۇ سۈكۈتنىڭ سەۋەبى بەلكىم ئۇنىڭ نېمە قىلىش ھەققىدە ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمىگەنلىدىن بولىشىمۇ، ياكى ئىشەنچىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ئىش بولىشىمۇ مۇمكىن: يەنى نۇرغۇن مەسىلىلەر چاتىقلىق بولماي تاشلاپ قويغىنىڭدا، ئۇ مەسىلىلەر ئۆزلىكىدىنلا ھەل بولۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. قايۇسلا ئەھۋالدا بولمىسۇن، ئۇ رىقابەتچىلىرىنىڭ قالايماقانلىىنشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ۋەزىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرالىشى ناتايىن. بۇ ئەسلىدە پاسسىپ بىر دەۋر ھېسابلىناتتى. ھىتلېر، چىداپ ئولتۇرۇپ مۇسسولىن ئىۋەرتكەن يازما ئاگاھلاندۇرۇشنى ئاڭلاپ ئولتۇرىدۇ. بۇ خەتنى مۇسسولىنىنىڭ بىر گېنېرالى بىۋاستە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. مۇسسولىن بۇ خېتىدە، ئۇرۇشتىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەستەك قىلىسىمۇ، بىز ئىككىمىزگىلا تىنچلىق كېرەك. "1943-يىلىغا بارغىنىدىلا ئۇرۇش كۈچلىرىدە ئەڭ زور غەلىبە قازىنىشقا بولىدىغان مەنزىرە كۆرۈلۈشى مۇمكىن" دەيدۇ. گېنېرال ئۆزى ئېلىپ كەلگەن بۇ يازمىنى ئوقۇپ كېلىپ، مۇسسولىنىنىڭ ياۋروپا ئۇرۇشغا قاتنىششنى بەك خالاپ كەتمەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى سۆزلىرىگە كەلگەندە، ھىتلېر ئۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە مۇنازىرە قىلىشنى خالىمايدۇ. ئۇنىڭ غەرىزى يەنىلا پولشانى يېتىم قالدۇرۇپ، ئۇرۇشنى بەلگىلىك دائىرە ئىچىدىلا چەكلەپ تۇتۇش ئىدى. بۇنى قانداق قىلىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەكلىكى ئۈستىدە ھىتلېر بىر ئىتالىيىلىكنىڭ پىكرىنى ئېلىپ يۈرۈشنى خالىمايتتى.

ئادىيۇتانتلىرىنىڭ قارىشىچە، ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ كۆپ راھەتلەپ قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ 7-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا تاغدىن چۈشۈپ ميۇنخېنغا كېلىپ قىسقا مۇددەت تۇرۇپ، دۆلەتلىك ئوپېرادا مەخسۇس ئۇنىڭ كۆرىشى ئۈچۈن ئوينالغان «تانخاۋسېر» (تانخاۋسېر _ گېرمانىيىنىڭ 13-ئەسىرلەردە ئۆتكەن بىر چەۋەندازى ھەم لىرىك شائىرىنىڭ ۋېناسبۇرگنىڭ بىر ئۆڭكۈرىدە ۋېناس بىلەن مۇھەببەتلىك كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن

پۇشماندا قالغانلىقى ھەققىدىكى بىر رىۋايەت. ۋاگنېر بۇ رىۋايەتكە ئاساسلىنىپ يېزىپ چىققان سەھنە ئەسىرىنىڭ ئىسمىمۇ "تانخاۋسېر" ئىدى _ ئىزاھات) نى كۆرىدۇ. بۇ تىياتىرنىڭ مەخسۇس بۇ دۆلەت رەھبىرى ھىتلېر ئۈچۈن كۆرۈنۈشلەر قوشۇمچە قىلىنغان مۇنداق بىر ئالاھىدىلىكىمۇ بار ئىدى: ئىككى نەپەر قىپيالىڭاچ قىز بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ئېۋروپا رولىنى ئالغان بولۇپ، بىر بۇقىغا مىنىۋالغان؛ يەنە بىرسى لېدا رولىنى ئوينىغان بولۇپ، ئاققۇۋ بىلەن بىرگە ئىدى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە، ئۇ بايرېئۇتقا كېلىپ يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان ۋاگنېر مۇزىكا بايرىمىغا قاتنىشىدۇ. بۇ قېتىمقى مۇزىكا بايرىمىدا تىياتىر «ئىۈزۈك» ئوينالغاندىن باشقا يەنە كىشىنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترىتىدىغان « تىرىستان بىلەن پارسىفال» مۇ ئوينىلىدۇ. ھەر قېتىم بۇ ئەسەر ئوينالغىنىدا چوقۇم ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ مەزگىلىدىكى دوستى كۇبىزېكنى ئويۇن كۆرۈشكە تەكلىپ قىلىدىغان بولسىمۇ، ئۇلار تا 3-ئاۋغۇست كۈنى، يەنى «گۆتتېردامېررۇڭ» نىڭ ئاخىرقى قېتىملىق سەھنىلەشتۈرۈلۈشىدىن كېيىنكى كۈنىسلا بىر-بىرى بىلەن كۆرۈشەلەيدۇ. ئۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، كۇبىزېك بىر ئېس-ئېس ئوفىتسېرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ۋانفرىېد مېھمانخانىسىغا كېلىدۇ. ھىتلېر بۇ كونا دوستىنىڭ ئوڭ قولىنى ئىككى قوللاپ چىڭ سىقىپ كۆرۈشىدۇ. كۇبىزېك بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ ھەتتا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي قالغان ئىدى.

كۇبىزېك، تارتىنغىنىچە فۈھرېرنىڭ رەسىملىرى بار بىر مۇنچە ئاتكىرتكىنى چىقىرىپ ئاۋستىرىيىگە قايتقىنىدا دوستلىرىغا تارقىتىش نىيىتى بارلىقىنى ئېيتىپ ھىتلېرنىڭ ئىمزالاپ بېرىشىنى ئۆتۈنىدۇ. ھىتلېر قىرلىق كۆزەينىكىنى تاقىقىنىچە _ ئۇ كۆزەينەك تاقىغىنىدا رەسىم تارتىدىغانلارنىڭ بار-يوقلىقىغا بەكلا دىققەت قىلاتتى، بارلا بولىدىكەن دەرھال كۆزەينىكىنى ئېلىۋېتەتتى _ قىزغىنلىق بىلەن ھەر بىر پارچە ئاتكىرتقىغا ئىمزاسىنى قويۇپ بېرىدۇ. كۇبىزېكمۇ بىر ياندا تۇرۇپ ئۇ ئىمزالىغان ئاتكىرتكىلارنى يەلپۈپ سىياسىنىڭ قۇرۇشىنى كۈتەتتى. ئاندىن ھىتلېر كۇبىزېكنى باشلاپ باغقا كىرىپ ۋاگنېرنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىدۇ. "ئۆزەشتۈرىدۇ. "مەن سېنىڭ بىلەن يەنە مۇشۇ يەردە ئۇچرىشالىغىنىمدىن بەكلا خوشالمەن. بۇ يەر ئىككىمىزنىڭ بۇرۇنلاردا بەكلا چوقۇنىدىغان يەرلىرىمىز ئىدى."

دۆلەت رەھبىرى بولغىنى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ ئۆستىدىكى يۈك بەكلا ئېغىر ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ شەخسى تۇرمۇشى كامىدىن-كام كۆڭۈللۈك بولاتتى. بۇ قېتىمقى كۇبىزېك بىلەن بولغان شەخسى تۇرمۇش قىستۇرمىسى ئۇنىڭ شەخسى تۇرمۇشىدا بەكلا كام كۆرۈلىدىغان بىر مىسال ئىدى. ئۇنىڭ ئېۋا براۋنغا ئايرىغان ۋاقتىمۇ بەكلا ئاز ئىدى؛ تا 1939-يىلىنىڭ باشلىرىدىلا ئېۋا باش مىنىستىرلىق مەھكىمىسىدىكى ياتاققا كۆچۈپ

كىرەلەيدۇ. ئۇ، ھىندېنبۇرگ ھايات ۋاقتىدا تۇرغان ياتاقخانا ئۆيىدە تۇرىدۇ؛ ياتاقنىڭ ئاساسلىق زىننىتى چوڭ بىر پارچە بىسمارك رەسىملا ئىدى. فۇھرېر، دېرىزە پەردىسى ھەرگىز ئېچىلمىسۇن دەپ بۇيرىق قىلغان ئىدى. بۇ ھەشەمەتلىك ياتاق بۆلۈمى (بىر گىرىم ئۆيى بىلەن بىرگە) فۇھرېرنىڭ كىتاپخانىسىغا تۇتاش ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي ئېۋانى خىزمەتچىلىرى كىرىپ چىقىدىغان مەخسۇس ئىشىكتىن ئۇنىڭ بار يېرىگە كىرىپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇ ئىككىسى ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت بويىچە ياشاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ ئىككىسى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە خىزمەتچىلەردىن سىر تۇتۇپ، بىز ئىككىمىز يېقىن دوست دېيىش بىلەن چەكلىنىپ يۈردى. چۈشتىن بۇرۇن ئېۋا ھىتلېرنى"فۇھرېرىم" دەپ ئاتاپ يۈرۈپ ۋاقتىنىڭ ئۇزۇرۇشىغا ئەگىشىپ بۇنداق چاقىرىشقا ئۆزىمۇ كۆنۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭ يېقىن دوستلىرىغا دېيىشىدىن قارىغاندا، ئېۋا ھىتلېرنى ئايرىم يەرلەردىمۇ فۇھرېرىم دەپ چاقىرىشقا ئادەتلىنىپ قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار ئىككىسىنىڭ يۈشۈرۈن تۇرمۇشىدىن خەۋەردار بولغان كىشىلەر بارغانسىرى كۆپىيىپ بارىدۇ ـ بۇنى تولۇق يوشۇرۇپ كېتەلىشىمۇ مۇمكىن بولىدىغان ئىش ئەمەس، چۈنكى ئۇلار ھېچ بولمىغاندا بىرەر قېتىمدا بولسىمۇ ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ بىلىندۇرۇپ قويىشى تەبىئى ـ بۇنداق ئىشتىن بىرسى كاپىتان ۋىيدېماننىڭ ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلىنىشىنىڭ ئالدىدا يۈز بېرىدۇ. بىر كۈنى ئەتىگىنى، ۋىيدېمان فۇھرېرنىڭ ياتىقىغا جىددى بىر تېلېگراممىنى بەرگىلى كىرگىنىدە، ئېۋانىڭ ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەن ۋىيىنا ئايىقى ھىتلېرنىڭ ئايىقى يېنىغا ئېسىغلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ – بۇ خۇددى مېھمانخانىدا ياتقان ۋاقتىدا ئايىقى مايلانغاندەكلا بىر كۆرۈنۈش ئىدى. "ئەقلىمگە لا فونتاينىنىڭ بىر تەمسىل سۆزى كەلدى. ـ دەپ يازىدۇ كېيىنكى ئەسلىمىسىدە، ـ ئۇلار پەلەمپەيدىن چۈشكەچ تىنماي كۈلۈشمەكتە ئىدى."

بېرچتېسگادېن (ئۇ يەردە ئېۋانىڭ تۇرغان ئۆيى بەكلا راھەت بىر ئۆي ئىدى، ئۇ ھىتلېر بىلەن بەكلا يېقىن مۇناسىۋەت قىلىشاتتى) ياكى باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسى دە، ھەر قېتىم مۇھىم مېھمانلار زىيارەتكە كەلگىنىدە، ئېۋانى ئۆي ئىچىگە كىرگۈزىۋەتتى ـ بۇ ئېۋانىڭ ھەممىدىن بەك كۆڭۈلسىز بولىدىغان ۋاقتى ئىدى. ئۇ دېڭىز ئارمىيە گېنېرال پولكوۋنىكى خورتىينى، پرىزدېنت خوۋېرنى، رومىنىيە پادىشاھى كارولنى، ئاگاخاننى ۋە باشقا مۇھىم ئادەملەرنى كۆرۈشنى بەكلا ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما ئۇ خۇددى بىر كىچىك بالىدەك ئۆيگە قامىلىپ قويۇلاتتى. ئۇ يېقىن دوستلىرىغا بىر قېتىم مەن ھىتلېردىن مۇسسولىنىنىڭ ۋېنسا خانىمىنى كۆرۈپ باققان بولسام، دەپ ئۆتۈنگىنىمدە، ھىتلېر قەتئىي

تۇردە رەت قىلىۋەتكەن ئىدى، دەيدۇ. ئەسلىدە ئۇ بۇ ئىسلزادە خانىم بىلەن نۇرغۇن ئوخشاشلىقلىرىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلاتتىكەن. بۇ ئىشتىن ئۇنىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم بولغانىكەن.

شۇنداقتىمۇ، پۈتۈن دۇنيادىن بۇ يەرگە كەلگەن داڭلىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا ھىتلېرنىڭ ئاشىنىسى ھۆرمەت قىلاتتى. بۇمۇ ئېۋانى ئالاھىدە خوشال قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ خوشاللىقى ئۇنىڭ قىزغىن كۈتۈش بىلەن ئۆتىدىغان تۇرمۇشىغا ئاز-تولا رەڭ بېرەتتى. يەنى ئۇنىڭ خوشاللىقى ئارانلا شۇنچىلىك ئىدى. ئۇندىن باشقا، بۇگۈنكى ئەھۋالى بۇرۇنقى ئۇ پۈتۈنلەي يالغۇزلۇق ئىچىدە قالغان، ئۇنداق يالغۇزلۇقتا چىدىماي ئىككى قېتىم ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشقا ئۇرۇنۇشقا سەۋەب بولغان كۈنلىرىگە زادىلا سېلىشتۇرغىلى بولمىغىدەك كۆڭۈللۈك ئۆتمەكتە ئىدى، ئەلىۋەتتە.

رىببېنتروپ، سىياسى كۈرەش سېپى ساھەسىدە، يەنى ھىتلېر بايرۇتتا «ترىستان» دىن ھوزۇرلىنىۋاتقان كۈنى ئاستاخوۋ بىلەن ئۆتكۈزىۋاتقان سۆھبىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەستىقلايدۇ. سۆھبەت نەتىجىسى گەرچە بۇ تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنى خوشال قىلغان بولسىمۇ، پېتېر كلېيست بۇ ئىشتا گېرمانىيىنىڭ دەرھال بىر نەتىجە ھاسىل قىلىشقا ئالدىراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ستالىن پەرق قىلىپ قالمىسۇن دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. بولۇپمۇ بىرەر شەرتنامىنى دەپ بەكلا قاتتىقلىق قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. شۇڭا بۇ ئىشتا كۈتۈشتىن قورقماسلىق كېرەك، بەلكىم بۇ ئىشتا يېرىم يىلغا قالمايلا ھەر ئىككى تەرەپ قانائەتلەنگىدەك كېلىشىم ھاسىل قىلىشقا بولىشى مۇمكىن دەيدۇ. بۇ گەپكە رىببېنتروپ كۈلۈپ كېتىدۇ. قاراپ تۇر، ئىككى ھەپتىگە قالمايلا ئۇلار شەرتنامىغا قول قويىدۇ! شۇنداق قىلىپ ئۇ كلېيستنىڭ سەبىرچانلىق بىلەن ساقلاپ تۇرغىن دەپ بەرگەن نەسىھەتىگە پەرۋا قىلمايدۇ. رىببېنتروپ، ئەنگلىيەگە تاقابىل تۇرۇش مەقسىتىدە دەرھال كېلىشىم ئىشىنى تاماملاش ئۈچۈن شۇلېنبۇرگقا مولوتوۋ بىلەن قايتا بىر قېتىم كۆرۈش دەپ يولىيورۇق بېرىش بىلەن بىرگە، ئەستايىدىللىق بىلەن سىياسى سۆھبەتكە كىرىشىش تەكلىۋىنى بېرىدۇ. بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈش 3-ئاۋغۇستقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. گېرمانىيە باش ئەلچىسىنىڭ يوللىغان دوكلاتىدا، بۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن ئالغان تەسىراتى شۇكى، "ئەگەر قارشى تەرەپ س س س ر نىڭ ئارزۇسىنى تولۇق قامدىيالايدىغانلا بولىدىكەن"، سوۋېتلىر ئىتتىپاقى ئەنگلىيە ۋە ئا ق ش ئىككىسى بىلەنمۇ شەرتنامە ئىمزالاشنى نىيەت قىلغان. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇنداق بىر ئارزۇدا ئىكەنلىكىنى مولوتوۋ مەخسۇس تەلەپ قىلىپ ئوتتۇرلۇقتا يايدۇرغان. ئۇ ستالىن بىلەن بىرگە ۋىلھېلم كوچىسىدىكى تەققەززالىققا دىققەت قىللىغانلىقى ئېنىق. بۇ ئىشلار بىر تەرەپتىن گېرمانىيىنى قىزىقتۇرسا، يەنە بىر

تەرەپتىن ئەنگلىيەنىڭ بۇرنىغا چۈلۈك ئۆتكۈزۈپ يېتىلمەكتە ئىدى.

بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، ھىتلېر رىببېنتروپىتىمۇ بەكرەك تىتىلدىماقتا ئىدى. چۈنكى ئۇ، پولشا ئوپېراتسىيىسى ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى كۈن قىلىپ بەلگىلىگەن ۋاقىتقا بىر ئايچىلىكمۇ ۋاقىت قالمىغان ئىدى. ئەمما ئۇ شۇ كۈگىچە ستالىننىڭ كاپالىتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مۇھتاجلىق، يەنى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ بۇ ئىشقا مۇداخىلە قىلماسلىقى كېرەك ئىدى.دەل شۇنداق مۇھىم بىر پەيتتە، ئۇ بىر بولسا تەلىيىنىڭ ئوڭدىن كېلىشىنى ئۈمىد قىلىشى ياكى بولمىسا زورلۇق كۈچكە تايىنىشى كېرەك ئىدى. شۇلېنبۇرگ بىلەن مولوتوۋ سۆھبىتىنىڭ ئەتىسى پولشادا بىر بوھران يۈز بېرىدۇ. دانزىگتىكى ناتسىستلار پولشا دائىرىلىرىنىڭ مەسئۇللىرىغا، بىز بۇندىن كېيىن سىلەرنىڭ تەكشۈرۈشلىرىڭلارنى قوبۇل قىلماسلىق توغرىلىق ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇپ ئالدۇق دەپ بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭغا پولشا تەرەپ دەرھال ئىنكاس قايتۇرىدۇ: ئۇلار قاتتىق غەزەپلەنگەن ھالدا بۇنداق بىر بۇيرۇقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. دانزىگ ئەركىن شەھەرلىك ئاۋام پالاتاسىنىڭ باشلىقىمۇ غەزەپلەنگەن ھالدا بىز بۇنداق بىر بۇيرۇق چۈشەرگەنلىكنى رەت قىلىپ تۇرىۋالىدۇ. ھەمدە پولشا پۈتاخ چىقىرىشقا ئۇرۇنماقتا، دانزىگقا تەھدىت سالماقتا، دەپ ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ ھەققەتەنمۇ پەسكەشلەرنىڭ ھوقۇققا چىقىشى ئىدى. ئۇ دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، 9-ئاۋغۇستتا قۇماندانلىق ھوقۇقىنى تارتىپ ئالىدۇ. يەنە شۇ كۈنى بېرلىنمۇ ۋارشاۋاغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، ئەگەر داۋاملىق دانزىگقا ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتوم بېرىشنى داۋام قىلىدىغانلا بولىدىكەنسىلەر، ”بۇنىڭ ئاقىۋىتى چوقۇم گېرمانىيە-پولشا مۇناسىۋىتىنىڭ جىددىيلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ“ دەيدۇ.ئەسلىدە كىچىككىنە بىر شامال، ئېغىر بىر بوھران ھالىغا كەلتۈرۈلگەنىدى. بۇنىڭغا پولشا رەددىيە بېرىپ، گېرمانىيە ئەگەر گېرمانىيە ئوتتۇرغا چىقىپ مۇداخىلىدە بولماقچى بولىدىكەن، پولشا بۇنداق بىر ھەرىكەتنى تاجاۋۇزچىلىق دەپ ھېسابلايدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

تىزگىنلىنىپ بولۇنغان گېرمانىيە گېزىتلىرىمۇ بۇ ئىش ئۈستىدە ۋارقىراپ-جارقىراشقا باشلايدۇ. ”ھەي پولشالىقلار، ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار!“ گېزىتلار چوڭ خەتلىك تېمىلىرى بىلەن تولغان بولۇپ، ”ۋارشاۋا دانزىگنى بومباردىمان قىلىدىغانلىقى بىلەن تەھدىت قىلماقتا _ پولشا ئۆزىنى چاغلىماي قۇرۇق پو ئاتماقتا!“ دەپ يېزىشاتتى يەنە بىر ماۋزۇدا. گېببېلس ۋارقىراپ-جارقىراپ يۈرگەن بۇ كۈنلەردە، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولسا گېزىتلارغا قارىغان خېلىلا تۆۋەن مۇقامدا ھۇجۇمغا ئۆتكەنىدى. رىببېنتروپنىڭ ئىقتىسادىي مۇتەخەسسىسى يۇرىئۇس شنور، ئاستاخوفقا گېرمانىيەنىڭ پولشادىن كۈتىدىغان مەنپەئەتلەر ھەققەتەنمۇ چەكلىك دەپ ۋەدە بېرىدۇ. ”گېرمانىيەنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى

بىلەن بولغان ھەر قانداق بىر مەنپەئەتى بىلەن توقۇشمايدۇ. _ دەيدۇ بۇ مۇتەخەسسىس، _ ئەمما بىز بۇ مەنپەئەتلەرنىڭ ئەسلىدە نېمە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلىشمىز كېرەك.“

گەرچە ھىتلېر ھېلىغىچە تاغدا يوشۇرۇنۇپ يېتىۋالغان بولسىمۇ، بۇ ئىشلارنى بىۋاستە سۈرۈشتە قىلىشتىنمۇ توختىمىغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەخسۇس ئايروپلانىنى دانزىگقا ئەۋەرتىپ، بىرلەشكەن مىللەتلەر جەمىيىتىنىڭ بۇ ئەركىن شەھەردە تۇرۇشلۇق يۇقۇرى دەرىجىلىك تولۇق ھوقۇقلۇق مەخسۇس خادىمى كارل بۇركخاردنى ئېلىپ كېلىدۇ. 11 - سىنتەبىر كۈنى، بۇركخارد سالزبۇرگقا يېتىپ كېلىپ دەرھال ئاپتوموبىللىق كىرىستان تېغىدىكى چايخانا بىناسىغا چىقىدۇ.

بۇ چاغدا ھىتلېر باشقا بىر ئىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ”ئىنتايىن مۇھىم بولغان يەنە بىر ۋەقە پات يېقىندا يۈز بېرىشى مۇمكىن“ دەيدۇ ھىتلېر لېفىتقا چىقىپ يىغىن زالىغا كۆتۈرۈلىۋاتقىنىدا سېپىرغا. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە غۇدۇڭشىغىنىچە گىيۆرىڭنى كوماندىروپكىغا ئەۋەرتىدىغانلىقىنى دەيدۇ. ”ئەمما، ئەگەر لازىم بولغىنىدا مەن ئۆزەم بېرىشىممۇ مۇمكىن. مەن پۈتۈن تەغدىرىمىزنى بۇ ئويۇنغا باغلىق دەپ قارايمەن.“ ئۇنىڭ بۇ دېگىنى ستالىن بىلەن تۈزۈشىدىغان كېلىشىمنى كۆزدە تۇتقان ئىدى. بۇركخارد يىغىن زالىغا كىرىپ كەلگىنىدە ھىتلېر غەزىۋىدىن يېرىلىپ كەتكىدەك ھالغا كېلىپ، پولشا مەسىلىسى ھەققىدە قاتتىق قايناپ كېتىدۇ. ”ئىش باشلاشتىن بۇرۇن ئاگاھلاندۇرۇش ئالماي تۇرۇپ ھەر قانداق بىر ۋەقە يۈز بەرگىدەك بولىدىكەن، _ دەيدۇ ھىتلېر ۋارقىرىغىنىچە، _ مەن ئۇلارنى چۈشىدىمۇ خىيالىغا كەلتۈرەلمەيدىغان بارلىق ماشىنلاشقان قىسىملاردىن پايدىلىنىپ چاقماق تېزلىكىدە پولشالىقلارنى ئېزىپ ۋەتۈەرىكىنى چىقىرىۋېتىمەن! گېپىمنى ئاڭلىدىڭمۇ؟“ دەپ ۋارقىرايدۇ.

”ئۇقتۇم باش مىنىستىر جانابلىرى، بۇ دېگىنىڭىز چوڭ بىرىش ئۇرۇشتىن دېرەك بېرىدۇ.“

ھىتلېرنىڭ چىرايى دەرھال ئاچچىق غەزەپكە تولىدۇ. ”ياخشى گەپ. – دەيدۇ ھىتلېر، _ ئەگەر مەن بۇ ئۇرۇشقا مەجبۇرلانغان ئىكەنمەن، ئۇنداقتا بۇ ئۇرۇشنى بۈگۈنلا باشلاشقا رازىمەنكى، ئۇنى ھەرگىزمۇ ئەتىگە قالدۇرمايمەن. مەن ھەرگىزمۇ ئىككىنچى ۋىلھېلمغا ئوخشاش ئۇرۇش قىلمايمەن. ئۇ ئادەم ئومۇمىي يۈزلۈك ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن ھەر دائىم قاتتىق غەمدە قېلىپ بەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ كېتەتتى. ئەمما مەن، رەھىمسىزلەرچە ھۇجۇمغا ئۆتىمەن. بۇ ئۇرۇشنى كۆكۈم-تالغان بولۇپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرىمەن!“

خۇددى ھورىنى بوشىتىۋالغان پاراۋۇزدەك جىمىپ كېتىپ، ئۆزىنى تۇتىۋالغان ھالدا مېھمىنىغا: مېنىڭ ھەرگىزمۇ ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيەگە ھۇجۇم قىلىشنى ئارزۇيۇم يوق. ”مەن ھەرگىزمۇ رومانتىك ھاياجان ئىچىگە پېتىپ قالىدىغان بىرسى ئەمەسمەن. ـ دەيدۇ ھىتلېر خوشال ھالدا، ـ مېنىڭدە ئىتتىپاقداشلارغا باش بولۇش دەيدىغان بىر ھەۋىسىم يوق. ئەڭ مۇھىم بولغىنى، مەن ھېچ قاچان، مەيلى بۇگۈن ياكى ئەتە، غەرپتىن بىرەر مەنپەئەت ئاختۇرۇش نىيىتىدە ئەمەسمەن.“ ئەمما شەرقتە، ئەركىن ھەرىكەت قىلىشنى خالايمەن. ”مەن گېرمانىيەنى يېتەرلىك بۇغدايغا ئىگە قىلىشىم كېرەك.“ ياغاچ ماتېرىياللىرىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ياۋروپا سىرتىدا يەنە مۇستەملىكىگىمۇ ئېھتىياجىمىز بار، دەپ، ئۆزىنىڭ غەرىزىنىڭ نەقەدەر چوڭلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ”پەقەت مۇشۇ بىر قېتىمدا، ـ دەيدۇ ئۇ قايغۇلۇق بىر شەكىلدە، ـ مۇھىمى، سىزگىمۇ مەلۇم، مەن بۇ ئىشلار ھەققىدە كىشىلەر بىلەن سۆھبەت قىلىش ۋە مۇھاكىمە قىلىشقا ھەر دائىم تەييارمەن.“

ئۇ قايتا-قايتا تەكىتلەپ ئەگەر شەرقتە ئەركىن ھالغا كېلەلىگىدەكلا بولىدىكەن، ئەنگلىيە بىلەن كېلىشىم ئىمزالاشقا، ئەنگلىيەنىڭ بارلىق تەۋەلىكلىرىگە كاپالەتلىك قىلىشقا رازىلىق بىلدۈرەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. روشەنكى، ھىتلېر بۇ ۋەدىسىنى، شۇنىڭدەك كەينىدىنلا دەيدىغان تەھدىتى بىلەن قوشۇپ لوندونغا يەتكۈزۈلۈشىنى ئۈمىلىماقتا ئىدى. ”كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، مەن پۈتۈنلەي قانداق قىلىپ رۇسىيىگە قارشى تۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يۈرىمەن. ئەگەر غەرپلىكلەر بۇنىمۇ چۈشىنەلمىگىدەك ئاخماق ھالغا كېلىپ قالغان بولسا، ئۇ ھالدا، مەن رۇسىيە بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، ئاۋال غەرپنى تارمار كەلتۈرگەندىن كېيىن ئاندىن بۇرۇلۇپ پۈتۈن كۈچ بىلەن سوۋېتلەرگە قارشى چىقىشقا مەجبۇرمەن. مەن ئۇكرائىنغا مۇھتاجلىقمەن. بىز ئۇكرائىنانى قولغا كىرگۈزەلىگىنىمىزدىلا ئۆتكەنكى دۇنيا ئۇرۇشىدا كۆرۈلگىنىدەك بۇي سۇندۇرۇلۇشتىن ساقلىنالىشىمىز مۇمكىن.“

3

بۇركخاردقا قاراڭغۇ بولۇپ تۇرغىنى، يېقىندا ئەنگلىيە چېمبېرلىنىنىڭ يوقۇرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىلىرىدىن بىرى ئارقىلىق ھىتلېرغا مەخپىي بىر تەكلىپ سۇندى. سىر خولاس ۋېرسون، كىنسىتوندىكى ئۆيىدە رىبېنتروپنىڭ مەخپىي ۋەكىلى فرىتز ھېس بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. بۇ قېتىمقى مەخپىي سۆھبەت جەريانىدا ۋېرسون، باش ۋەزىرنىڭ فۇھرېر بىلەن 25 يىل مۇددەتلىك ئىتتىپاق تۈزۈشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ

ئىتتىپاق شەرتلىرىنىڭ ئىچىدە ئىمپېرىيەگە ئىقتىسادى مەنپەئەتلەر بىلەن تەمىنلەش مەسىلىلىرىمۇ بار ئىدى. "مۇۋاپىق پەيتتە" گېرمانىيەنىڭ مۇستەملىكىلىرىنى بۆلۈپ-بۆلۈپ قايتۇرۇپ بېرىش ھېساۋىغا ھىتلېرمۇ چوقۇم ياۋروپادا قايتا تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلەر بىلەن شوغۇللانماسلىققا كاپالەتلىك قىلىشى تەلەپ قىلىنغان ئىدى.

ھېسنىڭ دېيىشىچە، ئۇ بۇ گەپلەرنى توغرا ئاڭلاپ-ئاڭلىغانلىقىنى بىلەلمەي، سىر خولاستىن بۇ گەپلەرنى قايتىدىن تەپسىلىرەك ئېيتىپ بېرىشىنى ئۆتۈنىدۇ. خولاس مۇ ئۇنىڭغا تەپسلى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدۇ. "ئەگەر مەن ھىتلېر بولغىنىمدا ئىدى، _ دەيدۇ قاتتىق ھەيران بولغان ھېس، _ سىزنىڭ بۇ تەكلىپىڭىزنى دەرھال قوبۇل قىلار ئىدىم. شۇنداقتىمۇ ھىتلېرنىڭمۇ ئەنە شۇنداق قىلىشىدىغا ھېچ كىم بىر نېمە دېيەلمەيدۇ." ھېس بۇ تەكلىپنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە يوللىۋېتىپ ئۇزۇنغا قالماي، ۋېرسونىنىڭ ماشىنىكىدا بېسىپ چىقىرىلغان ھۆججىتىنى ئېلىپ _ بۇ ھۆججەتتە تەكلىپنىڭ مۇھىم نوقتىلىرى خۇلاسىلاپ يېزىلغان ئىدى _ مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن گېرمانىيىگە قايتىدۇ. رىبېنتروپ بۇ تەكلىپتىن قاتتىق تەسىرلەنگەن بولسىمۇ، بۇ تەكلىپنى قانداق قىلىپ ھىتلېرغا ئىشەندۈرگۈزۈشكە بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ، بۇ مەسىلە بەكلا ئەستايىدىن مۇئامىلىدە بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى. ھېسنىڭ ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيىگە ھۇجۇم قىلىپ قالغىدەك بولسا، ئەنگلىيە ھىتلېر تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغانلىقىغا ھېس راستىنلا ئىشەنگەنمىدۇ؟ گېرمانىيە بىلەن سوۋېتكە ئۇلتۇرۇشتىن ئاۋال ئەنگلىيەلىكلەر موسكۋا بىلەن داۋام قىلىۋاتقان سۆزلىشىشلىرىنى توختىتىۋېتەلىشى مۇمكىنمىدۇ؟ ھېس ھەقىقەتەنمۇ ئەنگلىيىلىكلەرگە ئىشەنگەن ئىدى.

نەق مەيداندا بولغان بىرسى ھېسقا، ھىتلېر بۇنداق بىر تەكلىپ لايىھىسىنى دەسلەپتە ئاڭلىشى بىلەن خوشاللىقىدىن باشقىچىلا بولۇپ قالغان. ھىتلېر، "بۇ مېنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان ئاڭلاشقا تەشنا بولۇپ كېلىۋاتقان ئەڭ ياخشى خەۋەر!" دەپ ۋارقىرىۋەتكەن. ئاندىن ئۇ خۇددى كىچىك باللاردەك خىياللار ئىچىگە پېتىپ كېتىدۇ. ئۇ، پۈتۈن ئۆمۈرى بويىچە خام خىيال قىلىپ كېلىۋاتقان ئارزۇسى، يەنى كۈچلۈك بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇش ئارزۇسى مانا بۈگۈن ئىشقا ئېشىش ئالدىدا تۇرماقتا ئىدى! ئەمما ئۇ دەل شۇ پەيتتە، ئىچ-ئىچىدىن قورقۇشقا باشلايدۇ. بۇ دېگەن ۋېلسوننىڭ قۇرغان بىر قاپقىنى، ئۇ پولەكلەرنىڭ تېگىشلىك ئەدەپلىنىشىدىن ساقلاپ قېلىشنى مەقسەت قىلغانلىقى، دەپ قاياپ كېتىدۇ. "ھىتلېر زادى نېمە دېگەكچى؟" دەپ سورايدۇ ھېس ئۇنىڭغا بۇ خەۋەرنى ئېيتقان كىشى _ رىبېنتروپنىڭ باش مىنىستىرلىكتىكى ئالاقىچىسى ۋارت خوۋېردىن. خوۋېر ئۇنىڭغا "فۈھرېر پولەكلەرنى بويسۇندۇرۇش خىيالى ئىچىگە پېتىپ

قالغان“ دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

بۇ ھەپتە بويىچە رىببېنتروپ ھېستىن ئەنگلىيە دانزىگ ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىغا ”ھەقىقەتەنمۇ تولۇق ئىشىنەمسەن“ دەپ سورايدۇ. ھېسمۇ ئۇلارنىڭ بارلىق خەۋەر مەنبەلىرى شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، چېمبېرلىننىڭ بۇنىڭدىن باشقا بىر ئويى يوق، پولشا تۇپراقلىرىغا قارىتا ھەر قانداق بىر تاجاۋۇز، ئۇرۇش بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقى ئېنىق، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ”فۈھرېر بۇ گەپلەرگە ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ! _ دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ رىببېنتروپ، _ بەزى ئاخماقلىرىمىز ئۇنىڭغا ئەنگلىيە پەقەتلا قورقۇتۇشنى بىلىدۇ، ئەگەر بىزمۇ ئازىراقلا قورقۇتۇش بىلەن جاۋاب قايتۇرىدىغانلا بولىدىكەنمىز ئۇلار دەرھال بىزگە ئىگىلىپ تىز چۆكىدۇ، دەپ ئېيتقان.“ رىببېنتروپنىڭ كۆرۈنۈشتە بىر خىل، ئىچىدە بىر خىل قىياپىتىدىن قايمۇقۇپ كەتكەن ھېس ئۇنىڭغا دەرھال مۇنداق دەپ سوئال قويىدۇ: سىز راستىنلا ئەنگلىزلەر بىزنى قورقۇتۇپ يۈرىدۇ دەپ ئويلامسىز؟ بۇ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئۇنىڭغا، مەن بۇرۇن فۈھرېرگە دېگەن ئىدىم، قارىغاندا ئەنگلىيە ياۋروپا كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ئىشلىرىدا ئەنگلىيەگە مۇھتاج دەپ ھېسابلىشىدىكەن؛ ياكى ئۇلۇغ بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسى تەھدىتكە ئۇچرىغىنىدا، ئىنگلىزلار ھەرگىزمۇ يۇمشاقلىق قىلىپ كەينىدە سۆرۈلۈپ يۈرمەيدۇ دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، رىببېنتروپ ھېسقا مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىنگلىزلارنىڭ بارلىق قاراشلىرىنى ھىتلېرغا يەتكۈزۈپ بولدۇم، دەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ھېس يەنىلا، ئەگەر ئەنگلىيە راستىنلا دانزىگدىن ئىبارەت بۇنداق ئۇششاق بىر ئىشلار ئۈچۈن ئۇرۇشقا كىرىشىدىغانلا بولىدىكەن، ئۇ ھالدا، ئەنگلىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئىشىدىن ھەرگىز ساقلانغىلى بولمايدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ.

رىببېنتروپ، بۇ ئىش ئۈچۈن قايتىدىن ھىتلېر بىلەن سۆزلىشىپ بېقىشقا ماقۇل بولىدۇ. ھىتلېر ھېسنىڭ پىكرىنى ئويلىنىپ، ”بۇ جىمجىتلىق ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ“ دەيدۇ. بۇ گەپ رىببېنتروپنى بەكلا خوش قىلىۋېتىدۇ. ئەمما، ھىتلېر بۇنىڭ بىر ئەخمەق قىلىپ ئويىنىش بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، يەنىلا بەك ئىشەنچ قىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئىنگلىزلارنىڭ گېپىدىن يېنىۋالماسلىقىغا قانداق كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؟ ”فۈھرېرىم، _ رىببېنتروپ دوكلات قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، _ ئۇلار ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىشنى ئويلايدىغانلا بولسا بۇ ئىش بولىدىغان ئىش.“ بۇنداق قاتتىق مۇئامىلە قىلىش، 11-ئاۋغۇست كۈنى رىببېنتروپنىڭ سالزبۇرگتا مۇسسولىنىنىڭ كۈيئوغلى بىلەن كۆرۈشكەندىكى دىپلوماتىيىلىك پائالىيىتىدىمۇ ئىپادىلەنگەن ئىدى. سىئانو مۇسسولىنىنىڭ يولىيورۇقىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى: مۇسسولىن، پولشاغا قارىتا ھەر قانداق بىر بېسىپ

كىرىش ھەرىكىتىنى قائىتىي تۆردە كىچىكلىتىۋىتىش كېرەك، بۇ ئىشنى چوقۇم سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىش شەرت، دەپ تەكىتلىگەن ئىدى.

رىبېنتروپمۇ خۇددى فۇھرېرگە ئوخشاشلا ئىتالىيە باش مىنىستىرىنىڭ ئۆزى بىۋاستە كەلمەي ئەلچىسىنىلا يولغا سېلىپ قويىشىدەك پوزىتسىيىسىدىن بەكلا نارازى ئىدى. بەزى گەپلەردىن قارىغاندا، چيانوۋ ھەر قېتىم گېرمانىيىگە كەلگىنىدە ھاراق ئىچىپ غىق مەس ھالدا ئاياللار بىلەن ئويناپ دىغانلىقى مەلۇم ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، فۇھرېر بىلەن رىبېنتروپنىڭ ھەر ئىككىسىلا ئۇنى كۆزگە ئىلىپ كەتمەيتتى. سۆزلىشىش جەريانىدا، رىبېنتروپ ساداقەتلىك بىلەن خوجايىنىنىڭ ئويلىغانلىرىنى سىئانوغا يەتكۈزىدۇ. بەلكىم بۇ تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئويى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ھەرقانچە دېگەن بىلەن، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى ھىتلېرنىڭكىدىن كۆپ پەرق قىلىپ كەتمەيتتى. يەنى سىئانومۇ شۇنچە گەپدانلىق قىلىپ تىنچلىق بىلەن مەسىلە ھەل قىلىش تەرەپتارى بولۇپ كۆرۈنسىمۇ، رىبېنتروپ ئۇنىڭ گېپىگە پەقەتلا قۇلاق سالمايتتى. سىئانوئاخىرىدا رىبېنتروپتىن ساڭا نېمە كېرەك، كورىدور كېرەكمۇ ياكى دانزىگ؟ دەپ سورايدۇ. ”ھازىرقى مەسىلە ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتتى. ــ دەيدۇ رىبېنتروپ جاۋابەن، ــ بىزگە كېرىكى ئۇرۇش.“

سىئانو بىلەن رىبېنتروپ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ سوغۇقلۇق كاتىپلار بۇلۇمىگىمۇ تەسىر قىلغان ئىدى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا، ئۇلار بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشماي ئولتۇرىدۇ. بۇ جەرياندا سىئانونىڭ رەڭگى ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، يېنىدىكى بىر ئىتالىيىلىك ئانغا پىچىرلاپ مۇنداق دەيدۇ: ”بىز بايا ئۇرۇشۇپ قالغىلى تاسلا قالدۇق.“

قىزىق يېرى، رىبېنتروپنىڭ قورقۇتۇشى ئالدىدا يۇۋاشلىق بىلەن باش ئېگىپ تۇرغان سىئانو، ئەتىسى بېرگخوفتا ھىتلېر بىلەن قىلچە تەپ تارتماستىن تىركىشىپ تۇرىۋالىدۇ. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا، سىئانو يەنە گۇل بىزەكلەرگە قاراپ چاخچاقمۇ قىلىۋالىدۇ ــ تەرجىمان دولمان، بۇ گۇللەرنى ئېۋا براۋن تىزغان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىدۇ. رەسمى مۇزاكىرى باشلانغاندىن كېيىن، سىئانو ھىتلېرغا پەم-پاراسەتلىك بىلەن قاتتىق رەددىيە بېرىدۇ. ئۇ ھىتلېرنى، غەرپلىكلەر مۇ ئۇرۇش ئېلان قىلىش ئېھتىمالى سەۋەبىدىن پولشا بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئىشى يالغۇز پولشا بىلەنلا چەكلىنىپ قالالىشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. سىئانوئىتالىيە تېخى ئومۇمىي يۈزلۈك ئۇرۇشقا تەييار ئەمەس، ئۇنىڭ ستراتېگىيىلىك ماددى بۇيۇملىرى بىر قانچە ئايلىق ئۇرۇشقىمۇ يەتمەيدۇ، دەپ ئېنىق قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ھىتلېر مۇلايىملىق بىلەن سۆھبەتنى ئەتە چۈشتىن بۇرۇن داۋاملاشتۇرايلى، قاراڭغۇ چۈشمەستىن ماشىنىلىق كىرىستان تېغىغا يېتىپ بېرىۋېلىشىمىز كېرەك، دەپ تەكلىپ قىلىدۇ. سىئانوماقۇل بولغاندەك قىلسىمۇ بۇ تەكلىپكە ئۇنچە بەك

قىزغىن ئەمەس ئىدى. ھىتلېر ئۇنى بىر دېرىزىنىڭ ئالدىغا تارتىپ كېلىپ، دېرىزە سىرتىدىكى گۈزەل مەنزىرىنى تەپسىلى تونۇشتۇرۇپ كېتىدۇ. سىئانو ئىختىيارسىزلا تىترەپ كېتىدۇ. كەينىدىنلا ئۇ كەينى-كەينىدىن قىزىق چاي ئىچىپ كېتىدۇ ـ ئۇ ئەسلىدە بۇنداق ئىسسىق چاي ئىچىشنى پەقەتلا ياخشى كۆرمەيتتى. تاغ يولىدىكى مېڭىش سىئانونى بەكلا ئېچىنىشلىق ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى سىئانو قېينى ئاتىسىغا تېلېفون قىلىپ، "ۋەزىيەت بەكلا ئېغىر" دەپ ئۇختۇرىدۇ.

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، سىئانو تۇگىشىپلا كېتىدۇ. ئۇ ھىتلېر بىلەن ئىككىنچى باسقۇچلۇق سۆھبەتكە ئولتۇرغىنىدا، ئىتالىيىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا پەقەتلا كۈچى يوق دېگەن گەپنى پەقەتلا تىلغا ئالمايدىغان بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. ئۇنىڭ داڭلىق مۇنازىرە قابىلىيىتى بىراقلا نەلەرگىدۇ ئۇچۇپ كەتكەن ئىدى. تەرجىمان شمىدتنى ھەيران قالدۇرغىنى، "ئۇ خۇددى قەلەمتىراشنى قاتلاپ يانچۇقىغا سېلىۋالغاندەك جىمىپلا قالغان ئىدى". ئۇنىڭ تۇنۇگۈنكى سوغۇققان ئەمما كەسكىن سىياسىي قابىلىيىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى. فۇھرېر ئۇنىڭغا، ئەنگلىيە-فرانسىيە ئىككىسى ھەرگىزمۇ پولشانى دەپ ئۇرۇش قىلمايدۇ، دەپ كاپالەت بېرىدۇ. بۇ ھەقتىكى گەپلەرنى سىئانوقۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاشتىن باشقا ھېچ نېمە قىلالمايدۇ. "بۇرۇنلاردا، بىزنىڭ قاراشلىرىمىز سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىز بىلەن زىت بولۇپ قالغىنىدا، سىزنىڭكى ھەر دائىم توغرا بولۇپ چىققانتى، ـ دەيدۇ سىئانو، ـ بۇ قېتىم، مېنىڭچە سىز راستىنلا ھەممىمىزدىن ئېنىق كۆرۈپ تۇرغاندەك قىلىسىز."

ئارىدىن بىر قانچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، سىئانوپۇتۇنلەي روھسىزلانغان ھالدا ئايروپىلانغا چىقىپ دۆلىتىگە قايتىپ كېتىدۇ. "مەن رىمغا قايتىپ كەتتىم، ـ دەپ يازىدۇ ئۇ كۈندىلىك خاتىرىسىگە، ـ مەن نېمىسلاردىن، ئۇلارنىڭ داھىسىدىن ۋە شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئىش بېجىرىش ئۇسۇلىدىن پۈتۈنلەي زېرىككەن ئىدىم. مانا بۇگۈن ئۇلار بىزگە قەتئىي ھاجىتى بولمىغان، بەلكىم ھۆكۈمەتنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان، پۈتكۈل دۆلەتنى خەتەر ئىچىگە باشلاپ ماڭىدىغان بىر يەرگە تارتىپ كېتىلمەكتە ئىدۇق."

سىئانو قايتىپ كېتىپ ئۇزۇنغا قالماي، ھېس سالزبۇرگتىكى بىر مېھمانخانىدا تۇرىۋاتقان رىببېنتروپ بىلەن كۆرۈشۈش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئۈستەل ئۈستىگە قاراپ ئۇن مىنۇتتەك ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالغان ئىدى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ھېس قاراپ ئەنسىرىگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ: "مەن يېڭىراقتىلا فۇھرېرنىڭ يېنىدىن كەلدىم. ئۇ چېمبېرلىننىڭ تەكلىۋى ھەققىدە مۇزاكىرىلىشىشنى پەقەتلا خالىمىدى. ئۇ بۇ يەردە ۋىلسوننىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپىنى كۆزدە تۇتماقتا ئىدى. ـ

ئۈنىڭ غەربىزى پۈتۈنلەي باشقا. چىمبېرلىنىنىڭ تەكلىۋىنى ھەرگىزمۇ چۆرۈپ تاشلاشقا بولىدىغان بىر تەكلىپ ئەمەس. ۋاقتى كەلگەندە بىز بۇ ئىشنى قەيتا ئوتتۇرغا قويايلى." ئۇ، ھېسقا تەلىمات بېرىپ، دەرھال لوندونغا قاراپ ئۇچ، ئۇ يەردە بولىۋاتقان گەپلەرنى قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاپ كەل، سەگەك بول، دەيدۇ.

"فۇھرېر بەكلا خەتەرلىك بىر كوزۇرنى ئوينىماقچى بولىۋاتىدۇ. ئۇ بۇ ئويۇندا ئۇتۇپ چىقالامدۇ-يوق، ھېچ نېمە بىلمىدىم. ھەر نېمە دېگەن بىلەن، بىز بەربىر ئەنگلىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايمىز. خەۋىپ ئارتىپ كەتكەن ۋاقىتتا سەن دەرھال بىزگە ئۇچۇر يوللىشىڭ كېرەك." (قارشى ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايمىز. خەۋپ ئارتىپ كەتكەن ۋاقىتتا سەن دەرھال بىزگە ئۇچۇر يوللىشىڭ كېرەك.)

ھىتلېر چىيانوغا تولۇق ئىشەنچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەندەك قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ھەققەتەنمۇ بىر پەردىلىك ئويۇندىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇ ستالىنىنىڭ كىلىشىم تۈزۈش ئىشىنى ئىزچىل تۈردە كەينىگە تارتىپ كېلىشىدىن قاتتىق غەم قىلىپ يۈرەتتى. بەزى دوكلاتلاردا، يېقىندا بىر ئەنگلىيە-فرانسىيە بىرلەشمە ۋەكىللەر ئۆمىكى موسكۋاغا بېرىپ سوۋېتلەر بىلەن ئۆتكۈزگەن مۇۋەپپەقىيەتلىك سۆھبەتلىشىشىنىڭ ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرغانلىقىدىن مەلۇمات بەرمەكتە ئىدى. بۇ مەلۇماتمۇ ئۇنىڭ غېمىنى ئارتتۇرىۋەتكەن ئىدى. ئەسلىدە، رۇسلار بۇنداق بىر سۆھبەتكە بەك قىزىقىپمۇ كەتمەيتتى. چۈنكى، ئۇلار ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر سوۋېتلەرنى ئوينىتىۋاتىدۇ، دەپ بىلەتتى. يەنى، ئەنگلىيە-فرانسىيە بىرلەشمە ۋەكىللار ئۆمىكى دېگەن بۇ گۇرۇپ، ئەسلىدە بىر كۈن ئىچىدە موسكۋاغا يېتىپ بارالايدىغان تۇرۇقلۇق، 6 كۈندە ئاران يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار يۈك ۋە يولۇوچى ئارلاشما كېمە ۋە پويىز قاتارىغا ئولتۇرۇپ سەپەر قىلغان ئىدى. يەنە بىر ئىش بولسا، بىر نەپەر يوقۇرى دەرىجىلىك ئەنگلىيە ئەمەلدارىنىڭ ئېلىپ كەلگەن ھۆججەتلىرى تولۇق ئەمەس ئىدى؛ سۆھبەت ئاخىرقى ھېسابتا يولغا چۈشكەن ۋاقىتدا، ئېنگلىزلاردا سۆھبەتكە پەقەتلا ھەۋىسى يوقلىقىنى ئىپادىلەيدۇ: ناتسىستلاردىن ئورتاق مۇداپىيىلىنىش سېپى تەشكىل قىلىش مەسلىسىدە سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەشەببۇسكارلىق بىلەن 136 دىۋىزىيە چىقىرالايدىغانلىقىنى ئوتتۇرغا قويغان بولسا، ئەنگلىيە ئارانلا 11 ماشىنلاشقان دىۋىزىيە بىلەن 5 پىيادىلار دىۋىزىيىسى چىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ھەممە ئىش بۇنىڭلىق بىلەنلا تۈگىمەيدۇ، گېرمانىيە فۇھرېرى رىببېنتروپنى كرېمىل سارىيىغا بېسىم ئىشلىتىش بۇيرۇقىنى بېرىدۇ. شۇلېنبۇرگ مولوتوۋ بىلەن ئالدىراش-تېنەش كۆرۈشىدۇ. 15-ئاۋغۇست ئاخشىمى، تاشقى ئىشلار كومىسسارى مولوتوۋ گېرمانىيە باش ئەلچىسى شۇلېنبۇرگ بىلەن كۆرۈشكىنىدە ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن

ئـاڭلاپ بەرگەن بولسـىمۇ، مەسـىلىلەرگە دەرھـال جـاۋاب بەرمەي تۇرىۋالغـان. ئـاۋال ئـۇ ئىنقىلۇبىلىشـقا تېگىشـلىك بىـر قـانچە مەسـىلا بـارلىقنى ئىپتـىپ تۇرىۋالغـان. مەسـىلەن، گېرمانىيە ياپونىيىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى سوۋېتلىرگە قارىتا باشقىچىرەك مۇئامىلىـدە بولۇشىغا تۈرتكە بولالماسمۇ، دەپ تەلەپ قىلىش، گېرمانىيە ئۆزئـارا تاجـاۋۇز قىلىشماسـلىق شەرتنامىسـى تۈزەشـنى خالامـدۇ، ئەگەر خالايـدىغان بولسـا قانـداق شـەرتلەرنى ئوتتۇرغـا قويىدۇ؟ دېگەندەك مەسىلىلەرنى ئوتتۇرغا قويۇپ تۇرىۋالىدۇ.

ئالدىرىغانلىقـــدىن ھىتلىرنـــىڭ كۆتكـــدەك تـــاقىتى قالمىغـــان ئـــدى. شـــۇڭا ئـــۇ چوڭقۇرلاپ ئويلىنىپ يۈرمەيلا رىببېنتروپقا دەرھال مولوتوۋ بىـلەن يارىشـۇپلىش بـۇيرۇقىنى بىرىـدۇ. شـۇنداق قىلىـپ، ۋەزىـيەت تەرەققىيـاتىنى بەلگىلەشـنىڭ ئاكتىپچـانلىق ھۇقـۇقىنى رەقىبىگە تۇتقۇزۇپ قويغان ھېسابلاندى. ستالىنمۇ دەرھال بۇ پايدىلىق پۇرسـەتنى قولـدىن بەرمەيدۇ. ئۇ مولوتوۋنىڭ ئېغىزى ئارقىلىق سىياسـىي شـەرتنامە ئىمزالاشـتىن ئـاۋال چوقـۇم ئىقتىسادى شەرتنامە ئىمزالىنىشـى شـەرت دەپ جـاۋاب بىرىـدۇ. رىببېنتـروپ يەنە بىـر قېـتىم شـۇلېنبۇرگدىن دەرھـال بىجىـرىش توغرىلىـق جـاۋاب بىرىـدىغانلىقنى ئۇقتـۇرۇش بىـلەن بىرلىكتە، ئىقتىسادىي شەرتنامىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى تامالانغـانلىقنى بىلـدۈرۈپ ئۆتىـدۇ. ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابى ھېستېرىيىلىك بىر جاۋاب خاراكتېرىـدە ئـدى. ئـۇ بەرگەن جاۋابىـدا كېيىنكى قېتىم مولوتوۋ بىلەن سۆھبەتلەشكىنىدە چوقۇم "ئاساسلىقى، ... ئۆزىنـىڭ رۇسـىيە زىيارىتىنىڭ بالدۇرىراق ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىڭ، شـۇنىڭدەك مۇۋاپـىق بىـر شـەكىلدە رۇسـلارنىڭ يېڭـدىن قارشـى پىكىـر بىرىشـىگە قارشـى چىقىشـىڭ كېـرەك. بـۇ جەھەتتە سەن مۇنداق بىر ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە مەسـىلىنى ئېسـىڭدا چىـڭ تـۇت: گېرمانىيە-پولشا ئوتتۇرسىدىكى ئاشكارە توقۇنۇش بەلكىم ۋاقىتىدىن بۇرۇن پارتلاپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، بىز مېنىڭ دەرھال مولوتوۋنى زىيارەت قىلىشىمغا ئىنتايىن كۈچلۈك تەشنا ئىكەنلىكىمىزنى بىلىشىڭ كېرەك" دەيدۇ.

ستالىن، ۋاقتىنىڭ ھەر سائەت ئۆزىراپ كېتىشـىنىڭ ھىتلىر ئۈچـۈن شـۇنچە ئـازاپلىق ئىش بولىدىغانلىقنى ياخشـى بىلەتتـى (بەلكـىم، سـتالىننىڭ ئايغـاقچىلىرى ھىتلىرنـىڭ 1-سـىنتەبىر دەپ بېكىـتكەن ئـاخىرقى چېكىنـى بىلىـپ قالغـان بولىشـىمۇ مـۇمكىن ئـدى). شۇنداق بولغاچقا، ستالىن دەرھال مولوتوۋغـا بـۇيرۇق قىلىـپ بـۇ قېـتىم شـۇلېنبۇرگ بىـلەن سۆھبەتلەشكەندە (19-ئاۋغۇسـتنى دېمەكچى)، خـۇددى ئـادەتتىكى ۋاقىـتلاردەك ۋاقتىنـى ئـۇزارتىش تاكتىكىســدىن پايدىلىنىشــنى تەلەپ قىلىــدۇ. شــۇنداق قىلىــپ، شــۇلېنبۇرگ ھەرىكەتــكە كېلىشــىنى ئىزچىــل تەلەپ قىلىــپ تۇرغــان بولســىمۇ، بــۇ تاشــقى ئىشــلار كومىسسـارى مولوتـوۋ بەرىبىـر ئۆزۈنىـا سـوزۇلغان مۇنـازىرە قىلىشـتىن توختايدىغانـدەك

ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ، شۇلېنبۇرگ چىقىپ كېتىپ يېرىم سائەتكە قالماي، سوۋېتلىكلەر تۇيۇقسىزلا تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىدۇ: مولوتوۋ قايتىدىن شۇلېنبۇرگنى كرېمىل سارىيىغا قايتا تەكلىپ قىلىش ئۇيىغا كېلىدۇ. شۇلېنبۇرگ شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن خېلى كېيىن بىر ۋاقىتتىلا ئاندىن كرېمىل سارىيىغا كېلىدۇ. ئەمما ئۇ ئىشىكتىن كىرەر-كىرمەيلا مولوتوۋنىڭ خۇشخەۋەر يەتكۈزىدىغانلىقىنى سېزىپ ئالىدۇ. مولوتوۋمۇ شۇلېنبۇرگتىن ئەيىپكە بۇيرۇماسلىقنى تىلەپ، سىزنى بۇنچە كۆپ ئاۋارە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى دەپ تەكەللۇپ كەلتۈرگىنىدىن كېيىن، مەن تېخى يېڭىراقتىلا ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنىڭ لايىھىسىنى سىزگە تاپشۇرۇش ھوقۇقىنى ئالدىم دەپ، لايىھە نۇسخىسىنى شۇلېنبۇرگقا ئۇزارتىدۇ. ئۇ يەنە موسكۋا رىبېنتروپ ئەپەندىنى قىزغىن كۈتىۋالىدۇ، دەپ قوشۇپ قويىدۇ. تەبىئىكى، مولوتوۋ ئۇنىڭغا سوۋېت، ئەنگلىيە، فرانسىيە ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزىلىۋاتقان ھەربىي ئىشلار سۆھبىتىنىڭ قاتماللىق ئىچىگە چۈشۈپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن ستالىن غەرپلىكلەرگە بولغان بارلىق چىداپ تۇرۇش غەيرىتىنى يوقاتقانلىقىنى پەقەتلا تىلمايدۇ. بەلكىم، ئۇ ئەسلىدە ئەزەلدىن تارتىپلا ھىتلېر بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىش نىيىتى بار بولىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. شۇنداق بولغىنىدا، ئەنگلىيە-فرانسىيە ئىككىسى بىلەن بولغان سۆھبەتلىشىشنى ھىتلېر تەرەپتىن تېخىمۇ كۆپ پايدىلىق شارائىتلارنى قولغا كىرگۈزىۋېلىشنىڭ بىر ۋاستىسى سۈپىتىدە پايدىلانماقچى بولغان بولىشىمۇ يىراق ئەمەس.

شۇنىڭغا قارىماي، رۇسلارنىڭ يەنىلا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش قىلىدۇ. يەنى، مولوتوۋ شۇلېنبۇرگقا، بىز ئىقتىسادىي شەرتنامىنى ئىمزالاپ بولغاندىن كېيىنكى ھەپتىدىلا ئاندىن رىبېنتروپنى كۈتىۋالايمىز؛ يەنى ئەگەر بۇ شەرتنامىنى بۈگۈن ئىمزالىساق، رىبېنتروپنى 26-ئاۋغۇستتا كۈتىۋالىمىز، ئەگەر ئەتە ئىمزالىساق 27-ئاۋغۇستتا كۈتىۋالىمىز، دەپ ئېيتىدۇ. تەبىي ھالدا ھىتلېرمۇ شۇلېنبۇرگنىڭ دوكلاتىنى ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر ھالەتتە ئولتۇرۇپ ئوقۇپ چىقىدۇ – بۇنداق بىر شەرتنامىنىڭ ئىمزالىنىدىغانلىقىدىن خوشال ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ستالىننىڭ ئاۋال ئىقتىسادىي شەرتنامىنى ئىمزالاشتا چىڭ تۇرىۋېلىشىدىن گۇمانمۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى بىر نەرسە ئۈندۈرىۋېلىشتىن باشقىچە بىر ئىش ھېسابلانمايتتى. شۇنداقتىمۇ ھىتلېرنىڭ باشقا ئامالىمۇ يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىقتىسادىي شەرتنامە ئەتىسى سەھەر سائەت 2 دە ئىمزالىنىدۇ. بۇ شەرتنامىغا ئاساسلانغاندا، گېرمانىيە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا 200 مىليون ماركلىق مال كرېدىتى بېرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆسۈمى 5 سىنت قىلىپ بەلگىلىنىپ، بۇ قەرز پۇلغا ستانوك ۋە باشقا سانائەت ئەسلىھەلىرى سېتىۋېلىنىدىغان بولغان ئىدى. "كەڭ

مەندە“ ئېيتىلغان ھەربى ئىشلاردا ئىشلىتىلىدىغان ماللار، مەسىلەن ئوپتىك ئۈسكۈنىلەر بىلەن برونزىنىك پولات تاختىلىرى قاتارلىقلارمۇ تەمىنلىنىشى، ئەمما نىسبەتەن ئالغاندا سانى كۆپ بولۇپ كەتمەسلىكى بەلگىلەنگەن ئىدى. سوۋېت تەرەپ بۇ مال كىرىدىتلىرىنى خام ئەشيا بىلەن تۆلەيدىغان قىلىپ بەلگىلەنگەن ئىدى.

ھىتلېر ھېساب-كىتاب ئۇرۇشى ئارقىلىق ئاۋسترىيە بىلەن چېخوسلوۋاكىيىنى يەڭگەن بولسا، بۇ قېتىمقىسىدا ئۇنى ستالىن يېڭىۋالغان ئىدى. مولوتوۋ بىر ھەپتە كۈتۈشنى تەكلىپ قىلىدۇ، ئەمما ھىتلېرنىڭ كۈتۈشكە ماجالى يوق ئىدى. ئۇ ستالىنغا يوللايدىغان بىر پارچە تېلېگراممىا تەييارلاپ، شەخسى نامىدا 20-ئاۋغۇست چۈشتىن كېيىن سائەت 4 تىن 35 مىنوت ئۆتكەندە يوللىۋېتىدۇ. ھىتلېر تېلېگراممىدا گېرمانىيە-سوۋېتلەر ئىتتىپاقى كېلىشىمنامىسىنى ئىمزالاش، ئۇنىڭ گېرمانىيە-سوۋېتلەر ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىنى قايتىدىن بەرپا قىلىشنىڭ بىرىنچى باسقۇچى قىلىنىشىغىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. ئۇمۇ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرغا قويغان ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنىڭ لايىھىسىنى بىر قىسىم ئىنچىكىلەشتۈرۈلىشقا تېگىشلىك بىر قانچە مەسىلە بولغانلىقىغا قارىماي قوبۇل قىلىدۇ. ئاندىن، ئۇ مەسىلىنى ھالقىلىق يېرىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. ئۇ، گېرمانىيە بىلەن پولشا ئوتتۇرىسىدىكى جىددى ۋەزىيەت چىداشلىق بەرگىلى بولمىغىدەك دەرىجىگە يېرىپ يەتكەن بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىش سۈرئىتى تېخىمۇ مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. چۈنكى بۇنداق بىر بوھران ”خالىغان بىر كۈنى“ يۈز بېرىشى ئېھتىمال، دەيدۇ.

شۇلېنبۇرگ تېلېگراممىنى كرېمىل سارىيىغا تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن ئىككى سائەت ۋاقىت ئۆتكەندە، ستالىن ئۇنى كرېمىل سارىيىغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا شەخسەن ئۆزى جاۋاب بېرىدۇ: ”خەت يازغىنىڭىز ئۈچۈن رەخمەت. _ دەيدۇ ستالىن، _ بۇ شەرتنامە بىزنىڭ سىياسىي مۇناسىۋىتىمىزدا ھەل قىلغۇچ بۇرۇلۇش نوقتىسىنىڭ سىمۋوۇلى بولۇپ قالغۇسى. ئىككى دۆلەت خەلقى ئۆزئارا تىنچ مۇناسىۋەت تىكلىنىشىگە ئېھتىياجلىق.“ دەپ كۆرسىتىدۇ. ستالىن 23-ئاۋغۇست كۈنى رىببېنتروپنى قوبۇل قىلىشقا ماقۇللۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

20-چىسلا پۈتۈن كۈن بويىچە ھىتلېر بېرگخوفنىڭ چوڭ زالىدا ئۇن-تىنىشسىز ئالدى-كەينىگە مېڭىپ، موسكۋادىن كېلىدىغان خەۋەرنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ يۈزىنىڭ كۆرۈنۈشى ئىنتايىن قورقۇنۇشلۇق بولۇپ، ھېچ كىم ئۇنى ئاۋارە قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ھىتلېر بۇ شەرتنامىنىڭ تېزىراق ئىمزالىنىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. كېچىك تېپىكى ئاۋىياماتىكا «گراف سپىر» نى ئاتلانتىك ئوكيانغا يوللاپ بۇيرۇق كۈتۈشكە

بۇيرۇيدۇ. 21 دانە U-تىپلىق سۇ ئاستى پاراخوتىمۇ برىتانىيە ئۈچ ئارىلى قىرغاقلىرىغا قارىتا ھۇجۇمغا ئۆتۈش تەييارلىقى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

كەچلىك تاماق ۋاقتىدا (سپېرنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا) ھىتلېر بىر پارچە تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. ئۇ تېلېگراممىنى ئوقۇپ بولۇپ، چىرايىغا قان يۈگرەيدۇ. ئىككى كۆزىمۇ نۇرسىز بىر ھالەتتە دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئۇشتۇمتۇتلا ئىككى مۇشتى بىلەن ئۈستەلنى مۇشلايدۇ. ئۇنىڭ مۇش زەربىسىدىن ئەينەكلەرمۇ جاراڭشىپ كېتىدۇ. "قولغا كەلتۈردۇق!" ئۇ قاتتىق ۋارقىرىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن قاتتىق ھاياجانلانغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. "ئۇنىڭغا ئېرىشتىم!" دەپ ۋارقىرىغىنىچە بىرىپ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭغا ھېچ كىم بىر نېمە دېمەيدۇ. ھەممە ئۈن-تىنسىز تاماقنى يېيىشكە كىرىشىدۇ.

قەھۋىلەر ئىچىلگەندىن كېيىن، ھىتلېر مېھمانلارغا قارىتا مۇلايىم ۋە سىلىق سۆزلەر بىلەن، دەل شۇ پەيتلەردە گېرمانىيە رۇسىيە بىلەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنى ئىمزالىماقتا، دەپ ئۇقتۇرىدۇ. "كۆرۈپ تۇرغىنىڭلار ستالىن يوللىغان تېلېگرامما" دەيدۇ ھىتلېر. خوفماننىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، فۇھرېر شۇ چاغدا شۇنداق خوشال بولۇپ كەتكەن ئىدىكى، خوشاللىقنى بېسىۋالالماي تىزىغا قاتتىق بىرنى ئۇرۇپ قويىدۇ ـ بۇنداق ھالەتنى فوتو ئاپارات رەسىمچىسى خوفمان پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان بىر ھالەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. باش خىزمەتچى كاننىنبېرگ شامپان كەلتۈرگەندىن كېيىن ھەممە بىر يەرگە يىغىلىپ دېپلوماتىيە جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن بۇ زور ئۇتۇق ئۈچۈن ئۆزئارا رومكا ئۇرۇشتۇرۇپ بىر-بىرسىنى تەبرىكلەپ قەدەھ كۆتۈرىشىدۇ. سەل ئۆتكەندە ھىتلېر ھەممەيلەننى ئاستىنقى قەۋەتتىكى كىچىك كىنوخانىسىغا باشلاپ كىرىپ، ستالىننىڭ ھەيۋەتلىك قىزىل ئارمىيە پارات ژۇرنال فىلىمىنى كۆرىدۇ. ھىتلېر باھالىغاچ، بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر تەنتەلەي ئىشى. قارىماسلەر، شۇنچە كۈچلۈك بىر ئارمىينى بىزگە تەگمەس ھالغا كەلتۈرىۋالدۇق.

خوفمان بولسا، قىزىللار بىلەن نەچچە ئون يىلدىن بېرى ھەر كۈنى دېگىدەك كۈرەش قىلىپ كەلگەن سادىق مىللەتچى سوتسىئالىزمچىلار پارتىيە ئەزالىرى چوقۇم بۇنىڭغا قارشى ئىنكاس بىلدۈرۈشى مۇمكىن، دەپ ئەنسىرەيتتى. "پارتىيىمىزدىكىلەر خۇددى پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە ئوخشاش قاتتىق ھەيران قالىدىغانلىقى ئېنىق. ـ دەيدۇ ھىتلېر خەستەڭگە، ـ ئەمما مېنىڭ پارتىيىلىكلىرىم مېنى چۈشىنىدىغان، ماڭا ئىشىنىدىغان كىشىلەر. ئۇلار مېنىڭ ھەرگىزمۇ ئاساسىي پرىنسىپلاردىن ئېغىپ كەتمەيدىغان بىرسى ئىكەنلىكىمنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇلار كېيىن شۇنى بىلىپ قالىدۇكى، مېنىڭ بۇ قېتىمقى تەۋەككۈلچىلىك قىلىشىمدىكى ئاخىرقى مەقسىتىنىڭ شەرقتىكى خەۋپنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، مېنىڭ

يېتەكچىلىكىم ئاستىدا ياۋروپانى تېخىمۇ تېز بىرلىككە كەلتۈرۈش.“

مۇنـداق قارىماققـا، ھىتلېـر بىـلەن سـتالىن ئىككىسـى ھەرگىزمـۇ ئىتتىپاقـداش بولالايدىغان كىشلەردەك كۆرۈنمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانـداقمۇ ئورتـاقلىق بولىشـى مۇمكىن؟ ئەسلىدە، ئۇلاردا ھەقىقەتەنمۇ نۇرغۇن ئوخشاشلىقلار بار ئىدى. ئۇلارنىـڭ بىرسـى بۈيۈك ئىمپىراتور پېتېر گە قايىل بولسا، يەنە بىرسى ئۆزىنى بۈيۈك ئىمپىراتور فرېدېرىخنىڭ ئىز باسارىمەن دەپ ھېسابلايتتى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا زوراۋانلىق كۈچتىن پايدىلىنىش كېرەكلىكىنـى تەرغىـپ قىلاتتـى، ئۇلارنىــڭ ھەر ئىككىســلا تــولا بەك پەرق قىلىــپ كەتمەيدىغان ئىدىيىۋى سىستېمىغا ئەمەل قىلىپ ھەرىكەت قىلىدىغان كىشلەردىن ئىدى. كومپـارتىيە بىـلەن ناتسىسـتلار، بىـرلا ۋاقىتتـا يالغـان مېھرىبـانلىق بىـلەن دوگمـاتىزىمنى تەرغىـپ قىلىـدۇ، شـۇنىڭ بىـلەن بىـرلىكتە يەنە مۇسـتەبىتلىكنى خالايـدۇ. ئۇلارنىـڭ ھەر ئىككىسىـلا غـايە تـوغرا تاللانغـانلا بولىـدىكەن، بـۇ غـايە ئۈچـۈن ھەرقانـداق بىـر ئۇسـۇلنى ئىشلىتىشــكە بولىــدۇ دەپ قارىشــاتتى. بــۇ ئىككىــلا دۆلەت دۆلەت ۋە ئىلغــارلىق نامىــدا ھەققانىيەتسىزلىكنى مۇقەددەس ھالغا كەلتۈرۈۋېلىشاتتى.

ئۆزۈنــدىن بۇيــان ھىتلېــر ســتالىنغا قايىــل بولــۇپ يــۈرگەن بولــۇپ، ئــۇنى ”دۇنيــا تارىخىدىكى ئالاھىدە كىشلەردىن بىرسى“ دەپ تونۇپ كەلمەكتە ئىدى. بىر قېتىم، ئـۇ بىـر قىسىم يېقىن سىرداشلىرىغا مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ سوۋېت رەھبەرلىرى بىـلەن نۇرغۇنلىغـان ئورتـاق نـوقتىلىرىم بـار، مەسـىلەن ستالىن ئىككىمىزلا تـۆۋەن تەبىقىـدىن كېلىـپ چىققـان كىشلەرمىز. ئەمما يېقىنلىرىدىن بەزىلەر فۈھرېرنىڭ ئۆزىنى بۈرۈنقى بانكا ئوغرىسـى بىـلەن تەڭ ئورۇنغـا قويـۇپ باھالىشـىغا قوشـۇلمايدىغانلىقىنى ئېيتقىنىـدا، ھىتلېـر جـاۋاب بېرىـپ مۇنداق دەيدۇ: ”ئەگەر ستالىن راستىنلا بانكا بۇلاپ باققان بولسا، يەنىلا ئـۇ ئـۆز نەپسىنى دەپ بۇلىمىغانلىقى ئېنىق. ئۇنىڭ بانكا بۇلىشى پارتىيىسى ئۈچۈن، ھەرىكىتى ئۈچۈن ئىدى. سەن بۇنداق بىر ئىشنى بانكا بۇلاش دېيىشكە بولمايدۇ.“

شۇنىڭدەك، ھىتلېر يەنە ستالىننى ھەقىقى كومۇنىست دەپمۇ تونىمايدۇ. ”ئەمەلىيەتتە بولسـا، ئـۇ چاررۇسـىيە بىـلەن يۇغۇرۇلـۇپ كەتـكەن مىللەتچـى بولـۇپ، ئـۇ پەقەت پـان سـلاۋيانچىلىقنى قايتـا تىرىلـدۈرگەنلا بىرسـى ھېسـابلىنىدۇ (بەلكىـم بـۇ يەردە ھىتلېـر ئىختىيارسىزلا ئۆزى بىلەن گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسـىۋەتنى چۈشـەندۈرمەكتە بولسـا كېرەك). سـتالىنغا نىسـبەتەن ئېيتقانـدا، بولشـېۋىكچىلىك پەقەت بىـر ۋاسـتىدىنلا ئىبـارەت بولـۇپ، نېمىسـلار بىـلەن لاتىــن مىللەتلىرىنــى ئالدايــدىغان بىــر نىقــاپتىن باشــقا نەرســە ئەمەس.“

سـتالىن بىـلەن ھىتلېـر ئىككىسـىلا قارشـى تەرەپـتىن پايدىلىنالىشـىم مـۇمكىن دەپ

ئىشەنچ قىلاتتى. بۇ ئىككى مۇستەبىتنىڭ ھەر ئىككىسىلا بۇ نوقتىدا خاتالاشقان ئىدى. ئەمما 1939-يىلقى ئۇ جىددى ئالدىراش ياز ئايلىرىدا، قايسى بىر خاتا چۈشەنچە يېتەكچىلىكىدە ھەرىكەت قىلمىغان بىرمۇ دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت يوق دېيىشكە بولاتتى. ياۋروپا بىر-بىرسىگە ئىشەنمەي، بىر-بىرسىنى ئالدىشىپلا يۈرگەن، شۇنىڭدەك ئىككى يۈزلىمىلىكىكە تايىنىپ جان بېقىپ يۈرگەن بىر داشقايناق ئىدى. ھەتتا رىبېنتروپ موسكۋاغا يولغا چىقىش ئالدىدا تۈرىۋاتقان پەيتلەردىمۇ، ستالىن تېخىچە ئەنگلىيە، فرانسىيە ئۈچىسىنىڭ ھەربى ئىتتىپاق بولۇپ تەشكىللىنىپ ھىتلېرغا قارشى ھەرىكەت قىلىش ئارزۇسىدىن تولۇق يېنىۋالغان ئەمەس ئىدى. ئىنگلىزلار بۇنداق بىر شەرتنامە تۈزۈش ئىشىغا يېرىم-ياتا ئىشىنىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدىمۇ، ئۇلار گېرمانىيىنى يوشۇرۇن تۈردە ئەنگلىيىگە تەكلىپ قىلىپ يۈرىشەتتى. ئۇ يىللار، ھەر قانداق بىر يەردە قايسى بىر دۆلەت يەنە بىر دۆلەتتىن يوشۇرۇن يەنە بىر دۆلەت بىلەن سودىلىشىپلا يۈرىدىغان، ئۇلار بىر بولسا سەمىمى ساداقەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىپغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان، ياكى بولمىسا بىر-بىرسىنى تەھدىت قىلىپلا يۈرىشىدىغان بىر دەۋر ئىدى.

4

كۆرۈنۈشتە، غەلىبە قىلغىنى ھىتلېر ئىدى. 22-ئاۋغۇست ئەتىگىنى ئىشەنچكە تولغان ھالدا ئويغۇنىدۇ. رىبېنتروپ موسكۋادا تۈزۈشلۈق گېرمانىيە دىپلوماتىك ۋەكىللەر ئۆمىكىگە بېرىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى يوليورۇقلارنى ئېلىپ بېرگخوفتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، فۈھرېر يوقىرى دەرىجىلىك قوماندانلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ مەسلىھەتچىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، كەڭتاشا كۆتىۋېلىش زالىدا پەۋقۇلئاددە يىغىن ئۆتكۈزىدۇ.543 چوڭ ئۇستالىنىڭ بېشىدا ئولتۇرغان ھىتلېر دەبدەبىلىك بىلەن سۆزلەپ كېتىدۇ. ئۇ مەجلىس ئېچىش ئەمەس بەلكى رەسمى بىر نۇتۇق سۆزلەپ چىقىدۇ. "مەن سىلەرنى چاقىرىشىمدىكى مەقسەت، سىياسىي ۋەزىيەتنى كۆپچىلىككە بىر قۇر تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈش. شۇندىلا سىلەر مېنىڭ چىقىرىدىغان ھەرىكەت قارارلىرىمنىڭ تەپسىلاتىدىن خەۋەردار بولالايسىلەر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، سىلەرنىڭ ئىشەنچىڭلارنىمۇ مۇستەھكەملىمەن بولىمەن." ھىتلېر پولشا بىلەن بولغان زىددىيەت ھامىنى بىر كۈنى پارتلاپ چىقاتتى. نۇرغۇنلىغان سەۋەپلەر شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، ئەڭ ياخشىسى، داەرھال ھەرىكەتكە ئاتلىنىشىمىز كېرەك. "ئالدى بىلەن، مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئادەم ئامىلى مەۋجۇت: مېنىڭ ئالاھىدىلىكىم بىلەن مۇسسولىنىنىڭ ئالاھىدىلىكى مەسىلىسى. بۇ يەردە ئۇ ئاساسلىقى ھەممە ئىشتا ماڭا تايىنىدۇ. مېنىڭ

بارلىقىمغا تايىنىدۇ. چۈنكى مېنىڭدە سىياسىي تالانت بار. بەلكىم، بۇندىن كېيىن مېنىڭدەك نېمىس خەلقىگە ئىشەنچ قىلالايدىغان باشقا بىرسى ئوتتۇرغا چىقماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا، مېنىڭ ھاياتىم ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما مەن خالىغان بىر پەيتتە قانداقتۇ بىر جىنايەتچى ياكى بىرەر كالۋا تەرىپىدىن يوق قىلىنىشىمنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. يەنە بىر كىشىلىك ئامىلى بولسا ئىتالىيە باش مىنىستىرى. ئەگەر ئۇنىڭمۇ بېشىغا بىرەر ئىش كېلىپ قالغىدەك بولسا، ئىتالىيە ئىتتىپاقداشلىق پرىنسىپلىرىغا سادىق بولۇش-بولماسلىقىغا بەك ئىشەنچ قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ.“

يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، مەيلى ئەنگلىيە بولسۇن ياكى فرانسىيە بولسۇ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدىلا كۆزگە كۆرۈنگەن بىرمۇ ئادەم تېپىلمايدۇ. ”بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز ئارىسىدا پەقەتلا ئۆلچەمگە توشمايدىغانلا كىشلەر بار. ئۇنداق كىشىلەردە ھېچ قانداق بىر ئالاھىدىلىك يوق، ھېچقانداق يېتەكچى قابىلىيەت يوق، ئۇلاردا ھەرىكەت پەيدا قىلالىغىدەك بىرسى يوق. ...“ ئۇندىن باشقا، سىياسىي ۋەزىيەتمۇ بىزگە پايدىلىق بولۇپ بەرمەكتە. ئاق دېڭىز (ئوتتۇرا يەر دېڭىز) رىقابەت ئاستىدا. شەرق ۋەزىيىتىمۇ كونسايىن جىددىلىشىپ بارماقتا. نۆۋەتتىكى بۇ تۈر پايدىلىق ۋەزىيەت يەنە ئىككى-ئۈچ يىلدىن كېيىن مەۋجۇت بولماي قېلىشى مۇمكىن. ”مېنىڭ يەنە قانچىلىك ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقىمنى ھېچ كىم بىلەلمەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇرۇش قىلىدىغان ئىش بولسا ھازىرلا ئۇرۇش قىلغانغا يەتمەيدۇ.“

كەيىندىن ئۇ، گېپىنى تېخىمۇ ئېنىق دېيىشكە كىرىشىدۇ. ئۇ گېپىنى داۋام قىلىپ، پولشا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. ”بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرىۋاتقىنى، ئەگەر بىز ئۇلارغا ھۇجۇم قىلمايدىكەنمىز، چوقۇم تارمار كەلتۈرۈلىمىز. بۇ ئىش پەقەتلا ئىلگىرى-كېيىنلىكلا مەسىلىسىدۇر. غەرپلىكلەر بۇ ئىشتا قانداق رول ئوينىشى مۇمكىن؟ ئۇلار چوقۇم ماگىنوت سېپى بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتىشى مۇمكىن ياكى بولمىسا ئىمپىرىيىمىزنى قامال قىلىۋېلىشى مۇمكىن. ھۇجۇم يولى مۇمكىن بولمايدىغان بىر يول. ئىمبارگومۇ ئۈنۈم كۆرسىتەلىشى ناتايىن. چۈنكى، بۇندىن كېيىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىزنى ئاشلىق، چارۋا مال، كۆمۈر، قوۋۇشۇن ۋە سىنىك بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ. مېنىڭ پەقەتلا قورقىدىغىنىم بايىقى توڭگۈزنىڭ بالىسى يەنە بىر پارچە ياراشتۇرۇش پىلانىدىن بىرنى ئوتتۇرغا چىقىرىشىدۇر!“

گىيۆرىڭ باشلاپ چاۋاق چېلىشى بىلەن تەڭ قالغان گېنىراللارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چاۋاق چېلىشىدۇ (يەنە بىر ھەجۋىلەشتۈرۈلگەن رىۋايەتتە گىيۆرىڭ دەرھال ئۈستەل

ئۆستىگە سەكرەپ چىقىپ ياۋايىلارچە ئۇسۇلغا چۈشۈپ كەتكەنمىش. ئەگەر بۇ گەپلەر راست بولىدىغان بولسا، گيۆرىڭ ھەقىقەتەنمۇ سەتلەشكەن ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۇنداق بولۇش ئېھتىمالى يوق دېيەرلىك). "فۇھرېرىم، قوشۇنلىرىمىز چوقۇم ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇندىيالايدۇ" دەيدۇ مارشال گيۆرىڭ. گەرچە ئۇ چاۋاقنى باشلاپ بەرگەن بىرى ھېسابلانسىمۇ، ئەسلىدە ئۇمۇ قالغان گېنېراللارغا ئوخشاشلا ئۇرۇشقا قارشى ئىدى. چۈنكى، ئۇلتارغانلارنىڭ ھەممىسلا دېگىدەك، گېرمانىيە ئۇرۇش قوزغىغىدەك تەييار ھالغا كېلىپ بولالمىدى، ئوق-دورىسى ئارانلا 6 ھەپتىگە يېتىشى مۇمكىن، پولات-تۆمۈر، نېفت ۋە باشقا مۇھىم ماددى ئەشيالارمۇ يېتەرلىك ئەمەس، دەپ قارايتتى.

ھىتلېر قالغان گېنېراللىرىغا ئوخشاش، بۇ ئىشلارنى بەكلا ئېنىق بىلەتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى باشقىچە بىر خىل ئۇرۇش ئىدى: چاقماق تېزلىكىدە ئۇرۇش، يەنى تېز سۈرئەتتە غەلىبە قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئەسكىرى كۈچ بىلەن ئۇرۇش قۇۋۋىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىش ئارقىلىق، ئومۇمىي يۈزلۈك ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش. بۇ ھەم ستراتېگىيە جەھەتتىكى ھەم تاكتىكا جەھەتتىكى مۇناسىۋەتلىك بىر ئۇرۇش ھېسابلىناتتى. ئۇ، گېرمانىيە تۇپراقلىرىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ گېرمانىيە تۇپراقلىرىدا قايتا كۆرۈلۈشىگە ھەرگىز يول قويمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ قىسمىلارنى چوڭقۇرلاپ كىرىش ئۈچۈن ئەمەس بەلكى كەڭ يېيىلىش ئاساسىدا قۇراللاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىشتىكى ئاساسلىق سەۋەب مۇشۇ ئىدى. ئادەتتىكى قۇراللار ئىشلەپچىقىرىش ئۆنۈمىنى نىسبەتەن يوقۇرى تۇتۇپ، ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىشنى مەقسەت قىلمىغان ئىدى. گېرمانىيە ئىقتىسادىنىڭ بۇ تۈردە تەشكىللىنىش ئۇسۇلى، ھىتلېرنىڭ مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىدى. ئۇنىڭ نىشانى ھەربىي زاۋۇت سانىنى كۆپەيتىش ياكى ھەربىي زاۋۇتلارنىڭ تۈزۈلمىسىنى قايتا رەتكە سېلىپ قۇرۇش بولماستىن، بەلكى تېزلىكتە قۇرال ئىشلەپچىقىرىشنى مەقسەت قىلىش ئىدى.

بىر قاتار چاقماق تېزلىكىدىكى ئۇرۇش _ قىسقا مۇددەتلىك زور كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى ساقلاشنى ئاساس قىلغان ھالدا _ ھىتلېرنىڭ قارىشىچە ئىنتايىن كۈچلۈك ئۇرۇش يارىتالايتتى. ئۇ، ئەنگلىكنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ دەپ قارىغاچقا، بۇرۇنقىدەك ئۇرۇش ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىشتىن ساقلىنىش تەرەپتارى ئىدى. ئۇنىڭ نەزەرىيىسى كەمبەغەللەر نەزەرىيىسى بولۇپ، يۈرەكلىك بولۇشقا تايىنىش ئارقىلىقلا ئۇتۇق قازىنىش مۇمكىن دەپ قارايتتى. ئۇرۇش تەۋەككۈلچىلىكى ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ بىر مۇنچە چىقىمى ئاز غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىگەن بولۇپ، دەل شۇنداق

ئۇرۇش تەۋەككۇلچىلىكى ئۇنىڭ نىسبەتەن باي دۈشمەنلىرىنىڭ ھەر قانداق بەدەل تۆلەپ بولسىمۇ ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان بىر ئۇرۇش تۈرى ھېسابلىناتتى.

چاقماق تېزلىكىدىكى ئۇرۇش، ھەر قانداق بىر قىمارۋازنىڭ تۇغما يۇتتۇۋېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بىر ئۇرۇش تۈرى ھېسابلىناتتى. بۇنداق ئۇرۇش يەنە كېلىپ ئۇنىڭ مۇستەبىتلىك مەۋقەسىگىمۇ ماس كېلەتتى. دېموكراتىك بىر دۆلەت بۇنىڭدەك ئىگىلىكنىڭ تۈيۈقسىز زورلىنىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. مەسىلەن، زاۋۇتلارنى ئوپچە تانكا ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىن، دەرھال خەلق تۇرمۇشىغا كېرەكلىك بۇيۇملار ئىشلەپچىقىرىشقا قايتۇرۇپ كېلىشكە ئوخشاش قىيىن بىر ئىش ئىدى. بىرەر دېموكراتىك دۆلەتنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان نەرسە غەلىتە بىر ئاجىز ئىگىلىك ۋە زەئىپ ئىقتىسادلىق بىر دۆلەتكە ماس كەلمەيتتى.

ھىتلېرنىڭ چاقماق تېزلىكىدىكى ئۇرۇش پىلانى، ئۇنىڭ گېنېراللىرىنىمۇ ھاڭ-تاڭ قالدۇرىۋېتىدۇ. چۈنكى بۇ گېنېراللارنىڭ نەزىرىيىۋي بىلىملىرى يەنىلا شۇ بۇرۇنقى كلاسسىك بىلىملەردىن كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار، ئۇرۇش مەسىلىسىدە گېرمانىيىنىڭ تەييارلىقى ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيەنىڭ تەييارلىقىدىن كۆپ پۇختا بولىدىغانلىقىغا پەقەتلا ئەقلىنى يەتكۈزەلمەيتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۇرۇش بىر قېتىملىق قىمار، بىر قېتىملىق دوغا چىقىش ھېسابلىناتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ يەنىلا ئەگەر بۇ ئۇرۇشتا تېز سۈرئەت بىلەن پولشا ئۈستىدە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلىگەن تەقدىردە، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئىككىسى بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىشنىڭ پەقەتلا ھاجىتى قالمايدىغان بىر ئۇرۇش بولاتتى. ئىشنىڭ غەلىتى يېرى، ئۇلار گېرمانىيىدىن ئۈچ ئېلىش خاراكتېرىدە ئۇرۇش قىلىشنىڭ قىلچە پايدىسى بولمايدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىدىغانلىقى ئىدى. شۇڭا ئۇ بىرەر تەدبىر قوللىنىپ غەربپىلىكلەرنى جىمىقتۇرىۋېتىش ياكى ئۈركىتىۋېتىش، ۋە ياكى قۇرال كۈچىدىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلىش شەرت ئىدى. شۇ ئارقىلىق، 1943-يىلىغا كەلگەندە سوۋېت رۇسىيىسىنى ئىشغال قىلىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولىدۇ. ئادولف ھىتلېر كۆزىنى يۇغان ئېچىپ تەغدىرىنى كۈتىۋېلىشقا تەييارلىق كۆرىدۇ.

22-ئاۋغۇست كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ھىتلېرنىڭ بېسىپ كىرىش پىلانىنىڭ ئىزاھاتىنى ئاڭلىغان ھەربىيلەر، بىر ئېغىزمۇ تەنقىدىي پىكىر بەرمەيدۇ. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن چاقىرتىلىپ كېلىپ ئەدەپلەنگەن دالا ئۇرۇش ئارمىيە قوماندانىمۇ ھېچ قانداق قارشى پىكىر بىلدۈرمەيدۇ. فۈھرېر ئۇلاردىن تولا بەك رەھىم-شەپقەتلىك بولۇپ كەتمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ "زورلۇق كۈچ ھەقىقەت دېمەكتۇر" دېگەندىن كېيىن، پولشاغا باستۇرۇپ كىرىش ۋاقتىنىڭ شەنبە كۈنى يەنى 26-ئاۋغۇست سەھەر ۋاقتىغا بېكىتىلىشى

مۇمكىنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

شۇ كۈنى ئاخشامدىن سەل ئاۋال، رىبېنتروپ بىلەن ھەمرالىرى ئايرىم-ئايرىم "كوندورس" ناملىق ئىككى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ موسكۋاغا قاراپ ئۇچىدۇ. ئومۇمىي ۋەزىيەت ھەققەتەنمۇ بەكلا جىددىيلىشىپ كەتكەن ئىدى. پېتېر كلېيست كېيىنكى ۋاقىتلاردا، "بىز موسكۋاغا يېتىپ بارغىنىمىزدا سوۋېتلىكەرنىڭ بىزگە تۇيۇقسىز ئەنگلىيە-فرانسىيە كېلىشىمىنى ئالدىمىزغا قويماسلىقىغا ھېچ كىم كاپالەتلىك قىلالمايتتى" دەيدۇ ئەسلەپ كېلىپ. رىبېنتروپىنىڭ سوۋېتلىكلەر بىلەن قائىدە بويىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان "مېغىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋەتكىدەك ئۇزۇنغا سوزۇلغان سۆھبەتكە مەجبۇرلىنىدىغانلىقى" نى ھېچ كىم پەرەز قىلالمايدۇ.

رىبېنتروپنىڭ بۇ قېتىمقى موسكۋا سەپىرى ياپونىيە باش ئەلچىسى ئوشىمانى بەكلا ھەيران قالدۇرىۋېتىدۇ. بۇ باش ئەلچى بۇ ئەھۋالنىڭ ياخشى بىر ئەھۋال ئەمەسلىكىنى يۈزتۇرانە ئېيتىش ئۈچۈن شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە مەخسۇس ئايروپلان بىلەن بېرلىنغا ئۇچۇپ بېرىپ ۋېيزساۋكېنىڭ ئۆيىدە ئۇنى زىيارەت قىلىدۇ. ئادەتتە بەكلا خۇشخۇي كۆرۈنىدىغان ئوشىما، قاپىقى تۈرۈلگەن ھالدا بۇنداق كەينىگە چېكىنىشنى مەن توكيوغا قانداق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيمەن؟ دەپ سورايدۇ.

ئەتىسى، يەنى 23-ئاۋغۇست چۈشتىن كېيىن، ھېندېرسون چېمبېرلىننىڭ خېتىنى فۈھرېرگە تاپشۇرىدۇ. چېمبېرلىن خېتىدە، ئەنگلىيە پولشاغا بەرگەن لەۋزىدە قەتئىي چىڭ تۇرىدۇ، دەپ كېسىپ ئېيتىش بىلەن بىرگە، تىنچلىققا قايتا چاقىرىق قىلغان. سىلەر نېمشقا ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزىيالالمايسىلەر؟ گېرمانىيە بىلەن پولشا ئولتۇرۇپ ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلسا بولمامتى؟ "دەل مۇشۇ پەيتتە، ـ دەپ يازىدۇ ئۇ خېتىنىڭ ئاخىرىدا، ـ شۇنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرمەنكى، مەن ياۋروپانى بىر مەيدان ئۇرۇش ئاپىتىگە سۆرەپ كىرىشتىن ساقلىنىشنىڭ بۇنىڭدىن باشقا بىرەر چارىسى يوق دەپ قارايمەن."

ھىتلېر بۇ گەپلەرگە قاتتىق گەپلەر بىلەن رەددىيە بېرىدۇ. شۇنىڭدەك ھىتلېر بەكلا ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ. ھېندېرسون، ئەگەر ئىككى دۆلەت ھەمكارلىشىدىغانلا بولىدىكەن، مەسىلە ھەل قىلىش چارىسى چوقۇم تېپىلىدۇ، دەيدۇ. ھىتلېرمۇ بۇنىڭغا قىسقىلا قىلىپ، ئەسلى بۇرۇنلا شۇنداق قىلىشى كېرەك ئىدى، دەپ رەددىيە بىلدۈرىدۇ. ھېندېرسون نارازىلىق بىلدۈرگەن ھالدا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى پولشاغا كاپالەتلىك قىلىش ۋەدىسى بەردى، ئەندى بۇ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلماي بولمايدۇ، دەيدۇ. "ئۇنداقتا ۋەدەڭگە ئەمەل قىل. ـ دەيدۇ ھىتلېر چىرايىنى پۈرۈشتۈرگىنىچە، ـ ئەگەر سەن قۇرۇق چەك

يازغانىكەنسەن، چوقۇم ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلىشىڭ كېرەك.»

ھىندېرسون ئەنەلىيە ئۆچۈن قاتتىق تۇرۇپ تىركىشىدۇ. ئۇ نېمىسچە سۆزلەيدۇ. يەنى ئۇ نازۇك يەرلىرىنى تېخى بىلىپ بولالمىغان بۇ تىلدا سۆزلەيدۇ. ھىتلېر بولسا، ھىندېرسوننىڭ پىكىرلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۇنى تەھدىت قىلىپ قورقۇتۇشقا كىرىشىدۇ. ھىتلېر، ئەگە پولشادىن بىرەر شەپە كەلگىدەكلا بولىدىكەن، شۇنىڭدەك نېمىسلارغا قارشى چېقىشقا جاسارەتلا قىلىدىكەن، ۋە ياكى دانزىگ تەۋەسىدە يەنە بىر قەدەم ئىلگىرلەيدىغانلا بولىدىكەن، دەرھال مۇداخىلە قىلىمەن. شۇنىڭدەك يەنە، ئەگەر غەرپ ئەللىرى ئومۇمىي يۇزلۇك سەپەرۋەرلىك ئېلان قىلىدىغانلا بولىدىكەن، گېرمانىيەمۇ ئومۇمىي يۇزلۇك سەپەرۋەرلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ.

”بۇ دېگىنىڭىز بىر تەھدىت ھېسابلانماسمۇ؟“ دەپ سورايدۇ ھىندېرسون.

”ياق، ئۇ بىر تەھدىت ئەمەس، بەلكى قوغدىنىش خاراكتېرلىك تەدبىر ئېلىش!“ دەيدۇ جاۋابەن ھىتلېر. ئەمما ھىندېرسون پۈتۈن كۈچى بىلەن چەمبېرلىننىڭ ئەزەلدىن گېرمانىيىنى قوللاپ كېلىۋاتقانلىقىغا ھىتلېرنى ئىشەندۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. ”تا بۇ يىل ئەتىيازغىچىلا مەنمۇ بۇنىڭغا ئىشىنىپ كەلگەن ئىدىم“ دەيدۇ ھىتلېر ھەسرەتلەنگەن قىياپەتتە. كەينىدىنلا ھىندېرسون تۈيۈقسىزلا ”مەن ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ بىرلىشىپ شەرتنامە تۈزۈيەلىشىگە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن“ دەپ سالىدۇ. ئۇ، سوۋېت بىلەن ئەمەس بەلكى گېرمانىيە بىلەن شەرتنامە تۈزەشكە قىزىقىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ گەپكە ھىتلېرنىڭ بەرگەن جاۋابى بەكلا سەت بولىدۇ. ”توپ-توغرا. ـ دەيدۇ ھىتلېر، ـ بۇنداق بىر شەرتنامە ھەققەتەنمۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك بىر كېلىشىم بولۇپ قالاتتى.“ بۇ ھەقتىكى گەپ باشلانغان ئىكەن، ھىندېرسون ھەرگىزمۇ بوش ئۆتكۈزۈۋەتمەيتتى. ئۇ مۇنازىرىلەشكەن ھالدا مەنمۇ سىزگە ئوخشاش قارايمەن. رۇسلار ھەر دائىم قىيىنچىلىق پەيدا قىلىپ كەلمەكتە. ھەر قانداق ئەھۋالدا بولمىسۇن، چەمبېرلىن گېرمانىيىگە بولغان قارىشىنى ھېچ قاچان ئۆزگەرتىپ باققان ئەمەس، دەپ كۆرسىتىدۇ.

”مەن بۇ ھەقتىكى گەپلەرنى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاش ئاساسىدا ھۆكۈم قىلىشقا مەجبۇرمەن.“ ھىتلېر گېپىنى توختۇتۇپ قايتىدىن چىرايىنى پۈرۈشتۈرىدۇ. ھىندېرسون تەھدىت قىلغان ھالدا، گېرمانىيەنىڭ قىلماقچى بولىدىغان ھەرقانداق بىر ھەرىكىتى ئۇرۇشتىن دېرەك بېرىدۇ، دەيدۇ. ھىتلېر بۇ گەپنى ئاڭلىشى ھامان قايتىدىن ئۇنىڭ ھېستېرىيىسى قوزغىلىپ چېچىلىپ قايناپ كېتىدۇ. ئۇ ۋارقىرىغىنىچە بۇ ئۇرۇشتا گېرمانىيەنىڭ ئۇتتۇرۇپ قويىدىغان ھېچ نېمىسى يوق؛ ئەمما برىتانىيىنىڭ يوقۇتۇپ قويىدىغان نەرسىلىرى بەكلا كۆپ؛ بىز ھەرگىز ئۇرۇشنى ئارزۇلىمايمىز، شۇنداقتىمۇ قورقۇپ

تۇگۇلۈپمۇ يۈرمەيمىز. مېنىڭ خەلقىم بۇلتۇر 9-ئايلارغا سىلىشتۇرغاندا بۇگۈن مېنى تېخىمۇ بەكرەك ھىمايە قىلىدىغان ھالغا كەلدى، دەيدۇ. ئۇ تۈيۇقسىز، مەن چېمبېرلىنغا يازما جاۋاپ بېرىمەن. بۇ جاۋاب خەتنى چۈشتىن كېيىن ساڭا تاپشۇرىمەن، دەپ ئۇقتۇرىدۇ. بۇ گەپتىن كېيىن، كۆرۈشۈش تاماملانغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ۋېيزساكېر بۇ قېتىمقى كۆچ سىنىشىش ئۈرىشىدا سۆكۈت قىلىپ بىر چەتتە ئولتۇرغان شاھىت ئىدى. ئۇمۇ ھېندېرسونغا ئوخشاش ھىتلېر راستىنلا چۆچىدى، دەپ ئىشەنگەن ئىدى. ئەمما ھېندېرسون ئايرىلىپ ئىشىك يېپىلىشى ھامان، ھىتلېر يۇتىسىغا شاپىلاقلىغىنىچە (بۇ قىلىق ئۇنىڭغا بىر ئادەت بولۇپ قالغان ئىدى) كۈلۈپ كېتىدۇ. ”چېمبېرلىن بۇ بىر مەيدان سۆزلىشىشتىن ھېچ نېمىنى پەرق قىلالمايدۇ. – ئۇ مەغرۇرانە قىياپەتتە مۇنداق دەيدۇ، _ ئۇنىڭ ئىچكى كابېنتى بۈگۈن ئاخشاملا ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدىغان بولدى.“

ھېندېرسون يازما جاۋاپنى كۈتۈش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ سالىزبۇرگقا قايتىپ بېرلىندىكى خىزمەتچىلىرىگە لوندونغا ھىتلېر ”ھېچقانداق يول قويۇشتا بولمىدى، كىشىنى بەكلا ئەپسۇسلاندۇردى. شۇنداقتىمۇ يازما جاۋاپنى تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن بۇ ھەقتە ئارتۇق بىر نېمە دېيەلمەيمەن، دەپ ئۇقتۇرۇپ قويۇڭلار“ دەپ تېلېفون قىلىدۇ. سەل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ قايتا بېرگخوفقا چاقىرتىلىدۇ. ھېندېرسوننىڭ يازغان دوكلاتىدىن قارىغاندا، بۇ قېتىم ھىتلېر خېلىلا تىنجىپ قالغان بولۇپ، ”بىرەر قېتىممۇ ۋارقىراپ باقمىدى“ دېيىلگەن. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدىكى جاھىللىق قىلچىمۇ كامايمىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئۇ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ”قارىغاندا ئەنگلىيە دائىرىلىرى گېرمانىيىنى يوق قىلىۋېتىش ئىرادىسىگە كېلىپ بولغاندەك كۆرۈنىدۇ“ دەيدۇ.

ئەمما ھېندېرسون بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئەگەر ئىككى دۆلەت ئۇرۇشۇپ قالغىدەك بولىدىكەن، بۇ ئۇرۇشتىن دۇنيا بويىچە نىسبەتەن ئەھمىيەتسىز دەپ قارالغۇاتقان بىر مىللەت مەنپەتدار بولىدۇ، دەيدۇ. ھىتلېر بۇ گەپكە جاۋابەن، نىسبەتەن ئەھمىيەتسىز بىر مىللەت ئۈچۈن ئۇرۇش قىلماقچى بولىۋاتقان تەرەپ دەل ئەنگلىيە؛ بىز بولساق پەقەتلا گېرمانىيە ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىمىز، بىز بۇ قېتىم ئەڭ ئاخىرقى بىر ئادىمىمىز قالغىچە جەڭ قىلىمىز. ئەگەر مەن 1914-يىلى باش مىنىستىر بولۇپ قالغان بولسا ئىدىم، ئەھۋال بۈگۈنكىدىن تۈپتىن پەرق قىلغان بولاتتى! ئەگەر پولشا داۋاملىق بۇزغۇنچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزىۋەرسە، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قالىدۇ، دەيدۇ. ئۇ يەنە ”دانزىگ بىلەن پولشا كورىدورى مەسىلىسى چوقۇم ھەل قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىككى

مەسىلە. بۇنىڭ ئۈچۈن بەلكىم ھەر تۈرلۈك ئۇسۇللار قوللىنىشىمىز مۇمكىن. بۇنى ھەرگىز ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ. گېپىمگە ئىشىنىڭ، ئۆتكەن يىلى، يەنى 2-ئۆكتەبىردە، مەن ئەسلىدە پولشاغا ھۇجۇم قىلماقچى ئىدىم. بۇنىڭغا مەن سىزگە كاپالەت بېرەلەيمەن!"

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئىككى "كوندېرس" گېرمانىيە ئايروپىلانى موسكۋا ئايرودرومىغا قوندى. رىببېنتروپ ئايرودرومدا كرېست بەلگىلىك بايراق بىلەن ئوغاق-بولقا بەلگىلىك بايراقنى بىرلىكتە لەپىلدەپ تۇرغانلىقنى كۆرۈپ بەكلا خوشال بولۇپ كېتىدۇ. تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رىببېنتروپ ھاۋا ئارمىيىسى ھۆرمەت قاراۋۇللىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ بولۇپ ماشىنىلىق قونالغۇ يېرىگە، يەنى بۇرۇنقى ئاۋستىرىيە باش ئەلچىخانا بىناسىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ (بۇ بىر رۇسلارنىڭ بىر چاقچىقىمۇ قانداق؟). كونت ۋون دېر شۇلېنبۇرگ ئۇنىڭغا، كرېمىل سارىيى چۈشتىن كېيىن سائەت 6 دا سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى دەپ ئۇقتۇرىدۇ. ئەمما كۆرۈشمەكچى بولغان كىشىنىڭ مولوتوۋمۇ ياكى ستالىن ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيدۇ. "موسكۋانىڭ غەلىتە ئادەتلىرى" دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزىدۇ رىببېنتروپ.

شۇلېنبۇرگ بىلەن ھىلگېر دوكلاتىنى پۈتتۈرگىنىدىن كېيىن، ھەر ئىككىسىلا رىببېنتروپتىن ئالدىراپ تەلەپ قىلىش تەسىرىنى بېرىپ قويماي، ئالدىرىماي ئىش كۆرۈشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى ئىلتىماس قىلىشىدۇ. رىببېنتروپ ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تاقەت قىلالماي قولىنى شىلتىغىنىچە ئۇلارنىڭ سۆزىنى كېسىدۇ. ئۇ باش ئەلچىگە چوقۇم بىر سوتكا ئىچىدە بېرلىنغا قايتىپ كەتمىسەم بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويغىن دەيدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن سۆزلىگەچ، يەنە بىر تەرەپتىن ئالدىراشلىق بىلەن تامىقنى يېيىشكە كىرىشىدۇ. ئاندىن كرېمىلغا قاراپ ئالدىراپ يولغا چىقىدۇ.

چۈشتىن كېيىن سائەت 6 بولغاندا، رىببېنتروپ ستالىن بىلەن كۆرۈشىدۇ. ستالىن ئىنتايىن مۇلايىم كۆرۈنىسمۇ، مولوتوۋ قىلچە چىرايىنى ئۆزگەرتمەي ئولتۇراتتى. ئاۋال گەپ باشلىغىنى رىببېنتروپ ئىدى. ئۇ دۆلىتىنىڭ يېڭى ئاساس بويىچە گېرمانىيە-سوۋېت مۇناسىۋىتى تىكلىنىشكە رازىلىق بىلدۈرىدىغانلىق ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ، ستالىننىڭ مارت ئېيىدىكى نۇتقىدىن ستالىن ئەپەندىنىڭمۇ بۇنىڭغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ستالىن مولوتوۋقا بۇرۇلۇپ، ئاۋال سەن گەپ قىلامسەن، دەپ سورايدۇ. تاشقى ئىشلار كومىسسارى دەرھال جاۋاب بېرىپ، ئالدى بىلەن جاۋاب بېرىش ستالىنغا مەنسۇپ بىر ھوقۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇنىڭ جاۋاب بېرىش ئۇسلۇبى رىببېنتروپ پەقەتلا ئاڭلاپ باقمىغان بىر ئۇسلۇپ ئىدى. "ئۆزۈن يىللاردىن بېرى، _ دەيدۇ ستالىن ئېنىق قىلىپ، _ بىز بىر بىرىمىزنىڭ

ئۈستىگە قانچىلىك ھاقارەتلەرنى ياغدۇرۇپ كەتكىنىمىزنى بىلەلمەيمەن. شۇنداقتىمۇ ئۇ قىلغانلىرىمىزمۇ بىزنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشىمىزغا توسالغۇ بولماسلىقى كېرەك. مېنىڭ مارتتا سۆزلىگەن نۇتقىمنىڭ ئاساسى نوقتىسىمۇ شۇ ئىدى. ئۇ نۇتقۇمنىڭ بۇنداق بىر مەقسەتنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى سىز تولۇق چۈشىنىپسىز." ئۇ بىر خاتىرە دەپتەرنى ئېچىپ ئىزچىل تۈردە ماھىيەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلەيدۇ: سوۋېت بىلەن گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدا تەرەپ بەلگىلىگەن ئۇ دۆلەتلەر س س س ر-گېرمانىيە ئىچىدىن ئۆزلىرىنىڭ كىمنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىدە تۇرىدىغانلىقىنى بەلگىلەشكەن. فىنلاندىيە، مۇتلەق كۆپ قىسىم بالتىق بويى ئەللىرى ۋە بېسسارابىيە رۇسىيە يولىدا مېڭىشنى تاللىۋالغان. ئەگەر گېرمانىيە بىلەن پولشا ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولۇپ قالسا ئۇلار ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئۈچۈن بەلگىلىگەن مۇقىم چېگرالار بويىچە ئۇرۇش تەرىپىنى تاللىۋالالايدۇ.

رۇشەنكى، ستالىن بۇ ئۆيگە ئويۇن ئوينىغىلى ئەمەس بەلكى سودىلاشقىلى كىرگەن ئىدى. 3 سائەتتىن كېيىن، ستالىن رۇسىيە تەسىر دائىرىسى ئىچىدە بولۇشنى تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرىۋالغان ئىككى پورتتىن باشقا، قالغان نوقتىلارغا رىببېنتروپ قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما ستالىن تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالغان ئۇ ئىككى پورت ھەققىدە ئاۋال فۈھرېرىنىڭ پىكرىنى ئېلىشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، رىببېنتروپنىڭ ھىتلېر بىلەن مەسلىھەتلىشىۋېلىشى ئۈچۈن سۆھبەت ۋاقتىنچە توختىتىلىدۇ.

ھىتلېرمۇ ستالىن بىلەن كېلىشىم تۈزۈۋېلىشكە ئالدىراپ تۇرىۋاتقان ئىدى. شۇڭا بىر سائەتكە قالماي، ۋىلھېلم كوچىسىدىن تېلېفون قىلىپ، قىسقىچىلا جاۋابىنى بېرىدۇ: "بۇنىڭغا ماقۇل جاۋابىنى بېرىمەن." شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، رىببېنتروپ ئالدىرىغىنىچە تاماققا ئولتۇرىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن تاماق يىگەچ، يەنە بىر تەرەپتىن ستالىن ۋە مولوتوۋ ئىككىسى ھەققىدە قىزغىن پاراڭ قىلىپ كېتىدۇ.

تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رىببېنتروپ كرېمىل سارىيىغا قاراپ يولغا چىققىنىدا بەكلا يايراپ كەتكەن ئىدى. ئۇ يانچۇقىدا ھىتلېرنىڭ ئېنىق جاۋابى بولۇش بىلەنلا قالماي، يېنىغا ئىككى نەپەر سۈرەتچىسى بىلەن بىر مۇنچە ھەمراسىنى بىرگە ئېلىپ كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ھالدا كرېمىل سارىيىغا قاراپ يولغا چۈشىدۇ. گېرمانىيە پىكاپلىرى ئاستا-ئاستا بۇ سىھىرلىك شەھەر ئىچىگە كىرىپ كەلگىنىدە، مەخپىي ساقچىلار ئالدىراشلىق بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن چىقىشىپ مېھمانلارنىڭ ماشىنىلىرىنى قوغداپ مېڭىشىدۇ. ماشىنا ئەترىتى ياسالغان دەۋرىدە ئەڭ چوڭ ئېغىزلىق توپ ئالدىدىن، بۇ توپ بەكلا چوڭ بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى ئېتىشقا ھېچ كىم جۈرئەت قىلالمىغان بۇ توپ ئالدىدىن ئۆتىدۇ. ئاندىن نۇرغۇنلىغان ئۇششاق ياغاچ ئۆي ۋە چىركاۋلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتىدۇ. ئەڭ ئاخىرى ئۇلار زامانىۋى

پاسوندا ياسالغان بىر ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىغا يېتىپ كېلىدۇ. ستالىن ئۇلارنى بۇ بىنادا كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇزۇنغا قالماي ئىككى تەرەپ ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ماددىلىرىنىمۇ ئىمزالىشىدۇ. بۇ ئەسلىدە ئاددى ۋە يىغىنچاق بىر كېلىشىم ئىدى. ئىككى تەرەپ ھەرگىز بىر-بىرسىگە تاجاۋۇز قىلىش نىيىتىدە بولمايدۇ، شەرتلەشكەن تەرەپلەردىن بىرىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان ھەر قانداق بىر دۆلەتنىڭ تاجاۋۇزىنى قوللىمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن؛ بۇ شەرتنامە 10 يىللىق كۈچكە ئىگە بولۇپ، مۇددىتى توشقاندىن كېيىنمۇ ئەگەر شەرتنامە تۈزۈشكەن خالىغان بىر تەرەپ شەرتنامىنىڭ ۋاقتى توشۇشتىن بىر يىل بۇرۇن شەرتنامىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشىنى توختۇتۇش ھەققىدە باياناتنى بەرمەيدىغانلا بولىدىكەن، شەرتنامە ئۆزلىكىدىن يەنە بەش يىللىق ئۇزارغان ھېسابلىنىدۇ، دەپ بەلگىلىنىدۇ.

بۇ بىر ئادەتتىكىچە بىر شەرتنامە بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ مەخپىي كېلىشىمنامىلىرى باشقىچە تۈستە ئىدى. مەخپىي كېلىشىمنامىدا شەرقى ياۋروپا تەقسىم قىلىنىلغان ئىدى. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئالاھىدە يېرى، ستالىن ستالىن قول قويۇش ۋاقتىدا رەسىم تارتىشقىمۇ رازىلىق بىلدۈرۈشى ئىدى. ئۇ روھلۇق قىياپەتتە ئىمزالاش مۇراسىمىنىڭ ئەڭ ياخشى رەسىمىنىڭ تارتىلىشىغا رىژىسورلۇقمۇ قىلىدۇ. ئۇ رىبېنتروپنىڭ ئىس-ئىسچى ئادىيۇتانتى رىچارد شۇلزغا ئىشارەت قىلىپ كۆپچىلىك بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ رەسىمگە چۈش دەيدۇ. ئەمما ياش شۇرلز ئۆزىنى ستالىننىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىغا زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمىگەن ئىدى. ئاخىرىدا ستالىن بەكلا غەلىتە ئىگىز بويلۇق شۇلزنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ يېتىلىگىنىچە رىبېنتروپنىڭ يېنىغا تۇرغۇزۇپ قويىدۇ. بەلكىم ستالىن بۇ رەسىمگە ياشلىق باھرى پۇرىقىنىمۇ بېرىشنى ئويلىغان بولسا كېرەك، ياكى بولمىسا بەلكىم ئۇ شۇلزنىڭ ئىنىسى ھىتلېرنىڭ ئىس-ئىس ئوفىتسېرى ئىكەنلىكىدىن خەۋىرى بار بولسا كېرەك، ئەيتەۋىر رەسىمگە بۇ ياشنى مەقسۇس قوشۇۋالىدۇ.

ئىككى تەرەپ ئارقا-ئارقىدىن قەدەھ سوقۇشتۇرۇپ، قايتا-قايتا قەدەھ سۆزى قىلىشىپ شەرتنامە ئىمزالىغانلىقىنى تەنتەنە قىلىشىدۇ. ئەمما دىققەتكە ئەرزىيدىغان تەرىپى، ستالىننىڭ سۆزلىگەن، ھېچ قاچان سوۋېت خەلقىگە ئاشكارىلاپ باقمىغان قەدەھ سۆزى بولۇپ، ”مەن نېمىس خەلقىنىڭ فۈھرېرىنى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىمەن. _ دەيدۇ ئۇ قەدەھ سۆزىدە، _ شۇڭا، مەن ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرىمەن!“ دەيدۇ. دۇنيا تارىخىدا ئەڭ مۇھىم بىر شەرتنامە بولۇپ قالىدىغان بۇ شەرتنامە، پەقەت بىر قانچە سائەت ئىچىدىلا ئۆزئارا يول قويۇلۇشلار ئىچىدە قىلچىمۇ تالاش-تارتىشلارغا يول ئاچماستىنلا ئىمزالانغان ئىدى. بۇ شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، ستالىن

بىلەن ھىتلېرنىڭ ھەر ئىككىسىلا بۇنداق بىر شەرتنامىغا مۇھتاج بولۇپ تۇرماقتا ئىدى؛ ئۇلار ئىككىسىلا ئۆز ئېھتىياجلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قايسى دەرىجىدە بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەتتى؛ ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا تىز جەڭ قىلىپ تىز غەلىبە قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

ھىتلېر ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ شەرتنامىنىڭ ئىمزالانغانلىقى ستالىننىڭ غالىبىيىتى ئەمەس بەلكى ئۆزىنىڭ غەلىبىسى ھېسابلىناتتى. رۇشەنكى، ھىتلېر «كۈرەش يولۇم» دېگەن كىتابىدىكى ئالدىن پەرىزى (يەنى گېرمانىيە سوۋېت ئىتتىپاقداشلىقى چوقۇم ئۇرۇشقا باشلاپ بارىدۇ، بۇ ئۇرۇش يەنە كېلىپ "گېرمانىيىنىڭ يوقۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ") نى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ھىتلېر بۇ پەرىزنى ئۇتتۇرغا قويۇپ بىر قانچە يىل ۋاقىت ئۆتكەندە، بورمانغا، مەن شۇ ۋاقىتتىن كېيىن پىكرىمنى ئۆزگەرتتىم، مەن كېيىن سوۋېتلەر بىلەن شەرتنامە ئىمزالاشتا "ھەقىقەتەنمۇ ساپ نىيەتلىك بولغان ئىدىم. شۇنداقتىمۇ بۇنداق دوستلۇق ھەممىنى قۇربان قىلىۋېتىدىغان دوستانىلىق ئەمەس" دەپ ئېتىراپ قىلغان ئىدى. ئۇ، نۇرغۇن يىل ھوقۇق تۇتقاندىن كېيىن، بۇ رېئالىست ستالىن چوقۇم ئۇ مۇجمەل ماركسىزم ئالاڭ پىكىرلىرىدىن قۇتۇلۇپ ئۇنى بىر زەھەرلىك دورا سۈپىتىدىلا ساقلاپ سىرتقا ئىشلىتىشى مۇمكىن دەپ ئويلايدۇ. ھىتلېر يەھۇدىي زىيالىلار قاتلىمىغا رەھىمسىزلەرچە مۇئامىلە قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بۇنداق ئويغا كەلگەنلىكىنى ئويلىنىش مۇمكىن. "ئىككىلا تەرەپنىڭ رەھىمسىز ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، بىز ئەسلىدە ئۇزۇن مۇددەتلىك شەرتنامە ئىمزالىشىمىز مۇمكىن ئىدى. ... قىسقىسى، بۇ بىر، بىر كۆزىدە قارچۇغا كۆزى بىلەن كۈزىتىپ تۇرىۋاتقان، بىر قولىدا بارمىقى بىلەن تەپكىنى بېسىشقا تەييار تۇرغان بىر شەرتنامە!"

ھىتلېر، شەرتنامە ئىمزالانغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىشى ھامان تاماق ئۈستىلىدىن سەكرىگىنىچە تۇرۇپ ۋارقىرىۋېتىدۇ: "بىز ئۇتۇپ چىقتۇق!" ئۇ گەرچە پۈتكۈل پولشانى يۇتۇپ ئېلىش پۇرسىتىدىن ۋاز كەچكەن بولسىمۇ، يەنىلا رۇسسىيەنى جىمىتىۋالغانلىقىدىن خوشال ئىدى. ئەندى ئۇ پۈت-قولىنى راھەت قويىۋېتىپ بىرىپ پولشاغا تاقابىل تۇرۇش ئىشىغا تۇتۇش قىلىشى مۇمكىن ئىدى. يېنىدا سوۋېتلەرنىڭ ئۆز يېنىدا بولمىغان ئەھۋالدا قالغان ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئىككىسى بەك بولۇپ كەتسە ۋارقىراپ جارقىراپ قورقۇتۇشتىن ئارتۇق قولىدىن بىر ئىش كەلمەس ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە ئەنگلىيىنىڭ ئىمبارگوسى تۈپەيلىدىن تارتقۇزۇپ قويغان شەرقنىڭ خام ئەشيالىرىغىمۇ ئېرىشەلىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان ئىدى.

ھىتلېر ئەسلىدە شەرتنامە تۈزۈشمەي تۇرۇپمۇ ستالىنغا پۇل بېرىپ قىلدۇرغىلى بولىدىغان ئىشلارنى قىلدۇرماقچى بولىدۇ. سوۋېتلېر ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچ ئۇنۇمى تازىلاش ھەرىكىتىنى يولغا قويغىنىدىن بېرى تېخىچە ئەسلىگە كېلىپ بولالمىغان بولغاچقا، ستالىن گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىگە ھۇجۇم قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرەلمەيدىغان بىر ئەھۋالدا ئىدى. ستالىن ئەسلىدە، ھىتلېرغا قارشى قوغدىنىش خاراكتېرلىق ئىتتىپاق ئۇيۇشتۇرۇش ئىشىنى ھېچ قاچان ئەستايىدىل ئويلىنىپ باقمىغان ئىدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ كېرىمىل سارىيىدىكى ھەمرالىرىنىڭ ھەممىسىدىن بەكرەك قولغا كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئىشى بىتەرەپ تۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشلا ئىدى. ئۇلار گېرمانىيە بىلەن شەرتنامە تۈزۈشۈپ بىتەرەپلىكنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەنلا قالماي، كاپىتالىستىك ئەللەر ئارىسىدا ئۇرۇشقا كۈشكۈرتكۈچىلىك قىلىش مەقسىتىنىمۇ ئىشقا ئاشۇرۇۋالغان ئىدى. ستالىننىڭ قارىشىچە، ناتسىستلار گېرمانىيىسى بەرىبىر بىر كاپىتالىستىك دۆلەت ھېسابلىناتتى.

تەخمىنەن 24-ئاۋغۇست سەھەر سائەت 3 تە، ھىتلېر ھەمرالىرىنى باشلاپ بېرگخوف چوققىسىغا چىقىدۇ. تاغ بېشىدا شىمال ۋە غەربىي شىمال ئۇپۇقىدا قىزغۇچ شەپەق نۇرى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. تاغ جىلغىسى تەرەپتە بولسا بۇنداق "شىمال نۇرى" نىڭ قورقۇنۇچلۇق قان قىزىل بىر دەستىسى ئۇنتېربېرگ دەپ نام ئالغان ئاجايىپ-غارايىپ رىۋايەتلەر بىلەن تەرىپلىنىپ كېلىنگەن تاغ چوققىسىنى قىپ-قىزىل يورۇتۇپ تۇراتتى. "گۆتتېردامېرۇڭنىڭ ئاخىرقى پەردىسىدىمۇ بۇنچىۋالا رەڭدارلىق يوق ئىدى. _ دەيدۇ ئەسلىمىسىدە سېپېر، _ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان قىپ-قىزىل نۇر بىزنىڭ يۈز-كۆزىمىزگىمۇ چۈشۈپ تۇراتتى."

ھىتلېر تۇيۇقسىز ھاۋا ئارمىيە ئاديۇتانتىغا بۇرۇلۇپ "بۇ نۇر خۇددى بەكلا كۆپ قاننىڭ ئەكسىگە ئوخشاپ تۇرىدۇ. قارىغاندا، بۇ قېتىم زورلۇق كۈچىدىن پايدىلانمىساق ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەيدىغاندەك قىلىمىز" دەيدۇ.

# 20.تەۋداشسىز ئاپەت

# 1939. 8. 23 ~ 9. 3

1

24-ئاۋغۇست پەيشەنبە ئەتىگىنى، كىشىلەر ئۈيغۇنۇپ تالاغا چىققىنىدا گېزىتلاردا ئــادەتتىكى پــۇخرالارنىلا ئەمەس ھەتتـا دىپلومــاتىيە ساھەســىدىكىلەرنىمۇ قــاتتىق چۆچىتىۋېتــدىغان چــوڭ تېمىلارنــى كۆرىــدۇ. "پولشــاغا ئەڭ ئــاخىرقى ئۇلتىمــاتۇم تاپشــۇرۇلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغــان ئىــدىم. ــ دەيــدۇ ھىندېرســون بېرلىنــدىن بەرگەن دوكلاتىدا، ــ پولشا ھۆكۈمىتىنىڭ قايتا مۇناسىۋەت ئــورنىتىش ئۈچــۈن كۆرســىتىدىغان ئەڭ ئــاخىرقى تىرىشــچانلىقلىرىنىڭ كارغــا كېلىــپ-كەلمەســلىكىگە ئــۈنچە بەك ئىشــىنىپ كېتەلمەيمەن. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇنداق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى تىنچلىق ئۈچـۈن قالغـان ئەڭ ئــاخىرقى بىــر ئۈزۈنــۈش دەپ قــارايمەن. تەبىئىكــى بۇنــداق بىــر ئــاخىرقى ئۈمىــد بــار دېيىلگىنىدە."

گەرچە پولشا گېزىتلىرى سوۋېت-گېرمانىيە شەرتنامىسىنى گېرمانىيىنىڭ ئــاخىرلىقىنى كۆرســىتىدۇ دەپ بــۇ شــەرتنامىنىڭ قىممىتىنى تــۆۋان كۆرسىتىشكە ئۇرۇنــۇپ يۈرگىنىــدەك قىلغىنــى بىــلەن، پولشــالىقلار يەنــلا بەكــلا ئەنسىزچىلىك ئىچىــدە قالغــان ئىــدى. پولشــا ھۆكــۈمىتى، ئەگەر ھىتلېــر بىــلەن ئــۇرۇش پــارتلاپ قالغىــدەكلا بولىــدىكەن، ئەنگىلىــيە بىلەنفرانسىيەنىڭ ياردىمى نەتىجىسىدە ۋەزىيەت چوقـۇم ئۆزگىشـىلىدۇ، دەپ قەتئىـي ئىشـەنچ قىلاتتــى. فرانسىيە كومۇنىسـتلىرى بــۇ ئوتتۇرلۇقتــا قىسىلىپ قالغــان بولــۇپ، ئــۇلار ئىككــى تۈرلۈك تاللاش ئىچىدە تەڭسىزلىكتە قالغان ئىدى: ئــۇلار بىــر تەرەپتىن ۋەتىنىگە بولغـان ســاداقىتىنى ئىپادىلەشســە، يەنە بىــر تەرەپتە رۇسىيە دېگەن چــوڭ ئانىسـغا ســاداقىتىنى ئىپادىلەشــمەكتە ئىــدى. ئۇلارنــىڭ ئــامېرىكىلىق سەبداشــلىرىنىڭ ئەھــۋالى تېخىمــۇ قىيىن بولــۇپ، ئــۇلار نــېمە قىلارنــى بىلەلــمەي پۇتــۇنلەي قېيىــپ كەتــكەن ئىــدى. دەســلىۋىدە «ئىشــچىلار» گېزىتــى گويــا موسكۋانىڭ يولىــورىقىنى كۈتىۋاتقانــدەك ســوۋېت-گېرمــانىيە شەرتنامىسىغا پەرۋا قىلماي يۈرگەن ئىدى. كېيىنچە، ئا ق ش كومپارتىيە رەھبىرى ئېئارل بىروۋدېر، بــۇ شــەرتنامە ھىتلېرنــى ئاجىزلاشــتۇرىدۇ، دەپ ئــېلان قىلــدى. چىكىــدىن ئاشقان سولچىل "ئىلغار ئەرباپلار" قىلچە سۈرۈشـتە قىلمـايلا پارتىيىنىــڭ يېڭــى بىــر يــولىنى بــاش

لىڭشتىپ ماقۇللىشىدۇ: ھىتلېر بىلەن شەرتنامىغا قول قويۇشقاندىن كېيىن سوۋېت تەرەپ ئاخىرقى ھېسابتا فاشىزىمغا قارشى كۈرەشكە تەييارلىق قىلىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرگەن ھېسابلاندى، دېيىشىدۇ. پرىزدېنت روزېۋېلتنىڭ ئىنكاسى بولسا، ھىتلېرغا يەنە بىر پارچە ئەخلاقى تىلىگرامما يوللاش بولۇپ ئىپادىلىنىپ، ھىتلېرنى "بەلگىلەنگەن مۇۋاپىق بىر مۇددەت ئىچىدە ھەرگىز ئاكتىپ دۈشمەنلىك ھەرىكىتىدە بولماسلىق" نى تەكىتلەيدۇ. ئەمما ھىتلېر خۇددى بۇرۇنقىسىغا ئوخشاش بۇ تېلېگراممىنىمۇ بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

موسكۋادا بولسا، سىياسىي رىياللىق ئالدىدا ئەنگلىزلارنىڭ يول قويۇشىغا قەتئىي ئىشەنچ قىلىدىغان ستالىن، ئۇنىڭغا بېرىشنى قوبۇل قىلىشقان تەسىر دائىرە ئۈچۈن قان تۆكۈپ يۈرمىسىمۇ سۆھبەتلىشىش ئارقىلىقلا قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۆز ئىچىدە بىر-بىرسىنى تەبرىكلەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئەمما ھىتلېرنىڭ قالغان ئىتتىپاقداشلىرى ئۇنچىۋالا خوشال ئەمەس ئىدى. ئىتالىيانلار بىر تەرەپتىن ھىتلېر "بۇ ئويۇننى ھەقىقەتەنمۇ قامالاشتۇرۇپ ئوينىدى" دەپ ئېتراپ قىلىشسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن قاتتىق پەقەتلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى؛ ياپونلار بولسا، بۇ ئىتتىپاقداشلىق ستالىننىڭ مانجۇرىيىگە بېسىم پەيدا قىلىشقا كۈشكۈرتكۈچىلىك رول ئويناپ قېلىشىدىن بەكلا قورقماقتا ئىدى. گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيە ئوتتۇرىسىدا شەرتنامە تۈزۈشكە قارىغاندا ئوخشاش قاراشتا بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئىچكى كابىنېتى 70 قېتىمدىن ئارتۇق يىغىن ئاچقان بولسىمۇ، قىلچە پايدىسى بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن، ياپونىيە باش ۋەزىرى خىرانۇما، بەكلا مۈشكۈل ئەھۋالدا قالىدۇ. ھەتتا بۇ ئىشتىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپلا قالىدۇ. ئاخىرى ئۇ، "يېقىندىن بۇيانقى ياۋروپا ۋەزىيىتى بەكلا غەلىتە، بەكلا مۇرەككەپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن، ھۆكۈمىتىمىز بۇگۈندىن باشلاپ ئىستىپا بەرگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ" دەپ ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

بىر مەنىدە، گېرمانىيە خەلق ئاممىسى بۇ ئىشتا خوشال بولۇپ ئۇغ دەپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋالىدۇ: بىز فۈھرېرىمىزگە ھەقىقەتەنمۇ كۆپ رەخمەت بىلدۈرۈشىمىز كېرەك. ئەتىراپىمىز قورشاۋ خەۋپى ئىچىدە قالغان، ئىككى سەپ بويىچە ئۇرۇش قىلىش قورقۇنچىسى ئىچىدە قالغان ئىدۇق. مانا ئەندى فۈرېرىمىزنىڭ كۈچى بىلەن بۇ خەۋپىلەردىن ئىزمۇ قالمىدى، دېيىشمەكتە ئىدى. ئەمما بۇ شەرتنامىنى ھەزىم قىلالمىغانلار يەنىلا شۇ فۈھرېرنىڭ كونا مۇرتلىرى ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر يەنىلا تېزلا ئۆزلىكىدىن قايىل بولۇشىدۇ: داھىمىز نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى خۇددى ئالقاندىكىدەك ياخشى بىلىدىكەن، دېيىشىدۇ.

ھىتلېر بېرلىنغا قاراپ ئۇچۇپ، غالىبىيەت بىلەن قايتىپ كەلگەن قەھرىمانى رىببېنتروپنى ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى، ئۇ باش مىنىستىرلىق مەھكىمىسىگە سوۋغۇنىۋېلىپ تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلايدۇ. رىببېنتروپنىڭ ئاغزى تىنماي سۆزلىمەكتە، كرېمىل سارىيىنىڭ خوجايىنلىرى ھەققىدە ئالاھىدە ھەۋەس بىلەن سۆزلەپ، ھىتلېرنى "پارتىيىنىڭ كونا سەپداشلىرى ئارىسىدا تۇرغان" دەك ھېسسىياتلارغا كەلتۈرۈۋېتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە، قىشلىق سارايدا ئىپسىغلىق تۇرغان چار پادىشاھ نىكولاينىڭ رەسىمىمۇ رىببېنتروپنى كومپارتىيەمۇ خەلقى ئۇچۇن خىزمەت قىلغان بىر چار پادىشاغا ھۆرمەت بىلدۈرىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرگەن ئىدى. بۇ گەپلەرنى ھىتلېر ئولتۇرۇپ ھەۋەس بىلەن ئاڭلىغاندەك قىلسىمۇ، ئۇنىڭ خىيالى يەنىلە خوفماننىڭ تارتقان ئۇ رەسىملەردىلا قالغان ئىدى. قارىغاندا، ھىتلېر خوفمانغا سوۋېت رەھبىرى ستالىننىڭ يېقىن سۆرەتنى تارتىپ كېلىشنى بۇيرىغىنىدا، ستالىننىڭ قولاق ساڭگىلىقى يەھۇدىلارنىڭكىدەك چاپلىشىپ تۇرامدۇ ياكى ئارىئانلارنىڭكىدەك ئايرىلىپ تۇرامدۇ، كۆرۈپ بېقىشقا قىزىققان ئىدى. تارتىلغان بىر پارچە يان سۆرەت ھەققەتەنمۇ قايىل قىلارلىق ئىدى: ئۇنىڭ يېگى سەبدىشىنىڭ قولاق ساڭگىلىقى تەكشۈرۈشىدىن قارىغاندا، ستالىن ھەرگىزمۇ بىر يەھۇدىيغا ئوخشىمايتتى.

شۇنداقتىمۇ، ئەڭ ئاخىرقى مۇراسىمغا ئائىت رەسىملەرگە قاراپ ھىتلېر بېشىنى چايقايدۇ. ھەر رەسىمدىكى ستالىننىڭ ئاغزىدا تاماكا قىستۇرۇغلۇق ئىدى. "شەرتنامىغا قول قويۇش مۇراسىمى دېگەن بەكلا تەنتەنىلىك بىر مۇراسىم. ئاغزىدا تاماكا، بۇنداق مۇراسىمغا قانداقمۇ ماس كەلسۇن!" ھىتلېر دەرھال فوتوگرافچى خوفمانغا بۇيرۇق قىلىپ رەسىملەرىكى تاماكىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاپ ئاندىن گېزىتلارغا بېرىلسۇن، دەيدۇ.

فۇھرېر يەنە رىببېنتروپقا ھەمرا بولۇپ رۇسىيە زىيارىتىگە بارغان ھەربىي قۇرۇلۇش ئوفىتسېرىدىنمۇ تەپسىلى سوئاللار سورايدۇ. بۇ ئوفىتسېر، تەبرىكلەش زىياپىتى باشلىنىش ۋاقتىدا مېھمانلار دەستىخانغا ئولتۇرۇشتىن ئاۋال، ستالىن ئۆزى مەخسۇس كېلىپ دەستىخاننىڭ تولۇق بولۇپ-بولمىغانلىقىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ چىققانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى شرۆدېر خانىم دېگەن قىزنىڭ ئەسلىتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئۇ قىز ئىككىڭلارنىڭ ئوخشاش تەرىپى كۆپ ئىكەن دەپ قوشۇمچە قىلىدۇ. "مېنىڭ خىزمەتچىلىرىم بىلەن مېنىڭ ئۆيۈم، ھەر قانداق ۋاقىتتا مۇكەممەل ھالىتىنى ساقلايدۇ" دەيدۇ سەل مۇلايىم قىياپەتتە.

ئەتىسى، يەنى 25-ئاۋغۇست جۈمە كۈنى، بەكلا ئالدىراش، ھەل قىلغۇچ بىر كۈن

بولاتتى. ھىتلېر سەھەر تۇرۇپلا مۇسسولىنىغا خەت يېزىپ، موسكۋادا يۈز بەرگەن ئىشلاردىن خىجىل بولغان ھالدا چۈشەندۈرۈش بېرىپ ئۆتتىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا كاپالەت بېرىپ،552 بۇ شەرتنامە پەقەتلا ئۇق مەركىزى دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى كۈچەيتىشكىلا ياردىمى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئىتالىيە باش مىنىستىرى نېمە ئۈچۈن بۇنداق بىر ئىشقا جىددىي تۇتۇشۇپ قالغانلىقىمىزنى چوقۇم تىگىرا چۈشىنىدۇ دەپ ئىشىنىمەن دەيدۇ. ھىتلېرنىڭ بۇندىن كېيىنكى قىلىدىغان ئىشى، شىمدىتقا چېمبېرلىنىنىڭ ئالدىنقى كۈنى ئاۋام پالاتاسىدا سۆزلىگەن نۇتقىنىڭ مۇھىم قىسىملىرىنى تەرجىمە قىلىپ چىقىشنى بۇيرۇش بولىدۇ. ھىتلېر بۇ تەرجىمىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلايدۇ: ئەنگلىيە باش ۋەزىرى شۇنى ئېتىراپ قىلىدۇكى، موسكۋا شەرتنامىسىنىڭ خەۋىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، "كىشىلەر ھەيرانلىقتا قالغان، شۇنىڭدەك بۇنىڭدىن بەكلا رەنجىگەن." ئەمما، ئەگەر نېمىسلار بۇندىن كېيىن ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ پولشاغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرمايدۇ، دەپ قارايدىغان بولىدىكەن، ئۇ ھالدا، ئۇلار "خەتەرلىك خام خىيالدا" بولغان بولىدۇ.

"بۇ سۆزلەر ھىتلېرنى ئويلاندۇرۇپ قويىدۇ. _ دەيدۇ شىمدت كېيىن ئەسلەپ كېلىپ، _ ئەمما ئارتۇق بىر نېمە دېمىدى." بەلكىم، بۇمۇ ئۇنىڭ ئىككىلىنىپ غۇدۇراشلىرىنىڭ سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. پولشاغا ھۇجۇم قىلىش ئىشىنى ئەسلىدە ئەتىسى ئەتىگەن باشلىتىش بېكىتىلگەن بولسىمۇ، ئىككىلىنىپ يۈرگەچكە، چۈشكە يېقىن بىر ۋاقىتلاردا قۇماندانلىق شىتابىغا يوليورۇق بېرىپ، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش ۋاقتىنى بىر سائەت كېچىكتۈرۈشنى، يەنى چۈشتىن كېيىن سائەت 3 كە كېچىكتۈرۈش بۇيرۇقىنى بېرىدۇ. ئاندىن، ئەنگلىيە باش ئەلچىسىنى باش مىنىستىرلىككە چاقىرتىدۇ. ھېندېرسون چۈشتىن كېيىن سائەت بىر يېرىمدا يېتىپ كېلىدۇ. باش ئەلچى، فۇھرېرنىڭ بۇرۇنقى ياخشى مۇناسىۋەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى، "خۇددى رۇسىيەگە ئوخشاش، ئەنگلىيە ئۈچۈنمۇ ھەل قىلغۇچ بىر ھەرىكەت باشلىماقچى بولىۋاتقانىدەك" ھېس قىلىدۇ. يەنى، رۇسىيىگە قارىتا ھەرىكەتكە ئۆتۈشى نەتىجىسىدە يېقىندا ئىمزالانغان شەرتنامىنى قولغا كەلتۈرەلىگىنىدەك بىر ئىش بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانىدەك كۆرۈنمەكتە ئىدى." ھىتلېر ئۇنىڭغا، ۋىژدانىم مېنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق بىر تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق دوستانە مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشكە ئۈندىمەكتە، دەيدۇ. ئەمما بۇ تۇر ئۇرۇنۇشۇم ، مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق بىر ئۇرۇنۇشۇم ھېساپلىنىدۇ، دەپ ئەسكەرتىدۇ.

ھېندېرسوننىڭ قارىشىچە، ھىتلېرنىڭ مىجەزى ئىنتايىن نورمال، شۇنىڭدەك ئىنتايىن تىنچ كۆرۈنەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ يولۇۋچىلار ئايروپلانىغا ئوق چىقىرىشى

قاتارىدىكى پولەكلەرنىڭ قىلغانلىرىنى بىر باشتىن ساناپ قارىلاپ كېلىپ قايتىدىن غەزەپلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ ئاچچىقىنى بېسىۋالالمىغان ھالدا ۋارقىرىغىنىچە ئۇلار بۇ تۈر ھەرىكەتلىرىگە "چوقۇم خاتىمە بېرىشلىرى كېرەك!" دانزىگ مەسىلىسى، شۇنىڭدەك كورىدور مەسىلىسى قىلچە كېچىكتۈرۈلمەستىن چوقۇم ھەل قىلىنىشى كېرەك، چېمبېرلىننىڭ يېقىن كۈنلەردە سۆزلىگەن بىر قېتىملىق نۇتقىنىڭ بىردىن بىر ئاقىۋىتى، بىر ھېساباتا "ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدا ئاقىۋېتىنىمۇ پەرەز قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان بىر مەيدان قانلىق ئۇرۇشقا سۆرەپ بېرىشى مۇمكىن." ئەمما بۇ قېتىم گېرمانىيە ئىككى ئۇرۇش سېپى بويىچە جەڭ قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. يەنى "بۇندىن كېيىن رۇسىيە بىلەن گېرمانىيە بىر-بىرسىنى ھەرگىزمۇ قۇراللىق قىرغىن قىلىشمايدۇ" دەيدۇ.

ھېندېرسون ئەنگلىيە پولشاغا بەرگەن ۋەدىسىگە ھەرگىزمۇ خىلاپلىق قىلمايدىغانلىقىنى قايتا-قايتا تەكىتلەپ كۆرسەتكىنىدە، تەھدىت سېلىپ قورقۇتۇش قىياپىتىگە پۈركەنگەن ھېتلېرمۇ يۇمشاپ ئۆزىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا كىرىشىدۇ. پولشا مەسىلىسى ھەل بولىشى ھامان، ئەنگلىيەگە ئۇلارنىڭ پولشانىڭ داۋاملىق ساقلىنىپ قېلىشىنى بىۋاستە ھۆددىسىگە ئېلىش تەلىۋىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىغا ئوخشايدىغان ئومۇمىي يۈزلۈك بىر تەكلىپ سۇنماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەمما ئەنگلىيە ئۇنىڭ بۇ تەكلىۋىنى رەت قىلغىدەك بولغىنىدا، دەيدۇ ھېتلېر قاتتىق غەزەپ بىلەن، "ئۇ ھالدا ئۇرۇش پارتلاپ چىقىدىغانلىقى مۇقەررەر." بىر ھېساباتا، بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەكلىۋى ئىدى.

ھېتلېر، ئارىدىن يېرىم سائەت ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى چۈشتىن كېيىن سائەت 3 تىن 2 مىنۇت ئۆتكەندە پولشاغا تاڭ سەھەردە ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرىدۇ. بىر قارىماققا، ئۇنىڭ بۇ تۈر دو تىكىشى پۈرسەتپەرەسلىكنىڭ بىر ئىپادىسىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئېتراپ قىلىشقا مەجبۇرمىزكى، ئەسلىدە ھېتلېر كۆندىلىك سىياسەت ئىشلىرىغا ئىنتايىن ماھىر بىر قۇۋ تۈلكە ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتى ھەقىقەتەنمۇ ئېنىق مەقسەتلەرگە ئىگە ئىدى: ئۇ، قەدەممۇ قەدەم ياۋروپا قىتئەسىنى تىزگىنلەشنى مەقسەت قىلماقتا ئىدى. بۇ سىياسەت ئۇنىڭ رادىكال يەھۇدىي دۈشمەنلىكى پىلانىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بىر سىياسەت ئىدى. رىمدا، گېرمانىيە باش ئەلچىسى سىئانونىڭ ھەمراھلىقىدا، شۇ كۈنى ئەتىگەنلەردە يېزىپ تەييارلانغان ھېلىقى پەۋقۇلئاددە خەتنى ئېلىپ ۋېنېزىئا سارىيىغا كىرىپ كېلىدۇ. سائەت 3 تىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە، باش ئەلچى خانس گېئورگ ۋون ماكېنسېن بۇ ھۆججەتنى مۇسسولىنىغا تاپشۇرىدۇ.553 سوۋېت-گېرمانىيە

شەرتنامىسى مۇسسولىنىنىڭ قاتتىق ھاياجانلانـدۇرۇشەتكەن ئىـدى. بـارلىق سىياسـىيونلارغا ئوخشـاش، ئۇمـۇ بۇنـداق بىـراقلا نەتىجـىگە ئېرىشـىلگەن ئاجايـىپ داڭلىـق دىپلوماتىـك نەتىجىگە بەكلا قايىل بولغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بەربىر ئەمەلىيەتنى چىقىش نوقتىسى قىلىدىغان بىرسى بولغاچقا، بۇنداق بىر رىياللىقنى ئېتراپ قىلمايمۇ تۇرالمايتتى: ئالبانىيىدە شـۇنچە ئـاجىز ئىكەنلىكىنـى ئىپـادىلىگەن ئىتـالىيە قوشـۇنلىرى، روھـى جەھەتـتە، تەلـىم-تەربىيە جەھەتتە ۋە ئـۇرۇش تېخنىكىسـى قـابىلىيىتى جەھەتـلەردە ھەرگىزمـۇ بىـر مەيـدان ھەقىقى ئۇرۇشـقا تەييـار ئەمەسـلىكىنى كۆرسـەتكەن ئىـدى. ئەممـا ئـۇ ماكېنسـېنغا ئۇنـداق گەپلەرنــى قىلماســتىن، قوشــۇلىدىغانلىقىنىلا بىلدۈرۈــدۇ: مەن موســكۋا شەرتنامىســىغا پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن. ”قىلچە تەۋرەنمەي كوممۇنىستلارغا قارشىمەن“، ھەر قانداق ئەھـۋال يـۈز بېرىشـىدىن قەتئىـي نەزەر فـۈھرېرنى قـوللايمەن (بـۇ تەرىپىنـى، ئـۇ ئېنىـق تەكـىتلەپ كۆرسىتىدۇ)، شۇنىڭدەك ”شەرتسىز تۈردە، پۈتـۈن كۈچـۈم بىـلەن“ قـوللايمەن، دەپ ئىپـادە بىلدۈرىدۇ.

ماكېنسېن ئىشكىتىن چىقىشى بىلەن تەڭـلا مۇسسـولىن پىكرىنـى ئۆزگەرتـىدۇ، يـاكى باشـقىلار ئـۇنى پىكرىـدىن يانغۇزىـدۇ. سـىئانونىڭ دېيىشـىچە، مەن مۇسسـولىنىنى يازمـا شەكىلدە جاۋاب بېرىشى ئۈچۈن قايىل قىلغان ئىدىم دەيدۇ. يەنـى، ئىتـالىيە تېخـى ئـۇرۇش تەييـارلىقنى پۈتتۈرەلمىـدى، گېرمـانىيە دەرھـال ئىتـالىيىگە يېتەرلىـك مىقـداردا ”ھەربـى مۇلازىمەتلەر بىـلەن خامئەشـيالارنى يەتكـۈزۈپ بېرىـپ، ئەنگلىـيە-فرانسـىيە ئىككىسـىنىڭ ئۇرۇش نىشانىنى بىزگە قارىتىشـىغا تاقابىـل تۇرۇشـىمىزغا كاپالەتلىـك قىلالىغـان“ ئەھـۋال ئاستىدىلا ئىتالىيە ئاندىن ئۇرۇشقا قاتنىشالىشى مۇمكىنلىكىنى ئوچۇق ئېتراپ قىلغان.

شۇنىڭ بىلەن بىـرگە، ئىتالىيىنىـڭ بېرلىنـدا تۇرۇشـلۇق بـاش ئەلچىسـىمۇ فـۈھرېرگە، ئىتالىيە بـاش مىنىسـتىرىنىڭ جـاۋابى يولـدا كېلىۋاتقـانلىقىنى ئۇقتۇرىـدۇ. ھىتلېـر يەنە بىـر زىيارەتچىسى بولغان فرانسىيە باش ئەلچىسى كوۋلونـدرېنى كۈتىۋاتقـان پەيتىـدە بىـر نەپەر ئادىيۇتانت ئەنگلىيىنىڭ ئاخبارات خەۋىرىنى كۆتۈرۈپ كىرىدۇ. ھىتلېرنىڭ كەينىدە تۇرغان شمىدت بۇ خەۋەرگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىـدۇ. بـۇ خەۋەردە ئەنگلىـيە بىـلەن پولشا لوندوندا ئۆزئارا ياردەملىشىش شەرتنامىسى ئىمزالاشقانلىقنى بىلدۈرمەكتە ئىـدى. بۇنىڭغـا ھىتلېر بىر نىمە دېمەي ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىدۇ. روشەنكى، ھىتلېرنـىڭ بـۇ خەۋەرگە بەكـلا ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقى چىقىپلا تۇراتتى. ئەسلىدە بىر قانچە ئاي مابەينىدە، بۇ شـەرتنامە ئۇنـداق يـاكى بۇنـداق سـەۋەبلەر تۈپەيلىـدىن ئىمزالىنىشـى كېچىكتۈرۈلـۈپ كېلىنىۋاتقـان ئىدى. شۇڭا بۇ شەرتنامە باشقا بىر كۈنى ئەمەس دەل ئەنگلىگە ”ئەڭ ئـاخىرقى“ تەكلىـپ ئوتتۇرغا قويۇلۇپ بىر قانچە سائەت ئۆتكەنـدە ئىمزالىنىشـى، ھەرگىزمـۇ پەۋقۇلئـاددە تـوغرا

كېلىپ قېلىش ھېسابلانمايتتى. ئۇلارنىڭ پولشاغا ھەربىي ياردەم ۋەدىسى بەرگەنلىكى (گەرچە بۇنداق بىر ياردەمگە ھېچقاچان ئېرىشەلمەيدىغان بولىشىدىن قەتئىي نەزەر)، پولەكلەرەھ بىر تۇرلۇك خىيالى بىخەتەرلىك تۇيغۇسى يارىتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇ سەۋەپتىن پولەكلەر گېرمانىيە بىلەن سۆھبەتكە ئولتۇرۇشنى رەت قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىشى مۇمكىن ئىدى.

ئاخىرى، چۈشتىن كېيىن سائەت بەش يېرىمدا كوۋلوندرې فوھرېرنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىلدۇ. ھىتلېر ھىتلېر پولشانىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشىغا قاتتىق غەزەپلىنىپ، گېرمانىيە-فرانسىيە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش يۈز بېرىش ئېھتىمالىدىن بەكلا ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. "بەزىدە مېنىڭدە مۇنداق بىر تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ، _ دەيدۇ شمىدت ئەسلەپ كېلىپ، _ يەنى، ئۇ يادلىۋالغان ھالدا ھېندېرسونغا دېگەن گەپلىرىنى قايتا تەكرارلاپ كۆڭلى چېچىلىپ كېتەتتى. روشەنكى، ئۇ ئەسلىدە بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشنى تېزىراق ئاخىرلاشتۇرۇشقا ئالدىرايتتى." ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرىشى بىلەن تەڭ، كۆرۈشۈشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئەمما ئۇ تەكەببۇر كوۋلوندىغا رەددىيە بەرمىسىمۇ، يەنىلا بولدى قىلمايتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئۈزۈلمەي تېزلىپ چىقىپ تۇرغاچقا، بۇ ئەھۋالنى شمىدت ھەرگىز ئېسىدىن چىقارمىغان ئىدى: "نۆۋەتتىكى شۇنچە ئېغىر بىر ۋەزىيەتتە، باش مىنىستىر ئەپەندىم، خاتا چۈشىنىپ قېلىش ھەممىدىن خەتەرلىك بىر ئەھۋال. شۇڭا، مەن سىزگە ئوچۇق ئېيتىپ قوياي، مەن بىر فرانسىيە ئوفىتسېرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇنداق قەسەم بېرەلەيمەنكى، ئەگەر پولشا ھۇجۇمغا ئۇچرىغىدەكلا بولىدىكەن، فرانسىيە قوشۇنلىرى پولشا تەرەپتە تۇرۇپ، پولشا بىلەن بىرلىكتە جەڭگە قاتنىشىدۇ." كەينىدىن ئۇ ھىتلېرغا كاپالەت بەرگەن ھالدا، تىنچلىق ئۈچۈن ھۆكۈمىتىم ھەر قانداق بىر تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ھەر دائىم تەييار، ھەتتا بۇ تىرىشچانلىقنى تا ئاخىرغىچە داۋام قىلدۇرىدۇ! دەيدۇ.

"ئۇنداقتا سىلەر يەنە نېمە ئۈچۈن پولشاغا كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈنلا قۇرۇق چەك يېزىپ بەردىڭلار؟" فرانسىيە باش ئەلچىسى جاۋاب بېرىشكە ئۈلگۈرمەيلا ھىتلېر ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ تۈگىمەس گەپلەر بىلەن پولشاغا ھۇجۇم قىلىشقا كىرىشىدۇ.554 "فرانسىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇرلىنىشنى مەنمۇ ئېغىر كۆرىمەن، ئەمما بۇ ئىشنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلى بىز تەرەپتە ئەمەس." ئۇ قولىنى شىلتىغىنىچە باش ئەلچىنى ئىشخانىسىدىن چىقىرىۋېتىدۇ.

ئارىدىن بىر مىنۇت ئۆتكەندە، يەنى چۈشتىن كېيىن سائەت 6 بولغاندا، ئاتتولىكو كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ مۇسسولىنىنىڭ خېتىنى، يەنى سىئانونىڭ تېلېفوندا ئېيتىپ بەرگەن

خىتنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئەنگلىيە-پولشا شەرتنامىسىنىڭ سىياسىي تېخى قۇرىماي تۇرۇپ، كوۋلوندىي ئېنىق قىلىپ فرانسىيەنىڭ مەقسىتىنى بىلدۈرگىنىدىن كېيىن، ئىتالىيىنىڭمۇ ئۇرۇش قىلمايدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر "خۇددى بىر بومبىغا ئوخشاش" ھىتلېرنىڭ مىڭىسىدە پارتىلىغاندەك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئىش ئىتتىپاقداشىنىڭ ساتقۇنلۇقى ھېسابلىناتتى. ھىتلېر بۇنداق جاۋاب ئالىدىغانلىقىنى ھەرگىزمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئىدى. شۇڭلاشقا قارىماي ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا ئاددىيلا قىلىپ "مەن دەرھال جاۋاب بېرىمەن" دەپ بولۇپ، مۇسسولىنىنىڭ ئەلچىسىنى يولغا سېلىۋېتىدۇ. ئاتتولىكو ئەندىلا ئىشىكتىن چىقىشىغا، شىمىدت ھىتلېرنىڭ ئۆز-ئۆزىگە "ئىتالىيانلارنىڭ بۇ قىلىقى ئۇلارنىڭ 1914-يىلىدىكى (ئېنگلىزچىدىن تەرجىمىدە 1941 دەپ ئېلىنغان _ ئۇ.ت) قىلغىنى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش بىر ئىش" دەپ غۇدىرىغىنىنى ئاڭلاپ قالىدۇ.

مېھمانخانىدا، بىر-بىرىسىگە پارچە-پۇرات خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈشمەكتە بولۇپ، مېھمانخانا ئىچى يالغان ياۋداق گەپلەرنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. قارىغاندا ئۇرۇشتىن ساقلىنىش مۇمكىن بولمايدىغاندەكلا كۆرۈنمەكتە ئىدى. ۋېيزساكېرنى مىسالغا ئالساق، ئۇ، دۇنيا ئۇرۇشىنى توساپ قېلىش ئېھتىمالى ۋە شۇنىڭدەك ئۇرۇش پارتىلىغاندىن كېيىن ئىتالىيىنىڭ گېرمانىيىنى چاتىقى بولماي يالغۇز تاشلاپ قويۇپ مۇشكۈل ئەھۋال ئىچىگە پېتىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇشىنىڭ ئېھتىمالى ئارانلا 2 پىرسەنت دەپ قارايتتى. ئىشخانا ئىچىدە بولسا، ھىتلېر، گېنېرال كېيتېلغا: "پۈتۈن ئىشلارنى دەرھال توختات. دەرھال بىرىپ براۋچىتشنى تېپىپ كەل، ماڭا سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ۋاقىت لازىم" دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ.

كېيتېل ئالدىراشلىق بىلەن چىقىپ مېھمانخانا زالىدا پەيدا بولىدۇ. "ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى يەنە كېچىكتۈرۈشىمىز كېرەك بولىۋاتىدۇ" دەيدۇ ئادىيۇتانتىغا جىددىيلەشكەن ھالدا. شۇنىڭ بىلەن بۇ خەۋەر دەرھال تارقىلىشقا باشلايدۇ: ئۇرۇش خەۋپى ئەڭ ئاخىرقى بىر مىنۇت قالغاندا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپتۇ. فۇھرېر قايتىدىن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئولتۇرىدىغان بوپتۇ! بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھەر بىر كىشى چوڭقۇر بىرنى تىنىۋالىدۇ. ئەمما بۇ كىشىلەر ئارىسىدا ھىتلېرنىڭ باش ئادىيۇتانتى رۇدولف شمۇندت يەنىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. ئۇ ۋارلىمونتقا پىچىرلاپ مۇنداق دەيدۇ: "بەك ئالدىراپ خوشال بولما، بۇ دېگەن بىر قېتىملىق كېچىكتۈرۈشتىن باشقا ئىش ئەمەس." مايور ئېڭگېلمۇ شمۇندتقا ئوخشاش بۇ ئىشقا قاتتىق كۆڭۈل بۆلمەكتە ئىدى. بۇ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئادىيۇتانتى باش مىنىستىرنىڭ بۇنچە ئېغىر قالايماقان ھالغا كىرىپ قېلىشىنى تېخى تۇنجى قېتىم كۆرمەكتە

ئىدى. فۈھرېر ھەتتا خېۋىل ــ فۈھرېر ئەزەلدىن ئۇنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلاتتى ــ قايمۇقۇپ كەتكىنىدىن يۈز-كۆزى قىزىرىپ كېتىدۇ. ھىتلېر دو تىككىنىچە ئەگەر پولشاقا قارشى ئۇرۇش قوزغايدىغان بولىدىكەنمىز، ئەنگلىيە چوقۇم ئۇرۇشقا قاتناشمايدۇ، دەيدۇ. ”فۈھرېرىم، ــ دەيدۇ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، ــ ئەنگلىيەلىكلەرنى ھەرگىزمۇ سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. ئۇلار باشقا چىقىش يولى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلغىنىدا، چوقۇم جاھىللىق بىلەن دېگىنىنى قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ.“ ھىتلېر غەزەپلەنگەنلىكىدىن تالىشىپ ئولتۇرماي بۇرۇلۇپلا ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

گيۆرىڭمۇ، ئەنگلىزلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى ھەرگىزمۇ ئېغىزىدا دەپلا قويغان گەپ ئەمەسلىكىگە ئىشىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، يوشۇرۇنچە سۆھبەتلىشىشنى كۆڭلىگە كەلتۈرىدۇ. ئۇ ئەسلىدە دېگىنىدىن يانمايدىغان بىرى بولغاچقا، رىببېنتروپقا ئىشەنمەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەت قىلىشمايلا ئەنگلىيە بىلەن سۆزلەشمەكچى بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بۇ ئىش ئۇنداق جاسارەتلىك بولۇش بىلەنلا پۈتىدىغان ئىش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ۋەزىيەت تەرەققىياتى ھەققىدە فۈھرېرگە بىرمۇ-بىر چۈشەندۈرۈش بېرىپ ئۆتكەن ئىدى. ئۇنىڭ تىنچلىق ئارزۇسىنى باشقىلار ئۈچۈن مەنپەتدار قىلىش دەپ ئېيتىش بەكلا تەس ئىدى. ئۇ ئەسلىدە قاراقچى مىجەزلىك بىر لۈكچەك، تۇرمۇشىدىكى بىردىن-بىر مەقسىدى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ قولغا كەلتۈرگەن مۈشىسىنى راھەت پاراغەت ئىچىدە ياشاش ئۈچۈن پايدىلىنىشلا ئىدى. بەلكىم بۇ ئۇرۇش ئۇنىڭ بۇنداق ئەيشى-ئىشرەتلىك تۇرمۇشىغا خاتىمە بېرىشى مۇمكىن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ھىتلېر دېگەن بۇ ئادەم گەرچە ئاز-تولا قېيىپ كېتىدىغان ۋاقىتلىرىنى يوق دېيىشكە بولمىسىمۇ يەنىلا پرىنسىپ بويىچە ئىش قىلىدىغان، پارا بېرىش بىلەن تەۋرىنىپ كەتمەيدىغان بىرسى ئىدى. ئۇ بەلكىم يارىشىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، شۇنداقتىمۇ ئۇ پەقەت ئەڭ ئاخىرقى مەقسىدىگە يېقىنلاشقىدەك بولغىنىدىلا ئاندىن يارىشىش تەرىپىدە تۇرالىشى مۇمكىن ئىدى. گيۆرىڭ بۇلارنى ياخشى بىلگەچكە، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ باشقا ئەگرى-توقاي يوللاردىن پايدىلىنىپ تىنچلىق سىياسىتى يۈرگۈزۈشكە كىرىشىدۇ.555 ئۇ، قۇيۇق شۋېتسىيە سودىگىرى قىياپىتىدىكى بىرگېر داھلېرۇسنى غەيرى رەسمى ۋاستىچى سۈپىتىدە پايدىلىنىش ئۈچۈن تاللىۋالىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ ئايالى نېمىس، شۇڭلاشقىدەك بۇ كىشى يەنە گېرمانىيىدىن ئۆسۈم ئېلىپ خەجلەيدىغان بىرسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ گيۆرىڭ بىلەن نۇرغۇن ئورتاق ئارزۇلىرى بار، يەنى ئەنگلىيە-گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلاشنى توساش ئۈچۈن تىرىشىدىغان بىرسى ھېسابلىناتتى. شۇڭلاشقىدەك يەنە، ئۇنىڭ بۇ ئىشنى بېجىرىشى ئۈچۈن شارائىتىمۇ بار ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بىر مۇنچە

ئەنگلىيەلىك دوستلىرى بار ـ بۇ دوستلىرىمۇ ئاسترىتىن بۇ ئىش ئۈچۈن يول مېڭىشنى خالايدىغان كىشىلەردىن ئىدى.

شۇ ئاينىڭ باشلىرىدا، داھلېرۇس، گيۆرىڭنى 7 نەپەر ئېنگلىز بىلەن ئۇچراتقۇزۇشنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن دانىيە چېگراسىغا يېقىن يەردىن بىر ئۆينى تاللىۋالىدۇ. بۇ ئۆيدە، بۇ 7 نەپەر چەتئەللىك سودىگەرلەرگە ئاۋال كۆزقارىشىنى بايان قىلىپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە، بۇنداق بىر تىنچلىق ئارزۇسىدا بولغان كىشىنىڭ مارشال گيۆرىڭ ئىلەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. شۇندىن كېيىنكى ئىككى ھەپتە ئىچىدە، ئۇلار سۆھبەتتىن باشقا باشقا بىر ھەرىكەت قىلماي ئۆتىدۇ. شۇندىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، بېرگخوفتا ھەربى ئىشلار يىغىنى ئېچىلىدۇ. شۇ پەيتتە گيۆرىڭ ستوكھولمغا تېلېفون قىلىپ داھلېرۇسنى تېزلىكتە يېتىپ كەل دەپ چاقىرتىدۇ. ئۇ سەمىيملىك بىلەن ۋەزىيەت بەكلا يامان تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقى، تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش ئېھتىماللىنىڭ تېزلىكتە ئازىيىپ كېتىۋاتقانلىقنى ئاشكارىلايدۇ. گيۆرىڭ، داھلېرۇسنى دەرھال ئەنگلىيەگە ئۇچىشنى ئۆتۈنىدۇ. داھلېرۇس ئۇنىڭ دېگىنىگە ماقۇل كېلىپ، چېمبېرلىن ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇلىدىغان بىر پارچە غەيرى رەسمى خەت بىلەن ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيە ئىككىسىنىڭ تېزلىكتە سۆھبەتلىشىپ كۆرۈشنى ئۈندەيدىغان بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، 25-ئاۋغۇست چۈشتىن بۇرۇن، داھلېرۇس ئادەتتىكى بىر يولۇۋچىلار ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ لوندونغا قاراپ ئۇچقان بولسىمۇ، تا ئاخشىمى قاراڭغۇ چۈشكىنىدىلا ئاندىن لورد خالىفاكسىنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىلىدۇ. ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ئىنتايىن خوشال ئىدى. چۈنكى كىتاپخانىلارغا مەلۇم بولغىنىدەك، ھىتلېر بېسىپ كىرىش بۇيرۇقنى ئەمەلدىن قالدۇرىۋەتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇ ئەندى قانداقتۇ بىر ۋاستىچىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە ھاجەت قالمىدى، دەپ ھېساپلىغان ئىدى. ئەمما داھلېرۇس ۋەزىيەتتىن ئۇنىڭدەك خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ دەرھال تېلېفون قىلىپ بۇ ئىش ھەققىدە گيۆرىڭنىڭ پىكرىنى سورايدۇ. مارشال گيۆرىڭ كىشىنى چۆچۈتكىدەك بىر جاۋاب بېرىدۇ. "ئەندى ئۇرۇشتىن ساقلىنىش ئىمكانىيىتى قالمىدى ھەقىچان" دەيدۇ.

داھلېرۇس ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن خالىفاكسقا بۇ گەپلەرنى بىر قۇر تەكرارلىغاندىن كېيىن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن خالىفاكسنىڭ گيۆرىڭغا ئەنگلىيەنىڭ راستىنلا سەمىمىيەت بىلەن تىنچ ھەل قىلىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بىر پارچە خەت يېزىپ ئەۋەرتىشنى، بۇ خەتنى يەنە شۇ داھلېرۇس ئارقىلىق ئەۋەرتىلىشى كېرەكلىكىنى تەكلىپ قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ، بۇ ئۇرۇشنى توساپ قالالايدىغان بىردىن-بىر گېرمانىيىلىك ئادەم

گېۋرىك دەپلا قارىغان ئىدى. خالىفاكس چېمبېرلىن بىلەن مۇزاكىرىلىشىش ئۈچۈن چىقىپ كېتىدۇ. يېرىم سائەت ئۆتكەندە قايتىپ كىرىپ، چېمبېرلىن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. خەت تەييار قىلىنغاندىن كېيىن، داھلېرۇس دەرھال كرويدون ئايرودرومىغا قاراپ چاپىدۇ.

بېرلىندا بولسا، باش ئەلچى ئاتتولىكو مۇسسولىنىنىڭ خېتىنى كۆتۈرۈپ باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسىگە قاراپ يولغا چىققان ئىدى. بۇ خەتتە مۇسسولىن تەلەپ قىلغان كىشىنى چۆچۈتكىدەك كۆپ ماددى ئەشيالار تىزىمنى بەرگەن ئىدى. يەنى، ئەگەر ھىتلېر ئىتالىيىنىمۇ ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇشنى تەلەپ قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇ ھالدا گېرمانىيە 6 مىليون توننا كۆمۈر، 7 مىليون توننا نېفىت، 2 مىليون توننا پولات-تۆمۈر ۋە يەنە 2 مىليون توننا ياغاچ ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلىسۇن دەپ تەلەپ قىلغان ئىدى. ئاتتولىكونىڭ ئۆزىمۇ ئۇرۇشقا قارشى بىرسى بولغاچقا، مۇسسولىنىنىڭ تەلەپ قىلغان نەرسىلىرىنى مەخسۇس كۆپەيتىپ قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يۇكسەلتكەن ئىدى. رىببېنتروپ ئىنتايىن سوغۇق بىر قىياپەتتە بۇنچىۋالا نەرسىلەرنى قاچان تاپشۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلماقچىسىلەر، دەپ سورىۋىدى، ئاتتولىكو ئۇنىڭغا "تەبىئىكى دەرھال، يەنى دۈشمەنلىشىش ھەرىكىتى باشلىنىشتىن ئاۋال" دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

بۇ راستىنلا مۇۋاپىق بولمىغان بىر تەلەپ ئىدى. ھىتلېرنىڭ دۈچ كېلىۋاتقان بېسىمنى ئويلىغىنىمىزدا، رىببېنتروپ ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئىنتايىن ئېغىر بېسىقلىق بىلەن جاۋاب بېرىدۇ. جاۋاب، چۈشتىن كېيىن سائەت 3 تىن 8 مىنۇت ئۆتكەندە تېلېگراممىا ئارقىلىق مۇسسولىنىغا يوللىنىدۇ. ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابى مۇنداق ئىدى: ئىتالىيىگە لازىملىق تىزىملىكتىكى نەرسىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەمىنلىيەلىشىمىز مۇمكىن. ئەپسۇسكى تېخنىكىلىق قىيىنچىلىقلار سەۋەبىدىن بۇ نەرسىلەرنى ئۇرۇش پارتلاشتىن بۇرۇش تاپشۇرۇش ئىمكانىمىز يوق. "بۇنداق بىر ئەھۋالدا، باش مىنىستىر ئەپەندى، مەن سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى ياخشى بىلىمەن. مەن سىزدىن پەقەتلا ئاكتىپلىق بىلەن تەشۋىق قىلىپ بېرىشىڭىزنى، شۇنىڭدەك يەنە سىز ماڭا تەكلىپ قىلغىنىڭىزدەك مۇۋاپىق تۈردە قۇراللىق ھەيۋە قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئىككىسىنىڭ ھەربىي كۈچلىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇتۇپ تۇرۇشىڭىزنىلا تەلەپ قىلىمەن." ئۇ خېتىنىڭ ئاخىرىدا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ستالىن بىلەن شەرتنامە ئىمزالىغانلىقى سەۋەبىدىن "غەرب ئەللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز مۇرەككەپلىشىپ كېتىدىغاندەك قىلسىمۇ، شەرق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا بىر قەدەممۇ كەينىگە چېكىنىش نىيىتىدە ئەمەسمەن" دەيدۇ.

بۇ گەپلەر ھەرگىزمۇ قۇرۇق پوپوزا قىلىپ قويۇشلا ئەمەس ئىدى. قۇرۇغلۇق ئارمىيىسى 1-سىنتەبىر كۈنى ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۈچۈن تەييار ھالغا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، پەقەتلا فۈھرېرنىڭ "ئالغا!" دېگەن ئەڭ ئاخىرقى بۇيرۇقىنىلا كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى. شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن، بېرلىن ھاۋاسى ھەققەتەنمۇ قىزغىنلىق ئىچىگە چۆمگەن ئىدى. گېزىتلار "كورىدوردا نۇرغۇنلىغان نېمىس دېھقانلىرى يوقۇتۇلۇپتۇ"، "پولەك ئارمىيىسى گېرمانىيە چېگراسىغا يېقىنلىشىپ كېلىۋېتىپتۇ" دېگەندەك خەۋەرلەرنى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك قىلىپ بېسىپ يۈرگەن بولسىمۇ، نۇرغۇنلىغان بېرلىنلىقلار يەنىلا شەھەر ئەتراپىدىكى كۆللەردە سوغۇق يۇيۇنۇش بىلەن راھەت ئىدى. بۇ يەردىكى بەختلىك كىشىلەرنىڭ قىزىقىدىغىنى سىياسەت ئەمەس بەلكى يېقىنقى ھاۋا كېلىماتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىلا ئىدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 7 گە 18 مىنۇت قالغاندا، ئاتتولىكو رىمدىن بېرىلگەن تېلېفون بىلەن كۆرۈشىدۇ. تېلېفوننى سىئانو بەرگەن بولۇپ، فۈھرېرگە تاپشۇرۇلىدىغان يەنە بىر پارچە جىددى خەتنى ئوقۇپ ئۆتىدۇ. بۇ خەتتە، مۇسسولىن كەچۈرۈم سورىغان ھالدا چۈشەندۈرۈپ كېلىپ ئاتتولىكونىڭ مال تاپشۇرۇش ۋاقتى ئىشىنى خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقىنى، ئۇ ھەرگىزمۇ بىر يىل ئىچىدە مال تاپشۇرۇش كېرەك دەپ قارىمايدىغانلىقى، شۇنىڭدەك بۇنداق ھەل قىلغۇچ پەيىتتە يااردەم قىلالمايدىغانلىقىدىن بەكلا ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان. خېتىدە يەنە كۈتۈلمىگەن ھالدا تىنچلىق تەشەببۇسىدا بولۇنغان ئىدى. بۇ ھەقتە ئۇ ھازىر يەنىلا مۇكەممەل بىر شەكىلدە مەسىلىنى سىياسىي يوللار بىلەن ھەل قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ھىتلېر بۇلارنى ئوقۇپ، ئىتتىپاقدىشى ئۈنى تاشلىۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ھىتلېر ھاياجىنىنى بېسىۋالغان ھالدا يەنە بىتىر قېتىم مۇرەسسە قىلىش خاراكتېرىدە جاۋاب بېرىدۇ. "مەن سىزنىڭ بۇنداق بىر قارارغا كېلىشىڭىزگە سەۋەب بولغان ھەر تۈرلۈك سەۋەپلەرنى توغرا چۈشىنىمەن" دەپ يازىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە كۆڭۈل ئارامى ئۈچۈن بولسىمۇ رىغبەتلەندۈرۈشتە بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

فۈھرېر بۇ خەتتىن بىر تەرەپتىن ئۈمىدسىزلەنگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قاتتىق ھارغىنلىق ھېس قىلىپ، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىن بالدۇرلا يېتىۋالىدۇ. ئەمما يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ئۇ يەنە ئۇيغۇنىلىدۇ. گيۆرىڭ كۆرۈشىدىغان بىر ئىش بار ئىدى دەپ كىرىدۇ: قايسى كۈنى ئۇنىڭغا ئېيتقان ھېلىقى شۋېتسىيىلىك ۋاستىچىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى، شۇنىڭدەك خالىفاكسىنىڭ بەكلا قىزىق بىر پارچە خېتىنىمۇ ئالغاچ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. داھلېرۇسنى ئالدىراپ-تېنەپ فۈھرېرنىڭ كىتابخانىسىغا باشلاپ كىرگەن

ۋاقتىدا، 27-ئاۋغۇست كېچە سائەت نۆلدىن 30 مىنۇت ۋاقىت ئۆتكەن ئىدى. ھىتلېر تەمكىن قىياپەتتە تىنچلىق ئۈچۈن يول مېڭىپ يۈرگەن بۇ ۋاستىچى كىشىگە تىكىلگىنىچە قاراپ تۇردى. گىيۆرىڭ ئۇنىڭ يېنىدا كۆرەڭلىگىنىچە تۇراتتى. قىسقىچە بىر نەچچە ئېغىز سۆزلەشكەندىن كېيىن، ھىتلېر يېڭى باشتىن گېرمانىيەنىڭ ئەنگلىيە بىلەن يارىشىپ قېلىشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىدىغانلىقى ئۈستىدە كەينى-كەينىدىن ماختىنىپ سۆزلەشكە باشلايدۇ. ئاخىرىغا بېرىپ بۇ تۇردىكى مۇھاكىمىلار ئېنگلىزلارنى ھاقارەت قىلىشقا ئۆزگىرەيدۇ. ئۇ، يېقىندا ھېندېرسونغا بەرگەن تەكلىۋىنى بىر قۇر چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ "بۇ مېنىڭ ئەنگلىيەگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق كەڭ قورساقلىق بىلەن قىلغان تەكلىۋىم ھېسابلىنىدۇ." دەيدۇ. ئۇ گېپىنى داۋام قىلغاچ چىرايىنى قاتتىق پۈرۈشتۈرىدۇ، ھەمدە "بەكلا غەلىتە" قول ھەرىكىتى قىلىدۇ. ئۇ ئىمپېرىيە قۇراللىق كۈچلىرىنىڭ نۇرغۇن ئەۋزەللىكلىرىگە ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە ماختىنىپ تىنماي سۆزلەيتتى.

ئۇنىڭ بۇ گېپىگە قارىتا داھلېرۇسمۇ ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئىككىسىنىڭ قۇراللىق كۈچلىرىمۇ بەكلا كۈچ ياخشىلىنىپ كەتتى، ئۇلار گېرمانىيىنى پۈتۈنلەي قامال قىلىۋالالىغىدەك كۈچكە ئىگە دەپ كۆرسىتىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭ بۇ گېپىگە قارىتا ئۇنىمۇ چىقارماي ئۆي ئىچىدە ئالدى-كەينىگە مېڭىپ كېتىدۇ. تۇيۇقسىز توختاپ، قايتىدىن گەپكە كىرىشىدۇ (داھلېرۇسنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا)، ئەمما ئۇ خۇددى ئۇيقۇسىدا جۆيلۈپ گەپ قىلىۋاتقاندەكلا بىر نېمىلەرنى دېمەكتە ئىدى. "ئەگەر ئۇرۇش پارتىلىغىدەك بولىدىكەن، مەن چوقۇم سۇ ئاستى پاراخوت ياسىتىمەن، سۇ ئاستى پاراخوت، سۇ ئاستى پاراخوت، سۇ ئاستى پاراخوت، سۇ ئاستى پاراخوت، سۇ ئاستى پاراخوت! – خۇددى يىغىنسى ئورنىدا توختاپ چۆگىلەۋاتقان پاتىپوندىن چىققان تەكرار ئاۋازدەك دېگىنىنى قايتا-قايتا تەكرارلايتتى. ئاۋازىمۇ بارغانسېرى پەسىيىپ چىقاتتى، _ تۇيۇقسىزلا ئۇ قايتىدىن خۇددى نۇتۇق مەيدانىدا كىشىلەرگە سۆزلەۋاتقاندەك قىياپەت بىلەن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزلەپ كېتىدۇ. ئەمما يەنىلا گېپىنى تەكرارلاپلا تۇراتتى، _ ئايروپىلان ياسىتىمەن، ئايروپىلان، ئايروپىلان ياسىتىمەن، دۈشمەننى يوقاتمىغىچە ئارام تاپمايمەن!" داھلېرۇس ھاڭ ۋاقتىنىچە ئاغزىنى ئېچىپ قېتىپلا قالىدۇ. ئۇ بۇرۇلۇپ گىيۆرىڭغا قارايدۇ. بۇ ئىمپېرىيە مارشالى قىمىرمۇ قىلماي تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ داھلېرۇس قاتتىق قورقۇپ كېتىدۇ: ھەرىكەتلىرى بىلەن دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئىككى كىشى مۇشۇلارمىدۇ؟!

"ئۇرۇش مېنى قورقۇتالمايدۇ. _ دەيدۇ ھىتلېر سۆزىنى داۋام قىلىپ، _ گېرمانىيىنى قورشاۋ ئاستىغا ئالىمەن دېيىشى مۇمكىن ئەمەس. خەلقىم ماڭا قايىل، ئۇلار ساداقەتلىك

بىلەن كەينىمدىن ماڭىدۇ.“ ھىتلېر خەلقنى قىياس قىلىنماس كۈچىنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەيتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى تورلىشىپ ئېنىق كۆرەلمەس ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى. ”ئەگەر بىر كۈنلىرى سېرىق مېيىمىز تۈگەپ قالغىدەك بولسا، مانا مەن بىرىنچى بولۇپ سېرىق ماي يېيىشتىن توختايمەن، ياق، ھەرگىز يېمەيمەن. – ئۇ بىر ئاز تىنىۋالغاندىن كېيىن داۋام قىلدۇ، _ ئەگەر دۈشمەن بىر قانچە يىل بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولسا، _ دەيدۇ گېپىنىڭ پوس كاللىسىنى ئېيتقىنىچە، _ مەنمۇ خەلقىمنىڭ كۈچ-قۇدرىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇلاردىن بىر يىل ئارتۇق بەرداشلىق بېرىمەن. شۇڭا، مەن ئۆزەمنى ھەر قانداق بىرسىدىنمۇ ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بىرسى دەپ ھېسابلايمەن.“ ئۇ تۇيۇقسىز سوئال قويىدۇ: ئېنگلىزلار نېمە ئۈچۈن مېنىڭ بىلەن كېلىشىم تۈزەشكە ماقۇل بولماي تىركىشىپ تۇرىۋالىدۇ؟

داھلېرۇس دۇدۇقلىغىنىچە ھەقىقى ئەھۋالنى دېگىسى كەلمەيدۇ. كېيىن ئۇ سۆزگە كىرىشىپ، ئەسلى كاشال ئەنگلىيەنىڭ ھىتلېرتا بولغان ئىشەنچىنىڭ كاملىقىدىن پەيدا بولماقتا ئىكەنلىكنى ئېيتىدۇ. ھىتلېر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قەددىنى روسلاپ ”ئاخماقلار! _ دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ، _ مەن ئۆمۈرۈم بويىچە قاچان يالغان سۆزلەپ بېقىپتىمەن؟ _ ئۇ تىنماي ئالدى-كەينىگە مېڭىشقا كىرىشىدۇ. ۋەھرىبر تۇيۇقسىز مېڭىشتىن توختاپ مۇنداق دەيدۇ، _ داھلېرۇس، سەن بىز تەرەپنىڭ پىكرىنى ئاڭلىدىڭ. ئەندى سەن دەرھال ئەنگلىيەگە قاراپ ئۇچ. بىرىپ ئاڭلىغانلىرىڭنى چېمبېرلىن ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزگىن. ... مېنىڭچە بولغاندا، ھېندېرسون مېنى تېخىچە چۈشەنمەپتۇ، مەن راستىنلا ئۆزئارا چۈشۈنۈش ھاسىل قىلىشنى خالايمەن.“

ئەمما داھلېرۇس ئۇنىڭ دېگىنىنى قوبۇل قىلىشقا ئۇنىمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ پەقەتلا شەخسى ئارزۇسى بويىچىلا ۋاستىچىلىق قىلىپ يۈرگەن بىرسى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىۋى بولماي تۇرۇپ لوندونغا بارالمايدىغانلىقى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋال تۈزۈلىدىغان شەرتنامىنىڭ ئېنىق ماددىلىرىنى بىلگەن بولىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. مەسىلەن ھىتلېرنىڭ پولشادىن تەلەپ قىلىۋاتقىنى زادى نېمە؟ بۇ گەپتىن ھىتلېر كۈلۈپ كېتىدۇ. ”پاھ! ھېندېرسون بۇنى ھېچ قاچان سورىمىغان ئىدى!“ دەيدۇ گىيۆرىڭغا بۇرۇلۇپ. مارشال گىيۆرىڭ دەرھال بىر پارچە خەرىتىنى يېيىپ قىزىل قېرىنداش بىلەن گېرمانىيە پولشادىن تەلەپ قىلىدىغان يەرلەرنى سىزىپ كۆرسىتىدۇ.

شۇنداق قىلىپبۇ قېتىمقى كۆرۈشۈش ھىتلېرنىڭ ھېندېرسونغا قويغان تەكلىپىنىڭ بىر قانچە مۇھىم نوقتىسىنى ئېنىقلاش مۇھاكىمىسىگە ئايلىنىدۇ: گېرمانىيە ئەنگلىيە بىلەن

شــەرتنامە تــۈزۈش ئــارقىلىق ئىككــى دۆلەت ئوتتۇرىســىدىكى سىياســىي يــاكى ئىقتىســادىي جەھەتلەردىكــى بــارلىق مەســىلىلەردىن قۇتۇلــۇش؛ ئەنگلىــيە ھۆكــۈمتى گېرمانىيەنىــڭ دانزىگ بىلەن پولشا كورىدورىغا ئېرىشىشى ئۈچۈن يــاردەمچى بولۇشــنى تەلەپ قىلىشــتىن ئىبــارەت. شــۇ ئــارقىلىق گېرمــانىيە پولشــا چېگراســىغا كاپالەتلىــك قىلىــدىغان، شــۇنىڭدەك پولشــانىمۇ گــدىينىياغا ئۆتــۈش كورىــدورىغا ئىــگە قىلىــش بىــلەن جــاۋاب بەرگەن بولىــدۇ؛ پولشادىكى نېمىس ئاز سانلىق مىللەتنىڭ قوغدىنىشــى كاپــالەتكە ئىــگە قىلىنىشــى كېــرەك؛ شــۇنىڭدەك يەنە ھەر قانــداق ۋاقىتتــا، ئەگەر بېرىتــانىيە بىــرەر ھۇجۇمغــا ئۇچۇرىغــىدەك بولىدىكەن، گېرمانىيە ئۇلارغا ھەربىي كۈچى بىلەن ياردەم قىلىدىغان بولىدۇ.

داھلېرۇس بەكلا يۇۋاش بولغاچقا، گېۆرىــڭ نېمىلا دېســە مــاقۇل دەپ ئۇنىــڭ گېپىگە ئىشىنىپ ئولتۇرىدۇ. شۇنىڭدەك ھىتلېرنىمۇ ياخشى تەرەپتىنلا ئــويلاپ يــۈرەتتى. ئۇنىڭــدىن باشقا، ئۇنىڭدا پەقەتــلا چىــن قەلبىــدىن تىنچلىــق ئارزۇســى بولغــان، شــۇنىڭدەك كىشــىنى قايىــل قىلارلىــق غەيرىتــى، قەتئىــى ئىرادىســىلا بــار، ئەممــا دىپلومــاتىيە ساھەســىدە قىلــچە تەجرىبىسى يوق بىرى ئىدى. ئۇ مېھمان كۈتۈشكە قايتىپ بېرىپ دەرھال بىر ئەنگلىيەلىــك دوســتىغا ئــۇزۇن يوللــۇق تېلېفــون قىلىــدۇ. ئۇزۇنغــا قالمــاي ئــۇ تەرەپــتىن جــاۋاب كېلىــدۇ: ئەنگلىيە ھۆكۈمتى خەۋەر يەتكۈزگــۈچى رولىنــى ئوينىشــنى خالايــدىغانلىقىنى بىلدۈرىــدۇ. يەكشەنبە كۈنى (بــۇ كۈنمــۇ تىــنچ ئۆتــىدۇ) ئەتىــگەن ســائەت 8 دە بېرگخــوف ئايرودرومىــدا گېرمانىيىنىــڭ بىــر ئايروپىلانىغــا چىقىــپ يولغــا چىقىــدۇ. بــۇ ئــايروپىلان لونــدونغا قــاراپ ئۇچىۋاتقىنىدا، خىيالىغا بىر ئىــش كېلىــپ كــۆڭلى پاراكەنــدىچىلىك ئىچىــدە قالىــدۇ: بىــرەر ھىلىمىكىرچىنىــڭ ئويۇنىغــا دەسســەپ يــۈرگەن بولــۇپ قالمــاي يەنە؟ ئــۇ گېۆرىڭنىــڭ چىــن كــۆڭلى بىــلەن تىــنچ مەســىلە ھەل قىلىــش ئۈچــۈن كــۈچ چىقىرىــپ يــۈرگەنلىكىگە قەتئىــى ئىشىنەتتى. ئەمما ھىتلېرنىڭ كۆڭلىدە نېمە ئويۇن بارلىقىنى قانداق بىلىمەن؟

ھىتلېــر شــەنبات كۈنىنىمــۇ ئىــش كــۈنىگە ئايلانــدۇرىۋالغان ئىــدى. ئــۇ بــۇرۇنقى پىلانىدىكى نيۇرېمبېرگتا ئۆتكۈزمەكچى بولغان، "پارتىيىنىڭ تىنچلىق كــۈنى" دەپ پەقەتــلا مــاس كەلمەيــدىغان نــام بېرىلگەن خــاتىرلەش پائــالىيىتىنىمۇ ئەمەلــدىن قالــدۇرىۋېتىپ، ئۇرۇش مەزگىللىرىدە ئاشلىق ۋە كىيىم-كېچەك تەمىناتى تــۈزۈمىنى يولغا قويــۇش ئىشــىنى باشلىتىدۇ. ئاندىن قۇرۇغلۇق، دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيىســىدىن ئىبــارەت ئــۈچ ئــارمىيەنى يېــرىم جىددى ھــالەتكە ئۆتكــۈزۈپ، قىســىملاردىكى ئوفىتسېرلارنى بېرلىنــدىن ئايرىلمــاي بــۇيرۇق كۈتۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇ تۇر ئۇرۇش كەيپىياتى قاپلاپ كەتكەن مۇھىت ئاستىدا، ئىككى نەپەر مۇھىم پولشــا دىپلوماتىك خادىمى رىبېنتروپنىڭ ئىشخانىسىدىكى بىر خىزمەتچى بولغــان پېتېــر كلېيىســت

بىلەن يوشۇرۇنۇقچە كۆرۈشىدۇ. ئۇ ئىككىسى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بىرەك تەلۋە پولشا ۋەتەنپەرۋەرلىرىنى رازى قىلىشنىلا مەقسەت قىلىپ گېرمانىيەگە قارىتا ئۇرۇشخۇمار قىياپەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ. بۇ جەرياندا بېكنىڭ ئويلاۋاتقىنى پەقەت ۋاقىتنى كەينىگە سوزۇش مەسىلىسىلا بولۇپ، ۋاقىت ئۇزارغانچە بۇ ئىشلار مۇ ئاستا-ئاستا تىنجىپ قالىدۇ دەپ ئويلايدىكەن. كلېيىست بۇ ئىشنى رىببېنتروپقا ئۆزپېتى دوكلاد قىلىدۇ. كەينىدىنلا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رىببېنتروپ فۇھرېر بىلەن يالغۇز كۆرۈشىدۇ. ھىتلېر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ پەقەتلا تاقەت قىلالماي قالىدۇ. شۇڭا ئۇ مىنىستىرىنىڭ ئىېغىزىنى ئاچتۇرماي سۆزلەپ كېتىدۇ: ئەگەر بېك پولشادا پۈت تىرەپ تۇرغىدەكمۇ ھالى يوقكەن، قانداقمۇ ئۇنداق بىرسىنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولسۇن! يەنە بىر ئىش، كلېيىست بۇندىن كېيىن پولەكلەر بىلەن ئۇنداق يېرىم غەيرى رەسمىي كۆرۈشۈشلەردە بولمىسۇن، دەيدۇ. فۇھرېرنىڭ بۇنداق بىر بۇيرۇق قىلىشى راستىنلا سەل چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنلىك ئىدى. شۇڭا ئۇ، رىببېنتروپقا بۇنداق بۇيرۇقلارنى سەن ئۆزەڭ بېرىپ ئىشنى پۈتتۈرىشىڭ كېرەك، دەپ قوشۇپ قويىدۇ. كلېيىست بېشىنى چۆكۈرۈپ باش مىنىستىرلىقتىن چىقىپ كېلىۋېتىپ ئويلاپ قالىدۇ: دېمەك ئۇرۇش قارارى ئېلىنىپ بولغان ئىكەندە!

بۇ ئىسسىق يەكشەنبە كۈنى، ھىتلېرمۇ نۇرغۇن ۋاقتىنى باشقا بىر تىنچلىق چاقىرىقى _ باش مىنىستىر دالادىيېرنىڭ چاقىرىقىغا جاۋاب يېزىشقا سەرىپ قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى ئالاقە ئىككى كونا ئەسكەر ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتاتتى. "ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ باققان كونا ئەسكەر سۈپىتىم، _ دەپ يازىدۇ ھىتلېر، _ ئۇرۇش قورقۇنچىنىڭ نېمە مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى مەنمۇ سىزگە ئوخشاش ياخشى بىلىمەن." سائار دەرياسىنى گېرمانىيەگە قايتۇرۇپ بەرگىنىدىن كېيىن، گېرمانىيىنىڭ فرانسىيىدىن باشقا تەلىۋىمۇ قالمىغانلىقىنى، شۇڭا بۇ ھەقتە يېڭىدىن تالاش-تارتىش قوزغاشنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغانلىقىنى، بۇ يەردە جىدەل پەيدا قىلىشۋاتقان تەرەپ ئەنگلىيە ئىكەنلىكىنى، ئۇلار ھېچ قاچان پولەكلەر ئۈچۈن گەپ قىلمايدىغانلىقىنى؛ دەل ئەكسىچە، ئۇلار بىر مەيدان "گېرمانىيەگە قارشى تەلۋىلىك تەشۋىقاتى قوزغىماقتا" ئىكەنلىكىنى يازىدۇ. ئۇ فرانسىيىلىك ۋەتەنپەرۋەر بولغان دالادىيېردىن ھىتلېر ئۈچۈنمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلىنىپ كۆرۈشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. ئەگەر، بىرەرسى چىقىپ فرانسىيىنىڭ قايسى بىر شەھىرىنى، ئالايلۇق ئۇرۇشتا تارمار قىلىنغانلىقى سەۋەبىدىنلا مارسېيلىبسىنىڭ فرانسىيەگە ساداقەت كۆرسىتىشىنى چەكلەشكە ئۇرۇنغىنىدا، دالادىيېر ئەپەندى، سىز قانداق ئويلار ئىدىڭىز؟ "ھەر قانداق بىر ئەھۋال كۆرۈلۈشىدىن قەتئىي نەزەر، گېرمانىيەنىڭ بۇنىڭ سەۋەبىدىن فرانسىيەگە ھۇجۇم

قىلىدىغانلىقىنى ھەرگىزمۇ ئەقلىمگە كەلتۈرەلمەيمەن، دالادىيېر ئەپەندى." دالادىيېرنىڭ خىتىدە ئوتتۇرغا قويغان پۈتۈن قاراشلارغا ھىتلېر قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھىتلېر، بىرلا ۋاقىتتا ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ باققانلىق ئورتاق سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىدا، مەلۇم بىر شەرەپلىك بىر دۆلەت 2 مىليونغا يېقىن خەلقىنى چاتىقى بولماي تاشلىۋېتىشىنى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ چېگرا بويىمىزدا ئېغىر يەكلىنىۋاتقانلىقىغا قاراپ ئولتۇرۇپ ھېچ نېمە قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چوقۇم توغرا چۈشىنىشىڭىز كېرەك دالادىيېر ئەپەندى. شۇڭا دانزىگ بىلەن پولشا كورىدورى ھەممىنىڭ ئالدىدا گېرمانىيىگە قايتۇرۇلۇشى شەرت، دەپ چاقىرىق قىلىدۇ.

چۈشۋاقتى ئۆتتۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بىر گېرمانىيە ئايروپىلانى كرويدونغا قۇنىدۇ. ئۇ ئايروپىلاندىن بىرگېر داھلېرۇس چىقىپ كېلىدۇ. ئەنگلىيە بىلەن ياۋروپا قىتئەسى ئوتتۇرسىدا ھاۋا قاتنىشى توختاپ قېلىش گىردابىغا كېلىپ قالغان بولغاچقا، بۇ ئايرودرومدۇ قۇپ-قۇرۇق ئىدى. داھلېرۇس ئاپتوموبىللىق ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە قاراپ كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە ھاۋا مۇداپىيە خادىملىرىنىڭ كوچىلاردا چارلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرىدۇ. ماگىزىن پەنجىرىلىرىگە چاپراس قەغەز لېنتىلىرى چاپلىۋېتىلگەنلىكى كۆزىگە چېلىقىدۇ. ئۇ ئولتۇرغان ماشىنا يان يوللاردىن ئايلىنىپ يۈرۈپ كىچىك بىر كوچىدىن دوۋنىڭ كوچىسى 10-نومۇرغا قاراپ يول ئالىدۇ. چىمبېرلىن، خالىفاكس ۋە كادوگان ئۈچىسى ئۇ يەردە داھلېرۇسنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ چىرايى جىددى كۆرۈنگىنى بىلەن يەنىلا "ئالاھىدە سوغۇققان" ئىدى. داھلېرۇس ھىتلېر بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت سۆھبەتلەشكەنلىكى ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى بايان قىلىپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە، يەنە ئۆزىگە ئىشەنچىسىز قارىشىۋاتقانلىقىنىمۇ سېزىپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىدىن بىر قانچە نوقتا ھېندېرسوننىڭ ئېيتقىنىغا ئوخشىماي قالغاچقا، چىمبېرلىن ئۇنىڭدىن، سىز ھىتلېرنىڭ دېگەنلىرىنى تولۇق چۈشەندىم دەپ قەتئىي ئىشەنچ قىلالامسىز، دەپ سورايدۇ. داھلېرۇس _ ئۇنىڭ نېمىسچىسى ھېندېرسوننىڭكىدىن ئالاھىدە ياخشى ئىدى _ ھىتلېرنىڭ دېگەنلىرىنى چۈشىنەلمەي قېلىشىم ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

پۈتۈن سۆھبەت جەريانىدا چىمبېرلىننىڭ گەپلىرىدە ھىتلېرغا پەقەتلا ئىشەنمەيدىغانلىق پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ داھلېرۇستىن، فۈھرېر سىزگە قانداق تەسىرات قالدۇردى، دەپ بېرەلەمسىز؟ دەپ سورايدۇ. داھلېرۇس ئۇلارغا: "مەن بولسام ئۇنى تىجارەتتە شېرىك قىلمىغان بولاتتىم" دەپ جاۋاب بەرگىنىدە، باش ۋەزىر كۈلۈپ كېتىدۇ _ بۇ كۈلكە، شۇ كۈنكى بىردىن-بىر كۈلۈمسىرەش بولۇپ قالىدۇ. ئىنگلىزلار ئۇنىڭ

چۈشەندۈرۈشلىرىگە گۇمان بىلەن قاراپ كەلگەچكە، ئۇنداقتا مەن بىرلىنغا قايتىپ بېرىپ سىلەرنىڭ ئىنكاسىڭلارنى گېرمانىيە تەرەپكە يەتكۈزەي، دەپ تەكلىپ قىلىدۇ. چىمبېرلىن ئۇيلىنىپ تۇرۇپ كېتىدۇ. سەۋەبى، ھازىرغىچە لوندوندىن يولغا چىقمىغان باش ئەلچى ھېندېرسون، شۇ كۈنى ھىتلېرنىڭ سۇنغان تەكلىپىگە بېرىلگەن جاۋابنى ئېلىپ بېرلىنغا قايتىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇ باش ئەلچىنىڭ قايتىش ۋاقتىنى بىر كۈن كېچىكتۈرسەڭلار دەپ مەسلىھات بېرىدۇ. شۇنداق بولغاندا، ئۇلار ھۆكۈمەت تەرەپ جاۋابىنى بېرىشتىن بۇرۇن (بۇ جاۋابمۇ پەقەت ھېندېرسوننىڭ پەرەزلىرى ئاساسىدا تەييارلانغان بىر جاۋاب ئىدى) ئېنگىلىزلار ھىتلېرنىڭ ھەقىقى غەرىزىنى بىلىۋالالىشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇ يەنە، ئۇنداقتا بىۋاستە گيۆرىڭغا تېلېفون قىلىپ گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ھېندېرسوننىڭ بىر كۈن كېچىكىپ بېرىشىغا قوشۇلامسىلەر-يوق، دەپ ئۇدۇللا سوراپ باقساق بولامدۇ دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. "ئۇنداقتا سىز تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىكى تېلېفون ئارقىلىق سۆزلىشىپ باقامسىز؟" دەپ سورايدۇ چىمبېرلىن. داھلېرۇس ماقۇل بولغاندىن كېيىن چىمبېرلىنمۇ بۇ مەسلىھەتكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن، بۇ ۋاستىچى كىشى كادوگاننىڭ ئىشخانىسىدىن گيۆرىڭغا تېلېفون قىلىدۇ. گيۆرىڭ ئۇنىڭغا، مەن بۇ ئىشنى فۇھرېر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن جاۋاب بېرەي، دەيدۇ. يېرىم سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندە، داھلېرۇس ئۇنىڭغا قايتا تېلېفون قىلىدۇ. بۇ قېتىم گيۆرىڭ، بۇ پىلاننى ھىتلېر قوبۇل قىلدى، دەپ ئۇقتۇرىدۇ. "ئەمما بىر شەرتى بار، بۇ ئىش چوقۇم سەممىيلىك بىلەن ئىشلىنىشى كېرەك." دەپ قوشۇمچە قىلىدۇ. كادوگان، داھلېرۇسنى مەخپى تۈردە گېرمانىيىگە ئۇچۇپ بېرىشى كېرەكلىكىدە چىڭ تۇرىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇنى ئەنگلىيەگە ئېلىپ كەلگەن ئايروپىلاننى كرويدون ئايرودرومىدىن باشقا بىر كىچىكرەك ئايرودروم بولغان ھېستوندىن ئۇچىدىغانغا ئۆزگەرتىدۇ.

داھلېرۇس بېرلىنغا بېرىپ گيۆرىڭنىڭ تۇرغان ئۆيىگە كىرگىنىدە، ئاخشىمى سائەت 11 بولغان ئىدى. ئۇ گيۆرىڭغا، مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئۇلارنىڭ خەلقى ھەقىقەتەنمۇ چىن قەلبىدىن تىنچلىقنى ئارزۇ قىلىشىدىكەن، شۇنىڭدەك ۋەدىسىگە قەتئىي ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر ئىكەن. ئۇ يەنە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھىتلېر ئۇتتۇرغا قويغان لايىگە بەرگەن جاۋابىنىمۇ قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىدۇ. بۇ چاغدا گيۆرىڭ بۇرنىنى سۈرتۈپ قويىدۇ. مېنىڭچە ئەنگلىيەنىڭ جاۋابى پەقەتلا قايىل قىلارلىق ئەمەس. پۈتۈن ۋەزىيەت بوران-چاپقۇن ئىچىدە تەۋرىنىپلا تۇرىدىكەن، دەيدۇ. شۇڭا ئۇ ھىتلېر بىلەن ئايرىم مۇھاكىمە قىلىشىۋالماقچى بولىدۇ. داھلېرۇس مېھمانخانىغا قايتىپ كېتىپ بىر تەرەپتىن كۈتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ياتىقىدا جىم تۇرماي

ئالدى-كەينىگە مېڭىپ يۈرىدۇ. كېچە سائەت بىر يېرىم بولغاندا، ئاخىرى گېۋرىگىدىن تېلېفون كېلىدۇ. ئۇ ئىنتايىن جاراڭلىق بىر ئاۋازدا، ھېتلېر ھەققەتەنمۇ ئەنگلىيەنىڭ قارىشىغا ھۆرمەت قىلىدۇ، شۇڭا ئۇ تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالاش ئارزۇسىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، دەپ بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدەك، ئەنگلىيەنىڭ پولشا چېگراسىنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشىغا ۋەدە قىلغانلىق قارارى مەسىلىسىدە، چوقۇم 5 چوڭ دۆلەت ئورتاق كاپالەتلىك قىلىش ئىپادىسىنى بىلدۈرسۇن، دېيىشىنىمۇ قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بولۇپمۇ داھلېرۇسنى خاتىرجەم قىلغىنى ئەڭ ئاخىرسىدىكى يول قويۇشى بولۇپ، بۇ يول قويۇش نەتىجىسىدە، ھېتلېر پولشاغا مۇناسىۋەتلىك باشقا پىلانلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

2

ئادەتتە ئېيتىلىشىچە، ئىشتىن سىرت دىپلومات ھەر دائىم ئىشلارنى بۇزۇپ قويىدۇ، دېيىلەتتى. ئەمما داھلېرۇس دېگەن بۇ كىشى، قاتماللىقلارنى ئوڭۇشلۇق تۈردە بۆسۈپ ئۆتەلىگەن ئىدى. ھېندېرسون ئولتۇرغان ئايروپىلان بېرلىن ئايرودرومىغا قونغان ۋاقتىدا، ئىشلار زىكىر دەرىجىدە ئىلگىرلىتىلگەن ئىدى. بۇ باش ئەلچى داھلېرۇسنىڭ غەيرى رەسمىي سۇنغان تەكلىۋىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئېلىپ بېرلىندىكى ۋەزىپىسىگە قايتىپ كەلگەن ئىدى. بۇ تەكلىپتە بىر ماددا بار بولۇپ، ئۇنىڭدا بېك تېخى يېقىنلا گېرمانىيە بىلەن رەسمىي مۇزاكىرىنى رەسمىي باشلاشقا ماقۇل كەلگەنلىكى كۆرسىتىلگەن ئىدى.

چىراق ياندۇرۇش چەكلىمىسى يولغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، پايتەختنىڭ كوچىلىرى قاپقاراڭغۇلۇق بولۇپ، يوللاردىمۇ بەكلا ئادەم شالاڭ ئىدى. يولدا كېتىۋاتقان بۇ كىشىلەر ھېندېرسونغا خۇددى ئەرۋاھلاردەكلا كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئۆتكەن بىر قانچە ئايلىق جاپالىق پائالىيەتلەر ھېندېرسوننى قاتتىق چارچىتىۋەتكەن ئىدى. تېخى يېقىندىلا ئۇ بىر قېتىملىق راك ئۆسمىسى ئاپاراتسىيىسىنى باشتىن كەچۈرگەن ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ راك كېسىلى ئاخىرقى باسقۇچقا كېلىپ قالغانلىقى ئېنىقلانغان ئىدى. ئەمما ئۇ بۇ ئىشنى ھېچ كىمگە تىنمايدۇ. شۇنىڭغا قارىماي ئۇ ھەرگىزمۇ ھاردىم-تالدىم دەپ زارلانمايتتى. ھېندېرسون ئەلچىخانىدا ئالدىراش ئەتىگەنلىك ناشتىغا ئولتۇرۇپ تېخى ئەندىلا ناشتىغا تۇتۇش قىلىۋاتقىنىدا باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسىدىن خەۋەر كېلىپ قالىدۇ: ھېتلېر ئۇنىڭ بىلەن دەرھال كۆرۈشمەكچى بولغانلىق خەۋىرى يەتكۈزۈلىدۇ. ھېندېرسون يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئۆزىگە جاسارەت توپلىماقچى بولۇپ يېرىم شىشە شامپان ئىچىۋالىدۇ. ئۇ باش

مىنىستىرلىك مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگىنىدە، نۇرغۇنلىغان كىشى ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ئىدى. ئۇلار بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي جىم تۇرۇشاتتى. ھېندېرسوننىڭ كۆزىتىشىدىن قارىغاندا، ئۇلاردا قىلچىمۇ دۈشمەنلىك نىيىتى كۆرۈنمەيتتى.

ھىتلېر ئەنگلىيەنىڭ بەرگەن ئۇلتىماتومىنىڭ نېمىسچە نۇسخىسىنى ئوقۇپ چىققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ چىرايىدا قىلچىمۇ ئۆزگىرىش سېزىلمەيدۇ. _ بۇ ئۇلتىماتومنىڭ ئاخىرقى قىسمى خۇددى ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىگە ئوخشاش ۋەدىلەر ۋە تەھدىتلەرنىڭ ئارلاشمىسىدىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى: گېرمانىيە بىلەن پولشا ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە ئەگە توغرا ھەل قىلىنىدىغانلا بىبولىدىكەن، دۇنيا تىنچلىقى ئۈچۈن بىر يول ئېچىلغان بولىدۇ؛ ئەكسىنچە بولغاندا، ئەنگلىيە-گېرمانىيە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا "توقۇنۇش يۈز بېرىشى، شۇنىڭدەك يەنە دۇنيانىمۇ بىر قېتىملىق ئۇرۇش مالىماتىڭى ئىچىگە پاتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن، بۇنداق ۋەزىيەت مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئاپەتتىن دېرەك بېرىشى مۇمكىن" دېيىلگەن ئىدى.

ھىتلېر بۇ ئۇلتىماتوم ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، ئۇنى رىببېنتروپقا ئۇزارتىدۇ. ھىتلېرنىڭ بۇنداق ئىنتايىن خاتىرجەم قىياپەتتە تۇرۇشى شىمىدتنى قاتتىق ھەيران قالدۇرغان ئىدى. ھېندېرسوننىڭ كەينىدىنلا قىلغان بىر ھەرىكىتى تېخىمۇ ھەيران قالارلىق ئىدى. ئۇ ھوجۇمغا ئۆتۈپ، ھىتلېردىنمۇ كۆپ گەپلەرنى قىلىۋېتىدۇ. _ بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى تۇنجى قېتىملىق كەسكىن ھەرىكىتى ھېسابلىناتتى. ئەگەر ئادەتتىكى ۋاقىتلار بولغىنىدا، ئۇنىڭ بۇنداق ئىپادىسى فۈھرېرنىڭ دەرھال غەزەپلەندۈرۈپ چىچاڭشىتىۋەتكەن بولاتتى. ئەمما بۇ چاغدا ئۇ بەكلا ئېغىر بېسىق ھالىتىنى ساقلاپ تۇرماقتا ئىدى. پەقەت ئارىلاپ تالادىكى قاپقاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى باغچىغا قاراپ قويياتتى. _ بۇ يەر ئۇنىڭ ئەجداتلىرىدىن بىرى بولغان بىسماركنىڭ ھەر دائىم سەيلى قىلىپ يۈرىدىغان باغچىسى ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھېندېرسون، ئەنگلىيە لەۋزىدە تۇرىدىغان بىر دۆلەت؛ ئۇ "ھېچقاچان ۋە مەڭگۈ گېپىدىن يېنىۋالىدىغان بىر دۆلەت ئەمەس" دەيدۇ. ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ بۇرۇن، گېرمانىيەنىڭ ۋەدىسىمۇ ئەنە شۇنداق قىممەتلىك ھېسابلىناتتى، دەيدۇ. ئۇ قۇرۇغلۇق ئارمىيە مارشالى ۋون بلۈكېرنىڭ تېز سۈرئەتلىك ھەرىكەت بىلەن ۋاتېرلوغا كېلىپ ۋېللىڭگتونغا ياردەمگە كەلگەن ۋاقىتدا ئەسكەرلىرىگە دېگەن مۇنداق بىر سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ: "ئالغا، يىگىتلىرىم، ئالغا؛ مەن ۋېللىڭگتونغا ۋەدە بەردىم، شۇڭا سىلەر مېنىڭ سۆزۈمدە تۇرمايدىغان بىرسى بولۇپ قېلىشىمنى خالىمايسىلەرغۇ دەيمەن." ھىتلېر سوغۇق قانلىق بىلەن باھالاپ كېلىپ، بۇنىڭدىن 125 يىل ئاۋال، ئەۋھال سەل باشقىچە

ئىدى، دەيدۇ؛ ئۇ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرغان ھالدا، مەن مۇۋاپىق ئاساسلار بويىچە پولشا بىلەن ئوتتۇرىمىزدىكى ئايرىمچىلىقلارنى ھەل قىلىشقا تەييار بولغان ۋاقىتىمدا، پولشا داۋاملىق زوراۋانلىق ئۇسۇلى بىلەن نېمىسلارغا قارشى تۇرۇۋشقا كىرىشتى. بۇنداق ھەرىكەتلەرگە قارىتا ئېنگلىزلار ئاساسەن قىلچە كارى بولماي جىم تۇرىۋېلىشتى، دەيدۇ.

ئىچكەن شامپانىنىڭ تەسىرىدىنمۇ قانداق، ھېندېرسون بۇنداق دېيىش شەخسكە ھاقارەت قىلغانلىق، ئۇرۇش ۋە قان تۆكۈلۈشنى توساش ئۈچۈن پۈتۈن قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلمەكتىمەن، دەپ قاتتىق تۇرۇپ جاۋاب بېرىدۇ. ھىتلېر ئەپەندى، سىز مۇنداق ئىككى مەسىلىدە چوقۇم بىرىنى تاللىۋېلىشىڭىز كېرەك: ئەنگلىيە بىلەن دوستانە ئۆتۈش ياكى بولمىسا پولشاغا قارىتا چېكىدىن ئاشقان تەلەپلەردە بولۇش. ئۇرۇشۇش ياكى يارىشىش سىزگە باغلىق، دەيدۇ. ھىتلېر داۋاملىق ئېغىر بېسىق ھالىتىنى ساقلىغان ھالدا، ۋەزىيەتنىڭ ھازىرقى كۆرۈنىشى ھەرگىزمۇ سىز دېگەندەك ئۇنداق شەكىلدە ئەمەس. ھازىر سىلەر، نېمىس خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىشىم كېرەككمۇ ياكى ئەنگلىيە بىلەن شەرتنامە ئىمزالاش بەدىلىگە ئۇلاردىن ۋاز كېچىشىم كېرەككمۇ دېگەندىن باشقىچە بىر تاللاش يولىنى ئالدىمغا قويمىدىڭلار، دەيدۇ.

ھىتلېر، سۆزلىشىش ئاخىرلاشقىنىدا ئەنگلىيە بىلەن تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالاش ئارزۇسى بارلىقىنى قايتا تەكىتلەيدۇ. بۇ گەپ ھېندېرسوننى ئازىراق بولسىمۇ خوش قىلالىغان ئىدى. خوشلىشىش ۋاقتىدا شمىدت ئۇنى تېخىمۇ خۇشال قىلىۋېتىدىغان بىر گەپنى قىلىدۇ: "سىز ھەقىقەتەنمۇ قالتىس ئىكەنسىز."

ئەمما باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسىدە ئۇمىدسىزلىك روھى ھالىتى شەكىللىنىپ قالغان ئىدى. ئېڭگېل كۈندىلىك خاتىرىسىگە فۈھرېر "قاتتىق خاپا بولۇپ كەتتى، بولۇپمۇ بەكلا قوپال ۋە رەھىمسىز بىر ھالغا كېلىپ قالدى" دەپ يازىدۇ. ئۇ يەنە، ھىتلېر ھەر قايسى ئادىيۇتانتلىرىغا ئېنىق قىلىپ، ئۇرۇش ۋە تىنچلىق مەسىلىلىرى ئۈستىدە ھەربى تەرەپنىڭ گېپىگە قەتئىي قۇلاق سالمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. "ئۇ راستىنلا ئۇرۇۋشتىن قورقىدىغان بىر گېرمانىيە ئەسكىرىنى پەقەتلا چۈشىنەلمەيتتى. ئەگەر بۈيۈك فرېدېرىخ بۈگۈنكى گېنېراللارنى كۆرگىدەك بولسا، ئۇ دۇنيادىمۇ خاتىرجەم ياتالمىغان بولار ئىدى." دەيدۇ. ئۇنىڭغا كېرەك بولغىنى ھەرگىزمۇ غەرب ئىتتىپاقداش ئەللىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىش بولماستىن، بەلكى پولەكلەرنىڭ ھەقسىز شەرتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىلا ئارزۇ قىلاتتى. "ئەگەر ئۇلار راستىنلا بىز بىلەن ئۇرۇش قىلىش نىيىتىگە كېلىپ جەڭ مەيدانىغا ئاتلىنىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇلار خاتا قىلغان بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈنلەي تارمار قىلىنىشىدىنمۇ قۇتۇلالمايدۇ."

قىشلىق باغچىدا، ھىتلېر ئىنگلىزلارغا بېرىدىغان جاۋاب خەتنى تەييارلىماقتا، ئۇنىڭدىكى روھى چۈشكۈن بىلەن تىت-تىتلىقى بارغانسېرى كۈچىيىپ بارماقتا ئىدى. چۈش ۋاقتىدا، گېزىتلار كۆرىنەرلىك تېمىلارنى قويۇپ، پولشادا ئەڭ كامىدا 6 نەپەر گېرمانىيە مۇھاجىرى پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، دەپ خەۋەرلەرنى تارقىتىشقا كىرىشىدۇ. بۇ خەۋەرنىڭ تارقىلىشى بىلەن تەڭ، قىشلىق باغچىدىكى تاقەتسىزلىك بىلەن روھى چۈشكۈنلۈك ھالەت رەسمى ئالاقزادىلىككە ئايلىنىدۇ. بۇ تۈر خەۋەرلەر راست-يالغان بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ھىتلېر ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئىشىنىپ، ئۆغىسى قايناپ كېتىدۇ. شۇڭا، ھېندېرسون شۇ ئاخشىمى باش مىنىستىرلىكتە قايتىدىن كۆرۈنگىنىدە، مەيلى مېھمان كۈتۈشزالىدا بولسۇن ياكى كورىدوردا بولسۇن كىشىلەردە مۇنداق بىر تۇيغۇ بارلىققا كەلگەن ئىدى: ئەندىلىكتە قانداقتۇ بىر مۆجىزىنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشىلا بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئالالىشى مۇمكىن. شۇنىڭغا قارىماي، باش ئەلچى ھېندېرسون يەنىلا ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلايتتى. چۈنكى ئۇ، خۇددى ئالدىنقى كۈنىسىگە ئوخشاش مەيدىسىگە قىزىل رەڭلىك چىنىگۈل تاقىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ پەقەتلا ئەڭ يېقىن سىرداشلىرىلا چۈشىنىدىغان بۇ مەخپى بەلگىسى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئۇلار يەنىلا ئۈمىدۋار ئىدى. ئەمما، ئۇ ھىتلېرنىڭ كىتابخانىسىغا كىرگىنىدە ھەمدە گېرمانىيە تەرەپنىڭ جاۋابنى تاپشۇرۇپ ئالغان ۋاقتىدا، گېرمانىيە تەرەپنىڭ مۇئامىلىسى تۈنۈگۈنكىگە قارىغاندا ئۇنچە بەك يارىشىش ھالىتىدە ئەمەس ئىكەنلىكىنى سەزگەندەك بولىدۇ. ئۇ، فۇھرېر بىلەن رىببىنتروپنىڭ كۆز ئالدىدا گېرمانىيىنىڭ ئۇلتىماتومىنى ئوقۇشقا كىرىشىدۇ. ئۇلتىماتومنىڭ بېشىدا خېلىلا كۆپ يوللۇق گەپلەر قىلىنغان ئىدى. يەنى گېرمانىيە ئەنگلىيەنىڭ ياراشتۇرمىچىلىقىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى، ھىتلېر پولشالىق تولۇق ھوقۇقلۇق سۆھبەت ۋەكىللەر ئەلچىلىرىنى بېرلىندا خۇشاللىق بىلەن كۈتىۋالىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. ئەمما، كېيىنكى بىر جۈملىنى قەتئىي قوبۇل قىلىشقا بولمايتتى: گېرمانىيە ھۆكۈمىتى "بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ 1939-يىلى 30-ئاۋغۇست كۈنى، يەنى چارشەنبە كۈنى بېرلىنغا يېتىپ كېلىشى" تەلەپ قىلىنغان ئىدى.

"بۇ بىر قارىماققا ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتومدەكلا كۆرۈنىدۇ. _ دەيدۇ ھېندېرسون نارازىلىق بىلدۈرۈپ ھالدا، _ سىلەر پولشاغا پىلان تەييارلاش ئۈچۈن ئارانلا بىر سوتكا ۋاقىت بېرىپسىلەر." رىببىنتروپنىڭ قوللىشى ئاستىدا فۇھرېر مەرتلىك بىلەن ئۇنىڭ رەددىيىسىنى رەت قىلىدۇ. "ۋاقىت بەكلا قىسقا، _ دەيدۇ چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، چۈنكى يېقىندىن ئوتتۇرلۇقنى بۇلغاپ يۈرىدىغانلارنىڭ چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق. بۇ ئىش ئەپلەشمىسە ئۇرۇشقا سەۋەب بولىدىغان مۇھىم بىر مەسىلە."

ھىندېرسون ئۇنداق دەپ قارىمايتتى. شۇڭا ئۇ، بۇ مۇددەتنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدىغانلىقنى بىلدۈردى. بۇ تەلىپىڭلار نەقلا باد گودېسبېرگنىڭ رەھىمسىزلەرچە كىلىشىم تۈزۈشىنىڭ بىر كۆچۈرۈلمىسى ئىكەن، دەيدۇ. ھىتلېر چۈشەندۈرۈش بېرىپ، "ئارمىيە مېنىڭدىن 'بولىدۇ' ياكى 'بولمايدۇ' دېگەن جاۋابتىن بىرنى بېرىشىمنى تەلەپ قىلماقتا، دەپ باش قۇماندانلىقتىكىلەر مېنى قىستاپ كېتىۋاتىدۇ." قۇرۇغلۇق ئارمىيىسى ئاللىمۇقاچان ئۇرۇش تەييارلىقنى قىلىپ قويغان، ئوفىتسېرلار بۇ بىر ھەپتە ۋاقىت بىكاردىن-بىكار ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ دەپ نارازىلىقنى ئىپادىلەشكە باشلىدى، ئەگەر يەنە بىر ھەپتە كۈتۈشكە توغرا كەلسا، يامغۇر پەسلى كېلىپ قالىدىغانلىقنى ئېيتىپ تۇرىۋالدى، دەيدۇ.

شۇنىڭغا قارىماي باش ئەلچى ھىندېرسون قىلچىمۇ يول قويۇش نىيىتىدە ئەمەس ئىدى. ئاخىرى ھىتلېرنىڭ غەزىۋىنى كەلتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇ ئاچچىغلانغان ھالدا رەددىيە بېرىپ: مەيلى سىز ھىندېرسون بولۇڭ ياكى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بولسۇن، قانچىلىغان نېمىسنىڭ پولشادا ئۆلتۈرۈلۈۋاتقانلىقىغا پەقەتلا قىزىقمايدىكەنسىلەر، دەيدۇ. ھىندېرسونمۇ بۇنداق گەپلەر مەيلى سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن ياكى باشقا بىرسىنىڭ ئاغزىدىن چىققان بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، مەن ھەرگىز ئاڭلاشنى خالىمايمەن، دەپ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىغىنىچە رەددىيە بېرىدۇ. باش ئەلچىمۇ ئاچچىغلانغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەمما ئۇ كېيىن يازغان دوكلاتىدا چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئويۇن؛ شۇڭا ئۇنىڭ ئۆز ئۇسلۇبى بىلەن ھىتلېر ئەپەندى بىلەن ئېيتىشىش ۋاقتى ئاخىرى كەلدى دەپ قارايمەن دەپ يازىدۇ. ئۇ رەقىبىگە تىكىلگىنىچە ۋارقىراپ تۇرۇپ ھىتلېرنى سۆكۈشكە كىرىشىدۇ: ئەگەر سىز ئۇرۇش قىلماقچى ئىكەنسىز، مەرھەمەت! ئەنگلىيە ھەر جەھەتتە سىلەرنىڭ گېرمانىيەڭلارغا ئوخشاشلا قەتئىي ئىرادىلىك. شۇنىڭدەك "بىز سىلەردىن بىر يىل ئارتۇق بەرداشلىق بېرىش كۈچىگە ئىگىمىز."

ئەنەلىيىنىڭ يېڭىچە دېپلوماتىك ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا فۇھرېر بىلىلا كەڭ قۇرساق مۇئامىلىدە ئىدى. قاتتىق تالاش-تارتىشلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، فۇھرېر: مەن ئەزەلدىن تارتىپ ئەنگلىيەنىڭ دوستلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارزۇسىدا بولۇپ كەلگەن، ئۇلۇغ بېرتانىيىگە ھۆرمەت قىلىپ كەلگەن، ئېنگلىزلارنىمۇ ياخشى كۆرىدىغان بىرسىمەن، دەيدۇ. گەرچە ھىتلېرنىڭ ئېنگلىزلارغا نىسبەتەن قايىل قىلىشى سەممىمىي بىر ئەھۋالدەك قىلغىنى بىلەن، ھىندېرسوننىڭ قارىشىدا ئىككى دۆلەت رەسمى قاتماللىق ئىچىگە پېتىپ قالغان ھېسابلىناتتى. ئۇ باش مىنىستىرلىكتىن ئايرىلىش ۋاقتىدا، "ئۇنىڭ قەلبى ئەڭ قورقۇنۇشلۇق مۆلچەرلەرگە تولغان" ئىدى. خوشلىشىش ۋاقتىدا، ئۇ بەكلا كۆڭلى يېرىم

هالـدا گېرمانىيلـىك ھەمرالىرىغـا، مەن بۇنـدىن كېـيىن گېرمانىيـدە كـۆكرىكىمگە چىـنە گۈلنى تاقىيالماسلىقىمدىن بەكلا ئەنسىرەيمەن، دەيدۇ.

شـۇ ئاخشـىمى كەچ ۋاقـىتلاردا، گيۆرىـڭ داھلېرۇسـنى سـارىيىغا چاقىرتـىپ، ئۇنىڭغـا مۇنداق بىر سىرنى ئاشكارىلايدۇ: ھىتلېـر پولشـا ئۈچـۈن "تېخىمـۇ كەڭ قۇرسـاقلىق بىـلەن بىـر تەكلىـپ" تەييارلاۋاتقـانلىقىنى، بـۇ تەكلىـپ ئومـۇمىي خەلـق ئاۋازغـا قويـۇش ئـارقىلىق كورىدور مەسىلىسىنى بىراقلا ھەل قىلىش مەسىلىسـىنىمۇ ئـۆز ئىچىـگە ئالىـدىغانلىقىنى، بـۇ تەكلىپ ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن پولەكلەرگە تاپشۇرۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىـدۇ. گيۆرىـڭ قايتـا بىر قېتىم خەرىتىنـى يېيىـپ، قېرىنـداش بىـلەن ئالـدىراش ئومـۇمىي خەلـق ئاۋازغـا قويـۇش ئارقىلىق ھەل قىلىنىدىغان يەرلەرنى سىزىپ كۆرسـىتىدۇ. قىزىـل قېرىنـداش بىـلەن ھىتلېـر پۈتۈنلەي پولشاغا تەۋە دەپ قارىغان يەرلەرنىمۇ سىزىپ كۆرسىتىدۇ.

گيۆرىڭ، داھلېرۇسنى دەرھال لونـدونغا قـاراپ ئۇچـۇپ، يەنە بىـر قېـتىم ئېنگلىزلارغـا گېرمانىيىنىڭ سۆھبەتكە ئولتۇرۇش ئىرادىسـىنى يەتكۈزۈشـنى، شـۇنىڭدەك "يوشـۇرۇنۇقچە ئىشارەت قىلىش ۋاستىسى" غـا تايىنىـپ، ھىتلېرنىـڭ پـولەكلەرگە بىـر تەكلىـپ سـۇنماقچى ئىكەنلىكىنـى پۇرۇتـۇپ ئۆتىشـىنى، چـۈنكى بـۇ تەكلىـپ ھەقىقەتەنمـۇ مەرتلىـك بىـلەن سۇنۇلىدىغان تەكلىپ ئىكەنلىكىنى، بۇ تەكلىپنى پولشانىڭ قوبۇل قىلىشىدىن قەتئىي گۇمان قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئەتىسـى چۈشـتىن بـۇرۇن، چەمبېرلىنىنىـڭ يەنە بىـر قېـتىم غەيـرەت كۆرسىتىشـىگە ئېھتىياجى بولىدىغان بىر ۋاقىت ھېسابلىناتتى. كـۈن ئەرتىپـتە ئەڭ جىـددى ھەل قىلىشـقا تېگىشـلىك بولـۇپ تۇرىۋاتقـان ئىـش، ھىتلېرنىـڭ پـولەكلەرنى تەكلىـپ قىلىـش مەسىلىسـى ئىدى. باش ۋەزىرنىڭ تاشقى ئىشلار ۋەزىرى بولسا، "گويـا بىـز بۇگـۈنلا بېرلىنـدا بىـر پولشـا ۋەكىللەر ئـۆمىكى تەشـكىللەپ چىقىرالايـدىغىنىمىزدەك گەپ بولـدۇ بـۇ. ئۇلارنىـڭ بـۇ ئـويى راسـتىنلا نامەرتلىـك،" نىمىسـلارمۇ بىـزدىن بۇنـداق بىـر ئىشـنى قىلىشـىمىزدىن ئۈمىـد كۈتمىسـۇن. بـاش ۋەزىرنىـڭ ۋارشـاۋادا تۇرۇشـلۇق بـاش ئەلچىسـىدىن تېلېـفون كېلىـپ، پولەكلەر دەرھال بىھك ياكى باشقا بىر ۋەكىللەر ئۆمۆكنى بېرلىنغا ئەۋەرتىشنىڭ ئېھتىمالى يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. "ئـۇلار بالـدۇرىراق ئـۇرۇش قىلىـپ يوقۇلۇشـقا رازى ئىكەنكى، بۇنداق بىر نومۇسنى قوبۇل قىلالمايدۇ. بولۇپمۇ چېخوسلوۋاكىيە، لىتـۋانىيە ۋە ئاۋسترىيەنىڭ بـۇرۇنقى بېشـىدىن ئـۆتكەن ئىشـلارنىڭ مىسـالى ئالدىـدا تۇرغىنىـدا ئـۇلار ھەرگىزمۇ باش ئېگىدىغاندەك كۆرۈنمەيدۇ."

بۇ كۈنلەرگە كەلگەندىن كېيىن، چەمبېرلىن ئۆزى بىۋاستە ھىتلېرغا تاقابىـل تـۇرۇش غەيرىتىگە كېلىپ، پولشالىقلارنىڭ بويۇن ئېگىشكە رازى بولـۇش-بولماسـلىقىنىمۇ سوراپ

قويمايدۇ، داھلىرۇس دوۋنىڭ كوچىسىدىكى 10-نومۇرغا يېتىپ كەلگىنىدە، سۆھبەتلىشىشنىڭ ئىمكانىيىتى ئاساسەن قالمىغان دېيىشكە بولاتتى. بۇ شۇتىسىيىلىكنىڭ سۆزلىرى چىمبىرلىن، ۋىلسون ۋە كادوگانلارنىڭ قولىقىغا كىرىپمۇ چىقمايدۇ. ئەمما ئۇلار ھىتلېرنىڭ "مەرتلىك بىلەن ئوتتۇرغا قويغان تەكلىپ" ىگە بولغا ئىنكاسى، ئۇنىڭ بۇ دېگەنلىرى قەغەز يۈزىدىكىلا گەپلەر بولۇپ، ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈشنىلا مەقسەت قىلىپ ئويناۋاتقان بىر ئويۇنىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، دېيىش بولىدۇ. "ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن گېيۆرىڭغا تېلېفون قىلىپ بۇ تەكلىپ بېسىپ چىقىرىلىدىمۇ؟ دەپ سوراپ كۆرمەيمىز"، دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. بىر قانچە مىنوتتا قالمايلا ئۇ ئىمپېرىيە مارشالى بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشىدۇ: قارشى تەرەپ ئۇنىڭغا، پولشاغا بېرىلىدىغان ئۇلتىماتوم بېسىپ تەييار قىلىندى، ئۇنىڭدىكى ماددىلار ئۇنىڭ ئالدىن پەرەز قىلغىنىدىنمۇ كۆپ مەرتلىك قىلىنغان، دەپ ئۇقتۇرىدۇ.

داھلىرۇس بۇ گەپلەردىن قاتتىق خوشال بولۇپ قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ گېيۆرىڭ سىزىپ كۆرسەتكەن خەرىتىگە ئاساسلىنىپ شەرتنامىنىڭ ھەر قايسى ماددىلىرىنى بىر قۇر تونۇشتۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق ئەنگىلىزلارنىڭ ئىشەنمەسلىكىنى تۈگىتىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ ماددىلار گەرچە مۇۋاپىقتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەنگىلىزلار بەرىبىر ھىتلېرنىڭ بىر پولشا ۋەكىللەر ئۆمىكىنى 30-چىسلاغا ئۇلگۇرۇپ بېرلىنغا يېتىپ كېلىشى كېرەك دەيدىغان گېپىدىن خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. بۇ ئىشتا ۋاقىت چەكلىمىسىدىن باشقا، چىمبىرلىن ۋە قالغان كىشىلەر سۆھبەت يېرىنىڭ بېرلىندا بولۇشىغا قەتئىي ئۇنىماي تۇرىۋالىدۇ. چۈنكى، ئۇلار پوپ تىسونىڭ خاچادا نېمە ئىشلار بولغىنىنى ئۇنۇتمىغان ئىدى.

داھلىرۇس يەنە بىر قېتىم گېيۆرىڭغا تېلېفون قىلىدۇ. بۇ قېتىم، ئۇ سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغان يەرنىڭ بېرلىندىن باشقا بىر يەردە بولۇشنى، ئەڭ ياخشىسى بىرەر بىتەرەپ دۆلەتتە بولۇشنى مەسلىھەت قىلىدۇ. "قۇرۇق گەپ قىلما! _ دەيدۇ گېيۆرىڭ ئاچچىغلانغان ھالدا، _ ھىتلېرنىڭ باش قوماندانلىق يېرى بېرلىندا بولغانىكەن، سۆھبەتلىشىش يېرىمۇ چوقۇم بېرلىندا بولۇشى شەرت. مېنىڭچە بولغاندا، سۆھبەتلەشكۈچىلەرنى بېرلىنغا ئۇچۇرتىشتا بىرەر قىيىنچىلىق كۆرۈلۈشى ئېھتىمالى يوق." گەرچە بۇ ئىش ئەگرى-توقايلىق بولۇشى، شۇنىڭدەك ئۇلارمۇ ھىتلېرغا بولغان ئىشەنمەسلىكى بارغانسىرى كۈچىيىپ بارغان بولۇشىغا قارىماي، ئېنگلىزلار يەنىلا تىنچلىقنىڭ ئىشىكىنى ئوچۇق تۇتىدۇ. ئۇلار داھلىرۇسنى دەرھال بېرلىنگە قاراپ ئۇچساڭ، بېرىپ ھىتلېرغا، ئەنگىلىيە يەنىلا سۆھبەت قىلىش تەرەپتارى ئىكەنلىكىنى يەتكۈز، دەپ تاپىلايدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇلارنى ئىشەندۈرەلىشى ئۈچۈن خالىفاكس يەنە ۋارشاۋاغا تېلېفون قىلىپ پولەكلەرنىڭ نېمىس

ئازسانلىقلىرىغا قارىتا زوراۋانلىق قىلغانلارغا ئوق چىقىرىپ توسسىشى، شۇنىڭدەك رادىئولاردا كۈشكۈرتكۈچى تەشۋىقاتلارنى توختۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

پولشالىقلار بۇنىڭغا ئومۇمىي يۈزلۈك ئۇرۇش سەپەرۋەرلىكى ئېلان قىلىش ئارقىلىق جاۋاب بېرىدۇ. ھىتلېرنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى پۈتۈن كۈن بويىچە پولشالىقلار ئۈچۈن بىر تەكلىپ لايىھىسى تۈزۈش بىلەن مەشغۇل ئىدى _ بۇ لايىھىنىڭ ماددىلىرى شۇنچىلىك مەرتىلىك بىلەن تۈزۈلگەن ئىدىكى، ھەتتا تەرجىمان شمىدتمۇ ھەيرانلىقنى يوشۇرالماي، بۇنداق مەرتىلىك كۆرستىلگەنلىكىنى ئاڭلىغىنىدا ئاڭلىغانلىرىغا ئىشىنەلمەيلا قالغان ئىدى. شۇڭا ھىتلېر قاتتىق پولشالىقلارنىڭ بۇ قارارىدىن بەكلا ئاچچەغلىنىپ كېتىدۇ. بۇ تەكلىپ لايىھىسىدە بىر خەلئارالىق كومىسسىيىنىڭ نازارىتى ئاستىدا "كورىدور" ئىچىدە ئومۇمخەلق ئاۋاز بېرىش ئېلىپ بېرىش بىلەنلا قالماي، يەنە پولەكلەرنىڭ گېرمانىيەنىڭ كەلگۈسىدىكى تۇپراقلىرى ئىچىدىن ئۆتىدىغان بىر خەلئارالىق تاشيول ۋە بىر تۆمۈريول لىنىيىسى بېرىلىدىغانلىقىمۇ بەلگىلەنگەن ئىدى. "مانا بۇ، ھەقىقىي تۈردە بىرلەشكەن دۆلەتلەر جەمىيىتىنىڭ تەكلىۋى ئىدى. _ دەيدۇ شمىدت ئەسلىمىسىدە، _ مەن گويا ئۆزەمنى قايتىدىن جەنۋەدە ھېس قىلغان ئىدىم." گەرچە پولشانىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك سەپەرۋەرلىك ئېلان قىلىشى ھىتلېرنى قاتتىق غەزەپلەندۈرىۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا بىراۋچىتىش بىلەن كېيىتېل ئىككىسىگە پولشاغا باستۇرۇپ كىرىش ۋاقتىنى بىر سوتكا كەينىگە سوزىدۇ. ۋارشاۋا ئۇنىڭ تەلىۋىنى يەنىلە قوبۇل قىلمايدىغانلا بولىدىكەن، ئۇ 1- سىنتەبىر سەھەر سائەت 4 تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە بېسىپ كىرىش ھۇجۇمىنى باشلىتىدىغان بولىدۇ. قاراڭغۇ چۈشۈشىدەي دېگەچە ۋارشاۋادىن يەنىلا بىرەر خەۋەر كەلمەيدۇ. ئەمما لوندوندىن كەلگەن خەۋەر شۇنچە مۇجمەل ئىدىكى، ئەنگلىيە "جىددى تۈردە" ھىتلېرنىڭ يېڭى تەكلىۋىنى ئويلىشىۋاتقانلىقى، شۇنىڭدەك شۇ كۈنى ئاخشىمى جاۋاب بەرمەكچى بولىۋاتقانلىقى بىلدۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار يەنە پولكوۋنىك بېكتىن ئەندى ھەرگىز "ۋاقتنى كەينىگە سوزماي" گېرمانىيە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ماقۇل بولۇشنى تەلەپ قىلىشقان. ئۇلار ئۆزلىرى ئۇزۇنغىچە كەينىگە سوزۇپ كېلىپ تۇرۇغلۇق، ئەندىلىكتە بۇنداق بىر تەلەپتە بولۇشى ھەقىقەتەنمۇ پولشالىقلارنى شاڭخو قىلغاندەكلا بىر ئىش ئىدى. ئەنگلىيەنىڭ شۇنچە ۋاقىت ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمەي ئەنسىرەپ يۈرۈشىگە مۇنداق بىر ئەھۋال سەۋەپچى بولغان بولۇشى (ھەرگىز ئۇ ئەھۋال كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس) مۇمكىن: قۇرۇغلۇق ئارمىيىسى بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان بىر نەپەر مەمۇرى ئەمەلدار شۇ كۈنى ئەتىگىنى ئېنگىلىزلارغا بەكلا كۆپ مەخپىيەتلىكلەرنى ئاشكارىلىۋەتكەن ئىدى. بۇ كىشىنىڭ ئىسمى ئېۋالد ۋون

كلېيست-شمېنزىن ئىدى. ئۇ ئەنگلىيە ھەربى مەسلىھەتچىسىگە گېرمانىيەنىڭ نۇرغۇن ھەربى مەخپىيەتلىك ئەھۋالىنى ئاشكارىلىۋىتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ھىتلېرنىڭ يېقىندىن بۇيان روھى جەھەتتىن ۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكىنى، قۇرۇغلۇق ئارمىيە باش قۇماندانلىق شتابىدىكىلەر بۇنى پۇرسەت بىلىپ سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقىنىمۇ ئېيتقان.

ھېندېرسون ئاخىرى نېمىسلارغا بېرىلىدىغان جاۋابنى ماقۇللىغان ۋاقتى ئاخشىمى سائەت 10 بولۇپ قالغان ۋاقىتلار ئىدى. ئۇ رىببېنتروپقا تېلېفون قىلىپ، يېرىم كېچىدە كۆرۈشسەك، دەپ تەكلىپ بېرىدۇ. بۇ دەل پولشالىق ۋەكىللەرنىڭ بېرلىنغا كېلىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكىگە توغرا كېلەتتى. رىببېنتروپ، ئېنگىلىزلار كۆرۈشۈش ۋاقتىنى چوقۇم بىلىپ تۇرۇپ بۇ ۋاقىتقا ئورۇنلاشتۇرغان دەپ ئويلايدۇ. كۆرۈشۈشتە گەپ-سۆزلەر بەكلا ئوچۇق ئوتتۇرغا قويۇلىدۇ _ لوندوننىڭ شىفىرلەنگەن مەخپى تېلېگراممىسىنى تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن ۋاقىت كېرەك ئىدى _ ئەمما كۆرۈشۈش مۇھىتى بىر-بىرسىگە ئىشەنمىسىزلىك بىلەن تولغاچقا ئۇنچە بەك سەمىمى ھېسابلانمايتتى. ھېندېرسون گېرمانىيە تەرەپ قانۇنلۇق يوللار بىلەن ئۆزىنىڭ تەكلىۋىنى پولشا ئەلچىخانىسى ئارقىلىق ئەنگلىيەگە يوللىنىشىنى تەكلىپ قىلىدۇ. رىببېنتروپ بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرغەزەب بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ. "بۇنچە ئىشلار يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇنداق قىلىشقا ھەرگىز يول قويالمايمىز! _ دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ. رىببېنتروپنىڭ ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرۇشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىقابىنىمۇ يىرتىپ تاشلىغان ئىدى، _ بىز پولشا ھۆكۈمىتىدىن پەۋقۇلئاددە ھوقۇقلۇق ۋەكىلىنىڭ بېرلىنغا كېلىشىنى تەلەپ قىلىمىز!"

ھېندېرسون ئاچچىقتىن چىرايىمۇ قىزىرىپ كېتىدۇ. ئەمما بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتىن ئاۋال، لوندون ئۇنىڭغا ئېغىر بېسىق بول دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ ئۆتكەن ئىدى. ئۇ، ئەنگلىيەنىڭ ھىتلېرغا تاپشۇرىدىغان مېمراندومىنىڭ رەسمى جاۋابنى ئوقۇش ۋاقتىدا قوللىرىمۇ تىتىرەپ كېتىۋاتاتتى. رىببېنتروپ، خۇددى ئۇنىڭ ئۆزىنى تەھدىت قىلىشنى مەقسەت قىلىپ بۇ ھۆججەتنى ئوقۇپ بېرىۋاتقىنىدەك ھېندرسونغا قاتتىق غەزەپلىنىپ كېتىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، ئەنگلىيە ئەلچىخانىسىنىڭ تېلېفونى، بولۇپمۇ لوندون بىلەن كۆرۈشىدىغان تېلېفونلارنىڭ ھەممىسىلا "تەتقىقات ئىنىستىتۇتى" دەپ ئاتالغان بىر گېرمانىيە ئاخبارات ئورگىنى تەرىپىدىن ئوغۇرلۇقچە تىڭشىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، مېموراندومدا نېمە دەپ جاۋاب بېرىلىدىغانلىقى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. گەرچە بۇ مېموراندومنىڭ سۆزلىرى نىسبەتەن سىيلىقتەك قىلغىنى بىلەن، مەزمۇن جەھەتتە ئالدىنقى كۈنى تېلېفوندا دېيىشكەنلەردىن كۆپ پەرقى يوق ئىدى.

"بۇنداق بىر تەكلىپنى پەقەتلا ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەنمەن! _ دەيدۇ ھېندېرسون

ئوقۇپ ئەنگىيە سۆھبەت مەزگىلىدە قۇراللىق ھەرىكەت قوللانمايدۇ، دېگەن تەكلىۋنگە كەلگەندە رىبېنتروپ سۆز قىستۇرۇپ. ئۇ ئىككى قولىنى كۆكسىدە ئالماپ ئۆچمەنلىك ساقلىغان ھالدا ھىندېرسونغا تىكىلگىنىچە قارايدۇ. _ سىزنىڭ دەيدىغان يەنە باشقا گېپىڭىز بارمۇ؟" بەلكىم ئۇ تۇنۇگۈنكى ھىندېرسوننىڭ فۇھرېر بىلەن گەپ تالىشىشقا جاسارەت قىلالىغانلىقىنىڭ ئۆچىنى ئېلىۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ھىندېرسون بۇنداق ئەدەپسىزلەرچە مۇئامىلىگە قارىتا دەرھال ئىنكاس قايتۇرىدۇ: ھەزرىتى ئەنگىلىيە پادىشاھىنىڭ ھۆكۈمىتى نېمىسلارنىڭ پولشادا بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقى توغرىلىق ئاخباراتنى قولغا كەلتۈرگەن.

بۇ قېتىم رىبېنتروپ راستىنلا غەزەپكە كېلىدۇ. "بۇ دېگىنىڭىز، ئاناڭنى ... شۇ پولشا ھۆكۈمىتى تارقىتىپ يۈرگەن نومۇسسىز تۆھمەتلەر! _ دەيدۇ ۋارقىرىغىنىچە، _ مەن سىزگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى ھىندېرسون ئەپەندىم، ئاناڭنى بۇ ۋەزىيەت پەۋقۇلئاددە جىددى!"

ھىندېرسون ئورنىدىن تۇرۇۋشقا ئۇرۇنغان ھالدا تەڭ تاقابىل تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: "سىز بايا ھە دېسە 'ئاناڭنى' دەپ كېتىۋاتىسىز، _ دەيدۇ خۇددى غەزەپلەنگەن بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىغا ئوخشاش رىبېنتروپقا قولىنى شىلتىپ، _ بۇ سۆزلەر بىر سىياسىيوننىڭ بۇنداق جىددى ۋەزىيەتتە ئىشلىتىدىغان سۆز ئەمەس!"

رىبېنتروپ گويا يۈزىگە قارىتىپ بىر ئىستاكان سوغۇق سۇ سېپىلگەندەك ھېس قىلىپ كېتىدۇ. بۇلۇتلۇق ئۇيۇق ۋاقتىدا ئۇ ھەققەتەنمۇ ھۆرپەيگەن قورقۇنۇشلۇق بىر ھالەتكە كەلگەن ئىدى. ئۇ مەنمەنچى بىر ئېنگىلىز تەرىپىدىن ئەيىپلەنمەكتە ئىدى! شۇڭا ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرغىنىچە "سەن نېمە دېدىڭ؟" ھىندېرسونمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇ ئىككىسى خۇددى ئۇرۇۋشقا تەييارلىنىۋاتقان بىر جۈپ خورازدەك يۈزمۇ-يۈز بىر-بىرىگە ھۆرپىيىپ تىكىلگەن ئىدى. "دېپلوماتىك قائىدىلەرگە ئاساسەن مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇرۇشىم كېرەك ئىدى. _ دەيدۇ ئەسلەپ كېلىپ، _ ئەمما راستىنى ئېيتقاندا، ئىككى تەرەپ تىللىشىپ بىر-بىرسى بىلەن ئۇرۇۋشۇپ قالغىدەك بولسا بىر تەرجىمان قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى مەن تېخى بىلمەيتتىم. مەن شۇ چاغدا ئۇ ئىككىسىنىڭ راستىنلا ئۇرۇۋشۇپ قېلىشىدىن بەكلا قورققان ئىدىم." شۇڭا ئۇ خاتىرە دەپتىرىگە بىر نەرسىلەر يازغان بولۇۋېلىپ قىمىر قىلماي ئولتۇرىدۇ. ئۇ باش تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئېغىر تىنىق ئاۋازىغا قاراپ، ھەم، بىزنىڭ گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بىرىتانىيە پادىشاھ ھەزرەتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ باش ئەلچىسىنى پۈتنىمۇ يەرگە تەككۈزمەي تاشقىرىغا ئېتىپ تاشلايدىغان بولدى، دەپ بەكلا قورققان ئىدى. بىر تەرجىمان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇزۇن يىللار جەريانىدا بەكلا كۆپ ئاجايىپ غەلىتە سورۇنلارغا شاھىت بولغان، شۇڭدەك بۇنداق

سورۇنلارنى ئالاھىدە قىزىق ھېسابلاپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ قېتىمقىسىدا ئۇ بەكلا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئۇ، ئوك-سول تەرەپلىرىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ئىنتايىن جىددىيلەشكەن تىنىق ئاۋازلىرى ئاڭلاپ تۇرغان بولسىمۇ، ئاخىرى، بۇ ئىككى كىشى، ئاۋال رىبىنتروپ، ئاندىن ھېندېرسون قايتىدىن جايىغا ئولتۇرىدۇ. شمىدت ئېھتىيات بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇ ئىككىسىنى كۆزىتىدۇ. بۇرۇختۇرمىلىق مۇھىت ئۆكشىلىپ، بوران-چاپقۇن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ.

سۆزلىشىش قايتىدىن تىنچ بىر شەكىلدە يەنە بىر قانچە مىنوت داۋام قىلىدۇ. رىبىنتروپ يانچۇقىدىن بىر ماتېرىيالنى چىقىرىدۇ. بۇ قەغەز ھىتلېرنىڭ پولشالىقلارغا سۇنماقچى بولغان تەكلىۋى _ يەنى شمىدتنى ھەيران قالدۇرغان ھېلىقى تەكلىپ ئىدى. رىبىنتروپ ئىمىسچە 16 ماددىلىق بۇ تەكلىپنىڭ مۇھىم نوقتىسىنى ئوقۇپ ئۆتىدۇ. ھېندېرسون ئۇنىڭ ئوقۇۋاتقىنىنى دىگەندەك چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ _ كېيىن ئۇ رەنجىگەن ھالدا – رىبىنتروپ بۇ ماتېرىيالنى "بەكلا ئىتتىك ئوقۇپ ئۆتكەچكە" باش ئەلچى ئېنىق ئۇقالماي قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ رىبىنتروپتىن قولىدىكى ھۆججەتنى ئەنگلىيەگە ئىۋەرتىپ بېرىش ئۈچۈن تەلەپ قىلىدۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ بۇ تەلىپى نورمال بىر دىپلوماتىك جەريان ھېسابلىناتتى. شمىدتنىڭ قارىشىچە ھېندېرسون ئۇنى سورىشىنىڭمۇ ئورنى يوق، قولىغا تۇتقۇزۇلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇ رىبىنتروپنىڭ بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىغا ئىشىنەلمەيلا قالىدۇ: "ياق، بەرمەيمەن"، دەيدۇ رىبىنتروپ ئىنتايىن خاتىرجەم بىر قىياپەتتە ھەمدە ئۇنىڭ چىرايىدا غەلىتە بىر تەبەسسۇم كۆرۈلىدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە بىرەر چۈشەندۈرۈشمۇ بەرمەيدۇ. چۈنكى فۈھرېر ئۇنىڭغا بۇ ھۆججەتنىڭ ئۇنىڭ قولىدىن چىقىپ ئاشكارلىنىشىنى چەكلىگەن ئىدى.

ھېندېرسونمۇ ئاڭلىغىنىغا ئىشەنگىسى كەلمىگەندەك، گېپىنى قايتا تەكرارلايدۇ. رىبىنتروپمۇ بۇ ماتېرىيالنى بېرەلمەيمەن دەپ قايتا تەكرارلايدۇ _ ئەمما بۇ قېتىم ئۇ ھاياجاندىن قولىدىكى ماتېرىيال بىلەن ئۈستەلگە ئۇرىدۇ. "بۇ ماتېرىيال بەربىر ۋاقتى ئۆتكەن بىر ھۆججەتكە ئايلىنىپ بولدى. _ دەيدۇ رىبىنتروپ، _ پولشا ئەلچىسى مۇشۇ ۋاقىتقىچە كەلمىدى."

شمىدت كۆڭلى پاراكەندە بولغان ھالدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆزىتىپ ئولتۇرۇپ، تۇيۇقسىزلا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھىتلېرنىڭ ئويناۋاتقان بىر ئويۇنى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالىدۇ: ھىتلېر، ئەگەر ئېنگلىزلار بۇ تەكلىپنى پولەكلەرنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بەرگىدەك بولسا، بۇ تەكلىپنى پولەكلەر قوبۇل قىلىپ قېلىشى ئېھتىمال دەپ قورقاتتى. تەرجىمان بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەگەر بىرەر باھالاشتا بولغىدەكلا بولىدىكەن، بۇ ئىش

باشقا چىقىدىغان ئىخىر بىر جىنايەت بولۇپ قالاتتى. شۇڭا ئۇ ئۇن-تىنسىز ھالدا بۇ ماتېرىيالنى ھىندېرسون ئۆزى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ بەرسۇن دېگەن تەلەپتە بولىشنى ئۇمىد قىلىپ جىم ئولتۇردى. ئەگەر بۇنداق بىر تەلەپ قىلىنىپ قالسا رىبېنتروپمۇ رەت قىلالماس ئىدى. ئۇ چاغدا شىمىدتمۇ بۇ تەكلىپنىڭ ھەر قايسى ماددىلىرىنى ھىندېرسوننىڭ بىرمۇ-بىر خاتىرىسىگە يېزىۋېلىشى ئۈچۈن بىر-بىرلەپ تەرجىمە قىلىپ بېرىشتىن قورقمىغان بولاتتى. ئەمما ھىندېرسون بۇنداق بىر تەلەپتە بولمايدۇ. بۇ چاغدا شىمىدتمۇ چارىسىز خاتىرە دەپتىرىگە قېلىن بىر قىزىل سىزىق سىزىپ قويىدۇ _ بۇ ئەسلىدە ئۇنىڭ شەخسى ئىشارەت بەلگىسى بولۇپ، ئۇرۇش پارتلايدىغانلىقى ئېنىق، دېمەك مەنىنى بىلدۈرەتتى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ قېتىمقى شىددەتلىك تالاش-تارتىش بىلەن تولغان كۆرۈشۈش مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ. رىبېنتروپ، بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتە ھىندېرسون "بەكلا ئەدەپسىزلىك قىلدى"، مەن بولسام "ئاجايىپ ئېغىر بېسىق بولدۇم" دەيدۇ. ۋاقىت شۇنچە كەچ بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى باش مىنىستىرلىقتا فۇھرېرگە دوكلاد بېرىپ، ھىندېرسونغا بىر پارچە يازما تەكلىپ بەرسەك دەپ مەسلىھەت قىلىدۇ. فۇھرېر ئۇنىڭ بۇ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلماي رەت قىلىدۇ.

3

ئەتىسى تاڭ سەھەردە، ھىندېرسون پولشا باش ئەلچىسىنىڭ كاتىپىغا تېلېفون قىلىپ، "قىلچە گۇمان قىلىشقا بولمايدىغان ئىشەنچلىك ئاخبارات مەنبەسىدىن" خەۋەر تېپىشىچە، "ئەگەر پولشا بەزى مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالىمىسا، بۈگۈندىن كېيىن 2~3 سائەت ئىچىدە ئۇرۇش پارتلىشى مۇمكىن" دەپ بىلدۈرىدۇ.

ھىتلېرنىڭ ئوغۇرلۇقچە تېلېفون ئاڭلىغۇچىلىرى ئۇنىڭ بارلىق سۆزلىرىنى بىرمۇ-بىر خاتىرىلەپ ئالىدۇ. 15 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، ھىندېرسون لوندونغىمۇ بىر تېلېفون قىلىپ، يوقۇرىدىكى ئاخباراتنى بىر قۇر تەكرارلىغاندىن كېيىن، يەنە ئۆزىنىڭ پىكرىنىمۇ بايان قىلىپ ئۆتىدۇ. يەنى، بۇ گەپلەرنىڭ ئېھتىماللىق دەرىجىسى بەكلا تۆۋەن بولغاندەك قىلسىمۇ، ئىمكانسىز دېيىشكىمۇ بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. گەرچە نېمىسلار ئەنگلىيىنىڭ مەخپى شىفىرلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولمىسىمۇ، ھىندېرسوننىڭ ئېھتىياتسىزلىق بىلەن تېلېفوندىن پايدىلانغانلىقى تۈپەيلىدىن، نېمىسلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىشلىرى تېخىمۇ ئاسانلىشىپ كېتىدۇ (بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەنگلىيەنىڭ رىمدا

تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى بەكلا بوش ئىدى. لورد پېتىنىڭ بىخەتەرلىك ئىشكاۋى ھەر ھەپتىدە بەلگىلىك مۇددەت بويىچە ئىتالىيە ئاخبارات ئورگىنى تەرىپىدىن ياللىۋېلىنغان بىر نەپەر كەسىپى ئوغرى تەرىپىدىن يوخلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئوغرى ئەنگلىيە دىپلوماتىك مەخپى ھۆججەتلىرىنىڭ شىفىرلىرىنى كۆچۈرىۋېلىش بىلەنلا قالماي، ھەتتا بىر ئاخشىمى پېرت خانىمىنىڭ چاچ قىسقۇچلىرىنىمۇ ئوغرىلاپ چىققان. شۇڭغا قارىماي، ئەنگلىيە باش ئەلچىخانىسىنىڭ بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى يەنىلا قىلچىمۇ ياخشىلانمايدۇ. ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ تەلىيىگە، ئۇ ۋاقىتلاردا مۇسسولىنى چەتئەل مەخپى ھۆججەت شىفىرلىرى قاتاردىدىكى ماتېرىياللارنى ئىنتىپاقدىشىغا تاپشۇرۇشقا باشلىمىغان ۋاقىتلار ئىدى).

ئاۋغۇستىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى، ئاق كۆڭۈل كىشلەر ئۈچۈن ئالغاندا ھەقىقەتەنمۇ ئەسەبىلەشكەن بىر كۈن ئىدى. داھلېرۇس، ھېندېرسوننىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن، چۈشتىن كېيىن دەرھال لوندونغا تېلېفون قىلىپ سىر خوراس ۋىلسونغا ھىتلېرنىڭ تەكلىپى "بەكلا مەرت بىر تەكلىپ" دەپ بىلدۈرىدۇ. ئۇ يەنە گيۆرىڭنىڭ دىيىشىدىن قارىغاندا فۈھرېرنىڭ بۇنداق بىر شەرتنى ئوتتۇرغا قويۇشىدىكى مەقسەد، ئۇنىڭ ئېنگلىزلارغا ئەنگلىيە بىلەن دوستانە بىر شەكىلدە مەسىلە ھەل قىلىش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتۇر. داھلېرۇس تېلېفوندا سۆزلەۋاتقىنىدا ۋىلسون بىرسىنىڭ نېمىسچە بۇ سۆزلەرنى قايتا تەكرارلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ، تېلېفوننىڭ ئوغرىلۇقچە ئاڭلىنىۋاتقانلىقىغا جەزم قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ بۇ گەپلەرنى ھېندېرسونغا ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما بۇ ئىشتىن سىرتقى دىپلومات بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمەيدۇ. ۋىلسۇن ئۇنىڭغا "بەك ئالدىراپ كېتىشكە بولمايدۇ" دەپ ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ داھلېرۇس بەرىبىر بۇنى چۈشەنمەيدۇ. ئاخىرى بولماي، ۋىلسون ئۇنىڭغا دەرھال گېپىڭنى توختات دەپ ئوچۇق ئېيتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. داھلىرۇس بۇ گەپ بىلەنمۇ چاتىقى يوق گېپىنى قىلىۋېرىدۇ. ئامال يوق ۋىلسون تروپكىنى جايىغا قويۇپ قۇتۇلىدۇ.

ئىشتىن سىرت ئىختىيارى دىپلومات بىلەن ئىختىيارى دىپلوماتلار ئوتتۇرسىدا بۇ تۈر تىنچ مەسىلە ھەل قىلىش مەقسىتىدە ئوك-تەتۈر چىپىپ يۈرگەن ۋاقىتلاردا، بىر تەرەپتە ئۇرۇش پىلانلىرى رەھىمسىزلەرچە ئىشلىمەكتە ئىدى. شۇ كۈنى چۈشتە، كۈن بويى قاتتىق ئەندىشە كۈچىنىڭ تۈرتكىسىدە (ھىتلېرنىڭ گېرمانىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقى بىلەن ئالاقىلىششقا مەسئۇل ئادىمى ئا. ئى. بېمدىتنىڭ دېيىشىچە)، ھىتلېر بېسىپ كىرىشنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق بۇيرۇقنى ئېلان قىلىدۇ. بېرىندىت، پوللەكلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن نېمىسلارنىڭ سانىنى بەكلا ئاز كۆرۈپ، ئۆزى بىلىپ بۇ رەقەمنىڭ كەينىگە بىر نۆل قوشۇپ،

يەنى ئون ھەسسە كۆپەيتىپ مەلۇمات بېرىدۇ. دەسلىۋىدە، ھىتلېر ئۆلتۈرۈلگەنلەر سانىنىڭ بۇنچە كۆپ ئىكەنلىكىگە ئىشەنگىسى كەلمەيدۇ. بېرىندىن ئۇنىڭغا، بەلكىم بۇ رەقەملەر سەل مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن بولىشى مۇمكىن، ئەمما بۇ رەقەملەر بۇنچە چوڭ بولىدىغان يەردە چوقۇم بەكلا قورقۇنۇشلۇق ۋەقەلەرنىڭمۇ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، دېمەك، ئۇ يەردە چوقۇم بەكلا قورقۇنۇشلۇق ۋەقەلەرنىڭمۇ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ھىتلېر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ۋارقىراپ-جارقىراپ كېتىدۇ: "ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم بەدەل تۆلىشى كېرەك! مەن ئۇلارنى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمايدىغان قىلىپ كېلىشتۈرۈپ ئەدىۋىنى بەرمىسەم، خەپ! بۇ ئىشتا مېنى ھېچ كىم توسالايمەن دەپ ئويلىمىسۇن! مەن نېمىسلىرىمنى ھايۋان ئورنىدا قىرغىن قىلىنىشىغا ھەرگىزمۇ يول قويالمايمەن!" ئۇ ۋارقىرغىنىچە، دەرھال تېلېفونىنىڭ يېنىغا كېلىدۇ ۋە بېرىندىتىنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ كېيتېلگە "ئۇرۇش باشلاشنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق يوليورۇقى" نى ئېلان قىلىدۇ.

بۇ يوليورۇق بۇرۇنلا تەييار قىلىنغان بىر بۇيرۇق ئىدى. پەقەت ئۇنىڭ باش تەرىپىدىكى شۇ بىر قانچە جۈملە سۆزنى ئەھۋالغا قاراپ سەل-پەل ئۆزگەرتسىلا يېتەرلىك ئىدى: "گېرمانىيەنىڭ شەرق تەرەپ چېگراسىدىكى ۋەزىيەت بەرداشلىق بەرگىلى بولمىغىدەك دەرىجىدە ئۆزگەردى. ئەمما بۇ ۋەزىيەتنى سىياسىي يولدا ھەل قىلىشنىڭ بارلىق ئىھتىماللىرى پۈتتۈنلەي تۈگىدى. مەن بۇنى قورال كۈچىگە تايىنىپ ھەل قىلىش قارارىغا كەلدىم." پولشاغا ھۇجۇم قىلىش كۈنىنى ئەتە جۈمە كۈنىگە، يەنى 1-سىنتەبىرگە بەلگىلەيدۇ. غەرب تەرەپتە بولسا ھېچقانداق بىر ھەرىكەت قىلىنمايدۇ. بۇ يوليورۇق مەخسۇس ئادەم بەلگىلىنىپ ھەر قايسى يوقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارغا ئىۋەرتىلىدۇ. ئۇلار يەنە ئەڭ مەخپى ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ دالا ئارمىيە قىسىملىرى قوماندانلىرىغا پەۋقۇلئاددە بۇيرۇق بېرىدۇ. چۈشتىن كېيىن سائەت 4 تە، بېسىپ كىرىش بۇيرۇقىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئەمەللەشتۈرۈلدى؛ قىسىملار بىلەن ئەسلىھەلەر چېگرا يېقىنلىرىدىكى ئالدىنقى سەپلەرگە سىلجىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېس-ئېس بىخەتەرلىك باشقارما كاتتىۋېشىمۇ پولشا چېگراسىدىكى بىر مەخپى گېرمانىيە قىسىمىغا پەۋقۇلئاددە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. بۇنىڭدىن ئاۋال، رېيىنخارد ھېيدرىك ئىنتايىن قەبىھ بىر پىلاننى ـ "ھىملېر ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسى" ـ ئوتتۇرغا چىقىرىدۇ. بۇ پىلان ھىتلېرنىڭھۇجۇم قىلىشى ئۈچۈن ئىنتايىن كىلىشكەن بىر باھانە چىقىرىپ بېرىدۇ. پولشا ئەسكىرى قىياپىتىگە كىرىۋالغان ھەمدە پارتىزانلارنىڭ ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسىنىڭ ئالدىن يولغا چىققان ئەترىتى بېسىپ كىرىشتىن ئاۋال چېگرا ئۈستىدە ۋەقە چىقىرىپ 4 سائەتتىن كېيىن بىر ئورمانلىق ماشىنا بېكىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، بىر گېرمانىيە تاموژنا بىناسىنى پاچاقلاپ

تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ـ بۇ تەرپىي ئەڭ مۇھىم يېرى ـ گلېيۋىتز رادىئو ئىستانسىسىنى قىسقا مۇددەتكە بېسىۋالىدۇ. ئۇلار مىكرافونغا قاراپ گېرمانىيىگە قارشى شۇئارلار توۋلىغاندىن كېيىن، بۇ "پولەكلەر" بۇ يەردە ئۇرۇش بولغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر مۇنچە جەسەت قالدۇرۇپ دەرھال ئۇ يەردىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىدۇ. جەسەت مەسىلىسى ھېچ قانچە قىيىن ئىش ئەمەس ئىدى. ھىيدرىك يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا بۇنىڭ ئۈچۈن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار نامزاتلىرىنى تاللاپ قويغان بولۇپ، ئۇلارغا "تەييار كونسېرۋالار" دەپ ئات قويۇۋېلىشقان ئىدى.

بېرلىندا بولسا، بەش يېرىم سائەتلىك كېچىكتۈرۈشتىن كېيىن، باش ئەلچى لىپسكىنى ئاخىرقى ھېساپتا چۈشتىن كېيىن ئالتە يېرىمدا رىبېنتروپنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىلدى. لىپسكى بىر تەرەپتىن بەكلا ھارغىن بولسا يەنە بىر تەرەپتىن بەكلا جىددىيلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ قىسقىلا بىر باياناتنى ئوقۇپ ئۆتىدۇ. بۇ باياناتتا پولشا ھۆكۈمىتى "رازىمەنلىك ئاساسىدا" ئەنگلىيەنىڭ گېرمانىيە-پولشا ئىككى تەرەپنىڭ بىۋاستە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى ھەققىدىكى تەكلىۋىنى ئويلىشىۋاتقانلىقى، شۇنىڭدەك "بۇ مەسىلە ئۈستىدە بىر قانچە سائەت ئىچىدە رەسمى جاۋاب بېرىدۇ" غانلىقى بىلدۈرۈلگەن. ئۇ گېپىنى ئايلاندۇرۇپ يۈرمەي ئۇدۇللا چۈشتىن كېيىن سائەت بىردىن باشلاپ بۇنداق بىر بايانات ئېلان قىلىشقا تىرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

"سىزنىڭدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئەلچىسى بولۇش ھوقۇق بارمۇ؟" دەپ سورايدۇ رىبېنتروپ سوغۇق بىر قىياپەتتە. "مەن ھازىرلا بۇ ھەقتە ۋاقىتلىق بىر بۇيرۇق ئالدىم" دەپ جاۋاب بەرگەن لىپسكى، يېقىنراقتا ئوقۇپ بەرگەن باياناتنى گېرمانىيىگە ئۇقتۇرۇشۇمنى بىلدۈرگەن ئىدى، دەيدۇ. رىبېنتروپ ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، مەن سىزنى تولۇق ھوقۇقلۇق سۆھبەت ۋەكىلى سۈپىتى بىلەن بېرلىنغا كەلگەن دەپ ئويلاپتىكەنمەن، دەيدۇ. "سىزدە گېرمانىيەنىڭ تەكلىۋى بويىچە بىز بىلەن سۆھبەتكە ئولتۇرۇش ھوقۇقىڭىز بارمۇ؟" دەپ سورايدۇ دىۋەيلەپ كېلىپ. لىپسكى بۇنداق بىر ھوقۇقنىڭ يوقلىقىنى ئېيتىدۇ. "ئۇنداقتا، بۇ ئىش مەشەدە قالسۇن، بىزنىڭ داۋاملىق سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ قىلچە پايدىسى يوق."

شىمىدتنىڭ ھاياتىدا بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈش ئەڭ قىسقا بىر كۆرۈشۈش ھېسابلىناتتى. بۇ كۆرۈشۈش شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. لىپسكى ھىتلېرنىڭ 16 ماددىلىق تەكلىۋىنى كۆرۈپ بېقىش تەلەپىنىمۇ قويمايدۇ. گەرچە رىبېنتروپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن بۇ تەكلىپنى چىقىرىپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لىپسكى بۇنى ئوقۇش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە چۈشلۈق بويى سۇنۇشقا تېگىشلىك تاپشۇرۇلغان بۇيرۇقى بار ئىدى:

"كونكرىتنى سۆھبەت قىلىشتىن قەتئىي ساقلان." روشەنكى، پولەكلەر (ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ) نېمىسلارنىڭ ئەدىۋىنى بېرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچلىرى كامىل ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ھىتلېرنىڭ تەكلىپىنى مۇزاكىرى قىلىش خىيالىمۇ يوق ئىدى. ئەنگلىيە-فرانسىيە ئىككىسىمۇ پولشانىڭ سۆھبەت قىلىشىغا ماقۇللۇقى يوق ئىدى. لىپسكى ئەلچىخانىسىغا قايتىپ بېرىپ ۋارشاۋاغا تېلېفون قىلدۇ. تېلېفون ئۇلانمايدۇ. نېمىسلار پولەكلەردىن بىلىشنى ئۈيلايدىغان بىرەر ئىشى قالمىغاچقا، ئالاقىلىشىش سىم يولىنى ئۈزۈۋەتكەن ئىدى.

بۇچاغدا، ئادولف ھىتلېر چۈشتىن كېيىن سائەت 7 دە كەلگەن ئىتالىيە باش ئەلچىسى ئاتتولىكو بىلەن باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسىدە سۆزلىشىۋاتاتتى. ئاتتولىكو قايتىدىن تىنچلىق تەلىپىدە بولۇندى. ھىتلېر ئىتالىيە باش مىنىستىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلاردا كىلىشتۈرگۈچى بولۇشىغا قۇلاق سالارمىدى؟ "بىز ئاۋال ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزىتىشىمىز كېرەك." دەيدۇ فۈھرېر. بۇ ۋەزىيەت نەق پىلان بويىچە كېتىۋاتاتتى. ئاخشىمى دەل سائەت 8 دە ھېيدرىكنىڭ يالغان "پولەكلەرى" گلېيۋىتز رادىئو ئىستانسىسىغا ھۇجۇمنى باشلىۋەتكەن ئىدى. بىر سائەتتىن كېيىن، بارلىق گېرمانىيە رادىئولىرى ئومۇمىي يۈزلۈك ھالدا نورمال ئاڭلىتىشلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ بىر باياناتىنى ئاڭلىتىشقا كىرىشىدۇ. بۇ باياناتتا ھېلىقى 16 ماددىلىق تەكلىپنى بىرمۇ-بىر ئوقۇپ ئۆتىدۇ. بۇ تەكلىپ ھەقىقەتەنمۇ مۇۋاپىق بىر تەكلىپ بولۇپ، دوستانە بولمىغان چەتئەللىكلەرمۇ بۇ تەكلىپتىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ئىدى.

پولەكلەر گېرمانىيىنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىشنى ھېچ قاچان ئويلىشىپ كۆرمىگەن ئىدى. ئۇلار ھەتتا سۆھبەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ قارشى تەكلىپلىرىنى بولسىمۇ ئوتتۇرغا قويمايلا قالماستىن ـ گەرچە ئالدىراشلىق بىلەن ئوتتۇرغا قويۇلىدىغان تەغدىردىمۇ ھىتلېرنىڭ پىلانلىرىنى پۈتۈنلەي ئوڭ-تەتۈر قىلىۋەتەلىشى مۇمكىن ـ ئەكسىنچە ئاخشىمى سائەت 11 دا ئۆچ ئېلىش مەقسىتى قىلىنغان ھەيۋە قىلىش خاراكتېرىدا بىر باياناتنى رادىئودا ئېلان قىلىدۇ. بۇ باياناتتا، گېرمانىيەنىڭ رادىئو ئاڭلىتىشى ھىتلېرنىڭ نىشانىنى ئاشكارىلاپ بەردى دەپ ھۇجۇم قىلىدۇ. "سۆزلىرىنى پەقەتلا يۇشۇرۇپ قالالمىغان بۇ يېڭىچە ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق پىلانلىرىنى ئۇلارنىڭ بۇ تۈر سۆزلىرى ھەرگىزمۇ يۇشۇرۇپ قالالمايدۇ. گېرمانىيە ياۋروپاغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش خايالىدا ھەرىكەت قىلماقتا، شۇنىڭدەك مىسلى كۆرۈلمىگەن بىشەملىك پەلسەپەسىنى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ھوقۇقى ئۈستىگە دەسسەتمەكچى. پولشا ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغا ھەربىي بۇيرۇق (سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى) نىڭ ھەقىقەتەنمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بۇ رەزىللەرچە

قويۇلغان تەكلىپتىن كۆرۈۋالالىشىمىز مۇمكىن.»

رىببېنتروپ باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسىگە بېرىپ فۈھرېرنىڭ پولشا ئالقالارىنىڭ رادىئودا بەرگەن بۇ باياناتىغا قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولىدۇ. ئامال يوق، دەيدۇ ھىتلېر، ھەممە يەر تەۋرەپ كەتتى. ئۇ بەكلا جىمىپ كېتىدۇ. ئۇ بىر قانچە ھەپتىدىن بېرى تەشۋىشلىنىپ شۆبھىلىنىپ يۈرگىنىدىن كېيىن كەلگۈسى يولىنى بېكىتىۋالىدۇ. ئۇ، ئەنگلىيە-فرانسىيە ئىككىسى ھەرىكەتكە ئاتلىنىش ئېھتىمالى يوقلۇقىغا تولۇق ئىشەنچ قىلغىنىدىن كېيىن ئۇخلاشقا كىرىپ كېتىدۇ. بەلكىم، ھىتلېر شۇ كۈنى ئاخشىمى قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ مۇھىم كاپالەت، ئۇنىڭ موسكۋا ئىتۆەرتكەن قىسقىلا بىر تېلېگراممىسى بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ، تېخى يېقىندىلا ھەربى قوماندانلىرىغا مېنىڭ ستالىن بىلەن شەرتنامە تۈزگەنلىكىم، "پۇتۇنلەي ئالۋاستىنى قوغلاش ئۈچۈن ئالۋاستى پادىشاھى بىلەن كېلىشكەنلىكىم" دەپ ئېيتقان ئىدى. بۇ تېلېگراممىدا مولوتوۋ ئىنتايىن قاملاشقان بىر نۇتۇق سۆزلىگەندىن كېيىن، ئالى سوۋېتنىڭ ئاخىرىدا گېرمانىيە بىلەن تۈزۈشكەن شەرتنامىنى تەستىقلىدى دەپ بىلدۈرگەن ئىدى.

ھىتلېر ئۈچۈن ئېيتقاندا، پولشاغا بېسىپ كىرىش ھەرىكىتى ھەرگىزمۇ بىر ئۇرۇش ھېسابلانمايتتى. ئۇ پەقەت ئەسلىدىنلا گېرمانىيەگە مەنسۇپ بولغان نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق ھەرىكەت، بىر قېتىملىق رايون خاراكتېرلىك ھەرىكەتتىنلا ئىبارەت ئىدى. يەنى بۇ جەرياندا ئەنگلىيە-فرانسىيە ئىككىسى بىر قىسىم قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ باققانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ھەرىكەتلەردە بولغىنىدىن كېيىن چوقۇم چوقۇم شەكىللىنىپ بولغان پاكىتنى قوبۇل قىلىشتىن باشقا بىر ئىش قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئادىيۇتانتلىرى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلىرىدا "خۇددى چېخلاردا بولغىنىدەك، ئېنگلىزلار بەربىر پولەكلەرنى بالا-قازاغا تاشلاپ قويۇپ قاراپ ئولتۇرىدۇ" دېگەنلىكىنى نۇرغۇن قېتىم ئاڭلىغان ئىدى.

گەرچە ئۇنىڭ "تەتقىقات ئىنستىتۇتى" قولغا كەلتۈرگەن تېلېگراممىدا ئەگەر گېرمانىيە بىلەن پولشا ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتىلىغىدەكلا بولىدىكەن، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئىككىسى چوقۇم ئوتتۇرغا چىقىپ مۇداخىلىدە بولىدىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، ھىتلېرنىڭ خۇسۇسى ئادىيۇتانتى شاۋۇبنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا "بۇ ئۇرۇش ئۇنىڭ سەزگۈلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرىۋەتكەن" بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مۇداخىلە قىلىدىغانلىقىغا بەربىر ئىشەنمەيتتى. ئۇنىڭ ئىشىنىدىغىنى ئۆزىنىڭ ئەقىدىسى، يەنى، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ھەرىكەت قىلالمايدۇ، دەپ ئىشىنىدىغانلىقى ئىدى. "ئەنگلىيە قورقۇتۇپ قويماقچى" دەپلا ئىشىنەتتى. تېخى يېقىندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ ساراي فوتوگراپچىسىغا شۇ گەپنى

قىلغان بولۇپ، ئۇمۇ كەينىدىنلا بەكلا كام كۆرۈلىدىغان پۈرۈشتۈرگەن چىرايى بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ: "مەنمۇ شۇنداق قورقۇتۇپلا قويماقچىمەن!" دېگەن ئىدى.

ھىتلېرنىڭ ئۇرۇشقا قارار قىلغانلىق ھەققىدىكى خەۋەر گىيۆرىڭنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ كەلگىنىدە، ئۇ ئۆزىنىڭ مەخسۇس ۋاگونىدا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان ئىدى. ئۇ قاتتىق غەزەپلەنگەن ھالدا رىببېنتروپنى تېلېفونغا چاقىردۇ. "مانا ئەندى سەن شۇ ھېلىقى ئۇرۇش دېگىنىڭگە ئاخىرى ئېرىشتىڭ! بۇ ئىشلار پۈتۈنلەي سېنىڭ ئويىنىغان ئويۇنۇڭ!" ئۇ ۋارقىراپ گېپىنى تۈگەتكەندىن كېيىن تروپكىنى جاققىدە جايىغا قويۇپ قويىدۇ. بەلكىم، بۇ چاقچاقچە تېخى ھېچ كىم رىببېنتروپتەك ئۇنداق، ئەگەر ئېنگلىزلارنى يار لىۋىگە قىستاپ قويغىدەك بولساق ئۇلار چوقۇم بىزگە قارشى ئۇرۇش قىلىشى مۇمكىن، دەپ فۇھرېرنى شۇنچە كۆپ ئاگاھلاندۇرۇپ باقمىسا كېرەك؟ گىيۆرىڭنىڭ بۇنداق گۆككۈرىشى ھەقىقەتەنمۇ قىزىق.

4

1-سېنتەبىر جۈمە كۈنى، ئەتىگەن سائەت 4 تىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە، دانزىگ پورتىنى قائىدە بويىچە زىيارەت قىلغان گېرمانىيەنىڭ "شلېسۋىگ-خولستېيىن" ئوكيان چارلاش پاراخوتى بۇ كىچىك يېرىم ئارالنى توپقا تۇتۇشقا باشلايدۇ. بۇ يەردە بىر پولشانىڭ بىر ئوق-دورا ئىسكىلاتى ۋە 88 نەپەر ئەسكىرى بار ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، گېرمانىيە-پولشا چېگراسىنىمۇ شىددەت بىلەن توپقا تۇتىدۇ. كەينىدىنلا گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ پىيادە قىسىملىرى بىلەن تانكىلىرى كەڭ كۆلەمدە شەرققە قاراپ ئىلگىرلەيدۇ. گېرمانىيە پولشاغا قارىتا رەسمىي ئۇرۇش ئېلان قىلمىغان بولۇپ، ئارىدىن بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ھىتلېر قىسىملارغا رادىئودىن بىر مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلىدۇ. ئۇ بۇ مۇراجىئەتتە "قۇراللىق كۈچلەرگە قۇراللىق كۈچ بىلەن تاقابىل تۇرۇشتىن باشقا"، باشقا يولۇمىز قالمىدى، دەپ ئېيتىدۇ.

رىمدا بولسا، مۇسسولىن كۆرۈنۈشتە بەكلا خاتىرجەم كۆرۈنەتتى. بىر قانچە سائەت ئاۋال، ئۇ تەشۋىش ئىچىدە قالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇنى ئېھتىياتكار بولۇش كېرەكلىكى ھەققىدىكى سەممىلىك بىلەن قىلىنغان مەسلىھەتلەر سەلدەك كېلىشكە باشلىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئاقىلانە ۋە شۇنىڭدەك قىيىن ئەۋالغا چۈشۈپ قالغان بىر قارار بېرىدۇ: ئىتالىيە بۇ ئىشتا بىتەرەپلىكنى ساقلايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ، ئۆزى بىۋاستە ئاتتولىكو بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشۈپ، ئۇنى فۇھرېر بىلەن كۆرۈشۈپ ئىتالىيىنىڭ ئىنتېپاقداشلىق ئىچىدە ئۆستىگە ئالغان ۋەزىپىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققىدە بىر

تېلېگرامما يوللاش تەلىۋدە بولۇشنى بۇيرۇيدۇ. ھىتلېر دەرھال غەزەپلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئىپادىلەنمىگەن بىر پارچە تېلېگراممىغا تەييارلاپ ئۆزگەرتىدۇ. "مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، گېرمانىيىنىڭ قۇراللىق كۈچلىرى تايانساق ئۇستىمىزگە چۈشكەن ۋەزىپىنى ھۆددىگە ئالغىدەك قابىلىيەتكە ئېرىشەلەيمىز." ئۇ بۇ گەپلەردىن كېيىن مۇسسولىنىنىڭ كەلگۈسىدە "فاشىسىزىم بىلەن مىللىي سوتسىئالىزمنىڭ ئورتاق ئىشلىرى" ئۈچۈن قىلىدىغان بارلىق ئىشلىرىغا رەخمەت بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە بۇ تېلېگراممىنى ئىمزالاپ يوللايدۇ. كېيىندىنلا پارلامېنتتا نۇتۇق سۆزلەش ئۈچۈن "خانتاجى" ئوپېراسىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ھىتلېر كۈلرەڭ فورما كەيگەن بولۇپ، يەڭگىل قەدەملەر بىلەن سەھنىگە چىقىدۇ. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىلا ئۇنى كۆرۈۋاپ ھەيران قالىدۇ. ئۇنىڭ كەيگىنىبىر قارىماققا ھەربىي كىيىمگىلا ئوخشىسىمۇ، ئەسلىدە يېڭىچە بىر پارتىيە كىيىمى ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق، ئەمما بەكلا ئاستا سۆزلەپ، نېمە ئۈچۈن پولشاغا ئۇجۇم قىلغانلىقىنىڭ ئەسلى سەۋەبلىرىنى بىرمۇ-بىر سۆزلەپ ئۆتىدۇ. ئۇ باشتىن ئاخىرى غەزەپلەنگەن ھالىتى بويىچە نۇتۇق سۆزلەيدۇ. يىغىندىكىلەرمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ ئاڭلاپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ، غەرب دۇنياسىدىكى ھەر قايسى چوڭ دۆلەتلەر ئۆز مەنپەئەتلىرىنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرىدى دەيدىغان قاراشلىرىدىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. "مەن ئەنگلىيەگە ئىزچىل تۈردە دوستانىلىق كۆرسىتىپ كەلدىم، شۇنىڭدەك زۆرۈر تېپىلغاندا زىچ ھەمكارلىشىدىغانلىقىمنىمۇ ئىپادىلىدىم. ئەمما بۇنداق بىرلا تەرەپ ئويلىغىنى بىلانلا ئىش پۈتمەيدىكەن. ھە، چوقۇم قارشى تەرەپتىنمۇ سادا بولۇشى كېرەكتە." بىر چەتتە ئولتۇرۇپ نۇتۇق ئاڭلاۋاتقان ئېۋا براۋۇن سىڭلىسىغا پىچىرلاپ مۇنداق دەۋىدۇ: "بۇ دېگەنلىك، ئۇرۇشمىز دېگەنلىك ئىلىسى، ئۇختۇڭمۇ، ئۇ ئەندى كېتىپ قالىدىغان بولدى. مەن قانداق قىلارمەن؟"

بەلكىم ئالدىراشلىقتا تەييارلانغان بىر نۇتۇق بولۇشى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، ھىتلېرنىڭ بۇ قېتىمقى نۇتقى ئەڭ ئىسىل نۇتقى ھېسابلانمايتتى. دېيتىرىخ ئىشخانىسىدىكى ھېلمۇت سۈندېرمان بىلەن قالغان خىزمەتچىلەر بىرلىكتە بۇ نۇتۇق ئارگىنالىنى گېزىتقا تەييارلىماقچى بولۇپ گراماتىكا خاتالىقلىرىنى تۈزىتىش بىلەن ئارتۇق سۆزلەرنى چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىدۇ. ھىتلېر، بىز ھەرگىز ئاياللار بىلەن باللارغا قارشى ئۇرۇش ئاچمايمىز، دەپ كاپالەت بېرىدۇ. ئۇ كېيىندىنلا پولشا ئارمىيىسى گېرمانىيە تۇپراقلىرىدا بىرىنچى ئوقنى ئاتتى، گېرمانىيە ئارمىيىسى بۇ يەردە پەقەتلا قايتارما ھۇجۇمغىلا ئۆتكەن ھېسابلىنىدۇ، دەپ ئېلان قىلىدۇ. "كىمكى باشقىلارنى ئۇرۇپ

قىنايدىكەن، چوقۇم ئۇنىڭ ئەدىپى بېرىلىشى كېرەك. _ دەپ تەھدىت قىلىدۇ ھىتلېر، _ شۇنىڭدەك كىمىكى ئىنسانىيەتنىڭ بەگخت-سائادەت پرىنسىپلىرىغا ئېتىۋار قىلمايدىكەن، بىزنىڭ ئۇلارغىمۇ ئوخشاش جاۋاب بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىدىغانلىقىمىزنى بىلىشى كېرەك. مەن بۇ ئۇرۇشنى ئىمپېرىيىمىزنىڭ بىخەتەرلىكى بىلەن ھەق-ھوقۇقلىرى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان كۈنگىچە ئۇرۇشنى داۋام قىلدۇرىمەن! ... ئەندى بۇ پەيتتىن كېيىن، مېنىڭ قالغان ھاياتىم ئۆتكەن ھەر قانداق بىر ۋاقىتقا قارىغاندا تېخىمۇ بەك خەلقىمگە ئاتالغان. مەن بۈگۈن ھېچ قانداق بىر ئەمەلگە ئېھتىياجلىق ئەمەسمەن. مەن پەقەت نېمىس ئىمپېرىيىسىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئەسكىرى بولۇشنىلا ئويلايمەن. شۇ سەۋەپتىن مەن ماڭا ئەزەلدىن سىھىرلىك، قىممەتلىك بىلىنگەن بۇ ھەربى فورمىنى قايتا كىيمەكتىمەن. ئەندى مەن بۇ كىيىمنى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرمىگىچە قەتئىي سالمايمەن _ ئەگەر غەلىبىنى كۆرەلمەيدىكەنمەن، ئۇنداق جانىمىمۇ ساقلاپ يۈرمەيمەن!"

تىياتىر زالىدىكى ۋەكىللەر قىزغىن ئالقىش ياغدۇرىدۇ. ھەممە ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا قىزغىنلىق ئىچىگە چۆمۈپ كەتكەچكە، ئېۋانىڭ بىر چەتتە يۈزىنى قامالاپ يىغلىشىغا ھېچ كىم دىققەت قىلمايدۇ. "ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولۇپ قالغىدەك بولسا مەنمۇ بۇ دۇنيادا ياشىيالمايمەن" دەيدۇ سىڭلىسىغا. ھىتلېر، ئەگەر ماڭا بىرەر ئىش بولۇپ قالغىدەك بولسا، مېنىڭ ئورنۇمغا گيۆرىڭ چىقىدۇ، دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئەگەر ئىمپېرىيە مارشالىنىڭ بېشىغىمۇ بىرەر ئىش كېلىپ قالغىدەك بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئورنىغا ھېس چىقىدۇ. بۇ قارار بەلكىم بەكلا بىر تەرەپلىمە بىر قارار بولۇپ تۇيۇلىشى مۇمكىن، بەلكىم بۇ بىر ھاياجاندىن دېيىلگەن گەپلەر بولىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما بۇ شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، ئەسلىدە ئۇنداق بىر كۈنگە كەلگىنىدە گېرمانىيە ھۆكۈمىتى مەۋجۇتلىقىنى يوقاتقان كۈن بولىدۇ. دېمەك، فۈھرېر دېمەك _ گېرمانىيە دېمەكتۇر!

بۇ تىياتىرخانا زالىدا كىشىلەر ئەسەبىلەرچە "ياشىسۇن غالىبىيەت!" دەپ توۋلاشقا باشلايدۇ. زالنىڭ سىرتتا، كوچىلاردا كىشىلەر شۇنچە جىمجىتلىق ئىچىدە يۈرمەكتىكى، بۇ جىمجىتلىق ھەرىقەتەنمۇ قورقۇنۇچلۇق بىر جىمجىتلىق ئىدى. بۇ ئىككى مۇھىت ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنۇچلۇق بىر سېلىشتۇرما ئىدى. ئاندا-ساندا كۆرۈلۈپ قالىدىغان يولدا كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا قاپىقى تۈرۈلگەن بولۇپ، گويا ئۇلار كېلەچەكتىن غەم قىلىش ئىچىگە پېتىپ قالغاندەكلا كۆرۈنمەكتە ئىدى. بۈگۈن 25 يىل ئاۋالقى ئاۋغۇستنىڭ بىر كۈنى گېرمانىيە پادىشاھى ئۇرۇش ئېلان قىلغان كۈنلەردىكى ئۇنداق خۇشاللىقتىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق ئىدى. بۈگۈن، كوچىلاردا ھاياجان ئىچىدە تىت-تىت بولۇپ يۈرىدىغان ھىتلېردەك ياشلارمۇ كۆرۈنمەيتتى. خۇشاللىقتىن كۆزلىرى چاقناپ

تۇرغان ھىتلېرنىمۇ ئۇچرىتىشقا بولمايتتى. 1914-يىلى، مۇتلەق كۆپ قىسىم ياۋروپالىقلار ئۇرۇش ئىچىدە قۇتۇلۇش تۈيغۇسىغا ئېرىشكەن ئىدى. "بىز شۇنى ھەرگىز ئۇنۇتالمايمىزكى، _ دەپ يازىدۇ د. ھ. لاۋرېنس ئىزچىل تۆردە قەتئىي قارشى تۇرۇپ كەلگەن شۇ قېتىمقى ئۇرۇش ھەققىدە، _ ئىنسانلار ئىككى تۈرلۈك مۇددانىڭ تۈرتكىسى ئىچىدە ياشايدۇ: ئۇنىڭ بىرسى تىنچ ۋە كۆپىيىش ھەۋىسى، يەنە بىرسى ئۇرۇش ۋە قۇرال ھەۋىسى. ئىنسانلار بۇ ئىككى تۈرلۈك ھەۋەس ئارىسىدا بەزىدە ئۇنىڭغا باغلىنىپ ياكى بەزىدە بۇنىڭغا باغلىنىپ ياشايدۇ. ھەربىي تەۋەككۈلچىلىك ۋە بۇ كۆرەش جەريانىدا غالىپ كېلىش ھەۋىسى قاندۇرۇلىشى ھامان، تىنچلىق بىلەن زورىيىش ھەۋىسى دەرھال ئۈتتۈرغا چىقىدۇ ياكى دەل بۇلارنىڭ ئەكسىنچە تىنچلىق ۋە زورىيىش ھەۋىسى قاندۇرۇلىشى بىلەن ئۇلاردا تەۋەككۈلچىلىكتىن غالىپ چىقىش ھەۋىسى ئۈتتۈرغا چىقىدۇ. بۇ بىر ھايات قانۇنىيىتىدەك بىر ئىش." ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىنىپ بوۋگۇنگە كەلگىچە، تىنچلىق بىلەن كۆپىيىش كۆرىنەرلىك ئۈتتۈرغا چىقىپمۇ كەتمىدى. بۇ دەۋر ئادەملىرى ئۆتكەندە بىغەم ياشىغانمۇ ھېسابلانمايدۇ. ئۇلاردا تەۋەككۈلچىلىك بىلەن ئۇنىڭدىن قېچىش ھېسسىمۇ بولمىدى. بۇ نېمىسلار، ئالدىنقى قېتىمقى ئۇرۇشتا ھېچ قانداق بىر ئىشنى ھەل قىلالىغان ئەمەسلىكىنى ئېنىق بىلەتتى. ئۇلار بېشىدىن ئۆتكەنلەردىن شۇنى بىلەتتىكى، ئۇرۇش، ئۇزۇن مۇددەتلىك، تراگېدىيىلىك بىر ئىش، شۇنىڭدەك شەرەپلىك بىر ئىش. ئۇرۇش ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىدى. يەنى يامان تەرەپكە ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىدى.

ئەۋا براۋۇن پۈتۈنلەي ئۈمىدسىز ھالدا دوختور براندت بىلەن زالدىن چىقىۋاتقىنىدا، دوختۇر ئەۋانىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشىدۇ: "خاپا بولۇپ كەتمەڭ براۋۇن خانىم، فۈھرېر ماڭا، ئۈچ ھەپتىگە قالمايلا تىنچلىق قايتا ئەسلىگە كېلىدۇ، دەپ ئېيتتى" دەيدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئېۋا زورلانغان ھالدا كۈلۈپ قويىدۇ.

ھېندېرسون لوندونغا تېلېفون قىلىپ، ھىتلېر نۇتقىنى تۈگىتىپلا باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسىگە قايتىپ كەتكەنلىكىنى، ھەمىدە قوماندانلىرىغا "سىياسەت يولىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى، بۇنىدىن كېيىن قۇرال ۋە توپ ئوقلىرى بىلەنلا سۆزلىشىدىغان يول قالغانلىقىنى ئېيتقان. ھىتلېر ئەپەندى چىداپ تۇرالماي، گېپىنى تۈگەتمەيلا بۆلۈمدىن چىقىپ كەتكەن" لىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ دېگەنلىرى راست بولىشى مۇمكىن. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئەتىگەندە، گېۆرىڭ فۈھرېر كۆرۈشمەكچى دەپ داھلېرۇسنى باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسىگە چاقىرتقان. فۈھرېر داھلېرۇسنىڭ كۆرسەتكەن بارلىق تىرىشچانلىقلىرىغا رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن، بارلىق تىرىشچانلىقلىرىڭنى ئەنگلىيە بىر تىيىن قىلىۋەتتى

دەپ گۇناھنى ئېنگىلىزلارغا ئارتىپ قويىدۇ. بوگونكى كۈندە كىلىشىم تۈزۈش ئۇمىدى قايتا كەلمەسكە كەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بىر ئازدىن كېيىن، گيۆرىڭنىڭ بىھۇدە گەپ قىستۇرۇشىنى كېسىپ، پولشالىقلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىنى قەتئىي تۈردە يىمىرىپ تاشلاپ، ئۇلارنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نومۇس ئىچىدە قويىمىز، ناۋادا ئەنگلىيە يەنىلا سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى خالايدىكەن، ئۇ يەنىلا يول قويىدىغانلىقىنى، يەنى يېرىم يولدا قايتىدىن ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشكە رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ تۇيۇقسىزلا يەنە قايتىدىن ۋارقىراپ-جارقىراشقا، قولىنى ئوينىتىپ تېپىرلاشقا باشلايدۇ. گيۆرىڭ شەرمەندە بولغان ھالدا بېشىنى چايقاپ "ئەگەر ئەنگلىيە بىر يىل ئۇرۇشۇشنى خالايدىكەن، مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىر يىل ئۇرۇشالايمەن. ... _ ھىتلېر بۇ چاغدا جىم تۇرۇپ ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالىدۇ، ئاندىن ئۇمۇ ئاۋازىنى گيۆرىڭنىكىدىنمۇ يوقىرى كۆتۈرۈپ مۆرىلىرىنى ئەسەبىلەرچە ئويناتقىنىچە، _ ئەگەر ئەنگلىيە 3 يىل ئۇرۇشۇشنى ئويلايدىكەن،مەنمۇ ئۇلار بىلەن 3 يىل ئۇرۇش قىلىشقا تەييارمەن! _ ئۇ مۇشتۇمىنى تۈرگىنىچە _ ئەگەر لازىم بولغىنىدا 10 يىلمۇ ئۇرۇشالايمەن!" ئۇ ئىگىلىپ تۇرۇپ تىزنىغا مۇشلاپ يېقىلىپ چۈشكىلى تاس قالىدۇ.

سەل ئۆتكەندە ھىتلېر مېھمان كۈتۈش زالىغا كىرىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ "خوشاللىقىدىن بەكلا ھاياجانلانغان" دەك كۆرۈنەتتى. ئۇ رىببىنتروپ بىلەن بىرگە يەنە ئىككى نەپەر ئادىيۇتانتىغا، قوشۇنلىرىمىزنىڭ بۇنچە تېز سۈرئەت بىلەن ئىلگىرلىشى ئەڭ چوڭ يۈرەكلىك بىلەن قىلغان مۆلچەرىدىنمۇ تېز بولماقتا، پۈتكۈل ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسى غەربلىكلەر نارازىلىق بىلدۈرۈش باياناتىنى يېزىپ بولماي تۇرۇپلا ئاخىرلىشىدىغان بولدى، دەپ ۋارقىرىغىنىچە سۆزلەپ كېتىدۇ. بۇ چۈغدا فرانسىيە مەسىلىلىرى مۇتەخەسسىسى ئوتتو ئابېتز تەشەببۇسكارلىق بىلەن پىكرىنى ئوتتۇرغا قويۇپ، فرانسىيە ئۇرۇش ئېلان قىلىشى مۇمكىن دەيدۇ. ھىتلېر دەرھال رىببىنتروپقا بۇرۇلۇپ، ئىككى قولىنى كۆتىرىپ ۋەھىملىك بىر قىياپەتتە، "تەڭرى مېنى كەچۈرگەيسەن، سىزنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىڭىز بۇنداق ھۆكۈم قىلىش بىلەن ئاۋارە بولماي ئېغىزىنى يۇمسۇن" دېگىنىچە، گېرمانىيە دىپلوماتلىرىنى قاتتىق مازاق قىلىشقا كىرىشىدۇ: ئۇلارنىڭ ئالغان مائاشى ھەممىدىن ئۇستۈن، ئۇلار ئىشلىتىۋاتقان ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىلىرى ھەممىدىن زامانىۋي، ئەمما ئۇلارنىڭ ھۆكۈملىرى ئەزەلدىن خاتا بولۇپ كەلمەكتە ئىكەنلىكىنى قاتار تىزىپ كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. ئەسكەر ئېلىش قارارىنى ئېلىش ۋاقتىمىزدا، رىنبلاند مەسىلىسىدە، گېرمانىيە بىلەن ئاۋىستىرىيەنىڭ قوشۇلۇش مەسىلىسىدە، سۇدېتېن كىرىزىسى پەيتىدە، پراگانى ئىشغال قىلىش مەسىلىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدىلا ئۇلار ئۇرۇش پارتلايدۇ دەپ مۆلچەرلەشكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەربى مەسلىھەتچىلىرىمۇ ئوخشاشلا خاراپ ئەھۋالدا. "ئۇلار ئەتىگەنلىك ناشتىنى بەكلا

كۆپ يىگەنلىكىدىن ئەقلى تۇتۇلۇپ قالغان كىشىلەر، ئۇلار مەسئۇل بولغان ئەللەرنىڭ ۋەزىيەتلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلىرىنى توپلاشتا مىنىڭ بىرلىندا تۇرۇپ توپلىغان مەلۇماتلىرىمچىلىك ئىنىق مەلۇماتلارغا ئېرىشەلمەي كەلمەكتە. سەۋەبى، مىنىڭ تۇتقان سىياسىي يولۇم ئۇلارنىڭ تەلىۋىگە ماس كەلمەيتتى، ئۇلار يوللىغان دوكلادلاردا ساپلا يالغان ئاخبارات بىرىپ مىنىڭ يولۇمغا توسالغۇ پەيدا قىلىش بىلەنلا تىرىشىپ كەلدى. رىبىنتروپ، سەن شۇنى ئىنىق بىلىشىڭ كېرەككى، مەن ئەندى داۋاملىق يالغان مەلۇمات بىرىپ ياكى ساختا مەلۇمات بىرىپ كەلگەن كىشىلىرىڭنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماسلىق قارارىغا كەلدىم. مەن بۇندىن كېيىن ئۆزەم بىلگىنىم بويىچە ئىش قىلىمەن، ئۆزەمنىڭ ھۆكۈم قىلىشى بويىچە يول تۇتىمەن. مىنىڭ ھۆكۈملىرىم سىنىڭ ئۇ قابىلىيەتلىك مۇتەخەسسىسلىرىڭنىڭ ماڭا بەرگەنلىرىدىن كۆپ كۈچلۈك."

لوندوندا بولسا، پولشا باش ئەلچىسى ئېدۋارد رازىنسكى دوۋنىڭ كوچىسى 10-نومۇردا لورد خالىفاكس بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئۇ، ئەنگلىيە-پولشا ئۆزئارا ھەمكارلىق شەرتنامىسىنىڭ بىرىنچى ماددىسىغا ئاساسەن، ھۆكۈمىتىنىڭ ھىتلىرنىڭ بىسىپ كىرىشىنى تاجاۋۇز قىلغانلىق دەپ قارايدىغانلىقىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرغا قويىدۇ.

"بۇ مەسىلىدە مىنىڭمۇ ئاساسەن سىزگە ئوخشاش قاراشتا ئىكەنلىكىمنى، بىلدۈرمەكچىمەن" دەيدۇ خالىفاكس. ئۇ ئىككىسى يىغىن زالىغا كىرىپ كەلگىنىدە ئىچكى كابىنىت جىددى يىغىنغا قاتنىشىدىغان ھەر قايسى ۋەزىرلەر بىر-بىرلەپ كېلىشكە باشلايدۇ. مالىيە ۋەزىرى سىر جون سىمون رازىنسكىنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە "بىز ئەندى قول ئېلىشىپ كۆرۈشەلەيمىز. بىز ئەندى جاپانى تەڭ تارتىشىدىغانلاردىن بولۇپ قالدۇق، ... ئەنگلىيەنىڭ دوستلىرىنى تاشلىۋىتىدىغان ئادىتى يوق" دەيدۇ. بىر قانچە مىنوت ئۆتكەندە، چىمبىرلىن ئىچكى كابىنىتنىڭ ھىتلىرغا ئەڭ ئاخىرقى ئاگاھلاندۇرۇش بىرىشى توغرىلىق تەكلىبىنى قويىدۇ: دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرىنى توختاتمايدىغانلا بولىدىكەن، ئەنگلىيە پولشا ھەققىدە ئۈستىگە ئالغان مەجبۇرىيىتىنى ئىجرا قىلىدۇ. ئۇ ئاگاھلاندۇرۇپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ تېلېگرامما ئىشلىتىدىغان سۆزلىرىدە ئېھتىياتچان بولىشى كېرەكلىكىنى، ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتۇم تۈسىنى ئالىدىغان سۆزلەردىن پايدىلىنىشتىن ساقلىنىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا نېمىسلار دەرھال ئەنگلىيە پاراخوتلىرىغا زەربە بىرىشى مۇمكىن، دەپ كۆرسىتىدۇ.

پۈتۈن دۇنيا، بۇ قېتىمقى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشنى بۇرۇنلا پەرەز قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا قاتتىق چۈچۈپ كېتىدۇ. ۋاتىكان ئەيىپلەشتە بولمايدۇ؛ ئۇلار كاردىنال خلوند ئارقىلىق پولشا ھۆكۈمىتىگە يوشۇرۇن تۈردە بىسىم ئىشلىتىپ ھىتلىر بىلەن سۆھبەتكە

ئولتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. پرېزدېنت روزېۋېلتنىڭ تۇنجى كۆرسەتكەن ئىنكاسى بولسا ئۇرۇشقاتقان ئىككى تەرەپ پۇخرالار ياكى "مۇداپىيە سىستېمىسى بولمىغان شەھەرلەر" نى بومباردىمان قىلماسلىق چاقىرىقى بولىدۇ. بۇ ھەقتە ھىتلېر بۇرۇنلا ۋەدە بەرگەن بولغاچقا، روزېۋېلتنىڭ بۇ قېتىمقى باياناتىدىن بەكلا ئاچچىغلىنىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا، ئۇنىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق كونسۇلى مەلۇمات بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ئا ق ش دۆلەت كونسۇلى ئاخبارات ئىشلىرىغا مەسئۇل ئورۇنباسار مۇدىرى گېرمانىيە ئاخبارات ئىدارىسى ۋەكىلىگە مۇنداق دېگەن ئىدى: "بىز سىلەرگە راستىنلا ئىچىنىمىز، ھۆكۈمىتىڭلار ئۆزىنى جىنايەتچى دەپ ئېلان قىلغان بولدى. ئەگەر بۇگۈن ئەنگلىيە-فرانسىيە ئىككىسى بىلەن گېرمانىيە ئوتتۇرسىداپارتىلىغىدەك بولىدىكەن، بۇ ئۇرۇش بەھۇدە قان تۆكۈلۈشتىن باشقا ھېچ قانداق قىممىتى يوق بىر ئۇرۇش بولۇپ قالىدۇ. سۆھبەتتە دېيىلگەن گەپلەر ھەقىقەتەنمۇ چېكىدىن ئاشقان ئاخماقانىلىق ئىدى." ھىتلېر ئا ق ش نىڭ دۈشمەنلىك مۇئامىلىسىنى يەھۇدىيلار تېزگىنىدىكى گېزىتلار بىلەن پرېزدېنت "روزېنفېلد" ئەتراپىدىكى يەھۇدىيلار كەلتۈرۈپ چىقاردى دەپ يەھۇدىيلارغا ئارتىدۇ. ئۇ، بۇنىڭغا قارشى مۇنداق بىر قىساس ھەرىكىتىنى يولغا قويىدۇ: گېرمانىيىدىكى يەھۇدىيلارنى دۆلەت دۈشمەنلىرى دەپ قاراش، ئۇلارنىڭ قىشلىق ۋاقىتتا ئاخشىمى سائەت 8 دىن كېيىن، يازلىق ۋاقىت ئاخشىمى سائەت 9 دىن كېيىن كوچىغا چىقىشىنى چەكلەيدۇ. ئۇزۇنغا قالماي، يەھۇدىيلارنىڭ بارلىق رادىئو ئىستانسىسلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ ئومۇمىي مۈلۈك قىلىنىدۇ.

شۇ كۈنى ئاخشىمى، ئەنگلىيەنىڭ گېرمانىيەگە تاپشۇرۇلىدىغان ئۇلتىماتۇم ئاخرى ھېندېرسونغا يېتىپ كېلىدۇ.ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يوليورۇقى بويىچە ھېندېرسون بۇ ئۇلتىماتومنى فرانسىيىلىك كەسپدىشىنىڭ ھەمرالىقىدا رىببېنتروپقا تاپشۇرۇلۇشى تەلەپ قىلىنغان بولۇپ، رىببېنتروپقا بۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتوم ئەمەس بەلكى بىر ئاگاھلاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشى زۆرۈرلىكى تەكىتلەنگەن ئىدى. ئەگەر گېرمانىيىنىڭ بۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋابى قايىل قىلارلىق بولمىغىنىدا، كېيىنكى قەدەمدە مۇددەتلىك ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتۇم بېرىلىدىغانلىقى، ياكى دەرھال ئۇرۇش ئېلان قىلىنىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن ئىدى. تەبىئىكى، ئۇرۇش ئېلان قىلىش ئىشى پەقەتلا باش ئەلچىنىڭ ئۆزىگىلا ئۇقتۇرۇلغانىدى (شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇنىڭدىن ھىتلېرنىڭ ئوغۇرلۇقچە تېلېفون ئاڭلاشقا قويۇلغان ئادەملىرىمۇ خەۋەردار بولىدۇ).

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ھېندېرسون بىلەن كوۋلوندر ئىككىسى ۋىلھېلم كوچىسىغا كېلىدۇ. ئەمما رىببېنتروپ ئۇلار ئىككىسىنى بىرلىكتە قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن نازاكەت بىلەن ئەنگلىيە باش ئەلچىسىنى قوبۇل

قىلىدۇ. رىببېنتروپ ئۇنىڭغا پولشا ئالدى باشلاپ گېرمانىيەگە چېقىلغانلىقنى ئېيتىدۇ. ئاندىن ئۇ گرچە ئاۋازىنى ئالدىنقى قېتىمقىدەك يوقىرى كۆتۈرۈپ سۆزلىمىگەن بولسىمۇ يەنىلا تارتىشىپ كېتىدۇ. بۇ قېتىمقى مۇنازىرىدە ئۇ بۇرۇن-بۇرۇنغا كېلىپ تالاش-تارتىش قىلىشماستىن بەكلا ئەدەپلىك شەكىلدە تالىشىپ كېتىدۇ. هېندېرسون چىقىپ كېتىشى هامان كوۋلوندىر كىرىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ تاپشۇرغان ئۇلتىماتۇمىمۇ ئاساسەن ئەنگلىيەنىڭكىدىن هېچ بىر پەرقى يوق ئىدى. رىببېنتروپ بايىقى گېپىنى تەكرارلاپ، بىز ئەمەس پولشالىقلار بىزگە ئاۋال چېقىلدى دەپ چىڭ تۇرىدۇ. رىببېنتروپ، ئۇلتىماتۇمنى هىتلېرغا يەتكۈزىمەن دەپ، ئەلچىنى يولغا سالىدۇ.

لوندوندا بولسا، چېمبېرلىن بۇ ئۇلتىماتۇمنىڭ مەزمۇنىنى ئاۋام پالاتاسىغا ئۇقتۇرىدۇ. ئۇ، ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيە ئىككىسىنىڭ جېدىلىدىكى تۈپكى مەسىلە ئۇلار ناتسىستلار هۆكۈمىتىنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا يول قويۇشى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ”بۇنداق بىر هۆكۈمەت مەۋجۇتلا بولۇپ تۇرىدىكەن، شۇنىڭدەك ئۆتكەن ئىككى يىل مابەينىدە ئىشقا سېلىپ كېلىۋاتقان ئۇسلۇبىدا چىڭ تۇرىۋالىدىغانلا بولىدىكەن، ياۋروپادا تىنچلىقنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلىشى هەرگىز مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق بىر ۋەزىيەت ئاستىدا بىز بىر بوهراندىن يەنە بىر بوهرانغا ئۆتۈپ، هەرقايسى ئەللەرنىڭ بىر-بىرلەپ هۇجۇمغا ئۇچۇرىشىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇشتىن باشقا بىر ئۆزگىرىش كۆرەلمەيمىز. ئۇلارنىڭ هۇجۇم قىلىش ئۇسۇلىمۇ شۇنچىلىك يىرگىنىشلىك ئىدىكى، بىز بۈگۈن بۇنىمۇ پىششىق بىلىپ كەتتۇق. بىز چوقۇم غەيرەت قىلىپ بۇنداق ئىشلارغا خاتىمە بېرىشىمىز شەرت“ دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى پۈتۈن زالدىكىلەرنىڭ كۈچلۈك ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ.

## 5

گەرچە رىمنىڭ هەر بىر قېتىملىق يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا كىلىشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشلىرى هىتلېرنىڭ نەپرىتىنى قوزغىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئالامەتلەر كۆرۈلۈپ تۇرسىمۇ، مۇسسولىن يەنىلا ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ بېقىشتىن باش تارتمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن چوڭ دۆلەتلەر يىغىنى چاقىرىپ تالاش-تارتىشلارنى هەل قىلىش تەكلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەمما بۇنىڭغا فۈهرېر بەك قىزىقىپ كەتمەيدۇ. ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيەمۇ نائىلاج ماقۇللۇق بېرىدۇ. ”بۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ بىرلا پۇرسىتىمىز قالدى. _ دەيدۇ فرىتز هېس لوندوندىن ۋىلهېلم كوچىسىدىكى هېۋېلغا تېلېفون قىلىپ، _ يەنى بىز دەرهال پولشادىن چېكىنىپ چىقىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن

ئۇرۇش چىقمىنى تۆلەشتىن ئىبارەت بىرلا پۇرسىتىمىز قالدى. ئەگەر ھىتلېر بۇنىڭغا ماقۇل بولىدىكەن، ئۇ ھالدا ئاپەتتىن ساقلىنىش پۇرسىتىمىزنى يەنىلا يۈزدە بىر دېيىشىمىز مۇمكىن.» ئىككى سائەتتىن كېيىن خېۋېردىن جاۋاپ تېلېفون كېلىدۇ. تېلېفوندا بۇغۇق بىر ئاۋاز كېلىدۇ ــ رىببىنتروپ تېلېفوندا ئىدى. «مىنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىلدىڭ. ــ دەيدۇ تېلېفوندىكى كىشى ئۆزىنىڭ ئىسمىنى دىمەسلىكىنى ئىشارەت قىلىپ، ــ سەن دەرھال بىرىپ يېقىن دوستۇڭ بىلەن كۆرۈش، مىنىڭ كىمنى دېگەنلىكىمنى بىلدىڭ. ــ ئۇنىڭ دىمەكچى بولغىنى سىر خوراس ۋىلسون ئىدى ــ سەن ئۇنىڭغا فۇھرېر پولشادىن چېكىنىپ چىقماقچى، ئەگەر گېرمانىيە دانزىگ بىلەن كورىدوردىن بىر ئۆتۈشمە يولغا ئېرىشكىدەكلا بولىدىكەن، ئەگەر ئەنگلىيە گېرمانىيە-پولشا تۇقۇنۇشىدا كىلىشتۈرگۈچى بولۇشنىلا خالايدىكەن، ئۇ ھالدا گېرمانىيە چىقمىنى تۆلەشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتقانلىقىنى بىلدۈر. فۇھرېر سىنىڭ بۇ تەكلىپنى ئەنگلىيە ئىچكى كابىنىتىغا يەتكۈزۈشىڭ ۋە دەرھال سۆھبەتكە ئولتۇرۇشىڭ ئۈچۈن ھوقۇق بەردى» دەيدۇ.

ھېس بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەكلا ھەيران قالىدۇ. قانداقتۇ بىر نەرسە پەيدا بولۇپ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلاردا فۇھرېرنىڭ كاللىسى ئىچىلىپ كەتكەنمۇ قانداق؟ ياكى بولمىسا، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر قەلەم ئويۇنمۇ بولمىسا؟ ئۇ، نېمىسلارنىڭ بېشىدا قىلىچ ئويچۇپ يۈرگەن بىر پەيتتە يەنە قانچىلىك يارىشىش يولىغا كىرەلىشى مۇمكىن؟ ھېس، رىببىنتروپتىن تەكلىپنى قايتا بىر تەكرارلاشنى ئۆتۈندى. ئۇمۇ گېپىنى قايتا بىر تەكرارلاپ كېلىپ يەنە مۇنداق دەپ قوشۇپ قويىدۇ: «باشقىچە ئويلاپ قالما، سەن ئۇلارغا مەن ھەرگىز ئۆز بېشىمغا ئىش قىلىپ يۈرمەيمەن. مەن پۈتۈنلەي ھىتلېرنىڭ ئېنىق يوليورۇقى بويىچە ئىش قىلىۋاتىمەن دەپ ئېيتقىن» دەيدۇ.

ھېس، دوۋنىڭ ستېرىت كوچىسىغا تېلېفون قىلىدۇ. قارشى تەرەپ، ھازىرچە ۋىلسوننىڭ ۋاقتى بولمىغاچقا سىنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىگىدەك، دەپ ئۇقتۇرىدۇ. ئارىدىن بىر قانچە مىنۇت ۋاقىت ئۆتكەندە، يەنى ئاخشىمى 7 دىن 44 مىنۇت ئۆتكەندە، چىمبېرلىن ئاۋام پالاتاسىغا كىرىپ باياناتا ئېلان قىلىدۇ. «بىز ئۇ يەردە خۇددى سودىيەنىڭ زاسېداتىللارنىڭ چىقىرىدىغان خۇلاسىسىنى كۈتكىنىدەك كۈتۈپ تۇرماقتىمىز. ــ دەپ سۆزلىگەنلىكىنى ئېيتىدۇ خارولد نىكولسون ئەسلىمىسىدە. ئەمما باش ۋەزىرنىڭ نۇتقى باشتىن تارتىپلا كىشىنى ئۈمىدسىزلىك ئىچىگە پاتۇرۇپ قويىدىغان بىر نۇتۇق بولغان ئىدى. ــ ئۇنىڭ ئاۋازى ھاياجانلانغاندەك، خۇددى زۇكامداپ قالغان بىرسىدەك، كېسەل بىر كىشىدەك تىترەپ چىقاتتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ پۈخرا بىرسىگىلا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئەپسۇسكى، بىز ئەسلىدە ئۇنىڭ ئىنتايىن ھاياجانلىق بىرنۇتۇق سۆزلىشىنى كۈتكەن

ئىدۇق.“ چەمبېرلىن يىغىندىكىلەرگە ھىتلېر قۇراللىق كۈچلىرىنى پولشادىن چېكىندۇرۇپ چىقىپ كەتمەيدىغانلا بولىدىكەن، بېرىتانىيە پادىشاھ ھەزرەتلىرى ھۆكۈمىتى چوقۇم ھەرىكەت قوللىنىشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئەگەر بۇنداق بىر كېلىشىم ئىمزالانغىنىدا، چوقۇم ۋەزىيەتنى بېسىپ كىرىشتىن بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتۇرۇش شەرت بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ گەپلەر يىغىندىكىلەرنى ھەيران قالدۇرىۋېتىدۇ.“يەنى دېمەكچىمەنكى، شۇ چاغدىلا گېرمانىيە-پولشا ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىشلارنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە كېلىشىمگە كېلىش سۆھبىتىنىڭ يولى ئېچىلغان بولىدۇ. بىز شۇنىمۇ تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، بۇ تۈردىكى ھەل قىلىش، پولشانىڭ ئەڭ مۇھىم مەنپەئەتلىرىنى قوغداشنىلا كاپالەتكە ئىگە قىلىپ قالماي، خەلقارالىق كاپالەتنىمۇ ئاساس قىلغان بولىدۇ.“

مۇنداق ئېيتقاندا، چەمبېرلىن يەنىلا بىر پىكىرگە كېلەلمەي تەۋرىنىپ يۈرمەكتە دېيىشكە بولاتتى (باش ئەلچى كېيىنبىدىنىڭ كېيىنچە دېيىشىدىن قارىغاندا، چەمبېرلىن ”ئامېرىكىلىقلار بىلەن دۇنيا يەھۇدىيلىرى ئۇنى ئۇرۇش قىلىشقا زورلىغان“ لىقنى ئېيتقان). ئىشچى پارتىيىسىنىڭ رەئىسى ئارتۇر گرېنۋود ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا بىرسى قاتتىق غەزەپ بىلەن ”ئەنگەلىيەگە ۋاكالىتەن سەن سۆزلە ئارتۇر!“ دەپ ۋارقىرايدۇ. ئارتۇر: ”مەن سىزدىن مۇنداق بىر سوئال سورايمەن: ئەنگلىيە بىلەن ئەنگلىيە ساقلاپ كېلىۋاتقان بارلىق ئىشلار، شۇنىڭدەك ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى قاتارلىقلار خەۋپ ئاستىدا ئىكەن، بىز يەنە قاچانغىچە كەسكىن قارارىمىزنى بەرمەي تەۋرىنىپ يۈرىشىمىز كېرەك؟“

بەزى كوچا گەپلىرىدىن قارىغاندا، پارلامېنت ئەزالىرى يۈز ئۆرۈشكە تەييار ھالغا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى دەرھال ھىتلېرغا ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتۇم بېرىلسۇن، بۇنىڭ ئۈچۈن فرانسىيىنى كۈتۈش ھاجەتسىز، دەپ تەلەپ قىلىشقان. چەمبېرلىن بولسا بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشتا چىڭ تۇرىۋالغان. ئاخشىمى سائەت 9 دىن 50 مىنوت ئۆتكەندە، چەمبېرلىن، دالادىېر بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىپ مۇرەسسە تەكلىۋىنى بېرىدۇ. دالادىېر دۇدۇقلىغىنىچە، بىزنىڭ ئىچكى كابىنېتتىكىلەر ھىتلېرنىڭ پولشادىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىش ۋاقتىنى ئەتىسى چۈشكە ئۇزارتىشتا چىڭ تۇرىۋالدى، دەيدۇ. چەمبېرلىن تېخى ئەندىلا تېلېفون تروپكىسىنى قويۇپ تۇرۇشىغا ھېس دوۋنىڭ كوچىسى 10-نومۇرغا كېلىپ ۋىرسون بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھىتلېرنىڭ پولشادىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىش توغرىسىدىكى بۇ يېڭى تەكلىپنى ئاڭلاپ، سىر خوراس ”كۆرۈنەرلىك تەۋرىنىپ قالغان“ ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ تەكلىپنى ئىچكى كابىنېتقا سۇنۇشنىمۇ خالىمايدۇ. ئۇ ھېسقا، بىز ئالدىنقى قېتىم كۆرۈشكىنىمىزدىن كېيىن ۋەزىيەتتە

جىددى ئۆزگىرىشلەر بولدى: روزۋېلت، ئەگەر ئۇرۇش ئېلان قىلغىدەك بولسىڭىز مەن سىزنى قوللايمەن، دەپ يۇشۇرۇن كاپالەت بەرگەن؛ رۇسسىيە بولسا ھېچ قاچان گېرمانىيە تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتناشمايدىغانلىقى ئېنىق، دەيدۇ.

ھېسمۇ چىك تۇرىۋالدۇ. "مەن بۇ تەكلىپتە ئۇرۇشتىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋە شۇنىڭدەك بىردىن-بىر پۇرسىتىنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم. شۇنىڭدەك ھىتلېرنىڭ خاتالاشقانلىقىنى تونىغانلىق ئىزلىرىنىمۇ سەزگەندەك بولدۇم. بولمىسا، مەن قانداقلارچىسىغا بۇنداق بىر تەكلىپكە ئېرىشەلىشىم مۇمكىن؟" دەيدۇ.

سىر خوراس بولسا ھىتلېرنىڭ پىكرىنى ئۆزگەرتكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى. ھىتلېر بۇ زوراۋانلىق ھەرىكىتى ئۈچۈن ئاشكارە ئوتتۇرغا چىقىپ ناماقۇل بولىشى مۇمكىنمۇ؟ ئەگەر راستىنلا ناماقۇل بولالىسا، يەنىلا ئاز-تولا ئۈمىد بار دېگەنلىك ئىدى. ھېس ئۇنىڭغا، بۇنداق بىر تەكلىپ پسىخولوگىيىلىك جەھەتتىن خاتا بىر تەكلىپ دەپ قاراش كېرەك. ھېچ بولمىغاندا ھىتلېرنىڭ قارىشىدا بۇ قېتىمقى بوھراننىڭ مەسئۇلىيىتىنى ھەرگىز تولۇق ئۈستىگە ئالمايدىغانلىقى ئېنىق. بۇ گەپتىن كېيىن، ۋىلسون پۈتۈنلەي باشقىچە بىر قىياپەتكە كىرىپ، قاتتىق سۆزلەر بىلەن رەددىيە بېرىدۇ. بۇنداق بىر ۋەزىيەتنىڭ باش مەسئۇلى نەق ھىتلېرنىڭ ئۆزى! دەيدۇ.

"دېگىنىڭىزدەك بولغىنىدا، _ دەيدۇ ھېس ئۈمىدسىز بىر قىياپەتتە، _ ھىتلېرنى كېچىرىم سوراشتىن باش تارتتى دەپلا قارايدىكەنمىز، بۇ تەكلىپ بىكار بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىداقتا، كىشىلەر، ئەسلىدە ساقلىنىشقا بولىدىغان بىر ئۇرۇشتىن ساقلىنىشنى خالىمايدىكەن، دېمەك چېمبېرلىن بۇ ئۇرۇشنى خالايدىكەن، دەپ ئىشىنىدىغانلىقى ئېنىق."

ۋىلسون بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، "مۇنداق بولسۇن، سەن شۇ تەكلىۋىڭنى ماڭا يەنە بىر قېتىم ئېيتقىنا، بەلكىم مەن بۇ تەكلىپنى ئىچكى كابىنتقا سۇنۇپ كۆرۈشۈشىمۇ مۇمكىن بولار" دەيدۇ. ھېس تەكلىپنى قايتا بىر قېتىم تەكرار ئېيتقاندىن كېيىن، سىر خوراس ئىككى قولىنى كەينىچە تۇتقىنىچە ئالدى-كەينىگە مېڭىشقا باشلايدۇ. بۇ ئارىدا بىرسى ئىشىكنى چېكىدۇ. خىزمەتچىلەردىن بىرسى كىرىپ خوراسقا بىر پارچە خەت سۇنىدۇ. ئۇ خەتنى يېنىشلاپ ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن قەغەزنى شامغا تۇتۇپ پۈتۈنلەي كۆيدۈرىۋېتىدۇ. ئاندىن ئالدى-كەينىگە مېڭىشنى داۋام قىلىدۇ. ئاخىرى ئۇ ھېسقا بۇرۇلىدۇ: "مەن سىزنىڭ بۇ تەكلىۋىڭىزنى ئىچكى كابىنتقا سۇنالمايمەن" دەيدۇ. شۈبھىسىزكى، بايىقى خەتتە فرانسىيەنىڭ ھەمكارلىقى بولماي تۇرۇپمۇ چېمبېرلىن ھەرىكەتكە ئۆتۈش قارارىنى ئېلىپ بولغانلىقى يېزىلغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئاخشىمى سائەت 11 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ئىچكى كابىنت قايتا بىر قېتىم جىددى يىغىلىدۇ. يىغىندا

چىمبېرلىن، ئەتىسى چۈشتە ئەنگلىيە خەلقىگە قارىتىپ بىر پارچە باياناتنى ئېلان قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. "شۇنداق دەپ تەكلىپ بېرىمەنكى، _ دەيدۇ چىمبېرلىن كابىنېت ئەزالىرىغا، _ ئەتە ئەتىگەن سائەت 9 دا سىر نېۋىل ھېندېرسون ۋون رىببېنتروپ ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا بۈگۈن چۈش ۋاقتى سائەت 12 دىن بۇرۇن جاۋابقا ئېرىشەلمىسەم، ئۇنداقتا، بۈگۈن چۈش ۋاقتى سائەت 12 دىن باشلاپ ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيە ئىككىسى ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتكەن ھېسابلىنىدۇ، دەپ ئۇقتۇرسۇن" دەيدۇ. ئۇ يەنە قوشۇمچە قىلىپ، بۇ قارار فرانسۇزلارنىمۇ بالدۇرىراق ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندەيەلىشى مۇمكىن، دەيدۇ. ئەمما بۇنىڭغا يەنىلا بەك ئىشەنچ قىلىپ كەتمەيتتى.

سىمون ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، ئەگەر ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتۇم مۆھلىتىنى چۈشكە بېكىتكەندە، ئۇ ھالدا چىمبېرلىننىڭ ئەنگلىيە خەلقىگە باياناتنى ئېلان قىلىش ۋاقتى بولماي قالىدۇ، شۇڭا مۆھلەتنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 قىلىپ بېكىتىش كېرەك دەيدۇ. بۇ تەكلىپ بىردەك ماقۇللىنىپ يىغىن تارقىلىدۇ. بۇ چاغدا، ھاۋادىن تۇيۇقسىز يەر جاھاننى زىل-زىلىگە سالغان بىر گۈلدۈرماما ئاۋازى كېلىدۇ. تالادا كۈچلۈك چاقماق چېقىشقا باشلايدۇ.

خىزمەتچىسىنىڭ دېيىشىچە، فۇھرېر شۇ كۈنى ئاخشىمى باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسىگە كىرىۋېلىپ خاتىرجەم ھالدا پولشا ئۇرۇش ۋەزىيىتى ھەققىدە مۇزاكىرە قىلىشقا كىرىشىپ كەتكەن. يېرىم كېچە سائەت 2 دە، ھېستىن دوكلات كېلىدۇ. ھىتلېر، ھېسىنىڭ ۋىلسون بىلەن كۆرۈشۈشىدىن بىرەر نەتىجە چىقمىغانلىقىنى بىلگىنىدىن كېيىن، قاتتىق قايىنغىنىچە، ئىتالىيەنىڭ ئۇرۇشقا قاتناشماسلىق ھەققىدىكى ئىشنى رىببېنتروپنىڭ ئۈستىگە ئارتىدۇ. بۇ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئۇچۇغدالغاندىن كېيىنمۇ ئىشلار تېخى پۈتمىگەن ئىدى. تەخمىنەن سەھەر سائەت 4 بولغاندا، ئەنگلىيە ئەلچىخانىسىدىن تېلېفون كېلىپ، ھېندېرسون ئەتىگەن سائەت 9 دا ئىنتايىن مۇھىم بىر ھۆججەتنى رىببېنتروپقا تاپشۇرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. روشەنكى، بۇ ھەقىقەتەنمۇ رەزىل بىر ھۆججەت بولىشى، ھەتتا ھەسرەتلىنىشنى مەدھىلەشنامىسى بولىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. رىببېنتروپ كۆرۈشۈشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا، شمىدت ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. شۇڭا رىببېنتروپ ئۇنىڭغا سەن بېرىپ مېنىڭ ئورنۇمدا ھېندېرسوننى قوبۇل قىل دەپ ئېيتىدۇ.

3-سىنتەبىر يەكشەنبە كۈنى، ھاۋا ئەتىگەنلا ئۇچۇق ۋە مۆتىدىل ئىدى. ئۇ كۈنى ھەقىقەتەنمۇ ئىللىق بىر كۈن ئىدى. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا بېرلىن ئاھالىسى ئەتراپتىكى ئورمانلىق ۋە كۆكلەرگە ئېقىن قىلىپ يەكشەنبە كۈنىنىڭ پەيزىنى سۈرەتتى. ئەمما بۈگۈن،

ئۇلارنىڭ روھى ھالىتى ياخشى ئەمەس بولۇپلا قالماي، ئۇشتۇمتۇتلا ئۆزلىرىنى نېمە سەۋەبتىن بولغانلىقىنمۇ ئېنىق بىلىپ كېتەلمىگەن چوڭ بىر ئۈرۈشقا قاراپ يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى سېزىدۇ.

ھېچ بىر زامان سەھەردە ئۇخلاپ قالمايدىغان شمىدت، دەل شۇ كۈنى ئۇخلاپ قالىدۇ. ئۇ ئۆيدە پەقەت بىر قانچە سائەتلا تۇرالىغان ئىدى. ئۇ بىر تاكسىغا ئولتۇرۇپ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە قاراپ ئالدىراش يولغا چىقىدۇ. ئۇ بىناغا كىرىش ۋاقتىدا ھېندېرسوننىڭ بىناغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال يوگىرىگىنىچە يان ئىشىكتىن بىناغا كىرىپ كېتىدۇ. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9 دا، ئۇ ھاسىرىغىنىچە كىرىپ رىبېنتروپنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كۈتىدۇ. بىرسى ھېندېرسوننىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. باش ئەلچى شمىدت بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن بولسىمۇ ئولتۇرۇشنى رەت قىلىدۇ. "قاتتىق ئەپسۇس، _ دەيدۇ دەيدۇ چوڭقۇر ھېسسىيات ئىچىدە، _ دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ يولىيورىقى بويىچە، سىزگە دۆلىتىڭىزلارنىڭ ھۆكۈمىتىگە بېرىلگەن ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتۇمنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇرمەن." دەپ بۇ بۇ باياناتنى ئوقۇشقا كىرىشىدۇ. باياناتتا، ئەگەر گېرمانىيە، ئەنگلىيە يازلىق ۋاقتى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دىن بۇرۇن پ بارلىق قىسىملىرىنى ولشادىن چېكىنىدۈرۈپ چىقمايدىكەن، قارشى ئۇرۇش ئېچىشتىن باشقا چارە قالمايدۇ.

ھېندېرسون بۇ ھۆججەتنى ئۇنىڭغا سۇنىدۇ. "سىز ئەزەلدىن باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى خوشاللىق دەپ بىلىدىغان بىرى ئىدىڭىز. شۇڭا مەن بۇ ھۆججەتنى سىزگە بەرگەنلىكىمدىن ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق كەچۈرۈپ سورايمەن." گەرچە ھېندېرسوننىڭ زىرەك ۋە قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىنى، مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن ھىتلېرغا رەددىيە بېرىپ يىغلىۋالغان، ئۇ‌دا بىر قانچە ئاخشام رىبېنتروپقا رەددىيە بېرىپ ئۇنى ئارامىدا قويمىغانلىقىنى كىشىلەر پاتلا ئېسىدىن چىقىرىۋېتىدىغان بولىشىغا ھەمدە فۇھرېرگە ئاخىرقى ۋاقىتقىچە يەنىلا ساددا بىر قاراشتا بولۇپ كەلگەنلىكىگە قارىماي، ئۇنىڭ بۇ قىلغانلىرىنى يەنىلا مەدھىلەشكە تېگىشلىك ئۇتۇقلىرى دېيىش كېرەك.

شۇنىڭدىن بىر قانچە مىنۇت ئۆتمەي شمىدت باش مىنىستىرلىق مەھكىمىسىگە كېلىدۇ. فۇھرېر ئىشخانىسىنىڭ ئىشىك ئالدى كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆتكىلى بولمىغىدەك دەرىجىدە قىستا-قىستاڭ بولۇپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇ مىڭ تەستە قىستىلىپ يۈرۈپ ئىشىككە بېرىپ ھىتلېرنىڭ يېنىغا كىرىۋالىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن ھالدا ۋەزىيەتنىڭ قانچىلىك ئورۇندالغانلىقىنى سوراپ تۇرىۋالغىنىدا، ئۇمۇ قىسقىلا قىلىپ "ھازىر ھەممە تەتىلدە" دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئىشخانىدا، ھىتلېر ئىش ئۈستىلى بېشىدا ئولتۇراتتى.

رىبېنتروپ دېرىزىگە يۆلەنگىنىچە تۇراتتى. شىمىدت ئىشىكتىن كىرىشى ھامان ئۇ ئىككىسى دەرھال شىمىدتقا بۇرۇلدۇ. شىمىدت ئەنگلىيەنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتۇمىنى ئالدىرىماي تەرجىمە قىلىپ ئوقۇپ بېرىدۇ. ئوقۇش تۈگىگەندىن كېيىن، ھىتلېر رىبىنتروپقا بۇرۇلۇپ تۇيۇقسىزلا سورايدۇ: "ئەندى قانداق قىلماقچىسەن؟"

"مېنىڭچە بولغاندا، _ دەيدۇ رىبېنتروپ سالماقلىق بىلەن، _ بىر سائەتكە قالماي فرانسۇزلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر پارچە ھۆججەتنى بەرگىلى كېلىشى مۇمكىن."

مېھمان كۈتۈش زالىدا كىشىلەر شىمىدتنى قورشىۋېلىپ تەرەپ-تەرەپتىن ئەھۋال سوراشقا كىرىشىدۇ. شىمىدت ئۇلارغا ئەنگلىيە ئىككى سائەتكە قالماي ئۇرۇش ئېلان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقىنىدا، زال ئىچى دەرھال تىم-تاس جىمىپ كېتىدۇ. ئاخىرى گيۆرىڭ ئېغىز ئاچىدۇ: "ئەگەر بىز بۇ ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالغىدەك بولساق، تەڭرى بىزنى كەچۈرگەي!" شىمىدت نەگىلا قارىسا ئەنە شۇنداق جىددى چىرايلارنىلا كۆرەتتى. ھەتتا ئادەتتە ئېچىلىپ يايراپ يۈرىدىغان گيوبېلسمۇ قاپىقى تۈرۈك خاپا كۆرۈنۈشتە ئۈن-تىنسىز بىر چەتتە تۇراتتى.

پەقەت بىرلا كىشى، يەنى پەقەت دالېرۇسلا ئۈمىدسىزلىنىشكە رازى ئەمەس ئىدى. گيۆرىڭ ئۇنى ئىزدەپ مەخسۇس پويىزىدا تاپىدۇ. دالېرۇس ئۇنىڭدىن، مارشال، سىز نېمىشقا لوندونغا ئۇچۇپ ئېنگلىزلار بىلەن سۆھبەت قىلىشمايسىز؟ دەپ سورايدۇ. گيۆرىڭ دەرھال ھىتلېرغا تېلېفون قىلىدۇ؛ ھەيران قالارلىق بولغىنى، ھىتلېر بۇ مەسلىھەت بولىدىغان بىير مەسلىھەت ئىكەن، ئەمما ئاۋال ئەنگلىيە تەرەپتىن قوشۇلۇپ-قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش كېرەك، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. دالېرۇس دەرھال ئەنگلىيە باش ئەلچىخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسىگە تېلېفون قىلىدۇ. قارشى تەرەپ، چوقۇم گېرمانىيە ئالدى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتۇمغا جاۋاب بېرىشى كېرەك دەپ جاۋاب بېرىدۇ. دالېرۇس قىلچە زېرىكمەي ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە تېلېفون قىلىدۇ. ئەمما ئۇلاردىنمۇ يوقۇرىقىغا ئوخشاش جاۋابنى ئالىدۇ. ئۇ يەنىلا بوشاشمايدۇ. ئۇ مىڭ تەستە گيۆرىڭنى ھىتلېرغا يەنە بىر قېتىم تېلېفون قىلىشقا كۆندۈرىدۇ. شۇنىڭدەك ئەنگلىيەگە مۇرەسسە قىلىش خاراكتېرىدا رەسمى بىر جاۋاب بېرىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. گيۆرىڭ بىلەن فۈھرېر تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقىنىدا، دالېرۇس ۋاگوندىن چۈشۈپ ئالدى-كەينىگە مېڭىپ تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. گيۆرىڭ ۋاگوندىن چىقىپ ئېدىرلىقتىكى بىر قۇيۇق دەرەخ تۈۋىدىكى چوڭ قاتلىما ئۈستەل ئالدىغا كېلىپ گۈپپلا قىلىپ ئولتۇرىدۇ _ ئۇ يەرگە بىر سورۇن تۈزەلگەن ئىدى. ئۇ پىچىرلىغاندەك قىلىپ سىېنى لوندونغا ئاپىرىش ئۈچۈن بىر ئايروپلان بار، دەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۈمىدسىز ھېسسىياتنى دالېرۇس پەرق

قىلىۋالدۇ. دېمەك ئۇ فۈھرېر تەرىپىدىن رەت قىلىنغان بولىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ بۇ شۇتىسىيىلىك ئۇنچە بەك كۆزى ئۆتكۈر بىرسىمۇ ئەمەس ئىدى (نيۇرېمبېرگتا ئۇ ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەنگەن بىر ھالەتتە، مەن ھىتلېر بىلەن گېۆرىڭ تەرىپىدىن تۈيۇق يولغا باشلاپ كېتىلدىم، دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ). گېۆرىڭ مۇغەمبەرلىك قىلىپ ئۇنى ئالداپ يۈرگەن بولىشى ئېھتىمال. دالېرۇسنىڭ ساددىلىقىنى خاتىرىلەردىكى ئۇنىڭ بۇ ئىشلارغا كۆرسەتكەن تەپكىسىدىنمۇ ئاز-تولا كۆرىۋېلىش مۇمكىن: "كۆز ئالدىمدىكى بۇ كۈچلۈك ئادەمنىڭ بۇنچە ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىشى، بۇنچە چارىسىزلىقى مېنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ نېمىشكە بۇ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىنى ياخشى بىلەتتىم. ئەمما مەن ئۇنىڭ نېمىشقا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ ئۇدۇل باش مىنىستىرلىققا بېرىپ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئويلىرىنى ئۇلارغا ئېيتماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم. مەن شۇنىڭغا ئىزچىل ئىشىنىپ كەلمەكتىمەنكى، ئۇنىڭ بۇ ئىككى ئاي جەريانىدا ماڭا دېگەن ھەر بىر گېپى ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ چىن قەلبىدىن چىققان گەپلەر ئىدى." دالېرۇسنىڭ ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھارماي-تالماي كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى _ گەرچە ئۇنچە بەك ئەرزىگىدەك تىرىشچانلىق ھېسابلانمىسىمۇ – مۇشۇ يەرگىچە ئىدى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە، باش ئەلچى ھىندېرسون ئۇنى رىبېنتروپ بىلەن كۆرۈشۈشى تەلەپ قىلىنغان بىر پارچە تېلېگرامما تاپشۇرۇپ ئالدۇ. 15 مىنوت ئۆتكەندە، ئۇ گېرمانىيەنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتۇمغا بەرگەن جاۋابىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇ. بېرىلگەن جاۋاب قوپاللىق بىلەن رەت قىلىش ئىدى. ھىندېرسون جاۋابنى ئوقۇپ بولۇپ ئۆز پىكرىنى بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: "بۇ ئىشلارغا كىمنىڭ مەسئۇل ئىكەنلىكىگە تارىخ باھا بەرسۇن." رىبېنتروپ بۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دەيدۇ: "تىنچلىق ئۈچۈن، ئەنگلىيە بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھېچ كىم ھىتلېردەك بۇنچە زور تىرىشچانلىق كۆرسەتىپ باقمىدى." ئۇ ئاخىردا، ھىندېرسون ئەپەندىگە ھەممە ئىشلىرىڭىز كۆڭۈلدىكىدەك بولسۇن، دەپ تىلەكتە بولىدۇ.

چۈش ۋاقتىدا، بېرلىن كوچىلىرىدىكى رادىئو كانايلىرى ئەنگلىيەنىڭ ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىق خەۋىرىنى يوقۇرى ئاۋازدا ئاڭلىتىپ، خەلق ئاممىسىنى قاتتىق چۆچۈتىۋېتىدۇ.

بۇ چاغدا لوندوندا چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 بولۇپ، ھاۋا خۇددى ياز ئايلىرىدەك قاتتىق ئىسسىق ئىدى. چېمبېرلىن ئامالسىز خەلققە رادىئودا سۆزلەشكە تەييار بولغان ئىدى. 15 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۇ ئەنگلىيە ئۇرۇش ھالىتىدە، دەپ ئېلان قىلىدۇ. چېمبېرلىن، تىنچلىق ئورنىتىش ئۈچۈن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ جەھەتتە كۆڭلى خاتىرجەم. "بۈگۈندىن كېيىن تەگرى

سىلەرنى ساقلىغاي، تەڭرى ھەققانىي ئىنسانلارنى قوغدىغاي!" دەپ سۆزىنى تۈگىتىدۇ.
چېمبېرلىن رادىئو نۇتقى سۆزلەۋاتقان پەيتلەردە، كوۋلوندىر فرانسىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتۇمىنى رىببېنتروپقا سۇنماقتا ئىدى. رىببېنتروپ ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: ئەسلىدە تاجاۋۇزچى فرانسىيەنىڭ دەل ئۆزى. ئەمما ھىتلېرنى بەكرەك غەزەپلەندۈرگىنى يەنىلا ئەنگلىيە ئىدى. ئەنگلىيىنى بەكلا ئاجىز ھېسابلىغان بۇ ئادەم، ئەنگلىيەنىڭ كۈچىنى بەكلا تۆۋەن مۆلچەرلىگەن ئىكەن. ئۇنىڭ قوزغىغان رايون خاراكتېرلىق بۇ ئۇرۇشى، ئۇنىڭ خاتا ھېسابلىشى نەتىجىسىدە، چوڭ بىر ئۇرۇش ياللۇنىغا ئايلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئەجەللىك خاتاسى ئىدى: ئۇ چېخوسلوۋاكىيەنى پۈتۈنلەي ئىگەللىگەنلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان بىر قاتماللىقنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئەگەر ئۇ ئۇنداق قىلمىغان بولسا، جىم ئولتۇرۇپ چېخنىڭ گېرمانىيە قوينىغا كېلىشىنى كۈتكەن بولسا، ئۇ ھالدا ئەنگلىيە بۇ ئىشتا پولشا ئۈچۈن قويغاندەك تەلەپىنىمۇ ئۇلار ئۈچۈن بۇنچە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرغا قويىشى مۇمكىنمىدى، بۇنداق قىلىشى ناتايىن. ھىتلېرنىڭ قوبۇل قىلالمايدىغىنى، يەنى ئۇنىڭ ئۆزى پەرەز قىلغىنىدەك، ئەنگلىزلار قانچىلىك ئىلگىرى كېتىشنى خالىسا شۇنچە ئىلگىرى كېتەلەيتتىكى، ھەرگىزمۇ بىھۇدە قەدەم باسمايدىغانلىقى ئىدى. گەرچە ھېس بۇ ھەقتە دۆلىتىگە ئۈچ-ۋلار بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان، شۇنىڭدەك باشقا تەرەپتىن كەلگەن ئاخباراتلارمۇ بار تۇرۇغلۇق، ھىتلېر بەربىر ئۆز بېشىغا ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ مىجەز-خاراكتېرىنى بۇرمىلاپ چۈشىنىۋېلىشى ئۇنى تۈيۇق يولغا باشلاپ كەتكەن ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ غەرب دۇنياسىنىڭ بەرگەن ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتۇمىنى ئادمىرال پولكوۋنىك رايدېرگە ئۇقتۇرغان ۋاقتىدا ھېچ قاچان بۇنچىۋالا مەيۈسلىنىپ باققان ئەمەس ئىدى.
ئەنگلىيەنىڭ ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىقى، گۇمان قىلىش ھاجەتسىزكى، كرېمىل سارىيىدىكىلەرنى بەكلا ئەجەپلەندۈرىۋەتىدۇ. "ئۇرۇش خەۋىرى" لوندوننىڭ «كۈندىلىك تېلېگراف» گېزىتىنىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى بەرگەن خەۋەرىدە، "ئۇرۇسلارنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى. ئۇلار ئەسلىدە مۇرەسسەگە كېلىشىنى مۆلچەرلەشكەن ئىدى" دەپ يازىدۇ. غەلىتە يېرى، سوۋېتلىكلەر پولشاغا بېسىپ كىرىشكە بەك قىزىقىپ كەتمەيتتى. ئەمما رىببېنتروپ شۇ كۈنى ئاخشىمى باش ئەلچى ۋون دېر شۇلېنبۇرگقا يوللىغان تېلېگرافىدا سوۋېتلېر ئىتتىپاقىنى پولشاغا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىغا تەكلىپ قىلىدۇ. "مۆلچەرىمىزچە، ـ دەيدۇ رىببېنتروپ چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، ـ بىز ئۈچۈن بۇ بىر قۇتۇلۇش مەسىلىسىلا بولۇپ قالماي، يەنە كېلىپ موسكۋا كېلىشىمنامىسىنىڭ روھىغىمۇ ئۇيغۇن ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئەتىگىمۇ ئۇيغۇن دەپ ئويلايمىز."

بۇ ۋاقىتتا، ھىتلېر ئالدىنقى سەپكە قاراپ ماڭىدىغان مەخسۇس پويىزدا ھەمرالىرى بىلەن بىرلىكتە ئالدىنقى سەپكە قاراپ يولغا چىقىش ئالدىدا ئىدى. فۈھرېر بېرلىندىن ئايرىلىشتىن 9 مىنۇت ئاۋال، ئەڭ ئېغىر بوھران مەزگىلىدە قوللاپ بېرىشتىن باش تارتقان ئىتتىپاقدىشىغا بىر پارچە تېلېگرامما يوللايدۇ. مۇسسولىنىغا يوللانغان بۇ تېلېگراممىا موسكۋاغا يوللىنىغاندىن پەرقلىق ھالدا، شىفىرلىق يوللانغان بولۇپ، ھاياجانلىق سۆزلەر بىلەن يېزىلغان ئىدى. ھىتلېر بۇ تېلېگراممىدا "بۇ قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ ھايات-ماماتقا بېرىپ تاقىلىدىغان بىر قېتىملىق كۆرەش" ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەنلىكىنى، شۇڭا مەخسۇس ئۇرۇش قوزغاش يولىنى تاللىۋالغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىشەنچىنىڭ گرانىتتەك مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈردۇ. ئاخشىمى سائەت 9 دا، فۈھرېرنىڭ مەخسۇس پويىزى ئاستا-ئاستا پويىز ئىستانسىسىدىن چىقىشقا باشلىغىنىدا، خېتىدا يازغان ئۇنداق بىر غەيرەتتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئەكسىنچە، ئۇنىڭ كاتىپلىرىدىن بىرى بولغان گېردا دارانوۋسكى سېزىپ قالغىنىدەك، بەكلا جىمغۇر، يۈز-كۆزى تاتارغان، سوۋۇقلۇق ئىچىدە ئىدى. گېردا ئۇنىڭ بۇنداق ھالغا كېلىپ قېلىشىنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. يەنە بىر كاتىپى بولغان كرىستا شرۆدېر ئۇنىڭ ھېسقا: "شۇ تاپتا مېنىڭ بارلىق قىلغان ئىشلىرىم بىكار بولۇپ كەتتى. مەن ئۇ كىتابىنىمۇ بىكارغىلا يازغان ئىكەنمەن" دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدۇ.

ئەمما ئۇنىڭ خىزمەتچىسى ھىتلېرنى ئىرادىنىڭ سىمۋولى دەپ قارايتتى. ئۇ، غەرپلىكلەردە ۋەي دېگىدە ھېچ نەرسە يوق، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئىككىسى چوقۇم غەربى سېپىلدا چىشلىرىنى تۆكىۋالىدۇ، دەيدۇ. پويىز شەرققە قاراپ يولغا چىققاندا، ھىتلېر لىنگنى تاماق ۋاگونىغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا بۇندىن كېيىن ماڭا تېخىمۇ ئاددى تاماقلارنى تەييارلايسەن، "شۇنىڭغا دىققەت قىلغىنكى، _ دەيدۇ ھىتلېر، _ ئادەتتىكى بىر نېمىس نېمىنى يېيەلىسە، سەنمۇ ماڭا شۇنىڭدىن تاماق قىلىسەن. مەن خەلقىمگە ئۈلگە بولۇپ بېرىشىم كېرەك" دەپ يوليورۇق بېرىدۇ.

# 21. غەربىي سەپتىكى غالىبىيەت

## 3 .9 .1939 ~ 25 .6 .1940

1

پولشاغا قىلىنغان ھۇجۇم ئىنتايىن تېز ئېلىپ بېرىلماقتا ئىدى. نەيزىلىك پولشا ئاتلىق ئەسكەرلىرى گېرمانىيە تاڭكىلىرىغا ھەرگىزمۇ رەقىب بولالمايتتى. شۇڭا بىر قېتىملىق ھاۋا دىن كۈچلۈك زەربە بېرىش ئارقىلىقلا مۇداپىيەچىلەر تارمار كەلتۈرۈلىدۇ. ھاۋادىن كۆرەشچى ئايروپىلانلار، بومباردىمانچى ئايروپىلانلار ۋە ئىنچىكە غەلىتى ئاۋاز چىقىرىدىغان شۇڭغۇپ بومباردىمان قىلغۇچى ئايروپىلانلارنىڭ ۋەھىمىسىدىن قورقۇپ پىتىراپ كەتكەن پولشا قۇرۇقلۇق ئارمىيە قىسىملىرى، ئېغىر تېپلىق ماشىنلاشقان تېز ئېلىپ بېرىلگۈچى توپ ۋە تانكىلىرىنىڭ ياردىمىنى ئالغان بىر يېرىم مىليون كىشىلىك گېرمانىيە قۇرۇغلۇق ئارمىيىسى تەرىپىدىن تېزلا تېرە-پېرەڭ بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلارغا ئەڭ ئېغىر زەربە، يەنىلا شۇ كۈچلۈك ۋەيران قىلىش كۈچىگە ئىگە تەڭدىشى يوق بىروۋنىڭ قىسىملىرىدىن كېلىدۇ. ئۇلار ھەر قانداق بىر مۇداپىيە توسقىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، پولشا ئارقا سەپلىرىگە يامراپ كىرىشكە باشلايدۇ. بۇ تۈردىكى چاقماق تېزلىكتە ھۇجۇم ئۇرۇشى ئۇرۇش سەنئىتىدىكى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن، ھۇجۇمغا ئۇچرىغۇچىلارنى قورقۇتۇپلا قالماستىن بەلكى چەتئەللىك كۆزەتكۈچىلەرنىمۇ قاتتىق ئۈركىتىۋېتىدۇ. 5-سىنتەبىر كۈنى ئەتىگىنى، پولشا ھاۋا ئارمىيىسى تارمار كەلتۈرۈلۈپ، "كورىدور" ئۈچۈن باشلىنىلغان ئۇرۇش ئاخىرلاشقان ھېسابلاندى. ئىككى كۈندىن كېيىن، پولشانىڭ 35 دىۋىزىيىسىدىن مۇتلەق كۆپ قىسمى يا تارمار قىلىندى يا بولمىسا قورشاۋ ئاستىدا قالدى.

ھىتلېر، جودلىنىڭ قۇماندانلىرىنى بېرلىنغا قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ مەخسۇس پويىزىنى "فۇھرېر قوماندانلىق شتابى" ھالىغا كەلتۈرۈپ ئۇرۇش يۈزلىنىشىنى يېقىندىن كۆزىتىپ بارىدۇ. ئۇ ھەربىي ئۇنفورمىسىنى كىيىشى بىلەن تەڭ، تۇرمۇش ئادەتلىرىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋالغان ئىدى. ھىتلېر ئەسلىدە بىر ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ باققان پىشقەدەم ئەسكەر بولغاچقا، بۇ فۇھرېر قوماندانلىق شتابىنىمۇ بەكلا ئاددىي سەرەمجانلاشتۇرىۋالغان ئىدى. ئۇ، "قوماندان بىلەن ئەسكەرلەر جاپا-مۇشەققەت ۋە ھالاۋەتتە تەڭ بولۇش" دېگەن

يېڭى شۇئارنى ئۆتتۇرغا قويغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن شىرۋدېر خانىمغا شۇ كۈنكى بۇيرۇقلارنى يازغۇزغاندىن كېيىن، تاپانچىسىنى يېنىغا قىستۇرۇپ، قولىدىدا قامچا تۇتقان ھالدا ئۇرۇش سەپلىرىگە قاراپ ئاتلىناتتى. ئەگەر ھاۋارايى ياخشىلا بولىدىكەن، خىزمەتچىلىرى بىلەن ئادىيۇتانتلىرىنىڭ ئەسكەرلەرگە تاماكا چۈرۈپ مېڭىشىغا ئاسان بولسۇن ھەمدە ئەسكەرلەرنىڭ ئۆزىنى يېقىندىن كۆرەلىشىنى قولايلاشتۇرسۇن دەپ ئۈستى ئوچۇق جىپقا ئولتۇرۇپ ماڭاتتى. ئۇنىڭ ھەمرالىرى ھىتلېرنىڭ ھەر قېتىملىق جەڭنىڭ ئەڭ ئۇششاق نۇقتىلىرىغىچە قىلچە زېرىكمەي تەھلىل قىلىپ چىقىشىغا بەكلا ھەيران قالىدۇ. مەسىلەن ئالايلۇق، گەرچە ئوفىتسېرلارمۇ ئەسكەرلەر يېگەن تاماقنى يەۋاتقان بولىشىغا قارىماي، ئۇ يەنىلا نەچچە سائەت ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ بىرىپ ئاشخانا بىلەن تاماق زالىنى كۆزىتىپ چىقاتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئادىتى تېزلا يوقىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا ئۇرۇش مەيدانى ھەققىدىكى بارلىق ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارنى بۇرۇنقىدەك كۆڭۈل بۆلۈپ تەكشۈرۈپ چىقاتتى. ئەمما بىرلا ئىش ئۇنى قىزىقتۇرمايتتى: گېنېرال شمۇندت ئۇنىڭدىن تۇنجى قېتىم يولغا سېلىنىۋاتقان ياردارلار ۋاگونىدىكى ياردار ئەسكەرلەرگە نۇتۇق سۆزلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىۋىدى، "مەن بۇنداق ئېچىنىشلىق مەنزىرىلەرنى كۆرسەم چىدىيالماي قالىدىكەنمەن" دەپ باھانە كۆرسىتىپ رەت قىلىدۇ.

بۇ تۇر بىر تەرەپلىمە ئۇرۇش ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرىۋاتقان بىر پەيتتە، "فۈھرېر قوماندانلىق شتابى" غا ئۇشتۇمتۇتلا بىر كۈتۈلمىگەن مېھمان ــ فرىتز ھېس كېلىپ قالىدۇ. ئۇ، لوندوندىكى گېرمانىيە ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەنگلىيە يوقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن دوستانا شەكىلدە قىزغىن ئۇزۇتۇلۇش بىلەنلا قالماي، ئادەتتىكى خەلق ئاممىسى تەرىپىدىنمۇ دوستانا شەكىلدە ئۇزۇتۇلغانلىقىنى؛ ئەلچىخانا سىرتىدا بىر مۇنچە كىشى يەنە "ئارچا بايرىمىدا يەنە كۆرۈشىمىز!" دەپ توۋلىشىپ قالغانلىقىنى دوكلات قىلىدۇ. ھېسنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىگە گەرچە تىنچلىق ئۈچۈن كۆچ چىقىرىشقا ئىشەنچى قالمىغانلىقىنى ياخشى بىلسىمۇ، يەنىلا پولشاغا بولغان شەخسى قىزىقىشى تۈرتكە بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما شۇ كۈنلەردە ھىتلېرنىڭ قاتتىق ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋالغان خېۋېل ئۇنىڭغا، فۈھرېر ئەسلىدە ئېنگلىزلار بىلەن ھەققەتەنمۇ سەمىمىيەتلىك بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزمەكچى بولغانلىقىنى، ئۇنى پولشاغا بېسىپ كىرىشكە مەجبۇرلىغان نەرسىنىڭ گېرمانىيە گراژدانلىرىنىڭ ئۇچرىغان زوراۋانلىق كۈچى بىلەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىتىلغانلىقى بايان قىلىنغان خەۋەرلەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ تۇرىۋالىدۇ. ئەمما ھېس بۇ بېسىپ كىرىش ئىشى بىر قېتىملىق غەزەپلىنىش سەۋەبىدىن بۇيرۇق قىلىنغان بىر ئىش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. "شۇنداق، بۇ ئىش ئەنە

شـۇنداق ئوتتۇرغـا چىققانلىقـىدا گەپ يـوق. _ دەپ ئـۈز دېگىنىـــدە چىــڭ تۇرىــدۇ، _ ئـۇ ئاچچىقىغـا هــاي بەرمىگەنلىكىـــدىن تېــزلا پۇشـــمان قىلغــان.“ بىســـىپ كىــرىش ئىشـى باشـلانغاندىن كېيىن ھىتلېرنـىڭ ھېسـقا، بىربــىپ سـىر خـوراس ۋىلسـون بىـلەن سـۆھبەت قىلىشىشىغا رۇخسەت قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ ئىكەنلىكىنى ئىپتىپ كېلىـپ، ”شـۇنداق، ھىتلېــر يەنــلا ‘ئەســكەرلەر، ئارقىغــا بــۇرۇل، قەدەمــلەپ مــارش! مــارش!’ دەپ بــۇيرۇق چۈشىرەلەيتتى“ دەيدۇ.

”تەڭــرىم! _ ۋارقىرىۋېتىــدۇ ھــېس مەيۈسـلەنگەن ھالــدا، _ ‘كەيــنىگە قــاراپ بــۇرۇل، قەدەمــــلەپ مـــارش!’ دېــــگەن بۇنـــداق بىـــر بـــۇيرۇقنى ھەر قانـــداق بىـــر مۇســـتەبىت چۈشــىرەلەيدىغانلىقىنى نېمىشــقا ھــېچكىم ئۇنىڭغــا ئېيتمايــدۇ؟ پارلامېنــت تۈزۈمىـــدىكى دۆلەتلەردە ئۇزۇن مۇددەت تەپسىلى پىكىرلەشكەندىن ئالغـان ئـۇرۇش قـارارىنى ئەمەلـدىن قالدۇرۇشى ھەرگىـز مـۇمكىن بولمايـدىغانلىقىنى ئۇنىڭغـا ھـېچ كىـم چۈشەندۈرمىدىمۇ؟ ئـۇ نېمىشـقا بـۇنى ئويلانمايـدۇ؟ مەن ئۇنىڭغـا، ئەنگلىـيەدە بىـر ئۈچـۈم ئۇرۇشپەرەسـلەرنىڭ بـارلىقىنى، ئەگەر چېمبېرلىنىنــىڭ دىپلوماتىيە سىياســتى گــۇمران بولـىشى ھامـان ئـۇرۇش تەشەببۇسچىلىرى غالىپ كېلىپ سەھنىگە چىقىدىغانلىقىنى نۇرغۇن قېتىم دوكـلات قىلغـان ئىدىم. بۇ دوكلاتلىرىمنى ھېچ كىم ئوقۇپ باقمىغانمىدۇ؟“

ھــېس سـۆكۈت ئىچىــدە قالغانــدىن كېــيىن، ئــالاقزادە بولغــان خېۋىــل، فــۇھرېر دېموكراتىــك دۆلەتلەرنىــڭ ئىشــلەش پىرىنســىپى ھەققىــدە ھەقىقەتەنمۇ غەلىــتە قاراشـتا ئىكەنلىكىنــى ئېتــراپ قىلىــپ مۇنــداق دەيــدۇ: ”مەن فۇھرېرىمىزغــا چېمبېرلىنىنــىڭ ئــاۋام پالاتاسىدا بايانات ئېلان قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرگىنىمدە ئۇ ماڭـا قـاراپ مـازاق قىلغىـنىچە دىمىقىدا كۈلگەن ئىـدى. ئـۇ ھەقىقەتەنمـۇ ئۇنـداق دۆلەتـلەرگە ئىشـەنمەيدۇ. شـۇنداقتىمۇ، قورقــۇپ كەتكىــدەك يېــرى يــوق. شــۇ قاتــاردا ئــۇ ســېنىڭ بەرگەن دوكلاتىڭنىــڭ تــوغرا ئىكەنلىكىنىمۇ تونـۇپ يەتـكەن. شـۇنداقتىمۇ، تەڭـرى ئاشـقى، سـەن ئۇنىـڭ بـۇ قارىشـىدىن پايدىلىنىمەن دەپ يۈرمىگىن. فۇھرېرنى ھەممىـدىن بەك ئـاچچىقىنى كەلتۈرىـدىغان ئىـش، ئۇنىڭ دېگىنى خاتا، خەقنىڭكى توغرا دېيىشنى ئاڭلاش.“

گەرچە فــۇھرېرنى ئەنگلىيەنىــڭ پوزىتسىيىســى قىزىقتۇرغانــدەك قىلســىمۇ، ئۇنىــڭ بەكـــرەك قىزىقىـــدىغىنى ســـوۋېتلىر ئىتتىپاقىنىـــڭ غەرپ ســـەپتە ئـــۇرۇش بولمىغـــانلىقى سـەۋەپتىن پولشـاغا ھۇجـۇم قىلىـش ئىشـىغا قىتىلىشـىنى خالىماسـلىقى ئىـدى. روشـەنكى، ستالىن قىزىل ئارمىيىنىڭ چىقمىنى ئەڭ ئاز ھالغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە تەييارغـا ھەييـار بولۇش ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى پەيتكىچە كـۈتمەكچى ئىـدى. 17-سـىنتەبىر سـەھەر سـائەت ئىككىدىلا ستالىن ئۆزى گېرمانىيەنىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق بـاش ئەلچىسـىگە ئۇختـۇرۇش

قىلىپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى بىر قانچە سائەتتىن كېيىن پولشا چېگرىسىدىن بېسىپ ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇ يەرنىڭ ۋاقتى سائەت 4 تە قىزىل ئارمىيە پولشانىڭ شەرقىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان چېگراسىنى بېسىپ ئۆتتى. بىر مۇنچە يەرلەردە پولشا چېگرا مۇداپىيە بىرگادىلىرىنىڭ ئەسكەرلىرى سەھەر تۇمان ئىچىدە ھارۋىلىق ئەسكەرلەرنىڭ چىقىپ كەلگەنلىكىنى كۆردى. "ئوق چىقارماڭلار! _ دەپ ۋارقىرىشىدۇ كېلىۋاتقان قىزىل ئارمىيە ئەسكىرى، _ بىز سىلەرگە ياردەملىشىم نېمىسلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كېلىۋاتىمىز!" پولەك چېگرا مۇداپىيە ئەسكىرى بۇ گەپتىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قايمۇقۇپلا قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىدا كېلىۋاتقان رۇس ئەسكەر ھارۋىسىدا ئاق بايراقمۇ كۆرۈنەتتى. شۇنداق قىلىپ سوۋېتلىكلەر قىلچە توسالغۇ كۆرمەي داغدام قەدەملەر بىلەن بەكلا كۆپ چېگرا نۇقتىلىرىدىن ئۆتىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، پولشانىڭ شەرقى تەرىپى ئەنە شۇ شەكىلدە قولدىن كېتىدۇ.

رىببېنتروپ ئەتىگەن سائەت 8 دە ئاران ئويغۇنىدۇ. ئۇ، شىمىتد ئۇنى 3 سائەت قىنىپ ئۇخلىۋالسۇن دەپ ئېيتقىدىن خەۋەر تېپىپ خاپا بولغان ھالدا ۋارقىراپ كېتىدۇ: "گېرمانىيە قوشۇنلىرى بىلەن رۇسىيە قوشۇنلىرى بىر-بىرسىگە قاراپ ئېتىلىپ كېتىۋاتىدۇ، بەلكىم توقۇنۇشۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن! بۇلار پۈتۈنلەي سېنىڭ ھۇرۇنلىقىڭدىن مېنى ئويغاتمىغانلىقىڭ سەۋەبىدىن بولىۋاتىدۇ!" شمىدت ئۇنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇپ، بىر ئايرىما سىزىقى شەكىللىنىپ بولدى، دەپ ئېيتىدۇ. ئەمما يۈز-كۆزى سوپۇن كۆپۈكى بىلەن تولغان تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئۈستۈرىسىنى ئويناتقىنىچە ۋارقىراشتىن توختىمايدۇ: "سەن دۇنيا تارىخىنىڭ ئېقىشىنى قالايماقانلاشتۇرىۋەتتىڭ! بۇ ئىشلاردا سەن تېخى خاملىق قىلىسەن!" رىببېنتروپنى غەزەپلەندۈرگەن ئىش ئەسلىدە ئادىمى يەتمىگەنلىكى ھەمدە ۋاقتىنى قاچۇرۇپ قويغانلىقى سەۋەبىدىن بىرلىنىدىكى چەتئەللىك مۇخبىرلارغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگۈچى ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىكىلەر ئەمەس بەلكى گېۋبېلس بولىشى ئىدى.

ئەنىدىكى قۇراللىق جىدەل غالىپلار ئوتتۇرىسىدا قالغان ئىدى. ئۇرۇسلار بېسىپ كىرگىنىگە بىر كۈنمۇ بولماي تۇرۇپ، بۇ ئىككى ئىتتىپاقداش دۆلەت ئىلان قىلغان ئاخباراتىنىڭ جۈملىلىرىدە بىر-بىرسىنى ئەيىپلىشىپ قىزىرىشىپ كېتىدۇ. تەبىئىكى، بۇ ئاخباراتتا پۈتۈن ئىمكانىيەتلەر بىلەن پولشانىڭ ئىشغال قىلىنىشىنى قانۇنلۇق قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان ئىدى. ستالىن گېرمانىيە ئوتتۇرىغا قويغان لايىھەگە قارشى چىقىدۇ (بۇ لايىھە پاكىتلارنى بەكلا ئۇدۇل ئوتتۇرىغا قويۇۋەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ). ئاندىن ئۆز قولى بىلەن رۇسىيىنىڭ لايىھىسىنى يېزىپ چىقىدۇ. ھىتلېر تېخى ئەندىلا بۇ لايىھىگە ماقۇل دەپ

تۇرۇشىغا ستالىن يەنە بىر پارچە تېخىمۇ بەك مۇھىم بىر لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: ئۇرۇش غەنىمىتىنى تولۇق بۆلۈشۈۋېلىش، پولەكلەرنىڭ ئاتاقتىكى مۇستەقىللىقىنىمۇ سىرىپ سۈپۈرۈپ تاشلايدىغان بىر لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. قەغەز يۈزىدىن قارىغاندا رۇسىيىنىڭ تەكلىپى گېرمانىيە ئۈچۈن پايدىلىقتەك كۆرۈنسىمۇ، ھىتلېر بۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ 4 كۈنگىچە بىر نېمە دېمەي تۇرىۋېلىپ ئاندىن رىبېنتروپقا بۇ ھۆججەتنى ئىمزالاش ھوقۇقىنى بېرىدۇ.

گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بۇ يېڭى شەرتنامە ئۈچۈن سۆھبەتلەشمەكچى بولۇپ 27-سېنتەبىر چۈشتىن كېيىن سائەت 6 غا 10 مىنۇت قالغاندا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ پايتەختىگە يېتىپ بارىدۇ. بۇ ۋاقىت ھەقىقەتەنمۇ قۇتۇلۇق كۈن ھېسابلىناتتى. يەنى بۇ كۈنى، ۋارشاۋا يېڭىلا گېرمانىيە قۇراللىق كۈچلىرىگە تەسلىم بولغان ئىدى. كېيىن، رىبېنتروپ بېرلىندىن، سوۋېتلېر ئىتتىپاقى تېز ئارىدا ئېستونىيە بىلەن لاتۋىيەگە ھۇجۇم قىلغۇدەك دەيدىغان بىر پارچە ئاگاھلاندۇرۇش تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. شۇڭا، رىبېنتروپ شۇ ئاخشىمى ۋەھىمىلىك بىر روھى ھالەتتە كرېمىل سارىيىغا قاراپ ئاتلانغان ئىدى. شۇ پەيتتە، رىبېنتروپ، ستالىن ئۇنىڭغا كىشىنى جەلىپ قىلىدىغان بىر تەكلىپنى بېرىشى مۇمكىنلىكىنى، ئەمما بەك يۇقىرى بەدەل تۆلىنىشتىن قورقىدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشىنەتتى. ئاخشىمى سائەت 10 دا يىغىن باشلىنىدۇ. كۈتۈلمىگەندە ستالىن ۋىستۇلا دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى پولشا تۇپراقلىرىنىڭ ھەممىسىنى گېرمانىيەگە كېسىپ بېرىش تەكلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەسلىدە بۇ يەرلەر پولشانىڭ زىچ ئاھالىلىق يەرلىرى ھېسابلىناتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۈچىنچى بىر بالتىق دېڭىزى بولغان لىتۋىيەنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۈچ سائەتتەك داۋام قىلغان يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن رىبېنتروپ تېلېفون ئارقىلىق فۈھرېرگە دوكلات قىلىدۇ. ئۇ تېلېفوندا، ستالىننىڭ تەكلىۋىنىڭ ئەڭ قىزىقتۇرارلىق ئالاھىدىلىكى، كۆپ سانلىق ئاھالىنى تىزگىنلىۋالغاندىن كېيىن، "پولشانىڭ مىللى مەسىلىسى گېرمانىيە توغرا كۆرگەن ئۇسلۇب بويىچە مۇئامىلە قىلىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدىغانلىقى" دەيدۇ.

ستالىن ئۇنىڭ ھىتلېرنى بەكلا ياخشى چۈشىنەتتى: فۈھرېر، سوۋېتلېر ئىتتىپاقى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش ئېھتىياجىدىن باشقا يەنە يەھۇدىيلارنى يېتىشتۈرۈپ كېلىۋاتقان بۇ زېمىننى تىزگىنلەشتە تۇتۇش پۇرسىتىنىمۇ ھەرگىز قولدىن بەرمەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇڭا ئۇ، رىبېنتروپقا بۇ شەرتنامىنى ئىمزالاش ھەمدە ئەڭ ئاخىرقى بىر بالتىق دۆلىتىنىمۇ سوۋېتلېر ئىتتىپاقىغا ئىككى قوللاپ تۇتقۇزۇش

ھوقۇقنى بېرىدۇ. ھىتلېر، غەرپكە تاقابىل تۇرۇشتا ئارقا سەپ غېمىدىن قۇتۇلۇشنى دەپ ھەقىقەتەنمۇ يوقۇرى بەدەل تۆلىمەكتە ئىدى. مۇنداق قارىماققا، ئۇنىڭ بۇ قىلغىنىنى پۇرسەتپەرەسلىكنىڭ يەنە بىر مىسالىغا ئوخشىتىش مۇمكىن ئىدى. يەنى بوگۇننى دەپ كەلگۈسنى قۇربان قىلىش. ئەمما ھىتلېر قىزىل ئارمىيىنىڭ ئاجىزلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى: ئۇ چوقۇم كۈنلەرنىڭ بىرى سۆھبەتتە تارتتۇرۇپ قويغان نەرسىسىنى قۇرال كۈچى بىلەن قايتۇرۇپ ئالالايدىغانلىقىنى قەتئىي تۇردە كۆڭلىدە ھېس قىلاتتى. ئەتىسى ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىسمىدا، سوۋېتلىكلەر رىبېنتروپنى قەتئىي تۇردە ھىتلېرغا تېلېفون قىلىپ بۇ شەرتنامىنىڭ بارلىق ماددىلىرىنى ئېنىق تەستىقلىتىشنى تەلەپ قىلدۇ.ھىتلېرمۇ بۇ شەرتنامىنى ماقۇللايدىغانلىقىنى بىلدۈردۇ. ئەمما، رىبېنتروپ ئۇنىڭ بۇ شەرتنامىنى يەنىلا بەزى گۇمانلىنىشلار ئىچىدە تەستىقلىغانلىقىنىمۇ سەزگەندەك بولىدۇ. "مەن چوقۇم مۇستەھكەم ۋە يېقىن مۇناسىۋەت تىكلىنىشنى كۆزدە تۇتتۇم" دېگەن ئىدى. رىبېنتروپ بۇ گەپلەرنى ستالىنغا يەتكۈزگەن ۋاقتىدا، ستالىنمۇ گەپنى ئۇزارتماي ئۇدۇللا "ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ ئەقىللىق، بەكلا قابىلىيەتلىك بىرسى ئىكەن" دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.

29-سىنتەبىر سەھەر سائەت 5 تە، مولوتوۋ بىلەن رىبېنتروپ ئىككىسى شەرتنامىغا قول قويىشىدۇ. ستالىن بۇنىڭدىن بەكلا خوشال ئىدى. رىبېنتروپ، سوۋېت-گېرمانىيە ئىككى دۆلەت بۇندىن كېيىن مەڭگۇ بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشمايدۇ، دەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بۇ گېپى بىر مەزگىل جىمجىتلىقنى پەيدا قىلىۋېتىدۇ. ئاخىرىدا، ستالىن بۇ سۆكۈنەتنى بۇزۇپ، "ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك" دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.ستالىننىڭ بەكلا سوغۇققانلىق بىلەن سۆزلىگەنلىكى، سۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە تاللاپ ئېيتىلىشىنى رىبېنتروپ دەرھال تەرجىمە قىلدۇرۇپ ماقۇللىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ستالىننىڭ ئىككىنچى جۈملىسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش مۇجمەل ئىدى: رىبېنتروپ، سوۋېتلىكلەر دوستلۇق شەرتنامىسىدا بەلگىلەنگەن دائىرىدىن ھالقىپ چىقىشقا ماقۇل كېلەرمۇ، يەنى كەلگۈسىدە غەرپلىكلەر بىلەن بولىدىغان كۈرەشتە گېرمانىيە بىلەن ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى ئورنىتىلىشىغا ماقۇل دەرمۇ، دەپ سورىۋىدى، "مەن گېرمانىيىنىڭ ئاجىزلىشىپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايمەن" دېگەن جاۋابنى ئالىدۇ. بۇ گەپنىڭ ئېيتىلىشىمۇ شۇنداق تەبىئىي بولغىنى ئۈچۈن، رىبېنتروپ بۇ سۆز ستالىننىڭ ئەقىدىسىنى ئىپادىلەيدۇ دەپ قارىدى.

رىبېنتروپ بېرلىنغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ستالىننىڭ بۇ ئىككى جۈملە سۆزىنىڭ مەنىسىنى ئويلىنىشتىن توختىمىغان ئىدى. ھىتلېر بۇنىڭغا بەكلا ئەھمىيەت بېرىپ، ستالىننىڭ بۇ دېگىنىنى ئارىدىكى پەلسەپەلىك ھالىتى بەكلا چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى، بۇ ھاڭنى تىندۇرۇش مۇمكىن ئەمەسكەن، شۇڭا بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا چوقۇم تالاش-

تارتىشلار كۆرۈلىشى مۇمكىن دەپ ئىزاھلايدۇ. شۇ ۋاقىتتىلا فۇھرېر ئىزاھات بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ لىتىۋانىيە مەسىلىسىدە يول قويغانلىقىم، ستالىنغا "غەرب بىلەن شەرقتىكى قوشنىلار ئارا مەسىلىلەرنى بىراقلا ھەل قىلىۋېلىپ، باشتىن تارتىپلا ھەققى ئىشىنىشنى قولغا كەلتۈرۈشتەك ئۇيدا ئىكەنلىكىمنى ستالىنغا ئىسپاتلاپ كۆرسىتىش ئىدى." رىببېنتروپ بۇ گەپلەرنىمۇ خۇددى ستالىننىڭ دېگەنلىرىنى چۈشەنگىنىدەك لوغات مەنىسىنىلا چۈشىنەلەيدۇ. ئۇ يەنىلا ھىتلېر سوۋېتلىكلەر بىلەن چىن قەلبىدىن يارىشىپ قېلىشنى ئويلايدىكەن دېگەنگە ئىشىنىدۇ.

سوۋېتلېر ئىتتىپاقى بالتىق دېڭىزى ئەللىرى بىلەن پولشانىڭ شىمالىنى ئۆتكۈزىۋېلىش تەييارلىقى بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقان پەيتلەردە، ھىتلېر پولشانىڭ قالغان قىسىملىرىنى رەسمى تۈردە بەكلا چوڭ قۇشخانىغا ئايلاندۇرماقتا ئىدى. ئۇ، ئىمپېرىيە ئىچىدىن كەلتۈرۈلىدىغان يەھۇدىيلارنى قاتناش قولاي بولغان پولشا شەھەرلىرىگە يىغىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. مەقسەت: "ئاخىرقى ھەل قىلىش چارىسى ئۈچۈن يەنە بىر مەزگىل كۈتۈش" نى مەقسەت قىلىش ئىدى. يەنى 21-سىنتەبىردە، ھېيدرىخ ئېس-ئېس ئەترىتى كوماندىرلىرىغا شۇنداق دەپ چۈشەندۈرگەن ئىدى. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئاخىرقى ھەل قىلىش چارىسى دېگىنى يەھۇدىيلارنىڭ ئۇرۇقىنى تۈگىتىش دېگىنى ئىدى. نۇرغۇنلىغان پارتىيە يوقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئارىسىدا بۇ دېيىلگەنلەر ئاشكارىلىنىپ بولغان مەخپىيەتلىك ئىدى.

بۇ تۈردىكى قورقۇنۇشلۇق تەييارلىق ئىشلىرى كېتىۋاتقان پەيتلەردە، "پەۋقۇلئاددە گۇرۇپپا" (ئېيىنساتزگرۇپپېن) دەپ ئاتالغان بىر 'ئۆي تازىلىغۇچىلار' ئەترىتى پولشانىڭ زىيالىيلىرى، پوپلىرى ۋە ئاقسۆڭەك ئېسىلزادىلىرىگە قارىتا تازىلاشنى باشلاپ، بۇ تۈردىكى تەييارلىق ئىشلارنى تېزلەتتىدۇ. نىسبەتەن ئالغاندا ھىتلېرنىڭ پولەكلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكىنىڭ كېلىش مەنبەسى بەك يىراقتىكى بىر ئىشمۇ ئەمەس ئىدى. ئۆتكەن بىر قانچە يىل مابەينىدە پولەكلەر نېمىس ئازسانلىق مىللەتكە قارىتا بەكلا كۆپ جىنايەتلەرنى ئىشلىدى دەپ قەتئى ئىشەنگەن ئىدى. "تومەنلىگەن نېمىس تۇتقۇن قىلىنىپ خارلانغان، شۇنىڭدەك پاجىئەلىك تۈردە قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەن. – دەيدۇ ھىتلېر 19-سىنتەبىر كۈنى دانزىگدىكى بىر قىسىم پارتىزانلارغا، _ تەلۋە بىنورمااللار، يەنى سادىست تەلۋىلەر ۋەھشىيانە تەلۋىلىك دەردىنى چىقىرىۋېلىشقا كىرىشكىنىدە، دېموكراتىك، دىننغا سادىق بىر دۆلەت بۇنى توساش ئۈچۈن ئۇنىنمۇ چىقارماي بىر چەتتە قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇپ بەردى. _ ئەمما ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق چاقىرىق قىلىدۇ، _ ھەممىگە قادىر تەڭرىمىز بىزگە ئاتا قىلغان قۇرالنى ئىشلىتىپ قىساس ئالىدىغان

ۋاقت كەلدى.“ كـۆز ئالىدىكى ئوتتۇرىغا كەلگەندە، تەخمىنەن 3500 نەپەر زىيالىي (ھىتلىر ئـۇلارنى پولشا مىللەتچىلىك ئـۇرۇقى چـاچقۇچىلار، دەپ ئاتىغـان) يوقۇتۇلـدۇ. ”پەقەت شۇنداق قىلىش ئارقىلىقلا بىزگە بەكلا كېرەكلىك بولغۇاتقان بـۇ تـوپىراقلارنى قولغا كەلتۈرەلىگەن بولىمىز. قېنى بۈگۈنكى كۈندە ئەرمەنلەرنىڭ ئۇرۇقى قۇرۇتۇلغانلىق ۋەقەسى كىمنىـڭ يادىغـدا؟“ (ھىتلىـر بـۇ يەردە بىرىنچـى دۇنيـا ئۇرۇشـى مەزگىلىـدە ئوسـمانلى قوشـۇنلىرىغا قارشـى چارۇسـىيە قوشـۇنلىرىغا بولۇشـۇپ ئۇرۇشـقا قاتناشـقان داشـناق پارتىيىسىگە تەۋە ئەرمەنلەرنىڭ 1915-يىلى شەرقى شىمال تۈركىيە تۇپراقلىرىدا ئۇرۇشۇپ يـاكى قـاچ-قاچتـا سـوغۇقتا تـوڭلاپ قىرىلغـانلىق ۋەقەلىرىنـى تۈركلەرنـىڭ مىللـى، ئىرقـى قىرغىنچىلىق ھەرىكىتى دەپ تونۇپ، بۇ ئىشـلار بۈگـۈن كىشـلەرنىڭ ئېسـىدىن كۆتۈرۈلـۈپ ئۇنتۇلۇپ كەتتـى، دېمەكچـى _ ئـۇ.ت) شـۇنىڭدەك يەنە بىـر مىليـون 200 مىـڭ ئـادەتتىكى پولەك ئەۋلاتمۇ ئەۋلات ياشاپ كەلگەن ماكانلىرىدىن ھەيـدەپ چىقىرىلغـان ئـىدى. بـالتىق دېڭىـز بـويى بىـلەن پولشا دېڭىـز بويىـدىكى نېمىسـلار بـۇ يەرلەرنـى ياشـناتتى. شـۇندىن كېيىنكى زۇلمەتلىك كۈنلەردە يېڭى ئورۇنلاشقان ماكـانلاردا سـوغوق ۋە ئاچارچىلىقتـا جـان تالىشۋاتقان پولەكلەر بىر-بىرىنى قىرغىن قىلغىنىدىنمۇ كۆپ ئۆلتۈرۈلدى.

2

ئېس-ئېسـچىلار ئەترىتـى شـەرق تەرەپـتە ھىتلېرنـىڭ رادىكـال پروگراممىسـىنى ئىجـرا قىلىش ۋاقتىدا، ھىتلېرنىڭ ئۆزى دىققىتىنى غەرپكە بۇرىغـان ئـىدى (پـارتىيە قوغـدىغۇچىلار ئەترىتى، يەنى ئېس-ئېس ئەترىتى، بىر مۇنچە باشقارمىلاردىن تەشكىل تاپقان بولـۇپ، ھەر قايسى باشقارمىلارنىڭ ۋەزىپىسى بىلەن ئالاھىدىلىكى بىر-بىرىدىن پەرىق قىلىـدۇ. شـۇنداق بولغاچقا، ھەر قايسى باشقارمىلارنى بىر-بىرسىدىن پەرىقلەندۈرۈپ تونۇشقا تـوغرا كېلىـدۇ. ئالايلۇق، قۇراللىق ئېس-ئېس باشقارمىسى پۈتۈنلەي قۇراللىق تەشكىلات بولـۇپ، تاللانغـان ئۇنسـۇرلاردىن تەشـكىللەنگەن. بـۇ كىشـىلەر ھىملېرغـا ئەمەس بەلكـى ئىمپېـرىيە بىـلەن ھىتلېرغــا ســادىق كىشــىلەر. بــۇ كىشــلەرنىڭ تەشــكىلگە قاتنىشىشــتىكى مەقســەتلىرى نىســبەتەن ياخشــى، تەشــكىلىمۇ نىســبەتەن دېموكراتىــك تۈســتە بولغاچقــا، ئۇلارنىــڭ جەڭگىۋارلىـق كـۈچى قۇرۇغلـۇق ئارمىيىسـىگە قارىغانـدا كۈچلـۈك. قۇراللىـق ئـېس-ئـېس باشقارمىســىدا، ئوفىتســېرلار بىــلەن ئەســكەرلەر ئوتتۇرىســىدا بەك كـۆپ پەرق بولمايــدۇ. قۇرۇغلۇق ئارمىيىسىدە ئۆتۈپ كېتىش ياكى ئوغرىلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچـۈن ئەسـكەرلەر چوقۇم ساندۇقلىرىنى قۇلۇپلىغان بولىشى شەرت. ئەمما قۇراللىق ئـېس-ئـېس باشقارمىسـىدا

ھەممە كىشى بىر-بىرىنى قېرىنداشلار ئىتتىپاقى دەپ قارايدىغانلىقى ئۈچۈن، ساندۇقلىرىنى قۇلۇپلاش مەنئىي قىلىنىدۇ. ئوۋرىلىق ۋەقەسى كۆرۈلسە ئەسكەرلەر ئىچىدە ئىخرار قىلدۇرۇلۇپ، لازىم بولغاندا قوغلاپ چىقىرىلىدۇ. بۇگۇنمۇ قۇراللىق ئېس-ئې باشقارمىسى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان سىرلىق رىۋايەتلەر تارقىلىپ يۈرگەن بولۇپ، ھەممىگە مەلۇم بولغان پىچاق چېكىلىش بەلگىسى بىرەر جىنايەتنىڭ بەلگىسى ئەمەس بەلكى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ياردار بولغانلىرىدا قان بېرىشكە ئاسانلىق تۇغدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدىغان قان تىپىنىڭ بەلگىسىدىنلا ئىبارەت. قېرىنداشلار ئىتتىپاقىدىكىلەرچە يات كۆرۈلۈپ كېلىنگەن ھىملېرنىڭ بەدىنىدە بۇنداق چېكىلگەن بەلگە يوق ئىدى_ ھاشىيە ئىزاھاتى). پولشانىڭ نىسبەتەن ياخشى يەرلىرى ئۇلارنىڭ زېمىنىگە ئايلىنىشى بىلەن، ھىتلېرمۇ قانداقلا بىر ئۇسۇل قوللىنىپ بولمىسۇن ئەنگلىيە-فرانسىيە دۆلەتلىرى ئوتتۇرسىدىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىش يوللىرىنى ئاختۇرۇشقا كىرىشىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن گېزىت ۋە رادىئو تەشۋىقاتىدىن پايدىلىنىپ تىنچلىق ھۇجۇمىغا ئۆتىدۇ. "ھىتلېر قايتىدىن ئېنگلىزلار بىلەن يارىشىپ قېلىش يولىغا كىرىشى مۇمكىن. _ دەيدۇ خېۋېل فرىتز ھېسقا، _ بۇ ئىشنى ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشنى ئويلايدۇ." ئۇ يەنە، ئەگەر ئۇلار گېرمانىيەنىڭ شەرقتە مۇتلەق ئەركىن ھەرىكەت قىلىشىغا يول قويىدىغانلا بولىدىكەن، فۇھرېر ھېسنى قايتىدىن سىر خوراس ۋىلسون بىلەن مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ۋەزىپىسىگە تەيىنلىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىدۇ. مەسىلەن، رۇسىيەگە ھۇجۇم قىلىشىغا ماقۇل كەلمىگىنىدە ھىتلېر بۇنداق بىر ئىشقا ئۇ ماقۇل كەلمەيدىكەن. ھېس بۇ گەپلەردىن بەكلا قايمۇقۇپ كېتىدۇ. بۇ گەپلەر ئەگەر ھىتلېرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن خېۋېلنىڭ ئاغزىدىن چىقمىغان بولسا ئىدى، ھېس بۇنداق بىمەنە خىياللارنى قەتئىي رەت قىلغان بولار ئىدى. ئەگەر فۇھرېر سوۋېتلېر ئىتتىپاقىغا مەقسەتلىك بىر شەكىلدە ھۇجۇم قىلماقچى بولسا، ئۇنداقتا ئۇ يەنە نېمە ئۈچۈن ستالىن بىلەن شەرتنامە تۈزۈشىدۇ، دەپ سورايدۇ.

خېۋېل چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، ھىتلېرنىڭ بۇنداق بىر سودىلىششقا كىرىشكەن ۋاقتىدا مۇنداق بىر مەقسەتنى كۆزلىگەن ئىدى: رۇسىيە بىلەن يېقىنلىشىدىغانلىقنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئېنگلىزلارنى بىتەرەپ تۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇرلىماقچى بولغان. ئەمما ھىتلېر بۇنداق بىر مەقسەتكە ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن رۇسىيە بىلەن تۈزۈشكەن شەرتنامىنى يىرتىپ تاشلىماقچى؛ ستالىننىڭ زېمىنىغا بولغان ئاچكۆزلىكى فۇھرېرنى بەكلا رەنجىتتى، ئۇ "ئىچى زەرداپقا تولغان ھالدا بالتىق دېڭىزىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولغان ئىدى" دەيدۇ. ھېس بۇ گەپلەرنى رەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ دېگەنلىرىڭ رىببېنتروپنىڭ مۆلچەرىگە تۈپتىن زىت.

"ھىتلېرنىڭ نەزىرىدە بۇ ئىشلاردا رىبېنتروپنىڭ قىلچىمۇ رولى يوق." ھىتلېر ئۇنى بىر كـاتىپتىن ئـارتۇق كۆرمەيـدۇ، دەيـدۇ خېۋېـل جـاۋابەن. فـۈھرېر، ھېسـقا، گيۆرىڭغـا ۋە داھلېرۇسقا ئوخشاش غەيرى رەسمى يوللار ئـارقىلىق ئېنگلىـزلار بىـلەن مۇناسـىۋەت قىلىـپ كەلگەنلىكىنىڭ بىر سەۋەبىمۇ شۇ ئىدى. سىنتەبىرنىڭ كېيىنكـى يېرىمىـدا، ئـۇ داھلېرۇسـنى يەنە بىر قېتىم لوندونغا بېرىـپ كېلىشـكە رىغبەتلەندۈرىـدۇ. "ئەگەر ئېنگلىـزلار تىنچلىقنـى خالايدىغانلا بولىدىكەن، ئۇلار چوقۇم بۇ مەقسەتكە ئېرىشەلەيدۇ. _ دەيدۇ ھىتلېر، _ ئەمما ئۇلار مېنىڭ دېگىنىمگە ماقۇل بولىشـى كېـرەك." ئەممـا ئـۇ داھلېرۇسـقا تىنچلىـق ھەققىـدە تىنماي گەپ قىلىپ يۈرگىنى بىلەن، ئۇ يوق يەردە ئۇرۇش تەييارلىقى بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئارىـدىن بىـر قـانچە سـائەت ئۆتكەنـدىن كېـيىن، ئـۇ دېڭىـز، قۇرۇغلـۇق ۋە ھـاۋا ئـارمىيە قوماندانلىرىغا، مەن غەربكە بالدۇرراق ھۇجۇم قوزغاشقا قارار قىلدىم، "چـۈنكى، ئەنگلىـيە بىلەن فرانسىيە قۇرۇغلۇق ئارمىيىسى تەييارلىقسىـز ھـالەتتە تۇرمەقتـا." دەيـدۇ. ئـۇ ھۇجـۇم قىلىش ۋاقتىنى 12-نويابىرغا بېكىتىدۇ. پولكوۋنىك ۋارلېمونت، بۇ قاراردىن گيۆرىڭنىمۇ ئـۆز ئىچىـگە ئالغـان ھەممەيلەننىـڭ "قـاتتىق چۆچـۈپ كەتكەنلىكىنـى" سـېزىدۇ. فـۈھرېر قـارار قىلىشـىغا ئاسـاس بولغـان ئارقـا كۆرۈنـۈش ماتېرىيـاللىرى بىـلەن ئـۇرۇش بايـان قىلىنغـان ھەشەمەتلىك تەسۋىرنى تونۇشـتۇرغان ۋاقتىـدا قولىـدىكى بىـر قەغەزگىمـۇ ئـارىلاپ قـاراپ قويـاتتى. مەسـىلەن، ئـۇ بـۇ قېتىمقـى پىلانىـدا 1914-يىلىـدىكى شـلىيففېن پىلانىـدىن پايدىلىنىشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا بىلگىـيە بىـلەن ليۇكسـېمبۇرگ ئـارقىلىق غەربكە، يەنـى غەربـى شـىمال يۆنىلىشـىگە قـاراپ ھۇجـۇم قىلىـش ئـارقىلىق ئەنگلىـيە بـوغىزى بويلىرىدىكى پورتلارنى قولغا كەلتۈرۈشنى پىلانلىغـان ئىـدى. بۇنىڭغـا ھـېچ كىـم قارشىلىق بىلدۈرمەيدۇ. ھىتلېـر گېپىنـى تۈگىتىـپ بولـۇپلا قولىـدىكى بـايىقى قەغەزنـى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرىۋېتىدۇ.

داھلېـرۇس ئىككـى دۆلەت ئوتتۇرىسـىدا ئەركىـن بېرىش-كېلىش قىلىـش تەسـتىقىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، 28-سىنتەبىر كۈنى لوندونغا قايتىدۇ. ئۇ، شۇ كـۈنى چۈشـتىن بـۇرۇن كادوگـان بىـلەن ئىككـى سـائەتتەك سۆزلىشـىدۇ. ئەممـا كادوگـان بۇنىڭغـا پەقەتـلا قىزىقمايدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش مۇمكىن. "ئۇ تۇتامىغا چىققىـدەك دەيـدىغانغا بىـرەر گېپـى يوق ئىدى. _ دەپ يازىدۇ كادوگـان كۈنـدىلىك خاتىرىسـىگە، _ ئـۇ ئەسلىدە تـاغ باغرىـدا ئولتۇرۇپ تاماق يېگەندە ھەر قانچە قوغلىساڭمۇ دەستىخانغا ئولىشىۋالىدىغان ھەرىلەردىن قىلچىمۇ پەرقى يوق ئىدى. ئۇ بېرلىنىدىن قولغا چىققۇدەك ھېچ نىمە ئېلىـپ كەلمەپتـۇ." داھلېرۇس، چېمبېرلىن ۋە خالىفاكسبىلەن كۆرۈشكىنىدىمۇ قىلچە نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. شـۇنىڭغا قارىماي ھىتلېـر قىلـچە يانمايـدۇ. ئـۇ، 6-ئـۆكتەبىردە خانتـاج تىياتىرخانىسـىدا

ئاشكارە تىنچلىق چاقىرىقى قىلىپ نۇتۇق سۆزلەيدۇ: "غەربلىكلەر نېمە ئۈچۈن بۇ ئۇرۇشنى باشلاتماقچى بولىۋاتىدۇ؟ پولشانى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپمۇ؟ ياق، ۋېرسايل شەرتنامىسىدا تىلغا ئېلىنغان پولشا مەڭگۈ ئەسلىگە كېلەلمەيدۇ." ئۇ نۇتقىدا يەنە پولشا دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىش مەسىلىسى غەربكە تايىنىدىغان بىر ئىش ئەمەس بەلكى رۇسىيە بىلەن گېرمانىيەگە باغلىق بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى؛ شۇنداق ئىكەن ئۇلار يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇرۇش قىلماقچى؟ شۇنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەككى، نۇرغۇنلىغان مۇھىم مەسىلىلەر مەيلى بالدۇر بولسۇن ياكى كېچىكىپ بولسۇن بەرىبىر ھەل بولىدىغان ئىشلار؛ مىليونلىغان ئىنسان قىرغىن قىلىنىشتىن ئاۋال، مىليارتلار بىلەن ھېسابلىنىدىغان مۈلۈكلەر ۋەيران قىلىنىشتىن ئاۋال، مەسىلىلەرنى ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ ھەل قىلسا تېخىمۇ ئاقىلانىلىق بولماسمىدى؟ دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىدۇ.

ئۇ چىرايلىق گەپلەرنى تۆكتۈپ بولۇپلا دەرھال قورقۇنۇشلۇق پەرەزلەرنى ئوتتۇرغا قويۇشقا كىرىشىدۇ. "تەغدىر كەلگۈسىدە كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى بەلگىلەيدۇ. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، دۇنيا تارىخىنىڭ ئېقىشى جەريانىدا ھېچ قاچان ئىككى غالىب بىرلا ۋاقىتتا ئوتتۇرغا چىقىپ باققان ئەمەس. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىرسى بوي سۇندۇرۇلغان بولىدۇ." ئۇ تەڭرىگە دۇئا قىلغان ھالدا، تەڭرىنىڭ ئۈچىنچى ئىمپېرىيە بىلەن باشقا ئەللەرگە توغرا يولنى كۆرسىتىشىنى تىلەيدۇ. "شۇنداقتىمۇ، ئەگەر چېرچىل ئەپەندى بىلەن قالغان ئەپەندىلەرنىڭ پىكرى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشەلىگىدەك بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ باياناتىم مېنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى بىر باياناتىم بولۇپ قالىدۇ. شۇندىن كېيىن، بىز ئۇرۇش ئىچىگە كىرىپ كېتىمىز ... شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىپ ئۆتىمەنكى، گېرمانىيە تارىخىدا ھەرگىز قايتا بىر 1918-يىلىنىڭ نويابىرى بولمەيدۇ!"

ھىتلېر ئىمپېرىيە بىخەتەرلىكىگە تەھدىت بولىدىغان ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ مەڭگۈلۈك تىنچ قېلىشىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ۋاقىتلىق تىنچلىق ئەنگلىيە-فرانسىيە ئىككى دۆلەت ئارىدا زىددىيەت پەيدا قىلىپ كېيىن ئۇلارنى بىر-بىرلەپ تارمار كەلتۈرۈش ئىمكانىنى بېرەلەيدىغانلىقنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ شۇنچە سەمىمىيلىك بىلەن بۇلارنى دېيىشىدىكى تولۇپكى سەۋەپ شۇ ئىدى. فۈھرېرنىڭ تىنچلىق چاقىرىقىدا بولغانلىقى سەۋەبلىك، گېرمانىيە تەۋەسىدە ئۈستىن ئېغىر بىر يۈك ئېلىپ تاشلانغاندەك يەڭگىللىك ھېس قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ. ھەتتا بۇ ئىشنى بالدۇرلا تەبرىكلىشىپ تەنتەنە قىلىدىغان پائالىيەتلەرمۇ ئوتتۇرغا چىقىدۇ. ئەتىسى، فرانسىيە باش مىنىستىرى دالادىېر بۇنىڭغا دەرھال جاۋاب بېرىپ، بۇ تۈردىكى بالدۇر تەنتەنە قىلىدىغان ھېسسىياتلارغا سوغۇق سۇ سېپىلىپ قىسمەنلىكتە بولسىمۇ بېسىققان

بولـدۇ. ئـۇ، فرانسـىيەنىڭ "ھەقىقـى تىنچلىقـى بىـلەن ئومـۇمىي يۈزلـۈك بىخەتەرلىكـى كاپالەتكە ئىگە قىلىنمايدىغانلا بولـدىكەن، فرانسـىيە ھەرگىزمـۇ قـۇرال تاشـلىمايدۇ" دەپ ئېلان قىلدى. كـۆنلەر بىـر-بىرىنـى قوغلىشـىپ ئـۆتمەكتە، لوندونـدىنمۇ بىـرەر خەۋەر يـوق، بىرلىنىنىڭ ئۈمىدۋارلىقى تېخىمۇ كۈچەيىپ بارماقتا ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، فـۈھرېر يەنىـلا ئەڭ يامان ئـاقىۋەت بـويىچە تەييـارلىق قىلـدۇ. ھىتلېر، 9-ئـۆكتەبىر كـۈنى "6-نومۇرلـۇق ئـۇرۇش بـۇيرۇقى" نـى چۈشـۈردى. بـۇ بۇيرۇقتـا بىـسـىپ كـىرىش ئىشـىنىڭ ليۇكسـېمبۇرگ، بېلگىيە ۋە گوللاندىيەلەردىن قانداق ئۆتۈش كېرەكلىكى قىسقىچە بايان قىلىنغان ئىدى.

ئەتىسـى چۈشـتىن بـۇرۇن سـائەت 11 دا، 7 نەپەر ھەربـى ئىشـلار قۇمانـدانى بـاش مىنىستىرلىققا كېلىپ تەييار بولدى. ھىتلېر، يېڭى يوليورۇق تارقىتىشتىن ئاۋال بىر دوكلات ئەسلەتمىسىنى، يەنى مېمۇراندۇمنى ئوقۇپ ئۆتتـدى. بـۇ ئەسـلەتمە دوكلاتىنـى ئۇنىـڭ ئـۆزى يېزىپ تەييارلىغـان بولـۇپ، بـۇ دوكـلات ھىتلېرنـىڭ ھەقىقەتەنمۇ ھەربـى، سىياسـى تـارىخ ئۇستىدە راسـتىنلا خېلىلا تەتقىـق قىلغـانلىقىنى كۆرسـىتەتتى. ئـۇ دوكلاتـىدا، 1648-يىلـى بىرىنچى ئىمپېرىيە پارچىلىنىپ كەتكىنىدىن بۇيـان، گېرمـانىيە بىـلەن غەرب بىـر-بىرسـىگە دۈشمەن بولۇپ قالغان بولـۇپ، بـۇ كـۈرەش "قانـداقلا بولمىسـۇن بىـر تـۈردە داۋام قىلىشـى شەرت بولۇپ، چوقۇم بىر نەتىجىسى كۆرۈنگىچە ئۇرۇش داۋام قىلىشى كېرەك ئىدى." ئەمما "ئۇرۇشـنى دەرھـال يىغىشـتۇرۇش" قىمـۇ قارشـى ئەمەس ئىـدى. پەقەت پولشـادا قولغـا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرىنى قوبـۇل قىلغـان بولىشـى شـەرت ئىـدى. ھىتلېـر بـۇ قۇمانـدانلارنىڭ پىكىرىنى ئالمايدۇ، ئۇلارمۇ بىر نېمە دېيىشمەيدۇ. ئۇلار بۇ يەرگە چاقىرتىلىپ گېرمانىيەنىـڭ ئۇرۇش قىلىش نىشانىسى ئۇچۇن ئىمزا قويۇش بىلەنـلا ئىشـى تامـام بولغـان ئىـدى: "غەرپ ئەللىرىنىڭ كۈچىنى ۋە ئىقتىـدارىنى تارمـار كەلتـۈرۈپ، ئـۇلارنى ياۋروپـا نـېمىس خەلقىنـىڭ دۆلىتىنـى مۇسـتەھكەملەش ۋە تېخىمـۇ ئىلگىرلىتىشـكە قايتـا قارشـى تۇرالمـاس ھالغـا كەلتۈرۈۋېتىش نىشان قىلىنغان" ئىدى.

بەزىـلەر بۇنـداق ئالـدىراپ ھۇجۇمغـا ئۆتـۈش مۇۋاپىـق ئەمەس دەپ نـارازىلىقىنى بىلدۈرگىنىـدە، ھىتلېرمـۇ بـۇنى ئېتـراپ قىلـدۇ. ئەممـا ۋاقىـت دۈشـمەنلەرنىڭ قولـدا ئىكەنلىكىنىمـۇ ئەسـكەرتىپ ئۆتتـدۇ. رۇسـىيە بىـلەن شـەرتنامە ئىمزالاشـقان، پولشـادا زور غالىبىيەت قازانغان بولغاچقا، گېرمانىيە شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن تۇنجى قېتىم بىـرلا ئـۇرۇش سـېپىدە ئـۇرۇش قوزغـاش ئىمكانىغـا ئېرىشـمەكتە ئىـدى. شـەرقنى قولغـا كەلتۈرىۋالغانـدىن كېيىن، قۇرۇغلـۇق ئـارمىيە پۈتـۈن كـۈچى بىـلەن ئەنگلىـيە بىـلەن فرانسىيەگە تاقابىل تۇرالايشى مۇمكىن ئىدى. بەلكىم بۇ بىـر تۇيۇقسىزلا غايىپ بولـدىغان بىر ۋەزىيەت بولۇپ قېلىشىمۇ مـۇمكىن ئىـدى. "ھەر قانـداق بىـر شـەرتنامە يـاكى كېلىشىم

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت بىتەرەپلىكىنى ساقلىشىغا كاپالەتلىكى قىلالمايدۇ.“ سوۋېتلەرنىڭ ھۇجۇم قىلماسلىقىدىكى ئەڭ چوڭ كاپالەت ”گېرمانىيەنىڭ كۈچىنى دەرھال ئوتتۇرغا قويالىشى“ ئىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن ئىتالىيىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولۇش-بولماسلىق مەسىلىسى، ئاساسەن ئالغاندا مۇسسولىنىنىڭ قانچىلىك ئۆمۈرى قالغانلىقىغا باغلىق بىر ئىش ئىدى. رىم ۋەزىيىتى ئۇشتۇمتۇتلا ئۆزگىرەپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. بىلگىيە، گوللاندىيە ۋە ئا ق ش نىڭ بىتەرەپلىكىمۇ ئەنە شۇنداق بىر ئىش. نۇرغۇن جەھەتلەردە ۋاقىت مەسىلىسى گېرمانىيە ئۈچۈن بەكلا پايدىسىز ئىدى. نۆۋەتتە، گېرمانىيە گەرچە ھەربى ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغاندەك قىلسىمۇ، ئەنگلىيە-فرانسىيە ئىككىسى ئارىدىكى پەرقنى تېزلىكتە ئازايتىشقا كىرىشمەكتە، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش سانائىتى دۇنيادىكى كۆپ قىسىم ئەللەرنىڭ خام ئەشياسىدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىنى بەرمەكتە ئىدى. ئەگەر ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش بولۇپ قالغىدەك بولسا بۇنىڭ خەۋپى تېخىمۇ كۈچلۈك ئوتتۇرغا چىقىشى مۇمكىن ئىدى. ئىمپېرىيىنىڭ ئاشلىق ۋە خام ئەشيا تەمىناتى بەكلا چەكلىك، شۇنىڭدەك گېرمانىيە ئۇرۇشى ئىشلەپچىقىرىش ئاساسى بولغان لۇر يەنە كېلىپ بەكلا ئاسان ھاۋا ھۇجۇمىغا ئۇچرايدىغان، ئۇزۇن مۇساپىلىق توپ-زەمبىرەك ھۇجۇمىغىمۇ ئاسان ئۇچرايدىغان بىر يەر ئىدى.

ھىتلېر بۇ مەسىلىلەرنى ئوتتۇرغا قويغاندىن كېيىن، ساپ ھەربى ئىشلارغا ئائىت مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىدۇ. 1914~1918-يىللاردىكىدەك ئۇنداق ئاكوپ ئۇرۇشىدىن چوقۇم ساقلىنىش كېرەكلىكى ئۈستىدى توختىلىدۇ. بۇ ھەقتە سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئاتاكىغا ئۆتۈش چوقۇم تانكا ۋە پولشادا يېتىلدۈرۈلگەن ھاۋا تاكتىكىسىدىن پايدىلىنىشقا تايانغان بولىشى، برووئنىك قىسىملار ئاۋانگارت بولۇپ بۆسۈپ مېڭىشى كېرەك. كېرەكلىكىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. ئۇ قۇماندانلىرىغا چوقۇم ھەر دائىم تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش ياسىيالايدىغان بولۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ؛ شۇنىڭدەك يەنە ئىنتايىن جانلىق تەسۋىرلىگەن ئاساستا ”مۇداپىيىلىنىشى ئاجىز بولغان نوقتىلارغا توپكورپۇسلار ھالىدە ھۇجۇم قىلغاندىلا قارشى تەرەپنىڭ سېپىنى تەۋرىتىۋەتكىلى بولىدۇ“ دەپ كۆرسەتتى.

بۇ ھەقىقەتەنمۇ ماختاشقا لايىق بىر نۇتۇق بولغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ بارلىق قۇماندانلار دېگەندەك قورۇغلۇق ئارمىيە غەرپكە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا تېخى ئىدىيىۋى تەييارلىقتا ۋە ماددى تەييارلىقتا ئەمەس دەپ قاراشسىمۇ، بىرمۇ ئادەم چىقىپ قارشى پىكىردە بولمايدۇ. گەرچە ھىتلېر ھۇجۇمنى ”بەك بالدۇر باشلىۋېتىشكە بولمايدۇ، بەلكىم

ئەك مۇۋاپىق ۋاقىت بۇ يىل كۈز پەسىللىرىگە توغرىلاپ ھۇجۇم قىلىشىمىز مۇمكىن،" دەپ ئېلان قىلغىنىدىمۇ، بىرەرسىدىن نارازىلىق چىقمايدۇ (تەخمىنەن شۇ پەيتلەردە ئۇ يەنە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، "ساقايماس" كېسەللەرنىڭ "ئازاپلانماي ئۆلۈشى" نى قانۇنلۇق قىلىشنىمۇ ئېلان قىلىدۇ. بەلكىم، ئۇ ئاپىسىنىڭ راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ۋاقتىدىكى ئازاپلىنىشىنى ئېسىگە كەلتۈرگەن بولسا كېرەك، شۇنداقتىمۇ ئۇ بەلكىم روھى جەھەتتە مېيىپ، قېرىپ ھالىدىن كەتكەن كىشىلەرنى مىللەتكە زىيان كەلتۈرمەكتە دەپ قاراپ تازىلىنىشىنى كۆزدە تۇتقانلىقى ئېهتىمالغا بەكرەك يېقىن كۆرۈنمەكتە.)

لوندوندا بولسا، چېمبېرلىن يەنىلا شۇ ھىتلېرنىڭ يېقىندا ئوتتۇرغا قويغان تىنچلىق تەكلىۋىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ يۈرمەكتە ئىدى. فۈھرېر ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلغان كۈنى، چېمبېرلىن ئىچكى كابىنېت يىغىنى ئاچىدۇ. ئۇ، ئامېرىكالىقلارنىڭ "بىر قاتار پەۋقۇلئاددە جەلىپ قىلارلىق تەكلىپلەر" گە قارىتا تۈنجى قېتىم كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇشىدىن بەكلا خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلماقتا ئىدى. چېمبېرلىن، ھىتلېر نۇتقىدا ئەمەلىلەشتۈرۈشكە بولىدىغان مۇۋاپىق بىرەر تىنچلىق تەكلىۋىنى ئوتتۇرغا قويمىغانلىقىنىمۇ ئېنىق بىلىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ، ئىچكى كابىنېت ئەزالىرىغا "بىزنىڭ جاۋابىمىز چوقۇم قاتتىق بولۇشى كېرەك" دەپ ئېيتىدۇ. ۋەزىرلەر بۇ تەكلىپكە بىردەك ماقۇل بولسىمۇ، كۆپ سانلىق كىشىلەر يەنىلا ئىككى كۈن كېچىكتۈرۈپ جاۋاب بېرىش قارارىغا كېلىدۇ.

11-ئۆكتەبىر چۈشتىن بۇرۇن، بېرلىندىن چېمبېرلىن ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلۇپتۇ، ئۇرۇش توختىتىش شەرتنامىسى پات يېقىندا ئىمزالانغىدەك، دەيدىغان گەپلەر تارقىلىشقا باشلايدۇ. «نيۇيورك پېشۋالار مۇنبىرى» گېزىتىنىڭ كاندىدات مۇخبىرى، پايتەخت بېرلىن كوچىلىرىدا، كۆكتات ساتىدىغان موماي‌لارمۇ خوشاللىقىدىن كۆكتاتلىرىنى ئاسمانغا ئېتىپ دۈكان سۇپىلىرىنىمۇ ئۆرۈپ تاشلاشقانلىقىنى، پۈتكۈل شەھەردە بايرام مەنزىرىسى ياراتقانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. بۇ خەۋەرنى بېرلىن رادىئو ئىستانسىسى ئىنكار قىلغان ۋاقىتقىچە بۇنداق خوشاللىق مەنزىرىسى بېسىلمىغان.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، چېمبېرلىن بىر ھەيتىگىچە كەينىگە سوزۇپ ئاخىرى ھىتلېرغا جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ ئاۋام پالاتاسىدا، گېرمانىيەنىڭ تەكلىۋى "بەكلا مۈجمەل، گەپلىرىمۇ تۇترۇقسىز"، ئەنگلىيە بۇنداق بىر تەكلىپنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىدۇ؛ ئەگەر ھىتلېر تىنچلىقنى تەلەپ قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇ ھالدا "قۇرۇق گەپ ساتماي ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشى كېرەك؛" ئۇ چوقۇم "قايىل قىلارلىق پاكىتلارنى ئوتتۇرغا قويۇشى"، شۇ ئارقىلىق تىنچلىق چاقىرىقىدا بولغانلىقىنىڭ سەمىمىيىتىنى كۆرسىتىشى كېرەك، دەپ ئېلان

قىلىدۇ. ئەمما زالدىن ئۇنچە بەك كۈچلۈك ئالقىش كۆتۈرۈلمەيدۇ.

بېرلىنىدا، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئاخبارات باشقارمىسى دەرھال بېرلىنىدا تۇرۇشلۇق ھەر قايسى ئەللەر دىپلوماتىك ئۆمەكلىرىگە شىفىرلىق ئۇقتۇرۇش تېلېگراممىسى يوللايدۇ. تېلېگراممىدا ئەنگلىيە باش ۋەزىرىنىڭ بەرگەن جاۋابىنى ئەيىپلەپ، ئۇنى ئەدەپسىزلەرچە غۇرۇرىغا تېگىش دېيىلگەن ئىدى. ھىتلېر ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئەنگلىيەنىڭ بۇ تۈر رەت جاۋاب بېرىشى ھەقىقەتەنمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرەرلىك بىر ئەھۋال ئىدى. ئەمما بۇنداق بىر جاۋاب بېرىدىغانلىقىنىمۇ ئېنىق بىلەتتى. ئۇ، گيۆرىڭ بىلەن بىرگە ھاۋا ئارمىيە ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىككى نەپەر ئەمەلدارنى، يەنى فېلىد مارشال ئېرخارد ملچ بىلەن گېنېرال پولكوۋنىك ئېرنىست يۇدېتنى چاقىرتىپ كېلىدۇ. "مېنىڭ غەرپ بىلەن تىنچلىق ئورنىتىش ئۇستىدىكى بارلىق تىرىشچانلىقلىرىم مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك بىلەن ئاخىرلاشتى. _ دەيدۇ ھىتلېر گېپىنى داۋام قىلىپ، _ ئۇرۇش داۋام قىلىدۇ. شۇڭا ھازىر بىز سىنارىيەت ياسىيالىشىمىز، قەتئىي ياسىشىمىز شەرت"

3

ھىتلېرنىڭ غەربكە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنىڭ تارقىلىپ كېتىشىدىن كېيىن، گېرمانىيە ئىچىدىكى ھەر قايسى توسقۇنلۇق قىلىش تەرەپتارلىرى سىياسى ئۆزگىرىش قىلىش ۋە سۇيىقەست قىلىشنى پىلانلاشقا كىرىشىدۇ. بەزىلەر فۇھرېرنى ئۆلتۈرۈۋېتىش تەشەببۇسىدا بولسا، يەنە بەزىلەر ئۇنى قاچۇرۇپ كېتىپ ھەربى ئىجرائىيەت گۇرۇپپىسى ياكى دېموكراتىك ھۆكۈمەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىشىدۇ. ئۇلار ھەر قايسى مىنىستىرلارنىڭ تىزىملىكىنى تۈرغۇزۇش بىلەن بىرگە، يەنە ئا ق ش ۋە باشقا بىتەرەپ دۆلەتلەرگە بۇ جەھەتتە شەپە بىلدۈرىدۇ. سۇيىقەستچىلەر ئارىسىدا ئەڭ ئەستايىدىل بولغان كىشى دەل ئالىي قۇماندانلىقتىن بىرى بولۇپ، بۇ ئىشقا يېتەكچىلىك قىلغۇچى بولسا شاللاق مىجەزلىك ئاتلىق ئەسكەر ئوفىتسېرى پولكوۋنىك خانس ئوستېر دېگەن بىرى ئىدى. بۇ ئادەم ئادمىرال پولكوۋنىك كانارىسنىڭ جاسۇسلۇق ئىدارىسىنىڭ مۇھىم ئاخبارات ياردەمچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئالدىراڭغۇ مىجەزلىك، ئەستايىدىل بولمىغان بىرى ئىدى. ئۇنىڭ تۈرىۋاتقان ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ھەقىقەتەنمۇ بۇ ئىشقا ئەڭ مۇۋاپىق ھېسابلىناتتى. شۇنىڭدەك، بۇ ئادەم يەنە قۇرۇغلۇق ئارمىيە ئىچىدىكى شاختىقا ئوخشاش ھەر قايسى گۇروھتىكىلەر بىلەن، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىكىلەر بىلەن، ھەتتا ئېس-ئېستىكىلەر بىلەنمۇ مۇناسىۋىتى بار ئىدى.

ئوستېر، بۇ جەھەتتىكى ئىشلارغا يارايدىغان مىيۇنخېندىن ئىنتايىن قىممەتلىك بىر نامزات تاپىدۇ. بۇ كىشى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ھىتلېرغا ئۆچمەنلىك ساقلاپ يۈرگەن جوزېف مۈللېر دېگەن ئادۋوكات بىرى ئىدى. ئوستېرنىڭ كۈشكۈرتىشى نەتىجىسىدە، مۈللېر (ئۇ سادىق كاتولىك بىرى ئىدى) ئۆكتەبېرنىڭ باشلىرىدا ئېنگلىزلار ناتسىست ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈچلەر بىلەن مۇرەسسە قىلىشنى خالاپ-خالىمايدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ مەخپى تۈردە رىم زىيارىتىگە چىقىدۇ. ئۇ رىمدا پاپا 12-پىئۇس بىلەن كۆرۈشكىنىدە، ئۇنىڭ ئۇز ئىختىيارى بىلەن ئارىچىلىق قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى سېزىدۇ. پاپانىڭ كاتىبى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىدىن برىتانىيە ھۆكۈمىتى ھىتلېرغا قارشى گېرمانىيە بىلەن "سىلىق تىنچلىق" ئورنىتىشقا قارشى ئەمەسلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ.

ئەسلىدە مۈللېر بۇ ئاخباراتنى گېرمانىيىدىكىلەرگە ئېغىزچە يەتكۈزۈشكىلا ھوقۇقلۇق قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇ جاسۇسلۇق ئىدارىسى بىلەن ھەربىي دائىرىلەرگە ئىسپات قىلىپ كۆرسىتىش مەقسىتىدە بىر قىسىم يازما ھۆججەتكە ئېرىشىشنى ئۇنتۇپ يۈرۈپ، بۇنداق بىر تىنچلىق تەكلىۋىگە پاپادىن بىۋاسىتە تەستىق ئېلىۋالىدىغان بولىدۇ. ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغىنى، ۋاتىكان پاپاسىنىڭ بۇنداق بىر تەلەپكە رازى بولۇشى، ھەمدە شەخسى كاتىبى ئارقىلىق بىر پارچە خەتمۇ يېزىپ بېرىشى ئىدى. بۇ خەتتە تەخمىنەن ئالغاندا ئەنگلىيە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنىڭ مۇھىم ئاساسلىرى كەڭ دائىرىدە بايان قىلىنغان ئىدى.

بۇنىڭدىن ئوستېر گۇرۇھىدىكىلەر بەكلا روھلىنىپ كېتىدۇ. غەربلىكلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش جەھەتتىكى ھەر تۈرلۈك ئۇرۇنۇشلار ئىچىدە بۇ قېتىمقىسى ئەڭ ئىستىقباللىق بىرى بولغان ئىدى. پاپانىڭ بۇ ئىشقا ئارىلاشقانلىقى، بەلكىم براۋچىتشنى بۇ سۈيىقەست ئىشىغا ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىپ كېتىشكە تۈرتكە بولۇپ بېرىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئەمما بۇ قۇرۇغلۇق ئارمىيە قۇماندانى بۇ ئىشلارغا قىلچە ھەۋەس قىلمايدۇ. بۇ گېنېرال، گېرمانىيە خەلقى "پۈتۈن قەلبى بىلەن ھىتلېرنى ھىمايە قىلىدۇ" دەپ قەتئى ئىشىنەتتى. گېنېرال ھالدېرمۇ شۇنداق دەپ قورقاتتى. شۇنىڭغا قارىماي، ئوستېر ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ بېسىمىغا چىدىماي ئۇلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ. دەل شۇ پەيتتە، خۇددى بارلىق يوقۇرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلار ھەرىكەتكە ئۆتۈشنى خالايدىغاندەك بىر قىياپەت شەكىللەنگەن ئىدى. ھەتتا بۇ سۈيىقەستچىلەر، بۇ ئىشقا براۋچىتشنىڭ ئۆزىمۇ بىۋاسىتە قاتنىشىدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىدەك ئىشەنچكە تولغان ئىدى. تەبىكى، بۇ ئىشلار ھىتلېر غەرپكە ھۇجۇم قىلىپ كىرىش بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرغىنىدىلا مۇمكىن بولاتتى.

قۇرۇغلۇق ئارمىيە كاتىبىشى بىلەن فۇھرېر ئوتتۇرىسىدا ئۆيىنىلىدىغان ئۆيۈن 5-

نويابىر يەكشەنبە كۈنىگە، يەنى قۇرۇغلۇق ئارمىيە غەربىي فرونت تەرەپكە قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتۈش بەلگىلەنگەن كۈنىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدۇ. براۋچىتش باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسىگە دەل ۋاقتىدا كېلىپ تەييار بولدۇ. ئۇ بىر مېمىرانىدۇم سۇنغاندىن كېيىن، بېسىپ كىرىشكە قارشى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى مۇھىم قاراشلىرىنى بىر قۇر بايان قىلىپ ئۆتىدۇ. گېنېرال، كۈز يامغۇر پەسىلىدە ياكى باھار يامغۇر پەسىلىدە بۇنچە چوڭ بىر ھۇجۇم قوزغاش ھەرگىز بولىدىغان ئىش ئەمەس دەپ سەۋەب كۆرسىتىدۇ. "بىزنىڭ بېشىمىزغا ياغىدىغان يامغۇر دۈشمەننىڭ بېشىغىمۇ ياغىدۇ"، دەيدۇ ھىتلېر قىسقىلا قىلىپ. براۋچىتش ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە دېگىنىنىڭ توغرىلىقىدا چىڭ تۇرۇپ پولشا ئوپېراتسىيىسى شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، گېرمانىيە پىيادىلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىق روھى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا بەكلا تۆۋەنلەپ كەتكەن، ھەتتا خۇددى 1918-يىلىدىكىگە ئوخشايدىغان بۇيرۇققا ئىتائەت قىلماسلىق ھادىسىلىرىمۇ كۆرۈلدى، دەيدۇ.

ھىتلېر ئەدەپ بىلەن، سوغۇققانلىق بىلەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلايدۇ. بۇنداق گەپلەر ئۇنى بەكلا غەزەپلەندۈرىۋېتىدۇ. "قايسى قىسىمدا بۇنداق ئىنتىزامسىزلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى؟ _ دەپ سورايدۇ. ئۇ يەردە نېمە ئىشلار يۈز بەرگەن ئىدى؟ قەيەردە شۇنداق ئىش بولدى؟" براۋچىتش ئەسلىدە "ھىتلېرنى توسۇپ قېلىش" نى مەقسەت قىلىپ ئىشلارنى مەخسۇس بەكلا كۆپتۈرىۋەتكەن ئىدى. فۇھرېرنىڭ بۇنچە ئاچچىغلىنىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئامالسىز جىمىپ قالىدۇ. "قۇرۇغلۇق ئارمىيە كوماندىرلىرى بۇنىڭ ئۈچۈن قايسى تەدبىرلەرنى ئىشقا سالدى؟ _ سورايدۇ ھىتلېر، _ بۇنىڭ ئۈچۈن قانچە كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بەردى؟"

ئۇ قاتتىق سۆزلەر بىلەن قۇرۇغلۇق ئارمىيىسىنى ئەيىپلەشكە باشلايدۇ. قۇرۇغلۇق ئارمىيىسى ھېچ قاچان ئۆزىگە ساداقەت كۆرسىتىپ باقمىغانلىقىنى، تالانتىغىمۇ ھېچ قاچان ئىشىنىپ باقمىغانلىقىنى، ئەكسىنچە دۈشمەنلىك قارىشى بىلەن قۇراللىق پىلانلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش بىلەنلا شۇغۇللىنىپ كەلگەنلىكىنى دەپ كېلىپ، ئەسلىدە قۇرۇغلۇق ئارمىيە ئۇرۇشتىن قورقىدۇ! ھىتلېر شۇ گەپنى قىلغىنىدىن كېيىن ئىتتىك بۇرۇلغىنىچە چوڭ قەدەملەر بىلەن ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدۇ. براۋچىتش 18 مىل يىراقلىقتىكى زوسېندا بولغان قوماندانلىق شتابىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا جىددىيلىشىش پەسەيمىگەن بولۇپ، بايا بولغان ئىشلارنى دۇدۇقلىغىنىچە بىر قۇر سۆزلەپ ئۆتىدۇ. دەل شۇ پەيتتە باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسىدىن تېلېفون كېلىپ، 12-نويابىر كۈنى بېسىپ كىرىش كۈنى قىلىپ بېكىتىلگەنلىكى قايتا ئەسكەرتىلىدۇ. ھۇجۇمنىڭ ئېنىق ۋاقتىمۇ بېكىتىلگەن بولۇپ، شۇ كۈنى سەھەر سائەت 7 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە ھۇجۇم باشلىناتتى. گېنېرال ھالدېر

بۇنىڭ ئۈچۈن يازما يولىيورۇق بولىشىنى تەلەپ قىلغىنىدا، ئالاقىچىدىن دەرھال يازما يولىيورۇق ئىۋەرتىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، بىر پارچە يازما بۇيرۇق بولغىنىدىلا ھىتلېرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا يېتەتتى، پەقەت شۇلا كام دەيدىغان غەممۇ تۈگەپ، قۇرۇغلۇق ئارمىيىسىدىكى يوشۇرۇن سۇيىقەستچىلەر ئۈچۈن ھەممە نەرسە تەل بولىدۇ. ئەمما يۇقۇرىدىن ئۇلارغا نە بىر قوزغىلاڭ چاقىرىقى كېلىدۇ، نە بىر سۇيىقەست قىلىش بۇيرۇقى. ئەكسىنچە، ئۇلار يۇشۇرۇنۇقچە جىنايى ئىسپات بولالايدىغان ھۆججەتنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. ئوتتۇرلۇقتا قىلچە ھودۇقۇپ كەتمىگىنى يالغۇز پولكوۋنىك ئوستېرلا ئىدى. پولكوۋنىك ئوستېر دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى بولغان دادىسى كونت ئالبرېچت ۋون بېرنستورف ۋاستىسى ئارقىلىق بىلگىيە بىلەن گوللاندىيە مەھەلىسىدىكىلەرنى 12-نويابىر سەھەردە ھۇجۇم قىلىنىدۇ دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ئەمما يەكشەنبە كۈنى باش مىنىستىرلىكتە كۆتۈرۈلگەن شاۋقۇن كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان بىر ئىشنى پەيدا قىلىدۇ. ھاۋا ئارمىيىسى ئۇدا 5 كۈن داۋاملىشىدىغان ئوچۇق ھاۋا بولماي تۇرۇپ فرانسىيە ھاۋا ئارمىيىسىنى يوقۇتۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما 7-نويابىر سەيشەنبە كۈنىدىكى ھاۋارايى ئالدىن مەلۇماتلىرى بەكلا ناچار ئىدى. ئامالسىز قالغان ھىتلېر ھۇجۇم كۈننى كېچىكتۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

گەرچە ھەربىلەر ئارىسىدىكى سۇيىقەست پىلانىدىن ھىتلېر قىلچە خەۋەرسىز بولسىمۇ، گيۆرىڭ، براۋچىتش بىلەن ھالدېر ئىككىسىگە دىققەت قىلىش كېرەكلىكى توغرىلىق ھىتلېرنى ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. "فۈھرېرىم، بۇ جەدەلخورلارنى يوقاتقىنا!" شېۋىتسارىيىلىك يۇلتۇز پالچىسى _ ئاسترولوگىيەچى _ كارل ئېرنىست كرافتنىڭ سەممىي نەسىھەتى تېخمۇ ئوچۇق ئىدى (كرافت يەنە كېلىپ ھىملېر ئىشپىيونلۇق ئورگىنى ياللىۋالغان يۇلتۇز پالچى مەسلىھەتچىلەردىن بىرى ئىدى). ئۇ تېخى يېقىندىلا ھىتلېر 7-نويابىر بىلەن 10-نويابىر ئارىسىدا مەخپى ئۆلتۈرۈلۈش خەۋپى بارلىقى ھەققىدە بىر پارچە دوكلات سۇنغانتى. ئەمما فۈھرېر ئۈستىدە بۇنداق پال سېلىش مەنئىي قىلىنغان بولغاچقا، بۇ ماتېرىيال دەرھال ئارخىپخانىغا سولىۋېتىلگەن ئىدى.

8-نويابىر چۈشتىن بۇرۇن، ھىتلېر مىيۇنخېندا "پىشقەدەم سەپداشلار" ئىتتىپاقىنىڭ يىللىق يىغىنىغا قاتناشقان ۋاقتىدا، بىناكارلىق ئىنجېنېرى تروست خانىممۇ بىر ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ. بۇ خانىم ھىتلېردىن سىز نېمە ئۈچۈن بىخەتەرلىك تەدبىر ئېلىشقا بۇنچىۋالا سەل قارايسىز، مېنىڭ رەسىم گالەرىيىمنى زىيارەت قىلغىنىڭىزدىمۇ يېنىڭىزغا

ئارانلا ئىككى نەپەر مۇھاپىزەتچى ئىپلىپ كىردىكىز، دەپ سورايدۇ. ھىتلىر ئۇنىڭغا، ئادەم بالىسى تەڭرىگە چوقۇم ئىشەنچ قىلىشى كېرەك. بۇ گەپنى دەپ بولۇپ دەرھال يانچۇقىغا ئۇرۇپ قويىدۇ. "مانا قارا، مەن تاپانچامنى ھەر دائىم يېنىمدا ئېلىپ يۈرىمەن. شۇنداقتىمۇ بۇ نەرسە مېنىڭ ئۈچۈن بىر ئارتۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ئەگەر مېنىڭ ئەجەل كۈنۈم كېلىپ قالغان بولسا پەقەت بۇ يەرلا مېنى قۇتۇلدۇرالىشى مۇمكىن. ـ دېگىنىچە قولىنى كۆكرىكىگە قويىدۇ، ـ ئادەم قەلبىنىڭ ساداسىنى ھېس قىلىشى كېرەك، ئۆز تەغدىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا ئىشىنىشى كېرەك. مەن، تەغدىرىم مېنى نېمىس مىللىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىم ئۈچۈن تالللىۋالغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن. خەلقىم ماڭا ئېھتىياجلىقلا بولىدىكەن، مەنمۇ ئىمپېرىيىمىزنىڭ مەۋجۇدىيىتىگە مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئالىدىغانلا بولىدىكەنمەن، چوقۇم ئۆلمەيمەن." ئۇ ئۆزىنى گويا ئىككىنچى ئەيسا دەپ تونىغان ئىدى. "خەلقىم ماڭا ئېھتىياجى قالمىغان كۈنى، مەنمۇ ۋەزىپەمنى تۈگەتكەن بولىمەن. ئۇ چاغدا مەنمۇ بۇ دۇنيادىن ۋىدالىشىمەن."

تىروست خانىم، گەپ بىناكارلىق ئۇستىگە بۇرالغان بولسىمۇ ھىتلىرنىڭ يەنىلا خاتىرجەم بولالماي تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇ تۇيۇقسىزلا "مەن چوقۇم بۇگۈنكى پروگراممامنى ئۆزگەرتىشىم كېرەك" دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئۆز-ئۆزىگە، شاۋۇبقا سائەتنى توغرىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، باشقا ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ پائالىيەت كۈن تەرتىپىنى ئۆزگەرتىش جەھەتتە ھېچ قانداق بىر ئىش قىلالماي قالىدۇ. ئۇ يۈنتى مىتفوردنى كۆرگىلى بارىدۇ. بۇ قىز تاپانچا بىلەن چېكىسىگە ئېتىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئىدى. ئەسلىدە ئۇ مىيۇنخېندا بىر ساناتورىيىدە داۋالىنىۋاتقان ئىدى (يۈنتى مىتفوت بايرېئۇت مۇزىكا فېستىۋال كۈنى "ئەگەر ئۇرۇش پارتلاپ قالغىدەك بولىدىكەن چوقۇم ئۆزەمنى ئېتىۋالىمەن" دېگەن ئىدى سىڭلىسى دىياناغا. ئەگەر شۇنچە ياخشى كۆرىدىغان بۇ ئىككى دۆلەت بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۆزئارا قىرغىن قىلىشقا كىرىشكىدەكلا بولىدىكەن، ھاياتىنىڭ قىلچە قىممىتى قالمايدىغانلىقىنى دېگەن ئىدى. رادىئو ستانسىسىنىڭ كانىيىدىن ئەنگلىيەنىڭ ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىشى بىلەن، ئۇ ئېنگلىز باغچىسىغا بېرىپ كىچىك بىر تاپانچا بىلەن ئۆزىنى ئېتىۋالغان ئىدى. ئۇنى نۇسباۋمستراس كوچىسىدىكى بىر دوختۇرخانىغا ياتقۇزۇشقان ئىدى. ھىتلىرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بۇ خانىم داڭلىق تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى پروفېسسور ماگنۇس مەسئۇللىقىدا داۋالىنىدۇ. دوختۇر ماگنۇس، چېكىسىدىن ئوقنى چىقىرىش بەكلا خەتەرلىك بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ قىزنىڭ ئۆزىنى ئېتىۋالغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر قەتئىي قامال قىلىنغان بولغاچقا، بۇ خەۋەر گېرمانىيەنىڭ بىرىندا

تۇرۇشلۇق كونسۇلى بۇ خەۋەرنى ئېھتىيات بىلەن يۇنىتىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا يەتكۈزۈلىدۇ _ ھاشىيە ئىزاھاتى). بۇ ۋاقىتتا، قىزنىڭ سىزىمى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغاچقا، ئۆيىگە قايتۇرۇلۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھىتلېر ماقۇل بولۇپ، سەپەر قىلىشقا بەرداشلىق بېرەلىگىدەك ھالغا كېلىشى ھامان مەخسۇ ماشىنا بىلەن شۋىتسارىيىگە ئاپىرىپ قويىدىغانلىقىغا ماقۇللۇق بىلدۈرىدۇ.

ھىتلېر، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن تۇيۇقسىزلا ئاخشىمى بۈرگېربراۋكېللېر پىۋىخانا زالىدا نۇتۇق سۆزلەشكە قارارى قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ۋاقىتنىڭ كۆپ قىسمىنى بۇ ئىشنىڭ تەييارلىقىغا ئايرىيدۇ. بۇ نۇتۇقنى ئاساسلىقى گېرمانىيە خەلقىگە قاراتقان بولغاچقا، نۇتۇقتا ئەڭگىلىيەگە يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىپ سۆزلىمەكچى بولىدۇ. بۈرگېربراۋكېللېر پىۋىخانىسىنىڭ چوڭ زالىدا كىشىلەر رەڭلىك بايراقلارنى ئېسىشىپتۇ؛ گۈگۈم چۈشۈشتىن بۇرۇن مىكرافونلارمۇ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ تەڭشىگىمۇ جايىغا كەلتۈرۈلىدۇ. گۈگۈم ۋاقتىدا، پاكار بويلۇق، تاتىراڭغۇ چىراي، ئىگىز دوقلىق، كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان بىر ئەر كىشى مۆرىسىگە ئەسۋاب ساندۇقتىن بىرنى ئاسقىنىچە زالغا كىرىپ كېلىدۇ. بۇ ئادەم ئىنتايىن ماھىر بىر ھۈنەرۋەن بولغان گېئورگ ئېلسېر ئىسىملىك بىرى ئىدى. بۇ ئادەم بۇرۇن كومپارتىيە ھېسسىداشچىسى دېيىلىپ داچاۋ دېگەن يىغىۋېلىش لاگېرىغا قامالغان ئىدى. بۇ كۈنلەردە ئۇ تېخى يېڭىلا لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەن بولۇپ، تىنچلىق ئورنىتىش ئۈچۈن ھىتلېر قەتئىي ئۆلتۈرۈلۈشى كېرەك دەپ بۇ يەرگە كەلگەن ئىدى. كۆتەرگەن ساندۇقىدا ۋاقىت تىزگىنلەش قۇرۇلمىسى پارتلاتقۇچ دورىغا چېتىغلىق ئىدى. خىزمەتچى خادىملار بىلەن پارتىيە كادىرلىرى بۇ قېتىملىق نۇتۇق يىغىنى ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن پاي-پىتەك بولۇپ يۈرگەن پەيتىدە، ئېلسېر كىشىلەرنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ بالىخانىغا چىقىپ تۈۋرۈكنىڭ كەينىگە كىرىپ مۆكۈنىدۇ. بۇ تۈۋرۈك گۈل-چېچەكلەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، ئۈستى تەرىپى بالىخانىغا چىقاتتى. ئۇ بىر قانچە كۈن ئاۋال، ئالاھىدە ياسالغان بىر ھەرە بىلەن بۇ تۈۋرۈكنىڭ تاختاي قېپىنى كېسىپ ئېچىپ، بىر قانچە پارچە ئېچىلىدىغان ئىشىك شەكلىدىكى تاختايلارغا ئالماشتۇرۇۋەتكەن ئىدى. بۇ كىشى ھەقىقەتەنمۇ سىپتا ئىش قىلىدىغان ئۇستا ياغاچچى ھەم بىر سىلىسار بولغاچقا، قىلچە چانمايدىغان قىلىپ ئىشنى پۈتتۈرگەن ئىدى.

زال چىراقلىرى ئۆچۈرۈلۈپ پۈتۈن ئىشىكلەر تاقىلىدۇ. ئېلسېر يەنە يېرىم سائەت كۈتكەندىن كېيىن، پارتلىتىش بومبىسىنى تۈۋرۈكنىڭ ئىچىگە جايلاشتۇرۇپ ۋاقىت تىزگىنىنى تەخمىنەن كەچ سائەت 11 دىن 20 مىنۇتتا پارتلايدىغان قىلىپ توغرىلاپ

قويىدۇ. فۈھرېر ئاخشىمى سائەت 10 دا نۇتقىنى باشلىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ بومبىسى نۇتۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر يەردە پارتلىشى كېرەك ئىدى (ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ نۇرغۇن كىشىلەر ھىتلېرنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلىگەن بولسىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالمىغان ئىدى. بولۇپمۇ بىر قېتىمقىسىنى ھەتتا ھىتلېر مەڭگۈ بىلمەيدۇ. يەنى شۇ قېتىمقى سۇيىقەست پىلانلىغۇچى غايىسىنى يوقاتقان بىر ئېس-ئېس ئەزاسى ئىدى. بۇ ئىش 1929-يىلى بولغان ئىدى. ھىتلېر تەنتەربىيە سارىيىدا نۇتۇق سۆزلەشنىڭ ئالدىدا، بۇ كىشى مىكرافون ئۈستىلى ئاستىغا بىر تال بومبا ئورۇنلاشتۇرغان. نۇتۇق جەريانىدا ئۇنىڭ ھاجىتى قىستاپ كېتىپ تەرەتخانىغا كىرىپ كېتىدۇ. قايسى بىرسى بىلمەستىن تەرەتخانا ئىشىكىنى سىرتتىن تاقاپ كېتىپ قالغاچقا، بۇ كىشى ئوبىرنى ئىچىدە سولىنىپ قالىدۇ-دە، پارتلاتقۇچ بومبىنىڭ يىراقتىن باسىدىغان توك سىم كۇنۇپكىسىنى بېسىشقا ئامالسىز قالغان. "ئۇ ئىش 20-ئەسىرنىڭ ئەڭ چوڭ شاڭخوسى ھېسابلىناتتى. _ دەيدۇ بۇ ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمىگەن كىشىنىڭ بىر دوستى كېيىن ئەسلەپ كېلىپ، _ ئەگەر ئۇنىڭ تەرىتى قىستاپ كەتمىگەن بولسا، بەلكىم دۇنيا تارىخى پۈتۈنلەي باشقىچە يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى" – ئا.ھ. ئى).

ھىتلېر ئۆزىنىڭ ياش ھەربى قۇرۇلۇش ئىنژېنېرى ماكس ۋۇنشېنى پرىنزرېگېنتېنپلاتز مەيدانى قېشىدىكى ئۆيىگە چاقىرتىپ كېلىپ سورايدۇ: مېنى پىلانلىغاندىن بۇرۇنراق مىيۇنخېندىن چىقىرالارسەنمۇ؟ بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، دەپ كاپالەت بېرىدۇ ۋۇنشې. بىخەتەرلىك مەقسىتىدە، فۈھرېر ئۇچۇن ھەر دائىم ئىككى پويىز تەييار تۇراتتى. بۇ ياش ھەربى قۇرۇلۇش ئىنژېنېرى ھىتلېرنى دەرھال بالدۇر ھەرىكەت قىلىدىغان پويىزغا ئولتارغۇزۇپ مىيۇنخېندىن ئېلىپ چىقىدىغان بولىدۇ.

بۈۋۈرگېر پىۋىخانىسىدا فۈھرېر ئىنتايىن داغدۇغىلىق بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ. زال ئىچىدە قۇللاقنى يارغىدەك تەنتەنە كۆتۈرۈلگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ كەچ سائەت 10 دىن 10 مىنۇت ئۆتكەندىلا ئاران نۇتقىنى باشلىيالايدۇ. ئۇ نۇتقىدا ئەنگلىيەنى قاتتىق تىل ھاقارەتلەرگە كۆمۈۋېتىدۇ. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى بۇنىڭدىن قاتتىق ھۇزۇر ئالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھىتلېر ئامىغا تۈزۈك بىر نېمە دېيىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. چۈنكى نۇتۇق ئاڭلىغۇچىلار ئۇ نېمىلا دېسە تىنماي گۈلدىراس ئالقىش ياڭرىتىپ تۇراتتى. فۈھرېرنىڭ نۇتقى نۇرغۇن قېتىم ئالقىشلار سەۋەبىدىن ئۈزۈلۈپ تۇرغاچقا، ئالدى تەرەپتە ئولتۇرغان ۋۇنشې فۈھرېرنىڭ بالدۇر ھەرىكەت قىلىدىغان پويىزغا ئۈلگىرەلمەي قېلىشىدىن بەكلا ئەنسىرىمەكتە ئىدى.

سائەت 11 دىن 7 مىنۇت ئۆتكەندە، فۈھرېر كۈتمىگەندە ئالدىراشلىق بىلەن نۇتقىنى

تاماملايدۇ. بىر قانچە قەدەم نېرىسىدا، ئۇنىڭ كەينىدىكى بىر تۈرۈك ئىچىدە ئېلىسىر ئورۇنلاشتۇرغان پارتلاتقۇچ بومبىنىڭ ۋاقىت تىزگىنلەش سائىتى تىكىلداپ ئىشلىمەكتە، يەنە 13 مىنۇتتىن كېيىن پارتلاتقۇچ پارتلاشقا تەييار ئىدى. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا بولسا، ھىتلېر نۇتقىنى تۆگىتىپ مەلۇم ۋاقىتقىچە قوزغىلاڭدا بىرگە بولغان پىشقەدەم سەپداشلىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، بەزىلىرى بىلەن مۇڭدىشىپمۇ كېتەتتى. ئەمما بۇگۈن ئۇ ھېچ كىم بىلەن قول كۆرۈشمەي، ھېس ۋە يەنە بىر قانچە ئادىيۇتانتلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالدىراشلىق بىلەن زالدىن چىقىپ سىرتتا كۈتۈپ تۇرغان پىكاپقا چىقىپ يولغا راۋان بولىدۇ. كېيىن پىكاپنى ئۇدۇل پويىز ئىستانسىسىغا قاراپ قويۇندەك ھايداپ كېتىدۇ. ئۇلار بىكەتكە تېخى يېتىپ كەلمەي، يەنى ھىتلېر بىنادىن ئايرىلىپ 8 مىنۇت ئۆتكەندە، ۋۇنشىپ يىراقتىن بىر پارتلاش ئاۋازىنى تۇيغاندەك قىلىدۇ. ئۇ نېمە ئىش بولغانلىقىغا بەك دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ھىتلېر بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان بولسا ئۇمۇ خۇددى ۋۇنشىپقا ئوخشاش دىققەت قىلماي ئۆتكۈزىۋەتكەن بولار ئىدى.

پارتلاشتىن كېيىن كۆتۈرۈلگەن قىيىا-چىيىا ئاۋازلار، يەنى ساقچى ماشىنىلىرىنىڭ، قۇتقۇزۇش ماشىنىلىرىنىڭ چىرقىراشلىرى ئۇرۇش ئاخىرلاشتى، دەيدىغان يەنە بىر قېتىملىق قۇرۇق گەپلەرنىڭ قوزغۇلۇشىغا سەۋەب بولۇپ بېرىدۇ: ئەگەر ھىتلېر مىكرافون ئالدىدا تۇرغان ۋاقتىدا بومبا پارتلىغانلا بولسا چوقۇم پارتلاشتا ئۆلۈپ، ئۇرۇش ئاخىرلاشقان بولىدۇ، دېيىشەتتى. شۇ پارتلاشتا 7 كىشى نەق مەيداندا ئۆلۈپ، ئارىسىدا ئېۋا براۋۇننىڭ دادىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا 63 كىشى يارىلانغان ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى پارتىيىگە كىرگەن بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ ئەزالىق كىنىشكا نومۇرى 5021670 بولۇپ، بۇ قېتىمقى يىغىنغىمۇ بەكلا تۆۋەن دەرىجىلىك بىلەت بىلەن كىرىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىگەن ئىدى. فۈھرېر پويىزغا چىقىپ قوزغىلىش ئالدىدا تۇرغىنىدا، ئېۋا يېقىن دوستى ھېرتا شنېيدېرنىڭ ھەمراھلىقىدا پويىز ئىستانسىسىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ پويىزغا چىققىنىدا ۋاگوندىكىلەرنىڭ قىلچە غېمى يوق بەكلا خوشال ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھېچ بىرى يېڭىراقتىكى پارتلاشتىن خەۋىرى يوق، ھەممە قولىدا رومكا يايرىشىپ كەتكەن ئىدى. ھاراق ئىچمەيدىغان ھىتلېرمۇ شۇنداق خوشال كۆرۈنەتتى. ئوتتۇرلۇقنى قىزىتىپ چاخچاق قىلىپ يۈرگىنى يەنە شۇ گەپ ئۇستىسى گيوبېلس ئىدى.

پويىز نيۇرېمبېرگكە كەلگىنىدە تەشۋىقات مىنىستىرى گيوبېلس پويىزدىن چۈشۈپ بىر قانچە تېلېگرامما يوللاپ، يەنە بەزى يېڭى خەۋەرلەر ئالىدۇ. ئۇ ۋاگونغا قايتىپ كېلىپ تىترىگەن ئاۋازدا پارتلاش ۋەقەسىنى ۋاگوندىكىلەرگە بىلدۈرىدۇ. ھىتلېر ئۇنى چاقچاق قىلسا كېرەك دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىدىكى جىددىيلىشىشنى

كۆرۈپ دېگەنلىرىگە تەستە ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭ چىرايىمۇ دەرھال تۇتۇلۇپ، خۇددى باشقا بىر يۈز نىقابى تاقىۋالغاندەكلا بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. ئاندىن، ئۇ ھېسسىياتقا تولغان، غوڭۇلدىغان بىر ئاۋازدا ۋارقىرىغىنىچە گەپ قىلىدۇ: "ئەندى مەن تولۇق قايىل بولدۇم! پۈتۈنلەي رازىمەن. مەن بۈگۈن ئادەتتىكىدىن بالدۇر بۇرگىر پېۋىخانىسىدىن ئايرىلغان ئىدىم. بۇ ئەسلى تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىكەن. تەڭرى مېنىڭ غايەمنى ئىشقا ئاشۇرۇشۇم ئۈچۈن مەخسۇس ماڭا ياردەم قىلىۋېتىپتۇ."

ئۇ ئاۋال يارىلانغانلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ بولۇپ، ئاندىن شاۋۋىقا پۈتۈن كۈچىنىڭ بىلەن ئۇلارغا ياردەم قىل دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. بۇيرۇقنى تولۇقلاپ، سۈيىقەستچىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئۈستە پەرەز قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئۇنىڭ چىقارغان خۇلاسىسى، بۇ پارتلاتقۇچنى چوقۇم ئىككى نەپەر ئەگلىيە ئىشپىيونى قويغان، دېگەن خۇلاسىغا كېلىدۇ. كاپىتان س. پايىن بېست بىلەن مايور ر. ستېۋېنس ئىككىسى خېيدرىخنىڭ ئالاھىدە ۋەزىپىلىك ئادىمى بىلەن مەخپى ئۇچرىشىپ سۆزلىشىدۇ. بۇ ئادەم ناتسىستلارغا قارشى سۈيىقەستچىلەر گۇرۇھىدا يالغاندىن ئالىي قوماندانلىق شتابىنىڭ بىر پولكوۋنىكى قىياپىتىگە كىرىپ ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋالغان بىرى ئىدى. ھىتلېرنىڭ قىلغان پەرىزىگە ئاساسەن ھىملېر دەرھال پويىزدى چۈشۈپ تېلېفون ئارقىلىق گوللاندىيەدە تۇرىدىغان ئىككى نەپەر ئېنگلىزنى قاچۇرۇپ كېلىدۇ.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، ستېۋېنس بىلەن بېست ئىككىسى ۋېنلودا تورغا چۈشۈپ سوراققا تارتىش ئۈچۈن گېرمانىيەگە قايتۇرۇپ كېلىنىدۇ. بىر قانچە سائەت ئۆتكەندە، ھەققى بومبا قويغۇچى شىۋېتسارىيە چېگراسىدا قولغا چۈشۈپ، دەرھال مېيۇنخېنغا قايتۇرۇپ كېلىنىدۇ. گېستاپو باش شتابىدىكى سوراققا تارتىش كامېرىدا، كۈچلۈك چىراق نۇرى ئاستىغا ئولتۇرغۇزۇلغان ئېلسېر، پارتلاتقۇچ بومبىنى مەن يالغۇز ئۆزەم قويدۇم، شۇ ئارقىلىق بۇ ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىشنى مەقسەت قىلغان ئىدىم، دەپ ئىخرا بولىدۇ. ئۇ، تاختايلارنى قانداق كەسكەنلىكى، كېيىن پارتلىتىش بومبىسىغا ۋاقىت بېكىتىش قۇرۇلمىنى قانداق جايلاشتۇرغانلىقى قاتارلىقلارنى تەپسىلى بايان قىلىپ چىقىدۇ.

ھىتلېر گېستاپونىڭ سوراق نەتىجىسى دوكلاتىنى تەپسىلى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ئاچچىق بىلەن ئۈستىگە تەستىق سېلىپ بېرىدۇ: "بۇنى قايسى ئاخماق سوراق قىلدى" دەپ سورايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئېلسېرنى بىر سەرگەردان دېيىش ئۈچۈنغا چىققان كۈلكىلىك بىر گەپ؛ بۇنچىۋالا چوڭ بىر سۈيىقەستكە ئۇنىڭ ۋەھشى دۈشمەنلىرىدىن ئېنگلىزلار، يەھۇدىيلار، ھەمكارلىق جەمىيىتىنىڭ ئەزالىرى ۋە شۇنىڭدەك ئوتتو ستراسسېر قاتارلىقلارنىڭمۇ قاتناشقانلىقى چوقۇم. بۇ ھەممىگە ئېنىق بىر ئىش ئەمەسمىدى؟

ھەملېر بۇ ئىشقا ئۆزى بىۋاستە قول تىقىپ، پۈتۈن چارىلار بىلەن جىنايەتچىنىڭ ئاغزىدىن ھەقىقى ئەھۋالنى يۇلۇۋېلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. سوراق مەيدانىدا بولغان بىرسىنىڭ دېيىشىچە، ھەملېر كىشەنلەنگەن جىنايەتچىنى ئۆتۈكى بىلەن قاتتىق تېپىپ تىللاپ ۋارقىراپ كەتكەن. گەرچە ئۇ ئۇرۇپ تېپىپ باققان، شۇنىڭدەك "تېپىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەسۋاپلار" بىلەن ھەرقانچە قىيناپ باققان بولسىمۇ، پاكار بويلۇق بۇ ياغاچچى تۆگۈلگىنىچە يەنە شۇ بۇرۇنقى ئىقراسىدا چىڭ تۇرىۋالىدۇ. ھەتتا گېپىنوز قىلىنغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئىقراسى قىلچە ئۆزگەرمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، خېيدرىك ئېلسېرنىڭ راستىنلا شېرىكى يوقلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئەمما فۇھرېر، ھەقىقى جىنايەتچىنى تاپالمىدىڭ دەپ ھەملېرنىڭ قاتتىق ئەيىپلەپ كېتىدۇ (بۇ بەلكىم ھەملېرنىڭ ئېلسېرنى ئاشكارە سوتلىماي ۋە ئۆلتۈرمەي تۇتۇپ تۇرغانلىقىنىڭ بىر سەۋەبى بولۇشى كېرەك. بۇ ئادەم بىر يىغىۋېلىش لاگىرىغا قاملىدۇ. ئۇ يەردە ئېلسېر ئالاھىدە جىنايەتچى مۇئامىلىسىگە ئۇچرايدۇ. پەقەت ئېلسېرلا ئېپس-ئېپس بىخەتەرلىك باشقارمىسى بىردىن-بىر جىنايەتچىنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلىيالىشى مۇمكىن ئىدى. كېيىنچە، ئېلسېر بىرسىدىن بۇ جىنايەت بىلەن قامالغان كاپىتان بېستقا يوشۇرۇنچە خەت كىرگۈزىدۇ. ئۇ خېتىدە مۇنداق بىر پىلان تۈزگەنلىكىنى يازىدۇ: 1939-يىلى ئۆكتەبىردە، داچاۋدىكى بىر كوماندىر ئۇنى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرگەنلىكىنى، ئىشخانىدا ئىككى ئەر كىشى بارلىقىنى، پەرىزىچە خېيدرىخنىڭ مەخپى ئادىمى بولغان بۇ ئىككى كىشى ئۇنى بۈرگبىر پىۋىخانىسىغا بىر پارتلاتقۇچ بومبا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئۈندىگەنلىكىنى؛ بۇ بومبا فۇھرېر زالدىن ئايرىلغاندىن كېيىن پارتلىشى كېرەكلىكىنى، شۇ ئارقىلىق فۇھرېرگە سۇيىقەست قىلىشنى پىلانلاپ يۈرگەن بىر ئۇچۇم خائىنلارنى پارتلىتىپ ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى؛ ئېلسېر بۇنىڭغا ماقۇل بولغاندىن كېيىن جازا لاگىرىدىن قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى، بىرىپ پىۋىخانا زالىغا پارتلاتقۇچ بومبا ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى؛ بېرلىندىكى گېستاپو باش شتابىدا ھېلىقى ئىككى مەخپى كىشى ئەنگلىيە جاسۇسى سۈپىتىدە سوراق قىلىنغاندا بۇنىڭغا شاھىتلىق قىلىدىغان بولغانلىقىنى، ئەمما ئۇنىڭ چوقۇم ئوتتو ستراسسېرگە ئۇنى بېست بىلەن ستېۋېنس ئىككىسىگە تونۇشتۇرغانلىقى، ئەنە شۇلار پۇل بېرىپ ئۇنى بومبا قويۇشقا ياللىۋالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ شاھىت بولۇشى كېرەكلىكى ۋە شۇ ئارقىلىق بۇ بالادىن بىرلىكتە قۇتۇلۇپ كېتىش مۇمكىنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەمما بېست بىلەن ستېۋېنس ھېچ قاچان سوراققا تارتىلمايدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ياغاچچى، ئابرويلۇق جىنايەتچى سۈپىتىدە جازا لاگىرىدا 5 يىلغىچە قاملىپ يېتىپ ئاخىرى ساق قۇتۇلۇپ چىقىدۇ – ئا.ھ.ئى).

ئەمما بۇ قېتىمقى سۇيىقەست توغرىلىق ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ دېگەنلىرى

ھەقىقەتەنمۇ غەلىتە ئىدى: ئىلىسىر كومپارتىيىنىڭ "ئايىنغان ئۇنسۇرى"، ئۇ مىللىي سوتسىئالىزمنىڭ "ئەيىنغان ئۇنسۇرى" ئوتتۇ ستراسسېرنىڭ يولىيورۇقى بويىچە ئەنگلىيە ئىشپىيونلۇق ئورگىنىنىڭ بىر قۇرالىغا ئايلانغان، دېيىلگەن ئىدى. بۇ تەرىپى مەسىلىنىڭ تۆگۈنى بولۇپ، تەشۇىقاتچىلار بۇنىڭغا يەنە نۇرغۇنلىغان شاخ-پۇتاقلارنى قوشۇپ چىقىدۇ. قايسى بىر تەشۇىقات كىتاپچىسىدا ئەنگلىيە ئىشپىيونى مىيۇنخېندىلا بومبا قويغان بولۇپ قالماي، يەنە نۇرغۇنلىغان سىياسىي سۇيىقەستلەردىمۇ قولى بارلىقىنى، مەسىلەن لورد كىتچېنېر، شاھزادە فرانز فېردىناند ۋە يۇگسلاۋىيە پادىشاھى ئالېكساندېر قاتارلىق داڭلىق كىشىلەرنىڭ سىرلىق بىر شەكىلدە ئۆلتۈرۈلىشىگە ئەنگلىيە جاسۇسلۇق ئورگىنىمۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك دېگەنلەر يېزىلغان.

بۇ قېتىمقى ئەمەلگە ئاشمىغان سۇيىقەست ئەنگلىيەگە بولغان ئۆچمەنلىك قوزغاش ئۈچۈن كارغا كەلگەن بولسا يەنە بىر تەرەپتىن فۈھرېرنى تېخىمۇ مەشھۇر قىلىۋېتىدۇ. ھەر قايسى تەبىقە كىشىلىرى كەينى-كەينىدىن فۈھرېرگە تەبرىك تېلېگراممىلىرى يوللاپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلغانلىقىنى مۇبارەكلىشىپ كېتىدۇ. پۈتۈن گېرمانىيە بويىچە كاتولىك گېزىت-ژۇرناللىرى تەڭرىنىڭ سېھرلىك كۈچىدىن فۈھرېر ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى دەپ سەمىمىيلىك بىلەن ئېلان قىلىشىدۇ. كاردىنال فاۋۇلخابېر تېلېگراما يوللاپ، مىيۇنخېن چوڭ چىركاۋىدا «تې دېئۇم» مەدھىيە خورى ئېيتىشقا يوليورۇق بېرىپ، "كاردىنال باشقۇرۇش تەۋەسى نامىدا، فۈھرېرنى بالا-قازالاردىن ساقلىغانلىقى ئۈچۈن تەڭرىنىڭ ئىلاھىي روھىغا رەخمەت بىلدۈرۈش" نى بۇيرۇيدۇ. پاپا ئەسلىدە پولشانىڭ يوق قىلىنغانلىقى سەۋەبىدىن گېرمانىيىنى ئەيىپلىمەكچى ئىدى. ئەمما ئۇمۇ شەخسى نامىدا تەبرىك تېلېگراممىسى يوللايدۇ. ئەمما ھىتلېر بۇنىڭ سەمىمى تەبرىك بولۇش-بولماسلىقىدىن بەك ئىشەنچ قىلىپ كېتەلمەي، كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئەتراپىدىكىلەرگە: "بۇ قېتىمقى سۇيىقەست ئەمەلگە ئاشقان بولسا ئۇ بەلكىم رازى بولاتتى" دەيدۇ. بۇ چاغدا فرانك بۇ گەپكە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، پاپا 12-پىئۇس ئەزەلدىن گېرمانىيەنىڭ دوستى بولۇپ كەلدى، دېگىنىدە، ھىتلېر ئۇنىڭغا: "بۇ دېگىنىڭىزنىڭمۇ ئورنى بار. ئەمما ئۇ بەرىبىر مېنىڭ دوستۇم ئەمەس" دەيدۇ.

ھىتلېر پۈتۈن زالىدىن بالدۇر ئايرىلغانلىقى ئۈچۈن ئىچكى تۇيغۇلىرىغا رەخمەت ئېيتىدۇ، شۇنىڭدەك تەڭرىگىمۇ رەخمىتىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ خوفمانغا مۇنداق دېگەن ئىدى: "ئۇ چاغدا، مېنىڭدە قانداقتۇ بىر تۇرلۇك غەلىتە ھېسسىيات بارلىقىغا كەلگەن ئىدى. تا ھازىرغىچە بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېتەلمىدىم. بۇنداق ھېسسىياتقا كېلىشىمنىڭ سەۋەبىنىمۇ بىلەلمىدىم. مەن ئۇ چاغدا بۇ زالدىن تېز چىقىپ كېتىشنىلا

ئويلىغـان ئىـدىم.“ ئەممـا چەتئەللىـك كۈزەتكـۈچىلەر بولسـا بۇنىڭغـا باشـقىچە تەبىـر بېرىشمەكتە ئىدى: ”ئارمىزدىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەر بۇ ئىش خۇددى پارلامېنت بىناسىغا ئوت قويۇش ۋەقەسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىشتەك قىلىدۇ، دەپ قاراشتى“ دەپ يازىدۇ شىرېر كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىگە.

4

پـارتلاش ۋەقەسـى يـۈز بېرىـپ ئارىـدىن 12 كـۈن ئۆتكەنـدە، ھىتلېـر ”8-نومۇرلـۇق ئـۇرۇش بـۇيرۇقى“ نـى تارقىتـىدۇ. قۇرۇغلـۇقتىكى بېسـىپ كـىرىش ئۇرۇشـى بەلگىلەنـگەن مـۇددەتتە باشـلىنىدىغان، ئەممـا ”جىـددى ھەربىـي تەلەپ بولمىغـانلا بولىـدىكەن“، گوللانـدىيەنى، بىلگىـيە بىـلەن لېۈكسـېمبۇرگنىڭ ئاھـالىلار مەركەزلىرىنـى بومبارىدىمـان قىلىشنى قـاتتىق چەكلەيـدۇ. بـۇ قـارارى ئىنسـانپەرۋەرلىكتىنمۇ ئەمەلىي بولغـان بىـر قـارار بولۇپلا قالماي، ھىتلېرنىـڭ ئەڭ ئـاخىرقى نىشـانىنىمۇ ئاشـكارلاپ بەرمەكـتە ئىـدى. يەنـى، ئۇنىڭ غەربكە ھۇجۇم قىلىشـىدىكى ھەقىقىي غەرىـزى ياۋروپـا زېمىنىنـى بـوي سـۇندۇرۇش يـاكى ئەنگلىيەنـى تارمـار قىلـى بولماسـتىن بەلكـى ئارقـا سـېپىنى مۇسـتەھكەملىۋېلىش ئارقىلىق رۇسىيەگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئىدى. بەلكـم ئـۇ كېيىنكـى كـۈنلەردە بەلكـم ئەنگلىيەنى شەرققە يۈرۈش قىلىشقا بولغان يول قويۇشقا ئۈندەش بولىشى مۇمكىن.

ئۇ، بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىر قېتىملىق پەۋقۇلئاددە يىغىـن چاقىرىـدۇ. بـۇ قېتىمقى يىغىنغا ئۇ باش قومانـدانىنىمۇ يىغىنغـا تەكلىـپ قىلىپلا قالمـاي، يەنە بـۇ قېتىمقـى ھۇجۇمغا رەھبەرلىك قىلىـدىغان كىشـىلەرنىمۇ چاقىرغـان ئىـدى. بـۇ قېتىمقـى يىغىـن 23-نويابىر چۈشتە بـاش مىنىسـتىرلىك مەھكىمىسـى ئىچىـدە ئۆتكۈزۈلىـدۇ. يىغىـن دەسـلىۋىدە بەكلا پەس كوي بىلەن سۆزلەيدۇ. ”بۇ قېتىمقى يىغىن كۆپچىلىكنى كاللامـدا ئويلىغـانلىرىم ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىـگە قىلىشـنى مەقسـەت قىلىـدۇ. – دەيـدۇ ھىتلېـر، _ شـۇڭا، كەلگۈسىدە قىلمـاقچى بولغـان ئىشـلار دەل شـۇ ئويلىرىمنىـڭ نەتىجىسـى دېيىش مـۇمكىن. مەن سىلەرنى بۇ يەرگە چاقىرىشىمدىكى مەقسەت، ھەرگىزمۇ سىلەرنى قارارىمنى ئاڭلىسـۇن دېيىشـنى مەقسـەت قىلغـان ئەمەس.“ بـۇ گەپلەردىـن كېيىـن ئـۇ، يىغىـن قاتناشـقۇچىلىرى بىلىشكە تېگىشلىك بولغان ئىشلارنى ئاشـكارىلايدۇ: ئۆزىـدىن مەغـرۇرلىنىش ئەنئەنىسـىگە ئىگە بولغان بىر ئارمىيە، بۇگۈنكى كۈنـدە پەقەت بىـرلا دىكتاتورنىـڭ گېپىنـى ئاڭلايـدىغان يۇمشاقباش بىر قورالغا ئايلىنىپ قالغانلىقنى ئېيتىدۇ. ”مەن باشتىن تارتىپلا ئاۋۋال شەرققە ھۇجـۇم قىلىـپ بولـۇپ ئانـدىن غەرپـكە ھۇجـۇم قىلسـام ياخشـى بولارمـدى دەپ ئـويلاپ

كەلگەن ئىدىم. – دەيدۇ ئۇ گېپىنىڭ داۋامىدا، ئاساسەن ئالغاندا مېنىڭ قۇراللىق كۈچ تەشكىل قىلىشىمدىكى مەقسەت، ئۇرۇش قىلىشنىلا مەقسەت قىلغان ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇرۇش قىلىش قارارىنىمۇ مەن ئۆز قولۇمدا تۇتۇپ كەلدىم. چۈنكى مەن ھەر دائىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ پۈتتۈرۈپ كەلمەكتىمەن."

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ئەسلىدە ئۆزىنىڭ خوجايىنلىق قىلماقچى بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىپلان قىلىشى ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، يىغىن قاتناشقۇچىلىرىدىن بىرەرسىنىڭمۇ نارازىلىق بىلدۈرۈشى ئاڭلانمىدى. گىۆرىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا شاھىتلىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر يىغىن قاتناشقۇچىلىرى نارازىلىق بىلدۈرۈشىنىڭ خاتالاشقانلىق دەپ قارىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن،ھېچ كىم ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە قارشى پىكىر قىلمايتتى. "ئەڭ ئالىي قۇماندان قارار قىلغاندىن كېيىن، ھەر قانداق بىر ئەسكەرنىڭ قايتا مۇزاكىرە قىلىدىغان ئىشى قالمايتتى. بۇ پىرىنسىپ ئادەتتىكى ئەسكەرلەرگىلا ئۇيغۇن بولۇپ قالماي مارشالغىمۇ ئوخشاشلا ئۇيغۇن بىر پىرىنسىپ ھېسابلىنىدۇ."

"مېنىڭ ئورنۇمنى باشقىسىغا بېرىش مۇمكىن ئەمەس. ــ دەيدۇ ھىتلېر 'ئىنتايىن كىچىكپىيىللىق' بىلەن سۆزىنى داۋام قىلىپ، ــ ئىمپېرىيىنىڭ تەقدىرى پەقەتلا مېنىڭ ئۈستۈمگە يۈكلەنگەن. شۇڭا مەن بۇ ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇندىشىم كېرەك. ــ شۇنداق دەپ تۇرۇپ ئۇ يەنە بارلىق پىلانلىرىنىڭ ئەسلىدە بىر قىمار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇيۇ، ھېچ كىمگە يول قويمايتتى، ــ ئەگەر مەن بۇ ئىشتا غەلىبە قىلالمىسام چوقۇم ھالاك بولىشىم كېرەك. ئەمما مەن غەلىبە قىلىش يولىنى تاللىۋالدىم. ... بۇ بىر تارىخي بىر قارار. بۇ قارارىمنى بىرىنچى قېتىملىق سىلېسىيان ئۇرۇشىنىڭ ئالدىدا ئۇلۇغ فرېدېرىخنىڭ قارارىغا ئوخشاش مۇھىم بىر قارار دېيىشكە بولىدۇ. ئەگەر مەن ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، ھەرگىزمۇ پۈشايماندا قالمايمەن. مەن ھاياتىمنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزىشىم كېرەك. ــ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يېرى شۇكى، ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز ھاياتىنىڭ تەقدىرىگە ۋاستىلىق بىر شەكىلدە ئالدىن ھۆۋمىنى ئوتتۇرغا قويىشى ئىدى. – بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا مەن يا تىك تۇرۇشۇم ياكى ئاغدۇرۇلۇشۇم كېرەك. ئەگەر خەلقىم مەغلۇپ بولغىدەك قىلسا، مەن ھەرگىزمۇ جېنىمنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنمايمەن." بۇ دېگەنلىرى ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ چىن يۈرەك سۆزلىرى ئىدى. ھىتلېر ئۈچۈن ئېيتقاندا، پەقەت يا توغا يا خاتا دەيدىغان ئىككىلا خىل تاللاش مەۋجۇت ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، يا پۈتۈنلەي غەلىبە قىلىش ياكى بولمىسا "گۆتتېردامېرۇڭ"، يەنى زامان ئاخىرى بولۇشتىن ئىبارەت ئىككىلا خىل يولىمىز بار دەپ قارايتتى.

ھىتلېر، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن بىراۋچىتش بىلەن ھالدېرگە بىر پارچە نۇتۇق

تېزىسنى ئوقۇپ بېرىدۇ: بۇ يازمىدا قۇرۇغلۇق ئارمىيىسىنىڭ مەغلۇبىيەتچىلىك خاراكتېرى ئۆستىدە توختالغان ئىدى. براۋچىتش بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ ۋە دەرھال ئىستىپا تەلەپ قىلىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭ ئىستىپاسىنى قوبۇل قىلماي ئۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ: بىر گېنېرال بولۇش سۈپىتى بىلەن باشقا ئەسكەرلەرگە ئوخشاشلا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. قۇرۇغلۇق ئارمىيىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ھەقىقەتەنمۇ مۇشەققەتلىك بىر كۈن ئىدى. ھالدېرنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە مەردانىلىق بىلەن قىسقىچە قىلىپ يازغىنىدەك ئۇ كۈنى ھەقىقەتەنمۇ "بوھرانلىق بىر كۈن!" ئىدى. ھىتلېر بىر ۋاقىتتا كىمدە كىم ماڭا توسقۇنلۇق قىلىدىكەن، چوقۇم ئۇنى يوق قىلىۋېتىمەن، دەپ ئېيتقان ئىدى. براۋچىتش بىلەن ھالدېر ئىككىسىلا ھىتلېردىن قورقۇپ پۈكۈلۈشۈپلا قالغان ئىدى. ئۇ ئىككىسى پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىپ قارشىلىق قىلغۇچى ئۇنسۇرلار قاتارىغا كىرىپ قالماسلىق ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

دەل ھەپتە ئاخىرىدا، ستالىن يەنە بىر قېتىم پۈتۈن دۇنيانى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ئىش قىلىدۇ: 30-نويابىر كۈنى، فىنلاندىيەگە باستۇرۇپ كىرىدۇ. بۇ دۆلەت، 1918-يىلى، گېرمانىيەنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ بىر قېتىملىق كومپارتىيە توپىلىڭىنى مەغلۇب قىلىۋەتكەن ئىدى. ستالىننىڭ فىنلاندىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكىدىن ھىتلېر ئۆزىنى بەكلا ئېغىر ئوڭۇشسىز قالغان ھېس قىلىدۇ. بۇ ئىش گېرمانىيە بىلەن فىنلاندىيە مۇناسىۋىتىنىڭ نىسبەتەن ياخشى كېتىۋاتقانلىقى سەۋەبىدىنلا ئەمەس، بەلكى بۇ تاجاۋۇزچىلىق مۇسسولىن بىلەن بولغان ئەسلىدىنلا قىل ئۈستىدە تۇرىۋاتقان ئىتتىپاقداشلىقنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا سەۋەب بولۇپ بېرىدۇ. باشتىن تارتىپلا گېرمانىيە-رۇسىيە شەرتنامىسىغا قارشى چىقىپ كەلگەن ئىتالىيانلار، غەرپلىكلەرگە ئوخشاشلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سەۋەبسىز فىنلاندىيىگە باستۇرۇپ كىرىشىگە قاتتىق ئەپسۇسلىنىدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. پاپا ھاكىمىيىتىنىڭ كانىيى بولۇپ رول ئويناپ كېلىۋاتقان «رىم كۈزەتكۈچىلىرى» گېزىتى، پاپانىڭ ئىزىنى بېسىپ، فاشىست ياكى ناتسىستلارنىڭتاجاۋۇزىغا قارشى بىر ئېغىزمۇ ئەيىپلەشتە بولمىغان بولسا، مانا ئەندى پاپا بىلەن بىرلىكتە س س س ر نىڭ بېسىپ كىرىشىنى ياۋايىلارچە تاجاۋۇزچىلىق دەپ ئەيىپلەپ كېتىدۇ. چىركاۋ بىلەن خەلق مۇسسولىنىغا "ئامال قىلىپ گېرمانىيىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى پەيدا قىلىش" ئۈچۈن كۈچلۈك بېسىم قىلماقتا دەپ يازىدۇ، چىئانو. ئەمەلىيەتتىمۇ، 26-دېكابىر كۈنى مۇسسولىن كۈيئوغلىغا بىلگىيە بىلەن گوللاندىيە ۋەكىللىرىگە ھىتلېر يېقىندا ۋەتىنىڭلارغا تاجاۋۇز قىلماقچى دەپ ئاشكارىلاش ھوقۇقىنى بەرگەن ئىدى (بىلگىيەنىڭ رىمدا تۇرۇۋاتقان باش ئەلچىسى ھۇدۇقۇش ئىچىدە بۇ ئاخباراتنى برۈكسېلگە تېلېگراف ئارقىلىق يەتكۈزگەن

بولۇپ، نىمسلار ئوتتۇر يولدا بۇ ئۇچۇرنى قولغا چۈشۈرۈپ تەرجىمە قىلىپ چىققان ئىدى.
_ ھاشىيەدىكى ئىزاھات).

مۇسسولىنى بىر تەرەپتىن ھىتلېرنىڭ ئۇتۇغلۇق بولۇپ چىقىشىدىن قورقسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئۇتۇقلۇق بولىشىنى ئارزۇ قىلىپ تۇپتوغرا بىر ھەپتىگەچە بىر يەردە جىم ئولتۇرالمايلا قالدۇ. يېڭى يىل ھارپىسىدا، ئۇرۇشقا قاتنىششىنى، يەنى ھىتلېر بىلەن بىرگە بولۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، گېرمانىيىنىڭ غەرپكە باستۇرۇپ كىرىش ئېھتىمالى بارغانسىرى كۆپىيىشكە باشلىشى بىلەن، ئۇ قايتىدىن جايىدا ئولتۇرۇپ قالدۇ. ئەندى ئۇ ئاكىلىق مەۋقەسىنى ئىشقا سېلىپ كىچىك شېرىكىنى بۇ ئىشتىن توختىتىشقا ئۇندەپ خەت يازدۇ. ئىتالىيە باش مىنىستىرى بۇگۈنگە كەلگىچە ھېچ قاچان بۇنچە يۈرەكلىك بىلەن ئوچۇق سۆزلۈك بولۇپ باققان ئەمەس. ئەمما ئۇنىڭ ئۇچۇق سۆزلىكى ھىتلېرنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، 1940-يىلى 5-يانۋار كۈنلا ئاندىن خېتىنى ئېۋەرتىشكە رۇخسەت قىلدۇ. ئۇ خېتىدە نەسىھەت قىلغان ھالدا ھىتلېرنى ئۆزىنى بېسىۋېلىشى كېرەكلىكىنى، غەرپكە بېسىپ كىرىش نىيىتىدىن ۋاز كېچىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇنداق بىر ئۇرۇشقا كىرىش، ھەر ئىككى تەرەپنى زىيانغا ئۇچرىتىشتىن باشقا بىرەر پايدا كەلتۈرمەيدىغانلىقىنى، "بۈگۈنكى كۈندە سىز شەرق چېگرالارنى قولغا كەلتۈرۈپ 90 مىليون نوپۇسلۇق چوڭ بىر ئىمپېرىيە قۇرۇپ چىقىۋالغانلىقىڭىز ئۈچۈن، قولغا كەلتۈرگەن ھەممە نەرسىڭىزنى، ئۆزىڭىزنىڭ ھاكىمىيىتىنىمۇ قوشۇپ تەۋەككۈل قىلىپ ئوتتۇرغا قويۇشىڭىز، شۇنىڭدەك نېمىس مىللىتىنىڭ گۈل-چېچەكلىك بىغىنى قۇربان قىلىپ ئوتتۇرغا ئاتقىنىڭىزدا، ئاقىۋەت مۇتلەق تۈردە بەرىبىر تۆكۈلۈش ئالدىدا تۇرىۋاتقان مىۋىلىرىنى بالدۇر قېقىپ چۈشىرىپ بىزدەك ياۋروپانىڭ يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كۈچلىرى تەرىپىدىن تۇپلاشنى مەقسەت قىلىدىغان بۇنداق بىر ئۇرۇشنى قوزغىشىڭىز ئەرزىيدىغان بىر ئىشمۇ؟ دېموكراتىك چوڭ دۆلەتلەردىكى باغلاردا ئۆستۈرۈلگەن مېۋىلەر ئەسلىدىنلا چىرىگەن ئۇرۇقلارنىڭ مېۋىلىرى ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇماسلىقىڭىز كېرەك" دەپ نەسىھەتتە بولىدۇ.

ئۇ خېتىنىڭ داۋامىدا، رۇسىيە بىلەن شەرتنامە تۈزگەنلىكىنىمۇ تەنقىتلەپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق مۇئامىلىسى مۇتلەق تۈردە ھىتلېرنى غەزەپلەندۈرىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. "مېنىڭچە بولغاندا، سىز 20 يىلدىن بېرى ئىگىز كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان، نۇرغۇن يولداشلىرىمىز ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلغان يەھۇدىيلارغا، بولشېۋىكچىلىققا قارشى بايرىقىڭىزنى تاشلاپ قويۇشىڭىز ھەرگىز توغرا ئەمەس دەپ قارايمەن. سىز نېمىس خەلقىنىڭ قارغۇلارچە ئىشىنىپ كەلگەن چاقىرىقلىرىڭىزنى يېرىم يولدا تاشلىۋېتىشىڭىز توۋرا ئەمەس." 4 ئاي ئىلگىرى، سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيانىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق دۈشمىنى

دەپ تونۇلاتتى. ئەنىدىلىكتە، ئۇ قانداقلارچىسىغا بىرىنچى نومۇرلۇق دوستقا ئايلىنىپ قالالىغىدەك؟ "بولشېۋىكچىلىقنى تارمار كەلتۈرۈش كۈنى، بىزنىڭمۇ ئىنقىلاپ كۈنىمىزنىڭ ئىشەنچكە تولغان كۈنى بولۇپ قالىدۇ."

8-يانۋار چۈشتىن كېيىن، ئاتتولىكو بۇ خەتنى ئۆز قولى بىلەن ھىتلېرغا تاپشۇرىدۇ. شۈنىسى ئېنىقكى، فۇھرېر ئۇنچە ئاسان كەينىگە يانىدىغا بىرى ئەمەس ئىدى. بۇنداق گەپلەر ئۇنى تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشۇرىۋېتىشلا مۇمكىن ئىدى. بۇ نەسىھەت مۇسسولىنىنىڭ ئىتتىپاقدىشىنىڭ ھۆۋمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇرۇنغان ئەڭ چوڭ تىرىشچانلىقى ھېسابلىناتتى. ئەمما ئۇ ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداشقا تىرىشقىنىدىن كېيىن، دەرھال مۆلچەرلەنگەن ئىنكاستا بولىدۇ: ئۇ قايتىدىن باش ئېگىپ قول قوشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر خىزمەتچى رولىنى ئوينايدۇ.

5

مەيلى ھىتلېر ياكى مۇسسولىنى بولسۇن، ئەنگلىيەنىڭ فىنلاندىيەگە بېسىپ كىرگەنلىكى سەۋەبىدىن س س س ر غا ئۇرۇش ئېلان قىلىشىنىڭ زۆرۈر بولۇپ-بولماسلىقىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلىنىشۇاتقانلىقىدىن پەقەتلا خەۋىرى يوق ئىدى. ئەنگلىيەنىڭ بۇنداق ئويلىنىشىغا دىنى جامائەتچىلەر بىلەن "كلىۋېدېن گۇرۇپپىسى" نىڭ بېسىمى سەۋەب بولماقتا ئىدى. چۈنكى بۇلار ھەقىقىي دۈشمىنىمىز گېرمانىيە ئەمەس قىزىلپاچاق رۇسىيە بولىشى كېرەك دەپ قارىشاتتى. ھەر نېمە دېگەن بىلەن، ھىتلېرنىڭ پولشا ئۈستىدىكى تەلەپلىرىنى ھەقلىق، پەقەت ئۇنىڭ تۇتقان يولىلا بەك ئاشۇرىۋېتىلگەن، دەپ قاراش مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، ھىتلېرغا قارشى قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ئىشىمۇ ئەمەلىيىتى يوق ئېغىزدىكى گەپكىلا ئايلىنىپ قالدى دېيىشكە بولاتتى. بىر قېتىملىق پويىز بىلەن فرانسىيە چېگراسىغا قىلىنغان سەپەردە، يولوچى ئورنىنى كۆتۈرگە ئالغان گۇرۇپپا خادىمى ۋىللىيام شىرېرغا ئۇرۇش باشلانغان كۈندىن بېرى بۇ چېگرا ئۈستىدە بىر پايمۇ ئوق ئېتىلىپ باقمىغانلىقىنى؛ ھەر ئىككىلا تەرەپ غەيرى رەسمىي ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىگە ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقاندەكلا كۆرۈنگەنلىكىنى، "ئەگەر مۇشۇ تاپتا فرانسىيە '75' لىك توپ ئوقىدىن بىرنىلا ئاتقىدەك بولىدىكەن، بىزنىڭ بۇ پويىزىمىز شۇ ھامان تۈگىشىدۇ؛ گېرمانىيە قوشۇنلىرى تۆمۈر بويلاپ توپ-زەمبىرەك ۋە يېمەك-ئىچمەك توشۇپ تۇرىۋاتقان بولسىمۇ، فرانسىيە قوشۇنلىرى بۇنىڭغا پەقەتلا دەخلى قىلماي كەلمەكتە. بۇ ھەقىقەتەنمۇ غەلىتە بىر ئۇرۇش" دەيدۇ. ئەسلىدە بۇ ھالەت ھەقىقەتەنمۇ بەكلا غەلىتە بىر

ھال ئالغان بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا دېگىز ئارمىيە ۋەزىرى خانلىق ھاۋا ئارمىيىسى گېرمانىيەنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ياغاچ زاۋۇتىنى بومباردىمان قىلىشى كېرەك دەپ تەكلىپ بەرگىنىدە، ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيە ۋەزىرى سىر كىڭسلېي ۋود جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: "ھاي ھاي، ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇ دېگەن شەخسىي مۈلۈك. بۇنىڭغا ماقۇل بولسام كېيىنكى قېتىمدا سەن مېنى بېرىپ رۇرنى بومباردىمان قىل دېيىشىڭ ئېنىق، ياق بولمايدۇ."

بۇ داۋالغۇچلۇق كۈنلەردە ھىتلېرنىڭ ئاساسلىق ھۇجۇم قىلىش قورالى گېوبېلس بولۇپ قالدى. يەنى ئۇرۇشنىڭ پارتلىشى بىلەن گېوبېلس قايتىدىن ئەتىۋارلىنىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق تەشۋىقات نىشانى فرانسىيىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلارنى ئەنگلىيە بىلەن زىدىيەتلەشتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تەشۋىق قىلماقتا ئىدى. گېوبېلس بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئېرىشىش مەقسىتىدە قار-يامغۇرغا قارىماي ئۆزى بىۋاستە "ئىككى سەپ" ئوتتۇرسىغا بېرىپ كۆزۈتۈپ، نەچچە يۈز يارد نېرىسىدىكى ماگىنوت مۇداپىيە ئاكوپىدىكى فرانسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولىدۇ. نەتىجىدە، ئادەتتىكى فرانسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ روسىھى ھالىتىنىڭ بەك ياخشى ئەمەسلىكىنى، ھەممىنىڭ روھى چۈشكۈن، چىرايى تۇرۇك ئىكەنلىكىنى، ھەممىلا ئەسكەر ئۇرۇشتىن بىزار، پۈتۈنلەي ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغىلا قىزىقىدىغانلىقىنى ھەمدە بىر تەرەپلىمە قاراشلارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ قالغانلىق خۇلاسىسىغا كېلىدۇ. "گېوبېلس، ئادەتتىكى فرانسۇز ئەسكەرلىرىنىڭ ياتقىدەك بىر كارىۋات، ئۇماق بىر ئايال بولغان ئىسسىق بىر ئۆيى، ئۆزىگە تەۋە كىچىك بىر باغچىسىنىڭ بولۇشىنى ۋە ئۇ يەردە خاتىرجەم ئۆمۈرنى ئۆتكۈزۈشنى بەكلا ئارزۇ قىلىدىغانلىقىدىن تولۇق خەۋەر تېپىپ بولغان ئىدى" دەيدۇ ئۇنىڭ كاتىبى ۋېرنېر ناۋمان شۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ كېلىپ. بۇ ئەسكەرلەر يەھۇدىيلاردىن، ئېنگلىزلاردىن ۋە شۇنىڭدەك، ئەڭ مۇھىمى بۇ قېتىمقى بىمەنە ئۇرۇشتىن بەكلا ئەنسىرىشەتتى. شۇنداق بولغاچقا، تەشۋىقات مىنىستىرى گېوبېلس گېرمانىيە قوشۇنىغا يولىيورۇق چۈشۈرۈپ ئىككى چېگرا ئارىسىدىكى بوش ئارىلىقنىڭ نېرقى تەرىپىدىكى قۇرۇغلۇق ئارمىيە ئەسكەرلىرىگە يوقىرى ئاۋازدا سالام بېرىپ تۇرۇشلىرىنى، شۇنىڭدەك فرانسىيە ئەسكەرلىرى بىلەن قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تەشۋىقات ئەترىتى چوڭ كانايلىق رادىئولار بىلەن يېڭى خەۋەرلەرنى ئاڭلىتىپ، گېرمانىيەنىڭ فرانسىيە بىلەن راستىنلا دۈشمەن بولغىدەك ئىشى يوقلىقىنى ئاڭلىتىپ يۈرىدۇ. ئاخشاملىرى، گېرمانىيە قوشۇنى ماگىنوت ئاكوپلىرىدىكى فرانسىيە ئەسكەرلىرىگە مۇڭلۇق فرانسىيە ناخشا-مۇزىكىلىرىنى قويۇپ بېرىدۇ. ئاڭلىتىش ئاخىرلاشقىنىدا دېكتور تەخمىنەن ئالغاندا مۇنداق دەپ تىلەكتە بولىدۇ: "خەيرلىك كەچ قەدىرلىك

دۈشمەنلىرىمىز، بىزمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاش بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى پەقەتلا خالىمايتتۇق. بۇنىڭغا كىم مەسئۇل؟ بۇ ئۇرۇشنىڭ مەسئۇلىيىتى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا ئەمەس، شۇنىڭدەك بىزمۇ مەسئۇل ئەمەسمىز. شۇڭا، بىز يەنە نېمە ئۈچۈن بىر-بىرىمىزگە قارىتىپ ئوق چىقىرىدىكەنمىز؟ بىز يەنە بىر كۈننى ئۆتكۈزىۋالدۇق، بىز يەنە بىر كېچە تاتلىق ئۇيقۇغا ياتالايدىغان بولدۇق.“ ئاخىرىدا يەنە كىشىنى مەس قىلغۇدەك تەييار بىر مۇزىكا قويۇپ بېرەتتى. كۆندۈزى، فرانسۇز ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈستىگە تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى ياغدۇرىۋېتەتتى. بۇ ۋاراقلاردا سىزىلغان رەسىملەردە، بىر فرانسۇز ئەسكىرى ئالدىنقى سەپتە تىترەپ تۇرغانلىقى، ئۇنىڭ ئايالى بولسا بىر ئەنگلىيە ئەسكىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ ياتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن ئىدى.

ئەمما فرانسىيە پۇخرالىرىغا قىلىنىدىغان تەشۋىقاتلار بۇنىڭغا ئوخشمايتتى. نېمىسلار نۇرغۇنلىغان مەخپى رادىئو ئىستانسىسلىرى ئارقىلىق ئۇلارغا ھۆكۈمىتىنىڭ نەقەدەر چىرىك ئىكەنلىكىنى، يەھۇدىيلار قانچىلىك پۇل تېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ھىتلېرنىڭ قۇرۇغلۇق ئارمىيىسى بىلەن ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ كىشىنى قورقۇتقۇدەك كۈچلۈك ئىكەنلىكى قاتارلىقلارنى ئۈست-ئۈستىلەپ تەشۋىق قىلىشقا كىرىشىدۇ. بولۇپمۇ قايسى بىر تەشۋىقات ۋارىقىنىڭ ئۈنۈمى ھەقىقەتەن ياخشى بولىدۇ. ئۇ ۋاراقتا «نوستراداموس كارامەتلىرى» (تۆت مىسرالىق داستان شەكلىدە كەلگۈسى ۋەقەلەردىن ئالدىن پەرەز قىلىدىغان فرانسۇز تاپقاق _ ئۇ.ت) نېمىسچە نەشرىدىن فرانسىيە كەلگۈسىدە ئۈچۈنچى ئىمپېرىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئالدىن پەرىزى يېزىلغان ئىدى.

مەملىكەت ئىچىدە بولسا، گېوبېلس، دۈشمەنلىرىمىز ”گېرمانىيىنى بىراقلا مەڭگۈلۈك يوق قىلىۋېتىش غەيرىتىگە كەلگەن“ بولغاچقا، نېمىسلار بۇگۈن ئىنتايىن خەۋپلىك بىر ئەھۋالدا تۇرماقتا، شۇڭا، پۈتۈن خەلق قەتئىي چىداشلىق بېرىپ پات يېقىندا كېلىدىغان كۈرەشنى كۈتىۋېلىشى كېرەك دەيدۇ. دېكابىر ئوتتۇرلىرىدا، ئۇ ھەر قايسى گېزىتلارنىڭ تىنچلىقنى مەدھىيىلەيدىغان ئوبزورلارنى ئېلان قىلىشىنى چەكلەش بۇيرۇقنى ئېلان قىلىدۇ. ”بۇ يولىيورۇقنا بىنائەن، ھەر قايسى گېزىت ۋە رادىئو ئىستانسىسلىرى روژدېستۇو بايرىمى ئۈستىدە ھېسسىياتقا بېرىلىپ كېتىشلەردىن ساقلىنىشى كېرەك.“ ئارچا بايرىمنى پەقەت 24-دېكابىر كۈنى بىرلا كۈن تەبرىكلەش كېرەك. ئالدىنقى سەپلەر بىلەن ئارقا سەپنىڭ بىردەك ئىنتىپاقلىقىنى ساقلاش مەقسىتىدە، 1939-يىلقى روژدېستۇو بايرىمىنىڭ رادىئو ئاڭلىتىش شۇئارى ”ئەسكەرلەرنىڭ ئارچا بايرىمى _ خەلقنىڭ ئارچا بايرىمى“ بولۇشى كېرەكلىكى ئېلان قىلىنىدۇ.

فرانسىيەدىكى ئەنگلىيە قوشۇنلىرى، گېوبېلسنىڭ بۇ تۆردىكى تەشۋىقاتلىرىغا قىلچە

ئېتىبار قىلمايدۇ. ئەسلىدە، بۇ ئۇرۇش سۈپەتسىز شاگىخو قىلىش مۇسابىقىسىغا ئايلىنىپ قالماقتا ئىدى. ئەنگلىيە پۇقرالىرىمۇ بىرىتانىيە قوشۇنلىرىغا ئوخشاشلا ئۇرۇشتىن زېرىككەن بولۇپ، بۇ ئۇرۇشنى "يالغان ئۇرۇش" دەپ ئاتىۋېلىشقان ئىدى. چېمبېرلىن ھەپتىلىك دوكلاتىنى ئوقۇپ بېرىۋاتقىنىدا بارغانسىرى كۆپ پارلامېنت ئەزاسى مۈگدەشكە كىرىشكەن ئىدى.

ھىتلېر بولسا، ئۇدا بەش كۈن ھاۋانىڭ ئېچىلىشىنى كۈتتى. يەنى ئۇ، بۇ شاگىخونى قورقۇنۇشلۇق ئۇرۇشقا ئايلاندۇرماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ھاۋا ئارمىيە قوماندانىمۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بىر ئىزدا تۇرۇپ قالغان ئىدى. گيۆرىڭ كىشىلەرگە تولا كۈتۈپ زېرىككەنلىك قىياپىتىنى كۆرسەتكەندەك قىلسىمۇ، كۆڭلىدە بۇنداق ناچار ھاۋانىڭ داۋاملىشىپ بېرىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. چۈنكى ئۇ، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ تەييارلىقى پۈتمىگەنلىكىدىن ئەنسىرىمەكتە ئىدى. ئۇ، ھەر كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان ھاۋارايى يىغىنىغا قاتنىشىپ، تېخىمۇ كۆپىرەك مەلۇمات بەرگىن دەپ ھاۋارايى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دىيېسىڭنىڭ كۆزىگە كىرىۋالغان ئىدى. ھىتلېر يەنە دىيېسلىڭنى تېخىمۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئالدىن مەلۇمات بېرىشكە ھەدەپ قىستىماقتا ئىدى. ئەمما دىيېسلىڭ بۇنداق قىلىشنى قەتئىي رەت قىلىپ تۇرىۋالاتتى. "فۇھرېرىم، _ دەيدۇ دىيېسلىڭ جاۋابەن، _ مەن قورقماي ئۈچ كۈنلۈك ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرەلىشىم مۇمكىن، ئەمما ھەرگىز قارىسىغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن – مەن ھەرگىز بەش كۈنلۈك ئالدىن مەلۇمات بېرەلمەيمەن!"

گيۆرىڭ ئۈمىدسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ، يۈز مىڭ مارك پۇل خەجلەپ يامغۇر پەيدا قىلغۇچى شۋېتلىر ئەپەندىنى ياللىۋالدى. مارشال گيۆرىڭ بەش كۈنلۈك ئوچۇق ھاۋاغا مۇھتاجمىدى ياكى ناچار ھاۋارايىغا مۇھتاج؟ بۇنى ھېچ كىم بىلەلمەيدۇ. ئەسلىدە بۇ ئىككىلا ئارزۇنىڭ بىرەر پەرقى يوق دېيىش مۇمكىن. چۈنكى، يامغۇر پەيدا قىلغۇچى شۋېتلىرنىڭ قولىدا تۈزۈك ئاۋازىمۇ چىقمايدىغان بىر رادىئو پرىيومنىكلا بار ئىدى. يەنە بىر تەرەپتە، مارشال مىلچ، فۇھرېرنىڭ قارىشىغا قوشۇلىدىغان بولغاچقا ئۈچۈق ھاۋا بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. يەنى، ۋاقتىنىڭ ئۇزۇرىشى دۈشمەنگە پايدىلىق دەپ قارايتتى. گەرچە يېتەرسىزلىكلەر باردەك قىلسىمۇ، ھاۋا ئارمىيىسى بەرىبىر ھاۋادا ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئا ق ش ئايروپىلانلىرى ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىگە ئۈزۈلمەي توشۇلۇپ تۇرغاچقا، گېرمانىيىنىڭ ھاۋا كۈچىدىكى ئۈستۈنلۈكمۇ بارغانسىرى ئاجىزلاپ كېتىۋاتماقتا ئىدى.

1940-يىلى 10-يانۋار كۈنى، تولا كۈتۈپ چىدىمىغان دۆلەت باشلىقى ھىتلېر، بىسىپ كىرىش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم كۈن بەلگىلىدى: بىر ھەپتىدىن كېيىنكى كۈن

چىقىشتىن چارەك سائەت بالدۇر ھۇجۇم باشلايمىز دەپ بېكىتىدۇ. كۆڭۈل ئاخىرلاشماي تۇرۇپ تەقدىر يەنە بىر قېتىم پۇتلىكاشاڭ پەيدا قىلىدۇ. ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ بىر يىنىك تىپلىق ئايروپىلانى چېگرا بويىدا ئېزىپ كېتىپ بىلگىيەدە قونۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ كۆلنى ئۇچقان بۇ ئايروپىلاندا ئىنتايىن مۇھىم بىر ئادەم، يەنى ئۇچۇش رۇخسىتى يوق يولوۋچىدىن بىرى بولغان مايور ھېلمۇت رېينبېرگېر ئىسىملىك مايورمۇ ئىدى. بۇ مايورنىڭ يېنىدا بىر سومكا بار بولۇپ، سومكىدا بىلگىيەگە ھاۋا ھۇجۇم قىلىش ھەققىدىكى ھۆججەتلەر بىلەن لىق تولدۇرۇلغان ئىدى. رېينبېرگېر سومكىسىدىكى ھۆججەتلەرنى كۆيدۈرۈپ يوق قىلىۋېتىشقا ئۈلگۈرەلمەي بىلگىيە قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىدۇ. ئەمما ئۇ، گېرمانىيەنىڭ برۇسسېلدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى ئارقىلىق ھاۋا ئارمىيە قوماندانلىق شتابىغا دوكلاد بېرىپ، پىلاننى كۆيدۈرۈپ "قىممىتى يوق ئۇششاق پارچىلارغا ئايلاندۇرغانلىقىنى، بەك بولۇپ كەتسە مۇھىم بولمىغان بەزى مەلۇماتلارغىلا ئېرىشەلىشى مۇمكىنلىكىنى" خەۋەر قىلىدۇ. بۇنىڭدىن ھولۇقۇپ كەتكەن گىيۆرىڭمۇ بۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ خۇددى شۇنچىلىك قېلىنلىقتىكى قەغەزنى سىناق قىلىپ كۆيدۈرۈپ باقىدۇ. سىناق نەتىجىسى ئۇنى يەنىلا خاتىرجەم قىلالمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئايالى "دۇربۇن كۆز ـ كۆزى ئۆتكۈر" دىن پايدىلىنىشنى مەسلىھەت قىلىدۇ. يامغۇر پەيدا قىلغۇچىدىن پايدىلانغان بىرسى ئۇچۇن بۇ تەكلىپ ئۇنچە بەك غەلىتە ھېسابلانمايتتى. شۇڭا ئۇ بىر مۇنچە "دۇربۇن كۆز" ياللاپ كېلىپ قەغەز كۆلنى كۆرستىۋىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا بۇ كۆلدە ئوقۇلغىدەك ھېچ نېمە قالماپتۇ، دەپ باھالىشىدۇ.

ئۇلارنىڭ بەرگەن مەلۇماتى گىيۆرىڭنى ئازتولا خاتىرجەم قىلغاندەك قىلىسمۇ، ھىتلېر بۇنىڭدىن يەنىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. ئۇ، ئۇرۇش پىلانىنىڭ دۈشمەنگە پاش بولۇپ قالغانلىقىنى پەرەز قىلىپ، تاجاۋۇز قىلىش پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. ئەسلىدە، ئۇ "ئۇ ئۆتكۈر كۆزلەر" ئەمەس بەلكى ھىتلېرنىڭ گۇمانى توغرا ئىدى. كۆيدۈرۈۋېتىلگەن قەغەز پارچىلىرى ئارىسىدىن بېلگىيەلىكلەر تاجاۋۇز قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ بولغان ئىدى. ئۇلار بۇ ئاخباراتنى لوندونغا يوللىشىدۇ. ئەمما لوندوندىكىلەر بۇ مەلۇماتقا دېگەندەك ئىشىنىپ كېتەلمەيدۇ. ئالايلۇق، خالىفاكس ئېچكى كابىنىتقا "مەن بۇ ھۆججەتلەرنىڭ راس-يالغانلىقىدىن بەكلا گۇمانلانماقتىمەن" دەيدۇ. ئۇنىڭ دېگىنىگە باش قوماندانلىقمۇ قوشۇلىدۇ. روشەنكى، بۇ ھۆججەتلەر ئالدىن پىلانلاپ ئايروپىلانغا قويۇلغانلىقى ئېنىق دەپ قارىشىدۇ. شۇڭا ئۇلار يەنىلا ئۆز ھۇجۇم پىلانى ئىچىگە چۆكۈپ كەتكەن ئىدى: ئۇلار بىر ئۆزۈنغا يۈرۈش قىلىش قوشۇننى نورۋېگىيەگە چىقىرىش پىلانىنى تۈزۈش بىلەن مەشغۇل ئىدى. بىرلا ھۇجۇم بىلەن غەلىبە قازىنىش ئىمكانىيىتىنى

بىرىــدىغان بۇنــداق بىــر پىكىــر يېڭىــدىن تەيىــنلەنگەن دىڭىــز ئــارمىيە ۋەزىرىنــى بەكــلا قىزىقتۇرماقتا ئىدى. گەرچە بـۇ كىشـىنىڭ ئالـدىنقى قېتىملـق دۇنيـا ئۇرۇشـىدا مۇشـۇنىڭغا ئوخشاش ئاچچىق بىر تەجرىبىسى بولىشـىغا قارىمـاي يەنـىلا بـۇ پىلانغـا قىزىقماقتـا ئىـدى. ئىلگىرى ئۇنىڭ بۇنداق پىلانى پارلامېنت تەرىپىدىن رەت قىلىنىۋېتىلگەن ئىدى.

هىتلېرمۇ نورۋېگىيەنى ئىشغال قىلىش تەييارلىقىغا كىرىشكەن ئىدى. ئەسلىدە، ئۇنىڭ ئىنتىپاقدىشى بولغان ستالىن فىنلاندىيەگە باستۇرۇپ كىرىپ ئۇنىڭ هېسابلىرىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەچكە بولغان ۋاقىت ئىچىـدە بـۇ ياۋروپـالىقلار خـۇددى 1914-يىلـدىكىگە ئوخشـاش بىـتەرەپ قېلىش ئارزۇسـىدا تۇرغـانلىقى سـەۋەبىدىن هىتلېـر بـۇ چـاققىچە ئـۇ يەرلەرگە بېســىپ كىرىشــنى ئويلانمىغــان ئىــدى. ئەممــا ســوۋېتلەرنىڭ بــۇ هەرىكىتــى ئىنتىپاقـداش دۆلەتـلەرگە بىـر باهـانە بولـۇپ، ئـۇنى شـىمالدىن قورشـاۋغا ئېلىش ئۈچـۈن نورۋېگىيەگە بېسىپ كىرىشىدىن بەكلا ئەنسىرىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ نورۋېگىيەگە باسـتۇرۇپ كىــرىش ئېهتىمــالى ھەققىــدە ئىزدىنىــپ كۆرۈشــنى تەســتىقلىغان بولســىمۇ، بۇنــداق بىــر ئېهتىمـاللىقنى يەنـىلا بەكـلا تـۆۋەن دېـيىش مـۇمكىن ئىـدى. كېيىـنچە، يەنـى فېۋرالنىــڭ ئاخىرلىرىدا، كىشنى چۆچۈتكىدەك بىر دوكلاد ئۇنىڭ ئۈستىلىگە قويۇلـدۇ: ئېنگلىزلارنىـڭ سكاندىناۋىيەدە قۇرۇغلۇقتا چىقىشى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىـدا، دېـگەن بىـر مەلۇمـات كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ هىتلېر نورۋېگىيەگە بېسىپ كىرىشنىڭ كۆچلـۈك تەشەببۇسچىسـىغا ئايلىنىــدۇ. هىتلېــر، ئەنگلىيەنىــڭ نــورۋېگىيەدە پــۇت قويغىــدەك بىــر يەرگە ئېرىشــىپلا ئالـدىكەن، بـالتىق دېڭىـزى قامـال قىلىنىـپ چىقىـش ئېغىـزى تاقىلىـپ قېلىشـىدىن بەكـلا ئەنسىرەيتتى. بۇنىڭغا ئوخشايدىغان يەنە بىر تەهدىتمۇ بار بولۇپ، ئۇ تەهدىت ئىقتىسـادى قامـال ئىـدى. گېرمانىيەنىــڭ تۆمــۈر رودىســىنىڭ يېرىمىــدىن كــۆپرەكى نــورۋېگىيە بىــلەن شىۋېتسـىيەدىن كەلمەكـتە ئىـدى؛ ئەگەر تۆمـۈر رودىسـى تەمىنـاتى بـۇ ئىـش سـەۋەبىدىن ئۈزۈلۈپ قالغىدەكلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئـۇرۇش ئىگىلىكىنىڭمـۇ يوققـا چىقىشـىدىن دېـرەك بېرەتتى. شۇنداق بولغاچقا، هىتلېر 1940-يىلى 1-مارت كـۈنى دانىيە بىـلەن نـورۋېگىيەنى بىــراقلا بېســىۋېلىش بــۇيرۇقىنى چۈشــۈرىدۇ. بۇنىــڭ ئۈچــۈن "شــىمالى ياۋروپــا ئەللىرىنىــڭ بىتەرەپلىكىنــى قۇراللىــق كــۈچ بىــلەن مــۇداپىيە قىلىشــتەك تىنچلىــق خاراكتېرىــدە ئىشــغال قىلىــش پرىنســىپى ئىشــقا كىرىشتۈرۈلىشــى كېــرەك"، ئەممــا هەر قانــدىاق بىــر قارشــىلىق كۆرۈلۈشى هامان "مۇمكىن بولغان چارىلار بىلەن" باستۇرۇلۇشىمۇ بەلگىلىنىدۇ.

ۋاقىت دېـگەن بـۇ ئاملغـا هىتلېرنـى ئالاهىـدە ئەهمىـيەت بەرمەكـتە ئىـدى. هىتلېـر، ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، "ئۇرۇش تـارىخى بـويىچە ئەڭ يۈرەكلىـك، ئەڭ مـۇهىم قـارار" غا: غەرىپكە باستۇرۇپ كىرىشـتىن ئـاۋال سـكاندىناۋىيە ئەللىـرىگە بېسـىپ كىـرىش قـارارىنى

ئالدۇ. ھۇجۇم كۈنى 15-مارت قىلىپ بېكىتىلدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، ۋەزىيەت كىشىنى قاتتىق ئەنسىرەتتىدىغان باسقۇچقا كىرگەنلىكى ئۈچۈن، كۈنسايىن يامانلىشىپ كېتىۋاتقان ئىككى نەپەر ئىتتىپاقداشنى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ساقلاشقىمۇ تىرىشماقتا ئىدى. پولشانى بويسۇندۇرۇشنىڭ ئالدىدا، بۇ ئىككى دۆلەت سودا شەرتنامىسى ئىمزالاش جەھەتتە سۆھبەت باشلىغان ئىدى. گېرمانىيە 37 كىشىلىك ئىقتىسادى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى موسكۋاغا ئەۋەرتكەن ئىدى؛ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىمۇ ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ بىر ۋەكىللەر ئۆمىكىنى بېرلىن زىيارىتىگە ئەۋەرتكەن. يەنى سوۋېت ۋەكىللەر ئۆمىكى بىر يېرىم مىليارت مارك قىممىتىدە ماشىنا ئۈسكۈنىلەر بىلەن ھەربى ماتېرىياللار سېتىۋېلىش تىزىملىكىنى ئېلىپ بېرلىنغا بارغان ئىدى. بۇ تىزىملىكنى كۆرگەن نېمىسلار ھاڭۋېقىپ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدۇ. رۇسلارنىڭ بەرگەن بۇ مال سېتىۋېلىش تىزىملىكىدە كۆرسىتىلگەن ماللار ئاساسەن ئالغاندا ئۇرۇش ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماتېرىياللار ھېسابلىناتتى. نەتىجىدە، بۇ ئىككى دۆلەت ئۈزۈنغا سوزۇلغان ئىنتايىن كەسكىن تالاش-تارتىشلار ئىچىگە پېتىپ قالدۇ. ئاخىرى ستالىنمۇ بۇ تالاش-تارتىشنى بىۋاستە يوقۇرى پەللىگە كۆتۈرىدۇ: ئۇ قاتتىق قوپال تىل بىلەن كەسكىن قىلىپ "ئەگەر نېمىسلار بۇ جەھەتتە يول قويۇشتىن باش تارتىدىكەن، ئۇ ھالدا شەرتنامە ئىمزالانمايدۇ" دەپ ئېلان قىلىدۇ.

بۇنىڭغا ھىتلېر ھەرگىزمۇ يول قويالمايتتى. فېۋرالنىڭ باشلىرىدا، رىببېنتروپقا، ستالىنغا خەت يېزىپ گېرمانىيەگە قارىتا كۆزقاراشلىرىنى قايتا بىر ئىزاھلاپ بېرىشىنى تەلەپ قىل دەپ يوليورۇق بېرىدۇ. ئېنىقكى، ستالىن (ئۇنىڭ جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ سۆھبەت قىلىشى نەتىجىسىدە نېمىس تەرەپتىن بىر قىسىم يول قويۇشلارغىمۇ ئېرىشىۋالغان ئىدى)، بۇ ئىتتىپاقداشىنى قىستاپ ھەقىقەتەنمۇ يار لىۋىگە قىساپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ (ئىككى ئاي ئاۋال، ئۇنىڭ بىر ئۇۋۋا دۈشمىنى تروتسكىمۇ "ھىتلېرغا مەغلۇبىيەت سىگنالى چېلىنىشتىن بۇرۇن ياۋروپادا بەكلا كۆپ ئادەم يوقۇتۇلغان بولىدۇ. ستالىن بۇنداق بىر قىرغىنچىلىق ئىشى ئىچىدە بولۇشنى خالىمىغاچقا، بۇ ئىشلاردا بەكلا سەگەك، ھىتلېردىن ئالدىراپلا ئۇياق-بۇياق بولۇپ كېتىشنىمۇ خالىمايدۇ" دېگەن ئىدى). ستالىن چاقماق تېزلىكىدە ھېچ نېمە بولمىغاندەك تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ تالاش-تارتىشقا خاتىمە بېرىدۇ. ئۇ، گېرمانىيەنىڭ ئىككى يىل ئۈچ ئاي ئىچىدە مال تاپشۇرىدىغان بولسا ئۇمۇ بىر يېرىم يىل ئىچىدە خام ئەشيانى گېرمانىيەگە تاپشۇرۇشقا ماقۇل بولىدۇ. پۈتۈن توسالغۇلار سۈپۈرۈپ تاشلىنىپ، بۇ شەرتنامە ئۈچ كۈندىن كېيىن .ىمزالىنىدۇ. گېرمانىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بۇنىڭدىن قاتتىق خوشال ئىدى. "بۇ كېلىشىمنامە، _ دەيدۇ

ئــۇمەك باشــلىقى، ـ بىزنــىڭ ئۇچــۇن شــەرققە تۇتىشــىدىغان دەرۋازىنىــڭ داغــدام ئېچىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.“

بۇنىڭـدىن ھىتلېرمـۇ خوشـال ھەم خـاتىرجەم بولغـان ئىـدى. ئـالايلۇق ئـۇ كرېمىـل سـارىيىدىكى كەسىپدېشىـغا تېخىمـۇ دىققىتىنـى مەركەزلەشـتۈرىدۇ. سـتالىن، ھىتلېرنىـڭ چوڭقۇر چۈشىنىشى ئۈيىدا بولغان بىردىن-بىر دۇنياۋىي رەھبەرلەردىن بىرى ئىـدى. شـۇڭا ئــۇ موســكۋادىن قايتىــپ كەلــگەن ئەلچىــدىن بــۇ دوســتى توغرىلىــق ئەڭ ئۇششــاق تەرەپلىرىگىچە بىر-بىرلەپ سوراپ كېتىدۇ. كرىستا شرۆدېرنىڭ ئەسلىمىسـىدىن قارىغانـدا، ھىتلېـر پـات-پـاتلا سـۆزلىگۈچىنىڭ گېپىنـى كېسـىپ قىزغىنلىـق بىـلەن ۋارقىـراپ كەتـكەن بولۇپ، ”ستالىن دېگەن بۇ ئادەم راستىنلا رەھىمسىز بىر مەخلۇق ئىكەن، شۇنداقتىمۇ، ئۇنى يەنىـلا پەۋقۇلئـاددە مىجەزلىـك بىـرى دەپ قـاراش كېـرەك.“ ئۇنىـڭ بـۇ گەپلىـرى خـۇددى ئۆزىگە ئۆزى باھا بەرگەندەكلا بىر گەپلەر ئىدى.

رۇسىيە مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە مۇنداق بىر ئىشمۇ ھەل بولۇپ كەتكەن ئىدى: شۇ يىلى مارت ئېيىدا، فىنلار سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئېغىـر تىنچلىـق شەرتنامىسىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلىپ، ئوتتۇردا يۈز بەرگەن قانلىق ئۇرۇشقا خـاتىمە بېرىشكەن ئىدى. بۇنىڭ ئالدىدا ھىتلېر بۇنـداق قارشـى ئېلىنىـپ كەتمەيـدىغان بىـر ئىشقا يـارىيەلەك بولۇشـتا بەكـلا مۈشـكۈل ئەھۋالـدا قالغـان ئىـدى. مانـا ئەمـدى، بـۇ ئۇرۇشـنىڭ توختىشـى بىـلەن ئۇسـتىدىن ئېغىـر بىـر يـۈك ئېلىـپ تاشـلانغاندەك ھـېس قىلىـپ، پۈتـۈن دىققىتىنى تېخىمۇ مەنپەئەتلىك باشقا مۇسابىقە مەيـدانىغا مەركەزلەشـتۈرەلەيدۇ. بـۇلاردىن بىـرى ئىتـالىيە ئىـدى. يېقىنـدا، مۇسسـولىنىنىڭ قارشـى ئېلىنمايـدىغان تەكلىـۋىگە جـاۋاب بېرىــپ، بــۇ جەھەتــتە چــوڭ بىــر قەدەم تاشــلىغان ئىــدى. ئــۇ جــاۋاب خېتىــدە، ئۆزىنىــڭ ھەربىكتىنى تەپسىلى ئاقلاپ ئۆتۈش بىـلەن بىـرگە، خـۇددى بىـر قىـز ئوقۇغۇچىنىـڭ بەكـلا ياخشـى كـۆرگەن سـۆيگۈنىگە خەت يازغانـدەك بەكـلا كـۆپ خۇشـخەت پاسـۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىتالىيەنى قىزغىنلىق بىلەن ماختاپ ئۆتكەن ئىدى.

ئۇنىڭ بۇ خەتنى شـۇنچە ئـۇزۇن ۋاقـت كېچىكتـۈرۈپ ئەۋەرتىشـدە چوقـۇم ئاتـاغلىق بىرسىدىن ئەۋەرتىشنى مەقسەت قىلغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئەتىسى، يەنى 9-مارت كـۈنى، تاشـقى ئىشـلار مىنىسـترى رىببېنتـروپ بىـر مـۇنچە ھەمراھلىرىنـى بىـرگە ئېلىـپ بىرلىنىدىن ئايرىلىدۇ. بۇ ھەمراھلار ئارىسىدا مەسلىھەتچى، كاتىپ، ساتراش، دوختـۇر، بەدەن چېنىقتـۇرۇش ئوقۇتقۇچىسـى ۋە ئـۇۋۇلاپ قويـۇش ئۇستىسـى قاتـارلىقلارمۇ بـار ئىـدى. دەسـلەپكى كۆرۈشۈشـتە، مۇسسـولىن، رىببېنتـروپ سـورىغان ”ئىتـالىيە بـۇ ئۇرۇشـقا قاتنىشـامدۇ؟“ دېـگەن سـۇئالغا ئېھتىيـاتلىق بىـلەن جـاۋاب بېرىـپ ئۆتـدۇ. ئـۇ جاۋابىـدا

”توقۇنۇشقا مەقسەتلىك ھالدا مۇداخىلەدە بولۇپ، گېرمانىيىنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا پاراللېل بىلەر ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى“ ئېيتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بۇ ئۇرۇشنىڭ ۋاقتىنى ئۆزى بەلگىلەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. رىببېنتروپ ئۇنىڭدىن بوي سۇنۇش تەلىۋىدە بولغان بولسىمۇ مۇسسولىنى بۇنىڭغا كۆنمەيدۇ. ئۇ پەقەت ھىتلېر بىلەن كۆرۈشۈش تەكلىپىنىلا قوبۇل قىلىدۇ. 18-مارت دۈشەنبە كۈنى، ھىتلېر بىلەن مۇسسولىنىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى مۇستەبىت، قاتتىق قار-شىۋىرغانغا قارىماي برېننېر تاغ ئېغىزىدا ئۇچرىشىدۇ. يىغىن ھەقىقەتەنمۇ قىزغىن ۋە سەمىمىيەتلىك ئۆتىدۇ. ھىتلېر يىغىندا باشتىن ئاخىرى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ پۈتۈنلەي ساختا قىياپەت بىلەن ئولتۇرۇپ، ئىنتايىن مۆلايىم سۆز قىلىدۇ. ئۇ سۆزىدە، مېنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش سەپىرىمدىكى مەقسەت، ”ۋەزىيەتنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش“ ئارقىلىق، ئىتالىيە باش مىنىستىرىنى ئۆزىنىڭ قارارىنى بېرىشكە ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىشتۇر، دەيدۇ.

شىمىدىتقا غەلىتە تۇيۇلغىنى، مۇسسولىنى ئۇنىڭغا قالغان بىر قانچە مىنۇتلۇقلا سۆز قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىش جەھەتتىكى مەقسىدىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بۇ تەلەپ، ئەڭ مۇۋاپىق پەيتنى تاللاشتىن باشقا بىر مەقسەتنى كۆزدە تۇتقان ئەمەس. ئۇ ئىككىسى بىر-بىرىسىگە بولغان مەڭگۈلۈك ئىشەنچ، مەڭگۈلۈك دوستلۇق مۇھىتى ئىچىدە خوشلىشىدۇ. ئەمما ھىتلېر يىغىن مۇزاكىرە خاتىرىسىنى ھەرگىز ئىتالىيانلارغا كۆرسەتمە دەپ يوليورۇق بېرىدۇ: ”ئىتالىيە تەرەپتىن ھەر قانداق بىرسى بۇ ھۆججەتلەرنى كۆرۈپ قالىدىغانلا بولىدىكەن، بۇ خەۋەرنى شۇ ئىتتىپاقداش ئەللەر دىپلوماتىك ئەمەلدارلىرىغا دەپ قويىشى مۇمكىن، بۇنداق قىلمايدۇ دەپ ھېچ كىم بىر نېمە دېيەلمەيدۇ.“ مۇسسولىنى بولسا ئۆزىنىڭ يېقىندا ئۇرۇشقا قاتنىشىش ھەققىدە ۋەدە قىلىپ خاتا قىلغانلىقىنى ئويلاپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ رىمغا قايتىش يولىدا دېرىزە سىرتىدا يېغىۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرىنى كۆرسىتىپ، بۇ قار جەنۇپتىكى ئەتىناغىچە ياغقىنىدىلا ئىتالىيە مىللىتىنى باتۇر مىللەت ھالىغا كەلتۈرگىلى بولار، دەيدۇ. گەرچە ئۇ يىغىندا ھىتلېرنىڭ ھەممىنى باشقۇرۇپ يۈرگەن ھالەتنى ئىپادىلىگەنلىكىدىن غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا بۇ ئىتتىپاقدىشىنىڭ قورۇغلۇقتا ھۇجۇم قىلمايدۇ دەپ ئىشەنچ قىلاتتى.



تېخى يېقىندىلا شىراچ ئەر-خوتۇن ئىككىسى باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسىدە

ھىتلېرنىڭ كۆزئەينەكلىك كىتاب ئوقۇپ ئولتارغانلىقىنى تۇيۇقسىز كۆرۈپ قالدۇ (ھىتلېرنىڭ كاتىبى فۇھرېرنىڭ ئاممىۋى ئوچۇق سورۇنلاردا كۆزئەينەك تاقىماي تۇرۇپمۇ ئوقۇيالىشى ئۈچۈن نۇتۇق تېزىسلىرىنى چوڭ خەتلەر بىلەن ئۇرۇپ بېرەتتى. _ ھاشىيە ئىزاھاتى). ھىتلېر ئالدىراش كۆزئەينىكىنى ئېلىۋېتىپ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ قويىدۇ (ئۇ، كۆزئەينەكلىك تۇرغۇنىدا خوپماننىڭ رەسىم تارتىشىغا رۇخسەت قىلمايتتى). "كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، مەنمۇ كۆزئەينەك تاقايدىغان ئوخشايمەن. كۆندىن كۈنگە قېرىپ كېتىۋاتىمەن. شۇڭا مەن 60 يېشىمدا ئەمەس بەلكى 50 يېشىمدا ئۇرۇش قوزغىماقچى بولدۇم. _ ئۇ لوندون رەسىملىرى ئالبومىنى كۆرۈپ ئولتۇرغان ئىكەن، _ بەكلا خوشالمەن، ئۇ يەردە بارۇك پاسونى بىنالار يوق ئىكەن. _ ئۇ دەرھال كىتاپنى يېپىپ قويۇپ، _ بۇ نەرسىنى كۆرۈپ زېرىكتىم" دەيدۇ.

ئۇ، گېرمانىيە باشقىلاردىن ئاۋال نورۋېگىيەگە بېرىۋېلىشى كېرەك، دەپ ھېسابلايدۇ. 2-ئافرېل كۈنى، بىر ھەپتىدىن كېيىن ھۇجۇم باشلىنىدۇ، ھۇجۇم ۋاقتى سەھەر سائەت 5 تىن چارەك ئۆتكەندە دەپ بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ھىتلېرگە قارشى گۇروھتىكىلەرمۇ خۇددى شۇنىڭدەك تاجاۋۇز قىلىشنى توساش ئىرادىسىگە كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ھالدېر دېگەن بۇ كىشىگە ئېھتىياجلىق ئىدى. ئېنىقكى بۇ بىرقانچە پەتنىپ ئىشقا كىشىلىك ھەسسە قوشىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمەي يۈرەتتى. ئۇنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلار ھالدېرغا مۆللېرنىڭ ئەسلەتمە دوكلاتىنى، يەنى بۇ مېمراندومدا پاپانىڭ ئەنگلىيە بىلەن تىنچلىق سۆھبىتىگە ئولتۇرۇش ئىشلىرى تېپىك قىلىپ تونۇشتۇرۇلغان ئىدى. باش قۇماندان ستاف بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ كۆزىدىن ياش تۆكۈپ كېتىدۇ. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ مېنىڭ ۋىژدانىم ھەرىكەت قىلىشىمغا يول قويمايدۇ، دەيدۇ.

بۇ پىلاننىڭ مەغلۇپ بولۇشى جاسارەتلىك پولكوۋنىك ئوستېرنى ھەرگىزمۇ ئىرادىسىدىن بوشىتالمايدۇ. ئۇ ئۆزى بىۋاستە ھەرىكەتكە كېلىپ ھىتلېرنى چەكلەش ئىرادىسىگە كېلىدۇ. ئافرېلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا پولكوۋنىك نورۋېگىيە پات يېقىندا تاجاۋۇزغا ئۇچرايدۇ دېگەن بۇ مەخپى مەلۇماتنى گوللاندىيە ھەربى مەسلىھەتچى ئەمەلدارىغا ئېيتىدۇ. ئەمما بۇ ئاخبارات نورۋېگىيەنىڭ بېرلىندا تۇرۇۋاتقان ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ بىر ئەزاسىغا يەتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، بۇ خادىم قولىدىكى بۇ ئاخباراتنى ئوسلوغا يەتكۈزۈشنىڭ قىممىتى يوق دەپ قارايدۇ. ئېنگلىزلارمۇ تاپشۇرىۋالغان بۇنىڭدەك بىر دوكلاتقا ئىشەنمەيدۇ. يەنى ھىتلېرنىڭ ئۆتكەن ئىشلىرى بىر-ئىككى كۈن ئىچىدە ئىشقا ئاشۇرماقچى بولۇۋاتقان بىر ئىشقا تۇتۇش قىلىشىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئۇلاردىكى

ھەدددىن ئارتۇق ئۆزگە تەمەننا قويۇش ھالىتى لوندوندىكى دوۋنىڭ ستىرىت 10-نومۇرنى قاپلىۋالغان ئىدى.

يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، يەنى 7-ئافرېل كۈنى، گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيە قىسىملىرى بەش ئەترەتكە بۆلۈنۈپ، نورۋېگىيەنىڭ 6 شەھىرىگە قاراپ ئايرىم-ئايرىم يۈرۈش قىلىدۇ. بۇ شەھەرلەردىن ئۈچىسى _ نارۋىك، تروندھېيم ۋە ستاۋانگېردا، كېمە ئامبارلىرىغا جەڭگىۋارلار ئەترىتى ئەسكەرلىرى تولدۇرۇلغان گېرمانىيە سودا پاراخوتى يېقىن دېڭىز ئۈستىدە جەددى تۈردە تەييارلىقتا تۇرىدۇ. بۇ چاغدا، ئەنگلىيە ئۇرۇش پاراخوتلىرى نارۋىكنىڭ تۆۋەن تەرەپ دېڭىز يۈزىگە سۇ مىناسى تاشلاپ بېسىپ كىرىش تەييارلىقنى باشلىۋېتىدۇ. خانلىق دېڭىز ئارمىيە ھەربىي پاراخوتلىرىدىن «پارقىراق قوڭغۇز» ئاتلىق پاراخوتى ئىككى گېرمانىيە قوغلىغۇچى پاراخوت (دېستروييېر) نى كۆرۈپ قالىدۇ. لوندون دائىرىلىرى، گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسى نارۋىكنى ئىشغال قىلىشقا ئۇرۇنماقچى ئىكەنلىكىنى، ئەمما كۈچى ئازلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇ ئىككى ھەربىي پاراخوت ئەنە شۇلاردىن بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشىدۇ. دۈشەنبە كۈنىگە كەلگىنىدىلا ئەنگلىيە ئىچكى كابىنېتى، دۈشمەن پاراخوتلىرى يەنە كامىدا 3 نورۋېگىيە پورتىغا قاراپ يېقىنلاشقانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ۋەزىرلەر ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالىدۇ. ئەمما ھىتلېرنى چەكلەش ئۈچۈن ئەندى بەكلا كېچىككەن ئىدى!

سەيشەنبە سەھەردە، گېرمانىيە قوشۇنلىرى ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 8 دە، نارۋىك ئىككى باتالىيون گېرمانىيە قىسمى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىدۇ. بۇ ئىككى باتالىيون گېرمانىيە قىسمى ھىتلېرنىڭ پىۋىخانا قوزغىلىڭى دەۋرىنىڭ كونا سەپداشلىرى بولۇپ، بىرىگادا گېنېرالى ئېدۇۋارت دىيېتل يېتەكچىلىكىدىكى ئالاھىدە تاغ ئەسكەرلىرىدىن ئىدى. چۈشتىن بۇرۇن، قالغان پورتلارمۇ كەينى-كەينىدىن ئىشغال قىلىنىدۇ. ئەمما كونا ئوسكاربېرگ قەلئەسىدە تاجاۋۇزچىلار قارشىلىققا دۇچ كېلىدۇ. قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ چېك تۇرۇپ ئىستېھكامىنى ساقلاش ۋاقتى خانلىق ئائىلىسى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە پارلامېنت ئەزالىرى قاتارلىقلارنىڭ ئوسلودىن بىخەتەر شەكىلدە پويىز بىلەن قېچىپ قۇتۇلۇش پۇرسىتىنى ياراتقان ئىدى. نورۋېگىيە بانكىسىدىكى ئالتۇن ۋە دېپلوماتىك مەخپى ھۆججەتلەر 23 يۈك ماشىنىسى بىلەن پايتەختتىن چىقىرىپ يىراقلارغا ئېلىپ كېتىلىدۇ.

دانىيەدە بولسا، گېرمانىيە قىسىملىرى بەكلا زەئىپ قارشىلىققا دۇچ كەلگەن بولۇپ، پىلان خۇددى قەغەز يۈزىدە پىلانلانغىنىدەك بەكلا ئاسان ئىشقا ئاشىدۇ. بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دانىيە دېڭىز ئارمىيىسى بىر پايمۇ توپ ئاتالمايدۇ. قۇرۇغلۇق ئارمىيىسىمۇ

تاجاۋۇزچىلاردىن ئارانلا 20 نەپىرنى ياردارلاندۇرالايدۇ. يېرىم كېچىگە كەلگەندە، ئۇرۇش ئومۇمىي يۈزلۈك ئاخىرلىشىدۇ. دانىيە پادىشاھى تەسلىم بولۇپ، بارلىق قارشىلىق كۆرسىتىشلەرنى توختىتىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرىدۇ. ئۇ، گېرمانىيە قىسىملىرىنىڭ قوماندانىغا، مەملىكەت ئىچىدە تىنچلىق بىلەن تەرتىپ ئىنتىزامنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ كەينىدىنلا بۇ پادىشاھ نېمىسلارنى ماختاپ ئۇچۇرۇشقا باشلايدۇ: "سىلەر نېمىسلار ئىشەنگىلى بولمىغىدەك ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇردۇڭلار! كىشىلەر شۇنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەككى، سىلەر ھەقىقەتەنمۇ قالتىس ئىش قىلدىڭلار!"

كۈن قاراڭغۇ چۈشكىچە، ھىتلېر نورۋېگىيەدىمۇ تا ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى تۇيۇقسىز ئۇتتۇرغا چىققان ۋاقىتقىچە ئاساسەن تولۇق غەلىبىگە ئېرىشىدۇ. چارشەنبە چۈشتىن بۇرۇن، ئەنگلىيەنىڭ 5 قوغلىغۇچى پاراخوتى تۇيۇقسىزلا نارۋىك پورتىغا باستۇرۇپ كىرىپ ئىككى گېرمانىيە قوغلىغۇچى پاراخوتى بىلەن بارلىق سودا پاراخوتلىرىنى توپقا تۇتۇپ چۆكتۈرىۋېتىدۇ. بۇلاردىن پەقەت بىرسىلا ساق قالىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئەنگلىيە كېمىسى "ۋارسپىت" قوغلىغۇچى پاراخوت ئەترىتىنى باشلاپ كېلىپ قالغان نېمىس پاراخوتلىرىنىڭ ھەممىسىنى چۆكتۈرىۋېتىدۇ.

بۇ خەۋەر ھىتلېرنى بەكلا جىددىيلەشتۈرىۋېتىدۇ. شۇڭا ئۇ، براۋچىتىشقا "قارىغاندا، نارۋىكنى تۇتۇپ تۇرالمايدىغاندەك قىلىمىز" دەيدۇ. 17-ئاپرېل كۈنى، ھىتلېرنىڭ خاپىلىقى بەكلا ئېنىق كۆرۈلمەكتە ئىدى. ئۇ ئۈدۈل كەلگەنلا كىشىنى تىللاپ ھاقارەتلەشكە باشلايدۇ. براۋچىتىش، كېيتېل ۋە ھالدېر ئۇچىسىنىڭ ھېچ بىرى ئۇن چىقىرالمايدۇ. ئۇرۇش مىنىستىرى جودل قوپال بىر شەكىلدە بىرلا چىقىش يولى بارلىقنى ئېلان قىلىدۇ: "پۈتۈن كۈچلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ قەتئىي چىڭ تۇرۇش، ھەرگىز قولدىن بەرمەسلىك كېرەك." كەينىدىنلا ئۇ ھىتلېر بىلەن خۇددى تەڭ دەرىجىلىك كىشىلەردەك مۇنازىرە قىلىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تۇر گەپ تاكالىششى ئەتراپتىكىلەرنى قورقۇتۇپ ھاڭ-تاڭ قالدۇرىۋېتىدۇ. كېيىن، ئۇرۇش مىنىستىرى ئاچچىغلىنىپ ئىشىكنى جالاقلىتىپ ئاچقىنىچە ئۆيدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كېتىدۇ. ھىتلېرمۇ بىر ئېغىز گەپ قىلماي يەنە بىر ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدۇ. شۇ ئاخشىمى، دىيېتلغا بۇيرۇق قىلىپ "پۈتۈن ئىمكانىيەتنى ئىشقا سېلىپ چىڭ تۇر" دەيدۇ. 19-چىسلادا، يىڭى كىرىزىس خەۋىرى يېتىپ كېلىدۇ. نورۋېگىيەنىڭ شىمالىدىكى قىيا تاغلىق دېڭىز بويىدىكى تاغ ئىچىگە قېچىپ كەتكەن نورۋېگىيە پادىشاھى 7-خاكون، يەنى 20-ئەسىردىكى بىردىن-بىر پۇقرالار تەرىپىدىن ئاۋاز بېرىلىپ سايلانغان پادىشاھ، نورۋېگىيە فاشىست پارتىيىسىنىڭ كاتتىۋېشى، روزېنبېرگنىڭ مورتى ۋىدكۇن كۇيسلىڭ تەشكىل قىلغان ھۆكۈمەتنى قەتئىي رەت قىلىدۇ.

بۇ چاغقا كەلگەنــدە، ئەنگلىــيە قوشــۇنلىرىدىن 13 مىــڭ كىشــىلىك ئىككى بىرىگــادا نارۋىك بىلەن تروندھېيم ئەتراپىدا قۇرۇغلۇققا چىقىدۇ. ئەنگلىــيە قوشــۇنلىرىنىڭ ھۇجــۇمى كۈچىيىشــى، قۇرۇغلۇققــا چىققــان قىســىملارنىڭ كۆپىيىشــىگە ئەگىشــىپ، ھەپــتە ئاخىرىغــا كەلگىچە گېرمانىيە قوشۇنلىرى تۆت ئەتراپى قاپسالغان بىر ئەھۋالغا چۈشــۈپ قالــدۇ. بــۇ چاغدا مىلچ بىۋاسىتە قۇماندانلىق قىلغان ھاۋا ئارمىيىسى كېلىپ ئۇلارغا يــاردەم قىلــدۇ. ئــۇ ئالاھىــدە تــاغلىق قىســىملار بىــلەن لــىق تولــدۇرۇلغان ئىككــى چــوڭ ســۇغا قونــدىغان ئــايروپىلاننى نارۋىكقــا ئەۋەرتــدۇ؛ ئانــدىن يەنە ئــۆزى بىۋاســتە قۇمانــدانلىق قىلغــان بومباردىمــان ئــايروپىلانى بىــلەن بومباردىمــان قىلــىپ نــورۋېگىيە ئوتتــۇرا قىســمىدىكى ئەنگلىــيە قىســىملىرى بىــلەن نــورۋېگىيە ئارمىيىســىنىڭ قارشــىلىق كۆرســىتىش كــۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. 28-ئافرېل كۈنى، ئەنگلىيە بۇيرۇق بېرىپ كۆپ قىسىم قۇرۇغلــۇق ئــارمىيە قوشــۇنلىرىنى چېكىنــدۈرۈپ كېتــدۇ. ئەتىســى، پادىشــاھ خــاكون ۋە ھۆكــۈمەت ئەزالــىرى ئەنگلىيە كرېيسېر ئوكيان چارلاش پاراخوتىغا چىقىپ شىمالى قۇتۇپ ئىچىدىكى ترومسۆغا يۆتكۈلۈپ، شۇ يەرنى ۋاقىتلىق پايتەخت قىلىدۇ.

شــۇنداق قىلىــپ، نــارۋىكتىن باشــقا كــۆپ قىســىم نــورۋېگىيە رايــونلىرى گېرمــانىيە ئارمىيىســىنىڭ تېزگىنــى ئاســتىغا ئۆتــدۇ. نارۋىكتــا بولســا، دېيتلىنــىڭ 6 مىــڭ كىشــىلىك ئەسكىرى ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ 20 مىڭ كىشىلىك ئەسكەرلىرى بىلەن قەھرىمــانلارچە ئۇرۇشماقتا ئىدى. ئافرېلنىــڭ ئــاخىرقى كــۈنى، جــودل، ھىتلېرغــا ئوسلو بىــلەن تروندھېيم ئوتتۇرىســـىدىكى ئـــالاقە ئورنىتىلغـــانلىقىنى بىلدۈرىـــدۇ. چۈشـــلۈك تامـــاق ۋاقتىـــدا، ”خوشــاللىقىدىن ئــۆزىنى يوقاتقــان“ ھىتلېــر خاتاقىلغــانلىقىنى ئېتــراپ قىلىــپ، غــالىبىيەت قازىنىش ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىگە رەخمەت ئېيتىدۇ. فۈھرېر يەنە دېيتل بىلەن مىلچقىمۇ رەخمىتىنــى بىلــدۈرۈپ، ئۇلارنىــڭ ھەر ئىككىســىنىلا دەرىجىســىنى ئۆســتۈرىدۇ. ئــۇ مىلچنــى ئالاھىدە ماختايدۇ. بىــر قېتىملىــق يىغىنــدا مىلــچ ھــاۋا ئارمىيىســىنى تېزگىنــدە تۇتــالىغىنى ســەۋەبىدىن نــورۋېگىيەدە ۋەزىــيەت قولــدىن كەتــكەن بىــر ئەھــۋال ئاســتىدا گېرمــانىيە قوشۇنلىرىنى خەۋىپتىن قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنى تونۇشــتۇرۇپ ئۆتــدۇ. ”نــېمە ئۈچــۈن؟ _ ئــۇ مەغرۇر قىياپەتتە ئولتۇرۇپ سوئال قويىدۇ. قارىغاندا ئۇ جۇدل بىلەن تالىشىپ قالغــانلىقىنى پۈتــۈنلەي ئېســىدىن چىقىرىۋەتكەنــدەك قىلاتتــى، _ چــۈنكى مېنىڭــدەك بىــر ئــادەم بــارلىقى سەۋەبىدىن، ئىمكانسىز دېگەن گەپنى بىلمەيدىغان مەندەك بىرسى بولغانلىقىدىن شــۇنداق قىلالىدى!“ دەيدۇ.

ھىتلېــر، شــىمال تەرىپىنــى مۇســتەھكەملىۋالغىنىدىن كېيىن زېھنىنــى يىغىــپ غەرپكە بېسىپ كىرىش مەسىلىسىنى قايتىدىن ئويلىنىشقا كىرىشــدۇ. ئــۇ، بــۇرۇن لايىــلەپ چىققــان

ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى پەقەتلا ياقتۇرمىغان ئىدى. چۈنكى بۇ لايىھە ئالدىنقى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدا پايدىلانغان تاكتىكىنىڭ كۆچۈرۈلمىسىلا ئىدى. شۇنىڭدەك بۇ پىلاندا تەسەۋۋۇر كۈچىمۇ بەكلا يېتەرسىز ئىدى: ئۇ پىلاندا، فرانسىيىنىڭ شىمالى بىلەن بىلگىيەدىن باشلاپ ئېنگلىز قانىلىدىكى ھەر قايسى پورتلارنى سىرىپ سۈپۈرۈپ مېڭىش پىلانلانغان ئىدى. ئۇنىڭ نىشانى فرانسىيە قۇرۇغلۇق ئارمىيىسىنى تارمار قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان بولماي، يەنە دېڭىز قانىلى بويلىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئەنگلىيە بىلەن قالغان ئىتتىپاقداشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى ئۈزۈپ تاشلاشنىمۇ مەقسەت قىلاتتى. شۇنىڭدەك يەنە گېرمانىيە سۇئاستى پاراخوتى ياساش بىلەن ئايرودروم سېلىش ئىشىنىمۇ باشلاپ، بېرىتانىيە ئاراللىرىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق ئىشلىرىنى باشلاش ئىدى.

”بۇ پىلان يەنىلا شۇ بۇرۇنقى شلىيفېن پىلانىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. _ دەيدۇ ھىتلېر كېيتېل بىلەن جۇدلغا قاراپ، _ بۇ پىلان پەقەتلا ئاتلانتىك ئوكيان قىرغىقىنى بويلاپ ئوڭ تەرەپتىن قورشاشتىن باشقا بىر ئىش ئەمەس. ئىككى قېتىم بۇنداق بىر ئوپېراتسىيە ئۇرۇشى قىلىپ ھەرگىز يېڭىپ چىققىلى بولمايدۇ.“ گەرچە غەلىبە قىلىشقا بولدى دېيىلگەندىمۇ، بۇ ئۇرۇش يەنىلا ئۇلار پىلانلاپ كەلگەن چاقماق تېزلىكىدە ئۇرۇش قىلىش پرىنسىپىغا قارشى بىر پىلان بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېنىق. ئۇ بۇرۇن، بۇ بىر ئەۋلات كىشىلەرنى قايتىدىن فلاندېرستا تارتقان جاپالىرىنى تارتقۇزمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ پىلانى بويىچە ئاردېن تاغ تىزمىسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ جەنوبتا تېخىمۇ يىراق بىر يەردىن دادىللىق بىلەن قىسىلىپ كىرىپ، ماشىنلاشقان قىسىملاردىن پايدىلىنىپ سېدانىنى بۆسۈپ ئۆتۈش ئارقىلىق ئېنگلىز قانىلىغىچە باستۇرۇپ بارماقچى ئىدى. كەينىدىن شلىيفېن پىلانىغا تۈپتىن زىت ھالدا ئاساسى كۈچنى يىغىپ شىمالغا يۈزلەندۈرۈپ، ئەنگلىيە-فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ ئارقا سېپىگە باستۇرۇپ كىرىپ ئۇلارنىڭ چېكىنىش يولىنى توساش ئىدى. ئۇنىڭ ئادىيۇتانتلىرى، فۈھرېر ئالاھىدە ئىشلەنگەن بىر ستېرېئو خەرىتە ئۈستىدە سېدانىنىڭ بۆسۈپ ئۆتۈش يېرى بولۇش-بولماسلىقىنى كېچە-كېچىلەپ تەتقىق قىلىشقا كىرىشۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ.

بەلكىم گېنېرال پولكوۋنىك فرىتز ئېرك ۋون مانستېين بەلكىم قۇرۇغلۇق ئارمىيە ئىچىدە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئىستراتېگىيەشۇناس ھېسابلىنىشىمۇ مۇمكىن، ئۇمۇ ھىتلېرنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ بىراۋچىتىشقا سۇنغان. ئەمما بىراۋچىتش بۇ پىلاننى خەتىرى بەك چوڭ دەپ ئېتىبارغا ئالمىغان ئىدى. ئەمما فۈھرېر، مانستېيىننىڭ بۇنداق بىر ”خەۋپى چوڭ“ تەكلىۋىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ئۇنىڭدىن بۇ پىلانىنىڭ تەپسىلاتىنى بايان قىلىپ بېقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما

مانستېيىننى ھەيران قالدۇرغىنى، فۈھرېر بۇ پىلاننى ئاڭلاپ بەكلا خوش بولۇپ كەتكەنلىكى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر ئۆز ئىشەنچىنى مۇستەھكەملەپلا قالماي، يەنە پىلان ئۈستىدە بىر قىسىم ئۆزگەرتىشلەرنى قىلدۇ. ئالىي قوماندانلىق شتابى ھىتلېرنىڭ تۈزىتىشىدىن كېيىنكى پىلانغا قىزىقماسلىق بىلەن بىرگە، مانستېيىننىڭ پىلانىنىمۇ خالىمايدۇ. شۇڭا ئۇلار بىرلىكتە بۇ پىلانغا قارشى تۇرۇشىدۇ. ئەمما ھىتلېر كۆپچىلىكنىڭ نارازىلىقىنى كۆچەپ رەت قىلىپ، بۇ ئۆكتىچىلەرنى "شلىيفېنگە چوقۇنغۇچىلار" نىڭ كاللىسى بۇ خىل ئىستراتېگىيە ئىچىگە گىرانىتەك ئۇيۇپ كەتكەن، دەپ مازاق قىلىدۇ. "سىلەر، كارل ماينىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپىرەك ئوقۇپ بېرىشىڭلار كېرەك ئىكەن!"

فېۋرالنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ھىتلېر-مانستېيىن ھۇجۇم قىلىش پىلانى رەسمىي قوبۇل قىلىندۇ. نورۋېگىيە ئوپېراتسىيىسى تاماملىنىشقا ئاز قالغان كۈنلەردە، غەرب سەپ بويىچە ھەربىكەتكە ئۆتۈش تەييارلىقى ئىشلىنىپ ئۇ تەرەپلەرگە 136 دىۋىزىيە تىزىلىدۇ. ئۇلار ھەربىكەتكە تولۇق تەييار ھالغا كەلگەن بولۇپ، پەقەت بىر قانچە كۈنلۈك ئۇچۇق ھاۋانىڭ بولۇشىنىلا كۈتمەكتە ئىدى. 1-ماي كۈنى ھىتلېر ھۇجۇم باشلاش كۈنىنى 5-ماي قىلىپ بېكىتىدۇ. ئەمما ئارىدىن 48 سائەت ۋاقىت ئۆتكەندە، ھاۋارايى شارائىتى كۈتكەندەك ياخشى بولمايدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەنلىكى ئۈچۈن ھۇجۇم كۈنىنى 5-مايدىن 7-مايغا كېچىكتۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە 8-مايغا كېچىكتۈرۈلىدۇ. گېيۆرىڭ بولسا ئۆزىگە تەييارلىق ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپىرەك ۋاقىت بېرىلىشىنى تىلەپ تىنماي دۇئا قىلاتتى. ئەمما گوللاندىيەدىن كەلگەن خەۋەرلەر كىشىنى بەكلا چۈچۈتۈۋەتكىدەك خەۋەرلەر ئىدى: ئۇلار دەم ئېلىشلارنى ئەمەلدىن قالدۇرغان، ئاھالىلارنى يۆتكەپ شالاڭلاشتۇرۇشقا كىرىشكەن ۋە ھەر يەرگە توساقلار ئورۇنلاشتۇرۇشقا باشلىغان ئىدى. بۇنىڭدىن ھىتلېر بەكلا جىددىيلىشىپ، ۋاقىتنى 10-ماي جۈمە كۈنىگە كېچىكتۈرۈشكە ماقۇل بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ "قايتا بىر كۈنمۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ!" دەپ ئەسكەرتىدۇ. ئالدىنقى سەپلەردە 2 مىليون كىشىلىك ئوفىتسېر-جەڭچىلەر ھۇجۇمغا ئۆتۈش ھالىتىدە كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى، ئىشلار بەكلا قىيىنلىشىپ بارماقتا ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا، ھىتلېر قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، قايتا ئۇدا بەش كۈنلۈك ئۇچۇق ھاۋا شارائىتىنى كۈتمەستىنلا ھۇجۇمغا ئۆتۈش قارارىغا كېلىدۇ. چۈنكى ئۇ، بەش كۈنلۈك ئۇچۇق ھاۋا رايى ئۈچۈن ئۈچ ئاي ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويغان ئىدى. ئۇ، بۇ ئىشتا قىمار ئويناماقتا ئىدى. يەنى ئۇ بۇرۇن ئىسپاتلىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك قورالى، "تۇيغۇ" لىرىغا تايانغان ئىدى. مۇنداق ئېيتقاندا تاقەت قىلىپ تۇرالماسلىق مەنتىقىسىگە تايىنىپ ھەربىكەت قىلماقتا ئىدى. پەيشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاچېن ئەتراپىدىكى بىر پولك

قۇماندانى، بۇگۇن ھەممە يەر قوۋۇق تۇمان بىلەن قاپلىنىپ كەتتى دەپ دوكلات بېرىدۇ. بۇ ئارىدا يەنە بىرسى بۇ تۇمان ئۇزۇنغا قالماي تارقىلىپ كېتىدىغانلىقىنى، 10-ماي كۈنى ھاۋا ئوچۇق بولىدىغانلىقىنىمۇ ئالدىن مۆلچەرلەيدۇ. ھىتلېر مەخسۇس پويىزنىغا، بىرلىن سىرتىدىكى كىچىك بىر بىكەتتىن يولغا چىقىشى ئۇچۇن بۇيرۇق قىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە يېقىن كىشىلىرىنىڭ ئۇنىڭ نەگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قەتئىي خەۋەر تاپماسلىقى ئۇچۇن تېگىشلىك تەدبىرلەر ئېلىنىشىنىمۇ بۇيرۇيدۇ. بۇ قېتىملىق ئۇزۇن سەپەر جەريانىدا ھىتلېر خاتىرجەم كۆرۈنگەندەك قىلسىمۇ، ھۇجۇم قىلىش ۋاقتىنىڭ يېقىنلاپ كېلىشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ ئازاپ ئىچىدە تولغۇناتتى، ھەقىقەتەنمۇ بەكلا غەم ئىچىدە قالغان ئىدى. پويىز خاننوۋېردە توختاپ ئەڭ ئاخىرقى ھاۋارايى مەلۇماتىنى كۈتىدۇ. بۇ قېتىم، ھاۋارايى ئىدارىسىنىڭ مۇدىرى دىيېزىڭ (ئۇ كېيىن بۇنىڭ ئۇچۇن بىر ئالتۇن سائەت مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ) 10-ماي كۈنى ھاۋا ئوچۇق بولىدۇ دەپ ئالدىن مەلۇمات بېرىدۇ. ھىتلېر ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى قايتىدىن كۆزدىن كۆچۈرۈپ ھۇجۇم ۋاقتىنى تاڭ سۈزۈلىشى بىلەن باشلاش قا ئۆزگەرتىدۇ. گەرچە ئۇ ئارام ئېلىش ئۇچۇن ئادەتتىكى ۋاقىتقا قارىغاندا بالدۇر كابىنېتىغا كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، پەقەتلا كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ. ئالدىن مەلۇماتتا ھاۋا ئېچىلىشقا باشلايدىغانلىقى ئېيتىلغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ھاۋارايىدىن غەم يېمەكتە ئىدى.

شۇنداقتىمۇ غەلىبە قازىنىشنىڭ ئەڭ زور توسالغۇسى يەنىلا ئۆز ئىچىدىكى ئاخبارات ئورگانلىرىدىن كېلەتتى. چۈنكى ھىتلېرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلىگەن، بۇ قېتىمقى ئىشغال قىلىش ھەرىكىتىنىڭ باشتىن ئاخىرقى تەپسىلاتلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولغان كىشىلەر ساناقلىقلا ئىدى. بۇلاردىن بىرسى ئادمىرال كانارىس ئىدى. يەنە كېلىپ بۇ ئادمىرالمۇ بىلگەنلىرىنى ئۆزىنىڭ قوپال مىجەزلىك ياردەمچىسى پولكوۋنىك ئوستېرغا بىرنىمۇ قالدۇرماي تولۇق بىلدۈرۈپ تۇراتتى. شۇ كۈنى ئاخشىمى قاراڭغۇ چۈشۈش ئالدىدا ئوستېر كەچلىك تاماق ۋاقتىدا يېقىن دوستى گوللاندىيە ئەلچىخانا ھەربىي ئەمەلدارىغا، ھىتلېر ئەڭ ئاخىرقى ھۇجۇم باشلاش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپ بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ئوستېر ئالى قۇماندانلىق شتابىدا بىر ئىش ئۇچۇن توختاپ، ئۇ يەردە بۇ قېتىم ھەرىكەتنى بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرمەسلىكتىن خەۋەر تاپىدۇ. "ئۇ توڭگۇزنىڭ كۆچىكى يەنە غەرپ سېپىگە ئاتلىنىپتۇ" دەيدۇ دوستى گوللاندىيە ھەربىي مەسلىھەتچى ئەمەلدارىغا. بۇ گوللاندىيىلىك بۇ ئاخباراتنى ئاۋال بىلگىيەلىك كەسپىدىشىغا يەتكۈزىدۇ. ئاندىن خاگۋېغا شىفىرلىق تىلدا مەلۇمات بېرىپ، "ئەتە سەھەر. مۇتلەق مەخپىي!" دەيدۇ.

10-چېسلا سەھەر سائەت 4 تىن 25 مىنۇت ئۆتكەندە، فۇھرېرنىڭ مەخسۇس پويىزى نىشانغا _ ئېۋۇسكىرچېنغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ بىر كىچىك بىر بازار بولۇپ،

گوللاندىيە، بىلگىيە چېگراسىغا يېقىنلا بىر يەردە ئىدى. مىغىلداپ تۇرغان يۇلتۇزلۇق ئاسمان گۈمبىزى ئاستىدا فۇھرېر ئاپتوموبىللىق يېڭى قوماندانلىق شتابى بولغان "قىيا قۇش ئۇۋىسى" غا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ، قويۇق ئورمانلىق تاغ چوققىسىنى يېرىپ ياسالغان قوماندانلىق شتابىنىڭ، ئاكوپىنىڭ ئىچىدە جايلىشىۋالغان ۋاقتىدا شەپەق سۆكۈلۈشكە باشلىغان ئىدى. ئۇ سائىتىغا قاراپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ ("شۇ چاغدا مەن بەكلا غەزەپلەنگەن ئىدىم"). ئەسلىدە تاڭ ئۇنىڭغا ئېيتىلغاندىن 15 مىنۇت بالدۇر سۆزۈلگەن ئىدى.

غەرب تەرەپتە 25 مىل يىراقلىقتىكى قىسىملىرى بىلگىيە، گوللاندىيە ۋە ليۇكسېمبۇرگ دۆلەتلىرىنىڭ چېگراسىدىن بۆسۈپ ئۆتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ھاۋا ئارمىيە ئايروپىلانلىرى ئاسماننى قاپلاپ ئۇچماقتا ئىدى. بۇ قېتىمقى ھۇجۇم ئۇچۇن ئۇ 2500 ئايروپىلاننى بىر يەرگە يىغقان بولۇپ، ئايروپىلان سانى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئىشقەرتەلەيدىغان ئايروپىلان ئومۇمى ساندىن ھەسسىلەپ كۆپ ئىدى. گېرمانىيە ئايروپىلانلىرى توپ-توپ بولۇپ غەربكە قاراپ ئۇچۇپ، 70 تىن ئارتۇق دۈشمەن ئايروپىلاننى تېتىپ تاشلايدۇ. پاراشوت قىسىملىرى گوللاندىيەنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئىگەللەيدۇ، پلانېر قىسىملىرىمۇ ھاۋادىن تۇشلىپ بىلگىيەنىڭ ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن ئىستىھكاملىرىنى ئىگەللەشكە تەييار ھالغا كېلىدۇ. فۇھرېر، ئېبېن ئېمائېل قەلئەلىرىگە ھۇجۇم قىلىش ئىشىغا ھەممىدىن بەكرەك قىزىقاتتى. قىسىم يولغا چىقىشتىن ئاۋال، ھىتلېر كوماندىرلىرى بىلەن پلانېرلىق جەڭگە مۇناسىۋەتلىك ئۇنىۋانسىز ئوفىتسېرلاردىن مەلۇماتلار ئېلىش بىلەن بىرگە يەنە مودېللىق خەرىتىدىن پايدىلىنىپ سۆزلىشىدۇ. ئۇ، ئۇرۇش مەلۇماتلىرىنى "تەشنالىق بىلەن كۈتىدىغانلىقىنى" ئېيتىدۇ. 11-چىسلا چۈش ۋاقتىدا، ھېچ كىم قولغا چۈشۈرەلمەيدۇ دەپ قارالغان بۇ قەلئە، بىر كۆرۈك بىلەن بىرلىكتە گېرمانىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىدۇ. ھىتلېر بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن خوشاللىقىدىن يايراپ كېتىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر خەۋەر يېتىپ كېلىدۇ: دۈشمەن قايتارما ھۇجۇم باشلاتتى! "بۇ خەۋەردە، دۈشمەننىڭ پۈتۈن سەپلەر بويىچە ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە، _ دېيىلگەن ئىدى، دەيدۇ ھىتلېر كېيىن ئەسلەپ كېلىپ، _ مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىمدىن يىغلىۋەتكىدەك بولغان ئىدىم! ئۇلار راستىنلا قاپقانغا چۈشكەن ئىدى! بۇ ھۇجۇم ئەسلىدە بىر ھىلە ئىدى. بىز ئۇلارنى ھازىرمۇ يەنە شۇ كونا شلىفېن پىلانى بويىچە ئىش قىلىۋاتقانلىقىمىزغا ئۇلارنى ئىشەندۈرۈشكە مەجبۇر ئىدۇق."

7

10-ماي كۈنى، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئىككىسى قاتتىق چۈچۈپ كېتىدۇ. ھەر ئىككىلا دۆلەتنىڭ باش قۇماندانلىق شتابى بۇكسىل، خاگۇي ياكى ئۆزلىرىنىڭ ئاخبارات مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش مەلۇماتلىرىغا قىلچە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ (1938-يىلى، ئەنگلىيە ئاخباراتچىسى م 1-6، ئۇن مىلك فون ستېرلىڭ پۇل خەجلەپ بىر پولشالىق ماتېماتىكچى قولىدىن ”ئېنىگما“ مەخپىي بەلگىلىك بىر شىفىر ماشىنىسىنىڭ مەخپىي ماتېرىيالىنى سېتىۋالغان ئىدى. ئۇ يەنە ئايالى بىلەن بىرلىكتە فرانسىيەدە تۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنغان ئەنگلىيە پاسپورتى، بىر فرانسىيەدە ئولتۇرۇش رۇخسەت قەغىزى قاتارلىقلارنىمۇ سېتىۋالغان ئىدى. ئۇ، بۇ ماشىنىڭ مۇھىم دېتاللىرىنىڭ چېرتيوژنى ئېسىدە ساقلىۋېلىپ، پارىژنىڭ سول تەرىپىدىكى ئۆيىدە بۇ ماشىنىدىن بىرنىڭ كۆچۈرۈلمىسىنى ياساپ چىققان. ”ئېنىگما“ ماشىنىسىنى ئوڭۇشلۇق تۈردە تەقلىت قىلىپ ياساپ چىقىپ بىلېتچلېي باغچىسىدا قۇراشتۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ بىر ۋىكتورىيە پاسونىدا سېلىنغان بىر بىنا بولۇپ، لوندوندىن 40 مىل يىراقتا بىر يەردە ئىدى. 1939-يىلى ئەنگلىيە ئۇرۇش ئېلان قىلغان ۋاقتىدا، بۇ ”ئولترا“ مەخپىي بەلگىلىك ماشىنا ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشكە تەييار ھالغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى. بۇ ماشىنىڭ تۇنجى قېتىملىق چوڭ تۆھپىسى ھىتلېرنىڭ غەرپكە بېسىپ كىرىش پىلانىنىڭ تېلېگراممىا دولقۇن شىفىرىنى يېشىپ ئەنگلىيە باش قۇماندانلىق شتابىغا مەلۇم قىلىنىشى ئىدى. _ ھاشىيە ئىزاھاتى). تاتىراڭغۇ رەڭلىك چىمبېرلىن يەنىلە باش مىنىستىرلىك تەختىدە ئولتۇرماقتا ئىدى. ئەمما كىشىلەر ئۇنى ئورنىنى بوشىتىپ بېرىشنى تەكلىپ قىلماقتا ئىدى. برىتانىيە پادىشاھى 6-گېئورگ ئەپسۇسلانغان ھالدا ئۇنىڭ ئىستىپاسىنى قوبۇل قىلىپ، خالىفاكسنى ئۇنىڭ ئورنىغا باش مىنىستىرلىككە تەكلىپ قىلىدۇ. ئەمما ئېنىقكى، پەقەت ۋىنستون چېرچىللا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيتتى. شۇنداق بولغاچقا، سەھەر سائەت 6 دا، برىتانىيە پادىشاھى چېرچىلنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىدۇ. چېرچىل بىر ۋاقىتلاردا «تايمىس» گېزىتىگە ئىئۆرتكەن بىر پارچە خېتىدە گېرمانىيە دۆلەت باشلىقىنى مەدھىيىلەپ چىققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ماختاشلىرى يەنىلا بەكلا مەجبۇرلىنىش ئاساسىدىكى بىر ماختاش ئىدى: ”مەن ئەزەلدىن ئەگەر ئۇلۇغ برىتانىيە ئۇرۇشتا مەغلۇپ قىلىنغىدەك بولغىنىدا، بىزنى قايتىدىن دۇنيا مىللەتلىرى ئارىسىدا قانۇنى ئورۇنغا ئېرىشتۈرۈش قابىلىيىتىگە ئىگە بىزنىڭ بىر ھىتلېرىمىز ئوتتۇرغا چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.“ ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى فۈھرېرنى پەپىلەشكە يەتمىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ چېرچىلنى ۋەھشى دۈشمەن، ئەنگلىيە-گېرمانىيە

ئىنتىپاقداشلىقىغا زىيان سالغۇچى ئەنگلىيە يەھۇدىيلىرىنىڭ بىر قۇرالىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ قارىغان ئىدى. فۈھرېر ستالىنغا قايىل ئىدى، ئەمما چېرچىلغا چوڭقۇر ئۆچمەنلىك ساقلىماقتا ئىدى. بۇ ئىككىسى ھەققەتەنمۇ غەلىتە بىر سېلىشتۇرما ئىدى. شۇڭا، چېرچىلنىڭ شەرەپ بىلەن باش ۋەزىرلىك تەختىگە چىققانلىق خەۋىرى فۈھرېرنى بەكلا غەزەپلەندۈرىۋېتىدۇ.

(خەرىتە ئورنى: ھىتلېرنىڭ شەرقى، شىمالى ۋە غەربى ياۋروپا ئوپېراتسىيىلىرى)

ھىتلېرنىڭ پىيادە ۋە تانكا قىسىملىرى گوللاندىيە بىلەن بىلگىيەگە قاراپ ئۇدۇل بېسىپ كىرىۋاتقان مەزگىللەردە، گېوبېلس بولسا قول ئاستىدىكىلەرگە كېيىنكى قېتىملىق تەشۋىقات ئۇرۇشى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشلىرى ئۈچۈن ئەمىر بەرمەكتە ئىدى.ۋ، 11-ماي كۈنىدىكى تەشۋىقات كادىرلىرى مەخپىي يىغىنىنىڭ خاتىرىسىدە مۇنداق دېگەنلىكى يېزىلغان: ”مىنىستىرىمىز يېقىن كەلگۈسىدە ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان پىرىنسىپ، دۈشمەن خەۋەرلىرىدە كۆرۈلگەن توغرا بولمىغان ياكى بىزگە زىيانلىق بولغان مەلۇماتلارنى دەرھال رەت قىلىش شەرت. خەۋەرلەرنىڭ راست خەۋەرمۇ ياكى يالغان خەۋەر ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلايمەن دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق. مۇھىم بولغىنى، دۈشمەننىڭ دېگەنلىرى بىزگە زىيانلىق بولۇش-بولماسلىقىغا قاراش كېرەك. تېخىمۇ مۇھىمى، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىگە شۇنى قايتا-قايتا چۈشەندۈرۈش كېرەككى، ئۇرۇش ئىلان قىلغان تەرەپ بىز ئەمەس دەل ئۇلارنىڭ ئۆزى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ بېشىدا پارتىلىغان بۇ ئۇرۇشنى ئۇلارنىڭ ئۆزى پەيدا قىلغان. قانداقلىكى بولمىسۇن، بىز ئەندى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ تاجاۋۇزچى قالپىقنى بىزگە كىيگۈزۈلۈشىگە يول قويماسلىقىمىز كېرەك.“

بىلگىيەنىڭ غەربىدە ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىلگىرلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇلار ئەلىۋەتتە ھىتلېر پىلانىنىڭ بىر قىسمى: ئۇ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى ئاردېن تاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئاساسلىق ھۇجۇم قىلىش يۆلىنىشىدىن بۇرىۋەتكەن ئىدى. 13-ماي كۈنى، ئۇنىڭ قىسىملىرى بىر قانچە نوقتىدا مېۋزدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ سېدانغا قاراپ يېقىنلىشىپ بارىدۇ. ھىتلېر سېداندا بىرەر ئاجىز نوقتىسىدىن پايدىلىنىپ ماگنوت مۇداپىيە لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈشنى بەكلا ئارزۇ قىلماقتا ئىدى.

گەرچە شىمالغا قىلىنغان ھەربى يۈرۈش ھەر بىر نوقتىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن ئالغا ئىلگىرلەۋاتقان بولسىمۇ، ھىتلېر سان جەھەتتە بەكلا ئاز بولغان گوللاندىيە ئارمىيىسىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسىتىشىدىن ئىچى پۇشماقتا ئىدى. 14-چېسلا چۈشتىن بۇرۇن ئۇ بىر يولىۋرۇق بېرىپ، قوشۇنلىرىنى قارشىلىق كۆرسەتكۈچى

كـۈچلەرنى"تېـزلىكتە" تارمـار كەلتۈرۈشـنى بۇيرۇيـدۇ. شـۇنداق قىلىـپ "گوللانـدىيەدىن ئىبارەت بۇ ئىستىھكامنى تېز سۈرئەت بىلەن بوي سۇندۇرۇش" ئۈچۈن بىلگىيە رايونىدىن بىر ئەترەت ھاۋا ئارمىيە گۇرۇپپىسى ئۇچۇپ كېلىدۇ. بىر قانچە سائەت ئۆتـۈپ گېرمانىيە ھـاۋا ئارمىيىسـى روتتېردامغـا 92 توننـا كۈچلـۈك سـىنارىيەت تاشـلايدۇ. بـۇ قېتىمقـى بومباردىمـان ئەسـلىدە نىيـەت مـاس دەرياسـى ئۈسـتىدە كـۆرۈكنى سـاقلاپ قارشـىلىق كۆرسىتىۋاتقان كۈچلەرنى يوقۇتۇشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، تاشلانغان بومبىلار شەھەر مەركـىزىگە چۈشـۈپ پـۈخرالاردىن 814 كىشـىنى ئۆلتۈرىـدۇ. بـۇ ئىـش دېموكراتىـك ئەللەر گېزىتلىرىدا كۈچەپ تەشۋىق قىلىنىپ، ئۆلتـۈرۈلگەن ئـادەم سـانىنى مۇبالىغىلەشـتۈرۈپ 25 مىـڭ بىـلەن 30 مىـڭ ئەتراپىـدا ئـادەم ئۆلتۈرۈلـدى دەپ گەپ يېيىشـقا كىرىشـىدۇ.غەرب گېزىتلىرىمـۇ ئىككـى تەرەپ ئىچكـى قىسـىمدا بومباردىمـان قىلىشـنى ئەسـكىرى نىشـانلار بـويىچىلا چەكـلەپ تۇتـۇش ھەققىـدىكى مەخپـى كېلىشـىمنى ئـاۋال ئەنگلىيـە خىلاپلىـق قىلغانلىق خەۋىرىنىمۇ ئاشكارلىمايدۇ. 3 كۈندىن كېيىن برىتانىيە خـانلىق ھـاۋا ئارمىيىسـى فرانسـىيىنىڭ كۈچلـۈك قارشـى چىقىشـىغا قارىمـاي، 35 بومباردىمـان ئـايروپىلانى يـوللاپ رېنپلاند دەريا بويىدىكى سانائەت شەھىرىنى بومباردىمان قىلىپ، بىر ئېنگلىز ئايالنىمۇ ئـۆز ئىچىـگە ئالغـان 4 نەپەر پـۇخرانى پارتلىتىـپ ئۆلتۈرىـدۇ. "11-مـاي ئاخشـىمىقى ھـاۋا ھۇجۇمىنىـڭ دائىرىسـى ئـۇنچە بەك كەڭ دائىرىنـى ئـۆز ئىچىـگە ئالمىغـان بولسـىمۇ، بـۇ بومباردىمـان يەنـىلا دەۋر بۆلگـۈچ بىـر ۋەقە ھېسـابلىنىدۇ. _ دەپ باھالايـدۇ ئەنگلىيـە قانۇنشۇناسى ئې. ج. پ. ۋېئال، _ يەنى مۇنداق ئېيتقاندا، دۈشمەنلىشىپ تۇرىۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ جەڭگىۋار كۈچلىرىنىلا بومباردىمان قىلىش بەلگىلەنگەن ئىدى. بـۇ بومباردىمـان ئـارقىلىق ئەنگلىيـە مەدەنىـي ئۇرۇشـنىڭ ئاساسـى پرىنسـىپىغا تـۇنجى بولـۇپ خىلاپلىـق قىلدى." گەرچە ھىتلېر گوللاندىيىـدە بۇنىـڭ ئۈچـۈن ئىنتـايىن قورقۇنۇشـلۇق ئـۆچ ئېلىش ھەرىكىتىدە بولغان بولسىمۇ، ئۇ يەنـىلا لونـدوننى بومباردىمـان قىلىـش تەكلىـۋىگە قارشـى چىقىدۇ. ھازىرچە، ئۇ بۇنچە چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىشنى خالىمـايتتى. روتتېردامـدىكى پاجىئە گوللاندىيەنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشنى ئاخىرلاشـتۇرۇش بىـلەن نەتىجىلىنىـدۇ. بىـر قـانچە سـائەتتىن كېيـىن، گوللانـدىيە ئارمىيىسـى بـاش قوماندانى بـارلىق قوشـۇنلىرى قـۇرال تاپشۇرسۇن دېگەن بۇيرۇقنى چىقىرىدۇ. شۇ ئاخشىمى، گېرمـانىيە ئارمىيىسـىنىڭ تـانكىلىرى سېدانىدا فرانسىيە توققۇزىنچى كورپۇسى بىـلەن ئىككىنچـى كورپۇسـىنىڭ مـۇداپىيە سېپىنى بۆسـۈپ ئۆتىـدۇ. چىقىـراپ سـەت ئـاۋاز چىقىرىـپ ئۇچىـدىغان "سـتۇكا" شـۇڭغۇغۇچى بومباردىمان ئايروپىلانلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئۈچ يـول بـويىچە ئىلگىرلەۋاتقان ئۇزۇنغا سـوزۇلغان ماشىنلاشـقان قىسـىملار سـېپى گۈلـدۈرلىگىنىچە ئېنگلىـز قانالىغـا قـاراپ

ئىلگىرلەيدۇ.

ئەتىسى سەھەردە، چېرچىلنى پارىژدىن كەلگەن تېلېفون ئاۋازى ئويغۇتىۋېتىدۇ. "بىز ئۇرۇشتا مەغلۇب قىلىندۇق! _ دەيدۇ فرانسىيە باش مىنىستىرى رېيناۋۇد ۋارقىرىغىنىچە، _ بىز يېڭىلىپ قالدۇق!" چېرچىل بۇ گەپكە زادىلا ئىشەنگىسى كەلمەيتتى. ئۇنىڭ قوماندانلىرىمۇ ئىشەنمىگەن ئىدى. ئۇلار گېرمانىيە ئارمىيىسى برووۋنىڭ قىسىملىرىنىڭ پولشانى بوي سۇندۇرغانلىق ھەرىكىتىنى قوپال ھەمدە قالاق پولشا قوشۇنلىرىنىڭ ئېلىشىش جەريانىدىكى تەبىئى يېڭىلىپ قېلىشى دەپ قاراپ كەلگەن ئىدى.

پۇتكۇل فرانسىيە ۋەھىمە ئىچىدە ئىدى. گېۋبېلس بۇ خىل ۋەھىمىنى تېخىمۇ كۈچەيتمەكتە ئىدى. "بۇندىن كېيىن، مەخپى رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ۋەزىپىسى پۈتۈن چارىلار بىلەن فرانسىيەدە پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلىش، ... _ دەيدۇ 17-ماي خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەزالىرىغا، _ رادىئودا چوقۇم بىر جىددى ئاگاھلاندۇرۇش تارقىتىپ، 'بەشىنچى كالوننا' دىن ئېھتىيات قىلىڭلار دەپ تەشۋىق قىلىشى كېرەك. رادىئودا يەنە نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە، گېرمانىيە يەھۇدىيلىرىمۇ گېرمانىيىگە ئىشپىيونلۇق قىلىدىغانلار ھېسابلىنىدۇ، دەپ كۆرسىتىشى كېرەك" دەيدۇ. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ھىتلېر ئاپتوموبىللىق ئاردېن تاغلىرىدىكى باستوگنىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. "پۈتۈن دۇنيا بىزگە قۇلاق سالماقتا!" دەپ مەغرۇر قىياپەتتە ئېلان قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئا تويكورپۇس قوماندانلىق شتابىغا كېلىشتىكى مەقسىدى، ئېنگلىز قانىلىغا قارىتا ئومۇمى ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئىلگىرلەش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىش ئىدى. بۇ تويكورپۇسقا گېنېرال گېرد ۋون رۇندستېدت قوماندانلىق قىلماقتا ئىدى. ئۇ قاتتىق ھاياجانلانغان ھالدا قوماندانلىق شتابىدا چۈشلۈك تاماققا قالىدۇ، ئاندىن يەنە غالىبلار روھىغا پۈركەنگەن ئەسكەرلەر ئارىسىدا ئايلىنىدۇ.

ھىتلېر گېرمانىيىگە قايتىپ بارغىنىدا، ئۇنىڭ خوشاللىقىغا ھەمىنەپەس بولمىغان نېمىسلارنى يوق دېيەرلىك ئاز دېيىشكە بولاتتى. بۇرۇن ئۇنىڭ بۇنداق تەكشۈرۈشكە چىقىشىدىن قاتتىق قورقۇپ كېتىدىغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۇنىڭ ھەرىكىتى بەكلا تېز بولۇپ كەتتى، بەكلا كۆپ خەلققە تەھدىت پەيدا قىلىۋەتتى دېيىشكەن بولسا، ئەندىلىكتە ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك فۈھرېر قىلچە خاتا قىلمىدى دەيدىغان بولۇپ ئۆزگەرگەن ئىدى. ئالفرېد كرۇپنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان 4 نەپەر سانائەتچى،رادىئودىن گوللاندىيەگە قىلىنغان يۈرۈشنىڭ تەپسىلاتىنى ئاڭلىغىنىدا ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا قاتتىق ھاياجان ئىچىدە قېلىپ، غەربى شىمال ياۋروپا خەرىتىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ھەممە بىردەك "بۇ يەر ساكا تەۋە بولسۇن، ئۇ يەر بىزنىڭ بولسۇن. پالانى كىشىنى قولغا ئېلىش كېرەك، ئۇنىڭ ئىككى يەردە زاۋۇتى بار، ..." دەپ چۇقۇرۇشۇپ كېتىشتى. ھەتتا بۇ سانائەتچىلەردىن بىرسى

ئالدىراش قول ئاستىدىكىلەرگە تېلېفون قىلىپ قۇرۇغلۇق ئارمىيىدىن ئارىمىزدىن ئىككى گۇرۇپ تەشكىللىنىپ دەرھال گوللاندىيەگە قاراپ يولغا چىقىشىغا رۇخسەت قىلىش تەلىۋىدە بولۇشنى بۇيرۇيدۇ.

19-ماي چۈشتىن بۇرۇن، گېرمانىيە قوشۇنلىرىدىن بىر قانچە بىروۋنىك دېۋىزىيىسى ئېنگىلىز قانىلىغا 50 مىلدەكلا يېقىن يەرگە يېتىپ بارىدۇ. ئەتىسى ئاخشىمى، ئىككىنچى دېۋىزىيە سوم دەريا ئېغىزىدىكى ئابېۋىلغا يېتىپ بارىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىنتايىن كەڭ دائىرىلىك بىر قاپقان تەييارلىنىدۇ. بۇ قاپقان ئىچىدە بىلگىيە ئارمىيىسى، بارلىق ئەنگلىيە يىراققا يۈرۈش قىلىش قوشۇنلىرى ۋە فرانسىيىنىڭ 3 كورپۇسى قىلتاققا چۈشۈرۈلگەن ئىدى. براۋچىتش ئابېۋىلغا ھۇجۇم قىلىش خەۋىرىنى تېلېفوندا ھىتلېرغا يەتكۈزگىنىدە، فۇھرېر ھەيرانلىقنى بېسىۋالالماي ھاياجان ئىچىدە ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەي قالىدۇ. ئۇ ھەممەيلەننى بىرمۇ-بىر ماختاپ چىقىدۇ. جودل نەق مەيداندىكى ئەھۋالنى خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازىدۇ: فۇھرېر خوشاللىقىدىن يايراپ كەتتى، "سۆھبەتلىشىش جەريانىدا ئۇ قۇرۇغلۇق ئارمىيىسى بىلەن قوماندانلارنى ماختاپ كەتتى. ئۇ ئەندى تىنچلىق بىتىم ئۈچۈن ئالدىرىماقتا ئىدى. بۇ تىنچلىق كېلىشىمىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى، 400 يىلدەك ۋاقىت مابەينىدە نېمىسلار قولىدىن تارتىپ ئېلىنغان زېمىنلارنى قايتۇرۇپ بېرىشلىرى كېرەكلىكى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا تەلەپلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى."

ۋەزىيەت ھەقىقەتەنمۇ خىيال قىلىنغاندەك تەرەققى قىلماقتا ئىدى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە، ئا تويكورپۇسىنىڭ تانكا قىسىملىرى ئوڭۇشلۇق تۈردە شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، قانال پورتلىرىدىن كالايىس بىلەن دۇنكىركقا تەھدىت سېلىشقا كىرىشىدۇ. ئەگەر دۇنكىرك قولدىن كېتىپ قالغىدەكلا بولىدىكەن، ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ دېڭىز ئارقىلىق ئەنگلىيەگە چېكىنىش يولى پۈتۈنلەي كېسىلگەن ھېسابلىناتتى. گيۆرىڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يۇغان قولى بىلەن ئۇستەلنى ئۇرغىنىچە ۋارقىراپ كېتىدۇ: "مانا ئەندى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ۋاقتى كەپتۇ! مەن بۇ ئىشنى فۇھرېردىن تەلەپ قىلىمەن، دەرھال تېلېفون قىلىڭلار!" ئۇزۇنغا قالماي ئۇ فۇھرېرگە شەرتسىز تۈردە كاپالەت بېرىپ، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ كۈچىگە تايىنىپلا قورشاۋغا ئېلىنغان دۈشمەن قالدۇق قىسىملىرىنى تارمار كەلتۈرەلەيدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆز بومباردىمانىمىز ئاستىدا قالماسلىقى ئۈچۈن گېرمانىيە تانكا ۋە پىيادە قىسىملىرىنى كەينىگە چېكىندۇرۇپ تۇرسىلا كۇپايە ئىكەنلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھىتلېر بىلەن قۇرۇغلۇق ئارمىيەسى ئوتتۇرسىدا ۋە ئۇنىڭ يوقۇرى دەرىجىلىك قوماندانلىرى ئوتتۇرسىدا زىددىيەت بار بولغانلىقى سەۋەبىدىن، بۇ ئىشنى قۇرۇغلۇق ئارمىيىسىنى تېزگىنلەشنىڭ ياخشى پۇرستى دەپ ئويلىدى ھەقچان،

دەرھال گېيۆرىڭنىڭ ھاۋادىن دۈشمەننى تارمار كەلتۈرۈشكە قوشۇلۇپ تەستىق سالىدۇ.

بۇ خەۋەردىن ۋاقىپ بولغان جودل "گېيۆرىڭ ئۇ يەردە يەنە پو ئېتىشقا باشلاپتۇدە!" دەيدۇ مازاق قىلغان ھالدا. ئاندىن ئۇ بۇ ئىشنىڭ زۆرۈرى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىتائەتمەنلىك بىلەن گېيۆرىڭنىڭ شتاب باشلىقى بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشىدۇ. "بىز بۇ ئىشلارنى پۈتتۈردۇق! _ دەيدۇ گېيۆرىڭ باش شتاپقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىنتايىن خوشال بىر شەكىلدە ملچقا، _ ھاۋا ئارمىيىسى دېڭىز ساھىلىدىكى ئېنگلىزلارنى يوقىتىدىغان بولدى. مەن بۇ ئىشتا قۇرۇغلۇق ئارمىيىسىنى ئارلاشتۇرماسلىق ئۈچۈن فۇھرېرنى بەكلا تەستە قايىل قىلدىم." ئەمما ملچ ئۇنىڭدەك ئۈمىدۋار ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئېتىلغان سىنارىيەتلەر دېڭىز بويى قۇمغا چوڭقۇر پېتىپ بولغاندىن كېيىنلا ئاندىن پارتلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇنداق بىر ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ كۈچى يېتىشمەيدۇ" دەيدۇ. "ئىشنىڭ ئۇ تەرىپىگە سەن ئارىلاشماي ماڭا تاشلاپ قوي. _ دېگەندىن كېيىن گېيۆرىڭ باشقىلاتىن پو ئېتىشقا كىرىشىدۇ، _ قۇرۇغلۇق ئارمىيىسى ئەزەلدىن ئالىجانابلاردىن بولۇش خىيالىدا يۈرىدۇ، ئۇلار ئېنگلىزلارنى قورشاۋغا ئېلىۋېلىپ ئۇلارنى يەنە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاز يارىلاش غېمىدە. ئەمما فۇھرېر ئۇلارنى ئۇنۇتمىغىدەك قىلىپ بىر ئاز ئەدەپلەپ قويماقچى."

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، 24-ماي كۈنى، ھىتلېر ئا تويكورپۇسىنىڭ ئالدىنقى سەپ بويىدىكى قۇماندانلىق شتابىغا رۇندستېدت بىلەن ئۇنىڭ ئادەملىرىنى كۆرگىلى بارىدۇ. فۇھرېر ئىنتايىن كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ھالدا، بۇ ئۇرۇش 6 ھەپتە ئىچىدە تاماملىنىدۇ، شۇ چاغدا ئېنگلىزلار بىلەن سۈھبەت ئۆتكۈزۈشنىڭ يولى داغدام ئېچىلغان بولىدۇ، دەپ ئالدىن پەرەزدە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئېنگلىزلاردىن تەلەپ قىلىدىغىنى گېرمانىيەنىڭ ياۋروپا قىتئەسىدىكى ئورنىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇشتىن باشقا نەرسە بولالماس ئىدى. تاكتىكا مۇھاكىمە قىلىشقاندا، گېنېرال رۇندستېدت ئايروپىلان ئارقىلىق دۈنكىركتا قىستىلىپ قالغان دۈشمەن كۈچلىرىنى ئازايتىشقا ئەسلىدە قارشى ئەمەس، تانكا قىسىملىرىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى بۇ شەھەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى قانال تەۋەسىدە توختىتىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. ھىتلېر بۇنىڭغا قوشۇلىدۇ. ھەمدە برووۋنېۋىك قىسىملىرىنى فرانسۇزلارغا ھۇجۇم قىلىشتا قوللىنىشنى ئېيتىدۇ. چۈشتىن كېيىن سائەت 12 دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە، تانكا قىسىملىرىنىڭ ئىلگىرلەشتىن توختىلىش بۇيرۇقى فۇھرېر نامىدا چۈشۈرۈلىدۇ.

شۇ كۈنى كەچتە، 4 برووۋنېۋىكلاشقان دىۋىزىيە ئا قانالدا توختىتىلىدۇ. تانكا قىسىملىرى نېمە ۋەقە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيلا قالىدۇ. قارشى تەرەپتىمۇ بىرەر توپ ئېتىشى يوق ئىدى. ئۇلار يەنە دۈنكىرك مۇنارىسىنىمۇ ئېنىق كۆرگىدەك يەرگە كېلىپ

توختىغان ئىدى. شەھەر مۇنارىسى ئۇنىسىز قەد كۆتۈرۈپ يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسىدە بىرەر خاتالىق كۆرۈلمىگەندۇ؟ نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلەلمىگەنلەر يەنىلا شۇ ھەر قايسى دىۋىزىيەلەرنىڭ كوماندىرلىرى ئىدى. ئۇلار، ئەگەر ئەنگلىيە قوشۇنلىرى بىلەن لىل ئەتراپىدا كەك كۆلەمدە ئۇرۇشۇشقا كىرىشكەن بولسا چوقۇم كۆپ قىينالمايلا دۈنكىركنى بىسىپ ئالالىشى مۇمكىنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. نېمىشقا ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئەنگلىيەگە قاراپ قېچىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پورتىنى ئىشغال قىلىشىغا يول قويمىدى؟ بۇنىڭغا ھېچ كىمنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى.

قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش شتاب قۇماندانى ھالدېر بۇنىڭغا سەل قارايدۇ. "بىزنىڭ سول قانىتىمىزدىكى ماشىنلاشقان بىروۋېنۇق قىسىملىرى، _ دەپ يازىدۇ ھالدېر كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىگە، _ فۇھرېرنىڭ بىۋاستە بۇيرۇقى سەۋەبىدىن ئىلگىرلەش توختىتىلدى! بىز قورشاۋ ئاستىغا ئېلىۋالغان دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ ئىشىنى پۈتتۈرۈش ۋەزىپىسى ھاۋا ئارمىيىسىگە قالدۇرۇلدى!" ھالدېر، گېۆرىڭ شەخسى ئابرويىنى دەپ فۇھرېرگە ئەگەر قۇرۇقلۇق ئارمىيە قۇماندانلىرى غالىبىيەت ئۈستىگە چىقىۋالغىنىدا فۇھرېرنىڭ ئىناۋىتى مەملىكەت ئىچىدە سۇپۇرۇلۇپ تاشلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان بەزى ئاساسلىرى بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ، فۇھرېر بۇرۇنقى ئابرويىنىمۇ قولغا كەلتۈرەلىگەن بولدى.

قۇرۇقلۇق قىسىملىرىنىڭ قۇماندانلىرى تانكا قىسىملىرى بىلەن پىيادە قىسىملارنىڭ دۈنكىركقا باستۇرۇپ كىرىش تەلىپىنى قويۇپ قايتا-قايتىلاپ ئۆز قاراشلىرىنى شەرھلەپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ھىتلېر ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قىلچە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. 26-ماي كۈنى، ئېنگلىز بوغۇزىدا قاتنايدىغان كېمىلەرنىڭ سانى پەۋقۇلئاددە كۆپىيىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر كېلىدۇ (ئەجىبا، ئەنگلىيە قوشۇنلىرى چېكىنىش تەييارلىقى قىلىۋاتقان بولمىسۇن يەنە؟). شۇ ۋاقىتتىلا فۇھرېر غەرپتىن دۈنكىركقا قاراپ ئىلگىرلەشكە ئامالسىز ماقۇل بولىدۇ. ئەمما دەل شۇ كۈنى، گېۆرىڭمۇ فۇھرېرگە، ھاۋا ئارمىيىسى دۈنكىرك پورتىنى پۈتۈنلەي پارتىلىتىپ تۈزلىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. "بۇ بوغازدىن پەقەت بېلىق بولۇپلا ئۈزۈپ ئۆتەلىشى مۇمكىن. ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى بېلىقتەك ئۈستا سۇ ئۈزگۈچىلەر بولۇشىنى تىلەيمەن."

ئەنگلىيە قوشۇنلىرى بىلەن فرانسىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە قوشۇنلىرى بۇ ئۆلۈم بوغۇزىغا قاراپ چېكىنىۋاتقىنىدا، 900 دەك كېمىدىن تەشكىل تاپقان ھەر تۈردىكى كېمە گۇرۇپپىسى ئەنگلىيەنىڭ 10 نەچچە پورتىدىن بىرلا ۋاقىتتا بوغازنىڭ شەرقىگە قاراپ ئۈزۈشكە باشلايدۇ. بۇ كېمىلەر ئارىسىدا ئۇرۇش پاراخوتلىرى، يەلكەنلىك كېمىلەر، يەنە شۇنىڭدەك ھەرخىل غەلىتە گوللاندىيە كېمىلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنى كەسپى ھەربى

كوماندىرلار، بىلىقچىلار، كېيمە سۆرىگۈچى قولۋاق ھەيدىگۈچىلەر، ئىشتىن سىرتقى دېڭىز سەپەرچىلىرى ۋە شۇنىڭدەك دېڭىزغا چىقىش يىراقلىقى 3 مىلدىن ئاشمىغان ئىشتىن سىرتقى دېڭىزچى قاتارلىق كىشىلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلماقتا ئىدى. مانا بۇ "دىنامو ئوپېراتسىيىسى" دېگەن ھەرىكەت بولۇپ، ئەنە شۇلار ئىككى كۈن ئىچىدە 45 مىڭ كىشىنى چېكىندۈرۈپ كېتەلىدى. بۇ كىچىككىنە رەقەم ھىتلېرنىڭ دېموكراتىك ئەللەرنىڭ ھەرىكىتىگە سەل قارىغانلىقى تۈپەيلىدىن پەقەتلا ئەھمىيەت بېرىلمىگەن ئىدى. ئىشتىن سىرت دېڭىزچىلاردىن تەشكىل تاپقان قۇتقۇزۇش ئەترىتى، خۇددى تەنتەربىيە پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلاردەك جاسارەت كۆرسىتىپ ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنى ئۈچۈشلۇق تۈردە چېكىندۈرۈپ كېتەلىشى، ھىتلېرنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى. 30-ماي كۈنىگىچە 126 مىڭ 606 نەپەر ئەنگلىيە قوشۇنى بىرىتانىيىگە چېكىندۈرۈپ كېتىلدى. شۇنىڭدەك ھەر سائەتتە كەينىگە قايتۇرۇپمۇ كېلەتتى.

ھىتلېرنىڭ گېنېراللىرى ئۇنىڭدىن ئارتۇق يىراقنى كۆرەلەيدىغان كىشىلەردىنمۇ ئەمەس ئىدى. ھالدېر شۇ كۈنى كۈندىلىك خاتىرىسىگە، قورشاۋغا ئېلىنغان دۈشمەن ئارمىيىسى پارچىلانماقتا، دەپ يازىدۇ. ئۇ يەنە، بەزىلەر "يەلكەن تاقسا لەيلىيەلىگىدەكلا نەرسە تاپالىسا" ئەنگلىيىگە قاراپ قېچىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ قىلسىمۇ، يەنىلا ئۇلارنى كۆزگە ئىلمىغان بىر ئىپادە بىلەن بۇلارنىڭ ھەممىسى يەنە بىر قېتىملىق "يىمىرىلىش" دەپ يازىدۇ. بۇ سۆز ئېمىل زولانىڭ پرۇسسىيە-فرانسىيە ئۇرۇشىدا فرانسىيە قوشۇنلىرىنىڭ يىمىرىلىشى توغرىسىدا يازغان رومانىدىن ئېلىنغان سۆز ئىدى. ئەمما چۇش ۋاقتىغا كەلگەندە گېرمانىيە ئارمىيىسى ئالى قوماندانلىقى ئاخىرى ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ چېكىنىش ساھەسىدىن خەۋەردار بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار بومباردىمانىنى كۈچەيتىدۇ. ئەمما قېلىن تۇمان ئىنگلىزلارنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ. يەنى، قېلىن تۇمان دۇنكىرك ئاسمىنىنىلا قاپلاپ قالماستىن بەلكى گېرمانىيەنىڭ بارلىق ھاۋا ئارمىيە ئايرىدروملىرىمۇ قويۇق تۇمان ئاستىدا ھېچ نېمىنى كۆرگىلى بولماس ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى. ئۇ ئايرودروملاردا 3 مىڭ دانە بومباردىمان ئايروپىلانى توختۇتۇپ قويۇلغان ئىدى! شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ھەيران قالارلىق يېرى، گېرمانىيە 8-ئاۋاتسىيە كورپۇسىنىڭ ستۇكا بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرى بۇ تۇر ئۇششاق كېمە-قولۋاقلاردىن تەشكىل تاپقان كېمە ئەترىتىگە بەكلا ئاز زىيان سالالىغان بولۇپ، قوملۇققا ئېتىلغان بومبىلار قۇمغا چوڭقۇر پېتىپ كىرگەنىدىن كېيىنلا ئاندىن پارتلايدىغان بولغاچقا، پەيدا قىلغان يارىلىنىش ئەھۋاللىرىمۇ بەكلا ئاز ئىدى.

يەنە شۇنىڭدەك ھەيران قالدۇرارلىق بولغىنى، ئەنگلىيەنىڭ "ئوت پۈشكۈرتىش

تىپى" دىكى يېڭىچە كۆرەشچى ئايروپىلانلار گېۋرىڭنىڭ ئايروپىلان مۇرۇپپىلىرىغا بەكلا ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈرىدۇ. قۇيۇق تۇمان ئاستا-ئاستا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، بومباردىمان ئايروپىلانلىرى كۆتۈرۈلىشىدىن كېيىن بۇ جىنەدەك كىچىك ئوت پۈشكۈرگۈچىلەر ئۇلارغا بەكلا ئېغىر زەربىلەرنى بېرەتتى.

قىزىق يېرى، ئەنگلىيە قوشۇنلىرى تىنىماي چېكىنىشكە قارىتا ھىتلېرمۇ قىلچە ھەرىكەت قوللانماي جىم تۇرىۋېلىشى بولۇپ، گويا بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا قىلچە مۇناسىۋىتى يوق ئىشلاردەك پەرۋامۇ قىلماسلىقى ئىدى. براۋچىتش بىلەن ھالدېر ئىككىسى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ سەلدەك ئەنگلىيىگە قاراپ چېكىنىشىنى توساشقا ئۇرۇنۇپ يۈرگەن پەيتلەردە، ھىتلېرنىڭ بۇلارغا قارىتا پوزىتسىيىسى سىلىق ۋە ئەزمە بولۇپ، ھەتتا ئىزىلەڭگۈ ئىدى. بۇ كۈنلەردە يىغىنلاردا قولىنى شىلتىپ مۇش تەڭلەپ يۈرگەنلەر ھىتلېر ئەمەس بەلكى ھەربىي گېنېراللار ئىدى. نارۋىك كىرىزىسىغا روشەن سېلىشتۇرما بولغىنى، فۈھرېر ئۈستەل مۇشلاپ، قورقۇتۇپ تەھدىت سېلىپمۇ يۈرمەيدۇ. شۇنىڭدەك ئەسەبىلەرچە تەدبىر قوللىنىپ ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئەنگلىيىگە قېچىشىنى توساپمۇ يۈرمىدى. ئۇ پەقەت قول ئاستىدىكىلەرنى بۇ ئىشنىڭ قارارىنى بېرىشتە تەڭ مەسئولىيەت ئېلىشنىلا تەلەپ قىلدى.

دۇنكىركتىكى مۇداپىيە سېپىدىكى دۈشمەن كۈچلىرى بەكلا ئاجىزدەك قىلسىمۇ، تا 4-ئىيۇنغىچە چىڭ تۇرۇپ پوزىتسىيىسىنى ساقلاپ تۇرالايدۇ. ئەمما، شۇ كۈنگىچە 338 مىڭ 226 نەپەر ئەنگلىيە ئەسكىرى بىلەن ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئەسكىرى كېيىنكە ۋاقىتلاردا قايتا ئۇرۇش قىلىشقا تەييار تۇرۇش ئۈچۈن ئەنگلىيەگە توشۇپ كېتىلگەن ئىدى. بۇ كۈنلەردە ھىتلېرنىڭ بۇ خىلدىكى بىنورمال قىلمىشىنى دېگىز بوغۇزنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدىكىلەر بەس-بەستە پەرەز قىلىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. بىر تەرەپتىكىلەر ئۇ گېۋرىڭنىڭ قورشاۋدىكى دۈشمەن كۈچلىرىنى بومباردىمان قىلىشىنى تەستىقلىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۈچلۈك تەدبىر قوللانماي جىم بولىۋالغانلىقى، روشەنكى ئۇنىڭ قورشاۋدىكىلەرنىڭ قېچىشىغا يول قويغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، دەپ قاراشماقتا ئىدى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئۇنىڭ ئۆزى بەرگەن چۈشەندۈرۈشلەر ئاڭلىغان كىشىنى قايمۇقتۇرۇپلا قوياتتى. ئۇ دېگىز ئارمىيە ئادىيۇتانتىغا، ئەسلىدە ئەنگلىيە يىراققا يۈرۈش قىلىش قوشۇنى ئۇرۇشتا كۆرسەتكىنىدەك ئەڭ ئاخىرقى بىر ئەسكىرى قالغىچە بىز بىلەن ئۇرۇشىدۇ، دەپ قارىغان بولۇپ، ئۇلارنى چىڭ قورشاۋغا ئېلىپ ئوق دورا ۋە ئاشلىقى تۈگىگەندە زور كۆلەملەپ ئەسىر ئېلىشقا كىرىشمەكچى بولغانلىقىنى، بۇ ئەسىرلەرنى سۆھبەتكە ئولتۇرغىنىدا پايدىلانماقچى بولغانلىقىنى ئۇيلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما بۇ پىلان _ ئەگەر

بۇ خىيالنى بىر پىلان دېيىشكە توغرا كەلسە _ ئەمەلگە ئاشماي، ئاساسەن تۈزۈك بىر ئەسىر ئېلىش ئەھۋالى كۆرۈلمىگەنىدە، ھىتلېر بۇنىڭدىن قىلچە ئاچچىغلانمايلا قالماستىن، ھەتتا بۇنىڭدىن قىلچە تىرىكىپمۇ كەتمەيدۇ.

بۇ ھەقتە يەنە مۇنداقمۇ گەپلەر تارقىلىدۇ: ئۇ زەربە يەپ ۋەيران بولغان دۈشمەن قوشۇنلىرى ھەممىلا يەردە كىتاب-دەپتەرلىرىنى، رەسىملىرىنى، ئاياقلىرىنى، مىلتىقلىرىنى، ۋېلىسىپىتلىرىنى ۋە شۇنىڭدەك باشقا نۇرغۇن بويۇملىرىنى دۆنكىرك ساھىلىغا ئۇدۇل كەلگەن يەرگە چۆرۈۋېتىپ قېچىشقانلىقىنى كۆزدىن كۆچۈرگەن ھىتلېر، گېۋۆرىڭغا "مەغلۇب بولغان قوشۇنلار يۇرتىغا قايتىپ بارغىنىدا ئۇلارنىڭ پەرىشان ھالىتىنى پۇخرالىرى كۆرۈپ ئەسكەرلىرىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر زەربە يېگەنلىكىنى كۆرىدۇ، بۇنداق بىر ئەھۋال ئەزەلدىن مەغلۇپ بولغان دۈشمەن تەرەپنى قاتتىق چۈشكۈنلۈككە پاتۇرۇپ قويىدىغانلىقى ئېنىق. شۇڭا، بۇمۇ يامان ئىش ھېسابلانمايدۇ." دەيدۇ. ئۇ يەنە بورمانغىمۇ مەن ئېنگلىزلارنى مەقسەتلىك كېچىرگەن ئىدىم، دەيدۇ. ئۇ غەزەپلەنگەن ھالدا "چېرچىل مېنىڭ بۇنداق ئاكتىپ روھىمنى قەتئىي چۈشەنمىدى. مەن ئەسلى مەقسەتلىك ھالدا ئەنگلىيە بىلەن ئارىمىزدا تىندۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان بىر ھاڭ پەيدا قىلىشنى خالىمىغان ئىدىم" دەيدۇ.

بەزىلەر، فۈھرېرنىڭ مەقسىدى سىياسىي ياكى ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدا ئويلىغانلىقىدىن بۇنداق بىر ئەھۋال ئوتتۇرغا چىققان دەپ قارىشىدۇ. ھەربىي تەرەپ ئادەملىرى، ئادىيۇتانتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بۇنداق دېيىشنى كۆلۈپلا ئۆتكۈزىۋېتىدۇ. "ھىتلېر مەقسەتلىك ھالدا ئېنگلىزلارنىڭ قېچىپ قۇتۇلۇشىغا يول قويغان دېيىش، پۈتۈنلەي يالغان گەپ تاپقۇچىلارغا مەنسۇپ گەپلەر" دەيدۇ پۈتكامېر. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ھىتلېرغا يېقىنلىشالايدىغان باشقا كىشىلەرمۇ ھىتلېرنىڭ ئېنگلىزلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ ئۇلارنىڭ قېچىشىغا يول قويغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. "بىر ئېنگلىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ قېنى بەكلا قىممەتلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار قېنىنىڭ بىھۇدە ئېقىشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ. _ دەيدۇ تروست خانىمغا، _ مەيلى ئىرق نۇقتىسىدىن ياكى ئەنئەنە نۇقتىسىدىن ئالايلى، بىز بىلەن ئېنگلىز مىللىتى بىر-بىرىمىزگە بەكلا ئوخشاپ كېتىمىز. مېنىڭ گېنېراللىرىم بۇ پىرىنسىپنى چۈشەنمىدى. بۇ ئەھۋال ئەزەلدىن ۋە بۈگۈنمۇ ئوخشاشلا مېنىڭ نىشانىم ئىدى." بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىكى چەتئەللىك كۈزەتكۈچىلەرمۇ بۇنداق كۆزقاراشقا قوشۇلاتتى. ئالايلۇق، فرانچويىز پونسېت دەل شۇنداق قاراشتىكىلەردىن بىرى بولۇپ، ئۇ ھىتلېر ئەنگلىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى پەقەتلا خالىمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنى بىتەرەپ تۇرۇپ

بېرىشنىلا ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.
ئـۇ ئۆتكەنـدە بۇنـداق بىـر قاراشـتا بىرسـى ئىكەنلىكىنـى كۆرسـەتكەن ئىـدى: تېخـى يېقىنــدىلا، ئــۇ مەخســۇس پــويىز بىــلەن زۇرىــخ ئــارقىلىق يــۇنىتى متفــورد ئائىلىســىنى ئەنگلىيەگە يولغا سىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇ ئېنگېلگە، مەن ئـۇ خانىمنىـڭ تەغـدىرىگە قـاتتىق ئەپســلىنىمەن، دېــگەن. "مەن دەســلەپتە ئۇنىڭــدىن ھەقىقــى تــۆردە پايــدىلانماقچى بولغىنىمدىبا، ئۇ خانىم جاسارەت قىلالمىغان ئىدى." دەيدۇ. ئۇنىڭ قايتماقچى بولغان يېرى دۆشمەنلىشىپ تۇرىۋاتقـان ئەنگلىـيە ئىـدى. ھىتلېـر بىلىگـيەگە بېسـىپ كىرىـپ 3 كـۈن ئۆتكەنـدە، ئۇنىـڭ يېزنىسـى سـىر ئوسـۋالد موسـلېي ۋە شـۇنىڭدەك ئەنگلىـيە فاشىسـتلار ئىتتىپاقىنىــڭ قالغــان رەھبەرلىــرى نــازارەت ئاســتىغا ئېلىنغــان بولــۇپ، پەقەتــلا ســوتقا چىقىرىلمايدۇ. بۇنىڭـدىكى مەقسـەت، ئـۇلارنى تىنچلىـق تەشـۋىقاتى بىـلەن شوغۇللىنىشـىغا چەكلىمە قويۇش ئىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن، مۇسلىي ئۆزىنىڭ قارا كىيىملىكلەر پارتىيىسىنىڭ ئىشپىيونلىرىغا چوقۇم ۋەتەنگە سادىق بولىشى كېرەكلىكىنـى ئەسـكەرتىپ ئـۆتكەن بولـۇپ، بـۇ جەھەتـتە ئۇنىـڭ ئىپادىسـى بەكـلا كەسـكىن ئىـدى: "ئۇرۇشـنى چەكـلەش ئـارقىلىق ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيە ئىككى دۆلەتنى داۋاملىـق دوسـت ھـالەتتە تۇتـۇش ئۈچـۈن، ئەڭ ئـاخىرقى نەپىسـىم بىـلەن كـۈرەش قىلىشـقا تەييـارمەن. ئەگەر بـۇ ئىككىسـى ئوتتۇرىسـىدا ئـۇرۇش پـارتلاپ قالغــدەك بولــدىكەن، مەن ۋەتــىنىم ئەنگلىــيە تەرەپــتە تــۇرۇپ جەڭ قىلىــمەن." يېقىنــدا، ئــارانلا 11 ھەپتىلىــك بولغــان ئــوغلىنى ئىمىتىــپ تۇرىۋاتقــان دىئانــا مۇسـلىي خـانىمۇ يولدىشـى بىـلەن بىـرگە تـۈرمىگە كىرىـپ ياتـىدۇ. ئـۇنى قاماقتا ئېلىش بۇيرۇقىنى باش ۋەزىر بەرگەن ئىدى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنى بۇۋىقىنى ئېلىپ خوللىۋاي تۈرمىسىدە بىرگە تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىـڭ 19 ئـايلىق بولغـان ئوغلىنىمۇ بىرگە ئېلىپ كىرىشكە رۇخسەت قىلمايدۇ. قائىدە بويىچە، بىر ئانا پەقەت بىـرلا بوۋاق بىلەن تـۈرمىگە كىرىـپ ياتالىشـى مۇمكىـن بولـۇپ، ئـاۋارىچىلىق سـىلىپ بېرىشـىدىن سـاقلىنىش ئۈچـۈن ئىككـى بالىغـا ھەرگىـز رۇخسـەت قىلمـايتتى. ئۇنىـڭ تەلىـيگە ياتقـان كامىرىدا، پـول بەكـلا زەي تارتـاتتى، كـارىۋات قويۇلمىغـان بولـۇپ، پەقەت بىـر پـارچە بـورا پـالازلا سـېلىنغان ئىـدى. ئارىـدىن ئـۈچ يىـل ئۆتكەنـدە، موسـلى ئېغىـر كېسـەللىك يۇقتۇرىۋالغاچقـا، ئەر-خوتـۇن ئىككىسـىنى قاماقتى بوشىتىۋېتىدۇ. بۇنىڭـدىن پۈتـۈن خەلق چوقان كۆتۈرۈشىدۇ. ئەمما بـۇنى گېئـورگ بېرنـارد شـوۋ قـاتتىق مـازاق قىلىـدۇ: "مېـنىڭچە بولغاندا، بۇ قېتىمقى موسلىي ۋەھىمىسى ھەقىقەتەنمۇ بىـر شـەرمەندىلىك. _ دەيـدۇ بىـر ئايـال مۇخبىرغـا، _ بىـرلا ئـادەم شـۇنچە نۇرغـۇن كىشـىنى قورقۇتـۇپ جـان-پېنىنـى چىقىرىــۋېتەلىگەن. شــۇنچە قورقۇنچــاق قانــداق كىشــىلەر ئــۇ؟ موســلىي بۇگــۈن تەن

سالامەتلىكى بۇزۇلغان ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇنىڭ قاماقتىن چىقىرىلىشى دەل ۋاقتىدا بولغان ئىش ئەمەسمىدى؟ ھەتتا ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراش مەجبۇرىيىتىمىز بار. ئەمما بىز ئۇنىڭدىن قورقۇپ دەرھال «ئادەم ۋە قوغداش قانۇنى» دىن ياردەم تىلەشكە مەجبۇر بولدۇق... بىز يەنىلا موسلىيىنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشىغا رۇخسەت قىلمىدۇق. ئەكسىچە شۇنچە ئاخماقانە ھالەتنى پەيدا قىلدۇقكى، سېيتىۋالماقچى بولۇپ ئاختۇرساق ئەنگلىيەدىكى خالىغان بىر كىتابخانىدا ھىتلېرنىڭ «كۈرەش يولۇم» دېگەن كىتابىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇيۇ، موسلىيىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئون قۇرىنىمۇ ئۇچرىتالمايمىز. بۇنداق ئىشلار ھەقىقەتەنمۇ تىل بىلەن ئىپادىلەشكە بولمايدىغان چېكىدىن ئاشقان بىمەنىلىك. خەيرلىك كېچىلەر!"

يۇنىتى ئۆيىگە قايتىپ بارغىنىدىن كېيىن، ئۇنىڭ كاللىسىدىكى ئوق ئۇچى تېخىچىلا مىڭىسىدىن چىقىرىلمىغان ئىدى. بۇنىڭدىن ئۇ قاتتىق ئازاپلىنىپ ھەتتا ئۆزى تاماق يېيەلمىگىدەك ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى. ئارىدىن 8 يىل ئۆتكەندە، مىڭىسىدىكى ئوق يېرىدىن ئويناپ كېتىپ ئۆلدى.

8

ھىتلېر، دۆنكىرك قولغا كېلىشتىن سەل ئاۋال قوماندانلىق شتابى بولغان "قۇش ئۇۋىسى" دىن ئايرىلدى. ئۇ "قۇش ئۇۋىسى" دىن ئايرىلىش ئالدىدا، بۇ يەرنى بۇزماي ئۆز پېتى ساقلاپ، "دۆلەت خاتىرە سارىيى" قىلىشنى تاپىلايدۇ. "قۇش ئۇۋىسى" ئىچىدىكى ھەر بىر ئىغىز ئۆي ئەسلى قىياپىتى بويىچە ساقلىنىدىغان، ھەر بىر ئىشىكنىڭ ئىسمىنى بوسۇغا ئالدىغا پولغا يېزىپ قويىدىغان بولىدۇ. فۇھرېرنىڭ قوماندانلىق شتابى بېلگىيەنىڭ بىر كىچىك كەنتىگە يۆتكىلىدۇ. بۇ كەنتنىڭ ئىسمى برۇلىي دې پېش بولۇپ، فرانسىيە چېگراسىغا يېقىن بىر يەردە ئىدى. ھىتلېر بۇ كەنتكە يېتىپ كەلگەن ۋاقىتلاردا كەنت ئىچى بىرمۇ ئادەم يوق بوشتىلغان ھالدا بولۇپ، كەنتلىكلەر پۈتۈنلەي قېچىپ كەتكەن ئىدى. يېزىغا بىر گۈللۈك باغ ياسىلىپ شېغىل يېيىتىپ بىر قانچە يول ياسىلىدۇ. ئەمما فۇھرېرنىڭ يەر ئاستى ئىستىھكامىنىڭ سىمونتلىرى تولۇق قۇرىمىغان بولغاچقا، مىچىلداپ نەم كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ھىتلېر بۇ تىنچ مەنزىرىلىك كەنتكە ئۇرۇشقاقلىقنى كۆرسىتىدىغان "بۆرە جىلغىسى" دېگەن ئىسىم قويىۋالىدۇ. بۇ ئىسىم ئۇنىڭ پارتىيە ئىچىدە پائالىيەت قىلىۋاتقان بۇرۇنقى يىللاردىكى لەقىمى بولغان "بۆرە" دىن ئېلىنغان ئىدى.

شۇ چاققا كەلگىچە، بېلگىيە پادىشاھى لىئوپولد بېلگىيەنى تەسلىم قىلدۇرۇپلا

قالماستىن ئۆزىمۇ مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كېتىشنى رەت قىلىدۇ. "مەن ۋەتەندە قېلىشقا قارار قىلدىم. ــ دەيدۇ باش ۋەزىرگە، ــ ئىتتىپاقداش ئەللەرنىڭ ئىشلىرى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان ھېسابلاندى." دېگەندەك بۇنىڭدىن گۇمان قىلىشقا ئورۇن يوق ئىدى: 5-ئىيۇن كۈنى، گېرمانىيە قوشۇنلىرى 143 دىۋىزىيىلىك قۇراللىق كۈچكە تايىنىپ فرانسىيە قوشۇنلىرىنىڭ قالدۇق 65 دىۋىزىيىسىگە قارشى ھۇجۇمغا ئاتلانغان ئىدى. مۇداپىيەدە تۇرغان كۈچلەرنىڭ تانكا سانى بەكلا ئاز، ھەتتا ھاۋا قوغدىنىش كۈچلىرىدىن تولۇق مەھرۇم دېگىدەك ھالدا ئىدى. ئەمما گېرمانىيە قوشۇنلىرى 400 مىلغا سوزۇلغان ئۇرۇش سېپى بويىچە ئالغا ئىلگىرلىمەكتە ئىدى. پارىژدا، ئۆمىدسىزلىك ئىچىگە چۈشۈپ قالغان رېيناۋد، روزۋېلتقا "بىزگە كۆك يۈزنى قاپلىغىدەك ئۇرۇش ئايروپىلانى ئېۋەرتىڭ" دەپ مۇراجەتتە بولىدۇ. ئاندىن كۈدە-كۆپىسىنى يىغىشتۇرۇپ كېتىپ قالىدۇ.

ھىتلېر ئۈچۈن ئالغاندا، بۇ مەزگىل ھەقىقەتەنمۇ ئۇرۇش قىلىشنىڭ تازا پەيتى ئىدى. بۇ چاغدا مۇسسولىنىمۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگىنىدە، ھىتلېر ئۇنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلىپ، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى فرانسىيە ھاۋا ئارمىيىسىنى تارمار كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن بىر گەپ بولار، شۇنىڭغىچە بىر مەزگىل كۈتۈپ تۇر دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. بۇ گەپتىن ئىتالىيە باش مىنىستىرى تاقىتى تاق بولۇپ تۇرغانلىقىغا قارىماي ئۆزىنى بېسىۋېلىپ 10-ئىيۇنغىچە كۈتىدۇ. ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈپ يازغان خېتى كۆڭلۈك ئىشەنچكە تولغان بولسىمۇ، يەنىلا ھىتلېرنىڭ مازاق قىلغان يەرلىرىمۇ بار ئىدى. "بۇرۇن مەن ئۇنىڭ بۇنچىۋالا نادان بىرسى ئىكەنلىكىنى ئاساسەن بىلەلمىگەن ئىكەنمەن. ــ دەيدۇ فۈھرېر گېنېراللىرىغا، ــ بۇ خەت، سىياسىي مەسىلىلەردە بۇندىن كېيىن بەكرەك ئېھتىيات قىلىشىم كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. شۇنىسى ئېنىقكى، مۇسسولىن بۇ ئىشلارنى خۇددى رىم كوچىسىدا سەيلى قىلىپ يۈرگەندەكلا ئاددى چاغلىسا كېرەك؟ ئىتالىيانلار بۇنىڭدىن چۈچۈپ كېتىشىدە گەپ يوق. دەسلىۋىدە ئۇلار چاشقان يۈرەكلىك قىلىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئىدى؛ مانا ئەندى ئۇلار ئۇرۇش غەنىمەتلىرىنى تەڭ بۆلۈشۈشكە ئالدىراپ كېتىۋاتىدۇ."

تاڭ سۈزۈلگەندە، ئىتالىيە 32 دىۋىزىيىلىك قۇراللىق كۈچ بىلەن فرانسىيىنىڭ جەنۇبىغا ھۇجۇم باشلايدۇ. فرانسىيە ئارانلا 6 دىۋىزىيە كۈچ بىلەن مۇداپىيىگە ئۆتكەن ئىدى. ئەمما ئىتالىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىش قابىلىيىتى يېتەرلىك بولمىغاچقا، ئۇلار بىر مىل-بىر مىل سۈرئەت بىلەنلا ئالغا ئىلگىرلىيەلەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا، فرانسىيىنىڭ شىمالىدىكى ئۇرۇش سېپىنىڭ ئىككى ئۇچى تارمار كەلتۈرۈلدۇ. گېرمانىيە قوشۇنلىرى 14-چىسلا چۈشتىن بۇرۇندىن باشلاپ پارىژغا كىرىشكە باشلايدۇ. گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ب

توپكورپۇس قۇماندانى گېنېرال ۋون بوك، ئالاقىلىشىش ئايروپلانغا ئولتۇرۇپ تۇنجى تۆركۈم ئالدىن يۈرۈش قىلغۇچى ئەسكەرلىرىنىڭ سالىمنى قوبۇل قىلىشقا ئۆلگۈرۈپ پارىژنىڭ زەپەر دەرۋازىسىغا يېتىپ كېلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇرۇش تارىخىدا ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسىنىڭ قۇماندانى قىسىملىرىنىڭ ئالدىدا نىشانغا يېتىپ بارغانلىق ئەھۋالى بەكلا ئاز كۆرۈلىدىغان ئەھۋال بولۇپ، بوك بۇنىڭ بىر مىسالى ئىدى. گېرمانىيە قوشۇنلىرى پارىژغا كىرىپ كەلگەنلىكىنى بىر ئۇرۇش دېگەندىن كۆرە ساياھەت دېيىش توغرا بولاتتى. ھەتتا بوك ۋاقىت چىقىرىپ ناپولېئوننىڭ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلىپمۇ ئۈلگۈرگەن ئىدى. ئۇ يەنە رىتىزدا چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ بازارغا چىقىپ ئۇششاق-چۈششەك سودا قىلىپمۇ ئالىدۇ.

"بۆرە جىلغىسى" دا، گيۆرىڭ ئەنگلىيىنىڭ گېرمانىيە ئاھالە رايونىنى بومباردىمان قىلغانلىقىدىن قىساس ئېلىشقا قايىل قىلىمەن دەپ ئاۋارە ئىدى. ئۇ ئىككىسى كەنت مەيدانىدا پاراڭ قىلىشىۋاتقىنىدا، پولكوۋنىك ۋارلىمونت تىۋقىسىز گيورىڭنىڭ دېگىنىنى ئاڭلاپ قالىدۇ. گيۆرىڭ ئېنگلىزلارنىڭ بۇ تۈر زوراۋانلىقلىرىغا زادىلا تاقىتى يوقلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن "ئەنگلىيە ئاتقان بىر پاي سىنارىيەت ئۈچۈن ئون پاي سىنارىيەت بىلەن جاۋاب بېرىمەن،" دەيتتى. ئەمما ھىتلېر بۇ گەپلەرگە قىلچىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ. ۋارلىمونتنىڭ ئەسلىمىسى بويىچە ئالغاندا، ھىتلېر "دۇنكىرك ئوپېراتسىيىسى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنى بەكلا قورقۇتىۋەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئۆتكۈنچى شەكىلدە مېڭىسى قىزىپ قالغان. ئەنگلىيىنىڭ پۇخرالارنى بومباردىمان قىلىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، ئەنگلىيە بومباردىمان ئايروپلانلىرىنىڭ قارىغا ئېلىش ئەسۋابلىرى توغرا ئىشلىمەيدىغانلىقىنى، شۇڭىدەك ئايروپلان ھەيدىگۈچىلەرنىڭمۇ دېگەندەك مەشىق كۆرمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. قايسىلا ئەھۋالدا بولمىسۇن، مېنىڭچە بىر مەزگىل كۈتۈپ تۇرۇپ ئاندىن ھەرىكەتكە ئۆتكىنىمىز تۈزۈك" دېگەن.

فۈھرېرنىڭ شۇ چاغدىكى روھى ھالىتى سۆھبەت قىلىش ئۈيىدا ئىكەنلىكى ئېنىق. ئۇ، پارىژنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىدىن پەيدا بولغان روھلۇق كەيپىياتتىن پايدىلىنىپ، خېئارىست گېزىتىنىڭ مۇخبىرى كارل ۋون ۋېيگاندنى قوبۇل قىلىش ۋاستىسى بىلەن غەرب دۇنياسىغا باياناتى بېرىدۇ. ئۇ، پارىژ ئېچىۋېتىلىدىغانلا بولىدىكەن، بۇ "گۈزەل فرانسىيە پايتەختى" نى ئۇرۇشۇپ قولغا كەلتۈرۈش نىيىتىدە ئەمەسلىكىنى ئېلان قىلىدۇ. كەينىدىنلا ئۇ ئۇلۇغ برىتانىيىنى يوقۇتۇش نىيىتىدە ئىكەنلىكى ياكى بۇنداق بىر پىلاننىڭ بارلىقىنى قەتئىي تۈردە ئىنكار قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئا ق ش دىن كۈتىدىغىنىمۇ قىسمەنلىكتىكى "مونروئىيچىلىق" تىن باشقىچە بولمايدىغانلىقى، يەنى ئامېرىكا قىتئەسى ئامېرىكا

قىتئەســـدىكىلەرگە مەنسـۇپ بولســۇن، ياۋروپــا قىتئەســـىمۇ ياۋروپــا قىتئەســـدىكىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن، دېيىشتە چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

گېرمــانىيە قوشـۇنلىرى فرانسـىيىگە قـاراپ داۋاملىـق ئىچكىـرىلەپ بېسـىپ كىرىۋاتقـان پەيتلەردە، جەنـۇبىتىكى ئىتـالىيە قوشـۇنلىرى قىمىرمـۇ قىلالمـاي جايىـدا تـۇرۇپ قالغانـدەك كـۆرۈنمەكتە ئىـدى. مۇسسـولىنىنىڭ تەلـىيىگە فرانسـىيىنىڭ شـىمالىدىكى ئـۇرۇش ۋەزىيىتـى تۇختىماي تەرەققى قىلماقتا ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، فرانسىيە تەرەپنىـڭ جەنۇبىتـا بـىرەر جـىددى تەدبىـر قـوللىنىش ئېهتىمـالىغىمۇ ئىمكـان بەرمەي كەلمەكـتە ئىـدى. 16-چىسـلا ئاخشىمى، گېرمانىيە قوشۇنلىرى بوشىشىپ كەتكەن فرانسىيە مۇداپىيە سەپلىرىنى خالىغـان ۋاقىتىدا بۆسۈپ ئۆتەلىگىـدەك هالغا كېلىۋالغـان ئىـدى. ئەتىسـى چۈشـتىن بـۇرۇن چۈشكە يېقىنلاشـقان مەزگىلـدە، هىتلېـر هەربـى ئىشـلار مەسلىهەتچىلىرى بىـلەن بىـرلىكتە "بـۆرە جىلغىسى" دا ئۇرۇش ۋەزىيىتى ئۈستىدە مۇهـاكىمە يۈرگۈزىۋاتقـان بىـر پەيتـتە، تۇيۇقسـىزلا فرانسىيە ئۇرۇش توختىتىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى هەققىدىكى خەۋەر كېلىدۇ. بـۇ خەۋەرنـى ئاڭلىغـان هىتلېـر ئىـززەت ئـابروي دېگەنلەرنـى بىـر چەتـكە قايرىـپ قويـۇپ يۇتىسـىغا شاپىلاقلاپ ئۇرغىنىچە خوشاللىقىدىن بىر پۇتىنى پۈكـۈپ تىزىنـى كۆتـۈرۈپ قويىـدۇ (غەرپ هۆججەتلىـك فىلىملىـرى بـۇ قىسـقا كۆرۈنۈشـنى ئۈزۈپ ئالىـپ كۆرسـىتىپ كېتىـدۇ. لاۋرېـنس ستالىنگنىڭ دېيىشىچە، بۇ هۆججەتلىك جىلىم ئەينى ۋاقىتتا كانادا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسـىدە تەشۋىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان فىلىم ئىشلىگۈچى جون گرىيېرسـون تەرىپىـدىن مونتاجلانغـان ئىـكەن. ئـۇ، كىنـو لىنتىسـىنى "چـۆرگىلىتىش" ئۇسـۇلىدىن پايـدىلىنىپ هىتلېرنىڭ تۇرقىنى بىر قاتار كۆلكىلىك "بىر پۇتىـدا تىـك تـۇرۇپ پىرقىـراش" شـەكىللەرگە كەلتـۈرۈپ مونتـاج قىلىـپ چىققـان. بـۇ كۆرۈنۈشـنى ئەسـلىدە هىتلېرنـىڭ هۆكـۈمەت دائىرىسـىگە مەنسـۇپ فوتـوگرافچى ۋالتېـر فرېنتـز تارتىۋالغـان ئىـدى. ئـۇ، مەن پەقەت 8 كۆرۈنۈشلا تارتتىم، بۇلارنىڭ نېگاتىپلىرىنى بىرنىمۇ قويمـاي فـۇهرېرگە بەرگەن ئىـدىم دەپ چىڭ تۇرىدۇ ــ هاشىيە ئىزاهاتى). "ئۇ خوشاللىقىدىن قىـن-قىنىغـا پاتمـاي قالغـان ئىـدى" دەيدۇ شـرودېر خـانىم ئەسـلەپ كېلىـپ. شـۇ يەردىكـى كىشـىلەر نـېمە دېيەرنـى بىلەلـمەي ئاغزى ئېچىلىپلا قالغان ئىدى. كېيىنكى بولسا پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى ماختاپ كېتىـدۇ.

"فۇهرېرىم، ــ دەيدۇ دۆتلـۈك بىـلەن، ــ سىـز تـارىختىن بۇيـانقى ئەڭ ئۇلـۇغ قوماندانسـىز!"

فرانسىيىنىڭ تەسلىم بولغانلىقى، ئەنگلىيىگە ئېغىر زەربە بولۇپ تېگىدۇ. شـۇنداق بولشـىغا قارىمـاي، چېرچىـل يەنـىلا كەسـكىن بىـر شـەكىلدە ئەنگلىيەنىـڭ "ئەڭ ئۇيغـۇن پەيتـى" هەققىدە سۆزلەپ، ئېنگلىزلارنىڭ جاسارىتى ئەسلىگە كېلىدىغانلىقىنى تىنماي سـۆزلىمەكتە ئىدى.

ئەنگلىيە رادىئو شىركىتىنىڭ ئاڭلىتىشىدىن مەخسۇ فرانسىيەگە قارىتىپ ئاڭلىتىش بېرىدىغان يەنە بىر نىمىسلارغا قارشى ئۇرۇش چاقىرىقى كېلىشكە باشلايدۇ. "فرانسىيىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش يالقۇنىنى ھەرگىز ئۆچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. _ دەيدۇ گېنېرال چارلېس دې گول ئىككىنچى ئاڭلىتىش بۆلۈمىدە مىكرافونغا قاراپ، _ ياق، ھەرگىز ئۆچمەيدۇ!" فرانسىيە پەقەت بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى، _ دەيدۇ دې گول، _ فرانسىيە ھېچ قاچان ئۇرۇشتا يېڭىلمىدى." كىشىلەر بۇ كۈننىڭ ۋاتېرلو ئۇرۇشىنىڭ 125 يىللىق خاتىرە كۈنى بولغان 18-ئىيۇن كۈنى ئىكەنلىكىنى پەقەتلا خاتىرىسىگە كەلتۈرۈشمەيدۇ. ئەمما شۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسىدە ئاخىرقى ھېسابتا بلۇكېردا گېرمانىيە ئارمىيىسى ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتىنى بەلگۈلىگۈچى تەرەپ بولغان ئىدى. چۈش ۋاقتىدا، ھىتلېر بىلەن مۇسسولىنى فۇھرېر ئىشخانىسىدا كۆرۈشىدۇ. بۇ يەر، ھىتلېرنىڭ 1938-يىلى مىيونخېن يىغىنىدا غالىپ كەلگەن تارىخىي غالىبىيەتكە ئېرىشكەن بىر يەر ئىدى. بۇ قېتىم، ئىتالىيە مۇستەبىتى كۆرۈنەرلىك تۈردە بوي سۇنغان تەرەپ بولۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇرۇش ئېلان قىلىشى، ھەربىي ئىشلار جەھەتتە بىر ئالدامچىلىق، سىياسىي جەھەتتە بولسا بىر قىمار ھېسابلىناتتى. مۇسسولىنى بىلەن سىئانو ئىككىسى، فۇھرېر مەرتلىك بىلەن تىنچلىق تەلىپىدە بولىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بەكلا ھەيران بولىدۇ. ھىتلېر "بۈيۈك برىتانىيەنى يوق قىلىۋېتىش ھەرگىز توغرا بىر ئىش بولمايدىغانلىقىنى، بۇ جەھەتتە نۇرغۇن ساقلاپ قېلىش تەدبىرلىرى ئېلىنىغانلىقى، بۈگۈنكى كۈندىمۇ دۇنيا مۇۋازىنىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئىنتايىن مۇھىم ئامىل" ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئاندىن، مۇسسولىنى ئىزچىل تۈردە قارشىلىق بىلدۈرۈپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ھىتلېر قەتئىي تەۋرەنمەي رىبېنتروپىنىڭ مەرتلەرچە تۈزۈلگەن شەرتنامە بايانلىرى بويىچە فرانسىيە بىلەن يارىشىش تەكلىۋىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. "بۈگۈنكى كۈندە ھىتلېر نۇرغۇن پۇل ئۇتىۋالغان بىر قىمارۋاز، ئۇ داۋاملىق تەۋەككۈل قىلىشتىن ۋاز كېچىپ تەۋكانى بوشىتىپ چىقىپ كېتىۋاتقان بىر قىمارۋازغىلا ئوخشاش بىرسى. _ دەپ يازىدۇ سىئانو كۈندىلىك خاتىرىسىگە، _ بۈگۈن ئۇ، ئۇز پىكرىنى ساقلاپ قالماقچى. يەنە قۇۋلۇقمۇ يوشۇرۇنغاندەك. بۇنچىۋالا زور غالىبىيەتنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بۇنداق بىر ھالدا بولىشى ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالارلىق بىر ئەھۋال. كىشىلەر مېنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا بەكلا سىلىق مۇئامىلىدە بولغانلىقىمدىن نارازى بولۇشقا ھەقلىرى يوق. ئەمما مەن، بۈگۈن ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭغا قايىلمەن."

بۇ ئىككى مۇستەبىت دىكتاتور بىر-بىرىنىڭ ئىسىم كارتوچكىلىرىغا ئىمزا قويۇپ بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش كۈنى ئۈچۈن خاتىرە قالدۇرۇشىدۇ. بىر كارتوچكىغا مۇسسولىنى

جانلىق پوچۇركىسى بىلەن "قەھرىمان ۋەزىيەت يارىتالايدۇ!" دەپ يازغان بولسا، ئۇنىڭ ئاستىدا ھىتلېرنىڭ دەبدەبىلىك سۆزى يېزىلغان ئىدى: "ۋەزىيەت قەھرىمان يېتىشتۈرىدۇ!" مۇسسولىن رىمغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن روھى بەكلا چۈشكۈن ئىدى. ئەمەلىيەتتە باش مىنىستىرنىڭ قورققىنى تىنچلىق دەۋرىنىڭ يېقىنلىششىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ھاياتى بۇيىچە زادىلا ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان خام خىيالى، يەنى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ھەيۋىسىنى كۆرسىتىۋېلىش خىيالىمۇ "تەدرىجى ئۆچۈپ كېتىۋاتماقتا ئىدى" دەپ يازىدۇ شۇ ئاخشىمى خاتىرىسىگە.

ئارىدىن 3 كۈن ئۆتۈپ، يەنى ياز مەۋسۇمىنىڭ بىرىنچى كۈنى، ھىتلېر ماشىنىلىق كومپىيگن يېقىنىدىكى ئورمانلىققا، يەنى جاھان ئۇرۇشىدا كايسېرنىڭ ۋەكىلى تەسلىمنامىغا قول قويغان ئورمانلىققا قاراپ ئاتلىنىدۇ. بۇ ئەسلى قانلىق قىساسنى ئېلىش ھەرىكىتى، شۇنىڭدەك تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىر تاللاش ھېسابلىناتتى. ئۇ يەردىكى تۆمۈريول ئۈستىدە تۇختىتىلىپ ئۇنى ساقلاپ تۇرغان ۋاگون گېرمانىيە ئىمپىرىيىسىنىڭ پادىشاھى ـ كايسېرنىڭ ۋەكىللىرى تەسلىم بولغان ۋاقىتىدا تەسلىمنامىغا ئىمزا قويۇشتا ئىشلىتىلگەن مەشھۇر تاختاي رېستوران ۋاگونى ئىدى. ئۇلار بۇ ۋاگوننى پارىژدىكى مۇزېيدىن كىران بىلەن كۆتۈرۈپ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن مۇزى تېمى تەرەپتىن چىقىرىلىپ ئەسلى ئورنىغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت 3 تىن چارەك ئۆتكەندە، فۈھرېرنىڭ ماشىنىسى ئۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ. ھىتلېر ماشىنىدىن چۈشۈپ سۇرلۇك قىياپەتتە بۇ رېستورانت ۋاگونى تەرەپكە قاراپ ھەيۋەت بىلەن يەڭگىل قەدەملەر بىلەن ماڭىدۇ. كېتىۋېتىپ تىكلەنگەن بىر مەرمەر خاتىرە تېشىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىدا قەدىمىنى توختىتىدۇ. بۇ تاش ئۈستىگە مۇنۇ سۆزلەر يېزىلغان ئىدى:

"1918-يىلى 11-نويابىردا، گېرمانىيە ئىمپىرىيىسى قول قىلماقچى بولغان ئەركىن خەلق تەرىپىدىن تارمار كەلتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ جىنايى تەكەببۇرلىقى بۇ يەردە باش ئېگىش بىلەن ئاخىرلاشتى."

ۋىللىيام شىرېر قوش كۆزلۈك دۇربۇن ئارقىلىق ھىتلېرنىڭ چىراي ئىپادىسىنى كۆزەتمەكتە ئىدى. "مەن ئۇنىڭ ھاياتىدا كۆرۈلگەن نۇرغۇنلىغان چوڭ-چوڭ ھادىسىلەردە ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرگەن ئىدىم. ئەمما بۈگۈن بۇ چىرايىدىن كەمسىتىش، مەردانە، ئۆچمەنلىك، قىساسكار ۋە غالىبلىق يالقۇنجاپ تۇراتتى" دەيدۇ لىنگ. شۇ چاغدا، ھىتلېر "بىز كىشىلەرگە 1918-يىلىدىكى شۇ نومۇسلۇق كۈنلەرنى ئەسلىتىدىغان ھەممە نەرسىنى پاك-پاكىزە يوق قىلىۋېتىشىمىز كېرەك" دېگەنىدەك بىر نىملەرنى دەپ پىچىرلىغاندەك قىلاتتى.

ئۇ يەرگە توختىتىلغان ئەبجەغى چىقىپ كەتكەن كونا رېستورانت ۋاگونى ئىچىگە ئېلىپ كىرىلگەندىن كېيىن، ئىشىك تاقىلىپ ئىرادە ئۈستىلىگە تۇرغۇزۇلدى. ... 

ئۇزۇن بىر ئۈستەل، ئىككى تەرىپىگە ۋەكىللەر ئۆمىكى ئولتۇرۇش ئۈچۈن 5~6 دىن ئورۇندۇق قويۇلغان ئىدى. شىمىدت ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىغىدەك بىر يەردە ئۆرە تۇردى. فۇھرېر تەرجىمانىنىڭ يېنىدىكى بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنىدىن كېيىن، گېيۆرىڭ، رايدېر، براۋۇچىتش، رىببېنتروپ ۋە ھېس قاتارلىقلارمۇ تېگىشلىك ئورۇنلارغا كېلىپ ئولتۇردى. بىر قانچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، گېنېرال چارلىز خۇنتزىگېر فرانسىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ ۋاگونغا كىردى. فرانسىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى بىر نەپەر ئادمىرال، بىر نەپەر ھاۋا ئارمىيە گېنېرالى ۋە بىر نەپەر سابىق باش ئەلچىدىن تەشكىل تاپقان ئىدى. ئۇلار سۈكۈت ئىچىدە تەييارلىنىپ قويۇلغان ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقىنىدا كۆرۈلگەن ھەيرانلىق قىياپەتلىرى بىلەن كىرىپ كەلگەن ئىدى.

قارشى تەرەپ ۋەكىللىرى كىرگىنىدە ھىتلېر بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئورنىدىن تۇردى. ھېچ كىمدىن زۇۋان چىقمايدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى بىر-بىرسىگە باش لىڭشىتىپ تازىم كەلتۈرۈشكەندىن كېيىن جايلىرىغا ئولتۇرۇشىدۇ. كېيتېل ئالدى بىلەن ھىتلېر يېزىپ چىققان ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمنامىسىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىنى ئوقۇپ ئۆتىدۇ. كېيتېل ھىتلېرنىڭ يازغانلىرىنى ئوقۇۋاتقىنىدا ھەر ئىككىلا تەرەپ خۇددى قاتۇرۇپ قويغان مومىدەك ھېسسىياتسىز بىر قىياپەتتە بىر-بىرسىنى كۆزەتكىنىچە قارىشىپ قېتىپ ئولتۇرغانلىقىنى سېزىدۇ شىمىدت. كېيتېل شەرتنامىنى ئوقۇپ كېلىپ، گېرمانىيە ھېچ قاچان تىنچلىق شەرتلىرىدىن پايدىلىنىپ قەھرىمان بىر دۈشمەننىي ھاقارەت قىلىش نىيىتى يوق ئىكەنلىكىنى، "گېرمانىيە بۇنداق بىر تەلەپنى ئوتتۇرغا قويۇشىدا، دۈشمەنلىشىش ھەرىكەتلىرىنىڭ قايتا پەيدا بولماسلىقىنىلا مەقسەت قىلىدىغانلىقىنى، گېرمانىيە ئەنگلىيەنىڭ قوزغىغان بۇ ئۇرۇشىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر ھالغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى، شۇنىڭدەك يېقىندىن تىنچلىق شارائىتىنى يارىتىش ئۈچۈن ئۇرۇش ئارقىلىق گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۈستىگە مەجبۇرى تېڭىلغان ناھەق ۋەزىيەتنى تۈزىتىشنىلا مەقسەت قىلىدىغانلىقىنى" ئېيتىدۇ. شۇ ۋاقىتىدىكى كۆرۈنۈشتە، ھىتلېر گويا فرانسىيەگە ئەمەس بەلكى ئەنگلىيەگە سۆزلەۋاتقاندەك، شۇنىڭدەك ئېنگلىزلارغا تىنچلىق تەلىپىدە بولىۋاتقاندەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئەلىۋەتتىكى بۇنى ئېنگلىزلار قوبۇل قىلىشنى خالىسا. بۇ شەرتنامىدە ھەتتا گېرمانىيەنىڭ ئەنگلىيەدىن دېڭىزدا ئۈستۈنلۈك تالىشىش نىيىتىدىنمۇ ۋاز كەچكەنلىكىنى بەلگىلىگەن ئىدى. ئۇ، گېرمانىيىنىڭ فرانسىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش كېمىلىرىنى ئۇرۇشتا پايدىلىنىش نىيىتىنىمۇ يوقلۇقىنى، شۇنىڭدەك فرانسىيە دېڭىز ئەسلىھەلىرىدىن پايدىلىنىپ ئېنگلىز بوغۇزىدىن ئۆتۈش نىيىتىدىمۇ

ئەمەسلىكىنى تەنتەنىلىك بىلەن جاكارلىغان ئىدى. ھىتلېر بۇ ۋەدىلەرنى بېرىۋاتقىنىدا، گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسى بۇنداق قىلىشقا قوشۇلمايتتى. چۈنكى، نورۋېگىيەدە بىر قېتىملىق فرانسىيە بىلەن تۇتۇشۇپ جەڭ قىلغىنىدا گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسى بەكلا ئېغىر چىقىمدار بولغان بولۇپ، ئۇلار بۇ چىقىملىرىنى فرانسىيە دېڭىز ئارمىيە ئەسلىھەلىرىدىن پايدىلىنىپ تولۇقلاش نىيىتىدە ئىدى. ھىتلېر ئۇلارنىڭ بۇنداق تەلىپىنى ئېنىق رەت قىلىۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىر سەۋەبى، ھىتلېر يەنىلا ئېنگلىزلاردىن ئەنسىرىگەنلىكى، شۇنىڭدەك يەنە ئۇلاردىن ئۈمىدلەنگەنلىكىدىن ئىدى دېيىش مۇمكىن. يەنى ئۇنىڭ قورقۇشىدىكى سەۋەب، ئەگەر ئۇ فرانسىيە كېمىلىرىنى تۇتۇپ كېلىپ ئۆز ئورۇش سېپى ئۈچۈن ئىشلەتكىدەك بولسا، بۇ ئەھۋال ئەنگلىيەنىڭ دېڭىز زومىگەرلىكىگە بىر تەھدىت بولۇپ كۆرۈنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئەنگلىيە چارىسىز قەتئىي ئۇرۇش قىلىش ئىرادىسىگە كېلىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. ھىتلېرنىڭ ئۈمىد قىلىدىغىنى، "يول قويۇش" ئارقىلىق تىنچلىققا يول ئېچىش بولۇپ، ئىككى دۆلەت ئۆز ۋاقتىدا يەنە مەرتىلەرچە كېلىشىم تۈزۈش ئىمكانىيىتى بولاتتى: ئۇلۇغ بىرتانىيە ئىمپېرىيىسى دېڭىز ئوكيانلارغا ئىزچىل خوجايىنلىق قىلىۋەرسە، گېرمانىيەمۇ نىشانىنى شەرققە قارىتىپ ئۆزىنىڭ ھاياتلىق مۇھىتى ئاختۇرۇش يولىغا كىرىشەلىشى مۇمكىن بولاتتى.

شىمىدت بۇ شەرتنامىنىڭ فرانسۇزچە نۇسخىسىنى ئوقۇپ بولغىنىدىن كېيىن، ھىتلېرمۇ ئورنىدىن قوزغىلىدۇ. قالغانلارمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئورنىدىن تۇرىدۇ. كۆپچىلىك ئەدەپ بىلەن تازىم كەلتۈرگەندىن كېيىن فۇھرېر سۆھبەت سورۇنىدا كېيتېل بىلەن شىمىدت ئىككىسىنىلا قالدۇرۇپ قىسىم ئادەمنى ئېلىپ سورۇندىن چىقىپ كېتىدۇ. ئارقىدىن، جودل بىلەن يەنە بىر قانچە گېرمانىيە گېنېرالى ۋاگونغا كىرىدۇ. فرانسىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر ئۇرۇش توختىتىش شەرتنامىلىرىنى بىرەر قۇر ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، بۇ ھۆججەتنى بورديائۇۋكىسىدىكى فرانسىيە ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇشتا چىڭ تۇرىدۇ. "قەتئىي بولمايدۇ! سىلەر بۇ شەرتنامىغا دەرھال قول قويۇشقۇلار شەرت" دەيدۇ كېيتېل.

ئەمما فرانسىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر گېرمانىيە تەرەپنىڭ فرانسىيەگە 1918-يىلى فرانسىيەنىڭ گېرمانىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىگە تونىغان ئوخشاش مۇئامىلىدە بولۇشلىرىنى تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرىۋالىدۇ. ئارىدىن بىر قانچە مىنۇت ئۆتكەندە، خۇنتزىگېر فرانسىيە باش قوماندانى گېنېرال ۋېيگاند بىلەن تېلېفون كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، "مەن سىزگە ۋاگوندىن تېلېفون قىلىۋاتىمەن. _ دەيدۇ. ئاندىن سەل توختىۋېلىپ، _ سىز بىلىدىغان شۇ ۋاگوندىن تېلېفون قىلدىم. _ دەيدۇ دوكلات قىلىپ، _ شەرتنامە بەكلا رەھىمسىز، شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئۇنچىۋالا نومۇسقا قالدۇرغىدەكمۇ ئەمەس. ئەمما مەن يەنىلا

بۇ شەرتلەرنى بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن رەھىمسىز شەرتلەر دەپ قارايمەن“ دەيدۇ. بۇ شەرتلەر ئالدىنقى قېتىملىق ئۇرۇشتا فرانسىيىنىڭ گېرمانىيەگە مەجبۇرى تاڭغان شەرتنامىلاردىن كۆپ ناچار ئىدى. سۆھبەت گۈگۈم چۈشكىچە داۋام قىلغان بولسىمۇ يەنىلا بىرەر نەتىجىسى بولمايدۇ. ئەتىسى، يەنى 20-ئىيۇن كۈنى چۈشتىن بۇرۇنغا قالدۇرۇلغان بولسىمۇ يەنىلا چۈشتىن كېيىنگە ئۇزىراپ كېتىدۇ. چۈشتىن كېيىن سائەت 6 دا، كېيتېل پەقەتلا چىدىغۇچىلىقى قالمايدۇ. ئۇ دەرھال شىمىدتنى فرانسۇزلارنىڭ قېشىغا كىرگۈزۈپ ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتومنى بېرىدۇ: ”بىر سائەت ئىچىدە شەرتنامە تەييار بولمايدىكەن، سۆھبەت بۇزۇلغان ھېسابلىنىپ، فرانسىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنى فرانسىيە قوشۇنلىرى بار يەرگە يالاپ ئاپىرىۋېتىدىغانلىقى“ نى ئۇقتۇرىدۇ. باشقا ئامال يوق ئىدى. ئاخشىمى سائەت 7 گە 10 مىنۇت قالغاندا، گېنېرال خۇنتزىگېر، بوردىياۋكس بىلەن تېلېفون كۆرۈشۈپ ئۇرۇش توختىتىش شەرتنامىسىغا قول قويۇپ بېرىدۇ. ئىمزا مۇراسىمى تاماملانغاندىن كېيىن، كېيتېل سەل كۆتۈرۈپ ئاندىن چىقىشلار دەيدۇ. ۋاگوندا ئۇ ئىككىسىدىدىن باشقا ۋەكىل قالمىغاندا، ئىككى گېنېرال ئۇن-تۈنسىز بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرىدۇ. شىمىدت، بۇ ئىككى گېنېرالنىڭلا كۆزلىرى ياشقا تولغانلىقىنى كۆرىدۇ. كېيتېل ھېسسىياتىنى بېسىۋېلىپ، خۇنتزىگېرغا، شۇنچە ئىززەتلىك بىلەن دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىنى ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. كەينىدىنلا ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزارتىدۇ. خۇنتزىگېرمۇ قول بېرىدۇ.

گېرمانىيە رادىئولىرى نەق مەيدان ئاڭلىتىشى بېرىپ، بۇ ئەھۋاللارنى گېرمانىيىگە تارقىتىدۇ. ئۆزىدىن پەخىرلىنىدىغان ئەمما روھى ھالىتى بۇزۇلغان خۇنتزىگېل بۇ رېستۇرانت ۋاگونىدىن چىقىشى بىلەن تەڭ، يېقىن بىر يەردىن رېتىملىق بىر شەكىلدە لېنتىغا ئېلىۋېلىنغان شۇئار ئاۋازى كېلىشكە باشلايدۇ: ”ھۇررا، ھۇررا، ئەنگلىيەگە ھۇجۇم!“ بۇ شۇئار تەبىئىكى نېمىسلارنىڭ قەلبىنى ئۇرغۇتىۋەتكەن ئىدى. بۇ ئويۇن ئەسلىدە گيوبېلسنىڭ ئوينىغان بىر ئۇيۇنى ئىدى. ئۇ ھەر پۇرسەتتە ھەر قانداق بىر يەردە مۇزىكا قويۇپ بېرەتتى. ئەمما ئۇ، بۇ قېتىمقىسىدا فۇھرېرنى بىزار قىلىۋېتىدۇ. شەرتنامىدا، ئۇ ئىزچىل تۈردە كىشلەرگە دەل بۇنىڭ ئەكسىچە تەسىرات قالدۇرۇشقا تىرىشقان ئىدى.

ھىتلېر، ”بۆرى جىلغىسى“ غا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پارىژ ساياھەت پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇ، بىر ھەيكەلتاراش بىلەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىككى نەپەر بىناكارنى، يەنى ئارختىكتور سپېر بىلەن گېيسلېرنى چاقىرتىپ كېلىپ يول باشلىغۇچى قىلىپ تالللىۋالىدۇ. ”پارىژ ئەزەلدىن مېنى سېھىرلەپ كەلگەن بىر شەھەر“ دەيدۇ ئارنو برېكېرگە. برېكېرنىڭ كاتتا كلاسسىك ئەسىرى ستالىننىڭمۇ ماختىشىغا

ئېرىشكەن ئىدى. ھىتلېر، ئۆزۈندىن بېرى ”كۆڭلەرنىڭ بىرىدە بۇ رەڭگاراڭ چىراغلار شەھىرىنى زىيارەت قىلىشقا بەكلا ئارزۇ قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ شەھەر، بىر سەنئەت ئەسەرلەر پايتەختى بولۇپ، بۇ شەھەرنى زىيارەت قىلىشى ئۈچۈن سەنئەتكارلارنى ئۆزىگە ھەمرا قىلىۋېلىشىدىكى سەۋەبلەردىن بىرى ئىدى. مەن بۇ زىيارەت ئارقىلىق گېرمانىيىنىڭ مۇھىم مەركىزى شەھەرلىرىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئىلھامىغا ئېرىشەلەيمەن دەپ ئىشىنەتتى. _ مەن بۇ شەھەردىكى بىنالارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كەلمەكچىمەن. ئەسلىدە مەن ئۆزەمنى بۇ ئەسەرلەرنى نەزەرىيە جەھەتتە پىششىق بىلىدىغان بىرى ھېسابلىنىمەن“ دەيدۇ.

كېيتېل، بورمان ۋە بىر قانچە ئاديۇتانتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەمرالىرى بىلەن بىرلىكتە بىرۋلىي دې پېشى كەنتى سىرتىدىكى خامانغا يېتىپ كەلگەن ۋاقتىدا قاراڭغۇلۇق بېسىپ ئۈزاتقان قول ئۈچىنى كۆرۈشكىمۇ بولمىغىدەك تۇم قاراڭغۇلۇق بېسىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئايروپىلانغا چىقىدۇ. ئايروپىلان ليوتچىكى باۋۇر ئىدى. ئۇلار لې بوۋۇرگېتقا يېتىپ بارغىچە ئۇيۇقتا قۇياش كۆتۈرۈلگەن ئىدى. 23-ئىيۇن كۈنى ھەقىتەنمۇ ئۈچۈق ۋە قەتتىق ئىسسىق بىر كۈن بولىدۇ. ھىتلېر ماشىنا قاتارىدىكى بىر ئۈستى ئوچۇق جىپقا چىقىپ، خۇددى بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكىدەك شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرىۋالىدۇ. قالغانلار ئۇنىڭ كەينىدە ئولتۇرىدۇ. ئۇلار بىرىنچى زىيارەت يېرى بولغان چوڭ تىياتىرخانا بىناسىغا قاراپ كېتىۋاتقىنىدا يولدا ئادەم بەكلا شالاڭ ئىدى. ئارىلاپ بىر قانچە ژاندارما ئۇچراپ قالاتتى. بۇ ژاندارمىلار ۋەزىپە ئۆتەۋاتقاندەك كۆرۈنۈش ئۈچۈن فۈھرېرنىڭ ماشىنىلار قاتارىغا قاراپ چاس بېرىپ ئۆتەتتى. بىرىكېر پارىژدا ئەڭ ياخشى دەۋرلىرىنى ياشىغان بىرسى بولغاچقا، شەھەرنىڭ بۇنچىۋالا جىمىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ بەكلا ھەيران قالىدۇ.

ھىتلېر بۇ كاتتا تىياتىرخانىنىڭ بىناكارلىق كۆرۈنۈشلىرى ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتكەن ۋاقتىدا ئۇنىڭ يۈزىدىكى جىددىيلىشىشلەرمۇ ئاستا-ئاستا بوشىشىشقا باشلىغان ئىدى. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئۇ ۋېيىنادىكى ۋاقتىدا بۇ كاتتا ئوپېرا بىناسىنى ماختاپ ھالى قالمايتتى. ئۇ، بۇ بىنانى خۇددى باش مىنىستىرلىك بىناسىدەك پۇختا بىلەتتى. شۇڭا ئۇ، بۇ بىنانىڭ نەق ئۆزىنى كۆرۈپ كۆزلىرى ھاياجاندىن چاقناپ كېتىدۇ. ”بۇ ئوپېرا بىناسى دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق ئوپېرا بىناسى ھېسابلىنىدۇ!“ دەيدۇ ئۇ ھەمراھلىرىغا بوش ئاۋاز بىلەن. ئۇ لوژلارنى كۆزىتىۋېتىپ بىرسى كاملىقىنى سېزىپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن ئايرىلماي يېنىدا يۈرگەن ئاق چاچلىق خىزمەتچى بوۋاي، قوپال ئەمما مەغرۇر بىر قىياپەتتە بۇ لوژ خېلى يىللار ئاۋال ئېلىپ تاشلانغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ”مۇنداق دەڭ، قاراڭلار، مەن بۇ يەرنى راستىنلا پىششىق بىلمەيدىكەنمەن؟“ دەيدۇ ھىتلېر يېنىدىكىلەرگە بىر باشلانغۇچ مەكتەپ

ئوقۇغۇچىسىدەك مەغرۇرلىنىپ.

ئۇ ئىپىفىل مۇنارىسى ئالدىدا بىر قانچە مىنۇت تۇرۇپ كۆزەتكەندىن كېيىن، ناپولېئون قەۋرىسىنى زىيارەت قىلىشقا ماڭدى. ھىتلېر قەبرە ئالدىدا شەپكىسىنى كۆكرىكىگە بېسىپ تۇرۇپ ئىگىلىپ تازىم كەلتۈرگەندىن كېيىن ئالدىراشلىق بىلەن بۇ يۇمىلاق قەبرىنى كۆزدىن كۆچۈردى. ئۇ ئىچ-ئىچىدىن ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۇ، گىيسلېرغا بۇرۇلۇپ خاتىرجەم بىر تۈردە "مېنىڭ قەبرەمنى سەن ياسىغىن" دەيدۇ. (كېيىنچە ئۇ گىيسلېرغا بۇ ھەقتە تەپسىلىي تەلىمات بېرىدۇ: "مېنىڭ قەۋرەم ئىنتايىن ئاددىي بىر بولسۇن. قەۋرەمنى ميۇنخېندا ياسىلىشىنى تەلەپ قىلىمەن. مېنىڭ ھەقىقىي تۇغۇلغان يېرىم ميۇنخېن. _ دەيدۇ ھىتلېر، _ مەن دەل شۇ يەردە ھەرىكىتىمنى باشلىدىم، مېنىڭ قەلبىم دەل شۇ يەردە ئېتىشقا باشلىغان." _ ھاشىيەدىكى ئىزاھات) ئۇ گېپىنى دەپ بولۇپ قاتتىق ئويغا پېتىپ قالىدۇ. ئۇ بورمانغا ناپولېئوننىڭ ئوغلىنىڭ قەبرىسىنىمۇ ۋېيىنادىن بۇ يەرگە، ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ يېنىغا يۆتكەپ كېلىشلار، دەپ تەلىمات بېرىدۇ.

ئۈچ سائەت داۋاملاشقان بۇ زىيارەت مونتمارترىي ئىگىزلىكىدە ئاخىرلىشىدۇ. بۇ يەر رەسساملىقنى ئۆگەنمەكچى بولغانلارنىڭ مۇقەددەس يېرى ھېسابلىناتتى. بەلكىم، بۇ يەر ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىنى ئېسىگە سالسا كېرەك، بىر مەزگىل سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن، بۇرۇلۇپ گىيسلېر بىلەن برېكېر ۋە سپېرلارغا قارايدۇ: "سىلەر ئىشلارنى ھازىردىن باشلاپلا باشلىۋېتىڭلار" دەيدۇ. ئۇ، شەھەر ۋە خاتىرە مۇنارىلىرىنىڭ قايتا ياسىلىش خىزمىتىنى ئۇلارغا تاپشۇرىدۇ. "بورمان، _ دەيدۇ ھىتلېر، _ ماڭا بىر ئىشنى بېجىرىپ بېرىشكە ۋەدە قىل. سەن بۇ رەسساملىرىمغا ياخشى قارا." ھىتلېر تۆۋەندە سوزۇلۇپ ياتقان پارىژ شەھىرىگە يەنە بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتىدۇ. "مەن ئاخىرى ئىزچىل تەلپۈنۈپ كەلگەن پارىژنىڭ سېھىرلىق مۇھىتىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىدىم، تەقدىرىمگە مىڭ شۈكرى قىلىمەن. – دەيدۇ. ئاندىن ئۇ قىسمىلىرىغا بۇيرۇق قىلىپ پارىژدىن يىراقتىن ئايلىنىپ ئۆتۈشلىرى توغرىلىق بۇيرۇق قىلىدۇ. ئۇنىڭ پارىژ يېقىنلىرىدا ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلىنىشقا تىرىشقانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ ئىدى. _ شۇنداق قىلىش ئارقىلىق تۆۋەندە يېيىلىپ ياتقان بۇ كاتتا رەسىمنى كەلگۈسىگە ساقلاپ قالالايمىز." ئەمما شۇ كۈنى ئەتىگەندە ئۇنى كۆرۈپ قالغان بىر قانچە پارىژلىقلار قورققىنىدىن قاتتىق ھولۇقۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ماشىنىسى بازاردا بىر قانچە سېمىز ئاياللغا دۈچ كەلگىنىدە، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ سېمىز بولغان بىرسى ئىنتايىن قورقۇنۇشلۇق چىقىراپ ۋارقىرىغىنىچە: "ئەنە ئۇ! ئۇنى كۆردۈم، ئۇ ھىتلېر!" دەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئەتىراپتىكى كىشىلەر ھەر تەرەپكە قاراپ قېچىشقان، پۈتۈن بازار بىردەمدىلا قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ئىدى.

ئەتىسى، ھىتلېر سېپىرنى چاقىرتىپ ئۆز نامىدا بىر پارچە بۇيرۇق يازدۇردى. بىرلىندىكى بىنا قۇرۇلۇشلىرىنى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى بۇيرۇيدۇ. "پارىژنى بەكلا چىرايلىق بىر شەھەر دېيىشمىگەنمىدى؟ _ دەيدۇ ھىتلېر، _ بىز بېرلىننى ئۇنىڭدىنمۇ گۈزەل قىلىپ ياسىشىمىز كېرەك." ھىتلېر بېرىكبېرنىمۇ بىر چەتكە تارتىپ ئالدىنقى كۈنى كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى تىنىماي سۆزلەپ كېتىدۇ: "مەن خۇددى سېنىڭدەكلا پارىژنى ياخشى كۆرىمەن. پارىژ، تا 19-ئەسىردىن بۇيان مۇھىم بىر سەنئەت مەركىزى بولۇپ كەلدى. جاھان ئۇرۇشىدىن بۇرۇن مەن مەنمۇ سەنئەتكە قاتتىق ھەۋەس قىلىدىغان بىرى ئىدىم. ئەگەر تەقدىرىم مېنى سىياسەت ساھەسىگە سۆرەپ كىرمىسە ئىدى، بەلكىم مەنمۇ خۇددى ساڭا ئوخشاش بۇ يەرلەردە بىلىم ئالغان بىرسى بولار ئىدىم."

ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى تۈن يېرىمىدىن ئۆتكەندە، يەنى ھازىردىن باشلاپ 8 سائەت 35 مىنۇت ئۆتكەندە ئاندىن كۈچكە ئىگە ئىدى. شۇڭا، كىشىلەر مۇم يورۇقىدا ئۈستەل ئەتراپىدا يىغىلىپ كەچلىك تاماق يېيىشكەندە ھەممە خوشال ئىدى. ئاسمان بارغانسىرى قاراڭغۇلىشىپ، يىراقلاردىن گۈلدۈرلىگەن ئاۋازلار كېلىپ تۇراتتى. يېرىم كېچە بولۇشى بىلەن تەڭ، بىر ئادىيۇتانت كېلىپ دۈشمەن ئايروپىلانى كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. چىراقلار دەرھال ئۆچۈرۈلىدۇ. ھەممە قاراڭغۇلۇقتا قالىدۇ. پەقەت چاقىقان چاقماقلا كىشىلەرنىڭ يۈزىنى غىل-پال يورۇتۇپ قالاتتى.

شامپان رۇمكىلىرى تارقىتىلىدۇ. كىشىلەر سائەتلىرىگە قارىشىدۇ. ئۆي ئىچى كىشىنى چۈچۈتكىدەك جىمجىتلىققا چۆمگەن ئىدى. سەھەر سائەت 1 دىن 35 مىنۇت ئۆتكەندە، كاناي ئاۋازى ياڭراپ ھەممىنى ئۈركىتىۋېتىدۇ. كىمدۇ بىرسى پىچىرلىغاندەك ئاۋازدا بېرىكلېرگە بۇ ئەنئەنىۋى سىگنال. بۇ دېمەك "قوراللار دەم ئېلىشتا" دېگەننى بىلدۈرىدۇ، دەيدۇ. يەنە بىرسى ھاياجان ئىچىدە مىچىلداپ يىغلاپ تاشلايدۇ. كېيىن قاراڭغۇلۇقتا ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزگە چىقىدۇ. ئۇ رۇمكىسىنى كۆتۈرۈپ كىشىلەرنى ئەڭ ئالىي قوماندان فۈھرېرىمىز ھىتلېر ئۈچۈن كەينى-كەينىدىن "ئۈچ قەدەھ كۆتۈرەيلى" دەپ خىتاب قىلىدۇ.

كەينىدىنلا ھەممە ئورنىدىن تۇرۇپ رۇمكا سوقۇشتۇرىدۇ. ئەمما ھىتلېر جايىدىن قىمىرلىماي ئولتۇراتتى. ئۇ بۇ چاقىرىقتىن قىسىلغاندەك ئىدى. ھىتلېر بۇنداق ياساملىقلارنى ياخشى كۆرمىسىمۇ، ئامالسىز قۇرۇغلۇق ئارمىيە ئەنئەنىسىگە بويسۇنماقتىن باشقا چارىسىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ قائىدە بويىچە رۇمكىسىنى سوقۇشتۇرۇپ بولۇپ لىۋىگە تۇتىدۇ. ئەمما ئۇ رۇمكىدىن بىر تامچىمۇ ئاغزىغا ئالمايدۇ. ئاندىن ئۇ قايتا جايىغا ئولتۇرۇپ بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە جىمىپ كېتىدۇ. ئۇ، خوشاللىق ئىچىدە ياyراپ كەتكەن بۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزىنى بەكلا يالغۇز ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. كېيىن ئۇ ھېچ

كىم ئاڭلىيالمىغىدەك قىلىپ "مەسئۇلىيىتىم ھەقىقەتەنمۇ بەك ئېغىر" دەپ پىچىرلايدۇ. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ سورۇندىن چىقىپ كېتىدۇ.

# 22. ”غالىپلارمۇ غەلىبىدىن يوقىلىشى مۇمكىن“ (درىيەپىن)

6 .1940 ~ 28 .10 .1940

1

شۇ يىلى ياز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى، ھىتلېر شۇنى ئېنىق ئىپادىلىمەكتىكى، ئۇنىڭ بەكىرەك قىزىقىدىغىنى ئۇرۇش ئەمەس بەلكى سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئىدى. فرانسىيەدە بولسا، ئۇنىڭ قۇراللىرى نەسىھەت قىلىش ۋە ئۇ ئۆزىنى ئەپۇچان بىر غالىپ، فرانسىيەنى ئىنتىپاقلاشقان ۋە گۈللەنگەن فاشىست ياۋروپانىڭ مۇھىم قىسمىغا ئايلاندۇرۇشقا تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەڭ بۆلۈشەلەيدىغان غالىپلاردىن، يەنى فاشىست ياۋروپا ھالىغا كەلتۈرۈش، بۇنداق ھۆكۈمرانلىقنىڭ مۇدداسى روھىنى قايتا ئۇيغۇتۇشلا بولۇپ قالماي، يەنە ژىرانسىيىنى تەڭرىگە ئىشەنمەيدىغان بولشېۋىكچىلىكنىڭ ئىستىھكامى ھالىغا كەلتۈرۈش ئىدى. بۇنداق بىر ھەرىكەت جەريانىدا ئۇنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن يولغا قويىدىغان تەدبىرىدىن بىرسى، ئۇنىڭ قىسمىلىرىنى ئىستىلاچى ئەمەس بەلكى ئازات قىلغۇچى قىلىپ كۆرسىتىش ئىدى. ”مەن ئەسكەرلىرىمنىڭ فرانسىيىدىكى ھەرىكەتلىرىنىڭ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى فرانسىيە قىسىملىرىنىڭ رېنلاندىتا قىلغانلىرىغا ئوخشاش ھەرىكەت قىلىشىنى ھەرگىز خالىمايمەن! ــ دەيدۇ خوفمانغا، ــ ئەگەر كىمىكى بۇلاڭچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، ئۇنى دەرھال شۇ يەردە ئېتىپ تاشلاش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ كېلىپ، ــ مەن فرانسىيە بىلەن ھەقىقىي تۈردە يارىشىشنى ئارزۇ قىلىمەن.“ دەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ پارىژغا كىرگەن قىسىملار خالىغانچە يۈرەلمەيدىغان، باشقىلارنى خالىغانچە بويۇن ئەگدۈرۈش ياكى بىكارغا تاماق يېيىشلەرگە تېخىمۇ پېتىنالماس ھالغا كەلتۈرۈلۈپتىدۇ. ئەگەر بىرەر نەرسە سېتىۋالماقچى بولغىنىدا بىر تىيىننىمۇ كام قىلماي تولۇق تۆلىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار كامپىس-ئېلىسېس كوچىسىدىكى قەھۋەخانا ئىشىكى ئالدىدا فرانسۇزلار بىلەن بىرلىكتە ئولتۇرۇپ قەھۋە ئىچكەچ ئىيۇن ئاخىرلىرىدىكى قۇياش نۇرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. بۇ تۈردىكى بىرلىكتە بولۇشلار بەكلا ئوڭايسىز، شۇنىڭدەك يەنە دائىم بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشماي بىر-بىرسى بىلەن پەقەتلا كارى يوق ئولتۇرۇغاندەك كۆرۈنسىمۇ، پارىژلىقلاردىكى قورقۇشلار بىر ھېسابتا يوقالغان ئىدى. يەنى ئۇلار ئەسلىدە

نېمىسلار ئاياللىرىغا تاجاۋۇز قىلىشى، ماگازىن ۋە بانكىلارنى بۇلاپ پاكىزلەپ قويىدۇ دەپ ئويلاشقان ئىدى. مانا ئەندى، كۆپچىلىك شۇنى تونۇپ يەتتىكى، نېمىس قوشۇنلىرى فرانسىيە مۇساپىرلىرىنى پايتەختتكە قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن ياردەمچى بولماقتا ئىدى. پۈتۈن پارىژدىكى بارلىق كوچىلارغا يول ئىسىملىرى ئېسىلغان بولۇپ، تاختاي ئۈستىگە يەنە كىچىك بىر بوۋاقنى قۇچاغلاپ تۇرغان دوستانا نېمىس ئەسكىرىنىڭ رەسىمى سىزىلغان، ئۈستىگە "فرانسۇزلار! گېرمانىيە ئەسكەرلىرىگە ئىشىنىڭلار!" دېگەن خەتلەر يېزىلغان ئىدى.

ھىتلېر ئەسكەرلىرىدىن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى ئويلايتتى. ئۇلار رەتلىك كىيىنگەن، گەپ-سۆزلىرى مۇلايىم، ھەتتا بەلگىلىك دەرىجىدە ياخشى كۆرۈنۈشنىمۇ ئويلايدىغان مىجەزلىك ئىدى. ئۇلار ئاياللارغا بەكلا ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىدىغان، ئەرلەرگە قارىتا ئىززەتلىك ئىدى. نامىسىز قەھرىمانلار قەبرىسى ئالدىدا شەپكىسىنى چىقىرىپ تازىم قىلاتتى. قولىدىكى قۇراللى پەقەتلا بىر ئاپاراتتەكلا بىر نەرسە ھېسابلىناتتى. ئۇلار تېخى يېڭىلا فرانسىيە ئارمىيىسىنى ئەڭ ئېغىر نومۇسقا قالدۇرغان قورقۇنۇشلۇق كىشىلەرگە ئەمەس بەلكى يەكشەنبە كۈنلىرى ئەرزانلىتىلغان پويىزغا ئولتۇرۇش ئۈمىدىدە كەلگەن مۇلايىم يولۇچىلارغىلا ئوخشايتتى. بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەممىسى ئەسلىدە فرانسىيەنى ئىش قىلالايدىغان ھەمدە قىممەت يارىتالايدىغان قۇللارغا ئايلاندۇرۇشنىڭ ھىلىگەرلىكلىرىدىن بىرى ئىدى.

ھىتلېرنىڭ ئۆزىمۇ ئەنە شۇنداق يولۇچى رولىنى ئويناشقا كىرىشىدۇ. ئۇنىڭغا ھەمرا بولغان كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ئاديۇتانتلىرىلا بولۇش بىلەن قالماي، يەنە دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا بىرگە بولغان مىلادشىي سېرژانت ماكس ئامانىمۇ بار ئىدى. ئىككى كۈندىن بېرى فۇھرېرنىڭ يېتەكلىشى بىلەن بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىشقا سەۋەب بولغان كونا ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئىنتايىن خوشال ھالدا زىيارەتتە بولىدۇ. بۇ زىيارەت، فۇھرېرنى باشتىن تارتىپلا كۆڭلىنى خوش قىلىدىغان ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ ھاياجانلىق بىر ساياھەت ھېسابلىناتتى. ئۇ، فلامدېرس ئۇرۇش مەيدانىنى كۆرسەتكىنىچە كۆپچىلىككە، بۇ يەر بۇرۇن پۈتۈنلەي سازلىق بىر يەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ يەردە يەنە بىر مۇنچە ئاكوپلارمۇ ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇ يەرلەرنى ساياھەتچىلەر كېلىپ زىيارەت قىلىپ تۇراتتى. فۇھرېر بۇ يەرلەرنى كۆرگىنىدە ھەرگىزمۇ سۈكۈت ئىچىدە بۇرۇنقى كۈنلەرنى ئەسلەش ئەمەس بەلكى ھەمراھلىرىغا بۇ يەردە مۇنداق بىر ئىش بولغان، ئۇ يەردە يەنە مۇنداق بىر ۋەقە بولغان دەپ تىنماي چۈشەندۈرۈپ ماڭاتتى. ئۇ ئاپتوموبىللىق لىللېدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ قاراپ تۇرغان بىر ئايال پەقەت

سۇ بويىاق رەسىمنىلا كۆرگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ ھىتلېر ئىكەنلىكىنى تونۇپ قالىدۇ-دە، ”ئالۋاستى كەپتۇ!“ دەپ ۋارقىراپ تاشلايدۇ. ھىتلېر ئۇ ئايالنىڭ بۇنچىۋالا ئۆركۈپ كېتىشىنى كۆرۈپ دەسلىۋىدە بەكلا ھەيران قالغان بولسىمۇ، كېيىن ئۇ، كىشىلەردىكى بۇنداق ئىستىلاچى دەپ قارايدىغان تۇيغۇلارنى ئۇلارنىڭ ئەقلىدىن قەتئىي سۈپۈرۈپ تاشلاشقا قەسەم قىلىدۇ.

ھىتلېرنىڭ بۇ قېتىمقى ئىنتايىن ھاياجانلىق ساياھىتى 26-چىسلا ئاخىرلىشىدۇ. ئاندىن ئۇ پۈتۈن كۆڭلىنى قايتىدىن كىشىنى بىئارام قىلىدىغان يېڭى ۋەزىيەت ئۈستىگە — ئېنگلىزلارنى بوي سۇندۇرۇش ئىشىغا مەركەزلەشتۈرىدۇ. ئۇ ئادىيۇتانتلىرىغا بۇ ۋەزىيەتنىڭ كىشىنى بەكلا بىزار قىلىدىغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى، ئەنگلىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئىشىنىڭ ئەسلىدە ئاكا-ئۇكىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتەكلا بىر ئىش ئىكەنلىكىنى، بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنى تارمار كەلتۈرۈش ئىشىنىڭ يەنە كېلىپ نېمىس ئىمپېرىيىسىنى غەمدە قويغان بىر سەۋەپكە ئايلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھىتلېر، يالغۇز يەردە خېۋىلغا مېنىڭ ئەنگلىيەگە بېسىپ كىرىشنى ئىزچىل كەينىگە تارتىپ كېلىشىمنىڭ سەۋەبى دەل مۇشۇ ئىدى، ”مەن ھەرگىزمۇ ئۇ يەرنى بوي سۇندۇرۇۋېلىش خىيالىدا ئەمەسمەن. مەن ئۇ يەر بىلەن كېلىشىمگە كېلىشنى، ئۇلارنى مەجبۇرى بولسىمۇ دوستانا مۇناسىۋەت قىلىشىمىزنى قوبۇل قىلدۇرۇشنى، شۇنىڭدەك خەلقنى ماڭا قارشى كۈشكۈرتۈپ يۈرگەن بارلىق ئۆكتەم يەھۇدىيلارنى ئۇ يەردىن قوغلاپ چىقىرىشنىلا ئويلايمەن.“

ھىتلېر تا شۇ چاغقىچە برىتانىيە ئاراللىرىغا بېسىپ كىرىش ھەققىدە ئېنىق بىرەر پىلان تۈزمىگەن ئىدى. غەربىي سەپتىكى بۇ ئۇرۇش غالىبىيىتى ھەقىقەتەنمۇ بەكلا تېز قولغا كېلىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ ئېنگلىز بوغۇزىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ قۇرۇغلۇققا چىقىدىغان پاراخوت ياكى كېمىلەردىن بىرنىمۇ بولسىمۇ تەييارلاپ ئۈلگۈرمىگەن ئىدى. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ھىتلېر ئەنگلىيىنىڭ يارىشىپ قېلىش تەكلىۋىنى سۇنۇشىنى كۈتمەكتە ئىدى. ئەمما 3-ئىيۇلغا كەلگەندە ئۇنىڭ بۇ تۇر ئارزۇسى پۈتۈنلەي يوققا چىقىدۇ: شۇ كۈنى رويال نوۋىيسى _ برىتانىيە خانلىق دېڭىز ئارمىيىسى تۇيۇقسىزلا ئالجىرىيەنىڭ مېرس ئەل كەبىر پورتىدا ياكور تاشلاپ تۇرغان فرانسىيە ھەربىي پاراخوتلىرىنى بومباردىمان قىلىدۇ. ئۇرۇش كېمىسى ”برېتاگن“ 13 مىنۇت ئىچىدىلا چۆكتۈرۈلۈپ، 977 نەپەر ماتروس ئۆلىدۇ. ”دۇنكېرك“ پاراخوتىنىمۇ ئۈز ئىچىگە ئالغان 3 ھەربىي كېمە ئېغىر زەخىملىنىپ ماتروسلىرىمۇ بەكلا ئېغىر چىقىمدار بولىدۇ. قالغان كېمىلەر قېچىپ قۇتۇلىدۇ. ئېنگلىزلار، ھىتلېر بۇ ئۇرۇش پاراخوتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئەنگلىيەگە ھۇجۇم قىلىشىدىن بەكلا قورقاتتى. ئەمما ئۇلار قورقۇپ قىلغان بۇ زەربىسى ئۆچىۋن بەكلا ئېغىر بەدەل تۆلەيدۇ.

ئېنگلىزلار دۇنكېركتىن چېكىنىپ كەتكەنلىك ھەرىكىتى مۇتلەق كۆپ ساندىكى فرانسۇزلار كاللىسىدا بەكلا ئاچچىق تەسىر پەيدا قىلىشى مۇقەررەر ئىدى. بۇ قېتىمقى ھۇجۇم قىلىش ئىشى، بولۇپمۇ بۇ ھۇجۇم ئادمىرال دارلان فرانسىيە ھەربىي پاراخوتلىرىدىن بىرنىمۇ ھىتلېرغا تاپشۇرمايمەن دەپ ئېلان قىلغىنىدىن كېيىن يۈز بەرگەنلىكى، پۈتكۈل فرانسىيە تەۋەسىدە كۈچلۈك غەزەپ-نەپرەت پەيدا قىلىشى مۇقەررەر ئىدى. شۇنداق قىلىپ، "ئېنگلىزلار ۋاپاسىز" دېگەن سۆز قەھۋەخانىلاردىكى بىر تەمسىل سۆزگە ئايلىنىدۇ.

بۇ قېتىمقى توپقا تۇتۇش ۋەقەسى بەزى كىشىلەرنىڭ مۇنداق بىر ئىشەنچىنىمۇ راستتىنلا چىقىرىپ بەرگەن ئىدى: ھىتلېر بىلەن ھەمكارلاشماي تۇرۇپ فرانسىيىنى قۇتۇلدۇرىمەن دېيىش پۈتۈنلەي قۇرۇق گەپ! تېخىچە يېقىندىلا ئىمزالانغان ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمنامىسى ئەمەلىيەتتە فرانسىيە تۇپراقلىرىنى شىمالى تەرەپ ئىشغالىيەت رايونى ۋە جەنۇبى تەرەپ مارشال پېتاين باشقۇرىدىغان ۋىچى ھۆكۈمەت تەرەپ دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈۋەتكەن ئىدى. بۇ قېتىمقى توپقا تۇتۇش ۋەقەسى ئۇنى مۇئاۋىن باش مىنىستىر لاۋېل بىلەن ھىتلېرنىڭ تېخىمۇ زىچ ھەمكارلىق ئورنىتىشىنى توساش ئىشىنى تېخىمۇ تەسلەشتۈرۈۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ ۋەقە جېئان گراۋدوۋكس ۋە باشقا فاشىست زىيالىيلىرىنىڭ يېڭى تۈزۈم تىكلەش ئۈزۈنۈشلىرىنى تېخىمۇ ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن ئىدى. ئالفرېد فابرې-لۇس كۈندىلىك خاتىرىسىدە "ئەنگلىيەنىڭ بىر كۈن ئىچىدىلا ئۆلتۈرگەن فرانسىيە ماتروسلىرىنىڭ سانى گېرمانىيەنىڭ بىر يىلدا ئۆلتۈرگەن ماتروس سانىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى" دەپ يازىدۇ. ئەنگلىيەنىڭ مېرس-ئەل كەبىردە ياراتقان بۇ ئېغىر خاتالىقى، دەيدۇ ئالدىن قىلىنغان پەرىزىدە، ھىتلېرنىڭ "بىرلا ياۋروپا قۇرۇش" پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىۋېتىشى مۇمكىن، دەيدۇ. بۇ ئىش يەنە گېرمانىيە داھىسىنى ئۇزۇندىن بېرى كۆرۈپ كېلىۋاتقان چۈشەكەشتىن، يەنى بىر تەرەپتىن فرانسىيە ھەربىي كېمىلىرىنى تېزگىنلەپ كېتەلىشكە كۈچى يەتمەيدىغانلىق ياكى ئەنگلىيە خانلىق دېڭىز پلوتىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ كېتەلمەيدىغانلىق ئويىدىن بىراقلا سەگىتىپ تاشلايدىغان بىر سەۋەپ بولۇپ بېرىدۇ.يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ يەنە ئەنگلىيە بىلەن تېزلىكتە مەسىلە ھەل قىلىشنىمۇ خام خىيال قىلىپ يۈرەتتى. بۇ خام خىياللىرىمۇ بىراقلا يوققا چىقىدۇ. ئاساسى جەھەتتىن قۇرۇقلۇقلار بىلەن قورشالغان گېرمانىيە كۈچلىرى كىشىنى چۈچۈتكىدەك تېزلىكتە دېڭىز كۈچلىرىنىڭ پائالىيەتچانلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ھەممىنى ھەيران قالدۇرىۋېتىدۇ. دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ پارتلاش خاراكتېرىدىكى ھەرىكەتلىرى ئەنگلىيەنىڭ يېقىنقى ۋاقىتلاردىكى قورقۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. ئەنگلىيە پلوتلىرى برىتانىيىگە قىلىنىدىغان تاجاۋۇزچىلىقنى يىمىرىپ تاشلىيالمىغان بولغاچقا، ئۆزىنىڭ پلوتلىرىنىڭ

يىتەكچىلىك ئورنىنى كانادا ياكى ئاۋستىرالىيەلەردە قۇماندانلىق شتاب قۇرۇپ، شۇ يەردە تۇرۇپ دېڭىز-ئوكيانلارنى تىزگىنلىمەكچى بولغان ئىدى.

سۆھبەتكە ئولتۇرۇش كېرەكمۇ ياكى قورال كۆتۈرۈش كېرەكمۇ؟ ھىتلېر بۇ ھەقتە كەسكىن بىر قارارغا كېلەلمەي قىينىلىۋاتاتتى. "مەن بۇ ئىشنى ھەرگىز بۇش قويۇۋېتەلمەيمەن. - دەيدۇ پۇتكامېرغا، - ئېنگلىزلار چوقۇم بىر كۈنى مېنىڭ دېگىنىمگە ماقۇل بولىدۇ." ئەمما براۋچىتش بىلەن ھالدېر ئىككىسى 1-ئىيۇل كۈنى ئايروپىلانلىق بىرگەخۇفقا بارغان ۋاقىتتا، ھىتلېر تۇيۇقسىزلا ئۇلارنىڭ تۈزگەن ئەنگلىيەگە بېسىپ كىرىش پىلانىنى تەستىقلىغان بولسىمۇ، ئارقىدىنلا نارازىلىق بىلدۈرگەن ھالدا، مەن ئېنگلىز قېرىنداشلىرىمغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايمەن، ئۇلۇغ بىرتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشىنى خالىمايمەن، قان تۆكۈلۈش پەقەتلا ئۇرۇش غېنىمەتلىرىنى تەڭ بۆلۈشمەن دەيدىغان بۆرىلەرنىڭ ئۆيگىچە بېسىپ كىرىشىنىلا كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئەنگلىيە نېمىشقىمۇ تىنچلىقنى بۇنچە خالىماي تۇرىۋالىدىغاندۇ؟ دەپ قايناپ كېتىدۇ. ھالدېرنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە يازغانلىرىدىن قارىغاندا، ھىتلېر ئۆزى سوراپ ئۆزى جاۋاپ بېرىپ "بۇنىڭ بىردىن بىر سەۋەبى، ئەنگلىيە يەنىلا رۇسىيىنىڭ چوقۇم ھەرىكەت قوللىنىدىغانلىقىغا ئۈمىدى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ" دەپ ئېيتقانلىقىنى يازغان.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، ھىتلېر ئەنگلىيەگە بېسىپ كىرىش ئۈچۈن مەخسۇس بۇيرۇق چۈشۈردى. بېسىپ كىرىشتىكى مەقسەت، گېرمانىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىش بازىسى بولۇپ بېرىۋاتقان ئەنگلىيەنى تارمار قىلىش، شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر زۆرۈر بولغىنىدا، ئەنگلىيەنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىۋېلىشمىز كېرەك، دەپ ئىزاھلايدۇ. بۇ ئۇرۇش ھەرىكىتىگە "دېڭىز شىرى" (سى لىئون) دېگەن بىرتانىيە سىموۋۇلىنىڭ ئىسمىنى بەلگە قىلىپ قويىدۇ. ھىتلېر بۇ پىلاننى تەستىقلىغان ئىمزاسى تېخى قۇرىماي تۇرۇپلا، يەنە بىر تىنچلىق تەكلىۋىنىمۇ ئوتتۇرغا قويىدۇ. "فۇھرېر ئەنگلىيەگە كەڭ قۇرساقلىق بىلەن تىنچلىق تەكلىۋىدە بولىدۇ. - دەيدۇ رىببېنتروپ شىمىدتقا، - ئەگەر لويىد گېئورگ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىسا چوقۇم بىزنىڭ بويىنىمىزغا ئېسىلىۋېلىشى مۇمكىن!" 19-ئىيۇل كۈنى، بۇ تەكلىپنى قەيەردىن چىقىرىدۇ. تەكلىپتە، ئاۋال چېرچىلغا بىر ھازا مازاق قىلىنغان سۆزلەر بىلەن ھۇجۇم قىلىۋالغاندىن كېيىن تەھدىت سالغان ھالدا، ئىككى دۆلەت ئەگەر ئۇرۇشۇپ قالىدىغانلا بولىدىكەن، ئاخىرى يوقۇلىدىغان تەرەپ چوقۇم ئەنگلىيە بولىدىغانلىقىدا گەپ يوق، دېيىلىدۇ. شۇندىن كېيىن مۇجمەل بىر شەكىلدە "مەن بۇ ئۇرۇشنى نېمە سەۋەپتىن داۋام قىلىدىغانلىقىمىزنى ئېنىق ئۇقالمىدىم" دەيدۇ.

ئەنگلىيەنىڭ ھىتلېرنىڭ تەكلىۋىگە بەرگەن جاۋاب خېتىنى فۇھرېرنى ياخشى

تونۇيدىغان بىرسى ئارقىلىق رادىئودا ئاڭلىتىدۇ. بۇ ئادەم شۇ ۋاقىتلاردا ئەنگلىيە رادىئو شىركىتى _ ب ب س دا ئىشلەۋاتقان سېفتون دېلمېر ئىدى. بۇ كىشى دەرھال ئاڭلىتىدۇ: ”ھىتلېر ئەپەندىم، _ دەيدۇ دېلمېر ئىنتايىن راۋان نېمىسچىسى بىلەن، – بۇرۇن سىز مەندىن بەزىدە ئەنگلىيە جامائەتچىلىكىنىڭ روھى ھالىتى قانداق دەپ سوراپ تۇراتتىڭىز. شۇڭا پېقىر بۆگۈن ئاخشام جانابىڭىز ئۆچۈن ئازىراق بولسىمۇ خىزمىتىڭىزدە بولۇشنى خالىدىم. ماڭا، بىزنىڭ بۇ يەردىكى كىشىلەر سىزنىڭ ئاقىلانىلىك ۋە ئومۇمىي ساۋات دەپ ئاتىغان چاقىرىقىڭىزغا قانداق قارايدىغانلىقىنى دەپ بېرىشىمگە ئىجازەت بەرگەيسىز. فۆھرېر ۋە باش مىنىستىر ئەپەندىم، بىز سىزنىڭ تەكلىۋىڭىزنى سىزگە قايتۇرۇپ بەرمەكچىمىز، سىزنىڭ ئۇ جىنايى پۇراقلار پۇراپ تۇرىدىغان چىشلىرىڭىزغا قارىتىپ چۆرۈپ تاشلىدۇق!“ شىرېر، بېرلىن رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئاڭلىتىش بۆلۈمىدە ئا ق ش غا ئاڭلىتىش بېرىشنى كۈتۈپ ئولتۇرغىنىدا بۇ ئاڭلىتىشنى ئاڭلايدۇ. شۇڭا ئۇ بۇ ئىشنىڭ پەيدا قىلىدىغان تەسىرى ئۈستىدە ئوبزور ئېلان قىلىدۇ، ”ئېنىق ئۇختۇڭىزمۇ؟ _ دەپ بىرسى سورايدۇ شىرېردىن. – بۇ ئېنگلىز ئاخماقلارنى ئېنىق چۈشىنەلىدىڭىزمۇ؟ ئۇلار تىنچلىق تەكلىپىنى رەت قىلدىمۇ قانداق؟ ئۇلار راستىنلا ئەقلىدىن كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ!“

پرىزدېنت روزېۋېلتمۇ ئوخشاشلا ھىتلېرنىڭ ئوتتۇرغا قويغان تەكلىۋىگە قىزىقمايتتى. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن روزېۋېلت ئاقسارايدا پرىزدېنتنى رادىئودا نۇتۇق سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىنغاندا سۆزلىگەن سۆزىدە، ھاكىمۇتلەقلىق بىلەن باشقۇرۇلىدىغان دۆلەتلەرگە تاقابىل تۇرۇشتا بىردىن-بىر چارىسى بولغان قارشىلىق كۆرسىتىش چارىسىنى تىلغا ئالىدۇ. كىلىشتۈرمىچىلىككە قەتئىي يېقىن يولىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. باشئەلچى دېيكخوف بېرلىنغا دوكلات بېرىپ، روزېۋېلت بىلەن ئەنگلىيە ئۇرۇش پارتلىغىنىدا ۋە ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتكىنىدە ”ھەمنەپەس بولۇپ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئېپادىسىنى ھېچقاچان بۇ قېتىمقى نۇتقىدەك ئېنىق ئوتتۇرغا قويۇپ باقمىغان ئىدى. “ئەنگلىيەنىڭ نىشانى ھەرگىز ئۆزگەرمەيسىلىكى كېرەك، ئۇلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى چوقۇم كۈچەيتىلىشى لازىم، ئۇرۇشنى قەتئىي تۈردە ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك“ لىكىنى تەكىتلەيدۇ (ئاردىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق بىر ئەلچىخانا ئاخبارات مەسلىھەتچىسى بىرلەشمە رادىئو شىركىتىنىڭ سىياسىي ئوبزورچىسى كىچىك فۇلتون لېۋىس بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگىنىدىن كېيىن، گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە بىر پارچە مېمرانىدۇم تاپشۇرىدۇ: ”دائىم چەتئەلدە ساياھەت قىلىپ يۈرىدىغان لېۋىس، ئا ق ش جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى بىلەن دېموكراتلار پارتىيىسى يىللىق يىغىن ئۆيۈشتۇرغىنىدا ھەر قايسى تەبىقە ۋە ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن

ئـامېرىكىلىقلار بىـلەن كۆرۈشـكىنىدە، خەلقنىـڭ ئۇرۇشـنى خالىمايـدىغانلىقىنى، ئەممـا روزىۋېلتىنىڭ پەيدا قىلغان بوھرانى ئالدىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ پـارلامېنتنى ئۆزىنىـڭ ئىرادىسـى بولمىغان بىر قۇرۇق تامغا باسىدىغان ئورۇن ھالىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان بىـر ۋاقىتتـا، ئـۇلار ھەققەتەنمۇ چارىسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ" – ھاشىيە ئىزاھاتى).

لوندون ئېخچىلا گېرمانىيىنىڭ تەكلىۋىنى رەسمى تـۈردە رەت قىلمىغـان ئـىدى. 21- ئىيـۇل يەكشـەنبە كـۈنى، ھىتلېـر گېنېراللىرىنـى بېرلىنغـا يىغىـپ يىغىـن ئاچـىدۇ. ئـۇ ئۇرۇشخۇمارى ئەمەس بەلكى ئەنگلىيەنىـڭ ئـۇرۇش كىلىشىتا چىـڭ تۇرىۋېلىشىـغا پەقەتـلا ئەقلى يەتمەيتتى. "ئەنگلىيە ۋەزىيىتىـدىن ئۈمىـد يـوق. _ دەيـدۇ ھىتلېـر، _ بىـز ھـازىردىن تارتىپلا ئۇرۇشتا يېڭىپ چىققان ھېسابلىنىمىز. ئەنـدى بۇنـداق مـۇۋەپپەقىيەت قازىنىـدىغان ۋەزىيەتنـى تەتۈرسـگە ياندۇرۇشـنىڭ ھېچقانـداق بىـر ئىمكـانى يـوق." ئـۇ، ئەنگلـىيە لويـد گېئـورگ باشـچىلىقىدا يېڭـى بىـر ئىچكـى كابىنېـت ئوتتۇرغـا چىقىشـى مـۇمكىنلىكىنى مۆلچەرلەيدۇ. ئاندىن ئۇ چوڭقۇر خىيال ئىچىگە غەرق بولۇپ كېتىدۇ.

تۇيۇقسىز، سۈكۈت بۇزۇلىدۇ. ئۇ "تـىزلىكتە بـۇ ئۇرۇشـنى ئاخىرلاشتۇرۇشـىمىز كېـرەك" دەپ چاقىرىق قىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە، بۇنىڭ ئۈچـۈن ئەڭ ئۈنۈملـۈك يـول، يەنـىلا "دېڭىـز شىرى ھەرىكىتى" نى باشلاش، دەيدۇ. ئەمما ئۇنىـڭ بۇنـداق دەپ كاپـالەت بېرىشـى، يـاكى باشقىچە ئېيتقاندا، ئىپادىلەنگەن كاپالەت، شۇ ھامانلا ئـىس-تـۈتەكتەك يوقۇلـۇپ كېتىـدۇ. ئـۇ، دۈشـمەن كـۈچلىرى تەرىپىـدىن چىـڭ سـاقلىنىۋاتقان ئېنگىلىـز بوغۇزىـدىن ئۆتـۈپ ئەنگلىـيەگە سـەپەر قىلىـش ئىشـى ھەرگىزمـۇ نـورۇۋگىيەگە ئوخشـمايدۇ، ھەرگىزمـۇ بىـرلا يۈرۈشتە ھەل بولۇپ كېتىدىغان بىر سەپەر ئەمەس، تۇيۇقسىز ھۇجـۇم قىلىـش ئېھتىمـالىنى يوق دېيىشكە بولىدۇ، ئارقا سەپ تەمىنات ئىشلىرىنى قانداق قىلىپ ھەل قىلىـش مـۇمكىن؟ دەپ ئاگاھلاندۇرىـدۇ. ئـۇ توختىمـاي سـۆزلىمەكتە ئـىدى. ئېغىـر مەسـىلىلەرنى بىرمـۇ-بىـر كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە (باشـتىن تـارتىپلا توختىمـاي خـاتىرە قالـدۇرۇپ كېلىۋاتقان) ئادمىرال رايدېر كۆڭلىدە ماقۇللاپ تۇرماقتا ئىـدى. بـۇ جەريانـدا مـۇتلەق ھـاۋا ئۈستۈنلۈكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە بولـۇپ، بىرىنچـى تۈركـۈم قۇرۇقلۇققا چىقىـش ھەرىكىتـى چوقـۇم سـىنتەبىرنىڭ ئوتتۇرلىرىـدا تاماملىنىشـى كېـرەك. بولمىسـا كۈنسـايىن ناچارلىشـىپ بارىـدىغان ھـاۋارايى ھـاۋا ئارمىيىسـىنى بىـخەتەر جەڭ قىلىشـىغا ئىمكـانىيەت بەرمەيـدۇ دەيدۇ. ئۇ بۇرۇلۇپ رايدېردىن ئېخنىكا جەھەتلەردىكى تەييارلىق ئىشلىرى ئۈچـۈن دېڭىـز ئارمىيىسـى قاچـان ئېنىـق جـاۋاب بېرەلەيـدۇ؟ دېڭىـز قىرغاقلىرىـدىكى تـوپچى قىسـىملار پوزىتسىيىلىرى قاچان تولۇق پۈتكۈزىلىدۇ؟ دېڭىز بوغۇزىدىن ئۆتـۈش ھەرىكىتـى جەريانـدا دېڭىز ئارمىيىسى قايسى دەرىجىدە مۇداپىيىلىنىپ تۇرالايدۇ؟ دەپ سورايدۇ.

ئوۋكايسىز ئەھۋالدا قالغان ئادمىرال رايدېر بولسا باشقا نەرسىلەرنى ئويلانماقتا ئىدى: كوپ قىسىم پىيادە ئەسكەرلەرنى دەريا-قانالاردا ئىشلىتىلىدىغان چاتما كېمىلەر ئارقىلىق توشۇشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنىڭدەك لازىملىق چاتما كېمىلەرنى پۈتۈنلەي ئىمپېرىيە دەرياللىرىدىن سۆرەپ كېلىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق شامالغىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان قېيىقلارغا تايىنىپ برىتانىيە خانلىق پلوتلىرىغا قانداقمۇ تاقابىل تۇرغىلى بولار؟ نورۋېگىيە ئۇرۇش ھەرىكىتىدە چىقىمدار بولغاندىن كېيىن، قولىمىزدا بار ئۇرۇشقا قاتناشتۇرالايدىغان كېمىدىن ئارانلا 48 كاتېر، بىر ئېغىر تىپلىق ئوكيان چارلىغۇچى پاراخوت، 4 قوغلىغۇچى پاراخوت ۋە 3 تورپېدا قېيىقلا قالدى، دەپ ئويلىنىپ قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ھالى خاراپ ھالدا جاۋاب بېرىپ، بەزى تېخنىكىلىق مەسىلىلەر ھەققىدە بىر قانچە كۈن ئىچىدە جاۋاب بېرەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما ھاۋا ئۇستۇنلۈكى تېخى تولۇق ئەمەلىيلەشمەي تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا قانداقمۇ تەييارلىقلارنى پۈختىلاشى مۇمكىن؟ براۋچىتش قەتئىي ئىشەنچە بىلەن ئۇنىڭ پاسسىپ قارىشىغا جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ "دېڭىز شىرى ھەرىكىتى" پىلانىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. گېۆرىڭنىڭ ياردەمچىسى، ھاۋا ئارمىيىسى ھەممە ئىشنى تەل قىلىپ بولغانلىقىنى، بۇيرۇق كۈتۈپلا تۇرىۋاتقانلىقىنى، بۇيرۇق چۈشىشى ھامان ھساۋادىن كۈچلۈك ھۇجۇمغا ئۆتەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭغا ھىتلېر بىر نېمە دېمەيدۇ. ئەمما رايدېرگە بۇيرۇق قىلىپ، بۇ ھەقتىكى دوكلاتىنى ئىمكان بار بالدۇر سۇنۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. "ئەگەر تەييارلىق ئىشلىرى سىنتەبىر باشلىرىغىچە تاماملىنىشتىن ئۈمىد بولمىسا، ئۇنداقتا باشقا پىلان ئۈستىدە ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ." شۇنداق قىلىپ، "دېڭىز شىرى ھەرىكىتى" نىڭ ئاساسى يۈكى دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئۈستىگە چۈشىدىغان بولىدۇ.

ئەتراپتا باشقا ئادەم يوق بىر ۋاقىتتا، ھىتلېر براۋچىتشقا "ستالىن ئەنگلىيە بىلەن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈشمەكتە، مەقسەت ئەنگلىيىنى داۋاملىق ئۇرۇشۇپ بىزنى ئاغدۇرۇپ تاشلاتقۇزماقچى. شۇ ئارقىلىق ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈپ، تىنچلىق دەۋرلەردە قولغا كەلتۈرەلمىگەنلىرىگە ئېرىشمەكچى." ئۇ بىر تەرەپتىن نۆۋەتتە سوۋېتلەرنىڭ ئىمپېرىيىمىزگە قارشى ھەرىكەت قوللىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلمىگەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، رۇسىيە ئەستايىدىللىق بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان بىر مەسىلىنى ئوتتۇرغا قويغانلىقىنىمۇ قوشۇلاتتى. "بىز بۇ مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ئويلىنىشىمىز كېرەك" دەيدۇ. تېخى يېقىندىلا كۆزىتىش قابىلىيىتى بار بىر ئېنگلىز بولغان گېئورگ ئورۋېل مۇنداق پەرىزنى ئوتتۇرغا قويىدۇ: ھىتلېرنىڭ ھەققى نىشانى سوۋېتلېر ئىتتىپاقىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ھاياتلىق بوشلۇقىغا ئېرىشىش. "ئەگەر كىشىلەر ھىتلېرنىڭ

يېقىنقى بىر يىل مابەينىدىكى دېگەنلىرى بىلەن 15 يىل بۇرۇن دېگەنلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغانلا بولىدىكەن، ـ دەپ يازىدۇ ئېنگلىزچە نەشرى «كۈرەش يولۇم» دىكى بىر باھاسىدا، ـ كىشىلەر چوقۇم شۇنى سېزەلەيدىكى، ئۇنىڭ قەلبى باشتىن تارتىپلا قەتئىي تۈردە بىردەك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ دۇنيا قاراشلىرى قىلچىمۇ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ قاراشلىرى پۈتۈنلەي جاھىل تەلۋىلىكى تەرىپىدىن بەلگىلىگەن بىر تۈرلۈك قاراش بولۇپ، زوراۋانلىق سىياسىتىنىڭ شۇ ئانلىق ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە قاراپ بەك كۆپ ئۆزگىرىپ كېتەلمەيدۇ. ئېھتىمال، ھىتلېرنىڭ كۆڭلىدە، سوۋېت-گېرمان شەرتنامىسى ئۇنىڭ بىر مەزگىللىك ۋاقىت جەدۋىلىنى ئۆزگەرتكەنلا بولىشى مۇمكىن.ئۇ «كۈرەش يولۇم» دېگەن كىتابىدا ئاۋال رۇسىيەنى تارمار كەلتۈرۈش دەيدىغان پىلاننى بەلگىلىگەن. شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭدىن كېيىنكى قىلىدىغان ئىشىنىڭ ئەنگلىيەنى يوقۇتۇش بولىدىغانلىقىدىن بىشارەت بەرگەن. بۈگۈنكى كۈندە، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئۇ ئاۋال ئەنگلىيەگە تاقابىل تۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇۋالغان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەنگلىيە-رۇسىيە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرسىدا رۇسىيە بىر قەدەر ئاسان قولغا كېلىدىغان ئەھۋالدا تۇرىۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن ئاۋال ئەنگلىيەنى يوقۇتۇش تاللاپ ئېلىنغان. شۇنداقتىمۇ، ئەنگلىيە يوقۇتۇلىشى ھامان، كېيىنكى يوقۇتۇلىدىغان دۆلەت رۇسىيە بولاتتى. قىلچە گۇمان يوقكى، ھىتلېر دەل بۇ شەكىلدە قارىماقتا ئىدى.“

ھىتلېر غەرپ سەپتە ھەقىقەتەنمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك جەڭ نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈرەلىگەندەك قىلسىمۇ، بۇ نەتىجىلەر ئۇنىڭ ئوتتۇرغا قويىۋاتقان سىياسى جەھەتتىكى مۇقىملىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا يېتەكچىدەك غالىبىيەت ھېسابلانمايتتى. شۇڭا ئۇ رۇسىيەگە قارشى مۇقەددەس ئۇرۇشى قوزغاشقا يەنىلا مەجبۇر ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئەنگلىيەگە بېرىدىغان زەربىسى بۇ ئىرادىلىك دۆلەتنى تېخىمۇ جاسارەتلەندۈرۈشتىن باشقا بىر نەتىجىنى پەيدا قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ فرانسىيە ۋىيچى ھۆكۈمىتىگە ئىشلەتكەن تەسەللى قىلىش سىياسىتى، شۇ ئارقىلىق ئۇنى ئۆزىنىڭ كىرىست يۈرۈشى ھەرىكىتىگە قاتناشتۇرۇشقا ئۈندەش ھەرىكىتىمۇ يوققا چىقماقتا ئىدى. چۈنكى قارشى تەرەپ دۇدۇقلاپ ئېنىق جاۋاب بەرمەي تۇرىۋالغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ گېرمانىيە ئۇلاردىن ئاكتىپ ياردەمگە ئېرىشەلمەي كەلمەكتە ئىدى.

گەرچە بۇ تۈردىكى مەغلۇبىيەتلەر كۆرۈلۈپ تۇرسىمۇ، ھىتلېر يەنىلا ئىشەنچلىك ئىدى. ئۇ، بۇ قېتىمقى توقۇنۇشلارنىڭ دۇنيا ئۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدىن توساشقا كۈچىمۇ يېتىدۇ، شۇنىڭدەك ئەنگلىيەمۇ يېقىندا چوقۇم تەسلىم بولىدۇ دەپ قارايتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ ئەنگلىيەگە قارشى دەرھال تەشۋىقات ئۇرۇشىنى كۈچەيتىش

تووْرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. گېبېلسنىڭ بۇ ھەقتىكى تۇنجى ھەرىكىتى، شىفىرلىق رادىئو ئاڭلىتىشى ئارقىلىق ئەنگلىيەگە ئىشقا ئېشىپ بولغان نوستراداموس قىياسلىرىنىڭ لوندوننى 1940-يىلى ئوپ ئاپتى قاپلايدۇ، دېگەن قىياسلىرىنى ئاڭلىتىش ئارقىلىق ئۈركىتىشتۇ.624 نوستراداموسنىڭ لوندون چوڭ ئوت ئاپىتى ھەققىدىكى تۆتلۈكىنىڭ ھازىرقى زامان تىلىدىكى قىياسلىرىنى كراڧت ئىزاھلىغان ئىدى. ئۇ يەنە پىۋىخانا پارتلاش ۋەقەسىنىڭ ئالدىن پەرەز قىسمىنىمۇ ئىزاھلىغان ئىدى.

ۋەھىمە قاپلاپ كەتكەن بۇ پەيتلەردە، ھىتلېر يەنە ۋاقىت چىقىرىپ كونا سەپدىشى كۇبىزېك بىلەنمۇ كۆرۈشتى. ئۇ بىرىسىدىن 1940-يىللىق ۋاگنېر مۇزىكا فېستىۋالى ئۈچۈن بىر كىرىش بېلىتى ئەۋەتكەن ئىدى. 23-ئىيۇل كۈنى، «گۆتتېردامېرۇڭ» نىڭ بىرىنچى تەنەپپۇس ۋاقتىدا ئىككىسى دەم ئېلىش زالىدا كۆرۈشتى. ئۇ كۇبىزېكتىن قىزغىنلىق بىلەن ھال-ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، ئۇرۇش مىنىڭ قايتا قۇرۇش پىلانلىرىمنى يېرىم يولدا ئۈزۈۋەتتى دەپ ئاغرىنىدۇ. "شۇنىڭ كېيىن ئېيتالايمەنكى، مەن يەنە بەكلا كۆپ ئىشلارنى قىلىش پۇرسىتىگە ئىگىمەن. ئويلاپ باق، بۇنداق ئىشلارنى يەنە كىم قىلالىشى مۇمكىن؟ بۈگۈنكى كۈندە، مەن بىر چەتتە تۇرۇپ ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يىللىرىمنى خورىتىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرۇشتىن باشقا چارەم قالمىدى. ... بىز ئەندى ياشىنىپ كېتىۋاتىمىز، كۇبىزېك، بىزنىڭ ئۆمرىمىز كۈندىن-كۈنگە ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ. قالغان ئىشلارنى پۈتتۈرۈشكە ئۈلگۈرۈپ بولالمايدىغاندەك قىلىمىز."

بۈگۈنكى كۇبىزېك بىلەن كۆرۈشەلىگەنلىكى ھەققەتەنمۇ ئاسانغا چۈشمەيتتى. چۈنكى ھىتلېرنىڭ جامائەت ۋەزىيىسى كۈنسايىن ئارتىپ كېتىۋاتماقتا ئىدى. ئەمما زىددىيەتلىك بولىۋاتقىنى ئۇنىڭ ئېۋا براۋن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۈنسايىن ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىگە ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقى ئىدى. ھىتلېر بېرگخوفقا بارىدىغان تېخىمۇ كۆپ ۋاقتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇرۇش ئۇ ئىككىسىنى ئايرىۋېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇلار ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ قويۇقلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئەندى ئۇلارنىڭ باشقىلارنىڭ دۈشمەنلىك قاراشلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن يالغاندىن دوستلاردەك كۆرۈنۈشىمۇ كەلمەسكە كەتكەن ئىدى. خىزمەتچىلەر بىلەن چاكارلارنىڭ ھەممىسىلا ئېۋانى قاتتىق ھۆرمەت قىلىشاتتى. ئۇلار ئۆز ئىچىدە ئېۋانى "خوجايىن خانىم" دەپ ئاتىشىدىغان بولغان ئىدى. ئۇمۇ ھىتلېرنى ئوچۇق-ئاشكارە 'سەن' دەپلا چاقىرىدىغان بولغان ئىدى؛ ھىتلېرمۇ ئۇنى 'سەنلەپ گەپ قىلاتتى. بەزىدە يەنە 'چاپپېرل' دەپمۇ چاقىراتتى. بۇ سۆز ۋېيىنناچە 'كىچىكىم' دېگەن مەنىنى بېرەتتى. ئۇ يەنە يېقىن دوستلىرى ئالدىدا ئوچۇق-ئاشكارە ئۇنىڭ قوللىرىنى سىلاپمۇ قوياتتى. ياكى ئۇنى سۆيىدىغانلىقىنى

ئىپادىلەيدىغان باشقىچە ئاشكارە ھەرىكەتلەردىمۇ بولۇپ قالاتتى. ئىچكى ئەھۋاللاردىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، ھىتلېرنىڭ 50 ياشقا يېقىنلاپ قېلىشىغا قارىماي پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىشقا بېرىلىپ كېتەلىشىدىن قارىغاندا ئۇلاردا نورمال جىنسى مۇناسىۋەتنىڭ بولىشىمۇ ئادەتتىكىچە بىر ئەھۋال ھېسابلىنىناتتى. ئاخىرى ئېۋا بىرگىخوفنىڭ ئايال خوجايىنىغا ئايلانغان بولۇپ، يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدا ۋە گەپ-سۆزلىرىدە تېخىمۇ ئۆزىگە ئىشىنىدىغان مەغرۇر ھالغا كەلگەن ئىدى.ئۇنىڭ تۇرمۇشى ھەقىقەتەنمۇ مۇشكۈل ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ئۇنى رەقىپسىز ھالغا كەلتۈرگەن ئىدى.بۇنىڭ ئۆزىلا ئېۋانى رازى قىلىشقا يېتىپ ئاشاتتى.

شۇ يىلى ياز ئايلىرىدا، ھىتلېر بولشېۋىكلارنى تارمار كەلتۈرۈپ ھاياتلىق ماكانى كېڭەيتىش پايتى يېتىپ كەلگەنلىكىگە قارار بېرىدۇ. شۇڭا ئۇ، قۇرۇقلۇق ئارمىيىگە بۇ مەقسەت ئۈچۈن تەييارلىقنى پۈختىلاپ تۇرۇش يوليورۇقنى بېرىدۇ. 1940-يىلى 29-ئىيۇلدا، جودل باد رېيچېنھال پويىز ئىستانسىسىغا كېلىپ، ئالى قوماندانلىق شتابى پىلان باشقارما باشلىقى پولكوۋنىك ۋارلىمونتنىڭ مەخسۇس ۋاگونىدا ئۇنىڭ بىلەن ئەنە شۇ ئىشلار ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشىدۇ. ۋارلىمونت ئەسلىدە ئۈچ نەپەر يوقۇرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرى بىلەن ئوخشاشلا بۇ قېتىمقى كۆتۈلمىگەن زىيارەتنى ئۆستۈرۈلۈش ئىشىغا ياكى مۇكاپاتلاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر زىيارەت بولىشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان ئىدى. ئەمما ئۇلارنى ھەيران قالدۇرغىنى، جودل كېلىپلا تاماقخانا ۋاگونىنىڭ بارلىق ئىشىك-دېرىزىلىرىنى چىڭ تاقاش بۇيرۇقنى قىلىشى ئىدى. كەينىدىنلا، جودل، ھىتلېر "بىرلا قېتىملىق زەربە بىلەن" بولشېۋىكچىلىكنىڭ دۇنياۋى تەھدىتىنى مەڭگۈلۈك تازىلاش ئۈچۈن، س س س ر غا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتىنى 1941-يىلى ماي ئېيىدا باشلاشقا قارار قىلغانلىقنى ئۇقتۇرىدۇ. "جودلنىڭ گەپلىرى گويا كىشىگە توك سوقۇۋەتكەندەك تەسىرات پەيدا قىلىۋەتتى" دەيدۇ ۋارلىمونت بۇ ئىشنى ئەسلەپ كېلىپ، ئەسلىدە ئۇ ئاڭلىغانلىرىغا ئىشىنەلمەي ئورۇنىدۇقنى چىڭ قاماللاپ ئارانلا ئولتۇرغان ئىدى. "بۇ قانداق گەپ!" دەپ ۋارقىرىۋېتىدۇ لوسبېرگ ئىسىملىك بىر پولكوۋنىك ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا. ئەنگلىيە تېخى مەغلۇب قىلىنمىغان تۇرسا، ھىتلېر قانداقلارچىسىغا رۇسىيەگە قارشى ئۇرۇش ئاچالايدۇ! جودل بۇ گەپكە بەكلا غەلىتى بىر جاۋاب بېرىدۇ: "بەلكىم فۈھرېر ئەنگلىيەگە قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغىنىدىن كېيىن خەلق ئاممىسىنىڭ ھېسسىياتلىرى ئۇنىڭ روسىيەگە قارشى يېڭى بىر ئۇرۇش پەيدا قىلىشىغا يول قويماسلىقىدىن قورقسا كېرەك."

بۇنىڭغا قارشى پىكىرلەر دەرھال كۆتۈرۈلۈشكە باشلايدۇ: بۇنداق بىر ئۇرۇش ئالدى-

كەينىمىزنى دۈشمەنگە تۇتۇپ بېرىپ ئۇرۇش قىلغانلىق، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا گېرمانىيەنىڭ مەغلۇبىيىتىنى كەلتۈرگەنمۇ ئەنە شۇنداق ئىككى سەپ بويىچە ئۇرۇش قىلىش ئىدى. بىز نېمە ئۈچۈن موسكۋا بىلەن شەرتنامە ئىمزالاپ، كېيىن يەنە نېمە ئۈچۈن تۇيۇقسىز ئۆزگىرەيدىكەنمىز؟ ستالىن گېپىدىن يانماي خام ئەشيا بىلەن ئاشلىقنى ئۆز ۋاقتىدا تولۇق يەتكۈزۈپ بەرمىگەنمىدى؟ جودل ئۇلار ئوتتۇرغا قويغان ھەر بىر سۇئالغا بىرمۇ-بىر ئېنىق جاۋابلارنى بېرىپ ئۆتىدۇ: بولشېۋىزىم بىلەن توقۇنۇشتىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا گېرمانىيە ئارمىيىسى يوقۇرى پەللىدە تۇرىۋاتقان پەيتتە ھۇجۇمغا ئۆتكىنى تۈزۈك. ئۇنىڭ بەرگەن بۇنداق جاۋابى ۋارلىمونتنى قايىل قىلالمايدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ھىتلېرغا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قارشى پىكىر بېرىپ باققان جودل، بۇنداق تالاش-تارتىشقا خاتىمە بېرىدۇ. "ئەپەندىلەر، بۇ ئىش سىلەر مۇھاكىمە قىلىدىغان مەسىلە ئەمەس. بۇ ئىش فۈھرېرنىڭ قارارى!" دەيدۇ، ئاندىن ۋارلىمونتقا تېزلىكتە "شەرق قۇرۇلۇشى" مەخپى بەلگىلىك بىر لايىھە تۈزۈپ چىقىشنى بۇيرۇيدۇ.

ئىيۇلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى، فۈھرېر قۇماندانلىرىنى بېرگخوفقا يىغىپ يىغىن ئاچىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىندا ئەسلىدە "دېڭىز شىرى ھەركىتى" مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش پىلانلانغان ئىدى. ئەمما ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ تەتۈرسىچە ئىش بولىدۇ. ئاۋال سۆزگە چىققان كىشى ئادمىرال رايدېر بولىدۇ. تەييارلىق ئىشلىرىنىڭ جىددى بىر شەكىلدە كېتىۋاتقانلىقىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىدۇ: ھەربى ئېھتىياجلار پىلان بويىچە تەييار قىلىندى. چاتما قىيىقلارنىڭ ئۆزگەرتىلىشىمۇ ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرلىرى تاماملىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، سودا كېمىلىرىنىڭ نەقلىيات ئىشلىرى دېگەندەك ياخشى ئەمەس. سەۋەبى نورۋېگىيەدە بۇزۇلغان ياكى ئوتتۇرا تىپلىق سۇ مىنالىرى تەرىپىدىن زەخىملەنگەن. مىنا تازىلاش ئىشلىرى باشلانغان بولسىمۇ، ئىنتىپاقداش ئەللەرنىڭ ھاۋا ئۈستۈنلۈكىنىڭ پاراكەندە قىلىشىغا دۇچ كەلمەكتە دەيدۇ. شۇڭا، ئۇ بېسىپ كىرىش مۇددىتىنى كېيىنكى يىلنىڭ ماي ئېيىغا چېكىندۈرۈش ئەڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ.

ھىتلېر بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ. ئۇ، ئەگەر بۇنچە ئۇزۇن ساقلىغىنىمىزدا ئەنگلىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسنى ياخشىلىۋېلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى يەنە ئا ق ش دىن، ۋە بەلكىم رۇسسىيىدىن زور مىقتاردا ھەربى ياردەم ئېلىپ تولۇقلىۋېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. "بىز ماي ئېيىغا بارغاندا بۇنچىۋالا چوڭ پەرقنى قانداق قىلىپ توشقۇزالىشىمىز مۇمكىن؟" دەپ سۇئال قويىدۇ. شۇڭا ئۇ، مۇددەتنى 15-سىنتەبىر كۈنىگە بېكىتىدۇ. ئۇ كەسكىن قىلىپ بۇنداق بىر قارار ئالغاندىن كېيىن، كەينىدىنلا يەنە بۇ قارارنى رەت قىلىپ تاشلايدۇ. ئۇ سۆزىنى تولۇقلاپ مۇنداق دەيدۇ: يەنى بىز پۈتۈن كۈچىمىزنى

مەركەزلەشتۈرۈپ جەنۇبىي ئەنگلىيەنى زىچ بومباردىمان قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىر ھەپتە ئىچىدە برىتانىيە خانلىق ھاۋا ئارمىيىسىنى ۋە دېڭىز فلوتلىرى بىلەن مۇھىم پورتلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتەلىسەك، 15-سېنتەبىر ئومۇمىي ھۇجۇمغا ئۆتىمىز. "بۇنى قىلالمىساق، ئۇ ھالدا ۋاقتىنى 1941-يىلى ماي ئېيىغا كېچىكتۈرۈشىمىز مۇمكىن."

ئەگەر بۇنى بىر قارار دەپ قارىغاندا، بۇ بىر يېرىم ئىشەنچلىك ئېلىنغان بىر قارار ھېسابلىناتتى. بۇنىڭدىن رايدېر بەكلا خوشال بولدۇ. يەنى بىر تەرەپتىن بۇ قارار رايدېرگە "دېڭىز شىرى ھەرىكىتى" ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشتىكى ئەڭ ئېتىۋارلىق ھوقۇقنى بەرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن يۈكنىڭ ئېغىرىنى ھاۋا ئارمىيىسىگە يۈكلەپ قويغانلىق بولاتتى. بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بولغىنى، بۇ قارار ھىتلېرنىڭ ئۇرۇشنى غەرپتىن شەرققە بۇراش تاللاش ھوقۇقىنى بەرگەن ئىدى. ئىككى نەپەر ئادمىرال (يەنى رايدېر بىلەن پوتكامېر) ئىككىسى يىغىن زالىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ھىتلېر "دېڭىز شىرى ھەرىكىتى" پىلانىنىڭ رولىنى مەنىستىمەيدىغان سۆزلەرنى قىلىشقا باشلايدۇ. "ھەي شۇ بىزنىڭ بىچارە دېڭىز پىلوتلىرىمىز، — دەيدۇ ھىتلېر، — دۈشمەننىڭ ئارانلا 15 پىرسەنت كۈچىگىلا تەڭ!" ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئېنگلىز بوغۇزى خەرىتىدە سىزىلغىنىدىن بەكلا كۆپ قورقۇنۇشلۇق بىر يەر. بۇنى بۇرۇن ناچار ھاۋا شارائىتىدا بۇ بوغازدىن ئۆتۈپ كۆرگەن ھەر قانداق بىر تەۋەككۈلچى ياخشى بىلىدۇ.

بۇ ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، ھىتلېر بىر ھېسابتا ئەنگلىيەگە بېسىپ كىرىش پىلانىدىن ۋاز كەچكەندەك بىر ئۇقۇم چىقىپ تۇراتتى. "رۇسىيە ئەنگلىيىنى ئاز-تولا ئۇچۇغدىلىنىشىنىلا خالايدۇ. رۇسىيە ھېچ قاچان گېرمانىيەنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق كۈچلىنىپ كېتىشىنى خالىمايدۇ. ئېنگلىزلار گويا سۇغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان بىچارە بىرسىگە ئوخشاش قايتىدىن ئۈمىدلىنىش يولىغا كىرىپ قالىدۇ: ئىيۇن بىلەن ئاۋغۇست ئايلىرى ئىچىدە ۋەزىيەت پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئەگەر رۇسىيە يوقۇتۇلغىنىدا، ئەنگلىيەنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئۈمىدىمۇ ۋەيران بولغان بولاتتى. ئۇ چاغدا، گېرمانىيە ياۋروپا بىلەن بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغان بولىدۇ." بۇ قېتىم، ئۇ خىيالغا پېتىپ قېلىشى نەتىجىسىدە قەتئىي تەۋرەنمەس بىر خۇلاسىغا كېلىدۇ. "شۇنداق قارارغا كەلدىم، — دەيدۇ ھىتلېر ئېنىق قىلىپ، — بۇ مۇھاكىمىلەرگە ئاساسلانغىنىمىزدا، رۇسىيە چوقۇم يوق قىلىنىشى كېرەك. بۇ ئىش 1941-يىلى ئەتىيازدا باشلىنىسۇن." ئۇنىڭدىكى ئالدىنقى قېتىمقى يىغىنلاردا كۆرۈلگەن ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمەسلىك ئەھۋالى ئەندى پۈتۈنلەي يوقالغان ئىدى. ئۇ يەنە بىر قېتىم بۇرۇنقى فۇھرېر ھالىتىگە قايتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۆز بېشىغا تەۋەدىرنى قولىغا ئالغان بىرسىگە ئايلانغان ئىدى.

”رۇسىيەنى تارمار قىلىش ئىشى قانچە تېز ئىشقا ئاشسا شۇنچە ياخشى. بىز بۇ دۆلەتنى بىرلا ھۇجۇم بىلەن ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋېتىشىمىز كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ھەرىكىتى بىرەر قىممەتكە ئىگە بولالايدۇ. بىز زېمىن ئىشغال قىلىش بىلەنلا رازى بولۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك“ دەيدۇ. بۇ قېتىمقى ھۇجۇم چوقۇم بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئۇتتۇققا ئېرىشىدىغان بىر ھۇجۇم بولىشى، ھەرگىزمۇ ئوتتۇر يولدا توختاپ قالىدىغان بىر ئۇرۇش بولماسلىقى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بىز بۇ قېتىم ناپولېئوننىڭ قىشتا رۇسلاردىن تارمار كەلتۈرۈلىشىدەك خاتالىقنى سادىر قىلماسلىقىمىز كېرەك، بىز سەۋرچانلىق بىلەن كۈتىشىمىز، تا ماي ئېيىغىچە كۈتۈپ تۇرىشىمىز كېرەك. ”بىز ماي ئېيى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك“ دەيدۇ.

ئۇنىڭ خىيالىدىكى گۈزەل مەنزىرە ئۇنىڭ ئەقلىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەن ئىدى. ”بىزنىڭ نىشانىمىز رۇسىيىنىڭ مۇھىم ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى يوق قىلىش بولىشى كېرەك“ دەيدۇ ھاياجانلانغان ھالدا. ئۇ بىر مىللىتارىس سىمووۇلى ھالىغا كەلگەن ئىدى. ئۇ تېزلىكتە بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە 120 دىۋىزىيە ھەربى كۈچنى ئىشقا سېلىپ بېسىپ كىرىش پىلاننى بايان قىلىشقا كىرىشىدۇ: ئاۋال كىيېۋگە قاراپ يۈرۈش قىلىشىمىز كېرەك؛ ئاندىن بالتىق دېڭىزىدىن موسكۋاغا قاراپ ئىلگىرلەيمىز؛ ئۈچىنچى قەدەمدە جەنۇب بىلەن شىمالدىن قىسقاچقا ئېلىشىمىز، ئاندىن باكۇ نېفتلىكىگە ھۇجۇم قىلىش ئالاھىدە ئۇرۇش ھەرىكىتى قوزغىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ بۇ خىياللىرى رەسمى ئىشقا ئېشىش ئالدىدا تۇرماقتا ئىدى.

2

بىر سوتكىغا قالماي، يوقۇرقىدەك قارارغا كەلگەن بۇ ئادەم قايتىدىن ئارىسالدا بولۇشقا باشلايدۇ. ئۇ ئىككى تۈرلۈك يولىيورۇق ئېلان قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرسى تېزلىكتە ئەنگلىيەنى بوي سۇندۇرۇش بولۇپ، يەنە بىرسى بۇ ھەرىكىتىنىڭ مۇمكىن بولۇپ-بولماسلىقىدىن گۇمانلىنىدىغان بىر يولىيورۇق ئىدى. بىرىنچى يولىيورۇقنىڭ بېشىدا قەتئىي ئىشەنچلىك سۆزلەر بىلەن باشلانغان ئىدى: ”ئەڭ ئاخىرىدا ئەنگلىيەنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلىدىغان زۆرۈرى شارائىت يارىتىۋېلىش ئۈچۈن ئەنگلىيە زېمىنىگە قارىتا دېڭىز ئارمىيىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ نەتىجە قازىنىش ئارقىلىق كۈچلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. _ گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى چوقۇم تېزلىكتە خانلىق ھاۋا ئارمىيىسىنى بويسۇندۇرىشى، ئاندىن دېڭىز شىرى ھەرىكىتى ئۈچۈن كۈچ بولۇپ بېرىشى كېرەكلىكىنى

تەكىتلەپ كېلىپ، ــ مەن مۇنداق بىر قارار ئېلىش ھوقۇقىمنى ساقلاپ قالىمەن: ۋەھىمە يارىتىش ئۈچۈن ھۇجۇم قىلىشنى قىساس ئېلىش چارىسى سۈپىتىدە پايدىلىنىش" دەپ كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچى بۇيرۇقنى كېيتېل فۇھرېر نامىدا تارقاتقان ئىدى. بۇ بۇيرۇقتا "دېڭىز شىرى ھەرىكىتى" نىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى چوقۇم سىنتەبىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاماملىنىشى كېرەكلىكى كۆرسىتىلگەن. بۇيرۇقتا يەنە "5-ئاۋغۇستتىن باشلاپ ئەنگلىيە ھاۋادىن بومباردىمان قىلىنىپ 14 كۈن ئۆتكەندە، فۇھرېر بۇ يىل ئەنگلىيەگە بېسىپ كىرىشنىڭ مۇمكىن بولۇپ-بولماسلىقىغا قارار بېرىدۇ: فۇھرېر قانداق قارار ئالىدىغانلىقىنى ئاساسلىقى ھاۋادىن بومباردىمان قىلىشنىڭ نەتىجىسى بەلگىلەيدۇ" دېيىلگەن ئىدى.

گەرچە كېيتېل بۇيرۇقنى چۈشۈرۈپ بولغان بولسىمۇ، فۇھرېرنىڭ زىددىيەتلىك روھى ھالەتتە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. "سىرتتىن قارىماققا فۇھرېر بەكلا قىزغىن، پۈتۈن كۈچى بىلەن تەييارلىق ئىشلىرىغا بېرىلىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. شۇڭا ئۇ، تەييارلىق ئىشلىرىنى تېز سۈرئەتتە يۈرگۈزۈش مەقسىتىدە پىلانلارنى ھەر دائىم ئۆزگەرتىش قىلىشقا تەييار تۇرۇشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. ئەمما مېنىڭدە مۇنداق بىر تەسىرات يارالغان ئىدى: يەنى بۇ پىلاننى ھەقىقى تۈردە ئىجرا قىلىشقا توغرا كەلگەندە، ئۇنىڭ باشقىلاتىن گۇمانلىنىش ئىچىگە پېتىپ ئىش-ھەرىكەتلىرى تۇراقسىزلىشىپ قالاتتى. ئۇ، ھەقىقەتەنمۇ بەكلا چوڭ تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا توغرا كېلىدىغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ئۈستىدىكى يۈكنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بۇ ئىشنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېغىر بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى.627 ــ ئەك مۇھىمى، كېيتېلنىڭ ئۆزىمۇ فۇھرېرنىڭ دىپلوماتىك يوللار بىلەن ئەنگلىيە بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىش ئىشنى ھەل قىلىشنىڭ ئەك ئاخىرقى پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقىنى، ــ بۇ جەھەتتە فۇھرېر ھەقىقەتەنمۇ بەكلا تەشنا ھالەتتە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن" دەيدۇ. كېيتېل بۇ تۈردىكى تۇراقسىزلىق ئىپادىلىرىنىڭ بىر تۈرلۈك ئويۇن ئىكەنلىكىنى پەقەتلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئىدى. ئەسلىدە، ھىتلېر "دېڭىز شىرى ھەرىكىتى" ئۈچۈن قىلىنغان تەييارلىق ئىشلىرىنى نىقاپ قىلىپ تۇرۇپ رۇسىيەگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزمەكتە ئىدى.

ھىتلېر، 1-ئاۋغۇست كۈنىدىكى ئىككى بۇيرۇقنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنى ئېنگلىزلار "پەۋقۇلئاددە مەخپى" شىفىرى بىلەن تەرجىمە قىلىپ چىققانلىقىدىغانلىقىنى پەقەتلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئىدى. بۇ تېلېگرا نۇسخىلىرى چېرچىلنى گېرمانىيىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئىگەللىگەنلىكىگە تولۇق ئىشەندۈرىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي "پەۋقۇلئاددە مەخپى دەپ يەنە بىر ھۆججەت، يەنى گيۆرىڭنىڭ يولىيورىقمى قولغا چۈشۈرۈلىدۇ. بۇ

بۇيرۇقتا گېۆرىڭنىڭ "سار ئېپراتسىيىسى"، يەنى ئەنگلىيەگە ئومۇمىي يۇزلۇك ھاۋا ھۇجۇمى ھەرىكىتىنىڭ 13-سىنتەبىردە باشلىتىلىدىغانلىقى قارار قىلىنغان ئىدى. بۇلار چېرچىلنى گېرمانىيىنىڭ ئەنگلىيەگە ھۇجۇم قىلىش قارارى ئالغانلىقىغا پۈتۈنلەي ئىشەندۇرگەن ئىدى.

ھاۋا ھۇجۇمى بەلگىلەنگەن كۈندە باشلانغان بولسىمۇ، ھاۋا كېلىمات شارائىتلىرىنىڭ بارغانسىرى ناچارلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ قېتىمقى ھاۋا ھۇجۇم ھەرىكىتىگە ئارانلا ئۈچىنچى ھاۋا پىلوتلىرىلا قاتنىشالايدۇ. ھاۋا ھۇجۇمىنىڭ سانى 500 قېتىمغا يەتكەن بولسىمۇ، ئەنگلىيەنىڭ رادارلىرى بەكلا سەزگۈر، شۇنىڭدەك "پەۋقۇلئاددە مەخپىي" ھۇججەتلەرنىڭ قولغا چۈشۈرۈلۈپ تەرجىمە قىلىنغانلىقى، دۈشمەن رادىئو دولقۇنىدىن ئۆز ۋاقتىدا ئاگاھلاندۇرۇش ئالغانلىقى سەۋەبىدىن، ئەنگلىيەنىڭ زىيىنى بەك ئېغىر بولمايدۇ. ئەكسىچە گېرمانىيەنىڭ زىيانغا ئۇچرىتىلىشى بەكلا ئېغىر بولغان ئىدى: گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى 45 ئايروپىلانىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسا، ئەنگلىيە خانلىق ھاۋا ئارمىيىسى ئارانلا 13 ئايروپىلان چىقىمدار بولىدۇ. ئەتىسىكى ئۇرۇش نەتىجىسىمۇ گېۆرىڭنى ئوخشاشلا ئۈمىدسىزلەندۈرىۋېتىدۇ. 15-چېسلادا، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ 3 چوڭ ئەترىتى تولۇق ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن ئىدى. بۇ قېتىمدا، "پەۋقۇلئاددە مەخپىي" مەلۇماتلار گېۆرىڭنىڭ قايسى كۈنلەر بىلەن ۋە قايسى جايلارغا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈرۈپ قويىدۇ. بۇ ئاخباراتلارنىڭ قولغا چۈشۈشى نەتىجىسىدە، خانلىق ھاۋا پىلوتلىرى چەكلىك ساندىكى كۈرەشچى ئايروپىلان ئەترەتلىرىنى بىر يەرگە توپلاپ دۈشمەن ئايروپىلانلىرى كېلىۋاتقان يۆنىلىش ۋە ئېگىزلىكتە توغرىلاپ ئۇچۇرۇپ نىمىس ئايروپىلانلىرىنى ئوقۇشلۇق تۈردە بۆلۈپ تاشلاپ، گېرمانىيەنىڭ ھەر بىر ئايروپىلان ئەترىتىگە كۈچلۈك تاقابىل تۇرالايدۇ. شۇ كۈنلەردىكى ئەڭ چوڭ بىر قېتىملىق ھاۋا ئۇرۇشى جەريانىدا خانلىق ھاۋا پىلوتلىرى دۈشمەن ئايروپىلانىدىن 75 نى ئۇرۇپ چۈشۈرىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا بىرىتانىيە خانلىق ھاۋا ئارمىيىسى 34 ئايروپىلانىدىن ئايرىلىدۇ. "سار ئوپېراتسىيىسى" ھەقىقەتەنمۇ زىيىنىغا بىر ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ: 17-چېسلادا، ئىككى تەرەپنىڭ زىيان تارقان ئايروپىلان سانىنىڭ نىسبىتى 70:27 بولىدۇ (ئېنگلىزچىدىن تەرجىمىدە بۇ نىسبەت 70:25 دەپ خاتا ئېلىنغان – ئۇ.ت). شۇ كۈنگىچە، گېۆرىك سۈرئىتى ئاستا بولغان ستۇكا شۇڭغۇغۇچى بومباردىمان ئايروپىلانلىرىنى ئىشلەتمىگەن ئىدى. بۇ ئايروپىلانلار بىلەن فرانسىيەنى بومباردىمان قىلغاندا ۋەيرى ۋەيران قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، بۇ قېتىمدا بۇ ئايروپىلانلار ھەرگىزمۇ ئوت پۈشكۈرتكۈچى تېپلىق ئايروپىلانلارغا رەقىب بولالمايتتى.

19-چېسلا كۈنى ھاۋا رايى ئوخشاشلا بەكلا ناچار بىر كۈن بولىدۇ. شۇڭا گېرمانىيە

ھاۋا پلوتلىرى ئۇدا 4 كۈنگىچە ئۇچالمايدۇ. گېۆرىڭ بۇ دەم ئېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ گېنېرال-كوماندىرلارنى بىر يەرگە يىغىپ يىغىن ئاچىدۇ. ئەسلىدە ئايروپىلان زاۋوتلىرى ياكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان نىشانلارنى كۈندۈزى بومباردىمان قىلىش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، بۇندىن كېيىن ئاخشاملىرى بومباردىمان قىلىشقا ئۆزگەرتىلىدۇ. گېۆرىڭ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يالغۇز ماتورلۇق ۋە قوش ماتورلۇق كۈرەشچى ئايروپىلان لىيوتچىكلىرنى رولۇڭلارنى ياخشى جارى قىلدۇرالمىدىڭلار دەپ قاتتىق ئەدەپلەيدۇ. ”مەيلى قايسىلا كۈرەشچى ئايروپىلان بولمىسۇن، ھاۋانىڭ ناچارلىقىنى باھانە قىلىپ ھاۋا پلوتلىرنى قوغداش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇندىماسلىقىغا ھەققى يوق“ دەيدۇ. ئۇ يەنە كىمىكى ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشتىن قاچىدىكەن، ئۇنى ھەربىي سوتقا بېرىش كېرەك، دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ.

23-ئاۋغۇست كۈنى، ھاۋا ئېچىلىپ كېتىدۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى، نېمىس ئايروپىلانلىرى بوغازدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەڭ كۆلەملىك بومباردىمان قىلىدۇ. قاتاردا بىر ئەترەت ھاۋادا ئېزىپ كېتىپ، لوندون شەھەر سىرتىدىكى ئايروپىلان زاۋۇتى بىلەن ماي ئىسكىلاتىغا تاشلاش پىلانلانغان سنارىيەتلەرنى شەھەر ئىچىگە تاشلايدۇ. نەتىجىدە 8 نەپەر پۇخرا بومباردىماندا ئۆلىدۇ. ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسى بۇ ئىشنى گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى مەخسۇس پىلانلاپ قىلغان ئىش دەپ قاراپ، ئەتىسى ئاخشىمى بېرلىننى بومباردىمان قىلىش ئارقىلىق ئۆچ ئالىدۇ. گەرچە بۇ قېتىمقى بومباردىماندا بەك ئېغىر زىيان كۆرۈلمىگەن بولسىمۇ، بېرلىنلىقلار قاتتىق ئالاقزادە بولۇپ كېتىدۇ. ”ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بومباردىمان قىلىنىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلىمىغان ئىدى، — دەپ يازىدۇ شىرېر كۈندىلىك خاتىرىسىگە، — ئۇرۇش باشلىنىش ۋاقتىدا گېۆرىڭ كاپالەت بېرىپ، بېرلىننىڭ بومباردىمان قىلىنىشىغا ھەرگىز يول قويمايمىز، ... دەپ ۋەدە قىلغان ئىدى. شۇڭا بېرلىنلىقلارمۇ ئۇنىڭ دېگىنىگە ئىشەنگەن ئىدى. شۇڭا، ئۇلار بۈگۈن تېخىمۇ سەزگۈر ھالغا كەلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ھودۇققانلىقىنى ئۇلارنىڭ چىرايىدىنلا كۆرۈپ ئالالىشىڭ مۇمكىن.“

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە، كېچىسى برىتانىيە خانلىق ھاۋا ئارمىيە پلوتى يەنە بىر قېتىم بېرلىننى بومباردىمان قىلىپ 7 نەپەر شەھەر خەلقىنى ئۆلتۈرۈپ 29 نەپىرىنى يارىدار قىلىدۇ. بىزنىڭ ھاۋا قىسىملىرىمىزنىڭ لوندوننى بومباردىمان قىلىشى ئەسلىدە بىر قېتىملىق ھاۋادا ئېزىپ كېتىپ پەيدا قىلغان بىر پاجىئە ئەمەسمىدى دەپ، ئەنگلىيەنىڭ ئۆچ ئېلىش ھەرىكىتىدىن ھىتلېر قاتتىق غەزەپلىنىپ كېتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنىلا نېمىس ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئەنگلىيە پايتەختىنى بومباردىمان قىلىشىغا يول قويمايدۇ. شۇندىن كېيىن بېرلىن يەنە ئىككى قېتىم بومباردىمانغا ئۇچرايدۇ. ئەندى ھىتلېرنىڭ

تاقتى قالماي دەر غەزەپ بولۇپ قايناپ كېتىدۇ. 4-سىنتەبىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۇ ستادىيومدا ۋاقتىنچە بىر نۇتۇق سۆزلەپ، بۇنىڭدىن قەتئىي تۈردە ئۈچ ئېلىشىمىز كېرەك دەپ قايناپ كېتىدۇ. مىتىنگ مەيدانىدىكى ئاياللار ئىجتىمائىي پاراۋانلىق جەمىيىتىنىڭ خادىملىرى بىلەن ھەمشىرىلەر ھىتلېرنىڭ بىز چوقۇم چېرچىلدىن ئاشۇرۇپ قىساس ئالىمىز دېگەن گېپىدىن قاتتىق ياىراپ كېتىشىدۇ. "ئەگەر ئەنگلىيە ئايروپىلانلىرى بىزگە ئىككى مىڭ، ئۈچ مىڭ ياكى 4 مىڭ كىلو بومبا تاشلايدىغان بولسا، _ دەيدۇ ھىتلېر، _ ئۇنداقتا بىزمۇ بىر كېچىدە ئۇلارغا 150 مىڭ كىلو ياكى 230 مىڭ كىلو بومبا تاشلايمىز، ھەتتا 400 مىڭ كىلو بومبا تاشلىشىمىز مۇمكىن! _ زالدىكى كىشىلەر دەرھال جۇش ئۇرۇپ قايناپ كېتىدۇ. ھىتلېرمۇ ئامالسىز سۆزىنى توختىتىپ كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئاندىن يەنە سۆزى داۋام قىلىدۇ، _ ئەگەر ئۇلار بىزنىڭ شەھەرلىرىمىزنى بومباردىمان قىلىشنى كۈچەيتمەكچى بولىدىكەن، بىزمۇ ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىنى پارتلىتىپ تۈپتۈز قىلىۋېتىمىز. بىز بۇ ھاۋا قاراقچىلىرىنىڭ قىلمىشلىرىغا چوقۇم چەك قويىمىز، بىزنى تەڭرى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي! بۇ ئىككى دۆلەتتىن بىرسى چوقۇم گۇمران بولىدۇ. ئىشىنىڭلاركى، گۇمران بولىدىغىنى ھەرگىز مىللى سوتسىئالىزمچى گېرمانىيە بولمايدۇ!"

"ياڭ، ياق! ھەرگىز بىز ئەمەس!" يىغىن زالىدىن ئەسەبىلەرچە چوقان كۆتۈرۈلىدۇ.

3

ئىككى كۈندىن كېيىن، ئادمىرال رايدېر باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسىگە بېرىپ ھىتلېرغا دوكلات بېرىدۇ. ئىككىسى بىرلىكتە "دېڭىز شىرى ھەرىكىتى" پىلانىغا گويا بەك ئىشەنچ قىلىپ كېتەلمەيۋاتقاندەك قىياپەتتە بۇ پىلاننى دىققەت بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ چىقىدۇ. ئاخىرىدا، رايدېر ئەسلىدە قاتتىق رەت قىلىنىدىغان بىر پىلاننى ئوتتۇرغا قويىدۇ. "ئەگەر 'دېڭىز شىرى ھەرىكىتى' ئۇرۇشىنى قىلمايدىغان بولساق، _ دەپ سورايدۇ ھىتلېردىن، _ فۈھرېرىمىنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي تەلىماتى قانداق بولىشى كېرەك؟"

ھالبۇكى، ھىتلېر بۇ سۇئالغا قىلچىمۇ خاپا بولمايدۇ. رايدېر نىسبەتەن قايىل بولغان قىياپەتتە كەسىپداشلىرىغا، "فۈھرېرنىڭ ئەنگلىيەدە قورۇقلۇقا چىقىش قارارىنى يەنىلا ئاخىرقى قارار دېيىشكە بولمايدىكەن. چۈنكى، فۈھرېرىمىز، قورۇغلۇقا چىقمىساقمۇ ئەنگلىيە بەرىبىر تەسلىم بولۇش ئېھتىمالى بار، دەپ ئويلايدىكەن. شۇنداقتىمۇ، بۇرۇنقىسغا ئوخشاش، ھەر تەرەپتىن ئالغاندا، فۈھرېر قورۇقلۇقا چىقىش ھەرىكىتىنى بۇ ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇشنىڭ بىر تۈرلۈك زەربە بېرىش خاراكتېرىدىكى بىر تەدبىر دەپ

قارايدىكەن. ئەگەر بۇ ئىشنىڭ خەتىرى بەك چوڭ بولغىنىدا، فۈھرېر قوُروُغلوُققا چىقىشىنى تېخىمۇ خالىمايدىكەن" دەيدۇ. روشەنكى، "دېڭىز شىرى ھەرىكىتى" ئەگەر ئوڭۇشسىز بولۇپ چىققىدەك بولغىنىدا ھىتلېر بۇنىڭغا پەقەتلا چىدىيالمايتتى. چۈنكى، بۇنداق بىر ئەھۋال كۆرۈلگىنىدە ئەنگلىيەنىڭ ئىناۋىتى تېخىمۇ ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ھىتلېر بىرلا ھۇجۇم بىلەن غەلىبە قازىنىشقا بولىدىغان چاقماق تېزلىكىدە ئۇرۇش قىلىشنى، يەنى خەتىرى بولمىغان چاقماق تېزلىكىدە ئۇرۇش قىلىشنى خالايتتى. پۇتكامېر يېقىندا بوۋلوگندا ئۆتكۈزۈلگەن قوُروُغلوُققا چىقىش مانېۋىرىنى نەق مەيداندا كۆرگەنلىكى ھەققىدە تەييارلىغان دوكلاتىدا، دېڭىز تاشقىنى سەۋەبىدىن چاتما قىيىقلارنى سۆرەپ ماڭىدىغان كىملەر پۇتۇنلەي قالايماقانلىشىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ ئەھۋال ھىتلېرنى قاتتىق غەمدە قويىدۇ. پۇتكامېرنىڭ قارىشىچە، ئەنگلىيە دېڭىز قىرغاقلىرىدىن قوُروُغلوُققا چىقىش ۋاقتىدا، ئەھۋال شۇنىڭغا ئوخشاش بولىدىكەن، بۇنىڭ نەتىجىسىمۇ ئوخشاشلا ئاپەت خاراكتېرىدە بىر ۋەقە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

بېسىپ كىرىش ھەرىكىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش-بولماسلىقى، يەنى ئەنگلىيەنىڭ تەسلىم بولۇش-بولماسلىقى ھاۋا ھۇجۇمىنىڭ قانداق بولىشىغا باغلىق ئىدى. شۇڭا ھىتلېر، رايدېر بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈپ ئەتىسى لوندوننى ئومۇمىي يۈزلۈك بومباردىمان قىلىشنى تەستىقلايدۇ. گېرمانىيە ئايروپىلان ئەترەتلىرى بىرنىڭ كەينىدىن بىرى ئەنگلىيەگە قاراپ ئۇچىدۇ. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاخشامغا يېقىن، 320 بومباردىمان ئايروپىلانى ھۇجۇمچى ئايروپىلانلارنىڭ قاتمۇ-قات مۇداپىيىسى ئاستىدا گيۆرىڭنىڭ تۆپىدىن ئۇچۇپ ئۆتىدۇ. ئۇ، كاپ بلانىس نېز قىيالىقىدىن بۇ ئايروپىلان گۇرۇپپىلىرىنى كۆزىتىپ تۇراتتى. ئېنگلىز دېڭىز بوُغىزىدىن ھەسەل ھەرىلىرىدەك مىغىلداپ ئۇچۇپ ئۆتىۋاتقان ئايروپىلانلار تايمىس دەرياسىغا قاراپ ئۇچماقتا ئىدى. بۇ ئايروپىلانلار ۋۇلۇيچ ئارسېنال ھەربى زاۋۇدىنى، ئېلېكتىر ئىستانسىسىلىرىنى ۋە پورتلارنى بومباردىمان قىلىدۇ. گيۆرىڭ، ئەڭ ئاخىرقى نىشانىنىڭمۇ بومباردىمانىدا "ئوت دېڭىزى" ئىچىگە كۆمۈلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلا-ئاڭلىماس، دەرھال مىكرافون ئالدىغا ئۆتۈپ، لوندون بومباردىمانىدا تۇپ-تۇز قىلىنىۋاتقانلىقىنى رادىئو ئارقىلىق ئېلان قىلىدۇ. ئۇ، دۈشمەننىڭ قەلبىگە ھۇجۇم قىلىنغانلىقىنى ماختىنىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلايدۇ. بۇ قېتىمقى ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدىكى ھاۋا ھۇجۇمى تاڭ سۈزۈلگىچە داۋام قىلىپ، ئەتىسى قاراڭغۇ چۈشكىنىدىلا توختىتىلىدۇ. بۇ ۋەھىمىلىك ئىككى كۈن ئىچىدە 842 نەپەر لوندونلۇق بومباردىماندا ئۆلىدۇ. ھىتلېر ئۆلارنىڭ شەھەرنى پارتلىتىپ تۈپتۈز قىلىۋېتىمىز دەپ تەھدىت قىلغان ھالدا، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىملىق كەڭ

كۆلەملىك ھاۋا ھۇجۇمىنى _ يەنى 15-سىنتەبىردە بومباردىمان قىلىشنى تەستىقلايدۇ. بۇ قېتىمقى كەڭ كۆلەملىك بومباردىمان ھەرىكىتى ئاخىرقى قېتىملىقى بولۇپ، بۇ قېتىم لوندونغا جازا يۈرۈشى قىلىشنىلا مەقسەت قىلىپ قالماي، يەنە خانلىق ھاۋا ئارمىيىسىنى پۈتۈنلەي تارمار كەلتۈرۈشنىمۇ مەقسەت قىلغان ئىدى.

"پەۋقۇلئاددە مەخپى" تېلېگرامما چېرچىلنى يەنە بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ، بومباردىماندىن 4 كۈن ئاۋال بىر قېتىملىق رادىئو نۇتقى سۆزلەيدۇ. ئۇ رادىئو نۇتقىدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئاگاھلاندۇرۇپ "شۇنىسى ئېنىقكى، ھىتلېر ئەپەندىم تېز سۈرئەتتە ئۈرۈش ئايروپىلانلىرىنى خوراتماقچى بولىۋاتىدۇ. ئەگەر مۇشۇ بۇيىچە داۋاملاشتۇرىدىغانلا بولىدىكەن، بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندە ئۇنىڭ ھاۋا قۇۋۋەتلىرى ئاجىزلىششقا باشلاپ ئاساسلىق كۈچىنى خورىتىپ تۈگىتىدۇ. _ دەيدۇ. ئۇ يەنە ئاگاھلاندۇرۇپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ، _ نېمىسلار بۇ ئاراللارغا قارىتا ئومۇمىي يۈزلۈك ھالدا كەڭ كۆلەملىك تاجاۋۇز قىلىپ كېرىشنى ئەستايىدىللىق بىلەن پىلانلاشماقتا. بەلكىم ئۇلار ھازىردىن تارتىپلا ئەنگلىيەگە، شوتلاندىيەگە، ئىرلاندىيەگە باستۇرۇپ كىرمەكچى، ۋە بەلكىم بىرلا ۋاقىتتا بۇ ئۈچ ئارالغا باستۇرۇپ كىرمەكچى بولىۋاتىدۇ. بىز بۇنداق بىر خەۋپكە ھەرگىزمۇ قۇلىقىمىزنى يۇپۇرۇپ تۇيمىغان بولۇپ يۈرەلمەيمىز." بەلكىم بۇ تاجاۋۇز بۇگۈنلا باشلىنىشى مۇمكىن. "شۇنداق ئىكەن، بىز چوقۇم كېيىنكى بىر ھەپتىدەك ۋاقىتنى ۋەتىنىمىز تارىخىدىكى ئەڭ ھەل قىلغۇچ پەيتى دەپ تونۇشىمىز كېرەك. ئۇلار ئىسپانىيە پاراخوتلىرى بىلەن بىرلىكتە بوغۇزغا قاراپ يېقىنلاپ كەلمەكتە. ئەمما بۇ ۋاقىتتا دراك، پوتپول ئويناش بىلەن مەشغۇل، ياكى نېلسۇننىڭ ئارمىزغا كىرىشى بىلەن ناپولىئوننىڭ بۇيۇك ئارمىيىسى بوۋلوگىندا تۇرىۋاتقىنىغا ئوخشاشلا ئەھۋالىمىز جىددى." ئۇنىڭ بۇ دېگەنلىرى بۇ قورغانلار ئارىلى خەلقىنىڭ غەيرىتىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ ئۆزلىرىمۇ بۇ ئۇرۇشقا قاتنىششنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

ئاشكارە سورۇنلاردا ھىتلېر تولۇق ئىشەنچىلىك ھالىتىنى ئىپادىلەپ يۈرگەندەك قىلسىمۇ، 14-سىنتەبىر كۈنكى ھەربى ئىشلار يىغىنىدا ئەندىشىلەنگەنلىكىنى ئاشكارىلاپ تۇرۇاتتى. ئۇ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ "سار ئوپېراتسىيىسى" دا "دۈشمەننى قورقۇتۇپ ۋەتۋەرىكنى چىقىرىۋەتكەن" لىك تەسىر پەيدا قىلىۋەتكەنلىكىنى تەغدىرلەيدۇ. ئاندىن ئۇ، "دېڭىز شىرى" ئوپېراتسىيىسىگە لازىملىق ئالدىنقى شەرتلەر "تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن" لىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ھاۋا شارائىتى بەكلا ناچار بولغاچقا، ھاۋا ئارمىيىسى ھاۋادىكى ھاكىممۇتلەقلىقنى تېخى قولغا كەلتۈرەلمىگەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ يەنىلا بېسىپ كىرىش پىلانىدىن ۋاز كەچكىلى ئۇنىماي تۇرىۋالىدۇ. بۇنىڭ بىر سەۋەبى، ھاۋا ھۇجۇمى

ئەنگلىيەنى قورقۇتۇپ جاسارىتىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان ھالغا كەلتۈرۈشەتكەن بولۇپ، ئۇ كۈنگە قالماي ياكى 12 كۈن ئىچىدە، ئەنگلىيەدە ئاممىۋى خاراكتىرلىق ھىستېرىيەلىك ھالەت پارتلاپ چىقىدۇ، دەپ قارالماقتا ئىدى.

گېۆرىڭنىڭ يارىدەمچىسى بۇ نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، پۇخرالارنى بومباردىمان قىلىش ئارقىلىق ئەنگلىيەنى بويسۇندۇرۇش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. دېڭىزدىن بېسىپ كىرىشتىن باشقا بارلىق ئىشلارغا ئىنتايىن قىزغىن پوزىتسىيە تۇتۇپ كېلىۋاتقان رايدېر، بۇ ئىشنىمۇ چىن يۈرىكىدىن قوللاپ چىقىدۇ. ئەمما بۇنىڭغا ھىتلېر ئۇنىماي، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ پەقەت مۇھىم ھەربى ئەسلىھەلەر نىشانىنى بومباردىمان قىلىشىقىلا ماقۇللۇق بېرىدۇ. "خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ۋەھىمە پەيدا قىلىش مەقسەت قىلىنىدىغان بومباردىمان ئەڭ ئاخىرقى چارە سۈپىتىدىلا ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى مۇمكىن" دەپ چىڭ تۇرىدۇ.

پۈتۈن مۇھاكىمىلەر ئاخىرى كېلىپ سۆكۈتكە ئورۇن بوشىتىپ بېرىدۇ. ئەسلىدە "دېڭىز شىرى" ئوپېراتسىيىسىنى باشلىتىش قارارى ئاللىمۇقاچان بىكىتىلگەنلىكىگە قارىماي، ئەندىلىكتە بۇ قارار قەغەز يۈزىدىكى بىر قارارغىلا ئايلىنىپ قېلىپ، 17-سېنتەبىر كۈنى بۇ مەسىلە قايتا بېكىتىلىش قارارلاشتۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، "برىتانىيە ئوپېراتسىيىسى" قىيىنلىشىپ، گېرمانىيەنىڭ چىقىمى بارغانسىرى ئېغىرلىشىپ بارماقتا ئىدى. ئالايلۇق، 15-چېسلا كۈنى گېرمانىيە 60 ئايروپىلان چىقىمدار بولغان بولسا، ئەنگلىيە تەرەپ ئاران 26 ئايروپىلانىدىن ئايرىلىدۇ. شۇڭا، ھىتلېرمۇ ئەمەلىيەتنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. 17-چېسلا سەيشەنبە كۈنى، ھىتلېر ھاۋا ھۇجۇمىغا تايىنىپ ئەنگلىيەنى ھەرگىزمۇ تەسلىم قىلدۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېتراپ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئارقىدىن ئۇ قىسقىلا قىلىپ "ھاۋا ئۈستۈنلۈكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىمكانى بولمىغانلىقى ئۈچۈن دېڭىز شىرى پىلانىنى كېچىكتۈرۈلىدۇ. بۇ ھەرىكەت قاچان باشلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ئايرىم ئۇقتۇرۇش قىلىنىدۇ." كېچىكتۈرۈش دېمەك، ئەسلىدە بۇ پىلاننىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەنگلىيەگە بېسىپ كىرىش ھەرىكىتى پەقەت قەغەز يۈزىدىلا قالغان بىر پىلان ھالىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. "پەۋقۇلئاددە مەخپىي" ۋە شۇنىڭدەك كىچىك بىر ئەنگلىيە ليوتچىكلار ئەترىتى خەلق ئاممىسىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىق روھىنى تولۇق ئىپادىلەپ، تۇنجى قېتىم ئادولف ھىتلېرنى ھەربى ئىشلاردىكى مەغلۇبىيەت بىلەن تونۇشتۇرغان بولىدى. "بۇ مۇقەددەس تۇپراقلار، بۇ يەر شارى، بۇ پادىشاھلىق، بۇ ئەنگلىيە" شۇ سەۋەبتىن قوغدۇلغان ھېسابلاندى.

"بىز 30 مىڭ نەپەر ئەسكىرىمىز بەدىلىگە فرانسىيىنى بويسۇندۇرغان ئىدۇق. _ دەيدۇ ھىتلېر قارار قىلىپ بولغاندىن كېيىن پۈتكامىرغا، _ ئەگەر ئېنگلىز بوغۇزىدىن

بۇسۇپ ئۆتەلىسەكمۇ بىر كېچىدە يوقۇتىدىغان ئەسكەر سانىمىز بۇ ساندىن ھەسسىلەپ كۆپ بولىدىغانلىقى ئېنىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇغازدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ قورۇغلۇققا چىقالىشىمىزدىنمۇ بەك ئۈمىد يوق." ئۇنىڭ دېڭىز ئارمىيە ئادىيۇتانتى، ھىتلېرنىڭ، "دېڭىز شىرى" پىلانىنىڭ تاختىبېشىغا ئېلىنغانلىقى سەۋەبىدىن بەكلا خوشال ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

شۇ كۈنى، "پەۋقۇلئاددە مەخپىي" مەنبەسى ھىتلېرنىڭ گوللاندىيە ئايرودروملىرىدىكى بومبا يۈكلەش ئۈسكۈنىلىرىنى چۇۋۇپ يىغىشتۇرۇشىنى تەستىقلىغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ئاخشىمى، چېرچىل ئۈچ خىل ئارمىيە قوماندانلار يىغىنى چاقىرىدۇ. ف. ۋ. ۋىنتېربوتام شۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: "ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت خۇددى زىرىكىشلىك بىر مەيدان مۇزىكا ئويۇنى ئارىلىقىدا بىرسى تۇيۇقسىز ئوركېستىر ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ بارلىق ئىسكىرىپكىلىرى تارىسىنى ئۈزۈپ تاشلىغاندا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى راھەت بىر نەپەس ئېلىپ تەبەسسۇم بىلدۈرگەندەكلا بىر ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى." ھاۋا ئارمىيە قوماندانى ھەممە كىشى ئۆز ئىچىدە ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان گەپنى قىلىدۇ: ھىتلېر "دېڭىز شىرى" پىلانىدىن ۋاز كېچىپتۇ، ھېچ بولمىغاندا بۇ يىل ئىچىدە بۇ پىلان قايتا ئوتتۇرغا چىقمايدىغان بوپتۇ. "چېرچىل تۇم قارا تاماكىسىنى يېقىۋاتقىنىدا ئۇنىڭ چىرايى تەبەسسۇم ئىچىدە ئىدى. ئۇ كۆپچىلىككە چىقىپ يېڭى ھاۋا ئېلىش تەكلىۋىنىمۇ قىلدى."

4

ھىتلېر ئەنگلىيەنى سۆھبەت ئۈستىلىگە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر قىلىشنى يەنىلا يەنىلا قاتتىق ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتى. ئەمما بۇنداق بىر مەجبۇرلاش ھاۋا ھۇجۇمى ياكى دېڭىزدىن ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتى ئىنتايىن چوڭ بىر دېڭىز بوغۇزى بولغان دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بوغاز جىبرالتارىقنى ئىشغال قىلىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىشىنى ئويلايدۇ. بۇ بوغۇز ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، برىتانىيە خانلىق دېڭىز ئارمىيىسى ئاق دېڭىزغا، يەنى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغا كىرەلمەي گېرمانىيىنىڭ شىمالى ئافرىقا بىلەن ئوتتۇرا شەرقنى ئىگەللىشىگە كاپالەتلىك قىلىشقىلا بولۇپ قالماي، ئىمپېرىيىنىڭ ھاياتلىق يولىنى شىددەت بىلەن يىراق شەرققىچە ئۈزارتىشقا پۇرسەت يارىتىلغان بولاتتى. ئەگەر بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشقىدەك بولسا، ئەنگلىيە بۇنداق بىر شارائىت ئاستىدا قانداقمۇ ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرالىشى مۇمكىن؟ دەيدۇ ھىتلېر گېپىدە چىڭ تۇرۇپ.

بولۇپمۇ ئۇ يەنە ئەنگىلىزلارغا شەرەپلىك بىر تىنچلىقنىمۇ ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ بولشېۋىكچىلىققا قارشى ئۇرۇش قىلىش يۈرۈشىگە ئاتلانغىنىدا غەربتىكى ئۇرۇشنى قىلماي جىم تۇرۇپ بېرىدىغان بىر شېرىككە ئايلاندۇرۇۋېلىشقىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

دەل شۇ پەيتتە فرانكونىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى رامون سېررانو سۇنەرمۇ بېرلىندا ئىدى. ئۇ گېرمانىيە بىلەن ئىسپانىيەنىڭ ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇلۇشى مەسىلىسىنى، بولۇپمۇ جىبرالتارىققا ھۇجۇم قىلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلماقتا ئىدى. ئىشلار بەكلا كۆپىيىپ كەتكەن شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، كونا باش مىنىستىرلىق مەھكىمىسىگە كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە ئۇنىڭ كۆڭلى بەكلا ئارامىدا ئەمەس ئىدى. ئالدىنقى كۈنىدىكى رىببېنتروپ بىلەن بولغان سۆھبەتلىشىش جەريانىدا ئۇنى بىر تەرەپتىن غەمگە قويغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى غەزەپلەندۈرۈۋېتىدىغان ئىش بولىدۇ. يەنى، ئۇ، رىببېنتروپنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى فۈھرېرنىڭ فرانكو ھۆكۈمىتىگە غەزەپلەنگەنلىكىنىڭ بىر ئىنكاسى دەپ قارايتتى.

ھىتلېر ئىنتايىن ئەدەپ بىلەن بۇ ئىسپانىنى كۈتىۋالىدۇ. بۇنىڭدىن سېررانومۇ قاتتىق خوشال بولۇش بىلەنلا قالماي، يەنە بەكلا ھەيران قالىدۇ. بۇ ھەقتە چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، مەن ۋرانكونىڭ شەخسى ۋەكىلى ھەمدە ئىسپانىيە ھۆكۈمىتىنىڭمۇ ۋەكىلى سۈپىتىدە بېرلىنغا ئەۋەتىلگەن بىرسى بولغانلىقىم ئۈچۈن شۇنداق ئەتىۋارلاندىم دەپ ئىزاھلايدۇ. ئۇنىڭ ئايالى زىتا پولوبولسا كومۇتىت باشلىقى فرانكونىڭ قېيىنسىڭلىسى ئىدى. ئۇ ھىتلېرغا، مېنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتىمنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى، ئىسپانىيىنىڭ گېرمانىيە تەرىپىدە تۇرۇپ دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتنىشىشىنىڭ ھەر تۈرلۈك شەرتلىرىنى ئېنىقلىۋېلىشتىن ئىبارەت دەپ ئېيتىدۇ. بۇ شەرتلەردىن ئەڭ مۇھىم بولغىنى، "ئىسپانىيەنىڭ ئاشلىق ۋە ستراتېگىيىلىك ئەشيالىرىنىڭ تەمىنلىنىشىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىنىش مەسىلىسى" ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

فۈھرېر، ئۇرۇش مەسىلىلىرىگە قارىغاندا سىياسىي مەسىلىلەرگە بەكرەك قىزىقىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. شۇڭا ئۇ، ياۋروپا چوقۇم بىر قىتئە سىياسىي سىستېمىسى شەكلىدە بىرلەشتۈرۈلىشى، ئۆزىنىڭ مونروئى نەزەرىيىسىنى تىكلىشى، ئافرىقىنى ئۆز ھىمايىسى ئاستىغا ئېلىشى كېرەك، دەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئىسپانىيىنىڭ ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇلۇشى ھەققىدىكى قارىشى "ۋاستىلىق ۋە ئىككى بىسلىق" ئىدى. پەقەت ئۇنىڭ مېھمىنى جەبىلتارىققا قارىتا زەمبىرەك ئىشلىتىش كېرەكلىكىنى قاتتىق تەكىتلىگىنىدىلا ھىتلېرنىڭ ئىپادىسى نىسبەتەن ئېنىق بولىدۇ. يەنى توپ ئوقى سىنارىيەتتەك ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە ئەمەس دەيدۇ. ئۇ ھەر تۈرلۈك سانلىق مەلۇماتلارنى ئوتتۇرغا قويۇپ،

ئۇزۇن مەنزىللىك توپ ئىككى يۈز پاي ئوق ئاتقاندىن كېيىن چوقۇم رېمونت قىلىنىشى كېرەكلىكىنى، ھەر بىر پاي توپ ئوقىدا ئارانلا 75 كىلوگرام پارتلاتقۇچ دورىسى بولىشى مۇمكىنلىكىنى، ئەمما 36 ئايروپىلاندىن تەشكىل تاپقان "ستۇكا" شۇڭغۇغۇچى بومباردىمان ئايروپىلان ئەترىتى بىر قېتىمدىلا 120 تال سىنارىيەت ئاتالايدىغانلىقىنى، بۇ بومبىنىڭ ھەر بىرى مىڭ كىلودەك پارتلاتقۇچ دورا ئالالايدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك قىلچە چەكلىمىسىز بومباردىمان قىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ تىنماي سۆزلەيتتى. ھىتلېر، بۇ تۈر شۇڭغۇغۇچى بومباردىمان ئايروپىلانلىرىنىڭ بومباردىمانى ئاستىدا دۈشمەن زادى قانچىلىك بەرداشلىق بېرەلىشى مۇمكىن؟ ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى بۇ ئايروپىلانلارنى كۆرىشى ھامان جەبىلتارىقتىن قېچىپ كېتىشىدۇ. شۇ سەۋەبتىن زەمبىرەك ئىشلىتىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ دەپ دېگەنلىرىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە، گېرمانىيەمۇ جەبىلتارىق ئوپېراتسىيىسى ئۈچۈن 38 سانتىمېتىر ئېغىزلىق زەمبىرەك يېتىشتۈرۈپ بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى قوشۇمچە قىلىدۇ. ھىتلېر سۇدەك سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ تىنماي ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان ئۆتكۈر سۆزلىرى مېھمىنىنى ھەيران قالدۇرۇپ ئېغىزىنىمۇ ئاچۇرالماس قىلىۋېتىدۇ. ھىتلېر شۇنىڭغا ئۇلاپلا گېرمانىيە پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرى بىلەن ئىسپانىيەگە ياردەم قىلىدىغانلىقىغا كاپالەت بېرىدۇ.

سېررانو سۇنەر باش مىنىستىرلىكتىن ئايرىلغان ۋاقتىدا ئۇزىنى بەكلا يېنىك ھېس قىلغان ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ خوجايىنى فرانكونىڭ ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ئىسپانىيە چېگراسىدا تېز ئارىدا كۆرۈشۈپ بۇ تەكلىپنى تېخىمۇ ئېنىق مۇھاكىمە قىلىش تەكلىۋىنى قوبۇل قىلدۇرۇش تەلىۋىنى ئېيتقىنىدا ھىتلېر تەھدىت قىلماي ياكى قورقۇتۇپ زورلىمىغانلىقى ئىدى. ھىتلېرغىمۇ سېررانو سۇنەر ئوخشاشلا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان ئىدى. شۇڭا ئۇ تېخىمۇ ئوچۇق مۇئامىلە قىلىشقا قارار بېرىدۇ. "ئىسپانىيەنىڭ ئوق مەركىزى دۆلەتلەر ئىتتىپاقىغا قاتنىشىپ ئۇرۇش قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ـ دەيدۇ ئەتىسى فرانكوغا يازغان خېتىدە، ـ ئەنگلىيە دېڭىز فلوتلىرىنى جەبىلتارىقتىن قەتئىي قوغلاپ چىقىرىپ، بۇ مۇھىم ئۆتكەلنى ئىشغال قىلىشتىن ئىش باشلىشى كېرەك" دەپ يازىدۇ. ئۇ، بىر سېتىقچىنىڭ خېرىدارنى قايىل قىلىش ئۈچۈن ۋەدىلەر بەرگىنىگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىپ، ئىسپانىيە ئوق مەركىزى دۆلەتلەر ئىتتىپاقىغا قاتنىشىدىغانلا بولىدىكەن، گېرمانىيە ئۇلارغا ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ئىشلاردا ياردەم قىلىشقا غەيرەت كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى مۇنداق ئېيتقاندا، ئۇلار دەرھال مەنپەئەتدار بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

فرانكومۇ 22-سىنتەبىردە يازغان جاۋاب خېتىدە ھىتلېرنىڭ بارلىق تەكلىپلىرىنى

قوبۇل قىلغاندەك كۆرۈنەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن سېررانو سۇنەر-رىبېنتروپ ئۇچرىشىشىدا بەكلا كۆپ قىيىنچىلىقلارنىڭ بارلىقنى پەرەز قىلىدۇ. گېرمانىيە ئافرىقا قىتئەسىنىڭ سىرتىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئاراللارنى تەلەپ قىلغىنىدا، ئىسپانىيەنىڭ ئەدەپ بىلەن ئەمما كەسكىن قارشىلىق كۆرسىتىشكە دۇچ كېلىدۇ. ھەتتا تەرجىمان شىمىدتمۇ رىبېنتروپ ئافرىقا زېمىن مەسىلىسىنى ئوتتۇرغا قويغىنىدا، سىررانو سۇنەر بۇ ئىشقا قارىتا چىقىڭ تۇرۇپ قارشى تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شمىدت بۇ ھەقتە باھالاپ كېلىپ، "بۇ ھال فرانكو بىلەن ھىتلېر ئوتتۇرسىدىكى يېقىن مۇناسىۋېتكە تۇنجى قېتىم سوقۇلۇق چۈشۈشى" دەيدۇ.

ئەگەر رىبېنتروپ فرانكو بىلەن سەمىملىك بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ۋاقتىدا، ئوتتۇرغا چىققان قىيىنچىلىقتىن ئۈمىدسىزلەنگەن بولسا، ئۇ ھالدا، شۇ ئاينىڭ كېيىنكى ۋاقىتلىرىدا ئۆزىنىڭ بۇ ئېسىل ئەسىرىدىن، يەنى ياپونىيە ھەمدە ئىتالىيە بىلەن بىرلىنىدا ئىمزالايدىغان ئۈچ دۆلەت شەرتنامىسىدىن تېخىمۇ بەك روھلىنىپ كېتىشكە ھەققى بار دېيىشكە بولاتتى. ئۈچ دۆلەت شەرتنامىسىدا ئۇلارمۇ ياپونىيەنىڭ ئاسىيادا يېڭى تەرتىپ ئورنۇتۇشىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلا بولىدىكەن، ياپونىيىنىڭمۇ گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيەنىڭ ياۋروپا يېڭى تەرتىپى ئورنىتىش جەريانىدا رەھبەرلىك ئورنىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. ئىمزا قويغان دۆلەتلەرمۇ "ئىمزا قويغان ئۈچ دۆلەتنىڭ خالىغان بىرسى، ئەگەر نۆۋەتتە ياۋروپا ئۇرۇشىغا قاتناشمىغان ياكى ياپون-خىتاي توقۇنۇشىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغىدەكلا بولىدىكەن، بۇ ئۈچ دۆلەت سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە ھەربى ئىشلاردىكى بارلىق ئۇسۇلۇبىدا ئۆزئارا ياردەم بېرىشىدۇ" دەپ كاپالەت بېرىشىدۇ.

(خەرىتە ئورنى632~633)

ئا ق ش بىلەن ئەنگلىيە ئىككىسى، بۇ ئىش ياپونىيەنىڭمۇ ناتسىستلار گېرمانىيىسىدىن ياكى فاشىستلار ئىتالىيىسىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنىڭ يەنىمۇ تولۇق ئىسپاتى؛ بۇ ئۈچ "قاراقچىلار" دۆلىتى تىل بىرىكتۈرۈپ بىرلىشىۋېلىپ، دۇنيانى بويسۇندۇرماقچى، دەپ قارىشىدۇ. سوۋېتلىكلەر بۇنىڭدىن بىئارام ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، رىبېنتروپ مولوتوۋغا بۇ شەرتنامىنىڭ ئا ق ش نىڭ بىر قىسىم ئۇرۇشخۇمارلىرىغا قارىتا ئىمزالانغان شەرتنامە؛ شۇنداق ئىكەن، بۇ شەرتنامىنى نېمە ئۈچۈن تۆت دۆلەت شەرتنامىسىغا ئايلاندۇرالمايدىكەنمىز؟ دەپ ئۇنى رىغبەتلەندۈرمەكچى بولىدۇ. كەينىدىنلا ئۇ ستالىنغا ئۇزۇن بىر پارچە خەت يېزىپ، "تۆت دۆلەتنىڭ، يەنى س س س ر، ياپونىيە،

ئىتالىيە ۋە گېرمانىيەنىڭ تارىخى ۋەزىپىسى ئۆزۈن مۇددەتلىك سىياسەت تۇزۇپ چىقىپ، بۇ تۆت دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۇزۇن مۇددەتلىك مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، ئۇلارنى كەلگۈسى تەرەققىيات يولىغا يېتەكلەيدىغان يولنى بەلگىلەپ چىقىشىمىز كېرەك" دەيدۇ.

5

ھېتلىر، ئۆكتەبىر ئېيىدا دىپلوماتىيە ئىشلىرى بىلەن بەكلا ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. 4-ئۆكتەبىر كۈنى، ئۇ برېننېر جىلغا ئېغىزىدا مۇسسولىنى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. "ئۇرۇشتا بىز يېڭىپ چىقتۇق! قالغان ئىشلار ۋاقىتقىلا باغلىق ئىشلار" دەيدۇ ھېتلېر. ئۇ، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى تېخى ھاۋا ئۈستۈنلۈكىنى قولغا كەلتۈرەلمىگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە، ئەنگلىيە ئېروپىلانلىرى ئۈچكە بىر نىسبەت بويىچە ئېتىپ چۈشۈرۈلمەكتە ئىكەنلىكىنىمۇ ئېيتىدۇ. شۇنداقتىمۇ بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئەنگلىيە ھەربىي جەھەتتىكى ۋەزىيىتى پۈتۈنلەي ئۈمىتسىز ئەھۋالدا بولسىمۇ يەنىلا كۈچلۈك تىركىشىش يولىدا كېتىۋاتقان بولۇپ، ئەنگلىيە خەلقى ئىنسانىيەت مۇئامىلىسى بويىچە مۇئامىلىدىن مەھرۇم بولماقتا. ئەنگلىيە يەنە نېمە ئۈچۈن جاھىللىق بىلەن تىركىشىپ تۇرىۋالىدۇ؟ ھېتلېر غەزەپلەنگەن ھالدا بۇ سوئالغا يەنە ئۆزى جاۋاب بېرىدۇ: ئۇلار ئا ق ش بىلەن س س س ر نىڭ ياردىمىدىن ئۈمىد كۈتمەكتە.

بۇنداق ئۈمىدلىنىشى پۈتۈنلەي خام خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن ھېتلېر، ئۈچ دۆلەت شەرتنامىسى قوللارچە ھەرىكەت قىلىدىغان ئا ق ش رەھبەرلىرى ئۈستىدە "مەيۈسلىنىش تەسىرى" نى پەيدا قىلغان بولۇپ، شەرقى سەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان 40 دىۋىزىيىلىك گېرمانىيە كۈچلىرى رۇسىيىنىمۇ ئوچۇق ئاشكارە ئوتتۇرغا چىقىپ مۇداخىلە قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغىدەك دەرىجىدە قورقۇتىۋەتتى؛ شۇنداق بولغاچقا، برىتانىيە ئىمپېرىيىسىگە ئەجەللىك زەربە بېرىشىنىڭ پەيتى يېتىپ كەلدى دېيەلىشىمىز مۇمكىن: يەنى جەبىلتارىقنى تارتىپ ئالالىشىمىز مۇمكىن ھالغا كەلدى، دەيدۇ. ھېتلېر سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، گېپىنىڭ تېمىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئىسپانىيىلىكلەرنى ئاغزىنى بۇزۇپ ھاقارەت قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇلار ئۇرۇشقا قاتنىششىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن 400 مىڭ توننا ئاشلىق بىلەن يەنە شۇنچىلىك مىقداردىكى كىرسىن تەلەپ قىلماقتا. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ بۇ ماتېرىياللارنىڭ تۆلەش مەسىلىسىدە فرانكو يەنە قىلچە ئىزا تارتماستىن "بۇ دېگەن غايە بىلەن ماددى مەنپەئەت ئارىلىشىپ كەتكەن بىر مەسىلە" دەپ جاۋاپ بېرىدۇ تېخى. ھېتلېر تىرىككىنىدىن يېرىلىپ كەتكىدەك بولۇپ ۋارقىراشقا

باشلايدۇ: ئۇلار مېنى ”تايىنى يوق بىر يەھۇدىيدەك كۆرۈپ ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ مۇقەددەس نەرسىلىرى ئۈستىدە سودىلاشماقچى بولۇۋاتىدۇ!“

بۇ ئىككى مۇستەبىت، قىزغىن ۋە بىر-بىرىگە بولغان ئىشىنىش بىلەن ئۇ يەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، فۈھرېر ”ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ بۇ يېڭى سىياسىي غەربىي ئۈستىدە ئويلىنىش“ ئۈچۈن بېرچتېسگادېن غا قاراپ دەرھال يولغا چىقىدۇ. ئۇ، بېرچتېسگادېنغا بارغاندىن كېيىن بېرگخوف دېگەن ئۆيىدە جىم تۇرماي ئالدى-كەينىگە مېڭىشقا كىرىشىدۇ. يەنە بەزىدە سالسبۇرگ تاغ قىيالىرىدا ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا مېڭىپ يۈرىدۇ. بەزىدە، ئۇ ئۆز ئويلىغانلىرىنىمۇ سۆزلەپ كېتەتتى ياكى ياماق ئۈستىلىدە ۋە ياكى يېغىن زالىدىمۇ سۆزلەپ كېتەتتى. ئۇنىڭ دېگەن بۇ پارچە-پۇرات سۆزلىرى ئاخىرى بىر قارارغا ئايلىنىدۇ.635 يەنى ئۇ فرانكو بىلەن كۆرۈشۈشكە كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە فرانسۇزلارنىڭ نېمە دەپ ئويلاپ يۈرگەنلىرى ھەققىدىمۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلايدۇ. شۇ ۋاقىتتىلا رۇسىيەلىكلەر بىلەن سۆزلىشىدۇ.

ئۇنىڭ مەخسۇس پويىزى (ئۇ پويىزغا ”ئامېرىكا“ دەپ غەلىتە ئىسىم قويۇلغان ئىدى) 12-چىسلا گېرمانىيەدىن ئايرىلىپ، شۇ كۈنى ئاخشىمى فرانسىيىنىڭ غەرپ تەرىپىنىڭ ئوتتۇرلىرىغا جايلاشقان مونتۇيىرىگە يېتىپ بارىدۇ. ئۇ يەردە، ۋىچى قورچاق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى لاۋال پويىزدا فۈھرېر بىلەن قىسقىچە سۆزلىشىدۇ. بۇ سۆھبەتتە ئاساسلىقى ئىككى كۈندىن كېيىن مارشال پېتائىن بىلەن ئۇچرىشىش ئىشى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. شۇ چاغقا كەلگەندە، فۈھرېر فرانسىيەنى رەسمى تۈردە ئۆز تەۋەسىدىكى بىر قۇل دەرىجىسىگە چۈشۈرۈش ئىرادىسىگە كېلىدۇ. بۇ مەقسەتتە، ئۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئۆزلىكىدىن ياردەم قىلىشىنى ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ، زۆرۈر تېپىلغىنىدا قۇرال كۈچىدىن پايدىلىنىپ رەھىمسىزلەرچە قىساس ئېلىش تەييارلىقىنىمۇ كۆرۈپ قويىدۇ. ھىتلېر، بويسۇندۇرۇلغان باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشاش فرانسىيىنى گىيۆرىڭنىڭ دېگىنىدەك قىممەتكە ئىگە بارلىق نەرسىلىرىنى، مەسىلەن خام ئەشيادىن تارتىپ ئەمگەك كۈچلىرىنى، پۇتكۈل قىممەتلىك سەنئەت ئەسەرلىرىنى تارتىپ ئېلىشقا ئوخشاش، ئىقتىسادىنى تالان تاراج قىلىدىغان بىر يەرگە ئايلاندۇرىۋېلىش خىيالىدا ئىدى. ئۇ، ۋىچى ھۆكۈمىتىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئەنگلىيەگە قارشى تۇرىدىغان بىر ئىتتىپاقدىشى ھالىغا كېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. لاۋالنىڭ ئىپادىسىنى كۆرگەن ھىتلېر، بۇنداق بىر ئىشنىڭ روياپقا چىقىشىغا قەتئىي كۆزى يەتكەن ئىدى. شۇڭا پويىزلىق كېچىلەپ مېڭىپ فرانكو بىلەن ھەل قىلغۇچ ئۇچرىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا كېتىۋاتقىنىدا، ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ تولۇق ئىشەنچكە تولغان ئىدى.

ئۇلار فرانسىيەنىڭ بىر تەرىپىدىكى كىچىك بىر شەھەردە ئۇچراشماقچى بولىدۇ. بۇ كىچىك شەھەرنىڭ ئىسمى خېنداي بولۇپ، فرانسىيەنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى بىر ساناتورىيە رايونى ئىدى. ئۇ يەر بىيارىتزنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە بولۇپ، كەڭ كۆلەملىك ساياھەت تەشۋىقاتى قىلىشقا لايىق پالمىلىق دېڭىز بويى قۇملۇق بىر يەر ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ يەرنى دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بىر يىغىن ئېچىشقا لايىق بىر يەر دېگەندىن كۆرە، داۋالىنىپ دەم ئېلىشقا مۇۋاپىق داڭلىق بىر يەر دېيىش تېخىمۇ توغرا بولاتتى. كۆرۈشۈش يېرى قىلىپ شەھەر سىرتىدىكى فرانسىيەنىڭ تار رېلىسلىق تۆمۈريولى بىلەن ئىسپانىيەنىڭ كەڭ رېلىسلىق تۆمۈريولىنىڭ تۇتىشىدىغان يېرى تاللىۋېلىنغان ئىدى. فۇھرېرنىڭ پويىزى، چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۇچرىشىش ۋاقتىغا دەل ۋاقتىدا ئۇلگۈرۈپ كەلگەن ئىدى. ئەمما يېقىندىكى پويىز كۇتۇش سۇپىسىدا ئىسپانىيەلىكلەرنىڭ پويىزى كۆرۈنمەيتتى. ھەر ھالدا ھەر دائىم سۆرۈلۈپ يۈرىدىغان بۇ ھۆرۈن ئىسپانىيەلىكلەردىن بۇنىڭدىن ئارتۇقنى كۈتۈشكىمۇ بولمايتتى، ئەلۋەتتە.

ھىتلېر، فرانكو بىلەن ئۇچرىشىشى ھامان ئۇنى خۇددى چىمبېرلىن، لاۋال ۋە باشقا نۇرغۇن كىشىلەرنى قايىل قىلالىغىنىدەك قايىل قىلىۋېتەلەيدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنەتتى. يەنى، ئەگەر گېرمانىيەنىڭ ياردىمى بولمىسا ئىدى، ئۇزىنگە مارشال دەرىجىسىنى بەرگەن سىز نەدە قالار ئىدىڭىز؟ بۇ غالىبىيەت ھەرگىزمۇ سىلەر ئىسپانلارنىڭ ئىشەنچى بىلەن، قانداقتۇ مەرىيەم ئانىنىڭ ئارىغا كىرىشى بىلەنلا قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇرۇش غالىبىيىتى ئەمەس؛ ئەمەلىيەتتە بولسا، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ "ئاسماندىن سىنارىيەتلەرنى خۇددى يامغۇردەك تۆكۈۋەتكەملىكى نەتىجىسىدىلا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قولغا كەلدى" دەيتتى.

ھىتلېر كۈتۈش جەريانىدا رىبېنتروپ بىلەن كۈتۈش سۇپىسىدا پاراڭغا چۈشىدۇ. "ھازىرقى ئەھۋالدا بىز ئىسپانىيەلىكلەرگە ھەر قانداق بىر يازما ۋەدە بېرەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. ــ بىر چەتتە تۇرغان ھىتلېرنىڭ بۇ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، ــ بىز تۇپراقلارنى فرانسىيە مۇستەملىكىسىدىن چىقىرىپ تاشلاشقا يازما ۋەدە بېرىشكە قوشۇلالمايمىز. بۇ تۇر قول تۇتىدىغان مەسىلىدە ئەگەر بۇ بۇدۇشقاق لاتىنلار يېزىق شەكلىدە ھەر قانداق بىر ئاساسقا ئېرىشىپلا ئالىدىكەن، چوقۇم بىر كۈنى فرانسۇزلار بۇنىڭدىن خەۋەردار بولىدۇ. ــ ھىتلېر پېتايىننى ئەنگلىيەگە قارىتا ئاكتىپ تۇردە دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرىگە كۈشكۈرتۈشنىڭ پەيتى كەلگەنلىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. شۇڭا ئۇ، بۇگۈنكى كۈندە فرانسىيە تۇپراقلىرىدىن ۋاز كېچەلمەيتتى. – شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئىسپانلار بىلەن ئىمزالىنىدىغان بۇنداق بىر كېلىشىم سىرتقا چىقىپ كېتىدىكەن،

فرانسىيە دېڭىز سىرتى مۇستەملىكىلىرىمۇ دې گولنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن“ دەيدۇ گېپىنىڭ ئاخىرىدا.

بىر سائەت ئۆتكەندىلا ئاخىرى ئىسپانلارنىڭ پويىزى بىداسسوئا دەرياسىدىن كېسىپ ئۆتكەن خەلقارالىق كۆۋرۈك ئۈستىدە كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ.636 ئىسپانلارنىڭ بۇنچە كىچىككىنە كىلىشى مەخسۇس كىچىكلىش بولۇپ، ھەرگىزمۇ دەم ئېلىشنى دەپ كىچىككەنلىك ئەمەس ئىدى. ”بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدىكى ئەڭ مۇھىم بىر قېتىملىق ئۇچرىشىش ھېسابلىنىدۇ، _ دەيدۇ فرانكو يېنىدىكى بىر ھەربىي ئەمەلدارىغا، _ مەن چوقۇم بۇ ئىشتا ھىلە ئىشلىتىشىم كېرەك. بۇ كېچىكىش دەل بۇنىڭ بىر قىسمى. ئەگەر مەن ھىتلېرنىڭ ساقلاتقۇزالىسام، پسىخولوگىيە جەھەتتە ھىتلېر باشتىن تارتىپلا ئەپسىز ھالغا چۈشۈرۈلگەن بولىدۇ.“ بۇ داھىنىڭ بويى پاكار، سېمىز، ئۆتكۈر قارا كۆزلۈك بىرسى ئىدى. داڭلىق كىشىلەر شۇنچە كۆپ چىقىدىغان بىر دۆلەتتە، بۇ كىشى خۇددى بەك ئەتىۋارلىنىپ كەتمىگەندەكلا بىرسى ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ تەختكە چىقالىشىنى تەلىيى كەلگەنلىكى ھەمدە ھارماي-تالماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىش روھىنىڭ نەتىجىسى دېيىش مۇمكىن. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ھەقىقەتەنمۇ ئاسانغا توختىغان ئەمەس. ئۇ بىر گالىسىيەلىك بولۇپ، بۇ جاي تەمكىن ئەمەلىيەتچانلىقلار يۇرتى دېگەن نام بىلەن داڭ چىقارغان بىر يەر ئىدى. شۇڭا ئۇ ئەنە شۇنداق كۈچلۈك ئەمەلىيەتچانلىق قاراش ۋە قابىلىيەتلىك خاراكتېرلىرىنىڭ بىرلەشمىسى ئۇنى بۇنداق يوقۇرى مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرگەن دېيىشكە بولاتتى.

فرانكو گەرچە قەلبىدە بەربىر دېھقان خاراكتېرى ساقلانغان بىرى بولسىمۇ، ئۇ ئەسلىدە خەلقنىڭ بىر پۇخراسى بولۇش لاياقىتىگىمۇ ئېرىشەلمىگەن بىرى ئىدى. ئۇ دىن بىلەن ئانارخىزىمغا بەكلا مايىل بىرى ئىدى. گەرچە ئۇ قارا ملىتىقلىقلار جەمئىيىتى (فالاڭگىستلار، فاشىستىك پارتىيە گۇرۇللاردىن بىرى) گىمۇ خىزمەت قىلىپ يۈرگەندەك قىلغىنى بىلەن بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزاسىمۇ ئەمەس ئىدى. ھەقىقى قارا ملىتىقلىقلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى، ئالايلۇق يېڭىدىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرىگە ئۆستۈرۈلگەن باجىسى گېرمانلارغا بەكرەك يېقىنلىق كۆرسىتىدىغان بىرى ئىدى. گەرچە ئېخى يېقىندىلا بېرلىندا سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغان بولسىغا قارىماي سېررانو سۇنەر يەنىلا گېرمانىيىنىڭ يېڭىلمەستۇر، شۇڭا ئىسپانىيە غالىپلار تەرىپىدە تۇرۇشى كېرەك دەپ قارايتتى. ئەمما فرانكو گېرمانىيىنىڭ يېڭىلمەسلىكىگە ئۇنچە بەك ئىشەنچ قىلىپ كېتەلمەيتتى. ”مەن سىلەرگە شۇنى بىلدۈرمەكچىمەنكى، _ دەيدۇ فرانكو ھەر قايسى قۇماندانلىرىغا، _ ئەنگلىيە ھەرگىز ئۇلارغا يول قويمايدۇ. ئۇلار داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ، ھەتتا

ئاخىرغىچە قەتئىي ئۇرۇشنى داۋام قىلدۇرىدۇ: ئەگەر ئۇلار برىتانىيە ئۈچ ئارىلىدىن قوغلاپ چىقىرىلغىدەك بولسىمۇ كاناداغا بېرىۋېلىپ بولسىمۇ جەڭنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇلار ئامېرىكىلىقلارنى ياردەمگە چاقىرىپ ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرالايدۇ. شۇڭا گېرمانىيەنى هازىرچە ئۇرۇشتا غالىپ كەلگەنلەر دەپ ئېيتالمايمىز.“ شۇنىڭغا قارىماي ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن هىتلېرنىڭ تاقىتىنى يوقۇتۇپ قويىشىدىنمۇ قورقاتتى. يەنى ئىسپانىيىنى چېخسلوۋاكىيەنىڭكىدەك بىر تەغدىرگە قېلىشىدىنمۇ قورقاتتى. شۇنىڭدەك يەنە هىتلېرنىڭ يولىنى توساشقا ئۇرۇنغان ئۇششاق دۆلەتلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك قارشىلىق كۆرسىتىش يولىدىن پايدىلىنىشنىمۇ خالىمايتتى.

پويىز هىتلېرنىڭ پويىزى يېنىغا كېلىپ توختىغان ۋاقىتتا، فرانكو، دۆلىتىنىڭ تەغدىرىنىڭ قانداق بولىشى بۇ قېتىمقى ياۋروپا توقۇنۇشىغا چېتىلىپ قېلىشىدىن ساقلىيالىشىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى ئويلىماقتا ئىدى. چۈنكى ئىچكى ئۇرۇش ئىسپانىيەنىڭ ئىگىلىكىنى پۈتۈنلەي مالىماتالاڭ قىلىۋەتكەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلقى دېهقانچىلىق مەهسۇلاتلار هوسۇلىنىڭ بەكلا تۆۋەنلەپ كېتىشىمۇ خەلقنىڭ ئاچارچىلىققا دۇچ كېلىشىگە سەۋەب بولۇپ قېلىش ئېهتىماللىنىمۇ يوق دېيىشكە بولمايتتى. ئەمما هىتلېر ئۇنىڭ بىتەرەپ تۇرۇپ بېرىشىگە يول قويالارمۇ؟ ئەگەر فۈهرېرنىڭ تەلىۋىنى ئۇدۇللا رەت قىلىۋەتكىدەك بولسا، قايسى كۈچ بىلەن گېرمانىيەنىڭ بېسىپ كىرىشىنى توسيالىشى مۇمكىن؟ بۇ ئىشتا پەقەت بىرلا تۈرلۈك ئامال بار ئىدى: بىر تەرەپتىن ئوق مەركىزى دۆلەتلەر ئىتتىپاقىغا كىرىش تەسىراتىنى پەيدا قىلىۋېتىش، يەنە بىر تەرەپتىن قايسى بىر ئېهتىياجلىق بولغانلىرىنى ئېنىق بەلگىلىۋېلىش ئىدى. ئۇنىڭ گالتىسيەلىك قىياپىتى بۇ جەهەتتە دەل ئۇنىڭغا قالقان بولۇپ بېرەلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ۋاگوندىن چۈشۈپ، پويىز كۈتۈش سۇپىسىدا هەربىي ئورکېستىر ساداسى ئىچىدە هىتلېرغا قاراپ يۈرىدۇ.

فرانكو ئالدىن تەييارلاپ قويغان نۇتۇق تېزىسىنى ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ نۇتۇقى فۈهرېرنى مەدهىيىلەيدىغان سۆزلەر ۋە ئېغىزچە ۋەدىلەر بىلەن تولغان ئىدى: ئىسپانىيە ئەزەلدىن ”نېمىس خەلقى بىلەن كەمكۈستىسىز، ساداقەتلىك بىلەن روهى ئىتتىپاقلىق ئورنىتىپ كەلمەكتە“ شۇنىڭدەك يەنە، ئەمەلىي ئىشلاردىمۇ ”هەر دائىم ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىقنى ساقلاپ كەلمەكتە.“ تارىختىن بۇيان، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاقلىق ئاساسى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. نۆۋەتتىكى ئۇرۇشتا ”ئىسپانىيە گېرمانىيە تەرەپتە تۇرغانلىقىدىن ئىنتايىن مەمنۇن.“ قىيىنچىلىق مەسىلىسىگە كەلسەك، دەپ قوشۇمچە قىلىدۇ فرانكو، بۇ جەهەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى فۈهرېرىمىز مەندىنمۇ ئېنىق بىلىدۇ. هەممىدىن بەك قىيىن بولىۋاتقىنى ئاشلىق يېتىشمەسلىك مەسىلىسى. شۇنىڭدەك

يەنە ئا ق ش بىلەن ياۋروپانىڭ ئوق مەركەز دۆلەتلەرگە قارشى ئۇنسۇرلىرىمۇ بىچارە ۋەتىنىگە ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلماقتا. "شۇنداق بولغاچقا، ئىسپانىيە چوقۇم ئۆز يېرىدىن قىمىرلىماي تۇرۇشى، خالىمىغان ئىشلارنى تەمىنكىنلىك بىلەن كۆزىتىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولماقتا." فرانكو بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقانىدا غەزەپلىنىپ كېتىدۇ. ئەمما تېزلا گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، "بۇ تۈردىكى مەسىلىلەر بولىشىغا قارىماي، ئىسپانىيە يەنىلا ئوق مەركەز دۆلەتلەر ئىتتىپاقداشلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلماقتا، ئۇرۇشقا نىسبەتەن بولتۇر كۆزدە ئىتالىيەنىڭ تۇتقان پوزىتسىيىسىگە ئوخشاش پوزىتسىيە تۇتماقتا" دەيدۇ. فرانكونىڭ ئۇسلىقى بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش پوزىتسىيىسى ھىتلېرنىڭ بىر ۋەدە بېرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىسپانىيەنىڭ ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن ھەمكارلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، فۈھرېرمۇ گېرمانىيە فرانكونىڭ جەبىلتارىقنى ئىگەللەپ تۇرىشىغا، يەنى 10-يانىۋار كۈنى جەبىلتارىقنى شۇنىڭدەك ئافرىقىدىكى بىر قىسىم مۇستەملىكىلەرنىمۇ قوشۇپ ئىشغال قىلىشىغا يول قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

فرانكو، ھېسسىياتسىز بىر شەكىلدە ئورۇندۇقتا تۈگۈلۈپ ئولتۇرىدۇ. كېيىن ئۇ سۆزگە كىرىشىدۇ. ئەمما بەكلا ئاستا، ھەمدە بەكلا ئېھتىيات قىلىپ سۆزلەيتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن بىرەر باھانە تېپىپ كۆرسىتىشكە تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن چىڭ تۇرۇپ تېخىمۇ كۆپ يول قويۇشلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشاتتى. ئۇ، ئىسپانىيىنىڭ نەچچە يۈز مىڭ توننا بۇغدايغا ئېھتىياجى بارلىقىنى، بۇ ئېھتىياج يەنە كېلىپ بەكلا جىددى ئېھتىياج ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. فرانكو، گېرمانىيە بۇنچە ئاشلىقنى ئەۋەرتىشكە تەييارمۇ قانداق دەپ "قۇۋۋەتلەش بىلەن" ھىتلېردىن سورايدۇ. ئۇ يەنە برىتانىيە خانلىق دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ دېڭىز بويلىرىغا ھۇجۇم قىلىشىغا تاقابىل تۇرۇشى ئۈچۈن ئىسپانىيە زور مىقتاردا توپ-زەمبىرەكلەرگە، يەنى ئاسمانغا ئوق ئاتالايدىغان زەمبىرەكلەرگە بەكلا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىدە گەپ يوق، بۇ ئىشنى قانداق ھەل قىلىشنى ئويلاۋاتامسىز؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ سۆزنى بىر مەزمۇندىن يەنە بىر مەزمۇنغا يۆتكەپ تۇراتتى؛ شۇنىڭدەك ئۇ بەكلا ئازادە گەپ يۆتكەپ تۇراتتى. ئۇ كانارىي تاقىم ئاراللىرىدىكى بىر قىسىم زىيانلارنىڭ تۈلىنىشى ئۈستىدە توختالغىنىدا نىمە ئۈچۈن چەتئەل ھەربى ئەمەلدارلىرىنىڭ سوۋغىسىنى، يەنى جەبىلتارىقنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى سورايدۇ. بۇ قورغاننى چوقۇم ئىسپانىيەلىكلەر ئۆزلىرى قولغا ئېلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. تۇيۇقسىزلا ئۇ ئەمەلى بىر شەكىلدە ھىتلېرنىڭ ئېنگىلىزلارنى ئافرىقىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئېھتىماللىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەشكە كىرىشىدۇ: مېنىڭچە ئۇلارنى پەقەتلا دېڭىز بويلىرىغىچىلا يىراقلاشتۇرۇش مۇمكىن بولۇپ، ئۇنىڭمۇ نىرىسىغا ھەيدەيمەن دېيىش مۇمكىن

بولماپىدىغان ئىش دەيدۇ. "مەن، ئافرىقا كونا ئەسكەرلىرىدىن بىرىمەن، شۇڭا مەن بۇ جەھەتتىكى ئىشلارنى ياخشى بىلىمەن" دەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە، ھىتلېرنىڭ ئەنگلىيەنى بوي سۇندۇرغىدەك كۈچىنىڭ بارلىقىدىنمۇ گۇمان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بەك بولۇپ كەتسە ئەنگلىيە دېڭىزغا ئۆزىنى ئېتىشى مۇمكىنلىكىنى، چېرچىل كاناداغا قېچىپ بېرىۋېلىپ ئا ق ش نىڭ ياردىمى بىلەن داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشى مۇمكىنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ.

فرانكو سۆز قىلغاندىكى ئاۋازى بەكلا غەلىتە بولۇپ، شىمىدت ئىختىيارسىز ساددا ئوغۇل-قىزلارنى گۇناھ تۆكىۋىش ئۈچۈن ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان چىركاۋ مۇرتلىرىنىڭ ئاۋازىغىلا ئوخشاش بىر خىللا ئاۋازدا سۆزلەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالىدۇ. ھىتلېرمۇ ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىغانسېرى ئۆمىدسىزلىكى شۇنچە ئارتىشقا باشلىغان ئىدى. فۇھرېر ئاخىرى بەرداشلىق بېرەلمەي ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ كېتىدۇ. شۇنچىلىك سۆزلىگىنىڭىز يېتەر، بۇنىڭدىن ئارتۇقى قۇرۇق ئاۋارىچىلىق، دەپ بولۇپ، دەرھال جايىغا ئولتۇرىدۇ. ھىتلېر گويا ئۆزىنىڭ بۇ تۈردىكى بەكلا تېز ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىدىن پۇشايمان قىلغاندەك، فرانكوغا شەرتنامىغا قول قويۇش توغرىسىدا قايتا يالۋۇرىدۇ. ئەلۋەتتە! دەيدۇ فرانكو، بۇنىڭدىنمۇ مەنتىقىلىق يەنە قانداق ئىش بار دەيسىز؟ گېرمانىيە ئاشلىق ۋە قۇرال-ياراغ تەمىنلەيدىغانلا ئىش بولىدىكەن بۇ شەرتنامىنى چوقۇم ئىمزالايمەن؛ شۇندىن كېيىن سىز پەقەت ئىسپانىيىنىڭ قاچان ئۇرۇشقا قاتناشسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى ھوقۇقىنى بەرسىڭىزلا كۇپايە، دەيدۇ. بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئوينىغاندەك ئۆتكەن بۇ سۆھبەت ئەنە شۇنداق گەپلەر بىلەن تەنەپپۇسقا چىقىدۇ.

ھىتلېر قاتتىق خاپا بىر شەكىلدە ئۆز ۋاگونىغا كىرىپ كېتىدۇ. ئىككىلا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن پويىز كۈتۈش سۇپىسىدا يۈرگىنىچە رىببېنتروپنىڭ ۋاگونىغا قاراپ ماڭىدۇ. ئۇلار ۋاگونغا چىقىپ بىر ھازا مۇنازىرىلىشىدۇ. ئاخىرىدا رىببېنتروپ، "ئىسپانىيەنىڭ تەلەپلىرى بىلەن فرانسىيەنىڭ ئارزۇسى بىر-بىرسىگە ماس كېلەمدۇ-كەلمەمدۇ، دېگەننى ئېنىقلىۋېلىش ئۈچۈنلا ئىدى" دەپ فۇھرېرنىڭ بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلىشىدىكى بىردىن-بىر مەقسىدىنى ئاشكارلايدۇ. دېمىسىمۇ فرانكو كومۇتىت باشلىقى فۇھرېرنىڭ ھازىرقى قىينچىلىق ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇ فۇھرېر بىلەن مەخپىي كېلىشىمنامە ئىمزالاشنى خالايدىغانلىقىنى، ئەتىسى ئىتالىيە بىلەن بىرگە بۇ كېلىشىمگە ئىمزالاش ئويىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇندىن كېيىن رىببېنتروپمۇ دەرھال بۇ كېلىشىمنامىنىڭ ئىسپانچە نۇسخىسىنى ئۇلارغا بېرىدۇ. بۇ كېلىشىمنامىدا، ئىسپانىيە فرانسىيىنىڭ مۇستەملىكىلىرىدىن

زېمىنغا ئېرىشىدىغانلىقى، قانچىلىك زېمىنغا ئېرىشەلىشىنى بولسا "فرانسىيىنىڭ ئەنگلىيەنىڭ قولىدىن قانچىلىك مۇستەملىكى زېمىنگە ئېرىشىپ يوقاتقان قىسمىنى تولۇقلىيالىشىغا باغلىق" ئىكەنلىكى ئېيتىلغان ئىدى.

سېررانو سۇنەر، بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قاتتىق ۋارقىراپ تاشلايدۇ. ئافرىقا مەسىلىسىدە رۇشەنكى بۇ بىر يېڭىچە سىياسەت ھېسابلىناتتى. دېمەككى گېرمانىيە، فرانسىيەگە بولغان مۇئامىلىسىدە ئىنىق ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ! ئۇنداقتا ئىسپانىيەنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىششى ئۈچۈن بېرىلىدىغان تولۇقلىما ئىشلىرىمۇ كۆپ ئاستىلاپ كېتىدىغان بوپتۇ. ئۇ مېيىغىدا كۈلگىنىچە، فرانكومۇ خەلقىگە "زادى قانچىلىك ئۇرۇش غەنىمىتى ئالالايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈرۈشكە مەجبۇر" دەيدۇ.ئەمما رىببېنتروپ بۇنداق ئۇيۇن ئويناشقا ماھىر بولمىغاچقا، ئاچچىقىنى بېسىپ ئولتۇرماقتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى. بۇ چاغدا، ئىسپانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بەكلا قىزىق بىر شەكىلدە رەسمى خوشلىشىپ ئايرىلىدۇ.

شۇ كۈنى ئاخشىمى، نېمىسلار فۇھرېرنىڭ رېستۇران ۋاگونىدا دۆلەت زىياپىتى ئۆتكۈزۈپ ئىسپانلارنى مېھمان قىلىدۇ. فرانكو قىزغىن ۋە دوستانە قىياپەتتە زىياپەتكە قاتنىشىدۇ. ئۇنىڭ باجىسىمۇ ھەممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغان بولۇپ، پۈتۈن زىياپەت جەريانىدا ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىنى ماختىشىپ ئۆتكۈزىدۇ. بەلكىم ئۇلارنىڭ ئەنە شۇنداق مۇئامىلىدە بولغانلىقى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، ھىتلېرمۇ كۆپچىلىك ئالدىدا كىرىلىپ تىك ئولتۇرۇشقا جۈرئەت قىلىدۇ. بۇ ئارىدا فرانكونى بىر چەتكە تارتىپ ئىككىسى ئىككى سائەتتەك مۇڭدىشىدۇ. فرانكو ھەر بىر مۇھىم مەسىلە ئۈستىدە قاتتىق چىڭ تۇرىۋالغان بولغاچقا ھىتلېر ئۇنى زادىلا ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمەي بارغانسىرى بىئاراملىق ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. فرانكو، ئەگەر ئاق دېگىز ـ يەنى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقى ئاغزى بولغان سۇۋەيش قانىلى غەربى ئېغىزى بولغان جەبىلتارىقتىن بۇرۇن تاقىلىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىدۇ. گەرچە ھىتلېر بۇنىڭغا قايتا-قايتا قاتتىق قارشى چىققان بولسىمۇ فرانكو بۇ دېگىنىدىن قەتئىي يانماي تۇرىۋالىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق چىڭ تۇرىۋېلىشى سەۋەبىدىن، شۇ چاققىچە بەك قاتتىق گەپ قىلماي يول قويۇپ كېلىۋاتقان ھىتلېرمۇ تۈيۈقسىز قايناپ كېتىدۇ. فرانكو يەنىلا قىلچە يۇمشىماي ئۆز دېگىنىدە چىڭ تۇرىۋالىدۇ. ئەگەر بىز بىر مىليارت كىلوگرام بۇغدايغا ئېرىشەلمىسەك، تارىخ (ئۇ بۇ يەردە ناپولېئونغا قارشى قوزغىلاڭنى دېمەكچى) بەلكىم قايتا تەكرارلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، دەيدۇ. بۇ گەپلەردىن كېيىن فۇھرېر مىگىسىدىن تۈتۈن چىققىنىچە رېستوران ۋاگونىنى تاشلاپ چىقىدۇ. "بۇ فرانكو دېگىنى ئەسلىدە تايىنى يوق بىر مايوردىن باشقا نەرسە ئەمەس! ـ

دەيدۇ پۇتكامىرغا. ئۇ يەنە لىنگ بىلەن فرانكو ھەققىدە سۆزلەشكىنىدە بولسا ھىتلىر ئۇنىڭ دەرىجىسىنى تىخىمۇ چۈشۈرۈپ، ـ گېرمانىيەدە، بۇ مەخلۇق بەك بولۇپ كەتسە ئارانلا بىر سىرفانت بولالىشى مۇمكىن!" دەيدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ دەرىجىسىنى يەنىمۇ بىر بالداق چۈشۈرۈپ ملادىشى سىرژانت دەپ ئاتاپ ئۆزىنىڭ جاھان ئۇرۇشى ۋاقتىدىكى ئەسكەرلىك دەرىجىسىگە تەڭ لەشتۈرىۋالغانلىقىنىمۇ ئاڭلىغان ئىكەن. ئۆز تاشقى ئىشلار مىنىستىرىگە ئوينىغان قۇۋلۇق تاكتىكىسىدىن تىخىمۇ غەزەپلىنىپ كېتىدۇ. "سۇنەر دېگەن بۇ ئەبلەخ فرانكونى ئالقىنىدا ئوينىتىپ يۈرىدىكەن!" دەيدۇ كېيىتېلگە. ھىتلىر يەنە تەھدىت پەيدا قىلىپ، بۇ سۆھبەت مۇشۇ يەردە، مۇشۇ پەيتتە بۇزۇلىدۇ، دەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، رىببىنتروپ ئۆز ۋاگونىدىن چىقماي سۇنەر بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ چىقىشنىڭ ئامالى ئۈستىدە باش قاتۇرماقتا ئىدى. ئەمما بۇ ئىسپانىيىلىك مېھمان ئىنتايىن ئەدەپلىك بىلەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە قەتئىي قارشى چىقماقتا، خۇددى شۇنىڭدەك ئۇنى بىر تىپىنگە چىقىرىۋەتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ سەۋر-تاقىتى قالمىغاندا، سېررانو سۇنەر بىلەن ئۇنىڭ ئادىيۇتانتلىرىنى خۇددى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى قوغلىغاندەك ئەتە ئەتىگەن سائەت سەككىزدە تۇماملانغان شەرتنامە نۇسخىسى بىلەن كېلىپ مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈڭلار دەپ چىقىرىۋېتىدۇ.

24-چىسلا كۈنى، سېررانو سۇنەرنىڭ ئۆزى كەلمەي، كېلىشىم نۇسخىسىنى قول ئاستىدىكىلەردىن بىرسىگە، يەنى سابىق بېرلىن باش ئەلچىسى ئارقىلىق يەتكۈزىدۇ. بۇ كىشى نېمىسچىنى ۋىيېننا شىۋىدە سۆزلەيتتى (ئېنگلىزچىدىن تەرجىمىدە ۋېيىننام تەلەپپۇزىدا دەپ خاتا ئېلىنغان. ـ ئۇ.ت). ئۆزى كەلمىگەنلىكىدىن رىببىنتروپ قاتتىق غەزەپلىنىپ شۇنداق ۋارقىراپ تىللاپ كېتىدۇكى، ئۇنىڭ ئاۋازى ۋاگون سىرتىدىمۇ ئوچۇق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. "ھەرگىز كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ!" رىببىنتروپ، سېررانو سۇنەرنىڭ تەييارلىغان ھۆججىتىنى ئوقىغاندىن كېيىن خۇددى بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىسىغا ۋارقىرىغىنىدەك قايناپ كېتىدۇ. بۇ ماتېرىيالدا ئىسپانىيە، مورروككونىڭ فرانسىيەگە قارام رايونى كېيىن ئىسپانىيەگە قارام بولىشىنى تەلەپ قىلغىنىدەك، ئىسپانىيىگە يېڭى بىر لايىھە بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇندىن كېيىن، ئۇ شىمدەت بىلەن بىرلىكتە دەرھال ئەڭ يېقىندىكى ئايرودرومغا بېرىپ مونتويىرگە ۋاقتىدا ئۈلگۈرۈپ ھىتلىر-پېتايىن سۆھبىتىگە قاتناشماقچى بولىدۇ. سەپەر ئۈستىدە رىببىنتروپنىڭ ئاچچىقى بېسىلماي، سۇنەرنى "سۈيىقەستچى"، فرانكونى "ياخشىلىق قىلغاننى بىلمايدىغان ئەبلەخ" دەپ تىللاپ ماڭىدۇ. تەرجىمان شىمدت بولسا ئىسپانلارنىڭ ئىشلەتكەن تاكتىكىسىدىن ئىچ-ئىچىدىن خوشال ئىدى. ھىتلىر ئۆز ھۆنۈرىنى ئىشقا سالىمەن دەپ رەقىبىگە ئۇتتۇرۇپ قويغان ئىدى. بۇنداق

ئەھۋال تۈنجى قېتىم كۆرۈنمەكتە ئىدى.

ھىتلېرمۇ مونتويىرغا كېلىپ بولغان بولۇپ، ئۇ يەردە ماشىنىسىدا مارشال پېتايىننى كۈتمەكتە ئىدى. كونا جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن پېتايىن يېقىندا ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى باش مىنىستىرلىكتىن دۆلەت رەئىسلىكىگە كۆتۈرۈۋالغان ئىدى. ئەگەر فۇھرېر فرانكونىڭ پېتايىنغا فرانسىيەگە يېتەكچىلىك قىلىپ قالايماقانچىلىق ۋەزىيەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى ھەققىدە مەسلىھەت بەرگەنلىكىنى ئۇقسا ئىدى، چوقۇم فرانكوغا تېخىمۇ قاتتىق مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن ئىدى. "سىزنىڭ يېشىڭىزنى باھانە قىلىپ مەغلۇبىيەتلىك ئۇرۇش قىلغان كىشىنى كىلىشىمگە ئىمزا قويدۇرۇشقا يوللىشى، ... _ دېگەن ئىدى فرانكو، _ سىز دېگەن ۋېردۇن قەھرىمانى سىز. سىز نامىڭىزنى مەغلۇبىيەتچى قوماندانلارنىڭ ئىسمى بىلەن ئارىلاشتۇرىۋالماڭ." "بۇنى بىلىمەن گېنېرال، _ دەيدۇ پېتايىن جاۋابەن، _ ئەمما دۆلىتىمىز مېنى چاقىرماقتا، مەن ۋەتىنىمگە مەنسۇپ ئادەممەن. ... بەلكىم بۇ مېنىڭ ۋەتىنىم ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خىزمەت قىلىشىم بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن."

يېشى چوڭىيىپ كەتكەن پېتايىن مارشال، قاملاشتۇرۇپ ئۇنىفورما كىيىنىپ كەلگەن بولۇپ، پويىز ئىستانسىسىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا كېيتېلنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىدۇ. پېتايىن ئۇنىڭغا جاۋابەن سالام بېرىپ بېلىنى رۇسلاپ ئالدىغا تىكىلگىنىچە گېرمانىيە ھۆرمەت قاراۋۇللىرىنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدە رىبېنتروپ بىلەن لاۋال ماڭىدۇ. ئۇلار ئۇن-تىنسىز پالۋىدىن ئۇدۇل فۇھرېرنىڭ ۋاگونىغا قاراپ مېڭىشىدۇ. مارشال پېتايىن بىلەت سېتىش زالىدىن چىقىۋاتقىنىدا، ھىتلېر بىر قولىنى ئۇزاتقىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. كۆپچىلىك بۇ ياشانغان مارشالغا ھەمرا بولۇپ مەخپىي ۋاگونغا كىرىدۇ. ئۇ ۋاگونغا كىرىپ ئورۇنلىشىدۇقتا تىلىك ئولتۇرغىنىچە ھىتلېرغا قاراپ شمىدتنىڭ تەرجىمىسىگە پۈتۈن زېھنى بىلەن قۇلاق سالىدۇ. شمىدت بۇ بوۋايىنى ئوچۇق ئاڭلىيالىسۇن دەپ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ دانە-دانە تەرجىمانلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆرۈنىشىدىن قارىغاندا قۇللارچە باش ئېگىش ئەمەس بەلكى تولۇق ئىشەنچ بىلەن ئولتۇرغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان لاۋال ئۇنىڭغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان بىر قىياپەتتە ئولتۇراتتى. ئۇ تاماكا چېكىشنى ئۆيلىسىمۇ ھىتلېر بىلەن پېتايىن ئىككىسىلا تاماكا چېكىشنى چەكلەيدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىدىن خەۋىرى بار ئىدى. لاۋال ئەنسىز بىر قىياپەتتە ھىتلېرغا ھەمدە رىبېنتروپقا قاراپ قوياتتى. ھىتلېر، مەن سىزنىڭ گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېچىشنى تەرغىپ قىلىدىغانلار تەرىپىدىكى بىرسى ئەمەسلىكىڭىزنى ياخشى بىلىمەن، "ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئىدى، بۇ قېتىمقى سۆھبەتنى ئۆتكەزمىگەن بولاتتىم"

دەيدۇ.

فۇھرېر، سىلىق سۆزلەر بىلەن فرانسىيەنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى بىر قۇر ساناپ كۆرسەتكەندىن كېيىن، فرانكوغا دېگەنلىرىنى ئۇنىڭغىمۇ تەكرارلاپ ئۆتىدۇ. "بىز ئۇرۇشتا يېڭىپ چىقتۇق. ئەنگلىيە بولسا يېڭىلىپ قالدى؛ ئۇلار چوقۇم بىر كۈنى بۇنى ئېتىراپ قىلىدۇ. _ ئۇ يەنە چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان تەرەپ چوقۇم بۇ يېڭىلىشى ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدۇ، _ بۇ بەدەلنى تۆلەيدىغانلار فرانسىيە ئەمەس بەلكى ئەنگلىيە بولىشى كېرەك. ئەگەر بۇ بەدەلنى ئەنگلىيە ئۈستىگە ئالغانلا بولىدىكەن، ئۇ ھالدا فرانسىيەمۇ ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىچى چوڭ دۆلەت بولۇشتەك بارلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ياۋروپادا تېگىشلىك ئورۇننى ئاختۇرىشى تۇرغانلا گەپ." بۇنىڭ ئۈچۈن، فرانسىيە تەبىئىي ھالدا ئۆزىنىڭ سىرتتىكى مۇستەملىكىلىرىنى دەخلى تەئەررۇزغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن ئۇ يەرلەرنى قوغداپ قېلىشقا تىرىشىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە، فرانسىيە قايتىدىن ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىلىرىنى بوي سۇندۇرۇشقا مەجبۇر. چۈنكى بۇ مۇستەملىكىلەر ھازىر دې گول تەرەپكە ئۆتىۋېلىشتى، دەيدۇ. ئۇ سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ كىچىك پىيىللىق بىلەن فرانسىيىنى ئەنگلىيەگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىششى كېرەكلىكىنى تەكلىپ قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ پېتايىندىن، ئەگەر ئەنگلىيە مەرس ئەل كەبىر ۋە شۇنىڭدەك بىر قانچە ھەپتىدىن كېيىن داكاردىكىگە ئوخشاش ئۇلارنىڭ پاراخوتلىرىغا ھۇجۇم قىلغىنىدا فرانسىيە قانداق قىلىدۇ؟ دەپ سورايدۇ.

پېتايىن، بۇ ئىككى قېتىملىق ھۇجۇمدا مۇتلەق كۆپ سانلىق فرانسۇزلارغا بەكلا ئېغىر زەربە بولغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ فرانسىيە يەنە بىر قېتىملىق ئۇرۇش قوزغاشقا كۈچى يېتىدىغان ھالدا ئەمەس ئىكەنلىكىنى، ئەكسىنچە مەڭگۈلۈك تىنچلىق كەلتۈرەلەيدىغان بىر شەرتنامە ئىمزالاشنىلا تەلەپ قىلىش ھالىدا ئىكەنلىكىنى، "شۇنداق بولغاندىلا فرانسىيە ئۆز تەقدىرىنى ئېنىق بەلگىلىيەلەيدىغان، ئىككى مىليون فرانسىيە ئۇرۇش ئەسىرلىرىمۇ بالدۇرىراق يۇرتىغا قايتىپ ئائىلىسى بىلەن ئۇچرىشالايدىغان بولىدۇ" دەپ قارايتتى. ھىتلېر بۇ مەسىلىگە گەپ يورغىلىتىپ يۇرۇپ يېقىن كېلىشىنى خالىمىغان بولسىمۇ، ئىككى نەپەر فرانسۇز قايتا بىر قېتىم بۇ ھەقتە پۇرۇتۇپ ئۆتىدۇ، يەنى فرانسىيە ئەنگلىيەگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغانلىقنى دېگەن بولسىمۇ ھىتلېر بۇنىڭغىمۇ قۇلىقىنى يۇپۇرىۋالىدۇ. ھەر ئىككىلا تەرەپ كۆڭلىدە يامان غەرەز ساقلاپ يۈرىشەتتى. پېتايىن گەرچە فۇھرېرگە قايىل ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ نۇرغۇن پىكىرلىرىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، قىسقا ئەمما ئېنىق جاۋاب بېرىدۇ. ئۇنىڭ دېگەنلىرىدىن شىمدت ئۇنىڭ ئاشكارە رەت قىلغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. "ھىتلېرنىڭ بۇ قىماردا ئوتتۇرغا قويغان

شۇنچە چوڭ دەسمايىسى پېتايىن بىلەن لاۋال ئىككىسىنىڭ بەكلا ئېھتىياتلىق مۇئامىلىسى تۈپەيلىدىن پۈتۈنلەي ئۈتتۈرۈۋەتكەن ئىدى" دەيدۇ بۇ تەرجىمان كېيىن ئەسلەپ كېلىپ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىككى نەپەر فرانسىيەلىك ۋەكىلنىڭ مونتويىردىكى ئىپادىسى فرانسىيىنىڭ ئىناۋىتىنى يەنىلا ساقلاپ قالغان ھېسابلىنىدىكەن.

پېتايىن، بىر قانچە كۈندىن كېيىن ۋەتەنداشلىرىغا سۆزلىگەن بىر قېتىملىق رادىئو نۇتقىدا، ئۆزىنىڭ گېرمانىيە بىلەن ھەمكارلىشىشنى قوبۇل قىلغانلىقى پۈتۈنلەي ئاشكارە ھەرىكەت ئىكەنلىكى، پەقەتلا فرانسىيەنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ساقلاش مەقسەت قىلىنغان بىر ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ نۇتقىدا، بۇ ھەمكارلىق فرانسىيەنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى يېنىكلىتىپ، فرانسىيە ئۇرۇش ئەسىرلىرىنىڭ تەقدىرىنى ياخشىلاشقا پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ ئاگاھلاندۇرۇپ كېلىپ، "ھەمكارلىقىمىز چوقۇم راستچىللىق بىلەن بولىشى، تاجاۋۇزچى دېگەن ئۇقۇمنى سۈپۈرۈپ تاشلىشىمىز كېرەك؛ بۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىمىز بىلەن كۆرسىتىشىمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەم سەۋرلىك بولىشىمىز ھەم ئىشەنچىمىز بولىشى كېرەك،" دېيىش ئارقىلىق فرانسىيە غالىپلار ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ھىتلېر فرانسىيىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىشقا يول قويمىغانمىدى؟ ئۇنىڭدىن بۇرۇن "مەن سىلەرگە خۇددى مېھرىبان ئاتىلاردەك سۆزلىدىم، _ دەيدۇ پېتايىن سۆزىنى داۋام قىلىپ، _ بۈگۈن مەن سىلەرگە داھىيلىق سۈپىتىم بىلەن سۆزلەيمەن: ماڭا ئەگىشىپ مېڭىڭلار، فرانسىيىنىڭ مەڭگۈلۈككە ئىشىنىڭلار."

فۇھرېرنىڭ پويىزىدا كەيپىيات بەكلا بۇرۇقتۇرمىلىق بولۇشقا باشلايدۇ. ھېنداي بىلەن مونتويىرلارنىڭ ھەر ئىككىسىدىلا ھىتلېر كۆزلىگەن نەرسىلىرىنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن ئىدى. "ئامېرىكا" دىن فرانسىيە چېگراسىدىن ئۆتۈشتىن بۇرۇن، مۇسسولىنىنىڭ 6 كۈن بۇرۇن يازغان خېتى يېتىپ كېلىدۇ. بۇمۇ ھىتلېرنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈشكە سەۋەپ بولغان ئىشلارنىڭ ئۈچىنچىسى ئىدى. بۇ خەتتە، مۇسسولىن فرانسۇزلارغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلغان ئىدى. ئۇ خېتىدە ئۆلار ئىچ-ئىچىدىن ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىگە ئۆچلۈك قىلىدىغانلىقىنى، گەرچە ۋىچى ھۆكۈمىتى چىرايلىق گەپلەرنى قىلغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، "كىشىلەر ئۇلارنىڭ ھەمكارلىشىپ يۈرگەنلىكىنى ئويلىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس" دەپ يازغان ئىدى. ھىتلېر، مۇسسولىنىنىڭ قانلىق قىساس ئالماقچى بولىشى ۋىچى ھاكىمىيىتىنى دېموكراتىك دۆلەتلەرگە قارشى ئەھلىسەلىپ سېپىگە تارتىپ كىرىش پىلانىنى بۇزۇپ تاشلىشىدىن قورقۇپ، ئالدىراش رىبېنتروپقا فلورېنسادا مۇسسولىن بىلەن ئۇچرىشىش ۋاقتىنى ئالدىغا سۈرۈپ 28-ئۆكتەبىرگە بېكىتىش توۋرىلىق بۇيرۇق بېرىدۇ.

ئارىدىن بىر قانچە مىنۇ ئۆتمەيلا رىببىنتروپ سىئانوغا تېلېفون قىلىدۇ. بۇ تېلېفون رىمدا كىچىك بىر قېتىملىق ساراسىمە پەيدا قىلىۋېتىدۇ. "فۇھرېر تېخى يېڭىلا پىتايىن بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپلا ئىتالىيەگە دوقۇرۇپ يۈرىدۇ. ـ دەپ يازىدۇ سىئانو كۈندىلىك خاتىرىسىگە، ـ ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ كەيپىنى قاچۇرماقتا. بىز ئۇنىڭدىن فرانسىيەگە قارشى بايانات بەرگەنلىكىمىز سەۋەبىدىن بىزنى بىر رومكا زەھەر ئىچىشكە زورلىمىسا بولاتتى. بۇ قىلىقى ئىتالىيانلارنى زەھەرلىك كومۇلاچ يۇتۇشقا مەجبۇرلىغانلىق بولۇپ، بۇنى ۋېرسايلىدىكى ئالدامچىلىقتىن كام بولمىغان بىر ئالدامچىلىق دېيىش مۇمكىن."

ھىتلېر، پىلان بويىچى بېرلىنغا قايتماقچى ئىدى. ئەمما ئۇ پويىزنى مىيونخېنغا ھەيدەشنى بۇيرۇپ، ئۇ يەردە مەلۇم ۋاقىت ئارام ئېلىۋېلىش ھەمدە ئالدىراش ئالدىغا سۈرۈلگەن ئىتالىيە سەپىرىگە تەييارلىق قىلىۋېلىشنى پىلانلايدۇ. 27-ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىن، ھىتلېر پويىزغا ئولتۇرۇپ جەنۇبقا قاراپ ھەرىكەت قىلماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، گېرمانىيەنىڭ رىمدا تۇرۇۋاتقان باش ئەلچىخانىسىنىڭ ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى "شۇنى مۇقىملاشتۇرۇۋاتقا بولىدىكى"، مۇسسولىن ئەتە سەھەر گرېتسىيەگە ھۇجۇم قىلماقچى، دەپ خەۋەر يوللايدۇ. شىمىدتنىڭ دېيىشىگە ئاساسلانغاندا، فۇھرېر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ "غەزەپتىن مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتكەن". شۇ ئاخشىمى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا رىببىنتروپ خوجايىنىنىڭ بۇ تۈر غەزىپىنى ئېپادىلەپ بېرىدۇ. "كۈزدە قاتتىق يامغۇر، قىشتا قاتتىق قار ياغىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. ئەنە شۇنداق بىر پەيتتە ئىتالىيانلار گرېتسىيەگە بېسىپ كىرمەكچى بولۇشقان. قاراپ تۇرۇڭلار، ئۇلار بىر قەدەممۇ ئالغا ئىلگىرلىيەلمەيدۇ! ـ دەيدۇ رىببىنتروپ، ـ ئۇنىڭ ئۇستىگە، بالقان يېرىم ئارىلىدا بولىدىغان بىر ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەش بەكلا تەس. فۇھرېر ھەر قانداق بىر بەدەل تۆلىنىشكە قارىماي ئىتالىيە باش مىنىستىرىنىڭ بۇ تەلۋىلەرچە پىلانىغا يان تاياق بولۇشنى ئويلىماقتا. شۇڭا ئۇ دەرھال ئىتالىيەگە ئاتلىنىپ مۇسسولىن بىلەن بىۋاستە سۆزلەشمەكچى بولدى."

رىببىنتروپنىڭ بۇ دېگەنلىرىنى دەل بۇ ئىشقا قارىتىلغان گەپلەر دېيىشكىمۇ بولمايتتى. بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈش، ئۇنىڭ ئىككى كۈن بۇرۇن ئورۇنلاشتۇرغان كۆرۈشۈش ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، تېخى يېڭىراقتىلا فۇھرېر رىمغا ئەۋەرتىلىدىغان بىر پارچە تېلېگرامما نۇسخىسىغا ئىمزا قويۇشنى رەت قىلغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. بۇ تېلېگرامما نۇسخىسىنى بولسا ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن بىرسى يېزىپ تەييارلىغان بولۇپ، تېلېگراممىدا بۇنداق بىر ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۇدۇللا تەنقىت قىلىنغان ئىدى. "رىببىنتروپ ئەپەندىم، ـ دەيدۇ تېلېگرامما

تىزىسىنى يېزىپ چىققان ۋېيزساكېر، _ ھىتلېر، بۇ تېلېگراممىنى تەستىقلىغىنىدا مۇسسولىنىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇشۇم مۇمكىن دەيدۇ. ھىتلېرنىڭ بۇ ئىشتا سۈكۈت قىلغانلىقى بىر ھېسابتا ئىتالىيەنىڭ بالقان يېرىم ئارىلىغا قاراپ ئىلگىرلىشى، ھەل قىلغۇچ ۋە خەتەرلىك قەدەم بېسىشىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشىنى ماقۇللىغانلىقى ھېسابلىنىدۇ.“

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 دا، ”ئامېرىكا“ بولوگنادىن تېزلىكتە ئۆتىۋاتقان ۋاقىتدا، ھىتلېر ئىتالىيە قوشۇنلىرىنىڭ گرېتسىيەگە كىرىپ بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ئېنگېلىنىڭ ئەسلىمىسىگە قارىغاندا، ھىتلېر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ تىللىغىنى مۇسسولىن بولماستىن، بەلكى گېرمانىيەنىڭ ئالاقىلىلىش ۋە ھەربىي مەسلىھەتچىلىرى ئىدى. ھىتلېر ئۇلارنى ”ئۇلار مېنىڭ ياخشى ئىشلىرىمنى نۇرغۇن قېتىم بۇزىۋەتتى، _ دەيدۇ. شۇندىن كېيىنلا ئۇ ئىتالىيانلارنىڭ ئېغىزىدا بىر خىل ئەمەلىيەتتە باشقا بىر خىل كىشىلەر دەپ تىللاشقا ئۆتىدۇ. – ئۇلارنىڭ بۇ قىلغىنى نورۋېگىيە بىلەن فرانسىيە ئۇچۇن قىساس ئالغانلىقى! – دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۇ يەنە غەزەپلەنگەن ھالدا، _ ئىككى ئىتالىياندىن بىرسى يا ۋەتەن ساتقۇچ ياكى بولمىسا ئىشپىيون“ دەيدۇ. ئۇ بىر ھازا ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن، ئاستا-ئاستا سەگەكلىشىپ ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىدۇ. ئۇ، ئىتالىيە باش مىنىستىرىنىڭ گرېتسىيەگە ھۇجۇم قىلىشىدىكى مەقسەت، گېرمانىيە ئىقتىسادىنىڭ بالقان يېرىم ئارىلىدا كۈنسايىن ئېشىپ كېتىۋاتقان تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇش دەپ پەرەز قىلىدۇ. ”مەن شۇنىڭدىن قاتتىق ئەنسىرەيمەنكى، _ دەيدۇ ھىتلېر، _ ئىتالىيانلارنىڭ بېسىپ كىرىشى ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئەنگلىيەنىڭ بالقان يېرىم ئارىلىدا ھاۋا ئارمىيە بازىسى قۇرىۋېلىشىنىڭ پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىشى ئېھتىمالى بەكلا كۈچلۈك.“

بىر سائەتتىن كېيىن پويىز ئىنتايىن ھەشەمەتلىك بېزىۋېتىلگەن فلورېنسا پويىز ئىستانسىسىغا ئاستا-ئاستا كىرىپ كېلىدۇ. مۇسسولىن قاتتىق خوشال قىياپەت بىلەن چوڭ-چوڭ قەدەملەر بىلەن دەرھال كېلىپ ئىنتىپاقدىشىنى قۇچاغلايدۇ. ”فۇھرېر! _ دەيدۇ يوقۇرى ئاۋازدا، _ بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز رەسمى ئالغا ئىلگىرلىمەكتە!“ بۇ گەپلەردىن ھىتلېر ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇراتتى. ئىشلار يولىدىن چىقىپ بولغاچقا، ئەندى خاپا بولۇشنىڭ پايدىسى يوق ئىدى. ئۇ ئادەتتە مۇسسولىنغا قىزغىن مۇئامىلە قىلغىنىدىن كۆپ پەرق قىلىپ كەتمەيدىغان ھالەتتە ئەمما بەكلا ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئەھۋال سورايدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىكى بۇنداق سوغۇقلۇق تېزلا غايىپ بولىدۇ. سەل ئۆتۈپ بۇ ئىككى مۇستەبىت ۋە سىياسەتباز، پىتتى پالاز سارىيى سىرتىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ”فۇھرېر! ياشىسۇن فۇھرېر! داھىمىز! داھىمىز!“ دەپ شۇئار توۋلاشقانلىقىنى ئاڭلاپ ئىككىسىنىڭلا كەيپىياتى

جايىغا كېلىدۇ. ئادەتتە مۇسسولىنى ھۆكۈمەتتە باش مىنىستىر بولغىنى بىلەن، فاشىستلار پارتىيىسى ئىچىدە دەھى ھېسابلىناتتى. سۆھبەت بۇ سارايدا ئۆتكۈزۈلمەكچى ئىدى. ئىككى مۇستەبىت بىر قانچە قېتىم بالكونغا چىقىپ خەلق ئاممىسىغا قول ئىشارىتى بىلەن سالام بېرىپ كىشىلەرنى تىنجىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. "رىملىقلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ سىېزارىغىلا ئەنە شۇنداق تەنتەنە قىلىشاتتى. _ دەيدۇ ھىتلېر كېيىن خىزمەتچىسىگە. – ئەمما ئۇلار ھەرگىزمۇ مېنى ئالدىيالمايدۇ. ئۇلار مېنى يۇمشىتىشنىلا مەقسەت قىلماقتا ئىدى. چۈنكى ئۇلار مېنىڭ پىلانىمنى قالايماقان قىلىۋەتكەن ئىدى. سۆھبەت جەريانىدا ھىتلېر ئۆزىنى بەكلا ياخشى تىزگىنلىگەن بولۇپ، بۇنىڭغا شىمىدت بەكلا ھەيران ئىدى. "ھەتتا ئۇنىڭ ئويىدا قىلچىمۇ چىداپ ئۆتكۈزىۋېتىش دەيدىغان نەرسە يوق ئىدى." مۇسسولىنى بولسا بەكلا ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى. ئەگەر مۇسسولىنى ھىتلېرنىڭ نائىلاج ماقۇل كەلگەن بىرەر ئىشنى قىلغانلىقى سەۋەبىدىن بىئارام بولغان بولسا، ئۇ ھالدا بۇنداق بىئاراملىق روھى ھالىتىمۇ ئۆزىنىڭ غەزەپلىنىشى بۇنداق بىئاراملىقنى تارقىتىۋەتكەن دېيىش مۇمكىن ئىدى: بىرىنىر جىلغا ئېغىزىدا ھەر ئىككىسىلا بالقانلارنىڭ تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلىمىز دەپ تەڭ ئىپادە بىلدۈرگەن بولسا، ئەندىلىكتە، نەچچە كۈن ئىچىدىلا ھىتلېر ئەسكەر چىقىرىپ رومىنىيەنى بېسىۋالغان ئىدى. "ھىتلېر ھەر دائىم بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولغاندىن كېيىنلا ئاندىن كېلىپ مېنىڭ بىلەن كۆرۈشىدۇ. _ دەيدۇ مۇسسولىنى سىئانوغا، _ بۇ قېتىم مەن ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن جاۋاب قايتۇرماقچىمەن. ئۇ گېزىتلاردىن گرېتسىيەنى بېسىۋالغانلىقىمدىن خەۋەر تاپىدۇ. شۇنداق بولغاندا، ئارىمىزدىكى تەڭپۇڭلۇق قايتىدىن تىكلەنگەن بولىدۇ."

روشەنكى، ئۇ راسلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئىدى. چۈنكى ھىتلېر گرېتسىيە توۇرلىق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدۇ. دەل ئەكسىچە، ھىتلېر مۇتلەق كۆپ قىسىم ۋاقتىنى ئۇنىفلورېنساغا كېلىشكە مەجبۇرلىغان ئىش ئۈستىگە سەرىپ قىلغان ئىدى. 642ئۇ، پېتايىن بىلەن لاۋال ئىككىسى بىلەن كۆرۈشكەندىكى ئەھۋاللارنى مۇسسولىنىغا سۆزلەپ بېرىپ، پېتايىننىڭ ئىززەت-ئابرويىدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. يەنى، ئۇ لاۋالنىڭ پىچارىلارچە قىياپىتىدىن ئالدىنىپ قالمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ، فرانكو بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىنى بىر رەھىمسىز جازا دېگەن ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن قايتا سۆھبەت قىلىشقا مەجبۇر قالغىدەك بولسا، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر قانچە چىشىمنى يۇلدۇرغىنىم ئۇنىڭدىن مىڭ ياخشى، دەيدۇ. ئۇ ئاچچىغلانغان ھالدا، ئۇرۇشقا قاتنىشىش توغرىلىق فرانكونىڭ ئىپادىسى بەكلا سۇس، ئۇنىڭ ئىسپانىيە داھىسى بولۇپ قېلىشى پۈتۈنلەي پەۋقۇلئاددە بىر ئەھۋال دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

بۇ قېتىمقى ئۇزۇن سوزۇلغان سۆزلىشىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىككىسى يەنە قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىشىدۇ. ھىتلېر قايتىدىن بىر-بىرى ئېغىزىدا قىلغان ۋەدىسىنى قايتا تەكرارلايدۇ: "ئەگەر ئىتالىيەنىڭ تەلەپلىرى قاندۇرۇلمىغىدەكلا بولىدىكەن، نېمىلا بولسا بولسۇن فرانسىيە بىلەن تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالىمايدىغانلىقىنى" بىلدۈرىدۇ. مۇسسولىنىمۇ گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيە ئىككىسى بۇرۇنقىدەكلا پۈتۈنلەي ئوخشاش قاراشتا ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇنداقتىمۇ ھىتلېر "ئامېرىكا" غا چىقىپلا مۇسسولىنىنىڭ بۇ يېڭى "تەۋەككۈلچىلىكى" نى قاتتىق ئەيىبلەپ، بۇنىڭ ئاقىۋىتى پەقەتلا بىر قېتىملىق ھەربىي ئىشلار ئاپىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەيدۇ. ئۇ، بولۇپمۇ ئىتالىيە قوشۇنلىرى شىمالىي ئافرىقىدا مۇشكۈل ئەھۋالغا قېلىپ تېخى يېقىندىلا گېرمانىيىدىن بىر دىۋىزىيە تانكا قىسىم ئەۋەرتىپ ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلىۋاتقان مۇشۇنداق بىر پەيتتە، مۇسسولىن نېمە ئۈچۈن مالتا ياكى كرىت ئارىلىغا ھۇجۇم قىلمىدى، شۇنداق بولغىنىدا ئۇلار ئەنگلىيە بىلەن ئاق دېڭىزدىكى ئۇرۇشتا بەلكىم بەزى مەنىلىك ئىش قىلغان بولماسمىدى؟ دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ.

فۈھرېر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاپئاق قار قاپلاپ كەتكەن ئالپس تاغلىرىدىن ئۆتۈپ سەپەر قىلىشى پۈتۈنلەي بۇرۇختۇرمىلىقتا قاراپ قىلىنغان بىر سەپەر ھېسابلىناتتى. يېرىم يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇ ئەڭ ئۈمىدۋار نېمىسمۇ پەرەز قىلالمىغىدەك كۆپ زېمىنلارنى بوي سۇندۇرۇپ بولغان ئىدى. نورۋېگىيە، دانىيە، ليۇكسېمبۇرگ، بېلگىيە، گوللاندىيە ۋە فرانسىيە قاتارلىق ئەللەر ئۇنىڭ قولىغا ئۆتكەن ئىدى. ئۇ، ھەقىقەتەنمۇ ئىسكەندەر ۋە ناپولېئوندىنمۇ ئېشىپ كەتكەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ھېچ قانداق بىر ئىش مۇۋەپپەقىيەتتەك كىشىنى مەغلۇبىيەتكە سۆرەپ ماڭالمايتتى. بىرەرسىنى ئىشەندۈرگىلىمۇ بولمايدىغان بۇ بىر قاتار غالىبىيەتلەرنىڭ كەينىدىنلا ھېنداي، مونتوير ۋە فلورېنسادىكى مەغلۇبىيەتلەر پەيدا بولغان ئىدى. ئىككىلەمچى ئورۇندىكى بىر دۆلەتنىڭ ئادەتتىكى بىر داھىسى بىلەن ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان بىر دۆلەتنىڭ باشلىقى، ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرۈپ ئەنگلىيەگە قارشى ئەھلىسەلىپ ئارمىيىسىگە قېتىلىشنى خالىماي ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرىشى، ئەڭ ئىشەنچلىك ئىتتىپاقدىشىمۇ ئۇرۇش مەيدانىدا شەخسىي ئابروي قازىنىشنى دەپ ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىنىڭ ئاق دېڭىزدىكى ئورنىغا تەھدىت پەيدا قىلماقتا ئىدى. بۇلارنىمۇ ھېسابلىمىغاندا، ئەسلىدە ئەنگلىيەنى يېشىل ئۇستەل ئالدىغا كەلتۈرۈشكە مەجبۇرلىيالايدۇ دەپ قارالغان ھاۋا ئۇرۇشى بوگوڭكى كۈندە ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان بىر مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان، يەنى بۇنىڭ بەدىلى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى چۆچۈتكىدەك كۆۋ ساندا ئايروپلان زىيان تارتىش بىلەن ئاخىرلاشقان ئىدى.

ھىتلېر ۋەتەنگە قايتىشنىڭ بۇ ئۇزۇن زىرىكىشلىك يولىدا، كاللىسىدىكى غەملەرنى پەقەتلا يوشۇرالماي، ئالدامچى ھەمكارلاشقۇچىلىرنى ۋە شۇنىڭدەك ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان ئىشەنگىلى بولمايدىغان دوستلىرىنىمۇ قوشۇپ سۆكۈشكە باشلايدۇ. قايسى بوي سۇندۇرغۇچى بۇنچىۋالا ئارتۇقتىن ئارتۇق مەغلۇبىيەتكە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ! ئۇنىڭ ئىپادىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى بەكلا كۈلكىلىك ئىدى. شۇنى كېيىن ئېيتىشقا بولىدىكى، پېتايىننىڭ يا ئاق، يا كۆك دېمەي تۇرىۋېلىشىغا قارىتا ھىتلېر ھېچ قاچان ئۇنىڭ ئىپادىلىگىنىدەك ئۇنداق ياسالما ئەنسىرەشتە ئەمەس ئىدى. ئۇ، ئەگەر مۇسسولىنىغا بىسىم قىلىشنى خالىسا ئىدى، چوقۇم ئۇنىڭ باستۇرۇپ كىرىشىنى توساپ قالالايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمما ئۇ، فرانكونىڭ ۋەدىسىنى رەت قىلىشى، ھەقىقەتەنمۇ ئىچ-ئىچىدىن غەزەپلەندۈرىۋەتكەن ئىدى. شۇڭا فرانكونى چوقۇم يولغا كىرگۈزۈشى لازىم ئىدى. چۈنكى، جەبىلتارىققا بېسىپ كىرىشنىڭ مۇمكىن بولۇش-بولماسلىقى ھەقىقەتەنمۇ فرانكوغا باغلىق ئىدى. بۇ قەلئە ئىشغال قىلىنغىنىدىلا ھىتلېر ئەنگلىيەنى مات قىلالىشى مۇمكىن، ھەمدە شەرققە يۈرۈش قىلىشتىكى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىيالىشى مۇمكىن ئىدى.

# 23. ”پۈتۈن دۇنيا نەپىسنى تۇتماقتا“

1941.6.22~1940.11.12

1

ھىتلېر، ياپونىيە ۋە ئىتالىيە ئىككىسى بىلەن تۈزۈشكەن ”ئۈچ دۆلەت شەرتنامىسى“نى بەكلا زورلىنىپ قوللىغان ئىدى. شۇڭلاشقا قارىماي، ئۇ يەنىلە ئۈچ دۆلەت شەرتنامىسىنىڭ ئاساسچىسى رىببېنتروپنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ شەرتنامىغا س س س ر نىمۇ قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىپ تۆت دۆلەت شەرتنامىسى شەكلىگە كەلتۈرمەكچى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېتلېر ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار كومىسسارى مولوتوۋ 1940-يىلى 12-نويابىردا بېرلىنغا يېتىپ كېلىپ بىرلىشىش سۆھبىتى ئۆتكۈزىدۇ. سۆھبەت يىغىنى كونا باش مىنىستىرلىكتىكى رىببېنتروپنىڭ يېڭى ئىشخانىسىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ يىغىنغا ھىتلېر قاتناشمايدۇ. سايىپخان ئىنتايىن خوشال قىياپەتتە سوۋېت ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەرنى تەكلىلەپ قىلىپ يۇرمەي ئەركىن بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. شىمىدت ئەسلىمىسىدە، ”مولوتوۋ خېلى ۋاقىتتىن كېيىنلا ئاندىن سىھىرگەردەك چىرايىدا ئازىراق تەبەسسۇم كۆرسىتىش ئارقىلىق جاۋاب بېرىدۇ.“ دەيدۇ. رىببېنتروپ ئىنتايىن خوشال ھالدا، بۇ ئۈچ دۆلەتلىك شەرتنامە ھەرگىزمۇ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارىتىلغان بىر ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى ئەمەس، دەپ ۋەدە بېرىدۇ. ئەمما مولوتوۋ بۇ گەپلەرنى چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي ئاڭلايدۇ. رىببېنتروپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئەسلىدە ياپونىيە يولىنى جەنۇپ تەرەپتىكى جايلارغا بۇرىدى. چۈنكى ئۇلار جەنۇبىي ئاسىيادا زېمىن قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر قانچە ئەسىر ئاۋارە بولۇشى ئېھتىمال؛ ”گېرمانىيەمۇ ھاياتلىق ماكانىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جەنۇبقا كېڭىيىشكە مەجبۇر، يەنى، ئوتتۇرا ئافرىقا بىلەن گېرمانىيەنىڭ كونا مۇستەملىكىلىرىگە قاراپ كېڭىيىشكە مەجبۇر“ دەيدۇ. ئۇ تولۇق ئىشەنچ بىلەن، بۇ كۆنلەردە ھەممە كىشى جەنۇبقا قاراپ كېڭىيىش يولىنى تاللىۋېلىشقانلىقىنى، بۇ بىر مودىغا ئايلانغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ، سوۋېتلەرمۇ جەنۇبقا قاراپ يۈرۈش قىلىشى كېرەك دەپ تەكلىپ قىلىپ، كېڭىيىش يېرىنىڭ پارس قولتۇغى ۋە باشقىلار دىققەت قىلمىغان جايلار بولۇشى كېرەك دەپ نەق ئىسمىنىمۇ ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ باشقا جاي دېگىنى، روشەنكى

ھىندىستاننى كۆرستەتتى. ئەمما مولوتوۋ بۇ گەپلەرنىمۇ جىم تۇرۇپ ئاڭلاپ بېرىدۇ. ئۇ پەقەت بۇرنىغا ئىلىنغان كونا پاسون كۆز ئەينىكى كەينىدىن ئۇنىڭغا شۇنداقلا بىر قاراپ قويىدۇ.

رىببىنتروپ ساراسىمىلىك ئىچىدە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى ئۈچ دۆلەت ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسىغا قاتنىشىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. ئەمما مولوتوۋ يەنىلا سەگەكلىك، ئىنتايىن مەنتىقىلىق ئىدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى شىمدىتقا ئۆزىنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ سۆزىنى ئەسلىتىدۇ: ھىتلېرغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئوقۇغىنى تىجە! شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، مولوتوۋ يەنە شۇ بۇرۇنقىدەك چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي فۇھرېرنىڭ بايانىنى ئاڭلاپ ئولتۇرىدۇ. ھىتلېر گېپىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، مولوتوۋ ئەدەپ بىلەن ئاغرىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: فۇھرېرنىڭ دېيىشى بەكلا ئادەتتىكىچە گەپلەر، قىلچىمۇ كۆڭكرىتنى مەزمۇنى يوق، ماڭا تەپسىلاتى كېرەك. كەينىدىنلا ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ، بىر قاتار كىشىنى تاقەتسىزلەندۈرىدىغان بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئوتتۇرغا قويىدۇ: "1939-يىلقى گېرمانىيە-سوۋېتلېر ئىتتىپاقى كېلىشىمى ھازىرمۇ فىنلاندىيەگە ئۈيغۇن كېلەمدۇ؟ ياۋروپا بىلەن ئاسىيانىڭ يېڭى تەرتىپى قانداق بولماقچى؟ بۇنىڭ ئىچىدە سوۋېتلېر ئىتتىپاقى قانداق رول ئوينايدۇ؟ شۇنىڭدەك بولغارىيە بىلەن تۈركىيەنىڭ ئورنى قانداق بولىدۇ؟ سوۋېتلېر ئىتتىپاقىنىڭ بالقان يېرىم ئارىلىدىكى ۋە قارا دېڭىزدىكى مەنپەئەتلىرى جەھەتتىن ئالغاندا، بۇگۈن قايسى ئەھۋالدا تۇرىدۇ؟"

شۇ ۋاقىتقىچە تېخى بىرەرمۇ چەتئەللىك گېپىنى بۇنچىۋالا ئوچۇق ئوتتۇرغا قويۇشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئىدى. بۇ ئەھۋال شىمىدتنى ئىختىيارسىز ھالدا ھىتلېر ئىككى يىل ئاۋال سىر خوراس ۋىلسوننىڭ چىمبېرلىننىڭ خېتىنى تاپشۇرغان ۋاقتىدىكىدەك زەردىسىنى بېسىۋالالماي ئىشىكتىن چىقىپ كەتكىنىدەك مۇئامىلىدە بولالارمۇ دېگەنلەرنى كۆڭلىگە كەلتۈرىدۇ. ئەمما ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ پەقەت ياۋاشلىق بىلەن جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ، ئۈچ دۆلەت شەرتنامىسى پەقەتلا ياۋروپادىكى ۋەزىيەتنىلا تەڭشەشكىلا كارغا كېلىدۇ، ئەگەر رۇسىيەنىڭ ھەمكارلىقى بولمايدىكەن، ھەر قانداق بىر مەسىلىنى ھەل قىلىشقا بولماي قالىدۇ، بۇ ئىش ياۋروپادىلا شۇنداق بولۇپ قالماي، يىراق شەرقتىمۇ شۇنداق، رۇسىيىنىڭ قاتنىشىشى بولماي تۇرۇپ مەسىلىلەرنىڭ تولۇق ھەل قىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس، دەيدۇ.

مولوتوۋ بۇ گەپلەرگە بەك ئىشىنىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. "ئەگەر سىلەر رۇسىيەنى بىرەر ئاخماق دەپ ئەمەس بەلكى باراۋەر شىرىك دەپ دەپ مۇئامىلە قىلالىساڭلار، ــ دەيدۇ مولوتوۋ، ــ پىرىنسىپ جەھەتتە بۇ ئۈچ دۆلەت شەرتنامىسىغا بىزمۇ قاتنىشالىشىمىز مۇمكىن. ئەمما ئەڭ ئالدى بىلەن ئېنىقلىۋېلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە، بۇ

شەرتنامىنىڭ مەقسىي ۋە نىشانى نېمە، دېگەن مەسىلىدۇر. سىلەر چوقۇم ئۇلۇغ ئاسىيا رايونىنىڭ چېگرا خاتاسىز شەكىلدە نەگىچە سىزغانلىقىڭلارنى بىزگە دەپ بېرىشىڭلار شەرت.» ئۇنىڭ بۇنداق دەپ سۇرىشى، روشەنكى، ھىتلېرنى تىركىشىشكىلا مەجبۇرلايدۇ. شۇڭا ئۇ، ئۇشتۇمتۇت مۇزاكىرىلىشىش ۋاقتىنچە توختىتىلدى، دەپ ئېلان قىلىدۇ. «يىغىننى توختاتمىساق ھاۋا ھۇجۇمى ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى ئىچىدە بۇغۇلۇپ قالىمىز» دەيدۇ.

ئەسلىدە ھىتلېر چەتئەللىكلەر بىلەن بىرگە تاماق يېيىشنى ياخشى كۆرمەيتتى. ئەمما ئۇ رۇسىيىلىكلەرنى 13-چىسلا چۈشتە ئۇلارنى قىزغىنلىق بىلەن تاماققا تەكلىپ قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ يول قويۇپ قىزغىن مۇئامىلە قىلىشلىرىمۇ مېھمانلىرىنىڭ جاھىللىقىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئىككىنچى قەدەملىك سۆھبەت ۋاقتىدا، مولوتوۋ داۋاملىق ھەيۋە قىلغان ھالدا فىنلاندىيە مەسىلىسىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. ھىتلېر ئەسلىدە، ئەگەر سوۋېتلېر ئىتتىپاقى بىلەن ئۇرۇش بولۇپ قالغىدەك بولسا فىنلاندىيىنى ھەربىي ئىتتىپاقداش قىلىۋېلىش پىلانىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرەتتى. ئەمما فىنلاندىيە مەسىلىسىنىڭ ئوتتۇرغا قويۇلۇشى بىلەن تەڭ، فۈھرېر قىزغىن چۈشلۈك زىياپەت ساھىپخانى بولۇشتىن بىراقلا تىرىككەك داۋالاشقۇچى بىرىگە ئايلىنىدۇ. «بىزنىڭ ئۇ يەردە ھېچقانداق بىر سىياسىي مەنپەئەتىمىز يوق» دەپ نارازىلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مولوتوۋ ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگە بەك ئىشەنسىپ كەتمەيتتى. «ئەگەر سوۋېت-گېرمانىيە ئىككى دۆلەت دوستانە مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىشنى ئويلايدىكەن، _ دەيدۇ مولوتوۋ تەمكىنلىك بىلەن، _ فىنلاندىيە مەسىلىسى ئۇرۇش ئارقىلىق ھەل قىلىنماسلىقى كېرەك ئىدى. ئەمما فىنلاندىيەدە گېرمانىيە قوشۇنلىرى بولماسلىقى كېرەك ئىدى، شۇنىڭدەك س س س ر ھۆكۈمىتىگە قارشى نامايىشلارمۇ بولماسلىقى كېرەك ئىدى.» ھىتلېر ئۆزىنى تۇتىۋالغان ھالدا، خاتىرجەم ئەمما كۈچلۈك سۆزلەر بىلەن جاۋاب بېرىپ، فىنلاندىيىدىكى گېرمانىيە قوشۇنلىرى نورۋېگىيەگە قاراپ يۈرۈش قىلىۋاتقان قىسىملاردىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. مولوتوۋنىڭ گۇمانى يەنىلا تۈگىمىگەن ئىدى. ھىتلېر ئالدىرىماي گېپىنى قايتا تەكرارلايدۇ. «بىز ئۇلارنىڭ نىكېلى بىلەن ياغاچ ماتېرىياللىرىغا ئېھتىياجلىقمىز ئۈچۈن فىنلاندىيە بىلەن تىنچلىقنى ساقلاشقا مەجبۇرمىز.» ئەمما ئۇنىڭ كېيىنكى گېپى، بەلكىم ئۇ بۇ گېپىنى ئويلىمايىراق دەپ سالدى ھەقچان، ئۇنىڭ ئاخىرقى نىشانىنى تولۇق ئاشكارلاپ بەرگەن ئىدى. «بالتىق دېڭىزىدا يۈز بېرىدىغان ھەر قانداق بىر بىر توقۇنۇش، سوۋېت-گېرمانىيە مۇناسىۋىتىنى جىددىيلەشتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن، ھەتتا ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ تەس.» ئەگەر مولوتوۋ بۇ تۈر تەھدىتنى سېزەلىگەن دېيىلسە، ئۇ ھالدا، ئۇ بۇ تەرىپىگە سەل قارىغانلىقىنى كۆرسىتەتتى. نەتىجىدە بىر قېتىملىق ئېغىر

دىپلوماتىيىلىك خاتالىق سادىر قىلغان ھېسابلىناتتى. "بۇ مەسىلە بالتىق دېڭىزى مەسىلىسى بولماستىن، بىر فىنلاندىيە مەسىلى" دەيدۇ كەسكىن قىلىپ.

"بىز فىنلاندىيە بىلەن ئۇرۇشمايمىز!" دەيدۇ ھىتلېر كەسكىن ھالدا.

"ئۇنداقتا، سىلەر ئۆتكەن يىلى تۈزۈشكەن شەرتنامىمىزغا خىلاپلىق قىلغان بولىسىلەر" دەيدۇ مولوتوۋمۇ ئوخشاش كەسكىنلىك بىلەن.

بۇ قېتىمقى كۆچ كۆرستىش گەرچە ئېنگلىزلار بىلەن بولغان مۇنازىرىدەك ئۇنچىۋالا قىزىشىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئوتتۇرلۇقتا خېلىلا ئېغىر سوغۇقچىلىق چۈشكەن ئىدى. رىبېنتروپ ئۆزىنىڭ تەشەببۇس قىلغان گېرمانىيە-سوۋېت مۇناسىۋىتىنى يۇمشىتىش سىياسىتىنىڭ جىددى ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى دەرھال ھېس قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ كېلىشتۈرگۈچى سۆزلەر بىلەن گەپ قىستۇرىدۇ. ھىتلېرمۇ رىبېنتروپنىڭ جەنۇپقا قاراپ يۈرۈش قىلىش پىلانى بويىچە مولوتوۋغا ئەگىشىپ ئېيتىشىنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. "ئەنگلىيە بوي سۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، ــ دەيدۇ ھىتلېر، ــ يەر مەيدانى 40 مىليون كىلومېتىر چاسا كېلىدىغان ئۇلۇغ برىتانىيە ئىمپېرىيىسى پارچىمۇ-پارچى بولۇپ، دۇنياۋى دائىرىلىق ۋەيران بولغان بىر قوروۇق ھالىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ــ ھىتلېر خۇددى بىر يەر-مۈلۈك شىركىتىنىڭ سېتىقچىسىغا ئوخشاش كىشىنى جەلىپ قىلىدىغان بىر مەنزىرىنى تەسۋىرلەشكە كىرىشىدۇ، ــ ۋەيران بولغان بۇ قوروۇق ئىچىدە، رۇسىيەمۇ قىشتىمۇ مۇز قاتمايدىغان، ھەقىقى ئوچۇق دېڭىزغا ئېرىشەلەيدۇ. بۇگۈنگە كەلگىچە ئارانلا 45 مىليون نوپۇسلۇق بىر ئەنگلىيە 600 مىليون ئاھالىنى تېزگىنلەپ تۇرىۋاتقان ئۇلۇغ برىتانىيە ئىمپېرىيىسى ھالىتىگە ئايلىنىپ بولغان. مەن بۇ كىچىككىنە مىللەتنى ئىزىپ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋېتىمەن." گېرمانىيە نىشانىنى باشقا تەرەپلەرگە بۇراشنى ھەرگىز خالىمايدىغانلىقىنى، نىشانىنى ياۋروپانىڭ قەلبىگە، يەنى برىتانىيە ئۈچ ئارىلىغا قارشى يۆلۈنۈشتىن باشقا يەرگە بۇراش نىيىتى يوقلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ، ھەر قانداق بىر بالتىق دېڭىزى ئۇرۇشىغا قارشى تۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

شۇنىڭغا قارىماي، ھىتلېرنىڭ بۇ قېتىمقى تېمىدىن يىراقلاشقان گەپلىرىمۇ مولوتوۋغا تەسەللى بولالمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ يەنىلا ئاچچىقى بېسىلمايدۇ. "سىلەر رومىنىيەگە كاپالەت بەرگەن ۋاقتىڭلاردىمۇ بىز بۇنىڭدىن بەكلا خاپا بولغان ئىدۇق. ــ دەيدۇ قاتتىقراق قىلىپ. ئۇنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولۇۋاتقىنى گېرمانىيەنىڭ رومىنىيە يېڭى چېگراسى ئۈستىدە بەرگەن كاپالىتى بولۇپ، گېرمانىيە شۇ چاغدا رومىنىيە چېگراسى ھەرقانداق بىر چەت دۆلەتنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلغانلىقى كۆزدە تۇتۇلماقتا ئىدى. – شۇڭا بۇ قېتىمقى كاپالىتىڭلارمۇ بىزگە قارشى چىقىشىڭلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر

كاپالەت بولالماسمۇ؟“

دىپلوماتىيىدە، رەقىبنى يارغا قىستاپ قويۇش بەكلا چوڭ خاتالىق ھېسابلىناتتى. ”رومىنىيەگە كىم ھۇجۇم قىلماقچى بولىدىكەن، بۇ كاپالەت شۇلارغا قوللىنىلىدىغان بىر كاپالەت“ دەيدۇ ھىتلېر كەسكىنلىك بىلەن. سەل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ يەنە ئالدىنقى كۈنى كۆرسەتكەن باھانىسىنى، يەنى ئەنگلىيە ئايروپىلانلىرى بومباردىمان قىلىشقا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن دېگەن باھانىنى كۆرسىتىپ ئەمدى دەم ئالايلى، دەپ سۆھبەتنى توختىتىدۇ.

ھىتلېر شۇ كۈنى رۇسىيە باش ئەلچىخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتكە قاتناشمايدۇ. زىياپەتتە مولوتوۋ قولىغا رومكىسىنى ئېلىپ دوستلۇق ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرۈشكە تەكلىپ قىلاي دەپ تۇرۇشىغا ئەنگلىيە ئايروپىلانلىرىنىڭ ھاۋا ھۇجۇم قىلىشىدىن ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى چېلىنىدۇ. ئامال قانچە، زىياپەت ئوتتۇرىدا ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. رىببېنتروپ، مولوتوۋ بىلەن بىرگە ۋىلھېلم كوچىسىدىكى شەخسى ھاۋا مۇداپىيە يەر ئاستى تۇنېلىغا كىرىۋالىدۇ.

ئاندىن ئۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قايتا-قايتا تەلەپ قىلىپ كېلىۋاتقان تۆت دۆلەتلىك شەرتنامە لايىھىسىنى كۆزدىن كۆچۈرۈشى ئۈچۈن مولوتوۋغا تاپشۇرىدۇ. بۇ شەرتنامىدا، گېرمانىيە، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى، ياپونىيە ۋە ئىتالىيەلەردىن ھەر قايسى ئۆزلىرىنىڭ تەبىئى شەكىللەنگەن تەسىر دائىرى ئىچىدە، ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ھەر قانداق بىر تالاش-تارتىشنى ”دوستانە“ شەكىلدە ھەل قىلىش كېرەكلىكى تەلەپ قىلىنغان ئىدى. بۇ شەرتنامىدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ”زېمىن تەلەپلىرىنى ھىندى ئوكيان تەرەپلەرگە قارىتىپ“ كېڭەيتىشىنىڭ جەنۇبى يولىنى بېكىتىپ بەرگەن ئىدى.

بۇنىڭدىن مولوتوۋ قىلچە تەسىرلەنمەيدۇ. شۇڭا ئۇ، رۇسىيەنىڭ بەكىرەك قىزىقىدىغىنى ھىندى ئوكيان تەرەپلەر ئەمەس بەلكى ياۋروپا بىلەن ئىستانبۇل بوغۇزى ئىكەنلىكىنى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى قەغەز يۈزىدىكى شەرتنامىلار رازى قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ، سوۋېتلېر ئىتتىپاقىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلالايدىغان ئۆنۈملۈك كاپالەت بېرىلىشىنى قەتئى چىڭ تۇرۇپ تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭغا ئۇلاپلا بىر قاتار باشقا تەلەپلەرنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ: شىۋېتسىيەنىڭ بىتەرەپ دۆلەت قىلىنىشى؛ بالتىق دېڭىزى ھەمدە رومىنىيە، ۋېنگىرىيە، بولغارىيە، يۇگسلاۋىيە ۋە گرېتسىيە قاتارلىق جايلارنىڭ تەقدىرىنى قولىدا تۇتۇش كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ.

شۇ ئاخشىمىقى سۆھبەت خاتىرىسىن قارىغاندا، رىببېنتروپ شۇ چاغدا قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن بولۇپ، كەينى-كەينىدىن ”مۇھىمى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنى يوقۇتۇشتا بىز بىلەن ھەمكارلىشالامدۇ-يوق؟“ دەپ سورايدۇ. بۇ گەپلەرگە مولوتوۋ مازاق

قىلغـان ھالـدا مۇنـداق جـاۋاب بېرىـدۇ: ئەگەر گېرمـانىيە قوزغىمـاقچى بولغـان بـۇ ئـۇرۇش، خۇددى ھىتلېرنىڭ بوۋگۇن چۈشتىن كېيىن دېگىنىدەك بىر مەيدان ئەنگلىـيەگە قارىتىلغـان يوقۇتۇش جېڭى ھېسابلانغىنىدا، ئۇ ھالدا، گېرمانىيە ”ئۆلۈش ئۈچۈن ئـۇرۇش قىلىۋاتقـان“، ئەممـا ئەنگلىـيە ”ئۆلمەسلىك ئۈچۈن ئـۇرۇش قىلغـان“ ھېسابلىنىشـى كېـرەك. رىببېنتـروپ دېگىنىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەنگلىيە ئاللىمۇ قاچان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغانلىقىنى، ئەممـا ئـۇلار بـۇنى تېخـى ھـېس قىلـىپ كېتەلمەيۋاتقـانلىقىنى ئېيتىـدۇ. مولوتـوپ ئۇنـىڭ بـۇ دېگـىنىگە جاۋابەن ”ئەگەر ئەھۋال راستىنلا شۇنداق بولىـدىكەن، بىـز يەنە نـېمە ئۈچـۈن بـۇ ھـاۋادىن مـۇداپىيىلىنىش ئۆڭكـۈرىگە كىرىـپ ئولتـۇرىمىز؟ ئۇنـداقتا ئەتراپىمىزغـا تاشـلىنىۋاتقان، ھەممىلا يەردە پارتلاپ تۇرىۋاتقان بۇ سنارىيەتلەر كىمنىڭ؟“

بـۇ مۇنازىرىـدە مولوتـوۋ غالىـپ كەلـگەن، ئەممـا ئـۇ يـېڭىلگەن تەرەپ ئـىدى. ھىتلېـر مۇداپىيە ئاكوپىدا يۈز بەرگەن بۇ مۇنازىرە تېزىسلىرىنى كۆرۈشى ھامـان مىگىسـىدىن تۈتـۈن چىقىپ كېتىـدۇ. ھىتلېر، تـۆت دۆلەت شەرتنامىسـەغا قارىتـا سـوۋېتلەر ئىتتىپـاقى قىلچىمـۇ قىزىقمايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنچ قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ، سوۋېتلېر ئىتتىپاقى بىلەن تىنچ بىـرگە ئۆتۈشـنىڭ ئـازىراقمۇ ئۈمىـدى يـوقلىقىنى ئـويلاپ، 1928-يىلـدىن بېرى چوقـۇم ئەمەلـگە ئاشۇرىمەن دەپ قەسەم قىلىـپ كېلىۋاتقـان ئىشـىنى قىلىـش ئىرادىسـىگە كېلىـدۇ. شـۇنداق قىلىپ، ھىتلېر سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ھۇجـۇم قىلىشـقا قەتئىي ئـىرادە باغلايـدۇ. شـۇنىڭدىن ئـۇزۇن ئـۆتمەي، يـالغۇز قالغىنىـدا بورمانغـا، مولوتوۋنـىڭ بـۇ قېتىمقـى زىيارىتىـدىن مەن شۇنداق خۇلاسە چىقاردىمكى، ”ستالىن چوقۇم بىر كۈنى بىزنى تاشـلىۋېتىپ دۈشـمەنلىرىمىز تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكىدەك،“ دەيدۇ. فىنلاندىيە، رومىنىيە، بولغـارىيە ۋە تـۈركىيە قاتـارلىق مەسىلىلەردە ھەرگىزمۇ سـوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىـڭ قىلغـان پوپوزىسـىدىن ھەرگىزمـۇ قورقـۇپ قالمايتتى. ”ياۋروپانىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇپ تۇرىۋاتقان ئۈچىنچى ئىمپېرىيە، ھەرگىزمۇ بـۇ دوست ئەللەرنىڭ بىھۇدە كومۇنىزم قۇربانلىقى بولـۇپ كېتىشـىگە ھەرگىـز يـول قويالمايـدۇ. بۇنداق قىلمىش ئەڭ نومۇسسىز قىلمىش ھېسابلىنىشى كېرەك. ئەگەر بۇنداق بىر ئىشقا يول قويىدىغانلا بولىدىكەنمىز، بىز چوقۇم ئەڭ ئېغىر جازاغا تارتىلىمىز. مەيلى ئەخلاقـى نـوقتىن ياكى ستىراتىگىيىلىك نوقتىدىن ئالمايلى، بۇنداق يول تۇتۇش ئەڭ ناچار بىر يول تۇتقانلىق ھېسابلىنىشى كېرەك. نېمىلا قىلساق قىلايلى، رۇسـيە بىـلەن تۇتۇشـۇپ قېلىشـتىن ھەرگىـز قېچىـپ قۇتۇلالمىغىـدەكمىز. دېمەككـى، ئـۇلار بىـلەن ئـۇرۇش قىلىـش ۋاقتىنـى كەيـنىگە سۈرۈش، تېخىمـۇ بەتـتەر شـارائىت ئاسـتىدا ئـۇلار بىـلەن ئۇرۇشـۇش دېگەنلىـك بولىـدۇ. شـۇنداق ئىـكەن، مەن، مولوتـوۋ كېتىشـى ھامـان، ئەگەر ھـاۋا شـارائىتى ياخشـىلا بولـۇپ بېرىدىغان بولسا، قەتئىي تۈردە رۇسيە بىلەن ھېسابلىشىشقا كىرىشىمەن.“ تەبرىكلەشكە

ئەرزىيـــدىغىنى، قىزىـــل ئـــارمىيە فىنلانـــدىيەگە قارشـــى ئۇرۇشـــتا بەكـــلا ئوســـال ئەھۋالـــدا قالغانلىقى ئىدى. شۇڭا ھىتلېر ئۆزىنى تەقدىرنى ئىلىكىدە تۇتقـان، ھەر قانـداق بىرسـىدىن ئۈسـتۈن تۇرىـــدىغان، تـــالانتى ۋە ئىـــرادە جەھەتـــتە ھەر قانـــداق بىـــر دۈشـــمەننى بـــوي سۇندۇرالايدىغان بىرى دەپ ھېسابلىماقتا ئىدى. ئۇ سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشـلار جەھەتـتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئۇنى مەس قىلىپ خۇدىنى بىلمەس ھالغا چۈشۈرۈپ قويغـان بولـۇپ، ئـۇ بىـر ناتىسسـت كومانـدىرىغا، مەن "بىـردىن-بىـر خاسـىيەتلىك ئـادەم ھالىغـا كەلگەن بىرىمەن" دېگىدەك ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئادەمگە ئەمەس بەلكـى بىـر ئىلاھقـا ئوخشـاپ قالغـان ئىـدى. شـۇڭا، خاسـىيەتلىك ئـادەم ھېسابلىنىدىغان يېڭى بىر ئىرقنىڭ يىتەكچىسى ئورنىغا ئـۆتكەن ھىتلېر، "ئىنسانىيەتنىڭ ئەخلاقى ئەنئەنىلىرىدىن ھېچقايسىنىڭ چەكلىمىسگە ئۇچرىمايدىغان، پۈتۈنلەي قانۇندىن ھالقىغان" بىرى ھالىغا كەلگەنلىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدى.

2

ھالبۇكى، ھىتلېر بۇ قارارىنى ئاشكارىلىمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچ ئارمىيە قۇماندانلىرى يەنىـلا ئالـدىنقى ئورۇنـدا تۇرىـدىغان نىشـان يەنـىلا ئەنگلىـيە، دەپ قارىشـاتتى. مولوتـوۋ بېرلىنغا يېتىپ كەلگەن كۈنى، ھىتلېر، ئېنگلىـز بوغۇزىـدىن ئۆتـۈش ھـاجىتى قالمايـدىغان ئەھۋال ئوتتۇرغا چىققىنىدا، ئەنگلىيەنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلاش توغرىلىق بىـر بـۇيرۇق چۈشەرگەن ئىدى. بۇ پىلاندا، گېرمانىيە بىر قاتـار بىرلەشـمە ھەرىكەتلەرنـى ئىشـقا سېلىپ ئىتالىيەنىڭ مىسىر ۋە گرېتسىيەدە پۈتتۈرەلمىگەن ئىشلارنى تاماملاش بەلگىلەنگەن ئىـدى. بـۇ تـۈر زەربىـلەرگە جەبىلتـارىق بوغـۇزى، كانـارىيېس تـاقىم ئـارالىرى، ئـازورېس تـاقىم ئاراللىرى، مادېيرا تاقىم ئاراللىرى ۋە مورووككونىڭ بىر قىسمىنى تارتىپ ئېلىشلار قوشـۇلۇپ ئەنگلىيەنـى چەتئەللەردىكـى ئىمپېرىيىســـىدىن ئالاقىســـىنى ئۈزىۋېتىـــپ تەسـلىم بولۇشـقا مەجبۇرلاش ئىدى.

گەرچە بۇ پىلان بەكلا ئۇستىلىق بىلەن تۈزۈلگەن پىلان بولغانـدەك قىلغىنـى بىـلەن، ئۇنىـڭ ئەمەللەشتۈرۈلۈشـىدىن بەك ئىشـەنچ يـوق بىـر پىـلان دېـيىش مـۇمكىن. سـەۋەبى، بىرلەشـمە ھەرىـكەت قاتناشـقۇچىلىرىدىن بىرسـى بـۇ ئىشـلارغا گۇمـان بىـلەن قارايـدىغان بولسا، بىرسى بەك چىڭ ئىنتىپاقداش ھېسابلانمايتتى. يەنە بىرسى بولسـا بىـتەرەپ دۆلەت ئىدى. بۇ ئوپېراتسىيە ھەققەتەنمۇ بەكلا مـۇرەككەپ بىـر ئوپېراتسـىيە بولـۇپ، بـۇ ئىشـنىڭ قـــيىن تەرىپىنـــى پەقەت فـــۈھرېرلا ئېنىـــق بىلەتتـــى. گەرچە فـــۈھرېر يىقىنـــدىن بىـــرى

ئوققۇشسىزلىقلارغا ئۇچۇرىغان بولسىمۇ، پېتايىن، مۇسسولىن ۋە فرانكولارنى ماقۇل كەلتۈرۈشكە ئىشەنچى بار ئىدى. ئۇ بىرىنچى قېتىمداھ فرانكودىن ئىش باشلىماقچى بولدۇ. 18-نويابىر كۈنى، فرانكونىڭ ئالاھىدە ئەلچىسى سېررانو سۇنەرگە "مەن جەبىلتارىققا ھۇجۇم قىلىش قارارىغا كەلدىم.بۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر ئىشارەتنىڭ بولۇشىنى كۈتمەكتىمەن. چوقۇم بىر ئاشلىنىش نۇقتىسى بولۇشى شەرت" دەيدۇ.

شۇنداقتىمۇ، فرانكونىڭ كۆيئوغلى يەنىلا شۇ بۇرۇنقىدەك ئەيۋەشكە كەلتۈرمەك تەس بىرىسى ئىدى. ئۇ قايتىدىن ئىسپانىيەگە ئاشلىق كېرەك ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ؛ شۇنىڭدەك يەنە بۇرۇنقىدەك زېمىن تەلىۋىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرىۋالىدۇ. ئۇنىڭ كېيىنكى تەلىۋىنى ھىتلېر ئۇدۇللا رەت قىلىپ تاشلايدۇ. ھىتلېر، ئەگەر غالىپلار تەرىپىگە قوشۇلماقچى بولىدىكەن، ئىسپانىيەنىڭ قولغا كەلتۈرىدىغان ھەقلىرى بەكلا يوقۇرى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. سېررانو سۇنەر بولسا، خۇددى ناپولېئون پەرق قىلىپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالغىنىغا ئوخشاش ئىسپانىيە زېمىن تەۋەسىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولىدىغان ھەر قانداق بىر تاجاۋۇزغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ھەر دائىم تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ كېلىپ، گېپىنىڭ ئاخىرىدا، قىسمەن تەھدىت، قىسمەن ماقۇللاش تۈسىنى ئالىدىغان يەنە مۇنداق بىر جۈملە سۆزنىمۇ قوشۇپ قويىدۇ: ئىسپانىيە بۇندىن كېيىنكى بىتەرەپ كۈنلىرىدە غەرپتىن بۇغداي سېتىۋېلىشقا مۇھتاج. ئۇلارنىڭ بۇنداق كىشىنى بىئارام قىلىدىغان قىلمىشى، ھىتلېرنى قاتتىق غەزەپلەندۈرۈپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغىۋېتىدۇ. كېيىنچە ئۇ يېقىنلىرىغا، سېررانو سۇنەر ھەقىقەتەنمۇ "ئىنتايىن قورقۇنۇشلۇق بىر ئالۋاستى، ... ھازىرقى ئىسپانىيەنىڭ ھەقىقى گۆركاسى ئىكەن!" دەيدۇ.

ھىتلېر فرانكونىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغانلىقىغا قەتئى ئىشەنچ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، دېكابىرنىڭ باشلىرىدا جەبىلتارىقنى قولغا كەلتۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە ئەڭ ئاخىرقى ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى قىلىدۇ. ئۇ ھەر قايسى قۇماندانلىرىغا، "فېلىكس ئوپېراتسىيىسى" ھەققىدە، شۈبھىسىزكى، ئۇزۇنغا قالماي فرانكونىڭ رەسمى ماقۇللىشىنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى؛ ئاندىن ئۇ فرانكونىڭ يېقىن دوستى بولغا بىرسىنى فرانكونى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەرتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئىشقا تاللىۋالغان ئادىمى ئادمىرال كانارىس ھەقىقەتەنمۇ ئىشلارنى خاراپ قىلغۇچى بىرسى ئىدى. يەنى بۇ ئادمىرال 1938-يىلىدىن بېرى ئىزچىل تۈردە ھىتلېرغا قارشى چىقىپ كېلىۋاتقان بىرى ئىدى. ئۇ، بۇ رەسمى سورۇندا فۈھرېرنىڭ قاراشلىرىنى ئىسپانلارغا بىرمۇبىر ئېيتىپ بەرگىنى بىلەن، ئايرىم سۆزلەشكىنىدە بولسا، بۇ ئۇرۇش مەيدانىدىكى ئوق مەركەز دۆلەتلىرى يېڭىلىپ قالىدىغانلىقى مۇقەررەر دەپ قارىغاچقا، فرانكونى بۇ ئۇرۇشقا

قاتناشماسلىق توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدۇ (ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ماركۇس دې ۋالدېگلېسىياس فرانكوغا قارىتىپتۇرۇپ گېنېرال ۋىگوندىن، يەنى كانارىسنىڭ يېقىن دوستىدىن، ئادمىرال كانارىس ئىسپانىيەنىڭ مەنپەئەتىگە قارشى ئىدى، بۇ راسمۇ؟ دەپ سورايدۇ. بۇ چاغدا فرانكو ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ "ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! ـ دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ، ـ كانارىس، ئىسپانىيىنىڭ ھەقىقىي دوستى!" دەپ ئىزاھلايدۇ. "دېمەكچى بولغىنىڭىز، ـ دەيدۇ ماركۇس باھا بېرىپ، ـ يەنى سىز كانارىسنى، ئىسپانىيىنى ئۆز ۋەتىنىدىنمۇ بەكرەك سۆيەتتى دېمەكچى، شۇنداقمۇ؟" دەيدۇ ماركۇس كېيىن شۇ پەيتلەرنى ئەسلەپ كېلىپ. "فرانكو بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتكەن ئىدى. بۇمۇ مېنىڭ تەسىراتىمنى دەلىللەپ بەرمەكتە ئىدى: راستىنلا شۇنداق ئىكەندۇق." ـ ھاشىيە ئىزاھاتى)

كانارىس بەرگەن مەلۇماتىدا، "ئەنگلىيە گۇمران بولۇش ھارپىسىغا يېقىنلاشقىنىدىلا" فرانكو ئاندىن ئۇرۇشقا قاتنىششقا ماقۇل بولغىدەك، دەيدۇ. ھىتلېر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى تۇتىۋالالمايلا قالىدۇ. 10-دېكابىردا، ھەرقايسى قوماندانلىرىغا "فلىكس ئوپېراتسىيىسى" بۇيرۇقىنى چۇشۇرىدۇ. ئەمما ئارىدىن بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندە ئۇ قايتىدىن فرانكوغا چاقىرىق قىلىدۇ. ئۇ بىر قېتىملىق رەنجىگەنلىك بىلەن تولغان ئۇزۇن خېتىدە، فرانكوغا، ئەگەر سىز دەرھال جەبىلتارىققا ھۇجۇم قىلسىڭىز، مەنمۇ ئىسپانىيەگە دەرھال ئاشلىق يوللايمەن، دەپ ۋەدە قىلىدۇ. ئۇ خېتىدە فرانكونى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىپ، كەينىدىنلا ئاخىرقى قېتىم يالۋۇرىدۇ: "گېنېرال، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، تىنجىتماق ئەڭ قىيىن بولغان تارىخىي قۇدرەت بىز ئۈچىمىزنى، يەنى سىزنى، مېنى ۋە ئىتالىيە باش مىنىستىرىنى بىر-بىرىمىزگە چەمبەرچەس باغلىۋەتكەن. شۇنداق ئىكەن، بۇ قېتىملىق تارىخى خاراكتېرلىق كۈرەشتە بىز ئەڭ ئالىي ئىلاھىي بۇيرۇققا بوي سۇنىشىمىز كېرەك؛ بىز شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، نۆۋەتتىكى ئېغىر ۋەزىيەت ئاستىدا ئۇنداق ئېھتىياتچان پوزىتسىيىدە ئەمەس بەلكى كۈچلۈك ئىرادىلىك بولغىنىمىزدىلا دۆلەت ۋە مىللىتىمىزنى ئوت دېڭىزىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالىشىمىز مۇمكىن."

فرانكو، ھىتلېرنىڭ دېگەنلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە يەنە بىر قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، يەنىلا بىرمۇ ئەسكىرىنى قىمىرلاتماي جىم يېتىۋالىدۇ. فرانكونىڭ غەيرىتى سەۋەبىدىن، ئۇ فلىكس ئوپېراتسىيىسىنى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىتىپ، ئەنگلىيە ئۈچۈن جەبىلتارىقنى قوغداپ قالغان، ئادولف ھىتلېرنى ياۋروپا قىتئەسى دائىرىسىدىلا چەكلەپ قويۇپ، ئاق دېڭىزنىڭ غەرپكە ئوچۇق تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلغان ئىدى. ئاق دېڭىز، يەنى ئوتتۇرا دېڭىز ئەگەر تاقىلىپ قالغان بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا پۈتكۈل شىمالى ئافرىقا بىلەن ئوتتۇرا شەرق پۈتۈنلەي ئۈچىنچى ئىمپېرىيىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن

بولار ئىدى. بايلىقى مول پۈتكۈل ئەرەپ دۇنياسى، يەھۇدىي ئۈچمەنلىكى سەۋەبىدىن بەلكىم ئوق مەركەز دۆلەتلەر تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. فرانكونىڭ ھىتلېرغا قارشى چىقىشىنى بەلگىلىگەن ئاساسلىق سەۋەب، ئىسپانىيىنىڭ ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە قالغان ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى بىلەن ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇب قىلىنىدىغان بىر ئىتتىپاقداشلىق تەرىپىدە تۇرۇپ قېلىش قورقۇنچىسىدىن باشقا، مۇنداقمۇ بىر مۇھىم سەۋەبى بار ئىدى: فرانكو ئەسلىدە يېرىم يەھۇدىي ھېسابلىناتتى (ئەنگلىيەنىڭ ئىسپانىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى سىر سامۇئېل خۇئار بىلەن قالغان دىپلوماتىيە ساھەسىدىكى كىشىلەر بۇنىڭدىن خەۋەردار ئىدى. ئەمما تېخى يېقىندىلا فرانكودىن نەپرەتلەنگەن، ئۇنى باھا تالىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان يەھۇدىيغا ئوخشاتقان ھىتلېر، ئۆز دىپلوماتىك خادىملىرىنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق بىر گەپنى ئاڭلىغان-ئاڭلىمىغانلىقىغا بىر نېمە دېمەك ھەققەتەنمۇ تەس. چۈنكى، گېرمانىيە دىپلوماتىك ئەمەلدارلىرى مۇنداقمۇ بىر ئىشنى ھىتلېردىن يوشۇرۇپ كەلگەن ئىدى: مولوتوۋنىڭ ئايالىنىڭمۇ بىر يەھۇدىي ئىكەنلىكىنى ھىتلېردىن سىر تۇتۇشقان ئىدى. – ئا.ھ.ئى).

3

ستالىن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ تۈت دۆلەت شەرتنامە ئىتتىپاقداشلىقىغا ئەزا بولۇشنى خالايدىغانلىقى ھەققىدە ئارىدىن ئىككى ھەپتىدەك ۋاقىت ئۆتكەندىلا ئاندىن نېمىسلارغا جاۋاب بېرىدۇ. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن گېرمانىيە فىنلاندىيەدىن ئەسكەر چېكىندۇرۇپ چىقىپ كېتىشى كېرەك دېگەندەك بىر قانچە شەرتى بار ئىدى. ئەسلىدە بۇ شەرتلەر ئۈنچىۋالا ئېغىر شەرت ھېسابلانمىسىمۇ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنى ھەيران قالدۇرغىنى، ھىتلېر بۇ ھەقتە سودىلىشىپ ئولتۇرۇش نىيىتى يوقلىقى، ھەتتا موسكۋاغا بىرەر ئېغىزمۇ جاۋاب بەرمەسلىكى ئىدى.

ھىتلېرنىڭ پۈتۈن خىيالى قۇرال كۈچىگە تايىنىشلا ئىدى. ھىتلېرنىڭ ھەرقايسى ئۇرۇش سەپلىرىدىكى قوماندانلىرى رۇسىيەگە تەقلىدى ھۇجۇم قىلىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار تەقلىدى ئۇرۇش مانېۋېرلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. 5-دېكابىر كۈنى، يەنى تەقلىدى ئۇرۇش قىلىش مانېۋېرى ئۆتكۈزۈپ كېيىنكى كۈنى، ئۈچ كورپۇسلار گۇرۇھىنىڭ باش شتاب باشلىقى ھىتلېر، براۋچىتش ۋە ھالدېرلار بىلەن كۆرۈشىدۇ. ھىتلېر، ھالدېرنىڭ ھۇجۇم قىلىش پىلانىنىڭ ئاساسى روھىنى تەستىقلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ناپولېئوننى تەقلىت قىلىشىغا، يەنى موسكۋاغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىغا قارشى چىقىدۇ. ئۇ، سوۋېتلېر

ئىتتىپاقنىڭ پايتەختىنى ئىشغال قىلىش "ئۇنچە مۇھىم ئەمەس" دەيدۇ. بۇ گەپكە براۋچىتش قارشى چىقىپ، موسكۋانىڭ سوۋېتلېر ئىتتىپاقىنىڭ قاتناش تۈگۈنلا ئەمەس، ھەتتا ھەربى تەييارلىقلار مەركىزى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، ئۇ يەرنى ئىشغال قىلىشنىڭ بەكلا مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ گەپ بىر مەزگىل ئۆتكۈر قارشى پىكىرلەرنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولىدۇ. "كاللىسى گىرانتلىشىپ كەتكەن، كاللىسىنى كونا ئەقىدىلەر بىلەن توشقۇزىۋالغان كىشىلەرلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پايتەختىنى قولغا كەلتۈرۈش خىيالىدا بولىدۇ" دەيدۇ ھىتلېر. ئۇنىڭ قىزىقىدىغىنى، بولشېۋىكچىلىكنى پەيدا قىلغان لېنىنگراد بىلەن ستالىنگراد ئىدى. بۇ ئىككى ئۇۋۋا چۇۋۇپ تاشلىنىدىغانلا بولىدىكەن، بولشېۋىكچىلىكمۇ ئۆلگەن ھېسابلىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشىدىكى مەقسەتمۇ دەل مۇشۇ ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

براۋچىتش بۇ دېگەنلەرگە رەددىيە بېرىپ، بۇ دېگەنلىرىڭىز سىياسىيونلارنىڭ مەقسىدى، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ گېپى قاتتىق ئەدەپلىنىشكە ئۇچرايدۇ: سىياسەت بىلەن ئىستراتېگىيە ئىككىسى بىر-بىرىگە بېقىنغان نەرسىلەر! "ياۋروپادا ھۆكۈمرانلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ-كەلتۈرەلمەسلىكىمىز، ــ دەيدۇ ھىتلېر، ــ رۇسىيەگە قارشى قىلىدىغان ئۇرۇشىمىزغا باغلىق." ئۇ يەنە مىسال قىلىپ، ئەگەر سوۋېتلېر ئىتتىپاقىنى مەغلۇب قىلالىغاندىلا ئاندىن ئىككىنچى نومۇرلۇق دۈشمىنى بولغان ئەنگلىيەنى باش ئەگدۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئاردىن بەش كۈن ئۆتكەندە، ھىتلېر ئۆزىنىڭ ئۇزۇنغا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن بەلگىلىك دەرىجىدە تەييارلىقلار قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلغىنىدىن كېيىن بېرلىندا نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئۇ نۇتقىدا، يەرشارىدىكى بايلىقلارنىڭ تارقىلىشى ھەققىدەمۇ تەكشى ئەمەسلىكىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ سۆزىدە، ھەر مىل چاسا يەردە 360 نەپەر نېمىس ياشاۋاتقىنىدا، باشقا ئەللەردە ئادەم بەكلا شالاڭ ھالەتتە تۇرماقتا، بۇ بىر ھەقسىزلىك؛ "بىز چوقۇم بۇ ھەقسىزلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىمىز شەرت. شۇنىڭدەك بۇ ئىشنى بىز چوقۇم ھەل قىلالايمىز" دەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گېيوبېلس گېرمانىيە ئالدىدىكى جاپالىق كۈنلىرى ئۈچۈن تولۇق تەييارلىقتا بولۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ خىزمەتداشلىرىغا، روژدېستۋو بايرام تەنتەنىسى ھەرگىز ئىككى كۈندىن ئۇزۇن بولۇپ كەتمەسلىكىنى، "شۇ قىيىن كۈنلەر كەلگەندىمۇ روژدېستۋو تەبرىكلەش زىياپەتلىرى بولغۇن يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلىك مۇھىتىغا ماس كېلىشى كېرەك. ئۇنداق ھەممىلا يەرگە ئارچىلارنى تىكلىۋېتىش، ھەپتىلەپ تاماشا قىلىشتەك مۇھىت گېرمانىيە خەلقىنىڭ جەڭگىۋارلىق ھېسسىياتلىرىغا پەقەتلا ماس كەلمەيدىغانلىقىنى،" نېمىس خەلقىنىڭ ئىرادىسىنى كۈچەيتىش شەرت ئىكەنلىكىنى، چوڭ

مەركەزى شەھەرلىرىمىزدىن باشقا "يېزىلاردا، ئۇششاق شەھەر-بازارلاردا ئەسكەرلىرىمىز ئالدىدا يالىڭاچ ئۇسۇل ئويناشلارغا قەتئىي يول قويماسلىق كېرەكلىكىنى،" ھەرقانچە ياخشى كۆرۈپ كەتسىمۇ كومېدىيەلەردە سىياسىينى مازاق قىلىشقا يول قويماسلىق ياكى "سېرىق ئۆيۈنلارنى، ئەخلاقسىز كومېدىيىلەرنىڭ سەھنىگە چىقىرىلىشىغا يول قويماسلىق" كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ.

تۇزۇتۇلگەندىن كېيىنكى ھۇجۇم پىلانى 7-دېكابىر كۈنى ھىتلېرغا سۇنۇلىدۇ. ھىتلېر، موسكۋاغا يۈرۈش قىلىش ۋاقتىنى بالتىق دېڭىز بويلىرىدىكى دۆلەتلەر تارمار كەلتۈرۈلۈپ، لېنىنگراد ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىنكى ۋاقىتقا ئۆزگەرتىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسىنىڭ مەخپىي ئىسمىنى "ئوتتو" دېگەندىن تېخىمۇ مەنىلىك بىر ئىسمغا، يەنى قىزىل ساقال مەنىسىدىكى "بارباروسسا" غا ئۆزگەرتىدۇ. بۇ ئىسىم ئەسلىدە مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورى بىرىنچى فرېدېرىكنىڭ لەقىمى، يەنى 1190-يىلى شەرققە قاراپ لەشكەر تارتىپ سەپەرگە ئاتلانغىنىدا "مۇقەددەس يەر" دەپ قارالغان شۇ ۋاقىتتىكى پەلەستىنىنتارتىپ ئالغاندا ئالغان لەقەم ئىدى. ھىتلېر، "غەربىي چېگرالىرىغا قويغان كۆپ قىسىم س س س ر قىزىل ئارمىيە قىسىملىرى پۇتۇنلەي يوقۇتۇلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن موتورلۇق ئاۋانگارت قىسىملاردىن پايدىلىنىپ خۇددى ئۆتكۈر شەمشەردەك سوۋېت تۇپراقلىرىغا ئىچكىرلەپ كىرىش، شۇ ئارقىلىق تېخىچە جەڭگىۋارلىقنى يوقاتمىغان قىزىل ئارمىيەنى سوۋېت ئارقا سېپىگە قاراپ قاچالماس ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشىمىز" كېرەك. "بۇ قېتىمقى ئوپېراتسىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى ۋولگا-ئارخانگېلىس سىزىقىنى بويلاپ بىر توساق پەيدا قىلىش ئارقىلىق، سوۋېت بىرۇسىيىسىنىڭ ئاسىيا قىسمىنى توسۇۋېتىش. شۇنداق قىلىپ، ئەگەر زۆرۈر بولغىنىدا رۇسىيىنىڭ تىركىشىپ تۇرىۋېلىشىغا ئاسا بولۇپ بېرىۋاتقان ئۇرال رايونىنىمۇ ھاۋادىن بومباردىمان قىلىپ يوق قىلىۋېتىشىمىز كېرەك."

ھالدېر، ھىتلېر بەلكىم كىشىلەرنى ئۈركىتىش ئۈچۈنلا بۇلارنى دەپ يۈرگەن بولمىسۇن دەپ ئويلايدۇ. شۇڭا ئۇ ھىتلېرنىڭ بۇ دېگەنلىرى راستىنلا ھەقىقى پىلانمۇ؟ دەپ ئېنىگېلدىن ئالدىراپ سورايدۇ.بۇ ئادىۋتانت، مېنىڭچە بۇنى ھىتلېرنىڭ ئۆزىمۇ بىلمىسە كېرەك، دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما تەۋەككۈلچىسىگە ھۇشۇق ئېتىلىپ، يىراققا يۈرۈش سەپىرىنىڭ پىلانى ئىجرا قىلىنىش كۈن تەرتىۋىگە ئېلىنىدۇ. ھىتلېر، ئۇنداق غالىبىيەتتىن كېيىن ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ گېرمانىيىنىڭ داۋاملىق ئىلگىرلەپ تاجاۋۇزچىلىق بىلەن شوغۇللىنىشىنى توختۇتۇش، جىم ئولتۇرۇپ ئىشغال قىلىنغان جايلارنىڭ مۇئەسسەدىن بەھرىمەن بولۇشىنىلا تەكىتلەيدىغان كىشىلەرگە قارىتا قىلچىمۇ تاقەت قىلالمايتتى. بۇ تۈردىكى كىشىلەر ياۋروپانىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم جايلىرى ھىتلېرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ

بولدى، يەتكىدەك ۋاقىت بىرىلسە ئەنگلىيەمۇ ئامالسىز ئۇنىڭ ياۋروپادىكى ھۆكۈمدارلىقىنى ئېتراپ قىلىشتىن باشقا چارىسى قالمايدۇ، دەپ تەرغىپ قىلىشقا كىرىشكەن ئىدى. ئەمما ئادولف ھىتلېر بۇ تۈردىكى پاسسىپ سىياسەتلەرنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مىللىي سوتسىئالىزمنىڭ مەقسىدى بولشېۋىزمنى يوقۇتۇش تۇرسا، ئۇ قانداقلارچە بۇ پۈتۈن ھاياتىنى ئاتىغان بۇ غايىسىدىن ۋاز كېچەلىسۇن؟

"مەن ئەسلىدە بىز چوقۇم پۈتۈن تەدبىرلەرنى ئىشقا سېلىپ ئىككى سەپتە ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەكلىكىنى ئويلايتتىم. _ دەيدۇ كېيىن بورمانغا، _ ئەمما خاتىرجەم بول، مەن ناپولېئون ۋە ئۇنىڭ رۇسىيەدىكى بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇزۇن مۇددەت مەخسۇس تەھلىل قىلىپ چىقتىم. ئۇنداقتا سىز نېمە ئۈچۈن رۇسىيەگە قارشى بىر ئۇرۇش قوزغىماقچى، يەنە كېلىپ نېمە ئۈچۈن دەل مۇشۇنداق بىر پەيتتە تاللىۋالدىڭىز، دەپ سورىشىڭ مۇمكىن." ئەگەر مەن ئەنگلىيەگە بېسىپ كىرمەكچى بولسام، بۇنداق بىر ئۇرۇش ئاخىرى چىقماس بىر ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ. بۇ ئىشتا ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئوينايدىغان رولى كونسايىن كۈچىيىپ كېتىشى مۇقەررەر. ئەمما سوۋېتلېر ئىتتىپاقىنى بوي سۇندۇرۇشتىكى بىردىن-بىر پۇرسىتىمىز، تەشەببۇسكارلىقنى قولغا ئېلىشىمىزدا. بىز نېمە ئۈچۈن 1941-يىلى ھۇجۇم باشلىشىمىز كېرەك بولۇپ قالدى؟ چۈنكى، ۋاقىت سوۋېتلېر ئۈچۈن كۈندىن-كۈنگە پايدىلىق بولۇپ ئۆزگەرمەكتە. ئەمما ۋاقىتنى كېچىكتۈرسەك گېرمانىيە ئۈچۈن پۈتۈنلەي پايدىسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىمىز. بىز سوۋېتلېر ئىتتىپاقىنى ئىشغال قىلغىنىمىزدىن كېيىنلا ئاندىن ۋاقىت گېرمانىيە تەرىپىگە ئۆتكەن بولىدۇ، دەيدۇ.

4

كۆرۈنۈشتە، بۇ ئىككى سۇئىي ئىتتىپاقداش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى يەنىلا دوستانە مۇناسىۋەت دەپ قاراشقا بولاتتى. بارباروسسا پىلانىنى يولغا قويۇش ئىشىنى كۈن تەرتىپكە قويغاندىن كېيىنكى بىر قانچە كۈن ئىچىدە، يەنى 1941-يىلى 10-يانۋار كۈندىن كېيىن، ھىتلېر سوۋېتلېر ئىتتىپاقى بىلەن ئىككى تۈرلۈك شەرتنامە ئىمزالىنىشىنى تەستىقلىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ: بىرىنچىسى ئىقتىسادى كېلىشىم بولۇپ، ئىككى تەرەپ ئۆزئارا تاۋار ئالماشتۇرۇش ھەققىدە؛ يەنە بىرسى بولسا مەخپىي كېلىشىمنامە بولۇپ، گېرمانىيە بۇرۇن ئوتتۇرغا قويغان لىتۋىيەنىڭ بىر قىسىم زېمىنىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى تەلىۋىدىن ۋاز كېچىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىش بەلگىلىمىسى ئىدى. بۇنىڭ بەدىلى يەتتە

يېرىم مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا تەڭ ئالتۇن ئىدى.

شۇنداقتىمۇ، بۇنداق دوستانە مۇناسىۋەتنىڭ كەينىدە ئىككى دۆلەت سودا ۋەكىللىرى ئۆمىكى ئوتتۇرىسىدىكى پىكىر ئىختىلاپى بولسا كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ بارماقتا ئىدى. سوۋېتلېر ئىتتىپاقىدىن گېرمانىيەگە يوللىنىدىغان خام ئەشيالاردا مال تاپشۇرۇش مۇقىم بولۇپلا قالماي، يەنە ئىنتايىن ۋاقتىدا يەتكۈزۈلمەكتە ئىدى. ئەمما گېرمانىيەنىڭ مال تاپشۇرۇشى بولسا ئۈنچىلىك كۆڭۈللۈك بولمايدۇ، مال تاپشۇرۇشمۇ بەكلا كېچىكتۈرۈلمەكتە ئىدى. ئالايلۇق، ھەر قېتىم ستانوكلار سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا توشۇلۇش ۋاقتىدا ھاۋا ئارمىيە ياكى ئۇرۇش مىنىستىرلىكى، يەنى دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرلىكىنىڭ تەپتىشچىلىرى كېرىلگىنىچە كېلىشىپ ئاۋال بۇ ماللارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ سۈپەتلىك ئىشلەنگەنلىكىنى ماختاپ سۆزلەپ كېتىشسە، كەينىدىنلا دۆلەت مۇداپىيىسى نامىدا بۇ ستانوكلارنى ئېلىپ كېتىشەتتى. بۇ تۈر تەشكىللىك ئويۇن ئويناشلار تاپشۇرۇلىدىغان ھەربىي كېمىلەردىمۇ كۆرۈلمەكتە ئىدى. تېخىمۇ كۆپ سۇئاستى كېمىسى ئىشلەپ چىقىرىش ئۈچۈن ھىتلېر ستالىنغا بېرىشكە ماقۇل بولغان بىر ئوكيان چارلاش پاراخوتىنىڭ ياسىلىشىنى بۇيرۇق بىلەن توختىتىۋېتىدۇ. ئەسلىدە نېمىسلار بۇ پاراخوتنى لېنىنگرادقا سۆرەپ ئاپىرىپ ئۇ يەردە پاراخوتقا كىرۇپلار ياسىغان 380 مىللىمېتىر ئېغىزلىق توپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۆزلىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئەمما ئۇلار باھا مەسىلىسىدە كېلىشەلمەي قاتتىق تالاش-تارتىش ئىچىگە پېتىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن پاراخوت ھازىرغىچە پورت ۋىلھېلمدا تۇرماقتا ئىدى.

گېرمانىيىنىڭ مال تاپشۇرۇش مەسىلىسىدىكى بۇ تالاش-تارتىشىغا ستالىنمۇ كىرىپ قالىدۇ. شۇنداقتىقمۇ ئۇ ئۆز سۆھبەت خادىملىرىغا ئۆزىنى تۇتىۋېلىش ھەققىدە ھەر دائىم تەلىم بېرىپ تۇراتتى. ئۇ، بۇ كەچكىچە جىدەل قىلىپلا تۇرىدىغان ئىتتىپاقدىشى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت قىلىشنى ساقلاشقا غەيرەت قىلىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت قانچىكى ئۇزۇن داۋام قىلسا ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچە ياخشى ئىدى. ستالىن ھېچ بولمىغاندا قىزىل ئارمىيىنى ئۇرۇش قىلىش كۈچىگە ئىگە ھالغا كەلتۈرۈۋالغىچە بولسىمۇ تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ يۈرگەن بۇ كۈنلەردە، ھىتلېر ئۆز خەلقىنى ئۇرۇش ۋە "يېڭى تەرتىپ" ئۈچۈن پۈختا تەييارلىق قىلىشنى تەلەپ قىلماقتا ئىدى. 30-يانىۋار كۈنى، بېرلىن تەنتەربىيە مەيدانىدا يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان نۇتۇق سۆزلەش مىتىنگىدە ئەنە شۇ توغرىلىق نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ نۇتقى گەرچە ئەگىتىپ ئايلاندۇرۇپ سۆزلەش بىلەن خاراكتېرلەنسىمۇ، گيوبېلسنىڭ قىسقىچە ئەمما كۈشكۈرتكۈچى ئىبچىلىش مۇراسىم نۇتقىدىن كېيىن ھىتلېر سۈرلۈك قىياپەت بىلەن سەھنىگە چىقىپ ھەيۋەتلىك تۇردە ئوك بىلىكىنى كۆتۈرۈپ، تەنتەنە سادالىرى ئىچىدە

مەيداندىكىلەرگە پارتىيە سالىمى قىلىدۇ. ئۇ سەل سۈكۈتتىن كېيىن، نۇتقىنى باشلىۋېتىدۇ. "دەسلىۋىدە، _ دەيدۇ كولومبىيە رادىئو شىركىتى _ س ب ئېس مۇخبىرى، شىرېرنىڭ ئورۇنباسارى ئەسلىمىسىدە، _ ئۇنىڭ ئاۋازى پەكلا بوش چىقىدۇ." ئاندىن تۇيۇقسىزلا ئاۋازىنى كۈچەيتىپ سۆزلەشكە كىرىشىدۇ. ھىتلېر ئىككى بىلىكىنى ئوينىتىقىنىچە قول ئىشارەتلىرى بىلەن نۇتۇقنى كىرىشىپ كېتىدۇ.

ئۇ نۇتقىدا، "شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ياۋروپا بۈيۈك يېڭى تەرتىپى ئۈچۈن ئالغاندا، 1941-يىلى ھەل قىلغۇچ بىر يىل بولىدۇ!" ھىتلېر بۇ گەپنى قىلغىنىدا چوقۇم "بارباروسسا" بىلەن كېيىن يولغا قويۇلىدىغان مىللىي تازىلاش ھەرىكەتلىرىنى كۆزدە تۇتقانلىقى چوقۇم. ئەمما ئۇنىڭ نۇتقىدا ھۇجۇم قىلغان دۈشمىنى بولسا "باقى دۇنيالىق دېموكرات ئەللەر" كاتىبىشى ئەنگلىيە ئىدى. ئۇ ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ، "باقى دۇنيالىق دېموكراتىك ئەللەر" خەلقارالىق يەھۇدىيلار گۇروھىنىڭ تىزگىنىنى قوبۇل قىلىشىپ، خائىنلارچە جېنىدىن تويغانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ سۆزلەر بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىش غەرىزىنى يوشۇرۇپ قالغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن نېمىسلارنى ئاخىرقى ھېسابتا يەھۇدىيلارغا ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىش ھەرىكىتىگە ئاتلىنىش ئۈچۈن روھىي جەھەتتە تەييارلىق قىلىپ قويىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرمەكتە ئىدى. تۆت كۈندىن كېيىن، ئۇ ھالدىرنىڭ، گېرمانىيە قۇراللىق كۈچلىرى رۇسىيە بىلەن تەڭ كېلەلىگىدەك ھالغا كەلگەنلىكىنى، ئەمما سوۋېت جەھەتتە ئۇلاردىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاۋېتىپ "بارباروسسا ئوپېراتسىيىسى باشلىنىشى ھامان پۈتۈن دۇنيا نەپەسىنى تۇتۇپ ئۇن چىقىرىشقىمۇ پېتىنالماي قالىدۇ!" دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ باش ئەگىدۈرۈش غايىسى ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن ئىدى. 17-فېۋرال كۈنى، ئۇ، بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قەلبى ھېسابلىنىدىغان ھىندىستانغا باستۇرۇپ كىرىش ئۈچۈن تەييارلىقنى پۇختا ئىشلىشى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلىش بىلەن بىر قاتاردا، قىسقاچ شەكىللىك ھۇجۇم قىلىپ، يېقىن شەرقنى قولغا كەلتۈرۈشنىمۇ پىلانلايدۇ: سول قاناتتا، رۇسىيەدىن باشلاپ ئىراندىن بۆسۈپ ئۆتۈش؛ ئوڭ قاناتتا بولسا شىمالى ئافرىقىدىن سۈۋەيش قانىلىغا يېقىنلاپ بېرىشنى پىلانلايدۇ. ئۇنىڭ بۇ زور دائىرىلىك پىلانىنىڭ ئاساسلىق نىشانى ئەنگلىيەنى گېرمانىيە تەرىپىدە تۇرۇپ بېرىشقا مەجبۇرلاش بولغاندەك قىلغىنى بىلەن، بۇ پىلان ھىتلېرنىڭ قارا نىيىتىنىڭ قايسى دەرىجىگىچە يېتىپ بارغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە ئىدى. ئۇ، رۇسىيەنى قولغا كېلىپ بولدى دەپ قارىماقتا ئىدى؛ ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك تىنچ كۈنلەر دەيدىغان ئىددىيىسى، ئۇنىڭ

ئۇچۇن ئىشغال قىلىشقا بولىدىغان يېڭى دۇنيالارنى بىشارەت قىلىش، باش ئەگدۈرۈشكە بولىدىغان يېڭى دۈشمەنلەرنى تېپىپ بېرىش، بولۇپمۇ ئامېرىكا پرېزدېنتى روزېۋېلتنى بويۇن ئەگدۈرۈش رولىنى ئوينىماقتا ئىدى.

هىتلېر ئۈچىغا چىققان بىر خىيالپەرەست بولىشىغا قارىماي، دائىم دېگىدەك رىياللىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان بىرسى ئىدى. ئۇ كەڭ كۆلەملىك زېمىنلارنى ئىگەللەش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ ئۈزۈنغا قالماي، نىسبەتەن كىچىكرەك دائىرىدىكى ئىشغال قىلىش پىلانلىرى ئۈستىدىمۇ باش قاتۇرۇشقا كىرىشىدۇ. ئىتالىيە قوشۇنلىرى ئالبانىيە بىلەن گرېتسىيەدە مەغلۇپ بولىشى، ئۇنىڭ دېيىشى بويىچە ۋاستىلىق بىر شەكىلدە "بىزنىڭ ماڭگۇ غالىپلار دەيدىغان ئىشەنچىمىزگە ئېغىر زەربە بولىدى. مەيلى دۈشمەن ياكى دوستلىرىمىز بولمىسۇن، ھەممىسىدىلا شۇنداق بىر قاراش بار ئىدى." شۇڭا، چوقۇم گرېتسىيەنى ئىشغال قىلىشىمىز، شۇنىڭدەك يەنە بۇ تەۋەلەردە قايتىدىن يېڭى تەرتىپ تىكلىگىنىمىزدىن كېيىنلا ئاندىن "بارباروسسا" ئوپېراتسىيىسىنى قوزغىيالىشىمىز مۇمكىن، دەيدۇ. بۇلار ئەسلىدە ئۇنىڭ بىردىن-بىر نىشانىمۇ ئەمەس ئىدى. هىتلېر ئىتالىيەنىڭ بالقان يېرىم ئارىلىدىكى مەغلۇبىيىتىنى تېخىمۇ كۆپ زېمىن ۋە تېخىمۇ كۆپ ئىقتىسادىي بايلىق مەنبەسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئالتۇن پۇرسىتى دەپ قارىماقتا ئىدى.

ئەسلىدە، گرېتسىيەنى ئىشغال قىلىش ئىشى ئۇنچىۋالا ئاسانمۇ ھېسابلانمايتتى. جوغراپىيىلىك شارائىتىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئۇ يەرلەرنى ئىشغال قىلىش ئىشىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرىۋېتەتتى. هىتلېرنىڭ بۇ نىشانى ئارىسىدا ۋېنگرىيە، رومىنىيە، بولغارىيە ۋە يۇگوسلاۋىيەدىن ئىبارەت تۆت دۆلەت سوزۇلۇپ ياتاتتى. ۋېنگرىيە بىلەن رومىنىيە ئىككىسى ئەمەلىيەتتە گېرمانىيەنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ بولغان دېيىشكە بولاتتى. گېرمانىيە بۇ دۆلەتلەرنى بېسىۋالغىنىغا نەچچە ئاي بولۇپ قالغان ئىدى. ئۈچىنچىسى، يەنى بولغارىيە بولسا، ئىنتايىن كۈچلۈك بېسىم ئاستىدا، 1-مارت كۈنى ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى شەرتنامىسىغا قول قويغان ئىدى. نەتىجىدە، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ گرېتسىيەگە يۈرۈش قىلىشتىكى يوللىرى تازىلانغاندەك قىلغىنى بىلەن، مەيلى ھەربىي كۈچ جەھەتتە ياكى سىياسىي جەھەتتە يۇگوسلاۋىيە يەنىلا هىتلېرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ كېلىۋاتقان بىر دۆلەت ھېسابلىناتتى. يۇگوسلاۋىيە رەھبىرى مەيلى رۇسلار بولسۇن ياكى نېمىسلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ بالقان يېرىم ئارىلىدىكى ئىشلارغا ئارىلىشىۋېلىشىنى خالىمايتتى. شۇنداق بولغاچقا، هىتلېر، ئۇنى ئوق مەركىزى دۆلەتلەر ئىتتىپاقىغا قاتنىششقا قىزىقتۇرۇپ سامانىنىڭ ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتكەندەك يۇشۇرۇن تەھدىت قىلىش ۋە مۇجمەل بىر شەكىلدە ۋەدىلەرنى بېرىش تەدبىرلىرىنى ئىشقا سېلىپ،

يۇگسلاۋىيە پادىشاھى پاۋۇلنى بېرگخوفقا تەكلىپ قىلىپ ئۇنىڭغا ئۆزى بىۋاستە تەسىر كۆرسەتمەكچى بولىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىپ، يۇگسلاۋىيە تېرىتورىيىسىنىڭ پۈتۈنلىكى قەتئىي كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ، دېگەنىدەك قىزىقتۇرارلىق ۋەدىلەرنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، پاۋۇل، بۇ ھەقتە قارار بېرىش ھەققەتەنمۇ قىيىن، دەپ تۇرىۋالىدۇ. بۇ ئىشتا پاۋۇل مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك شەخسىي ئىشىدىن ئەنسىرەپ كېسىپ بىر قارار بېرەلمىگەن ئىدى: ئۇنىڭ ئايالىدا يەھۇدىي قېنى بار بولۇپ، بۇ ئايال يەنە ئەنگلىيەگە ھېسسىداشلىق قىلىدىغان بىرى ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە پادىشاھ يەنە كېلىپ مۇسسولىنىنى بەكلا يامان كۆرەتتى. شۇنداق بولغاچقا بۇ پادىشاھ قايتىش ۋاقتىدا ھېچقانداق بىر ئېنىق جاۋاب بەرمەيلا كېتىپ قالىدۇ. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، _ بۇ ئۈچ كۈن ھىتلېر ئۈچۈن ھەققەتەنمۇ بەكلا ئۇزۇن كۈتۈش ھېسابلىناتتى، _ ئەگەر يۇگسلاۋىيە ھەربىي ياردەم قىلمىسىمۇ بولىدىغان ياكى گېرمانىيە قوشۇنلىرى زېمىن تەۋەسىدىن ئۆتۈشكىلا رۇخسەت قىلىشقا ماقۇل بولغىنىدا ئۈچ دۆلەت شەرتنامىسىنى ئىمزالاشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن بىر جاۋاب يوللايدۇ. بۇنداق بىر جاۋاب ھەرگىزمۇ كىشىنى قايىل قىلىدىغان بىر جاۋاب ھېسابلانمايتتى. شۇنداقتىمۇ ھىتلېر ئاچچىقىنى بېسىۋېلىپ مەن سىز ئوتتۇرغا قويغان بۇ تەلەپلەرنى تولۇق قوبۇل قىلدىم، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ قېتىمقى ياراشتۇرۇش ئىشى كۈتۈلمىگەن يەردىن رەت قىلىنىشقا ئۇچرايدۇ. يۇگسلاۋىيە ئۇرۇش قاينىمى ئىچىگە كىرىپ قېلىشقا سەۋەب بولىدىغان ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىشقا رازى ئەمەسلىكىنى، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش "بەلكىم ئا ق ش بىلەن، ھەتتا س س س ر بىلەن تۇتۇشۇپ قالىدىغان بىر ئۇرۇشقا ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن" لىكىنى ئېيتىپ كىلىشىمگە قول قويۇشتىن باش تارتىدۇ.

مارتىنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە، يۇگسلاۋىيەنىڭ باش ئەگمەسلىك پوزىتسىيىسى ئېنىق كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. فۈھرېرنىڭ دۆچ كېلىۋاتقان بېسىملارمۇ كۆرۈنەرلىك تۈس ئالماقتا ئىدى. 16-مارت كۈنى، فۈھرېر بېرلىنىدىكى ئۇرۇش مۇزېيىدا ئۆتكۈزۈلگەن "خاتىرلەش كۈنى" دە سۆزلىگەن نۇتقىدىمۇ بۇ نوقتا تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. "ئۇنىڭ چىرايى تۈرۈلۈپ بەكلا سەتلىشىپ كەتكەن ئىدى. _ دەيدۇ لوۋىز لوچنېر شۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ كېلىپ، _ ئۇنىڭ رەڭگى تاتىرىپ، كۆزلىرىمۇ ئادەتتىكىدەك چاقنىماي نۇرسىز ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى چېپىلداپ تەرلەپ، ئۈركىگەك بىر ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى. ئەمما كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان تەرىپى بۇلا ئەمەس. مېنى ھەيران قالدۇرغىنى، ئۇ بۇنداق بىر سورۇنغا ماس كېلىدىغان نۇتۇق تېزىسىنى ئوقۇۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ شۇنچە ئەستايىدىل، پۈتۈنلەي خاتىرجەم، بۇ ھەقتە پەرۋايى پەلەك ھالدا نۇتۇق

سۆزلىيەلىشى ئىدى.“ ئۇ قولىدىكى ئادەتتىكىچە نۇتقىنى ئۇقۇۋاتقىنىدا بەكلا زېرىككەندەك، نەچچە مىليون رادىئو ئاڭلىغۇچىلىرىنى ھاياجانلاندۇرۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن قىياپەتتە سۆزلىگەن ئىدى.

ئەتىسى، يۇگوسلاۋىيەدىكى داۋالغۇچىلار تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. تاج كەيدۈرۈش پارلامېنتى ئۈچ دۆلەت شەرتنامىسىنى ئىمزالاشقا ماقۇل بولۇپ، ئاممىنىڭ كۆچلۈك غەزەپلىنىش نارازىلىقىنى قوزغىۋېتىدۇ. ئۈچ نەپەر مىنىستىر ئىستېپا بېرىپ بۇنىڭغا قارشى نارازىلىقىنى بىلدۈرىدۇ. كەينىدىنلا ھاۋا ئارمىيە يوقۇرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرى بىر قوزغىلاڭغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. 27-مارت كۈنى گۇگۇم ۋاقتىدا، ئىسيان كۆتەرگەن ئەسكەرلەر ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. ياش شاھزادە پېتېر تەختكە چىقىدۇ.

شۇ كۈنى ئەتىگەن بېرلىندا ھىتلېر يۇگوسلاۋىيە مەسىلىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ھەل قىلىنغانلىقىنى ئۆزىچە تەبرىكلىمەكتە ئىدى. ئۇ يېڭىلا بىر پارچە تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، يۇگوسلاۋىيەنىڭ يېڭى شەرتنامە ئىشىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى، يەرلىك خەلقلەرمۇ ”بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەنگەنلىكى“، ھۆكۈمەتمۇ ”ۋەزىيەتنى تولۇق تىزگىنلىگەنلىكى“ نى ئۇقتۇرىدۇ. سائەت 12 گە بەش مىنۇت قالغىنىدا، ئۇ ياپونىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ماتسۇئوكا بىلەن مۇھىم بىر سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈۋاتقىنىدا، ئۇ بېلگرادتىن كەلگەن يەنەبىر پارچە تېلېگرامما تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. ھىتلېر ”سابىق ھۆكۈمەت ئەزالىرى قولغا ئېلىنىدى“ دېگەن سۆزلەرنى ئوقۇپ، دەسلىۋىدە بۇنى بىر چاقچاق بولسا كېرەك دەپ ئويلايدۇ. كەينىدىنلا قاتتىق غەزەپلىنىپ جاھاننى بېشىغا كىيىدۇ. قولغا كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان غەلىبىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيتتە باشقا بىرسى تەرىپىدىن تارتىپ ئېلىنىشى ھەرگىز چىداشقا بولىدىغان ئەھۋال ئەمەس ئىدى. بۇ قېتىم، ئۇ راستىنلا ئاچچىغلانغان ئىدى. ئۇ، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا قىلىنغان بىر ھاقارەت دەپ قارايتتى. ئۇ ۋارقىرىغىنىچە ئۈچ ئارمىيە باشلىقلىرىنى دەرھال باش مىنىستىرلىككە كېلىشلىرىنى بۇيرۇيدۇ. ۋىلھېلم كوچىسىدا تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ماتسۇئوكا بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقان رىببېنتروپقا ئالاھىدە جىددى تېلېفون قىلىدۇ؛ ئاندىن ئۇشتۇمتۇت يىغىن زالىغا كىرىپ كېلىدۇ. جودل بىلەن كېيتېل ھەر كۈنى دېگەندەك بۇ يەردە دوكلاتىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتاتتى. ھىتلېرقولىدىكى تېلېگرامما نۇسخىسىنى سىلكىگىنىچە مەن يۇگوسلاۋىيىنى چوقۇم يوق قىلىۋېتىمەن، ئۇلنى مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىمەن! دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ.

ئۇ خۇددى يېڭىلا تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ياش بىرسىدەك، تىخىمۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ، بارغانسىرى ھاياجانلىنىشقا باشلايدۇ. ھىتلېر، يۇگوسلاۋىيىگە شىمال ۋە شەرق تەرەپلەردىن بىرلا ۋاقىتتا دەرھال ھۇجۇم قىلىمەن دەپ قەسەم قىلىدۇ. كېيتېل بۇنداق

قاراملىق بىلەن قىلىنغان پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس دەپ ئۇنىداق قىلىشقا ئۇنىمايدۇ. چۈنكى، قىسمىلار پىلان بويىچە ئەڭ زور تىرانسپورت مىقدارى بويىچە ھەرىكەت باشلىۋەتكەن بولۇپ، بارباروسسا ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىش ۋاقتىنى يەنە كەينىگە سوزۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن لىستىنىڭ بولغارىيەدىكى كۈچمۇ بەكلا ئاجىز بولغاچقا، يۇگوسلاۋىيەگە تاقابىل تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ۋېنگرىيە ياردىمگە بولسا ئاخماقلارلا ئىشىنىشى مۇمكىن ئىدى.

"براۋچىتش بىلەن ھالدېرنى شۇنىڭ ئۈچۈن چاقىرتىپ كەلگەن ئىدىم" دەيدۇ ھىتلېر. بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ چارىسى ئۇلارنىمۇ چاقىرتىپ كېلىش. "مەن كىشىلەرگە ئۆزەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تونۇتۇپ قويۇش ۋاقتى كەلدى دەپ ھېسابلايمەن. مەن بالقان يېرىم ئارىلىنى بىراقلا سىرىپ سۈپۈرۈپ تاشلىشىمىز كېرەك!"

يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن براۋچىتش، ھالدېر، گىيۆرىڭ، رىببېنتروپ ۋە ئۇلارنىڭ شەخسى ئادىيۇتانتلىرى بىرلەپ-ئىككىلەپ كېلىشكە باشلايدۇ. كۆپچىلىك ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇشىدۇ. ھىتلېرنىڭ ئۇنى پۈتۈپ كەتكەن بولۇپ، قانلىق قىساسىنى ئېلىش تونىدا "مەن ھەربى كۈچ ئارقىلىق بىر دۆلەت بولۇپ تۇرىۋاتقان يۇگوسلاۋىيەنى يوق قىلىپ تاشلايمەن" دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئەمما رىببېنتروپ ئاۋال يۇگوسلاۋىيەگە ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتوم بېرىپ بېقىش كېرەك دەپ قۇراللىق بېسىپ كىرىشكە قوشۇلمايدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا سوغوققانلىق بىلەن جاۋاب بېرىپ، "سەن ۋەزىيەتكە ئەنە شۇ تەرىقىدە قاراپ كېلىۋاتامسەن؟ يۇگوسلاۋىيانلار ھەق بىلەن ناھەقنى ئاستىن-ئۈستىن قىلىشقا بەكلا ئۇستا. ئۇلار چوقۇم "بىز ئۇرۇشنى خالايدىغان خەلق ئەمەسمىز دېيىشى تۇرغانلا گەپ. ئەمما بىز ئەسكەرلىرىمىزنى گىرىتسىيەگە باشلاپ كىرىشىمىز ھامان ئۇلار چوقۇم كەينىمىزدىن خەنجەر ئۇرۇشى ئېنىق." ئۇ ھۇجۇم قىلىش ئىشى چوقۇم ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بالدۇر باشلىنىشى كېرەك! دەپ ۋارقىرايدۇ. "بىز يۇگوسلاۋىيىگە قىلچە رەھىم قىلماي زەربە بېرىشىمىز كېرەك. بۇنىداق قىلىش سىياسىي جەھەتتە بەكلا مۇھىم. ھەربىي جەھەتتە ئۇنى چاقماق تېزلىكىدە تارمار كەلتۈرۈشىمىز كېرەك." بۇنىداق قىلىشىمىز تۈركىيە بىلەن گىرىتسىيە ئىككىسىنىمۇ قورقۇتۇپ قويۇشىمىزغا يارايدۇ. گىيۆرىڭنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى يۇگوسلاۋىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ يەر ئۈستى ئەسلىھەلىرىنى يوقۇتۇش ئىدى. شۇندىن كېيىن نۆۋەتلىشىپ ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىقلا پايتەختىنى يوقۇتۇشقا مۇمكىن بولاتتى.

ھىتلېر تېزلىكتە ئالدىراشلىق بىلەن چاقىرتىلغان ۋېنگرىيە بىلەن بولغارىيە مىنىستىرلىرىنى بىر نېمىلەرنى دەپ يولغا سېلىۋېتىدۇ. ئۇ ۋېنگرىيە مىنىستىرى بىلەن ئارانلا

15 مىنۇت كۆرۈشىدۇ. ھىتلېر بۇ كۆرۈشۈشتە بېلگراد قوزغىلىڭىنى مۇنداق بىر سۆزنى نەقىل كەلتۈرۈپ خۇلاسىلايدۇ: "تەڭرى بىرەرسىنىڭ يوقۇلۇشىنى خالىسا، يوقالغۇچى چوقۇم ئاۋال خالجىرلىشىدۇ." ئاندىن ئۇ "بۇ قېتىمقى بوھراندا، ئەگەر ۋېنگرىيە بىر كىشىلىك كۈچ چىقىرىشنى خالىسا، ئۇلار قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزۈندىن بېرى چىشىنى بىلەپ كەلگەن بانات رايونىنى قايتۇرۇپ ئالالىشى مۇمكىن. ۋېنگرىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ بىردىن-بىر پۇرسەت، بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغىنىدا ىخلى ئۆزۈن يىللارغىچە ئۇلار مۇنداق بىر پۇرسەتنى قايتا قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ. مېڭا ئىشىنىشىڭلار كېرەككى، مەن سىلەرگە ھەرگىزمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن بۇ گەپلەرنى قىلىپ ئولتارمايمەن. مەن دېگەن گېپىمگە ئىگە بولالايمەن دېگىنىمدە ھەرگىزمۇ ئاشۇرۇپ گەپ قىلمايمەن" دەيدۇ.

ئىككىنچى قېتىملىق كۆرۈشۈش ئارانلا 5 مىنۇت داۋام قىلىدۇ. ھىتلېر بولغارىيە مىنىستىرىغا، يۇگسلاۋىيە ۋەقەسى مەيدىسىنى بېسىپ ياتقان چوڭ بىر پارچە تاشتىن قۇتۇلدۇرغانلىقىنى ئېيتىدۇ. "ئۇ يەردىكى ئىشلار ھەققىدە مەن ئۆزۈنغىچە بىر قارارغا كېلەلمەي يۈرگەن ئىدىم. مانا ئەمدى ياخشى بولدى" دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ماكېدونىيەنى يەمچۈك قىلىپ كۆرسىتىپ بولغارىيەنى داۋاملىق تۈردە ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى بىلەن ھەمكارلىقتا بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھىتلېر مەرتلەرچە سوغا قىلىش، يەنى باشقىلارنىڭ مۈلكىدىن پايدىلىنىپ سوۋغا بېرىش سۆزنى تۈگىشى ھامان غەزەپ بىلەن قايناپ كېتىدۇ. "يامۇۋرلۇق بوران-چاپقۇن يۇگسلاۋىيىنىڭ ئۈستىگە يۈپۈرلۈپ كېلىدۇ. بۇ بوران چاپقۇن شۇنچىلىك شىددەتلىك بولىدىكى، ئۇ يەردىكى ئەپەندىلەر بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ ئاغزىلىرى ئېچىلغىنىچە ھاڭ-تاڭ بولۇپ قېتىپلا قالىدۇ!"

ھۇجۇم باشلاش بۇيرۇقى ئاللىمۇقاچان چۈشۈرۈلگەنلىكى، شۇنىڭدەك يەنە ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمەي ئارسالدا بولۇپ تۇرغان ئىككى ئىتتىپاقدىشىنىمۇ سېتىۋالغىنىدىن كېيىن، ھىتلېر شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ياپون ئەلچىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ھىتلېر ئا ق ش نىڭ بۇ ئۇرۇشقا قاتنىششىنى خالىمايتتى. شۇڭا ئۇ ياپونە ئەڭ ياخشىسى سىنگاپۇرنى تارتىپ ئېلىشى، شۇنىڭدەك تېز جەڭ قىلىپ تېز پۈتتۈرۈشى كېرەكلىكىنى تەكلىپ قىلىدۇ. چۈنكى بۇ پۇرسەت قولدىن كېتىپ قالغىدەك بولسا، قايتا بۇنداق بىر پۇرسەت كەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى بەكلا كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، رۇسىيەنىڭ مانجۇرىيەدە ھۇجۇم قوزغاپ ياپونىيە بىلەن قارشىلىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەسلىكى كېرەكلىكىنى قوشۇپ قويىدۇ.

ياپونىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ئەسلىدە ئورېگون ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن بىرسى تۇرۇۋغلۇق، خەستەنگە ئېنگلىزچىسىنى بۇزۇپ كىكەچلىگىنىچە مۇنداق دەيدۇ:

گېرمانىيىنىڭ تەكلىۋىنى توغرا بىر تەكلىپ دەپ قەتئىي ئىشىنىدىغانلىقىنى، "ئەمما نۆۋەتتە مەن ياپونىيىگە ۋاكالىتەن ئېنىق بىر جاۋاب بېرەلمەيمەن" دەيدۇ. ھىتلېر بۇنىڭدىن بەكلا ئۈمىدسىز بولىدۇ. ماتسۇئوكا بۇنى پەرق قىلىپ ئالدىرىغىنىچە، بۇنداق بىر ھەرىكەتنى قەتئىي ماقۇللاش تەرىپىدە ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. راست دېگەندەك ماتسۇئوكا بۇنداق بىر ھەرىكەتنى باشلىتىشقا ھەقىقەتەنمۇ تەقەززار بىرى ئىدى. شۇڭا ئۇ، سىنگاپور مەسىلىسىدە بەك ئالدىراپ ۋەدە بېرىپ-بەرمىگەنلىكىنى ئىنىقلاش ئۈچۈن خېلى بۇرۇنلا پولكوۋنىك ياتسۇگى ناگائىنى سىنگاپورغا يوللاپ رازۋېتكا قىلىپ كېلىشىنى ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ھىتلېر ھەر قېتىم ئەنگلىيەنىڭ بۇ قەلئەسى ھەققىدە گەپ قىلغىنىدا كېكەچلەپ ئېنىق بىر نېمە دېمەي تۇرالمايتتى. ھېرمان گيۆرىڭ بىر پارچە فوجى تېغى رەسىمىنى تاپشۇرۇپ ئالغىنىدا كۈلۈپ تۇرۇپ، "ئەگەر ياپونىيە سىنگاپورنى ئالغىدەكلا بولىدىكەن، مەن چوقۇم فوجى تېغىنىڭ ھەقىقىي مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بېرىش نىيىتىم بار، سىزچە قانداق؟" دەپ سورايدۇ. ياپونىيىلىك پەۋقۇلئاددە ئەلچى ماتسۇئوكا بېشى بىلەن قوپال مىجەزلىك پولكوۋنىك ناگىنى كۆرسىتىپ "بۇنى سىز ئۇنىڭدىن سورىشىڭىز كېرەك" دەيدۇ.

ماتسۇئوكا، يېقىن كەلگۈسىدە ستالىن بىلەن بىرەر شەرتنامە ئىمزالىۋېلىش ئارزۇسى بارلىقى ھەققىدە تىنماي سۆزلەپ كېتىدۇ. رىببېنتروپ، "سىز بۇنداق بىر ۋاقىتتا قانداقمۇ س س س ر بىلەن بۇ تۈر بىر شەرتنامە ئىمزالىيالايسىز؟ ئۇنۇتماڭ، سوۋېتلىكلەر ھەرگىزمۇ بىرسىگە بىكارغا بىر نېمە بېرىدىغان كىشىلەردىن ئەمەس" دەيدۇ. بۇ گەپ ماتسۇئوكانى بەكلا ھەيران قالدۇرىۋېتىدۇ. تۆت چوڭ دۆلەت شەرتنامىسى تۈزۈش پىكرى رىببېنتروپنىڭ پىكرى ئەمەسمىدى؟ ناگى ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى بىر ئاگاھلاندۇرۇش دەپ قارايدۇ. ئەمما ماتسۇئوكا بولسا باش ئەلچى ئوشىما يالغۇز يەردە ئۇنىڭغا سوۋېتلېر ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيە ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا پات يېقىندا ئۇرۇش پارتلىشى ئېھتىمالى بار، دەپ ئېيتقان بولىشىغا قارىماي ئۇ يەنىلا شۇ تولۇپ تاشقان ھاياجان ئىچىدە ئىدى.

ماتسۇئوكا بىلەن كۆرۈشۈشتىن كېيىنمۇ ھىتلېرنىڭ شۇ كۈنكى كۈن تەرتىبى تېخى تۈگىمىگەن ئىدى. ئۇ 25 نومۇرلۇق بۇيرۇقنى ئىمزالاپ تارقىتىپ، يۇگوسلاۋىيە بىلەن گرېتسىيە ئىككىسىگە بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم باشلاش چاقىرىقىنى چىقىرىدۇ. شۇ كۈنى تۈن يېرىمىدا، يۇگوسلاۋىيە ھەققىدىكى ئىشنى مۇسسولىنىغا خەت ئارقىلىق ئۇقتۇرىدۇ. "راستىنى دېسەم، مەن بۇ تۈر ۋەزىيەتنى ئاپەت خاراكتېرلىق بىر ۋەقە دەپ قارىمايمەن. _ دەپ يازىدۇ خېتىدا، _ شۇنداقتىمۇ ۋەزىيىتىمىز يەنىلا بەكلا قىيىن ئەھۋالدا تۇرماقتا. بىز ئۈچۈن بۇنداق بىر ۋاقىتتا ئاخىرقى ھېسابتا پۈتكۈل ۋەزىيەتنى خەۋپكە قويۇشىمىزدىن ساقلىنىش

ئۇچۇن ھەرگىزمۇ خاتالىششىمىزغا بولمايدۇ.» شۇنداق بولغاچقا ئۇ يۇز بېرىۋاتقان بوھرانغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بارلىق تەدبىرلەرنى ئېلىپ، زوروۇر بولغان ئەسكىرى چارىلارنى تولۇق ئىشقا كىرىشتۈرگەن ئىدى. «باش مىنىستىر، مەن ھازىر سىزدىن شۇنى جىددى تەلەپ قىلىمەنكى، بۇندىن كېيىنكى بىر قانچە كۈن ئىچىدە ئالبانىيەدە يەنىمۇ ئىلگىرلەپ بىرەر قۇراللىق ھەرىكەت قىلىش خىيالىدا بولمىغايسىز.» ھىتلېر سىلىغلىق بىلەن قارشى تەرەپنى قايتىدىن ئىستىقبالى بولمىغان بىرەر تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ ۋەزىيەتكە زىيان سېلىشتىن ساقلىنىش ھەققىدە سىلىقچە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگىنىدىن كېيىن، «بۇ دېگەنلىرىم مۇتلەق مەخپىي» تۇتۇلىشى كېرەك دەپ تەلەپتە بولىدۇ. ئاندىن يەنە بۇ سۆزىنىڭ ئاستىغا سىزىق تارتىپ ئەسكەرتىپ، مەخپىيەتلىكىنىڭ ھەققەتەنمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى قايتا تەكىتلىگەن بولىدۇ.

ئىنتايىن ئەدەپلىك ۋە جاھىللىق شەكلىدە يېزىلغان بۇ خەت ئۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى يېڭىچە مۇناسىۋەتنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسەتكەن دېيىش مۇمكىن. مۇسسولىنى، گرېتسىيە بىلەن ئافرىقىدا قىلغان تەۋەككۈلچىلىكى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۆزىنى داۋاملىق «ئاكاڭ قارىغاي مەن» دېيەلمەس ھالغا كەلگەن ئىدى. ئەندى بۇ دەمغا، فۈھرېرنىڭ كۆزىدە قەتئىي كىچىرىشكە بولمايدىغان، مەغلۇبىيەتچى دېگەن تامغا بېسىلىپ بولغان ئىدى. بۇ ئىشلاردا ھىتلېرنىڭ بېشىغا كەلگەن كەمسىتىلىش ھەققەتەنمۇ قورقۇنۇشلۇق ئىدى. گەرچە بۇ ھەقتە مۇنازىرە قىلىشقا تېگىشلىك بولغاندىمۇ، گرېتسىيە ئوپېراتسىيىسىنىڭ ۋەيران بولىشى، ئەنگلىيەنىڭ لىبىيەدە ئوڭۇشلۇق تۈردە قايتارما ھۇجۇم قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەمدە فرانكونى جەبىلتارىق ئوپېراتسىيىسىنى قوللاشقا زادىلا جۈرئەت قىلالماس ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇش بىلەنلا قالماستىن،655 بەلكى يەنە گېرمانىيەنىڭ بەكلا ئۇيغۇن بولمىغان بىر پەيتتە يۈز ئۆرۈگەن يۇگوسلاۋىيەگە تاقابىل تۇرۇشقىمۇ مەجبۇر قىلغان ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، «بارباروسسا» نىمۇ بىر ئاي كېچىكتۈرۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ.

5

گەرچە ھىتلېر «بارباروسسا» پىلانىنىڭ كېچىكتۈرۈلۈش مەسئۇلىيىتىنى يۇگوسلاۋىيە ئوپېراتسىيىسى ئۈستىگە ئارتىپ قويغاندەك قىلسىمۇ، ئەسلى ئۇنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى بولغان قۇرۇغلۇق ئارمىيىسىنىڭ قۇراللىنىش ئەھۋالىنىڭ بەكلا يېتەرسىز ھالدا بولىشى ئاساسلىق سەۋەب ئىدى. مايلى قانداقلا بولمىسۇن، ھىتلېر بۇ پىلانىنىڭ كەينىگە سوزۇلۇشىنى ھەر

قانچە قورققاندەك قىلسىمۇ بىرەر ئاپەت دەپ قارىمايتتى: "مېنىڭ ئەسلى ئەنسىرەيدىغىنىم، رۇسىيىلىكلەرنىڭ تەشەببۇسكار بولۇپ ئاۋال ھۇجۇم باشلىشىدۇ." شۇنداق بولغاچقا قارىماي ھىتلېر ئاساسىي قىسىملار قوماندانلىرىنى باش مىنىستىرلىقتا چاقىرتىپ ھۇجۇم قىلىش كۈنىنىڭ ئېنىق ۋاقتىنى، شۇنىڭدەك ئىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرىپى ھېسابلىنىدىغان "ئىككى خىل قارمۇقارشى ئىدېئولوگىيە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش" مەسىلىسىدە ئۇلارغا تەلىماتلار بېرىش ۋاقتىدا، ئۇنىڭدا قىلچىمۇ ئەنسىرەش ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيتتى. 30-مارت چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دا، "بارباروسسا" پىلانىنى ئادا قىلىدىغان بىر قانچە يوقۇرى دەرىجىلىك قوماندان ئۆز شتاب خادىملىرى بىلەن بىرلىكتە ھۆكۈمەت كابىنېتىنىڭ كىچىك بىر يىغىن زالىغا يىغىلغان بولۇپ، زالدا بىر مۇنبەرمۇ تەييارلانغان ئىدى. 200 كىشىدەك يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئۇنۋان دەرىجىسى ۋە ئەمەل تەرتىبى بويىچە بىر قانچە قاتار بولۇپ ئولتۇراتتى. ھىتلېر ئارقا تەرەپتىن يىغىن زالىغا كىرىپ كېلىدۇ. دەرھال كۆتۈرۈلگەن تاقىراق-تۇقۇرۇق ئورۇندۇق ئاۋازىدىن كېيىن ھەممە تىك تۇرۇشىدۇ. ئۇلار ھىتلېر سەھنە ئالدىغا كەلگىچە دىققەتتە تۇرىدۇ. ھىتلېرنىڭ كۆرۈنۈشى بەكلا جىددىي بولۇپ، ھەربىي مەسىلىلەر بىلەن سىياسىي ۋەزىيەت ئۈستىدە توختىلىدۇ. بۇ 4 يىل ئىچىدە ئا ق ش ئىشلەپچىقىرىش ۋە ھەربىي كۈچ جەھەتتە يوقۇرى پەللىگە يېتەلەيدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق بولغاچقا، بۆگۈنكى پەيت، ياۋروپاغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك تازىلاش ئېلىپ بېرىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى، دەپ كېلىپ، رۇسىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس، كۈتۈپ ئولتۇرۇشمۇ بىزنىڭمۇ ئاپەت خاراكتېرلىق يوقۇتۇلۇش بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. شۇڭا رۇسىيەگە قارشى 22-ئىيۇن كۈنى ھۇجۇم باشلايمىز، دەيدۇ.

ھۇجۇم ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، بۇنىڭ سەۋەبى قىلىپ، بۇنداق بىر ئۇرۇشنى قوزغاش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشقا يەتكىدەك سالاھىيەتلىك بىرەر ئىز باسارنىڭ بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. پەقەت ئۇ ئۆزىلا ياۋروپانى بوي سۇندۇرۇشتىن ئاۋال بولشېۋىك دەپ ئاتالغان بۇ يول چىگداش ماشىنىنىڭ گۈلدۈرلەپ ئالغا ئىلگىرلىشىنى توسيالايدىغانلىقىنى؛ شۇڭا ئۇ خەلق ئاممىسىنى قوزغىلىپ بولشېۋىكلار دۆلىتىنى بىراقلا يوقۇتۇۋېتىش ھەمدە قىزىل ئارمىيىنى بىر يولدىلا تارمار قىلىۋېتىشقا چاقىرىق قىلىدۇ. ئۇ يەنە كاپالەت بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: بىز چوقۇم تېز ئارىدا غەلىبە قىلالايمىز، چوقۇم پارلاق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز. بۇ يەردە، بوي سۇندۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئۇرۇسلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، ئۇرۇش ئەسىرلىرى بىلەن ئۇرۇش سىرتىدىكى خادىملىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى بىردىن-بىر مەسىلە بولۇپ ئالدىمىزغا دۈچ كېلىشىدۇر،

دەيدۇ.

ھىربى تەرەپ قۇماندانلار قېتىپ قالغاندەك قىمىرمۇ قىلماي ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار كاللىسىدا بۇ پىلاننى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن كىمنى ۋەزىپىگە تەيىنلەر، دېگەننىلا ئويلايتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا كەسپىي ئەسكەرلەر بولغاچقا، ھىتلېرنىڭ پولشا ئىشغالىيتىدىن كېيىن پولشالىق يەھۇدىيلار، زىيالىلار، پوپلار ۋە ئاقسۆڭەكلەرگە قوللانغان رەھىمسىزلەرچە تەدبىرلەردىن بەكلا يىرگىنگەن ئىدى. ئۇلاردىكى بۇنداق تەشۋىشلىنىش ھىتلېرنىڭ يەنە بىر قېتىملىق ۋارقىراپ ھەيۋە كۆرسىتىشى بىلەن تېخىمۇ كۈچەيگەن ئىدى: "رۇسىيە ئۇرۇشىدا قانداقتۇ ئالىجاناپلىق دېگەن گەپلەرگە ھەرگىزمۇ يول قويماسلىقىمىز كېرەك! بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئىدېئولوگىيە ساھەسى بىلەن ئىرقىي پەرق ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش بولغاچقا، چوقۇم مىسلى كۆرۈلمىگەن غەيرەت بىلەن ئۇرۇش قىلىش، قىلچە رەھىم قىلماسلىق، قەتئىي تۈردە ئىچ ئاغرىتماسلىق شەرت!" يىغىن سورۇنىدىن بىرەر ئېغىزمۇ نارازىلىق پىكرى كۆتۈرۈلمەيدۇ. پولشاغا بېسىپ كىرىش ۋاقتىدىكىدەك ئۇنداق ئىختىيارسىز ئوتتۇرغا چىققان قارشىلىق پىكىرلەرمۇ تۇيۇلمايدۇ.

شۇ كۈنى ئەتىگەن، ھىتلېر ھەربىي قۇماندانلىرىدىن ئەسكەرلىك شان-شەرىپىنى كۆرسىتىپ تەھدىت قىلغان ھال ئۇلارنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق خورلۇققا قېلىش سىنىقىدىن ئۆتكۈزىدۇ. بۇرۇنمۇ يەھۇدىيلار بىلەن سلاۋىيانلارنى ھەم يامان كۆرىدىغان ھەم ئۇلاردىن قورقۇپ كېلىۋاتقان كىشىلەردەك ، بۇ گېنېراللارمۇ ھىتلېرنىڭ بۇنداق ئەھلىسەلىپ سەپىرىگە قېتىلىشنى خالاپ كەتمىگەن ئىدى. بۈگۈن، ئۇلار بۇ ئۇرۇشتا ۋېرسايىل سۆھبىتىدە قولدىن بېرىپ قويغان ھاياتلىق ماكانىنى رۇسىيە زېمىنى ئارقىلىق تولۇقلاشنىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويۇلغانلىقىنى، ھىتلېرنىڭ تاجاۋۇز قىلىشتىكى ھەقىقىي غەرىزىنىڭ يەنىلا شۇ بولشېۋىكچىلىكنى يوقۇتۇش، يەنى يەھۇدىيلارنى يوقۇتۇش بولۇپ قالدى دەپ ئويلىشاتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، يۇگسلاۋىيە بىلەن گرېتسىيەگە بېسىپ كىرىش ئىشىنىڭ تەييارلىقى پۈتكەن ئىدى. بېلگراد كوچىلىرىدا ھەر كۈنى دېگىدەك نارازىلىق بىلدۈرۈش نامايىشلىرى يۈز بېرىپ تۇرماقتا ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى 5-ئافرېلدا يۇگسلاۋىيە يېڭى ھۆكۈمىتى بىلەن بىر شەرتنامە تۈزۈشكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ نامايىشلارنىڭ بەزىلىرى يەرلىك كومپارتىيە ئۇلارنىڭ بالقان سىياسىتى ئۈچۈن خەلقنى كۈشكۈرتۈش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. ئەمما بۇ تۈر ئەھۋاللار ھىتلېرنى نىيىتىدىن ياندۇرالمايتتى. ئەتىسى تاڭ سەھەردە، گېرمانىيە قوشۇنلىرى مۇتلەق ئۈستۈن كۈچ بىلەن يۇگسلاۋىيە چېگراسىنى بۆسۈپ ئۆتىدۇ. گېرمانىيە ئايروپىلانلىرى پىلانلىق تۈردە بېلگرادنى بومباردىمان قىلىشقا

باشلايدۇ. قىزىق، ھىتلېر بۇ قېتىمقى ھەرىكەتكە "جازالاش" دەپ مەخپى ئات قويغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى يۇگوسلاۋىيە بىلەن ئىمزالاشقان شەرتنامىنىڭ سىياسىمۇ قۇرىماي تۇرۇپ، ئۇ بەكلا ئوچۇق ئىپادە بىلدۈردى: "يۈز بەرگەن ۋەقە بىزگە مۇناسىۋەتسىز." شۇڭا «پراۋدا» گېزىتىنىڭ كەينى بەتلىرىدىن بىرىگە گېرمانىيىنىڭ يۇگوسلاۋىيە بىلەن گرېتسىيەگە ھۇجۇم قىلغانلىقى ھەققىدىكى ئادەتتىكىچىلا بىر خەۋەر بېسىلدى. بۇ خەۋەردە گېرمانىيە ئايروپىلانلىرىنىڭ بېلگرادنى 24 سائەت نۆۋەتلىشىپ بومباردىمان قىلغانلىقىنىمۇ مۇنداقلا تىلغا ئېلىپ قويغان.

ھىتلېر، پولتكول ئوپېراتسىيە ھەرىكىتى ئىككى ئايدا تاماملىنىدۇ، دەپ گېيوبېلسنى ئاگاھلاندۇردى. گېيوبېلسمۇ بۇ خەۋەرنى كۆپچىلىككە ئۆز پېتى ئۇقتۇردى. ئۇنىڭ بۇنداق ئالدىن خۇلاسە قىلىشى دۈشمەن كۈچلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەخمىنى مۆلچەرى ئاساسىدا ئوتتۇرغا قويۇلغان ئىدى. بىر ھەپتىگە قالماي گېرمانىيە بىلەن ۋېنگرىيە قىسىملىرى خارابىلىقتىن پەرقى قالمىغان بېلگرادقا كىرىپ كېلىدۇ. "جازالاش" ھەرىكىتى جەريانىدا 17 مىڭ نەپەر پۇخرا بىھۇدە ئۆلىدۇ. 17-چىسلا، يۇگوسلاۋىيە قالدۇق قىسىملىرى ئەل بولىدۇ. ئۇن كۈندىن كېيىن، گېرمانىيە تانكىلىرىنىڭ ئافىناغا بېسىپ كىرىشى بىلەن گرېتسىيە ئوپېراتسىيىسىمۇ ئاخىرلاشقان ھېسابلىنىدۇ. گېرمانىيە ئارمىيىسى قىممەتلىك ئېنېرگىيە، يېقىلغۇ ۋە ۋاقىت بەدىلىگە كونا تىپلىق تۆمۈريول ۋە تاش يول بويلاپ 29 دىۋىزىيىسىنى ئۇرۇش مەيدانىغا توشۇپ بارغان ئىدى. ئىنتايىن چوڭ بۇ قىسىملاردىن ئارانلا ئون دىۋىزىيە ئۇرۇشقا قاتنىشالايدۇ، ھەتتا 6 كۈندىن بېرى ئارانلا بىر قېتىم ئۇرۇش قىلالايدۇ. گېرمانىيە بۇ ئۇرۇشتا بىر ھېسابتا بازغان بىلەن چىۋىن ئۆلتۈرگەندەكلا بىر ئىش قىلغان ئىدى. "بارباروسسا" نىڭ كېچىكتۈرۈلۈشىگە مۇسسولىن ئەمەس، بەلكى ئەسلىدە گېرمانىيە جاسۇسلۇق ئورگانلىرىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك دەرىجىدە مەغلۇبىيەتلىك خىزمەتلىرى سەۋەبچى بولغان دېيىش توغرا بولاتتى.

بالقان (بەزى گەپلەردىن قارىغاندا، 'بالقان' سۆزى تۈركچە "بال ۋە قان" دېگەن سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن كەلگەنمىش. يەنى بۇ يەرلەر ھەسەل تېمىپ تۇرىدىغان ئەمما يېقىن يولىساڭ قان ئېقىشتىنمۇ ساقلانغىلى بولمايدىغان ھەم ئىسسىل ھەم قورقۇنۇشلۇق بىر يەر، مەنىسىنى بېرەرمىش. _ ئۇ.ت) يېرىم ئارىلىغا بېسىپ كىرىشتە سەرپ قىلىنغان چىقىمدىن ھىتلېر ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالىدۇ. شۇنداقتىمۇ شىمالى ئافرىقا ۋەزىيىتىنىڭ ھەيران قالدۇرارلىق ئىلگىرلىشى فۇھرېرنىڭ بۇ ھەيرانلىقنى خېلىلا بېسىقتۇرالىغان ئىدى. گېنېرال ئېرۋىن رومىېل 3 دىۋىزىيىلىك قوۋۋەتكە تايىنىپ سىرېنائىيكانى بوْسۇپ ئۆتۈپ مىسىرغا نەچچە مىل يېقىن بىر يەرگىچە بېسىپ كىرىدۇ. بۇ قېتىمقى غەلىبە ھىتلېرنىلا ئەمەس

ھەتتا دۇشمەن تەرەپنىمۇ قاتتىق ھەيران قالدۇرغان ئىدى. بۇ ئوپېراتسىيە ئەنگلىيەنىڭ ئاق دېڭىزنىڭ شەرقىدىكى ئىشغالىيىتىنى توساپ قېلىپ، ئەنگلىيەنىڭ ئابرۇيىنى بەكلا تۆكۈۋېتىدۇ. بۇ ئىش، قىسمەنلىكتە زىددىيەتلەشتۈرۈلۈشلەر بولۇپ تۇرسىمۇ يەنىلا ستالىن بىلەن گېرمانىيەنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈنمۇ قايىل قىلىش رولىنى ئويناۋېدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى بالقان يېرىم ئارىلىدا يۈز بەرگەن تاجاۋۇزچىلىققا كۆز يۇمۇشىلىشىنىلا كەلتۈرۈپ چىقارغان بولماي، ھىتلېرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىگە بېسىپ كىرىش توغرىسىدىكى سۆز-چۆچەكلەرگىمۇ قۇلاق سالماس قىلىۋېتىدۇ. بولمىسا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دۆلەت كونسلى قاتارلىق ئورۇنلار سوۋېتلېرنى بۇ ھەقتىا نۇرغۇن قېتىم ئاگاھلاندۇرغانلىق ھەققىدىكى ئۇچۇرلار ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغان ئىدى. يەنى موسكۋادىكى دىپلوماتىك خادىملار پات يېقىندا يۈز بېرىدىغان سوۋېت-گېرمان توقۇنۇش ئېھتىمالىنى ئاشكارە سۆزلىشىپ يۈرمەكتە ئىدى. "شۇنداق، ئامېرىكا باش ئەلچىسى ستېيىنخاردت (ئۇ بىر يەھۇدىي ئىدى) نىڭ ئايالى، ــ دەيدۇ مەلۇم بىر گېرمانىيە دىپلوماتىيە ئەمەلدارى بېرلىنغا يوللىغان دوكلاتىدا، ــ گېرمانىيە قىسىملىرى موسكۋاغا بېسىپ كىرىشتىن ئاۋال ئۇ يەردىن ئايرىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان."

نەچچە ئايدىن بېرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جاسۇسلۇق (ئىستىخبارات ــ ئۇ.ت) ئورگانلىرىمۇ گېرمانىيە پات يېقىندا سوۋېتلېر ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلغىدەك دەپ پەرىزنى ئوتتۇرغا قويماقتا ئىدى. ئەمما ستالىن ئۆزىنىڭ ئىستىخباراتچىلىرىغا پەقەتلا ئىشەنمەيتتى. بۇ جەھەتتىكى دوكلاتلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى نەتىجىسىدە، ستالىننىڭ تەرسالىقى يەنە تۇتۇشقا باشلايدۇ. ئۇ، ئەگەر گېرمانىيە ئالدى باشلاپ ئەنگلىيەلىكلەر بىلەن ياراشمايدىغانلا بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، دەپ قەتئىي چىڭ تۇرىۋالىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، گېرمانىيە ئۇنچىۋالا ئاخماق ئەمەس، بۇنداق گەپ-سۆزلەر پۈتۈنلەي غەرپ كاپىتالىستىك دۆلەتلىرىنىڭ تاپقان قۇرۇق گەپلىرى، بۇ تۇر دۆلەتلەر مېنىڭ بىلەن ھىتلېر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت چىقىرىپ پايدا ئالماقچى دەپ ھېسابلايدۇ. چېچ ئىشپىيونى يوللىغان كىشىنى چۆچۈتكىدەك بىر پارچە دوكلاتىغا ستالىن قىزىل قېرىنداش بىلەن مۇنداق دەپ تەستىق سالىدۇ: "بۇ ئاخبارات پۈتۈنلەي ئەنگلىيەنىڭ ئارىنى بۇزۇش مەقسەت قىلغان ئۇيدۇرمىسى. شۇڭا بۇ يالغانچىلىقنى ئۇيدۇرغۇچى قەتئىي تېپىپ چىقىرىلسۇن ھەمدە ئۇ بالا تېرىغۇچى قاتتىق جازالانسۇن."

مارشال يېرېمېنكونىڭ ئەسلىمىسىمۇ ستالىننىڭ بۇ تۈردىكى ئورۇنسىز گۇمانخورلىقنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە ئىدى. "ئۇنىڭ پۈتكۈل سەپ بويىچە جىددىي ياكى ھەل قىلغۇچ

مۇداپىيىلىنىش تەدبىرلىرىنى ئالماسلىقىدىكى سەۋەبلەردىن بىرى شۇ ئىدى. يەنى ئۇ، بۇنداق قۇرۇق گەپلەرگە ئىشەنگىنىدە ھىتلېرچىلارغا بىر ئىشارەت بەرگەن بولۇپ قېلىشىدىن قورقاتتى. ستالىن كاپىتالىزىم بىلەن ناتسىستلار ئۆزئارا بىر-بىرسىنى غاجىلىشىپ يەپ تۈگىتىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. نېمىلا بولسا بولسۇن، قىزىل ئارمىيە ئومۇمىي يۈزلۈك قۇراللىنىشىدىن ئاۋال ھىتلېرنىڭ چىشىغا تېگىپ ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى پەيدا قىلىنىشىنى خالىمايتتى.“

ستالىن ياپونىيىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈنمۇ شۇنداق تەشنا ئىدى. تېخى يېقىندىلا بېرلىندىن كەلگەن ياپونىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ماتسۇئوكانىمۇ ئالاھىدە قىممەتلىك مېھمان قاتارىدا كۈتىۋالغان ئىدى. بىتەرەپلىك شەرتنامىسى ئىمزالانغاندىن كېيىن راستىنلا ئاشكارە تۈردە خوشاللىقىنى ئىپادىلىگەن ئىدى. كرېمىل سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن تەبرىكلەش مۇراسىمىدا، ستالىن ئۆز قولى بىلەن تەخسىلەردىن بىر قانچە ياپون ئەلچىسىگە قورىما جىقلاپ بېرىدۇ؛ ئۇلارنى قۇچاغلاپ سۆيۈپمۇ قويىدۇ؛ شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ پايپېتەك بولۇپ كېتىدۇ. بۇ شەرتنامە ئۇنىڭ دىپلوماتىك تاكتىكىسىنىڭ بىر غەلىبىسى ئىدى. كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە شۇنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتىكى، گېرمانىيەنىڭ رۇسىيەگە ھۇجۇم قىلىشى ھەققىدىكى كوچا خەۋەرلىرىگە ئۇ پەقەتلا قۇلاق سالماس ھالغا كېلىۋالغان ئىدى. ئەگەر گېرمانىيەدە رۇسىيەگە قارشى ھۇجۇم قىلىش ئويى بولسا ئىدى، ئۇلار ھەرگىزمۇ ياپونىيەنىڭ سوۋېتلېر ئىتتىپاقى بىلەن بۇنداق بىر شەرتنامىنىڭ ئىمزالىنىشىغا يول قويمىغان بولاتتى دەپ ئىشىنەتتى.

ستالىن ئىنتايىن خوشال بولغان ھالدا ياپون ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئۆزى بىۋاستە پويىز ئىستانسىسىغا چىقىپ ئەرق مەس بىر قىياپەتتە ئۇزۇتۇپ قويىدۇ. ئۇ گېنېرال ناگائىنى قوچاغلاپ خوشلىشىدۇ. يەنە پاكا بويلۇق ماتسۇئوكانىمۇ قوچىغا ئېلىپ بىر نەچچىنى سۆيۈپ قويىدۇ. ”ياۋروپادىنقورققىدەك يېرى قالمىدى، _ دەيدۇ ستالىن، _ چۈنكى بىز ياپون-سوۋېت بىتەرەپلىك شەرتنامىسىنى ئىمزالىۋالدۇق!“

ئارىدىن بىر قانچە مىنوت ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى ياپونلار ئولتۇرغان پويىز بىكەتتىن ئايرىلغان ۋاقتىدا، ستالىن بىر قولى بىلەن گېرمانىيە باش ئەلچىسى ۋون دېر شۇلېنبۇرگنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە: ”بىز چوقۇم ئىزچىل دوست بولۇپ قېلىشىمىز كېرەك. سىز پۈتۈن ئىشلىرىڭىزنى ئەنە شۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىشلىشىڭىز كېرەك!“ دەيدۇ. ئاندىن ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ بىر پولكوۋنىكنى كۆرۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭمۇ بىر نېمىس ئىكەنلىكىنى پەرق قىلىپ ئۇنىڭغا قاراپ ”ھەر قانداق ئەھۋال يۈز بېرىشىدىن قەتئىي نەزەر، بىز يەنىلا دوست بويىچە قالىۋېرىمىز!“ دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنى

بەلكىم بەكلا كۆپ گېرمانىيە ئايروپلانلىرىنىڭ رۇسىيە ھاۋا تەۋەسىدىن ئۆتۈشى ۋەقەلىرىنى كۆزدە تۇتسا كېرەك. چۈنكى ئۆتكەن ئىككى ھەپتە جەريانىدا بۇ تۈر ۋەقەلەر 50 قېتىمدەك يۈز بەرگەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ شۇرىنبۇرگ بىلەن قۇچاغلىشىپ كۆرۈشكەندىن ئىككى كۈن ئۆتمەيلا، بىر گېرمانىيە ئايروپلانى سوۋېتلىر ئىتتىپاقى ھاۋا ساھەسىگە 100 مىل چوڭقۇرلاپ كىرىپ جىددى قونۇشقا مەجبۇر بولغان ئىش تۇيۇقسىزدىن ئاشكارىلىنىپ قالدى. ئايروپلاننىڭ ئىچىدە (بۇ ئايروپلاندا بىر رەسىم تارتىش ئاپاراتى، بىر قانچە غالتەك رەسىمى ئورنىتىلمىغان سۈرەت لېنتىسى ۋە بىر پارچە تىتىلىپ كۆرگىلى بولمىغىدەك ھالغا كەلگەن سوۋېتلىر ئىتتىپاقى يەر شەكلى خەرىتى تېپىلدۇ). سوۋېتلىر ئىتتىپاقى بىرلىنغا رەسمى نارازىلىق بىلدۈرۈپ، مارتىنىڭ ئاخىرلىرىدىن بۇيان نېمىس ئايروپلانلىرىنىڭ سوۋېتلىر ئىتتىپاقى ھاۋا تەۋەسىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش ۋەقەلىرى 80 قېتىمغا يەتكەنلىكى بىلدۈرۈلدۇ. شۇنداق بولسىغا قارىماي نارازىلىق بىلدۈرۈش تونى يەنىلا بەكلا سىلىق ئىدى. ئاخىرى ئۆزۈلمەي سەلدەك كېلىۋاتقان بۇ تۈر ئاخباراتلار ھىتلېرنىڭ 22-ئىيۇن كۈنى س س س ر غا بېسىپ كىرىدىغانلىق ئېھتىمالىنى بىلدۈرمەكتە بولۇپ، بۇ تۈر ئاخباراتلاردىن ئەڭ يېقىنقىسى ئەنگلىيە باش ئەلچىسى كىرىپپىس تەرىپىدىن يەتكۈزۈلگەن (ئۇزۇندىن بېرى، ئەنگلىيە ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە مەخپى دېگەن مەلۇماتلىرى مۇھىم ئاخباراتلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا يەتكۈزۈپ تۇرۇش، ئەمما ئاخباراتنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئاشكارىلىماسلىق ئاساسىدا ئىشلەنمەكتە ئىدى. "بۇ ئىش ئۈچۈن بىز موسكۋادا مەخسۇس ئالاقىلاشقۇچى مەسئۇلىنى قويغان ئىدۇق. _ دەيدۇ خۇگ ترېۋور روپېر شۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ كېلىپ، _ ئىسمىدە قېلىشىچە، بىر قېتىم ئۇ ماڭا، ئەڭ ئوڭۇشلۇق تۈردە سوۋېتلىكلەر بىلەن يېقىنلىشالىغان ۋاقتىمىمۇ ئارانلا تىياتىرخانىدا بىر نەپەر ئۇرۇس گېنېراللىنىڭ يىراقتىن قول ئىشارىتى قىلىپ سالام بېرىشىلا بولىدى، دېگەن ئىدى." "لوندوندىكى رۇسىيەلىكلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش بۇنىڭغا قارىغاندا بەكلا قولاي ئىدى. _ دەيدۇ ئاشىبىر لېي، _ بىز پەۋقۇلئاددە مەخپى ماتېرىياللىرىنىڭ مۇھىم ئاخباراتلىرىنى ئۇلارغا بېرىپ تۇردۇق." لېي ئۇ يەردە ھەر تۈرلۈك كىشىلەر بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىپ تۇراتتى. بۇلار سوۋېت مەخپى ساقچى ئىدارىسى، يەنى ن ك ۋ د نىڭ بىر نەپەر ئوفىتسېرى، ھاۋا ئارمىيە ئەلچىخانا ھەربىي مەسلىھەتچىسى، ئايروپلان سىناق قىلىش ئۇچقۇچىسى، بىر نەپەر پولكوۋنىك پاگونلۇق ئالى سوۋېتى دېپوتاتى قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى. ئەمما بۇ تۈر كىشىلەر بېرىلگەن بۇ تۈر مەلۇماتلارغا بەكلا گۇمان قىلاتتى. لېينىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا، بۇ كىشىلەر پەۋقۇلئاددە مەخپى دەپ بەلگە سېلىنغان ئاخباراتلارغا تولا بەك ئېتىبار قىلىپ كېتىشمەيتتى. ھېچ بولمىغاندا

ستالىنگراد ئوپېراتسىيىسىگە كەلگىچە ئەنە شۇنداق مۇئامىلىدە بولۇپ كېلىشكەن" ئىكەن. – ئا.ھ.ئى) بولۇپ، بۇ ئاخباراتلارغىمۇ بەرىبىر ئاڭلىماسقا سېلىپ قۇلىقىنى يۇپۇرۇپ يۈرىشەتتى.

گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە بولسا، ھەممە كىشى دېگىدەك سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىش قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا قالدى دەپ پەرەز قىلىپ يۈرۈشكەن بولسىمۇ، ھىتلېر "بارباروسسا" ھەققىدىكى گەپنى شۇ ۋاقىتقا كەلگەندىلا ئاندىن رىببېنتروپقا ئېيتىدۇ. بۇنىڭدىن بەك خوشال بولمىغان بۇ دىپلوماتىيە مىنىستىرى "موسكۋا بىلەن يەنە بىر قېتىم دىپلوماتىك ھەرىكەتكە ئۆتۈپ باقساق دەپ تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ھىتلېر ھەرىكەت پىلانىنى ئەندى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، دەپ كېسىپلا ئېيتىدۇ." ھىتلېر، رىببېنتروپنىڭ بۇ ھەقتە ھېچكىم بىلەن مۇھاكىمە قىلىشىغا يول قويمايدۇ. ئاندىن موسكۋادا تۇرىۋاتقان باش ئەلچى ۋون دىر شۇرېنبۇرگقا ۋەدە قىلىپ، "مەن رۇسىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى ھەرگىز خالىمايمەن" دەيدۇ. شۇندىن ئىككى كۈن كېيىن، ھىتلېر سوۋېتلېرگە ھۇجۇم قىلىش ۋاقتىنى، يەنى كىرىپپس ئوتتۇرغا قويغان 22-ئىيۇن ھۇجۇم باشلاش كۈنىنى يەنە بىر قېتىم مۇقىملاشتۇرىدۇ.

شۇ كۈنلەردە گېرمانىيە دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك قۇراللىق كۈچلەر بىلەنمۇ كۈچ سىناشقىدەك دەرىجىگە كېلىۋالغانلىقىغا ھېچ كىم گۇمان قىلمايتتى. شۇنداقتىمۇ گېرمانىيىنىڭ يەنىلا كارغا كەلگىدەك بىرەر ئىتتىپاقدىشى يوق ئىدى. يەنى ياپونىيە جاھاننىڭ بىر چېتىدە، ئىتالىيە بولسا بەكلا يېتەرسىز، ئىسپانىيە قەتئىي يول قويماي يۈرگەن، ۋىچى فرانسىيەسى بولسا ئىشەنچلىك ئەمەس ئىدى. قولغا كەلتۈرگەن غالىبىيەتلەر ھىتلېرنىڭ ئىتتىپاقنى كۈچلەندۈرمەك تۇرماق ئاجىزلاشتۇرىۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ باشقا دۆلەتلەرنى ئاسانلا بوي سۇندۇرىۋېلىشى ئۇنىڭ يۇگوسلاۋىيە، ۋېنگرىيە ۋە رومىنىيە قاتارىدىكى ئۇششاق دۆلەت دوستلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق دوستلىرىنى بەكلا ئەنسىرىتىپ قويغان ئىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى بىردىن-بىر كۈچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە بولۇپ، بىر ئىستىلاچىغا نىسبەتەن ئالغاندا، پەقەت قۇراللىق كۈچكىلا تايىنىش ھەقىقەتەنمۇ ئەجەللىك بىر ئاجىزلىق ھېسابلىناتتى. ئۇرۇشتا يېڭىپ چىقىشتا قۇرال كۈچىگە ئەمەس بەلكى سىياسەتكە تايىنىش كېرەك ئىدى.ناپولېئون ئېنگلىزلاردىن ئەنە شۇنداق ئاچچىق ساۋاقنى ئېرىشكەن بولۇپ، ئېنگلىزلاردا مۇنداق بىر ئەنئەنە بار ئىدى: بىر قانچە جەڭدە مەغلۇپ بولساق مەيلىكى، ئومۇمىي ئۇرۇشتا چوقۇم غالىپ چىقىشىمىز شەرت. ياۋروپا قىتئەسىدە ئەنگلىيە گېرمانىيەگە قارشى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، برىتانىيە فېدراتسىيەسىغا تەۋە ھەر قايسى ئەللەرنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ۋە ئا ق ش

نلىك يارىدىمىنقولىغا كەلتۈرەلىگەن ئىدى.

ھىتلېر شەرقتە غەلىبىگە ئېرىشىمەن دەيدىكەن، بىردىنبىر ئۇمىد سوۋېتلېر ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى مىليونلىغان ستالىنغا قارشى كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزىشى شەرت ئىدى. ئەمما ئۇ روزېنبېرگ گۇرۇھىنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىپ شەرقلىقلەرگە سىلىق مۇئامىلە قىلمايدىكەن، ھەققى "بۇيۇك ئىتتىپاق" بەرپا قىلىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويۇش بىلەنلا قالماي، يوشۇرۇن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان دوستلۇقنىمۇ ۋەھشى دۈشمەنگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى.

6

ھىتلېرنىڭ ئۈچ خىل ئارمىيە قوماندانلىرى دەسلىۋىدە ئۇنىڭ رۇسىيەگە بېسىپ كىرىش ئويىدىن قورقۇپ ئەرۋاھى ئۇچۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەندىشىككە كەلگەندە بۇ گېنېراللارنىڭ ھەممىسىلا بۇ ئىشتا خۇددى ھىتلېرغا ئوخشاش غەلىبە قازىنىش كۈنىنىڭ ئۇزۇنغا قالمايلا غەلىبە قازىنىشقا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە باشلىغان ئىدى. بارلىق گېنېراللارنىڭ بىردەك پىكرى، بۇ ئوپېراتسىيىنى 3 ئاي ئىچىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە تاماملىيالايمىز، دېيىشتىن ئىبارەت ئىدى. مارشال براۋچىتش بۇ ۋاقىت مۆلچەرنى بەكلا كۆپ قىسقارتىۋېتىدۇ. ئۇ، "ئەڭ كۆپ 4 ھەپتىلىك" ئاساسلىق ئوپېراتسىيە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇرۇش تازىلاش ئۇرۇشىغا ئايلىنىدۇ، "قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچلىرى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈپ قالىدۇ" دېگەن پەرىزنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. كاللىسى تاشتەك قېتىپ كەتكەن جودلمۇ بۇ دېيىشكە قوشۇلۇپ، ۋارلىمونتنى ئۇن چىقىرالماس قىلىپ قويىدۇ. ئەسلىدە ۋارلىمونت بۇ تۈردىكى كەسكىن ھۆكۈم قىلىشلارغا ئىشەنچ قىلالماي، "رۇسىيە تىگىپ كەتسىلا يېرىلىپ ھەممە يەرنى بۇلغىۋېتىدىغان پوققۇرساق توڭگۇز كۈچىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى، ئەمەلىيەت چوقۇم ئىسپاتلايدۇ" دەيدۇ.

گېنېرال گۇدېرئاننىڭ سۆزىگە قارىغاندا، فۈھرېرنىڭ "قىلچە ئەساسى يوق كۆتۈرەڭگۈ روھى ئەتراپىدىكى ھەربى قوماندانلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە بۇلغاپ بولغان ئىدى. ئالى قوماندانلىق شتابى بىلەن قورۇقلۇق ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى تاغدەك ئىشەنچ بىلەن مەزمۇت تۇرىشى بويىچە قىش پەسلى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچى تولۇق ئىدى. شۇڭا، قورۇقلۇق ئارمىيىدە، قىشلىق كىيىم-كېچەكلەر ئارانلا بەشتە بىر كىشىلىك تەييارلانغان ئىدى." يوقۇرى قاتلام ئىچىدە يۈز ئۆرۈيدىغانلارمۇ يو ئەمەس ئىدى. رىبېنتروپ بىلەن ئادمىرال رايدېر ئىككىسى باشتىن

تـارتىپلا "بارباروسسـا" پىلانىغا قارشـى چىققانلاردىن ئىـدى. كېيىنكىلەرنىڭ خېلـى بەك ئـۆز پىكرىنـى ساقلاپ قالغـانلاردىن بىـرى بولسـىمۇ، ئـۇ بـۇ كـۆڭلىدە قارشـى پىكـر بىـرىش ئۇسـلۇبىنى خـېلىلا تۈزتـىپ ئالغـان ئىـدى.ھىتلېرنـىڭ يـېقىن ئەتراپىـدىكىلەر ئارىسـىدىمۇ بەزىلەر "بارباروسسا" غا قارشى ئىدى. ھىتلېرنىڭ گېۆرىڭدىن قالسىلا ئىككىنچى نومۇرلـۇق ئىز باسارى بولغان رۇدولـف ھـېس ھايـاتلىق ماكـانى نەزەرىيىسـىنى پۈتـۈنلەي قوللايـدىغان بىرى بولسىمۇ، گېرمانىيە-ئەنگلىيە ئۇرۇشى داۋام قىلىۋاتقان بىر پەيتتە رۇسـىيەگە ھۇجـۇم قىلىشقا قارشى ئىدى. ئۇ بىر ۋاقىتلاردا يالغۇز يەردە شۇبېرىن ۋون كروسىگكقا، بۇ توقۇنـۇش جەريانىدا بىردىنبىر پايدا كۆرىدىغىنى يەنىلا شۇ بولشېۋىكلار، دەپ ئېيتقـان ئىـدى. ھـېس، ئالدىنقى يىلى يازدا گرۇنېۋالـدتا سىياسـىي جوغراپىيەشـۇناس پروفېسسـور كـارل خاۋشـوفېر بىــلەن كۆرۈشــۈپ، قانــداق قىلغانــدا ئەنگلىــيە بىــلەن يارىشــىپ قــېلىش مــۇمكىنلىكى مەسىلىسـى ئۈسـتىدە تـا تـۈن يېرىمـى سـائەت ئىككىگــىچە مۇھـاكىمە قىلىشـقان ئىـدى. خاۋشوفېر ئۇنىڭغا مەلۇم بىر بىتەرەپ شەھەردە مەلۇم بىر داڭدار ئېنگلىزنى تېپىـپ مەخپىي سۆھبەت قىلىش تەكلىۋىنى بەرگەن ئىدى. بۇ ئەسلىدە مۇنداقلا دېيىلگەن ئادەتتىكىچە بىر تەكلىپـتەك قىلغـان بولسـىمۇ، كۆڭۈلـمىگەنـدە پۈتكـۈل يەرشـارى بـويىچە قىزىقـارلىق بىـر تەۋەككۈلچىلىك ۋەقەسىنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشىغا سەۋەپ بولىدۇ.

ھېس، كەلگۈسىدىكى مەخپىي ۋەزىپىسىنى ئويلىســلا قـاتتىق ھاياجانلىنىـپ كېتەتتـى. شۇڭا ئۇ بـۇ پىلاننـى ئـاخىرى ھىتلېرغـا ئېيتـىپ، ئۆزىنـىڭ ھىتلېـر بىـلەن ئارىسـى سـوۋۇپ كەتكەن مۇناسىۋىتىنى قايتا جانلاندۇرۇشـنى ئويلايـدۇ. ھېسـنىڭ ۋەزىپىسـى بەكـلا يوقـۇرى ھېسابلانسىمۇ، بىر يىـل مابەينىدە ھىتلېر ئۇنىڭ پىكرىنـى پەقەتـلا ئەسـتايىدىل ئولتـۇرۇپ ئويلىنىپ باقمىغان ئىدى. "مەن ھېسنىڭ ھېچ قاچـان مېنـىڭ ئىـز باسـارىم بولالماسـلىقىنى ئـارزۇ قىلىـمەن. ــ دېـگەن ئىـدى خانفسـتايىنگېلغا، ــ مەن كىمـگە يـۈز كېلەلمەسـلىكىمنى بىلەلمەيلا قالدىم: ھېسقىمۇ ياكى پارتىيەگە؟" شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىككىنچى كـۈبىزبكى بولغـان ھېسـقا بولغـان سۆيگۈسـىنى ئـازىراقمۇ كامايتقـان ئەمەس ئىـدى. شـۇنداق بولغاچقـا ئـۇ ئورۇنباسـار فـۇھرېرنى پروفرسسـورنىڭ چـوڭ ئـوغلى، يەنـى تاشـقى ئىشـلار مىنىسـتىرىدە ئىشلەيدىغان ئالبرېچت خاۋشوفېر ۋاستىسى ئـارقىلىق ئېنـىقلاپ كۆرۈشـكە نـائىلاج مـاقۇل بولىدۇ.

كۆپ يىللاردىن بېرى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ بىـر ئەزاسـى بولغـان ئوغـۇل خاۋشوفېر، ھېسنىڭ دېگەنلىرىگە ئېتىـۋار قىلمىغـان بىـر قىيـاپەتتە، ئەڭ ياخشـى مېنـىڭ ئەنگلىيەلىك يېقىن دوستۇم دۇك خاملتون بىلەن كۆرۈشۈپ باققىنىمىز تـۈزۈك، چـۈنكى ئـۇ پات-پاتلا چېرچىل ۋە ئەنگلىيە پادىشاھى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرالايدۇ، دەيـدۇ. بـۇ گەپـتىن

ھېس قاتتىق خوشال بولغان ھالدا ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلدى. ئالبرېچت ئاتىسىغا يازغان خېتىدا، "بۇ ئىش پۈتۈنلەي بىھۇدە ئۇرۇنۇش" دەپ ئېيتقان بولسىمۇ، بىر ۋەتەنپەرۋەر نېمىس بولۇش سۈپىتى بىلەن، يەنىلا ئەنگلىيە بىلەن تىنچلىق ئورنىتىش جەھەتتە كۈچ چىقىرىش ئىرادىسىگە كەلگەن ئىدى. ئۇ، دۇك خاملتونغا خەت يېزىپ، ئۇنى ھېس بىلەن لىسبوندا ئۇچرىشىپ بېقىش تەكلىۋىنى بىردى. ئۇ خېتىنىڭ ئاخىرىغا A دەپ ئىمزا قويۇپ، ھېسنىڭ ئىنىسى ئارقىلىق لىسبوندىكى ۋ. روبېرتس خانىمغا يەتكۈزدى. بۇ خانىم خەتنى ئەنگلىيەگە يوللاش جەريانىدا خەت تەكشۈرگۈچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ، بۇ خەتنى ئەنگلىيە مەخپى ساقچى ئورگىنىغا تاپشۇرۇپ بىردى. بۇ ئورگان كېيىنچە بۇ خەت سەۋەبىدىن بىرىتانىيە خانلىق ھاۋا ئارمىيىسى ئىستىخبارات باشقارمىسى مۇۋاپىق ھەرىكەتكە ئۆتتى. بۇ جەرياندا بەكلا كۆپ ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن، ھېس خاۋشوفېر ئاتا-بالا ئىككىسى بىلەن ھېتلېردىن يوشۇرۇنچە بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئۆزى يالغۇز يولغا چىقماقچى بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ قوللانغان ئۇسۇلى ھەقىقەتەنمۇ قىزىقارلىق ئىدى. ئەگەر ئىنگلىزلار سېزىپ قالغىدەك بولسا، ئۆزىنى ئۈچۈش تەنھەركىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولدى. ئۇ، دۇك خاملتوننىڭ داچىسىغا ئۇچۇپ بېرىپ، ئايروپلاندىن پاراشوت بىلەن ئاتلىماقچى، ئاندىن يالغان ئىسىم قوللىنىپ خاملتون بىلەن سۆھبەتلەشمەكچى بولدى. ئۇ راستىنلا ئۇچۇش مۇتەخەسسىسى بولۇپ، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا ھاۋا ئارمىيە ئوفىتسېرى بولغان، 1934-يىلقى گارمىش ئەتراپىدا ئۆتكۈزۈلگەن گېرمانىيەنىڭ ئەڭ ئېگىز تاغ چوققىسى زۈگسپىتزنى ئايلىنىپ ئۇچۇش مۇسابىقىسىدا ھەممىنى ئۇتۇپ چىققان غالىپ ئىدى. ئۆزى يالغۇز دۈشمەن مۇداپىيە لىنىيەسىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، شوتلاندىيەنىڭ يىراق بىر يېزىسىغا قاراپ ئۇچىشى، ياش ۋاقتىدا جۇمۇلاڭما _ ئەۋرېست چوققىسىدىن تۇنجى بولۇپ ئۇچۇپ ئۆتكەن خاملتوننى چوقۇم قىزىقتۇرالىشى مۇمكىن ئىدى. "بۇنداق بىر قارارنى بەكلا تەستە ئالغان ئىدىم. _ دەيدۇ ھېس كېيىن سوراق قىلغۇچىغا، _ مېنىڭ ئالدىمدىن باش-ئاخىرىنى كۆرگىلى بولماس ئۇششاق باللار تاۋۇت قاتارى تىزىلىپ ئۆتۈپ تۇراتتى، تاۋۇت كەينىدە يەنە ئۇزۇن كەتكەن يىغا-زار قىلىپ كېلىۋاتقان ئانىلار، بۇ ئانىلار ئارىسىدا ئەنگلىزلارمۇ، نېمىسلارمۇ بار ئىدى. يەنە بىر تەرەپتە ئانىلار سىلىنغان تاۋۇت قاتارى تىزىلىپ ئۆتۈپ تۇراتتى. بۇلارنى كۆرمىگەن بولسام بەلكىم ئۇنداق بىر قارارغا كەلمەسلىكىممۇ مۇمكىن ئىدى." ھېس، مانا مۇشۇنداق ئالاھىدە تاكتىكا قوللىنىش ئارقىلىقلا فۈھرېرنىڭ ئەنگلىيە-گېرمانىيە ئىتتىپاقى ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن بولاتتى. ئەگەر بۇ ئىشتا مەغلۇب بولسامۇ ھېتلېر بۇ ئىشقا چېتىلىپ قالغان بولمايدۇ. ئەگەر ئۇتۇغلۇق بولغىنىدا، بۇنىڭ مۇكاپاتى يەنىلا

فۇھرېرگە مەنسۇپ بولىدۇ، دەپ قاتتىق ئىشىنەتتى. شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئۇنىڭ ئۆلمەي شوتلاندىيەگە يېتىپ بارالىشىنىڭ ئىمكانى ھەققەتەنمۇ يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكىنى، بەلكىم ملىڭ ئۆلۈپ بىر تىرىلىپ ئاندىن نىشانغا يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ تىرىك يېتىپ بارالىغىدەكلا بولسام ھامىنى زىيىنى پايدىسىدىن كۆپ بىر ئىش قىلغان ھېسابلىناتتىم، شۇڭا بۇنداق بىر تەۋەككۇلچىلىك قىلىش ئەرزىيدىغان بىر تەۋەككۇلچىلىك ھېسابلىنىدۇ، دەيدۇ.

ھېس يەنە شۇنىڭغىمۇ قەتئىي ئىشىنەتتىكى، بۇنداق يېگىيىاچە تىنچلىق ئىشىنى ھىتلېرمۇ چىن دىلىدىن قارشى ئېلىشى مۇمكىن، ئەمما مېنى بۇنداق خەتەرلىك ئىشنى سىناق قىلىشىمغا ھەرگىزمۇ يول قويماسلىقى مۇمكىن ئىدى؛ ئۇ مېنى ئايروپلانلىق ئالدىنقى سەپكە بېرىشىمنى چەكلىمىگەنمىدى؟ شۇنداق بولغاچقا، بۇ ئىشنى مەخپىي تۇتۇش بەكلا مۇھىم ئىدى، دەيدۇ. ئادىيۇتانت ۋىيدېمانىڭ ئېيتىشىچە، ھېس ھەققەتەنمۇ فۇھرېرنىڭ ”ئەڭ ساداقەتلىك ئادەملىرى“ دىن بىرى ھېسابلىناتتىكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بۇنداق بىر قارارغا كېلىشى ھەققەتەنمۇ بەكلا كۈلكىلىك ۋە بەكلا گۆدەكلىك قىلغانلىقى ھېسابلىناتتى. ئۇ راستىنلا بەكلا دۆتلۈك قىلغان ئىدى. ھېس ھەقتەنمۇ باشقىلارغا بەكلا ئىشىنىپ كېتەتتى، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ غەرىزى ئۆزىنىڭ خوجايىنىنىڭ ئىشلىرىغا شۆھرەت قازاندۇرۇشتىن باشقىچە ئەمەس ئىدى. ئۇ لىۋىنى ئاچماي بەكلا ئەستايىدىل يۈرىدىغان بىرى ئىدى؛ كەڭ ئىگەكلىك، كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان بىرى ئىدى. ئەمما ئۇنى ھەرگىزمۇ تېۋتونلارچە ئۇلۇغۋار كىرۇمۋېلدەك بىرسىگە ئوخشىمايتتى. ئۇ كۈلگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭدىكى جىددىيلىكتىن ئەسەرمۇ قالمايتتى.

ۋاگنېر سەھنە ئەسىرىدىكى باش قەھرىمان بىر پارسىفالغا ئوخشايدىغان، قىلچە ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتى بولمىغان بۇ زىيالى، ئەنە شۇ چەكسىز ساداقەتلىك بىر مالاي، دەل بۇ ئادەم، دۈشمەن ئارقا سېپىگە قاراپ ئۇچۇش خامخىيالى ئىچىگە پېتىپ، بۇ ئىشنى خوجايىنىنىڭ ھەققى ئىرادىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىغا قەتئىي ئىشەنچ قىلىپ، پىلانى ھەرقانچە قالايماقان بولسىمۇ تەييارلىق ئىشلىرىنى ئىنتايىن تەرتىپلىك پىلانلاپ چىقىدۇ. ئۇ، ئاۋئىاتسىيە ئېنجېنېرى ۋىللىي مېسسېرشمىدتنى ئۇچۇش مەشىقى قىلىدىغانلىقىغا ئىشەندۇرۇپ EM-110 تىپلىق ئىككى كىشىلىك ئايروپلاندىن بىرنى ئۆتنىگە ئېلىۋالىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ يەنە بۇ ئايروپلان ئۇزۇن مۇساپىلىق ئەمەس ئىكەن، ئۇ يېرى مۇنداق، بۇ يېرى ئۇنداق ئىكەن دېگەندەك قايمۇقتۇرغۇچى سۆزلەرنىمۇ قىلىپ، ئىككى قانىتىغا بىردىن 7 يۈز لىتىرلىق قوشۇمچە بېنزىن باكى قوشۇش كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. مېسسېرشمىدت نائىلاج قوشۇمچە بېنزىن باكىنى ئورنىتىپ بەرگىنىدىن كېيىن، ھېس يەنە ئۇنىڭدىن

ئالاھىدە سىمسىز رادىئو قۇرۇلمىسىنىمۇ قوراشتۇرغۇزىدۇ. ئاخىرىدا، ھېس كۆڭۈل ئىچىشنى باھانە قىلىپ 20 قېتىمدەك ئۇچۇپ كۆرۈش جەريانىدا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى بۇ ئايروپلاننىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىگەللىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا، ئۇ ئۇرۇش مەزگىلىدىكى قائىدىلەرگە خىلاپ ھالدا بىر يوشۇرۇن خۇرۇم ئۇچقۇچى كىيىمى تاپتۇرۇپ، باۋۇر (ھىتلېرنىڭ مەخسۇس ئۇچقۇچىسى) دىن ئاۋاتسىيە چەكلەنگەن رايونلار مەخپىي خەرىتىسىدىنمۇ بىرنى تاپتۇرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە مېيونخېن شەھەر ئەتراپىدىكى ئۆيىگە يېقىن رادىئو ئىستانسىسىدىن بىرنى قۇراشتۇرىدۇ.

كېيىنچە ئۇ تۈرمىدىن ئايالىغا خەت يېزىپ، ئۇ ۋاقىتتا "بەك نورمال ئەمەستىم، ھەر دائىم ئۇچۇش ۋە بارىدىغان نىشاننى ئېسىمدىن چىقىرالماي يۈرگەنتىم. بۇلار مېنى بەكلا ئاۋارە قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىدىن باشقا مەن يەنە قاراپ تۇرۇپ ئېتىۋار قىلمايدىغان، ياكى ئاڭلىسامۇ پەرۋايىم پەلەك بىر ھالدا ئىدىم. ..." دەيدۇ. ماينىڭ باشلىرىدىكى شۇ كۈنلەردە ئۇ ئۆلچەم ئاپاراتلىرى، سىيلىندىر بېسىمى، ھەرىكەتچان ماي باكى، ياردەمچى ھاۋا پومپىسى، سوۋۇتۇش-تېمپېراتورا، رادىئو-ساقلىق قازان ... قاتارلىقلار دۇنياسى ئىچىگە چۆكۈپ كەتكەن ئىدى.

ئۇنىڭ كاتىپى ھىلدېگارد فات خانىم، ھېسنىڭ دېگەن گەپلىرىگە دائىم قۇلاق سالماس بولىۋالغانلىقىنى سەزگەن. ئۇنىڭ ئايالىمۇ يولدىشىنىڭ كۆڭلىدە بىر نەرسە ساقلاپ يۈرگەنلىكىگە دىققەت قىلغان. ئەمما ئۇنى تېخىمۇ بەكرەك ھەيران قالدۇرغىنى، ھېس ھەر دائىم ھىتلېرنىڭ مەخپىي ئىسمى بولغان ۋولف (ۋولف – بۆرە دېگەن مەنىدە. ئېنگلىزچىدىن تەرجىمىدە بۇ سۆز چۈشۈپ قالغان _ ئۇ.ت) ئىسمىنى بەرگەن تۆت ياشلىق ئوغلى بىلەن بىرگە ئويناپدىغان بولۇپ قالغانلىقى، ئوغلى بىلەن بولغان ۋاقتى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپىيىپ كەتكەنلىكى ئىدى. ھېس ئەسلىدە رەسىم چۈشۈشكە بەك قىزىقىپ كەتمەيتتى. ئەمما يېقىندىن بۇيان ئاتا-بالا ئىككەيلەن رەسىمگە چۈشۈۋالايلى دەپ ئۆزى تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ ئۆزگەرگەن ئىدى. بۇمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ئەھۋال ئىدى.

10-ماي كۈنى، يەنى شەنبە كۈنى، ھېس بەكلا بالدۇر تۇرۇپ كېتىدۇ. ھاۋارايى مەلۇماتىدىن ھاۋانىڭ ئۇچۇق بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىشى ھامان دەرھال ئۇچۇش تەييارلىقىغا كىرىشىدۇ. ئۇ ئايالىغا ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك ئامراقلىق قىلىپ باققان ئەمەس ئىدى. ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن، ئۇ ئايالىنىڭ قولىنى سۆيۈپ قويىدۇ، ئاندىن بالىسىنىڭ ياتىقىنى ئىچىپ ئىشىك تۈۋىدە ئىنتايىن جىددى قىياپەتتە "چوڭقۇر ئويغا پاتقاندەك، ياكى كەسكىن بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقاندەك قىياپەتتە تۇرۇپ كەتكەن."

ئايالى ئۇنىڭدىن قاچان قايتىسەن دەپ سورىغىنىدا، بەك كېچىكسە بىر ھەپتە ئىچىدە قايتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئايالى ئۇنىڭدىن "ئىشەنمەيمەن، ئۇنچىۋالا تېز قايتالىشىڭغا ئىشەنمەيمەن!" دەيدۇ. خانىمى، يولدىشىنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرى چوقۇم پېتايىنغا ئوخشاش بىرى بىلەن كۆرۈشكىلى ئاتلىنىش ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەيدۇ. ھېس بۇ دېگىنىگە قاراپ ئايالى ھەقىقى ئەھۋالنى پەرەز قىلىۋالسا كېرەك دەپ ئويلاپ، "چىرايى بىر تاتىرىپ بىر قىزىرىپ كېتىدۇ." شۇڭا ئۇ ئايالىنىڭ گېپىنى داۋام قىلىشىغا قۇلاق سالماي دەرھال بالا ئۆيىگە كىرىپ تاتلىق ئۇيقۇدىكى ئوغلىغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر قارىۋالىدۇ.

چۈشتىن كېيىن سائەت 6 بولغاندا، ھېس ئادىيۇتانتىغا بىر پارچە تاپشۇرۇپ، بۇ خەتنى ھىتلېرغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى تاپىلايدۇ. ئاندىن ئۇ ئاۋگسبۇرگ ئايرودرومىدىن كۆتۈرۈلۈپ، شىمالى دېڭىز تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كېتىدۇ. ئالدىن مەلۇماتنىڭ تەتۈرسىچە ھاۋا تۇيۇقسىز ئېچىلىپ بۇلۇتلار تارقىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ قايتىپ كەتسەممۇ قانداق دېگەن خىيالغا كېلىپ قالىدۇ.ئەمما ئۇ يەنىلا ئۇدۇل ئۇچۇشنى داۋام قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئالدىدا ئېنگلىز بۇغىزىنىڭ ئۈستىدە نېپىز بىر قەۋەت بۇلۇت قاپلانغانلىقىنى كۆرۈپ يوشۇرۇنۇپ ئۇچۇش ئۈچۈن دەرھال پەسكە شۇڭغۇيدۇ. كۈتۈلمىگەندە بىر ئوت پۈركىگۈچ ئايروپىلانى ئۇنىڭ كەينىگە چۈشىۋالىدۇ. ئۇ بۇ ئايروپىلاندىن قۇتۇلۇپ 450 مىل سۈرئەت بىلەن پەسلەپ، قاپقارا يېزا كەنتلەر ئۈستىدىن ئۆگزە ۋە دەرەخلەرگە تېگىپ كەتكىدەك پەستىن ئۇچۇشقا باشلايدۇ. باۋۇر ھەر دائىم ھېسقا ئوخشاش بۇنداق ئۇچقۇچىلار ئايروپىلان ئىسكىلاتىدىن ئايروپىلان ھەيدەپ بىراقلا ئاسمانغا كۆتۈرۈلمەكچى بولىدۇ. ھېسقا ئوخشاش چەكلىمىنى خالىمايدىغان لىيوتچىكلار دەل شۇنداق روھ بىلەن پەيدىنپەي كۆرۈنگەن ئالدىدىكى تاغ چوققىسىغا قاراپ ئۇچۇشقا باشلايدۇ؛ بۇ تاغ ئۇلىندىقلارنىڭ يۆلۈنۈشىنى كۆرسىتىدىغان ماياكلىق رولىنى ئوينايدۇ. ھېسمۇ تاغ بويىدا سۈركەلگىدەك ئېگىزلىكتە ئۇچۇپ بىر تاغ باغرىدىن يەنە بىر تاغ باغرىغا قاراپ شۇڭغۇيتتى. ئۇنىڭ يەردىن ئۇچۇش ئېگىزلىكى كۆپىنچە ھاللاردا ئارانلا بىر قانچە ياردلا كېلەتتى. ئاخشىمى سائەت 11 بولغان ۋاقىتلاردا ئۇ بۇرۇلۇپ شەرققە قەراپ ئۇچىۋېتىپ بىر تۆمۈريول بىلەن كىچىك بىر كۆلنى كۆرىدۇ. ئۇ، بۇ يەرنىڭ دۇك ئولتۇرغان جاينىڭ جەنۇپ تەرىپى ئىكەنلىكىنى ئېنىسگە كەلتۈرىدۇ. ئۇ 6 مىڭ فېت ئېگىزلىككە (بۇ ئېگىزلىك پاراشوتتىن تاخلاشنىڭ بىخەتەرلىك دەرىجىسى ئىدى) كۆتۈرۈلۈپ ماتورنى ئېتىپ، كابىنكا قاپقىقىنى ئاچىدۇ. تۇيۇقسىزلا ئىنچىكىلىك بىلەن مەشق قىلىش جەريانىدا بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى پەرق قىلىدۇ: "مەن ئاسان ئىش دەپ قاراپ، پاراشوت بىلەن قانداق ئاتلايدىغانلىقىنى سورىمىغان ئىكەنمەن!" ئۇنىڭ EM-110 تىپلىق ئايروپلانى پەسكە قاراپ چۈشىۋاتقىنىدا يەنە بىر

ئىش ئېسىگە كېلىدۇ: بىر دوستى ئۇنىڭغا ئاتلاشتىن بۇرۇن چوقۇم ئايروپىلاننى دوم قىلىپ ئۇچۇرىشنىڭ كېرەك دېگىنى يادىغا كېلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئايروپىلاننى موللاق ئاتقۇزۇپ ئايروپىلاندا تەتۈر ئېسىلغان ھالغا كېلىدۇ. ئاندىن مەركەزدىن قېچىش كۈچىنىڭ تەسىرىدە ئۆزى كابىنكىدا قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ كۆك يۈزىدىكى ۋىنېرانىڭ ئۇياق-بۇياققا ئايلىنىپ تۇرغىنىنىلا كۆرەلەيدۇ. ئۇ ھوشىنى يوقۇتۇشتىن سەل ئاۋال كاللىسىدا مۇنداق بىر خىيال پەيدا بولىدۇ: "مەن ئۆزۈمنىڭ قالماي ئۇنىڭغا سوقۇلۇپ كېتىدىغان بولدۇم!" ھوشىغا كەلگىنىدە قارىسا سۇرئەت سائىتىنىڭ يىڭنىسى نۆلنى كۆرسىتىپ تۇرغان ئىكەن. شۇڭا ئۇ دەرھال كابىنكىدىن تېشىغا ئاتلاپ پاراشوت يىپىنى كۈچەپ تارتىۋېتىدۇ. بەختكە، ئۇ ھوشىدىن كېتىشتىن ئاۋال ئىختىيارسىزلا ئايروپىلاننى يېرىم دائىرە ئايلاندۇرۇپ ئۇچۇش ئىشىنى تاماملاپ، ئايروپىلان بېشى يوقۇرىغا قارىغان ھالغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۇچۇشلۇق تۈردە ئايروپىلاندىن ئايرىلىپ ھاۋادا ئېسىلىپ پەسلەشكە باشلايدۇ.

ئۇ يەرگە قونغاندىن كېيىن، بەدىنىگە ئىگە بولالماي سەندىرۈلۈپ بېرىپ ئالدىغا يىقىلىپ چۈشىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ يەنە بىر قېتىم ھوشىدىن كېتىدۇ. ئۇنى بىر دېھقان كۆرۈپ قېلىپ خەلق قوغدىغۇچىلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. "خەلق قوغدىغۇچىلىرى" ئۇنى يەنە گلاسگوۋدىكى بىر گازارمىغا ئاپىرىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئۇ يەردە ھېس ئۆزىنىڭ كاپىتان ئالفرېد ھورن دەپ تونۇشتۇرۇپ، دۇك خاملتون بىلەن كۆرۈشمەن دەپ چىڭ تۇرىۋالىدۇ.

ئۇنىڭ خېتى يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندىلا ئاندىن بىرگخوفتا تۇرىۋاتقان ھىتلېرغا تاپشۇرۇلىدۇ. يەنى ئېنگېل ھىتلېرغا كۈندىلىك دوكلاتنى بەرمەكچى بولۇپ تۇرىۋاتقىنىدا، مارتىن بورماننىڭ ئىنىسى ئالبېرت ئۇچقاندەك كىرگىنىچە ھېسنىڭ ئادىيۇتانتى ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش توغرىلىق فۇھرېر بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. "مېنىڭ ھەربى ئەھۋاللاردىن دوكلات بېرىشكە تەييارلىنىۋاتقىنىمنى كۆرمىدىڭمۇ، بۇنداق ۋاقىتتا ھېچكىمنىڭ كاشىلا قىلىشىغا بولمايدۇ!" دېگىنىچە ئالبېرتنى ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىدۇ. سەل ئۆتكەندىن كېيىن ساماندەك تاتىرىپ كەتكەن ئالبېرت قايتا ئىشكتىن قىسىلىپ كىرىۋالىدۇ. بۇ قېتىم، ئۇ نېمىلا دېسىمۇ چىققىلى ئۇنىمايدۇ. مېنىڭ دەيدىغان گېپىم بەكلا مۇھىم. بەلكىم ئىنتايىن خەتەرلىك بىر ۋەقەنى ئۇقتۇرغىلى كەلدىم دېسەم تېخىمۇ تورا بولىدۇ. ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا ھېسنىڭ خېتىنى چىقىرىپ كۆرسىتىدۇ. ھىتلېر كۆزئەينىكىنى تاقاپ خەتنى ئېلىپ ئوقۇيدۇ. دەسلىۋىدە بۇ خەتكە بەك ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەي مۇنداقلا ئوقۇشقا كىرىشكەن بولسىمۇ، ئوقۇپ "فۇھرېرىم، سىز بۇ خەتنى ئوقۇۋاتقان ۋاختىڭىزدا بەلكىم مەن ئەنگلىيەگە يېتىپ بارغان بولىمەن" دېگەن يەرگە

كەلگىنىدە، ئۇ دوق قىلىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قالدۇ: "ۋاي خۇدايىم! ئاھ تەڭرىم! _ ئۇ قاتتىق ۋارقىراپ تاشلايدۇ. ئۇنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ھەتتا ئاستىنقى قەۋەتتىكىلەرمۇ ئاڭلايدۇ. _ ئۇنىڭ ئەنگلىيەگە بېرىۋالغىنى نېمىسى!" ئۇ خەتنىڭ داۋامىنى ئوقۇشقا كىرىشىدۇ: خەتتە بۇ قېتىمقى ئۇچۇشنىڭ تېخنىكىلىق قىيىنچىلىقلىرى ئۈستىدە توختالغاندىن كېيىن بۇ قېتىمقى ئۇچۇشنىڭ مەقسىدى فۈھرېرنىڭ ئۆزى تەشەببۇس قىلغان ئەنگلىيە بىلەن ئىتتىپاقداشلىق قۇرۇش پىلانىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىكەنلىكىنى، بۇ قېتىمقى سەپىرىنى مەخپىي تۇتۇشىدىكى سەۋەب فۈھرېرنىڭ بۇنداق بىر تەۋەككۈلچىلىككە رۇخسەت بەرمەيدىغانلىقىنى ئويلىغانلىقىدىن بولغانلىقىنى يازغان ئىدى.

"يەنە بىر گەپ، فۈھرېرىم، ئەگەر مېنىڭ بۇ پىلانىم مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمەي تەغدىرىم ماڭا قارشى بولۇپ قالغىدەك بولسا، يەنى مەن بۇ پىلانىمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش ئېھتىمالىنى يوق دېيەرلىك دەپ ئېتراپ قىلىمەن، بۇ ئىش سىز ياكى گېرمانىيەگە ئەجەللىك بىرەر ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرالمايدۇ، يەنى سىز مېنى ئېلىشىپ قاپتۇ دەپ، بۇ ئىشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى خالىغان ۋاقىتدا رەت قىلىۋېتەلىشىڭىز مۇمكىن."

فۈھرېر غەزەپتىن چىرايى تاتىرىپلا كېتىدۇ. ئۇ دەرھال ئېنگېلگە بۇيرۇق قىلىپ دەرھال بېرىپ مارشال گېۆرىڭنى تېلېفونغا چاقىر دەيدۇ. گېۆرىڭ بۇ ۋاقىتتا نيۇرېمبېرگ ئەتراپىدا بىر يەردە ئىدى. ھىتلېر ئۇنىڭغا تېلېفوندا "گېۆرىڭ، دەرھال مېنىڭ قېشىمغا كەل!" دەپ ۋارقىرايدۇ. ئۇ ئالبېرت بورمانغا بېرىپ ئاكاڭ بىلەن رىببېنتروپنى تېپىپ كەل دەپ ۋارقىرىغىنىچە بۇيرۇق قىلىدۇ. ئاندىن دەرھال تەلىيى يوق ھېسنىڭ ئاديۇتانتى دەرھال قولغا ئېلىنسۇن دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ. كەينىدىنلا ئۇ يۈرىكى سوقۇم زەردىسىنى باسالماي ئۆي ئىچىدە تىنماي ئالدى-كەينىگە مېڭىشقا باشلايدۇ. مارتىن بورمان ھاسىراپ-ھۆمۈدىگىنىچە كىرىپ كەلگىنىدە، ھىتلېر: ھېس ئايروپىلانى بىلەن ئەنگلىيەگە يېتىپ بارالىشى مۇمكىنمۇ؟ دەپ سورايدۇ. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا داڭدار ئۇچقۇچى بولغان، ھاۋا ئارمىيە گېنېرالى ئۇدېت بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: يېتىپ بارالمايدۇ، چۈنكى بۇ تىپ ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش مۇساپىسى چەكلىك، ئۇنىچە يىراقلارغا ئۇچۇپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. فۈھرېر "ئىلاھىم دېڭىزغا چۈشۈپ بوغۇلۇپ ئۆلگەيسەن!" دەيدۇ غۇدۇرىغان ھالدا.

شۇ كۈنى، ۋاقىتنىڭ ئۆزۈرىشى بىلەن ھىتلېرنىڭ مىجەزىمۇ رەنجىشتىن غەزەپلىنىشكە قاراپ ئۆزگىرىدۇ. بىنانىڭ ئۈستىدە ھەر تەرەپكە ئۆزىنى دالدىغا ئالغان ھىتلېرنىڭ بىر قانچە يېقىنلىرىمۇ بىر تەرەپتىن قورقسا، يەنە بىر تەرەپتىن نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلەلمەي ھەرخىل گۇمانلار ئىچىگە پېتىپ قالىدۇ. دەل شۇ پەيتتە ھىتلېر كىتاپخانىسىغا

كىرىۋېلىپ جامائەتچىلىككە كىشىنى قايىل قىلغىدەك بىرەر چۈشەندۈرۈش تېپىپ چىقىش ئۈچۈن مىڭىسىنىڭ قېتىقى چىقىپ كەتكىچە باش قاتۇرىدۇ. ياپونىيە بىلەن ئىتالىيە ئىككىسى، گېرمانىيە ئەنگلىيە بىلەن ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل يارىشىپ قېلىش يولىدا كېتىۋاتقانمۇ-قانداق، دەپ گۇمانلىنارمۇ؟ ئۆز ئەسكەرلىرى بۇندىن كېيىن ئۇرۇش قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتمەس ھالغا كېلىپ قالارمۇ؟ ئەڭ يامىنى، ھېس ئۇ يەردە "بارباروسسا" پىلانىنى ئاشكارلىۋەتكەنمىدۇ؟ بۇ تۈر غەملەر بىلەن ھىتلېر ماقالىسىنى قايتا-قايتا ئۆزگەرتىپ يۈرۈپ ئاخىرى رەسمى بىر ئۇقتۇرۇش ھالىغا كەلتۈرىدۇ. بۇ ئۇقتۇرۇشتا، ھېس بۇيرۇققا قارشى كېلىپ ئايروپىلانلىق سەپەرگە چىقىپ يوقاپ كەتكەنلىكى، مۆلچەرلىنىشچە ئايروپىلان ۋەقەسى يۈز بەرگەن بولىشىمۇ مۇمكىنلىكى، يولغا چىقىشتىن ئاۋال ھېس بىر پارچە خەت تاشلاپ قويۇپ كەتكەن بولۇپ، بۇ خېتىدىن قارىغاندا "شۇنى ئەپسۇس بىلەن كۆرمەكتىمىزكى، ئۇنىڭدا روھى بۇزۇلۇش ئالامەتلىرى بارلىقى ئىپادىلەنگەن. دېمەك ئۇ خىيال دۇنياسىغا پېتىپ قېلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان، دېيىشكە بولىدىغان بىرسى."

فات خانىم بۇ خەۋەرنى كەچلىك تاماق ئۈستىدە رادىئودىن ئاڭلاپ قالىدۇ. بۇ ئاڭلىتىش بەكلە دوستانە بولمىغان بىر توندا ئاڭلىتىلماقتا بولۇپ، فات خانىم دەرغەزەپ بىلەن "ئۇ دېگەن پۈتۈن ئۆمۈرى بويىچە سەممى ساداقەتلىك بىرى بولۇپ كەلگەن بىرى تۇرۇغلۇق، ئۇنىڭغا ئېيتىلىدىغان رەخمەت شۇمىدى؟" دەپ ئويلايدۇ. شۇڭا ئۇ دەرھال ھېسىنىڭ ئىنىسى ئالفېردقا تېلېفون قىلىدۇ. ئۇ ئىككىسى تېلېفوندا ھەر تۈرلۈك ئېھتىماللىقلار ئۈستىدە پەرەز قىلىشىپ باقىدۇ. ھېس خانىم شوپۇرى، خىزمەتچىسى ۋە ئاديۇتانتلار بىلەن بىرلىكتە كىنو كۆرىۋاتقىنىدا ئەڭ كىچىك ئاديۇتانت تەرىپىدىن سىرتقا چاقىرتىلىدۇ. بۇ ئاديۇتانت بەكلا مەيۈسلەنگەن ھالدا خانىمنى دەرھال كېيىملىرىنى يۆتكەپ تەييار بولۇشنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تەلىۋىنى بەكلا ئاخماقانە تەلەپ دەپ ھېس قىلغان خانىم، تۇيۇقسىزلا يۈرىكى سوقۇپ كېتىدۇ. ئۇ رادىئودىن يولدىشىنىڭ ئۆلگەن بولۇشى ئېھتىماللىنى ئاڭلاتقىنىنى ئاڭلاپ ئاچچىغلانغان ھالدا: "قۇرۇق گەپ!" دەپ ۋارقىرىۋېتىدۇ. ئۇ يولدىشىنىڭ بېشىغا بۇنداق بىر پاجىئەنىڭ كېلىدىغانلىقىغا ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيتتى. شۇڭا ئۇ دەرھال بېرگخوفقا تېلېفون قىلىپ ھىتلېر بىلەن كۆرۈشمەكچى بولىدۇ. ئەمما تېلېفىنى ئالغان كىشى بورمان بولۇپ، مەن بۇ ئىشتىن قىلچە مەلۇماتىم يوق دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ھېس خانىم، يولدىشىنىڭ بۇ ياردەمچىسىنى بەكلا ياخشى بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ دېگىنىگە ئىشەنمەيدۇ. شۇڭا ئۇ قايتىدىن بېرلىنغا تېلېفون قىلىپ يۈرۈپ ئاخىرى ئالفېردنى تاپىدۇ. ئۇمۇ رۇدولفنىڭ ئۆلگەنلىكىگە

ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

بۇ ھەقتە تېخىچىلا ئەنگلىيەدىن بىر ئۇچۇر يوق ئىدى. ھېس ئۇ يەردە دۈك خاملىتونغا ئۆزىنىڭ سالامەتلىكى ئېتىراپ قىلغان بولۇپ، بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ نىمىنى ۋەزىپە قىلغانلىقىنى، شۇنىڭدەك بۇنىڭ ئۇچۇن ئالبرېچت خاۋشوفېر بىلەن قايسى تۈردە سۆزلىشىپ كېلىشكەنلىكلىرىنى، ئامال قىلىپ لىزبوندا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلىقى قاتارلىقلارنى سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇ گەپلەردىن كېيىن خاملىتون دەرھال بېرىپ چېرچىل بىلەن كۆرۈشىدۇ. چېرچىل ئۇنىڭغا "ھېس-پېس دېگەنلىرىڭنى قوي، مەن ئاۋال شۇ «ئاكا-ئۇكا ماركسلار» نى ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ كۆرۈپ بولاي" دەيدۇ. كىنو تۈگىگەندىن كېيىن، باش ۋەزىر ھېس ھەققىدىكى گەپلەرنى تەپسىلى سوراشقا باشلايدۇ.

گېرمانىيە رادىئولىرىدا ھېسنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر دېرىلىپ بىر قانچە سائەت ئۆتكەندە، ئەنگلىيەمۇ ئاخىرى ھېسنىڭ ئەنگلىيەگە يېتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاشكارلايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنىلە بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇمات بەرمەيدۇ. بۇ چاغدا، گېرمانىيە مەتبۇئاتلىرى رادىئو ماقالىسىنى بېسىشقا تەييارلانماقتا ئىدى. لوندوندىن خەۋەر تارقىلىشىدىن كېيىن ئۇلارمۇ باسماقچى بولغان ماقالىسىنى تېخىمۇ تەپسىلى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ سۆزى دېگەن پۇراق بېرىپ ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ئاخبارات 13-چىسلا ئوتتۇرغا چىقىدۇ. ئاخبارات بىر تەرەپتىن مۇئاۋىن فۈھرېرنىڭ ئەنگلىيەگە بېرىپ قونغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ روھى ھالىتىدىن بىر مۇنچە پۇتاق چىقىرىشقىمۇ ئۇرۇنۇپ مۇنۇلارنى يازغان ئىدى:

"پارتىيە ئىچىدىكى ئەربابلارغا مەلۇمكى، يېقىنقى يىللاردا ھېس بىر قانچە قېتىم ئېغىر كېسەل بولغان ئىدى. يېقىندىن بۇيان، ئۇ ۋۇجۇدىدىكى ئاغرىقلارنى يەڭگىللىتىشنى مەقسەت قىلىپ توختىماي ھىپنوزچىلار بىلەن پالچىلاردىن نۇرغۇن قېتىم ياردەم ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇنىڭدىن مەلۇمككى، بۇ تۈر كىشىلەرنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان روھى بۇزۇلۇشىبېسىمىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز."

بۇ تۈر گەپلەرنىڭ گېرمانىيەدە كەلتۈرۈپ چىقارغان قالايماقانچىلىقى ھەقىقەتەنمۇ يوقۇرى پەللىگە كېلىدۇ. گېيبېلس قولئاستىدىكى كىشىلىرىگە "نۆۋەتتە، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئېغىر بېسىقلىقىمىزنى ساقلاش بولۇپ، بۇ ھەقتە ھېچقانداق بىر ئىنكاس قايتۇرماسلىقىمىز، ھېچقانداق بىر چۈشەندۈرۈش بەرمەسلىككە، ھېچ بىر تالاش-تارتىشقا قېتىلماسلىقىمىز تىرىشىشىمىز كېرەك. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئەھۋال تېخىمۇ ئېنىق ئوتتۇرغا چىقىدۇ. مەن بۈگۈن يوقۇرى سالزبېرگتىن تەپسىلى يولىيورۇق بېرىمەن." ئۇ ئادەملىرىگە، ھېسنىڭ قېچىپ

كېتىشى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى قاتتىق ئەپسۇسلاندۇرىدىغان بىر ۋەقە ھېسابلانسىمۇ، كەلگۈسى نۇقتىسىدىن ئالغاندا بۇنىڭ بىر كومېدىيىلىك بىر پەردىدىنلا ئىبارەت ھادىسە بولۇپ قالىدىغانلىقىدىن نېرىغا ئۆتەلمەيدىغان بىر ھادىسە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. "شۇنداق ئىكەن، بىز بۇ ئىشتىن ئۈمىدسىزلىنىپ ھەسرەت چېكىپ يۈرۈشىمىزنىڭ ياكى بۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئەندى قانداق ئۆتەرمىز دەپ ئويلىنىشىمىزنىڭ ئورنى يوق."

گيوبېلس، يىغىننى تۈگىتىپ دەرھال بېرچتېسگادېنغا ئۇچۇپ بېرىپ يەرلىك مەسئۇل كادىرلار ۋە ئىمپېرىيە مەسئۇل كادىرلار جىددى يىغىنغا قاتنىشىدۇ. بورمان ھېسىنىڭ تاشلاپ كەتكەن خېتىنى ئوقۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، فۇھرېر پەيدا بولىدۇ. خانس فرانك ئۇزۇندىن بېرى ھىتلېرنى كۆرمىگەن بولغاچقا، فۇھرېرنىڭ "غەزەپلىك چىرايى" نى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ. فۇھرېر، ھېسىنىڭ قېچىش ۋەقەسى ئۈستىدە دەسلىۋىدە "ئۆزىنى بېسىۋالغان ھالدا قىسقا-قىسقا سۆزلەپ بەكلا سىلىق قىياپەتتە سۆزلىگەن" بولسىمۇ، ئۇزۇنغا قالماي ئۇنىڭ سۆزلىرى بارغانسىرى قاتتىقلىشىپ بەكلا خاپا بولۇپ سۆزلەشكە باشلايدۇ. ئۇ، ھېسىنىڭ قېچىش ھەرىكىتىنى پۈتۈنلەي ساراڭلىق دەپ قارايدىغانلىقىنى، "ئالدى بىلەن، ھېس بىر قاچقۇن ھېسابلىنىدۇ، ئەگەر مەن ئۇنى تۇتۇپ كەلتۈرەلىسەم ئادەتتىكى ۋەتەنساتقۇچ قاتارىدا ئۇنىڭغا بۇنىڭ بەدىلىنى تۆلەتكۈزەتتىم. يەنە بىر جەھەتتە، مېنىڭچە بولغاندا، ھېس ئەتراپىدىكى پالچىلارنىڭ بەكلا چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچراپ كەتكەن. شۇڭا، كېچىلەردە يۇلتۇزلارغا قاراپ بىر نېمىلەرنى بىلجىرلاپ يۈرىدىغان پالچىلارنى يىغىشتۇرۇش ۋاقتى كەلدى دەپ قارايمەن (ھېس ئۈچۈن پال ئاچىدىغانلار دەپ گۇمان قىلىنغانلىكى تاپقاقلارنى، پالچىلارنى ئومۇمىي يۈزلۈك قولغا ئېلىش ئىشى باشلىنىدۇ. سېھرىگەرلىك قىلىپ جىن قوۋلايدىغان، يۇلتۇز سانايدىغان، روھ چىقىرىدىغان، يۇلتۇز پالى سالىدىغان خاراكتېردىكى بارلىق ئۇيۇشمىلارنىڭ ھەممىسى قانۇنسىز ھەرىكەت دەپ ئېلان قىلىنىدۇ. – ئا.ھ.ئى). ھېسىنىڭ بۇنداق تەلۋىلىك ھەرىكىتىدىن بىزنىڭ ئورنىمىز قىلچە تەۋرەپ قويمىغان بولسىمۇ، يەنىلا بەكلا ئېغىر قىيىنچىلارغا دۇچ كېلىشىمىزگە سەۋەپ بولدى. بولۇپمۇ مېنىڭ ئەقىدىلىرىم، _ يەنى مېنىڭ ئەقىدەم بولغان بۇ قېتىمقى مىللى سوتسىئالىزم دۈشمەنلىرىگە قارشى دۈشمەنلىرىمىز بولغان يەھۇدىيلارغا قارشى كۈرەش جەريانىدا غەلبە بىزنىڭ ساپ بايرىقىمىزغا مەنسۇپ بولىشىغىمۇ يامان تەسىر پەيدا قىلدى." ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار خېلى بۇرۇنلا ھېسىنىڭ شىر بېقىشىز قىزغىنلىقىنىڭ بەكلا كۈچلۈك ئىكەنلىكىدىن، شۇنىڭدەك يەنە ھەر تۈرلۈك داۋالاش ئۇسۇللىرىنىڭ دورىلىرىنى ئىچىپ يۈرگىنىدىن، ھەمدە يۇلتۇز پالچىلىرىغىمۇ بەكلا ھەۋەس

قىلىدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئېلىشىپ قالغانلىقى ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەردىنمۇ خەۋىرى بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنە ئادەتتىكى پۇقرالارغا ئوخشاش، ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق ھىتلېر يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپە بېرىپ ئىشلەتكەن؟ دېگەنلەرنىمۇ ئويلىماي تۇرالمايتتى.

يېقىندا باشلىنىلماقچى بولغان رۇسىيەگە بېسىپ كىرىش ئۇرۇشىنى قوزغاش، شۇنىڭدەك ھېسىنىڭ بۇ ئىشنى ئەنگلىيەلىكلەرگە ئاشكارلاپ قويۇش ئېھتىمالى قاتارىدىكى ئىشلار ئۈستىدە ھىتلېر، پارتىيىسىنىڭ بىر قانچە رەھبىرىگە پەقەتلا تىنمايدۇ. بۇ تەرىپى ھەققەتەنمۇ مۇھىم ئىدى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە ئەنسىرىشى ھاجەتسىز ئىدى. گەرچە خاملتون بىلەن سىر ئۇۋون كىركپاترىك ئىككىسى ھېسنى قاتتىق سوراق قىلغان بولسىمۇ، ئۇ "ھازىر ئوتتۇردا تارقىلىپ يۈرگەن ھىتلېرنىڭ بالدۇرراق رۇسىيەگە ھۇجۇم قىلىشنى ئويلاۋېتىپتۇ دېگەن گەپلەرنىڭ قىلچە ئاساسى يوق قۇرۇق گەپ،" ھىتلېرغا كېرىكى ئەنگلىيە بىلەن يارىشىۋېلىش، دېگىنىدە چىڭ تۇرىدۇ. ھېس، مېنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىمنى ھىتلېر تەستىقلىغان، مەقسەت "ئەنگلىيەلىك مەسئۇل خادىملارنى ئەنگلىيە بۇ ئۇرۇشتا يېڭىپ چىقالمايدىغانلىقى ئېنىق بولغىنى ئۈچۈن، ئەڭ ئاقىلانە ئۇسۇل ھازىردىن تارتىپ يارىشىپ قېلىش ئىكەنلىكىگە قايىل قىلىش" ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

ئالبىرېچت خاۋشوفېر، ھېسىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال ئاتىسىنىڭ كىتابخانىسىغا كىرىدۇ. "بىز مۇشۇنداق بىر ئاخماق بىلەن سىياسەت ھەققىدە سۆزلىشىپ يۈرگەنمىدۇق؟!" دەپ ۋارقىراپ چۇشىدۇ. ئېنگلىزلار شۇنچە بىمەنە، كۈلكىلىك بىر ئەھۋالدا قالغان بۇنداق بىرسى بىلەن ھەرگىزمۇ ھەپىلىشىپ يۈرمەيدىغاندۇ! ئۇنىڭ ئاتىسىمۇ دېگىنىگە قوشۇلۇپ، غەم ئىچىدە دەيدۇ: "بۇنداق بىر قۇربان بولۇش ھەققەتەنمۇ قورقۇنۇشلۇق بىر ئىش. بۇنداق قىلىشنىڭ قىلچە مەنىسى يوق." ئوغۇل خاۋشوفېر بۈيرۇق بويىچە تۆۋەن سالزبۇرگقا قاراپ ئاتلىنىدۇ. فۇھرېر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمىغاچقا، ئۇ نازارەت ئاستىدا فۇھرېرگە بىر پەرچە يازما دوكلات بېرىدۇ. بۇ دوكلادتا "ئېنگلىزلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش ۋە بۇ خىل مۇناسىۋەت باغلاشنىڭ مۇمكىنچىلىكى توغرىسىدا" دېگەن تېمىدا ئەھۋالنى نىسبەتەن تەپسىلى بايان قىلىنغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىدىكى بىر قىسىم سەپداشلىرىنىمۇ بۇ ئىشقا چېتىۋېلىشتىن ساقلىنىشقا تىرىشقان ئىدى. ئالبىرېچت ئۇنىڭ خاملتون بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىلەن ھېسنىڭ تەلىۋى بويىچە خاملتونغا خەت يازغانلىقى ئۈستىدە توختىلىدۇ. ئۇ يەنە، ئۇنىڭ ئەنگلىيەدە كەڭ دائىرىلىك مۇناسىۋىتى بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ئەگەر كەلگۈسىدە ئەنگلىيە بىلەن سۆھبەت قىلىشقا توغرا كېلىپ قالسا، كام

بولسا بولمايدىغان بىر كىشى ئىكەنلىكىنىمۇ ئېيتىدۇ. بۇ دوكلادتا ھېتلېرغا ئالدىراپ ھەرىكەت قىلماسلىقى ھەققىدىمۇ نەسىھەتتە بولۇنغان ئىدى. ھېتلېر، خاۋشوفېرنى بېرلىندىكى شاھزادە ئالبرېچت كوچىسىدىكى گېستاپو تۈرمىسىگە ئاپىرىپ تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ سوراق قىلىش بۇيرۇقىنى بېرىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ ئاتىسى كېچىۋۈرۈم قىلىنغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭدىن بەكلا خاپا ئىدى. "يەھۇدىي پۈرىقى چىقىپ تۇرىدىغان بۇ پروفېسسور تېخى ھېس ئۈچۈن خىجىل بولغىدەك! _ دەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بالدۇرراق تەدبىر ئالمىغانلىقىدىن ئۆزىنى ئەيىپلەيتتى. – مىيونخېندىكى ئۇ بىر ئۇۋۋا كىشىلەرنى ئايرىۋېتىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىۋېتىشىمىز كېرەك" دەيدۇ.

ھېس بىلەن مۇناسىۋىتى بار قالغان كىشىلەرنى، يەنى ئۇنىڭ ئىنىسى ئالفرېد، ئۇنىڭ بىر قانچە ئادىيۇتانتى، مۇھاپىزەتچىلىرى، كاتىبلىرى ۋە شوپۇرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىنىدۇ. ئىلسې ھېس قولغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، بورمان پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنى خورلاشقا تىرىشىدۇ. بورمان ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى خوجايىنىدىن چەك-چېگرا ئايرىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىدۇ. ئۇ يەنە ئىككى بالىسىنىڭ ھېس ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئىسمىدىن ئالغان رۇدولف ۋە ئىلسې دېگەن ئىسىملىرىنىمۇ ئۆزگەرتىپ، ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ مۇۋاپىق تەربىيىچى يوللايدۇ. ئۇنى ھېسنىڭ ئورنىغا ئىز باسار قىلىپ بەلگىلەشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇرۇنقى خوجايىنىنى ئەسلىتىش ئېھتىمالى بولغان بارلىق نەرسىلەرنى تولۇق تازىلاپ چىقىدۇ. ھېسنىڭ بارلىق رەسىملىرى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ رەسىمى بار بارلىق كىتاب ۋە ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىنىمۇ بىرنىمۇ قويماي يوق قىلىدۇ. ئۇ ھەتتا ھېسنىڭ ئۆيىنىمۇ مۇسادىرە قىلماقچى بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشى ھېتلېرنىڭمۇ كۆڭلىگە ياقماي قالىدۇ. بۇنداق قىلساڭ بەكلا ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتكەن بولىسەن، دەپ، مۇسادىرە قىلىش ھۆججىتىگە قول قويۇشنى رەت قىلىدۇ.

بىرگىخوف ئۆگزە قەۋەتتىكى مېھمانلارمۇ قويۇپ بېرىلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچقايسى ئەنگلىيەگە قېچىش ۋەقەسى ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمايدۇ. قايسى بىرسى خەستەڭگە نېمە ئۈچۈن ھېسنىڭ ئادىيۇتانتى تاماققا كەلمىدى؟ دەپ چېقىشىپ سورىغىنىدا، بورمان ئۇنىڭغا ھە، ئۇلار قاماقتا تاماق يەيدىغان بولدى، تۈرمىدىن چىقىپ بۇ يەرگە كېلەلمىگىدەك، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئېڭگېل كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق بىر باھا يېزىپ قويىدۇ: "بۇ ھەرە ئۇۋىسى ئىچىدە ئەركىن كىرىپ چىقىپ يۈرەلەيدىغان كىشى يالغۇز بورمانلا ئىدى. بىز ھەممىمىز، بورماننىڭ مانا ئەندى مېنىڭ ھۆكۈم سۈرىدىغان ۋاقتىم كەلدى، دېگەن خىيالدا يۈرگەنلىكىنى ئويلايتتۇق."

ئەنگلىيەدە بولسا، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى جامائەتچىلىككە ھېسنى سوراق قىلىش

ئەھۋالىدىن خەۋەر بەرمەسلىك قارارىنى ئېلىشقان بولۇپ، ئەڭ ياخشىسى، بۇ ئىشنى ناتسىستلار ئۆزلىرى باش قاتۇرۇپ پەرەز قىلىۋېلىشسۇن دېيىشمەكتە ئىدى. 16-ماي كۈنى ئاخشىمى، ھېس مەخپىي تۈردە "لوندون مۇنارى" غا يالاپ ئاپىرىلىدۇ. ئۇ يەردە ھېس دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق ئۇرۇش ئەسىرىگە ئايلىنىدۇ. بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە، ئا. پ. ھېربېرت ئېنگلىزلارنىڭ ھېسقا بولغان قاراشلىرىنى شېئىر شەكلىگە كەلتۈرۈپ ئىپادىلەپ چىقىدۇ:

ئۇ ئەقلىدىن ئېزىپتۇ. ئۇ بىر تىنچلىق كەپتىرى.
ئۇ بىر خرىستوس، ئۇ ھىتلېرنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى.
ئۇ، ئۇلارنىڭ ئەڭ سادىق بىرى.
ئۇ، ئۇلارنىڭ ئەڭ رەھىمسىز جاللىتى.
ئۇ ئىنسانلىق ۋەزىپىسىنى ھىمايە قىلغۇچى.
ئۇ زابوي ئەمەس، ئۇ بىر "قارغۇ".
ئۇ 10 يېشىدىن تارتىپلا ئېلىشىپ قالغان،
شۇنىڭغا قارىماي ئەزەلدىن ھىتلېرنىڭ ئەتىۋارلىق ئەسكىرى...

ھېسىنىڭ قېچىپ كېتىشى مۇسسولىنىغا قارىغاندا ستالىننى بەكرەك ئەنسىرىتىدۇ. مۇسسولىنىنىڭ كۈيئوغۇلى، مۇسسولىن "بۇ ئىشتىن خوشال ئىدى. چۈنكى ئۇ، بۇ ئىش گېرمانىيەنىڭ پاي چېكىنى چۈشۈرىۋېتىدىغان بولدى دەپ خوش بولاتتى، تەبىئىكى، بۇ ئىشتىن ئىتالىيە نېسىۋىسىنى ئالىدۇ." كىرېملىدىكىلەر بەزىلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىنغانلىق ھەققىدە گەپ تارقىتىشىنى ئاڭلاپ ئەنگلىيە راستىنلا ھىتلېر بىلەن بىرلىكتە سوۋېتقەست پىلانلاپ يۈرەمدۇ قانداق دەپ گۇمانلىنىپمۇ قويىشاتتى. شۇڭا ئۇلار يېڭى قائىدە-تۈزۈمنى يولغا قويۇشقا كىرىشىدۇ:ئاز ساندىكى ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، چەتئەللىكلەرنى موسكۋا سىرتىغا چىقىپ ساياھەت قىلىشىغا يول قويماسلىقنى بەلگىلىشىدۇ.

گەرچە ھىتلېر قاتتىق خاپا بولغان بولسىمۇ، بىر قانچە يېقىنىغا يالغۇز يەردە ھېسنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۆزىنى قۇربان قىلىش ھېساۋىغا شۇنچىۋالا خەتەرلىك بىر ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشقا ئاتلانغانلىقىدىن ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ ئەستايىدىللىراق ئويلىغىنىدا، مۇئاۋىنىنىڭ شۇنچە خەتەرلىك بىر ئىشقا تەۋەككۈل قىلغانلىقى پۈتۈنلەي ئۆزى ئۈچۈن قىلىنغان بىر پىداكارلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. ھىتلېر، ھېسنىڭ ئېلىشىپ قالغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنمەيتتى. ئۇ پەقەت ھاماقەت بىرسىلا ئىدى، ئۆزىنىڭ بۇ قىلىقى نەقەدەر ئېغىر سىياسىي خاتالىققا سەۋەپ بولىدىغانلىقىنى

سەزگىچلىكى يوق بىرى دەپ قارايتتى.

ئۇنىڭ بۇ تۇردىكى نىسبەتەن سەگەكلىك بىلەن بەرگەن باھاسى كېيىنچە ئىسپاتلىنىدۇ. ئارىدىن بىر قانچە ئاي ئۆتۈپ، بىرۇكمان خانىمنىڭ يولدىشى ۋاپات بولىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: "بىز ھەممىمىز بىردىن قەۋرىگە ئىگە كىشىلەرمىز. بىز بارغانسىرى يالغۇزلۇققا قاراپ يول ئالماقتىمىز. شۇڭغا قارىماي بىز يەنىلا بۇلارنىڭ ھەممىسىگە بەرداشلىق بېرىشكە، ياشاشقا مەجبۇرمىز. شۇنداق ئەمەسمۇ قەدىرلىك خانىم؟ ئەتراپىمىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا مەن پەقەت ئىككىلا كىشىنى چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرەتتىم. ئۇلارنىڭ بىرسى دوكتور تودت ("غەربىي سېپىل" بىلەن يوقۇرى سۈرئەتلىك تاشيول ياتقۇزغان كىشى)، يەنە بىرسى بولسا ھېس ئىدى. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا ئەندى يوق. تودتمۇ ئۆلۈپ كەتتى. ھېس بولسا يېنىمدىن ئۇچقىنىچە قېچىپ يوقالدى!"

"سىز ماڭا بۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن، ــ دەيدۇ گېپىنى ئۇدۇللا قىلىشقا ئادەتلەنگەن بىرۇكمان خانىم، ــ سىزنىڭ ھۆكۈمەت گېزىتلىرىڭىز تۈپتىن باشقىچە بىر نېمىلەرنى دەپ يۈرىدۇغۇ؟ بىز ھەممىمىز يىل قوغلىشىپ بايرۇتنىڭ يېنىغا قاراپ يېقىنلىشىمىز. شۇڭىدەك بۇنىڭدىن ھەممىمىز قاتتىق ھاياجانلىق ھېس قىلىمىز. ئېيتىڭا، بۇنىڭ ھەقىقى مەنىسىنى كىم چۈشىنىدۇ؟ بىزنىڭ بۇ بەختىسىز دەۋرىمىزدە قۇربان بولغان قەھرىمانلارنى رۇھلار دۇنياسىغا ئېلىپ كىرىدىغان ئاجايىپ ئايال ۋالكىيرغا ئوخشاش بىرسى، ۋوتان بۇيرۇقىنىڭ مەنىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان بىرسى، قەھرىمانلىق جاسارىتى ۋە ئۆزىنى پىدا قىلىش روھى بىلەن سىزنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ئارزۇيىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىنى ئىزدەپ يولغا چىققان بىرسى ئوتتۇرىغا چىقىشى ھامان، ئۇنداق بىرسى دەرھال ئېلىشىپ قالغان دەپ قارىلاناماقتا!" خانىم بۇ سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن چوقۇم فۇھرېرنىڭ رەددىيە بېرىشىگە ئۇچرايمەن دەپ ئويلىغان ئىدى. ئەمما ھىتلېر بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي بېشىنى چۆكۈرۈپ ئويغا پاتقان ئىدى. "مېنىڭ سىزگە، ۋە پەقەت سىزگىلا ئېيتالىدىغەن ھەقىقى تۇيغۇلىرۇم سىزگە يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ يەنى سىز بۇ دېگەنلىرىمنى يەنىلا ئاز كۆردۈڭۈزمۇ؟"

ھېسنى ئالساق، ئۇنىڭ قىلالىغانلىرى يېتەرلىك بولغان دېيىش مۇمكىن. ئۇ لوندون مۇنارىسى (تۈرمە) دىن ئايالىغا خەت يېزىپ، ئەنگلىيەگە ئۇچالىغىنى ئۈچۈن بەكلا خوشال ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىشتا "جاھىل بۇغما ئىلان" روھى دېيىشكە بولىدىغان بىر ئارزۇ ئۇنى بۇ ئىشقا ئۈندەپ ئۇنى قىستاپ كەلگەنلىكى سەۋەبىدىن بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. "توغرا، مەن بۇ ئىشتا قىلچە نەتىجىگە ئېرىشەلمىدىم. مەن بۇ قېتىم ئوتتۇرىغا چىققان تەلۋىلەرچە ئۇرۇشنى، كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇرغان يۈز بېرىش ئالدىدىكى بۇ

ئىشلارنى تۇساپ قالغىدەك كۆچكە ئىگە ئەمەسمەن. مەن خەلقنى قۇتقۇزۇپ قالالمىدىم. شۇنداقتىمۇ بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرگەنلىكىمنى ئويلىسام، مەن يەنىلا ئۆزەمنى بەختلىك بىرى ھېس قىلىمەن.“ (ھېس بۇ ئارزۇسىنىڭ بەدىلىگە يالغۇز تۈرمە كامېرىدا ئوتتۇز نەچچە يىلنى ئۆتكۈزىدۇ. ۋىيېدېمان ئۇنى ناتسىست رەھبەرلىرى ئارىسىدا ”ئەڭ كۆڭلى تۈز بىرسى“ دەپ ئاتايدۇ. ئۇ سپانداۋ تۈرمىسىدە ئىنتىپاقداشلار قولىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مەھبۇس بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ تۈرمىدە ياتقان شۇنچە ئۇزۇن يىللار جەريانىدا، ئۇنى چوڭ بىر ئۈستەل كۆرگىلى كەلگەنلەر بىلەن ئارىسىنى ئايرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا يېقىنلىرىنى سۆيۈش ياكى ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىشقا زادىلا رۇخسەت قىلىنمىدى. – ئا.ھ.ئى)

7

ھىتلېر، ھېسنىڭ قېچىپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئېلىپ ئەتىسى، ئىككى پارچە باستۇرۇش قانۇنى ئېلان قىلىدۇ. بىرىنچى قانۇندا يېقىندا بولىدىغان بېسىپ كىرىش جەريانىدا گېرمانىيە ئارمىيىسىگە قوراللىق قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى رۇسىيىلىك پۇتۇنلەي قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان جىنايەتچى قاتارىدا قىلچە سوراۋشتە قىلماي ئېتىپ تاشلىنىدۇ، دەپ ئېلان قىلىنىدۇ. يەنە بىر قانۇندا بولسا، ھىملېرنى ”بىر-بىرىگە تۈپتىن زىت ئىككى خىل تۈزۈم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە مەيدانغا كېلىدىغان پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە ئورۇنداش ھوقۇقىنى بەرگەنلىكى بەلگىلەنگەن.“ ھىملېر قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغان ھالدا ھەممە ئىشنى ئۆزى مەسئۇل بولۇپ مۇستەقىل ھەرىكەت قىلالايدىغانلىقى بەلگىلەنگەن ئىدى. ئىشغال قىلىنىدىغان يەرلەر ”پەۋقۇلئاددە ھەرىكەت ئەترىتى“ دەپ ئاتالغان ئېس-ئېسچىلار ئەترىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە سۈيىقەست قىلىش ئەترىتى يەھۇدىيلار بىلەن قالغان بۇزغۇنچى ئۇنسۇرلارغا ”تازىلاش“ ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھەر قانداق بىر ئورگان ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە ئارىلىشالمايد - ىغانلىقى، ”ھۆكۈمەت ۋە پارتىيەنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئەربابلىرى“ ئىشغال قىلىنغان رۇسىيە تۇپراقلىرىغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقى بەلگىلەنگەن ئىدى.

بۇ ئىككى قانۇن، تېخى يېقىندىلا ”شەرقى ياۋروپا مەسىلىلىرى مەركىزى تىزگىنلەش كومىتېتى“ نىڭ كومىسسارلىقىغا تەيىنلەنگەن ئالفرېد روزېنبېرگنى قاتتىق غەزەپلەندۈرىۋېتىدۇ. روزېنبېرگ ئەسلىدە بالتىق دېڭىزى رايونىدا تۇغۇلغان بىرسى بولغاچقا، سوۋېت كىشىلىرىنى ئىمپېرىيە دۈشمەنلىرى ئەمەس بەلكى ستالىنغا قارشى

ئۇنسۇرلار دەپ قاراش كېرەك دەپ ئويلايتتى. ئۇ ھىتلېرغا، سوۋېتلىكلەر چوقۇم نېمىسلارنى قارشى ئالىدۇ، ئۇلار چوقۇم نېمىس ئارمىيىسىنى ئۆزلىرىنى بولشېۋىكلار قولىدىن، يەنى ستالىن مۇستەبىت ھاكىمىيىتى چاڭگىلىدىن قۇتقۇزىدىغان ئازاتلىق ئارمىيە دەپ تونۇيدىغانلىقىنى، شۇنداق ئىكەن بىز ئۇلارغا ئىشىنىشىمىز، ئۇلارغا مەلۇم دەرىجىدە ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىشىمىز، ھەر بىر ئىتتىپاق رېسپوبلىكىلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك، دەپ ئېيتىدۇ. مەسىلەن، ئۇكرائىنانى "گېرمانىيە بىلەن ئىتتىپاقداش بولالايدىغان مۇستەقىل دۆلەت" دەپ تونۇشىمىز، ئەمما كاپكازلارغا بولسا بىر نەپەر گېرمانىيەلىك "تولۇق ھوقۇقلۇق ئەلچى" ھۆكۈمران بولۇش شەكلىدە ھەل قىلىشىمىز كېرەك دەيدۇ.

روزېنبېرگ، ئەگەر شەرقتە قاتتىق باستۇرۇش سىياستى يولغا قويۇلغىنىدا، چوقۇم ھاياتلىق ماكانى روھىنىڭ ۋەيران بولىشىغا ئېلىپ كېلىنىشىگە قەتئىي ئىشىنەتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ بۇ ئىككى بۇيرۇققا قارشى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بىر پارچە مېمرانىدۇم تەييارلاپ ھىتلېرغا سۇنىدۇ. ئەگەر بىز ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان مەمۇرى خىزمەتچىلەر بىلەن ھۆكۈمەت كادىرلىرىدىن پايدىلانمىساق، گېرمانىيە ئىشغال قىلىنغان رايونلاردا قانداقمۇ مەدەنىي ھاكىمىيەت شەكلىنى بەرپا قىلالىشى مۇمكىن؟ دەيدۇ. شۇڭا ئۇ، بىز پەقەت "ياشانغان ياكى قېرىپ ھالى قالمىغان ئەمەلدارلارنىلا تازىلاپ چىقىشىمىز" كېرەك دېگەن مەسلىھەتنى بېرىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭ بۇ تەكلىۋىگە ئېنىق بىر جاۋاب بەرمەيدۇ. ھىتلېرنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇ ھىملېر بىلەن روزېنبېرگ ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق كۈرىشىگە ئارىلىشىپ قېلىشنى خالىمايتتى. چۈنكى، بۇنداق بىر كۈرەش، نېمىس قوشۇنلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى تۇپراقلىرىغا قەدەم بېسىشى ھامان ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. مىللىي سوتسىئالىزم پارتىيىسى ئىچىدە راسا روناق تېپىۋاتقان يېڭى چولپان بورمان، بۇنداق بىر ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى جەريانىدا چوقۇم ھەل قىلغۇچ ئامىل ھېسابلىناتتى. بورمان، بۇ ئېلىشىشتا ئالللمۇقاچان ھىملېرنىڭ تەرىپىنى تۇتقان ئىدى.

بۇ ۋاقىتلاردا "بارباروسسا" نىڭ ئاخىرقى تەييارلىق ئىشلىرىمۇ داۋام قىلماقتا ئىدى. ئادمىرال پولكوۋنىك رايدېر 22-ماي كۈنى (ئېنگلىزچىدىن تەرجىمىدە 10-ماي كۈنى دەپ ئېلىنغان _ ئۇ.ت) ھىتلېرغا، سوۋېتلېر ئىتتىپاقىغا مۇھىم خام ئەشيا تاپشۇرۇش ئىشىنى توختاتماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەسلىدىنلا بۇنىدىن بۇرۇنمۇ شەرقتىن كېلىدىغان ماللارنىڭ سانى بەكلا كۆپ، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراپ يوللىنىدىغان مال سانى زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتكەن ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىر يېرىم مىليون توننا ئاشلىقتىن باشقا يەنە يۈز مىڭ توننا پاختا، ئىككى مىليون توننا نېفت مەھسۇلاتلىرى، بىر

يېرىم مىليون توننا ياغاچ ماتېرىيالى، يۈز قىرىق مىڭ توننا مانگان، يىگىرمە بەش مىڭ توننا خروم يوللاپ بولغان ئىدى. ستالىن ھېسنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن گۇمانلىنىپ يۈرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ھىتلېرنى پەپلەپ تۇتۇپ تۇرۇش بىلەن ئالدىرىش ئىدى. شۇڭا ئۇ مىس دېگەندەك مۇھىم خام ئەشيالارنى يىراق شەرقتىن تېز يوپيز ئارقىلىق گېرمانىيەگە توشۇش ئىشىنى تەستىقلاپ تۇردۇ.

يەنە شۇ كۈنلەردە، مولوتوۋ باش ئەلچى شۇلېنبۇرگنى قوبۇل قىلدۇ. بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرىكى بىر ۋاقىتتا شۇلېنبۇرگ، ستالىننىڭ يېقىندىن بۇيان ئۆز ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتىشكە تىرىشىپ يۈرگەنلىكىنى پەرەز قىلغان بولۇپ، بۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىك ھوقۇقىنىلا تولۇق ستالىننىڭ قولىدا بولۇشىغا تىرىشقانلىق دەپ ئويلىغان ئىدى. بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتە بۇ قارىشىنىڭ توغرىلىقى تېخىمۇ كۈچەيدۇ. دوكاتىدا شۇلېنبۇرگ بارباروسسا ھەققىدە توختىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۆتكەن بىر قانچە ھەپتە جەريانىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېرمانىيىگە بولغان مۇئامىلىسىنىڭ زور دەرىجىدە ياخشىلانغانلىقى ئۈستىدىلا توختىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ مەيلى ئادمىرال رايدېر بولسۇن ياكى دىپلوماتىك خادىملار بولسۇن، ئۇلار ھىتلېرنى زادىلا قايىل قىلالمايدۇ. 30-ماي كۈنى، يەنى گېرمانىيە قىسىملىرى ئىنگلىزلار قولىدىن كرېت ئارىلىنى تارتىپ ئالغىنىغا ئۈچ كۈن بولغاندا، رايدېر ھىتلېرنى مىسىر بىلەن سۇۋەيىش قانىلىغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلاشقا ئۈندەپ، ئۇنىڭ دىققىتىنى شەرقتىن بۇ تەرەپلەرگە بۇراشقا تىرىشىدۇ. شۇڭا ئۇ ھىتلېرنى بۇ زەربە بېرىشىنىڭ دەل پەيتى، ئەگەر ياردەمچى قوشۇن بولغىنىدا، گېنېرال روممېل چوقۇم ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلىشى مۇمكىن دەپ ئۈندەيدۇ. ئۇ يەنە "بۇ قەدەم، ئۇلۇغ برىتانىيە ئىمپېرىيىسى ئۈچۈن ئالغاندا لوندوننى قولغا چۈشەرگىنىمىزدىنمۇ ئېغىر زەربە بولىشى مۇمكىن!" دەيدۇ.

ھىتلېر بۇنىڭدەك نەسىھەتلەرگە پەقەتلا قۇلاق سالمايتتى. ئۇ، باربىروسسا ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلدى. بېشىمىزغا ئېغىر بىر ئاپەت كېلىشتىن باشقا ھېچقانداق بىر ئىش بۇ ھەرىكەتنى توختىتىپ قالالمايدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ ھەممىدىن بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغىنى مەخپىيەتلىك ئىدى. بىر يىل ئاۋال بىلگىيەدە كۆرۈلگەن بەختسىزلىك تا بۈگۈنگىچە ئۇنى ئەنسىرىتىپ كەلمەكتە ئىدى. شۇڭا ئۇ، بۈگۈنگىچە رۇسىيەگە بېسىپ كىرىش ئىشىنى مۇسسولىنىغا ئۇقتۇرماي كەلگەن ئىدى. 2-ئىيۇن كۈنى، بۇ ئۆزىدىن چوڭ ئىتتىپاقدىشى بىلەن برېننېر تاغ ئېغىزىدا كۆرۈشكىنىدە، يەنىلا شۇ ئەنگلىيەنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلاش (بۇ قېتىم ئۇ سۇئاستى پاراخوتى ئىشلەتمەكچى) قەتئىي ئىرادىسىگە كەلگەنلىكى، ھېسنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى بىلەن بالقان يېرىم ئارىلى ۋەزىيىتى ئۈستىدىلا

ھەدەپ گەپ ساتسىمۇ، بارباروسسا ھەققىدە پەقەتلا تىنمايدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشنى يوشۇرۇشى مەخپىيەتلىك ئۈچۈنلا بولۇپ قالماي، بەكلى مۇسسولىنىنىڭ ئۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلماسلىقى ھەققىدە ئېنىق ئېيتقانلىقىمۇ سەۋەپ بولغان ئىدى. مۇسسولىن گېرمانىيىنىڭ رەسمى "ئاياق يارىسى" غا ئايلانغان ئىدى.

بارباروسسانىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچلۇق تەييارلىق ئىشلىرى باشلانغان ۋاقىتدا، شەرققە تۇتىشىدىغان تاش يول بىلەن تۆمۈر يول لىنيەلىرى بەكلا ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. 6-ئىيۇن كۈنى، ھىتلېر ياپونىيە باش ئەلچىسى ئوشىمانى بېرچتېسگادېنغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرايىمىزغا دەخلى تەئەررۇز قىلغانلىقى سەۋەبىدىن، زور مىقداردا گېرمانىيە قىسىملىرى شەرققە توشۇلماقتا، دەپ يىپ ئۇچى بېرىدۇ. "بۇنداق بىر ئەھۋالدا _ دەيدۇ ھىتلېر ئىنتايىن ئىشەنچ بىلەن ئوشىماغا چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ، _ قارىغاندا ئارىمىزدا ئۇرۇش بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش مۇمكىن بولمايدىغاندەك قىلىدۇ." ئوشىمانىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ بۇ دېگىنى رەسمى ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىق ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۇ (گېرمانىيىنىڭ) رۇسىيەگە بېسىپ كىرىشى قاش بىلەن كىرپىك ئارىسا قاپتۇ، دەپ دەرھال توكيونى ئاگاھلاندۇرۇپ بۇ خەۋەرنى يەتكۈزىدۇ.

ئۇ كۈنى فۈھرېر ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم بىر كۈن ئىدى. ئۇ، مارشال ۋون براۋچىتشقا، مىللى سوتسىئالىزم بىلەن تۈپتىن زىت ئىدىيىگە ئىگە كىشىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئەسىرگە چۈشكەن بارلىق سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىي كومىسسارلىرىنى تولۇق يوقۇتۇش كېرەك دەيدىغان بۇيرۇقتىن بىرنى دەرھال يېزىپ تەييارلاش، شۇ ئارقىلىق رەھىمسىز ئىدىئولوگىيەلىك ئۇرۇش تەھدىتىنى قانۇنلۇق ھالغا كەلتۈرۈش كېرەكلىكى ھەققىدە بۇيرۇق قىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ باش قوماندانى بۇنىڭغا قەتئى قارشى چىقىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا قىسقىچىلا قىلىپ، "مەن ھەر قايسى گېنېرال جاناپلىرىدىن بۇيرۇقۇمنى چۈشىنىشنى ئەمەس بەلكى ئۇنى ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىمەن" دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ يوليورۇقنىڭ جۈملىلىرىنى خاتا چۈشىنىپ قېلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ يوليورۇقتا "بۇ سىياسىي كومىسسارلار ۋەھشى ئاسىيا ئۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ كەشپىياتچىلىرى، شۇڭا ئۇلارنى تېزلىكتە قەتئى تازىلاش شەرت، ... ئۇلار مەيلى ئۇرۇش مەيدانىدا ياكى قارشىلىق كۆرسىتىش جەريانىدا ئەسىرگە چۈشكەن بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، بىرنىمۇ قويماي دەرھال ئىرتىپ تاشلاش كېرەك." ئەسلى ئىدىئولوگىيەگە مەنسۇپ بۇ بۇيرۇقنى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە بىلەن ھىملېرنىڭ پەۋقۇلئاددە ھەرىكەت ئەترىتى بىرلىكتە ئىجرا قىلىش بەلگىلەنگەن ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە بۇنداق بىر بۇيرۇقنىڭ ئالىي قوماندانلىق شىتابى نامىدىن ئېلان قىلىنىشى، ھىتلېر ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ ئارمىيە ئۈستىدە قولغا كەلتۈرگەن

بىر ئۇتۇقى ئىدى. بۇ بۇيرۇق ئارمىيە تەرەپنى ئۇنىڭ سىياسىي پروگراممىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئامالسىز بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىدىغان شېرىك ھالىغا كەلتۈرۈپ، ئارمىيەنى ئېس-ئېس ئەترىتى بىلەن بىرلىكتە ھىتلېر ئۆزىنىڭ بۇ ئۇلۇغ پىلانىنى ئورۇندايدىغان ھالغا كەلتۈرۈۋالماقچى بولغان ئىدى.

ھىتلېر بۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرالىشى ئۈچۈن ئاۋال قىزىل ئارمىيىنى تارمار كەلتۈرۈشى شەرت ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىداش ئىشەنچلىك دۆلەتلەرنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشى شەرت ئىدى. بۇ دۆلەتلەر بولشېۋىكچىلىكتىن قاتتىق يىرگىنىدىغان، شۇنىڭدەك ستالىنىدىنمۇ ئالىدىغان ھېساۋاتلىرى بار دۆلەتلەر ئىدى. رەھىمسىز شەرتلەر بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن قانلىق ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا مەجبۇر قالغان فىنلاندىيەلىكلەرگە بۇنداق بىر سەپەرگە قاتنىشىش تەلىپىنى قويغىنىدا قىلچە نارازىلىق پىكرى بولماي قوشۇلىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. 8-ئىيۇن كۈنى، گېرمانىيە ئارمىيىسى پىيادىلەر دىۋىزىيىسىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمى فىنلاندىيىدە قۇرۇغلۇققا چىقىدۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن مارشال مانىنېرخېيم قىسمەن ھەربىي سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقىنى ئېلان قىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ھىتلېر رومىنىيەگىمۇ ئىشەنچ قىلاتتى. 11-ئىيۇن كۈنى، ئۇ مەخپىي تۈردە گېنېرال ئىئون ئانتونېسكوغا مۇنداق دەيدۇ: مەن رۇسىيەگە ھۇجۇم قىلىش قارارىغا كەلدىم. ئۇ يەنە، ئۆزىنىڭ ھەرگىزمۇ بۇ ئۇرۇش ئۈچۈن ئانتونېسكونى ياردەمگە چاقىرىش نىيىتىدە ئەمەسلىكىنى دەپ كېلىپ، "مەن رومىنىيەنىڭ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىگەن ھالدا بۇ توقۇنۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە ئاخىرلىشىشى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاسانلىق يارىتىپ بېرىشىنىلا تەلەپ قىلىمەن" دەيدۇ. كەلگۈسىدىكى ئۇرۇش غەنىمەتلىرىگە كۆز تىككەن ۋە ھەربىي ئىشلاردىكى ئابروينى كۆزلىگەن رومىنىيە مۇستەبىتى، مەن بىرىنچى كۈندىلا سىز بىلەن ئۇرۇشقا قاتنىشىمەن، دەپ ئىپادە بىلدۈرىدۇ.

8

14-ئىيۇن كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسى سورگ توكيودىن بەكلا ئېنىق بىر ئاگاھلاندۇرۇش يوللايدۇ: "ئۇرۇش 22-ئىيۇن باشلىنىدۇ." ئەمما ستالىن، بۇ ئاگاھلاندۇرۇشقا ياكى بۇنىڭغا ئوخشاش باشقا ئاخباراتلارغا ئىشەنمەيدۇ. ستالىن گەرچە گۇمان قىلىپ يۈرگەن بولسىمۇ يەنىلا 1942-يىلىغا كەلمەي تۇرۇپ ئۇرۇش بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا، دەل شۇ كۈنى تاسىس ئاگېنتلىقىغا بۇيرۇق قىلىپ ھەر

تۆرلۈك ئۇرۇش يالغانلىرىنى مازاق قىلىش توغرىلىق بىر پارچە ئۇختۇرۇش چىقىرىشنى بۇيرۇيدۇ: "بۇ تۆر قورۇق گەپلەرنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيە كۈچلىرىگە ھەمدە ئۇرۇشنى كېڭەيتىشكە قىزىقىدىغان كىشىلەرنىڭ قوپال تەشۋىقاتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس." بۇ بايانات ئۆزىگە بولغان ئىشەنچە تولۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئالدىنقى سەپتىكى قىزىل ئارمىيە ئىچىدىكى جىددىيچىلىكلەر قىسمەنلىكتە بولسىمۇ پەسەيگەندەك كۆرۈنەتتى.

بېرلىندا بولسا، ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن ئىنچىكىلىك بىلەن تاللانغان ئوفىتسېرلار بىر-بىرلەپ باش مىنىستىرلىككە كېلىپ، پەۋقۇلئاددە تەشۋىقات دوكلاتىنى ئاڭلايدۇ ۋە چۈشلۈك زىياپەتكە قاتنىشىدۇ. بۇ چاغدا ھەر بىر ئادەم ئۆزى ئۈستىگە چۈشكەن بۇيرۇقنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرگەن بولۇپ، بەك قوشۇلۇپ كەتمىسىمۇ ھىتلېرنىڭ دۈشمەن دۈشمىنىگە ئىشلىنىدىغان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان رەھىمسىزلەرچە تەدبىرلەر ئۈستىدىمۇ ئارتۇق بىر نېمە دېمەس ھالغا كېلىدۇ. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە، ھەممە بىردەك ماقۇل بولغان ھالدا چۈشلۈك تاماققا ئولتۇرىدۇ.

بۇ قېتىمقى يىيىلگەن تاماق باش مىنىستىرلىكتە بۇرۇن يىيىلگەن تاماقلاردىن پۈتۈنلەي پەرق قىلاتتى. كۆپچىلىك بۇ قېتىمقى تاماقنى بەكلا لەززەت بىلەن خەشال-خۇراملىق ئىچىدە يىيىشىدۇ. ھىتلېر رەئىس سەھنىسىگە چىقىپ مىكرافون ئالدىغا كېلىپ نەسىھەت خاراكتېرلىق تاۋۇشتا بارباروسسا ئوپېراتسىيىنى قوزغاشنىڭ زۆرۈرىيىتى ئۈستىدە توختالغىنىدا، زالدىكى يولداشلارچە دوستلۇق مۇھىتى تېخى يوقالمىغان ئىدى. ھىتلېر، رۇسىيەنىڭ تارمار بولۇشى ئەنگلىيەنىڭ تەسلىم بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەيدۇ.17-ئىيۇن كۈنى، ئەڭ ئاخىرقى سىگنال تارقىتىلىپ، ئېپېراتسىيىنىڭ 22-ئىيۇن يەكشەنبە كۈنى سەھەر سائەت ئۈچ يېرىمدا باشلىنىدىغانلىقى يەنە بىر قېتىم مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. يەنە شۇ كۈنى، بىر گېرمانىيە سېرژانتى بىر ئوفىتسېرنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقى سەۋەبىدىن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىشىدىن قورقۇپ، چېگرادىن ئۆتۈپ سوۋېت ئارمىيىسىگە تەسلىم بولىدۇ. ئۇ سوۋېتلىكلەرگە 22-ئىيۇن كۈنى تاڭ سەھەردە ھۇجۇم باشلايدىغانلىقنى ئاشكارلايدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئالدىنقى سەپ ئوفىتسېرلىرىنىڭ ھەممىسلا قاتتىق غەم ئىچىگە پېتىپ قالىدۇ. ئەمما قوماندانلىققا مەسئۇل گېنېرالنىڭ بۇ خەۋەرگە بولغان ئىپادىسى باشقىچە ئىدى: "تەشۋىشلىنىشنىڭ قىلچە پايدىسى يوق."

باشلىنىش ۋاقتى يېقىنلاشقانسىرى ھىتلېر تېخىمۇ خاتىرجەملىشىپ ئىشەنچى ئارتىشقا باشلايدۇ. 20-چېسلا، جۈمە كۈنى، فرانكنى چاقىرتىپ كېلىدۇ. بۇ كىشى ئەسلىدە ھىتلېرنىڭ شەخسى ئادۋۇكاتى ئىدى. ھازىر ئۇ پولشا ئىشغال رايونىنىڭ گوبېرناتورى. "بىز

بۈگۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىر مەيدان ئۇرۇش قىلىش بوسوغۇسىدا تۇرماقتىمىز. ــ دەيدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ فرانك چۆچۈپ ئاغزى ئېچىلىپلا قالىدۇ. ھىتلېر ئالدىراپ، ــ ئۆزەڭنى بېسىۋال!" دەيدۇ. ئۇ، گېرمانىيىنىڭ ھۇجۇم قىلىش قىسمىلىرى تېز سۈرئەتتە فرانكنىڭ باشقۇرۇش رايونىدىن ئۆتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما فرانك بۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرمەكچى بولۇۋىدى ھىتلېر قولىنى شىلتىپ ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچتۇرمايدۇ. "مەن سېنىڭ مەسىلەڭنى بەكلا ياخشى بىلىمەن. شۇنداقتىمۇ مەن سېنى ھىملېر بىلەن چوقۇم يارىشىپ قېلىشىڭنى تەلەپ قىلىمەن. ــ ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى ئۇلارنىڭ ئىشالىيەت رايونلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتىدىكى پىكىر ئىختىلابىنى كۆزدە تۇتماقتا ئىدى. ــ مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا پىكىر ئىختىلابى پەيدا بولۇشىنى ھەرگىز خالىمايمەن، سىلەر ئىككىڭلار چوقۇم چۈشىنىش ھاسىل قىلىشىڭلار شەرت." شۇ ئاخشىمى، ھىتلېرنىڭ ئەسكەرلەرگە چۈشەرگەن ئۇختۇرۇشى مەخپىي تۈردە تارقىتىلىدۇ. قاراڭغۇلۇق ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئالدىن يۈرەر قىسىملار ئالغا ئىلگىرلەيدۇ. 21-چىسلا سەھەردە ئۈچ مىليوندىن ئارتۇق گېرمانىيە قوشۇنلىرى بەلگىلەنگەن يەرلىرىگە كېلىپ ھۇجۇمغا تەييار ھالغا كېلىدۇ.

لوندوندا بولسا، مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن دۆلىتىگە قايتىپ كەتكەن كرىپپىسمۇ ھىتلېرنىڭ رۇسىيەگە بېسىپ كىرىدىغانلىقى توغرىلىق ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىنى بېرىدۇ. "شۇنداق، ــ دەيدۇ سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىسى مايسكىغا، ــ بۇ قېتىمقى ھۇجۇم ئەتە يەنى 22-ئىيۇن باشلىنىدىكەن، بىز بۇ ھەقتە ئىشەنچلىك ئاخباراتنى قولغا كەلتۈردۇق. ھۇجۇم ۋاقتى ئەڭ كېچىككەندىمۇ 29-ئىيۇندىن قالمايدىغانلىقى ئېنىق. ... سىزگە مەلۇم، ھىتلېر ئادەتتە يەكشەنبە كۈنى ھۇجۇم باشلاشقا ئامراق." مايىسكى دەرھال موسكۋاغا شىفىرلىق جىددى تېلېگرامما يوللايدۇ. ستالىن ئاخىرى قۇراللىق قىسىملارغا تەييارلىنىش بۇيرۇقى چۈشۈرىدۇ. ئۇ يەنە بېرلىندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىگە يولىيورۇق بېرىپ، ئۇنى رىببېنتروپقا ئافرىلىدىن بېرى گېرمانىيە ئايروپىلانلىرى 180 قېتىم سوۋېت ھاۋا تەۋەلىكىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق ۋەقەسىنى ئۇختۇرۇپ ئېغىزچە نارازىلىق بىلدۈرۈپ قويۇشىنى، بۇ تۈر ۋەقەلەر "سىستېمىلىق ۋە خەلقارا خاراقتېرلىك ۋەقە" ئىكەنلىكىنى ئېيتىشنى بۇيرۇيدۇ.

سەھەر سائەت بىردىن ئوتتۇز مىنۇت ئۆتكەندە بۇ قېتىمقى ھۇجۇم قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنوتلىرىغا ئاز قالغان ۋاقىتتا، بېندلېرستراس كوچىسىدا جىددىچىلىك كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. باش مىنىستىرلىقتىن ھېچبىر تىۋىش چىقمايتتى. بارباروسسا ئوپېراتسىيىسى باشلانغان ئىدى! ھىتلېر باش مىنىستىرلىكتە مۇسسولىنىغا نېمە ئۈچۈن بارباروسسا ئوپېراتسىيىسىنى باشلىتىشقا مەجبۇر قالغانلىقىنى

چۈشەندۈرمەكتە ئىدى. "باش مىنىستىر، _ دەپ يازىدۇ ئۇ خېتىدە، _ بۇ خەتنى مۇنداق بىر پەيتتە يېزىپ ئولتۇرماقتىمەن: بىر قانچە ئايدىن بېرىقى ئەنسىزلىك ۋە باش قېتىشچىلىقى ئىچىدە كۈتۈشمىز ئاخىرلاشتى. مەن ھاياتىمدىكى ئەڭ قىيىن چىقىرىلىدىغان بىر قارار ئالدىم. سوۋېت ئىتتىپاقى قۇراللىق كۈچلىرى ئىمپېرىيە چېگراسىغا بەكلا كۆپ ئەسكەر يىغدى، ۋاقتىمۇ ئۇلار ئۈچۈن ئىشلىمەكتە ئىدى. شۇڭا مەن مېڭەمنىڭ قېتىقى چىققىدەك قاتتىق ئويلىنىشتىن كېيىن بىزنى تورغا چۈشۈرۈشتىن ئاۋال تور ئاغامچىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش قارارىغا كەلدىم."

ھىتلېر بۇ خېتىدە ئىتالىيەنىڭ گرېتسىيە بىلەن ئافرىقىدىكى ۋەيران بولۇش خاراكتېرىدىكى تەۋەككۈلچىلىكىنى پەقەتلا تەنقىتلىمەيدۇ، شۇنىڭدەك باشقا ھەر قانداق بىر شەكىلدە قۇرساق كۆپىگىنىمۇ ئىپادىلىمەيدۇ. ئۇنىڭ يازغان خېتى باشتىن ئاخىرى ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن تولغان، ھەتتا يالۋۇرۇشقا يېقىن ئىپادىلەر بىلەن يېزىلغان بولۇپ، خېتىنىڭ ئاخىرىدا ھەتتا پۇشايمان قىلغانلىقىدەك بىر ئەھۋالنىمۇ كۆرىۋېلىش مۇمكىن ئىدى: "بىز ئەڭ ئاخىرقى يارىشىپ قېلىش تىلىكى بىلەن ئالاھىدە سەممىيلىك بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ باققان بولساقمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرى دائىم دېگىدەك مېنى بىزار قىلىپ كەلگەن ئىدى. پەرىزىمچە بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلار مېنىڭ كېلىپ چىقىشىم ھەققىدە، مېنىڭ چۈشەنچىلىرىم ھەققىدە، شۇنىڭدەك مېنىڭ بۇرۇنقى بۇرچلىرىم بىلەن ئۇ ياكى بۇ شەكىلدە پەقەتلا توغرا قاراشتا بولماي كەلدى. مانا ئەندى مەن ئۆزەمنى خىيلىلا يەڭگىل ھېس قىلماقتىمەن. چۈنكى بۇ تۇردىكى ئىدىيىۋى ئازاپلاردىن بىراقلا قۇتۇلۇپ كېتىدىغان بولدۇم."

موسكۋادا بولسا، مولوتوۋ تېخى يېڭىلا باش ئەلچى ۋون شۇلېنبۇرگ بىلەن كۆرۈشۋاتقان ئىدى. بۇ دىپلوماتىك ئىشلار كومىسسارى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرلىندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىگە رىبېنتروپقا يەتكۈزۈش تەلەپ قىلىنغان ئېغىزچە ئۇلتىماتومىنىڭ سالمىقىنى ئېغىرلاشتۇرۇشنى ئويلىماقتا ئىدى. "نۇرغۇنلىغان ئالامەتلەر شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، _ دەيدۇ شۇلېنبۇرگقا، _ گېرمانىيە ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىدىن رازى ئەمەسكەن. ھەتتا ئوتتۇرلۇقتا گېرمانىيە-سوۋېت ئۇرۇشى تېگىپلا كەتسا پارتلايدىغان ھالدا تۇرماقتا، دەيدىغان ئېغۋالارمۇ تارقىلىپ يۈرمەكتە." بۇ گەپلەردىن بەكلا مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان شۇلېنبۇرگ، مەن سىزنىڭ بۇ دېگەنلىرىڭىزنى چوقۇم بېرلىنغا يەتكۈزىمەن، دېيىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئۇ ئىشخانىسىغا قايتىپ كېلىپ كەلگىنىدىن كېيىنمۇ خۇددى مولوتوۋقا ئوخشاش، گېرمانىيەنىڭ بىر قانچە سائەتتىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىدىن پەقەتلا خەۋىرى يوق ئىدى.

دەل شۇ پەيتلەردە، شەرق سەپتىكى بىر قۇماندان ئەسكەرلىرىگە ھىتلېرنىڭ يولىيورۇقىنى ئوقۇماقتا ئىدى: "نۇرغان ئايلاردىن بېرى مېنى ئەنسىرەش ۋە غەم بېسىۋېلىپ باش كۆتۈرەلمەس ھالغا كەلتۈرۈپ قويغاچقا، ئۇ چىقارماي جىم تۇرۇۋېلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدىم. جەڭچىلىرىم، مانا ئەندى مەن سىلەرگە ئوچۇق سۆزلەش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم." ئۇنىڭ نۇتقىدا رۇسىيە قوشۇنلىرى گېرمانىيە چېگرالىرىغا يىغىلىۋاتقانلىقى، شۇنىڭدەك گېرمانىيە چېگراسىغا نۇرغۇن قېتىم دەخلى-تەئەررۇز قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى، بىرنىڭ فىنلاندىيە بىلەن رومىنىيەدىن ئىبارەت ئىتتىپاقداشلىرىمىز بىلەن بىرلىكتە "تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ئۇلۇغ فرونتقا ئاتلىنىشقا مەجبۇر بولغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبى" ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. "گېرمان ئەسكەرلىرى! سىلەر ھازىر جەڭ قىلىش ئالدىدا تۇرىۋاتىسىلەر. بۇ ئۇرۇش، بىر مەيدان جاپالىق ھەم ھەل قىلغۇچ بىر جەڭ ھېسابلىنىدۇ. ياۋروپانىڭ تەقدىرى، گېرمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىستىقبالى، مىللىتىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقى سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردا!"

930 مىل، يەنى بىر يېرىم مىڭ كىلومېتىرغا يېقىن ئۇزۇنلۇقتىكى بالتىق دېڭىزىدىن تارتىپ قارا دېڭىزغىچە سوزۇلغان ئەگرى-بوگرى ئۇرۇش سېپىدا، 3 مىليون نەپەر ئەسكەر ھىتلېرنىڭ دېگەنلىرىگە قەتئىي ئىشەنگەن ھالدا دىققەت بىلەن ئاڭلايدۇ. ئەسكەرلەر ئاكوپلىرىدا توگۇلگىنىچە بىر تەرەپتىن قورقسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۈمىد ئىچىدە ئىدى. بۇگۈن يازلىق كۈن توختىغان كۈن بولغاچقا، كېچىمۇ پۈتۈن يىل ئىچىدە ئەڭ قىسقا بولىدىغان بىر كېچە ئىدى. شۇنداقتىمۇ، شەپەق ئاقىرىشقا باشلىغان غۇۋا يورۇقتا ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقىنى كۈتۈپ ياتقان ئەسكەرلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، دەل بۇ كېچە زادىلا تاڭ ئاتمايدىغاندەك ئۇزۇن بىلىنگەن بىر كېچە ھېسابلىناتتى. ئۇ يېرىمىدىن قايرىلىشى بىلەن، موسكۋا-بېرلىن تېز پويىزى گۈلدۈرلەپ چېگرا كۆرۈكىدىن ئۆتۈپ گېرمانىيە تۇپراقلىرىغا ئۆتىدۇ. كەينىدىنلا يەنە ئاشلىق بېسىلغان ئۇزۇن پويىز، يەنى ستالىننىڭ ئىتتىپاقدىشى ئادولف ھىتلېرغا تاپشۇرغان ئاخىرقى قېتىملىق مېلى تاراخشىغىنىچە چېگرادىن ئۆتىدۇ.

شۇ ئاخشىمى، بېرلىندا بىر تۈرلۈك ئۈمىدۋارلىق مۇھىتى ھاكىم ئىدى. تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە تەۋە بەزى دىپلوماتلار ئاغزىدىن بىرەر خەۋەر ئالالارمىزمۇ دېگەن ئۈمىد بىلەن ھەر قايسى ئەل مۇخبىرلىرى "چەتئەللىك مۇخبىرلار كلۇبى" دا يىغىلغان ئىدى. ئۇ يېرىمىغا يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ ھېلىغىچە بىرەر دىپلومات كۆرۈنمىگەچكە، مۇخبىرلار ئۇخلاش ئۈچۈن بىرلەپ-ئىككىلەپ ياتىقىغا قايتىشقا باشلايدۇ. باش مىنىستىرلىكتە بولسا كىرىش-چىقىشلار بەكلا كۆپىيىپ كېتىۋاتاتتى. ھەتتا ھىتلېرنىڭ ئاخبارات ئەمەلدارى

دىيېتىرىخ (ئۇ بارباروسسادىن قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى) قا ئوخشاش كىشىلەرمۇ "رۇسسىيەگە قارشى كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات پائالىيەتلىرى تېخىمۇ يوقۇرى پەللىگە كۆتۈرۈلمەكتە" دەپلا ئويلىماقتا ئىدى. ھىتلېر ئۇنىڭ ئىشەنچ قىلىدىغان سىموۋۇلى ئىدى. "ئەڭ كىچىككەندىمۇ ئۈچ ئاي ئىچىدە رۇسسىيە شۇنداق ئېغىر تارمار كەلتۈرۈلىدىكى، بۇنداق ھەرىكەت تارىختا كۆرۈلمىگەن چوڭ بىر ھەرىكەت بولىشى مۇمكىن" دېگەن ئىدى بىر ئادىيۇتانتىغا. ئەمما بۇنداق كۆرۈنۈشلەر غەرپكە بېسىپ كىرىش ۋاقتىدىكى ۋەزىيەتكە ئوخشاشلا بىر كۆز بوياماچىلىق بولۇپ، ئەسلىدە ھىتلېر شۇ كېچىدە يېتىپ زادىلا كۆز يۇمالمىغان ئىدى.

22-ئىيۇن سەھەر تاڭ سۈزۈلۈشكە يېقىن، يەنى دەل فرانسىيە كومپېيگىندا تەسلىم بولغانلىقىنىڭ بىر يىللىق خاتىرە كۈنى، گېرمانىيە پىيادە قىسىملىرى ئىلگىرلەشكە باشلايدۇ. 15 مىنۇت ئۆتكەندە، پۈتكۈل شەرقى فرونت ئىس-تۈتەك ئىچىدە قالىدۇ. توپ-زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ پارتىلىشى بىلەن كېچىنىڭ ئاقۇچ تاڭ ئاسمىنى كۈندۈزدەك يورۇپ كېتىدۇ. ئۇزۇندىن بىرى خام خىيال قىلىنىپ كېلىنىۋاتقان بارباروسسا ھەرىكىتى رەسمى رىياللىققا ئايلانماقتا ئىدى. ئەمما بارباروسسانىڭ ئىجاتچىسى بولغان كىشى قاتتىق تەشۋىش ئىچىگە پېتىپ قالماقتا ئىدى. يۇگسلاۋىيەدىكى تەۋەككۈلچىلىك ھەرىكىتى بارباروسسانى 5 ھەپتە كېچىكتۈرىۋەتكەن ئىدى. بۇ كېچىكىشنىڭ ئاقىۋىتى ئەندىلىكتە ئاستا-ئاستا ئۇنتۇلۇشقا قاراپ يۈز تۇتقان ئىدى. بۇندىن 129 يىل بۇرۇن يەنە مۇشۇنداق ئىيۇن ئېيى كۈننىڭ بىرىدە، ناپولىئون موسكۋاغا ھۇجۇم قىلىپ يولغا چىققىنىدىمۇ نىيمېن دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتىشنى خىيالىغا كەلتۈرسە كېرەك؟ ھىتلېر تارىختا قىزىقىدىغان ئادەم ئىدى.

باش ئەلچى ۋون بىسمارك، ھۇجۇم باشلىنىشتىن بىرىم سائەت ئاۋال سىيانوغا ھىتلېرنىڭ ھېلىقى ئۇزۇن خېتىنى تاپشۇرىدۇ. سيانو دەرھال مۇسسولىنىغا تېلېفون قىلىدۇ. بېرىلگەن خەۋەر بەكلا مۇجمەل، ئۇنىڭ ئۈستىگەتۈن يېرىمىدا تېلېفون قىلىنغاچقا، غەزەپتىن مۇسسولىنىنىڭ مىڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كېتىدۇ. "تۈن يېرىمىدا ھەتتا مەنمۇ خىزمەتچىلىرىمنى ئۇيغۇتۇپ ئاۋارە قىلىپ يۈرمەيتتىم" دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ كۈيئوغلىغا. "ئەمما بۇ نېمىسلار ۋاقتىنىڭ تۈن يېرىمى بولغىنىغىمۇ قارىماي بىر خىيالىدا يوق مېنى ئۇيقىدىن تۇرغۇزۇشقا جۈرئەت قىلماقتا!"

موسكۋادا بولسا، شۇلېنبۇرگ كرېمىل سارىيىغا ۋاقتىدا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن ئالدىراش يولغا چىققان ئىدى. ئۇ كرېمىل سارىيىدا مولوتوپ ئالدىدا گېرمانىيەنىڭ ئەيېنامىسىنى ئوقۇشقا كىرىشىدۇ: سوۋېت ئىتتىپاقى "گېرمانىيىگە كەينىدىن ھۇجۇم

قىلىپ يۇپۇرۇلۇپ كېلىشكە تەييارلانماقتا.“ شۇڭا فۇھرېر گېرمانىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ”پۈتۈن كۈچنى ھەمدە بىرلىق چارىلارنى ئىشقا سېلىپ بۇ تەھدىتكە تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر بولماقتا.“ شۇلېنبۇرگ بۇ باياناتنى تەنتەنىلىك تۈردە ئوقۇپ ئۆتتى. مولوتوۋ بۇ باياناتنى سۆكۈت ئىچىدە ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەسرەتلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: ”بۇ دېمەك ئۇرۇش دېمەكتۇر. سىلەرنىڭ ئايروپلانىڭلار بايىراقتا قىلچە مۇداپىيىسىز 10 غا يېقىن كەنتىمىزنى بومباردىمان قىلدى. سىزنىڭچە، بىز بۇنداق بىر مۇئامىلىگە لايىقمىدۇق؟“

ۋىلھېلمىستراس كوچىسىدا، رىببېنتروپ، بۇ سەھەر سائەت 4 تە رۇسىيە باش ئەلچىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر ئۇقتۇردى. شىمىدت خوجايىنىنىڭ بۇنچە جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. رىببېنتروپ خۇددى قەپەزدىكى ۋەھشى يىرتقۇچقىلا ئوخشاپ قالغان بولۇپ، ئىشخانىسىدا تىنىماي ئالدى-كەينىگە ماڭاتتى، شۇنىڭدەك ”رۇسىيەگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ دەل پەيتى، فۇھرېر پۈتۈنلەي توغرا قىلدى“ دەپ تىنىماي تەكرارلايتتى. بىر چەتتە تۇرغان شىمىدت ئۇنىڭغا قارىغىنىچە، ”رىببېنتروپ بەلكىم شۇنداق دەپ ئۆزىگە كۈچ توپلاشنى مەقسەت قىلىۋاتسا كېرەك“ دەپ ئويلايدۇ. ”مۇشۇ پەيتتە ھۇجۇم قىلمايدىكەنمىز، رۇسلار چوقۇم ئاۋال ھۇجۇم قىلىۋېلىشى مۇمكىن“ دەيتتى رىببېنتروپ.

سائەت ئەتىگەن دەل 4 بولغاندا، سوۋېت باش ئەلچىسى دېكانوزوۋ يېتىپ كېرىپ ئىنتايىن ساددىلىق بىلەن قول ئۇزارتىپ كۆرۈشىدۇ. باش ئەلچى سوۋېت تەرەپنىڭ نارازىلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولۇپ ئەندىلا ئېغىز ئېچىشىغا رىببېنتروپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىدۇ: ”ھازىر بۇلارمۇھىم ئەمەس. ـ دېگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ باياناتىنى ئاڭلىتىشقا باشلايدۇ؛ سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ دۈشمەنلىكى ئىمپېرىيىمىزنى قارشى ھەربى تەدبىر ئېلىشقا مەجبۇرلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ـ كەچۈرۈڭ، مەن بۇ باياناتنى ئاخىرغىچە ئوقۇشقا جاسارەت قىلالمىدىم، بولۇپمۇ مېنىڭ خۇلاسەم شۇكى، مەن شۇنچە ئەستايىدىللىق بىلەن ھەر تۈرلۈك تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ باققان بولسامۇ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا مۇۋاپىق بىر مۇناسىۋەت تىكلىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدىم.“

دېكانوزوۋ تېزلا ئۆزىنى تۇتىۋالدى. ۋەزىيەتنىڭ تەرەققى قىلىپ بۇ ھالغا كېلىپ قالغانلىقىغا قاتتىق ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، مەسئۇلىيەت گېرمانىيىنىڭ ھەمكارلاشماسلىق پوزىتسىيىسىدە بولۇپ كەلگەنلىكى سەۋەبىدىن بۇ ھالغا كەلدۇق، دەپ مەسئۇلىيەتنى پۈتۈنلەي گېرمانىيەگە ئارتىدۇ. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ رەسمىيەت بويىچە تازىم قىلىپ رىببېنتروپ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن چىقىپ كېتىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا كەلگەندە، بىرلىكتىكى بارلىق مۇخبىرلار ئويغۇتىلىپ، ئەتىگەن سائەت 6 دا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇخبىرلارنى كۈتىۋېلىش يىغىنىغا چاقىرتىلدۇ. بىر قانچە مۇخبىر ۋىلھېلمستراس كوچىسىغا قاراپ كېتىۋېتىپ سىرتتىكى كانايلاردىن خەۋەرلەردىن ۋاقىپ بولىدۇ. رادىئودا فۇھرېرنىڭ دوكلاتى ئوقۇلماقتا ئىدى: "قەدىرلىك نېمىس خەلقى! مىللەتچى سوتسىيالىزم پارتىيە ئەزالىرى! پۇرسەت يېتىپ كەلدى! ئەنسىزچىلىك ۋە كۆڭۈل بۆلۈش بىسىمى ئاستىدا قالغان بۇ بىر قانچە ئايدىن بېرى، سۈكۈت قىلماقتىن باشقا چارەم يوق ئىدى. مانا ئەمدى، ئەركىن سۆزلەش پۇرسىتىگە ئېرىشمەكتىمەن." ئۇنىڭ سۆزلىرى ئامېرىكىنىڭ ماددىي ياردىمىگە تايانغان سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئەنگلىيە ئىككىسى ئوق مەركىزى دۆلەتلەر ئىتتىپاقىنى تارمار قىلىش سۇيىقەستىدە بولۇپ كەلگەنلىكى سەۋەبىدىن، "بۈگۈن مەن نېمىس ئىمپېرىيىسىنىڭ تەقدىرى بىلەن ئۇنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى ئەسكەرلىرىمىزنىڭ قولىغا تاپشۇرۇشنى قارار قىلدىم. ئۇرۇش سەپلىرىدە تەڭرىم سىلەرنى ئاسرىسۇن!"

# 24. ”قاراڭغۇلۇقتا ئېچىلغان ئىشىك“

1942.12.19~1941.6.22

1

22-ئىيۇن سەھەردە، بېرلىندىكى ھەرقايسى گېزىتلار چىقارغان بىر بەتلىك نۆۋەتتىن تاشقىرى سان كوچىلاردا تارقىتىلماقتا ئىدى. ئۇشتۇمتۇت بىر ئىتتىپاقداشىغا ھۇجۇم قىلغانلىق ھەققىدىكى خەۋەر كىشىلەردە قالايماقانچىلىق پەيدا قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، خەلق ئاممىسى بىر تۈرلۈك يەڭگىللىك ھېس قىلىشماقتا ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، قىزىللار بىلەن ئاۋال قايسى تۈردە شەرتنامە ئىمزالىغانلىقنى پەقەت بەكلا ئاز كىشىلەر چۈشىنەلەيتتى. ھىتلېر گيوبېلسقا بۇ ھەقتە دەرھال چۈشەندۈرۈش خىزمىتى يۈرگۈزۈشنى بۇيرۇق قىلدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ تەشۋىقات مىنىستىرى شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن قول ئاستىدىكىلەرگە بىر قانچە تۈرلۈك تەشۋىقات نۇقتىلىرىنى ئۇقتۇرىدۇ: ”مانا بۈگۈن، فۈھرېر بولشېۋىك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ يۈز ئۆرىگەنلىك ھەقىقىي قىياپىتىنى پاش قىلدى. بىز مىللىي سوتسىئالىزمچىلار، بۇ يەنە كېلىپ پۈتكۈل گېرمانىيە خەلقى دېمەكتۇركى، ئۆز ئىلگىرلەش پىرىنسىپى يولىغا قايتىپ كېلىشىنى، يەنى مالىيە زومىگەرلىكى بىلەن بولشېۋىكچىلىققا قارشى كۈرەش يولىغا قايتىپ كېلىشنى ئىلگىرى سۈردى!“ ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ، فۈھرېر ماڭا، رۇسىيە ئۇرۇشىنىڭ 4 ئايدا تاماملىنىدىغانلىقىغا كاپالەت بەردى. ”ئەمما مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىمەنكى، بۇنىڭ ئۈچۈن مەن 8 ھەپتە ۋاقىت يېتەرلىك دەپ قارايمەن!“

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، بىر قېتىملىق ئاممىۋي سۆھبەتتە گيوبېلس مېھمانلىرىغا ئۆزىنىڭ يوقۇرىقى مۆلچەرىنى قايتا تەكرارلايدۇ. ئۇ، ئايال كىنو چولپىنى ئولگا چېخوۋا (چېخوفنىڭ جىيەن قىزى) دىن ”سىز بىر رۇسىيە مەسىلىلىرى مۇتەخەسسىسى ھېسابلىنىسىز. ئېيتىڭا، مىلاد بايرىمىدىن ئاۋال بىز موسكۋاغا يېتىپ بارالارمىزمۇ؟“ دەپ سورايدۇ. ئۇنىڭ سوئال سوراش ئۇسلۇبى بىلەن سورىغان سوئالى چېخوۋانىڭ ئاچچىغىنى كەلتۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭا قىسقىلا قىلىپ ”سىزمۇ رۇسىيەنى ياخشى بىلىسىز، رۇسىيە پايانسىز كەتكەن زېمىنلارغا ئىگە بىر دۆلەت. ھەتتا ناپولېئونمۇ ئامالسىز چېكىنىشكە مەجبۇر بولغانلىقنى ئۇنۇتماڭ“ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ گەپتىن گيوبېلس بىر نېمە

دېيەلمەي بىردەم جىمىپ قالىدۇ. ئاندىن ئارانلا "شۇنداقمىدى" دېيەلەيدۇ. ئارىدىن 10 مىنوتمۇ ئۆتمەي، گېيوبېلسنىڭ ئادىيۇتانتى ئولگانىڭ يېنىغا كېلىپ "سىزنىڭ قايتىدىغان ۋاقتىڭىز كەلدىغۇ دەيمەن، خانىم، سىرتتا ماشىنا كۈتۈپ تۇرىدۇ" دەيدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسى ئومۇمىي يۈزلۈك ئېغىر پاراكەندىچىلىك ئىچىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ھۇجۇم باشلىنىپ بىر قانچە سائەت ئىچىدىلا قىزىل ئارمىيە ھاۋا ئارمىيىسى مىڭ ئىككى يۈز دانە ئايروپىلانىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. پىيادە قىسىملارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشمۇ بەكلا تەرتىپسىز ئىدى. ستالىن ۋەقەنىڭ بۇنچىۋالا ۋەھىمىلىك ئىكەنلىكىگە پەقەتلا ئىشەنمەيتتى. شۇڭا ئۇ قىزىل ئارمىيىگە، ھەرگىز گېرمانىيە تۇپراقلىرىغا بېسىپ كىرىلمىسۇن، ھاۋا ئارمىيىسىمۇ ھاۋادىن ھۇجۇم قىلىش ئارىلىقىنى چېگرادا 90 مىل (يەنى 145 كىلومېتىرغا يېقىن _ ئۇ.ت) دائىرىسىدە چەكلەپ تۇتسۇن دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. ستالىن، ناتسىستلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۇقۇشماسلىقتىن كىرىپ قالغان بولىشى كېرەك، ئۇرۇشنى دىپلوماتىك يوللار بىلەن توساپ قېلىش مۇمكىن دەپ ئىشىنەتتى. شۇڭا بىر تەرەپتىن ۋىلھېلم كوچىسى بىلەن رادىئو ئالاقىسىنى ساقلاشقا ئۇرۇنسا، يەنە بىر تەرەپتىن ياپونىيىنى ئوتتۇرغا چىقىپ گېرمانىيە-سوۋېت ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ساقلانغان ھەر قانداق بىر سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي پىكىر ئىختىلابىنى ياراشتۇرۇپ قويۇش تەكلىۋىنى سۇنىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لوندوندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى مايىسكى بۇنداق قۇرۇق خىياللارغا ئىشەنمەيتتى. شۇڭا ئۇ تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ئېدېننى زىيارەت قىلىپ ئۇنىڭدىن گەپنى ئايلاندۇرۇپ يۇرمەي ئۇدۇللا سورايدۇ: ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ھىتلېرنىڭ "تىنچلىق ھۇجۇمى" غا قولاق سېلىپ بۇ ئۇرۇشنى پەسىيتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتەمدۇ-كۆرسەتمەمدۇ؟ ئېدېن ئۇنىڭغا ياق دەپلا جاۋاب بېرىدۇ. ئەمما تېخى يېقىندىلا چېرچىل "ئەگەر ھىتلېر دوزاققا ھۇجۇم قىلغىدەك بولغاندىمۇ مەن چوقۇم ئاۋام پالاتاسىدا ئىبلىسقا يان بېسىپ نۇتۇق سۆزلەيمەن" دېگەن ئىدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى، چېرچىل پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە سۆزلىگەن تەسىرلىك رادىئو نۇتقىدا بۇ سۆزنى ھۆكۈمەت قارىشىغا ئايلادۇرۇپ، "بىز ھىتلېر ۋە ناتسىستلار ھاكىمىيىتىنىڭ ئىزىنىمۇ قويماي يوقۇتۇشقا ئىرادە باغلىدۇق؛ بىزنى ھېچقانداق بىر كۈچ توساپ قالالمايدۇ، ياق، بىزنى ھېچكىم توسيالمايدۇ؛ بىز ھېچ قاچان، ھىتلېر بىلەن ياكى ئۇلارنىڭ ھەر قانداق بىر شېرىكى بىلەن سۆھبەتكە ئولتۇرمايمىز، ياق ھەرگىز!بىز رۇسىيەگە ياردەم قىلىشتا پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلىقىمىزغا ۋەدە بېرىمىز. بىز دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى دوستلىرىمىز ۋە ئىتتىپاقداشلىرىمىزغا شۇنداق چاقىرىق قىلىمىزكى، بىز بىلەن ئوخشاش سىياسەت

يـولنى تۇتۇشــى ۋە ئىجــرا قىلىشــىنى، بۇنىڭغــا ســادىق بولــۇپ كۆرەشــنى ئــاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىمىز!"

ئا ق ش نىڭ بىرلىندا تۇرۇشلۇق بـاش ئەلچىخانىسـىدا ئىشلـەيدىغان گىئـورگ كېننـان ئۆز پىكرىدە قالغان ئىدى. ئۇ ئۆ كۆزقارىشنى يازما ماتېرىيال ھالىغا كەلتۈرۈپ، شەخسى پىكــرى قاتارىــدا دۆلەت ئىشــلىرى ســوۋېتدە ئىشــلەيدىغان بىــر دوســتىغا يەتكۈزىــدۇ: "مىـنىڭچە بولغانـدا، دېمـوكراتىيىنى قوغـداش جەريانـدا ئەگەر رۇسـىيىنى دوسـتىمىز دەپ قارشى ئالغىدەك بولىدىكەنمىز، بىزنىڭ مەيدانىمىز ھەققىدىكى خاتا قاراشنى پەيدا قىلىـپ قويىشـى مـۇمكىن. شـۇنىڭدەك يەنە گېرمانىيەنىـڭ ئۇرۇشـقا بولغـان تىرىشـچانلىقى ئۈچـۈن جىددى ئېھتىياجى بولغان ئەخلاقى قوللاشـنى بىكارغـا تەمىـنلىگەن بولـۇپ قـالىمىز. ئەگەر بۇنداق بىر سىياسەت يۈرگۈزۈلىدىغان بولسا، بىزنىڭ قانداق رول ئوينىشىمىزنى بىلەلمىدىم. ئۇنداق بىر سىياسىي يول تۇتقىنىمىزدا بىز رۇسىيەلىكلەر بىلەن بىـرلىكتە بـولغىنىش يولىغـا كىرىپ قالغانلىقىمىزنىلا كۆرسىتىپ، بالتىق دېڭىزى بويىدىكى ھەر قايسى ئەللەرنى ۋەيـران قىلىپ فىنلاندىيىنىڭ مۇستەكىلللىقىغا تەھدىت سالىدىغان ھۇجـۇم قىلغـان، پولشا بىـلەن رومىنيەنى بۆلىشۋالغان، پۇتكۈل شەرقى ياۋروپانىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ۋەيـران قىلىـۋەتكەن، شۇ ئارقىلىق سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ ئىچكى سىياسىتىگە ماقۇل بولغانلىق، بۇ ھاكىمىيەتنىڭ دۆلىتــى ئىچىــدە كەڭ كۆلەملىــك ۋەھىــمە بىــلەن ئۆچمەنلىــك پەيــدا قىلىــۋەتكەن، ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۇسۇلىمۇ پەقەتلا دېموكراتىـك بولمىغـان بىـر تـۈزۈم يولغـا قويماقتـا بولغان بىر ھاكىمىيەتنى ماقۇللىغان بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن." ئەمما بـۇ يەنىـلا "بىزنىـڭ ئۆز مەنپەئەتىمىزنىڭ تەلىۋى بۇنىڭغا ئېھتىياجلىق بولغىنىدا مەددىي ياردەمنى كېڭەيتىشنى چەكلەپ قويماسلىقى كېرەك. شۇنداقتىمۇ، بۇلار كىشىلەرنى بىزنىڭ سىياسىي ۋە ئىـدىيىۋى جەھەتتە رۇسىيە بىلەن كۆرەش قىلىشتىكى تىرىشچانلىقىنىڭ كۆزلىگەن ئوخشـاش مـۇددانى ئايرىپ قاراش كېرەك."

ستالىننىڭ مۇستەبىتلىك سىياسـىتىغا قارىتـا، يۇشـۇرۇن سـاقلاپ كېلىۋاتقـان زېمىـن ئـاچكۆزلىكىگە قارىتـا، روزۋېلتنىڭمـۇ كۆڭلىـدە پـۈككىنى بـار ئىـدى. شـۇنىڭغا قارىمـاي روزۋېلتنىـڭ ھەممىـدىن بەكـرەك ئەندىشـە قىلىـدىغىنى يەنىـلا ھىتلېـر ئىـدى. شـۇڭا ئـۇ مىنىسـترلىكنىڭ بىـر باياناتـىنى دەرھـال تەسـتىقلايدۇ. بـۇ باياناتتـا كوممۇنىزىمغا يـاردەم بېـرىش ئـا ق ش نىـڭ بىخەتەرلىكـىگە پايـدىلىق دەپ ئېـلان قىلىنغـان ئىـدى. شـۇڭا ئـۇ مۇخپىرلارغا "بىـز چوقۇم رۇسىيەگە پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ياردەم قىلىشىمىز كېرەك" دەيدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇنداق ياردەمنىڭ قاچان ۋە قانداق تۈستە بولىدىغانلىقى توغرىلىـق ئېنىـق بىـر نېمە دېمەيدۇ.

رىم پاپىسىنىڭ پوزىتسىيىسى ئىنتايىن ئېنىق ئىدى. گەرچە ئۇ گېرمانىيىنىڭ بېسىپ كىرىشىنى مۇجمەل بىر شەكىلدە قوللاپ قۇۋۋەتلەپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ناتسىستلارنىڭ بولشېۋىزىمغا قارشى كۈرىشىنى ئېنىق بىر شەكىلدە قوللايدىغانلىقىنى ئوچۇق ئىپادىلىگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى "خرىستىيان مەدەنىيەت ئاساسلىرىنى قوغداشتىكى پەزىلەتلىك قەھرىمانلىق ھەرىكەت" دەپ قارىغان ئىدى. بۇنداق ھۇجۇم قىلىشنى نۇرغۇن گېرمانىيە پوپلىرىمۇ قوللايدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ھەتتا بەزىلەر بۇ ھۇجۇم تيۇتونلار ھەرىكىتىدىن پەرق قىلمايدىغان "ياۋروپانىڭ شەرققە قاراپ ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى قىلىشى" دەپمۇ ئاتاشقان ئىدى. رىم پاپىسىمۇ بارلىق كاتولىكلارغا "ياۋروپانى قايتىدىن ئەركىن نەپەس ئالالايدىغان ھالغا كەلتۈرۈش، بارلىق دۆلەتلەرگە يېڭى ئىستىقبال غالىبىيىتى كەلتۈرۈش" ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ.

شۇنداقتىمۇ بىر سوتكىغا قالمايلا گېرمانىيە جامائەتچىلىكىنىڭ قىزىقىشلىرى پەسىيىشكە باشلايدۇ. دەسلىۋىدە گېزىتلارغا ھۇجۇم قىلىپ سېتىۋېلىشىدىن كېيىن، يەنى بۇ گېزىتلارنىڭ ئالدىنقى سەپ ھەققىدىكى ئادەتتىكى خەۋەرلەرنىلا بېرىشەتتى، شەھەر خەلقى قايتىدىن نورمال ياشاش ھالىغا چۈشۈپ، بۇ ئىشنى ھىتلېرنىڭ بۇرۇنقىلاردەك ئۇلۇغ نەتىجىلىرىدىن بىرسى دەپلا قاراپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بولىدۇ. 23-ئىيۇن چۈشتىن كېيىن سائەت 17 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ھىتلېر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى فۇھرېرنىڭ مەخسۇس پويىزىغا ئولتۇرۇپ پايتەختتىن ئايرىلىپ "بۆرە ئىنى" (ۋولفسشانز ياكى ۋولفسلائىر) غا قاراپ يولۇپ كېتىدۇ. "بۆرە ئىنى"، يەنى شەرقى پرۇسسىيەنىڭ راستېنبۇرگ دېگەن يېرىدىن بىر قانچە مىل يىراقتىكى قويۇق ئورمانلىق ئىچىگە سېلىنغان ياغاچ ئۆيلەر ياكى بېتون بىلەن قاتۇرۇپ ياسالغان بىر قەۋەتلىك يېڭى قوماندانلىق شتابىدىكى بارلىق خادىملار تېز غەلىبە قىلىشقا قارىتا تولۇق ئىشەنچ قىلاتتى. ھىتلېر بولسا قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەن ئىدى. "بىز ئىشىكنى كۈچەپ بىر تەپسەكلا پۈتكۈل چىرىگەن خارابە بىنا گۈلدۈرلەپ تۆكۈلۈپ غۇلاپ چۈشىدۇ" دەيدۇ جودلىغا. سەل ئۆتكەندە يەنە ئاديۇتانتلىرىدىن بىرىغىمۇ "ھەر قېتىمقى ئوپېراتسىيە باشلانغىنىدا، بىز تېپىپ ئاچىدىغان ھەر بىر ئىشىك، بىزنى قاپقاراڭغۇ بىر ئۆيگە باشلاپ كىرىدىغان بىر ئىشىك بولۇپ كەلدى. بىز بۇ قاراڭغۇ ئۆيدە نېمىلەر يوشۇرۇنغانلىقىنى پەقەتلا بىلمەيمىز" دەيدۇ.

دەسلەپكى كۈنلەردە قولغا كەلتۈرۈلگەن غەلىبىلەر گويا يۈكسەك غايىنى ئىسپاتلاپ بېرىشى دېيىشتە پۈتۈنلەي ھەقلىقتەك كۆرۈنگەن ئىدى. ئۇرۇش باشلىنىپ ئىككى كۈن بولغاندا نۇرغۇن ساندا ئۇرۇش ئەسىرلىرى قولغا چۈشىپ، كۆۋرۈك-ئىستىھكاملارمۇ قىلچە بۇزۇلماي ساق قولغا چۈشىدۇ. گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ تانكىلىرى سوۋېت قوشۇنلىرىنىڭ

مۇداپىيە سەپلىرىنى بۆسۈپ تاشلاپ، تۇزۇك بىر قارشىلىقتا دۇچ كەلمەي خالىغان شەكىلدە ئالغا ئىلگىرلەيدۇ. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپمۇ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى گېرمانىيە جامائەتچىلىكىگە تۇزۇك بىر چۈشەندۈرۈش بەرمىگەن ئىدى. 29-چىسلا يەكشەنبە كۈنى، ھىتلېر ئۆزى بىۋاسىتە تەييارلىغان ئون پەۋقۇلئاددە ئوپېراتسىيە سائىتىگە بىردىن رادىئودا ئېلان قىلىنىشقا باشلايدۇ. گېيوبېلس خەۋەرلەرنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز ئوتتۇرغا قويۇلۇشىغا نارازىلىقنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ھىتلېر بەربىر بۇ ئۇسۇلدىن بەكلا خوشال ئىدى. شۇنداقتىمۇ، شۇ كۈنى ئاخشىمى، ھىتلېر ھۆكۈمەت تەرەپ مەخسۇس يالغان ئۇيدۇرۇپ ئۇرۇشنى داغدۇغىلىق غەلىبە قىلغان قىلىپ كۆرسەتمەكتە دەيدىغان نۇرغۇن نارازىلىق پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ قالىدۇ. ئوتتۇ دېيتىرىخ بۇ تۇر غۇدراشلارنى ئۇنىڭغا ئېيتقىنىدا، يەكشەنبە كۈنى ئۆيدىن چىقماي رادىئو ئاڭلاشتىن زېرىككەن كىشىلەر ھاۋا رايى شۇنداق ياخشى تۇرۇغلۇق تالاغا چىقالماي ئۆيدە قاملىپ رادىئو ئاڭلاشقا مەجبۇر بولغان بىر ۋاقىتتا، ھىتلېر، مەن خەلقىمنىڭ روھى ھالىتىنى دېيتىرىخ بىلەن قالغان "بارلىق زىيالىلارنىڭ قوشۇلۇپ ئويلىغىنىدىنمۇ ئارتۇق چۈشىنىمەن" دەپ ئۇلارنى سۆكۈپ نۇتۇق سۆزلەيدۇ. گېرمانىيە قوشۇنلىرى توختىماي ئالغا بۆسۈپ ئىلگىرلىمەكتە ئىكەنلىكىنى، سوۋېت قوشۇنلىرى بولسا تۈركۈم-تۈركۈملەپ تەسلىم بولماقتا ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. يەنى شۇ كۈنگىچە 500 مىڭ ئەسكىرى تەسلىم بولغانلىقنى ئېيتىدۇ. 3-ئىيۇل كۈنى، ھالدېر كۈندىلىك خاتىرىسىگە "رۇسىيەگە قارشى ئۇرۇشتا ئىككى ھەپتىدىلا غەلىبە قىلىمىز دېسەك، بەك ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتكەن ھېسابلانمايدۇ." دەپ يازىدۇ. فۇھرېرمۇ ھەمرالىرىغا "رۇسىيە ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇرۇشتا يېڭىلدى دېسەك خاتا بولمايدۇ" دەيدۇ. ئۇ قاتتىق خوشاللىقتا چۆمگەن ھالدا بىز ھەقىقەتەنمۇ تەلەيلىك ئىكەنمىز، بىز "ھە دېگەندىلا رۇسىيەنىڭ بىرۋۇنىڭ قىسمىلىرى بىلەن ھاۋا ئارمىيىسىنى تۈرمار كەلتۈردۇق!" دەيدۇ. ئۇ يەنە رۇسىيە بۇ يوقاتقانلىرىنى مەڭگۈ تولۇقلاپ كېتەلمەيدۇ، دەيدۇ. غەربپىلىك نۇرغۇنلىغان ھەربىي مۇتەخەسسىسلارمۇ بۇنداق قاراشقا قوشۇلغان ئىدى. پېنتاگون (ئا ق ش دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرلىك بىناسى، بەش بۇرجەك بىنا _ ئۇ.ت) دىكىلەر بولسا، قىزىل ئارمىيە بىر ئاي ئەتراپىدىلا پۈتۈنلەي تۈرمار كەلتۈرۈلىدىغان بولدى، دېيىشمەكتە ئىدى.

2

ئاۋانگارت قىسىملارغا ئەگىشىپ كەينىدە كېلىۋاتقانلا بولسا 4 ئېس-ئېس پەۋقۇلئاددە ھەرىكەت ئەترىتىكىلەر بولۇپ، ھەر بىر ئەترەت 3 مىڭ كىشىدىن تەشكىل

تاپقان ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۇرۇش رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، يەنى، پۇخرالارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىنى باستۇرۇشىنى ئۆزلىرىگە ۋەزىپە قىلغان ئىدى. بۇ قىسىمدىكى كىشىلەر بەكلا ئالاھىدە ساقچىلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇلار قۇماندانى رېيىنخارد ھېيدرىخ ئورۇنلاشتۇرغان پەۋقۇلئاددە ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقان ئىدى. يەنى، بولشېۋىك يېتەكچىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ يوقۇتۇش، بارلىق يەھۇدىي، سىگان، ”پەس ئاسىيالىقلار“ ۋە شۇنىڭدەك روھى كېسەلى بولغان، ساقايماس كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان ”تەييارتاپ“ لارنىمۇ ئالا قويماي يىغىپ يوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى.

بۇ تۆردىكى كوللىكتىپ قىرغىنچىلىقنى نازارەت قىلىش مەقسىتىدە، ھېيدرىخ بىلەن ھىملېر ئىككىسى مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن كىشىلەرنى تاللاپ ئوفىتسېرلىققا تەيىنلىشىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر نەپەر پروتېستانت پاستورى، بىر نەپەر ئىچكى كېسەللىكلەر دوختۇرى، بىر نەپەر كەسپىي ناخشىچى ۋە نۇرغۇن ساندا ئادۋۇكاتمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى 20 ياش ئەتراپىدىكى زىيالىلار ئىدى. كىشىلەر بەلكىم بۇ كىشىلەر بۇنداق بىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ دەپ قارىشى مۇمكىن. ئەمما دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇلار ئۆز كەسپىي قابىلىيەت ۋە ھۈنەرلىرىنى بۇ تۆردىكى رەھىمسىز ۋەزىپىگە ئىشلىتىپ، كۆڭۈلسىز بولسىمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك جاللاتلارغا ئايلىنىدۇ.

زىيانكەشلىككە ئۇچۇرغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يەھۇدىي ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى گېزىت-ژۇرناللىرىدا گېرمانىيىنىڭ يەھۇدىلارغا قارشى زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى توغرىلىق خەۋەرلەر كۆپ بولمىغاچقا، ھىتلېرنىڭ ”ئىرق تازىلاش“ پىلانىنىڭ بارلىقىدىن بەكلا ئاز كىشى خەۋەردار ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، نۇرغۇنلىغان سوۋېتلىكلەر نېمىسلارنى ئازات قىلغۇچىلار دەپ تونۇپ، پەۋقۇلئاددە ھەرىكەت ئەترىتىنىڭ ئالدىمىغا بەكلا ئاسان ئىشىنىپ كەتكەن ئىدى. ”مىللىي سوتسىيالىزم پارتىيىسىدىكىلەر يەھۇدىيلارنىڭ تەشكىللىنىشى بەكلا پۇختا دەپ قارىشاتتى. ئەسلىدە ئەھۋال دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. _ دەيدۇ يوقۇرى دەرىجىلىك ئېس-ئېس ئوفىتسېرى، رۇسىيە ئوتتۇرا قىسىملىرى ساقچى كوماندىرى بولغان ۋون دېم باچ-زېلېۋسكى بۇنىڭغا دەلىل كەلتۈرۈپ، _ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان پاكىتلار شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، ئەسلىدى يەھۇدىيلار قىلچە تەييارلىقى يوق ھالدا تۇرغان بولۇپ، يىگەن زەربىدىن نېمە قىلارنى بىلەلمەي ھۇلۇق ئىچىدە قالغان ئىدى. بۇرۇنلاردا تارقىتىلغان گەپلەردە يەھۇدىيلار دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش سۈيىقەستى ئۈچۈن كۈچلۈك تەشكىللىنىپتۇ دېگەن گەپلەرتارقىلىپ يۈرگەن ئىدى.

بۇگۈنكى ئەھۋاللار شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، بۇ گەپلەر پۈتۈنلەي يالغان گەپ ئىدى. دۇنيادا ھېچقانداق بىر مىللەت ئۆزىنىڭ بىشىغا كېلىدىغان ئاپەتلەر ئۈستىدە بۇنچىۋالا تەييارلىقسىز ھالغا چۈشكەن ئەمەس. ئۇلار ھېچقانداق بىر تەييارلىقتا بولۇپ باقمىغان، ئۇلار قىلچە تەييارلىقسىز ئىكەن."

ئۇرۇقنى قۇرۇتۇش ھەرىكىتى پىلان بويىچە ئېغىر بېسىقلىق بىلەن رەسمىيەتلەر بويىچە كەسكىنلىك بىلەن يۈرگۈزۈلىۋاتقان بىر ھەرىكەت ئىدى. ئوتتۇرلۇقتىكى دوكلاتلاردا ئىشلىتىلگەن سۆزلەر زىرىكتۈرەرلىك ھۆكۈمەت سۆزلىرى بىلەن تولغان بولۇپ، ئاڭلىغان كىشىگە بۇ جاللاتلار ئادەم كاللىسىنى ئەمەس بەلكى بىرەر يەسسىبىلەك توغراۋاتقاندەكلا تۇيغۇ بېرەتتى. جاللاتلار ئەترىتىنىڭ ئىشلىرى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولغاچقا، قارشىلىق كۆرستىلىشتىن كامدىن-كام توسالغۇغا ئۇچراپ تۇراتتى. "غەلىتە يېرى شۇكى، ـ دەيدۇ بىر كوماندىر دوكلاتىدا، ـ جىنايەتچىلار ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىۋاتقاندا بەكلا خاتىرجەم تۇرۇپ بېرەتتى. يەھۇدىيلار ئەنە شۇنداق تۇرۇپ بېرەتتى. يەھۇدىي بولمىغانلارمۇ شۇنداق تۇرۇپ بېرەتتى. ئۆلاردىكى ئۆلۈمگە بولغان قورقۇش ھېسسىياتلىرى گويا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 20 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى جەريانىدا شەكىللەنگەن قانداقتۇ بىر سوغۇققانلىق تۈپەيلىدىن مىڭىلىرىدىن سۈپۈرۈپ تاشلانغاندەكلا ئىدى."

ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلغۇچى ئەترەت ئەسكەرلىرىنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ۋاقتىدا شەكىللەنگەن روھى تەسىرلەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇش مەسىلىسى ھېيدىرىخنى ھەممىدىن بەك ئويلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەردىن بىرى ئىدى. بەزى ئەسكەرلەرنىڭ روھى ھالىتى پۈتۈنلەي تۆگىشىپ كەتكەن بولۇپ، قاتاردا بەزىلىرى ھاراقتا بېرىلىپ بۇ خىل روھى ھالىتىنى باستۇرۇشقا تىرىشاتتى. بۇ ۋەزىپىسى سەۋەبلىك خېلى كۆپ ئوفىتسېر ئېغىر ھەزىم يوللىرى كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولۇپ كەتكەن ئىدى. يەنە بەزىلەرنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ۋاقتىدا ھەددىدىن ئارتۇق قىزغىن بولۇپ جىنايەتچىلەرنى رەھىمسىزلەرچە ئۇرۇپ كۆڭۈل ئاچىدىغان ھالغا كېلىشلىرىمۇ ھېملېرنىڭ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىنسانىي ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ ئۆلتۈرۈش دېگەن بۇيرۇقىغا خىلاپ ئىدى.

ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ھەر كۈنى ئادەم ئۆلتۈرۈش كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەخلاقى بۇزۇلۇش ئاقىۋەتلىرىنى كۆرۈپ تۇراتتى. شۇ يىلى يازدا مىنسكنى كۆزدىن كۆچۈرىۋاتقىنىدا، ئۇرۇقنى قۇرۇتۇش ھەرىكىتىنىڭ قانداق ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ بېقىش خىيالىغا كېلىپ پەۋقۇلئاددە ھەرىكەت ئەترىتى كوماندىرىدىن يۈز نەپەر جىنايەتچىنى ئۆلتۈرۈپ كۆرستىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھېنرىخ، جاللاتلار ئەترىتى قۇراللىرىنى بەتلەپ تەييارلىقتا تۇرغىنىدا جىنايەتچىلەر ئارىسىدىكى بىر ياشىنىڭ سېرىق چاچ، كۆك كۆز

ھەقىقى تىيۇتونلار ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بىرسى ئىكەنلىكىنى پەرىق قىلىدۇ. بۇ ياش ھەقىقەتەنمۇ قالغان جىنايەتچىلەردىن تۇپتىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. ھىملېر ئۇنىڭدىن سەن يەھۇدىيمۇ، دەپ سورىۋىدى، ئۇ ياش جاۋابەن: شۇنداق، مەن بىر يەھۇدىيمەن. مېنىڭ ئاتا-ئانامنىڭ ھەر ئىككىسىلا يەھۇدىي، دەيدۇ. ئەجدادىڭلاردا يەھۇدىي بولمىغان بىرەرسى بارمىدى، دەپ سورىغاندا، يوق، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ چاغدا ھىملېر تېپىرلاپ جىم تۇرالمايلا قالىدۇ: ”ئۇنداقتا، مەن ساڭا ياردەم قىلالمىغىدەكمەن.“

ئەسلىدە ئېتىپ ئۆلتۈرۈش مەيدانىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش نىيىتىدە بۇ يەرگە كەلگەن ھىملېر جاللاتلار ئوق چىقىرىۋاتقىنىدا جىددىيلەشكەنلىكىدىن جىم تۇرالماي تىنماي پۇتلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرگىنىچە يەرگە قارىۋالىدۇ. ئىككىنچى قاتار ئوق ئاۋازى ئاڭلانغىنىدا، ئۇ يەنە بىر قېتىم ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغانلاردىن كۆزىنى قاچۇرۇپ يەرگە قارىۋالىدۇ. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا قارىغىنىدا، ئىككى نەپەر ئايال يەردە تېپىرلاپ جان تالىشىپ ياتماقتا ئىدى. ”بۇ ئاياللىغارنى تولا بەك قىيناپ يۈرمەي دەرھال ئېتىپ تاشلاڭلار! تېز!“ دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ. بۇ پەيت باچ-زېلېۋسكىنىڭ دەل كۈتكەن پۇرسىتى ئىدى. ئۇ ھىملېرغا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلغۇچى ئەترەتتىكىلەرنىڭ ئۇچرايدىغان زەربىسىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى سىزمۇ ھېس قىلغانسىز، ”ئۇلار پۈتۈن ئۆمۈرى بويىچە تۈگەشكەن كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. بىز بۇنداق بىر ئۇسۇلغا تايىنىپ قانداق بىر ئەگەشكۈچى تاپالماقچىمىز؟ مېنىڭچە بۇلار بىر بولسا پۈتۈنلەي روھى كېسەللەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ ياكى بولمىسا رەھىمسىز زوراۋانلاردىن بولۇپ كېتىدۇ!“

ھىملېرنىڭ جۈدۈنى تۇتۇپ، كۆپچىلىكنى يىغىلىپ ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاش بۇيرۇقىنى چۈشۈرىدۇ: بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان بىر ئىش، ئەخلاقلىق نېمىس ھېسابلايدىغان بىرسى، تەبىئىكى بۇ ئىشلارنى ئويۇنغا ئايلاندۇرىۋالماسلىقى شەرت. ۋاھالەنكى ئۇلارنىڭ ئەخلاقى پەزىلىتى ھەرگىزمۇ يامان تەسىرلەر تەرىپىدىن بۇلغانماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئۇلار دېگەن بىر ئەسكەر، ئەسكەر بولغانىكەن، مۇتلەق تۈردە ئۈستىگە چۈشكەن ۋەزىپىسىنى بىرنىمۇ قويماي جايىغا كەلتۈرۈشكە مەجبۇر. تەڭرى ۋە فۈھرېرىمىز ئالدىدا قەسەم قىلىمەنكى، بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان بارلىق قورقۇنۇچلۇق ئاقىۋەتلەرگە يالغۇز ئۇنىڭ ئۆزىلا مەسئۇل. ئۇ شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلغان ئىدىكى، بۇ تۈر ئىشلار ئۇنىڭمۇ نەپرىتىنى قوزغاپ، ئۇنىڭمۇ چوڭقۇر روھى دۇنياسىغا تەسىر قىلغان. ئەمما ئۇمۇ ئەڭ ئالىي قانۇنغا بويسۇنۇش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا مەجبۇر ئىدى.

بۇ تۈردىكى زوراۋانلارچە خەۋەرلەردىن روزېنبېرگمۇ قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا بوي سۇندۇرۇلغان شەرق تۇپراقلىرىدا ئىشغالىيەت لايىسى تۈزۈپ كېلىشنى بۇيرۇق

قىلغان ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ تەييارلىغان لايىھىسى ھىتلېرنىڭكىدىن بەكلا كۆپ پەرق قىلاتتى. يەنى ئۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ئەركىنلىككە يول قوياتتى. بۇنىڭ سەۋەبى، ھىتلېر بىر ۋاقىتلاردا بوي سۇندۇرۇلغان رۇسىيە تۇپراقلىرىدا ”كۈچسىز سوتسىئالىستىك فېدېراتسىيە“ تىكلىنىشىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولغاچقا، روزېنبېرگ تېخىمۇ ئۈمىدۋارلىق بىلەن، ھىتلېر پرىنسىپ جەھەتتىن ئۇنىڭ پىلانىنى تەستىقلىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك 16-ئىيۇن كۈنى ”بۆرە ئىنى“ دە بۇ پىلان ھەققىدە ئۆتكۈزۈلگەن پەۋقۇلئاددە يىغىندا تەستىقتىن ئۆتكەنلىكىنى تىلغا كەلتۈرۈپ يۈردى. ”مۇھىم بولغىنى، — دېگەن ئىدى ھىتلېر (بورماننىڭ شۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقىنىدا يازغان خاتىرىسىدىن قارىغاندا)، — بىز بۇ جەھەتتىكى پىكىرلىرىمىزنى دۇنياغا ئۇقتۇرۇپ يۈرۈشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. بۇنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق. مۇھىم بولغىنى، نېمە قىلىشقا تېگىشلىك بولسا ئۇ ھەقتە چوقۇم كۆڭلىمىزدە بىر سان بولۇشى كېرەك.“ ئەگەر ھىتلېرنىڭ بۇ سۆزلىرى روزېنبېرگنى ئاگاھلاندۇرۇشقا يەتمىگەن دەپ قارالغىنىدا، كېيىن ھىتلېرنىڭ ”ئاجىز سوتسىئالىستىك فېدېراتسىيە“ قۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرىنى ئۆزگەرتىۋالغانلىقى ھەممە ئۇنىڭ كەينىدىنلا دېگەن مۇنۇ سۆزلىرى ئۇنىڭغا يېتەرلىك ئەسكەرتىش بولۇشى كېرەك ئىدى: ”بولار ھېچقاچان بىزنىڭ ھەرقانداق زۆرۈرى تەدبىر قوللىنىشىمىزغا، — يەنى ئۆلتۈرۈش، قايتىدىن يەرلەشتۈرۈش قاتارلىقلارنى دېمەكچى، — قىلچە توسالغۇلۇق قىلالماسلىقى كېرەك، بىز كېيىن چوقۇم بۇ تۈردىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىشىمىز مۇمكىن ... پرىنسىپ جەھەتتە بىز مۇنداق بىر ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشقا دۇچ كېلىشىمىز مۇمكىن: بىزنىڭ ئېھتىياجىمىزغا ئاساسەن بۇ چوڭ تورتنى پارچىلارغا بۆلۈپ كېسىشىمىزغا توغرا كېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىكى مەقسەت، بىرىنچىسى ئۇ يەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش؛ ئىككىنچىسى ئۇ يەرنى ئۆزلەشتۈرۈش؛ ئۈچىنچىسى، ئۇ يەردىن پايدىلىنىش. رۇسلار بىزنىڭ ئارقا سەپلىرىمىزدە پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى كېڭەيتىش چاقىرقىنى بۇيرۇق قىلىپ بولدى. بۇ تۈردىكى پارتىزانلىق ھەرىكەتلەر بىزگە پايدىلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن. يەنى بىز بۇنى پۇرسەت بىلەن بىزگە قارشى كەلگەن بارلىق كىشىلەرنى يوقىتالىشىمىز مۇمكىن.“

گەرچە، روزېنبېرگ يىغىن زالىدىن ئايرىلغان ۋاقىتدا ئېپرىيە شەرق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى دېگەن تاجىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، بۇنىڭ بىر قۇرۇق ئەمەل ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ياخشى بىلەتتى. ئۇ، بۇندىن كېيىن شەرق خىيالىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىدىن بەك ئۈمىد كۈتمەس ھالغا كېلىدۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ چوڭ پاجىئە ئىدى. ئۇ، ھىتلېر سلاۋيانلارغا ھازىرغىچە خاتا قاراشتا بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئويلايدۇ. ھىتلېرنىڭ بۇ تۈر قاراشلىرى ئۇنىڭ ياش ۋاقىتلىرىدا ۋېيېننادىكى ۋاقىتلىرىدا پەيدا بولغان ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا

ھىتلېر كۆشكۆرتكۈچى خاراكتېردىكى بەكلا كۆپ بىروشۇرلارنى ئوقۇغان بولۇپ، بۇ كىتاپچىلاردا سلاۋىيانلارنى ھۇرۇنلۇقنى ئۆزلىرىگە ئادەت قىلىشقان، تۇزەلمەس ياۋايى ھالغا كەلگەن تۆۋەن دەرىجىلىك بىر مىللەت دەپ تەسۋىرلىشەتتى. ھىتلېرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تۇزۇمىگە بولغان خاتا قارىشىمۇ ئوخشاشلا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولۇپ بېرىدۇ. چوڭ ئۇرۇسچىلىق ئاسارىتى ئاستىدا قالغان ئۇكرائىنلار بىلەن قالغان مىللەتلەر، ئەسلىدە ئۇچىنچى ئىمپېرىيىنىڭ تەييار دوستلىرى ھېسابلىنىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر ئۇلارغا مۇۋاپىق مۇئامىلىدە بولغان، ئۇلارغا ئاز-تولا ئاپتونومىيىلىك ھوقۇق بېرىلگەن بولسا ئىدى، بەلكىم بولشېۋىكچىلىققا قارشى بىر قورغان ھالىغىمۇ كېلەلىگەن بولار ئىدى. ئەمما فۇھرېر ، بۇ كىشىلەرنى قامچىغا تايىنىپ تىزگىنلىيەلىشىمىز مۇمكىن دېيىدىغان بورمان بىلەن گېۆرىڭنىڭ گېپىگە كىرىپ كېتىدۇ. ھىتلېرنى بۇنداق بىر يولدىن نەسىھەتلەر بىلەن قايتۇرىمەن دېيىش ھەقىقەتەنمۇ ئۈمىدسىز بىر ئۇرۇنۇشتىنلا ئىبارەت ھالغا كېلىپ بولغان ئىدى. شۇڭلاشقا قارىماي روزېنبېرگ يەنىلا نەسىھەت قىلىپ بېقىش نىيىتىگە كېلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ غەيرىتىمۇ بەكلا زەئىپ بىر غەيرەت بولۇپ، باشقا ۋاقىتلاردىكىگە ئوخشاش روزېنبېرگ بۇ ئىشتىمۇ ھىتلېردىن قورقىنىدىن بەرىبىر بىر ئېغىز گەپ قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ.

3

ھەي نېيزى قالقانلىق چەۋەنداز، ھەي ئالغا تاشلىنىشتىن ئاجىز چەۋەنداز، سېنى نېمە غەمگە قويىدى؟

— كياتس

1941-يىلى ياز ئايلىرىنىڭ باشلىرىدىكى بۇ كۈنلەردە، ھىتلېر كېسەللىككە گىرىپتار بولغان كۈنلەر ئىدى. ئاۋال ئۇنىڭ توختىماي ئاشقازىنى ئاغرىيدىغان بولۇۋالىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇ ھەددىدىن ئارتۇق دورا ئىچىپ تۇرىشىدىن پەيدا بولغان بىر تۈرلۈك بېسىقماي ئاغرىش ئىدى. يەنى ئۇ ھەر ھەپتىدە 120~150 تابلېت زەھەردىن قوغدىنىش دورىسى ئىچىش بىلەن بىرگە يەنە، 10 ئامپۇل كۆچلۈك سولفامىن ئوكۇلى ئۇرغۇزۇپ تۇراتتى. يەنە بىر كېسەلى بولسا، ئۇ دىزىنتېرىيە يۇقتۇرىۋالغان بولۇپ، بۇ كېسەللىك "بۆرە ئىنى" ئەتراپىدىكى ساسلىقلاردا دائىم گىرىپتار بولىدىغان بىر كېسەللىك ئىدى. ئۇ قاتتىق ئىچى سۈرۈش، كۆڭلى ئايىنىش ۋە قول-پۇتلىرى سىقراپ ئاغرىيدىغان كېسەللىك بىلەن بىرگە

يەنە تۇرۇپ قىزىپ تۇرۇپ مۇزلاپ كېتەتتى. ئىيۇن ئاخىرلىرىدىكى بىر كۈنى ئۇ رىبىنتروپ بىلەن بىر قېتىملىق قاتتىق مۇنازىرە قىلىشىۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە تېخىمۇ قاتتىق تەسىر كۆرسەتتىدىغان بىر تۇرلۇك كېسەللىك قوزغىلىپ كېتىدۇ. باشتىن تارتىپلا بارباروسسا ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى قاتتىق غەزەپلەنگەن ھالدا ۋارقىرىغىنىچە سوۋېت رۇسىيىسىگە بېسىپ كىرىشكە قارشى تۇرىدۇ. ھىتلېر بۇ تۇر ئادەتتىن تاشقىرى زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي غەزەپتىن چىرايى تاتىرىپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ مۇنازىرىلىشىپ گېپىنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا كۆكرىكىنى قاماللىغىنىچە لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالىدۇ. ئۇ جىمجىملا قالغان بولۇپ بەكلا قورقۇنۇشلۇق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. "يۈرەك كېسىلىم بارمىكىن دەپ بەكلا قورققانتىم. ــ دەيدۇ ئۇ سەل ئوڭشىلىپ، ــ سەن بۇندىن كېيىن ماڭا بۇنداق ۋارقىراپ قارشى چىقىشنى توختات!"

بۇ ھادىسىگە بەكلا دىققەت قىلغان دوختۇر موريېل فۇھرېرنىڭ كاردىئوگراماسىنى باد ناۋھېيىم يۈرەك كېسەللىكلەر ئىنستىتۇتىنىڭ داڭلىق يۈرەك بۆلۈمىنىڭ نوپۇزلۇق مۇتەخەسسىسى دوكتور كارل ۋېبېرغا ئاپىرىپ مەخسۇس قايتا باھالىتىپ كېلىدۇ. ئەسلىدە بۇ مۇتەخەسسىس كۆرىۋاتقىنىنىڭ ھىتلېرغا ئائىد كاردىئوگراما ئىكەنلىكىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئۇنىڭغا پەقەت "بۇ كېسىلىم بەكلا ئالدىراش بىر دىپلومات ئىدى" دەپلا ئېيتىدۇ. بۇ مۇتەخەسسىسنىڭ بەرگەن دىئاگنوزى: تېز سۈرئەتتە تەرەققى قىلىۋاتقان تەجىسمان ئارتېرىيە قېتىشىش بولۇپ، بىر تۇرلۇك ساقايماس كېسەللىك ھېسابلىناتتى. دوختۇر موريېلبۇ خەۋەرنى ھىتلېرغا ئېيتمىغان بولىشى ئېھتىمال. بىر قېتىم، ئۇ فۇھرېرگە سىزنىڭ يۈرىكىڭىز بەكلا ساغلام ئىكەن دەپ ئۇدۇل ئېيتقان ئىدى. ئەمما ئۇ يازغان رېتسېپلىرىدا ئۇنىڭ ئۇچۇن پايدىسى بولسا بولىدىكى، ھەرگىز زىيان قىلمايدىغان، مەخسۇس قان ئايلىنىش سىستېمىلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى ئەڭ ياخشى ھالدا ساقلاشقا ياردىمى بولىدىغان، ھۇشىدىن كېتىش، ھەددىدىن ئارتۇق چارچاش قاتارلىقلارغا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان يۈرەك كۈچلەندۈرگۈچى دورا سۇيۇقلۇقى، ئادرېنالىن دېگەندەك بىر مۇنچە دورىلارنىمۇ قوشۇپ يېزىپ تۇرىدۇ.

ھىتلېرنىڭ كېسىلى ئۇ گېنېراللىرى بىلەن بولغان زىددىيىتى ئەڭ ئۆتكۈرلەشكەن پەيتكە، يەنى شەرق سەپلەردىكى ئۇرۇشنى قانداق قوماندانلىق قىلىش توغرىسىدىكى پىكىر ئىختىلاپى يوقۇرى پەللىگە يەتكەن ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قوزغالغان ئىدى. ئۇ ئەسلىدە موسكۋاغا بىۋاستە ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، لېنىنگرادنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە مەركىزى كورپۇسلار گۇرۇپپىسىنىڭ ئەڭ سەرخىل بىرۋۇنىك

قىسمىنى ئېلىۋېلىپ ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى شىمالغا يوللىغان ئىدى. بۇ تانكا قىسمىنىڭ يەنە بىر قىسمىنى بولسا ئۇكرائىناغا يۆرۈش قىلىش مەقسىتىدە جەنۇپقا يوللىغان ئىدى. ھىتلېرنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىككىلا رايون موسكۋادىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ھېسابلىناتتى. يەنى، لېنىنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان لېنىنگراد مۇھىم سانائەت مەركىزى ھېسابلانسا، كېيىنكىسى ئىنتايىن مۇھىم ئىقتىسادى ئەھمىيەتكە ئىگە رايون ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇكرائىنا مۇھىم سانائەت بازىسى ۋە بەرىكەتلىك ئاشلىق ئامبىرى ھېسابىدىكى بىر يەر بولۇپلا قالماي، قىرىم يەنە كېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رومىنىيە پلويېستى نېفىتلىكىنى بومباردىمان قىلىشتا پايدىلىنىشى ئېھتىمال بولغان ھەربى ھاۋا بازىسى ھېسابلىناتتى. بولۇپمۇ قىرىم ئىشغال قىلىنغىنىدا نېمىس قوشۇنلىرى كاپكازىيىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئەڭ راۋان يولىنى ئېچىۋالغان ھېسابلىناتتى.

ئەمما ھىتلېرنىڭ كېسەل بولۇپ قېلىشى بىراۋچىتىش بىلەن ھالدېر ئىككىسىگە فۇھرېرنىڭ ئۇرۇش پىلانىنى بۇزۇشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن ئىدى. ئۇ ئىككىسى ئۆز چىقارماي ئۆز پىلانىنى ئىشقا كىرىشتۈرۈشكە كىرىشىدۇ. ھالدېر، جودلغا ئۆز مەۋقەسىنى ئىشقا سېلىپ يۆرۈپ ئۇنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ھىتلېرنىڭ سالامەتلىكى تەدرىجى شەكىلدە ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغان ئاۋغۇست ئوتتۇرلىرىغا كەلگىنىدە، ھىتلېر گېنېراللىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئۇقتۇرماي كەينىدىن نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ: ئۇلار ئىشقا كىرىشتۈرگەن ئۇرۇش پىلانىنىڭ يا ئۆزى ئوتتۇرغا پىلانغا ياكى ھالدېرنىڭ تۇتقان يولىغا ئوخشىمايدىغان ئىككىسىنىڭ ئارلاشمىسىدىن شەكىللەنگەن بىر تۇرلۇك پىلان ئىكەنلىكىنى پەرق قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ۋەزىيەتنى ئېنىق ئىپادىلەش مەقسىتىدە 21-ئاۋغۇست كۈنى بىر پارچە بۇيرۇق تەييارلاپ ئىبلان قىلىدۇ. ئۇنىڭ چۈشەرگەن بۇ بۇيرۇقى شۇنداق ئېنىق بولۇپ، قىلچە چۈشۈنۈشمەسلىككە ئورۇن قالدۇرمايدىغان بىر بۇيرۇق ئىدى: "قىش پەسلىدە يېتىدىغان نىشانىمىز موسكۋا بولماستىن بەلكى قىرىم يېرىم ئارىلى." لېنىنگرادقا تېخ بارمايلا جەنۇبى 5-كورپۇس مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ يوقۇتۇلغاندىن كېيىن چارىسىز موسكۋا ھۇجۇمى باشلاتماي بولماي قالىدۇ. بۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈلۈپ بىر قانچە سائەت ئۆتمەي، ھىتلېر ئاچچىق بىلەن ئېغىرچە ئۇزۇن بىر پارچە ئەسلەتمە دوكلاتى ئېيتىپ يازدۇرىدۇ. بۇ دوكلات ئۇنىڭ ئۇرۇش قانداق بولىشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى ئېغىر نۇتۇق تىزىسلىرىدىن خېلىلا تۈزۈك بىر مېمراندۇم ئىدى. ئۇ دوكلاتىدا، بەزى ھەربى ئەمەلدارلارنىڭ "شەخسىيەتچىل ھەۋەسلىرى" ھەمدە "زومىگەر مىجەزلىرى" تۈپەيلىدىن قۇرۇغلۇق ئارمىيىسى باش قۇماندانلىق شتابىنى "ۋاقتى ئۆتكەن نەزەرىيىلەرگە چېك ئېسىلىۋالغان" بىر گۇرۇھ دەپ

قاتتىق تەنقىتلەيدۇ.

"بۇ دىگەنلىك قۇرۇغلۇق ئارمىيەنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغانلىق!" دەپ يازىدۇ ئىنگەل كۈندىلىك خاتىرىسىگە. "بۇنىڭغا ھەرگىز چىداش مۇمكىن ئەمەس!" دەو يازماقتا ئىدى ھالدىر مۇ كۈندىلىك خاتىرىسىگە، "بۇنداق ئىش ھىچقاچان كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس! ئەندى چىكىگە يەتتى!" 22-چىسلا ھالدىر بىلەن براۋۇنچىتش ئىككىسى بىرلىكتە سائەتلەپ غۇدۇرشىپ فۇھرېرنى قۇرۇغلۇق ئارنىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا چات كىرىۋالغانلىقنى "ھەرگىز قوبۇل قىلالمايمىز" دەپ نارازىلىقنى ئىپادىلىشىدۇ. ئاخىرىدا، ھالدىر، بىز ئىككىمىز بىرلىكتە ۋەزىپىمىزدىن ئىستىپا بىرەيلى دەيدۇ. ئەمما بەدىنى بەكلا ئاجىز، ۋۇجۇدىنى كىسەل قاپلاپ كەتكەن، روھى ھالىتمۇ بۇزۇلغان ياشانغان مارشال ئىستىپا بىرىش چارىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. "بۇنداق قىلساق بولمايدۇ. بىز ئىستىپا بىرىپمۇ ھىچ نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيمىز" دەپ باھانە كۆرستىدۇ. ھەتتا بۇ مارشال ئۆز خادىملىرى ئارىسىدىكى نارازىلىقلارنى تىنجىتىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە فۇھرېرنىڭ ئۇكرائىنا غالىبىيتى قولغا كىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقنى، شۇڭا ئاجرىتىش ئىمكانى بار بارلىق ئەسكىرى كۈچلەرنى ئاجرىتىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى موسكۋاغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىش ھەققىدە ئۆزگە ۋەدە بەرگەنلىكىنى ئىيتىدۇ. شۇندىن كىيىن، قىسمىدىكى بۇ توپىلاڭ، ئەگەر بۇ نارازىلىقلارنى توپىلاڭ دىيىشكە بولغىنىدا، ھەر قانچە كۈچلۈك نارازىلىق كۆرۈلۈشىدىن قەتئىي نەزەر بىر-بىرلەپ جىمىقتۇرۇلىدۇ.

4

بۇ قىتىمقى كىچىك كىرىزىس، ئۇزۇنغا قالماي، مۇسسولىنىنىڭ ئالدىنقى سەپلەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈش داۋراڭلىرى ئاستىدا يوقاپلا كىتىدۇ. چۈنكى بۇ قىتىمقى ئىتالىيە دوچىنىڭ كۆزدىن كۆچۈرۈش سەپىرى پۈتۈن كۈچ بىلەن داۋراڭ قىلىۋىتىلگەن ئىدى، مۇسسولىن، ھىتلېرنى ئىتالىيە يىراققا يۇرۇش قىلىش قىسىملىرىنىڭ رۇسىيە ئۇرۇش سەپلىرىدىكى كۈچىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق كومۇنىزمنى يىمىرىپ تاشلاش ئابروييىدىن ئاز-تولا بۆلۈشۈشكە قايىل قىلىشنى مەقسەت قىلىپ بۇ قىتىمقى كۆزدىن كۆچۈرۈش زىيارىتىنى ئىشقا ئاشۇرغان ئىدى. ئەمما ئىتالىيە باش مىنىستىرىنىڭ مەخسۇس پويىزى "بۆرە ئىنى"غا يىتىپ كەلگىنىدە، مۇسسولىنىنىڭ ئەھۋالى بەكلا ئوسال بىر ئەھۋالدا ئىدى. يەنى، ئۇنىڭ ئوغلى برۇنو بۇندىن سەل ئاۋال ئايروپلان ھادىسى تۈپەيلىدىن ئۆلگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ روھى ھالىتى بۇ كۆڭۈلسىزلىك تۈپەيلىدىن تىخى ئەسلىگە كىلىپ بولالمىغان ئىدى. شۇڭا

ئۇ بۇ ئىتتىپاقدىشى بىلەن بۇنداق بىر ئۇستۇنلۇك تالىشىش كۈچىگە ئىگە ئەمەس ئىدى.

ھىتلېر، "بۆرە ئىنى" يېقىنىدىكى كىچىك بىر پويىز ئىستانسىسىغا كېلىپ مۇسسولىنىنى كۈتىۋالدۇ. ھىتلېر، ئۇ كۈنى ئىتالىيە باش مىنىستىرىگە قىلچىمۇ سۆز قىلىش پۇرسىتى قالدۇرماي گەپنى ئۆزىلا قىلىپ كېتىدۇ. فۈھرېر، پات يېقىندا شەرقتە قولغا كېلىدىغان غالىبىيەتلەر ھەققىدە، فرانسىيىنىڭ ئاخماقلىقى ھەققىدە ۋە شۇنىڭدەك روزۋېلتنىڭ يېنىدىكى يەھۇدىي گۇرۇھىنىڭ رەزىل جىنايەتلىرى ھەققىدە تىنىماي سۆزلەپ كېتىدۇ. مېھمىنى ملڭ تەستە ئېغىز ئېچىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ ئەسكەر كۆپەيتىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرغا قويىشى ھامان دەرھال سۆزى باشقا تەرەپكە بۇرىۋېتىدۇ. زىيارەتنىڭ كېيىنكى كۈنلىرىدىمۇ ئۇ پەقەتلا گەپ بەرمەيدۇ. قاچانكى مۇسسولىن گېرمانىيىنىڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تولا ئاڭلاپ زېرىككىنىدە ھىتلېر ئاندىن قېدىمى رىمنىڭ غالىبىيەتلىرىنى سۆزلەشكە كىرىشىپ، ئۇلار كۆزدىن كۆچۈرۈپ يۈرگەن جايلاردىكى رىم ئىمپېراتورى تراژان قىلغان ئۆچمەس جەڭ غالىبىيەتلىرى ئۈستىدە ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سۆزلەپ كېتىدۇ.

شۇ كۈنى خېلىلا كەچ كىرىپ قالغان بىر ۋاقىتتا، ئۇلار ئۇكرائىنانىڭ ئۇمان دېگەن يېرىدە بىر ئىتالىيە دىۋىزىيىسىنى كۆزدىن كۆچۈرىدۇ. ئۇ يەردە مىس قالپاقلىرىنىڭ ئۈستىدە قانات پەيلىرى لەپىلدەپ تۇرغان ئىتالىيە ئەسكەرلىرى "ياشىسۇن داھىمىز!" دەپ تووۋلاشقىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىدىن موتوتسىكىلېتلىق ئۆتىۋاتقىنىدا، مۇسسولىن خوشاللىقىدىن چىرايى ھاياجاندا قىپقىزىل قىزىرىپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇلار ئۇمانغا كىرىپ كەلگىنىدە ئۇ يەر تېخىچە ئىس-تۈتەك ئىچىگە قاپلانغان ئىدى. ھىتلېر ئەسكەرلىرى ئۇنىڭغا قاراپ تەنتەنە قىلىشقان ۋاقىتدا بولسا ھىتلېر قايتىدىن ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىگە ئايلىنىدۇ. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ئۇ مۇسسولىنىنى شۇ يەرگە قالدۇرۇپ ئۆزى ئەسكەرلىرى بىلەن ئايلىنىپ يۈرىدۇ. ئىتالىيە باش مىنىستىرى بۇلاردىن ئۆزىنىڭ مەڭسىتىلمىگەنلىكىنى ھېس قىلىپ يۈرسىمۇ، قايتىش يولىدا ئايروپىلاندا بۇنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالدۇ. مۇسسولىن ئايروپىلاندا ھىتلېرنىڭ لىيوتچىكى باۋرنى گەپكە تۇتىدۇ. باۋر، مۇسسولىنىنىڭ قىزغىنلىق بىلەن ماختاشلىرىدىن خوش بولۇپ كېتىدۇ، ھەتتا مۇسسولىن ئۇنىڭدىن ئايروپىلاننى مەن ھەيدەي دەپ تەلەپ قىلىشقىچە بارىدۇ. بۇ چاغدا ھىتلېر چارىسىز ماقۇل دەپ قول ئىشارىتى قىلغان بولسىمۇ ماقۇل دېگىنىگە دەرھال پۇشايمان يەيدۇ. ھىتلېر يېڭى تونۇشقان ۋاقىتلىرىدا ئالاھىدە قايىل بولۇپ چوقۇنۇپ يۈرگەن بۇ كىشىسىنىڭ بالىلارچە خوش بولۇپ ئايروپىلان ھەيدىشىنى كۆرۈپ ئولتۇرالمايلا قالىدۇ.

مۇسسولىنىنىڭ ھىتلېر ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسىتىۋېلىشتىن ئالغان خوشاللىقى ئۇزۇن

داۋام قىلالمايدۇ. ئۇ ئۇزۇن قايتىش يولىدا پەقەتلا بېشىنى كۆتۈرەلمەي كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئولتۇرۇپ چىقىدۇ. ئۇ، بۇ قېتىمقى سەپىرىدە ئەسكەر كۆپەيتىش تەلىۋى قوبۇل قىلىنمايلا قالماي، ھەتتا پەقەتلا خاتىرجەم بولالمايدىغان بىر تۇيغۇنىمۇ كېلىپ قالغان ئىدى: شەرق ئۇرۇشى بەكلا ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان قانلىق بىر ئۇرۇش بولىدىغاندەكلا كۆرۈنگەن ئىدى. مۇسسولىنى بۇ قېتىمقى كۆزدىن كۆچۈرۈش جەريانىدا رىببېنتروپ ئىككى تەرەپ ئالدىن ماقۇل كېلىشكەن بىرلەشمە ئاخباراتنى ئېلان قىلمىغانلىقى بىلەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ ئىسمىنىمۇ كېيتېلنىڭ كەينىگە تىزغانلىقىدىن خەۋەر تاپقىنىدا، ئۇنىڭدىكى ئۈمىدسىزلىك غەزەپكە ئايلانغان ئىدى.

بۇ نۆۋەت ھىتلېر مۇسسولىنىغا بويۇن ئېگىپ، رىببېنتروپنى دەرھال ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىششقا بۇيرۇيدۇ. مۇسسولىنى ئابرويى تۆكۈلۈش مەسىلىسىدە ئۆچىنى ئېلىۋالغىنىدىن كېيىن مىجەزىمۇ باشقىلاتىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئىتالىيىنىڭ بىرلىنىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى دىنو ئالفىيېرىنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا ئالدىنقى سەپ سەپىرى ھەققىدە بىر خەۋەر يېزىپ چىقىشنى بۇيرۇيدۇ. "يازغان ۋاقتىڭدا، مۇنداق دەپ يېزىشنى ئۇنۇتما: خېلى ئۇزۇن بىر مۇساپىدە مۇسسولىنى ھىتلېرنىڭ تۆت موتورلۇق مەخسۇس ئايروپىلانىنى ھەيدەپ ماڭدى."

"بۆرە ئىنى" گە قايتقاندىن كېيىن، ھىتلېر پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، موسكۋاغا ھۇجۇم باشلاشنىڭ ۋاقتى كەلدى، دەپ ھېسابلايدۇ. ھىتلېر، كۇلۇپتا كاتىبى، ئاديۇتانتلىرى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ چاي ئىچىپ ئولتۇرغىنىدا ئۇدۇلىدىكى تامغا ئېسىغلىق خەرىتىدىن پەقەتلا كۆزىنى ئۈزمەيدۇ. "بىر قانچە ھەپتە ئۆتمەيلا بىز موسكۋادا بولىمىز – ھە! _ دەيدۇ بوم ۋە پەس ئاۋازدا، _ بۇنىڭدىن قىلچە گۇمان قىلمايمەن. مەن بۇ شەھەرنى چېقىپ تۈپتۈز قىلىۋېتىمەن. ئۇنىڭ ئورنىغا سۈنئىي كۆلدىن بىرنى چاپتۇرىمەن ھەمدە بىرمۇنچى مەركىزى بىنالارنى سالدۇرىمەن. شۇ ئارقىلىق موسكۋا دېگەن بۇنداق بىر يەرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇلدۇرىۋېتىش كېرەك." شۇڭا ئۇ، 5-سىنتەبىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ھالدىرغا "10-ئاۋغۇست كۈنى مەركىزى ئۇرۇش سېپىدا ھۇجۇم باشلاتقىن" دەيدۇ. شۇ كۈنى كەچلىك تاماق ئۈستىدە (خەرىتە ئورنى) ئۇنىڭ روھى ھالى بەكلا راھەت كۆرۈنەتتى. ھەتتا كۆڭۈل ئېچىپ چاخچاق قىلىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ دېگەن گەپلىرىنى روزېنبېرگ تەرىپىدىن فۈھرېر باش قۇماندانلىق شتابىغا ئالاقىچى قىلىپ ئېۋەرتىلگەن ۋېرنېر كوئېپپېن خاتىرلەپ ئولتۇرىدۇ. ئەسلىدە بۇ ئالاقىچى روزېنبېرگنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن ئېيۇننىڭ باشلىرىدىن تارتىپ فۈھرېرنىڭ دەستىخان ئۈستىدە دېگەن گەپلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن خاتىرلەپ ئارخىپلاشتۇرۇپ ماڭماقتا ئىدى. كوئېپپېننىڭ مۆلچەرلىشىچە، ھىتلېر ئۇنىڭ نېمە قىلىپ

ئولتۇرغانلىقىنى بىلىپ تۇرغانمىش، ئۇ ئاۋال چاندۇرماي سالفېتكا قەغەزگە فۇھرېرنىڭ دېگەن گەپلىرىنىڭ ئاساسى مەزمۇنىنى خاتىرلىۋالىدىكەن، تاماقتىن كېيىن ئۇ ئېسىدە قالغانلىرى بويىچە يازغانلىرىنى تولۇقلاپ كۆچۈرۈپ ماشىنىدىكەن. ئۇ ئارگىنال بىلەن كۆچۈرۈپ يازغان تېزىسلىرىنى بىرلىنغا يوچتىدىن ئەۋەرتىپ تۇراتتىكەن.

ئەمما كۆيئېپپېن، شۇ تاماق ئۇستىلىنىڭ نېرقى تەرىپىدە بۇنىڭدەك بوسۋېل (ئوخشىتىلغان بۇ كىشى 1740~1795 لەردە ياشىغان بىرسى بولۇپ، باشقىلارنىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىش بىلەن داڭ چىقارغان شوتلاندىيىلىك ئادۋۇكات ۋە يازغۇچى) دىن يەنە بىرسىنىڭمۇ بارلىقىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. يەنى ئۇلار "بۆرە ئىنى" كېلىپ كۆپ ئۆتمەي، بورمان ئۆزىنىڭ ئادىيۇتانتى ھېينرىخ ھېيمغا ئېغىزچە تەلىمات بېرىپ، ئۇنىڭدىن داھىسىنىڭ دېگەنلىرىنى بىلىندۈرمەي خاتىرلەپ ماڭساڭ دەپ تەكلىپ بەرگەن ئىدى. ھىتلېر دېگەنلىرىنى باشقىلار ئوغۇرلۇقچە يېزىپ يۈرىشىنى بىلىپ قالمىسۇن دەپ، بورمان ئۇنىڭغا دېگەنلىرىنى تولۇق ئېسىدە ساقلىۋېلىشقا تىرىشقىن دېگەن ئىدى. ئەمما ئۇ يازغانلىرىنىڭ خاتا بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆز بېشىغا قارار قىلىپ كىچىك كارتۇشكىنى تېزىغا قويىۋېلىپ يېزىپ يۈرۈپ بەكلا كۆپ خاتىرە قالدۇرىۋالغانىكەن. بۇنىڭدىن بورمان بەكلا ھەيران قالدۇ. شۇڭا ئۇنى كام قالدۇرماي يازغىن دەپ رىغبەتلەندۈرۈپ تۇردۇ (كېيىنچە بۇ خاتىرىلەرنىڭ بىر قىسمى ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە گېرمانىيىلەردە بېسىلغان بولۇپ، ئىسمى بىر-بىرىگە ئوخشىمايتتى. كېيىن، پىكېرنىڭ باش تەھرىرلىكىدە «ھىتلېر سۆبەتلىرىدىن خاتىرىلەر» دېگەن ئىسىم بىلەن بېسىلدۇ. كېيىن، يەنى 1942-يىلى مارت بىلەن ئىيۇن ئايلىرىدا ھېيمغا ۋاكالىتەن سوت مۇخپىرلىقىغا تەيىنلىندۇ. ئەمما ھېچقانداق بىر نەشرىيات خوجايىنى ھېيم بىلەن بۇ كىتاب توغرىلىق مەسلىھەت ئالمايدۇ ياكى ئۇنى بۇ ھەقتە ئوبزور يېزىشقا تەكلىپ قىلىشمايدۇ، ھېچ بولمىغاندا ئۇنى كىتابتا كۆرۈلگەن توغرا بولمىغان تەرەپلىرىنى تۈزىتىش پۇرسىتىگىمۇ ئىگە قىلمايدۇ. بېسىلغان قىسىملىرى گەرچە قارىماققا بەكلا توغرىدەك كۆرۈنسىمۇ، مۇھىم بولغان بەكلا كۆپ ئابزاسلار بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلمىگەن. ئالايلۇق، خاتىرىنىڭ پىكېر نۇسخىسىدا ئاران ئالتىدىن بىر قىسمىلا بېسىلغان ئىدى. ھېيم دەستىخان ئاستىدا بۇ خاتىرىنى قالدۇرۇپ يۈرگىنىدىن ھىتلېرنىڭ پەقەتلا خەۋىرى يوق ئىدى دەپ قەتئىي ئىشەنچ قىلاتتى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھىتلېرنىڭ شەخسى ئادىيۇتانتى شاۋب ئۇنىڭغا بۇ نوقتىنى ئىسپاتلاپ كۆرسەتكەن. ھېيم ھازىر مىيونخېندا كۆيئېپپېننىڭ ئۆيىگە بەكلا يېقىن بىر يەردە تۇرىدىغان بولسىمۇ، تېخى يېقىن كۈنلەردىلا ئاندىن ھېيمنىڭمۇ خاتىرە قالدۇرۇپ كەلگەنلىكىدىن كۆيئېپپېن خەۋەر تاپقان. ئەسلىدە ئۇ ئىككىسىنىڭ

قالدۇرغان خاتىرىلىرى بىر-بىرىنىڭ كېيىنى تولۇقلاپ تۇراتتى. ھېيىم، مەخپىيەتلىكنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ھالدا ھەربىي ئىشلارغا دائىر سۆزلەرنى خاتىرىلىمىگەن؛ ئەمما كوئېپپېن بۇلارنىمۇ قالدۇرماي خاتىرىلەپ ماڭغان. ئۇندىن باشقا، كوئېپپېننىڭ قالدۇرغان خاتىرىسى ھېيىمنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن خاتىرىلەپ ماڭغان يەرلىرىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. شۇڭا بۇ خاتىرە ئىنتايىن قىممەتلىك بىر ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. – ئا. ھ. ئىزاھاتى) "بۇ ئىش شۇنداق داۋاملىشىپ كېتىۋەردى. – دەيدۇ ھېيىم ئەسلەپ كېلىپ، _ بۇ ھەقتە بورمانمۇ قايتا بىرەر تەلىمات بەرمىدى. ياكى باشقا تەلەپ ياكى باشقا ھېچقانداق بىر نەرسە تەلىۋىدىمۇ بولمىدى. پەقەتلا ئايرىم يەردە ، مانا شۇنداق قىلىپ بۇ سۆزلەرمۇ باشقا نۇرغۇن ھۆججەتلەر بىلەن بىر قاتاردا ساقلىنىپ قالىدىغان بولدى، دەپ بۇ ئىشىمدىن بەكلا خوشال ئىكەنلىكىمنىلا بىلدۈرەتتى."

ھېيىم دائىم مۇنداق ئىككى مەسىلىگە دۇچ كېلىپ تۇراتتىكەن: ئەڭ ئەھمىيەتلىك جۈملىلەرنى تاللاش (بەزى ۋاقىتلاردا يېزىۋالغانلىرى كەينىدىنلا دېگەن سۆزلىرىگە قارىغاندا بەك قىممىتى يوق سۆزلەر بولۇپ قالاتتى) ۋە خاتىرە قالدۇرىۋاتقانلىقىنى ھىتلېرگە بىلىندۈرۈپ قويماسلىق. چۈشلۈك تاماق ياكى كەچلىك تاماق ۋاقىتلىرىدا ھېچ بىر ئىشقا دىققەت قىلىنغان قىياپەتكە كىرىۋېلىشى كېرەك ئىدى. چاي ۋاقتىغا كەلگىنىدە، ئادەتتە يوشۇرۇنۇش ئاكوپلىرىدا ئىچىلىدىغان بولغاچقا خاتىرە قالدۇرۇش ئىشىنى ئېسىدە ساقلىۋېلىشقا تايانماي بولمايتتى. بەزىدە بىرەر ئىككى جۈملە خاتىرىلىيالايدىغان پۇرسىتىمۇ بولۇپ قالاتتى. ھېيىمچېن (كىشىلەر ئۇنى شۇنداق ئاتىشاتتى) باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويماسلىقتا تىرىشىمەن دەپ (ئەمما كوئېپپېن ئۇنداق ئەمەس) بىر تەرەپتىن ئىنتايىن كەمتەر قىياپەت بىلەن ھىتلېر سۆز قىلىۋاتقىنىدا ھەر تۈرلۈك مەسىلىلەر ئۈستىدە قىلچە تەپتارتماستىن ئاڭسىز بىر شەكىلدە تىنىماي ئۆز ئويىنى ئوتتۇرغا قويۇپمۇ تۇراتتى.

ھېيىم بىلەن كوئېپپېن ئىككىسىنىڭ قالدۇرغان خاتىرىلىرى كۈندىلىك شەرق ئۇرۇش سېپىدا بولىۋاتقان چوڭ-چوڭ ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلىش ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ قىممەتلىك يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىيەلەيتتى. ئالايلۇق، 17-سىنتەبىر كۈنى، ھىتلېر قەتئىي ئىرادە ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئىرادەڭ سېنى قانداقتۇ بىر ئىستىخىيلىك بىر ئەقىدىگە ئاساسەن ھەرىكەت قىلىشىڭغا بۇيرۇق قىلىۋاتقانلا بولىدىكەن، سەنمۇ قەتئىي ئىككىلەنمىسىپ ئولتۇرماسلىقىڭ كېرەك. ئۆتكەن يىلى مەن بولشېۋىزمغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئىرادىسىگە كەلگەن ۋاقتىمدا، مەن ئەنە شۇنداق كۈچلۈك روھى كۈچكە ئېرىشكەن ئىدىم. بولمىسا مەن ستالىننى ياكى 1941-يىلى ھۇجۇم قىلىشنى ئالدىن پەرەز قىلالايتتىممۇ؟ شۇڭا، بىز بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلماقچى

بولــدىكەنمىز، ھەرگىــز كېچىكتۈرمەســلىكىمىز، دۈشــمەن تەرەپنىــڭ ئــاۋال ھەرىــكەت قىلىشىغا پۇرسەت بەرمەسلىكىمىز شەرت. ئەمما بۇ ئىش ئىيۇلدىن بۇرۇن مۇمكىن ئەمەس بىر ئىش ئىدى. ئۇرۇش قىلىش ئىشىدىمۇ كىشىلەر تەلەيلىك بولىشى كېرەك. بۈگۈن ئۇ كۆنلەرنى ئويلىسام، ئۇ كۈنلەردە ھەقىقەتەنمۇ تەلىيىمىز ئوڭدىن كەلگەن كۈنلەر ئىكەندۇق!" ئۇ يەنە، بۈگۈن ئالغا قاراپ ئىلگىرلەپ كېتىۋاتقان بۇ قۇراللىق ھەرىكىتىمىزنى ئۇ ۋاقىتلاردا بەكلا كۆپ كىشى بۇنداق قىلىش قەتئىي توغرا ئەمەس دەپ تەنقىت قىلىشقان ئىدى. "مەن شۇ چاغدا بۇنداق بىر قارارنى زورلاپ ماقۇللىتىش ئۈچۈن بارلىق ئابرويىمنى دوغا تىكىپ ھەقىقەتەنمۇ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرىشقان ئىدىم. مەن شۇنىڭغا ئىشەنچ قىلدىمكى، بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان غالىبىيىتىمىز ئەنە شۇنداق خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن قورقماسلىق ئىرادىسىنى تىكلىيەلىگەنلىكىمىزدىن كەلمەكتە."

ئۇ، دېگەنلىرىنى سېھرلىك سۆزلەر دەپ بىلىدىغان كىشىلەرگە ۋەدە قىلىپ، دۇنياغا خوجا بولۇش، رۇسىيە زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن چوقۇم بەلگىلىنىدۇ. "شۇنداق قىلىپ، ياۋروپا ھەرقانداق بىر ئىمبارگو تەھدىتىدىن قورقمايدىغان يىمىرىلمەس پولات ئىستىھكام ھالىغا كېلەلەيدۇ. بۇ قىلىۋاتقانلىرىمىز ياۋروپاغا ئىنتايىن گۈزەل بىر ئىقتىسادىي كېلەچەك كەلتۈرىدىغانلىقىدا مەسىلە يوق. شۇنداق قىلىپ، ھەممە كىشى، غەربلىكلەر، ھەتتا ئەڭ لىبىرال دېموكراتلارمۇ بۇنداق بىر يېڭى تۈزۈمنى ئاچكۆزلۈك بىلەن تاما قىلىدىغان ھالغا كېلىدۇ. ھازىرقى مەسىلە، ئەڭ مۇھىم بولۇپ تۇرىۋاتقىنى ئۇ يەرنى بويسۇندۇرۇش. بوي سۇندۇرۇپ بولغىنىمىزدىن كېيىن، قالغان ئىشلار مەمۇرى ۋە تەشكىلى مەسىلىلەردىنلا ئىبارەت." ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ كېلىپ، سلاۋيانلار تۇغۇلۇشىدىنلا قۇل بىر خەلق بولۇپ، ئۇلار خوجايىنغا بەكلا مۇھتاج، يەنى ئۇلار بىرەر خوجايىن بولماي تۇرۇپ ھېچنېمە قىلالمايدىغان بىر خەلق. گېرمانىيىنىڭ رۇسىيىدىكى ئوينايدىغان رولى شۇكى، بىز خۇددى ئېنگلىزلارنىڭ ھىندىلارغا مۇئامىلە قىلغىنىدەكلا رول ئوينايمىز، يەنى "ئېنگلىزلارغا ئوخشاش بىزمۇ بىر نەچچە ئادەمنى ئىشەنچلىك ئۇ ئىمپېرىيىنى باشقۇرىمىز."

ئــۇ يەنە ئۇكرائىنــانى ياۋروپانىــڭ ئاشــلىق ئىســكىلاتى ھالىغــا كەلتــۈرۈش چارىســى ئۈستىدە، بوي سۇندۇرۇلغان خەلقنى بېشىغا ياغلىقنى چىگىپ نىپىز پايپاقلارنى كېيىپ خوشــال-خوراملىــق بىلــەن يۈرىــدىغان ھــالەتكە كەلتــۈرۈش ئۈســتىدە بەكــلا تەپسىلى توختىلىپ ئۆتتىدۇ. ئۇ يەنە شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلدى: ھەممە كىشى بىر قېتىملىق دۇنياۋى تىنچلىق قۇرۇلتىيى چاقىرىلىشىنى خام خىيال قىلىشقا كىرىشىشى مۇمكىن، ئەمما بىز يەنە ئون يىل ئۇرۇشۇشقا رازىمىزكى ھەرگىزمۇ ئۇرۇش غەنىمەتلىرىنى ئالداپ بۆلۈشىۋېلىش ئىشىغا رازى ئەمەسمىز.

ئاربدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە كىيىۋ بىسىپ ئېلىندۇ. بۇ غالىبىيەت خەۋىرى "بۆرە ئىنى" دىكىلەرنى قاتتىق خوشال قىلىۋېتىدۇ. ھىتلېر، پولتكول ئۇكرائىنانى بالدۇرىراق ئىشغال قىلىش دېگەن پىكىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى، مېنىڭ ئاۋال جەنۇپقا ھۇجۇم قىلساق ئۇ يەرنى ئاسانلا قولغا كەلتۈرەلەيمىز دېگەن ئالدىن پەرىزىمنىڭ ھەقىقەتەنمۇ توغرا پەرەز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە دەيدۇ. 21-سېنتەبىر چۈشلۈك تاماقتا، ھىتلېرنىڭ چىرايى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ دەستىرخاندا ئولتۇرغانلارغا كىيىۋ يېقىنلىرىدىكى بىر تاغ جىلغىسىدا دۈشمەن قوشۇنلىرىدىن 145 مىڭ كىشى ئەسىرگە ئېلىندى، دەپ تەنتەنە بىلەن جاكارلايدۇ. ئۇ يەنە، بۇ قېتىمقى قورشاپ يوقۇتۇش ئۇرۇشى پولتكول ئۇرۇش تارىخى بويىچە بىر قېتىملىق ئەڭ چوڭ پاراكەندە قىلىش ئۇرۇشى ھېساپلىنىدىغانلىقىنى، سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلىش ھارپىسىدا تۇرغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ.

25-سېنتەبىر چۈشلۈك تاماق ئۈستىدە، ئۇ قۇماندانلىق شىتاپىنىڭ "ئىككىنچى دەرىجىلىك ئادەملەر" ھەققىدىكى ۋەھىمىسىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ! يەنى، بۇ ئاسىيالىقلارنى ئۇرال تاغلىرىنىڭ كەينىگە ھەيدىۋەتمىگىچى ياۋروپا ئۇلارنىڭ خەۋپىدىن ھەرگىز قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. "ئۇلار دېگەن بىر ياۋايى مەخلۇق، مەيلى بولشېۋىزم بولسۇن، مەيلى چار پادىشاھى بولسۇن ھەممىسى ئوخشاش مەخلۇقلار. يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەبىئەتنىڭ يىرتقۇچلىرى." شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە، ھىتلېر قىرغىنچىلىق مەيدانىدىكى ئەخلاقى مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزىسىنى ئوتتۇرغا قويغىنىدا، ئەسكەرلەرنى تۇنجى قېتىم جەڭ مەيدانىغا ئاتلانغىنىدا خۇددى بىر قىزنىڭ تۇنجى قېتىم جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندىكى روھى ھالىتىگە ئوخشىتىپ كېلىپ، ئەرلەرنىڭ ھەر قېتىملىق ھەربىكتىنى بىر قېتىملىق ئۆزىگە تاجاۋۇز قىلىنىش دەپ ھېساپلايدىغانلىقىنى دەيدۇ. "ئەمما نەچچە كۈنگە قالماي بۇ يىگىت يىگىت رەسمى بىر ئەركەك ھالىغا كېلىدۇ. ئەگەر مەن بۇنداق جەڭ مەيدانى چېنىقىشنى باشتىن ئۆتكۈزگەن بىرسى بولمىسا ئىدىم، بەلكىم يالغۇز بېشىمغا ئىمپېرىيىنى قايتا تىكلەشتىن ئىبارەت بۇ ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىقىم مۇمكىن ئىدى." ئۇ، 1914-يىلىسادىدا غايە بىلەن ئالدىنقى سەپكە ئاتلانغانلىقىنى دەپ كېلىپ، "ئۇ چاغدا مەن مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئەسكەرنىڭ يېنىمدا يېقىلىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىدىم. بۇلاردىن مەن ھاياتلىقنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بىر جەڭ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئىدىم. بۇ كۈرەش، ئۆز تۈرىنى ساقلاپ قېلىشتىن باشقا ھېچقانداق بىر مەقسەتنى ئۆزىگە غايە قىلمايتتى."

بۇ تۇر دەستىخان ئۈستى سۆھبەتلەردە گەپ پەقەتلا شەرق ئۇرۇش سېپى ئۈستىدىكى جەڭلەر توغرىلىقلا بولاتتى. چۈنكى ئۇ ۋاقىتلاردا يەنە بىر ئۇرۇش سېپى بولغان شىمالى

ئافرىقا ئۇرۇش سېپىدا تىلغا ئالغىدەك بىرەر ئىش يوق ئىدى. ئۇ يەردە ئەنگلىيە قوشۇنلىرى روممېلنى چېكىندۈرۈش ئۈچۈن ئاتاكىغا ئۆتۈپ باققان بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالمىغان ئىدى. كۆز پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ، ھەر ئىككى تەرەپلا قايتا ھۇجۇمغا ئۆتۈش خىيالىدا بولماي قىمىر قىلماي جايىدا جىم يېتىۋالدۇ. بۇ كۈنلەردە ھىتلېر بىلەن قۇرۇغلۇق ئارمىيىسى پۈتۈن زېھنىنى موسكۋاغا ئومۇمىي يۈزلۈك ھۇجۇم قىلىش ئىشىغا مەركەزلەشتۈرگەن ئىدى. بۇ ۋاقىتتا قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى بوك، بۇنداق بىر ھۇجۇم ئۈچۈن پەسىل جەھەتتە ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويدۇق دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ، بىز نېمە ئۈچۈن بېتون ئىستىھكاملار ئىچىدە قىشتىن چىقىۋېلىشقا تىرىشمايمىز؟ دەپ سورايدۇ. ھىتلېرنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن جاۋابى بەكلا قاتتىق مازاق قىلىش شەكلىدە ئىدى: ”مەن باش مىنىستىر بولۇشتىن بۇرۇن باش قوماندانلىق شتابىدىكىلەرنى ئالغا ئىنتىلىپ تۇرىدىغان ۋەھشى قاۋان، شۇڭا ئۇلارنى ئۇچۇرىغانلا كىشىنى چىشلەيمەن دەپ ئېتىلىپ تۇرۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ياقىسىدىن قامااللاپ چىڭ تۇتۇپ تۇرۇش كېرەك، دەپ ئويلايتتىم.“ ئەندى مەلۇم بولدىكى، ئۇلار ھېچقاچان ئۇنچىۋالا ئېتىلىپ تۇرىدىغانلاردىن ئەمەس ئىكەن. ئۇلار قايتا قۇراللىنىشقا، رېينلاندنى ئىشغال قىلىشقا، ئاۋستىرىيە ۋە چېخسلوۋاكىيەگە بېسىپ كىرىشكە قەتئىي قارشى چىقىپ كەلگەن ئىدى. ھەتتا ئۇلار پولشا ئۇرۇشىغىمۇ قارشى تۇرغان ئىدى. ”ئەسلىدە بۇ قاۋانلارنى مەن بېرىپ پاتپات كۆشكۈرتۈپ تۇرمىسام ئالدىغا ئېتىلىدىغان نىيىتى يوق.“

ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پايتەختىگە زور كۆلەمدە ھۇجۇم باشلاشتا چىڭ تۇرىدۇ. بۇ قېتىمقى ئوپېراتسىيىنىڭ مەخپىي بەلگىسى ”تەيپىك بورىنى“ بولۇپ، سىنتەبىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى باشلىنىلماقچى، بۇ ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسىگە بوك قوماندانلىق قىلىدىغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى 69 دىۋىزىيىلىك زور قوشۇن بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزى ئارمىيىسىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، موسكۋاغا قاراپ يۈرۈش قىلىش بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئۇرۇش پىلانى، موسكۋانى نىشان قىلغان ھالدا تانكا قىسىملىرى بىلەن جەنۇب-شىمالدىن قىسىپ ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق، قىزىل ئارمىيىنىڭ ئارقا سېپىنى قوش قىسقاچقا ئېلىپ 80 مىل يىراقلىقتا ئۇچرىشىش ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش قوماندانلىق شتابىدىكىلەر يىل ئاخىرىسىغا يېقىنلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن دۈشمەن كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلمايدۇ دەپ قارىغاچقا، ئاقىۋەت ھۇجۇمغا ئۇچراپ پات-پاراق بولۇپ كېتىدۇ. گۇدېرىياننىڭ ئىككىنچى ماشىنىلاشقان كورپۇسلار گۇرۇپپىسى تۇنجى كۈنكى بىر سوتكا ئىچىدىلا قىزىل ئارمىيە سەپلىرى ئىچىگە 50 مىل ئىچكىرىلەپ بۆسۈپ كىرىدۇ. گېرمانىيە قوشۇنلىرى پىيادە قىسىملىرى ئېچىلغان

بوشلۇققا باستۇرۇپ كىرىپ تارمار قىلىنىۋاتقان ئۇششاق قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچلىرىنى تازىلاشقا كىرىشىدۇ.

2-ئۆكتەبىر كۈنى، ھىتلېر بۇ ئوپېراتسىيىدە غەلىبىگە بولغان ئىشەنچى تولۇپ تاشقان بولغاچقا، مەخسۇس پويىزى بىلەن بېرلىنغا قايتىپ كېلىدۇ. ھىتلېر نەچچە ئايدىن بېرى خەلققە نۇتۇق سۆزلەپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەتىسى چۈشتىن كېيىن داغدام قەدەملەر بىلەن ستادىيومغا كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ ئەسلى خەلققە "ئۇرۇش مەزگىلىدە قىشلىق ياردەم پىلانى" غا يار-يۆلەك بولۇش چاقىرىقىدا بولۇنماقچى ئىدى. ئەمما ئۇ، بۇنىڭ ئورنىغا ئىنتايىن مۇھىم بىر ئۇقتۇرۇشنى ئېلان قىلىدۇ: "22-ئىيۇل سەھەر، _ ئۇنىڭ ئاۋازى رادىئو كانىيى ئارقىلىق ئىمپېرىيىنىڭ بارلىق بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدا ياڭرىماقتا ئىدى، _ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسى باشلىنىلغان ئىدى." شۇ كۈندىن باشلاپ پۈتۈن ھەرىكەتلەر پىلان بويىچە ئىلگىرلىمەكتە ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭغا ئۇلاپلا "دۈشمەن پۈتۈنلەي يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىلدى، ئەندى ئۇلار ھەرگىزمۇ ھۇشىغا كېلەلمايدۇ!" بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئەسەبىلەرچە تەنتەنە ئاۋازلىرى پارتلايدۇ.

ئۇ نۇتقىدا بىر مۇنچە سانلىق مەلۇماتلارنى مىسال قىلىپ سۆزلەيدۇ: دۈشمەن قوشۇنلىرىدىن 250 مىڭ كىشى ئەسىر ئېلىندى؛ ۋەيران قىلىنغان ياكى قولغا چۈشكەن توپ-زەمبىرەك 22 مىڭ دانە، تانكا 18 مىڭ دانە، يوقۇتۇلغان دۈشمەن ئايروپىلانى 14500 دىن ئارتۇق. ... ھىتلېرنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق رەقەملەر ئۈزۈلمەي تۆكۈلەتتى: نېمىس ئارمىيىسى 1000 كىلومېتىر ئىچكىرىلەپ كىردى ("بۇ رەقەم بىۋاستە ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانماقتا!")؛ 25 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق رۇسىيە تۆمۈر يولىدا قاتناشنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق، شۇنىڭدەك بۇ تۆمۈر يوللارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى گېرمانىيە تار رېلىسلىق يولغا ئۆزگەرتىلىپ بولدى. ... ھىتلېر، تېخى يېڭىراقتىلا دۈشمەن قايتا ئورنىدىن تۇرالماس ھالغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتقان بولسىمۇ، يەنىلا قاتتىق تەشۋىشلىنىپ تۇرغانلىقى چىقىپلا تۇراتتى. شۇڭا ئۇ، شەرقتىكى بۇ ئۇرۇش ئوخشىمىغان ئاڭ سىستېمىسى ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئۇرۇش ئىكەنلىكىنى، شۇنداق بولغاچقا بۈگۈندىن باشلاپ گېرمانىيە خەلقى ئۇيۇشۇپ ئىدىيىۋى جەھەتتە قەتئىي پارچىلانماس بىر پۈتۈنلۈك ھالىغا كېلىشى لازىملىقىنىمۇ ئېتراپ قىلماي تۇرالمايدۇ. "پۈتكۈل نېمىس خەلقى ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا تەييار بىر پۈتۈن گەۋدە ھالىغا كەلگەندىلا ئاندىن بۇ ئۇرۇشتىن ئۈمىد كۈتەلەيمىز. تەڭرى بىز تەرەپتە، ھەممىگە قابىل تەڭرى ھېچقاچان ھۇرۇنلارغا ياردەم قىلمايدۇ، ئىرادىسىزلەرگىمۇ ياردەم قولىنى سۇنمايدۇ."

ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى نۇتقى ھەقىقەتەنمۇ قالتىس بىر نۇتۇق بولغان ئىدى. ئۇ نۇتقىدا بىر تەرەپتىن غەلىبىنى ماختاپ كۆككە كۆتەرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن كىشىلەرنى يوقۇلۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم پىداكارلىق كۆرسىتىشكە چاقىرىق قىلىنغان ئىدى. ئاخشىمى، گۇدېرىياننىڭ تانكا قىسىملىرى تېز سۈرئەتتە ھۇجۇم قىلىپ ئورېلنى قولغا چۈشەرگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر تارقىلىدۇ. كىشىلەر غالىبىيەت خوشاللىقى ئىچىگە چۆممەكتە، ھەتتا تارامۋايدىكى يولۇۋچىلارمۇ ئۆزلىرىنى گويا رۇسلاردەك ھېس قىلىشىپ كىشىلەرگە قول ئىشارىتى قىلىپ تەنتەنە قىلىشماقتا ئىدى.رۇسلار ئەسلىدە ئۇرال تەرەپلەرگە كۆچۈرۈلۈش پىلانلانغان زاۋۇت ئەسۋاپ-ئۈسكۈنىلىرىمۇ قىلچە بۇزۇلماستىن ئۆز پېتى قولغا چۈشكەن ئىدى.

ئەتىسى، ھىتلېر "بۆرە ئىنى" غا قايتىپ كېتىدۇ. كېيىنكى قالدۇرغان خاتىرىسىدىن قارىغاندا، ھىتلېر كەچلىك تاماق ئۈستىدە بەكلا خوشال كۆرۈنەتتىكەن. 6-ئۆكتەبىر كۈنى چۈشلۈك تاماقتا، ھىتلېر ەپپىنى پۈتۈنلەي چېخوسلوۋاكىيە ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرگەن بولۇپ، ئۇ يەردە بەكلا كۆپ پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ بارلىقى ھەققىدە توختالغان. بۇنىڭدىن ساقلىنىشنىڭ چارىسى بەكلا ئاسان ئىكەنمىش: بارلىق يەھۇدىيلارنى تۇتقۇن قىلىپ "شەرقتىكى يىراق جايلارغا ئاپىرىۋېتىش" ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. بۇ ئىش ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرغان بولۇپ، يەھۇدىيلار دۈشمەن خەۋەرلىرىنىڭ چىقىش مەنبەسى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا بارلىق يەھۇدىيلارنى بېرلىن بىلەن ۋېيىننادىن يىغىشتۇرۇپ يەنە شۇ يەرگە ئاپىرىۋېتىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.

كۈندۈزى ۋاقىتىدا گۇدېرىيان برىيانسكىنى قولغا كەلتۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇنتىزىم ئۈچ ئارمىيىسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش ئىشىنى تاماملايدۇ. كەچلىك تاماق ئۈستىدە، ھىتلېر ئىنتايىن كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ھالدا دەستىخانغا ئولتۇرغان بولۇپ، بۇ قېتىم سىياسىي ئىشلار ھەققىدە ئارتۇق بىر نېمە دېمىگەن. پەقەتلا بىر چاخچاق سۆزى قىلغان بولۇپ، مايور ئېنگەلنى يېڭىراقتا بىر ئىت چىشلىۋالغانلىقىنى، شۇ سەۋەپتىن باش قۇماندانلىق شتابىدا غالجىرلىق كېسىلى تارقىلىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىكەن، دەپ چاخچاق قىلىدۇ. غالىبىيەت خەۋەرلىرى كەينى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى. ئىككى كۈن ئۆتكەندە، ئالدىنقى سەپ ئۇرۇش خەۋەرلىرى گېزىتتە قىزىل ئارمىيە "ئاساسەن ئالغاندا تۈرمار قىلىندى دېيىشكە بولىدۇ" دەپ كۆرسەتكەن. موسكۋا مۇشۇ بىر قانچە كۈن ئىچىدە قولغا چۈشىدىغاندەك كۆرۈنگەچكە، ھىتلېر، موسكۋاغا بىرمۇ نېمىس ئەسكىرى كىرمىسۇن، دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ. "موسكۋا شەھىرى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىنىشى كېرەك، بۇ شەھەر يەر شارى خەرىتىسىدىن پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈپ تاشلىنىشى كېرەك" دەيدۇ.

9-ئۆكتەبىر كۈنى، ھىتلېر ھەربىي ئىشلار يىغىنىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئوتتۇ دىيېترىخقا ۋارقىرىغىنىچە، ئەندى سەن ئۇرۇش خەۋەرلىرىنى خەلقىمىزگە ئۇقتۇرساڭ بولىدۇ، دەيدۇ. يېرىم سائەتتىن كېيىن، ھىتلېر كىتاپخانىسىدا ئالدى-كەينىگە ماڭغىنىچە مەتبۇئاتقا بېرىلىشى ئۈچۈن دىيېترىخقا بىر پارچە غالىبىيەت خەۋىرىنى ئېيتىپ يازغۇزىدۇ. ئەتىسى، دىيېترىخ بۇ خەۋەرنى گېزىتلاردا بېسىلىشى ئۈچۈن بېرلىندا مۇخبىرلارغا تاپشۇرۇپ بېرىۋېتىپ، مۇشتۇمىنى كۆتەرگىنىچە يوقۇرى ئاۋازدا سۆزلەيدۇ: "ئەپەندىلەر، بۇ خەۋەر ئۈچۈن مەن سىلەرگە ئۆزەمنىڭ ئاخباراتچىلىق سالاھىتىم بىلەن كاپالەت بېرەلەيمەن!" "بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئوق مەركىزى ئەللەر مۇخبىرلىرى بىلەن بالقانلىق مۇخبىرلار خوشاللىقىدىن چاۋاك چېلىپ كېتىشتى. – دەيدۇ كېيىنكى ئەسلىمىسىدە «نيۇيورك ۋاقتى» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى خوۋارد ك. سمىت، _ ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ دىيېترىخقا فاشىست سالىمى بېرىشىدۇ."

شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، گېرمانىيە گېزىتلىرىدا زور غالىبىيەت خەۋەرلىرى بېرىلىدۇ: ئىككى سوۋېت تويكورپۇسىنى قورشاۋغا ئېلىۋالدۇق. بۇ خەۋەردىن خەلق ئاممىسى خۇددى چاقماق سوقىۋەتكەندەك چۆچۈپ كېتىشىدۇ. بۇ خەۋەرنى كۆرگەن سۇلغۇن چىراي كىشلەر ئەندىلىكتە ئىنتايىن روھلىنىپ كەتكەن ئىدى. پىۋىخانىلاردا، رادىئودىن «خورست ۋېسسېل» مارشى بىلەن «دوتچلاند ئۈبېر ئاللېس» _ گېرمانىيە ھەممىدىن ئۈستۈن مارشى ياڭرىشى بىلەن تەڭ ھەممە ئورنىدىن تۇرۇشۇپ سالامدا تۇرىشاتتى. بېرلىندا بولسا موسكۋا قولغا چۈشۈپتۇ، دېيىدىغان گەپلەر تارقىلىپ يۈرمەكتە ئىدى.

كىشىنى قاتتىق ئويغا سالىدىغىنى، يەنە شۇ كۈنى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى ۋون رېيچېناۋ، يەنى بىرىنچى بولۇپ مىللەتچى سوتسىئالىزمنى قوللاپ چىققان گېنېرال، 6-كورپۇسقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، پارتىزانلارنى قاتتىق جازالاشنى بۇيرۇيدۇ. ئۇ سۆزىدە، بۇ ئۇرۇشنى ھەرگىز ئادەتتىكى بىر ئۇرۇش دەپ ئويلىماڭلار، بۇ ئۇرۇش نېمىس مەدەنىيىتى بىلەن يەھۇدىيلار، يەنى بولشېۋىزم ئوتتۇرسىدىكى ئۆلۈم-كۆرۈم ئۇرۇشىدۇر، دەيدۇ. "شۇنداق ئىكەن، _ دەيدۇ بۇ مارشال، _ ئەسكەرلىرىمىز ئادەم ئەمەس يەھۇدىيلارغا قاتتىق تەدبىر قوللىنىش، شۇنىڭدەك ئۇلارغا ھەققانىي تولۇقلاش خاراكتېرىدا تەدبىر قوللىنىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى قەتئىي تۈردە تولۇق چۈشىنىپ يەتكەن بولىشى كېرەك." قالغان يوقۇرى دەرىجىلىك گېنېراللارمۇ، ئالايلۇق رۇندىستېد، مانستېيىن قاتارلىق گېنېراللارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇيرۇقلارنى چۈشىرىدۇ.

بۇ چاغدا ھىتلېر، سوۋېت ئىتتىپاقى مەغلۇپ قىلىندى، شۇڭا ئومۇمىي يۈزلۈك غەلىبە قولغا كېلىش ئالدىدا، دەپ ئېلان قىلىدۇ. بۇ بىر خەلقنىڭ ئىرادىسىنى كۈچەيتىشنى

مەقسەت قىلىنغان تەشۋىقاتلا بولۇپ قالماي، بۇ دېگەنگە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىشەنمەيتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ گەپكە ئۆزىنىڭ تەشۋىقات مىنىستىرىنى تولۇق قايىل قىلالمايدۇ. 4-ئۆكتەبىر كۈنى، جوزېف گوبېلس خۇددى دېپرېسسىيەدىن ئۈمىدۋارلىق بىلەن قول ئاستىدىكىلەرگە مۇنداق دەپ نۇتۇق سۆزلەيدۇ: "ھەربىي ئىشلار نوقتىسىدا بۇ ئۇرۇشنىڭ غالىبى بەلگىلىنىپ بولدى دېيەلىشىمىز مۇمكىن. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن ئېلىپ ئېيتقىنىمىزدا ئاساسلىقى سىياسىي ئىشلارلا قالغان ھېسابلىنىدۇ." ئەمما ئۇ، كەينىدىنلا دېگەنلىرىگە زىت ھالدا، نېمىسلار شەرقتە داۋاملىق 10 يىل ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن چوقۇم تەييار تۇرۇشى لازىم، شۇنداق ئىكەن، گېرمانىيە گېزىتلىرىنىڭ ۋەزىپىسى نېمىس خەلقىنىڭ "چىداشچانلىق كۈچى" نى ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بولىشى كېرەك؛ ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا "قالغان ئىشلارمۇ ئۆزلىكىدىن ھەل بولۇپ كېتەلەيدۇ، شۇنداق بولغىنىدا، قىسقا مۇددەت ئىچىدە تىنچلىقنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىغا ھېچكىم دىققەت قىلىپمۇ يۈرمەيدۇ" دەيدۇ.

ئەگەر ھىتلېرمۇ ئەنە شۇنداق ئىمكان قالدۇرۇپ سۆزلىگەن بولسا ئىدى، موسكۋادىكى سوۋېت دېپلوماتىك ئەلچىلىرىنىڭ 15-ئۆكتەبىردە شەرقتىكى 6 يۈز مىل يىراقتىكى كۇيبىشېۋغا قاراپ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىسا ئۇنىڭدىكى بۇ تۇر قاراشلار پۈتۈنلەي تۈزۈپ كەتكەن بولاتتى. بۇ چاغدا موسكۋا شەھىرى ھەقىقەتەنمۇ پاتپاراقچىلىق ئىچىدە قالغان ئىدى. بەزىلەر ئىككى گېرمانىيە پويىزى شەھەر ئەتراپىغىچە يېتىپ كەپتۇ دېيىشىپ، پويىز ئىستانسىسىدا قېچىۋاتقان ئادەمنىڭ كۆپلىگىدىن تىقما-تىقما بولۇپ كەتكەن. يۇقۇرى دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىمۇ پىكاپلىرىغا ئولتۇرۇپ بۇ پاراكەندىچىلىك ئىچىگە قېتىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا تارىختا كۆرۈلمىگەن قاتناش قىسچىلىقىنى پەيدا قىلىۋەتكەن. پىيادىلار يا ئالدىغا يا كەينىگە ماڭالماي قىسىلىپ قالغان پىكاپلارغا ئېتىلغىنىچە پىكاپ ئىچىدىكىلەرنى قاقتى-سوقتى قىلىشقا كىرىشكەن، بولۇپمۇ يەھۇدىي دەپ قارىغانلارنى بەكرەك قورقۇتۇپ بايلىق يۇلۇۋېلىشقا تىرىشقان.

موسكۋادا ساقچىلارمۇ تۇسىيالمىغاچقا، توپ-توپ قاچقۇن ۋە ئىشچىلار ماگىزىنلارنى بۇلاڭ تالاڭ قىلىپ قۇرۇغداپ قويۇشقان؛ شۇنىڭدەك يەنە لېنىننىڭ قاتۇرۇلغان جەسىدىمۇ قىزىل مەيداندىن چىقىرىلىپ باشقا يەرگە يۆتكەپ كېتىلگەنلىكى؛ ستالىنمۇ ئۆزىنىڭ كەينىنى ئۇيلىشىپ كېتىدىغان يېرىنى بەلگىلەپ قويغانلىقى؛ پەقەت ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم كىشىلەرلا كوچىلاردا بىنالارنى دالدا قىلىپ، يوللارنى توساپ بىرمۇ ناتسىستنى ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ئۆلگىچە جەڭ قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقى؛ مۇتلەق كۆپ سانلىق موسكۋالىق پۈتۈنلەي دېگىدەك ئۈمىدسىزلىك ئىچىگە پېتىپ قالغان بولۇپ، كىشىلەر يېرىم

ئۇمىدلىنىش، يېرىم مۇرەككەپ ھېسسىياتلار بىلەن گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى كۈتىۋاتقانلىقى؛ ھەتتا نۇرغۇن كىشىلەر نېمىسچە-رۇسچە لۇغەتلەرنى سېتىۋېلىپ، ئىشغالىيەتچىلەر كەلگىنىدە ئۇلارنىڭ تىلى بويىچە سالام بېرىشكە تەييارلىنىۋاتقانلىقى، ... قاتارىدىكى مىش-مىش گەپلەر تارقىلىشقا باشلايدۇ.

بېرلىندا بولسا، ۋىلھېلىم كوچىسىدىكى چوڭ-كىچىك سالونلاردا كىشىلەر ستالىن بولغارىيە پادىشاھى بورىس ۋاستىچىلىقىدا گېرمانىيىدىن تىنچلىق تەلەپ قىلغانمىش، فرىتز ھېس بۇ گەپلەرنىڭ راس-يالغانلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن رىببېنتروپتىن سورىغانلىقى، رىببېنتروپمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا بۇنداق بىر تەلەپكە ھىتلېر رەت قىلىش جاۋابى بەرگەنلىكىنى پىچىرلىغانلىقى، "بەكلا ئېنىق رەت قىلغانمىش، چۈنكى ئۇ، بۇگۈنكى بۇ سىناققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىغا، ئاخىرقى غەلىبىنىڭ چوقۇم ئۆزىنىڭ بولىدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشەنچ قىلارمىش"؛ ھىتلېرنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىق گېنېراللىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشەنچكە ئىگە ئىكەنلىكى، مەسىلەن بۇلاردىن بىرى بولغان جودل،667 سوۋېت ئىنتىپاقى زاپاس كۈچلىرىنى پۈتۈنلەي تۈگەتتى، دەپ قارايدىغانلاردىن ئىكەنلىكى ھەققىدە گەپ-سۆزلەر تارقىلىشقا باشلايدۇ. ھىتلېر 17-چىسلا كۈنى كەچلىك تاماق ئۈستىدە دېگەن گەپلىرىنىڭ كۆپ قىسمى پارلاق كېلەچەك ھەققىدىكى گەپلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالغاندا ھاياتلىق ماكانى مەسىلىسى رىياللىققا ئايلىنىپ بولغان بىر مەسىلە ھېسابلىناتتى.

ھىتلېر كىشىنى جەلپ قىلارلىق نۇتقىنى سۆزلەپ ئىككى كۈن ئۆتكەندە، ئۇ قايىل قالغان ۋە مازاق قىلىنىدىغان ستالىنمۇ ئۆزىنى تۇتىۋالغان ھالغا كەلمەكتە ئىدى. شۇڭا ئۇمۇ قايتىدىن كرېمىل سارىيىدا كۆرۈلۈشكە باشلىغان ئىدى. ستالىن، موسكۋا سوۋېتى رەئىسىدىن "بىز موسكۋانى قوغداپ قالالامدۇق-يوق؟" دەپ سورايدۇ. ئۇ بۇ سوئالغا رەئىسنىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىلا ئۆزى جاۋاب بېرىدۇ: قورشاۋ ئاستىدا قالىدىغان ئەھۋالدا ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك تەدبىرلەرنى ئېلان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار بىلەن تەرتىپ-ئىنتىزامنى بۇزغۇچىلارغا دەرھال ئۆلۈم جازاسى بېرىلىشى كېرەك؛ جاسۇسلار، تۇيلاڭ چىقارغۇچىلار، ئىشپىيونلار، كۈشكۈرتكۈچىلەر، بىرمۇ قويماي ئۆلتۈرۈلىشى كېرەك دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ. يوقۇرىنىڭ يوليورۇقى قەتئى بولغاچقا، پۈتكۈل موسكۋا شەھەرىنىڭ ۋەزىيىتى قايتىدىن ياخشىلىنىشقا باشلايدۇ.

موسكۋا شەھىرىنىڭ سىرتىدا بولسا، سوۋېت قوشۇنلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىشى بىلەن شەھەرگە 40 مىل يەرگىچە يېقىنلاپ كەلگەن گېرمانىيە ئالدىن ھۇجۇم قىلغۇچى قىسىملىرىنىڭ ئالغا ئەلگىرلىشىمۇ تەدرىجى تۈردە ئاستىلايدۇ. كەينىدىنلا ھاۋارايى ئۆزگىرىپ كۈزلۈك يامغۇر باشلىنىپ كېتىدۇ. گېرمانىيە قىسىملىرىنىڭ ئېغىر

تىپلىق مارك 4 تانكىلىرى پاتقاقتا پېتىپ قېلىپ قىمىرمۇ قىلالماي قالدۇ. ئەمما بۇنىڭدىن ئەۋزەلىرەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە سوۋېت T-34 تانكىلىرى بولسا بۇنداق پاتقاقلاردىن قورقماي ئەركىن ھەرىكەت قىلالايتتى. ئۆتكەن ئىككى يىل جەريانىدا ھىتلېرنىڭ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ يوقۇرىدىن ھىمايە قىلىشى ئاستىدا كەڭ كۆلەملىك قىسقاچقا ئېلىش شەكلى بويىچە ھۇجۇم قىلىشقا تايانغان قىسىملارنىڭ يوقۇرى دەرىجىلىك ھەرىكەتچانلىقى ۋە ئوت كۈچىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىگە تايىنىپ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلەر ئىدى. ئەمما ھازىر، يەر يۈزى مىچىلداپ تۇرغان قۇيۇق پاتقاقلىق دېڭىزىغا ئايلانغان بولغاچقا، تانكىلار بۇ پاتقاقلىقتا مىدىرمۇ قىلالمايدۇ. ئاسماندا ھاۋا تۇتۇق بولغاچقا كۆرۈش مۇساپىسىمۇ بەكلا قىسقا بولغاچقا ھاۋا ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىمۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەيلا قالغان ئىدى. قىسىملار ھەرىكەتچانلىقتىن مەھرۇم قېلىشى بىلەن تەڭ، ئوت كۈچى ئۈستۈنلۈكىمۇ تەڭ يوقۇلۇشقا باشلايدۇ. تەبىئىكى چاقماق تېزلىكىدىكى ئۇرۇشمۇ يوققا چىقىدۇ. ئەمما بۇلار ھىتلېرنىڭ بىردىن-بىر تايىنىدىغان ئۈمىدلىرى ئىدى.

"تەيپىك بورىنى" ھەربى ئوپېراتسىيىسىنىڭ توسالغۇغا دۇچ كېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى مىچىلداپ تۇرغان پاتقاقلىق، سوۋېتنىڭ ئۆتىدىغان سوغۇق كۈز يامغۇرى بىلەن قىزىل ئارمىيىنىڭ قەھرىمانلارچە قارشىلىق كۆرسىتىشى ھېسابلانسىمۇ، بۇلار پۈتۈنلەي توغرا باھانىلەر ھېسابلانمايتتى. مەغلوبىيەتنىڭ ئەسلى سەۋەبى، ھىتلېرنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىق گېنېراللىرىنىڭ قارشىسىدا ھىتلېر بۇ ئوپېراتسىيىنى بىر ئاي بالدۇر باشلىتىشقا ئۇنىماسلىقى ئاساسى سەۋەپ ھېسابلىناتتى. ئەگەر ھىتلېر گېنېراللىرىنىڭ گېپىگە كىرگەن بولسا ئىدى، بەلكىم موسكۋا بۇرۇنلا بىر دۆۋە خىش پارچىسىغا ئايلىنىپ بولىشى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن ئۇنىڭ ئارمىيىسىمۇ ئاللىمۇقاچان مەغلۇپ قىلىنغان بولار ئىدى. ئەمما كاپىتان پۈتكامېر ئۇنداق قارىمايتتى: ئۇنىڭ قارىشىچە، براۋچىتش بىلەن خالدېر ئىككىسى فۇھرېر كېسەل بولغان مەزگىللەردە ھىتلېرنىڭ ئاساسى پىلانىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى ئاساسلىق مەغلوبىيەت سەۋەبى ھېسابلىنارمىش.

ئۆكتەبىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، يامغۇر قارغا ئۆزگىرەپ، مىچىلداپ تۇرغان پاتقاق قېتىپ مۇزغا ئايلىنىدۇ. قىسىملارنىڭ سوغۇققا بولغان تەييارلىقى يوق دېيەرلىك بولغاچقا بەرداشلىق بېرىش ئىمكانىيىتى قالمىغان ئىدى. پۈتكۈل ئۇرۇش سېپىنىڭ بەكلا ئاز قىسمىدا ئىلگىرىلەش كۆرۈنگەندەك قىلغىنى بىلەن، بۇنداق ئىلگىرلەشلەرمۇ تىلغا ئالغۇچىلىقى يوق بەكلا ئاز ئىلگىرلەشلەر ئىدى. ئاي ئاخىرىدا، ۋەزىيەت پۈتۈنلەي ئۈمىدسىز ھالغا كەلگەنلىكى سەۋەبىدىن، بىناكارلىق ئىنجىنىرى گېيسلېر بۇيرۇق بويىچە

گېرمانىيىدىكى شەھەر قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى توختىتىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ، بارلىق ئىشچى، بىناكارلىق قۇرۇلۇش تېخنىكلىرىنى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ۋە ماشىنىلىرىنى شەرققە يولغا سېلىشقا كىرىشىپ، ئۇلارنى يول ياساش، تۆمۈريول رېمونتى ۋە پويىز ئىستانسىسى بىلەن ماشىنا ئىسكىلاتى ياساش قاتارلىق ئىشلارغا سالىدۇ.

تاماق ئۈستىدە ھىتلېر يەنىلا شۇ بۇرۇنقىدەك تولۇق ئىشەنچلىك ئىدى. ئۇ، مىيونخېن قوزغىلىڭىنىڭ يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن يولغا چىقىش ئالدىدا كەچلىك تاماققا ئولتۇرغىنىدىمۇ چاخچاق قىلىپ ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ، دەستىخان مۇھىتىنى بەكلا جۇشتۇرىۋەتكەن ئىدى. موسكۋادا بولسا، ئۇنىڭ ئەڭ قايىل بولىدىغان دۈشمىنى بولغان ئادەم ماياكوۋسكى مېترو بېكىتى زالىدا يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۆكتەبىر ئىنقىلابى بايرىمى ھارپىسىدىكى مىتىنگتە نۇتۇق سۆزلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى نۇتۇقى ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئىشەنچنىڭ غەلىتى ئارىلاشمىسى بىلەن تولغان ئىدى. نۇتقىنىڭ بېشىدا ستالىن ئورۇش تۈپەيلىدىن سوتسىئالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئېغىر توسالغۇغا ئۇچرىغانلىقىنى، جەڭ مەيدانلىرىدا ياردار ۋە ئۆلگەن ئادەم سانى 1 مىليون 700 مىڭ كىشىگە يېتىپ قوپار ھالغا كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ناتسىستلارنىڭ سوۋېت ھاكىمىيىتى يىمىرىلمەكتە دەپ داۋراڭ قىلىشلىرىنىڭ ھېچقاندداق ئاساسى يوقلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ كېلىپ، "دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، _ دەيدۇ ستالىن نۇتقىنى داۋاملاشتۇرۇپ، _ سوۋېتلېرنىڭ ئارقا سېپى ئۆتكەن ھەرقانداق ۋاقىتدىكىدىنمۇ مۇستەھكەم ھالغا كەلدى. ئەگەر بىزنىڭ ئورنىمىزدا باشقا بىر دۆلەت بولسا ئىدى، بىزنىڭدەك بۇنچىۋالا كۆپ زېمىنىدىن ئايرىلىپ قالغىنىدا ھەقىقەتەنمۇ يىمىرىلىپ تۈگەشكەن بولاتتى." شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، گېرمانىيە بىلەن رومىنىيە، ئىتالىيە ۋە ۋېنگرىيە قاتارىدىكى بەكلا كۆپ ئىتتىپاقداش بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ ئۇرۇشتا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن بىرمۇ ئەنگلىيە ياكى ئامېرىكا ئەسكىرى قاتناشمىدى. شۇڭا رۇسىيىنىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇ ۋەزىيەت ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر.

ستالىن قاتتىق ھاياجانلانغان ھالدا پلېخانوۋ بىلەن لېنىننىڭ، بېلىنسكى بىلەن چېرنىشېۋسكىنىڭ، پۇشكىن بىلەن تولستوينىڭ، گوركى بىلەن چېخوۋنىڭ، گلىنكا بىلەن چايكوۋسكىنىڭ، سېچېنوۋ بىلەن پاۋلوۋنىڭ، سۇۋوروۋ بىلەن كۇتۇزووۋنىڭ ئىسىملىرىنى ئاتاپ ئۆتۈپ، رۇسىيەنىڭ مىللىي غورۇرىنى ھەرگىز ئۇنۇتماسلىقى كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. "گېرمانىيە تاجاۋۇزچىلىرى قوزغىغان بۇ ئۇرۇش سوۋېت ئىتتىپاقى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۇرۇقىدىن تارتىپ قۇرۇتىۋېتىش ئۇرۇشىدۇر. خوش ئەمىسە، ئۇلار

ھەقىقەتەنمۇ بۇنداق يوقۇتۇش ئۈرۈشنى قوزغىماقچى بولغانىكەن، قېنى كۆرمىز!“

ستالىن قوماندانلىق ئورنىغا قايتقان ئىككىنچى كۈنى، يەنى 7-نويابىردا يەنە شۇنىڭدەك ھېسسىيات بىلەن قىزىل مەيداندا ھەربىي قىسىملارغا نۇتۇق سۆزلەيدۇ. يىراقلاردىن گۈلدۈرلەپ توپ-زەمبىرەك ئاۋازلىرى كېلىپ تۇراتتى، ئاسماندا سوۋېت چارلىغۇچى ئايروپىلانلار ئۇچۇپ ئۆتمەكتە ئىدى. ستالىن، نۇتقىدا نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت بىلەن 23 يىل بۇرۇنقى ۋەزىيەتنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ كېلىپ، بىز نېمىس تاجاۋۇزچىلىرىنى چوقۇم مەغلۇپ قىلالايمىز، ۋە مەغلۇپ قىلىشىمىز زۆرۈر، بۇنىڭدىن كىم گۇمانلىنىدۇ؟ دەپ سوئال قويۇپ كەينىدىن ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىسمىنى يەنە بىر قېتىم ئاتاپ چىقىدۇ: تېۋتۇن چەۋەندازلىرىنىڭ ئىشغالىيىتىدىن، تاتارلارنىڭ ھۇجۇمىدىن، پولەكلەرنىڭ ھەمدە ناپولېئوننىڭ ئىشغالىيىتىدىن غالىپ كەلگەنلەرنى خەلقىغە چاقىرىق قىلىشنىڭ شۇئارىغا ئايلاندۇرىدۇ: ”ئۇلۇغ بوۋىلىرىمىزنىڭ قەھرىمانلىرىدىن ئالېكساندىر نېۋسكى، دىمىترى دونسكىي، مىنىن ۋە ۋە بوژارسكى، ئالېكساندىر سۇۋوروۋ، مىخائىل كۇتۇزوۋلار سىلەرنىڭ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىشىڭلارغا يارىۋەلەك بولماقتا!“

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، ھىتلېر ميونخېنغا كېلىپ بىر قېتىملىق يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان ئىمپىرىيە ئەمەلدارلىرى بىلەن يەرلىك ئەمەلدارلارغا ئىنتايىن تەسىرلىك بىر نۇتۇق سۆزلەيدۇ. سەل ئۆتكەندە ئۇ يەنە لوۋېنبراۋكېللېر پىۋىخانىسىدا يەنە بىر قېتىم نۇتۇق سۆزلەيدۇ. بۇ قېتىمقى نۇتقىدا ئۇ پرېزىدېنت روزۋېلتقىمۇ بىر ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ ئۆتىدۇ: ئەگەر ئا ق ش ھەربىي پاراخوتلىرى گېرمانىيە ھەربىي پاراخوتلىرىغا ئوت ئېچىشقا پېتىنىدىكەن، ”ئۇلارنىڭ ئۆزى دەل شۇنداق خەتەر ئاستىدا قالىدۇ.“ شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بۇ تۈردىكى تەھدىت سۆزلىرىنىڭ تەسىرى ستالىننىڭ نۇتقى ياراتقان ئەكس سادا چىلىك كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئەسلىدە، شەرقى ئۇرۇش سېپىدىكى قاتماللىقتىن ئۇنىڭمۇ كۆڭلى ئارامىدا ئەمەس ئىدى. ئەتىسى، ھىتلېر قول ئاستىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ كېلىپ، ناپولېئون قوشۇنلىرىنىڭ رۇسىيەدە بېشىغا كەلگەنلەرنى ھەرگىز ئۇنۇتماسلىق كېرەكلىكىنى جېكىلەيدۇ. ”ئەگەر تۇقۇنۇشۋاتقان ئىككى رەقىپنىڭ خالىغان بىرسى قۇرال كۈچىگە تايىنىپ رەقىبىنى يوقۇتالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكىنىدە، ئىككى تەرەپ چوقۇم يارىشىپ قېلىش ئۈچۈن تىنچلىق سۆھبىتى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن.“

ئەمما مارشال ۋون بوك بۇ تۈردىكى پاسسىپ قاراشلارغا قارشى تۇرۇپ، داۋاملىق ھۇجۇم قىلىش تەلىۋىدە بولىدۇ. براۋچىتش بىلەن ھالدېر ئىككىسىمۇ شۇنداق قارايتتى. 12-نويابىر كۈنى، ھالدېر ئىنتايىن ئىشەنچ بىلەن، مېنىڭچە بولغاندا رۇسىيە

يىمىرىلىشىنىڭ گىرداۋىغا كىلىپ بولىدى، دەيدۇ. بۇ گەپلەردىن ھىتلېرمۇ قايتا ھاياجان ئىچىگە پاتىدۇ. شۇڭا ئۈچ كۈندىن كېيىن، موسكۋاغا يۈرۈش قىلىش ھۇجۇمى قايتا باشلىنىدۇ.

دەسلىۋىدە، ھاۋارايىمۇ بەكلا ئىچىلىپ كەتكەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇنداق ئوچۇق ھاۋا ئۇزۇن داۋام قىلمايدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇرۇش سەپلىرى قار-مۇز ۋە قىيان ئىچىدە قالىدۇ. ھەردائىم كىلىپ تۇرىدىغان گىنېرال ئوشىما "بۆرە ئىنى" دا يەنە پەيدا بولغان ۋاقىتلاردا، ھىتلېر ئۇنىڭغا قىش پەسىلى مىنىڭ ھاۋارايى مۇتەخەسسىسلىرىمنىڭ بەرگەن ئالدىن مەلۇماتىدىن بەكلا بۇرۇن كەلدى، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئاندىن ئۇ، ئوشىماغا پىچىرلاپ تۇرۇپ بۇ يىل موسكۋانى قولغا چۈشۈرەلىشىمىز ناتايىندەك كۆرۈنىدۇ، دەپ ئاشكارلايدۇ. دىمەك خوشاللىق كۈنلەر قايتا كەلمەسكە كەتكەندەك قىلاتتى. دەستىخان ئۈستىدىمۇ كۈلكە-چاخچاقلار غايىپ بولغان، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە تاماق يىيىشنى تەلەپ قىلىدىغانلارنىڭ سانىمۇ ئازىيىپ كەتكەن ئىدى.

ھاۋا كۈندىن-كۈنگە سوۋۇشقا باشلايدۇ. ئەسكەرلەر ھىتلېرنىڭ دەسلىۋىدە قىشلىق كىيىم تەييارلىقنى چەكلەش بۇيرۇقى چۈشەرگىنىدىن قاتتىق ئاغرىنىپ يۈرەتتى. 21-نويابىردا، گۇدېرىيان ھالدېرغا تېلېفون قىلىپ، قىسىملىرىمىز بۇنىدىن ئارتۇق بەرداشلىق بەرگۈچىلىكى قالمىدى دەيدۇ. ئۇ ئۆزى بېرىپ بوك بىلەن كۆرۈشۈپ، بىز بۇ بۇيرۇقىڭىزنى ئىجرا قىلىشقا پۈتۈنلەي ئىمكانسىز ھالدا قالدۇق دەپ، يىغىراقتا چۈشۈرگەن بۇيرۇقنى ئىناۋەتسىز قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما مارشال بوك، بىۋاستە فۈھرېرنىڭ بېسىم قىلىشى ئاستىدا تۇرغاچقا گۇدېرىياننىڭ يالۋۇرغىنىغا پەقەتلا قۇلاق سالمايدۇ. شۇڭا ئۇ، موسكۋاغا قايتا ھۇجۇم باشلاشنى بۇيرۇق قىلىدۇ. ئەمما بۇ قېتىمقى ھۇجۇم ئۇششاق-چۈششەك ئالدى-كەينىگە ئىلگىرلەش ۋە چېكىنىشلەردىن كېيىن پۈتۈنلەي مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بوك ئۆزى بىۋاستە ئالدىنقى سەپكە بېرىپ بىر ئالدىن ھۇجۇم قىلىش قىسىمىغا قوماندانلىق قىلىپ 24-نويابىر كۈنى قايتا بىر قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. گەرچە بۇ قېتىم نېمىس قوشۇنلىرى ئىنتايىن شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولسىمۇ، قار-شىۋىرغانلىق بۇ كۈنلەردە سوۋېت قوشۇنلىرىنىڭمۇ جان تىكىپ قارشىلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدىنمۇ بىرەر نەتىجە قازىنالمايدۇ.

ئارىدىن بەش كۈن ئۆتكەندە، جەنۇپتا بىر جىددى ۋەزىيەت پەيدا بولۇپ، ئوتتۇرا يۈنۈلۈش قىسىملىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە قوشۇلۇپ بېرىدۇ. مارشال ۋون رۇندستېدت مەجبۇرى تۈردە بىر ھەپتە ئال قولغا كەلتۈرگەن كاۋكازغا ئىچىلغان دەرۋازا روستوۋغا چېكىنىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ قېتىمقى 30 مىللىق چېكىنىش، ھىتلېرنى قاتتىق

غەزەپلەندۈرۈۋېتىدۇ. شۇڭا ئۇ دەرھال رۇندستېدتقا تېلېگراممىا يوللاپ بارغان يېرىگىدىن چېكىنمەي قەتئىي چەك تۇر، دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. ئەمما رۇندستېدت دەرھال جاۋاب تېلېگراممىا يوللاپ مۇنداق دەيدۇ:

پوزىتسىيىدىن چېكىنمەي چەك تۇرىمەن دېيىش تەلۋىلىك. بىرىنچىدىن بۇنى قىسىملار زادىلا ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئەگەر قىسىملار چېكىندۈرۈلمەيدىكەن چوقۇم تارمار بولۇپ يوق بولىدۇ. شۇڭا مەن بۇ بۇيرۇقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش زۆرۈر دەپ تەلەپ قىلىمەن. بولمىسا ئورنۇمنى بوشىتىپ بېرىمەن.

بۇ تېلېگراممىا تۇۋەن دەرىجىلىك بىر ئوفىتسېر تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، پەقەت ئەڭ ئاخىرقى بىر جۈملىسىنى مارشال ئۆزى قوشۇپ قويغان ئىدى. تېلېگراممىنىڭ ئورنۇمنى بوشىتىپ بېرىمەن دېگەن ئاخىرقى جۈملىسى ھىتلېرنىڭ جېنىغا تەككەن ئىدى. شۇڭا ئۇ، قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش قوماندانى بىلەن مەسلىھەتمۇ قىلىشماي تۇرۇپ شۇ ئاخشىمىلا جاۋاب تېلېگراممىا يوللايدۇ:

"مەن تەلىۋىڭىزنى قوبۇل قىلدىم. قوماندانلىق ھوقۇقىڭىزنى دەرھال تاپشۇرۇپ بەرگەيسىز."

ھىتلېر بىلەن ئوچۇق ئاشكارە سۆزلىشىشكە پېتىنالايدىغان ئاز ساندىكى گېنېراللاردىن بىرى بولغان مارشال ۋون رېيچېناۋ رۇندستېدتنىڭ ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغىنىدىن كېيىن، فۇھرېر نەق مەيدان ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن دەرھال مارىيۇپولغا ئۇچىدۇ. ئۇ يەردە كونا تونۇشلىرىدىن بىرى بولغان ئېس-ئېس كوماندىرى سېپ دېيترىخنى تېپىپ ئەھۋال ئىگەللىمەكچى بولىدۇ. ئەمما بۇ قاتتىق سۆڭەك قىسىمدىكى ئوفىتسېرلارنىڭمۇ رۇنېستىدتنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئەسكەرلەر دەرھال چېكىندۈرۈلمىگىنىدە ئاللىمۇقاچان تارمار قىلىنىپ يوق بولۇشىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، غەزەپتىن مىڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كېتىدۇ.

ھىتلېر، رېيچېناۋنى رۇندستېدتنىڭ پۈتتۈرەلمىگەن ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا بۇيرۇق قىلغاندىن كېيىن، رۇندستېدت بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئۇ ئەسلىدە كۈدە-كۆپىسىنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيىنىڭ يولىنى تۇتۇشقا تەييارلىنىۋاتاتتى ھەمدە ھىتلېرنىڭ مېنى قوبۇل قىلماقچى بولىشى چوقۇم قانداقتۇ بىر كېچىرىم سوراش بولىشىمۇ مۇمكىن دەپ ئويلايتتى. كۈتۈلمىگەندە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە تەھدىت تۇسىگە ئۆزگىرىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا، بۇندىن كېيىن ھېچكىمنىڭ ئىستىپا سۇنۇشىغا يول قويمايدىغانلىقىنى دەپ كېلىپ، "ئۆزەمنى مىسالغا ئالسام، مەن ھېچقاچان يوقۇرى ئورۇنغا بېرىپ، ھەممىگە قادىر تەڭرىم، مەن ۋەزىپەمدىن ۋاز كېچىمەن، چۈنكى مەن مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئېلىشنى

خالىمايمەن، دەپ ئېيتالمايمەن.“

روستوۋنىڭ ئىشغال قىلىنغىنىدىن كېيىن قايتا قولدىن چىقىپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر بېرلىندا، بولۇپمۇ تەشۋىقات مىنىستىرلىكى بىلەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە ھەممىنى قاتتىق ئويغا سېلىپ قويىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بۇ مەغلۇبىيەت بۇندىن سەل ئاۋال ئوتتۇرا ئۇرۇش سېپىدا ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن ئېغىر پالاكەتكە سېلىشتۇرغاندا ھېچ نېمە ئەمەس ئىدى. موسكۋاغا قىلىنغان ئومۇمىي يۈزلۈك ھۇجۇم مەغلۇب بولغان ئىدى. دېكابىرنىڭ باشلىرىدا، بىر پىيادە قىسىم رازۋېتكا ئەترىتى موسكۋا بويىغىچە سۈرۈلۈپ بېرىپ كرېمىل سارىيىنىڭ ئۈچلۈق مۇنارلىرىنى كۆرەلىگەن بولسىمۇ، ئۇلار بىر قانچە قىزىل ئارمىيە تانكىسى ۋە زاۋۇت ئىشچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن پەۋقۇلئاددە قىسىملار تەرىپىدىن تىرە-پىرەڭ قىلىۋېتىلىدۇ. ئېغىر ئاشقازان كېسىلى بار مارشال ۋون بوك تېلېفوندا براۋچىتشقا پۈتكۈل ھۇجۇم چوڭقۇرلاپ كىرىش جەھەتتە يېتەرسىز بولدى، قىسىملارنىڭ كۈچى خوراپ تۈگىدى، دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. 3-دېكابىردا، بوك يەنە ھالدىرىگىمۇ تېلېفون قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تېلېفون سۆھبىتى تېخىمۇ ئۈمىدسىزلىككە تولغان ئىدى. بوك ئۇنىڭغا مۇداپىيەگە ئۆتۈش ھەققىدە تەكلىپ قىلغىنىدا، باش قوماندانلىق شتاب باشلىقى ئالدىنقى سەپتىن يىراقتا يۈرىدىغان كىشىلەرنىڭ پاسونى بويىچە ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈشكە كىرىشىدۇ: “ئەڭ ياخشى مۇداپىيەلىنىش – ھۇجۇم قىلىشتا چىڭ تۇرۇش!“

ئەتىسى، گۇدېرىئان، تېمپېراتورانىڭ نۆلدىن تۆۋەن 31 گرادۇسقا چۈشتى دەپ مەلۇمات بېرىدۇ. ھاۋا ھەددىدىن ئارتۇق سوغۇق بولغاچقا، تانكىلارنى زېۋىت قىلىش ئۈچۈن موتورنىڭ ئاستىغا ئوت يېقىپ ئىستىمغىچە ئوت ئالدۇرۇش مۇمكىن بولماي قالغان؛ دۇربۇنلارمۇ لىنزىلىرى ھوردا مۇز قېتىپ ئېنىق كۆرگىلى بولماس ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى. ئەڭ يامىنى، قىشلىق پەلتو بىلەن ئۇزۇن يۇڭ پايپاقلارمۇ يېتىپ كەلمىگەن بولغاچقا، ئەسكەرلەر زىمىستان سوغۇقتا بەكلا قىينىلىپ كېتىۋاتاتتى. 5-دېكابىر كۈنى تېمپېراتورا يەنە 5 گرادۇس تۆۋەنلەيدۇ. گۇدېرىئان ھۇجۇمنى توختىتىپلا قالماي، ئالدىنقى سەپتىكى ئەسكەرلىرىنىمۇ ئارقا سەپلەرگە چېكىندۈرۈپ كېلىشكە باشلايدۇ.

يەنە شۇ كۈنى ئاخشىمى، يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن سوۋېت ئوتتۇرا يۆلۈنۈش ئۇرۇش سېپىنىڭ قوماندانى گېنېرال گېئورگى ژۇكوۋ، 200 مىل ئۇزۇنلۇقتىكى ئۇرۇش سېپىدە، 100 دىۋىزىيىلىك ئەسكىرى كۈچ بىلەن كەڭ كۆلەملىك قايتارما ھۇجۇم باشلايدۇ. بۇ قېتىمقى پىيادە قىسىملار بىلەن تانكا قىسىملىرى ئارلاشمىسىدىن تەشكىل تاپقان قايتارما ھۇجۇم، گېرمانىيە قىسىملىرىنىڭ ۋەتۈەرىگىنى چىقىرىۋېتىدۇ. بۇ جەريانىدا

ھىتلېر موسكۋاغا بېسىپ كىرىش خامخىيالىدىن مەھرۇم بولۇش بىلەنلا قالماستىن، يەنە رۇسىيە بويىچە قار-شىۋىرغان ئاستىدا خۇددى ناپولېئوننىڭ بېشىغا كەلگەن تەغدىرگە ئوخشاش ئاپەت ئۇنىڭمۇ بېشىغا كېلىدىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئۈمىدسىزلىك بىلەن پاراكەندىچىلىك ئالىي قۇماندانلىق شتابىغىچە يېتىپ كەلگەن ئىدى. قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش قۇماندانى براۋچىتش بىر تەرەپتىن كېسەللىك، يەنە بىر تەرەپتىن بوشىشىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ئىستىپا بېرىش تەلۋىدە بولىدۇ.

ھىتلېرنىڭ ئۆزىمۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قېيىپلا كەتكەن ئىدى. دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە رۇسىيە پىيادە قىسىملىرى بەكلا ۋەيرانە ئەھۋالدا ئىدى. مانا ئەندى ئۇلار رەسمى بىر ۋەھشى يولۋاسقا ئايلانغان ئىدى. بۇ قانداقلارچە مۇمكىن؟ 6-دېكابىر كۈنى، ئۇنى ئىچگە چۈشۈپ كەتكەن ھىتلېر جودلغا: "بۇندىن كېيىن غالىبىيەتتىن پەقەتلا ئۈمىد قالمىدى" دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ.

5

ئۆتكەن ئىككى يىل بويىچە، ھىتلېر ئامېرىكا بىلەن زىتلىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن بەكلا ئېھتىيات قىلىپ كەلگەن ئىدى. ھىتلېر، پۈتكۈل ئامېرىكا دۆلىتى "يەھۇدىي گۇرۇھى" نىڭ تېزگىنى ئاستىدا تۇرغانلىقىغا قەتئى ئىشىنەتتى. بۇ گۇرۇھ ۋاشىنگتونغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش بىلەنلا قالماستىن بەلكى، گېزىت، رادىئو ۋە كىنو ساھەلىرىنىمۇ تىزگىنىدە تۇتۇپ كەلمەكتە دەپ قارايتتى. شۇڭا، روزۋېلت ئەنگلىيەگە توختىماي ياردەم قىلىپ تۇرىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا چارىسىز قالغان ھىتلېر ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا مەجبۇر ئىدى. گەرچە ئۇ ئەسكەر بىر خەلق ھېسابلىنىدىغان ئامېرىكىلىقلارنى كۆزگە ئىلمىغاندەك قىلسىمۇ، ئۇلارنىڭ سانائەت كۈچىنى ئېتىراپ قىلمايمۇ ئامالى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئا ق ش غا تاقابىل تۇرالىغىدەك پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەن كۈنلەر كەلگىچە ئا ق ش نىڭ ئىزچىل تۇردە بىتەرەپ تۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن قولىدىن كەلگىنىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلمەكتە ئىدى.

گەرچە ئۇرۇش ماتېرىياللىرى كەينى ئۈزۈلمەي ئەنگلىيە ئۈچ ئارىلىغا توشۇلۇپ تۇرىۋاتقان بولىشىغا قارىماي، ھىتلېر پەۋقۇلئاددە ۋەقە يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيە كېمىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ سودا پاراخوتلىرىغا ھۇجۇم قىلىشنى قەتئى توسۇپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ، "ئامېرىكا ھەربى پاراخوتلىرى تۈنجى ئوق ئاتمىغانلا بولىدىكەن، ئۇلارغا قارشى ئوق چىقىرىشقا بولمايدۇ" دەپ بۇيرۇق چۈشەرگەن

ئىدى. ئەمما روزۋېلتنىڭ "بارباروسسا" ئوپېراتسىيىسىگە قارىتا جىددى ئىنكاس بىلدۈرۈشى، ھىتلېرنىڭ تاقىتىنى چېكىگە يەتكۈزۈش ئىھتىمالى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. ھىتلېر رۇسىيەگە ھۇجۇم باشلاپ ئىككى كۈن ئۆتكەندە، پرېزدېنت ۋاكالەتچى دۆلەت ئىشلىرى سېكرېتارى ستات سۇمنېر ۋېللېسنىڭ بىر پارچە بايانات ئېلان قىلىش ھوقۇقىنى بېرىدۇ. بۇ باياناتتا، باشقا بىر مۇستەبىت دۆلەتكە ياردەم قىلىشقا توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ھىتلېرنى چەكلەش ئۈچۈن بۇ ياردەمنى قىلىش تەكىتلەنگەن ئىدى. بۇنداق ياردەمنى قايسى شەكىلدە ئىشقا ئاشۇرۇش مەسىلىسىدە، روزۋېلت ئېنىق بىر نېمە دېمەگەن بولسىمۇ، بۇنداق ياردەم شەكلى ئۆزۈنغا قالماي ئېنىق مەلۇم بولىدۇ. ئالدى بىلەن، توڭلىتىلغان 40 مىليون ئەتراپىدىكى سوۋېت مەبلىغىنى قايتا بوشىتىپ بېرىدۇ. ئارقىدىنلا «بىتەرەپلىك قانۇن لايىھىسى» نىڭ بەلگىلىمىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقى ئېلان قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ۋلادىۋوستوك پورتى ئامېرىكا كېمىلىرىگە ئېچىۋېتىلىدۇ.

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، يەنى 7-ئىيۇل كۈنى گېرمانىيە، روزۋېلت ياۋروپا ئۇرۇشىغا مۇداخىلە قىلماقچى دەپ تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىشكە كىرىشىدۇ. ئاشكارىلىنىشىچە، ئامېرىكا قۇراللىق كۈچلىرى ئىسلاندىيىگە كىرىپ ئاخىرقى ھېسابتا بۇ ستراتېگىيىلىك يەرنى ئىشغال قىلىپ كەلگەن ئەنگلىيەنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. بۇ چاغدا گېرمانىيەنىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق ۋاقىتلىق ئەلچىسى خانس تومسېن ۋىلھېلم كوچىسىغا تېلېگرامما يوللاپ، روزۋېلتنىڭ كېيىنكى مەقسىدى قانداقتۇ بىر دېڭىز ئارمىيىسى ۋەقەسى پەيدا قىلىش ئارقىلىق ھىتلېرنى ئا ق ش غا ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتۈش، شۇ ئارقىلىق گېرمانىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلماقچى، دەپ ئۇقتۇرىدۇ.

ھىتلېر بۇ تۈردىكى دوكلاتلاردىن پەقەتلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. ئىيۇل ئوتتۇرلىرىدا، ھىتلېر باش ئەلچى ئوشىماغا، بۆگۈنكى كۈندە ياپونىيىنىڭ ۋەزىپىسى ئامېرىكىنىڭ بىتەرەپلىكى دائىرىسى ئىچىدە ئەنگلىيەگە قارشى تۇرۇش بىلەن چەكلىنىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ، بۇرۇنقى قارىشىدىن تۇيۇقسىز باشقىچە بىر قاراشنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. "ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە بىزنىڭ ئەزەلىي دۈشمەنلىرىمىز، بۇنداق بىر قاراش بىزنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىمىزنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان بولۇشى كېرەك." دەيدۇ. بۇ پىكىر، ھىتلېرنىڭ ئۆزۈندىن بىرى ئويلىنىشىدىن كېيىن ئوتتۇرغا قويغان قۇتلۇق بىر قاراش ھېسابلىناتتى. "ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئىككىسى ئۆلارنىڭ قارىشىدا مۇستەقىل بولۇۋالغان دۆلەتكە قەتئى تۈردە قارشى چىقىش بولۇپ كەلمەكتە. بۆگۈنكى كۈندە پەقەت ئىككىلا دۆلەتنىڭ مەنپەئەتلىرى بىر-بىرىگە پۈتلىكاشاڭ پەيدا قىلماي كەلمەكتە. بۇ

ئىككى دۆلەت – گېرمانىيە بىلەن ياپونىيەدىن ئىبارەت." روزۋېلتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئا ق ش، پۈتۈن خىيالى بىلەن ئىمپېرىيالىزم رولىنى ئويناشنى ئويلاپ كەلمەكتە بولۇپ، ياۋروپا بىلەن ئاسىيانىڭ ھاياتلىق بوشلۇقىنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشىغا بېسىم قىلىپ كەلمەكتە. بۇ ئېنىق ئوتتۇرىدا ئەمەسمىدى؟ "شۇنداق بولغاچقا، ـــ دەيدۇ ھىتلېر، ـــ مېنىڭ پىكرىم شۇ: بىز چوقۇم بىرلىشىپ ئۇلارنى يوقۇتىشىمىز كېرەك." يەمچۈك قاتارىدا ياپونلارغا ئۇرۇشتىن كېيىنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ "مەبلەغلىرىنى تازىلاش" ئىشىغا ياردەمچى بولۇش ھەمدە يىراق شەرقنىڭ بىر قىسمىنى ئىشغال قىلىۋېلىش تەكلىۋىنى بېرىدۇ.

توكيو، بۇ تەكلىپنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن سىلىق مۇئامىلىدە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئىشنى بىر تەرەپكە قويۇپ تۇرىدۇ. ئەسلىدە ياپونىيە شەرقتىن رۇسىيەگە ھۇجۇم قىلىشنى ئەمەس بەلكى جەنۇبتا ھىندى-چىنى تەرەپلەرگە قاراپ ئاتلىنىش قارارىنى ئېلىپ بولغان ئىدى. ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق قىلىدۇ. ياپونىيە تېز سۈرئەتتە ھىندى-چىنىنى ئىشغال قىلىپ، 26-ئىيۇلدا روزۋېلتنىڭ دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. پرېزىدېنت، ئۆزۈندىن بۇيان پرېزىدېنتنى بارلىق تاجاۋۇزچىلارغا قارىتا كۈچلۈك ھەرىكەت قوللىنىشقا كېرەكلىكىنى رىغبەتلەندۈرۈپ كېلىۋاتقان خارولد ئىكېس قاتارىدىكى كىشىلەرنىڭ نەسىھەتىنى قوبۇل قىلىپ، ياپونىيەنىڭ ئامېرىكىدىكى مەبلەغلىرىنى توڭلىتىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. بۇ ھەرىكەت ياپونىيە نېفتىنىڭ ئاساسلىق كېلىش مەنبەسىنى تارتىپ ئېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. «نيۇيورك ۋاقتى» گېزىتى بۇ ھەرىكەتنى "ئۇرۇش ئېچىشتىن قالسىلا ئەڭ كۈچلۈك زەربە بەرگەنلىك" دەپ قارايدۇ. ياپونىيە رەھبەرلىرىنىڭ قارىشىچە، بۇ ھەرىكەت ئا ق ش، ئەنگلىيە، خىتاي ۋە گوللاندىيە قاتارىدىكى 4 دۆلەتنىڭ ياپونىيەنى قورشاۋغا ئېلىشتىكى ئەڭ ئاخىرقى قەدىمى، ئۇلار ياپونىيەنىڭ ئاسىيادىكى داھىي بولۇشىنىڭ قانۇنلۇق ئورنىنى رەت قىلىشى، شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭ مەۋجۇدىيىتى ئۈچۈن بېرىلگەن بىر زەربە ھېسابلىناتتى. بۇ ھەرىكەتنى نىملا دېيىلسە دېيىلسۇن، بەربىر يىراق شەرق ئۇرۇشى ئۈچۈن تاشلانغان بىر قەدەم، شۇنىڭدەك بەزى كۆزەتكۈچىلەرنىڭ قارىشى بويىچە، روزۋېلتنىڭ ھىتلېرغا قارشى ئارقا تەرەپتىن ئۇرۇش ئاچقانلىقىنىڭ بىر قەدىمى ھېسابلىناتتى.

بىر ئايدىن كېيىن، پرېزىدېنت بىلەن چېرچىل ئىككىسى نېۋفوۋندلاند سىرتىدىكى دېڭىزدا ئۇچرىشىپ ئاتلانتىك ئوكيان نىزامنامىسىنى ئىمزالىشىدۇ. بۇ بىر ئامېرىكا-ئەنگلىيە ئىككىسىنىڭ ئۇرۇش نىشانىسى توغرىسىدىكى بىرلەشمە باياناتى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، پرېزىدېنت بۇ جەھەتتە تېخىمۇ ئىلگىرى كېتىدۇ. بۇ باياناتنىڭ ھەر قايسى

ماددىلىرى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، شۈبھىسىز روزۋېلت ھىتلېرنىڭ ياراشتۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان دۈشمىنى ھېسابلىناتتى. شۇندىقتىمۇ، قىزىق يېرى، بۇ باياناتلار، ناتسىستلار بىلەن ناتسىستلارغا قارشى ئۇنسۇرلار بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈلمىگەنلىكىدىن فۈھرېرنىڭ دۆلىتى ئىچىدىكى دۈشمەنلىرىنى قاتتىق ئۈمىدسىز بىر ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. "قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى" نىڭ ئەزالىرى بۇ نىزامنامىنى روزۋېلتنىڭ پۈتۈن نېمىسلارغا ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىقىنىڭ غەيرى رەسمىي ئۇرۇش ئېلان قىلىش باياناتى ھېسابلىناتتى. ئۇلار 8-ماددىدىن ھەممىدىن بەكرەك ھەيران ئىدى: بۇ ماددىدا ئۇرۇشتىن كېيىن بارلىق نېمىسلار پۈتۈنلەي قورالسىزلاندۇرۇلىدىغانلىقى تەلەپ قىلىناتتى. بۇ تەلەپ، دەپ يازىدۇ ھاسسەل ژۇرنىلىدا، تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ھەر بىر قانۇنى پۇرسەتلىرىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى.

روزۋېلتنىڭ ھىتلېرنى يوقۇتۇش ئىرادىسى مىليونلىغان ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھېسسىياتىغا تولۇپتىن زىت ئىدى. ئۇچقۇچى چارلېز لىندبېرگنىڭ "ئامېرىكىنى كەشىپ قىلغۇچىلار" بىلەن "گېرمانىيە-ئامېرىكا ئىتتىپاقداشلىقى" ۋە شۇنىڭدەك ئەنئەنىۋي مۇستەقىلچىلار تەشكىلاتى "ئوتتا غەرب رايونى" قاتارلىقلار، گەرچە ئەنگلىيە بىلەن ختايغا ھېسسىداشلىق كۆرسىتىپ كەلسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قان تۆكۈلىدىغان بىر ئۇرۇشقا قاتنىششىنى خالىمايتتى. قالغان ئامېرىكىلىقلار بولسا، كوممۇنىزمغا بولغان ئۆچمەنلىكى سەۋەبىدىن ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھەرقانداق بىر ياردەمدە بولۇشىنى پەقەتلا خالىمايتتى. گېزىت-ژۇرناللار، رادىئولار شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ تۇرىۋاتقان بولۇشىغا قارىماي، روزۋېلت قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرىدۇ. 11-سىنتەبىر كۈنى سۆزلىگەن رادىئو نۇتقىدا، "بۈنىڭدىن كېيىن، ئەگەر گېرمانىيە ياكى ئىتالىيە پاراخوتلىرى ئىسلاندىيە بىلەن ئا ق ش قۇغداپ كېلىۋاتقان بۇنىڭغا ئوخشاش ئاراللار بار دېڭىز تەۋەسىگە كىرگىدەكلا بولىدىكەن، ئۇلار چوقۇم تەھدىت ئاستىدا قالىدۇ" دەيدۇ. گەرچە بۇلار ھىتلېرنىڭ سۇئاستى پاراخوتلىرى ئۇرۇشى چەكلىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەق باھانىسى بولۇپ بەرگەن بولسىمۇ،بۇنىڭلىق بىلەنلا خەلق رايىدىن مەھرۇم بولۇشنى يەنىلا خالىمايتتى. شۇڭا ئۇ دېڭىز ئارمىيە ئادمىرال پولكوۋنىكى رايدېرگە: "ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئاۋال ئۇرۇشتا سودا پاراخوتلىرى ۋەقەسى پەيدا قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك" دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ. بىتلېرنىڭ بۇنداق ۋاقىت بەلگىلەپ بېرىشىدىكى سەۋەپ، ئۆكتەبىر ئوتتۇرلىرىدىن كېيىن رۇسىيە ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان بولىدۇ، دەپ قارىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

31-ئۆتەبىر كۈنى، ئامېرىكىنىڭ قوغلىغۇچى پاراخوتى "رېۋبېن جامېس" بىر سودا

پـاراخوت گۇرۇپپىسـىنى قوغـداپ كېتىۋاتقىنىـدا، ئىسـلاندىيەنىڭ 600 مىـل غەربىـدىكى دېڭىـزدا تورپىللىنىـپ چۆكتۈرۈلـدۇ. شـۇنىڭ بىـلەن، ھىتلېرنىـڭ ۋەقە سـادىر قىلىشـتىن ساقلىنىش ئۈمىدىمۇ يوققا چىقـدۇ. بـۇ دېستۇرىيەر، يەنـى قوغلىغـۇچى پـاراخوتتىكى 100 نەپەر ئامېرىكىلىق دېڭىز ئەسكىرىمۇ بىرلىكتە چۆكۈپ ئۆلـدۇ. روزۋېلـت بـۇ قېتىمقى ۋەقە ئۈسـتىدە بىـرەر باھالاشـتا بولمىغـان بولسـىمۇ، ئۇنىـڭ دېڭىـز ئـارمىيە مىنىسـتىرلىقىنىڭ مىنىستىرى بىر بۆلۈم دېڭىز ئارمىيە قۇرۇغلۇققا چىقىش قىسىملىرىغا، 400 دانە ئـايروپلان مورمانسكتىكى فرانسىيە نۆۋەتچى پاراخوتى "نورماندىيە" گە قاراپ ئۇچۇپ، ئـۇ پـاراخوتنى مۇسادىرە قىلىۋالغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. سـان فرانسىسـكودا چىقىـدىغان «خەۋەرلەر» گېزىتـى دەرھال «بىتەرەپلىك قانۇنى» نـى دەرھـال ئەمەلـدىن قالـدۇرۇش تەلـۋىنى ئـېلان قىلـدۇ؛ كلىۋېلانـدتا چىقىـدىغان «يـوۋاش كىشـىلەر» گېزىتـى بولسـا "دەرھـال تەدبىـر قـوللىنىش" تەلـۋىنى ئوتتۇرغـا قويـدۇ. شـۇنداقتىمۇ مۇسـتەقىللىقچىلار تەرەپتـارى سـەناتورى نيـې، ئـۆزىمىزنى تۇتـۇۋالايلى دەپ چـاقىرىق قىلىـپ مۇنـداق دەيـدۇ: "ئەگەر سـەن قـاۋاقتىكى جىدەلگە ئارلىشىپ قالسـاڭ ئۇرۇشـماي قۇتۇلالمايسـەن!" مۇستەقىللىقچىلاردىن بولمىغـان يەنە بىـر سـەناتور، "بـۇ ئىشـتا سـوغۇققانلىقىمىزنى ساقلىشـىمىز كېـرەك" دەپ تەۋسـىيە بېرىدۇ.

روزۋېلـت ئۈچـۈن ئېيتقانـدا، گېرمـانىيەگە قارشـى ئىـدىيەلەرنىڭ دولقـۇن ھالىغـا كېلىشىنىڭ بۇ پەيتتە ئوتتۇرغا چىقىشىنى توساپ قېلىش ئىمكانىيىتى يـوق ئىـدى. ئارىـدىن بىـر ھەپـتە ۋاقىـت ئۆتـۈپ، روزۋېلـت "ئىجـارىگە بېـرىش قـانۇن ئىشخانىسـى" پۈتـۈن تېرىشچانلىقلار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي يـاردەم بېرىلىشـى، بۇنىـڭ ئۈچۈن دەرھال 100 مىليون دوللار ئايرىلىشىنى بۇيرۇق قىلىدۇ.

ئەتىسـى، يەنـى 8-نويـابىردا، ھىتلېـر مىيونخېنـدا بىـر قېتىملىـق ئۇرۇشـقاقلىقنى كۆشكۈرتىدىغان بىر نۇتۇق سۆزلەيدۇ. بۇ نۇتۇقتا ئەسلىدە "رېـۋبېن جـامېس" پاراخوتىنىـڭ چۆكتۈرۈلىشـىدىن گەپ باشـلايدۇ. "پرېزدېنـت روزۋېلـت دېڭىـز فلوتلىرىغـا، گېرمـانىيە پـاراخوتلىرىنى كـۆرۈنگەن يەردە ئـوت ئـېچىڭلار دەپ بـۇيرۇق بەردى!" دەيـدۇ ھىتلېـر ۋارقىـرىغىنىچە، مەنمـۇ گېرمـانىيە دېڭىـز فلوتىغـا ئەگەر ئامېرىكـا پـاراخوتلىرىنى كـۆرگەنلا يەردە ئوت ئېچىپ يۇرمەڭلار، شۇنداقتىمۇ، ئەگەر ھۇجۇمغا ئۇچرىساڭلار چوقۇم ئۆزەڭلارنى قوغداشقا تىرىشىڭلار، دەپ بـۇيرۇق چۈشـەردىم.گەرچە ئـۇ بەكـلا غەزەپلىـك كۆرۈنگەنـدەك قىلسـىمۇ، ئەمەلىيەتـتە فـۈھرېر يەنـلا بىـر مەيـدان ئـۇرۇش ئىچىـگە پېتىـپ قېلىشـتىن سـاقلىنىش خىيالىـدا ئىـدى. ئـۇ قانـداقلا دېيىشـىدىن قەتئىـي نەزەر، بەرىبىـر فـرانكلىن روزۋېلتتىن ۋە ئامېرىكىنىڭ سانائەت كۈچىدىن قورقاتتى.

شۇ يىلى باش باھاردا، ”بۆرە ئىنى“ دىكى بىر قىتىملىق قوبۇل قىلىشتا ھىتلېر ئۆزىنى تۇتىۋالالمىغان ھالدا بىر مۇنچە ئەھۋاللارنى ئاشكارىلايدۇ. ئۇ، «خەلقارا ئاخبارات ئاگېنتلىقى» مۇخپىرى پىيېر خۇسقا ئىزاھات بېرىپ، ”مەن بەربىر سىلەرنىڭ رۇزۋېلتىڭلاردىن ئۇزۇن ياشايمەن.“ دەيدۇ. ”مەن كۆتۈشكە ۋاقتىم بار بىرىمەن. ئالدىرىمايلى. مەن بۇ ئۇرۇشنى ئۆز ئۇسلۇبۇم بويىچە يېڭىپ چىقىمەن.“ تاشقىرىدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن ھىتلېر كۆلرەڭ ھەربىي پەلتۇسىنى كىيىۋالغان ئىدى. ئۇ ئۆرە تۇرغىنىچە ئىككى قولىنى كەينىچە قوشتۇرىۋالغان بولۇپ، ھېسسىياتسىز كۆزلىرى بىلەن ئالدىغا تىكىلگىنىچە خىيالغا پاتقان ئىدى. ئۇ تۇيۇقسىز ئۆرۈلۈپ: ”مەن دېگەن بىر ئىمپېرىيىنىڭ بېشىمەن. شۇڭا بىز بەختەر ھالدا يەنە مىڭ يىل ياشايمىز.“ ئۇ ئوڭ قولىدا تۇتقان پەلىيىنى سول قولىنىڭ ئالقىنىغا ئۇرۇپ قويىدى. ”بۈگۈن نېمىس ئىمپېرىيىسىنى تەۋرىتەلەيدىغان ھېچقانداق بىر كۈچ يوق. تەڭرىنىڭ ئىرادىسى مېنى نېمىس مىللىتىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى تاماملاشقا بۇيرىماقتا.“ گەرچە ئۇ ئۆز تەقدىرى ھەققىدە سۆزلەۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇنىڭ قارىشىدىكى دۇنيا سەھنىسىگە چىقىۋالغان تاينى يوق كىشىلەر ھېسابلىنىدىغان چېرچىل بىلەن رۇزۋېلت ئىككىسى يەنىلا ئۇنىڭ خىيالىدىن نېرى كەتمەي تۇرىۋالغان ئىدى. ”ئۇلار مالىيە زومىگەرلىرى، سىياسى جەننەت ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۆتكەن ئون يىل بويىچە ۋاقتى ئۆتكەنلىكى ئىسپاتلانغان نەرسىلەر تەرىپىدىن قورشىلىپ ئۇلارنىڭ قوللىرىغا ئايلىنىپ قالغان. پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ ئۇلارنى ئوينىتىۋاتقانلار يەنىلا شۇ بايلىق خوجايىنلىرى بىلەن يەھۇدىيلار. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ خەلقى قولىدىكى ھوقۇقلىرى يوقنىڭ ھېساۋىغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا قارىماي يەنە كېلىپ پارلامېنت ئويۇنچىلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىغا دۇچ كەلمەكتە. ئەمما مەن، ئۆز خەلقىمنى ئارقا تىرەك قىلغان بىرىمەن. خەلقىم ماڭا ئىشىنىدۇ، ئۇلار فۈھرېرىگە ئىشىنىدۇ.“ ئۇ يېنىدىكى مۇخبىر بىلەن تىنماي ماڭاتتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ كەينىدە بىر توپ مۇھاپىزەتچى بىلەن بىر قىسىم تۆۋەن دەرىجىلىك خىزمەتچىلەرمۇ ئەگىشىپ كەلمەكتە ئىدى. ھىتلېر قايتىدىن غەزەپلىنىپ ئۇنى ئۇرۇشقا مەجبۇرلاۋاتقان ”ساراڭلار“ نى قاغاپ كېتىدۇ. ”مېنىدە خەلقىمگە بۇندىن كېيىنكى 50 يىللىق خىزمەت قىلىش پىلان بار. مەن ھەرگىزمۇ دالادىي بىلەن چېمبېرلىن ئېقىمىدىكىلەرگە ئوخشاش ئۇرۇش بولۇپ تۇرغىنىدىلا ئاندىن ئەمەل تۇتۇپ تۇرالايدىغان بىرى ئەمەسمەن. بۇ جەھەتتە رۇزۋېلت ئەپەندىمۇ ئۇلاردىن قىلچە پەرق قىلمايدۇ.“

خۇس، ئۇنىڭ پىرىزدېنتنى تىلغا ئېلىشى ھامان قاپىقى تۈرۈلۈپ كېتىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىدۇ. ئۇ كېيىن ئەسلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”مەن تۇيۇقسىز شۇنداق بىر تۇيغۇغا كەلدىم ھەمدە شۇنى ئىنتايىن ئېنىق ھېس قىلدىمكى، مەن فۈھرېرنىڭ قەلبىدىكى

بىر سىرنى، مەڭگۈ ئاشكارلانمايدىغان، ھەمدە مەڭگۈ ئېتىراپ قىلمايدىغان بىر سىرنى بىلىپ قالدىم.“ ھىتلېر ئىستىخىيىلىك بىر تۈردە فرانكلىن د. روزۋېلتتىن قورقىدىكەن. ”شۇنداق، روزۋېلت ئەپەندى، شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭ يەھۇدىيلىرىمۇ بار!“ دەپ نالە قىلاتتى ھىتلېر. ”ئۇ پۈتبۈن دۇنيانى قولغا كەلتۈرمەكچى، ھەتتا قۇياشتىنمۇ بىرەر پارچە بىزگە قالدۇرۇشنى خالىمايتتى. ئۇ، مەن ئەنگلىيەنى قۇتقۇزىمەن دېگىنىدە، ئۇلۇغ برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمدارى ۋە ئۇنىڭ ئىزباسارى بولۇشنى نىيەت قىلىدىكەن.“

ھىتلېرنىڭ ئامېرىكىغا بولغان بارغانسىرى قاتتىق مۇئامىلىدە بولۇشى رىببېنتروپتىنمۇ كۆرۈنەتتى. 28-نويابىر ئاخشىمى، ئۇ گېنېرال ئوشىمانى قوبۇل قىلىپ، ياپونىينى ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىغا قاشى ئۇرۇش باشلىتىشنى كۈشكۈرتىدۇ. ئوشىما بۇنى بەكلا غەلىتى ھېس قىلىدۇ. ”جانابىلىرى ئەجەبا گېرمانىيە بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرسىدا ئەمەلىيەتتە بىر ئۇرۇش ۋەزىيىتى مەۋقۇت دېمەكچىمۇ قاندا؟“ رىببېنتروپ جاۋاب بېرىپ، بىز ئۇنىڭلىك ئىلگىرى كەتمىدۇق، ”روزۋېلت بىر سارالڭ. ئۇنىڭ نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئېنىق دەپ بېرەلمەيدۇ“ دەيدۇ چۈشەندۈرۈپ كېلىپ. ئۇ ئوشىماغا، ئەگەر ياپونىيە خەستەنگە بېرىپ ئامېرىكىغا چېقىلماقچى بولىدىكەن، گېرمانىيە چوقۇم ياپونىيە تەرەپتە تۇرۇپ ئۇلار بىلەن ئېتىشىپاقداش بولىدۇ دەپ ۋەدە قىلىدۇ. ”بۇنداق بىر ئەھۋال ئاستىدا، گېرمانىيە ھەرگىزمۇ ئامېرىكا بىلەن ئۆز ئالدىغا يارىشىش يولىغا ماڭمايدۇ. بۇ جەھەتتە، فۈھرېر قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ بولغان“ دەيدۇ. ياپونىيە باش قوماندانلىق شتابىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ خەۋەر ئۇلارنى ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق ھاياجانلاندۇرىۋېتىدۇ. شۇڭا ئاۋىياماتكىدىن تەشكىل تاپقان ھەرىكەت قوشۇنى مارجان ئاراللىرى، يەنى پېرل خاربورغا قاراپ يولغا چىقىپمۇ بولغان ئىدى. نويابىرنىڭ ئەڭ ئاخارقى كۈنى، ئوشىما دەرھال ھىتلېر بىلەن رىببېنتروپقا، ئەنگلىيە-ئامېرىكا ئىككىسى يىراق شەرققە ئەسكەر يۆتكەشنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭغا قارشى قەتئىي تۈردە تەدبىر ئېلىنىشى لازىملىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ:

... ئۇلارغا، ياپونىيە بىلەن ئانگلو-ساكسون دۆلەتلىرى ئوتتۇرسىدا قۇراللىق بىر توقۇنۇش يۈز بېرىشى ئېھتىماللىنىڭ بارلىقى، بۇنىڭ تۇيۇقسىز بىر ئۇرۇشقا سەۋەب بولىشى مۇمكىنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشى بۇيرۇق قىلىنغان؛ شۇنىڭدەك يەنە بۇنداق بىر ئۇرۇشنىڭ باشلىنىش ۋاقتى ھەر قانداق بىرسىنىڭ پەرەز قىلغىنىدىن بالدۇر بولىشى مۇمكىنلىكىنىمۇ ئۇقتۇرۇپ قويۇلۇشى تاپىلانغان.

بۇ يولىۋرۇق چۈشۈرۈلىشى ھامان، ئۇنى گېرمانىيىدىن كونكرىتنى بىر كاپالەت ئېلىۋېلىشى ھەققىدىكى تەلىماتمۇ يوللىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئوشىما 1-دېكابىر يېرىم

كېچىدە رىبېنتروپنى زىيارەت قىلغىلى بارغان ۋاقتىدا، بۇ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى قاچۇرۇشى ئوشمانى قاتتىق ھەيران قالدۇردى. رىبېنتروپ بۇ كۆرۈشۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ سەۋەبى قىلىپ ئاۋال فۇھرېر بىلەن مەسلىھەتلەشمەي بولمايدىغانلىقىنى، ئەمما ھىتلېرنىڭ ھازىر يەنە شۇ "بۆرە ئىنى" دە ئىكەنلىكىنى باھانە قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇلار ئىككىسىلا شۇنى ئېنىق بىلەتتىكى، ھىتلېر دۇنيانىڭ يەنە بىر ئۇچىدا كومېدىيىلىك بىر ۋەقەنىڭ تەييارلىنىۋاتقانلىقىغا قىزىققىدەك ۋاقتىنىڭ يوقلىقىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا، 5-چېسلا سەھەر سائەت 3 بولغاندىلا ئاندىن بىر شەرتنامە لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتىن ئوشىما بەك ھەيرانلىق ھېس قىلمىغان ئىدى. بۇ شەرتنامىدا، گېرمانىيە ياپونىيە بىلەن ئىتتىپاقداشلىق تۈزۈپ ئامېرىكىغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىدىغانلىقى ۋە بۇ جەھەتتە ھەرگىز ئۆزئالدىغا يارىشىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانمايدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىنغان ئىدى.

"بۆرە ئىنى" دە، پېرل خاربور ۋەقەسىدىن بىرىنچى بولۇپ خەۋەر تاپقان كىشى ئوتتو دىيترىخ ئىدى. 7-دېكابىر گۇگۇم ۋاقتىدا، ئۇ ئالدىرىغىنىچە فۇھرېرنىڭ ئىستىھكامىغا كىرىپ، دەيدىغان بەكلا مۇھىم بىر خەۋىرىم بار، دەيدۇ. ھىتلېر تېخى يېڭىراقتىلا رۇسىيە ئالدىنقى سېپىدىن يوللانغان كىشىنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان دوكلاتنى تاپشۇرۇپ ئالغان بولغاچقا، دىيترىخمۇ بۇنىڭغا ئوخشىغان يامان خەۋەردىن بىرنى ئېلىپ كەلگەن بولمىسۇن دەپ بەكلا ئەنسىرىگەن ئىدى. ئۇنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق ئاخبارات ئېلان قىلغۇچى مەسئولى تېلېگراممىنى ئوقۇپ بولغىنىدا، ھىتلېرنىڭ چىرايىدا بەكلا غەلىتە بىر كۆرۈنۈش پەيدا بولدى. ئۇ ئىنتايىن روھلانغان ھالدا قاتتىق ھاياجان بىلەن سورايدۇ: "بۇ خەۋەر توغرىمۇ؟"

دىيترىخمۇ ئىشخانىسىدىن كەلگەن تېلېفون بۇ خەۋەرنىڭ راس ئىكەنلىكىنى دەلىللىگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ھىتلېر دەرھال بېرىپ ئۇنىڭ قولىدىكى تېلېگرامما قەغىزىنى يۇلۇپ ئېلىپ ئۇچىسىغا پەلتوسى بىلەن شەپكىسىنىمۇ كەيمەستىن تېز قەدەملەر بىلەن ھەربى تەرەپ ئىستىھكامىغا قاراپ يۈرۈپ كېتىدۇ. كېيتېل بىلەن جودل، ھىتلېرنىڭ قولىدا تېلېگراممىا قەغىزنى تۇتقىنىچە قاتتىق ھاياجانلىق بىر قىياپەتتە كىرىپ كېلىشىنى كۆرۈپ داڭ قېتىپلا قېلىشىدۇ. كېيتېل، ياپونىيە بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئۇرۇش ھىتلېرنىڭ كۆڭلىدىكى "دېۋىدەك ئېغىر يۈكنى بىراقلا ئېلىپ تاشلىغان" لىقىنى ھېس قىلىدۇ. ھىتلېر خېۋىل بىلەن بىرگە كىتىۋېتىپ كۆڭلىدىكى خوشاللىقنى پەقەتلا يوشۇرالماي قالغان ئىدى: "ئەندى بىز بۇ ئۇرۇشتا ھەرگىزمۇ مەغلوپ بولمايدىغان بولدۇق! مانا ئەندى، بىزنىڭ ئۈچ مىڭ يىلدىن بېرى پەقەتلا مەغلوپ بولۇپ باقمىغان بىر

شىرىكىمىز بار بولدى!"

6

مارجان ئارىلى ۋەقەسى يۈز بەرگەن كۈنى، ئۇمىدسىزلىك دوكلاتلىرى كەينى ئۈزۈلمەي رۇسىيە ئۇرۇش سەپلىرىدىن كېلىش باشلاپ، ھىتلېرنى يېڭى بىر يولىيورۇق تەييارلاشقا زورلايدۇ. بۇ يولىيورۇق تەييارلىنىپ بىر سوتكىدىن كېيىن تارقىتىلىدۇ: "ئۇزۇق-تۈلۈك نەقلىياتىنىڭ ئىمكانىيىتى بولماي قالدى. نەتىجىدە قەھرىتان سوغۇق بىزنى كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىپ مۇداپىيەدە كۈتۈشكە مەجبۇرلىماقتا." ئۇ يولىيورۇقدا مۇداپىيىلىنىش ھەققىدە بىر قانچە پرىنسىپنى بەلگىلىگەندىن كېيىن، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قالغان يولىيورۇقلارنى تارقىتىش ئىشىنى ھالدېرغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى پېرل خاربور ۋەقەسىدىن كېلىپ چىققان بوھراننى بىۋاستە ھەل قىلىش ئۈچۈن بېرلىنگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. بۇ چاغدا، ياپونىيىنىڭ ئامېرىكىغا ھۇجۇم قىلغانلىق ھەققىدىكى دەسلەپكى خوشاللىقىنىڭ ئورنىنى بۇ ۋەقەگە ئەھمىيەت بېرىش ئالغان ئىدى. ئەمما پېرل خاربور ۋەقەسىنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشى ستالىننىڭ شەرقتىن ھۇجۇمغا ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرىشىنى پۈتۈنلەي تازىلىۋەتكەن بولۇپ، ئەندى ئاسىيادىكى ھەربى قىسىملىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگىدەك نېمىسلارغا قارشى ئۇرۇش سەپلىرىگە يۆتكەپ كېلىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بەرگەن ھېسابتا ئىدى. "بۇ قېتىمقى ئامېرىكىغا قارشى ئۇرۇش ئەسلىدە پۈتۈنلەي بىر تىرادىگىيە ئىدى، _ دەيدۇ ھىتلېر كېيىنچە ئېتىراپ قىلغان ھالدا، _ بۇ ھۇجۇم ھەقىقەتەنمۇ مەنتىقىسىز ۋە قىلچە ئاساسى بولمىغان بىر ھۇجۇم ئىدى. بۇمۇ خۇددى مېنىڭ گېرمانىيە ھوقۇقىنى تىزگىنلىشىم، ئەمما يەھۇدىيلار بولسا روزۋېلتنى ئامېرىكىغا قۇماندانلىق قىلىشقا تاللىۋالغىنىدەكلا تارىخنىڭ غەلىتە بىر ئويۇنى ئىدى. ئەسلىدە، قايسىلا تەرەپتىن ئالساق گېرمانىيە بىلەن ئامېرىكا، ئەگەر ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلالمىغان ياكى ئۆزئارا ھېسسىداشلىق قىلىشالمىغان تەقدىردىمۇ، ھېچ بولمىغاندا ئۆزئارا بىر-بىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىشىخالىغان تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە كېرەكسىز بېسىم پەيدا قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىشى شەرت ئىدى."

9-چىسلا ئەڭ بالدۇر بېرلىنغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن كىشى رىبېنتىروپ بولدى. ئۇ، بەك قارشى ئېلىنىپ كەتمەيدىغان بىر خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى: گېنېرال ئوشىما، گېرمانىيەنى دەرھال ئا ق ش غا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىش تەلىۋىدە بولغان ئىدى. تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رىبېنتىروپ، گېرمانىيەدە بۇنداق بىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە

ئېلىشى كېرەك دەيدىغان مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس، چۈنكى، ئوق مەركىزى ئۈچ دۆلەت شەرتنامىسىغا ئاساسەن، ياپونىيە بىۋاستە تاجاۋۇزغا ئۇچرىغان ئەھۋال ئاستىدىلا ئاندىن بۇ ئىتتىپاقدىشىغا ياردەمگە بېرىشى مۇمكىن بولاتتى.

ئەمما ھىتلېر بۇنداق بىر بوشلۇقتىن پايدىلىنىشنى خالىمايتتى: "ئەگەر بىز ياپونىيە تەرەپتە تۇرمايدىكەنمىز، ئۇ ھالدا بۇ شەرتنامىنى سىياسىي نوقتىدىن ئۆلگەن بىر شەرتنامە دەپ قارىساق بولىدۇ. يەنە شۇنداقتىمۇ بۇ بىر مۇھىم سەۋەب ھېسابلانمايدۇ. ئاساسلىق سەۋەب، ئامېرىكا بىزنىڭ پاراخوتلىرىمىزغا قارشى ئوق چىقىرىشقا كىرىشكەنلىكىدۇر. بۇ ئۇرۇشتا، ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ كۈچلۈك بىر ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ھەرىكەت باشلاش ئارقىلىق ئەسلىدە بىر تۈرلۈك ئۇرۇش ۋەزىيىتى ياراتقان ھېسابلاندى."

شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئامېرىكىغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىش قارارىنى ئۇنچە بەك يەڭگەللەتكىلىك بىلەن ئېلىنغان بىر قارار، شۇنىڭدەك نوقۇل ئىچكى تۈرتكە كۈچىگە ئاساسلىنىپلا ئېلىنغان بىر قارار دېيىشكىمۇ بولمايتتى. ئۇنىڭ بۇنداق بىر قارار ئېلىشىدا ئۈچ دۆلەت شەرتنامىسىنىڭ روھىنى ساقلاپ قېلىشنى مەقسەت قىلغاندىن باشقا، يەنە تېخىمۇ مۇھىم بىر سەۋەپ شۇكى، ياپونىيىدىن ئېرىشلگەن بۇ تۆر بىر ياردەم ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىششى سەۋەبىدىن ئوتتۇرغا چىقىدىغان ھەر تۈرلۈك پايدىسىز ئامىللارنىمۇ زور دەرىجىدە ئازايتىپ بەرگەنلىكىدىنمۇ دېرەك بېرەتتى. تەشۋىقات نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا كۈچلۈك بىر ئىتتىپاقداشقا ئېرىشىش، ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ئالاھىدە روھلاندۇرىدىغان بىر ھادىسە، بولۇپمۇ يېقىندىن بېرى رۇسىيە ئۇرۇش سېپىدا دۇچ كەلگەن ئوڭۇشسىزلىقلار تۈپەيلىدىن بۇ ۋەقەننى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان بىر ئىش دېيىش مۇمكىن. ئۇنىڭدىن قالسا، دەرھال ئۇرۇش ئېلان قىلىش ئىشى ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىغىمۇ ماس كېلەتتى. يەنى نېمە ئۈچۈن 1941-يىلى ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىغا تەھدىت بولىۋاتقان ئىككى ئاساسلىق دۈشمەن ھېسابلانغان خەلقارالىق ماركسىزمچىلار، يەنى رۇسىيە بىلەن خەلقارالىق پۇل مۇئامىلە كاپىتالىزمى، يەنى ئا ق ش دىن ئىبارەت دۇنيانىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ تەييارتاپلىق بىلەن ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ ئىككى غەلىتە مەخلۇققا قارشى بىرلا ۋاقىتتا ئۇرۇش ئېچىشىمىزغا بولمايدىكەن؟ ئەمما تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئۇنداق قارىمايتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇنداق بىر قارارنىڭ ئېلىنىشى بەكلا ئېغىر خاتالىق ھېسابلىناتتى. يەنى ئاسانلا كۆزگە تاشلىنىدىغان سەۋەبلەرنى تىلغا ئالمىغاندىمۇ، بۇ ئۇرۇش روزۋېلتنىڭ يەنە بىر ئىچكى مەسىلىسىنى تەل-تۆكۈس ئەل قىلغۇەتكەن ھېسابلىنىدۇ. ئەسلىدە دۆلەت ئىچىدە نۇرغۇن كىشىلەر قارشى چىقىدىغانلىقى سەۋەبلىك، پرېزدېنت گېرمانىيەگە قارشى ئۇرۇش ئېلان

قىلماسلىقى ئېنىق ئىدى. روزۋېلت بۇنداق بىر تەۋەككۇلچىلىككە ھەرگىز ماقۇل دېمەيتتى. پېرل خاربورغا قىلىنغان ئۇشتۇمتۇت بومباردىماندىن كېيىن ئوتتۇرغا چىققان ئامېرىكىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي يۈزلۈك پەۋقۇلئاددە ئىتتىپاقلىقىنى ھېچقانداق بىر كۈچ بۇزۇۋېتەلمەيتتى.

11-دېكابىر كۈنى، ھىتلېر پارلامېنت يىغىنى ئاچىدۇ. "بىز ھەر دائىم ئاۋال ھۇجۇم قىلىدىغانلاردىن بولىشىمىز كېرەك! – دەيدۇ ھىتلېر. ۋودروۋ ۋىلسوننىڭمۇ خۇددى روزۋېلتقا ئوخشاش تەلۋە بىرى ئىكەنلىكىنى دەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ، _ ئۇ ئاۋال ئۇرۇش قوزغىدى، ئاندىن بۇ ئۇرۇشنىڭ سەۋەبىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇندى. ئاخىرىدا يەنە خىرىستىيان دىنىنىڭ ئېسىلزادىسى قىياپىتىغا پۈركىنىۋېلىپ ئۆزىنى پەدازلاشقا ئۇرۇندى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى غەزەپلەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئىنسانىيەتنى ئاستا-ئاستا ئەمما مۇقەررەر تۈردە ئۇرۇشقا سۆرەپ كىردى. ئۇ يەنە تەكرىنىمۇ بۇ ئىش ئىچىگە ئارىلاشتۇرۇپ قىلغان ھۇجۇمىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ھەققانىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشتى. – ھىتلېر دۇنيا يەھۇدىي مىللىتى بىلەن بولشېۋىك رۇسىيەسى بىلەن روزۋېلت ھاكىمىيىتىنى تەڭ ئورۇنغا قويۇپ مۇھاكىمە يۈرگۈزگىنىدىن كېيىن، دۈشمەنگە قارشى خىتاپنامىسىنى ئېلان قىلىدۇ: _ شۇنداق بولغاچقا، بۈگۈن مەن ئامېرىكا كونسۇلىغا سۇنماقچى بولۇپ بىر پارچە ئۇلتىماتوم تەييارلىدىم. مەن شۇنى ئېلان قىلىمەنكى، ... بۈگۈندىن ئېتىۋارەن گېرمانىيە ئا ق ش بىلەن ئۇرۇش ھالىتىدە." ئالىي قۇماندانلىق شىتابىنىڭ مۇدىرى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بۇ ئىشقا بولغان ئەھمىيەت بېرىشى قىزغىنلىقىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. جودل خانلىق تىياتىرخانا زالىدىن ئايرىلىپلا دەرھال بۆرە ئىنىدە تۇرىۋاتقان ياردەمچىسى گېنېرال ۋارلىمونتقا تېلېفون قىلىپ، " ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ فۇھرېر يىگىرماقتا ئامېرىكىغا ئۇرۇش ئېلان قىلدى." دەيدۇ.

ۋارلېمونت بۇ چاغدا باش قۇماندانلىق شىتابىدىكى قۇماندانلار بىلەن بىرلىكتە ب ۇ ئىشنى مۇھاكىمە قىلىشماقتا ئىدى. شۇڭا ئۇلار بۇ گەپتىن بەك چۆچىگەندەك قىلمايتتى. جودل، "باش قۇماندانلىق شىتاپ ئامېرىكىنىڭ ئاۋال نەگە ئەسكەر يۆتكەش ئېھتىمالى بارلىقىنى تەتقىق قىلىپ چىقىشى كېرەك. ئۇلار ئۇزاق شەرققە ئەسكەر يوللامدۇ ياكى ياۋروپاغا؟ ئەگەر بىز بۇنى ئېنىقلاپ چىقالمىغىنىمىزدا، قالغان قارارلارنى نەدىن باشلاپ ئىجرا قىلىشنىمۇ بىلەلمەيمىز."

"دېگىنىڭىزگە قوشۇلىمەن، بۇ تەتقىقات ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم بىر ئىزدىنىش ئىكەنلىكى ئېنىق. شۇنداقتىمۇ، بۈگۈنگە كەلگىچە، بىز تېخىچە ئامېرىكا بىلەن ئۇرۇش قىلىش مەسىلىسىنى تېخى ئويلىنىپ باقمىدۇق. شۇنداق بولغاچقا، ھېچقانداق بىر ھۆججەتكە

تايىننىش ئىمكانىمىز يوق. شۇنداق ئىكەن، بۇ ئىش ھەقىقەتەنمۇ قىيىنغا توختايدۇ."
"بۇنىڭ ئامالىنى قىلغىن، دەيدۇ جودل. مەن ئەتە بارغاندا قايتا تەپسىلى سۆزلىشەرمىز."

ئامېرىكىغا بولغان بۇ تۇردىكى ئەنسىرەشلەرنى ئۇزۇنغا قالماي شەرقتىن كەلگەن كۆڭۈلسىز خەۋەرلەر ئۇنتۇلدۇرىۋېتىدۇ. گېرمانىيە قوشۇنلىرى ئوتتۇرا سەپ ھەربى رايونىدىكى چېكىنىشى يىمىرىلىپ قېچىش ھالىغا ئايلىنىش خەۋپى بار ئىدى. موسكۋانىڭ غەربى رايونى بىلەن تۇلا رايونى بولسا قاچقاندا تاشلاپ كەتكەن توپ-زەمبىرەك، يۈك ماشىنىلىرى ۋە تانكىلار مازارىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. نېمىس قوشۇنلىرىنىڭ روھى چۈشكۈنلەشسە، سوۋېت قوشۇنلىرى بولسا بارغانسېرى كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق بولۇپ ئۆزگەرمەكتە ئىدى. 13-دېكابىر كۈنى، سوۋېت ئىنتىپاقى رەسمى تۈردە ھىتلېرنىڭ موسكۋا مۇھاسىرىسى ئۇرۇنۇشىنىڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى ئاشكارە ئېلان قىلىدۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن، سىياسىي بيۇرۇ ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئورگانلىرىنى قايتىدىن پايتەختكە قايتۇرۇپ كېلىدۇ.

ھېرىپ ھالى قالمىغان براۋچىتش داۋاملىق كەينىگە چېكىنىشنى تەلەپ قىلماقتا ئىدى. ئەمما ھىتلېر ئۇنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلىش بىلەن بىرگە، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنى پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان بىر بۇيرۇق ئېلان قىلىدۇ: "پوزىتسىيىلەر بىر قەدەممۇ چېكىنمەستىن قەتئى چىڭ تۇرۇپ ساقلانسۇن!" ئېغىر ئاشقازان كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئوتتۇرا سەپ قوماندانى مارشال ۋون بوك (بەزى ماتېرىياللاردا بېك دەپ ئاتالغانلىقىمۇ مەلۇم – ئۇ.ت)، سالامەتلىكى يار بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا كلۇگ تەيىنلىنىدۇ. ئەتىسى، يەنى 19-چېسلا، يۈرەك كېسىلى دەسلەپكى قەدەمدە ياخشىلىنىشقا باشلىغان براۋچىتش غەيرىتىنى تولۇپلاپ ھىتلېر بىلەن كۆرۈشۈشكە بارىدۇ. ئۇلار ئىككىسى يالغۇز ئىككى سائەتتەك مۇنازىرە قىلىشىدۇ. براۋچىتش فۈھرېرنىڭ بېنىدىن ئايرىلغىنىدا، چىرايى تاتارغان، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىترەك بېسىپ كەتكەن بولۇپ: مېنى قوغلىۋەتتى! دەيدۇ كېيتېلغا. ئۇ مېنىڭ ۋەزىپەمنى ئېلىپ تاشلىدى. ئەندى مەن ھېچ ئىشقا يارىماس بىرىگە ئايلاندىم."

"ئەندى قانداق قىلىمىز؟"
"بىلمىدىم، بېرىپ ئۆزەڭ سورا."

ئارىدىن بىر قانچە سائەت ئۆتۈپ، كېيتېلمۇ چاقىرتىلىدۇ. فۈھرېر ئۇنىڭغا ئۆز قەلىمى

بىلەن يازغان بىر پارچە «كۆندىلىك خاتىرە» سىنى ئوقۇپ ئۆتتىدۇ. ئۇ خاتىرىسىدە قۇرۇقلۇق ئارمىيەنىڭ قوماندانلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىنى، گېرمانىيىنىڭ تەقدىرىنى ئۆز تەقدىرى بىلەن چەمبەر-چەست بىرلەشتۈرگەنلىكى يېزىلغان ئىدى. ئەمما بۇ ئىش هازىرچە مەخپىي تۇتۇلۇشى كېرەكلىكىنى، شۇنداقتىمۇ دەرهال هالدېرغا ئۇقتۇرۇپ قويۇش كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. هىتلېرمۇ شۇهامات بۇ ئىشنى هالدېرغا ئۇقتۇرىدىغان بولىدۇ. "ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش ئىشىنى هەممە كىشى قىلالايدىغان بىر ئىش. – دەيدۇ هىتلېر، _ باش قوماندانىنىڭ ۋەزىپىسى مىللىي سوتسىئالىزم روهى بويىچە قىسىملارغا تەلىم-تەربىيە بېرىش بولىشى كېرەك. مەن تا بۈگۈنگىچە بىرەر گېنېرالنىڭ مېنىڭ تەلىۋىم بويىچە بۇنداق قىلغانلىقىنى ئاڭلىمىدىم. شۇڭا، مەن قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق هوقۇقىنى ئۆز قولۇمغا ئېلىۋالدىم."

بۇنىڭدىن بۇرۇن، ئۇ ئەسلىدە ئەمەلىيەتتىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش قوماندانى هېسابلانسىمۇ، دائىم پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىپ كەلگەن، بارلىق قىيىن مەسىلىلەر مەسئۇلىيىتىنى گېنېراللىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىگەن ئىدى. مانا ئەمدى، ئۇ ئۆزى رەسمىي باش قوماندان بولغان ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، يۈز بېرىدىغان مەيلى ئۇتۇق بولسۇن ياكى خاتالىق بولسۇن، بارلىق ئىشلارغا پەقەت ئۆزىلا مەسئۇل بولىشى كېرەك ئىدى.

# سەككىزىنچى بۆلۈم

# تۆتىنچى چەۋەنداز

# 25. جەھەننەم سايىسى

1943~1941

1

سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېسىپ كىرىشنىڭ ئىككىنچى كۈنى، يەھۇدىيلارنى سۈرگۈن قىلىشقا مەسئۇل رېيىنخارد ھېيدرىخ يازما شەكىلدە ئاغرىنىپ، بۇ ئۇسۇل يەھۇدىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش چارىسى بولالمايدۇ، دەپ يازىدۇ. ئالايلۇق، بۇ تۈر "تەڭرى تەغدىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان" ئادەملەرنى فرانسىيەنىڭ ماداكاسكار ئارىلىغا پالاشتەك تەدبىرنى قەتئىي تۈردە ئۆزگەرتىشىمىز، بۇنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ ئىشقا يارايدىغان ھەل قىلىش چارىسىنى ئىشقا سېلىشىمىز كېرەك ئىدى دەيدۇ. 31-ئىيۇلدا، ھېيدرىخ فۇھرېرنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن گيۆرىڭ قول قويغان قىسقا بىر پارچە بۇيرۇق تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. بۇ بۇيرۇقتا "ياۋروپادىكى گېرمانىيە تەسىر دائىرىسى ئىچىدە يەھۇدىي مەسىلىسىنى تەل-تۆكۈس ھەل قىلىش ئۈچۈن تەشكىلىي ۋە مالىيە جەھەتتە زۆرۈر بولغان بارلىق تەييارلىقلارنى پۈتتۈر" دەپ يولىيورۇق بېرىلگەن ئىدى (ئۈچ ھەپتە ئاۋال، ھىتلېر خېۋېلغا بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلماقچى بولىۋاتقانلىقى توغرىلىق ئۇيىنى ئېيتقان: "مەن گويا ئۆزەمنى دوختۇر روبېرت كوچنىڭ سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىدەك ھېس قىلماقتىمەن." ھىتلېر بۇ گەپلەرنى ئىسسىقتا دىمىق بولۇپ كەتكەن قاراڭغۇ ئىستىھكام ئىچىدىكى بىر قېتىملىق ئۇزۇنغا سوزۇلغان كەچلىك مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەيدۇ. "ئۇ دوختۇر كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى باكتېرىيىنى كەشىپ قىلغان، شۇنىڭ كەينىدىنلا مىدىتسىنا ساھەسىمۇ بۇ كېسەللىكنى يوقۇتۇشنىڭ يېڭىچە ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقالىغان. مەنمۇ خۇددى شۇنىڭدەك يەھۇدىي دېگەن بۇ مىكروپ بىلەن بۇ باكتېرىيىنى پارچىلاپ يوقۇتۇشنىڭ ئېچىتقۇسىنى كەشىپ قىلدىم. ... مەن مۇنداق بىر ئىشنى ئىسپاتلاپ چىقتىم: بىر دۆلەت يەھۇدىيلار بولمايمۇ مەۋجۇت بولالايدىكەن؛ يەھۇدىيلار بولمىغىنىدا، ئىقتىسات، سەنئەت، مەدەنىيەت قاتارلىقلار تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىيالىدىم. مانا بۇلار يەھۇدىيلارغا بېرەلىگەن ئەڭ كۈچلۈك زەربەم بولۇپ قالدى." – ئا. ھ. ئىزاھاتى).

ئۇنىڭ بۇ تۈردىكى زىرىكەرلىك بىيۇرۇكراتلارچە سۆزىنىڭ كەينىدە يوشۇرغىنى، ئىبس-ئىبسچىلار ئەترىتىدىكىلەرگە ياۋروپا يەھۇدىيلارنىڭ ئۇرۇقنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن ھەممىدىن ئۈستۈن ھوقۇق بەرگەنلىكىنىڭ بىشارىتى ئىدى. ھىملېر دەسلىۋىدە مىنسكتا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ قاتتىق شۈركىنىپ كەتكەن ئۇسۇل ھەققىدە ئىبس-ئىبس باش دوختۇرىدىن سورايدۇ: قايسى ئۇسۇل كوللىكتىپ ئۇرۇقنى قۇرۇتۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى بولالايدۇ؟ دوختۇر ئۇنىڭغا: زەھەرلىك گاز كامىرى ئۇسۇلى دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئىككىنچى قېتىم پولشادىكى ئەڭ چوڭ يىغىۋېلىش لاگېرىنىڭ كوماندىرى رۇدولف ھۆسنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئېغىزچە مەخپىي تەلىمات بېرىدۇ. "مەن ئۇنىڭ ئەسلى سۆزىنى تولۇق ئەسلىيەلمىسەممۇ، ئۇ ماڭا تەخمىنەن مۇنداق دېگەنلىكى ئېسىمدە، _ دەيدۇ ھۆس كېيىن سوتتا شاھىتلىق قىلغىنىدا، – ھىملېر ماڭا: فۇھرېر يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ھەققىدە بۇيرۇق قىلدى، بىز ئىبس-ئىبسچىلار بۇ بۇيرۇقنى چوقۇم ئىجرا قىلىشىمىز شەرت، ئەگەر بىز بۇنى دەرھال ئىجرا قىلمىساق، كەلگۈسىدە بۇ يەھۇدىيلار پۈتكۈل نېمىسلارنى يوقۇتۇپ بولىدۇ، دېگەن ئىدى." ئۇ يەنە ئاۋشىۋىتزنىڭ ستراتېگىيلىك ئورنىدىن ئالغاندا بۇ يەر گېرمانىيە چېگراسى يېقىنىدىكى بىر يەر ئىكەنلىكى، يوشۇرۇن تۇتۇشقا يەتكىدەك يېتەرلىك يېرىمۇ بارلىقى سەۋەبىدىن ھۆس مەسئۇل بولىۋاتقان بۇ يىغىۋېلىش لاگېرىنى مەخسۇس تاللىۋالغانلىقىنى ئېيتقان. ھۆس ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، بۇنداق بىر ھەرىكەت مۇتلەق تۈردە دۆلەت دەرىجىلىك مەخپىيەتلىك قاتارىدا مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولىشى كېرەك دەپ ئەسكەرتىدۇ. ئەمما ھىملېر ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى باشلىقى بىلەن ھەرگىزمۇ مۇزاكىرە قىلىشماسلىقى كېرەكلىكىنى ئېيتقان. شۇڭا، ھۆس پولشاغا قايتقىنىدىن كېيىن، بۇ يىغىۋېلىش لاگېرىنىڭ كۈزەتكۈچى ئەمەلدارىدىن يوشۇرنۇقچە بۇ لاگېرنى ئىنسانىيەت تارىخى بويىچە ئەڭ چوڭ ئادەم قۇشخانىسى مەركىزىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن يېرىنى كېڭەيتىشكە تۇتۇش قىلىدۇ. ئۇ ھەتتا بۇ ئىشلارنى ئايالىدىنمۇ سىر تۇتۇپ كەلگەن.

ھىتلېردا يىغىۋېلىش لاگېرى دەيدىغان بۇنداق بىر قاراشنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە شۇنىڭدەك بۇنداق بىر يەردە كوللىكتىپ قىرغىنچىلىق قىلىش ئىمكانىيىتىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنگەنلىكىنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئىككىسىنىڭ تارىخىدىن كەلگەن مۇقەررەر بىر نەتىجە ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. يەنى ئۇ، جەنوبىي ئافرىقىدا بوئېر ئۇرۇش ئەسىرلىرى ئۈچۈن قۇرغان يىغىۋېلىش لاگېرى بىلەن ئامېرىكىنىڭ قۇرۇق غەرب تەرەپتىكى ئىندىيانلار ئۈچۈن قۇرغان يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا بەكلا قايىل قالغان ئىدى. ھىتلېر يېقىن كىشىلىرى ئارىسىدا ئامېرىكا قىتئەسىدە ئۇرۇقنى قۇرۇتۇش ئۇسۇللىرىنى،

يەنى ئاچارچىلىق ۋە ھەتتا ئۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ قاماققا ئېلىشلار بىلەنمۇ باش ئەگمەس قىزىل تېرىلىق "ياۋايىلار" نىڭ ئۇرۇقىنى قۇرۇتۇش ئۇسۇلىدىن بەكلا قايىل ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ يۈرەتتى.

بۈگۈنكى كۈندە بولسا، ئۇ يەنىلا ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۆزىنىڭ ئومۇمىي ھۆكۈمىتى بىلەن گېرمانىيىنى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشماقتا ئىدى. چۈنكى بۇ ئىككىسىنىڭلا ئورتاق مەقسىدى بىر ئىدى. نېمىسلارنىڭ ئابرويى ھەربىي كۈچىنىڭ قايتا روناق تېپىشى، نېمىس تۇپراقلىرىنىڭ قايتۇرۇۋېلىنىشى، ھەتتا شەرققە قاراپ كېڭىيىۋاتقان ھاياتلىق مۇھىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كۆپ قىسىم يۇرتداشلىرىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشكەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ، بىر ئاچا يولنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغان بولۇپ، ھىتلېر بۇ يولدىن ئەگىپ ئۆتۈپ يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى بىر يولدا مەڭگۈلۈك ھەل قىلىۋېتىشى زۆرۈر ئىدى. نۇرغۇنلىغان نېمىسلار بۇ تۈردىكى مىللەتچىلىك سەپىرىگە قاتنىششقا رازى بولۇش بىلەن بىرلىكتە، مۇتلەق كۆپ قىسىم نېمىسلار يەھۇدىيلارغا چەكلىك تۈردە زىيانكەشلىك قىلىشنىڭلا غېمىدا ئىدى. چۈنكى بۇ ئىش مىليونلىغان غەرپلىكنىڭ سۈكۈت قىلىپ يول قويۇشىغا ئېرىشكەن ئىدى.

ھىتلېرنىڭ غەرىزى، دەسلىۋىدە يەھۇدىيلارنى يوقۇتۇشتا چوقۇم يوشۇرۇن تۇتۇشقا تىرىشقان بولسا، كېيىنچە بۇ خەۋەرنى ئاز-ئازدىن ئۆز ئادەملىرىگە ئاشكارىلاشقا كىرىشىپ، ئاخىرىدا ۋاقىت پىشىپ يېتىلگەندە ئۇلارغا بۇ سىرنىڭ تەپسىلاتىنى ئاشكارىلاشنى نىيەت قىلغان ئىدى. شۇنداق قىلغاندىلا نېمىسلارنىڭ تەقدىرى بىلەن ئۆز تەقدىرىنى بىرلەشتۈرەلىگەن، بۇ جەرياندا ئۆز تەقدىرىمۇ گېرمانىيىنىڭ تەقدىرى ھالىغا كېلەلىگەن بولاتتى. بۇنداق بىرلەشتۈرۈپ ياۋروپادىكى يەھۇدىيلارنى تازىلاش سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئىشى ئاخىرى بىر كۈنى پۈتۈن گېرمانىيىنىڭ بىر ۋەزىپىسى ھالىغا كېلىدىغانلىقى شۇنىڭدەك پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى قوزغاپ بۇ ھەقتە تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىدىغان ھالغا كېلىدىغانلىقىنى ئويلايتتى. بۇ ئىش يەنە كېلىپ بىر قارارغا كېلەلمەي ئىككىلىنىپ يۈرگەنلەرنىڭ، يۇمشاق كۆڭۈللۈكلەرنىڭ چېكىنىش يولىنىمۇ كېسىپ تاشلىيالىشى مۇمكىن ئىدى.

ھازىرچە، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى يەنىلا كاتىپ، ئادىيۇتانت، ئۆي خىزمەتچىلىرى ۋە يېقىن ئۆتىدىغان قۇماندانلىرى قاتارىدىكى ھىتلېرنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن سىر تۇتۇپ كېلىنگەن ئىدى. 1941-يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىغا كەلگەندە، فۇھرېر تاماق ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئاشكارە پىكى بايان قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ بەلكىم ھەققى ئەھۋالنى ئاشكارىلاش يولى ئۈستىدە بىر ئىزدىنىش ھېسابلىنىشى مۇمكىن. ئۆكتەبىر ئوتتۇرلىرىدا، ھىتلېر خەلق

ئامىسسىنىڭ تۇرمۇش جەھەتلەردە ئەدەپلىك ۋە قائىدىلىك بولۇش ھەققىدە سۆزلىگەندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: "ئەمما ئەڭ مۇھىم بولغىنى يەھۇدىيلارنى تازىلىۋېتىش ئىشىدۇر. بۇنى بىجىرەلمىگىنىمىزدە، پاسكىنىچىلىقلارنى ھەرقانچە پاكىز تازىلىدۇق دېسەكمۇ قىلچە پايدىسى يوق." ئىككى كۈندىن كېيىن، ئۇ تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "پارلامېنت سەھنىسىدە يەھۇدىي مىللىتى ھەققىدە پەرىزىمنى ئوتتۇرغا قويغان ئىدىم: ئەگەر ئۇرۇشتىن ساقلىنىش مۇمكىن بولمايدىكەن، يەھۇدىيلار چوقۇم ياۋروپادىن تازىلىۋېتىلىشى كېرەك. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئىككى مىليون ئادىمىمىز ئۆلدى. بۇ ئىشتا بۇ جىنايەت بىلەن بولغانغان مىللەتنىڭ كۆڭلى قارا ئىدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ مىڭلاپ-ئون مىڭلاپ ئادەم ئۆلمەكتە. سىلەر ماڭا، ھەر قانچە بولسىمۇ سەن ئۆلارنى رۇسىيە ساسلىقلىرىغا ھەيدىۋېتىشىڭ توغرا ئەمەس دەپ ئېيتىشقا ھەققىڭلار يوق! كىم بىزنىڭ قىسىملىرىمىزغا كۆڭۈل بولۇپ باقتى؟ شۇنىمۇ دەپ ئۆتۈشمىز كېرەككى، جامائەتچىلىك ئارىسىدا، بىزنىڭ يەھۇدىيلارنى قىرىپ تۈگىتىش پىلانىمىز بارلىقى ھەققىدە گەپ-سۆزلەر ئېقىپ يۈرمەكتە. مېنىڭچە بۇنداق دېيىشلەرنىڭمۇ بىرەر يامان تەرىپى يوق. ۋەھىمە پەيدا قىلىش ئۇنچە بەك يامان ئىشمۇ ئەمەس." ئۇ پەرىزىنى ئوتتۇرغا قويۇپ كېلىپ، يەھۇدىي دۆلىتى قۇرۇش ئۇرۇنۇشلىرى ئاخىرقى ھېسابتا چوقۇم مەغلۇبىيەت بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. "مېنىڭ ئۆلاردىن ئالىدىغان بىر مۇنچە ھېساپ-كىتابىم بار. ئەمما مەن بۈگۈن ئۇ ھېسابلىرىمنى خىيالىمغا كەلتۈرمىدىم. بۇ دېگەنلىك مېنىڭ بۇ ھېسابلارنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىمدىن دېرەك بەرمەيدۇ. پەيتى كەلگىنىدە مەن مۇتلەق تۈردە قېلىن ھېسابلىشىش دەپتىرىنى ئۆلارنىڭ ئالدىغا تاشلايمەن! بۈگۈن مەن يەھۇدىيلار مەسىلىسىدە ئۇنچە بەك ئالدىراپ كەتمىدىم. ھازىرچە ئالدىمىزدا بەكلا كۆپ قىيىنچىلىقلار تۇرماقتا، شۇڭا قىيىنچىلىقلىرىمىزنى كۆپەيتىپ يۈرۈشىمىزنىڭ قىلچە پايدىسى يوق. ئەڭ مۇۋاپىق پەيتنىڭ كېلىشىنى كۈتمەكچى بولۇۋاتقان بىرسى، چوقۇم ھەرىكەتچان پائالىيەت قىلىشى شەرت."

ھىتلېرنىڭ بۇنداق "كەسكىن ھەل قىلىش" نىكەيىنىگە سوزۇپ كېلىشىدىكى سەۋەبلەردىن بىرى شۇكى، ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئۇرۇقىنى قۇرۇتۇش دەيدىغان بۇنداق بىر تەھدىتنى پۈرۈتۈپ قويۇشقا تايىنىپ روزۋېلتنى ئۇرۇشتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا مەجبۇرلاشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. ئەمما پېرل خاربور پورتىنىڭ بومباردىمان قىلىنىش ۋەقەسى يۈز بەرگىنىدىن كېيىن بۇ بەكلا ئاز قالغان ئۈمىدىمۇ يوققا چىققان ئىدى. شۇڭا ھىتلېرنىڭ ئارزۇلىرى نەپرەتنى پەيدا قىلىشقا سەۋەب بولۇپ، ئۇرۇقىنى قۇرۇتۇش دېگەن بۇ ئىشمۇ خەلقارالىق ئۆچ ئېلىشنىڭ بىر شەكلى ھالىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

قارار ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، فۇھرېر "ئاخىرقى ھەل قىلىش" قا قاتنىشىدىغان مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە، ئۆلتەرگىنىڭلاردا ئىمكان بار ئادەمگەرچىلىكنى ئۇنۇتماسلىقنى تىرىشىڭلار دەپ ئېيتىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ ئېتىقادىغىمۇ زىت كەلمىگەن ھېسابلىناتتى. يەنى، ئۇ ئۆزىنى بىر تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە دۇنيادىكى زىيانلىق ھاشارەتلەرنى تازىلاش يولىنى تۇتقان بىرى دەپ قارايتتى. گەرچە ئۇ رىم چىركاۋىنىڭ دىنى قاتلام تەشكىلاتىغا ئۆچ بىرى ھېسابلانسىمۇ، ئۇ ئۆزىنى يەنىلا "مەن كەلگۈسىدە مەڭگۈ كاتولىك بويىچە قالىمەن" دەپ قاراپ، ئۆزىنى يەنىلا لاياقەتلىك كاتولىك دەپ قاراپ، كاتولىك دىنى تەلىماتلىرىنى قەتئىي ئىسىدىن چىقارمايدىغان بىرى ھېسابلايتتى. ئەيسا يەھۇدىيلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن دەپ قارالغان ئىكەن، ئۇ ھالدا يەھۇدىيلارنىڭ ئۇرۇقنى قۇرۇتىشىمۇ ئەيسانىڭ ئۆچىنى ئېلىش ھەرىكىتى ھېسابلىناتتى. شۇڭا، بۇ ئىشتا ۋىجدان ئازابى تارتىشقا ئورۇن يوق ئىدى. ئادەم ئۆلتۈرگەندە، ئوبيېكتىپلىق بىلەن رەھىمسىزلىق قىلماي سىلىق بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى. بۇنىڭدىن ھىملېر بەكلا خۇشال ئىدى.شۇڭا ئۇ مۇتەخەسسىسلەرگە ھەم ئۆنۈملۈك يوقۇرى، ھەم "ئادەم قىلىپىدىن چىقىپ كەتمىگەن" كەڭ كۆلەملىك يەھۇدىيلارنىڭ ئۇرۇقنى قۇرۇتۇش زەھەرلىك گازخانىلار قۇرۇپ چىقىشنى بۇيرۇيدۇ. ئاندىن ئۇ، زىيانكەشلىك قىلىنىدىغانلارنى يۇك ۋاگونلىرى بىلەن شەرققە توشۇپ، ئۇ يەردە بۇ كىشىلەر ئاۋال گەملەردە تۇتۇپ تۇرۇلىدۇ. پولشادىكى قەتلىئامخانا مەركىزى پۈتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى ئۇ ئادەم قۇشخانىلىرىغا يوللايدىغان بولىدۇ.

ئۇ كۈنلەردە، قۇشخانىنىڭ تازىلىق قۇرۇلمىلىرىنى ياساش ۋاقتى كەلگەن ئىدى. بۇ قۇرۇلۇشنى سىلىشقا مەسئۇل بولغان ھېيدرىخ، نۇرغۇنلىغان دۆلەت كاتىپلىرى بىلەن ئېس-ئېس قوشۇنىنىڭ ئاساسلىق ئىشخانا باشلىقلىرىغا تەكلىپنامە ئەۋەرتىپ، ئۇلارنى 1941-يىلى 10-دېكابىردا ئۆتكۈزۈلىدىغان "ئاخىرقى ھەل قىلىش" يىغىنىغا تەكلىپ قىلىدۇ. يىغىنغا باغاق تاپشۇرۇپ ئالغان كىشىلەر يەھۇدىيلارنىڭ شەرىقتىكى بىر يەرلەرگە يالاپ ئاپىرىلىشىدىنلا خەۋىرى بار كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار "ئاخىرقى ھەل قىلىش" ئۇسۇلىنىڭ نېمە مەنىسى بارلىقىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار ئىنتايىن كۈچلۈك قىزىقىش بىلەن بۇ يىغىن ئېچىلىش كۈنىنى كۈتمەكتە ئىدى.

ئەمما بۇ يىغىنىنىڭ ئېچىلىش ۋاقتى 6 ھەپتە كېچىكتۈرۈلىشى بىلەن، يىغىنغا كېلىدىغانلارنىڭ بۇنداق قىزىقىشىمۇ ئاستا-ئاستا سوۋۇيدۇ. گېرمانىيە ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى پولشا ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى فرانك، بۇ يىغىننى تولا كۈتۈپ تاقىتى قالمىغاچقا، ئۆزىنىڭ ياردەمچىسى فىلىپپ بوۋخلېرنى ھېيدرىخنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋال ئۇقۇپ

كېلىشكە ئىشەرتتىدۇ. 12-دېكابىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا كراكوۋدا ئۆز ئالدىغا يىغىن ئاچتىدۇ. يىغىندا ھىتلېرنىڭ سابىق ئادۋوكاتى "مەيلى قايسىلا ئۇسۇلدىن پايدىلانمايلى، بىز ھامىنى بىر كۈنى يەھۇدىيلارنى ئۇجۇقتۇرۇشقا تۇتۇش قىلىشىمىز ئېنىق." دەيدۇ. "يېقىندا چاقىرىلىدىغان بېرلىن يىغىنى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر قېتىملىق يىغىن بولىدۇ. بۇ يىغىنغا بوۋخلېر ھۆكۈمەت باشلىقىغا ۋاكالىتەن قاتنىشىدىغان بولىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، كەڭ كۆلەملىك كۆچمەن يۆتكەش ئىشى پات يېقىندا باشلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ يەھۇدىيلار ئۇستىدە قانداق ئەھۋال روي بېرىشى مۇمكىن؟ سىلەر، ئۇلارنى راستىنلا شەرقتىكى يېزىلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ بېرلىندا كىشىلەر بىزدىن، سىلەر نېمە ئۈچۈن بىھۇدە غەم قىلىپ كېتىسىلەر، شەرقتە بىز ئۇلارغا ھاجىتىمىز يوق ئىدىغۇ؟ ئۆلىدىغانلار ئۆلگەنلىرىنى كۆمەلەيتتىغۇ؟ دەپ سوراشماقتا." ئۇ سۆزىدە كىشىلەرنى ھەرگىز ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتماسلىقلار دەپ رىغبەتلەندۈرىدۇ. "ئەگەر ئىمكانىيىتىڭلارلا بولىدىكەن، ئۇلارنى نەدە كۆرسەڭلار شۇ يەردە يوقۇتۇپ بېرىڭلار." بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر بىر ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى؛ بۇنداق بىر ئىشنى قانۇن يولى بىلەن پۈررۈرمەن دېيىش ھەرگىز مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى؛ سوت بىلەن سودىيەلەرنىڭ ھېچقايسىسى بۇنچە چېكىدىن ئاشقان سىياسىي ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ مۆلچەر قىلىپ، يەنى تەخمىنى مۆلچەرلەپ، گېرمانىيە ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى يەرلەردىلا ئۈچ يېرىم مىليوندەك يەھۇدىي بارلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. "بىز ھەر قانچە قىلىپمۇ بۇ 3.5 مىليون ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈرەلمەيمىز، ئۇلارنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ بولالىشىمىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەمما بىز باشقىچە تەدبىرلەردىن پايدىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە بۇ يەھۇدىيلارنى يوقۇتالىشىمىز مۇمكىن. يەنى مېنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىم، بېرلىندا مۇزاكىرە قىلىنىۋاتقان تەدبىردۇر. ئىمپېرىيىدىكىگە ئوخشاش، گېرمانىيە ئىشغالىيىتىدىكى رايونلاردىمۇ كەلگۈسىدە بىرمۇ يەھۇدىي قالمايدىغان بولىدۇ. بۇ ئىشنى نەدە، قاچان باشلاش مەسىلىسىگە كەلسەك، بىز بۇ يەردە بىر ئورگان قۇرۇپ، بۇ ۋەزىپىنى شۇ ئورگاننىڭ ئورۇندىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىمىز. ۋاقتى كەلگەندە بۇ ئورگاننىڭ بۇ ۋەزىپىنى قانداق ئىشقا ئاشۇرىۋاتقانلىقىدىن سىلەرنى خەۋەردار قىلىپ تۇرىمەن."

1942-يىلى 20-يانۋار كۈنى، بوۋخلېر بېرلىنغا كېلىپ ھېيدرىخ چاقىرغان يىغىنغا قاتناشقىنىدا مۇتلەق كۆپ قىسىم يىغىن قاتناشقۇچىلىرى يىغىندا مۇزاكىرە قىلىنىدىغان تېمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىدىن خەۋىرى بار ئىدى. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 ئەتراپىدا، گروسسېن ۋانسېي كوچىسى 56~58-نومۇرلۇق قورونىڭ "ئىمپېرىيە بىخەتەرلىك ئاساسلىق ئىشخانىسىنىڭ بىر بۆلۈمىدە، روزېنبېرگنىڭ شەرق قىسىملىرى ۋەكىللىرىدىن،

گېۆرىڭنىڭ ھاۋا ئارمىيە پىلان باشقارمىسىنىڭ ۋەكىللىرىدى، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرىدىن، ئەدلىيە مىنىستىرلىكىدىن، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىن ۋەكىللەر، شۇنىڭدەك يەنە پارتىيە ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەشكىل تاپقان 15 نەپەر بەستلىك كىشى يىغىلغان ئىدى. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئىختىيارى شەكىلدە ئۇستەل ئەتراپىغا يىغىلىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، يىغىن رەئىسى ھېيدىرىخ سۆزىنى باشلايدۇ: "مەن بۇ يەردە ئىبغىر بىر ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالماقتىمەن. مەن بۇگۈن چېگرا ئايرىماستىن يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىپ چىقىشقا ئىرادە باغلىدىم." بۇ گەپلەردىن كېيىن، ھېيدىرىخ دۇدۇقلىغىنىچە نېمە دېگىنىنى ئېنىق ئۇققىلى بولمايدىغان بىر نەرسىلەرنى دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ دېگەنلىرى ھىتلېر بىلەن چېتىشلىقى بار گەپلەر ئىدى: "بىز بۇندىن كېيىن كۆچمەن يۆتكەش ئىشى بىلەن شۇغۇللانمايدىغان بولدۇق. بىز ئەندى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش چارىسىنى ئويلىنىپ كۆرىمىز. بۇ ئۇسۇلغا فۇھرېرمۇ قوشۇلدى. بۇ ئۇسۇل – ئۇلارنى شەرققە پالاش ئۇسۇلىدۇر."

ھېيدرىخ بۇ گەپلەرنى قىلغاچ، بىر پارچە گرافىكنى چىقىرىدۇ، بۇ گرافىكتا قەيەردىكى يەھۇدىي يىغلغان يەرلەرنى كۆچۈرۈش مەسىلىسى كۆرسىتىلگەن ئىدى. ئۇ يەنە بۇ كۆچۈرۈلىدىغان يەھۇدىيلارنىڭ تەغدىرى ھەققىدىمۇ بەزى ئىشارەتلەرنى بېرىدۇ. يەنى ئەمگەك قىلىشقا مۇۋىق كېلىدىغانلىرىنى ئەمگەك ئەترىتى قىلىپ تەشكىللەپ چىقىدىغانلىقىنى، شۇنداقتىمۇ بۇ ئەمگەك قىيىنچىلىقىغا چىداپ ساق قالالىغانلىرىنىمۇ ھەرگىز ئىختىيارى ھەرىكەت قىلىشىغا يول قويمايدىغانلىقىنى، چۈنكى ئۇنداق قىلمىغاندا، ئۇلار "يېڭىدىن مىكروپ ھۆجەيرىلىنى شەكىللەندۈرۈپلىپ يەھۇدىي مىللىتىنى قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىدىغان شارائىتنى يارىتىۋېلىشى مۇمكىن. تارىخى تەجرىبىلەر بىزگە بۇنداق بىر ساۋاقنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى" دەيدۇ. روزېنبېرگ ئىشخانىسىنىڭ ۋەكىلى گىئورگ لېيبراندت بۇ گەپلەرنى چۈشىنەلمەي نېمە دېيىشىنى بىلەلمەيلا قالىدۇ. تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىن كەلگەن مارتىن لۇتېرمۇ ھېچ نېمە ئۇقالماي ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئەگەر كەڭ كۆلەمدە يەھۇدىي كۆچۈرۈش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغىنىمىزدا دانىيە بىلەن نورۋېگىيەنى بەكلا ئېغىر ئاقىۋەتكە قالدۇرۇپ قويۇشىمىز مۇمكىن، بىز نېمە ئۈچۈن بۇنداق كۆچۈرۈش ئىشىنى بالقان يېرىم ئارىلى بىلەن شەرقى ياۋروپا تەۋەسى بويىچە چەكلەپ تۇتمايمىز، دەيدۇ. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى بىرلىنىدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ كاللىسى ھەققەتەنمۇ بەكلا قالايماقانلىشىپ قايمۇقۇپلا قېلىشقان ئىدى. بوۋخلېر، ھېيدرىخنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بەكلا ئېنىق چۈشەنگەن بولسىمۇ، لۇتېر يەنىلا فرىتز ھېسقا بۇ يەردە يەھۇدىيلارنى قىرغىن قىلىش

پىلانلانمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. لېيبرانىدت بىلەن ئۇنىڭ باشلىقى ئالفېرد مېيېر ئىككىسىمۇ روزىبېنبېرگكە يوقۇرقىدەك دوكلات بېرىپ، يىغىندا قىرىپ تۈگىتىش دەيدىغان گەپلەر پەقەتلا ئېغىزغا ئېلىنمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

بۇ 30 مىنۇتلۇق يىغىن خاتىرىسى ھەر قايسى مىنىستىرلىك ۋە ئېس-ئېسچىلار ئەترىتىنىڭ ھەر قايسى مۇھىم ئىشخانىلىرىغا بېرەر نۇسخىدىن تارقىتىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، "ئاخىرقى ھەل قىلىش چارىسى" دېگەن بۇ سۆزنى ئىمپېرىيە ئورگانلىرىدا ھەممە كىشى بىلىپ كېتىدۇ. ئەمما ھېيدرىخ ئوتتۇرغا قويغان بۇ مەسىلىدە ئۇنىڭ ھەقىقى غەرىزىنى ئۇرۇقىنى قۇرۇتۇش ھەرىكىتىگە يېقىن تۇرىدىغان كىشىلەرلا ھېس قىلالايدىغان بىر ئىش ئىدى. شۇنداق بولىشىغا قارىماي، بۇ تاللانغان كىشىلەر ئىچىدە نۇرغۇنلىرى ئادولف ھىتلېر ئۇلارنىڭ پىلانلىغان كوللىكتىپ قىرغىن قىلىشىدىن پەقەتلا خەۋىرى يوق دەپ چۈشىنىشى ھەقىقەتەنمۇ غەلىتە ئىدى. ئالايلۇق، گېستاپونىڭ "يەھۇدىيلارنى سۈرگۈن قىلىش ئىشخانىسى" غا مەسئۇل ئېس-ئېس پودپولكوۋنىكى ئادولف ئېيچمان، بۇنى بىر قۇرۇق گەپ دەپ قارايتتى. ۋانسېي يىغىنىدىن كېيىن، گېستاپو كاتتىۋاشلىرىدىن مۇللېر ۋە ھېيدرىخ بىلەن بىرلىكتە "تامامەن ئالدىدا بەكلا راھەتلەنگەن ھالدا ئولتۇرۇپ" بىر تەرەپتىن ھاراق ئىچسە، بىر تەرەپتىن ناخشا ئېيتاتتى. "بىر ئازدىن كېيىن، بىز ھەممىمىز ئورۇندۇقتا چىقىۋېلىپ بىر-بىرىمىزگە رومكا سۇنۇشقا كىرىشتۇق؛ ئاندىن ئورۇندۇقتا تەتۈر مىنىۋېلىپ دوقۇلداپ ئايلىنىپ ئويىندۇق." ئېيچمانمۇ بۇ قېتىمقى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتناشقان بولۇپ، ئۇنىڭدا قىلچىمۇ كۆڭۈلسىزلىك بىلىنمەيتتى. ئۇ كېيىن شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالغا شاھىتلىق قىلغىنىدا، "ئۇ چاغدا مەندە ھەقىقەتەنمۇ ئاز-تولا ئىيسانى كىرىستكە مىخلىغان پىلاتقا ئوخشىتىدىغان بىر ھېسسىياتقا كېلىپ قالغان ئىدى. چۈنكى شۇ چاغدا مېنىڭ قەلبىمدە ھېچقاچان يامان غەرەز يوق ئىدى. ... مەن كىمنى ئەيىپلىشىپ كېرەك؟ بۇ ئىشتا مەن دەردىمنى كىمگىمۇ ئېيتالايتتىم؟" ئۇ يەنە، مولليېر بىلەن ھېيدرىخلار فۇھرېر بېكىتكەن قانۇننى ئىجرا قىلغانلا كىشىلەردۇر دەيدۇ.

بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ھىتلېرنىڭ ئۆزى ئىختىيارسىزلا "ئاخىرقى ھەل قىلىش" نىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ ئۆزى ئوتتۇرغا قويغان بىر تەدبىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. "بىز چوقۇم كەسكىن بىر ھەرىكەت قوللىنىشىمىز شەرت، _ دەيدۇ ھىتلېر، 23-يانۋار چۈشلۈك تاماق ۋەقتىدا ھىملېرغا، _ چىش تارتقاندىمۇ قانچىكى كۈچەپ تېز تارتقاندا ئاغرىق شۇنچە ئاز ھېس قىلىنغىنىدەك، ياۋروپادىكى يەھۇدىيلارنىمۇ كەسكىنلىك بىلەن تازىلىشىمىز شەرت. يەھۇدىيلار ھەممە ئىشقا توسالغۇ بولۇپ كەلمەكتە. بۇنى ئويلىسام‍ىلا ئۆزەمنى راستىنلا بەكلا ئادەمگەرچىلىك قىلىشتا بەكلا چېكىدىن

ئاشـۇرۇۋەتكەنلىكىمنى ھـېس قىلـىمەن. چېركـاۋ ئـۆز بەلگىلىمىلىرىنـى ئىجـرا قىلىشـتا يەھۇدىيلار رىمدىمۇ يەكلىنىپ كەلگەن ئىدى. تا 1830-يىلىغا كەلگىنىدە ھەر يىلى يەنە 8 نەپەر يەھۇدىي ئىشەككە مىندۈرۈلۈپ رىيمدا سازايى قىلىناتتى. بۇ ئوتتۇردا بىرەر ۋەقە كۆرۈلگىـدەك بولىـدىكەن، مـاڭىمۇ ئامـال يـوق. شـۇنداقتىمۇ ئەگەر ئـۇلار ئۆزلىكىـدىن كەتمىگىنىـدە بۇنىڭغا مىنىـڭ نـېمە ئامـالىم، ئـۇلارنى يوقۇتۇشـتىن باشـقا ئامـالىم يـوق.“ بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئۇ تاماقتا ئولتۇرۇپ بۇنچىۋالا ئاشكارە سۆز قىلىپ باقمىغان ئىدى. ئۇ بۇ مەسىلىگە پۈتۈن دىققىتىنى بەرگەندەك كۆرۈنەتتى. 27-يانىۋارغا كەلگەندە، ئۇ يەنە بىر قېتىم پۈتكۈل ياۋروپا يەھۇدىيلىرىنى تازىلىۋېتىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

ئارىـدىن بىـر قـانچە كـۈن ئۆتكەنـدە، ھىتلېـر مىللـى سوتسـىئالىزم پارتىيىسـىنىڭ ھـاكىمىيەت ئۈسـتىدە بولىشـىنىڭ 9 يىللىـق خـاتىرە كۈنـىدە سـتادىيۇمدا نۇتـۇق سـۆزلەپ، يەھۇدىيلارغا بولغان ئەنسىرەشلىرىنى ئاشكارە ئوتتۇرغا قويىدۇ. ”يەھۇدىيلار ھەققىدە مەن ھەقىقەتەنمـۇ ئارشـكارە مۇھـاكىمە يۈرگۈزۈشـنى خالىمـايمەن. – دەيـدۇ ھىتلېـر ئـاخىرى چىقمـاس ئـۈزۈن مۇلاھىزىسـى داۋام قىلىـپ، _ يەھـۇدىيلار بىزنىـڭ ئەزەلـى دۈشـمىنىمىز. بىزنىڭ سەۋەبىمىزدىن ئۇلارنىـڭ پىلانلىـرى يوققـا چىقتـى. شـۇڭا، ئـۇلار بىـزگە ئۆچمەنلىـك ساقلىماقتا. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئاخىرلاشقىنىدا ياۋروپادىن يـوق بولىدىغىنى نېمىس مىللىتى ئەمەس بەلكى يەھۇدىيلار يوق بولىدۇ. – ئۇ، يىغىـن مەيدانىـدا بولغان 40 تەك يوقۇرى دەرىجىلىك ئوفىتسىرلارنىمۇ ئـۆز ئىچىـگە ئالغـان يىغىـن ئەھلىنـى ئاگاھلاندۇرۇپ كېلىپ، 1939-يىلى يەھۇدىيلار چوقۇم يوقۇتۇلىـدىغانلىقىنى ئالـدىن پەرەز قىلغانلىقىنى دەپ كېلىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ، _ قـانلىق ئۆلـۈم ئىچىـدە قالىـدىغانلار باشـقا بىرسى ئەمەس دەل يەھۇدىيلاردۇر، بۇنداق بولىشى تۇنجى قېتىملىق بىـر ئـىش ئەمەس. بـۇ ئىش يەھۇدىيلارنىڭ قەدىمقى قانۇنى بولغان ’قانغـا قـان، جانغـا جـان‘ دېيىشـىنىڭ ئىجـرا قىلىنىشـى بولـۇپ، بۇنـداق بىـر ھەرىكەت راسـتىنلا تـۇنجى قېتىم ئوتتۇرغا چىقماقتـا. بـۇ قېتىملىق ئۇرۇش قـانچىكى كېڭىيىـپ بارىـدىكەن، يەھۇدىيلارغـا قارشـى كۈرەشـىمۇ شـۇنچە ئىزچىل داۋاملاشقان بولىدۇ. بۇنىڭغا ئەڭ ياخشىسى پۈتۈن دۇنيا يەھـۇدىيلىرى ئىشـەنگىنى ياخشى. ئۇلار ھەر بىر ئۇرۇش ئەسىرلەر لاگىرىدا ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان جـايىنى تاپىـدۇ. نېمە ئۈچۈن ئۇلار ئۈچۈن قۇربان بولۇشنى تونىغان ھەر بىر ئائىلـىدە ئۆزىنىـڭ تېگىشـلىك يېرىنى تاپىدۇ. دۇنيـادىكى ئەڭ رەھىمسـىز دۈشـمەننى يوقۇتـۇش ئۈچـۈن ئەڭ كامىـدا مىـڭ يىل ۋاقىت سەرىپ قىلىنىدۇ، بۇنداق بىر دەۋر پات يېقىندا يېتىپ كېلىدۇ.“

زەھەرلىـك گـاز كـامېرلىرىنى لايىھىلىگەنـلەر ئۈچـۈن، پولشـادا ئـادەم قۇشـخانا مەتركەزلىرىنى قۇرىۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن، بولۇپمۇ ”ئاخىرقى ھەل قىلىش“ پىلانىنى ئىشقا

كىرىشتۈرىۋاتقان ئورگانىدىكىلەر ئۆچۈن ئېيتقاندا،ھىتلېرنىڭ بۇ دېگەنلىرىنىڭ ئۇچىغا چىقىپ كېتىش ۋە ئاقىۋەتسىزلىكى، ئالايلۇق ئارۋىد فرېدبېرگىنىڭ قارىشىچە ھىتلېرنىڭ ئۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە نۇتۇق سۆزلىشى، گېرمانىيەنىڭ ئاپەت ئىچىدە ۋەيران بولىدىغانلىقىنىڭ بىشارىتى ھېسابلىناتتى. "ئۇنىڭ چىرايىدىن گويا كۆپنى كۆرگەن بىرسىدەك قەتئىي قارارغا كېلەلمەيۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى" دەپ يازىدۇ بۇ شۇئىتسىيىلىك مۇخبىر.

2

فۇھرېرنىڭ قارىشىدا، يەھۇدىيلار بىلەن سلاۋيانلارنى يوقۇتۇش ئىشى خۇددى ھاياتلىق مۇھىتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئوخشاشلا مۇھىم بىر ئىش ھېسابلىناتتى. ئۇ، رۇسىيىگە بېسىپ كىرىش ئىشىنى ئاللىمۇقاچان ئىدىئولوگىيىلىك ئۇرۇشى ھالىغا ئايلاندۇرىۋالغان ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ ھەربىي ئىشلار سىياسىتىنى ئەنە شۇ شەكىلدە قارىغاندىلا چۈشەنگىلى بولاتتى. گېنېراللارنىڭ توغرا تاپمايدىغىنى ھەرگىزمۇ ھىتلېرنىڭ بىر مەزگىللىك قېنى قىزىپ كېتىشىدىن ئوتتۇرىغا چىقارغان نەرسىلىرى ئەمەس، بەلكى 1928-يىلى بەلگىلەپ بولغان نەتىجىلەر ئىدى. قىزىق يېرى، ھەربىي ئىشلار جەھەتتە موسكۋا دەرۋازىسى ئالدىدا ھەيران قالارلىق دەرىجىدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراشتىنىڭ ئالدىدا، ئۇ ھېچقاچان بۇنچە سەزگۈر بولۇپ باقمىغان ئىدى. گېنېراللارنىڭ روھى ھالىتى بەكلا تۆۋەن بولۇپ، ئومۇمىي يۈزلۈك چېكىنىش تەلىۋىدىلا بولۇپ كەلمەكتە ئىدى. گەرچە ئۇ، بۇ كىشىلەرنىڭ قورشاۋدا قالغان بولسىمۇ، قىلچە ھۇلۇقۇپ كەتمەي ئۆلارنىڭ چېكىنىش تەلىۋىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئەڭ ئۇتتۇغلۇق جەڭ قىلىپ كېلىۋاتقان تانكا قىسىملار قۇماندانى گۇدېرىئان، بۇنچە پايدىسىز يەر شارائىتىدا سەپ تارتىپ ئۇرۇش قىلغاندا مۇتلەق تۈردە ئەڭ تاللانغان قىسىملارنىڭ بىھۇدە قۇربان بولۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ مۇنازىرىلىشىپ چىڭ تۇرىۋالغان ئىدى. ھىتلېر بولسا، گۇدېرىئاننىڭ بۇ دېگەنلىرىدىن قىلچە تەۋرىنىپ قالماي، ئۇنى ئەسكەرلەرنىڭ جاپا تارتىپ كېتىشىگە ھەددىدىن زىيادە كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئەيىپلەپ كېتىدۇ. "سەن ئۇلارغا بەكلا ئىچ ئاغرىتىپ كېتىۋاتىسەن. سەن بىر مەزگىل كەينىگە ئۆتۈپ تۇرغىنىڭ ياخشى. ماڭا ئىشەن، ئۇزۇننى كۆزلەپ ۋەزىيەتنى كۆزەتكىنىڭدە تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنەلىشىڭ مۇمكىن."

ھىتلېرنىڭ رەھىمسىزلەرچە بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقا مەجبۇرلىشى گېنېراللىرىنى ئۆز

ئەتراپىدا بىر يەرگە كېلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان، شۇنىڭدەك رۇسىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئىلگىرلىشىنىمۇ توسۇپ قالالىغان ئىدى. بۇنىڭ بەدىلى بەكلا ئېغىر بولغان بولسىمۇ، جودلنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇنلىغان گېنېراللار ھىتلېر قىسىملىرىنى ناپولېئون ئارمىيىسىنىڭ تەقدىرىگە مۇپتىلا بولۇپ قېلىشىدىن قۇتقۇزۇپ قالالىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدى. "مەن قىلچە كۆڭلىنى ئايىماي مۇداخىلەدە بولىمەن، _ دەيدۇ مىلىچ بىلەن سېپىر ئىككىسىگە. ئۇ ئىزاھات بېرىپ كېلىپ، ئالىي قوماندانلىرى تا گېرمانىيە چېگراسىغىچە چېكىنىپ قىسىملىرىنى قۇتقۇلدۇرۇپ قېلىشقا رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. – مەن بۇ ئەپەندىلەرگە 'ئەپەندىلەر، سىلەر ئۆزەڭلار تېزراق گېرمانىيەگە قايتىپ كەتسەڭلار بولغىدەك. ئەندى سىلەر ئارمىيەنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بەرساڭلار بولىدىكەن.' دېدىم."

قالغان ئۇرۇش سەپلىرى ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق ئىلگىرلىمەكتە ئىدى. فرانسىيەدە، ئىزچىل تۇردە پارچىلىنىپ پەرىشان ھالەتكە كەلگەن "قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى" دىكىلەرگە باش قاتۇرۇپ يۈرۈشنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. ئاق دېڭىزدا، يەنى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدا بولسا ئىتالىيەدە سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنىڭ "ئادەم مىناسى" بىلەن تورپېللىرى بىلەن تېخى يېقىندىلا بىر ئاۋىياماتكا، 3 ئۇرۇش پاراخوتى ۋە ئىككى چارلىغۇچى پاراخوتنى چۆكۈرۈپ تاشلاپ، برىتانىيەنىڭ شەرق دېڭىز فلوتىنى جەڭگىۋار كۈچ بولۇشتىن مەھرۇم قىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە رومېل شىمالى ئافرىقىدا كەڭ كۆلەملىك بىر قېتىملىق ھۇجۇم تەييارلىقىنى پۈتتۈرگەن ئىدى. گېرمانىيەنىڭ ئىتتىپاقدىشى ياپونىيە بولسا تىنچ ئوكياندا بىر قاتار غالىبىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھىتلېر، شەرق كىرىزىسىنىڭ ئۆتۈپ كەتمىگەنلىكىنى تولۇق ھېس قىلاتتى. شۇنداق بولغاچقا، پۈتكۈل ئىمپېرىيە تەۋەسى، يەنى رېيىچ تەۋەسىدىكى سانائەت ۋە ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى چۈشۈرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: نۆۋەتتىكى تىرىشچانلىقلار يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس، چاقماق تېزلىكتىكى ئۇرۇشنىڭ ستراتېگىيىسىنى چوقۇم بىكار قىلىشىمىز كېرەك. بۇ ستراتېگىيە گەرچە ئۈمىدۋارلىق شۇئارلىرى بىلەن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش قىلىشنى چاقىرىق قىلغىنىدەك قىلغىنى بىلەن، ئىچكى جەھەتتە قورقۇنچاقلىقنىمۇ ساقلاپ كەلمەكتە. بۇ دېگەنلىرى ئۇنىڭ ئايرىم يەردە جودلغا ئاشكارىلىغىنىدەك، بۇندىن كېيىن غالىبىيەت قازىنالماي قېلىشىدىن قورقۇش يۇشۇرۇنغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

تاماق ئۈستىدىكى سۆھبەتلىرىدە بۇنىڭدەك ئۈمىدسىز قاراشلىرىنى ھېچقاچان ئاشكارلاپ باققان ئەمەس. ئۇ، تاماكىنىڭ ھەر تۈرلۈك زىيىنى ھەققىدە، ماشىنا

ھەيدەشنىڭ لەززىتى ئۈستىدە، ھەرتۈرلۈك ئىتلار توغرىسىدا، «تىرىستان بىلەن ئىسولد» نىڭ كېلىش مەنبەسى ئۈستىدە، خانفىستاينگېل خانىمنىڭ گۈزەللىكى ھەققىدە ۋە شۇنىڭدەك يەھۇدىيلار توغرىسىدا تىنماي سۆزلەيتتى. ئەمما ئالدىنقى سەپلەردىكى شەپقەتسىز كۈرەشلەر ھەققىدە بەكلا ئاز گەپ قىلىدىغان بولۇۋالدۇ. سۆزلىسىمۇ يەنىلا ئۈمىدۋارلىق بىلەن تولغان گەپلەرنىلا قىلاتتى. ئالايلۇق، قىشلىق كىرىزىس چىكىگە يەتكەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنىلا رەھبەرلىك مەزمۇت تۇرۇپ بىرەلەيدىغانلا بولىدىكەن ئۈمىدسىزلىك پەيدا قىلىدىغان ھېچقانداق بىر ئىش كۆرۈلمەيدۇ. "ئەگەر بىرەر ئەسكەر قەتئىي ئىرادە بىلەن بايراقنى تىك كۆتۈرۈپ مېڭىپ بىرەلەيدىغانلا بولىدىكەن، بىز ھېچ نەرسىنى قولدىن بەرمىگەن ھېسابلىنىمىز. ئىشەنچلىك ئىرادە تاغنى يۆتكىيەلەيدىغان كۈچكە ئىگە. بۇ جەھەتتە مەن رەھىم قىلمايمەن. ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن نېمىس خەلقى ھەممىنى پىدا قىلىشقا تەييار تۇرمايدىكەن، ئۇنداقتا، بۇنداق بىر خەلقنىڭ بۇ دۇنيادا ياشاشقىمۇ ھەققى يوق دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ خەلق يوقالغىنى تۈزۈك!"

تاماقتا ئولتۇرغان ۋاقتىدىكى بۇ ئەركىن-ئازادە ئىپادىلىرى ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنىشىنى بىزەپ تۇراتتى. "ئۇ، بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكىدىن بەكلا كۆپ پەرق قىلاتتى. – دەيدۇ خېۋېل دوستلىرىدىن بىرىگە، _ ئۇ، ھەم غەمكىن، ھەم تەرسا بىرسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ ھەرقانداق قۇربان بېرىشلەرگە قارىماي قىلچىمۇ رەھىمى يوق بىرسىگىلا ئوخشاپ قالدى، شۇنىڭدەك ھېچكىمنى كەچۈرمەيدىغان بىرسىگە ئايلاندى. ئەگەر سەن ئۇنىڭغا قارىغىدەك بولساڭ، ئۇنى زادىلا تونيالماي قالىسەن." 8-فېۋرال كۈنى، غەربىي تام، يەنى ۋېستۋال بىلەن يوقۇرى سۇرئەتلىك تاشيولنىڭ قۇرغۇچىسى بولغان فرىتز تودت ئايروپىلان قازاسىغا ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتكەندە، ھىتلېرنىڭ قاراشلىرى ۋەيران بولۇش خاراكتېرىدە ئېغىر زەربىگە ئۇچرايدۇ. ئەتىگەنلىك ناشتا ۋاقتىدا كىشىلەر تودتنىڭ ۋەزىپىسىنى كىمنىڭ تەيىنلىنىشى ئۈستىدە مۆلچەرلىشىپ، ئىمپېرىيىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى بولغان ئۇق-دورا مىنىستىرى تەيىنلىنىشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشقان ئىدى. كېچىچە ھىتلېر بىلەن بىرلىكتە بېرلىن ۋە نيۇرېنبېرگنىڭ شەھەر قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ چىققان ئالبېرت سپېر، ئەتىسى سەھەردە فۈھرېر تەرىپىدىن بۇ مىنىستىرلىككە مىنىستىر قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. بۇنىڭدىن سپېر قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ! بۇ بىناكارلىق ئىنژىنېرى مەن بۇنداق ئىشلاردىن پەقەتلا خەۋىرىم يوق، دەپ نارازىلىقنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، فۈھرېر ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، "مەن ساڭا ئىشەنچ قىلدىم. سەن چوقۇم بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشقا قويغىدەك باشقا ئادىمىمۇ يوق" دەيدۇ.

باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسىنىڭ "موزايىك زالى" دا تودت ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن

ماتەم مۇراسىمىدا ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق كۆڭلى يېرىم بولىدۇ. ھەتتا ئۇ ماتەم نۇتقى سۆزلىگىنىدە سۆز قىلالماي بۇغۇلۇپلا قالىدۇ. مۇراسىم تاماملىنىشى بىلەن، دەرھال ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كۆرۈنمەي تۇرىۋالىدۇ. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ مىڭ تەستە ئەسلىگە كېلىدۇ-دە، دەرھال ستادىئومدا يېڭىدىن ئۇنىۋان بېرىلگەن ئون مىڭ نەپەر قۇرۇقلۇق ئارمىيە بىلەن قۇراللىق ئېس-ئېس قوشۇنى ئوفىتسېرلىرىغا نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى بەكلا جىددى ئىدى. ئۇ رۇسىيەدە دۆچ كەلگەن ئاپەت ئۈستىدە توختالغان بولسىمۇ تەپسىلاتىنى ئېغىزغا ئالمايدۇ. ئۇ نۇتقىدا، ياش ئوفىتسېرلار، سىلەر شەرقى ئۇرۇش سېپىگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرىسىلەر، سىلەر ئۇ يەردە قىزىلپاچاقلارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدىكى نېمىس ۋە غەرىپ مەدەنىيىتىنى قۇتقۇزۇشقا ئاتلىنىسىلەر، دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ نۇتقى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى جۇشتۇراتتى. ھەتتا نۇرغۇنلىغان مىتىنگ قاتناشقۇچىلىرى تەسىرلىنىپ يىغلاپ كېتىدۇ. ھىتلېرنىڭ يېنىدىكى ئەڭ يېقىن ئادىيۇتانتلىقتا ئۆستۈرۈلگەن رىچارد شۇلزىمۇ قاتتىق تەسىرلىنىپ بۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىشنى قاتتىق ئارزۇ قىلىپ، "مېنىڭچە، بۇنداق بىر پەيتتە ئۆيدە ئولتۇرۇش ھەقىقەتەنمۇ نومۇس" دەيدۇ. يېڭىدىن ئوفىتسېرلىققا كۆتۈرۈلگەن بۇ ئەسكەرلەرگە چاۋاق چېلىپ ئالقىش ياڭرىتىش مەنئى قىلىنغان بولسىمۇ، ھىتلېر ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، بۇ يېڭى ئوفىتسېرلار ئۆزىنى تۇتىۋالالمىغان ھالدا ئەسەبىلەرچە تەنتەنە قىلىپ كېتىدۇ. ھەتتا بىر قىسىملار ئورۇندۇق ئۈستىگە چىقىپ ۋارقىراشقا باشلايدۇ.

ھىتلېر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ تۈردىكى ئىستىخىيىلىك تەنتەنىلەر ئۇنىڭغا ھەقىقەتەنمۇ دورىدەك تەسىر قىلىپ، ئۇنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرىۋېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، "بۆرە ئىنى" غا قايتىپ كېلىشى ھامان ئۇنىڭ روھى ھالىتى قايتىدىن ياماناپ، بەدەنلىرى كىرىشىپ، رەڭگى روپى ساغىرىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە 4 بەھەيتىدىن بېرى تىنماي يېغىۋاتقان قېلىن قار ئۇنىڭ ئىچپۇشۇقىنى تېخىمۇ ئارتتۇرىۋېتىدۇ. "مەن ئەزەلدىن قارغا ئۆچمەن" دەيدۇ ئۇ ئۆزىنىڭ كۆلەڭگۈسى ھالىغا كەلگەن بورمانغا. "بورمان، ساڭا مالۇم، مەن ئەزەلدىن قارغا ئۆچ ئىدىم. مانا ئەندى ھېس قىلدىمكى، بۇ ئەسلىدە بىر تۈرلۈك ئالدىن كۆرەرلىك ئىكەن."

ھىتلېر، رۇسىيە ئۇرۇش مەيدانىنىڭ 20-فېۋرالغىچە بولغان ئۆلگەن ۋە يارىلانغانلار سانىنى ئوقۇپ بەكلا ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ: ئۆلگەنلەر 199 مىڭ 448 نەپەر، يارىدار سانى 708 مىڭ 351 نەپەر، يوقالغانلار 44 مىڭ 342 نەپەر، ئۈشۈپ يارىلانغانلار 112 مىڭ 627 نەپەر ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ دەرھال ئەكسىگە كېلىدۇ. تاماق ئۈستىلىدە ئۇ يەنە گېرمانىيە ئەسكەرلىرىنىڭ مۇۋەپپىقىيەتلىرى، سېھىرلىك شەكىلدە رەھىمسىز رۇسىيە

قىشــنى ئۆتكۈزــۋەتكەنلىكى دېگەنــدەك مەســىلىلەر ئۇســتىدە توختىلىــدۇ. ئــۇ بىــر ئــاز تىنىۋالغانــدىن كېــيىن، يەكشــەنبە كــۈنى، 1-مــارت دەپ ئــېلان قىلــدۇ. "قېرىنداشــلار، بــۇ كۈنىنــىڭ مېنىــڭ ئۈچــۈن نېمىنــى ئىپادىلەيــدىغانلىقىنى بىلەمســىلەر؟ ئــۆتكەن ئــۈچ ئــاي جەريانىــدا قانچىلىــك كۈچــۈم ســەرىپ بولغــانلىقىنى، روھــى جەھەتتىكــى تىركىشــىش كۈچۈمنىڭ نەقەدەر ئېغىر سىناققا دۇچ كەلگەنلىكى ئىپادىلەيدىغان بىـر كـۈن." ئـۇ يەنە، پەقەت دېكابىرنىـڭ ئالـدىنقى ئىككـى ھەپتىسـى ئىچىـدىلا 1000 دانە تانكىـدىن ئايرىلىـپ قالغـانلىقىنى، شـۇنىڭدەك يەنە 2000 دانە بىرووتنىـك ۋەيـران بولغـانلىقىنى ئاشـكارىلايدۇ. ئەمما قىشنىڭ ئەڭ قىيىن مەزگىللىرى ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. "يانىۋار بىلەن فېۋرال ئۆتـۈپ كەتتـى. دۈشـمەنمۇ بىزنىـڭ ناپولېئوننىـڭ تەقـدىرىگە دۇچ كېلىشـىمىزنى خامخىيـال قىلىشقان ئىـدى. ... مانـا ھـازىر، بىـز ئـۇلاردىن ھېسـاب سورايدىغان ۋاقتىمىز كەلـدى! بـۇ ھەقىقەتەنمــۇ كىشــىگە تەســەللى بولىــدىغان بىــر ئــىش دېمەيســىلەر!" ئۇنىــڭ بۇنــداق كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ھالەتنى ئىپادىلىشـى ھەرگىزمـۇ سـۇنئىيلىق ھېسـابلانمايتتى. شـۇڭا ئـۇ يەنە پـو ئېتىـپ، "مەن شـۇنىڭغا دىققەت قىلـدىمكى، يوقۇرقـىدەك ئىشـلارنى ئاڭلىغانـدىن كېيىن، ھەممەيلەن قاتتىق غەمگە پېتىپ قالغـان ئىـدى. پەقەت مەنـلا ئـۆزەمنى تۇتىۋالغـان ھالدا تىنچلىنىپ ئولتۇرالىدىم. بۇ خۇددى ھوقۇق تارتىۋېلىش كۇرىشى ۋاقتىدىكى ئەھۋالغا بەكلا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئەھۋال ئىدى."

شۇ قاتاردا، "ئاخىرقى ھەل قىلىش" نىڭ ھەر قايسى ماددىلىرىنىـڭ تەييـارلىقلىرىمۇ ئاســتا-ئاســتا ئىلگىــرىلەپ تاماملانماقتــا ئىــدى. ھىملىرنىــڭ ئالاھىــدە ھەرىــكەت ئەترىتىــدىكىلەرمۇ يەنە بىــر قېتىملىــق ئەجەللىــك تازىلاشــنى باشــلىۋەتكەنىدى. ھەربىــي ھەرىكەت رايونلىرىـدىكى يەھـۇدىيلارنى، قىزىـل ئـارمىيە كومىسسـارلىرى ۋە پـارتىزانلىرىنى قوغلاپ يۇرۇپ قولغا ئـېلىش نىسـبەتەن ئوڭۇشـلۇق ئىـدى؛ شـۇنداقتىمۇ ھەربـى ھەرىـكەت رايونلىرىنىــڭ ســىرتىدا قالغــان يەرلەردە بــۇ تــۈردىكى ئىشــلار ئويلىغانــدەك راۋان يۇرۇشمەيۋاتاتتى. شۇنداق بولىشغا قارىماي، ئۆلۈم نىسبىتى يەنىلا بەكـلا يوقـۇرى بولـۇپ، بــۇ جەھەتــتە روزىنبېرگنىــڭ ئــادەملىرى ئــۈنى ھىتلېرنىـڭ ئالـدىغا بېرىــپ ئىشـغالىيەت ئاســتىدىكى خەلقلەرنــى دۈشــمەن ئەمەس بەلكــى ئىتتىپاقدىشــى دەپ قارىشــىغا مــاقۇل كەلتۈرۈش ئۈچـۈن يـالۋۇرۇپ بېقىشـنى ئۇندەشـكە باشـلايدۇ. روزىنبېركـمۇ ئـايرىم-ئـايرىم ئوبلاست قۇرۇپ چىقىـپ بـۇ ئوبلاسـتلارغا بىـر-بىرىـدىن پەرقلىـق ئـاپتونومىيە ھوقـۇقلىرى بېرىلىشــنى تەشــەببۇس قىلىــدۇ. ئۇنىــڭ بــۇ تــۈردىكى نىســبەتەن ئەركىــن پىكىرلىــرى ياردەمچىلىرىنىڭ قىزغىنلىق بىلەن قـوللاپ قۇۋۋەتلىشـىگە ئېرىشـىدۇ. شـۇنداقتىمۇ، ئۇنىـڭ ئــۆزى لىبېرالىزمغــا قــاراپ بۇرۇلــۇش ياســىغاندەك قىلســىمۇ، ئۇنىــڭ خــاراكتېرى بۇنىڭغــا

ماسلىشىپ مۇستەھكەم ئىرادىلىك ھالغا ئۆزگىرەلمەي قالدۇ. ئۇ، فۈھرېر بىلەن زىتلىشىپ قېلىشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشى بىلەن تەڭ، پۈتۈن ۋۇجۇدى قورقۇشتىن شۈركىنىپ كېتىدۇ. ئۆز ئورنىغا باشقا بىرەر جاسارەتلىك بىرەرسىنى ئىۋەرتىشنىڭمۇ ئوخشاشلا پايدىسى بولمايدىغانلىقىنى ئويلايتتى: ئەگەر ھىتلېر بىلەن كۆرۈشمەن دەيدىكەن، چوقۇم بورماننىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. بورمان بولسا ھىملېر ۋە ھېيدرىخ ئىككىسى بىلەن بەكلا يېقىن بولۇپ كەتكەن ئىدى. روزېنبېرگ، "بۆرە ئىنى" غا ئىۋەرتكەن ئالاقىچىسى كويىپپېننىڭ شەرقى ئورۇش سېپىنىڭ ھەققىي ئەھۋاللىرىنى ھىتلېرغا يەتكۈزۈپ تۇرۇش ئىشلىرىمۇ بارغانسىرى قىيىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن خەۋىرى بار ئىدى. ھېس قىچىپ كېتىشتىن ئاۋال مېمراندوملىرىنى بىۋاستە ھىتلېرغا سۇنالايتتى؛ مانا ئەندى بۇنداق نەرسىلەرنى چوقۇم بورمان ۋاستىسى بىلەن تاپشۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. بورمان بۇنىڭغا، فۈھرېر ھەربى قوماندانلىق ئىشلىرى تۈپەيلىدىن ئالدىراشلىقتا باش كۆتۈرەلمەي قالدى، شۇڭا ئۇنىڭغا يەتكۈزۈلىدىغان ھەرقانداق بىر دوكلاتنى ئاۋال مەن كۆزدىن كۆچۈرۈپ زۆرۈر بولغانلىرىنى تاللاپ ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشۇم كېرەك بولماقتا دېگەننى باھانە كۆرسىتىۋالغان ئىدى. كويىپپېننىڭ قارىشىچە، "ھىتلېر شەرقى ئىشالىيەت رايونلىرىنىڭ مەسىلىلىرىنى ئوك-سول قول يارەمچىلىرىنىڭ كۆزى بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن بەزى ئەجەللىك ئىشلار شەرقتىكى غالىبىيەت ئۈچۈن بەدەل قىلىنماقتا ئىدى."

راس دېمىسىمۇ، ھىتلېر ئىچكى جەھەتتىكى ئىشلارغا ھەققەتەنمۇ بەكلا ئاز كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ، نەتىجىدە بورماننىڭ ئۆزئالدىغا بەزى بۇيرۇقلارنى چىقىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، ھىتلېر ھەر دائىم "ئاخىرقى ھەل قىلىش چارىسى" غا كۆڭۈل بۆلگەندەك ۋاقىت چىقىرالايدىغانلىقىدىن قىلچە گۇمانلىنىش كەتمەيتتى. ھىتلېر بۇ مەسىلىدە باشقىلارنىڭ پىكىرىگە پەقەتلا ئېتىبار قىلمايتتى ياكى ئاڭلاشنىڭمۇ ھاجىتى يوق دەپ قارايتتى. ئۇ فېۋرالنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى خاتىرىلەش مىتىنگىدە تارقاتقان تەبرىك خېتىدە بۇ مەسىلى ھەققىدە بەكلا ئېنىق توختالغان ئىدى: "مەن بۇرۇنلا، بۇ ئۇرۇشتا يوق بولىدىغانلار بىز ئارىيانلار ئەمەس بەلكى يەھۇدىيلاردۇر، دەپ ئالدىن مۆلچەرىمنى ئوتتۇرغا قويغان ئىدىم. مانا بۈگۈن بۇ پەرىزىم ئەمەلگە ئېشىش ئالدىدا تۇرماقتا. بۇ ئۇرۇش جەريانىدا ھەر قانداق بىر ئەھۋال يۈز بېرىشىدىن، ئۇرۇش ھەر قانچە ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئاخىرى بەربىر يەھۇدىيلارنىڭ يوقۇلۇشى بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. يەھۇدىي ئىرقى ئۇرۇقىنىڭ قۇرۇتۇلۇشى، بارلىق غالىبىيەتلەردىنمۇ ئۈستۈن ھالغا كېلىدۇ."

هىتلېر بۇ تۈردىكى بىشارىتىنى ئاشكارە ئوتتۇرغا قويغان بولسىمۇ، تا بۇگۈنگىچە ساناقلىقلا كىشىلەر بۇ تۈر مەخپىيەتلىكتىن خەۋەردار ئىدى. ھەتتا گيوبېلسمۇ تەييارلىنىۋاتقان ھەر تۈردىكى تەدبىرلەرنىڭ قانچىلىك دائىرىدە بولىشىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ھانس فرىتزش ئىسىملىك خىزمەتچى بىر ئىبس-ئىبس ئەزاسىنىڭ ئۇكرائىنادىن ئىۋەرتكەن خېتىدىن ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتىنىڭ ئىلىپ بېرىۋاتقان كەڭ كۆلەملىك قىرغىن قىلىش ئىشىدىن خەۋەر تاپىدۇ. بۇ خەتنى يازغۇچى قاتتىق نەپرەتلەنگەن ھالدا يەھۇدىيلار بىلەن ئۇكرائىنلارلىق زىيالىلارنى قىرغىن قىلىش بۇيرۇقنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇلار روھى جەھەتتىن پۈۋنلەي ۋەيران بولغان ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقى يازىدۇ. ئۇ بۇ جەھەتتە ھۆكۈمەت يولى بويىچە نارازىلىقنى ئىپادىلىيەلمىگەنلىكى ياكى بۇ جەھەتتە بىرەر ياردەمگە ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈستىدە توختالغان. فرىتزش دەرھال ھېيدرىخنىڭ يېنىغا بېرىپ "ئىبس-ئىبسلارنىڭ ئۇ يەرگە ئىۋەرتىلىشىدىكى مەقسەت كوللىكتىپ قىرغىنچىلىق بىلەن شوغۇللىنىش ئۇچۇنمىدى؟" دەپ ئۇدۇللا سورايدۇ. ھېيدرىخ ئۇنىڭ بۇ ئەيىپلىشىنى قاتتىق غەزەپ بىلەن رەت قىلىش بىلەن بىرگە، بۇ ئىشنى چوقۇم دەرھاك تەكشۈرۈپ كۆرىمەن دەپ ۋەدە بېرىدۇ. ئەتىسى، بۇ تۈر جىنايى ئىشلارنى يەرلىك ئەمەلدار كوچ ھىتلېردىن يوشۇرۇن ئىشلەپ يۈرگەنلىكىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. ئاندىن ئۇ بۇنداق قىرغىنچىلىقلار دەرھال توختىتىلىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: "ماڭا ئىشەن فرىتزش، كىمكى رەھىمسىز دېگەن ئاتاققا قالغانلا بولىدىكەن، ئۇنداق بىرسى چوقۇم بۇنداق رەھىمسىز بىرى ئەمەس. ئۇنداق ئاتقا قالغان بىرسى چوقۇم بۇ تۈر ئىشلارنى ئالاھىدە رەھىمدىللىك بىلەن بېجىرىپ كېلىۋاتقان بىرى ھېسابلىنىدۇ."

پەقەت شۇ يىلى مارت ئېيىغا كەلگەندىلا گيوبېلس بۇ تۈر "ئاخىرقى ھەل قىلىش چارىسى" نىڭ مەزمۇنىدىن ئېنىق خەۋەر تاپىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا، يەھۇدىيلار چوقۇم ياۋروپادىن تولۇق تازىلىۋېتىلىشى كېرەك ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئېيتىپ كېلىپ، "ئەگەر زورۇر تېپىلسا، ئەڭ رەھىمسىز ئۇسۇللاردىنمۇ پايدىلىنىشقا بولىدۇ." دەيدۇ. فۈھرېرنىڭ دېگىنىنى تولۇق چۈشەنگەن گيوبېلسمۇ كۈندىلىك خاتىرىسىگە ئېنىق قىلىپ مۇنۇلارنى يازىدۇ:

"... يەھۇدىيلار سوتلانماقتا، بۇنىڭ ئۇسلۇبى گەرچە بەكلا ياۋايىلارچە بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئىشلىگەن جىنايەتلىرى ئۇچۇن ئارتۇق ھېسابلانمايدۇ. ... بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە، كىشىلەر بەك غەم يەپ ئىچ ئاغرىتىپ يۈرىشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئەگەر بىز يەھۇدىيلارغا زەربە بەرمىگىنىمىزدە، ئۇلار چوقۇم بىزنى يوق قىلىپ تاشلايدۇ. بۇ كۈرەش، بىز ئارىيان ئىرقدىكىلەر بىلەن يەھۇدىي باكتېرىيىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھايات-ماماتلىق كۈرەشتۇر. يەر يۈزىدىكى بۇ دۇنياۋىي مەسىلىنى ھەل قىلىش كۈچىگە ئىگە بىرمۇ

ھاكىمىيەت ياكى ھۆكۈمەت يوق.“

كـۈز ئايلىرىغـا كەلگەنـدە، پولشـادا 6 يەردە ئـادەم قۇشخانىسـى قۇرۇلغـان بولـۇپ، ئۇلاردىن تۆتى فرانكىنىڭ نېمىس ئىشغالىيەت رايونىغا قۇرۇلغـان بولـۇپ، بـۇلار ترېبلىنكـا، سوبىبور، بېلزېس ۋە لۇبلىن بولۇپ، قالغان ئىككىسى قوشـۇۋېلىنغان رايـون ئىچىـدە، يەنـى كۇلمخوف ۋە ئاۋۇسشۋىتزلاردىن ئىبارەت. ئالدىنقى تۆت قۇشخانا گېنېراتـوردىن چىقىـدىغان تۇرخۇن ئىسى بىلەن يەھۇدىيلارنى زەھەرلەيدىغان لاگېـر بولـۇپ، ئاۋۇسشـۋىتز يېقىنىـدىكى چـوڭ تىپتىكـى قىرغىنچىلىـق لاگېرىنىـڭ كومانـدىرى رۇدولـف ھـۆس بۇنـداق ئۆلتـۈرۈش ئۇسـۇلىنىڭ ”ئۈنـۈمى بەك تـۆۋەن“ دەپ قارىغاچقـا، ئـۆزى باشـقۇرىۋاتقان لاگېـردا تېخىمـۇ ۋەھشـى ئۆلتـۈرۈش ئۇسـۇلى بولغـان زەھەرلىـك گـاز ھـىدرو سـىيانىددىن پايدىلىنىشـنى تاللىۋالغان. بۇ تۈردىكى زەھەرلىك گازنى بازاردىن خالىغانچە سېتىۋېلىش مـۇمكىن بولـۇپ، بۇ گازنىڭ تاۋار ئىسمى ”زىكلون-ب“ دەپ ئاتىلاتتى.

باھـار ئـايلىرى ھىتلېرنـى قايتـىدىن تىتىكلىكلەشـتۈرىۋېتىدۇ. ئۇنـىڭ سـالامەتلىكى نىسـبەتەن ياخشىلىنىشـقا باشـلىغان بولـۇپ، روھـي ھـالىتىمۇ كـۆپ ياخشـىلىنىپ قالغـان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىشلىق ھۇجۇمىمۇ سۇغا چىلىشىپ، ئـاخىرى بېرىـپ پۈتـۈنلەي توختاپ قالدۇ. شۇنداق قىلىپ، پۈتكۈل ئـۇرۇش سـېپى ئـارىلاپ توقۇنـۇش يـۈز بېرىـدىغان ھـالەت شـەكىللىنىدۇ. بـۇ ئەھـۋال ئۇنىڭغـا كەلگۈسـىدىكى ھەر قايسـى سىياسـي ئىشـلار ئۈستىـدە ئـويلىنىش پۇرسـىتىنى بېرىـدۇ. 24-ئافرېـل كـۈنى، ئېلېفـون ئـارقىلىق گىيوبېلسـقا پارلامېنتتا مـۇھىم بىـر نۇتـۇق سـۆزلەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىـدۇ. يەكشـەنبە كـۈنى چۈشـتىن كېيىن سائەت 3 تە، ئۇ بولشېۋىكچىلىقنى ئەيىپلەپ، ئۇلارنىڭ تۇتقـان يـولىنى ”يەھـۇدىيلار دىكتـاتۇرلۇقى“ دېسـە، يەھـۇدىيلارنى قىلـچە رەھىـم قىلمـاي تاقابىـل تۇرۇشـقا تىگىشـلىك ”تەييارتـاپ پـارازىتلار“ دەپ قارىلايـدۇ. ئەممـا ئۇنـىڭ نۇتقىنىـڭ ئاساسـلىق نىشـانى ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىگە بولغـان ئىشـەنچىنى تەكىتلەش ئىـدى. شـۇنىڭ بىـلەن بىـر قاتـاردا، ئـۇ قۇرۇقلـۇق ئارمىيىسـىنىڭ ئېغىـر كۈنـدە قالغـانلىقىنىمۇ قىلـچە يوشـۇرمايدۇ. ئـۇ، ۋەزىيەتنـى مەخسـۇس قـىيىن كۆرسـىتىش ئـارقىلىق ئـۇلار ئۈچـۈن ئۆزىنىـڭ نەقەدەر مـۇھىم بىـرى ئىكەنلىكىنـى ئالاھىـدە ماختىنىـپ سـۆزلەپ كېتىـدۇ. ”دېپۇتـاتلار، بىـر مەيـدان دۇنيـاۋي كۈرەشتە ئۇتۇپ چىقىش ياكى مەغلۇپ بولۇش بۇ يىل قىشقىچە بىر تەرەپ بولـىدۇ، ــ دەپ دراماتىك بىر شەكىلدە ئېلان قىلىدۇ، ئۇ ئـۆزىنى نـاپولىئون بىـلەن بىـر قاتـار سىلىشـتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، ــ بىـز 130 يىـل بـۇرۇن بىرسـىنىڭ بىلىنـى پـۈككەن تەقـدىردىن غالىـپ كەلـدۇق.“ بۇنـدىن كېـيىن شـۇنىڭغا ئوخشـاش بىـر بوھرانىنىڭ يۈز بېرىشىنى توساش ئۈچۈن ئۆزىگە تولۇق ھوقۇقلۇق قوماندانلىق بېرىلىشـىنى

ماقۇللاش تەلىۋىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. بۇ قانۇنىنىڭ سۆزلىرى بۇرۇنقى بەلگىلىمىلەرنىڭ ھەممىنى سىرىپ سۈپۈرۈپ تاشلاش بەلگىلەنگەن ئىدى. بۇ قانۇن بويىچە، بۇندىن كېيىن ھەر بىر نېمىس ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا شەرتسىز بويى سۇنۇشى كېرەكلىكى تەلەپ قىلىنغان بولۇپ، بويى سۇنمىغانلار ئېغىر جازاغا تارتىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر رەسمى تۈردە قانۇنىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان، ھايات-ماماتلىق ھوقۇقىنى قولىدا تۇتقان بىرسىگە ئايلانغان ئىدى. ئەسلىنى سۈرۈشتە قىلغاندا، ئۇ ئۆزىنى رەسمي تۈردە تەڭرىنىڭ ۋەكىلى دەپ تونۇپ، تەڭرىگە ۋاكالىتەن ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ: گېرمانىيىنىڭ ۋەزىپىسى ”زىيانلىق ھاشارەتلەر“ نىڭ ئۇرۇقىنى قۇرۇتۇپ، ”خاسىيەتلىك ئىنسان ئىرقى يارىتىش.“

ھىتلېرنىڭ ئىپادىسى بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن پارلامېنت دېپۇتاتلىرى ”قىزغىن ئالقىش سادالىرى“ ئىچىدە بۇ قانۇننى ماقۇللاپ ئاۋاز بېرىشىدۇ. چەتئەللىك كۈزەتكۈچىلەر، بۇنداق بىر قانۇننى ماقۇللىتىش ئۈچۈن ھېچ بىر باھانىسى يوقم دەپ قارىشىدۇ. ھىتلېرنىڭ ھوقۇقى ستالىن ياكى مۇسسولىنىلارنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەنلىكى بىر ئەمەلىيەت ئىدى. ئەسلىدە، كايزېر ياكى ناپولېئوننىڭ ھوقۇقىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى دېيىشكە بولاتتى. ئۇ، پۈتۈن ھوقۇقنى ئۆز قولىغا ئېلىشىنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق دەپ ئىزاھلايدۇ: دۆلەتنىڭ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان پەيتىنى پۇرسەت بىلىپ بېيىۋېلىشىنى ئويلىغانلارنى چەكلەش ۋە قاراقچىلارغۇ بازارچىلىققا زەربە بېرىش، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئارتۇق كىشىلەرنى قىسقارتىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈرۈشىگە سەپلەش. چۈنكى گېرمانىيە ئىگىلىكىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىغا مەمۇرى ئورگانلار بىلەن ئەدلىيە ئورگانلىرىدىكى كونسېرۋاتىپلىق سەۋەب بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پارتىيە ئىچىدىكى چىرىكلىشىشمۇ بۇنىڭ بىر سەۋەبى بولماقتا دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۆتكەن ئون يىل مابەينىدە، گېورىڭدەك كىشىلەرنىڭ بۇلاڭ-تالىڭى ھەمدە ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك كادىرلىرىنىڭ چىرىكلىكى بىلەن قابىلىيەتسىزلىكى قوشۇلۇپ، ئىمپېرىيەنىڭ دۆلەت كۈچى كۈنسايىن ئېقىپ كېتىۋاتماقتا ئىدى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ سالسىزبۇرگ يېقىنىدىكى بارۇك پاسونىدىكى كىلىسىشېم كاستىلدا فۈھرېر بىلەن مۇسسولىن ئۇچرىشىدۇ. بۇ ئىتالىيىلىك، فۈھرېرنىڭ نۇتقى ئۇنى ئۈمىدسىز ئەھۋالغا چۈرۈپ قويىشى مۇمكىنلىكى پەرەز قىلىپ، ئۆتكەندىكى ستادىيومدا خۇشاللىقتىن قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەن مىتىنگ قاتناشقۇچىلارنىڭ ئەكسىچە بىرەر يامانلىق ھېس قىلغان ھالدا بۇ سۆھبەتكە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى. سۆھبەت جەريانىدا فۈھرېر توختىماي سۆزلەيتتى. ئەمما ئۇنىڭ دېگەنلىرى بەك ئەھمىيەتلىك

نەرسىلەر ئەمەس ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي شەرق سېپىدىكى ئاپەتلەرنى پەدازلاپ كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى (”بۇ يىل قىشتا گېرمانىيە قورۇقلۇق ئارمىيىسى تارىختىكى ئەڭ پارلاق بىر سەھىپە يېزىپ چىقتى“ دەيتتى). ئۇ، ئامېرىكىلىقلارنىڭ سىلىقلىق بىلەن ھەيۋە قىلىپ ئادەم قورقۇتۇدىغان كىشىلەر، دەيدۇ. ئۇ يەنە بىر قېتىم ئۆزىنى ناپولېئونغا سېلىشتۇرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن بىر بالداق ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنىمۇ قوشۇپ قويىدۇ. ئۇ يەنە ھىندىستاننى، ياپونىيەنى ۋە بارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىنى بىر قۇر باھالاپ، ئۇلارنىڭ قايسى دائىرىگە تەۋە دۆلەتلەر ئىكەنلىكىنى كېسىپ ھۆكۈم قىلىدۇ. ئەتىسى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ھىتلېرنىڭ دەيدىغان گېپى تۈگەپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا تىنماي بىر سائەت قىرىق مىنۇت سۆزلەپ، ھەتتا ئۆز گېنېراللىرىنىمۇ زېرىكتۈرىۋېتىدۇ. بۇ جەرياندا مۇسسولىنى تىنماي سائىتىگە قاراپتتى. سىيانو كېيىن بۇ مەنزىرىنى ئەسلەپ كېلىپ، ”گېنېرال جودل خۇددى رىۋايەتلەردىكىدەك تىرىشىپ باققاندىن كېيىن ئاخىرى بولالماي كىرسلودا قىڭغىيىپ ئۇيقىغا غەرق بولغان ئىدى“ دەيدۇ.

3

ئېس-ئېس ئامانلىق باشقارمىسىدا بولسا، ھىملېر ھېيدىرىخقا پەقەتلا ئىشەنمەيتتى. بۇ ھەممىگە ئايان ئىدى. ھېيدىرىخ فۇھرېرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى ئۈچۈن قىلىن-قىلىن ئارخىپ تىكلىگەن بولغاچقا، كىشىلەر تەرىپىدىن كەمسىتىلمەكتە ئىدى (بىر كۈنى، ھېيدرىخ قول ئاستىدىكى گىنتېر سىيروپقا ھىملېرنىڭ بىر پارچە رەسىمنى كۆرسەتكەن. ئۇ رەسىمدىكى ھىملېرنىڭ يۈز قىسمىنى قولى بىلەن ئېتىپ تۇرۇپ، ”يوقۇرى قىسمى ئوقۇتقۇچىغا، ئاستىنقى قىسمى خورلىغۇچى تەلۋىگە ئوخشايدۇ“ دېگەن). ئەمما ھىتلېر بولسا ھېيدىرىخ ئۈچۈن بەكلا چوڭ پىلانلىرى بار بولۇپ، ھەتتا ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىزباسارى قىلىشنىمۇ ئويلىغان، ھاۋا ئارمىيىسىدە كۆرسەتكەن كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرگۈچى ئىشلىرىدىن كېيىن، گىۆرىڭ بۇنداق ئەتىۋارلىنىشتىن مەھرۇم بولغاندىن كېيىن ئورنىغا ھېيدىرىخ تاللانغان بولۇپ، ئۇ يوقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار دەرىجىسىدىن بەھرىمەن قىلىنغىنىدىن باشقا يەنە ”موراۋىيە بىلەن بوخېمىيە ۋاكالەتچى كىنەزى“ ۋەزىپىسىگىمۇ تەيىنلەنگەن ئىدى. ئۇ، چېخوسلوۋاكىيەدە ئاق تېرورلۇقى يۈرگۈزۈپ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى تېز سۈرئەتتە تارمار كەلتۈرگەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن پېرخون جادىگىرى رولىنى ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئالۋاستىلىق رولىنى ئويناپ، مېھرىبان قىياپەتكە پۈركەنگەن، بولۇپمۇ ئىشچى ۋە دېھقانلارغا ئەنە

شۇنداق مۇئامىلىدە كۆرۈنۈۋالغان بىرسى ئىدى. ئۇ ئىشلەپچىقارغۇچى ئىشچىلارغا بېرىلىدىغان ياغ نورمىسىنى كۆپەيتىپ بېرىپ، جەمئىيەت ئامانلىق سىستېمىسىنى ياخشىلىغان، ئىشچىلار سىنىپى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئالىي مېھمان سارايلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلەتكەن. "ئۇ چېخلار بىلەن مۇشۇك-چاشقان ئويۇنى ئوينىدى" دەپ باھالايدۇ ئۇنىڭ زىيالىي كەسپدىشى گېوبېلس، _ ئۇلارنىڭ ئالدىغا نېمىنىلا تاشلىسا چېخلار ئۇ نەرسىنى ھاپ قىلىپ يۇتۇپ ماڭاتتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ نۇرغۇنلىغان ئالقىشلىنىدىغان تەدبىرلەرنى ئىشقا سالغان ئىدى. بولۇپمۇ ئۇ قارا‌ئۆغۇ بازارچىلىقنى پۈتۈنلەي تېزگىنلەپ بولدى."

ھېيدىرىخنىڭ چېخوسلوۋاكىيەدە قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرى چېخ سۈرگۈندىكى ھۆكۈمىتىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشكە ئۈندەيدۇ. چېخوسلوۋاكىيە ئاھالىسى بۇ رەھىمدىل زوراۋاننىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا ئۈچىنچى رىيچنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چىڭ باغلىنىپ قېلىشى ئېھتىمالى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلار ھېيدىرىخنى ئۆلتۈرۈش قارارىغا كېلىشكەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، شوتلاندىيەدىكى بىر مەكتەپتە بۇزغۇنچىلىق قىلىش تەربىيىسى كۆرگەن جان كۇبىس بىلەن جوزېف گابىسىك ئىسىملىك ئىككى ئۈنۋانى يوق ئوفىتسېر ئەنگلىيە ئايروپىلانى بىلەن بۇ ۋاكالىتەن باشقۇرۇلىۋاتقان دۆلەتكە پاراشوتتا تاشلىنىدۇ.

27-ماي كۈنى، بۇ ئىككى نەپەر سۇيىقەستچى ئىككى نەپەر چېخ ۋەتەنپەرۋەرنىڭ ھەمرالىقىدا، ھېيدىرىخنىڭ سەھرادىكى داچىسى بىلەن پراگادىكى خىرادشىن كاستىل ئوتتۇرىسىدىكى بىر يول دوخمۇشىغا يوشۇرىنىدۇ. ھېيدىرىخنىڭ يېشىل رەڭلىك بېرزىنىت قاپلىق مەرسىدەس ماشىنىسى يېتىپ كەلگەندە گابىسىك سەكرەپ ئالدىغا چىقىپ ئاپتوماتىنى بەتلەپ تەپكىسىنى باسىدۇ. ئەمما ئوق ئېتىلماي قالىدۇ. ئۇ يەنە بىر قېتىم تەپكە باسقان بولسىمۇ يەنىلا ئېتىلمايدۇ. ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان كۇبىس دەرھال پىكاپقا قارىتىپ بىر تال قول بومبىسى ئاتىدۇ. ئەمما بۇ گراناتمۇ دومىلىغىنىچە بېرىپ توختاپ پارتلىماي تۇرىۋالىدۇ. ھېيدىرىخ "چاققان مايغا باس! شوپۇر!" دەپ ۋارقىرايدۇ. ئەمما ئاخىرقى بىر مىنۇتتا ئالمىشىپ ئۆلتۈرغان شوپۇرنىڭ پۇتى يەنىلا تورمۇز پېدالىغا چىڭ دەسسىگىنىچە تۇرۇپ قالغان ئىدى. شۇ پەيتتە گرانات پارتلاپ، پىكاپنىڭ كەينىنى تىتىۋېتىدۇ. يارىلانمىغاندەك كۆرۈنگەن ھېيدىرىخ "خۇددى بىرەر ئامېرىكا غەربىي كىنولىرىدىكى بىر كۆرۈنۈشنىڭ باش قەھرىمانىدەك" قولىدا تاپانچا، ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشكىنىچە ئوق چىقىرىپ ۋاقىرايدۇ. كۇبىس شۇ ھامان ۋېلسىپىتكە مىنىپ غايىپ بولىدۇ. گابىسككە ئوق تەگمەيدۇ. ئۇمۇ مىلتىقى پىستان چېقىپ تۇرىۋالغىنىدىن كېيىن ھۇلۇقۇپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن دەرھال قاچىدۇ. تۇيۇقسىز ھېيدىرىخنىڭ قولىدىكى تاپانچا يەرگە

چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئۇك كاسسىسنى سىلىغىنچە سەنتۇرۇلۇپ يېقىلىپ چۈشىدۇ. ئەسلىدە پارتلاشتا پىكاپ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ پارچىسى بىلەن لېسسور پارچىسى چاچراپ كېلىپ ئۇنىڭ بىقىنىدىن تىشىپ كىرىپ ئاشقازىنىغا تاقىلىپ قالغان ئىدى. ئەتراپتىكى كىشىلەر دەرھال ئۇنى يېقىندىكى بىر دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارىدۇ. كۆرۈنۈشتە ئۇنىڭ يارىسى بەك ئېغىر دەك قىلمايتتى. ئۇمۇ پەقەت نېمىس دوختۇرلىرىنىڭلا داۋالىشىنى قوبۇل قىلىمەن، باشقا دوختۇرلار ماڭا يېقىن كەلمىسۇن، دەپ چىڭ تۇرىۋالىدۇ. كىشىلەر ئاختۇرۇپ يۈرۈپ بىر نېمىس دوختۇرنى تېپىپ كېلىدۇ. ئۇ دوختۇر ھېيدرىخنىڭ يارىسىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، چوقۇم ئاپاراتسىيە قىلىنىشى كېرەك دەيدۇ. پارتلاشتىن كەلگەن پارچىلار ئۇنىڭ قوۋرغىسىنى تېشىپ كىرىپ ئۆپكىسىنىڭ پەردىسىنى يىرتىپ تاشلىغان بولۇپ، يەنە بىر قىسمى بىرىپ تېلىنىمۇ تىتىۋەتكەن ئىكەن.

"بۆرە ئىنى" يېنىدىكى بىر ۋاقىتلىق قۇماندانلىق شتابىدا تۇرىۋاتقان ھىملېر ئۆزىنىڭ قابىلىيەتلىك ئادىمىنىڭ ھاياتى خەتەر ئىچىدە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ئۆزىنى تۇتىۋالالماي يىغلاپ تاشلىغان. ئەمما بەزى ئىس-ئىس ئوفتسېرلىرىنىڭ قارىشىچە، ھىملېرنىڭ كۆز يېشى تىمساخ كۆز يېشى ئىكەنمىش. چۈنكى ھېيدرىخنىڭ ئۆسۈپ يەللىگە چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ھىملېر غەزەپلىنىپ بەكلا غۇدىراپ يۈرەرمىشكەن. پراگادا، ھېيدرىخ ئاخىرقى نەپىسىنى ئېلىۋاتقان پەيتىدە قول ئاستىدىكى سىيىرۇپقا "ھىملېردىن ئېھتىيات قىل" دەپ پىچىرلىغان.

كېيىن ھېيدرىخنىڭ ئۆلۈم سەۋەبى تەكشۈرۈلگەندە، ھىملېر ئىس-ئىس چەتئەل ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى ۋالتېر شىللېنبېرگكە "توغرا، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ فۇھرېرىمىزنىڭ ماتەم مۇراسىمىدا سۆزلىگىنىدەك پولاتتەك ئىرادىلىك بىر ئادەم ئىدى. ئەمما ئۇ راسا ئەال پەللىسىگە چىققان بىر پەيتتە تەغدىرى ئۇنى ئېلىپ كەتتى" دەيدۇ. ئۇنىڭ تاۋۇشى بەكلا قايغۇلۇق بىلىنگەندەك قىلسىمۇ، شىللېنبېرگ ئۇنىڭ دىگىنىنى ھەرگىزمۇ ئىبسىدىن چىقارمايدۇ: "شۇ چاغدا ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى خۇددى بىر قېرى راھىپتەك بېشىمنى لىڭشىتىپ ماقۇللاپ تۇرغان بولسامۇ، ھىملېرنىڭ بۇرنىغا ئىلىۋالغان كۆزئەينىكى ئاستىدىكى كىچىك كۆزلىرىنىڭ تۇيۇقسىز چاقناپ، خۇددى ئافرىقا چۆللىرىدىكى يا كەسلەنچۈككە ئوخشايدىغان، يا يىلانغا ئوخشايدىغان غەلىتى بىر مەخلۇقنىڭ كۆزلىرىگىلا ئوخشاپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم" دەيدۇ.

ھېلىقى ئىككى نەپەر سۇيىقەستچى بىلەن بىرلىكتە قالغان بەش نەپەر چېخ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئەزالىرى ئىس-ئىسچىلار تەرىپىدىن پراگادىكى بىر چىركاۋدا قولغا چۈشۈپ ئېتىپ تاشلىنىدۇ. ئەمما بۇ، قىساس ئېلىنىشىنىڭ تېخى باشلىنىشى ئىدى.

بوسنىيە بىلەن موراۋىيەدە تېررورلارچە ھۆكۈمرانلىق يولغا قويۇلۇپ، ھېيدرىخنىڭ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى يوققا چىقىدۇ. لىدىسىدىكى پۈتۈن ئەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 1300 نەپەر چېخ دەرھال ئېتىپ تاشلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى ئۈچۈن قاتىلنى يوشۇرغانلىق باھانە قىلىنغان ئىدى. لىدىس پارتىلىتىلىپ خارابىلارنىمۇ قويماي چېقىپ تۈپتۈز قىلىۋېتىلىدۇ. نامىنى ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان بۇ كەنت تۈزلىۋېتىلگەندىن كېيىن، غەرپ دۇنياسىنىڭ غەزەپ نەپرىتىنىلا قوزغاپ قالغان بولماي، چېخوسلوۋاكىيە تەۋەسىدىمۇ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئىرادىسىنى يالقۇنجىتىۋېتىدۇ. ("بىزنىڭ چېخوسلوۋاكىيىگە ئادەم ئەۋەرتىپ ھېيدرىخنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغىنىمىزدىكى ئاساسلىق ئويلىغىنىمىزمۇ شۇ ئىدى. _ دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ ئۇرۇشتىن كېيىن ئەنگلىيە ئىشچى پارتىيىسى پارلامېنت ئەزاسى پاگېت، _ چېخ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق كۈچى كېيىن ئېس-ئېسىنىڭ قوزغىغان قىساس ئېلىش ھەرىكىتىنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسى ئىدى." _ ئا. ھ. ئىزاھاتى).

ھېيدرىخ سۇيىقەستى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، يەنىلا شۇ يەھۇدىيلارنىڭ بېشىغا ئەڭ ئېغىر كۈلپەتلەر كېلىدۇ. سۇيىقەست يۈز بەرگەن كۈنى، بېرلىندا 152 نەپەر يەھۇدىي ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، ھەممە 3000 نەپىرنى تېرېزىيېنستادت لاگېرىدىن پولشاغا يۆتكەيدۇ. پولشادا بولسا، ئادەم قۇشخانىلىرى كەينى ئۈزۈلمەي ئۆلتۈرۈلىدىغانلارنى تاپشۇرۇپ ئېلىشقا باشلايدۇ.

"ئاخىرقى ھەل قىلىش" مەسىلىسىدە، ئەڭ قورقۇنۇشلۇق بىر كەشپىيات، "يەھۇدىيلار كومۇتېتى" دېگىنى ئىدى. بۇ كومۇتېت، سۈرگۈن قىلىشقا مەسئۇل بولۇشتىن تاشقىرى، يەنە يوقۇتۇش ئىشىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقان ئىدى. بۇ كومۇتېت يەھۇدىي جەمىيەتلىرىدىكى ئەڭ ئاقىلانە سىياسەت ھەرگىز قارشىلىق كۆرسەتمەسلىك ھەمدە نېمىسلار بىلەن ھەمكارلىشىش دەپ قارايدىغان كاتتىۋاشلاردىن تەشكىللەنگەن ئىدى. "بىز 50 مىڭ يەھۇدىينى قۇربان قىلىش ھېسابىغا يەنە بىر 50 مىڭ كىشىلىك يەھۇدىي گۇرۇپپىسىنى قۇتقۇزاتتۇق." دەيدۇ موسېس مېرىن ئىسىملىك تېپىك بىر كاتتىۋاش.

ياز بېشىدىن تارتىپ، كوللىكتىپ قىرغىن قىلىش زوراۋانلىق ھەرىكىتى ھىملېرنىڭ يازما بۇيرۇقى بىلەن ئىجرا قىلىنىشقا ئۆتىدۇ. ئېيچمان بۇ بۇيرۇقنى ياردەمچىلىرىدىن بىرى بولغان دىيېتېر ۋىسلىسېنىيغا كۆرسەتكەن، شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا "ئاخىرقى ھەل قىلىش" نىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، بۇنىڭ مەنىسى يەھۇدىي ئىرقىنى قۇرۇتۇش دېگەنلىك دەيدۇ ۋە يەنە مۇنداق دەپ قوشۇپ قويىدۇ: "تەڭرى بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزگە نېمىسلارغىمۇ بۇنداق بىر تەدبىر قوللىنىشنى توسغاي دەپ تىلەيمەن!" بۇ گەپنى ئاڭلىغان

ۋىسلىسىنى قاتتىق چۆچۈپ ۋارقىراپ تاشلايدۇ.

"ھېسسىياتىڭنى بېسىۋال، ــ دەيدۇ ئېيچمان، ــ بۇ دېگەن فۈھرېرىمىزنىڭ بۇيرۇقى." بۇ تەرىپىنى ھىملېر ئىيۇل ئاخىرلىرىدا ئېس-ئېسنىڭ مۇھىم ئىشخانىلىرىغا ئىۋەرتكەن بىر پارچە خېتىدىمۇ تەسقلاپ تۇراتتى. "شەرقى ئىشغالىيەت رايونىدىكى يەھۇدىيلار چوقۇم پاك-پاكىزە تازىلىۋېلىشى كېرەك. فۈھرېرىمىز بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئېغىر يۈكىنى بىزگە تاپشۇردى. ھەرقانداق بىر شارائىتتا بىزنى بۇ ئېغىر يۈكتىن ئازات قىلالايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. شۇنداق ئىكەن، مەن بۇ ئىشتا ھەرقانداق بىرسىنىڭ ئىشىمىزغا توسالغۇلۇق قىلىشىغا يول قويمايمەن."

قۇراللىق ئېس-ئېس دىزىنفېكسىيە تېخنىكا خىزمەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى كۇرت گېرستېيىن بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ پوتوئىلەي تۈگىشىپلا كېتىدۇ: "ناتسىستلارنىڭ بۇ تۇر يالماۋۇزلارچە قىلمىشى ئۇنى پوتوئىلەي ئۈمىدسىز بىر ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ــ دەيدۇ بىر دوستى كېيىن بۇ ئىشنى ئەسلەپ كېلىپ، ــ گېرستېيىن يەنە ئۇلار بۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ھېچقاچان ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ئويلايتتى" دەيدۇ. شۇ يىلى يازدا گېرمانىيە ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى رايونلاردا قۇرۇلغان 4 يەردىكى ئۇرۇقنى قۇرۇتۇش لاگېرلىرىغا قىلىنغان تەكشۈرۈش سەپىرىدە، گېرستېيىن بىشارەت قىلغان ھادىسىلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان. بىرىنچى يوقۇتۇش لاگېرىدىكىلەر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تەكشۈرۈشكە چىققان ئىككى نەپەر كەسپىدىشى، يەنى ئېيچماننىڭ ياردەمچىسى ۋە يەنە بىر فانېنستېيىل ئىسىملىك بىر سەھىيە پروفېسسورىغا ھىتلېر بىلەن ھىملېر ئىككىسى يېقىندىلا "بۇ ھەرىكەتنى ئۆمۈمىي يۈزلۈك تۈردە تېز يولغا قويۇش" كېرەكلىكى ھەققىدە بۇيرۇق بەرگەنلىكىنىمۇ تىلغا ئالغانىكەن. ئىككى كۈندىن كېيىن، بېلزېستە گېرستېيىن بۇ بۇيرۇقنىڭ ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرگەن.

"بۇ يەردە شۇنچە ئادەم كۆردۈم، ياكى شۇنچە نۇرغۇن ئادەمدىن تىرىك قالغانلىرى 10 غىمۇ يەتمەيدۇ" دەيدۇ يوقۇتۇش ئىشىغا مەسئۇل كومىسسار كرىستىيان ۋىرت. ئۇ ئۇرۇقنى قۇرۇتۇش ئىشىنىڭ پۈتۈن باسقۇچلىرىنى كۆزىتىپ چىققانلىقىنى، شۇ كۈنى پويىز بىلەن توشۇپ كېلىنگەن 6 مىڭ نەپەر ئادەمدىن 1450 نەپىرى يولدىلا ئۆلۈپ بولغانلىقىنى، تىرىك قالغانلار قامچىلىنىپ ۋاگونلاردىن ھايداپ چۈشۈرۈلگەنلىكىنى، ئاندىن ئۇلارغا دەرھال كىيىملەرنى سېلىپ قىپيالىڭاچ بولۇڭلار، ھالقا-ئۈزۈكلىرىڭلارنى، كۆزئەينەك قاتاردىكى نەرسەڭلارنى تاپشۇرۇڭلار، قىممەت پۇللۇق نەرسىلىرىڭلار بىلەن پۇل-پۈچەكلىرىڭلارنىمۇ تولۇق تاپشۇرۇڭلار، دەپ بۇيرۇق قىلىنغان. ئاياللار بىلەن قىزلارنىڭ چاچلىرى قىرىپ چۈشۈرۈلگەن. "بۇ چاچلار بىلەن سۇئاستى پاراخوت

ئەسكەرلىرى ئۈچۈن بەكلا مۇھىم نەرسە ياسىلىدۇ، يەنى ئۇلارغا چىرايلىق ساپماكەشلەر توقۇلىدۇ" دېگەن بىر ئىس-ئىبس چۈشەندۈرۈپ كېلىپ.

گېرستىپىن، بۇ ئادەملەرنىڭ قاتار تىزىلىپ ئۆلۈم كامېرىغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق سەسكىنىپ كەتكەن. ئەر-ئايال، قېرى-ياش دېمەستىن قىپيالىڭاچ قاتارغا تىزىلىپ ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتىۋاتقان كۆرۈنۈش ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق دەھشەتلىك بىر مەنزىرە ئىدى. ئىگىز بويلۇق بەستلىك بىر ئىبس-ئىبس ئەسكىرى خۇددى پوپلارنىڭ ۋەز ئېيتقاندىكى ئاۋازدا ئۇلارغا ۋارقىرىغىنىچە سىلەرگە ھېچ بىر خەۋىپ خەتەر يوق، دەپ ئۆلۈم كامېرىغا كېتىۋاتقانلارنىڭ كۆڭلىنى تىنجىتىشقا تىرىشاتتى. "سىلەر كامېرغا كىرگەندىن كېيىن چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ بەرسەڭلارلا يېتەرلىك. شۇنداق قىلساڭلار ئۆپكەڭلارنىڭ تازىلىنىشىغا پايدىلىق بولىدۇ. ئوكسىگىن بىلەن نەپەسلىنىش سىلەرنىڭ يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولىشىڭلارنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، بۇمۇ دىزىنفېكسىيىلىنىشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىلىرىدىن بىرى." كېتىۋاتقانلاردىن بەزىلەر قورققىنىدىن بىزنى بۇ يەردە قانداق بىر ئاقىۋەت كۈتىدۇ؟ دەپ سورايتتى. بايىقى ئىبس-ئىبس ئەسكىرى ئۇلارغا تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ، ئەرلەر تاشيول ياساش، قۇرۇلۇش سېلىشقا، ئاياللار بولسا ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش ياكى ئاشخانىلاردا ياردەمچى بولۇشقا ئىشەرتىلىدۇ، دەپ خاتىرجەم قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۆلۈم كامېرىدىن كېلىۋاتقان سېسىق پۇراق ھەممىنى ئېنىق بىلدۈرۈپ تۇراتتى. بۇنى ھېس قىلغان ئالدىدىكىلەر ھەرىكەت قىلماي تۇرىۋېلىشسا، كەينىدىكىلەر ئۇلارنى قىستاپ كامېرغا كىرگۈزىۋېتەتتى.كۆپ قىسىم بىچارىلەر گەپمۇ قىلماي جىم تۇرۇشاتتى. پەقەت بىر ئايال، كۆزلىرىدىن غەزەپلىك ئوت چاقنىغان ھالدا زىيانكەشلىك قىلغۇچى قاتىللارنى ھاقارەتلەپ تىللاپ كېتىدۇ. ۋىرت ئۇ ئايالنى قامچىلاپ ئالدىغا ھايدايتتى (ۋىرت، بۇرۇن ستۇتگارتا جىنايى ئىشلار ساقچى باشلىقى بولغان بىرسى ئىدى). ئارىدا بەزىلەر چوقۇنۇپ دۇئا قىلىشاتتى، يەنە بەزىلەر "ئۆلگەنلىرىمىزنى يۇيۇشقا كىم سۇ بېرەر؟" دەپ سورىشاتتى. گېرستىپىن ئۇلارغا قوشۇلۇپ چوقۇنۇۋالىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، زەھەرلىك گاز كامېرى يەرگە يىغىنە ئاتسا چۈشمىگىدەك ئادەمگە لىق توشىدۇ. ئەمما بۇ ۋاقىتتا سەلەركە ماتورلۇق ئاپتوموبىلنى زىۋىت قىلىپ يەھۇدىيلارنى زەھەرلەش ئۈچۈن ماتور گازى چىقىرىشقا مەسئۇل شوپۇر شۇنچە زىۋىت قىلسىمۇ ماتور ھەرىكەت قىلماي تۇرىۋالىدۇ. ئىشقا دەخلى قىلغانلىقتىن ئاچچىغلىنىپ ئۆزىنى يوقۇتۇپ كقويىۋاتقان ۋىرت، بېرىپ شوپۇرنى قامچىلاپ كېتىدۇ. ئىككى سائەت 49 مىنوت ۋاقىت ئۆتكەندىلا ئاندىن سەلەركە ماتورى ھەرىكەتكە كېلىدۇ. يەنە 25 مىنوت ۋاقىت ئۆتكەندە گېرستىپىن بېرىپ گاز كامېرىنىڭ تۈشۈكىدىن ئىچىگە قارايدۇ. كامېردىكى مۇتلەق كۆپ

كىشى ئۆلۈپ بولغان ئىكەن؛ 32 مىنۇتتىن كېيىن، كامىردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ دۇنياغا كېتىپ بولىدۇ. گېرستېيىن كۆرگىنىنى كېيىن ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: كامىردىكى ئادەمنىڭ زىچلىقىدىن يېقىلىپ چۈشكىدەكمۇ بوش يەر قالمىغاچقا،جەسەتلەرنىڭ ھەممىسىلا تىكلەپ قويۇلغان مەرمەر تۈرۈكتەك قېتىپ قالغان. بىر ئائىلىدىكىلەر بىر-بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇشۇپ تۇرغان بولغاچقا، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ قولى بوشىمىغان ئىدى."

ۋەھىمە داۋاملاشماقتا ئىدى. بىر گۇرۇپ ئىشچى ئامبۇرلار بىلەن ئۆلۈكلەرنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئالتۇن چىشلىرى بار-يوقلىقىنى تەكشۈرۈشكە باشلايدۇ. يەنە بىر قىسىملار ئۆلۈكلەرنىڭ سۆڭەكلىرىنى ياقۇت، ئۈنچە-مارجان ئاختۇرۇشقا كىرىشىدۇ. ۋرت بۇ ئىشىدىن مەغرۇرلانغان ھالدا چوڭ بىر قۇتا ئالتۇن چىشلارنى كۆرسىتىپ، "قاراڭلار، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئالتۇن چىش! تۈنۈگۈن، ئۆلۈشكۈنىمۇ يەنە مۇشۇنچىلىك ئالتۇن چىش توپلىغان ئىدۇق. بىز ھەر كۈنى نېمىلەرنى تاپمىدۇق دېمەيسىلەر، ھېچكىمنىڭ ئەقلىغا كەلمەيدىغان نەرسىلەرنى تاپىمىز. بىز ئامېرىكا دوللىرى، ئالماس، ئالتۇن قاتارلىق نەرسىلەر تاپتۇق. ئۇختۇڭلارمۇ؟"

گېرستېيىن چىشنى چىشلەپ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچنى كۆرۈپ بولغىچە چىداپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆلۈكلەرنى كولانغان خەندەكلەرگە ئاپىرىپ تاشلايتتى. بۇنداق قېزىلغان خەندەكلەردىن بىر مۇنچىسى بار بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى نەچچە يۈز يارد (بىر يارد تەخمىنەن 91 سانتىمېتىر _ ئۇ.ت) كېلەتتى. بۇ خەندەكلەر زەھەرلىك گاز كامىرىنىڭ كەينىدىلا بىر يەرگە كولانغان بولۇپ، بەكلا قولاي ھالغا كەلتۈرۈلگەن ئىكەن. ئۇ يەردىكىلەر، جەسەتلەر زەھەرلەنگەن جەسەت بولغاچقا، خېلى كۈن ئۆتكەندىلا ئاندىن چىرىپ كۆپجۈشكە باشلايدىغانلىقىنى، جەسەتلەر قاتلىنىپ 2~3 مېتىر ئېگىزلىككە يەتكىنىدە كۆپۈپ ئىششىپ كېتىشى قايتىدىن پەسىيىدىغانلىقىنى، ئاندىن بۇ جەسەتلەر رېلىس كۆتەكلىرى ئۈستىگە تىزىلىپ، سەلەركە تۆكۈپ كۆيدۈرۈلۈپ ئۈستىخان كۈلى ياسىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

ئەتىسى، گېرستېيىن ئۇمەكتىكىلەر بىلەن بىرلىكتە ۋارشاۋا بويىدىكى ترېبلىنكاغا كېلىدۇ. ئۇ يەردە، ئۇلارنىڭ كۆرگەن قۇرۇلۇش بۇرۇنقىلىرىدىن قىلچە پەرقى يوق ئىدى. ئەمما بۇلارنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ چوڭ ئىدى. "8 گاز كامېرى بار بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ يېنىدا كىيىم-كېچەكلەر 35~40 مېتىر ئېگىزلىكتە تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن." ئۇلارنىڭ زىيارەتكە كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن دائىرىلەر مەخسۇس خىزمەتچىلەر بىلەن زىياپەت ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. "كىشىلەر بۇ يەھۇدىي ئۆلۈكلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، ۋاھ، سىلەرنىڭ بۇ خىزمىتىڭلار ھەقىقەتەنمۇ چوڭ بىر خىزمەت ھېسابلىنىدىكەن، دەپ

چۈشىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى“ دەيدۇ پروفېسسور فاننېينستېيل. كەچلىك زىياپەتتىن كېيىن، ساھىپخان مېھمانلارغا سېرىقياغ، گۆش ۋە ھاراق قاتارلىق نەرسىلەرنى خوشلىشىش سوغىسى قاتارىدا سوغات قىلىدۇ. گېرستېيىن، رەخمەت سىلەرگە، بۇ تۆردىكى نەرسىلەر دېھقانچىلىق مەيدانىمىدىن يېتەرلىك دەرىجىدە تەمىنلىنىپ تۇرىدۇ، دەپ يالغان ئېيتىدۇ. بۇنى پۈرسەت بىلگەن پروفېسسور ئۇنىڭ ئۆلۈشىنىمۇ قوشۇپ ئېلىۋالىدۇ.

ۋارشاۋاغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، گېستېيىن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بۇ قورقۇنۇشلۇق مەنزىرىلەرنى كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىشكە ئالدىراپ، دەرھال بېرلىنغا قايتىش تەييارلىقىغا كىرىشىدۇ. ئۇ ئۆزىنى راستىنلا خەتەرلىك سەپەردىن كەلگەن ”قېدىمقى دېڭىز ساياھەتچىسى“ دەك ھېس قىلىدۇ. ئۇ كۆرگەن ھەقىقىي ئەھۋاللارنى كەسپداشلىرىغا تولۇق ئېيتىپ بۇ خەۋەرنى يېيىشقا تەييارلانغان ئىدى. بۇرۇن ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بۇنداق ئىشلارنىڭ كۆرۈلۈشىنى پەقەتلا ئەقلىگە كەلتۈرمىگەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، كۇرت گېستېيىننىڭ ھېكايىسى سۇغا تاش ئېتىلغان تاش پەيدا قىلغان چەمبەرسىمان دولقۇندەك تارقالغانسىرى تېخىمۇ كېڭىيىپ تارقىلىشقا باشلايدۇ.

4

1942-يىلى كىرىپ كەلگەن بولسىمۇ، گېرمانىيەنىڭ ھەربىي ئىشلار ۋەزىيىتى قىلچە ئۆزگىرىش ياسىماي تۇرۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. شەرق سېپى يەنىلا قىلچە ئىلگىرىلەش كۆرۈلمەي جايىدا تۇرۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە رومېلنىڭ چۆل ئوپېراتسىيە تەييارلىقىمۇ تېخى تولۇق پۈتمىگەن ئىدى. ئوتتۇرلۇقتىكى خەۋەرلەر پەقەتلا ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ كەينى-كەينىدىن غەلىبە بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقىلى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا كىشىنى خوشال قىلغىدەك ھېچ بىر يېڭى گەپ يوق ئىدى. ھىتلېر ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسىدىن خېلى خوشال بولغاندەك قىلسىمۇ، بۇ ئىتتىپاقدىشىنىڭ كۈتكىنى بويىچە ئۇرۇش قىلىشنى ئىنتايىن ئەدەپلىك ۋە كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلىۋېتىشىدىن بەكلا روھى چۈشۈپ كېتىدۇ.رىبېنتروپ، باش ئەلچى ئوشىما ئارقىلىق ياپونىيەنىڭ ھۇجۇم نىشانىنى ھىندىستانغا قارىتىشى ھەققىدە مەجبۇرلاپ باققان بولسىمۇ، قىلچە پايدىسى بولمايدۇ. ھىتلېر ئوشىمانى ”بۆرە ئىنى“ غا چاقىرتىپ بۇ مەسىلىنى تەكرارلاپ ئوتتۇرغا قويۇپ باققان بولسىمۇ، ئوخشاشلا مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. ئۇ باش ئەلچىگە: گېرمانىيە قۇرۇغلۇق ئارمىيىسى كاپكازىيەگە بېسىپ كىرىش ئالدىدا تۇرماقتا. ئەگەر بۇ نېفىتلىكنى قولغا كىرگۈزۈپلا ئالىدىكەنمىز، ئۇ ھالدا پارس يولى داغدام

ئېچىلغان بولىدۇ؛ شۇ چاغدا گېرمانىيە-ياپونىيە ئىككىسى بىرلىكتە كەڭ كۆلەملىك ئامبۇرسىمان ئىككى تەرەپلەپ ھۇجۇم قىلىپ ئەنگلىيىنىڭ يىراق شەرق ئارمىيىسىنى تارمار كەلتۈرۈشتەلىشىمىز مۇمكىن، دەيدۇ. بۇ دېگەنلىرى راستىنلا كىشىنى قىزىقتۇرالىغىدەك گەپلەر بولسىمۇ، ياپونىيە بۇ پۇرسەتنى رەت قىلىۋېتىدۇ. ئەسلىدە ئۇلارمۇ غەرپلىكلەر بىلەن سوۋېتلىشىش ئىمكانىيىتىنىڭ بار-يوقلىقىنى ئويلىنىشقا كىرىشكەن بولۇپ، ياپونىيە پادىشاھى باش ۋەزىر توجونى سارايغا چاقىرتىپ "ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا يارايدىغان ھەرقانداق بىر پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق" توغرىسىدا يوليورۇق بېرىدۇ. شۇڭا، توجومۇ گېرمانىيە باش ئەلچىسى گېنېرال ئېۋگېن ئوتتونى قوبۇل قىلىپ، گېرمانىيە-ياپونىيە ئىككى دۆلەت بىرلىكتە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن يوشۇرۇن ئۇچرىشىپ  بېقىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدۇ. توجو يەنە، ئەگەر ھىتلېر ئۇزۇن مۇساپىلىق بومباردىمان ئايروپىلانىدىن بىرنى ئىئۇەرتسە، مەن ياپونىيە پادىشاھىنىڭ شەخسى ۋەكىلى سۇۋپىتىم بىلەن بېرلىنغا بېرىشنى خالايمەن، دەيدۇ. بۇ تەكلىپكە فۇھرېرنىڭ بەرگەن جاۋابى بەكلا سىلىق بولسىمۇ، بۇنىڭغا بەك قىزغىن ئەمەس ئىدى. يەنى ئۇ، توجونىڭ گېرمانىيە ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ ئۇچىۋاتقىنىدا ئۇرۇپ چۈشۈرۈلىشىنى پەقەتلا خالىمايتتى.

شۇڭا، ھىتلېر ياپونىيەنىڭ قاتنىششى بولماي تۇرۇپ ئۆز ئالدىغا رۇسىيىنى مەغلۇپ قىلىش غەيرىتىگە كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر پىلان بويىچە كاپكازىيىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇ يازما شەكىلدە بۇ رايوننىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ كۆرسەتكىنىدە، ئۇنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە گېنېراللىرى بەكلا ھەيران قالىدۇ. "ئەگەر سىلەر مايكوپ بىلەن گروزنىي نېفىتلىكىنى قولغا چۈشۈرەلمەيدىكەنسىلەر، ئۇنداقتا بۇ ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولىمەن" دەيدۇ.

ئەمما باھار يامغۇرى قۇيۇۋەتكەچكە، ئىنتايىن ئاچ كۆزلۈك بىلەن پىلانلانغان "بىلاۋ" مەخپى بەلگىلىك بۇ ئۇرۇش ئوپېراتسىيەسى بىر قانچە ھەپتە كېچىكتۈرۈلۈپ، 28-ئىيۇنغا كەلگەندىلا مارشال بوك قۇماندانلىقىدا ئاران باشلىنىدۇ. بۇ ئوپېراتسىيىدە 6 ۋېنگېرىيە دىۋىزىيىسى بىلەن 17 گېرمانىيە دىۋىزىيىسى ئۇدۇل كورسكقا قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ. ئىككى سوتكىدىن كېيىن 18 دىۋىزىيىدىن تەشكىللەنگەن كۈچلۈك 6-ئارمىيە قىسىملىرى جەنۇبقا قاراپ ھۇجۇم باشلايدۇ. بۇ چاغدا سوۋېت ئارمىيىسى ئېغىر خاتالاشقان ئىدى: ئۇلار بۇ ئۇرۇشتا تانكا قىسىملىرى بەكلا ئاز ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئىككى سوتكىغا قالماي، ئىككى گېرمانىيە قىسىملىرى بىر-بىرسى بىلەن ئۇچرىشىپ نۇرغۇنلىغان سوۋېت قىسىملىرىنى قورشاۋغا ئېلىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا دون دەرياسى بىلەن ۋورونېژ تۇراتتى. ئەمما بوك غالىبىيەتتىن كېيىن قوغلاپ ھۇجۇم قىلىشقا بەك

ئالدىراپ كەتمىگەچكە، 6-ئىيۇلغا كەلگەندىلا ئاندىن بۇ شەھەرنى قولغا چۈشۈرەلەيدۇ. ئەمما بۇ ۋاقىتتا ھىتلېر ئۆزىنىڭ بۇنداق سۈرئەتتە ئالغا ئىلگىرىلىگەن قوشۇنلىرىنى ستالىنگراد ۋە كاۋكازغا ئىككى يۆنىلىشكە بۆلۈپ ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇغانىدى. (گېنېراللىرى تىرىشىپ قارشى چىقتى، ئۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ھىتلېر چېلەنجەرلىك بىلەن ئىككى يۆنىلىشكە ھۇجۇم قىلىشنى تاشلايدۇ.

بۇنىڭدىن قاتتىق قورسىقى كۆپكەن بوك، ئۆزىنى خارلانغان ھېساپلاپ كۆدە-كۆپسىنى يىغىشتۇرۇپ يۇرتىغا قايتىپ پىنسىيىگە چىقىۋېلىش تەييارلىقىغا كىرىشكەن بىر ۋاقىتتا، ھىتلېر ئۆزىنىڭ قوماندانلىق شتابىنى ئۇكرائىنانىڭ ئىچكى قىسمىغا، يەنى ۋىننىتسانىڭ شەرقى شىمالىغا بىر قانچە مىل كېلىدىغان يەردىكى بىر ئورمانلىققا يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇردى. ھىتلېر بۇ قوماندانلىق شتاب ئورنىغا "بۆرە ئىنى" دەپ ئات قويدى. بۇ يەر ئەسلىدە بەكلا چۆلدەرەپ قالغان بىر يەر بولۇپ، ئۇ يەرگە قۇرغان باش قوماندانلىق شتابى دېگىنىمۇ ئەسلىدە نىقاپلىنىش ئەسلىھەلىرىمۇ بولمىغان بىر نەچچە ئىخىزلىق ياغاچ ئۆيدىنلا ئىبارەت ئىدى. ئۇ يەردە تاغ ياكى دەل-دەرەخ دېگەندەكلەرمۇ يوق بىر يەر ئىدى. ئۆيىنىڭ ئالدى چەكسىز كەتكەن بىر ئۇچۇقچىلىقتىنلا ئىبارەت ئىدى. ئىيۇلدا، ئاسماندا پەقەتلا بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. كۈچلۈك قۇياش تەپتىدىن ھەممە تەرەپ ئوت بولۇپ قىزىپ كەتكەن ئىدى. نەپەس ئېلىشمۇ تەس بۇرۇختۇرما ھالەت شەكىللەنگەن ئىدى. بۇنداق بىر شارائىت ھىتلېرغىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ، تىنماي مۇنازىرىلىشىش ۋە جېدەللىشىشلەر نەچچە ھەپتە ئىچىدىلا چېكىگە يېتىپ بەكلا جىددىيچىلىك ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ قويدى.

بەلكىم ئەنە شۇنداق تومۇز ئىسسىق ئۇلارنى ئەجەللىك بىر خاتالىق ئۆتكۈزۈشكە تۈرتكە بولدى ئەتىمالىم، ھىتلېر ئەمەلىيەتكە قىلچە ماسلاشمايدىغان بىر قارار ئالدۇ: كاپكازىيەگە ھۇجۇم قىلىشنى داۋاملاشتۇرىۋېتىپ تۇرۇپ، ۋولگا دەرياسى ئۈستىگە جايلاشقان مۇھىم سانائەت شەھىرى بولغان ستالىنگرادقىمۇ بىرلىكتە كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلىتىدۇ. بۇنداق ستراتېگىيىدىن قاتتىق نەپرەتلەنگەن ھالدېر، ستالىنگراد بىلەن كاپكازىيەگە بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىپ ئىشغال قىلىمەن دېيىش ھەرگىز مۇمكىن بولمايدىغان ئىش، شۇڭا كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ستالىنگرادنى ئىگەللىشىمىز كېرەك دېگەن ئىدى. ئەمما ھىتلېر ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرىۋالدۇ: "رۇسلارنى پۈتۈنلەي تۈگەشتى دەۋەرگىن!"

دېگەندەك، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي قوماندانلىق شتابى ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر غەم ئىچىدە قالغان ئىدى. ستالىن، ستالىنگراد فرونتىغا مەسئۇل قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى قالدۇرۇپ ئورنىغا يېڭىسىنى تەيىنلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ شەھەر قورشاۋغا ئېلىنىشىنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىدۇ. موسكۋا بىلەن لېنىنگرادتا بولسا، ئىشچىلار شەھەر ئەتراپىغا 3 قەۋەتلىك مۇداپىيە ئىستىھكامى قۇرۇپ چىقىش ئىشىنى باشلىۋەتكەن ئىدى. پىدائىي

جەڭچىلەر بىلەن ئىشچىلار قوشۇنى، باتالىيون-باتالىيون غەربىي فرونتقا تۇشۇلۇپ، چېكىنگەن قىزىل ئارمىيىگە ياردەمگە كەلمەكتە ئىدى.

"بۆرە ئىنى" دە بولسا، مۇنازىرىلەر قاتتىق قىزىشىپ كەتكەن ئىدى. خۇددى بىر بوران-چاپقۇندەك تالاش-تارتىشتىن كېيىن، ھىتلېر يېقىن ئادىيۇتانتىغا مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر مەن ھالىدىرىنىڭ پىكرىگە داۋاملىق قۇلاق سالىدىغان بولسام، مەنمۇ بىر تىنچلىقپەرۋەرگە ئايلىنىپ قېلىشىم مۇمكىن!" 30-ئىيۇل كۈنكى فۇھرېرنىڭ كۈندىلىك يىغىنىدا، جودل، كاپكازىيەنىڭ تەقدىرىنى ستالىنگراد بەلگىلەيدۇ، شۇڭا بۇندىن بۇرۇن كاپكازىيەگە قاراپ يولغا چىققان 4-ماشىنىلاشقان كورپۇس قەتئىي تۈردە ستالىنگرادقا بۇرۇلۇپ ھەرىكەت قىلىشى كېرەك، دەپ تەنتەنىلىك بىلەن ئوتتۇرغا قويىدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھىتلېر غەزەپتىن رەسمىي چالۋاقاشقا باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ تالاش-تارتىش بىر-بىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي ئۇ بەرىبىر بۇ پىكىرگە قېتىلماي بولمايدىغانلىقىنىمۇ قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ تانكا قىسمى جەنۇپقا قاراپ يولغا سېلىنىشتىن سەل ئاۋال ستالىنگراد گېرمانىيە قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىش ئېھتىمالى بار ئىدى. ئەمما بۇگۈنكى كۈندە، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋولگا ئالدىنقى سېپىگە تارمار كەلتۈرەلىگىدەك كۈچكە ئىگە بولمىسىمۇ يەنىلا ھەر قانداق بىر يېڭى ھۇجۇمنى ئاستىلىتىشقا يېتەرلىك مىقداردا ئەسكىرى كۈچ يىغىۋالىدۇ. بۇ ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش-بولماسلىقى ھەر دائىم كۆرۈنۈشتە بەك ئەرزىگىدەك بولۇپ كۆرۈنمىگەن قارارغا باغلىق ئىدى. ئەگەر ستالىنگراد يازنىڭ كېيىنكى ئېيىدا قورشاۋغا ئېلىنغىدەك بولغىنىدا، سوۋېت ئارمىيىسى پۈتكۈل ئۇرۇش سېپى بويىچە قىش ئايلىرىغا بارغاندىلا ئاندىن تارمار بولۇپ يىغىشتۇرغىلى بولمىغىدەك ئەھۋالغا قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ھىتلېرنىڭ تەۋەككۈل قىلىپ ئەسكىرىنى بۆلۈپ پارچىلىشىمۇ ئەنە شۇنداق نىشانغا يېتىشنىڭ بىر پىلانى ئىدى. بۇنىڭ ئالدىدا، ئۇ ئالدى بىلەن لېنىنگراد بىلەن ئۇكرائىناغىمۇ بىرلىكتە ھۇجۇم باشلىتىشتا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، موسكۋاغا ھۇجۇم قىلىش ئىشىنى نۇرغۇن ۋاقىت كېچىكتۈرۈشكە سەۋەب بولغان ئىدى. بۇلارغا يەنە يەھۇدىيلارنىڭ ئۇرۇقىنى قۇرۇتۇشتىن ئىبارەت شەخسىي غەرىزىمۇ قوشۇلۇپ سىياسىي ۋە ئىدىيىۋى كۈرەشنى باشلىتىش نەتىجىسىدە نۇرغۇن زېھنىنى خورىتىپ بولغان ئىدى. ھازىرقى قېتىم شارائىت ئاستىدا، يەنى ئاۋال ستالىنگرادقا ھۇجۇم قىلىش كېرەكمۇ ياكى كاپكازىيەگە ھۇجۇم قىلىش كېرەك دېگەن مەسىلىدە، يەنىلا شۇ ھەر ئىككىسىنى بىرلا ۋاقىتتا يۈرگۈزۈپ قوش غالىبىيەت قازىنىش خىيالىدا چىڭ تۇرىۋالغان ئىدى. بۇ يەنە كېلىپ ئىككى تەرەپتىنلا مەھرۇم قېلىشتەك خەتەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. بۇ ئەھۋال، قەدىمقى يونانلىقلار

"ئۆزنگە بەك ئىشنىپ كېتىش" دەپ ئاتىغىنىدەك، يەنى چېكىدىن ئاشقان مەغرۇرلىنىش ھادىسىسى بارلىق ئىشغالىيەتچىلەرنىڭ مەغلۇبىيىتىدىكى تۈپكى سەۋەپلەردىن بىرى ھېسابلىناتتى.

ئەگەر ھىتلېر ئاچكۆزلۈك سەۋەبىدىن قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنى خەۋپ ئىچىگە قويۇش، ئاندىن بۇنىڭدىن يەنە ئۆزى خاتىرجەم بولالماي قالدى دېيىشكە توغرا كەلسە، ئەمەلىيەتتە، بۇنداق بىر ئەھۋالنىڭ كۆرۈلۈش ئېھتىمالىمۇ ئۇنچە بەك ئېنىق ئەمەس دېيىشكە بولاتتى. ئاربىدىن بىر ھەپتە ۋاقىت ئۆتكەندە، ئۇ داۋاملىق تۈردە بىر ئىتالىيىلىك زىيارەتچىگە ئىنتايىن خاتىرجەم بىر شەكىلدە ستالىنگراد بىلەن كاپكازىيە ئىككىسىنىلا چوقۇم قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچى كامىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ بۇ تۈردىكى ئۈمىدۋارلىقى راستىنلا ھەقلىقتەك بىلىنەتتى. ھەربىي ئىشلارنى ئومۇمىيلىقتىن ئالغاندا ھەقىقەتەنمۇ يامان دېگىلى بولمايتتى. يەنى، شىمالى ئافرىقىدا روممېل كۈتۈلمىگەن يەردىن ئىنتايىن زور ئۇتۇققا ئېرىشكەن بولۇپ، ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ مۇداپىيە سېپىدىكى مۇھىم ئىستىھكام يېرى بولغان توبرۇك بېسىۋېلىنغان، ئاندىن كېيىن ئىسكەندىرىيە پورت شەھىرىگە 65 مىللا يىراقلىقتا بولغان ئەل ئالامېنغا قاراپ يېقىنلاپ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا تېخىمۇ زور غالىبىيەت خەۋىرى يېتىپ كېلىدۇ: مىدۋاي ئارىلى غالىبىيىتى. دەسلىۋىدە ھىتلېر بۇنىڭ بىر ياپونىيە غالىبىيىتى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى. چۈنكى ئۇ ياپونلارنىڭ خەۋەرلىرى ئامېرىكىلىقلارنىڭكىدىن توغرا دەپ ئىشىنەتتى. ئەمما بۇ قېتىم ئۇنىڭ دوستى ئەڭ چوڭ يالغاندىن بىرنى تارقاتقان ئىكەن. ياپونىيە مىدۋاي ئۇرۇشىدا 4 ئاۋىياماتكىسىدىن ھەمدە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى. شۇنىڭدەك بۇ دېڭىز ئۇرۇشىدا تىنچ ئوكيان ئۇرۇشىنىڭ ۋەزىيىتى تۈپتىن ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا يەنە بىر خەۋەر يېتىپ كېلىدۇ، بۇ خەۋەردە ئامېرىكىلىقلار ياپونىيە مۇداپىيە ساھەسى ئىچىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە گۇۋادالكانال ئارىلىغا كەڭ كۆلەملىك ئەسكەر چىقارغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇلار، ياپونىيىنىڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى تولۇق كۆرستىپ بەرمەكتە ئىدى.

بۇ ۋەقە ھەقىقەتەنمۇ بەكلا پاجىئەلىك بىر بۇرۇلۇش نوقتىسى بولۇش بىلەنلا قالماي، بەكلا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بىر ۋەقە ھېسابلىناتتى. "بۆرە ئىنى" دېگەن مۇنازىرە بۇنىڭلىق بىلەن تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كېتىدۇ. بۇنىڭغىمۇ ھەيران قالغۇدەك يېرى يوق ئىدى. 24-ئاۋغۇست كۈنى، ھالدېر سوۋېت ئارمىيىسى يېقىدىن تەشكىللەپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەرتكەن بىر قىسىمنى چېكىندۈرۈش ئارقىلىق ئۇرۇش سېپىنى قىسقارتىش تەلىۋىدە

بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تەلـۋى سـەۋەبىدىن تېخىمـۇ قـاتتىق تـالاش-تـارتىش پارتلايـدۇ. ھىتلېـر ۋارقىرىغىنىچە، ئۇنىڭ قورۇقلۇق ئارمىيە قوماندانى بەرگەن تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسىلا ئوپ-ئوچۇق قېچىش تەكلىپ، چېقىپ كېتىڭلار! "مەن قوماندانلىرىمدىن خۇددى ئەسكەرلىرىمدەك پولاتتەك ئىرادىلىك بولۇشنى تەلەپ قىلىمەن!" دەيدۇ.

ئـادەتتە، ھالـدېر ئـاچچىغىنى بېسـىۋېلىپ ئـۇن چىقارمـايتتى. ئەممـا بۈگـۈن ئۇنـداق قىلماي رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: مىڭلاپ- ئـونمىڭلاپ قەھرىمـان نېمىسـلارنىڭ جەڭ مەيدانىدا يېقىلىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنىڭ بىر سەۋەبى، ئۇلارنـىڭ قوماندانلىرىغا مۇۋاپىـق قـارار بېرىشكە يول قويماسلىقىدىن دېيىش مۇمكىن. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھىتلېـر ھەيـران بولغـان ھالدا تۇرۇپلا قالىدۇ. ئاندىن ئۇ ھالدېرغا چەكچىيىـپ تـۇرۇپ ئىنتـايىن قوپـال بىـر ئـاۋازدا "گېنېرال ھالدېر، ماڭـا بۇنـداق گەپنـى قىلىشقا قانـداقلارچە پېتىنالايسـەن! سـەن ئـۆزەڭچە مېنــى ئەدەپلىــيەلەيمەن دەپ ئويلىمــا، ئالــدىنقى سـەپتىكى ئەســكەرلەرنىڭ نېمىلەرنــى ئويلايدىغانلىقىنى سەن بىلەمسەن؟ ئالدىنقى سەپنىڭ ئەھۋالىدىن سەن نېمىنـى بىلەتتىـڭ! بىرىنچــى دۇنيــا ئۇرۇشــىدا نەدە قالغانىتــىڭ؟ ســەن ئــۆزەڭچە مېنــى ئالــدىنقى ســەپنىڭ ئەھۋالــىدىن خەۋىــرى يــوق دەپ ئويلايــدىغان ئوخشىمامســەن؟ بــۇ دېگىــنىڭگە چىــداش مۇمكىنمۇ! بۇ دېگەنلىرىڭ پۈتۈنلەي ئۆز بېشىمچىلىق!" قالغـان ھەربـى ئىشـلار گېنېراللىـرى بېشــىنى چۆكــۈرگىنىچە بىــر- بىــرلەپ يىغىــن زالــىدىن چىقىــپ كېتىشــىدۇ. روشــەنكى، ھالدېرنىڭ ئـالى قوماندانلىق شـتابىدا قالـدىغان كـۈنلىرى سـاناقلىقلا ئىكەنلىكـى ئېنىـق ئىدى.

ئاۋغۇسـتنىڭ كېيىنكـى يېرىمىـدا ئـۇرۇش سـتالىنگرادنىڭ شـىمالى بويلىرىغـا يېتىـپ بارغان ئىدى. گېرمانىيە ئارمىيىسىـنىڭ ۋەھشىلەرچە بومباردىمـانى پۈتـۈن شـەھەرنى ئـوت يالقۇنى ئىچىگە پۈركىۋېتىـدۇ. قىزىـل ئارمىيىنـىڭ ئالاقىلىشـىش يـولىرى پۈتـۈنلەي ۋەيـران قىلىۋېتىلىپ، شەھەر ۋاقىتىنچە سىرت بىلەن بولغان پۈتۈن مۇناسىۋەتلىرى ئۈزۈلۈپ قالـدۇ. شـۇنىڭغا قارىمـاي ھىتلېـر يەنىـلا دەرھـال غەلىـبە قازىنالمايـدۇ. ئۇنـىڭ ئـويىچە ئالـدىنقى سـەپتىكى قومانــدانلار ئۇنىڭغــا يالغــان ســۆزلىگەن، ھەمــدە قومانــدانلىقتىكى كىشــلەر تەرىپىدىنمۇ ئالدانغانلىقىنى ھېس قىلماقتـا ئىـدى. ئۇنـىڭ بـۇ تـۇر كىشـلەرگە ئىشـەنمەس ھالغا كېلىشى ئاستا-ئاستا ئۇنىڭ بىر كېسەللىك ھالىغا كېلىدۇ. شـۇنداق قىلىـپ ئـۇ باشـقا ھېچكىمنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا قۇلاق سالماس، تەنقىتلەرنىمۇ قەتئى ئاڭلىماس بولىۋالىـدۇ. يازنىـڭ تۇمـۇز ئىسسـىقى ئـۇنى تۇنجۇقتـۇرۇپلا قويغـان ئىـدى. ئـۇ ئەنـدى غەزەپلەنگىـنىچە لـۋنى چىشـلەپ تـۇرۇپ ئويلانمـايلا قـارار بېرىـدىغان ئەھۋالـدا قالـدۇ. بولۇپمـۇ بوكنىـڭ ئورنىغا تەيىنلەنگەن مارشال لىستىن پەقەتلا قايىـل ئەمەس ئىـدى. لىسـت 31-سـىنتەبىر

كۆنكى يىغىن سورۇنىدىن ئايرىلىشى ھامان، ھىتلېر بۇ مارشالنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشقا باشلايدۇ. دېمەككى، لىستنىڭ كۆنىمۇ ساناقلىق ئىدى.

5

ئاۋغۇستنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، گېرمانىيەدە "قىزىل ئوركېستىر ئۆمىكى" دەپ ئاتالغان بىر ئىشپىيونلۇق تەشكىلات پاش قىلىندۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھىتلېر ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ۋەتەن ساتقۇچلار دەپ قارايدىغان بولىدۇ. بۇ جاسۇسلۇق تەشكىلاتى مايكوپقا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئاخباراتنى بىلەن گېرمانىيىنىڭ يېقىلغۇ ئەھۋالى، رېيچ (گېرمانىيە ئۈچىنچى ئىمپېرىيىسى) نىڭ خىمىيەلىك ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان خىمىيىلىك ماددىلارنىڭ ساقلانغان ئورنى، ھىتلېرنىڭ ستالىنگرادقا ھۇجۇم قىلىشتا چىڭ تۇرغانلىقى قاتارىدىكى ئۇچۇرلارنى ئوغۇشلۇق تۈردە قولغا چۈشۈرۈپ موسكۋاغا يوللاپ بەرگەنلىكى پاش بولىدۇ. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى كەڭ كۆلەملىك قولغا ئېلىشنى باشلاتقاندىن كېيىن، ئا ق ش گراۋدانى مىلدرېت خارناكنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرىدىن 46 نەپەر كىشىنى ئېتىپ تاشلايدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، مەخپىي ئۇچۇرلار كەينى ئۈزۈلمەي موسكۋاغا يوللىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇچۇرلارنى باشقا بىر جاسۇس رۇدولف رۆسلېر تەمىنلەپ تۇرغان ئىدى. بۇ ئادەم بىر نەشرىيات سودىگىرى بولۇپ، لۇسېرندا سولچىل كاتولىك دىنىي كىتابلىرىنى نەشرى قىلىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. مەخپىي نامى لۇسىي بولغان رۆسلېرنىڭ ئالى قوماندانلىق شتابى ئاخبارات تەشكىلاتىنىڭ ئىككىنچى نومۇرلۇق ئادىمى بولغان گېنېرال فرىتز تىيلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان گېرمانىيىدە بەكلا كۆپ ئۇچۇر مەنبەسى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۇچۇرلىرى "قىزىل ئوركېستىر ئۆمىكى" نىڭ ئۇچۇرلىرىغا قارىغاندا بەكلا قىممەتلىك ئۇچۇرلار ھېسابلىناتتى؛ ئۇ ھەتتا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە نېمىس قىسىملىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىش كۈن تەرتىپلىرىنىمۇ تەمىنلىيەلەيتتى.

ھىتلېر، ئۆزىنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىدىن سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ خەۋەردار بولۇپ تۇرغىنىغا قاراپ، ئالى قوماندانلىق ئىچىدە چوقۇم جاسۇس بار دەپ گۇمانلىنىشقا باشلايدۇ. ئاقىۋەت ئۇنىڭ بۇنداق گۇماندا بولۇشى تەرەققىي قىلىپ غەزەپكە ئايلىنىپ بېرىنچى بولۇپ قۇرۇقلۇق ئارمىيە گېنېراللىرىغا ۋارقىراپ-جارقىراشقا باشلايدۇ. 7-سىنتەبىردىكى تالاش-تارتىش ھەقىقەتەنمۇ ئەڭ كۆچلۈك بىر قېتىملىق مۇنازىرە بولىدۇ. ئۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ھىتلېر، لىستنىڭ قارا دېڭىزغا ئېچىلىدىغان تاغ يولىدا نېمە ئۈچۈن

شۇنچە ئاستا ئىلگىرلىشىنى ئۈچۈن ئۆزىنى كۈچلۈك بولۇشنى ئويلىدى. ھتلېر ئەتىۋارلاپ كېلىۋاتقان قوماندانلىرىدىن بىرى بولغان جودلنى كاپكازىيىگە ئەۋەرتىدۇ. جودل ئۇ يەردە لىست ۋە تاغلىق رايون كورپۇسىنىڭ قوماندانى بىلەن ئۇزۇن-ئۇزۇن كۆرۈشكىنىدىن كېيىن، بۇ يەردىكى ۋەزىيەتتىن ئۇمىد يوق دېگەن خۇلاسىغا كېلىدۇ. ئۇ دەرھال ۋىننىتساغا ئۇچۇپ، ھتلېرغا: لىست پۈتۈنلەي سىزنىڭ يوليورۇقىڭىز بويىچە ھەرىكەت قىلىۋېتىپتۇ، دەپ دوكلات قىلىدۇ.

ھتلېر ئورنىدىن چاچراپ تۇرغىنىچە "يالغان سۆزلىمە!" دەپ ۋارقىرايدۇ. ئۇ يەنە، سەن ئەسلىدە بۇيرۇقنى يەتكۈزۈشلا ۋەزىپەڭ بار ئىدى، ئەمما سەن بېرىپ لىست بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ كەپسەن! دەيدۇ. جودل، ھتلېرنىڭ بۇنچىۋالا قايناپ كېتىشىنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېتىپ، ھېچنېمىگە قارىماي ئۇنىڭ دېگىنىگە رەددىيە بېرىدۇ: ئەگەر سىزگە كېرىكى پەقەت خەۋەر يەتكۈزگۈچى بىرسىلا بولغىنىدا، نېمە ئۈچۈن كاپكازىيىگە باشقا بىر ئادىيۇتانتىڭىزنى ئەۋەرتمەي مېنى ئەۋەرتكەنتىڭىز؟ جودل ھتلېرنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا قاتتىق ئابرويىنى چۈشەرگەنلىكى ئۈچۈن ھتلېر قاتتىق ئاچچىغلىنىپ ھەممە كىشىگە ئالايغىنىچە غەپ بىلەن ئۆيىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ھتلېر بۇ ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ يالغان گەپلەر ئىچىگە كۆمۈلۈپ قالغانلىقىغا تېخىمۇ بەكرەك ئىشىنىشكە باشلايدۇ. شۇڭا ئۇ سىرتقىمۇ چىقماي ئۆزىنى يەر ئاستى ئىستىھكام ئىچىگە قامىۋالىدۇ.

شۇندىن باشلاپ، ئۇ ھەر قانداق بىر قوماندانى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنىمۇ خالىماي، ئاددى دوكلات بېرىش يىغىنلىرىنى ئۆز بۆلۈمىگە ئورۇنلاشتۇرۇۋالدۇ. يىغىن مۇھىتى بەكلا سوغۇق بولۇپ، پەقەت يىغىن خاتىرىچىسىلا فۇھرېرنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بىر ھەرپىنى قالدۇرماي تولۇق خاتىرلەپ ماڭىدۇ. ئۇ ئەندى ئۇنىڭ چۈشەرگەن بۇيرۇقلىرىنى كۆپچىلىك تەرىپىدىن تالاش-تارتىش قىلدۇرماسلىقا ئىرادە باغلايدۇ. شۇندىن باشلاپ تاماق سورۇندىكى ئۇ يولداشلارچە قىزغىن سۆھبەتلەرمۇ ئاخىرلاشقان ئىدى. شۇندىن باشلاپ فۇھرېرمۇ تامىقنى ئۆز بۆلۈمىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ يەيدىغان بولىدۇ. ئۇنىڭ تاماق ئۈستىدىكى بىردىن-بىر ھەمرايى بورماننىڭ يېقىندا سوغات قىلغان نېمىس بۆرە ئىتىلا ئىدى. شۇ ئارقىلىق بارغانسىرى كۆپىيىپ كېتىۋاتقان مەسىلىلەردىن قۇتۇلۇپ ئازىراق بولسىمۇ ئارام ئېلىۋېلىشنىلا مەقسەت قىلاتتى. (خېيىم شۇندىن كېيىن تاماق ئۈستىلىدە خاتىرە قالدۇرۇش ئىشىنىمۇ تاشلايدۇ. بىر قانچە ئايدىن كېيىن ھتلېر قايتا تاماق ئۈستىلىگە قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىن كوئېپپېن خاتىرە قالدۇرۇشنى كېيىنكى يىلى يانۋارغىچە داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بورمان بىلەن بىر قاتاردا مۇللېر دەيدىغان

ئاخبارات مۇخبىرىمۇ بەزى نەرسىلەرنى خاتىرلىگەن بولسىمۇ، كۆپ قىسمى بەكلا ئادەتتىكى ئىشلاردىن ئىدى. – ئا. ھ. ئى)

ۋىننىتسادا گېرمانىيە ئارمىيىسى قۇماندانلىق شتابىدىكىلەر سوْكوْت ئىچىدە جىددىيلەشكەن ھالدا كۈتمەكتە ئىدى. ئۇلاردىن ھېچقايسى ئۆزى بىخەتەر ھېساپلىيالمايتتى. 9-سىنتەبىر كۈنى، ھىتلېر تۇيۇقسىزلا لىستنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئا تويىكورپۇس قۇماندانىنى ئۆزى بىۋاستە تەيىنلەيدۇ. كەينىدىنلا ئوتتۇرلۇقتا قۇرۇق گەپ تارقىلىشقا باشلايدۇ: ھالدېر، جودل ۋە كېيتېللارنىمۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ. كېيتېل، گېنېرال ۋارلىمونت بىلەن ئەزەلدىن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ باقمىغان ئىدى. ئەمما ئەندىلىكتە ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ مەسلىھەت سوراشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇندىن كېيىن ئابرويۇمنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش ئېھتىمالىم بارمۇ، دەپ سورايدۇ. "بۇ سوئالغا پەقەت ئۆزەڭلا جاۋاب بېرەلەيسەن" دەپ جاۋاب بېرىدۇ ۋارلىمونت ئوڭايسىزلانغان ھالدا. ئۇ، بىر قېتىم ھىتلېر ئاچچىغلىنىپ بىر ئورام ھۆججەتنى ئۈستەلگە چۆرۈپ تاشلىغىنىدا، كېيتېلنىڭ قورقۇپ رەڭگى ئۆڭۈپ قىمىر قىلماي تۇرۇپ قالغانلىقىنى، ھۆججەت يەرگە چېچىلىپ كەتكەندىن كېيىن بۇ قۇماندانىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالى دەرىجىلىك بىر ئوفىتسېر ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتۇپ قىمىرمۇ قىلماي خۇددى تۆۋەن دەرىجىلىك بىر ئوفىتسېرغا ئوخشاش دىققەتتە تۇرۇپ كەتكەنلىكى ئېسىگە كېلىدۇ. ۋارلىمونت شۇ چاغدا كۆڭلىدە "ئۇنىڭ بۇ قىلىقى تىپىك ۋەزىپىسىگە توغرا كەلمەيدىغان ئۈلگە" دەپ ئويلىغان ئىدى. بىچارە كېيتېل ئۆزىنى چاغلىماي مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەڭ تىرادىگىيىلىك يېرى، ئۇ ئەسلىدە بۇ ۋەزىپىنى زادىلا تەلەپ قىلمىغانلىقى ئىدى.

يىغىندا، ھىتلېر قەتئىي ئىرادىلىكلىكى بىلەن تولۇق ئىشەنچلىك قىياپىتىنى كۆرسەتكەن ئىدى. B تويىكورپۇس قۇماندانى گېنېرال ۋون ۋېيچس بىلەن ئىستالىنگرادنى قولغا كەلتۈرۈشكە مەسئۇل گېنېرال فرىيېدېرخ پاۋلۇس ئىككىسى دون ئۇرۇش سېپى ئۇزۇن ھەمدە مۇداپىيىسىمۇ ئاجىز بولغاچقا، چوقۇم ئېھتىيات بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، دەپ كۆرسەتكىنىدە، فۈھرېر ئۇ ئىككىسىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە قىلچىمۇ ئېتىبار قىلمايدۇ. شۇڭا ھىتلېر ئۇلارغا، رۇسلارنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالدى، ستالىنگرادتىكى بۇ تۈر تىركىشىشلىرىنى يەنىلا قىسمەنلىكتىكى بىر تىركىشىش دېيىشلا مۇمكىن، دەپ ئۇلارغا كاپالەت بېرىدۇ. رۇسلارنىڭ ئەندى كەڭ كۆلەملىك قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچى قالمىدى، شۇنداق بولغاچقا دون ئۇرۇش سېپىدىمۇ قورققىدەك بىر ئىش يوق. ئەڭ مۇھىمى، "كۈچنى توپلاپ پۈتۈن ستالىنگراد شەھىرى بىلەن ۋولگىنىڭ ئىككى قىرغىقىنى قولغا چۈشۈرۈشىمىز كېرەك" دەيدۇ ھىتلېر. بۇنىڭ ئۈچۈن 3

دېۋىزىيە كۆچى بىلەن پاۋلۇسنىڭ 6-كورپۇسىغا ياردەمگە ئۆتەرتىشنى تەلەپ قىلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ ئىدى.

بۇ قېتىمقىسىدا ھىتلېرنىڭ بۇنچە ئىشەنچلىك بولۇشىنىڭ راستىنلا بەزى ھەقلىق يېرى بار ئىدى. ستالىنگراد تەۋەسىدە سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ تەرتىۋى ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق قالايماقانلىشىپ كەتكەن ئىدى. دون بىلەن ۋولگا ئوتتۇرىسىدا ئوفىتسېرلار بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ ئۇرۇش سېپىدىن قېچىشى ياكى ئارقا سەپكە قاراپ قېچىشى سەۋەبىدىن نۇرغۇنلىغان قىسىملار چېچىلىپ كېتىشكە باشلىغان ئىدى. شەرققە قاراپ سوزۇلغان چوڭ-كىچىك يوللاردا توپ-توپ قېچىۋاتقان خەلق مال-ۋارانلىرىنى يېتىلىشىپ، دېھقانچىلىق قۇرال-ئەسۋابلىرىنى كۆتۈرۈشكىنىچە شەرققە قاراپ قاچماقتا ئىدى. تېخى يېقىندىلا تەيىنلەنگەن بىر قۇماندان، ھېچ بىر بۇيرۇق بولماي تۇرۇپ ئۇنىڭ بىر بىرووۋنىك قىسمى قويرۇقنى خادا قىلىپ تىكىۋەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ؛ توپچى قىسىملار، تانكىغا قارشى قىسىملار ۋە قوروللۇش قىسىملىرىنىڭ كوماندىرلىرىدىن تارتىپ، ھەتتا ئۇلارنىڭ بىر قىسمى گېنېرال ئىدى، ئاكوپلىرىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن ئىدى. 14-سېنتەبىرگە كەلگەندە، راستىنلا ئېغىر ئاپەت يۈز بېرىدىغاندەكلا قىلاتتى. نېمىس ئايروپلانلىرى ستالىنگرادتىن كېيىن ۋولگە كېچىكىنىمۇ رەھىمسىزلەرچە بومباردىمان قىلىپ، پىيادە قىسىملىرى شەھەر مەركىزىگىچە بېسىپ كىرىشكەن، مۇھىم پويىز ئىستانسىسىنىمۇ قولغا چۈشۈرگەن، ھەتتا دەريا بويىغا يېتىپ كېلىشكىمۇ ئازلا قالغان ئىدى.

تۇيۇقسىزلا سوۋېت قوشۇنلىرىنىڭ تىركىشىشى كۈچىيىپ كېتىدۇ. ياردەمچى قىسىملار دېرىيادىن ئۆتكىنىدىن كېيىن، نېمىس قوشۇنلىرىغا قارشى شىددەتلىك جەڭ باشلىنىپ كېتىدۇ. 15-چېسلا كۈنى، مۇھىم پويىز ئىستانسىلىرى نەچچە قېتىملاپ قولدى كېتىپ قالغاچقا، پاۋلۇس ئامالسىز ھۇجۇم قىلىش دائىرىسىنى تارايتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ئۇرۇش پەقەتلا كۆڭۈلدىكىدەك ئىلگىرلىمەي قالغاچقا، ھىتلېرنىڭ مىجەزىگىمۇ قاتتىق تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىككى ھەپتە يىغىنغا قاتنىشالماي ۋەزىيەت دوكلادى بېرىش ئۈستىلىگە قايتا كېلىپ ئولتۇرغان ۋارلىمونت، ھىتلېرنىڭ بۇنداق روھى ھالىتىگە دىققەت قىلغان ئىدى. فۈھرېر ئۇزۇنغىچە غەزەپلىك كۆزلىرى بىلەن چەكچىيىپ قاراپ كەتكىنىدە كۆڭلىدىن مۇنۇلار كېچىدۇ: ”ئۇ ئەندى سوۋېت ئىتتىپاقىنى يېڭەلمەيدىغانلىقى بىلىپ قالسا كېرەك، ئەندى ئۇنىڭدىكى ئۇنداق ئىشەنچلەرمۇ غايىپ بولغاندەك.“ ئۇنىڭ بۇرۇن ئۆزىنىڭ كامچىلىق، خاتالىق، خامخىيال ۋە ئۇنىڭ ئۇخلىماي كۆرگەن چۈشلىرىگە شاھىت بولغان گېنېراللارغا تاقەت قىلالماسلىقىدىكى سەۋەبلەردىن بىرى شۇ بولسا كېرەك.

”ئۇ ئەندى گېنېراللىرىغا پەقەتلا ئىشەنمەيتتى، ئۇلارنىڭ بىرىگىمۇ ئىشەنمەيتتى“

دەپ يازىدۇ ئېنگېل كۆندىلىك خاتىرىسىگە، "... ئۇ خالىسا بىر مايورنى گېنېراللىققا ئۆستۈرەلىشى ھەمدە ئۇنى قوماندانلىققا تەيىنلىيەلىشى مۇمكىن، يېتەركى شۇنداق بىرسىنىڭ بارلىقىدىن خەۋىرى بولسۇن. ئەندى ئۇنىڭغا ھېچ نىمە تېتماس بولۇپ قالغان ئىدى، ئۇ، مەن نىمي ئۇچۇن بۇنچە ناچار گېنېراللار بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىدىغان بىرسى بولۇپ قالغاندىمەن، دەپ پات-پاتلا ئۆزىنى قاغاپ كېتەتتى. " ھىتلېر، ھالدېرنى كۆزىدىن يوقۇتۇش ئۇچۇن قەتئىي ئىرادىگە كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە ھالدېر يوقۇلۇشىمىزنىڭ مۆلچەرلىگۈچى بىرىمىش؛ شۇنداقتىمۇ، ھالدېرنىڭ قابىلىيەتلىك بىرسى بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا چىداپ يۈرمەي ئامالى يوق ئىدى. 24-سىنتەبىر كۈنى ئۇنىڭمۇ ئاخىرقى كۈنى يېتىپ كەلگەن ئىدى. "سىز ئىككىمىز ئۆزۈندىن بىر-بىرىمىزنى روھى جەھەتتىن قىيناپ كەلمەكتىمىز" دەيدۇ ھىتلېر، "مېنىڭ شۇنچە ئېغىر چارچاپ كېتىشىمدا يېرىم سەۋەپ سەن سەۋەپ بولماقتىسەن. بۇنداق كېتىۋېرىشىمىزنىڭ قىلچە ئەمىيتى يوق. ھازىر بىزگە كېرەك بولىۋاتقىنى كەسپى قابىلىيەت ئەمەس بەلكى مىللەتچى سوتسىئالىزم قىزغىنلىقى. بۇنى مەن سىزنىڭدەك بىر كونا پاسوندىكى گېنېرالدىن ئېرىشەلىشىم مۇمكىن ئەمەس." ھالدېر كۆزلىرى ياشانغىران ھالدا، ئۈنسىزمۇ چىقىرالماي قالىدۇ. بۇ تەرىپى ھىتلېرغا نىسبەتەن ئاجىزلىقنىڭ بىر ئىپادىسى ھېسابلىناتتى، بۇمۇ ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىشىنىڭ بىر سەۋەبى ئىدى. ھىتلېر ئۆزۈن بىر مۇھاكىمە يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ھالدېر ئورنىدىن تۇرىدۇ: "ئۇنداقتا مەن كەتتىم" دىگىنىچە مەغرۇر قەدەملەر بىلەن ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ، ھىتلېردىكى بۇ ئەھۋال ئۇنىڭدىكى ئىچكى ئاياللىق قىسمىنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈپ قالغان ۋاقىتلىرى ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنەتتى. "ئۇنى تېزگىنلەپ كېلىۋاتقىنى مەنتىقىلىق ئاڭ ئەمەس بەلكى رىياللىق" دەپ يازىدۇ خاتىرىسىگە، "بۇ ئۇنىڭ بۇنداق خاراكتېرلىق بىرسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ئېنىق بىر دەلىل ھېسابلىنىدۇ."

ھىتلېر، ھالدېرنىڭ ئورنىغا قويۇلىدىغان كىشى چوقۇم ئۇنىڭغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان خاراكتېردىكى بىرسى بولىشى كېرەك دەپ تەلەپ قىلاتتى. شۇڭا ئۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن كۇرت زېيتىزلېرنى تاللىۋالىدۇ. زېيتىزلېر تېخى يېقىندىلا گېنېرال مايورلۇققا ئۆستۈرۈلگەن بولغاچقا، ھالدېردەك ئۇنداق پىشقەدەملىك سالاھىيتىگە ئىگە ئالھىدىلىكلىرى بار بىرى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئالى قوماندانلىقتا ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيە توپكورپۇسلىرىنىڭ ھەر قايسى قوماندانلىرىغا قارىتا تەسىر كۆرسىتىش كۈچىنىڭ بار-يوقلىقىغا بىر نىمە دىمەك تەس ئىدى. زېيتىزلېر نىسبەتەن ياش، ئۇنىڭ ئۆستىگە تەجرىبىسىمۇ يېتەرلىك ئەمەس ئىدى؛ ئەمما ھىتلېرغا كېرىكىمۇ دەل مۇشۇ تەرەپلىرى

ئىدى. شۇڭا ئۇنى ئىككى بالداق براقلا ئۆستۈرۈپ، ئۇنى گېنېرال پولكوۋنىك ھالىغا كەلتۈردۇ.

سىرتقى كۆرۈنۈشىدە ئۇ بۇنداق بىر ۋەزىپىگە پەقەتلا لايىق كۆرۈنمەيتتى. يەنى خۇددى ئۆچ تال تۈپنى بىر-بىرى ئۈستىگە تىكلەپ قويغاندەك پاكىنەك ۋە دۇغىلاق سىمىز بىرسى ئىدى. ئەمما ئۇ 20 دەك ئوفىتسېرلار بىلەن بىر قاتاردا ھىتلېرنى تۇنجى كۆكرگىنىدە ئۇنىڭغا پەقەتلا خوشامەتچىلىك قىلمىغان ئىدى. باش قوماندانلىق شتابىدىكىلەر گۇمان ۋە قورقۇش سەۋەبىدىن فۇھرېرنىڭ تىل-ئاھانىتىگە قالغاندىمۇ زېيتزلېر ئۈنىنىمۇ چىقارماي بىر خىيالىدا يوق ئاڭلاپ تۇرغان ئىدى. ھىتلېر بۆلۈمىدىكى ھەر بىر كىشىنى دېگىندەك قاتتىق تەنقىتلەپ بولغىنىدىن كېيىن، زېيتلېر قىلچە ئىككىلەنمەستىن "فۇھرېرىم، ئەگەر سىز باش قوماندانلىق شتابىغا دەيدىغان باشقا پىكىرلىرىڭىز بولسا بۇنچە كۆپ كىشىنىڭ ئالدىدا دەپ يۈرمەي، ماڭا ئايرىم ئۇقتۇرۇپ قويارسىز. بۇنى خالىمىسىڭىز، باشقا شتاپ مەسئۇلى تېپىشىڭىز كېرەك بولىدۇ." دېگىنىچە فۇھرېرغا چاس بېرىپ چىقىپ كېتىدۇ. قالغان ئوفىتسېرلار، مانا ئەندى ھىتلېر غەزەپتىن راسا قايناپ دىغان بولدى، دەپ ئويلايدۇ. ئەمما ھىتلېر ئۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ئىدى. ئۇ مېيىغىدا كۈلگىنىچە باشقىلارغا "مانا قارا، ئۇ قايتىپ كىرىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟" دەيدۇ.

ئالى قوماندانلىقتا تاقابىل تۇرۇش روھىغا ئىگە يېڭى بىر كىشىنىڭ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ يۈرگەن كىشىلەر، ئۇزۇنغا قالمايلا بۇ ئۈمىدلىرىدىن ۋاز كېچىدۇ. قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش قوماندانلىق بىناسىنىڭ ئۇلىنى سېلىش مۇراسىمىدا ئوفىتسېرلارغا نۇتۇق سۆزلىگەن زېيتلېر مۇنداق دەيدۇ: "مەن ھەر بىر ئوفىتسېردىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلىمەن: ھەر بىر ئوفىتسېر چوقۇم فۇھرېرىمىزغا ۋە ئۇنىڭ قوماندانلىق ئۇسلۇبىغا ئىشىنىشى؛ شۇنىڭدەك ھەر قانداق بىر سورۇندىن پايدىلىنىپ بۇ ئىشىنىشنى تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار بىلەن ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە يۇقتۇرۇشقا قەتئىي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى شەرت؛ باش قوماندانلىق شتابىدا، بۇ تەلەپنى ئورۇندىيالمايدىغانلار بولىدىكەن، ئۇ كىشى كىم بولىشىدىن قەتئىي نەزەر مېنىڭ ئۈچۈن قىلچە كېرىكى يوق بىرى ھېسابلىنىدۇ."

ھىتلېر، ئاخىرى مۇۋاپىق بىر شتاپ باشلىقىدىن بىرنى تاپالىدىم دەپ ھېس قىلغاچقا، خاتىرجەم بولۇپ دەرھال نۇتۇق سۆزلەش ئۈچۈن بېرلىنغا قاراپ ئۇچىدۇ. ئۇنىڭ بۇ نۇتقى سىنتەبىرنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنىدە، ستادىئومدا "قىشلىق ياردەم تۈپلاش" ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئاممىۋىي يىغىندا سۆزلىگەن بىر نۇتۇق ئىدى. مىتىنگ قاتناشقۇچىلىرى ئالاھىدە تاللانغان كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇلار بۇگۈن فۇھرېرىمىز بىزگە

نىمىلەرنى سۆزلەر دەپ ئۇمىدلىنىپ كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ئەمما ھىتلېرنىڭ بوگۈنكى نۇتقى بەكلا قىسقا بولۇپ، قەلبلەرنىمۇ جۇشتۇرغىدەكمۇ ئالاھىدىلىكى يوق ئىدى. شۇنىڭدەك ئۇ نۇتۇق سۆزلەش جەريانىدا بۇرۇنقىدەك ئۇنداق ھەيۋىسىنىمۇ ئىشقا سالمىغان ئىدى. نۇرغۇنلىغان چەتئەللىك مۇخپىرلار، بۈگۈن ھىتلېر قىلچە ئەھمىيىتى يوق قۇرۇق پو ئېتىشتىن باشقا بىر نەرسە سۆزلىمىدى دەپ ھېس قىلىشقان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ھىتلېرنىڭ دېگەنلىرىدىن ستالىنگرادنى قولغا چۈشۈرگەندە يەھۇدىيلارغا قارشى قىچقىرىغانلىقى ھەققىدىكى گېپىنى تۇتىۋالغان ئىدى. بەلكىم ئۇنىڭ بۇ قېتىم دېگەنلىرىمۇ خۇددى ئۆتكەنكى نۇتۇقلىرىدا تەكرارلىغانلىرىنى بەك كۆپ تەكرارلاپ كەتكەنلىكىدىن شۇنداق ئاز سۆزلىگەن بولىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. شۇ يىلى يىل ئوتتۇرلىرىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىن مۆلچەرنى ئۇچىنچى قېتىمتەكرارلىغان ئىدى، يەنى ئەگەر يەھۇدىيلار "بىر قېتىملىق ئارىئان ئىرقىنى قۇرۇتۇش خەلقئارالىق ئۇرۇش قوزغاتماقچى بولىدىكەن، يوقۇلىدىغىنى بىز ئارىئانلار ئەمەس يەھۇدىيلار ئۆزلىرى بولىدۇ" دېگەن ئىدى. بۇ دېگىنىنى قايتا تەكىتلىشىدىكى مەقسىدى نىمە ئىكەنلىكىنى "ئاخىرقى ھەل قىلىش چارىسى" نىڭ سىرىدىن ئاز-تولا خەۋەردار بولغان كىشىلەرلا چۈشىنەلىگىنىدىن باشقا، قالغانلاردىن ھېچكىم بىر نىمە ئۇقالمىغان ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم بۇ ئىشنى تىلغا ئالغىنىدا خەلق ئاممىسىمۇ بىردەك ماقۇللاپ بېرەتتى. يەنى ئۇنىڭ بۇ تولۇ قىرىپ تۈگىتىش پىلانىنى ماقۇللاپ بەرمەكتە ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭ بۇ تەكىتلەشلىرى كوللىكتىپ قىرغىنچىلىققا مەسئۇل تاللانغان كىشىلىرىگە كاپالەت بەرگەن ۋە بۇنداق بىر ھوقۇقنى ئۇلارغا بەرگەنلىكىنىمۇ كۆرسەتكەن بولاتتى.ئۇنىڭ بۇ ئىشنى تۈنجى بولۇپ قايتا تەكىتلىگەن ۋاقتىنى ئۆزگەرتىپ يالغان سۆزلەپ يۈرگىنى ھەققەتەنمۇ كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان بىر مەسىلە ئىدى. ئۇنىڭ بۇ گەپنى دېگەن ۋاقتى ئەسلىدە 1939-يىلى 30-يانۋار بولىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇ بۇنى 1-سىنتەبىر ئوتتۇرغا قويىدۇم دەپ قايتا-قايتا تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ئۆزگەرتىۋېلىشىنى ھەرگىزمۇ ئېغىزىدىن كېتىپ قالغان خاتالىشىش دېيىشكە بولمايتتى. چۈنكى، ھىتلېر بۇ گەپنى قايتا-قايتا 3 قېتىم تەكرارلىغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ گەپنى قىلغان ۋاقتىنى پولشاغا ھۇجۇم قىلغان كۈنگە ئۆزگەرتىۋېلىشى، يەنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىغان كۈنگە توغرىلىۋېلىشى، ئۇنىڭ ئىرقچىلىق نىزامنامىسىنى بۇ قېتىمقى دۇنيا ئۇرۇشى بىلەن باغلىۋالماقچى بولغانلىقىدا گەپ يوق. بۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان پاجىئەلىك ئەمەلىيەتلەرگە كىشىلەرنى ئىدىيىدە تەييار تۇرۇشنى ئۇمىد قىلىشىدىن باشقا غەرىزى يوق ئىدى دېيىشكە بولاتتى: ئۇرۇش پارتلاپ بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپلا يەھۇدىيلارنىڭ ئۇرۇقىنى قۇرۇتۇش، بۇ قېتىمقى

ئۇرۇشنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبى قىلىۋالماقچى بولغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش ئىدى.

ئۇ، بەكلا تۇتۇق بىر شەكىلدە، ئۆزىنىڭ بۇ غايىۋى نىزامنامىسىنى، يەنى "ئاخىرقى ھەل قىلىش چارىسى" بىلەن "ھاياتلىق ماكانى ئاختۇرۇش" پىلانىنىڭ پىلانلانغاندەك كېتىۋاتقانلىقىنى ئېلان قىلدۇ. يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ھەممىسىلا سارايدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا ئەھۋالنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ روھىنى ئۆستۈرىدىغان بىردىن-بىر ئىش بىرلىكتە ئېيتقان «شەرق جەڭچىلەر مارشى» بولغان ئىدى. بۇ مارشىنىڭ مۇزىكىسى چەتئەللىك مۇخبىرلار نەزىرىدىمۇ ھەقىقەتەن مۇڭلۇق ھېسابلىناتتى:

قىلچە تەۋرەنمەيمىز، گېرمانىيەنى قوغداشتا؛

شەرقتىن كۆتۈرۈلدى قۇياش، مىليونلارنى سەپكە چاقىرىشقا.

بەكلا كۆپ ئوفىتسېر شەرقتە يۈرگۈزۈلىۋاتقان باستۇرۇش تەدبىرلىرىدىن قاتتىق چۆچىگەنلىكى سەۋەبىدىن، بۇنىداق بىر روھقا ئىگە ئەمەس ئىدى. ئەڭ كۈچلۈك تەنقىتلەش روزېنبېرگنىڭ "شەرق تۇپراقلار مىنىستىرلىكى" دىن كەلمەكتە ئىدى. گەرچە بۇ مىنىستىرلىكنىڭ مىنىستىرى بولغۇچى ئىنتايىن كۈچلۈك ۋە قورقۇنۇشلۇق ھىملېر- بورمان- ئېرىك كوچ ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھقا، قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىشنى ھەرگىز خالىمايتتى. بۇلاردىن بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كوچ دېگەن كىشى ئۇكرائىنا ئىمپېرىيىسىگە باش گوبېرناتور قىلىپ تەيىنلەنگەن بولۇپ، بۇرۇن پاراۋۇز شوپۇرى بولغان، ئۇ داۋراڭ قىلىپ ماختىنىشقا بەكلا ئامراق، خۇددى يەرلىك خانلاردەك ھەر دائىم خادىكقا ئولتۇرۇپ ئايلىنىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. بۇ "ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھ" تەرىپىدىن يولغا قويۇلىۋاتقان رەھىمسىزلەرچە زوراۋانلىق ھەرىكەتلەرنى كۆزدە تۇتقان روزېنبېرگ تېخى يېقىندىلا يارىشىپ ئۆتۈش توغرىلىق ئۇلاردىن تەلەپ قىلىش مەقسىتىدە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشغالىيەت ئاستىدىكى رايونلاردا ئەركىن سىياسەت يۈرگۈزۈش سەمىۋۇلى ھېسابلىنىدىغان گېئورگ لېيبراندتنى بۇ ئىشتىن ئېلىپ تاشلىغان ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلار يەنىلا ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە ھەر تۈرلۈك تەكلىپ ۋە دوكلاتلارنى سۇنۇپ، بورماندىن ئاتلاپ ئۆتۈپ فۇھرېر بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلىپ ئۇنى زورلىماقتا ئىدى. بورمان-ھىملېر-كوچ گۇرۇھى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ ئەڭ كۈچلۈك پاش قىلىش دوكلاتى تەييارلىغان كىشى بۇرۇن سوۋېت ئىتتىپاقىدا 7 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ياشىغان ئوتتو براۋتىگام دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ دوكلاتى 13 بەتلىك تەپسىلى يېزىلغان بىر ئەسلەتمە ھېسابلىناتتى. ئۇ، بۇ دوكلاتىدا، ئەسلىدە نېمىسلار قۇتقازغۇچى قاتارىدا قارشى ئېلىنغان بولسىمۇ، كېيىنچە ئىشغالىيەت ئاستىدا قالغان كىشىلەر "بولشېۋىكچىلىكنىڭ قولىدىن ئازات قىلىش دېگەن بۇ شوئار،

ئەسلىدە ئۇلارنى قۇل قىلىش ئۈچۈن تاشلانغان بىير يەمچۈكتىن باشقا نەرسە ئەمەس" ئىكەنلىكىنى تېزلا سېزىۋالغان. نېمىسلار ستالىنىزمغا قارشى ئىتتىپاقداشلارغا ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىنچە ئەشەددىي دۈشمەن پەيدا قىلىشقانلىقىنى يازىدۇ. براۋتىگام شىكايىتىدە يەنە مۇنداق دەيدۇ: "بىزنىڭ ئۇ يەردە يۈرگۈزگەن سىياسەتلىرىمىز بولشېۋىكلار بىلەن رۇسىيە مىللەتچىلىرىنى بىرلىشىپ بىزگە قارشى بىرلىكسەپ تەشكىل قىلىشىغا مەجبۇرلىماقتا. بۈگۈنكى كۈندە، رۇسلارنىڭ ئۆرۈشتىكى قەھرىمانلىقلىرى تەڭداشسىز ھالغا كەلمەكتە. يالغۇز ئىنسانلىق غۇرۇرىنى ساقلاشنى دەپمۇ پەۋقۇلئاددە قۇربان بېرىشتەك قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ جەڭ قىلماقتا." براۋتىگام، خۇلاسىلاپ كېلىپ بۇنى ھەل قىلىشنىڭ پەقەت بىرلا چارىسى بارلىقىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ: "كەلگۈسىدە رۇسلار زادى قانچىلىك مەنپەئەتكە ئېرىشەلەيدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر نېمە دېيىلىشى شەرت." ئەگەر ھىتلېر بۇ مېمراندومنى ئوقۇپ كۆرگەندەك بولسىمۇ بەرىبىر بۇنداق نەسىھەتلەرگە قۇلاق سالمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ھىتلېر، نىيىتىنى ئاللىمۇ قاچان بۇزۇپ بولغان ئىدى: ئۇ بۇندىن كېيىن مەيلى غەلىبە قىلسۇن ياكى مەغلۇپ بولسۇن، مۇتلەق تۇردە ئۆزىنىڭ دېگىنى بويىچە ھەرىكەت قىلىش ئىرادىسىگە كېلىپ بولغان ئىدى.

6

شەرق ۋە غەرپتىكى دۈشمەنلىرى ئارقا-ئارقىدىن غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ تۇرغانلىقى سەۋەبىدىن، گېرمانىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا نويابىر ئېيى ھەقىقەتەنمۇ ئاپەتلىك بىر ئاي بولغان ئىدى. ھىتلېر ئۈچۈن مۇھىملىق دەرىجىسى بويىچە تىزىلغاندا، مىسىرنى ئىستىلا قىلىش ۋەزىپىسى كېيىنكى ئورۇنلاردا تۇرىدىغان بىر ۋەزىپە ھېسابلىناتتى. شۇنداق بولغاچقا، روممېلغا يېتارلىك مىقتاردا ئارقا سەپ تەمىناتى بىلەن ياردەمچى قوشۇن ئەۋەرتمەيدۇ. مانا بۇ، شىمالى ئافرىقا مەغلۇبىيىتىنى ساقلىنىشقا بولمايدىغان بىر ئەھۋالغا كەلتۈرۈلگەن تۈپكى سەۋەب ئىدى. گەرچە مىسىر پىرامىدالىرىنىڭ ئۈچى كۆرۈنگەندەك يەرگىچە كېلەلىگەن بولسىمۇ، "چۆل تۈلكىسى" لەقەملىك روممېل مۇداپىيە جېڭىغا ئۆتۈشتىن باشقا چارىسى قالمىغان ئىدى. ئۇنىڭ جەنۇب قانىتى (ئىتالىيانلار تەرىپىدىن تۇتۇپ تۇرۇلماقتا بولغان قىسمى) ئەنگلىيەنىڭ گېنېرالى مونتگومېر تەرىپىدىن بۆسۈپ ئۆتۈلگەندە، روممېل ھىتلېرغا تېلېگراممىا يوللاپ چېكىنىپ كېتىشكە يول قويۇشنى تەلەپ قىلغىنىدا، 2-دېكابىر ئاخشىمى، فۇھرېر جاۋاب تېلېگراممىسىدا "قەتئىي چېكىنىشكە بولمايدۇ، بىر قەدەممۇ چېكىنىشكىلارغا رۇخسەت يوق، ئەگەر قىسىملار ھۇجۇمدا

مـۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشــەلمىگەندەك قىلسـا پۈتـۈنلەي يـوق بـولغىچە تىركەشىـۈن!" دەپ بۇيرۇق قىلدۇ.

روممېل، بۇ تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن سەل ئاۋال تېلېگراممىا يوللاپ ئامالسىز چېكىنىشكە باشـلىغانلىقىنى، چېكىـنىش ئىشـىنىڭ باشـلانغىنىغا ئەمەلىيەتـتە 5 سـائەت بولغانلىقىنى بىلدۈردى. بـۇ خەۋەر سـەھەر سـائەت 3 تە ئـالىي قۇماندانلىققا يەتكـۈزۈلگەن بولسىمۇ، شتاپتا نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان ئـۇرۇش قۇمانـدانى ھىتلېرنـىڭ بۇنىڭـدىن بـۇرۇن يوللىغان تېلېگراممىسىنىڭ مەزمۇنىدى خەۋىرى بولمىغاچقا، كەلـگەن تېلېگراممىنـى مۇھىم ئەمەس دەپ قاراپ فۈھرېرگە تاپشۇرمىغان ئىدى.

تەبىئىكى، ھىتلېر ۋاقىتىدا ئۇيغۇتـۇپ بـۇ خەۋەردىـن خەۋەردار قىلىنمىغانلىقىغا بەكـلا خاپـا بولـدۇ. شـۇڭا ئـۇ، دەرھـال ۋارلىمـونتنى ئالـدىغا چاقىرتـدۇ. ۋارلىمونـت فۈھرېرنـىڭ ئىشخانىسـىغا قـاراپ كېتىۋاتقىنىـدا ككېيتېـل ئـۇنى يـىراقتىن چاقىرىـپ توختىتىـدۇ: "ھەي ۋارلىمونـت، بۇياققـا كەل! ھىتلېـر ئەنـدى سـىنىڭ بىلەنمـۇ كۆرۈشۈشـنى خالىمايـدىكەن!" دەيـدۇ. ئـۇ، ۋارلىمونتنىـڭ ۋەزىپىسـىدىن ئېلىـپ تاشـلانغانلىقىدىن خەۋەر تېپىـپ بولغـان ئىدى.

روممېلنىڭ كەينىگە چېكىنىشى، چۆل رايونىدىكى ئومۇمىي يۈزلۈك مەغلۇبىيەتنىڭ بىر شەپىسى ئىدى. شۇنىڭغا ئۇلۇشۇپ، يەنـى 7-نويـابىردا كىشـىنى پاراكەنـدە قىلـىدىغان يەنە بىر دوكلات سۇنۇلدۇ. بۇ دوكلاتتـا، ئىتتىپاقـداش ئەللەرنـىڭ كۈچلـۈك بـىر دېڭىـز ئـارمىيە فلـوتى ئـاق دېڭىـز تەۋەسـىگە كىرىـپ شـىمالى ئافرىقـا دېڭىـز قىرغاقلىرىغـا يېقىنلاشـماقتا ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن. بۇ فلوت نەچچە كـۈن بـۇرۇنلا جەبىلتارىقتـا كـۆرۈنگەن بولسـىمۇ، ھىتلېـر ۋە ئـالىي قۇمانـدانلىقتىكىلەر بـۇ فلـوت سـاردىنىيە يـاكى سـىجىلىيىگە قـاراپ يولغـا چىققـان دەپ قارىغـان ئىـدى. جـودل، نېمىسـلارنى ھەيـران قالـدۇرغان ئاساسـى سـەۋەب "ئېھتىمـــال مۇنـــداق بولىشـــى مـــۇمكىن: فرانســـىيە كـــومپيېگىن ئورمانلىقىـــدا تارمـــار كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن گېرمانىيىدىن قانۇنىي مۇئامىلە كـۆرۈپ كەلـگەن ئىـدى. ئېنىقـراق ئېيتقاندا، فرانسىيە ئالىي ئېھتىرام بىلەن ھۆرمەتلىنىپ كېلىنگەن ئىدى. شـۇنىڭدىن كېيىن، بىـز فرانسـىيەنىڭ سـاختا سياسـەت ئويـۇنى ئوينـاش ئېھتىمـالىنى پەقەتـلا خىيالىمىزغـا كەلتۈرمىدۇق. چۈنكى بۇ قېتىمقى قۇرۇغلۇققا چىقىش ھادىسىسى فرانسۇزلارنىڭ مـاقۇللىقى بولماي تۇرۇپ پەقەتلە مۇمكىنچىلىكى يوق."

ھىتلېر، بۇ ئىشتا ھەربـى قۇمانـدانلارنىڭ ئـالاقزادە بولـۇپ كېتىشـىگە بـىرەر باھـانە ئۇيدۇرۇپ چىقىش ياكى بۇ ھەقتە بىرەر تەدبىـر ئـويلىنىش ئىشـىنى خىيـالىغىمۇ كەلتـۈرۈپ قويمايدۇ. ئۇ، چۈشلۈك ۋەزىيەت دوكلاتى يىغىنىنى يىرىمىدا توختىتىپ، كۆپ قىسـىم "بـۆرە

ئىنى" دىكى "ئېسىل جامائىتى" نىڭ ھەمراللىقىدا مەخسۇس پويىزنىڭ ئولتۇرۇپ يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ نىشانى مىيونخېن ئىدى؛ ھىتلېر مىيونخېندا پىۋىخانا قوزغىلىشىنىڭ 19 يىللىق خاتىرە كۈنىنى تەبرىكلەشكە قاتناشماقچى بولغان ئىدى. گېرمانىيىنىڭ بۇ داھىسى راسا ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ كەتكەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيەنىڭ ئالدىن يۈرۈش قىسىملىرى ماراكەش بىلەن ئالجىرىيە دېڭىز قىرغىقىدا قۇرۇقلۇققا چىققان. بۇ دوكلات بالدۇرلا يېتىپ كەلگەن بولۇپ، دوكلاتتا فرانسىيە ئارمىيىسى قۇرۇقلۇققا چىقىشنى توساش ھەرىكىتىگە كىرىشكەنلىكى يېزىلغان ئىدى. شۇڭا، ھىتلېر بۇنىڭدىن نىمە ئۈنچىۋالا ھولۇقۇپ كېتىسلەر، دەپ بىر قانچە مەسلىھەتچىسىنى ئەيىپلەپ كېتىدۇ. ئاندىن ئاق دېڭىزنىڭ يەنە بىر ئۇچىدىكى كرىت ئارىلىغا ياردەم يوللاش بۇيرۇقىنى بېرىپ ھەممىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. مۇنداق قارىماققا ئۇ چۈشتىن كېيىن سائەت 6 دىكى لۆۋېنبراۋكېللېر پىۋىخانىسىدا يىغىلغان پىشقەدەم سەپداشلىرىغا نۇتۇق سۆزلەشكە بەكىرەك ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ھېچ بولمىغاندا ئۇ شۇنداق كۆرۈنمەكتە ئىدى. بۇ قېتىمقى نۇتۇق ھەقىقەتەنمۇ جەڭگىۋارلىقلارغا تولغان بىر نۇتۇق بولاتتى. بەزىلەر ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا قاراپ، ئۇ ئۆزىنى ئاقلىماقچى، ئۇ "ستالىن دەپ ئاتىلىۋاتقان" ئۇ شەھەرنى قولغا كەلتۈرىمەن دەپ گېرمانىيە قوشۇنلىرىغا بەدەل تۆلەتمەكتە، بۇ بەدەل خۇددى ۋېردۇندا تۆلەنگەن بەدەلدەك بەكلا قىممەتلىك بىر بەدەل بولدى، دەپ تەنقىتلىشىدۇ. ئەمما ئۇ ئاگاھلاندۇرۇپ كېلىپ، مەن ھېچ قاچان بىر يۈۋاش بىرى ئەمەسمەن، مەن ھېچقاچان بىر قانچە ۋەتەن سايىتقۇچىنىڭ غەرپ ئەللىرى بىلەن يارىشىشىنى مەقسەت قىلىپ ئىمپېرىيىنى شەرقتە قولغا كەلتۈرگەن بىپايان زېمىنلارنى ئىككى قولۇپ سۇنۇپ بېرىدىغان ۋىلھېلم ئىككىنچى ئەمەسمەن. "بىزنىڭ بارلىق دۈشمەنلىرىمىز خاتىرجەم بولسۇنكى، ئۇ ۋاقىتتىكى گېرمانىيە سائەت 11 دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە قۇراللىنى تاشلىغان ئىدى. ئەمما مەن، پىرىنسىپ جەھەتتە، ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنىراق بىر ۋاقىت كەلمەي تۇرۇپ، يەنى ھېچ بولمىغاندا سائەت 12 دىن 5 مىنۇت ئۆتكەزمەي تۇرۇپ ھەرگىزمۇ قۇرال تاشلىمايمەن" دەيدۇ.

ئاخشىمى، ئافرىقىدىن كەلگەن دوكلاد، ئەھۋال بەكلا ئېغىر بولغاچقا، ھىتلېر بۇ دوكلادقا ئېتىۋار قىلماي ئۆتكۈزىۋېتىشكە پېتىنالمايدۇ. شۇڭا ئۇ، دەرھال مۇسسۇلىنىنى چاقىرتىپ كېلىپ يىغىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن رىببېنتروپقا بۇيرۇق قىلىدۇ. بىر سوتكا ئىچىدە ئىككىنچى قېتىم ئويغۇتۇلغان سىيانو قايىل قىلىنىپ، مۇسسولىنىنى ئۇيغۇتۇشقا بارىدۇ. ئەمما مۇسسولىن باۋارىيىگە بېرىشقا ئۇنىماي تۇرىۋالىدۇ. ئۇ ئەندى، بىر مەغلۇپ بولغۇچى سۈپىتىدە ھىتلېر بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سالامەتلىكىمۇ ياخشى

ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا يولغا چىققان سىيانو مىيونخېنغا يېتىپ كەلگەن پەيىتلەردە، ھىتلېرمۇ ئافرىقىدىكى قۇرۇقلۇقتا چىقىش ھادىسىسىدىن ئىبارەت ئەمەلىيەتنى قوبۇل قىلماي ئامالسىز ھالغا كەلگەن ئىدى. ئۇ، "ئۇرۇش ئىلاھىنىڭ گېرمانىيە تەرەپنى تۈتۈشتىن ۋاز كېچىپ، قارشى تەرەپ سېپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى" ئېنىق ھېس قىلماقتا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، رىبېنتروپ ئۇنىڭغا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ستوكھولمدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى كوللونتاي خانىمى ۋاستىسى ئارقىلىق ستالىن بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىش مەسلىھەتىنى بېرىدۇ. ئەمما ھىتلېر بۇ تەكلىپنى قەتئىي تۈردە رەت قىلىدۇ. ئەمما رىبېنتروپ يەنە "زۆرۈر تېپىلغاندا شەرقتە زېمىن ئىشغال قىلىشتىنمۇ ۋاز كېچىشىمىزگە بولىدۇ" دەپ تەكلىپ بېرىدۇ. بۇ گەپتىن فۇھرېر ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىدۇ. "ئۇقۇپ قوي، مېنىڭ مۇزاكىرە قىلماقچى بولىۋاتقىنىم، باشقا يەر مەسىلىسى ئەمەس يالغۇز ئافرىقا مەسىلىسى!" رىبېنتروپ، ھىتلېرنىڭ بۇنچە ھەيۋە بىلەن سۆز قىلىشىدىن قاتتىق ئۈركۈپ كېتىدۇ.

ياپونىيەمۇ گېرمانىيەگە رۇسىيە بىلەن يارىشىۋېلىش ئۈچۈن ئىرىشچانلىق كۆرسىتىپ بېقىش مەسلىھەتىنى بەرگەن بولسىمۇ، فۇھرېر تەرىپىدىن قەتئىي رەت قىلىنىدۇ. ياپونىيەنىڭ يەنە بىر رەسمى تەلىپى، يەنى گېرمانىيەدىن شەرقتە كۈچ كۆرسىتىشتە بولۇش بىلەن چەكلىنىپ، مۇتلەق كۆپ قىسىم ئەسكىرى كۈچىنى غەرپكە قايىدۇرۇش تەلىپىمۇ ھىتلېر تەرىپىدىن رەت قىلىنىدۇ. "سىلەر ياپونلارنىڭ كۆرسەتكەن باھانىڭلەرنى ياخشى بىلىمەن. – دەيدۇ ھىتلېر باش ئەلچى ئوشماغا، _ سىلەرنىڭ بۇ تەكلىۋىڭلار ھەقىقەتەنمۇ ياخشى تەكلىپ. ئەپسۇسكى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغان بىر تەكلىپ."

قاتتىق سوغۇق بولۇپ تۇرىدىغان بۇنداق بىر ئەلدە، زىمىستان قىشتا ئاكوپ كولاش ھەقىقەتەنمۇ قىيىن بىر ئىش ئىدى. شۇنداقتىمۇ ھىتلېرنىڭ دېگەنلىرى گەپنى چوڭ قىلىشلا بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى ئىتتىپاقدىشىنى ئاڭلىسۇن دەپلا ئېيتىلغان گەپلەر ئىدى. ھىتلېرنىڭ پىلانى ئوڭۇشلۇق بولامدۇ-يوق، بولشېۋىكچىلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش-قىلالماسلىقتا باغلىق بىر ئىش ئىدى. بۇنداق بىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، ستالىن بىلەن يارىشىپ قېلىشنى ئۈمىد قىلىش ھەرگىز مۇمكىن بولىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. ئەگەر شەرقتە غالىبىيەت قازىنالمىغىدەك قىلسىمۇ، ۋەزىيىتىنىڭ مۇقەررەرلىكى تۈپەيلىدىن، يەھۇدىيلارنى ياۋروپادىن تولۇق تازىلىۋەتكىچە بولسىمۇ قىزىل ئارمىيىنىڭ يولىنى توساپ تۇرۇشى شەرت ئىدى.

بىرلىندا بولسا، ھىتلېر ئەقلىدىن ئېزىپتۇ دېگەندەك گەپ-سۆزلەر تارقىلىپ يۈرەتتى. بەزى گەپلەردىن قارىغاندا، بىر قېتىملىق چوڭ يىغىلىشتا، فوك خانىم مىنىستىر خانىمى

فرىكقا "فۇھرېر بىزنى ئاپەت ئىچىگە سۆرەپ كىرىشۋاتىدۇ" دېگەن. بۇنىڭغا جاۋابەن فرىك خانىممۇ "راس دەيسىز، بۇ ئادەم ھەقىقەتەنمۇ ئېلىشىپ قاپتۇ" دەيدۇ.724 ئاتاغلىق تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى فېردىناند ساۋېربرۇكمۇ شۇنداق قاراشقا كەلگەنمىش. ئۇ يېقىن دوستلىرىغا، يېقىندا فۇھرېرنى كۆرگىلى بارغىنىدا، ھىتلېرنىڭ بەكلا چۈشكۈن ۋە ھالسىزلىنىپ قېرىپلا قالغانلىقىنى، تىنماي ئۆزىگە ئۆزى غۇدۇڭشۇپلا يۈرىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، "چوقۇم ھىندىستانغىچە بېرىشىم كېرەك، ... ئۆلتۈرۈلگەن بىر نېمىس ئورنىغا ئون دۈشمەن يوقۇتۇلىشى شەرت، ..." دېگەندەك بىر نېمىلەرنى دەپ سۆزلەپ يۈرىدىغانلىقىنى پەرق قىلغانلىقىنى ئېيتقان.

7

ستالىنگرادتا بولسا، ھىتلېر يەنە بىر قېتىملىق مەغلۇبىيەتكە دۇچ كېلىدۇ. بىر قانچە ھەپتىدىن بېرى پاۋلۇسنىڭ 6-يۈلۈنۈش ئارمىيىسى ئاساسەن ئىلگىرلىيەلمەيلا قالغان ھالەتتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىلگىرلەشلىرى غېرىچ بىلەن ئۆلچەنگىدەك ئاز بولۇپلا قالماي، ھەر بىر غېرىچ ئىلگىرلەش ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن يوقۇرى بەدەللەر تۆلەنمەكتە ئىدى. پاۋلۇس بىلەن شەرق ئاخبارات باشقارما مۇدىرى پودپولكوۋنىك رېيىنخارد گېھلېن ئىككىسىلا، دۈشمەن شىمال تەرەپتىن كەڭ كۆلەمدە ئەسكەر يىغىشقا كىرىشتى دەپ خەتەر ھەققىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ: "ھازىرقى ۋەزىيەت بەكلا تۇراقسىز بولغاچقا، بىز دۈشمەن تەرەپ ئەھۋالى ئۈستىدە تولۇق مۆلچەردە بولالماي‌ۋاتىمىز." دەيدۇ گېھلېن 12-نويابىر كۈنكى دوكلاتىدا، "شۇنداقتىمۇ دۈشمەن ئارمىيىسى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بالدۇر ھۇجۇمغا ئۆتۈپ بىزنىڭ شەرق قىسىملىرىمىزنى خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ ئارمىيەمىزنى ستالىنگرادتىن چېكىنىشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن رومىنىيە ئۈچىنچى يۈلىنىلىش ئارمىيىسىگە زەربە بېرىپ، ستالىنگرادقا تۇتىشىدىغان تۆمۈر يولنى ئۈزۈپ تاشلىشى مۇمكىن."

ئەسلىدە ھىتلېر بىگخوفتا تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، كىشىنى كۆڭۈلسىز قىلىدىغان بۇ دوكلاتنى كۆرمىگەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ يەنىلا رومىنىيە ئارمىيىسىگە يەنىلا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، بۇ تەۋەدە بىرەر ئەھۋال بارمۇ-يوق دەپ سۈرۈشتە قىلىپ تۇرغان ئىدى. شۇ ھەپتە ئىچىدە ئىزچىل تۈردە ئۇرۇش ۋەزىيىتى يىغىنىغا قاتنىشىپ كېلىۋاتقان پۇتكامېر ئەسلەپ كېلىپ، بۇنداق ئىش يوق، ھىتلېر ئۇلارنى قەتئى ئويلاپ قويغىنى يوق، دەپ قايتا-قايتا تەكىتلەيدۇ. ھەمدە، يامان خەۋەرلەرنىڭ يېتىپ كېلىشى بەكلا ئاستا بولغاچقا،

فۇھرېر ۋەزىيەتنىڭ بۇنچىۋالا ئېغىر ئىكەنلىكىدىن پەقەتلا خەۋىرى يوق ئىدى، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ كۈچى زادى قانچىلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە كىشىلەر تۈزۈك بىر نېمە بىلمەيتتى، ئەمما ھىتلېرنىڭ يېقىندا قىلغان تەنقىتلىرى، يەنى "سىلەر دۈشمەن كۈچلىرىنى ھەر دائىم يوقۇرى مۆلچەرلەپ كېلىۋاتىسىلەر" دەپ قورۇقلۇق ئارمىيە باش قۇماندانلىق شتابىدىكىلەرنى قاتتىق تەنقىتلەپ، ئۇلارنىڭ پولشا ۋە فرانسىيىدىكىدەك خاتا مۆلچەرلىشنى قايتا تەكرارلىشىغىمۇ رازى ئەمەس ئىدى، دەيدۇ.

19-نويابىر تاڭ سۈزۈلۈش ۋاقتىدا، سوۋېت ئارمىيىسى 40 دىۋىزىيىلىك قۇراللىق كۈچ بىلەن رومىنىيە ئارمىيىسىگە ھۇجۇم باشلايدۇ. مۇداپىيەدە تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەر قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ ئالاھىدە ماھارەت كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ، بەكلا كۆپ ئۈستۈن كۈچكە ئىگە دۈشمەن قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تارمار كەلتۈرۈلىدۇ. ب توپكورپۇس قۇماندانى بۇ ھۇجۇمغا دەرھال ئىنكاس قايتۇرىدۇ. يەنى ئۇ ئالدى بىلەن باۋلۇسقا ستالىنگرادقا ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىپ قىسىملارنى سول قاناتتىن كېلىدىغان تەھدىتكە تەييار قىل دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ؛ ئاندىن يەنە رومىنىيە ئارمىيىسىنىڭ تارمار قىلىنغانلىقى مۇقىملىشىپ قالغاندىن كېيىن، 6-يۆلۈنۈش ئارمىيىسىگە دەرھال چېكىنىش بۇيرۇقى بېرىدۇ.

ھىتلېر بۇنداق قىلىشنى كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلىدۇ. ھىتلېر بۇرۇن كەلگەن دوكلاتلاردىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەكلا كۆپ قان تۆككەنلىكى سەۋەبىدىن يوقۇلۇش گىردابىغا كېلىپ قالغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتىشىنىمۇ ئۆلۈم ئالدىدىكى بىر جان تالىشىش دەپلا ئويلىماقتا ئىدى. شۇڭا ئۇ، ستالىنگرادتىكى قىسىملارغا ئۆلگىچە جان تىكىپ مۇداپىيەدە تۇرۇڭلار، ياردەمچى قوشۇن يولغا چىقىپ بولدى دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. ئەمما بۇ تۈردىكى ئەھۋاللار ھىتلېرنىڭ قۇماندانلىق شتابىدىكى قالايماقانچىلىقنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيتتى. مايور ئېنگېل كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنۇلارنى يازماقتا ئىدى: "بۇ يەر بەكلا قالايماقانلىشىپ كەتتى. فۇھرېرمۇ قانداق قىلسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەيلا قالدى. بۇ پاجىئەلىك سائەتلەر ئىچىدە، ئۇ بېگخوفتىكى ساراي ئىچىدە تىنماي ئالدى-كەينىگە ماڭاتتى. قۇماندانلىرىنى يەنە بىر قېتىم كونا خاتالىق ئىچىگە پېتىپ قېلىۋاتىسىلەر دەپ ئەيىپلەيتتى."

ھىتلېر، ئۇرۇش سېپىدىكى تانكا قىسىملىرىنىڭ يىغىلىپ چېكىنىشىگە پەقەتلا رازى ئەمەس ئىدى. 21-نويابىر كۈنى، رومىنىيە ئارمىيىسى، تانكىلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپ قىسمىنىڭ توك يوللىرىنى چاشقان غاجىلاپ بۇزىۋەتكەنلىكى سەۋەبىدىن كاردىن چىقىشى

نەتىجىسىدە يوللىرى كېسىلىپ مۇھاسىرە ئىچىگە شۇشۇپ قالىدۇ. بۇ ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولۇپ "جاسارىتى پۈتۈنلەي يوقالدى. _ دەپ يازىدۇ بىر رومىنىيە ئوفىتسېرى خاتىرىسىگە ئالدىراشلىق بىلەن، _ بىشىمىزغا كەلگەن نىمە كۈنلەر بۇ، بىز ياكى ئەجداتلىرىمىز زادى نىمە گۇناھ قىلغان بولغىيدۇق؟" پەقەت شۇ ۋاقىتقا كەلگىنىدىلا پاۋلۇس بىلەن ئۇنىڭ شىتاپ باشلىقى گېنېرال مايور ئارتۇر شىمىتىد دۇچ كېلىۋاتقان بۇ خەتەرنى ھېس قىلىشىدۇ. سوۋېت قوشۇنلىرىنىڭ تانكىلىرى قۇماندانلىق شىتابىدىنبىر قانچە مىل نېرىسىدىلا ئوتتۇرغا چىقىدۇ. بۇ ئەھۋال، 6-يۆلۈنۈش ئارمىيىسىنىڭ يولى سوۋېت قوشۇنلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغانلىقىنى كۆرسىتەتتى. شۇڭا ئۇ، قۇماندانلىق شىتابىنى ئالدىراش كەينىگە يۆتكەپ، ئارقىدىنلا چېكىنىش تەلۋىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ باشلىقى بۇ تەلەپنى تەستىقلاش بىلەن بىرگە، بۇ ئىشنى ئالى قۇماندانلىق شتابىدىن سورايدۇ. شۇ ئاخشىمى بېگخوفتا ئۆتكۈزۈلىۋاتقان يىغىندا، جودل 6-ئارمىينى ئومۇمىي يۈزلۈك چېكىنىدۇرەيلى دېگەن تەكلىپنى بېرىدۇ. فۇھرېر بۇ تەكلىپنى يەنە بىر قېتىم رەت قىلىپ، "ئەرقاندۇاق بىر ۋەقە كۆرۈلىشىدىن قەتئىي نەزەر، چوقۇم ستالىنگراد ئەتىراپىدىكى جايلارنى قولىمىزدا تۇتۇپ تۇرىشىمىز شەرت" دەپ چىڭ تۇرىۋالىدۇ.

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، يەنى 22-چىسلا كۈنى، سوۋېت قوشۇنلىرىنىڭ زور كۆلەملىك ئىسكەنجىگە ئېلىش ھۇجۇمى نەتىجىسىنى بېرىپ، ئىككى تەرەپ بىر-بىرسى بىلەن ئۇچرىشىپ 6-ئارمىينى قورشاۋغا ئېلىش ئىشىنى تاماملايدۇ. ئاقىۋەت، 200 مىڭ كىشىلىك گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئەڭ تاللانغان قىسىملىرى 100 تانكا، 1800 زەمبىرەك ۋە 10000 دىن ئارتۇق ھەر تۈرلۈك ئاپتوموبىللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بىر ئويمانلىق ئىچىگە قاپساپ قويۇلىدۇ. 6-ئارمىيە شۇ ئاخشىمى ئۆتكۈزگەن يىغىندا، بىر قىسىم كىشىلەر غەربىي جەنۇپ تەرەپتىن قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىش تەكلىۋىنى بېرىدۇ. "ياق، بولمايدۇ" دەيدۇ شتاب باشلىقى شمىدت، "بۇنىڭ ئۇچۇن يېقىلغۇيىمىز يەتمەيدۇ. ئەگەر زورلاپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقماقچى بولىدىكەنمىز، بۇنىڭ ئاقىۋىتى چوقۇم ناپولېئوننىڭ بېشىغا كەلگەننىڭ دەل ئۆزى بولىدۇ. شۇڭا بىز چوقۇم كىرپىدەك مۇداپىيە ئۇرۇشى قىلىشتىن باشقىچە چارىمىز يوق." چۈشتىن كېيىن، ئەھۋال تېخىمۇ بەتتەر يامانلىشىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن، شىمىدت ئۆزىنىڭ دېگىنىدىنمۇ گۇمانلىنىشقا باشلايدۇ. دەل شۇ پەيتتە، پاۋلۇس، جايلاردا قىمىرلىماي چىڭ تۇرۇڭلار ۋە بۇيرۇق كۈتۈڭلار، دېگەن يېڭى بۇيرۇق تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. "خوش، شۇنداق قىلىپ بىز ئەندى قانداق قىلىش توغرىلىق باش قاتۇرغىدەك ۋاقتىمىز بولىدىغان بولدى. – دەيدۇ پاۋلۇس بۇرۇلۇپ شتاپ باشلىقىغا، _ قېنى ئەمسە، بىز بۇ ھەقتە ئايرىم-ئايرىم باش قاتۇرۇپ

چىقايلى. بىر سائەتتىن كېيىن كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈش، ئىككىمىزنىڭ خۇلاسىسى بىر يەردىن چىقامدۇ-چىقمامدۇ كۆرۈپ باقايلى." دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا پۈتۈنلەي ئوخشاش خۇلاسىغا كەلگەن ئىدى: غەربى جەنۇپ تەرەپتىن قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىش.

بۇ چاغدا، ھىتلېرمۇ "بۆرە ئىنى" گە قاراپ يولغا چىققان ئىدى. كەينىگە چېكىنىش، بۇنى ھەرگىزمۇ ئويلىنىشقا بولمايدۇ، دەيتتى ھىتلېر. شۇ كۈنى ئاخشىمى، شەخسى نامىدا پاۋلۇسقا تېلېگرامما يوللايدۇ: "6-ئارمىيە شۇنى ئېنىق بىلسۇنكى، مەن قورشاۋنى يېرىشقىلار ئۈچۈن پۈتۈن ئىمكانىيەتلەرنى ئىشقا سېلىپ سىلەرگە ياردەم يوللايمەن. كۈتۈپ تۇرۇڭلار. مەن بۇ ھەقتە دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرىمەن." پاۋلۇس بۇ قارارنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قايسى بىر كورپۇس قوماندانى ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىپ، قىسىملىرنى كەينىگە چېكىندۈرۈپ، پاۋلۇسنى پۈتۈن سەپ بويىچە چېكىنىش بۇيرۇقى بېرىشكە مەجبۇر ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئەسلىدە، پاۋلۇس بۇ گېنېراللىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ياكى قولغا ئېلىش ھوقۇقى بار بولسىمۇ، ۋەزىيەت بەكلا جىددى بولغانلىقى سەۋەبىدىن كارى بولمايدۇ. ئەمما قىزىق يېرى، ھىتلېر بۇ قېتىمقى چېكىنىش ۋەقەسىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بۇ ئىشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى گۇناھسىز پاۋلۇسنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ، ئۆزى بەكلا ئىشىنىدىغا بۇ ئىشنىڭ ئەسلى مەسئۇلى بولغان جىنايەتچىگەئۆز بېشىغا قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ھەرىكەت قىلالىقىنى تەغدىرلىگەنىدەك بىر ئىش قىلىدۇ.

23-نويابىر ئاخشىمى، 6-ئارمىيە قوماندانى ئۆز نامى بىلەن قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىشقا رۇخسەت قىلىش تەلىپىدە بولىدۇ. ھىتلېر بۇ تەلەپنى پەقەتلا ئېتىبارغا ئالمايدۇ. سەۋەبى، ئۇ ئەندى پاۋلۇس ھەققىدە بەزى گۇمانلىرى بار ئىدى. گېۆرىڭمۇ ئۇنىڭغا ۋەدە بېرىپ، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى قورشاۋغا چۈشۈپ قالغان 6-ئارمىيە ئۈچۈن ھاۋادىن ئۈزۈلمەي تاشلاپ بېرىمەن دەيدۇ. گەرچە ھىتلېر بۇ مارشالنىڭ بۇرۇنقى ئۇرۇش نەتىجىلىرىدىن بەك رازى ئەمەس بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ دېگىنىگە قۇلاق سالىدۇ. ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، ھىتلېر پاۋلۇسقا بۇيرۇق قىلىپ، "ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىي نەزەر" پوزىتسىيەڭنى قەتئىي چىڭ تۇت، ئوزۇق-تۈلۈك ھاۋادىن يەتكۈزۈلىدۇ، دەيدۇ.726 چارىسىز قالغان ھىتلېر، گېۆرىڭنىڭ يەڭگىللىك بىلەن بەرگەن ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، ئۆز خىيالى بويىچە ستالىنگراد دېگەن يەر بىر قورغاندىنلا ئىبارەت دەپ ھېساپلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ، 250 مىڭ نەپەر نېمىس ۋە ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ئەسكەرلىرىنى بىراقلا قاتاردىن چىقىرىۋەتكەن ئىدى.

ھىتلېر، پاۋلۇسنىڭ باشلىقىغا قارىتا ئىشەنچىنى يوقاتقىنىدىن كېيىن، بۇ قوماندانىنىڭ

مۇتلەق كۆپ قىسىم قوماندانلىق ھوقۇقىنى مارشال ۋون مانستېيىنگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ مارشالنىڭ غەرپكە ھۇجۇم قىلىش ئۇستىدىكى ئىنتايىن ئەپچىل پىلانى، ھىتلېرنىڭكىگە بەكلا ئوخشايتتى. مانستېيىن يېڭى بىر قوشۇنغا، يەنى دون توپكورپۇسىغا قوماندانلىق قىلماقچى بولۇپ، سوۋېت قوشۇنلىرىنىڭ غەرپكە قاراپ ئىلگىرلىشىنى توساش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىش ئارقىلىق ستالىنگرادنى قوغداۋاتقانلارغا كېلىۋاتقان بېسىمنى ئازايتىشقا تىرىشىش ئىدى. شۇ كۈنى چۈش ۋاقتىدا، ماستېيىن پاۋلۇسقا ئىشەنچەكنى تىكلە دېگەن بىر تېلېگرامما يوللايدۇ: "بىز ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە سىزنى قېيىن مۇھىت ئاستىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشقا تىرىشىمىز." دەيدۇ. ئۇ يەنە قوشۇمچە قىلىپ، پاۋلۇسنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىسى: "فۈھرېرنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ۋولگا بىلەن شىمالى فرونتنى چىڭ تۇتۇش، شۇنىڭدەك كۈچلۈك ئەسكىرى كۈچ بىلەن ئارقا سەپتىن قورشاۋنى يېرىشقا تەييارلىق قىلىش" ئىكەنلىكىنى قوشۇمچە قىلىپ بىلدۈرگەن ئىدى. پاۋلۇسنىڭ قارىشىچە مانستېيىن 6-ئارمىيەنى پوزىتسىيەنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە، بىر يول ئېچىشىمىزنى تەلەپ قىلىش ئىكەن. شۇنداق قىلىپ، پاۋلوس بىلەن شمىدت ئىككىسى ئۆزلىرى تۈزگەن پىلانىدىن ۋاز كېچىدۇ: ھىتلېرنىڭ ماقۇللىقىنى كۈتمەستىن ئۆز ئالدىغا قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىش پىلانىدىن ۋاز كېچىشىدۇ.

شۇ كۈنى قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن، ستالىنگرادقا ئوزۇق-تۈلۈك يەتكۈزىدىغان ئايروپىلانلاردىن 22 سى ئېتىپ چۈشۈرۈلىدۇ. 25-چىسلا كۈنى، يەنە 9 ئايروپىلان ئېتىپ چۈشۈرۈلىدۇ. ئاقىۋەت پاۋلۇس ئارانلا 75 توننا يېمەك-ئىچمەك بىلەن ئوق-دورىغا ئېرىشەلەيدۇ. 26-چىسلا كۈنى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش قوماندانلىق شتاب كوماندىرى زېيتزلېر "بۆرى ئىنى" گە قايتىپ كېلىپ، ھىتلېرنىڭ ئاچچىغلىنىشلىرىغا پەرۋا قىلماي، پاۋلۇسقا "ھەرىكەت ئىختىيارى" بېرىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. يەنى، مەجبۇرى تۇردە قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىش ھەرىكەت ئەركىنلىكىنى بېرىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. ئەگەر بۇ ھەرىكەت ئوڭۇشلۇق بولمىغىدەك قىلسا، ئۇنىڭ تەسلىم بولۇشىغا رۇخسەت قىلىنىشىنى تەكلىپ قىلىدۇ. ھىتلېر بۇ تەكلىپنى دەرھال رەت قىلىپ، مانستېيىننىڭ قورشاۋنى يېرىش ھەرىكىتىگىلا ماقۇل بولىدۇ. ھىتلېر، ھەر تۈرلۈك قارشى پىكىرلەرنى گېۆرىڭنىڭ ھاۋادىن تاشلاشقا قايتا-قايتا بەرگەن قۇرۇق ۋەدىسىگە ئاساسلىنىپ يېتەرلىك ئوزۇقلۇق ھاۋادىن تاشلىنىدۇ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. "بۇنچىۋالا كۈچلۈك خاتىرجەم قارشى مېنى بەكلا قورقۇتىۋەتكەن ئىدى. _ دەپ يازىدۇ ئېنگېل كۈندىلىك خاتىرىسىگە، _ بۇنچىۋالا خاتىرجەملىك ھاۋا ئارمىيىسى باش قوماندانلىق شتابىدىكىلەردىمۇ يوق ئىدى!"

شۇ كۈنى، پاۋلۇس بىۋاستە خەت يېزىپ مانستېيىننىڭ يېقىندا 6-ئارمىيىگە ياردەم

بىرىش ھەققىدىكى ۋەدىسىگە رەخمىتىنى بىلدۈردى. ئۇ خېتىدا مانستېيىنغا مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىختىيارى ھەرىكەت قىلىش ھەققىدە ھىتلېردىن تەلەپ قىلدىم، ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا شۇنداق ھەرىكەت قىلماقچىمەن. "مېنىڭ بۇنداق ھوقۇق تەلىپىدە بولۇشتىكى مەقسىدىم، ـ دەيدۇ پاۋلۇس ئىزاھلاپ كېلىپ، ـ تۆۋەندىكىچە ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر: بىردىن-بىر مۇمكىن بولىدىغان ئۇنداق بىر بۆيرۇق چۈشۈرۈشنىلا مەقسەت قىلدىم، ئەمما بۇنىڭمۇ ۋاقتى ئۆتمەكتە. مەن ئىنتايىن جىددى ۋەزىيەت ئاستىدىلا بۇنداق بىر بۇيرۇقنى چۈشەرگەنلىكىمنى ئىسپاتلىيالايمەن. شۇڭا مەن پەقەت سىزنىڭ بۇ ئىشتا مېنىڭ بۇ ئىش ئۈستىدە بېرىدىغان ۋەدەمنى قوبۇل قىلىشىڭىزنىلا تەلەپ قىلىمەن."

پاۋلۇدس، تۈن يېرىمىدىن بەش مىنۇت بۇرۇن فۇھرېرنىڭ جاۋابىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇ. ھىتلېر ئۆز نامىدا 6-ئارمىيىدىكى بارلىق ئوفىتسېر-جەڭچىلەرگە تېلېگرامما يوللاپ، ئۇلاردىن پوزىتسىيىسىنى چىڭ ساقلىشىنى، شۇنىڭدەك قورشاۋنى يېرىشى ئۈچۈن چوقۇم ياردەم قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىدۇ.

ئەمما قورشاۋدىن بۆسۈپ چىقىرىش ھەرىكىتى، يەنى "قىشلىق شىۋىرغان" پىلانى دېگەندەك تولۇق تەييارلىقى بولمىغان بىر پىلان ئىدى. بۇ ھەرىكەت بىر قېتىملىق بىرلا يۆلۈنۈشتە بۆسۈپ كىرىش پىلانىدىنلا ئىبارەت بىر پىلان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كۈچمۇ ئارانلا ئىككى برووۋنىك دىۋىزىيەسىدىنلا ئىبارەت ئىدى. بۇ ھەرىكەت دېكابىرنىڭ باشلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولغاچقا، بۇنىڭغا لازىملىق ئەقەللى كۈچنى بىر يەرگە يىغىشتا بەكلا كۆپ توسالغۇ ۋە قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. نەتىجىدە، 12-دېكابىر چۈشتىن بۇرۇن ئاران ھەرىكەتكە ئۆتەلەيدۇ. 230 تانكا، شەرقى شىمال يۆلۈنۈشى بويىچە يۈز كېلومېتردەك يىراقلىقتىكى ستالىنگرادقا قاراپ ھەيۋەت بىلەن يولغا چۈشىدۇ. يول بويى بەكلا ئاز قارشىلىق كۈچلەرگە دۇچ كېلىدۇ؛ ھەتتا بەزى يەرلەردە قىلچىمۇ قارشىلىق كۆرۈلمەيدۇ، بۇنىڭدىن نېمىس قوشۇنلىرى ھەيران قالغان ئىدى. شۇنداق بولىشىغا قارىماي، تانكىلار ئارانلا 19 كېلومېتىر يول يۈرەلەيدۇ. يەنى كۈن نۇرىنىڭ تەپتىدىن يولدىكى مۇزلار ئېرىشكە باشلاپ، توپىلىق يوللار پاتسا چىققىلى بولمايدىغان پۈتۈنلەي پاتقاقلىققا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى.

چۈش ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىندا، ھىتلېرنىڭ سورىغان بىرىنچى سوئالى شۇ بولدۇ: "بىرەر ئاپەت يۈز بەردىمۇ؟" كىشىلەر ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ ئىتالىيە قوشۇنلىرى تۆتتۇپ تۇرىۋاتقان پوزىتسىيە ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقىنى ئېيتقىنىدا، ئۇ غۇدۇڭشىغىنىچە دەردىنى تۆكۈشكە باشلىدى: "جەنۇپتىكى ئىشلار مېنى تېخىمۇ كۆپ ئۇيقۇسىز كېچىلەرنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلىغان ئىدى. بىز تېخىچە ئۇ يەردە نېمىلەر بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن

خەۋىرىمىز يوق.“

6 كۈنــدىن بۇيــان، 6-ئارمىيەنىــڭ ئوفىتســېر-جەڭچىلىرىقېرىنــداش ئارمىيىنىــڭ تانكىلىرى كېلىشىنى كۈتۈپ كۆزلىرى تېشىلىپ كەتكــدەك بولـۇپ كەتكەن ئـىدى. ئەمما ئۇلارنىــڭ كــۆرگىنى كەيىنــى ئــۈزۈلمەي كېلىۋاتقــان ســوۋېت قوشــۇنلىرىنىڭ تىرمىشــىپ تىركىشىپ غەرىپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقى بولـدى. ئـۇلار ”قىشـلىق شـۇرىغان“ ھەرىكـتىگە توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتماقتا ئىدى. مانستېيىنمۇ خۇددى شـۇنداق ئۈمىدسـىز بىـر ئەھۋالدا بولۇپ، 18-چىسلادا پاۋلۇسنى كۆپ قىسىم ئەسكەرلەرنىڭ جېنىنـى قۇتۇلـدۇرۇش ئۈچــۈن مۇھاســىرىنى بۆســۈپ چىقىشــقا بــۇيرۇق قىلىشــنى تەلەپ قىلــدۇ. زېيتزلېــر ”پەۋقۇلئاددە جىددى“ لىك بىلەن بۇ تەدبىرنى تەستىقلايدۇ. ئەمما بۇنىڭغا ھىتلېر يەنىلا چىـڭ تـۇرۇپ رۇخسـەت قىلمايـدۇ. چـۈنكى شـۇ كـۈنى ئىتالىيەنىـڭ 8-ئارمىيىسـى تارمـار قىلىنىپ مۇھاسىرىگە ئېلىنغان قىسىملارنىڭ شىمالىدا چوڭ بىر كاۋاك پەيدا بولغان ئىدى.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، مانستېيىن 6-ئارمىيىنىڭ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىشـقا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلىپ ھىتلېرغا يەنە بىر قېتىم تېلېگراممـا يوللايـدۇ. دەسـلىۋىدە ھىتلېر بۇ تەلەپنىمۇ رەت قىلىدۇ. كېيىن، زېيتزلېرنىـڭ تىنماي سۆيلىشـى بىـلەن ئـاز-تـولا بوشــىغاندەك قىلــدۇ. ئۇنىــڭ بۇنــداق بىــر قارارغــا كــېلەلمەي تــۇرغىنىنى كــۆرگەن بەزى ئوفىتسېرلاردا ئاز-تولا ئۈمىـد پەيـدا بولۇشـقا باشـلايدۇ: پـاۋلۇس تەشەببۇسكارلىق بىـلەن ئامال قىلىپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقالىشى مۇمكىن ئىدى. ئەگەر كۈچى يەتسە، پاۋلۇسـمۇ شۇنداق قىلغان بولاتتى. شۇڭا ئۇ فۇھرېرنىڭ بۇرۇنقى بۇيرۇقىغـا بـوي سۇنماسـلىققا تەييـار تۇراتتى؛ ئەمما بۇ چاغدا، ئۇنىڭ قولىـدا بـار تانكـا 100 گـىمۇ يەتمەيتتـى، شـۇنىڭدەك يەنە 32 كىلـومېتر يــول يۈرۈشــكىلا يەتكــدەك يېقىلغۇســى قالغــان ئىــدى. ئۇنىــڭ ئۈســتىگە، ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۈياقتا تۇرسۇن، قالغان ئوق-دورىـلار مـۇداپىيىلىنىش ئۈچۈنمـۇ يېتەرلىـك ئەمەس ئىدى. شۇڭا پاۋلۇس بىلەن شمىتد ئىككىسى پۈتۈن ئۈمىدىنى مۇھاسىرىنى يېرىشقا كېلىدىغان ياردەمچى ئەسكەرلەرگە باغلىغان ئىدى.

ئەمما بۇ چاغدا ئۇلارغا يـاردەم ئۈچـۈن كېلىۋاتقـان تـانكىلار پاتقاققـا پېتىـپ قىمىرمـۇ قىلالماي تۇرۇپ قالغان ئىدى. 23-دېكابىردا، بىر بىرۇونىـڭ قىسـىم دەرھـال بىرىـپ قېچىـپ تارقىلىــپ كېتىۋاتقــان ئىتــالىيە قوشــۇنلىرىنىڭ بوشــىغان بوشــلۇقنى ئىتتىپېتىشــى زۆرۈر بولغانلىقى ئۈچـۈن، مانسـتېيىن مۇھاسـىرىدىن قۇتۇلـدۇرۇش قىسـىملىرىنىڭ ئىلگىرلىشـىنى تــوختىتىش بــۇيرۇقىنى بېرىــدۇ. چۈشــتىن كېــيىن ســائەت 5 تــىن 40 مىنــۇت ئۆتكەنــدە، تېلېگراممـا ئارقىلىق پاۋلۇس بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ”ئەگەر ئەھۋال ئىنتـايىن يامـان ھالغـا كېلىپ قالغىنىدا مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقالامسەن؟“ دەپ سورايدۇ. پاۋلۇس ئۇنىڭدىن ”بـۇ

دېگىنىڭىز مېنىڭ بۇنداق بىر ھەرىكەت قوللىنىشىمغا رۇخسەت قىلغانلىقىڭىز بولامدۇ؟ دەپ سورايدۇ. ئەگەر ھەرىكەتكە ئۆتكىدەكلا بولسام، بۇ يولدىن كەينىگە يېنىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلىسىز“ دەيدۇ.

”بۇگۈنچە پۈتۈن ھوقۇقنى ساڭا تاپشۇرالمايمەن، ـ دەيدۇ مانستېيىن جاۋابەن، ـ شۇنداقتىمۇ ئەتىگىچە قەتئىي قارارغا كېلەلىشكە تىرىشىمەن.“

ھىتلېر قوماندانلىق شتابىدا، يەنىلا بۇنداق بىر قارار بېرىشنى خالىمايتتى. شۇڭا، روفدىستقا بايرىمى ھارپىسىدا، مانستېيىن 6-ئارمىيەگە بەكلا سىرلىق گەپلەر بىلەن بايراملىق سالىمىنى يەتكۈزىدۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى، مانستېيىن تېلېگراممىدا ئارقىلىق ”بۆرە ئىنى“ گە دوكلات قىلىپ، ستالىنگرادتىكى ئوفتسېر-جەڭچىلەرنىڭ جىسمانى جەھەتتە بەكلا ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى، شۇڭىدەك بۇنداق ئاجىزلىشىش كۈنسايىن تېزلىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ”قارىماققا ئۇلار يەنە بىر مەزگىل بەرداشلىق بېرەلەيدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، بىرەر يول ئېچىپ قورشاۋدىن قۇتۇلغىدەك كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە ئەمەس. مېنىڭچە، بۇ ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنى ئەڭ ئاخىرقى كۈن بولۇپ قالىدىغاندەك قىلىدۇ.“ بۇ تېلېگراممىغا گەرچە مانستېيىننىڭ ئۆزى قول قويۇپ بەرگەن بولسىمۇ، دېگەنلىرىگە ھىتلېرنىڭ قەتئىي قۇلاق سالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. دېمەك، 6-ئارمىيە پۈتۈنلەي تارمار قىلىنىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. پاۋلۇسىمۇ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلسىمۇ، بۇنداق قىلىش بىر ھېساپتا ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش بولىدىغانلىقىنىمۇ ياخشى بىلەتتى. ئۇ مانستېيىننىڭ دېگىنىگە قوشۇلىدۇ: ئەجەل كۈنى كېلىپ قالغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ ۋەزىيەتنى ئوفتسېر-جەڭچىلەرگە چۈشەندۈرۈپ قويۇش كېرەكمۇ-قانداق دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئۈمىد بولمىغان بىر ئۇرۇشقا ئەسكەرلەرنىڭ جان پىدا قىلىشى ناتايىن ئىدى.

گېۋبېلس يېڭى يىل بېغىشلىمىسىدا ئۈمىدنى ئۇلارغا قويغانلىقىنى بىلدۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. مەخسۇس ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن تەييارلانغان بىر پارچە نۇتۇقتا، 1943-يىلنىڭ رېيچنىڭ ”ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىگە يېقىنلىشىدىغان بىر يىل بولىدىغانلىقى ۋە چوقۇم غەلىبە قازىنىدىغانلىقى“ قا ۋەدە قىلىدۇ. ئەمما ئۇ يېنىدىكى كىشىلەرگە تېخىمۇ ئوچۇق سۆزلىگەن ئىدى. ئۇ نۇتقىدا، ئالدىمىزدىكى بىر قانچە ئاي ئىچىدە قانات يايدۇرۇلىدىغان تەشۋىقاتلىرىمىزدا، ئامما ئارىسىدا ئاساسەن مۇداپىيە ئۇرۇشى قىلىۋاتقانلىق تەسىرات پەيدا قىلىشتىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ساقلىنىشىمىز كېرەك، دەيدۇ. ”بىز ئۇرۇش باشلانغان كۈندىن تارتىپلا بىزنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىمىز خاتا يول تۇتۇپ كەلگەن ئىدى. ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى يىلىدا، بىز غالىپ كەلدۇق؛ ئىككىنچى يىلىدا بىز

چوقۇم غالىب كېلىمىز؛ ئۇچىنچى يىلىدا بىز چوقۇم يېڭىپ چىقىشىمىز شەرت؛ تۆتىنچى يىلىدا بىز ھەرگىز مەغلۇپ قىلىنمايمىز" دېگەن يول بويىچە تەشۋىق قىلىشقا تىرىشتۇق. بۇنداق يول تۇتۇش بىر ئاپەت ئىدى. "ئەكسىنچە، بىز نېمىس جامائەتچىلىكىگە شۇنى ئېنىق ئۇقتۇرۇشىمىز كېرەك ئىدىكى، بىز ئۇرۇشتا يېڭىپ چىقىش قابىلىيىتىگە ئىگىمىز، دەپ تەشۋىق قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئەگەر پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدىكى خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئايلاندۇرالىساق، ئۇرۇشتا يېڭىپ چىقىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىنى ھازىرلىغان ھېسابلىنىمىز." بۇ بىر ئۆمىدسىزلەرچە ئورتىغا قويۇلغان مەنزىرە ئىدى. فۇھرېر ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئۇختۇرۇش قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي يۈزلۈك ئۇرۇش سەپەرۋەرلىكى ئېلان قىلىشنى بۇيرۇق قىلدۇ.

8

يېڭى يىل ھارپىسىدا، ھىتلېر ئۆزىنىڭ شەخسى ئايروپىلان ئۇچقۇچىسى باۋۇرنى ستالىنگرادقا ئۇچۇپ بېرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا بىر بىلىكىدىن ئايرىلىپ قالغان 14-بىرۇۋنىك كورپۇسىنىڭ قوماندانى گېنېرال ھانس خۇبىنى گېرمانىيەگە قايتۇرۇپ كېلىشنى بۇيرۇيدۇ. خۇپ باش-كۆزىنى سۇرتۇشكىمۇ ئۈلگۈرمەي يولغا چىقىدۇ. ئۇ فۇھرېرنىڭ قوماندانلىق شتابىغا كەلگەندىن كېيىن ھىتلېر ئۇنىڭدىن 6-ئارمىيىنىڭ ۋەزىيىتىنى ئېنىق، تەپسىلى ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. خۇب، گەپنى ئايلاندۇرۇپ يۈرمەي قىلچە يوشۇرماستىن يولداشلىرىنىڭ ھازىرقى خەتەرلىك ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىدۇ. فۇھرېر سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلىنىدۇ. "نۇرغۇن ئەھۋاللار مېنىڭ ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلدى" دەيدۇ ھىتلېر. ئاندىن ئۇ، ھازىر فرانسىيەدە تۇرىۋاتقان ئېس-ئېس قوشۇنىنىڭ تانكا كورپۇسىنى مۇھاسىرىنى يېرىشقا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ستالىنگرادقا يوللايدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ھاۋادىن ئەۋەتىلىدىغان ماددى ئەشيالارنىمۇ ھەرقانداق بەدەل تۆلىنىشىدىن قەتئىي نەزەر كۆپەيتىلىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتىدۇ. ھىتلېر قاتتىق ھاياجانلانغان ھالدا، مەن، خۇددى بۈلتۈرقى قىشلىق بوھراندىن كېيىن قىلغىنىدەك ستالىنگرادتىكى بۇ ئوڭۇشسىزلىقنى چوقۇم غەلىبىگە ئايلاندۇرىمەن، دەپ قەسەم قىلىدۇ.

خۇب، يولداشلىرىغا يېڭى ئۈمىدلەر بېغىشلايدىغان بۇيرۇقنى ئېلىپ قايتا ئالدىنقى سەپكە قاراپ ئۇچىدۇ. ئۇ 8-چىسلا ئۇرۇش سېپىغا يېتىپ كېلىدۇ. دەل شۇ كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانلىرى تەشۋىقات ۋارىقى چاچىدۇ. بۇ ۋاراقلاردا ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتومىمۇ

بار ئىدى: ئەگەر تەسلىم بولمايدىكەنسىلەر چوقۇم يوق قىلىنىسىلەر! پاۋلۇس، خۇپىنىڭ ئىلىپ كەلگەن خەۋىرىدىن روھلىنىپ قالغان كورپۇس قۇماندانلىرىغا: تەسلىم بولۇشقا قەتئىي بولمايدۇ، دەيدۇ.

ئىككى كۈندىن كېيىن، سوۋېت قوشۇنلىرى ھۇجۇم باشلىۋېتىدۇ. 6-ئارمىيەنىڭ غەربىي ئۇرۇش سېپى ئاستا-ئاستا تارىيىشقا باشلاپ، يېمەك-ئىچمەك ۋە ئوق-دورىلارنىڭ تەمىنلىنىشمۇ تېز سۈرئەت بىلەن كامىيىشقا باشلايدۇ. يەنى ھەر بىر زەمبىرەك كۈندە ئارانلا بىر پايدىن ئاتقىدەك توپ ئوقى قالغان، ھەر بىر ئەسكەرنىڭمۇ كۈندە ئاران بىر پارچە بولكا بىلەن ئازغىنە ئات گۆشى يەيدىغىنى قالىدۇ. ئۇرۇش مەيدانىغا يەتكۈزۈلگەن ئۇزۇقلۇق گېيۆرىڭنىڭ ۋەدە قىلغىنىدىن كۆپ ئاز ئىدى. ھىتلېر خامخىيالىدىن مەھرۇم ھالغا كەلگەن ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرىمۇ بەكلا ئاچچىق، بەكلا زەھەرلىك ھالغا كەلگەن ئىدى، ئۇ گېيۆرىڭنى "بۇ مەخلۇقنىڭ مىڭىسى مايلىق ئۈچەي بىلەن لىق تولغان سىمىز توڭگۇزنىڭ نەق ئۆزى!" ئەڭ چوڭ ھاقارەت بەلكىم ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىرسىگە ھاۋادىن مال يەتكۈزۈش ئارقىلىق 6-ئارمىيىنى قۇتۇلدۇرۇش ئىشنى قايتا ئورۇنلاشتۇرۇشقا بەلگىلىشى ئىدى. فۇھرېر مارشال مىلچنى "مۇمكىن ئەمەس" دېگەن سۆزنى بىلمەيدىغان ئادەم دەپ ئۇنى ئىككى قېتىم مەدھىيىلىگەن ئىدى. يانىۋارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، ئۇ "بۆرە ئىنى" گە كېلىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا ھەر كۈنى 300 توننا ئوزۇقلۇقنى ستالىنگرادقا يەتكۈزۈشنى بۇيرۇق قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەر قانداق بىر كوماندىرغا بۇيرۇق قىلىشقا ئوخشايدىغان تولۇق ھوقۇق بېرىدۇ.مىلچ ئومىيۈزلۈك ئۆزگەرتىش قىلىش بىلەن ئىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ كۈندىلىك توشۇش مىقدارىنى 60 توننىدىن 80 تونىغا كۆپەيتىپ، مۇھاسىرە ئىچىدە قالغانئوفتسېر-جەڭچىلەرگە ئازراق بولسىمۇ ئۈمىد بېغىشلايدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي مىلچمۇ ئامالسىز قالىدۇ. ئاخىرى ئۇمۇ بۇ ئىشنى ئورۇنداش قەتئىي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ قالىدۇ.

20-يانىۋارغا كەلگەندە، ئۇرۇش سېپى تارىيىپ بۇرۇنقىسىنىڭ يېرىمىغا چۈشۈپ، تارمار بولۇش كۆزگە كۆرۈنۈپلا قالىدۇ. بولۇپمۇ جەڭ ئەڭ شىددەتلىك داۋام قىلىۋاتقان يەرلەردە بۇنداق بىر ئاقىۋەت مۇقىملىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. پاۋلۇس، ئوفىتسېر-جەڭچىلەرنىڭ قىينىلىپ شۇنچە ئېچىنىشلىق ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، يۇقۇرى ئورگانلارغا قايتىدىن چاقىرىق قىلىشنى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ قارايدۇ. شۇ كۈنى، ئۇ شىمدت بىلەن يەنە ئىككى نەپەر شتاپ مەسئۇلىنى چاقىرىپ ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئالىدۇ. ئۇلار ئۈچىسىدىن پەقەت بىرسىلا، يەنى ئۇرۇش ئىشلىرى مەسئۇلى داۋاملىق ئۇرۇشۇش كېرەك دەپ چىڭ تۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، پاۋلۇس ئوخشاش مەزمۇندىكى

ئىككى پارچە تېلېگرامما تەييارلاپ بىرىنى مانستېيىنگە، يەنە بىرىنى فۈھرېر قوماندانلىق شتابىغا يوللاپ، داۋاملىق ئۇرۇشۇش ئىمكانى قالمىغاندا "ئومۇمىي يۈزلۈك يوقۇتۇلۇشتىن ساقلىنىش" تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

مانستېيىن بىلەن زېيتزلېر ئىككىسىلا ھىتلېرنى پايدىلىق بىرەر جاۋاب بېرىشكە ئۈندەيدۇ. ئەمما فۈھرېر يەنىلا 6-ئارمىيىنى "ئەڭ ئاخىرقى بىر ئەسكىرى قالغىچە ئۇرۇش قىلىش" تەلىپىدە چىڭ تۇرىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدسىز تەدبىر قاتارىدا، زېيتزېيتز ئىسىملىك بىر مايور ستالىنگرادتىن ئۇچۇپ، بۇ يەردىكى ئۈمىدسىز ئەھۋال ھەققىدىكى بىرىنچى قول ماتېرىيالنى ئېلىپ نېيتىدىن ياندۇرۇش مەقسىتىدە ھىتلېرغا دوكلاد بېرىشكە كېلىدۇ. 22-يانۋاردا، زېيتزېيتز كېلىپ ھىتلېر بىلەن كۆرۈشكىنىدە، فۈھرېر ئۇنىڭ ئىككى قولىنى چىڭ سىققان ھالدا، "سەن ئىنتايىن خەتەرلىك بىر يەردىن چىقىپ كەلگەن بىرسەن" دەيدۇ. ئاندىن ئۇ يەنە بىر قېتىملىق مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش پىلانى ئۈستىدە توختىلىدۇ. يەنى بىر باتالىيون تانكا قىسمى بىلەن دۈشمەن سېپىنى بۆسۈپ كىرىپ مۇھاسىرىنى يېرىش پىلانى ئۈستىدە توختىلىدۇ.

ئەمما زېيتزېيتز بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران بولغىنىدىن ئاغزى ئېچىلىپلا قالىدۇ. پۈتۈن بىر بىرونىك كورپۇسى مەغلۇپ بولغان يەردە، بىر باتالىيوننىڭ قولىدىن نېمە ئىش كېلەتتى؟ مايور، ھىتلېر گېپىگە ئارا بەرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئالدىن تەييارلىۋالغان بىر ۋاراق قەغەزنى چىقىرىپ بىر مۇنچە سانلىق مەلۇماتلارنى ئوقۇيدۇ. ئۇ تەسىرلىك قىلىپ مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنىڭ ئاچلىققانداق بەرداشلىق بېرىپ كېلىۋاتقانلىقى، سوغۇقتىن ئۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، يەيدىغان نەرسىلىرىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئازىيىپ كېتىۋاتقانلىقى ھەمدە ئۇلارنىڭ بىراقلا ئۇنتۇلۇپ كېتىلىشلىرىنى بىلگەندىن كېيىنكى ھېسسىياتلىرىنى بىر قۇر بايان قىلىدۇ. "فۈھرېرىم، _ دەيدۇ مايور ئاخىرىدا، _ سۆزلىشىمگە رۇخسەت قىلىڭ، ئەندى ستالىنگرادتىكى ئوفىتسېر-جەڭچىلەرگە ئەڭ ئاخىرقى بىر پاي ئوقى قالغىچە ئۇرۇشۇش بۇيرۇقىدا چىڭ تۇرىۋالمىغايسىز، ئەندى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشقا بەرداشلىق بەرمەس ھالدا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلاردا ئاتقىدەك ئەڭ ئاخىرقى بىر پاي ئوقمۇ قالمىدى."

ھىتلېر ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇنىڭغا بۇرۇلىدۇ، ھەمدە، زېيتزېيتزنىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆزىگە چەكچىيىپلا قالغان ئىدى، "ئەركىشىنىڭ بەدىنى بەكلا تېز ئەسلىگە كېلەلەيدۇ" دەيدۇ ھىتلېر، ئاندىن ئۇ مايورنى بىر نېمىلەر دەپ يولغا سېلىۋەتكىنىدىن كېيىن، پاۋلۇسقا تېلېگراممما ئارقىلىق بۇيرۇق يوللايدۇ: "تەسلىم بولۇشقا قەتئىي بولمايدۇ. قىسىملار ئاخىرغىچە قارشىلىق كۆرسەتسۇن!"

ھىتلېرنىڭ ئۆزىمۇ ئېغىر ئەنسىرەش ئىچىدە بولۇپ، قاتتىق غەمدە قالغان ئىدى. ئەمما ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە ئۇنىڭ روھى ھالىتى قايتا ئەسلىگە كېلىدۇ. بۇنىڭغا سەۋەپ بولۇپ، قاسابلانكىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر يىغىنى ئاخىرلىشىشى ھامان روزۋېلت ئوق مەركىزى دۆلەتلەرنى شەرتسىز تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ (خېلى بىر مەزگىلدىن بېرى نېمىسلار قاسابلانكىنى ئاقسارايىنىڭ بىر مەخپى بەلگىسى دەپ ئىشىنەتتى. شۇڭا بۇ يىغىننى ۋاشىنگتوندا چاقىرىلغان دەپ قارىشاتتى). پىرىزدېنت دۇنيا تونۇلۇشلىرىنى سىياسىي ئۇسۇل بويىچە ھەل قىلالمايدىغانلىقى سەۋەپلىك، بۇ ئىش ئەمەلىيەتتە ھىتلېرنىڭ بەكلا قىممەتلىك تەشۋىقات ماتېرىيالىغا ئايلانغان، ئۆز ئادەملىرىنىمۇ قەتئىي چىڭ تۇرۇپ جەڭ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئامىلىغا ئايلانغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ بىر كىچىككىنە بولسىمۇ ئىمىد نۇرى بولۇپ كۆرۈنمەكتە ئىدى. چۈنكى، ھىتلېرنىڭ ئۆزىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ستالىنگرادتىكى ئىستىقبالسىز ئاقىۋەتنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. خەۋەرلەردىن قارىغاندا، ئۇ ياردەمچى مۇدىر شمۇندتنى ستالىنگرادقا يولغا سېلىپ، ئۇنىڭدىن پاۋلۇسقا ئۆزىنى ئېتىۋېلىشى ئۈچۈن بىر تال تاپانچا ئېۋەرتىدۇ. تەبىئىكى ئەڭ ئاخىرقى پەيت كەلگىنىدە، ئەلۋەتتە.

گېرمانىيە قوشۇنلىرى پارچە-پۇرات تەسلىم بولۇشقا باشلىغان بولۇپ، تەسلىم بولغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى ئازمۇ ئەمەس ئىدى. ئەمما پاۋلۇس بولسا تېخىچىلا ئىرادىسىدىن يانماي چىڭ تۇرماقتا ئىدى. ئۇ، تەسلىم بولۇش مەسىلىسىنى ئوتتۇرغا قويغان ئىككى نەپەر دىۋىزىيە كوماندىرىغا، ئومۇمىي ۋەزىيەت بۇنداق بىر تەدبىر قوللىنىشقا يول قويمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇڭا ئۇلار فۇھرېرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيت كەلگىچە ئۇرۇشۇش دېگەن تەلىپىگە بوي سۇنىمىز دەيدۇ. گەرچە ئۇ شۇنداق قارار قىلغان بولسىمۇ، ئوفىتسېر-جەڭچىلەرنىڭ تارتقان ئازاپلىرىنى بەكلا ئېنىق بىلگەچكە، ۋىجدانى بۇنداق بىر قارارنى يەنىلا قوبۇل قىلالمايتتى. ئەمما ئۇنىڭ جەڭگىۋارلىق ئىرادىسى تېخى يېقىن كۈنلەرگىچىلا ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇلار ئۆز رەھبەرلىرىگە ئىشىنىدىغان بولغاچقا، ياردەمچى ئەسكەرلەر چوقۇم كېلىدۇ دەپ قارىغان ئىدى. بۇگۈن، مىللىي سوتسىئالىزم پارتىيىسىنىڭ ھوقۇق تۇتقىنىنىڭ ئون يىللىق خاتىرە كۈنى ئىدى؛ ئەمما بۇگۈن، ئەسكەرلەر ئارىسىدا ئۈمىدسىزلىك ھالىتى يامرىماقتا. ستالىنگرادنىڭ ھەر بىر يەر ئاستى ئۆيلىرى نەپەس ئېلىشقىمۇ بولمىغىدەك دەرىجىدە قىستا-قىستاڭچىلىق بولۇپ كەتكەچكە، يارىدارلارنى ياتقۇزۇشقا يەر يوق ئىدى. دورا، يارا داكىسى قاتارلىقلارمۇ تېزلىكتە تۈگىمەكتە. توڭلاپ كەتكەن يەرلەردە جەسەتلەرنى كۆمۈش ئۈچۈن گۆر قېزىشنىڭمۇ ئىمكانىيىتى يوق ئىدى.

پاۋلۇس نېمە قىلارنى بىلەلمەيلا قالغان بولۇپ، ئامالسىز بۇ ئېغىر قىينىچىلىقلارغا

كۆنۈشتىن باشقا چارىسىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ، ھىتلېرغا دەرھال تۈۋەندىكىچە بىر تېلېگىرامما يوللايدۇ:

"سىزنىڭ 10 يىللىق ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغانلىقىڭىزدىن پۈتۈن 6-ئارمىيە فۈھرېرىمىزگە ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. كىرىس بەلگىلىك بايرىقىمىز ھازىرغىچە ستالىنگراد ئاسمىنىدا لەپىلدىمەكتە. بىزنىڭ بۇ كۈرىشىمىز كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزغا بىر ئۆلگە بولغۇسى. دۈشمەن ھەر قانچە كۆپ، بىز ئاجىز ئەھۋالدا بولساقمۇ، ھەرگىز تەسلىم بولمايمىز. ئاخىرىدا گېرمانىيىنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىشىغا تىلەكداشمەن."

باشقا بىر شەخسى تېلېگراممىسىدا، پاۋلۇس فۈھرېرگە جىيەنى لىئو راۋبالنىڭ يارىلانغانلىقىنى، ئۇنى ئايروپىلان بىلەن ئېلىپ كېتىشكە بولارمۇ دەپ سورايدۇ. ھىتلېر بۇنىڭغا: بىر ئەسكەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، جىيەنىممۇ سەپداشلىرى بىلەن بىرگە بولغىنى تۈزۈك، دەپ قايتۇرۇپ كېلىشكە بولمايدىغانلىق جاۋابىنى بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرىدىغان سۆيگۈنى گېلىنىڭ ئىنىسىنى ئۆلۈم ئىچىگە تاشلاپ قويغان بولدى. (بۇ ئۇرۇش سېپىدە، ھىتلېرنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى تۇغقىنىمۇ بار بولۇپ، ئۇلاردىن بىرسى ھانس ھىتلېر بولۇپ، ئاتا جەمەئەت بىر نەۋرە؛ يەنە بىرسى بولسا ھېينز ھىتلېر ئىدى. ئۇ فۈھرېرنىڭ باشقا ئانىدىن بولغان ئۆگەي ئاكىسى ئالويىسچىكنىڭ ئوغلى ئىدى. ھانس گېرمانىيەگە قېچىپ بېرىۋالىدۇ. لىئو بىلەن ھېينز ئىككىسىلا ئەسىرگە چۈشىدۇ. ستالىننىڭ قىزىنىڭ ئېيتىشىدىن قارىغاندا، نېمىسلار ئۇنىڭ سىڭلىسى ياشانى بېرىپ ئۇنىڭ ئورنىغا بىر نەپەر نېمىس ئەسىرنى ئالماشتۇرساق دەپ تەكلىپ قىلغان، بۇ نېمىس ئەسىر لىئو ياكى ھېينز بولىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما ستالىن قىزىغا، "ياق ئۇنداق قىلالمايمەن. ئۇرۇش ئەسىرى كىم بولىشىدىن قەتئىي نەزەر بەربىر ئەسىر ھېسابلىنىدۇ." دېگەن. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ستالىننىڭ ئۇ ياش قىزى نېمىسلار تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلانغان. ھېينز بولسا تۈرمىدە ئۆلگەن. گېلىنىڭ ئىنىسى بولسا 1955-يىلى يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن بولۇپ، تاغىسىنىڭ ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنمىغانلىقىنى پەقەتلا سۈرۈشتە قىلىپ باقمىغان. ھەتتا ئۇ، ھىتلېر ھەدىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن پەقەتلا خەۋىرى يوق ئىدى دەپ قاتتىق ئىشەنگەن. – ئا. ھ. ئى)

پاۋلۇس ئايالى (ئۇنىڭ ئايالى داڭلىق بىر رومىنىيە ئائىلىسىنىڭ قىزى ئىدى) غا يازغان ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە خېتىدە، "قەتئىي چىڭ تۇرۇپ ئۇرۇشۇش. مانا بۇ ماڭا بېرىلگەن بۇيرۇق!" دەپ يازىدۇ. 30-يانۋار ئاخشىمى، ئۇ ئاخىرقى بىر قېتىملىق جەڭگە قاتنىشىش ئۈچۈن ملتىقتىن بىرنى ئېلىپ سەپكە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغىنىدا، "بۆرە ئىنى" دىن: فۈھرېر ئۇنى قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشاللىقىغا ئۆستەردى، دېگەن بىر بۇيرۇق كېلىدۇ.

بۇنداق بىر شەرەپنى ھەر بىر ئەسكەر قاتتىق ئارزۇ قىلىدىغان بىر ئابروي ئىدى. ئەمما شۇ پەيتتە ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق ئىدى. تۆت يىرىمىدىن ئۆتكەندە، زېيتزلېردىن بىر پارچە تېلېگرامما كېلىدۇ: "فۇھرېر ماڭا، ستالىنگرادتىن ئىبارەت بۇ قورغاننى بىر كۈن بولسىمۇ ئارتۇق قولدا تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ ئۆزىلا ئىنتايىن مۇھىم بىر ئۆتۈق دەپ يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى ئېيتتى." مانا بۇ، ئۇنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىنىڭ تۆلەشكە تېگىشلىك بەدىلى ئىدى.

31-چىسلا شەپەق ۋاقتىدا، شتاپ باشلىقى شمىدت پەنجىرىدىن تاشقىرىغا قاراۋېتىپ كۆرسە ئىشەنگىسى كەلمىگىدەك بىر ھادىسىنى كۆرىدۇ. سانسىزلىغان توپ ئوقى پارتىلىشىنىڭ يورۇقىدا، بازاردا بىر توپ نېمىس ئەسكىرى بىلەن رۇس ئەسكىرى بىرلىكتە تاماكا چېكىپ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. شمىتد بۇ ئەھۋالنى پاۋلۇسقا سۆزلەپ بېرىپ، ئەندى بۇ ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇشنىڭ ۋاقتى كەپتۇ، دەيدۇ. بۇندىن كېيىن .ۋلار بىر-بىرسىنى قىرغىن قىلىشنى خالىمايدىغانلا بولىدىكەن، بۇنداق پارچە-پۇرات تىركەشكەننىڭ قىلچە ئەھمىيىتى قالمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. پاۋلۇسمۇ بۇ دېگەنلەرنى ماقۇللاپ، تەسلىم بولۇش بىردىن-بىر چىقىش يولى دەيدۇ. بىر سائەتكە قالماي، ئۇ ئىككىسى رۇسلارنىڭ جىپىغا ئولتۇرۇپ گېنېرال م. س. شۇملوۋنىڭ 64-ئارمىيە قوماندانلىق شتاپىغا قاراپ يولۇپ كېتىدۇ.

شۇملوۋ ئۇلارنى چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلىۋىدى، پاۋلۇس، رۇسلار ئەسكەرلىرىگە يېمەك-ئىچمەك ۋە دورا-دەرمەك بېرىشكە ماقۇل بولغىنىدىلا تاماققا ئولتۇرىدىغانلىقىنى، بولمىسا گېلىدىن ھېچ نېمە ئۆتمەيدىغانلىقىنى دەيدۇ. "بىزمۇ ئادەم، _ دەيدۇ شۇملوۋ ئۇنىڭغا ھېسسىداشلىق قىلغان ھالدا، _ بىز چوقۇم دېگىنىڭىزنى يېرىگە كەلتۈرىمىز." شۇندىن كېيىنلا ئۇلار ماشىنىدىن چۈشىدۇ. ھاۋا شۇنچە سوغۇق بولىشىغا قارىماي، قۇياش چاقناپ تۇراتتى. شۇملوۋ ئىككى قولنى ئاچىدۇ. "ئاھ نېمە دېگەن گۈزەل باھار بۇ!" چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا، شۇملوۋ قىزىل ئارمىيىنىڭ غالىبىيىتى ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرۈشنى تەكلىپ قىلىدۇ. پاۋلۇس سەل ئويلىنىپ تۇرىۋالغاندىن كېيىن، رومكىسىنى قولىغا ئېلىپ "مەن گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ غالىبىيىتى ئۈچۈن قەدەھ كۆتىرىمەن!" دەيدۇ. شۇملوۋ ئۆزىنى كەمسىتىلگەن ھېساپلاپ قولىدىكى رومكىسىنى ئۈستەلگە قويىدۇ. ئاندىن مېھرىۋانلىق بىلەن "بۇنى قويۇپ تۇرايلى، ئەڭ ياخشىسى مەن سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ئۈچۈن قەدەھ كۆتىرىمەن!" دەيدۇ.

ئەتىسى سەھەردە، يەنى 1-فېۋرال كۈنى، موسكۋادىن پاۋلۇس بىلەن شمىتدىنىڭ تەسلىم بولغانلىق خەۋىرىنى ئېلان قىلىدۇ. چۈشلۈك كۈنتەرتىپتىكى يىغىندا، زېيتزلېر بۇ

خەۋەرنىڭ راستلىقىغا ئىشەنگىسى كەلمەيدۇ. ھىتلېر بولسا بۇنىڭ راست ئىش ئىكەنلىكىدىن قىلچىمۇ گۇمانلانمايدۇ. "شۇنداق، ئۇلار رەسمىي تەسلىم بولغان. بۇنىڭدىن قىلچە گۇمانىم يوق. بولمىسا ئۇلار ھەممىسى بىر يەرگە يىغىلىپ قالغان ئوقلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېلىشى كېرەك." دەپ گېپىدە چىڭ تۇرىدۇ. زېيتزلېر يەنىلا پاۋلۇسنىڭ ئەل بولغىنىغا ئىشىنەلمەي يۈرەتتى. بەلكىم ئۇ قاتتىق يارىلىنىپ نەدىدۇ بىر يەرلەردە ياتسا كېرەك؟ "مۇمكىن ئەمەس، راستىنلا تەسلىم بولغان، دەيدۇ ھىتلېر، ئۇلار ئۇدۇل موسكۋاغا كۆتۈرۈلۈپ ك گ ب نىڭ سوراق قىلىشىغا تاپشۇرۇلىدىغانلىقى ئېنىق. ئۇلار يەنە قىلچە ئويلىنىپ ئولتۇرماي شىمالدىكى ئۇرۇش سېپىنىڭمۇ ئەل بولۇشىغا بۇيرۇق قىلىپ يۈرىشى مۇمكىن." دەيدۇ ھىتلېر. ئۇ قايناپلا قالغان ئىدى: ئۆز كاللىسىغا بىر پاي ئوق ئېتىپ ئىشنى پۈتتۈرگەن ئەسكەرلىرىنى ماختاپ سۆزلەپ كېتىدۇ. "شۇنداق قىلغان بولسا نېمە دېگەن ئاسان ئىش بولاتتى-ھە! بىر تال تاپانچە بىلەنلا ئىشنى ئاسانلا ھەل قىلالىغان بولاتتى. بۇنىڭدىن قورققانلار ھەقىقەتەنمۇ چېكىدىن ئاشقان قورقۇنچاق ھېسابلىنىدۇ. خەپ! ئۇلارنى تىرىك كۆمىۋەتسىمۇ ئاز. بۇنداق بىر ئەھۋالدا، ئۇلار شۇنى ئېنىق بىلىشى كېرەككى، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى ئەتىراپتىكى ئۇرۇش سېپىدىكىلەر ئۈچۈنمۇ بىر ئۈلگە بولۇپ بەرگەن بولاتتى. تەسلىم بولۇشتەك بۇنداق بىر ئۈلگە تىكلەپ بەرگىنىدە يەنە قانداق قىلىپ باشقىلارنى داۋاملىق ئۇرۇشۇشقا يېتەكلەش مۇمكىن؟"

ئۇ، پاۋلۇسنى تىنماي تىللايتتى. "ھەممىدىن بەكرەك كۆڭلۈمنى ئاغرىتقىنى، مېنى تېخى ئۇنىڭغا مارشاللىق ئۇنۋانىنى بەرگىنىم. مەن تېخى بۇنىڭلىق بىلەن ئاخىرقى پەيتلەردە بولسىمۇ كۆڭلىنى پۈتۈن تۇتسۇن دەپ ئويلاپتىمەن. بۇ مېنىڭ ئۇرۇش بويىچە مارشال قىلغان ئەڭ ئاخىرقى بىرسى بولۇپ قاغاي. بۇندىن كېيىن قالغانلىرىڭلارمۇ ئۈمىدلىنىپ يۈرمەڭلار. خەپ، مەن بۇ ئىشلاردىن ھېچ نېمە چۈشەنمىدىم. شۇنچە كۆپ ئادەم كۆز ئالدىدا ئۆلۈپ قىرىلىپ كېتىۋاتقىنىدا ھە! نېمە دېگەن ئاسان قۇتۇلۇش بۇ!. ... ئۇنىڭ گەپلىرى قالايماقانلىشىپ كەتكەن ئىدى. ... بۇنىڭغا ئۇنىڭ زادىلا ئەقلى يەتمەيدۇ. بۇنداق بىر ئىش قىلىشى، نېمە دېگەن ئاخماقانىلىق، نېمە دېگەن كۈلكىلىك. شۇنچە كۆپ كىشى شۇنچە قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ قۇربان بولىۋاتقان يەردە، بۇ مەلئۇنلار شۇنچە كۆپ قەھرىمانلىقلارنى بىراقلا بۇلغىۋېتىشتى. ئەسلى بۇ قەھرىمانلار مەڭگۈ تىللاردا داستان بولۇپ ئەۋلادمۇ-ئەۋلات ياشاپ قېلىشى كېرەك بولغان قەھرىمانلار ئىدى. ئەمما ئۇ ئىككىسى موسكۋا يولىنى تاللىۋالغىنىنى قارىمامدىغان! بۇ قانداق بىر تاللاش؟ ھەقىقەتەنمۇ ئاخماقلىق!"

ئەتىسى، شىمالى سەپمۇ تەسلىم بولىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى 24 نەپەر گېنېرال ۋە

2500 نەپەر ئوفىتسېرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا 91 مىڭ نەپەر دۈشمەن ئەسكىرىنى ئەسىر ئالغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. ھىتلېر سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قولغا چۈشۈرگەن ئەسىرلەرگە رەھىمسىزلەرچە خورلاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ئەسىرلەرمۇ قىلچە ئادەمگەرچىلىكى بولمىغان رەھىمسىزلىكلەر بىلەن ئازاپلىنىدۇ. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، 1943-يىلى فېۋرالدىن ئارىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، 400000 نەپەر گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە رومىنىيەلىك ئۇرۇش ئەسىرلىرى ئازاپلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇلار ئاساسلىقى ئاچ قالدۇرۇلۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. شۇڭا ئادەم گۆشى يەيدىغان ئەھۋاللار ئادەتتىكى ئەھۋالغا ئايلىنىپ قالغانىكەن. بۇلارنىڭ ئارىسىدا قاۋۇل، تېمەن بولغانلىرىلا جېنىنى ساقلاپ قالالىغان بولۇپ، بۇلار يەنە سىگدۈرەلمىگەن گەندە ئىچىدىن چىققان قوناق ياكى بۇغدايلارنى يۇيۇپ تازىلاپ يەپ ھاياتىنى ساقلىغان ئىكەن. ستالىنگراد ئوپراتسىيىسىدە قولغا چۈشكەن ئەسىرلەردىن پەقەت بىر قانچە مىڭ كىشىلا گېرمانىيىگە قايتىپ بارالىغان. بۇلاردىن بىرسى پاۋلۇس بولۇپ، ئۇ، ھىتلېر بىلەن ناتسىستلارنى ئاشكارە ئەيىپلەپ بىرىپ سوۋېتلىكلەرنى بەكلا خوش قىلىۋەتكەنىكەن.

گېنېرال چارلىز دې گول ستالىنگراد خارابىلىرىنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىدا، بىر مۇخبىرغا قىلغان مۇلاھىزىسىدە، "ئاھ، ستالىنگراد، ھەقىقەتەنمۇ قالتىس ئادەملەركەن. ھەقىقەتەنمۇ بەكلا ئۇلۇغ بىر مىللەت ئىكەن" دەيدۇ. مۇخبىر بۇ گەپلەرنى رۇسلارغا قارىتىپ دېگەن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالغان. "ياق، ياق، مەن ئۇرۇسلارنى ئەمەس نېمىسلارنى كۆزدە تۇتماقتىمەن. ئۇلار راستىنلا بىر شەھەرنى مۇشۇنچىۋالا خارابە ھالغا كەلتۈرىۋېتەلىگەن. قالتىس خەلقتە بۇ."

## 26. يېقىنلىرى بىلەن بىر ئائىلىدەك ئۆتكەن كۈنلەر

1943

1

ھىتلېر، جودل بىلەن خاپىلىشىپ كۆڭلى قالغان مەزگىللەردە "بۆرە ئىنى" دېگى مۇداپىيە ئاكوپى ئىچىدە ئۆز بېشىغا تەركىدۇنيا بولۇپ تاماقنىمۇ شۇ يەردە ئەتتىۋرۇپ يالغۇز يېيدىغان بولىۋالغان ئىدى. شۇ چاغلاردا ئۇنىڭغا پەقەت ئىتى "بلوندى"لا ھەمرا ئىدى. ستالىنگراد ئوپېراتسىيىسى يوقۇرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن مەزگىللەردە، فۈھرېر "بۆرە ئىنى"گە قايتىپ كېلىپ ئۆزىنى يالغۇزلۇقتا قالدۇرۇپ ياشاشتىن تەدرىجى ھالدا ئۈپچە تۇرمۇشقا بۇرىلىدۇ. بەزىدە ئۇ بىرەر ئىككى ئادىيۇتانتىنى ياكى بېرلىندىن كەلگەن مېھمىنىنى يېنىغا ئېلىپ قۇرۇق چاي ياكى گۆشسىز تاماقىغا داخىل قىلىۋالىدىغانمۇ بولىدۇ. بۇنداق يېقىن دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، بىر قانچە كاتىپى بىلەن بىرگە تاللانغان باشقا يېقىنلىرىنىمۇ قوشىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ يەر تارلىق قىلىپ دەستىرخانىنى قايتىدىن ئۈپچە تاماق زالىغا يۆتكەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ھەربى قۇماندانلىرى بۇ دەستىرخانغا داخىل بولالمايتتى. ئۇ، ئەھۋاللاردىن مەلۇمات ئېلىش يىغىنلىرىدىمۇ يەنىلا ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇنىڭغا قارىماي بۇ ھەربىيلەرمۇ ئۇنىڭ بارلىقىدىن يەنىلا ئۆزلىرىنى ئەپسىز ھېس قىلىپ يۈرىشەتتى. نۇرغۇن كىشىلەر ھىتلېرنى بىر زوراۋان، روھى كېسەل بىرى دەپ تونۇيتتى.

گەرچە مىجەزى ھەر قانچە يامانلىشىپ كەتكەندەك قىلسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئادىيۇتانتلىرىغا ئەدەپ بىلەن چىرايلىق مۇئامىلە قىلاتتى. ياشىراق خىزمەتچىلەرگە قارىتا، مەسىلەن، بۇرۇن رىبېنتروپنىڭ ئادىيۇتانتلىرىدىن بىرى بولغان رىچارد شۇلزغا خۇددى چوڭ ئاكىسىدەكلا يېقىنلىق كۆرسىتىپ كەلمەكتە ئىدى. ھىتلېرنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى ھالدىر تەرەپتىكىلەردىن ھېچ قايسى بىلمەيتتى. ئۇلار ھىتلېر دېگەن بۇ ئادەمنىڭ ئۆز خىزمەتچىلىرىگە مۇلايىملىق بىلەن سىلىق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىغا، شوپۇرى بىلەن كاتىپلىرىغا بۇنچىۋالا يۇمشاق، يېقىنچىلىق قىلىدىغانلىقىغا ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيتتى. ھىتلېر

ھەربىيلەر بىلەن مۇناسىۋىتى يىرىگلىشىپ قالغاندىن كېيىن، بۇ يېقىن جەمەتىدىكىلەر بىلەن ئىپخىمۇ بەك يېقىنلىشىپ كەتكەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، يېڭى كەلگەن كاتىپى گېرتراۋد خۇمپىسمۇ فۇھرېرنى ئىپخىمۇ يېقىندىن چۈشىنىشنىڭ پەۋقۇلئاددە شارائىتلىرىغا ئېرىشەلەيدۇ. بۇ قىز شۇ يىلى كەچ كۈزلەردە "بۆرە ئىنى" غا كەلگەن بولۇپ، كىشىنىڭ زوۋقىنى كەلتۈرىدىغان كېلىشكەن، شوخ مۇئامىلىلىك گېردا دارانوۋسكىنىڭ ئورنىغا كەلگەن ئىدى. "دارا" ئىشىنى ئېلىزابېت ئاردېنغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ھىتلېرنىڭ ھاۋا ئارمىيە ئالاقچى ئوفىتسېرى بىلەن توي قىلىشقا كەتكەن ئىدى.

تراۋدل خۇمپس، بىر گېنېرالنىڭ 22 ياشلىق قىزى ئىدى. بۇ قىز بەكلا ئۇماق ھەم ھېسسىياتچان بىر قىز ئىدى. ئۇ، تۇنجى قېتىم فۇھرېرنىڭ سۆزلىرىنى خاتىرلەش ۋاقتىدا بەكلا جىددىيلىشىپ كەتكەن ئىدى. ھىتلېر شۇ چاغدا ئۇنىڭغا كىچىك بالىغا تەسەللى بەرگەندەك ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، "جىددىيلىشىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق قىزىم، باشقىلارنىڭ سۆزىنى خاتىرلىگەندە مەنمۇ بەكلا كۆپ خاتا يېزىۋالاتتىم. ئۇنىڭغا قارىغاندا سېنىڭ بۇنچىلىك خاتا يازغىنىڭ ھېچ نېمە ئەمەس" دەيدۇ. 1943-يىلى 3-يانۋار كۈنى، ھىتلېرئۇنى قايتىدىن چاقىرتىپ كېلىپ، مېنىڭ دائىمى ئىشلار كاتىپىم بولۇشنى خالامسىز، دەپ سورايدۇ. بۇ ئىش كىشىنى بەكلا ھاياجانلاندۇرىدىغان ھەمدە جەلىپ قىلىدىغان بىر خىزمەت بولغاچقا، ترادلمۇ قىلچە ئويلىنىپ ئولتۇرماي بۇ ئىشنى دەرھال قوبۇل قىلىدۇ. ئۇزۇنغا قالماي ئۇمۇ بۇ ناتونۇش دۇنيانى پۈختا ئىگەللىۋالىدۇ. ئىشخانىدا بەلگىلەنگەن بىرەر ئىش بولمىغاچقا، شۇنىڭدەك ئىشقا چۈشۈش ۋاقتىمۇ مۇقىم بولمىغاچقا، كۈندۈزلىرى قىلىش قار قاپلاپ كەتكەن ئورمانلىق ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرىدىغانغا يېتەرلىك ۋاقتىمۇ چىقىرالايتتى. ئۇ، يېڭى خوجايىنىنىڭ "بلوندى" سىنى ئويناتتىشنى تاماشا قىلىشقا بەكلا ئامراق ئىدى. بۇ بۆرە ئىت ئورنىدا تۇرۇپ پىرقىراپ ئويناليتتى، ئادەم بويى تاختاي توساقلاردىن ئاتلىيالايتتى، شۇتىغا چىقىشنى بىلەتتى، ھەمدە شۇتا ئۈستىگە چىقىۋېلىپ تىلەمچىدەك قىلىقلارنى قىلاتتى. ئەگەر ھىتلېر بۇ قىزغا دوقۇرۇشۇپ قالغىدەك بولسىلا ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، تۇرمۇشۇڭ قانداق كېتىۋاتىدۇ دەپ سوراپ تۇراتتى.

ئەمما ھەربى ئىشلار دوكلات يىغىنىدا بولسا، بۇ سىلىق مۇئامىلىلىك مېھرىبان ھىتلېر غايىپ بولاتتى. ستالىنگراد زەربىسىدىن كېيىن، دائىم دېگىدەك ئاچچىقىنى بېسىۋالالماي قايناپ كېتىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ۋەزىيەت مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىش سانىمۇ بەكلا ئازىيىپ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈپ قالغان ئىدى. موسكۋاغا قىلىنغان ھۇجۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغاندىن كېيىن، گۇدېرئان ھىتلېرنى كۆرمىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ، ھىتلېرنى كۆرۈپ ھەيران قالدۇ: فۇھرېر بەك قېرىلىق يەتكەندەك قىلمىسىمۇ، "بەكلا

ئاسان چېچىلىدىغان بولۇپ ئۆزگەرگەن، شۇڭا ئۇنىڭ نېمىلەرنى دەيدىغانلىقى ۋە قانداق بىر قارار ئالىدىغانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولماس ھالغا كېلىپ قالغان“ لىقىغا دىققەت قىلغان ئىدى.

ئەمما ئۇ تاماق ۋاقتىدا يەنىلا ئۆزىنى تېزگىنلەشنى بىلەتتى. يېقىن ئەتراپىدىكىلەر بىلەن سىلىق مۇئامىلە قىلىشالىغىنى بىلەن، ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ مەزمۇنى بەكلا ناچارلىشىپ كەتكەن ئىدى. ”ستالىنگراد ئوپېراتسىيىسىدىن كېيىن، ھىتلېر مۇزىكا ئاڭلاشنىمۇ تاشلىغان ئىدى، ــ دەيدۇ فراۋلېين شرۆدېر ئەسلەپ كېلىپ، ــ ھەر كۈنى ئاخشىمى بىز ئۇنىڭ ئۆزىچە غۇدۇڭشۇپ ئولتۇرۇشىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر ئىدۇق. ئۇنىڭ دەستخان ئۈستىدىكى پاراڭلىرى خۇددى تولا قويۇلۇپ كىشىنى زېرىكتۈرىۋېتىدىغان كونا پىلاستىنكىنى قايتا-قايتا ئاڭلىغاندەك مەزمۇندا قىلچە بىر يېڭىلىق يوق ئىدى: يەنى ئۇ بۇرۇن ۋېيېننادا قانداق ياشىغانلىقى، ئىنسانىيەت تارىخ دەمدۇ، چوڭ ئالەم دەمدۇ، كىچىك ئالەم دەمدۇ ئەيتەۋىر بىرلا خىل گەپلەرنى قىلاتتى. ئۇ نېمىلا گەپ قىلسا، ئۇ گېپىنى باشلىماي تۇرۇپلا بىز ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلىپ بولاتتۇق. ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ، بۇ تۈر سۆھبەتلەردىنمۇ زېرىككەن ئىدۇق. ئەمما ئۇ دۇنيا ئۇرۇشى ۋە ئالدىنقى سەپتىكى ئىشلار توغرىلىق ھەرگىزمۇ گەپ قىلمايتتى. يەنى ئۇ ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىكلا بولغان ھەر قانداق بىر گەپ بولۇشنى چەكلىگەن ئىدى.“

بېرلىندا، گېوبېلس ستالىنگرادتا ئۇرۇشتا ئۆلگەن قەھرىمان ئەسكەرلەر ئۈچۈن ئۈچ كۈنلۈك ماتەم ئېلان قىلدۇ. بۇ جەرياندا، كىنوخانا ۋە تىياترخانىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى ئومۇمىي يۈزلۈك تاقالغان ئىدى. گېوبېلسمۇ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى بۇنىدىن كېيىن تېخىمۇ قىيىن كۈنلەر كۈتىۋاتقان بولۇشى ئېھتىمال بولغاچقا، ئىدىيىدە تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلدۇ. پويىزلاردا، تاملاردا، دۇكان-پەنجىرىلەردە، يول پىلاكاتلىرىدا، ئىش قىلىپ بارلىق يەرلەردە ”دەۋر چاقى مۇتلەق تۈردە غالىبىيەت يولىدا ئىلگىرلەيدۇ“ دېگەن شۇئار چاپلانغان ئىدى. 15-فېۋرال كۈنى، ئۇ رېيچ ئەمەلدارلىرى، يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيەنىڭ بارلىق قوماندانلىق شتاپلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، غالىبىيەت ئۈچۈن ئومۇمىي يۈزلۈك سەپەرۋەرلىك قوزغىتىشنى تەلەپ قىلدۇ.

يەنە شۇ كۈنى، دۈسسېلدورفتا سۆزلىگەن «سىلەرگە ئومۇمىي يۈزلۈك ئۇرۇش لازىمىمۇ؟» دېگەن نۇتقىدا، ھىتلېرنىڭ ”ئاخىرقى ھەل قىلىش چارىسى“ نى ئېلان قىلدۇ. ئۇ نۇتقىدا ئەگەر ئۇرۇشلار ئۇرۇشتا غەلىبە قازانغىدەك بولىدىكەن، بۇ غالىبىيەت خەلقارا يەھۇدىيلار قولىغا كەلتۈرگەن غالىبىيەت ھېسابلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئىككى مىڭ يىللىق

غەرپ مەدەنىيىتىمۇ خەتەر ئاستىدا قالغان بولىدۇ، دەيدۇ. بۇ چاغدا مىتىنگ قاتناشقۇچىلىرى ئارىسىدىن "ئۇلارنى ئېسىپ ئۆلتۈرۈش كېرەك" دېگەن ۋارقىراشلار كۆتۈرۈلىدۇ. گېيوبېلسمۇ، چوقۇم يەھۇدىي ئىرقىنى ئومۇمىي يۇزلۈك، ئۇزۇل كېسىل يوقىتىلىدىغانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق ئۇلاردىن قىساس ئېلىنىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىدۇ.

بۇ سۆزلىرىمۇ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا كۈچلۈك تەنتەنە ۋە قاتتىق كۈلكە پەيدا قىلىدۇ. ئەتىسى،بورمان ئايالىغا يازغان بىر خېتىدە، ئۇ ئايالىنى ئەق قەدىردان ئاۋاق قىز، دەپ ئاتايتتى، ھەربىي ئىشلەر ۋەزىيىتىنىڭ بەكلا مۇشكۈل ئەھۋالدا قالغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسەتكەن بولۇپ، "ئەگەر ئۇرۇش ۋەزىيىتى يامانلىشىپ كەتكىدەكلا بولىدىكەن، مەيلى ھازىر ياكى كېيىن بولسۇن، پۈتۈن چارىلارنى ئىشقا سېلىپ باللىرىڭنى، يەنى مېنىڭمۇ باللىرىمنى خەۋپ ئىچىدە قالدۇرماسلىق ئۈچۈن غەرپ ئەللىرىگە چىقىپ كېتىشىڭ شەرت. باللىرىمىز كەلگۈسى ئىشلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلغۇسى." دەپ يازىدۇ.

گېيوبېلس، 18-چىسلا تەنتەربىيە سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق چوڭ يىغىندا تاللانغان، سادىق پارتىيە ئەزالىرى ئاممىسىغا سۆزلىگەن نۇتقىدا، ئومۇمىي يۈزلۈك ئۇرۇش قىلىش دېگەن بۇ مۇھىم تېما ئۈستىدە يەنە بىر قېتىم توختىلىپ ئۆتىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ ھەر بىر پارچىسى تىياتىرغا ئوخشاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. كۆرۈنۈش تەسىرىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ھەربىي فورما يەيگەن بولماي بەلكى پۇخراچە كېيىنىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار بەزىدە مارش ئوقۇسا بەزىدە ۋارقىرىشىپ ماقۇللىشاتتى، ۋە بەزىدە بىردەك مەدھىيىلەر ئوقۇشاتتى. كۆپچىلىك ھەقىقەتەنمۇ ماسلىشىپ بېرەتتى. سەھنىدىكى گېيوبېلسنىڭ ئۆزىمۇ نۇتۇقچىغا قارىغاندا بىر ئويۇنچىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ نۇتقىنىڭ مەزمۇنىمۇ ئوينىغان رولىدەك مۇھىم ھېسابلانمايتتى. شۇڭا ئۇ نۇتقى ئۈچۈن ئالاھىدە ماھارەت كۆرسەتكەن بولۇپ، ئاڭلىغۇچىلارنى جۇشتۇرۇپ ئەسەبىلەشتۈرۈۋەتكەن ئىدى. ئۇ سۆزلەپ كېلىپ سىلەرگە ئومۇمىي يۈزلۈك ئۇرۇشنى خالامسىلەر-يوق؟ ئەگەر خالىساڭلار بۇگۈنكىدىنمۇ ئومۇمىي يۈزلۈك، بۇگۈنكىدىنمۇ تەل-تۆكۈس ئۇرۇش قىلىشنى خالىمامسىلەر؟ دەپ سورىغىنىدا، كۆپچىلىكمۇ بىر ئېغىزدىن پۈتۈن كۈچى بىلەن ۋارقىرىغىنىچە "شۇنداق ئۇرۇش تەلەپ قىلىمىز!" دەپ تۇۋلىشاتتى. "سىلەر بۇنداق بىر ۋەتەن ئىشىنى قوبۇل قىلىدىغانلارمۇ، يەنى ئۇرۇشقا زىيان سېلىشقا ئۇرۇنغۇچىلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىشنى قوبۇل قىلالامسىلەر؟ دەپ سورىغاندا مىتىنگ قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ئاۋازلىرى قوشۇلىمىز دەپ زالنى چاك كەلتۈرىۋېتىدۇ. "ھەقىقەتەنمۇ ئاخماق، ـ دەيدۇ كېيىن گېيوبېلس يېنىدىكىلەرگە زەھەرخەندىلىك بىلەن، ـ ئەگەر مەن ئۇلارنى كولۇمبۇس بىناسىنىڭ ئۈستىدىن سەكرەڭلار دېگەن بولسام ئۇلار چوقۇم ئۇ

بىنانىڭ ئۆگزىسىدىن يەرگە ئۆزىنى ئاتار ئىدى!"

گيوببېلس ھەقىقەتەنمۇ ئومۇمىي يۈزلۈك ئۇرۇشقا ھەۋەسلىنىپ قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، پارتىيە ئىچىدىكى ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك كادىرلىرى ئارىدىن ئاكتىپلىق بىلەن پەۋقۇلئاددە ھەرىكەت كومىتېتىنى تەشكىللەپ چىقىدۇ. مارتىنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگىنىدە، ئۇ ئۆزى بىۋاستە گۆۋرىڭدىن ياردەم يەلەپ قىلىش ئۈچۈن كۆرۈشكىلىئوبېرسالزبېرگكە بارىدۇ. ئۇ يەردە ۋەزىيەتنى ھىتلېر تىزگىنلىمەسلىكى كېرەكلىكىنى، ئۇرۇش پارتىلىغاندىن بېرى ئۇنىڭ 15 ياش قېرىپ كەتكەنلىكىنى، قاتتىق ئىشلەپ ئۆزىگە قارىيالماي، بەكلا ساغلام بولمىغان بىر تۇرمۇش كۆچۈرۈشكە مەجبۇر قالغانلىقىنى، بۇنىڭ بەكلا ئېغىر بىر تىراگېدىيە ئىكەنلىكىنى دەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا، نۆۋەتتىكى ئىچكى-تاشقى سىياسەتلەردىكى رەھبەرلىك قىلىش يېتەرسىز بولۇش ھالىتىنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆزگەرتىشى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. "بىز ھەممىلا ئىشتا بېرىپ فۇھرېرىمىزنىڭ بېشىنى ئاغرىتماسلىقىمىز كېرەك." بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ گيورىڭنى ئاخىرى قايىل قىلىپ، ئۇرۇش قىلىشتا چوقۇم سىياسىي ئۇرۇش قىلىش لازىملىقىنى، رىبېنتروپىنىڭ سىياسىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى بولسا چوقۇم رىيىچ دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرلار يىغىنى ئىگەللىگەن بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مىنىستىرلار يىغىنىنىڭ ئەزالىرى ھەر قانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىي نەزەر چوقۇم غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىغان رەھىم-شەپقەت قىلمايدىغان كىشىلەردىن تەشكىل تېپىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ.

گيوببېلس قايتىدىن گيۆرىڭغا ۋەدە قىلىپ، بىز ھىتلېر نامىدا ئىش قىلىدىغانلاردىن بولۇشىمىز كېرەك دەيدۇ. "بىزنىڭ مەقسىدىمىز ئۆزئارا قوللاپ قۇۋۋەتلەشتىن باشقىچە بولماسلىقى، فۇھرېرىمىزنىڭ ئەتراپىدا كۈچلۈك رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك. مەسىلەن، بەرەر ئىشنى باشلاشتا، ئەگەر بۇ ئىش ئەتىراپلىق تۈردە فۇھرېرگە بىلدۈرۈلگىنىدە، فۇھرېرىمىز بەزىدە قارار قىلىشتا ئىككىلىنىپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە. بەزىدە ئۇنىڭ باشقىلارغا كۆرسىتىدىغان مۇئامىلە شەكىللىرىدىمۇ مۇۋاپىق بولماسلىقتەك ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە. ئۇنىڭ ياردەمگە مۇھتاج بولىدىغان تەرەپلىرىمۇ دەل مۇشۇنداق يەرلەردۇر."

گيۆرىڭ بۇ ئىشتا پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەملىرىنىمۇ قوشۇۋېلىشقا تىرىشىپ كۆرىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىدۇ. گيوببېلس بۇ يەردە مۇنداق بىر سىرنى ئاشكارىلايدۇ: ئۇ فۇنك، لېي ۋە سپېر قاتارىدىكى مۇھىم كىشىلەرنىمۇ قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى، ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ فۇھرېرگە چەكسىز سادىق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. "بۇ ئىش ھەر

قانـدىقمىزدىنمۇ مـۇھىم بولغـان ئۇلۇغـۋار بىـر ئىـش سھپسـابلىنىدۇ. بۇنىڭغـا قىلـچە گەپ كەتمەيدۇ. بۇرۇن فۇھرېرگە ياردەملىشـىپ ئىـنقىلاپ غەلىبىسـىنى قولغا كەلتـۈرگەن خەلـق ئاممىسـى، بۈگـۈنمـۇ ئۇنـىڭ ئۈرۈشـتا غەلـىبە قىلىشـىغا يـاردەمچى بولىشـى كېـرەك. ئەينـى ۋاقتــدا بــۇ تــۈر كىشــىلەر ئەلــدارلاردىن ئەمەس ئىــدى. شــۇڭا ئــۇلار بۈگـۈنمـۇ ئەمەلــدار بولىۋالماسلىقى كېرەك."

گېۆرىڭ، ھاۋا ئارمىيىسى قۇراللىق كۈچلەر مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى مارشال مىلىچ مەسىلىسىنى پەقەتلا خىيالىغا كەلتـۈرمىگەن ئىـدى. ئەمما بـۇ مارشـال ئۇنـىڭ ناتسىسـتلار پارتىيىسـىگە ئەزا بولـۇش لايـاقىتى يـوقلىقىنى سـۆزلەپ يۈرگىنىــدىن باشـقا، يەنە مارشـال گېۆرىڭغا ئاشكارە ھالدە قارشى چىقىپ كەلگەن ئىدى. گېۆرىڭ-گېوبېلس يۈشۈرۈن پىلانـى تۈزۈلۈپ بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مىلىچ فـۇھرېر بىـلەن ئـايرىم تاماقتا ئولتۇرغـان بىــر كــۈنى، گېــۆرىڭنى زەھەرلــك چېكىملىــك چېكىدىغانلىقــدىن گۇمـان قىلغاچقـا، ئـۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش تەكلىـۋىنى بېرىـدۇ. شـۇنىڭدەك يەنە ئـۇ ھىتلېرغـا گېۆرىـڭ-گېـوبېلس ئارىسـىدىكى يېقىنلىقـى كـۈنلەردە ئوتتۇرغـا چىققـان شـاڭخونىمۇ ئوچـۇق ئېيتـىپ بېرىدۇ: ئۇلار ئىككىسى ئـۇ دۇنياغـا كۆچكىنىــدىن كېيىن، سـان پېتىـر گېۆرىڭغا ھەر دائىـم يالغان سۆزلەپ يۈرگەنلىكىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئاۋۇ تەرەپتىكى بۇلۇت ئىچىگە قاراپ چاپ، ئاندىن قايتىپ مېنىڭ يېنىمغا كەل دەپ بۇيرۇق قىلغانمىش؛ جازالىنىش نـۆۋىتى گېوبېلسـقا كەلگەندە سان پېتىر ئەتراپقا قارىسـا گېـوبېلس كۆرۈنمىگــدەك؛ "بـايىقى ئاقسـاق پۈتلـۈق پاكىنەك نەگە يوقالـدى؟" دەپ سـوراپتۇدەك. پەرىشـتىلەردىن بىرسـى "ھە راس، ئـۇ تۆكـۈر موتوتسـكلىپتىن بىرنـى تېپىـپ كـېلىش ئۈچـۈن ئـادەملەر دۇنياسـىغا كەتتـى" دەپ جـاۋاب بەرگەنمىش.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، مىلىچ ھىتلېرغا دەيدىغان نۇرغـۇن تەكلىپلىـرى بـارلىقىنى، بۇ گەپلەرنى ئوچۇق ئوتتۇرغا قويغىنى ئۈچۈن ئەيىپكە بۇيرۇماسلىقنى ئۆتۈنىدۇ. ئـۇ ئالـدى بىلەن فۇھرېردىن كۇرسـكقا ھۇجـۇم قىلىـش پىلانىـدىن ۋاز كېچىـپ، ھۇجۇمغا ئۆتۈشـتىن مـۇداپىيىگە ئۆتـۈش يـولىنى تاللىۋېلىشــىنىتەكلىپ قىلىـدۇ. قۇرۇقلـۇق ئارمىيەنىـڭ كـۈچى يېتەرلىك بولمىغانلىقى، تەمىناتلار بەكلا ئاز بولىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئـۇرۇش سېپىنى چوقـۇم تارايتىشقا توغرا كېلىدىغانلىقى بۇنىڭ تۈپكى سەۋەبى دەپ كۆرسـىتىدۇ. "سـەن بـۇ ھەقتـە مېنى قايىل قىلالمايسەن" دەيدۇ ھىتلېر سىلىقلىق بىلەن ئۇستەلگە بىرنـى چېكىـپ قويـۇپ. مىلچنىــڭ جــاۋابىمۇ شــۇنىڭغا ئوخشــاش قىسـقا ۋە كەسـكىن ئىـدى: ھىتلېـر ھەر كـۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇھاكىمە يىغىنلىرىنـى ئەمەلـدىن قالدۇرۇشـى، شـۇنىڭدەك يېڭىـدىن بىـر باش شتاپ باشلىقى تەيىنلىشى كېرەك، مەسىلەن بۇنـىڭ ئۈچـۈن مانسـتېيىننى تەيىنلىشـى

مۇمكىنلىكىنى كۆرسەتتى. "ئۇنىڭغا قايسى بىر رايوننىڭ ئىشىنى تاپشۇرماي، ھەر قايسى ئورۇش سەپلىرىنى ئۇنىڭ تېزگىنىگە قويۇپ بېرىلىشى كېرەك. بۇنداق قىلغاندا يەنىلا ھەممە ئىش سىزنىڭ قوماندانلىقىڭىزدا بولاتتىغۇ. سىز يەنىلا ئالىي قوماندان بولۇپ قالىۋېرىسىز، مانستېيىن بۇ جەرياندا سىزنىڭ بىر ياردەمچىڭىزلا بولۇپ قالىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟" بۇنىڭغا ھىتلېر بىر نېمە دېمەيدۇ. يەنىلا قېرىنداش بىلەن بىر ئىشارەت قويىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قىلغىنىنى مىلىچ نېرۋا خاراكتېرلىق بىر ھەرىكەت دەپ ئويلايدۇ. بۇ مارشال شۇ بويىچە يەنە بىرەر سائەتتەك سۆزلەپ، شۇنىڭغا ئوخشايدىغان نۇرغۇنلىغان ئۆتكۈر تەكلىپلەرنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. ئاخىرىدا، ئۇ پەقەتلا ئۇيغۇن بولمايدىغان بىر تەكلىپنى ئوتتۇرغا قويىدۇ، "فۈھرېرىم، دەيدۇ بۇ مارشال، ۋېرماچ بىلەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۈچۈن ستالىنگراد ئەڭ ئېغىر بىر بوھران بولۇپ قالماقتا. شۇڭا سىز كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ گېرمانىيىنى بۇ ئۇرۇشتىن چېكىندۈرۈپ چىقىشىڭىز كېرەك. مەن سىزگە، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭمۇ مېنىڭ بۇ پىكرىمگە قوشۇلىدىغانلىقىغا كاپالەت بېرەلەيمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن بۆگۈنمۇ كېچىككەن بولمايمىز. سىز دەرھال ھەرىكەتكە كېلىڭ، ئۇنداق رەسمىيەتچىلىككە چېتىلىپ قالىشىپ قالماڭ. ھازىردىن باشلاپلا ھەرىكەتكە ئاتلىنىڭ. مانا بۇ ئەڭ مۇھىم بولغىنى!"

ۋاقىت يېرىم كېچە بولۇپ قالغان ئىدى. مىلىچ بىر تەرەپتىن قاتتىق چارچىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قورقۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدى چىلىق-چىلىق تەر ئىچىدە قالغان ئىدى. ئۇ، فۈھرېرگە 20 مەسىلىنى ئوتتۇرغا قويغانلىقى ئۈچۈن ئەيىپكە بۇيرۇلماسلىقنى ئۆتۈندى. ھىتلېر ئۈستەل ئۈستىدىكى ئىشارەتلەرگە بىر قارىۋېلىپ، "سىز ماڭا يىگىرمە ئەمەس يىگىرمە تۆت مەسىلىنى سۆزلىدىڭىز" دەيدۇ. ئۇ، بۇنىڭلىق بىلەن پەقەتلا كۆڭلى يېرىم بولمايدۇ، شۇنىڭدەك ھەرگىزمۇ خاپا بولغاندەكمۇ ئەمەس ئىدى. "ھېچكىم ماڭا بۇنچە تەپسىلى سۆزلەپ بەرگەن ئەمەس. شۇڭا بۇ مەسىلىلەرنى ئوتتۇرغا قويغۇنىڭىز ئۈچۈن سىزگە رەخمەت."

2

ئاگېنتلىق مۇخپىرى لۇئىس لوچنېر نەچچە قېتىملاپ گېرمانىيە ئىچىدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى ھەققىدە روزۋېلتقا دوكلات قىلىپ، نېمىسلارنىڭ ھەممىسىلا ناتسىست ئەمەسلىكىگە ئىشەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ئۇ يەنە ئىككى گۇرۇپ ھىتلېرغا قارشى ئۇنسۇرلارنىڭ تېلېگراف شىفىرىنى روزۋېلتقا بىلدۈرۈپ بۇ گۇرۇپتىكىلەرگە گېرمانىيەدە

قايسى تۇردە بىر ھاكىمىيەت تىكلەنگىنىدە ئىتتىپاقداش ئەللەرنىڭ قوبۇل قىلالىشىنى بىۋاستە بىلدۈرۈش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدۇ. لوچنېر پرىنزدېنت كاتىبى ئارقىلىق پرىنزدېنت بىلەن كۆرۈشۈشكە تىرىشقان بولسىمۇ مۇۋەپپىقىيەتلىك بولمايدۇ. كۆرۈشۈش ئەپلەشمىگەندىن كېيىن بىر پارچە شەخسى خەت يېزىپ ئىككى پارچە تېلېگراممىنىڭ شىفىرىنى ئۆرۈپ، بۇ شىفىرنى پەقەتلا پرىزدېنتكىلا تاپشۇرۇش كېرەكلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئەمما بۇنىڭدىنمۇ بىرەر جاۋاب ئالالمايدۇ. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە، لوچنېر بىر پارچە ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. بۇ ئۇقتۇرۇشتا ئۇنىڭ چەك تۇرغان پىكرىنى ھۆكۈمەت دائىرىسىدىكىلەرنىڭ كۆرۈپ چىققانلىقى ئۇقتۇرۇلغان ئىدى. بۇ خەتتىن لوچنېر ”كىشىنى قاتتىق ئەپسۇسلاندۇرىدىغان بىر ئىش“ دەيدۇ. لوچنېرنىڭ بىلەلمىگىنى، روزۋېلت ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمىغانلىقى ئىدى. پرىزدېنت، بۇ ئىشلارنىڭ ئا ق ش ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت سىياسىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ئىش بولۇپ، شەرتسىز تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلىش سىياستىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بولىشى كېرەك دەپ قارايتتى. بۇ سىياسەتنىڭ مەقسىدى، گېرمانىيەنىڭ قارشىلىق كۆرسەتكۈچى ئۇنسۇرلىرىنى رىغبەتلەندۈرۈپ قويماسلىقنىلا مەقسەت قىلغان بولماي، يەنە مۇھىم ئۆچرىشىشلاردىنمۇ ساقلىنىشنى مەقسەت قىلاتتى. بۇ سىياسەت، گېرمانىيە تەۋەسىدە ھىتلېرغا قارشى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىش چەكلىنەتتى.

قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى بۇ تۈردىكى توسالغۇلارغا دۇچ كېلىپ تۇرغان بولسىمۇ، بۇ ھەرىكەت يەنىلا ھىتلېر ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى پىلانلاشتىن توختاپ قالمايدۇ. كىشىلەر پەقەت ھوقۇق تارتىۋېلىشنىڭلا يېتەرلىك بولمايدىغانلىقىنى بىردەك قوبۇل قىلىشاتتى. بىرىنچى بولۇپ سۇيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرۈشكە تېگىشلىك كىشى فۇھرېر بولىشى شەرت ئىدى. شۇڭا، گېنېرال ئوستېر ۋە ئۇنىڭ گۇرۇھىدىكىلەر بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى ۋون كلۇگىنىڭ شتاپ باشلىقى گېنېرال ھېننىڭ ۋون ترېسكوۋ تاللىنىدۇ. ئۇ پىلان بويىچە ھىتلېرنى ئالدىنقى سەپكە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئولتۇرغان ئايروپلانىغا قايتاشىدا مۇددەتلىك پارتلاش بومبىسى ئورۇنلاشتۇرۇپ پارتلىتىۋېتىش ئىدى. 1943-يىلى 13-مارت كۈنى ئاخشىمى، ترېسكوۋنىڭ بىر ياش ئوفىتسېرى بولغان فابىئان ۋون شلابرېندورف، بىر پوسولكىنى ئېلىپ ئايرودرومغا كېلىدۇ. بۇ پوسولكىدا ئىككى شىشە نامدا براندايى ھارىقى بار ئىدى. ئەسلىدە بۇ بىر پارتلاتقۇچ بولۇپ، ئىچىگە ئەنگلىيەدە ئىشلەنگەن خىمىر پارتلاتقۇچ دورىسى قاچىلانغان ئىدى. شلابرېندورف پارتلاتقۇچنىڭ پىستىننى ئامبۇر بىلەن مجىپ پاتلاش ۋاقتىنى

بەلگىلەپ تەييار قىلىدۇ. سەل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ پوسولكىنى ھىتلېرنىڭ ھەمراھلىرىدىن بىر پولكوۋنىكقا تاپشۇرىدۇ. بۇ پولكوۋنىڭ سوۋغىسىنى "بۆرە ئىنى" دىكى بىر دوستىغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە رازىلىق بەرگەن ئىدى.

فۇھرېر ئايروپلانىغا ئولتۇرغىنىدىن كېيىن، ئايروپلان يەردىن كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ پارتلاتقۇچ ئەسلىدە مىنۇسىك ئاسمىنىغا بارغىنىدا پارتلايدىغانغا توغرىلانغان بولسىمۇ، تېت-تىنچلىق بىلەن ئىككى سائەت ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ئايروپلان چۈشۈپ كەتكەنلىكى ھەققىدە بىرەر خەۋەر كەلمەيدۇ. ئاخىرى خەۋەر كېلىدۇ: ئايروپلان راستېنبۇرگقا ئامان-ئېسەن قونغان ئىدى. سۇيىقەستچىلەر ھەيران بولغانلىقىدىن ھاڭ-تاڭ قالىدۇ. ئەندىكى ئىش بۇ بومبا پارتلاپ كېتىشتىن بۇرۇن ياكى سېزىلىپ قېلىشتىن ئاۋال ئۇنى ئېلىۋېلىش ئىشلا قالغان ئىدى. شلابرېندورف بومبىنى قايتۇرۇپ كېلىپ قارىسا پارتلاتقۇچنىڭ پىستىنى چاققان ئەمما بومبا پارتلىمىغانلىقىنى كۆرىدۇ.

بىر قانچە كۈندىن كېيىن، بۇ سۇيىقەستچىلەر يەنە بىر قېتىم سۇيىقەست قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. يەنى 20-مارت يېرىم كېچىدە، شلابرېندورف بېرلىندىكى "ئېدېن" مېھمانخانىسىنىڭ ياتاقلىرىدىن بىرىدە بۇ خېمىر پارتلاتقۇچ دورىسىنى كلوگىنىڭ ئاخبارات مۇدىرى پولكوۋنىك رۇدولف كرىستوف فرېيخېر ۋون گېرسدورفقا تاپشۇرىدۇ. بۇ پولكوۋنىك ئەسلىدە ئۆزىنى قوشۇپ بىرلىكتە پارتلاش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئىدى. ھىتلېر ئەتىسى بېرلىن ھەربىي ماشىنا ئەسۋابلار ئىسكىلاتىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان "قەھرىمانلارنى خاتىرلەش مۇراسىمى" پائالىيىتىگە قاتناشماقچى ئىدى. پولكوۋنىك پۇرسەت تېپىپ فۇھرېرگە يېقىنلىشىپ، ھىتلېر بىلەن قوشۇلۇپ پارتلاپ تىتما-تىتما بولۇپ ئۆلۈشنى پىلانلايدۇ.

ئەتىسى، گېرسدورف پەلتو كەيگەن ھالدا ھەربىي ماشىنا ئۇسكۈنىلەر ئىسكىلاتىدا ئوتتۇرغا چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئوڭ-سول تەرەپ يانچۇقلىرىنىڭ ھەر ئىككىسىدىلا بىرەردىن بومبا بار ئىدى. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دا، ھىتلېر يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ بېرلىن سىمپونىيە ئوركېستىر ئۆمۈكىنىڭ ئورۇندىشىدا بروكنېرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ، قورا ئىچىدە قىسقىلا بىر نۇتۇق سۆزلەيدۇ. كەينىدىنلا فۇھرېر زالغا تىزىلغان رۇسىيەدە ئولجا ئېلىنغان ئۇرۇش غەنىمەتلىرى كۆرگەزمىسىنى كۆرۈشكە باشلايدۇ. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ گېرسدورف سول قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ ئەنگلىيەدە ئىشلەنگەن پارتلاتقۇچنىڭ پىستىنى ھىدروخلورىد ئامپۇلىنى مىجىپ سۇندۇرىدۇ. كىسلاتا تەپكە مىقىنىڭ سىمىنى ئېرىتىپ بېرىپ پىستانغا ئۇرۇلغىچە بولغان ۋاقىت ئۇچۇن ئون مىنۇتتەك ۋاقىت سەرپ بولاتتى. ھىتلېرغا ھەمرا بولۇپ كېتىۋاتقانلار ئارىسىدا ھىملېر، كېيتېر، گېۆرىڭ ۋە شۇنىڭدەك ئون

نەچچە ھەمرالىرى بار ئىدى. بولغۇسى سۈيىقەستچى ھىتلېرنىڭ سول يېنىغا قىينالمايلا بېرىۋالىدۇ.

شمۇندت بۇرۇن گېرستدورفقا، فۇھرېر ئولجىلارنى كۆرۈش ئۈچۈن يېرىم سائەت ۋاقىت سەرپ قىلىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتقان ئىدى. كۈتۈلمىگەندە، فۇھرېر بۇ كۆرگەزمىگە بەك قىزىقماي، 5 مىنۇتمۇ كۆرمەستىن بىنادىن چىقىپ كېتىپ، گېرستدورفنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدۇ. ئۇمۇ ھىتلېرغا ئەگىشىپ بىنادىن تەڭ چىقىش ئىمكانى يوق ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ بومبىسىنىڭ پارتلىشىغا ئارانلا 5 مىنۇت ۋاقىت قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ چاندۇرۇپ قويماي دەرھال پىستانىنى يۇلۇپ چىقىرىۋېتىشى كېرەك ئىدى. ئۇ قىسىلىپ يۈرۈپ ئاران ئۆزىگە يول ئاچقىنىچە مىڭ تەستە بىر ئەرلەر ھاجەتخانىسىنى تاپىدۇ. ئۇنىڭ تەلىيىگە بۇ ھاجەتخانا بوش ئىدى. ئۇ ئالدىرىغىنىچە يانچۇقىدىكى پارتلاتقۇچنىڭ پىستىنىنى چىقىرىپ، پارتلاشقا نەچچە سېكونتلا ۋاقىت قالغاندا ئۇنى ئەۋرەز تۆشۈكىگە تاشلاپ سۈيىنى قويىۋېتىشكە ئۈلگۈرىدۇ. ئاندىن ئۇ، پارتلاتقۇچ دورىسى بىلەن بىنادىن ئايرىلىدۇ.

بۇ ئىككى قېتىملىق ھىتلېرنى ئۇ دۇنياغا يوللاش سىنىقىدىن گېستاپونىڭ پەقەتلا خەۋىرى يوق بولسىمۇ، ئۇلار قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىچىدىن يەنىلا بىر مۇنچە ۋەتەنسىاتقۇچ تېپىۋېلىشىدۇ. 15 كۈندىن كېيىن، ئۇلار قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوماندانلىقىدا ھانس ۋون دوخنانىينى قولغا ئالىدۇ. گەرچە ئوستېر ئىز قالدۇرماي پۈتۈن دەلىللەرنى يوق قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇمۇ قولغا ئېلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ سۈيىقەستچىلەر بەكلا ئىقتىدارلىق بىر يىتەكچىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلا بولماي، ئۆزئارا مۇناسىۋەت باغلاش ئىمكانىيەتلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش بىلەن بىر قاتاردا، غەرپ دۇنياسىدىكىلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا بولىدىغان بىرەرمۇ يېقىنى قالمايدۇ.

3

ئافرېل باشلىرىدا، ھىتلېر ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى بېرچتېسگادېنغا قاراپ يولغا چىققان پويىز بىلەن يولغا چىقىدۇ. "بۆرە ئىنى" نىڭ مۇھىتى بەكلا دىمىق بولغاچقا بېرچتېسگادېنغا بېرىپ دەم ئېلىشنى ھەممەيلەي ياخشى كۆرەتتى. بۇ بىر قىش لىچىسى بولغىنى بىلەن، ھاۋا ئۇنچە بەك سوغۇق ئەمەس، ئاسماندىمۇ بۇلۇت يوق ئىدى. راستىنبۇرگنىڭ قېلىن قار قاپلىغان ئورمانلىقىدىن ئايرىلىش، تراۋدل خۇمپس ئۈچۈن بەكلا كۆڭۈل يېرىم قىلىدىغان ئىش بولسىمۇ، كەلگۈسى كۈنلىرىنى ئويلىغىنىدا ئۇ يەنىلا خوشال

ئىدى. پويىزدا ئىچىدە ھەم دۇش ھەم ۋاننىسى بولغان مونچىسى بار بىر ۋاگونى بار بولغىنىدەك ھەرتۈرلۈك ئەسلىھەلەر تولۇق ئىدى. پويىز ئاشخانىسىنىڭ تاماقلىرىمۇ بەكلا مېزىلىك ئىدى؛ ئورۇندۇقلىرىنى ئاچقاندا راھەت كارىۋاتقا ئايلىناتتى. ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن پويىز ئۇن-تۈنسىز نىشانغا قاراپ كېتىۋاتقىنىدا، تراۋدل ئىختىيارسىز ھالدا رېپچىتكى باشقا پويىزلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. ئۇلاردا چىراق يوق، رادىياتور يوق، يولۇۋچىلار سوغۇق ۋە ئاچلىق ئىچىدە تولغۇنۇپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇ خىيال دېڭىزى ئىچىگە غەرق بولۇپ ئولتۇرغىنىدا بىرسى كېلىپ ئۇنى فۇھرېر بىلەن بىرگە چۈشلۈك تاماق يېيىش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىپ، خىيالىنى يېرىمدا ئۈزۈپ قويىدۇ. ئەتىسى سەھەردە، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ناشتىغا ئولتۇرغانلار ئالدىنقى كۈنلىرىدەك ئاتاغلىق مېھمانلار ئورنىدا خىزمەتچىلەر بىلەن كاتىپلارلا بار ئىدى. ئۇلار ئېۋا براۋن ھەققىدە گەپكە چۈشۈپ كېتىدۇ. ئېۋا مىيونخېنغا بارغاندا پويىزغا چىققىشى كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئېۋا "بېرگخوفتىكى خانىش" ھېسابلىناتتى. مېھمانلارنىڭ ھەممىسىلا شۇنداق دەپ قارىسىمۇ، رىببېنتروپ، گېۆرىڭ ۋە گېوببېلس ئۈچىسىنىڭ ئاياللىرى بۇنداق ئاتىلىشىغا ئۇنىمايتتى. گەرچە فۇھرېر ئېۋاغا ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىشلار دەپ ئۈتۈنگىنىگە قارىماي، رىببېنتروپ خانىمى، ئۆزىنى كۆركەم ۋە سالاپەتلىك تۇتۇپ، ئېۋاغا پەقەتلا پەرۋا قىلمايتتى. قالغان ئىككى خانىم بولسا، ئۇنى كۆرسە مازاق قىلىپ دىمىقىدا كۈلۈپ قويىشاتتى.

ياشتا چوڭىراق بولغان بىر كاتىپ تراۋدل بىلەن بىرگە بېرگخوفنى ئايلىنىپ چىقىدۇ. ئۇ ئىككىسى فۇھرېر تۇرىدىغان ئىككىنچى قەۋەتتىن باشلاپ زىيارەت قىلىشقا باشلىغان ئىدى. كورىدورنىڭ ئىككى تېمىدا كونا پاسوندىكى رەسساملارنىڭ داڭلىق رەسىملىرى ئېسىلغان ئىدى؛ كورىدور چىرايلىق ھەيكەل ئەسەرلىرى بىلەن ھەر تۈرلۈك قىممەتلىك لوڭقىلار بىلەن بېزەلگەن ئىدى. تراۋدل، پۈتۈن نەرسىلەر شۇنچە ئاجايىپ بولۇش بىلەنلا قالماستىن، يەنە شۇنچە يات ۋە شۇنچە تەبىئىي كۆرۈنىدىكەن دەپ ئويلايدۇ. فۇھرېر تېخىچىلا تاتلىق چۈش كۆرۈپ ياتقانلىقى ئۈچۈن، ئەتراپتا قۇشلارنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلانمىغىدەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. بىر ئىشىك تۈۋىدە قىسقا پاچاقلىرى قويۇق يۇڭ قاپلاپ كەتكەن قارا رەڭلىك ئىككى شوتلاندىيە كۈچۈكى ئولتۇراتتى. بۇ كۈچۈكلەر ئەسلىدە ئېۋانىڭ سۆيۈملۈك كۈچۈكلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ ئېتى ستاسى، يەنە بىرسىنىڭ بولسا نېگۇس ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ئۆي ھىتلېرنىڭ ياتاق ئۆيى ئىدى. بۇ ئىككى ياتاق ئۆيى چوڭ بىر مونچا بۆلۈمى بىلەن بىر-بىرسىگە باغلانغان ئىدى. دېمەككى، ئۇلار ئىككىسى يوشۇرۇن تۈردە ئەر-خوتۇن بولۇپ ياشىماقتا ئىدى. تراۋدل ئاستىنقى قەۋەتتىكى چوڭ زالغا باشلىنىدۇ. بۇ مېھمان كۈتۈش سارايى ئۆيى چوڭ بىر يېپەك

پەردە بىلەن رەسىملەر بىلەن بېزەلگەن مەشھۇر ئۆيىنى ئايرىپ تۇراتتى. سارايغا ئۆيمۇ ھەشەمەتلىك زىننەتلەنگەن، شىپقا تاقالغان يىپەك پەردە چىرايلىق، يەرگە سېلىنغان گىلەم بەكلا قېلىن بولسىمۇ، تراۋدلغا بۇ يەر يەنىلا بىر تۈرلۈك سوغۇق تۇيغۇ بېرىپ تۇراتتى. بۇ يەردىكى تۇرمۇش شارائىتى "بۆرە ئىنى" دىكىگە قارىغاندا بەكلا ئېسىل بولغىنىغا قارىماي، ئۇ يەنىلا ئۆزىنى ئازادە ھېس قىلىپ كېتەلمىگەن ئىدى. بۇ يەرگە، ئۇ بىر مېھمان سۈپىتىدە كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ بەربىر ئۆز ئىختىيارى بىلەن كەلگەن بىرى بولماستىن، بەلكى بىر ياللانغان خىزمەتچى سۈپىتىدە كەلگەن ئىدى.

بىرگىخوفتا، كۆندىلىك ئىشلار قىلچە ئۆزگەرمەي بىر خىل داۋاملىشىۋاتقان بولسىمۇ، قىلىدىغان ئىشلار يەنىلا ئۇنچە بەك ئاسانمۇ ئەمەس ئىدى. ھىتلېرنىڭ چۈشلۈك دوكلاد يىغىنى ھېچ قاچان چۈشتىن كېيىن سائەت 4 تىن بۇرۇن تىگىمەيتتى. مەلۇمات بېرىش يىغىنى ئەڭ ئاخىرقى بىر ئوفىتسېر سائەت تۆتتە ئايرىلغاندىن كېيىنلا تارقىلاتتى. پەقەت شۇ چاغدىلا فۇھرېر مېھمان سارايغا ئۆيىگە كىرىپ كېلەتتى. قورساقلىرى ئېچىپ ئۆچەيلىرى تارتىشىپ كەتكەن مېھمانلا سارايدا ئۇنى كۈتمەكتە ئىدى. خۇددى بىر شەپە بېرىلگىنىدە، ئېۋامۇ دەل شۇ پەيتتە پەيدا بولاتتى. بايىقى ئىككى كۈچۈكمۇ ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ كىرىپ كېلەتتى. ھىتلېر ئاۋال ئېۋانىڭ قولىنى تۇتۇپ سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن، ئاندىن مېھمانلارغا سالام بېرىپ كۆرۈشۈپ چىقاتتى. ئۇستىدە ئۇرۇش پاجىئەلىرىنىڭ ئېغىر يۈكى چۈشكەن بۇ دۆلەت داھىسى، تۇيۇقسىزلا ئۆزگەرەپ مېھماندارچىلىقنى ياخشى كۆرىدىغان خوشپېچىم بىر ساھىپخانغا ئايلىناتتى.بۇ ھەقىقەتەنمۇ ھەيرانقالارلىق بىر ئەھۋال ئىدى. ھەتتا قىسمەنلىكتە بىر ئاز كۆلكىلىكمۇ تۇيۇلاتتى. ئەسلىدە، ئۇ شەخسى تۇرمۇشىدا، مۇۋەپپەقىيەتلىك بىرەر سودىگەردىن پەرقى يوق بىرى ھېسابلىناتتى.

ئەر مېھمانلار ئېۋانى "قەدىرلىك خانىم قىز" دېيىشىپ، سەل-پەل ئىگىلىپ تازىم بىلدۈرۈشەتتى. ئايال مېھمانلار بولسا، ئۇنى "براۋن خانىم قىز" دەپ ئاتىشاتتى. بەزىلەر ئۇنىڭغا بەكلا يېقىنچىلىق قىلىپ كېتەتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ساۋاقدىشى ھېرتا شىنپىدېر ئەنە شۇلاردىن بىرى ئىدى. ئايال مېھمانلار بىر يەرگە كېلىشى ھامان باللىرى توغرىلىق، مودا كىيىملەر توغرىلىق ھەمدە شەخسى تۇرمۇش توغرىلىق گەپكە چۈشۈپ كېتەتتى. بۇ چاغدا ھىتلېرمۇ گەپكە ئارىلىشىپ، ئېۋانىڭ كۈچۈكلىرىنى "ئاپتوماتىك سۈپۈرگىلەر" دەپ چېقىشىپ قويىدۇ. ئېۋامۇ تېخىمۇ بەكىرەك مازاق قىلىپ، ھىتلېرنىڭ بۆرە ئىنى بىلوندىنى كىچىك باش موزاي دەيدۇ.

مېھمان-ساھىپخانلار بىرلىكتە بىرى ئۇيىاقتىن بىرى بۇياقتىن پاراڭ قىلىشىپ كۆڭۈللۈك بولغان سورۇن تاماقنىڭ ئالدىدا ئىچىلگەن ئازىراق ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن

ھەممەيلەننىڭ كەيپى تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ھىتلېر قايسى بىر ئايال بىلەن بىرگە دەستىخانغا كېلىپ ئولتۇرغىنىدىلا سورۇن جىمىيدۇ. بورمان بىلەن ئېۋا ئىككىسىمۇ كېلىپ ئولتۇرىدۇ. بورمان ئايالىغا ساداقەتسىزلىك قىلىپ دائىم ئۇياق-بۇياقلارغا كۆز تىكىپ يۈرىدىغان بولغاچقا، ئېۋا ئۇنىڭغا بەكلا ئۆچلىكى كېلەتتى. (بۇ جەھەتتە بورمان ئايالىنىمۇ ماقۇل كەلتۈرىۋالغان بولۇپ، ئۇنى تىنماي ھامىلدار قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئايالىغا ساداقەتسىزلىك قىلىشىنى پۈتۈنلەي مىللىي سوتسىيالىزم ھەرىكىتى سەۋەب بولىۋاتقانلىقىنى باھانە قىلىپ كۆرسىتەتتى. بىر قېتىم يازغان خېتىدە، بورمان خانىم ئۆزىنىڭ ئۇنى ياخشى بىلىدىغانلىقىنى، شۇڭا يېڭى ئاشنىسى م خانىمنى بىرگىخوفتىكى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىشىنى مەسلىھەت قىلىپ، "بۇ يىل م خانىم بىر بالا تۇغسا، كېلەر يىلى مەن تۇغاي، شۇنداق بولغاندا، سىز نەگىلا بارسىڭىز بىر ئايالىڭىز يېنىڭىزدا بولغىدەك." دەپ يازىدۇ. – ئا. ھ. ئى) "بۇ ئادەم ئۇزۇن كۆڭلەكلىك بىرەسىنى كۆرسىلا ئۇنىڭ قاندىاق بىرسى بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ئۇنىڭ كەينىگە چۈشىۋالاتتى، _ دەيدۇ بىر ئادىيۇتانتى بورمانغا باھا بېرىپ كېلىپ، _ تەبىئىيكى، ئېۋا بۇنىڭ سىرتىدا."

مېھمانلار سىركىدە دۇملەپ پىشۇرۇلگەن كالا گۆشىنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. ئەمما ھىتلېر بولسا گۆشسىز تاماق يېيىشتە قەتئىي چىڭ تۇراتتى. ئۇنىڭ تامىقى بىرچېتېسگادېندا دوختۇر ۋېرنېر زابېلنىڭ كۆزىتىشى ئاستىدا پىشۇرۇلۇپ بىرگخوفقا كەلتۈرۈلۈپ، بۇ يەردىكى ئاشخانا ئۆيىدە ئىسسىتىلىپ دەستىرخانغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى. فۇھرېر قۇيۇق ئۇماچ بىلەن يارما ئۇمىچى ئىچىپ، كۆنجۈت مېيىدا قىزارتىلغان قومچامغۇر – مەككە چامغۇرى، يەنى ياڭيو يەيتتى؛ ئېۋاغا بىر كاپام تېتىپباق دەپ ھەر قانچە يالۋۇرسىمۇ ئۇ پەقەتلا يىگىلى ئۇنىمايتتى. شۇڭا فۇھرېرمۇ ئېۋا ئىچىدىغان قۇرۇق تەمسىز چېيى بىلەن ئاق گۇرۇچ يېيىشنى شاڭخو قىلىۋالاتتى. "مەن سىز بىلەن تۇنجى ئۇچراشقىنىمدا، ھەيران قالغىدەكلا سىمىز بىر قىز ئىدىڭىز. مانا ئەندى، ئۇرۇغلاپ يارىشىملىق ھالغا كەلدىڭىز." ئۇ شاڭخو قىلغان ھالدا، ئاياللارنىڭ بۇنداق بىر پىداكارلىق كۆرسىتىشىنىڭ تۆپكى سەۋەبى "پۈتۈنلەي قىز دوستلىرىنىڭ قىزغىنىشىنى پەيدا قىلىشنىلا مەقسەت قىلىش."

سۆھبەتلەر ئەسلىدە تاغدىن-باغدىن ئەركىن سۆزلىشىش بىلەن داۋام قىلىپ، سورۇن بەكلا كۆڭۈللۈك ئىدى. كۈتۈلمىگەندە، ھىتلېر گۆشسىز تاماق يېيىشنىڭ پايدىسىنى تەشۋىق قىلىمەن دەپ يېقىندا ئوكرائىنادا كۆرگەن بىر قۇشخانىدىكى دەھشەتلىك مەنزىرىنى يېيىدىن-يىڭنىسىغىچە تەسۋىرلەپ كېلىپ، ئۇ يەردە ئىشلەيدىغان ئايال ئىشچىلارنىڭ پۇتلىرىدا رېزىنكە ئۆتۈك، چىلىق-چىلىق قان كېچىپ ئىشلەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇ چاغدا ھەممىنىڭ كۆڭلى ئاينىپ چىرايلىرى تاتىرىپ كېتىدۇ.

ئولتۇرغـانلار ئارىسـىدىكى ئوتتـو دىېتـرىخ ئىسـىملىك بىـر مېھمـان، دەرھـال قوشـۇق-ۋىلكىلىرىنى تاشلاپ، "ئەندى مەن ھېلىمغىچە تويدۇم" دەيدۇ.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ھىتلېر 20 مىنوتتەك يول يـۈرۈپ دائىـم بېرىـپ تۇرىـدىغان چايخانىغا بارىدۇ. ئۇ ھەركۈنى دېگىدەك بۇ يەرگە كېلىپ تـۇراتتى. بـۇ يەر يۇمـۇلاق قىلىـپ تاشتىن قوپۇرۇلغـان بىـر بىنـا بولـۇپ، بېرگخوفنىـڭ تـۆۋەن تەرىپىـدە بىـر يەر ئىـدى. بەزى مېھمـانلار بـۇ بىنـا خـۇددى سـامان سـاقلايدىغان بىـر گەمىـگە شـۇنىڭدەك بىـر ئېلېكتىـر ئىستانسىسىغىلا ئوخشايدىكەن دېيىشىدۇ. چـاي ئىچىـش يېرى ئورنىـدا چـوڭ بىـر يۇمـۇلاق دائىرىلىك زال قۇللىنىلغان بولۇپ، ئۇ يەرنىڭ 6 پەنجىرىسى بار بولـۇپ، ھەر تەرەپ ئوچـۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆينىڭ بىـر ئۇچىـدا تـۇرۇپ قارىغانـدا ئـاچ دەرياسـىنىڭ داغ باغرىـدىكى سەرەڭگىدەك قاتار تىزىلغان ئۆيلەر ئارىسىدىن تولغۇنۇپ ئـاققىنىچە تـۆۋەن تەرەپكە داۋام قىلاتتى. بۇ مەنزىرە ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى مەپتۇن قىلغىدەك بىر كۆرۈنۈش ئىدى. يىراقلاردا سالزبۇرگنىڭ بىيوند تېپىدىكى مۇنارىلىق بىنالىرى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ھىتلېر ئولتۇرۇپ ئالما قىيقىـدا دەملەنـگەن چـاي ئىچەتتـى. ئېـۋا بولسـا بىـر تەرىپىـدە ئولتـۇرۇپ تىپـاتىر بىـلەن كىنـو ھەققىـدە گەپـكە چۈشـۈپ كەتـكەن ئىـدى. ھىتلېرنـىڭ بـۇ گەپلەر ئۈچۈن دېگەن بىردىن-بىر گېپى، شۇنچە كۆپ ئادەم جان پىدا قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ كۈنلەردە كىنو كۆرۈمەن دەپ ئولتۇرالماسلىقىنى دېيىش بولدى. "ئۇنىڭ ئۈسـتىگە، خەرىـتە كۆرۈش ۋە ئۇرۇش خەۋەرلىرىنى ئوقۇش ئۈچۈنمۇ كۆز نـۇرۇمنى ئاسرىشـىم كېـرەكتە" دەپ قوشۇپ قويىدۇ. ئۇ كۈنكى سۆھبەتلەر ھىتلېرنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىۋېتىدۇ. شـۇڭا ئـۇ كـۆزىنى يـۇمغىنىچە پـاتلا ئۇيقۇغـا غەرق بولىـدۇ. مېھمـانلار ئـاۋازىنى پەسـەيتىپ پـارىڭىنى داۋام قىلىۋېرىدۇ. فۇھرېر ئۇيغۇنا-ئۇيغانماي، تېخى يېڭىلا خۇددى كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىر مەزگىـل خىيـال سـۈرۈپ ئولتارغىنىـدەك ئۇيقۇغـا غەرق بولغـانلىقىنى ئۇنۇتقـان ھالـدا قايتىـدىن كىشىلەر بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىدۇ.

ئەتىگەن سائەت 7 بولغاندا، بېرگخوفقا يەنە بىر تۈركـۈم پىكـاپلار كېلىشكە باشـلاپ، كۈندىلىك خىزمەتلەر قايتىدىن باشلىنىپ كېتىدۇ. ئىككى سائەت ۋاقىت ئۆتكەنـدە، ھىتلېـر يىغىـن زالىـدىن ئايرىلىـپ، كۆپچىلىـك بىـلەن بىـرگە تاماقخانىغـا كىرىـپ كېتىـدۇ. تاماقتـا ھىتلېر كارتوپ قىيامى بىلەن سوغۇق يىمەك يەيدۇ. مېھمانلار بولسا سـوغۇق گـۆش تىلىمـى بىلەن غىزالىنىدۇ. ئۇ بىرگە ئولتۇرغانلارغا يـاش ۋاقىتلىرىـدىن ھېكـايىلەر سـۆزلەپ بېرىـدۇ. ئولتۇرغانلارمۇ ئۇنىڭ ھېكايىسىنى قىزىقىپ قۇلاق سېلىپ ئاڭلىشىدۇ. بۇ ئارىـدا ئـۇ ئېۋانىـڭ سالپىشكىسىدا كالپۇك بويىقى قالغانلىقى كۆرۈپ، "كالپۇك گىرىمىنىـڭ تەركىۋىـدە نېمىلەر بـارلىقىنى بىلەمسـەن؟" دەپ سـورايدۇ. ئېـۋا كـالپۇكنى پۈرۈشـتۈرۈپ بىلمەيـدىغانلىقىنى

بىلدۈرۈپ، مەن ئەڭ ئالى ماتېرىياللاردىن ياسالغان فرانسىيە روشلىرىنى ئىشلىتىپ كېلىۋاتىمەن، دەيدۇ. ھېتلېر كۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ كۈلكىسىدە بىر تۈرلۈك ئىچ ئاغرىتىش پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى. "ئەگەر سىلەر ئاياللار روشىنىڭ نىمىلىكىنى بىلگەن بولساڭلار ئىدى، بولۇپمۇ پارىژ روشىنىڭ نېمىلىكىدىن خەۋىرىڭلار بولسا ئىدى، سىلەر ھەرگىزمۇ ئۇ نەرسىنى لېۋىڭلارغا مىلاپ يۈرمەستىڭلار. بىلەمسىلەر، ئۇ نەرسىنى يۇندا سۆيىدىن ئايرىۋېلىنغان مايلاردىن ياسايدىكەن." بۇ گەپتىن ھەممە كۈلۈپ كېتىدۇ. ئەمما ئېۋا ئۇنى چىقارمايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ شاڭخودا يەنە بىر قېتىم ئالدىغا ئۆتىۋالىدۇ.

بۇ چاغدا بىر ئادۇۋكات ھېتلېرنىڭ يېنىغا كېلىپ كەچلىك ھەربىي ئىشلار يىغىنىغا قاتنىشىدىغان كىشىلەر تولۇق كېلىپ بولدى، دەپ شىۋىرلايدۇ. ئۇ، ئورنىدىن تۇرغىنىچە، مېھمانلارنىڭ كەيپىنى بۇزماي جايىدا ئولتۇرۇۋېرىشىنى، ئۇلارنىڭ، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ھەربى قوماندانلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ يۈرىشىنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، "مەن پاتلا ئىشىمنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كېلىمەن" دېگىنىچە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ساغلام قەدەملەر بىلەن سورۇندىن ئايرىلىدۇ. ئەمما سورۇن يىغىشتۇرۇلۇپ، كاتىپلارمۇ بىر-بىرلەپ ئۆز ئىشخانىلىرىغا كىرىپ، ھاۋا ھۇجۇمى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى خەت ماشىنكىسىدا بېسىپ چىقىرىشقا كىرىشىدۇ. ئېۋا بىلەن كۆپ قىسىم مېھمانلار گەمە قەۋىتىگە چۈشۈپ كىنو كۆرىدۇ. كىنو تۈگىمەي تۇرۇپلا تېلېفون جىرىڭلاپ كېتىدۇ: خىزمەتچىلەردىن بىرسى، يىغىن تۈگىدى، فۇھرېر چوڭ زالدا سىلەرنى ساقلاۋاتىدۇ، دەپ خەۋەر قىلىدۇ. ئېۋا ئالدىراشلىق بىلەن ياتىقىغا كىرىپ گىرىمىنى يېڭىلاپ چىقىدۇ. سىڭلىسى گرېتلمۇ ئەڭ ئاخىرقى تاماكىسىنى چېكىپ بولۇپ تاماكا پۇرىقىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن پۇراقلىق سېغىزدىن بىر تال چايناشقا كىرىشىدۇ. قالغان مېھمانلار بولسا بىر-بىرلەپ چوڭ زالغا قاراپ مېڭىشىدۇ. ھېتلېر پەلەمپەيدىن تۆۋەنلەپ زالغا كىرىۋاتقان ۋاقىتلار يېرىم كېچىگە يېقىنلاشقان بىر ۋاقىت ئىدى. ئۇ، ئېۋا بىلەن ئۇنىڭ ئىككى كۈچۈكىنى يېنىغا ئېلىپ تامەشىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ. بۇ ئىككى كۈچۈك ئۇنىڭ بلوندىسى بىلەن چىقىشالمايتتى. شۇڭا ھېتلېر ئامالسىز بلوندىسىنى تالادا قويۇشقا مەجبۇر ئىدى. پەقەت ئېۋا ئۇ سۆيۈملۈك كۈچۈكلىرىنىڭ يېنىدا بولمىغان ۋاقىتلىرىدىلا بلوندى بىرىپ ئۇ ئىككى كۈچۈك ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسىتىۋالاتتى. شۇنداقتىمۇ بۇنداق ئەھۋال بەكلا كام كۆرۈلەتتى.

ئىچىملىكلەر كېلىدۇ. ئەمما ھېتلېر چاي ئىچىپ ئالما مرابباسىدىن ياسالغان پېچىنىدىن باشقىغا يېقىن كەلمەيدۇ. كىشىلەر گۇڭگا يۇرۇق ئىچىدە ئۇچاق ئالدىدا فۇھرەرنىڭ گەپ باشلىشىنى كۈتۈپ جىم ئولتۇرۇشىدۇ. بۇ چاغدا ھېتلېرمۇ ئاۋازىنى كۆتەرگىنىچە تاماكا چېكىشنىڭ زىيىنى ئۈستىدە گەپ باشلايدۇ. ئۇنىڭ چىش دوختۇرى،

تاماكا چېكىش ئېغىز بوشلۇقىنى دېزىنفېكسىيە قىلىدىغانلىقىنى، مۇۋاپىق مىقداردا چېكىپ بەرسە تاماكىنىڭ بىرەر زىيىنى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما ھىتلېر بۇنداق دېيىشكە قوشۇلمايدۇ: "مەن ھېچقاچان قايىل بولىدىغان ياكى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملىرىمنى ئىسلىتىپ يۇرۇشىگە قەتئىي يول قويالمايمەن. مەن ئۇلارغا زىيان سېلىشنى ھەرگىز خالىمايمەن. ھەممە ئادەم شۇنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەككى، تاماكا چېكىدىغانلار تاماكا چەكمەيدىغانلارغا قارىغاندا ئۆمۈرى قىسقا بولىدۇ. شۇنىڭدەك كېسەللىككە قارشى تۇرۇش قابىلىيىتىمۇ تاماكا چەكمەيدىغانلارنىڭ كۈچلۈكرەك." بەدىنىنى بۇلغاشقا قارشى بۇ ئەھلى سەلىپ كۈرىشىدە ھەرگىزمۇ بوشىشىپ قالمايدىغانلىقىنى، ھەرگىز بۇ يولدا زېرىكمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئەگەر بۇ گۇرۇپ ئىچىدە، كىمدە-كىم تاماكا تاشلايدىكەن، ئۇنىڭغا بىر ئالتۇن سائەت مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى، بۇ ۋەدىسى مەڭگۈلۈك بىر ۋەدە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ، ئېۋاغىمۇ ئەڭ ئاخىرقى ئاگاھلاندۇرۇشىنى بېرىپ، "يا تاماكا تاشلا، يا بولمىسا مېنى، ئىككىدىن بىرى" دەيدۇ.

مۇنازىرە تېمىسى ئىچىملىككە يۆتكىلىدۇ. ئۇ، ئىچىملىكنىڭ تاماكىچىلىك زىيىنى يوقلۇقىغا ئىشىنەتتى. شۇنىڭدەك رەسسامىلىق ھەققىدىمۇ تالاش-تارتىش بولىدۇ. بىرلا رومكا ئۈزۈم ھارىقى ئىچكەن دوختۇر مورېل، كەچلىك ئۇيقۇسى تۇتۇپ ئاۋارە ئىدى. ئۇ ئۆزىنى لاسسىدە قويىۋەتكەن بولۇپ، دۇغىلاق قوللىرى قورسىقى ئۈستىدە قوشتۇرۇلغان ھالدا كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. كۆزىدىكى يوقۇرى دەرىجىلىك كۆزئەينەكنىڭ چوڭايتىپ كۆرستىشى نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ كۆزلىرى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى قورقۇتقۇدەك يوغان كۆرۈنەتتى. پولكوۋنىك ۋون بېلوۋ بىلىكى بىلەن ئۇنى نوقۇپ قويىدۇ. مورېل دوختۇر چۆچۈپ ئويغۇنۇپ، فۈھرېر بىرەر كۈلكىلىك گەپ قىلسا كېرەك دەپ ئويلاپ ئاۋازىنىڭ بارىچە كۈلىدۇ.

"چارچىغان ئوخشىمامسىز مورېل؟" دەپ سورايدۇ ھىتلېر.

"ياقەي فۈھرېرىم، خىيالغا پېتىپ قاپتىمەن" دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇخلىمىغانلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ كونا گەپلەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇ شىمالى ئافرىقىدا بېشىغا كەلگەنلەرنى سۆزلەشكە كىرىشىپ كېتىدۇ. فۈھرېر مودا ناخشىلاردىن بىرىگە ئىسقىرتىدۇ. ئۇنداق ئەمەس، دەيدۇ ئېۋا ئۇنىڭغا، ناخشا ئاھاڭى مۇنداق ئىدى دەپ ئىككىسى دوستانىلىق بىلەن تالىشىپ كېتىدۇ. ئېۋا بولمىسا دو تىكىشەيلى دەپ تۇرىۋالغاندا، ھىتلېر رەنجىگەن بولۇپ، ئەگەر ئوتتۇۋالسام مەرتىلىك بىلەن ئۇتتۇۋالغان پۇلدىن ۋاز كېچىدىغانلىقىنى، ئەگەر سەن ئۇتتۇۋالساڭ پۇلنى تۆلەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما ئېۋا دېگىنىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، ناخشا ئاھاڭىنى ئېيتىپ كىمنىڭ توغرا

ئېيتقانلىقنى كۆرسەتمەكچى بولىدۇ. ئالبېرت بورمان بۇ گەپلەرنى چاندۇرماي ئۇلتۇرۇپ خاتىرىلىۋالىدۇ. بۇ قېتىمقى غالىپ ئېۋا ئىدى. ئەمما ياش ۋاقىتلىرىدا دراما يېزىپ باققان ھىتلېر قايىل بولماي "مەن ئەمەس بۇنى يازغان كومپوزىتور خاتا يېزىپ قويغان. ئەگەر ئۇ راستىنلا تالانتلىق بىر كومپوزىتور بولسا ئىدى، ئاللىقاچان مېنىڭ ئىجات قىلغان ئاھاڭلىرىمدىن پايدىلانغان بولاتتى" دەيدۇ. ھىتلېرنىڭ بۇ چاخچىقى ئۇلتۇرغانلارنى قاتتىق كۈلدۈرىۋېتىدۇ. ئاندىن سائەت 4 بولغاندا ھىتلېر خىزمەتچىدىن بىرنى چاقىرتىپ سورايدۇ: ھاۋا ھۇجۇمى ئەھۋالىدىن دوكلات يېتىپ كەلدىمۇ-قانداق، دەپ سورايدۇ؛ چۈنكى ئۇ، گېرمانىيە ئاسمىنىدا دۈشمەن ئايروپىلانى بولمىغاندىلا ئاندىن خاتىرجەم ئۇخلىيالايتتى.

ھىتلېر ئۆزىدىكى جەڭگىۋارلىق روھىدىن مۇسسولىنىغمۇ ئاز-تولا سىڭدۈرۈش مەقسىتىدە، ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشۈش تەلۋىدە بولىدۇ. 7-ئاپرېل كۈنى، ئۇ سالتزبۇرگ پويىز ئىستانسىسىدا ئىتتىپاقدىشى بىلەن كۆرۈشكىلى بارىدۇ.ئىككى مۇستەبىت ئۇچرىشىش جەريانىدا بىگىبىر خىياللارغا كېلىپ كېتىدۇ. مۇسسولىنىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈك ۋە تاتارغان چىرايىنى كۆرگەن ھىتلېر، قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ. تۆت كۈنلۈك سۆھبەت جەريانىدا، مۇسسولىنى، ھىتلېر كۆرۈشۈش تەلىۋى بولمىغان ۋاقىتلاردا باشقىلار بىلەن كۆرۈشمەي دېگەندەك كلىپسىشپىم قەلئەسىدىكى ياتىقىدىن چىقماي يېتىۋالىدۇ. سۆھبەتلەر ئاساسەن مەخپى رەۋىشتە ئۆتكۈزۈلىدۇ. مۇسسولىنىنىڭ روھى ھالىتى ياخشى ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن ھىتلېر، مۇسسولىنى ياشتا چوڭ بولۇپ كەتكەن، يەنى 60 ياشقا كىرىپ قالغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە سالامەتلىكىمۇ ناچارلىشىپ كەتكەن دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىدۇ. ھىتلېر سۆھبەت جەريانىدا ئەنە شۇنداق خىيالدا بولغانلىقى ئۈچۈن، پۈتكۈل سەھبەت جەريانىدا مۇسسولىنىنى رىغبەتلەندۈرۈشكىلا كۈچ چىقىرىدۇ. ئىتالىيە باش مىنىستىرىنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىدە، ھىتلېرنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يارىشىپ قېلىشقا ئۈندەشنىلا مەقسەت قىلغان ئىدى. شۇ ئارقىلىق ئىتالىيە قوشۇنلىرىنى چەت دۆلەتلەردىن پۈتۈنلەي قايتۇرۇپ كەتمەكچى ئىدى. ئەمما سالامەتلىكى بەكلا ناچار بولغاچقا، بۇ غەيرىتىنى تولۇق كۆرسىتەلمەي قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە روھىمۇ بەكلا ئاجىزلىشىپ كەتكەچكە، ھىتلېرنىڭ شۇنچە چۈشەندۈرگىنىگە قارىماي پەقەتلا جاسارىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەي قالىدۇ. 10-ئاپرېل كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق سۆھبەتتە، ئۇ ئىككىسى بىرلىكتە ھەشەمەتلىك زالنىڭ پەلەمپىيىدىن تۆۋەنلەپ كېلىدۇ. مۇسسولىنى بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى، ئىتالىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرمەكتە ئىدى. "ئۇلار خۇددى ئىككى كېسەلگىلا ئوخشايتتى، دەيدۇ ئىتالىيە ئۆمەك ئەزالىرىدىن

بىرى يىنىدىكىگە شىۋىرلاپ. توغرىسى، ئىككى جەسەتكىلا ئوخشاپ قاپتۇ.“ دەيدۇ مۇسسولىنىنىڭ خۇسۇسى دوختۇرى ئۇلارغا باھا بەرگىنىچە.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئادىيۇتانتلاردىن بىرسى بىرگخوفقا تېلېفوندا خەۋەر قىلىپ، فۇھرېرنىڭ كلېسشېيمدىن ئايرىلغانلىقىنى ئۇختۇرىدۇ. فۇھرېر ئۇ يەردىكى بارلىق مېھمانلىرىنىڭ چايخانىغا بېرىپ كۈتۈپ تۇرۇشىنى، يېتىپ بارا-بارمايلا بۇ جەمەتىنىڭ ئائىلە باشلىقى سۈپىتى بىلەن داۋاملىق مېھماندارچىلىق بىلەن مەشغۇل بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. دوستويېۋسكى ئەسەرلىرىدىكى بىر پېرسوناژ مۇنداق دېگەن ئىدى: ”ئادەملەر، مەيلى ئۇلار رەزىل ئادەملەر بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلار بەربىر بىز ئويلىغىنىمىزدىنمۇ ساددا ۋە ئاددى ئويلايدىغان كىشىلەردۇر. بۇ بىر قانۇنىيەت. بىز ئۆزىمىزنىمۇ ئەنە شۇنداق كىشىلەر دېيىشىمىز مۇمكىن.“

ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ يەرگە قاراپ بىر پويىز گۈلدۈرلەپ كېرىپ كېلىدۇ. بىردەمدىلا بىرگخوف ئۇنىفورمىلىقلار بىلەن لىق تولىدۇ. كەينىدىنلا، فۇھرېرمۇ يېتىپ كېلىدۇ. بەك داۋراڭ قىلمايلا بىر توپ كىشىنى باشلىغىنىچە چايخانىغا قاراپ يۈرۈپ كېتىدۇ. روشەنكى، ئۇ مۇسسولىنى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتتىن بەكلا خوشال ئىدى. شۇڭا ئوتتۇرلۇقمۇ خېلىلا راھەت سېزىلمەكتە ئىدى. ئۇ ئەندى رەسمى مەمورى ئىشلارنى ئىجرا قىلغۇچى كىشىگە ئايلىنىپ، خۇسۇسىي تۇرمۇشىمۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاش بەك داغدۇغۇلۇق ئەمەس ئىدى. ئۇ ئاۋازسىز ژۇرنال فىلمى كۆرۈۋاتقىنىدا، چۈشەندۈرگۈچىلىك رولىنى ئېلىۋاتقان ئادىيۇتانت ئادەتتىكىدەك خاتا ئوقۇپ قويغىنىدا، ئالايلۇق ئۇ بىر ئۇرۇش كېتىۋاتقانلىقىنى ئېلان قىلىۋاتقىنىدا ئېكراندا باشقا بىر كۆرۈنۈش ئوتتۇرغا چىقىپ بىر توپ يىزا ئاياللىرى كۆرۈنگىنىدە، قىزىقارلىق تۇيۇلۇپ ئۆزىنى تۇتىۋالالماي قاھقاھلاپ كۈلۈپ كېتەتتى.

گەرچە ئۇ، بۇ يەردىكى يېقىنلىرىغا ئۇرۇش ياكى سىياسەت ئۈستىدە بەكلا ئاز سۆز قىلسىمۇ، ئۇنىفورمىلىق يۈرگىنىدىن كۆپچىلىكتىن ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتىشتىن چېكىنمەيتتى. ”ئۇرۇشتىن كېيىن، مەن بۇ ئۇنىفورمىلىرىمنى كىيىم ئاسقىغا ئىلىپ قويۇپ بۇ يەردە پېنسىيەگە چىقىۋالىمەن. شۇ ۋاقىت كەلگىنىدە سىياسىي ئىشلار بىلەن باشقىلار ھەپىلەشسۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ۋاقىت كەلگىنىدە مەنمۇ قېرىپ ئەسلىمە يېزىش بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزىدىغان بولىمەن. ئەتراپىمغىمۇ ئەڭ ئەقىللىق كىشىلەرنى يىغىۋالىمەن.“ ھىتلېر، ئۆلگىنىدىن كېيىن بىرگخوفنىڭ بىر مۇزېغا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئويلىسىلا بەدەنلىرى مۇزدەك بولۇپ تاتىرىپ كېتەتتى. ”مەن ھازىردىن تارتىپلا بىرچېتىسگادېندىكى ساياھەت يېتەكچىلىرى بىر توپ ساياھەتچىنى باشلاپ مەن تۇرغان ئۆيلەرنى بىرمۇ-بىر ئايلاندۇرۇپ زىيارەت قىلدۇرىۋاتقانلىقىنى، ’بۇ يەر ئۇنىڭ تاماق يەيدىغان يېرى!‘ دەۋاتقانلىقىنى

كۆزئالدىمغا كەلتۈرمەكتىمەن!“ شۇڭا ئۇ، بىرگخوفتىكى پۈتۈن ئۆي ئەسۋاپلىرى بىلەن بىرلىكتە كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىشى ئارزۇلايتتى. دېگەندەك، ”بۇ ئۆيدىكى نەرسىلەر ھەقىقەتەنمۇ ئۆلۈك كۆيدۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ-دە!“

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تراۋدل پەقەتلا تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ: ”فۇھرېرىم، بۇ ئۇرۇش قاچان تۈگەيدۇ؟“ بۇ سۇئالدىن ئادى تاغىسىنىڭ مېھرىۋان كۆرۈنۈشلۈك چىرايى دەرھال ئۆزگىرىدۇ (ئېگون خانفستانگېيل ھىتلېرنى ”دولف تاغا“ دەپ چاقىراتتى. گېلى بولسا ”ئالف تاغا“ دەپ ئاتايتتى. —ئا. ھ. ئى). ”بىلمەيمەن“ دەيدۇ قوپاللىق بىلەن، ”ئەمما غەلىبە قىلماي تۇرۇپ ئاخىرلاشمايدۇ!“ ئۇنىڭ مىجەزىنىڭ توساتتىن ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا شۈركۈنۈپ كېتىدۇ. خرىستوس جۇمەدىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋال يۈز بەرگەن ئىدى. يېڭىلا گوللاندىيەدىن قايتىپ كەلگەن ھېنرىيېتتە ۋون شىراخ،743 ئۆزىچە مەن ھىتلېر بىلەن ئۇزۇن يىللىق دوستلاردىنمەن دەپ ئىشەنگەچكە، قىلچە ئويلانمايلا ئامستېردامدا كۆرگەن بىر پاجىئەنى سۆزلەپ كېتىدۇ: تۈن يېرىمى بولىشىغا قارىماي يەھۇدىي ئاياللارنى ياتقان يېرىدىن سۆرەپ ئېلىپ چىققىنىچە يالاپ چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىشتى. بۇ گەپتىن كېيىن ئولتۇرغانلار شۈكلا بولۇپ كېتىدۇ. ھەممەيلەن قاتتىق ئازاپلىق ھېس قىلماقتا ئىدى. بۇ ئايال گوللاندىيەلىكلەرنىڭ يولغا قويغان باشقا چەكلىمىلىرىنىمۇ سۆزلىمەكچى بولىۋاتقىنىدا، ھىتلېر قاتتىق تىرىكىپ كېتىدۇ. مېھمانلار بەكلا ئوڭايسىزلىنىپ ھەممەيلەن بىشىنى تولغاپ تەتۈر قارىشىۋالغان ئىدى. ئەمما ھىتلېر ئۇنىڭغا بۇرۇلغىنىچە تىكىلىدۇ. چىرايى قاتتىق پۈرۈشكەن، يۈز-كۆزى تاتىرىپ قان دىدارى قالمىغان ئىدى: ”ئالۋاستى ئۇنى يالماپ يۈتىۋېتىدىغان بولدى“ دېگەنلەرنى ئويلايدۇ ئۇ خانىم، بۇنداق بىر خىيالنىڭ ئەقلىگە كەلگەنلىكى ھەقىقەتەنمۇ غەلىتە ئەھۋال ئىدى. ھىتلېر بۇ ئايالغا خېلى ئۇزۇن چەكچىيىپ قارىغاندىن كېيىن، ئاستا ئورنىدىن تۇرىدۇ. ئۇ ئايالمۇ ئورنىدىن تۇرىدۇ. قارىغاندا ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنى تۇتىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئەمما ئۇ تۇيۇقسىز قاتتىق خاپا بولۇپ ۋارقىرايدۇ: ”بەكلا ھېسسىياتقا بېرىلىپ كېتىۋاتىسىز! بۇلار بىلەن سىزنىڭ نېمە چاتىقىڭىز بار؟ ئۇ يەھۇدىي ئاياللىرىنىڭ ئىشىغا سىزنىڭ ئارىلىشىپ يۈرۈشىڭىزنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق!“ ئايال قورققىنىدى شۇ ھامات قېچىپ ياتىقىغا كىرىپ كېتىدۇ. ئەمما ھىتلېر ھېلىغىچە ۋارقىرىماقتا ئىدى. بۇ چاغدا ئادىيۇتانتلاردىن بىرى دەرھال ئۇ ئايالنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ ئىشىكنى توساپ دەيدۇ: ”سىز نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرىسىز؟ سىز ئۇنى قاتتىق رەنجىتتىڭىز، شۇڭا مەن، دەرھال بۇ يەردىن ئايرىلىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن!“ دەيدۇ.

ئۇنىڭ 54 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈننى خاتىرلەشتىن بىر كۈن ئاۋال، تەبرىكلەشكە قاتنىشىش ئۈچۈن ھىتلېر سۆيۈملۈك ئىتى بلوندىنىمۇ بىرگە ئېلىپ چايخانىغا يېتىلەپ كېلىپ ئۇنىڭ ئۆيۈن چىقىرىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئىت تىلەمچىنى دوراش، قىز ستۇدېنتنى دوراش، ھەتتا مۇزىكا رېژىسسورى بولۇشتەك ئويۇنلارنى ئويناپ بېرىدۇ. بۇ ئىت، ئىگىسى قانچە ماختاپ بەرسە شۇنچە كۈچەپ قىلىق چىقىرىشقا باشلايتتى. يېرىم كېچىگە يېقىنلاشقىنىدا، ھەر تەرەپتىكى ئىشىكلەر تەڭلا ئېچىلىپ، خىزمەتچى ئەسكەرلەر پەتنۇسلاردا شامپانسكى رومكىلىرىنى كۆتۈرۈپ كىرىشىدۇ. ھىتلېردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسىلا بۇ رومكىلاردىن بىردىن ئېلىشتى. ئەمما ھىتلېر ئاق ئۈزۈم شارابى ئىچىدۇ. سائەت يېرىم كېچە 12 گە داڭ ئۇرغاندىن كېيىن ھەممە بىر-بىرى بىلەن رومكا سوقۇشتۇرۇپ، بەزىسى تەبرىكلەپ شۇئارلىسا، يەنە بەزىلەر قىسقىچە تەبرىكلەش نۇتقى سۆزلەيدۇ.

20-ئاپرېل كۈنى، ھىتلېر ئادەتتىكى كۈنلەرگە قارىغاندا خېلىلا ئەتىگەن پەلەمپەيدىن چۈشۈپ زالغا كىرىپ تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش سوغاتلىرىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتىدۇ. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا، تراۋدلغا ھەمرا بولغان كىشى ھىملېر ئىدى. تراۋدل ھىملېرگىمۇ ئۆچ ئىدى. ئۇنىڭ ئۆچلىكىنى كەلتۈرگىنى ھىملېرنىڭ رەھىمسىزلىكى ئەمەس بەلكى ئۇنىڭغا دائىم يېقىنلىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇشىدىن يامان كۆرگەن ئىدى. ھىملېر ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈپ قويىاتتى، گەپلىرىمۇ نىنازاكەتلىك، چىرايىمۇ ئالاھىدە مۇلايىم كۆرۈنەتتى. ھەتتا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ تىنماي تەبەسسۇم كۆلكىسى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئەمما گېيوبېلس ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئىدى. "ئۇ راستىنلا سەت بىرسى ئىدى¬ _ دەيدۇ تراۋدل كېيىن ئەسلەپ كېلىپ، _ ئەمما مەن، بۇ تەشۋىقات مىنىستىرىنىڭ مىنىستىرلىكتىن سىرتقا چىقىشى ھامان قىزلار چۇقۇرۇشۇپ بېرىپ دېرىزىگە تىقىلىپ ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى مانا ئەندىلا چۈشەنمەكتىمەن. ئۇ قىزلار ئەسلىدە فۇھرېرگە ئۇنچىۋالا دىققەت قىلىپ كەتمەيتتى. ئەمما بىرگىخوفتا، گېيوبېلس پەيدا بولسىلا كۆپچىلىك ئاياللار ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ كېتەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىدىن، يەنە بىر سەۋەپ بولسا، ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى راستىنلا يېقىملىق ئىكەنلىكىدىن ئىدى" دەيدۇ.

تۇغۇلغان كۈننى خاتىرلەش كۈنىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ھىتلېر، تراۋدلنىڭ مۇھەررىرلىك ... مۇھىپىزەتچىلەردىن بىرى بولغان خانىس جۇڭ بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ قويغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. "ئادەم ئىشىنىش جەھەتتە مەن راستىنلا تەلەيسىزمەن. دەيدۇ چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا يالغاندىن قاتتىق ئاھ ئۇرغان قىياپەتتە ئېغىر بىرنى تىنىۋېلىپ، دەسلىۋىدە

كرىستىيان دارانى ئېلىۋېلىپ مىنىڭ ئەڭ ياخشى كاتىپىمدىن بىرىنى ئېلىپ كەتكەن ئىدى. كېيىن مەن ئۇنىڭ ئورنىغا خېلى بولىدىغان بىر ئورۇن باسارنى تېپىۋالغان ئىدىم. مانا ئەندى، تراۋدل خۇمپىسمۇ مېنى تاشلاپ كەتمەكچى بولىۋاتىدۇ. بۇنىڭغىلا رازى بولماي يەنە مېنىڭ ئەڭ ياخشى خىزمەتچىمدىن بىرىنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىدىغان بولغىنىنى قاراڭ.“ ھىتلېر ئۇ ئىككىسىنى ئۇزارتماي دەرھال توي قىلىۋېلىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. چۈنكى، جۇڭ، ئۇزۇنغا قالماي شەرقى ئورۇش سېپىگە ئاتلىنىشى مۇمكىن. تونۇشقىنىغا ئۇزۇن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، تراۋدل بۇنداق قىلىشقا ئۇنىماي، ۋاقتىنى يەنە بىر مەزگىل كەينىگە سوزۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ”ئەمما سىلەر بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرمىگەنمىدىڭلار؟“ ھىتلېرنىڭ بۇ دېيىشى ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ ئىدى. ”ئەڭ ياخشىسى دەرھال توي قىلىۋېلىڭلار. قورقما، سەن توي قىلغاندىن كېيىن يولدىشىڭ ئالدىنقى سەپكە كېتىپ قېلىپ بىرەرسى سېنى بوزەك قىلىشقا ئۇرۇنغىدەك بولسا، دەرھال ماڭا بىلدۈر، مەن سېنى قوغدايمەن. ئەمما سۆزلىشىپ قويۇشنىڭ ئۆزى يەتمەيدۇ. بۇ ھالدا مەن سىنى ھىمايەمگە ئالالماي قالىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تويدىن كېيىنمۇ داۋاملىق ماڭا ئىشلەپ بېرەلىشىڭ مۇمكىنغۇ.“ تراۋدل كۆلكىدىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن، سىزچە سۆيگۈ شۇنچە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بولسا، سىز نېمە ئۈچۈن ئېۋا براۋن بىلەن توي قىلىۋالمايسىز، دەپ راستىنلا سورىغۇسى كېلىپ كەتتى.

4

7-ماي كۈنى، ھىتلېر قايغۇلۇق كەيپىيات ئىچىدە بىر كونا سەپدىشىنىڭ ماتەم مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېرلىنغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. رومنىڭ ئىزباسارى ۋىكتور لۇتز، بىر قېتىملىق قاتناش ۋەقەسىدە ھاياتىدىن ئايرىلغان ئىاى. ھېچ بولمىغاندا ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئەنە شۇنداق دەپ ئېلان قىلغان ئىدى. ئەمما رۇمنىڭ تۇيۇقسىزلا جەريانىدىن قالغان بەزى كىشىلەر بۇ ئىشتا چوقۇم بىر جىن بار دەپ گۇمان قىلىشاتتى. دەپنە مۇراسىمى تاماملانغاندىن كېيىن، ھەر قايسى رايون ئەمالدارلىرى بىلەن يەرلىك ئەمەلدارلار باش مىنىسترلىق مەھكىمىسىگە بىرىپ چۈشلۈك تاماق يېيىشىدۇ. تاماقتىن كېيىن، كۆپچىلىك نۆۋەتتىكى ئومۇمى ۋەزىيەت ئۈستىدە تەپسىلى مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدۇ. ھىتلېر ئەڭ ئاۋال سۆزگە چىقىپ، 1939-يىلقى گېرمانىيە – بىر ئىنقىلاۋى گېرمانىيە، بۇرجۇئازىيە سىنىپىنىڭلا گېرمانىيىسىگە دۈچ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ كېلىپ، بۇنداق بىر دۆلەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۇنچە بەك تەسمۇ ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، مەيلى

تەربىيلىنىش جەھەتتە بولسۇن، ياكى مۇئامىلە جەھەتتە بولسۇن، ئۇلار ھەرگىز گېرمانىيەگە يەتمەيتتى. بەلگىلىك بىر ئىدىيىگە ئىگە بىر دۆلەت ئەزەلدىن بۇرجۇئازىيە سىنىپىنىڭ دۆلىتىدىن بەكرەك دەبدەبىلىك بولغان. چۈنكى ئۇ، مۇستەھكەم روھ ئۈستىگە قۇرۇلغان. ھالبۇكى، بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئاربارروسسا بىلەن بىرلىكتە ئاياغلاشتى. ئۇ يەردە، گېرمانىيە بىر ئىدىيەگە ئىگە بىر دۆلەتكە دۈچ كەلگەن ئىدى. گەرچە بۇنداق بىر ئىدىيە خاتا بىر ئىدىيە بولىشىغا قارىماي ئاخىرلاشتى. بۇ دۆلەت ستالىنغا مەغلۇبىيەتچىلەرنى قىزىل ئارمىيە ئىچىدىن تازىلاتقۇزدى ھەمدە جەڭگىۋار قىسىملار ئارىسىغا سىياسىي كومىسسارلارنى كىرگۈزۈۋېتىپ، مەدھىلىنىشنى كۈچەيتىپ بەردى. شۇنىڭدەك يەنە ستالىنىنىڭ يەنە بىر ياخشى تەرىپىمۇ بار ئىدى: ئۇ نۇرغۇن قېتىم تازىلاش ئېلىپ بېرىپ، يىنىدا "يوقۇرى قاتلام جەمئىيەت" نى قالدۇرمىغان، شۇ ئارقىلىق بولشېۋىكچىلىكنى پۈتۈن كۈچلەرنى بىر يەرگە توپلاپ دۈشمەنگە قارشى قويۇش ئىمكانىنى يارىتىپ بەردى.

شەرق سېپىدىكى مەغلۇبىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان يەنە بىر سەۋەپ قىلىپ، گېرمانىيىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى بەكلا ناچار بولىشى، بولۇپمۇ ۋېنگرىيەنىڭ بەكلا يېتەرسىز قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىپ، مۇنداق خۇلاسىلايدۇ: ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئىدىيۋى ساھە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ياۋروپادا ئۇزۇن مۇددەتلىك قارشىلىق كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان دۆلەت يالغۇز گېرمانىيەلا بولۇپ قالدۇق. شۇنداق بولغاچقا، پارتىيە ئەزالىرىمىز ئارىسىدا پائال ھالغا كەلتۈرۈلگەن يەھۇدىيلارغا قارشى ئەقىدە، يەنە بىر قېتىم مەنىۋي كۈرەشنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىشى قىسىملارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشنىڭ جەڭگىۋارلىق شۇئارى ھالىغا كېلىشى شەرت. ئەگەر ھەربىي قىسىملار بىر پۈتۈن گەۋدە ھالىغا كېلىپ پولاتتەك قورغان بولۇپ ئۇيۇشمايدىكەن، شەرقتىكى ھايۋانلار پۈتكۈل ياۋروپاغا يامراپ كېتىشى مۇمكىن. شۇنداق ئىكەن، چوقۇم ئىزچىل تۈردە ئەقلىمىزنى توپلاپ، زوروۇر بولغان تەدبىرلەرنى ئىشقا سېلىپ، ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. "ئەگەر بۈگۈنكى كۈندە شەرقتىكى بولشېۋىكچىلىك ئاساسلىقى يەھۇدىيلارنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا قالغان، يەھۇدىيلارنىڭ غەربتىكى مالىيە سىياسەتلىرىدە ھۆكمۈران ئورۇنغا ئېرىشۋالغانلىقىنى، بۇنىڭ بىر ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلا بولىدىكەنمىز، ئۇ ھالدا، بىزنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى تەشۋىقاتىمىزنى دەرھال باشلىتىلىشىمىز شەرت بولىدۇ." مانا بۇ، بىزنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەر قانداق بىر مۇرەسسەلىششىكە يول قويماسلىقىمىزنىڭ تۈپكى سەۋەبى. "بىز چوقۇم خۇددى ئىلگىرى ھاكىمىيەتنى قولغا

كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئۆزىمىزدىكى كومۇنىستلارنى يىمىرىپ تاشلىغىنىمىزدەك سوۋېت ئىتتىپاقىنىمۇ يىمىرىپ تاشلىشىمىز كېرەك. بىز شۇ چاغدا ئۆز كومۇنىستلىرىمىز بىلەن مۇرەسسە قىلىشنى خىيالىمىزغا كەلتۈرگەنمىدۇق؟"

ھىتلېرنىڭ نۇتۇق سۆزلىگەندىكى ئاۋازى گەرچە ئىنتايىن جاراڭلىق چىقىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئۇنىڭ سالامەتلىكى كۆرىنەرلىك دەرىجىدە ناچارلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىمۇ ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى. دوختۇر مورېل ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ھورمون ئوكۇلىنىمۇ بىر ھەسسە كۆپەيتىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا قوشۇپ يەنە بىر تۈرلۈك دورا بولغان پروستاكرىنىنىمۇ بەرمەكتە بولسىمۇ، ئۇنىڭ سالامەتلىكى يەنىلا بەك ياخشىلانغاندەك كۆرۈنمەيتتى. باشقا بىر ئېلېكترودىئوگراممىا شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى كۈنسايىن ئېغىرلاشماقتا ئىدى. دوختۇر مورېل، دوختور زابېلنىڭ فۈھرېرنىڭ يېمەك-ئىچمىكىنى بەكلا قاتتىق تېزگىنلىشىنىڭ فۈھرېرنىڭ كېسىلىنى ئېغىرلاشتۇرىۋېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا ئۇ، فۈھرېرگە مەخسۇس بىر ئاشپەز ياللاپ ئىشلىتىش توۋرىلىق مەسلىھەت قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ۋېيىنناليق ۋون ئېكسنېر خانىمنى ئاشپەزلىككە ئالىدۇ. بۇ ئايال ئاۋۇسترىيەلىكلەرنىڭ تاماق ئادەتلىرىنى ياخشى بىلىدىغان بىرى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. ئەمما ئۇ ئىككىسىلا بىلمەيدىغان بىر سىر بار ئىدى: بۇ ئايالنىڭ ئانا جەمەتىنىڭ بىر يېرىدە يەھۇدىي قېنى ئارىلىشىپ قالغانلىقىدىن ئۇلار خەۋەرسىز ئىدى.

12-مايدا، ھىتلېر "بۆرە ئىنى" غا قايتىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ يېتەكلىشى نەتىجىسىدە، ستالىنگراد ئوپېراتسىيىسىدىن كېيىن ئوتتۇرغا چىققان چېكىنىش ۋەقەلىرى ئاخىرلاشقان ئىدى. ھىتلېر بۇنىڭدىن بەكلا خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىچە خوشال بولۇپ يايراپ كېتىشى ئەتىسى پۈتۈنلەي توزۇپ كېتىدۇ – ئەتىسى گېرمانىيە-ئىتالىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ 300 مىڭ كىشىلىك ئادىمى تۇنىستا ئىتتىپاقداشلار قوشۇنى تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەنە بىر قېتىملىق ستالىنگراد پاجىئەسى بولغان ئىدى. بۇنىڭدىن بىر ھەپتە كېيىن، بۇنىڭدىنمۇ يامان خەۋەرلەر كېلىشكە باشلايدۇ: مۇسسولىن ھاكىمىيىتى ھالاك بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئىتالىيىدىكى يوقۇرى قاتلام ئەربابلىرى ئارىسىدا "ئۇرۇشتىن كېيىن نېمە بولۇپ كېتىشىمىزنى كىم بىلىدۇ؟" دېگەندەك غۇدىراشلار ئوتتۇرغا چىقىشقا باشلىغان ئىدى. كوچىلاردا، گېرمانىيە ئەسكەرلىرىنى دۈشمەن ھېسابلىشىپ ئۇلارغا ئاشكارە تۈردە ھاقارەت قىلىدىغان دۆشكەللەيدىغان ۋەقەلەر كۆرۈلمەكتە ئىدى.

ئىيۇن ئوتتۇرلىرىدا، ھىتلېرنىڭ ئەڭ ياش كاتىبى ھىتلېرنىڭ ياساۋۇلى جۇڭ بىلەن توي قىلىدۇ. جۇڭ قىسقا مۇددەتلىك شىرىن ئايدىن كېيىن شەرقى فرونتا يولغا سېلىنىپ،

تراۋدل يەنە "بۆرە ئىنى" غا قايتىپ ئىشىنى داۋام قىلىدۇ. "بەكلا سۇلغۇن كۆرۈنسەنغۇ، ئۆزەڭمۇ خىلىلا تارتىلىپ كەتكەندەك كۆرۈنسەن" دەيدۇ ھىتلېر يېڭى كىلىنىنى كۆرىشى ھامان. ئۇنىڭ بۇ گېپىدە ئەسلىدە بىرەر يامان غەرەز يوق ئىدى. ئەمما بۇ گەپتىن تراۋدل قاتتىق رەنجىدى: ھەمىشە: ئۇ يەردە ھەممە ئادەم بىر ئازابتا، شۇندىن بەرىپ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدى. ھەمدە سارايغا كىرىش-چىقىش ئازادلىقى بەرگەندىن كېيىن، ھىتلېر ئۆزى ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم يۈزىنى قىزارتىپ ئۇنى سۆيدى. ئاخىرى ئۇنىڭ باغرىغا ئېتىلىپ يىغلاپ كەتتى. شۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئىككىسى ئېۋانغا ئېلىپ ئۇنىڭ يوتقىنىغا قوشۇلۇپ ئوقەتكەندىكىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ تولۇقسىز بولۇپ كېتىپ "ھاچان بىلىپ قالىسەن؟" دەپ سورىدى، ئۇ ھېچنىمە دېمىدى. ئۇ ھىتلېرنىڭ ئۆزىنى بىر ئاز يالغۇز قالدۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ ئەمدى ئوزىنىڭ ياتاقخانىسىغا قايتىپ ئوقۇغىنىچە بىر تاماكا چەكتى. چۈنكى ئۇ "ئەتە ئەتىگەن سەككىزدە ئۇنى ئىشقا چاقىرىدۇ" دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئۇچرىتىشى ھەم ئۇنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

شۇ يىلى ئىيۇندا، ھىتلېر بىر مۇنچە ياخشى گەپ قىلىپ يۈرۈپ مىلك تەستە دارا كرىستىياننى قايىل قىلىپ بۇرۇنقى ئىشىغا قايتۇرۇپ كېلىدۇ. ئۇ قايتا ئىشقا كىرگەن ئىدى، ھەمدە بىر مۇنچە چامادانىنى يېنىغا ئېلىپ كەلگەن ئىدى. كۆپ ئۆتمەيلا ھەربىي گازارما ئىچىدە ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن ھاياجان ۋە خۇشخۇيلۇق بىلەن تولۇپ تاشىدۇ. ئۇنىڭ ناخشا ئاۋازى، ئۇنىڭ چاخچاقلىرى ۋە ئۇنىڭ خۇشخۇيلۇقى كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىنىمۇ كۆتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ چاغدا، تراۋدلمۇ بۇرۇنقىدەك ئۇنداق قىزلارغا خاس ئۇيۇلۇشلار قالمىغان ئىدى. بىر كۈنى، ئۇ ھىتلېردىن گەپنى ئايلاندۇرۇپ يۇرمەي ئۇدۇللا قىلىپ، سىز نېمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ توي قىلىشقا ئالدىرىتىپ كېتىدىكەنسىزو ئۆزىڭىز قىمىرمۇ قىلمايسىز؟ دەپ سورايدۇ. بۇ سۇئالغا ھىتلېر، مەن ئاتا بولۇشنى خالىمايمەن، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. "مېنىڭچە، بۇ دۇنيادا تالانتلىق كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى بەكلا تەس كۈنگە قالىدىكەن. كىشىلەر، تالانتلىق كىشىلەرنىڭ بالىسىمۇ ئاتىسىغا ئوخشاش تالانتلىق بولىشى كېرەك دەپ قارىشىدىكەن. ئەگەر ئۇنداق بىر بالا ئادەتتىكى كىشىلەردەك كۆرۈنۈپ قالسىلا كىشىلەر ئۇنىڭدىن قايىل بولماي قالىشىدىكەن." بۇگۈنگە كەلگىچە، ئۇ يەنىلا ئالاھىدە كەمتەر كۆرۈنۈشلۈك ھالىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ ماقۇللىقىدىن تاشقىرى بىرەرسى ئۇنى تالانت ئىگىسى دەپ باھالىغىدەك بولسا، ئۆزىنى بەكلا بىئارام ھېس قىلىپ كېتەتتى.

ھىتلېر، شىمالى ئافرىقا ئۇرۇشى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان بولىشىغا قارىماي، ھازىرغىچىلا كۇرسكقا قارىتا ئومۇمىي يۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاشنى ئويلاپ يۈرەتتى. بۇ ئىش

مىلچىنىڭ قەتئىي قارشى تۇرىدىغان ئىشى ئىدى. تانكا مۇتەخەسسىسى بېرلىنغا كېلىپ، ھىتلېرنىڭ ئالدىدا بۇ ئوپېراتسىيىگە قارشى چىقىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى بايان قىلدۇ: ئالدى بىلەن، يېڭىدىن قوشۇلغان يىلپىز تىپلىق تانكىلارنىڭ زاپچاس يېتىشتۈرۈلۈشى چەكلىك؛ ئۇنىڭدىن قالسا، ھىتلېرنىڭ كۆزقارىشىغا جاۋاب بېرىش، يەنى سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ قېتىمقى ئوپېراتسىيە ھەقىقەتەنمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن ئاساستا، كۇرسكنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلار بەكلا ئاز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ھىتلېرمۇ، بۇ قېتىمقى ئوپېراتسىيىنى ئويلىسىلا، كۆڭلى ئاينىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمما شۇندىن كېيىنكى بىر قانچە كۈن ئىچىدە، زېيتزلېر بىلەن كلۇگ ئىككىسىمۇ ھىتلېر تەرىپىدىن قايىل قىلىنىدۇ: دەرھال تۇتۇشساق يەنىلا ئۇلگۇرەلەيمىز، يەنى بۇ ئوپېراتسىيىنى تېز باشلاپ تېز ئاخىرلاشتۇرۇشىمىز كېرەك، دەيدۇ. 1-ئىيۇل كۈنى، ھىتلېر يوقۇرى دەرىجىلىك قوماندانلىرىغا بىر قېتىم نۇتۇق سۆزلەپ، بۇ قېتىمقى ئوپېراتسىيىگە "قورغان" نامى بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ نۇتقىدا، ئەگەر گېرمانىيە يا ئىشغال قىلغان زېمىنلەرنى قەتئىي قوغدىشى، يا بولمىسا ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشى كېرەك. ئىككىدىن بىرى. نېمىس ئەسكىرى شۇنى قەتئىي تونۇپ يېتىشى كېرەككى، ئۇ قەتئىي ئىرادىلىك بىلەن چىڭ تۇرۇپ، ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشى شەرت دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەنە، "قورغان" – بىر قېتىملىق دوغا چىقىش ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە، بۇ ئويۇندا چوقۇم ئۇتۇپ چىققىلى بولىدىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. گەرچە ئۇ ھەربىي تەرەپنىڭ تەلىۋىگە قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئاۋۇستىرىيەدە، چېخوسلوۋاكىيەدە، پولشادا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى نۇرغۇن ئوپېراتسىيەلەردە دېگىنىنىڭ توغرا چىققانلىقىنىمۇ تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ قاتارغا ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىمۇ تىزىۋالغان بولۇپ، ئاڭلىغۇچىلار بۇنىڭدىن شۈركىنىپ كېتىدۇ.

مانستېيىن شىمالدىن جەنۇپقا قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئارمىيىسىدە جەمئىي 18 دىۋىزىيە بار ئىدى. ئەمما ئۇرۇشقا لازىم بولىدىغان تانكىلىرى مىڭغىمۇ يەتمەيتتى. زەمبىرەك سانى 150 تىن ئاز ئىدى. جەنۇپتا بولسا، گېنېرال مودېلنىڭمۇ ئارانلا 15 دىۋىزىيىلىك ھەربىي كۈچى بار بولۇپ، 900 تانكىسى بار ئىدى. ھۇجۇم ۋاقتى خۇددى بۇرۇنقى ۋاقىتلاردەك 4-ئىيۇل چۈشتىن كېيىن سائەت 3 كە بېكىتىلگەن ئىدى. ئۇ كۈنى ھاۋا بەكلا ئىسسىق ئىدى؛ يىراقلاردا گۈلدۈرماما ئاۋازلىرى كېلىپ تۇراتتى. دەسلىۋىدە قىزىل ئارمىيە توپ-زەمبىرەكلىرى قاراڭغۇ چۈشكەندىلا ئاران قايتارما زەربىگە ئۆتەلىگىنى ئۈچۈن سوۋېتلىكلەر گويا قاتتىق زەربە يەپ تىرە-پىرەڭ بولۇپ كەتكەندەك بىلىنگەن ئىدى. ئەمما شارقىراپ ياققان يامغۇرغا ئەگىشىپ، تېز ھۇجۇم قىلىپ تېز غەلىبە قىلىش

خامخىيالى يوققا چىقىدۇ. تاك سوزۇلگىچە چوك-كىچىك يوللار پوتۇنلەي پاتقاقلىق ھالىغا كېلىپ بولىدۇ. تاك ئېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، قاتتىق شاقىراپ يامغۇر يېغىپ كېتىپ، پۈتۈن يوللار لىق سۇغا تولۇپ دەرىيادەك ئېقىن ھالىغا كېلىپ بولىدۇ. قۇرۇلۇش ئەسكەرلىرى 12 سائەتتە ئاران تانكىلارنىڭ ئۆتۈشى ئۈچۈن ۋاقىتلىق كۆۋرۈك ياساپ چىقالايدۇ.

9-ئىيۇل كۈنى، ئالدىن يۈرگۈچى نېمىس تانكىلىرى ھېلىغىچىلا كۇرسكتىن 88 كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىدى. بۇنىڭدىن ھەممىيلەن ئۈمىدسىز بىر ھالغا كېلىپ قالىدۇ. كۈتۈلمىگەندە ئەتىسى، ئەنگلىيە-ئامېرىكا بىرلەشمە قوشۇنلىرىنىڭ سىجىلىيە ئارىلىغا چىققانلىقى، ئۇلار دەب-دەبىلىك ئەمما بەكلا ئاجىز قارشىلىققا دۇچ كەلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر كېلىدۇ. ھىتلېر بۇنىڭدىن بەك ھەيران بولمايدۇ. 13-ئىيۇل چۈشتىن كېيىن ئۆزىمۇ بەكلا تەستە ماقۇل كەلگەن بۇ قېتىمقى ئومۇمىي ھۇجۇمنى توختۇتۇش بۇيرۇقى بېرىپ، غەربى ياۋروپاغا ئېس-ئېس بروۋنىك كورپۇسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياردەمچى قوشۇننى يولغا سالىدۇ. مانستېيىن، ئەگەر كۇرسك ئوپېراتسىيىسىنى داۋاملاشتۇرمىغىنىمىزدا، قارا دېڭىزغا ئۆتۈشىدىغان تار كورىدور خەۋپ ئاستىدا قالىدۇ، دەپ چېكىڭ تۇرىۋالىدۇ. قىمارۋاز ھىتلېر بولسا، كۇرسك ئوپېراتسىيىسىنىڭ مەغلۇبىيىتى ھېسابىغا بولسىمۇ دىققەت نەزىرىنى غەلىبە قىلىشقا تېخىمۇ ئىشەنچلىك بولغان يەرلەرگە بۇرايدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، كېيىنكى ئاقىۋەتلىرىدىن قارىغاندىمۇ، "قەلئە" ئوپېراتسىيىسى بىر قېتىملىق غەلىبە قىلىنمىغان ئوپېراتسىيە بولۇش بىلەنلا قالمايتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شەرقى ئۇرۇش سەپلىرىنىڭ ئاكتىپچانلىق كۈچى سوۋېتلىكلەرنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ.

5

ھىتلېر پۈتۈن دىققىتىنى غەربى ئۇرۇش سېپىگە بۇرىغىنىدىن كېيىن، 19-ئىيۇل كۈنى ،. مۇسسولىنى بىلەن 13-قېتىملىق سۆھبىتىنى ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ ئىتالىيەنىڭ شىمالىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. سۆھبەت ئورنى ئۈچۈن فېلترې يېقىنلىرىدىكى ھەشەمەتلىك گاگىيا داچىسى بەلگىلەنگەن ئىدى. سۆھبەت يىغىنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت دەل 11 دا باشلىنىدۇ. ھىتلېر بىلەن مۇسسولىنى بىردىن كىرىسلودا ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل ئولتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ھەربىي ئىشلار قوماندانلىرى بىلەن مۇھىم دىپلوماتلار چۆرىدەپ ئولتۇرىدۇ. ھىتلېر بىلەن مۇسسولىنى ئىككىسى ئاۋال سۆز باشلىسۇن دەپ بىر-بىرىنى كۈتۈپ ئولتۇرغىنىدا، يىغىن سورۇنىدا قىسقا مۇددەتلىك بەرداشلىق بېرىش تەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. بۇ ئەھۋال، خۇددى قىز-ئوغۇلنىڭ ئاتا-ئانىسى تويلۇق كېلىشىمى

سۆھبىتىگە ئۇلتۇرغىنىغا ئوخشاش ھەقىقەتەنمۇ بەكلا غەلىتى بىر باشلىنىش بولغان ئىدى. ئاخىرى فۈھرېر ئاۋال ئىچىپ، ئىنتايىن ئېغىر بېسىقلىق بىلەن سىياسىي ئىشلار ۋە ھەربىي ئىشلار ئۈستىدىكى ئومۇمىي ۋەزىيەت ھەققىدە گەپ قىلىدۇ. مۇسسولىنى پۈتۈنى ئالمىغىنىچە قوللىرى تىزىدا ئۇنىڭ دىيگەنلىرىنى چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي ئولتۇرۇپ ئاڭلىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئولتۇرغان ئورۇندۇقى بەكلا كەڭ ۋە چوڭقۇر بولغاچقا، ئۇ كرېسلونىڭ بىر قىرىغا ئىلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇشتۇمتۇت ھىتلېر ئىتالىيانلارنى مەغلۇبىيەتچىلىكنى تارقىتىپ يۈردۈڭلار دەپ قاتتىق ھۇجۇم قىلىدۇ.

بۇ چاغدا، مۇسسولىنى ئولتۇرالمايلا قالىدۇ، ئۇ جىددىيلەشكەنلىكىدىن ئىڭىكىنى سىلايدۇ. ئۇ پات-پات مۆرىسىدىن بىر يەرلىرىنى بېسىپ قوياتتى. دىمەككى ئۇنىڭ مۆرىسىدىن بىر يەرلەردە ئاغرىق بارلىقى ئېنىق ئىدى. بەزىدە، خۇددى بويسۇنغاندەك ياكى ئۆچلىكى كەلگەندەك چوڭقۇر نەپەسلىنىپمۇ قوياتتى. ھىتلېر بولسا تىنماي سۆزلەيتتى، ئاۋازىمۇ بارغانسىرى كۈچىيىپ باراتتى. دوتچە بولسا ئاغرىقنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قولياغلىقى بىلەن پىشانىسىنى سۈرتۈپ قويىدۇ. ئەمما ھىتلېر قىلچە رەھىم قىلماي تىماي سۆزلەيدۇ. سائەت 12 دىن 55 مىنوت ئۆتكەندە، بىر ئاديۇتانت كىلىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر نەچچە ئېغىز بىر نىمىلەرنى پىچىرلايدۇ. شۇنىڭغا قارىماي ھىتلېر يەنىلا قۇمدەك سۆزلەشتىن توختىمايدۇ، بۇ گەپلەرنى قوبۇل قىلىپ كېتەلمەيۋاتقان ئىتالىيە باش مىنىستىرىغا، ئىتالىيەمۇ گېرمانىيەگە ئوخشاش قىلچە تەۋرەنمەستىن كۈرەشنى داۋام قىلىۋەرگىنىدە بۇ كرىزىستىن تېز ئارىدا قوتۇلۇپ چىقىشقا بولىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرەتتى. ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ، ھەر بىر نېمىس ئىشغالىيەت بىلەن شوغۇللىنىش ئىرادىسىنى تىكلىگەن، 15 ياشلىق بىر ئۆسمۈرمۇ زىننەت تويى ئېتىشنى بىلىدۇ. ”ئەگەر بەزىلەر مىنى ۋەزىپىمىزنى كىلەچەك ئەۋلادلارنىڭ تاماملىشىغا قالدۇرماقچى دىمەكچى بولىدىكەن، مەن ئۇنداق گەپلەرگە ياق ئىشلار سىلەرنىڭ ئويلىغىنىڭلاردەك ئەمەس، دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىم. ھېچكىم ماڭا، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز گىگانتلاردىن بولىدۇ، گېرمانىيە 30 يىل ۋاقىت سەرىپ قىلىپ غەيرىتىنى ئاران ئەسلىگە كەلتۈرەلىگەن بولسا، رىملىقلار بىر سەكرەپلا روناق تاپالىغان؛ بۇ دىگەن تارىخنىڭ بىر خىتابى.“

سائەت دەل بىر بولغاندا، بايىقى ئادىيۇتانت كىلىپ ھىتلېرغا يەنە بىر قېتىم قۇلىقىغا بىر نىمىلەر شىۋىرلايدۇ. بۇنىڭغا قاراپ ئەتراپتىكىلەر بەكلا جىددى بىر ئىش بولسا كېرەك دەپ ئويلايدۇ. بۇ قېتىم، ئۇنىڭ رەڭگى غەلىتە بىر شەكىلدە ئۆزگىرىدۇ. ئۇ دەرھال سۆزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ يىغىننى ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. كۆپچىلىك چۈشلۈك تاماققا ماڭىدۇ. ھىتلېر دەبدەبىلىك بىەن سۆز قىلىۋاتقىنىدا مۇسسولىنى بىر ئېغىزمۇ گەپ

قىلماي، باشقا ئىتالىيانلارنى قاتتىق تىتىلداتقان ئىدى. ئۇ بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ رەت قىلمايدۇ، ھەتتا بۇ ھەقتە بىرەر ئىزاھات بېرىشكىمۇ ئۇرۇنمايدۇ. ئۇ، نېمىسلارغا بىرەر ئايغا قالماي، ئىتالىيە قوشۇنلىرى ئۆزئۆزلۈك تاقابىل تۇرۇش چارىسى قالمىغانلىقى ياكى بۇ ھەقتە جاسارىتى قالمىغانلىقىنى تىنمايدۇ.

5 كۈندىن كېيىن، ئىتالىيە باش مىنىستىرى يەنە بىر قېتىم باشقىلارنىڭ تىل ئىشىتىشكە مەجبۇر قالدۇ. ئەمما بۇ قېتىمقىسى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ "فاشىست قۇرۇلتىيى" دىن تىل ئىشىتىدۇ. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي، 1939-يىلدىن بۇيانقى تۇنجى قېتىم چاقىرىلغان قۇرۇلتاي ئىدى.قۇرۇلتاي، ئۇنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ئۆزۈندىن-ئۆزۈنغا، تەپسىلى بىر شەكىلدە مۇنازىرە قىلغاندىن كېيىن، مۇنارخىيىنىڭ قانۇن تۈرغۇزۇش تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، قۇراللىق كۈچلەرنى پادىشاھنىڭ قوماندانلىقىغا تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان لايىھىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. بۇ قانۇن لايىھىسى، 9 غا قارشى 18 ئاۋاز بىلەن قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەتىسى، يەنى تۆمۈز ئىسسىق بولىۋاتقان 25-ئىيۇل يەكشەنبە كۈنى، مۇسسولىن پادىشاھ ۋىكتور ئۈچىنچى ئېممانۇئېل تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، قولىدىكى سۆز تېكىستى ۋاراقلىرى شىلدىرلاپ تىترەپ تۇراتتى. پادىشاھ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئاقلاشتىن ۋاز كېچىشنى بۇيرۇيدۇ. داۋاملىق ئۇرۇشۇشنىڭ قىلچە پايدىسى يوقلىقىنى، ئىتالىيەنىڭ مەغلۇپ قىلىنغانلىقىنى، ھەربىيلەرنىڭ بۇندىن كېيىن فاشىستلار ئۈچۈن ئۇرۇشۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ، مۇسسولىندىن ئىستىپا بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. كەينىدىنلا مەلۇم بولدىكى، پادىشاھ، مارشال پيېترو بادوگلىيونى ھۆكۈمەت باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ بولغان ئىدى. سىرتتا تۇرغانلار "كەچۈرۈڭ، كەچۈرۈڭ" دەپ قايتا-قايتا سۆزلىگەنلىكىنى ئاڭلايدۇ. "بۇ ئىشنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىن-بىر چارىسى ھۆكۈمەت ئالماشتۇرۇش، بۇندىن باشقا چارە يوق." پاكار بويلۇق پادىشاھ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىشىككىچە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىدۇ. مۇسسولىن ئەندىلا دەرۋازىدىن چىقىشىغا، ئاپتوماتلىق بىر ئوفىتسېر ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، پادىشاھ ھەزرەتلىرى سىزنىڭ جىسمانى بىخەتەرلىكىڭىز ئۈچۈن مېنى قوداپ يۈرۈشنى بۇيرىدى، دەيدۇ. مۇسسولىن بۇنىڭ ھاجىتى يوق دېيىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئاچماقچى بولىۋاتقىنىدا دەرھال ساقچى ماشىنىسىغا ئىتتىرىپ كىرگۈزۈلىدۇ. شۇنداق قىلىپ مۇسسولىن قولغا ئېلىنغان ھېسابلاندى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى سائەت توققۇز يېرىمدا، ھېتلېر ھەربى ئىشلار مەسلىھەتچىلىرىگە "مۇسسولىن ئىستىپا بېرىپتۇ" دەپ ئۇقتۇرىدۇ. بۇنىڭدىن پۈتۈن مەسلىھەتچىلىرى ھاڭ-تاڭ

قىلىشىدۇ. ھاكىمىيەت ئۇلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان بادوگلىيو تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان ئىدى. جودل، ھىتلېرنىڭ كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن رىمدىن تەپسىلىي دوكلات ئالمىغىچى يەڭگىللىك بىلەن ھەرىكەت قىلماسلىق ھەققىدە مەسلىھەت بېرىدۇ. ھىتلېر بۇنىڭغا گەپنى ئەگىتمەي ئۇدۇللا قىلىپ "بۇنىڭدا گەپ يوق، ئەمما مەن بۇنىڭغا ئالدىن تەييارلىقتا بولۇشىم كېرەك. شۈنىسىسى ئېنىقكى، ئۇلار بىر تەرەپتىن يۈز ئۆرىسە، يەنە بىر تەرەپتىن يەنىلا بىزگە سادىق ئىكەنلىكىنىمۇ ئېلان قىلىشى مۇمكىن. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى بىر خائىنلىق قىلمىش. ئۇلارنىڭ بىزگە سادىق بولالمايدىغانلىقىدا مەسىلە يوق. ... نېمىلا دېگەن بىلەن، مەلۇم بىر ئەپەندى (بادوگلىئونى دېمەكچى) قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۇرۇش چوقۇم داۋام قىلىشى كېرەك دەپ ئېيتقان ئىدى. ئەمما بۇ گەپ ھېچ نېمىگە ئەرزىمەيدىغان قۇرۇق گەپ. ئۇلار بۇنداق گەپنىمۇ دېيەلمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ، بىزمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ئۇيۇن ئويناپالىشىمىز مۇمكىن؛ بىزمۇ تەييارلىقتا تۇرۇشىمىز، ئۇ يەردىكى ۋەيرانچىلىقلارنى قولغا ئېلىشىمىز لازىم. بۇ جەرياندا ئۇ يەردىكى تىگى پەسلەرنىمۇ ئۇنتۇتماسلىقىمىز كېرەك. مەن ئەتىلىككە 3-بىروۋنىڭ دىۋىزىيىسىنىڭ قوماندانى بىلەن كۆرۈشۈشكە بۇيرۇقنامە بىلەن بىرسىنى ئەۋەرتىمەن. ئۇلار ئالاھىدە بۆسۈپ كىرىش ئەترىتى بىلەن رىمغا بېرىشىنى، ئۇ يەردىن ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى، پادىشاھنى، يەنى ئۇ پەسكەش مەلئۇننى، ئەڭ مۇھىمى تەخت ۋارىس بولۇپ تۇرىۋاتقان شاھزادىنى بىرگە قوشۇپ، ئۇ يەردىكى لۈكچەكلەرنى، بولۇپمۇ باگولىئو بىلەن ئۇنىڭ شېرىكلىرىنى بىرنىمۇ قويماي يىغىشتۇرۇپ تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇق قىلىمەن. قاراپ تۇرۇڭلار، ئۇلار بىر-بىرىنى قولغا ئېلىشىپ قىزىق ئۇيۇن چىقىرىپ بېرىدۇ. ئىككى-ئۈچ كۈنگە قالماي، ئۇ يەردە يەنە بىر قېتىملىق سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ."

يېرىم كېچىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق يىغىندا، ھىتلېر تېخىمۇ كۆپ يولىيورۇق چىقىرىدۇ. يەنى ئىككىنچى پاراشوتچىلار دىۋىزىيىسى چوقۇم ئىتالىيە پايتەختى رايونىدا پاراشوتلۇق تاخلاشقا تەييارلانسۇن، دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. "رىم چوقۇم ئىشغال قىلىنىشى كېرەك. رىمدىن ھېچكىمنى سىرتقا چىقارتماسلىقىمىز كېرەك، 3-بىروۋنىڭ دىۋىزىيىسى رىمغا بېسىپ كىرىشى كېرەك." بىرى ئۇنىڭدىن: ۋاتىكانغا ئۆتۈشىدىغان يولنىمۇ ئىگەللىۋېلىشىمىز كېرەكمۇ؟ دەپ سورىۋىدى، ھىتلېر ئۇنىڭغا "ئەنسىرىمە، ۋاتىكانغا مەن ئۆزەملا بارىمەن. مېنى ۋاتىكان ئۈچۈن غەم يەيدۇ دەپ ئويلىمىغىن. مەن ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرىمەن. پۈتۈن دىپلوماتىيە ئۆمەكلىرى بىرىپ ئۇ يەرگە يوشۇرۇنىۋېلىشى مۇمكىن. مەن ئۇلارنىڭ قائىدىلىرىگە پەرۋامۇ قىلمايمەن. ئۇلار ھەممىسى بېرىپ ئۇ يەرگە تىقىلىشىۋالغىنىدىمۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ يەردىن قوغلاپ چىقىرىمەن.

ئىشــىمىزنى تۈگەتكەنــدىن كېيىن ئۇلارغــا ‹رەنجىمەيســىلەر› دەپ قويســاقلا يېتەرلىــك. ئۇلارنىڭ ئىشى ئاسان. بىز ئۆيۈن ئۆينىمىدۇق، بەلكى ئۇرۇش قىلىۋاتىمىز!»

ئــۇ يىغىنــدىكى بىــر قــانچە كــاتتىۋى ئالدىــدا ئــارانلا ئــۆزىنى تۇتــۇپ ئولتــۇراتتى. «بــۇ مۇسسولىنى دېگەن ئــادەم پەرىزىمدىكىــدىنمۇ كــۆپ زەئىــپ بىــرى ئىــكەن، ــ دەپ، خــۇددى ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك غۇڭشۇپ كېتىدۇ، ــ مەن ئۇنىڭدىن ئارقا سېپىگنى چىڭ تۇت دەپ بىۋاستە ئىپتىقان بولسامىۇ، ئۇ دېگەنلىرىمگە پەقەتلا قۇلاق سالمىدى. شۇنداق، بىز ئەندى ئىتالىيە دېگەن بۇ ئىتتىپاقداش دۆلەتكە ھەرگىز تايانماسلىقىمىز كېرەك. بۇنداق مەسئۇلىيەتسىــز بىــر دۆلەت ئــارىمىزدا بولمىســا، بىزنىــڭ كــۈنىمىز تېخىمــۇ ياخشــىراق ئۆتىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل.»

ئۇ، ئادەم ئىۋەرتىپ بوھران پەيتىدە ھەممىدىن بەكىرەك ئىشەنچ قىلىدىغان ئىككى كىشــىنى، يەنــى گيــوبېلس بىــلەن گيــۆرىڭنى تېپىــپ كــېلىش ئۈچــۈن يولغــا سالدى (بــۇ ئىككىسىدىن بىرى بولغان گيۆرىڭ ھەققىدە ئۇ گېنېراللىرىغا مۇنداق دېگەن: «بۇگۈنكىدەك ۋەزىيەتتە، ھېچكىم مارشال گيۆرىڭدەك بىر مەسلىھەتچى بولالمايدۇ. بوھران مەزگىلىدە، مارشال رەھىم-شەپقەت دېگەننى قەتئىي بىلمەيدىغان، ئۆزىنى بېسىۋالالايدىغان بىر ئادەم. مەن ھەر دائىــم ئۇنىــڭ بــوھران پەيتلىرىــدە پــولەتتەك ئىرادىلىــك، قىلــچە قورقــۇپ كەتمەيدىغان بىرسى ئىكەنلىكىنى سەزگەن ئىدىم»). چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 دا، ئــۇلار ئۈچىسى بىر يەرگە كېلىدۇ. يېرىم سائەتتىن كېيىن، رىببېنتروپمۇ ئــۇلار ئۈچىسىگە كېلىــپ قوشۇلىدۇ (ئۇ تېخى يېقىندىلا ئۆپكە ياللۇغى كېسىلىدىن ساقايغان ئىدى). ھىتلېر ئېغىر بېســىقلىق بىــلەن ئەممــا ئىشــەنچلىك تــۈردە مۇسســولىنىنىڭ بــۇ قېتىمقــى پىنســىيىگە چىقىشىنىڭ ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ تەلىۋى ئىكەنلىكىدىن قاتتىق گۇمان قىلىدۇ. يــاق، ئــۇ چوقــۇم قولغــا ئېلىنــدى، دەيــدۇ. بــۇ دېــمەك، فاشــىزم خەۋپ ئاســتىدا دېمەكتــۇر. شــۇنداق ئىــكەن، چوقۇم بىر ئامالىنى ئۇنىــڭ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشــىنىڭ ئالــدى ئېلىنىشى كېرەكلىكىنــى قــارار قىلىشــىدۇ. بۇنىــڭ ئۈچــۈن ئۇنىــڭ پىلانــى، رىــم ئەتراپىغــا بىــر پاراشــوتچىلار دىۋىزىيىســىنى تاشلاپ، پادىشاھ بىلەن ساراي ئەھلىنى بادوگلىئو ۋە ئۇنىڭ ئــادەملىرىنى بىــرلىكتە تۇتــۇپ كېلىش، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئېلىش ئىدى.

ئاساسەن ئىتالىيەدە ئــاپەت بولــۇپ ئــۆتكەن كــۈنلەردە، ھــامبۇرگمۇ بىــر باشــتىن زىــچ بومباردىمانغا ئۇچرايدۇ. 3-ئاۋغۇست چۈشتىن بۇرۇن، پوتكــۇل شــەھەر يالقۇنجــاپ تۇرغــان ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىپ، ھەممە يەر خارابە بولغان ئىدى. 240 مىڭ ئــار (مىــڭ مېتــر چاســا بىرلىك – ئۇ.ت) يەر كۆلىمىدىكى ئاھالە رايونى، زاۋۇت ۋە ھۆكۈمەت بىنــالىرى پارتلىتىلىــپ توپ-تۇز قىلىۋېتىلگەن ئىدى. بۇ بومباردىماندا 70 مىڭدىن ئــارتۇق ئــادەم ئۆلىــدۇ. ھىتلېــر

بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، بۇ تېررورلۇق بومباردىمانىنى يەھۇدىيلار تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغان ئىش، دەپ قارايدۇ. ئۇ، پورتال بىلەن خاررىسنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرىتانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ قۇماندانلىرىنى يەھۇدىي ياكى يېرىم يەھۇدىي دەپ ئەيىپلەپ كېتىدۇ. پسىخولوگىيىلىك نۇقتىدىن ئالغاندا، خامبۇرگنىڭ ۋەيران قىلىنىشى خۇددى ستالىنگراد ئوپېراتسىيىسىگە ئوخشاشلا ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدىكى بىر ھەرىكەت ئىدى. بۇنداق روھىي تەسىر پۇخرالار ئارىسىدىلا كۆرۈلگەن بولۇپ قالماي، ھىتلېرچىلار گۇرۇھىدىكىلەرگىمۇ شۇنداق ئېغىر ۋەيران قىلىش تەسىرى پەيدا قىلغان بىر ھەرىكەت بولىدۇ. ئۇنىڭ بىر ئاخبارات ئەمەلدارىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدە يېزىلىشىچە، گېيوبېلس، خامبۇرگنىڭ ۋەيران قىلىنىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ كېلىپ، قاتتىق چۆچۈپ كەتكەنلىكىنى، تۇنجى قېتىم قول ئاستىدىكىلەرگە "ئەگەر مەغلۇب بولساق قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟" دەپ سوئال قويغان. ئۇ يېنىدا ناگانلىق يۈرىدىغان بولغانىكەن.

تېخى يېقىندىلا ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇپ ئالالايدىغان ئادەم دەپ تەرىپلەنگەن گېيۆرىڭمۇ بۇ قېتىمقى بومباردىماندىن قاتتىق ئۈمىدسىز ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. "بۇ كۆرۈۋاتقىنىمىز ئادەمنىڭ قەلبىنى قاتتىق مۇجۇيدىغان بىر پاجىئەلىك مەنزىرە" دەيدۇ. شۇ ھامات گېيۆرىڭ ئىشخانىسىغا چاقىرتىلغان كىشىلەردىن بىرى بولغان ئادولف گالالاند ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: "گېيۆرىڭ پۈتۈنلەي تۈگەشكەن ئىدى. ئۇ بىر قولى ئۈستەلدە، يەنە بىر قولى بېشىنى قاماللىغان قىياپەتتە نېمە دېگەنلىكىنىمۇ ئۇققىلى بولمايدىغان بىر نېمىلەرنى دەپ غۇدۇڭشۇيتتى. بىز ئۇنىڭ ئالدىدا بىر ھازا تىك تۇردۇق. كۈرۈنۈش ھەقىقەتەنمۇ ۋەيرانە ئىدى. كېيىن، گېيۆرىڭ ئۆزىنى ئوڭشاپ بېشىنى كۆتۈرىدۇ، بىز ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئۈمىدسىز بىر پەيتىگە شاھىت بولغان ئىدۇق. ئۇ راستىنلا فۈھرېرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى."

6

ستالىنگراد ئوپېراتسىيىسىدىن كېيىن كۆپ ئۆتمەي، ستالىن گېرمانىيىگە بىر قېتىملىق تىنچلىق سۆھبىتى ھەققىدە سىناپ كۆرىدۇ. شۇندىن كېيىن، دۈشمەن بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ئىشى گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە پات-پات تىلغا ئېلىنىدىغان تېمىلاردىن بىرى ھالىغا كېلىدۇ، تەبىئىكى بۇنداق سۆزلەر ئاشكارە ئوتتۇرىغا قويۇلمايدۇ. ئادمىرال پولكوۋنىك كانارىس كانارىس (يېقىندا ئۇ يۈشۈرۈن تۈردە پېنسىلۋانىيە شتاتىنىڭ سابىق باشلىقى گېئورگ ئېرل ئارقىلىق روزۋېلت بىلەن مۇناسىۋەت

باغلاشقا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالمىغان ئىدى)، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ تەكلىپى ھەقىقەتەنمۇ سەممىي بىر تەكلىپ دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ، رىبېنتروپنى بۇ تەكلىپنى فۇھرېرگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە ماقۇل كەلتۈرىدۇ. رىبېنتروپ بۇ تەكلىپنى مېمراندۇم شەكلىدە ھىتلېرغا سۇنىدۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق ئاچچىقلانغان ھىتلېر، بۇ دوكلاتنى يىرتىپ تىتما-تىتما قىلىپ چۆرۈپ تاشلاش بىلەنلا قالماي، يەنە كىمىكى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن يۇشۇرۇن تۈردە كېلىشتۈرۈشكە ئۇرۇنماقچى بولىدىكەن، ئۇ كىشى چوقۇم ئۆلۈم جازاسى بىلەن جازالىنىدۇ، دەپ تەھدىت قىلىدۇ. قۇرۇقلۇق ئارمىيە تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرمەي تۇرۇپ ھەرگىز سۆھبەتنى تىلغا ئېلىشقا بولمايدۇ، دەپ كېسىپ ئېيتىدۇ. ئۇ ھەتتا رىبېنتروپنى بۇ گەپنى قەتئىي تىلغا ئالما دەپ ئاغزىنى تۇۋاقلايدۇ. بۇ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئېھتىياتلىق بىلەن، ياۋروپادىكى ئىشغالىيەت پىلانىمىزنىڭ دائىرىسىنى تارايتىپ، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ قوبۇل قىلالايدىغان ھالغا كەلتۈرسەك قانداق دەپ مەسلىھەت قىلىدۇ. ھىتلېر بۇنىڭدىنمۇ غەزەپلىنىپ جاھانىنى بېشىغا كىيىدۇ: "ماڭا ئىشەن، بىز چوقۇم غەلىبە قىلىمىز، بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن بۇ زەربە بىز ئۈچۈن بىر قېتىملىق تەجرىبە ساۋاقلا بولالايدۇ. بۇ تەجرىبە بىزگە شۇنى ئۆگىتىۋېتىدۇكى، بىز كۆنسايىن ئىرادىمىزنى كۈچەيتىشىمىز، بىر قېتىملىق تەۋەككۈلچىلىككە جاسارەت قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئۆگىتىۋاتىدۇ. شۇنداق بولغىنىدىلا ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشەلىشىمىز مۇمكىن."

رىبېنتروپ، بۇ ئىشنى پەۋقۇلئاددە مەخپىي تۈردە فرىتز ھېسقا ئاشكارىلايدۇ. بەختەرلىك مەقسىتىدە، ئۇلار "بۆرە ئىنى" يېنىدىكى بىر ئورمانلىق ئىچىدە ماڭغاچ بۇ ھەقتە سۆزلىشىدۇ. بۇ ۋاقىت مارت ئېيىنىڭ بىر كۈنلىرى بولۇپ، تۇيۇقسىزلا ھاۋا بۇزۇلۇپ قار يېغىپ كېتىدۇ. "ئەندىكى بىردىن بىر ئۈمىدىمىز، بىزنىڭ قارشىمىزدىكىلەر ئارىسىدىن ئەڭ بولمىغاندا بىرسى ئەقلىنى ئىشلىتەلەيدىغان بولسىدا قالدى. ئېنگلىزلار بىزنى رۇسىيەنىڭ قولىغا تاشلاپ بېرىشنىڭ پۈتۈنلەي تەلۋىلىك بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەن بولىشى شەرت." ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشانغۇراشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئۇ دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالىدۇ. ئۇ، ھېسقا بۇ گەپلەرنى ھېچ كىمگە تىنماسلىقنىڭ شەرت دەيدۇ.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ، ئۇ ئىككىسى يەنە شۇ قارلىق يولدا ماڭغاچ سۆزلىشىدۇ. "چوقۇم بىر چارىسىنى قىلىشىمىز كېرەك، دەيدۇ رىبېنتروپ، بىر ئامالىنى قىلىپ بۇ قېتىمقى گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇشنىڭ بىر ئاخماقلىق ئىكەنلىكىگە ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنى قايىل قىلىش كېرەك." ئۇلار، گېرمانىيىنىڭ مەغلۇبىيىتى ستالىنغا قىلىنغان بىر ياردەم بولىدىغانلىقى ھەمدە ياۋروپا تەڭپۇڭلۇقىنى ۋەيران قىلىدىغان بىر

ئىش بولىدىغانلىقىنى نېمىشقا چۈشەنمەيدۇ؟ ياكى ئۇلار، ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادىكى ئورنىنىڭ زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆرەلمەمدۇ؟ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچى غەرب ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرىنىڭكىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرەلمىگەنمىدۇ؟ "بىز، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەلىبە قىلىشى ئىنگلىزلار بىلەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ تەلەپ قىلغىنىنىڭ دەل ئەكسى ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا ئۇقتۇرۇشنىڭ بىرەر چارىسىنى تاپالماسمىزمۇ؟" ئەنگلىيەدە ئۇزۇن يىل تۇرۇپ باققان ھېس، بۇنىڭ ئىمكانى يوق دەپ قارايتتى. گېرمانىيىگە ئوخشىمايدىغان يېرى، ئەنگلىيە-ئامېرىكا ئىككىسى بولشېۋىكلار پەيدا قىلغان ۋەھىمىگە بۋاستە دۇچ كېلىپ باقمىغانلىقى سەۋەبىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەلىبە قىلىشى، بۇ ئىككى ئىتتىپاقداش دۆلەتنى بەك ئەنسىرىتىپ كەتمەيتتى.

رىبېنتروپنىڭ قول ئاستىدىكى پېتېر كلېيست ئىسىملىك بىر خادىم، گەرچە ھىتلېر، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شۋېتسىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى كوللونتاي خانىمى بىلەن ئالاقىلىشىشقا رۇخسەت يوق دەپ ئالدىن ئېنىق يوليورۇق بەرگەن بولسىمۇ قارىماي، ئۆز بېشىغا تىرىشىپ يۈرۈپ رۇسىيە بىلەن كېلىشىش يوللىرىنى ئاختۇرۇشقا كىرىشكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئارىغا قويغان ئادىمى ئېدگار كلاۋۇز دېگەن كىشى بولۇپ، بۇ ئادەم شەرقى ياۋروپادىن كەلگەن تېگىنى ئېنىق بولمىغان بىر سودىگەر ئىدى. ئۇنىڭ رۇسچىسى بىلەن نېمىسچىسىنىڭ ھەر ئىككىسىلا بەكلا ناچار ئىدى. بۇ ئادەم شۋېتسىيەدە تۇراتتى.

ئايالى بولسا ئۇرۇس قېنىدىن بولغان شۋېتسىيەلىك ئىدى. كلاۋۇز، ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرى ستالىن بىلەن تروتسكىنى كۆرگەن بىرسى بولۇپ، ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ستوھكولمدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئىدى. شۇ يەردىكى نېمىسلار ئۇنى "يا بىر ئاتاغلىق پوچى يا بولمىسا بىر جاسۇس" دەپ تونۇيتتى. كلاۋۇس باش ئەلچىخانا خادىملىرى بىلەن ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سۆزلەشكەندىن كېيىن، 1943-يىلى 18-ئىيۇن، كلېيستقا بەرگەن دوكلاتىدا، سوۋېتلىكلەرنىڭ "بىز ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن بىر كۈنمۇ ئۇرۇشۇپ بېرىشنى، ھەتتا بىر مىنۇتمۇ ئۇرۇشۇپ بېرىشنى خالىمايدىغانلىق قارارىغا كەلگەنلىكىنى" ئېيتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېس قىلىشىچە، ئىدىيىۋى ئاق شەكلى ئىچىگە پېتىپ قالغان ھىتلېر، كاپىتالىستىك ئەللىرىنىڭ ھىلىسىنىڭ تەسىرىدە، ئۇلار تەرىپىدىن ئۇرۇش ئىچىگە پاتۇرۇۋېتىلگەن. ئۇلار يەنە بىر جەھەتتە قىزىل ئارمىيىنىڭ نېمىس قوشۇنلىرى ئۈستىدىن غالىبىيەت قازىنالايدىغانلىقى ھېس قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇرۇش ئاخىرلاشقىنىدا غەرب ئەللىرىنىڭ "پولات قورالىرىغا تاقابىل تۇرۇش" ۋەزىيىتىگە دۇچ كەلگىنىدە بەكلا

ئاجىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىشىدىكەن. سوۋېت ئىتتىپاقى ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىغا ئىشەنمەيتتى. چۈنكى بوگۇنگە كەلگىچە، ئۇلار تېخىچە ئۇرۇشنىڭ نىشانى بىلەن چېگراسى ھەققىدىكى مەسىلىلەردە ئېنىق ئىپادە بىلدۈرمەي كېلىشى؛ ياۋروپانىڭ ئىككىنچى ئۇرۇش سېپى ئېچىش دېگىنى ئۇستىدىمۇ ئېنىق بىر ۋەدە بېرىشمىگەن. ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئىككىسى ئافرىقىدا قۇرۇقلۇقتا چېققانلىقى، ئىوق مەركەز دۆلەتلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بولماستىن بەلكى ئۆز تەۋەسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچۇرۇشىدىن ساقلىنىشىنىلا مەقسەت قىلىۋاتقىنىدەك كۆرۈنۈۋاتقانلىقىنى ئويلايدىكەن. شۇنداق بولغاچقا، روزۋېلت بىلەن چېرچىل ئىككىسىنىڭ بەرگەن ۋەدىلىرى ھەققىدە توختالغان كلاۋۇس، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇنداق ۋەدىلەرگە ئىشىنىپ قالمايدىكەن. يەنە بىر تەرەپتىن، ھىتلېر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىۋېلىنغان بىپايان سوۋېت تۇپراقلىرى، سوۋېت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر نىشان بولالايدىكەن. بۇ ھەقتە ئېنىق سودىلىشىشنى دەرھال باشلىيالىشى مۇمكىن ئىكەن.

ستالىن پەقەتلا ئىككى نەرسىگە ئېھتىياجلىق ئىكەن: تېنچلىقنىڭ ئىزچىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئىقتىسادىي ياردەمگە كاپالەتلىك قىلىش. كلاۋۇسنىڭ ئېلىپ كەلگەن بۇ خەۋىرى رۇشەنكى، بىۋاستە سوۋېتلىكلەردىن قولغا كەلتۈرگەن ئۇچۇرلار ھېسابلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تەكلىپ ھەقىقەتەنمۇ قىزىقتۇرۇش كۈچىگە ئىگە بىر تەكلىپ بولۇپ كۆرۈنمەكتە ئىدى. شۇنداقتىمۇ، كلېيستنىڭ ئۆزى ھەر دائىم سوۋېتلىكلەر قولىدا ئۇيۇنچۇق قىلىپ ئوينىلىۋاتقان بىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. شۇ ئاخشىمى ئۇ، بىرەر قارارغا كېلەلمەي كوچىلاردا قىلچە مەقسەتسىز بىر قانچە سائەت ئايلىنىپ يۈرىدۇ.ئاخىرى، ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇش، ھەمدە ياۋروپانى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلاپ قېلىش ئېھتىماللا بولىدىكەن، كىچىككىنە بىر پايدىسى بولغىنىدىمۇ ئۇ بۇ ئىشقا كىرىشمەي باشقا چارىسى يوق ئىدى. ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، ھىتلېرنىڭ چەكلىگەن سۆھبەتنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىنكى مەزمۇننى "بوينىغا ئېلىپ ئېتىراپ قىلىش" ئۈچۈن بېرلىنغا قاراپ ئۇچىدۇ. ئەمما ئۇ بېرگخوف ئايرودرومىدا ئايروپىلاندىن چۈشەر-چۈشمەيلا "يەھۇدىي كلاۋۇس" بىلەن سۆيقەست تۈزۈشكەنلىك باھانىسى بىلەن قولغا ئېلىنىدۇ.

كلېيست ھرېيدرىخنىڭ ئورنىغا كەلگەن ئېرنست كالتېنبرۇنېر تەرىپىدىن سوراققا تارتىلىدۇ. بۇ كىشى بەستلىك، بويى ئىككى مېتىر ئەتراپىدا، ئۈزۈن ئېگەكلىك، تاتىراڭغۇ يۈزىدە تۈۋرىسىغا بىر پىچاق تاتۇقى بولۇپ، تاياقتەك ئۇرۇق ئىككى بىلىكى خۇددى شىمپانزىنىڭ قوللىرىغا ئوخشايتتى. كلېيستنىڭ قىلچە يوشۇرماي ئۇدۇل باياتلىرى ئۇنى

هاياجانلاندۇرىۋېتىدۇ: دېگەنلىرىگىدە راستىنلا يالغان گەپ يوقتەك قىلىدۇ، دەيدۇ. كلېيىستمۇ كلاۋۇسنىڭ يەھۇدىي ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ تۇرىۋالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ دېگىنىگىمۇ كالتېنبرۇنېر ئىشىنىدۇ؛ كلاۋۇسنى نازارەت ئاستىغا ئېلىش جازاسى بېرىلىپ، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن بۇ جازا ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. شۇندىن كېيىن، ئۇ خەتىرى ئاز يەنە بىر ئىشقا تۇتىشىدۇ: ئەسلى ئىستونىيەلىك بولغان بۇ شۆتىسىيەلىكنى قايتىدىن ئىشقا قويىدۇ. ئۇنى ھەيران قالدۇرغىنى، ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا تىنچلىق مەسلىسى قايتىدىن ئوتتۇرغا چىقىدۇ. بۇ قېتىمقىسىنى رىبېنتروپ ئوتتۇرغا قويغان ئىدى. شۇ يىلى ياز مەۋسۇمىدە، گېرمانىيە ئارمىيىسى كۇرسكتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچۇرىغاندىن كېيىن، رىبېنتروپ، گېرمانىيىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى قايتا ئوڭشىغىلى بولمايدىغان ھالغا كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، فۇھرېرنىڭ تەھدىت سېلىشىدىن قورقماسلىق كېرەكلىكىنى ھېس قىلىدۇ. 16-ئاۋغۇس كۈنى، ئۇ "بۆرە ئىنى" دە كلېيىستنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا "سېنى چاقىرتىشىمدىكى مەقسەت، سېنىڭدىن شۇ شىمالدىكى ئاخماقانە ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى بىلىپ بېقىش ئىدى. يەنى مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، سىزنىڭ ستوھكولمدا شۇ يەھۇدىي بىلەن كۆرۈشكەنلىكىڭىزنىڭ تەپسىلاتىنى سورىماقچىمەن. بۇ ئىشنى ئارخىپلاشتۇرۇپ بېكىتىۋېتىشتىن ئاۋال، بۇ ئىشنى سەندىن يەنە بىر قېتىم ئاڭلاپ بېقىشنى ئويلىدىم." شۇندىن كېيىنكى ئىككى سائەت ئىچىدە، ئۇ ئىككىسى كرېمىل سارىيىنىڭ ھەر تۈرلۈك غەرەزلىرىنى تەپسىلى تەھلىل قىلىپ چىقىدۇ.

ھىتلېرنىڭ سۆھبەتلىشىش مەسلىسىنى قايتا ئوتتۇرغا قويۇشىنى چەكلىۋەتكىنىگە پەرۋا قىلماي، رىبېنتروپ كلېيىست بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىنىڭ تەپسىلاتىنى فۇھرېرگە سۆزلەپ بېرىدۇ. فۇھرېر بۇنىڭدىن پەقەتلا رەنجىمەيدۇ. بۇ ئىشقا قارىتا بۇرۇنقى قارىشىنى قايتا تەكىتلەپ ئۆتىۋېلىش بىلەن بىرگە، موسكۋا بىلەن ھەرگىز تىنچلىق سۆھبىتىگە ئولتۇرمايمەن، بۇ ئۇرۇشنى رەھىمسىزلەرچە ئاخىرقى غەلبە قولغا كەلتۈرۈلگىچە داۋاملاشتۇرىمىز، دەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە كلېيىستنىڭ كلاۋۇس بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ قويماسلىقىنى، شۇنىڭدەك كرېمىل سارىيى يېڭى بىرەر تەكلىپنى ئوتتۇرغا قويىشى ھامان، بۇ تەكلىپنى دەرھال بېرلىنغا يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

كلېيىست ئۈچ ھەپتە بويىچە كلاۋۇس بىلەن ئاساسەن كۆرۈشمەيدۇ. سىنتەبىرنىڭ باشلىرىدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىنىدە، بۇ ۋاستە بولغۇچى (بۇ كىشىنىڭ رۇسلار ۋە نېمىسلار بىلەن زادى قانچىلىك يېقىن مۇناسىۋىتى بارلىقى توغرىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيە ئىككىسىلا ئېنىق بىر نېمە بىلمەيتتى) بەك خوشال كۆرۈنمەيتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىشنىمۇ بىلمەيدىغان كىشىلەر بىلەن سىياسىي ئىشلار ئۈستىدە ئىش قىلىشنى

ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. سوۋېتلىك بىرسى كلېيستنى ساقلاپ ستوھكولمدا 9 كۈن كۈتكەن بولسىمۇ ھېچ كىم كەلمەيدۇ. بۇ ئىشنى رەت قىلىپ-قىلماسلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر جاۋاب بەرمەي تۇرىۋالدى! دەيدۇ. كلېيست ئۇنى خاتىرجەم قىلىشقا تىرىشىپ، ئۇنى قايتىدىن مۇناسىۋەت تىكلىۋېلىش ئۈچۈن بىرىپ كوللونتاي خېنىمنى زىيارەت قىلىشنى ئۈندەيدۇ.

بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتىن كلاۋۇست يامان خەۋەر ئېلىپ كېلىدۇ.بىر قاتار ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغانلىقىدىن ئىلھال ئالغان سوۋېتلىكلەر، بۇندىن كېيىن نېمىسلار ئەكتىپلىق بىلەن باش ئەگمەيدىغانلا بولىدىكەن سۆھبەتكە ئولتۇرۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئالايلۇق، روزېنبېرگ بىلەن رىببېنتروپنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ ساداقىتىنى بىلدۈرۈشتەك سەدەممىيىتىنى ئىپادىلىشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالغان. كلېيست بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ؛ ئەمما ئۇنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرىغا بۇ گەپلەرنى دوكلات قىلغىنىدا، كۈتۈلمىگەندە سوۋېتلىكلەرنىڭ بۇ دېگەنلىرىدىن بەكلا مەمنۇن بولغانلىقىنى ئىپادىلىشىدۇ. ئەمما ئۇلار بۇ ئىشتىن ھىتلېرنىڭ تېنچلىق سۆھبىتىنى خالىماسلىقىنى كۆرسەتكەن ئىدى. بۇنىڭدىن كلاۋۇس ئېغىر بىرنى تىنىپ قويغاندىن باشقا، قىلچىمۇ ھەيرانلىق ھېس قىلمايدۇ. نېمىسلار تىنچلىق سۆھبىتى دېگەننىڭ نېمىلىكىنى پەقەتلا بىلمەيدىكەن، سۆھبەتلىشى نىيىتىڭ بولسا، چوقۇم سەۋرچان بولۇشىڭ كېرەك، شۇنىڭدەك سۆھبەت رەقىبىنىمۇ ئاز-تولا تونىغان بولۇشىڭ كېرەك، ئەمما بۇ ئىككى نوقتا ھىتلېردە كام بولغان نەرسە ئىكەن، دەپ ئويلايدۇ.

قىزىق يېرى، ئارىدىن 4 كۈن ئۆتكەندە، كلېيست، كلاۋۇسنىڭ بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىسىدىكى ئۈچۈر بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان كىشى ئۇنىڭغا تېخى يېڭىلا ئۇختۇرۇش قىلىپ، موسكۋا يېقىندا يەنە بىر قەتئىي ھەرىكەت قوللىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان! سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېرلىندا تۇرۇشلۇق سابىق باش ئەلچىسى، ھازىر مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار كومىسسارى بولغان دېكانوزوۋ بىر ھەپتە ئىچىدە بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا كلېيست بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىش ھوقۇقى بېرىلگەنلىكىنى ئۇقتۇرغان. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن بىر شەرتى بار ئىكەن: كلېيست چوقۇم دېكانوزوۋ ستوھكولمغا يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن بۇ يەردە تەييار بولۇشى؛ نېمىسلارمۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئالدىن كېلىشىمگە كېلىشىنىڭ ئىشارىتىنى بەرگەن بولۇشى شەرت ئىدى. رىببېنتروپ بىلەن روزېنبېرگ ئىككىسىنىڭ ئىستىپا بېرىلىشى سىگنالىمۇ شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، كلېيست سۆھبەتكە قاتنىشىش ھوقۇقى بارلىقىنى كۆرسەتتى.

”سېنىڭچە قانداق؟ دەپ سورايدۇ كلاۋۇس، چىرايىدىن بەكلا تەقەززار بولىۋاتقانلىقى

بىلىنىپلا تۇراتتى، بىز شۇنچە كۆپ تىرىشىپ يۈرۈپ ئاخىرى سۇغا پاتقان قىيىقنى سۇدىن چىقىرالىدۇقمۇ قانداق! مانا ئەندى، ھىتلېر قىيىققا چىقىپ يول كۆرسەتسىلا بولىدىغان يەرگە كەلگەندەك قىلىدۇ. بۇندىن كېيىن ئۇمۇ بۇ قىيىن ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇپ قالىدىغان بولدى. بۇنىڭغا ھىتلېر ماقۇل كېلەرمۇ؟"

10-سىنتەبىر كۈنى، كلېيىست بۇ ئىشلارنى رىببىنتروپقا تەپسىلى دوكلات قىلىدۇ. پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بۇنىڭدىن قاتتىق كۆڭلى يېرىم بولۇش بىلەن بىرگە قاتتىق رەنجىيدۇ. گېرمانىيە-سوۋېت مۇناسىۋىتىنى ئۇ بىر قوللۇق يېتىشتۈرۈپ چىققان بىر مۇناسىۋەت ئىدى. مانا ئەندى، سۆھبەتلىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىپ ئۇنىڭ ئىستىپا بېرىشى تەلەپ قىلىنماقتا ئىدى! شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇ يەنە ئويلىنىپ قالىدۇ: ئەجەبا دېكانوزوۋدەك بىر تارىخى بار بىرسى تېنچلىق سۆھبىتى دەيدىغان ئۇيۇندا ئوينۇتۇلۇۋاتقان بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟ سەل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاخبارات مەسئۇلى سۆز قىستۇرۇپ، موسكۋا رادىئو ئىستانسىسى ھېلىراقتا، دېكانوزوۋ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىپ سوفىيەگە باش ئەلچى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەشكە يولغا چىقىدۇ دەپ ئېلان قىلدى دەيدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان رىببىنتروپ، بۇ خەۋەر مېنىڭ گۇمانىمنى تەستىقلىماقتا، دەيدۇ. سوۋېتلىكلەرنىڭ سىياسەتتىن بەكرەك خەۋىرى بولغان كلېيىست، بۇ ئەسلىدە كرېمىل سارىيى تەمىنلىگەن بىر پاكىت ئىكەنلىكىنى؛ بۇ خەۋەر، دېكانوزوۋنىڭ راستىنلا بۇ ئىشلار بىلەن ئالاقىسى بار بىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىتەرەپ بىر دۆلەتتە ئوتتۇرغا چىقىشى چوقۇم سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ. شۇڭا ئۇ، بىزمۇ بىر خەۋەر ئېلان قىلىپ، شۇلېنبۇرگ يېڭىدىن گېرمانىيىنىڭ سوفىيەدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ باش ئەلچىلىكىگە تەيىنلەندى، دەپ ئېلان قىلايلى، دەپ تەكلىپ قىلىدۇ. رىببىنتروپ ياق بولمايدۇ، دەپ باش چايقايدۇ: فۇھرېر شۇرېنبۇرگنى ھەرگىزمۇ سوفىيەگە ئەۋەرتمەيدۇ! كلېيىست زېرىكمەي ئىزاھات بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ستالىنمۇ دېكانوزوۋنى راستىنلا ئۇ يەرگە ئەۋەرتكىنى يوق. "ئىككى دۆلەت ئېلان قىلغان بۇ تۈر خەۋەر پەقەت بىر سىگناللىق رولىنىلا ئوينايدۇ، يەنى بۇنداق بىر خەۋەرنىڭ مەنىسىنى پەقەت تاپقاق پالچىلارلا بىلەلىشى مۇمكىنكى، باشقا ھېچكىم بىلەلمەيدۇ."

رىببىنتروپ خۇددى بىر يېڭى يول كۆرگەندەك بولۇپ قايتىلاتىن ھاياجانلىنىپ دەرھال "بۆرە ئىنى" گە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ شۇ كىنى يېرىم كېچىدە قايتىپ كەلگىنىدە بېشى قېيىپ قالغان بىرسىدەك كۆرۈنەتتى: ھىتلېرنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن يوليورۇقى ھېچ نېمە بىلگىلى بولمايدىغان مۇجمەل بىر يوليورۇق ئىدى: كلېيىست مەن ھازىرچە شۇنتىسيەگە قايتىپ بارالمايمەن دەپ كلاۋۇسقا شەخسى خەۋەر يەتكۈزسۇن، دەپ

يولىيورۇق بېرىلگەن ئىدى. "ئامال قىلىپ مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشقىن، دەيدۇ رىببېنتىروپ، فولھېرېر رۇسىيىلىكلەرنىڭ بۇ ئىشتا قانچىلىك ئىلگىرى كېتەلىشىنى ئېنىقلىۋالماقچى." ئەتىسى، كلىپىست يەنە بىر قېتىم چاقىرتىلىدۇ. بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈش بەكلا ئۇمىدسىزلەندۈرىدىغان بىر كۆرۈشۈش بولغان ئىدى. يەنى فولھېرېر قەتئىي قارارغا كەلگەن بولۇپ، ھەر قانداق ئىش بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، قىسقا ۋاقىتلىق بولسىمۇ سوۋېتلىكلەر بىلەن بىۋاستە يېقىنلىششقا بولمايدۇ، دەپ يولىيورۇق بەرگەن ئىدى. كلىپىست روھى چۈشكەن ھالدا ئۈمىتسىزلىك ئىچىدە رىببېنتروپنىڭ يېنىدىن چىقىدۇ. ئۇلار بۇ ئىشتا ھەقىقەتەنمۇ كۆپ يېقىن كېلىپ قالغان ئىدى. ئەمما ئاقىۋەتتە يەنىلا ئىشلىرى ئەپلەشمەيدۇ.

7

ھىتلېر، ستالىن بىلەن سۆھبەتلىشىش دەيدىغان بۇ ئىشنى كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلغان ۋاقتى، ئاجايىپ بىر ۋاقىتقا توغرا كەلگەن ئىدى. شۇندىن ئىككى سوتكا ئاۋال، يەنى 8-سېنتەبىر كۈنى، ئىتتىپاقداش ئەللەر قوشۇنى سىجىلىيە ئارىلى بىلەن ئىتالىيەنىڭ جەنۇبىي ئۇچى ئارىسىدىكى تار بوغازدىن ئۆتۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مارشال بادوگلىئو رەھبەرلىكىدىكى ئىتالىيە يېڭى ھاكىمىيىتى غەرىپ ئەللىرى بىلەن ئۇرۇش توختۇتۇش شەرتنامىسىنى ئىمزالايدۇ. ھىتلېر خىلى بۇرۇنلا بادوگلىئونىڭ گېرمانىيىنى سېتىۋېتىشىنى پەرەز قىلغان بولسىمۇ، بۇ ئىش يەنىلا ئۇنى قاتتىق ئۆركىتىۋەتكەن ئىدى. ئۇ، بۇ قېتىمقى ساتقۇنلۇقنىڭ بۇنچىۋالا پەسكەشلەرچە بولىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنلىكى ئىدى (ئۇ ئالدىراشلىق بىلەن چاقىرتىپ كەلگەن گيوبېلسقا شۇنداق دېگەن).

ھىتلېر، ساردىنىيە بىلەن كورسىكا ئارىلىدىكى 54 مىڭ نېمىس ئەسكەرلىرىنىڭ تەقدىرىگە قاتتىق كۆڭۈل بۆلگەن بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ھەددىدىن ئارتۇق كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ ئىتتىپاقداش ئارمىيىسىنىڭ بۇنى پۇرسەت بىلىپ ئىككىنچى فرونت ئېچىۋېلىشىدىنمۇ قورقاتتى. تېخى يېقىندىلا ئەنگلىيەنىڭ رەھىمسىزلەرچە بومباردىمان ھەرىكىتى قوزغىغانلىقىمۇ، بۇ جەھەتتە ئەندىشە قىلىشىنى كۈرسىتىپ بەرمەكتە ئىدى. شەرقى ئۇرۇش سېپىدىكى يەنە بىر بوھرانمۇ ئۇنى ئۇمىدسىزلەشتۈرمەكتە بولۇپ، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئېغىر بېسىمى ئاستىدا نېمىس قوشۇنلىرى پارچە-پارچە دنېپىر دەرياسى تەرەپكە قاراپ چېكىنمەكتە ئىدى.

بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، گيوبېلسمۇ ستالىن بىلەن بىرەر يېقىنلىشىش ھەرىكىتىدە

بولۇش زۆرۈرمۇ قانداق دەپ ئويلاپ قالىدۇ. "قەتئىي بولمايدۇ، دەيدۇ ھىتلېر، ئەنگلىيە بىلەن سودىلىشىش ئۇنىڭغا قارىغاندا ئاسانراق. يەنى ئېنگلىزلار مەلۇم باسقۇچقا كەلگەندە ئاقىلانە ھالغا كېلەلەيدۇ." ئەمما گېبىبلىس بۇ گەپكە قوشۇلمايدۇ. ئۇنىڭچە بولغاندا، ستالىن رىياللىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان بىر سىياسەتچى بولغاچقا، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماق نىسبەتەن ئاسان، دەپ قارايتتى. بۇنىڭ ئەكسىنچە، چېرچىل دېگەن بۇ ئادەم بىر رومانتىك تەۋەككۇلچى بولغاچقا ھەق گەپ قىلىشقىمۇ ئۇنىماي تۇرىۋالىدۇ. "مەيلى بالدۇر مەيلى كېيىن بولسۇن، دەيدۇ گېبىبلىسپەرىزنى ئوتتۇرغا قويۇپ، بىز چوقۇم مۇنداق بىر مەسىلىگە دۇچ كېلىمىز: ئۇ تەرەپتىكى دۈشمەنگە يېقىنلىشىمىز كېرەكمۇ ياكى بۇ تەرەپتىكى دۈشمەنگە؟ بۇگۈنگە كەلگىچە، گېرمانىيە ئىككى سەپ بويىچە ئۇرۇش قىلىپ ئۇرۇشتا ئۇتۇپ چىققان ئەمەس. شۇڭا، بۇ قېتىمقىسىدىمۇ ئىككى سەپتە ئۇرۇش قىلىپ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. يول قويۇشنىڭمۇ يامىنى يوق." ئۇ يەنە، 1933-يىلى مۇۋاپىق بولمايدىغان تەلەپ بويىچە ھەرىكەت قىلغانلىق سەۋەبىدىن ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرەلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈپ، "1932-يىلى 13-ئاۋغۇستتا، بىز مۇتلەقلەشكەن تەلەپنى ئوتتۇرغا قويىۋالغانلىقىمىز سەۋەبىدىنلا مەغلۇپ بولغان ئىدۇق." بۇ قېتىمدا ئىتالىيەدىن ئايرىلىپ قالغانلىقنى چوقۇم ئېتراپ قىلىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈپ، خەلق ئوچۇق گەپتىن خەۋەردار بولۇشقا ھەققى بارلىقنى، شۇنىڭدەك فۈھرېرنىڭ رېئەبىلىتلەندۈرۈشى بىلەن خاتىرجەم قىلىشنى ئاڭلاشقىمۇ ھەققى بارلىقنى ئېيتىپ فۈھرېرنى بۇ ھەقتە دەرھال پۈتۈن خەلققە بايانات بېرىشكە ئۈندەيدۇ.

بۇ تەكلىپكە ھىتلېر نائىلاج ماقۇل بولىدۇ. 10-سېنتەبىر ئاخشىمى، ھىتلېر "بۆرە ئىنى" دا 20 بەتلىك ئۇزۇن بىر نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ نۇتقى لېنتىغا ئېلىنىپ بېرلىندا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە رادىئودىن ئاڭلىتىلىدۇ. "مەن شەرتسىز غەلبە قىلىدىغانلىقىمىزغا قەتئىي ئىشىنىمەن، دەيدۇ ھىتلېر، بۇ ئەقىدەم ھەرگىزمۇ ئۆز ھاياتىم ئاساسىغا تىكلەنگەن بىر ئەقىدىلا بولۇپ قالماي، خەلقىمىزنىڭ تەۋدىرى ئاساسىغا تىكلەنگەن بىر ئەقىدىدۇر." شۇنداق ئىكەن، مەيلى ۋاقىت ياكى قورال كۈچى نېمىس خەلقىنى ھەرگىزمۇ بويۇن ئەگدۈرەلمەيدۇ.

نۇتۇق ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە چاي ئىچىشكەن كىشىلەرمۇ ھىتلېرنىڭ روھى ھالىتى پەللىگە يەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭمۇ جاسارىتى قايتا ئەسلىگە كەلگەن ئىدى. "شۇنى قەتئىي ئېتراپ قىلىشىم كېرەككى، دەپ يازىدۇ گېبىبلىسنىڭ ئاخبارات خادىمى كۆندىلىك خاتىرىسىگە، مەنمۇ شۇ پەيتتە پۈتۈنلەي قايمۇقتۇرۇلغان ھالغا كەلگەن ئىدى. بۇ ئادەمنىڭ سېھىرلىك كۈچى نەدىن كېلىدىغاندۇ؟! مېنىڭدەك

زېھنى ئوچۇق بولغان كىشىلەر، ئۇنىڭغا بىرلا قارىسا ياكى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپلا قويسا ئۇلارنىڭمۇ كاللىسى قايمۇقۇپ كېتەتتى!“ شۇنداق بولىشىغا قارىماي، ئۇنىڭ رادىئو نۇتقىدا ئىشلەتكەن ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن ئىشلەتكەن جۈملىلىرى، دەھشەتلىك بومباردىمان ئاستىدا قالغان رادىئو ئاڭلىغۇچى خەلق ئاممىسى ئۈچۈن بەربىر قۇرۇق ئاۋۇتۇشتىن باشقىچە رولغا ئىگە ئەمەس ئىدى. شەرق ئۇرۇش سېپىدا ئېغىر چىقىم بەدىلىگە كەينىگە چېكىنىۋاتقان نېمىس ئەسكەرلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ ئۇلارنىڭ تەسىراتى بۇنىڭدىن پەرق قىلمايتتى.

ھىتلېرمۇ قۇرۇق داۋراڭلار بىلەن خەلقنىڭ غەيرىتىنى كۆچەيتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ، كەسكىن ۋە جىددى ھەرىكەت قوللىنىپ چوڭ ساسسو تاغ چوققىسى ئەتراپىدىكى بىر مېھمانخانىدا قامالغان مۇسسولىنىنى قۇتقۇزۇپ چىقىش قارارىغا كېلىدۇ. بۇ تاغ، ئاپپېننىنېس تاغ تىزمىسىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققىلاردىن بىرى بولۇپ، رىمغا 160 كىلومېتىر يىراقتا ئىدى. ئەگەر قىيا تاشلار چوخچىيىپ تۇرغان تىك يارلىق تاغ يولىدىن چىقىپ ئۇ يەرنى ئىگىلەشكە توغرا كەلسە بەكلا ئېغىر چىقىمدار بولۇش بىلەنلا قالماي، مۇسسولىنىنى قوغداپ تۇرىۋاتقان ئەسكەرلەرگە ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتىشكە پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بېرىش مۇمكىن ئىدى. ئەگەر بۇ يەرگە پاراشوت بىلەن ئەسكەر چۈشۈرۈلگەندىمۇ دۇچ كېلىدىغان خەتەر ئۇنىڭدىن ئاز ئەمەس ئىدى. شۇڭا، بۇ ئادەم قاچۇرۇش ئۈچۈن پىلانوردىن پايدىلىنىشنى قارار قىلىدۇ. ھىتلېر، ھەممىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ مەردانە ئىش ئۈچۈن ئاۋستىرىيىلىك يۇرتلىقى بولغان ئوتتو سكورزىنىي ئىسىملىك ئېس-ئېسچىلار كاپىتانىنى تاللىۋالىدۇ. بۇ كىشى ۋېيىنالىق بىرسى بولۇپ، بويى بىر مېتىر توقسەن بەش سانتىمېتىر كېلىدىغان ئېگىز بويلۇق بەستلىك بىرسى بولۇش بىلەن بىرگە، كۆرۈنۈشىمۇ كىشىنى ئۆركۆتكىدەكلا بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ يۈزىدە ئوقۇغۇچىلىق ۋاقىتلىرىدا كىشىلەر بىلەن 14 قېتىم دوئىلغا چىقىشتا قالغان بەكلا چوڭ چوڭقۇر تاتۇقى بار، مېڭىش-تۇرۇشلىرىدىكى قىياپىتىمۇ 14-ئەسىردىكى ئىتالىيە مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقىغىلا ئوخشاپ قالاتتى. سكورزىنىي قورقماي ھەرىكەت قىلىدىغان بىرسى بولۇپلا قالماي، يەنە پىلان تۈزۈشكىمۇ ئۇستا بىرسى بولۇپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشتا كېرەكلىك ئادەم سانىنى ئەڭ ئازدا تۇتۇشنى، ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ چىقىمنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاز بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان بىرى ئىدى. 12-سىنتەبىر يەكشەنبە كۈنى، چۈشتىن كېيىن سائەت 1 دە، ئۇ 107 نەپەر ئەسكەرنى ئېلىپ بىر مۇنچە پىلانورغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقىدۇ. پىلانور ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈشى بىلەن تارتىش ئاغامچىسى قاتتىق سىلكىنىپ ئۈچىدۇ. پىلان بويىچە ئۇلار رەسىمدە كۆرسىتىلگەن مۇسسولىن تۇتۇپ

تۇرىلىۋاتقانلىق مېھمان كۈتۈش يېنىدا بىر چىملىق ئۈستىگە قونىدىغان بولىدۇ.

تىنماي ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالىدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سېلىپ تۇرغان مۇسسولىنى قولىنى كەينىچە قوشتۇرۇپ ئوچۇق بىر پەنجىرە ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ ئۈشتۈمتۇت بىر پلانورنىڭ يىراقتىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ. ييقىنلاپ كەلگەندىن كېيىن تورمۇز رولىنى ئوينايدىغان بىر پاراشوت پلانورنىڭ قۇيرۇقىدا ئېچىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ پلانور يۈز مېتىردەك يىراقتا سۈرۈلۈپ بېرىپ جاھاننى لەززىگە سالىدىغان ئاۋاز چىقىرىپ يەرگە قونىدۇ. ئۇچىسىغا ھەربىي كاۋانكا كىيىشكەن 4~5 ئەسكەر دەرھال كابىنكا ئۈستىنى ئېچىپ پلانوردىن چۈشىدۇ. مۇسسولىنى ئۇلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ئەنگلىيە ئەسكەرلىرى ئەمەسلىكىنى پەرق قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا جىددى سىگنال چېلىنىپ كارابىن ئاپتوماتلىق مۇھاپىزەتچى قىسىم ئەسكەرلىرى گازارمىلىرىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا قالغان پلانورلارمۇ كەينى-كەينىدىن قونۇشقا باشلىغان ئىدى. ئۇلاردىن بىرسى مېھمان كۈتۈشتىن 20 مېتىردەكلا بىر يەرگە قونىدۇ. بۇ پلانور سكورزېنىنو ئولتۇرغان پلانورى ئىدى. ئۇ پەنجىرىگە قاراپ مۇسسولىنىنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. "دەرھال پەنجىرىدىن يىراقلىشىڭ!" دەپ ۋارقىرىغىنىچە يۈگۈرگىنىچە بىناغا كىرىدۇ.

سكورزېنى بىلەن ئەسكەرلىرى قارشىلىق كۆرسىتىشكە پېتىنغان بارلىق مۇھاپىزەتچىلەرنى بىرنىمۇ قويماي جايلىۋېتىدۇ. ئاندىن پەلەمپەيدىن ئاتلىغىنىچە ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ ئىشىكتىن بىرنى تېپىپ ئېچىپ كىرىدۇ. مۇسسولىنى ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى. "دوتچېم، مەن سىزنى ئازات قىلىشقا فۇھرېرىمىز ئەۋەرتكەن ئادەممەن!" دەيدۇ. مۇسسولىنى ئۇنى باغرىغا باسقىنىچە "بىلەتتىم، دوستۇم ئادولف ھىتلېر مېنى تاشلىۋەتمەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم" دەپ قۇتقازغۇچىسىغا پۈتۈن قەلبى بىلەن رەخمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مۇسسولىنىنىڭ كۆرۈنۈشى سكورزېنىنىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. كۆرۈنۈشى راستىنلا كېسەل بىرسىگىلا ئوخشايتتى. ئۇچىسىغىمۇ پەقەتلا ياراشمىغان بەكلا غەلىتە كىيىم كەيگەن بولۇپ، يۈز-كۆزىنى ساقال بېسىپ كەتكەن، بېشىمۇ بۇرۇنقىدەك تاقىر باش بولماي، تىكەندەك قىسقا چاچلار ئۆسۈپ كەتكەن ئىدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 3 تە، ئۇلار "فىيسېلېر-ستورك" تىپلىق كىچىك بىر ئايروپلانغا چىقىدۇ. بۇ ئايروپلان سەل ئاۋال بۇ يەردىكى چىملىققا بىخەتەر قونغان ئىدى. مۇسسولىنى بىر تەرەپتىن ئەركىنلىككە ئېرىشكىنىدىن خوشال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قاتتىق ئالاقىزادىلىك ئىچىدە قالغان ئىدى. ئۇمۇ بىر لېيتچىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق ئوتلاق ئۈستىدىن بۇ ئايروپلاننى ئۇچۇرۇشنىڭ بەكلا خەتەرلىك بىر ئىش ئىكەنلىكىنى

ياخشى بىلەتتى. ئايروپىلان تاش-شېغىللار ئۈستىدە تاراخلىغىنىچە قاتتىق سىلكىنىپ تېزلىنىپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇرغان هاڭ تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئاخىرى بۇ ستورك يەردىن كۆتۈرۈلىدۇ. ئەمما دەل شۇ پەيتتە ئايروپىلاننىڭ سول چاقى قىيا تاشلاردىن بىرىگە ئۇرۇلۇپ كەتكەندەك قاتتىق سىلكىنىدۇ. ئايروپىلان يەردىن كۆتۈرۈلىۋاتقان بىلەن تەڭ ئالدىدىكى هاڭغا قاراپ شۇڭغۇشقا باشلايدۇ. سكورزنىي ئايروپىلاننىڭ يەرگە چۈشۈپ پاچاقلىنىشىنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن كۆزىنى يۇمۇۋالغان بولسىمۇ، لېيتچېك ئاخىرقى هېساپتا ئايروپىلاننى تىزگىنىگە ئېلىپ يۇقۇرىغا قاراپ ئۇچۇرۇشقا باشلايدۇ. چىملىق ئۈستىدە تۇرغان بىرمۇنچە نېمىس ۋە ئىتالىيانلارنىڭ تەنتەنىلىرى ئىچىدە ئايروپىلان يار ئىچىدە ئۇچۇپ يولغا راۋان بولىدۇ. (سكورزنىينىڭ ئەسكەرلىرى پىلانۇرلىرىنى ماشىنىغا سۆرىتىپ كۆپۈنچىسى ئۇچۇپ ئۇ يەردىن قېچىپ قۇتۇلىدۇ. ئەمما ئۇندەك ئەسكەر پىلانۇر قونۇش ۋاقتىدا يارىلىنىدۇ. – ئا. ھ. ئى)

بۇ چاققىچە هېچكىمدىن ئۈن چىقمىغان ئىدى. شۇ چاغدىلا سكورزنىي پەقەتلا ھەربىيلەرگە ياراشمايدىغان بىر ھەرىكەت بىلەن مۇسسولىنىنىڭ مۈرىسىنى پەپىلەپ ئۇنى خاتىرجەم قىلىدۇ. بىر سائەتكە قالماي ئۇلار رىمغا كېلىپ قونىدۇ. ئاندىن قوش موتورلۇق بىر "هېيىنكېر" بىلەن ۋېيىنناغا قاراپ ئۇچۇپ، شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە يېتىپ بېرىپ "ئىمپىرىيال مېھمانخانىسى" غا چۈشىدۇ. كاپىتان سكورزېنىي ئىككى قۇر ئۈيقا كىيىمى تېپىپ بېرىدۇ. ئەمما دۇتچە ئۇنى كېيىشكە ئۇنىمايدۇ. "ياتقاندا مەن ھەرگىز كىيىم بىلەن ياتمايمەن، دەيدۇ دۇتچە، كاپىتان سكورزېنىي سېنىڭمۇ كىيىمسىز يېتىشىڭنى تەۋسىيە قىلىمەن، ئۇ هېجاراپ كۈلۈپ كېتىدۇ: بولۇپمۇ ئايال بىلەن بىرگە ياتقىنىڭدا تېخىمۇ شۇنداق قىل."

يېرىم كېچىلىك داڭ ئۇرۇلغاندىن كېيىن، سكورېزېنىينىڭ تېلېفونى جىرىڭلايدۇ. تېلېفون هىتلېردىن كەلگەن ئىدى. هىتلېر بۈنىڭدىن ئاۋال قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى ھەققىدە بىرەر خەۋەر ئالالمىغاچقا، "خۇددى تۆمۈر قەپەزدە سولاقتا قالغان شىرغا ئوخشاش تىنماي ئالدى-كەينىگە مېڭىپ ھەر قېتىم تېلېفون جىرىڭلىغىنىدا بېرىپ تروپكىنى ئالاتتى." بەكلا هاياجانلىنىپ كەتكەچكە ئاۋازىمۇ بەكلا قوپال چىقىپ كېتىدۇ. "ئۇ ھەربىي ئىشلار ساھەسىدە بىر رېكورت ياراتتى. بۇ ھەرىكەت تارىخنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىدۇ، _ دەيدۇ هىتلېر هاياجانلانغان هالدا، _ سىز مېنىڭ دوستۇم مۇسسولىنىنىڭ قايتۇرۇپ كەلدىڭىز."

مۇسسولىن مىيونخېندا قىسقا مۇددەتلىك تۇرۇپ ئۆتۈش جەريانىدا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولىدۇ. 14-سىنتەبىر سەھەردە سكورزېنىي بىلەن بىرلىكتە شەرقى پرۇسىيىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. فۈھرېر "بۆرە ئىنى" دىكى ئايرودرومدا دوچەنى كۈتمەكتە ئىدى.

مۇسسولىن ئايروپىلاندىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگىنىدە ھىتلېر بۇ دوستىنى قىزغىنلىق بىلەن قوچاغلاپ كۆرۈشىدۇ. ئۇ ئىككىسى قول تۇتۇشقىنىچە بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن، ھىتلېر بۇرۇلۇپ ئېھتىيات بىلەن ئايروپىلاندىن چۈشۈپ ساقلاپ تۇرغا سكورزېنىيغا قاراپ قايتا-قايتا رەخمەت ئېيتىدۇ. شۇنداق قىلىپ سكروزېنىيمۇ بۇ قېتىمقى ئاجايىپ ھەرىكىتى سەۋەبىدىن ھىتلېرنىڭ مەڭگۈلۈك ئەتىۋارلىق بالىسىغا ئايلىنىدۇ. بۇ ئىش يەنە ئۇنىڭ دوستلىرى بىلەن دۈشمەنلىرىنىڭ ھۆرمىتى بىلەن چوقۇنۇشىنى يارىتىپ بېرىدۇ. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، نېمىسلارنىڭ جاسارىتى مۇسسولىننى قۇتقۇزۇپ چىقىش سەۋەبىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۇسۇلى سەۋەبىدىنمۇ زور دەرىجىدە كۈچلىنىدۇ.

فۈھرېر مۇسسولىننىڭ بادوگلىئو بىلەن ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ئۈستىدىن قىساس ئېلىش ھەرىكىتىنى باشلىشىنى تەققەززارلىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. ئەمما مۇسسولىننىڭ پۈتۈن خىيالى رومىنيەگە بېرىپ يوشۇرۇنۇشتىلا قالىدۇ. ئەندى ئۇ، كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ سىياسىي ھاياتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بىردىن-بىر ئىستىقبالى ھىتلېرنىڭ قولىدىكى بىر تۇتقۇندىن باشقىچە بولالمايتتى. ئەمما ھىتلېر بولسا مازاق قىلىش ۋە ئاداۋەت بىلەن جاۋاپ بېرىدۇ. "مەن ئۆزۈن يىللاردىن بېرى سەركەردىلىرىمگە فاشىزم نېمىسلارنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئىتتىپاقدىشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ كەلدىم. ئىتالىيە مونارخىيىسىگە بولسا ئەزەلدىن ئىشەنمىگەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ سىزنىڭ قوللىشىڭىز ئاستىدا مەنمۇ سىزنىڭ پادىشاھقا قارىتا قىلغانلىرىڭىزغا قىلچە توسالغۇ بولىدىغان ئىپادىدە بولۇپ باقمىغان ئىدىم. ئەمما مەن سىزگە شۇنى ئېتىراپ قىلىمەنكى، سىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى مۇئامىلىلىرىڭىزنى نېمىسلار ئەزەلدىن چۈشەنمەي كەلگەن ئىدى." بۇ تۈر تەھدىتلىك گەپلەردىن كېيىن، ئۇ يەنە شۇ ھامان، توغرىسى يامان غەرەزلىك بىلەن ۋەدە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: گەرچە بادوگلىئو ئۇنىڭغا خائىنلىق قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا يېڭى جۇمھۇرىيەتتە قايتىدىن بۇرۇنقى ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلىش خىيالىلا بولىدىكەن، يەنىلا ئىتالىيەگە ئاق نىيەتلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. "بۇ ئۇرۇشتا بىز چوقۇم يېڭىپ چىقىمىز. ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئىتالىيەنىڭ ھاكىمىيەت كۈچى چوقۇم قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ تۈپكى شەرتى، فاشىزم چوقۇم قايتا ئەسلىگە كېلىدىغان بولىشى، ۋەتەن ساتقۇچلار چوقۇم قانۇن بويىچە جازاغا تارتىلىشى شەرت." ئۇنداق بولمايدىكەن، ھىتلېر چوقۇم ئىتالىيىنى دۈشمەن دەپ تونۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇنداقتا، گېرمانىيەمۇ كەلگۈسىدە ئىتالىيىنى ئىشغال قىلىپ ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئېلىشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

بۇ گەپلەردىن كېيىن مۇسسولىن يۇمشاپلا قالىدۇ. ئەگەر ھىتلېرنى ئۆز ئىختىيارىغا

قويۇپ بەرمىگەنلىكىدە، ئىتالىيە خەلقى ئازاپ ئىچىدە قالىدۇ، دەپ ئويلايتتى. شۇڭا ئۇ سىياسىي ساھەدىن چېكىنىپ چىقىپ پۈخرالىق تۇرمۇشىغا قايتىپ كېتىش پىلانىدىن ۋاز كېچىپ، بۇگۈندىن ئېتىبارەن ئىتالىيە فاشىزمىغا قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان رەسمىي بىر باياناتنى ئېلان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، 4 ماددىلىق بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، بادوگلىئو تەرىپىدىن ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلانغان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش، فاشىست خلق ئەسكەرلىرىنى قايتىدىن تەشكىللەپ چىقىش، پارتىيە گېرمانىيە قوشۇنلىرىنى ھىمايە قىلىش، شۇنىڭدەك 25-ئىيۇلدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشكە ئالاقىسى بولغان كىشىلەرنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى سۈرۈشتە قىلىشنى بەلگىلەيدۇ. ھىتلېر پۈتۈنلەي ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئىتالىيە مۇھىتىنى ئۆزگەرتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇ شېرىكىدىن ھېچقانداق بىر ئۈمىد كۈتمەس ھالغا كېلىدۇ. "ئېتىراپ قىلىمەنكى، مەن ئالدانىدىم، _ دەيدۇ ھىتلېر يېنىدىكىلەرگە، _ ئەسلىدە مۇسسولىنى بەكلا ئادەتتىكى بىر نەرسە ئىكەندۇق."

مېھمانلار بىلەن قىسقىلا بىرلىكتە بولغان بۇ پەيتتە ھىتلېر ئۇلارغا رۇسىيە بىلەن بۇ ئىشنى پۈتتۈرۈش توغرىلىق ئىش باشلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەسلىدە ئۇ، بۇ گېپىنى مۇسسولىنىغا قارىتىپ ئېيتقان بولسىمۇ، شۇ يەردە بولغان رىببېنتروپ راس ئوخشايدۇ دەپ ئىشىنىپ قېلىپ، شۇ ھامان كېلىپ فۇھرېردىن بۇ ھەقتە يولىيورۇق سورىغۇدەك، ھىتلېر ئۇنىڭغا بىر نېمىلەر دەپ غۇدۇڭشۇپ ئېنىق بىر نېمە دېمەيدۇ. ئەمما ئۇ ئىككىسى يالغۇز قالغان پەيتىدە ھىتلېر بۇ تاشقى ئىشلار مىنىستىرىگە بۇ ھەقتە ھەرقانداق بىر ھەرىكەت قوللىنىشنى مەنئىي قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ رىببېنتروپنىڭ بۇنىڭدىن باتنىغاندەك قىياپىتىنى ھېس قىلدى ئەتىمالىم، كېيىن ئۇنىڭ تۇرغان يېرىگە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلەشكىلى كېلىدۇ. "سەنمۇ بىلىسەن رىببېنتروپ ئەپەندىم، بۈگۈن مەن رۇسلار بىلەن بۇ ئىشنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولسامۇ ئەتىلا يەنە ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشىدىغانلىقىم ئېنىق. بۇنىڭغا مېنىڭ نېمە ئالىم بار دەيسەن؟"

رىببېنتروپ ئەزەلدىن ئۆز خاھىشى بويىچە پىكىر قىلىپ ئادەتلەنگەن بىرى ئىدى. شۇڭا ئۇ ھىتلېرنىڭ كۆڭلى يۇمشاپ قالار دەپ ئويلايتتى. 22-سىنتەبىر كۈنى يېرىم كېچىدە، ئۇ كلېيستقا تېلېفون قىلىپ، ئەتىسى ستوھكولمغا ئۇچۇش ئىمكانى بار يوقلۇقىنى سورايدۇ. كلېيست بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەكلا ھەيران قالىدۇ. شۇڭا ئۇ، ئەگەر ئېنىق بىرەر يولىيورۇق بولمىغىنىدا ئۇ يەرگە بېرىشىنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. رىببېنتروپمۇ بۇ ھەقتە بىرەر يولىيورۇقنىڭ يوقلۇقىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ يولىيورۇقنىڭ بولۇش بولماسلىقىغا قارىماي دەرھال بېرىپ كېلىشنى ئۆتۈنىدۇ.

ئەتىسى كەچلىك تاماق ۋاقتىلىرىدا، گېيوبېلس ھىتلېرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان پەيتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنى بىرەر تېنچلىق چارىسى ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ بېقىشقا ئۈندەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەنگلىيە ياكى رۇسىيەدىن قايسى بىرىنى تاللىۋالسىمۇ بولىۋېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھىتلېر بۇ گەپكە قارىتا، چېرچىل بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىمەن دېيىشنىڭ قىلچە مەنىسى يوقلىقىنى، بۇ ئادەم ئۆزىگە ھەقىقەتتىنى ئەمەس بەلكى نەپرەتتىنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىۋالغان بىرسى ئىكەنلىكىنى؛ ئەمما ستالىن بولسا گېرمانىيەنىڭ شەرقتە بولغان ھەر تۈرلۈك تەلەپلەردە بولىشىنى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

شۇنداق بىلىپ، ئەنە شۇنداق بىر مۇھىت ئاستىدا كلېيىست شۋېتسىيەگە قاراپ يەنە بىر قېتىم يولغا چىقىدۇ. بۇ سەپەر جەريانىدا، كلېيىستنىڭ روھى ھالىتى بەكلا قالايماقانلىشىپ كەتكەن بولۇپ، غەم-ئەندىشە بىلەن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تولغانماقتا ئىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، ھىتلېر بۇ كۈنلەردە تېنچلىق ئويۇنى ئويناش بىلەنلا مەشغۇلدەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئۇ ستوكھولمغا بارغاندىن كېيىن، روھى قىياپىتى بەك جايىدا بولمىغان كلاۋۇس، كلېيىستقا گېرمانىيە تېخى يېقىندىلا تېنچلىق سۆھبەت شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، سىزمۇ بۇندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئەلچىخانىسىنىڭ كۆرۈشۈشنى خالىمايدىغان ئادەملىرىدىن بىرىگە ئايلاندىڭىز، گېرمانىيەمۇ شەرقتىكى ئەڭ ئاخىرقى تېنچلىق پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولدى، دەيدۇ. ئۇ راست دەيتتى. 10 كۈن ئىلگىرى، ستالىنمۇ ياپونىيىنىڭ ۋاستىچىلىقىدىكى تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش تەلىپىنى رەت قىلىۋەتكەن، شۇنىڭدەك بۇ ئىشنى شۇ ھامان ۋاشىنگتونغا ئۇقتۇرغان ئىدى. كەينىدىنلا، نەچچە ئايلىق باھانە كۆرسىتىشلەردىن كېيىن، ستالىن تېھراندا چېرچىل ۋە روزۋېلت بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ماقۇل كېلىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىن نويابىرنىڭ ئاخىرلىرى ئۆتكۈزۈلىدىغانغا بېكىتىلگەن بولۇپ، ئۇلار يىمىرىلمەس ”بۈيۈك ئىتتىپاقداشلىق“ بەرپا قىلغاندەك كۆرۈنەتتى.

# 27. "ياۋۇز ھەمرا"

1944.4~1943.4

1

مۇتلەق كۆپ ساندىكى نىمىسلارنىڭ نەزىرىدە ھىتلېرنىڭ يەھۇدىيلارغا بۇ تۈردە مۇئامىلە قىلىشىغا ئۇنچە بەك ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيتتى. "داۋۇت شاھنىڭ ئالتىشۋارى" نى تاقىۋالغان يەھۇدىي قوشنىلىرىنىڭ تەغدىرىگە ئۇلار ھېچقاچان كۆڭۈل بۆلۈپ باققان ئەمەس. يەنى ئۇلار بەربىر شۇنداق بولىشى كېرەك ئەمەسمىدى؟ شۇڭا بۇ قوشنىلىرىنىڭ غايىپ بولۇشىنى بىلىسىمۇ، ئەھ، ئۇلارنى بەلكىم چېگرادىن قوغلاپ چىقاردى ھەقچان، دەپلا ئۆتكۈزىۋېتىشەتتى. ئەگەر ئۇلار بىرەر چەتئەل رادىئوسىدىن ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ۋەتىنى توغرىسىدا چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان بىرەر سۆز-چۆچەك ئاڭلىتىشنى ئاڭلىغىنىدىمۇ، بۇنداق گەپلەرگە پەرۋايى پەلەك، بۇمۇ ئۇلارنىڭ مەخسۇس ئۇيدۇرۇپ چىقىرىۋاتقان ئاڭلىتىشلىرى دەپلا يۈرۈۋېرەتتى.

قىرغىن قىلىش مەركەزلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىدىغان كىشىلەر بەكلا ئاز ئىدى. بۇ تۈردىكى ئادەم ئۆلتۈرۈش مەركەزلىرىنىڭ مۇتلەق لكۆپ قىسمى پولشاغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئەتراپى نەچچە كىلومېتىرلىق بوش ئېتىزلىقلار بىلەن ئايرىلىپ تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن، كىرىش ئېغىزىغىمۇ "كىرىش مەنئىي قىلىنىدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلار سۈرۈشتە قىلىنماي ئۆلتۈرۈلىدۇ" دېگەن ئەسكەرتىش يېزىلغان تاختىلار ئېسىلغان ئىدى. مەخپىيەتلىكنى ساقلاش مەقسىتىدە، يىغىپ كېلىنگەن يەردىن بۇ قۇشخانىلارغا ئېلىپ كېلىش يوللىرى ئىنتايىن سىرلىق ۋە تېز ھەرىكەت قىلىدىغان، شۇنىڭدەك قىزىقارلىق رىۋايەتلەرنى تارقىتىپ يۈرگەن بولاتتى: "ئالاھىدە ئىشلار ئىشلىنىدۇ"، بىر پۈتۈن ھالىتىدە ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن ئادەم ئۆلتۈرۈش مەركەزلىرىگە "شەرق" دەپ نام بېرىلەتتى؛ ئايرىم مەركەزلەرگە بولسا ئەمگەك لاگىرى، يىغىۋېلىش لاگىرى، يۆتكەش لاگىرى ياكى ئۇرۇش ئەسىرلەر لاگىرى دېگەندەك ناملار بېرىلەتتى؛ زەھەرلەش كامىرلىرى بىلەن ئۆلۈك كۆيدۈرۈش خۇمدانلىرى "مونچا" ۋە "جەسەت خۇمدانى" دەپ ئاتىلاتتى.

بىۇ يەرلەردىكى ۋەھشىيانىلىكلەر سىرتقا تارقالغىنىدا بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان گەپلەر دەپ جاۋاپ بېرىلەتتى. مۇھىم ناتسىست ئەزاسى بولغان ھانس لامبىرس، ھىملېرگە بىر دوكلات سۇنۇپ يەھۇدىيلارنىڭ كەك كۆلەملىك قىرغىن قىلىنىشاتقانلىقىنى ئېيتقىنىدا، ھىملېر بۇنداق ئىش يوق دەپ شۇ ھامان ئىنكار قىلىدۇ. ھەمدە فۇھرېرنىڭ ھېيدرىخ ۋاستىسى بىلەن چۈشەرگەن "ئاخىرقى ھەل قىلىش" دېگەن بۇيرۇقىنىڭ يەھۇدىيلارنى گېرمانىيە ئانا ۋەتىنىدىنكۆچۈرىۋېتىشتىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يۆتكەش جەريانىدا كېسەل بولغانلار ۋە دۈشمەن ئايروپلانلىرىنىڭ بومباردىمانى سەۋەبىدىن بەزىلىرىنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلمەي ئۆلۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللارنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، تۇپلاڭ كۆتۈرۈش سەۋەبىدىنمۇ بىر مۇنچە يەھۇدىينى باشقىلارغا ئىبرەت قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئېتىپ تاشلاشقا مەجبۇر قالغانلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. ھىملېر، لامبىرسقا مۇتلەق كۆپ قىسىم يەھۇدىيلار شەرقتىكى ھەر قايسى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا مۇۋاپىق تۇردە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىغا ئىشەندۈردى. ئۇ يەنە ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە تارتىلغان بىر رەسىمنىمۇ كۆرسىتىپ، يەھۇدىيلارنىڭمۇ ئۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىدۇ: ئۇلارنىڭ بەزىسى موزدوزلۇق بىلەن، بەزىسى كىيىم تىككۈچىلىك بىلەن ياكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. "بۇ دېگەن فۇھرېرىمىزنىڭ بۇيرۇقى، _ دەيدۇ ھىملېر قاتتىغراق قىلىپ، _ ئەگەر بۇ ھەقتە بىرەر ھەرىكەت قوللىنىش كېرەك دەپ قارىساڭ، بۇ دوكلاتنى ساڭا يەتكۈزگەن كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى فۇھرېر بىلەن ماڭا خەۋەر قىلغۇەت."

لامبىرس بۇ سىرنى ئاشكارىلاشنى رەت قىلىدۇ ھەمدە ھىتلېردىن بۇ جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ مەلۇمات ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ خوشلىشىپ چىقىدۇ. ئەمما ھىتلېرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش جاۋاپ بېرىدۇ. "بۇ يەھۇدىيلارنى نەگە ئاپىرىش ھەققىدە كېيىنچە قارار بېرىمەن. خاتىرجەم بول، ئاڭغىچە ئۇلار شۇ يەردە ياخشى كۈتۈلىدۇ" دەيدۇ لامارىسنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن.

ھىتلېرغا يېقىن كىشىلەر ئارىسىدا، "شەرق" تە نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىدىن راستىنلا خەۋىرى يوق ئىدى. ئۇلاردىن باشقا نۇرغۇن كىشىلەر، يەنى ئۆزىنى ئۆزى ئالداپ يۈرۈۋاتقان دەردىنى تارتقان كىشىلەر بۇ تۇردىكى پاجىئەلەردىن ئېنىق خەۋەردار بولمىغاندەك قىلىشتى، ئۇلارمۇ مەلۇم مىقتاردا بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان ئىدى. "ھىتلېر بۇنداق ئىشلارغا دىققەت قىلمىغان دەيدىغان گەپ-سۆزلەرگە بەك ئىشەنىپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك. – دەپ يازىدۇ كېيىنكى شىكايەتنامىدا ھانس فرانك، تەبىئىكى ئۆزىنىمۇ قوشۇپ ئەرز قىلىدۇ بۇ شىكايەتنامىسىدا، _ گەرچە ئۇنىڭچىلىك تەپسىلى بىلىپ

كىتەلمىسەكمۇ، بۇ تۈزۈمىمىزدە قورقۇنۇشلۇق بىر يىتەرسىزلىك بارلىقىنى ھەممىمىز ھېس قىلماقتا ئىدۇق. بىز بۇلارنى بىلىشنى خالىمىدۇق، خالاس! بۇنداق بىر تۈزۈمگە تايىنىپ ياشىغىنىمىزدا، تۇرمۇشىمىز ھەقىقەتەنمۇ راھەت-پاراغەتلىك ئۆتەتتى. ھەتتا خان سارىيىدىكىلەردەك راھەت ياشىدۇق دېسەكمۇ بولىدۇ. شۇڭا ھەممىمىز بۇنداق كۆڭۈلەرنى خالىغان ئىدۇق.“

بۇ گەپلەر مۇنداق بىر كىشى تەرىپىدىن تىلغا ئېلىنماقتا ئىدى: بۇ كىشى تېخى يېقىندىلا قول ئاستىدىكىلەرگە بىز ھەممىمىز يەھۇدىيلار ئۇرۇقىنى تۈگىتىش ھەرىكىتىگە ياردەمچى بولغان جىنايەتچىلەرمىز؛ بۇ ھەرىكەتلەر نەپرەتلىنىشقا تېگىشلىك ھەرىكەت ھېسابلانغىنىدىمۇ، ”ياۋروپا مەنپەئەتىنى چىقىش نوقتىسى قىلغىنىمىزدا، بۇ ئىشلارنى قىلىش زۆرۈر دەپ تونۇشىمىز كېرەك“ دېگەن ئىدى. ئۇ ئەسلى پولشانىڭ گوبېرناتورى بولغاچقا، بۇ بۇيرۇقنىڭ بىۋاستە فۈھرېردىن كەلگەن بۇيرۇق ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدىغان بىرسى ئىدى. ئەمما پۈتۈن نېمىسلار ئادەتتە ھىتلېر ھەر قانداق بىر زوراۋانلىق ھەرىكىتىگە چېتىشلىق ئەمەس دېگەن گەپكە قاتتىق ئىشىنەتتى. ”پۈتۈن خەلق، فۈھرېرنىڭ بۇ ئىشلاردىن پەقەتلا خەۋىرى يوق ئىدى، ياكى بولمىسا بۇ ئىشلاردىن خەۋەردار بولالىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، بولمىسا چوقۇم بۇ ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ئىشقا سالغان بولاتتى، دېگەنگە قاتتىق ئىشىنەتتى. قىسقىسى، كىشىلەر ھىتلېر بۇ ئىشلاردىن پەقەتلا خەۋەردار بولالمايتتى، ياكى بولمىسا زادى قانچىلىك دائىرىدە بۇنداق ئىشلار بولىۋاتقانلىقىدىن خەۋەردار بولۇش ئىمكانى يوق ئىدى دەپ قارىشاتتى. ئەمما مېنىڭچە بۇ ئىشلاردا كىشىلەرنى ئۇزۇنغىچە كۆزنى بۇياپ يۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس، كىشىلەر يەنىلا ئارزۇ قىلغانلىرىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىنىلا ئۈمىد قىلىشاتتى.“ بۇ گەپلەر، ئەشەددىي ناتسىست بولغان بىر قىزنىڭ دوستىغا يازغان خېتىدە ئاخىرقى ھەل قىلىش سۆزىنى ئوتتۇرغا قويۇشتىن ئاۋال ”راھەت ئۆلۈم لايىھەسى“ نى تەرغىپ قىلغىنىدا دېگەن گەپلەر ئىدى.

ھىتلېرنىڭ ئەتراپىدىكى خىزمەتچىلەر، ”ئادى تاغىسىنىڭ“ يەھۇدىيلارنى قىرىپ تۈگىتىش بۇيرۇقى چۈشۈرىدىغانلىقىنى زادىلا قىياس قىلالمايتتى. بۇنى قىياس قىلىش پەقەتلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دېمىسىمۇ، شۇنداق بىلەن ئېنگېل ئىككىسى قۇرۇقلۇق ئارمىيىدە بىر قىسىم يەھۇدىي قىنىدىن بولغان ئوفىتسېرلارنىڭ داۋاملىق ۋەزىپىسىدە قالسۇن دەپ تەلەپ قىلىپ فۈھرېرنى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن قايىل قىلالىغان ئەمەسمىدى؟ ئەسلىدە فۈھرېرنىڭ كەينىدە تۇرىۋېلىپ بۇنداق ئۇيۇنلارنى ئويناپ يۈرگەن مۇتىھەملەر يا بورمان، ياكى بولمىسا ھىملېردەك كىشىلەر دەپ قارىلاتتى. ئەمما بۇ كىشىلەرنىڭ ھەر

ئىككىسىلا ھىتلېرنىڭ ۋاكالەتچىلىرىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، "ئاخىرقى ھەل قىلىش" نى پەقەت ھىتلېرلا ئويلاپ تاپالايدىغان بىر ئىش، پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىلا بۇ ئىشقا بۇيرۇق قىلىپ ئىجرا قىلدۇرالايدىغان ئادەم ئىدى. ئەگەر ھىتلېر بولمىسا ئىدى، "ئاخىرقى ھەل قىلىش" نىڭ بولىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى؛ شۇنداقتىمۇ ھىتلېر، كىشىلەرگە ئېنىق بىر پاكىت كۆرسەتكىنىدىلا جازالىنىشتىن ساقلىنالايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. ئادەملەر قىساس ئېلىش بىلەن بىر-بىرىگە تەھدىت سالالىشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئىنسانلار بەربىر بەكلا ئۇنتۇتقاق كېلىدۇ. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە تۈركلەر بىر مىليون ئەرمەننى قىرىپ تاشلىغىنىدا دۇنيانىڭ قاتتىق غەزىۋىنى قوزغىغۇەتكەن ئىدى؛ ئەمما بۇ ئىش بۈگۈن كىمنىڭ ئېسىدە قالدى؟ (بەزى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئۇ دەۋردە ئوسمانلى تېررىتورىيىسىدىكى ئومۇمىي ئەرمەن سانىنىڭمۇ بىر مىليونغا يەتمەيدىغانلىقى، ھەتتا بۈگۈنكى ئەرمەنىيەدىكىلەر قوشۇلۇپمۇ 2 مىليونغا يەتمەيدىغانلىقى مەلۇم. بۈگۈنكى تۈركىيەنىڭ غەربى شىمال چېگرا بويلىرىدىكى قۇرۇق تاغلىق بولۇپ كۆرۈنگەن رايونلاردا تۈرك، كۇرت، كاپكازلىق ۋە ئەرمەنلەر بولۇپ شۇ قاتتىقچىلىق دەۋرلەردە شۇنچە مىليون ئىنساننىڭ ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەسلىكى ئېنىق. ئۇنداقتا ئۇنچىۋالا ئادەمنىڭ ئۆلىشىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ غەرب دۇنياسىغا قېچىپ كەتكەن ئەرمەنلەرنىڭ كۈچلۈك تەشۋىقاتى نەتىجىسىدە، تۈركلەرنىڭ ئىرقى قىرغىنچىلىقىدا ئۆلتۈرۈلگەن دېيىلگەن بۇ رەقەمگە بارلىق غەرب ئەللىرى تا بۈگۈنگىچە قاتتىق ئىشىنىپ ھازىرغىچە دۇنيا سەھنىلىرىدە ئاسىيالىق ياۋايىلار دەپ تونىغان تۈركلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ كەلمەكتە. شۇڭا بۇ بىر جۈملە سۆز ئېنگلىزچىدىن تەرجىمىدە ئالاھىدە تەكىتلىنىشىنى كۆزلەپ ئايرىم بىر ئابزاس قىلىپ تەرجىمە قىلىنغان. ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە ئېنگلىزچە نەشرى بويىچە بىر ئابزاس ئىچىدە تەرجىمە قىلىندى. – ئۇ.ت)

1943-يىلى 9-ئىيۇل كۈنكى بىر قېتىملىق مەخپىي سۆھبەتتە، فۇھرېر ھىملېرغا يوليورۇق بېرىپ، "بۇندىن كېيىنكى 3~4 ئاي ئىچىدە بىر تۈرلۈك تۇپىلاڭ چىقىش ئېھتىمالى" بولغانلىكەن، يەھۇدىيلارنى "شەرق" قە يۆتكىۋېتىش ئىشىنى دەرھال قولغا ئېلىشى شەرت ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ يەنە، بۇ پىلان چوقۇم "ئومۇمىي يۈزلۈك، تولۇق ئىجرا قىلىنىشى شەرت" ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ گەپلەر تەبىئىيكى فۇھرېرنىڭ يېنىدىكى خىزمەتچىلەر ئۇنىڭ كوللىكتىپ قىرغىنچىلىق پىلانلىغان باش قاتىل ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرەلمەيتتى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ بورمانغا دەيدىغان بىر قاتار گەپلىرى ئۇلارنى بۇنداق بىر پىلان تۈزگەن كىشى ئىكەنلىكىگە قەتئىي گۇمان قىلماس ھالغا كەلتۈرىدۇ. ئۇ، ئىنتايىن مەغرۇرلانغان ھالدا گېرمان دۇنياسىدىكى يەھۇدىي ۋىرۇسىنى

پاك-پاكىزە تازىلىۋېتىدىغانلىقنى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: "بىز ئۆچۈن ئېيتقاندا بۇ بىر مۇھىم دېزىنفېكسىيە قىلىش جەريانى بولىدۇ. بىزمۇ بۇ جەھەتتە ئەڭ يۇقىرى چەك بويىچە ئىش قىلماقتىمىز. بۇنداق بىر جەريان بولمىغىنىدا، بىز بەلكىم تۈنجۇقۇپ ئۆلىشىمىز ياكى يوق قىلىنىشىمىز مۇمكىن." ئەسلىدە ئۇ يەھۇدىيلار بىلەن مۇئامىلە قىلغان ۋاقىتىدا ئۇلارغا ئەزەلدىن ھەققانىي مۇئامىلىدە بولغان ئەمەسمىدى؟ "ئۆرۈش ھارپىسىدا، مەن ئۇلارغا ئەڭ ئاخىرقى ئاگاھلاندۇرۇشنى بەرگەن ئىدىم. مەن ئۇلارغا، ئەگەر سىلەر بىر قېتىملىق ئۇرۇشنى تەشكىللەيدىغان بولىدىكەنسىلەر، خەلقىم ھەرگىز سىلەرنى كەچۈرمەيدۇ، مەنمۇ پۈتكۈل ياۋروپا قىتئەسىدە بۇ زىيانلىق ھاشارەتلەرنىڭ ئۇرۇقىنى قۇرىتىمەن. بۇ قارار بىر قېتىملىق جاپا بىلەن ئاخىرغىچە راھەت ئۆتىشىمىزنى بەلگىلەيدىغان بىر ئىش. ئۇلار مېنىڭ بۇ ئاگاھلاندۇرۇشۇمغا ئۇرۇش ئېلان قىلىش بىلەن جاۋاپ بېرىشتى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئۇلار يەنە دۇنيانىڭ نەرىدە بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇ يەردە بىر يەھۇدىي بولىدىكەن، ئۇ يەردە ناتسىستلار گېرمانىيىسى ھەرگىز چىقىشالماس بىر دۈشمىنى بار دەپ قارىشىدۇ. ياخشى گەپ، بىز راستىنلا يەھۇدىيلارنىڭ يارىسىغا تېگەلىگەن ئىدۇق. كەلگۈسى دۇنيا بىزگە مەڭگۈلۈك مىننەتدار بولۇپ ئۆتىدۇ."

ھىتلېرنىڭ "ئاخىرقى ھەل قىلىش" دېگىنىنىڭ ئەڭ ۋەھىمىلىك قىسمى يېقىندا ئاخىرلىشىدۇ – ئېۋرىستىك، يەنى ئاگاھلاندۇرۇش خاراكتېرىدە ئاخىرلاشتۇرۇلىدۇ. ۋارشاۋا يەھۇدىي رايونىغا قىستىلىپ قالغان 380 مىڭ يەھۇدىيدىن پەقەت 70 مىڭ نەپىرىلا ئۆلتۈرۈش مەركىزىگە نازارەت ئاستىدا كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى بارىدىغان يېرى يوق ئامالسىز قامىلىپ قالىدۇ. بۇ چاغدا قالغان يەھۇدىيلار شۇنى بىلدىكى، نازارەت ئاستىدا كۆتۈرۈلۈش دېمەك ئۆلۈم دېمەكتى. يەھۇدىيلار رايونىدىكى يەھۇدىي سىياسىي يېتەكچىلەر، بۇ نوقتىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ ئىچكى جەھەتتىكى بۆلۈنۈش ھالىتىنى يوق قىلىشىدۇ. ئۇلار بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، يەھۇدىيلارنى يالاپ كۆتۈرۈش ئىشىغا قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن ھىملېر ھەيران بولۇپ داڭ قېتىپلا قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ۋارشاۋا يەھۇدىي رايونىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىش بۇيرۇقىنى بېرىدۇ. 1943-يىلى 9-ئافرېل سەھەر سائەت 3 تە، 2000 نەپەر قوراللىق ئېس-ئېس پىيادە قىسمى تانكا، ئوت پۈركۈگۈچ مىلتىقى ۋە پارتلىتىش ئەترىتى قاتارلىقلارنىڭ ماسلىشىپ بېرىشى بىلەن ۋارشاۋا يەھۇدىيلار رايونىغا ھۇجۇم باشلايدۇ. ئەسلىدە ئۇلار بۇنچىۋالا كۈچكە تايىنىپ ئىشنى ئاسانلا پۈتتۈرىدىغانلىقنى ئويلىغان بولسىمۇ، كۈتۈلمىگەندە، كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسىتىشكە دۇچ كېلىدۇ. يەھۇدىي

جەڭچىلىرى جەمئىي 1500 كىشىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، قوللىرىدا ئۇزۇن ۋاقىتتىن بويان بۇ يەرگە كىرگۈزۈلگەن بىر نەچچە پىلىموت، نۇرغۇن ساندا گىرانات، يۈز تال ئەتراپىدا مىلتىق ۋە كارىبىن مىلتىقى، نەچچە يۈز تاپانچا ۋە رېۋولۋېر – ئالتە ئاتار تۆلۈقلۇق تاپانچا قاتارىدىكى قۇراللىرى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مولوتوف شىشىسى – ياندۇرغۇچى بېنزىن قۇتىسى قاتارلىق ياسىۋالغان قۇراللىرىمۇ بار ئىدى. ھىملېر ئەسلىدە 3 كۈن ئىچىدىلا بۇ ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرىمىز دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، شۇ كۈنىسىلا ئۇنىڭ قوشۇنى ئامالسىز چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ تۆردىكى بىر تەرەپلىك ئۇرۇش كۈنلەرچە داۋام قىلىپ، ئېس-ئېس قوشۇنى قۇماندانى گېنېرال جۈرگېن ستروپنى قاتتىق پاراكەندە قىلىۋېتىدۇ. ئۇ دوكلات بېرىپ، دەسلىۋىدە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر "خېلى كۆپ ساندا تۇغۇلۇشىدىنلا قورقۇنچاق بولغان يەھۇدىينى قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ۋەزىيەت كۈندىن-كۈنگە يامانلىشىشقا باشلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. "20 بىلەن 30 دەك ئەرلەردىن تەشكىللەنگەن يىگى جەڭگىۋار گۇرۇپپا يەنە شۇنچىلىك ئاياللارنىڭ ماسلىشىپ بېرىشى بىلەن توختىماي قايتا قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچى ھالىغا كەلمەكتە ئىدى." ئۇ، ئاياللارغا تاقابىل تۇرۇش ھەققەتەنمۇ مۈشكۈل ئىكەنلىكىنى، ئۇلار ھەر دائىم كەڭ يۇشقاقلىق ئىشتانلىرى ئىچىگە سۇقۇۋالغان گراناتلىرىنى چىقىرىپ ئېتىۋېتىپ قاچىدىغانلىقىدىن زارلىنىدۇ.

ئەنە شۇ تېرىقىدە ئاۋارىچىلىق تارتىپ 5-كۈنگە كەلگەندىن كېيىن، ھىملېر "ئەڭ قاتتىق ۋە ئەڭ رەھىمسىز تەدبىر قوللىنىپ" يەھۇدىيلار رايونىنى تۈپتۈز قىلىپ تۈزلىۋېتىش توغرىلىق بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. شۇڭا ستروپ بۇ يەھۇدىي رايونىنى پۈتۈنلەي ئوت دېڭىزىغا ئايلاندۇرىۋېتىش، يەنى ھەر بىر بىنانى بىرمۇ-بىر كۆيدۈرىۋېتىش قارارىنى ئالىدۇ. ئۇ دوكلاتىدا، ئۆيلەرگە ئوت قويۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئىچىدىكى يەھۇدىيلار ئاخىرقى مىنۇتقىچە چىڭ تۇرۇپ تىركەشكەندىن كېيىنلا ئاندىن ئۆزلىرىنى بىنادىن تاشلايدىغانلىقىنى، "سۆڭەكلىرى كۆكۈم تالقان بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇلار يەنىلا كوچىلاردا ئۆمىلىگىنىچە ئوت قويۇلمىغان نېرىقى تەرەپتىكى بىنالارغا قېچىشاتتى. ... يەھۇدىيلار بىلەن باندىتلار بىرگە ئەسىر بولۇشنى خالىماي تىرىك كۆيۈپ ئۆلۈشتىنمۇ قورقماي، ئوت يالقۇنى ئىچىدە ئۆلمەيتتى" دەيدۇ.

بۇ قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر ئۆچمەس قەھرىمانلىقلارنى كۆرسىتىپ 2~3 ھەپتىدەك جەڭ قىلغاندىن كېيىن ئوق-دورىسى ۋە يەيدىغىنى تۈگەپ ئاخىرى بولالماي قالغىنىدا يەر ئاستى يولىدا ئېرىقلىرىغا قېچىپ كىرىۋېلىشتى. 15-ماي كۈنى، يەھۇدىيلارنىڭ قالدۇق قارشىلىق كۆرسىتىش سەپلىرى بەكلا ئازىيىپ كېتىدۇ، ئوق ئاۋازىمۇ بەكلا شالاڭلىشىپ

قالــدۇ. ئەتىســى، گېنېــرال ســتروپ، ۋارشــاۋا شــەھىرىدىكى "ئارىيــان" رايونىــدىكى تىلوماكىسىناگوكنى پـارتىلىتىۋېتىش ئـارقىلىق بـۇ قېتىمقـى جەڭنىـڭ غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. توپ-توغرا تۆت ھەپتىلىك ۋاقىت ئىچىدە كىچىككىنە يەھـۇدىي پارتىزانلىرى ئۆزىدىن ھەسسىلەپ ئۈستۈن بولغان، قۇراللىنىشىمۇ ئىنتايىن ئۈستۈن بولغان گېرمانىيە قوشۇنىغا قارشى ئەڭ ئاخىرقى بىر ئادىمى قالغىچە جەڭ قىلىدۇ. ئەسىر ئېلىنغان 56 مىـڭ 65 نەپەر يەھۇدىـدىن 7 مىـڭ نەپىرىنـى نەق مەيدانـدا ئېتىـپ ئۆلتۈرىشـىدۇ؛ 22 مىڭنـى بولسـا ترېبلىنكـا بىــلەن لووبلىنغـا ئاپىرىــپ قامىۋېتىــدۇ. قالغـانلىرىنى ئەمـگەك لاگېرلىرىغا ئاپىرىدۇ. گېرمانىيە قوشۇنىنىڭ چىقىمى، تەبىئىكى ئىنتـايىن ئـاز كۆرسـىتىلگەن ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ بەرگەن رەقىمـى 16 نەپەر ئۆلـۈك، 85 نەپەر يـارىدار ئىـدى. ئەممـا ئەڭ مــۇھىم بــولغىنى، بــۇ قېتىمقــى قارشــىلىق كۆرســىتىش ھىيتلېرنىــڭ "يەھــۇدىيلار قورقۇنچاق" دەيدىغان قارىشىغا كۈچلۈك بىر زەربە بولغان ئىدى.

2

شۇ يىلى ئىيۇننىڭ باشلىرىدا، پاپا 12-پىئـوس، يەھـۇدىيلارنى يوقۇتـۇش مەسىلىسـى ھەققىدە "كاردىنال ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتى" دامەخپـى نۇتـۇق سـۆزلەيدۇ. "بـۇ مەسـىلىدە، بىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك دائىرىلەرگە ئېيتماقچى بولغـان ھەربىـر ئېغىـز گېپىمىـز، شـۇنىڭدەك قىلىدىغان ھەر بىر ئاشكارە سـۆزىمىز چوقـۇم زىيانكەشـلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىـڭ مەنپەتـى ئاساسىدا ئىنچىكىلىك بىلەن پىششىق ئويلىنىش ۋە ئۆلچەم بـويىچە بولىشـى، ھەرىكىتىمىـز بىلەن ئارزۇيىمىز زىت بولـۇپ قېلىشـتىن ساقلىنىشـىمىز، زىيانكەشـلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىـڭ ئەھـۋالىنى قىيىنلاشتۇرۇشـقا سـەۋەب بولىـدىغان گەپ-سـۆزلەردىن ئېھتىيـات قىلىشـىمىز كېرەك" دەپ، نېمىشقە ئاشكارە ئەيىپلىمەسلىكنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرمەكچى بولىـدۇ. ئەممـا پاپـا نـېمە ئۈچـۈن ئېھتىيـاتلىق گەپ قىلىــش كېرەكلىكىنىــڭ يەنە بىــر ســەۋەبىنى ئېغىزىــدىن چىقىرالمايــدۇ. ئەســلىدە بــۇ پاپــا، بولشــېۋىكلار ناتسىســتلاردىنمۇ بەكــرەك خەۋىپلىك دەيدىغان قاراشتا ئىدى.

رىم پاپىسىنىڭ مەۋقەسى ھەقىقەتەنمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا ئىدى. بۇ قېتىمقى نۇتۇق ئۆزىمـۇ بىلـمەي ئورنىغـا تەھـدىت پەيـدا قىلىۋالغـان ئىـدى. يەنـى، پاپىنىـڭ بـۇ نـۇتقى تۇرتكىســىدە كاتولىــك دىنىنىــڭ قۇتقۇزغــان يەھــۇدىي ســانى باشــقا ھەرقانــداق بىــر چىركاۋدىكىلەرنىـڭ، ھەر قانـداق بىـر دىنـى ئورگانلارنىـڭ ۋە ھەر قانـداق بىـر قۇتقـۇزۇش جەمىيىتىنىــڭ قۇتۇلــدۇرغان ئــادەم ســانىدىن كــۆپ بولىــدۇ. نــۆۋەتتە، چىركــاۋلاردا،

موناستىرلاردا، ھەتتا ۋاتىكان شەھەر ئىچىدىمۇ مىڭلاپ-تۈمەنلەپ يەھۇدىي يوشۇرۇپ قېلىشىدۇ. ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى سانلىق رەقەملىرى ھەقىقەتەنمۇ بەكلا ئاز ئىدى. ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئىككىسى بۇ جەھەتتە شۇنچە ۋارقىراپ-جاقىراشقىنى بىلەن ئۇلار تىلغا ئالغىدەك تۆزۈك بىرەر ئىش قىلىپ باقمايدۇ. ئۇلار بەكلا ئاز ساندىكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان يەھۇدىيلارغا پانالىق بېرىدۇ. شۇ يىللىرى ئىمزالانغان موسكۋا خىتاپنامىسىدا، يەنى روزۋېلت، چېرچىل ۋە ستالىن قاتارلىقلار ئورتاق ئىمزالىغان خىتاپنامىدا، ھىتلېرنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار بېشىغا كەلگەن پاجىئەنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە قاراپ مۇنداق تىزىلغان ئىدى: پولەكلەر، ئىتالىيانلار، فرانسۇزلار، گوللاندىيىلىكلەر، بىلگىيىلىكلەر، نورۋېگىيىلىكلەر، سوۋېتلىكلەر ۋە كرېتلار. قىزىق يېرى، بۇ تىزىملىككە يەھۇدىيلارنى كىرگۈزمىگەن، بۇ ئەسلىدە ئا ق ش ئۇرۇش ئاخبارات باشقارمىسى تۈزگەن سىياسەت ئىدى. بۇنىڭغا قارىتا دۇنيا يەھۇدىيلار كومىتېتى قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. ئەمما بۇنىڭ قىلچە پايدىسى بولمايدۇ. ئۇلار پولشادىكى يەھۇدىيلارنى ئىختىيارى ھالدا پولەكلەر قاتارىغا كىرگۈزىۋەتكەن، باشقىلاردىمۇ شۇنداق قىلىنغان ئىدى. بۇ ئۈچ كاتىۋاش ناتسىستلار تېررورچىلىقى ئاساسلىق تۈرلەرگە ئايرىغىنىدا، ”ئاخىرقى ھەل قىلىش“ ھادىسىسى خۇددى قۇدۇققا چۈشكەن تاشتەك ئۈن-تىنسىز ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ.

دانىيەلىكلەرنىڭ ھەققانىيەتچانلىقى بىلەن ئۇلارنىڭ جاسارىتى بۇ ئۈچ چوڭ كاتىۋاشنىڭ يەھۇدىيلارنى پىلانلىق تۈردە يوقۇتۇشتىن ئىبارەت پاكىتنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالماسلىقىغا روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ بەرمەكتە. گەرچە دانىيەلىكلەرمۇ نېمىسلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىنغان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ۋەتىنى تەۋەسىدىكى ئالتە يېرىم مىڭ يەھۇدىينىڭ ھەممىسىنى دېگىدەك شىۋىتسىيىگە ئاپىرىۋەتكەن. يەنە شۇنىڭدەك، ھىتلېرنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىدىن بىرى بولغان فىنلارمۇ 4 نەپىرى بالادىن قۇتۇلۇپ قالالمىغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، دۆلىتىدىكى 4 مىڭ نەپەر يەھۇدىينىڭ ھەممىسىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان؛ خۇددى شۇنىڭدەك، گېرمانىيىنىڭ يەنە بىر ئىتتىپاقدىشى بولغان ياپونلارمۇ 1904~1905-يىللاردىكى ياپون-رۇس ئۇرۇشىدا يەھۇدىيلارنىڭ ئاچقان كۆنىغا، يەنى لوئېپ شىركىتىنىڭ ياپونىيەگە مەبلەغ ئاچقانلىقىغا جاۋابەن 5 مىڭ نەپەر سەرسان بولۇپ كەتكەن ياۋروپا يەھۇدىيلىرىغا مانجۇرىيەدە پانالىق بېرەلىگەن.

ھالبۇكى، ”شەرق“ تە يۈز بەرگەن زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى توساش ئۈچۈن ئەڭ كۆپ كۈچ چىقارغان كىشىدىن بىرسى يەنە كېلىپ ئەندىلا 34 ياشقا كىرگەن بىر نېمىس ئىدى. بۇ كىشى ئەسلىدە ھىملېرنىڭ ئادۋۇكاتى بولۇپ، كونراد مورگېن ئىسىملىك بىرسى

ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى تۆمۈريول ئاچال باشقۇرغۇچىسى ئىدى. كونراد، ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتلىرىدىن تارتىپلا، ئېتىك قانۇنشۇناسلىقىغا چوڭقۇر ھەۋەس باغلىغان بولۇپ، كېيىن ئېس-ئېس سودىيەسى ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىنمۇ، قانۇنسىز ئىشلارغا قارىتا خىلاپلىق قىلغۇچىنىڭ كىم بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، قىلچە قورقماي قەتئىي چىڭ تۇرۇپ قارشى تۇرۇپ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ قەتئىي تۇردە ئەمەلىي دەلىللەرگە قاراپ ھۆكۈم چىقىرىشى يوقۇرى دەرىجىلىك باشلىقىنىڭ يېغىرىغا تەگكەچكە، مورگېننى جازا سۈپىتىدە دەرھال ئالدىنقى سەپ ئېس-ئېس دىۋىزىيە شتابىغا يۆتكىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ داڭقى چىقىپ كەتكەن بولغاچقا، 1943-يىلى ئېس-ئېس ئامانلىق باشقارمىسىدا سىياسىي دېلولاردىن يىراق مالىيە جىنايى ئەنزىلەر ئىشخانىسىغا يۆتكەپ كېلىدۇ. شۇ يىلى ئەتىيازدا، ئۇ بۇيرۇق بويىچە بۇخېنۋالد لاگېرىغا بېرىپ ئۇزۇندىن بېرى ھەل بولماي تاشلىنىپ قالغان بىر خىيانەتچىلىك دېلوسى ئۈستىدە ئادەتتىكىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ئەنزىگە چېتىلغان كىشى شۇ لاگېرنىڭ كوماندىرى كارل كوچ ئىدى. كىشىلەر بۇ كىشىنىڭ لاگېردىكى ئەمگەك كۈچىنى پۇخرالار ئارىسىدىكى خوجايىنلارغا كىراغا بېرىپ ئىشلەتكۈزۈش ئارقىلىق قۇرۇق نوپۇس تىزىمى ئۈچۈن ئاشلىق نورمىسىنى ئېلىپ يەۋالغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ يۈرىشەتتىكەن. قىسقىسى، شەخسى مەنپەتى ئۈچۈن لاگېر باشقۇرۇپ يۈرگەن بىرى ئىدى. دەسلەپكى تەكشۈرۈش نەتىجىسى يەنىلا كېسىم قىلىشقا يەتمەيدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەنە نۇرغۇن كىشى قىلچە گۇناھى يوق دەپ كوچىنىڭ تەرىپىنى قىلىشماقتا ئىدى.

ئىيۇل ئېيىدا، مورگېن ۋېيمارغا بېرىپ، ھىتلېر ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان شۇ يەرنىڭ بىر مېھمانخانىسى بولغان "پىل مېھمان سارىيى" غا چۈشۈپ ئۈن-تىنۋشسىز تەكشۈرۈش ئىشىنى باشلىۋېتىدۇ. ئۇنى بەكلا ھەيران قالدۇرغىنى، ۋېيمارنىڭ يوقۇرى تەرىپىدىكى بىر تاغ ئۈستىدە قۇرۇلغان كۆرۈنۈشى كىشىنى جەلىپ قىلارلىق چىرايلىق بىر لاگېرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈدۇ. بۇ لاگېردىكى ئەسلىھەلەر پۈتۈنلەي يېڭىدىن سىرلاپ پاك-پاكىزە ھالغا كەلتۈرۈلگەن؛ يەرلىرىگىمۇ چىم يېيىتىلىپ چىرايلىق گۈللەر بىلەن پۈركىۋېتىلگەن ئىدى. لاگېردىكى مەھبۇسلارنىڭ كۆرۈنۈشلىرىمۇ ئالاھىدە ساغلام، ئاپتاپتا قارىداپ پارقىراپ تۇراتتى. تاماقلىرىنىمۇ ناچار دېگىلى بولمايتتى. ئۇلار يەنە مۇددەت بويىچە پوچتا ئارقىلىق خەت-ئالاقە قىلىپ تۇرالايدىكەن؛ بۇ لاگېردا يەنە چوڭ بىر قىرائەتخانىمۇ بار بولۇپ، ئۇ يەردە ھەر تۈرلۈك چەت تىلى كىتاپلار ساقلانغان ئىكەن؛ شۇنىڭدەك يەنە لاگېرغا قامالغانلارغا سىرىك ئويۇنى كۆرسىتىپ، پات-پات كىنو قويۇپ بېرىدىكەن، ئارىلاپ تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنىمۇ ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىكەن. ھەتتا بىر پاھىشىخانىسىمۇ بار ئىكەن.

مورگىن، بۇچىنۋالد لاگىرنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرگەندىن كېيىن ئۇ يەردىكى خىيانەتچىلىك دېلولىرىنىڭ "كرىستال كېچە" دەۋرىدىن تارتىپ كەڭ كۆلەمدە يەھۇدىيلار بۇ لاگىرغا كەلتۈرۈلۈشتىن كېيىن كۆرۈلۈشكە باشلىغانلىقىنى تېپىپ چىقىدۇ. ئەپسۇسكى، دېلو تەكشۈرۈش ئىشى كوچىقا يېقىنلاپ كەلگەنسىرى پاكىتلارنىڭ ئۈزۈلۈپ قالىدىغانلىقىنى سېزىدۇ. يەنى ئەھۋالدىن خەۋىرى بار جىنايەتچىلەرنىڭ بەختكە قارشى دەل شۇ تەكشۈرۈش پەيتلىرىدە ئۆلۈپ قالىدىغانلىقىنى سېزىدۇ. ئۇلارنىڭ دېلو ئارخىپلىرىدىن ھەرقايسى ئۆلگەن كىشىلەرنىڭ ئۆلۈش كۈنلىرىمۇ بىر-بىرىدىن نەچچە يىل پەرق قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۆلۈم سەۋەبلىرىنىڭمۇ بىر-بىرسىگە ئوخشىمايۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىدۇ. مورگىن بۇ ئۆلۈم ۋەقەلىرىنىڭ بىر تۈرلۈك قاتىللىق ۋەقەسى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىشقا باشلايدۇ. شۇڭا ئۇ بۇ ئۆلۈملەرنى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇق قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەكشۈرۈش خادىملىرى بىرەر يىپ ئۇچى تاپالمىغاچقا، بۇنداق پايدىسىز تەكشۈرۈشتىن زېرىكىپ ئىشلەشكە ئۇنىمايدۇ.

بۇنداق بىر ئەھۋال ئاستىدا، ئەگەر ئادەتتىكى بىر رازۋېتچىك بولغىنىدا چوقۇم بۇ تەكشۈرۈش ئىشىدىن ۋاز كېچىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئەمما مورگىن بۇ يەردە چوقۇم بىر جىنايەت ئىشلەنگەن دەپ قەتئىي ئىشىنىپ تەكشۈرۈش ئىشىنى ئۆزى بىۋاستە ئېلىپ بارىدۇ. مورگىن بۇ يەردىكى ھەر قايسى بانكىلارغا كىرىپ سۈرۈشتە قىلىشقا كىرىشىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ بانكىدىكىلەرگە كۆرۈنىشى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ رەسمى تونۇشتۇرۇشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان تونۇشتۇرۇش قەغىزىنى كۆرسىتىپ، ئۆزىمۇ ھىملېرنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن كېلىپ كوچىنىڭ ھېساۋاتلىرىنى كۆزدى كۆچۈرىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تۈردىكى تىرىشچانلىقى ھەقىقەتەنمۇ كارغا كېلىدۇ: قايسى بىر بانكىدا، ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان بىر پاكىتنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ـ كوچ ھەقىقەتەنمۇ 100 مىڭ مارك خىيانەت قىلىۋالغانلىقىنىڭ دەلىلىنى تېپىپ چىقىدۇ. ئۇ يەنە تۈرمىنىڭ كۈزىتىش خاتىرىلىرىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق شاھىتلارنىڭ مەخپى كامىرلاردا ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مورگىن قاتىللىق جىنايىتىنىڭ دەلىلىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

ئاخىرى مورگىن بىر پوپكا ماتېرىيال ۋە دەلىللەر بىلەن بېرلىنغا ئاتلىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ باشلىقى بولغان جىنايى ئىشلار ساقچى باشلىقى ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن پاكىتلىرىنى شۇنداقلا بىر كۆز يۈگۈرتۈپ چۆچۈپ كېتىدۇ: مورگىننىڭ ئۇنىڭ بەرگەن بۇ ۋەزىپىسىنى شۇنچە ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرگەنلىكىنى پەقەتلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ ئالدىراشلا ھېيدرىخنىڭ ئىزباسارى بولغان كالتېنبرۇنېر بىلەن كۆرۈشكىن دەپ بۇيرۇيدۇ. ئەمما كالتېنبرۇنېرمۇ ئوخشاشلا بۇنىڭدىن بىزار بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ،

يالغان كۆڭۈل بۆلگەن بولىۋېلىپ، ”بۇ ئىش مېنىڭ باشقۇرۇش ساھەمگە كىرىدىغان ئىشلاردىن ئەمەس ئىكەن. شۇڭا سەن مىيونخېنغا بېرىپ ئۆزەڭنىڭ ئەسلى خوجايىنىڭ بىلەن كۆرۈشسەڭ بولىدىكەن“ دەيدۇ. مورگېنمۇ ۋەزىپىسىگە سادىق بىرى بولغاچقا، بۇ پاكىتلارنى ئىس-ئىس قانۇن بۆلۈمىگە سۇنىدۇ. ئەمما ئۇلارمۇ ئوخشاشلا بۇ ئىشقا مەسئۇل بولۇشتىن باش تارتىدۇ. ”ئەڭ ياخشىسى سەن بۇ ئىشنى ھىملېرگە يەتكۈز“ دەيدۇ باشلىقى. شۇنداق قىلىپ، مورگېن دەرھال ھىملېرنىڭ قۇماندانلىق شتابىغا بارىدۇ. ئەمما ئۇ يەردە ھىملېرمۇ ئۇنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ھىملېرنىڭ يېنىدا ئىشلەيدىغان بىر خىزمەتچى مورگېنغا ئىچى ئاغرىپ، ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ بۇ دېلو قىسقىچە بايان قىلىنغان بىر تېلېگراف تېزىسى تەييارلايدۇ. ئەندىكى مەسىلە، بۇ تېلېگرافنى قانداق قىلىپ ھىملېرنىڭ قولىغا يەتكۈزۈشتە قالغان ئىدى. نېمە سەۋەپتىن ئىكەنلىكى نامەلۇم، بۇ تېلېگراف مەمورى ئورگانلار توسالغۇلىرىدىن سىرىلىپ ئۆتۈپ ھىملېرنىڭ قولىغا يېتىپ بارىدۇ. ئويلىمىغان يەردىن ھىملېرمۇ مورگېننىڭ كوچ ۋە ئۇنىڭ ئايالىنى، شۇنىڭدەك بۇ دېلو بىلەن چېتىشلىقى بولغان بارلىق خادىملار ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش ئىشىنى داۋام قىلدۇرۇشقا تولۇق ھوقۇق بېرىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا ھەممە كىشى دېگىدەك قاتتىق ھەيران قالىدۇ. بەزىلەر، ھىملېر يىغىۋېلىش لاگېرىنىڭ باش مەسئۇلى ئوسۋالد پولغا ئىشەنمەيدىغانلىقىدىن شۇنداق قىلغان دېيىشسە، يەنە بەزىلەر ھىملېر بۇ دېلونىڭ ”پاندورا قۇتىسى“ ئىكەنلىكىدىن تولۇق خەۋىرى بولمىغاچقا تەكشۈرۈشكە رۇخسەت قىلغان دېيىشسە، (پاندوراس ـــ يونان ئەپسانىلىرىدىن بىرى. بۇ ئەپسانىدا، پرومېتوسنىڭ ئوتنى ئوغۇرلاپ يەر يۈزىگە ئاپارغانلىقىغا جازا بېرىش يۈزىسىدىن تەڭرى پاندوراسنى يەر يۈزىگە ئەۋەتكەنمىش؛ ئۇنى يولغا سېلىش ۋاقتىدا تەڭرى ئۇنىڭغا بىر قۇتا بەرگەنمىش. ئۇ بۇ قۇتىنى ئېچىشى بىلەن تەڭ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بارلىق ئەسكىلىكلەرنىڭ قۇتىدىن يەر يۈزىدىكى ئىنسانلار ئارىسىغا يېيىلىپ كېتىدىكەن؛ پەقەت ئۈمىدلا قۇتىدىن چىقماي تۇرىۋالغانمىش ـ ئا. ھ. ئى) ھىملېرنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلىدىغانلار، بۇ ئۇنىڭ غەلىتە ئابرويپەرەستلىكىنىڭ يەنە بىر ئۈلگىسى دېيىشكەن.

3

”ھەرقانداق بىر رەھىمسىزنىڭمۇ بىر كۆڭلى بولىدۇ“

– ۋىلليئام بلاك

ناتسىستلار پارتىيىسىدىكى يوقىرى قاتلام كىشىلەر ئارىسىدا بەلكىم ھىتلېرنىڭ ھەممىدىن ئارتۇق زىتلىق بىلەن تولغان باشقا بىرسى بولمىسا كېرەك. ئۇنىڭ جەلىپ قىلىش كۈچى، ئۇنىڭدىكى سىپايىلىق ھەمدە ئۇنىڭ يىغىنلاردا ئىپادىلىگەن كىچىك پېيىللىقى ۋە قائىدە يوسۇنىنى ياخشى بىلىشى بەكلا كۆپ كىشىلەر ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرۇپ كەلمەكتە. دىپلوماتىك ساھەدىكى كىشىلەر ئۇنى سوغۇققانلىق بىلەن ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بىرسى دەپ تەرىپلىشەتتى. قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ شېرىكلىرى بولسا ئۇنى ناتسىستلار رەھبەرلىك قاتلىمى ئىچىدە، 763 بۇ ئادەم ھىتلېر تۈزۈمىنى ئاخىرلاشتۇرالايدىغان بىردىن-بىر رەھبەر دەپ قارىشاتتى. گېنېرال خوسباخنىڭ قارىشىچە، ئۇ ئەسلى فۈھرېرنىڭ جىنايى شەيتىنى بولۇپ، مىجەزىمۇ ھەم سوغۇققان ھەم ئۇستا تەدبىرچى، "ئۇچىنچى رېيچتىكى ئەڭ قېلىن نومۇسسىز بىرى" ئىدى. مېكس ئامان بولسا، ئۇ بىر "روبېسپىيېررې ياكى ماھىر سېھىرگەر ئەيسا جەمىيىتى ئېقىمىدىكى بىرى" ھېسابلىنىدىكەن. مىللەتلەر جەمىيىتىنىڭ دىيانزىگدا تۇرۇشلۇق سابىق باش كومىسارى كارل بۇركخاردت، ھىملېرنىڭ بىر جىنايى قىلمىشتىكى بىرى بولىشىدىكى سەۋەب، "بۇ ئادەم پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارغا يىغالايدىغان، يوقىرىنى ئالداپ تۆۋەندىكىلەردىن سىر ساقلاشقا ماھىر، شۇڭدەك ئادەم قىلىپىدىن چىققان ئۇسلۇبى بولغان بىرى، يەنى بىر ماشىنا ئادەم" دەپ ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ گۈدەك قىزى گۇدرۇننىڭ قارىشىدا ئۇ بىر مېھرىبان ئاتا ھېسابلىنىدىكەن. ئۇ قىز تېخى يېقىندىلا "كىشىلەر دادامنى نېمىلا دېيىشىدىن قەتئىي نەزەر، كىشىلەر دادامنى ھەر قانچە تىللىسىمۇ ياكى كېيىن تىللىشىدىغان بولسىمۇ، بەربىر ئۇ مېنىڭ دادام، ئەڭ ياخشى بىر ئاتا ھېسابلىنىدۇ. مەن دادامنى بۇرۇن ياخشى كۆرەتتىم، ھازىرمۇ يەنىلا ياخشى كۆرىمەن." دەيدۇ.

ھىملېرنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك ئۇنىڭ باشقىلارغا بەكلا قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان، ھەممە ئىشنى چوڭقۇر ئويلىنىپ ھەل قىلىدىغان، چوڭقۇر مىللىي ھېسسىياتقا ئىگە بىر رەھبەر، دەپ قارىشاتتى. ئۇ سەھەر دائىم كاتىپلىرى بىلەن بىرلىكتە قەرت ئويناپتتى، ئادىيۇتانتلىرى بىلەن بىرلىكتە پوتبول ئويناپتتى. بىر قېتىم ئون نەچچە ئايال قارا ئىشچىلىرىنى تۇغۇلغان كۈننى خاتىرلەش زىياپىتىگە چاقىرتىپ كەلگەن بولۇپ، ئوفىتسېرلىرىدىن ئۇلاردىن ئولتۇرۇشتا جۈپ تاللاپ سورۇندا بولۇشنى تەلەپ قىلغان ؛ ئەمما بۇنىڭدىن ئوفىتسېرلىرى بەك رازى بولۇپ كەتمىگەن ئىدى؛ شۇڭا باشلامچىلىق بىلەن ئۇلارنىڭ مەسئۇلىنى تارتىپ ئۆزىگە جۈپتە قىلدۇ.

ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ خاراكتېرى بەكلا سىرلىق ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇنىڭ

ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى ھاياتىدىن جاۋاب تېپىش مۇمكىن بولمىدى. ئۇ، باۋارىيەدىكى ھاللىق ئائىلىنىڭ بالىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى داڭلىق جامائەلەردىن شاھزادە ھېينىرىخ ۋون ۋىتتېلسباخنىڭ ئىسمىنى ئالغان بىرى ئىدى. ياش ۋاقتىدىكى ھىملېر باۋارىيەنىڭ ئۇ تىۆر تەبىقىسىنىڭ ئادەتتىكى بىر پەرزەنتلىرىدىنمۇ ئارتۇق يەھۇدىي دۈشمىنى بىرى ھېسابلانمايتتى. ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىدە يەھۇدىيلارغا بەرگەن باھالىرىدىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدىكى، ئۇ ئەسلىدە قارغۇلارچە بىر ئەگەشكۈچىدىنلا ئىبارەت بىرى بولۇپ، ئۇنى ھەرگىزمۇ ساپ ئىرقچى دېيىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەسلى ئۇ يەھۇدىيلارغا ھەققانىيەت بىلەن مۇئامىلىدە بولۇشنى خالايدىغان بىرى ئىدى. شەھۋانىلىق مەسىلىسىدە ئۇ قاتتىق قاراشتىكى بىرى ئىدى. بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ ياشاۋاتقان مۇھىتى ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ بەكلا غەيرى بىر ئەھۋال دېيىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قىسقىسىقىچە ئېيتقاندا، شۇنداق پەرەز قىلىش مۇمكىنكى، ئۇ ئەسلىدە باۋارىيە مائارىپى بىلەن يېتىلدۈرۈشنىڭ بىر مەھسۇلى، يەنى ئىستىقبالى پارلاق، ھەم ئەستايىدىل ھەم قائىدە-يوسۇنلۇق ياش بىر دۆلەت ئەمەلدارى بولۇپ يېتىشتۈرۈلگەن ئىدى.

1922-يىلى، 22 ياشلىق ھىملېر كاللىسى پۈتۈنلەي يەھۇدىيلىققا قارشى ئەقىدىلەر بىلەن تولدۇرۇلغان تىپىك بىر مىللەتچى بولۇپ يېتىشتۈرۈلگەن ئىدى. ئۇ يەنە رومانتىك روھ بويىچە ئەسكەرلىككە ھەۋەس قىلىدىغان بىرى ئىدى. شۇ يىلى، ئۇ خاتىرە دەپتىرىنىڭ بېشىغا ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر غايە ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىش ئارزۇسى ئىپادىلەنگەن مۇنداق بىر شېئىر يازغان ئىدى:

ئۇلار سېنى پىچاقلاپ ئۆلتۈرەلىشى مۇمكىن،
ئەمما مەن يەنىلا كۈرەش قىلىمەن، قارشىلىق كۆرسىتىمەن، تىك تۇرىمەن!
بەلكىم توزۇپ تۇمانغا ئايلىنىپ كەتكىدەك بولسامۇ،
تۇغۇمنى كۆكلەردە لەپىلدىتىمەن!

شۇنداق بولغاچقا، بۇنداق بىر ئىرادىدىكى ۋە بۇنداق بىر شىجائەت ئىگىسى بولغان بىر ياشنىڭ مىللىي سوتسىيالىزم ئەقىدىسى ۋە بۇ ئەقىدىنىڭ سېھىرلىك بىر داھىسى تەرىپىدىن جەلىپ قىلىنىشىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تەرىپى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئالغان تەربىيىسى ئەمەلدار بولۇش، ئۇنىڭ ماھىيىتى ساداقەتلىك بولۇشلا ئىدى؛ شۇنداق بولغاچقا، بۇنداق بىرسىنىڭ كەسپى ناتسىستقا ئايلىنىشىنى ھەقىقەتەنمۇ ئەڭ مۇكەممەل بىر ئاقىۋەت دېيىشكە بولاتتى. ئۇ پارتىيە ئىچىدە بالداقمۇ-بالداق ئۆسۈپ كۆتۈرۈلۈش جەريانىدا ئۇنىڭ ئۆزى بۇ تىۆر ئىدىيىۋى كۈرەشنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بىرسىگە ئايلىنىدۇ. ئۇ بىر باۋارىيەلىك بولغاچقا، پىتىردەك بىر بۇيۇك ئىمپېراتور ھېسابلىنىدىغان

پرۇسسىيە پادىشاھىغا قاتتىق چوقۇنۇپ، پرۇسسىيىلىكلەرنىڭ ئاددىي-ساددە تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەن جاپاغا چىداپ ئەمگەك قىلىشتەك ئىسىل روھىغا مەھلىيا بىرى ئىدى.764 ئۇ ئۆزى خۇددى شەرقلىقلەرگە ئوخشاش بۇغداي ئۆڭلۈك، ئوتتۇرا بويى بىرى ئىدى. ئۇ، غايىۋى نېمىس، شىمالىي ياۋروپالىق قىياپىتىدە بولۇشىغا ئەسەبىلەرچە ئىشىنەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇمۇ خۇددى خوجايىنىغا ئوخشاشلا سېرىق چاچلىق، كۆك كۆزلۈك، بويى ئېگىز كىشىلەرنى ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرەتتى (ھىملېر، بىر ئەسىر ئىچىدە، ئۆلچەملىك بۇغداي ئۆڭلۈك نېمىسلاردىن، يەنى خۇددى ئۆزى ۋە ھىتلېردەك، سېرىق چاچلىق كۆك كۆزلۈك ئاياللارنى چېتىشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن بۇغداي ئۆڭلۈك نېمىس ئىرقىنى يارىتىشقا ئىرادە باغلىغان ئىدى. بۇ تۇردىكى ئىرقچىلىق سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش مەقسىتىدە، ”ھاياتلىق بۇلىقى“ نامىدا بىر ئېس-ئېسچىلار ئاياللار سەھىيە تەشكىلاتى قۇرۇپ چىقىپ، ئاساسەن SS چىلار ئىچىدىكى پەرزەنتسىز ئائىلىلەرنىڭ مۇۋاپىق ئىرق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بالا بېقىۋېلىشىغا، شۇنىڭدەك ئىرق جەھەتتە مۇۋاپىق كېلىدىغان توي قىلمىغان ئانىلار ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى مەقسەت قىلاتتى. ئىشالىيەت رايونلىرىدا، مىڭلىغان باللارنى قاچۇرۇپ كېتىپ، ئۇلارنى ئېس-ئېسچىلارنىڭ ئالاھىدە مۇھىتلىق ئۆيلىرىدە بېقىپ چوڭ قىلدۇرۇلاتتى. ”دۇنيادىكى بارلىق سۈپەتلىك قانلىقلار، _ دەيدۇ ھىملېر ئېس-ئېس قوماندانلىرىغا، _ ئىمپېرىيىمىز تەۋەسى سىرتىدىكى بارلىق نېمىس ئىرقداشلىرىمىزنى، كەلگۈسى بىر كۈنلەردە پۈتۈنلەي يوق قىلىپ تاشلىشىمىز مۇمكىن. شۇنداق ئىكەن، ... گېرمانىيەگە قايتۇرۇپ كېلىشكە بولىدىغانلىكى ئەڭ ساپ قاندىكى گېرمانلاردىن ئاڭلىق تۇردە نېمىس ئەۋلادلىرىنى يېتىشتۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك، بۇ ئىش بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆزىمىزگە بىر ئەسكەر كۆپەيتىش، قارشى تەرەپنى بولسا بىر ئەسكەردىن مەھرۇم قىلىش ئىشى ھېسابلىنىدۇ. بىز دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىكى نېمىس قېنىدىن بولغان ئادەملەرنى قايتۇرۇپ كېلىشىمىزدە ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق بىر غايىنى مەقسەت قىلىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن مەيلى ئوغرىلاپ كېلىش بولسۇن ياكى بۇلاپ كېلىش بولسۇن، پۈتۈن چارىلەر بىلەن قايتۇرۇپ كېلىشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك.“ ئۇرۇشتىن كېيىن ھەقىقەتەنمۇ بەكلا قورقۇنۇشلۇق گەپلەر تارقىلىشقا باشلىغان ئىدى: ”ھاياتلىق بۇلىقى“ ئورگىنى ئەسلىدە بىر ”نەسىللىك ئات فېرمىسى“ غا ئوخشاش بىر يەر ئىكەنلىكى، ئۇ يەردە ئېس-ئېسچىلار بىلەن مۇۋاپىق قىزلار چېتىشتۇرۇلۇپ ئەڭ ئېسىل مىللەت يېتىشتۈرۈلىدىكەن، دېگەندەك رىۋايەتلەر تارقىلىدۇ. ھىملېرنىڭ پىلانى گەرچە ئۇيغۇن بولمىغان تۇغۇتنى چەكلىيەلمىگەن بولسىمۇ، يەنىلا پاسكىنا جىنسىي مۇناسىۋەتلەرنى تەرغىپ قىلغانلىقنى ئىسپاتلىيالايدىغان ھېچ قانداق بىر دەلىل قولغا

چۈشمىدى. شۇڭىدەك باللارنى بۇلاپ كېلىش ئىشىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئېجرا قىلىنغانلىقى ھەققىدىمۇ ھېچقانداق بىر دەلىل تېپىلمىدى. پۇتكۇل "ھاياتلىق بۇلىقى" ئەسلىھەلىرىدە ئىشلەيدىغان خىزمەتچىلەر سانى ئارانلا 700 نەپەر كىشى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان ئىدى. بۇ دەلىللەر بۇنداق گەپ-سۆزلەرنىڭ راسلىقى كىشىنى تولۇق ئىشەندۈرەلمەيتتى. – ئا. ھ. ئى). شۇنى كېسىپ ئېيتىش مۇمكىنكى، ھىملېر بۇنداق بىر ھەرىكەتنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، يەھۇدىيلارنى يوٚتكەش ۋە ئۇلارنى يوقۇتۇش ئىشى بەكلا جىددى ۋەزىيە بولۇپ تاقىشىپ قالغاچقا، "ھاياتلىق بۇلىقى" پىلانى زادىلا رولىنى جارى قىلدۇرالماي قالغان. ھىملېر ئىزچىل تۈردە جىسمانى مۇكەممەللىك بىلەن ھەرىكەت ماھارىتىنى مەدھىيلەپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ سالامەتلىكى بارغانسىرى ناچارلىشىپ، ئاشقازان يارىسى كېسىلىنىڭ دەردىدە تولغۇنۇپ يۈرەتتى؛ ئۇنىڭ چاڭقىي تېپىلىش ۋە سۇ ئۈزۈش ماھارىتى ھەقىقەتەنمۇ ئۇستۇن ئىدى. بىر قېتىمدا، ئۇ جىسمانى جەھەتتە تۆگىشىپ كېتىۋاتقان بولىشىغا قارىماي، يەنىلا بىر مىلكە يۈگرەش مۇساپىقىسىدە مىس مېدالغا ئېرىشەلىگەن ئىدى.

گېرمانىيەدە بولسا، ھىتلېردىن قالسا ھېچكىمنىڭ شەخسى كۈچى ھىملېرنىڭكىگە يەتمەيتتى. شۇنداق بولىشىغا قارىماي، ئۇ يەنىلا ئىزچىل تۈردە كىچىكپىيىللىقنى، جاپاغا چىداپ ئاددى-ساددە تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش ئادىتىنى تاشلىمىغان ئىدى. ئۇ تۇغۇلۇشىدىنلا بىر كاتولىك مورتى بولسىمۇ، ھازىر ئۇ كاتولىك چېركاۋىغا رەھىمسىزلەرچە ھۇجۇم قىلىپ كەلمەكتە. ئەمما بىر يېقىن ھەمكارلاشقۇچىسىنىڭ دېيىشىچە ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ ئۆزى يەنە كېلىپ خىرىستىئانلار كېڭىشىنىڭ پىرىنسىپلىرى بويىچە ئېس-ئېسچىلار گۇۋاردىيىسىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈچ سەرىپ قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. يەنى ئۇ، "ئىگناتيۇس لويولا (ئىسپانىيە راھىبى، خرىستىئانلار كېڭىشى دىن ئاساسچىلىرىدىن بىرى) بەلگىلىگەن ئىبادەت شەرتى بىلەن روھىي چېنىقىش ئۇسۇلى" نى تەقلىت قىلىشقا تىرىشىپ كەلمەكتە ئىدى.

نەچچە مىليون ئادەم ئۇنىڭدىن ئۈركۈپ يۈرگىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئۆزى فۇھرېرنىڭ ئالدىدا قورقۇپ غال-غال تىترەپ تۇراتتى. ئۇ بىر قېتىمدا قول ئاستىدىكى بىر ئادەمگە، فۇھرېرنى كۆرسىلا ئۆزىنى خۇددى دەرسىنى تەييارلىمىغان بىر ئوقۇغۇچىدەك ھېس قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. خۇددى فۇھرېرگە ئوخشاش، ھىملېرمۇ ماددىي مەنپەئەتلەردىن پايدىلىنىشقا پەقەتلا قىزىقمايتتى. ئۇ يەنە گېۆرىڭدىن پەرقلىق ھالدا ئۆز مەۋقەسىدىن شەخسى مەنپەئەت ئۈچۈن پايدىلىنىشنى ھەرگىزمۇ ئويلاپ قويمايتتى. ئۇنىڭ تۇرمۇشى بەكلا ئاددى-ساددە ۋە ئىقتىساتچىللىق بىلەن ئۆتەتتى. بەكلا ئاددى تاماقلىناتتى، بەكلا

ئاز ئىچەتتى، كۆنگە ئىككى تالدىن ئارتۇق كوبا سىگارىسى چەكمەيتتى. ئۇ تېگىرنسېدە ئايالى بىلەن بالىسى ئۈچۈن بىر قورا قىلغان بولۇپ، كۆنگسىي ئەتراپىدا ئۆزىنىڭ شەخسى كاتىبى ھېدۆنگ پوتداست ئۈچۈنمۇ بىر ئۆي ئالغان ئىدى. بۇ خانىم ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل، بىر قىز تۇغۇپ بېرىدۇ. ئۇ ئەسلىدە ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان بىر ئەر بولۇپ، ھەر ئائىلىسى ئۈچۈن ئالاھىدە راھەت مۇھىت يارىتىپ بەرگەن، نەتىجىدە ئۆزىنىڭ خەجلىشى ئۈچۈنمۇ ئارتۇق پۇلى قالمايتتى.

ئۇنىڭ ئەقىدىلىرىنىڭ بەزىلىرى بەكلا غەلىتە بولۇپ، ئۇنىڭ سادىق مورتلىرىمۇ ئۇنىڭ بۇ قائىدىلىرىنى قوبۇل قىلىپ كېتەلمەيتتى. مەسىلەن، مۆز ئېقىمى كائىنات تەرەققىيات نەزەرىيىسى، ماگنېتىزم، زەھەرنى زەھەر بىلەن داۋالاش ئۇسۇلى، ھىپنوزچىلىق، تەبىئىي تالللىنىش تەلىماتى، دۇربۇن، ئېتىقات بويىچە داۋالاش، پىرخونلۇق قاتارىدىكى قاراشلىرىغا قوشۇلۇش ھەقىقەتەنمۇ تەس ئىدى. ئۇ يەنە كۆمۈرگە سۇ سېپىپ كىرىبسىن ئېلىش ۋە شۇنىڭدەك ئالتۇن تەركىپلىق رودىدىن ئالتۇن تاۋلاش تەجرىبىلىرىنى ئىشلىگەن ئىدى.

ئۇنىڭ قولىدىكى پۇتۇن ھوقۇقنى ھىتلېردىن ئالغان بولسىمۇ، فۇھرېر ئۇنىڭ بىلەن تۆزۈك مۇناسىۋەت قىلىشمايتتى. "ماشا مۇشۇنداق بىر ساقچى كېرەك، _ دەيدۇ شاۋۋبقا (ھىملېر ئۇنىڭدىن بېرگخوفقا بېرىش ئۈچۈن بىر تەكلىپنامە ھەل قىلىشنى ئۆتۈنگەن ئىدى) – شۇنداقتىمۇ مەن ئۇلارنى بەربىر ياخشى كۆرمەيمەن." ھەتتا ھىتلېر ئۇنىڭ شەخسى ئادىيۇتانتى بولغان ئىس-ئىس كاپىتانى شۇلزغا كۆندىلىك ھەربىي ئىشلار ۋەزىيىتىنى ئاتاقتىكى باشلىقىغا ئېيتىپ يۈرمەسلىكنى بۇيرىغان.

شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا، ئۇ يەنە كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن ۋەزىپىنى – "ئاخىرقى ھەل قىلىش" ۋەزىپىسىنى يەنە شۇ ھىملېرغا تاپشۇرىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ۋەزىپە ھىملېرغا بەكلا ماس كېلەتتى. ھىملېر باشتىن تارتىپلا ھىتلېرنىڭ دېگىنىنى يەردە قويمايدىغان ئۇنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدىغان سادىق ئادىمى ھالىغا كەلگەن ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە ھىملېر مىللىي سوتسىئالىزمنىڭ سىماسى ھالىغا كەلگەن، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەيدىغان پارتىيە خىزمەتچىسى ھالىغا كېلىپ بولغاچقا، ئۆز ئۇستىدىكى مەسىلىلەردىن ساقلىنالايدىغان بىرى ھالىغا كەلگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ فۇھرېرنىڭ پۈت-قولى بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان بىرى ئىدى. گەرچە ئۇ قاننى كۆرسە ياكى قىيناشلارنى كۆرسىلا كۆڭلى ئاينىپ قۇسقىسى كېلىدىغان بىرى بولسىمۇ، يەنىلا كوللىكتىپ قىرغىنچىلىقنىڭ جاللاتلىرىدىن بىرى، ئۆلۈمى يوقۇرى كەسپى قاتىل ھالىغا كېلەلەيدۇ.

ئۇ بىر تەرەپتىن ئەنە شۇنداق دەھشەتلىك ئىشلارنى قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن يەنىلا بەكلا نازۇك بىرى ئىدى. "مەن دائىم كېيىك ئوۋلايمەن. – دەيدۇ دوختۇرى بىلەن ئايرىم ئولتۇرۇپ، _ شۇنداقتىمۇ ھەر قېتىم ئۆلگەن كېيىك كۆزىنى كۆرسەم ۋىژدانىم بەكلا ئازاپ ھېس قىلىدۇ." تېخى يېقىندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ خەۋپ ئاستىغا قېلىشىغا قارىماي، قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى مىلچ بىلەن بىرلىشىپ گوللاندىيەدىكى 14 مىڭ نەپەر يېتىشكەن يەھۇدىي ئىشچىلىرىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇلدۇرۇشنى پىلانلايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە راۋېنسبرۇك يىغۋېلىش لاگىرىدىكى بىر ھاۋا ئارمىيە پولكوۋنىكىنىڭ ئاپسىنى قويۇپ بېرىدۇ. بۇ ئايال "يەھياغا ئىمان كەلتۈرگەنلەك" ئېتىقادىدىن چېقىشنى رەت قىلىپ تۇرىۋالغان ئىدى (ھىتلېرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بۇ تۈردىكى كىشىلەر كۈچلۈك ئىرادىلىك كىشىلەردىن بولۇپ، تۈرمىدىكىلەرگە كىمىكى ئۆز ئېتىقادىدىن يېنىۋالسا شۇ كىشى قويۇپ بېرىلىدۇ، دەپ ئىزچىل يولغا قويۇپ كېلىنگەن بىر بەلگىلىمە بار ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي مۇتلەق كۆپ ساندىكى مەھبۇسلار ئېتىقادىدىن يېنىۋېلىشتىن باش تارتىدۇ. – ئا. ھ. ئى) ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا، مىلچنىڭ بۇندىن كېيىن سىېنىڭ بىلەن گەپلەشمەيمەن، دەپ تەھدىت سېلىشىدىن بولغان ئىدى؛ ئۇنىڭ ئۆزىمۇ كىشىلەرنىڭ "ھىملېر ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ئادەم" دېيىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئالايلۇق، بىرەرسى دىپلوماتىك يوللار بىلەن ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىپ كەلسە، تەلىۋىي يوللۇقلا بولىدىكەن، ئۇمۇ بۇنداق بىر تەلەپنى ئاسانلىقچە رەت قىلىۋېتەلمەيتتى. ئۇ ئىلگىرى بىر پاراشوتچىنى قويىۋەتكەن؛ يەنە ئىس-ئېسچىلارنىڭ بىر ئەمەلدارىنىڭ پولشالىقلارنى خورلىغانلىقىنى قاتتىق تەنقىت قىلىپ ماقالە يازغان بىرسىنىمۇ ئەپۇ قىلىۋەتكەن. ئەمما ئۇنىڭ ئابروييەرەستلىكى ئۆز قېرىندىشىنى ئەپۇ قىلىشقا يول قويمايدۇ. يەنى ئۇنىڭ بىر جىيەنى ئىس-ئېسچىلارنىڭ ئوفىتسېرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە بەچچىۋازلىق قىلغانلىقى توغرىلىق ئەرز كېلىدۇ. بۇ ئەرز ئۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ دەرھال بۇيرۇق ئىمزالاپ، بۇ جىيەنىنى جازا لاگىرىغا سولىتىۋېتىدۇ. قاماق جەريانىدا بۇ ياش بۇ قىلمىشىنى قايتا تەكرارلاپ نۇرغۇن قېتىم بەچچىۋازلىق قىلغان؛ ھىملېر بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ئۇنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىۋېتىدۇ. ئىس-ئىس سوتچىسى رولف ۋېھسېر ئۇ ياش ئۇچۇن كەڭچىلىك قىلىشنى ئۆتۈنگىنىدە ھىملېر رەت قىلىدۇ: "مەن باشقىلارنىڭ ئۆز جىيەنى بولغاچقا كەڭچىلىك قىلدى دېيىشىگە ئۇنىمايمەن." كېيىن، بۇ ئىش توغرىلىق ھىتلېر بىۋاستە ئۇتتۇرغا چىقىپ ئارىلاشقاندىن كېيىنلا ئۆلۈم جازاسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

ھىملېرنىڭ نازارىتى ئاستىدا، 1943-يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىغا كەلگىچە قىرغىنچىلىق

مەركىزىدىكى ئىشلارنىڭ ئۈنۈمى ئەڭ يوقۇرى پەللىگە چىقىدۇ. ئاۋۇشۋىتزدا، ئۆلتۈرۈلۈش ئۈچۈن تاللانغانلار داقا-دۇمباق، ناغرا-سۇنايلىق ئوركىستىر ئۆمىكىنىڭ ئالدىدىن قاتار تىزىلىپ ئۆتەتتى. ئەمما بۇ ئوركىستىر ئۆمىكىدىكىلەرمۇ يەنىلا شۇ مەھبۇسلار ئارىسىدىن تاللىنىپ، يەھۇدىي ئىسكروپكىچىسى ئالما روز ئۆمەكنىڭ رىژىسسورلۇقىنى قىلاتتى. ئەمما تىرىبلىنكادىكى ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى. ئۆلتۈرۈلۈشتىن ئاۋال قاماقتىكى يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىدىغانلىقىدىن خەۋەردار بولاتتى. بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەنگەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇلار دائىم دېگىدەك قاتتىق غەلۋە-چوقان كۆتۈرۈشەتتى يا بولمىسا پۈتۈن كۈچى بىلەن قاھقاھلاپ كۈلۈشەتتى. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن گۇندىپايلار ئۇلارنى قامچىلاپ تىنجىتىشقا ئۇرۇناتتى؛ گۇندىپايلار قوچىقىدا بالىسى بار ئانىلارنىڭ چېچىنى چۈشىرىش ۋاقتىدا، بالىلىرى غەلۋە قىلىپ ئۇلارغا كاشىلا پەيدا قىلغانلىرىدا ئۇلار بۇ بوۋاقلارنى ئانىنىڭ قوچىقىدىن يۇلۇپ ئېلىپ تامغا ئۇرۇپ ئۆلتۈرەتتى. ئەگەر مەھبۇسلاردا ئازىراقلا بىر قارشىلىق ئالامىتى كۆرۈلسە گۇندىپايلار بىلەن ئاكتىپ مەھبۇس كۆزەتكۈچىلەر تەرىپىدىن بۇ قىپ يالىڭاچ قىلىنغان ئۆلۈم يولىغا كېتىۋاتقان بىچارىلارنى قامچىلاپ ئۇرۇپ ھەيدىگىنىچە گاز كامىرىغا توشۇيدىغان يۈك ماشىنىلىرىغا چىقىراتتى.

ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىش ئەترىتىدىكىلەرنىڭ كاللىسىغا ھېچقاچان قىرغىن قىلىش بۇيرۇقىنى رەت قىلايچۇ دەيدىغان بىرەر خىيال كەلمەيتتى. "مەن 'خوپ!' دەپلا جاۋاب بېرەلەيتتىم. – دەيدۇ ئاۋۇشۋىتز يىغىۋېلىش لاگىرىنىڭ كوماندىرى ھۆس كېيىن ئېتىراپ قىلىپ، _ مەن بۇ ئىشتا بىرەر مەسئۇلىيىتىم بولىدىغانلىقىنى پەقەت ئويلىنىپ باقمىغان ئىدىم. سىلەرمۇ بىلىسىلەر، گېرمانىيەدە ئەگەر بىرەر ئىشتا خاتالىق كۆرۈلگىدەك بولىدىكەن، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە بۇيرۇق قىلغان كىشىلا مەسئۇل ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان." ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىش ئەترىتىدىكىلەرمۇ بۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلۈم جازاسىغا تارتىلىشىنىڭ توغرا بولۇپ-بولمىغانلىقىنى پەقەتلا سورىمايتتى. "سىلەر بىز ئېس-ئېس ئەسكەرلىرىنىڭ بۇنداق ئىشلارنى ئويلىنىشقا پەقەتلا ھەققىمىز يوقلىقىنىمۇ بىلمەمتىڭلار؟ بىز بۇ ھەقتىكى ئىشلارنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدۇق. ... بىز بۇيرۇققا بويسۇنۇش ئاساسىدا تەربىيىلەنگەنمىز. شۇڭا بىز بۇيرۇق مەزمۇنى ئۈستىدە قىلچە ئويلىنىپ ئولتۇرمايمىز؛ ئارىمىزدىكىلەردىن ھېچ كىم بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمايچۇ دەپ ئويلاپ باققان ئەمەس. چۈنكى، بۇ ئىشنى مەن قىلمىسام بەربىر قىلىدىغان يەنە بىرسى تېپىلاتتى." ئۇندىن باشقا، قىرغىنچىلىق ھەرىكىتىگە قاتنىشىدىغانلارنىڭ ھەممىسىلا قاتتىق مەشىق قىلدۇرۇلۇپ چېنىقتۇرۇلغان كىشىلەر ئىدى. "ئەگەر بۇيرۇقلا قىلىنىدىكەن، ئۇدۇلىدىكى

ئادەم ئۆز ئۇكىسى بولسىمۇ قىلچە ئىككىلەنمەي ئۇنى ئىتتىپ ئۆلتۈرەلەيدىغان كىشىلەردىن ئىدى. چۈنكى بۇيرۇق، ھەممىدىن ئۈستۈن ئىدى.“ (ستانلېي ملگرام، ئامېرىكىدا نۇرغۇن قېتىملىق تەجرىبىلەر ئارقىلىق قارغۇلارچە بوي سۇنۇشنىڭ يالغۇز نېمىسلارغىلا خاس بىر ئەھۋال ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقىدۇ. ئۇ سىناق جەريانىدا پەقەت يۈزدە 35 قىسىم تەجرىبە قىلىنغۇچىلا باشقىلارغا ئازاپ كەلتۈرىدىغان ئىشلارنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتقانلىقىنى ئىسپاتلىيالىغان. ئەمما قالغان مۇتلەق كۆپ قىسىم سىناق قىلىنغۇچىلار نوپۇز ئىگىسىنىڭ بۇيرۇقىغا قارغۇلارچە بوي سۇنىدىغانلىقى كۆرۈلگەن. 1960-يىلى ئىشلەنگەن بۇ تەجرىبىلەرنىڭ نەتىجىسى ۋىيېتنام ئۇرۇش مەيدانىدا، قىسمەنلىكتىن ئالغاندا ۋاتېر گېيت ۋەقەسىدىمۇ بۇنداق ئەھۋال ئىسپاتلانغان. ملگرام، يوقۇرقىدەك ئەھۋاللارنى ئۆزىنىڭ «ھوقۇققا بوي سۇنۇش ھادىسىسى» دېگەن كىتابىدا توختىلىپ ئۆتىدۇ. – ئا. ھ. ئى)

ھەتتا بەزى ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلغۇچى ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى ئۆزىنىڭ قىلمىشاتقان ئىشىدىن ئالاھىدە زوقلانسىمۇ، بۇ تۈر كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك ئادەم خورلاشتىن لەززەتلەنگۈچى كىسەللەر بولۇپ، ئۇلار باشلىقلىرىنىڭ جازالاش تەھدىتىدىنمۇ قورقماي كىشىلەرنى ئازاپلاشقا تىرىشىدۇ. خېلى يىللار ئاۋال، ھىملېر ئىس-ئىسچىلارنىڭ ھەرقاندىقىنى يەھۇدىيلارغا قارشى يالغۇز ھەرىكەت قىلىشىنى چەكلىگەن ئىدى. ”ئىس-ئىسچىلار كوماندىرى بولغان كىشى چوقۇم كۈچلۈك ئىرادىلىك بولۇشى كېرەككى ھەرگىزمۇ رەھىمسىز بىرى بولمىسۇن. – دەيدۇ ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتى باشلىقىغا، _ ئەگەر سەن قايسى بىر كوماندىر ھوقۇق دا ئىرىسىدىن ئىشىپ كەتكەنلىك، ياكى ئۆزىنى تىزگىنلەش جەھەتتە بەزى ئىنىق بولمىغان ئالامەتلىرى كۆرۈلگەنلا بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئىشىغا دەرھال چەك قويىشىڭ كېرەك.“ ئۇ يەنە يېقىندا تەستىقلانماي تۇرۇپلا يەھۇدىيلارنى ئىتىپ ئۆلتۈرگەنلىك ۋەقەسى ھەققىدە ئىس-ئىسچىلار قانۇن بىيرۇسىغىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر يوليورۇق بېرىدۇ: ”ئەگەر بۇ ئىش شەخسىيەتچىلىكىدىن، ئازاپلاش ياكى جىنسى نەپسى سەۋەبىدىن قىلىنغان ئىش بولىدىكەن، ئەملى ئەھۋالغا قاراپ چوقۇم سۈيىقەستچىلىك ياكى قاتىللىق جىنايىتى بىلەن ئايرىم-ئايرىم جازالىنىشى شەرت.“ شۈبھىسىزكى، بۇ ئىش ئۇنىڭ بۇچېنۋالدىنىڭ قۇماندانىنى تۇتۇپ كېلىپ سوتلىشى ئۈچۈن مورگېنغا تولۇق ھوقۇق بېرىشكە سەۋەب بولغان ئىدى.

قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنى ئىرادىلىك ئەمما رەھىمسىز بولمىغان ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈش، ھەقىقەتەنمۇ ھىملېرنىڭ بېشىدىكى قىيىن ئىشلاردىن بىرى ئىدى. ھىملېر، بۇنداق بىر مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ”سەمىمىي ساداقەتلىك – شەرەپ“ دېگەن شۇئارنى

ئوتتۇرغا قويۇپ، ئىبس-ئىبسچىلارنى باتۇر مۇھاپىزەتچىلەر ھالىغا كەلتۈرمەكچى بولىدۇ. شۇڭا ئۇ، ئىبس-ئىبسچىلارغا ئىرق ئەۋزەللىكى ھەققىدىكى تەلىماتلارنى سىڭدۈرۈش بىلەنلا قالماي، ئۇلارغا يەنە سادىق ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى، يولداشلارچە مېھرىبانلىق روھى، سادىق بويسۇنغۇچى روھ، ئىنتىزامچانلىق روھى، جاپاغا چىداپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش روھى ھەمدە ساداقەتلىك مۇھاپىزەتچى روھى قاتارىدىكى ھەر تۈرلۈك ئەخلاقى قاراشلار بويىچە يېتىلىش روھىنى سىڭدۈرۈشكە تىرىشتى. ئۇنىڭ ئىبس-ئىبسچىلىرى پارتىيىنىڭ "جەۋھىرى"، نىمىس خەلقىنىڭ جەۋھىرى، شۇ سەۋەبلىك پۈتكۈل دۇنيا خەلقىنىڭمۇ "جەۋھىرى" بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ، ئىبس-ئىبسچىلارغا ئۆز ئەقىدىسىنىڭ تەشكىلى سىستېمىسىنى سىڭدۈرۈش ئارقىلىق يېپيېڭى بىر ئەۋلاد يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى. "بۇگۈنكىچە دۇنيادا كۆرۈلگەنلەردىن كۆپ ئۈستۈن، كۆپ قىممەتلىك" يېڭى ئەۋلادلار يارىتىشنى ئارزۇلايدۇ. ئۇ بىۋاستە ئىبس-ئىبسقا نۇتۇقلار سۆزلەپ، ئۇلارنى ئەدەپلىك، تەربىيە كۆرگەن كىشىلەردىن بولۇشقا چاقىراتتى. "مەيلى مېھماندارچىلىق ياكى زىياپەتلەردە ياكى تەشكىللىك نامايىشلاردا بولماڭلار، سورۇندا مېھمانلارلا بولىدىكەن، سىلەرنىڭ ھەر قانداق ئۇششاق-چۈششەك تەرەپلەردە بولمىسۇن دىققەتلىك بولۇشۇڭلارنىتەلەپ قىلىمەن. چۈنكى مەن بۇ ئىبس-ئىبسچىلار قىسىمىنى ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ نەمۇنىلىرى بولۇپ كۆرۈنىشنى، پۈتكۈل گېرمانىيەلىك قېرىنداشلىرىغا ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىلەردىن بولۇشۇڭلارنى تەلەپ قىلىمەن." ئىبس-ئىبسچىلارنىڭ رەتلىك، پاكىز كىيىنىپ يۈرۈشتە ئۈلگە بولۇپ بېرىشى كېرەكلىكىنىمۇ تەكىتلەيتتى. "مەن سىلەرنىڭ ئاق كۆڭلەكلىرىڭلاردا كىچىككىنە بولسىمۇ بىرەر داغ بولۇشىنى خالىمايمەن. – دەيتتى. ئۇ يەنە ھاراق ئىچكەندە بوغۇلغىچە ئىچىۋالىدىغانلاردىن بولماي، مۆتىۋەرلەردەك ئىچىشنى تەلەپ قىلاتتى، _ بولمىسا مەن سىلەرگە ئۆزەڭلارنى ئىتتىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن ناگان ئۇۋەتىپ بېرىشكە مەجبۇر قالىمەن."

ئەمەلىيەتتە قىلىۋاتقان ئىشى ھەر قانچە ۋەھشىلىك بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلار ھەر دائىم مۆتىۋەرلەرچە ھالىتىنى ساقلىشى كېرەك ئىدى. 1943-يىلى 4-ئۆكتەبىردە، ھىملېر دەل شۇ خىل ئوي بىلەن ئىبس-ئىبسچىلار قوماندانلىرىنى پوسېنغا چاقىرتىدۇ. بۇ قېتىم ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ ئاساسلىق مەقسىدى، يەھۇدىيلارنىڭ ئۇرۇقىنى قۇرۇتۇش ئىشىدىن خەۋەردار بولىدىغان ئادەملەر دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلىش ئىدى. مورگېن تېخى يېقىندىلا ئوتتۇرغا چىقارغان ئەھۋال بىلەن يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىكى ۋەھىمە ھەققىدە گەپ-سۆزلەرنىڭ كەينى ئۈزۈلمەي تارقىلىپ يۈرگەنلىكى، فۇھرېرنىڭ ئەڭ سادىق مورتىنىمۇ قورقۇنۇچ ۋە ھېسسىياتىنىڭ قاتتىق داۋالغۇشىنى كەلتۈرۈپ

چىقارغان ئىدى. ئەندىلىكتە، بۇ مەخپىيەتلىك ئوتتۇرغا چىقىپ بولغان بولسىمۇ، ھىتلېر پارتىيە ۋە ئارمىيە تەرەپ كىشىلىرىنىمۇ بۇ ”ئاخىرقى ھەل قىلىش“ ئىشىغا چېتىۋېلىشنى قارار قىلغان ئىدى. شۇ ئارقىلىق، ئۆنۈمى جەھەتتىن ئالغاندا ئۇلارنىمۇ بۇ ئىشنىڭ شېرىكى قىلىۋالغاندىن كېيىن، يەھۇدىيلارغا بېرىلىدىغان زەربىسىنى داۋام قىلدۇرۇپ، تا ئۇلارنى قۇرۇتقانغا قەدەر بۇ ئىشنى داۋام قىلدۇرۇشنى پىلانلايدۇ. قارىغاندا، ئۇرۇش مەغلۇبىيەت بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىقى كۆرۈنۈپلا قالغان ئىدى؛ بۇمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن بۇ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پۇرسىتىنى يارىتىپ بەرگەن ئىدى. ئەڭ يامىنى بويىچە پەرەز قىلغاندىمۇ، ئۇ ئۆزى بىلەن بىرگە نەچچە مىليون يەھۇدىي بىلەن بىرگە ئۇ دۇنياغا كېتەلىشى مۇمكىنلىكىنى پىلان قىلماقتا ئىدى.

ھىملېرنىڭ ئېس-ئېسچىلارغا سۆزلىمەكچى بولغان بۇ قېتىمقى نۇتقى، ئۇنىڭ كېيىن سۆزلەيدىغان بىر قاتار نۇتۇقلىرىنىڭ كىرىش سۆز قىسمى بولۇپ قالاتتى. ھىملېر بۇ بىر يۈرۈش نۇتۇقلىرى ئارقىلىق، نۇرغۇنلىغان مەمورى رەھبەرلەر بىلەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىنى بۇ ئىشقا چېتىۋالىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بۇ ھەقتە سۆزلىگەن تۇنجى قېتىملىق نۇتقىنى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە نۇتۇق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاۋال ئېس-ئېسچىلارنى چوقۇم قايىل قىلىشى كېرەك ئىدى: كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان بۇنداق بىر ۋەزىپىنى ئورۇنداش بىلەن تەشكىلاتنىڭ ئاڭ ئالىي پرىنسىپىنى ئىجرا قىلىشى بىلەن ھەرگىزمۇ زىتلىشىپ قالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”مەن بۇگۈن ئىنتايىن جىددى بىر ئىش توغرىلىق سىلەر بىلەن سۆزلەشمەكچىمەن. مەن ئىچكى قىسىمدا شۇنى ئىنتايىن سەممىيلىك بىلەن ئوتتۇرغا قويىسامۇ، بۇ ئىشنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ھەرگىزمۇ ئاشكارە تىلغا ئالالمايمەن. – ئۇ بىر مەزگىل دۇدۇقلىغاندەك قىلىسمۇ، ئاخىرى يەنىلا دېمەكچى بولغىنىنى تىلغا ئالىدۇ، _ مەن دېمەكچى بولغان مەسىلە، شۇ يەھۇدىيلارنى چېكىندۈرۈش مەسىلىسى، يەنى يەھۇدىي ئىرقىنى يوق قىلىپ تاشلاش مەسىلىسىدۇر. بۇ گەپنى ئېغىزدا ئېيتىش ئاساندەك قىلغان بىلەن، يەنى بىزنىڭ بىر پارتىيە ئەزايىمىزنىڭ ئېيتقىنىدەك ‘يەھۇدىيلار ئىرقى تارمار قىلىنماقتا’، ئېنىقكى، بۇ گەپ بىزنىڭ پروگراممىمىزدا يېزىلغان، يەنى يەھۇدىيلارنى يوقۇتۇش دەپ تىلغا ئېلىنغان. شۇڭا بىز بۇ ئىشنى قىلماقتىمىز، بىز ئۇلارنى يوقاتماقچىمىز.“

گەرچە مورگېن بىلەن كۇرت گېرستېين ئىككىسى قارشى ئېلىنمايدىغان گۇمانىنى ئوتتۇرغا قويغان بولسىمۇ، ئۇزۇن يىل كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان سۆز ۋە شۇئارلارنى ۋارقىراپ يۈرگەندىن كېيىن بۇنداق ئاشكارە گەپلەرنىڭ دېيىلىشى ھەققەتەنمۇ كىشىنى

چۆچۈتەتتى. بولۇپمۇ ھەملىرنىڭ دىگەن "ئاخىرقى ھەل قىلىشى" دىن پايدىلىنىپ ئىزچىل نەپ ئېلىپ كېلىۋاتقان كىشىلەر ئۇستىدىكى ئەيىپلەشلەر كىشىنى تېخىمۇ بەكرەك چۆچۈتەتتى: "بەزى ئېس-ئېسچىلار، بۇنداقلىرىنىڭ سانى كۆپ بولمىسىمۇ، كۆپچىلىكنىڭ ئۇمىدىنى يەرگە قويغانلىقى ئۈچۈن ئۇنداقلارنى ئۆلتۈرىۋەتسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. ئۇلار بىزنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئاتالانغىنىدا بىزدىمۇ ئەخلاقى ھوقۇق، خەلقىمىزگە قارىتا مەسئۇلىيەت بولىدىغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ ئىرقنى يوق قىلىشقا ئاتلىنىشىمىز كېرەك. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشتىن پايدىلىنىپ مەيلى بىر خۇرۇم پەلتو، بىر تال سائەت، بىر مارك پۇل، ھەتتا بىر تال تاماكا ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلىرىنى ئېلىۋېلىپ باي بولۇش خىيالىدا بولۇشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق. چۈنكى بىز بۇ يەردە بىر مىكرپنى يوق قىلىپ بولۇپ ئاخىرى ئۆزىمىزنىمۇ بۇنداق مىكروپ تەرىپىدىن يۇقۇملاندۇرىۋېلىش ياكى بۇ مىكروپ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشنى ھەرگىز خالىمايمىز. مەن بۇ ئىشتا چىرىكلىشىش ھادىسىلىرىنىڭ كۆرۈلۈشىگە، شۇ سەۋەپلىك ئۇ مىكروپلارنىڭ داۋاملىق پۇت تىرەپ تۇرىۋېلىشىغا ھەرگىز يول قويمايمەن. بۇنداق كېسەللىك نەگىچە تارقالغان بولىدىكەن، شۇ يەرگىچە قوغلىشىپ بىرىپ زەربە بىرىشىمىز كېرەك. شۇنىسى ئېنىقكى، بىز ئاخىرقى ھېسابتا بىز بۇ ئەڭ مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولغان ۋاقتىمىزدا چوقۇم خەلقىمىزنىڭ مەدھىيىسىگە ئېرىشەلەيمىز. شۇنداقتىمۇ بىزنىڭ ئىرادىمىز، روھىمىز، خاراكتېرىمىزدىن ھېچ بىرى بۇنىڭلىق بىلەن ھەرگىز زىدىلەنمەسلىكى كېرەك."

ئىككى كۈندىن كېيىن، ھەملىر يەنە بىر تۈركۈم ئىمپىرىيە ئەمەلدارلىرىغا ۋە يەرلىك ئەمەلدارلارغا يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش مەنىدە نۇتۇق سۆزلەيدۇ. "بىز، 'چوقۇم يەھۇدىيلارنى تازىلىۋېتىشىمىز كېرەك' دىگەن بۇ قىسقا بىر جۈملە سۆزنى دىيەلىشىمىز بەكلا ئاسان. ئەمما بۇ بىر جۈملە سۆزنى ئىجرا قىلىش تەلەپ قىلىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس. ئۇلار بۇ ئىشنى ئىجرا قىلىشتا ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق قىينىلىدۇ." سىلەرگە مەلۇم بولىشى كېرەككى، ئۇلار ھېلى سىلەر ئاڭلايدىغىنىڭلارنى نەچچە ئايدىن بىرى زادىلا ئاڭلىغىسى كەلمەيدىغان ئىشلاردۇر. "مەن دىمەكچى بولغىنىمنى پەقەتلا شۇ كىشلەر دائىرىسىدىلا ئاڭلىتىلىدىغان گەپلەر بولۇپ، ئۇلارمۇ بۇ گەپلەرنى پەقەتلا ئاڭلاپ ھەرگىز مۇھاكىمە قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. كىشىلەر 'ئاياللار بىلەن باللىرىنى قانداق قىلىمىز' دەپ سوراپ قالغىنىدىمۇ مەن بۇ يەردە ئېنىق بىر تەدبىر قوللىنىشى زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرغا قويىمەن. مېنىڭچە، بىر تەرەپتىن يەھۇدىيلارنى يوقۇتۇشنى، يەنى ئېنىقراق ئېيتقاندا يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرۈشنى ياكى ئۆلتەرگۈزۈشنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ باللىرىنى چوڭ بولۇپ بىزنىڭمۇ باللىرىمىزنىڭ، بىزنىڭمۇ

نەۋرە-چەۋرىلىرىمىزنىڭ پېيىغا چۈشۈپ قالىدىغان قىساس ئېلىش ئىمكانىيىتىگە كۆز يۇمالمايمەن. شۇڭا بۇ ئىشتا قەتئىي تۈردە كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىشىمىز، بۇ مىللەتنى چوقۇم يەر يۈزىدىن پاك-پاكىزە تازىلىۋېتىشىمىز كېرەك.“

ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ كېلىپ، بۇ ئىشنىڭ ئېس-ئېسچىلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئەڭ مۈشكۈل ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ كېلىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ”شۇنداق دەپ ئېيتالايمەنكى، بۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا بىزنىڭ ئادەملىرىمىز، بىزنىڭ رەھبىرى كىشىلىرىمىز، مەيلى ئىرادە جەھەتتە ياكى روھىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە قىلچىلىكمۇ زەخمىگە ئۇچراشقا يول قويمايدۇ. ھەتتا كوللىكتىپ قىرغىن قىلىش ۋاقتىدىمۇ ئۇلار يەنىلا ئۆزىنىڭ مەرت ئەسكەرلىك ھالىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ.“ بۇ گەپلەر بولىۋاتقىنىدا زال ئىچى تىمتاس ھالغا كېلىپ ھېچ بىر تىۋىش چىقمايدۇ. شۇ ۋاقىتتىكى مەنزىرى ئەسلەپ بالدۇر ۋون شىراك مۇنداق دەيدۇ: ”ئەر-ئايال، قېرى-ياشلارنى قانداق ئۆلتۈرۈش كېرەكلىكى ئۈستىدە سۆزلەۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ چىرايى قىلچىمۇ ھېسسىياتى يوق مۇز چىراي ھالغا كەلگەن بولۇپ، خۇددى بىر باققالنىڭ ئالدىدىكى ماللىرىنى ماختاپ سۆزلەۋاتقىنىدەكلا نورمال قىياپەتتە سۆزلىدى. ئۇ نۇتۇق جەريانىدا، ئازىراقمۇ ھاياجانلانغان ئەمەس، قەلبىمۇ مۇزغا ئوخشاش قىلچە ئۆزگىرىپ قويمىدى.“

ھىملېر، كىشىنىڭ بەدىنىنى شۈركۈندۈرگىدەك بۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا دۇچ كېلىدىغان ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار ئۈستىدە توختىلىپ بولۇپ بۇ ھەقتىكى نۇتقىنى مۇنداق ئاخىرلاشتۇرىدۇ: ”شۇنداق قىلىپ، سىلەر ھەممىڭلار ھەممە ئىشتىن تولۇق خەۋەر تاپقان بولدۇڭلار. بۇنى قەتئىي مەخپى تۇتۇشۇڭلار كېرەككى، ھېچ كىمگە تىنماسلىقىڭلار شەرت. بەلكىم، ئۇزۇن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ئىشلاردىن نېمىس خەلقىنىمۇ خەۋەردار قىلىپ قويۇش ئويىغا كېلىپ قېلىشىڭلارمۇ مۇمكىن. ئەمما بىز خەلقىمىز ئۈچۈن بۇنداق بىر پىلان تۈزۈپ ھەرىكەت قىلغانلىقتەك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز ئۈچۈن بۇ سىرىمىزنى ئەڭ ياخشىسى گۆرىمىزگە بىرگە ئېلىپ كەتكىنىمىز تۈزۈك.“ ئۇ خۇددى برۇتۇسقا ئوخشاش خىزمەتداشلىرىنى بىرلىكتە كايسەرنىڭ قېنىغا چىلىشقا زورلىماقتا ئىدى (برۇتۇس – قەدىمقى رىم جۇمھۇرىيەتچىلەر يېتەكچىسى بولۇپ، كايسەر گۇرۇھىنىڭ ئادەملىرىنىڭ قاتىلى). شۇنداق قىلىپ، ”ئاخىرقى ھەل قىلىش“ پىلانىغا ھىتلېر بىلەن ھىملېر ئىككىسىلا مەسئۇل بولىدىغان يوكتىن قۇتۇلغان بولۇپ، بۇ يۈكنى ئۇلارمۇ بېشىنى چۆكۈرۈپ بىرلىكتە كۆتۈرۈشكە مەجبۇر ھالغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى.

بورمان، يىغىنىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېلان قىلىپ بولۇپ، كۆپچىلىكنى ياندىكى زالغا كىرىپ زىياپەتكە قاتنىشىشىنى تەكلىپ قىلىدۇ. زىياپەت ۋاقتىدا، شىراك بىلەن قالغان

ئەمەلـدارلار بىـر-بىرسـى بىـلەن كـۆز ئۈچرۈشتۈرۈشـتىنمۇ قورقـۇپ ئـۇن-تىنسـىز بېشـىنى چۆكۈرۈپ ئولتۇرۇشىدۇ. كـۆپ سـانلىق يىغىـن قاتناشـقۇچىلىرى، ھىملېرنـىڭ بـۇ گەپلەرنـى قىلىشتىكى مەقسەت ئۇلارنىمۇ بۇ ئىشتا ئۆزىگە شـېرىك قىلىۋالـماقچى ئىكەنلىكىنـى قىيـاس قىلىپ بولىدۇ. شـۇ ئاخشـىمى، ئـۇلار ھـاراقنى بولىشـىغا ئىچىـپ، نۇرغـۇنلىرى باشـقىلارنىڭ يۆلەپ ئاپىرىشى ئارقىلىقلا ئاران پويىزغا چىقالايدىغان غىق مەس ھالغا كەلگەن ئىـدى. بـۇ پويىز "بۆرە ئىنـى" غـا بارىـدىغان پـويىز ئىـدى. ھىملېـر سـۆزىگە چېقىشـتىن ئـاۋال يەنە شـۇ يىغىنـدىكىلەرگە نۇتـۇق سـۆزلىگەن ئـالبېرت سـپېر، يىغىـن قاتناشـقۇچىلىرىنىڭ بۇنچىـۋالا چېكىدىن ئېشىپ مەست بولغىچە ئىچىشكە قاتتىق يىرگىنىپ كېتىدۇ. ئۇ ھەتتا ئەتىسى بـۇ ئىشلارنى ھىتلېرغا مەلـۇم قىلىـپ، بـۇ پـارتىيە رەھبـىرى كادىرلىرىنىـڭ ئـۆزىنى تۇتىۋېلىشـى ھەققىدە ئەدەپلەپ قويىشنى تەلەپ قىلغۇدەك ھالغا كەلگەن ئىدى (بۇگـۈنگە كەلگەنـدە، سپېر "ئاخىرقى ھەل قىلىش" تىن قىلچە خەۋىـرىم يـوق ئىـدى، دەپ پۈتـۈنلەي تىنىۋالـدۇ. بەزى تـارىخچىلار ئـۇنى ئەيىـپلەپ، سـەن ھىملېرنـىڭ نـۇتقىنى ئاڭلىغـان تۇرۇغلـۇق تىنىۋالماقچى بولىۋاتىسەن، چۈنكى ئۇ يىغىنـدا ھىملېـر نۇتقىـدا مەخسـۇس سـاڭا قـارىتىپمۇ بىـر مـۇنچە گەپ قىلغـانلىقنى ئېيتىـدۇ. ئەممـا سـپېر قەتئىـي تـۈردە ئىنكـار قىلىـپ، مەن نۇتقـۇمنى سـۆزلەپ بولـۇپلا يىغىـن زالـىدىن ئايرىلىـپ راسـتېنبۇرگقا كەتـكەن ئىـدىم دەپ تۇرىۋالىدۇ. بۇنى قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشـالى مىلچمـۇ تەسـتىقلايدۇ. ئەگەر سـپېرنى يىغىنـدا بولمىغانمۇ دەيلى، ئەمما ئۇنىڭ قىرغىنچىلىق لاگىرلىرىدىن خەۋىرى بولماسلىقىغا ھېچ كىـم ئىشـەنمەيتتى. ھىملېرنـىڭ نۇتقـدا، كىشـلەر ھىملېرنـىڭ بىۋاسـتە سـپېرگە قـاراپ گەپ قىلغـانلىقنى ياخشـى بىلەتتـى. شـۇڭا ئـۇنى بـۇ ئىشـلارنىڭ ئەڭ يوقۇرىـدىكى جىنـايى شېرىكلەردىن بىرى دەپ قارىشىدۇ. – ئا. ھ. ئى).

4

ھىتلېرنـىڭ "يېڭـى تـۈزۈم" دېگىنىنـىڭ زىيانكەشـلىكىگە ئۇچۇرىغـۇچىلار يەھـۇدىيلار بىلەنـلا چەكلىنىـپ قالمايـدۇ. يەھـۇدىي بولمىغـان نەچـچە مىليـون باشـقا ئـادەملەرمۇ ئۆلتۈرۈلـدى، بولۇپمـۇ ئىشـالىيەت ئاسـتىدىكى رايـونلاردا ئېتىـپ ئۆلتۈرۈلـدى، زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدىن ياكى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى. تېخى يېقىندىلا ئۇ "بـۆرە ئىنـى" غـا بارغىنىـدا پىتېـر كلېيىست ھىتلېر ئـۆز قـولى بىـلەن ئـۈزۈن بىـر ئەسـلەتمە دوكلاتـى سـۇنۇپ بـۇ سىياسـەتكە قارشـى چىقىـدۇ. ھىتلېـر بـۇ دوكلاتنـى ئوقـۇپ بولـۇپ ئۇنىڭغـا مۇنـداق دەيـدۇ: "رۇسـىيە ئىشغالىيەت رايونلىرىدىكى ئەھۋاللارنى تەسۋىرلىشىڭ بەكلا قورقۇنۇشلۇق بولۇپ كەتكەن.

مىللەتچى سىياسىيونلىرىنىڭ قاپ يۈرەكلىك بىلەن تەلەپ قىلىپ ئوتتۇرغا قويغان يول قويۇش ھەققىدىكى چارىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇ جايلاردىكى شارائىتلارنى ئۆزگەرتىش لايىھىسى سىزىچە پۈتۈنلەي خانخىيال ھېسابلانماسمۇ؟ ئۇ تۈر يول قويۇشقا ماقۇل دېگىنىمىزدە، بۇ مىللەتچى ئۇنسۇرلار بىزنى بەكلا ئاجىز نەرسىلەر ئىكەن دەپ قالماسمۇ؟ بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ چوڭلاپ، بىزدىن تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىشقا پېتىنالايدىغان جاسارەتكە ئېرىشۇالماسمۇ؟" كلېيست مەردانىلىق بىلەن مۇنداق چۈشەندۈردى: "مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ئۇلارغا يول قويۇش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى شەرق خەلقلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئەمەس بەلكى گېرمانىيىنى تاللىۋېلىش شارائىتىنى يارىتىشىمىز كېرەك دېمەكچىمەن." ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ چۈشەندۈرىۋاتقىنىدا ھىتلېرمۇ ئويغا پاتقان ھالدا پولغا تىكىلگىنىچە ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇردى. ھىتلېرنىڭ بۇ ئولتۇرۇشى، كلېيست ئۈچۈن ئۇنىڭ چىراي شەكلىنى كۆزىتىش ئۈچۈن تېپىلماس بىر پۇرسەت بولۇپ بەرگەن ئىدى. "ئۇنىڭ چىراي شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىنى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان بىر قانچە قىسىملارغا ئايرىش مۇمكىن ئىدى، ئۇنىڭ چىراي-شەكلى گويا بىر قانچە پارچىدىن قۇراشتۇرۇلغان بىر يۈزگە ئوخشايتتى، شۇنىڭدەك بۇ پارچىلاردىن نورمال بىر پۈتۈن چىراي شەكلىنى چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قىياپىتى ماڭا چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان ئىدى."

ئاخىرى ھىتلېر ئۇنىڭ سۆزىنى كەستى. ئۇ پەقەتلا رەنجىگەندەك ئەمەس، ئەكسىنچە بەكلا سوغۇققان كۆرۈنەتتى. ئۇ خۇددى ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك بىر تەرەپتىن گەپ قىلغاچ چوڭقۇر ئويغا پېتىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى: "ئەندى مەن كەينىمگە يانالمايمەن، _ دەيدۇ ئىككى كۆزىنى كۆككە تىككىنىچە، _ ئەگەر مەن ئۇلارغا قارىتىلغان ئىپادەمدە ئازىراقلا ئۆزگىرىش قىلغۇدەكلا بولىدىكەنمەن، كىشىلەر مېنى يول قويغانلىق دەپ خاتا چۈشىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ھەربىي ۋەزىيەتتىكى ئىشلاردا ئەنە شۇنداق كۆزىتىلىدۇ. ئۇنداق مۇئامىلىدە بولىشىم دەرھال ھەممىنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچۇرتىۋېتىشى مۇمكىن." گەرچە ئۇ، ھەربىي ئىشلاردا تەشەببۇسكارلىق قولغا كەلتۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ نىسبەتەن سىلىق تەدبىرلەرنى ئويلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەندەك قىلغىنى بىلەن، كلېيست بۇ دېگەنلىرىنىڭ چىرايلىق سۆزلەپ قويۇشتىن باشقا بىر مەنىگە ئىگە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ تۈردىكى بىرسىنىڭ يۈرىكى شۇنچە ئاسان يۇمشىشى مۇمكىنمۇ؟

ھىتلېر ئۇشتۇمتۇت بىشىنى كۆتۈرۈپ كلېيستقا تىكىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى خاتىرجەم، خىيالچان قىياپەت بىردىنلا نەلەرگىدۇ يوقالغان ئىدى. "بۇ دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى خامخىيال! – دەيدۇ ھىتلېر ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ قوپال بىر شەكىلدە، _ سېنىڭ كۆز

ئالدىڭدىكىلا ئىشلارنى ئويلاشقا، نۆۋەتتىكى بىسىم پەيدا قىلىپ كېلىۋاتقان ۋەزىيەتنىمۇ ئويلىنىش ھەققىڭ بار. مانا بۇ، سەندىكى تۈپكى يېتەرسىزلىك. ئەمما مەن ئەتىنى، ھەتتا ئۇنىڭدىن كېيىنكە كۆنلەرنىمۇ ئويلىنىشقا مەجبۇرمەن. مەن بۇگۈنكى قىسقا مۇددەتلىك بەزى ئۇششاق-چۈششەك غالىبىيەتلەرگە قاراپلا كەلگۈسىنى ئۇنتۇپ قالسام بولمايدۇ. يۈز يىلغا قالماي گېرمانىيە 120 مىليون نوپۇسلۇق بىر دۆلەتكە ئايلىنىدۇ. بۇنچىۋالا ئادەمنى بېقىپ كېتىش ئۈچۈن ھاياتلىق ماكانى تەييارلىشىم كېرەك. شۇڭا مەن ھەرگىزمۇ شەرقلىقلارنىڭ ھەر قانداق بىر مۇستەقىل ياشاش تەلىپىگە ماقۇل دېيەلىشىم مۇمكىن ئەمەس. مەن ھەرگىزمۇ سوۋېت رۇسىيىسى ئورنىغا يېڭى بىر مىللەتچى رۇسىيەنىڭ تىكلىنىشىگە رۇخسەت قىلالمايمەن. مەن سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلىدىغان يېڭى رۇسىيەنى تېخىمۇ پۇختا تەشكىللەپ چىقمىسام بولمايدۇ. سىياسەت دېگەن نەرسە ھەرگىزمۇ ئۇنداق خامخىياللار ئاساسىدا بەلگىلىنىدىغان نەرسە ئەمەس. سىياسەت – ئەمەلىيەت ئاساسىدا بەلگىلىنىدىغان نەرسە. مېنىڭ ئۈچۈن شەرق، يەنى ھاياتلىق ماكانى ھەل قىلغۇچ مەسىلىدۇر!"

شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ بىسىم پەيدا قىلىدىغان سىياستى داۋاملىق ئىجرا قىلىنىدىغان بولىدۇ. بۇ تۈردىكى سىياسەت بىلەن بىر قاتاردا روي بېرىۋاتقان يەنە بىر مەسىلە، سوۋېت ئەتتىپاقى ئۇرۇش ئەسىرلىرى ئارىسىدا كۆرۈلىۋاتقان قورقۇنۇشلۇق ئاچارچىلىق مەسىلىسى ئىدى. ئۇ، كېيىنكىلەرنىڭ يازغان رەھىمسىزلەرچە زەھەرخەندىلىك بىلەن يازغان بىر خېتىدە، 3 مىليون 600 مىڭ نەپەر سوۋېت ئەتتىپاقى ئۇرۇش ئەسىرىدىن پەقەت نەچچە يۈز مىڭىنىڭلا سالامەتلىكى ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. رۇشەنكى، ئۇنىڭ بۇ خېتىنى چوقۇم تېخىمۇ رەھىمسىز بولغان بىرەر خىزمەتچىسى قەلەمگە ئېلىپ شەرق ئىشغالىيەت رايونىنىڭ مىنىستىرى بولغان كىشىگە تاشلاپ بەرگەنلىكى ئېنىق. بۇنى ئالفرېد روزېنبېرگمۇ ئىسپاتلىغان.

ئۇلار يەنە سوۋېت ئەتتىپاقى ئۇرۇش ئەسىرلىرى ۋە يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىكى يەھۇدىي بولمىغان مەھبۇسلار ئۈستىدە بىر مۇنچە دورا سىناق قىلىش كىلىنىكىلىق تەجرىبىلىرى ئارقىلىقمۇ بەكلا كۆپ كىشىنى ئۆلتۈرۈپ بولىدۇ: بەزى ئادەملەرنى قىپيالىڭاچ قاردا ياتقۇزۇش ياكى مۇزلۇق سۇغا پاتۇرۇش؛ يەنە بەزىلىرىنى يوقىرى ھاۋا بوشلۇقىدا سىناق قىلىش؛ يەنە بەزىلىرىنى ئىپرىت (قىچا گازى) گازى ياكى زەھەرلىك گاز بومبىسىدا سىناق قىلىش ئورنىدا ئىشلەتكەن. راۋېنسبرۇك يىغىۋېلىش لاگېرىدىكى پولەك ئاياللارغا زەھەرلىك گازدىن پەيدا بولىدىغان گانگرېنا يارىسىغا گرېپتار قىلىپ سىناق قىلىنغان؛ داخاۋ (داچاۋ) ۋە بۇچېنۋالد لاگېرلىرىدا سىگانلار دوختۇرلارنىڭ تەتقىقات قىزىقىشلىرى

ئۆچۈن تەجرىبە ھايۋىنى قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن، يەنى بۇ دوختۇرلار ئادەمنىڭ يالغۇز تۇزلۇق دېڭىز سۈيىنىلا ئىچىپ قانچىلىك ۋاقىت بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىنى سىناق قىلىشتا ئەنە شۇ سىگانلاردىن پايدىلانغان.

پۇتكۈل ياۋروپا تەۋەسىدىكى ئىشغالىيەت رايونلىرىنىڭ مەمۇرى ئورۇنلىرى يەنە بۇزغۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ياكى ئىسيان كۆتەرگەنلەردىن قىساس ئېلىش ئۈچۈنمۇ نۇرغۇنلىغان ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش شەكلى خىلمۇ-خىل ئىدى. بۇ تۈردىكى ھەرىكەتلەر فۇھرېرنىڭ "پىبىرخاربور (مارجان ئارىلى پورتى) خاتىرە كۈنى" ئېلان قىلغان بۇيرۇقى بىلەن قانۇنلۇق ھالغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى. يەنى بۇ كۈنلەردە ھىتلېر موسكۋانى ئىشغال قىلىشتىنلا ئۈمىدىنى ئۈزگەن بولۇپ قالماي، بۇ ئۇرۇشتا غالىپ چىقىشتىن گۇمانلىنىدىغان ھالغا كەلگىنىدە ئەنە شۇنداق بۇيرۇق ئېلان قىلىدۇ. "قىروق قانۇنى" دەپ بەكلا ماس كەلگەن بۇ بۇيرۇقىدا، گېرمانىيىنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان سالغانلار شۇ ھامان ئېتىپ تاشلانغانلاردىن باشقىلىرىنى قەتئىي تۈردە غايىپ بولىدى قىلىپ، قىلچىمۇ ئىزىنى قالدۇرماسلىق، ئۇنىداقلارنىڭ نېمە بولغانلىقى ھەققىدە ئائىلىسىدىكىلەرگىمۇ قەتئىي خەۋەر بەرمەسلىك شەرت دەپ بەلگىلەنگەن.

1943-يىلى كۈز ئايلىرىغا كەلگىنىدە، ئاتالمىش ئورتاق مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ياۋروپا ئەللىرىنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت "غەربىي ياۋروپا يېڭى تۈزۈمى" ئەسلى قىياپىتىنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ: بۇ بىر تۈرلۈك ئىقتىسادى بۇلاڭ-تالاڭدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. پەقەت ئادەتتىكى پۇخرا بولۇشنى خالمايدىغان مىليونلىغان خەلققا قارىتا ھىتلېر قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، سۆز بىلەن قايىل قىلىش ئورنىغا قۇرال كۈچى بىلەن قايىل قىلىش يولىنى تاللىۋالغان ئىدى. ئۇ مەجبۇرى تۈردە ئىشقا سېلىش ھەممىدە گۇرۇۋدىكى ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق پاسسىپ ئىشلەش بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە ئىش توختىتىش ياكى بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئارقىلىق قارشىلىق كۆرسىتىشكە جاۋاب بېرىدۇ. گوللاندىيە بىلەن فرانسىيەدە، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم سانى 20 مىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ. قانۇنلۇق بۇلاڭ-تالاڭ ئادەتتىكى ئىشلارغا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، يېمەك-ئىچمەك، كېيىم-كېچەك ۋە قىممەتلىك سەنئەت ئەسەرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ماشىنا-ماشىنا ئوۇرۇش غەنىمەتلىرى نورۋېگىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە، لىيۇكسېمبۇرگ، فرانسىيە ۋە دانىيەلەردىن ئۇزۇلمەي گېرمانىيە ئانا ۋەتىنىگە توشۇلماقتا ئىدى. بۇلارغا يەنە زور مىقداردىكى ئىشغالىيەت چىقىملىرىمۇ قوشۇلماقتا ئىدى. يالغۇز فرانسىيىدىنلا "يېڭى تۈزۈم" گە قوشۇلۇشى ئۈچۈن يىلىغا 7 مىليارد ماركلىق بەدەل تۆلەشمەكتە ئىدى.

بېرلىندا چاقىرىلغان بىر قېتىملىق يىغىندا، ھىتلېر پۈتۈن پارتىيە رەھبەرلىرىگە

ھەققىي ئەھۋالنى ئاشكارىلايدۇ: "ھازىرغىچە مەۋجۇتلۇقنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ياۋروپادىكى ئۇششاق چۇپرەندە دۆلەتلەر تېزلىكتە تازىلىنىشى كېرەك. بىزنىڭ كۆرەش نىشانىمىز بىر پۈتۈن ھالغا كەلگەن ياۋروپا قۇرۇپ چىقىش، بۇنداق بىرلەشتۈرۈش ئىشنى پەقەت گېرمانىيەلا ئۇۋۇشلۇق تەشكىللەپ چىقالايدۇ."

بىر پۈتۈن ھالغا كەلتۈرۈلگەن ياۋروپا دېگىنى، ئەلۋەتتە گېرمانىيىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى بىر ياۋروپا بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بولسا گېستاپو بىلەن ئۇنىڭ غالچىلىقىنى قىلىپ يۈرگەن ساقچى كۈچلىرىنىڭ ياۋروپانى باشقۇرۇشى دېمەكتى. ئەمما بۇ "يېڭى تەرتىپ"، خەلقنى رەھىمسىزلەرچە بوزەك قىلىش ۋە ئۇلاردىن قىساس ئېلىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان بولۇشىغا قارىماي، ياۋروپا خەلقى ئارىسىدا ئىسيان كۆتۈرۈش روھىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنىمۇ پەيدا قىلمىدى. ئىشغالىيەت ئاستىدا قالغان مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەر يەنىلا ناتىسستلار بىلەن ھەمكارلىق يولىنى تاللىۋېلىشىپ، نىسبەتەن تىنچ تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىپ كېلىدۇ. بۇ خەلق، ئومۇمىي يۈزلۈك ئىش تاشلاش، گېرمانىيە ئىش يەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىش ياكى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ياكى ئىقتىسادىي ئىگىلىك ئىشلىرىغا پاراكەندىچىلىك سېلىش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغىنىدا مۇتلەق تۈردە كەك كۆلەملىك قىساس ئېلىشنى ياكى تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ بەكلا ناچارلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ قارىشاتتى. بۇ خەلق، شۇ سەۋەپتىن، بەلكىم مەڭگۈلۈك ھۆكمرانلىق قىلىشى ئېھتىمال بولغان بۇ ئىشغالچىلار بىلەن ئورتاق ئىش قىلىشقا تەييار تۇرۇش ئەڭ ياخشى چارە دەپ قارىشاتتى. ئۇلار بىلەن ھەمكارلىقتا بولۇش ئەڭ ئاسىنى ۋە بۇنى قىلىشنىڭ قىيىنچىلىقىمۇ يوق دەپ ئويلىشاتتى. ئەنە شۇنداق ھاياتنى ساقلاپ قېلىش ئېچكى تۇرتكىسى تۈپەيلىدىن قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىمۇ ئەڭ ئاز ھالغا كەلتۈرىۋېلىشقان ئىدى. ئەسلىدىنلا يەر ئاستى پائالىيەتلەرگە قاتناشقانلارنىڭ سانىمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇنىڭدەك كومپارتىيە بىلەن كومۇنىست بولمىغان پارتىزانلار، ئالايلۇق فرانسىيىدە بىر-بىرسىنى ئاجىزلاشتۇرۇشنى كۆزلەپ ھەر دائىم ئۆزئارا قانلىق كۆرەش قىلىپ تۇرىشاتتى. نىسبەتەن چوڭراق بولغان قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى پەقەت يۇگوسلاۋىيىدىلا كۆرۈلمەكتە بولۇپ، يەنە كېلىپ بۇ ھەرىكەتكىمۇ كومۇنىست بولغان تىتو دېگەن بىرسى ھىتلېرغا قارشى پۈتۈن كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە تىرىشىش ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىپ كېلىۋاتاتتى. شۇنىڭدەك ئۇمۇ سېربىيەلىك مىللەتچى مىخايلوۋىچقا رەھىمسىزلەرچە قىرغىن قىلىش ئۇرۇشى قوزغاپ كۈچىنى خوراتماقتا ئىدى.

ھازىرچە ھىتلېرنىڭ ياۋروپانى نېمىس ئىمپېرىيىسىگە ئايلاندۇرۇش غايىسىنىڭ

چاۋسى چىتقا يېپىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەسلىدە ئۇنىڭ غەرىزىنىڭ زادى قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بۈگۈنگىچە ھېچكىم بىلمەيتتى. ھەتتا ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان دۈشمەنلىرىمۇ ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ ياۋروپا بىلەنلا چەكلىنىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشاتتى. بۇ مەسىلىدە، ئەگەر بۇنداق مۆلچەرلىگۈچىلەر ھىتلېرنىڭ يېزىپ قالدۇرغان مەخپىي خاتىرىسىنى كۆرسە ئىدى، چوقۇم قاتتىق چۆچۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

پۈتۈن دۇنيا مەنپەئەتلىرىنى كۆزدە تۇتقىنىمىزدا، ئەنگلىيەنىڭ نۆۋەتتىكى ھالىتىنى ئۆزگەرتمىگەن ياخشى.

ھەر تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىنىمىزدىن كېيىن چوقۇم ئۇلار بىلەن يارىشىۋېلىشىمىز شەرت.

ھازىرقى برىتانىيە پادىشاسى چوقۇم تەختتىن چۈشۈرۈلىشى، ئۇنىڭ ئورنىغا دۈك ۋىندسورنى خان قىلىپ تىكلەش شەرت. بىز بۇ خان بىلەن تىنچلىق شەرتنامىسى ئەمەس بەلكى مەڭگۈلۈك دوستلۇق شەرتنامىسى ئىمزالىشىمىز كېرەك.

سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلى بىلەن ئىبېرىيان يېرىم ئارىلى (ئىبېرىيان _ ئىسپانىيە يېرىم ئارىلىنىڭ كونا نامى) "يېڭى تەرتىپ" ئاستىدا بىرلەشتۈرۈلۈش ئارقىلىق بۈيۈك ئىمپېراتور چارلىزنىڭ، شاھزادە ئېۋگېننىڭ ۋە ناپولېئوننىڭ تەسەۋۋۇرى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئورتاق گەۋدە ھالىغا كەلگەن ياۋروپانى ئىشقا ئاشۇرۇش مەقسىتىدە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ھەققىدە توختىلىپ يەنە مۇنۇلارنى يازدۇ ھىتلېر مەخپىي خاتىرىسىدە:

ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىم نوقتىسى، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنى مەڭگۈلۈك دۇنيا سىياسىتى دائىرىسىدىن چىقىرىپ تاشلاش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يەھۇدىيلار جەمىيىتىنى يوقۇتۇش مەقسىدىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛

دوكتور گېيوبېلسىنى باش گوبېرناتورلۇق مۇستەبىت ھوقۇققا ئىگە قىلىپ، ئىرقلار ئارلاشمىسىدىن پەيدا بولغان پەس خەلقلەرنى ئومۇمىي يۈزلۈك قايتا تەربىيىلەشنى تاماملاش؛ بۇ جەھەتتە گېۆرىڭمۇ تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشۇشى لازىم، ئۇ ئاساسلىقى نېمىس ئىرقىدىن بولغان خەلقلەرنىڭ ھەممىسىنى ياكى ھېچ بولمىغاندا يېرىمىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، مىللەتچىلىكنىڭ قايتا ئوتتۇرغا چىقىشى ئۈچۈن ھەربىي تەلىم-تەربىيە بېرىشى كېرەك.



ھىتلېر بەش قىتئەنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بوي سۇندۇرۇش پىلانىنى تۈزىۋاتقان

پەيتلەردە، ئۇنىڭ قىسىملىرى شەرقتىن ئانا تۇپراقلارغا قاراپ قەدەمدە بىر چېكىنمەكتە ئىدى. سوۋېت باش قوماندانلىق شتابى "ئىستىھكام ئوپېراتسىيىسى" نى تارمار كەلتۈرگەنلىكىنىڭ غالىبىيەت تۈرتكىسى بىلەن تولۇق غەيرەتكە كېلىپ جەسۇرلارچە قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتتى. 1943-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، قىزىل ئارمىيە بەزى يەرلەردە 400 مىل ئىلگىرلەشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبى قىسىملاردىكى نېمىس قوشۇنلىرىنى دنېپىر دەرياسىنىڭ قارشى تەرىپىگىچە قوغلاپ باردى.

بۇنداق بىر ۋەزىيەت ھىتلېرنى "ئاخىرقى ھەل قىلىش" پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى تىزلىتىشكە ئۈندىمەكتە ئىدى. شۇڭا ئۇ، 1944-يىلىنىڭ باشلىرىدا كۆپلىگەن پارتىيىسىزلەرگە، ئېس-ئېسچىلارغا بۇ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاشنى تەستىقلايدۇ. 1944-يىلى 26-يانۋار كۈنى (ئېنگلىزچىدىن تەرجىمىدە 1943-يىلى دەپ خاتا ئېلىنغان – ئۇ.ت) ھىملېر، پوسېنىدىكى تىياتىرخانىدا 260 نەپەردەك قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرىغا 3-قېتىم نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئۇ، ئوفىتسېرلارغا ئىنتايىن سوغۇققانلىق بىلەن ھىتلېر يەھۇدىيلارنى يوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۆزىگە تاپشۇرغانلىقىنى ئېيتىدۇ. "مەن سىلەرگە شۇنى بىلدۈرىمەنكى، يەھۇدىيلار مەسىلىسى ھەل قىلىندى." پۈتۈن زالدىن گۈلدىراس ئالقىش ساداسى كۆتۈرۈلدى. ئوتتۇردا، ھىتلېرنى ئۆزى بىلەن بىرلىكتە پارتىلىتىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان پولكوۋنىك ۋون گېرىستدورف ئىسىملىك ئوفىسېرنىڭ يېنىدىكى بىر قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرى ھاياجانلانغانلىقىدىن دەرھال ئورۇنىدۇقى ئۈستىگە سەكرەپ چىقىۋالىدۇ. يىغىن زالىنىڭ كەينىدە، كۆرۈنىشى بەكلا سەت بىر گېنېرال كەسىپداشلىرىدىن كىملەرنىڭ ئالقىشلىماي جىم ئولتۇرىۋالغانلىقىنى كۆزىتىپ تۇرغان بولۇپ، قاتاردا جەمئىي 5 نەپەر كىشىنىڭ چاۋاق چالمىغانلىقىنى كۆرىدۇ.

ھىملېر شۇندىن كېيىنكى بىر قانچە ھەپتىدە بۇ تۈر رىغبەتلەندۈرۈش ھەرىكەتلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ بىر مۇنچە دېڭىز ئارمىيە ئادمىراللىرىغا ئاياللار بىلەن باللارنى ئۆلتۈرۈش توغرىلىق بۇيرۇق بەرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. "ئەگەر مەن، بۇ ئادەملەر بىلەن ياۋايى ئادەملەر ئۇرۇشى ئىچىدە ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان بۇ باللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە يول قويغىنىمدا، ئۇ ھالدا مەن بىر يۇمشاقباش بىرسىگە، كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئالدىدا بىر جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قالغان بولىمەن. ... ئەمما بىز شۇنىمۇ ئېنىق تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، بىزنىڭ قىلىۋاتقان بۇ ئۇرۇشىمىز پۈتۈنلەي ئېيتىدائىي، بەكلا ئۆزگىچە ۋە تەبىئىي ئىرقىي ئۇرۇشتۇر." ئۇ، سونتوفېندا يەنە باشقا بىر تۈركۈم قوماندانلارغىمۇ خۇددى شۇنداق سۆزلەرنى قىلىدۇ. "گېرمانىيەدە، ھەمدە ئىشغالىيەت رايونلىرىدا، ئادەتتە يەھۇدىيلار مەسىلىسى ھەل بولۇپ تاماملاندى." ئۇنىڭ سۆزى بۇ

مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتا قىلچىمۇ مۇرەسسەگە يول قويۇلماي ھەل قىلىنغانلىقى ئۈستىدە توختالغىنىدا، زالدىن ئوخشاشلا گۈلدىراس ئالقىش ساداسى كۆتۈرۈلىدۇ. ھىملېر ”ئاخىرقى ھەل قىلىش“ مەسىلىسى ئۈستىدە جەمئىي 15 قېتىم نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ نۇتۇقنى بەكلا كەڭ دائىرىدىكى كىشىلەر ئاڭلايدۇ. شۇنداقتىمۇ كىشىنى ھەممىدىن بەكرەك ئويغا سالىدىغىنى، بۇ كىشىلەر ئارىسىدا بىرمۇ دىپلوماتىيە ساھەسىدىكى كىشىلەرنىڭ يوقلىقى ئىدى.

1943-يىلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە، ھىتلېرنىڭ بېشىدىن ئاشقان ئىشلىرى ئۇنىڭ تىنىق تارتقىدەكمۇ ۋاقىت بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ قىسىملىرى لېنىنگراد بىلەن پولتاۋا ئۆكرائىنادا يېڭىدىن تارمار بولۇش خەۋپى ئاستىدا قالغان ئىدى. ئىش شۇنىڭ بىلەنلا توگىمەيدۇ، ئېس-ئېس سوتچىسى مورگېن ئاخىرقى ھېساباتا بۇچېنۋالد خىيانەتچىلىك جىنايەت تورىنى تولۇق ئوتتۇرغا چىقىرىپ، ھىتلېرنىڭ ئۇرۇقنى قۇرۇتۇش پىلانىنى تەھدىت ئاستىغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. يىغىۋېلىش لاگېرى كوماندىرى كوچنىڭ جىنايى شېرىكى كۆھلېر قورققىنىدىن سوت مەھكىمىسىدە شاھىت بولۇشقا رازى بولىدۇ. ئۇ تۈرمىگە سولىنىدۇ. ئەمما بۇ شاھىت ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتمەي تۈرمىدىن ئۆلۈكى چىقىدۇ. شۇنداقتىمۇ پولاتتەك پاكىتلار ئالدىدا، مورگېننىڭ كەسكىن سوراقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي يۇمشايدۇ. ئۇ مەھبۇسلاردىن پايدىلىنىپ بېيىش يولىغا كىرگەندىن باشقا، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش مەقسىتىدە يەنە نۇرغۇن مەھبۇسنى ئۆلتەرگەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ.

گەرچە كوچ ئۈستىدىكى سوتتا مورگېن غالىپ چىققان بولسىمۇ، بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمايدۇ. ئۇ يەنە شۇ خىيانەتچىلىك جىنايىتى يىپ ئۇچىغا ئاساسەن تا پولشاغىچە سۈرۈشتە قىلىپ بارىدۇ. لۇبلىندا، يىغىۋېلىش لاگېرىنىڭ كوماندىرى ئۇنى قىزغىن كۈتىۋالىدۇ. بۇ كوماندىرنىڭ ئىسمى ۋىرت ئىدى. ئۇ بىلىزېكتە گېرىستېيىنگكە زىيارەت يېتەكچى بولۇپ بەرگەن ئىدى. بۇ ئادەم مەغرۇرلانغان ھالدا مەن لۇبلىن رايونىدا 4 يەرگە يوقۇتۇش لاگېرى قۇرۇش بىلەنلا قالماي، يوقۇتۇش سىستېمىسىنىمۇ ئۆزەم قۇردۇم دەپ ماختىنىپ سىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇ يەنە، ھەر بىر لاگېر خۇددى پوتېمكىن كەنتىدەك سېلىنغانلىقىنى ئېيتىدۇ. يەنى پويىز يالغان بېكەتكە كىرىپ كەلگىنىدە، يولۇۋچىلار گويا يېڭى بىر شەھەرگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىشىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ۋىرت، ئىنتايىن قىزىقارلىق قىلىپ، پويىز يېتىپ كېلىشى ھامان ئۇنىڭ ئۆزى ياكى ئۇنىڭ ۋاكالەتچىلىرىدىن بىرسى يېڭى كەلگەنلەرگە تەبرىك سۆزى قىلىپ قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى، تەبئىيكى ھەر قېتىمقى

تەبرىك سۆزلىرى ئوخشاش، "يەھۇدىي ئەپەندىلەر، سىلەرنى بۇ يەرگە كەلتۈرۈشىمىزدىكى مەقسەت، سىلەرنى يېڭىدىن جايلاشتۇرۇش. سىلەرگە يەھۇدىيلار يۇرتى قۇرۇپ چىقىشتىن ئاۋال چوقۇم قانداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئۆگىنىپ چىقىشىڭلار كېرەك، ھەممىڭلار بىردىن ھۈنەر ئۆگىنىشىڭلار شەرت." دەپ سۆزلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن. بۇ تۈر كۆڭۈل توختىتىش سۆزلىرىدىن كېيىن، يەھۇدىيلار پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولغان ھالدا ئۆلۈم يولىغا قاراپ تىزىلىپ ئىلگىرىلىشىدىكەن.

ۋىرتىنىڭ بۇ دېگەنلىرىنى ئاڭلىغان مورگېن، "نېمە دېگەن تايىنى يوق گەپلەر بۇ" دەپ باھالايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ غەنىمەتلەرنى ساقلايدىغان ئۆيلەرنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن بۇ گەپلەرنىڭ راستىنلا قۇرۇق گەپلەر ئەمەسلىكىنى كۆرىدۇ. ئۇ دۆۋە-دۆۋە قىممەتلىك بۇيۇملارنى، ھەتتا ئارىسىدا پەقەتلا ئىشەنگىسى كەلمىگىدەك قىممەتلىك نەرسىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، "قانداقتۇ بىر قورقۇنۇشلۇق ھادىسە بۇ يەردە بولىۋاتسا كېرەك" دەپ ئويلايدۇ. مورگېن راستىنلا بۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى بىر يەردە كۆرۈپ باقمىغان ئىكەن، بولۇپمۇ چەتئەل پۇللىرىنىڭ كۆپلىكى ئۇنى بەكرەك ھەيران قالدۇرغان بولۇپ، بۇ پۇللار ئارىسىدا دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىنىڭ دېگىدەك تەڭگە پۇلى بار ئىدى. ئۇ ئالتۇن ئېرىتىش ئۈچۈنىڭ ئالدىدىكى بىر دۆۋە ئالتۇن كېسەكلىرىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ ئاغزى ئېچىلىپلا قالىدۇ.

مورگېن، ۋىرتىنىڭ سالغۇزغان مايدانەك، تربلىنكا، سوبىبور ۋە بەلزەك قاتارلىق 4 يىغىۋېلىش لاگېرىنى زىيارەت قىلىپ چىقىدۇ. ھەر بىر يىغىۋېلىش لاگېرىنىڭ ھەممىلا تەرپىدە مەھبۇسلارنى ئۆلتۈرگەنلىك ھەققىدىكى پاكىتلار، يەنى گاز كامىرلىرى، ئۆلۈك كۆيدۈرۈش خۇمدانلىرى ۋە شۇنىڭدەك چوڭ-چوڭ گۆرلۈكلەر كۆزگە چېلىقاتتى. بۇ يەرلەردە كەڭ كۆلەمدە جىنايەتلەر ئىشلەنمەكتە ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي ئۇ بۇ ھەقتە بىرەر ھەرىكەت قىلىشنىڭ چارىسىزلىقىدا قىينىلاتتى. چۈنكى بۇ جىنايەتلەرنىڭ بۇيرۇقى فۈھرېرنىڭ باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسىدىن بىۋاستە چۈشۈرۈلگەن بۇيرۇقلار ئىدى. مورگېنىنىڭ بىردىن-بىر تايىنىدىغىنى مەھبۇسلارنى "قىلچە ئىككىلەنمەي قىرىپ تاشلاش" تەك جىنايى ئىشنى سوتقا ئەرز قىلىشلا ئىدى. بۇ تۈردىكى ئەرزلەرنى ئېبس-ئېبسلار سوت مەھكىمىسىگىچە سۇنالايتتى. شۇڭا ئۇ دەرھال قول سېلىپ پاكىت توپلاشقا كىرىشىپ، ئاخىرى مايدانەكتىكى ئىككى نەپەر يوقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ئۈستىدە سۈيىقەست قىلىش جىنايىتى بىلەن ئەرز قىلىشقا يېتەرلىك پاكىتلارنى توپلايدۇ.

ۋىرت، ئەسلى بىر خرىستىيان مورتى بولغاچقا، بۇ ئىشتا ئۇنىڭ بەكلا كۆپ ياردىمى تېگىدۇ. ئۇ مورگېنغا بۇ 4 لاگېرنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ھەققىدە قىلچە تارتىنماي سۆزلەپ

بېرىدۇ. بىر كۈنى، ئۇ ئۆزلىگىدىنلا ھۆس دېگەن بىرسىنىڭ ئاۋېشۋېتزىيېقىنلىرىغا يەنە بىر چوڭ تىپتىكى بىر يوقۇتۇش لاگىرى قۇرۇپ چىققانلىقىنىمۇ سۆزلەپ كېتىدۇ. مورگېننىڭ بىلىشىچە، بۇ يەردىن بەكلا كۆپ دەلىللەرگە ئېرىشكىلى بولىدىكەن. ئەمما مورگېننىڭ ھوقۇقى چەكلىك بولغاچقا، ئۇنچە يىراق بىر يەرگە بېرىشى ئۈچۈن چوقۇم مۇۋاپىق باھانىلىرى بولۇشى شەرت ئىدى. ئۇ ئۇزۇنغا قالمايلا بۇنىڭ ئۈچۈن بىر باھانە تاپىدۇ: ھەل بولماي بېسىلىپ قالغان بىر ئالتۇن ئەتكەسچىلىك دېلوسى ھۆسنىڭ قول ئاستىدىكى بىر قانچە خىزمەتچىسىگە چېتىلغانلىقىنى تېپىپ چىقىدۇ. شۇنداق قىلىپ، 1944-يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئىرادىلىك مورگېن ئاۋۇشۋېتز ئەتراپىدا ئۆلۈم لاگىرىدىكى ۋەقەلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ تولا بەك ئاۋارە بولمايلا بايلىقلار بىلەن لىق تولغان كىچىك بىر ئۆي، گاز كامىرى ۋە ئۆلۈك كۆيدۈرۈش خۇمدانىنى تېپىپ چىقىدۇ. ئەمما "قانۇنسىز" قىرغىنچىلىق ۋەقەلىرىدە، بىرەر ئۇششاق خىزمەتچىلەر ۋاستىسى ئارقىلىق پاكىتلارنىڭ ھەقىقى قىياپىتىنى قولغا كەلتۈرەر-كەلتۈرمەي تەكشۈرۈش ئىشىنىڭ توسالغۇغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ، گېرمانىيەگە قايتىپ بېرىپ تېخىمۇ مۇھىم بىر ۋەقەنى، يەنى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ كوللىكتىپ قىرغىنچىلىق قىلغانلىق ئىشىنى تەكشۈرمەكچى بولىدۇ. ئۇ بېرلىنغا يېتىپ بېرىپلا ھىملېر بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا بۇ تۈر يوقۇتۇش سىياسىتىنىڭ  ھەقىقەتەنمۇ گېرمانىيەنى "چوڭقۇر ئاپەت ئىچىگە سۆرەپ كىرىدىغانلىقى" نى ئۇنىڭغا بايان قىلماقچى بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ھىملېر بىلەن كۆرۈشەلىشى ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك يوللارغا باش ئۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ باشتىكى مەسئۇلى بولغان جىنايى ئىشلار ساقچى باشلىقىنى تاپماقچى بولىدۇ. ئۇ باشلىقى دېگەنلىرىنى بىر قۇر ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق چۆچۈپ ("مەن ئۇنىڭغا مەلۇمات بېرىۋاتقىنىمدا قاتتىق ئۈركۈپ كەتكەنلىكىنى سەزگەن ئىدىم")، گەپمۇ قىلالماي قالىدۇ. ئۇ ئاغزىغا گەپ كەلگىدەك ھالغا كەلگىنىدىن كېيىن، بۇ ئىشنى دەرھال كالتېنبرۇنېرغا دوكلات قىلىشىنى بۇيرۇيدۇ. كالتېنبرۇنېرمۇ ئۇنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ تاتىرىپلا كېتىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا بۇ ۋەقەلەرنى ھىملېر بىلەن ھىتلېرغا يەتكۈزۈشكە ۋەدە بېرىدۇ. بۇلاردىن كېيىن مورگېن بېرىپ ئېس-ئېس سوتىنىڭ باش سودىيىسى برېيتاۋېت بىلەن كۆرۈشمەكچى بولىدۇ. ئۇ سودىيەمۇ مورگېننىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ قاتتىق خاپا بولۇپ ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويغىدەك ھالغا كېلىدۇ. شۇڭا ئۇمۇ مورگېننى ھىملېر بىلەن كۆرۈشتۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇشقا ياردەم قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ مەمورى ئىشلاردىكى ھەر تۈرلۈك رەسمىيەتلەرنىڭ چەكلىمىسى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ ئەرزى ھىملېرنىڭ كۆتىۋېلىش بۆلۈمىگىچىلا يېتىپ بارالايدۇ. بۇ ئىشلاردىن كېيىن، مورگېن بۇ

ئەرزىنى ئاخىرغا چىقىرالىشى ئۈچۈن باشقىچە بىر يولغا تېخىمۇ ئەمەلىي بىر يولغا ماڭماي بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. يەنى "بۇ تۈزۈم تەمسىلەپ تۇرغان شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن مۇھىم ئادەملىرىنى بۇ تۈزۈمدىن تازىلاش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئىدىم. گەرچە مەن دۆلەت داھىسىنىڭ بىۋاستە قىرغىنچىلىق بۇيرۇقى بەرگەنلىكى ھەققىدە قولۇمدىن ھېچقانداق بىر ئىش كەلمىسىمۇ، بۇ بۇيرۇق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولمىغان ياكى بۇ بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغان قىرغىنچىلىقلار ئۈستىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرەلىشىم مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلدىم ۋە شۇنداق قىلماقچى بولدۇم."

ئۇ قايتىپ كېتىپ، ئىنتايىن كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئەر قىلىش تەرتىپلىرىنى پۇختا ئىشلەپ چىقىش، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆپرەك رەھبىرى كىشىلەرنى ئەدەپلەش ئارقىلىق كوللىكتىپ قىرغىن قىلغۇچى پۈتكۈل تۈزۈمنى ۋەيران قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بەل باغلايدۇ. شۇڭا ھەرقانداق تەھدىت ۋە قىساس ئېلىشلارغا پەرۋا قىلماي، تەكشۈرۈش دائىرىسىنى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغىچە كېڭەيتىدۇ. ئورانيېنبۇرگتا، ئۇنىڭ بىر مەلۇمات بىلەن تەمىنلىگىچىسىنى، يەنى روت ئىسىملىك بىر مەھبۇسنى ئاشكارە ئۆلتۈرۈلۈشكە بىر مىنوت قالغان ۋاقىتتا قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ. ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشتىكى مەقسەت، بىرنى ئۆلتۈرۈپ يۈزنى قورقۇتۇش، شۇ ئارقىلىق قالغان مەھبۇسلارنىڭ مورگېن بىلەن ھەمكارلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇ يەنىلا "ئاپشاركا سودىيە" دېگەن لەقەمگە ئېرىشىدۇ. ئۇ تىرىشىپ-تىرمىشىپ يۈرۈپ 800 دەك خىيانەتچىلىك دېلوسى بىلەن سۇيىقەست قىلىش دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە 200 دېلونىڭ جاۋاپكارىغا جازا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. بۇچېنۋالدتىكى كارل كوچقا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ ئېتىپ تاشلىنىدۇ. مايدەنەكنىڭ كوماندىرىمۇ ئېتىپ تاشلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ياردەمچىسىمۇ بىرلىكتە ئۆلۈم جازاسى بىلەن جازالىنىدۇ. ھېرتوگېنبوشنىڭ كوماندىرى مەھبۇسلارنى خورلىغانلىقى ئۈچۈن، بىر سوت مەھكىمىسى ئالدىدىكى تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇلۇپ سازايى قىلىنىدۇ؛ فلوسېنبۇرگنىڭ كوماندىرىمۇ زابوي بولغانلىقى ۋە پاشىۋاز بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئىشتىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ.

1944-يىلى ئەتىيازدا، بۇ تۈر سوتلاشلار گېرمانىيىدىكى مەمورى ئورگانلار ئىچىدە كۈچلۈك تەۋرىنىشلەرنى پەيدا قىلىۋېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھىملېر، روشەنكى ھىتلېرنىڭ بېسىمى ئاستىدا مورگېنغا تەكشۈرۈشنى توختىتىش توغرىلىق بۇيرۇق بېرىدۇ. "ئاپشاركا سودىيە" ھەققەتەنمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن، ھەققەتەنمۇ نەتىجىلىك ئىش يۈرگۈزمەكتە ئىدى. ئۇ نۆۋەتتە رۇدولف ھۆس بىلەن ئاۋۇشۋىتزدىكى ھەرقايسى لاگېرلارنى

تەكشۈرۈپ چىقىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. مورگېننىڭ يالغۇز بېشىغا باشلىغان بۇ تازىلاش ھەرىكىتىنىڭ زەربىسى لۇبلىندىكى قىرغىنچىلىق لاگېرىنىڭ بىنالىرىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي بىرمۇ-بىر غولاپ چۈشىدۇ. لاگېر كوماندىرى ۋېرت ئۆزى قۇرۇپ چىققان 4 يىغىۋېلىش لاگېرىنىڭ ئۈچىنى، ترېبلىنكا، سوبىبىر ۋە بەلزەك لاگېرلىرىنى پۈتۈنلەي چېقىپ تاشلاپ، قىلچە ئىز قالدۇرماي تۈزلىۋېتىدۇ. ۋەزىپىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ۋېرتنى ئىتالىيەدە پارتىزانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن يول ساقلاش ۋەزىپىسىگە تەيىنلەپ يۆتكىۋېتىدۇ. بۇ يەردە مورگېننىڭ قانۇن تورىدىن قۇتۇلۇپ چىققان ۋېرت، ئۇزۇنغا قالماي تېخىمۇ رەھىمسىز بىر سوت تەرىپىدىن يېڭىر چىشلىتىلىدۇ – مۆرىسىدىن پارتىزانلار ئوقىنى يەپ ئۆلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھىملېر-ھىتلېر بۇيرۇقىنىڭ چەكلىمىسىگە قارىماستىن، كونراد مورگېن يەنىلا يوشۇرۇنۇقچە بولسىمۇ ئۆز بېشىغا قۇرۇق قول تەكشۈرۈش ئىشىنى قىلچە توختاتماي، "ئاخىرقى ھەل قىلىش" نى ۋاقتىدا توختىتىشقا كۈچ چىقىرىدۇ. (مورگېن يەنە بوچېنۋالد لاگېرى كوماندىرىنىڭ ئايالى ئېلسە كوچنىڭمۇ جىنايى جاۋاپكار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى سەرىپ قىلىدۇ. مورگېن، بۇ ئايالنىڭ خورلاش جىنايىتى سادىر قىلغانلىقىغا قەتئى ئىشىنەتتى. ئەمما ئۇنى ئەرز قىلىش ئۈچۈن زادىلا دەلىل تاپالمايدۇ. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بىر ئامېرىكىلىق ئەمەلدار مورگېندىن ئىلسەنىڭ مەھبۇسلارنىڭ تېرىسىدىن ئاباژور ياساتقۇزۇپ ئىشلەتكەنلىكىنى دەلىللەپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما مورگېن، بۇ ئايال ھەقىقەتەنمۇ بەكلا كۆپ جىنايەت ئىشلىگەن، شۇنداقتىمۇ بۇنداق بىر قارىلاشنىڭ قىلچە ئاساسى يوقلىقىنى ئېيتىدۇ. چۈنكى ئۇ، بۇ دېلونى ئۆزى بىۋاستە تەكشۈرۈپ باققان بولسىمۇ بۇ تەكشۈرۈشتىن بىر نېمە چىقىرالماي توختىتىپ قويغان. شۇنداق بولىشىغا قارىماي، بۇ ئامېرىكىلىق مورگېندىن كوچ خانىمنىڭ ئادەم تېرىسىدىن ياسالغان ئاباژور – چىراق قالپىقى ئىشلەتكەنلىكىگە شاھىتلىق قىلىشى ئۈچۈن بىر ھۆججەتكە قول قويۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالغان. ناتسىستلارنىڭ تەھدىتىگە پىسەنت قىلمايدىغان بۇنداق بىر ئادەم تەبىئىيكى دېموگراتىك دۆلەتنىڭ بىر ۋەكىلىگە باش ئېگىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مورگېن بۇنى رەت قىلغاندا كىشىلەر ئۇنى تەھدىت قىلغان ھالدا، سېنى رۇسىيەلىكلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىمىز، دەپ قورقۇتۇشقان. ھەقىقەتەنمۇ رۇسلار ئۇنى تىرىك تۇرغۇزۇپ تېرىسىنى شۈلىگەن بولاتتى. ئەمما مورگېن بۇنداق بىر شاھىتلىقنى قەتئى تۈردە رەت قىلىپ ئىزچىل چىڭ تۇرىۋالىدۇ. شۇڭا ئۇ قاتتىق قىيىن قىستاققا ئېلىنىدۇ. گەرچە ئۇمۇ كوچ خانىمغا ئۆچلۈك قىلسىمۇ، ئۇنى يالغان شاھىتلىق قىلىشقا ھېچقانداق بىر كۈچ مەجبۇرلىيالمايتتى. ئۇنىڭ تەلىيىگە، مورگېن بۇنداق قىيناشلاردىن قۇتلۇپ ساق چىقىدۇ.

ئۇ ھازىر غەربى گېرمانىيەدە سوت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماقتا. – ئا. ھ. ئى)

# توققۇزىنچى بۆلۈم

# زاۋاللىققا قاراپ مېڭىش

# 28. قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىدىكىلەرنىڭ پارتىلىتىش سۇيىقەست پىلانى

1

گېنېرال جودل، پىۋىخانا قوزغىلىڭىنىڭ 20 يىللىق خاتىرە كۈنى ھارپىسىدا گېرمانىيىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنىنى 100 نەپەر ئەتراپىدا ئىمپېرىيە ئەمەلدارلىرى بىلەن يەرلىك ئەمەلدارلارغا ئاشكارىلايدۇ. مىيونخېندا چاقىرىلغان بىر قېتىملىق مەخپىي يىغىندا، بۇ گېنېرال گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ رۇسىيەدە پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە يولۇققانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن ئىسپانىيەنى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرەلمىگەنلىكىنى، شۇ ئارقىلىق جەبىلتارىق بوغۇزىنى قولغا كەلتۈرەلمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى (بۇ ئىشتا يەنە شۇ "مەسىھ جەمىيىتىدىن بولغان تاشقى ئىشلار مىنىستىرى سېررانو سۇنېر ھىلە ئىشلىتىپ بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلغان")، شۇنىڭدەك يەنە "تارىختىكى ئەڭ چوڭ ساتقۇنلۇق"، يەنى ئىتالىيانلارنىڭ ساتقۇنلۇقىنىمۇ تەپسىلى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ . جودل يەنە ھاياجان ئىچىدە كەلگۈسى ھەققىدىمۇ توختىلىپ ئۆتىدۇ. ئۇ، غەرپلىكلەر ھاۋا ئۈستۈنلۈكىگە ئېرىشىۋالغانلىقىنى، شۇ سەۋەپتىن گېرمانىيىگە كەڭ كۆلەملىك ھاۋا سەپىرى قىلالىغانلىقىنى، نۆۋەتتىكى مۇداپىيىلىنىش كۈچىمىز بويىچە ئالغاندا، بۇنچىۋالا كەڭ دائىرىلىك ھاۋا ئىشغالىيەت كۈچىگە تاقابىل تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ شەكىلدە سۆزلىگەن سۆزلىرىگە ئولتۇرغانلار بەكلا ھەيران قالىدۇ. ئۇ ئاخىرىدا خۇلاسىلاپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: بۇنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىن بىر چارىسى، قولغا قورال ئالالىغىدەكلا بولغان ھەر بىر نېمىسنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈشتىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئۇ نۇتقىدا، شەرقى سەپتىن ئەسكەر ئاجرىتىش ياكى يېڭىدىن زاپاس ئەسكەر مەنبەسى بىلەن تەمىنلەش ئىمكانلىرى قالمىغانلىقىنى، چۈنكى ئۇ جايلاردىكى ۋەزىيەت "بارغانسېرى مۇتەدىللىشىپ كېتىۋاتقانلىقى" نى تىلغا ئالىدۇ. غەربىي سەپلەردىكى ئادەم كۈچى يېتەرسىز بولۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشتا چوقۇم يېڭىچە چارە ئىزدەنمەي بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ: "مېنىڭچە، كەسكىن ئىرادىلىك ۋە قەتئىي جاسارەتكە تايىنىپ دانىيە، گوللاندىيە، فرانسىيە ۋە بېلگىيەلەردە مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان تەۋەككۈلچىلىكنى خالايدىغان بىكارتەلەت كىشىلەرنى يىغىپ كېلىپ ئىستىھكام قۇرۇلۇش

ئىشلىرىغا سىڭىشمىزنىڭ ۋاقتى كەلدى. دىققەت، بۇ ئىش بەكلا مۇھىم بىر ۋەزىپە. بۇ ھەقتىكى بۇيرۇقلار تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى."

ئۇنىڭ تەسۋىرلىگەن نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت تەسۋىرىنى ھەقىقەتەنمۇ ئۈمىدسىزلىكلەرگە تولغان بىر تەسۋىر دېيىشكە بولاتتى. ئۇ نۇتقىنىڭ ئاخىرىدا، "مەملىكەت ئىچىدىكى دۈچ كېلىۋاتقان ئەڭ ئېغىر بېسىم"، غەرپلىكلەر يۈرگۈزىۋاتقان ۋەھشىلىك بومباردىمانچىلىقى شۇنىڭدەك دۈشمەننىڭ ئاتلانتىك ئوكياندا ھاۋا ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىكەنلىكىدىن كەلمەكتە. بىزنىڭ ئۇلارغا قارشى سۇئاستى پاراخوتلار بىلەن قىساس ئېلىش پۇرسىتىمىز كۆنسايىن ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئاخىرقى غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىمىز كەسكىن. بۇنىڭغا مۇنداق بىر قانچە سەۋەپلەرنى كۆرسىتىشىمىز مۇمكىن: بەختىمىزگە، بىز بىر داھىغا ئىگىمىز. بۇ داھىمىز، "سىياسىي جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى ھەربىي جەھەتلەردىمۇ قانداق ئۇرۇش قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ ماڭىدىغان بىر روھتۇر، پەقەت ئۇنىڭدىكى ئىرادە كۈچىلا گېرمانىيىدىكى بارلىق قۇراللىق كۈچلەرنى ستراتېگىيەلىك، تەشكىلى ۋە قۇرال جەھەتلەردە ئاكتىپ تۇتۇپ تۇرالايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، بۇنىڭدەك مۇھىم بىر سىياسىي ۋە ھەربى جەھەتتىكى بىر تۇتاش قوماندانلىقنىمۇ ئۇ گەۋدىلەندۈرۈپ بەرمەكتە، ئۇنىڭ گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسلۇبىمۇ بۈيۈك ئىمپراتور پېتىردىن بۇيان خەلقىمىز پەقەتلا كۆرۈپ باققان ئەمەس." ئاخىرىدا ئۇ ھىتلېرنى كۆككە كۆتۈرۈپ ئۇنى تەڭداشسىز سىرلىق ھالغا كەلتۈرىۋېتىدۇ. كەلگۈسىدە قارالغۇلۇق ئىچىدە نېمىلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېچكىم مۆلچەرلىيەلمەيدۇ. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، گېرمانىيە ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا مەدەنىيەت ۋە ئەركىنلىكنىڭ ئۈچۈن قانات يايدۇرغان كۈرەشنى مەڭگۈ توختاتمايدۇ. "ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ قامچىلاپ ھەيدەپ ماڭماقچى بولىۋاتقان ياكى سوۋېت سىياسىي كوممۇنىستارىياتى ھۆكمۈرانلىق قىلماقچى بولىدىغان بىر ياۋروپا، مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدىغان خامخىيال."

يىغىن قاتناشقۇچىلىرى كۈچلۈك ئالقىش ساداسى ياغدۇردى. جودلنىڭ نۇتقىنى ھەققانىيەت بىلەن ئۈمىدنىڭ بىرلەشتۈرۈلىشىدىن كەلگەن كۈچ دېيىشكە بولاتتى. ئىككى كۈندىن كېيىن، ھىتلېر كىشىلەرنى رىغبەتلەندۈرۈشنىلا مەقسەت قىلغان بىر قېتىملىق ئويۇن كۆرسەتتى. ئۇ نۇتقىنى لۆۋېنبراۋ مېھمانخانىسىدا سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ كۆرسەتكەن يالغۇزلۇق ئىشەنچى، نەق مەيداندىكىلەرنىلا ئەمەس ھەتتا رادىئودىن ئاڭلىغۇچىلارنىمۇ كۈچلۈك رىغبەتلەندۈرىۋېتىدۇ.

بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، سىياسىي ۋە ھەربى ئىشلار ۋەزىيىتى بەكلا ناچارلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ تۈردىكى پارتىيە ۋە خەلق قەلبىنى رىغبەتلەندۈرۈش

ئۇچۇن ئوينالغان ئۇيۇنلار رولىنى يوقۇتۇپ پۇتۇنلەي خۇنۇكلىشىپ قالدۇ. ۋېنگرلار ئىتالىيانلارنىڭ يۈز ئۆزگەنلىكىگە قىزغىنىپ قاراشقا باشلىغان؛ رومىنىيەلىكلەر بولسا 18 دىۋىزىيىسىنىڭ دون دەرياسى بىلەن ۋولگا دەريا بويلىرىدا يوقۇتۇلغانلىقىدىنقاتتىق ئازاپلانماقتا ئىدى. ئۆتكەن 12 ئاي ئىچىدە، گېرمانىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىدىن ئۆلگەن ۋە يارىلانغانلارنىڭ سانىمۇ 168600 نەپەردىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى. ئەسكەر مەنبەسىنىڭ يېتىشمەسلىكى سەۋەبىدىن ئەسكەر تولۇقلاشمۇ مۇمكىن بولماي قالغان، بۇرۇن ئەڭ كىچىك ئوغۇللىرى ياكى يالغۇز باللىرىنىڭ ئەسكەر بولىشىنى كۆچىرىم قىلىپ ئۆيىدە قېلىشىغا رۇخسەت قىلىش بۇيرۇقىمۇ ۋاقتىنچە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدۇ. ھەتتا 50 ياشلىق قېرىلار بىلەن بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان كونا ئەسكەرلەرنىڭمۇ ئەسكەرگە ئېلىنىشىنى مۇۋاپىق كۆرگەن قانۇنلار ئوتتۇرغا چىقىشقا باشلىغان ئىدى.

شەرقى ئۇرۇش سېپىدا يەنە بىر قېتىم ئاپەت خاراكتېرلىق قىش بولىشى ئېھتىمالى توغرىسىدىكى پەرەزلەرنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشى نەتىجىسىدە "بۆرە ئىنى" مۇ بەكلا ئېغىر ئۈمىتسىزلىك مۇھىتى ئىچىگە پېتىپ قېلىۋاتاتتى. فۈھرېرمۇ بايرام كۈنلىرىنى ئۇنۇتقاندەك پەقەتلا كارى بولماي ئۆتكۈزىدۇ. 1944- يىلى 26- يانۋار كۈنى، نەچچە يۈز دېڭىز- قۇرۇقلۇق- ھاۋا ئارمىيە گېنېراللىرىنى راستېنبۇرگقا چاقىرتىدۇ. ھىتلېر گېنېراللىرىغا بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى ھەققىدە چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەندىن كېيىن، گېنېراللىرىدىن مىللىي سوتسىئالىزم غا قەتئى تەۋرەنمەي سادىق بولۇش مەيدانىدا تۇرىشىنى، مىللىي سوتسىئالىزمنىڭ ھەر تۈرلۈك پرىنسىپلىرىغا چىن قەلبىدىن ساداقەت كۆرسىتىشىنى ئوچۇق قىلىپ ئېلان قىلىدۇ. بۇ گەپلەرنى سۆزلەۋاتقىنىدا فۈھرېر ئىنتايىن خاتىرجەم، ھەممە ەيپىنىمۇ رەسمىي بىر تۈستە سۆزلىمەكتە ئىدى. شۇڭا، ئۇ بەكلا غەلىتى بىر شەكىلدە كېيىنكى گەپلىرىنى سۆزلىگىنىدە، يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ھەيرانلىقتا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپلا قېلىشىدۇ: "گېنېرال جاناپلار، بۇ قېتىمقى ئۆلۈم- كۆرۈم كۈرىشىدە، ئەگەر ئۇلۇغ تەڭرىمىز راستىنلا بىزنىڭ غەلىبە قىلىشىمىزغا ئۇنىمايدىغان بولىدىكەن، ئەگەر قۇدرەتلىك تەڭرىمىزنىڭ ئىرادىسى گېرمانىيە خەلقىنى بالايى- ئاپەتلەر ئىچىدە قالدۇرۇپ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى خالىغان بولىدىكەن، ئۇ ھالدا، سىلەر، ئۈچ خىل ئارمىيە قۇماندانلىرى بولغان سىلەر، قىلىچىڭلارنى كۆتۈرۈپ مېنىڭ ئەتراپىمدا بىرلىشىپ، گېرمانىيىنىڭ ئابرويى ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە قېنىڭلار قالغىچە جەڭ قىلىشىڭلار شەرت! ئەپەندىلەر، باشقا يول يوق، بۇ ئىش بۇنىڭدىن باشقىچە بولىشى مۇمكىن ئەمەس!"

زالدا گويا ھەممىنىڭ نەپىسى توختاپ قالغاندەك بىر مەزگىللىك قاتتىق سۈكۈت

هۆكۈم سۈرىدۇ. بۇ جىمجىتلىق بىرىنچى قاتاردا ئولتۇرغان بىر ئوفىتسېر تەرىپىدىن ئاخىرى بۇزۇلىدۇ. ئۇ ھەربىي ئۆزىنى ئاھانەتكە ئۇچرىغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. مارشال ۋون مانستېيىن مازاق قىلغاندەك تەلەپپۇزدا: "ئەلۋەتتە شۇنداق بولىشى كېرەك فۇھرېرىم!" دەپ ۋارقىرىدى. ھىتلېر، بۇ گەپ مازاق قىلىش خاراكتېرىدىكى بىر سۆز بولىشىغا قارىماي، قالغان ئۈچ خىل ئارمىيە قوماندانلىرىمۇ تىك تۇرغىنىچە بۇ گەپنى بىرلىكتە تەكرارلايدۇ، دەپ ئويلاپ جىمىپ كۈتۈپ باقتى. ئەمما ئۇنىڭ كۈتكىنىگە يەنە بىتىر قېتىملىق سۈكۈت، ھەتتا قورقۇنۇشلۇق جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئوتتۇرلۇقتا تىرىق قىلغان ئاۋازمۇ چىقمىدى. ھەتتا بىرەرسى بولسىمۇ قىمىرلاپ قويۇشمىدى. سەھنىدە تۇرغان ھىتلېرنىڭ رەڭگى-روھى شۇ ھامان تاتىرىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ بېقىشلىرى خۇددى كۈچلۈك پىلجىكتىرىگە ئوخشاش پۈتۈن يىغىن زالىنى ئايلىنىپ چىقىپ، ئاخىرىدا بىرىنچى قاتاردا ئولتۇرغان مانستېيىننىڭ ئۈستىدە توختايدۇ. "مارشال، _ دەيدۇ قوپال بىر ئاۋازدا، _ مەن سىزنىڭ بەرگەن جاۋابىڭىزدا يوشۇرۇنغان ساداقىتىڭىزدىن گۇمانلىنىشقا پۈتۈنلەي ھەقلىقمەن.." بۇ چاغدا زالدا بەرداشلىق بېرىش تەس بولغان ئۇزۇن بىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئاخىرى، ھىتلېر قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىچىدىكى ئۆزىگە قارشى ھەرىكەت ئەھۋالى بىلەن بەكلا كۆپ ئوفىتسېرلاردىكى كۈچلۈك رەت قىلىش پازىتسىيىسىنى بەش قولدەك ئېنىق تونۇپ يېتىدۇ. ئۇ، بەزى ئەرباپلارنىڭ فۇھرېر بەرگەن بەزى بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتىپ يۈرگەنلىكى ھەققىدىمۇ تولۇق پاكىتلارغا ئىگە ئىدى. شۇنداق، سوۋېت ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان بەزى ئوفىتسېرلارنىڭ "ئازات گېرمانىيە" ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەنلىكىمۇ بەش قولدەك ئېنىق!

ئۇنىڭ بۇ تۈردىكى كۆڭلىدە ئەيىپلەش ھەرىكىتى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارقىتىۋېتىپ، پىلان بويىچە نۇتقىنى تاماملاش ئىمكانىيىتىدىن ئۇنى مەھرۇم قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ، تۇيۇقسىزلا يىغىن تۈگىدى، دەپ ئېلان قىلىپ بولۇپ، ئۆزى باشلاپ ئالدىراش يىغىن زالىدىن چىقىپ كېتىدۇ. سەل ئۆتكەندىن كېيىن، مانستېيىن بۇيرۇق بويىچە دەرھال فۇھرېرنىڭ كىتاپخانىسىغا ماڭىدۇ. كىتاپخانىسىدا ھىتلېر ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە تۇرۇپ كېتىدۇ. "مارشال، _ دەيدۇ ھىتلېر مانستېيىنغا تىكىلگىنىچە، _ بۇندىن كېيىن سىزنىڭ سۆزۈمنى بۆلۈشىڭىزگە داۋاملىق چىداپ تۇرالمايمەن. ئەگەر سىزمۇ قول ئاستىڭىزدىكىلەرگە سۆزلەۋاتقىنىڭىزدا ئۇلاردىن بىرەرسى سۆزىڭىزنى بۆلسە قانداق قىلاتتىڭىز؟"

ئىنتايىن زىرىكىشلىك ئۆتىۋاتقان شۇ قىش كۈنلىرىدە، ھىتلېرنىڭ تۇرمۇشىدا ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرگەن بىر خوشاللىقمۇ بار ئىدى: يېڭى كەلگەن ئاشپىزى ئۇنىڭغا ئوخشىتىپ تاماق ئېتىپ بەرمەكتە ئىدى. مارلېن ۋون ئېكسنېر بىر ۋېيېننالىق بولۇش بىلەنلا قالماي،

كىشىنى جەلپ قىلارلىق دەرىجىدە چىرايلىق ياش بىرسى ئىدى. شۇڭا ھىتلېر بۇ خانىمنىڭ يېنىدا بولۇشقا بەكلا ئامراق ئىدى. ئۇ ھەر دائىم ئۇ ئاشپىزى بىلەن ئاۋۇستىرىيە ھەققىدە، ئائىلە ئەھۋالى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ كېتەتتى. مىللەتچى سوتسىئالىزم پارتىيىسى قانۇنسىز تۇرىۋاتقان دەۋرلەردە، ئۇنىڭ ئائىلىسى مىللىي سوتسىئالىزمنى ھىمايە قىلىپ چىققان بىر ئائىلە ئىدى. ئەمما ئۇ ھىتلېرنىڭ بەكلا ئاز تاماق تۆرى بىلەن غىزالىنىشى ئادىتىدىن بەكلا رازى ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ يالغۇز قالغىنىدا تراۋدل جىيۇڭغا دەرت تۆكۈپ، گۆشسىز ئۇماچ ئىچىپ، سەۋزە- قۇمچامغۇر ھەمدە چالا پىشۇرۇلگەن تۇخۇم يەپلا كۈن ئۆتكۈزۈش نېمە دېگەن زېرىكىشلىك! شۇڭا مەن تامىقىم يارىماي قالسا ئىشتىن قوغلىنىشىمدىن بەكلا ئەنسىرەيمەن، دەيتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئاشپەز قىزمۇ ياش بىر SS ئادىيۇتانتىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلىشىغا يەتكىدەك باشقا سەۋەبلىرىمۇ بار ئىدى. ئۆستۇرۇلۇشى ۋون ئېكسىنېر خانىم قىز تەرىپىدىن توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان بورمان، ئاشپەز قىزنىڭ ئاپا تەرەپ جەمەتىدە يەھۇدىي قېنى ئارىلىشىپ قالغانلىقىنى بىلىپ قالغاچقا، بۇنى باھانە قىلىپ ئېكسىنېر خانىمدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ پېيىغا چۈشىۋالغاچقا، بۇ ئىشنى يۇشۇرۇپ ئۆتكىزىۋېتىش خىيالىدا يۈرگەن ھىتلېرگىمۇ ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرگەچكە، ئامالسىز بۇ قىزنى ئىشتىن چىقىرىشقا مەجبۇر بولدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ قىزغا يەنىلا يېرىم يىللىق ئارتۇق ئىش ھەققى بېرىش بىلەن بىرگە، ئېكسىنېرلار ئائىلىسىنى شەرەپلىك ئارىيان دېگەن نامنى بېرىدۇ.

رۇسلارنىڭ ھاۋا ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن "بۆرە ئىنى" نى كۈچلەندۇرۇپ رېمونت قىلىش كېرەك بولغاچقا، ھىتلېرمۇ 2-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا يوقۇرى سالزبۇرگقا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر قالدۇ. شۇنداقتىمۇ بىرگخوفتىكى كۈنلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن يەنىلا ئۇنچە بەك كۆڭۈللۈك ئۆتمەيدۇ. "مەجبۇرى تۇردە خوشاللىق پەيدا قىلىشلار، قىزىقارلىق سۆھبەتلەر شۇنىڭدەك ھەر تۈرلۈك مېھمانلارنىڭ زىيارەت قىلىشلىرىمۇ زېرىكىشلىك ھېس قىلىشىمىزنى يۇشۇرۇپ كېتەلمىگەن ئىدى" دەيدۇ تراۋدل جىيۇڭ كېيىنچە شۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ كېلىپ. ئېۋامۇ سۆيگۈنىنى كۆرمىگىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغان ئىدى؛ ئەمما ھىتلېرنىڭ بۇگۈنكى چىرايى ئېۋانى قاتتىق چۆچۈتىۋېتىدۇ. "ئۇ شۇنداق غەمكىن ۋە قېرىلىق يەتكەن بىر ھالدا كۆرۈندى. - دەيدۇ ئېۋا جىيۇڭ خانىم قىزغا، _ ئېيتقىنا، ئۇنى بۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان نېمە ئىشتۇ؟"

بۇ سوئال كاتىپ قىز ئېۋانى بەكلا تەمتىرىتىپ قويىدۇ. "فۇھرېر ھەققىدە بىلىدىغانلىرىڭ مەندىن كۆپ. فۇھرېرنىڭ ئېغىزىدىن چىقارمىغان گەپلىرىنىمۇ سەن پەرەز قىلالايسەن." كاتىپ ئۇنىڭغا، ھەربىي ئىشلار ۋەزىيىتى ئۇنىڭ بېشىنى يېتەرلىك دەرىجىدە

ئاغرىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىدۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى، چاي ئىچىپ ئولتۇرغىنىدا ئىۋا سۆيگۈنىنى قىرىپ كېتىۋاتسەن، بىلىگىنىمۇ روسلىيالماي قاپسەن دەپ چىقىشىدۇ. ھىتلېرمۇ بۇ گەپلەرنى چاخچاقتا ئايلاندۇرۇپ، "بۇنىڭ بىر سەۋەبى يېنىمغا سېلىپ يۈرگەن ئاچقۇچلىرىمنىڭ بەكلا كۆپىيىپ كېتىشىدىن. يەنە بىر سەۋەپ بولسا، مېنىڭ ئۈستۈمدە يەنە بىر مۇنچە ئاۋارىچىلىق ئىشلارمۇ يۈكلەنگەن. _ ئۇ قۇۋلۇق بىلەن ھىجىيىپ گېپىنى داۋام قىلىدۇ، _ مانا ئەندى، ئىككىمىز تېخىمۇ چىقىشىپ ئۆتىدىغان بولۇپ قالدۇق. سەن دائىم ئىگىز پاشنىلىق ئاياق كىيىۋېلىپ ئۆزەڭنى ئىگىز كۆرسىتىۋالىدىكەنسەن. شۇڭا مەنمۇ ساڭا ماسلىشىپ ئۆزەمنى سەل پاكار كۆرسىتىۋېلىش ئۈچۈن ئازىراق ئىگىلىۋالسام يامىنى يوققۇ؟"

فېۋرالنىڭ ئاخىرىدا، بىرگىخوففقا كۈتۈلمىگەن بىر مېھمان پەيدا بولىدۇ. بۇ مېھمان خاننا رېيتش ئىسىملىك بىرسى بولۇپ، ئۇ بىر ئۇچقۇچى ھەمدە پىلانىر ئۇچۇرغۇچى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىدىكى مەقسىدى، فۇھرېرغا بۇ ئۇرۇشتا قانداق قىلىپ غالىپ چىقىشقا بولىدىغانلىقىنىڭ ئامالىنى ئېيتقىلى كەلگەن ئىدى. بۇ خانىم، يېڭى تىپتىكى V\1 راكېتا نىشانغا قاراپ ئۇچۇشىنى پەقەتلا قامالاشتۇرالمايۋاتىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق راكىتانى چوقۇم بىر ئۇچقۇچى باشقۇرۇپ ئۇچۇرغان بولىشى كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن مەن بىرىنچى بولۇپ بۇ راكىتانى ئۇچۇرۇپ مېڭىشقا تەييارمەن، دەيدۇ ھاياجانلانغان ھالدا. ئەمما ھىتلېر ئۇنىڭ بۇ دېگىنىنى دەرھال رەت قىلىۋېتىدۇ. بۇنداق ئۆزىنى قۇربان قىلىش چارىسىنى گېرمانىيە خەلقىگە قوبۇل قىلدۇرۇشنىڭ تېخى ۋاقتى ئەمەسلىكىنى، ئەمما رېئاكتىپ ئايروپىلانىنى، يەنى ئۇنىڭ يوشۇرۇن قۇرالى بولغان رېئاكتىپ ئايروپىلان لايىھىسىنى تېخىمۇ مۇۋاپىق قۇرال دەپ كۆرسىتىدۇ. خاننا رېئاكتىپ ئۇچۇرۇش تېخنىكىسىنىڭ تېخىچە تەتقىقات باسقۇچىدا تۇرىۋاتقانلىقىدىن خەۋىرى بار بولغاچقا، ھىتلېرنىڭ گېپى تۈگىشى ھامان، "فۇھرېرىم، سىز ئېيتقان رېئاكتىپ ئايروپىلان ئىشى ھازىرچە تېخى ئۇندۇرمە باسقۇچىدا تۇرىۋاتقان بىر ئىش، بۇ ھەقتە سىزنىڭ ئالغان ئۇچۇرلىرىڭىز يېتەرلىك ئەمەسكەن" دەپ، ليوتچىكلارنىڭ راكىتا بىلەن بىرگە ئۇچۇپ قۇربان بولۇش ھېساۋىغا نىشانغا تەككۈزۈش ئىشىنى تىلغا ئالىدۇ. قىزىق، ھىتلېر قاتتىق ئاچچىغلانغان ھالدا، بۇ ئىشنى مېنىڭ ئالدىمدا سىناق قىلىڭلار بولمىسا، ئەمما بىر شەرتىم بار، تەتقىقات جەريانىدا ماڭا ھېچكىم ئارىلىشىۋالماسلىقى كېرەك، دەيدۇ.

يوقۇرى سالتزبۇرگتا لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. شۇڭا بۇ يەردە فۇھرېر سىرت بىلەن ئالاقە قىلالماي قالىدۇ. ئەمما بۇ ئەھۋال فۇھرېرنىڭ مىجەزىگە ياققاندەكمۇ كۆرۈنەتتى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا، ئۆزىنىڭ ۋېيىننادا سىزغان

رەسىملىرىدىن گەپ ئېچىپ ئۇ سىزغانلىرىنى شاگىخو قىلىپ كۆلۈپ كېتىدۇ. "ئەمما ئۇ رەسىملەر، بۇگۈنكى كۈندە ئىنتايىن قىممەتلىك بۇيۇملار قاتارىدا سېتىلماقتا ئىدى. مەن ئۇ نەرسىلەرنى بوش ۋاقىتلىرىمدا سىزغانمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن 200 مارك باھا بەرگەنلىكى ھەققەتەنمۇ تەلۋىلىك، ئەسلىنى سۈرۈشتە قىلسا، ئۆز ۋاقتىدا مەن رەسسىم بولۇش نىيىتىدە ئەمەس ئىدىم. مەن پەقەت تۇرمۇش ۋە ئوقۇشۇمنى قامداش ئۈچۈنلا رەسىم سىزىپ يۈرگەن قىزىققۇچىلا ئىدىم" دەيدۇ. ئۇ رەسىملىرى ئاللىمۇقاچان قولدىن چىقىرىلغان بولۇپ، پەقەت بىنا لايىھىسى ھەققىدىكى بەزى نۇسخىلىرىلا ساقلىنىپ قالغان ئىدى. "بۇلار مېنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىم، ئۇلار مېنىڭ ئەقلى كۈچۈمنىڭ بايلىقى، شۇڭا مەن ئۇلارنى قولدىن چىقىرىشنى پەقەتلا خالىمايمەن. شۇنى ئۇنۇتماسلىقلىرى، مېنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى نۇرغۇنلىغان پىلانلىرىم، قۇرۇلۇش لايىھىلىرىمنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ ۋاقىتلاردا كېچە-كۈندۈز ئىشلىگەن ئەمگەك نەتىجىلىرىمنى مەنبە قىلىپ ئورتىغا قويۇلغان دېيىش مۇمكىن."

بېرگخوفتىكى تۇرمۇش ئۇنى قايتىدىن ئىشەنچكە ئىگە قىلغاندەك كۆرۈنەتتى. مارت ئېيىدا، گېيوبېلس بېرگخوفقا كېلىپ ئامېرىكا ئايروپىلانلىرىنىڭ تۈنجى قېتىم كۈندۈزى ئۇچۇپ گېرمانىيىنى بومباردىمان قىلىشقا باشلىغانلىقى ھەققىدىكى ئەنسىرىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. فۈھرېر كىلەچەكتىكى ئۇمىدۋارلىقلار بويىچە ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئەمما ئەتىسى، روھى جەھەتتە جىددىيلىشىپ كەتكىنى يەنىلا ئۇنىڭ ئۆزى بولىدۇ. 17-مارت كۈنى يېقىن قوشنا يەر "كلېسشېيم قەلئەسى" دە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق يىغىندا، ھىتلېر، ۋېنگرىيە پادىشاھى ئادمىرال خورتىيدىن قاتتىق رەنجىپ، ۋېنگرىيەنىڭمۇ خۇددى ئىيتالىيەدىكىگە ئوخشاش خائىنلىق قىلماقچى بولىۋاتقانلىقىنى ئەيىپلەپ كېتىدۇ. تاشقىرىدا كۈتۈپ تۇرغان شمىدت، ياشانغان خورتىينىڭ يۈز-كۆزىنىڭ قىپقىزىل قىزارغىنىچە ئالدىراش چىقىپ كېلىشىنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ. كۈتمىگەندە، ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىشىپ چىققان كىشىمۇ ھىتلېر ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئاچچىۋلانغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئوڭايسىزلانغان ھالدا، قايتىپ كەل! دەپ خورتىيغا ۋاقىرايدۇ.

قاتتىق زەربە يېگەن خورتىي دەرھال مەخسۇس پويىزنى چاقىرتىپ كېلىدۇ. پويىز ئورنىدىن قوزغىلىش ئالدىدا تۇرغىنىدا رىببېنتروپ يالغاندىن بىر قېتىملىق ھاۋا ھۇجۇمى سىگنالى چالغۇزىدۇ. بۇ قېتىمقى يالغان ھاۋا ھۇجۇمى شۇنداق ئوخشىتىلغان ئىدىكى، ھەتتا شەھەر قورغىنى ئاسمىنىغا ئىس-تۈتەك بومبىلىرىنى ئېتىپ قاپلىۋەتكەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ پادىشاھ ئەسىرگە ئېلىنغان ھېسابلاندى. پادىشانىڭ ئاچچىقى پەسىيىپ تىنچلانغىنىدىن كېيىن، رىببېنتروپ ئۇنىڭغا ئەندى قايتساڭ بولىدۇ، دەپ

ئۇقتۇرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ قايتىشتىن ئاۋال بىر پارچە بىرلەشمە ئاخباراتنى ئوقۇپ چىقىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئاخباراتتا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ماقۇللىقىدىن كېيىن، گېرمانىيە قوشۇنلىرى ۋېنگرىيەگە بېسىپ كىرسە بولىدىغانلىقى، ئەمما بۇ ھەقتىكى تەييارلىقلار پۈتۈپ بولغانلىقى ئېيتىلغان ئىدى. بۇ ئادمىرال نارازىلىق بىلدۈرگەن ھالدا، "سەن بۇ يەرگە مېنىڭ ھىتلېردىن سلوۋاكىيە بىلەن رومىنىيە قوشۇنلىرىنىڭ ۋېنگرىيەنى ئىشغال قىلىشىنى تەلەپ قىلىپ يالۋۇرغانلىقىمنىمۇ قوشۇپ قوي! ئەسلىدە بۇ گەپلەر ئۇنىڭ باشقىچە بىر ئۇسلۇپتا قىلغان تەھدىتى!" دەيدۇ. ئەمما بۇ گەپلەر قوشۇلمايدۇ. خورتىي بۇداپېستقا يېتىپ بارغىنىدا كۆردىكى، ئۇنىڭ دۆلىتى ئاللىمۇقاچان گېرمانىيە قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىۋېلىنغان ئىكەن. ئىشغالىيەتچى ئەسكەر سانىمۇ 11 دىۋىزىيىگە يەتكەن!

بۇ ئىش ھىتلېرنىڭ كۆڭلىنى ئازىراق بولسىمۇ تىنجىتقان بىر ھەرىكەت بولغان ئىدى. ئەمما بۇ ھەرىكەت ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ۋە سىياسىي جەھەتتە بەكلا چوڭ خاتالىق ھېسابلىناتتى. چۈنكى ئۇ بۇ ھەرىكەت ئۈچۈن شەرق ۋە غەرىپ ئۇرۇش سەپلىرىدىن قوشۇن يۆتكەشكە مەجبۇر قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر تۈرلۈك مەلۇماتلار غەرپ پات يېقىندا ھۇجۇمغا ئۇچرايدىغانلىق ئالامەتلىرىدىن خەۋەر بەرمەكتە ئىدى؛ شەرق سېپىدە بولسا، ئىستىخبارات مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بەرگەن دوكلاتلىرىغا ئاساسلانغاندا، دۈشمەن ئۇكرائىنادا كەڭ كۆلەملىك قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى بولىۋاتقانلىقى، بۇ قايتارما ھۇجۇم يەنە كېلىپ "ياۋروپادىكى باشقا ئۇرۇش سەپلىرىگىمۇ كۈچلۈك سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي ئەكس تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدىغانلىقى" مۇقەررەر ئىدى. گېھلېن، قايتىدىن تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ بىردىن-بىر چارىسىنىڭ قورماستىن ستراتېگىيىلىك چېكىنىشتىلا قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما فۇھرېر بۇنداق بىر تەكلىپنى كەسلىكىن رەت قىلىپ، "ئىشغال قىلىنغان رايونلاردا بىر غېرىچمۇ يەرنى بەرمەسلىكتە چىڭ تۇرۇشتەك" تاكتىكىسىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرىۋالىدۇ.

ئۇنىڭ بۇنداق بىر قارار ئېلىشى بەلكىم كۈنسايىن ناچارلىشىپ كېتىۋاتقان سالامەتلىكىنىڭ تەسىرىدىن كېلىۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئېۋا بىلەن باشقا يېقىنلىرى ھىتلېر بەك ئۇزۇن ئۆرە تۇرۇپ قالغىدەك بولسىلا ئىككى تىزىنىڭ تىترەپ كېتىدىغانلىقىنى؛ سول قولىمۇ توختىماي تىترەپ تۇرىدىغانلىقىنى، ھەتتا قولغا ئالغان چىنىسىنىڭ تەخسىسىمۇ تىترەشتىن جىرىڭشىپ تۇرىدىغانلىقىنى سېزىدۇ. ماي ئېيىنىڭ باشلىرىدا، ئۇنىڭ ئاشقازان سپازمىلىشىش كېسىلى قايتا قوزغىلىپ، ئاغرىق دەردىدە چىدىغۇسىز ئازاپلىنىپ يۈرىدۇ. دوختۇر مورېل ئۇنىڭغا يەڭگىل ئۇۋۇلىتىش ھەمدە ئۇزۇنغا

يۇرۇش قىلىش تەكلىۋىنى بەرگەن بولسىمۇ قوۋلاق سالمايدۇ، پەقەت كاردىزول ئىچىپ بېرىش بىلەن باشقا ئىككى تۈرلۈك ھارغىنلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش دورىسى (گلۇكاد بىلەن تېستوۋىرون) نى ئوكۇل قىلدۇرۇشقىلا ماقۇل بولىدۇ. موريېل ئۇنىڭغا بالدۇر ئۇخلاش ھەققىدە مەسلىھەت بەرگەن بولسىمۇ، بۇنى قىلالمايمەن دەپ رەت قىلىدۇ. ئۇ، بومباردىمان قىلىشقا كەلگەن ئەڭ ئاخىرقى ئەنگلىيە ئايروپىلانى ئىمپېرىيە ئاسمىنىدىن ئايرىلغىنىدىن كېيىنلا ئاران كۆزىگە ئۇيقا كېلەتتى.

شۇ يىلى ئەتىيازدا، دۈشمەن بومباردىمانچىلىرى باۋارىيىنى دەھشەتلىك تۈردە بومباردىمانغا تۇتىدۇ. قورقۇنۇشلۇق ئاگاھلاندۇرۇش گۇدۇك ئاۋازى ھەركۈنى دېگىدەكلا چىقىراپ تۇراتتى؛ ھىتلېر ئامالسىز 65 باسماقلىق پەلەمپەيدىن چۈشۈپ بىرگىخوف يەرئاستى ئاكوپىغا كىرىپ ھاۋا ھۇجۇمىدىن ساقلىنىشقا مەجبۇر ئىدى. شۇنداقتىمۇ يوقۇرى سالتزبىگ بىرەر قېتىممۇ بومباردىمان قىلىنمىغان ئىدى. بۇ بومباردىمانچى ئايروپىلانلار ئايلىنىپ ئۆچۈپ ۋيېننا، ۋېنگرىيە ياكى باشقا زىچ ئاھالىلىق شەھەر رايونلىرىنى بومباردىقمان قىلىپ قايتىشاتتى. ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى كىشىلەر مېيونخېن ئاسمىنىدىن كۆتۈرۈلگەن قېپقىزىل ئوت يالقۇنىنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئېۋا ئۇنىڭغا ماشىنىلىق مېيونخېنغا بېرىپ ۋاسسېربۇرگېر كوچىسىدىكى ئۆيىنىڭ ساق تۇرغان-تۇرمىغانلىقىنى كۆرۈپ كېلەي دەپ يالۋۇراتتى. دەسلىۋىدە فۇھرېر ئۇنىڭغا ئۇنىماي تۇرىۋالغان بولسىمۇ، قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالغاچقا ئامالسىز ماقۇل بولىدۇ. ئېۋا قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىن قاتتىق چۆچىگەن ھىتلېرمۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن قىساس ئېلىپ بەرمەكچى بولىدۇ: "قاراپ تۇر، ئەنگلىيە ئومۇمىي يۈزلۈك پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قالىدۇ! – دەيدۇ ھۆددە قىلىپ، ئاندىن ئۇ ئېۋاغا راكېتا ھەققىدىكى گەپلەرنى سۆزلەپ بېرىپ، "بۇ تۈر قۇراللىنىڭ پەيدا قىلىدىغان ۋەيرانچىلىققا ھېچقانداق ئادەمنىڭ نېرۋىلىرى بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. بىزنىڭ ئاياللىرىمىزنى، باللىرىمىزنى ئۆلتۈرىۋاتقان، نېمىس مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلىشقا كىرىشكەن ياۋايىلاردىن چوقۇم چىشقا-چىش قىساس ئالىمىز!" دەپ ۋەدە بېرىدۇ.

ھاۋا ھۇجۇمى ئاگاھلاندۇرۇش گۇدۇگى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ چېلىنىپ تۇرغاچقا، بىرگخوفتىكى بەزى مېھمانلار بۇنداق سىگنال چېلىنىشلارغا تۇلا بەك ئەھمىيەت بەرمەس بولىۋالىدۇ. بىر كۈنى سەھەردە، تراۋدل ئۇچقاندەك كارىۋىتىدىن چۈشۈپ ھاۋا مۇداپىيە گەمىسىگە كىرىدۇ. ئەمما گەمە بوش بولۇپ، بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. شۇڭا ئۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن گەمىدىن سىرتقا چىقىدۇ. ئۇ سىرتقا چىقىپ ئىشىك تۈۋىدە قۇيرۇقنى تىك قىلىپ تىكىلىپ تۇرغان دەرۋازا ساقلايدىغان بۆرە ئىتتەك تىكىلگىنىچە ئەنسىز بىر شەكىلدە كۆككە قاراپ قالغان ھىتلېرنى كۆرىدۇ. ھىتلېر قىزنى

نوقۇپ "بەك ئەنسىرەپ كەتمەڭ قىزچاق، دەرھال ئاكوپقا قايتىپ كېتىڭ، ئاگاھلاندۇرۇش تېخى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىدى" دەپ جېكىلەيدۇ. ترازدل ئۇنىڭغا مېھمانلارنىڭ ھېچقايسى ئۇيقىدىن ئويغانماي ياتاقلىرىدا ياتقانلىقىدىن گەپ ئاچماي، ئالدىراپ پەلەمپەيدىن گەمىگە قاراپ چۈشۈپ كېتىدۇ. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا، ھىتلېر ھاۋا مۇداپىيە ئاكوپىغا چۈشمىگەن ئاخماقلىقلارغا قارىتىپ سۆزلەپ كېتىدۇ: "مېنىڭ بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغان خىزمەتچىلەر ئارىسىدا بەزىلەرنىڭ ئورنىنى ھېچ كىم بىلەن تولدۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا سىلەر چوقۇم مۇداپىيە ئاكوپىغا كىرىپ يوشۇرۇنىشىڭلار كېرەك. بومباردىماندىن ساقلانغىلى بولمايدىغان خەتەرلىك يەردە تۇرىۋېلىپ ئۆزىنى باتۇر قىلىپ كۆرسىتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇش پۈتۈنلەي ئاخماقلىق" دەپ تەنقىتلەيدۇ.

ئەمما ئۇنىڭ ئۆزى خەتەرلىك يەردە قىمىرمۇ قىلماي تۇرىۋالغان، شۇنىڭدەك بەدەن چېنىقتۇرۇش ھەرىكىتى بىلەن شوغۇللىنىشنى، ئارام ئېلىشنى ياكى بەدىنىنى ئۇۋۇلىتىشنى رەت قىلىپ، يالغۇز دورا بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ئۇ بەزى دورىلارنى ئىچىپ يەنە بەزى ئوكۇللارنى قويدۇرغاندىن باشقا يەنە يۈرەك-جىگەر دورىلىرىنى، شۇنىڭدەك كۈندىلىك 4 تابلېتكا مورەككەپ ۋىتامىنلىق دورىلارنىمۇ ئىچىپ تۇراتتى. ئۇنىڭچە، سالامەتلىكىنى ئاسراشنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغاندەك، ئۆز ئىنسانلىق غايىسىنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈنلا ياشاۋاتقىنىدەك ھېس قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا ئۈمىدسىزلىنىش مىجەزىدىن قۇتۇلۇپ، قايتىدىن ئۆز غايىلىرىنى تەشۋىق قىلىشقا كىرىشكەن ئىدى. بىر كۈنىسى، يېقىن ئادىمىدىن بىرسىگە پۈتكۈل ۋەزىيەت چوقۇم ئۆزگىرىدۇ، ئانگلو-ساكسونلار ئاخىرىدا ئۆز مەنپەئەتلىرى بىلەن بولشېۋىكچىلىققا قارشى ئەھلى سەلىپ يۈرۈشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ، بۇ بىر مۇقەررەرلىك! دەپ ۋەدە قىلىدۇ.

ئەمما ئىتتىپاقداش ئارمىيە بولسا پۈتۈن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ستىراتېگىيىلىك بومباردىمان ئارقىلىق ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىغا جاۋاب بەرمەكتە ئىدى. ماي ئېيى باشلىرىدا ئامېرىكا ئايروپىلانلىرى ئوتتۇرا ۋە شەرق تەرەپتىكى ماي زاۋۇتلىرىنى كۈندۈزى بومباردىمان قىلىشنى باشلىشى نەتىجىسىدە، ھىتلېرنىڭ پۈتكۈل ھەربىي تەييارلىق پىلانلىرىغا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ. كۈندىلىك بېنزىن ئىشلەپچىقىرىش 5850 توننىدىن بىراقلا 4820 تونىنغا چۈشۈپ قالىدۇ. "دۈشمەن بېنزىنىڭ ئەڭ ئاجىز نوقتىمىزنى تۇتىۋېلىپ شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتتى، ـ دەيدۇ ئالبېرت سپېر ھىتلېرغا سۇنغان دوكلاتىدا، ـ ئەگەر ئۇلار مۇشۇ خىل ھۇجۇم قىلىشتا ئىزچىل چىڭ تۇرىدىغانلا بولىدىكەن، پاتلا ھېچقانداق بېنزىنىمىز قالمايدۇ. بېزنىڭ بىردىن بىر ئۈمىدىمىز، دۈشمەن ھاۋا ئارمىيىسى باش قوماندانلىق شتابىنىڭمۇ بىزدىكىدەك ساراسىمە ئىچىگە چۈشۈپ قېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش!"

كېيتېل، يېقىلغۇ زاپىسىمىز يەنىلا ئـارتۇق مىقتـاردا مەۋجـۇت، دەپ دەرھـال نـارازىلىق بىلدۈرىـدۇ. ئەممـا ھىتلېـر ئۇنىڭغـا قارىغانـدا تېخىمـۇ ئەمەلـىيەتكە ئەھمىـيەت بېرىـدىغان ئادەم بولغاچقا، ئارىدىن بىر قانچە كـۈن كېـيىن بىـر يىغىـن چاقىرىـپ يېقىلغـۇ مەسىلىسـى ئۈسـتىدە مۇزاكىرە قىلىـدۇ. 4 نەپەر سـانائەتچى، دۈشـمەن ھـاۋا ھۇجـۇمى بۇنـداق داۋام قىلغىـدەك بولىـدىكەن، ۋەزىيەتتـى ئۈمىـد قالمايـدۇ، دەپ ئورتـاق پىكىرىنـى بىلدۈرۈشـىدۇ (ئالدىنقى يىلى كۈزدە چاقىرىلغان مۇشۇ تۈردىكى بىر يىغىندا، سانائەتچى پاۋۇل پلېيگېر مۇ دۆلتىمىز تەۋەسىدە پولات-تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش ئۈچـۈن يېتەرلىـك كۆمـۈر ۋە كوكـۇس قالمىـدى دەپ بىلـدۈرگەن ئىـدى. "مېنىـى ھەممىـدىن بەكـرەك ھەيـران قالدۇرغىنى، ــ دەيدۇ بىر شـاھىت كېيىن ئەسلەپ كېلىـپ، ــ سۆھبەتلىشىش جەريانىدا، ھىتلېر مەنىسىز بىر شەكىلدە، ئەگەر تېخىمۇ كۆپ كۆمۈر پولات ئىشلەپ چىقىرالمىساق، بۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدۇق دېگەن گەپ، دەيدۇ." — ئـا. ھ. ئـى). دەسـلەپتە، ھىتلېـر ئـادەتتە تولا ئىشلىتىپ كەلگەن قائىدە بويىچە ھەر قانچە قىيىن بوھرانغا دۇچ كەلـگەن بولساقمۇ ئۇنىڭدىن ئاتلاپ ئۆتەلىگەن ئىدۇق، دەيدۇ. بـۇ گەپـكە كېيتېـل بىـلەن گيۆرىـڭ ئىككىسـلا شـۇنداق، دەپ بـاش لىڭشـىتىدۇ. ئەممـا، بـۇ سـانائەتچىلەر سـانلىق مەلۇمـاتلار بىـلەن نەق ھۆججەتلەرنى ئىسپات قىلىپ ئۆز خۇلاسىلىرىنىڭ تـوغرىلىقىنى دەلىللەشكىنىدە، ھىتلېرمـۇ دەرھـال گېپىـدىن يېنىۋالـىدۇ. بـۇ چاغـدا سـىپىر، فـۆھرېرىمىز شـۇ ھامـان "ئاڭلاشـنى خالىمايـدىغان بىـر ئەمەلـىي پـاكىتنى ئاڭلىغانـدەك" دەپ ئـويلاپ، فۆھرېرنىـڭ ، بـۇ دېگەنلىـك، گېرمـانىيە ئىگىلىكـى ۋەيـران بولـۇش يولىغـا كىرگەنلىكىنىـڭ بىـر دەلىلـى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

2

ئۇرۇشنىڭ دەسلىۋىدە نېمىسلار كۆڭۈلدىكىدەك ھەرىكەتچان ئۇرۇشـتىن پايـدىلانغان بولسا، مانا ئەندى ۋەزىيەت ئۇلار ئۈچۈن پايدىسىز تەرەپكە قاراپ ئۆزگىرىش قىلغان ئىـدى. بىرىنچى جاھان ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئۇزۇن مەزگىللىـك تىركىشـىش ئۇرۇشـى گېرمانىيىنىـڭ تەشـۋىقات ماشىنىسـىنى ئۇرۇشـنى چوقـۇم يېڭىـپ چىقالايـدىغانلىقىغا ئىشـەندۈرىدىغان ئوڭۇشلۇق مۇنازىرە قىلىشقا پۇرسەت بەرگەن ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا، نـۆۋەتتىكى ھەربـى ۋەزىـيەت ئەمەلىيىتـى ئالدىـدا، يەنىـلا شـۇ ئۇسـۇلدا تەشـۋىقات قىلىـمەن دېـيىش ئاقمـاس بولـۇپ قالغـان ئىـدى. گېرمـانىيە قوشـۇنلىرى ئەنـدى يەنە بىـر قېتىملىـق يـازلىق ھۇجۇم قوزغاش ئىمكانىغا ئىـگە ئەمەس ئىـدى. ئـۆتكەن يىلقى كۇرسكتىكى مەغلـۇبىيىتى،

پۇتكۈل ئۇمىدلىرىنى يوققا چىقىرىۋەتكەن ئىدى: ئەندىكى مەسىلە، سەلدەك بېسىپ كېلىۋاتقان قىزىل ئارمىيە ئالدىدا نېمىس ئارمىيىسى يەنە قانچىلىك ۋاقىت بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىلا ئىدى. گەرچە رۇسىيەنىڭ ئادەم چىقىمى بەكلا ئېغىر بولغىنىغا قارىماي، يەنىلا 300 دىۋىزىيەدە 5 مىليوندىن ئارتۇق ئەسكىرىنى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرالايتتى. بۇنىڭغا قارشى تۇرىۋاتقان گېرمانىيە ئارمىيىسىدە بولسا ئارانلا يېتەرلىك سەپلەنمىگەن 200 دىۋىزىيىسىلا بار بولۇپ، ئۇنىڭدا 2 مىليوندەكلا ئەسكەر بار ئىدى. گېرمانىيىنى ھەممىدىن بەك ھەيران قالدۇرۇپ قىيناۋاتقىنى قىزىل ئارمىيىنىڭ زاپاس كۈچىنىڭ يېتەرلىك بولۇشى ئەمەس بەلكى ئۇلاردىكى كۈچلۈك جەڭگىۋارلىق روھى ئىدى. ستالىنگراد مۇھاسىرىسى دەۋرىدە ھىتلېر يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىشقا تىرىشىپ، مارشال پاۋلۇس بۇ شەھەرنى شۇنچە ھۇجۇم بىلەن ئالالمىغانلىقىدىكى تۆپكى سەۋەپ رۇسلار ئۇرۇش قىلغاندا خۇددى "سازلىقتىن چىقىپ كەلگەن يىرتقۇچلاردەك" ئۇرۇشىدىغانلىقىنى، ئۇلارغا نېمە دەپ ئاتىساڭ ئاتا، بۇ شەرقلىق "ياۋايىلار" نىڭ ئىپادىلىگەن روھى ۋە قەھرىمانلىق روھى تېۋتون مىللىتى زادىلا يېتىشەلمەيدىغان بىر روھ، دەپ چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنغان ئىدى. ھىتلېرنىڭ شەرق سىياسىتىنىڭ ئاساسى نېمىگە تايىنىدىغانلىقى ھەققىدە گەپ قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمايتتى. 1944-يىلى، ئۇ ھەتتا خىيالى بولسىمۇ بىرەر غالىبىيەتتىن ئۈمىدلىنىپ باققان ئەمەس. ئەسلىدە، ئۇنىڭ كۆڭۈل بولىۋاتقىنى رۇسلار ئەمەس بەلكى غەرپتىن بېسىپ كىرىدىغان كۈچلەر ئىدى. "غەرپتىكى ۋەزىيەت بۇ يىلقى ئۇرۇشتا يېڭىپ چىقىش ياكى يېڭىلىشنىلا بەلگىلەپ قالماستىن بەلكى پۈتكۈل ئۇرۇشنىمۇ ھەل قىلىدىغان بىر ھۇجۇم بولۇپ قالىدۇ" دەيتتى. ئىيۇننىڭ باشلىرىدا، ئۇ ھەربىي مەسلىھەتچىلىرىگە "ئەگەر غەرب سېپىدىكى بېسىپ كىرىش ھەرىكىتىنى چېكىندۈرەلەيدىغانلا بولىدىكەنمىز، ئۇ ھالدا بۇنداق بىر ھەرىكەت قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قايتا پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بىز زاپاس كۈچلىرىمىزنى ئىتالىيە بىلەن شەرقى سەپكە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشىمىز كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ" دەيدۇ. ئۇ بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقىنىدا خىيالى باشقا يەردە بولۇپ، دېرىزىدىن پىرىشان ھالدا سىرتقا قاراپ بۇ گەپلەرنى دەيدۇ. شۇ ۋاقىتتا شەرقى ئۇرۇش مەيدانلىرى ھېچ بولمىغاندا تۇراغلاشقان بولاتتى، ئەگەر غەرپنىڭ بېسىپ كىرىشىنى توسيالمىساق، ئاخىرقى ھېساپتا مەغلۇپ بولىشىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ. "غەرپ سېپىدا يوقۇتۇش ئۇرۇشى قىلىشىمىزنى مۇمكىن قىلمايدىغان يەنە بىر سەۋەپ، ئەگەر بىز بىر قەدەم كەينىگە چېكىنىدىغانلا بولىدىكەنمىز، فرانسىيە تەۋەسىدىكى ئۇرۇش سېپىمىزنىڭ بەكلا كېلەڭسىز كېڭىيىپ كېتىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ستراتېگىيىلىك زاپاس كۈچىمىزنىڭ يوقلىقى سەۋەبىدىن بۇ ئۇرۇش سېپى بويىچە

يېتەرلىك ئەسكىرى كۈچ ئورۇنلاشتۇرالىشىمىزنىڭ ئىمكانى يوق" دەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ مۇنداق خۇلاسىغا كېلىدۇ: "دۈشمەن قىسىملىرى ھۇجۇمغا ئۆتە-ئۆتمەي ئۇلارنى كىرگەن يېرىدە مەغلۇپ قىلىشىمىز شەرت." ئەمما ئۇ ئايرىم ئولتۇرۇپ گېنېرال خاۋسىنگېرگە دېگەن گەپلىرىنى بۇ يەردە تىلغا ئالمايدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا "ئەگەر غەربېنىڭ بېسىپ كىرىشى ۋەلىبىلىك بولۇپ قالغىنىدا، چوقۇم سىياسىي يول ئارقىلىق ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇشىمىز شەرت بولىدۇ" دېگەن ئىدى.

ھىتلېر، غەرپلىكلەرنىڭ بېسىپ كىرىشىنى مەغلۇپ قىلىش ۋەزىپىسىنى روممېلغا تاپشۇردى. شىمالى ئافرىقىنىڭ قولدىن كېتىشى (بۇ مەغلۇبىيەت ھەرگىزمۇ روممېلنىڭ سەۋەنلىكىدىن بولغان ئەمەس) سەۋەبىدىن، روممېل بىر قېتىملىق قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان ئىدى. روممېلنىڭ قارىشىچە، بېسىپ كىرىشنى توساشنىڭ ئەڭ ياخشى يېرى دېڭىز ساھىلى بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئۇ يەرلەر دۈشمەننىڭ ئەڭ ئاجىز نوقتىلىرىدۇر. "بېسىپ كىرىدىغان قىسىملار قۇرۇغلۇقتا پۇت تىرەپ تۇرالىشى بەكلا تەس، ھەتتا دېڭىزدا كېمىلىرى بىلەن بىرگە چۆكۈپ يوقىلىشىمۇ مۇمكىن" ئىكەن. "دېڭىز بويىدا ئۇلار يەر شارائىتىنى ياخشى بىلمەيدۇ، ھەمدە ئىشقا سالالايدىغان ئېغىر قۇراللىرىمۇ يېتەرلىك بولماي قالىدۇ. مانا بۇ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلالىشىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى." ئۇنىڭ ياشانغان باشلىقى، غەرپ دېپىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال گېرد ۋون رۇندستېدتنىڭ قارىشى دەل بۇنىڭ ئەكسى ئىدى. ھەل قىلغۇچ جەڭنى دېڭىز ياقىسىدىن يىراق بولغان ئارقا سەپتە باشلىتىش كېرەك دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇ، باستۇرۇپ كىرىدىغان دۈشمەنلەرنى قورشاۋغا ئېلىپ يوقۇتۇش ئۈچۈن بارلىق بىرۋىنىك قىسىملىرى بىلەن تاكتىكىلىق زاپاس كۈچلەرنى چوقۇم فرانسىيەگە جايلاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلاتتى. ھىتلېر بۇ ئىككى تۈرلۈك قاراش ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىشنى ياراشتۇرىدىغان ئوتتۇرا يول بويىچە ھەل قىلماقچى بولغىنىدا، ھەر ئىككى قاراشتىكىلەر بۇ تەدبىردىن رازى بولمايدۇ. ئۇ، روممېلنىڭ بىرۋىنىك قىسىملىرىنىڭ ھەممىسىنى يۆتكەپ كېلىشىنى بۇيرۇيدۇ. ئەمما كېلىدىغان يېرى رۇندستېدت تەلەپ قىلغىنىدەك دېڭىز بويىدىن يىراقتا ئەمەس بەلكى بەكلا يېقىن بىر يەر ئىدى.

4-ئىيۇن ئەتىگىنى، روممېل پىكاۋىغا ئولتۇرۇپ گېرمانىيەگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇنىڭ بۇ سەپىرى ئايالىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن يولغا چىقىشىدەك كۆرۈنۈشتە (6-ئىيۇن تۇغۇلغان كۈنى) بولسىمۇ، ئۇ، ھىتلېرنى يەنە ئىككى دىۋىزىيە بىرۋىنىك قىسمى بىلەن بىر زەمبىرەكچىلەر بىرگادىسىنى نورماندىيەگە يۆتكەپ كېلىشكە قايىل قىلىشنى مەقسەت قىلىپ بېرچتېسگادېنغا قاراپ ئاتلىنىشى ئىدى. "ماڭا ئەڭ

جــەددىي ئېھتىيــاجلىق بولــۇۋاتقىنى، ــ دەپ يازــدۇ رومىېــل كۆنــدىلىك خاتىرىســىگە، ــ سۆھبەتلىشى يـولى بىـلەن فـۇھرېرنى قولغـا كەلتـۈرۈش.“ شـۇ باھانـدا قىسـقا بىـر ئـارام ئېلىۋېلىشــىمۇ مـۇمكىن ئـىدى. چـۈنكى بـۇ كـۈنلەردە پـارىژ هـاۋا ئـارمىيە مېتېرئولـوگىيە ئىستانسىسـى تېخـى يـېڭىلا قـاتتىق يـامغۇر ياغىـدىغانلىق ھەققىـدە ھاۋارايىـدىن ئالـدىن مەلۇمات بەرگەن ئـىدى. شـۇڭا ئـۇ، بـۇ ئىككـى ھەپتە ئىچىـدە بېسىـپ كىـرىش ھەرىكىتـى بولماسلىقى مۇمكىن دەپ مۆلچەرلىگەن ئىدى.

ئەنگلىيە بوغۇزىنىڭ نېرقى تەرىپىدە بولسا، ئىتتىپاقداشلار ئارمىيىسى باش قۇماندانى گېنېرال دۋايت ئېيزىنخوۋېرمۇ نـېمە قىلارىـنى بىلەلـمەي بەكـلا مۇشـكۇل ئەھۋالغـا چۈشـۈپ قالغان ئىدى. ”ئوۋېرلورد ھەرىكىتى“ (ئوۋېرلـورد ئوپېراتسىيىسـى يـاكى زوراۋان ھەرىكىتـى، نورماندىيە قۇرۇغلۇققا چىقىش ھەرىكىتىنىڭ مەخپـى ئىسـمى – ئـۇ.ت) دەپ ئـات قويۇلغـان بېسىپ كىرىش ھەرىكىتى ئەسلىدە ئەتىسى كۈنى باشلىنىلىش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ھـاۋا شــارائىتىنىڭ ناچارلىقىــدىن بـۇ كاتتـا تەۋەككۈلچىلىـك ھەرىكىتىنـى ھـېچ بولمىغانـدا بىـر سوتكا كېچىكتۈرۈشكە مەجبۇر بولغان ئـىدى. ئـايىز شـۇ كـۈنى كـۆپ قىسـىم ۋاقتىنـى چاتمـا ۋاگون – پورتسنوۋ يېقىنىدىكى بىر ئورمانلىق بويىغا قويۇلغان پىرتىسىپ ئۆيىـدە ئۆتكۈزـدۇ. ۋاگون ئىچىدە ئۇ غالىبىيەت بىلەن مەغلۇبىيەت ھېساۋىنى قايتـا-قايتـا ھېسـاپلاپ كۆرىـدۇ: ناچــار ھــاۋا شــارائىتىدا تەۋەككــۈل قىلىــپ ھۇجــۇم باشــلىغان ياخشــىمۇ يــاكى ئىيۇلغــا كېچىكتۈرگەن ياخشىمۇ؟ 200 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرگە بۇ قېتىمقى ھەرىـكەت بـۇيرۇقىنى يەتكــۈزۈپ بولغاچقــا، ئەگەر ئىيــۇلغىچە كۈتۈشــكە تــوغرا كەلســە چوقــۇم بــۇ ھەرىــكەت مەخپىيەتلىكى ئاشكارلىنىپ يېيىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇ ئاخشـىمى يېڭـى ھـاۋارايى مەلۇماتى يېتىپ كېلىـدۇ: ھـاۋا ئېچىلىشـقا باشـلىدى، ئەمما 6-چىسلا قايتـا يامانلىشـىدۇ. ئېيزىنخـوۋېر ھەر قايسـى قۇمانـدانلارنىڭ پىكىرىنـى سـورايدۇ. ھـاۋا ئـارمىيە مارشـالى سـىر ئــارتۇر تېــددېر، قۇيــۇق بۇلــۇت قــاتلىمى پىلانىنــى ئورۇنداشــقا توســالغۇلۇق قىلىشــى مۇمكىنلىكىنى ئېيتسا، مونتوگرىي ”مېنىڭچە ھەرىكەتنى باشلىتايلى“ دەيـدۇ. ئېيزىنخـوۋېر ئاخىرى قارارىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ: 6-ئىيۇن كـۈنى ئىتتىپاقداشـلار ئارمىيىسـى نورمانـدىيە قىرغاقلىرىغا ھۇجۇم باشلايدۇ!

6-ئىيۇن كۈنى ئەنگلىيەنىڭ گرىنىـۋىچ ۋاقتىـدىن 2 سـائەت بۇرۇنغـا ئـۆزگەرتىلگەن قوش يازلىق ۋاقتى سائەت نۆلدىن 6 مىنۇت ئۆتكەندە، پاراشوتلۇق تاخلاش باشلىنىدۇ. 18 ياشــلىق پاراشــوتچى ئەســكەر مــورفى ئايروپلانــدىن پاراشــوتلۇق تــاخلاپ ســان مېــرى ئېگلىسەدىكى بىر قىزلار ئوتتۇرا مەكتىـۋى مۇدىرىنىـڭ گۈللـۈكى ئۈستىگە چۈشـۈپ قالـدۇ. مانا بۇ D كۈنىنىڭ باشلانغان ۋاقتى ئـىدى. ئارىـدىن بىـر سـائەت ۋاقىـت ئۆتكەنـدە، ھـېچ

نېمىنى ئۇققۇلى بولمايدىغان بىر-بىرىگە زىت خەۋەرلەر گېرمانىيە 7-كورپۇسىنىڭ ھەر قايسى شتاپلىرىغا سەلدەك ئېقىشقا باشلايدۇ. گېرمانىيە ۋاقتى سەھەر سائەت 3 تە، رۇندىستېدت ئالى قوماندانلىق شتابىغا (ئەمەلىيەتتە يوقۇرى سالزبۇرگقا) خەۋەر يوللاپ، دۈشمەن پاراشوتچى قىسىملىرى بىلەن پلانېرلىرى نورماندىيەگە ئومۇمىي يۈزلۈك چۈشۈشكە باشلىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. شۇنىڭدىن 3 سائەت كېيىن، رۇندىستېدتىنىڭ شتاب باشلىقى ۋارلىمونتقا خەۋەر بېرىپ، بۇ بەلكىم بىسىم كىرىش ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى بولۇشى مۇمكىن، دەيدۇ. ئۇمۇ دەرھال ئالى قوماندانلىق شتابىغا ساقلاپ قويغان 4 دېۋىزىيىلىك بىرونىڭ قىسىملىرىنى دەرھال پاراشوت تاشلانغان جايلارغا ئېۋەرتىلىشكە ئۈندەيدۇ.

ئەمما جودل بولسا، بۇ ئىش چوقۇم شەرقتىن شەپە بېرىپ قويۇپ غەربتىن ھۇجۇم قىلىشنەك تۇتۇپ تۇرۇش تاكتىكىسى بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلايدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ بىر قېتىم ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارمىيىسىنىڭ "مۇھاپىزەتچى" بەلگىلىك مەخپى ھەرىكەتنىڭ ئالدىمىغا چۈشكەن ئىدى: بىر يالغان ئۇرۇش پىلانى ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن ئالىي قوماندانلىق شتابىغا ئاشكارلىتىلغان ئىدى. بۇ پىلاندا قۇرۇقلۇققا چىقىش يېرى قىلىپ تېخىمۇ شىمالدا بىر يەر بولغان كالايىس يېقىنلىرى، يەنى ئەنگلىيە بوغۇزىنىڭ ئەڭ تار يېرى تاللانغانلىقى كۆرسىتىلگەن ئىدى. شۇڭا، جودل بۇنىڭ ئۈچۈن ھىتلېرنى قايىل قىلدۇرۇشنى ماقۇل كۆرمەيدۇ.

بۇ ئەھۋال رۇندىستېدتىنىڭ شتابىدىكىلەرنى ھەيران قالدۇرىۋېتىدۇ. ئۇرۇش مىنىستىرىنىڭ دېيىشىچە، بۇ ياشانغان مارشال "ئاچچىقىنى بېسىۋالالماي يۈز-كۆزى قىزىرىپ كېتىپ، باشقىلارنىڭ ھېچنى ئۇقالمىغىدەك ھالغا كېلىپ قالغان." ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا بىر قوماندان بولسا ئىدى، بەلكىم بىۋاستە ھىتلېرغا تېلېفون قىلغان بولار ئىدى. ئەمما رۇندىستېدت كونا ئاقسۆڭەكلەر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بىرسى بولغاچقا، فۇھرېرنى ئاشكارە ھالدا "ئۇ بوسىمىيەلىك ئون بېشى" دەپ ئاتاۋەرەتتى. ئۇ ھەرگىزمۇ ھە دېسىلا يۈگۈرۈپ بېرىپ ھىتلېرنىڭ ئالدىغا بېرىپ يالۋۇرىدىغانلاردىن ئەمەس. شۇڭا ئۇ، تەلەپ قىلىش مەسىلىسىنى قول ئاستىدىكىلەرگە تاشلاپ شۇلارنىڭ بېرىپ يالۋۇرۇشىنى كۈتەتتى. ئەمما ئۇلار مارشالنىڭ پېشىنى قويۇۋەتمەي ئۇنى ھىتلېرنى ئۇيغۇتۇش نىيىتىدىن يېنىشقا ئۈندەيدۇ.

ئەتىگەن سائەت 9 بولغاندىلا، ئاندىن بېرىپ فۇھرېرنى ئويغۇتۇشىدۇ. ھىتلېر سلوۋاكىيەنىڭ، ۋېنگرىيەنىڭ ۋە رومىنىيەنىڭ مۇستەبىتلىرى خورتى، تىسو ۋە ئانتونېسكولارنى قوبۇل قىلماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن (كۆرۈشۈش يېرى قىلىپ كلېسشېيم

قەلئەسى بەلگىلەنگەن) بۇ قېتىم ئۇنى ئادەتتىكى ۋاقىتلارغا قارىغاندا بالدۇر ئويغۇتىشىدۇ. ھىتلېر ياتاق كىيىمى بىلەن ياتاقخانىسىدىن چىقىپ خاتىرجەم ھالدا ئولتۇرۇپ ئەڭ يېڭى خەۋەرلەر ھەققىدىكى دوكلاتلارنى ئاڭلايدۇ. ئاندىن كېيىتېل بىلەن جودلنى چاقىرتىپ كېلىش ئۈچۈن بىرسىنى يولغا سالىدۇ. ئۇ ئىككى گېنېرال يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھىتلېر بايىقىدەك خاتىرجەم ھالىتىنى بۇزۇپ، "قانداق بولدى؟ ئۇلار بىسىپ كىرىدىغان بوپتۇمۇ قانداق؟" دەپ سورايدۇ. ئۇ ۋارقىرىغىنىچە بۇ گەپلەرنى سورىغان ئىدى. ئاندىن بۇرۇلۇپلا چىقىپ كېتىدۇ. سەل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاچچىقى تۈيۈقسىزلا يېنىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىنتايىن قىزغىن بىر ھالدا ئۇ ئىككىسىنىڭ مورىسىنى قاققىنىچە، ئاخىرقى ھېساپتا غەرپ بىلەن تۇتۇشۇپ قالىدىغانلىقى ئۇنىڭغا بىر كۈچ بەرگەندەك، "مانا ئەندى، بىزمۇ ئۇلارغا ئۆزىمىزنى تېتىتىپ قويىدىغان بوپتۇق!" دەيدۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، ئاندىن ھاياجاندىن يۈتىسىغا شاپىلاقلاپ كېتىدۇ. ئۇ، ماشىنىلىق كىلىششىيىمغا كېتىۋاتقان بىر سائەتلىك يول ئۈستىدە ھەققەتەنمۇ كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ئىدى. "قانچىلىك ۋاقىت كەتسە كەتسۇنكى، مەن چوقۇم رۇسلارنىڭ يولىنى توسىيالايمەن" دەيدۇ ھەمرالىرىغا. ئاندىن ئۇ پو ئاتقىنىچە ئانگلو ساكسونلارنى "ئاتلانتىك ئوكيان قىرى" غا قىستاپ يوقۇتىدىغانلىقىنى سۆزلەپ كېتىدۇ.

غەربى سەپتە يۈز بەرگەن ھادىسىلەر چۈشكىچە بولغان ۋەزىيەت مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئاساسلىق تېمىسىغا ئايلىنىدۇ (يىغىن ئاخىرلاشقىنىدا، ھىتلېر بايىقى ئۈچ مۇستەبىتنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن يولۇپ كېتىدۇ). ھىتلېر يىغىن زالىغا كىرگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭ ھەربى مەسلىھەتچىلىرى ئەندىشىلەنگەن ھالدا ئۈستەل ئەتراپىغا ئولىشىۋپ خەرىتە ۋە ھەر تۈرلۈك گرافىكلارنى كۆرىۋاتقان ئىدى. ئۇلار فۆھرېرنىڭ كىرىشى بىلەن تەڭ دەرھال جىددىيلەشكەن ھەمدە قورققان ھالدا ئۇنىڭغا قارىشىدۇ. ئەمما ئۇلار فۆھرېرنىڭ ئىنتايىن كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ھالدا ئىشەنچلىك قەدەملەر بىلەن كىرىپ كېلىشىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشىدۇ. ئۇ قۇيۇق ئاۋۇستىرىيە شىۋىسى بىلەن "شۇنداق، بىز ئەندى يولغا چىقىدىغان بولدۇق!" دېگىنىچە راھەتلىنىپ كۈلۈمسىرەيدۇ. ئۇ كۆپچىلىككە قاراپ، ئۆزۈندىن بىرى كۈتۈپ كېلىۋاتقان پەيتىنىڭ ئاخىرى كەلگەنلىكىنى ئېيتقاچ، "مانا ئەندى مەن ھەققى دۈشمەن بىلەن توقۇنۇشىدىغان بولدۇم!" دەيدۇ.

بېرلىندا، تۈۋەن دەرىجىلىك بىر ئەمەلدار بۇيرۇق بويىچە گېرمانىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقىغا، بېسىپ كىرىش ھەرىكىتى باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. شۇنسى ئېنىقكى، گيوبېلس بۇ ئىشقا ئۇنچە بەك ئىشىنىپ كەتمىگەن ئىدى. ئاخبارات ئېلان قىلىش ئوفتسېرى ۋىلفرېد ۋون ئوۋېننىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدىن قارىغاندا، شۇ كۈنى ئەڭ مۇھىم

ئورۇنلاشتۇرۇش بىر قېتىملىق يىغىلىشقا قاتنىشىش بولغانلىقى، گىيوبېلس بۇ مۇراسىمدا بىر كونتېس خانىم بىلەن پىيانو چېلىپ بېرىدىغان بولغان، "ئۇ خاتىرجەم ھالدا مەدەنىيەت مەسىلىسى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى سۆزلەپ كەتكەن، ئاندىن بۇ كونتېس خانىم بىلەن بىرگە بارنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ بىرلىكتە پىئانو چېلىشقا كىرىشىپ كەتكەن." ئۇ خاتىرە دەپتىرىدە يەنە "ئۇ ئايال بەكلا كۆپ ناخشا ئېيتقان، ھەممە كىشى دېگىدەك مەس بولۇپ قالغان."

چۈشتىن كېيىن سائەت 4 بولغاندا ھىتلېر بېرگخوفقا قايتىپ، ئېۋا بىلەن بىر مۇنچە پارتىيىنىڭ مۇھىم كىشىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاياللىرى بىلەن بىرلىكتە تاتلىق-تۈرۈم يېيىش ۋاقتىغا ئۇلگۈرىدۇ. چاي سۆھبىتىدىكى ئەڭ قىزىق پاراڭ ئۇنىڭ گۆشسىز تاماق يېيىشى ئۈستىدە بولغان باھالار ئىدى: "پىلنى ئالساق، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئەڭ ساغلام ۋە ئەڭ كۈچلۈك بىر ھايۋان؛ شۇنداق تۈرۈغلۇق ئۇمۇ گۆش يېيىشكە تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغان بىر ھايۋان." تاتلىق-تۈرۈمدىن كېيىن كىشىلەر ئادەتتىكىدەك چايخانىنىڭ يولىنى تۇتىشىدۇ. ئۇ يەردە فۇھرېر لىمونلۇق چاي ئىچىدۇ. ئاندىن بىرەر سائەتتەك ئۇخلىۋالىدۇ؛ ئاخشىمى سائەت 11 بولغاندا يەنە بىر ھەربىي ئىشلار يىغىنى ئۆتكۈزىدۇ. يىغىندا، بۇ ھەرىكەتنىڭ ھەققەتەنمۇ بېسىپ كىرىش ھەرىكىتى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىدىغانلىقىنى، بۇ قېتىمقى قۇرۇقلۇققا چىقىش ھەرىكىتىنىڭ ئۇنى قۇراللىق كۈچلىرىنى خاتالاشتۇرۇپ باشقا بىر يەرگە تارقىتىۋېتىشنى پىلانلاپ ئۇنى قارماققا چۈشۈرۈشنى مەقسەت قىلىشقان بىر قېتىملىق ئۇيۇن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بېسىپ كىرىش ھەرىكىتى ئاساسلىقى كالايىسقا مەركەزلىشىدىغانلىقىنى، چۈنكى ئۇ يەر ئەنگلىيە بوغۇزىدىن ئۆتۈشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق يېرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. يېقىندىكى "مۇھاپىزەتچى" دېگەن ھەرىكەت ئۈچۈن ئۇنچىۋالا باش قاتۇرۇپ يالغان خەۋەر تارقىتىپ يۈرگەنلىكىنى تېخى ئېسىدىن چىقارمىغانلىقىنى، بەلكىم ئۇ يەر ئۆزىنىڭ ئەنگلىيەگە بېسىپ كىرىشنى پىلانلىغان ۋاقتىدىكى تاللىۋالغان يولىغا ئوخشاش، ئەمما ھەرىكەت يۆنۈلۈشى بۇ تەرەپكە بولۇشى بىلەنلا پەرق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

شۇ كۈنى تۈن يېرىمىدا، ئىتتىپاقداش ئەللەر ئارمىيىسى 30 مىل ئۇزۇنلۇقتىكى ئۇرۇش سېپىدە ھىتلېرنىڭ غەربىي تەرەپتىكى "قەلئە" سىگە قاراپ ھۇجۇم قىلىدۇ. گېرمانىيە قوشۇنلىرىنى ۋەتۇۋەرىكىنى چىقىرىۋېتىدۇ؛ دېڭىز-ھاۋا ئارمىيىلىرى قىلچە قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدۇ؛ دېڭىز قىرغىقىدىكى مۇداپىيىلىنىش ئىستىھكاملىرىمۇ پۈتۈنلەي تارمار كەلتۈرۈلىدۇ. دۈشمەن كۈچلىرى 2500 گىمۇ يەتمەيدىغان ئەسكەر چىقىمى بەدىلى بىلەنلا ئىنتايىن چوڭ غالىبىيەتنى بىرنى قولغا كەلتۈرىۋالىدۇ؛ شۇنىڭغا قارىماي، ئەگەر

نېمىس قوشـۇنلىرى تـوغرا قـارار ئېلىـپ ھەرىـكەت قىلغـان بولسـا يەنـىلا ئـۇلارنى ئەنگلىـيە بوغۇزىغا قوغلاپ چىقىرىش ئىمكانى بار ئىدى.

## 3

3-ئىيـۇن كـۈنى، گېـوبېلس تاماكـا تاشـلاپ، 3 كۈنـدىن كېـيىن غـىق مەس بـولغىچە ئىچىۋالـدۇ. 7-چېسـلادا، ئـۇ ئۆزىنىـڭ ئاخبـارات ئـېلان قىلىـش ئوفىتسـېرىغا بـۇ قېتىمقـى ھۇجۇمنىڭ ھەققى بېسىم كىرىش ئۇرۇشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. سـابىق بـاش ئەلچـى ۋون ھاسسېلنىڭ خاتىرە قالدۇرۇشىغا ئاساسلانغاندا، شۇ كـۈنى چۈشـتە ئـۇ بىـر قىسـىم يوقـۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بىلەن سانائەتچىلەرگە سۆزلىگەن نۇتقىدا، "چوقـۇم بىـر كـۈنى ھەر قايسى چوڭ دۆلەتلەر بىـر ئۈسـتەل ئەتراپىغـا كېلىـپ ئولتـۇرۇپ، بىـر-بىرسـى بىـلەن قـول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ ھەمدە بىر-بىرسىدىن ئەبىل بىلەن 'راس، بۇ ئىـش زادى قانـداق پەيـدا بولغــان ئىشــتۇ؟' دەپ سورىشــىدىغانلىقى ئېنىــق" دېگەنلىكىنــى يازغــان. بــۇ گەپــتىن ئولتۇرغــانلار بەكــلا ھەيــران قېلىشــىدۇ. بــۇ يەردە، گېوبېلســنى بەرىبىــر خوجايىنىنىــڭ قارىشــىنىلا ئۇقتۇرماقتــا دېــيىش مــۇمكىن. 10-چېســلاغا كەلگىنىــدە، ئــۇ يەنە ھىتلېرنــى گېرمانىيىنىڭ ئۆمىدى "تاجاۋۇزغا قارشى تۇرۇشتا ھەرقانچە قان تۆكۈلۈشتىن قورقماسلىق" كېرەكلىكىنــى، ئەنە شــۇ چاغــدىلا غەرپلىكــلەر يارىشــىش يــوللىرىنى ئاختۇرۇشــقا مەجبــۇر بولىدىغانلىقى توغرىلىق جاسارەتلەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ.

ئەمما ھىتلېر يەنىلا نورماندىيەدە قۇرۇقلۇقتا چېقىش ھەرىكىتىنـى چوقـۇم بىـر ئويـۇن دەپ قارىشىدا چىڭ تۇرىۋالىدۇ. شۇڭا ئۇ، بۇ مۇھىم ئورۇنغا كەسكىن تەدبىر ئـېلىش كـۈچى سەپلەشكە بەك ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇرۇش سېپىدىكى كوماندىرلارغا ئەركىن ھەركەت قىلىش ھوقۇق بېرىلىشـىنى رەت قىلىـپ تۇرىۋالغـانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىـڭ تەشەببۇسـكارلىق بىـلەن ھەرىـكەت قوللىنىشـتەك ئەڭ ئـاخىرقى پۇرسـىتىدىنمۇ مەھـرۇم قالدۇرۇلىــدۇ. شــۇنداق قىلىــپ بــۇ قېتىمقــى ئوپىراتسىيىســىمۇ مەغلــۇبىيەت بىــلەن ئاخىرلىشــىدىغان ھــالەت شــەكىللىنىپ بولىــدۇ. ئــاقىۋەتتە، ئىتتىپاقــداش ئەلــلەر قوشۇنلىرىنىڭ فرانسىيە كۆكلىرىـدە مـۇتلەق ئۈسـتۈنلۈكنى قولغـا كەلتۈرىۋېلىشـى ئۈچـۈنمۇ پۇرسـەت تۇغـدۇرۇپ بېرىـدۇ. ھىتلېـر، تېخـى نەچـچە كـۈن ئـاۋاللا ئالاھىـدە مەھىـيلەپ كەتـكەن گېۆرىڭـدىن شـۇنچە ماختىنىـدىغان ھـاۋا ئارمىيىسـى غەرپ كـۈچلىرىگە قارشـى "بىــرگە بىــر تاقابىــل تۇرالىغىــدەك" ئـايروپلان ئورۇنلاشـتۇرۇش ئـارقىلىق بىخەتەرلىكـكە كاپالەتلىك قىلىپ قىلالمىغانلىقى ھەققىدە كەسكىن بىر شەكىلدە سوئال سورايدۇ.

ئۇمىدسىزلىك ئىچىگە پېتىپ قالغان فېۋرالنىڭ 12-ئىيۇن كۈنى مۇددەتتىن ئىككى كۈن بۇرۇن لوندونغا قارىتا ۋ-1 راكېتاسى بىلەن ھۇجۇم قىلىندى. شۇنىڭغا قارىماي، راكېتا قويۇپ بېرىش نوقتىسىدىكى ئەسكەرلەر ئارانلا 10 تال ئۇچار بومبا قويۇپ بېرەلىگەن بولۇپ، ئۇلاردىن 4 تېلى شۇ يەتىردىلا پارتلاپ كەتكەن بولسا، 2 تېلىنىڭ نەگە ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى ھېچ كىم بىلمەي قالدى. قالغان 4 تېلى بىر پولات كۆۋرۈكنى پاچاقلاپ تاشلىيالايدۇ. بۇ قېتىمقى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتتىن كېيىن گېۋرىڭ ھىتلېرنى ئەسكەرتىپ، بۇ ئىش مىلچىنىڭ ئىشى، مېنىڭ بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق، دەيدۇ. ئىككى كۈن ئۆتكەندە، ئىككىنچى قېتىملىق ئۇچار بومبا قويۇپ بېرىش ئىشنى باشلىتىپ جەمئىي 244 تال راكېتا بومبىسى قويۇپ بېرىپ، لوندوننى پۈتۈنلەي ئوت دېڭىزىغا ئايلاندۇرىۋېتىدۇ. گېۋرىڭمۇ بۇ ئىشنى مەن قىلدىم دەپ ئالدىراپ مەلۇم قىلدۇ.

بۇ ئىشلارنىڭ ھېچبىرى نورماندىيەدىكى ۋەزىيەتكە قىلچىمۇ تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. 10 كۈنگە قالماي ئىتتىپاقداش كۈچلىرى بىر مىليون كىشىلىك ئارمىيە بىلەن 500 مىڭ توننا ھەربىي ماتېرىيالنى قۇرۇقلۇققا چىقىرىۋالدۇ. ۋەزىيەت بەكلا جىددىي ھالغا كەلگەچكە، ھىتلېر 17-ئىيۇن كۈنى ئالدىراشلىق بىلەن ماشىنىلىق غەربىي سەپكە ئاتلىنىپ سوئىسسوننىڭ شىمالىدىكى بىر كەنتكە يېتىپ كېلىدۇ. ھىتلېر بۇ يەردە، د-كۈن مابەينىدە تۇنجى قېتىم رۇندستېدت بىلەن روممېل ئىككىسى بىلەن كۆرۈشىدۇ. "كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا، ئۈمىدسىزلىك سەۋەبىدىن رەڭگى-روھى بەكلا سولغۇن كۆرۈنەتتى، _ دەيدۇ گېنېرال ھانس سپېيدېل كېيىن ئەسلەپ كېلىپ، _ بەكلا جىددىيلەشكەن ھالدا بىر قولىدا كۆزئەينەكنى چۆرۈپ ئويناتسا، يەنە بىر قولىدا رەڭلىك قېرىنداشلارنى تاراقشىتىپ ئولتۇراتتى. ... ئاندىن ئۇ يوقىرى ئاۋازدا، ئىتتىپاقداشلار قوشۇنىنىڭ نورماندىيەدە قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقىدىن بەكلا خاپا ئىكەنلىكىنى ئىپتىدۇ. شۇڭا ئۇ، بۇ ئىشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى گېنېراللىرى ئۈستىگە ئارتىدۇ."

بۇ ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشنى رەت قىلغان كىشى رۇندستېدت ئەمەس بەلكى روممېل بولىدۇ. ئۇ "قىلچە رەھىم قىلماستىن ئوچۇق قىلىپ" مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: ئىتتىپاقداشلار قوشۇنى دېڭىز، ھاۋا ۋە قۇرۇقلۇقتا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىۋالغان بولغاچقا، بۇنداق بىر كۈچ بىلەن ئۇرۇشۇشتا قىلچە ئۈمىد قالمىدى، بۇ جەھەتتە پەقەت بىرلا پۇرسىتىمىز قالدى: بىر غېرىچ تۇپراقنىمۇ قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن تىركىشىش دەيدىغان ئۆزىنى ئۆلكۈمگە تۇتۇپ بېرىدىغان سىياسەتتىن ۋاز كېچىپ، نېمىس قوشۇنلىرىنى دەرھال كەينىگە چېكىندۈرۈپ كېلىپ، بارلىق بىرووۋنىڭ قىسىملىرىنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىپ دۈشمەن دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ توپ ئوقى يېتىدىغان ئارىلىقنىڭ

سىرتتىغا چىقىشىپ ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، دەيدۇ. ھىتلېر ئۇلارغا كاپالەت بېرىپ، راكېتا ھۇجۇملىرى "مۇتلەق تۈردە ئەنگلىيەلىكلەرنى تىنچلىققا زورلايدۇ" دەيدۇ. بۇ ئەسلىدە رۇندستېدت بىلەن رومېلنىڭ جېنىغا تېگىدىغان گەپلەر ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئەسلىدە بۇ راكېتالاردىن پايدىلىنىپ بۇ قېتىمقى باستۇرۇپ كىرىش ھەرىكىتى ئۈچۈن ماددى ئەشيا بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئەنگلىيەنىڭ جەنۇبىدىكى ھەر قايسى پورتلارنى بومباردىمان قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بارلىق راكېتالارنى قەتئىي تۈردە بىر يەرگە يىغىپ سىياسىي ئەھمىيەتلىك بىرلا نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ ھۇجۇم قىلىش كېرەكلىكى باھانىسى بىلەن ھىتلېرنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىككى نەپەر قوۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى ھاۋا ئارمىيىسىنىلا تەنقىت قىلىپ تۇرىۋالىدۇ: ئۇلار ئەقەللى ھاۋا ياردىمىدىمۇ بولالمىدى، بۇنداق بىر شارائىتتا قۇرۇقلۇقتىكى قىسىملار قانداقمۇ غەلىبە قىلالىسۇن؟ بۇنىڭغا ھىتلېرنىڭ بەرگەن جاۋابى مۇنداق بولىدۇ: "قاتار-قاتار تىزىلىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلىدىغان رېئاكتىپ ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى" چوقۇم ئىنگلىز ئايروپىلانلىرى بىلەن ئامېرىكا ئايروپىلانلىرىنى ئاسماندىن پاك-پاكىزە تازىلىۋېتەلەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىزاھات بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغىنى، مىلچىنىڭ قاتتىق قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، ئىشلەپ چىقىرىش ئۈستىدە تۇرىۋاتقان بۇ رېئاكتىپ ئايروپىلانلار ئەسلىدە قوغلىغۇچى ئايروپىلان بىلەن بومباردىمانچى ئايروپىلانلارنىڭ بىر خىل ئارىلاشمىسىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكى بولۇپ، بۇ ئايروپىلانلار يەنە كېلىپ بۇ ئىككى تۈرلۈك ۋەزىپىنىڭمۇ تولۇق ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە ئەمەس ئىدى.

يىراقتىدىن كۆرۈلدەپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ئايروپىلان ئاۋازى ئۇلارنى دەرھال ئىنتايىن پۇختا ياسالغان بېتون ئاكوپلارغا كىرىپ يوشۇرۇنۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. نىشاننىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكى رومېلنى تېخىمۇ بەك ھاياجانلاندۇرىۋېتىدۇ. قاراپ تۇرۇڭ، غەرپلىكلەر چوقۇم نورماندىيەدىكى مۇداپىيە سەپلىرىمىزنى يىمىرىپ تاشلايدۇ ۋە گېرمانىيە ئانا تۇپراقلىرىغا قاراپ ئىلگىرلەپ كىرىدۇ، دەيدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭ گېپىنى گەپ قايتۇرماي جىم تۇرۇپ ئاڭلايدۇ. رومېل سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، شەرقى سەپلەرمۇ چوقۇم تارمار كەلتۈرۈلىدۇ، ئىمپىرىيىمىز سىياسى جەھەتتە چوقۇم يېتىم ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ، دەپ پەرىزىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. شۇڭا ئۇ، ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرايلى دەپ جىددى تەلەپ قىلىدۇ. "ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ئۈستىدە سېنىڭ باش قاتۇرۇشىڭ ھاجەتسىز، _ دەيدۇ ھىتلېر كەسكىن تۈردە. _ سەن ياخشىسى، بېسىپ كىرىۋاتقانلارغا قارشى تۇرىدىغان ئۆزەڭنىڭ ئۇرۇش سېپىغا دىققىتىڭنى بەر."

دەم ئېلىش ۋاقتى كېلىپ ئۇلار بىرلىكتە چۈشلۈك تاماققا ئولتۇرىدۇ. چۈشلۈك تاماقتا

بىرلا خىل تاماق بار ئىدى. ھىتلېر تاماقنى ئولتۇرۇشتىن ئاۋال، ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان ئىس-ئېس ئەسكىرى پۆھرېرنىڭ تامىقىنى تېتىپ كۆرىدۇ. سىپېيدېل، ھىتلېرنىڭ بۇ قىلىقى ئۇنىڭ ھەربىيلەرگە ئىشەنمەيدىغانلىقىنىڭ بىر ئىسپاتى دەيدۇ. كۆرۈشۈش ئەندىلا ئاخىرلاشقىنىدا، لوندونغا قارىتىپ ئېتىلغان بىر V-1 راكېتا، غەلىتە بىر شەكىلدە يولىنى ئۆزگەرتىپ ئىستىھكامنىڭ دەل ئۈستىدە پارتلايدۇ. ھىتلېر بۇ پارتلاشتىن بىرەر زەخمە يېمەي قۇتۇلىدۇ. ئۇ دەرھال يوقۇرى سالتزبۇرگتىكى يوشۇرۇنۇش يېرىگە قايتىپ بېرىۋالىدۇ. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قاتتىق خاپا ھالدا، "رومېل بەكلا قورقۇنچاق بولۇپ قاپتۇ، ئۇ رەسمىلا ئۈمىدسىز _ پېسسىمىست بىرسىگە ئايلىنىپ قاپتۇ. بۈگۈنكىدەك ئەھۋال ئاستىدا، پەقەتلا ئۈمىدۋار بىرسىلا بىرەر ئىشقا ئەسقېتىشى مۇمكىن" دەپ ئۇقتۇرىدۇ.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتمەي، ئۇ يەنە باشقا بىر ئۈمىدسىزچىنىڭ قىلغان تېلېفونىنى ئالىدۇ. رۇنستېدت، ئامېرىكا قوشۇنلىرى مۇداپىيە سېپىمىزنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، كوتېنتىن يېرىم ئارىلىدىن ئىلگىرلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ، نېمىس قوشۇنلىرى جىددىي تۈردە چېرىبوۋرۇگتىن دەرھال چېكىنىپ چىقىشى كېرەكلىكىنى، ئۇنداق بولمىغاندا يەنە بىر قېتىم چېكىنىش يولى كېسىۋېتىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. "چېربوۋرۇكنى ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىي نەزەر مۇتلەق تۈردە قولدىن بېرىلمەسلىكى كېرەك" دەيدۇ پۆھرېر جاۋابەن. ئۇ يەنە كەينىدىنلا يولىيورۇق بېرىپ، ئۇ يەرنى ساقلاش ئىشى چوقۇم ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتقىچە داۋام قىلىشى، زادى ئىمكانىيەت قالمىغىنىدىلا ئەسىرگە ئېلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن چېكىنىشكە بولىدىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئاقىلانە بىر يولىيورۇق ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ قۇدرەتلىك ئىتتىپاقدىشى بولغان ياپونىيەدىنمۇ كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان خەۋەرلەر كېلىپ تۇرغان ھەمدە بىر قىسىم يول قويۇلۇشلارنى قىلغان بولسىمۇ، بۇنداق يول قويۇش ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئىرادىسىنىڭ يۇمشاپ قالغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى.

ياپونلار فىلىپىن دېڭىز ئوپېراتسىيىسىدە ئەجەللىك زەربە يەپ، بۇ دېڭىز ئۇرۇشىدا ئۈچ ئېغىر تىپلىق ئوكيان قوغلاش كېمىسىنى، 475 ئايروپىلاننى چىقىم تارتقان ئىدى. ھېچىتلېر، تۇشمۇ-تۇشتىن دۈشمەن قاپلاپ كەتكەن ئەھۋالغا قارىمايۇ يەنىلا قىلچە رەڭگىنى ئۆزگەرتمەي ئۆزىنى بەكلا ئەركىن تۇتۇپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ بۇ كۆرۈنۈشىدىن ئەتراپىدىكىلەر بەكلا ھەيران ئىدى. بەزىلەر ئۇنى پىكىرلەرگە قىلچە پەرۋا قىلمىدى دەپ تەنقىتلىشىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. ھىتلېر، 23-ئىيۇندا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىندا فىنلاندىيەنىڭ رۇسىيەگە تەسلىم بولۇش مەسىلىسىدە فىنلاندىيەنى مازاق قىلغان ئىدى. بۇ

مازاق قىلىشقا گېنېرال دىيتىل قاتتىق خاپا بولۇپ ئۆستەلنى مۇشلاپ كېتىدۇ. "فۇھرېرىم، مەن سىزگە بىر باۋارىيەلىكتەك ئېيتاي!" دەپ يەرلىك شىۋە بىلەن ۋارقىرايدۇ. ئۇ، ھىتلېرنىڭ ھەقسىز گەپ قىلىدىكىز دەپ تەنقىت قىلىدۇ. ھىتلېر ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇپ، دىيتىلغا، ئۇ توغرا ئېيتىدۇ دېيدۇ. ھىتلېر دىيتىل بىلەن قىزغىن خوشلاشقاندىن كېيىن، كىشىلەرگە "ئەپەندىلەر، بارلىق قوماندانلىرىمنىڭ دەل شۇ دىيتىلدەك بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىم،" دەيدۇ.

ھىتلېر، ئادمىرال پولكوۋنىك دۆنىتزنى دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكىگە تەيىنلىگەن بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپلا خۇددى دىيىتلغا ئوخشاش ئۇنىڭغا بەكلا قايىل ئىدى. دۆنىتزمۇ ئۇچۇق بىر شەكىلدە ھىتلېرنىڭ لايىھىسىگە قاتتىق قارشى چىققان بىرى ئىدى. شۇندىن بۇيان، ھىتلېر ئۇنىڭغا قاتتىق ھۆرمەت قىلىپ، قاتتىق ئىشەنچ بىلەن ئۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلايدىغان بولغان ئىدى. ھەتتا ئۇ بۆگۈنكىدەك كىشىنى خاتىرجەم قىلماي كېلىۋاتقان كۈنلەردىمۇ ئەڭ ياش كاتىپىنىڭ پىكرىنىمۇ قوبۇل قىلغان ئىدى. بىر كۈنى، فۇھرېر ھاۋا ھۇجۇمى ئەھۋالى تەسۋىرلەنگەن رەسىملەرنى كۆرۈۋاتقىنىدا، تىراۋدل جىيۇڭ ئۆزىنى تۇتىۋالالمىغان ھالدا ھىتلېرغا مۇنداق دەيدۇ: بۇنداق رەسىملەر ئەمەلىيەتتىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى ھەرگىزمۇ ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆزى بىۋاستە سىرتقا چىقىپ بۇ ئەۋاللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېلىشى، ھېچ بولمىغاندا بىر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈپ كېلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ كېلىپ، "ئەگەر كۆل بولۇپ يېنىۋاتقان ئۆيىنىڭ لىملىرى ئالدىدا ئولتۇرۇپ قول سۇنۇپ ئىسسىنىپ ئولتۇرغان بىرسىنى كۆرسىڭىز، دېمەك ئۇ كىشىنىڭ پۈتۈن مال-مۈلكىنىڭ كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلەلەيسىز." دەيدۇ. بۇ گەپكە ھىتلېر قىلچە خاپا بولمايدۇ. "بۇلاردىن خەۋىرىم بار. – دەيدۇ ھىتلېر چوڭقۇر بىرنى تىنىۋېلىپ، _ ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى تۈزۈلىدۇ. مەن بەكلا كۆپ يېڭى تىپتىكى بىر خىل ئايروپىلان ياساتتىم. ئۇزۇنغا قالماي بۇنداق قارا بېسىشلارغا خاتىمە بېرىلىدۇ!"

ھىتلېر، يەنە بىر تۆردىكى كىشىلەرنىڭ پىكرىنى ئاڭلاشنى قەتئىي خالىمايتتى: بۇ تۆر كىشىلەر نورماندىيىدىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوماندانلىرى ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، نورماندىيەدىكى ۋەزىيەت تۈزەتكىلى بولمىغىدەك دەرىجىدە يامانلىشىپ كېتىدۇ. 26-ئىيۇن كۈنى، چېربۇرۇگ ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇندىن باشلاپ گېرمانىيە قوشۇنلىرى تەشەببۇسكارلىقنى پەقەتلا قولغا كەلتۈرەلمەي قالىدۇ. بۇنىڭ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك سەۋەبى بار ئىدى: بىرىنچى سەۋەپ، ھىتلېر ھەردائىم ئاساسلىق باستۇرۇپ كىرىش يولىنىڭ كالىيستا بولىشىدىن قورقۇپ كەلگەنلىكىن بولغان ئىدى؛ يەنە

بىر سەۋەپ بولسا، "پەۋقۇلئاددە مەخپىي" تېلېگراممىلارنىڭ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كېتىشىدىن بولىدۇ. يەنى كۆپۈنچە ھاللاردا ئەسلى تېلېگراممىلا يوللىنىپ ئارىدىن بىر قانچە مىنۇت ئۆتمەيلا بۇ تېلېگراممىلاردىن لوندونمۇ خەۋەر تاپاتتى. بۇ كۈنلەردە گېرمانىيە قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي كۈچ خورىتىدىغان پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇرۇشى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە بولۇپ، ئۇچىنچى رېيچ بىر مەيدان يوقۇلۇش ئاپىتى گىرداۋىغا كېلىپ قالغان ئىدى.

فۇھرېر، بېرگخوفتىن ئۆتۈپ يېقىنلا بىر يەردىكى پلاتېرخوف مېھمانخانىسىنىڭ قەھۋەخانىسىدا يۈزگە يېقىن ھەربى سانائەتچىلەر ۋەكىللىرىگە، خۇسۇسىي مۈلۈك قەتئىي دەخلى تەئاررۇزغا ئۇچرىمايدىغانلىقنى، ئەركىن ئىگىلىكلەر مەڭگۈ ساقلىنىدىغانلىقى ھەققىدە كاپالەت بېرىدۇ. بۇ يەردە فۇھرېر ئالاقىزادىلىك ئىچىدە كۆڭلى بىر يەردە ئەمەستەكلا كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئۇ نۇتقىنىڭ ئاخىرىدا سودىگەرلەرگە، تىنچلىق ئەسلىگە كېلەر-كەلمەس ئۇلارغا قايتىدىن چىن قەلبىدىن رەخمىتىنى بىلدۈرىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىدۇ. ئەمما ئالقىشلار بەك كۆپ بولمىغاچقا، ھىتلېر سۆزىنى تەھدىت قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولىدىكەنمىز، شۈبھىسىزكى گېرمانىيەنىڭ خۇسۇسىي سودا سانائىتىمۇ مەۋجۇت بولماي قالىدۇ." ئۇ يەنە مازاق قىلغان بىر ئاۋازدا، ئەگەر مەغلۇبىيەت راستىنلا بىزنى كۈتىۋاتقان بولسا، بۇ ئولتارغانلارنىڭمۇ ھەر قانداق بىر تىنچ ئىگىلىك ئۇستىدە باش قاتۇرۇپ ئولتۇرۇشىنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. "ئۇ كۈنلەرگە كەلگەندە، كۆپچىلىكنىڭ باشقاتۇرىدىغان ئىشى قانداق قىلىپ بۇ ئالەمدىن باقى ئالەمگە كېتىشنى ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنى ئۇ دۇنياغا ئۆزى كېتىشنىڭ چارىسىنى قىلىش كېرەكمۇ ياكى باشقىلار كېلىپ دارغا ئېسىشىنى كۈتۈش كېرەكمۇ دېگەننى ئويلىنىشلا قالىدۇ، ياكى بولمىسا ئاچلىقتىن ئۆلۈش، يا بولمىسا سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنىش. بۇلار ھەققەتەنمۇ ھەر بىرىڭلارنىڭ بېشىغا كېلىشى مۇمكىن بولىدىغان ئىشلار."

ھىتلېر، شۇندىن 3 كۈن ئۆتكەندە رۇندستېدت بىلەن رومېلنىبېرگخوفقا چاقىرتىدۇ. رومېل، سېيىن دەرياسى بويىچە بىر مەيدان ئارقا سەپنى قوغداش ئۇرۇشى باشلىتىپ، فرانسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى قىسىملارنى چېكىندۈرۈپ كېلىش، شۇنىڭدەك سېيىن دەرياسىدا شۇنتسارىيەگە تۇتىشىدىغان ئۇرۇش سېپىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭ بۇ دېگەنلىرىگە قەتئىي ئېتىبار قىلمايدۇ. ئەكسىنچە، يەنە بىر قېتىم قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتەيلى دەپ بەكلا خوشال كۆرۈنەتتى. ئۇ، ئومۇمىي يۈزلۈك چېكىنىشكە قەتئىي بولمايدىغانلىقنى، ھەتتا ئۇرۇش سەپلىرىدە بىر قىسىم ئۇششاق-چۈششەك تاكتىكىلىق ئۆزگەرتىش قىلىشقا ئۇرۇنۇشقىمۇ يول قويۇلمايدىغانلىقنى ئېيتىدۇ.

ئۇ ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلىپ، مېنىڭدە ئاجايىپ كۈچلۈك يېڭى بىر قۇرال بار، شۇڭا بۇ ئۇرۇشتا چوقۇم يېڭىپ چىقىمىز، دەپ ئۆزىچە بىر نەرسىلەرنى دەپ غۇدۇڭشۇيدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ماختىنىشى رۇنستېدتنىڭ شتاپ باشلىقىغا پۈتۈنلەي باشقىچە تەسىر قىلىدۇ: "ئۇنىڭ دېگەنلىرى پەقەتلا بىر-بىرىگە ماس كەلمەيتتى." بۇ ئىككى مارشال مەردانىلىق بىلەن قاتتىق تىركىشىپ قارشىلىق بىلدۈرۈش ۋەزىپىسىنى جايىغا كەلتۈرگىنىدىن كېيىن كۆڭلىدە قەتئىي نارازىلىقلار بىلەن يىغىنىدىن چىقىدۇ. كېيتېلمۇ ئۇلاردەك قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا تەغدىرگە بويى سۇنغان بىر قىياپەتتە روممېلغا ئېتىراپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "پەقەتلا ئامال يوق ئىكەنلىكىنى مەنمۇ بىلەتتىم."

ئارىدىن ئىككى كۈنمۇ ئۆتمەي، ھىتلېرنىڭ قايتارما ھۇجۇم ھەرىكىتى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. رۇندستېدت، بۇ بەلكىم مەغلۇپ بولىشىمىزنىڭ بىر بىشارىتى بولىشى مۇمكىن دەپ دەرھال كېيتېلنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. "ئەندى بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟" دەپ سورايدۇ كېيتېل. "قانداق قىلىشىمىز كېرەك دېدىڭمۇ؟ ئاخماقلارم تىنچلىق تەلەپ قىلىشىمىز كېرەك!" دەيدۇ رۇندستېدت ۋارقىرىغىنىچە. كېيتېل، "سىزنىڭ باشقا تۈرلۈك چارىڭىز بارمۇ؟" دەپ سورايدۇ ھىتلېرگە دوكلات قىلىۋاتقىنىدا (ئەسلىدە، ھىتلېر تېخى يېڭىلا قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى گۈنتېر ۋون كلۇگ بىلەن بۇ ئىش توغرىلىق سۆھبەت ئۆتكۈزگەن ئىدى). ھىتلېر قىزقا مەزگىللىك ھاياجىنى بىلەن كلۇگقا بۇيرۇق قىلىپ، سەن غەربى ئۇرۇش سېپىگە مەسئۇل بول دەيدۇ ھەمدە رۇندستېدتقا بەكلا سىپايە بىر پارچە خەت يېزىپ ئۇنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

4

"بىرەر سۈيىقەستنىڭ پاش بولماسلىقىنىڭ ئالدىنقى شەرتى، بۇنداق بىر سۈيىقەست مۇتلەق تۈردە تولۇق ئەمەلگە ئاشىدىغان بولىشى شەرت. بۇنداق بىر ئۇرۇنۇش مۇتلەق تۈردە بەكلا كۆپ ئادەمنىڭ قاتنىششىنى، ئۇزۇن ۋاقىت كېرەك بولىدىغانلىقىنى، ھەمدە پايدىلىق شارائىتلارغىمۇ ئىگە بولىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئەمما بۇنداق شارائىتلار يەنە كېلىپ سۈيىقەستنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن بىرەر ئامىل ھالىغا كېلىشىمۇ مۇمكىن. دېمەك، بۇلاردىن مەلۇمكى، سۈيىقەست قىلىش ھەقىقەتەنمۇ بەكلا خەتەرلىك بىر ئىش!"

– فرانسېسكو گۈيسياردىنى (رىكوردى، 1528~1530)

ھىتلېرنى پارتلىتىپ ئۆلتەرمەكچى بولغان ئۇ كىشىلەر، يەنى ۋىنو شىشىسىگە پارتلاتقۇچ سېلىپ ھىتلېر ئولتۇرغان ئايروپىلاننى پارتلىتىشقا ئۇرۇنغان كىشىلەر، پەلتوسىغا بومبا سېلىپ ئۇنى پارتلىتىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغانلارنىڭ ھېچ بىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئۆمىدىنى يوقاتقان ئەمەس. 1943-يىلى سىنتەبىردىن تارتىپ تا 1944-يىلى 11-فېۋرالغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇلار يەنە 4 قېتىم سۇيىقەست قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرىدۇ. بىرىنچى قېتىمدا، ھېلمۇت ستىيېف ئىسىملىك بىر گېنېرال "بۆرە ئىنى" غا ۋاقىت تىزگىنلىك بىر پارتلاتقۇچ بومبا قويۇپ تازا يىغىن ئېچىلىۋاتقاندا پارتلايدىغانغا توغرىلىغان بولسىمۇ، كېيىن بۇ گېنېرال قورقۇپ ۋاز كېچىدۇ. بىر ئايدىن كېيىن، يەنە بىر بۇسېچ ئىسىملىك كاپىتان، يېڭى تىپتا بىر ھەربىي پەلتو كۆرگەزمىسى ۋاقتىدا ئۆزىنى قوشۇپ ھىتلېرنى پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈشكە ماقۇل بولىدۇ. ئەمما بۇ چاغدا دۈشمەن بومباردىمان ئايروپىلانلىرىنىڭ بومباردىمان قىلىشىغا توغرا كېلىپ قېلىپ ھىتلېرنىڭ قۇتۇلۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. يەنى بۇ كۆرگەزمىدىن بىر كۈن ئاۋال بېرلىن ھاۋادىن بومباردىمانغا يولۇقۇپ، كۆرگەزمىگە قويۇلغان پەلتو تىتىلىپ يوق بولۇپ كەتكەچكە، بۇسېچ ئامالسىز ئالدىنقى سەپكە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ئىدى.

1944-يىلىنىڭ روژدېستىۋا بايرىمى ھارپىسىدا، ئالدىنقى سەپتىن قايتقان بىر ئوفىتسېر، ۋاقىت تىزگىنلىك پارتلاتقۇچ سېلىنغان سومكىنى كۆتۈرۈپ چوشلۇك يىغىن ئېچىلىۋاتقان يىغىن زالىغا كىرىپ كېلىدۇ. نېمە سەۋەبتىندۇ، بۇ قېتىمقى چوشلۇك يىغىن ئېچىلىش ئالدىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار يەنە بىر قېتىملىق "پەلتو" پىلانى تەييارلىشىدۇ. بۇ قېتىمدا، بۇ ۋەزىپىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئالغان كىشى ئېۋالد ھېينىرىخ ۋون كلېيىست ئىسىملىق بىرسى بولۇپ، ئۇ ئەسلى بۇ سۇيىقەستلەرنى باشلاپ بەرگەن ئادەمنىڭ ئوغلى ئىدى. بۇ قېتىمقىسىدىمۇ يەنە شۇ بىرتانىيە خانلىق ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ بومباردىمانى ھىتلېرنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ. يەنى، بۇ كۆرگەزمە ئېچىلىش ئالدىدا تۇرىۋاتقىنىدا ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ بومباردىمانى باشلىنىپ كېتىپ، كۆرگەزمىنى زىيارەت قىلىش ئىشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئىدى.

ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق سۇيىقەست مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە، قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئېغىر زەربە يەيدۇ. ھىتلېر، جاسۇسلۇق ئىدارىسى بىلەن ئېس-ئېس ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسىنى بىرلەشتۈرۈشنى بۇيرۇق قىلىدۇ. بۇ دېگەنلىك، سۇيىقەست قىلغۇچىلارنىڭ قەلبى بولغان كىشىلەرنىڭ يوق قىلىنىشىدىن دېرەك بېرەتتى. يەنى گېنېرال ئوستېر گۇمانلىق ئوبيېكتىپ دەپ قارىلىپ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ.

گەرچە ئۇ يەنىلا ئەركىن ھەرىكەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولسىمۇ، قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىنغانلىقى سەۋەبىدىن، بۇ ئىشتا ئۇنىڭ ئەسقاتقىدەك يېرى قالمىغان ئىدى. قارىغاندا، تەغدىر ھەققەتەنمۇ ھىتلېرنى قوغداپ قېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى؛ شۇنداق قىلىپ، سۇيىقەستچىلەر ئارىسىدا بىر تۈرلۈك ئۈمىدسىزلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. ئەگەر يېڭىدىن بىرەر باشلامچى ئوتتۇرىغا چىقمايدىغانلا بولىدىكەن، مەخپىي سۇيىقەستچىلەر كۈرىشى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىششى مۇمكىندەك كۆرۈنەتتى. بۇنداق يېڭى باشلامچى، دەرۋەقە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ: بۇ كىشى بىر شتاپ باشلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ پودپولكوۋنىك، ئىسمى كونت ئۇنۇانلىق كلاۋس شېنك ۋون ستاۋفېنبېرگ ئىدى. شتاۋفېنبېرگ ئەسلىدە ناپولېئونغا قارشى ئازاتلىق ئۇرۇش مەزگىلىدىكى قەھرىمانلاردىن بىرى بولغان گنېيسناۋنىڭ ئەۋرىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ، بىناكارلىق ئىنجېنېرى بولۇش پىلانىدىن ۋاز كېچىپ، 1926-يىلى ھەربىي سەپكە قاتناشقان؛ ئۇمۇ خۇددى ھىتلېرنىڭ ھەربىلىككە ئېلىش تۈزۈمىنى مەدھىيىلەيدىغان كىشىلەرگە ئوخشاش قاراشتا بىرى، شۇنىڭدەك گېرمانىيە بىلەن ئاۋسترىيەنىڭ بىرلەشتۈرۈلىشى، چېخوسلوۋاكىيىنىڭ ئىشغال قىلىنىشىنى ھىمايە قىلغۇچى، گوللاندىيە بىلەن فرانسىيە ئۈستىدىن غەلبە قىلغانلىقنى مەدھىيىلەيدىغان كىشى ئىدى. ئەمما بارباروسسا ھەرىكىتى ئۇنىڭ پۈتۈن خامخىياللىرىنى توزىتىۋەتكەن بولۇپ، روزېنبېرگنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا رۇستىن باشقا خەلقلەرنىڭ ئازات قىلىنىشى كېرەك دەيدىغان سىياسى قارىشىنى پۈتۈن قەلبى بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلەيتتى. كېيىنچە بۇ تۈر سىياسەتنىڭ ئورنىنى ئېزىش ۋە قىرغىنچىلىق ئالغىنىدىن كېيىن، بىر ئوفىتسېر بولۇش سۈپىتى بىلەن، گېرمانىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ پەقەت بىرلا يولى بارلىقنى، يەنى ھىتلېرنى ئۆلتۈرۈش ئىكەنلىكىنى بىر يېقىنىغا ئېيتىدۇ. بىر قېتىملىق پەۋقۇلئاددە ئۇچرىششتا قارشىلىق كۆرستىش ھەرىكىتىنىڭ بىر يېتەكچىسى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن ئېچقويۇن-تاشقويۇن ھالغا كېلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ تەسىرى بەك ئۇزۇن داۋام قىلالمايدۇ؛ ئۇنىڭ ماشىنىسى مىناغا دەسسىۋېلىپ، بىر كۆزىدىن، ئوڭ بىلىكىدىن ۋە سول قولىنىڭ ئىككى بارمىقىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا بىرسى بولسا ئىدى، چوقۇم ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ كەتكەن بولار ئىدى. ئەمما ستاۋفېنبېرگ، پەقەت مەنلا ھىتلېرنى ئۆلتۈرەلەيمەن دەپ قاتتىق ئىشەنچ قىلاتتى. شۇڭا ئۇ، 1943-يىلىنىڭ چىقىشىدا، قايتىدىن ھەربىي سەپكە قايتىپ كېلىدۇ. روزدىستىۋا بايرىمىنىڭ ئىككىنچى كۈنى، پارتلاتقۇچ سېلىنغان سومكىسىنى كۆتەرگىنىچە فۈھرېرنىڭ يىغىن ئېچىۋاتقان يېرىگە كىرىدۇ. ئۇ يەنىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇ مەغلۇبىيەتتىن تېخىمۇ ئىلھام ئېلىپ ئاساسەن بۇرۇنقىسىغا ئوخشاش تېخىمۇ مۇكەممەل

بىر پىلان تۈزۈپ چىقىدۇ: بۇ قېتىم، ئىنچىكىلىك بىلەن ھېساپلاپ پىلان قىلىدۇ: سۇيىقەست قىلىش ئەمەلگە ئاشار-ئاشماي، بېرلىن، پارىژ ۋە ۋېيىننالاردا بىرلا ۋاقىتتا ھەربىي باشقۇرۇشنى قولغا ئېلىشنى پىلانلايدۇ.

ستاۋفېنبېرگ بېرلىنغا كېلىپ مەملىكەت ئىچىدە تۇرۇشلۇق ھەربىيلەر مەركىزى باش قوماندانلىقى شتاب باشلىقى ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ يېڭى ۋەزىپە، ئۇنىڭ ئاجىزلىشىپ كەتكەن سۇيىقەستچىلەر گۇرۇھىنىڭ قايتا تىكلىنىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. ئۇ ياشىنىپ قالغان يېتەكچىلەر قولىدىن بۇ ئىشنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ، كۈچلۈك ئىرادىلىك ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىش خاراكتېرىگە تايىنىپ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىدىكى كۈچلۈك گۇرۇھلاردىن ئېنىق كاپالەتلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ: ئۇ ئۆزىنىڭ باشلىقى، يەنى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئارقا سەپ تەمىناتقا مەسئۇل گېنېرالنى، ئالىي قوماندانلىق شتابى خەۋەرلىشىش بۆلۈم مەسئۇلىنى، سۇيىقەستتىن كېيىن قىسىملارنى بېرلىندا قولغا ئېلىشقا مەسئۇل بىر گېنېرالنى ۋە شۇنىڭدەك باشقا ئورۇنلاردىكى مۇھىم ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنى بۇ ئىشقا جەلىپ قىلىدۇ.

ئەمما شۇ كۈنلەرگىچە، تېخى بىرەر قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى ئوتتۇرىغا چىقىپ پۈتۈن قەلبى بىلەن بۇنداق بىر پىلاننى قوللاپ باققىنى يوق ئىدى. مەسىلەن كلوگ بۇ ئىشقا بەك قىزىقىپ كەتمەيتتى؛ مانستېيىن بۇ ئىشتا بەك بالدۇر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالىمايتتى، چۈنكى ئۇ، "بۇ تۈردىكى سىياسىي ئۆزگىرىشلەر شەرقىي ئۇرۇش سېپىنىڭ يىمىرىلىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن" دەپ قارايتتى. ئەڭ ئىشەنچلىك نامزات روممېل بولۇشىغا قارىماي، ئۇمۇ قەتئىي تۈردە ئۆز پىكرىنى ساقلاپ قالىدىغانلاردىن ئىدى. "مەنمۇ گېرمانىيىنى قۇتۇلدۇرۇش ئىشىنى ئۆزەمنىڭ ۋەزىپىسى دەپ تونۇيمەن" دېگەندەك قىلسىمۇ، سۇيىقەست قىلىشقا قارشى ئىدى. بۇنداق بىر ھەرىكەت، ھىتلېرنى ھەممە كىشى ياخشى كۆرىدىغان بىر شېھىتقا ئايلاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىنلىكىنى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە فۈھرېرنى قولغا ئېلىپ گېرمانىيە سوتىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قىلغان جىنايەتلىرىنى ئۈستىگە ئالدىغان قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيتتى.

1944-يىلىنىڭ باھار ئايلىرىدا، ئوتتۇردا پەيدا بولغان يېڭى شتاپ باشلىقى گېنېرال لېيتېنانت دوكتور ھانس سپېيدېلنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن روممېل بۇنداق بىر سۇيىقەستكە تېخىمۇ بەك قىزىقىدىغان ھالغا كېلىدۇ. سپېيدېل بىر ھەربىي بولغىنى بىلەن ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن بىر پەيلاسوپ ئىدى. بۇرۇن ئۇ ئەڭ ئەلا نەتىجە بىلەن تۈبىنگېن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن بىرى ئىدى. شۇڭا ئۇ روممېلنى قايىل قىلىپ، فرانسىيە ھەربىي ئىشلار سېكرېتارى گېنېرال كارل ستۈلپناگېل بىلەن پارىژ

يېقىنلىرىدىكى بىر يېزىدا مەخپى كۆرۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ شتاپ باشلىقىنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن ياردەم قىلىشى ئارقىلىق ئۇ ئىككىسى بۇ يېزىدا ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمنامىسىنى ئىمزالاپ غەربىي سەپتىكى ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىش پىلانىدىن بىرنى تۈزۈپ چىقىدۇ. بۇ پىلاندا بارلىق گېرمانىيە قوشۇنلىرى ئۆز ئانا ۋەتەن تۇپراقلىرىغا چېكىنىپ كېتىدىغان، ئىتتىپاقداش ئەللەر ئارمىيىسىمۇ گېرمانىيەنى بومباردىمان قىلىشنى توختىتىدىغان، ھىتلېر قولغا ئېلىنىپ، گېرمانىيە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ قىسىملىرى تەرىپىدىن ۋاقىتلىق ئۆتكىنچى ھۆكۈمەت تەشكىللىنىپ باشقۇرۇلىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە شەرقىي سەپتىكى ئۇرۇش داۋاملاشتۇرۇلىدىغان، ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا دۆلەتلىرىنىڭ قوشۇنلىرى بولشېۋىكچىلىققا قارشى ئەھلى سەلىپ يۈرۈشىگە قاتنىشىشىنى پەرەز قىلىدىغان مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. رومېل بۇ پىلانغا بەكلا قىزىقىدۇ. ھەتتا ئۇ بۇ ئىشقا رۇندىستېدتنىمۇ قوشۇۋالىدۇ. گەرچە رۇندىستېدت بۇنداق بىر پىلانغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندەك قىلسىمۇ، بۇ ئىشقا بىۋاستە ئارىلىشىپ قېلىشنى خالىمايتتى. "سىز دېگەن ياش بىر ئادەمسىز، ــ دەيدۇ رۇندىستېدت، ــ سىز دېگەن خەلقنى چۈشىنىدىغان، خەلقنى قاتتىق سۆيىدىغان بىرىسىز، شۇڭا سىزلا قىلىڭ بۇ ئىشنى."

شتاۋفېنبېرگ ۋە ئۇنىڭ گۇرۇھىدىكى باشقا كىشىلەر بۇ سۇيىقەست پىلانىغا رومېلنىڭمۇ قاتناشتۇرۇلۇشىغا بەك رازى ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، رومېل دېگەن بۇ ئادەم ئۇرۇش مەۋلۇبىيەتكە دۇچ كەلگەندىن كېيىنلا ھىتلېردىن يۈز ئۆرىگەن بىر ناتسىست ھېسابلىناتتى. شۇنىڭدەك ئۇلار يەنە رۇسىيەگە داۋاملىق ھۇجۇم قىلىش پىلانىغىمۇ قوشۇلمايتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە يالغۇز غەرپلىكلەر بىلەنلا تىنچلىق كېلىشىمى تۈزىمەن دېيىش رىياللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر پىلان ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شتاۋفېنبېرگ قاتارىدىكى كىشىلەر پۈتۈن قەلبى بىلەن ھىتلېرنى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈشنىلا ئويلاپ، ئۇنى قولغا ئېلىشنى قەتئىي توغرا كۆرمەيتتى. 1944-يىلى 1-ئىيۇن كۈنى، ئۇلار، بۇ ئىشنى قەتئىي تۈردە ئىتتىپاقداشلار ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كىرىشىدىن بۇرۇن پۈتكۈزۈش كېرەكلىكىنى، ئۇنداق بولمىغاندا، دۈشمەن قوشۇنلىرى ئانا ۋەتەن تۇپراقلىرىمىزغا باستۇرۇپ كىرىۋالىدىغانلا بولىدىكەن، ھەرقانداق بىر چارىلىقچە تىنچلىقنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايتتى. مانا بۇگۈن ئۇلارنىڭ قولىدا سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىشنىڭ تەپسىلى پىلانى بار ئىدى. ئەمما بۇ پىلان، قىزىق يېرى، فۇھرېر تەستىقلىغان بىر تەدبىر ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر پىلان ئىدى. بۇ ھەرىكەت پىلانىغا ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ۋاگنېرنىڭ سىمپونىيىسىنىڭ ئىسمى بولغان "ۋالكۈر" نى، يەنى "ئايال ئىلاھى" دېگەن مەخپى نامنى بەرگەن بولۇپ، بۇ ھەرىكەت پىلانى ئەسلىدە ھىتلېرنىڭ ئۇرۇش

مەزگىلىــدە ئەســكەرلەر بىــلەن گېرمــانىيە تەۋەســىدىكى چەتئەللىــك قــۇل قىلىنغــان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىنى باستۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ تۈزۈلگەن بىر پىلان ئىدى. ھەرقانداق بىر توپىلاڭ يــاكى ئىســيانىنى باســتۇرۇش مەقســىتىدە، بــۇ پىــلان جىــددى ھالەت ئېلان قىلىپ باستۇرۇش ئۈچــۈن يېتەرلىــك كــۈچ توپلاشــقا دەرھــال سـەپەرۋەرلىككە كېلىشــنى تەلەپ قىلاتتــى.شــتاۋفېنبېرگنىڭ پىلانــى بولســا، بــۇ "ۋالكــۇر" ئوپېراتســىيە ھەرىكىتىنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھەممە ھەر بىر ئۇرۇش سېپىدا سىياســى ئــۆزگىرىش قىلىشــنىڭ بىــر ســىگنالى ئورنــىدا پايــدىلىنىش پىلانلانغــان ئىــدى. ھىتلېــر بــۇ ھەقــتە توختالغىنىدا، "ۋالكىر" ھەرىكىتى ئۈچۈن بىرىلىدىغان بۇيرۇقنى زاپاس ئــارمىيە قوماندانى گېنېرال فرىيېدرىخ فروم تەرىپــدىن ئــېلان قىلىنــدۇ دەپ ئېنىــق كۆرســەتكەن ئىــدى. ئەممــا فروم، قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە قارىتا دىگەنــدەك ئىشــەنچ قىلىــپ كېتەلمەيــدىغان بىرى ئىدى.

D كۈنىنىڭ باشلىنىشــى سۈيىقەســتچىلەر ئــارىســىدا ئالاقىزادىلىــك پەيــدا قىلىۋېتــدۇ. ياشــتا چــوڭراق بولغــانلىرى، سىياســي ئــۆزگىرىش مۇۋەپپىقىيەتلىــك بولغــان تەقــدىردىمۇ گېرمانىيە بەربىر ئىشغال قىلىنىشتىن قۇتۇلالمايــدىغانلىقىنى تىلغــا ئېلىشــتى. شــۇڭا، ئەڭ ياخشــى چــارە، غەرپــكە تــايىنىش كېرەكلىكىنــى، ئۇلارنــڭ گېرمــانىيەگە ئادىــل مۇئــامىلە قىلىشــنى ئۈمىــد قىلىــش كېرەكلىكىنــى، رۇســيەنىڭ گېرمــانىيە تــۇپراقلىرىنى يەر بىــلەن يەكســان قىلىۋېتىشــىنىڭ ئالــدىنى ئــېلىش كېرەكلىكىنــى ئوتتۇرغــا قويۇشــىدۇ. ئەممــا شتاۋفېنبېرگ يەنىلا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سۈيىقەست قىلىپ كۆرۈش ئىرادىسىدىن يانمايــدۇ. بۇنىــڭ ئۈچــۈن پۇرســەتمۇ شــۇ ھامــان ئوتتۇرغــا چىقىــپ ئۇنىڭغــا يــاردەمچى بولىدىغانــدەك كۆرۈنەتتى. يەنى ئۇ، پولكوۋنىــك دەرىجىســىگە كۆتۈرۈلــۈپ، فرومنىــڭ شــتاب باشــلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. ئەندى ئــۇ، سىياســي ئــۆزگىرىش قىلىــش ئىشــىدا دىلىغۇل بولــۇپ تۇرغــان بــۇ گېنېرالغا تايىنىشنىڭ ھاجىتى قالمىغان ئىدى. شــتاۋفېنبېرگنىڭ ئــۆزىلا زاپاس قىســملارغا بــۇيرۇق چۈشىرەلىشــى مــۇمكىن، شــۇ ئــارقىلىق بىرلىنىــى تارتىــپ ئالالىشــى مــۇمكىن ئىــدى. شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ بۇ يېڭى ۋەزىپىســى پــات-پــاتلا ھىتلېرغــا يېقىنلىشــىش ئىمكــانىيىتىنىمۇ يارىتىپ بەرگەن ئىدى. ئىيۇلنىڭ باشلىرىدا، ئۇ ھەرىكەتكە ئۆتۈش پىلانىنى بېكىتىــدۇ: ھەر كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان يىغىندا فۇھرېرگە دوكــلات بېــرىش ئۈچــۈن بېرىــپ، ئــۇ يەرگە ۋاقىــت تېزخىنلىــك بومبىــدىن بىرنــى ئورۇنلاشــتۇرۇپ، فــۇھرېر، گىيۆرىــڭ ۋە ھىملېــر قاتــارلىقلارنى بىراقلا پارتلىتىش، بۇ پىلان ئىشقا ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن، دەرھال بېرلىنغــا قــاراپ ئۇچــۇپ، پايتەختتە ھەربىي باشقۇرۇش ئىشلىرىنى بىۋاســتە ئۆتكــۈزىــۋېلىش ئىشــلىرىغا يېتەكچىلىــك قىلماقچى بولىدۇ.

بۇ مۇرەككەپ پىلان بويىچە تەشكىللەش ئىشلىرىدا ئىنتايىن تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۆرگەن شتاپتىكى بىر قانچە شېرىكىمۇ قاتتىق ئىلھاملىنىپ ئىشقا كىرىشىدۇ. ئۇلاردىن بىرى بولغان ئۇربان تىيېرش ئىسىملىك ياش بىر لېتېنانت ئەسلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئۇنىڭ تېلېفون بېرىۋاتقاندىكى كەسكىنلىكىنى كۆرسەڭلا ئۇنىڭدىن تولۇق قايىل بولۇپ كېتىسەن! ئۇنىڭ بەرگەن بۇيرۇقلىرى ھەم ئىخچام ھەم خاتاسىز ئىدى. مۇھىم كىشىلەرگە قارىتا بەكلا ئەدەپلىك ۋە تەبىئىي يېقىملىق مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ ئومۇمىي ۋەزىيەتنى چوقۇم ئۆز ئىلكىدە تۇتالايتتى."

شتاۋفېنبېرگكە پۇرسەت كەلگەن ئىدى. 11-ئىيۇل كۈنى، تولۇقلىما ئەسكەرلەر مەسىلىسىدە دوكلات ئالماقچى بولۇپ ھىتلېر ئۇنى قوبۇل قىلىدىغان بولىدۇ. شتاۋفېنبېرگ بىر مۇنچە ھۆججەت بىلەن بىرگە يەنە ئەنگلىيەدە ئىشلەنگەن پارتلاتقۇچتىن بىرنى سومكىسىغا سېلىپ بېرگخوفقا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئەمما كۈتۈلمىگەندە، ھىملېر بۇ يىغىن زالىدا كۆرۈنمەيتتى. شۇڭا ئۇ بىر باھانە بىلەن بىنادىن كوچىسى بېرلىن ھايۋانات باغچىسى يېنىدىكى باش شتاپ بىناسىغا تېلېفون قىلىدۇ: "ئىجرا قىلايلىمۇ ياكى بولدى قىلايلى؟" دەپ قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەركىزى ئىشخانا مۇدىرى گېنېرال ئولبرىچتتىن سورايدۇ. بۇ بومبا بىلەن يەنىلا ھىتلېر بىلەن گېۆرىڭ ئىككىسىنى پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئولبرىچت ئۇنىڭغا ئۇچىسىنى بىرلا ۋاقىتتا پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈش پۇرسىتىنى كۈتەيلى دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئارىدىن 4 كۈن ئۆتۈپ ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىملىق پۇرسەت كېلىدۇ. شتاۋفېنبېرگ بۇيرۇق بويىچە يەنە بىر قېتىم ھىتلېر بىلەن كۆرۈشۈشكە بارىدۇ. بۇ چاغدا ھىتلېر قوماندانلىق شتابىنى "بۆرە ئىنى" غا يۆتكەپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا پولكوۋنىك ئۇ يەرگە پارتلاتقۇچنى يېنىغا ئېلىپ يېتىپ بارىدۇ. بۇ قېتىم سۇيىقەستچىلەر چوقۇم بۇ ئىشنى پۈتتۈرۈش ئىرادىسىگە كەلگەن ئىدى: شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دا، يەنى يىغىندىن ئىككى سائەت بۇرۇن، گېنېرال ئولبرىچت ئىلاھ – ۋالكۇيېر ھەرىكىتى پىلانىنى ئىجرا قىلىش بۇيرۇقىنى بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، يىغىن پەيتىدىلا زاپاس قىسىملار بىلەن ئەتراپتىكى ماشىنىلاشقان ھەربىي مەكتەپنىڭ تانكىلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ چۈشتىن كېيىنگىچە قىسىملارنى پايتەختكە كىرگۈزۈۋېلىش ئىمكانىنى يارىتىدۇ.

يىغىن بەلگىلەنگەن ۋاقىت، چۈشتىن كېيىن سائەت 1 دە باشلىنىدۇ. شتاۋفېنبېرگمۇ ھىتلېرغا قىسقىچە دوكلات بەرگەندىن كېيىن، دەرھال چىقىپ بىنادىكى كوچىسىغا تېلېفون بېرىپ، شتاپتىكىلەرگە ھىتلېر يىغىندا، دەپ مەلۇمات بەرگەندىن كېيىن بىر بۆلۈمدە پارتلاتقۇچنى قۇراشتۇرۇپ ۋاقىت تېزگىنىنى باشلىتىشقا ماڭىدۇ. ئەمما ئۇ يىغىن زالىغا

قارىسا ھىتلېر مەلۇم سەۋەپلەردىن يىغىندىن بالدۇرلا ئايرىلغانلىقى كۆرىدۇ. 15 مىنۇتتەك ۋاقىت ئۆتكەندە شتاۋفېنبېرگ قايتا بىر باھانە كۆرسىتىپ بۇنى بېرلىندىكىلەرگە خەۋەر قىلىدۇ. بۇ چاغدا سائەتمۇ بىر يېرىمگە يېقىنلاشقان، قىسمىلار بېرلىنغا كىرىشكە باشلىغان ئىدى. ئولبرىچت ئالدىراشلىق بىلەن بۇيرۇق بېرىپ ئلاھ ھەرىكىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. قىسىملارمۇ ئۈن-تۈنسىز گازارمىغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

بۇ يېقىندىكى مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلەر بەزى سۇيىقەستچىلەرنى بەكلا ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ تەۋرىتىپ قويىدۇ. شتاۋفېنبېرگ يەنىلا قەتئىي ئىدى. ئۇ بىر قانچە ياش كەسىپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ۋانسىدىكى ئۆيىدە قايتا مۇزاكىرە قىلىشىدۇ. فرانسىيەدىكى روممېل-سپېيدېل گۇرۇھىدىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىدىغان ئالاقىچى، شتاۋفېنبېرگنىڭ نەۋرە ئىنىسى ھەممىنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرىدىغان بىر خەۋەرنى يەتكۈزىدۇ. بۇ خەۋەردە، ئىتتىپاقداشلار ئارمىيىسى يېقىندا گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ سەپلىرىنى بۆسۈپ ئۆتمەكچى بولىۋاتقانلىقىنى، روممېلمۇ رۇندستېدتىنىڭ ئورنىغا كەلگەن مارشال ۋون كلۇگ ھەر قانداق ھەرىكەت قوللىنىشىدىن قەتئىي نەزەر ئۇلارنىڭ پىلانىنى قوللايدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن ئىدى. ئەپسۇسكى تەغدىر يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرغا چىقىپ بۇ ئىشلارغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ: شۇنىڭ ئەتىسى كۈنى، ئىتتىپاقداشلار ئارمىيىسىنىڭ بومباردىمان ئايروپىلانى روممېلنىڭ پىكاۋىنى پارتلىتىۋېتىپ، روممېل ئېغىر يارىدارلىنىدۇ.

"بۆرە ئىنى" غا قايتقان ئوفىتسېرلار بۇ يەرنى پەقەتلا تونىيالماي قالىدۇ. بۇرۇنقى پاكار-پاكار ئاكوپلار سۆكۈپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىگىز-ئىگىز بېتون بىنالار سېلىنغان، ئۆگزىسىدە يەنە چىم يېپىتىلىپ نىقابلىۋېتىلگەن ئىدى. ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا، ھىتلېر كۆپۈنچە ۋاقىتلاردا بۇ يېڭى ئىستىھكام ئىچىدە تۇراتتى. چۈنكى بۇ يېڭى بېتون بىنالار بۇرۇنقى ياغاچ ئۆيلەرگە قارىغاندا كۆپ سالقىن ئىدى. "ئۇنىڭ مىجەزى بەكلا يانلىشىپ كەتكەن ئىدى، _ دەيدۇ تراۋدل جيۇڭ كېيىن ئەسلەپ كېلىپ، پات-پاتلا بېشىم ئاغرىيدۇ، ئۇخلىيالمايۋاتىمەن، دەيتتى." ئادىيۇتانتلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى مېھمانلىرىنىڭ يېنىغا باشلاپ كىرەتتى. بۇرۇنقىغا قارىغاندا بەكلا كۆپ ئېچىۋالىدىغان خفمانمۇ ئۇنى زىرىكتۈرىۋەتكەن، ئەمما بىناكارلىق پروفېسسورى گېيسلېر دائىم ئۇنىڭغا ئىنتايىن نازۇك بىنا مودېللىرىنى ياساپ بېرىپ ئۇنى خوشال قىلاتتى. بۇنداق تومۇز ئىسسىق كۈنلەردە، ھىتلېرنىڭ مىجەزى بەك ياخشى بولۇپ كېتەلمىسىمۇ، يەنىلا خوشال كۆرۈنۈشكە تىرىشاتتى. ئۇ گيوبېلسقا تارىخ سائەت ئاسمىسى پات يېقىندا بۇ تەرەپكە قاراپ لىڭشىشقا باشلايدۇ، يەنى گېرمانىيەگە پايدىلىق تەرەپكە قاراپ قىيسىشقا باشلايدۇ، دەيدۇ.

بۇ كۆنلەردە گېببېلس قايتىدىن تاماكىنى باشلىۋېلىپ، تىنجىتىش دورىلىرى بىلەن ئۇيقۇسىنى ساقلاپ كەلمەكتە ئىدى.

5

18-ئىيۇل كۈنى چۈشتىن كېيىن، "بۆرە ئىنى" دىن بۇيرۇق كېلىپ شتاۋفېنبېرگنى ئىككى كۈن ئىچىدە كېلىپ دوكلات قىلىشقا تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھىتلېرغا بېرىدىغان مەلۇماتىنىڭ مەزمۇنى شەرق سېپىگە قانچىلىك زاپاس قوشۇن ئېۋەرتەلەيدىغانلىقى ھەققىدە ئىدى. شەرقى ئۇرۇش سېپىدىنىڭ ئوتتۇرا فرونتلىرىدا يېقىندا ئىككى قانات تىن يېڭىدىن ئىلگىرلىمەكچى بولۇپ ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ بولۇپ، تارمار قىلىنىش گىرداۋىغا كېلىپ قالغان ئىدى. شتاۋفېنبېرگ 19-چىسلا پۈتۈن كۈن بويىچە بېندلېر كوچىسىدا ئىشخانىسىدىن چىقماي ئاخىرقى تەييارلىق ئىشلىرىنى پۈتتۈرىدۇ. چۈشتىن كېيىن، ئۇ سۇيىقەستچىلەر بىلەن ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق يىغىننى ئاچىدۇ. ئۇلار ئالدىراش ئەتىسى قىلىدىغان ھەرىكەت پىلانىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ؛ ھەممەيلەن بىرلىكتە ئاساسلىق ئۇچۇرلار ئالدىن بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە تارقىتىلىشىنى بېكىتىشىدۇ. تېلېفون ياكى تېلېگراممىلار چوقۇم شىفىرلىق بولىشى، شۇنىڭدەك، پۈتۈن تېلېفون سىستېمىلىرى گېستاپو تەرىپىدىن ئوغۇرلۇقچە ئاڭلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن چوقۇم مۇھىم ئەھۋاللارنى يەتكۈزۈشتىلا شىفىر قوللىنىش كېرەكلىكى بېكىتىلىدۇ.

بۇنىڭدىن بارلىق سۇيىقەستچىلەر خەۋەردار ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم كىشىلەر، بېرلىننى باشقۇرۇۋاتقان گېستاپونىڭ مۇھىم ئىشخانىلىرىدىكى ئېس-ئېس گېنېراللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان گېستاپودىن كەلگەن ئەمەلدارلار ئىدى. ئەسلىدە، پۈتكۈل ئېس-ئېس ئىچىدە بەكلا ئېغىر ھىتلېرگە قارشى ھېسسىياتلىق كىشىلەر پەيدا بولغان ئىدى. ئالايلۇق، گېنېرال فېلىكس ستېينېرمۇ يۇرەكلىك ھالدا فۈھرېرنى بۇلاپ قېچىش پىلانىدىن بىرنى تۈزۈپ چىققان بولۇپ، بۇ ئىش ئوڭۇشلۇق بولغىنىدا، "ھىتلېر روھىي بىنورمال ھالغا كېلىپ قالغان" دەپ ئېلان قىلىناتتى. تېخى يېقىندىلا، ئۇ يەنە باشقا قۇراللىق ئېس-ئېس قۇماندانلىرى بىلەن بىرلىكتە رومېلغا ۋەدە قىلىپ، ھىتلېرغا قارشى ھەر قانداق بىر قوزغىلاڭنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. ھەتتا ئېس-ئېس ئامانلىق باشقارمىسىدىكىلەردىنمۇ ئىسيان كۆتۈرۈش روھى بىلەن تولۇپ تاشقان ئىدى. گېرمانىيىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىنى كۆزلەپ چەتئەل ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى بولغان شېللېنبېرگمۇ قورۇقلۇق ئارمىيە سۇيىقەستچىلىرىگە

ئوخشاش ھىتلېردىن تېزلىكتە قۇتۇلۇشنى ئويلىماقتا ئىدى. 1942-يىلىنىڭ يىل ئاخىرىدا، ئۇ، ھىملېرنى غەرپ بىلەن سۆھبەتلىشىش پىلانى ئۇچۇن ئۇندەپ باققان بولۇپ، ئەگەر زۆرۈر تېپىلغاندا ھىتلېردىن يۈز ئۆرۈش بەدىلىگە بولسىمۇ بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئېيتقان ئىدى. ھىملېرنىڭ ماقۇللىشى بىلەن، قارشىلىق كۆرسەتكۈچى ھەرىكەتنىڭ ئەزاسى بولغان كارل لاڭبېھن ئىسىملىك بىر مەمۇرى ئەمەلدار ستوكھولمدا ئەنگلىيە-ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ۋەكىللىرى بىلەن ئايرىم-ئايرىم كۆرۈشۈپ، تىنچلىق سۆھبىتى ئېھتىمالى ھەققىدە مۇھاكىمىلەردە بولغان؛ شۇندىن كېيىن، ئۇ يەنە بېرنغا بېرىپ ئامېرىكا ستراتېگىيەلىك ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ شىۋىتسارىيەدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ئاللېن دوللېسنىڭ ياردەمچىسى بىلەن كۆرۈشكەن. بۇ كىشى گېرمانىيەدە تۇراتتى. بۇ چاغدا، پۈتۈن ئىشلار خاراپ بولدۇ. گېستاپو تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ بىر تېلېگرامما نۇسخىسىنى قولغا چۈشۈرۈپ شىفىرنى يېشىۋالدۇ. شۇ ئارقىلىق "ھىملېرنىڭ ئادۇۋكاتى" نىڭ تىنچلىق سۆھبىتى مەسىلىسى ئۈچۈن شىۋىتسىيەگە كەتكەنلىكىدىن خەۋەردار بولدۇ. گېستاپودىكىلەر بۇ تېلېگراممىنى ھىتلېرغا تاپشۇردۇ. ھىملېرمۇ ھىتلېرنىڭ ئالدىدا قەسەم قىلىپ، بۇ ئىشتا مەن قارىلاندىم، مەن سىزگە مەڭگۈ سادىق دەپ قەسەم قىلىپ بېرەي، دەيدۇ. ھىتلېرمۇ ئۇنىڭ دېگىنىگە ئىشىنىدۇ. بەلكىم ھىملېرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى ھىتلېر ئۈچۈن بەكلا مۇھىم ئىشلار بولغىنى ئۈچۈن بۇ ئىشنى ئۆتكۈزىۋەتكەن بولىشىمۇ ئېھتىمال. ھىملېر دەرھال لاڭبېھننى قولغا ئېلىپ يىغىۋېلىش لاگېرىغا قامىۋېتىدۇ. شۇندىن كېيىن ئۆزىمۇ خۇجايىنىنىڭ بۇ ئىشلارنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ كولاپ يۈرىشىدىن ئەنسىرەپ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىدىكىلەر بىلەن بولغان پۈتۈن مۇناسىۋەتلىرىگە خاتىمە بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتە، شېللېنبېرگ داۋاملىق تۈردە يوشۇرۇن ھەرىكىتىنى داۋام قىلىپ، ئامېرىنىڭ ئىسپانىيەدىكى ھەربى خادىمى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ بىرلىكتە ھىتلېرنى يوۇلاپ كېتىپ، ئۇنى ئىتتىپاقداشلار ئەللىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىش پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشىدۇ. بۇ سوۋېتقەست پىلانى شۇنداق مۇكەممەل تەييارلانغان بىر پىلان ئىدىكى، ئۇنى بىر جاسۇسلۇق رومانى قىلىپ يېزىپ چىققىدەكلا بىر پىلان ئىدى.

ئادەم ئىشەنگىسى كەلمىگىدەك يەنە بىر ئىش، 19-ئىيۇلدا مەيلى شېللېنبېرگ بولسۇن ياكى ھىملېر بولسۇن، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىدىكى مەخپى سوۋېقەستنىڭ ئىشقا ئېشىشىدىن پەقەتلا خەۋىرى يوق ئىدى. ئۇلار، مۇتەئەسسىپ ئەمەلدارلار ئارىسىدا، كەسىپ ئالماشتۇرغان ئوفىتسېرلار ئارىسىدا، ئوڭچىل خرىستىيان زىيالىلىرى ئارىسىدا ۋە شۇنىڭدەك سوتسىئالىست سىياسىيونلار ئارىسىدا ھەقىقەتەنمۇ قارشىلىق كۆرسەتكۈچ كۈچلەرنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى. ئەمما شتاۋفېنبېرگ بىلەن قالغان ياش شېرىكلىرىدىن

پەقەتلا گۇمان قىلمايتتى. بىر قانچە ئاي ئىلگىرى، شپىللېنبېرگ ھىتلېرنى ئوتتۇردىن يوقۇتۇشقا بولۇش-بولماسلىقى ھەققىدە ۋىلھېلم ۋۇلفتى سورىغان ئىدى. بۇ ئادەم ئېس-ئېس تەرىپىدىن پۇلغا پال باقىدىغان بىر يۇلتۇز پالچىسى ئىدى. ۋۇلف ئۇنىڭغا، "ئۇنىڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇشى بىلەنلا ۋەزىيەت تەرەققىياتىنى ئۆزگەرتەلمەيسەن. بەكلا كۆپ ئىشلار يۈز بەردى. 20 يىل مابەينىدە مەن ھىتلېرنىڭ يۇلتۇز تەغدىرى ئۈستىدە قايتا-قايتا تەتقىق قىلىپ باقتىم. ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ماڭا بەش قولدەك ئايان. ئېھتىمال ئۇ سۈيىقەستكە ئۇچراپ ئۆلىشى مۇمكىن، شۇنىڭدەك مۇتلەق تۈردە نېپتون ۋاقتىدا يۈز بېرىشى مۇمكىن. بۇنىڭغا زادىلا ئەقلىم يەتمەيدۇ. بۇ يەردە مۇھىم رول ئوينايدىغان بىر ئايال باردەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە دۇنيا مەڭگۈ ئېنىق بىر مەلۇماتقا ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى ھىتلېرنىڭ ئاسمان خەرىتىسىدە نېپتون قالغان ھەمرالارغا قارىغاندا ئەزەلدىن ياخشى بولماي كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ ئاسمان خەرىتىسىدە نېپتون بەكلا كۈچلۈك ئورۇندا. شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇنىڭ ھەربىي ئىشلار پىلانىنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە بىر نېمە دېيىش بەكلا تەس."

19-چېسلا چۈشتىن كېيىن، بېندلېر كوچىسىدا شتاۋفېنبېرگ ئەتىكى ھەرىكەتتە ئۇچۇن ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى تاماملايدۇ. ئۇ شوپۇرىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا پوتسدامغا بېرىپ بىر پولكوۋنىكتىن كىچىك بىر چامادان ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇيدۇ. بۇ شوپۇر ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. شتاۋفېنبېرگ ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ، ساندۇقتا بەكلا مۇھىم ئىككى مەخپىي پاسولكا بارلىقىنى، ئۇنى ياخشى ساقلىشى كېرەكلىكىنى جېكىلەيدۇ. شوپۇر ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئاخشىمى بۇ چامادانىنى كارىۋىتىنىڭ بېشىغا قويۇپ ئۇخلايدۇ. بۇ چامادان ئىچىدە ئىككى تال پارتلاتقۇچ بار ئىدى.

"بۆرە ئىنى" دا ئاخشىمى چاي ئىچىش ۋاقتىدا ھىتلېرنىڭ كۆڭلى جايىدا ئەمەس، بەكلا جىددىلىشىپ كېتىۋاتاتتى. شرۆدېر خانىم ئۇنىڭدىن بەكلا ئەنسىز كۆرۈنىسىزغۇ؟ دەپ سورايدۇ. "بېشىمغا بىرەر ئىش كەلمىسۇن دەپ تىلەيمەن. - دەپ جاۋاب بېرىدۇ ھىتلېر قىسقىلا قىلىپ. بىر ھازا ئېغىر جىمجىتلىقتىن كېيىن، _ ئەگەر بۇ ۋاقىتتا بىرەر ئاۋارىچىلىق يۈز بېرىپ قالغىدەك بولسا بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەي قالىمەن. ئاغرىپ-تارتىپ قالمىسام بولاتتىغۇ، بۇ كۈنلەردە گېرمانىيە بەكلا مۈشكۈل ئەھۋال ئاستىدا تۇرماقتا، يامان يېرى، ئورنۇمنى ئالغىدەك باشقا بىرەرسىمۇ يوق" دەيدۇ.

1944-يىلى 20-ئىيۇل

ئەتىگەن سائەت 6 بولغىنىدا، شتاۋفېنبېرگ ئاپتوموبىلى بىلەن شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. شەھەر ئىچىدە، بىر لېتنانت ئادىيۇتانت بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئىككىسى رانگسدورف ئايرودرومىدا گېنېرال ستىيىف بىلەن كۆرۈشۈپ بىرلىكتە مەخسۇس ئارقا سەپ تەمىناتىغا مەسئۇل گېنېرال ئۇلار ئۇچۇن تەييارلىغان ئايروپىلانغا ئولتۇرىدۇ. سائەت 10 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، بۇ ئايروپىلان راستېنبۇرگ يېقىنىدىكى بىر ھاۋا ئارمىيە بازىسىغا كېلىپ قونىدۇ. بۇ لېيوتچېك چۈش ۋاقتىدا مېھمانلىرىنى بېرلىنغا قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن شۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئىدى.

پىكاپ ئورمانلىق ئىچىدە يېرىم سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن، بۇ ئۈچ نەپەر سۇيىقەستچى ئالىي قوماندانلىق شتابىنىڭ بىرىنچى توسىقىدىن ئۆتىدۇ. ئۇلار داۋاملىق ئىلگىرلەپ 2 مىل ئۇزۇنلۇقتىكى مىنا كۆمۈلگەن يەر بىلەن بىر مۇنچە ئىستېھكاملارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ ئىككىنچى توساققا كېلىدۇ. توساقتىن ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار تۆت ئەتراپى توك سىملىرى بىلەن قورشالغان چوڭ بىر قوراغا كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ يەردىن يەنە بىر مىلدەك ماڭغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئوفىتسېرلار تەكشۈرۈش نوقتىسىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئادەتتىكىگە ئوخشاش مۇھاپىزەتچىلەر ئۇلارنىڭ تونۇشتۇرۇشلىرىنىلا تەكشۈرۈپ، باشقا نەرسىلىرىگە قارىمايدۇ. ئۇلار داۋاملىق 200 ياردتەك ماڭغاندىن كېيىن، ئۈچىنچى مۇھاپىزەت تېمى ئالدىغا كېلىدۇ. بۇ يەر بىخەتەر ئا رايونى بولۇپ، بۇ يەر ھىتلېر ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى تۇرىدىغان ۋە خىزمەت قىلىدىغان يەر ئىدى. ئەڭ ئىچكىرىدە بولغان بۇ قورانىڭ تۆت ئەتراپى چېگرا سىملىرى بىلەن قورشالغان بولۇپ، ئىس-ئىس ۋە مەخپىي ساقچىلار تەرىپىدىن كېچە-كۈندۈز چارلىنىپ تۇراتتى. بۇ قوراغا كىرىش ئۈچۈن ھەتتا قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى بولسىمۇ ھىملېرنىڭ ئامانلىق ساقلاش مۇدىرىنىڭ ئىمزاسى بولغان ئالاھىدە تونۇشتۇرۇش خېتى بولماي تۇرۇپ ئىچىگە كىرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەمما، ئىچىگە چاقناپ تۇرغان پارتلاتقۇچ بومبا قويۇلغان ئىش سومكىسى بۇ يەردىمۇ تەكشۈرۈلمەيدۇ. بۇ سومكىنى شتاۋفېنبېرگنىڭ ئادىيۇتانتى كۆتۈرۈپ ماڭغان بولۇپ، ئۆزى بىر سومكا ھۆججەتلەرنىلا كۆتۈرۈپ ماڭغان ئىدى. ئۇ قىلچە تەمتىرىمەي ئۇدۇل تاماقخانىغا كىرىپ، بۇ يەرگە مەسئۇل كوماندىر بىلەن بىرگە راھەت ئولتۇرۇپ ناشتا قىلىدۇ. ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى بەكلا نورمال بولۇپ، يۈرۈش-تۇرۇشلىرىمۇ بەكلا ئەركىن ئىدى. شۇندىن كېيىن ئۇ ئالىي قوماندانلىق شتابىنىڭ ئالاقىلىشىش مۇدىرى گېنېرال فېلگىبىبىلنى تاپىدۇ. بۇ ئادەم، پارتلىتىش ئوڭۇشلۇق بولغىنىدا قالغان ئىشلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش-بولماسلىقىدا ھەل قىلغۇچ ئامىل بولغان بىر ئادەم ئىدى. يەنى ئۇ بېرلىندىكى مەخپىي سۇيىقەستچىلەرگە ھەرىكەت قىلىش ۋاقتى كەلگەنلىكىدىن خەۋەر

بېرىـدىغان كىشى ئىـدى. ئانـدىن ئـۇ بـارلىق تېلېفـون- تېلېگـراف ۋە رادىئـو خەۋەرلـىشىش ئاپـاراتلىرىنى ئـۈزۈپ تاشـلاپ "بـۆرە ئىنى" بىـلەن تاشقىرىـسى ئوتتۇرىـسىدىكى ئـالاقىلارنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلاش ئىشلىرىمۇ يەنە شۇ گېنېرالغا قاراشلىق ئىدى.

شـتاۋفېنبېرگ، فېلگىيبېلـدىن پۈتـۈن تەييـارلىقلار جايىـدا ئىكەنلىكىنـى ئۇققانـدىن كېيىن يەنە بىر ئالى قۇماندانلىق شتابىنىڭ ئوفىتسېرى بىلەن بىردەم-يېرىمدەم مۇدىشىپ تۇرغاندىن كېيىن، كېيتېلنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ يۈرۈپ كېتىدۇ. بـۇ مارشـال ئۇنىڭغا بىـر ئىشـلارغا سـەل توسـالغۇ بولـىدىغان بىـر كۆڭـۈلسىز خەۋەرنـى، يەنـى مۇسسـولىن چۈشتىن كېيىن كەلمەكچى بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، يىغىن يېرىم سـائەت بالـدۇر، يەنـى 30 مىنـوتتىن كېيىن ئېچىلىدىغانغا ئۆزگەرتىلگەنلىك خەۋىرىنـى بىلـدۈرۈپ، فـۈھرېر بـۇ يەردىـن ئىمكـان بـار بالــدۇرىراق ئايرىلىمــاقچى ئىكەنلىكىنــى، شــۇڭا شــتاۋفېنبېرگنىڭ دەيــدىغىنىنى يىغىنچاقلاپ قىسقىچىلا مەلۇمات بېرىپ گېپىنى چاققـان تۈگـىتىشى كېرەكلىكىنـى ئېيتىـدۇ. كېيتېل ئالـدىرىغىنىچە سـائىتىگە قارىۋېلىـپ، سـائەت 12 گە 30 مىنـوت قالغىنىـدا يىغىـن ئۈچۈن ئۈدۈلدىكى گازارمىغا بېرىـپ تەييـار تـۇرۇش كېرەكلىكىنـى ئېيتىـدۇ. شـتاۋفېنبېرگ، يىغىن يېرىگە يېقىنلاشقىنىدا كېيتېلنىڭ ئادىيۇتانتى ئېرنىست جـون ۋون فرېيېنـدىنىڭ يېنىغـا بېرىـپ ئۇنىڭـدىن قـول يۇيـۇش يېرىنىــڭ نەدىلىكىنــى سـورايدۇ. بـۇ ئادىيۇتانــت ئۇنىڭغـا ھاجەتخانىنى كۆرسىتىدۇ. شتاۋفېنبېرگنىڭ ئادىيۇتانتى كارىشـناۋاي ھـۆججەت سومكىسـىنى تـۇتقىنىچە ھاجەتخانــا ئالدىــدا ئــۇنى كۈتــۈپ تۇرىــدۇ. بــۇ ھاجەتخانــا پــارتلاتقۇچنى قۇراشتۇرۇشـقا بەك مۇۋاپىـق بىــر يەر بولمىغاچقـا، ئـۇلار ئىككىسـى زالغـا قايتىـپ بېرىــپ فرېيېندتىن كىيىم يۆتكەشكە بولغىدەك بىرەر يەر بار-يوقلۇقىنى سورايدۇ. فرېيېنـد ئـۇلارنى ئۆز ئىشخانىسىغا باشلاپ قويـۇپ چىقىـپ كېتىـدۇ. شـتاۋفېنبېرگنىڭ بىـر بېلـى بىـلەن سـاق قالغان قولىنىڭمۇ 2 بارمىقىدىن ئايرىلغان چـولاق ئىـدى. شـۇڭا ئـۇ ، ئـامبۇرنى بـار بولغـان بىـردىن-بىـر قولىنىــڭ 3 تــاللا بــارمىقى بىــلەن ســىققىنىچە پــارتلاتقۇچ دورىسـى ئىچىـگە پاتۇرۇلغان، ئىچىدە بىر خىل كىسلاتا توشقۇزۇلغان ئەينەك شىشـە بـار پىستان چۇكىسـىنى قىسىپ ئىزىدۇ. شىشىدىن تۆكـۈلگەن كىسـلاتا 15 مىنـوت ئىچىـدە ئىـنچىكە تۆمـۈر سـىمنى ئېرىتىــپ ئۈزىــۋېتىش بىــلەن تەپــكە چېقىلىــپ پارتلاتقۇچنىــڭ پارتلىشــىنى كەلتــۈرۈپ چىقىراتتى. يەنە بىر زاپاس بومبىنى ئۇنىڭ ئادىيۇتانتى قۇراشتۇرىدۇ.

ئۇلار پارتلاتقۇچلارنى ئېھتىيات بىلەن ھۆججەت سومكىسىغا سېلىش بىـلەن مەشـغۇل بولۇۋاتقىنىدا بىر سېرژانت كىرىپ ئۇلارنى ئالدىرىتىدۇ. فرېيېندمۇ زالـدا ئـۇلارنى ئالـدىرىتىپ چاقىرىـدۇ: "چاققـان بولـۇڭ شـتاۋفېنبېرگ! باشـلىقلىقلار سـاقلاپ كەتتـى." شـتاۋفېنبېرگ ئىشنى پۈتتۈرۈپ چىققۇاتقىنىدا فرېيېند پولكوۋنىكقا ياردەملىشىپ كارىشـناۋاي ھـۆججەت

سومكىسىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىشنى تەكلىپ قىلىشىدى، شتاۋفېنبېرگمۇ ئۇنى سىلىقلىق بىلەن رەخمەت ئېيتىپ رەت قىلىدۇ. ئاندىن ئۇ ئىككىسى تار بىر يولدىن يىغىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان گازارمىغا قاراپ يۈرۈپ كېتىدۇ. ئۇلار مۇشۇداشقاچ مېڭىپ بىخەتەرلىك قورغىنىنىڭ تەكشۈرۈش پونكىتى ئالدىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئىشىك تۈۋىگە يېقىنلاشقىنىدا، فرېيېنىد ئۇنىڭدىن، تەكشۈرۈشتە سىزگە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن سومكىڭىزنى مەن تۇتۇپ تۇراي، دەپ قايتا تەلەپ قىلىشىدى، بۇ قېتىم ماقۇل بولۇپ سومكىسىنى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىپ، ”قۇلىقىم سەل ئېغىرراقتە، شۇڭا مېنى فۈھرېرنىڭ يېنىغىراق بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرالار - سىزمۇ؟“ دەپ سورايدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ قولىقى ياخشى ئاڭلىمايتتى.

كېيتېل ئۇلارنى كورىدور ئىشىكىدە تاقەتسىزلىنىپ ساقلاپ تۇرغان ئىدى. يىغىن باشلىنىپ كەتكەن ئىدى. كېيتېل ئۇلارنى باشلاپ ئوتتۇردىكى كارىدوردىن ماڭغىنىچە تېلېفونخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكىنىچە قوش قاناتلىق ئىشىكتىن يىغىن ئېچىلغان يەرگە كىردۇ. يىغىنخانىنىڭ 10 دەك دېرىزىسى بار بولۇپ، چۈش ۋاقتى بەكلا ئىسسىپ كەتكەچكە دېرىزىلەرنىڭ ھەممىسىلا چوڭ ئېچىۋېتىلگەن ئىدى. يىغىنخانا ئوتتۇرسىدا ئادەتتە خەرىتە يېيىش ئۈچۈن ئۇزۇن دۇپ ياغىچىدىن ياسالغان بىر ئۈستەل قويۇلغان ئىدى. بۇ ئۈستەلنىڭ يۈزى بەكلا قېلىن بولۇپ، توم ياغاچلاردىن ياسالغان ئىككى يۆرۈش پۇت ئۈستىگە قويۇلغان ئىدى. ھىتلېردىن باشقا يىغىن قاتناشقۇچىلىرى بۇ ئۇزۇنچاق ئۈستەلنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ تۇرىشاتتى. پەقەت ھىتلېرلا ئۈستەل يېنىغا قويۇلغان بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. ئۇ ئۈستەلنىڭ ئوتتۇرا تەرىپىدە ئىشىككە كەينىنى قىلىپ ئولتۇراتتى. خەرىتىلەر ئۈستىدە بىر كۆزئەينەكمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان گېنېرال ئادولف خېۋسىنگېر غەمكىن بىر شەكىلدە شەرق ئۇرۇش سېپى ھەققىدە بىر ئۇرۇش خەۋىرىنى ئوقىۋاتقىنىدا، قولىدىكى چوڭايتقۇچ لېنزىسىنى پېقىرتىپ ئولتۇراتتى. ھىتلېر بۇرۇلۇپ يېڭى كەلگۈچىگە قاراپ ئۇلارنىڭ باش لىڭشىتىپ قىلغان سالىمىغا رەخمىتىنى بىلدۈرگەن بولىدۇ. شتاۋفېنبېرگ ئاستا بېرىپ خېۋسىنگېرنىڭ نېرقى تەرىپىگە ئۆتۈپ، كارىشناۋاي خۇرۇم سومكىسىنى ئىمكان بار ھىتلېرغا يېقىنلاشتۇرۇپ قويۇۋشقا تىرىشىپ، فۈھرېرگە 6 فۇد يېقىنىدىكى توم ئۈستەل پۇتىغا ئىچىگە قارىتىپ تىكلەپ قويىدۇ. دەل شۇ پەيتتە سائەت 12 دىن 37 مىنۇت ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرماقتا ئىدى. پارتلاتقۇچ يەنە 5 مىنوت ئۆتكەندە پارتلىشى كېرەك ئىدى. شتاۋفېنبېرگ، ئەتراپتىكىلەرنىڭ خېۋسىنگېرنىڭ سۆزلەۋاتقان مەغلوبىيەت ھېكايىسىنى بېرىلىپ ئاڭلاشقا كىرىشىپ قالغان پەيتتىن پايدىلىنىپ غىپلا قىلىپ يىغىندىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ چىقىشىغا ھېچكىم دىققەت قىلمايدۇ. ئۇ ئىتتىك قەدەملەر بىلەن زالدىن ئۆتۈپ دەرھال بىنادىن چىقىۋالىدۇ.

خېۋسنگېرمۇ ھىتلېرغا قارشى بىرى بولسىمۇ، قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر سېپىدىن بولمىغاچقا، بۇ قېتىمقى پارتلىتىش پىلانىدىن قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى. ئۇ، شتاۋفېنبېرگنىڭ كىرگىنىنى كۆرگەن بولسىمۇ، دەرھال بىر چىقىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلىمايدۇ. چۈنكى، سۇيىقەستچىلەر ئۇنىڭغا كېلەر قېتىم سۇيىقەست قىلىش ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ئالدىن خەۋەر بىلدۈرۈشكە ۋەدە قىلىشقان ئىدى. ئەمما شتاۋفېنبېرگ خۇرۇم سومكىسىنى ئۈستەل ئاستىغا قويىۋاتقىنىدا ئۇنىڭ ئەقلىدىن "چوقۇم بىر ۋەقە يۈز بېرىدۇ!" دېگەن خىيال كېچىدۇ. ھىتلېر پۈتۈن دىققىتى بىلەن سۆزىگە دىققەت قىلىپ ئولتۇرغاچقا، خېۋسنگېر بۇنىڭدىن ئاز-تولا ھاياجانلانغان بولغاچقا، بايىقى ئەنسىزلىكى كاللىسىدىن دەرھال يوقۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئادىيۇتانتى ئىگىلگىنىچە خەرىتىگە تىكىلىپ قالىدۇ. ئەمما بايىقى سومكا ئۇنىڭ پۇتىغا تاقىشىپ ئىچىنى پۇشۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ ۋوتى بىلەن يەردىكى سومكىنى نېرىراق ئىتتىرمەكچى بولسىمۇ، سومكا قىمىر قىلماي جايىدا تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىگىلىپ سومكىنى ئېلىپ ئۈستەل ئايىقىنىڭ سىرتىغا تىكلەپ قويىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئەرزىمەس ھەرىكىتى، تارىخنىڭ ئېقىمىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

ئادمىرال پولكوۋنىك ۋون پۇتكامېر، ھاۋا ئۆتىشىپ تۇرىدىغان بولغاچقا پەنجىرە ئالدىغا كېلىپ ھاۋا ئالغاچ ئويلىنىپ قالىدۇ. ئۇ، دېرىزە قىرىغا ئولتۇرغىنىچە، مۇسسولىنى بۈگۈن چۈشتىن كېيىن زىيارەتكە كېلىدىكەن. ئەجەبا چاندۇرماي يىغىندىن ئايرىلىپ بىرىپ ئەڭ ياخشى شىمىنى يۆتكەپ چىقساممۇ قانداق، دەپ بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرۇپ كېتىدۇ. بۇ ۋاقىت، سائەت 12 دىن 41 مىنۇت ئۆتكەن بىر ۋاقىت ئىدى. فۈھرېر نېرىدىن ئېگىلىپ خەرىتىگە قاراپ خەرىتە ئىچىگە كىرىپلا كەتكەندەك قىلاتتى. خېۋسىنگېرمۇ "ئەگەر بىز توپكورپۇسىمىزنى پېيپۇس كۆلىدىن چېكىندۇرۇپ چىقمايدىغانلا بولىدىكەنمىز، ئاخىرى چوقۇم تارمار كەلتۈرۈلىمىز، ..." دەپ سۆزلەۋاتاتتى.

سائەت 12 دىن 42 مىنۇت ئۆتكەندە، قۇلاقنى يارغىدەك كۈچلۈك پارتلاش ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپ ئۇنىڭ گېپى كۆمۈلۈپلا قالىدۇ. شىددەتلىك ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، دېرىزە ئەينەكلىرىنى كۇكۇم قىلىپ، ياغاچ-تاش ۋە سېمونت پارچىلىرىنى ئەتراپقا مۆلدۈردەك سورىۋېتىدۇ. ئۆي ئىچى قويۇق ئىس-تۈتەك بىلەن قاپلىنىدۇ. پارتلاش مامىنتىدا پۇتكامېرمۇ موسكوللىرىنى غەلىتە بىر شەكىلدە سىلكىنگەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولىدۇ. ئۇ يىقىلىپ چۈشۈۋېتىپ دېرىزى تۈۋىدىكى رادىياتىر قاناتلىرىنى كۆرۈۋىدۇدە، كاللىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە: "تەڭرىم، رادىياتىر پارتلاپ كەتتى!" دېگەن خىيال كېچىدۇ. ئەمما دەرھاللا بۇ ئويىدىن ۋاز كېچىدۇ: ياق، ھازىر ياز ۋاقتى، بەلكىم قۇرۇلۇش قىلىۋاتقان چەتئەللىك ئىلەمچىلەرنىڭ قىلغان ئىشى بۇ! دەپ ئويلايدۇ. ئۇنىڭ بېشى قېيىپ، كۆزلىرى

قاراڭغۇلىشىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا بەلكىم پولغا چاپلىشىپ يېتىۋالغىنىم تۈزۈك دەپ ئويلايدۇ. شۇ چاغدا كىمدۇ بىرسىنىڭ "ئوت كەتتى، ئوت!" دەپ قاتتىق ۋارقىرىشىنى ئاڭلاپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە ئۆزىنى ئاتىدۇ. ئىشىك قاناتلىرى يەردە ياتاتتى. شۇڭا ئۇ ئۇدۇللا تاشقىرىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ كاللىسىدا باشقىلار نەدە؟ دېگەن خىيال كېلىدۇ. ئۇ دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ فۇھرېرنى ئاختۇرۇشقا كىرىشىدۇ. دەل شۇ پەيتتە ھىتلېر بىلەن كېيتېل ئىككىسى ئىشىككە قاراپ كېلىدۇ. فۇھرېرنىڭ يۈز-كۆزى ئىس-تۈتەكتە قارىيىپ كەتكەن بولۇپ، بۇرۇلكىسىمۇ پارتلاشتا تىتىلىپ ساق يېرى قالمىغان ئىدى. ئۇلار ئىككىسىلا ئۇستى-بېشى توپا-چاڭغا مىلەنگەن ئىدى. ئۇ ئىككىسى خۇددى جۆيلۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنلەردەك دەلدەڭشىگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ چاغدىلا پۇتكامېر بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى نەپەسلىنىشنى بۇغۇپ قويىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۆيىدىكى ھاۋا ئاچچىق پۇراپ بۇرۇننى ئېچىشتۇرۇۋەتكەچكە، ئۇمۇ ھەتلېر بىلەن كېيتېلنىڭ كەينىدىن ئۇزۇن كەتكەن كورىدور ئىچىدىن تالاغا قاراپ ماڭىدۇ. ئۇ تالاغا چىقىشى بىلەن تەڭ، ئۇنىڭ بىر پۇتى ئېگىلىپ تۇرالماي گۇپپىلا قىلىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ. ئۇ ساپ ھاۋانى ئاچ-كۆزلۈك بىلەن ئىچىگە تارتىپ نەپەسلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ھىتلېر بىلەن كېيتېل ئىككىسىنىڭ ئالى قۇماندانلىق شتابى جايلاشقان ئىستېھكام تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ۋە كەينىدىن كىمدۇ بىرسىنىڭ ئۇلارغا ئەگىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ.

ئېس-ئېس ئادىيۇتانتى گۈنشىنىڭ قۇلاق پەردىسى يىرتىلىپ كەتكەچكە پارتلاش ئاۋازىنىمۇ تۇيماي قالىدۇ. ئۇنىڭ پېشانىسىدىن قانلار ئېقىپ تۇرغان، قاشلىرىمۇ كۆيۈپ كەتكەن ئىدى. ئۆي ئىچى ئىس-تۈتەككە لىق تولغان بولۇپ، ھېچ نېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى؛ پولمۇ تىتىلىپ 3 فۇدتەك كۆتۈرۈلۈپ قالغان ئىدى. "فۇھرېر نەدە قالدى؟" دەپ ئويلايدۇ. ھەربىيلەردە بولىدىغان ئىستىخىيلىك ھەرىكەت بىلەن دەرھال تىتىلىپ كەتكەن بىر دېرىزىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ دەرھال گازارما تەرەپكە قاراپ يۈگرەيدۇ. ئۇ يەرگە يېتىپ بارغىنىدا كېيتېل بىلەن ھىتلېر ئىككىسىنىڭ گازارما ئىستېھكامىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. فۇھرېرنىڭ بۇرۇلكىسى تىتىلىپ ساق يېرى قالمىغانلىقىنى، چېچىمۇ چۇۋۇلۇپ كەتكەنلىكىنى، شۇنىڭغا قارىماي ئۇچىسىدا بىرەر قان ئىزىنىڭمۇ يوقلۇقىنى كۆرىدۇ. گۈنش ئۇنى يېتىلگىنىچە تار يولدىن كىتىۋاتقىنىدا ھىتلېر ئۇنىڭدىن "نېمە ۋەقە بۇ؟ رۇسلارنىڭ ئايروپىلانى بومبا تاشلىغانمۇ قانداق؟" دەپ سورايدۇ.

شتاۋفېنبېرگ يىغىن زالىدىن ئايرىپ يۈگۈرگىنىچە ئالى قۇماندانلىق شتابىنىڭ

خەۋەرلىشىش ئورنى جايلاشقان 88-نومۇرلۇق يەر ئاستى ئىستىھكامىغا كىرىدۇ. ئۇ گېنېرال فىلگىيبىل بىلەن بىرلىكتە سىرتقا چىقىپ بومبىنىڭ پارتلىشىنى كۈتىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ئىككىسى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئادەتتىكىچە پاراڭلىشىۋاتقاندەك كۆرۈنۈش بېرىشكە تىرىشاتتى. قوماندانلىق شتابىنىڭ بىر نەپەر ئالاقىچى ئوفىتسېرى كېلىپ، شتاۋفېنبېرگنىڭ ماشىنىسى تەييار ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئاندىن قوماندان ئۇنى بىرلىكتە چۈشلۈك تاماق يېيىش ئۈچۈن كۈتىدىغانلىقىنىمۇ ئەسكەرتىدۇ. شتاۋفېنبېرگ ئۇنىڭغا، خەۋىرىم بار، ئەمما مەن ئاۋال يىغىنغا قايتىپ كىرىشىم كېرەك دەپ تۇرغىنىدا، قاتتىق پارتلاش ئاۋازى كېلىدۇ.

”بۇ نېمە ۋەقە؟!“ دەپ ۋارقىرىۋېتىدۇ فىلگىيبىل. ئالاقىچى ئوفىتسېر قىلچە ھەيرانلىق ھېس قىلمىغان ھالدا، بەلكىم بىرەر ھايۋان يەنە شۇ كۆمۈلگەن مىنالاردىن بىرىنى دەسسىۋالغان بولىشى كېرەك دەپ خاتىرجەم جاۋاب بېرىدۇ. شتاۋفېنبېرگ بولسا بايىقى دېگىنىدىن يېنىۋېلىپ، بولدىلا، مەنمۇ يىغىنغا كىرمەي ئۇدۇل قوماندانىمىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ چۈشلۈك تاماق يەي، دېگىنىچە، فىلگىيبىل بىلەن چاندۇرماي كۆزلىرى ئارقىلىق خەيرلىشىدۇ. ئاندىن ئادىيۇتانت بىلەن بىرلىكتە ماشىنىغا ئولتۇرۇپ كېتىپ قالىدۇ. ئۇزۇنغا قالماي بىرىنچى توساققا يېتىپ كېلىپ شوپۇر ماشىنىنى تەكشۈرۈش نوقتىسىدا توختىتىدۇ (شوپۇر، شتاۋفېنبېرگنىڭ شەپكىسىز، بېلىدە كەمىرىنىڭمۇ يوقلىقىدىن ھېچنېمىنى ئاڭىرالماي ھەيران بولماقتا ئىدى). مۇھاپىزەتچى ئەسكەر پارتلاش ئاۋازىنى تۇيۇپلا دەرۋازىنى ئېتىۋالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ دەرۋازىنى ئېچىشقا ئۇنىماي تۇرىۋالىدۇ. شتاۋفېنبېرگ گەپمۇ قىلماي دەرھال ماشىنىدىن چۈشۈپ كۈزەتچى بوتكىسىغا كىرىپ بۇرۇندىن تونۇشىدىغان نۆۋەتچى لېتنانتقا تېلېفون قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. ئاندىن تېلېفون نومۇرىنى چۆرگىگەندىن كېيىن تۆۋەن ئاۋازدا بىر نېمىلەر دەپ بولۇپلا تروپكىنى قويۇپ خاتىرجەم بىر شەكىلدە ”لېيتىنانت، مېنىڭ چىقىشىمغا رۇخسەت قىلىندى“ دەيدۇ. پوستتىكى ئەسكەرمۇ ئارتۇق بىر نېمە دېمەيلا توساقنى ئېچىپ ئۇلارغا يول بېرىدۇ. چۈشتىن كېيىن سائەت 12 دىن 44 مىنۇت ئۆتكەندە، شتاۋفېنبېرگ ھەمرايى بىلەن بىرلىكتە بۇ توساقتىن ئۆتىۋالىدۇ.

ئارىدىن 90 سېكۇنت ئۆتمەيلا، ئىچكىرىسىدىن جىددى سىگنال چېلىنىشقا باشلايدۇ. بۇ سىگنالدىن كېيىن شتاۋفېنبېرگ يەنە بىر توساقتىن گېپىگە تايىنىپ ھەرگىزمۇ ئۆتەلمەيدۇ. ھەر قانچە دېسىمۇ مۇھاپىزەتچىلەر باتالىيونىنىڭ بىرىنچى سېرژانتنى ئىشىكتىن بىرمۇ ماشىنىنى چىقارتمايدىغانلىقىدا قەتئى چىڭ تۇرىدۇ. ئامال يوق، شتاۋفېنبېرگ يەنە بىر قېتىم تېلېفون بېرىدۇ. بۇ قېتىم، ئۇنىڭ بىلەن قوماندانىنىڭ

ئادىيۇتانتى سۆزلەشكەن ئىدى. "مەن پولكوۋنىك كونت شتاۋفېنبېرگ بولىمەن. ـ دەيدۇ تروۋپكىغا قارىتىپ، ـ مەن جەنۇبى تەكشۈرۈش نوقتىسىدىن تېلېفون قىلىۋاتىمەن. ئەتىگەن ئىككىمىز بىرلىكتە ناشتا قىلغان ئىدۇق، مېنى ئەسلىيەلىدىڭىزمۇ كاپىتان؟ پارتلاش ئاۋازىنى ئاڭلاپ مۇھاپىزەتچىلەر مېنى سىرتقا چىقارتقىلى قويمايۋاتىدۇ. بەكلا مۇھىم ئىشىم باردى-دەڭ. ـ دەيدۇ. ئاندىن ئۇ يەنە بىر يالغاننى توقۇيدۇ. ـ گېنېرال فىروم ئايرودرومدا مېنى كۈتمەكتە." ئاندىن ئۇ ئالدىراش تروپكىنى جايىغا قويىدۇ. "چىقىشىمغا قوشۇلدى، ئاڭلىغانسەن بىرىنچى سېرژانت؟" دەيدۇ. ئەمما بۇ سېرژانت بۇنىڭدىن قورقۇپ قالدىغاندەك ئەمەس، دەرھال بىرىپ ئۇمۇ تېلېفون قىلىپ راست-يالغانلىقىنى ئېنىقلاپ ئاندىن ئىشىكنى ئېچىپ بېرىدۇ. خۇداغا شۈكرى، دېگىنىچە شتاۋفېنبېرگ چوڭقۇر بىرنى تىنىۋالىدۇ.

شتاۋفېنبېرگ بىلەن ئادىيۇتانتى ئىككىسى ماشىنىلىق "ھېينكېل III" تىپلىق ئايروپىلاننىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگىنىدە ۋاقىتمۇ چۈشتىن كېيىن سائەت بىر يېرىم بولىدۇ. ئۇلار ئۇزۇنغا قالماي ھاۋاغا كۆتۈرلىدۇ. ئەندى ئۇلارنىڭ ئالدىدا 3 سائەتلىك ئۇچۇش مۇساپىسى بار ئىدى. ئايروپىلاندىكى رادىئونىڭ بېرلىن رادىئوسىنى تارتىدىغان دولقۇنى بولمىغاچقا، شتاۋفېنبېرگ بۇ ۋاقىت ئىچىدە غەمدىن يېيىشتىن باشقا قىلغىدەك ئىشىمۇ يوقتى: فېلگىيېبېل، بېندلېر كوچىسىدىكى سۈيقەستچىلەرگە خەۋەر قىلالىغانمىدۇ؟ ئەگەر خەۋەر يەتكۈزۈلگەن بولسا، ئۇ يەردىكىلەر پايتەختنى تارتىپ ئېلىشقا جاسارەت قىلالىغانمىدۇ، ئالدىن تەييارلانغان تېلېگراممىا تېكىستىنى ئىككى سەپتىكى ھەر قايسى قوماندانلىق شتابلىرىغا يوللىيالىغانمىدۇ؟

ئەگەر ئۇستەل تېگىدىكى خۇرۇم سومكا ئۇستەل پۇتىنىڭ كەينى تەرىپىگە يۆتكىۋېتىلمىگەن بولسا، بۇ چاققىچە ھىتلېرنىڭ ئامان قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. خۇددى شۇنىڭدەك، فۈھرېرنىڭ تەلىيىگە ئۇنىڭ كەينىدىكى ئىشىكمۇ تار ھەم ئۇزۇن كارىدورغا ئېچىلغان بولۇپ، پارتلاش پەيدا قىلغان زەربە دولقۇنى ئۇ كارىدوردىن چىقىپ زەربىنى بەكلا ئاجىزلاشتۇرىۋەتكەن ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ تەلەيلىك ئىدى، ھەقىقەتەنمۇ ئىشەنگىسى كەلمىگىدەك بۇ تەلەي ئادولف ھىتلېرنى يەنە بىر قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ.

پارتلاشتىن كېيىن نەچچە مىنۇت ئۆتمەيلا سەھىيە خادىملىرى بىلەن قۇتقۇزۇش خادىملىرى ئىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. ئېغىر يارىلانغانلار دەرھال قۇتقۇزۇش ماشىنىسىغا ياتقۇزۇلۇپ راستېنبۇرگ قۇرۇقلۇق ئارمىيە گوسپىتالىغا يولغا سېلىنىدۇ. بىرىنچى بولۇپ فۈھرېرنى داۋالىغان كىشى ئۇنىڭ شەخسى دوختۇرى خانسكارل ۋون ھاسسېلباخ دوختۇر

ئىدى. ئۇ ھىتلېرنىڭ ياربلىرىنى تېڭىپ لېنتا بىلەن ئۇلاق قولنى بويىنغا ئېسىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ مۆرىسى قاتتىق زەدىلەنگەن ئىدى. "ئەندى بىلدىم بۇ مەخلۇقلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى! – دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ ھىتلېر خاپا بولۇشنىڭ ئورنىغا خوشال بولغان ھالدا، _ مانا ئەندى قانداق قىلىدىغانلىقىمنى كۆرسىتىپ قويىمەن!"

دوختۇر موللېرمۇ يېتىپ كېلىپ ھىتلېرنىڭ يۈرىكىنى تەكشۈرۈپ، بىر تال ئوكۇل قىلىدۇ. ئاغرىق قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەن بولۇپ، تىنماي بىر گەپنى تەكرارلايتتى: "ئويلاپ بېقىڭلارچۇ، ماڭا ھېچ نېمە بولمىدى، نېمە ئۈچۈنلىكى ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟" ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشى نورمال بولۇپ، دوختۇر موللېر بۇنىڭدىن بەكلا ھەيران ئىدى. ئۈچلا كاتىپى يۈگۈرۈشكىنىچە ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ، ھىتلېرنىڭ ساق ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرىشىدۇ. ئۇنىڭ چاچلىرى خۇددى توڭگۈز يايلىسىغا ئوخشاش تىك تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن تراۋدل جيۇڭ كۈلۈۋېتىشكە تاسلا قالىدۇ. ھىتلېر ئۇلارغا سول قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ سالام قىلىدۇ. "خانىملار، كۆرىۋاتىسىلەر، _ دەيدۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە، _ قاراڭلار، مەن يەنە بىر قېتىم ساق قۇتۇلالىدىم. دېمەككى، تەغدىر مېنىڭ ئىشلىرىمنى پۈتتۈرۈشۈمنى ئويلىغان. بولمىسا ئاللىمۇقاچان ئۆلگەن بولاتتىم.ئۇ قۇمدەك گەپ قىلاتتى، بۇ قېتىمقى سۈيىقەستنى قايسى بىر "قورقۇنچاق" قىلغانلىقىنى، چوقۇم شۇ ھېلىقى قۇرۇلۇش ئىشچىسى قىلغان ئىش ئىكەنلىكىنى دەپ كېلىپ، "باشقا بىرسىنىڭ بۇنداق بىر ئىشنى قىلىدىغانلىقىغا ھەرگىز ئىشەنمەيمەن" دەيدۇ ئاۋازىنى تېخىمۇ كۆتىرىپ، ئاندىن بورمانغا بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭدىن راس شۇنداقلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بورمانمۇ خۇددى ئادەتتىكىلىدەك ماقۇل دەپ باش لىڭشىتىدۇ.

كەينىدىنلا ئۇنى تەبرىكلەپ ھىملېر پەيدا بولىدۇ. ئۇمۇ ھىتلېرغا ئوخشاش، دىگىنىڭىز توغرا، ئۇ قۇرۇلۇش ئىشچىسى پارتلاتقۇچنى تام ئىچىگە جايلاشتۇرىۋەتكەن گەپ، دەيدۇ. بۇ ئىشنىڭ يىپ ئۇچىنى تېپىپ چىققان كىشى يەنىلا بىر كەسىپ ئەھلى بولمىغان بىرى بولۇپ چىقىدۇ. لىنگ ئىسىملىك بىر خىزمەتچى يىغىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان گازارمىغا بىرىپ تېلېفونلارنى باشقۇرىدىغان بۆلۈمدىكى بىر سېرژانتتىن بىلىشىچە شتاۋفېنبېرگ ئۇ يەردە بىرلىندىن كېلىدىغان جىددى تېلېپون ساقلىغان ئىكەن. كېيىن، كىمدۇ بىرسى پولكوۋنىك شتاۋفېنبېرگنىڭ بىر خۇرۇم سومكىنى ئۈستەل ئاستىغا قويۇپ قويغانلىقىنى ئېسىگە ئالىدۇ. ئۇلار شۇ ھامات ئايرودرومغا تېلېفون قىلىپ، شتاۋفېنبېرگنىڭ چۈشتىن كېيىن سائەت بىردىن ئۆتكەن ۋاقىتلاردا ئالدىرىغىنىچە بېرلىنغا قاراپ ئۇچقانلىقىنى ئىسپاتلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر، بۇ ئىشنىڭ باش جىنايەتچىسىنىڭ شتاۋفېنبېرگ ئىكەنلىكىدىن قەتئىي گۇمان قىلمايدۇ. ئۇ دەرھال شتاۋفېنبېرگنى قولغا

ئېلىش بۇيرۇقنى بېرىدۇ.

بىر قاتار ئاجايىپ تەساددىپىلىقلار سەۋەبىدىن بۇ بۇيرۇق بېرلىنگە يەتكۈزۈلمەي قالىدۇ. پارتلاش يۈز بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ھىتلېرنىڭ بىر ئادىيۇتانتى باش قۇماندانلىق شتابى ئالاقىلىشى ئوفىتسېرى بولغان پولكوۋنىك ساندېر تېلېفون، تېلېگرافلارنى ئۈزۈپ تاشلاش بۇيرۇقنى بەرگەن. ۋەزىيەتنى تاماملىغاندىن كېيىن بۇ ئىشنى خەۋەرلىشىش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى فېلگىبېلگە دوكلات قىلغان. بىر سۈيىقەستچى سۈپىتىدە ئالىي قۇماندانلىقنى يىتىم قالدۇرۇش ۋەزىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان فېلگىبېل بۇنداق بىر تەدبىر پۈتۈنلەي توغرا تەدبىر ئىدى، دەپ تەنتەنە بىلەن جاكارلايدۇ. ئەمما بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن ھىتلېرنىڭ ساق قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ دەرھال ئۆز ئىشخانىسىغا تېلېفون قىلىپ، "بەكلا قورقۇنۇشلۇق بىر ۋەقە يۈز بەردى" دەپ مەلۇمات بېرىدۇ ئۆزىنىڭ شتاپ باشلىقىغا. "فۇھرېر ئۆلمەپتۇ، پۈتۈن ئالاقە يوللىرىنىڭ ئېتىۋەت!" بۇ شتاپ باشلىقىمۇ بىر يۇشۇرۇن سۈيىقەستچى بولغاچقا، گېنېرالنىڭ كىشىنى ئۈركىتىدىغان بۇ خەۋىرىنىڭ نېمە مەنىگە ئىگەنلىكىنى ياخشى چۈشىنەتتى. ئارىدىن بىر قانچە مىنۇت ئۆتمەي، ئالىي قۇماندانلىق بىلەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە قۇماندانلىق شتابىنىڭ ئاساسلىق سىملىرىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلايدۇ.800 ئالاقىلىشىش يوللىرىنىڭ ئۈزۈپىتلىشى بېرلىندىكى يۇشۇرۇن سۈيىقەستچىلەر ئۈچۈن پايتەختنى تارتىپ ئېلىشى ئۈچۈن ۋاقىت يارتىپ بەرگەن ئىدى. ئەمما، بېرلىندا بولسا بىندىلىر كوچىسى پۈتۈنلەي قالايماقانلىق ئىچىگە پېتىپ قالغان بولۇپ، ھىتلېرنىڭ ئۆلۈپ-ئۆلمىگەنلىكىنى بىلمىگەچكە سۈيىقەست باشلىتىدىغان كىشلەر ۋالكىر ئوپېراتسىيىسىنى باشلىتىشقا ئۇنىماي ھەرىكەت قىلماي جىم بولۇۋالىدۇ. "بۆرە ئىنى" دىن كەلگەن خەۋەرلەرمۇ بەكلا مۇجمەل بولۇپ، ھېچ نېمىنى ئۇققىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۇ يەردىكىلەر يەنە بىر قېتىم تەۋەككۈل قىلىپ 15-ئىيۇلدىكىگە ئوخشاش قۇرۇق ۋەھىمە پەيدا قىلىش بولۇپ قالمىسۇن دەپ ھەرىكەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.

شۇڭا، باش قۇماندانلىق شتابى بىناسىدا، ھەممەيلەن شتاۋفېنبېرگنىڭ بالدۇرىراق قايتىپ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. بۇ ۋاقىتتا شتاۋفېنبېرك ئولتۇرغان ئايروپلان تېخىچىلا يېرىم سائەتلىك يىراقتا ئۇچماقتا ئىدى. سۈيىقەست بېشىدىكى داڭقى بار ئەمما ئەمەلى ھوقۇقى يوق ئىككى نەپەر رەھبەر، يەنى گېنېرال بېك بىلەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى ۋون ۋىتزلېبېن، ئەسلىدە ئالدىن تەييارلىق قىلىش ھەققىدە ئۇختۇرۇش تارقىتىش، بۇيرۇق چۈشۈرۈش بىلەن شوغۇللىنىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بۇ ئىشنى رادىئودىن ئېلان قىلىپ، ھىتلېرنىڭ زوراۋانلىق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېلان

قىلىپ تۇرىشى پۈتۈنلەي مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا بۇ ۋاقىتتا بىنەدلىر كوچىسىدىكى ئۆرنىغا بارمايدۇ.

بۈنىڭغا بەلكىم ھاۋارايى سەۋەب بولغان بولىشىمۇ ئېھتىمال. ھەقىقەتەنمۇ ھاۋا بەكلا تۇتۇق، بەكلا بورۇختۇرما بىر ھاۋا بار ئىدى. بىر سۈيىقەستچى قاتتىق غەم يېگەن ھالدا، بۈگۈنكى بۇ ھاۋا ئىنقىلاپ قوزغاشقا بەك ئۇيغۇن بىر ھاۋا بولمىدى دېگەن بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىملار فرانسىيەلىكلەرمۇ ئىيۇلدا كىشىنى بۈگۈنكىدەك دىمىنى سىقىدىغان بىر كۈندە باستىل تۈرمىسىگە ھۇجۇم باشلىيالىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار فىلگىيىپلىنىڭ "بوۋە ئىنى" دېن تېخىمۇ ئېنىق مەلۇمات يوللىشىنى كۈتۈپ ھەرىكەت قىلماي جىم ئولتۇرۇشىدۇ. ئەمما ئۇ يەردىن ھېچ بىر خەۋەر كەلمەيدۇ. نەتىجىدە قىممەتلىك ۋاقىت بىھۇدە زايا بولۇپ كېتىدۇ.

چۈشلۈك تاماقتىن ئىلگىرى، ھىتلېر ئارام ئېلىۋېلىش دېگەنگە ئۇنىماي، ئۆزى يالغۇز سىرتقا چىقىپ ئايلانغاچ بۇ ئىشتىن گۇمانلانغان قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى بىلەن پاراڭ قىلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئىس-ئىس ئادىيۇتانتى ئۇنىڭ كەينىدىن يىراقتىن كۈزۈتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ھەمدە بۇ ئىشتا ئۇ ئىشچىلارنىڭ قىلچە مۇناسىۋىتى يوقلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈنلا ئۇلار بىلەن پاراڭ قىلىپ ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلايدۇ. چۈشلۈك تاماقتا، شرۆدىر خانىم ئۇنىڭ چىرايى بەكلا ياشىرىپ كەتكەنلىكىنى، بۇ تاماقخانىدىكى ئاددى يالىڭاچ لامپۇچكىنىڭ يورۇقىدىمۇ ئۇنىڭ يەنىلە خاتىرجەم چىرايىنى كۆرىدۇ. باشقىلار نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىماي تۇرۇپلا ئۇ بولغان ئىشلارنى بىر قۇر تەسۋىرلەپ چىقىدۇ. "مېنىڭ شۇنچە تەلەيلىك بولىشىمغا راستىنلا ئىشەنگىم كەلمەيدۇ. – دەيدۇ ھىتلېر يىغىن زالىدىكى ئۈستەل ئايىقىنىڭ ئۇنىڭ جېنىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ، _ قاراڭلار بۇ بۇرۇلكامغا، _ ئۇ پارتلاشتا تىتما-تىتما بولۇپ كەتكەن شىمىنى ئېلىپ كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بۇ پارتلاش ياغاچ ئۆيدە ئەمەس بەلكى بەرئاستى يوشۇرۇنۇش ئىستىھكامى ئىچىدە يۈز بەرگەن بولسىدى، يىغىندىكى پۈتۈن ئادەملەرنىڭ پارتلاپ ئۆلۈپ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. – قىزىق، ئۇزۇندىن بېرى پەۋقۇلئاددە بىر ۋەقە يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇراتتى."

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ھىتلېر ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ "بوۋە ئىنى" يېقىنىدىكى كىچىك پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ پالۋىدا مېھمان كۈتۈۋېلىشقا تۇرىدۇ. ئاسمان بۇلۇتلۇق، ئارىلاپ يامغۇرمۇ تامچىلاپ تۇرغىنىغا قارىماي چۈشتىنكىيىنكى ئىسسىق ھاۋانى قوغلاشقا يەتمىگەن ئىدى. ئۇ شەپكىسىنى تېخىمۇ چۆكۈرۈپ كەيگىنىچە يۈزىنى توساشقا تىرىشاتتى، ئۇ ئۇچىسىغا قارا رەڭلىك خالاتنى يېپىنچاقلىۋالغان ھالدا كۈتىۋېلىش سۇپىسىدا ئالدى-

كەينىگە ماڭغىنىچە مۇسسولىنىنىڭ پويىزى بىكەتكە كىرگىچە كۈتىدۇ. ئۇنىڭ مېھمىنىمۇ قايتىدىن بىر ئەرۋاھقا ئايلانغان بولۇپ، قايتىدىن بىر فاشىست ھاكىمىيىتى قۇرۇپ چىققان ئىدى. ئەمما بۇ جەرياندا ھىتلېرنىڭ كۆشكۆرتىشى بىلەن بەكلا كۆپ ۋەتەن خائىنىنى ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم قىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەتتا ئۆزىنىڭ كۈيئوغلى سىيانومۇ بار ئىدى. فۇھرېرنىڭ خىيالى يەنىلا شۇ بۇگۈن يۈز بەرگەن ۋەقەنى ئويلاش بىلەنلا مەشغۇل ئىدى. "باش مىنىستىر، _ دەيدۇ سول قولىنى ئۇزارتىپ ھاياجانلانغان ھالدا، _ بىر نەچچە سائەت ئاۋال مەن ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ تەلەيگە ئېرىشكەن بولدۇم!" ئۇ مېھمانلىرىنى ۋەقە يۈز بەرگەن نەق مەيدانىنى بىر كۆرۈپ قويۇۋېلار دەپ چىڭ تۇرىۋالىدۇ. 3 مىنوتلۇق يول ئۈستىدە ھىتلېر ئىشنىڭ ئالدى-كەينىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ "ئاۋازى بەكلا نورمال بولۇپ، خۇددى بۇ ئىش ئۇنىڭغا قىلچە مۇناسىۋەتى يوقتەك سۆزلەيتتى."

ئۇ ئىككىسى ئۇن-تىنسىز ھالدا پارتلاشتىن قالغان خارابە يىغىن زالىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ چىقىدۇ. مۇسسولىنى بىر ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇرىدۇ. ھىتلېر بولسا بىر يەشىكتىلا ئولتۇرىدۇ. ھىتلېر خۇددى بىر رىم خارابىلىرىنى تونۇشتۇرغۇچى ساياھەت يېتەكچىسىدەك پارتلاش ۋاقتىدىكى ئەھۋالنى ئۇنىڭغا بىرنىمۇ قويماي تولۇق سۆزلەپ بېرىدۇ. مۇسسولىنى ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق ھەيران بولۇپ، كۆزىنى مۆلدۈرلەتكىنىچە ئولتۇرۇپ ئاڭلايدۇ. ئاندىن ھىتلېر ئۇنىڭغا پارتلاشتا تىتىلىپ كەتكەن ئىشتىنىنى كۆرسىتىپ، بەكلا ئېچىنغان ھالدا يىغى كەيگەن تامبىلىنىڭمۇ يىرتىلىپ كەتكەنلىكىدىن بەكلا كۆڭلى يېرىم بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مۇسسولىنى بۇنى ئاڭلاپ ئاچچىق بىر كۈلۈمسىرەيدۇ. ئاندىن ھىتلېر ئۇنىڭغا پاتتىڭىنى كۆرسىتىدۇ – ئۇنىڭ دوققىسىدىكى چاچلىرى قۇيقىلىنىپ كەتكەن ئىدى.

مۇسسولىنى بۇنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ. ئالىي قوماندانلىق شتابىدا قانداقلارچە بۇ خىل ۋەقە يۈز بېرىشى مۇمكىن؟ ھىتلېر قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ. "قارا بۇ ھەربىي ئۇنىفورمىلىرىمغا، قارىغىنە شۇ كۆيگەن يەرلىرىمگە! – ئۇ يەنە بىر قانچە قېتىملىق سۇيىقەستلەردىن قانداق ساق چىققانلىقى ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ، _ بۇگۈن بۇ يەردە يۈز بەرگىنى بۇ تۆت سۇيىقەستلەرنىڭ ئەڭ يوقۇرى پەللىسى!" دەپ ۋارقىرايدۇ. ئەڭ ئاخىرقى قېتىمقى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قېلىشى شۈبھىسىزكى، بىر سىگنال، بۇ ئاگاھلاندۇرۇش ئۇنىڭ خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇلۇغ ئىشلىرى نۆۋەتتىكى بۇ قىيىن ئۆتكەلدىنمۇ ساق-سالامەت ئۆتۈپ كېتەلەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ قىزغىنلىقىدىن تەسىرلەنگەن مۇسسولىنىمۇ ھاياجان ئىچىگە تولىدۇ. "بىز بەكلا

ناچار ئەھۋالدا ياشىماقتىمىز. – دەيدۇ مۇسسولىن، ھەتتا چېكىدىن ئاشقان ئېغىر خەتەر ئىچىدە ياشاۋاتىمىز دېيىشكىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي بوگون بۇ يەردە يۈز بەرگەن ھادىسىلەر ماڭىمۇ يېپ-يېڭى بىر مەدەت بولدى دېيەلەيمەن.“

ئۇ ئىككىسى پارتلاشتا ۋەيران بولغان يىغىن زالىدىن ئايرىلىپ چىغىر يولدا كېتىۋېتىپ، چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ مۇزاكىرە قىلىششكە پۈتىشىدۇ. بۇ ئارىدا، ھىتلىر سىم توساقلارنىڭ يېنىغا كېلىپ نېرقى تەرەپتە تۇرغان ئىشچىلار بىلەن بىر دەپ-يېرىمدەم مۇڭدىشىدۇ. ھىتلىر ئۇلارغا، ھە دېگەندىلا سىلەردىن گۇمان قىلىشىم راستىنلا قىلچە ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى، تەكشۈرۈش خادىملىرىنىڭ ھەققى جىنايەتچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققانلىقىنى ئېيتىپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىدۇ. چايخانىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ مىجەزى بىردەمدىلا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئالاقە يوللىرى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەچكە ئۇ خاتىرجەمسىزلىنىپ جىم ئولتۇرالمايلا قالغان ئىدى. ئۇ مۇسسولىن بىلەن سۆبەتلىشىۋاتقىنىدا گېنېراللىرىنىڭ قىلغان تېلېفونىدىن سۆھبىتى پات-پاتلا ئۈزۈلىپ قالاتتى. گېنېراللار سىرتتا ئېقىپ يۈرگەن ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكى ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەرنىڭ راست-يالغانلىقىنى ئېنىقلىۋېلىش ئۈچۈن بىردەم-بىردەم تېلېفون قىلىپ ئاۋارە قىلاتتى. بۇنىڭدىن ھىتلېرنىڭ مىجەزى بىراقلا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇ قاتتىق سوكۇت ئىچىدە قالىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ تورلوك-توەمەن گۇمانلار ئىچىگە پېتىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ ئالدىغا تىكىلگىنىچە ئولتۇرۇپ رەڭلىك دورىلارنى ھە دەپ ئىچەتتى. ئۇ گيۆرىڭ، كېيتېل ۋە رىببېنتروپلارنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان تالاش-تارتىشلىرىغا قۇلاقمۇ سالمايتتى – ئۇ ئۇچەيلەن، سېنىڭ خاتالىقىڭ تۈپەيلىدىن گېرمانىيە بۈگۈنكى مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى دەپ بىر-بىرىنى ئەيىپلىشەتتى. ئوتتۇرلۇقتا بىرلىنىڭ شىمالىدىكى قوماندانلىق شتابىدىن تېخى يېڭىلا يېتىپ كەلگەن ئادمىرال پولكوۋنىك دۆنىتز قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئېسيان كۆتەردى دەپ ئەيىپلىشى بىلەن تەڭ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاشكارىلانمىغان كۈرەش قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقماقتا ئىدى. گيۆرىڭ، دۆنىتزنىڭ بۇ گېپىگە دەرھال قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىشى بىلەن تەڭ، دۆنىتز دەرھال نىشاننى بۇراپ قۇرساق كۆپكىنى تۆكۈپ ھاۋا ئارمىيىسىنى بەكلا رەھىمسىزلىك قىلغانلىقىنى ئەيىپلەپ چۈشىدۇ. بۇنىڭغا رىببېنتروپمۇ دەرھال گەپ قىستۇرۇپ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. گيۆرىڭ دەرھال قوماندانلىق تايىقىنى كۆتۈرۈپ گويا ئۇنى ئۇرماقچى بولىۋاتقاندەك قىلىق بىلەن، ”ئاغزىڭنى يۇم رىببېنتروپ! مۇنۇ شامپان ئەتكەسچىسىنىڭ دەۋاتقان گېپىنى قارا!“ دەپ ۋارقىرىۋىدى، رىببېنتروپمۇ ”مەن يەنىلا تاشقى ئىشلار مىنىستىرىمەن، _ دەپ ئۇنىڭغا ھۆمۈيدۇ، _ بىلىپ قويۇڭ، مېنىڭ ئىسمىم ۋون رىببېنتروپ!“

سىرتتا يامغۇر يېغىشقا باشلاپ، يامۇۇر تـامچىلىرى دېرىـزە ئەينىكىنـى تىنمـاي ئـۇرۇپ تاراخشىتاتتى. كىمدۇ بىرى رومنىڭ توپىلاڭ چىقارغانلىقى ھەققـىدە گەپ باشلىشـى بىـلەن، ھىتلېر گەپكا ئارىلىشىدۇ. ئۇ ئالـدىغا ئېگىلىلگەن ھالـدا ئۆزىنىـڭ ھەققەتەنمـۇ تەلەيلىـك بىرى ئىكەنلىكىنى قايتا-قايتا تەكىتلەيدۇ. ئۇ ئۇشتۇمتۇت قايناپ سەكرەپ تـۇرۇپ كېتىـدۇ. "ئۆز ئـادەملىرى ئىچـىدە يـۇرۇپ تۇرۇغلـۇق خـائىنلىق قىلغانلارنىـڭ جېنىغا ۋاي! ئۇلارنىـڭ ئۆلۈكىنىمۇ ساق قويماسلىق كېرەك!" ئۇ تەھـدىت سـالغان تـون بىـلەن قـۇلاقنى يارغـىدەك ۋارقىرايـدۇ. "ئۇلارنىـڭ ئـۇرۇقنى قويمـاي قۇرۇتىشـىمىز كېـرەك، شـۇنداق، قەتئىـي تـازىلاپ قۇرىتىۋېتىش كېرەك!" ئەمما ئۇ قانچە تېز ئاچچىقلانغـان بولسـا، شـۇنچە تېـز ئاچچىقـىدىن يانـاتتى. ئۇنىڭـدىكى قىسـاس ئـوتلىرى پەسـكويغا چۈشىشـى ھامـان، تۈيۈقسـىزلا جىمىـپ قالىدۇ. ئۇ كۆزلىرى نۇرسىزلانغىنىچە تاتىرىپ ئولتۇرۇپ قالىدۇ.

مۇسسولىن، ئىتالىيانلارخا خاس ئۆتكـۈر كـۆزىتىش ئالاھىـدىلىكى بـويىچە ئەنـدى بـۇ جىدەلنى تـوختىتىش نۆۋىتىنىـڭ ئـۆزىگە كەلگەنلىكىنـى ھېس قىلىـپ، قـولىنى ھىتلېرنىـڭ قـولى ئۈسـتىگە قـويغىنىچە كۈلۈمسـىرەپ ئۇنىڭغـا قارايـدۇ. ئۇنىـڭ بـۇ ھەرىكىتـى بىـلەن، فۇھرېرمۇ چوڭقۇر خىيال ئىچىدىن ئويغانغاندەك سەگەپ كېتىـدۇ. كىمـدۇ بىـرى تاشـقارقى ئىشىكنى ئېچىۋېتىـدۇ. ھىتلېـر دەرھـال بىرسـىنى بېرىـپ مۇسسـولىنىنىڭ پەلتوسـىنى ئېلىـپ كېلىشــىنى بۇيرۇيــدۇ. ئــۇ مېھمىنىغــا قــاراپ، ئــادەتتە چۈشــتىن كېــيىن شــاماللىق بولىــدىغانلىقنى، شــۇڭا ئــۇ قەدىرلىــك مېھمىــنىگە ســوغۇق تېگىــپ قېلىشــىنى ھەرگىــز خالىمايدىغانلىقنى ئېيتىدۇ. مۇسسولىنمۇ ئىتالىيانچە: "بۇنداق بىـر پەيتـتە، ئىتـالىيە بـاش مىنىسـتىرىگە ھەرگىــز ســوغۇق تەگمەيــدۇ!" دەپ تــۇرۇپ، يەنــىلا ھەربىــي پەلتوسىــنى كىيىۋالىدۇ.

چۈشتىن كېيىن سـائەت 3 تـىن 42 مىنـوت ئۆتكەنـدە، شتاۋفېنبېرگ بېـرلىن شـەھەر سىرتىدىكى بىر ئايرودرومغا قونىدۇ. ئەمما ئايرودرومـدا مەيلـى ئۇنىـڭ دۆشـمىنىدىن يـاكى دوستلىرىن بولسىمۇ بىرەرسى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقمىغانلىقىغا بەكلا ھەيـران بولىـدۇ. ۋنىـڭ ئادىيۇتانتى بىندلېر كوچىسىغا تېكېفون قىلىپ گېنېرال ئـولبرىيېچتنى تاپىـدۇ.ئۇنىڭغـا شـىفىر بىلەن سۆزلەپ سۇيىقەست مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقنى ئۇقتۇرىدۇ. ئەمما ئولبرىيېچتنىـڭ جاۋابى بەكلا مۇجمەل ئىدى. دېمەككى "ۋالكىر" ھەرىكىتـى تېخـى باشـلىنىلمىغان ئـىدى. شتاۋفېنبېرگ تروپكىنى ئۇنىڭ قولىدىن يۇلۇپ ئالغىنىچە مىنى كـۈتمەي دەرھـال ھەرىـكەت باشلات، دەيـدۇ. ئانـدىن ئـۇ دەرھـال ھـاۋا ئارمىيىسـىنىڭ ماشىنىسـىدىن بىرنـى چاقىرتىـپ بېرلىنغا قاراپ ئاتلىنىدۇ.

ئولبرىيېچــت، چۈشــتىن كېــيىن ســائەت 3 تــىن 50 مىنــوت ئۆتكەنــدىلا ھەرىــكەت

باشــلىتىش ئۆچــۆن قۇرۇقلــۇق ئــارمىيە بىــرلىن ھەربــي رايــون قوماندانى گېنېــرال كورتزفلېيشنى دەرھال ھەرقايسى مۇھاپىزەتچىلەر باتالىيونلىرىغا، سپانداۋ شەھەر قوغداش رايونىغا ۋە شۇنىڭدەك ئىككى قۇرۇقلۇق ئـارمىيە قـۇرال مەشـقى مەكتىـۋىگە ھەربـى ھـالەت بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشـى ئۆچـۆن تولـۇق تەييارلىقتـا بولـۇش بـويرىقى بېرىشـىنى بۇيرۇيـدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بۇ پىلانغا قاتناشتۇرۇلمىغان كورتفلېيشقىمۇ بۇيرۇق بويىچە ئىش قىلىشـىنى ئېيتىدۇ.

ھەربــكەت تەرەققىيــاتىنى تېــزلىتىش ئۆچــۆن گېنېــرال ئولبرىيېچــت يەنە بىــر مەخپــى ھەرىكەتچى بولغان بېرلىن شەھەر قوغداش قوماندانى گېنېرال ۋون ھاسقا ھەربـي ھـالەت بۇيرۇقى چىقىرىشنى ئۆزى بىۋاسىتە ئۇقتۇرىـدۇ. چۈشـتىن كېيىن سـائەت 4 تىـن 10 مىنـۇت ئۆتكەندە، ئۇنىڭ قىسىملىرى يولغا چىقىش تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ كۈتـۈپ تۇرىـدۇ. بېـرلىن شــەھەر ســىرتىدىكى قىســىملارمۇ تولـۇق تاييــار ھالغــا كەلتۈرۈلــدۇ. بىنــدلېر كوچىســىدا، مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر ھەربى ھالەتكە ئۆتىدۇ. ئولبرىيېچـت مۇھـاپىزەتچى باتالىئونىنـىڭ باتالىيون كومانـدىرىغا ئېغىـزچە مۇنـداق يوليـورۇق بېرىـدۇ: ئەگەر ئـېس-ئېسـچىلار زورلاپ كىرمەكچە بولىدىكەن، ئۇلارغا قـۇرال كـۈچى بىـلەن تاقابىـل تـۇرۇڭلار. بىـر قـانچە مىنۇتقـا قالماي، يولدىن ئۆتىۋاتقان ئاپتوموبىللارنىڭ ھەممىسى بۇيرۇق بويىچە توختىتىلىدۇ. بارلىق سىرتقا چىقىش ئېغىزلىرى ئىتتىۋېتىلىدۇ.

ئەســلىدە ئولبرىيېچتىنــىڭ ھــازىر قىلغــان ئىشــلىرى 3 ســائەت ئــاۋۋال پۈتتۈرۈشــكە تېگىشلىك ئىشلار ئىدى. ئۇ تۇيۇقسىز گېنېرال فرومنىڭ ئىشخانىسىغا بېسىپ كىرىـپ (فـروم بۇ سۈيىقەست ھەرىكىتىگە تولۇق ئارلىشىپ قالمىغان بولسىمۇ، پۈتـۈنلەي چەتتە قالغـانمۇ ئەمەس ئىدى)، ھىتلېرنىڭ ئۆلگەنلىكىنى دەپ كېلىپ، فرومنىڭ زاپاس قىسىملار قوماندانى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر قايسى ھەربىي رايون قوماندانلىرىغا "ۋالكىر ھەرىكىتى" ئۆچـۆن ھەربىي ھالەت بـۇيرۇقى چۈشۈرىشـىنى تەلەپ قىلىـدۇ. ئـۆزىنى كۆرستىشـنىلا ئويلايـدىغان يامان غەرەزلىك فروم، ئۆتكەن بىر قانچە ئايدىن بېرى كۆرسەتكىنىدىك كەسكىن بىـر نـېمە دېمەي تۇرىۋالىدۇ. ئـۇ ئـاۋۋال كېيتېلغـا تېلېفون قىلىـپ ھىتلېرنـىڭ راسـتىنلا ئـۆلگەنلىكىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن ئاندىن بىر قارار بېرىدىغانلىقىنى دەپ تۇرىۋالىدۇ.

"ھەممە ئىش خـۇددى بۇرۇنقىـدەك" دەپ جـاۋاب بېرىـدۇ كېيتېـل چايخانىـدا تـۇرۇپ تېلېفون ئارقىلىق. فروم ئۇنىڭغا يېگىـراقتـا بىـر دوكـلات تاپشـۇرۇپ ئالغـانلىقىنى، دوكلاتتـا فۈھرېرنـىڭ سۈيىقەسـت قىلىنىـپ ئۆلتـۈرۈلگەنلىكى يېزىلغـانلىقىنى ئېيتىـدۇ. بـۇ گەپلەرنـى ئاڭلاپ كېيتېل قاتتىق قايناپ كېتىدۇ: "پۈتۈنلەي قۇرۇق گەپ. _ دېدۇ كېيتېل. شۇنىڭدەك فۈھرېرنىڭ بۇرۇنقىدەك ساق-سالامەت تۇرىۋاتقانلىقىنى. پەقەت يېنىـك يارىلانغانلىقىنىلا

ئېيتىپ، _ ھە راست، سىزنىڭ شتاپ باشلىقىڭىز شتاۋفېنبېرگ ھازىر نەدە؟" دەپ سورايدۇ. فروم بەكلا ئالاقىزادە بولغان ھالدا جاۋاب بېرىپ، ئۇ پولكوۋنىك تېخى مېنىڭ ئالدىمغا كىرمىدى، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنداق ئارقىلىق، فروم بۇ سۇيىقەست ھەرىكىتىدىن ۋاز كېچىپ پۈتۈنلەي چەتكە چىققانلىقىنى كۆرسەتتى.

ئارىدىن بىر قانچە مىنۇت ئۆتمەي، كۆپ ساندىكى سۇيىقەستچىلەر ئولبرىيچتنىڭ چوڭ ئىشخانىسىغا يىغىلىپ، شتاۋفېنبېرگنى تاقەتسىزلىك ئىچىدە كۈتۈشكە باشلايدۇ. ئارىدىن بىرسى، شتاۋفېنبېرگنىڭ ماشىنىسى قوراغا كىرىپ كەلدى! دەپ ئېلان قىلىدۇ. بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن پولكوۋنىك روھلۇق بىر شەكىلدە ئىشخانىغا بۆسۈپ كىرىپ ھەممىگە قىزغىنلىق ۋە ئىشەنچ پەيدا قىلىدۇ. شتاۋفېنبېرگ ئۆزى كۆرگەنلىرىنى كۆپچىلىككە ئېيتىپ بېرىدۇ: قاتتىق گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئوت-يالقۇن ۋە ئىس-تۈتەك كۆتۈرۈلدى. "شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، _ دەيدۇ پولكوۋنىك، _ ھىتلېر مۇتلەق تۈردە ئۆلگەن بولىشى كېرەك." شۇڭا ئۇلارنىڭ دەرھال ھەرىكەتكە كېلىشى كېرەكلىكىنى، ئەندى بىر مىنۇتمۇ ۋاقىتنى زايا قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. گەرچە ھىتلېر ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ، پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بېكمۇ بۇ دېگىنىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

شتاۋفېنبېرگ، پارىژدىكى گېنېرال ۋون ستۈلپناگېلنىڭ قۇماندانلىق شتابىدا ئىشلەيدىغان ئىنىسىگە تېلېفون قىلىدۇ. ئۇ ئىنىسىگە پارتلاش ئىشىنى ئېيتىپ، "ھەرىكەت قىلىش يولى داغدام ئېچىلدى!" دەيدۇ. گېنېرال ستۈلپناگېل بۇ خوشخەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ. ئۇ، فرانسىيەدىكى يوقىرى دەرىجىلىك ئاخبارات مەسئۇلىغا ئۆزلىرىدىن باشقا فرانسىيە بىلەن گېرمانىيە ئوتتۇرسىدىكى بارلىق سىمسىز رادىئو ئالاقىسى بىلەن تېلېفون ئالاقىلىرىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلاشقا بۇيرۇق قىلىدۇ.

بېندلېر كوچىسىدا، شتاۋفېنبېرگ گېنېرال فرومنى ئۆز تەرىپىگە قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن پۈتۈن ماھارىتىنى ئىشقا سالماقتا ئىدى. گېنېرالغا ۋەدە قىلىپ، ھىتلېرنىڭ راستىنلا ئۆلگەنلىكىگە ئۇنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشىپ باقىدۇ. ئەمما فروم بولسا، كېيتېلنىڭ دېگىنىنى قايتا تەكىتلەپ قەتئى چىڭ تۇرىۋالىدۇ. "مارشال كېيتېل بۇ قېتىممۇ خۇددى بۇرۇنقىدەك قىپقىزىل يالغان سۆزلەۋاتىدۇ" دەيدۇ شتافېنبېرگ. شۇنداق دەپ تۇرۇپ، "مەن ئۇ يەردە كىشىلەرنىڭ ھىتلېرنىڭ ئۆلۈكىنى كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم" دەپ ئۆزىمۇ قىپقىزىل يالغاندىن بىرنى توقۇيدۇ.

"بۇ ھەقتە، _ دەيدۇ ئولبرىيچتمۇ گەپ قىستۇرۇپ، _ بىز ھەر قايسى ھەربىي رايون

قۇماندانلىرىغا ئىچكى جەھەتتە ھەربىي ئۆزگىرىش قىلىش ھەققىدە يوشۇرۇن بەلگە بەردۇق" دەيدۇ. فروم ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ بەدىنى شۇنچە سېمىز بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇ ئۈستەلگە تايانغىنىچە خۇددى مەشىق مەيدانىدا ئەسكەرلەرگە ۋارقىرىغاندەك قاتتىق ۋارقىراپ تۇرۇپ "بۇ قىلغىنىڭ ئېپ-ئېنىق يوقۇرىنىڭ بۇيرۇقىغا بوي سۇنمىغانلىق. ئېيتقىنا، سەن بۇ يەردە بىز دەپ كىمنى دېمەكچى؟" ئۇ دەرھال بۇيرۇق بېرىپ ۋالكىر ھەربىي ھالەت بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

شتاۋفېنبېرگ ئۇنى ھىتلېرنىڭ راستىنلا ئۆلگەنلىكىگە قايىل قىلىش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم تىرىشىپ كۆرىدۇ. "ئىشىنىڭ، ئۇ يىغىن ئۆيىدىكىلەردىن بىرىمۇ ساق قالمىدى" دەپ ئۇنىڭ بىلەن تالىشىپ باقىدۇ. "ۋون شتاۋفېنبېرگ كونت جانابلىرى، _ دەيدۇ گېنېرال، "بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتىڭلاردا مەغلۇپ بولدىڭلار، شۇڭا سىز دەرھال ئۆزىڭىزنى ئېتىۋېلىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن." شتاۋفېنبېرگ تەبىئىكى ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى قەتئىي تۈردە رەت قىلىدۇ. ئولبرېيچتمۇ فرومدىن ھەرىكەتكە كىرىشىنى ئۆتۈنۈپ، بولمىسا گېرمانىيە مەڭگۈلۈك يوق قىلىنىشى مۇمكىن دەيدۇ. بۇ چاغدا ژروم گېپىنى ئۇنىڭغا قارىتىدۇ: "ئولبرېيچت، بۇ دېمەك، سەنمۇ بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىشقا قېتىلغىنىڭنى كۆرسىتەمدۇ؟" دەپ سوئال قويىدۇ. "شۇنداق گېنېرال، ئەمما مەن بۇ ھەرىكەتنىڭ ئىچىدىن بىرسى ئەمەسمەن."

گەۋدىلىك كەلگەن فروم، يەر تېگىدىن ئولبرېيچتقا غەزەپ بىلەن تىكىلىدۇ. "ئۇ ھالدا مەن سىلەر ئۈچىڭلارنى رەسمىي تۈردە قولغا ئالغانلىقىمنى بىلدۈرۈشكە مەجبۇرمەن." ئولبرېيچتنىڭ يۈزى شۇ ھامان تاتىرىپ ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن تىكىلىدۇ. "سىز بىزنى قولغا ئېلىش ھوقۇقىڭىز يوق. سىز بەلكىم ھېلىغىچە بىلمىسىڭىز كېرەك، ئەندى سىزدە ھوقۇق يوق. شۇڭا بىز سىزنى قولغا ئالىمىز!" بۇ ئىككى گېنېرال تىل ئۇرۇشىدىن رەسمىي مۇشتلىشىشقىچە بېرىپ يېتىدۇ. شتاۋفېنبېرگ بېرىپ ئۇلارنى ئاجرىتىمەن دەپ ئۇمۇ ئېڭىكىگە بىر مۇش يەۋالىدۇ. فروم دېگەن بۇ دېۋىدەك نەرسە، تاپانچىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرگەندىلا ئاندىن بويۇن ئېگىپ جىمىيدۇ. ئۇ قولغا ئېلىنىپ ئايرىم بىر ئۆيگە قاماپ قويۇلىدۇ. چۈشتىن كېيىن سائەت 5 ئەتراپىدا، بىنانىڭ ھەر قايسى چوڭ-كىچىك ئىشىكلىرى بىلەن بىنانىڭ كەينىدىكى بومباردىماندا پارتلىتىۋېتىلگەن يەرلىرىنىڭ ھەممىسىگە پوست قويۇلىدۇ.شتاۋفېنبېرگنىڭ ئىمزاسى بولغان كاۋا چېچكى ساغۇچ كىرىش قەغىزى ئالغانلارلا بىناغا كىرەلەيتتى. بۇنداق رۇخسەت قەغىزى بولمىغانلار ياكى ئىمزالانغان بۇيرۇق خېتى بولمىغانلاردىن ھېچ كىشى بىنادىن چىقىرىلمايتتى.

گەرچە بېندلېر كوچىسىنى سۈيىقەستچىلەر پۈتۈنلەي تېزگىنلەپ بولغان بولسىمۇ، 'فىككۇس تۈۋى' ئىشخانىسىدا ئىش بېجىرىۋاتقان گېنېرال ۋون هاس مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ گېنېرال، بىر سائەت ئاۋال بېرلىن شەھەر قوغداش قۇماندانى نامىدا مۇھاپىزەتچىلەر باتالىئونىغا، مەيلى گېنېرال ياكى مىنىستىر بولسۇن ھېچكىمنى سىرتقا چىقارماسلىق ئۈچۈن ھۆكۈمەت بىناسى ئەتراپىنى قامال قىلىش بۇيرۇقى بەرگەن ئىدى. ئەسلىدە "ھىتلېر ياشلار ئىتتىپاقى" نىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان مۇھاپىزەتچىلەر باتالىئونىنىڭ باتالىئون كوماندىرى مايور ئوتتو رېمېر ئاۋال ھىتلېرنىڭ راست ئۆلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالىدۇ. ئۇنىڭغا ھاس، ھىتلېرنىڭ راستىنلا ئۆلگەنلىكىنى، بۇ سۈيىقەستنى ئېس-ئېسلار قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ ئىشتا بىر غەلىتىلىك بارلىقىدىن گۇمان قىلغان رېمېر، ئۇنداقتا ھىتلېرنىڭ ئورنىغا كىم چىقىدۇ؟ دەپ سورايدۇ. ھاس ئۇنىڭغا قالايماقان گەپ سورىماي دەرھال بېرىپ مۇھاپىزەتچىلەر گارنىزونىنى ھەرىكەتكە كەلتۈر، دەيدۇ.

رېمېرنىڭ دوستى لېيتېنانت خانس هاگېن (بېرلىندا مۇھاپىزەتچىلەر باتالىئونىغا مىللىي سوتسىيالىزم ھەققىدە نۇتۇق بەرگەن كىشى) مۇ ئەنە شۇنداق گۇماندا ئىدى. ھاگېن، يېقىندا ئادەم يوق بىر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ رېمېرغا، بۇ بىر ھەربىيلەر سىياسىي ئۆزگىرىشىدەكلا قىلىدۇ، دەيدۇ. رېمېرمۇ شۇنداق ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى باشلىقى گېببېلسنى تېپىپ ئۇنىڭدىن بۇ ئىشنىڭ تېگىنى سۈرۈشتە قىلىپ بېقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. رېمېر ئۇنىڭغا موتوتسىكلىتتىن بىرنى تېپىپ بېرىپ، دەرھال بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشنى بۇيرۇيدۇ. رېمېر، شەھەر ئىچىنى قامال قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە كېتىۋاتقىنىدا ھاگېن (ئۇ ھەربىي سەپكە قېتىلىشتىن ئاۋال بىر يازغۇچى ئىدى) موتوتسىكلىتىنىڭ يان ساندۇقىدا ئولتۇرغىنىچە تەشۋىقات مىنىستىرىنىڭ تۇرىۋاتقان سارايىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ يەدە، گېببېلسنىڭ خۇددى تېۋتون پاۋۇل رېۋېرېگە ئوخشاش (1735~1818، غۇرۇرلۇق بىر ئامېرىكىلىق ۋەتەنپەرۋەر) ۋارقىراپ، "بۇ بىر قۇراللىق سىياسىي ئۆزگىرىش!" دەپ تىنماي ۋارقىرىماقتا ئىدى.

گېببېلسنىڭ سارىيى ھەقىقەتەنمۇ قالايماقانچىلىق مەركىزىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. بېرلىن شەھەر باشلىقمۇ بىر نەپەر شەھەرلىك قۇرۇلتاي ئەزاسىنى يېنىغا ئېلىپ گېببېلسنى ئىستەپ كەلگەن ئىدى. ئوتتۇردا تارقىلىپ يۈرگەن بىر-بىرىگە زىت كوچا گەپلىرى ئۇ ئىككىسىنىلا قايمۇقتۇرۇپ قويغان ئىدى. سپېرمۇ قايمۇقۇپلا كەتكەن ئىدى.

سېپىر يېڭىراقتا بىر توپ رېيمېرنىڭ ئەسكەرلىرى پىلموتلارنى كۆتەرگىنىچە براندېنبۇرگ دەرۋازىسىغا قاراپ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقى، يەنە بىر قىسىملىرىنىڭ تەشۋىقات مىنىستىرلىكىنىڭ ئىشىكىدە پوستتا تۇرغۇزۇلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدى. چىلىق-چىلىق تەر ئىچىدە قالغان گيوبېلس، پارتىيە مەسئۇللىرى بىلەن ھەربىي رايون قوماندانىغا تېلېفون قىلىپ ئەھۋال سوراۋاتاتتى. قارىغاندا، پوتسدامدا تۇرۇشلۇق قىسىملار بىلەن شتاتلىق مۇھاپىزەتچىلەر قىسمى شەھەرگە قاراپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ۋەزىيەت ھەقىقەتەنمۇ جىددىي ئىدى. ئەمما گيوبېلس كىچىككىنە بولسىمۇ بىر ئۈمىد نۇرىنى كۆرگەندەك بولدۇ: ئىسيانچىلار تېخىچە سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكى ھەققىدىكى غالىبىيەت خەۋىرىنى رادىئو ئارقىلىق ئېلان قىلمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، دەرھال بىر پارچە ئۇقتۇرۇش تەييارلاشقا تۇتۇش قىلدۇ. بۇ ئىشلار ھەقىقەتەنمۇ بىر تەرەپ قىلىش تەس ئىشلار ئىدى. چۈنكى بۇ ھەقتە ئالدىراپلا بىرەر ئىككى ئېغىز گەپ قىلغىدەك بولسا كىشلەر ئارىسىدا پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلىۋېتىش خەۋپى بار ئىدى.

دەل شۇ پەيتتە، موتوتسىكلىتتا بەكلا بىئارام بولغان ھاگېنمۇ كىشلەر ئوتتۇرىسىنى يارغىنىچە يول ئېچىپ گيوبېلسنىڭ يېنىغا يېتىۋالدۇ. بۇ قوشۇمچە يازغۇچى بولغان ھەربىي، نەپەس-نەپىسگە ئۇلاشمىغان ھالدا بولغانلارنى بىر قۇر بايان قىلىپ چىقىدۇ. گيوبېلس ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى تەقەتسىزلىك ئىچىدە ئاڭلايدۇ. ئاخىرى ئۇنىڭدىن، رېيمېر دېگەن بۇ كىشىگە بىئشەنگىلى بولامدۇ، دەپ سورايدۇ. قەتئىي ئىشىنىشكە بولىدىغان بىر ئادەم! ئۇ ئۇرۇش مەيدانىدا 8 قېتىم يارادار بولغان بىر ئەسكەر ئەمەسمۇ؟ دەيدۇ ھاگېن. شۇنداقتىمۇ گيوبېلس يەنىلا كۆڭلىدە بەك ئىشەنچ قىلىپ كېتەلمەي، ھاگېنغا، رېيمېرنى تېپىپ كەل، دەپ بۇيرۇيدۇ. ئۇ كۆڭلىدە، ئەگەر بۇ ئىككىسى يېرىم سائەت ئىچىدە بۇ يەردە پەيدا بولمايدىكەن، دېمەك مايور رېيمېر توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن قورالىق تۇتۇپ قېلىنغان بولىدۇ، دەپ ئويلاپ، ئۇمۇ ئېس-ئېسچىلارنى فېكۇس تۆۋىدىكى مۇھاپىزەتچىلەر قوماندانلىق شتابىنى تارتىپ ئېلىشقا يوللىماقچى بولىدۇ.

بىر قانچە مىنۇتقا قالماي، يەنى چۈشتىن كېيىن سائەت بەش يېرىم بولغاندا، گيوبېلس يەنە بىر تېلېفونغا چاقىرىلىدۇ. بۇ قېتىم ھىتلېر تېلېفون قىلغان ئىدى. ئۇ گيوبېلسنى ئۆزىنىڭ ئىنتايىن ساغلام ھالدا ئىكەنلىكىنى خەلققە بىلدۈرۈش ئۈچۈن رادىئوغا دەرھال چىقىشقا ئالدىرىتىدۇ. گيوبېلس دەرھال رادىئو نۇتقىنىڭ نۇسخىسىنى رادىئو ئىستانسىدىكىلەرگە تېلېفون ئارقىلىق ئوقۇپ بېرىدۇ. رادىئو ئىستانسىسى بۇ چاغدا پىيادە ھەربىي مەكتۇۋىدىكى ئىسيانچىلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىنغان بولسىمۇ، گيوبېلسنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئىسيانچىلار كوماندىرى قايمۇقۇپلا قالىدۇ، ئېنىق ئېيتقاندا

ئۇنى قاتتىق قورقۇتىۋېتىدۇ. شۇڭا ئۇ شۇ ھامان بۇ ئۇقتۇرۇشنى رادىئودا ئېلان قىلىشقا توساغۇلۇق قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

يەنە شۇ پەيتلەردە، ھىتلېر تېپىرلاپلا قالغان مەسلىھەتچىلىرىنىڭ تەسىرىدە تەشۋىقات مىنىستىرى گېيوبېلسنىڭمۇ توپلاڭچىلار قاتارىدا بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالىدىن گۇمان قىلىشقا باشلايدۇ. شۇڭا ئۇ قايتىدىن گېيوبېلسقا تېلېفون قىلىپ، بۇ ئىشنى بەك ئۇزۇنغا سوزىۋەتتىڭ، تا ھازىرغىچە بۇ ئۇقتۇرۇشنى رادىئودا ئېلان قىلمىدىڭ دەپ ئۇنى قاتتىق سوتلاپ كېتىدۇ.گېيوبېلسمۇ، بۇ ئىشتا مېنىڭ قىلچە مەسئۇلىيىتىم يوق، مەسئۇلىيەت پۈتۈنلەي رادىئو ناشقارمىسىدىكىلەردە، دەپ ئۆزىنى قاتتىق تۇرۇپ ئاقلايدۇ. ھىتلېرمۇ ئۇنىڭ دېگىنىگە ئىشىنىدۇ، ھېچ بولمىغاندا ئىشەنگەنلىكىنى ئېيتىپ تۇرۇپكىنى جايىغا قويىدۇ.

ھىتلېرنىڭ ئۆلگەنلىكى ھەققىدىكى يالغان خەۋەرلەر ئەڭ دەسلەۋىدە بىر قانچە كوندوكتورلۇق قىلىۋاتقان قىزلارنى قايدۇرۇپلا ۋېتىدۇ. ئۇلار تەلۋىلەرچە يىغلاپ كېتىدۇ. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، كىشىلەر بۇ ئىشتىن بەكلا پەۋقۇلئاددىلىق ھېس قىلىپ ئەنسىرەشكە باشلىغان ئىدى. كەينىدىنلا فۇھرېرنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان رادىئو خەۋىرى ئۇلارنى يىغا-زار ئىچىگە كۆمىۋېتىدۇ. بۇ ئەلىۋەتتە خوشاللىق يىغىسى ئىدى. تەبرىك تېلېگراممىلىرى، تەبرىك خەتلىرى "بۆرە ئىنى" گە قاراپ ئېقىشقا باشلايدۇ. قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى مىلچ تېلېگراممىسىدا، "مەن بۇ خەۋەردىن قاتتىق خوشاللىق ھېس قىلدىم، دېمەك رەھىمدىل تەڭرىم سىزنى بالا-قازادىن ساقلاپ قاپتۇ، سىزنىڭ سۇيىقەستچىلەرنىڭ زەھەرلىك قولىدىن ئامان-ئىسەن قۇتۇلغانلىقىڭىز، نېمىس خەلقى بىلەن قۇرۇقلۇق ئارمىيىمىز ئۈچۈن تەڭرى سىزنى ئاسراپتۇ" دەپ يازىدۇ. بۇ تۈردىكى ھال سوراش سۆزلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈنلا يېزىلغان سۆزلەر دەپ قاراشقىمۇ بولمايتتى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى نېمىسلار مىللىي تەقدىرى ھىتلېرغا باغلىق دەپ تونۇيتتى.

بېرلىندا بولسا، مايور رېيمېر تېخى يېڭىلا ھۆكۈمەت تەۋەسىنىڭ قامال قىلىنىشىنى پۈتتۈرگەن ئىدى.بۇنىڭدىن ئۇ ئۇنچە بەك خوشال كۆرۈنمەيتتى. چۈنكى، تا شۇ چاققىچە ھىتلېرنىڭ ساق ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق بىر مەلۇمات ئالالمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئەنسىرەش ئىچىدە ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىپ بولۇپ، ھاسقا دوكلات بېرىدۇ. ئۇنىڭ سورىغان سوئالىغا ھاس يەنىلا بەكلا مۇجمەل جاۋاپ بېرىپ تۇرىۋالغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەنسىرىشى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ. رېيمېر بۇنىڭدىن بەكلا نارازى ئىدى. كېيىن، ھاگېن كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، مىنىستىر

گىيوبېلس ئۇنىڭ بىلەن دەرھال كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ چاغدا، بۇ چاغدا ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈشنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزىدۇ. رېيمېر، بۇ بىر ئىچكى ئۇرۇش دەپ ئويلايدۇ. شۇڭا ئۇ، ھاگېن بىلەن بىرلىكتە ئۈستى قەۋەتكە چىقىپ ھاس بىلەن كۆرۈشىپ، گىيوبېلسنىڭ دېگەنلىرىنى ئۇنىڭغا بىر قۇر ئېيتىپ بېرىدۇ. گېنېرال ھاس بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران بولغان قىياپەتكە كىرىپ ئولتۇرسىمۇ، رېيمېر ئۇنى قەتئىي تۇردە بېرىپ تەشۋىقات مىنىستىرى بىلەن كۆرۈشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ چاغدا ھاسمۇ بوش كەلمەي ئۇنى سالوندىن چىقىشقا رۇخسەت قىلمايدۇ. يەنە بىر مايورمۇ سۈيىقەستچىلەردىن بىرى بولغاچقا، ئوتتۇرغا چۈشۈپ ئۇلارنى پەسەيتىشكە تىرىشىدۇ. مايور، ھاسقا قاراپ كۆزنى قىسىپ دېگىنىدەك قىلىشنى بىلدۈرىدۇ. گىيوبېلس بىلەن كۆرۈشۈش رېيمېرنىڭ ۋەزىپىسى ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك يەنە ئۇنى قولغا ئېلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. رېيمېر بىنادىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا كۆڭلى بەكلا پاراكەندە ئىدى، "قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ئىشتا جېنىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ تەۋەككۈل قىلىپ كۆرۈشىم كېرەك" دەيدۇ ئادىيۇتانتىغا. ئاندىن ئۇ 20 دېك ئادىمىنى بىرگە ئېلىپ ئۇدۇل تەشۋىقات مىنىستىرىگە قاراپ كېتىدۇ.

بۇ چاغدا گىيوبېلس سائىتىگە قارايدۇ. ئۇ نەچچە قېتىم رېيمېرغا تېلېفون قىلىپمۇ ئالالمىغان ئىدى. مانا ئەندى قارار قىلغان ۋاقىت بولغان كەچ سائەت 7 گە ئارانلا 2 مىنۇت قالغان ئىدى. دەل شۇ چاغدا رېيمېر كىرىپ كېلىدۇ. رېيمېر، گىيوبېلسقا بۇيرۇق بويىچە ئۇنى قولغا ئالغىلى كەلگەنلىكىدىن ئېغىز ئاچمايدۇ. شۇنىڭدەك گىيوبېلسنىڭ دېگەنلىرىگىمۇ ئىشەنمەيتتى. گىيوبېلس ئۇنىڭغا مەن تېخى يېڭىراقتىلا فۇھرېر بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشتۈم دېگەن ئىدى. ئەمما رېيمېرمۇ، مەن فۇھرېرنىڭ گېپىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىمىغىچە ئۇنىڭ ساق ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن، دەيدۇ.

"مايور، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماقچىمۇسىز؟ مەرھەمەت." گىيوبېلس گەپ قىلغاچ راستىېنبۇرگقا تېلېفون قىلىدۇ. ئۇ بىر مىنوتقا قالمايلا ھىتلېر بىلەن سۆزلىشىدۇ: "مۇھاپىزەتچى باتالىئون كوماندىرى مايور رېيمېرنىڭ سىزگە دەيدىغان گېپى بار ئىكەن" دەپ تۇروپكىنى ئۇزارتىدۇ. رېيمېر دىققەتتە تۇرغان ھالەتتە تۇرۇپكىنى ئېلىپ قۇلىقىغا تۇتىدۇ. تىڭشىغۇچتىن كېلىۋاتقان ئاۋاز لېنتىغا ئېلىپ قويۇلغان ياكى بولمىسا بىرەرسى ھىتلېرنىڭ ئاۋازىنى دوراپ سۆزلەۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. "سىز ۋون مايور رېيمېرمۇ؟ _ دەيدۇ تۇرۇپكىدىن كېلىۋاتقان ئاۋاز، _سىز ھازىر نېمە ئىش بىلەن مەشغۇلسىز؟" بۇ ئاۋاز راستىنلا ھىتلېرنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايتتى، رېيمېر فۇھرېرگە بۇگۈن قىلغان ئىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن گۇمان قىلىۋاتقانلىقى چىقىپلا تۇراتتى. "سىز مېنىڭ ھايات ئىكەنلىكىمگە ئىشەندىڭىزمۇ؟" رېيمېر بۇ سۇئالغا

جاۋاب بېرىپ، شۇنداق ئىشەندىم، دەيدۇ. ئەمما ئۇ بەك ئىشىنىپ كېتەلمەيۋاتاتتى.

ھىتلېر ئۇنىڭغا، "مەن سىزنى ھۆكۈمەتنىڭ ئامانلىقنى ساقلاش ئۈچۈن تولۇق ھوقۇقلۇق قىلدىم. سىز نېمە قىلىشقا تېگىشلىك بولسا شۇنى قىلىق. ھەر بىر ئوفىتسېرنىڭ ئەمەل-ئۇنۋانى قانداق بولىشىدىن قەتئىيي نەزەر ئۇلارغا سىز قۇماندانلىق قىلىسىز. شۇڭا سىز دەرھال ئومۇمىي يۈزلۈك تەرتىپ ئورنىتىشقا تىرىشىڭ. ئەگەر زۆرۈر تېپىلغىدەك بولسا زورلۇق كۈچى ئىشلىتىڭ. _ بۇ يەردە دېيىلگەن شۇ 'زورلۇق' سۆزىلا رېيمېرنى قارشىدىكى كىشىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ھىتلېر ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشەندۈرگەنىدى. شۇڭا ئۇ دەرھال پۈتنى ئۈرۈپ دىققەتتە تۇرغىنىچە تۇرۇپكىغا قولاق سالدى. – سىز پەقەت مېنىڭ ئالدىمدىلا جاۋاپكارسىز." ھىتلېر بۇ گەپنى قايتا بىر تەكىتلىگەندىن كېيىن، دەرھال ئۇنى پولكوۋنىك دەرىجىسىگە كۆتۈرگەنلىكىنىمۇ ئېيتىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، رېيمېر تەشۋىقات مىنىستىرلىكىنى ئۆزىنىڭ قۇماندانلىق شىتابىغا ئايلاندۇرىدۇ. ئۇ ئاۋال گېنېرال ۋون ھاسىقا تېلېفون قىلىپ، تېخى يېڭىلا ھىتلېر بىلەن تېلېفونىدا سۆزلەشكەنلىكىنى، فۇھرېر ئۇنىڭغا تولۇق قۇماندانلىق قىلىش ھوقۇقىنى بەرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇڭا ئۇ ھاسىقا دەرھال مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ تەييار بولۇڭ، دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. ھاس ئۇنىڭ بۇ تەلىۋىنى غەزەپ بىلەن رەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "قاچاندىن بېرى چوڭ بىر گېنېرال بىر مايورنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەييار تۇرىدىغان بولۇپ قالدى؟"

رېيمېر، "گېنېرال، ئەگەر سىز قېشىمغا ئۆزىڭىز كەلمەيدىغان بولىدىكەنسىز، ئۇنداقتا مەن سىزنى تۇتۇپ كېلىمەن" دېگەندىن كېيىن ھاسىنىڭ قۇماندانلىق شىتابىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن دەرھال ئادەم ئەۋەرتىدۇ. ئاندىن يەنە بېرلىن رايونىدىكى ھەر قايسى ھەربىي قىسىملارغا ھازىردىن باشلاپ پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ قۇماندانلىقىغا ئۆتكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ. ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ قۇماندانلىرى ھەربىي دەرىجىسىنىڭ چوڭ-كىچىك بولىشىدىن قەتئىيي نەزەر ھېچ بىرىدىن نارازىلىق كەلمەي، بىر تۇتاش ئۇنىڭ قۇماندانلىقنى قوبۇل قىلىشىدۇ. بۇنىڭدىن پولكوۋنىك رېيمېر قىلچە ھەيرانلىق ھېس قىلمايدۇ. ئاندىن ئۇ باتالىئوننىڭ بارلىق ئوفىتسېر جەڭچىلىرىنى تەشۋىقات مىنىستىرلىكىنىڭ گۈللۈكىگە توپلىتىپ گيوبېلسنىڭ سۆيىقەس ھەققىدىكى تەپسىلى ئەھۋالىنى ئاڭلاتقۇزىدۇ.

بۇ چاغدا، مەجبۇرى باش ئەگدۈرۈلگەن گېنېرال ھاسمۇ يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ رېيمېردىن خاپا بولۇشنى قويغان ئىدى. ئەسلىدە ئۇ كېلىپلا رېيمېرنى قۇچاغلىماقچى بولغاندەكلا قىلاتتى. ئۇ يېڭى پولكوۋنىكنىڭ ماختاپ ئۈچۈرغىنىچە تىنماي بىر نېمىلەرنى سورايتتى.

رېيمېرنىڭ تاقىتى قالماي ئۇنى بىر ئاماللارنى قىلىپ داۋاملىق تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن شوغۇللىنىشى ئۈچۈن يولغا سالىدۇ. گىيوبېلسمۇ ھاسقا خۇددى تۈۋەن دەرىجىلىك بىرسىگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭدىن بىر قانچە ئادەتتىكىچە سوئاللارنى سورايدۇ. ھاس بۇ سورالغانلارغا داۋدۇقلىغىنىچە جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن بۇ گېنېرال مىنىستىردىن، ئەگەر ئاياللىمغا تېلېفون قىلىپ يىگىدەك بىرەر نەرسە ئەۋەرتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلسام بىرنېمە دېمەسسىز، دەپ سورايدۇ. "مانا بۇ بىزنىڭ ئىنقاۋىي ئائىلىمىز. _ دەيدۇ گىيوبېلس. گېنېرال بىر نەرسىلەر يېۋېلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن گىيوبېلس مازاق قىلغىنىچە "ئۇلارنىڭ كاللىسى يېيىش، ئىچىش ھەمدە ئاياللىرىغا تېلېفون قىلىشتىن باشقىغا ئىشلىمەيدىكەن" دەيدۇ.

بېندلېر كوچىسىدىكىلەرنىڭ تېلېفون ئاپاراتى پەقەتلا تىنجىمايدۇ. ئوفىتسېرلار تىنماي تېلېفون قىلىپ رادىئو ئاخباراتى توغرىلىق تەپسىلى مەلۇمات سورىماقتا ئىدى. 'ۋالكىر' ھەرىكىتى بويىچە ھەربى ھالەت بۇيرۇقى تاپشۇرۇپ ئالغان ھەر قايسى قۇراللىق ئورۇنلارمۇ فرومنىڭ ئاغزىدىن سەل ئاۋالقى ھىتلېرنىڭ ئۆلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنىڭ راست-يالغانلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن تېلېفون قىلىشماقتا ئىدى. بۇ سوئاللارغا شتاۋفېنبېرگ جاۋاب بېرىپ، ھىتلېرنىڭ راستىنلا ئۆلگەنلىكىدە قەتئىي چىڭ تۇرىدۇ. ئەگەر سورىغۇچىلار سۈيىقەستچىلەردىن بولغىنىدا، يەنىلا پىلان بويىچە ھەرىكەت قىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ، رادىئو خەۋىرىنىڭ بىر ئويۇن ئىكەنلىكىنى، ھوقۇق قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكى ۋە ئىشلار جايىدا كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

ئاخىرىدا، قوزغىلاڭچىلارنىڭ پەخرى رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى ۋون ۋىتزلېبېن تولۇق ھەربىي ئۇنىفورمىلىق كېلىپ ھوقۇقنىئۆتكۈزىۋېلىشقا كېلىدۇ. ئۇ كۈن بويى ھەممىدىن ئۈستۈن بولۇپ يۈرگەن بولسىمۇ، كېچىكىپ كەلگەنلىك خاتاسىنى تولۇقلاش ئۈچۈن چۈشتىن كېيىن سائەت يەتتە يېرىم ئەتراپىدا قۇرۇقلۇق ئارمىيەنىڭ يېڭى ئالى قۇماندانى سۈپىتى بىلەن تېخىمۇ كەسكىن بىر يولىيورۇق تارقىتىدۇ:

فۈھرېر ئادولف ھىتلېر ئۆلدى. بىر ئۇچۇم قۇرۇق گەپ سېتىپ كۈن ئېلىپ يۈرگەن ئۇرۇشقا قاتناشمىغان پارتىيە رەھبەرلىرى بۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ جەڭگىۋارلىق روھىمىزغا كەينىمىزدىن پىچاق ئۇرۇپ ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئېلىش ئارقىلىق ئۆز غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولماقتا.

ئەنە شۇنداق جىددىي پەيتتە قانۇن ۋە تۈزۈملەرنى ساقلاپ قىلىش مەقسىتىدە، رېيچ ھۆكۈمىتى جىددى ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىپ، پۈتۈن گېرمانىيە قۇراللىق كۈچلىرىنىڭ ئەڭ ئالى قۇماندانلىقىغا تەيىنلىدى. ...

بۇ تېلېگراممىا يەنە بىر قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالىغا يېقى بىر ئۇمىد نۇرى بولۇپ بېرىدۇ. پارىژدا سۇيىقەستچىلەردىن ئايرىلىشنى پىلانلاپ يۈرگەن كلۇگ ئوتتۇرغا سەكرەپ چۈشۈپ "تارىخى دەۋر يېتىپ كەلدى!" دەپ چالۋاقاشقا كىرىشىدۇ. ئۇ، دەرھال غەرپ بىلەن ئۇرۇش توختىتىش شەرتنامىسى ئىمزالاش تەكلىۋىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. ئەگەر ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر قوشۇنى جاۋاب تېرىقىدە گېرمانىيەنى بومباردىمان قىلىشنى توختۇتۇشقا ماقۇللا دېيدىكەن، گېرمانىيەنىڭ يېڭى ھاكىمىيتى راكىتا بىلەن لوندونغا ھۇجۇم قىلىشنىمۇ توختىتىشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

كېيتېل يوللىغان بۇ تېلېگراممىا بۇيرۇقى، كلۇگنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سەپكەندەك تەسىر پەيدا قىلىدۇ: فۇھرېر ھايات. بىندلېر كوچىسىدىكى ۋارلىمۇند ــ بېك خائىنلار گۇرۇھى تارقاتقان بۇيرۇقلارغا قەتئىي ئېتىۋار بېرىلمىسۇن. كلۇگنىڭ ئىرادىسى بوشاپلا كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ شتاپ باشلىقىغا، ئالىي قوماندانلىق شتابىدا يۈز بەرگەن ھادىسىنى ئىنقىلاپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما ۋارلىمونت بىلەن ھەر قانچە قىلىپمۇ تېلېفوندا كۆرۈشەلمەيدۇ. شۇنىڭدەك جودل ياكى كېيتېلنىمۇ تاپالمايدۇ. ئۇلارنىڭ جايىدا بولماسلىقى ھەققەتەنمۇ سىرلىق بولغاچقا، كلۇگ بۇنىڭدىن قايتىدىن ئۇمىدلىنىشكە باشلايدۇ. بەلكىم بېك راست گەپ قىلىۋاتقان بولىشىمۇ مۇمكىن، ھېتلېر راستىنلا ئۆلگەنمۇ قانداق؟ شۇڭا ئۇ "بۆرە ئىنى" دىكى بىر سۇيىقەستچىگە تېلېفون قىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىنقىلاپ چىققىنى چېكىدىن ئاشقان بىر يامان خەۋەر ئىدى: ھېتلېر ئۆلمىگەن ئىدى! كلۇگ قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا تروپكىنى قويىدۇ. "دېمەككى، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان پىلان مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى، دېگەن گەپ. ــ دەيدۇ كلۇگ، مارشال ئۇچۇن بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى دېيىش مۇمكىن – ئەپەندىلەر ئەندى مېنى ئاۋارە قىلمىغايسىلەر!"

بېرلىندىمۇ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشەرگەن كىشىمۇ بۇ سۇيىقەست ھەرىكىتىدىن ۋاز كەچكەن ئىدى. قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى ۋون ۋىتزلېبېن بىندلېر كوچىسىدىكى بۇ قالايماقانچىلىققا بەرداشلىق بېرەلمەي، تىز قەدەملەر بىلەن بىنادىن ئايرىلىپ ماشىنىسىغا ئولتۇرغىنىچە زوسسېندىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوماندانلىق شتابىغا كېتىدۇ. ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ، ھەربىي لاۋازىمى گېنېرال ۋاگنېرغا، بارلىق پىلانىمىز مەغلۇپ بولدى، دەيدۇ-دە، قايتا ماشىنىلىق داچىسىغا قاراپ كېتىپ قالىدۇ.

"بۆرە ئىنى" دە، كېيتېل زاپاس قىسىملار قوماندانلىقىنى ھىملېر ئۈستىگە ئېلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرىدۇ. ئۇ يەنە "پەقەت ئۇنىڭ بىلەن مەن تارقاتقان بۇيرۇقلارغىلا قەتئىي بويى سۇنۇش" نى قوشۇمچە قىلىدۇ. بۇ بۇيرۇق ئاخشىمى سائەت 8 دىن 20 مىنۇت

ئۆتكەندە تېلېگراммا ئارقىلىق يوللىندۇ. 10 مىنۇتتىن كېيىن، پارتىيە كاتىپى بورمان بىر پارچە جىددىي تېلېگراммا يوللاپ، "بىر قىسىم گېنېراللار فۇھرېرگە سۈيىقەست قىلماقچى بولغان" دەپ، ھەممە يەردىكى پارتىيە مەسئۇللىرىغا خەۋەر بېرىپ قول ئاستىدىكى بارلىق كىشىلەر فۇھرېرنىڭلا بۇيرۇقىغا بوي سۇنىشى كېرەكلىكىنى جېكىلىدى.

ئاخشىمى سائەت 9 دا، رادىئودا فۇھرېر ئۆزۈنىغا قالماي پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رادىئو نۇتۇقى سۆزلەيدىغانلىقىنى پۈتۈن مەملىكەتكە ئۇقتۇرىدۇ. ئەمما "بۆرە ئىنى" دە بىۋاستە رادىئو دولقۇنى تارقىتىش ئەسلىھەسى بولمىغاچقا، بۇ قېتىمقى نۇتۇق بەكلا كېچىكىپ كېتىدۇ. ئۇلارغا ئەڭ يېقىن بولغان ئۇنئالغۇ ئاپتوموبىلىنىمۇ شەرقى پرۇسسىيە مەركىزى كۆنىگسبېرگدىنلا تېپىش مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاز دېگەندە نەچچە سائەت كۈتۈشكە توغرا كېلەتتى.

ھىتلېر ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغان تۈپۈقسىز زەربە بېرىش ئەترىتىنىڭ كوماندىرى ئوتتو سكورزېنىي دەل شۇ پەيتلەردە بېرلىندا ئىدى. ئۇ، فۇھرېرنىڭ سالامەت ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، بۇزغۇنچىلىق سالغۇچى پاقا ئادەم يېتىشتۈرۈش مەكتىۋىنى كۆزدىن كۆچۈرۈش ئۈچۈن دەرھال ۋىيىنناغا ئاتلىنىدۇ. گۇگۇم ۋاقتىدا، ئانخالت ۋوگزالىدا پويىزغا چىقماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا بىر ئوفىتسېرنىڭ پلاتفورمىدا يۈگۈرگىنىچە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ يۈگۈرگىنىچە تۇۋلاپ، شەھەر ئىچىدە قۇراللىق سىياسىي توپىلاڭ يۈز بەرگەنلىكىنى، سكورزېنىينىڭ بۇيرۇق بويىچە دەرھال بېرىپ شەھەردە تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئېيتىدۇ.

شۇڭا ئۇ، ئالدىراش ئېس-ئېس ئامانلىق باشقارمىسى باش شتابىغا يېتىپ بارىدۇ. ئۇ يەردە، بىر قىسىم خائىنلىق قىلغان قۇرۇقلۇق ئارمىيە رەھبەرلىرى پايتەختنى تارتىپ ئېلىشقا كىرىشكەنلىك خەۋىرىنى ئالىدۇ. "ۋەزىيەت ئېنىق ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەكلا خەتەرلىك. _ دەيدۇ شېللېنبېرگ. ئۇنىڭ چىرايى ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، يېنىدىكى ئۈستەل ئۈستىدە بىر تال تاپانچا تۇراتتى. ئۇ غەلىتە بىر ھەرىكەت بىلەن، _ ئەگەر ئۇلار بۇ يەرگە كەلگىدەك بولىدىكەن، مەنمۇ ئورنۇمدا چەك تۇرۇپ ئۆزەمنى قوغدايمەن!" ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى بەكلا كۈلكىلىك بىر ئۇرۇنۇش ئىدى. سكورزېنىي ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كېتىدۇ. ئۆزەڭنى بېسىۋال شېللېنبېرگ، شۇ تاپانچىنى غىلاپىغا سال-دە، بىكاردىن ئۆزەڭنى ئېتىۋېلىپ يۈرمە يەنە، دەيدۇ.

سكورزېنىي بېرلىن شەھەر بويىدىكى بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپىدىكى بىر روتىغا جىددىي ھالەت بۇيرۇقى بەرگەندىن كېيىن، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تەكشۈرۈش ئۈچۈن شەھەرگە كىرىپ كېتىدۇ. ھۆكۈمەت قوروسى ئىچى بەكلا تىنچ

ئىدى. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئېس-ئېسمۇ سۈيىقەست بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ دېگەن گەپلەرمۇ بار ئىدى. بۇ ئەھۋالنىڭ راست-يالغانلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن لىچتېرفېلدتىكى ئېس-ئېس گازارمىسىنى كۆزىتىپ كېلىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە بارىدۇ. ئۇ يەردىمۇ پۈتۈنلەي جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئاندىن ئۇ ماشىنىسىنى ھەيدىگىنىچە ئېس-ئېسنىڭ بىر دىۋىزىيە شتابىغا بېرىپ خەۋەر ئۇقۇشقان بولسىمۇ ھېچ بىر گەپ يوقلۇقىنى بىلىدۇ. ئاندىن داۋاملىق ئاپتوموبىلىنى ھەيدىگىنىچە تىزلىكتە ۋانسې كۆلى بويىدىكى پاراشوتچىلار قىسىمىنىڭ قوماندانلىق شتابىغا بارىدۇ. سكروزنىي ئۇ يەردە گېنېرال ستۇدېنتنىڭ داچىسىدا ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. گېنېرال ياتاق كىيىمى بىلەن پۈتۈن زېھنىنى سەرىپ قىلىپ بىر دۆۋە ھۆججەتلەر ئىچىگە چۆكۈپ قالغان بولۇپ، ئايالى بىر ياندا ئولتۇرۇپ يىپ-يىڭنە ئىشى بىلەن مەشغۇل ئىدى. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ھەقىقەتەنمۇ قىزىق ئىدى: ھەربىي تۈپلاك بولىۋاتقان بىر پەيتتە، گېرمانىيەنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر قوماندانلىرىدىن بىرسى پۈتۈنلەي بىخەم بىر ھالەتتە ئۆزى بىلەن بولۇپ كېتىشى ھەقىقەتەنمۇ غەلىتە بىر ئەھۋال ئىدى. ستۇدېنت، تا گيۆرىڭ تېلېفون قىلىپ بۇ ئىشنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىغانغىچە سكورزىنىينىڭ دېگەنلىرىگە پەقەتلا ئىشەنمەي تۇرىۋالىدۇ. تېلېفوندا گيۆرىڭ، قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوماندانلىق شتابى تارقاتقان بۇيرۇقتىن باشقا قالغان بۇيرۇقلارغا پۈتۈنلەي ئېتىۋار بەرمەسلىك كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. ستۇدېنت بۇ بۇيرۇقنى تۆۋەنگە تارقىتىۋاتقىنىدا، سكورزىنىيمۇ شىللېنبېرگنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ ئىشخانىغا كىرەر-كىرمەي ئۇنىڭغا تېلېفون بارلىقى خەۋىرى يەتكۈزۈلىدۇ. "قولۇڭدا ھازىر قانچىلىك ئادىمىڭ بار؟" دەپ سورايدۇ. بىر روتا دەپ جاۋاب بېرىدۇ سكورزنىي. "ياخشى، سەن دەرھال ئادەملىرىڭنى باشلاپ بېندلېر كوچىسىغا ئاتلان، ئۇ يەردە مايور رېمېرنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر باتالىئونىغا ياردەملەش. ئۇلار بۇيرۇق بويىچە يېڭىلا بىنانى قورشاۋغا ئالدى."

بېندلېر كوچىسىدىكى ئۈمىدسىزلىك بارغانسىرى كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنى قوغداپ تۇرىۋاتقان مۇھاپىزەتچىلەر باتالىئونى باتالىئون كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە گيوبېلس سارىيىنىڭ گۈللۈكىگە يىغىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىدۇ. ساراي دەرۋازىسىغا ئارانلا 35 نەپەر ئەسكەر كۆزەتكە قويۇلغان ئىدى. بىنا ئىچىدە گېنېرال ئولبرىچ ئاخشىمى سائەت 10 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە ھەربىي ئەمەلدارلارنى ئۈچىنچى قېتىم بىر يەرگە يىغىپ، مۇھاپىزەتچىلەر باتالىئونى چېكىنىپ كەتتى، شۇڭا بىز بىنا مۇداپىيىسىنى ئۈستىمىزگە ئېلىۋېلىشىمىز كېرەك، دەيدۇ. ئۇ يەنە، 6 يەردىكى چىقىش ئېغىزىنى باش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئوفىتسېرلىرى ئىگەللىشى

كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ.

ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ھېچ كىم نارازىلىق بىلدۈرمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ، بىر بۆلۈم قۇراللىق ساداقەت كۆرسەتكەن كىشىلەر بولسا ئاستىرتتىن فۈھرېرىگە بەرگەن قەسەمگە سادىق بولۇشقا ئىرادە باغلاپ، ئاخشىمى سائەت 11 غا 10 مىنوت قالغاندا بۇ كىشىلەر (جەمئىي 8 كىشى) بېللىرىگە گراناتلارنى قىستۇرۇپ ئاپتومات ياكى تاپانچىلار بىلەن قۇراللىنىپ، تۇيۇقسىز ئولبرېچتنىڭ ئىشخانىسىغا بېسىپ كىرىدۇ. ئولبرېچت ئۇلارنى تىنجىش توغرىلىق سۆزلەۋاتقىنىدا شتاۋفېنبېرگ ئىشخانىغا كىرىپ كېلىدۇ.ئۇ دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچقىنىچە مېھمانخانا زالىغا كىرىپ ئۆلگۈرىدۇ. بۇ ئارىدا ئۇلار بىر-بىرسىگە قارىتىپ بىرمۇنچە ئوق چىقىرىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا شتاۋفېنبېرگ ئىگىلگەندەك بىر ھەرىكەت قىلىدۇ. قارىغاندا ئۇنىڭغا ئوق تەگكەندەك قىلاتتى. ئۇ دەرھال ياندىكى بىر ئىشخانىغا كىرىۋالىدۇ. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي بېك، ئولبرېچت ۋە باشقا بىرمۇنچە سۈيىقەستچىلەر بىلەن بىرلىكتە قولغا چۈشىدۇ. بىر قانچە مىنوتتىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا قويۇپ بېرىلگەن فروم پەيدا بولىدۇ. "خوش، ئەپەندىلەر، _ دەيدۇ گەۋدىلىك كەلگەن گېنېرال فروم قولىدا تاپانچىسىنى پولاڭلىتىپ تۇرۇپ، _ مانا ئەندى مەنمۇ خۇددى سىلەرنىڭ ماڭا قىلغىنىڭلاردەك ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇرمەن." دېگەندىن كېيىن، ئۇلارغا قۇرال تاپشۇرۇشنى بۇيرۇق قىلىدۇ.

"سېنىڭ بىزنى قۇرالسىزلاندۇرۇشقا لاياقىتىڭ يوق، سەن ئەسلىدە بىزنىڭ قوماندانلىقىمىزدىكى بىرسەن. – دەيدۇ بېك ئەۋازىنى پەسەيتىپ. – بۇ بەختسىز ۋەزىيەتنىڭ ئاقىۋىتىگە مەن ئۆزەم مەسئۇل بولالايمەن" دېگەچ قولىنى ئۇزارتىپ قول سومكىسىدىن تاپانچىسىنى چىقىرىدۇ.

فروم ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ناگىنىنى ئۆزىگە قارىتىپ ئېتىشنى ئېيتىدۇ. ياشانغان بېك ئۆتكەن كۈنلىرىنى سېغىنغانلىقىنى ئېيتىدۇ. "بۇ پەيتتە خىيالىمغا ئىختىيارسىزلا بۇرۇنقى ۋاقىتلار كەلدى، ..." فروم ئۇنىڭ گېپىنى بۆلىدىن تېپىپ، "ھازىر بىزگە ئۇ گەپلىرىڭنىڭ ھاجىتى يوق" دەيدۇ. "ئاغزىڭنى يۇم. ئۆز ئىشىڭغا قارا" دېگەندىن كېيىن، بېك يەنە بىر نەرسىلەر دەپ غۇدۇڭشىغاندەك قىلىدۇ-دە، تاپانچىسىنى ئۆزىگە قارىتىپ ئاتىدۇ. ئەمما ئوق چېكىسىدىن سىرىلىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇ كەينىگە سەنتۈرۈلگىنىچە بېرىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قالىدۇ. "مۇنۇ ئەپەندىگە ياردەم قىلىپ ئىشىنى پۈتتۈرۈڭلار" دەيدۇ فروم يېنىدىكى ئىككى نەپەر ياش ئوفىتسېرغا قاراپ. ئۇلار بېكنىڭ يېنىغا كېلىپ قولىدىكى تاپانچىسىنى ئېلىۋالماقچى بولىدۇ. ئەمما بېك قورالنى چىڭ قامالىغىنىچە ئۆزىنى يەنە بىر قېتىم ئېتىۋالىدۇ. ئەمما بۇ قېتىمقىسىدىمۇ يەنە شۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قالىدۇ. فروم قالغان سۈيىقەستچىلەرگە قاراپ "گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار ئەپەندىلەر، ئەگەر خەت

قالدۇرۇش نىيىتىڭلار بولسا سىلەرگە يەنە بىر قانچە مىنوت ۋاقىت بېرەلەيمەن» دەيدۇ. 5 مىنوتتىن كېيىن قايتا ئىشخانىغا كىرىپ تېخى يېڭىراقتىلا ”فۇھرېرىمىز نامىدا“ ھەربىي سوت ئۆتكۈزۈپ، ئولبرېچت بىلەن شتاۋفېنبېرگنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىككى نەپەر ئاديۇتانتىنى ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم قىلغانلىقنى ئېلان قىلىدۇ. يېڭىدىن قان تامچىلاپ تۇرغان شتاۋفېنبېرگ بىلەن يېنىدىكىلى 3 نەپەر سەپدىشى قوراغا يالاپ چىقىرىلىدۇ. ئۇلار قوم دۆۋىسى ئالدىدا تىك قاراپ تۇرىشىدۇ.

بېكنىڭ يۈز-كۆزى قان ئىچىدە قالغان ئىدى. ئۇ تاپانچا سورايدۇ. ئۇنىڭغا بىر تاپانچا تۇتقۇزۇشىدۇ. بېك ساراي ئۆيدە يالغۇز قالدۇرۇلىدۇ. سىرتتىكىلەر، ئۇنىڭ ”ئەگەر بۇ قېتىممۇ كېلىشتۈرەلمىسەم ماڭا ياردەم قىلغايسىلەر“ دېگىنىنى ئاڭلايدۇ. كەينىدىن بىر پاي ئوق ئاۋازى كېلىدۇ. فروم دەرھال ئىشىكتىن بېشىنى تىقىپ قارايدۇ، بېك بۇ قېتىممۇ كېلىشتۈرەلمىگەن ئىدى. ”مۇنۇ ئەپەندىگە ياردەم قىل“ دەيدۇ بىر ئوفىتسېرغا. ئەمما ئۇ ئوفىتسېر ياردەم قىلىشنى رەت قىلىدۇ. ئارىدىن بىر ئون بېشى چىقىپ خۇددى يوقاتقان بېكنى سىرتقا سۆرەپ چىقىرىپ بويىنغا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئاتىدۇ.

قورادا بىر ھەربىي ماشىنىسىنىڭ چىرىقىدا ھەممە يەر يۇپ-يورۇق بولۇپ كەتكەن ئىدى. بۇ ۋاقىت، يېرىم كېچە بولغان ۋاقىت ئىدى. ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم قىلىنغان 4 نەپەر جىنايەتچى بىر دۆۋە قوم قالقىنى بويىغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى. بۇ قوم دۆۋىسى ھاۋا بومباردىمانىدىن مۇداپىيەلىنىش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن ئىدى. ئولبرېچت بەكلا تەمكىن كۆرۈنەتتى. ”ئېتىڭلار“ دېگەن بۇيرۇق چىقىشى بىلەن تەڭ، شتاۋفېنبېرگ يۇقىرى ئاۋازى بىلەن ”ياشىسۇن قۇتلۇق گېرمانىيە!“ دەپ ۋارقىرىغىنىچە يىقىلىپ چۈشىدۇ. ئۇ ئۆلگەن ئىدى (بۇگۈن بۇ بېندلېر كوچىسى شتاۋفېنبېرگ كوچىسى دەپ ئاتالماقتا).

فرومنىڭ كېلەڭسىز گەۋدىسى بىنانىڭ ئىشىكى ئالدىدا كۆرۈندى. ئۇ قورادا ماڭغىنىچە، جاللاتلار ئالدىدىن ئۆتۈپ ئۇلارغا قىسقىچىلا سۆز قىلىدۇ. ئاندىن ”ياشىسۇن ھىتلېر! – خايل ھىتلېر!“ دېگىنىچە سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، سۇنئىي بىر قىياپەت بىلەن دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ماڭغاچ ماشىنىسىنى كەلتۈرۈشكە ئىشارەت بېرىدۇ. ئاندىن ماشىنىسىغا ئولتۇرغىنىچە قاراڭغۇلۇق ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كۆزدىن غايىپ بولىدۇ. بېندلېر كوچىسىدىكى تېلېگراف مەركىزىدە، بىر تېلېگراممىدا نۇسخىسى يوللانماقتا ئىدى: ”مەسئۇلىيەتسىز بىر قىسىم گېنېراللار سىياسى ئۆزگىرىش قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقى ئۈچۈن قانلىق باستۇرۇلدى. بارلىق جىنايەتچىلەر دەرھال ئېتىپ تاشلاندى. ...“

فروم دەرۋازىدىن چىقىۋاتقىنىدا، ئاق رەڭلىك مۇسابىقە ماشىنىدىن بىرسى دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ شاپپىدە توختايدۇ. ماشىنىنىڭ شوپۇرى سىپىر بولۇپ، ئارقىدا ئولتۇرغان

كىشى پولكوۋنىك رىمېر ئىدى. "ھەر نېمە دېگەن بىلەن راستچىل بىر نېمىستە! _ دەيدۇ فروم، گويا ئۆزى بىر گۇناھسىز بىرسىدەك، _ يېڭىراقتا بىر قىسىم جىنايەتچىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ چىقتىم." رىمېر ئۇنىڭغا بۇنداق قىلمىغان بولسىڭىز ياخشى بولاتتى. دېگىنىدە، فروم ئۇنىڭغا قوپال بىر شەكىلدە، "سەن ماڭا بۇيرۇق بەرمەكچىمۇ قانداق؟" دەيدۇ.

"ئۇنداق نىيىتىم يوق، ئەمما سىزمۇ قىلغان ئىشىڭىزغا مەسئۇل بولىشىڭىز كېرەك." دەيدۇ رىمېر، ئاندىن ئۇنىڭغا دەرھال بېرىپ گيوبېلسنىڭ ئادىدا تەييار بولۇشنى ئېيتىدۇ.ئ فروم بىلەن سىپىر ئىككىسى يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئوتتو سكورزېنىي يېنىغا ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يېتىپ كېلىدۇ.ئ ئۇ، شۇنچى مۇھىم ئورۇندىكى بىر گېنېرالنىڭ مۇشۇنداق بىر پەيتتە كېتىپ قېلىشىغا زادىلا ئەقلى يەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇ، "نېمە ئىش بولدى؟" دەپ رىمېردىن سورايدۇ. رىمېرمۇ نېمە ئىشلار بولغىنىدىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە بۇيرۇق بويىچە بىنانى مۇھاسىرىگە ئېلىش ئۈچۈنلا كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

سكورزېنىي بىنا ئىچىگە كىرىپ كۆرۈپ باقماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، روتىسىنى قورا ئىچىگە جايلاشتۇرۇپ بولۇپ تېز قەدەملەر بىلەن سەكرىگىنىچە پەلەمپەيدىن چىقىپ بىناغا كىرىپ كېتىدۇ. ئۈستىنقى قەۋەتكە چىقىپ باششتاپ باشلىقىنىڭ ئىشخانىسى تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ. كورىدوردا بىر قانچە تونۇش شتاب باشلىقلىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالىدۇ. ئۇلار سكروزېنىيغا ئەھۋالدىن قىسقىچە مەلۇمات بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى ھەقىقەتەنمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ھەرىكەتلەردەك بىلىنىدۇ. ئەمما بۇ، ئۇنىڭ پەرىزىنىڭ توغرىلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ بەرمەكتە ئىدى. ئۇ بىر ئامالىلارنى قىلىپ ئالى باشقۇماندانلىققا تېلېفون قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ تېلېفون ئۇلانمايدۇ. شۇڭا ئۇ، "بۇ قالايماقانلىشىپ كەتكەن ھەرە ئۇۋىسى" نىڭ تىنچلىقى بىلەن تېرتىبىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزى بىلگىنىچە ھەرىكەت قىلىش قارارىغا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى چارە كۆپچىلىكنىڭ ئىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ئىدى. شۇڭا تونۇش شتاپ باشلىقلىرىنى بىر يەرگە توپلاپ، ئۇلارنى بۇرۇنقى ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئېيتىدۇ. ئالدىنقى سەپتە زاپاس ئەسكەر ۋە ئارقا سەپ يياردىمگە مۇھتاجلىق ھازىرغىچە داۋام قىلماقتا ئىدى.

شتاپ مەسئۇللىرى ئۇنىڭ دېگىنىگە ماقۇل بولىدۇ. ئەمما بۇيرۇقنى كىم ئىمزالايدۇ؟ مۇھىم ۋەزىپىدىكى كىشىلەر بىر بولسا يا ئۆلتۈرۈلدى يا بولمىسا غايىپ بولغان ئىدى. سكورزېنىي ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ، پۈتۈن مەسئولىيەتنى مەن ئۈستۈمگە ئېلىپ بۇيرۇققا مەن ئۆزەم ئىمزا قويىمەن دەيدۇ. قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش شتابىنىڭ ئېخانىزمى قايتىدىن

ھەربىكەتكە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، سكورزېنىيمۇ جودل بىلەن ئالاقە ئورنىتىلايدۇ. جودل ئۇنىڭغا داۋاملىق قۇماندانلىق قىلىشنى ئىبتىقىندا، سكورزېنىي ئۇنىڭغا "بىرەر گېنېرال بولسىمۇ يوللىسىڭىز بولاتتى" دەپ مەسلىھەت قىلىدۇ. جودىل ئۇنىڭغا فۇھرېر نامىدا داۋاملىق قۇماندانلىق قىلىشنى كېرەكلىكىدە چىڭ تۇرىدۇ. سكورزېنىيمۇ "ۋالكىر" ھەربىي ھالەت بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بۇيرۇقىنى بېرىپ، بارلىق كوماندىرلارنى يېڭى بۇيرۇق كۈتۈشنى تاپىلايدۇ.

سېپىر بولسا، فرومنى تەشۋىقات مىنىستىرلىكىگە باشلاپ بارىدۇ. فروم ئۇ يەردە ھىتلېر بىلەن ئاۋۇرىم سۆزلىشىمەن دەپ تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، گېوبېلس ئۇنىڭ بۇ تەلىپىگە پەرۋامۇ قىلمايدۇ. گېوبېلس ئۆز ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، فروم بار ئىشخانا ئىشىكىگە ئەسكەردىن بىرنى پوستقا قويۇشنى بۇيرۇق قىلىدۇ.

ھىملېرمۇ ئۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن ئىدى. يەنى ئۇ ھىتلېرنىڭ تويلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بۇيرۇقنى ئېلىپ تېخى يېڭىراقتىلا راستېنبۇرگتىن بېرلىنغا يېنىپ كېلىشى ئىدى. ھىتلېر ئۇنىڭغا "قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغۇچىلار كىم بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، بىرنىمۇ قويماي ئېتىپ تاشلانسۇن" دېگەن ئىدى. گەرچە ھىملېر شۇنچە چوڭ ھوقۇقتا، يەنى ھىتلېرنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق جازالاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىش بىلەن بىرگە يەنە زاپاس قىسىملار ۋاقىتلىق باش قۇماندانلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالغان بولغىنىغا قارىماي، ئۇ يەنىلا باستۇرۇش ئىشلىرىدا گېوبېلسنى ئالدىغا چىقىرىپ قويۇپ، ئۆزى خۇددى ئاۋالقىدەك ھېچ ئىش قىلماي ئەركىن بولۇۋالىدۇ.گېوبېلسنىڭ ياردەمچىسى ناۋماننىڭ قارىشىچە، ھىملېر بۇ ئىشلارغا قەتئىي قىزىقمىغان بولۇپ، بۇنىڭدىن ھىملېر بەكلا خوشال ئىكەن. بۇ كۈنلەردە ئۇ نېمىلەرنى قىلغانلىقى ھەققىدە ناۋماننىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئالغاندا، كىشىلەردە مۇنداق بىر تەسىرات پەيدا بولغان ئىدى: بېرلىندىكى تويلاڭنى ئۇنىڭ ئۆزى يالغۇز قورۇق قول بىلەن تارمار كەلتۈرىۋەتكەن ئىدى. "ئۇلار نېمە دېگەن ئاخماق نەرسىلەر ھە! - دەيدۇ ھىملېرغا پو ئېتىپ، _ ئەسلىدە ئۇلارنىڭ قولغا ھەقىقەتەنمۇ بىر پۇرسەت كەلگەن ئىكەندۇق. ھەقىقەتەن ئاخماقلار! ھەقىقەتەنمۇ ساددا نەرسىلەردە بۇ تويلاڭچىلار! ئەگەر بۇ ئىشنى مەن باشلاتقان بولسا ئىدىم، چوقۇم رادىئو ئىستانسىسىنى قولغا ئېلىۋېلىپ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن يالغان خەۋەر تارقاتقان بولار ئىدىم! ئاخماقلار!"

ھىملېر ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئەدەپ بىلەن باش لىڭشىتىپ ئولتۇرغۇنچە چىرايىنىمۇ ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ. ئەمما ئۇ، گېوبېلسنىڭ يېنىغا كېلىشتىن ئاۋال سىياسىي ئۆزگىرىشكە قارشى ۋەھىمە پەيدا قىلىۋەتكەنلىكى بىلەن بىرگە، بۇ قېتىمقى تويلاڭنى تەكشۈرۈش

ئۆچۈن مەخسۇس بىر ئورگان قۇرۇپ قويغانلىقىنى قەتئىي ئىنمايدۇ.

"بۆرە ئىنى" دە گېنېرال فىلگىبېل تەقدىرىنىڭ قانداق بولىشىنى ئالللمۇ قاچان مۆلچەرلەپ بولغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. چۈنكى ئۇ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ سوتىدا قىلغان ئىشىنىڭ نېمە ئۈچۈن قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىشىنى نىيەت قىلغان ئىدى. "ئەگەر سەن ئاخىرەتكە ئىشىنىدىغان بىرسى ئىكەنسەن، چوقۇم خەير-خوش دېيىشىشنىمۇ قورقمايسەن!" دەيدۇ ئۆزىنىڭ ياش ئادىيۇتانتىغا.

ھىتلېر چايخانىدا ئولتۇرۇپ كۆنگسبېرگدىن كېلىدىغا ئاۋاز لىنتىسىغا ئىلىش ماشىنىسىنىڭ چاققانىراق كېلىپ ئۇنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە سۆزلەيدىغان نۇتقىنى لىنتىغا ئېلىپ كېتىشىنى تاقەتسىزلىك ئىچىدە كۈتمەكتە ئىدى. كۈتۈش جەريانىدا، يېقىن سىرداشلىرىنى يىغىپ، ئۆزىنىڭ ئالدىراپ-سالدىراپ يېزىپ چىققان نۇتۇق تېزىسىنى ئوقۇپ ئۆتىدۇ. بۇ يەرگە بىر قانچە كاتىپ ۋە ئادىيۇتانتلار بىلەن بىرگە يەنە كېيتېل ۋە قولنى داكا بىلەن ئېسىۋالغان جودلمۇ كېلىپ يىغىپ ئوتۇرغان بولسىمۇ، ھېلىغىچە ئۈنئالغۇ ماشىنىسىدىن خەۋەر يوق ئىدى. ھىتلېر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئولتۇرغانلارنى تېخىمۇ ئېچىتىشقا كىرىشىدۇ. "بۇ قورقۇنچاقلار! – دەپ ۋارقىرايدۇ ھىتلېر، _ ئۇلار ئەنە شۇنداق بىر نېمىلەر! ئەگەر ئۇلاردا يۈرەك بولسا ئىدى، مېنى ئاشكارە ئوق چىقىرىپ ئېتىپ ئۆلتۈرەلىشى پۈتۈنلەي مۇمكىن ئىدى. شۇ چاغدا مەن ئۇلارنىڭ جاسارىتىنى ھۆرمەت قىلغان بولار ئىدىم. ئەمما بۇ قورقۇنچاقلارنىڭ جېنى بەك تاتلىق نەرسىلەر، تەۋەككۈلچىلىككە ھەرگىز پېتىنالمايدىغان قورقۇنچاقلار!"

ئۈنئالغۇ ماشىنىسى ئاخىرى يېتىپ كېلىدۇ. 21-ئىيۇل تۈن يېرىمى سائەت بىرنى كۆرسىتىۋاتقىنىدا، گېرمانىيىدىكى بارلىق بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدىكى رادىئولاردا ئوركېستىر ياڭراپ، ئارىدا تۇختىتىلىپ ھىتلېرنىڭ نۇتقىنى قويۇپ بېرىدۇ. ھىتلېر رادىئو نۇتقىدا بۇ قېتىمقى سۈيىقەست ئۈستىدە، يېقىن سەبداشلىرىنىڭ ياردارلانغانلىقى ۋە قۇربان بولغانلىقى ھەققىدە توختىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى خاتا ئەقىدىسىنى، يەنى ۋىيقەستچىلەرنىڭ ئىنتايىن ئاز سانلىق بىر ئۈچۈم ئۇنسۇرلاردىنلا ئىبارەت، ئۇلارنىڭ گېرمانىيە ئارمىيە-خەلق بىلەن قىلچە ئورتاقلىقى يوق دېگەن خاتا قارىشىنى قايتا قايتا تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ بىر ئۈچۈم جىنايى ئۇنسۇرلارنى تىزلىكتە قەتئىي رەھىم قىلماستىن جازالايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ: "بىز مۇنداق بىر تەغدىردىن ساقلىنىپ قالالىدۇق: بۇ ئىش مېنىڭ ئۈچۈن ئۈنچىۋالا قورقۇنۇچلۇق بىر ئىش ئەمەس. ئەمما بۇ ئىش نېمىس خەلقى ئۈچۈن ئېيتقاندا بەكلا قورقۇنۇشلۇق ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ

بولىشى مۇمكىن. بۇنداق بىر تەغدىردە، مەن تەڭرىنىڭ بىشارىتىنى كۆرگەندەك بولدۇم: مەن چوقۇم، ۋە قەتئىي تەۋرەنمەي ئۆز ۋەزىپەمنى ئادا قىلىشىم كېرەك.“

ئۇ نۇتقىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، گىيۆرىڭمۇ قىسقىچە سۆز ئالدى. ئۇ سۆزىدە ھاۋا ئارمىيىسىگە ۋاكالىتەن فۈھرېرگە قەتئىي ساداقەتلىك بولۇپ، ئۇنى قاتتىق سۆيىدىغانلىقىنى بىلدۈردى؛ دۆنىتز دېڭىز ئارمىيىسىگە ۋاكالىتەن بۇ قېتىمقى دېڭىز ئارمىيىسىنى فۈھرېرگە سۈيىقەست قىلىشتەك جىنايى قىلمىشتىن چەكسىز نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. كەينىدىنلا ھۆكۈمەت تەرەپ رەسمىي تۈردە، بۇ قېتىمقى سۈيىقەستلىك سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغۇچىلارنىڭ كاتتىباشدىلىرى، يەنى شۇ جىنايەتكار ئوفىتسېرلارنىڭ بىر قىسمى ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغانلىقىنى ياكى قۇرۇقلۇق ئارمىيە تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلانغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ”ھېچ بىر يەردە ۋەقە چىقمىدى. ھازىرغىچە ھەممە يەر تىنچ. بىز بۇ جىنايى قىلمىش بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئۇنسۇرلارنى چوقۇم تازىلاپ چىقىمىز.“

بۇ گەپلەر پارىژدىكى سۈيىقەستچىلەرنى قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى. ئۇلار رافائېل مېھمانخانىسىدىكى ئوفىتسېرلار كلۇبىدە بىر يەرگە يىغىلىپ رادىئو ئاڭلاۋاتاتتى. سەل ئىلگىرى، ئۇلار بۇ رايوندىكى ئېس-ئېسچىلارنىڭ ھەربىر گازارمىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە ئىشغال قىلىشىپ، فرانسىيىدىكى ئىككى نەپەر ئېس-ئېس يوقۇرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرىنى، يەنى كارل ئوبېرگ بىلەن ھېلمۇت كنوچېنلەرنى قولغا ئالغان ئىدى. گېنېرال ۋون ستۇلپناگېل بىر تەرەپتىن رادىئو ئاڭلىغاچ خىيالغا پاتتى: بۇ خەۋەر بىر ھېساپتا ئۇلارنىڭمۇ ئۆلۈم جازا ئېلانى ئىدى. ئەمما ئۇ يەنىلا ئاز-تولا ئۈمىدۋار ئىدى: بەلكىم ئوبېرگ بىلەن كنوچېن ئىككىسى ئۇنى ھىمايە قىلىپ چىقىشى مۇمكىن دەپ ئۈمىدلىنەتتى. چۈنكى ئۇلار ئىككىسىلا قويۇۋېتىلگەن بولۇپلا قالماي، ئۇلارنى يەنە رافائېل مېھمانخانىسىغا كەلتۈرۈپ جايلاشتۇرغان ئىدى. ستۇلپناگېل بېرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا سالام قىلىپ كىرگىنىدە، ئوبېرگ ئېتىلغىنىچە بېرىپ گېنېرالنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى. باش ئەلچى ئوتتو ئابېتز دەرھال ئارىغا كىرىپ ئۇلارنى ئايرىۋېتىپ: ”بېرلىندا يۈز بەرگەن ئىشلار باشقا تۈردىكى ئىش، ـ دەيدۇ باش ئەلچى، ـ بۇ يەردە نورماندىيە ئۇرۇشى قاتتىق قىزىپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا بۇ ئىشقا مەركەزلەشكىنىڭلار تۈزۈك. بۇ يەردىكى بىز نېمىسلار بىرلىكسەپ ئۈزۈلدۈرۈشمىز توغرا يول تۇتقانلىق ھېسابلىنىدۇ.“ بۇ گەپلەردىن كېيىن ئوبېرگ ئاران تىنجىپ، كنوچېن بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىپ، ھىملېرنىڭ گېرمانىيە مەركەزى ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىغا بىرلىكتە قارشى چىقىشقا ماقۇل بولدۇ. ئۇلار، ئېس-ئېس خادىملىرى بىلەن ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسىدىكى خادىملارنىڭ قولغا ئېلىنىشى پۈتۈنلەي ئوبېرگ بىلەن ستۇلفناگېن ئىككىسىنىڭ ئوينىغان ئويۇنى ئىكەنلىكىنى، شۇ ئارقىلىق

قوزغىلاڭچىلارنى ئالدىماقچى بولغانلىقىنى كېلىشىدۇ.

نۇتۇق تاماملىنىشى هامان، هىتلېر ئۆز ئىستىھكامىغا كىرىپ كېتىدۇ. دوختۇر مورېل ئۇنى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. فۈھرېر ئۇنىڭدىن يارىسىنىڭ بەك ئېغىر ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ سىرداشلىرى چايخانىدا ئۇنى كۈتمەكتە ئىدى. مولېر قايتىپ بېرىپ ئۇلارغا هىتلېرنىڭ يۈرەك سوقۇشىنىڭ نورمال ئىكەنلىكىنى، ھەممە ئىش جايىدا ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. فۈھرېر گەرچە كۈندۈزدىكى ۋەقەدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەندەك قىلسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۇنىڭغا قارشى تۇرىۋاتقان سۈيىقەستچىلەر دائىرىسىنىڭ قانچىلىك يەرگە كېڭەيگەنلىكىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ بىر شەكىلدە ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ چىققانلىقىدىن يەنىلا خوشال ئىدى. شۇڭا ئۇ پارتلاشتا تىتىلىپ كەتكەن ئىشتىنىنى بېرچتېسگادېندا تۇرۇۋاتقان ئېۋا براۋنغا ساقلاپ قويۇشى ئۈچۈن بەرمەكچى بولىدۇ. بۇ ئىشتان، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئاسارە ئەتىقە بولۇپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بۇ ئىشتان، تەڭرىنىڭ ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى تاماملىشىغا قارار قىلغانلىقىنىڭ بىر ئىسپاتى ھېساپلىناتتى.

7

21-ئىيۇل يېرىم كېچىدىن ئۆتۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئوتتو سكورزېنىي بېندلېر كوچىسىنى پولتولەي تېزگىنلەپ بولۇپ، قۇرۇقلۇق ئارمىيەباش قوماندانلىق شتابىدىكى كۈندىلىك خىزمەتلەرنى قايتا يولغا سالغان ئىدى. ئۇ، شتاۋفېنبېرگنىڭ بىخەتەرلىك ساندۇقىدىن ئىسيانغا مۇناسىۋەتلىك تەپسىلى مەلۇماتقا ئېرىشىپ، بىر مۇنچە ئوفىتسېرنى قولغا ئالىدۇ.

تەشۋىقات مىنىستىرلىكىدە بولسا، گېيوبېلس بىلەن هىملېر ئىككىسى فرومنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مۇنچە گېنېرالنى سوراق قىلماقتا ئىدى. سوراقتا گېنېراللارغا بەكلا ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىندى، ئۇلار ۋىسكى ئىچىپ قارا تاماكا چېكىشتى، يەنە بىر قىسىم گېنېراللار، ئالايلۇق كورتزفلېيش گۇناھسىز ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن ئۆيىگە كېتىشكە رۇخسەت قىلىندى. تاڭغا يېقىن سائەت 4 بولغاندا تەكشۈرۈش ئىشلىرى تاماملىنىدۇ. گېيوبېلس ئىنتايىن خوشال بىر قىياپەتتە ئىشخانىسىدىن چىقىپ، "ئەپەندىلەر، توپىلاڭ ئاخىرلاشتى" دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئۇ، هىملېرنى ئاپتوموبىلىغىچە ئۇزۇتۇپ چىقىپ، بۇ كونا رەقىبى بىلەن ئۇزۇنغىچە قول ئېلىشىپ خوشلىشىدۇ. ئاندىن بىناغا قايتىپ كىرىپ، قولغا كەلتۈرگەن بۇ ئۆچمەس ئۇتۇقلىرى بىلەن يېقىنلىرىنى كۈتىۋالىدۇ. گېيوبېلس بەكلا

خوشال ئىدى. ئۇ ئورۇندۇقتا پۈتنى قويۇپ فۆھتربرنىڭ يېرىم مىس ھەيكىلىگە يۈلەنگىنىچە "بۇ بىر روھ تازىلاش دولقۇنى بولدى، بۆگۈن چۈشتىن كېيىن قورقۇنۇشلۇق خەۋەر يېتىپ كەلگىنىدە بۇ ئىشلارنىڭ بۇنچە سىرلىق بىر شەكىلدە شۇنچە تېز يىغىشتۇرۇلىدىغانلىقىنى كىممۇ ئويلىغان دەيسىلەر، بۇ ئىشلارنىڭ شۇنچە پۇختا پۈتىدىغانلىقىنى كىممۇ خىيالىغا كەلتۈرەلىگەن؟" بۇ ھەقىقەتەنمۇ كەم-كۈستىسىز بىر مۆجىزە ئىدى. ئەگەر ھىتلېر راستىنلا ئۆلگەن بولسا ئىدى، خەلق بۇنى تەڭرىنىڭ جازاسى دەپ ئويلايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. "تارىخ پەقەتلا پاكىتقا ئەمەل قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ھەرگىز مۆلچەرلىگىلى بولمايتتى. بۇ قېتىمچۇ؟ بۇ قېتىم تارىخ بىز تەرەپتە." شۇنداق ئىكەن، بۇ قېتىمقى سۈيىقەست ھەرىكىتىنى گېزىتلاردا ئەھمىيەتسىز ھالغا كەلتۈرۈپ تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ئاگېنتلىقلارغا تەلىمات يوللىشىمىز كېرەك دەپ ئېيتىدۇ.

"بۆرە ئىنى" دە بولسا، بورمان جايلاردىكى مەسئۇل كادىرلارغا يولیورۇق بېرىش بىلەن مەشغۇل ئىدى.تاڭ سەھەر سائەت 3 تىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۇ يەرلىك مەسئۇللارغا يوليورۇق بېرىپ، "تۇپىلاڭنى ئاخىرلاشتى دەپ ئېيتالايمىز" دەيدۇ. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دىن 35 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۇ ھىملېرگە "مۇئامىلىسى سىلىق بولغان، ھەتتا ئاشكارە دۈشمەنلىك ئىپادىلىگەن ئوفىتسېرلارغا قارىتا ئايرىم ھەرىكەت قوللىنىشنى دەرھال توختىتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن" دەپ جىددى تەلەپ قىلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئۈزۈل-كېسىل تەكشۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى ئىدى. ئەسلىدە ئۇ، 11 يەردىكى 400 نەپەر مەسئۇل خادىمدىن تەشكىل تاپقان بىر ئورگان قۇرۇپ چىققان بولۇپ، بۇ ئىشنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ چىقماقچى بولىدۇ.

پارىژدا بولسا، كلۇگىنىڭ شىتاپ كوماندىرى، فرانسىيەدىكى ئىككى نەپەر كۆچلۈك ئېس-ئېس ئەمەلدارى بولغان ئوبېرگ بىلەن كنوچېن ئىككىسىنىڭ ھەمكارلىقىدا كلۇگ بىلەن ستۈلپناگېل ئىككىسىنىڭ جىنايىتىنى يېپىپ ئۆتكۈزىۋېتىش ئۈچۈن تىرىشماقتا ئىدى. ئەمما بېرلىندىن كەلگەن بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، تېخى يېقىنلارغىچىلا "چاقنىغان شەھەر"، يەنى پارىژنىڭ قايمىقىنى يەپ كەلگەن ستۈلپناگېل، ئەندى پۈتۈن ئۈمىدلەر تۈگىدى دەپ ھېسابلاپ ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ مېڭىش ئورنىغا شۇ كۈنى ئەتىگەن يامغۇرغا قارىماي ماشىنىلىق بېرلىنغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. گېنېرال، شوپۇرىغا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدىكى كاتېئاۋ- تيېرري بىلەن ئارگون ئورمانلىقىدىكى شۇنىڭدەك 1916- يىلى نۇرغۇنلىغان دارمستادت ئالاھىدە كورپۇسىدىكى سەبداشلىرىنىڭ ئېسسىق

قىنى بىلەن بويالغان ئۇرۇش مەيدانلىرىدىن كېسىپ ئۆتتۆشنى بۇيرۇيدۇ. پۈتۈن چۆشتىن كېيىن، ئېچىنىشلىق سەپەردە ئاخىرى "شامالدىغاچ پىيادە ماڭاي" دەپ ماشىنىدىن چۈشۈۋالدۇ. مېۋس قانلىق بويىغا كەلگىنىدە كىچىك بىر قىيالىق تاغ ئارقىسىدا غايىپ بولىدۇ. ئۇزۇنغا قالماي شوپۇرنىڭ قۇلقىغا بىر پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. بەلكىم ئىككى پاي بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شوپۇر قانالدىكى سۇدا ئۆگدىسىغا لەيلەپ ئېقىپ كېتىۋاتقان بۇ گېنېرالنى كۆرىدۇ. گەرچە ستولپناگېل تېخى ئۆلمىگەن بولسىمۇ، بۇنداق قىلمىغىنىدا ئۆزىنىڭ شەكسىز جىنايەت بىلەن شوغۇللانغانلىقى ئىسپاتلىنىپ، چوقۇم دارغا ئېسىلىدىغانلىقىنى ئويلىغان بولىشى كېرەك.

"بۆرە ئىنى" دە، ھىتلېرنىڭ بېشىدىكى يارىسى ھەقىقەتەنمۇ سەل قارىغىلى بولىدىغان يارىلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئوڭ قۇلقى پاك بولۇپ قالغان، ئىككىلا كۆزى ئوڭغا قاراپ تىنماي شىپىلداپ تۇراتتى. شۇ ئاخشىمى، سىرتتا شامالدىغاچ ئايلىنىپ يۈرگىنىدە ئىككى قېتىم يولدىن چىقىپ كېتىدۇ. دوختۇر كارل براندت ئۇنى بىر قانچە كۈن يېتىپ ئارام ئېلىشنى جېكىلىگەن بولسىمۇ، "ياق، ھەرگىز ئارام ئالالمايمەن، قىلىدىغان ئىشلىرىم بەكلا كۆپ" دەپ، ئۇنىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەگەر چەتئەللىك مېھمانلار بۇنچە ساغلام بىرسىنىڭ يوتقانغا پۈركۈنۈپ يېتىۋالغىنىنى كۆرگىدەك بولىدىكەن، ھەقىقەتەنمۇ بەكلا كۈلكىلىك بولار ئىدى.

ئەتىسى، قۇلقى تىنماي ئاغرىپ تۇرىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا چىداشلىق بىرىپ يېقىندىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيە دوختۇرخانىسىغا بېرىپ يارىلانغان ئوفىتسېرلارنى يوخلىغىلى بارىدۇ. قاتاردا ئىككىسى جان تالىشىش ھالىغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. گېنېرال شمۇندتنىڭ ئەھۋالىمۇ بەكلا ئېغىر ئىدى. ھىتلېر ئۇنىڭغا بەكلا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇ يەنە شۇ ياتاقتا بىرگە ياتقان ئىككى نەپەرت دېڭىز ئارمىيە خادىم پۇتكامېر بىلەن ئاسسىمانغا دەرتلىنىدۇ. ھىتلېر ئاسسىماننىڭ كارىۋىتىغا ئولتۇرغىنىچە ئۇلارنىڭ بۇ قېتىملىق سۇيىقەست ھەرىكىتىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلىرى بولۇپ قالغانلىقىغا قاتتىق ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈدۇ. "ئەسلىدە ئۇ ئەپەندىلەرنىڭ كۆز تىككىنى مەن ئىدىم. ئۇلار پەقەتلا مېنى كۆزلىگەن ئىدى. – دەيدۇ ئۇلارغا. ئەمما مۆجىزىۋى بىر تۈردە ئۆزىنىڭ ئۆلۈمدىن ساق قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنى ئېيتىپ، _ بۇ دېگەن تەقدىرنىڭ مېنى ۋەزىپەمنى ئادا قىلىشقا بەرگەن بىر بىشارىتى. سىلەرچىمۇ شۇنداق ئەمەسمۇ؟" ھىتلېر، 20-ئىيۇل كۈنى، "ئۇ كۈن پەقەت شۇنىڭلا بىشارىتى، يەنى تەڭرىم مېنى نېمىس خەلقىنى يا ئاخىرقى مەغلۇبىيەتكە يا بولمىسا ئاخىرقى غالىبىيەتكە قاراپ نېمىس خەلقىنى يېتەكلەپ مېڭىشىمنى جېكىلىشىدۇر."

ۋاقىت سائەتلەپ ئالغا ئىلگىرلىمەكتە ئىدى. ھىتلېرنىڭ قۇلاق ئاغرىقىمۇ بارغانسىرى ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ؛ دوختۇر مورېل چارىسىز پروفېسسور ۋون ئېيكېننىڭ كېلىپ تەكشۈرۈپ كۆرۈشىنى تەكلىپ قىلماقچى بولىدۇ. ئۇ پروفېسسور بېرلىندىكى داڭلىق بەش ئەزا مۇتەخەسسىسى بولۇپ، 1935-يىلى فۈھرېرنىڭ بوغۇزىنى ئاپاراتسىيە قىلغان كىشى ئىدى. ئەمما بۇ پروفېسسور ئۆيىدە بولمىغاچقا، چارىسىز خوشنا بىر قۇرۇقلۇق ئارمىيە دوختۇرخانىسىدىن بىر بەش ئەزا مۇتەخەسسىسىنى تەكلىپ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ دوختۇرنىڭ ئىسمى ئېرۋىن گېيسىڭ بولۇپ، خۇسۇسىي دوختۇرخانىسىنى ئېچىشتىن بۇرۇن پروفېسسور ئېيكېننىڭ بالنىسىدا ئىككى يىلدەك ئىشلىگەن دوختۇرلۇق تېخنىكىسى ئالاھىدە يۇقىرى بىرى ئىدى. گېيسىڭ، فۈھرېرنىڭ قۇلاق پەردىسى يىرتىلىپ كەتكەنلىكىنى، قۇلاق ئىچىمۇ يارىلانغانلىقىنى تېپىپ چىقىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئەگەر ئورتا قۇلاق يىرىڭلاپ كەتمىگەنلا بولىدىكەن، ئەھۋالنىڭ بەك ئېغىر بولماسلىقىنى ئېيتىدۇ.

دەل شۇ پەيتتە، دوختۇر مورېل ھاسىرىغىنىچە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ ئېغىر سۆزلەر بىلەن گېيسىڭنى قاتتىق تەنقىتلەپ، نېمشكە ئاۋال ئۆزى بىلەن كۆرۈشمىگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. "بىر ئوفىتسېر پۈتۈن مەمورى باشلىقلارنىڭ بۇيرۇقىنى ئېلىش ئەمەس بەلكى ئۆزىنىڭ باشلىقىنىڭلا بۇيرۇقىنى ئالىدۇ" دەپ ئېيتىدۇ. ھىتلېر ئۇلارنىڭ نېمە دەپ گەپ تالىشىۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلمىسىمۇ، مورېلنىڭ قاتتىق خاپا بولۇپ كەتكەنلىكىنى پەرق قىلىدۇ. "بولدى قويۇڭ قەدىرلىك پروفېسسور، تالىشىپ نېمە قىلىسىز، گېيسىڭمۇ ۋون ئېيكېننىڭ قولىدا ياردەمچى بولۇپ ئىشلەپتىكەن. ئۇ ماڭا، ئەگەر قاناش توختىمىغىدەك قىلسا ئەتە قۇلىقىمغا كىچىك بىر ئاپارتسىيە قىلىپ قۇلاق پەردەمنى تازىلىماقچى بولىدى." دەيدۇ. مورېل ئۇنىڭغا ئاۋال قان توختۇتۇش ئوكۇلى قويۇلۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتسىمۇ، بۇ رېتسېپنى ئۇنىڭ بىر رەقىبى يازغانلىقى ئۈچۈن بېرلىنغا دورا ئالدۇرۇشقا ئادەم يوللاشقا بەك قىزىقىپ كەتمەيدۇ.

ھىتلېرمۇ ئوك قۇلىقىنىڭ مەڭگۈلۈك ساغرو بولۇپ قالىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن بولسىمۇ، روھى ھالىتى يەنىلا ئالاھىدە كۆتۈرەڭگۈ كۆرۈنەتتى. ئۇ يەنە ماشىنكىنىڭ ئالدىغا ئولتۇرۇپ خۇددى توخو دان چوقۇلىغاندەك "قىزچىقى" غا خەت يېزىشقا كىرىشىدۇ. قىزچىقىم، بۇ سۆز ئۇنىڭ ئېۋا براۋننى چاقىرىپ ئادەتلەنگەن بىر ئىسىم ئىدى. ئۇ خەتكە يەنە بىر پارچە پارتلاش يېرىنى كۆرسىتىدىغان سىخېمىدىن بىرنى قوشۇپ قويغان ئىدى. ئۇ ئېۋاغا، ئەھۋالىم ياخشى، پەقەت ئۆزەمنى ھاردۇق يەتكەندەكلا ھېس قىلىمەن. "مەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بالدۇرراق قايتىپ كېتىپ . ياخشىراق ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئۆزەمنى ساڭا تاپشۇرۇشنىلا ئويلىماقتىمەن. تىنىچ كۆڭلەرگە بەكلا ئېھتىياجلىق

بولماقتىمەن.“ دەپ يازىدۇ. ئېۋامۇ دەرھال جاۋاپ قايتۇرۇپ (ئۇنىڭ ئىشلەتكەن سالام خەت قەغىزى ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ بىرىنچى ھەرپىدىن ياسالغان نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن قەغەز ئىدى)، بەكلا ئەنسىرىگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ”سىزنىڭ سۆيىقەستچىلەرنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىشكە قىل قالغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ بەكلا پاراكەندە بولۇپ كەتتىم“ دەپ يازىدۇ.

ئۇ خېتىدە، ئەگەر ھاياتىڭىزغا بىرەر خەۋپ كېلىپ قالغىدەك بولسا ھەرگىز ياشىيالمايمەن، ”مەن سىز بىلەن تۇنجى ئۇچرۇشتىن تارتىپلا ئۆزەمگە سىز يەر تېگىگە كىرسىڭىزمۇ قەتئىي بىرلىكتە بولىمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئىدىم. ئەگەر ئۆلسىڭىزمۇ سىز بىلەن بىرگە ئۆلمەكچىمەن. سىز بىلىسىز، مېنىڭ پۈتكۈل ھاياتىم سىزنى ياخشى كۆرۈش ئۈستىگىلا قۇرۇلغان.“ دەپ يازىدۇ.

23-ئىيۇل كۈنى، گېستاپو تەكشۈرۈش ئۆمۈكىدىكىلەر پارتلاپ كەتكەن بىر ئۆينىڭ خارابىلىرى ئارىسىدىن بەزى كۈندىلىك خاتىرىلەرنى قولغا چۈشەرگەن بولۇپ، بۇ خاتىرىدە ئادمىرال پولكوۋنىك كانارىس ۋە ئۇنىڭ بەزى مۇھىم ئادەملىرىنىڭ بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىش ۋەقەسىگە چېتىلغان ئىكەنلىكى يېزىلغان ئىدى. ئادمىرال پولكوۋنىك كانارىس بىلەن سابىق ئىقتىسادى ئىشلار مىنىستىرى شاچت ئىككىسى قولغا ئېلىنىدۇ. دەسلىۋىدە، ھىتلېر شۇنچە يوقىرى دەرىجىلىك ھەمدە شۇنچە نۇرغۇن خادىملارنىڭ بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىش سۆيىقەستىگە چېتىلغانلىقىغا ھەر قانچە قىلىپمۇ ئىشەنگىسى كەلمەيدۇ. ئۇ دەسلىۋىدە بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلغانلارنى ئازغىنە بىر ئۇچۇم ۋەتەنساتقۇچلار دەپ قىكاراپ كەلگەن ئىدى؛ يوقۇرىدىكى پاش قىلىنىش، ئۇنىڭ بۇنداق قارىشىغا قاتتىق رەددىيە بەرگەن، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بۇنىڭدىن قاتتىق زەربە يەيدۇ. ”مەن ھاياتىم بويىچە شۇنچە ئېغىر غەم ئىچىگە پېتىپ قالغان بىرى ئىدىمكى، بۇ غەمدىن پەقەت ئۆلۈملا مېنى ئازات قىلالىشى مۇمكىن“ دەپ دەرت تۆكىدۇ تراۋدل جيۇڭغا. يەنە بىر كاتىپىمۇ، سەنمۇ گەپ ئاڭلىماس بولىۋالدىڭ، ”ماڭا قارا، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قارا، يا بولمىسا سەنمۇ خۇددى مېنىڭ گېنېراللىرىمغا ئوخشاش بىر خائىن ئەمەستۇرسەن ھە؟“ دەپ بۆرە ئىتتىغا ۋارقىراپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ قالغان.

ھىتلېر، ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن ۋەزىيەت ئانالىزى يىغىنىدا ئېنگلىزلارنىڭ شتاۋفېنبېرگنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگەنلىكىنى ئېيتىپ، كىشىلەرنى سۆيىقەست قىلىشقا ئۈرۈنغان كىشىلەرنىڭ ئۇنچىۋالا كۆپ ئەمەسلىكىگە ئىشەندۈرمەكچى بولىدۇ. ”ئەڭ مۇھىم بولغىنى، پۈتۈن دۇنياغا ئوفىتسېرلار ئىنتىپاقىدىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ بۇ چوشقىنىڭ باللىرى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقلىقىنى ئېلان قىلىش كېرەكلىكىنى“

ئۇقتۇرىدۇ. شۇڭا، مەتبۇئات ساھەسىدە بېندلېر كوچىسىدىكى كوماندىرلار بۇ بىر ئۇچۇم خائىنلارنىڭ ئۆزلىرىنىمۇ قوشۇپ بولغۇبتىشىنى توساپ قېلىپ، نەق مەيداندا 4 نەپەر خائىننى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ تەشۋىق قىلىش كېرەكلىكىنى دەپ كېلىپ، "گەرچە بىز بىر سېھرلىك قولنىڭ بىزگە شۇنچە پايدىلىق بىر شارائىتتا پارتلاتقۇچ بىلەن قېشىمىزغا كىرىپ كېلىشىنى كۆرەلمىگەن بولساقمۇ، مەن يەنىلا ئۆزەمنى رەسمى بىر پسىخولوگىدەكلا كۆرمەكتىمەن. ئەگەن مەن قالغان كىشىلەر بىلەن بىراقلا پارتلاپ ئۆلگەن بولسا ئىدىم، ئاپەت دېگەن شۇ چاغدا ئوتتۇرغا چىققان بولاتتى."

ھىتلېرنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، گېيوبېلس پۈتۈن مەملىكەتكە رادىئو نۇتقى سۆزلەيدۇ. بۇ قېتىمقى نۇتقى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن تەييارلانغان بىر نۇتۇق بولۇپ، بۇ قېتىمقى ۋەقەدىن ئالغان تەجرىبە ساۋاقلار ئىنتايىن ھاياجانلىق بىلەن ئوتتۇرغا قويۇلغان بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ھاياجانغا سالاتتى. ئۇ، شتاۋفېنبېرگنى گويا بىر ئالۋاستىغىلا ئوخشاتقان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ئاز سانلىق بىر قىسىم ئوفىتسېرلار ئىكەنلىكىنى، ئۇلار ھەرگىزمۇ پۈتكۈل قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىدىكىلەرگە ۋاكالەتلىك قىلالمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ شتاۋفېنبېرگكە ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ غەرپ ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن بىرسى ئىكەنلىكىنى، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە سۈيىقەست پىلانلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ 4 تۈرلۈك پاكىتنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ: ئۇلارنىڭ گېزىتلىرىدا، بىر قىسىم گېرمانىيە گېنېراللىرىنىڭ ھىتلېرغا قارشى تۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى توختىماي تىلغا ئېلىپ كەلگەن؛ ئىشلەتكەن بومبىسىمۇ ئەنگلىيەدە ئىشلەنگەن بومبا ئىكەنلىكى؛ شتاۋفېنبېرگنىڭ ئەنگلىيە ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بارلىقى ھەمدە پارتلاش خەۋىرى لوندونغا يېتىپ بېرىشى ھامان، لوندون مەتبۇئاتلىرى گېرمانىيىنىڭ ئۇزۇنغا قالماي يىمىرىلىشىدىن ئۈمىدۋار ئىكەنلىكىنى يېزىشقانلىقىنى دەلىل قىلىپ ئوتتۇرغا قويىدۇ.

يەرلىك مەسىلىلار، گېيوبېلسنىڭ تەشۋىقاتى خەلق ئاممىسىنى ئۈنۈملۈك تۈردە ھەرىكەتكە كەلتۈرەلىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئالايلۇق، براۋۇنشۋېيگدىكى بىر دوختۇرخانىدا، كېسەللەر ئۆزلىكىدىن فۇھرېرنىڭ ھەر بىر پارچە رەسىمىنى گۈل-چېچەكلەر بىلەن پۈركۈپ چىققان. يەنە نۇرغۇنلىغان شەھەرلەردە تەنتەنىلىك نامايىشلار ئۇيۇشتۇرۇلغان. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئوقۇغۇچىلىرىغا بۇ قېتىمقى سۈيىقەستلىك ھەرىكەت ئەكسىنچە گېرمانىيەنىڭ نېمە ئۈچۈن ئافرىقا بىلەن رۇسىيەدە ئەسكىرى جەھەتلەردە قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇشنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى، يەنى ئۇرۇش جەريانىدا خائىنلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشى نەتىجىسىدە، فۇھرېرىمىزنىڭ

بــۈيرۇقلىرى ھەر قايســى دىــۋىزىيىلەرگە يەتكۈزۈلــۈش تۇســالغۇغا ئۇچرىغانلىقــىدىن بولغانلىقىنى ھە دەپ تەشۋىق قىلىشتى.

25-ئىيــۇل كــۈنى، دوختــۇر ۋون ئېــيكىن بېرلىنــدىن يېتىــپ كەلگىنىــدە فۇھرېرنىــڭ قىزغىن كۈتىۋېلىشىغا سازاۋەر بولـدۇ. فۇھرېر ئـۆزى ئۈستىدە پەرىزىنـى ئوتتۇرغـا قويـۇپ، بەكلا كۆپ باش ئاغرىقى ئىشلىرى بولغانلىقى سەۋەبىدىن "بەك كـۆپ بولسا ئـارانلا 2~3 يىللا ياشيالىشى مۇمكىن" لىكىنى ئېيتـدۇ. ئۇنىـڭ خـاتىرجەم بولالايـدىغىنى، شـۇ كـۈنلەر كەلگىنىــدە ئۆزىمــۇ ۋەزىپىســىنى تاماملىغــان بولىــدىغانلىقىنى، قالغــان ئىشــلارنى باشــقىلار داۋاملاشـتۇرۇپ كېتەلەيـدىغانلىقىنى ئېيتـدۇ. ئـۇ ئازاپلانغـان ھالـدا ئورۇنـدۇقتا ئولتـۇرۇپ ئۆزىنىڭ كېسىلىنى تەپسىلى سۆزلەپ چىقىدۇ.

دوختــۇر گىيىســلىڭ، ئىنتــايىن پۇختــا ئەســتە ســاقلاش قــابىلىيىتى بارلىقــىدىن مەغرۇرلىنىپ يۈرەتتى. شۇڭا ئۇ يوشـۇرۇن تـۈردە ھىتلېرنىـڭ دېگەنلىرىنـى بىرنىمـۇ قويمـاي سىرىق تاشـلىق بىـر دىئـاگنوز خاتىرىسـىگە يېزىـپ قالدۇرىـدۇ. ئـۇ ئۆزىنىـڭ خاتىرىسـىنى باشــقىلار ئوقىۋالمىســۇن دەپ شــىفىرلىق ســۆزلەر بىــلەن لاتىــن ھەرپلىرىــدە خــاتىرە قالـدۇرغان ئىـدى. شـۇنىڭدەك يەنە پەقەت ئـۆزىلا بىلىـدىغان مەخپـى بەلگىـلەر بىـلەن ئىشارەتلىۋالىدۇ. پروفېسسور ۋون ئېيكىن، دوختۇر گىيىسگىنىڭ دىئاگنوزىنى ھەمـدە ئۇنىـڭ داۋالاش ئۇسـلىنى تـوغرا دەپ ئىسـپاتلايدۇ. ئەممـا فـۇھرېر، ھـېچ بولمىغانـدا بىـر ھەپـتە كارىۋاتتىن چۈشمەي يېتىشى ھەققىـدىكى تەكلىپىنـى قەتئـى رەت قىلىـدۇ. "دېـمەك سىـلەر يوشــۇرۇن كېلىشــىپ بوپســىلەردە، ســىلەر راســتىنلا مىنــى كېســەلگە ئايلانــدۇرماقچى ئىكەنسىلەر."

ھىتلېر، ئەتىسى گىيىسگىغا سول قۇلىقىمدىن ھېلىغىچە قـان چىقىـپ توختىمايۋاتىـدۇ، شــۇ يەنە بىــر قېــتىم دېزىنفېكســيە قىلغــان بولســىڭىز، دەپ تەلەپ قىلىـدۇ. ھەر قــانچە ئاغرىســىمۇ ئــاغرىقىنى ھېــس قىلمــايمەن، دەيــدۇ. ئــۇ ســەل ئويلىنىــپ تۇرىۋېلىــپ، ئــاغرىق كىشىنىڭ ئىرادىسـىنى تېخىمـۇ كۈچەيتەلەيـدىكەن، دەيـدۇ. بـۇنى ئـۇ بىـر مىنـوتتىن كېـيىن راسـتىنلا ئىسـپاتلاپ بېرىـدۇ: بىـر ئادىيۇتانـت سۈيىقەسـت ھەققىـدىكى دوكلاتنـى ئۇنىڭغـا بېرىدۇ. "مانا قاراڭلار، _ دەيدۇ ھىتلېـر دوكلاتنىـڭ ئوقىغـاچ، _ مەن ھېلـدورفنىڭ بۇنـداق بىر لۈكچەك ئىكەنلىكىنى پەقەتلا ئويلىمىغان ئىكەنمەن ئەمەسمۇ. – دەيدۇ قەسـەم قىلىـپ تۇرۇپ، _ مەن بۇ خائىنلارنى چوقۇم تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلايمەن." شۇ قاتـاردا ئـۇ يەنە شـتاۋفېنبېرگنىمۇ قورقۇنچـاق مەلئـۇن دەپ تىللىۋالـدۇ. "ھـېچ بولمىغانـدا سومكىسـى بىلەن يېنىمغا كىرىپ تۇرغان ۋاقتـىدىكى جاسـارىتىنى كۆرسـىتەلىگەن بولسـىمىغۇ كاشـكى. ئۇنى مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭغا بەكلا ئاسان ئۆلۈم ئاتا قىلىنىپتۇ، ئىسىت!"

ئاربدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، ھىتلېر ئۇيقىسى كەلمەي قىينىلىپ كېتىدۇ. گېبىسنىڭ ئۇنىڭغا، ھەر ئاخشىمى ئىچىپ تۇرىدىغان چىيىنى ئىچىشتىن توختىتىش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىدۇ. ئۇنىمۇ قىلىپ باقتىم، ئۇ چاغدا ئۇيقۇم تېخىمۇ تەستە كېلىدىغان بولۇۋالدى، دەيدۇ ھىتلېر. "مەن ئاۋال ئۆزەمنى يەڭگىل ھېس قىلىدىغان ھالغا كېلىش ئۈچۈن باشقا ئىشلار ھەققىدە گەپ قىلىپ بېقىشىم كېرەكتەك قىلىدۇ. بولمىسا، مەن يەنە شۇ ئالى قۇماندانلىق شتابىدىكى خەرىتىلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ ئۆزەمنى قىيناپ يۈرۈشۈم مۇمكىن. كاللام ئۇ ئىشلارغا بەكلا ئىشلەپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا مەن بىر قانچە سائەت سەرىپ قىلىپ بۇ خىياللىرىمدىن قۇتۇلۇشۇم كېرەك. ئەگەر چىراق يېنىپلا تۇرغان بولىدىكەن، پۈتكۈل توپكورپۇسلىرىمىزنىڭ خەرىتىدىكى ئورنىنى بىردىن-بىر كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىۋالىدىكەنمەن. ھەتتا ھەر بىر دىۋىزىيىنىڭ ئورنىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرەلەيمەنكەن. مەن شۇلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ ۋاقىت سۈدەك ئېقىپ ئۆتىدىكەن، ۋە ئۇيقۇمىمۇ سائەتلەپ كەينىگە سوزۇلۇپ كېتىدىكەن. كۆزۈمگە ئۇيقا كەلگىنىدە بولسا، سائەتمۇ 5~6 بولۇپ قالغان ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدىكەن. بۇنداق خۇيۇمنىڭ سالامەتلىكىم ئۈچۈن پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرساممۇ بۇ مىجەزىمنى ئۆزگەرتەلمەي كەلمەكتىمەن."

8

ھىتلېر، پارتلاش ۋەقەسىنىڭ ئەتىسى كېسەلچان باش شتاپ باشلىقى زېيتىزلېرنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا پىكىر ئىختىلابى بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئالدىنقى سەپتىن قايتۇرۇلغان گۇدېرىياننى قويىدۇ. قۇرۇقلۇق ئارمىيەدە ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر دېيىشكە بولىدىغان بۇ تانكا قىسىملار مۇتەخەسسىسى راستېنبۇرگقا كېلىپ مەنسەپكە ئولتۇرغان ۋاقتىدا، قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش قۇماندانلىق شتابىنىڭ پۈتۈن ئىشخانىلىرى دېگىدەك قۇپ-قۇرۇق ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. زېيتزلېر بۇ يەردىن قىسمەن يۈزىنى تۆكۈۋالغان بىر ھالەتتە ئايرىلغان ئىدى. ھېۋسىنگېرمۇ بۇ يەردىن ئايرىلغان ئىدى.نۇرغۇن بۆلۈم باشلىقلىرىمۇ گېستاپو تەرىپىدىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان ئىدى.

گۇدېرىيان، ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش بىلەن بىرىنچى بولۇپ پۈتتۈرمەكچى بولغىنى، بىر پارچە ساداقەت بۇيرۇقى ئېلان قىلىش ھەمدە "قۇماندانلىرىمىز بىردەك ئىتتىپاق ھالىتىدە بولىدۇ؛ ئوفىتسېرلار ئىتتىپاقمۇ بىردەك ئىتتىپا ھالىتىدە بولىدۇ؛ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرىمۇ بىردەك ئىتتىپاق ھالىتىدە بولىدۇ" دەپ ھىتلېرغا كاپالەت بېرىدۇ. بىر ھەپتە ئۆتمەي گۇدېرىيان تېخىمۇ ئىلگىرى كېتىدۇ: ئۇ، باش قۇماندانلىق

شــتابىدىكى ھەر بىــر ئوفىتســېردىن مىللىــي سوتســىئالىزمنىڭ رەھبىــرى ۋە قوشــۇمچە ئوفىتسېرى بولۇشنى بۇيرۇق قىلىپ، "فۇھرېرنىـڭ ئىدىيىسـى بـويىچە يـاش كومانـدىرلارغا پائال تـۈردە سىياسـىي تەربىـيە بېرىلىشـى" كېرەكلىكىنـى، بـۇ بۇيرۇقنـا بـوي سـۇنمايدىغان ئوفىتسېرلار دەرھال يۆتكىلىـش ئىلتىماسـى سۇنىشـى كېرەكلىكىنـى ئېيتىـدۇ. دەرۋەقە بـوي سۇنمايدىغانلار يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ، 1933-يىلى قۇرۇلغان بۇ تاللانغان قىسىم باش ئەگدۈرۈلۈپ، بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ.

بۇ كـۈنلەردە، نورمانـدىيە دېڭىـز بـويى سېپىدە تۇرغـان غەربىـي قانـات پوزىتسىيەلەر ئامېرىكـا تـانكىلىرى تەرىپىـدىن شـىددەتلىك ھۇجۇمغـا ئـۇچراپ، غەربىـي سـەپ پۈتـۈنلەي يىمىرىلىش ئالدىدا تۇراتتى. 30-ئىيۇل گوگۇم ۋاقتىدا، ئاۋرانچېس يولىنى تالىشـىش ئۈچـۈن ئامېرىكا-گېرمانىيە ئىككى دۆلەت تانكىلىرى بىر-بىـرى بىـلەن رەھىمسىـزلەرچە ئۇرۇشـىدۇ. ئـاۋرانچېس تـار يـولى ئامېرىكـا قىسـىملىرىنىڭ فرانسـىيە تـۈزلەڭگە چىقىۋېلىشـى ئۈچـۈن قەتئىي بۆسـۈپ ئۆتىشـى كېـرەك بولغـان بىـر يـول ئىـدى. ۋارلىمونـت قاتارىـدىكى كىشـىلەر فرانسىيەدىن دەرھال چېكىنىـپ چىقىشـنى تەلەپ قىلغـان بولسـىمۇ، جـودل، فـۇھرېرگە بىـر پارچە بۇيرۇق لايىھىسىنى سۇنۇپ، "مۇمكىن بولغىدەك ئەھۋال ئاسـتىدا دېڭىـز قىرغىقىـدىن چېكىنىش" نى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەتىسـى ئاخشـىمى، ئامېرىكـا قىسـىملىرىنىڭ تـانكىلىرى ئـاۋرانچېس تـار يولىغـا كىرىۋالىـدۇ. بـۇ چاغـدا ھىتلېـر دەرھـال غەربىـي سـەپكە ئاتلىنىـپ ئۇرۇشـقا ئـۆزى بىۋاسـتە قوماندانلىق قىلمـاقچى بولغـان بولسـىمۇ، گىيبىسـلىڭ بىـلەن ئېيكېـن ئىككىسـى ئۇنىـڭ ئايروپىلانغا چىقىشـىنى توسـاپ قەتئىـي يـول قويمايـدۇ. دوختۇرلارمـۇ ئۇنىـڭ "بـۆرە ئىنـى" ئەتراپىـدىلا ھەرىـكەت قىلىشـىغا رۇخسـەت قىلغـانلىقى ئۈچـۈن، گېئـورگ پاتتوننىـڭ 6 دىۋىزىيىلىك چوڭ قوشۇنىنىڭ ئاۋرانچېسقا بېسىـپ كىرىشـىگە ھېچقانـداق ئامـال قىلالمـاي قاراپ ئولتۇرىـدۇ. فرانسـىيەنىڭ تەقـدىرى شـۇنداق قىلىـپ بەلگىلىنىـپ بولغاچقا ئۇنىڭمـۇ ئامالى يوق ئىدى. ئەمما بـۇ، ئـۇنى قـاتتىق غەمگە قويغـان بىـر ئىـش ئىـدى. 1-ئاۋغۇسـت كۈنى، ھەممە ياشتا بولغان 35 مىڭ كىشىلىك بەكلا ناچـار قۇراللانغـان پولشـا قىسـىملىرى ۋارشـاۋادىكى گېرمـانىيە قىسـىملىرىغا قارشـى شـىددەتلىك ھۇجـۇم باشـلىتىدۇ؛ ئەتىسـى، تۈركىيەمۇ ئۈچۈنچى ئىمپېرىيە بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزىدۇ.

ھېچنېمە، بۇ تۆر باش ئاغرىقلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشكە پۈتـۈن كـۈچى بىـلەن تىرىشـىدۇ. 2-ئاۋغۇسـت كـۈنى، ھىتلېـر، يېڭىـدىن دوختۇرلـۇقنى ئۆگىنىۋاتقـان سـتۇدېنت رولىنـى ئوينايدۇ. ئۇ، دوختۇر گىيبىسلىڭغا ئىچكى قۇلاقتا مۇناسىۋەتلىك بىـر مـۇنچە سـۇئال سورايدۇ. ئاندىن ئۇ تاشقى كېسەللىككە دوختۇرنىـڭ ئـاق خـالتىنى كىيىـپ، پىشانىسـىغا يـۇمىلاق

ئەينەكتىن بىرنى تاقاپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن لىنگېنىڭ ئۇچ قۇلىقىنى كۆزىتىدۇ. قۇلاق ئىچىگە قايتا-قايتا قاراپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇ شۇنچە قاراپمۇ ھېچ نىمە كۆرەلمەيدۇ. بۇ چاغدا، گىيبسىڭ ئۇنىڭغا ئېلېكترلىق ئەينەك بىلەن كۆزىتىشنى ئېيتىدۇ. "ۋاھ، بىر نېمىلەر كۆرگەندەك قىلدىم! – دەيدۇ ئۇ ھەيران بولغان ھالدا، _ بىر نەرسىلەر كۆرۈنىۋاتىدۇ، ... ساغۇچ بىر سىزىق كۆرگەندەك قىلدىم، راست، بەكلا ئېنىق كۆردۈم؛ بۇ نەرسە ھەقىچان ھەممە بىلىدىغان قۇلاق پەردىسى دېگەن نەرسە شۇ ھەقىچان." ئۇ لىنگېنى يەنە بىر قۇلىقى تەرەپكە بۇرۇلۇشنى ئېيتىپ نۇر تەكشۈرگۈچنى ئۇنىڭ سول قۇلىقىغا سالىدۇ. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بۇ ئىشقا قىزىقىپ قالىدۇ. ئۇ كامېرتون بىلەن سېكونتمېتر ئاۋازى بىلەن لىنگېنىڭ ئاڭلاش قابىلىيىتىنى سىنايدۇ. "دوختۇر ئەپەندىم، _ دەيدۇ ھىتلېر سەل خىجىل بولغان ھالدا، _ مەن كىچىكىمدە دوختۇر بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئەمما مەن باشقا بىر كەسىپ بىلەن شۇغۇللاندىم. شۇندىلا مەن ئۆز تەغدىرىمنىڭ نېمىگە باغلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدىم." گىيبسىڭ چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ دوختۇر ھىتلېر ئۆز تەكشۈرۈشىنى داۋام قىلىۋېرىدۇ. ئۇ، لىنگې بىلەن يەنە ئىككى نەپەر ئېس-ئېس مۇھاپىزەتچىسىنى چاقىرىپ كىرىپ تا بۇ ئەسۋاپنى پىششىق ئىشلىتەلەيدىغان بولغىچە ئۇلارنىمۇ بىر-بىرلەپ قۇلىقىنى تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. ئاندىن ئۇ پروفېسسور كىنىك يازغان بەش ئەزا كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ھەققىدە يازغان بىر كىتابىنى ئالدۇرۇپ كېلىدۇ.

دەرۋەقە، ھىتلېرنىڭ روھ ھالىتى نىسبەتەن ياخشىلىنىپ قالغاندەك ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا بېشى قېيىشنى ھېس قىلىپ، يول يۈرگىنىدە خۇددى دېڭىزچىلارنىڭ كېمە ئۈستىدە ماڭغىنىدەك پۇتىنى كېرىپ ئالچاڭلاپ مېڭىشقا مەجبۇر ئىدى. شۇنداق تۇرۇغلۇقمۇ، ئۇ يەنىلا 4-ئاۋغۇست كۈنى يەرلىك مەسئۇل كادىرلارنى تەنقىتلەشتىنمۇ چېكىنمەيدۇ. كېيىن ئۇ، بۇ يەرلىك مەسئۇللار بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ چىقىدۇ. خۇددى دۈسسېلدورفتىن كەلگەن كارل فلورئانغا ئوخشاش نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ تەسىرلەنگەنلىكىدىن كۆزىگە ياش ئېلىپ يىغلاپ كېتىشىدۇ. "سىلەر مېنى خاتا چۈشىنىپ قاپسىلەر، _ دەيدۇ ھىتلېر، _ گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار، ئۆتكەن بىر يىل جەريانىدا مەن ئىزچىل تۆردە مېنى چوقۇم بىر كۈنى ئەتراپىمدىكىلەردىن بىرسى چىقىپ ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ دەپ ئىشىنەتتىم. – ئۇلاردىن ئەگەر بىرەر سۈيىقەست ھەر دائىم پەيدا بولۇش ئېھتىمالى بارلىقىنى، بۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنۇشلۇق بىر ئەھۋال ئىكەنلىكىنى ئويلىنىپ كۆرۈشى ئېيتىپ كېلىپ، _ خەلقىمنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن قانچىلىك كۆپ زېھىن سەرپ قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلەمسىلەر؟ مەن تىنىماي پىكىر يۈرگۈزۈپ، توختىماي ئويلىنىپلا يۈرىمەن. شۇنىڭدەك دۈچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ

تۇرمىسـامۇ بولمـايتتى. بـۇ ئىشـلار مـاڭىلا قاراشـلىق ئىـدى، ھېچكىمنىـڭ يـاردىمىگە ئېرىشـەلمىدىم، ھەتتـا كۆپـۈنچە ۋاقىـتلاردا بەكـلا كـۆپ كۆڭـۈل يېرىملىــق ئىچىــدە مەيۈسلەنگەن ھالدا ئىشلەشكە مەجبۇر بولدۇم.“ بۇ تۇر كۆڭۈلنى يېرىم قىلىدىغان نـۇتقىنى تاماملىغانـدىن كېيىن، كۆپچىلىـك چاۋشـلۇك تاماققـا ئولتۇرىـدۇ. ھەممىنىـڭ ئالدىـدا بىـر بانكىتنى ئىچىملىكمۇ بار ئىدى. ھىتلېـر ئاسـتا قوزغىلىـدۇ. ”مەن قايتـاي، _ دەيـدۇ ھىتلېر، كـۆپچىلىككە قـاراپ ئىككـى بـارمىقىنى ئاغزىغـا ئاپىرىــپ كۆرسـەتكىنىچە، _ ئەپەنـدىلەر، ئەندى ئەركىن تاماكا چېكەلىشىڭلار مۇمكىن.“ ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ ئـۆزىنى تـۇز مېڭىشـقا تىرىشىمۇ يەنىلا دەلدەڭشىگىنىچە ماڭاتتى.

تېخـى يېقىنـدىلا ھىملېـر بـۇ كىشـىلەرگە ۋەدە قىلىــپ، سۇيىقەسـتچىلەرنىلا ئەمەس بەلكى ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىمۇ قانۇنىي جازاغـا تارتىـدىغانلىقىنى بىلـدۈرگەن ئىـدى. ”شـتاۋفېنبېرگنىڭ پۈتـۈن ئائىلىسـىدىكىلەرنى بىرنىمـۇ قويمـاي تـۈپ يىلتىزىـدىن قومـۇرۇپ تازىلىۋېتىشىمىز كېرەك!“ ھەرھال ئالقىش سادالىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ”بىرنـى ئۆلتـۈرۈپ يـۈزنى قورقۇتۇشـتا قەتئىـي چىـڭ تۇرۇشـىمىز كېـرەك!“ ئـۇ ئەنە شـۇنداق روھ بىـلەن تەكشـۈرۈش ئىشىگە كىرىشكەن ئىدى. ئاساسـلىق جىنايەتچىنىـڭ يېقىـن تۇغقـانلىرى ۋە باشـقا ئـۇرۇغ-تۇغقـانلىرى پۈتـۈنلەي قولغـا ئېلىنغـان بولـۇپ، ئۇلارنىـڭ ئارىسىـدا ئـاز دېگەنـدە ئونـدىن ئارتۇق يېشى يەتمىشتىن ئاشقان مومايلارمۇ بار ئىدى. بـۇ قېتىمقى سۇيىقەسـت سىلوسـىنى ھەر تەرەپـتىن تەكشـۈرۈش مەقسـىتىدە، ھىملېـر نەچـچە ئـون رازىۋېتچىـك يـوللاپ تېـز سـۈرئەتتە تەل-تۆكـۈس تەكشۈرۈشـنى قانـات يايدۇرىـدۇ. 7-ئاۋغۇسـت كۈنىسـى بىرىنچـى تۈركـۈم جىنـايەتچىلەرگە سـوت ئېچىشـقا ئۇلگۇرتـىدۇ. ”خەلـق سـوت مەھكىمىسـى“ چىقىرىلغـانلار جەمئىـي 8 نەپەر ھەربىـي ئەمەلـدار بولـۇپ، بـاش سـوتچى بولسـا سـوۋېت قانۇنلىرىنى پىششىق بىلىدىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ جازالاشلىرىدىنمۇ تولـۇق خەۋىـرى بولغـان رولانـد فرېيسـلېر دېـگەن كىشـى بولـۇپ، ھىتلېـر ئـۇنى ”بىزنىـڭ ۋىيشىنسـكىيىمىز“ دەپ ئاتايتتى.

بۇ سوتچىدىن دېلونى بىر تەرەپ قىلغاندا قاتتىققول بولۇشنى تەلەپ قىلىپ، ”چاقماق تېزلىكىدە ئىشنى پۈتتۈرۈڭ“ دەيدۇ. جاۋاپكارلار كـونىراپ كەتـكەن يىرتىـق كىـيىم كەيـگەن ھالدا بېرلىن ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت زالىغا كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇلارنىـڭ چىرايىبىشـى ۋەيـرانە، چـاچلىرىمۇ قالايمـاقـان، كېيىملىرىمـۇ رەتسـىز ئىــدى. بـۇ قېتىمقـى سـوتلاش خائىنلارنىڭ ئاقىۋېتىنى گېرمانىيە خەلقىگە كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلىپ كىنو لېنتىسىغىمۇ ئېلىنغـان ئىــدى. قورۇقلـۇق ئـارمىيە مارشـالى ۋىتـزلېبېن يالغـان چىشـىنى تاقىۋېلىشـىغا رۇخسەت قىلىنمىغانلىقى ھەمدە كەمەرسىز بەكـلا چـوڭ بىـر ئىشـتان كەيگۈزۈلـۈپ تىنمـاي

ئىشتىنىنى بىر قولىدا يوقۇرى تارتىپ تۇرىۋىدىغانلىقى ئۈچۈن، كۆرۈنىشى خۇددى بىر كومېدىيە ئويۇنىدىكى سەرگەردانىنىڭ ئۆزىگەبلا ئوخشاپ قالغان ئىدى. خۇددى ئويۇن كۆرسىتىۋاتقاندەك قىزىل يەكتەك كىيىۋالغان فرېيزلېرمۇ خۇددى ئۆزى بەكلا قايىل بولىدىغان سوۋېت ئىتتىپاقى سودىيەلىرىگە ئوخشاش، مازاق قىلغان ئاۋازدا "سەن قېرى پاسكىنا، تىنماي ئىشتىنىڭنى كۆتۈرۈپ نېمە قىلماقچىسەن؟" دەپ ۋارقىرايدۇ.

كىشىلەرگە ئويۇن قىلىپ كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلغان سوت مەيدانى ئەنە شۇنداق بىر كۆرۈنۈشتە ئىدى. "گېرمانىيە سوت مەيدانى تارىخىدا ھېچ قاچان جاۋاپكار بۇنىڭدەك قوپال مۇئامىلىگە، بۇنىڭدەك خورلىنىشقا ئۇچرىغان ئەمەس ئىدى." دەيدۇ بىر تېز خاتىرە قالدۇرغۇچى ئەسلەپ كېلىپ. ھۆكۈم ئالدىنئالا بېكىتىلىپ بولغان ئىدى: فرېيزلېر خۇددى كانايدا توۋلىغاندەك قاتتىق ئاۋازدا بۇ 8 كىشىنىڭ ھەممىسىلا فۇھرېرگە خائىنلىق قىلىش جىنايىتى سادىر قىلدى (بۇ دېگىنى راست ئىدى) ھەمدە گېرمانىيە تارىخىنىڭ ئەڭ ئېغىر خائىنلىق جىنايىتىنى سادىر قىلدى (ئەمما بۇ دېگىنى قۇرۇق تۆھمەت) دەپ جاكارلايدۇ. ھىتلېرنىڭ كونكرېتنى يوليورۇقىغا ئاساسەن بۇ 8 كىشى قارا ماشىنىلىق پىلۆتېنزې تۈرمىسىگە ئاپىرىپ قامىلىدۇ. كەينىدىنلا ئۇلار كىچىك بىر كامېرغا ئېلىپ كىرىلىدۇ. بۇ يەردە شىپقا 8 تال گۆش كانارىسى ئېسىغلىق ئىدى. ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بۇ 8 كىشى، قىپ يالىڭاچ قىلىنىپ، قاتتىق ئىلاستىكىلىق پولات تارا سىمى بىلەن ئېسىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ جان تالىشىپ قىينىلىشىمۇ لېنتىغا ئېلىنىپ، شۇ كۈنى ئاخشىمى "بۆرە ئىنى" نىڭ ئېكرانىدا قويۇپ بېرىلىدۇ. سېپېرنىڭ دېيىشىچە، "ھىتلېر بۇ ھۆججەتلىك فىلىمنى بەك ياخشى كۆرگەن بولۇپ، قايتا-قايتىلاپ قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان". ئەمما ئادىيۇتانت ۋون بېلوۋ ۋە باشقا يېقىنلىرى تا بۈگۈنگىچە ھىتلېر ئۇ فىلىمنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىدى، دەپ چىڭ تۇرىۋالماقتا.

بۇ ۋەقەنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇنداق جازالاشتىن باشقا سوتلاشلارمۇ بارلىقى ئاشكارىلانغان بولسىمۇ، ئۇلاردىن پەقەت شۇ 8 كىشىنىڭلا جازاسى ئېلان قىلىنغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 5 مىڭ ئەتراپىدا ئەر-ئايالمۇ، ئۇلارنىڭ كۆپۈنچىسى 20-ئېيۇل قوزغىلىڭى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولمىغانلىقىغا قارىماي ئوخشاشلا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

9

15-ئاۋغۇست كۈنى، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارمىيىسى فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدا

قۇرۇقلۇققا چىقىدۇ. گۇدېرىيان بۇ ھەقتە باھالاپ كېلىپ، ماشىنىلاشقان قىسىملار گەرچە ئىنتايىن كۈچلۈك بولغاندەك قىلسىمۇ، ئۇلار بەربىر ھاۋا ئارمىيىسى بىلەن دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ يېڭىلىشىنى تولۇقلىيالمايدۇ، دەيدۇ. بۇ باھا، ھىتلېرنى قاتتىق غەزىپىنى قوزغىۋېتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىشنى مەقسەت قىلىپ، يەنە بىر بۆلۈمگە چىقىپ شۇ يەردە گۇدېرىئان بىلەن سۆزلىشىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسىرى كۈچىيىپ كەتكەچكە، بىر ئادىيۇتانت كىرىپ دېگەن سۆزلىرىنىڭ ھەر بىر جۈملىسى سىرتتا بەكلا ئېنىق ئاڭلىنىۋاتىدۇ، دەپ فۇھرېرنى جىكىلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇڭا دېرىزىلەرنى يېپىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

شۇ كۈنى ئاخشىمى كەچ بىر ۋاقىتتا، ھىتلېر، قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى ۋون كلۇگىنىڭ سىرلىق بىر شەكىلدە يوقاپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئالغاندىن كېيىن، غەزەپلىنىپ ئۆزىنى تۇتىۋالالمايلا قالىدۇ. شۇ كۈنكى بۇندىن بۇرۇنقى ئاچچىقىنى بۇ قېتىمقىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا تۆگىدە قۇلاق دېيىشكىلا بولاتتى. كلۇگىنىڭ غايىپ بولغانلىقى مۇنداق يۈز بەرگەنلىكى مەلۇم: شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، غەربىي فرونتنىڭ باش قوماندانى بولغان بۇ كىشى ماشىنىلىق ئالدىنقى سەپكە بېرىپ بىروۋنكلاشقان قىسىملار قوماندانى بىلەن سۆزلەشكىلى ماڭغانىكەن. ئەمما ئۇ سۆھبەت نوقتىسىغا پەقەتلا يېتىپ بارمىغانلىقى ئېنىق. ھىتلېر ۋارقىراپ جارقىرىغىنىچە كلۇگ چوقۇم بۇ يەردىكى پارتلىتىش سۇيىقەستى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىرسى بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ قۇتۇلۇپ دۈشمەن تەرەپ بىلەن مەخپىي تۈردە تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دەيدۇ.

ئەسلىدە، كلووگىنىڭ ماشىنىسى ئىككى تېلېگراما ئاپاراتى بىلەن قوشۇلۇپ دۈشمەن بومباردىمانچى ئايروپلانلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ پاچاقلاپ تاشلانغان. شۇڭا ئالدىنقى سەپكە ۋاقتىدا يېتىپ بارالمىغان ئىكەن. بۇ مارشال شۇندىن كېيىن قىستا-قىستاڭچىلىق يولدا قىسىقلىپ قېلىپ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپلا قالغان بولماستىن، يەنە يا ئالدىغا ماڭالمايدىغان، يا كەينىگە قايتالمايدىغان مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. ئۇ بىر تەرەپتىن ئىنتىپاقداش دۆلەتلەر ئارمىيىسىنىڭ بۆسۈپ ئۆتۈشىنى توساپ قېلىشقا تىرىشىپ كۆرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشتىن قىلچىمۇ ئۈمىد قالمىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. ئۇ، رۇسىيەدە يۈز بەرگەن ئېغىر قاتناش ۋەقەسىگە يولۇققىنىدىن بېرى ئۇنىڭ روھى ھالىتى ئىزچىل تۈردە جايىدا ئەمەس ئىدى. ئۇ پات-پات ئىشخانىسىدا ئالدى-كەينىگە مېڭىپ، بەكلا ئازاپلىق ھېس قىلاتتى. بۇ جەھەتتە ئۇ ھىتلېرغا سادىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن

ئۆزىنىڭ "تەڭرى ئالدىدا، مىللىتى ئالدىدا ۋە ئۆز ۋىژدانىغا قارىتا مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى" ھېس قىلالاتتى.

كۇگ، شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە ئاخىرى ئالدىنقى سەپكە يېتىپ بېرىۋالىدۇ. ئەمما ئۇ چاققىچە ھىتلېر قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى مودېلنى ئۇنىڭ ئورنىغا تەيىنلەپ بولغان ئىدى. مودېل، 17-ئاۋغۇست كۈنى فۈھرېرنىڭ قولىدىن ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئېلىپ فرانسىيەگە يېتىپ كېلىپ غەربىي ئورۇش سېپىنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋېلىۋالغان بولغاچقا، كلۇگ، بۇ قېتىمقى باش-ئاخىرىنى ئۇققىلى بولمىغان ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىن ھېچ نېمە ئۇقالماي قېيىپلا كېتىدۇ. "مېنىڭ ئىناۋىتىم پۈتۈنلەي ئاۋرانچىسىنىڭ قولىدا، _ دەيدۇ شتاپ باشلىقىغا خەرىتىنى كۆرسىتىپ، _ ئەندى مەن پۈتۈنلەي تۈگەشتىم." ئەتىسى، ئۇ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ بىغەم بىر شەكىلدە شەرققە قاراپ يولغا چىقىپ، خۇددى ستۇلپناگېلغا ئوخشاش فرانسىيەدىكى كونا ئۇرۇش مەيدانلىرىنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىقىدۇ. ئۇمۇ خۇددى شتۇلپناگېلغا ئوخشاش ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشنى ئويلايدۇ. بۇ ئىشتا كلۇگ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ئىدى. ئۇ، كلېرمونت دەرياسىنىڭ ئارگون ئەتراپىدا چۈشلۈك تاماقنى يېگەندىن كېيىن، ئىنىسىغا يازغان بىر پارچە خېتىنى ئادىيۇتانتىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، سىيانىد (ئىنگلىزچىدىن تەرجىمىدە خلورىد دەپ خاتا تەرجىمە قىلىنغان – ئۇ.ت) ئۆلىۋالىدۇ.

ئۇنىڭ يەنە بىر پارچە خېتى فۈھرېرگە يېزىلغان بولۇپ، خەت تېخى يولدا ئىدى. ئۇ خېتىدە ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىنتىپاقداشلار ئارمىيىسىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توساپ قالالمىغانلىقى ھەققىدە قىسقىچە ئىزاھات بېرىپ ئۆتكەندىن كېيىن، فۈھرېردىن بۇ ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىشنى، خەلقىنىڭ تەسۋىرلىگۈسىز ئازاپقا قالغانلىقىنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى يالۋۇرۇپ ئىلتىماس قىلغان. "بۆرە ئىنى" دا، ھىتلېر بۇ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ھېچ بىر باھا بەرمەيلا بۇ خەتنى جودلغا تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. كلۇگ، خېتىنىڭ ئاخىرىدا ھىتلېرنىڭ پولاتتەك ئىرادىسى ھەمدە تالانتىنى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئېلىپ بارغان "ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك كۈرىشى" نى مەدھىيىلىگەن. "ئەگەر ئېھتىياجلىقلا بولىدىكەن، بۇ ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىڭىزنىڭ ئۇلۇغ بىرسى ئىكەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلاپ كۆرسەتكەيسىز!" بۇ خەت، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ئاھانەتكە قېلىشىنى ئەك ئاخىرقى بىر قېتىم قىسقىچە بايان قىلىنىشى ھېساپلىناتتى. شۇنداقتىمۇ، بۇ ئۇرۇنۇشنى ھەرگىز ئۆزى ئۈچۈن دېيىشكە بولمايتتى. كلۇگ، بۇنىڭ بىلەن ھېچ بىر مەنپەئەتكە ئېرىشمەيتتى. ئۇ، ئەنە شۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بېرىش ۋاستىسى ئارقىلىق ۋەتىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنىلا ئويلىغان ئىدى.

ئەمما بۇنداق ئۇرۇشنىڭ قىلچە رولى بولمايتتى. ھىتلېر بەربىر پۈتۈن قەلبى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى تارىخى ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشنىلا ئويلىماقتا ئىدى: يەنى بارلىق يەھۇدىيلارنى دۇنيادىن پاك-پاكىزە تازىلىۋېتىش. ئېيچماننىڭ ئاۋغۇستتىكى دوكلادىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ۋەزىپىسى ئاخىرقى باسقۇچىغا كېلىپ بولغان ئىدى. ئۇ ھىملېرغا، بۈگۈنگىچە 6 مىليون يەھۇدىي يوق قىلىندى، بۇلاردىن 4 مىليونى قىرغىنچىلىق لاگېرلىرىدا ئۆلتۈرۈلدى، قالغان قىسمى يۆتكىلىش ھەرىكەتلىرى جەريانىدا ئۆلۈپ بولدى، دەيدۇ.820 قىزىل ئارمىيىنىڭ ئىلگىرلىشى بەكلا تېز بولغاچقا، شۇنىڭدەك يەنە كونراد مورگېن ھارماي تالماي تەكشۈرۈشىنى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن (ئۇنىڭ پەرىزىچە ئۆلتۈرۈلگەن يەھۇدىي سانى 6 مىليونغا يېتىدىكەن)، ھىتلېرمۇ ھىملېرغا ئاۋۇشۋىتزدىن باشقا بارلىق قىرغىن قىلىش مەركەزلىرىنى بىرنىمۇ قويماي سۆكۈپ تۈزلىۋېتىشنى بۇيرۇق قىلىدۇ (ئۆلۈم مەركەزلىرىنى سۆكۈپ تۈزلىۋېتىش بۇيرۇقنى ھىملېر 1944-يىلى 24-نويابىردا تارقىتىدۇ). ئۇنىدىن باشقا يەنە ۋېنگرىيە، لودزىيە، سلوۋاكىيە ۋە تېرېسىيېنستادتتىكى يەھۇدىيلار زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلمەي قالىدۇ. ئەگەر شەرقتىكى قىسىملار سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنلىرىنىڭ بۆسۈپ ئۆتىشىنى توساپ قالالىغان بولسا ئىدى، كوماندىر ھۆس قولىدىكى ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ ئۇلارنىمۇ يوقىتىۋېتەلىگەن بولاتتى.

10

ھەربىي ۋەزىيەت شۇنداق يامانلىشىپ كېتىدۇكى، پەقەت باشقىچە خىيالدا بولۇپ يۈرگەن قىسمەن كىشىلەرلا تەسلىم بولۇشنى خىيالىغا كەلتۈرمەي يۈرەلىشى مۇمكىن ئىدى. بالتىق دېڭىزىدىن تارتىپ تا پۈتكۈل ئۇكرائىنانى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرقىي ئۇرۇش سېپى بويىچە قىزىل ئارمىيە ئومۇمىي يۈزلۈك قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، يا گېرمانىيە ئارمىيىسىنى پۈتۈنلەي تارمار كەلتۈرۈش يا بولمىسا ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىشنىلا پىلانلىماقتا ئىدى؛ جەنۇپتا بولسا، سوۋېت ئارمىيىسى رومىنىيە نېفىتلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇ يەرنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ؛ شىمالدا، سوۋېت ئارمىيىسى تېخى يېڭىلا 50 دىۋىزىيىلىك گېرمانىيە (قوشۇنى) نى قورشاۋغا ئېلىۋالغان؛ ئوتتۇرا قىسىمدا بولسا قىزىل ئارمىيە ۋارشاۋانى مۇھاسىرىگە ئالماقتا ئىدى. بۇنداق بىر ئەھۋال ئاستىدا، ھىتلېرمۇ بىۋاستە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ۋون ھىندېنبۇرگنىڭ تاۋۇتىنى ئۇنىڭ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە بۈيۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن تاننېنبېرگتىن يۆتكىتىدۇ.

گېوبېلس، بۇ خىل جىددى ۋەزىيەت ئاستىدا 24-ئاۋغۇست كۈنى بارلىق

تىياتىرخانىلار، بارلىق مۇزىكا سارايلىرى، بارلىق تىياتىر مەكتەپلىرى ۋە شۇنىڭدەك بارلىق ناخشا-ئۇسسۇللۇق رېستورانتلار قەتئىي تۈردە بىر ھەپتە ئىچىدە تاقىۋېتىلسۇن، دەيدىغان يېڭى بىر تۈزۈم "دراكونىيان سىياسىتى" نى ئېلان قىلىدۇ. ئۇ يەنە، ئۇزۇنغا قالماي ئاز بىر قىسىملىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بارلىق مۇزىكا ئەترەتلىرى، مۇزىكا مەكتەپلىرى ۋە ئىنىستىتۇتلىرى پۈتۈنلەي ئىشتىن توختىتىلىدىغانلىقى ياكى تاقىلىدىغانلىقىنى؛ سەنئەتچىلەر يا ھەربىي سەپكە قاتنىشىدۇ ياكى بولمىسا ھەربىي زاۋۇتلاردا ئىشلەيدىغان بولىدۇ؛ ئىككى خىل رەسىملىك گېزىتتىن باشقا بارلىق مەتبۇئات ئەسەرلىرى، ئالايلۇق رومان ۋە بەزى ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدىن باشقا قالغان ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ نەشرى قىلىنىشى پۈتۈنلەي چەكلىنىدۇ، دەپ ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ.

ئەتىسى، تۆت يىللىق گېرمانىيە ئىشغالىيىتىدىن كېيىن پارىژ ئازات قىلىنىدۇ؛ رومىنىيە بىلەن فىنلاندىيە كەينى-كەينىدىن تىنچلىق تەلىپىدە بولىدۇ. بىر سوتكا ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، سىياسىي ئۆزگىرىش ئارقىلىق مارشال ئانتونېسكو ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى رومىنىيە گېرمانىيەگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ. پۈتۈن سەپلەر بويىچە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ تۇرغانلىقىغا قارىماي ھىتلېردا قىلچىمۇ تەۋرىنىش كۆرۈنمەيتتى. ئۇ، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىچىدە كۆرۈلۈۋاتقان باشلىغان ئىچكى پارچىلىنىش ھادىسىسىگە قارىتا، قاچقۇن ئەسكەرلەرنىڭ ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى قولغا ئېلىنىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ھىتلېر، ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرقى كۈنى كېيتېل بىلەن يەنە ئىككى نەپەر گېنېرالغا، سىياسىي قارار چىقىرىشقا تېخى ئەتىگەن دەپ ئېيتىدۇ. "بۇنداق بىر ۋەزىيەت، سەن غالىپ كەلگىنىڭدىلا ئاندىن ئۈنۈملۈك چىقىشى مۇمكىن." غالىبىيەت ئۈمىدى تېخى تۈگىگىنى يوق، دەيدۇ. ئۇ يەنە، ئىتتىپاقداش ئەللەر ئارمىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي مۇناسىۋەتلەر بارغانسىرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتماقتا؛ بۇنداق ۋەزىيەت ئاخىرى بېرىپ ئۇلارنىڭ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى ئېنىق، دەيدۇ. "بىردىن-بىر چارە كۈتۈش؛ ھەر قانچە قىيىن بولسىمۇ مۇۋاپىق پەيت كېلىشىنى كۈتۈشىمىز كېرەك. – دەيدۇ غەرپ ۋە شەرق دۆلەتلىرىنىڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر ئويغا پاتقان سالدا. ئاندىن ئۆزىنىڭ بۇ تۈر بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىدىن ئۆكۈنۈشكە باشلايدۇ. – مېنىڭچە، بۇ بىر مەيدان ئۇرۇش مېنى ئۈنچىۋالا خوشال قىلالمىدى. مەن جەمىيەتتىن ئايرىلىپ قالغىنىمغا 5 يىل بولدى. بۇ جەرياندا مەن يا تىياتىرغا بارالمىدىم ياكى بىر قېتىممۇ مۇزىكا ئاڭلاشقا بارالمىدىم. بىر مەيدانمۇ كىنو كۆرەلمىدىم." غەزەپتىن ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسىرى يوقۇرى كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. – بۇ ئىشلاردا مەن پۈتۈن مەسئۇلىيەتنى باش قوماندانلىق شتابىدىكىلەردىن كۆرىمەن. ئۇلار پەقەتلا پولاتتەك مۇستەھكەم ئىرادىلىك بولالماي كەلدى. شۇڭا ئۇلار

ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئوفىتسېرلارنىڭ جاسارىتىڭ جۇشتۇرۇلىشىغا ئەكس تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. باش قوماندانلىق شتابىدىكى ئوفىتسېرلار ئالدىنقى سەپكە بارغان ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئۈمىدسىزلىك تەرغىباتى قىلىپ كەلگەنلىكىگە قەتئىي ئىشەنچىم كامىل! – ئۇ ئۆزىنىڭ گېرمانىيە ئىمپىرىيەسىنىڭ بۇنىدىن كېيىنكى بىر ئەسىر بويىچە تىنچ ياشىشىغا كاپالەتلىك قىلالايدىغان ۋەزىيەتكە ئېرىشكەنگە قەدەر قەتئىي تۈردە ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى، "بولۇپمۇ، ئىناۋەتسىزنىڭ قايتىدىن 1918-يىلدىكىدەك دەپسەندە قىلىنماسلىق ئۈچۈن كۈرەشنى داۋام قىلدۇرىمەن. – ئۇنىڭ پىكىر خىيالى يەنە قايتا شۇ پارتلاش سۈيىقەستى ئۈستىگە مەركەزلىشىپ قالىدۇ. – ئۆلۈم دېمەك، غەم-ئەندىشىلەردىن، ئۈمىدسىز كىچىلەرنىڭ روھى ئازاۋىدىن قۇتۇلۇش دېگەنلىك. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتىلا ئادەم ھەممىدىن قۇتۇلۇپ مەڭگۈلۈك ئارام ئىچىگە كىرەلەيدۇ."

ئۇنىڭ بۇ تۈر ئۆلۈشنى خىيال قىلىش مىجەزى ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ بىر نەتىجىسى دېيىشكە بولاتتى. گەرچە ئۇ، ئۇنىڭ قولى تىنماي تىترەپ ساقلىنىمۇ ئۆزى ئالالماس ھالغا كېلىپ قالغانلىقىدىن كاتىپلىرىغا ئۇنىڭ قولىنى كۆرسىتىپ چاقچاق قىلىپ تۇرسىمۇ، ئېغىر سوقۇق تېگىشنىڭ تەسىرىدە ئېخىمۇ بەكىرەك تىترەپ تۇراتتى. شۇڭلاشقا بۇنداق دىسوغۇق تېگىش ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ ئاغرىشىنىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن ئىدى. بىر قانچە كۈندىن كېيىن، بېشىنىڭمۇ چىڭقىلىپ ئاغرىشىنى ھېس قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ چېكىسى بەكىرەك ئاغرىغاچقا، كېسەللىك كۆرۈنىشىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈنىمۇ پۈتۈپ قالغان؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئاغرىق دوختۇر موللېرنىڭ رىتسېپى بويىچە نەچچە تۈرلۈك دورا يەپ بېرىشى سەۋەبىدىن ئاشقازىنىنىڭمۇ ئاغرىيدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. شۇڭلاشقا قارىماي، ئۇ يەنىلا دوختۇر گېيسىڭنىڭ جىكىلىگەنلىرىگە پەرۋامۇ قىلمايتتى. سىنتەبىرنىڭ باشلىرىدا، بوينىڭ ئۇمۇرتقىسى ئاغرىقنى پەسەيتىش ئۈچۈن دوختۇر گېيسىڭنىڭ يېزىپ بەرگەن رېتسېپىدىكى ئون پىرسەنت كوكائىن سۈيۇقلىقنى قوشۇپ ئىشلىتىشكە ماقۇل بولىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ دورىنى ھەر كۈنى ئەتىگەن-ئاخشام نەپەسلىنىش نەيچىسى ئارقىلىق بىر قانچە سائەت دەم تارتىشقىمۇ كۆندۇ.

گېيسىڭنىڭ دېئاگنوز قويۇپ بېرىشىغا ھىتلېر بەكلا خوشال ئىدى.شۇڭا ئۇ، خۇددى دوختۇر مورېلغا رەھمەت بىلدۈرگىنىدەك گېيسىڭ دوختۇرغىمۇ قاتتىق رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ بۇ دوختۇرغا بولغان رازىمەنلىكى بېرىپ ئىشەنچكە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن شەخسى يېقىنلىقى بەكلا كام كۆرۈلىدىغان ھالەتكە ئايلىنىدۇ.

داۋالاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇ ئىككى ئۈزۈنغىچە پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىمىدى. ئۇلار ھەممە نەرسە ھەققىدە پاراڭ قىلىشاتتى. يەنى ئۇ ئىككىسى ئۇچىنچى ئىمپىرىيىنىڭ تەغدىرىدىن تارتىپ تا تاماكا چېكىشنىڭ زىيىنىغىچە بولغان مەسىلىلەر ئۈستىدە پاراڭ قىلىپ كېتىشىدۇ. سۆھبەت جەريانىدا، گېبىسنىڭ داۋالىنىش تۈردە تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرۇشنىمۇ ئۇنۇتمايدۇ. ئۇ ھەتتا تېخىمۇ خەۋپلىك بىر ۋەزىپىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ: مەخپىي تۈردە پسىخولوگىيىلىك سىناقنىمۇ يولغا قويىدۇ. ئۇ بۇ ئىشنى ئىنتايىن قاملاشتۇرۇپ قىلىدۇكى، ھىتلېر ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ئۆزىنىڭ گېبىسنىڭ "بەكلا ئىپتىدائىي پسىخولوگىيىلىك سىناق قىلىنىش" ئوبيېكتىغا قىلىنغانلىقىدىنمۇ خەۋىرى بولمايدۇ. گېبىسنىڭ دىئاگنوزى بويىچە، ھىتلېر "كايسېر ھەۋىسى ئىچىگە پېتىپ قالغان بىر تۈرلۈك روھىي كېسەل" ھېسابلىناتتى.

بۇ كۈنلەردە، گەرچە ھىتلېر بەكلا ئازاپلىنىپ، روھىي ھالىتى جايىدا ئەمەس ھەمدە ئاسانلا تېرىكىدىغان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، قولىدىكى كاتىپلىرى ئىچىدە ئەڭ ياش كاتىبى بولغا تراۋدل جيۇڭغا ھەرگىزمۇ رەنجىمەيتتى. بۇ قىزنىڭ شەخسىي مەنپەئەتلىرىگە يەنىلا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىدۇ. ئەمما بىر كۈنى بۇ كاتىپ ھىتلېرنىڭ مۇئامىلىسى بەكلا غەلىتە بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا گەپمۇ قىلماي ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالغان بىر پەيتتە، كاتىپ قىز ئۇنىڭ نىمىدۇ بىر ئىشنى كۆزىتىپ يۈرگىنىدەك قاراشلىرىنىڭ بەكلا جىددىي تۈسكە كىرىپ قالغانلىقىنى پەرق قىلىپ قالىدۇ. ئەجەبا بىرەرسى مەن توغرىلىق بىرەر گەپ توقۇغانمىدۇ دەپ ئويغا پاتىدۇ. شۇ كۈنى كەچ بىر ۋاقىتتا، ئېس-ئېس گېنېرالى ئوتتو ھېرمان فېگېلېين ئۇنىڭدىن گازارمىسىغا بىر يولۇقۇشنى تەلەپ قىلىپ تېلېفون قىلىدۇ. بۇ گېنېرال خۇددى مېھرىبان بىر ئاتىدەك قىزنىڭ مۆرىسىگە قولىنى قويغىنىچە، يولدىشىڭىز ئۇرۇشتا قۇربان بوپتۇ، دەپ ئېيتىدۇ. بۇ ئىشتىن ئەسلىدە فۈھرېر تۇنىگۈنلا خەۋەر تاپقانلىقىنى، ئەمما بۇنىداق كۆڭۈلسىز خەۋەرنى ئۆزى ئېيتىشقا چىدىمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. كېيىن ئۇنى فۈھرېرمۇ كىتاپخانىسىغا چاقىرتىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭ ئىككى قولىنى تۇتقىنىچە، مۇلايىم بىر شەكىلدە "ئاھ، قىزىم، بۇنىڭدىن بەكلا كۆڭلۈم يېرىم بولدى. يولدىشىڭىز ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ئادەم ئىدى" دەيدۇ. ئاندىن قىزغا بۇ يەردە داۋاملىق ئىشلەپ قېلىشىنى، "مەنمۇ سىزگە ھەر دائىم ياردەم قىلىپ تۇرىمەن" دەيدۇ.

سىنتەبىر باشلىرىدا، پروفېسسور ۋون ئېيكېن ئۇنى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ كېتىدۇ. پروفېسسور، موللېرنىڭ ئۇنىڭغا ھېلىقىدەك ئوكۇللارنى قويۇپ، ئۇ تۈردىكى دورىلارنى بۇيرۇتۇپ يۈرگىنىنى ئاڭلاپ، دوختۇر گېيسىڭنى ھىتلېر ۋە يەنە ئىككى نەپەر تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى براندت بىلەن خاسسىلباخلارنى بىرگە ئولتۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىدۇ.

ئۈلارنىڭ ھەممىسىلا قاتتىق ئەنسىرىشىدۇ. بۇ تۆت نەپەر دوختۇر يوشۇرۇن كېلىشىپ ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەكچى بولسىمۇ، پروفېسسور ئېيكېن، فۇھرېرنىڭ مولللېرغا بەكلا ئىشىنىدىغانلىقى سەۋەبىدىن بۇنىڭغا فۇھرېرنىڭ خۇددى قالغان ئۈچ نەپەر دوختۇرنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىغىنىدەك ئۆزىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغىمۇ بەرىبىر قۇلاق سالماسلىقىدىن ئەنسىرەيدۇ.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە، ھىتلېر قەتئىي ئۈخلىيالماس بولۇپ قالدىم دەپ دەرت تۆكىدۇ. ئاشقازان سپازمىلىنىش، يەنى نېرۋا خاراكتېرلىق ئاشقازان كېسىلى سەۋەبىدىن تاڭ ئاتقىچە كۆز يۇمالماي چىقاتتى. بويۇن ئۇمۇرتقا ياللۇغلىنىشىدىمۇ بىرەر ياخشىلىنىش كۆرۈلمىگەن ئىدى. بېشىنىڭ سول تەرىپى ئاغرىشىمۇ توختىمايدۇ. باش قۇماندانلىق بىناسى سوۋېت ئايروپىلانلىرىنىڭ بومباردىمان قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۇرىۋاتقان ئىستىھكام بېتون بىلەن كۈچەيتىلىش ئىشى داۋاملىشىپ، يەل بازغان ئاۋازىدىن ئۇنىڭ ئاغرىقلىرى كېچە-كۈندۈز ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ بۇزۇلۇشى يەنە بىر ئەكس تەسىرنىمۇ بىرگە ئېلىپ كېلىدۇ: ئۇنىڭدىكى بۇرۇنقى شۇنچە كۈچلۈك ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى ناچارلىشىپ بەكلا ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ. ئۆزىدىن بىرى شۇنچە ئۇزۇن ھۆججەتلەرنى بىر كۆرۈپلا بىر ھەرپىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماي ياتلاپ بېرەلەيدىغان قابىلىيىتى بار ئىدى. مانا ئەندى، بىرەرسىنىڭ ئىسمىنى ئېسىدە ساقلاشتىمۇ قىينىلىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ ئاچچىق كۈلگىنىچە، ھېلىمۇ ياخشى، بۇ كۈنلەردە ماڭا قارشى كىشىلەر شۇ بىر نەچچەيلەنىدىنلا ئىبارەت بولغىنى، ئەگەر بۇنىڭدىنمۇ كۆپ كىشىنىڭ دۈشمەنلىكىگە ئۇچرىغان بولسام يەنە نېمە بولۇپ كېتەردىم، دەپ چاقچاق قىلىدۇ.

12-سېنتەبىر كۈنى، گېيسىڭ كوكائىن بىلەن داۋالاشنى ئەندىلا توختىتىپ تۇرۇۋشىغا، ھىتلېرنىڭ تۇيۇقسىزلا بېشى قېيىپ كېتىدۇ. ئۇ، كۆزىگە ھەممە نەرسە قاپقا بولۇپ كۆرۈنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ دەلدەڭشىگىنىچە دەرھال ئۈستەلگە تىرىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ تومۇرى بەكلا زەئىپ ۋە بەكلا تېز سوقماقتا ئىدى. 90 سېكونتتىن كېيىن، بۇ قېتىمقى كېسەللىك كرىزىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىر ئېھتىمالدا يەڭگىل تۇردە تاجىسىمان ئارتېرىيىلىك يۈرەك كېسىلى قوزغالغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ تومۇر سوقۇشىمۇ نورماللىشىپ قالىدۇ. كەينىدىنلا قاتتىق تەرلەپ كېتىدۇ. ئۇ موربىلنى چاقىرتىپ كېلىپ، 3 تال ئوكۇل قىلغۇزىدۇ. كېسىلى ۋاقتىنچە ياخشىلىنىپ قالىدۇ. 16-سېنتەبىر كۈنى، ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى ئۈچىنچى قېتىم يەڭگىل شەكىلدە قايتا قوزغىلىدۇ. بۇ قېتىم، ئۇ نەچچە ئايدىن بېرى دوختۇر گېيسىڭ ئۇنىڭغا تاپىلاپ كەلگەن ئىشلارنى قىلىشقا ماقۇل بولىدۇ: بېشىنى رادىئوئاكتىپلىق نۇردا تەكشۈرەشنى قوبۇل قىلىدۇ.

# 29. ئاخىرقى قېتىملىق قايتارما ھۇجۇم

1945.1.17~1944.7.21

1

يەنە شۇ كۈنى، ھىتلېر بىر پارچە بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، غەربىي سەپتە جەڭ قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە جەڭچىلەرنى "كۈچلۈك ئىرادىسىنى كۆرسىتىشى" نى تەلەپ قىلدى. ئامېرىكا قوشۇنلىرى گېرمانىيە چېگراسىغا يېقىنلىشىپ قالغان بولۇپ، ئاخېننىڭ جەنۇبىغىچە بېسىپ كېلىپ، ئۇ يەردىكى مۇداپىيە سېپىنىمۇ بۆسۈپ ئۆتتى. "بىزنىڭ ئۈچۈن بۇ تەرەپلەردە قىلىدىغان كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش ئوپراتسىيىسى قىلىشىمىزغا ئېھتىياج يوق. بىز پەقەت پوزىتسىيىنى جان تىكىپ قوغداپ قالساقلا كۇپايە." بۇ گەپلەر بىلەن ھىتلېر ئانا ۋەتەن تۇپراقلىرىنى جان تىكىپ قوغداشنىلا چاقىرىق قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇمۇ بىر دۈشمەننى قايمۇقتۇرۇشنىڭ ھىلىسىدىنلا ئىبارەت ئىدى. يەنى ئۇ، ئالىي قوماندانلىق ئىچىدە دۈشمەن ئايغاقچىلىرى بارلىقىدىن بەكلا گۇمان قىلىدىغان بولغاچقا، بۇ پايلاقچىلار بارلىق بۇيرۇقلاردىن تولۇق خەۋەر تېپىپ تۇرىدۇ، دەپ قارايتتى. تەبىئىيكى، گەپ تىڭشىغۇچى باشقا بىرسى ئەمەس دەل "پەۋقۇلئاددە" مەخپىيەتلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. كۈندىلىك ئالىي دەرىجىلىك يىغىن ئاخىرلىشىشى ھامان، ھىتلېر 4 نەپەر كىشىنى ئىشخانىغا، يەنى يېڭى يىغىنخانىغا چاقىرتىدۇ. ئالدىدا كىرىشۋاتقىنى كېيتېل بىلەن جودل بولۇپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن شتاپ باشلىقى گۇدېريان بىلەن گيۆرىڭنىڭ ۋاكالەتچىسى گېنېرال كرېيىپ كىرىپ كېلىدۇ. ئۇلار بۈگۈن فۈھرېرىمىز يەنە قايسى يېڭى ئىشنى بىزگە ئۇقتۇرغىلى چاقىرغاندۇ دەپ گۇدۇڭشۇپ سۆزلىشىۋاتقىنىدا، ھىتلېرمۇ بېلىنى ئەگكىنىچە يىغىن زالىغا كىرىپ كېلىدۇ. ئۈچىنچى قېتىملىق يۈرەك كېسىلى قوزغالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چىرايى ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەن، روھىمۇ بەكلا تۆۋەنلەپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ روھسىز كۆزلىرى ئەتراپتىكىلەرگە مۆلدۈرلىگىنىچە قارايتتى، كالپۇكلىرىمۇ ساڭگىلاپلا قالغان ئىدى.

ئۇ جودلغا قاراپ باش لىڭشىتىپ ئىشارەت قىلىۋىدى، ئۇمۇ دەرھال ئەھۋالدىن

قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتىدۇ: ئىتتىپاقداشلىرى تارمار كەلتۈرۈلگەن ياكى بولمىسا تىغنى بۇراپ قارشى تەرەپكە ئۆتۈش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقانلىقى ياكى قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ بولغانلىقىنى؛ قۇراللىق قۇرۇقلۇق ئارمىيە سانىمۇ جەمئىي 9 مىليونغا يەتكەن بولسىمۇ، ئۆتكەن 3 ئاي مابەينىدە يارىلانغان ياكى ئۆلگەنلەر سانىنىڭمۇ بىر مىليون 200 مىڭدىن ئاشقانلىقىنى، بۇلاردىن ئاساسەن يېرىمى دېڭىزدەك غەرپ ئۇرۇش سەپلىرىدە يوقۇتۇلغانلىقىنى؛ شەرقى سەپتە بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يازلىق ئاتاكىسى ئاساسەن بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن، ۋاقتىنچە بىر تىنىۋېلىش شارائىتى پەيدا بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. "ئەمما غەربىي فرونتتا، بىز ئاردېن تاغلىرىدا بىر قېتىملىق رەسمىي سىناققا دۇچ كەلمەكتىمىز."824 بۇلۇڭ يەرلەر بىلىگىيە بىلەن ليۇكسېمبۇرگ تېۋېسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى قىيالىق رايونلار ئىكەنلىكىنى، يەنى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، شۇنىڭدەك 1940-يىلىسىدا گېرمانىيە ئارمىيىسى دەل شۇ چوڭ يولدىن ئۆتۈپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

ھىتلېر، "ئاردېن تاغ تىزمىسى" دېگەن سۆزنى ئاڭلىشى ھامان دەرھال ھاياجانغا تولۇپ كېتىدۇ. ئۇ قولىنى شىلتىغىنىچە: "ئۇنىڭ گېپىنى قىلما!" دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ. ئۇي ئىچى تىمتاس جىمىپ كېتىدۇ. ئاخىرى يەنىلا ھىتلېرنىڭ ئۆزى ئېغىز ئاچىدۇ: "مەن ئىنتايىن چوڭ بىر ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈپ چىقتىم. مەن قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتىمەن. دەل مۇشۇ يەردە، دەل شۇ ئاردېن تاغلىرىنىڭ سىرتىدا! _ دەيدۇ ئالدىغا يېيىلغان خەرىتە ئۈستىگە سول قوللاپ قاتتىق بىرنى مۇشلىغىنىچە، _ مېۋۇستىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئانتۋېرپقا قاراپ ئىلگىرلەيمىز!" قالغانلار ھەيران بولغىنىچە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ئۆزئارا كۆز سوقۇشتۇرۇۋالىدۇ. ئۇ قەددىنى روسلايدۇ. كۆزلىرى چاقناپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدا بايىقى ھارغىنلىق، كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ ئىزناسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. بۇ چاغدا، ھىتلېر يەنە شۇ 1940-يىلىدىكى تولۇپ تاشقان روھلۇق ھىتلېرنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. شۇندىن كېيىنكى بىر قانچە كۈنگىچە، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقىدەك تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقىنى ساقلاپ، كەڭ كۆلەملىك قايتارما ھۇجۇم ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك تەييارلىقلارنى دەرھال پۈتتۈرۈشكە ئۈندەپ كېلىدۇ. ئۇ، قايتىدىن بىر بىرونىك قىسمى تەشكىللەپ چىقىشنى، ھەمدە پۈتۈن ئاماللار بىلەن 250 مىڭ كىشىلىك ئەسكەر بىلەن مىڭلارچە مېخانىزملارنى مۇتلەق مەخپىي تۈردە ئاردېن تېغىغا يۆتكەشنى بۇيرۇق قىلىدۇ.

ئەمما ئۇ دەل شۇ پەيتتە بېشىغا رىنتگېن نۇرىدا تەكشۈرۈشنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ. 19-سىنتەبىر كۈنى گۈگۈم چۈشكەنگە يېقىن بىر ۋاقىتتا، ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ راستېنبېرگتىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيە گوسپىتالىغا بارىدۇ. ھىتلېرنى ئۇ يەردە رادىئوئاكتىپلىق نۇر بىلەن

داۋالاش بۆلۈمىگە ئېلىپ كىرىلىدۇ. بىرەرسىنىڭ پارتلاتقۇچ قويۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇ بۆلۈم تەپسىلى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلگەن ئىدى. تەكشۈرۈش ئىشى تۈمۈملانغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە ياردار گېنېراللارنى يوقلاپ چىقىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ، شمۇندتنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندىكى ئېچىنىشلىق قىياپىتىنى كۆرۈپ كۆزىگە ياش ئالىدۇ (ھىتلېر، شمۇندت ئۆلگەندىن كېيىنمۇ يەنە بىر قېتىم كۆز يېشى قىلىدۇ. "سىز ھەرگىزمۇ مېنى تەسەللى بېرىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالماڭ، _ دەيدۇ ھىتلېر شمۇندتنىڭ ئايالىغا. – ئەسلىدە مەن ئەمەس بەلكى سىز ماڭا تەسەللى بېرىشىڭىز كېرەك. چۈنكى مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن بۇ يوقۇتۇلۇش بەكلا ئېغىر." – ئا.ھ.ئى) ئۇ دوختۇرخانا سىرتىدا، بىر توپ شەھەر خەلقى بىلەن داۋالىنىۋاتقان ياردارلار "ياشىسۇن غالىبىيەت!" دەپ شۇئار توۋلاشقىنىچە ھىتلېرغا تەنتەنە قىلىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن فۇھرېر، بەلكىم تىنۇنجى قېتىم بولىشىمۇ مۇمكىن، بۇ كىشىلەرنىڭ شۇنچىۋالا ھاياجانلىنىپ كېتىشىنى توغرا چۈشىنىش كېرەك. شۇنداقتىمۇ دوختۇر گېيسىڭ ھەرگىز ئېسىدىن چىقىرالمايدىغىنى، بىلىكىدىن ئايرىلغان ياردار بىلەن قالغان ئېغىر ياردارلارنىڭ كۆزلىرىدىكى يالقۇنلۇق قىزغىنلىق ئىدى.

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، گېيسىڭ بىلەن مورېل ئىككىسى بىرلىكتە 3 پارچە ھىتلېرنىڭ رېنتگېن نىگاتىۋىنى كۆزىتىپ چىقىدۇ. مورېل چېكە سۆڭىكىنى بويىۇن ئومۇرتقىسى دەپ قارىۋالغىنىدا، بۇنىڭدىن گېيسىڭ قاتتىق ھەيران قالىدۇ. شۇندىن كېيىن، ئۇ ئىككىسى ھەر كۈنى يەر ئاستى ئىستىھكامغا كىرىپ كېسەلنى كۆزىتىپ چىقىدىغان بولىدۇ. گېيسىڭ، چىراق نۇرى ئاستىدا ھىتلېرنىڭ يۈزىدە غەلىتە بىر قىزغۇچلۇقنىڭ كۆرۈلىشىگە دىققەت قىلىدۇ. كېيىن، ھىتلېر ئاشقازان ئاغرىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، مورېل بەرگەن رېتسېپتىكى قارا دورا كومۇلچىدىن ئىچىمەن دەپ تۇرىۋېلىپ، بىر قېتىمدىلا 5~6 تالنى بىراقلا يۇتىۋېتىدۇ. مىقتارىنى تىنماي ئاشۇرۇپ بېرىلىشىگە قاراپ دوختۇر گېيسىڭ بۇنىڭدىن بەكلا تەشۋىشلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئېھتىياتلىق بىلەن سۈرۈشتە قىلىشقا كىرىشىدۇ. لىنگ ئۇنىڭغا دورا قۇتىسىنى ئېلىپ كۆرسىتىدۇ. قۇتىنىڭ چۈشەندۈرۈش قەغىزىدە "دېزېنفېكسىيە كومىلچى، دوختۇر كوستېر، بېرلىن، قويۇلدۇرۇلغان نۇكس ۋومىكا، 0.04؛ قويۇلدۇرۇپ تەييارلانغان تابلېت، 0.04" دېگەنلەر يېزىلغان ئىدى.

بۇنىڭدىن گېيسىڭ قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ. يەنى ھىتلېر ئىزچىل تۆردە ئىككى تۈرلۈك زەھەرلىك دورىدىن – ستىرىكنىن ۋە ئاتروپىن ئىچىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ بارغانسىرى ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقى، يۈرەك كېسىلىمۇ نەچچە قېتىم تەكرارلاپ قوزغىلىپ تۇرغانلىقى؛ ئاسانلا جۇدۇنى تۇتۇش ۋە يۈرۈقلۇقتىن قورقۇش؛

ئۇنى پۈتۈپ قىلىشى ۋە تېرىسىنىڭ غەلىتە بىر شەكىلدە قىزىرىپ قىلىشى قاتارلىقلارنىڭ سەۋەبى بەلكىم شۇنىڭدىن بولىشى مۇمكىن. ئىلككە قېتىملىق يۈرەك سوقۇش گرافىكىدىلا T شەكىلىلىك دولقۇن كۆرۈلىدى. بۇمۇ قان تومۇرنىڭ قېتىششى ياكى قان بېسىمىنىڭ يوقۇرى بولىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان بولىشى مۇمكىن. ئەمما قانداقلا ئەھۋال بولمىسۇن، ئۇنىڭ باشقا بىر مۇنچە كېسەللىرى بولۇشى تۇيۇلىدىن، ئۇنىڭدا كۆرۈلىۋاتقان ئەھۋاللار يەنىلا كىشىنى ئۈركىتىدىغان ئەھۋاللاردىن ئىدى. بەلگىلىك ۋاقىتلار بويىچە تەكشۈرۈش ۋاقتلىرىدا، ھىتلېر يەنە دوختۇر گېيسىڭغا قۇرسىقى ۋە ئاشقازىنىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىدىن دەرتلەنگەن ئىدى. "پاتتىڭىم بەكلا قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، بەزىدە چىدىيالماي ۋارقىراپ تاشلاشقا قىل قالىمەن" دەيدۇ.

25-سىنتەبىر كۈنى، دوختۇر گېيسىڭ بىر قېتىملىق دىئاگنوز قويۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ تۇيۇقسىز بىمارنىڭ يەر ئاستى ئىستىھكامىنىڭ سىرتىدا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالىدۇ. ئاجايىپ قىزىق بولغىنى، كۈن نۇرى ئاستىدا ھىتلېرنىڭ تېرىسى قىزغۇچ رەڭدە ئەمەس بەلكى سېرىق رەڭدە كۆرۈنگەنلىكى ئىدى. كۆزلىرىمۇ ساغىرىشقا باشلىغان ئىدى. ئېنىقكى، ئۇ سېرىق كېسىلگە گىرىپتار بولغان دېيىشكە بولاتتى. پۈتۈن بىر كېچە قىينىلىپ ئاغرىپ چىققانلىقى سەۋەبىدىن، ئەتىسى سەھەردە ھىتلېر ئورنىدىن تۇرالماي قالىدۇ. ئۇنىڭ كاتىپى، ئادىيۇتانتى ۋە خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەممىسىلا قاتتىق ھۇلۇقۇپ كېتىدۇ. ئۇ ھەر قانچە كېسەل بولسىمۇ ئورنىدىن تۇرالمىغىدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىنى ئۇلارنىڭ ھېچ قايسى كۆرمىگەن ئىدى. ئۇ ھېچ كىم بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمايتتى، تاماق يېيىشكىمۇ ئۇنىمايتتى. گۆشى بەكلا ئەنسىرەپ تراۋدل جيۇڭغا فۇھرېرنىڭ بۇنچە بىئارام بولۇپ شۇنچە قوپال بولۇپ قېلىشىنى پەقەتلا كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ھەتتا شەرقى فرونت شۇنچە جىددى ھالغا كېلىپ قالغان ۋاقىتلاردىمۇ ئۇ جانلىنىپ كېتەلمەيدۇ.

موربېل ئۇنى پۈتۈن كۈن قويماي تىنچ يېتىشىنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا دوختۇر گېيسىڭغا تەكشۈرتۈپ كېلىش ئۈچۈن چىڭ تۇرىۋالىدۇ. گېيسىڭمۇ ئۇنى قايتىدىن كوكايىن بىلەن داۋالاش مەسىلىھەتنى بەرگەن بولسىمۇ، ھىتلېر باش چايقاپ ئۇنىماي تۇرىۋالىدۇ. "ياق بولمايدۇ، دوختۇر. – دەيدۇ ھىتلېر، _ مېنىڭچە، نەچچە كۈن ئاۋال شۇنچە ئاجىزلاپ كېتىشىم ئاساسلىقى ئاشقازىنىم بىلەن ئۈچەيلىرىمنىڭ ئاغرىپ كېتىشىدىن بولغان" دەپ تۇرىۋالىدۇ. گېيسىڭ ئەنسىرەپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ بۇ بىمارنىغا دىققەت قىلمىسىڭىز سالامەتلىكىڭىز كاردىن چىقىپ كېتىشى مۇمكىن، دەيدۇ. ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ، دوختۇر موربېلنىڭ قارا كوملىچىدىن بىر قۇتا ئېلىۋېلىپ دوختۇر ھاسسىلباخنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا ئاپىرىپ بېرىدۇ. ئۇ كومۇلاچ تەركىۋىدە ستىرىخنىن بىلەن

ئارتوپىننىڭ بارلىقىنى بىلىپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ. ھاسسىلباخ دوختۇر گېپىسىگە بۇ ئىشنى يېپىۋەتمەي تۇرۇشى كېرەكلىكىنى، ئاۋال دوختۇر براندت بىلەن سۆزلىشىپ بېقىش كېرەكلىكىنى جېكىلەيدۇ.

دەل شۇ پەيتلەردە، مورېل باشقا دوختۇرلارنىڭ فۈھرېرنى داۋالاشقا ھەققى يوق دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. 27-چېسلا كۈنى، گېپىسىگە فۈھرېرگە دېئاگنوز قويماقچى بولغىنىدا لىنگ ئۇنى مەجبۇرى چىقىرىۋېتىدۇ. تا بېرلىندىن كېلىپ فۈھرېرنىڭ بويۇن ئومۇرتقىسىغا دېئاگنوز قويماقچى بولغان دوكتور ۋون ئېيكېننىمۇ كىرگۈزمەيدۇ. كېيىنكى بىر قانچە كۈن بويىچە مورېل پۈتۈن ئامالىلار بىلەن بىمارنى باشقا دوختۇرلار بىلەن ئۇچراشتۇرماسلىققا تىرىشىدۇ. ئۇ، فۈھرېر ھېچ قاچان سىرىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغىنى يوق، بەلكىم جىددى خاراكتېرلىق ئۆت ياللۇغى بولۇشى مۇمكىن دەپ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرىۋالىدۇ. بۇ جەرياندا، ھىتلېرنىڭ ئېغىرلىقى 6 فود ئازىيىپ، ئاغرىقتىن چىدىيالماي رەسمىلا يېتىپ قالىدۇ. ئۇ يېمەي-ئىچمەي يېتىۋېلىپ، ئالدىنقى سەپنىڭ ئىشلىرىغىمۇ تولا بەك قىزىقماس بولۇپ كېتىۋاتاتتى. بەزىدە كاتىپلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنىمۇ خالاپ قالاتتىيۇ، كۆرۈشۈپلا ئۇلاردىن زېرىكىپ دەرھال ئايرىلماقچى بولغاندەك قىلىقلارنى قىلاتتى. "بۇ ئىشلار مېنى پەقەتلا ئۆمىدسىزلەندۈرۈپ قويماقتا ئىدى" دەيدۇ تراۋدل جيۇڭ كېيىن ئەسلىگىنىدە. "ئۇ ئەسلىدە قەلىمنى بىرلا ئويىنىتىپ بۇنداق تراگېدىيىلەرنى توختىتالىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئۇ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپلا ئالغان بولۇپ، ھېچ بىر ئىشقا قىزىقماس بولىۋالغان، ھارغىن بېقىشلىرى بىلەن ئەتراپتىكە نەرسىلەرگە قارايتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئۈچۈن دوزاق بولۇپ كۆرۈنەتتى. مەن ئۇنىڭ مېڭىسىدە تەپەككۇر كۈچى بىلەن ئىرادىسى تۇيۇقسىزلا ئىش تاشلىغاندەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتەنمۇ مەنىسىز ئىشلار ئىدى. يوتقانغا كىرەر كىرمەي، ئەندى مەن ھېچ قانداق ئىشنى خالىمايمەن، دەپ تۈۋلاپ كېتەتتى."

ئۇنىڭ جىسمانى ئازاپلىنىشى ھەرگىزمۇ يېگانە روھىي چۈشكۈنلۈكىنىڭلا نەتىجىسى ئەمەس ئىدى. زوسېندىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوماندانلىق شىتابىنىڭ بىخەتەر ساندۇقىدا كۈتۈلمىگەندە بەكلا كۆپ يوشۇرۇن سۇيىقەست دەلىللىرى ئوتتۇرغا چىقىدۇ. بۇ سۇيىقەستلەرگە بەكلا كۆپ قۇرۇقلۇق ئارمىيە يېتەكچىلىرى چېتىشلىق ئىدى. بۇ مەلۇماتلار ھىتلېرغا بەكلا قاتتىق زەربە بولىدۇ. ئۇنىڭ سادىق كىشىلىرى ئارىسىدا بەزىلەر ئۇنىڭ روھى چۈشكۈنلۈكىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ نەرسىلەرنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشى ئاساسلىق سەۋەب بولۇپ بېرگەن بولۇپ، سېرىق كېسەل ياكى يىللار بويى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئاشقازان ئاغرىقى قاتارلىقلارنىڭ رولى ئۇنچىۋالا چوڭ ئەمەس دېيىشىدۇ.

دوكتور براندت، 29-چىسلا "بۆرى ئىنى" گە قايتىپ كېلىدۇ. براندت، موربېل دېگەن بۇ يالغان دوختۇرنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئاشكارىلاش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىدىن بەكلا خوشال بولۇپ، بۇ ئىشقا قاتتىق بېرىلگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ھېتلېرنىڭ ياتقان يېرىگە كىرىدۇ. دەسلىۋىدە ھېتلېر براندتنىڭ ئەيىپلەشلىرىگە بەكلا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئەمما موربېل قىلچىمۇ خاتا قىلمىغانلىقىدا چىڭ تۇرىۋالغاندىن كېيىن، فۇھرېرمۇ ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە راستىنلا قايىل بولىدۇ. ئەگەر دېزىنفېكسىيە كومۇلاچىلىرى ھېتلېردا رىياكسىيە پەيدا قىلغانلىقى ئۇنىڭ ئۆز ئىشى بولۇپ، ھېتلېر دائىم بۇ دورىنىڭ مىقتارىنى ئارتتۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالغان ئىدى. براندت بەكلا ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇندىن كېيىن موربېلنى پاش قىلىش ئىشىنى قالغان كەسىپداشلىرىغا قالدۇرماقتىن باشقا چارىسى قالمىغان ئىدى. ھاسسىلباخ بۇ ئىش ئۈچۈن بورماننىڭ يېنىغا بارىدۇ. بورمان دېگەن بۇ كىشى، دوختۇرلارغا ھەرگىزمۇ جۆر بولىدىغان بىرى ئەمەس ئىدى. بۇ بىر قانچە ئايدىن بېرى بورمان كۆڭلىدە غۇم ساقلاپ پۈتۈن ئاماللار بىلەن براندتنى ئۆجۈقتۇرىۋېتىشنىڭ پېيىدا ئىدى. ئۇ، براندتنى سىپېرنىڭ شېرىكى دەپ قارايتتى. سىپېر بولسا فۇھرېرگە كېلىدىغان "تەھدىت" تەسىرىنى پۈتۈن چارىلار بىلەن ئازايتىشقا تىرىشاتتى. بورمان، ھاسسىلباخنىڭ شىكايىتى بىلەن ئۇنىڭ دورا كومۇلچى ھەققىدە ئېيتقانلىرىدىن قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ دەرھال بېرىپ ھېتلېر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆز غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن براندت بىلەن ھاسسىلباخ ھەممە گېپىسىڭ دېگەن بۇ كىشىلەر پىچارە موربېل دوختۇرنى ۋەيران قىلىۋېتىش ئۈچۈن ھەپىلىشىپ يۈرگەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ.

شۇندىن كېيىن، موربېلدىن باشقا ھېچقانداق بىر دوختۇر ھېتلېرنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كىرگۈزۈلمەيدۇ. قارىغاندا، بورمان يېڭىپ چىققاندەك كۆرۈنەتتى. 1-ئۆكتەبىرنىڭ گۈگۈم ۋاقتىدا، لىنگ، دوختۇر گېيسىڭغا تېلېفون قىلىپ، فۇھرېرنىڭ بېشى قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا ئۇنىڭ قېشىغا كېلىشىنى ئېيتىدۇ. فۇھرېر ياتار كىيىمى بىلەن ئاددى بىر كارىۋاتتا ياتاتتى. گېيسىڭنى كۆرۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا سالام قىلغان بولىدۇ. ئەمما دەرھال بېشىنى ياستۇققا قويىۋالىدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى نۇرسىز، بەكلا ھېسسىياتسىز كۆرۈنەتتى. ئۇ، بېشىم ئاغرىپ پەقەتلا چىدىيالماي قالدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرنۇمنىڭ سول تەرىپىمۇ پۈتۈپ قالدى، دەيدۇ. گېيسىڭ كارىۋات لېۋىگە كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ھېتلېر تۇيۇقسىزلا گېپىنى ئۆزگەرتىدۇ. "دوختۇر، — دەيدۇ ھېتلېر، — دېزىنفېكسىيە كومۇلچى ئىشىنى سەن نەدىن بىلدىڭ؟" دەپ سورايدۇ.

گېيسىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئەھۋالنى ئېيتىدۇ. ھېتلېر قېشىنى كۆتۈرۈپ قويىدۇ. "سەن

نېمىشقا ئۇدۇل كېلىپ ماڭا دېمىگەنسىڭ؟ ساڭا شۇنچىلىك ئىشىنىدىغانلىقىمدىن خەۋىرىڭ يوقمىدى؟" دوختۇر گېيسىڭنىڭ پۈتۈن بەدىنى سوغۇقتىن تىترەپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇيي ئىچى ئۇنچىۋالا سوغۇق ئەمەس ئىدى. ئۇ دەرھال سۆزگە كىرىشىپ، باشقىلار مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمگە يول قويمىدى، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ھىتلېر شۇنداقمۇ دەپلا ئۆتكۈزىۋېتىدۇ. گېيسىڭ، ئۇنىڭ ئاشقازان كېسىلىنى پەيدا قىلغان نەرسە ئەنە شۇ ئورگانىك ئىشقار ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ھىتلېر بۇنىڭغىمۇ قېشىنى كۆتۈرۈپ قويۇش بىلەنلا جاۋاپ بېرىدۇ. ئۇ، بۇنىڭدەك ئەھۋال مەندە نۇرغۇن قېتىم كۆرۈلگەنلىكىنى، ئەمما ھېچ بىرى بۇ قېتىمقىسىدەك ئېغىر بولمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. "ئۇزۇن ۋاقىت تىنماي غەم ئىچىدە قېلىشىم ھەمدە ئاچچىقلىنىشىم مېنى پەقەتلا ئارامىدا قويماي كېلىۋاتىدۇ. نېمىس خەلقى ئۇچۇن كېچە-كۈندۈز پىكىر قىلمىسام، ئىشلىمىسەم بولامدۇ؟" شۇندىن كېيىن ئۇ خېلىلا تۇزۇلۇپ، بىر قانچە كۈنگە قالمايلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەلەيدىغان بولىدۇ. "سەن راستىنلا مورېلنى بەكلا قورقۇتىۋېتىپسەن جۇمۇ، _ دەيدۇ ھىتلېر. – ئۇ قورققىنىدىن رەڭگى-رويى ساپسېرىق تاتىرىپ كېتىپتۇ. قاتتىق ئەنسىرەپ، دائىم ئۆزىنى ئەيىپلەپلا يۈرىدۇ. ئەمما مەن ئۇنى تەستە قايىل قىلدىم. مەن ئەزەلدىن ئاددى بىر كومىلاچ قۇرسىقىمدىكى يەلنى تارتىپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. مەن ھەر قېتىم ئۇ دورىنى يېگىنىمدىن كېيىن بەكلا راھەتلىنىپ قالاتتىم." ئەمما گېيسىڭ ئۇنىڭغا بۇنداق راھەتلىنىش تۇيغۇسى خىيالى بىر تۇيغۇ، دەيدۇ. "بەلكىم دېگىنىڭ راستتۇر، _ دەيدۇ ھىتلېر ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، _ ئەمما بۇ دورىنى يېگەنىنىڭمۇ بىرەر زىيىنى يوققۇ، ئۆتكەن بىر ئاي جەريانىدا، مېنىڭ نېرۋىلىرىم قاتتىق جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن تىنماي ئىچىم سىيرۈپ تۇراتتى. 20-ئىيۇل كۈندىكى ۋەقە بەزى كۈنلىرى مېنى قايتىدىن كۆڭۈلسىز قىلىپ تۇراتتى. تا بۈگۈنگىچە، مەن بۇ دەرتلىرىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ كېلىۋاتقان ئىدىم. مانا ئەندى، ئۇ ئاچچىقلار پارتلاپ چىقتى."

گېيسىڭنىڭ قويغان دىياگنوزى بولسا، ئۇنىڭ سېرىق كېسىلىگە گىرىپتار بولانلىقىنى كۆرسەتتى. ئەمما ھىتلېر بۇنى قەتئىي رەت قىلىپ تۇرىۋالىدۇ. "ئۇنداق ئىش يوق، سەن مېنى ئۆزەڭنىڭ ئۆت يالۇقى بىمارىغا ئايلاندۇرىۋالماقچى! قېنى ئەمسە، كېلىپ مېنىڭ ئۆتۈمنى تەكشۈرگىن." ئۇ يوتقىنىنى بىر چەتكە قايرىۋېتىپ، گېيسىڭنى تەكشۈر دەپ ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ گېيسىڭ بۇ بىمارنى تۇنجى قېتىم پۈتۈن بەدىنىنى تەكشۈرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. ئۇ، ھىتلېرنىڭ نېرۋا ئىنكاسلىرىنى، قوللاق ئاستى بەزلىرىنى ۋە شۇنىڭدەك بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىنى دېگىدەك تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. گېيسىڭ مەمنۇنىيەت بىلەن ئىشنى تۈگىتىدۇ: يەنى ئۇ، فۈھرېرنىڭ جىنسىي ئەزاسىدا كەمتۈكلۈك

بار دەيدىغان قۇرۇق گەپلەرنىڭ پۇتۇنلەي ئۇيدۇرما گەپلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭ جىنسى ئورگىنى نورمال ۋە كەم-كۇستىسىز ئىدى. (ئەڭ كامىدا ئىككى نەپەر دوختۇر ھىتلېر ئۇچۇن بەدەن تەكشۇرۇشى قىلغان ئىدى. دوختۇر موربېل ئۇنىڭ جىنسى ئورگىنىنىڭ "پۇتۇنلەي نورمال" ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. فۇھرېر ھوقۇق تۇتۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بېرلىن "غەربى دوختۇرخانا" دىكى بىر دوختۇرمۇ ئۇنى تولۇق بەدەن تەكشۇرىشكە تۇتقان بولۇپ، ئۇمۇ ئوخشاش خۇلاسىنى چىقارغان، يەنى بۇ دوختۇر بۇرۇن ھىتلېردا "بەچچىۋازلىق ئېھتىمالى بار دەپ ئاڭلىغاچقا، ئۇنىڭ چوڭ تەرەت يولى بىلەن ساقىدانلىرىنى بەكلا دىققەت بىلەن تەكشۇرۇپ چىققان." – ئا.ھ.ئى)

ھىتلېر ئۇنىڭ پۇتۇن تەكشۇرۇش باسقۇچلىرىغا بەكلا بېرىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ يەنە بىر قېتىم مىدىتسىنا ئوقۇۋاتقان ستۇدېنت رولىنى ئوينايدۇ. "بىلىسىز دوختۇر، _ دەيدۇ ھىتلېر، لىنگ بىلەن گېيسىڭنىڭ تاردىمىدا ياتاق كىيىمىنى كېيىۋېتىپ، _ نېرۋىلىرىم ھەددىدىن ئارتۇق ئاكتىپ بولغىنىدىن باشقا، قالغان نېرۋا سىستېمىلىرىم پۇتۇنلەي ساغلام. ئويلايمەنكى، ئۇزۇنغا قالماي پۇتۇنلەي تۇزۇلۇپ كېتەلەيمەن. – ئۇ گەپ قىلغاچ خۇددى بىر خىيالى بەختىيارلىق ئىچىگە چۆمگەندەك ھېسسىياتلارغا غەرق بولماقتا ئىدى. گېيسىڭنىڭ ئۇنىڭ ئۇچۇن ئازاپلىرىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم قىلغىنى ئۇچۇن ئۇنىڭغا رەخمىتىنى بىلدۇرىدۇ. – مانا ئەندى، تەغدىر مېنىڭ تېخىمۇ ئېغىر ناچارلىشىپ كېتىشىمنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە بۇ دېزىنفېكسىيە كومۇلچى ئىشىنى چوڭقۇرلاپ تەكشۇرۇپ ئېنىقلاش ئىشى ئۇچۇن سىزنى يوللىغان ئىكەن. ئەگەر سىز بولمىسا ئىدىڭىز، سالامەتلىكىم ئەسلىگە كېلىپ بولغاندىن كېيىن مەن ئۇ دورىنى داۋاملىق ئىچىپ يۈرگەن بولار ئىدىم." ئۇنىڭ بۇ خۇلاسىسى ھەقىقەتەنمۇ بىر-بىرىگە زىت خۇلاسە ئىدى. ئۇنىڭ تۇيۇقسىزلا گېيسىڭنى ئالاھىدە ماختاپ كەتكەنلىكىدىن، گېيسىڭنى بەكلا قايمۇقتۇرىۋېتىدۇ. "قەدىرلىك دوختۇر، تەڭرى سىزنى بۇ تەكشۇرۇشكە بۇيرۇغان ئىكەن، شۇنىڭدەك سىز بۇ تەكشۇرۇش جەريانىدا باشقا دوختۇرلار تاپالمىغان نەرسىلەرنىمۇ تېپىپ چىقتىڭىز. قانداقلا بولمىسۇن، مەن سىزنىڭ ماڭا قىلغان بۇ ياخشىلىقىڭىزغا قاتتىق مىننەتدارمەن. مەن سىزگە بۇرۇنقىدەك ئىشىنىشنى داۋام قىلىمەن. گەرچە سىز موربېلغا قارشى چىققان بولسىڭىزمۇ، مەن بەربىر ماڭا قىلغانلىرىڭىز ئۇچۇن سىزگە قايتا رەخمىتىمنى بىلدۇرىمەن." ئۇ گېيسىڭنىڭ ئىككى قولىنى تۇتۇپ چىڭ سىققىنىچە، يەنە بىر قېتىم شۇ كوكايىن دېگەن نەرسىنىڭ ئوكۇلىنى قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈنىدۇ. بۇ تۇر داۋالاش پۇتكەندىن كېيىنلا، فۇھرېرنىڭ ئىچى سۈرۈپ كېتىدۇ. مانا ئەندى كاللام خېلىلا سەگىپ قالدى، پات ئارىدا ئورنۇمدىن تۇرۇپ مېڭىپ كېتىدىغاندەكلا قىلىمەن، دەيدۇ. ئەمما

ئۇنىڭ ئاۋازى بەكلا زەئىپلىشىپ، كۆزلىرىمۇ ئوينىاپ كېتىۋاتاتتى. چىرايى شۇ ھامان ئاقىرىپ كېتىدۇ. گېيسىك دەرھال ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرىدۇ. ئۇنىڭ تومۇرى بەكلا ئاجىز ئەمما بەكلا ئىتتىك سوقاتتى. "فۇھرېرىم، بىر ئىش يوقتۇ؟" ئەمما ھىتلېردىن جاۋاپ يوق ئىدى. ئۇ ھوشىدىن كەتكەن ئىدى.

گېيسىك دەرھال ئەتىراپىغا قارايدۇ. ئەتراپتا ھېچكىم يوق ئىدى. بۇ چاغدا بىرسى ئىشىك چەككەچكە، لىنگمۇ ئىشىك ئاچقىلى كەتكەن ئىدى. بۇ چاغدا گېيسىكنىڭ دەرھال كاللىسىغا كەلگىنى، ھىتلېرنىڭ ئۆلۈش-ئۆلمەسلىكى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ رەھىم قىلىشىغىلا باغلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ياتقان ئادەم بىر مۇتەھەم زوراۋان بىرسى ئىدى. يەنى بۇ ئادەم خەلقنى تولۇق تونۇپ كەتمەيدىغان بىرسى ئىدى. "شۇ پەيتتە، _ دەپ يازىدۇ گېيسىك كۈندىلىك خاتىرىسىگە، _ مەن راستىنلا بۇنداق بىرسىنىڭ ياشاپ قېلىشىنى خالىمايتتىم، مەن بۇنداق بىرسىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆز خاھىشى بويىچە خەلقنىڭ ئۆلۈم-قېلىم ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇشىنى ھەرگىز خالىمايتتىم." ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلىپ تۇرتكە بولغانلىقى سەۋەبىدىن، يەنە بىر ئامپۇل ئوكۇلنى كوكايىن ئىچىگە ئېقىتىۋېتىش خىيالىغا كېلىدۇ. بۇ بىر ئامپۇلنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىشقا يېتەتتى. قۇتىدا تېخى يېڭىلا ئۇنى ھوشىدىن كەتكۈزىۋەتكەن دورا بار ئىدى. ئۇ دەرھال ئۇنىڭ بۇرۇن بوشلۇقىنى يۇپ تازىلايدۇ. گېيسىك ئەندىلا ئۇنىڭ سول بۇرۇن بوشلۇقىنى يۇپ بولىشىغا، بىر يەردىن كەلگەن ئاۋازدىن چۆچۈپ سەكرەپ كېتىدۇ: "يەنە قانچىلىك ۋاقىتتا داۋالاش ئاخىرلىشىدۇ؟" بۇ گەپنى قىلغان لىنگ ئىدى.

گېيسىك ئامالسىز، مانا ھازىرلا تۈگەيدۇ، دەيدۇ. دەل شۇ پەيتتە، بالدۇرقىسىدىنمۇ بەكرەك تاتىرىپ كەتكەن ھىتلېرنىڭ چىرايى بىر پۈرۈشقاندەك قىلىپ، ئىككى پۇتىمۇ يوقۇرىغا پۈكۈلىدۇ، ئۇ، قاتتىق ئازاپلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. "فۇھرېرنىڭ يەنە بىر قېتىم بويۇن ئۇمۇرتقا كېسىلى قوزغالدى" دەيدۇ لىنگ چۆشەندۈرۈپ. "ئەندى ئۇ ئارام ئالسۇن." گېيسىك بەكلا خاتىرجەم كۆرۈنەتتى. ئۇ لىنگ بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، چىقىپ ۋېلىسىپىتىنى مىنگىنىچە ئالدىراش قۇرۇقلۇق ئارمىيە گوسپىتالىغا قاراپ كېتىپ قالىدۇ. دوختۇرخانىغا بارغىنىدىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلى يەنىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. ئەجىبا مەن ھىتلېرنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرگىدەك ئىش قىلالىدىممۇ؟ ئۇ ھولۇقۇش ئىچىدە دەرھال ھاسسىلىباخقا تېلېفون قىلىپ، يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىدۇ. ئاندىن بېرلىندىكى ئىشخانىسىغا بومبا چۈشكەنلىكىنى، شۇڭا بېرىپ كۆرۈپ كېلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بىر كۈنلۈك دەم ئېلىشقا رۇخسەت سورايدۇ.

ئەتىسى، گېيسىك پايتەختتىن تېلېفون ئارقىلىق ھىتلېرنىڭ ئۆلمىگەنلىكىدىن خەۋەر

تاپىدۇ. ھېچ كىم ئىككى ھەسسە كوكائىن بىلەن داۋالىغانلىقنى بىلمىگەن ئىدى. ئۇ "بۆرە ئىنى" گە قايتسا ھېچ ئىش بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا ئەنسىرەش ئىچىدە قايتتى. ئەمما ئۇ ھەرگىزمۇ فۈھرېردىن قورققان ئەمەس. چۈنكى فۈھرېر ئۇنىڭغا يەنىلا بۇرۇنقىدەك دوستانە مۇئامىلىدە بولغان ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، فۈھرېر يەنىلا مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ھىتلېر ئۇنىڭغا، مەن مورېلغا تولۇق ئىشەنچىم بولغاچقا دېزىنفىكسىيە كومۇلچى ئىشىنى ئۇنتۇپ كېتەيلى، دەيدۇ. بۇ ئىشنى ئۇنىڭ ئۆزى تەكشۈرتىدىغانلىقنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، براندت دوختۇرنى بۆگۈن چۈشتىن كېيىن بۇ يەرگە چاقىرتقانلىقنى ئېيتتى.

ھىتلېر، براندت بىلەن ھاسسىلباخ ئىككىسىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئارقىلىق بۇ ئىشنىڭ ئاخىرىنى چىقارغان بولىدۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى، گېبىسلىڭ بورمان تۇرغان يەرگە چاقىرتىلىدۇ. "بۇ قانداق بولغىنى قەدىرلىك دوختۇر؟ _ دەيدۇ بورمان ئۇنىڭ پۈتۈنلەي ھەربىي فورما بىلەن كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، _ سىز بۆگۈن نېمىشكە بۇنچە رەسمىي قىياپەت بىلەن كەلدىڭىز؟ مەن سىز بىلەن بىر ئىش ئۈستىدە سۆزلىشىشنىلا نىيەت قىلغان ئىدىم" دەيدۇ. گېبىسلىڭ قورققانىدەك كۆرۈنەتتى؛ بۇنىڭدىن بورمان كۈلۈپ كېتىدۇ. "بۇ ئىشنى ئۇنچىۋالا چوڭ ئىش قاتارىدا كۆرۈپ كەتمەڭ، بىز سىزگە ھەرگىز قارشى تۇرىدىغان بىر نىيەتتە ئەمەسمىز. دەل ئەكسىچە، فۈھرېر سىزنى بەكلا ماختاپ كەتتى، ئۇ ماڭا مۇنۇ خەتنى سىزگە تاپشۇرۇپ بېرىشىمنى ئۆتۈندى." ئۇ خەت، بىر رەخمەت خېتى بولۇپ، ئۇنىڭ قالتىس ماھارەت بىلەن ئۆزىنى داۋالىغانلىقىغا رەخمەت بىلدۈرۈپ يازغان خېتى ئىدى. كونۋېرتتا يەنە ئون مىڭ ماركلىق بىر چەكمۇ بار ئىدى. دوختۇر ئۇ چەكنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويىۋىدى، بورمان ئۇنى قايتا زورلاپ ئالغۇزىدۇ. بۇنى رەت قىلىش فۈھرېرنى ئىنتايىن ئالمىغانلىق ھېسابلىنىدىغانلىقنى ئېيتتى.

گېبىسلىڭ يۈك-تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، فۈھرېر بىلەن ۋىدالاشقىلى يەر ئاستى ئىستىھكامىغا كىرىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا بىر قولىنى ئۇزارتىپ، "بىلىپ قالىسىز، دېزىنفېكسىيە كومۇلچى ئىشىنى چوقۇم ئېنىقلىتىمەن. – دەيدۇ ھىتلېر، _ بىلىمەن، سىزنىڭ قىلغىنىڭىز پۈتۈنلەي غايىۋى بىر ھەرىكەت، مەقسىتىڭىزمۇ پۈتۈنلەي كەسىپى نوقتىنى چىقىش قىلغانلىق." ئۇ يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن ئۆزىنى داۋالىغانلىقىغا رەخمىتىنى بىلدۈرىدۇ ھەمدە شۇ يەردىلا ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆستۈرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۇششاق قارا كومۇلاچ دورا ئىشى بىر ھېساپتا ھەل قىلىنغان ھېسابلاندى. يەنى 3 نەپەر داڭلىق دوختۇر ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇش بىلەن بۇ ئىشقا خاتىمە بېرىلگەن بولدى. بۇ چاغدا، دوختۇر مورېل مەقسەتلىك ھالدا فۈھرېرنى زەھەرلەپ

ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇدەك، دېگەندەك گەپلەر بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىدۇ. ئەمما بۇنداق قۇرۇق گەپلەرگە فۇھرېرنىڭ يېقىنلىرىدىن ھېچكىم ئىشەنمەيتتى. گېردا كرىستىياننىڭ قارىشىچە، مورېل بەك رىتىلىك كىيىنىپ يۇرمەيدىغان، مۇئامىلىلەرگىمۇ بەك دىققەت قىلىپ كەتمەيدىغان بىرسى بولغاندەك قىلغىنى بىلەن ئۇنىڭ يەنىلا ئۇستا بىر دوختۇر ھېسابلىناتتى. خېلى كۆپ كىشى ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرىغا قوشۇلاتتى. ھەتتا مورېلنى ئەيىپلىگەن بايىقى 3 نەپەر دوختۇرمۇ ئۇنىڭ فۇھرېرگە زىيانكەشلىك قىلىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيتتى. ئۇلار، برانىدت بۇ دورا تەركىۋىدە سترىخنىن بارلىقىنى ئېيتقىنىدا مىقدارىنى ئازايتىپ ئىشلەتكىنىدە بىر مەسىلە بولمايدىغانلىقى ئېنىق بولىشىغا قارىماي مورېل بۇنى ئاڭلاپ شۇ ھامان چۆچۈپ كەتكەن ئىدى. قارىغاندا مورېل دورا قۇتىسىغا چاپلانغان دورا ئىسمىنىلا كۆرۈپ، چۈشەندۈرۈشلەرنى پەقەتلە ئوقۇپ كۆرمىگەنلىكى ئېنىق ئىدى. ئۇ، بۇ دورىلاردا سترىخنىن بولغانلىقى، ئۇنىڭ بېشىغا تاياق تەككەندەك قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ.

ھىتلېر كارىۋاتتىن چۈشۈپ ماڭالىغىدەك ھالغا كەلگەن ۋاقىتتا، روممېلنىڭمۇ پارتلىتىش سۇيىقەستىگە ئارىلىشىپ قالغانلىقى ھەققىدىكى دەلىللەر بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىدۇ. فۇھرېر ئىككى نەپەر گېنېرالنى چاقىرتىپ، ئۇلارغا كىشىنى بەكلا كۆڭۈلسىز قىلىدىغان بىر ۋەزىپىنى ئورۇنداپ كېلىشنى بۇيرۇق قىلىدۇ: ئۇلارنى دەرھال ئۇنىڭ ئىشىنى پۈتتۈرۈپ كېلىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. 14-ئۆكتەبىر كۈنى، ئۇ ئىككى گېنېرال قاتناش ۋەقەسىدە يارىلانغانلىقتىن ئۆلۈم يېقىنلىرىدىكى بىر قەلئە ئىچىدە داۋالىنىۋاتقان روممېلنى زىيارەت قىلىدۇ. بىر سائەتتىن كېيىن ئۇلار قايتىپ كېتىدۇ. روممېل ئايالىغا، "چارەك سائەتتىن كېيىن مەن ئۆلۈپ بولىمەن" دەپ ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ ھىتلېرنى قەستلەش سۇيىقەستىگە قاتناشقان دەپ ئەيىپلەنگەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھىتلېر ئۇنىڭ ئالدىغا ئىككى يول قالدۇرغانلىقىنى، يەنى بىر بولسا زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋېلىشى ياكى خەلق سوتىغا چىقىرىلىپ سوتلىنىشىدىن بىرىنى تاللىۋېلىشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ۋىدالىشىپ بولۇپ، ئادىيۇتانتىنى بىر يانغا چاقىرىدۇ: "ئالدىنكىغىر، دەيدۇ ئادىيۇتانتىغا _ مۇنداق ئىش، ..." ئۇ ھىتلېرنىڭ تەكلىپى بىلەن پىلاننى ئۆز پىتىچە سۆزلەپ بېرىپ، بايىقى ئىككى نەپەر گېنېرال بىلەن بىرگە ئۆلۈمگە قاراپ يولغا چىقىدىغانلىقىنى، يولدا زەھەر ئىچىۋالىدىغانلىقىنى؛ ئاردىن يېرىم سائەت ئۆتمەيلا، روممېلنىڭ قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ ئۆلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئېلان قىلىنىدىغانلىقىنى، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەتلىك ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى؛ ئائىلىسىدىكىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىنمايدىغانلىقىنى

ئېيتسپ بېرىدۇ. ئەمما ئالدىنقىر ئۇنىڭدىن قارشىلىق كۆرسىتىشىنى ئۈتۈندۇ. ئەمما روممېل ئۇنىڭغا بۇنىڭ ئىمكانى يوقلىقىنى، بۇ كەنت ئىس-ئىسچىلار تەرىپىدىن قورشاۋغا ئېلىنغانلىقىنى، ئۇنىڭ بارلىق قىسىملىرى بىلەن بولغان تېلېفون ئالاقە يوللىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئۈزۈۋېتىلگەنلىكىنى ئېيتىپ، "مەن ئۆستۈمگە چۈشكەن ئەڭ ئېنىق بىر ئىشنى ئورۇنداشقا قارار قىلدىم" دەپ ئۈزۈپ ئېيتىدۇ.

چۈشتىن كېيىن سائەت بىردىن بەش مىنۇت ئۆتكەندە، روممېل ئافرىقا كورپۇسىدا كەيگەن كاۋانكىسىنى كىيىپ، مارشاللىق ھاسىسىنى ئېلىپ ماشىنىلىق يولغا چىقىدۇ. ئۆلۈم دوختۇرخانىسىغا قاراپ كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە، روممېل زەھەر ئىچىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ داۋالاش دوكلاتىدا، ئۇ، مېڭە قەپىزىگە چاك كېتىپ قان تومۇرلىرىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشىدىن ئۆلگەنلىكى بىلدۈرۈلگەن. مارشال روممېلنىڭ يېقىنلىرى كېيىن ئۇنىڭ چىرايىدا "ئېنىق مەنسىتمەسلىك قىياپىتى" ئىپادىلىنىپ تۇرغانلىقىنى ئەسلىشىدۇ.

5

1944-يىلى سېنتەبىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگىچە، ھىتلېر فىنلاندىيە، رومىنىيە ۋە بولغارىيەدىن ئىبارەت ئۈچ ئىتتىپاقدىشىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى. ئۆكتەبىردە يەنە بىر دۆلەت ئۇنىڭغا خائىنلىق قىلىدۇ. دېڭىز ئارمىيىسى بولمىغان ۋېنگرىيەنىڭ ئادمىرال پولكوۋنىكى خورتىي، يەنە كېلىپ پادىشاھىي يوق تۇرۇپ پادىشاھ نامىنى ئېلىۋالغان بۇ ھۆكۈمدارى، موسكۋاغا ئەلچى يوللاپ تىنچلىق تەلىپىدە بولىدۇ. شۇ يىلىنىڭ باشلىرىدا، ناتسىستلار ۋېنگرىيىنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ قورۇق ئاتاقتىكى مۇستەقىللىقى ئاخىرلاشقان ئىدى. ئەسلىدە، قىزىل ئارمىيە ۋېنگرىيە پايتەختىگە يۈز مىلغىمۇ يەتمەيدىغان بىر يەرگە كېلىپ بولغان ئىدى. بۇداپېشتتە، ئادەتتە ھەرقانداق بىر مەخپىي خەۋەر قەھۋەخانىلاردا ئاشكارە تۈردە تالاش-تارتىش قىلىنىپ تۇرۇلاتتى. شۇ نەدىق بولغاچقا، ھىتلېرمۇ بۇ قېتىمقى سۆھبەتلىشىشنىڭ تەپسىلاتىدىن خەۋەر تېپىپ بولغان ئىدى. ۋېنگرىيە ۋەكىللىرى موسكۋادا تېخىمۇ ياخشىراق ماددىلارنى ئىمزالىتىۋېلىشنى كۆزلەپ بىھۇدە تالاش-تارتىش قىلىپ يۈرگەن ۋاقىتلاردا، ھىتلېر قولىدىكى ئەڭ قابىلىيەتلىك تۇيۇقسىز زەربە ئەترىتىنىڭ كوماندىرى ئوتتو سكورزېنىينى ۋېنگرىيەگە يوللاپ، بۇ دۆلەتنىڭ رەھبىرىنى ھەمكارلىشىشنى داۋام قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئەدەپلەشكە ئىشەرتكەن ئىدى. تۈزۈك قان تۆلۈشمۇ بولماي ئورۇندالغان بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ مەخپىي نامىغا "چاشقان مىكىي" دېگەن باللار كارتون فىلىمىنىڭ نامىنى قويۇپ بەكلا قاملاشقان

ئىدى. سكورزېني، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا پەقەتلا كىشىنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان بىر ئۇسۇلنى، يەنى خورتىينىڭ ئوغلى مىكنى گىلەمگە يۆگىگىنىچە ئايرودرومغا قاچۇرۇپ كېلىدۇ (سكورزېني بۇ ئامالنى شاۋنىڭ ئويىنىغان «كايسېر بىلەن كلېئوپاترا» دىن تەقلىت قىلىۋالغان ئىدى). ئاندىن بىر پاراشوتچىلا باتالىئونىنى ئىشقا سېلىپ خورتىي ياشايدىغان ۋە خەلقىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان قەلئەنى ئىگەللىۋالىدۇ. بۇ ئىشلار ئۇچۇن جەمئىي يېرىم سائەتتەكلا ۋاقىت سەرىپ قىلغان بولۇپ، ئارانلا 7 ئادەمنى چىقىم تارتىپ بەكلا ئوڭاي پۈتتۈرىدۇ.

6 كۈندىن كېيىن، ھىتلېر "بۆرە ئىنى" دە "قالتىس ئىش قىلدىڭ" دەپ ماختاش بىلەن تەبرىكلىگىنىچە بۇ تۈيۈقسىز زەربە بېرىش ئەترىتىنىڭ كوماندىرىنى كۈتىۋالىدۇ. سكورزېنيمۇ ھىتلېرغا خورتىي شاكىچىكنى قاچۇرۇپ كېلىش جەريانىنى تەپسىلى ھىكايە قىلىپ سۆزلەپ بەرگىنىدە، قاتتىق قىزىقىپ ئاڭلايدۇ. سكورزېني گېپىنى تۈگىتىپ قوزغىلىشقا تەمشەلگىنىدە ھىتلېر ئۇنى تۇتۇپ قالىدۇ: "مەن ساڭا يەنە بىر ۋەزىپە تاپشۇرماقچىمەن. بۇ ۋەزىپە ئۆمرىڭ بويىچە قىلغان ئىشلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك بىر ۋەزىپە بولۇپ قالىدۇ" دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر ئۇنىڭغا ئاردېنغا تۈيۈقسىز ھۇجۇم قىلىش پىلانى بارلىقنى ئېيتىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا، بۇ تۈيۈقسىز ھۇجۇم ئوپېراتسىيىسىدە ئاساسلىق رول ئالىدىغانلىقنى ئېيتىپ، ئادەملىرىنى ئامېرىكىلىق قىياپىتىدە تەربىيلەپ، ئامېرىكا ئارمىيىسى ئۇنىفورمىسىنى كىيىپ، ئامېرىكا ماشىنىلىرىغا ئولتۇرۇپ، ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ ئارقا سەپىدە پائالىيەت قىلىشنى، ئۇلار چوقۇم مېۋز دەرياسىدىكى كۆۋرۈكنى چوقۇم تارتىپ ئېلىشى كېرەكلىكىنى، دۈشمەن ئارقا سەپىدا يالغان گەپ، يالغان بۇيرۇق تارقىتىپ، دۈشمەننى قايمۇقتۇرۇش ۋە ھۇلۇقتۇرۇش ھەرىكەتلىرى بىلەن شوغۇللىنىشنى ئېيتىدۇ.

شۇ پەيتلەردە جودېلمۇ ئۆزى تۈزۈپ چىققان قايتارما ھۇجۇم پىلانىنى ھىتلېرغا سۇنىدۇ. ئەسلىدە بۇ پىلانغا "خرىستوس گۈلى" دەپ نام بېرىلگەن بولسىمۇ، كېيىن، يەنى شۇ كۈنى ئاخشىمى فۇھرېر ئىشپىيونلارنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن بۇ نامنى "رېين كۈزەتچىسى" دېگەنگە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. بۇ پىلان بويىچە، گېرمانىيە قوشۇنلىرى 3 كورپۇس ئەسكىرى كۈچكە يەنە 12 ماشىنىلاشقان دىۋىزىيە ھەمدە 18 پىيادىلار دىۋىزىيىسى قوشۇلۇپ ھەرىكەتكە ئاتلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن ئىدى. "رېين كۈزەتكۈچىسى" ئوپېراتسىيىسى مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئاساسقا تايىنىپ تۈزۈلگەن بىر پىلان ئىدى: تۈيۈقسىز ھۇجۇم قىلىش ھەمدە ئىتتىپاقداشلار ئارمىيىسىنىڭ ئايروپىلانلىرى ئۇچالمايدىغان ھاۋا شارائىتى ئاستىدا ھەرىكەت باشلىتىش. بۇ ئوپېراتسىيە، بىپايان كەتكەن ئورۇش سېپى

بويىچە تۈيۈقسىز كۈچلۈك ھۇجۇم بىلەن سەپنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئەتىسى مېۋۇز دەرياسىدىن ئۆتۈپ يەتتىنچى كۈنى ئانتۋېرپقا يېتىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىش ئىدى. بۇ قېتىمقى ئوپېراتسىيەدە ئامېرىكا قوشۇنلىرى بىلەن ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ 30 دىۋىزىيىسىنى تارمار كەلتۈرۈش بىلەنلا قالماي، يەنە ئەنگلىيە-ئامېرىكا ئارمىيىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن چوڭ بىر يوچۇق ئېچىۋېتىش، پسىخولوگىيىلىك ۋە ئەمەلىي جەھەتلەردىمۇ شۇنداق بىر بوشلۇق پەيدا قىلىۋېتىش مەقسەت قىلىناتتى. ئىتتىپاقداش ئارمىيىلىرى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىلىپ، ئۇلارنى ئايرىم-ئايرىم تىنچلىق تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر قىلماقچى. ئاندىن گېرمانىيە ئارمىيىسى كۈچنى توپلاپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن قىزىل ئارمىيىگە قارشى تۇرۇشنى پىلانلىشىدۇ.

قەتئىي مەخپىي بولۇشى ئۈچۈن بۇ قېتىمقى قايتارما ھۇجۇم پىلانىدىن پەقەت بىر نەچچە كىشىنىڭلا خەۋىرى بولىدىغان بولىدۇ. ھەرقايسى قوماندانلىق ئورگانلىرى بىر-بىرسىگە ئوخشىمايدىغان مەخپىي ناملاردىن پايدىلىنىش، شۇنىڭدەك بۇنداق مەخپىي ناملار ھەر ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆزگەرتىپ تۇرۇلۇشى قارار قىلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى قايتارما ھۇجۇم ئوپېراتسىيىسىگە چېتىشلىق ھەرقانداق بىر ئىشنى تېلېفون ياكى تېلېگراف ئارقىلىق قەتئىي سۆزلىششكە بولمايدىغانلىقى، ھەر تۈردىكى ھۆججەتلەر ئېغىز ئاچماسلىق ھەققىدە قەسەم قىلدۇرۇلغان ئوفىتسېرلارغا تايىنىپ يوللىنىشى قارارلاشتۇرۇلىدۇ. ھىتلېر، مانا شۇنداق تەدبىرلەردىن پايدىلىنىش ئارقىلىقلا قوماندانلىق شىتابىدىكى جاسۇسلاردىن ساقلىنىشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

فۇھرېر بۇ ھەرىكەت ئۈچۈن قوماندانىنى ئۆزى بېۋاستە تاللىۋالىدۇ. بۇ قېتىملىق قايتارما ھۇجۇم قوماندانى ۋەزىپىسىگە مودېلنى كۆرسىتىدۇ. مودېل، بۇ پىلاننى ئوقۇغاندىن كېيىن قاتتىق ھەيران بولۇپ نېمە دېيەرىنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالىدۇ. ئاندىن غەزەپلەنگەن ھالدا "ھۇ ئانىسىنى، بۇ پىلاننىڭ يەرگە باسقىدەك بىرەر پۇتىمۇ يوق بىر پىلان ئىكەنغۇ بۇ!" دەيدۇ. رۇندستېدتمۇ رومېلغا ئوخشاش بۇ پىلاندىن ئەندىشە قىلىپ، باشقا بىر پىلان تۈزۈپ چىقىدۇ. بۇ پىلان بويىچە قايتارما ھۇجۇم دائىرىسىنى تارايتىپ، 20 دىۋىزىيە كۈچ ئىشلىتىپ 40 مىل ئۇزۇنلۇقتىكى ئۇرۇش سېپى بويىچىلا ھۇجۇم قوزغاش لازىم ئىدى. "روشەنكى، سىز ئۇلۇغ ئىمپېراتور فرىدېرىخنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ قانداق، ــ دەيدۇ ھىتلېر ئۇنى مازاق قىلغان ھالدا، ــ ئۇ، روزباخ بىلەن لېۋتېن ئۆزىدىن ئىككى ھەسسە ئۈستۈن ئەسكىرى كۈچكە ئىگە دۈشمەننىڭ يەڭگەللىكىدىن خەۋىرىڭىز يوق ئوخشىمامدۇ؟ قانداق يېڭەلەيمىز؟ قەھرىمانلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق!" ئۇنىڭ بۇ گېپى يەنىلا شۇ كونا گەپلەر ئىدى: "ئىشنى چوڭ قىلىپ يېڭىپ چىقىش"، ئۇ، گېنېراللىرىنىڭ تەسەۋۋۇر

قىلىش قابىلىيىتىنىڭ يوقلىقىنى ئېيتىپ، "سىلەر تارىخنى زادى تەتقىق قىلىپ باقمىغانمىدىڭلار؟" دەيدۇ.

شۇڭا ھىتلېر، ئىمپىراتور فرېدېرىخنىڭ قاتتىق قاراملىق قىلغانلىقى ھەققىدە ئەستايىدىللىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ كېتىدۇ: گويا ئۇنىڭ قەھرىمانلىقىغا جاۋاب بەرگىنىدەك، كۆكتە سۈزۈك ئاسماندا چاقماق چېقىپ گۈلدۈرماما ئاڭلىنىدۇ. يەنى پەقەتلا پەرەز قىلىشقا بولمايدىغان تارىخىي ۋەقە يۈز بېرىدۇ: پرۇسسىيەگە قارشى ئىتتىپاقداشلار بىراقلا پارچىمۇ-پارچە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. شۇندىن كېيىن ياۋروپادىكى ھەر بىر مۇتەخەسسىس چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ دەپ پەرەز قىلىشقان ئىمپىراتور فرېدېرىخ گېرمانىيە تارىخىدا ئەڭ ئۇلۇغ غالىبىيەتنى قولغا كەلتۈرەلىگەن، دەپ كۆرسىتىدۇ.

"تارىخ چوقۇم قايتا تەكرارلىنىدۇ. – دەيدۇ ھىتلېر. ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كېتىدۇ. _ ئۇنىڭ بۇ قىياپىتى ئەغەنچىگە تولغان، پانتازىيە قىلىشقا ماھىر بۇرۇنقى ھىتلېرنىڭ كۆرۈنۈشى ئىدى، _ ئاردېن دېگەن بۇ يەر، مېنىڭ روزباخىم ۋە مېنىڭ لېيتېنىم بولۇپ قالىدۇ. يەنە بىر قېتىملىق مۆلچەرلىگۈسىز تارىخىي ۋەقە يۈز بېرىدۇ: ئىمپېرىيىمىزگە قارشى ئوتتۇرغا چىققان ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرمۇ پارچىلىنىپ تىرە-پىرەڭ بولۇپ كېتىدۇ!"

شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇنىڭ ياپونىيە بىلەن تۈزگەن ئىتتىپاقداشلىقىنىڭ ئۇنچە بەك قىممىتى قالمىغان ئىدى. ياپونىيە، يېقىندىلا يەنە بىر قېتىم ئېغىر پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ئىدى. ماكئارتۇر، فىلىپپىننىڭ لېيت ئارىلىدا قۇرۇقلۇققا چىققان، ھەمدە كەينىدىنلا باشلانغان لېيت قولتۇقى دېڭىز ئۇرۇشىدا ياپونلار 300 مىڭ ئۇرۇش پاراخوت تونناجىنىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ: يەنى بۇ ئۇرۇشتا ياپونىيە 4 ئاۋىئاماتكا، 3 ئۇرۇش پاراخوتى، 6 ئوكيان چارلاش پاراخوتى، 3 يەڭگىل ئوكيان چارلاش پاراخوتى ھەمدە 10 دەك قوغلىغۇچى پاراخوتتىن ئايرىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ياپونىيە دېڭىز ئارمىيىسى زادىل ئوڭشىلالماي، ئانا تۇپراقلىرىنى قوغداشتا قىلچە ئەھمىيەتسىز ئۇرۇشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ھېچ بىرى قىلچە رولى يوق ئۇرۇشلار ئىدى. مانجۇرىيىدىكى ياپون ئارمىيىسى، زور تۈركۈملەپ ئەنگلىزلارغا قارشى ئۇرۇشقا يۆتكەپ كېتىلگەنلىكى سەۋەبلىك ھىتلېرنىڭ كۈچلۈك دۈشمىنى ھېسابلىنىدىغان قىزىل ئارمىيىگە قارشىمۇ قىلچە تەھدىت پەيدا قىلالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

10-نويابىردا، ھىتلېر ئاردېن ئوپېراتسىيىسىگە تەييارلىق قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپ، بۇ قېتىمقى ھۇجۇمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر دو تىكىش ئىكەنلىكىنى، بۇ ھۇجۇم داۋاملىق جەڭ قىلىش ياكى يوقۇلۇشىمىزنى بەلگىلەيدىغان بىر قېتىملىق ئۇرۇش

ئوپېراتسىيىسى، دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ قېتىملىق بۇيرۇقنىڭ تەلەپپۇزىدىنقاتتىق غەزەپلەنگەن غەرىپ سەپتىكى قوماندانلار بىردەك نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. ھىتلېر ئامالسىز "بۆرە ئىنى" دىن چىقىپ ئۆزى بىۋاستە ئالدىنقى سەپكە بېرىپ مەقسىدىنى ئۇقتۇرماقچى بولىدۇ. ئەمما بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ سالامەتلىكى تۇيۇقسىز بۇزۇلۇپ، ئاۋازىمۇ پۈتۈپ قېلىۋاتاتتى. پروفېسسور ۋون ئېيكېننىڭ تەكشۈرۈشى نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ سول ئاۋاز پەردىسى ئۈستىدە بىر پارچە ئۆسمە پەيدا بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ روھى بېسىمى كۈچىيىپ دائىم ئاچچىغلىنىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى؛ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن مېھمانلار ھىتلېرنىڭ كىچىك كارىۋات ئۈستىدە ياڭپاشلاپ ياتقىنىنى، ھەمدە يۈز-كۆزىنىڭ بەكلا تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەممە كىشى قاتتىق چۆچۈپ كېتىشىدۇ. ئۇ، مورېلنىڭ بۇيرۇقىغا قىلچە پەرۋا قىلماي، مەجبۇرى كارىۋىتىدىن چۈشۈپ رەسمى بىر قېرى كىشىدەك سىلاشتۇرۇپ ماڭغىنىچە خەرىتە ئۆيىگە كىرىدۇ. ئاندىن ھەسىرىگىنىچە بېرىپ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ قاشلىرىنى سىلاپ قويىدۇ. ئۇنىڭ بۇندىن كېيىن باش قوشۇش يىغىنلىرىدا بەرداشلىق بېرەلىشىنى كۆزلىگەن مورېل دوختۇر ئۇنىڭغا تىنماي ئوكۇل قىلىپ تۇراتتى.

غەربى فرونتقا ئاتلىنىشتىن ئاۋال، كىشىلەر ئۇنىڭغا، ئازىراق ئارام ئېلىۋېلىپ يولغا چىقىڭ دەپ نەسىھەت قىلىشىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ ھازىرقى سالامەتلىك ئەھۋالىدىن قارىغاندا يولدا بىرەر خەتەرگە يولۇقمىدى دېگەندىمۇ سەپەرگە بەرداشلىق بېرەلىشى تەس ئىدى. ئەمما ھىتلېر، بارىمەن دەپ قاتتىق تۇرىۋالىدۇ؛ ئۇنىڭ خىيالىغا ئالدىنقى سەپلا كىرىۋالغان بولۇپ، چوقۇم ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ئۇ يەردىكى ئوپېراتسىيىگە قوماندانلىق قىلىدىغان گېنېراللارنى رىغبەتلەندۈرۈپ كېلىشىم كېرەك دەپ تۇرىۋالىدۇ. 20-نويابىر كۈنى، ئۇ ھەمراھلىرىنى بىرگە ئېلىپ پويىزغا ئولتۇرىدۇ. ئۇ، بۇنىڭ "بۆرە ئىنى" نى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈپ قېلىشى ئىكەنلىكىگە چوقۇم ئىشەنسىمۇ، يەنىلا قايتىپ كېلىمەنغۇ دېگەن خىيالدا ئىدى. شۇڭا ئۇ قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىغا ئىشنى توختاتماسلىقنى تاپىلايدۇ. ھىتلېر، بېرلىنغا قاراڭغۇ چۈشكەندە يېتىپ بېرىشنى پىلانلىغاچقا، ئۇ ئولتۇرغان پويىزمۇ تاڭ سەھەردە قوزغالغان ئىدى. ھىتلېر ئولتۇرغان ئالاھىدە كامېرنىڭ پەردىلىرى پۈتۈنلەي چۈشۈرۈلگەن ئىدى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا، ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىكتە دەستىخاندا بىرگە بولىدۇ. تراۋدل فۇھرېرنىڭ بۇنچە غەم بېسىپ كۆڭلى پاراكەندىچىلىك ئىچىدە ئولتۇرۇشنى پەقەتلا كۆرمىگەن ئىدى. "گەپ قىلغاندىكى ئاۋازىمۇ پەس ۋە زەئىپ ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يا تەخسىسىگە ياكى بولمىسا ئاق دەستىخاننىڭ بىر يېرىگە تىكىلىپلا قالغان ئىدى. مۇھىت بۇنچە كۆڭۈلسىز بولغاچقا، ھەممەيلەن ياخشىلىقنىڭ بىشارىتى

ئەمەسلىكىنى ئويلىماقتا ئىدى.»

ھىتلېر كۆپچىلىككە، پروفېسسور ۋون ئېيكېن بوغىزىنى ئىككىنچى قېتىم ئاپاراتسىيە قىلىدىغان بولغانلىقىنى قىلچە يوشۇرماي ئوچۇق ئۇختۇردى: ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق، بۇ ھېچقانداق بىر خەتىرى يوق بىر ئوپېراتسىيە. – دەيدۇ ھىتلېر گويا ئۆزىگە تەسەللى بېرىۋاتقاندەك، _ شۇنداقتىمۇ ئوپېراتسىيەدىن كېيىن چوقۇم ئۈنۈپ پۈتۈپ قېلىشى، ياكى بولمىسا ...» ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتىۋەتتى. شۇندىن كېيىنكى بىر قانچە كۈن ئىچىدە، ئۇ پۈتۈنلەي ئۆزىنى يالغۇز كامىرغا قامىۋېلىپ ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى پروفېسسورۋون ئېيكېننىڭ ئۇنىڭ بوغۇزىدىن بوغداي دانىسىچىلىك كىچىك بىر پارچە گۆشنى كېسىپ ئېلىۋەتكەنلىكىنىلا بىلىدۇ. بىر كۈنى ئۇ كۆتمىگەندە كېلىپ بىرلىكتە تاماق يېيىشكە ئولتۇردى. دېمەك ئۇ يالغۇزلۇقتىن زېرىكىپ بىرسىلىرى بىلەن پاراڭلاشقۇسى كېلىپ قالغان ئىدى. ھەممەيلەن دەرھال تاماكىلىرىنى ئۆچۈرۈشۈپ، ساپ ھاۋا كىرىپ ئىس-تۈتەكلەرنى تازىلىسۇن دەپ دېرىزىلەرنىمۇ ئېچىۋېتىدۇ. ئۇ بەكلا تۆۋەن ئاۋازدىلا گەپ قىلاتتى. بۇنىڭ سەۋەبى دوختۇرنىڭ بۇيرۇقى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. باشقىلارمۇ شۇ ھامان ئۇنىڭ ئاۋازىنى تەقلىت قىلىپ پەس ئاۋازدا سۆزلىشىپ ئولتۇردى. "قۇلاق پەردىلىرىم بەكلا ساغلام، ئۇنى ئاياپ ئولتۇرۇشۇڭلارنىڭ ھاجىتى يوق" دەيدۇ پىچىرلىغاندەك پەس ئاۋازدا غۇدۇڭشۇپ. بۇ گەپتىن ھەممە قاتتىق كۈلىشۋالدۇ. يەنى كۆپچىلىك بۇ چاقچاقتىن كۈلگەن دېگەندىن كۆرە، فۇھرېرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ كۈلۈشتى دېگەن دۇرۇس ئىدى.

ھىتلېر ئىشقا قايتىپ كېلىپ ئىپادىلىگەن قەتئىي ئىرادىلىك روھى ئۇنىڭ ھەمرالىرىنى بەكلا ھەيران قالدۇردى. ئۇ، ئۇرۇش يۈزلىنىشىنى ئۆزگەرتەلىشى مۇمكىن بولغان ئاردېن قايتارما ھۇجۇم ئوپېراتسىيىسىگە پۈتۈن زېھنى بىلەن كىرىشىپ كەتكەن ئىدى. 7-دېكابىردا، ئۇ ئەڭ ئاخىرقى ئۇرۇش قىلىش پىلانىنى تەستىقلايدۇ. بۇ قېتىمقى پىلانمۇ ئاساسەن ئالغاندا ئۇنىڭ باشتا ئوتتۇرغا قويغان پىلانغا ئوخشاپ كېتەتتى. مەخپىيەتلىكنى كۆزدە تۇتۇپ، سىمسىز ئالاقىلاردا شىفىرلىق تېلېگراممىلارنى قەستەنگە يالغان قوماندانلىق شتاپىقا يوللاپ، يالغان تېلېگراممىلارنى ھەقىقى قوماندانلىق شتاپلارغا، راست تېلېگراممىلارنى شتاپ دەپ كەك كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ كېلىنگەن شتاپنىڭ 100 مىل يىراقلىقىدىكى قوماندانلىق شتابىغا يوللىشىدۇ. ئۇلار تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇنلاردا، پوچتىخانىلاردا ۋە رېستورانت دېگەندەك جايلاردا ئىنتىپاقداش دۆلەت ئىشپىيونلىرىنىڭ ئاڭلىشى ئۈچۈن مەخسۇ يالغان خەۋەر تارقىتىشىدۇ.

بۇ چاغدا، ئۆزىگە بېرىلگەن ھوقۇقى لىتىنانت دەرىجىسىدىن، ھەتتا گېنېرالنىڭ ھوقۇقىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن ئوتتو سكورزېنىي، ئۆزى تەشكىللەپ چىققان "ئامېرىكىلىقلار

مەكتىپى" نىڭ ئوقۇتۇشىمۇ ئاساسەن پۈتۈپ قالغان ئىدى. ئۇ، ھېچقاچان ئامېرىكىنى كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ قارىماي، ئۇنىڭ تالىلىۋالغان پىدائىي قوشۇنىدىكىلەرمۇ نەق ئامېرىكىلىق ئەسكەرلەردەك ئىنگلىزچە سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇ مەكتەپتە ئامېرىكا تىل ئادەتلىرى، تۇرمۇش ئادەتلىرى، ئەنئەنىلەر ۋە شۇنىڭدەك قانداق قىلىپ ئامېرىكا قوشۇنى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ دۈشمەن ئارقا سەپلىرىدە كىشىنى پاراكەندە قىلىدىغان ئىشلار بىلەن شوغۇللىنىشنىڭ يوللىرى ھەققىدە لىكسىيلەر بېرىلىدۇ. 11-دېكابىرغا كەلگىچە، تەشكىلى خىزمەتلەر ئاساسەن ئىشلىنىپ پۈتكەن ھېسابلىنىدۇ. گېرمانىيە تۆمۈر يوللىرىمۇ ترانسپورت رېكورتى يارىتىپ، دۈشمەنگە قىلچە تۇيغۇزماي بىرىنچى تۇركۇم قىسىملارنى قايتارما ھۇجۇم قىلىش نوقتىلىرىغا توشۇپ بولىدۇ. شۇ كۈنى سەھەردە، ھىتلېر قوماندانلىق شتابىنى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ياسالغان زېيگېنبېرگ قەلئەسىگە يۆتكەيدۇ. بۇ يەر ئەسلىدە ئۇنىڭ 1940-يىلى غەرپكە بېسىپ كىرىش ھەرىكىتىگە قوماندانلىق قىلغانىدىكى شتابى بولغان "بۈركۈت ئۇۋىسى" دېگەن يەرنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. مانا ئەندى، ئۇنىڭ ھەمرالىرىمۇ بۇ يەرنىڭ گەمىسىدىكى يوشۇرۇنۇش يېرىگە جايلىششقا مەجبۇر بولىدۇ.

شۇ كۈنى كەچ كىرگەن ۋاقىتلاردا، ئۇ دىۋىزىيە كوماندىرلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك قىسمىنى چاقىرتىپ كۆرۈشىدۇ؛ قالغان قىسمى بىلەن ئەتىسى چاقىرتىدىغان بولىدۇ. بىرىنچى تۇركۇم گېنېراللار بىلەن ئۇلارنىڭ ھەمرالىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، گېستاپو ئۇلارنىڭ يانقۇرال ۋە سومكىلىرىنى يىغىۋالىدۇ. ھەممە ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئاتلىقىدىغان گەپلەردىن بىر ئېغىزىنىمۇ ئېغىزىدىن چىقارماسلىق ھەققىدە جېنىنى تىكىپ قەسەم قىلىشىدۇ. ئۇلاردىن ھېچكىم نېمىگە چاقىرتىلغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇلار، ئۆتكەن بىر قانچە ھەپتە مابەينىدە ھەر بىر دىۋىزىيە تىنماي چوڭلىپ يۈرگەنلىكىنىلا بىلەتتى.

يىغىن يەرئاستىدىكى چوڭ بىر زالدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. فۈھرېر تار بىر ئۈستەلنىڭ بىر بېتەرىپىدە ئولتۇراتتى. ئوڭ-سول تەرەپلىرىدە بولسا كېيتېل بىلەن جودل ئولتۇرغان؛ ئۇدۇلىدا رۇندستېدت، مودېل ۋە گېنېرال لىتېنات خاسسو ۋون مانتېۋفېل ئولتۇرغان بولۇپ، مانتېۋفېل 3 كورپۇستىن ئەڭ كۈچلۈك بولغان بىرسىگە قوماندانلىق قىلاتتى. بۇ گېنېرال پرۇسسىيەنىڭ داڭلىق گېنېراللار جەمەئەتنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرى ئىدى؛ ئۇ ئىنتايىن ماھارەتلىك ئات مۇسابىقچى، شۇنىڭدەك گېرمانىيەنىڭ يىراققا سەكرەش، نەيزە ئېتىش، 200 مېتىرگە يۈگرەش، دىسكا ئېتىش ۋە 1500 مېتىرگە يۈگرەش قاتارىدىكى بەش تۈرلۈك يېنىك ئاتلېتكا چېمپىيونى بولغان بىرى بولۇپ، 5 فونتتىن ئارتۇق بويى بار، كۈچلۈك ئىرادىلىك، زېھنى ئۆتكۈر، ھىتلېر بىلەن ئاشكارە تالاش-تارتىش قىلىشقا

پىتنالايدىغان جاسارەتلىك بىرى ئىدى.

ھىتلېر، يىغىنىدىكى 60 نەچچە نەپەر ئوفىتسېرغا ئۆزىنىڭ-ئۆزىنىڭغا ئىمپېراتور فرېدېرىخ ھەققىدە، گېرمانىيە تارىخ بىلەن مىللىي سوتسىئالىزم ھەققىدە سۆزلەپ، بىر سائەتتىن ئارتۇق نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئۇ سۆزلەپ قايتارما ھۇجۇم قىلىشنىڭ سىياسىي مۇدداسى ئۈستىدە توختالغىنىدا، ئاۋازىمۇ ياڭراپ كۈچلۈك جاراڭلاپ چىقىشقا باشلايدۇ. كۆزلىرى ھاياجاندىن چاقناپ كەتكەن ئىدى. ئارقىدىن ئەڭ ئاخىرى "كۈزلۈك قىراۋ" دەپ بېكىتىلگەن بۇ ئوپېراتسىيەنى تەپسىلى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدۇ. ئوپېراتسىيىنىڭ 15-دېكابىر سەھەر سائەت 5 تىن 30 مىنۇت ۋاقىت ئۆتكەندە باشلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قوماندانلار چۈچۈپ ھولۇقۇپلا كېتىدۇ. ئۇلار بۇ قېتىمقى قايتارما ھۇجۇم ھەرىكىتى پىلانىدىنلا ھاياجانلىنىپ قالماي، فۇھرېرنىڭ روھىي ھالىتى بىلەن ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى كۆرۈپمۇ قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭغا چاپلىشىپلا تۇرغاندەك يېنىدا تۇرغان مانتېۋفېل بولسا ئۇنىڭ ھەققىي ئەھۋالىنى سېزىپ تۇرغان ئىدى. ئەسلىدە، "ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى بەكلا روھىي چۈشكۈن، رەڭگى-روھىمۇ بەكلا ناچار، تاشقى قىياپىتى خاراپ بولغان، ئىككى قولىمۇ تىنماي تىترەپ تۇرغان؛ ئۇ ئولتۇرغان يېرىدە خۇددى ئېغىر يۈك ئاستىدا مىجىلىپ كېتىدىغاندەك ئولتۇرغان يېرىدە مۈكچىيىپلا قالغان ئىدى. ئۇنى ئۆتكەن قېتىمقى دېكابىرنىڭ باشلىرىدا چاقىرىلغان باشقا بىر يىغىنىدىكى كۆرۈنۈشكە قارىغاندا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تېخىمۇ بەك قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. يەنى ئۇ راستىنلا قېرىپ تۈگىشىپ كەتكەنلا بىرسى ئىدى" دەيدۇ كېيىن. ئۇنىڭ ئىككى قولىنى يوشۇرۇپ ئۈستەل ئاستىغان يوشۇرۇشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى، بىر قولى بىلەن يەنە بىر تىرىسى سويۇلۇپلا كەتكەن يەنە بىر قولىنى تۇتۇپ قويىۋاتقانلىقىمۇ مانتېۋفېلنىڭ كۆزىدىن قاچمايدۇ.

تەبىئىيكى، ئۇنىڭدىن يىراقتاراق ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ بۇ پەرىشان ھالىتىنى پەرق قىلالمايتتى. شۇڭا ئۇلار باشتىن ئاخىرى ھاياجان ئىچىدە ئولتۇرىدۇ. يىغىن ئاخىرلاشقاندا، فۇھرېر جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن "بۇ قېتىم چوقۇم رەھىمسىزلەرچە ئۇرۇش قىلىشىمىز، ھەرقانداق تىركىشىشنى قەتئىي يىمىرىپ تاشلىشىمىز كېرەك! ۋەتىنىمىز خەۋەپ ئاستىدا تۇرىۋاتقان بىر پەيتتە، ھەربىر ئەسكەردىن قەھرىمانلىق ئۈستىگە قەھرىمانلىق كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىمەن. چوقۇم دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىشىمىز كېرەك. بۇ پۇرسەتنى قولىمىزدىن چىقىرىپ قويساق، بۇنداق ياخشى پۇرسەت قايتا كەلمەيدۇ! شۇ چاغدىلا گېرمانىيە ساقلىنىپ قالالايدۇ!" دەپ ئۇقتۇرىدۇ.

ئەتىسى، يەنى 12-دېكابىر كۈنى، قالغان بىر تۈركۈم گېنېراللارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش

سۆزلەرنى ئاڭلايدۇ. ئوخشمايدىغان يېرى، قايتارما ھۇجۇمنى باشلاش ۋاقتىنى (خۇددى 1940-يىلقىسىدەك) يەنە بىر قېتىم كەينىگە سوزغان ئىدى. "نۆلنچى كۈن" دەپ ئۆزگەرتىلگەن بۇ ھەربكەتنىڭ 16-دېكابىردا باشلىنىلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلىدۇ. ھىتلېر، ئەندى بۇ كۈن ئۆزگەرتىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۆزگەرتىلمەيدۇ دېگىنى، ئۇ كۈنى ھاۋا رايىنىڭ بەكلا ناچار بىر كۈن بولىدىغانلىقى بولۇپ، ئۇ كۈنكى ھاۋا رايى شۇنداق ناچار بولىدۇكى، ئىتتىپاقداش قوشۇن ئايروپىلانلىرى يەردىن قوزغۇلۇشىمۇ مۇمكىن بولماي قالغانلىقى كۆزدە تۇتۇلماقتا ئىدى.

3

15-دېكابىر ئاخشىمى، ئاردېن ئالدىنقى سېپىدە ھاۋا بەكلا سوغۇق بولۇپ، پۈتۈن سەپ بويىچە ئۈن-تىنىش يوق ئىدى. يېڭى ئەنگلىيەنىڭ بىركىشىرىز يەر شەكلىگە ئوخشاش ئورۇش سېپىنى كېسىپ ئۆتكەن 85 مىل ئۇزۇنلۇقتىكى ئەگرى-توقاي يەرلەرنى پەقەت ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ 6 دىۋىزىيىسى ساقلىماقتا ئىدى. بۇ 6 دىۋىزىيىنىڭ ئۈچى يېڭى ئەسكەرلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، قالغان ئۈچ دىۋىزىيە بولسا ئورۇشتا قاتتىق ھالسىراپ كەتكەن، بىر ھېساپتا ئورۇشتا قايتا ئاققۇزغىدەك قېنىمۇ قالمىغان دېگىدەك ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەن قىسىم ئىدى. مانا بۇ ئاتالغۇ "بۈركۈت ئۇۋىسى فرونتى" دېگەن يەر ئىدى. بىر تەرەپتىن سوغۇق، يەنە بىر تەرەپتىن جىمجىتچىلىق بۇ يەردە ئىككى ئايدىن بېرى ئىككىلا تەرەپ قىسىملارنى رەتكە سېلىشىپ، قارشى تەرەپنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن بىر-بىرسىنى يىراقتىن كۆزىتىپ ياتقان بىر فرونت ئىدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارمىيىسىنىڭ ھېچ بىر كوماندىرى گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇم باشلايدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈشمىگەن ئىدى. مونتگومېري، تېخى بىر قانچە سائەت بۇرۇنلا گېرمانىيە ئارمىيىسى "كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلىش ئىمكانى قالمىدى" دەپ سۆزلەپ يۈرگەن ئىدى. ئەسلىدە پۈتۈن سەپلەر جىمجىت بولۇپ كەتكەچكە، مونتگومېري كىلەر ھەپتىدە ئەنگلىيەگە قايتىپ كېتىشىم مۇمكىنمۇ، دەپ ئېيزىنخوۋېردىن سورىغان ئىدى.

گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ 3 دىۋىزىيىدىن تەشكىل تاپقان 250 مىڭ كىشىلىك ئەسكىرى بىلەن مىڭلىغان تانكا-بىروۋنىك قىسىملىرى، سەزدۇرمەستىن ھۇجۇمغا ئۆتۈش سېپىگە توشۇپ ئاپىرىلغان، پەستىن ئۇچىدىغان ئايروپىلانلارنىڭ ئاۋازىمۇ يېرىم زەنجىر تاپان بىروۋنىكلارنىڭ ئاۋازى ئاستىدا كۆمۈلۈپلا قالغان ئىدى. 15-چىسلا يېرىم كېچىدە،

ھەر قايسى ئۇششۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش سەپلىرىدىكى ئەسكەرلەر زىمىستان سوغۇقتا دىر-دىر تىترىگىنىچە ساقلاپ تۇراتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى مارشال رۇنستېدت ئەۋەتكەن بىر پارچە تېلېگراممىا بىلەن يوقۇرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ:

بىز ھەممە كۈچىمىزنى بۇ ئىشقا ئاتىۋەتتۇق! سىلەر قۇتلۇق بىر ۋەزىپىنى ئۈستۈڭلارغا ئالدىڭلار، ۋەتىنىمىز ۋە فۈھرېرىمىزنىڭ پەۋقۇلئاددە ئۈستۈن غايىسى ئۈچۈن ھەممىنى پىدا قىلغايسىلەر! بۈيۈك غەلىبە قىلغان ھاياجان ۋە جوشقۇن قايتىدىن ئەسكەرلىرىمىزدا ئۇرغىماقتا. ئۇلار يەنە بىر قېتىملىق ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئالدا تۇرماقتا. ھەممە گېرمانىيە ئۈچۈن!

سەھەر سائەت 5تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، بىركۈت ئۇۋىسى ئالدىنقى سېپى بويىچە توپ ئوقلىرىنىڭ پارتىلىشى ۋە ئىس-تۈتەكلەر ئومۇمىي يۈزلۈك كۆتۈرۈلىدۇ. 85 مىل ئۇزۇنلۇقتىكى ئۇرۇش سېپى بويىچە زەمبىرەك ئاۋازى تىنماي گۈلدۈرلەپ ئېتىلىۋاتقان، راكىتالار ئۈۋىسىدىن ۋىشىلداپ ئېتىلىۋاتقان، 88 مىللىمېتىرلىق چوڭ تىپتىكى زەمبىرەكلەرمۇ جاھاننى زىل-زىلىگە كەلتۈرۈپ ئېتىلىۋاتقان دەھشەتلىك ئاۋازلار ئارقا سەپ تەرەپتىن ياڭرىماقتا ئىدى. زىنىت توپلار 14 يارتلىق توپ ئوقلىرىنى ئامېرىكا ئارمىيىسى ئۇرۇش سېپىنىڭ نەچچە مىل كەينىدىكى نىشانلارغا قارىتىپ ئاتماقتا ئىدى.

بىر سائەتتىن كېيىن، زەمبىرەك ئېتىشى توختايدۇ. ئۇرۇش مەيدانلىرىدا تۇيۇقسىزلا كىشنى ئۈركۈتكىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ ئورنىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئاتاكا ئاۋازلىرى ئالىدۇ. يېقىندىلا ياغقان قېلىن قار ئۈستىدە ئاق كىيىملىك نېمىس ئارمىيىسى ئەكىس ئېتىشكە باشلاپ، ئۇلارنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنىمۇ ئېنىق پەرق قىلغىلى بولمايتتى. ئۇلار خۇددى ئۈۋىسىدىن چىققان بىركۈتتەك 12 دىن، 14 تىن قاتار بولۇپ تەمكىن ئەمما سۈرلۈك قەدەملەر بىلەن ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ ئۈستىگە قاراپ قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن تۇيۇقسىزلا ئوتتۇرغا چىقماقتا ئىدى. ھىتلېرنىڭ ئەسكەرلىرى ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنقى سەپ پوزىتسىيىلىرى ئالدىغا يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ، توپ-توپى بىلەن ئۈچۈپ كېلىۋاتقان يېڭى تىپلىق ئايروپىلانلار كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق تېزلىكتە شەرقتىن غەلىتە ئاۋاز چىقىرىپ ۋىژىلداپ ئۇچۇپ ئۆتمەكتە ئىدى. گېرمانىيە ئەسكەرلىرى ئىختىيارسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆز ئايروپىلانلىرىنى كۆزىتىشەتتى. نۇرغۇن ئەسكەرلەر ۋارقىراشقىنىچە تەنتەنە قىلىپ، ھاياجاندىن ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويغىدەك خوشال بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ھىتلېرنىڭ "مۆجىزە قۇرال" دېگىنى ھەقىقەتەنمۇ قۇرۇق گەپ ئەمەس ئىدى!

گەرچە گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمى ئىنتايىن كۈچلۈك ۋە قورقۇنۇچلۇق،

شۇنىڭدەك يەنە تۈيۈقسىز ھۇجۇم بولسىمۇ، شۇنچە چوڭ كۈچ پەرقىنىڭ بولىشىغا قارىماي ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ يېڭى ئەسكەرلىرى ۋە ئۇرۇشتا ھالىدىن كەتكەن كونا ئەسكەرلىرىنىڭ قاتتىق چىڭ تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسىتىشىگە دۇچ كېلىدۇ. ئاشپەز ئەسكەرلەر، ناۋاي ئەسكەرلەر، شتاب خادىملىرى، ئوركېستىر ئەترىتىنىڭ ئەسكەرلىرى، دەرەخ كېسىش ئەسكەرلىرى ۋە شوپۇر ئەسكەرلەر ... ھەممىسى بىردەك سەپكە ئاتلىنىپ ئالدىراشلىق ئىچىدە قارشىلىق كۆرسىتىپ نېمىس ئەسكەرلىرىگە ئوق ئۈزۈشكە باشلايدۇ. نۇرغۇن ئەسكەرلەر قورققىنىدىن جان-پېنى چىقىپ كەينىگە قاراپ قاچسا، يەنە نۇرغۇنلىرى قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ پوزىتسىيىلىرىنى چىڭ ساقلىماقتا ئىدى. نۇرغۇن سەپلەر ئامېرىكا قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قەتئىي قولدىن بېرىلمەي تۇتۇپ تۇرۇلغان بولسا، يەنە نۇرغۇن سەپلەر تارمار كەلتۈرۈلۈپ نېمىسلار توسالغۇسىز بۆسۈپ ئۆتمەكتە ئىدى. شىمالى تەرەپتە لوشېيىم دەپ ئاتالغان تار بىر جىلغا بار بولۇپ، بۇ يەر غەرپكە ئۆتۈشنىڭ قېدىمقى يوللىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ يەرنىڭ يۈز تۈزلۈشى بەكلا خەتەرلىك بولسىمۇ، ئۇ يەر يەڭگەل قۇراللانغان ئەسكەرلەر تەرىپىدىنلا قوغدىلىۋاتقان ئىدى. تا 1870 ۋە 1940-يىللاردىلا گېرمانىيە قوشۇنلىرى ئەنە شۇ 7 مىل ئۇزۇنلۇقتىكى خۇددى تونېلغىلا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ 7 مىل ئۇزۇنلۇقتىكى تار جىلغىدىن سەلدەك بۆسۈپ كىرگەن بىر يەر ئىدى. مانا بۈگۈن نېمىس ئارمىيىسى تانكىلىق، برونېك ماشىنىلىق ھەمدە تۈيۈقسىز بومباردىمان ھىمايىسىدە يەنە بىر قېتىم بۇ جىلغىدىن قىلچە توسالغۇسىز بۆسۈپ ئۆتىدۇ.

ئاخشىمى گۇگۇم ۋاقتىدا، ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ شىمالدىكى ئۇرۇش سەپلىرى يىمىرىلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، ئا ق ش تارىخىدا ھېچقانداق بىر گېنېرال ئېرىشەلمىگەندەك ھەسسىلەپ كۆپ قىسىمغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان گېنېرال ئومار برېدلېي، تاپشۇرىۋالغان دوكلاتلار تايىنى يوق پارچە-پۇرات خەۋەرلەردىن تەشكىل تاپقان بولىشىغا قارىماي، ئېيزېنخاۋېرگە بۇ ھۇجۇم پەقەت پاراكەندىچىلىك سېلىش خاراكتېرىدىكىلا بىر ھۇجۇم دەپ دوكلات قىلىدۇ. ئەمما ئېيزېنخاۋېر بۇنداق قاراشقا قېتىلمايدۇ. "بۇ ئىش ھەرگىزمۇ قىسمەنلىكتىكى بىر ھۇجۇمغا ئوخشىمايۋاتىدۇ برېدلېي. – دەيدۇ ئېيزېنخاۋېر، _ نېمىس ئارمىيىسى بىزنىڭ ئەڭ ئاجىز ھالقىمىزدىن چەكلىك دائىرە بويىچە ھۇجۇم باشلىغان، بۇ پەقەتلا مەنتىقلىق ئەمەس." شۇڭا ئۇ، ۋەزىيەت جىددى، دەرھال ئەسكەرلەرنى قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتىگە ئاتلىنىش كېرەك دەپ، برېدلېيغا ئىككى برونېك دىۋىزىيىسىنى ياردەمگە ئەۋەتىشنى بۇيرۇق قىلىدۇ.

ھىتلېر، شىمالدا ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ سېپى بۆسۈپ ئۆتۈلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق خوشاللىق ئىچىگە چۆمىدۇ ۋە شۇ ئاخشىملا ئاردېننىڭ جەنۇبىدا بەكلا

يىراق بىر يەردە تۇرىۋاتقان ب تويكورپۇس قۇماندانىغا تېلېفون قىلىدۇ: "بىز ئەندى بىر غېرىچمۇ يەرنى تارتتۇرۇپ قويماسلىقىمىز كېرەك بالىك، ـ دەيدۇ ھىتلېر، ـ بوۋگۇندىن باشلاپ ئالغا قاراپ يۇرۇش قىلىشىمىز كېرەك!" بالىك ئۇنىڭغا تانكىلىرىنى باستوگنى يولىنىڭ يوقۇرىسىدىكى تاغ ئۇستىگە يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھاۋارايىمۇ يەنىلا "ھىتلېرنىڭ كۆتكەن ھاۋارايى" ھالىتىدە ئىدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، كەلگۈسى كۈنلەردە ھاۋارايى يەنىلا ئىتتىپاقداش ئەللەر ئارمىيىسىنىڭ ئايروپىلانلىرى ئۇچالمىغىدەك ناچار بولىدىغانلىقى، ھەممە يەرنى تۇمان قاپلاپ سىم-سىم يامغۇر يېغىشى ياكى قارا بۇلۇت قاپلاپ كېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە ئىدى. "ئاھ بالىك، قەدىرلىك بالىك! – دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ ھىتلېر خۇشاللىقىدىن، – ئەندى غەربىي سەپنىڭ ۋەزىيىتى پۈتۈنلەي ئۆزگىرەيدۇ! غالىبىيەت، ھەتتا مۇتلەق غەلىبە قولىمىزدا!"

گېرمانىيە قوشۇنلىرى داۋاملىق غەلىبە قىلىپ كېلىۋاتقاچقا، 18-دېكابىر چۈشلەردە، گېرمانىيە رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئاڭلىتىشلىرىدىن خەلقنىڭ ئۇمىدۋارلىقىمۇ زور دەرىجىدە كۈچلىنىدۇ. "ئارمىيىمىز قايتىدىن ئالغا قاراپ ئىلگىرلىمەكتە. – دەپ سۆزلەيدۇ دېكتورلاردىن بىرسى، ـ بىز ئارچا بايرىمىدا فۇھرېرىمىزنى ئانتۋېرپ بىلەن بىرلىكتە كۆپچىلىككە تونۇشتۇرىمىز." ھىتلېر، بۇركۆت ئىنىدە مانتېۋفېلنىڭ بىر كالوننىسىنىڭ باستوگنىغا بارىدىغان يولنى ئاچقانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. كەڭ كۆلەملىك بۆسۈپ كىرىش ھەرىكىتى پىلان بويىچە ئىشقا ئاشۇرۇلماقتا ئىدى. ھىتلېر، تولۇق ئىشەنچ بىلەن ۋەزىيەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتكىلى بولىدىغان غەلىبىلەر ئۈستىدە ھە دەپ سۆز قىلاتتى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ مىجەزى ياخشى ئىدى. ھەتتا يېزىدا خېلى ئۇزاق ئايلىنىپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھاۋالىنىپ مېڭىشى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى تەسىر قىلغان ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇندىن كېيىن داۋاملىق سەيلە قىلىپ يول يۈرۈشنى ئويلاپ قويىدۇ.

پارىژدا، فرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ نۇرغۇن ئىشخانىلىرىدا قاتتىق پاراكەندىچىلىك ۋەزىيەت پەيدا بولىدۇ. 1940-يىلقى چاقماق تىزلىكىدىكى ئۇرۇشتىن قالغان ئاچچىق كۈنلەرنىڭ ئەسلىمىلىرى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقمىغان ئىدى. ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئۇزۇن سەپەر ئارمىيىسىنىڭ ۋېرسايىلدىكى ئالىي قۇماندانلىق شىتابىدا، گېنېرال جۇئىن يېتەكچىلىكىدىكى فرانسىيە يوقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ۋەكىللەر ئۇمكى ئىنتايىن جىددىيلەشكەن ھالدا بۇ يەرگە كېلىپ ئاردېن ۋەقەسىنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى ئۇقماقچى بولىدۇ. ئەمما بۇ يەرگە كېلىپ ھەر قايسى ئىشخانىلارنىڭ بەلگىلەنگەن تۈزۈم بويىچە ئىشلەۋاتقانلىقىنى، ھېچكىم بىرەر ۋەقە بولغانلىقىنى ھېس قىلغاندەك كۆرۈمەيتتى. فرانسىزلار بەكلا غەلىتە كىشىلەر، "چۈشەنمىدىم، دەيدۇ بىر

گېنېرال بەكلا جىددىلەشكەن قىياپەتتە، سىلەر تېخىچىقلا يۇك-تاقاڭلارنى يىغىشتۇرمىداڭلارمۇ؟"

يېرىم كېچە بولغىچە ئاردېن ئۇرۇش مەيدانى يەتكىچە قالايماقانلىشىپ، بۇرۇن نۇرغۇنلىغان جەڭلەردىن چىققان كونا ئەسكەرلەر، ئەينى ۋاقىتىدىكى قالايماقانچىلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى سۆزلىشىدۇ. مەيلى نېمىس ياكى ئامېرىكىلىق بولسۇن، مەيلى ئەسكەر ياكى ئوفىتسېر بولسۇن ھېچ كىم نېمە بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. شۇندىن كېيىنكى ئىككى كۈن ئىچىدە بىر قاتار ئاپەتلەر پوزىتسىيىسىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان ئارمىيىنىڭ بېشىغا كېلىدۇ. ئېنىق سانىنى ئالغىلى بولمىسىمۇ 8 مىڭ، بەلكىم 9 مىڭدەك ئامېرىكا ئەسكىرى چېكىندىن ئاشقان بۇ قالايماقانچىلىق ئىچىدە ھىتلېر قىسىملىرى تەرىپىدىن قېلىن قار قاپلىغان شىنې ئەيفېل چوققىسىدا مۇھاسىرىگە ئېلىنىدۇ. ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ كوللىكتىپ تەسلىم بولۇش مىقدارى باتان ئوپېراتسىيىسىنى ھېساپقا ئالمىغاندا ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ تەسلىم بولۇش ھېسابلىناتتى.

سكورزېنىينىڭ ئامېرىكا ئەسكىرى قىياپىتىگە كىرىۋالغان جەڭچىلىرىنىڭ جىپ ماشىنىلىقلىرىلا ئالدىنقى سەپتىن ئۆتەلەيدۇ. ئەمما بۇ كىشىلەر پەيدا قىلغان بۇزغۇنچىلىقلار پىلانلانغاندىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن ئالايلى، كىچىككىنە بىر ئەترەت كوماندىرىلا پۈتۈن بىر پولك ئامېرىكا ئەسكىرىنى تۈيۈق يولغا باشلىۋېتەلىگەن؛ ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەر يول ئىشارەتلىرىنى ئالماشتۇرۇش، تېلېفون سىملىرىنى كېسىۋېتىش بىلەن بۇنداق قالايماقانچىلىقلارنىڭ پەيدا بولىشىغا سەۋەبچى بولالىغان. يەنە بىر ماشىنا گېرمانىيە ئەسكىرى بىر ئەترەت ئامېرىكا ئەسكىرى تەرىپىدىن توسىۋېلىپ سوئال سورالغىنىدا، بۇ يالغان ئامېرىكا ئەسكەرلىرى قورقۇپ قاتتىق پاراكەندە قىياپەتتە كىرىۋېلىشى تۆپەيلىدىن ئۇلارنى توسقان ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىمۇ قورقۇتۇۋېتكەن بولۇپ، ئۇلارمۇ بىرلىكتە قورقۇپ پېتىراپ كەتكەن. ئۇچىنچى ئەترەتتىكىلەر بولسا، برادلېي قوماندانلىق شتابى بىلەن شىمالدىكى قوماندان گېنېرال كوۋرتنېي خودگېسنىڭ تېلېفون ئالاقا يوللىرىنى ئۈزىۋەتكەن.

شۇنداقتىمۇ ئەڭ ئېغىر زىيان يەنىلا شۇ ئەسىرگە ئېلىنغان بىر گۇرۇپ ئەسكەرلەردىن كەلگەن ئىدى. يەنىقولغا چۈشۈپ قالغان 4 نەپەر ئەسكەر بىر ئامېرىكىلىق ئىستىخباراتچىغا ئۆزلىرىنىڭ نېمە ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقاندىن كېيىن، ئامېرىكا ئارمىيىسى دەرھال رادىئو ئارقىلىق ئاگاھلەندۈرۈش بېرىپ، ئارقا سەپلەردە ئون مىڭدەك نېمىس ئەسكىرى ئامېرىكا ئۇنىفورمىسىنى كىيىۋېلىشىپ بۇزغۇنچىلىق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ھەققىدە خەۋەر ئاگاھلاندۇرىدۇ. كىشىلەر بۇ خەۋەرنى ئىسپاتلىغان يەنە

بىر مەلۇمات بىلەن بىرلەشتۈرۈپ راستلىقىغا تولۇق ئىشىنىدۇ. يەنى يەنە بىر دوكلاتتا، مالمېدىينىڭ شىمالىدا نېمىس ئارمىيىسى كەڭ دائىرىلىك پاراشوتلۇق ئەسكەر ياغدۇرۇۋەتكەنلىكى كۆرسىتىلگەن ئىدى. ئەسلىدە، بۇ قېتىمقى پاراشوتتىن تاشلاش ئىشى پۈتۈنلەي تارمار كەلتۈرۈلگەن بىر ھەرىكەت بولۇپ، سكورزېنىينىڭ ئويۇنىغا سېلىشتۇرغاندا پۈتۈنلەي مەغلۇبىيەتلىك ئاخىرلاشقان بىر ھەرىكەت ئىدى. ئەمما ئۇلار بۇ ئىككى قېتىملىق پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتتىنمۇ ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشەلەيدۇ. 20-دېكابىر كۈنى، پۈتكۈل ئاردېن رايونىدا، قۇپ-قۇرۇق بىر يولدا، قېلىن قارىغايلىق ئىچىدە ۋە شۇنىڭدەك ئادىمزات يوق كەنتلەردە تەخمىنەن 500 مىڭدەك ئامېرىكا ئەسكىرى بىر يەرگە قىستاپ قويۇلغان ئىدى. شۇڭا ئۇ يەردە مەخپىي بەلگىلەر بىلەن بويۇن تاختىلىرىدىكى خەتلەر ئەسكەرلەرنىڭ كىملىكىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەس ھالدا قالايماقانلىشىپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا ئەسكەرلەر پېنسىلۋانىيەنىڭ مەركىزىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەلىسە، كىمكى پرونىفاستا ياكى باب رۇتتا قانچە ئىستىھكام ئېلىنغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلىسىلا ئامېرىكىلىق ھېسابلىنىۋېرەتتى.

پارىژدا بولسا، سكورزېنىي ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى پەيدا قىلغان ۋەھىمە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن ئىدى. بىر پارچە ئەسەبىي دوكلادتا سكورزېنىينىڭ ئەسكەرلىرى پاستور ياكى راھىبە كىيىمى بىلەن يېڭىلا كۆكتىن چۈشتى، دەپ يېزىلغان ئىدى. قولغا چۈشكەن بىر سكورزېنىي ئادىمىنىڭ ئېتراپىدا، ئۇلارنىڭ نىشانى تىنچلىق مېھمانخانىسى بولۇپ، ئۇلار شۇ يەردە ئۇچرىشىپ ئېيزىنخاۋېرنى بولاپ كېتىشنى پىلانلاشقانمىش. ئامېرىكا بىخەتەرلىك خادىملىرى ئۇيدۇرۇپ ئېيتىلغان بۇ قۇرۇق گەپكە قەتئىي ئىشىنىدۇ. ھەتتا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئۇزۇنغا يۈرۈش قىلىش ئالىي قوماندانلىق شتابىنىڭ تۆت ئەتراپى چېگرا سىملىرى ئورىلىپ، مۇھاپىزەتچى ئەسكەر سانىمۇ ئىككى ھەسسىگە كۆپەيتىلگەن. دەرۋازا ئالدىغا بىر تانكىمۇ قويۇلغان بولۇپ، دەرۋازىدىن كىرىش تونۇشتۇرۇشلىرىمۇ قايتا-قايتا تەكشۈرۈلۈپ تۇرىدىغان بولغان. ئەگەر ئۇ دەرۋازا تاقىلىپلا قالغان بولىدىكەن، ئېيزىنخاۋېرنىڭ ئىشخانىسىدىكى تېلېفون تىنماي جىرىڭلاشقا باشلاپ، ئېيزىنخاۋېر تىرىكمۇ دەپ سوراشلار ئاۋۇپ كېتىدىكەن. سكورزېنىينىڭ 28 نەپەر ئەسكىرى، ھەقىقەتەنمۇ ۋەزىپىسىنى جايىدا ئورۇنداپ كەلمەكتە ئىدى.

21-چېسلا ئەتىگىنى، بۇ تۆر ئوپېراتسىيەلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنىڭ غەرىزى ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ: ئەسلىدە بىر قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك قايتارما ھۇجۇم پىلانلانغان ئىدى. ئوتتۇرا رايونلاردا، يەنى باستوگنىدا، 101-پاراشوتچىلار دېۋىزىيىسىنىڭ بىرگادا كوماندىرى گېنېرال مايور ئانتونىي مىكاۋلىفنىڭ ھەر تۈرلۈك ئەسكەرلەردىن

تەشكىل تاپقان ئامېرىكا ئارمىيىسى ئېغىر قورشاۋ ئاستىدا قالغان ئىدى. نېمىس ئارمىيىسىنىڭ ۋەكىلى بېرىپ ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىگىنىدە، بۇ گېنېرال ئۇنىڭغا "نۇتس!" (ئۇسۇرۇق گەپ) دەپ سالغان بولۇپ، شۇندىن كېيىن بۇ گەپ سەھەرلىق سۆزگە ئايلىنىپ ئاردېنىدىن تارقىلىشى بىلەن، پوزىتسىيىنى ئىگىلەپ ياتقان قىسىملارنىڭ جاسارىتى ئۆستۈرۈلگەن بىر سۆزگە ئايلىنىپ سەپتىن قېچىشلارمۇ توختىغان. تىركىشىش روھى يوقۇرى كۆتۈرۈلىشى بىلەن، قايتىدىن ۋەزىيەت ئۆگىشلىشقا باشلاپ، "ھىتلېر كىلىماتى"مۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاخىرلىشىدۇ. ئەتىسى، ئاردېن ئاسمىنى سۈپ-سۈزۈك ئېچىلىپ ھەممە يەرگە ئاپتاپ چۈشۈشكە باشلايدۇ. چۈشتىن بۇرۇن، 16 دانە چوڭ تىپتىكى C/47 ئايروپىلان باستوگىن ئاسمىنىدا مۇھاسىرە ئاستىدا قالغان ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرگە ئوزۇق-تۈلۈك تاشلايدۇ.

ئوپېراتسىيەنىڭ ئاساسى ئېقىشى تەتۈرسىگە يېنىپ كېتىش ئېھتىمالى كۆرۈلۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، ھىتلېر بۇنىڭدىن پەقەتلا خەۋىرى يوق ئىدى. مانتېۋفېلنىڭ تانكا قىسىملىرى ئامېرىكا ئارمىيىسى قورشاۋدا قالغان باستوگىندىن يىراقتا بولغاچقا، ئۇلار مېۋۋسقا قاراپ يېقىنلاپ كېلىدۇ. شۇنداقتىمۇ مانتېۋفېل يەنىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ سول قانىتىدىكى نېمىس پىيادە قوشۇنلىرى بەكلا كەينىدە قالغان ئىدى. 24-دېكابىر كۈنى، ئۇ لاروچ يېقىنىدىكى بىر قورغاندىن ئالىي قوماندانلىق شتابىغا تېلېفون قىلىپ "ۋاقىت بارغانسىرى قىستاپ قالدى،" دەيدۇ جودلغا. ئۇنىڭ سول قانىتى ئوچۇقتا قالغانلىقىنى، شۇڭا يەپيېڭى پىلان تۈزۈش ۋاقتى كەلگەنلىكىنى؛ ئۇنىڭ ئەندى مېۋۋسقا قاراپ داۋاملىق ئىلگىرلەپ باسوگىنى تارتىپ ئېلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتىدۇ. جودل ئۇنىمىساي، فۇھرېرىمىز ئانتۋېرپىكە يۈرۈش قىلىشتىن ۋاز كېچىشكە ھەرگىز قوشۇلمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مانتېۋفېلمۇ ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ، ئەگەر ئۇلار ئۆنىڭ دېگەن پىلانى بويىچە ھەرىكەت قىلىغىنىدا، ئۇلۇغ غالىبىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشتىن يەنىلا ئۈمىد بارلىقىنى دەپ چىڭ تۇرىدۇ: "مەن مېۋۋس تەرەپتىن شىمالغا قاراپ ئىلگىرلىسەم، ئارمىيىمىز دېريانىڭ شەرقى قىرغىقىدا ئىتتىپاقداش ئارمىيىسىنى كۈچلۈك قورشاۋ ئاستىغا ئېلىۋالالايمىز." بۇ تەكلىپ جودلنى قاتتىق چۆچۈتىۋېتىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، جودل يەنىلا بۇ پىلاننى ھىتلېرگە يەتكۈزۈشكە ماقۇل كېلىدۇ.

ئەمما ھىتلېر ئۆزىنىڭ تولۇق غالىبىيەتكە ئېرىشەلمەي قېلىشىغا پەقەتلا ئىشەنمەيتتى. شۇڭا ئۇنىڭ بۇنداق ئىشەنچى تا روژدېستۋا بايرىمىغىچە داۋام قىلىدۇ. شۇ كۈنى ئۇ بىر رومكا ھاراق بىلەن بۇ ھېيتنى تەبرىكلەيدۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ يېقىنلىرى ھەيران بولۇپ ئاغزى ئېچىلىپلا قالىدۇ. شىرۆدېر خانىم ھىتلېرنىڭ ئاز-تولا خوشال بىر

قىياپەتتە هاراق ئىچكىنىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى بولۇپ، شۇ كۈنى كەچىرەك بىر ۋاقىتتا، مانتىۋفىل يەنە بىر قېتىم باستوگنغا هۇجۇم قىلىشتىن ۋاز كېچىشنى ئۆتۈنۈپ باققان بولسىمۇ، هىتلېر تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم رەت قىلىنىدۇ. دەل شۇ پەيتلەردە ئەڭ ئالدىدا هۇجۇم قىلىپ كېتىۋاتقان برووۋنىك دىۋىزىيىسى ئامېرىكىنىڭ بىر برووۋنىڭ دىۋىزىيىسى تەرىپىدىن توسۇۋېلىنىپ قاتتىق زەربە يىمەكتە ئىدى. 26-دېكابىر، ئىتتىپاقداشلار ئارمىيىسى ئۆز كۈچىنى نامايەن قىلغان بىر كۈن بولىدۇ. ئاردېن رايونىنى قاپلىغان ئاپئاق قارلار قىزىلغا بويالغان بولسىمۇ، ئەڭ ئېغىر قىرغىنچىلىق يۈز بەرگەن جاي مېۋۇس دېرياسىغا نەچچە مىل يىراقتىكى بىر ئويمانلىق ۋادىسىدا ئىدى. ئۇ يەردە، "قۇلاقنى يارغىدەك" كۈچلۈك ئاۋازدا گېنېرال ئېرنست خارموننىڭ ئىككىنچى پانزېر دىۋىزىيىسى بىلەن مانتىۋفېلنىڭ ئىككىنچى پانزېر دىۋىزىيىسى 100 دەك ئۇششاق ئۇرۇش مەيدانىغا بۆلۈنۈپ بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ ئۇرۇش قاينىمىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى.

"بۇركۇت ئۇۋىسى" دا، "كۆز قىراۋى" مەسلىسى ئۈستىدىكى مۇنازىرە ئەتىگەندىن تارتىپ توختىماي داۋام قىلماقتا ئىدى. جودل، "فۇهرېرىم، بىز ئەملىيەتكە ئادىل مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. بىز هەرگىزمۇ مېۋۇز دەرياسىدىن زورلاپ ئۆتۈشكە ئۇرۇنماسلىقىمىز كېرەك." دەيدۇ. ئىككىنچى پانزېر دىۋىزىيىسى يوقۇلۇش گىرداۋىغا كېلىپ قالغان، ئەمما پاتتونمۇ يېڭىلا جەنۇبى تەرەپتىن مۇهاسىرىگە ئېلىنغان باستوگنىگە تار بىر ئېغىز ئېچىۋالدى. پۈتكۈل ئاردېندا ۋەزىيەت يەنىلا شۇ پېتى تۇرماقتا. نۆۋەتتە ئوپراتسىيە تىركىشىش باسقۇچىغا كىرىپ قالغان بولۇپ، ئومۇمىي يۈزلۈك هۇجۇم قىلىش ئىشى هازىرچە ئاخىرلاشقان هېسابلىناتتى.

هەممەيلەننىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق بىر پىلانى بار ئىدى: شۇنداق بولغاچقا، هىتلېرمۇ قۇلىقنى دىڭ تۇتۇپ ئۇلارنى بىر-بىرلەپ ئاڭلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا هىتلېر سۆز قىلىدۇ. "بىز كۈتۈلمىگەن يەردە توسالغۇغا دۇچ كەلدۇق. بۇنىڭ تۈپكى سەۋەبى، بىز پىلانىمىزنى ئاخىرغىچە ئىزچىل ئىجرا قىلالمىدۇق. – ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرىدۇ. كەينىدىنلا چىرايى ئېچىلىپ يېڭى ئىمىدلەردە بولىدۇ، _ ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن هەممە ئىش تۈگىدى دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. – ئۇ يېڭى بۇيرۇقنى ئېلان قىلىدۇ: مانتىۋفېل شەرقىي شىمالغا بۇرۇلۇپ، ئۇ يەردىكى كۆپ ساندىكى ئامېرىكا قوشۇنلىرىنى قورشاۋغا ئېلىشقا كىرىشسۇن. "مەن 3 دىۋىزىيە ۋە هېچ بولمىغاندا 250 مىڭ كىشىلىك تولۇقلانما ئەسكەرلەر بىلەن دەرهال ئادېنغا يېتىپ بارىمەن. – ئۇ، ئەتراپىنى يېرىم چەمبەر شەكلىدە ئورىۋالغان قاپىقى تۈرۈك بۇ كىشلەر ئارىسىدا ئۆزە تۇرغىنىچە بۇيرۇق بېرىدۇ. بىر قېتىم قاتتىق زەربە يىگەندىن كېيىن، ئىتتىپاقداش ئارمىيىسىنىڭ تارمار بولمىغىنىنى مەن بىر كۆرەي، كۆز

قىراۋ ھەرىكىتىنى يەنىلا بىر قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەتلىك خورىتىش ئۈرۈشىغا ئايلاندۇرۇش مۇمكىن. بۇ، شۈبھىسىزكى، گېرمانىيە ئۈچۈن بىر قېتىملىق زور سىياسىي غالىبىيەت ئېلىپ كېلەلەيدۇ، دەيدۇ.

بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى "پەۋقۇلئاددە مەخپىي" بەلگىلىك كىشى تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلۈپ ئېيزىنخاۋېرغا ئەۋەرتىپ بېرىلىدۇ. بۇ جاسۇس يەنە ھىتلېرنىڭ بۇ قېتىمقى كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلىش پۈرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىغا كاپالەت بېرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ خەۋەرسىز قالغان بىر نوقتىسى بار بولۇپ، ھىتلېر تاللىۋالغان ئىزباسارى بىلەن تېخى يېقىنلا قاتتىق مۇنازىرە قىلىپ ئۇرۇشۇپ قالغان ئىدى. يەنى گيۆرىڭ ئۇنىڭغا ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئۈستىدە چارە قىلىشنى تەكلىپ قىلغىنىدا، ھىتلېرنىڭ قاتتىق جۇدۇنى تۇتۇپ كېتىدۇ. "ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدۇق. – دەيدۇ گيۆرىڭ، _ بىز ئەندى قەتئىي تۈردە كونت بېرنادوت بىلەن ئۇچرىشىشىمىز شەرت." فولك بېرنادوت دېگەن بۇ كىشى شۋېتسىيە پادىشاھى 5- گۇستاۋۇسنىڭ ئىنىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، بۇ ئادەم ھەرقانداق بىر ئۇرۇش توختىتىش سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلۈشكە كېلىشتۈرگۈچىلىك قىلىشقا تەييار بىرسى ئىدى.

ئازىراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، چىرايى تاتىرىپ كەتكەن گيۆرىڭ ئايالىغا مەلۇمات بېرىپ، ھىتلېر قاتتىق ۋارقىراپ جارقىرىغىنىچە بۇ دېگەنلىرىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىك، قورقۇنچاقلىقىڭنىڭ ئىپادىسى، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ كەتتى، دېگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆزىنى تەمكىن تۇتقان ھالدا فۈھرېرگە ئەستايىدىللىق بىلەن مۇنداق دەيدۇ: "فۈھرېرىم، مەن ھېچ قاچان سىزنىڭ ئارقىڭىزدىن بىر ئىش قىلىپ يۈرىدىغان بىرسى ئەمەسمەن." ئۇ ھىتلېرغا، ۋەزىيەت ھەرقانچە ناچار بولۇپ كەتكەن تەغدىردىمۇ سىزگە ھەر دائىم سادىق بولىمەن، دەپ كاپالەت بېرىدۇ. ئارقىدىنلا يەنە، ئەڭ مۇھىم بولغىنى دەرھال ئۇرۇش توختىتىش دەيدۇ. ئۇ، گيورىڭ ئايالىغا دېيىشىچە، ھىتلېر بۇ گەپتىن كېيىن جىمىپ قالغاندەك قىلسىمۇ، كەينىدىنلا كەسكىن قىلىپ، "بۇ ئىشتا، سېنىڭ ھەرقانداق بىر ھەرىكەتكەت قىلىشقا ئۇرۇنۇشۇڭنى قەتئىيلىك بىلەن چەكلەيمەن. ئەگەر سەن بۇيرۇقۇمغا خىلاپلىقلا قىلغىدەك بولىدىكەنسەن، سېنى ئېتىپ تاشلايمەن" دېگەن. گيۆرىڭ ئايالىغا بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقىنىدا، ئايالىمۇ يولدىشىنىڭ بۇنچىۋالا قورقۇپ كېتىشىنى پەقەتلا كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. "بۇ مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ ئاخىرقى سۆزلىشىشىم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇندىن كېيىن ئۇ ماڭا ھەرگىزمۇ ئىشەنمىگەندەك، دېگەنلىرىمگىمۇ زادىلا قۇلاق سالمايدىغاندەك." دەيدۇ گيۆرىڭ ئايالىغا.

گېرمانىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى كلاسسىك خاراكتېرگە ئىگە ئۇرۇش ھەربىكتى "ئاردېن كاتتا قايتارما ھۇجۇمى" دەپ ئاتالسىمۇ، ئامېرىكىلىقلارنىڭ نەزىرىدە، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسى "دۆڭدىكى بىر ئۇرۇش" تىن باشقا بىر ئىش ھېسابلانمايتتى. 28-دېكابىرغا كەلگەندە، بۇ ئوپېراتسىيىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى، يەنى ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچىمۇ تېزلىكتە يېتىپ كېلىدۇ. ھىتلېر، شۇ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق يوقۇرى دەرىجىلىك قوماندانلار يىغىنىدا ۋەزىيەتتىن ئۈمىد قالمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ دەپتىرىدە "ئەل بولۇش" دەيدىغان سۆزنى پەقەتلا تاپقىلى بولمايدىغانلىقىنى، تولۇق قىزغىنلىق بىلەن ئۆز غايىسى ئۈچۈن يول ئاختۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. "بەلكىم قەلبىمنى ئەندىشە دەيدىغان نەرسىلەر قىيناپ تۇرۇشىمۇ مۇمكىندۇ، ۋە بەلكىم سالامەتلىكىممۇ كاردىن چىقىپ كېتىشى مۇمكىندۇ، ئەمما مەن تا ۋەزىيەت بىزگە پايدىلىق ھالغا كەلگىچە بۇ كۈرەشنى قەتئىي تۇردە ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرىمەن. مېنىڭ بۇ قارارىمنى ھېچنېمە ئۆزگەرتەلمەيدۇ."

شۇڭا ئۇ، يېڭى يىل كۈنى ئاردېننىڭ جەنۇبىدا "شىمال شاملى" دەپ نام بېرىلگەن يەنە بىر قېتىملىق قايتارما ھۇجۇم قوزغىماقچى بولىدۇ. بۇ قايتارما ھۇجۇمنىڭ غالىبىيەت ئىستىقبالى ئىنتايىن پارلاق كۆرۈنەتتى. قىسىملارمۇ يىغلىپ تەييار ھالغا كەلتۈرۈلگەن؛ ئىتتىپاقداشلار ئارمىيىسى بۇنىڭدىن قىلچە خەۋىرى يوق بولۇپ، ھەتتا ئۇ يەرنى ئايروپلان بىلەن ئاسماندىن كۆزىتىپ بېقىشنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرۈشمەيدۇ. "ئۇلار ئەتراپنى كۆزىتىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى، ئەندى نېمىسلاردا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەربىكەت پەيدا قىلالىغىدەك كۈچ قالمىدى، دەپ ئىشىنىدۇ. بەلكىم ئۇلار مېنى ئۆلدى، دەپ ياكى راك كېسىلىگە گىرىپتار بوپتۇ دەپ ئويلاۋاتقان بولىشىمۇ مۇمكىن. ..." ھىتلېرنىڭ ئاپسى راك كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنىڭ يىلى بولغان كۈننىڭ ھارپىسىدا، بۇنداق قىلچە ماس كەلمەيدىغان گەپنى قىلىپ يۈرىشى ھەقىقەتەنمۇ قىزىق.

ئۇ كەينىدىنلا، بىرىنچى نىشانىمىز، قايتارما ھۇجۇم ۋاستىسىغا تايىنىپ غەربىي سەپ ۋەزىيىتىنى ئېنىقلىۋېلىش، دەيدۇ. "بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، چوقۇم قاتتىق قىزغىنلىق بىلەن ھەربىكەت قىلىشىمىز كېرەك. – ئۇ بۇ گەپلەرنى سۆزلەۋېتىپ قىزىقچىلىق قىلىشقا كىرىشىدۇ، _ بەلكىم بەزىلەر بۇ ھەقتە كەينىدىن قارشى تۇرۇپ، 'قېنى كۆرۈپ باقايلى، بۇنىڭدىنمۇ بىرەر غالىبىيەتنى قولغا كەلتۈرەلىشىمىز ناتايىن' دېيىشىمۇ مۇمكىن. ئەپەندىلەر، بۇنىڭغا ئوخشايدىغان قارشى پىكىرلەر 1939-يىلىمۇ ئوتتۇرغا چىققان ئىدى.

ئۇ چاغدا، كىشىلەر يېزىق شەكلىدە ۋە سۆز ئارقىلىق ماڭا بۇنى قىلىشقا بولمايدۇ، بۇنداق قىلساق يېڭىلىپ قالىمىز، دېيىشكەن ئىدى. 1940-يىلى قىشتا يەنە بەزى كىشىلەر ماڭا، 'سىز بۇنداق بىر ئىشقا تۇتۇش قىلسىڭىز بولمايدۇ، بىز نېمە ئۈچۈن غەربىي سېپىلىگە يۆلىنىپ ئۆزىمىزنى قوغداشقا تىرىشمايمىز' دېيىشمىگەنمىدى؟ ــ ئۇنىڭ ئاۋازى رەسمىيلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ــ ئەگەر شۇ چاغدا ئۇلارغا ھۇجۇم قىلمىغان بولساق، بىزنىڭ ھالىمىز قايسى ھالەتكە چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالامسىلەر؟ بۈگۈنكى ۋەزىيەتمۇ شۇ ۋاقىتتىكىدىن قىلچە پەرقى يوق."

شۇ كۈنكى ھەربى ئىشلار يىغىنىدا، رۇندستېدت ھىتلېرغا كۆز تۇمانى ھەرىكىتىدىن ۋاز كېچىپ ئىتتىپاقداش قوشۇنلىرى قايتارما ھۇجۇم باشلاشتىن بۇرۇن چېكىنىشكە ئۈندەپ خاتا قىلغان ئىدى. بۇ گەپتىن ھىتلېرنىڭ مىگىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كېتىدۇ. شىمال شاملى باشلىنىشى ھامان قايتىدىن مىۋۇسقا قاراپ ئىلگىرىلەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ بىگىز قولى بىلەن تامدا ئېسىغلىق تۇرغان خەرىتىدىكى ئېبدرلىقنىڭ جەنۇبىدىكى 100 مىل نېرىسىدىكى يەرنى كۆرسەتكىنىچە، پۈتكۈل گېرمانىيە تارىخى بويىچە يېڭى يىل كېچىسى ئەزەلدىن گېرمانىيە قۇراللىق كۈچلىرىگە تەلەي كەلتۈرىدىغان بىر كۈن ئىكەنلىكىنى، ئەمما بۇ بايرام ھارپىسى كېچىسى ئەزەلدىن ئارچا بايرىمىنى ئۆتكۈزمەي يېڭى يىلنىلا تەبرىكلىشىپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلىرىمى قاتتىق ۋەھىمە ئىچىدە قېلىشىدىن ھەرگىزمۇ خوشال بولالمايدىغانلىقىنى، شىمال شاملى ھەرىكىتىنىڭ مۇقەررەر غەلىبىسى، "ئاردېن قايتارما ھۇجۇمىنىڭ سول قانىتىدا كۆرۈلگەن خەۋپ ئۆزلىكىدىنلا تارمار بولىدۇ" دەيدۇ. ئۇ مۇنۇ سۆزلەرنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئېيتىدۇ: "مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئۈمىدلا بولىدىكەن، قايتارما ھۇجۇمنى قايتىدىن باشلىيالايمىز." گەرچە ئۇنىڭ سول قولى تىنىماي تىترەپ تۇرغان، چىرايىمۇ بەكلا سولغۇن كۆرۈنگەن بولىشىغا قارىماي، ئۇنىڭدىكى بۇ قىزغىنلىق ئولتۇرغانلارنىمۇ قاتتىق ھاياجانغا سېلىۋېتىدۇ. "شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا، ــ دەيدۇ گېپىنى داۋام قىلىپ، ــ مودېلمۇ پوزىتسىيەلىرىنى مۇستەھكەملىشى، مىۋۇسقا ھۇجۇم قىلىش ئىشىنى قايتىدىن تەشكىللىشى، ھەمدە باستوگنىغىمۇ يەنە بىر قېتىم كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغاش كېرەك. ئەڭ مۇھىمى، باستوگنىنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر!" يېرىم كېچە بولغاندا، 9 ماشىنىلاشقا دىۋىزىيە بىلەن پىيادە دىۋىزىيىلىرى ھىتلېر تەرىپىدىن پۈتۈن چارىلارنى ئىشقا سېلىپ قولغا كەلتۈرۈلسۇن دېگەن شەھەرگە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ.

"قۇمدىن ياسالغان مودېللەرگە تايىنىپ ئېلىپ بېرىلغان ھەربى سىناقلاردىن ئۇرۇش ئىقتىدارىنى ئېپادىلەش مۇمكىن ئەمەس. – دەيدۇ ھىتلېر، ئەتىسى كېچىسى پانزەر قىسىملىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈۋاتقان گېنېرال تومالغا، ــ يىغىپ ئېيتقاندا، ھەربىي ماھارەت

دېگەن بۇ نەرسە قاتتىق چىلىق تۇرۇشتىن، قەتئىي ئىرادىلىك بولۇشتىن ئوتتۇرغا چىقىدىغان نەرسە. مانا بۇلار، ھەرقانداق بىر غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ھەل قىلغۇچ ئامىل. ئەگەر قەتئىي ئىرادە بىلەن سۇنماس غەيرەت ئۈستىگە قورۇلمايدىغان تالانتمۇ تۇتقىلى بولمايدىغان شەيتان ئوتىدەكلا بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.ئىنسانىيەتنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىدا، مانا بۇلار ئەڭ مۇھىم ئامىلدۇر." ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: دۇنيا تارىخى، پەقەتلا سۇنماس ئىرادىگە ئىگە بولغان، غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جاسارىتىگە ئىگە بولغان كىشىلەر تەرىپىدىنلا يارىتىلىدۇ. "ھېچكىم تارىختا مەڭگۈ ئۆچمەس بولۇپ ساقلىنىپ قالالمايدۇ. بىزلا ئەمەس، بىزنىڭ قارشىمىزدىكىلەرمۇ مەڭگۈ ساقلىنىپ قالالمايدۇ. پەقەت بىرى باشقىسىدىن ئۈزۈنىراق مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىيالايدۇ، خالاس. كىمىكى چىڭ چاپلىشالايدىكەن، شۇ ھەممىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ." ئەگەر ئامېرىكا تەسلىم بولغىنىدا ئۇنىڭغا ھېچ نېمە بولمايدۇ. چۈنكى نيۇيورك بەربىر نيۇيوركلۇقىدا قالىۋېرىدۇ. "ئەمما بىز بۇگۈن بولدى، چىدىغىدەك ماجالىمىز قالمىدى، دەيدىكەنمىز، ئۇ ھالىدا گېرمانىيە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس." قارىغاندا، ھىتلېرنىڭ قولىدىن كېتىپ بولغان بۇ ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشتا قەتئىي چىڭ تۇرىۋېلىشىدىكى بىر سەۋەپ شۇ بولسا كېرەك؟ ئۇنىڭدەك بىر قىمارۋازغا نىسبەتەن ئالغاندا، مىڭدا بىر ئېھتىماللىقلا بولىدىكەن، ئۇ بۇنداق پۇرسەت ئۆچۈن تەۋەككۈل قىلىشتىن يانمايدۇ. باشقىلارنىڭ نەزىرىدە پۈتۈنلەي ئاخماقانىلىق ئۇرۇنۇش ھېسابلىنىدىغان بىر ئىش، بۇنداق بىرى ئۆچۈن بەكلا مەنتىقىلىق بىر ئىش بولۇپ تۇيۇلىدىغانلىقى ئېنىق.

ئۇنىڭ بىرىنچى ئورۇندىكى تەشۋىقات مۇتەخەسسىسى ئۇنىڭدەك رەھىمسىز ئەمەس ئىدى، ھېچ بولمىغاندا ئۆز ئالدىغا تۇرغىنىدا بۇنداق ئويلىمايتتى. يېڭى يىل ھارپىسىدىكى زىياپەتتە، داڭلىق ستوكا لىيۇتچىكى خانس ئۇلرىخ رۇدېلمۇ بۇ زىياپەتتە ئىدى، جوزېف گېوبېلس شەپقەتسىزلەرچە مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك ئۇرۇشتىكى تولۇق ھوقۇقلۇق ئەلچىسىنىڭ ئۇنۋانى قۇپ-قۇرۇق بىر ئۇنۋان. "بۈگۈنكى كۈندە ئىجرا قىلغىدەك ھېچ نېمە قالمىدى. ... ھەممە نەرسە، گۈل دۇكانلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق يەرلەر ئەنگلىيە بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرى تەرىپىدىن تاقىۋېتىلدى."

گېوبېلسنىڭ گېپىنى ئايالى يېرىمدا كېسىپ مېھمانلارمۇ ئىشەنمىگىدەك بىر گەپنى قىلىدۇ: "بۇ پىشقەدەملەرگە ئۈچ يېرىم يىل مابەينىدە ئۆزەڭنىڭ قوھرېر بىلەن بەكلا ئاز ئايرىم ئۇچرىشىپ باقمىغانلىقىڭنى ئاشكارلىمايسەن؟" بۇ گەپتىن قاتتىق بىچارە ھالغا

چۈشۈپ قالغان گېۋبېلس ئايالىدىن بولدى قىلىل، توختات بۇ گەپلەرنى، دېگىنىگە قارىماي ئايالى جىم بولمايدۇ: "بۇ كىشىلەر بۇ ئىشتىن خەۋىرى بولىشى كېرەك." شۇ تاپتا گېۋبېلس دەرھال دۇرۇلۇپ خېيىن رۇكقا قارايدۇ. ھىتلېر باش مىنىستىرلىقتا تەيىنلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمىگەن بىر كۈنلەردە، رۇك، گېۋبېلسنى ئەسكەرتىپ، ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ھىتلېر گېرمانىيە مىللەتچىلىرى بىلەن يارىشىشىدىن قاتتىق نارازى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى. رۇكنىڭ قارىشىچە، بۇنداق يارىشىش ئاخىرى بىرىپ مىللىي سوتسىئالىزمنى تۈنجۇقتۇرىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا گېۋبېلس بۇ گەپتىن قاتتىق خاپا بولۇپ رۇكنى پۈرسەتپەرەست دەپ ئەيىپلىگەن ئىدى؛ مانا بۈگۈن، بۇ تەشۋىقات مىنىستىرى پۇشايمان قىلغان ھالدا، "مەن ئەسلىدە سېنىڭ 1933-يىلى دېگەنلىرىڭگە قۇلاق سالسام بوپتىكەن" دەيدۇ. گەپنىڭ تىمىسى يېقىنقى يىللار مابەينىدە ئۆتكۈزۈلگەن سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى خاتالىقلار ئۈستىگە بۇرۇلىدۇ. كۆپچىلىك ئومۇمىي يۈزلۈك ھالدا مەھشەر كۈنلىرىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىغا ماقۇل كەلگەندەك كۆرۈنەتتى. ئارىدا يالغۇز رۇدېللا فۇھرېرنىڭ يېڭى مەخپىي قۇراللى كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك غالىبىيەت ئېلىپ كېلىدۇ دەيدۇ.

يېرىم كېچە بولاي دېگەندە، ئىتتىپاقداش ئارمىيىسىنىڭ ئېدىرلىق تەۋەسىدىكى بېسىمىنى ئازايتىش مەقسەت قىلىنغان شىمال شاملى ئوپېراتسىيىسى باشلىنىدۇ. نېمىس ئارمىيىسى 8 دىۋىزىيىلىك ئەسكىرى كۈچ بىلەن، قىلچە توسالغۇسىز غەربى مۇداپىيە سېپى تەرەپتىن بۆسۈپ كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ نىشانى ئالساسنىڭ شىمالى چېگراسى يېقىنلىرىدىكى ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ 7-كورپۇسىغا ھۇجۇم قىلىش ئىدى. يېرىم كېچە سائەت 12 بولغاندا، گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ شىمالى تەرەپتىكى ئاردېنىدا توپ ئوقلىرى گويا ۋولقان پارتىلىغاندەك پارتلاشقا باشلايدۇ. ئەسلىدە، گېئورگ پاتتون ئۆزىنى بېسىۋالالماي، يېڭى يىلنى تەبرىكلەش ئۈچۈن بارلىق توپ-زەمبىرەكلىرىگە بىرلا ۋاقىتتا ئوت ئېچىش بۇيرۇقىنى بەرگەن ئىدى.

ئارىدىن 5 مىنۇت ئۆتۈپ، ھىتلېرنىڭ قۇلاققا غىجىلداپ ئاڭلىنىدىغان ئەمما ئىشەنچىگە تولغان ئاۋازى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە رادىئودا ئاڭلىنىشقا باشلىنىدۇ. ھىتلېر رادىئودا، گېرمانىيە گويا بىر سۇمۇرۇغدەك شەھەر خارابىلىرى ئارىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىگە قاراپ ئۇچماقتا. رادىئو نۇتقى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھىتلېر ئۆزىنىڭ يوشۇرۇنۇش ئاكوپىدا ئۆز يېقىنلىرىنى مېھمان قىلىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. ھەممەيلەن ئىنتايىن كۆڭۈللۈك بىر شەكىلدە شامپانلىرىنى ئىچىشىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا بۇرۇختۇرمىلىق ئىچىدە ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا يالغۇز ھىتلېرلا ئىنتايىن

ھاياجانلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئەسلىدىنلا ئۇنىڭ ھاياجانلىنىشى ئۇچۇن كۆچلۈك ھاراقلاردىن ئىچىۋېلىشىنىڭ كېرىكى يوق ئىدى. ئۇ پەرىزىنى ئوتتۇرغا قويۇپ، 1945-يىلى گېرمانىيە چوقۇم ئۇلۇغ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ، دەيدۇ. قالغانلار ئۇنىڭ گېپىگە ئۈن-تىنسىز ئەستايىدىللىق بىلەن قۇلاق سېلىپ تۇرىشاتتى. دەسلىۋىدە بورمانلا ئۇنىڭ بۇ پەرىزىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئۇنىڭ كەينىدىن ھىتلېر تىنماي بىر سائەتتەك سۆزلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، كۆپچىلىكمۇ ئىختىيارسىزلا ئۇنىڭ دېگەنلىرىدىن ھاياجانلىنىشقا باشلايدۇ.

سەھەر سائەت 4 تىن 35 مىنۇت ئۆتكەندە، فۇھرېر بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش مۇراسىمىدىن ئايرىلىپ شىمال شامىلى ئوپېراتسىيىسىنىڭ تۇنجى خەۋەرلىرىنى ئاڭلاشقا كېتىدۇ. دەسلىۋىدە بۇ ھەرىكەتمۇ يامان ئەمەس داۋام قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما "پەۋقۇلئاددە مەخپىي" بەلگىلىك ئىشپىيون ئۇنىڭ ئۇرۇش بۇيرۇقىنى ئوغۇشلۇق تۈردە ئېيزىنخاۋېرغا يوللىۋېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئېيزىنخاۋېرمۇ تېزلىكتە 7 كورپۇسىنىڭ ئۇرۇش سېپىنى تارايتىپ، نېمىس ئارمىيىسىنىڭ تۆپىلىك بىلەن تۇتىشىدىغان يوچۇقنى ئۈزىۋېتىش پىلانىنى توساپ قالىدۇ. ئامېرىكا ئارمىيىسى ئالدىن ئالا ئاگاھلاندۇرۇش ئالغىنى ئۈچۈن نېمىس قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى توساپ قالالايدۇ. بۇ قېتىمقى ھۇجۇم، 15 مىل ئىلگىرلەشتىن كېيىن قىمىرمۇ قىلالماي بىر نوقتىدا توختاپ قالىدۇ.

ئاردېنىدا بولسا، ئىتتىپاقداشلار ئارمىيىسى 1945-يىلى 3- يانۋار كۈنى قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ئۇلار جەنۇپ-شىمالدىن بىرلا ۋاقىتتا قىستاپ ھۇجۇم قىلىپ تۇرۇپ ئوتتۇرا قىسمىغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلاپ، بۇ تۆپىلىكنىڭ قىيالىقلىرىنى ئىككىگە ئايرىۋېتىدۇ. گېرمانىيە قوشۇنلىرى قاتتىق تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسىتىدۇ؛ قار بىلەن قاپلانغان ھەربىر غېرىچ يەر ئۈچۈن ھەر ئىككىلا تەرەپ ئېغىر قۇربانلارنى بېرگەندىن كېيىنلا بوشىتىپ چىقاتتى. ئادەتتىكى ئەھۋاللارغا ئوخشاش، بۇ يەردىمۇ ئۇلار يەر تۈزۈلۈشىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ئاكوپ كولاپ ئۆزىنى قوغدىشاتتى. قار بەكلا قاتتىق يېغىپ كەتكەچكە، ئامېرىكا ئارمىيىسى ھاۋادىن ماددى تەمىناتقا ئېرىشەلمەي قالىدۇ. توپ-زەمبىرەكلەرنىڭ ھىمايىسىمۇ ئازىيىپ كېتىدۇ؛ شۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئالغا ئىلگىرلىشى بەكلا ئاستىلاپ كېتىدۇ. قار-مۇز قاپلاپ كەتكەن چوڭ-كىچىك يوللاردا تانكىلار بىلەن ئۆزى سۆرەپ ماڭىدىغان زەمبىرەكلەر تېيىلىپ بىر-بىرسىگە سوقۇلۇپ ماڭالمايلا قالغان ئىدى.

چېرچىل ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئەنگلىيەدىن ئۇچۇپ كېلىپ قايتارما ھۇجۇم ۋەزىيىتىنى ھاۋادىن كۆزىتىدۇ. ئەسلىدە، تىك چوققىلىق يارلىقنىڭ غەربى ئۇچىدا

ئەنگلىيىلىكلەر بۇ قىتئەلىق قايتارما ھۇجۇمغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن خېلى كەڭ دائىرىلىك تۈيۈقسىز ھۇجۇم باشلاتقان ئىدى. 6-يانۋار كۈنى، چېرچىل ئېيزىنخاۋېرنى قوبۇل قىلغىنىدا ئەنگلىيە-ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ بەكلا ئاستا ھەمدە بەكلا جاپالىق ئىلگىرىلىشىدىن خاپا بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ ئېيزىنخاۋېردىن ئاردېننىدىكى بېسىمنى ئازايتىش ئۈچۈن رۇسلاردىن ياردەم ئېلىش مۇمكىن بولماسمۇ دەپ سورايدۇ. چېرچىل، ستالىننىڭ بىر قىتئەلىق يېڭى قايتارما ھۇجۇم باشلىماقچى ئىكەنلىكىدىن خەۋىرى بار ئىدى. ئەمما بۇ ھەرىكەتنىڭ قاچان باشلىنىشىنى بىلمەيتتى. "بۇيرۇق تۆۋەنگە چۈشۈشى بىلەنلا ھەدەپ كەينىگە سۈزۈشىدۇ بۇ ئىشلارنى، ـ دەيدۇ ئېيزىنخاۋېرغا، ـ شۇنداقتىمۇ، مەن ئۇنىڭدىن بۇ ھەرىكەتنى قاچان باشلىتىدىغانلىقى ھەققىدە سورىسىلا، بۇنىڭ ۋاقتىنى ماڭا چوقۇم ئېيتىپ بېرىدۇ. بولمىسا سوراپ باقايمۇ قانداق؟" ئېيزىنخاۋېرمۇ "مەيلى بولمىسا" دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ چېرچىل خېلىلا يۇمشاپ قالىدۇ. شۇ كۈنى، چېرچىل ستالىنغا بىر تېلېگراممىا يوللاپ، ئۇنىڭدىن يانۋار ئىچىدە بىر قىتئەلىق ھۇجۇم باشلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. موسكۋامۇ بۇنىڭغا دەرھال جاۋاپ قايتۇرىدۇ. جاۋابتا ستالىن، بىر قىتئەلىق كەڭ كۆلەملىك قايتارما ھۇجۇم قوزغىماقچى ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ۋاقتىمۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدىن بۇرۇن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

7-يانۋار كۈنى ئەتىگەندە، قىيالىق تۆپىنىڭ بىلىدىن توسۇپ تۇرىۋاتقان جەنۇپ-شىمالىدىكى قىسقاچقا ئېلىپ ھۇجۇم قىلىشلارمۇ ئىلغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە باشلايدۇ. ئەتىسى، ئىتتىپاقداشلار ئارمىيىسى بەكلا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقاچقا، ھىتلېرمۇ ئامال يوق قىيالىقتىكى غەربىي قىسىم قوشۇنىنىڭ يېرىمىغا چېكىنىش بۇيرۇقى بېرىدۇ.بىر سائەتتىن كېيىن، مېۋۈز دەرياسىدىن ئۆتكەن پانزېر قىسىملىرىنىڭ ھەممىسى كەينىگە بۇرۇلۇپ باستوگن لېيگ تاشيولىنىڭ شەرقىگە قاراپ چېكىنىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ھىتلېرنىڭ ئۇخلىماي كۆرگەن چۈشىمۇ ئاخىرلاشقان بولىدۇ. ئەندىكى مەسىلە، نېمىس ئارمىيىسىنىڭ قالدۇق تانكىلىرى بىلەن ئۆزى سۆرەپ ماڭىدىغان زەمبىرەكلىرىنىڭ سانى يەنىلا بەكلا ئاز قالغان بولۇپ، بۇلار تاشيولدىن ۋاقتىدا ئۆتۈپ بولالارمۇ، ئەجەبا، بۇ قېتىمقى چېكىنىشمۇ يەنە شۇ ستالىنگرادقا ئوخشاش ئاقىۋەتكە دۇچار بولارمۇ، دېگەن مەسىلىدە قالغان ئىدى.

9-يانۋاردا، گودېرىئان يەنە بىر قېتىم "بۆركۈت ئۇۋىسى" غا بارىدۇ. ئۇ، ئۈچىنچى قېتىم ھىتلېرنى ئاگاھلاندۇرۇپ، "قىزىل ئارمىيە يېقىندا كەڭ كۆلەملىك بىر ھۇجۇم قوزغىماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇگۈن ئۇ، بىر مۇنچە خەرىتە ۋە گرافىكلارنى يېنىغا ئېلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ گرافىكلارنىڭ ھەممىسىنىلا ئۇنىڭ ئاخبارات مۇدىرى گېھلېن

سىزىپ چىققان بولۇپ، بۇ جەدۋەل-خەرىتىلەر ئىككى تەرەپ ئەسكىرى كۈچىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ يەنە گېلبېنىنىڭ بىر تەكلىۋىنىمۇ ئالغاچ كەلگەن بولۇپ، بۇ تەكلىپتە ئەگەر بېرلىننى قەتئىي چىڭ تۇرۇپ قوغدىماقچى بولىدىكەنمىز، چوقۇم شەرقىي پرۇسسىيەدىن چېكىنىپ چىقىشىمىز شەرت، دېيىلگەن ئىدى.

گودېرىئان، خەرىتە-گرافىكلارنى ئېچىپ كۆرسەتكەندىن كېيىن، ھىتلېر بۇلارنى "چېكىدىن ئاشقان ئاخماقلىق" دەيدۇ. ھەمدە بۇ نەرسىلەرنى سىزىپ چىققان كىشىنى ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا سولىۋېتىش كېرەك دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. بۇنىڭدىن گۇدېرىئان قاتتىق خاپا بولۇپ كېتىدۇ. "بۇ خەرىتە-گرافىكلارنى سىزغان ئادەم گېنېرال گېھلېن، بۇ ئادەم مېنىڭ ئەڭ ياخشى شتاپ باشلىقلىرىمدىن بىرى. – دەيدۇ گۇدېرىئان، _ ئەگەر مەن بۇلارنى سىزىپ چىقىشقا قوشۇلمىسا ئىدىم، ھەرگىزمۇ ئۇلارنى سىز بىلەن كۆرۈشتۈرگىلى ئېلىپ كەلمەيتتىم. ئەگەر سىز گېھلېننى ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا سولىتىۋېتىدىكەنسىز، ئۇنداقتا ئۇنىڭغا قوشۇپ مېنىمۇ سولۇتۇڭ!" دەيدۇ. ھىتلېر بۇ گەپلەردىن كېيىن ئاستا-ئاستا خاپىلىقى يانغاندەك بولىدۇ. ئاندىن ئۇ بىر تەرەپتىن ماختاپ، يەنە بىر تەرەپتىن ۋەدە بېرىشكە كىرىشىدۇ: "شەرقىي سەپ، _ دەيدۇ ھىتلېر، _ شەرقىي سەپ ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك بۇنچىۋالا تولۇق ئارقا سەپ كۈچىگە ئېرىشىپ باققان ئەمەس. بۇنى سىزنىڭ تۆھپىڭىزدىن ئايرىپ قاراش مۇمكىن ئەمەس. بۇ جەھەتتە مەن سىزگە رەخمەت ئېيتىشىم كېرەك."

گۇدېرىئان يەنىلا ئاچچىقىنى بېسىۋالالمايدۇ. "شەرقىي سەپ، _ دەيدۇ گۇدېرىئان، _ خۇددى ئۆرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان بىر بىناغىقلا ئوخشاپ قالدى. ئۇرۇش سېپىنىڭ بىر تەرىپى بۆسۈۋېتىلدى. شۇڭا پۈتۈن سەپ بويىچە يېمىرىلىپ كېتىشىمىز مۇمكىن. بىز ئۇرۇش سېپىنى بەكلا ئۇزارتىۋەتكەنلىكىمىزدىن يىگىرمىدەك يېرىم-ياتا دىۋىزىيەنىڭ ئارقا سەپ كۈچلىرى ھەقىقەتەنمۇ ئازلىق قىلماقتا." ئەمما ھەر ۋاقىتتىكىدەك يەنىلا ھىتلېرنىڭ دېگىنى دېگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئاردېنىدا يەنىلا قىسمەن غالىبىيەت قازىنىش ئۈمىدى بارلىقىنى باھانە قىلىپ ئاردېنىدىكى ئارقا سەپ كۈچلىرىنى ئۇ تەرەپكە ئاختۇرۇشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. "شەرقىي سەپ، _ دەيدۇ ھىتلېر ئاخىرىدا، _ ئۆز كۈچىگە تايىنىشتىن باشقا چارىسى يوق، ئۇلار ھازىر قولىدا بار كۈچلەردىن پايدىلىنىشتىن باشقا چىرىلىرى يوق." گۇدېرىئان زوسسېندىكى قوماندانلىق شتابىغا قايتىپ بارغىنىدا، ئىچ-ئىچىدىن خاپا ئىدى. ئۇنىڭغا شۇنىسى ئېنىق ئىدىكى، ھىتلېر بىلەن جودل ئىككىسى سوۋېت ئىتتىپاقى كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلىدىغانلا بولىدىكەن، ياردەمچى قوشۇنلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمىگەن ئۇرۇش سېپى چوقۇم بۆسۈۋېتىلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى. يا بولمىسا ئۇ

ئىككىسىلا بۇ تەرەپلەردە تۇغۇلمىغان بولغانلىقى ئۈچۈن شەرقتە ئوتتۇرغا چىقىش ئالدىدا تۇرىۋاتقان بۇ ئاپەتنى بىلىپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىۋاتقان بولمىسۇن يەنە؟ دەپ ئويلاپمۇ كېتىمىز. بىر پرۇسسىيەلىك بولۇش سۈپىتى بىلەن، گۇدېرىئان، بۇ ھەرىكەت بەكلا قىممەتلىك بەدەل تۆلەش ئارقىلىقلا يۈرتىنى ساقلاپ قېلىش مەسىلىسى ئىدى. يەنى بۇ يۇرتنى ھەر قانداق بەدەل تۆلەشتىن قورقماي ساقلاپ قېلىش شەرت ئىدى.

ئارىدىن 3 كۈن ئۆتۈپ، ستالىن چېرچىلغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇ، بالتىق دېڭىزىدىن تارتىپ پولشانىڭ ئوتتۇرا قىسىملىرىغا كەلگىچە بولغان 400 مىللىق ئۇرۇش سېپى بويىچە 3 مىليون كىشىلىك قىزىل ئارمىيىنى، يەنى ئىنتىپاقداش ئارمىيىنىڭ د پىلانى بولغان نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقارغان ئەسكەر سانىدىن 10 ھەسسە ئارتۇق ئەسكىرى كۈچنى ئىشقا سېلىپ، بەكلا يېتەرسىز قۇراللانغان 750 مىڭ كىشىلىك نېمىس ئارمىيىسىگە قارشى شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىتىدۇ. شىددەتلىك توپ-زەمبىرەك ھۇجۇمى ۋە كەينى ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان «ستالىن» تىپلىق ۋە «ت\34» تىپلىق تانكىلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا، تۈركۈم-تۈركۈم سوۋېت قىزىل ئارمىيە پىيادىسى بەكلا ناچار سەپلەنگەن گۇدېرىئاننىڭ مۇداپىيە سېپىگە قاراپ شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. شۇ كۈنكى ھاۋا رايى بەكلا ناچار بولغاچقا، قىزىل ئارمىيىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يېرىدىن قىمىرلىيالماي، تاكتىكىلىق ياردەم قىلىشقا ئىمكانسىز قالىدۇ. قالىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، ئاخشىمى گۇگۇم چۈشكىچە بولغان ئارىلىقتا قىزىل ئارمىيىنىڭ بىرىنچى يۆلىنىش ئارمىيىسى يەنىلا 12 مىلدىن ئارتۇق ئىچكىرلەپ بارىدۇ.

نەتىجىدە، گېرمانىيە شەرق ۋە غەرىپ ئىككى تەرەپتىن كۈچلۈك ئەسكىرى كۈچنىڭ قىستاپ ھۇجۇمىغا دۇچ كېلىدۇ. يەنە شۇ كۈنىسى ئىنتىپاقداش ئارمىيمۇ ئاردېنىدا كۆرىنەرلىك غەلبىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن پرېزىدېنت ترومىننىڭ بۇرۇنقى قىسمى 35- دىۋىزىيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان پىيادە دىۋىزىيىلەر بىلەن 6-پانزېر دىۋىزىيىسى بىرلىكتە باستوگىننىڭ شەرقى تەرىپىدە گېرمانىيىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى قىسىملىرىنىڭ ئۇنىمگىلغان ئەسكىرىنى پۈتۈن ئەتراپتىن قورشاۋغا ئېلىۋالىدۇ.

"بۇركۇت ئۇۋىسى" دا، تراۋدل جيۇڭ تېخى يېڭىلا ئارچا بايرىمىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كەتكەن مىيۇنخېندىن قايتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ كۆزىتىشىچە، ھىتلېر بەكلا جىمىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. چۈشلۈك تاماق ئۈستىدە، تراۋدل ئۇنىڭغا غەم قىلغان ھالدا مىيۇنخېننىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەلىك بومباردىمەن ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇ چاغدا، ھىتلېر ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىپ، "بۇ پاجىئە بىر قانچە ھەپتىگە قالمايلا ئاخىرلىشىدۇ، بىز زور مىقتاردا يېڭى تىپتىكى رىئاكتىپ ئايروپىلان ئىشلەپ چىقىرىشقا كىرىشتۇق. ئۇ چاغدا

ئىتتىپاقداش ئەللىرىنىڭ ئـايروپلانلىرى ئـۇنچە ئاسـان گېرمـانىيەگىچە ئۇچـۇپ كـېلەلمەس ھالغا كەلتۈرۈلىدۇ" دەپ قىزنىڭ كۆڭلىنى ياسايدۇ. يانىۋارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، ھىتلېر بىـلەن يـېقىن ھەمرالــىرى "بۇركـۇت ئۇۋىسـى" دەـن ئايرىلــىپ، بېرلىنــدىكى يېڭــى قۇمانــدانلىق شــتاپىغا يۆتكىلــدۇ. كۆرۈنۈشــتە، ھىتلېـر يەنىـلا كـۆڭلى يېـرىم بولغانـدەك كـۆرۈنمەيتتى. ئوتتــۇردا بىرســى چاخچــاق قىلىــپ، بېرلىنغــا يېڭــى بــاش قۇمانــدانلىق شــتابىنى ئورۇنلاشـتۇرۇش بـىردىن بـىر مۇۋاپىـق چارە. چـۈنكى، بېـرلىن غەرپ بىـلەن شـەرققە بىـرلا ۋاقىتتا مېترو بىلەن بارغىلى بولىدىغان بىـر يەر، دېۋىـدى، بـۇ گەپـتىن ھىتلېرمـۇ قوشـۇلۇپ كۈلۈپ قويىدۇ.

قىيالىقتا تارمار كەلتۈرۈلىۋاتقان ئىتتىپاقداشلار ئارمىيىسى، يەنە بىـر قېـتىم جەنـۇپ-شىمالدىن قىسقاچقا ئېلىپ ھۇجـۇم قوزغايـدۇ. 16-يـانىۋاردا، ئىككـى ئـارمىيە باسـتوگنىنىڭ شىمالىدىكى بىر قانچە مىل يىراقلىقىدا تۇتۇشىدۇ. ئىتتىپاقداشلار ئارمىيىسى بىـرلا ھۇجـۇم بىلەن قىيالىقنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگەللەپ 20 مىـڭ گېرمـانىيە ئارمىيىسـىنىڭ چېكىـنىش يولىنى ئۈزىۋېتىدۇ. ئەنگلىيە ئارمىيىسى بىلەن ئامېرىكا ئارمىيىسـىنىڭ بىـر-بىرسـى بىـلەن يۇشۇرۇن رىقابىتى سەۋەبىدىن، بۇ ھەرىكەت بەكلا قاملاشمىغان بىر ھال ئالىدۇ. ئەسـلىدى ئـىش نەچـچە كـۈن ئـاۋال يـۈز بەرگەن ئىـدى: "قىيـالىق ئوپېراتسىيىسـى" نىـڭ شـىمالى تەرىپىــدىكى مونتگــومېرى مۇخپىرلارغــا، غــالىبىيەتنى بىــز قولغــا كەلتــۈردۇق، كۈچلــۈك ئەنگلىيە ئارمىيىسى ئامېرىكىلىقلارغـا ياردەملىشـىپ ئۆڭكۈرلىرىـدىن چىقىۋېلىشـىغا يـاردەم قىلدى، دېگەن تەسىراتنى بەرگەن ئىدى. بۇنىڭغا قارىتا كوپ قىسىم ئامېرىكىلىق مۇخپىرلار بەكلا خاپا بولىدۇ. ئۇلار، مونتگومېرىنىڭ گەپ قىلىش تونى گويا باشقىلارغا رەھىمـدىللىك قىلغـانلىق پـۇرىقىنى بېرىـدۇ. ئەسـلىدە ھەممىـگە ئايـان بولغىنىـدەك ئۇرۇشـقا قاتناشـقان ئەنگلىــيە قوشــۇنلىرىنىڭ ســانى نىســبەتەن ئــاز، شــۇنىڭدەك كــوپ ســاندىكى ئامېرىكــا گېنېراللىرى مونتگومېرىنىڭ بەكلا ئېھتىياتچـان تـاكتىكىلىرى بەكـلا كـۆپ يۈتلىكاشاڭلىق پەيـدا قىلىـۋەتكەن دەپ قارىماقتـا ئىـدى. ئـۇ كـۈنلەردە، ھىتلېـر بـۇ ئىككـى ئىتتىپاقـداش ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتكە بۇزغۇنچىلىق سېلىشنى خىيال قىلىپ يـۈرگەن بولـۇپ، ئىنسـان ماھىيىتىــدىكى بۇنــداق ئالاھــدىلىك راســتىنلا ئــۇلارنى زىددىيەتلەشــتۈرۈپ قويغانــدەكمۇ قىلاتتى. بۇ جەھەتتە ھىتلېر ئـادەم مـاھىيىتىگە رەخـمەت ئېيتسـا بولىـدۇ. شـۇنداقتىمۇ بىـر تەرەپتىن ھەربىي ئادەم، يەنە بىر تەرەپتىن دىپلومـات بولغـان ئەيزىنخـاۋېر، ئىككـى تەرەپ سېپىدىكى نارازىلىق ھېسسىياتلىرىنى تىزلا يوق قىلىۋېتىدۇ.

17-يانىۋار كـۈنى، ھىتلېـر چارىسىز قالىـدۇ. مانتېۋفېلنىـڭ قىسـىملىرى بەكـلا يـاش، بەكـلا قېـرى ھەمـدە كارغـا كەلـمەس ئەسـكەرلەردىن تەشـكىل تاپقـان ئـاز بىـر قىسـىم

پىيادىلارنى كەينىگە قالدۇرۇپ ئومۇمىي يۈزلۈك چېكىنىش سېپىگە قېتىلدۇ. بۇ زەئىپ ئەسكەرلەر ئارقا سەپ تەمىناتىغا ئېرىشەلمىگەنلىكىگە قارىماي، يەنىلا قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ، ئۇرۇشنىڭ ئاخىرىنى يىغىشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى 13~14 ياشلىق ئەسكەرلەر ئۇرۇشۇپ يۈرۈپ ئۆلگەن بولۇپ، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن تۇغلاپ قېتىپ كەتكەن ئالقانلىرىدا قۇراللىرىنى چىڭ قامالاپ يېتىشاتتى. 50 نەچچە ياشلىق ئەسكەرلەر گەملەردە ياتقىنىچە ئۆلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ پۇتلىرى چىرىپ قارىداپ كەتكەن ئىدى. كەينىگە چېكىنگەن گېرمانىيە ئارمىيىسى يول ئۈستىدە يەنە ئايروپىلانلار بىلەن زەمبىرەكلەرنىڭ توپقا تۇتۇشىغا ئۇچراپ تۇراتتى. بۇ بالادىن قۇتۇلۇپ چىقالىغانلارنىڭ ھەممىسى ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ توپ كۈچىنىڭ نەقەدەر شىددەتلىك ئىكەنلىكىنى ھەر ئۇنتالمايدۇ. قاتار كەتكەن يۈك ماشىنىلىرى، تانكىلار ۋە ئۆزىنى ئۆزى سۆرەپ ماڭىدىغان توپ-زەمبىرەكلەر قار-مۇز قاپلاپ كەتكەن چوڭ-كىچىك يوللاردا گېرمانىيە تۇپراقلىرىغا قاراپ گۈلدۈرلەپ كىتىۋاتىياتتى؛ قاتار كەتكەن ئاخىرى يوق ئەسكەرلەر سېپى قار كېچىپ بەكلا مۈشكۈل كېتىۋاتاتتى. ئۇلار سوغۇق ھاۋانىڭ جاپاسىنى تارتىپلا قالماي، يەنە كەينىدىن قوغلاپ ماڭغان دۈشمەننىڭمۇ دەردىنى تارتىشاتتى.

"قىيالىق ئوپېراتسىيىسى" شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقان ھېسابلاندى. بۇ ئۇرۇش ھەرىكىتى چەيلەپ ۋەتۇەرىكى چىقىرىۋېتىلگەن ئىككى كىچىك دۆلەتنى كەينىدە قالدۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، ۋەيران بولغان قورو-قورۇقلار، ئۆلگەن مالۋارانلار، ئۆلگەن روھلار، ئۆلگەن قەلبلەر ... ۋە شۇنىڭدەك 75 مىڭدىن ئارتۇق جەسەتلەرنىمۇ كەينىدە قالدۇرۇپ ئاخىرلاشقان بولدى.

"كۆزلۈك تۇمان" ھەرىكىتى خۇددى يارىلانغان بالادەك دىۋىدەك ھىتلېرنىڭ يېنىغا قايتىدۇ. بۇ ھەرىكەت، نۇرغۇن كىشىلەرگە ئۆز ۋاقتىدا ناپولېئوننىڭ موسكۋادىن تارمار بولۇپ چېكىنگەنلىك مەنزىرىسىنى ئەسلىتەتتى. ئەسكەرلەر پۇتلىرىغا تاغار پارچىلىرىنى يۆگىۋالغان، بېشىغا تىتىلىپ كەتكەن لاتىلارنى يۆگەشكەن، ئۈشۈپ كەتكەن پۇتلىرىنى سۆرەشكىنىچە قار ئىچىدە سۆرۈلۈپ ئارانلا كېتىشىۋاتاتتى. ئۇلار يەنە سۆڭەكتىن ئۆتكىدەك سوغۇق شىۋىرغان بىلەن دۈشمەن توپ ئوقى ۋە سنارىيەتلىرىگىمۇ چىداشقا مەجبۇر ئىدى. ياردار ئەسكەرلەر چىرىپ كەتكەن ئۈچەي باغرىنى قامىلاشقىنىچە، يىرىڭداپ كەتكەن يارىلىرى بىلەن، قۇلاقلىرىمۇ يىرىڭلاپ كەتكەن قىياپەتتە ئانا تۇپراقلىرىغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئىككى ئايىقى ئۈيۈشۈپ قالغان، پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ دېگەندەك شەرققە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلاردىن نۇرغۇنلىرى دىزىنتېرىيە كېسىلىنى يۇقتۇرىۋالغان بولغاچقا، قارلىق يوللار قان

داغلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئەۋراتلىرى بىلەنمۇ بۇلغانماقتا ئىدى.

ئۇلار پۈتۈنلەي غۇرۇرىنى يوقاتقان ئىدى. بۇ قېتىملىق چوڭ تارمار بولۇشتىن ساق قالالىغانلار ئارىسىدار گېرمانىيەنىڭ قايتا غەلىبە قازىنالىشىغا ئىشىنىدىغان بەكلا ئاز ئادەم قالغان ئىدى. يۈرتىغا قايتىپ كېلەلىگەنلەرنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك گېرمانىيە ئەندى مەۋجۇت بولالمايدۇ، ئامېرىكا بەكلا كۈچلۈك ئىكەن، شۇڭدەك ئاردېنىدىكى قورقۇنۇچلۇق قۇرال بولغان ئامېرىكىنىڭ قىرغۇچى ئايروپىلانلىرىنىڭ ۋەھىملىك ھېكايىسىنى، ئۇرۇشتا پىشىپ چىققان ئامېرىكا ئەسكەرلىرى ھەققەتەنمۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ جەۋھەرلىرىدىن ئىكەن، ئەمما بۇنىڭغا ھىتلېر پەقەتلا ئىشەنمەيدىكەن دېگەندەك قاراشلارنىمۇ بىرگە ئېلىپ كېلىشكەن ئىدى.

# 30. "بۇ قېتىم، ھەرگىزمۇ تۈن يېرىمىدىن بەش مىنۇت بۇرۇن ئەل بولمايمىز"

20 .4 .1945 ~ 17 .1 .1945

1

1945-يىلى 17-يانۋاردا، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بالتىق دېڭىزى رايونىدىكى گېرمانىيە ئارمىيىسىنى تارمار كەلتۈرۈپ ياكى ئۇلاردىن ياندىپ ئۆتۈپ كېتىپ، ۋارشاۋادىمۇ لوۋېر دەرياسىدىن ئۆتۈپ سىلېسىيەگە يېتىپ باردۇ. سوۋېتلىكلەر ئاۋشۋىتزغا يېقىنلا كېلدۇ. ئۇرۇقنى قۇرۇتۇش لاگېرىدىكى كىشىلەرمۇ سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ توپ-زەمبىرەك ئاۋازلىرىنى ئاڭلاشقا باشلايدۇ. ئۆتكەن بىر قانچە ھەپتە جەريانىدا قۇرۇتۇش لاگېرىنى قوغداپ تۇرىۋاتقان ئېس-ئېسچىلار قوشۇنى ئوپچە قىرغىنچىلىق ئىزلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن لاگېردا ئاياق ئىسكىلاتى، كېيىم-كېچەك ۋە چاچ ئىسكىلاتى قاتارلىقلارنى بىرمۇ-بىر چۇۋۇپ يوقۇتۇش ئىشىغا كىرىشكەن ئىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن، بۇ رايوندىكى نېمىس ئەمەلدارلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قېچىپ كېتىشىدۇ. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، قوغداش ئەسكەرلىرى كىيىم-كېچەكلىرى تىتىلىپ كەتكەن، بىر تېرە-بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان مەھبۇسلارنى جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق شىۋىرغاندا بىر يەرگە توپلاپ، ئۇلارنى گۆرۈگە تۇتۇپ تۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ ئالدىغا سېلىپ غەرىپكە قاراپ ھايداپ ماڭىدۇ. بۇندىن باشقا، نېمىسلار سوۋېت قوشۇنلىرىنىڭ لاگېرنى بومباردىمان قىلغىنىدا يوقۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىپ ئۆرە تۇرغىدەكمۇ ماجالى قالمىغان بەدىنى بەكلا ئاجىز 6 مىڭدەك مەھبۇس لاگېردا قالدۇرۇلغان ئىدى. ئەمما 27-يانۋاردا قىزىل ئارمىيە ئېقىنى بۇ قىرىپ يوقۇتۇش لاگېرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگىنىدە، لاگېردا يەنىلا 5 مىڭدەك كىشى ئامان قالغان ئىدى. بۇ كىشىلەر ئۇرۇغلاپ توغراق كۆتكىدەك ھالغا كېلىپ قالغان بولۇپ، ھەتتا قۇتقازغۇچىلىرىنى ئىسقىرىق چېلىپ قارشى ئالغىدەكمۇ ماجالى قالمىغان ئىدى. بۇ چوڭ ئۆلۈم لاگېرىدا دەلىللەرنى يوقۇتۇش ئۈچۈن تا ئەتىگەن سەھەرگىچە ھەپىلىشى بېقىپ، ئاخىرى زەھەرلىك گاز بۆلۈمى بىلەن 5 يەردىكى ئۆلۈك كۆيدۈرۈش خۇمدىنىنى پارتلىتىپ

تۇزلىنىۋېتىدۇ.

شۇنىڭغا قارىماي، بۇ ئۇرۇنۇشلىرىمۇ ھىتلېرنىڭ ئۆلۈم زاۋۇتىدىكى بۇ قورقۇنۇچلۇق جىنايى پاكىتلىرىنى يوق قىلىۋېتەلمىگەن ئىدى. گەرچە پۈتۈن دەلىللەر يو قىلىۋېتىلگەن ياكى پارتلىتىپ تۇزلىنىۋېتىلگەن بولىشىغا قارىماي، قىزىل كىرىست جەمىيىتىنىڭ ئادەملىرى يەنىلا 369 مىڭ 820 قۇر ئەرلەر كىيىمى، 836 مىڭ 255 دانىنە ئاياللار پەلتوسى، 13 مىڭ 964 پارچە زىلچە-گىلەم ۋە 7 توننا چاچنى قولغا چۈشۈرەلەيدۇ. ئۇلار يەنە تاغدەك دۆۋىلەنگەن چىش چوتكىسى، كۆزئەينەك، ئاياق كىيىم، ياسالما پۇتنى، ھەمدە 100 مىڭدەك زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ مازارىنى كۆلاپ چىقىرىدۇ.

بېرلىندا بولسا، گېنېرال گۇدېرىئان بىلەن ئۇنىڭ ئادىيۇتانتلىرى شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن باش مىنىستىرلىك بىناسىنىڭ ئالدىدىكى ئون نەچچە باسماقلىق پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈلۈپ، بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئالى دەرىجىلىك ھەربىي ئىشلار يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن باش مىنىستىرلىككە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار باش مىنىستىرلىك بىناسىغا كىرگەندىن كېيىن، بىر مۇنچە سوقماق كارىدورلاردىن ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاخىرى ھىتلېرنىڭ ئىشخانىسى بار يەرگە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار، ئىتتىپاقداش ئەللەر ئارمىيىسى ئايروپىلانلىرىنىڭ بومباردىمانىغا ئۇچراپ تۇرغاچقا ئۇدۇل يوللار تاقىۋېتەلگەچكە ئەنە شۇنداق ئېلىنىپ مېڭىشقا توغرا كەلگەن ئىدى. ئۇلار ئۆتكەن كورىدورلارنىڭ پەنجىرىلىرى پەنەركىلەر بىلەن مىخلىنىۋېتىلگەن، زال ۋە ئۆيلەرنىڭ ھېچ بىرىدە بىرەرمۇ رەسىم ئېسىلمىغان، يەر ياكى تاملاردىمۇ گىلەملەر ئېلىپ تاشلانغان ئىدى. ئۇلار ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاخىرى بىر مېھمان سارايى زالىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ زالنىڭ ئىشىكىدە بىر ئەسكەر يەڭگىل پىلىموتنى تۇتقىنىچە پوستا تۇراتتى. يەنە بىر ئېس-ئېس ئەمەلدارى ئەدەپ بىلەن ئۇلاردىن يان قۇراللىرىنى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ ھۆججەت سومكىلىرىنىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. 20-ئىيۇلدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان بۇ تەكشۈرۈش تۈزۈمى قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش قوماندانىنىمۇ تەكشۈرۈشتىن ئامان قويمىغان ئىدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 4 كە كەلگىچە، سارايى ئىچى ھەربىي رەھبەرلەر بىلەن لىق تولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گېۋرىڭ، كېيتېل ۋە جودللارمۇ بار ئىدى. بىر ئازدىن كېيىن فۇھرېرنىڭ ئىشخانىسىغا تۇتىشىدىغان ئىشىك ئېچىلىدۇ. بۇ ئىشخانا، كەڭتاشا بىر ئىشخانا بولۇپ، ئاساسەن بېزەلمىگەن بىر بۆلۈم ئىدى. تام تەرەپتە چوڭ بىر ئىش ئۈستىلى قويۇلغان؛ ئۈستەل كەينىگە قارا رەڭلىك قاپ بىلەن قاپلانغان بىر ئورۇندۇق قويۇلغان ئىدى. ئىش ئۈستىلىنىڭ ئۇدۇلىدا باغقا قارىغان بىر پەنجىرە بار ئىدى. يىغىنغا قاتناشقان

ھەر قايسى ئالى دەرىجىلىك قۇماندانلار تېرە قاپلانغان ئورۇندۇقلاردا ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئاديۇتانتى ياكى تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرى بولسا ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى ياكى تىك يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرىشاتتى.

سائەت 4 تىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە، ئادولف ھىتلېر سول قولىنى ئىسسىۋالغان، دۈمچەيگەن قىياپەتتە ئىگىلگىنىچە پۇتلىرىنى سۆرەپ كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ جانسى ئوڭ قولى بىلەن بىر قانچە كىشى بىلەن قول ئېلىشىپ سالىمىنى بىلدۈرىدۇ. ئاندىن ئاديۇتانتلاردىن بىرى سۈرۈپ بەرگەن ئورۇندۇققا كېلىپ ئۆزىنى تاشلىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالىدۇ. يىغىن باشلانغاندىن كېيىن، گۇدېرىئان شەرقتە ئوتتۇرغا چىقىۋاتقان كۆڭۈلسىز ناچارلىشىپ كەتكەن ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىدۇ. ئۇ، قىلچە يۇشۇرماي ئۈچۈق سۆزلەيدۇ. بۇنىڭغا قارىتا ھىتلېرنىڭ ئەكلىپلىرى ئەندى قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگىنىدەك بەكلا ئاز ئىدى. ئەمما مۇھاكىمە تېمىسى غەربىي سەپ ئۇستىگە يۆتكىلىشى ھامان ئۇنىڭ ھاياجىنى ئۇرغۇپ، پات-پاتلا تەنقىتلەپ، ئۆزى قاتناشقان ئۇرۇشنى سېغىنغانلىق سۆزلىرىنىمۇ قىلىپ قوياتتى ("بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىللىرىدە، يەنى 1915 ۋە 1916-يىللىرى ئارىلىقىدا، بىزنىڭ ئالىدىغان مۇكاپاتىمىز ئوق-دورا بولاتتى. قانچىكى كۆپ مۇكاپاتقا ئېرىشسەك شۇنچە غادىيىۋالاتتۇق."). بۇنىڭغا ئۇلاپلا ھەربىي سەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن ئالغان ئۇنۋانىنىڭ بەكلا تۆۋەن بولۇپ قېلىشى مەسىلىسىدە گېيۆرىڭ بىلەن بەكلا ئۇزۇن تالاش تارتىش قىلىدۇ. يىغىن چۈشتىن كېيىن سائەت 6 دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە ئاخىرلىشىدۇ. گۇدېرىئانمۇ شۇچاغدا ئاران يىغىندىن چىقىپ زوسسېنغا قايتالايدۇ. ئۇ، بۇ يىغىندا ئۇلار ئىككى يېرىم سائەتتەك قۇرۇق گەپ قىلىشىپ، شۇنچە مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان شەرقى ئۇرۇش سېپى ھەققىدە بىرەرمۇ قارار ئېلىشمىغانلىقى ئۈچۈن بەكلا چېچىلغان ئىدى.

بۇ مەسىلىلەردىن بىرسى ھىملېرنىڭ مەسىلىسى ئىدى. ئۇ تېخى يېقىندىلا بۇيرۇق بويىچە جىددى تەشكىللەنگەن بىر توپكورپۇسنىڭ قۇماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن ئىدى. بۇ كورپۇسنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى، مارشال گ. ك. ژۇكوفنىڭ ئاساسى كۈچلىرىنى توساش ئىدى. گۇدېرىئاننىڭ قارىشىچە، بۇنداق بىر كىشىنىڭ شۇنچە مۇھىم بىر ئورۇنغا تاللىنىشى ھەققەتەنمۇ ئاخماقلىق ئىدى. ئەمما ھىتلېر ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ پەقەت ھىملېرلا بىر كېچىدە بۇنداق ئاساسلىق كۈچتىن بىرنى تەشكىللەپ چىقالىشى مۇمكىن، ئۇنىڭ ناملا كىشىلەرنى ھاياجانغا سېلىپ ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇش ئىرادىسىگە كەلتۈرەلىشى مۇمكىن، دەپ تۇرىۋالىدۇ. بورمانمۇ بىر تەرەپتە ھىملېرنىڭ بۇ ۋەزىپىگە قويۇلۇشىنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرغان بولسىمۇ، ھىملېرغا يېقىنلىشالايدىغان كىشىلەر

ئومۇمەن ئالغاندا بۇ ۋەزىيەت باشلىقنى ۋەيران قىلىۋېتىشنىڭ بىر يوشۇرۇن پىلانى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئۇنى شەرق سېپىگە مەسئۇل قىلىپ يولغا سېلىش، ئۇنى ئالىي قۇماندانلىقتىن يىراقلاشتۇرۇشنىلا مەقسەت قىلىپ قالماي، يەنە بورماننىڭ كۈندىن كۈنگە كۆپىيىپ بارغان ھىتلېرنى تېزگىنلەش ئىمكانىيەتلىرىنىمۇ كۈچەيتىپ بېرەتتى. شۇنىڭدەك يەنە بۇ ئىش، ھىملېرنىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتە نەقەدەر قابىلىيىتى يوق بىرى ئىكەنلىكىنىمۇ كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈش ئىمكانىيىتىنى يارىتالايتتى.

ھىملېر ئەسلىدە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىرسېرلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ۋاقتىدا قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىپ ئۇرۇش قىلىشنى بەكلا ئارمان قىلاتتى. مانا ئەندى، ئۇ، مەجبۇرلىنىپ بولسىمۇ بۇنداق بىر پۇرسەتكە ئېرىشكەن ئىدى. گەرچە ئۇ بورماندىن يىرگىنگىنى بىلەن، بۇ رەقىبىنىڭ ئۆزىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى ئۈچۈن تەييارلىقتا ئىكەنلىكىنى پەقەتلا خىيال قىلمىغان ئىكەن. ھىملېر ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ شەرققە قاراپ ئاتلىنىپ، رۇسىيەلىكلەرنى ۋىستۇلا دەرياسىدا توساپ زەربە بېرىشكە ئىرادە باغلايدۇ. ئۇنىڭ رۇسىيە ئارمىيىسىگە توسۇپ زەربە بېرىشتا پايدىلىنىدىغانغا ئارانلا بىر قانچە شتاپ باشلىقى بىلەن ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بىر پارچە كونا خەرىتە ۋە ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇق نامى – ۋىستۇلا توپكورپۇسىلا بار ئىدى. بۇ كورپۇستا بىر قانچە چېچىلاڭغۇ بىر قانچە قىسىمدىن باشقا قالغان قىسىملار قۇرۇق قەغەز يۈزىدىكى ئەسكەرلەر ئىدى. يېڭىدىن ياردەمگە كەلگەن قىسىملار يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھىملېر قىسىملارنى سەپلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشقا كىرىشىپ، شەرقتىن غەربكە، يەنى ۋىستۇلا دەرياسىدىن ئودېر دەرياسىنىڭ تۈۋەن ئېقىنىغىچە بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە تىزىپ چىقىدۇ. بۇ بىر ئاخماقلارچە ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدى. چۈنكى، بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش پەقەت پومېرانىيە قولتۇقى بىلەن ئۇنىڭ شىمال تەرىپىنىلا مۇداپىيە قىلالايدىغان بىر سەپ ئىدى. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇلار ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى مۇداپىيە قىلغىنى بىلەن، دەرۋازىنى ئوچۇق تاشلىۋەتكەندەكلا بىر ئىش ئىدى.

بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ژۇكوف بۇ تاق قاتلاملىق مۇداپىيە لىنىيەسىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ غەربكە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرلەش جەريانىدا بەزى ئۇششاق-چۈششەك توسالغۇلارغا ئۇچرىغاندىن باشقا يولنى داۋام قىلىۋېرىدۇ. 27-يانۋار كۈنى، يەنى ھىتلېرنىڭ ئالىي قۇماندانلار ھەربىي ئىشلار يىغىنى ئاخىرلاشقان كۈنى، ژۇكوفنىڭ قىسىملىرى بېرلىنغا 100 مىلدەكلا يىراقتا ئىدى. ئەندى ئۇلارنىڭ باش مىنىستىرلىكنى ئىشغال قىلىشتا قەتئىي يېڭىپ چىقىشقا تېگىشلىك بولغان ئەڭ ئاخىرقى مۇھىم تەبىئىي توسالغۇ _ ئۇلارنىڭ يولىنى توساپ توغرىسىغا كېسىپ تۇرغان ئودېر دەرياسىلا قالغان ئىدى.

ئۈچ كۈن كېيىن، ھىتلېر پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئۇ نۇتقىدا خەلقئارالىق يەھۇدىيلار دېگەن بۇ ئالۋاستى بىلەن ئاسىيا بولشېۋىكچىلىكى ھەققىدە توختىلىدۇ. كەينىدىنلا پۈتكۈل گېرمانىيەگە چاقىرىق قىلىپ، ھەممە كىشىنى مەسئۇلىيىتىنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. "بۈگۈنكى ۋەزىيەت ھەرقانچە ئېغىر بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، _ دەيدۇ ھىتلېر نۇتقىنىڭ ئاخىرىدا، _ قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن، ئاخىرقى ھېسابتا بىزنىڭ يېڭىلمەس ئىرادىمىز، ئۆلۈشكە تەييار غەيرىتىمىز ۋە بىزنىڭ قابىلىيىتىمىز تەرىپىدىن يولغا سېلىنىدۇ. بىز چوقۇم بۇ ئاپەت ئۈستىدىن غالىپ كېلەلەيمىز؛ بۇ ئۇرۇشنىمۇ ئورتا ئاسىيالىقلار ئەمەس بەلكى ياۋروپا ئۇتۇپ چىقىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى ئۆتكەن 1500 يىلدىن بېرى ياۋروپانىڭ ئاسىيالىق مىللەتلەرگە قارشى تۇرۇۋۇشىغا ۋەكىللىك قىلىپ كېلىۋاتقان ھەمدە چوقۇم مەڭگۈ ياۋروپا مىللەتلىرىگىلا ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ مىللەت: بۈيۈك گېرمان ئىمپېرىيىسى ۋە نېمىس مىللىتىدۇر."

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، بورمان بوش ۋاقتىنى پايدىلىنىپ "سۈيۈملۈك قىزچىقى"غا ئازىراق قۇرتۇلغان كۆكتات ساقلاپ قويۇۋشىنى، يەنى 50 فوند ھەسەل دېگەندەك نەرسىلەرنى ساقلاپ قويۇشنى تاپىلايدۇ. ئۇ خېتىدە يەنە بولشېۋىكلارنىڭ ھەربىر كەنتتە قانلىق تازىلاش ئېلىپ بارغىنىدا بەكلا كۆپ جىنايەتلەرنى ئىشلەۋاتقانلىقىنىمۇ ئېيتىدۇ. "سىز باللار بىلەن ھەرگىزمۇ بۇ ياۋايىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماڭلار!" دەپ ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. بۇنىڭدەك خەۋەرلەر كېلىپ تۇرغىنىغا قارىماي، فۈھرېر يەنىلا شۇ بۇرۇنقىدەك قىياپەتتە ئىدى.

كەچلىك باش قوشۇش يىغىنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بىر قىسىم يىغىن قاتناشقۇچىلىرى قايتماي زالدا قالغان ئىدى. ھىتلېر ئۇلارغا غەيرى رەسمى تۈردە سىياسىي ۋەزىيەت ھەققىدە سۆزلەپ كېتىدۇ. ئۇ، خۇددى بىر پروفېسسورنىڭ بىر توپ قابىلىيەتلىك شاگىرتلىرىغا لېكسىيە سۆزلەۋاتقاندەك بەكلا خاتىرجەم سۆزلەيتتى. ئۇ چۈشەندۈرۈپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ "كۈزلۈك تۇمان" ھەرىكىتىنى قوزغىشىمدىكى مەقسەت ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنى پارچىلاشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. گەرچە بۇ ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالغاندەك قىلساقمۇ، ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئىككىسى بۇ ئۇرۇشنى قايسىمىز يېڭىپ چىقالايمىز دەپ ئاشكارە جىدەل قىلىشىپ بەكلا قىزىپ كېتىشتى. شۇڭا، بۇ ئىككى ئىتتىپاقداش دۆلەتنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشى قاش-بىلەن كىرپىك ئارىسىدىكىلا بىر ئىش.

گۆدېرئان كۆڭلى باشقا يەردە تىنماي سائەتكە قارايتتى. ئەمما ياش ئوفىتسېرلار ھىتلېرنىڭ گېپى ئىچىگە كىرىپلا كەتكەن ئىدى. فۈھرېر، ئۇزۇنغا قالماي غەرپلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي دۈشمىنىنىڭ بولشېۋىكلار ئىكەنلىكىنى چوقۇم تونۇپ يېتىدۇ. شۇنداق

بولغاچقا، چوقۇم بىر كۈنى ئۇلار گېرمانىيە بىلەن بىرلىكتە بولشېۋىكلارغا قارشى يۈرۈش باشلىتىدۇ. چېرچىل بىلەن قالغانلارنىڭ ھەممىسلا ئەگەر بېرلىن قىزىل ئارمىيە تەرىپىدىن بوي سۇندۇرۇلۇشىلىنغىنىدا ياۋروپانىڭ يېرىمى دېگۈدەك كومپارتىيىنىڭ دۇنياسىغا ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئۇزۇنغا قالمايلا قالغان قىسمىنىمۇ يۇتۇپ بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. "شۇڭا بىز ئەزەلدىن غەرپلىكلەر بىلەن ھەقىقىي تۈردە ئۇرۇش قىلمىدۇق. ... ئەكسىنچە، ئۇلار بىزنى ئۇرۇشۇشقا مەجبۇرلىدى." ئەمما رۇسىيەنىڭ پروگراممىسى بارغانسېرى ئېنىق ئوتتۇرغا چىقىشقا باشلىدى. ستالىن پولشادا كومپارتىيە قوللايدىغان لۇبلىن ھۆكۈمىتىنى ئېتراپ قىلغان ۋاقتىدا روزۋېلتىنىڭمۇ كۆزى ئېچىلغان ئىدى. شۇڭا ۋاقىت بىزنىڭ دوستىمىز. شۇڭا بىز شەرقىي سەپنى ئۆلگىچە چىڭ تۇتۇشقا بەل باغلىدۇق. ئۇ يەردىكى قەتئىي قولدىن بەرمەي ساقلاپ كېلىۋاتقان ھەربىر مۇھىم ئۆتكەل، چوقۇم گېرمانىيە-ئامېرىكا-ئەنگلىيە بىرلىشىپ يەھۇدىي بولشېۋىكلىرىنى يوقۇتۇش ئۇرۇشىغا ئاتلىنىشنىڭ سەكرەش تاختىسىغا ئايلىنىدۇ. بۇنداق ئىككەنلىكى ھەممىگە بەش قولدەك ئايان ئەمەسمۇ؟ ھىتلېرنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى يوقۇرىلىماقتا ئىدى. ئۇ كۆپچىلىكنى ئاگاھلاندۇرۇپ كېلىپ، "1918-يىلىدا، گېرمانىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ سۆيىقەستىگە ئۇچرىغان ئىدى. ئەگەر ئۇنچىۋالا ئالدىراپ تەسلىم بولمىسا ئىدى، گېرمانىيە چوقۇم شەرەپلىك تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرەلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭدەك ئۇرۇشتىن كېيىنمۇ قالايماقانچىلىق پەيدا بولمىغان، كومپارتىيىنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىش ئۇرۇنۇشىمۇ كۆرۈلمىگەن، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىمۇ يۈز بەرمىگەن، ئىختىسادىي بوھرانمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى. شۇڭا بىز بۇ قېتىم، ھەرگىزمۇ تۈن يېرىمىمىغا 5 مىنۇت قالغاندا ئالدىراپ تەسلىم بولماسلىقىمىز كېرەك!"

31-يانۋار كۈنى، ھىتلېر ئۇيغۇنۇشى ھامان كىشىنى چۆچۈتىدىغان بىر خەۋەر ئاڭلايدۇ: سوۋېت ئىتتىپاقى تانكىلىرى ئودېر دەرياسىدىن ئۆتۈپ كەتتى! شۇنداق قىلىپ، دۈشمەننىڭ بېرلىنغا كەلگىچە بولغان ئارىلىقتا دۈچ كېلىدىغان تىلغا ئالغۇدەك ھېچقانداق بىر تەبىئىي توسقى قالمىغان ئىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن، بېرلىن ئۇرۇش پارتىلىغاندىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر بومباردىمانغا ئۇچراپ، كىشىلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. بومباردىمان قىلىشقا كەلگەن بۇ ئامېرىكا ئايروپىلانلىرىنىڭ سانى مىڭدىن ئارتۇقتەكلا كۆرۈنەتتى. ئۇلار بومباردىمان قىلىپ شەھەر مەركىزىنى ئاساسەن تۈپ-تۈز تۈزلىۋېتىدۇ. بۇ بومباردىماندا ئۆلگەنلەردىن بىرى خەلق سوتىنىڭ باشلىقى رولاند فرىزلېر بولۇپ، ئۇ دەل شۇ پەيتتە 20-ئىيۇل سۆيىقەستچىلىرىدىن فابىيان ۋون شلابرېندورفنى سوتلاۋاتقان ئىدى. مانا ئەندى، فرىزلېر ئىگىز بىر تۈۋرۈك ئۆستىدە ئېسىلغىنىچە ئۆلگەن

بولۇپ، قولتۇقىدا شىلابرىندورفنىڭ جىنايى دىپلوسىمۇ قولتۇقىدا قىسىغلىق پېتى قالغان ئىدى. "تەڭرىنىڭ جازاسىنى ھېچكىم پەرەز قىلالمايدىكەن. – دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزىدۇ فابىيان، _ بۇ يەردە مەن سوتلانغۇچى، ئۇ سودىيە ئىدى. مانا قاراڭ، ئۇ ئۆلۈپ مەن ساق قالدىم."

ئۇنى، باشقا ئىككى نەپەر قارىلانغۇچى بىلەن قوشۇپ ئالدىراش ماشىنىغا ئولتارغۇزۇپ گېستاپو تۈرمىسىگە ئاپىرىپ قاماپ قويىدۇ. كۈندۈز بىر ۋاقىت بولسىمۇ ھەممە يەرنى چاڭ-توزاڭلار قاپلاپ كەتكەچكە ئەتراپ قاپ-قاراڭغۇ بولۇپ كەتكەن ئىدى. ھەممە تەرەپتىن شىددەتلىك ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلەتتى. شاھزادە ئالبرېچت كوچىسىغا جايلاشقان گېستاپو تۈرمىسىمۇ يانماقتا ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي تۈرمىنىڭ يەرئاستى ھاۋا مۇداپىيە تۈنىلى بەك ئېغىر زەخىملەنمىگەن ئىدى. شىلابرىندورف يەنە بىر مەھبۇسىنىڭ، يەنى كانارىسنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ "فرېزلېر پارتلاشتا ئۆلدى!" دەپ ۋارقىرايدۇ. بۇ خۇشخەۋەر تېزلا مەھبۇسلار ئارىسىغا يېيىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇ يەردىن قېچىپ يىراقلىشالىسا، ئىتتىپاقداش ئارمىيە كېيىنكى سوتتىن بۇرۇن ئۇلارنى قۇتقۇزىۋالالىشى مۇمكىن ئىدى.

بۇ قېتىمقى ھاۋا ھۇجۇمىدا ھىتلېرنىڭ قۇماندانلىق شتابىمۇ ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرايدۇ. ئەتىسى، بورمان ئايالىغا يازغان خېتىدە قۇماندانلىق شتابىدىكى پاجىئەلىك مەنزىرىنى تەسۋىرلەپ كېلىپ، سىرت بىلەن بولغان پۈتۈن ئالاقىلارنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى، چىراق يوق، توك يوق، سۇ يوق ئىكەنلىكىنى يازىدۇ. "باش مىنىستىرلىق مەھكىمىسى ئالدىغا بىر سۇ توشۇش باكى قويۇلغان بولۇپ، تاماق ئېتىش، يۇيۇنۇش قاتارىدىكى ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان سۇ ئەنە شۇ باكقا قاراشلىق ئىدى! مۇلازىملارنىڭ دېيىشىچە ئەڭ يامان بولغىنى تەرەتخانىنىڭ ھالى بولۇپ، ھۇجۇمغا ئۆتىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى بۇ تەرەتخانىغا كىرىپ چىقماقتا بولۇپ، ھېچكىم بىرەر چېلەك سۇ ئەكىرىپ ئەۋرەزنى تازىلىۋېتىشنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى." بۇ چاغدا كۈندىلىك ھەربىي ئىشلار يىغىنىغا قاتنىشىدىغان بورمان، بەكلا غەلىتە بىر شەكىلدە فۇھرېر بىلەن مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەشكە تىرىشماقتا ئىدى. شۇ كۈنلەرگە كەلگەندە ئىشەنچ ۋە كۆڭۈل بۆلۈش جەھەتلەردە گيۆرىڭ، سپېر ۋە ھىملېرلارنىڭ ھېچ قايسى بورمانغا تەڭ كېلەلمەيتتى. ئاخىرى بۇنى گيوببېلسمۇ ھېس قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھىتلېرغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنىڭ بورماننىڭ تۇراقسىز مۇناسىۋىتىنىڭ ئاخىرغىچە داۋاملىشىپ-داۋاملاشالماسلىقىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى سېزىدۇ.

فېۋرالنىڭ كىرىشلىرىدە، شەرەپ تاجى بورماننىڭ ئۈستىگە قونىدۇ. فۇھرېر ئۇنىڭغا

بىر پارچە سىياسى ۋەسىيەتنامە ئېيتىپ بېرىدۇ. گەرچە ھىتلېرنىڭ ئۆمىدى كېسىلمىگەن، قانداقتۇ بىر مۆجىزە ئوتتۇرغا چىقىپ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىۋېتىشىنى تاما قىلىپ يۈرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئەگەر ئىمپېرىيە راستىنلا يىمىرىلىپ كەتكىدەك بولىدىكەن، تارىخ ئۇنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئازلا قالغانلىقىنى تارىخ بەتلىرىدە يېزىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ۋەسىيىتىنى قالدۇرىدۇ. بۇ بىر سىموۋۇللۇق بىر ئۇرۇنۇش ئىدى. شۇڭا، 4-فېۋرالدا، بولشېۋىكلار بېرلىن دەرۋازىسىغا قىستاپ كەلگىنىدە، ھېرىپ چارچاشنى بىلمەيدىغان بورمان ھىتلېرنىڭ تارىختا قوشقان خاتالىق نەدە دېيدىغان ئەڭ ئاخىرقى چۈشەندۈرۈشنى يېزىپ قالدۇرىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا، ئەنگلىيە ئەسلىدە 1941-يىلىنىڭ باشلىرىدىلا بۇ ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرالىشى مۇمكىن ئىدى. "ئەمما يەھۇدىيلار بۇنىڭغا ئۇنىمايتتى. ئۇلارنىڭ گۇماشتىسى بولغان چۆرچىل بىلەن روزۋېلت ئىككىسىمۇ بۇنىڭغا توسالغۇلۇق قىلدى." ئەسلىدە بۇنداق بىر تىنچلىق ئامېرىكىنىڭ كېلىپ ياۋروپا ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشىغا چەكلىمە قويالىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭدەك گېرمانىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ياۋروپا تېزلىكتە بىرلىشەلىشى مۇمكىن ئىدى. يەھۇدىي دېگەن بۇ زەھەرلىك ئۆسمە كېسىپ تاشلانغىنىدا بۇنداق بىرلىشىش بەكلا ئاسان ئىشقا ئاشىدىغان بىر ھەرىكەت بولۇپ قالاتتى. ئارقا سېپىنى مۇستەھكەملىۋالغان گېرمانىيەمۇ "پۈتكۈل ھاياتىم بويىچە كۆرەش قىلغان ئۇلۇغ غايەم ۋە مىللىي سوتسىئالىزمنى ساقلاپ قېلىش شەرتى بولغان بولشېۋىكلەرنى تازىلاشنىمۇ ئىشقا ئاشۇرالىغان بولاتتىم." ئەگەر ئەنگلىزلار ئەينى ۋاقىتتا بۇنى ئېنىق تونۇپ يېتەلىگەن بولسا ئىدى، پۈتۈن ئىشلار ھەقىقەتەنمۇ بەكلا ئاسان ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان ئاددىي ئىشلارغا ئايلانغان بولاتتى. ئەپسۇسكى ئېنگلىزلار ئۇنى خالىمىدى. شۇنداق قىلىپ گېرمانىيىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشقا تىرىشقان كىشى چىدىيالماي، ئومۇمىي يۈزلۈك ئۇرۇش قوزغاشقا مەجبۇر بولغان ئىدى، دەپ يازدۇرىدۇ.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، ئۇ يەنە بىر پارچە ۋەسىيەت نامە ئېيتىپ يازغۇزىدۇ. "بىزنىڭ دۈشمىنىمىز، ـ دەيدۇ ھىتلېر، ـ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ھۇجۇم قوزغاشقا تەييارلىق قىلماقتا." بۇ ئەڭ ئاخىرقى 15 مىنۇت. ئەھۋاللار بەكلا جىددىي. "بىزنىڭ ئالدىمىزدا بەكلا مۇۋاپىق كەلمىگەن بىر ئىتتىپاق تۇرماقتا. بۇ ئىتتىپاقداشلىق ئۆچمەنلىك ۋە ھەسەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر بىرلەشمە، مىللىي سوتسىئالىزم نەزىرىيىسىدىن ئۈركۈش نەتىجىسىدە مۇستەھكەملەنگەن بىر بىرلىشىش." بۇ تۆردىكى ئىمپېرىيىمىزنى تارمان كەلتۈرۈش ئارزۇلىرىغا نىسبەتەن گېرمانىيىنىڭ پەقەت بىرلا تۆرلۈك تاللاش يولى قالدى: ئاخىرغىچە كۆرەش قىلىش. "ئەڭ ئاخىرقى لەپىر ئاۋازى

چىقمىغانلا بولىدىكەن، دېمەك توپ مۇسابىقىسىمۇ ئاخىرلاشمىغان بولىدۇ.” ناۋادا چېرچىل تۇيۇقسىز غايىپ بولسا بارلىق ئىشلار كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئارىلىقتا ئۆزگىرىش قىلىشى مۇمكىن! ئەندى ھىتلېر جۆيلىگەندەك بىر نەرسىلەرنى سۆزلىمەكتە ئىدى. ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ، شۇ چاغدا ئەنگلىيە ئاق سۆڭەكلىرى كەينىگە بۇرۇلىشى مۇمكىن. “شۇنداق قىلىپ بىزمۇ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلىشىمىز مۇمكىن!”

ھىتلېر بۇ كۈنلەردە ئەڭ كۆپ بولغان كىشىلىرى ئارىسىدا بورماندىن باشقا ئەڭ كۆپ بىرگە بولغان كىشى ئۇنىڭ ئەڭ ئامراق ئارخىتكتورى پاۋۇل گېيسلېر ئىدى. ئۇ ئىككىسى دائىم بىرلىكتە بولۇپ سائەتلەپ مۇڭدىشىم كېتەتتى. بەزىدە ئۇلار بىناكارلىق ياكى بولشېۋىكچىلىك ھەققىدە سۆزلىشىپ كەتسە يەنە بەزىدە سەنئەت بىلەن غەرپ ئىتتىپاقداشلىرى ھەققىدە پاراڭ قىلىشاتتى ياكى بولمىسا ئۆزىنىڭ ياۋروپانى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىپ، بۇنى بىر كەڭ كۆلەملىك بىرلەشمە ھالىغا كەلتۈرۈپ خىيال قىلىپ كېتەتتى ياكى بىر-بىرىنى ماختىشىپ تاڭ يۇرىغىچە ئولتۇرۇپ كېتەتتى. يەنە بەزىدە ئۇلار لامپۇچكىدا يۇپيۇرۇق يۇرىتىۋېتىلگەن يېڭى لىنزنىڭ مودېلى ئۈستىدىن قارىشىپ، ئويلىنىپ، پىكىر يۈرگۈزۈشكە كىرىشىپ قالاتتى. ئۇلار بۇ مودېل ئارقىلىق يېڭى لىنزنى ئاۋۇستىرىيەنىڭ ئۇنچىسى ۋېيىنادىنمۇ ئاشۇرىۋېتىشنى خام خىيال قىلىشاتتى. لىنز ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئۈلگىلىك چوڭ شەھەر بولۇشى كېرەك ئىدى، بۇ خىياللىرىدىن ئۇ ھاياجان ئىچىدە جانلىنىپ كېتەتتى. بەزىدە، ئۇ گېيوبېلسىنىمۇ ئۇيغۇتۇپ چىقىپ چىراق يورۇقىنى تۇتۇپ لىنزنىڭ سەھەر ۋاقتىنى، چۈش ۋاقتىنى، ئاخشىمىنى تەسۋىرلەشكە تىرىشاتتى. بۇ چاغدا ھەققەتەنمۇ ياش ۋاقتىدىكى ھىتلېرغا، يەنى كۈيىزىكقا لىنز شەھىرىنى قايتا قۇرۇپ چىققاندىن كېيىن ئوتتۇرغا چىقىدىغان ئاجايىپ مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ ھاياجان بىلەن سۆزلەپ كېتىۋاتقان ھىتلېرغىلا ئايلىنىپ قالاتتى.

2

12-فېۋرال كۈنى “ئۈچ كاتتىباش”، بىز يېڭىراقتا يالتادا بىر قېتىملىق يىغىن چاقىردۇق. بىز ئۇ يەردە ئۇ ئوق مەركەز دۆلەتلەرنى مەغلۇپ قىلىش مەسىلىسى بىلەن كەلگۈسى دۇنيا مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئورتاق پىكىر بىرلىككە كەلدۇق، دەپ ئېلان قىلدۇ. ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا يىغىن ئاخباراتى قىزغىن قارشى ئېلىندى. بۇ ئاخباراتتى گېيوبېلسىمۇ خوشال بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئاخبارات شەرتسىز تەسلىم بولۇش دەيدىغان بۇ غەلىتى نەرسە بىلەن قايتا تىرىلىش ئىمكانىيىتىنىمۇ بەرمەكتە ئىدى. ئۇ،

روزۋېلت، چېرچىل ۋە ستالىنلار يالتادا ئوتتۇرغا قويغان گېرمانىيەنى پارچىلىۋېتىش ھەمدە ئۇنى زور مىقداردا ئۇرۇش چىقىمى تۆلەشكە مەجبۇرلايدىغان قارار ئېلىشنىڭ ئۆزىلا، گېرمانىيەنىڭ تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىشى كېرەكلىكىنى، ئۇنداق بولمىغاندا پۈتۈنلەي يوقۇتۇلىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە دەپ تالىشىپ چىڭ تۇرىۋالىدۇ.

بۇ تۇر تەشۋىقات ساھەسىدىكى كۆتۈلمىگەن ئۇتۇقتىن ھىتلېرمۇ بەكلا رازى ئىدى. ئەتىسى چۈشتە، ھەربىي ئىشلار يىغىنىدا ھىتلېر گۇدېرىئانغا قاتتىق خاپا بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىنقى كۈندىكى رازىمەنلىك قىياپىتى بەكلا سۇسلىشىپ كېتىدۇ. گېنېرال گۇدېرىئان قوپال بىر شەكىلدە، ئودېر دەرياسىدا ژۇكوفنىڭ تاللانغان قىسىملىرىغا قارشى قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئىشىدا ھىملېرنىڭ بۇنداق بىر تەجرىبىسىنىڭ يوقلىقى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ بۇنداق بىر ئىشقا مەسئۇل بولغىدەك قابىلىيەتكە ئىگە بىرسىنىڭمۇ ئەمەسلىكىنى بايان قىلىدۇ. "سىز قانداقسىگە ئىمپېرىيە باشلىقلىرىغا بۇنداق قوپال تەنقىت قىلىشقا جۈرئەت قىلالايسىز!" دەپ ۋارقىرايدۇ ھىتلېر. گۇدېرىئانمۇ بوش كەلمەي ئۆزىنىڭ ياردەمچىسى گېنېرال ۋالتېر ۋېنكنى بۇ قېتىمقى ئوپېراتسىيىگە قوماندانلىق قىلىشنى چىڭ تۇرۇپ تەلەپ قىلىدۇ. ئەندى ھىتلېرنىڭ چىدىغىدەك ماجالى قالمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئىككىسى ۋارقىراشقىنىچە تالىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار تالاشقانچە شۇنچە قاتتىق قىزىشىپ، يىغىن قاتناشقۇچىلىرى بىر-بىرلەپ قويرۇقنى تىكىۋېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ يىغىن مەيدانىدا ھىملېر، ۋېنك ۋە چېرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن بىر قانچە ئادىيۇتانتلا قالىدۇ. ئۇلار رەسمى ئىككى سائەت مۇنازىرە قىلىشىدۇ. ھىتلېر ھەر سۆزلىگىنىدە بۇ قانداق جۈرئەت! دەپ ۋارقىرىۋېتىپ چوڭقۇر تىنىپ بىر نەپەس ئېلىۋالاتتى. گۇدېرىئانمۇ ۋېنكنى ھىملېرگە ياردەمچى قىلىپ بېرىش تەلىپىنى تەكىتلەپ چىڭ تۇرىۋالىدۇ. ئۇ ھەر قېتىم بۇ تەلىپىنى ئوتتۇرغا قويغىنىدا، ھىملېرنىڭ چېرايى تېخىمۇ بەتەر تاتىرىپ كېتەتتى.

ھىتلېر توختىماي ئۆي ئىچىدە پەرىشان بىر ھالدا ئالدى-كەينىگە مېڭىپ تۇراتتى. ئاخىرىدا، ئۇ ھىملېرنىڭ ئورۇندۇقى ئالدىغا كېلىپ توختىغاندىن كېيىن، ئامالسىز بىر قىياپەتتە، "مەيلى، ھىملېر، گېنېرال ۋېنك بۈ ئاخشام ۋىستۇلا توپكورپۇسىغا بېرىپ شتاپ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالسۇن!" دەيدۇ. ئۇ كېلىپ ئولتۇرغىنىدا رەسمىلا كۈچى قالمىغان ئىدى. "يىغىنىنى داۋاملاشتۇرايلى. _ دەيدۇ ھىتلېر ھارغىن بىر شەكىلدە، _ گېنېرال ئەپەندىم، بۇ ئاخشام قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى مىنىڭ بىلەن بولغان جەڭدە راستىنلا بىر ئۇتۇققا ئېرىشتىڭلار" دەپ ئاچچىق كۈلۈپ قويىدۇ.

ئەتىسى، ھىتلېر تېخىمۇ كۆپ ۋاقتىنى چىقىرىپ ۋەسىيىتىنى ئېغىزچە ئېيتىپ بېرىدۇ.

ئۇ بورمانغا، ناتسىستلار پارتىيىسى يالغۇز ئېغىزىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن يەھۇدىي ۋىرۇسىنى نىمىسلار دۇنياسىدىن تولۇق تازىلاپ چىقىرالىدى. "بىز ئۇچۇن بۇ بىر ئەڭ مۇھىم دېزىنفېكسىيە ھەرىكىتى ھېسابلىنىدۇ. بىز بۇ ئىشنى تا ئاخىرىغا يەتكۈزۈپ ئىشلىدۇق. ئۇنداق قىلمىغان بولساق، بىز ئۆزىمىز بۇ زەھەر ئاستىدا تۇنجۇقۇپ يوقالغان بولار ئىدۇق." ئۇ يەنە ئاشكارىلاپ مۇنداق دەيدۇ: يەھۇدىيلارنى قۇرۇتۇش ئىشى بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم مەقسەتلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. پولشاغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئالدىدا ھىتلېر ئۇلارغا "ئەگەر ئۇلار تۇيۇقسىز ئۇرۇش قوزغاشقا كۈشكۈرتكۈچىلىك قىلغىدەك بولىدىكەن، ئۇلار ھەرگىز كېچىرىم قىلىنمايدۇ، مەن بۇ پارازىت قۇرتلارنى پۈتكۈل ياۋروپادىن قۇرۇتۇپ تاشلەيمەن. بۇ قېتىم بۇ ئىشنى ئاخىرغا يەتكۈزىمەن!" دەپ ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. ئۇ يەنە، بۇ دېگەنلىرىنىڭ ھەرگىزمۇ بىر تەھدىت دەپ قارالماسلىقنى، بەلكى بۇنىڭ بىر تارىخى ۋەزىپە سۈپىتىدە ئىجرا قىلىنىدىغانلىقنى، "ئەگەردە مەن يەھۇدىي دەيدىغان بۇ يىرىڭ قېپىنى يېرىۋەتكىدەك بولىدىكەنمەن، كەلگۈسى دۇنيا ماڭا مەڭگۈ رەخمەت ئېيتىدۇ" دەيدۇ.

ئەتىسى ئاخشىمى دوختۇر گېيسىڭ باش مىنىستىرلىك ھاۋا مۇداپىيە ئۆڭكۈرىدە تۇيۇقسىزلا ھىتلېرنى ئۇچرۇتۇپ قالىدۇ. فۈھرېرنىڭ چىرايى ساغرىپ كەتكەن، ئوڭ بىلىكى تىترەپ تۇرغان؛ بىرەر نەرسىنى تۇتىۋالمىسا تۇزۇكمۇ ماڭالمايدىغان بىر ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقنى كۆرىدۇ. ئەمما ھىتلېر بۇنىڭ بىلەن قىلچە چاتىقى يوق، خۇددى پاتىپون يىڭنىسى بىر يەرنىلا ئايلاپ تۇرىۋالغىنىدەك دائىم بىرلا نەرسىنى سوراپ تۇرىۋالاتتى. "سىز نەدىن كېلىۋاتىسىز دوختۇر؟ ھە راست، كرېفېلدتىن، كرېفېلدتىن، شۇنداق، كرېفېلدتىن كېلىۋاتىسىز ..." ئۇ تىنماي بىر نېمىلەرنى دەپ غۇدۇڭشىپ قوياتتى. ئۇ ئاۋال گېيسىڭغا ئامېرىكىلىقلار "غەربىي ئىستىھكام" دىن مەڭگۈ بۆسۈپ ئۆتەلمەيدىغان بولدى، دەيدۇ. ئاندىن يەنە ئەگەر گېرمانىيە بۇ ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالغىدەك بولسا، ئۇنداقتا گېرمانىيە بارلىق ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە يوقالغىنى تۈزۈك، دەيدۇ. ئاخىرىدا يەنە پو ئېتىپ، بىزدە بىر خىل يېڭىچە قۇرال ئىشلەپ چىقىرىلدى. ئۇنىڭ ئىسمى ئاتوم بومبىسى، "يەنى ئەنگلىيەنى ئىرىتىپ سۇغا پاتۇرىۋېتەلىگىدەك كۈچكە ئىگە بىر قۇرال." بۇنداق قۇرالنى چوقۇم ئىشقا سالىمەن، دېگىنىچە، كېتىپ قالىدۇ. ھەتتا گېيسىڭ بىلەن خەيرلىشىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ.

باشقا كىشىلەرمۇ، ئۇنىڭ تۇيۇقسىزلا كۆڭلىنىڭ بىر يەردە بولماي قالىدىغانلىقىنى پەرق قىلىپ قالغان ئىدى. 13-فېۋرال كۈنى، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر درېسدېننى بومباردىمان قىلىپ، ئۇنىڭ بۇ تۈر ناچار مىجەزىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. بۇ قېتىمقى

بوران-چاپقۇندەك كۈچلۈك ئوت يالقۇنى ئىچىدە، بۇ قېدىمى شەھەر ئاساسەن پارتلىتىپ تۈپتۈز قىلىۋېتىلگەن، ئۇ يەردىكى خارابە 1600 ھېكتارغا يەتكەن بولۇپ، بۇ مىقدار لوندوننىڭ پۈتكۈل ئۇرۇش جەريانىدا ۋەيران قىلىنىشىدىن 3 ھەسسىدىن ئارتۇقتا تەڭ كېلەتتى. دەسلەپكى دوكلاتلاردىن قارىغاندا، ئۇدا ئىككى قېتىملىق بومباردىمان جەريانىدا كامىدا 100 مىڭ ئادەم ئۆلگەن بولۇپ، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئادەم پارتلاشتا ئۆلگەن بولۇشى ئېھتىمال ئىدى. يەرلىك ساقچى باشلىقىنىڭ ئاخىرقى دوكلاتىدىن قارىغاندا، پارتلاشتا ئۆلگەنلەرنىڭ "ئاياللار بىلەن باللار" ئىكەنلىكى يېزىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانىمۇ 25 مىڭغا يەتكەن؛ بۇنىڭغا يەنە 35 مىڭ كىشىنىڭ غايىپ بولۇشىمۇ قوشۇلغان.

دەسلىۋىدە، گېببېلس درېسدېننىڭ پارتلىتىپ ۋەيران قىلىۋېتىلگەنلىكىگە پەقەتلا ئىشەنگىسى كەلمەيدۇ. كېيىن ئۇ چىدىماي يىغلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئاغزىغا گەپ كەلگىدەك ھالغا كەلگىنىدىن كېيىن، غەزەپتىن گېۈرىگنى تىللاپ كېتىدۇ. "بۇ تەييارتاپ قۇرۇت، ئۆزىنىڭلا راھىتىنى ئويلايدۇ، مانا ئەندى، ئۇنىڭ قانچىلىك جىنايەت سادىر قىلغانلىقىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ فۈھرېر نېمىشكىمۇ ئۇنى ئاگاھلاندۇرغىنىمغا قۇلاق سالمايدىغاندۇ؟" ھىتلېر بولسا پۈتۈن قۇرساق كۆپكىنى بومباردىمان قىلغان ئەنگلىيە-ئامېرىكا لىيوتچىكلىرى ئۈستىگە تۆككەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن گېببېلسنىڭ تەكلىۋىنى، يەنى ئەسىر ئېلىنغان ئىتتىپاقداش ئەللەر لىيوتچىكلىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق بۇ قېتىمقى بومباردىمان قىلىنىشتىن قىساس ئېلىش دېگەن تەكلىۋىنىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ. ھىتلېر، بۇنىڭغا پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلسىمۇ، يەنە بىر مەزگىل كۈتىشى كېرەكلىكىنى، ئاندىن ئاخىرقى قارارغا كېلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. رىببېنتروپتەك كىشىلەر بولسا، ئۇنى چەكلىيەلىشى مۇمكىن ئىدى.

شۇ يىلىنىڭ فېۋرالىدا، ياۋروپا بىتەرەپ ئەللەر گېزىتىدا تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىق توغرىسىدا سۆز-چۆچەكلەر كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك پېتېر كلېيستنىڭ يىقىندىن بۇيان كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنىڭ بىر نەتىجىسى دېيىش مۇمكىن. يەنى ھىتلېر ئۇنىڭغا رۇسىيەلىكلەر بىلەن بېرىش كېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. ئۇ شۇنداق قىلغان بولسىمۇ، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ يەنىلا ئۆز بىلگىنىچە ئىش قىلىپ، شىۋېتسىيەدە تەۋەككۈلچىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشىدۇ. بۇ پائالىيەتلىرى ئاخىرىدا يەنە بىر قېتىملىق تىنچلىق تىرىشچانلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ قېتىمقىسىدا، غەرپلىكلەر بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. دەسلىۋىدە، ئۇ "دۇنيا يەھۇدىيلار قۇرۇلتىيىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان گىلېل ستروچ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ماقۇل كېلىدۇ. ستوكھولم مېھمان سارىيىدا

ئۆتكـۈزۈلگەن بىـر قېتىملىـق كۆرۈشۈشـتە، سـتروچ ئۇنىڭغـا ھەر قايسـى يىغىـۋېلىش لاگېرلىرىدىن 4300 نەپەر ئەتراپىدا يەھۇدىينى قويۇپ بېرىش تەلىۋىنى تەكلىپ قىلىدۇ.

كلېيىست، بۇنداق يالغۇز يۈرۈپ پائالىيەت قىلىپ يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس دەيدۇ. شۇڭا ئۇ سىياسىي چارىگە تـاپىنىش ئـارقىلىقلا بـۇ ئىشـنى ھەل قىلغىلـى بولىـدىغانلىقىنى ئېيتىـدۇ. "ئەگەر يەھـۇدىيلارنى سـاقلاپ قىلىـش ئۈسـۈلىغا تايىنىپ ياۋروپانىڭ ساقلىنىپ قېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدىكەن، ئۇنداقتا بۇ ئىشـنى رەسمىي بىر سودىلىشىش دېيىشكە بولىدۇ. شـۇڭا بۇنـداق بىـر ئىشـقا تەۋەككـۇل قىلىشـىمىزغا ئەرزىيدۇ" دەيدۇ كلېيىست.

بۇ ئىشقا ستروچمۇ قىزىقىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ، كلېيىستنى ئوتتۇرغا چىقىپ ئامېرىكىنىـڭ ستوكھولمدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ بىر نەپەر دىپلوماتى بولغـان ئـۇۋور ئولسـون بىـلەن سۆزلىشـىپ كۆرۈشـىنى تەكلىـپ قىلىـدۇ. بـۇ كىشـى پرېزىدېنـت روزۋېلتنىـڭ "غەربىـي شىمال ياۋروپـا ئـۇرۇش مۇسـاپىرلىرى كومـۇتېتى" نىـڭ خۇسۇسـىي مەسلىھەتچىسـى ئىـدى. سـتروچ ئـۇ يەرگە بېرىـپ مۇناسـىۋەت باغلىغانـدىن كېـيىن قايتىـپ كېلىـپ ھاياجانلانغـان ھالدا، پرېزىدېنت روزۋېلت نىڭ "سىياسـىي يولغـا تايىنىـپ" بىـر يېرىـم مىليـون يىغىـۋېلىش لاگېرلىرىغــا قــامىۋېتىلگەن يەھۇدىيلارنىــڭ جېنىنــى سېتىۋېلىشــقا قوشــۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىــدۇ. بــۇ دەل كلېيىســتنىڭ كېيىنكــى پىلانىغــا تــوغرا كېلەتتــى. شــۇڭا ئــۇ دەرھــال ستروچنىڭ دېگەنلىرىنى ناتسىستلارنىڭ دانىيەدە تۇرۇشلۇق بـاش ۋالىسى ۋېرنېر بېستقا بىـر قۇر بايـان قىلىـپ چىقىـدۇ. بېسـتن ئۇنىڭغـا، بـۇ ئىشـتا ئەڭ ياخشىسـى بېرىـپ ھىملېرنىـڭ ياردەمچىسى كالتېنبرۇنېر بىلەن كۆرۈشۈش كېرەك دېگەن تەكلىپنى بېرىدۇ.

كلېيىست بېرلىنغا قايتىپ كېلىپ دېگەندەك كالتېنبرۇنېرنى تاپىدۇ. ئەمما ئۇ، خـۇددى كلېيىسـت بىـلەن مۇناسـىۋەت قىلغـان ۋاقىتتىكىـدەك شـۇ ھامـان قولغـا ئېلىنىـدۇ. ئەممـا ئارىـدىن بىـر قـانچە كـۈن ئۆتكەنـدە، كـالتېنبرۇنېر ئۇنىڭغـا ھىملېرنىـڭ "شىۋتسـىيەنىڭ تەكلىپىنىڭ ئىمكانىيەتلىرى ئۈستىدە ئويلۇنۇپ كۆرۈشكە بولىدىغان تەكلىپ ئىكەنلىكىنـى بىلدۈردى" دەپ خەۋەر بېرىدۇ. ئۇ كلېيىستتىن سـتوكھولمغا قايتىـپ سـۆھبەت باشلىشـىنى، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە ئۇنى ئىككى مىڭ نەپەر يەھـۇدىي بىـلەن بىرىـپ ئۇلارغـا سـوغات بىـلەن كۆرۈشۈشـنى ئېيتىـدۇ. يەھـۇدىيلارنى سـودا قىلىـش ئىشـى ھىملېـر ئۈچـۈن تـۇنجى قېتىملىـق ئىـش ھېسـابلانمايتتى. باشـقا سـورۇنلاردىمۇ، بـۇ ھەقتە ئىزچىل تۈردە سۆھبەت باشلىنىپ، يەھۇدىيلارنى سۆھبەت دەسمايىسـى قىلىـپ تىنچلىقنـى قولغا كەلتۈرمەكچى بولـۇپ كېلىۋاتـاتتى. ئۇمـۇ گۇمانلىنىشـقا تېگىشـلىك ئىككـى كىشـىنىڭ رىغبەتلەندۈرىشى بىلەن ئىش قىلماقتا ئىدى. ئۇلاردىن بىرسـى ئۇنىـڭ ئـۇۋۇلاش دوختـۇرى

بولغان فىلىكس كېرستېن ئىدى. بۇ كىشى دىپلومى يوق بىر دوختۇر بولۇپ، بالتىق دېڭىزى تەۋەسىدىن كەلگەن بىرى، يەنى ئېستونىيەدە تۇغۇلغان بىرسى ئىدى. يەنە بىرسى بولسا، ھىملېرنىڭ ئىسخبارات مۇدىرى شېللېنبېرگ بولۇپ، ئۇ بىر مەنپەرەست بىرى ئىدى. ئۇمۇ ھىتلېرنى سىياسىي جىنايەتچىلەر بىلەن ئۇرۇش ئەسىرلىرىگە ئىنسانىي مۇئامىلە قىلىپ، پۈتۈن دۇنياغا ھىملېرنىڭ ھەرگىزمۇ بىر ئالۋاستى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىشى ھەققىدە قايىل قىلىشقا تىرىشىدۇ. شېللېنبېرگ، ھىتلېر گېرمانىيىنى ۋە ئۆزىنىمۇ بىرلىكتە يوقۇلۇشقا قاراپ يېتەكلەپ كېتىۋاتقانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. شۇڭا، قىلچە زېرىكمەي ھىملېرنى تىنچلىققا باشلاپ بارغىدەك ھەر قانداق بىر يولنى ئېچىشى ئۈچۈن تىنماي رىغبەتلەندۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى.

بۇ تۈردىكى تىنچلىق سۆھبەتلىرىنى قەتئىي تۈردە ھىتلېردىن يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىشقا تىگىشلىك ھەرىكەتكەر بولغاچقا، بۇ ئىشلار ئۇنچىۋالا ئاسان پۈتتۈرگىلى بولىدىغان ئىشمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كالتېنبرۇنېرمۇ فۈھرېرىگە بەكلا سادىق بىرى بولۇش بىلەن بىرگە، شېللېنبېرگكە ئۆچلۈك قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدىغان بىرى ئىدى. كالتېنبرۇنېر ھەر ۋاقىت ھىملېرنى جىكىلەپ ھىتلېرنى خاپا قىلىپ قويىدىغان ياكى تېخىمۇ بەتتەرلەشتۈرىۋېتىدىغان يوشۇرۇن پىلانلار بىلەن ھەرگىز شوغۇللانماسلىققا ئۈندەپ تۇراتتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىلا كلېيستنىڭ ئەڭ يېڭى تەكلىۋى ئوتتۇرغا قويۇلۇشتىن بۇرۇنقى ئىشلار ئىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، ھىملېر كلېيستنى شۋېتسىيىگە مەخسۇس ۋەزىپە بىلەن ئەۋەرتىشنى ئويلىغان، چۈنكى بۇنىڭ بىر سەۋەبى ئۇ كلېيستكە ھەققەتەنمۇ ئىشەنچ قىلاتتى.

ئەمما، ئېس-ئېسچىلارنىڭ يوشۇرۇن پىلانى باشقىچە بىر تۈرگە ئايلىنىپ ئىجرا قىلىنىدىغان بولىدۇ. يەنى، كلېيست ئەندىلا ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقىنىدا، كالتېنبرۇنېرنىڭ ئىشخانىسىغا چاقىرتىلىپ ئۇختۇرۇش تاپشۇرىلغان بولۇپ، بۇ ئىشتا كالتېنبرۇنېرنىڭ قىلچە مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. كالتېنبرۇنېرنىڭ ئۇنىڭغا ئېيتالمايدىغىنى، ئۇنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ھەر قانداق بىر ئابرويىدىن بەھرىمەن بولىشىغا يول قويماسلىق جەھەتتە ئۇنىڭ دۈشمىنى بولغان شېللېنبېرگ تېخى يېڭىلا ھىملېرنى قايىل قىلىپ بولغانلىقىدىن خەۋەردار قىلالمايتتى. شۇنداق قىلىپ، ھىملېر ئۇنىڭ ئورنىغا دوكتور كېرستېننى بۇ سودىلىشىش ئىشنى بېجىرىپ كېلىشكە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. كېرستېن دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ئافىرس يىغىۋېلىش لاگېرىدىكى سكاندىناۋىيىلىكلەرنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىشى مەسىلىسىدە شۋېتسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بىلەن سۆھبەت باشلايدۇ. سۆھبەت ئوڭۇشلۇق داۋام قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىككى تەرەپ كونت فولك بېرنادوتنىڭ

بىرلىنىغا بېرىپ ھىملېر نىڭ بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە يولغا چىقىشىغا ماقۇل بولىدۇ.

كلېپىستقا ئۇنىڭغا چىقارمايسەن دەپ بۇيرۇق قىلىنغاچقا، ئۇنىڭ باشلىقى بولغان رىببېنتروپ بۇ ئىشلاردىن قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى. كېيىنچە، شۇتىسىيەنىڭ بېرلىندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بىلمەستىنلا ھىملېرگە بېرنادوتنى ئىمپېرىيە باشلىقى بىلەن بىر قېتىملىق كۆرۈشۈشكە رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلىپ بىر پارچە رەسمى نوتا تاپشۇرىدۇ. بۇ نوتا ھۆكۈمەت ھۆججىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، چوقۇم تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئالدىدىن ئۆتىشى شەرت بولىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. رىببېنتروپ شۇ چاغدىلا بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپىدۇ. دېمەككى، ئۇنىڭ رەقىبى بۇرۇنلا ئۇنىڭدىن يوشۇرۇن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ يۈرگەن ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ فرىتز ھېسىنى چاقىرتىپ كېلىپ، كونت بېرنادوتنى "تىنچلىق خەۋەرچىسى" بولۇشقا لايىق بىرى دەپ قارامسەن؟ دەپ سورايدۇ. ھېس ئۇنىڭ سوئال بىلەن جاۋاب بېرىدۇ: فۈھرېر سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە يول قويىدىغان بولدىمۇ؟ رىببېنتروپ ئۇنىڭغا ئۇنداق بىر ئىشقا يول قويمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بۇ جەھەتتە ئۇنى قايىل قىلىشقا بولار دەپ ئويلايمەن، دەيدۇ. ئەسلىدە ھېسمۇ ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئاۋال ئەنگلىيە بىلەن تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھارماي-تالماي يۈگۈرۈپ باققان بىرى ئىدى. شۇڭا ئۇ ئىككىسى بۇ ئىش ئۈستىدە بىر مىمرانىدۇم تەييارلاپ چىقىپ ھىتلېرغا تاپشۇرىدۇ. گەرچە بۇ دوكلاتتا "تەسلىم بولۇش" دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنمىغاندەك قىلسىمۇ، ھېس بۇنىڭدىن ئالدىنىپ قالمايدۇ. شۇڭا ئۇ، بۇ دوكلاتتا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەل بولۇشنى تىلغا ئالغاندىمۇ بەرىبىر ئوخشاش بىر مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ تالىشىپ تۇرىۋالىدۇ. ئۇ، غەربىيلىكلەر بۇ تەكلىپلەرنى ئويلىنىپ-ئويلانماسلىقىغا بەك ئىشەنچ قىلىپ كېتەلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ "بەك ياخشى يېزىلدى. قېنى بىر سىناپ كۆر. شۇنداقتىمۇ، بۇنىڭدىن بىرەر نەتىجە چىقىشىغا شەخسەن مەن ئىشەنمەيمەن" دەپ قوشۇپ قويىدۇ.

رىببېنتروپ، سىياسىي دۈشمىنى ھىملېر بىلەن سۆھبەتنى باشلىنىش نوقتىسى قىلىدۇ. ئەمما ئۇنى ھەيران قالدۇرغىنى، ھىملېرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىشنى بەكلا خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى ئىدى. ھىملېر، فۈھرېرنىڭ بېرنادوتنىڭ بېرلىنغا سۆھبەت ئىشى بىلەن كېلىشىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكتىن ھالقىغان بىر ئىش بولىدىغانلىقىنى سېزىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ بەكلا قورقۇپ كېتىدۇ. ئالدى بىلەن ئۇ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئۇنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىدۇ. ئاندىن بۇيرۇق بېرىپ ھىتلېرنىڭ ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى ھەممىدە يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا قامالغان

مەھبۇسلارنىڭ دۈشمەن قولىغا تىرىك چۈشۈپ قالماسلىقى ھەققىدىكى يولىيورۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ماقۇل بولىدۇ. بۇنىڭدىن رىبېنتروپ بەكلا خوشال بولۇپ، ھېسقا بۇ ئىشتىن خوشال بولۇپ كۆزىگە ياش ئېلىشتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتالىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. “شۇنداق، بىز ئەمدى نېمىس خەلقىنى بىر ئاماللارنى قىلىپ قۇتۇلدۇرالايدىغان بولدۇق” دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ 17-فېۋرال كۈنى ھېسنى ستوكھولمغا يولغا سالىدۇ.

ھىملېر، چوقۇم بەكلا بالدۇر رىبېنتروپقا بەرگەن ۋەدىسىنى ئۆزگەرتكەنلىكىدىن قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ. فۈھرېرنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىش ئېھتىمالىنى ھەمدە خاتا چۈشىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىسىلا، بۇنىڭدىن ھىملېر تېخىمۇ بەك قورقۇپ ئەرۋاھى ئۇچۇپلا كېتىدۇ. بېرنادوت بېرلىنغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھىملېر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ رەقىبى بولغان كالتېنبرۇنېر بىلەن رىبېنتروپ ئىككىسى كونت بىلەن بىرىنچى بولۇپ كۆرۈشىدۇ. ئۇ كۆڭلىدە شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ھىتلېرنىڭ ئالدىدا ئىگىز-پەس سۆزلەپ يۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلايتتى. چۈنكى كونت بىلەن بىرىنچى بولۇپ كۆرۈشكەن كىشىنىڭ كالدېنبرۇنېر بولىشىدىن بەكلا خوشال ئىدى. شۇنداقتىمۇ بېرنادوت ھىملېرنىڭ ياردەمچىلىرى بىلەن ئارتۇق سۆزلىشىپ يۈرمەي بىۋاستە ھىملېر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشنى تەلەپ قىلغاچقا ئۇلارغا شىۋىتسىيە قىزىل كرېس جەمئىيىتىدىن يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا بىۋاستە ئادەم ئەۋەرتىپ تەكشۈرۈش ئىشىنى باشلىتىش ھەققىدىلا گەپ قىلىدۇ. كالدېنبرۇنېر بۇ تەلەپنى كەينى-كەينىدىن باش لىڭشىتىپ ماقۇللاش بىلەن بىرگە، بېرنادوتنىڭ ھىملېر بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈشىگىمۇ “قەتئىي ماقۇللۇق بىلدۈرىدىغانلىقىنى” ئېيتىدۇ. بۇنىڭدىن بېرنادوت بەكلا ھەيران بولىدۇ.

ئارىدىن بىرەر سائەتتەك ۋاقىتمۇ ئۆتمەي، بېرنادوت تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە رىبېنتروپ بىلەن كۆرۈشىدۇ، توغرىسى ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرىدۇ. بېرنادوت، رىبېنتروپنىڭ قانچىلىك ۋاقىت سۆزلەيدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن بىلدۈرمەي يۈگۈرۈش سائىتىنى بېسىپ قويىدۇ. دېگەندەك، رىبېنتروپ سۇدەپ تىنماي سۆزلىگىنىچە، بىر تېمىدىن يەنە بىر تېمىغا ئاتلاپ ناتسىستلارنىڭ قۇلاققا رەم بولۇپ كەتكەن كونا سۆزلىرىنى توختىماي تىلغا ئالىدۇ. ئاخىرىدا، ئىنسانىيەتكە ئەڭ چوڭ تۆھپە قوشۇپ بۈگۈنگىچە ياشاپ كېلىۋاتقان كىشىلەردىن پەقەت بىرلا كىشى بارلىقىنى، ئۇ كىشىنىڭ يالغۇز ئادولف ھىتلېر ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ. ئاندىن رىبېنتروپ سۈكۈت ئىچىگە چۆمىدۇ. بېرنادوتمۇ دەرھال يۈگرەش سائىتىنى بېسىۋېتىدۇ. دېمەك رىبېنتروپ بۇ سۆزلىشى بىلەن تىنماي 67 مىنۇت سۆزلەپ چىققان ئىدى!

ئەتىسى، كونت بېرنادوت ماشىنىلىق دوختۇر گېبخاردتنىڭ ساناتورىيىسىگە باردۇ. بۇ ساناتورىيە بېرلىننىڭ شىمالىغا 75 مىل كېلىدىغان خوھېنلىيچېن دېگەن يەردە بولۇپ، ئۇ يەر ھىملېرنىڭ بىر ھېساپتا خۇسۇسىي قۇماندانلىق شتابى ھېسابلىناتتى. بېرنادوت ئۇنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق ئەدەپلىك ۋە سىلىق مۇئامىلىسىدىن بەكلا ئىچى پۇشىدۇ. مۇنداق قارىغاندا، ھىملېردە قىلچىمۇ ئۇنداق چەكسىز ۋەھشىلىك چىقىپ تۇرىدىغان قىياپەت كۆرۈنمەيتتى. ئەكسىنچە، بەكلا سىپايە، سىلىق گەپ قىلىدىغان بىرسى بولۇپ كۆرۈنەتتى. ھەتتا ئۇنىڭ ئىككىلا كىچىك قولىنىڭ تىرناقلىرىمۇ ئىنتايىن رەتلىك ياسىتىلغان ئىدى. بېرنادوت ئۇنىڭغا شۋېتسىيەدە جامائەت ئارىسىدا ئۇدۇل كەلگىنىچە ئادەم تۇتۇپ گۆرۈگە ئېلىپ يۈرىدىغان، بىگۇنا پۇخرالارنى رەھىمسىزلەرچە قىرغىن قىلىدىغان بىرسى دېگەن گەپلەر كەڭ تارقالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھىملېر ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئەستايىدىل بىر قىياپەتتە، روشەنكى، كونتىم راست خەۋەر ئاڭلىمىغان دېمەك. ئۇ، بېرنادوتتىن قانداق كونكرېت تەكلىپلىرى بارلىقىنى سورايدۇ.

بېرنادوت ھىملېردىن يىغىۋېلىش لاگېرىدىكى نورۋېگىيىلىكلەر بىلەن دانىيەلىكلەرنى بىرلىكتە شۋېتسىيەنىڭ تۇتۇپ تۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشىنى تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ تەلەپ ئەسلىدە ئۇنچە بەك مۇھىم بىر تەكلىپمۇ ھېسابلىنىپ كەتمىگىنى بىلەن شۋېتسىيىلىكلەرگە قارىتا بىر مۇنچە ئەيىپلەشلەرنى ئوتتۇرغا قويۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇ تۈر ئەيىپلەشلار بېرنادوت قا قىلچە مۇناسىۋەتتى بولمىغان ئەيىپلەشلەر ئىدى؛ ھىملېرنىڭ بۇنداق ئەيىپلەشلىرىنىڭ سەۋەبى، بەلكىم تۇيۇقسىز پەيدا بولغان قورقۇش پسىخىكىسىدىن كېلىپ چىققان دېيىشكە بولاتتى. "ئەگەر مەن سىزنىڭ بۇ تۈر تەكلىپلىرىڭىزنى قوبۇل قىلغىنىمدا، _ دەيدۇ ھىملېر تىنماي كۆزىنى چىمچىقلاتقىنىچە، _ شۋېتسىيە گېزىتلىرى بەلكىن چوڭ سەرلەۋھەلەر بىلەن ماقالىلار ئېلان قىلىپ، ئۇرۇش جىنايەتچىسى ھىملېر جىنايى جازاغا تارتىلىشىدىن قورقۇپ جان-پېنى چىقىپ كېتىپتۇ، شۇڭا ئامال بار ئۆز ئەركىنلىكىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن سودىلىششقا كىرىشىپتۇ، دېيىشى تۇرغانلا گەپ." ئۇ كەيىندىنلا پىكرىنى ئۆزگەرتىپ، مەن بەلكىم سىزنىڭ تەلىۋىڭىز بويىچە ئىش قىلىشىمۇ مۇمكىن – ئەگەر شۋېتسىيە بىلەن ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر نورۋېگىيەدىكى بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى توختىتىشقا كاپالەت بېرىدىغانلا بولغىنىدا، دەيدۇ.

"بۇنى پەرەز قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس" دەيدۇ كونت جاۋابەن. ئاندىن ئۇ يەنە بىر قانچە ئۇششاق-چۈششەك يول قويۇشلارنى تەلەپ قىلىدۇ. ھىملېرمۇ ئۇنىڭغا ماقۇل بولىدۇ. بېرنادوت بۇنىڭدىن سەل جاسارەتلىنىپ، نېمىس ئەرلىرىگە تەگكەن شۋېتسىيىلىك ئايالللىرىنىڭ يۇرتىغا قايتىشىغا رۇخسەت قىلىش-قىلماسلىقىنى سورايدۇ. ھىملېر بۇنى شۇ

هامات رەت قىلىنىۋېتىدۇ. دەيدىغان گەپلەر ئاخىرقى چېكىگە كېلىپ قاالغانلىقى ئۈچۈن، ھىملېرنىڭ مۇئامىلىسىمۇ ئۆزگىرەيدۇ. "بەلكىم سىز مېنى ئاسان رەنجىپ قالىدىغان نازۇك كۆڭۈل بىرى دەپ ئويلاپ قېلىشىڭىز، ھەتتا كۆلكىلىك بىرى دەپمۇ قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما مەن ئادولىف ھىتلېرغا ساداقەتلىك بولىمەن دەپ قەسەم قىلغان بىرىمەن. بىر ھەربىي ۋە بىر نېمىس بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بەرگەن قەسىمىمگە خىلاپلىق قىلالمايمەن. شۇڭا مەن، فۈھرېرىمىزنىڭ پىلانى ۋە ئۇنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ كېلىدىغان ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلالمايمەن." ئەمما ئۇ تېخى يېڭىلا ھىتلېرنى قاتتىق ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان يول قويۇۋۇشلارنى قىلغان ئىدى. مانا ئەندى، ئۇ ھىتلېرنىڭ ئىزنىنى بېسىپ "بولشېۋىكلار تەھدىتى" ھەققىدە داۋراڭ قىلماقتا، ھەتتا ئەگەر شەرقى سەپ يىمىرىلىپ كەتكەندەكلا بولىدىكەن، ياۋروپامۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ يىمىرىلىپ كېتىدۇ دەپ سۆزلىمەكتە ئىدى. ئاندىن ئۇ، ھېسسىياتچانلىق بىلەن ناتسىستلار ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى "پارلاق" كۈنلىرى ھەققىدە توختىلىپ، "ئۇ كۈنلەر ھاياتىمىدىكى ئەڭ گۈزەل كۈنلىرىم ئىدى،" دەيدۇ.

بۇ چاغدا بېرنادوت مۇنداق سىلىق مەسىلىدىن بىرنى قىستۇرۇپ ئۆتىدۇ: گېرمانىيەنىڭ يەھۇدىيلار مەسىلىسىدە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى سورايدۇ. "سىزلەر، يەھۇدىيلار ئارىسىدىمۇ خۇددى باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا بولغىنىدەك ياخشى كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغىڭىزلار كەلمەمدۇ؟ مەسىلەن مېنىڭ دوستلىرىم ئارىسىدىمۇ نۇرغۇن يەھۇدىي ئادەملەر بار بولغىنىدەك." دېگىنىڭىز توغرا، _ دەيدۇ ھىملېر جاۋابەن، _ ئەمما سىزلەرنىڭ شىۋىتسىيەڭىزلاردا يەھۇدىي مەسىلىسى دەيدىغان بىر مەسىلە يوقتە. شۇڭا سىز گېرمانىيىنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى چۈشەنمەيسىز." بۇ قېتىمقى سۆھبەت ئىككى يېرىم سائەت داۋام قىلىدۇ. سۆھبەتلىشىش ئاخىرلاشقىنىدا، ھىملېر بېرنادوتنىڭ شىۋىتسىيىگە قەيتىشىدىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئۇتتۇرغا قويغان تەلەپلىرىنى تولۇق جاۋاپقا ئېرىشتۈرىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىدۇ. ئۇنىڭغا رەخمىتىنى قايتۇرۇش مەقسىتىدە بېرنادوت ھىملېرغا سكاندىناۋىيە مىللى ئۆرپە-ئادەتلىرىگە بەكلا قىزىقىدىغانلىقىنى بىلىپ ئۇرۇش بارابانلىرى ھەققىدە 17-ئەسىردە كىتاپ ھالىغا كەلتۈرۈلگەن بىر ئەسەرنى سوغات قىلىدۇ.

بېرنادوت رىبېنتروپنىڭ ئىشخانىسىغا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بۇرۇنقىغا قارىغاندا بەكرەك كۈچ چىقىرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندەك قىلىسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ ئىشتا ھەددىدىن ئارتۇق ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكى بېرنادوتنى بەكلا رەنجىتىپ قويىدۇ. شۇڭا بېرنادوت دەرھال شوپۇرى بىلەن بىرلىكتە ئەدەپ بىلەن خوشلىشىپ ئۇ

يەردىن ئايرىلىدۇ. رىبىنتروپ دەرھال كلېيىستنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭدىن بېرنادوتنىڭ ئارقا تىرىكنىڭ كىملىكىنى سورايدۇ. بۇ ئادەم سكاندىناۋىيىلىكلەرنى قۇتۇلدۇرۇشتىن باشقا ئۇنىڭ ئەسلى مەقسىدى زادى نېمە بولىشى مۇمكىن؟ كلېيىست ئورۇنتا تۇرغان ئىچى لىق ھۆججەتلەر بىلەن تولغان بىر سومكىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ. بۇ سومكا بېرنادوتنىڭ سومكىسى ئىدى. كلېيىست، بەلكىم ئىچىدىكىلەرنى كۆرگىسى باردۇ دەپ سومكىنى ئېلىپ رىبىنتروپقا ئۇزارتىدۇ. كۈتۈلمىگەن يەردىن چىقىپ، رىبىنتروپ ئۇ سومكىنى چوڭ بىر كونۋېرتقا سېلىپ پېچەتلىگەندىن كېيىن بىرسى ئارقىلىق ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرغۇزىۋېتىدۇ. كلېيىست بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ كېتىدۇ. "دۇنيا ئۇرۇشىدا يىمىرىلىش ئالدىدا تۇرىۋاتقان بۇ كۈنلەردە"، بۇنداق بىر ھەرىكەتنى زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان مەرتلىك دەپ قارايدۇ.

رىبىنتروپنىڭ ستوكھولمدىكى ۋاكالەتچىسى ھېس، شۋېتسىيە بانكىرى ۋاللېنبېرگدىن تۇۋۇك بىر رىغبەتلەندۇرۇشكە ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ بانكىر، روزۋېلىت بىلەن چېرچىل ئىككىسى گېرمانىيەنى پۈتۈنلەي تارمار كەلتۈرۈشنى نىيەت قىلىپ يۈرگەنىدىن خەۋەردار ئىدى. شۇڭا ئۇ، نېمىسلارغا شەرق تەرەپلەردىن ئىزدىنىپ كۆرۈشنى، بەلكىم بۇنداق ئىنىق بىر لايىھە بەلكىم ستالىننى قىزىقتۇرىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىدۇ. دېگەن مەسىلىھەتنى بەرگەن ئىدى. "ستالىن، _ دەيدۇ بۇ بانكىر، _ ھېچقاچان غەربىيلىكلەر ئالدىدا بىرەر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش خىيالىدا بولۇپ باققىنى يوق. شۇڭا بۇ تەكلىپلەر ئۇنى قىزىقتۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن."

ئاردىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە، ھېس شۋېتسىيە گېزىتلىرىدا بىر پارچە رەسىم كۆرۈپ قېلىپ قايتىدىن ئۈمىدلىنىشكە باشلايدۇ. بۇ رەسىمدە ۋاللېنبېرگنىڭ ئۆكىسى رۇسىيە باش ئەلچىسىنىڭ رەپىقىسى كولونتاي خانىم بىلەن قولتۇغلۇشۇپ چۈشكەن رەسىم بولۇپ، ئۇلار رۇسىيە ئەلچىخانىسىنىڭ پەلەمپەيدە تۇرۇپ رەسىمگە چۈشكەن ئىدى. بۇ رەسىم، بىر ئېھتىمالدا كرېمىل سارىيىنىڭ غەرپكە بولغان نارازىلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى بولىشى، شۇڭا ئۇلار ھىتلېر بىلەن تىنچلىق سۆھبىتىگە ئولتۇرۇش ئۈچۈن بىر سىگنال بولىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭدىن ھېس قاتتىق ھاياجانلىنىپ ئۈمىدلىنىپ دەرھال بېرلىنغا قايتىدۇ. ئۇ قايتىپ كېلىپ، خوجايىنىنىڭ بۇ خەۋەرگە پەقەتلا قىزىقمايدىغانلىقىنى سېزىدۇ. رىبىنتروپ ئاغرىپ يېتىپ قالغان بولۇپ، روھى ھالىتىمۇ بەكلا ناچار ئىدى. شۇڭا ئۇ كۈچەپ تۇرۇپ ئارانلا سۆزلىگەچ مۇنداق دەيدۇ: پۈتۈن تىرىشچانلىقلىرىمىز بىكار بولۇپ كەتتى، غەربلىكلەر بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش پۇرسىتى پۈتۈنلەي تۈگىدى. "بىزنىڭ دۈشمىنىمىز گېرمانىيىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىش ئىرادىسىگە كېلىپ بوپتۇ.

ئۇلار نېمىس خەلقىنىڭ ھاياتىنى قوغدىغۇدەك ھەرقانداق بىر پىلاننى رەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ تۆپكى سەۋەبى مۇشۇ ئىكەن» دەيدۇ.

ھېس بۇ گەپكە قوشۇلماي ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، تىنچلىق سۆھبىتىنى باشلاشنىڭ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئېھتىمالى بارلىقىنى، يەنى بىر ئېھتىمال، غەرب بىلەن سۆھبەتلىشىش (روزۋېلتنىڭ خۇسۇسىي مەسلىھەتچىسى بولغان ئولسون، پىرىزدېنتىمىز سۆبەت ئۆتكۈزۈشكە رازى ئىكەنلىكىنى ماڭا ئېيتقان) ئېھتىمالى؛ يەنە بىرسى شەرق بىلەن سۆبەتلىشى ئېھتىماللىقىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان رىببېنتروپقا قايتىدىن جان كىرگەندەك بولۇپ ھېسنى يالغۇز يېنىدا قالدۇرۇپ كارېۋېتىنىڭ لىۋىدە ئولتارغۇزۇپ تا يېرىم كېچىگىچە سۆزلىشىپ چىقىدۇ. ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن ھېسنى قايتا يېنىغا چاقىرتىدۇ. ئۇ كۈنى 16-مارت كۈنى بولۇپ، كۈن نۇرى پارلاپ تۇرغان ھاۋا ئوچۇق بىر كۈن ئىدى. رىببېنتروپمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىچى پۇشۇپ ئالدى-كەينىگە مېڭىشقا باشلايدۇ. «سىز بەرگەن دوكلات بىلەن پىكىرلىرىڭىزنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلىنىپ كۆردۈم» دەيدۇ رىببېنتروپ. ئۇنى دەرھال ستوكھولمغا قايتىپ بېرىپ كوللونتاي خېنىم بىلەن سۆزلىشىشنى باشلاش بۇيرۇقىنى بېرىشى ھېسنى بەكلا ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇ ھەقتىكى يولیورۇق بىر قانچە سائەت ئىچىدە ئۇنىڭ قولىغا تېگىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، «مەن دوكلاتىڭىزنى فۇھرېرنىڭ ئاخىرقى قېتىم تەستىقلىشى ئۈچۈن سۇندۇم. ئايروپىلان بېلىتىڭىزنىمۇ ئالغۇزۇپ قويدۇم، بۈگۈن كەچتە ستوكھولمغا قاراپ ئۇچۇشقا تەييارلىنىڭ» دەيدۇ.

شۇ كۈنى ئاخشىمى رىببېنتروپ بىلەن ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى ھېسقا پۈتۈن بىر ئاخشام ئۇرۇسلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا تەلىماتلارنى بېرىپ چىقىدۇ.يېرىم كېچىدىن ئەندىلا ئۆتىشى بىلەن، ئۇلارنىڭ سۆزى تېلفون جىرىڭلىشى بىلەن ئۈزۈلىدۇ. تېلېفون تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىكى خېۋېلدىن كەلگەن بولۇپ، بۇ كىشى فۇھرېر ھەممىدىن بەك ئىشەنچ قىلىدىغان مەسلىھەتچىلەردىن بىرى ئىدى. رىببېنتروپ تېلېفون تروپكىسىنى ئېلىپ تىڭشىغاندىن كېيىن رەڭگى دەرھال ئۆڭۈپ كېتىدۇ. «گېپىڭىزنى يەنە بىر تەكرارلامسىز؟» دەيدۇ رىببېنتروپ قىسقىچىلا. شۇ ھامات تروپكىنى جايىغا قويۇپ قويىدۇ. ئۇ خاتىرجەم قىياپەتتە كۆرۈنسىمۇ ئاۋازى باشقىچە چىقاتتى: «ئەپەندىلەر، فۇھرېرىمىز ھەرقانداق بىر دۆلەت بىلەن سۆزلىشىشىمىزنى چەكلىدى! رەخمەت سىلەرگە. ئەندى قايتساڭلار بولىدۇ!» دەيدۇ.

كېيىنچە، خېۋېل باش مىنىستىرلىكتە يۈز بەرگەن ئىشلار ھەققىدە ھېسقا سۆزلەپ بېرىدۇ. دەسلىۋىدە ھىتلېر ئۇرۇسلار بىلەن ئۇچرىشىشقا ماقۇل كەلگەن بولسىمۇ، يولیورۇق

تېزىسىنى ئوقۇپ بولۇپ ئويلىنىپ قالدۇ. ئۇ ئىشخانىدا ئالدى-كەينىگە بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن، قولىدىكى ھۆججەتنى ۋاراقمۇ-ۋاراق يىرتىپ تاشلايدۇ. بۇ چاغدا پەتفوندا «پەرىشتىلەر شەپەقتە» ئاڭلانماقتا ئىدى. "مەن بۇندىن كېيىن دۆشمەن بىلەن ئۆچرۈششىنى قەتئىي مەنئىي قىلىمەن. ــ دەيدۇ خىۋىرغا، ــ بۇ ئۇرۇنۇشلارنىڭ قىلچە قىممىتى قالمىدى. كىمدە كىم دۆشمەن سۆزلىششكە ئۇرۇنىدىكەن، ئۇ كىشى بىزنىڭ نەزەرىيىمىزدىن يۈز ئۆرىگەن ھېسابلىنىشى كېرەك. بىز بولشېۋىكلار بىلەن كۆرەش قىلىشىمىزغىلا بولىدىكى، ھەرگىزمۇ ئۇلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزەلمەيمىز. خەيرلىك كېچە!" دەپ گېپىنى ئۈزىدۇ.

3

شۇندىن بىر ئاي ئاۋال، ھىتلېر شرودېر خېنىمغا دەرت تۆكۈپ مۇنداق دېگەن ئىدى: "ھەممە تەرەپتىن كىشىلەر ماڭا يالغان سۆزلىمەكتە." ئۇ ئەندى ھېچكىمگە ئىشەنمەس ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىگە بىرەر ئىش بولۇپ قالغىدەك بولسا گېرمانىيە فۆھرېرسىز قالىدىغانلىقىدىن غەم قىلاتتى. ئۇنىڭ ئىزباسارى بولغان گيۆرىڭ خەلقنىڭ ھېسسىداشلىقىدىن مەھرۇم بولغانلىقىنى، ئىمپېرىيە باشلىقىدىن بىرى بولغان ھىملېرمۇ پارتىيىمىزنىڭ رەت قىلىنىشىغا ئۇچرىدى، دەيدۇ. ئۇ چۈشلۈك تاماق ئۈستىدە سىياسىي مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلەپ كەتكەنلىكىدىن ئەپۇ سورىغان بولسىمۇ، يەنىلا گەپتىن يانمىغان ئىدى: "قېنى باش قاتۇرۇپ بېقىڭلار، كىم مېنىڭ ئىز باسارىم بولۇشقا لايىق؟ مەن بۇ سوئالنى توختىماي ئۆزەمدىنمۇ سورايتتىم. ئەمما بۇنىڭ ھېچ بىر جاۋاپ تاپالماي كەلدىم."

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە، ئېۋا براۋن بېرلىنغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ روھىي ھالىتى خېلىلا تۇزۇلۇپ قالغان ئىدى. ئۇ، بىر ئاي ئىلگىرى بىخەتەرلىك يۈزىسىدىن بېرلىندىن ئايرىلىپ مىيۇنخېنغا كەتكەن ئىدى. ئۇ يەردە ئىككى ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن، دوستلىرىغا: ھەر قانداق بىر ۋەقە يۈز بېرىشىدىن قەتئىي نەزەر قەتئىي تۇردە سۆيگۈنىمنىڭ يېنىدا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئېۋا دوستلىرىغا، مەن ئۈچۈن ئۆلۈمنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق، شۇڭا مەن سۆيگەن كىشىم بىلەن ئاخىرغىچە بىرگە بولىمەن، دەيدۇ. ئۇنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن ھىتلېر كۆرۈنۈشتە غەزەپلەنگەندەك بولۇپ قەستەن ئۇنى بىر تىللىۋالىدۇ. ئەمما شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇنىڭغا كەچكىچە سىزنىڭ بۇنچە ساداقەت كۆرسىتىشىڭىزدىن ھەقىقەتەنمۇ مەغرۇرلۇق ھېس قىلدىم دەپ ماختاپ چىقىدۇ.

بىر قانچە كۈندىن كېيىن، يەنى فېۋرالنىڭ ئاخىرلىرىدا، ھىتلېر ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق يەرلىك ئەمەلدارلار يىغىنى چاقىرىدۇ. ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىن ۋەكىللەر چۆچۈپ كېتىدۇ. ئۇنى شاۋۇم قولتۇغلاپ كىرگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ بەكلا تۈۋەن ئىدى. سول بىلىكى بەكلا قاتتىق تىترەپ تۇراتتى. كىشىلەر ئۇنى ھاياجانلىق بىر نۇتۇق سۆزلەيدىغان بولدى دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، ئويلىمىغان يەردىن بىر-بىرىگە زىد بىرمۇنچە تەربىيە سۆزلىرىنى قىلىپ كىشىلەرنى بىر تەرەپتىن رىغبەتلەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن كۆڭلىنى يېرىم قىلدۇراتتى. ئاخىرىدا، ئۇ يەرلىك ئەمەلدارلارغا ۋەدە قىلىپ، ئەڭ ئاخىرقى پەيتلەردە ئۇنىڭ گېرمانىيىنى قۇتقازغۇدەك سېھىرلىك بىرەر قۇراللىنىڭ بولمىغانلىقىنى ئېيتسىمۇ، خەلقىمىزنى تېۋتۇنلارنىڭ رەھىمسىز روھى بىلەن تەربىيەلەيدىغانلا بولساڭلار، ئۇرۇشتا يەنىلا يېڭىپ چىقالىشىمىز مۇمكىن دەيدۇ. ئەگەر پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىردەك ئاۋاز قوشمىغىنىدا، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ قىلچە رولى بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى، ھەمدە چوقۇم يوقۇتۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئۇ، يەرلىك كادىرلارنىڭ ھەمكارلىقى بىلەنى ساداقىتىگە رەخمەت ئېيتىدۇ. ئارقىدىن ئۇ ھېچكىم كۈتمىگەن گەپنى قىلىدۇ: ھىتلېر ئۇلارغا ئوچۇق بىر شەكىلدە ئۆزىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى كۈنسايىن يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ يەنە، پۈتىدىكى تىترەش كۈچىيىپ سول بىلىكىگىچە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ يەنە چاقچاقتىنمۇ بىرنى قىلىدۇ: ئۈمىد قىلىمەنكى بۇ تىترەش بېشىمغىچە ئۆرلىمىگەي، دەپ چاخچاق قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرى دېگەن گېپى بەكلا مۇجمەل بىر گەپ بولسىمۇ، يەنىلا ياخشىلىقتىن بىشارەت ھېسابلانمايتتى: كەلگۈسىدە، قەتئىي تۈردە كەسكىن تەدبىر قوللىنىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ كۆپچىلىكتىن، ئەگەر كېيىن ئۇلار چۈشىنەلمەيدىغان بىرەر تەدبىر قوللىنىپ قالغىنىدا، ھەرگىزمۇ بىزگە خائىنلىق قىلدى دەپ ئويلاپ قالماڭلار دەپ ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ھىتلېر تۈگىشىش گىردابىغا كېلىپ قالغان بولۇپ، شۇندىن كېيىنكى بىر قانچە كۈن ئىچىدە، ئۇنىڭ ئاساسلىق مىجەزى كۆزگە ئىلماسلىق ۋە نەپرەت بىلەن تولغان ئىدى. ئۇ شۇ چاققىچە يېرىم مىليون پۇخرانى قىرغىن قىلغان ئىتتىپاقداش ئەللەر ئۇچقۇچىلىرىنى قاتتىق ھاقارەتلەپ تىللاپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئامېرىكىلىقلارنى ئازات قىلغۇچىلار دەپ قىزغىن كۈتىۋېلىۋاتقان نېمىسلارنىمۇ قاتتىق سۆكۈپ تىللاپ كېتىدۇ. 7-مارت كۈنى، ئۇنىڭ ئەسەبىيسى چېكىگە يېتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، رېماگېندىكى رېن كۆرۈكى پارتلىتىشقا ئۈلگۈرمەي خودگېسنىڭ بىرىنچى كورپۇسى تەرىپىدىن ئىگەللىۋېلىنىشىدىن پەيدا بولغان ئىدى. ھىتلېرنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىش يەنە بىر قېتىملىق تۇپلاڭ ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۇ،

بۇ ئىشقا مەسئۇل كىشىلەرنى قاتتىق جازالىتىش ئىرادىسىگە كېلىدۇ.

جىددى پەيتتە، ئۇ ھەممىدىن بەك ئىشىنىدىغان ئۇتتىو سكورزېنىيغا بۇ كۆرۈكنى پارتلىتىۋېتىشنى بۇيرىغان ئىدى. بىر سكورزېنىي تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئەترىتى پلاستىك پارتلاتقۇچ دورىلىرى بىلەن بۇ كۆرۈككە يېقىنلىشىپ بارغان ۋاقىتىدا، ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرىنىڭ مەخپى قۇرالى بولغان قانالدىن مۇداپىيەلىنىش چىرىقى تەرىپىدىن سېزىلىپ قالىدۇ. بۇ مەخپى قۇرال، يەنى بۇ تۇر چىراق بەكلا كۈچلۈك نۇر دەستىسى تارقىتىدىكەن. ئەمما بۇ نۇرنىڭ نەدىن چىقىۋاتقانلىقىنى پەقەتلا بىلگىلى بولمايدىكەن.

شۇ ۋاقىتقا كەلگىنىدە، گېرمانىيەنىڭ غەربى ئۇرۇش سېپى پۈتۈنلەي يىمىرىلىيدۇ. دودېلىنىڭ ب توپكورپۇسى تارمار بولۇپ يوقۇتۇلغان بولۇپ، كورپۇسىنىڭ قالدۇق قىسىملىرىمۇ رېن دەرياسىنىڭ بۇ تەرىپىگە چېكىنىپ بولغان ئىدى. جەنۇپتا بولسا، خاۋسېرنىڭ س توپكورپۇسىمۇ رېن دەرياسىنىڭ غەربى قىرغىقىغا چېكىنىپ كەتتىكەن بولۇپ، ئۇلارمۇ قورشاۋغا ئېلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. غەرق فرونتىنىڭ ۋەزىيىتىمۇ بۇلاردىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. مارت ئېيىنىڭ ئوتتۇرلىرىدىكى بۇ ئۇمىدسىز كۈنلەردە، ھىتلېر شەرق ئۇرۇش سېپىغا ئۆزى بېرىپ كۆرۈپ كەلمەكچى بولۇپ ئەتلىنىدۇ. ئۇنىڭ گېنېراللىرى ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ۋەزىيەت تەرەقىياتىنى پەقەتلا مۆلچەرلەشكە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ تەرەپكە بارغىنىدا قولغا چۈشۈپ قېلىشى ياكى ئۆلتۈرۈلۈشى ئېھتىمالى كۈچلۈك دەپ ئەسكەرتىپ باققان بولسىمۇ، بۇ گەپلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇ كېلىشتۈرگۈچى سۈپىتىدە كېمپكانى "خەلق ئاپتوموبىلى" بىلەن ئەمەس بەلكى داڭلىق مەرسەدېس بىلەن ئودېر دەرياسى يېقىنلىرىدىكى بىر كونا قەلئەگە قاراپ يولغا چىقىشقا ئەمىر بېرىدۇ. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن 9-كورپۇسنىڭ ھەرقايسى كوماندىرلىرىدىن رۇسىيە ئارمىيىسىنى بېرلىنغا قاراپ يۈرۈش قىلىشىنى توسۇپ قېلىشلىرى ئۈچۈن يالۋۇرۇپ تۇرۇپ تەلەپ قىلىدۇ. "بىزگە ھەر بىر كۈن، ھەر بىر سائەت ئىنتايىن قىممەتلىك. چۈنكى بىز يېڭىچە مەخپى قۇرالدىن پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن بەك ئۇزۇن ۋاقىت قالمىدى" دەيدۇ. بېرلىنغا قايتىش يولىدا، ھىتلېر ئۇن-تۈنسىز كېمكانىڭ نىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىچە خىيالغا پېتىپ قالىدۇ. ئۇ، يېڭىچە مەخپى قۇرال دېگىنىنىڭ بىر خامخىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. بۇ ھەقتە ئۇ تېخى يېقىندىلا يەرلىك مەسئۇل كادىرلىرىغا "ئاتوم بومبىسىنى ياساپ پۈتتۈرۈش يەنە قانچە يىل داۋام قىلىدىغانلىقى نامەلۇم بىر ئىكەنلىكىنى، قالغان سېھىرلىك قۇرال دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىلا رىيال قىممىتى بولمىغان سىياسىي قۇرالدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەنلىكىنى، يەنى غەرپلىكلەرنى گېرمانىيە بىلەن بىرلىكتە بولشېۋىكلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشنى ئۈمىت قىلىشتەك خىيالدىنلا ئىبارەت

ئىكەنلىكىنى ئېتراپ قىلغان ئىدى. ئۇ شەھەرگە قايتىپ كىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئالدىنقى سەپ ئەھۋالىنى يەتكىچە كۆرگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ، شۇندىن باشلاپ باش مىنىستىرلىك بىناسىدىن تەۋەككۇل قىلىپ سىرتقا بىر قەدەممۇ باسماس بولىدۇ. ئەندى ئۇنىڭ بىردىن-بىر ئۈمىدى، ئەڭ ئاخىرقى مىنوتلاردا يۈز بېرىشى ئۈمىد قىلىدىغان سىياسىي جەھەتتىكى بىرەر مۆجىزىدىنلا ئۈمىدلىنىشتە قالغان ئىدى.

شۇنىڭدەك ھىتلېر يەنە، ئەتراپىنى سۈيىقەستچىلەر قورشاپ بولغانلىقىنىمۇ ھېس قىلىپ تۇراتتى. مەسىلەن، رىبېنتروپنىڭ شۇتېسسىيەدە تىنچلىق كېلىشىم سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەنلىكىدىن؛ ھىملېرنىڭمۇ يەھۇدىيلاردىن سودىلىشىش ئىشلىرىدا پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ يۈرگەنلىكىدىن خەۋىرى بار ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، ھىتلېر بۇ كىشلەرنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇرۇنۇشلىرىغا ھەر قانداق بىر سۆھبەت بىھۇدە ئۇرۇنۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس دېگەندەك قىلسىمۇ يەنىلا خۇددى ئۆز نامىدا سۆھبەتكە ئۆتكۈزۈش قىياپىتىنى بېرىپ ئۇلارغا رۇخسەت قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. چۈنكى ئۇ، قايسى بىر سۆھبەت مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقىدەكلا بولىدىكەن، مەن بۇ ئىشتىن پەقەتلا خەۋىرىم يوق، دەپ يالغان ئېيتىپ تۇرىۋالىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى؛ ئەگەر سۆھبەت ئوڭۇشلۇق بولۇپ قالغىدەك بولسا، بۇنىڭ نەتىجىسى ئۇنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىدىن كەلگەن بولۇپ قالاتتى.

ھىتلېر ھەممىدىن بەك ئىشەنچ قىلىدىغان سىپېر بولسا، ھەر قايسى قۇماندانلارنى، ئالايلۇق مانتېۋفېل قاتارلىق كىشلەرنى كۆرۈپ، سۇ ئامبار تۇغانلىرى، زاۋۇت قاتارلىقلارنى دۈشمەن قولىغا ئۆتۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى پارتلىتىۋېتىش كېرەك دېگەن بۇيرۇقنى ئىجرا قىلماسلىققا كۆندۈرۈش ئۈچۈن ھەدەپ كۈچەشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ھىتلېرنىڭ خەۋىرى بار-يوقلۇقىغا بىر نېمە دېمەك تەس. 18-مارت كۈنى، سىپېر پۈتۈن تۈپراقلارنى كۆلگە ئايلاندۇرىۋېتىش سىياسىتىگە قارشى نارازىلىق دوكلاتىنى بىۋاستە ھىتلېرغا سۇنىدۇ. "ئۇرۇش بۇ ھالغا كېلىپ قالغاندىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا لازىملىق ئەسلىھەلەرنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىش، مېنىڭچە بوولغاندا، قىلچە مەنىسى يوق بىر ھەرىكەت دەپ قارايمەن" دەيدۇ سىپېر يازغان دوكلاتىدا. ئەگەر ھىتلېر گېرمانىيەنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ كۆلگە ئايلاندۇرۇش دەيدىغان غەيرىتىدە بىرەر تەۋرىنىش كۆرۈلگەن دېيىلگىنىدە، ئۇ ھالدا، سىپېرنىڭ بۇ دېگەنلىرى چوقۇم ئۇنى ھەرىكەتكە كەلتۈرەلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما ھىتلېر بۇ مېمىراندۇم دوكلاتىنى ئوقۇپ چىقىپ بولۇپ بىر ئارخېكتور بولغان سىپېرنى دەرھال چاقىرتىپ كېلىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا نارازى بىر قىياپەتتە، "ئەگەر بۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ

بولدۇق دېمەك، خەلقىنىمۇ ئايرىلدۇق دېگەنلىك بولىدۇ. ئاساسلىق تۇرمۇش ئېھتىياجلىرى جەھەتتە نېمىس خەلقىنىڭ نېمىلەرگە ئېھتىياجلىق بولىدىغانلىقى ئۈستىدە ئەنسىرەپ يۈرىشىمىزنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق. دەل ئەكسىنچە، بىز بۇ تۈر نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يوق قىلىۋېتىشىمىز كېرەك. چۈنكى، دۆلىتىمىز ئەندى بەكلا ئاجىز بىر دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان ھېسابلىنىدۇ. ئەندى بۇ دۆلەت كەلگۈسىدە نىسبەتەن كۈچلۈكرەك بولغان بىر دۆلەتكە (سوۋېتلىر ئىتتىپاقىغا) مەنسۇپ بىر يەرگە ئايلىنىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ قېتىمقى كۈرەشتىن كېيىن پۈتۈنلەي پەس سۈپەتلىك كىشىلەرلا ساق قالىدۇ. ئېسىل سۈپەتلىك ئادەملىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگىدى.»

4

مىلادىيە 900-يىللىرىدا، گېرمانىيەنىڭ چېگراسى ئودېر دەرياسى بىلەن رېن دەرياسى ئارىسىدا ئىدى. 1945-يىلىنىڭ مارت باشلىرىغا كەلگەندە، ھىتلېرنىڭ ئۈچىنچى گېرمان ئىمپېرىيىسى بۇ ئىككى دەريا ئارىسىغا قىساپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مىڭ يىللىق ئىمپېرىيىسى پۈتۈنلەي يوقۇلۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى غەرب-شەرق ئىككى تەرەپتىن كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلىتىش تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ تەييار ھالغا كەلگەن ئىدى. ئۇلار، بۇ قېتىمقى ھۇجۇم تېزلىكتە ئاخىرقى غەلىبىگە يېتەكلەپ بارىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. 3-مارت چۈشتىن بۇرۇن، مونتگومېري رېن دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىن ھۇجۇم باشلايدۇ. ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرى، پىيادە قىسىملارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ بىرەردىن بولۇپ ئىككى دىۋىزىيە ئەسكىرى كۈچىنى ھاۋادىن پاراشوتلۇق تاشلايدۇ. گۇگۇم ۋاقتىغا كەلگەندە، نېمىس قوشۇنلىرى ئومۇمىي يۈزلۈك چېكىنىدۇ. دەريا ئېقىنىنىڭ 150 مىل يوقۇرى تەرىپىدە نېمە قىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىمكانسىز دەپ تونۇلغان گېنېرال پاتتون رېن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، مونتگومېري بىلەن نېمىسلارنى قاتتىق ھەيران قالدۇرىۋېتىدۇ. بۇ ئەسلىدە ئىنتايىن ئۈستىلىق بىلەن پىلانلانغان مەخپىي ھەرىكەت، شۇنىڭدەك ھاياجانلىق بىر ھەرىكەت بولۇپ، بىر پايمۇ توپ ئوقى ئاتماي تۇرۇپ دەريادىن ئۆتىۋالغان ئىدى. بۇ ھەرىكەتتە ئۇنىڭ قىسىملىرى ئارانلا 28 نەپەر ئادىمى يارىلاندى ۋە ئۆلدى. ئۇ رېن دەرياسى ئۈستىگە بىر لەيلىمە كۆرۈك سالدۇ؛ كۆرۈكتىن ئۆتۈش ۋاقتىدا پاتتون نەق ئوتتۇرىسىدا پۈتىنى كەرگىنىچە تىك تۇرۇپ، "مەن بۇنداق قىلىشنى بەكلا ئۇزۇندىن بېرى كۈتۈپ كېلىۋاتاتتىم" دېگىنىچە دەرياغا قاراپ كىچىك تەرىتىنى بوشىتىۋېتىدۇ.

شۇندىن كېيىنكى بىر قانچە ھەپتە جەريانىدا، مونتگومېرىي بىلەن پاتتون ئىككىسى ئۈچۈنچى ئىمپېرىيە ئالىي قوماندانلىقىنى قاتتىق قورقۇتۇپ تېز سۈرئەت بىلەن گېرمانىيە ئىچىگە قاراپ ئىلگىرلەيدۇ. بولۇپمۇ ھىتلېرنى ھەممىدىن بەكرەك ئاچچىقىنى كەلتۈرگىنى كاردىنال گالېننىڭ بەكلا غەلىتە قىلمىشى بولۇپ، بۇ كاردىنال ماشىنىسى بىلەن شەھەردىن چىقىپ مۇنستېر شەھىرىنى ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسمىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. "ئەگەر مەن بۇ توڭگۇزنىڭ كۆچىكىنى تۇتىۋالغىدەك بولسام ئۇنى چوقۇم دارغا ئېسىپ جاجىسىنى بېرىمەن!" دەپ چالۋاقاپ كېتىدۇ ھىتلېر. ھىتلېر، مىجەزىنىڭ ئەسكىلىكى، ھەمدە ئۇنىڭغا تىك تۇرۇپ قارشى كېلىشتىنمۇ يانمايدىغان قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش شتاپ قوماندانىغىمۇ چىداپ تۇرالىغىدەك ماجالى قالمىغان ئىدى. گۇدېرىئان بۇنى ھېس قىلغانلىقى ئۈچۈن، 28-مارت چۈشتىن بۇرۇن بېرلىنغا كېلىپ ھىتلېرغا كۆزۈر كۆرسىتىش نىيىتىگە كېلىدۇ. ئۇنى ھەممىدىن بەكرەك كۆڭلىنى يېرىم قىلغىنى، رۇسىيە ئۇرۇش سېپىنىڭ نەچچە يۈز مىل كەينىدە قالغان كۈرلاندىدىكى قورشاۋ ئاستىدا قالغان 200 مىڭ نەپەر نېمىس ئەسكەرلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاپەت ئىدى. ئەسلىدە بۇ ئەسكەرلەر قورشاۋ ئاستىغا چۈشۈپ قالماسلىقى كېرەكلىكىنى ئۇيلايتتى. گودېرىئان قىسمەن ۋەيران قىلىۋېتىلگەن باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسىگە قەدەم قويىشى بىلەن تەڭ، ئادىيۇتانتى بىلەن ئىككىسىنى بىر نەپەر پوستتا تۇرغان ئەسكەر پەلەمپەيدىن گەمە قەۋەتكە قاراپ باشلاپ چۈشۈپ پولات تۈنۈكلەردە مۇستەھكەملەنگەن بىر ئىشىك ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ئىشىك ئىككى نەپەر ئېس-ئېس تەرىپىدىن قوغدالماقتا ئىدى. بۇ يەر، ھىتلېرنىڭ يېڭى ئۆيىگە كىرىش ئاغزى ھېسابلىناتتى: بۇ گەمە، باش مىنىستىرلىك گۈللۈكىنىڭ ئاستىغا چوڭقۇر كولىنىپ ياسالغان چوڭ تىپتىكى بىر يەر ئاستى ئاكوپ ئىدى.

ئۇلار پەلەمپەيدىن گەمە ئىچىگە چۈشۈپ تار بىر كورىدورغا كېلىدۇ. بۇ كورىدورنى بىر غېرىچ سۇ بېسىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار سۇ ئۈستىگە قويۇلغان تاختايلارنى باسقىنىچە دەلدەڭشىگىنىچە ئۆتۈپ بىر ئىشىك ئالدىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ يەردىنمۇ بىر قانچىلا باسماق پەلەمپەيدىن پەسلەپ چۈشكەندىلا ئاندىن يەر ئاستى ئىستىھكامىنىڭ ئۈستىنكى قەۋىتىگە يەتكىلى بولاتتى. ئۇ يەردە 12 ئېغىز كىچىك ئۆيلەر بولۇپ، ئىشىكلەر بىرلا كارىدورغا ئېچىلاتتى. بۇ كورىدور يەنە كېلىپ تاماقخانا ئورنىدىمۇ پايدىلىنىدىغان بىر يەر ئىدى. گودېرىئان بىلەن ئادىيۇتانتى ئىككىسى بۇ كورىدورنىڭ بېشىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئايلاندۇرۇپ ياسالغان بىر پەلەمپەيدىن ئاستى قەۋەتكە چۈشىدۇ. ئاندىن، ئۇلار يەنە 10 نەچچە پەلەمپەي تۆۋەنلىگەندىن كېيىن ئەڭ ئاخىرقى قەۋەتكە چۈشىدۇ. بۇ يەردە، يەنى فۇھرېرنىڭ يەر ئاستى ئاكوپىدا جەمئىي 18 ئېغىز ئۇششاق ئۆيلەر بولۇپ، بۇ ئۆيلەر زالغا

قارايتتى. زالمۇ ئىككىگە ئايرىلغان بولۇپ، بىرىمى مېھمان كۈتۈش سارىيى ئورنىدا، قالغان بىرىمى يىغىن زالى ئورنىدا ئىشلىتىلمەكتە ئىدى. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئەڭ بېشىدە كىچىك بىر كورىدور بار بولۇپ، ئۇ يەردە بىر جىددى چىقىش ئېغىزى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. بۇ چىقىش ئېغىزىدا 4 قاتلىق تىك پەلەمپەي ياسالغان بولۇپ، پەلەمپەيلەر پۈتۈنلەي بېتوندىن قۇيۇپ چىقىلغان بولۇپ، ئۇ يەردىن بىۋاستە گۈللۈككە چىققىلى بولاتتى. يىغىن زالىنىڭ سول تەرىپىدە كىچىك بىر خەرىتە بۆلۈمى، بىر مۇھاپىزەتچى دەم ئېلىش ئۆيى ۋە 6 ئېغىزلىق فۇھرېر بىلەن ئېۋا براۋننىڭ ياتاق ئۆيلىرى جايلاشقان ئىدى. بۇ ئاكوپتا ھاۋالاندۇرۇش سىستېمىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغىنىغا قارىماي، گەمىنىڭ ھاۋاسى بەكلا دىمىق بىلىنەتتى. بۇ يەردىكى ھاۋالاندۇرۇش سىستېمىسىدىن چىقىدىغان گۇرۇلدىگەن ئاۋاز ھەممە ئۆيدە كۈچلۈك ئەكس ئېتىپ ئاڭلىناتتى. بۇ ئىستىھكامنىڭ ئۈستى 12 غېرىچ قېلىنلىقتا پولات چۆيقىلىق بېتون شىپ ئارقىلىق مۇداپىيە قىلىنغان ئىدى. شىپتا يەنە 30 غېرىچ قېلىنلىقتا سېمونت تۆكۈلگەن ئىدى. مانا بۇ، ھىتلېرنىڭ كەلگۈسى مازارى بولىدىغان، ياكى بولمىسا سېھىرلىق غالىبىيەتنى كۈتىدىغان ئىستىھكام يېرى ئىدى. بەلكىم بۇ يەر ھىتلېرغا بىرىنچى جاھان ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى قورقۇنۇشلۇق ئەمما قەھرىمانلىق بىلەن تولغان ئىستىھكام ھاياتىنى ئەسلىتىدىغان بولسا كېرەك؟

ھىتلېر، يان ئۆيىدىن پۈتنى سۆرىگىنىچە چىقىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن چۈشلۈك ھەربىي ئىشلار يىغىنى باشلاندى. ئالدى بىلەن گېنېرال تېئودور بۇسسې ئۆزىنىڭ ئودېر دەرياسىنىڭ شەرقى قىرغىقىدىكى بىر كىچىك بىر شەھەردە قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىش ئەھۋالىدىن دوكلات بېرىدۇ. ھىتلېر ئۇنى تەنقىتلەشكە باشلىشى بىلەن، گېپىنى گۇدېرىئاننىڭ چەك تۇرۇپ ھىمايە قىلىشى بىلەن ئۈزۈلىدۇ. بۇنىڭدىن ھىتلېر قاتتىق غەزەپلىنىپ ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ شۇنچە چاققانلىقىدىن ھەممەيلەن ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىشىدۇ. گۇدېرىئانمۇ قىلچە يۇمشايدىغاندەك كۆرۈنمەيتتى. شۇڭا ئۇ قورقماستىن ھىتلېر بىلەن تالاش-تارتىش قىلىشقان نەچچە ھەپتە ئاۋالقى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. "فۇھرېرىم ئەجەبا كۇرلاندتا قىستىلىپ قالغان قىسىملارنى چېكىندۈرۈپ چىقىشنى خالامسىز؟ _ دەپ سورايدۇ. "ياق، چېكىندۈرمەيمەن!" دەيدۇ ھىتلېر قولىنى شىلتىپ ۋارقىرىغىنىچە. ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىدىن شۇ ھامات قىزىل داغلار كۆرۈلۈشكە باشلىغان ئىدى. گۇدېرىئان ئورنىدىن قىمىرمۇ قىلماي بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن، ھىتلېرغا قاراپ ماڭىدۇ. جودل بىلەن ئۇنىڭ ياردەمچىسى دەرھال بېرىم گۇدېرىئاننى كەينىگە تارتىدۇ. ئەمما ئۇ ئاۋازىنى بولىشىچە كۆتۈرۈپ سۆزلەيدۇ. كېيىن ئۇنىڭ ئادىيۇتانتى "تېلفون، تېلېفون كەلدى" دەپ ئۇنى ئالداپ

زالغا چىقىرىۋالىدۇ. گۇدېرىئان قايتىپ يىغىن زالىغا كىرگىنىدە، ئۆزىنى خىيلىلا تۇتىۋالغان ئىدى.

ھىتلېر جايىغا ئولتۇرىۋالغان بولۇپ، چىرايى غەزەپتىن تاتىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئىككىلا قولى قاتتىق تىترەپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۆزىنى خېلىلا بېسىۋالغان ئىدى. ئۇ خاتىرجەم بىر شەكىلدە كۆپچىلىكنى چىقىپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ، يالغۇز گۇدېرىئان بىلەن جەدەل ئىككىسىنىلا يېنىدا قالدۇرىدۇ. ئاندىن ئۇ گۇدېرىئانغا "گېنېرال گۇدېرىئان، سالامەتلىكىڭىز ياخشى ئەمەس ئىكەن، شۇڭا دەرھال 6 ھەپتىلىك دەم ئېلىشقا چىقىشىڭىز كېرەك" دەيدۇ. گۇدېرىئان ئەندىلا چىقاي دەپ تۇرۇشىغا، ھىتلېر ئۇنى توختىتىپ يىغىندىن كېيىن ماڭسىڭىزمۇ بولىدۇ، دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك يىغىن قايتا داۋام قىلىدۇ. بىر قانچە سائەتتىن كېيىن، يىغىن تارقىلىدۇ. ئەمما گۇدېرىئانغا بۇ بىر قانچە سائەت بەكلا ئۇزۇن بىلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ يەنىلا ماڭمايدۇ. "ئۆزىڭىزنى بەكرەك ئاسراڭ، _ دەيدۇ ھىتلېر يالۋۇرغان قىياپەتتە، _ 6 ھەپتىدىن كېيىنكى ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ بەكلا ئېغىر ھالغا كېلىدۇ. شۇ چاغدا مەن سىزگە بەكلا ئېھتىياجىم چۈشىدۇ." گۇدېرىئان، تىنچ بىر يەرنى تېپىپ دەم ئېلىپ تۇرىمەن دېگىنىچە بىلەك سالمىي بىرىپ چىقىپ كېتىدۇ.

مەسىخ تۇغۇلغان كۈنى بايرىمىدى بولغان يەكشەنبە كۈنى، كۈر رايونىدىكى تىركىششلەر پۈتۈنلەي تارمار كەلتۈرۈلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھىتلېرمۇ پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغانلىق ئەمەلىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۈچىنچى ئىمپېرىيە غالىپلار تەرىپىدىن پارچىلىنىپ تاراش-پاراش قىلىۋېتىلىدىغان، ئۇنىڭ خەلقىمۇ سوۋېت-ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ دەپسەندىسىگە ئۇچرايدىغان بولىدۇ، دەپ قارايتتى. ئەمما ئۇ بورمانغا ئېغىزچە ئېيتىپ يازدۇرغان ۋەسىيىتىدە، "تارىخىي ۋە جوغراپىيەلىك قانۇنىيەتلەر بۇ ئىككى چوڭ دۆلەتنى بىر-بىرسى بىلەن ئېلىشىدىغان ھالغا كەلتۈرىدۇ؛ بەلكىم ئۇلار يا قۇراللىق ياكى ئىقتىسادىي ۋە ئىدىيىۋىي ساھەلەر بويىچە ئۆزئارا ئېلىشىدىغان بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، بۇ قانۇنىيەتلەر بۇ ئىككى چوڭ دۆلەتنى ساقلانغىلى بولمايدىغان شەكىلدە ياۋروپانىڭ دۈشمىنى ھالىغا كەلتۈرىدۇ؛ يەنە شۇنىمۇ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، مەيلى بالدۇر ياكى كېچىكىپ بولسۇن، بۇ ئىككى چوڭ دۆلەت ياۋروپادا بىردىن-بىر ساقلىنىپ قالىدىغان مىللەت، يەنى گېرمان خەلقىدىن ئۇلارنى قوللاپ قۇۋۋەتلىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىمۇ بىر مۇقەررەرلىك؛ مەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە شۇنى تەكىتلەپ كۆرسىتىمەنكى، بىز گېرمانلار ھەر قانداق بەدەل تۆلىنىشىدىن قەتئىي نەزەر، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ خالىغان بىرىنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىدىكى پىيچكا بولۇپ

قىلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك.»

بورمان، شۇ كۈنى، يەنى 2-ئافرېل كۈنى، ئايالىغا يازغان خېتىدە، بېرلىننىڭ يېقىندا بىر قېتىملىق ۋاھا بومباردىمانغا يولۇققانلىق ئەھۋالىنى ھەمدە پۈتۈن بېرلىن شەھرىنى قاپلىغان ئۈمىدسىزلىك روھىي ھالىتىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. ئۇ ئايالىنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ۋېيىننادىمۇ ئەك يامان ئەھۋال بويىچە پىلان تۈزگىن، ئەگەر ئۇرۇسلار ئۇ قورغاننىمۇ ئىشغال قىلىۋالغىدەك بولىدىكەن، دەرھال يوقىرى سالسبۇرگدىن قېچىپ قۇتۇلۇڭ. دېگەندەك ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتمەيلا قىزىل ئارمىيە ۋېيىناغا سەلدەك باستۇرۇپ كىرىدۇ. يېنىدا ئوغرىلىۋالغان تونۇشتۇرۇش خېتى بار، بىلىكىگە يالغاندىن "خەلق ئاۋانگارتلىرى" دېگەن يەڭلىك تاقىۋالغان قارشىلىق كۆرسەتكۈچى جەڭچىلەر كوچىلاردا ئاشكارە ئاختۇرۇپ يۈرۈپ، گېرمانىيە ئارمىيەسىگە تەۋە ئۇنفورما كەيگەنلىكى كىشىنى ئۇچرىتىپ قالسا دەرھال ئېتىپ ئۆلتۈرۈشەتتى. ئاخشىمى، كىشىلەر قاتتىق ۋەھىمە ئىچىدە ۋېيىننادىن قېچىشقا باشلايدۇ. بۇنداق قاچىدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىدۇ. پاۋارنىكچىلار، ھاۋا مۇداپىيە پاتروللىرى ھەمدە ساقچىلارمۇ بۇ قاچقۇنلار قوشۇنىغا قېتىلماقتا ئىدى.

5

ئالدىنقى سەپلەردە پۈتۈن تىركىشىشلەر بىرمۇ-بىر تارمار قىلىنىۋاتقىنىغا قارىماي، ھىتلېر يەنىلا كىشىلەرگە ئەك ئاخىرقى بىر مىنوتتا بىرەر مۆجىزە چىقىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرۈشكە تىرىشاتتى. ئۇ كىشىلەرگە، دۈشمەنلىرىمىز ھەتتا يالتادا "قەھرىمان يېڭى ياۋروپا" ئۈچۈن تىكلىگەن ئاساسلىرىغىمۇ چاك كېتىشكە باشلىدى، دەيتتى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى خىيالى پەرەز دېيىشكىمۇ بولمايتتى. بۇ پىلاننى تەييارلاش ۋاقتىدا، "ئۈچ چوڭ كاتتىباش" ھەققەتەنمۇ نىسبەتەن مۇلاھىم قىياپەتتە بىر يەرگە كېلىشكەن بولسىمۇ، بۇ پىلاننى ئىجرا قىلىش ۋاقتىغا كەلگەندە تۈگىمەس زىددىيەتلەر قاينىمى ئىچىگە پېتىپ قالغان ئىدى. پولشا يېڭى ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ چىقىشتا ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى موسكۋادا يىغىن ئۆتكۈزىپ پۈتۈنلەي قاتماللىق ئىچىگە پېتىپ قالدۇ. بىر تەرەپتە، مولوتوف لۇبلىن ھۆكۈمىتى ھەقىقى تۈردە پولشا خەلقىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ ئېلان قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتە، ئاۋېرىل خاررىمان بىلەن ئەنگلىيە باش ئەلچىسى، قەتئىي قاچقۇن پولەكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان پۈرلىق پولەكلەرگە تېخىمۇ كۆچلۈك ۋەكىللىك قىلالايدىغان ھۆكۈمەت قۇرۇلسۇن، دەپ تالاش-تارتىش قىلماقتا ئىدى.

بۇ تۈردىكى توقۇنۇشلار تېخىمۇ چوڭقۇر پارچىلىنىشتىن دېرەك بېرەتتى. بىر قانچە ئايدىن بېرى، ئەسلىدە ھىملىرنىڭ شەخسىي ئاديۇتانتى، شۇ كۈنلەردە ئىپس-ئىپسنىڭ ئىتالىيەدە تۇرۇشلۇق باشلىقى بولغان گېنېرال كارل ۋولف، ئامېرىكىنىڭ ستراتېگىيەلىك ئىنفورماتسىيە باشقارمىسىنىڭ شۋېتسارىيىدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ئاللېن دۇللېسنىڭ بىر ۋاكالەتچىسى بىلەن ئىزچىل مۇناسىۋەت باغلاپ ئامېرىكىلىقلار بىلەن سۆھبەت قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. فۇھرېرمۇ ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈش ھەققىدە مۇجىمەللا جاۋاپ بەرگەن ئىدى. ئەمما ۋولف ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىتالىيەدە تۇرۇشلۇق گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ تەسلىم بولۇشىنى تەكلىپ قىلىدۇ. كەينىدىنلا ئۇ يەنە شۋېتسارىيىنىڭ ئاسكونادا ئىككى نەپەر ئىتتىپاقداشلار گېنېرالى بىلەن يوشۇرۇن ئۇچرىشىپ ھىتلېردىن يوشۇرۇن بۇ ئىشنى پۈتتۈرۈشنىڭ چارىسىنى مۇزاكىرە قىلىشىدۇ.

باشتىن تارتىپلا ئىتتىپاقداش ئەللەر "شەپەق ئوپېراتسىيىسى" نى ستالىنغا خەۋەر قىلىۋەتكەن ئىدى؛ شۇنىڭدەك سۆھبەتنىڭ بېشىدىلا سۆھبەتكە ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىش ئۈچۈن بىر نەپەر ۋەكىل ئەۋەرتىلىشىنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالىدۇ. ئىتتىپاقداش ئەللەر چۈشەنگىنى بويىچە ئىزاھلاپ كېلىپ، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ۋولف ھەرگىزمۇ بۇنداق بىر سۆھبەتكە كېلەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگىنىدە، ستالىننىڭ قاتتىق گۇمانىنى قوزغايدۇ. ئۇ، ئاسكونادا ئۇچراشقانلىق خەۋىرىنى ئالغىنىدا، قاتتىق ئىنكاس قايتۇرىدۇ. ئۇ "گېرمانىيەگە قارشى بىرىنچى بولۇپ ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇش قىلىۋاتقان سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ كۆزىنى بوياپ گېرمانىيە بىلەن ئۆز ئالدىغا كۆرۈشۈپ يۈرگەنلىكى" نى ھەمدە بۇ ئىش "بىرەر ئۇقۇشماسلىق مەسىلىسى ئەمەس ھەتتا تېخىمۇ يامان بىر ئىش ئىكەنلىكى" نى ئېيتىپ ئىتتىپاقداشلارنى ئەيىپلەيدۇ.

مارتنىڭ ئاخىرىدا، ستالىن ئىتتىپاقداشلارنى ئەيىپلەپ كېلىپ، ئاسكون ئۇچرىشىشى سەۋەبىدىن نېمىسلار 3 دىۋىزىيە ئەسكىرىنى ئىتالىيەدىن شەرقىي سەپكە يۆتكەپ كېلىشىنىڭ بىرەر مەسىلە چىقارمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ يەنە، يالتادا تۈزۈلگەن شەرق، غەرب ۋە جەنۇب ئۈچ يۆلۈنۈش بويىچە بىرلىكتە ھىتلېرگە قارشى ھۇجۇم باشلاش كېلىشىمىگە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئىتالىيە تەۋەسىدە ئەمەل قىلمىغانلىقىنى قاتتىق غەزەپ بىلەن ئەيىپلەيدۇ. بۇ ھەقتە روزۋېلت ئۇنىڭغا ئىزاھلاپ ئۆتكەن بولسىمۇ، روزۋېلتنىڭ چۈشەندۈرۈشى ستالىننىڭ تېخىمۇ غەزەپ بىلەن بىر پارچە تېلېگراممىا يوللاپ ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئالدامچىلىق ئويۇنى ئوينىدى دەپ ئاشكارە ئەيىپلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ گەپتىن پرېزىدېنت روزۋېلت بەكلا قايناپ كېتىدۇ. 5-ئاپرېل كۈنى، ئۇ ستالىنغا قاتتىق ھەيۋە قىلىپ غەزەپلىك بىر پارچە تېلېگراممىا يوللايدۇ.

"شۇنى ئوچۇق كۆرسەتتىپ ئۆتىمەنكى، سىزنىڭ ئىستىخبارات بىلەن تەمىنلەيدىغان ئادەملىرىڭىزگە، ئۇلار كىم بولىشىدىن قەتئىي نەزەر قاتتىق نەپرەتلەنمەي تۇرالمايمەن. چۈنكى ئۇلار مېنىڭ ۋە ماڭا سادىق جول ئاستىمدىكىلەرنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى زەھەرخەندىلىك بىلەن بۇرمىلاپ كۆرسەتكەن." ستالىن، مەن روزۋېلتنىڭ دۇرۇست ۋە ئىشەنچلىك بىرسى ئىكەنلىكىدىن ھېچقاچان گۇمانلانغان ئەمەسمەن، دەپ ئالدىراش جاۋاب تېلېگرامما يوللايدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ جاۋاب تېلېگراممىنى يەنىلا كۈچلۈك بىر ئەپۇ سوراش دېيىشكە بولاتتى. ستالىن يەنە، ئاسكون يىغىنىغا ئەسلىدە سوۋېتلەر ئىتتىپاقدىنمۇ ۋەكىل قاتنىششى كېرەك ئىكەنلىكىنى قوشۇمچە قىلىپ، ئۆز قارىشىنىڭ "بىردىن-بىر توغرا قاراش" ئىكەنلىكىنىمۇ تەكىتلەيدۇ.

ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر سىپىدە كۆرۈلگەن بۇ تۈردىكى زىددىيەتلەرنىڭ تەپسىلاتىدىن ھىتلېر ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولمىغاندەك قىلىسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇنداق بىر زىددىيەتنىڭ بارلىقىدىن خەۋىرى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ، بۇنداق بىر زىددىيەت كۆرۈلۈشىنىمۇ ئالدىن پەرەز قىلالىغان بىرسى ئىدى. شۇڭا ئۇ، بىرەر كارامەت كۆرۈلۈپ قالسا ئەجەپ ئەمەس دەپ قايتىدىن ئۈمىدلىنىشكە باشلايدۇ. گېيوبېلس كارلىيلى يازغان "يەتتە يىللىق ئۇرۇش" جەريانى تەسۋىرلەنگەن كىتابىنى ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىۋاتقىنىدا ھىتلېر بەكلا مەززە قىلىپ ئاڭلاپ ئولتۇرىدۇ: پرۇسىيەدە، ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قېلىشتىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ۋەزىيەت كۆرۈلگەن بىر پەيتتە، بۈيۈك ئىمپېراتور فرېدېرىك بەكلا ئىچى پۇشۇپ كەتكەن. شۇڭا ئۇ، ئەگەر 15-فېۋرالدىن بۇرۇن بۇ ئۇرۇش ۋەزىيىتى ئۆزگىرىش ياسىمايدىكەن، چوقۇم زەھەر ئىچىپ ئۆلىۋالىمەن، دېگەن. "باتۇر پادىشاھىم، _ دەپ يازىدۇ كارلىيلى، _ يەنە ئازىراق كۈتۈپ باقايلى، سىزنىڭ بۇ جاپالىق كۈنلىرىڭىز چوقۇم پات يېقىندا ئۆتۈپ كېتىدۇ. سىزنىڭ تەلىيىڭىز كېلىدىغان ۋاقىت خۇددى بۇلۇتلار توسۇۋالغان قوياشتەك پات ئارىدا پارلاپ چىقىدۇ" دېگەن. 12-فېۋرال كۈنى، دېگەندەك چارپادىشاھىنىڭ ئايالى ۋاپات بولىدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ ۋەزىيەتمۇ تىزلىكتە چارنىڭ زىيىنىغا ناچارلىشىپ، ئىشەنگۈسىز ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىشكە باشلىغان.

"""كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان بۇنداق ھېكايىنى ئاڭلاپ، _ دەيدۇ گېيوبېلس كېيىن بىر ۋاقىتلاردا شۋېرىن ۋون كروسىگكقا، _ ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشاڭغىراشقا باشلىغان ئىدى." شۇڭا ئۇمۇ دەرھال ئۆزىنىڭ تەغدىرىگە قىزىقىپ، دەرھال ھىملېرنىڭ تەتقىقات بۆلۈمىدىكى ئىككى نەپەر يۇلتۇز پالچىسىنى تاپتۇرۇپ كېلىدۇ. بۇ ئىككى پالچى، 1941-يىلدىن بۇرۇن غالىبىيەت يىلى بولغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللارنىڭ بىر قاتار ئوڭۇشسىزلىقلار بىلەن تولغانلىقىنى، بولۇپمۇ بۇ ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ ئەڭ يۇقۇرى پەللىسى ئېغىر ئاپەت

خاراكتېرىدە بولىدىغانلىقىنى، بۇ ۋاقىتنىڭ 1945-يىلى ئاپرېلنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن بۇرۇنراق ئوتتۇرغا چىقىشى مۇمكىنلىكىنى ئالدىن ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇلار يەنە، شۇنىڭغا قارىماي ئافرېلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يەنە قىسقا مۇددەتلىك غالىبىيەتلەر كۆرۈلۈپ يەنە تىنجىپ قالىدىغانلىقىنى، ئاۋغۇستتا تىنچلىق قولغا كېلىدىغانلىقىنى؛ گېرمانىيە 1948-يىلدىن بۇرۇن قاتتىق جاپا-مۇشەققەتلىك ئىچىدە ياشايدىغانلىقىنى، شۇنىڭدىن كېيىن قايتىدىن يۈكسىلىشكە باشلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

مىجەزى گۇمانخورلۇق بىلەن تولغان گيوبېلسمۇ سامانغا ئېسىلىپ سەلدىن قۇتۇلۇش دەيدىغان گەپلەرگە قارشى ئەمەس ئىدى. بۇنداق بىر تارىخى ئۆلگە ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ، 12-ئافرېل كۈنى ئودېر دەرياسى يېقىنىدىكى گېنېرال بۇسسېنىڭ قوماندانلىق شتاپىغا بېرىپ ۋەزىيەتنى كۆزدىن كۆچۈرگەن ۋاقتىدا، ئۇ يەردىكىلەرگىمۇ بۇ ھىكايىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئاردىن بىر ئوفىتسېر چىقىپ، "ئۇنداقتا، بۇ قېتىم 'چارىنىڭ ئايالى' قاچان ئۆلىدىكەن؟" دەپ قوپاللىق بىلەن سورايدۇ. "ئۇنى بىلمەيمەن. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، تەقدىر ھەر تۈرلۈك ئېھتىماللىقلارغا باغلىق ئىكەنلىكى ئېنىق" دەيدۇ گيوبېلس جاۋابەن. ئاندىن ئۇ ئاستا-ئاستا قارىيىپ كېلىۋاتقان ئاخشىمى بېرلىنغا قايتىدۇ.

ئاتلانتىكنىڭ قىرغاقىرى بولغان ئاكروستا، گىئورگىيە ئارشىڭدا، فرانكلىن روزۋېلت "ۋاي بېشىم، قاتتىق ئاغرىپ ..." دېگىنىچە ھوشىدىن كېتىپ قالىدۇ. ئاردىن 2 سائەت 20 مىنوت ئۆتكەندە، روزۋېلت بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ. گيوبېلس ئىشخانىسىغا قايتىپ كېلىپلا بۇ خەۋەرنى ئاڭلايدۇ. "مانا بۇ بۇرۇلۇش نوقتىسى!" دەپ ۋارقىرىۋېتىدۇ. ئاندىن تازا ئىشىنىپ كېتەلمىگەندەك، "بۇ دېگىنىڭلار راستمۇ؟" دەپ قايتا سورايدۇ. ئۇ فۈھرېرگە تېلېفوندا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزىۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئون نەچچە كىشى ئورىۋالغان ئىدى. "سىزنى تەبرىكلەيمەن فۈھرېرىم! ـ دەيدۇ گيوبېلس، ـ روزۋېلت ئۆلۈپتۇ! يۇلتۇز پالىدا ئافرېلنىڭ كېيىنكى يېرىمى بىزنىڭ ئۈچۈن بىر بۇرۇلۇش نوقتىسى بولىدىغانلىقى ئېيتىلمىغانمىدى؟ ـ دەيدۇ گيوبېلس ھىتلېرنىڭ گېپىدىن كېيىن، ـ بۇ بىر مۆجىزە! ـ ئاندىن ئۇ، ـ بىر ئېھتىمالدا ترومىن روزۋېلتقا نىسبەتەن يۇمشىغاراق ئىش قىلىدىغان بىرسى دەپ قارايمەن." دەيدۇ. مانا ئەندى كۈتۈلمىگەن ئىشلار ئوتتۇرغا چىقىشى مۇمكىن. ئۇ تېلېفون تروپكىسىنى جايىغا قويۇپ، كۆزلىرى چاقنىغان ھالدا ئەتراپتىكىلەرگە قارايتتى. ئاندىن ئۇ ئۇرۇش شۇ ھامان توختايدىغاندەك، ئاجايىپ دەبدەبىلىك نۇتۇقتىن بىرنى سۆزلىۋېتىدۇ.

رىببېنتروپ ئۇنىڭچىلىك قىزغىن ئەمەس ئىدى! ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، يەنى 13-ئافرېل كۈنى، ئۇ ھىتلېر بىلەن بىرگە ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ سىرتلارنى ئايلىنىپ كېلىپ

مجەزى بەكلا تۇۋەنلەپ كېتىدۇ. "فۇھرېر كۆكلەردە پەرۋاز قىلماقتا! – دەيدۇ رىببېنتروپ خىزمەتچىلىرىگە. _ گېوببېلس دېگەن بۇ لۈكچەك رووزۋېلتنىڭ ئۆلۈمى بۇ ناچار ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقى ئىشەندۈرۈۋەتكەن گەپ، بۇ ھەقىقەتەنمۇ قالايماقان جۆيلۈش، ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر جىنايەت! رووزۋېلتنىڭ ئۆلۈمى قانداقلارچە بىزگە پايدىلىق ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلالايتتىكى؟"

گېوببېلس، ترومن ھەققىدە مەتبۇئاتتا ئوبيېكتىپ ئەمما مۇجمەل بىر باھا ئېلان قىلىدۇ. ئۇ ماقالىسىدا بۇ يېڭى پرېزىدېنتنىڭ چىشىغا تېگىدىغان ھەرقانداق گەپنى تىلغا ئالمايدۇ. ئۇ ماقالىسىدا رووزۋېلتنىڭ ئۆلۈمىدىن قاتتىق خوشال ئىكەنلىكىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يوشۇرۇپ قىلىشقا تىرىشقان ئىدى. شۇنداقتىمۇ، چۈشتىن كېيىن، بۇ تەشۋىقات مىنىستىرىنىڭ ھاياجىنى پەسكويغا چۈشۈشكە باشلايدۇ. گېنېرال بۇسسې ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ، ئالدىنقى كۈنى ئۇنىڭ بىشارەت بەرگەنلىرى رووزۋېلتنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئوتتۇرغا چىقىش ئېھتىمالى بولغان پەرەزلەرمۇ قانداق دەپ سورىۋىدى، گېوببېلس ئۇنىڭغا تولۇق ئىشەنچ قىلالمىغان ھالدا "ھە، بۇ ھەقتە مەن ئېنىق بىر نەرسە بىلمەيمەن. قاراپ باقايلى نېمىلەر بولىشىدىغا" دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئالدىنقى سەپتىن كەلگەن تېلېگراممىا دوكلاتلىرىدىن قارىغاندا، ئامېرىكا پرېزىدېنتىنىڭ ئۆلۈمىدىن دۈشمەننىڭ ئەسكىرى ھەرىكەتلىرى قىلچىمۇ تەسىرگە ئۇچرىمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. شۇ كۈنى كەچلەردە، گېوببېلس خىزمەتچىلىرىگە "قارىغاندا تەقدىر بىزنى يەنە بىر قېتىم ئېغىر سىناقلار بىلەن ئۇچرىشىتۇراتقاندەك قىلىدۇ، قارىغاندا بىز تۈگىمەيدىغان تولۇق چىقىپ بولالمىغان چۈچەكلا ئوخشىساق كېرەك؟" دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ھىتلېرنىڭ كىشىگە قالدۇرغان تەسىرى پۈتۈنلەي بۆلەك ئەكسى ئىدى. ئۇ، بىر قېتىم پەۋقۇلئاددە يىغىن چاقىرىدۇ ھەمدە بېرلىننى قوغدىلىدۇرۇش ھەققىدىكى بەكلا غەلىتە بىر ستراتېگىيىنى ئاشكارىلايدۇ: بېرلىنغا قاراپ چېكىنىۋاتقان گېرمانىيە قوشۇنلىرىدىن كۈچلۈك بىر مۇداپىيە يادروسى تەشكىللەپ چىقىپ، رۇسىيە ئارمىيىسىنى ئۆزىگە تارتماقچى بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا، باشقا قىسىملار ئۈستىدىكى رۇس قوشۇنلىرىنىڭ بېسىمىنى ئازايتىپ ئۇلارنى سىرتتىن بولشېۋىكلارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىش ئىدى. بۇ قېتىمقى ئوپېراتسىيەدە بېرلىندا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىنى بىر قىسىم ئىشەنچىسى تولۇق تىكلەنمىگەن كىشىلەرگە سۆزلەيدۇ. ئەسكەرلىرىنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇمۇ شەھەر ئىچىدە قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بىر قانچەيلەن ئۇنىڭ بېرچتېسگادېنغا كېتىشىنى تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ، ھىتلېر بۇنىڭغا قۇلاق سالمايدۇ. گېرمانىيە قوراللىق قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانى ھەمدە نېمىس خەلقىنىڭ داھىيسى

بولۇش سوپىتى بىلەن، پايتەختتە قىلىشىم مىنىڭ ۋەزىپەم دەپ قارىغان ئىدى. ئۇ، قىسىملارغا تەييارلىغان ئەڭ ئاخىرقى ھۆججىتى ھېساۋىدا 8 بەتلىك بىر ئۇقتۇرۇش تەييارلاپ گيوبېلسقا تاپشۇردۇ. بۇ تەشۋىقات مىنىستىرىمۇ ھىتلېرنىڭ بۇ ئۇقتۇرۇشتا تىلغا ئالغان گەپلىرىنى بەكلا كۆلكىلىك دەپ قارىغان ئىدى. ئۇ، يېشىل قېرىنداش بىلەن بۇ ئۇقتۇرۇش تىزىسىنى تۈزىتىشكە تىرىشىپ بېقىپ باشقا چىقىرالماي ئاخىرى بۇ ئارگىنالنى ئەخلەت قۇتىسىغا چۆرىۋېتىدۇ. سەل تۇرغاندىن كېيىن ئۇنى قايتىدىن ئېلىپ بىر قانچە جۈملىسىگە ئۆزگەرتىش قىلىدۇ. 15-چېسلا، گيوبېلس ئاخىرقى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنىمۇ كۆزدىن كۆچۈرمەي ئالدىنقى سەپلەرگە تارقىتىۋېتىدۇ. ئۇنىڭدا، شەرقى سەپتىكى جەڭچىلەر ئۈستىگە چۈشكەن ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدىغانلا بولىدىكەن، ئاسىيانىڭ ئاخىرقى ھۇجۇمىنى تارمار كەلتۈرەلىشىمىز مۇمكىن؛ چۈنكى، تەقدىر رۇزۋېلتتىن ئىبارەت بۇ تارىختىكى ئەڭ چوڭ ئۇرۇش جىنايەتچىسىنى تازىلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇرۇش چوقۇم ھەل قىلغۇچ بۇرۇلۇش ياسىيالىشى مۇمكىن، دەپ كۆرسىتىلگەن ئىدى.

ئىشەنگىسى كەلمەيدىغان يېرى شۇكى، بەكلا كۆپ ئەسكەرلەر ھىتلېردىن ئىلھام ئېلىپ ئۇنىڭ دېگەنلىرىدىن قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېتىشى ئىدى. ھەتتا مۇتلەق كۆپ سانلىق پۇخرالار غەرپلىكلەرنىڭ ۋەھشىيانىلىق بىلەن بومباردىمان قىلىشى ھەمدە ئىمپېرىيىنىڭ زېمىنى كۈنسايىن تارىيىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قارىماي ئۇنىڭغا يەنىلا ئىشىنەتتى. ئادەتتىكى نېمىسلار، فۇھرېر ئادەتتىكى بىر ئادەم بولۇش بىلەنلا قالماستىن، ئۇنى يەنە خاسىيەتلىك ھادىسە دەپ قارىشاتتى. خەلق ئۇنى يېڭىلمەس دەپ تونۇيتتى. بەكلا كۆپ كىشىلەر كەڭ تارقالغان ئەنە شۇ تۆۋەندىكى رىۋايەتلەرگە ئىشىنەتتى: تېمىغا ھىتلېرنىڭ رەسىمى ئېسىلغان بىر ئۆيي ھەر قانداق ئېغىر بومباردىمانىدىنمۇ ساق چىقالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. 20-ئىيۇل كۈنى ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ ھەرگىز يوق قىلغىلى بولمايدىغان بىر ئادەم ئىكەنلىكىنىڭ بىر ئىسپاتى دەپ قارىشاتتى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ ئۇقتۇرۇش "ھىتلېر دېمەك غالىبىيەت دېمەكتۇر!" دېگەندەك شۇئارلاردىنمۇ كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈمىدۋارلىقىنى تېخىمۇ كۈچلۈك تۈردە كۈچەيتىپ بېرەلەيتتى.

ئەمما ئۆز ئىچىدە بۇ شۇئارنىڭ ئىجاتچىسى ئۆزىنىڭ ئىشەنچىنى ئالللىمۇقاچان يوقۇتۇپ بولغان ئىدى. يەنى، گيوبېلس بەكلا سوغۇققانلىق بىلەن ئاقىۋەت ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ قويغان ئىدى: بارلىق ھۆججەت ۋە شەخسى خاتىرە بويۇملىرىنى يوق قىلىۋېتىشقا كىرىشكەن ئىدى. ئۇ، سۆيۈملۈك ئايالى لىدا بائاروۋانىڭ بىۋاستە ئىمزالاپ بەرگەن بىر پارچە رەسىمنى كۆيدۈرۈشتىن ئاۋۋال سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالىدۇ، "پاھ،

نېمە دېگەن گۈزەل بىر ئايال ھە؟!" ئۇ، بۇ رەسىمگە ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، ئاخىرى يەنىلا ئۇنى يىرتىپ پارچىمۇ-پارچە قىلىپ ئوتقا تاشلايدۇ.

ئەتىسى، گېرمانىيە ئىككى يەردىن قاتتىق زەربە يەيدۇ: بىرىنچى زەربە غەربىي سەپتىن كېلىدۇ: لۇر ئۇرۇش رايونىدىكى نېمىس قوشۇنلىرى ئومۇمىي يۈزلۈك ئەل بولىدۇ؛ ئىككىنچى زەربە شەرقى سەپتىن كېلىدۇ: ژۇكوف بېرلىنغا ئومۇمىي يۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئودېر دەرياسىنىڭ غەربىدە مۇداپىيە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، فۈھرېرنىڭ يەرئاستى مۇداپىيە ئاكوپىغا 45 مىل يىراقلىقتا كەلگىچە بۆسۈپ كىرىۋالغان ئىدى. گەرچە ھىتلېر يەنىلا ئاخىرقى غەلىبە ھەققىدە داۋراڭ سېلىپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ ئەڭ يامان ئەھۋال ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ قويغان ئىدى. ئۇ مۇنداق ئىككى خىل ۋەزىپىنى زىيارەتكە كەلگەن پارتىيە ئەمەلدارىغا تاپشۇرىدۇ: بىرىنچى ۋەزىپە، گېرمانىيىنىڭ ئالتۇن زاپىسىنى تۈرىنگىيادىكى بىر تۇز كانى ئىچىگە يۆتكەپ يوشۇرۇپ قويۇش ئىشى بولۇپ، ئىككىنچى ۋەزىپە بولسا، بورماننىڭ ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرگەن پېچەتلەنگەن پوسۇلكىنى بىخەتەر بىر يەرگە يۆتكىۋېتىش ئىشى ئىدى. بۇ پوسۇلكىدا ھىتلېرنىڭ ئېغىزچە ئېيتىپ بەرگەن ۋەسىيەت ماتېرىيالى ساقلانغان بولۇپ، بۇ ۋەسىيەت ئۇنىڭ گېرمانىيە بىلەن پۈتۈن دۇنياغا قالدۇرغان ۋەسىيىتى ئىدى. (ئۇ پارتىيە مەسئۇلى بۇ ھۆججەتلەرنى باد گاستېيىندىكى بىر بانكىنىڭ گەمىسىگە ئاپىرىپ يوشۇرۇپ قويغان ئىدى. كېيىنچە، بۇ ئەمەلدار ئۇرۇش جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىنىپ قاماققا ئېلىنىدۇ. ئۇ، ھىتلېرنىڭ ۋەسىيىتىنى ساقلىغانلىق سەۋەبىدىن جىنايىتىنىڭ ئېغىرلاشتۇرۇلۇشىدىن قورقۇپ، ئادۋوكات دوستلىرىدىن بىرسىگە ئۇ نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىشنى تاپىلايدۇ. ئەمما بۇ ئادۋوكات، بۇ ھۆججەتلەرنى رەسىمگە تارتىۋېلىپ ئەسلى ئارگىنالنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. 1959-يىلى، بۇ ھۆججەتلەر ئاخىرى ئاشكارىلىنىدۇ. بۇ ۋەسىيەتنىڭ قەلەم تەۋرەتكۈچىسى بورمان بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھۆججەتلەرگە «ئادولف ھىتلېرنىڭ سىياسىي ۋەسىيىتى، ھىتلېر-بورمان ھۆججەتلىرى» دېگەن نام بېرىلىدۇ. _ ئا.ھ.ئى)

بۇ ۋاقىتلاردا خاسىيەتلىك ئادەممۇ ئۆزىنى كۆرسىتىشكە كىرىشىدۇ. يەنى شۇ كۈنى كەچ ۋاقىتلاردا ھىتلېر بىر نەپەر خاسىيەتلىك ئادىمىدىن بارلىق رىئاكتىپ ئايروپىلانلىرىغا قوماندانلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئادەم خانس ئۇلرىخ رۇدېل دېگەن كىشى بولۇپ، بۇ كىشى خېلى بۇرۇندىن تارتىپلا داڭ چىقىرىشقا باشلىغان ئىدى. بۇ كىشى، "ستۇكا" ئۇرۇش ئايروپىلانى بىلەن مومباردىمان ھۇجۇمى بىلەن بىر ئۇرۇش كېمىسىنى پاتۇرۇپ، 500 قىزىل ئارمىيە تانكىسىنى پاچاقلاپ تاشلىغان ئىدى. بىر قانچە ئاي ئىلگىرى، ئۇ بىر قېتىملىق ئايروپىلان ۋەقەسىگە ئۇچراپ بىر پۇتىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، شۇ كۈنلەردە

ماڭغىدەك بولۇپ تېخىمۇ كۆپ ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشالىغىدەك ھالغا كېلىۋالغان ئىدى. گېيۆرىڭنىڭ شتاب باشلىقى، رۇدېل رىئاكتىپ ئايروپىلاندىن پەقەتلا خەۋىرى يوق بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنداق بىر تاللاشتىن بەكلا ھەيران قالىدۇ. ئەمما ھىتلېر ئۇلارغا پەقەتلا قۇلاق سالمايدۇ: "رۇدېل دېگەن بۇ ئادەم بولىدىغان بىرسى،" ھاۋا ئارمىيىسىدىكى ھەممە كىشى دېگەندەك ئارتىس ياكى قىزىقچىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەيتتى ھىتلېر.

رۇدېلنىڭ ئۆزىمۇ بۇ تەيىنلىنىشتىن قاتتىق نارازى ئىدى. چۈنكى ئۇ، مەن يەنىلا ئايروپىلان ئۇچۇرۇپ جەڭگە قاتنىششنى خالايمەن، دەپ چىڭ تۇرغان ئىدى. شۇڭا ئۇ مەرتلىك بىلەن بۇ ئىشنى رەت قىلىپ، بىر مۇنچە باھانىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ھىتلېرغا، رۇسىيە بىلەن ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئۇچرۇشىدىغان ۋاقتى ئۇزۇنغا قالمايدۇ؛ ئۇنداق بولغاندا، گېرمانىيە ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن، ئۇنداقتا رىئاكتىپ ئايروپىلانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى قالمايدۇ؛ شۇڭا سىز شەرقتە غەلىبە قىلىشقا ئۇڭايلىق يارىتىش ئۈچۈن نېمىشكە غەرپلىكلەر بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى قىلمايسىز؟ دەيدۇ. "بۇ گەپ دېگىنىڭدەك ئاسان ئىش ئەمەس. — دەيدۇ ھىتلېر ھارغىن كۈلۈمسىرىگىنىچە، — 1943-يىلىدىن بېرى، تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرىمەن دەپ تىرىشىپ كەلدىم؛ ئەمما ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئىزچىل تۈردە شەرتسىز تەسلىم بولۇشنى شەرت قىلىپ تۇرىۋالغاچقا، پۈتۈن چارىلارنى ئىشقا سېلىپ بۇ كىرىزىستىن قۇتۇلۇشقا، شۇ ئارقىلىق بىزنىڭ ھەل قىلغۇچ قۇراللىرىمىزنى غەلىبە قىلىشىمىزغا شارائىت تەييارلىشىمىزغا توغرا كېلىۋاتىدۇ" دەيدۇ.

ھىتلېر رۇدېلنى يولغا سېلىۋەتكىنىدە ۋاقىتمۇ يېرىم كېچە بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ئۇيان تۇتۇپ، بۇيان سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ مېھمان كۈتۈش زالىغا كىرىپ كەلگىنىدە، زال ئىچى فۈھرېرنىڭ 56 ياشقا تولغانلىقىنى تەبرىكلەپ يىغىلغان كىشىلەر بىلەن لىق تولغان ئىدى.

دوكتور گېبخارد ساناتورىيىسىدە، ھىملېرمۇ تۇغۇلغان كۈنى خاتىرىسى ئۈچۈن تەييارلىق قىلماقتا ئىدى. ئەمما ئۇ ھەرگىزمۇ بۇ كۈننى تەبرىكلەشنى مەقسەت قىلغان ئەمەس ئىدى. ئۇ قاتتىق خاپا بىر قىياپەتتە بەكلا جىددىيلىشىپ تىنماي بارمىقىدىكى ئۈزۈكنى ئوينايتتى. ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىمۇ خۇددى ھىتلېرنىڭكىدەك ناچارلىشىپ چېكىگە يەتكەن بىر ئەھۋالدا ئىدى. بۇنىڭغا يېتەرلىكسەۋەبمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىكى كىشىلەر سۈيىقەست پىلانلاشتا قالتىس ئۇستا كىشىلەردىن ئىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بۇ كىشىلەر، ئۇنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ھىمايە قىلىشى نەتىجىسىدە شۋېتسىيەلىكلەر بىلەن يوشۇرۇن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى مىڭ تەستە داۋام قىلىپ

كەلمەكتە؛ ئېس-ئېسنىڭ گېنېرالى بولغان ۋولف گېنېرالمۇ ھىملېر بۇ جەھەتتىكى بارلىق پائالىيەتلەر قەتئىي توختىتىلسۇن دەپ ئېنىق بۇيرۇق چۈشەرگىنىگە قارىماي يەنىلا شۋېتسارىيىدە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن سۆھبەتلىشىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى.

بۇ تۆردىكى پائالىيەتلەردىن ھىتلېرنىڭ قانچىلىك خەۋەردار ئىكەنلىكىدىن ھىملېرنىڭ ئېنىق مەلۇماتى يوق ئىدى. شۇڭا ھىملېرمۇ قاتتىق ئەنسىزلىك ئىچىدە پۈتۈن كۈن ئالدىراشچىلىق ئىچىدە يۈرەتتى. ئۆتكەن بىر قانچە كۈن مابەينىدە، كىشىلەر ئۇنىڭدىن بىرەر كەسكىن تەدبىر قوللىنىشى ئۈچۈن مەدەت بېرىپ كېلىشمەكتە ئىدى. ھەممە كىشىلا دېگىدەك ئۇنىڭدىن بىرەر ئىش باشلىتىشنى تەلەپ قىلىشۋاتقاندەكلا ئىدى. كېرستېن بىلەن شېللېنبېرگ ئىككىسى ئۇنىڭدىن سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ ھىتلېرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى تەلەپ قىلماقتا ئىدى. شۇ كۈنى ئەتىگەنلەردە، كونت شۋېرىن ۋون كروسىگ ئۇنىڭدىن ھىتلېرنى پوپنى ئىشقا سېلىپ ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە ۋاستىچىلىق قىلىپ بېرىش تەلىۋىدە بولۇشقا ئۈندەشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما ھىملېر بۇ ھەقتە فۈھرېرنىڭ باشقىچە ئويى بارلىقىنىلا ئېيتىپ تۇرىۋالدى. "ئەمما ئۇ نېمىنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى زادىلا ئاشكارىلاشنى خالىمىدى" دەيدۇ.

كونت قاتتىق خاپا ھالدا "ئۇنداقتا قايسىلا چارىنى ئىشقا سالساڭ سال، سەن چوقۇم فۈھرېرنى ئۇجۇقتۇرىۋېتىشىڭ كېرەك!" دەيدۇ.

"ئەندى بەكلا كېچىكتۇق! فۈھرېر ھاياتلا بولىدىكەن، مۇۋاپىق شەكىلدە ئۇرۇش توختۇتۇلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس!" ھىملېر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، بۇ كونت شۇ پەيتتە ئېلىشىپ قالغان بولمىسۇن يەنە دەپ ئويلاپ قورققىنىدىن ئالاق-جالاق بولۇپ ئەتراپىغا قارايدۇ. ھىملېر ئەسەبىلەرچە تىرىكىپ چالۋاقىغىنىچە مەن دېگەنلىرىڭنىڭ بىرسىنىمۇ قوبۇل قىلالمايمەن، دەيدۇ. ئۇ ئوتتۇرلۇقتا كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن ساناتورىيىگە قېچىپ كېتىدۇ. ئەمما كۈتمىگەن يەردىن تېخىمۇ كۆپ مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدۇ. كېرستېن يېڭىراقتىلا تېمپېلخوف ئايرودرومىدا ئايروپىلاندىن چۈشۈپ، يېنىغا دۇنيا يەھۇدىيلار قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلىدىن بىرىنىمۇ ئېلىۋالغان ئىدى. بۇ يەھۇدىينىڭ ئىسمى نوربېرت ماسۇر بولۇپ، بۇ كىشى ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلاردا ستورچىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇلغان ئىدى. بۇمۇ ئازلىق قىلىۋاتقاندەك، كونت بېرنادوتمۇ دەرھال كېلىپ مەن بىلەن قايتا بىر كۆرۈشكىن دەپ بېرلىندا ئۇنى ساقلىماقتا ئىدى. شۇنداق قىلىپ ھىملېرنىڭ پۈتۈن ئىشلىرى بىرلا ۋاقىتتا يىغىلىپ ئۇنى قىستاپ كەلمەكتە ئىدى.

ھىملېر پۈتۈنلەي جاسارىتىنى يوقاتقان بىر ھالغا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، بۇ

ئىشلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرەر باھانىسىنى ئاختۇراتتى. ئەمما باھانە ئۇيدۇرۇشقىمۇ كۈچى يەتمەيتتى. مەن قانداقسىغىمۇ بىرلا ۋاقىتتا ئىككى كىشى بىلەن كۆرۈشەلەيمەن؟ بۇ ئىككىسى بىلەن كۆرۈشۈشنى كەينىگە سۈرگىلى بولماسمۇ؟ دەيتتى. ئاخىرى، پەقەتلا ئامال قالمىغاندا شپىللېنبېرگ بىلەن ماسۇر ئىككىسىگە دەسلەپكى مۇزاكىرىنى باشلاشلار دەيدۇ. شپىللېنبېرگ ماقۇل كېلىدۇ. ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئۆتكەن ۋاقىتتا، فۇھرېرنىڭ تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلەش ئۈچۈن ھەممە بىرلىكتە شامپانسكى رومكىلىرىنى كۆتۈرۈشىدۇ.

# 31. تۆت يېرىمدىن 5 مىنۇت ئۆتكەندە، بولمىغاندا "كاپىتان كېمىسى بىلەن بىرلىكتە چۆكەر"

1945. 4. 20 ~ 30

1

ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر مىڭلىغان بومباردىمانچى ئايروپىلان يوللاپ فۇھرېرنىڭ تۇغۇلغان كۈننى بومبا بىلەن تەبرىكلىشىدۇ. ئەمما ھىتلېرنىڭ ئىشەنچە قىلچە تەۋرەنگەندەك قىلمايتتى. 20-ئاپرېل كۈن بويى ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلەپ كەلگەنلەرگە، مەن يەنىلا ئۇرۇشلارنىڭ بېرلىندا يېڭىلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن دەيدۇ. چۈشتىن كېيىن ھىتلېر باش مىنىستىرلىق گۈللۈكىدە بىر گۇرۇپ "ھىتلېر ياشلىرى" نى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا پويىتەخت ئۈچۈن قەھرىمانلارچە جەڭ قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىدۇ. ئاندىن ئۇ، يەر ئاستى ئاكوپىغا كىرىپ ئادمىرال پولكوۋنىك كارل دۆنىتزنى قوبۇل قىلىدۇ. دۆنىتز، ھىتلېرنىڭ ئېغىر يۈك ئاستىدا قالغان بىر بوۋايدەك ھېس قىلىدۇ. ئاندىن ئۇ يەنە كېيتېلدىن قىزغىن ھال سورايدۇ: "ئاتتېنتات مەزگىلىدە سىز مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ئىدىڭىز، يەنە كېلىپ راستىنبۇرگتتا مېنى تارتىپ چىقىرىۋالغان ئىدىڭىز. مەن سىزنى ھەرگىزمۇ ئۇنۇتالمايمەن. سىزنىڭ ئۇسۇلىڭىز توغرا ئىدى، ھەربىكتىڭىزمۇ توغرا ئىدى."

كېيتېل پەيتنى قولدىن بەرمەي دەرھال "تىنچلىق سۆھبىتىنى دەرھال باشلىشىڭىز كېرەك، بولمىسا بېرلىن ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلىنىپ قالىدۇ" دەيدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ "كېيتېل، نېمىلەرگە ئېھتىياجلىق بولىۋاتقانلىقىمنى ياخشى بىلىمەن. بۇ ئۇرۇش مەيلى بېرلىننىڭ ئىچىدە ياكى سىرتىدا بولسۇن، مەن قەتئىي ئۇرۇشىشىم كېرەك." دەيدۇ. ئۇ كېيتېل بىلەن بىۋاستا مۇزاكىرىلىشىۋالغاندىن كېيىن بۇ يەردىن قوزغىلىدۇ. قالغان مەمۇرى ئەمەلدارلاردىن بورمان، رىببىنتروپ ۋە سپېر قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان كىشىلەر قاتار تىزىلغىنىچە ھىتلېرنى ئۇزۇتۇپ قالىدۇ؛ ھىتلېر مىڭىشتىن ئاۋال ئۇ يەردىكىلەر بىلەن بىرمۇ-بىر قول ئېلىشىپ چىقىدۇ، ھەتتا بەزىلەر بىلەن بىرەر ئىككى ئېغىز گەپمۇ قىلىشىۋالىدۇ. ھەممىسىلا دېگەندەك ئۇنى يولىنىڭ ئۈچۈق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ دەرھال بېرچىستگادېنغا كېتىۋېلىشنى ئۈندەيدۇ. ئەمما ھىتلېر قەتئىي تۈردە مۇشۇ يەردە

قالدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ، بۇندىن كېيىن ئىمپېرىيە ئىككى ئۇرۇش فرونتىغا ئايرىلىدۇ. شىمالى رايونغا دۆنىتز مەسئۇل بولۇپ قوماندانلىق قىلىدۇ. جەنۇبى رايونغا قوماندانلىق قىلىدىغانغا ئەڭ ئۇيغۇن نامزات غەربىي سەپ قوماندانى مارشال ئالبرېچت كېسسېلرىڭ بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۇ يەرگە گىيۆرىڭنى تەيىنلەشنىمۇ ئويلاۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. بەلكىم بۇ ئۇنىڭ سىياسى جەھەتتىكى ھوقۇق تەخسىملەش ھۈنىرىنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئۇ يەنىلا تەڭرىنىڭ قارار قىلىشىغا بويۇن ئېگىدىغانلىقىنىمۇ قوشۇپ قويىدۇ. ئۇ، ھەر قايسى ئۇرۇش رايونلىرىنىڭ شتاپ خادىملىرى ئىككىگە بۆلۈنۈپ يولغا چىقىشى كېرەكلىكىنى، جەنۇپقا تاللانغانلار بۇ ئاخشام بېرچتىسگادېنغا ئاتلىنىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. گىيۆرىڭ ئۇنىڭدىن، مەنمۇ جەنۇپقا ئاتلىنىمەنمۇ ياكى شتاپ باشلىقى كوللېر بارسۇنمۇ، دەپ سورىۋىدى، ھىتلېر ئۇنىڭغا ئۆزەڭ بار، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇرۇندىن شۇنچە يېقىن ئۆتكەن بۇ ئىككى كونا يولداش ئەدەپلىك بىلەن بەكلا سوغۇق ئايرىلىدۇ. گىيۆرىڭ دەرھال كارىنھالغا ئاتلىنىدۇ. ئۇ يەردە ئۇنىڭ ئۆي خوجايىنى كىيىم-كېچەك ۋە قىممەتلىك سەنئەت ئەسەرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ 14 ماشىنىغا قاچىلاپ تەل قىلىپ قويغان ئىدى.

ھىتلېر ئېۋا بىلەن باشقا يەنە بىر قانچە كاتىبى بىلەن بىرلىكتە تاماققا ئولتۇرىدۇ. ئۇلار ھىتلېرنى يەنە بىر قېتىم جەنۇپقا كېتىشى ھەققىدە ئۈتۈنىدۇ. ئەمما ھىتلېر ئۇلارغا، ئۇنىداق قىلسام خۇددى تىبەت لاماسىغا ئوخشاش قۇرۇق چاق پىلەك پىرقىرتىپ ئولتۇرۇشتىن باشقا ئىشىم بولماي قالىدۇ. "شۇڭا مەن قەتئىي تۈردە بېرلىندا قېلىپ كەسكىن قارارغا كېلىشىم ياكى يوقۇلۇشۇم كېرەك." يېرىم كېچىدىن كېيىن، ئۇ نىسبەتەن چوڭراق ئىككى نەپەر كاتىپىنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ، ئۇلارنى يېرىم سائەت ئىچىدە ماشىنىلىق ئادمىرال پولكوۋنىك پۈتكامېر ۋە يەنە 80 نەپەر كىشى بىلەن بىرلىكتە سالزبۇرگقا يولغا چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. (جەنۇبى رايونغا ئاتلانغانلار ئارىسىدا موررېل دوختۇرمۇ بار ئىدى. ئۇنى مەجبۇرى تۈردە جەنۇپقا يوللىغۇەتكەن ئىدى. چۈنكى ئۇ، نىھتلېرغا كافئىن ئوكۇلى بېرىپ ئۇنىڭ ھارغىنلىقىنى ئازايتىش تەكلىپىنى بەرگىنىدە، ھىتلېر ئۇنىڭغا ۋارقىرىغىنىچە "سەن يەنىلا ماڭا مورفىن ئوكۇل قىلىمەن دەپ ئويلاپ يۈرىدىغان ئوخشىمامسەن؟" دەيدۇ، ھەمدە ئۇنى دەرھال فۈھرېرنىڭ خۇسۇسىي دوختۇرى دەيدىغان خالىتىنى سېلىپ تاشلاپ دەرھال كېتىشنى بۇيرۇيدۇ. "دەرھال يولغا چىق! مېنى ھېچ قاچان كۆرۈپ باقمىغاندەك يولۇڭغا راۋان بول!" دەيدۇ. موررېل بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ شۇ ھامات ھىتلېرنىڭ ئايىقىغا ھۇشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ. باشقىلار ئۇنى ئۇ يەردىن نۇسۇلكىلىق ئېلىپ چىقىشىدۇ. ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى

پۇتۇنلەي تۈگۈشۈپ ئاخرى ئۆلىدۇ. – ئا.ھ.ئى) چاقىرتىلغان ئىككى نەپەر كاتىپ ھەيران بولغىنىچە ھىتلېرغا كۆزلىرىنى پاقىراتقىنىچە قاراپلا قېلىشىدۇ. ھىتلېر ئۇ ئىككىسىگە، ئۆزى بىلەن ھەممىدىن كۆپ بىرگە بولغانلارنىڭ بىرى ئىككىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋولف خانىمنىڭ يەنە بىر ياشانغان ئانىسىنى بېقىش ۋەزىپىسىنىڭمۇ بارلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ، "مەن ئۇزۇنغا قالماي سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا بولىمەن" دەپ تەسەللى بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى بەكلا تۆۋەن چىقاتتى. سول قولىنىڭ تىترىشىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ ئامال بولمىدى. ئۇ ئېغىر بىرنى تىنىۋالىدۇ. شىرۆدېر خانىمنىڭ ھېس قىلىشىچە ئۇنىڭ بۇ تىنىشى خۇددى ئۆمىدىنى يوقاتقان بىرسىنىڭ تىنىشىغىلا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئارىدىن سەل ۋاقىت ئۆتكەندە ھىتلېر قىزلارغا تېلېفون ئارقىلىق بېرلىن قورشاۋ ئاستىدا قالغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنىڭ تاڭ سۈزۈلگەندىلا يولغا چىقالىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىدۇ. بىر قانچە مىنۇت ئۆتىشى بىلەن، ھىتلېر ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم تېلېفون قىلىدۇ. ھاۋا ھۇجۇمى ئاخىرلىشىشى ھامان ئايروپىلان ئۇچىدىغان بولىدى دەپ خەۋەر قىلىدۇ. شىرۆدېر خانىم ئاۋازى بەكلا گاراڭلاپ چىققانلىقى ئۇچۇن گەپنى تازا ئېنىق ئاڭلىيالماي قايتا تەكرارلىشىنى ئۆتۈنىدۇ. ئەمما ھىتلېر ھېچ نېمە دېمەيدۇ. ئۇنىڭ ۋولف خانىمغا دېگەن ئەڭ ئاخىرقى گېپى "پۈتۈنلەي تۈگەشتۇق" دېيىش بولدى.

شۇكۈنى ئاخشىمى فۈھرېرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەشنى بالدۇرلا تۈگىتىپ ھىملېرمۇ يەر ئاستى ئىستىھكامدىن ئايرىلىدۇ. ماشىنىسى بىلەن شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇردا بىر قانچە سائەت يول يۈرۈپ دۇنيا يەھۇدىيلار قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ماسۇر بىلەن مىڭ تەستە ئۇچرىشالايدۇ. ھىملېر ئۇنىڭغا،ماڭا يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى ھەل ھوقۇقى بېرىلگەن ئىدى. ئۇ ئەڭ دەسلەپكى پىلانىدا، كۆچۈرۈشتىن پايدىلىنىپ ئىنسانىي بىر تۈردە بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنى پىلانلىغان ئىدى. ئەمما ئۆزلىرىنى يەھەدىي دوستى دەپ ئاتىشىۋالغان دۆلەتلەرمۇ كۆچمەن يەھۇدىيلارنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى. "بىز ئۇرۇش ۋاستىسىدا شەرقتىكى يەھۇدىي پرولېتارىياتلىرى بىلەن ئۇچراشتۇق. – دەيدۇ ھىملېر، _ بۇ ئىش بىزگە يېڭى بىر مەسىلە پەيدا قىلدى: بىز ئارقىمىزدا بۇنداق بىر دۈشمەننى ساقلىيالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى." بۇ يەھۇدىيلار پارتىزانلارغا ياردەم بېرىش بىلەنلا قالماي، يەنە تىفۇسقا ئوخشايدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىمۇ تارقىتىشقا باشلايدۇ. "بۇنداق بىر يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ تارقىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش مەقسىتىدە كەڭ كۆلەمدە بۇ تۈر يۇقۇملۇق كېسەللىكتىن ئۆلگەن جەسەتلەرنى يوقۇتۇش ئۇچۇن بىر قىسىم جەسەت كۆيدۈرۈش خۇمدانلىرىنى ياساشقا مەجبۇر قالدۇق. بۈگۈنكى كۈندە بولسا ئۇلار بۇنى بىر باھانە قىلىپ كۆرسىتىشىپ، بىزنىڭ بۇ قىلغانلىرىمىز ئۈستىدە ئوڭ-تەتۈر

گەپلەرنى يېپىشقا كىرىشمەكتە!" دەيدۇ ھەملېر چۈشەندۈرۈپ كېلىپ.

"قىلمىغان نۇرغۇن ئىشلارنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق، _ دەيدۇ ماسۇر، _ شۇنداقتىمۇ، ئەگەر بىز خەلقىمنىڭ كىلەچىكى ئۈچۈن بىرەر كۆرۈك قۇرۇپ چىقماقچى بولىدىكەنمىز، ئۇنداقتا بۈگۈنكى كۈندە گېرمانىيە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردىكى ھېلىغىچە ئۆلمەي ساق تۇرىۋاتقان يەھۇدىيلارنى چوقۇم ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ." ھەملېر بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرگەن ھالدا، ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن بۇ تۈردىكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنى ئىتتىپاقداش ئەللەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. مەن بىرگىن-بېلسېن بىلەن بۇبۇخېنۋالدىتا ئەنە شۇنداق قىلمىدىممۇ؟ ئەمما مەن ئۇلاردىن قانداق جاۋاب ئالغانلىقىمغا بىر قاراپ باقايلى: ئامېرىكىلىقلار سۈنئىي زوراۋانلىق رەسىملىرىنى ئۈيدۇرۇپ چىقىپ ھەممىلا يەردە تارقىتىپ يۈرمەكتە! مەن 2700 نەپەر يەھۇدىينى شىېتسارىيەگە يولغا سالغىنىمدا، چەتئەل گېزىتلىرى بۇ ئىشنىڭ ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتى ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىشتا مېنىڭ بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتىم يوقلىقىنى ھە دەپ داۋراڭ قىلىشقا كىرىشتى. "مەنمۇ ئۆزەمنى ئاق نىيەتلىك دەپ قارايمەن. مەن ئەزەلدىن شۇنداق بىرى ئىدىم. مانا بۇ خېلقىمىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان ئىشلاردۇر. بۇنىڭغا مەن پۈتۈنلەي مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئالالايمەن. مەن ھېچقاچان ئۇلارغا تايىنىپ بېيىش نىيىتىدە بولۇپ باققان ئەمەسمەن."

ماسۇر ئىشىكتىن چىقىۋاتقىنىدا ھەملېر ئۇنىڭدىن تۇيۇقسىزلا، سىزنىڭ ئورنىڭىزغا ئالماشقا كېرستېن دەرھال ئېيزىنخاۋېرنىڭ شتابىغا ئۇچۇپ بېرىپ دۈشمەنلىشىش ھەرىكەتلىرىنى دەرھال توختىتىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشقا بارالامسىمۇ؟ دەپ ئۈشتۈمتۇت سورايدۇ. "ئېيزىنخاۋېرغا چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىڭ، ئىشەنسۇنكى، ھەقىقىي دۈشمەن سوۋېت رۇسسىيىسىدۇر. ئۇلارنى پەقەت بىز نېمىسلارلا يوقۇتالىشىمىز مۇمكىن. مەن بۇ كۈرەشنىڭ غالىبىيەت مېۋىسىنى غەرپ ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرىگە ئۆتۈنۈپ بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرىمەن. يېتەركى ئۇلار بىزنىڭ رۇسىيەنى تارمار كەلتۈرىشىمىز ئۈچۈن ۋاقىت تونىسۇن. ئەگەر بىزگە ئۇرۇش ماتېرىياللىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلا بولىدىكەن، مەن ھېلىمۇ رۇسىيەنى مەغلۇپ قىلالىشىمغا كۆزۈم يېتىدۇ."

ماسۇر قايتىپ كەلگىچە، ھەملېر ئۆزىنىڭ گېپىدە تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن دەرھال راۋېنسبرۇكتىن مىڭ نەپەر يەھۇدىي ئاياللىرىنى قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ يەنە، بۇ كىشىلەرنىڭ شىۋېتسىيەگە يېتىپ بارغىچە مەخپىي تۇتۇلۇشى كېرەكلىكىنى، شۇنىڭدەك يەنە بۇ كىشىلەرنى يەھۇدىيلار ئەمەس بەلكى "پولەكلەر" دەپ ئاتاش كېرەكلىكىنى بەلگىلەيدۇ. ئاخشىمى گۈگۈم ۋاقتىدا، ھەملېر، ماسۇرغا ماشىنىلىق گېبخاردت

ساناتورىيىسىگە بېرىشىنى، ئۇ يەردە كونت بېرنادوتنىڭ ئۇنى كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئىككىسى بىرلىكتە ئەتىگەنلىك ناشتا قىلىشىدۇ. ھىملېر گەرچە ماشىنىلىق يول يۈرۈپ بەكلا چارچاپ كەتكەندەك قىلسىمۇ، ئۇنىڭ ئىشتاھىغا قىلچە تەسىر قىلمىغاندەك قىلاتتى. ئۇ پات-پاتلا بارمىقى بىلەن چىشلىرىنى بىسىپ قويىاتتى. بېرنادوت، سكاندىناۋىيەلىك ئەسىرلەرنى دانىيەدىن شۋېتسىيەگە ئۆتكۈزۈلۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ بۇ تەلىۋى ئۇنچىمۇ مۇھىم بىر تەلەپ ھېسابلانمىسىمۇ، ھىملېر تەرىپىدىن كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلىنىۋېتىلىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى پەقەتلا چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بېرنادوت يەنە ئىختىيارسىز بىر تۈردە راۋېنسبرۇكلۇق ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى شۋېتسىيە قىزىل كىرىست جەمىيىتىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلۇشىنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. ئاندىن، بېرىپ ئۇخلايدۇ. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ھىملېر، شېللېنبېرگنى ياتىقىغا چاقىرتىپ، مىجەزى يوقلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ ئىككىسى پىكاپلىق قىستا-قىستاڭلىق تاش يول بويىچە ئىلگىرلەپ، يېقىنىدىكى بىر قۇماندانلىق شتابىغا يېتىپ كەلگىنىدە، ھىملېر "شېللېنبېرگ، تەقدىردىن قېچىش مۇمكىن ئەمەستەكلا ھېس قىلىمەن" دەيدۇ.

"بۇ سىزگە ھەرىكەت قىلىشىڭىز ئۈچۈن غەيرەت پەيدا قىلىشى كېرەك" دەپ جاۋاب بېرىدۇ شېللېنبېرگ.

ھىملېر سۆكۈت قىلىپ ئېغىز ئاچمايدۇ. شېللېنبېرگ، پۈتۈن يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىن چېكىنىپ چىقىشتىكى ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدىغان سىياسەتنى تەنقىتلەپ خۇددى تىلغا قالغان كىچىك بالىدەك ئاغزىنى پۈرۈشتۈرىدۇ. "شېللېنبېرگ، سەن بۇنداق گەپنى قىلساڭ بولمايدۇ. چۈنكى، بۇخېنۋالد بىلەن بېرگېن-بېلسېندىن تولۇق چېكىنىپ بولالمىغانلىقنى ئاڭلىغان ھىتلېر نەچچە كۈنگىچە تىنماي ۋالاقشىپ چىقتى." دەيدۇ ھىملېر.

ھىملېر، ماسۇرغا ۋەدە قىلىپ، نۆۋەتتە پۈتۈن چېكىنىش ئىشلىرى بىر يەرگە بارغانلىقىنى؛ ژۇكوفنىڭ بېرلىنغا ھۇجۇم قىلىش يولىدىكى ساشېنخاۋسېننىڭ مەھبۇسلىرى پۈتۈنلەي لاگېردىن ھەيدەپ چىقىرىلىپ يامغۇرغا قارىماي يولغا چىقىرىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شەرقتىكى 10 مىل يىراقلىقتا، ژۇكوفنىڭ توپ ئوقلىرى تىنماي پارتلىماقتا ئىدى. قىزىل كىرىست جەمىيىتى يىغىۋېلىش لاگېرىنىڭ مەسئۇلىدىن ساشىنخاۋسېننى ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ رەت قىلىنىدى. چۈنكى ئۇلار ھىملېرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، ئۇرۇسلار يېقىنلىشىپ كەلگىنىدە دوختۇرخانىدىن باشقا يەرلەرنىڭ پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقىشى كېرەك ئىكەن. شۇڭا، 40 مىڭدەك ئاچقۇرساق، كېسەللىكتىن ماغدۇرىدىن كەتكەن، ئۇچىسىغا ئارتقىدەك كىيىممۇ قالمىغان مەھبۇسلار ئىككى قاتار

قىلىپ تىزلىپ، لاگېردىن ھەيدەپ چىقىرىلىدۇ. شارقىراپ يېغىۋاتقان قاتتىق يامغۇر ئاستىدا، كۆزەتچىلەر ئۇلارنى غەرپكە قاراپ ھايداپ مېڭىشىدۇ. قوشۇنغا يېتىشەلمىگەنلىرى ئېتىپ تاشلىنىپ يول بويىدىكى ئازگاللارغا ئىتتىرىۋېتىلىدۇ.

"ئەگەر بىر مىللەت، قىزىللىرىدىن تارتىپ باسقۇنچىلىققا ئۇچراپ تۇرغىنىغا قارىماي ئەرلىرى ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشماي قاراپ تۇرسا، بۇنداق بىر مىللەتنى نېمىمۇ قىلالايسەن!" دېمەك ئۇرۇش مەغلۇبىيىتىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس، بۇ ئۇرۇش ھىتلېر سەۋەبىدىن مەغلۇبىيەتكە يولۇقمىدى، بەلكى خەلقى بۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇشقا سەۋەب بولدى دەپ قاتتىق ئېچىندۇ گېۋبېلس ئاديۇتانتلىرىغا شۇ ئاخشىمى. "پۈتۈن پىلانلار بىلەن مىللىي سوتسىيالىزم ئىدىيىسى، بۇنداق بىر خەلق ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ بەكلا ئارتۇق، بەكلا ئۈستۈن بىر ئەقىدە بولۇپ قالغان ئىدى. ... ئەندى ئۇلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان بۇ تەقدىرگە خوپ بولدى، دېمەي يەنە نېمە دېيىش كېرەك؟" ئۇ ھەتتا ئۆز ئادىيۇتانتلىرىنىمۇ بىر قۇر ئەدەپلەپ چىقىدۇ: "شۇنىڭدەك سىلەرمۇ بار شۇ قاتاردا. سىلەر نېمىشقا مېنىڭ بىلەن بىرگە ئىشلىگەن ئىدىڭلار؟ مانا ئەندى ھەممىڭلار ئۆز بوغۇزۇڭلارنى ئۆزەڭلار بوغۇزلىشىڭلار! ياق، توختاڭلار، بىز تەختتىن چۈشۈرۈلگىنىمىزدە، پۈتۈن يەر شارى قورقۇپ تىترەك كەتكەي!" گېۋبېلس كۆن بويى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە، غەزەپلىنىپلا يۈرىدۇ. ئىككى نەپەر كاتىپ ۋېلسپىتلىق سەھراغا قېچىپ كېتىپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ تېخىمۇ قايناپ كېتىدۇ: ئەندى مەن سىلەردىن سوراي: بۇنداق بىر ئىش قانداقلارچە يۈز بېرىشى مۇمكىن؟ مانا ئەندى قانداقمۇ نورمال ئىش قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش مۇمكىن؟"

شەرقى سەپتىن بېرلىندىكى داھىلار پۈتۈن ئۈمىدلىرىدىن ۋاز كېچىپتۇ، ئالى باش قوماندانلىق شتابىمۇ بېرچتېسگادېنغا قېچىپ كېتىپتۇ، دېگەندەك ئېغۋالار پۈتۈن ئەتراپقا يېيىلماقتا ئىدى. ۋىستۇلا دەرياسىدىكى ئۇرۇش سېپىدە ئۇرۇسلار 5~6 يەردىن ئېغىز ئېچىۋالىدۇ؛ قىزىل ئارمىيىنىڭ بىر ئالدىن يۈرەر قىسمى بېرلىن بىلەن فۈھرېرنىڭ يەرئاستى مۇداپىيە ئاكوپىغىمۇ ئارانلا 20 مىل يېقىنىغا كېلىپ قالغان ئىدى.21-ئاپرېل كۈنى چۈشتە بۇ يەرلەر زەمبىرەك ئوقى مۇساپىسى ئىچىگە كىرىپ، فۈھرېرنىڭ يەرئاستى يوشۇرۇنۇش ئاكوپى ئىچىدە تۇرۇپمۇ توپ ئوقىنىڭ پارتىلىشىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. جودل دوكلاتىدا ژۇكوفنىڭ بىر بىرىگادىسىنىڭ مانتېۋفېلنىڭ كورپۇسىنى قورشاۋغا ئېلىشقا كىرىشكەنلىكى ئېيتىلغان. شۇنىڭدەك يەنە بۇ بىرگادىغا توساپ ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئېس-ئېس گېنېرالى فېلىكس ستېينېر قوماندانلىقىدىكى كىچىك بىر زاپاس قىسىم بېرلىننىڭ شىمالىدىن 25 مىل يىراقلىقتا مۇداپىيە سېپى ئورۇنلاشتۇرغانلىقى ئېيتىلغان.

ھىتلېر بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال روسلىنىپ ئولتۇرىدۇ. ستېينېرمۇ

خۇددى سكوررېنىي بىلەن رۇدېلغا ئوخشاش داڭقى چىققان بىر كىشى ھېسابلىناتتى. 2-ئايدا ژۇكوفنىڭ ئىلگىرلىشى دەل شۇ ستېپىنېرنىڭ پومېرانىيە قولتۇقىدىن پۇتۇن كۈچى بىلەن ھۇجۇم قىلىشى نەتىجىسىدە توختىتىلغان ئىدى. ھىتلېر دەرھال ئىگىلىپ بىر ھازا خەرىتىگە قارىغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرگىنىدە ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتكەن ئىدى. "قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتىشى كېرەك! _ دەيدۇ ھاياجانلانغان ھالدا، _ ستېپىنېر ئۇدۇل شەرقى جەنۇپتىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ ژۇكوفنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمىنىڭ يولىنى توساپ تۇرسۇن. شۇنداق دادىل زەربە بىلەن بېرلىننى تۇتۇپ تۇرالىشىمىز مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا، مانتېۋفېلمۇ قورشاۋ خەۋپىدىن قۇتۇلىدۇ." ئۇ دەرھال ستېپىنېرغا بىۋاستە بۇيرۇق بېرىپ ئۇنىڭ غەرىپكە قاراپ چېكىنىشىنى چەكلەيدۇ. "ئەگەر كىمكى بۇ بۇيرۇققا بوي سۇنمايدىكەن، ئۇنداق ئوفىسسېر قەتئىي قولغا ئېلىپ دەرھال ئېتىپ تاشلانسۇن. سىز، ستېپىنېر، بۇ بۇيرۇقنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كاللىڭىز بىلەن كاپالەتلىك قىلىڭ." ستېپىنېرنىڭ ھىتلېردىن تاپشۇرۇپ ئالغان ئىجرا قىلىنىشى قەتئىي مۇمكىن بولمايدىغان بۇيرۇقلىرى ئارىسىدا بۇ بۇيرۇق ئەڭ ئاخماقانە بۇيرۇق ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ بىرۋۇنىڭ بىرگادىسى ئەسلىدە ئاتاقتىلا بار بىر قوشۇن ئىدى. ئۇ، قىلچە ئۈمىدى بولمىغان بىر ئىش ئۈچۈن قىسىملىرىنى بىھۇدە ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشنى ھەرگىز خالىمايتتى. شۇڭا ئۇ، كۆرۈنۈشتە بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بىر ھەرىكەت قىلىدۇ: بۇرۇن فۈھرېرنى بۇلاپ كېتىشنى ئويلىغان بىرسى ئۈچۈن بۇنداق قارارغا كېلىشى ئۇنچە بەك تەسكىمۇ توختىمايتتى.

بورمانمۇ ۋەزىيەتتىن ئۈمىد يوقلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ بېرچتىسگادېنىدا تۇرىۋاتقان ئايالىغا تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭغا تىيرولدا بالىلىرى ئۈچۈن "قالتىس بىر يوشۇرۇنۇش يېرى" تېپىپ قويغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ ئايالىدىن قۇتقۇزۇش يېرىدە ئاتا-ئانىسىدىن يېتىم قالغان بالىلارنىڭ ھىمايىچىسى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ بالىلىرىنى ئېلىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ يەنە ئايالىدىن بۇنداق نىقاپلىنىشنى رەسمى ئوخشىتىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈچۈن گارمىشتىكى بىر يەسلىخانىدىن 6 بالىنى قاچۇرۇپ بىر يەردە ساقلاپ قويغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

2

22-ئافرېل چۈشتىن بۇرۇن، ستېپىنېر ھاۋا مۇداپىيە ئاكوبىدا تۇرىۋاتقانلارنىڭ سۆزلىشىدىغان ئاساسلىق تېمىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ: ئۇنىڭ بېرلىننى مۇھاسىرىدىن

قوۇتۇلـدۇرۇش ئوپېراتسىيىسـى ئۈچـۈن شـىمالدىن باشـلىنىدىغان ھۇجـۇمى باشـلانغانمىدۇ؟ ئەگەر باشــلانغان بولســا قانچىلىــك ئىلگىرلىيەلىگەنــدۇ؟ دەپ بىــر-بىرىــدىن تىنمــاي سورىشاتتى. قوۇرۇقلۇق ئارمىيە شتاپ باشقۇماندانى، يەنى گۇدېرىئاننىڭ ئىزباسارى گېنېرال خانس كرېبس ئۇلارغا دوكلات قىلغىدەك ئېنىق بىرەر مەلۇمات يوق دەپلا جاۋاب بېرەتتى. بۇ ئارىدا ھىتلېرنىڭ ئەنسىرىشىمۇ بارغانسىرى كۈچىيىــپ كېتىۋاتــاتتى. چۈشـتىن كېيىنكـى ئــالىي قوماندانلىق يىغىنىــدا، بېرلىنىنــىڭ ئـۈچ تەرەپـتىن مۇھاسـىرە ئاسـتىدا قالغــانلىق خەۋىرىنى ئالغاندىن كېيىن، ھىتلېر ئاخىرقى قېتىم ستېينېرنىڭ ھۇجـۇمى زادى قانچىلىـك ئىلگىرلــدى؟ دەپ ســورايدۇ. كــرېبس ئــاخىرى چــداپ تۇرالمــاي راســتىنى ئېيتــدۇ: ستېينېرنىڭ ئارمىيىسى ھېلىغىچە تەشكىللەش باسقۇچىدا ئىكەنلىكىنى، شـۇڭا ھـازىرچە دوكلات قىلىشقا يارىغىدەك بىرەر يېڭىلىق يوق.

بــۇ گەپــتىن ھىتلېرنــىڭ كاللىســىغا مـۇش تەككەنــدەك بولــدۇ. ئانــدىن ئـۇ نەپىسـى نەپىسگە ئۇلاشماي قاتتىق ھەسرەپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆيدىكىلەرنى، يەنى قوماندانلىرى بىـلەن بورمانــدىن باشـقىلىرىنى چىقىـپ كېتىشلار دەپ قەتئىـي بـۇيرۇق قىلـدۇ. بـۇنى ئاڭلىغــان قالغان كىشلەر كەينى-كەينىدىن ئالدىراش ئۆيـدىن چىقىـپ كېتىـدۇ. ئـۇلار زالغا چىقىـپ ئۈن چىقارماي قـورققىنىچە كۈتـۈپ تۇرۇشـىدۇ. ئىشـىك تاقىلىشـى ھامـان، ھىتلېـر دەرھـال ئورنىــدىن تــۇرۇپ ئالــدى-كەيــنىگە ســەنتۈرۈلگىنىچە ئـوڭ قـولىنى قــاتتىق شــىلتىپ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسلا ۋەتەن ساتقۇچلار، يالغانچىلار دەپ قاتتىق ۋارقىراپ تىللاپ كېتىدۇ: سىلەرنىڭ ھەممىڭلار قىلچە سەۋىيىسىز، كاللىسى ئىشلىمەيدىغان دۆت نـېمىلەر ئىكەنسـىلەر، سـىلەر مېنىـڭ ئۇلـۇغ غـايىلىرىمنى قەتئـى چۈشىنەلمەيسـىلەر، مەن چىرىـك، قورقۇنچاقلارنــڭ زىيىننــى يەتكــۈچە تــارتتىم، مانــا ئەنــدى ھەممىڭــلار مېنــى تاشـلاپ قېچىۋاتىسلەر، دەپ تىنماي قايناپتتى. ئۇنىـڭ گېپىنـى ئـاڭلاپ تۇرغـانلار ئۇنىـڭ بۇنچىـۋالا خاپا بولغانلىقىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ئـۇ بـارمىقىنى شـىلتىپ تـۇرۇپ، سـىلەر بـۇ ئۇرۇشـتا بەكـلا ئېغىـر ئاپەتلەرنـىڭ پەيـدا بولىشـىغا سـەۋەب بولـدۇڭلار دەپ بىئالدىـدىكى گېنېراللىرىنى بىرمۇ-بىر كۆرسـىتىپ قارىلاشـقا كىرىشـدۇ. بـۇ كىشـىلەر ئارىسـدىن پەقەت بورمانلا قورقماي ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىشكە پېتىنىدۇ. بورماننىـڭ دىېگەنلىرىـدىن گېنېـراللار ھەيران ئىدى: ئۇ گېنېراللارنى ئـاقلاپ سـۆزلىدى دىېگەنـدىن كـۆرە، ھىتلېرنـى تىنجىتىشـنى مەقسەت قىلىپ سۆزلەۋاتىدۇ دېيىش كېرەك ئىدى.

ھىتلېر ستېينېر توغرىلـق نـېمىلەر دەپ ۋارقىـراپ كەتكەنلىكىنـى ئېنىـق ئاڭلىيالمـاي قالـدۇ. ئۇ لاسسىدە قىلىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قالـدۇ. ئانـدىن ئـۇ قـاتتىق كـۆڭلى يېرىم ھالدا "ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدۇق!" دەيدۇ. ئارقىدىن ئۇ يەنە تىترەپ تۇرغـان ئـاۋازى بىـلەن

ئۆچىنچى رېيچ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەندى ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇشتىن باشقىچە ماڭغىدەك يولى قالمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھىتلېرنىڭ رەڭگى-روھى ئاپپاق تاتىرىپ، خۇددى بىرسى قاتتىق ئۇرىۋەتكەندەك پۈتۈن بەدىنى قاتتىق تىترەپ كېتىدۇ. تۇيۇقسىز، ئۇ ئولتارغان يېرىدە قىمىرمۇ قىلماي ئولتۇرۇپ قالىدۇ. ئىڭىكى چۈشۈپ ئاغزى ئېچىلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى ئالدىغا تىكىلىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قىياپىتى ئەتراپىدىكىلەرنى بايام ئاچچىغلىنىپ ۋارقىراپ كەتكىنىدىنمۇ بەكرەك ئۈركىتىۋېتىدۇ. ۋاقىت بىر مىنۇت-بىر مىنۇتلاپ ئۆتمەكتە، زادى قانچىلىك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ھېچ كىم بىلمەيتتى. ئاخىرىدا فۈھرېرنىڭ چىرايى ئاستا-ئاستا ئۆڭشىلىدۇ. ئاندىن قاتتىق بىر شۈركىنىپ كېتىدۇ. بەلكىم يۈرەك كېسىلى قوزغالسا كېرەك؟ بورمان، كېيتېر ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيە كادىرلار بىيروسى باشلىقى بۇرگدورفلار بىرلىكتە ئۇنى غەيرەت قىلىڭ، ئەگەر سىز باشدلاپ ئۈمىدسىزلىك ئىچىگە كىرىپ قالسىڭىز ئۇ چاغدا ھەممە ئىشىمىز تۈگىشىدۇ، دەپ نەسىھەت قىلىشىدۇ. ئۇلار ھىتلېرنى دەرھال بېرچتېسگادېنغا كېتىشنى ئۆتۈنىدۇ. ئەمما ھىتلېر ئاستا بېشىنى چايقىغىنىچە، ھارغىن ئەمما قورقۇنۇچلۇق بىر ئاۋازدا، ئەگەر كېتىشنى خالايدىغانلار بولسا، ئىختىيار، ئەمما مەن پايتەختتە بىرگە كۆمۈلىمەن، دەيدۇ. ئاندىن ئۇ گيوبېلسنى تېپىپ كىرىشنى بۇيرۇيدۇ.

سىرتتا كۈتۈپ تۇرغانلار بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنىلا دېگىدەك ئېنىق ئاڭلىغان ئىدى. فەگەلېين دەرھال تېلېفون قىلىپ بۇ يەردە بولغان ئىشلارنى ھىملېرغا بىرمۇ-بىر ئېيتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن ھىملېر دەرھال ھىتلېرغا تېلېفون قىلىپ، ئۈمىدسىزلەنمەسلىكىنى، دەرھال ئېس-ئېس قىسىملىرى بىلەن يېنىغا يېتىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەسەللى بېرىدۇ. شۇندىن كېيىن ھىتلېرمۇ تىراۋدل جيۇڭ، گېردا كرىستىئان ۋە يېڭى ئاشپېزى كونستانز مانزىلئالىيلارنى چاقىرتىشقا ئادەم ئەۋەرتىدۇ. ئۇلار بىرلىكتە ساراي ئۆيىگە كېلىپ يىغلىدۇ. ھىتلېر ئېيۋا براۋن بىلەن بىرگە ئۇلارنى بۇ يەردە كۈتمەكتە ئىدى. ھىتلېرنىڭ چىرايى بەكلا سوغۇق، ئىككىلا كۆزى پۈتۈنلەي نۇرسىز كۆرۈنەتتى. ئۇ، ئېنىق بىر شەكىلدە ئەمما ھۆكۈمرانلارچە توندا بۇ 4 نەپەر خانىمغا بىر سائەت ئىچىدە جەنۇپقا ئۇچىدىغان ئايروپىلانغا چىقىسىلەر، دەرھال تەييارلىق قىلىڭلار، دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. "پۈتۈنلەي تۈگەشتۇق. قىلچە ئۈمىد قالمىدى" دەپ قوشۇپ قويىدۇ.

بۇ تۆت نەپەر خانىم بۇ گەپتىن قاتتىق چۆچۈپ، قىمىرمۇ قىلماي تۇرغان يېرىدە تۇرۇپ قېلىشىدۇ. ئاردىن ئېۋا ئايرىلىپ چىقىپ ھىتلېرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ ئىككى قولىنى تۇتىدۇ. مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈپ، خۇددى كىچىك بالىدەك ئۇنىڭغا ئەكىلەپ تۇرۇپ "بىلىسىز، مەن سىزدىن ئايرىلمايمەن. مېنى يولغا سېلىۋېتىشىڭىزگە ئۇنىمايمەن."

ئېۋانىڭ بۇ سۆزلىرى ھىتلېرنىڭ كۆزلىرىنى قايتىدىن جانلاندۇرغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ يېقىنلىرىدىن ھېچ كىم كۆرۈپ باقمىغان بىر ئىشنى قىلدۇ؟ ھىتلېر ئۇنى لەۋلىرىدىن سۆيۈپ قويدۇ.

بۇ مەنزىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان تراۋدل ھاياجىنىنى بېسىۋالالمىغان ھالدا "مەنمۇ قالىمەن" دەيدۇ. گېردا بىلەن ئاشپىزىمۇ قالماقچى بولىدۇ. ھىتلېر ئۇلارنى قايتتا يولغا چىقىڭلار دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. ئەمما خانىملار ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمايتتى. ھىتلېر قايتىدىن ئۇلارنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە، قاتتىق تەسىرلەنگەن قىياپەتتە "مېنىڭ گېنېراللىرىممۇ سىلەردەك جەسسۇر بولسا كاشكى!" دەيدۇ. ئەندى ئۇنىڭ تۇرغىدەكمۇ كۈچى قالمىغاندەك بەكلا ھارغىن كۆرۈنەتتى. ئۇ پۈتنى سۆرىگىنىچە ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆيدە بىر توپ ئوفىتسېر ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. "ئەپەندىلەر، _ دەيدۇ ھىتلېر ئۇلارغا، _ ئەندى ۋەزىپەڭلار مۇشۇ يەرگىچە ئىكەن. مەن بېرلىندا قالىمەن، پەيتى كەلگىنىدە ئۆزەمنى ئېتىۋالىمەن. شۇڭا سىلەر خالىغان ۋاقىتتا بۇ يەردىن ئايرىلساڭلار بولىدۇ."

فۇھرېر گيوبېلسنى ئىزدەۋاتقان پەيتلەردە گيوبېلس ئۆيدە ئىدى. ئۇمۇ ئۇنىڭ يېنىغا چىقىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. شۇ پەيتتە ھىتلېردىن ماگدا بىلەن باللىرىنىمۇ بىرلىكتە كۆرمەكچى بولغانلىقى خەۋىرى كېلىدۇ. سائەت 5 بولغاندا، گيوبېلس خانىم خاتىرجەم بىر شەكىلدە بىرلىكتە فۇھرېرىمىزنى كۆرگىلى كىرىمىز، دەپ بالا باققۇچىسىغا باللارنى تەييار قىلىشنى بۇيرۇيدۇ. بۇ گەپتىن باللار قاتتىق خوشال ئىدى: ئادى تاغىمىز بىزگە بۇرۇنقىدەك شاكىلات بىلەن پېچىنە بېرەمدۇ، دەپ سورىشىدۇ. ئانا بولغۇچى ماگدا كۆڭلىدە، سىلەر ھەممىڭلار بىرلىكتە ئۆلۈم يولىغا قاراپ ماڭىسىلەر، دېگەنلەرنى ئۆتكۈزىدۇ. شۇڭا ئۇ مەجبۇرى كۈلۈمسىرەشكە تىرىشىپ، "ھەممىڭلار پەقەت بىردىنلا ئۇيۇنچۇق ئېلىۋېلىڭلار، ئۇختۇڭلارمۇ؟" دەيدۇ.

كېيىن كەلگەنلەرنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، يىغىن زالىدا ھىتلېر بىلەن ئىككىسىلا قالغان ئىدى. ئۇ، فۇھرېرنى ئۇدۇل بېرچتېسگادېنغا كېتىپ شۇ يەردە تۇرۇپ تەسلىم بولۇش سۆھبىتىنى باشلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، "نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭنى ئۇقتۇم: 'دەرھال قارار قىل!' دېمەكچىسەن. _ ھىتلېرنىڭ ئاۋازى قۇلاقنى يارغىدەك قاتتىق ئىدى. – مەن قارارىمنى بېرىپ بولدۇم: مەن بېرلىندىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن، مەن بۇ شەھەرنى ئەڭ ئاخىرقى نەپەسىمگىچە قوغدايمەن!" جودل كىرىپ كېلىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئىشىنى قايتا ئوتتۇرغا قويىدۇ: "مېنىڭ بۇنداق بىر قارارغا كېلىشىم، ھاياتىمدىكى ئەڭ مۇھىم بىر قارار ئېلىشىم

ھېسابلىنىدۇ، ئەسلىدە بۇ قارارنى 1944-يىلى 11-نويابىردا ئېلىشىم كېرەك ئىدى. ئەسلىدە مەن شەرقىي پرۇسسىيەدىكى قۇماندانلىق شتابىدىن ئايرىلماسلىقىم كېرەك ئىدى."

ھىتلېر بورمانىنى چاقىرتىپ كىرىپ، ئۇنى جودل بىلەن كېيتىللار بىلەن بىرلىكتە بېرچتېسگادېنغا قاراپ ئۇچۇشنى بۇيرۇق قىلدۇ. ئۇ يەردىكى قۇماندانلىق شتابىغا جودل قوماندانلىق قىلسۇن، گېۆرىڭ فۇھرېرلىكنى ھەمدە مېنىڭ شەخسى ۋەكىلىم بولۇشنى ئۈستىگە ئالسۇن. – ئۇ يەنە قالغان ئىشلارنى گېۆرىڭغا تاپشۇرغانلىقنى ئېيتىپ مۇنداق دەيدۇ، _ بۇندىن كېيىن ئۇرۇشۇشنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى قالمىدى. ئەگەر سۆھبەت قىلىشقا توغرا كەلسە، رېيچ مارشالى بۇ ئىشنى مەندىنمۇ بەكىرەك قاملاشتۇرالايدۇ. بېرلىن مۇداپىيىسى ئۇرۇشىدا، مەن يا غەلىبە قىلغىچە ئۇرۇشىمەن، ياكى غەلىبە قىلالمىسام بېرلىندا ئۆلىمەن. – ئۇ ئۆزىنىڭ دۈشمەن قولىغا تىرىك چۈشۈپ قېلىشىغا بولمايدىغانلىقنى ئېيتىپ كېلىپ، ئەڭ ئاخىرقى پەيت يېتىپ كەلگىنىدە ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدىغانلىقى، "بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قارارىم. بۇ قارارىم ھەرگىز بىكار قىلىنمايدىغان بىر قارار!" دەيدۇ.

گېنېراللىرى دەرھال دىققەتتە تۇرۇپ، ۋەزىيەت تېخى تولۇقۇ قولدىن كەتكەن ھېسابلانمايدۇ؛ ۋېنكىنىڭ 12-كورپۇسى چوقۇم بىرلىشىپ بېرلىننى مۇھاسىرىدىن قۇتقۇلدۇرالايدۇ، دېيىشىدۇ. بۇ گەپلەردىن ھىتلېرنىڭ كۆزلىرى قايتىدىن چاقناشقا باشلايدۇ. ئەمما ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك بىر يېرى، ئۇنىڭدىكى ئۈمىدۋارلىق قايتىدىن ئەسلىگە كەلگەنلىكى ئىدى. شۇ قاتاردا ئۇنىڭ جاسارىتىمۇ قايتا ئەسلىگە كەلگەندەك قىلاتتى. ئۇ دەسلىۋىدە بىر قاتار سوئاللارنى سورايدۇ، ئاندىن بېرلىننى قانداق قۇتقۇلدۇرۇش ئىشنى تەپسىلى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ قالىدۇ. كېيتېل، دەرھال ۋېنكىنىڭ يېنىغا بېرىپ بۇيرۇق بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ. ئۇ چىقىپ كېتىشى ھامان ھىتلېرنىڭ روھى قايتىدىن پەسكويغا چۈشۈپ قالىدۇ، ئۇ يېقىنلىرىغا قاراپ ئۈمىد يوقلىقىنى ئېيتىدۇ. ئوتتۇرىدىن بىرسى ئىمپېراتور فرېدېرىخنىڭ رەسىمىنى ئىشارەت قىلىپ سىز ھازىرمۇ خۇددى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان تارىخى مۆجىزىنىڭ (بەزى ئىلاھىيەتشۇناسلارنىڭ تەبىرىدە، مۆجىزە – تەڭرىنىڭ ئۆزى قويغان قانۇنلىرىنى ۋاقىتلىق قىسمەنلىكتە بۇزۇشى، ئەمما كارامەت بولسا، بەندىنىڭ تەڭرى ياردىمى بىلەن قىسقا مۇددەتلىك تەڭرى قانۇنلىرىدىن، يەنى تەغدىردىن ھالقىپ چىقىپ تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە توغرا كەلمەيدىغان بىر قابىلىيەت كۆرسىتىشى، دەپ چۈشەندۈرۈلمەكتە. – ئۇ.ت) ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئىشىنەمسىز، دەپ سورايدۇ. فۇھرېر ھارغىن بىر شەكىلدە باش چايقايدۇ: "قۇرۇقلۇق ئارمىيە ماگا

خائىنلىق قىلدى، گېنېراللىرىمنىڭ ھەممىسى ئاقنانچىلار. – دەيدۇ تىرىككەن ھالدا، ـ ئۇلار بۇيرۇقلىرىمنى ئىجرا قىلمىدى. ئەندى ھەممە ئىش تۈگەشتى. مىللىي سوتسىئالىزمۇ ئۆلدى، ئەندى بۇ قاراشلار مەڭگۈ قايتا باش كۆتۈرەلمەيدۇ!" بەلكىم بۇندىن يۈز يىل كېيىن شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىرەر ئەقىدە ئوتتۇرغا چىقىشى، ئۇ بىرەر دىنغا ئوخشاش پۈتۈن يەر شارى بويىچە يامرىشىمۇ مۇمكىن. "ئەمما گېرمانىيە مەغلۇپ بولدى. راستىنى ئېيتسام، گېرمانىيە تېخى تولۇق تەييار ئەمەس ئىدى، شۇنىڭدەك دېگەندەك كۈچلەنگەنمۇ ئەمەس ئىدى، شۇڭا بۇ دۆلەت مەن بەلگىلەپ بەرگەن ۋەزىپىلەرنى قوبۇل قىلىپ كېتەلمىدى."

3

شۇ كۈنى ئاخشىمى، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيە ئۇرۇش ئوپېراتسىيە مىنىستىرى گېنېرال ئېكارد كرىستىئان ئۇشتۇمتۇتلا بېرلىن شەھەر سىرتىدىكى كوللېرنىڭ قوماندانلىق شتابىغا ئالدىراش كىرىپ "فۇھرېر ۋەيران بولۇش ھالىتىگە كېلىپ قاپتۇ!" دەيدۇ. ئۇ يۈز بەرگەن قورقۇنۇشلۇق ھادىسىنى بىر باشتىن ئېيتىپ بېرىدۇ. كوللېر ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشەنگىسى كەلمەي، ماشىنىسىغا ئولتۇرغىنىچە ئۇدۇل ئالىي قوماندانلىق شتابىغا بېرىپ جودلدىن كرىستىئاننىڭ دېگەنلىرىنىڭ راست گەپمۇ دەپ سورايدۇ. جودل ئۇنىڭغا "ئۇنىڭ دېگەنلىرى تامامەن راست گەپلەر" دەپ خاتىرجەم بىر شەكىلدە جاۋاب بېرىدۇ. كوللېر، فۇھرېرىمىز راستىنلا ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالارمۇ، دەپ قايتا سورايدۇ. "شۇنداق، بۇ ئىشتا ئۇنىڭ قارارى بەكلا كەسكىن" دەيدۇ. كوللېر قاتتىق رەنجىگەن ھالدا چوقۇم بېرىپ گىيۆرىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، فۇھرېرنىڭ "ئەگەر سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلسە، ئىمپېرىيە مارشالى مەندىن بەكرەك قاملاشتۇرالايدۇ" دېگەنلىرىنى ئېيتىمەن، دەيدۇ.

23-ئافرېل ئاخشىمى، كوللېر بىلەن ئۇنىڭ شتاپ خادىملىرى ئايرىم-ئايرىم -JU 52s ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ مېيۇنخېنغا يېتىپ بارىدۇ. بېرچتېسگادېندىمۇ گىيۆرىڭ جىق ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ بولغان ئىدى. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئۇ باشقا ھېچكىم يوق بىر ۋاقىتتا خىزمەتچىسىگە بورمان ئۇنىڭغا بىر پارچە مەخپىي تېلېگرامما يوللاپ، فۇھرېرنىڭ روھى يىمىرىلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىنى قولغا ئېلىشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەندى مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ دەرھال ھەرىكەت قىلايمۇ ياكى كۈتۈپ تۇرايمۇ؟ دەپ سورايدۇ.

كوللېر، چۈشلەردە ئاران يوقۇرى سالزبۇرگقا يېتىپ بېرىپ گىيۆرىڭنىڭ ئازادە ئەمما

بەكلا ئاددى ياسالغان تۇرالغۇسغا كىرىدۇ. ئۇ قاتتىق ھاياجان ئىچىدە ھىتلېرنىڭ ۋەيران بولغانلىق ئەھۋالىنى گيۆرىڭغا بىرنىمۇ قويماي ئېيتىپ بېرىدۇ. تەبىئىيكى، گيۆرىڭ بۇ ئىشلاردىن ئاساسەن خەۋەر تېپىپ بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ ھەقتە تۈزۈك ئىنكاس قايتۇرماي، كوللېرنى بەكلا ھەيران قالدۇرىدۇ. گيۆرىڭ ئۇنىڭدىن ھىتلېر ھېلىغىچە ھاياتمىكەن، ئۇ بورماننى ئىزباسار قىلىپ بېكىتىپ بوپتىمۇ؟ دەپ سورايدۇ. كوللېر ئۇنىڭغا بېرلىندىن ئايرىلىش ۋاقتىدا فۇھرېرنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى، قېچىپ چىقىش يولىدىن يەنە بىر-ئىككىسى بارلىقىنى، پايتەختنى يەنە بىرەر ھەپتە تۇتۇپ تۇرۇۋشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقاچ يەنە مۇنداق دەيدۇ: "ھەر نېمە دېگەن بىلەن ئەندى سىزنىڭ ھەرىكەت قىلىشىڭىزگىلا تايىنىشتىن باشقا چارە يوق، رېيچ مارشال!"

گيۆرىڭ ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرۇپ قالىدۇ. بەلكىم ھىتلېر بورماننى ئۆزىگە ئىزباسار قىلىپ بېكىتكەن بولمىسۇن يەنە؟ .ۇ قەيتىدىن سورايدۇ. بورمان دېگەن بۇ بىر ئۇۋۇننىڭ بۆرىسى ئۇنىڭغا تېلېگراممىا يوللىشىدىكى مەقسەت ئۇنى مەخسۇس ھوقۇق تارتىۋېلىشقا كۈشكۈرتىشى بولىشىمۇ بىر ئېھتىمال دەپ ئويلايدۇ. "ئەگەر مەن ھەرىكەتكە ئاتلانسام، ئۇ مېنى چوقۇم ۋەتەن ساتقۇچ دەپ ئاتىشى مۇمكىن. ئەگەر ھەرىكەت قىلماي جىم تۇرىۋاسام، ئۇنداقتا ئۇ مېنى ئەيىپلىشى، مېنى ئەڭ جىددىي پەيتتە كۆكرەك كېرىپ ئورنىغا چىقالمىدى دېيىشى تۇرغان گەپ." شۇڭا ئۇ خانس لامېرسنى تېپىپ كېلىشكە بىرسىنى ئەۋەرتىدۇ. بۇ ئادەم ئەسلى بىر قانۇن مۇتەخەسسىسى، شۇنىڭدەك 1941-يىلى ھىتلېر ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ئىزباسار قىلىپ بەلگىلىگەن ۋاقتىدىكى قانۇنىي ھۆججەتلەرنى ساقلاشقا مەسئۇل قىلىنغان بىرسى ئىدى. ئۇ ھۆججەتتە، ھىتلېر ئۆلۈپ كەتسە گيۆرىڭ ئۇنىڭ ئىزباسارى بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن ئىدى. ئۇنىڭدا يەنە فۇھرېر مەڭگۈلۈك ياكى قىسقا مۇددەتلىك بولسىمۇ ھوقۇقنى ئىجرا قىلالمىغىدەك ھالەتكە چۈشۈپ قالغىدەك بولغىنىدا، گيۆرىڭ يەنىلا ھىتلېرنىڭ ئىز باسارى بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن ئىدى.

گيۆرىڭ ئېنىقلىۋالماقچى بولغىنى، بېرلىننىڭ ھەربىي ئىشلار ۋەزىيىتى ئۇنىڭ پۈتۈن ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ ئېلىش باسقۇچىغا كېلىپ-كەلمىگەنلىكى ئىدى. بۇ ھەقتە لامېرس بىر نېمە دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. لامېرس، گيۆرىڭنىڭ فۇھرېرگە بولغان تەسىرى بەكلا ئازىيىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بورماننىڭ تەسىرى يۇكسىلىپ كەتكەنلىكىگە ئىشەنچى كامىل ئىدى. شۇڭا ئۇ، گيۆرىڭدىن 1941-يىلدىن بېرى فۇھرېرئۇنى ئىزباسار قىلىپ تىكلىگەنلىكى توغرىسىدىكى بۇيرۇق ھۆججەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ باقتىمۇ دەپ سورايدۇ. "ياق، ئۇنداق ئىش بولمىدى" دەپ جاۋاپ بېرىدۇ گيۆرىڭ. لامېرس، ئۇ

ھېــــۋجەتنى قايتىـــــدىن ئىســـــپاتلاش ئۈچـــۈن ئۇنىـــــڭ ئەمەلـــــدىن قالــــدۇرۇلۇپ-قالدۇرۇلمىغانلىقىنى قايتا دەلىلللىشى زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما گېيۆرىڭ ئۇنىڭغا بۇ بۇيرۇقنىڭ قانۇنى كۈچكە ئىگە بىر بۇيرۇق ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇنى قايتىدىن ئىپلان قىلىشنىڭ ھاجىتى يوقلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بىرسى ئۆلارغا فۇھرېرگە بىر پارچە تېلېگراما يوللاپ ئۇنىڭدىن گېيۆرىڭنى ياردەمچىسى دەپ قاراپ-قارىمايدىغانلىقىنى سوراپ بېقىش مەسلىھەتىنى بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ بىر پارچە تېلېگراما تېزىسى تەييارلىنىدۇ: "فۇھرېرىم، سىز بېرلىننى ئاخىرقى نەپىسىڭىزگىچە قوغداش قارارىغا كەلگەن ئىكەنسىز. شۇڭا سىز مېنى 1941-يىلى 29-ئىيۇندىكى بۇيرۇققا ئاساسەن ئىمپېرىيىنىڭ بارلىق ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ ئېلىشىمنى زۆرۈر دەپ قارامسىز؟" دەپ سورالغان ئىدى. بۇ تېزىسنى ئوقۇپ چىققان گېيۆرىڭ، تېلېگراما تېزىسىگە "... مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق ئىشلارنى تولۇق ھوقۇقلۇق بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە" دېگەن بىر جۈملىنى قوشۇپ، ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى بېكىتىۋالماقچى بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا پەقەتلا خاتىرجەم بولالماي، "ئەگەر جاۋاپ بەرمىسە قانداق قىلىمىز؟ شۇڭا بۇ ھەقتە چوقۇم بىر ۋاقىت چەكلىمىسىنى ئوتتۇرغا قويۇشىمىز كېرەك. يەنى، مۇنچىلىك ۋاقىتتىن بۇرۇن چوقۇم جاۋابىڭىزنى ئېلىشىم كېرەك" دېگەن سۆزنىمۇ قوشۇپ قويۇشنى ئېيتىدۇ.

كوللېر بۇنىڭ ئۈچۈن 8 سائەتلىك مۆھلەت بېرىش تەكلىۋىنى بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ گېيۆرىڭمۇ تېلېگراما تېزىسىغا جاۋاب بېرىش مۆھلىتىنى توشقۇزۇپ قويىدۇ. ئاندىن ئۇ ئاخىرىسىغا ئالدىراشلىق بىلەن مۇنۇ سۆزلەرنى يازىدۇ: "سىزگە شۇنىسى قەتئى ئايدىڭ بولىشى كېرەككى، مەن ئۆمۈرۋمدىكى ئەڭ قىيىن شارائىتلاردىمۇ سىزگە بولغان ھېسسىياتىمنى تىل بىلەن قەتئى ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس. تەڭرى سىزنى ئاسرىسۇن ھەمدە سىزنىڭ بۇ يەرگە تېزىراق يېتىپ كېلىشىڭىزنى ئەاسانلاشتۇرغاي. سىزگە سەممىي سادىق بولغان: ھېرمان گېيۆرىڭ." بۇلارنى يېزىپ بولۇپ ئورۇندۇققا قاتتىق يۆلەنگىنىچە "ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنۇشلۇق!" دەپ تاشلايدۇ. ئەگەر ئاخشىمى سائەت 10 دىن بۇرۇن جاۋابقا ئېرىشەلمىگەدەك بولىدىكەن، قەتئىي تۈردە جىددىي ھەرىكەتكە ئاتلىنىشى زۆرۈرلىكىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزىدۇ: "مەن بۇ ئورۇشقا دەرھال خاتىمە بېرىشىم شەرت!"

ھاۋا مۇداپىيە ئۆتكۈرىدە، ئەنگلىيەنىڭ "پەۋقۇلئاددە مەخپى تىلى" تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلگەن گېيۆرىڭنىڭ تېلېگراممىسىدىن ھەممىدىن بەك غەزەپلەنگەن كىشى بورماندەك قىلاتتى. ئۇ، گېيۆرىڭنى ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما ھىتلېر

ئىشنى ئۇنچىۋالا چوڭايتىۋېتىشكە قوشۇلمايدۇ. شۇڭا ئۇ گىيۆرىگىغا بىر-بىرىگە زىت ئۈچ پارچە تېلېگرامما يوللايدۇ. بىرىنچى تېلېگراممىدا، گىيۆرىگىنىڭ ۋەتەنگە خائىنلىق قىلىشىدىن ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم قىلىنىشىدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن بارلىق ۋەزىپىلىرىدىن ئىستىپا بېرىشى تەلەپ قىلىنغان؛ ئىككىنچى تېلېگراممىدا گىيۆرىگىنىڭ ئىزباسارلىققا تىكلىنىش ھەققىدىكى قانۇننىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى بىلدۈرۈلگەن؛ ئۈچۈنچىسىنىڭ سۆزلىرى بەكلا مۇجمەل ("سىزنىڭچە مەن ئېغىر توسالغۇغا دۇچ كەلگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزەمنىڭ ئارزۇلىرى بىلەن ئويلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىم قالمىغان دەپ ئويلىسىڭىز كېرەك. بۇ ئويىڭىز بەكلا ئېغىر خاتا قاراش. بۇنداق خاتا قاراشقا كېلىپ قېلىشىڭىزنىڭ سەۋەبىنى پەقەتلا ئۇقالمىدىم") بولۇپ، ئەسلىدە بۇ تېلېگرامما ھىتلېرنىڭ بەكلا پىكىرى چېچىلىپ كەتكەنلىكىنى ھەممىدىن بەكىرەك تەستىقلاپ تۇرغان بىر تېلېگرامما ھېسابلىناتتى. بۇ تېلېگراممىنى بورمان ھىتلېرنىڭ ئۆزى كېچىرىۋېتىشىنىڭ بىر بىشارىتى دەپ ھېس قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆز ئالدىغا قارار قىلىپ يوقۇرى سالزبۇرگ ئېس-ئېس قۇماندانىغا ئايرىم تېلېگرامما يوللاپ ۋەتەنگە خائىنلىق قىلغانلىق جىنايىتى بىلەن گىيۆرىگنى قولغا ئېلىشنى ئۇقتۇرىدۇ.

كرېبس يەر ئاستى مۇداپىيە ئاكوپىدا تۇرۇپ كېيتېلگە تېلېفون قىلىپ، گىيۆرىگىنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغانلىق ئىشىنى تەپسىلى ئېيتىپ بېرىدۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كېيتېل قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا، بۇ ئىشتا چوقۇم بىر ئۇقۇشماسلىق بولۇشى مۇمكىن، دەيدۇ. تۇيۇقسىز، ئارىغا بورماننىڭ ئاۋازى كىرىدۇ. ئۇ ۋارقىرىغىنىچە، گىيۆرىنىڭ قوغلاپ چىقىرىلغانلىقىنى، "ھەتتا ئۇنىڭ گېرمانىيە ئۇۋچىلار جەمئىيىتىدىكى ۋەزىپىسىمۇ يوققا چىققان" لىقىنى ئېيتىدۇ. كېيتېل ئۇن چىقارمايدۇ. ئەمما ئۇ كۆڭلىدە، "ۋەزىيەت بەكلا ئېغىر، بۇنداق كىشىنى سوۋۇتىدىغان سۆزلەرگە بىر نېمە دېمەك تەس" دەپ ئويلايدۇ. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، كېيتېل ھىتلېر بىلەن كۆرۈشىدۇ. سۆزلىشىش ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ جودل بىلەن بىرگە ماشىنىلىق شتاپقا قايتىپ بارىدۇ. "يول ئۈستىدە، بىز بەكلا ئوچۇق سۆزلەشتۇق. شۇڭا ئىككىمىزلا بۇنداق گەپلەرگە قۇلاق سالماسلىق ھەققىدە كېلىشتۇق. بىز يەنە، يەر ئاستى ئاكوپتا فۇھرېرنى نازارەت ئاستىغا ئېلىنىشىنىمۇ مۇھاكىمە قىلىشتۇق، ھەتتا زورلۇق تېپىلغاندا ئۇنىڭغا قورال كۈچى ئىشلىتىشنىمۇ ئويلاشتۇق." ئەمما ئۇ ئىككىسى، ھاۋا مۇداپىيە ئاكوپىدىكى فۇھرېرنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن ئامانلىق ساقلاش كۈچلىرىنىڭ ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ بۇنداق خىيالدىن تېزلا ۋاز كېچىشىدۇ.

4

ئۇرۇسلار تۆت تەرەپتىن پايتەختكە قاراپ قورشاپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئېۋا براۋننىڭ ھەر ۋاقىتتىكى ئۈچۈق چىراي كۆرۈنىشى بىراقلا ئەنسىرەش مىجەزىگە ئالمىشىپ قالغان بولسىمۇ قارىماي، ئۇ، بۇ تۇر ھېسسىياتىنى بىلىندۇرمەسلىككە تىرىشاتتى. بىر كۈنى، ئۇ تىراۋدىل جىيۇڭنىڭ ئىككى قولىنى چىڭ تۇتقىنىچە، تىترىگەن ئاۋازدا بەكلا قورقىۋاتقانلىقىنى ئىخرا بولىدۇ. "ھەممە ئىشلار ئاخىرلىشىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم! _ دەيدۇ يېقىن دوستى ھېرتاغا يازغان ۋىدالىشىش خېتىدە، _ بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خېتىم، شۇڭلىكى ھاياتىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى جىلۋىسى. _ ئۇ خېتىدە چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، زىننەت بويۇملىرىنى ئۇنىڭغا ئىۋەرتىۋەتكەنلىكىنى، ئۇ نەرسىلەرنى ۋەسىيىتىدىكىدەك تەقسىم قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ خېتىدە پات-پاتلا كەچۈرۈشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرغان بولۇپ، سەۋەبى، گېبېلسنىڭ 6 بالىسى يان ئۆيدە جىدەل قىلىپ ئۆينى بېشىغا كىيىشكەن ئىدى. – چۈشەنمىدىم، بۇ قانداق ئىش! بۇ ئىش بەئەينى ئادەملەرنىڭ تەڭرىگە بولغان ئېتىقادىنى يوقاتقانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس!" ئۇ خېتىنىڭ ئاخىرىدا، ھىتلېرنىڭمۇ ھەممىدىن ئۈمىدىنى كەسكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئەتىسى، يەنى 23-ئاپرېل دۈشەنبە كۈنى، ئېۋا يەنە سىڭلىسىغا يازغان خېتىدە، يەنە بىر پۈرسەتنىڭ بارلىقى ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ، "شۇنداقتىمۇ، بىز ئۇلارنىڭ قولىغا تىرىك چۈشمەيمىز ئەلۋەتتە" دەپ يازىدۇ. ئۇ خېتىدە سىڭلىسىغا قولىدا بار بارلىق ھۆججەت ۋە خەت-چەكلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىشىنى، فۈھرېرنىڭ ئېۋەرتكەن خەتلىرىنى بىر كۈپكە سېلىپ بىر يەرگە كۆمۈۋېتىشىنى تەلەپ قىلغان. ئۇ خېتىنىڭ ئاخىرىسىنى ئېچىنىشلىق ئۈمىدلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان: "مەن ھېلىراقتا فۈھرېرگە، كىلەچەكىمىزگە بولغان قارىشىم تۇنۇگۈنكىدىن كۆپ ياخشى ئىكەنلىكىنى دېدىم."

ھىملېرمۇ ئاخىرقى مىنۇتلىرى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ، يېرىم كېچە بولغاندا فولك بېرنادوت بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشىدۇ. ئۇلار بۇ قېتىم كۆرۈشۈش يېرى قىلىپ شۋېتسىيە كونسۇلخانىسىنى بېكىتكەن ئىدى. ئۇ يەر بالتىق دېڭىز بويىدىكى لۈبېك دېگەن يەردە ئىدى. "ئۇرۇش قەتئىي توختىشى شەرت. – دەيدۇ ھىملېر كۈتۈلمىگەندە، بۇ گەپتىن كېيىن چارىسىز چوڭقۇر بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويىدۇ، _ شۇنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرمەنكى، بۇ ئۇرۇشتا گېرمانىيە مەغلۇپ بولدى. _ دەيدۇ. ئۇ يەنە ھىتلېرنىڭ بۇ چاققىچە ئۆلۈپ بولغانلىقىنى، شۇ سەۋەپتىن قەسىمىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇڭا ئۇ غەربىي سەپتە تەسلىم بولۇشقا رازى ئىكەنلىكىنى،

ئەمما شەرقى سەپتە ئۇنداق قىلالمايدىغانلىقنى ئېيتىپ، ــ مەن ئەزەلدىن ھەمدە مەڭگۈگە بولشېۋىكلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولۇپ قالىمەن" دەيدۇ. ئۇ، كونت بېرنادوتتىن بۇ تەكلىپلىرىنى شۋېتسىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرىگە يەتكۈزۈپ قويۇشقا، ۋەزىر بۇنى يەنە غەرپلىكلەرگە يەتكۈزۈشنىڭ مۇمكىن بولۇش-بولماسلىقىنى سورايدۇ.

بېرنادوت بۇنداق بىر تەكلىپنى خالمايدىغان بىرى بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا بۇ گەپلەرنى شۋېتسىيە ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزۈشكە رازىلىق بېرىدۇ. ئەگەر بۇ تەكلىپ رەت قىلىنغىدەك بولسا سىز قانداق قىلماقچى؟ دەپ ھىملېردىن سورايدۇ. "ئەگەر تەكلىۋىم رەت قىلىنغىدەك بولسا، ــ دەيدۇ ھىملېر، ــ مەن شەرقى سەپنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىنى قولۇمغا ئېلىپ جەڭ مەيدانىدا ھاياتىمنى ئاخىرلاشتۇرىمەن. ــ ھىملېر يەنە ئۆزىنىڭ ئېيزېنخاۋېر بىلەن كۆرۈشۈشكە ماقۇل دەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا دەرھال شەرتسىز ئەل بولىدىغانلىقىنى دەپ كېلىپ، ــ ئىككىمىزنىڭ كونا دوستلۇقنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن سەممىيلىك بىلەن دەپ بېقىڭا، مەن ئېيزېنخاۋېرگە تەسلىم بولسام بولامدۇ؟" دەپ سوئال قويىدۇ.

بېرنادوت شۇ كۈنكى ئەھۋالنى مۇھاكىمە قىلغان ھالدا، ئۇ كۈنلەر ھىملېرنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق كۈن ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۇ قەستەن قاراڭغۇلۇققا قاراپ شۇڭغۇپ كىرىپ ماشىنىسىنىڭ كابىنكىسىغا كىرىپ ئولتۇرىدۇ. ئاندىن ئۇ ئۆزاتقۇ پېدالىنى قويۇۋېتىدۇ. ئاپتوموبىل سىلكىنىپ بېرىپ دەرەخلىك ئىچىگە ئۈسۈپ كىرىپ، چېگرا سىم توسىقىغا بېرىپ سوقۇلۇپ توختاپ قالىدۇ. شۋېتسىيىلىكلەر بىلەن نېمىسلار بىرلىكتە ھەپىلىشىپ يۈرۈپ ماشىنىنى ئۇ يەردىن مىڭ تەستە تارتىپ چىقىرىدۇ. ئاندىن ھىملېر ماي پېدالىنى باسقىنىچە ئۇ يەردىن يىراقلىشىدۇ. بېرنادوت بۇ ئەھۋالنى مۇلاھىزە قىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بۇ قىلىقى قانداقتۇ بىر نەرسىگە ئىشارەت قىلىشى ئىدى، دەيدۇ.

ئەتىسى، يەنى 24-ئاپرېل كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ھەربىي ئىشلار يىغىنىدا، ھىتلېر بەكلا پاراكەندە ئىدى. مانتېۋفېلنىڭ ئون ئىككىنچى ئارمىيىسى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تانكىلىرى تەرىپىدىن توغرىسىغا يولى پۈتۈنلەي كېسىۋېتىلگەن ئىدى. "ئودېر دەرياسى بىپايان كەتكەن تەبىئىي توساق. ــ دەيدۇ ھىتلېر بىر ھازا سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن، ــ رۇسىيە قوشۇنلىرى ئۈچىنچى تانكا ئارمىيىمىزدىنمۇ بۆسۈپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ نوقتىدىن قارىغىنىمىزدا، رۇسىيەنىڭ غالىبىيىتى ئۇ يەردىكى گېرمانىيە ھەربىي ئىشلار يېتەكچىلىرىنىڭ قابىلىيەتسىزلىكىنىلا كۆرسىتىدۇ!" كرېبس ئالدىنقى سەپ قوماندانلىرىنى ئاقلاشقا تىرىشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ھىتلېرغا ستېينېرنىڭ ھۇجۇمدا ۋەيران بولىشىدىن ئىبارەت ئاچچىق خاتىرىسىنى ئېسىگە سېلىپ قويىدۇ. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن خەرىتىنى كۆرسىتىپ، بىر سوتكا ئىچىدە قەتئىي تۈردە بېرلىننىڭ

شــىمالىدىن يەنە بىــر قېتىملىــق ھۇجــۇم قوزغــاش شــەرت، دەيــدۇ. "ئــۇچىنچى ئــارمىيە سېپىمىزنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىمىغان سەپلىرىنى بوش قالدۇرۇش ئۇچۇن قەتئىي تۈردە ئىشقا ســالغىدەك بــارلىق كــۈچلىرىنى ئىشــقا ســېلىپ بــۇ ھۇجــۇمنى ئىشــقا ئاشۇرۇشــى كېــرەك. بېرلىنىنىڭ شىمالى بىلەن بېرلىن شەھىرىنىڭ باغلىنىشىنى قەتئىي تــۈردە ئەتە ئاخشــامغىچە ئەسلىگە كەلتۈرۈش شەرت. بۇ بــۇيرۇق دەرھــال يوللانســۇن." بىرســى ئۇنىڭغا بــۇ قېتىمقى ھۇجۇمغــا ســتېينېر يېتەكچىلىــك قىلســا دەپ تەكلىــپ بېرىۋىــدى، ھىتلېرنىــڭ غەزەپــتىن مېڭىســىدىن تۈتۈن چىقىپ كېتىدۇ. "ئــۇ ئېس-ئېس ئوفىتسېرلىرىنىڭ يــول تۈتۈشــى بەكــلا ئاستا، بەكلا سۆرەلمە، كەسكىن ئەمەس، شــۇڭا ئــۇلار مېنىــڭ ئۈچــۈن قىلىچە لازىمــى يــوق نەرسىلەرگە ئايلاندى!"

بۇ چاغــدا گېوبېلس، بېرلىنلىقلارغــا ئەڭ ئــاخىرقى ئۇقتــۇرۇش ئــېلان قىلىــش ئۈچــۈن چىقىپ كېتىدۇ. بۇ قېتىم ئــۇ، بېرلىنلىقلارغــا ئەھۋالنىــڭ ئۈچــۈق ئېيــتىش ئــارقىلىق ئــۇلارنى قورقۇتۇپ تۈتۈپ تۇرۇش ئارقىلىق، قىزىللارغا قارشى ئەھلى ســەلىپ ئۇرۇشــىنى ئــاخىرغىچە داۋاملاشــتۇرۇش ئىرادىســىگە كەلتــۈرمەكچى بولىــدۇ. "بىــز ھەرگىــز ئارىســالدا بولــۇپ يۈرمەســلىكىمىز، ھەرگىــز قورقــۇپ يۈرمەســلىكىمىز شــەرت. بولشــېۋىكلار كەڭ كۆلەملىــك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ بولدى، ئۇلار شەرق تەرەپتىن ئىمپېرىيە پايتەختى تــۈۋىگە قــاراپ ســەلدەك يۇپۇرۇلــۇپ كېلىــپ ياۋروپانىــڭ قەلــبىگە زەربە بەرمەكچــى بولماقتــا." ئۇنىــڭ بــۇ ئــاخىرقى ســۆزلىرى شــەھەر خەلقىــگە ئاڭلىتىلغــان بولســىمۇ، جۇلىئــۇس شــاۋب يەنــىلا فۇھرەرنىــڭ شەخسى خەتلىرىنى كۆيدۈرۈش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇ خەت-چەكلەرنى كۆيدۈرۈپ بولۇپ، فۇھرېرنىڭ بۇ يېقىن ئاديۇتانتىبۇيرۇقنى ئېلىــپ ئــايروپلان بىــلەن جەنۇپقــا قــاراپ ئۇچىــدۇ. ئــۇ، مىيونخېنىــدىكى ئۆيــدە ھەمــدە بېرگخــوفتىكى شەخســى ھــۇججەتلەرنى كۆيــدۈرۈش بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئىدى.

5

بېرچتېســگادېندىكى ئــېس-ئــېس كومانــدىررى، گېۆرىــڭ بىــلەن ئۇنىــڭ پۈتــۈن ئائىلىســىنى قولغــا ئــېلىش توغرىســىدىكى بورماننىــڭ تېلېگراممىســىنى تاپشــۇرۇپ ئېلىــپ دەرھال ھەرىكەتكە ئاتلىنىدۇ. ئىمپېرىيە مارشالى گېۆرىڭنىڭ دراماتىك ھاياتى جەريانىــدا، ئۆتكەن ئىككى كۈن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئەسەبىلىكتە ئــۆتكەن ئىككــى كــۈن بولغــان ئىــدى. يەنــى ئۇنىــڭ فــۈھرېرى پۈتــۈنلەي تۇگەشــكەن ئىــدى؛ ئــۇ ئــۆزىچە ھىتلېــر ئــۇنى ئــۇچىنچى ئىمپېرىيىنى باشقۇرىدىغانغا ئىز باســار قىلىــپ بېكىتىــدۇ دەپ ئــويلاپ يــۈرەتتى؛ كەينىــدىن

كەلگەن ئۈچ پارچە تېلېگراممۇ بۇ خىيالنىمۇ يوق چىقارغان ئىدى؛ مانا ئەندى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن قورقۇپ يۈرمەكتە. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، يەنى 25-ئاپرېل كۈنى، بىر قانچە ئېس-ئېس ئوفىتسېرى كېلىپ گيۆرىڭ خانىمى بىلەن ئۇنىڭ ئۆي خوجايىنىنى قارىتىپ تۇرۇپ، سالامەتلىكىم يار بەرمىگەچكە بارلىق ۋەزىپەمدىن ئىستىپا بېرىمەن دەيدىغان باھانىدا گيۆرىڭنى بىر پارچە باياناتقا ھۆججەتكە قول قويۇشقا زورلايدۇ. گيۆرىڭ بۇنداق بىر باياناتقا قول قويۇشنى رەت قىلىدۇ؛ گەرچە ئۇ ھىتلېردىن 3 پارچە تېلېگرام تاپشۇرۇپ ئالغان بولسىمۇ يەنىلا ھىتلېرنىڭ بۇرۇنقى دېگەن ۋەدىسىدىن يانماسلىقىغا ئىشەنچ قىلاتتى. ئېس-ئېس ئوفىتسېرى تاپانچىسىنى چىقىرىپ ھەيۋە قىلغاندىن كېيىنلا گيۆرىڭ ئامالسىز دەرھال قول قويۇپ بېرىدۇ. بۇ ئىمزالاش مۇراسىمى يىراق-يېقىندا ئۇچۇپ يۈرگەن ئايروپىلانلارنىڭ گۈرۈلدىشى تەرىپىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ.

ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئايروپىلانلىرى يوقۇرى سالزبۇرگ، لىنز ۋە قالغان نىشانلارغا قاراپ ئۇچۇش جەريانىدا ھەر دائىم بېرتشگادېن ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتەتتى. ئەمما بۈگۈنگە كەلگىچە، ھىتلېرنىڭ كونا ئۇۋىسى تېخىچىلا بىرەر زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىماي كېلىۋاتقان ئىدى. ئەمما بۈگۈن كەلگەن 318 دانە "لانكاستېر" بومباردىمانچى ئايروپىلانلار بۇ يەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىش ئىرادىسىگە كەلگەندەكلا كۆرۈنەتتى. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 بولغاندا، بىرىنچە ئەترەت بومباردىمان ئايروپىلانلىرى تاغ چوققىسىنى سىيپاپ دېگىدەك ئۇچۇپ ئۆتۈپ، ئالىي قوماندانلىق شىتابىنىڭ يانلىرىغا يوقۇرى قۇۋۋەتلىك سنارىيەتلەرنى تاشلايدۇ. يېرىم سائەتكە قالماي، تېخىمۇ چوڭ بىر ئايروپىلان ئەترىتىنىڭ بومباردىمان ئايروپىلانلىرى ئۇچۇپ كېلىدۇ. كەينى-كەينىدىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقان بومباردىمانچى ئايروپىلانلار يوقۇرى سالزبۇرگقا كۈچلۈك پارتلاش كىچىگە ئىگە سنارىيەتلەرنى تاشلاشقا باشلايدۇ. ئۇلار توپ-توغرا بىر سائەت بومباردىمان قىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى بومباردىمان ئايروپىلانى كۆزدىن ئۇزاقلاشقاندا، ئەسلىدە مىيونخېن ھاۋا ئارمىيە 6-ئەترىتىنىڭ قوماندانى بولغان گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيە گېنېرالى روبېرت رىتتېر ۋون گرېيىن بېرگخوفقا قاراپ ماشىنىلىق يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ ئەتراپنى كۆزۈتۈپ ھەيران قالىدۇ. فۇھرېرنىڭ تۇرىدىغان ئۆيى بىۋاستە بومباردىمانغا ئۇچرىغان بولۇپ، ئۆيىنىڭ بىر تەرىپى پارتلاپ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بولۇپ، ئۆگزىسىدە بىر مۇنچە بىتون چىۋىقلىرى چوخچۇيۇپ تۇراتتى.

گرېيىن، ئىنتايىن سادىق ناتسىست ئەزاسى ئىدى. بۇ كىشى، 1920-يىلى ھىتلېرنىڭ تۇنجى قېتىم ئايروپىلانغا ئولتۇرغىنىدا ئايروپىلان ئۇچقۇچىسى بولغان كىشى ئىدى. ئۇ، دەرھال ھاۋا مۇداپىيە ئاكوپىغا كېلىپ تەييار بول دەپ بۇيرۇق قىلىنغان بېرلىنىدىن

كەلگەن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئىدى؛ شۇ تاپتا ئۇ كۆللېرنى ئىزدەيدۇ. چۈنكى كۆللېرمۇ بۇنىڭدەك بىر تېلېگرامما تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدى. گرېيىن، ئەسلى سىز بېرلىندىن ئايرىلماسلىقىڭىز، ۋەتەن ساتقۇچلۇق ھەرىكەتلەرگىمۇ قەتئىي يېقىن يولىماسلىقىڭىز كېرەك ئىدى، دەپ گيۆرىڭنى قاتتىق ئەيىپلەيدۇ. ئەمما كۆللېر باشلىقىنى ھىمايە قىلىپ ئوتتۇرغا چىققان بولسىمۇ، گرېيىن ئۇنىڭ دېگىنىگە قۇلاق سالمايدۇ. شۇڭا ئۇ، گيۆرىڭنىڭ قىلغانلىرىنى ئاقلاپ بولغىلى بولمايدۇ، دەيدۇ-دە، بېرلىنگە قاراپ يولغا چىقىدۇ.

قىزىل ئارمىيىنىڭ بېرلىننى ئەتراپتىن قورشاش ئىشى بىر يەرگە بېرىپ، ئەندى پۈتۈن ئېغىزلارنى تاقاشقا تەييار بولۇپ قالغان ئىدى. ھاۋا مۇداپىيە ئاكوپىدىكىلەر سائەت 10 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە ئېچىلىش بېكىتىلگەن يىغىنغا قاتنىششقا كەلگەنلەر بۇ بۇرۇختۇرمىلىق مۇھىت ئىچىدە ھىتلېرنىڭ كىرىشىنى كۈتۈپ تۇرىشاتتى. ھىتلېرنىڭ كۆڭلى پەقەتلا جايىدا ئەمەس ئىدى. ئارقىدىن گېرمانىيە ھۆكۈمەت ئاخبارات ئاگېنتلىقىدىن ھېينز لورېنز تېخى يېڭىلا مەلۇم بىر بىتەرەپ دۆلەتنىڭ ئېلان قىلغان بىر پارچە رادىئو خەۋىرىنى ئاڭلىغانلىقىنى دوكلات قىلىدۇ: سوۋېت-ئامېرىكا ئىككى دۆلەت قوشۇنلىرى مولد دەرياسىدا بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشقىنىدا ئۆتتۇردا تالاش-تارتىش يۈز بەرگەنلىكى، ئىشغالىيەت رايونلىرى مەسىلىسىدە پىكىر ئىختىلاپى يۈز بەرگەنلىكىنى؛ ئۇرۇسلار ئامېرىكىلىقلارنى يالتادا تۈزۈشكەن ئىشغالىيەت رايونلىرى ھەققىدىكى كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلغانلىق بىلەن ئەيىپلەشكەن.

ھىتلېر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئارانلا ئۆزىگە كېلەلەيدۇ. ئۇ تىك ئولتۇرغىنىچە كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى: "ئەپەندىلەرنىڭ دېيىشىچە، بۇمۇ بىر بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقىنىڭ بىر دەلىلى ئىكەن. ئەگەر دۈشمەنلىرىمىز ئەتىمۇ مۇشۇنداق جىدەللىشىپ جاھاننى بېشىغا كىيىپ يۈرگىدەكلا بولىدىكەن، ئۇنداقتا مېنىڭ بۈگۈن ئۈلاردىن تىنچلىق سۆھبىتى تەلىپىدە بولغىنىمدا، نېمىسلار بىلەن تارىخ چوقۇم مېنى گۇناھكار قىلىپ ھۆكۈم قىلىدۇ! - ئۇ سۆزلەۋېتىپ گويا قايتىدىن كۈچكە ئېرىشكەندەك تىتىكلىشىپ قالىدۇ، _ بولشېۋىكلار بىلەن ئانگلو-ساكسونلار ئوتتۇرسىدىكى بۇنداق ئولجا بۆلۈشۈشتىكى تەكپۇكسىزلىق مەسىلىسى بۈگۈنلا روي بېرىۋاتقان جىدەللەر بولماستىن، بەلكى بۇ جىدەل ھەر ۋاقىت ئۇرۇش پەيدا قىلىش ئېھتىمالىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن." ئۇ كرېبسقا بۇرۇلۇپ باش لىڭشىتىپ ئەندى يىغىننى باشلىساڭ بولىدۇ دېگەن ئىشارەتنى بېرىدۇ. بۇ قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش شتاب قۇماندانى دوكلاد بېرىشقا كىرىشىدۇ. ئۇنىڭ دوكلاتى ئارىلىقتا ھىتلېر تەرىپىدىن ئىككى قېتىم بۆلۈۋېتىلىدۇ: ۋېنك نەدە يۈرىدۇ؟

دېگەن سۇئالىغا "بۇ ھەقتە بىرەر مەلۇمات يوق" دەپ تۈزلا جاۋاب بېرىدۇ.

قولغا كەلگەن خەۋەرلەر ھىتلېرنى قايغۇلاندۇرىدۇ. شۇندىن كېيىنكى بىر سائەت جەريانىدا، ئۇ قايتىدىن ئۇخلىماي چۆش كۆرگەندەك خامخىياللىرىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. ئۇ، يەنە بىر قېتىملىق مۆجىزە چوقۇم ئەك ئاخىرقى بىر مىنۇت ئىچىدە ئوتتۇرغا چىقىشى مۇمكىن، دەپ خام خىيالىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ: ئانگلو-ساكسونلار ئۆزىنى قوغداش ئىستىخىيىلىك ئۇرۇنۇشى نەتىجىسىدە چوقۇم قىزىللارغا قارشى تۇرۇشقا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتىدۇ، دەيدۇ. "ئەگەر ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر سانفرانسىسكودا (تۇنجى قېتىملىق بىرلەشكەن مىللەتلەر - بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، يەنى ب د ت يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر بۇ شەھەرگە يىغىلغان ئىدى) راستىنلا پىكىر ئىختىلابى ئوتتۇرغا چىققىدەكلا بولىدىكەن، ئىشىنىمەنكى قەتئىي چىقىدۇ، شۇنداق بىر پەيتتە مەنمۇ بولشېۋىكلار دېگەن بۇ دېۋىنىڭ بىرەر يېرىگە زەربە پەيدا قىلالىساملا، چوقۇم بىر بۇرۇلۇش نوقتىسى پەيدا بولىدۇ، دېگەن گەپ. بۇ ئىش يەنە كېلىپ كىشىلەرنى، بولشېۋىكلار دېگەن بۇ دېۋىنى پەقەت بىرسىلا چەكلىيەلەيدۇ دەپ قەتئىي ئىشەنچكە كېلەلەيدۇ. بۇ چەكلىگۈچى كۈچ دەل مەن ۋەكىللىك قىلىۋاتقان پارتىيە، ھازىرقى گېرمان دۆلىتىدۇر."

گېرمانىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقى ئەسلىدە بۇ ئىشنى توغرا خەۋەر قىلمىغان ئىدى. ئامېرىكا-سوۋېت ئىككى دۆلەتنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسىملىرى ئوتتۇرسىدا ھېچقاچان ئۇنداق بىر ئىختىلاپ يۈز بېرىپ باقمىغان ئىدى. ئەسلىنى سۈرۈشتە قىلساق، ئۇلار دېيىلگەن كۈنى ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ ئەتىسى، يەنى 26-چىسلا كۈنىسىلا ئۆزئارا ئۇچراشقان بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتا ئىككى نەپەر ئامېرىكىلىك چارلىغۇچى ئەسكەر ئايرىم-ئايرىم ئېلبە دەرياسى بويىدىكى ستىرېھلا بىلەن تورگاۋ دېگەن يېرىدە قىزىل ئارمىيە بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقان ئىدى. ئىككى قوشۇننىڭ ئۇچرىشىشى كۈنسايىن كىچىكلەپ بېرىۋاتقان ئىمپېرىيە تۇپراقلىرىنى ئىككى پارچىغا بۆلۈشكە باشلىغان ئىدى.

يېرىم كۈندەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، گېنېرال ۋېنكنىڭ قىسىملىرى ھىتلېرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاتلىنىدىغاندەكلا قىلاتتى. رادىئودا بۇ قىسىمنىڭ مەزمۇت قەدەملەر بىلەن ئىلگىرلەپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى ئاڭلىتىلىشى بىلەن پوتكۈل بېرلىنلىقلار قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن بەكرەك تەقەززار بولىۋاتقىنى ئەلىۋەتتە ھىتلېر ئىدى. ھىتلېر، ۋېنك بۇ ئۇرۇشنى 5-ماتقىچە داۋام قىلدۇرالىغىنىدا، ئۆزىنىڭ ناپولېئون ئۆلگەن كۈندە ئۆلۈشنى ھەممىدىن بەكرەك ئارزۇ قىلغان ئىدى. بۇ پۈتۈنلەي خامخىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ۋېنكنىڭ قولىدا ئارانلا بىرلا كورپۇس ئەسكەر، يەنى 20-كورپۇسلا قالغان بولۇپ، شۇ كۈچ بىلەن پايتەختكە قاراپ ھۇجۇم

قىلماقچى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋىنكىنىڭ كۆچمۇ ئارانلا پوتىسىدامىغا كېلىشكىلا يېتەرلىك بولۇپ، قالغان ئىشلار بىرلىن مۇھاپىزەت قىسىملىرىنىڭ قورشاۋنى يېرىپ ئۆلارنىڭ يېنىغا كېلىش ئۈچۈن تار بىر يول ئاچالىشىغا باغلىق ئىدى. ۋىنكىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھىتلېرنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپ شەرققە قاراپ ھۇجۇم قىلىشقا مەجبۇر ھالدا بولۇپ، ئۇ يەردە قورشاۋ ئاستىدا قالغان توققۇزىنچى ئارمىيىنى قورشاۋدىن قۇتقۇزۇپ چىقىش ئۈچۈن تىركەشمەكتە ئىدى.

شۇ كۈنى گۈگۈم ۋاقتلىرىدا، فۇھرېر ئۈچۈن جان پىدا قىلماقچى بولغان ساداقەتلىك يەنە بىر گېنېرالمۇ ھىتلېرنىڭ يېنىغا كېلىش ئۈچۈن جېنىنى تىكىپ يولغا چىققان بولۇپ، بۇ گېنېرال رىتتېر ۋون گرېيىم دېگەن كىشى ئىدى. شۇ پەيتتە ئۇ كىچىك بىر رازۋېتكا ئايروپىلانىنى ھەيدەپ ئورمانلىق ئارىلىرىدىن شۇڭغۇپ ئۇچقىنىچە ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە لاۋىلداپ كۆيۈۋاتقان بېرلىنگە قاراپ يەر سىيپىلاپ ئۇچۇپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستى شۇ ھامان توپ ئوقلىرىنىڭ ھۇجۇمىدا قالدۇ. تۇيۇقسىز كابىنكىنىڭ ئاستىدىن بىر تۇشۇك ئېچىلىپ گرېيىم شۇ ھامان قىڭغىيىپ چۈشىدۇ. ئايروپىلانمۇ تېزگىنىدىن ئايرىلىپ يەرگە قاراپ تىك شۇڭغۇشقا باشلىغىنىدا، ئايروپىلاندىكى بىردىن-بىر يولۇۋچى، خاننا رېيتش دەرھال ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ رول سىيپىغا ئېسىلىدۇ. ئۇ ئايروپىلانىنى تېزگىنىگە ئېلىۋېلىپ براندېنبۇرگ دەرۋازىسى ئالدىدىكى كەڭ كەتكەن چوڭ كوچىغا بىخەتەر قوندۇرىۋالىدۇ. ئۇ يەرگە چۈشەر-چۈشمەي دەرھال بىر ماشىنىنى تېپىپ گرېيىمنى ئېلىپ دوختۇرخانىغا قاراپ چاپىدۇ.

گرېيىمنىڭ سول پۇتى يارىلانغان ئىدى. يارىسى تېڭىلغاندىن كېيىن، نوسۇلكىلىق ھىتلېر تۇرغان ھاۋا مۇداپىيە ئاكوپىغا چۈشۈرۈلىدۇ. ئۇلار ئاكوپتا كېتىۋېتىپ ماگدا گېوببېلس بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالىدۇ. ئۇ بۇلارنىڭ كېلىشىنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھالدا كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە، ئەسلى بۇ يەرنى ھەرقانداق بىرسى تېپىپ كېلەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ، بۇرۇن تونۇشمىغان بولسىمۇ يەنىلا خاننا رېيتشنى باغرىغا بېسىپ كۆرۈشىدۇ. ھەتتا كۆزىگە ياش ئېلىپ يىغلاپمۇ كېتىدۇ. ئۇلار تار ئاكوپ يولىدا كېتىۋېتىپ ھىتلېرگىمۇ ئۇچرىشىدۇ. ھىتلېرنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتكەن، ئىككى بىلىكىمۇ تىنماي تىترەيتتى، كۆزلىرىمۇ نۇرسىز كۆرۈنەتتى. شۇنداقتىمۇ گرېيىمنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرى ھىتلېرغا قايتىدىن ھايات بەرگەندەك جانلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ، گرېيىمنىڭ ئىككى قولىنى سىققىنىچە بۇرۇلۇپ رېيتش خانىمغا: "قەھرىمان ئايال! دېمەك بۇ دۇنيادا ساداقەت بىلەن جاسارەت دېگەن نەرسە يەنىلا بار ئىكەندە!" دەيدۇ.

ھىتلېر ئۇلارغا گېورىڭنىڭ خائىنلىق قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان تېلېگرامما ئىشنى

ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىدۇ. "ئۇنىڭ ئۆەرتكىنى ھەقىقەتەنمۇ ئاخىرقى ئۇلتىماتوم ئىدى. سېپى ئۆزىدىن بىر ئۇلتىماتوم! مانا ئەندى ھەممە يوققا چىقتى. قارىغىنە، مەن قانچىلىغان ئازاپ ئىچىدە قالغانلىقىمنى، گېپىدە تۇرىدىغان بىرمۇ كىشى يوق، ئابرويىغا ئەھمىيەت بېرىدىغانمۇ ئادەم قالماپتۇ. مېنىڭ ئۇمىدسىزلەنگىدەك ھېچنىمەم يوق. ياكى ماڭا ساتقۇنلۇق قىلغىدەكمۇ بىر ئىش قالمىدى. بولۇپمۇ بۇ قېتىم تېخىمۇ قالمىدى." ئۇ گېپىنى توختىتىپ، داۋاملىق بۇ گەپلەرنى قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئاندىن ئۇ كۆزلىرى يېرىم ئوچۇق بىر قىياپەتتە گرېيىمنى دىققەت بىلەن كۆزىتىدۇ. ئاندىن پىچىرلىغاندەك ئاۋازدا: "مەن شۇ تاپتا، سىزنى گېۆرىڭنىڭ ئىزباسارلىقىغا تەيىنلىگەنلىكىمنى ئېلان قىلىمەن. يەنى سىز بۈندىن كېيىن گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ باش قۇماندانىسىز. مەن نېمىس خەلقىگە ۋاكالىتەن سىزنى تەبرىكلەيمەن." بۇ ئىككى مېھمان ھىتلېرنىڭ بۇ دېگەنلىرىدىن قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇلار، گېۆرىڭنىڭ بۇ ئالدامچىلىقىدىن پەيدا بولغان زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن بىزمۇ سىز بىلەن بىرگە بۇ يەردە قېلىشنى ئويلايمىز، دەيدۇ. بۇنىڭدىن ھىتلېرمۇ ئوخشاشلا قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئۇلارنىڭ بۇ يەردە قېلىش تەلىپىنى قوبۇل قىلىدۇ. ھىتلېر ئۇلارغا "سىلەرنىڭ بۇ قارارىڭلار گېرمانىيە ھاۋائارمىيە تارىخىدا مەڭگۈ خاتىرلىنىدىغان بىر قارار بولۇپ قالىدۇ، دەيدۇ.

27-ئاپرېل گۈگۈم ۋاقتىدا، بېرلىن پۇتۇنلەي قورشاۋ ئاستىغا ئېلىنىپ بولغان ئىدى. بېرلىندىكى ئاخىرقى ئىككى ئايرودرومىمۇ قىزىل ئارمىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، ۋېنكنىڭ يوللىغان تېلېگراممىسىدا، يىگىرمىنچى كورپۇس پوتسىتامغا بىر قانچە مىللا قالغىنىدا مۇداپىيە ئاكوپىدىكىلەردە بىر مەزگىللىك خوشاللىق پەيدا قىلىدۇ. گېۆبېلس ئىشخانىسى دەرھال رادىئودا ۋېنىك پوتسىتامغا كىرىش ئالدىدا دەپ ئېلان قىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە پات يېقىندا پايتەختتە بولىدىغانلىقىنىمۇ مۆلچەرلىشىدۇ. ۋېنىك قىلالىغان ئىشنى باشقىلار نېمىشقا قىلالمايدىكەن؟ "ۋەزىيەت ئۆزگەردى، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى چوقۇم بىزگە پايدىلىق. _ دەيدۇ گېۆبېلس بېرلىنلىقلارغا، _ ئامېرىكىلىقلار بېرلىنگە قاراپ يۈرۈش قىلماقتا. ئۇرۇشنىڭ بۇيۈك بۇرۇلۇش ياساش پەيتە يېقىنلاشتى. ھەر قانچە بەدەل تۆلەشكە توغرا كەلسىمۇ، بىز چوقۇم بېرلىننى چىڭ ساقلاپ، ۋېنكنىڭ قىسىملىرى بېرلىنغا يېتىپ كېلىشنى كۈتەيلى!"

رادىئودىن ئاڭلىتىلغان كۈندىلىك ئۇرۇش خەۋەرلىرى ۋېنكنىڭ ئېنىق ئورنىنى ئاشكارىلاپ بەرگەن ئىدى. شۇڭا ۋېنىك بۇنىڭدىن قاتتىق خاپا بولىدۇ: "ئەندى بىز ئەتىدىن باشلاپ بىر غېرىچمۇ ئىلگىرلىيەلمەيدىغان بولدۇق!" دەيدۇ شتاپ باشلىقىغا

قاراپ گۆركىرىگىننىچە. ئىنىقكى، ئۇرۇسلارمۇ بۇ رادىئو خەۋەرلىرىنى ئاڭلىغانلىقىدا گەپ يوق. شۇڭا ئۇلار پۈتۈن كۈچىنى بىر يەرگە يىغىپ ئۇنىڭ سىپىگە قارىتىپ ھۇجۇمغا ئۆتىشى مۇمكىن ئىدى. ۋېنىك بۇنى ئۆزىگە ساتقۇنلۇق قىلىش دەپ قارايدۇ.

چۈشلۈك ھەربىي ئىشلار يىغىنىدا، ھىتلېر ۋېنكقا "ھەقىقى يىگىت" دەپ باھا بېرىپ، ئۇنىڭ يېتىپ كېلەلىشىگە قەتئىي ئىشىنىدىغانلىقىنى ئىپتقانىدەك قىلىسىمۇ، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بۇنداق ياردەمدىن ئۈمىد يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ، "بۇگۈن مەن بىرئاز يېتىپ يالغۇز ئارام ئالماقچىمەن، شۇڭا رۇسىيە تانكىلىرى ياتىقىمغا بۆسۈپ كىرمىگىچە مېنى ئويغاتماڭلار، مەنمۇ تەييارلىق قىلىپ تۇراي" دەيدۇ. ئەمما، ئۇ قايتىدىن ئۇرۇسلار بېرلىنىدا قانسىراپ ئۆلۈشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. كەينىدىنلا يەنە 1585~1642-يىللاردا ياشىغان فرانسىيە سىياسىيونى رىچېليۇنىڭ ئاجايىپ مەنىلىك سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ يىغىنىڭ خاتىمىسى قىلىدۇ: "مەن نېمىدىن ئايرىلدىم؟ ئەڭ قىممەتلىك ئەسلىمىلىرىمدىن ئايرىلدىم! بۇ دېگىنىم نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ قاچانلا بولمىسۇن، بۇ قالايماقانچىلىقلار ھامىنى بىر كۈنى ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ!"

يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھىتلېر بىر تال قارا كىرىستا ئوردىنىنى كۆزلىرىدىن قاتتىق ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان پاكىنەك بىربالا ئەسكەرنىڭ كۆكرىكىگە تاقاپ قويىدۇ – بۇ بالا ئەسكەر تېخى يېڭىلا بىر رۇسىيە تانكىسىنى پاچاقلاپ تاشلىغان بالا ئىدى.بۇ ئۆسمۈر ئەسكەر گەپمۇ قىلماي كورىدور تەرەپكە قاراپ كېتىدۇ. ئۇ يەرگە بارا-بارمايلا گۈپپىلا قىلىپ يىقىلىپ چۈشۈپ شۇ ھامات قاتتىق ئۇيقىغا غەرق بولىدۇ. كىرىپسىنىڭ ئىككى نەپەر ئادىيۇتانتى ئاۋازىنىڭ بولىشىچە ۋارقىراپ بۇ ئىبغىر ۋەزىيەتكە بەرداشلىق بەرگۈچىلىكىمىز قالمىدى دەپ نارازىلىقنى بىلدۈرىدۇ. بورمان ئۇلارنىڭ كەينىگە كىلىپ مېھرىۋانلىق بىلەن ئۇلار ئىككىسىنىڭ مۆرىسىنى ئۇرۇپ قويىدۇ. يەنىلا ئۈمىد تۈگىگەن ھېسابلانمايدىغانلىقىنى، ۋېنك يولدا كېلىۋاتقانلىقىنى، بېرلىن پات يېقىندا مۇھاسىرىدىن قۇتۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، "فۇھرېرىمىز ئەڭ قىيىن ئەھۋالدا تۇرىۋاتقىنىدا سىلەر ئۇنى تاشلىۋەتمەي يېنىدا تۇرۇپ فۇھرېرگە بولغان ساداقەتىڭلارنى كۆرسىتىپ كېلىۋاتىسىلەر، بۇنىڭغا چوقۇم رەخمىتىنى بىلدۈرۈپ سىلەرگە چوڭ قورۇقتىن بىرنى سوغات قىلىدۇ، دەپ ئۇلارغا قۇرۇق ۋەدىلەرنى قىلىدۇ. بۇ ئىككى ئادىيۇتانت ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشەنگىسى كەلمەي ئاغزى ئېچىلغىنىچە تۇرۇپلا قالىدۇ. چۈنكى ئۇلار كەسپى ھەربىي بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەزەلدىن بورمان بىلەن ئۇنىڭ يېقىنلىرى تەرىپىدىن قاتتىق گۇمانلىنىدىغان كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇنۇتمىغان ئىدى.

شۇ كۈنى، خاننا رېيتىش كۆپۈنچە ۋاقتىنى گېيوبېلسىنىڭ ئائىلىسىدە ئۆتكۈزىدۇ.

گېببېلس گېرىڭنىڭ يۈز ئۆرۈشىنى زادىلا ئۇنۇتالمىغانىدەك قىلاتتى. شۇڭا ئۇ قول-پۇتلىرىنى ئوينىتىۋېتىپ، مارشال گېرىڭنىڭ قىلچە ئېتىبارى يوق بىرى ئىكەنلىكىنى، دەل شۇنىڭ ئاخماقلىقى سەۋەبىدىن ۋەتىنىمىز بۇزغۇنچىلىققا ۋە ئاپەتكە دۇچار بولغانلىقىنى، ئەمدى كېلىپ پۈتۈن مىللىتىمىزگە يېتەكچى بولۇشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى دەپ كېلىپ، بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، "ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدە ئەزەلدىن ۋىجدان دېگەن نەرسىنىڭ بولۇپ باقمىغانلىقىنى، ئۇ ئەزەلدىن بىر ۋەتەنسىز ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ." دەپ تىنماي سۆزلەيتتى. گېببېلس خۇددى ۋەز ئېيتىۋاتقان بىر پوپتەك ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىنى قاماللىۋالغىنىچە، بۇ ئىستېھكامدا قېلىشقا رازى بولغان كىشىلەر ئۆچمەس تارىخ يېزىپ، ئىمپېرىيىمىزنىڭ شان-شۆھرىتى ئۈچۈن، گېرمانىيە دېگەن بۇ ئىسمىنىڭ مەڭگۈ ياشىنىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى پىدا قىلماقتا ئىكەنلىكىنى بايان قىلاتتى.

رېيتشنىڭ ھېس قىلىشىچە، گېببېلس بەكلا ياسالما بىرسى بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئەمما رېيتش ئۇنىڭ خانىمىغا بەكلا قايىل ئىدى. ماگدا دېگەن بۇ ئايال، ئالتە بالىسىنىڭ ئالدىدا، ھەر دائىم خوشال كۆرۈنۈشكە تىرىشاتتى. بەزىدە پەقەت چىدىيالمىغىنىدا ھېسسىياتىنى بالىلىرىدىن يوشۇرۇپ دەرھال سىرتقا چىقىپ كېتەتتى. "قەدىرلىكىم خانىنا، _ دەيتتى ماگدا، _ بالىلىرىمنىڭ بۇنداق بىر تۈرمۈش ياشىشىدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن سىز ماڭا ياردەملىشىپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇلار ئۈچىنچى ئىمپېرىيىگە ۋە فۈھرېرگە تەۋە پەرزەنتلەر. ئەگەر بۇ ئىككىسىلا مەۋجۇت بولماي قالغىنىدا، بالىلىرىمنىڭ ياشىغىدەك يېرىمۇ قالمىغان بولىدۇ" دەيدۇ. ئۇ، ئاخىرقى مىنوتلار يېتىپ كەلگىنىدە جۈرئەت قىلالماي قوللىرىنىڭ تىترەپ كېتىشىدىن ھەممىدىن بەك قورقىدىغانلىقىنى دەيتتى. رېيتش بالىلارغا ئۆزىنىڭ ئايروپىلان ھەيدەش سەرگۈزەشتىلىرىدىن ھېكايە قىلىپ بېرەتتى. ئۇ يەنە بالىلارغا ناخشىمۇ ئۆگۈتىدۇ. ناخشىنى ئېيتالىغىدەك ياتلىيالىغىنىدىن كېيىن بېرىپ ئىدى تاغاڭلارغا ئېيتىپ بېرىسىلەر، دەيتتى. ئۇ يەنە ئېۋا براۋنىنىڭ قېشىدىمۇ بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭچە، ئېۋا بەكلا ئاددى بىر ئايال ھېساپلىناتتى. بۇ ئايال ئەتىدىن كەچكىچە تىرناقلىرىنى ياساپ بوياش، كىيىم يۆتكەپ چېچىنى ياساش بىلەنلا ئالدىراش ئىدى. رېيتش، فۈھرېرگە قاتتىق چوقۇنىدىغان، ئۇنى قىلچە قۇسۇرسىز مۇكەممەل بىرسى دەپ قارايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئاشكارە تۈردە بىر ئايال بىلەن بىرگە يېتىپ-قوپۇپ يۈرگىنىنى كۆرگىنىدە ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن ئىدى.

شۇ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ئىككىنچى قېتىملىق يىغىندا، ھىتلېر كونا ئىشلارنى ئەسلەپ قالىدۇ. ئۇ، 1933-يىلىسى ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كېلىشتۈرۈش، شۇنىڭدەك بۇ ئىشلارنى قانداق قىلىپ تا ھىندېنبۇرگنىڭ ئۆلۈشىگىچە

داۋاملاشتۇرالىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىدۇ. بۇ ئىشلار ئۇنى بېرلىنىدىن چىقماسلىق ئۈچۈن يەنە بىر تۈرتكە بولۇپ بېرىدۇ. ئۇ، شۇنداق قىلىش ئارقىلىق يۇمشاقباشلارغا ئۆزئۆملۈك تاقابىل تۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. "ئۇنداق بولمىغاندا، مەن بۇنداق بىر ئەخلاقىي ھوقۇقتىن پايدىلىنالىشىم مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر مەن كرىزىس پەيتلىرىدە پايتەختتىن قېچىپ كەتكەندەك بولسام، ھەرگىزمۇ پەيتى كەلگەنىدە باشقىلارنى قورقۇتۇپ تۇرالماي قالىمەن. مانا بۈگۈن، مەن تەقدىرىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويۇن ئېگىشىم شەرت بولماقتا. گەرچە مەن ئۆز جېنىمنى ساقلاپ قېلىش پۇرسەتلىرىگە ئىگە بولغىنىم تەقدىردىمۇ ھەرگىز ئۆزەمنى قۇتقۇزۇش ئىشىغا كىرىشىشكە ھەققىم يوق. چۈنكى، ئەگەر پاراخوت پېتىپ كېتىش پەيتىگە كەلگەن بولسا، ئۇ ھالدا كاپىتانمۇ پاراخوتى بىلەن بىرلىكتە چۆكۈپ كېتىشى شەرت."

كەچلىك يىكىرلىشىش يىغىنىدا، بېرلىن ھەربىي رايون قوماندانى گېنېرال ھېلمۇت ۋېيىدلىڭ، بېرلىن شەھىرىنىڭ پۈتۈنلەي قورشاۋ ئاستىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، مۇداپىيىلىنىش ھالقىسىنىڭ بارغانسىرى تارىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھىتلېرغا ئۇقتۇرۇشقا تىرىشىدۇ. گېنېرال، بۇندىن كېيىن ئايروپىلاندىن ئوزۇقلۇق تاشلاشنىڭمۇ ئىمكانىيىتى قالمىغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ، خەلق ئاممىسى بىلەن ياردارلارنىڭ تارتىۋاتقان ئازاپلىرىنىمۇ تىلغا ئالىدۇ. ئەمما ھىتلېر ئۆزىدىن يىراق ئۆزگەن خەلقنىڭ غەزىۋىگە قىلچە قىزىقمايدۇ. "خەلقىمنىڭ نۇرغۇنلىرى مېنىڭ دەردىمنى چۈشەنمەيدۇ. مەن بۇيرۇق قىلغان پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ بۇيرۇقۇمغا ئەمەل قىلماسلىقىنى پەقەتلا چۈشەنمىدىم. ئۇلارنىڭ بۇنداق بۇيرۇقۇمغا بوي سۇنماسلىقى نەتىجىسىدە پۈتۈن ئىشلار يوققا چىقتى. ھەر بىر كىشىنىڭ بېشىغىمۇ ئېغىر كۈنلەر كېلىپ تۇرىدۇ. بىر ئادەمنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسى قانچىكى كەڭ بولىدىكەن، ئۇ كىشى بۇيرۇققا تېخىمۇ بەكىرەك بوي سۇنۇشقا توغرا كېلىدۇ. – ئۇ، قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى ۋون بلومبېرگنىڭ ئۆزىگە دېگەن 'بۇيرۇققا بوي سۇنۇش ئىشى گېنېراللار دەرىجىسى دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالىدى' دېگىنىنى ئەسلەپ كېلىپ، مازاق قىلغان ھالدا، _ بۇ بىر يالغان دوكلاتلاردىن پايدىلىنىپ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ۋەزىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كۆرستىشكە ئۇرۇنۇش تۈزۈمىنىڭ ئاقىۋىتىدۇر. بولۇپمۇ قىيىنچىلىق پەيدا بولغان پەيتلەردە تېخىمۇ شۇنداق" دەيدۇ.

ئەندى ئۇ، ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە غەمگە پېتىپ قالىدۇ. ئۇ، ستالىننىڭ ئۆزىنى بىرەر قەپەزگە سېلىپ كۆرگەزمە قىلدۇرۇشىغا ھەرگىزمۇ يول قويمايتتى. "مەن، ئۇرۇسلارنىڭ تانكا ھىلىسى ئىشلىتىپ مېنى تىرىك قولغا چۈشۈرىشىگە ھەرگىز يول قويمايمەن." شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ بېرلىندىن ئايرىلىشنىمۇ خالىمايتتى. ئۇ ئۆزى باشلاپ ۋەتىنىنىڭ قەلبىدە

تۇرۇپ كۆرەشكە قوماندانلىق قىلىشتىن باش تارتقىنىدا قانداقمۇ ۋەتەن ئۇچۇن ئۆزىنى پىدا قىلىدىغان بىرسى ھېسابلىنىشى مۇمكىن؟

بىر قېتىمدا، فۇھرېر يەنە شۇ بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلەۋاتقان ۋاقىتىدا، گيوبېلسنىڭ ياردەمچىسى ۋېرنېر نيۇمانغا بىرسى تېلېفون قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. تېلېفوندا ئۇنىڭغا ئامېرىكا گېزىتلىرىنىڭ خەۋىرىدىن قارىغاندا، "بىر قىسىم يوقۇرى دەرىجىلىك ناتسىستچىلار ھىتلېرنىڭ تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپلا قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن" تېخى يېڭىلا غەرپ ئەللىرىگە ئەل بولغانلىق خەۋىرىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ خەۋەردە، ئۇلار شۋېتسىيە ھۆكۈمىتى يوللىغان ھىملېرنىڭ تەكلىپىدىن بىشارەت بەرگەن بولسىمۇ، گېزىتتا ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان، شۇڭىدەك بۇ خەۋەرنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىمۇ تىلغا ئېلىنمىغان.

نيۇمان يىغىن زالىغا قايتىپ كىرىپ ھىتلېرنىڭ قۇلىقىغا كۇسۇرلاپ بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا بىلدۈرىدۇ. ھىتلېر دەرھال گيوبېلس بىلەن بۇ ھەقتە بىر نېمىلەر دېيىشىۋالىدۇ. بېرلىن ھەربىي رايون قوماندانى ۋېيدلىڭمۇ بىرسى تەرىپىدىن سىرتقا چاقىرتىلىدۇ. ئۇ، بورمان، فۇھرېرنىڭ ئاديۇتانتى، ھەممە ئىككى نەپەر ئايال كاتىبى زالدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. ۋېيدلىڭ، بۇ كىشىنى قىسىمدىكىلەر "ئاۋاق مايمۇن كارل" دەپ ئاتىشاتتى، يىغىندا تاقىتى قالماي ھىتلېر ئاڭلاشنى خالىمايدىغان گەپنى قورقماي تىلغا ئالىدۇ: بىزنىڭ بىردىن-بىر ئۈمىدىمىز دەرھال بېرلىننى تاشلاپ چىقىشتىلا قالدى. بورماننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، ھەممەيلەن بۇ گەپكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن روھلانغان ۋېيلدىڭ يىغىن زالىغا كىرگىنىدىن كېيىن بۇ تەكلىپنى كرېبسقا تەكرارلايدۇ. كرېبسمۇ بۇ تەكلىپكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، كىلەر قېتىملىق يىغىندا قورشاۋدىن بۆسۈپ چىقىشنىڭ تەپسىلى پىلانىنى ئوتتۇرغا قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. 50 مىل يىراقلىقتا، ۋېنكنىڭ ئون ئىككىنچى ئارمىيە كورپۇس شتابىدا، بىر رادىست ۋېيدلىڭغا تېلېگرامما يوللىماقتا ئىدى:

"ئون ئىككىنچى كورپۇسنىڭ قايتارما ھۇجۇمى پوتسدامنىڭ جەنۇبىدا قارشىلىققا دۇچ كەلدى. قىسىملار جان پىدالىق بىلەن مۇداپىيەلەنمەكتە. شۇڭا سىزلەرنى قورشاۋنى بۆسۈپ ئۆتۈپ بىز تەرەپكە كېلىشىڭىزلارنى تەكلىپ قىلىمەن. ۋېنك"

رادىست قارشى تەرەپنىڭ جاۋابىنى كۈتكەن بولسىمۇ، قارشىدىن ھېچ قانداق بىر سىگنال كەلمەيدۇ.

ھىتلېرنىڭ ئەڭ يېقىن دوستىنىڭمۇ قىيامەت كۈنلىرى يېقىنلىشىپ كەلمەكتە ئىدى.

مۇسسولىنى، سكورزېنىي تەرىپىدىن قۇتقۇلدۇرۇۋېلىنغىنىدىن كېيىن، بىر تۈرلۈك "ئىتالىيىنى سىياسىي يولدا قۇتقۇلدۇرۇش ئۇسۇلى" ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، شۇ ئارقىلىق بۇ قېتىمقى ئاپەتلىك ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولغان ئىدى. ئۇ ئوغلى ۋىتتورىئونى غەرپلىكلەر بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدىكى ئېغىزچە تەكلىپنى ئېلىپ مىلاندىكى باش پىسخوپوس بىلەن كۆرۈشۈشكە يوللايدۇ. ۋاتىكان بۇ تەكلىپنى شۇ ھامان ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە يوللىغان بولسىمۇ رەت قىلىنغان ئىدى.

مۇسسولىنى، شۇ پەيتلەردە ھىتلېر بىلەن كۆپ ئۇچرىشىپ تۇرالمىغاچقا بۇ ئىشنى ھىتلېرغا دېمىگەن ئىدى. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قاراشلىرىنى مۇخپىرلاردىن يوشۇرۇپ يۇرۇشنىمۇ خالىمايتتى: ئۇ ھىتلېرنىڭ رۇسىيەگە قارشى "چېكىدىن ئاشقان ئەسەبىلەرچە" ھۇجۇم قىلىشىغا قوشۇلمايتتى. مۇسسولىنى، ھىتلېرنىڭ گېرمانىيە تۈۋەن تەبىقە كىشىلىرىدىن بىرسى دەپلا تونۇيتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يۇلتۇزى قېيىشقا باشلىغان ئىدى. 25-ئافرېل كۈنى، مۇسسولىنى مىلاندىن ئاران ئون ماشىنا بىلەن ئايرىلىپ شىمالغا قاراپ يولغا چىقىپ، ئۆزىگە پۈتۈن قەلبى بىلەن ساداقەت كۆرسىتىپ كەلگەن "قارا كۆڭلەكلىكلەر ئەترىتى" بىلەن ئۇچراشماقچى ئىدى. ماشىنا ئەترىتى ئارىسىدا بىر ئالفا رومېئو ماركىلىق پىكاپتىن بىرسى بار بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىسپانىيە ماشىنا نومۇرى قادالغان ئىدى. بۇ ماشىنىدا ئۇنىڭ ئاشنىسى كىلارا پېتاكى ئولتۇرغان ئىدى. "مەن تەغدىرگە بوي سۇنۇشتىن باشقا چارەم يوق. – دەيدۇ كىلارا بىر دوستىغا يازغان خېتىدە، _ ئاقىۋېتىمنىڭ نېمە بولۇپ كېتىشىنى پەقەتلا بىلمەيمەن. شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئۇنىڭ تەقدىرىم ھەققىدە ئويلىنىپ ئولتۇرۇشنىمۇ خالىمايمەن." مۇسسولىنى بۇ سەپەرگە ئايالىنى بىرگە ئېلىپ چىقمىغان بولۇپ، ئايالى بىلەن باللىرىنىڭ بىخەتەر چېگرادىن ئۆتىۋېلىشىغا ياردەمنى تېگەرمۇ دېگەن ئۈمىد بىلەن چېرچىلدىن كەلگەن خەتلەرنىمۇ ئۇنىڭ ئېچىگە ئالغان پۈتۈن ھۆججەتلىرىنى ئايالىغا قويۇپ كەتكەن ئىدى. "ئەگەر ئۇلار سېنى توسۇۋالسا ياكى ساڭا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغىدەك قىلسا بۇ نەرسىلەرنى ئېنگلىزلارغا تاپشۇرۇپ بېرەرسەن" دەپ تاپىلايدۇ.

26-چېسلا تاڭسەھەردە مۇسسولىنى ھەمراھلىرى بىلەن بىرگە كومو كۆلىنىڭ غەربى قىرغىقىنى بويلاپ ئەگرى-توقاي يوللاردا شىمالغا قاراپ يولىنى داۋام قىلىدۇ. ئۇ كۈنى سىم-سىم يامغۇر يېغىۋاتقانىدەك قىلغىنى بىلەن، بۇ كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى مەنزىرىنىڭ گۈزەللىكى ھەققەتەنمۇ كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى. ماشىنا ئەترىتىدىكىلەر 25 مىلدەك يول

يۈرگەندىن كېيىن، بىر مېھمانخانىدا ئارام ئالغاچ 3 مىڭ نەپەر قارا كۆڭلەكلىكلەر ئەترىتىدىكىلەرنىڭ ئۇلارغا قوشۇلۇشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئەمما ئۇلاردىن بىرسىمۇ كەلمەيدۇ؛ ئەتىسى، ئۇلار ئامالسىز شىمالغا قاراپ يولنى داۋام قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەمما ئۇلار دوڭگويېقىنلىرىدا پارتىزانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ، بۇ پارتىزانلار بۇ ئەسىرلەرنى قانداق قىلىش توغرىسىدا پىكىر بىرلىكىگە كېلەلمەي ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. ئۇلاردىن بىر قىسمى بۇ فاشىستلارنى دەرھال ئېتىپ تاشلاش كېرەك دەپ چىڭ تۇرسا، يەنە بىر قىسمى بۇلارنى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە تاپشۇرۇپ بېرەيلى دەيتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى تەرەپ كىشىلەر كېلىشەلمەي ئۇرۇشۇپ كېتىدۇ. 28-ئاپرېل كۈنى، مىلاندىن 3 نەپەر ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغان كىشى كېلىپ بۇ تالاش-تارتىشقا خاتىمە بېرىدۇ. يەنى بۇ كەلگەنلەر يەڭگىل پىلىموت بىلەن مۇسسولىن ۋە ئاشنىسى كلارا پېتاكىنى ئوققا تۇتۇپ ئۆتمە-تۆشۈك قىلىۋېتىدۇ.

چۈشكە يېقىن، شەرقى سەپتىكى نېمىس قوشۇنلىرى ئاساسەن تارمار كەلتۈرۈلىدۇ. قىسىملارنىڭ قۇماندانىمۇ ئاشكارە دېگىدەك يۈز ئۆرۈپ چىقىدۇ. ئالايلۇق، مانتېۋفېلنىڭ ئۈچىنچى پانزېر ئارمىيىسى ھىتلېرنىڭ قەتئىي تىركىشىش دېگەن بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ، ئۇرۇشا-ئۇرۇشا غەرپكە قاراپ چېكىنىدۇ. ئۇلار ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا قوشۇنلىرىغا تەسلىم بولۇشنى پىلانلاپ چېكىنمەكتە ئىدى.

ھەربىي تەشكىلاتلارنىڭ يىمىرىلىپ كېتىشى ھاۋا مۇداپىيە ئاكوپىدىكىلەرگىمۇ مەلۇم ئىدى. تاڭ سەھەردە بورمان، كرېبس ۋە بۇرگدورف ئۈچىسى ئىچىپ قاتتىق مەس بولۇپ، بىر-بىرسى بىلەن گەپ تالىشىپ بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كېتىشكەن ئىدى. "9 ئاي ئاۋال، مەن كۈچلۈك ئۈمىدۋارلىق ئىچىدە بۇگۈنكى بۇ ۋەزىپەمنى پۈتۈن قەلبىم بىلەن قوبۇل قىلغان ئىدىم. – دەيدۇ بۇرگدورف، _ مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى بىلەن پارتىيىمىزنى ھەمكارلىق ئاساسىدا بىرلىكتە ھەرىكەت قىلدۇرۇشقا كۈچ چىقىرىپ باقتىم. – ئەمما ئۇنىڭ پۈتۈن خىزمەتداشلىرى تەرىپىدىن ئەھمىيەتسىز بىرى دەپ تونۇلغانلىقىنى، ھەتتا خائىنلىق قىلىۋاتىدۇ دەپ كەمسىتىلگەنلىكىنى دەپ كېلىپ، _ ئەندى قارىسام ئۇلارنىڭ بۇنداق ئەيىپلەشلىرىنىڭمۇ ئاساسى بار ئەيىپلەشلەر ئىكەنلىكىنى كۆرمەكتىمەن. مەن ئەندى پۈتۈنلەي ھالىمدىن كەتتىم، مېنىڭ غايەم ئەسلىدە خاتا تاللىنىلغان بىر غايە ئىكەندۇق. ھەتتا ئۆزەمنىڭ نەقەدەر ساددا ۋە نەقەدەر ئاخماق ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلماقتىمەن!" دەيدۇ.

كرېبس ئەسلىدە ئۇنى ئاغزىڭنى يۇم دەپ جىكىلىمەكچە بولغان بولسىمۇ، بۇ يەردىكى ۋارقىراپ جارقىراش ئاۋازلىرى يان بۆلۈمدە ئۇخلاۋاتقان ئىككى نەپەر ئادىيۇتانتنىمۇ

ئۇيغۇتىۋەتكەن ئىدى. ئۇلار بۇرگدورفنىڭ غەزەپ بىلەن دەرت تۆۋىشىنى، ئوتتۇرلۇقنى تىنجىتىش ئۈچۈن كىرىۋىسنىڭ ۋارقىراپ ئۇنى پوتۇپ كەتكەنلىكىنى تۇيىدۇ. "قويىۋېتىڭ مېنى خانىس، بۇ گەپلەرنى دەۋالمىسام چىدىيالمايمەن! بەلكىم يەنە ئىككى سوتكا ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بۇ گەپلەرنىمۇ دېيەلمەي قېلىشىم مۇمكىن، ... شۇنچە ساداقەتلىك، شۇنچە غايىلىق ياش ئوفىتسېرلار مىڭلاپ-تۈمەنلەپ ئۆلۈپ تۈگىدى. ئۇلار نېمە ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلدى؟ ۋەتەن ئۈچۈن دەمسىز؟ ئۇنداق ئەمەس! ئۇلار پەقەتلا سىزنىڭ ئۈچۈنلا جېنىنى بەرگەن ئىدى! – بۇرگدورف نىشانىنى بورمانغا قارىتىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇ، مىليونلارچە ئادەمنىڭ قۇربان بولىشى پەقەتلا پارتىيە ئەزالىرىنىڭ يوقۇرى ئۆرلىشىنىلا مەقسەت قىلغانلىقىنى دەپ قايناپ، _ سىزنىڭ دىسەبدەبىلىك تۇرمۇشىڭىزنى، سىزنىڭ ھوقۇق خۇمارىڭىزنى باستۇرۇشنى دەپلا جېنىنى بېرىشتى. سىز بىزنىڭ كونا ئەنئەنىلىرىمىزنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتتىڭىز، بىز گېرمان مىللىتىنى ۋەيران قىلىۋەتتىڭىز! مانا بۇلار سىزنىڭ ئۆتكۈزگەن ئەڭ چوڭ جىنايەتلىرىڭىز!"

"قەدىرلىك قېرىندىشىم، _ دەيدۇ بورمان ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەن ھالدا، _ سىز ئۇنداق شەخسىيەتىمگە ھۇجۇم قىلىشنى قويۇڭ. باشقىلار شەخسىي مەنپەئەتنى دەپ تىقلىپ كەتكەنلىكى راست بولغىنىدىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىدىن مېنى جاۋاپقا تارتالمايسىز. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن پۈتۈن نەرسىلىرىمنى تىكىپ قەسەم بېرەلەيمەن. ئۇنداق قايناپ كەتمەڭ، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، دوستۇم!" بۇ چاغدا، يان بۆلۈمدە ئوغۇرلۇقچە گەپ ئاڭلاپ تۇرغان ئىككەيلەن رومكا سوقۇشتۇرۇش ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ. شۇندىن كېيىن ھېچكىمدىن ئۈن چىقمايدۇ.

گېنېرال ۋېيدلىڭ، پۈتۈن چۈشتىن بۇرۇنقى ۋاقتىنى قانداق قىلغاندا بېرلىن مۇھاسىرىسىدىن بۆسۈپ چىقىشنىڭ پىلانىنى ئىشلەش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ – ئۇ، ئۈچ بىرگادا بىلەن قورشاۋنى يېرىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. روشەنكى، ئۇرۇسلار پات ئارىدا باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسىگە باستۇرۇپ كىرىشى مۇمكىن ئىدى. "ئاۋاق مايمۇن لەقەملىك بۇ گېنېرال، ئاخشىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەربىي ئىشلار يىغىنىدا بۇ پىلانىنى ھىتلېرنىڭ تەستىقلىشىغا قەتئى ئىشەنچ قىلاتتى. شۇڭا ئۇ، بارلىق كوماندىرلىرىنى يېرىم كېچىدە ھاۋا مۇداپىيە ئاكوپىغا كېلىپ تەييار تۇرۇشنى بۇيرۇق قىلىدۇ.

گىيوبېلس خانىم، ئاجرىشىپ كەتكەن بۇرۇنقى ئېرىدىن بولغان ئوغلىغا خەت يېزىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ ئوغلى ھازىر ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ بىر ئەسىرى ئىدى. ئوغلىغا، ناتسىست غايىلىرى كۆپۈككە ئايلانغانلىقىنى، "ئۆمرۈمدە تونىغان ئەڭ گۈزەل، ئەڭ يۈكسەك نەرسىلەر شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە سەل ئىچىگە چۆكۈپ غايىپ بولغانلىقى" نى،

ھىتلېر بىلەن مىللىي سوتسىئالىزم بولمىغان بىر دۇنيا، ياشاشقا ئەرزىمەيدىغان بىر دۇنيا ئىكەنلىكىنى يازىدۇ. ئۇ، 6 بالىسىنى يەرئاستى ھاۋا مۇداپىيە ئاكوپىغا ئېلىپ كىرىشنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ ئىدى. بالىلىرىنىڭ بەكلا قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى، مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئۇلار ئۈچۈن ھاياتنىڭ قىلچە قىممىتى بولمايدىغانلىقىنى، "رەھىمدىل تەڭرى مېنىڭ نېمە ئۈچۈن بالىلىرىمغا بۇنداق بىر ھايات ياشىشىغا يول قويمىغانلىقىمنى چوقۇم توغرا چۈشىنىدۇ، ... تەڭرىم ماڭا جاسارەت بېرىپ ئاخىرقى ۋە ئەڭ مۈشكۈل ۋەزىپەمنى ئادا قىلىشىم ئۈچۈن كۈچ-قۇۋۋەت بەرگەيسەن" دەيدۇ. بورمانمۇ ئايالىغا بىر تېلېگراممىا يوللاپ "پۈتۈنلەي تۈگەشتۇق" دەيدۇ. ئۇمۇ پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى يوقاتقان ئەھۋالدا ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئايالىدىن دەرھال بېرچتېسگادېندىن ئايرىلىشنى، بۇلاپ كېلىنگەن 5~6 بالا بىلەن بىرگە بالىلىرىنى ئېلىپ تىرولغا قاراپ يولغا چىقىشنى تاپىلايدۇ.

7

سان فرانسىسكودا بولسا، بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى (ئۇيغۇرچىدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، يەنى ب د ت _ ئۇ.ت) نىڭ قۇرۇلۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلمەكتە ئىدى. رىبېر ئاگېنتلىقىنىڭ بىر مۇخبىرى، ھىملېرنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن گېرمانىيەنىڭ شەرتسىز تەسلىم بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرغا قويغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ئۇنىڭ رىبېر ئاگېنتلىقىغا يوللىغان تېلېگراممىسى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلمەيلا ئۇختۇرۇشتىن بىرسى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا يوللىنىپ كېتىدۇ. مۇداپىيە ئاكوپىنىڭ ئۈستىنكى قەۋەتلىرىدىن بىرىدە تۇرۇۋاتقان گېرمان ئاگېنتلىقىنىڭ بىر مۇخبىرى، 28-چىسلا ئاخشىمى سائەت 9 لاردا ئەنگلىيە ب ب س رادىئوسىنىڭ ئاڭلىتىشىنى ئاڭلىدى ھەقچان، دەرھال بېرىپ بۇ خەۋەرنى ھىتلېرغا مەلۇم قىلىدۇ. ھىتلېر بۇ تېلېگرافنى ئوقۇپ بولۇپ، خۇددى ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى قوبۇل قىلىپ، تەقدىرگە بويى سۇنماقتىن باشقا چارىسى قالمىغاندەك جىمىپلا قالىدۇ. ئاندىن ئۇ گېبېلس بىلەن بورمان ئىككىسىنى چاقىرتىپ كىرىدۇ. ئۇ ئۈچەيلەن ئىشكىنى ئىچىدىن تاقاپ قويۇپ مۇزاكىرىلىشىدۇ.

بورمان، شۇ كۈنى كۈن بويى كۆپچىلىكنى خەتەرلىك پەيتتە خائىنلىق قىلىپ قاچقانلىقىنى تىللاپ ۋارقىراپلا يۈرىدۇ. بىر سائەت ئاۋال، ئۇ دۆنىتزغا تېلېگراممىا يوللاپ، "بۇ كۈنلەردە ساداقەت دېگەن بۇ سۆز ساتقىنلىق دېگەنگە ئالمىشىپ قالغان ئوخشايدۇ" دېگەن ئىدى. ئېۋا براۋننىڭ سىڭىل كۈيئوغلى قاتتىق گۇمانلىق ئۇنسۇرلار تىزىملىكىگە

چۈشۈپ قالغان بىرى ھېسابلىناتتى. ھەملىرنىڭ مۇداپىيە ئاكوپىغا قويغان ئالاقچىسى ئوتتو ھېرمانفېگېلەيىننى گېستاپو شەھەردىكى ئۆيىدىن قولغا ئالدۇ. فېگېلەيىن ئۇچىسىغا پۇخراچە كىيىم كىيىۋالغانلىقى، يېنىدىمۇ بىر مۇنچە قىممەتلىك زىننەت بويۇملىرى بىلەن شۋېتسارىيە فرانكىمۇ بولغان خېلى كۆپ نەق پۇل تېپىلغىنى ئۈچۈن، گېستاپودىكىلەر ئۇنى بىتەرەپ دۆلەتكە قېچىشنى نىيەت قىلغان دېگەن گۇمان بىلەن مۇداپىيە ئاكوپىغا كەلتۈرۈلدۇ. ئۇ يەرگە بارغىنىدا ئۇنىڭ بېشىنى ئەگىپ يۈرگەن خەۋپلەر پۈتۈنلەي يوق بولدۇ. يەنى ئېۋا ئوتتۇرغا چىقىپ ئۇنىڭ ئايالى، يەنى ئۆزىنىڭ سىڭلىسى پات يېقىندا تۇغماقچى دەپ ئۇنى ساقلاپ قالدۇ. ھىتلېرمۇ ئۇنى قورقۇنچاق، قابىلىيەتسىزلىك بىلەن ئەيىپلەپ، پاگونلىرى بىلەن مەيدىسىدىكى كرېست ئوردېنلىرىنى سۆكۈۋېلىپ، جازا سۈپىتىدە يېقىندىكى بىر بۆلۈمگە سولىتىۋېتىدۇ. ئەمما ئەنگلىيە ب ب س رادىئوسىنىڭ ئاڭلىتىشىدا فېگلەيىننىڭ قېچىشى ئۇنىڭ باشلىقى ھەملىرنىڭ خائىنلىق قىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرغىنىدا، ھىتلېر، فېگېلەيىن چوقۇم شۋېتسارىيەگە بېرىپ تىنچلىق سۆھبىتىگە قاتناشماقچى بولغان دەپ قەتئىي ئىشىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر سائەتكىمۇ يەتمىگەن قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە ئۇنى ھەربىي سوتقا چىقىرىپ گۇناھكار دەپ قاراپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىشىدۇ. بۇ قېتىم ئېۋا يىغلاپ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇنى ھىمايە قىلىشقا ئۇرۇنمايدۇ. چۈنكى، فېگېلەيىننىڭ چامادانىدىن چىققان زىننەت بويۇملىرىنىڭ بىر قىسمى ئۆزىنىڭ نەرسىلىرى ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ئۇ يەنە سىڭلىسىنىمۇ ئالداپ يۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. يەنى، ئاڭلاشلاردىن قارىغاندا، فېگېلەيىن بۇ قېتىم قېچىشتا بىر ۋېنگرىيە دېپلوماتىنىڭ چىرايلىق ئايالى بىلەن بىرلىكتە بىرلىنىدىن قېچىشنى پىلانلىغان ئىكەنمىش.

ۋېيىدلىڭ كېلىپ كەچلىك يىغىنغا قاتناشقىچە بولغان ئارىلىقتا يەرئاستى ئاكوپتىكىلەر پۈتۈنلەي پاراكەندە ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئۇ كېلىپ ئۇرۇشلارنىڭ ئىلگىرلەپ كېتىش ھەققىدىكى ئەڭ يېڭى خەۋەرلىرىنى ھىتلېرغا يەتكۈزىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئەھۋال ئېغىر بولۇپ، بارلىق قۇرال-ياراقلار، ئاشلىق قاتارلىقلار پۈتۈنلەي دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتلەنلىكىنى ياكى بومباردىمانىدا يوق بولغانلىقىنى، يەنە ئىككى كۈن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ قىسملىرى ئوق-دورا ۋە يېيدىغان-ئىچىدىغانلىرى پۈتۈنلەي تۈگەيدىغانلىقىنى، شۇ سەۋەپتىن داۋاملىق ئۇرۇشۇش ئىمكانى قالمايدىغانلىقىنى دەپ كېلىپ، "مەن بىر ھەربىي بولۇش سۈپىتىم بىلەن بىز دەرھال تەۋەككۈل قىلىپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىشىمىز كېرەك، دەپ تەكلىپ قىلىمەن" دەيدۇ. بۇ تەكلىپكە ھىتلېر جاۋاب بەرگىچە گېنېرال، ئۆزىنىڭ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىش ھەققىدىكى پىلانىنى بىرمۇ-بىر چۈشەندۈرۈپ كېتىدۇ.

بۇ دېگەنلىرىڭ پۈتۈنلەي ھېستېرىيەلىك ئۇرۇنۇش! دەپ قايناپ كېتىدۇ گيوبېلس. كلېبس، ھەربىي نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ پىلاننى بولىدىغان پىلان دېيىش مۇمكىن دەيدۇ. "تەبىئىيكى، بۇنىڭغا فۈھرېر قارار قىلىشىشى شەرت" دەيدۇ كلېبس كەينىدىنلا قوشۇمچە قىلىپ. ھىتلېر ئۈنسىمۇ چىقارماي جىم تۇرىدۇ. كېيىن ئۇ، ئەگەر مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش راستىنلا ئوڭۇشلۇق بولغىنىدا، كېيىن قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورايدۇ. "بۇ دېگەنلىرىڭ يولۋاس ئۇۋىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ قايتىدىن يەنە قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ قېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەن بىر فۈھرېر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، قايسى بىر ئېتىزلىق ياكى قايسى بىر داچىلاردا ئەجەل كۈنۈمنى كۈتىشىم شەرتمۇ؟"

شۇنداق دېگەندىن كېيىن تۇرۇپ يىغىنخانىدىن چىقىپ ياردارلانغان گرېيىمنى يوقلاپ كىرىدۇ. خاننا رېيتش ئۇ يەردە ئولتۇراتتى. ھىتلېر كىرىپ گرېيىمنىڭ كارىۋىتى قىرىغا ئولتۇرغاچ، رەڭگى ئۆڭگەن ھالدا ھىملېرنىڭ يۈز ئۆرىگەنلىكى ھەققىدىكى ئىشلارنى ئۇلارغا ئېيتىدۇ. "بىزنىڭ بىردىن-بىر ئۈمىدىمىز يالغۇز ۋېنكلا قالدى. ـ دەيدۇ ھىتلېر، ـ بىز ئۇنىڭ بۇن يەرگە يېتىپ كېلەلىشى ئۈچۈن بارلىق ئايروپىلانلىرىمىزنى ئىشقا سېلىپ ئۇنى قوغدىشىمىز كېرەك." ئۇ رېيتشقا، ئايروپىلان ئەترىتى تەشكىللىشى ئۈچۈن گرېمنى ئايروپىلانلىق رېچلىن ئايرودرومىغا ئاپىرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ، ۋېنكنىڭ ھاۋادىن قوغداش ئارقىلىقلا ئۇنى بۇ يەرگە كىرىشكە كاپالەتلىك قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. "مانا بۇ، سىزنىڭ بۇ مۇداپىيە ئاكوپىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولىشىڭىزنىڭ بىرىنچى سەۋەبى. باشقا بىر سەۋەپ، سىز قەتئىي تۈردە ھىملېرنىڭ ئىشلىرىنى چەكلىشىڭىز شەرت. ـ بۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ ئۇنىڭ لەۋلىرى بىلەن قوللىرى تىترەپ تۇراتتى، ئاۋازىمۇ تىترەپ چىقماقتا ئىدى. ـ بىر ۋەتەن ساتقۇچ ھەرگىزمۇ مېنىڭ ئورنۇمغا ئۆتۈپ داھىيلىق قىلىشىغا ھەرگىز يول قويالمايمەن. شۇڭا سىز بۇ يەردىن چوقۇم چىقىشىڭىز، ئۇنى بۇنداق قىلىشىغا يول قويماسلىقىڭىز كېرەك" دەيدۇ. گرېيىم قىينىلىپ يۈرۈپ كىيىمىنى كىيىدۇ. رېيتش يىغلاپ تۇرۇپ بۇ يەردە قېلىشىغا يالۋۇرىدۇ. ئەمما ھىتلېر ئۇنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلىدۇ: "تەڭرى سىزنى ساقلىغاي."

گيوبېلس خانىم رېيىشقا ئىككى پارچە خەت تەييارلاپ ئوغلىغا بېرىشنى ئېيتىدۇ. ئۇ بارمىقىدىن بىر تال ئالماس ئۈزۈك چىقىرىپ خاتىرە ئۈچۈن تاقىۋېلىشنى ئۆتۈنىدۇ. ئېۋامۇ ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت بېرىپ سىڭلىسى فېگېلايىن خانىمغا تاپشۇرۇشنى ئۆتۈنىدۇ. ئەمما كېيىن رېيتش بۇ خەتنى ئوغۇرلۇقچە ئوقۇپ چىقىپ، بۇ خەتنىڭ "شۇنچە بىمەنە، شۇنچە سۇنئىي، شۇنچە پەسكەش ئايالنىڭ مۇھەببەت سۆزلىرى بىلەن تولغانلىقىنى" ھېس قىلغاچقا، ئۇ خەتنى يىرتىپ تاشلىغان.

گـرېيىم بىــلەن رېــتش ئىككىســى بىــر برووْنــك ماشــىنىغا ئولتــۇرۇپ برانــدېنبۇرگ دەرۋازىســىغا قــاراپ ئاتلىنىــدۇ. ئـۇ يەردە بىــر ئــارادو 96 تىپلىــق بىــر مەشــىق ئــايروپلانى يوشۇرۇنغان ئىدى. يول بويىدا بەكلا كۆپ بىنا ئوت-يالقۇن ئىچىدە قالغان بولـۇپ، كـۆككە يۈكسـەلگەن ئــوت يــالقۇنى كــېچە ئاســمىنىنى كۈنــدۈزدەك يورىتىــۋەتكەن ئىــدى. يېنىــك تىپتىكى پىلىمـوت ئـوق ئـاۋازلىرى تىنمـاي تاتـاتلاپ ئېتىلىــپ قـۇلاقنى يـاراتتى. رېـتش بـۇ كىچىك ئايروپلاننى شـەرقتىن غەرىـپكە سوزۇلغان چوڭ يولـدا ھەيـدەپ ئـوت-يـالقۇنلىرى ئارىسىدىن كۆككە كۆتۈرلىيدۇ. ئايروپلان بىنالارنىڭ ئۈستىگە ئۆچۈپ كۆتۈرۈلىشـى ھامـان رۇسىيە پروژوكتورلىرى بۇ كىچىككىنە ئـارادو تىپلىـق ئايروپلاننىـڭ ئۈسـتىگە توغرىلىنىــدۇ. كەيىنــدىنلا زىنىــت تــوپلىرى ھەر تەرەپــتىن يــاغراپ بــۇ ئــايروپلاننى قــۇش پەيلىرىــدەك توزىتىۋەتمەكچى بولىدۇ. ئەمما رېيتىش يـاغنى قـۇلىقىغىچى بېرىـپ بـۇ تـوپ ئـوقى قـايىنمى ئىچىدىن قۇتۇلۇپ كۆككە يۈكسىلىدۇ. ئەندى ئۇ بېرلىن ئاسـمىنىدا كـۆرۈنمەكتە، تۈۋەنـدە بېرلىن ئـوت يـالقۇن ئىچىــدە ياناماقتـا ئىـدى. رېيـتش شـىمالى يۆلۈنۈشـكە قـاراپ ئۇچـۇپ كۆزدىن غايىپ بولىدۇ.

8

"جەننەتتە شائىرى بولغاندىن دوزاختا ھاكىم بولۇشنى تاللايتتىم."
_ لۇسىفېرنىڭ مىلتونىدىكى "جەننەت باغچىسىدىن ئايرىلىش" دىن ئارىيە

ھىملېرنىــڭ يــۈز ئــۆرىگەنلىكى، بىــر ھىساپــتا ھىتلېرنــى قەتئىــي قارارغــا كــېلەلمەي ئىككىلىنىپ يۈرۈشتىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن بىر قاتاردا، ئۇنىڭ كىچىككىنە بولسىمۇ قالغـان ئۈمىدلىرىنىڭ يوققا چىقىشىنى پەيدا قىلغـان ئىـدى. گەرچە ئـۇ گرېيىمغـا يەنـىلا ئۈمىـدۋار ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەندەك قىلغىنى بىلەن، ئـۇ ئىچىــدە ۋېنىـك بەرىبىــر كارغـا كەلمەيـدۇ، دەپ قارىغـانلىقى ئۈچـۈن، ئـاخىرقى كـۈنلىرى ئۈچـۈن تەيىيـارلىق قىلىـش ۋاقتىنىـڭ يېتىـپ كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماقتـا ئىـدى. ئـۇ، تـراۋدل جيـۇڭنى چاقىرتىـدۇ. تـراۋدل ئەسـلىدە يازدۇرىدىغان گەپلىرى بار ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۆلۈمىدە بىر ئۈسـتەل بولۇپ، خۇددى بىر بايرام تەبرىكلەيدىغاندەك ئۈستى ئالاھىـدە بېزەلگەنلىكىنـى: ئۈسـتىگە ئا. ھ. ھەرىپلىرى ئىشلەنگەن دەستىرخان سېلىنغانلىقنى، دەستىرخاندا يەنە بىـر يـۈرۈش كۈمـۈش چىـنىلار، ھەمـدە شامپانىسـكى رومكىلىـرى تىزىلغـان ئىـدى. ئەجەبـا ئـۇ باشـقىلار بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىشنى تەبرىكلىمەكچىمۇ قانداق، دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزىدۇ.

ھىتلېر ئەتراپىنى كۆزەتكەندىن كېيىن، "قېنى باشلايلى" دەپ، تراۋدلنى يېنىلىگىنىچە يىغىن زالىغا كىرىدۇ. خۇددى بۇرۇنقىدەك خەرىتە ئۈستىلى ئالدىغا كېلىپ تۇردى. ئەمما بۈگۈن ئۈستەل ئۈستىدە خەرىتە يوق ئىدى. ئۇ، پارقىراپ تۇرغان سىلىق ئۈستەلگە تىكىلگىنىچە تۇراتتى. "مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سىياسىي ۋەسىيىتىم. – دەيدۇ ھىتلېر. تراۋدل ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى تېز خاتىرە شەكلىدە يېزىۋاتقان بولسىمۇ، قوللىرى تىنماي تىترەپ تۇراتتى. چۈنكى، بۇ تارىخنىڭ ھەقىقى ئەھۋالى-دە! تراۋدل، بۇنىڭ بىر ھەقىقىي ئېتراپنامە، ئۆزىنى ئاقلاش نۇتقى بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنچ قىلاتتى. يەنى، ئۆلۈم ئالدىدا تۇرغان بىرسى يالغان سۆزلىيەلىشى مۇمكىنمۇ؟ شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ خاتىرلىگەنلىرى پۈتۈنلەي مازاق قىلىش، دارىتمىلاشلار بىلەن تولغان سۆزلەر ئىدى. ئادەتتە ئۇ سۆزلەيدىغان نۇتۇقلىرىنى بەكلا كۆپ تۈزىتىش قىلىپ ئاندىن سۆزلەيتتى، ھەتتا ھەربىر جۈملىنىڭ راۋانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈنمۇ بەكلا كۆپ كۈچ سەرىپ قىلاتتى. ئەمما بۈگۈن، ئۈستەلدىن كۆزىنى ئۈزمەي تىنماي سۆزلىمەكتە ئىدى. ئۇ، مەيلى ئۆزى ياكى باشقا ھەرقانداق بىر گېرمانىيەلىك ھېچقاچان ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى؛ بۇ ئۇرۇشنى "پۈتۈنلەي شۇ يەھۇدىيلار ياكى يەھۇدىيلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان خەلقارالىق سىياسىيونلار قوزغىدى" دەپ ئەيىپلەشكە كىرىشتى.

ئۇ، ئۆزىنىڭ ئىنتايىن خوشال بىر شەكىلدە ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇ قوماندانلىرىغا "مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي يۈزلۈك قانات يايدۇرۇلغان كۈرەشكە ئىزچىل تۈردە قاتنىششىنى" بۇيرۇيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ يېڭى ھۆكۈمەت ئۈچۈن نامزاتلىرىنى ئوتتۇرغا قويىشى تراۋدلنى بەكلا ھەيران قالدۇرىدۇ. ھىتلېر، ئادمىرال پولكوۋنىك دۆنىتزنى ئۆزىنىڭ ئىمپېرىيە پرېزدېنتلىقى بىلەن قۇراللىق قىسىملار قوماندانلىقى ئورنىغا ئىزباسار قىلىپ كۆرسىتىدۇ. گېيوبېلسىنى باش مىنىستىرلىككە، بورماننى پارتىيە ئىشلىرى باش سېكرېتارلىقىغا كۆرسىتىدۇ. تراۋدل، ئەگەر ھەممىنى قولدىن بېرىپ قويغان تۇرۇغلۇق، گېرمانىيە تارمار كەلتۈرۈلگەن تۇرۇغلۇق، مىللىي سوتسىئالىزىمۇ گۆرىگە كىرىپ بولغان تۇرۇغلۇق بۇ يېڭى ئەمەلدارلارغا قىلغىدەك يەنە نېمىش ئىش قالغان بولغىيتى، دەپ ھەيران بولىدۇ.

ئۇ بۇ گەپلىرىنى دەپ بولۇپ كۆزلىرىنى يەنىلا دەستىخاندىن ئايرىمايدۇ. ئۇ ئەنە شۇ ھالدا بىر مەزگىل ئۈن-تىنسىز دەستىخانغا تىكىلگىنىچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ شەخسىي ۋەسىيەتنامىسىنى ئېيتىشقا كىرىشىدۇ. "مەن ئۆزەمنى كۈرەش يىللىرىدا ئۆي تۇتۇشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى كۆتۈرۈپ بولالمايمەن دەپ ھېس قىلاتتىم. ئەندى مەن، بۇ دۇنيادىكى ئۈستۈمگە ئالغان ۋەزىپىلىرىم ئاخىرلىشىش پەيتىدە، مەن شۇنداق قارارغا

كەلدىمكى، مەن بۇگۈن توي قىلىش قارارىغا كەلدىم، ... ــ بۇ گەپنى ئاڭلاپ تراۋدل قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ. ئۇ دەرھال بىشىنى كۆتۈرۈپ قارايدۇ. شۇندىلا ئۇ، خەرىتە ئۈستىلىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق ھېت كۆنلىرىدىكىدەك چىرايلىق بىزەلگەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. شۇ پەيتتە ئۇنىڭ ئېسىگە تېخى بىر سائەت ئاۋاللا ئېۋانىڭ گېردا كرىستىئان بىلەن ئۇنىڭغا ئېيتقان قىسقىچە ئېيتقان سۆزى ئېسىگە كېلىدۇ: "سىلەرگە سۆز بېرىمەنمەنكى، بۈگۈن ئاخشام مەن چوقۇم يىغلىۋېتىمەن!" ئەمما تراۋدل بۇنىڭ ئۈچۈن يىغلىمايدۇ. ... ــ ئۇزۇن يىلدىن بېرى مىنىڭ بىلەن يېقىن دوست بولۇپ ئۆتكەن، بۇ كۈنلەردە يەنە كېلىپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن پۈتۈنلەي دېگىدەك قورشاۋ ئاستىدا قالغان بۇ شەھەرگە كېلىپ مىنىڭ بىلەن تەغدىرداش بولۇپ ياشاۋاتقان قىزنى نىكاھىمغا ئېلىشنى قارار قىلدىم. ئۇمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن مىنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىدىغان ئايالىم بولۇشقا رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنداق قىلىپ، مىنىڭ خەلقىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن دەپ يۈرۈپ مەندىن تارتىپ ئېلىنغان نەرسە، ئۆلۈمۈمدە ماڭا قايتۇرۇپ بېرىلىدىغان بولدى. ــ ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسى مۇلۇكلىرىنى پارتىيىگە بېغىشلايدىغانلىقىنى، "ئەگەر پارتىيىمىز مەۋجۇت بولماي قالغىنىدا، دۆلەتكە بېغىشلايمەن" دەيدۇ. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن پارتىيىلىك سەبدىشى بولغان مارتىن بورماننى ۋەسىيىتىنىڭ ئىجراچىسى قىلىپ بېكىتكەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ. ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنىڭ ئاخىرىدا ئېيتقانلىرىنى ۋاگنېردىن تەسىرلىنىپ دېگەنلىرى دېيىشكە، يەنى ئۇنىڭ ياش ۋاقتلىرىدا يازغان دراممىسىدا يېزىلغان گەپلەردىن ئېلىنما دېيىش مۇمكىن ئىدى: "مەن ئاغدۇرۇلۇش ياكى ئەل بولۇش نومۇسىدىن قېچىش ئۈچۈن ئايالىم بىلەن بىرلىكتە ئۆلۈم يولىنى تاللىۋالدىم. شۇڭا مەن جەسىدىمىزنى دەرھال كۆيدۈرۈلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. كۆيدۈرۈلۈش يېرىمۇ دەل مۇشۇ يەردە بولۇشىنى، يەنى ئۆتكەن 12 يىل جەريانىدا خەلقىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش جەريانىدا ئاساسلىق خىزمەت ۋاقتىمنى ئۆتكۈزگەن دەل بۇ يەردە كۆيدۈرۈلۈشۈمنى تەلەپ قىلىمەن."

تراۋدل كىچىك بىر بۆلۈمدە بۇ ئىككى ھۆججەتنى ماشىنكىدا ئۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كىرىپ كېتىدۇ. ھىتلېر خەرىتە بۆلۈمگە كىرىپ نىكا مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن يىغىلغان كىشىلەر توپىغا قېتىلىدۇ. ئۇ بۇرۇن دوستلىرى ئارىسىدا دائىم دېگىدەك "مەن ئۆي تۇتۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالمايمەن" دەپ يۈرەتتى. بەلكىم ئۇ، توي قىلغاندا ئۇنىڭ بىردىن-بىر ئورنى بولغان داھىلىق سالاھىيىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ دەپ قورققان بولىشى مۇمكىن. ئەمما بەكلا كۆپ نېمىس ئۇنى ئەيسا مەسىھتەك كۆرەتتى. مانا ئەندى، ھەممە ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى بۇرجۇئازىيە سىنىپىغا مەنسۇپ تەرىپى

ئۇنى نىكاھلىنىشتەك قۇتلۇق بىر ئىش ئارقىلىق سادىق ئاشىنىسىغا جاۋاب قايتۇرۇشنى ئۆزىگە بىر مەسئۇلىيەت ھېس قىلدۇرماقتا ئىدى.

زالدا جەمئىي 8 مېھمان بار بولۇپ، ئۇلار بورمان، گېۋبېلس ئەر-خوتۇن، گېردا كرىستىئان، باش ئاديۇتانت بۇرگدورف، كرېبس، ھىتلېر ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى بولغان ئارتۇر ئاكسمان ۋە ئاشپەزى مانزىئالى خانىم قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان ئىدى. ئۇلار يېقىندىكى بىر خەلق ھۆججۇمچىلار ئەترىتىنىڭ ئىشخانىسىدىن تۇۋەن دەرىجىلىك بىر مەمورى كادىردىن بىرسىنى تېپىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا نىكاھ مۇراسىمى مەسئۇللىقىنى تاپشۇرۇشىدۇ. بۇ كىشى بۇ ئىشقا ھەقىقەتەنمۇ ئۇيغۇن بىرى ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئىسمىمۇ ھىتلېرنىڭ ئۇلۇغلايدىغان ئىسملاردىن بىرى بولغان ۋاگنېر ئىدى. ئېۋا قارا رەڭلىك ئۇزۇن يىپەك نىكاھ كىيىمى كىيىپ چىققان ئىدى. ھىتلېر بولسا ئۇنفورملىق ئىدى. نىكاھ مۇراسىمى بەكلا ئاددى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ جەرياندا ئىككى يىتەرسىزلىك بار بولۇپ، ئۇلاردىن بىرسى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ: يەنى نىكاھ ئۈزۈكى بەكلا چوڭ كېلىپ قالىدۇ. بۇ ئۈزۈك گېستاپونىڭ ئالتۇن غەزىنىسىدىن ئالدىراش ئالدۇرۇلغان بىر ئۈزۈك ئىدى؛ يەنە بىر ئىش، ئارقىدىن ئېۋامۇ مىڭلىغان نىكاھقا كەلگەن ياش جۈپتىلەردەك نىكاھ گۇۋانامىسىغا ئىمزا قويۇش ۋاقتىغا كەلگىنىدە خاتا يېزىپ سالىدۇ. ئۇ ئاۋال 'ئېۋا ب' ... دەپ ئىمزا قويۇپ سالىدۇ. ئاندىن ئالدىراش براۋنىنىڭ ب ھەرپىنى سىزىپ تاشلاپ ئورنىغا 'ئېۋا ھىتلېر براۋن' دەپ تۈزىتىدۇ. ۋاگنېر دېگەن بۇ لىكچىك ئەمەلدار ئىمزاسىنى قويۇپ بولغاندىن كېيىن، گېۋبېلس بىلەن بورمان ئىككىسى شاھىتلىق قىلىپ ئىمزا قويىشىدۇ. بۇ ئىشلار، 28-ئاپرېل يېرىم كېچىگە يېقىن بولغان ئىشلار ئىدى (نىكاھ گۇۋانامىسىدىكى كۈن 29-ئافرېل دەپ يېزىلغىنى ئۈچۈن، كىشىلەر نىكاھ كۈننى 29-ئاپرېل سەھەر دەپ قوبۇل قىلىشىپ‌ىلىشقان. ئەسلىدە بۇ ئالدىراشلىق ئىچىدە ۋاگنېر بۇ ئىككى پارچە ھۆججەتنى سىياسى قۇرىماي تۇرۇپلا قاتلىغان ئىدى. ئەمما ئاردىن يېرىم سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندە قارىسا گۇۋاھنامىدىكى چىسلا يېزىلغان يەر بۇلغۇنۇپ كەتكەن بولغاچقا، قايتا چىسلا قويۇشنى ئويلىغان. ئۇ، تۈزۈتۈش ۋاقتىدا سائىتىگە قاراپ ۋاقىتنىڭ تۈن يېرىمى سائەت 12 دىن 35 مىنۇت ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈپ چىسلانىمۇ 29-ئاپرېل دەپلا يېزىۋېتىدۇ. ئەھلى ھۆججەت نۇسخىسىدا بۇ ئۆزگەرتىلىش ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەمما بۇ ھۆججەتنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ئېزىنخاۋېر كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ كوپىيەلەنگەن نۇسخىسىدا بۇ ئۆزگەرتىش ئىزى كۆرۈنمەيدۇ. _ ئا.ھ.ئى).

ھىتلېر قىزنى قولتۇقلىغىنىچە قىرائەتخانىغا كىرىپ نىكا زىياپىتىگە قاتنىشىدۇ. ئۇ بۇ

يەردە چاخچاق قىلغاچ ۋىنگرىيەدە ئىشلەنگەن توكاي ماركىلىق ئۈزۈم ھارىقىدىن ئازىراق ئىچىپمۇ قويىدۇ. ئۇ بىرسىگە ئىچىدە «قىزىل ئەتتىر گۈل» دېگەن بىر لا تەخسىسى بولغان پاتىفوننى قويدۇرۇپ، ئۆزى كورىدورغا چىقىپ خىزمەتچىلەرنىڭ تەبرىكلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ خەۋەر تارقىلىشى ھامان پۈتكۈل ھاۋا مۇداپىيە ئاكوپىدىكى كىشىلەر ئۈچ-بەشتىن بولۇشۇپ تەبرىكلىشىدۇ. ھىتلېر قاتتىق ھاياجان ئىچىدە بولسىمۇ، يەنىلا كۆڭلى بىر يەردە ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ پات-پاتلا تراۋدلىنىڭ ماشىنكىدا بېسىۋاتقان ھۆججەتلەرنىڭ پۈتۈپ-پۈتمىگەنلىكىگە قاراپ قوياتتى. تراۋدل خەتنى ئۇرۇپ بولغىنىدىن كېيىن، گيوبېلس ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ، ئۇلۇك-سولى يوق بەكلا جىددىيلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، فۈھرېر ئۇنى يېقى ھۆكۈمەتتە مۇھىم ۋەزىپە ئۆتىشى ئۈچۈن دەرھال بېرلىندىن چىقىپ كېتىشى توغرىلىق بۇيرۇق قىلغانلىقىنى، ئەمما ئۇ فۈھرېرنىڭ يېنىدىن ھەرگىز ئايرىلالمايدىغانلىقىنى دەپ كېلىپ، گېپىنى توختىتىدۇ. ئۇ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئېقىۋاتقان يېشىنى ئۇنۇتقان ئىدى. "بەكلا كۆپ قارارلار فۈھرېر تەرىپىدىن بەكلا كېچىكىپ بېرىلگەن! شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇنداق بىر قارارنى، بۇنداق ئەڭ ئاخىرى چىقىرىشقا تېگىشلىك بىر قارارنى نېمشقا شۇنچە بالدۇر بېرىدىغاندۇ؟ _ گيوبېلس ئۇنى ماشىنكىنى قويۇپ تۇرۇپ ئاۋال ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى خاتىرلىۋېلىشىنى ھەمدە ئۇنىمۇ فۈھرېرنىڭ ۋەسىيىتى بىلەن بىرگە قويۇلۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. "مەن پۈتۈن ئۆمرۈم بويىچە فۈھرېرنىڭ بۇيرۇقىنى رەت قىلىشىم مۇشۇ بىرىنچى قېتىم. _ دەيدۇ گيوبېلس ۋەسىيىتىنى ئېيتىپ تۇرۇپ، _ ئايالىم بىلەن قىزلىرىم مېنىڭ بىلەن بىرگە فۈھرېرنىڭ بېرلىندىن دەرھال ئايرىلىش دېگەن بۇ بۇيرۇقىنى رەت قىلدۇق." ئۇ ۋەسىيەتنامىسىنى ئېيتىپ بېرىشنى داۋام قىلىپ، ھىتلېرنىڭ ئەتراپىدىكىلەردىن بەزىلىرى ئالۋاستىدەك يۈز ئۆرۈشتى. ئەمما بۇ يۈز ئۆرۈش جەريانىدا، ھېچ بولمىغاندا بىرەيلەن ئۇنىڭ بىلەن تا ئۆلگىچە شەرتسىز تۈردە بىرگە بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

تراۋدل بۇ ئۈچ پارچە ھۆججەتنى ئۇرۇپ چىقىرىپ بولغىچە ۋاقىتمۇ سەھەر سائەت 4 كە يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. بۇ چاغدا، بورمان، گيوبېلس ۋە ھىتلېر ئۈچەيلەن ئىگىلگىنىچە خەت ماشىنىسىدىن چىقىۋاتقان قەغەزگە تەقەززالىق بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ. ئۇلاردىن بىرسى ئەڭ ئاخىرى چىققان بىر ۋاراقنى ماشىنكىدىن يىرتىپ ئالىدۇ. ئۇ ئۈچىسى يىغىن زالىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھىتلېر رەسمى سىياسىي ۋەسىيەتنامىسى ئۈستىگە ئىمزالاپ قول قويىدۇ. گيوبېلس، بورمان، بۇرگدورف ۋە كرېبسلار شاھىت بولۇپ ئايرىم-ئايرىم قول قويىدۇ. ھىتلېر يەھۇدىيلارنى يوقۇتۇشنى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ تۆھپىسى قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن سىياسىي ھاياتى بويىچە قەلبىنى مۇجۇپ كەلگەن قورقۇشنىمۇ قايتا

تەكىتلەپ كۆرسەتكەن بولدۇ. ئۇ ۋەسىيىتىدە، ئۇرۇشنى شۇلارنىڭ ئۆزى قوزغىغانلىقىنى، ئۇمۇ بۇ يەھۇدىيلارنىڭ جىنايىي قىلمىشى ئۈچۈن نىسبەتەن ئىنسانىي ئۇسلۇپ قوللانغان بولسىمۇ يەنىلا بەدەل تۆلىگەنلىكىنى، بايان قىلغان؛ ئۇ ئۆزىنىڭ تۆلىگەن بەدىلىدىن ھەرگىزمۇ پۇشايمان قىلمايدىغانلىقىنى، ئەكسىنچە ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ھېچقاچان مەغرۇرلىنىپ باقمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. "ئەڭ مۇھىمى، _ دەيدۇ ئۇ ۋەسىيەتنامىسىنىڭ ئاخىرىدا، _ مەن دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلىرىگە ئىرقچىلىق قانۇنىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغداپ قېلىشى كېرەكلىكىنى، خەلقارا يەھۇدىيلىرىدىن ئىبارەت بۇ مىللەتلەرنىڭ ئورتاق زەھىرىگە قىلچە رەھىم قىلماستىن قارشى تۇرۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.ئۇ ئۆزىنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ ئۇرۇقىنى قۇرۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۇرۇندىيالىغانلىقىدىن قاتتىق مەغرۇرلۇق ھېس قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەنە، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتا بەكلا كۆپ پىكىرداشلىرى بولغاندەك قىلغىنى بىلەن، ئۆزى بۇ ئىشتا ئوتتۇرغا چىقمىغىنىدا "ئاخىرقى ھەل قىلىش تەدبىرى" نىڭمۇ ئوتتۇرغا چىقمايدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسەتكەن.

## 9

29-ئاپرېل چۈشتىن بۇرۇن، سوۋېتلار ئىنتىپاقىنىڭ قۇرۇقلۇق قىسىملىرى شەرق، جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئۈچ يول بويىچە ھاۋا مۇداپىيە ئاكوپىغا قاراپ يېقىنلاپ كېلىدۇ. سوۋېتلار ئارمىيىسىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسىملىرى ھايۋانات باغچىسىغا بېسىپ كىرگەن ۋاقىتتا، ئۆلۈم گىرداۋىغا كېلىپ قالغان بۇ شەھەرنىڭ مۇھاسىرىسىمۇ زور دەرىجىدە تارايتىلغان ئىدى. بىر مىل يىراقتىكى يەر ئاستى ھاۋا مۇداپىيە ئاكوپى ئىچىدە بورمان ھىتلېرنىڭ ۋەسىيەتنامىسى بىلەن ئۆزىنىڭ شەخسى ۋەسىيىتىنى ئىز باسارى دۆنىتزغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. بورمان، بۇ نەرسىلەرنى بىخەتەر بىر شەكىلدە بارىدىغان يېرىگە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىپ ئىككى نەپەر ئەلچىنى ئىككىگە بۆلۈپ يولغا سالىدۇ: ئۇلار ئۆزىنىڭ شەخسى مەسلىھەتچىسى بىلەن ھېينىز لورېنز ئىدى. گېۋبېلس بولسا ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتىنى سىرتتىكى كىشىلەرنىمۇ ئۇقۇپ قالسۇن دەپ لورېنزغىمۇ بىر نۇسخا بېرىدۇ.

ھىتلېرنىڭ ۋەسىيەتنامىسىنىڭ ئۈچىنچى نۇسخىسى گېنېرال بۇرگدورف ئارقىلىق فۈھرېرنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئاديۇتانتىغا تاپشۇرۇلىدۇ. بۇرگدورف، ئايۇتانتقا بۇ ۋەسىيەتنامىنى يېڭىدىن قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش قوماندانى مارشال شۆمېرگە تاپشۇرۇلۇشنى جېكىلەيدۇ. بۇ ئامانەتنى ئېلىپ ماڭغان كىشى بۇرگدورفنىڭ بىر پارچە

خېتىنىمۇ يېنىغا سىيلىۋالىدۇ. بۇ خەتتە، فۇھرېرنىڭ ۋەسىيەتنامىسى "ھەملېرنىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىكتەك ئەجەللىك خەۋەرنى ئالغىنىدىن كېيىن" يېزىلغانلىقىنى، بۇ قارار "قەتئىي ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغان بىر قارار" دەپ ئىزاھلاپ ئۆتكەن ئىدى. "فۇھرېردىن بۇيرۇق كېلىشى ياكى فۇھرېرنىڭ ئۆلۈمى ئىسپاتلىنىشى ھامان بۇ ۋەسىيەتنامىنىڭ دۇنياغا ئېلان قىلىنىشى" كېرەكلىكى بىلدۈرۈلگەن ئىدى.

ئېۋا چۈشكە يېقىن ئاندىن ئورنىدىن تۇردى. بىر مۇھاپىزەتچى كىرىپ بەكلا ئەدەپ بىلەن "خانىم!" دەپ چاقىرىۋىدى، ئۇمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ بۇنىدىن كېيىن مېنى ھىتلېر خانىم دەپ چاقىرىۋېرىڭ، دەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىن خىزمەتچى قىزى لىبىسىلىنى چاقىرىپ نىكاھ ئۈزۈكى بىلەن ئۇيقا كىيىمىنى يېقىن دوستى ھېرتا شنىيدېرغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى تاپىلايدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغىمۇ خاتىرە ئۈچۈن بىر تال ئۈزۈكنى سوۋغا قىلىدۇ. سەل تۇرغاندىن كېيىن ئۇ ياخشى كۆرىدىغان يەنە بىر كۈلرەڭ تۈلكە تېرىسى پەلتوسىنى تراۋدلغا سوۋغا قىلىدۇ. "مەن ئەزەلدىن ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ياخشى كىيىنىپ يۈرىشىنى ياخشى كۆرەتتىم" دەيدۇ. ئاندىن ئۇ، "ئېلىڭ بۇنى، بۇ پەلتويۇمنى كۆڭۈللۈك كۈنلەردە كېيگەيسىز" دەيدۇ. تراۋدل بۇ سوۋغىنى ئېلىپ قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بۇنداق بىر پەلتونى كېيىۋېلىپ بېرلىندىن قانداقمۇ قېچىپ چىقالارمەن دەپ ئويلايدۇ.

بۇ مۇداپىيە ئىستىھكامى ئىچىدە كىشىلەر ئۇزۇندىن بېرى مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇش، تاماكا چېكىشتىن باشقا قىلغىدەك تۈزۈك بىر ئىشىمۇ يوق ئىدى. بۇ كۈنلەردە ھەتتا ئەۋادىن تارتىپ ھەممەيلەن تاماكا چېكىشنى يوشۇرمايدىغان بولىدۇ. فۇھرېرمۇ بۇ يەردىكى تاما ئىسىغا پەرۋا قىلماس ھالغا كەلگەندەك كۆرۈنەتتى. كېيىن ئۇ، چۈشتىن كېيىن سائەت 6 بولغاندا، ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن خىزمەتچىسىنى كىتاپخانىسىغا چاقىرتىدۇ. بۇ كىتاپخانا مېھمانسارىيى بىلەن قىزغۇچ ئالتۇن ھەل بېرىلگەن تۇرنا گۈللۈك مەخمەل پەردە بىلەن ئايرىلغان ئىدى. ئۇ ئاۋال ئۇنىڭغا ۋېنكىنىڭ بۇ يەرگىچە يېتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئاندىن، پەۋقۇلئاددە بىرەر مۆجىزە كۆرۈلمەيدىغانلا بولىدىكەن، ئايالى ئىككىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشقا تەييار بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ ئامموني سىيانىد كاپسولىلىرىنى ئەتراپىدىكىلەرگە بىرەردىن تارقىتىپ بېرىدۇ. ئاندىن ئىككى كاتىپقىزغا، ۋىدالىشىش سوۋغىسى قاتارىدا بۇنداق بىر سوۋغات ھەققەتەنمۇ قالتىس بىر سوۋغا بولدى-دە! دەيدۇ. ئۇ قىزلارنىڭ جاسارىتىنى يەنە بىر قېتىم ماختاپ كېتىدۇ. گېيوبېلس، ۋاقىت ئۇزارغانسىرى بۇ دورىنىڭ كۈچى يوقىلىپ كېتەرمۇ، دەيدۇ. ھىتلېرمۇ شۇنداق ئويلىماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ گۇمانى سەل باشقىچە بولۇپ،

ئەجبا بۇ دورىنى ۋەتەن خائىنى ھېملېر كەلتۈرگەن بولمىسۇن يەنە، دەپ گۇمانىدا قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، يېڭىدىن كەلگەن تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى لۇدۋىگ ستۇمپفېگگېرنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭدىن دورىنىڭ تەسىرىنى سورايدۇ. دوختۇر ئۇنىڭغا بولمىسا ئاۋال ھىتلېرنىڭ سۆيۈملۈك ئىتى بلونديغا بۇ دورىنى سىناق قىلىپ باقايلى دەيدۇ. ھىتلېر ماقۇل بولىدۇ. كېيىن ئۇ تۆيۈقسىزلا ستۇمپفېگگېرنىڭمۇ بىر ئېس-ئېس ئىكەنلىكىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ، خىزمەتچىلەردىن بىرسىنى ئاكوپنىڭ سىرتىدىن باشقا بىر دوختۇر تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇيدۇ. كەلگەن دوختۇر ساداقەتلىك بىلەن دورا كاپسۇلىنى ئىتنىڭ ئاغزىغا سېلىپ چايىنىتىدۇ. ئىتنىڭ شۇ ھامان جېنى چىققانلىقىنى كۆرگەن ھىتلېر بۇنىڭدىن قاتتىق خوشال بولۇپ كېتىدۇ.

شۇ ئاخشىمى، يەنە بىر خەۋەر كېلىدۇ: مۇسسولىنى بىلەن ئۇنىڭ ئاشنىسى ئىتالىيە پارتىزانلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۆلۈكىنىڭ مىلانىدىكى بىر ماي ئىسكىلاتى ئالدىغا يۆتىدىن ئېسىپ قويۇلغان. "ئۆلۈكۈمنىمۇ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك! _ دەيدۇ ھىتلېر، _ ئۆلگىنىمدىن كېيىن، جەسىدىمنى يوقىتىۋېتىڭلار، ئۇلار ئۆلۈكۈمنى ھەرگىزمۇ تاپالمايدىغان بولىشى كېرەك!" ئىتالىيەدىن كەلگەن بۇ خەۋەر ھىتلېرنى قاتتىق مەيۈسلەندۈرگەن ئىدى. ئەگەر ئۇ ئېس-ئېس گېنېرالى ۋولفنىڭ تېخى يېقىندا ئىتالىيەدە تۇرۇۋاتقان بارلىق نېمىس ئارمىيىسىنى مەخپى تۈردە ئىتتىپاقداشلارغا تاپشۇرۇپ ئۇلارغا تەسلىم بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپسا ئىدى، ئۇنىڭ ئازاپلىنىشى چوقۇم تېخىمۇ كۈچەيگەن بولاتتى.

شۇ كۈنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق باش قوشۇش يىغىنىدا گېنېرال ۋېيدلىڭ بېرلىن شەھىرىدىكى كوچا ئۇرۇشى ئەھۋالى ئۈستىدە دوكلات بېرىپ كېلىپ، كۈرەشنىڭ بەكلا پاجىئەلىك بولىۋاتقانلىقىنى، بۇنداق ئۇرۇشۇشتىن قىلچە ئۈمىد قالمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ، قولىدا بىر پارچە جەڭ مەيدانى خەۋىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ ئېغىر بېسىق بىر ھالدا مۇنداق دەيدۇ: قىسىملىرىمىزنىڭ ئوق-دورىسى ۋە يېمەك-ئىچمىكى پۈتتۈنلەي تۈگىدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ قولىدىكى ئۇرۇش خەۋەرلىرىدە ۋېنكنىڭ دەرھال بېرلىنغا ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىدەك بەكلا غەلىتە ھەر تۈرلۈك قاراشلار ئوتتۇرغا قويۇلغان. گېنېرال بۇ گەپلەرنى تەنقىت قىلىپ، قىسملار بۇنچىلىك ئاخماقلىق ھالىغا كېلىپ قالغان ئەمەس. بۇ تۈردىكى ئالدامچىلىقلار ئۇلارنىڭ ئازابىنى ئېغىرلاشتۇرۇشتىن باشقا ھېچقانداق بىر مەنىگە ئىگە ئەمەس، دەيدۇ. ئەمما گېببېلس دەرھال ۋېيدلىڭنى ئەيىپلەپ، ئۇنىڭ مەغلۇبىيەتچىلىك روھىنى تەرغىپ قىلىۋاتىدۇ دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، قايتىدىن تالاش-تارتىش پارتلاپ كېتىدۇ. بورمان ئوتتۇرلۇقتا ياراشتۇرۇشقا تىرىشىپ، گېنېرال گېپىنى

تــۋگەتكىچە ھەر ئىككــى تەرەپنــى ئېغىــر بىســىق بولۇشــقا ئۈندەيــدۇ. دوكلاتنىــى ئاخىرلاشتۇرغان ۋېيدلىك، بۇ ئۇرۇش بىر سوتكا ئىچىدە چوقۇم ئاخىرلىششى مۇمكىن دەپ پەرىزىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ.

بــۇ گەپــتىن ھەممەيــلەن ھەيــران بــولغىنىچە جىمىــپلا كېتىشــىدۇ. ھىتلېــر، بــاش مىنىســتىرلىك مەھكىمىســى رايونىنىــڭ قۇماندانىــدىن روھســىز بىــر قىيــاپەتتە ســورايدۇ: سىزنىڭچە، ئەھۋال راستىنلا شۇنداقمۇ؟ قۇماندانمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق، بــۇ دىگەنلىــرى تــوغرا، دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. بۇ چاغدا ۋېيدلىڭ يەنە بىر قېتىم قورشاۋنى بۆسۇپ چىقىش تەلىپىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. ھىتلېر خەرىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ تەقدىرگە بوي سۇنغان بىر قىياپەتتە، چەتئەل رادىئولىرىنىڭ خەۋەرلىرىگە ئاساسلىنىپ قىسىملىرىنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ، مىنىڭ قول ئاستىمدىكى قۇماندانلىرىم ماڭا خەۋەر يوللاشتىن ۋاز كەچكەنىدەك، بۇيرۇقلىرىمغىمۇ ھېچكىم قۇلاق سالماپتۇ؛ شۇڭا، ھەر قانداق بىر ئىشتىن ئۈمىد قىلىشنىڭ ئورنى قالماپتۇ، دەيدۇ.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ھەممەيلەن بىلەن ۋىدالىشىۋاتقىنىدا، ۋېيدلىڭ ئۇنىڭدىن ئوق-دورىلىرىمىز پۈتۈنلەي تۈگەپ كەتمىگەن ھازىرقى شارائىتتا، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېز قارارىمىزنى ئۆزگەرتكىنىمىز دۇرۇس دەپ يالۋۇرۇپ كۆرىدۇ. ھىتلېر كرېبلغا قاراپ بىر نىمىلەر دەپ پىچىرلىغاندىن كېيىن ۋېيدلىڭغا: "ئاز بىر قىسىم كىشى قورشاۋنى بۆسۇپ چىقسا مەيلى" دىگەن بولسىمۇ، ھەرگىز تەسلىم بول بولماڭلار دەپ قوشۇپ قويىدۇ. ۋېيدلىڭ چىقىپ كېتىۋېتىپ، ھىتلېر نىمە دىمەكچى؟ ئاز بىر قىسىم كىشىنىڭ مۇھاسىرىنى بۆسۇپ چىقىشى دىمەك تەسلىم بولۇش دىگەنلىك ئەمەسمىدى؟ دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزىدۇ. شۇڭا دەرھال بىر قانچە كوماندىرغا تېلېگرامما يوللاپ، ئۇلارنى ئەتە چۈشتىن بۇرۇن بىندلېر كوچىسىغا كېلىپ يىغىلىششىنى بۇيرۇيدۇ.

تــۈن يېرىمــدىن ئۆتكەنــدە، ھىتلېــر تامــاق ســارىيىدا 20 دەك ئوفىتســېر ۋە ئايــال كــاتىپلىرى بىــلەن ۋىدالىشــىدۇ. ئۇنىــڭ كــۆزلىرى ياشــاڭغىراپ تــۇراتتى. جيــۇڭ، ئۇنىــڭ يىراقلارغا تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ھەممەيلەن ئۇنى ئۇزۇتۇش ئۈچۈن قاتار تىزىلغان ئىدى. ھىتلېر ئۇلار بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ چىقىدۇ. ئاندىن ئايلانما پەلەمپەيدىن تۇۋەنگە چۈشۈپ ياتىقىغا كىرىپ كېتىدۇ. ئىستىھكام ئىچىدە، ئوفىتسېر-ئەسكەر ئوتتۇرسىدىكى ئىنتىزام چەكلىمىلىرى پۈتۈنلەي يوقالغان، ئالى دەرىجىلىك قۇماندانلار بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار قىزغىن بىر قىياپەتتە ئەركىن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئەسكەرلەر بىلەن مۇھاپىزەتچىلەر غىزالىنىدىغان زالدا كىشىلەر ئۆزلىكىدىنلا تانسىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. بەكلا ۋاراڭ-چۇرۇڭ بولۇپ كەتكەچكە،

بورمـان دۆنتزغـا يوللىمـاقچى بولغـان تېلېگرامىسـىنى يازالمـاي قالغاچقـا، ئۇنـىڭ بىـر ئادىيۇتانتى كېلىپ كۆپچىلىك، ئـاۋازىڭلارنى پەسـەيتىڭلار دەپ ئويناۋاتقانلارغا ۋارقىرايـدۇ. بورمـان بـۇ تېلېگرامىسـىدا قـاتتىق غەزەپلەنـگەن ھالـدا، بـۇ يەرگە يوللىنىۋاتقـان بـارلىق تېلېگـراممىلار كېيىتېـل تەرىپىـدىن چەكلەنمەكـتە يـاكى بۇرمىلىنىـپ ئـۆزگەرتىلمەكتە ئىكەنلىكىـدىن شـىكايەت قىلىـپ، دۆنتزنـى "قىلـچە رەھىـم قىلمـاي بـارلىق ۋەتەن ساتقۇچلارغا قارشى دەرھال جەڭگە ئاتلىنىش" كېرەكلىكىنى بۇيرۇق قىلىدۇ.

10

30-ئاپرېل چۈشكە يېقىن بىر ۋاقىتتا، سوۋېت قوشـۇنلىرى ھايۋانـات باغچىسـىنى ئىگەللىۋالىدۇ. دوكلاتقا قارىغاندا دۈشمەن قىسىملىرى ھـاۋا مـۇداپىيە يەر ئاسـتى ئاكوپىغـا بىرلا كوچا قالغىچە بولغا ئارىلىققا يېتىپ كەلگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇ خەۋەرنـىڭ ھىتلېـر ئۈستىدە بىرەر ئەكس تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى. چۈشـلۈك تاماققـا كىرگەن ۋاقىتىدا، ئۇ، خۇددى يېقىنلىرى بىلەن بىرگە بولغان ۋاقىتلىرىدىكىدەك ئىككى ئايال كاتىبى ھەمدە ئاشپىزى بىلەن بىر ئاز مۇڭدىشىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بەكلا نورمـال كۆرۈنەتتى. ئەگەر ئۇنىڭدا بىرەر پەرق كۆرۈلدى دېيىلسە، ئۇنىڭ باشقا ۋاقىتلارغا قارىغانـدا بەكـرەك تىنجىـپ قېلىشـىلا ئـىدى. تراۋدلنـىڭ قارىشـىچە، "بـۇ ئەسـلىدە تەغـدىرگە بـاش ئەگـكەن، تەبىئىـي كۆرۈنۈشـكە ئىرىشـقان بىـر ۋەزىـيەت ئاسـتىدىكى بىـر قېتىملىـق ئۆلـۈم ئالدىدىكى زىياپەت دېيىشكىلا بولاتتى."

ئەمما بۇ كۈن ھەرگىزمۇ كۆرۈنگىنىدەك ئۇنداق ئادەتتىكىچە بىر كـۈن ئەمەس ئـىدى. بۇ ئۈچ نەپەر ئايال ئۆيدىن چىقىشى بىلەن تەڭ، ھىتلېـر ئـۇلارنى قايتـا چاقىرتىـپ كىرىـدۇ. ئۇلار بىلەن بىرگە بورمان، گېـوبېلس ئەر-خوتـۇن ھەمـدە يەنە بىـر قـانچە كىشـىمۇ كىرىـپ كېلىدۇ. ئۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ بەك دۈمچىيىپ قالغـان ئـىدى. شـۇڭا ئـۇ ئـېگىلگەن ھالدا ئېيۋا بىلەن بىرگە ياتىقىدىن چىقىـدۇ. ئېـۋا ئەڭ ياخشـى كۆرىـدىغان قـارا كـۆڭلىكىنى كەيگەن؛ چاچلىرىمۇ ئالاھىدە رەتلىك تارالغان ئىدى. ھىتلېر كىرگەنلەر بىلەن بىر-بىرلەپ قول سىقىشىپ كۆرۈشۈپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى ئۆڭگەن، كۆزلىرىمۇ ياشـاڭغىراپ تـۇراتتى. ئۇ قـول ئېلىشـىپ تراۋدلنـىڭ ئالـدىغا كەلگىنـىدە، ئۇنىڭغا تىكىلىـپ قارىغانـدەك قىلسـىمۇ خۇددى ھېچ نېمىنى كۆرمىگەندەكلا قارايتتى. ئۇ بىر نېملەر دەپ دۇدۇقلىغاندەك قىلسـىمۇ ھېچ نېمىنى ئۇققىلى بولمـايتتى. تراۋدل ھۆلـۈققىنىچە ئۆيـدىكىلەرنى پۈتـۈنلەي ئۇنۇتقـان ھالدا قىمىرمۇ قىلماي تۇراتتى. ئېۋا ھىتلېر، پاجىئەلىك شـەكىلدە كۆلۈمسـىرىگىنىچە ئـۇنى

باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ، "كېيىن مېنىڭ ئۈچۈن مېيونخېنغا سالام ئېيتىڭ" دەيدۇ.

ھىتلېر گۇنشنى بىر چەتكە تارتىپ، مەن ئايالىم بىلەن بىرگە ئۆزىمىزنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا قارار قىلدۇق؛ جەسەدىمىزنى كۆيدۈرۈۋېتىشىڭنى تىلەيمەن، دەيدۇ. "ئۆلگىنىمدىن كېيىن ئۇرۇسلارنىڭ جەسەدىمنى مومىيالاپ سازايى قىلىشىنى پەقەتلا خالىمايمەن" دەپ چۈشەندۈرىدۇ. گۇنش شۇ ھامان ئاكوپتىكى كېمپكاغا تېلېفون قىلىپ مەڭا دەرھال ئىچكىدەك بىر نېمە تەييارلاپ تۇرغىن، مەن ھازىرلا يېنىڭغا بارىمەن، دەيدۇ. كېمپكا ئەھۋالنىڭ سەل باشقىچە ئىكەنلىكىنى پەرق قىلغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى بۇ كۈنلەردە ھېچكىم ئۇنىڭدىن ھاراق سوراپ ئىچىش خىيالىدا بولۇپ باقمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ دەرھال بىر بوتۇلكا كونياك تېپىپ گۇنشنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. تېلېفون جىرىڭلايدۇ. ئۇ تېلېفوننى ئېلىۋىدى، قارشى تەرەپتىن يەنە شۇ گۇنشنىڭ ئاۋازى كېلىدۇ. "ماڭا 200 لېتر بېنزىن كېرەك، دەرھال تەييارلا" دەيدۇ، ئۇنىڭ ئاۋازى غەلىتە ئاڭلىناتتى. كېمپكا ئۇنى چاخچاق قىلىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلاپ، بۇنچىۋالا بېنزىننى نېمە قىلماقچىسەن؟ دەپ سورايدۇ.

گۇنش بۇنىڭ سەۋەبىنى تېلېفوندا دېيىشنى ئەپسىز كۆرۈپ، ئۇنىڭغا "بېنزىننى تېپىپ دەرھال فۇھرېرنىڭ ئاكوپقا كىرىش ئېغىزىغا كەلتۈرگىن. چوقۇم كەلتۈرگىن!" دەپ ئالاھىدە جېكىلەيدۇ. كېمپكا ئۇنىڭغا، قالغان 40 مىڭ لېتىردەك بېنزىننىڭ ھەممىسىلا ھايۋانات باغچىسىنىڭ ئاستىدا كۆمۈكلۈك، باغچىمۇ شىددەتلىك توپقا تۇتۇلماقتا، توپقا تۇتۇش سائەت 5 تە ئاندىن تىنجىشى مۇمكىن" دەيدۇ. "بولمايدۇ، مېنىڭ بىر سائەتمۇ كۈتكىدەك ۋاقتىم يوق. بولمىسا مىجىلىپ كەتكەن ماشىنىلارنىڭ باكىغا قاراپ باق، شۇ يەردىن بولسىمۇ يىغىپ كەل" دەيدۇ.

ھىتلېر، ئۆزىنىڭ شۇنچە ئۇزۇن يىللىق شەخسى لېيوتچىكى بولۇپ خىزمەت قىلغان ئايروپىلان پىلوتى بىلەن ۋىدالىشىش ۋاقتىدا قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ ئىككىسى قوللىرىنى چىڭ سىقىشىدۇ. باۋۇر ئۇنى ئارگېنتىنا ياكى ياپونىيەگە قېچىپ كېتىشىنى، ھېچ بولمىغاندا قايسى بىر ئەرەپ دۆلىتىگە قېچىپ كېتىشىگە ئۈندەپ باقىدۇ. بولۇپمۇ يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرغانلىقى سەۋەبىدىن، ئەرەپلەرنىڭ سادىق ۋە جەسسۇر دوستى ھېسابلىناتتى. ئەمما بۇ ئۈندەشلەرگە ھىتلېر قۇلاق سالمايدۇ. "كىشى قىلغان ئىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى قورقماي كۆكرەك كېرىپ چىقىشى كېرەك، شۇڭا مەن مۇشۇ يەردە ھاياتىمنى ئاخىرلاشتۇرماقچىمەن. شۇنداق، ئەتە مىليونلىغان ئادەم مېنى تىللاپ كېتىشى مۇمكىن. ئامال قانچە، تەغدىرىم شۇنداق ئوخشايدۇ. – ئۇ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلگىنى ئۈچۈن باۋۇرغا رەخمەت ئېيتىدۇ. ئاندىن بەكلا ياخشى

كۆرۈدىغان ئۇلۇغ ئىمپراتور فرېدېرىخنىڭ رەسىمىنى ئۇنىڭغا سوغات قىلىدۇ، _ مەن بۇ رەسىمنىڭ يوقۇلۇپ كېتىشىنى ھەرگىز خالىمايمەن. بۇ رەسىم كەلگۈسىدە بىر خاتىرە بولۇپ ساقلىنىپ قالسۇن. بۇ رەسىمنىڭ تارىخى ئەھمىيىتى بەكلا يوقۇرى" دەيدۇ.

باۋۇر، ئەگەر رۇخسەت قىلسىڭىز بۇ رەسىمنى قايسى بىر مۇزېيگە ياكى بىرەر رەسساملار ئاكادېمىيىسىگە سوۋغا قىلىشىمنى قوبۇل قىلسىڭىز ئاندىن مەن بۇ سوۋغىتىڭىزنى قوبۇل قىلالايمەن، دەيدۇ. ئەمما ھىتلېر ئۇنىڭغا، بۇ رەسىمنى مەن ساڭا سوۋغا قىلدىم، دەيدۇ. ئاندىن ئۇ مىيىقىدا كۈلگىنىچە، بۇرۇن بۇ رەسىمنى بىر شىتاپتىن يەنە بىر شىتاپقا كۆتۈرۈپ توشۇپ يۈرگىنىڭدە بەكلا زېرىكىپ غۇدۇڭشۇپ يۈرمىگەنمىدىڭ، دەپ چاخچاق قىلغاچ باۋۇرنىڭ قولىنى چىڭ سىقىدۇ. "باۋۇر، مەن ئۇلارنىڭ قەۋرە تېشىغا 'بۇ ئادەم ئۆز قوماندانلىرى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلدى!' دەپ يېزىلىشىنى ئۈمىد قىلالاتتىم" دەيدۇ ئازاپلانغان ھالدا.

ياتاق ئۆيىدە ھىتلېر ئەر-خوتۇن ئىككىسى دىۋانغا يۆلەنگىنىچە ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدە ھەر دائىم فرېدېرىخنىڭ رەسىمى ئېسىغلىق تۇرىدىغان يەر بوش كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاۋال ئۆلگۈالغىنى ئېۋا بولىدۇ. ئۇ زەھەر ئىچىپ ئۆلىدۇ. چۈشتىن كېيىن سائەت 3 تىن 30 مىنۇت ئۆتكەن بىر ۋاقىتتا، ھىتلېر 7.65 مىللىمېترلىق ۋالتېر تىپلىق تاپانچىسىنى قولىغا ئالىدۇ (كېلى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغىنىدىمۇ مۇشۇ ۋالتېر تاپانچىسىنى ئىشلەتكەن ئىدى. ئېۋامۇ مۇشۇ خىل تاپانچا بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا ئۇرۇنغان ئىدى). بۇ تاپانچىنى ھىتلېر ئۇزۇن يىللاردىن بېرى يېنىدا ئېلىپ يۈرگەن ئىدى: پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، ئەنە شۇ تاپانچا بىلەن قىزىل گۋاردىيچىلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆزىنى قوغدىغان؛ 1923-يىلى، بۈرگېربراۋكېللېر پىۋىخانا ئېسىيانى مەزگىلىدىمۇ يەنە مۇشۇ تاپانچا بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن شىپقا ئوق چىقارغان ئىدى. بىر مۇنچە قېتىم مىجەزى بۇزۇلغان مەزگىللەردە يەنە شۇ تاپانچىسى بىلەن ئۆزىنى ئېتىۋالىدىغانلىقى بىلەن باشقىلارنى قورقۇتقان ئىدى. ئەمما بۇ قېتىم، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئېتىۋېلىش نىيىتى ھەرگىزمۇ تەھدىت سېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي راست ئىدى. ئالدىدىكى بىر رامكىدا ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ ياش ۋاقتىدىكى رەسىمى تۇراتتى. ھىتلېر، تاپانچىسىنى ئوڭ چېكىسىگە تىرەيدۇ ۋە تەپكىسىنى بېسىۋېتىدۇ.

تراۋدل، گېوبېلسىنىڭ باللىرىنى بۇ ۋاقىتتا ھىتلېرلار بار قەۋەتكە چۈشۈپ كەتمىسۇن دەپ ئۇلارغا چۆچەك ئېيتىپ تۇتۇپ تۇرغان ئىدى. نەم ئاكوپتىن بىر پاي ئوق ئاۋازى ياڭرايدۇ. كىچىك ھېلمۇت دۈشمەن توپ ئوقى پارتىلىدى دەپ قالدى بولغاي، ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ "نەق جايىغا تەككۈزدى!" دەپ ۋارقىراپمۇ ئۈلگۈرىدۇ. يىغىن زالىدا،

گېوبېلس، بورمان، ئاكسمان ھەمدە گۈنشلار ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ سەل تۇرىۋالغاندىن كېيىن، گېوبېلسنىڭ كەينىدىن فۇھرېرنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كېلىدۇ. گۈنش، فۇھرېرنىڭ بېشى تۆۋەنگە ساڭگىلاپ پاكار بىر ئۈستەل ئۈستىگە قىڭغايغىنىچە يېتىپ قالغانلىقىنى؛ ئۇنىڭ سول تەرىپىدە ئېۋا كرىسلوۋغا يېقىلىپ ئاغزى چىڭ يۇمۇلغان ھالدایاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. ئېۋا ئامموني سىيانىد چاينىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرى سەل قىزىرىپ قالغان ئىدى. ئىشتىنىمۇ ھۆل بولۇپ، قان ئەمەس ئىدى. بەلكىم فۇھرېر ئۆزىنى ئېتىۋالغىنىدا قىڭغىيىپ يىقىلغىنىدا ئۈستەلدىكى سۇ بانكىسىنى ئۆرىۋېتىپ ئېۋانىڭ ئىشتىنىنى ھۆل قىلىۋەتكەن بولىشى ئېھتىمال ئىدى. گۈنش ئوڭ-سولى يوق قاتتىق چۆچىگەن بىر قىياپەتتە ئالدراش يىغىن زالىغا قايتىپ چىقىشىدا كېمپكاغا دوقۇرۇشۇپ قالىدۇ.

"ئاھ تەڭرىم، ئوتتو، نېمە ئىش بولغان ئىدى! سەن ماڭا بىرىپ 200 لىتر بېنزىن تېپىپ كەل دەپ مېنى ئۆلۈمگە يوللىغىلى قىل قالدىڭ، ساراڭمۇ سەن!" دەيدۇ ھىتلېرنىڭ شوپۇرى كېمپكا. بىرەرسى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ گۈنش ئۇنى ئىتتىرگىنىچە كىيىم ئۆيىگە كىرگۈزۈپ ئىشىكنى ئېلىپ قويىدۇ. ئاندىن ھىتلېرنىڭ ياتىقىغا ئىچىلىدىغان ئىشىكنىمۇ يېپىپ، بۇرۇلۇپ كېمپكاغا قاراپ چەكچىيىدۇ: "فۇھرېر ئۆلدى!"

كېمپكانىڭ ئەقلىگە كەلگىنى، ھىتلېر چوقۇم يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ ئۆلگەن بولسا كېرەك دەپ ئويلاش بولدى. گۈنش گەپمۇ قىلالماي قالىدۇ. ئۇ ھىتلېرنىڭ ئوڭ چېكىسىگە ئېتىپ ئۆلىۋالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇ دوستىغا قولىنى تاپانچە شەكلىگە كەلتۈرۈپ ئاغزىغا توغرىلاپ ئىشارەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالاقزادىلىك ئىچىدە قىلغان بۇ ئىشارىتى تۆپەيلىدىن تا بۇگۈنگىچە نۇرغۇن كىشلەر ھىتلېر ئازىغا تاپانچىسىنى سېلىپ ئۆزىنى ئېتىۋالغان دەپ يۈرۈشمەكتە.

"ئۇنداقتا ئېۋا نەدە؟"

گۈنش ئۇنىڭغا ھىتلېرنىڭ ياتىقىنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىدۇ. مىڭ تەستە ئەسلىگە كېلىپ، "ئۇمۇ بىرگە كەتتى" دەيدۇ. گۈنش كېكەشلەپ يۈرۈپ بىر قانچە مىنۇت ۋاقىت سەرىپ قىلىپلا مىڭ تەستە بولغان ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرالايدۇ.

بۇ چاغدا ئۇرۇسلارنىڭ قايتا بومباردىمانى باشلىنىپ، توپ ئوقلىرى خارابىلىك ئىچىدە كەينى-كەينىدىن پارتلاشقا باشلايدۇ. باش مىنىستىرلىك قورۇسى ئۆرۈلگەن تاملاردىن چېچىرىغان خىش-كېسەك پارچىلىرىغا لىق تولغان، ئېگىز بىنالارنىڭ تاملىرى سىرىلىپ يىقىلماقتا ئىدى. بىر ھازا پارتلاشتىن كېيىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ توزاڭدىن كېيىن كېمپكا فۇھرېرنىڭ جەسىدى ئاكوپقا كىرىش ئېغىزىدىن 10 غېرىچ يىراقتا ياتاتتى. ئۇنىڭ

بىر پۈتى يوقۇرىغا قاراپ تۈگۈلۈپ قالغان، ئۇنىڭ پۈتى تۈۋەنگە پۈكۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ قىياپىتى ئۇنىڭ ئۆزۈن يوللۇق ئاپتوموبىل سەپىرىدە ماشىنىدا ئولتۇرۇش قىياپىتىگە بەكلا ئوخشايتتى.

كېمپكا بىلەن گۈنش ئىككىسى، ئېۋانىڭ جەسىدىنى ھىتلېرنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ياتقۇزىدۇ. تۇيۇقسىز تېخمۇ كۈچلۈك بومباردىمان باشلىنىپ، ئۇلار ئىككىسى قايتىدىن ئاكوپ كىرىش ئېغىزىغا قېچىپ بېرىۋېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. كېپكا ئەتراپىنى بىر قانچە مىنۇت كۆزىتىپ تۇرغاندىن كېيىن، بېنزىن باكىدىن بىرنى ئېلىپ ئۇ ئىككى جەسەتنىڭ يېنىغا يۈگۈرگىنىچە بېرىپ ھىتلېرنىڭ سول بىلىكىنى يېنىغا قويۇپ تۈزەشتۈرىدۇ. بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ قىلىشنى خالىمايدىغان بىر ۋەزىپە ئىدى. ئۇ ھەر قانچە ئۇرۇنۇپمۇ فۈھرېرنىڭ ئۇستىگە بېنزىن تۆكۈشكە كۆڭلى قىيمايدۇ. بۇ ئارىدا قاياقتىندۇر بىر تەرەپتىن شامال ئۇرۇپ ھىتلېرنىڭ چاچلىرىنى ئۇچۇرۇپ چۇۋۇيتىدۇ. كېمپكا يەنىلا بېنزىن باكىنىڭ ئاغزىنى بۇراپ ئېچىشقا كىرىشىدۇ. دەل شۇ پەيتتە يەنە بىر سىنارىيەت كېلىپ پارتلاپ خىش پارچىلىرى يامغۇردەك توزۇپ ئۇنىڭمۇ ئۇستىگە چاچراپ كېلىشكە باشلايدۇ. ھەتتا چاچراپ كەلگەن بىر پارچە خىش ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدىن ۋىڭىلداپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئامالسىز يەنە بىر قېتىم تۇشۇك ئاغزىغا قېچىپ كېلىۋالىدۇ.

گۈنش، كېمپكا ۋە لىنگ ئۈچىسى كىرىش ئېغىزىدا تۈگۈلگىنىچە توپ ئېتىشلارنىڭ بېسىقىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. توپ ئېتىشلار سەل تىنجىغاندىن كېيىن، ئۇ ئۈچەيلەن قايتىدىن جەسەتلەرنىڭ يېنىغا يۈگۈرگىنىچە بارىدۇ. كېمپكانىڭ پۈتۈن بەدىنى غالىلداپ تىترەپ تۇراتتى. ئۇ جەسەتلەر ئۇستىگە بېنزىن تۆكۈۋاتقاچ "مەن فۈھرېرىم ئۇستىگە بېنزىن چېچېشقا ھەققىم يوق تۇرۇغلۇق يەنە بۇ ئىشنى قىلىۋاتىمەن" دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ يەنە لىنگ بىلەن گۈنشىنىڭ چىرايىدىن ئۇلارمۇ بېنزىن تۆكۈۋېتىپ تۇرۇپ ئۆزىگە ئوخشاش ئويلاۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىدۇ. ھاۋا مۇداپىيە ئىستىھكامىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا گېبېلس، بورمان ۋە دوختۇر ستۇمپفېگگېرلەر ئالدىدىكى بۇ قورقۇنۇشلۇق مەنزىرىنى كۆزەتكەچ ۋەھىمە ئىچىدە قېلىشقان ئىدى.

جەسەتلەرنىڭ كىيىملىرى پۈتۈنلەي ھۆل بولۇپ جەسەتكە چاپلىشىپ قاتتىق شامالمۇ ئۇلارنى ئۇچۇرالماس بولىدۇ. بۇ چاغدا قايتىدىن توپقا تۇتۇش باشلىنىپ كېتىدۇ. ئەمما بېنزىن تۆكۈش تاكى جەسەتلەر بېنزىن ئىچىگە چىلاشقىچە توختىماي داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. گۈنش يېنىدىكىلەرگە گىرانات تاشلاپ بېنزىننى تۇتاشتۇرساق قانداق دەپ مەسلىھەت قىلىۋىدى، بۇنىڭغا كېمپكا ئۇنىمايدۇ. ئۇ كىرىش ئېغىزىدىكى ئوت ئۆچۈرۈش تۇربىسىنىڭ يېنىدىكى پارچە-پۇرات لاتا پارچىلىرىغا كۆزى چۈشۈپ ئۇلارنى ئېلىپ كەل دەپ گۈنشكە

ئىشارەت قىلىدۇ. گۆنش ئۇ لاتىلارنى ئېلىپ بېنزىنغا مىلايدۇ.

گيوبېلس كېمپكاغا بىر قاپ سەرەڭگە سۇنىدۇ. ئۇمۇ سەرەڭگە يېقىپ لاتىنى تۇتاشتۇرۇپ جەسەت ئۈستىگە چۆرۈۋېتىدۇ. جەسەتلەر شۇ ھامات كۆچلۈك ئوت يالقۇنى ئاستىدا قېلىپ ئاسمانغا مەدەك شەكىلدە قويۇق ئىس-تۈتەك كۆتۈرۈلۈپ كۆيۈشكە باشلايدۇ. گەرچە بۇ ئوت يالقۇنى پۈتۈن شەھەرنى قاپلىغان ئوت يالقۇنى ئالدىدا ھېچ نېمىگە ئەرزىمەس كىچىك بىر ئوت يالقۇنىدەك كۆرۈنسىمۇ، كۆرگەن كىشىلەرنى ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق ئۈچىتىدىغان بىر ئوت يالقۇنى ئىدى. بۇ يالقۇن ئالدىدا كىشىلەر چۆچىگەن ھالدا ئوت يالقۇنىنىڭ ئادولف بىلەن ئېۋا ئىككىسىنى يۇتۇپ كېتىشىنى كۆزىتىدۇ. گۆنش بىلەن كېمپكا ئىككىسى قايتا كىرىش ئېغىزىغا كېلىۋالىدۇ. ئۇلار قايتا بېنزىن ئېلىپ جەسەت ئۈستىگە تۆكۈشكە كىرىشىدۇ. شۇندىن كېيىنكى 3 سائەت ئىچىدە ئۇلار يېنىۋاتقان جەسەت ئۈستىگە بېنزىن تۆكۈشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

گۆنشنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلۇشۇپ بېشى قېيىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ سەندۈرلىگىنىچە ئاكوپقا قايتىپ كىرىدۇ. ئۇ ئاكوپنىڭ ئۈستى قەۋىتىدە تراۋدلنىڭ يېنىغا بىر شىشە ستېيىنخاگېر براندا تىكلەپ قويۇپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇمۇ كېلىپ بىر رومكا قۇيۇپ ئىچىدۇ. گۆنشنىڭ قوللىرى ھېلىغىچە تىترەشتىن توختىمىغان ئىدى. "مەن فۈھرېرىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتىنى ئورۇنداپ كىردىم. ــ دەيدۇ بوش ئاۋازدا، ــ ئۇنىڭ جەسىدى كۆيدۈرۈۋېتىلدى." بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان تراۋدل ئۈن چىقارمايدۇ. نېمە دېيىشى كېرەك؟ گۆنش قايتىدىن چىقىپ جەسەتلەرنىڭ كۆيۈش ئەھۋالىنى كۆزىتىشكە چىقىپ كەتكىنىدە، ئۇمۇ چىدىيالماي ھىتلېرنىڭ ياتىقىنى كۆرۈپ بېقىشنى خىيال قىلىپ بېرىپ ياتاق ئالدىغا كېلىدۇ. ياتاق ئىشىكى ئوچۇق ئىدى. كىرسلو يېنىدىكى پولدا زەھەر قاچىلىنىدىغان مىس ئامپۇل تۇراتتى. مۇنداق قارىماققا ئۇ بىر قورۇق گىرىم قۇتىسىغىلا ئوخشايتتى. كىرسلونىڭ ئوڭ تەرىپىدە قان كۆرۈندى. بۇ ھىتلېرنىڭ قېنى ئىدى. بىر تۆمۈر كىيىم ئاسقىدا ھىتلېرنىڭ ئىت باغلاش تاسمىسى بىلەن ئۇنىڭ كۆلرەڭ پەلتوسى ئېسىغلىق ئىدى. ئۈستىدە يەنە ھىتلېرنىڭ ئالتۇن ھەللىك پارتىيە گىربى قادالغان شەپكىسى بىلەن يۇمشاق جەرەن تېرىسى پەلىيىمۇ ئېسىغلىق ئىدى. تراۋدل ھىتلېرنىڭ بۇ پەلىيىنى خاتىرە ئۈچۈن ئېلىۋېلىشنى، ھېچ بولمىغاندا بىر پېيىنى بولسىمۇ ئېلىۋېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بىر نەرسە ئۇنى توختىتىپ قويىدۇ. ئۇ ئىشكاپتا ئېسىغلىق كۆلرەڭ تۈلكە تېرىسى پەلتوغا كۆزى چۈشىدۇ. بۇ پەلتو ئېۋانىڭ ئۇنىڭغا سوغا قىلغان پەلتوسىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. تراۋدىل بۇ سوغىنى ئېلىشنى خالىمىغان ئىدى. ئۇنى نېمە قىلاتتىم؟ ماڭا ھازىر كېرەك بولغىنى كىچىك بىر كاپسول زەھەر!

گۈنش كېيىن ئەسلەپ كېلىپ، شۇكۈنى ئاخشىمى، ھىتلېر بىلەن ئېۋا ئىككىسىنىڭ كۆللىرىنى بىر پارچە كاناپقا سوپۇرۇپ ئېلىپ، ئاكوپقا كىرىش ئېغىزىنىڭ يېنىدىكى بىر بومبا پارتلاپ ئۇيۇلۇپ قالغان ئورەككە تاشلىدى، «ئۈستىگە توپا تىندۇرۇپ دەسسەپ پالاخلاپ چىڭدىۋەتكەنلىكىنى» ئېيتىدۇ.

ھىتلېرنىڭ جەسەت كۆلى ئارختېكتور گېبېلسنىڭ يولىيورۇق بەرگىنىدەك مېيونخېنغا ئەمەس، بەلكى مەغلۇپ بولغان خارابىلىققا كۆمۈلگەن ئىدى («مەن شۇ يەردە تۇغۇلدۇم، شۇ يەردە ھەرىكەت باشلىدىم، شۇڭا قەلبىممۇ شۇ يەردە» دەيتتى). ئەسلىدە ئۇنىڭ كۆلى كۆمۈلۈش ۋاقتىدا چوقۇم باشقىلارمۇ شاھىت بولۇشى لازىم ئىدى. يەنى بالدۇر ۋون شىراخىنىڭ فۆھرېرنىڭ نۇتۇقلىرىدىن تۈزگەن شېئىرىدە ئېيتىلغاندەك:

> ھۆرمەت قاراۋۇللىرى قاتار-قاتار تىزىلغان،
> قاتار كەتكەن كۆلرەڭ ئۇنفورمىلىق جەڭچىلەر،
> چەكسىز ئۇزىراپ تىزىلغان.
> قار-يانغۇرلۇق شۇرىغاندا تارقىلىپ كېتىۋاتىدۇ تارقىلىپ، ...
> بەلكىم ئۇلار مېنى تاشلىۋەتتى،
> تىكەندەك يالغۇز ھالسىراپ كەتسەممۇ،
> ھامان بايرىقىمنى پەرۋاز قىلدۇرىمەن!
> كۆلۈمسىرىگەن لەۋلىرىم، بەلكىم ئەسەبىلەرچە ۋارقىرىشى مۇمكىن،
> پەقەت يېقىلغىنىمدىلا بايرىقىم قولدىن چۈشىدۇ،
> ۋە كېپەن بولۇپ ئۈستۈمنى ئۆرتەيدۇ!

دېگەندەك ئۇنىڭ بايرىقىمۇ ئۇ يىقىلغان يەردە يىقىلغان ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆلگىنى مىللەتچى سوتسىيالىزم بىلەن مىڭ يىل ياشىنىدىغان ئۈچىنچى ئىمپىرىيەسى ئىدى. ئۇنىڭ سەۋەبىدىن، ئۇنىڭ ئەك سۆيىدىغان گېرمانىيەمۇ خارابىلىق ئىچىگە كۆمۈلگەن ئىدى.

ئۇنىڭ ھاياتىغا كۈچ بەرگەن تۈرتكە – يەھۇدىيلارغا بولغان ئۆچمەنلىك بىلەن يەھۇدىي ۋەھىمىسىمۇ بىرلىكتە تۈزۈلۈپ يوقىلىدۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئەك چوڭ مازاق قىلىنىش بولغان ئىدى. ئەسلىدە ئۇ 6 مىليون يەھۇدىينى يوق قىلىش ھەمدە بۇنىڭ بەدىلىگە دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىشنى ئارزۇلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشى بىر يەھۇدىي دۆلىتىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى.

# ئاخىرقى سۆز

## 1

بۈگۈنكى كۈندە، ھىتلېرنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تەڭ مىللەتچى سوتسىيالىزمنىڭمۇ تۇيۇقسىزلا تولۇق ئاخىرلاشقانلىقىغا پۈتۈن دۇنيا خەلقى بەكلا ھەيران.بۇ ئەقىدە، بىردىن-بىر ۋە ھەقىقەتەنمۇ داھىسى بولۇشقا تېگىشلىك كىشىسىدىن ئايرىلىشى ھامان خۇددى سوپۇن كۆپۈكىنىڭ يېرىلىپ يوقاپ كەتكىنىدەك پۈتۈنلەي يوقاپ كەتتى. ئۇنىڭ تەلۋىلەرچە ئەگەشكۈچىلىرى ئارىسىدىنمۇ ھىتلېرنىڭ ئۇزۇن سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئويلايدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. قارىسا كىشىنى ئۈركۈتىدىغان “ئالپس تاغلىرىدىكى ئۇنىڭ قورغىنى” ئەسلىدە پۈتۈنلەي خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەنىدۇق. بۇرۇن بىزگە 20-ئەسىرنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ ۋەھىمىلىك بولۇپ بىلىنگەن سىياسىي قۇۋۋەتمۇ بىر كېچىدىلا پۈتۈنلەي توزۇپ يوقاپ كەتتى. ناپولېئون ئۆلگىنىدىن كېيىن ھېچ بىر يىتەكچى ئۆلگىنىدىن كېيىن ئۇنىڭ سىياسىي كۈچىمۇ بۇنىدەك پاك-پاكىزە تازىلانغان ئەمەس.

گېرمانىيەنىڭ بۇ داھىسى ئۆلگەن بولسىمۇ يەنىلا كىشىلەر ئارىسىدا تىنىماي تالاش-تارتىشلارغا سەۋەب بولىدىغان سىھىرلىك بىرسى بولۇپ داۋام قىلماقتا. گەرچە ھىتلېرنىڭ جەسىدىنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى تۈگىمىگەن بولسىمۇ، ئاكوپ ئىچىدە ھەر تەرەپتىن گەپ تارقىلىشقا باشلايدۇ: “ھىتلېر ياشلار ئىتتىپاقى” نىڭ رەھبىرىدىن بىرى بولغان ئاكسمان، بىر قىسىم جەسەت كۈلىنى كۆپتىن بىرىگە ئېلىپ يولىيورۇققا ئاساسەن بېرلىن شەھەر سىرتىدا بىر يەرگە يەرلىككە قويۇپتىدەك، دېگەندەك گەپلەر تارقىلىپ يۈرمەكتە ئىدى. بەزى نېمىسلار ھىتلېرنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەرگە پەقەتلا ئىشەنمەيدۇ. ئالايلۇق، فېگېلەيىننىڭ ئاتا-ئانىسى ئامېرىكىلىق بىر ئىستىخپاراتچىسىغا، ئوغلۇم بىرسىدىن بىر پارچە خەت ئىئەرتىپ، “ھىتلېر ھازىر ئارگېنتىنادا، ھەممە ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك كېتىۋاتىدۇ” دەپ يازغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ستالىنمۇ بۇ خەۋەرگە بەك ئىشىنىپ كېتەلمىگەنلەردىن ئىدى. ئۇ خارربي خوپكىنسقا، مېنىڭچە ھىتلېرنىڭ ئۆلگەنلىكى “گۇمانلىق”، ئۇ چوقۇم قېچىپ كەتتى، ئۇ چوقۇم بورمان بىلەن بىرلىكتە بىر

يەرلەردە ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن بولىشى مۇمكىن دەپ ئېيتقان ئىدى. تا 1968-يىلىغا كەلگىچە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ تارىخى ئەنە شۇنداق يېزىلغان ئىدى. 1968-يىلى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئاخبارات مۇخبىرى بولغان لېف بېزىيمېنسكى دېگەن بىرسى بىر پارچە كىتاپ نەشرى قىلدۇردۇ. بۇ كىتابتا، ئۇرۇسلار 1945-يىلى 4-ماي كۈنى هاۋا مۇداپىيە ئىستىهكامىنىڭ سىرتىدا ئادولف هىتلېر بىلەن ئېۋا هىتلېرنىڭ جەسىدىنى تاپقانلىقىنى ئاشكارىلايدۇ. بېزىيمېنسكى، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئەدلىيە قانۇن كومىتېتىنىڭ جەسەت تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئىسپات قىلىپ كىتابىغا كىرگۈزگەن. بۇ دوكلاتتا، هىتلېرنىڭ ئاغزىدا ئەينەك زەهەر كاپسۇلىنىڭ پارچىلىرى تېپىلغانلىقىنى، بېشىدا ئوق ئىزى يوقلىقىنى ئېيتىدۇ. يەنى، سوۋېتلىكلەر مۇجمەل بىر شەكىلدە هىتلېر خۇددى بىر قورقۇنچاقتەك ئۆلگەنلىكىنى كۆرستىپ ئۆتكەن. بۇ دوكلاتتا يەنە هىتلېرنىڭ بىر ساقىسى يوقلىقىنمۇ يازغان. بۇنداق بىر يەكۈنى، هىتلېرغا بەدەن تەكشۈرۈشى قىلغان 3 نەپەر دوختۇر ئۇنىڭ جىنسى ئورگانلىرىنىڭ نورمال ئىكەنلىكىنى ئېيتقان بولىشىغا قارىماي بەزى تارىخ پسىخولوگلىرى توختىماي پايدىلىنىدۇ. سوۋېتلېر ئىتتىپاقىدا، ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنلا بۇ مەسىلە ئاشكارىلانغانلىقى ئۈچۈن كىشلەردە بۇ هەقتە بەكلا كۆپ گۇمانلىنىشلارنى پەيدا قىلىۋېتىدۇ. تەپسىلى يېزىلغان بۇ دوكلات گەرچە 5 نەپەر پاتولوگ بىلەن قانۇن دوختۇرلىرى تەرىپىدىن ئىمزالىنىپ ماقۇللانغان بولسىمۇ، بۇ دوكلات بەربىر هىتلېرنىڭ جەسىدى دەپ تارتىلغان رەسىمگە قاراپلا چىقىرىلغان خۇلاسە ئىدى. بېزىيمېنسكىنىڭ ئۆزىمۇ، جەسەت "پۈتۈنلەي كۆيۈپ بولغانلىقىنى، كۈلىمۇ هاۋاغا چېچىۋېتىلگەنلىكىنى" ئېتىراپ قىلغان.

بۇنىڭدىن گۇمانلانغۇچىلار شۇنى چۈشەنمىگەنكى، هىتلېرنىڭ جەسىدى تېپىلغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ستالىن 1945-يىلى هىتلېرنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى توغرىلىق يەنە نېمە ئۈچۈن يالغان گەپ تارقىتىپ يۈرگەندەك؟ بۇنىڭغا قارىتا بېزىيمېنسكى مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: ئۇلار پەقەتلا قايىل بولمىغان. بېزىيمېنسكى مۇنداق دەيدۇ: "ئالدى بىلەن، هۆكۈمەت دائىرىلىرى جەسەت تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئېلان قىلماسلىق توغرىلىق قارار قوبۇل قىلغان بولۇپ، بۇ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ۋاقتى كەلگەندە، يەنى بىرەرسى ئوتتۇرىغا چىقىپ 'فۈهرېر سىرلىق بىر شەكىلدە قۇتۇلۇپ قالغان' دېگەن يالغان گەپلەر ئوتتۇرىغا چىققان ۋاقىتدا يەنە پايدىلانماقچى بولغان. يەنە بىر سەۋەپ، خاتا خۇلاسە چىقىرىلىش ساقلىنىش ياكى مەخسۇس كىشىلەرنى ئالداش ئېهتىمالىدىن ساقلىنىش مەقسىتىدە داۋاملىق تەكشۈرۈلىدىغانلىقى باهانە قىلغان بولىشى مۇمكىن." ئۇنىڭ دېگەن بۇ باهانىسىنىڭ هەر ئىككىسىلا جەسەتنىڭ قانداق يوق قىلىنغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش

تۇرماق، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ نىمشقا 23 يىل ئۆتكەندە ئاندىن ئېلان قىلىنغانلىقىنى زادىلا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى. جەسەتتىن ئېلىنغان قادالغان چىشنىڭ رەسمى ئىزچىل تۈردە ئارخىپلاردا ساقلانغان بولۇپ، بۇ ئارخىپلارنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە بولاتتى. 1972-يىلى، كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى لوس-ئانگىلس شۆبىسىنىڭ چىش بۆلۈمى قانۇن دوختۇرلۇقتا مۇتەخەسسىس بولغان دوكتور رېيدار سوگناس، بۇ چىشلار 1943-يىلى رېنتگېن نۇرى بىلەن ھىتلېرنىڭ باش قىسىم ئىسكىلېتىنىڭ رەسىمنى تارتقان ۋاقتىدىكى رەسىمدىكى چىشلارغا پۈتۈنلەي ئوخشايدىغانلىقىنى پەرق قىلغان. ئېدىنبۇرگتا چاقىرىلغان 6-نۆۋەتلىك خەلقارالىق قانۇنشۇناسلىق قۇرۇلتىيىدا دوختۇر سوگناس سۆزگە چىقىپ، بۇ پولاتتەك پاكىت شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، ھىتلېرنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن قىلچە گۇمان يوق. سوۋېتلىكلەرنىڭ جەسەت تەكشۈرۈش خۇلاسىسى ھەقىقەتەنمۇ ھىتلېرگە ئائىت جەسەتتىن چىقىرىلغان خۇلاسە، دەيدۇ. ئۇنىداقتا ھىتلېرنىڭ ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلتۈرىۋالغانلىقىنىڭ دەلىلى نەگە كەتتى؟ ئوق ئىزى يوقلۇقنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان باش سۆڭىكىمۇ يوق قىلىنغان. شۇنىڭدەك يەنە ھىتلېرنىڭ كالپۇكلىرىنىڭ ئامونىي سىيانىد ئىچكەنلىكى سەۋەبىدىن كۆكىرىپ كېتىشىنى مۇداپىيە ئاكوپى ئىچىدىكىلەردىن ھېچ كىم كۆرمىگەن. شۇنىڭدەك يەردە پەقەت بىرلا قۇرۇق زەھەر كاپسولى تېپىلغانلىقىمۇ راست ئىدى.

ئەمما گىيوبېلسىنىڭ ئۆلگەنلىكى ئۇنچىۋالا سىھىرلىكلەشتۈرۈلمىدى. 1-ماي كۈنى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن سۆلھي قىلىش ئۇرۇنۇشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغاندىن كېيىن، گىيوبېلس ئاديۇتانتى گۈنتەر شۋاگېرمانغا "ھەممە ئىش ئاخىرلاشتى" دېگەن. ئاندىن ئۇ ھىتلېرنىڭ كۆمۈش رامكىلىق بىر رەسىمنى شۋاگېرمانغا تۇتقۇزۇپ ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالاشقان. گىيوبېلس خانىمى 6 بالىسىنى ئۇيغاتقان: "باللىرىم، قورقماڭلار، دوختۇر سىلەرگە خۇددى ئەسكەرلەر بىلەن باللارغا سالىدىغان ئوكۇلغا ئوخشاش سىلەرگىمۇ ئوكۇل قىلىدۇ" دېگەن ۋە كۈنز ئىسىملىك بىر دوختۇر ھەر بىر بالىغا بىردىن مورفىن ئوكۇلى سېلىپ ئۇلارنى ئېغىر ئۇيقۇغا پاتتۇرغاندىن كېيىن، گىيوبېلس خانىمى ئۆز قولى بىلەن ھەر بىر بالىسىنىڭ ئاغزىغا بىر تالدىن كالىي سىيانىد قاچىلانغان ئەينەك كاپسۇل سېلىپ ئەزگەن.

مۇداپىيە ئاكوپىدىكى قالغان كىشىلەر، بۇ يەردىن قېچىپ چىقىشىنىڭ ئاخىرقى يولىيورۇقنى ئاڭلايدۇ. ئۇلار 6 گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن ئايرىيدۇ. ئاخشىمى سائەت 9 دا، ئۇلاردىن بىرىنچى گۇرۇپپا ئەڭ يېقىندىكى مېترو (يەرئاستى تۆمۈر يولى) نىڭ كىرىش ئېغىزىغا كىرىپ ئۇ يەردىن تۆمۈريول بويلاپ فرېيدېرىخ كوچىسىدىكى بېكەتكىچە پىيادە ماڭىدىغان، ئاندىن مېترودىن چىقىپ سپرېي دەرياسىدىن ئۆتۈپ

غەرپكە ياكى غەربىي شىمالغا قاراپ غەرب ئىتتىپاقداشلار ئارمىيىنى تاپقىچە ياكى دۆنتىز بىلەن ئۇچراشقىچە ماڭىدىغان بولىدۇ. قالغان بەش گۇرۇپپىنىڭ قېچىش يوللىرى ئوخشاش ئىدى. ئەمما ئۇلار مۇددەتكە بۆلۈنۈپ يولغا چىقىدىغان بولىدۇ. ئۇلاردىن بىر قىسمى ئەسىرگە چۈشكەن بولۇپ، بەكلا ئاز قىسمى ئۆلىدۇ. بۇ قېچىش ھەقىقەتەنمۇ مۇجىزەۋى قېچىش ئىدى.

كېمپكا، ئاخشىمى سائەت 8 دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە گيوبېلسنىڭ يېرىگە ئۇلار بىلەن ۋىدالاشقىلى كىرگىنىدە باللارنىڭ ھەممىسىلا ئۆلۈپ بولغانلىقىنى كۆرگەن. گيوبېلس خانىمى ئۇنىڭدىن ئوغلى خارالدقا سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇشىنى، ئاندىن ئوغلىغا ئائىلىسىدىكەلەرنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشىنى تەلەپ قىلغان. ئاندىن گيوبېلس ئەر-خوتۇن ئىككىسى قولتۇقلاشقىنىچە ئىشىكتىن چىقىدۇ. گيوبېلس بەكلا تەبىئىي بولۇپ، ناۋماننىڭ ساداقەتلىكى بىلەن كەچۈرۈم قىلغانلىقىغا رەخمىتىنى بىلدۈرىدۇ؛ ماگدا ئۇنىڭغا پەقەت بىر قولىنىلا سۇنىدۇ. ناۋمان ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈپ قويىدۇ. گيوبېلس قىزىقچىلىق قىلغان ھالدا "دوستلىرىمىزغا بىزنى كۆتۈرۈپ ئاۋەرە قىلماسلىق ئۈچۈن بىز گۇللۈككە بارغىچە ماڭايلى" دەيدۇ. ناۋمان ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ ۋىدالاشقاندىن كېيىن، گيوبېلس ئايالىنى يېتىلىگىنىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي تار پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈلۈپ كۆرۈنمىگىچە چىقىش ئېغىزىغا قاراپ يولىنى داۋام قىلىدۇ. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئىدى. كەينىدىنلا بىر پاي ئوق ئاۋازى، ئۇلاپلا يەنە بىر پاي ئوق ئاۋازى كېلىدۇ. شۋاگېرمان بىلەن گيوبېلس ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ شوپۇرى بىرلىكتە ئالدىراش پەلەمپەيدىن يوقۇرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇلار گيوبېلس ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ يەردە ياتقانلىقىنى كۆرىدۇ. بىر ئېس-ئېس مۇھاپىزەتچىسى كۆزلىرى چەكچەيگىنىچە ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى - بۇ ئەسكەر ئۇلارغا ئوق چىقارغان ئىكەن. ئۇ كەينىدىن كەلگەن ئىككەيلەن بىلەن بىرلىكتە جەسەت ئۈستىگە 4 بوتۇلكا بېنزىن چېچىپ ئۈستىگە ئوت يېقىۋېتىدۇ. ئۇلار، جەسەت كۆللىرىنىڭ ئىزىنى قالدۇرماي يوق قىلىۋېتىش بۇيرۇقىغا قارىماي، جەسەتلەرنىڭ كۆيۈشىنى كۈتمەستىنلا مۇداپىيە ئاكوپىغا قايتىپ كىرىدۇ. ئۇلار قالغان بىر شىشە بېنزىننى يەغىن زالىغا چېچىپ ئوت ياقىدۇ.

مارتىن بورماننىڭ تەغدىرى غوجايىنىغا قارىغاندا بەكرەك تالاش تارتىش قوزغايدۇ. كىشىلەر ئومۇمەن ئالغاندا بورمان بېرلىندىن قېچىش يولىدا ئوق تېگىپ ئۆلدى دەپ قاراشىدۇ، كېيىن يوق قىلىۋېتىلگەن ئەنگلىيە ۋە ئا ق ش ئىككى دۆلەت مەخپى ئاخبارات ماتېرىياللىدا كۆرسىتىلىشىچە ئۇنىڭ ئىتالىيەنىڭ بولزانو دېگەن يېرىگە قېچىپ كەتكەن بولۇشى ئېھتىمالى بارلىقىنى؛ ئۇنىڭ ئايالى يېنىغا 9 بالىنى ئېلىپ بېرتىشگادېنىدىن قېچىپ

چىقىۋالغاندىن كېيىن شۇ يەردە كۆتۈپ تۇرغان. شۇندىن كېيىنكى 27 يىل جەريانىدا، گېزىت خەۋەرلىرىدە بورماننىڭ ئوتتۇرلۇقتا كۆرۈنگەنلىكى ھەققىدە پات-پاتلا خەۋەرلەر بېسىلىپ تۇردى. بولۇپمۇ ئارگېنتىنادا كۆرۈلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەرلەر يېيىلدى. 1972-يىلىنىڭ يىل ئاخىرلىرىدا، ئامېرىكىلىق يازغۇچى لادىسلاس فاراگو، قولىدا بورماننىڭ ھازىرغىچە ھايات ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان ئىشەنچلىك پاكىتلار بارلىقىنى، ئۇنىڭ ھازىر لاتىن ئامېرىكىسىدا تۇرىۋاتقانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ خەۋەر بىر مەزگىل داغ-دۇغا پەيدا قىلىۋېتىدۇ. بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە بىر قىتىملىق داغ-دۇغا پەيدا بولىدۇ: گېرمانىيە دائىرىلىرى، ئۇلار فۇھرېرنىڭ يەرئاستى ئىستىھكامىنىڭ يېقىنىدا بورماننىڭ جەسىدىنى تاپقانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. ئىلگىرى ھىتلېرنىڭ جەسىدى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان دوختۇر سوگناس، چىشلىرىنى سېلىشتۇرۇپ ئىسپاتلاش ئۈچۈن باش سۆڭىكىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش تەلىۋىدە بولىدۇ. دەسلىۋىدە، ئۇنىڭ بۇ تەلىپى تەستىقلانمىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر بۇ جەسەتنىڭ يالغان جەسەت بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمانلىنىشقا باشلايدۇ. كېيىن، يەنى 1973-يىلى كۈزدە، سوگناس مىڭ تەستە تەكشۈرۈش تەستىقىغا ئېرىشىدۇ. جەسەت ئېچىلىپ 3 ئايدىن كېيىن باش سۆڭىكىدىكى چىشلار بىلەن پىشانە سۆڭىكىنى تەكشۈرىدۇ. دوختۇر سوگناس كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى لوس-ئانگېلىس شۆبىسىگە قايتىپ كېلىپ قانۇن دوختۇرلۇق ئانالىز دوكلاتىنى تەييارلاشقا كىرىشىدۇ. 1974-يىلى، ئۇ لوندوندا چاقىرىلغان "خەلقئارالىق چىش دوختۇرلىرى بىرلەشمىسى دۇنيا قۇرۇلتىيى" غا تەييارلىغان ماتېرىياللىرىنى سۇنىدۇ. ئۇ، بۇ باش سۆڭىكى ھەققەتەنمۇ بورمانغا تەۋە سۆڭەك دەپ خۇلاسە چىقارغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېرنىڭ ئەڭ سادىق مالىيىنىڭ سىرىمۇ ئاخىرقى ھېساپتا ئاشكارىلانغان بولىدۇ.

2

ئاخىرقى كۈنلەرگە كەلگىچىلا ھېيىنرىخ ھىملېر ئېزچىل تۈردە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن بىرەر ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا بىرەر خاتالىق كۆرۈلمەسلىكى ئۈچۈن بەكلا ئېھتىياتلىق ھەرىكەت قىلغان ئىدى. ھىتلېر ئۆلگەندىن كېيىن، شىمالغا قېچىپ كېتىپ، ئۇ يەردە فۇھرېردىن ئۆزىنى گېرمانىيە يېڭى ھاكىمىيىتىنىڭ ئىككىنچى نومۇرلۇق ئادىمى قىلىپ تەيىنلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما دۆنىتز ئۇنىڭغا "بۇ مۇمكىن ئەمەس، مېنىڭ ساڭا بەرگىدەك بىرەر ئىشىم يوق" دەيدۇ. ئۈمىدسىز ھالغا چۈشۈپ قالغان ھىملېر، شۋېرىن ۋون كروسىگكتىن مەسلىھەت سوراشقا

مەجبۇر بولىدۇ: "ئېيتىڭا، سىزچە مەن زادى قانداق بىرى بولىشىم كېرەك؟" دەپ سورايدۇ بۇ يىگىت تاشقى ئىشلار مىنىستىرىدىن. "سىزنىڭ بىلەن باشقا ھەر قانداق بىرسىنىڭ ئاقۋىتىنىڭ قانداق بولىشى مېنى پەقەتلا قىزىقتۇرمايدۇ. – دەپ جاۋاب بېرىدۇ بۇ مىنىستىر ئاچچىق بىلەن، _ مېنى قىزىقتۇرىدىغىنى كىشىلەرنىڭ تەغدىرى ئەمەس بەلكى بىزنىڭ تەغدىرىمىزنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى." كروسگىك ئۇنىڭغا ئىككىلا يول قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ: يا ئۆلتۈرۈلىش يا بولمىسا ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ يوشۇرۇنۇپ يۈرۈش. "ئەگەر مەن سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بولسام، ماشىنامنى ھەيدەپ ئۇدۇل مونتگومېرىينىڭ ئالدىغا باراتتىم-دە، 'مانا مەن ئېس-ئېسلار باشلىقى ھىملېر بولىمەن، مەن قول ئاستىمدىكىلەرنىڭ بارلىق ئىشلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى مانا مەن يالغۇز ئۆز ئۈستۈمگە ئېلىشقا تەييارمەن' دېگەن بولاتتىم" دەيدۇ.

شۇ ئاخشىمى، ھىملېر يېقىن كىشىلىرىگە قىسقىچىلا قىلىپ، يېڭى بىر ۋەزىپىنى ئورۇندىشىمىز كېرەك، بۇ ئىش ئۈچۈن پەقەت بىر قانچىمىز ئاتلىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، دەيدۇ. ئۇ بۇرۇتىنى چۈشۈرۈپ تاشلاپ، كۆزىنىڭ بىرسىنى بىر پارچە لاتا بىلان تېڭىۋالىدۇ. ئىسمىنىمۇ ئۆزگەرتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە 9 نەپەر كىشى يولغا چىققان بولۇپ، بۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ قۇراللىق ئېس-ئېس باش ئاديۇتانتى ۋېرنېر گروتمانمۇ بولىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ۋېرنېر يوشۇرۇنىۋالغان ئىدى. ۋېرنېر گروتمان غوجايىنىنىڭ يېنىغا بىر كاپسول ئاممونىي سىيانىد سېلىپ يۇرگەنلىكى ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇنى ئىچىۋېلىشنى پىلانلاپ يۇرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. شۇڭا ئۇ ھىملېرنى ماڭغىدەك يول قالمىغان كۈنلەردە بۇ زەھەرنى ئىچىپ ئۆلىۋېلىپ مەسئۇلىيەتتىن قېچىشنىڭ پىلانلاپ يۇرگەنلىك، يەنە كېلىپ قول ئاستىدىكى باشقا مەسئۇل كىشىلەرنىڭ بۇنداق بىر يولنى تاللىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلمىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنى ئەيىپلەيدۇ. ۋېرنېر، ئىمپېرىيە ئەمەلدارى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، ھىملېر ئەپەندى، سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز قول ئاستىڭىزدىكى ئوفىتسېر-جەڭچىلەرنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىڭىزگە ئېلىشلا بولۇپ قالماي، يەنە قۇراللىق ئېس-ئېس تەشكىلاتىنىڭ، ئېس-ئېس ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىنىڭ، ۋە شۇنىڭدەك يىغىۋېلىش لاگېرلىرى مۇھاپىزەتچىلەر قىسىملىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئايرىم-ئايرىم تەشكىلاتلار ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئېيان قىلىشىڭىز كېرەك، دەيدۇ. بۇ ەەپلەردىن ھىملېر ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالىدۇ: "مەن زەھەر يېگەندىن كېيىن ياش ئوفىتسېر بولغان سىلەر گېرمانىيەدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى، يەنى مېنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىمنى، قايسىلىرىنى مەن قىلغان ئىشلار ئەمەسلىكى قاتارلىقلارنى دۇنياغا بىلدۈرۈشكىلار مۇمكىن" دەيدۇ. شۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە ئۆتمەي ھىملېر ئەنگلىيە

قوشۇنلىرىغا ئەسىرگە چۈشىدۇ. بىر دوختۇر ئۇنىڭغا ئادەتتىكىچە بەدەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئاغزىدا بىر نەرسە بارلىقىنى پەرق قىلىدۇ. ئۇ دەرھال قولىنى تىقىپ ئۇ نەرسىنى چىقىرىۋالماقچى بولغاندا ھىملېر كاپسولنى چاينىۋېلىپ يۇتىۋالىدۇ-دە، شۇ ھامان جېنى چىقىدۇ. بۇنىڭدەك ئۆلۈۋېلىش ۋەقەلىرى شۇندىن كېيىنمۇ پات-پاتلا يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇنداقلارنىڭ سانىنى پەرەز قىلىشقاندىن بەكلا ئاز ساندا دېيىشكە بولاتتى. بولۇپمۇ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئارىسىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالىدىغانلار يوق دېيەرلىك بولۇپ، پەقەت روببىرت لېي دېگەن بىرسىلا نيۇرېمبېرگ سوتىدا سوتلىنىشىنى كۈتۈپ يۈرگەن مەزگىلدە ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالىدۇ.

نيۇبېرگ سوتىدا ئەڭ جاھىل ئۇنسۇر يەنىلا شۇ گيۆرىڭ ئىدى. ئۇ تۈرمىگە ئېلىپ كېلىنگىنىدە يېنىغا بەكلا كۆپ پارادوسىن تابلېتنى ئېلىپ كىرگەن بولۇپ، ھەر كۈنى 40 دانە ئىچىپ تۇراتتى. ئەمما ئۇ سوتقا چىقىپ شاھىتلىققا تارتىلغىنىدا بۇنداق خۇمار دورىسى ئىچىش ئادىتىنى پۈتۈنلەي تاشلايدۇ. ئېغىرلىقىمۇ يۈزدە قىرىق يەتتىگىللەپ، ئارانلا 153 قاداققا چۈشۈپ قالىدۇ (بىر ياۋروپا قادىقى تەخمىنەن يېرىم كىلوگرامغا تەڭ _ ئۇ.ت). گيۆرىڭ سوت جەريانىدا ئاساسەن يالغۇز بېشىغا قوغدىنىش ئاقلاپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ باشقا ئەيىپلەنگۈچىلەردىن تۈپكى پەرقى، گيۆرىڭ مەسئۇلىيەتنى ھەرگىزمۇ باشقىلار ئۈستىگە ئارتىپ قويمايتتى ياكى بولمىسا ھىتلېرنى قالغان قىلىپ ئۆزىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنمايتتى. ئۇ تۈرمىدىكى مەھبۇسلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ ھەممە ئىشتا ئۇلارغا بۇيرۇق بېرەتتى، ھەممىنىڭ بىرلا ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ ھەرىكەت قىلىپ ئۆزىنى ئاقلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ كامىرىغا قايتقىنىدا قىزغىنلىق بىلەن قوللىرىنى ئۇگىلىغىنىچە مەن ئەسلى ئەڭ ياخشى تىرنىبىرمەن دەپ ماختىناتتى. ئۇ ئۆزىنى ماختىغان ھالدا قارىلىغۇچىلار بىلەن مەيداندىكىلەر بىلەن قاتتىق مۇنازىرىلىشىپ كېتەتتى. ئەگەر بىرەر قارىلانغۇچى ئۇنىڭغا قارشى چىققىدەك ياكى بويۇن ئەگكىدەكلا بولىدىكەن، بۇنداق ئۈمىدسىزلىك ئەھۋاللاردا گيۆرىڭ دەرھال ئاتاكىغا ئۆتۈپ ئۇنداقلارغا تەھدىت قىلىپ تىللىغىنىچە ئېغىز ئاچالماس قىلىۋېتەتتى. "نېمىسلارنىڭ دۈشمەنگە روھىنى سېتىۋېتىشىنى كۆرسەملا ئۇنداقلاردىن يىرگىنىپ كېتىمەن!" دەيدۇ بىر قېتىملىق چۈشلۈك تاماق ئۈستىدە، ئۇ بۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ غەزەپتىن ئۈستەلنى مۇشلاپ ۋارقىراپ كېتىدۇ: "ئاناڭنى ... مەن ھەممەيلەندىن جاسارەت بىلەن ئۆزىمىزنى ئاقلاش سۆزىنى مۇنداق ئىككى ئېغىز سۆزگە يىغىنچاقلىشىنى تەلەپ قىلىمەن: 'سۇڭگۇمنى يالا!'

22 نەپەر ئاساسلىق قارىلانغۇچىلاردىن پەقەت 3 نەپىرىگىلا (شاچىت، پاپېن ۋە فرىتزىش ئۈچىسىگىلا) گۇناھسىز دەپ ھۆكۈم چىقىرىلىپ، 8 نەپىرىگە ئۇزۇن يىللىق قاماق

جازاسى ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ؛ قالغانلارنىڭ ھەممىسىلا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. 1946-يىلى 15-يانىۋار ئاخشىمى سائەت 10 دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە، گېۆرىڭ ئۇستىلىق بىلەن بىر كاپسول ئامۇنىي سىيانىدنى قولغا كىرگۈزۈپ ئىچىپ ئۆلۈۋېلىپ جاللاتنىڭ قولىدىن قۇتۇلىۋالىدۇ. ئىككى سائەتتىن كېيىن ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىش ئىشى باشلىنىدۇ. بىرىنچى بولۇپ دار ئاستىغا چىقىدىغان 13 باسماقلىق پەلەمپەيگە قاراپ يۈرگىنى رىببېنتروپ ئىدى. "تەڭرى گېرمانىيەنى ساقلىغاي! – دەپ ۋارقىرايدۇ رىببېنتروپ دار ئاستىدا، _ مېنىڭ ئۈمىدىم گېرمانىيىنىڭ پارچىلانماي بىر پۈتۈن ھالىدا قېلىشى، بۇ ھەقتە غەرپ ۋە شەرقلىقلەرنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن" دەيدۇ. ئۇ، پەقەت نيۇرېنبېرگدىلا نۇرغۇنلىغان مۇنازىرە تەلەپ قىلىنمايدىغان پاكىتلارنى كۆرگەنسىدىن كېيىنلا ئاندىن مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن يەھۇدىينىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە ئىشەنگەنلىكىنى، ھىتلېر ئۇنىڭغا قايتا-قايتا بىز يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىمىز دەپ ئېيتقانلىقىغا ئىشەنگەنلىكىنى دەپ كېلىپ، "مەن ئىشىنىڭ بۇ دەرىجىگىچە تەرەققىي قىلىپ بارىدىغانلىقىنى ئۇخلاپ چۈشۈمدىمۇ ئويلىمىغان ئىكەنمەن!" دەيدۇ ئا ق ش پىسخولوگى گ. م. گىلبېرتقا.

ئىككىنچى بولۇپ دار ئاستىغا ماڭغىنى كېيتېل ئىدى. بىر قانچە مىنۇت ئاۋال پوپ ئۇنىڭغا ئەڭ ئاخىرقى دۇئاسىنى ئوقۇۋاتقىنىدا ئۇ چىدىيالماي يىغلاپ تاشلىغان ئىدى. مانا ئەندى، ئۇ جاسارىتىنى تىكلىگەن بولۇپ، "مەن ھەممىگە قادىر تەڭرىمنىڭ گېرمانىيە خەلقىنى ئەپۇ قىلىشىنى تىلەيمەن. ھەممە گېرمانىيە ئۈچۈن! رەخمەت سىلەرگە! – دەيدۇ. ئۇ بۇرۇلۇپ بايىقى ئامېرىكىلىق پوپقا "مەن سىزگە ۋە سىزنى بۇ يەرگە يوللىغان خەلققە چىن قەلبىمدىن رەخمەت ئېيتىمەن" دەيدۇ. بۇ چاغدا، جاللاتلىققا تاللانغان سېرژانت جون ۋودس ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن تاقەتسىزلىنىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ ئاغامچىنى كېيتېلنىڭ بوينىغا ئۆتكۈزۈپ بېشىنى قارا لاتا بىلەن يۆركەيدۇ. ئەڭ ئاخىرقى پەيتتە بۇ قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى "گېرمانىيە تەڭداشسىز!" دەپ توۋلايدۇ. سوت جەريانىدا كېيتېل يالغۇز قالغىنىدا گىلبېرتقا ئۆزىنىڭ ھىتلېر تەرىپىدىن سېتىۋېتىلگەنلىكىنى ئېيتىپ كېلىپ، "ئەگەر ئۇ پۈتۈن يالغانچىلىقلارنى ئىشقا سېلىپ بىزنى ئالداپ يۈرمىگەن بولسا ئىدى، بىزنى ئاخماق قىلىپ يۈرمىگەن بولسا ئىدى، بىزمۇ بۇنداق خامخىياللار ئىچىدە ئۇرۇش قىلمىغان بولاتتۇق!" دېگەن.

3

قاتتىق داۋالغۇچلار ئىچىدە ئۆتكەن ئاخىرقى كۈندە، بەكلا كۆپ ھىتلېرغا سادىق كىشىلەر ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدۇ: 4 نەپەر كاتىپى؛ ئىككى نەپەر ئەڭ مەغرۇر ئارخىتېكتور بولغان سپېر بىلەن گېيسلېر؛ لىيۇتچىكى باۋۇر؛ شوپۇرى كېمپكا؛ خىزمەتچىسى لىنگ؛ ئوغۇرلۇقچە دەستىخاندا يۇشۇرۇنۇقچە سۆزلىرىنى خاتىرلەپ كەلگەن ھېيىم بىلەن كوييېن ئىككىسى؛ ئايالىنىڭ يېقىن دوستى شىنېيدېر خانىم؛ ئۇنىڭ غۇرۇرلىنىدىغان جەڭچىسى سكورزېنىي بىلەن رۇدېل؛ ئۇنىڭ ئەڭ ھۆرمەت قىلىدىغان ئايال تۇنۇشلىرىدىن لېنى رېيفېنستاھل، گېردىي تروست ۋە ھېلېنا خانفستانگل قاتارلىق ئۈچ نەپەر ئايال قاتارلىقلار ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇ.

ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن ئادىيۇتانتى بىلەن بىر مۇنچە ئوفىتسېرى جېنىنى ساقلاپ قېلىش بىلەنلا قالماي، يەنە مەردانىلارچە سۆزلەپ ياشاپ كېلىدۇ. بۇنداقلاردىن پۇتكامېر، ئېنگەل، بەلوۋ، ۋۈنش، شۇلز ۋە گۈنشلەرنى كۆرستىپ ئۆتۈش مۇمكىن. گۈنش، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن شەرقى گېرمانىيەدە 12 يىل قاماقتا ياشىغاندىن كېيىن غەربىي گېرمانىيەگە كېلىۋالدۇ. ئۇ قايتىپ كېلىپ ياشلارنىڭ ساقال قويۇپ ئۇزۇن چىشلىق بولىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن. "قەدىرلىك دوستۇم، _ دەيدۇ شۇلز ئۇنىڭغا، _ بىز ئۇرۇشتا يېڭىلگەن ئىدۇق، مانا ئەندى ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. بۈگۈنكى ياشلار بىز ياشىغان دەۋرنىڭ ياشلىرىغا پەقەتلا ئوخشىمايدىغان بولۇپ ئۆزگىرەپ كېتىپتۇ." دەيدۇ. شۇڭا ئۇ گۈنشنى رىياللىققا قايتۇرۇپ كېلەلىشى ئۈچۈن ئۇنى بىرگخوفقا باشلاپ بارىدۇ. ئۇ يەردىكى بىنا 1945-يىلى 4-مايدىلا ئېس-ئېسچىلار تەرىپىدىن كۆيدۈرۈلۈپ تۈپتۈز قىلىۋېتىلگەن ئىدى. قالغان خارابىلىقنىمۇ ئامېرىكىلىقلار تازىلاپ تۈزلىۋەتكەن ئىكەن. ھەممە ئۆزگىرىپ كەتكەن، ھەتتا بۇ بىناغا چىقىدىغان كۆپ پەلەمپەيلىك يارمۇ پەرق قىلغۇسىز بولۇپ ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئىككەيلەن بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ يۈرگىنىدە شۇلزنىڭ ئايالى ئۇ ئىككىسىنى رەسىمگە تارتىپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەيران بولغان قىياپىتى شۇنداق قىلىپ رەسىمگە تارتىلىپ ساقلىنىپ قالدۇ. بۇنداق ئىپادىنى سۆز بىلەن تەسۋىرلەش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ رەسىم، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشىنىپ كەلگەن ئادىمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاقىۋىتىنى تولۇق كۆرستىپ بېرەتتى. يىگىرمىنچى ئەسىر تارىخىدىكى ئەڭ داڭلىق ئادەم، بەكلا ئاز بىر قىسىم سادىق مۇرتلىرىدىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭ ئۈچۈن مەيۈسلەنمىگەندەك بولۇپ ئاللىمۇ قاچان يەر يۈزىدىن يوقالغان ئىدى.

تۈگىدى

# قوشۇمچە-1

## ئاپتور توغرىسىدا

جون تولاند، 1912-يىلى ۋىسكونسىن شىتاتىدا تۇغۇلغان ئامېرىكىلىق داڭلىق يازغۇچى ۋە تارىخشۇناس. تولاند ئەسكەر بولۇپ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ياش ۋاقتلىرىدا ئۇ بىر تارىخچى بولىدىغانلىقىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەن بولۇپ، پۈتۈن خىيالى برودۋېي تىياتىر يازغۇچىسى بولۇشلا ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا تىياتىر ئىجادىيىتى كەسپىنى ئوقۇيدۇ. ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، چامادانىنى كۆتۈرۈپ پۈتكۈل ئامېرىكىنى كېزىدۇ. 42 ياشقا كىرگىچە تولاند كەسپىي جەھەتتە بەك ئۇتتۇقلۇق بىر يازغۇچى ھېسابلانمايتتى، مەمۇرى خىزمەتلەردىمۇ بەك ئېتىبارغا ئېرىشەلمىگەن، پەقەت ئادەتتىكىلا بىر ئوفىتسېر بولالىغان، ئائىلە تۇرمۇشىمۇ ئوڭۇشلۇق ھېسابلانمىغان بىرى ئىدى. 1954-يىلى يېقىنلىرى ئۇنىڭغا ھاۋا كېمىسى (ئۇچار بالون كېمە، شار كېمە، دىرىژابىل) ھەققىدە بىر كىتاب يېزىپ چىققىش مەسلىھەتىنى بېرىدۇ. ئۇمۇ ھاۋا ئارمىيىسىدە ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا ئورناتقان مۇناسىۋەتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇچار كېمە دەۋرىدە بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى زىيارەت قىلىپ كۆپلىگەن بىرىنچى قول ماتېرىياللارغا ئېرىشىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭ «ئاسمان كېمىسى» دېگەن كىتابى، ئۇنى بىراقلا شۆھرەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

بۇ كىتابنى يېزىشتىن بۇرۇن ئۇ 120 پارچە ھېكايە، 25 پارچە سەھنە ئەسىرى ۋە 5 پارچە رومان يازغان بولۇپ، بۇلاردىن بىر قانچە قىسقا ھېكايىلىرىلا بېسىلىپ، قالغان ئەسەرلىرى ھېچ كىمنى قىزىقتۇرالمىغان ئىدى. ئۇ، شوھرەت تاپتۇرغان ھاۋا كېمىسى ھەققىدىكى كىتابىدىن كېيىن ئۆز قابىلىيىتىنى تونۇپ يېتىدۇ. تولاند، شۇندىن باشلاپ ئۆزىنى تارىخقا بېغىشلايدۇ.

تولاند شۇندىن كېيىن روناق تېپىپ، بۇ يىرىك ئەسىرىدىن باشقا يەنە «پورل خاربور ۋەقەسى ۋە ئاقىۋىتى»، «ياپونىيە ئىشغالى»، «ياپون ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشى»، «ئامېرىكىلىقلار نەزىرىدە كورىيە ئۇرۇشى» دېگەندەك يىرىك ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىدۇ. بۇ ئەسەرلىرى ئىچىدە «ياپون ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشى» دېگەن كىتابى 1971-يىللىق پۇلىتزېر ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. تولاند، ياخشى بىر تارىخ كىتابى "ھاياتلىق

تارىخى بولىشى كېرەك" دەپ قارايتتى. ئۆسمۈرلۈك ۋاقىتلىرىدا، پورتېر بروئۇن ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بىر مەزگىل تۇرغان ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا بروئۇن كىچىك تولاندىنى يېتىلەپ يېقىندىكى بىر گوۋېرناتور تىياتىرخانىسىغا بېرىپ كىنو كۆرۈپ كېلەتتى. ھەر قېتىم يېڭى كۆرۈۋاتقان كىنو يېرىملاشقاندا، بروئۇن تولاندىنى يېتىلگىنىچە كىنوخانىدىن چىقىپ قايتىپ كېتەتتى. ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئىككىسى ئولتۇرۇپ بايىقى كىنونىڭ ئاخىرىنى يېزىش سىنىقىغا تۇتۇش قىلاتتى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە ئۇلار كىنونىڭ ئاخىرى قانداق پۈتكەنلىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن يەنە شۇ كىنونى كۆرگىلى باراتتى. ئەمما ئۇلار ھەر قېتىمدا كۆرگەن كىنوسىغا قارىغاندا ئۆزلىرى ئۆزگەرتىپ يازغان كىنونىڭ ئاخىرى تېخىمۇ قىزىقارلىق بولۇپ پۈتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. تولاند بۇ ئىشلار ھەققىدە كېيىنچە ئەسلەپ كېلىپ، بروئۇننىڭ ئۇنىڭغا ھەممىدىن كۈچلۈك تەسىر قىلغان سۆزى، "سەن نېمىلا يازماقچى بولىدىكەنسەن، ۋەقەلىكنى قەلىمىڭدا سۆزلەتمەي رەسمى ۋەقە رولىنى ئويناپ بەرگەن بولىشىڭ كېرەك" دېگەن سۆزلىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ گەپنى تولاند، "ئەگەر بىرەر نەرسە يازماقچى بولىدىكەنسەن، ئۇنى ئۆز قارىشىڭ بويىچە بايان قىلماي، ئۇنى بىر ۋەقەلىك، ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگەن بىر ۋەقەلىك دەپ تونۇپ ئويناپ كۆرسىتىشىڭ كېرەك. ئەنە شۇ چاغدىلا جانلىق تارىخ يازالىغان بولىسەن" دەپ چۈشىنىدۇ. مانا بۇ، تولاندنىڭ يېزىقچىلىقتا ئەمەل قىلىدىغان تۈپكى پىرىنسىپى ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ يازغان تارىخ كىتابلىرى زېرىكىشلىك تەسۋىرلەر بىلەن يېزىلىدىغان ئەنئەنىۋى تارىخ يېزىش ئۇسلۇبىنىڭ ئەكسىچە ئىنتايىن قىزىقارلىق ۋەقەلىكلەر ۋە دىئالوگلار بىلەن تولغان جانلىق بىر تارىخ مۇھىتى تەسىرى بېرىپ كىتابخانلارنى تارىخ ئىچىگە چۆكۈپ كېتىشىنى ئاررزۇ قىلاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۆزىگە خاس ئىجادىي ئالاھىدىلىكلەرگە ۋە مول بەدىئىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ چىقىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، ئۇنىڭ ھەر بىر ئەسىرى دۇنياغا كېلىشى بىلەن، جامائەتچىلىك ئارىسىدا قىزغىن داغ-دۇغا پەيدا قىلىپ كەلدى.

تولاندنىڭ كىتابلىرى ئەنئەنىۋى تارىخ ماتېرىياللىرىغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەنلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى، ئەينى ۋاقىتدا ياشىغان كىشىلەرنى زىيارەت قىلىشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. تولاند، كىتابىدا بىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى كىتاپخانلار بىلەن ئورتاقلىششقا ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ «كۈرەش: تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىسىملىرىنىڭ ھېكايىسى» دېگەن ئەسەرنى يېزىش ئۈچۈن ئامېرىكا گېنېرالى كلارك، گېرمانىيە گېنېرالى لورد مانتېر، رىۋايەتكە ئايلانغان تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئەترىتىنىڭ كوماندىرى سكرېنى، ... ۋە شۇنىڭدەك 400 دىن ئارتۇق ئۇرۇشتىن ساق چىققان ئەسكەر، 75 نەپەر ئۇرۇشنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن پۇخرا قاتارلىقلارنى زىيارەت قىلىپ چىققان. ئۇ ماتېرىيال

توپلاش مەقسىتىدە ئىلگىرى-ئاخىرى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، بېلگىيە، ئىسپانىيە ۋە ليۇكسېمبۇرگ قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ يۈزمىڭ مىل، يەنى 160 مىڭ كىلومېتىر يول باسقان، بۇ جەرياندا پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ئىشخانىلىرىنى، ئامېرىكا دۆلەت ئارخىپخانىلىرىنى، غەرب ھەربىي مەكتىۋى _ داڭلىق ئا ق ش ئوفىتسېر يېتىشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتى بولغان ۋېيىس پوينت، يەنى غەربىي ھەربىي مەكتەپ ۋە يەنە ئا ق ش دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرلىك بىناسى بولغان بەشبۇلۇڭ شەكىللىك پېنتاگون بىناسى، ئاردېن رايونىدىكى چوڭ-كىچىك قەلئەلەر، بېلگىيەنىڭ تاشلاندۇق كان قۇدۇقلىرى، داخاۋ يىغىۋېلىش لاگېرىنىڭ گاز بېرىپ ئۆلتۈرۈش بۆلۈملىرىنى، ئىسپانىيە دېڭىز ساھىللىرىنى، بەكلا كۆپ كونا ئۇرۇش مەيدانلىرىنى ... زىيارەت قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ بۇ كىتابى ئۇنىڭ ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشى تارىخى بىلىم ساھەسىدىكى ئورنىنى تىكلەپ بېرىدۇ. 1965-يىلى، تولاند، ئۆزگىچە بىر ئۇسلۇپ بىلەن «ئاخىرقى يۈز كۈن» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقىدۇ. بۇ كىتاب، 1945-يىلىنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ گېرمانىيەنىڭ شەرقى چېگراسىغا يېقىنلاپ كېلىشى، سوۋېت، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت رەھبەرلىرى يالتادا سۆھبەت باشلىغانلىقىدىن باشلانغان بولۇپ، كىشلەرگە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى مەزگىللەردە ياۋروپا ئۇرۇش مەيدانلىرىدا يۈز بەرگەن بىر-بىرىدىن تەسىرلىك مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. تولاند بۇ كىتاۋنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن ياپون ئايالى بىلەن بىرلىكتە تۆمۈر پەردىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ئەينى ۋاقىتدا بەكلا ئاز غەرپلىك ئاياق باسالايدىغان شەرقى ياۋروپا دۆلەتلىرىنى ئايلىنىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ يەنە «ئادولف ھىتلېر» (يەنى قولىڭىزدىكى بۇ بىئوگرافىيە) نى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن ئۇ يەنە بىر قېتىم گېرمانىيە ساياھىتىگە ئاتلىنىدۇ. ئۇ گېرمانىيىگە كىرىپلا يېپ-يېڭى بىر ئاپتوموبىل سېتىۋالغان بولسىمۇ، تولا يول يۈرۈپ ئارىدىن 10 ئاي ۋاقىت ئۆتكىچە بۇ ماشىنا شالاخشىپ رېمونتخانىدىن بېرى كېلەلمەس ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ قېتىم تولاندىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغانلار ئارىسىدا گېرمانىيە ئادمىرال پولكوۋنىكى كارل دېنىس، ھىتلېرنىڭ خۇسۇسىي دوختۇرى، كاتىبى ۋە شوپۇرى قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە ھىتلېرنى قۇتقۇلدۇرۇپ قالغان ئەمما كېيىن ھىتلېرنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلۈشكە قىل قالغان روز (ۋىليام يازغان «ئۈچىنچى ئىمپېرىيىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاكىتى» دە بۇ كىشى ئىنتايىن قىزىقارلىق قىلىپ تەسۋىرلەنگەن)، ئېۋا براۋننىڭ قىز دوستى سىند، ھىتلېرنىڭ تۇققىنى ھانس، ... قاتارلىقلار بىلەنمۇ كۆرۈشىدۇ. ھەتتا ئۇرۇش مەزگىلىدە ئا ق ش ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ ھىتلېر ئۈچۈن ئېلىپ بارغان پسىخوئانالىز دوكلاتلىرىنىمۇ تېپىپ

كۆرۈپ چىقىدۇ. بۇ تۇردىكى بىرىنچى قول ماتېرىياللارنىڭ بولىشى نەتىجىسىدە بۇ كىتاب ھەققەتەنمۇ كىشىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلارلىق ئىنتايىن باي مەزمونلۇق بىر كىتاب ھالىغا كېلىدۇ. «نيۇ يورك ۋاقتى ئوبزورچىلىقى» مۇ كىشىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلارلىق ۋە ئىنتايىن قىزىقارلىق بۇ خەلق تىلىدىكى كىتابنى مەدھىيلەپ كېلىپ، "بۇ كىتاب، ھازىرغىچە ھەتتىر ھەققىدە يېزىلغان كىتابلار ئىچىدە بۇ كىتاب ھەققەتەنمۇ ئەڭ مۇكەممەل يېزىلغان بىر كىتاب" دەپ باھا بېرىدۇ.

بەلكىم ئايالى بىر ياپون بولغانلىقى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، تولاندنىڭ ئەسەرلىرىدە بىر تۇرلۇك ساقلانغىلى بولمايدىغان ئاسىيا پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى. شۇنداق بولغاچقىمىكىن، ئاسىيا توغرىلىق يازغان بىر قانچە ئەسىرىدىمۇ تولاندنىڭ ئەسەرلىرىدىكى جەۋھەرلىك قىسمى نامايەندە بولۇپ تۇراتتى. 1961-يىلى، تولاند تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى تەسۋىرلەنگەن دەسلەپكى ئەسىرى «غۇرۇر» نى يېزىپ چىقىدۇ. كېيىنچە، يەنە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ «قۇياشنىڭ تۈگۈلۈشى: ياپونىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە يىمىرىلىشى»، «ئۇرۇش ئىلاھى»، «رەسۋالىق: پېيىرل خاربور پورتى ۋەقەسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن»، «ياپونىيە ئىشغالىيىتى» ۋە «ئۇزۇنغا سوزۇلغان كۈرەش: ئامېرىكىلىقلار نەزىرىدە كورىيە ئۇرۇشى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىقىدۇ. بۇلاردىن «قۇياشنىڭ تۈگۈلۈشى: ياپونىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە يىمىرىلىشى» دېگەن ئەسىرى ئۇنى 1971-يىللىق ئامېرىكا نەشرىياتچىلىقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇكاپاتى بولغان پۇلىس ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشتۈرىدۇ. تولاند، «غۇرۇر» دېگەن كىتابنى يېزىش ئۈچۈن ماتېرىيال توپلاش جەريانىدا ئا ق ش ئارمىيىسىنى نۇمۇسقا قويغان پېيىر خاربور پورتىنى، ماكارتو يوشۇرۇنغان فىلىپپىن غارلىرى، خوڭكوڭ نامرىراتلار رايونى، ياپونىيەنىڭ سابىق ئادمىراللىرىنىڭ مېھمان كۈتۈش زالى قاتارلىق بىر مۇنچە ئۆي ۋە غارلارغا ئىزنى قالدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تىنچ ئوكياننى ئايلىنىش سەپىرىدىمۇ نۇرغۇنلىغان يېڭى تونۇشلارغا ئېرىشىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ ياش بولغان تونىي ئاچىنو ۋە كېيىن فىلىپپىن پرېزدېنتى بولىدىغان راموس قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. بۇ دوستلىرى تولاندنىڭ ئۇزۇن يىل ئېغىز ئاچماي جىم يېتىۋالغان زامانىسىنىڭ شاھىت كىشىلىرى بىلەنمۇ تونۇشتۇرىدۇ. تەبىيىدە، تولاند جاك كەيشىنىڭ "ئورۇنباسار پرېزدېنتى" چىن چېڭ بىلەن كۆرۈشىدۇ. سۆھبەت بىرەر سائەتتەك داۋام قىلغاندىن كېيىن، چىن چېڭ ئۆزلىكىدىن تولانددىن سورايدۇ: مېنىڭ مونچامغا كىرىشنى خالىمامسىز دەپ سورايدۇ. چىن چېڭ بۇ تارچۇق يەردە تولاندقا قىلىن بىر پاپكا ھۆججەتنى تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا: بۇ مېنىڭ تەرجىمىھالىم، بۇنى فورموزىدا مەڭگۈ ئېلان قىلالمايمەن، دەپ پىچىرلايدۇ. فىلىپپىندا بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلاپ قالغان سابىق

پرېزدېنت ئوسمېرىيا، تولاندقا كۆزگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا قەلبىدە 20 يىلدىن بويان يوشۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر سىرنى ئېيتىپ بېرىدۇ: فىلىپپىن پرېزدېنتى كوۋي سوڭ، 1942-يىلى مانىلادىن چېكىنىشتىن سەل ئاۋال، لاۋلېر بىلەن تونىنىڭ دادىسى بېنىئو ئاكىنو ئىككىسىنى ۋەتەن ساتقۇچ قىياپىتىگە پۈركۈنۈپ مانىلادا قېلىپ ياپونلارنى كۆتىۋال دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ ئىشنى مەڭگۈ تىنماسلىققا قەسەم قىلدۇرىدۇ. ئوسمېلىيە بۇ ئىشنى پۈتۈن دۇنياغا ئۇقتۇرۇپ، لاۋلېر بىلەن ئاكىنو ئىككىسىنى گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىش، ئۇلار ئەسلىدە جېنىنى تىكىپ قويۇپ مىللىتى بىلەن يۇرتداشلىرىنى قوغدىغان قەھرىمانلار ئىكەنلىكىنى دۇنياغا جاكارلاشنى تولاندىن تەلەپ قىلىدۇ.

تولاندنىڭ يېزىقچىلىقىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك، "رېيالىزم" دېگەننى مەدھىيىلەش بولۇپ، ئۇ باشتىن ئاخىرى "دۇنيا گىراجدانى" لىق نوقتىسىدا تۇرۇپ ئەسەرلىرىدە قىلچىمۇ ئىدىيۋى پۇراق بولۇشىغا يول قويماسلىق ئىدى. دەسلەپكى يىللاردا تولاند سىنونى زىيارەت قىلغان ھەمدە ئامېرىكا كومپارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ، ئىككىنچى سىنو بولۇش ئىرادىسىنى تىكلىگەن. كېيىنچە، ئامېرىكا كومپارتىيىسىنىڭ ئۇرۇش دەۋرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كەينىدىن كېتىپ قېلىشىغا قايىل بولماي، سىياسىي ئەقىدىسىدە تەۋرىنىش بولۇپ، كېيىن كومپارتىيىدىن ئايرىلىدۇ. ئۇ ھاۋا ئارمىيىسىدە ئەسكەر بولغان ۋاقىتلىرىدا، بىر قارا تەنلىك ئوفىتسېرنى ئوفىتسېرلار ئاشخانىسىغا باشلاپ تاماققا تەكلىپ قىلغىنىدا باشقىلار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغانلىقى، ئۇنىڭ ياش ۋاقىتلىرىدىكى بېشىدىن ئۆتكەن بۇ تۈردىكى ۋەقەلەر ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەش بىلەنلا چەكلىنىپ بايان قىلىش ئۇسلۇبىنى قوللانغان بولۇپ، قىلچىمۇ باھالاشتا بولماسلىق ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈردى. شۇنداقتىمۇ، كىشىلەر ئۇنىڭ ۋەقەلىك تەسۋىرى ئىچىدىن بۇ تۈردىكى ھادىسىلەرنىڭ ياخشى-يامان تەرەپلىرىنى ئاسانلا كۆرۈپ ئالالايتتى. ئۇنىڭ بۇ تۈر يېزىش ئۇسلۇبىمۇ ئامېرىكىدا ئەنئەنىۋى تارىخچىلارنىڭ "ئەخلاقى تۈيغۇلىرى يېتەرلىك ئەمەس" ، "رېئالىزملىق تەرىپى كۈچلۈك" دەپ تەنقىتكە قېلىشىدىكى بىر سەۋەب ئىدى. 1982-يىلى، تولاند تولۇق پاكىتلار ئاساسىدا يېزىپ چىققان «رەزىللىك: پېرل خاربور پورتى ۋە ئاقىۋىتى» دېگەن ئەسىرى بۇ تۈر ئالاھىدىلىكىنىڭ جانلىق ئۈلگىسى ئىدى. بۇ كىتابىدا تولاند، ئەڭ ئاۋال روزۋېلت، مارشال قاتارىدىكى كىشىلەرنىڭ شىفىرسى يېشىلگەن ياپونىيەۋ شىفرلىرى ئاساسىدا ھېچ بولمىغاندا پېيېر خاربور ۋەقەسى پارتلاشتىن 5 كۈن بۇرۇنلا ياپونىيە بىرلەشمە دېڭىز فلوتلىرىنىڭ مارجان ئاراللىرىغا قاراپ ھەرىكەت قىلغانلىقىدىن خەۋىرى بارلىقىنى، ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورۇنلىرىنىڭمۇ ياپون بىرلەشمە فلوتىنىڭ بۇ قېتىملىق ھەرىكىتىنىڭ نىشانى يەنە شۇ مارجان ئاراللىرى ئىكەنلىكىدىنمۇ

خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن جانلىق بىر شەكىلدە بايان قىلىپ چىققان. ئەمما ئۇ ۋاقىتتا روزۋېلت ئا ق ش نىڭ ئىچكى يالغۇزلۇق ھېسسىياتىنى بوسۇپ ئۆتۈشنى مەقسەت قىلىپ، ھەمدە ئىستىخبارات باھالاشتىكى خاتا يول كۆرسىتىشلەر بىلەن قوشۇلۇپ، مەقسەتلىك ھالدا پىير خاربور پورتىنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىشىغا يول قويغانلىقىنى، ئاخىرىدا نەچچە مىڭ نەپەر ئامېرىكا ئوفىتسېر-جەڭچىلىرىنىڭ ياپون قوشۇنلىرىنىڭ ئايروپلانلىرى تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە بومباردىمان قىلىنىشىغا يول قويۇپ بەرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. بۇ كىتاب نەشىردىن چىقىشى بىلەن، ئامېرىكىدا قاتتىق داۋالغۇشلارنى پەيدا قىلىۋەتكەن بولۇپ، بىلىم ساھەسىدىكىلەر بۇ كىتابنى ئىنتايىن ئۆتكۈر تىللار بىلەن تەنقىتلىشىدۇ.

تولاند ياشانغان مەزگىللىرىدە ئىككى قېتىم ختايغا زىيارەت قىلىدۇ. تولان، بۇ قېدىمى تۇپراقلاردا ۋە بۇ يەردىكى كىشىلەرگە قارىتا ئىنتايىن چوڭقۇر ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدۇ. تولاند ختايغا كېلىپ، نۇرغۇنلىغان تارىخچى كەسىپداشلىرى بىلەن تونۇشىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ داڭلىق ئامېرىكا تارىخچىسى پروفېسسور خۇا چېڭجاۋمۇ بار ئىدى. تولاندنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن ياردەم قىلىشى نەتىجىسىدە خۇا چېڭجاۋ ئامېرىكىغا بېرىپ ترومىن دەۋرىدىكى ئا ق ش ھۆكۈمەت ئارخىپخانىسىدىكى ماتېرىياللارنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەندى. بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە بۇ ساھەدە ئەڭ ئاساسلىق ئەسەر دەپ تونۇلغان «يالتادىن بانپانمۇنجومغىچە» دېگەن ئەسەر دۇنياغا كېلىدۇ. ئامېرىكىدا نەشرى قىلىنغان «ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى» دا تولاندقا ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە مۇنداق دەپ باھا بەرگەن: "ئۇنىڭ ھەر بىر پارچە ئەسىرىدە شۇ تارىخىي دەۋرگە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى زىيارەت قىلاتتى، ھەتتا بەزىدە شۇ تارىخى دەۋرنىڭ تارىخى پاكىتى قاتارىدىكى قاتناشقۇچىلىرىنى ئالا قويماي زىيارەت قىلىپ چىقاتتى، ھەتتا بەزىلىرىنى نەچچە يۈز كىشىنى زىيارەت قىلاتتى. شۇ ئارقىلىق شۇ دەۋر ھەققىدە كۆپ تەرەپلىمە بىرىنچى قول ماتېرىياللارغا ئېرىشەلەيتتى. ئۇ زىيارەت قىلغان كىشىلىرىگە ئىمكان بار رېئال مۇناسىۋەت قىلىشقا تىرىشاتتى. 'مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بۇ تۈر زىيارەتلەر مېنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپەم.' دەيتتى. 'مەن بىلگەنلىرىمنىڭ ھەممىنى ئالدىڭلارغا قويدۇم. بۇنىڭدىن ئۆزەڭلار خۇلاسە چىقارغايسىلەر. بۇ جەرياندا مەن ئۆز پىكرىمنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تار دائىرە ئىچىدە چەكلەپ تۇتۇشقا تىرىشتىم.' دەيتتى." مانا بۇ، تولاندقا بېرىلگەن ئەڭ مۇۋاپىق باھا.

# قوشۇمچە-2:

ئىئان كېرشاۋ
ھىتلېر
1889~1936: خۇبرىس
Ian Kershaw
Hitler
Hybris :1936-1889
Nemesis :1945-1936
London
2000

## ئا. بوران ئىزاھاتى:

بۇ كىتاب، رەسىم-قوشۇمچە بەتلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىنسا نورمال كىتاب بېتى ھېسابىدا تەخمىنەن ئىككى-ئۈچ مىڭ بەتلىك قېلىن كىتاب بولىدىغان ئىككى توملۇق يىرىك بىيوگرافىيە كىتاۋى بولۇپ، ھىتلېر تەرجىمە ھالىغا مۇناسىۋەتلىك باشقا يىرىك ئەسەرلەرگە نىسبەتەن بۇ كىتابنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى جەھەتتىكى ئەڭ تىپىك ئالاھىدىلىك _ ئەڭ كېيىن يېزىلغان ئەسەر بولۇشى بىلەن خاراكتېرلىنىشى مۇمكىن. ئەمما مەزمۇن جەھەتتە بۇنىڭغا ئوخشاش باشقا يىرىك بىيوگرافىيە ئەسەرلەر ھىتلېرنى بىر بولسا بەكلا چۆكۈرۈپ ياكى ھاقارەتلەپ تەسۋىرلىگەن بولسا، يەنە بەزىلىرى بەكلا مۇبالىغە قىلىپ ياكى سىرلىقلاشتۇرۇپ تەسۋىرلىگەن؛ بەزىلەر نوقۇل ۋەقەلىك بايانى شەكلىدە يېزىشقان بولسا، يەنە بەزىلەر رەسمىي تەھلىل خاراكتېرىدە يېزىشقان. مەسىلەن، جون تولاند يازغان «ئادولف ھىتلېر _ سەرگۈزەشتىلىرى» (ختايچە تەرجىمە ئىسمى: «يىتمچىدىن داھىلىققىچە _ ئادولف ھىتلېر»، ختايچىدىن ئا. بوران تەرجىمىسى) دېگەن ئەسىرى ئاساسەن ۋەقەلىك بايانى خاراكتېرىدا ھىتلېرنىڭ رولى مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇپ يېزىلغان بولسا، كېرشاۋنىڭ بۇ ئەسىرى ۋەقەلىك تەھلىلى ئاساسىدا ھىتلېرنىڭ رولى خۇنۇكلەشتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا

گېرمانىيە مۇھىتىنىڭ رولى، نېمىس خەلقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تەلىپى تۈرتكىلىك ئورۇنغا قويۇپ يېزىلغان دېيىش مۇمكىن. يەنە شۇنىڭدەك، تولاند ۋەقەلىك بايانى ئاساسىدا ئوتتۇردا ئېقىپ يۈرگەن مەنتىقىلىق دەپ قارالغان بارلىق ۋەقەلىك تەسۋىرلىرىنى ئاساسەن پىكىر قوشماستىن بايان قىلغان دېسەك؛ كېرشاۋنىڭ بۇ كىتاۋى رىياللىقتا بۇنداق بىر ئادەمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشىغا ماس كېلىش-كەلمەسلىكىنى، بۇنداق بىر ۋەقەلىكنىڭ گېرمانىيە ئەمەلىيىتىگە، ئەينى ۋاقىتتىكى نېمىس خەلقىنىڭ روھىي ھالىتىگە ئۇيغۇن كېلىش-كەلمەسلىكىنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا ۋەقەلىكلەر بايان قىلىنغان دېيىشىمىز مۇمكىن. يەنى كېرشاۋ، رىياللىقتا ياشىغان ئادەتتىكى بىر ھىتلېر تەسۋىرى يارىتىش ئۈچۈن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلۇق ياكى سۆز-چۆچەكلىك دەرىجىسى، مۇبالىغە-چۆكۈرۈش تەركىۋىنىڭ بار-يوقلۇق دەرىجىسى ۋە مىجەز-ۋەقەلىكلەرنىڭ ھىتلېر ۋە زامانىسىنىڭ رىياللىقىغا ئۇيغۇن كېلىش-كەلمەسلىك دەرىجىسى تەھلىلى ئاساسىدا بۇ كىتاۋنى يېزىپ چىققان دېيىشىمىز مۇمكىن (قىزىق، ئۇئان كېرشاۋ بۇ كىتابىنىڭ پايدىلىنىش ماتېرىياللار قىسمىدا جون تولاندنىڭ ئادولىف ھىتلېر بىيوگرافىيە ئەسىرىنى تىلغا ئالمىغان. دېمەك، كېرشاۋ، تولاندنىڭ ھىتلېر بايانلىرىنى رىياللىققا بەك ئۇيغۇن دەپ قارىمىسا كېرەك؟ ھەتتا بىر ھېساباتا كرىشاۋ، ئۆزىنى نۇرغۇن مۇكاپاتلارغا ئېرىشتۈرگەن بۇ ئەسىرىدە تولاندنىڭ ھىتلېر بىيوگرافىيىسىنى مۇبالىغە دەپ قاراپ رەت قىلىشقا ئۇرۇنغان دېيىشكىمۇ بولىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ، ۋە بەلكىم پروفېسسور بولغان كېرشاۋ، بىر يازغۇچى بولغا تولاندنىڭ ئەسىرىدىن پايدىلىنىشنى خالىمىسا كېرەك؟). ئەمما كېرشاۋ بۇ كىتابىدا ھىتلېرنى ئۈندۈرۈپ چىققان تۈپراقنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى نېمىس خەلقى، گېرمانىيە شارائىتى ۋە قىسمەن دۇنيا ۋەزىيىتى دېگەنگە مائىل تەھلىللەرنى ئاساس قىلغانلىق پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ. يەنى، كېرشاۋ بۇ كىتابىدا ئەينى ۋاقىتتىكى گېرمانىيىگە خاس بىرەر ئەقىدىگە چېكى چاپلىشىپ تۇرالىغىدەكلا بىرسى بولسا، ئەينى ۋاقىتتىكى گېرمانىيە مۇھىتى ئۇنداق بىرسىنى ھىتلېر قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە تەييار ئىدى دېگەندەك تەسىرات بېرىدىغاندەك كۆرۈنمەكتە. شۇنداقتىمۇ، بىر مۇستەبىتنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا يېزىلغان بۇ كىتاپ يەنىلا نۇرغۇن تەپەككۇر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ نوقتىدىن ئالغاندا، ھىتلېرنى تەپسىلى ئەمما ئادەتتىكىچە تونۇشنى مەقسەت قىلغان كىتابخانلىرىمىز ئۈچۈن تولاندنىڭ ئەسىرىنى؛ چوڭقۇرلاپ مۇھاكىمە قىلغان ئاساستا ھىتلېرنى ھەر خىل باھالار بويىچە مەخسۇس تونۇشنى مەقسەت قىلغان تەتقىقاتچى كىتابخانلىرىمىزغا كېرشاۋنىڭ بۇ ئەسىرىنى تەۋسىيە قىلىشىمىز مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىككىلا كىتابنى ئادەتتىكى قىزىققۇچىلار ئۈچۈنلا مۇكەممەل بىر ئوقۇشلۇق

بولۇپ چەكلىنىپ قالماستىن، مەخسۇس تارىخ تەتقىقات ماتېرىيالى سۈپىتىگە ئىگە كۆتۈپخانىلار تەكچىلىرىدە ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئۆيغۇرچە ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىك كىتاب دەپ قاراشقا بولىدۇ.

تۆۋەندىكى كىرىش سۆز ۋە ئىزاھاتلار، «ئىتھاكى» نەشرىياتى ئىستانبۇل فېۋرال 2008. تۈركچە 1-نەشر باسمىسىغا ئاساسەن («ھىتلېر»، تۈركچە نۇسخىسىنىڭ بىرىنچى قىسىم «خۇبرىس» جەمئىي 815 بەت؛ ئىككىنچى قىسىم «نېمېسىس» جەمئىي 1165 بەت) تەرجىمە قىلىندى. بۇ كىتابنىڭ خىتايچە تەرجىمىسىمۇ ئىككى توم قىلىپ بېسىلغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمەن.

_ ئا. بوران _ 2012. مارت

## تۈركچە تەرجىمانىنىڭ ئىزاھاتى:

ئىئان كېرشاۋنىڭ كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ «ھىتلېر» بىيوگرافىيىسىنىڭ بىرىنچى قىسىم قوشۇمچە ماۋزۇسىغا «خۇبرىس» (Hubris) دەپ نام بېرىلگەن. گرېكچىدىن كەلگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ سۆز مەنىسى مەنمەنچى، قوپال، ئاتىكاچى، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، چېكىدىن ئاشقان غۇرۇرلۇق دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە. لۇغاتلاردا كۆرسىتىلگىنىدەك، Hybris دېگەن بۇ ئاتالغۇ يونان پەلسەپەسىدە كەڭ مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئابستراكت بىر چۈشەنچىنى ئىپادىلىمەكتە؛ يونان تراگېدىيىسىدە ئادەمنى گۇناھقا زورلايدىغان، ئۆزىنى خاراپ قىلىش يولىغا يېتەكلەيدىغان مەنمەنچىلىك ئۇرۇنۇشى بىلەن ئۆزىنى سەل چاغلىمايدىغان مىجەزلەرنى كۆرسەتمەكتە. شۇنىڭدەك بۇنداق بىرسى ھەر دائىم يونان ھەققانىيەت ۋە قىساس تەڭرىسى بولغان نېمېسىسنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭا كېرشاۋ، بۇ كىتاۋىنىڭ ئىككىنچى قىسمىغا «نېمېسىس» (Nemesis) دەپ قوشۇمچە ئىسىم قويۇش ئارقىلىق تراگېدىيىدىكى تەبىئى جازالىنىش ئەھۋالىغا ئىشارەت قىلماقچى بولىدۇ.

بىز، ئەنە شۇ مەنىنى ئىپادىلەش مەقسىتىدە، شۇنىڭدەك لۇغاتلاردا كۆرسىتىلگەندەك بۇ سۆزلەرنى تولۇق مەزمۇنى بويىچە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىش قىيىن بولىدىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئەسلى ئارگىنالىدىكى "خۇبرىس" بىلەن "نېمېسىس" قوشۇمچە كىتاب ئىسمىنى تەرجىمە قىلىشقا ئۇرۇنماي ئۆز پېتى ساقلاپ قالدۇق.

-تۈركچىگە تەرجىمە قىلغۇچىلار:

بىرىنچى قىسىم «خۇ بىرىس»: زەرىفە بىلىز
ئىككىنچى قىسىم «نىمېسىس»: ياۋۇز ئالوگان 2008

## ئاپتور كېرشاۋنىڭ كىرىش سۆزى

بۇندىن بىر قانچە يىل ئاۋال ھىتلېرنىڭ بىيوگىرافىيىسىنى يېزىش ئىشى خىيالىمغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى. بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرسى، ئۇ كۆنلەرگىچە بۇ مۇستەبىتنىڭ نۇرغۇنلىغان بىيوگرافىيسى يېزىلىپ ئېلان قىلىنغانلىقىدىن تولۇق خەۋىرىم بارلىقى ئىدى. ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمدە، ئالان بۇللوكنىڭ ھىتلېر ھەققىدە يازغان تۇنجى بىيوگرافىيە ئەسىرىنى ھەيرانلىق ئىچىدە ئوقۇپ چىققان ئىدىم. جوۋاچىم فېست يازغان يېڭى ھىتلېر بىيوگرافىيىسىنى 1973-يىلى نەشرىدىن چىقار-چىقماي ئۇخلىماي دېگۈدەك كېچىچە ئولتۇرۇپ ئوقۇپ پۈتتۈرگەن ئىدىم. شۇڭىدەك بۇ ئاپتورنىڭ مۇكەممەل بايان قىلىش ئۇسلۇبىغا ھەقىقەتەنمۇ بەكلا قايىل بولغان ئىدىم. 1989-يىلى، بۇللوك بىلەن فېست يازغان ئەسەرلىرىنىڭ مۇۋەپپىقىيىتى ئۇستىدە توختالغاندا ئېنىق ئېيادە بىلدۈرەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆز ۋاقتىدا سەل ئۆكۈنگەن بولسامۇ، كېيىن قولىڭىزدىكى بۇ كىتاپنى ئوتتۇرغا چىقىرىش ئىشىنى ئۆزەمگە بىر ۋەزىپە قىلغان ئىدىم. يەنى توغرىسى، بۇنداق بىر ئەسەر يېزىشقا قايىل قىلىنغان ئىدىم.

ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئىشقا تۇنۇش قىلىشتا ئىككىلىنىپ قالغانلىقىمغا مۇنداقمۇ بىر سەۋەپمۇ بار ئىدى: ئىلمى تەتقىقات پىلانلىرىم ئارىسىدا بۇنداق بىر بىيوگرافىيە ئەسىرى يېزىش پىلانىم پەقەتلا يوق ئىدى. بەك بولۇپ كەتسە، بۇنداق بىر ئىشقا تەنقىدى قارىشىمنى ئىپادىلەش ئويۇملا بولغان دېيەلىشىم مۇمكىن ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىر تارىخچىسى بولۇش يولىدا باشلىغان ئىلمى تەتقىقات ئىشلىرىمنىڭ ئەڭ بېشىدىن تارتىپلا مېنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىپ كەلگەن نەرسە ئاساسى نىشانىمنى ئىجتىمائىي تارىخ مەسىلىلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈش بولۇپ، ھېچ قاچان يوقۇرى سەۋىيىلىك سىياسى ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرۈشنى ئويلاپ كۆرمىگەن ئىدىم. تەتقىقات ئىشلىرىمدا خالىغان بىر ئادەم ئۈستىگە مەركەزلىشىپ تەتقىقات بىلەن شوغۇللىنىشنى زادىلا ئويلاپ قويمايتتىم. 1970-

يىللاردا گېرمانىيە تارىخ ئەسەرلىرىدە _ بولۇپمۇ بىيوگرافىيە ئارىلاشقان ئەسەرلەردە _ ئومۇملىشىپ كەتكەن يۈزلىنىشلەرگە دۇچ كەلگەن ۋاقتىمدا بىئوگرافىيە نىشانىغا بۇرۇلۇش خىيالى كاللامدا شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. ئۇ دەۋردە نىشانىمنى ئۆزگەرتىپ ئۇچىنچى ئىمپېرىيىگە – ئۇچىنچى رېيچقا دائىر تەتقىقاتلار بىلەن شوغۇللىنىش پىكرىنى قوبۇل قىلغان ۋاقتىمدا مېنىڭ دىققىتىمنى ھىتلېر بىلەن ئۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتى تارتقان ئەمەس، بەلكى ئۇ دەۋرلەردىكى ئادەتتىكى نېمىسلارنىڭ ئويلىغانلىرى بىلەن ئىش-ھەرىكەتلىرىگە بەكىرەك قىزىققان ئىدىم. دەسلەپكى تەتقىقاتىم مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان "باۋارىيە لايىھىسى" ئىچىدىن ئورۇن ئېلىنىشىمدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. شۇنىڭدەك، بۇ تەتقىقاتنى تاللىۋېلىشىمدا ئىنتايىن تالانتلىق مەسلىھەتچى ھېسابلىنىدىغان مارتىن بروسزاتنىڭ مېنى ئالاھىدە رىغبەتلەندۈرۈشىنىڭمۇ تۆھپىسى چوڭ. بۇ تەتقىقات ئىشلىرىدا ناتسىستلار ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى مەۋجۇت بولغان ئومۇملاشقان كۆزقاراشلار بىلەن سىياسى زىددىيەتلەرنى ئاشكارىلاپ ھەمدە ھىتلېرنىڭ خەلق ئارىسىدا قايسى تۈردە بىر خاراكتېر بىلەن ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق قىزىقىپ كېلىۋاتقان بۇ مەسىلىلەرنىڭ پېيىگە چۈشۈشكە باشلىدىم. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتىمدا، 1970-يىللاردا گېرمانىيىدە كۈچىيىپ بېرىۋاتقان ھىتلېرگە مۇناسىۋەتلىك تارىخ يېزىش مەسىلىلىرىدە كۆرۈلگەن تالاش-تارتىشلارمۇ بۇ مەسىلىنى كۈچلۈك تۈردە نامايەن قىلىپ بەرمەكتە ئىدى. ئەمما نېمىس بولمىغان مېنىڭدەك بىرسى ئۈچۈن، ھىتلېرنىڭ ئۆزىگە قارىغاندا ھىتلېر خاراكتېرىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىغا ھەمدە ئۇنىڭ ئاممىۋىلىشىشىنىڭ سەۋەبلىرىگە، پائالىيەتلىرى ۋە ئوينىغان رولىغا بەكىرەك قىزىققان ئىدىم. بۇ تالاش-تارتىشلاردا ئۆزەمنى بۇ ئىشتىن بىخەۋەر بىرسى دەپ ھېس قىلغان ئىدىم.

1979-يىلىسى لوندون ئەتراپىدىكى كۇمبېرلاند لودگتا ئۆتكۈزۈلگەن ئۈچىنچى ئىمپېرىيە ھەققىدە ئەسەر يازغان نېمىس "داڭلىق كىشىلىرى" نىڭ كۆپ قىسمى قاتناشقان، ناتسىستلار ھاكىمىيەت سىستېمىسىدا ھىتلېرنىڭ رولىغا مۇناسىۋەتلىك ئالدىنقى قاتاردىكى تارىخچىلار ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر مۇلاھىزە پەرقلىرىنىڭ ئۇپئوچۇق ۋە قورقۇنۇشلۇق بىر شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇھىم بىر ئىلمى دوكلاد يىغىنىدا، شاگىرت بىلەن ئۇستاز ئوتتۇرىسىدىكى سەۋىيە بىلەن بۇ يىغىنغا قاتناشقىنىمدىن كېيىن مېنىڭدىكى بۇ تۈر خاملىق ھېسسىياتلار قىسمەنلىكتە بولسىمۇ ئازايغان ئىدى. بۇ ئىلمى دوكلاد يىغىنىغا قاتنىشىش مېنى نېمىس تارىخ ئەسەرلىرىدىكى ئوخشىمىغان قاراشلارنى تېخىمۇ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشكە يېتەكلەندىم دېسەم خاتا بولماس. شۇنداق قىلىپ بۇ يىغىن، بۇنداق بىر تەتقىقات ئەسىرىنى ئېلان قىلىشىمغا سەۋەبچى بولۇپ بەرگەن ئىدى. بۇ

تەتقىقاتىمدا، ناتسىستلار ھاكىمىيىتىگە قارىتا _ ناتسىستلار مۇستەبىتىنىڭ بىئوگرافىيىسى بىلەن شوغۇللىنىشتىن ھالقىپ، تېخىمۇ يىراقلارنى كۆزلەتكەن 'ئەمەلىيەتچى' پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمغا سەۋەپ بولغانلىقى ئېنىق.

ئەنە شۇ سەۋەپتىن، ئاخىرىدا ھىتلېر بىئوگرافىيىسىنى يازغىدەك سەۋىيىگە يەتكەنلىكىم، يەنى مۇنداق ئېيتقاندا بۇ ساھەگە "ئېزىپ كىرىپ قالغان" لىقىم تۇپەيلىدىن قىلچە خىجىللىق ھېس قىلمايمەن. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ سىستېما ئىچىدە ھىتلېرنىڭ تۇتقان ئورنىغا مۇناسىۋەتلىك بىر-بىرسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئەھۋاللار ئوتتۇرىسىدا شەكىللىنىپ قالغان ھالىڭ بىلەن ناتسىستلار ھاكىمىيىتىنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن بارغانسىرى كۆپ مەشغۇل بولۇشۇم، مېنى يولغا قويۇلغان بۇ نەرسىدىن ئىلھام ئالغان، بۇ تۈزۈمنىڭ ئايرىلماس تايىنىش نوقتىسى بولغان ئادەم ھەققىدە، يەنى ھىتلېر ئۈستىدە تېخىمۇ كۆپ ئويلىنىشقا مەجبۇر ھالغا كەلتۈردى. بۇ ئىش يەنە كېلىپ تۆۋەندىكى نوقتىلار ئۈستىدە ئويلىنىشىمغىمۇ سەۋەب بولدى: بۇ جەھەتتە شۇنچىۋالا روشەن شەكىلدە قۇتۇپلىشىشتىن ساقلانغىلى بولماسمىدى؟ شۇنىڭدەك 'شەكىللەندۈرۈشنى ئاساس قىلغۇچى، ئەمەلىيەتچان' بىر تارىخچى تەرىپىدىن، يەنى بىئوگرافىيە تەنقىدچىسى نوقتىسىدا تۇرۇپ ئىستىخىيىلىك نوقتىدا قارايدىغان، بەلكى دەسلىۋىدە مۇرەككەپ تارىخىي جەريانلاردا ھەرقانچە كۈچلۈك كىشىلەر ئوتتۇرىغا چىققان بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، شەخسلەرنىڭ ئوينىغان رولىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىش ئورنىغا شەخسنىڭ رولىغا بەكلا سەل قاراش پوزىتسىيىسىدە بولغان بىرسى تەرىپىدىن يېزىلغان ھىتلېر بىئوگرافىيىسىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرلىق بىر تەسىرنى ئوتتۇرىغا چىقىرالىشى مۇمكىن بولماسمىدۇ؟

ئاخىرقى ھېساپتا ئوتتۇرىغا چىققان ھىتلېر بىئوگرافىيىسىنىڭ بىر ۋاستە، بىر پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولىدىغان بۇ ئىجادىيەتتە، ئەسلىدە پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىدا ھاياتى ئەھمىيەتكە ئىگە بەزى جەريانلارنىڭ شەكىللەندۈرۈلۈشىدە رول ئوينىغان شەخسكە ئائىت ئامىللار بىلەن شەخسكە ئائىت بولمىغان ئامىللارنى بىر پۈتۈنلەشتۈرۈشكە دائىر تىرىشچانلىقىم نامايەن قىلىندى. بۇ كىتاپنى يېزىش جەريانىدا مېنى قىزىقتۇرۇپ كەلگەن نەرسە، 1933-يىلى بىلەن 1945-يىلى ئوتتۇرىسىدىكى گېرمانىيىنىڭ تەغدىرىنى قولغا ئالغان بىر كىشىنىڭ غەلىتە مىجەز-خاراكتېرلىرى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قانداق قىلىپ بۇ ئورۇنغا كېلەلىگەنلىكى، قانداق قىلىپ شۇنچە ئىشلارنى قىلالىغىدەك ئورۇنغا كېلەلىگەنلىك مەسىلىسى مېنى ئىزچىل تۈردە بەكىرەك قىزىقتۇرۇپ كەلگەن ئىدى: بۇ مەسىلىلەر ئارىسىدا، دەسلىۋىدە يوقۇرى دەرىجىلىك دۆلەت ماقامىنى تەلەپ قىلغىدەك قىلچە ئىمكانىيىتى يوق بىرسىنىڭ قانداقلارچە ھاكىمىيەتنى قولغا

كەلتۈرەلىگەنلىكى مەسىلىسى مېنىڭ ئۈچۈن ئۈنچىۋالا مۇھىم مەسىلە ئەمەس. بۇ يەردە مۇھىم بولغىنى، ئۆز ۋاقتىدا بۇنداق بىر كۈچنى مۇتلەق تۈردە ھۆكۈمران ھالغا كەلتۈرگىدەك نوقتىغا قانداق كېلىگەنلىك مەسىلىسى مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ھېسابلىناتتى. ئۇ دەۋرلەردە ۋەزىيەت شۇنداق بىر نوقتىغا كەلگەن ئىدىكى، شۇنچە يوقۇرى دەرىجىلىك گېنېرال-مارشال ۋە لىسموسلار بىر سابىق ئون بېشى (ھەربىيلىك دەرىجىسىدىكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئەسكەر ئۇنۋانى _ ئۇ.ت) نىڭ بۇيرۇقىغا قىلچە سۆرۈشتە قىلماي، ھەرگىز دەرىجە قوغلاشماي مۇتلەق تۈردە قەتئىي بوي سۇنۇشقا تەييار ھالغا كەلگەن ئىدى؛ ئاجايىپ سەۋىيلىك 'كەسىپ ئەھلى' لەر، جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر ساھەسىدە زىرەكلىكنى نامايەن قىلالىغان قالتىس قابىلىيەتلىك كىشىلەر، بىردىن-بىر قابىلىيىتى بولغان خەلق ئاممىسىنىڭ بوزەك ھالغا كەلتۈرۈلگەنلىكنى كۆرسىتىپ ئۇلارنى ھاياجانلاندۇرۇشتىن باشقا بىر ئىش قولىدىن كەلمەيدىغان، تۈزۈك مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك بىر كوماندىر ئالدىدا قىلچە سۆرۈشتە قىلماي، قىلچە باھالاپ ئولتۇرماي بويۇن ئېگىش ھالىغا كەلگەن ئىدى. بۇ مەسىلىگە جاۋاب تېپىش جەريانىدا، ئالايلۇق، ھىتلېرنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىدا مەۋجۇت بولغان قابىلىيەتلەر ئىچىدە بۇنداق بىر قابىلىيەتنىڭ بارلىقنى پەرەز قىلالمىغان ئىكەنمىز، ئۇنداقتا، بۇنىڭ سەۋەبىنى، بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابىنى ئاساسى جەھەتتىن ئالغاندا نېمىس خەلقى ئارىسىدىن، ھىتلېرنى ياراتقىدەك ئەھۋالغا كەلگەن سىياسى تۈرتكىلەر ئىچىدىن ئاختۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. مېنىڭ بۇ تەتقىقاتىمنىڭ ئاساسلىق مەقسىدى، ئەنە شۇ ئىچكى تۈرتكە كۈچلىرىنى تەتقىق قىلىپ تېپىپ چىقىش، ئۆز كۈچىنى مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ تەغدىرىنى بەلگىلىيەلەيدىغان بىر سەۋىيىگە يەتكۈزۈپ شۇنچە ئومۇملاشقان ھالغا كەلتۈرەلىشىدە ھىتلېرنىڭ شەخسى تۆھپىلىرى بىلەن نېمىس خەلقىدىكى بۇ تۈرتكىلەرنىڭ پۈتۈنلەشكەن ھالغا كەلگەن نوقتىسىنى تېپىپ چىقىشتىن ئىبارەت ئىدى.

باشقا تۈردىكى بىر-بىرسىگە زىت كېلىدىغان قاراشلارنى بىئوگرافىيلىك ۋە ئىجتىمائى تارىخ ئەسەرلىرى ۋاستىسىغا تايىنىپ بىر پۈتۈن ھالغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يول ئاختۇرۇپ يۈرگىنىمدە، ماڭا بەكرەك ياردەم قىلغان باشقا بىرەر قاراش بارمۇ دەپ سورالسا، بۇنىڭغا مۇنداق بىر تەلىماتنى كۆرسىتىشىم مۇمكىن: ماكس ۋېبېرنىڭ "جەلىپ قىلالارلىق داھى" تەلىماتى. بۇ تەلىمات ئاساسەن ئالغاندا سىياسى ھۆكۈمرانلىقنىڭ بۇ تۈردىكى پەۋقۇلئاددە شەكلىنى چۈشەندۈرۈشنى، مەدھىلەشلەرنىڭ ئوبيېكتىۋى بولغان كىشى ئۆستىدە ئەمەس، بەلكى بۇنداق جەلىپ قىلىنارلىق سالاھىيەتنى ھېس قىلالايدىغانلار ئارىسىدىن، يەنى بۇنداق بىر سالاھىيەتنى تونۇيدىغان خەلق ئاممىسى

ئىچىدىن ئاختۇرۇش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ.

جەسۇرانە ئۇرۇنۇش بولۇپ كۆرۈنىشى مۇمكىن بولغان ھىتلېرنىڭ يېڭى بىر بىئوگرافىيىسىنى يېزىشقا كىرىشىشىم ئۈچۈن رىغبەتلەندۈرگۈچى بولغان يەنە بىر مۇھىم ئامىل (ئىرادىنى سۇندۇرىدىغان، ھەتتا قورقۇتقۇچى ئامىللارنىڭمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېتراپ قىلىش لازىم)، فېستىنىڭ مۇھىم بىئوگرافىيىلىرى _ ئەلىۋەتتە بۇللوكنىڭ يازغان بىئوگرافىيىسى ھەققىدىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش باھادا بولۇشقا بولىدۇ _ يېزىلغان دەۋرلەردىن بېرى، ئۈچىنچى ئىمپېرىيىنىڭ بارلىق تەرەپلىرى بويىچە دېگىدەك ئىنتايىن سەۋىيىلىك نۇرغۇنلىغان ئىلمى تەتقىقاتلار ئىشلىنىپ ئوتتۇرغا چىققانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن. كەيىنكە يېنىپ قارىغىنىمىزدا، بۇرۇن يېزىلغان بۇ تۈر بىئوگرافىيىلەردە يەھۇدىي دۈشمەنلىكى سىياسەتلەر بىلەن "ھەل قىلغۇچ چارە" نىڭ ئوتتۇرغا چىقىشى ئۈچۈن بەكلا ئاز بەت ئايرىلغانلىقى ھەققەتەنمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ئەھۋال. شۆبېسىزكى، "ئاۋۇشۋىتزقىچە تەرەققى قىلغان ۋاستىلىق يول" (ئاۋۇشۋىتز _ پولشادىكى ۋارشاۋانىڭ جەنوب تەرەپلىرىگە توغرا كېلىدىغان ئىنتايىن سىرلىق ۋە دەھشەتلىك يەھۇدىي جازا لاگىرلىرىدىن بىرى _ ئۇ.ت) نىڭ قۇرۇلۇشىغا ھىتلېرنىڭ، ھەر دائىم بىلگىلى بولماس قاراڭغۇلۇقى بويىچە قالىدىغان بۇ ئىشقا قانچىلىك ھەسسىسى بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقىشنىڭ تەسلىكى بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى بولىشى كېرەك. ئەمما بۇگۈنكى كۈندە بۇ ساھەدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ ئىلگىرىلىشى نەتىجىسىدە يېڭىدىن بىر ھۆكۈم چىقىرىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرمەكتە ۋە مەجبۇر قىلماقتا. ھەتتا مارلىس ستېينېرتنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئېلان قىلغان مۇھىم بىئوگرافىيىسى بىلەن بۇ جەھەتتە رەسمى قەدەم تاشلاندى دېيىش مۇمكىن.

يالغۇز ئىككىنچى قول مەنبەلەرلا ئەمەس، ھىتلېرغا مۇناسىۋەتلىك بىۋاستە مەنبەلەرمۇ بۇگۈنكى كۈندە يېڭىدىن بىر بىئوگرافىيە يېزىپ چىقىش ئىمكانىيىتىنى بەرمەكتە. ھىتلېرنىڭ 1925-يىلى ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلىشى بىلەن 1933-يىلى باش مىنىستىر ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يىللاردا سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىنىڭ ۋە يازغانلىرىنىڭ يىغىلىپ توپلام قىلىنىپ بىر قانچە توملۇق كىتاپ ھالىغا كەلتۈرۈلگەنلىكى، ئىلمى تەتقىقات ماتېرىيالىغا قوشۇلغان ئەڭ مۇھىم مەنبەلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ھىتلېرنىڭ 1924-يىلىدىن بۇرۇنقى نۇتۇق ۋە يازغانلىرىنىڭمۇ يوقۇرقىدەك تولۇق يىغىلغانلىقى بىلەن بىر قاتاردا، بۇ مەنبە ھىتلېرنىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىشىدىن بۇرۇنقى بارلىق دەۋرلەردە خەلق ئاممىسى ئالدىدا ئوتتۇرغا قويغان شەكلى بويىچە ئۇنىڭ كۆزقاراشلىرىنىڭ تەرەققى قىلىش جەريانىنى

تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتىنى بەرمەكتە. ھىتلېرنىڭ بىئوگرافىيىسىنى يېزىش جەريانىدا پايدىلانماي بولمايدىغان، پۈتۈن بىر شەكىلدە تونجى قېتىم پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەنە بىر مەنبە، تەشۋىقات مىنىستىرى جوزېف گېوبېلسىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى ئىدى. بۇ مەنبە يېقىنقى دەۋرلەردە موسكۋادىكى بۇندىن بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا كىرىشكە بولمايدىغان دۆلەت ئارخىپلىرىنىڭمۇ ئەينەك تاختىلار ئۈستىدىن (بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا قوللىنىلغان بىر خىل كۆچۈرۈش ــ كوپىيە چىقىرىش ئۈسۇلى) تولۇق قولغا كەلتۈرۈلدى. تەبىئىكى، تەشۋىقات مىنىستىرى بولغان گېوبېلسىنىڭ كېيىنچە نەشرى قىلىشنى نىيەت قىلغان، شۇڭىدەك تەبىئىي ھالدا ئۆزىنى چوڭ كۆرسىتىش، ناتىسىت قەھرىمانلار تىزىملىكىدىكى ئۇلۇغ ئورنىنى كاپالەتلەندۈرۈش مەقسىتىدە يېزىپ چىققان، ھىتلېرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۈچۈن ئاجايىپ ئورۇن بەرگەن بىر ئارگىنالغا ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئەلىۋەتتە زۆرۈر. شۇنداقتىمۇ بۇ مەنبەدە بايان قىلىنغان مۇلاھىزىلەرنىڭ بەكلا كۆپلىكى، شۇنىڭدەك دەۋر ئۈچۈن بىۋاستە مەنبە بولۇش ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتقىنىمىزدا، بۇ ماتېرىيالنىڭ ھىتلېر كۆزقاراشلىرى بىلەن ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنى چۈشىنىش جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم مەنبە ھالىغا كەلگەنلىكىنىمۇ كۆرۈپ ئالالايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، نەچچە ئون يىل مابەينىدە ھىتلېرنىڭ چۈشەنچىلىرى بىلەن ئۇنىڭ تۈزگەن پىلانلىرىنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن مەخسۇس مەنبە سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كېلىنگەن، بىر تەرەپتە بۇللوچ، يەنە بىر تەرەپتە فېست ئىككىسى كەڭ كۆلەمدە پايدىلىنىپ كەلگەن مەنبەدىن بۇ ئەسىرىمدە پايدىلانمىدىم. ھېرمان راۋشنىڭگىنىڭ «ھىتلېر نۇتۇقلىرى» ئىسىملىك ئەسىرىدىنمۇ بىرمۇ ستاتا كەلتۈرمىدىم. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى ئۇنچىۋالا ئىشەنچلىك مەنبە ھېسابلىنىپ كەتمەيدىغانلىقى ھەققىدە باھالاشلار مەۋجۇت. بۇلاردىن باشقا مەنبەلەر، بولۇپمۇ كۈندىلىك خاتىرىلەر، شۇنىڭدەك ھېچ بىر ئەسلى نىمىسچە ئارگىنالى تېپىلمىغان، كېيىنكى ئايلارنىڭ "دەستىخان ئۈستىدىكى سۆھبەتلەر" دېيىلگەن سۆھبەت خاتىرىلىرىدىن پايدىلىنىشتىمۇ بىراقلا ئىشىنىپ كېتىش ئورنىغا ئالاھىدە ئېھتىياتلىق پوزىتسىيەدە بولدۇم. ھىتلېرنىڭ تۇغما ئاغزى چىڭلىق ئالاھىدىلىكى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردىكى سەل قاراش مىجەزى، رەسمى مەمۇرىيەت تۈسىنى ئالمىغان ئەركىن مۇئامىلىلىك بولىشى، كىشىلەر تەرىپىدىن شەكىللەندۈرۈلگەن ماختاش ۋە ئۆچمەنلىك ھېسسىياتلىرىنىڭ بەكلا چېكىدىن ئېشىپ كېتىشى، ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئەسلىمە كىتاپلىرىدا شەكىللەنگەن ئېغىر بۇرمىلاشلار بىلەن بىر قاتاردا، ئۇنى مۇنازىرە قىلىش ئارقىلىق ئاقلاشقا ئۇرۇنۇشلىرى، شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ مىجەزىدىن كېلىۋاتقان غەيۋەت-شىكايەت قىلىش ماھارىتىدىن كېلىدىغان يۇمۇر-چاخچاقلار، ... يوقۇرقىدەكلەرنىڭ

ھەممىسى بىر يەرگە كېلىشى نەتىجىسىدە ئوتتۇرغا چىققان ئەھۋال مۇنداق ئىدى: ئۇچۇنچى ئىمپېرىيە ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدىن بۆگۈنگىچە سەلدەك ئېقىپ كەلگەن تاغدەك ھۆججەت دۆۋىلىرى ئارىسىدا نېمىس مۇستەبىتىنىڭ ھاياتىنى قايتىدىن تەسۋىرلەپ بېرىشكە لازىملىق مەنبەلەر نۇرغۇن جەھەتلەردە پەۋقۇلئاددە كاملىق قىلىپ كەلمەكتە. ھىتلېرنىڭ ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان دۈشمىنى چېرچىل ئۇستىدە، ھەتتا ستالىن ھەققىدە گەپ بولغىنىدىنمۇ بەكرەك چەكلىمىگە ئۇچراپ كەلمەكتە.

ھىتلېر بىلەن ناتسىسىزم، قىلچە ھەيرانلىق پەيدا قىلالمىغىدەك تۇردە ھەم نېمىس خەلقى نوقتىسىدا، ھەمدە ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ھالدا بولۇشى بىلەن بىرگە تۇزۇمنىڭ مىليونلىغان قۇربانلىرى نوقتىسىدىن پۈتمەس-تۈگىمەس يارا ئىزى مەنبەسى ھالىغا كەلگەن ئىدى. بۇ مىراسنىڭ بىزنىڭ ئۇستىمىزگە يۈكلەنگەن قىسمى بولسا، ھىتلېرنىڭ قانداقلارچە ئوتتۇرغا چىقالىشىنى چۈشىنىش ئۇچۇن تەتقىقات يۈرگۈزۈش ۋەزىپىسىدىن ئىبارەتتۇر. كەلگۈسىگە قارىتا بىلىملەرنى پەقەت تارىخ بىلىمى ۋاستىسى ئارقىلىقلا قولغا كەلتۈرەلىشىمىز مۇمكىن. بۇ نوقتىدىن ئالغاندا، تارىخنىڭ ھەر قانداق بىر دەۋرى ئادولف ھىتلېر ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىنمۇ ئارتۇق ئەھمىيەتكە ئىگە بولالمايدۇ.

_ ئىئان كېرشاۋ

1998-يىلى ئاپرېل \ مانچېستېر _ شېففىېلد

## ھىتلېرنى قانداق تونۇش كېرەك؟

_ئاپتور كېرشاۋنىڭ بۇ كىتابنى ئوقۇشقا بەرگەن مەسلىھەتى

"سالاھىيىتىگە تايىنىپ باشقۇرۇش دېگەن ئۇقۇم، ئۇزۇنغىچە قوبۇل قىلىنماي مازاق قىلىپ كېلىنگەن ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، يىلتىزىنىڭ بەكلا چوڭقۇرلاردا بولىشى، مۇۋاپىق پسىخولوگىيىلىك ۋە ئىجتىمائى شەرتلىرى شەكىللەنگىنىدە ئىنتايىن كۈچلۈك قوزغىتىش رولىغا ئىگە بولىدىغانلىقى ھەممىگە ئايدىڭ. بىرەر داھىنىڭ سالاھىيەت كۈچى ھەرگىزمۇ بىر خىيالىي نەرسە ئەمەس. مىليونلارچە ئادەم ئىشىنىپ كېلىۋاتقان نەرسىدىن ھېچكىم

گۇمان قىلالمايدۇ.”

_ فرانز نېئۇمان _1942

بۇ ئەسىر، راستىنلا ‘ھىتلېر ئەسىرى’ بولغانمىدى؟ دەرۋەقە، بۇ ئەسىرگە ئادولف ھىتلېرنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرى بېسىلغانلىقىدا قىلچە شۈبھە يوق (ئاپتور بۇ يەردە 20-ئەسىرنى كۆزدە تۇتۇۋاتىدۇ _ ئۇ.ت). بۇ ئەسىردە كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدىغان كىشىلەردىن يەنە مۇسسولىنى، ستالىن ۋە ماۋ زېدوڭ قاتارلىقلار ئىشغالىيەت ئۇرۇشلىرىنى قوزغاپ باققان، ئىنسانلارنى قۇللارچە باش ئەگدۈرۈپ يۈرگەن، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان جىنايى ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ باققان، شۇ ئارقىلىق يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ خاراكتېرىگە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ كېتىشكەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ھېچ بىرسىنىڭ ھاكىمىيىتى ئادولف ھىتلېرنىڭ ھاكىمىيىتى ئىشقا ئاشۇرالىغاندەك ئۆز دۆلىتىنىڭ سىرتىدا، پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ زېھنىنى ئاستىن-ئۈستىن قىلىۋېتەلىگىدەك تەسىر پەيدا قىلالىغان ئەمەس. “چېكىدىن ئاشقان دەۋر” ھېسابلانغان بۇ ئەسىردە يەنە ئىجابى روللارنى ئوينىغان، ئىنسانىيەت ئۈچۈن، كەلگۈسى دۇنيا ئۈچۈن ئىنسانلىق ئۈلگىسى تىكلەپ بەرگەن داھىلارمۇ ئوتتۇرغا چىققان. روزىۋېلت، چېرچىل، كېنېدى ۋە تېخى يېقىنقى دەۋرلەردە ياشىغان ماندېلا، ئەنە شۇنداق ئادەملەر تىزىملىكىدىكى ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغان كىشىلەردىن ئىدى. ئەمما ھىتلېر بۇ ئەسىرگە ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن چوڭقۇر ئىز قالدۇرۇپ كەتتى.

ھىتلېر مۇستەبىتلىكىنىڭ مۇھىم ئورنىنى يىگىرمىنچى ئەسىر ئۈچۈن قاتارغا تىزىشقا توغرا كەلسە، ستالىن ياكى ماۋ زېدوڭنىڭ مۇستەبىتلىكىدىن خېلىلا ئۈستۈن تۇرىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. ھىتلېرنىڭ مۇستەبىتلىكى بەكلا كۆپ ئىشلارغا، چېكىدىن ئاشقان بەكلا كۆپ ساھە ۋە ئۇقۇملارغا چېتىلماقتا. مەسىلەن: زامانىۋى بىر دۆلەتنىڭ ئۆزىنى ئومۇمىي يۈزلۈك ئوتتۇرغا قويۇش، مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە دەھشەتلىك دۆلەت بېسىمى پەيدا قىلىش، خەلق ئاممىسىنى تېزگىنىدە تۇتۇش، ئۇلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن تەشۋىقات قۇراللىرىدىن پايدىلىنىش جەھەتلەردە بۇرۇن زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالالىشى، خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەردە زادى كۆرۈلۈپ باقمىغان كۆزقاراشلار، چېكىدىن ئاشقان مىللەتچىلىكنىڭ قورقۇنۇشلۇق خەۋپى، ئىرقى ئۈستۈنلۈك ئەقىدىلىرىنىڭ تەڭداشسىز ۋەيران قىلىش كۈچى، زامانىۋى تېخنىكىنىڭ، “ئىجتىمائى تەشكىلات” لارنىڭ سۇيىئىستېمال قىلىنىش جەھەتلەردە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن بولۇپلا قالماي، ئىرقچىلىقنىڭ قورقۇنۇشلۇق ئاقىۋەتلىرىنى پەيدا قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ

تىپىك ئۆلگە ھالىغا كەلگەن ئىدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويغىنىمىزدىمۇ، ھىتلېرنىڭ مۇستەبىتچىلىكى ھەممىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان ئاگاھلاندۇرۇش ئىشارىتىنىمۇ بەرگەن ئىدى. بۇ ئاگاھلاندۇرۇش مۇنۇلارغا ئىشارەت بەرمەكتە: زامانىۋىلاشقان، تەرەققىي قىلغان ھەمدە مەدەنىيەتلىك بىر جەمئىيەتنىڭمۇ تېز سۈرئەت بىلەن قالاقلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالالايدىغانلىقىنى، ئىدىئولوگىيىلىك كۈرەشنىڭمۇ چېكىدىن ئاشقان نوقتىلارغا يېتىپ بارالايدىغانلىقىنى، ئەقلىغىمۇ كەلتۈرۈشكە بولمايدىغان رەھىمسىزلەرچە، ئاچكۆزلۈك بىلەن ئىشغالىيەتچىلىكنى پەيدا قىلالايدىغانلىقىنى، دۇنيادا بۇرۇن زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقلارنىڭ پەيدا بولۇش مۇمكىنچىلىكىنىمۇ بىزگە كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭدەك يەنە ھىتلېر مۇستەبىتچىلىك ئارقىلىق زامانىۋى جەمئىيەتنىمۇ يىمىرىپ تاشلاشقا بولىدىغانلىقىنى بىزگە كۆرسىتىپ بەردى؛ ئۇنى زامانىۋى جەمئىيەت ئىچىدە پارتلىغان بىر خىل ئۆزگىچە ئاتوم بومبىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. يەنى ئۇ بىزگە بۇ دەۋردە يەنە نېمىلەرنىڭ بېشىمىزغا كېلىشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

شۇنىڭغا قارىماي، يەنە نۇرغۇنلىغان مۇھىم مەسىلىلەر تېخىچە يېشىلمەي سىر ھالىتىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئالايلۇق، بۇ ئاپەتنىڭ پەيدا بولىشى جەريانىدا گېرمانىيىگە خاس قانداق ئەۋزەللىكلەر بار ئىدى؟ ئۇ دەۋرگە، ئۇ چاغلارغا خاس قانداق ئۆزگىچىلىك بار ئىدى؟ ياۋروپادا يۈز بەرگەن ئومۇمى بوھران ۋەزىيىتىنىڭ بۇ ئىشلاردا قانچىلىك رولى بولىدى؟ زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى، بۇ ئالاھىدىلىكنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن نەرسە نېمە؟ بەلكىم بۇنداق بىر پوتېنسىيال كۈچ ھازىرمۇ يەر ئاستىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان بولىشى، بەلكىم كېيىنكى ئەسىرىمىزدە بۇنداق پوتېنسىيال كۈچ يەنە قايتىدىن جانلىنىپ ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىنمىدۇ؟

ھىتلېرنىڭ ئون ئىككى يىللىق ھۆكۈمرانلىقى گېرمانىيىنى، ياۋروپانى ۋە شۇنىڭدەك دۇنيانى مەڭگۈگە ئۆزگەرتىۋەتتى. ھىتلېرنى مۇنداق دەپ قەتئىي كېسىپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدىغان بىر قانچە ئادەمدىن بىرسى دېيىش مۇمكىن: ئەگەر ھىتلېر بولمىسا ئىدى، دەۋرىمىز بۈگۈنكىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان باشقىچە بىر تۈستە شەكىللەنگەن بولاتتى. ھىتلېرنىڭ ۋاستىلىق مىراسى ھېسابلىنىدىغان ئىدىيىۋى سەپ بويىچە يۈز بەرگەن سوغۇق ئۇرۇش _ تاملار بىلەن بۆلۈنگەن گېرمانىيە، ئىدىيىۋى تۆمۈر پەردە بىلەن بۆلۈنگەن بىر ياۋروپا، پلانىتىمىزنى پۈتۈنلەي تۈزلىۋېتەلىگىدەك قۇراللار بىلەن قۇراللانغان، بىر-بىرسىگە دۈشمەن دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا بۆلۈنگەن بىر دۇنيا _ تېخى يېقىنقى ئون يىل ئالدىلا ئاخىرلاشتى. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇنىڭمۇ چوڭقۇرلىرىغا كۆمۈلگەن مىراسلار

ــ كەلگۈسى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇلغان ئەخلاقى يارىلار ــ تا بۈگۈنگىچە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە.

بىر مەنىدىن ئالغاندا ھىتلېرنىڭ ئىسمى ئۇستۇنلۇكتە تۇرغان بۇ ئەسىر ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكنى ئاساسەن ئالغاندا ئۇرۇشلاردىن، ئىرقى قىرغىنچىلىقلاردىن، يەنى ھىتلېرگە خاس بۇ تۈر ئالاھىدىلىكلەردىن ئالدى دېيىش مۇمكىن. شۇ سەۋەپتىن، بۇ ئەسىر ئاخىرلىششى ئالدىدا تۇرغىنىدا، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە دىققەت بىلەن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىشلەنگەن ئىلمى تەتقىقات پائالىيەتلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا ھىتلېرنى ياراتقان، ئۇنى سىمووۋۇللاشتۇرغان، ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئىشارىتى ھالىغا كەلگەن ياۋايىلىقنى شەكىللەندۇرۇپ بەرگەن كۈچلەرنى قايتىدىن باھالاپ چىقىش ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. ھىتلېرنى پەيدا قىلغان زامانىۋىي، مەدەنىيەتلىك، تېخنىكا جەھەتلەردە تەرەققى قىلغان، شۇنىڭدەك ئالاھىدە مۇكەممەل مەمورى باشقۇرۇش سىستېمىسىغا ئىگە بىر دۆلەتتە، ئۇنىڭ خەلقى ئىچىدە، ــ ئەسلىدە دەل ئەنە شۇنداق بىر جەمئىيەتتىلا ھىتلېردەك بىرسىنىڭ ئوتتۇرغا چىقىش ئىمكانىيىتى بولىشى مۇمكىن ــ ئۇ يەردە زادى نېمە ئىشلار بولغان ئىدى؟ ھىتلېر ھاكىمىيەت ئۇستىگە چىققان دەسلەپكى بىر قانچە يىللاردا ياۋروپانىڭ كىندىكىدىكى بۇ غايىۋى دۆلەت، كېيىن قىيامەت كەبى ئىرقى قىرغىنچىلىق ئۇرۇشىنى ئوتتۇرغا چىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدى؛ دەل بۇ ئۇرۇش ياۋروپانى، گېرمانىيىنى تۆمۈر پەردە بىلەن بۆلۈۋېتىش بىلەنلا قالماي، ئۇ يەرلەر ماددىي جەھەتتىمۇ پۈتۈنلەي خارابە ھالغا كەلتۈرۈۋېتىلدى؛ ئەخلاقى جەھەتتىمۇ ۋەيرانە ھالغا كەلتۈرۈۋېتىلدى. بۇ ھادىسلەر تا بۈگۈنگىچە ئېنىق ئىزاھلىنىشقا ئېرىشەلمەي كەلمەكتە. مىللى گۈللىنىش، ئىرقنى تازىلاش قاتارىدىكى ئىدىئولوگىيىلىك بىر غايە ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان بىر داھى ئەتراپىغا يىغىلىش؛ داھىسىغا، بۇ داھىسى قولغا كەلتۈرمەن دەپ تىرىشۋاتقان نەرسىلەر ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتكىدەك دەرىجىدە ئۇ داھىسىغا ئىشەنگەن بىر جەمئىيەت؛ شۇنىڭدەك ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان بۇنداق غايىگە ھەۋەس قىلىشقان، يەنە كېلىپ بۇ غايە ئۈچۈن سىياسەت پىلانلاپ ئىجرا قىلىشىپ بەرگەن ئىنتايىن قابىلىيەتلىك، ماھارەتلىك مەمورىي باشقۇرۇش سىستېمىسى؛ مانا بۇ ئامىللار بۇ تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن بىزگە بىر باشلىنىش نۇقتىسىنى سۇنماقتا. بۇ جەمئىيەت ھىتلېر تەرىپىدىن نېمە ئۈچۈن، قانداقلارچە شۇنچە ھاياجانلاندۇرۇلغان ئاكتىپ ھالغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى تەپسىلى تەتقىق قىلىپ چىقىش ھەقىقەتەنمۇ زۆرۈر.

گېرمانىيە بىلەن ياۋروپانىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ئاپەتنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، 1933-يىلىدىن 1945-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا گېرمانىيىنى باشقۇرۇپ

كەلگەن، ئاڭلىغان ئادەمنىڭ بەدەنلىرىنى شۇركۈندۈرۈۋەتكەدەك ئىنسانىيەت قىلىپىدىن چىققان پەلسەپەسىنى، گېرمانىيە ھۆكۈمەت باش مىنىستىرى بولۇشتىن ئاۋال بىر ھېساباتا خەلق ئاممىسىغا ئاشكارە تۇردە سەككىز يىل ئېلان سەنئەت (رېكلام) قىلىپ كەلگەن ئادولف ھىتلېردىن ھالقىپ تېخىمۇ كەڭ دائىرىلەرگىچە تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمىدۇ؟ ئەمما، ھىتلېر تېزگىنلەپ كېلىۋاتقان سىياسىي تۈزۈم ئاستىدا بارلىققا كەلگەن بارلىق ئىشلارنى ئەخلاقىي جەھەتتە مەسئۇلىيەتنى پۈتۈنلەي ھىتلېرنىڭ ئۈستىگىلا ئارتىپ قويۇشتەك شەخسىي مەسىلە دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇشنى، پاكىتلارنىڭ ھەر قايسى ئامىللار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇشىغا كۆز يۇمۇشقا ئۇرۇنغانلىق، دېيىش كېرەك. كارل ماركسنىڭ "ئادەم ئۆز تارىخىنى ئۆزى يارىتىدۇ، ئەمما ... مىراس ئېلىنغان، ئالدىنقىلاردىن ئۆتكۈزۈۋېلىنغان شەرت ئاستىدا" دېگەن ھۆكۈمگە ھىتلېرنى تىپىك بىر مىسال قىلىپ ئېلىشىمىز مۇمكىن. "مىراس ئېلىنغان، ئالدىنقىلاردىن تاپشۇرۇۋېلىنغان شەرت ئاستىدا"، _ ھەرقانچە ئىشەنچلىك بولغان تەغدىردىمۇ _ ھەر قانداق بىر شەخسنىڭ تېزگىنىدىن تاشقىرىسىدا روي بەرگەن شەخسكە ئائىت بولمىغان جەريانلار، گېرمانىيىنىڭ تەغدىرىنى قانچىلىك دەرىجىدە بەلگىيەلىشى مۇمكىن؟ بۇ ۋەقەنى تارىخى بىرەر ئاپەت دېيىش ئۈچۈن قانچىلىك ئاساسلىرىمىز بار؟ ئۇ دەۋرلەردە گېرمانىيەنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان دەرىجىدىن تاشقىرى بىر ئادەمنىڭ تۈرتكىلىك رولى بىلەن ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنى نەگە قويۇش كېرەك؟ مانا بۇنىڭدەك مەسىلىلەر تولۇق تەتقىق قىلىنىشى زۆرۈر بولۇپ ئالدىمىزدا تۇرماقتا. بۇ تۈردىكى مەسىلىلەر قولىمىزدىكى بۇ تەتقىقات ماتېرىيالىدا ئاددىي جاۋاپلار بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىلمەي، ۋەقەلەرنىڭ دېتاللىرى بويىچە تەپسىلىي تەتقىق قىلىندى.

بۇنداق بىر تەتقىقات ئىشىغا كىرىشىش ئۈچۈن، ئەلۋەتتىكى ھىتلېر بىئوگرافىيىسىنى يېزىپ چىقىشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە دەپ قاراشقا بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇنداق بىر ئىش، ئىچىدە _ ۋەھشىي يولۋاسلارنىڭ بولغىنىدەك _ يوشۇرۇن ۋەھىمىلىك بىر كۈچنىمۇ بىرگە ئېلىپ يۈرگەن بولۇشى كېرەك. كېيىنكى بۆلۈملەردە بۇنداق بىر كۈچنىڭ بارلىقىنىمۇ كۆرۈپ ئالالىشىڭىزغا تىلەكداشمەن. بىئوگرافىك شەكىل ئالدىغان تۈزۈلمىدە كۆرۈلىدىغان بىر خەۋپ، مەسىلىلەرگە بەلگىلىك بىر ئارىلىق قالدۇرۇپ جىددىي مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى بولۇپ، بۇنداق مۇئامىلە يەنە كېلىپ ھىتلېرغا بولغان يوشۇرۇن قىزىقىشنى، ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىشنىمۇ بەكلا ئاسان كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بۇ كىتابنى ئوقۇغىنىڭىزدا بۇنداق بىر ئېھتىماللىقتىن ئىمكان بار يىراق تۇرۇشقا تىرىشچانلىق كۆرستىشتىمۇ ئالاھىدە كۈچ سەرىپ قىلىنغانلىقىنى ئېسىڭىزدىن

چىقارمىغايسىز. بەلكىم بۇ يەردە ئەسلى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن يىرگىنىش ئادىتىنىڭ ئۇستۇنلۇكتە تۇرىدىغانلىقى بولۇپ، بۇنداق سەسكىنىش ئەھۋالى مەسىلىلەرنى چۈشۈنىشىمىز ئۇچۇن تېخىمۇ چوڭ بىر توسالغۇ پەيدا قىلىشىمۇ مۇمكىن.

بىئوگرافىيە، چىگىش تارىخى جەريانلارنى ھەددىدىن ئارتۇق كىشىلەشتۇرۇپ، شەكىللەندۇرگەن ۋە بەلگىلىگەن ۋەقەلەردە شەخسنىڭ رولىنى ھەددىدىن ئارتۇق گەۋدىلەندۇرۇش، بۇ پائالىيەتلەر يۈز بەرگەن ئىجتىمائى ۋە سىياسى شارائىتلارغا سەل قاراش ياكى بۇ شارائىتلارنى تولۇق باھالىماسلىقتەك يېتەرسىزلىكلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بۇنداق قاپقانلارغا چۈشۈپ كەتمەسلىك ئويى، بۇ بىئوگرافىيەنى يېزىش ئىشنى ئۇستۇمگە ئېلىشىمدا مۇھىم رول ئوينىدى. مېنى، ھىتلېرغا قارىتا يېڭىچە باھادا بولۇشقا مەجبۇرلىغان نەرسىمۇ ئەسلىدە شۇ ئىدى.

شۇنداق بولغاچقا، بۇ كىتاپنى يېزىشقا تۇتۇش قىلىشىم ھەقىقەتەنمۇ خەتەرلىك بىر تەۋەككۇلچىلىك ئىدى! بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويغاندىمۇ، ھىتلېرگە ۋە ئۇچىنچى ئىمپېرىيىگە مۇناسىۋەتلىك يازما ھۆججەتلەر ھەقىقەتەنمۇ كۆپ بولۇپ، ئىشلەنگەن تەتقىقاتلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەقىقەتەنمۇ يوقۇرى سەۋىيىلىك دېيىشكە بولىدىغان تەتقىقاتلاردىن ئىدى. تەخمىنەن ئون بەش يىل بۇرۇن نەشرى قىلىنغان مۇھىم بىر تەتقىقات، 1500 دىن ئارتۇق تېما بويىچە يېزىلغان ئىدى. ھەر تۇرلۇك باھالارنى بىر-بىرسى بىلەن ماس كەلتۈرۈش مەقسەت قىلىنغان يېقىنقى دەۋرلەرگە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلار بولسا، ھىتلېرغا مۇناسىۋەتلىك 120 مىڭ تەتقىقات تېمىسى بارلىقىنى تىلغا ئالماقتا. ئەھۋال راستىنلا شۇنداق بولغان تەغدىردىمۇ، ناتىسىستلار داھىسىنىڭ تولۇق، ئەستايىدىل ۋە ئىلمى قاراش ئاساسىدا يېزىلغان بىئوگرافىيلىرىنىڭ سانىنى يەنىلا كۆپ دېيىشكە بولمايدۇ. بۇ جەھەتتىكى مۇلاھىزىلەرمۇ مۆلچەرلەنگەندىنمۇ كۆپ خىللىق بولۇپ ئوتتۇرغا چىقماقتا.

ھىتلېر، تۇنجى قېتىم خەلقنىڭ قىزىقىش نوقتىسىغا ئايلىنىۋاتقان 1920-يىللاردىن بۇيان، دائىم دېگىدەك بىر-بىرسىگە زىت كېلىدىغان بەكلا پەرقلىق ۋە كۆپ خىل شەكىللەردە باھالار ئوتتۇرغا قويۇلغان ئىدى. بۇنداق باھالاردىن بىر قانچە تۈرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: "ئۆز كۈچىنى، ئۆزىنى مىللىتى بىلەن بىر گەۋدە دەپ تونۇتۇپ كەلگەن، مىللىتىنىڭ كۈچىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ۋە كېڭەيتىشتىن باشقا ھېچ قانداق بىر ئويى بولمىغان بىر ئادەم"، "ئىرق تەلىماتى بىلەن ئۆزىنى بىزەپ كۆرسەتكەن، ھۆكۈمرانلىق قىلىش" تىن باشقا غېمى يوق بىرسى، "ئۆچمەنلىك ساقلاپ كەلگەن بىر

بۇزغۇنچى". بۇ باھالارغا تولۇقتىن زىت بولغان يەنە بىر باھا، "ئالدىن پىلانلانغان ۋە ئالدىن بېكىتىلگەن ئىدىئولوگىيىلىك پروگراممىنى ئەسەبىلەرچە ئىجرا قىلغان بىرسى" دېيىلگەن باھانىمۇ ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك. ھىتلېرنى بىر تۈرلۈك سىياسىي ئالدامچى دەپ قاراشقا ئۇرۇنۇشلارمۇ كۆرۈلمەكتە. نېمىس خەلقىنى گىپنوز (ھىپنوز) قىلىپ سېھىرلىۋالغان، قالايمىقانچىلىقتا ۋە خاتا يوللارغا يېتەكلىگەن، ياكى بولمىسا نېمىس خەلقىنىڭ كۆڭلىگە "شەيتان كىرگۈزىۋەتكەن" دەيدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. بۇ تۈردىكى قاراشلار ھىتلېرنى گېرمانىيىنىڭ تەغدىرىنى سېھىرلىك ۋە چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان بىر گەۋدە ھالىغا كەلتۈرۈۋېتىشتى. ھىتلېرنىڭ بىناكارلىق ئىنجىنېرى بولغان، كېيىن ئارمىيە قۇرال-ياراق، ئوق-دورا بىلەن تەمىنلەش مىنىستىرى ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن، ئۇچىنچى ئىمپېرىيەنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقىتلىرىدا مۇستەبىتنى بىلەن ئالاھىدە يېقىن ئۆتكەن ئالبېرت سپېر، ئۇرۇش ئاخىرلىششى بىلەن تەڭ ھىتلېرنى "ئۇ بىر شەيتان"، "ئۇنىڭ كىشىلىكى مىللەتنىڭ تەغدىرىنى بەلگىلىگەن"، "ئىنسانىيەت ئىچىدىن بەكلا كام ئوتتۇرغا چىقىدىغان، چۈشەندۈرۈش بەكلا قىيىن تارىخى كىشىلىكتىن بىرى" دەپ باھالايدۇ. بۇنداق قاراش، ياۋروپا بىلەن گېرمانىيە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئېغىر بالا-قازالارنى شەيتانى شەخسى خاراكتېرلارنىڭ خالىغىنىچە ھەرىكەت قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى دېگەن دەرىجىگە چۈشۈرۈپ باھالاپ، گېرمانىيىدە 1933~1945-يىللار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش، ئەمەلىيەتتە ئىشنى بۇرمىلاش خەۋپىنى مەيدانغا كەلتۈرىشى مۇمكىن. بۇنداق باھالاشلار بالا-قازانىڭ يۈز بېرىشىنى پەۋقۇلئاددە بىر كىشىلىكنىڭ پائالىيەتلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس دېيىشنىلا كەلتۈرۈپ چىقىرىش مۇمكىن. بۇنداق قارالغىنىدا، چىگىش ھادىسىلەر ھىتلېرنىڭ ئارزۇسىنىڭ سىرتقا تېپىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس دېگەن خۇلاسىنىلا كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

بىر دۆلەت ئىدىيىسىنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ تۇرغان مۇددەت ئىچىدە چۈشەندۈرۈلۈشكە بولىدىغان ۋە بۇ ئىدىيىنى ساقلاپ كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى لاگېرىنىڭ يىمىرىلىشى ھامان بۇنداق ئەقىدە بىراقلا يوقۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا پۈتۈنلەي زىت بولغان باشقا بىر قاراشنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشى، شەخسنىڭ مۇھىم رول ئوينىيالايدىغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلارنى تولا بەك باش قاتۇرۇش زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلدۇرمايلا بىراقلا چۆرۈپ تاشلاتقۇزىۋەتتى. ھىتلېرنى كاپىتالىزمنىڭ بىر جاسۇسى سەۋىيىسىگە چۈشۈرۈپ قويىدىغان بۇنداق قاراشقا نىسبەتەن ئالغاندا، ھىتلېر، دەبدەبىلىك ئىشلارنىڭ ۋە بۇ ئىشلارنىڭ بېشىدا تۇرىۋاتقانلارنىڭ مەنپەئەتلىرى ۋاستىچىلىقى ئارقىلىقلا يېشىلىدىغان بىر

شىفىر ھالىغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى. ھىتلېرنى تېزگىنلەپ تۇرىۋاتقانلار، بۇ قونچاقنىڭ يىپىنى خالىغان شەكىلدە تارتىپ ئوينىتىپ كېلىۋاتقان كىشىلەر دەل ئەنە شۇ خىل كىشىلەر ئىدى، دېيىشكەن ئىدى.

ھىتلېر ھەققىدە توختالغان بەزى ئەسەرلەر ئاساسەن ئالغاندا مەسئۇلىيەت غىمىدا قالمىغان، ياكى بولمىسا، بۇنداق بىر مەسىلە ئوتتۇرىغا چىققىدەك بولغىنىدا، بۇنداق مەسىلىگە پەقەتلا ئەھمىيەت بەرمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھىتلېرنى مازاق قىلىپ، ئۇنى قىزىقارلىق ھالغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشمۇ ھىتلېرغا قارىتا بىر تۈرلۈك مۇئامىلە ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى ئاددى ھالدا "ئېلىشىپ قالغان" ياكى "ئاغزىغا كەلگىنىچە ئۇلۇق-تەتۈر بىر نېمىلەر دەيدىغان بىر ساراڭ" دەپ باھالاشنىڭ ئۆزىلا بۇنىڭغا ئىزاھات بېرىشنى چەكلەيدىغان بىر مۇئامىلە ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بۇنداق قاراشلارنىڭ ئۆزىلا يەنە بىر سوئالنى تۇغدۇرغان بولىدۇ: "كومپلېكس (چۈشىنىكسىز، مۇرەككەپ روھى ھالەت، تىرىككەك خاراكتېرىدىكى بىر خىل پسىخولوگىيىلىك نورمالسىزلىق ھالەت _ ئۇ.ت) ھالغا كەلگەن بىر جەمئىيەت، ئەقلىدىن ئېزىپ قالغان بىرسىنىڭ، 'پاتولوگىيىلىك' بىر كېسەللىك ئالامىتى بولغان بىرسىنىڭ كەينىگە كىرىپ چېكى يوق ھاڭغا پېتىپ قېلىشىنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار ئىدى؟"

چېكىدىن ئاشقان سۈنئى مۇئامىلىدە بولۇش، ھىتلېرنىڭ ئەمەلىيەتتىكى "ئۇچىنچى ئىمپېرىيە ھۆكمدارى" مۇ ياكى "ئاجىز مۇستەبىت" مۇ دەيدىغان نۇقتىلاردا بىر-بىرسىگە زىت كېلىپ قالىدۇ. ھىتلېر ئەمەلىيەتتە ئومۇمىي يۈزلۈك، چەكلىمىسىز ۋە مۇتلەق بىر ھاكىمىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرغانمۇ ياكى ئىجتىمائىي تۈزۈمنى رەت قىلىش مۇمكىن بولمىغان ئورتاق ۋە ئۇنى ئاساس قىلغان ئەقىدە سەۋەبلىك ھىتلېرنىڭ ئىلكىدە بولغان ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشلىرى _ خۇددى كۆپ باشلىق ھەجدەرھاغا ئوخشاش _ "كۆپ باشلىق باشقۇرۇش شەكلى" گە ئاساسلانغانمىدى؟ ئەگەر بىز ئۇنىڭ ھاكىمىيەت شەكلىنى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئايرىلماس تايىنىش نوقتىسى سۈپىتىدە بۇنداق بىر باشقۇرۇش شەكلىنى قوللانغان دەپ قوبۇل قىلغىنىمىزدا، بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغىنى پىلانسىز-پىروگراممىسىز بولسىمۇ ئالدىغا كەلگەن پۇرسەتلەردىن ئاخىرغىچە پايدىلانغان، ھىتلېرنىڭ ئۆزى بولسا دائىم بىر تەشۋىقاتچى بولۇشتىن باشقا بىر تۈسكە ئىگە بولالمىغان بولاتتى.

ھىتلېرغا مۇناسىۋەتلىك بىر-بىرسىگە ئوخشىمايدىغان باھالاشلار، سىرلىق ئىلمى تالاش-تارتىشلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان ئەمەس. بۇنداق ئوخشىمايدىغان باھالاشلار بۇنىڭدىنمۇ كەڭ دائىرىلىك ئاساسلارنى، تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئىشارەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالماقتا. ھىتلېرنى ستالىن ياكى لېنىننىڭ بىر تۈرلۈك تەتۈر

نۇسخىسى دەپ قاراش، ئۇنى بولشېۋىك تېررورىدىن ۋە سىنىپى قىرغىنچىلىقتىن تەلۋىلەرچە قورققانلىقى سەۋەبىدىن ئىرقى قىرغىنچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بىر داھى سۈپىتىدە بالاشلارنىڭ تەسىرىمۇ ھەممىگە مەلۇم. ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ ئەسكى ئادەم ئىدى. بۇنىڭدىن ھېچ كىم گۇمان قىلمايدۇ. ئەمما ستالىن ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ئەسكى بىرسى ئىدى. چۈنكى، ستالىننىڭ ئەسكىلىكى ئىچىدىن قايىنىغان نەق ئەسكىلىكىنىڭ ئۆزى بولسا، ھىتلېرنىڭ ئەسكىلىكى كۆچۈرۈلمە ئەسكىلىك ئىدى. ناتسىستلار ئىرقى قىرغىنچىلىقنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى سىنىپى قىرغىنچىلىقنى دورىغانلىقى ئىدى. ئاپارات ئوبېكتىۋىنى ھىتلېرنىڭ ئاخىرقى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك بولغان ئىنسانىيەت ئۈستىدە ئىشلىگەن جىنايەتلىرىدىن بۇراپ، ئۇنى گېرمانىيە جەمىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە مۇناسىۋەتلىك كۆزقاراشلىرىغا مەركەزلەشتۈرىدىغان بولساق، بۇنىڭمۇ ئىنتايىن مۇھىم بىر سەۋەپ ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. يەنە شۇ ھىتلېر، ئىجتىمائى پائالىيەتچانلىقى بىلەن، ئىشچىلارغا تېخىمۇ ياخشى تۇرالغۇ مۇھىتى يارىتىش بىلەن بىر قاتاردا سانائەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئىجتىمائى پاراۋانلىق سىستېمىنى بەرپا قىلىپ چىقىش، بۇرۇندىن قالغان پەرقلەندۈرۈپ قاراشلارنى يوقۇتۇشلار بىلەنمۇ شۇغۇللانغان ئىدى. يەنى قىسقىچە ئېيتقاندا، ھەر قانچە رەھىمسىز ئۇسۇللاردىن پايدىلانغان بولسىمۇ، تېخىمۇ ياخشى، دەۋرگە تېخىمۇ ماس كېلىدىغان، سىنىپى تەسىرلەردىن ئىمكان بار يىراق تۇرىدىغان بىر نېمىس جەمىيىتى قۇرۇپ چىقىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئىدى. يەنە شۇ ھىتلېر، يەھۇدىيلارنى بىر شەيتان دەپ ئېلان قىلغىنىغا، بۇ جەھەتتە بەكلا چوڭ دو تىكىش بىلەن دۇنياۋى كۈچ ھالىغا كېلىش ئۈچۈن قىمار ئوينىغان بولۇشىغا قارىماي، "پىكىر ۋە ھەرىكەتلىرى بۆگۈنكىچە بولغان پىكىر قىلىشلاردىن تېخىمۇ ئەمەلىيەتچان بىر سىياسىيون" ئىدى. بۇنداق بىر غايە ئۈچۈن ئۆزىگە نىسبەتەن يامان غەرەزلىك ئەمما نېمىس جەمىيىتى ئۈچۈن ياخشى نىيەتلىك، ھېچ بولمىغاندا پايدىلىق دەپ باھالاش ئىمكانىيىتى بار نىيەتلەرگە ئىگە بىرسى قاتارىدا كۆرۈنۈشى مۇمكىن ئىدى.

قايتىدىن كۆزدىن كۆچۈرۈلۈپ تۈزىتىلگەن بۇنداق بىر باھالاشلاردا بولۇشتىكى مەقسەد، ھىتلېرنى ئاقلاشنى مەقسەت قىلىش ئەمەس ئىدى. ئىككى دۇنيا ئۇرۇشى ئوتتۇرسىدىكى دەۋردە، ياۋروپادىكى ئىدىيولوگىيىلىك توقۇنۇشلارنىڭ قورقۇنۇشلۇق ۋەھشىيانىلىكىگە ۋە نېمىس مىللى قىرغىنچىلىقىغا تۈرتكە بولۇپ بەرگەن كۈچلەرگە ھەر قانچە بۇرمىلانغان قاراش ھېسابلانغان تەغدىردىمۇ بۇنى ئايدىڭلىتىپ بېرىش ئۈچۈن ناتسىستلارنىڭ، ستالىنچىلارنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى ئىشلىگەن جىنايەتلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇشنىمۇ مەقسەت قىلىش ئىدى. ھىتلېرنى بىر ئىجتىمائى ئىنقىلاپچى دەپ

باھالاش ئارقىلىق ئاشكارە ئوتتۇرغا قويماقچى بولغان ــ تەبىئى خاتا چۈشىنىلگەنلىكى ئېھتىمال بولغان ــ نەرسە، بىر ئىجتىمائىي بوھران دەۋرىدە گېرمانىيىدە بۇنداق كەڭ كۆلەملىك ھىمايىگە ئېرىشەلىگەنلىكىنىڭ بىر سەۋەبى ھېسابلىناتتى. بۇنداق ئىككى خىل قاراشنىڭ، ھەر قانچە خالىماسلىقىمىزغا قارىماي، ھىتلېرنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئېھتىمالىنى يۇشۇرۇن بولسىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس. بۇنداق بىر ھەققىنىڭ قايتۇرۇپ بېرىلىشى نەتىجىسىدە، ھىتلېر ئىنسانىيەتكە قارشى سادىر قىلغان شۇنىڭدەك ئۇنىڭ نامىدا ئاتىلىپ كېلىۋاتقان جىنايەتلەرگە قارىماستىن، يەنىلا 20-ئەسىرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ داھىلىرىنىڭ بىرى دېيىش مۇمكىن؛ ئەگەر ئۇ، ئۇرۇشتىن بۇرۇن ئۆلگەن بولسا ئىدى، نېمىس قەھرىمانلىرى تىزىملىكى ئىچىدە ئەڭ يۇقۇرىدىكى قاتارلارغا ئېرىشەلىگىدەك بىرسى بولۇپ قوبۇل قىلىنىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

"تارىخىي ئۇلۇغلۇق" مەسىلىسى، ئادەت بولۇپ كەتكەن بىئوگرافىيە ئەسەرلىرىدە ئادەتتە يېپىق، يۇشۇرۇن بىر شەكىلدە ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. بولۇپمۇ نېمىس ئادەتلىرى بويىچە ئالغاندا بۇنداق يېپىق ئىپادىلىنىشى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك ئىدى. سىياسىي باش تاج ھالقىسىدىن ۋە تەسىرلىرىدىن ئايرىپ قارىغىنىمىزدا، شەخسىي ئالاھىدىلىكلىرى ئېسىل نەسەبلىك، ئۇلۇغلىنىدىغان ياكى بايۋەتچىلىكتىن كەلگەن ھېسابلانمايدىغان ھىتلېر رولى، بۇنداق بىر ئەنئەنىلەر ئۈچۈن روشەن مەسىلە پەيدا قىلىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. ئەمما داڭلىق بولۇشنىڭ باشقىچە بىر يولىمۇ بار: داڭقلىق ئەسكى ئادەم تىپى رولىنى ئويناش. ئۇنىڭ خاراكتېرىدە ئېسىلزادىلىقنىڭ يوقلىقى، تارىخىي شەخسلەرنىڭ "داڭق" بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئوتتۇرغا چىققان باشقا ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولمىغانلىقىغا قارىماي، تارىختا ــ ھەر قانچە ئاپەت پەيدا قىلۋەتكەن بولىشىدىن قەتئى نەزەر ــ ئىنتايىن چوڭ تەسىر پەيدا قىلغانلىقىنى كۆرستىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما داڭقلىق ئەسكى ئادەم تىپىنى تىرادىگىيىلىك خىيال قىلىپ ئوخشىتىۋېلىش يولى بىلەنمۇ ئويلىنىشىمىزغا بولىدۇ ــ قاتتىق تىرىشچانلىق، ھەيران قالارلىق تەرەققىياتلارنى ئۈيدۇرۇپ چىقارغان ئەمما بۇزۇلغان بولىدۇ؛ مىللى ھەشەمەتلەر مىللى ئاپەت ھالىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن بولىدۇ.

بەكلا كۆپ دەۋرداشلىرىنىڭ ھىتلېرگە نېمە ئۈچۈن "داڭلىق" كىشىلىك يۈكلەپ قويغانلىقىنى تەتقىق قىلىش ئورنىغا، بۇنداق "ئۇلۇغلۇق" ئىبىسىدىن يىراق تۇرۇش تېخىمۇ ياخشى بىر يول بولۇپ كۆرۈنمەكتە. بۇنداق "ئۇلۇغلۇق" ئىبىسى كىشىنىڭ دىققەت نەزىرىنى ئاساسى نوقتىدىن باشقا تەرەپكە بۇرىۋېتىپ قالىدۇ: خاتا باھالاش، ھاجەتسىز، مۇناسىۋەتسىز ھەمدە ئالاھىدە ماختاش مەنىسىگە ئىگە بىر ئىبىغا ئايلانغان بولىدۇ. خاتا باھالانغان دېگىنىمىزدە، "ئۇلۇغ ئادەم" نەزەرىيىسى تارىخىي جەريانلارنى ھەددىدىن

تاشقىرى كىشىلىكلەشتۈرۈشتىن ساقلىنالمايدۇ؛ ھاجەتسىز دېگىنىمىزدە تارىخى ئۈلۈغلۈق چۈشەنچىسى بىھۇدىلىق بىلەن قابىلىيەتسىزلىك مۇراجەت قىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى چارىسى ھېسابلانغان بولىدۇ. ئەخلاقىي، ھەتتا ئېستېتىك ھۆكۈملەردىن قۇراشتۇرۇپ چىقىرىلغان بىر خاھىشتۇر؛ بۇ چۈشەنچە ھېچ بىر نەتىجىگە يېتەكلەپ بارالمايدىغان پەلسەپىلىك-ئېتىك بىر ئۇقۇمدىن باشقا نەرسە ئەمەس؛ مۇناسىۋەتسىز دېگىنىمىزدە، ھىتلېرنىڭ "داڭقلىق" دېيىلىشىگە مەيلى ئىجابىي مەيلى سەلبىي تەرەپتىن جاۋاب بەرگەن بولىشىمىزدىن قەتئىي نەزەر، ئۇچىنچى ئىمپېرىيىنىڭ قورقۇنۇشلۇق تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ھېچ قانداق بىر نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىگەن ھېسابلانمايمىز. ھەتتا دەل ئەكسىنچە ئۇنى مەدھىلەش ئېھتىمالىنى ساقلاپ قالغان بولىمىز. چۈنكى كالللىسىدا بىرەر مۇجمەللىك بولغىنىدىمۇ ھىتلېرغا ئۇنىڭ بارلىق خاتالىقلىرىغا قارىماي خالىماي تۇرۇپ بولسىمۇ ئۇنىڭغا بىر خىل ھەيرانلىق تۇيغۇسى بارلىقنى يوشۇرۇپ قالالمايدۇ. شۇنىڭدەك ھىتلېر ئۈستىدىن ئۇلۇغلۇق ئاختۇرۇش، ھىتلېر ھاكىمىيىتىنى بىۋاستە قوللاپ چىققانلار، ئىجتىمائىي تۈزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ بەرگەن ۋاستىلار ۋە بۇ ئۇلۇغ ئادەمنى تەقلىت قىلىپ ئۇنىڭغا ئىگە بولىدىغان گېرمانىيە پۇخرالىرىنىڭ تەسىرىنى ئازايتىشقا مۇناسىۋەتلىك ئاقىۋەتنى تەبىئىي ھالدا، ئىختىيارسىز ھالدا ئوتتۇرغا چىقارغان بولىدۇ.

دىققىتىمىزنى "تارىخىي ئۇلۇغلۇق" تېمىسىغا ئەمەس بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان باشقا بىر مەسىلىگە مەركەزلەشتۈرىشىمىز كېرەك. ئەقلى تەپەككۇر قابىلىيىتى بىلەن ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكى بەكلا يېتەرسىز، سىياسىي تۇرمۇشىدىن باشقا ھېچ قانداق بىر ئالاھىدىلىكى يوق، يېقىن دوستلىرى بىلەنمۇ يېقىن ئۆتەلمەيدىغان ۋە ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان، ھەقىقىي دوستلۇق ئورنىتىش قابىلىيىتى بولمىغان، يوقۇرى دەرىجىلىك بىر ئورۇندا پەقەتلا بولۇپ باقمىغان، ئۇچىنچى ئىمپېرىيە باش مىنىستىرى بولۇشتىن بۇرۇن ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ھېچ بىر ئەمەلىي تەجرىبىسى بولمىغان بىرسىنىڭ، ئەنە شۇنداق بىر ئادەمنىڭ، شۇنچە زور تارىخىي تەسىر پەيدا قىلالىشى، پۈتۈن دۇنيانى تىنىق تارتالماس ھالغا كەلتۈرۈپ قويالىشى قانداقلارچە مۇمكىن بولالىدى؟

بۇ سوئال، مەلۇم جەھەتتە بولسىمۇ خاتا سورالغان بىر سوئال بولىشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى ھىتلېرنىڭ ئەقىلسىز ئەمەسلىكى، ھەممە ئىشنى قاتتىق زېغىرلاپ كېتىدىغان ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىدىن پايدىلىنىپ كەلگەن ئۆتكۈر زېھنىلىك بىرسى ئىكەنلىكىنى قورقماي ئىپتالىشىمىز مۇمكىن. ئادەتتە پەرەز قىلىشقا بولغىنىدەك، مەسىلىلەرنى بەك تېز چۈشىنىپ كېتەلىشى بىلەن پەقەتلا ئىش ئۈستىدىكى خوشامەتچىلەرنىلا ئەمەس بەلكى

تەجرىبىلىك دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن دىپلوماتلارغىمۇ تەسىر كۆرسىتەلىگەن ئىدى. ئىستىلىستىكىلىق سۇئىيلىك كۆرستىش جەھەتتىكى ئۇستىلىقىنى دۈشمەنلىرىمۇ ئېتىراپ قىلىشقان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىزنىڭچە خاراكتېر ئاجىزلىقى ۋە ئەقلى تېيىزلىق دەپ قارايدىغان ئەھۋالنى ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغان بىر سىياسىي قابىلىيەت بىلەن تەسىر كۆرسىتىش قابىلىيىتى بىلەن پۈتۈنلەشتۈرۈشتە يىگىرمىنچى ئەسىر دۆلەت رەھبەرلىرى ئارىسىدا سىرتتا قالمايدىغانلىقىدىن قىلچە گۇمان قىلمايمىز. زاماندىشلىرىنىڭ كۆپ قىسمى چۈشكەن قاپقانغا، ئۆز قابىلىيەتلىرىنى سەل كۆرۈش قاپقىنىغىمۇ چۈشۈپ قالمىغان بىرى ئىدى.

شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ ۋە ئىجتىمائىي ئورنى جەھەتتە تۆۋەن دەرىجىلىك بىر ھالەتتىن يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەللەرگە يۈكسىلەلىگەنلەر يالغۇز ھىتلېرلا ئەمەس. مەسىلەن ناپولېئوننىڭ يۇقۇرى كۆتۈرۈلىشى مۇھىم بىر ئورگان بولغان ئارمىيە ۋاستىسىدىن پايدىلىنىش، قوماندانلىق قىلىشتىكى پەۋقۇلئاددە جاسارىتى ۋە ئۇتۇقلىرى سايىسىدە ئىشقا ئاشۇرالىغان دەپ قارىساقمۇ، زامانىۋى دەۋردە بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغان تۇنجى ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا سېلىشتۇرساق، ھىتلېر ھەربى سەپتە ئون بېشىلىقتىن يۇقۇرى بىرەر ئۇنۋانغا ئېرىشەلىگەن بىرسىمۇ ئەمەس. ناپولېئون بولسا، تېخىمۇ كۆپ خىللىقتا ئىگە شەخسى قابىلىيەتلىرى نوقتىسىدا ئەقىل جەھەتتە ھىتلېردىن ھەسسىلەپ ئۈستۈن تۇراتتى. يىگىرمىنچى ئەسىردە بولسا، ئىجتىمائىي ئورنى بولمىغان كىشىلەر ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئالاھىدە سىنىپى قاتارىغا كىرىپ دۆلەت كۈچىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى پەللىسىگە ئېرىشىش ئېھتىمالى ھەقىقەتەنمۇ كۆپ ئىدى. شۇنداقتىمۇ، بۇ تۈردىكى مىساللار يەنىلا ئۇنچىۋالا كۆپمۇ كۆرۈلگەنمۇ ئەمەس. بولۇپمۇ مۇقىم دېموكراتىك دەۋرلەرگە قارىغاندا سىياسىي قالايماقانچىلىق ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردە (ستالىن، ماۋ زېدوڭ ۋە كاستىرولارغا ئوخشاش) ئىنقىلابى ھەرىكەتلەر داھىلىرىنىڭ ئىچىدىن ئوتتۇرغا چىققان ئىدى.

ئەگەر ھىتلېردەك نام-نىشانسىز بىرسىنىڭ يوقۇرى كۆتۈرىلىپ ئەڭ يوقۇرى مەۋقىيگە ئېرىشەلىگەنلىكى پەۋقۇلئاددە بىر ھادىسە ئەمەس دەپ قارالغىنىدا، ئۇ ھالدا ھىتلېر بىلەن بىر قاتاردا ئوتتۇرغا قويۇلغان مەسىلىلەرگە بۇ جەھەتتە ھېچ بىر ئىزاھات بېرەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس دېگەنلىك بولىدۇ. ھىتلېرنىڭ "بىلگىلى بولماسلىق ئىچىدە سىرلار بىلەن تولغان بىر تېپىشماق" (ئاجايىپ ئۆزگىچە ئىپادىلەش شەكلىگە پۈركەنگەن بىر سۆز ھالىغا كەلتۈرۈلگىنىگە قارىماي، بۇ سۆز ئەسلى ۋىنستون چېرچىلنىڭ سۆزى ئىدى) ھالىغا كەلگەنلىكىدىكى بىر سەۋەب، ھىتلېرنىڭ شەخسى مىجەز-خاراكتېرىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنىڭ يوقلىقىدىن ئوتتۇرغا چىقماقتا. يەنى پات-پاتلا تىلغا

ئېلىنغىنىدەك، ھىتلېر دېگەن بىرسى بۇ دۇنيادا “نە ياشاپ باققان نە ياشاپ باقمىغان” دېگەنلىكتۇر. بۇنداق ھۆكۈم قىلىش ئېھتىمال ئۇنى پەس كۆرۈش، سوفىستىك بىر كىشىلىكى بولمىغان، بەكلا ئاددى، تەربىيە كۆرمىگەن، كېيىن تۇيۇقسىزلا بىيىپ خۇدىنى بىلەلمەي قالغان، يەر يۈزىدىكى پۈتۈن نەرسىلەرگە قارىتا پىشمىغان قاراشلاردا بولۇپ پەيدا بولغان بىر يات ئادەمگە، ئۆزىنى مەدەنىيلىق جەھەتتە ھەممىدىن ئۈستۈن دەپ قارىۋالغان مەدەنىيەتسىزگە ئۈستىدىن تۇرۇپ كۆزىتىشكە تەييار بىر ئەھۋال مەۋجۇت. كىشىلىك مىجەزلەرنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان قاراڭغۇ ئۆڭكۈر قىسمەنلىكتە پەقەت ئۆزىگە خاس تۇرمۇشىنىلا ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن ئائىلىسى توغرىلىقمۇ ئېغىزنى چىڭ تۇتۇپ يۈرىدىغان بىرسى بولىشى تۈپەيلىدىن ئوتتۇرىغا چىققان بولىشىمۇ مۇمكىن. ئېغىزنى چىڭ تۇتۇش، كۆڭۈلچەكلىك بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشلاردىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇش، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسىگىمۇ سىڭىپ كەتكەن بىر خىل مىجەز ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولغان ئىدى. سىياسىي نوقتىدىن ئالغاندىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتلىك بولغان بۇ تۈر ئالاھىدىلىكى ھىتلېرنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك يوشۇرۇن سىرلارنىڭ كۆپلەپ شەكىللىنىشىگە ئاچلىق تۈردە يول قويغان “يۈرەكلىك” داھىيلىقىنى كۆرسىتىدىغان ‘ئىلاھى نۇر چەمبىرەك تاجى’ بىر تەركىۋى ھېسابلىنىدۇ. نېمىلا دېيىلسە دېيىلسۇن، ھىتلېرنىڭ ھاياتى سىياسىي پائالىيەتلەر سىرتىدا قۇپ-قۇرۇق بىر ھايات ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرىۋېلىشىمىز مۇمكىن. ناپولېئون، بىسماررك، چېرچىل، كېنېدىي قاتارىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك جامائەت پائالىيەتلىرى سىرتىدىمۇ پائالىيەت كۆرسىتىپ كەلگەن كىشىلەردۇر. پلۇتاركخوسنىڭ “تەقدىر ئىنتايىن مۇھىم قىممەتكە ئىگە پائالىيەتلەر ۋاستىچىلىقى ئارقىلىق ئاساسلىق بىر مىجەزنى گەۋدىلىك ئىپادىلىگىنىدە، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقتىن يىراق خاراكتېردا بىرسى بولىشنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ” دېگەن گېپىنى ستالىن ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئىدى. بۇ جۈملىنى ھىتلېر ئۈچۈن ئىشلەتكىنىمىزدىمۇ ئاجايىپ جەلىپ قىلارلىق بىر مەنىگە ئىگە بولىدىغانلىقىدا گەپ يوق.

“ياشاپ-ياشىمىغانلىقى ئېنىق بولمىغان” بىرسىنىڭ، يەنى قاتنىشىپ يۈرگەن سىياسى ۋەقەلىكلەر سىرتىدا بىرەر تارىخىي ياكى كىشىلىك ھاياتلىق پائالىيىتى بولمىغان بىرسىنىڭ بىئوگرافىيىسى _ ياشىغان ھاياتى بىلەن باشتىن ئۆتكەزگەنلىرى، ياكى قىسقىچە ئېيتقاندا تەرجىمىھالى، تەبىئى ھالدا ئۆز چەكلىمىلىرى دائىرىسىدە چەكلىنىپ قالىدىغانلىقى مۇقەررەر. ئەمما بۇ يەردىكى كام قالغان يەرلىرىنى كىشىلىك تۇرمۇشىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقاھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىشىنى پەرەز قىلىش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىقىرىش

مۇمكىن. ئەمما بۇنداق بىر پەرەز ئەسلىدە خاتا بىر پەرەزدۇر. چۈنكى ھىتلېر ئۆچۈن ئالغاندا ئۇنىڭدا "شەخسى تۇرمۇش دەيدىغان بىر نەرسە بولغان ئەمەس." ئەلۋەتتىكى، ئۇمۇ ئۆزىنى رىياللىقتىن يىراق تۇتۇش مەقسىتىدە كىنو كۆرۈش بىلەن مەشغۇل بولۇش، بىرگىخوفتىكى چايخانىسىغا قاراپ كۆندىلىك سەيلىگىمۇ چىقىشى مۇمكىن، بىرلىنىدىكى مىنىستىرلىكلەردىن يىراقلاردىكى تاغلىق يەرلەردە سەھرا تۇرمۇشىدىن ھۇزۇر ئېلىشقا چىقىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ بۇ تۆردىكى كۆندىلىك ھەرىكەتلەر قىلچە مەنىسى بولمىغان ھەرىكەتچانلىققا ئائىت ئىشلاردىندۇر. بۇ تۆردىكى ئىشلار ئۇنىڭ سىياسەتنىڭ سىرتىدىكى بىر ساھەگە، ئاممىۋى ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك ھېس-تۇيغۇلىرىنى بەلگىلەيدىغان تېخىمۇ كەڭ مەنىلىك مەۋجۇتلۇقىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن دېگەن مەنىنى بىلدۈرەلمەيتتى. يەنى ئۇنىڭ "شەخسى تۇرمۇش" ھاياتى ئاممىۋى تۇرمۇش خاراكتېرىنىڭ بىر پارچىسى ھالىغا كەلگەن دەپ قەتئىي ئېيتالمايمىز. ھەتتا دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ بۇ جەھەتتە شۇنچىلىك قاتتىق سىر تۇتاتتىكى، نېمىس خەلقى ئۇنىڭ ھاياتىدا ئېۋا براۋۇن دەيدىغان بىرسىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئۇچىنچى ئىمپىرىيىنىڭ خارابە كۆللىرى سورۇلىۋاتقان كۈنلەرگە كەلگىنىدىلا ئاندىن قۇلاقتىن-قۇلاققا تۇيۇشقا باشلىغان ئىدى. تېخىمۇ مۇۋاپىق ئىپادىلەشكە توغرا كەلسە، ھىتلېر ئۈچۈن ئاممىۋى ساھە "ئۇنىڭ كىشىلىكى" دېيىش ئەڭ مۇۋاپىق تەرىپ بولىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈچۈن "كىشىلىك" بىلەن "ئاممىۋىلىق" بىر-بىرسى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ پارچىلانماس بىر پۈتۈنلۈككە ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. ھىتلېرنىڭ پۈتكۈل مەۋجۇتلۇقى ئۇنىڭ ئىنتايىن ماھارەتلىك ئوينىغان رولى _ "فۈھرېر_ داھىيلىق" رولى ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن.

بۇ نوقتىغا كەلگەندە بىئوگرافىيە يازغۇچىسىنىڭ ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېنىق ئوتتۇرغا چىقىدۇ. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئىشنى ھىتلېرنىڭ شەخسىيىتى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى بىۋاستە ھالدا ۋە راستچىللىق بىلەن ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولغان "فۈھرېر" نىڭ كۈچىگە مەركەزلەشتۈرۈش ئاساسىدا باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇ كۈچنىڭ بىر قىسمى ھىتلېرنىڭ ئۆزىدىن كەلگەن بولسا، كۆپرەك قىسمى شۇ جەمىيەتتىن كەلمەكتە؛ بۇ كۈچ، ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى تەرىپىدىن ھىتلېرغا ئامانەت قىلىنغان ئۈمىد ۋە پىرىنسىپلار پەيدا قىلغان نەرسىلىردۇر. ئەمما كۈچنىڭ ئارتىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، جىددىي پەيتلەردە بەكلا مۇھىم رول ئوينايدىغان نەرسىنىڭ ھىتلېرنىڭ پائالىيەتلىرى بولمىسىمۇ بولىۋېرەتتى دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنداقتىمۇ، بۇ كۈچنىڭ تەسىرى ئاساسى جەھەتتە "كىشىلىك" تىن ئوتتۇرغا چىقىدىغان ئالاھىدىلىكلەردە ئەمەس، بەلكى فۈھرېر سۈپىتىدە ئوينىغان رولىدىن ئوتتۇرغا چىقماقتا؛

شۇنىڭدەك، بۇ رول پەقەت سەل قاراشلار، خاتالىششلار، ئاجىزلىقلار ۋە باشقىلارنىڭ ھەمكارلىقى ئاساسىدىلا ئىشقا ئاشقان. بۇنىڭغا باغلانغان ھالدا ھىتلېرنىڭ كۈچىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ھىتلېرغا ئەمەس بەلكى ئالدى بىلەن ئۇ ئىشنىڭ ماھىيىتىگە دىققەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ھىتلېرنىڭ كۈچى ھەقىقەتەنمۇ پەۋقۇلئاددە بىر كۈچ ئىدى. ھىتلېر، بۇنداق بىر كۈچ قارىشىنى (ئەڭ جىددىي ئۆلچەم بويىچە ئالغىنىمىزدا) بىرەر پارتىيە داھىسى سۈپىتى ياكى ھەر قانداق بىر ئەمەلىي خىزمەت ئورنى ئاساسىدا ئوتتۇرغا قويغىنى يوق. ئۇ، بۇ كۈچنى ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى قاتارىدا تونىغان نەرسىسىدىن، يەنى گېرمانىيىنى قوغداش بۇرچىدىن ئالغان. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ كۈچى مەۋقەدىن كەلگەن ھادىسە بولماستىن بەلكى "جۈشقۇن، شىجائەت" تىن كەلگەن. بۇ كۈچ باشقىلارنىڭ ئۇنىڭدا "قەھرىمانلىق" سۈپەتلىرىنى كۆرۈشكە تەييار تۇرۇشىغا باغلىق ئىدى. نەتىجىدە ئۇلار بۇنداق سۈپەتلەرنى ــ ۋە بەلكىم ئۆزلىرىنىڭمۇ ئەنە شۇنداق بىر سۈپەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىدىن ئاۋال ــ ھىتلېردا كۆرگەن ئىدى.

ناتسىست ھادىسىسى ھەققىدە ئۇ دەۋرلەردە ياشىغان ئەڭ مۇھىم ئانالىزچىلاردىن بىرى بولغان نېئومان مۇنداق دەيدۇ: "شىجائەتلىك باشقۇرۇش ئۇسلۇبى ئۈزۈنغىچە قوبۇل قىلىنماي رەت قىلىنىپ ۋە مازاق قىلىنىپ كېلىنگەن ئىدى. ئەمما بۇنىڭ مەنبەسى بەكلا چوڭقۇر يەرلەردە ئىكەنلىكى، مۇۋاپىق پسىخولوگىيىلىك ۋە ئىجتىمائىي شارائىتلار بىر يەرگە كېلىشى بىلەن بەكلا كۈچلۈك ئۈيغاتقۇچى كۈچ ھالىغا كەلگەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. داھىنىڭ جۈشقۇنلۇق كۈچى ھەرگىزمۇ بىر خىيالى ھادىسە ئەمەس ئىدى؛ مىليونلىغان كىشىلەر ئىشىنىۋاتقان بىر نەرسىدىن ھېچ كىم گۇمان قىلالمايدۇ." بۇ كۈچنىڭ كېڭىيىپ كۈچلىنىپ بېرىشىغا ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋەتلىرىگە ھىتلېرنىڭ بىۋاستە تۆھپىسى بولغانلىقىنىمۇ ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. ئەگەر بىز، بۇنى قىسقىچە قىلىپ تەتۈرسىگە ئۆرۈپ ئويلىغىنىمىزدا تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنەلىشىمىز مۇمكىن: مەسىلەن ھىملېر بىلەن ئېس-ئېس رەھبەرلىكى ئاستىدا ئوتتۇرغا چىققان بىر تېررورچى ساقچى دۆلىتى، ھىتلېر بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئۈستىدە بولمىغىنىدىمۇ ئوتتۇرغا چىقالىشى مۇمكىنمىدۇ، دەپ سۇئال قويۇپ باقايلى؛ شۇنىڭدەك، 1930-يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي يۈزلۈك ياۋروپا ئۇرۇشى باشقا بىر داھىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا ــ بۇ رەھبەرنىمۇ بىر مۇستەبىت رەھبەر دەپ پەرەز قىلىپ تۇرايلى ــ بولغىنىدىمۇ گېرمانىيە بۇنداق بىر ئۇرۇشقا كىرىشەرمىدى؟ يەنە شۇنىڭدەك، دۆلەت باشلىقى باشقا بىرسى بولغىنىدا ئۇنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا يەھۇدىيلارغا قارشى (بۇنداق بىر ئىشنىڭ مۇمكىن بولۇشى ئېھتىمالغا بەكلا يېقىن ئىدى

دەپ قارىغىنىمىزدا) تەڭسىز مۇئامىلىدە بولۇش پۇتۇنلەي ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەرىجىسىگىچە يۇكسىلىشى مۇمكىنمىدى؟ دېگەن سۇئاللارنىمۇ قويۇپ كۆرۈشىمىز مۇمكىن. بۇ تۇردىكى سۇئاللارنىڭ ھەر بىرىگە "ياق" دەپ، ياكى ھېچ بولمىغاندا "ئەڭ كۈچلۈك ئېھتىمالدا ئۇنداق بولالماس ئىدى" دەپ ئىشەنچ بىلەن ئىپتالىشىمىز مۇمكىن. تاشقى شارائىتلار بىلەن كىشىلىكى بولمىغان ھەل قىلغۇچ ئامىللار نېمىلا بولسا بولسۇن، ھىتلېرنىڭ ئورنىغا باشقا بىرسىنى قويۇش ئىمكانىيىتىنى پەقەتلا بېرەلمەيدۇ.

ھىتلېر پايدىلانغان بەكلا كىشىلەشتۇرۇلگەن كۈچ، چۈشىنەلەيدىغان ۋە ئەقىللىق كىشىلەرنىمۇ — دىنىي زاتلارنى، زىيالىلارنى، چەتئەللىك دىپلوماتلارنى، ئاتاغلىق زىيارەتچىلەرنىمۇ — ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىشكە شەرتلىك رېفلېكسلەشتۇرۇپ تەسىرلىنىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان ئىدى. بۇ تۈر كىشىلەرنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان ھېسسىياتلار، بىر مىليونغىن پۇقراسىدىكى داۋراڭچى كىشىلەر توپلىمىنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان ھاياجانلىنىشلارنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. ئەمما قىزىققۇچى خەلق ئاممىسى قوللاپ بەرگەن، ھاكىمىيەتتىكىلەرنىڭ ياسىنىش ۋە پاگون-مېداللىرى بىلەن پەدازلانغان، تەشۋىقاتقا تايىنىپ ۋارقىراپ خېرىدار يىغىشتەك ئىشلارنى قىلغان ئۇلۇغ داھىلىق نۇر تاج چەمبىرىكى بىلەن ئورالغان ھالدا تۇرۇغىنى ۋە كەينىدە گېرمانىيە باش مىنىستىرى (رېيچ شانسلېيەسى — ئۇ.ت) نوپۇزى بىلەن، باشقىلارنىڭ ئۇنى، تەجرىبىسىزلىكى بىلەن ساددىلىقىنى بىر چەتكە قويۇپ تۇرغاندىمۇ، تەسىر قىلغۇچى دەپ تونىغانلىقىغا ھەيران قالغۇچىلىك يېرى يوق. كىچىك ئەمەلدارلىرىنىڭ، يەنى دەرىجىسى تۆۋەن بولغان ناتسىست يېتەكچىلىرىنىڭ، شەخسى ماھىيىتىنىڭ، پارتىيىنىڭ رايونلۇق باشلىقلىرىنىڭ — ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى شۇئار ھالىغا كەلتۈرۈشكەنلىكىگىمۇ يەنە شۇ كۈچ سەۋەب بولماقتا ئىدى؛ ئاخىرىدا بۇ كۈچ 1945-يىلى تۈگىگىنىدە، چۆكىۋاتقان كېمىدىكى چاشقانلارغا ئوخشاش ئەڭ ئاۋال ئۇنىڭ يېنىدىن قاچقان كىشىلەر يەنە شۇ كىشىلەر ئىدى. ئۇنىڭ كىشىلىكى بىزگە جىنسىيلىكىنىڭ قارشى نەزىرىيىسى سۈپىتىدە كۆرۈلگەن ھىتلېرنى نۇرغۇنلىغان ئاياللارنىڭ (بولۇپمۇ ئۇنىڭدىن بەكلا كۆپ كىچىك بولغان ئاياللارنىڭ) جىنسىي كۈچىنىڭ بىر سىمۋولى قاتارىدا كۆرۈپ، بىر مۇنچىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ سىرىمۇ بۇ كۈچنىڭ يوشۇرۇن سىرلىرى ئىچىگە كۆمۈلگەن دېيىش كېرەك.

بۇ نوقتىدىن ئالغاندا، ھىتلېر تارىخىنى ئۇنىڭ كۈچىنىڭ تارىخى دەپ قارىشقا مەجبۇرمىز: يەنى ئۇنىڭ بۇنداق بىر كۈچكە قانداقلارچە ئېرىشكەنلىكى، بۇ كۈچنىڭ ماھىيىتى زادى نېمىلەردىن تەشكىل تاپقانلىقى، بۇ كۈچتىن قايسى شەكىلدە

پايدىلانغانلىقى، بارلىق دۆلەت ئاپاراتلىرىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتمەلىگەندەك بۇنداق بىر كۆچنىڭ زورىيىشىغا قانداقلارچە يول قويۇلغانلىقى، بۇنداق بىر كۆچكە قارشى تىركىشىش ھەرىكەتلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئاجىز قالغانلىقى، ... قاتارىدىكى سوئاللار، پۈتۈنلەي ھىتلېرغا قارىتىلىدىغان سوئاللار ئەمەس، بەلكى ئاساسلىقى گېرمانىيە خەلق ئاممىسىغا قارىتىپ سورىلىدىغان سوئاللار بولىشى كېرەك.

ھىتلېر ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىغا ئۇنىڭ مىجەز-خاراكتېرىغا سىڭىپ كەتكەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن قوشۇلغان تۆھپىسىنى ئەمىيەتسىزدەك كۆرستىشكە ئۇرۇنۇشىمىزنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق. ئۇنىڭ پەقەت بىرلا مەقسەتكە مەركەزلىشىپ قالغانلىقى، جاھىللىقى، دۈچ كەلگەن بارلىق توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاش جەريانىدىكى رەھىمسىزلىكى، سۇنۇق كۆڭۈللۈك ئىقتىدارى، يا ھەممىسنى ئۇتۇپ چىقىمەن يا ھەممىنى ئۇتتۇرىمەن دەپ تۇرۇپ ئەڭ چوڭ دو تىكىشتەك قىمارۋازلارچە ئىچكى تۈرتكىسىگە ئىگە بىرسى بولىشى؛ بۇ تۈردىكى كىشىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ھەممىسى يوقۇرىدا دېيىلگەن كۆچنىڭ شەكىللىنىشىدە بەكلا چوڭ ياردىمى بولغانلىقى ئېنىق. بۇ تۈردىكى مىجەز ئالاھىدىلىكى ھىتلېرنىڭ تۇغما كۆچنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئامىللىرىدا بىر يەرگە كەلگەن ئىدى؛ چەكلىمىسىز، پاتالوگىيىلىك مەنچىلىك ساراڭلىقىدا يىغىلغان ئىدى. كۆچ _ ھىتلېرنى ھەرىكەتكە ئۈندەپ تۇرىدىغان سىلىغلاتقۇچى ياغ رولىنى ئوينىغان ئىدى. ئۇنىڭدەك ئۆزىنىلا ياخشى كۆرىدىغان بىرسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆتمۈشتىكى ئوڭۇشسىزلىقلار بىلەن تولغان مەقسەتسىز يۈرگەن يىللىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئۇنىڭغا ئېنىق بىر غايە سۇنغان؛ سەنئەتچى بولىشى رەت قىلىنغانلىقى، بىر ۋېيىنالىققا خاس ئىنتايىن ئەرزان ئۆتكۈنچى مۇساپىرخانىلاردا قېلىشقا مەجبۇر بولغىدەك ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ بىراقلا ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلەرگىچە تۆۋەنلەپ كېتىشى، 1918-يىلقى ئىنقىلاپنىڭ ۋە ئۇرۇش مەغلۇبىيىتىنىڭ كەينىدىن ئۇنىڭ خامخىيال دۇنياسىنىڭ پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ كېتىشى شۇنىڭدەك ئوقۇشسىزلىقنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ھايات يولىنىڭ دەسلەپكى يېرىمىنى مۇكاپىلغاندەك بىر تەسىر ئوتتۇرغا چىققان ئىدى. كۆچ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا تۈگىگىچە سەرىپ قىلىنىدىغان بىر نەرسە ھېسابلىناتتى. كۆزىتىش كۆچى كۈچلۈك بولغان بىر كۆزەتكۈچى، 1940-يىللاردا، ھىتلېرنىڭ فرانسىيە غالىبىيىتىدىن خېلى ۋاقىتلار بۇرۇن مۇنداق بىر باھادا بولغان ئىدى: "ھىتلېر، ئەڭ يوقۇرى سەۋىيىدىكى مەخسۇس ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنىڭ بىر نەمۇنىسى. ئۇنىڭدا ئۆزىدىكى مەندىن باشقا ئۇنى تۇتۇپ تۇرالايدىغان ھېچ نەرسە يوق. ... ئۇ ئەنە شۇنداق ئۆزىگە خاس ئورۇندا تۇرىۋاتقان بىر شەخسىيەت ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئۆزىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى، ھېچ كىمنى ياخشى

كۆرمەيدىغان بىرسىگە خاس ئالاھىدە ئورۇندىكى بىر ئادەم. ... شۇ سەۋەبتىن ... ئۇ ئۆزى بىلەن كېلەچەكتە يۈز بېرىدىغان ئۆلۈم ئوتتۇرىسىدا تۇرغان بىردىن-بىر نەرسىنى، ... يەنى كۈچىنى ساقلاش ياكى ئۇنى ئارتتۇرۇش ئۈچۈن ھەممە ئىشقا جۈرئەت قىلىدىغان بىرسى.” ئەنە شۇنداق يۈكسەكلىكتە كىشىلىكلەشتۈرۈلگەن بىر كۈچ-قۇدرەتكە تەشنالىقى، ـ بەكلا يۇقۇرى قىممەتتىكى بىر قىمارغا دو تىكىشكە تەڭ بولغان زېمىن ئىشغال قىلىش قىمار ئويۇنى ئۈچۈن ئۇ ئاۋال ياۋروپا قىتئەسىدە، ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە دۇنيا ئۈستىدە بىردىن-بىر كۈچ-قۇدرەت ھالىغا كېلىشكە بولغان ئاچكۆزلىكنى قاندۇرۇشنىلا خىيال قىلىپ يۈرىدۇ. تېخىمۇ كۈچلۈك بىر قۇدرەتكە ئىگە بولۇش يولىدا يۈرىدىغان بۇ كىشىنى بىزار قىلغۇچى ئىزدىنىش يا بىر ئاجىزلىششىنى، ياكى بەلگىلىك بىر دائىرى ئىچىدە چەكلىنىپ تۇرۇشنى قوبۇل قىلالمايتتى. ئۇنىمۇ ئاز دەپ ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى كەينى-كەينىدىن قولغا كېلىپ تۇرىدىغان “ئۇلۇغ غالىبىيەت” لەر بولۇپ كۆرۈنگەن نەرسىلەرنىڭ ئىزچىللىقىغىمۇ باغلىق بولغان بىر روھى ئىنتىلىش ھالىتى ئىدى. ئۇنىڭدىكى بۇنداق چەكلىمە قوبۇل قىلىش ئۇقۇمىنىڭ بولماسلىقى، بارغانسىرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ئەسەبىيلىكى ھىتلېر داھىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئۆزىنى ئۆزى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۇرۇقلىرىنى ئۆز ئىچىدە ساقلاشتىنمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. بۇ دېمەك، ئۇنىڭ باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان ھاكىمىيىتى ئۆزىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرىۋېلىش ئىچكى تۈرتكىسى بىلەن تولۇق ماسلىشىپ كەلگەن دېيىش مۇمكىن.

ھىتلېر ئۈچۈن كۈچ-قۇدرەت ئاخىرقى تامچىسىغىچە ئىشلىتىپ تۈگىتىشكە بولىدىغان بىر نەرسە ھېسابلانسىمۇ، مەزمۇنسىز ياكى مەنىسىز پەقەتلا كۈچ-قۇدرەت دەپلا قولىدا تۇتۇپ كېلىۋاتقان نەرسىمۇ ئەمەس ئىدى. يەنە شۇنىڭدەك ھىتلېر ھەرىكەتكە ئاتلاندۇرۇشنىڭ پەقەتلا بىر تەشۋىقاتچىسى، پەقەتلا بىر كۈنۈپكىسىدىنلا ئىبارەت دېيىشمۇ توغرا ئەمەس. ئۇنى، بۇلارنىڭ ھەممىسى دېيىش مۇمكىن. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا يەنە تەۋرەنمەس چۈشەنچىلەرنىڭ ئىدىئولوگى ئىدى. ـ (بىزگە ھەر قانچە رىغبەتلەندۈرگۈچى بولۇپ كۆرۈنسىدىن قەتئىي نەزەر) ئىچكى بىرلىككە ئىگە بىر “دۇنيا قاراش” نىڭ ھىمايىچىسى سۈپىتىدە رادىكاللارنىڭ ئەڭ رادىكالى بىرسى ئىدى. ئۇ، بۇ تۈر “دۇنيا قارىشى” نىڭ تۈرتكە كۈچى بىلەن ئۇنىڭ تەسىر قىلىشنى ئىنسانىيەت تارىخى قاراشلىرىنى ئىرقى كۆرەش تارىخى ھالىغا كەلتۈرىۋالغان بىر قانچە ئاساسلىق كۆزقاراشلارنىڭ يىغىندىسىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ “دۇنيا قارىشى” گېرمانىيە ۋە دۇنيانىڭ كېسەللىكلىرىگە، بۇ كېسەللىكلەرنى قانداق قىلغاندا ساقايتىشقا بولىدىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك كەڭ دائىرىلىك چۈشەندۈرۈشنى ئوتتۇرغا قويماقتا ئىدى. ئۇ، 1920-

يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ تا يەر ئاستى ئاكوپى ئىچىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزىنىڭ بۇ "دۇنيا قارىشى" دا قىلچە ئىككىلەنمەي قەتئىي چىڭ تۇرۇپ كەلدى. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقىنى ئورتاھال سەۋىيىدىكى بىر قاتار سىياسەتلەر ئەمەس بەلكى ئۇتوپىيىلىك مىللىي ئىسلاھات كۆزقارىشى ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ "دۇنيا قارىشى" ناتسىستلار نەزەرىيىسىنىڭ ئوخشىمىغان تۈگۈنلىرىنى بىر يەرگە كەلتۈرەلىگىدەك كۈچكە ئىگە بولۇش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ؛ ھىتلېر نىڭ نەزەرىيىۋى قابىلىيەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگىنىدە، ئۇزۇنغا قالماي پارتىيە تەلىماتى ئەڭ ئۇششاق ماددىلىرى بويىچىمۇ ھىتلېرغا قەتئىي قارشى تۇرالمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈلگەن دېگەنلىك ئىدى.

ھىتلېرنىڭ ئىدىيىۋي غايىلىرى، پائالىيەتلىرى ۋە ۋەقەلىكلەرنىڭ شەكىللىنىشىدىكى شەخسىي تىرىشچانلىقلىرى ئۇستىدە ھەقىقەتەنمۇ بەكلا دىققەت بىلەن، بەكلا ئەستايىدىللىق بىلەن توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇلار يەنىلا ھەممە ئىشلارنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلىشىمىز ئۈچۈنمۇ يەقەت يەتمەيدۇ. بىز بىر مۇستەبىت دىكتاتورنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا دىكتاتورلۇقنىمۇ بىرلىكتە تەتقىق قىلىشقا مەجبۇرمىز. شۇنىڭدەك، دىكتاتورلۇقنى تۆۋەندىن ھىمايە قىلىپ بېرىۋاتقان، ئۇنىڭ ئاكتىپلىقىنى، ئۇنىڭ ئاساسىدىكى كېڭىشلەرنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان ئىجتىمائىي تۈرتكىلىك كۈچلەر بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگىزىش شەكىللىرىنىمۇ تەتقىق قىلىپ چىقىشقا مەجبۇرمىز. ھىتلېر ئۆزى قىلمىغان، ئۇ باشلامچىلىق قىلمىغان، ئەمما يەنىلا باشقىلارنىڭ پىلانلىشى بىلەن يولغا قويۇلغان ھەر قانداق بىر ئىش، بۇ ھاكىمىيەتنىڭ "رادىكاللىشىش جەريانى" نى بىلىشىمىز ئۈچۈن دىكتاتورنىڭ پائالىيەتلىرىچىلىك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇ ھالدا، ھىتلېر ھەققىدە يېڭىدىن بىر بىئوگرافىيىگە، يېڭىچە تونۇشقىمۇ ئېھتىياجىمىز بار. ھىتلېرنى يېڭىچە تونۇش ئىشى، ئۇنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى، بۇ كۈچنىڭ پەۋقۇلئاددە تەسىرىنى بەلگىلىگەن سىياسىي تۈزۈلمىلەر ۋە ئىجتىمائىي كۈچلەر بىلەن، دىكتاتورنىڭ پائالىيەتلىرىنى بىر پۈتۈن ھالغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىشقا مۇھتاج ئىدى. دېكتاتورنىڭ چەكسىز تەسىرىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ھىتلېرنىڭ كىشىلىكىدىن بەكىرەك (ئۇنىڭ بارلىق چېگىشلىككە قارىماي) نېمىس ئامىسىنىڭ مەقسەتلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۇمىدلىرىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان بىر ئۇسۇل، رەئىسلىك قىلغان بىر ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئىچكى ھەرىكەت كۈچى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقارغان كۈچلەر ۋاستىلىقى بويىچە ھىتلېرنىڭ ھوقۇقىنى كېڭەيتىشىنى چۈشەندۈرۈش ئىمكانىغا ئىگە بولالايمىز. بۇ ئۇسۇل، 1934-يىلىسى مۇھىم بولمىغان بىر ۋەزىپىگە قويۇلغان بىر ناتسىست تەرىپىدىن تىلغا ئېلىنىش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى. بۇ

سىۆزلەر ئاساسەن بۇ كىتاپقا كىرگۈزۈلۈپ 13-بابنىڭ تېمىسىغا بىر شەكىل بېرىدۇ. ئۇچىنچى ئىمپېرىيەدە ھەر بىر كىشىنىڭ ۋەزىپىسى، يوقۇرىدىن بېرەر تەلىمات كۈتمەستىنلا "فۇھرېرنىڭ تەلىۋى بويىچە تىرىشىش" ئىدى. ئەمەلىگە ئاشۇرۇلغان بۇ تۈر ئازرۇلار ئۈچىنچى ئىمپېرىيىنى ھەرىكەتلەندۈرگەن كۈچلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ تۈر ئىختىيارى ھەرىكەتلەر دىكتاتورنىڭ ئالدىن كۆرەلىك مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارزۇسى ۋاستىسى ئارقىلىق، ھىتلېرنىڭ ئەتراپىدىكى ئەركىن بىر شەكىلدە بەلگىلەنگەن ئىدىيىۋى نىشانلارنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلىشى دېگەنلىك بولاتتى. بۇ يەردە ھەل قىلغۇچ ئامىل، ئەلىۋەتتىكى ھىتلېرنىڭ سالاھىتى ئىدى. ئەمما ھەممە قوبۇل قىلغان ئۇنىڭ ئۈستۈنلۈكلىرىنى بىر ھېسابتا باشقىلارنىڭ دېگەنلىرىگە ئاساسلىنىپ ئوتتۇرغا چىققان دېيىش مۇمكىن.

ھىتلېرنى ھەرگىزمۇ ئۆزىنى گېرمانىيىگە مەجبۇرى تاڭغان بىر زوراۋان دېيىشكە بولمايدۇ. ئەركىن سايلاملاردا كۆپ سانلىقنىڭ دەستىكىنى ھېچ قاچان قولغا كەلتۈرەلمىگەن بولغىنىدىمۇ، خۇددى ئالدىنقىلارغا ئوخشاش قانۇنى تۈردە گېرمانىيە باش مىنىسترلىك ۋەزىپىسىگە كەلتۈرۈلۈپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان، شۇنىڭدەك 1933-يىلى بىلەن 1944-يىللىرى ئوتتۇرسىدا دۇنيادىكى ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن دۆلەت رەھبەرلىرىدىن بىرسىگە ئايلانغان ئىدى. بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئېنىق بىر شەكىلدە بىر-بىرسىگە ماس كەلتۈرگىلى بولمايۋاتقان ئىككى نەرسىنى _ بىئوگرافىيىنىڭ كىشىلىكلەشتۈرۈلۈش ئۇسلۇبى بىلەن (سىياسىي ئىگىدارچىلىق ئورگانلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) ئاممىۋىي تارىخقا زىت مۇئامىلىدە بولۇشلارنى _ ئۆزئارا بىر-بىرسى بىلەن مۇۋاپىقلاشتۇرۇلىشى كېرەك بولماقتا. ھىتلېرنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرىنى پەقەت ئۇنى ئۇندۇرۇپ چىققان (ۋە ئۇ يوق قىلىۋەتكەن) دەۋىر بىلەن بىرلەشتۈرگەندىلا ئاندىن چۈشىنەلىشىمىز مۇمكىن. شۇنداق بولغاچقا، ھىتلېرغا مۇناسىۋەتلىك كىشىنى قايىل قىلغىدەك بىر تەتقىقات، بەلگىلىك بىر مەنىدە ناتسىستلار دەۋرىنىڭمۇ تارىخى ھېسابلىنىشى كېرەك. بىئوگرافىيە، ئەنە شۇنداق بىر نەتىجىگە ئېرىشىشى ئۈچۈن _ تەبىئىكى بۇنداق بىر نەتىجىگە نەق مەنىسى بويىچە ئېرىشكىلى بولغىنىدا، ئەلىۋەتتە _ پەرەز قىلىشقا بولىدىغان بىر ئۇسۇل ھېسابلانمىغىنىدىمۇ، _ ئۈچىنچى ئىمپېرىيە گىرىپتار بولغان سارالىقتا مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان ۋە شۇنىڭدەك ئادەتتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان ھىتلېر رولىغا بىۋاستە مەركەزلەشكەنلىكى ھەققىدە دېيىشكە بولىدىغان بىر قانچە ئېغىز سۆز چوقۇم تېپىلىدۇ.

ھىتلېر رولىنى باھالىماي تۇرۇپ ناتسىستلار ھادىسىسى ھەققىدە ئومۇمىي يۈزلۈك بىر

چۈشەنچە شەكىللەندۈرۈش ئىرىشچانلىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما بۇنداق بىر مۇھاكىمە، ھىتلېرنىڭ ئىدىيىۋى غايىلىرىنى، پائالىيەتلىرىنى ۋە ۋەقەلىكلەرنىڭ شەكىللىنىشىدىكى شەخسى ئىرىشچانلىقىنى مەلۇم بولغان بارلىق تەرەپلىرى بويىچە ئەھمىيەتكە ئېلىش زۆرۈر بولۇش بىلەن بىرگە، بۇ تۈر تەسىرلەرنى ئىجتىمائىي كۈچلەر ۋە سىياسى ئورگانلار ئىچىدىكى ئورنىنىمۇ دەل جايىغا كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى كىشىلىكلەشتۈرۈلگەن، مۇتلەق بىر كۈچكە قاراپ كېتىۋاتقىنىدا بۇ كۈچكە تېخىمۇ باغلىنىپ قالغان بىر تۈزۈم، _ بۇ تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان قورقۇنۇچلۇق ئاقىۋەتلەرگە _ يول قويۇپ بەرگەن، ئۇنى بەلگىلىك بىر شەكىلگە كەلتۈرۈپ مۇقىملاشتۇرۇپ بەرگەن ھەمدە ئۇنىڭ زورىيىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان ئىجتىمائىي كۈچلەر بىلەن سىياسىي ئورگانلار ئىدى.

مەدەنىيەتنىڭ ئاساسلىرىغا قارىتا ناتسىستلار ھۇجۇمى يىگىرمىنچى ئەسىرنى باھالاشنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ھالىغا ئايلاندى. ھىتلېر بۇ تۈر ھۇجۇمنىڭ مەركىزىدىن ئورۇن ئالغان بىر شەخسى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۇ بۇ ھۇجۇمنىڭ ئاساسلىق سەۋەپچىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى بۇ ھۇجۇمنى ھىمايە قىلغۇچى ئەڭ باشتىكى بىرسى ھېسابلىنىدۇ.

_ ئى. كېرشاۋ

كىرشاۋنىڭ ئەسىرى «ھىتلېر» نىڭ مۇندەرىجىسى:

بىرىنچى قىسىم «خۇبرىس»
تەرجىمانىنىڭ ئىزاھاتى
كىرىش سۆز
رەخمەت
ھىتلېرنى قانداق تونۇش كېرەك؟
1.خىياللىرى ۋە ئوڭۇشسىزلىقلار
2.يۇت تىرەپ تۇرالماسلىق
3.خوشاللىق ۋە دىلى ئازارلىنىش
4.بىر قابىلىيەتنىڭ تونۇلۇشى
5.پىۋىخانا ئىسيانى
6."كارنايچى"

7.داھىنىڭ پەيدا بولۇشى
8.ھەرىكەتنى قولغا ئېلىش
9.تەرەققىيات
10.ھاكىمىيەت ئۇستىگە ئولتۇرۇش
11.مۇستەبىتنىڭ پەيدا بولۇشى
12.مۇتلەق ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش
13.ھەممە فۇھرېر ئۇچۇن

قىسقارتىلما تىزىملىكى

ئىزاھاتلار
ئىسىم تىزىملىكى
رەسىم تىزىملىكى
(1~816-بەتكىچە)
ئىككىنچى قىسىم «نېمېسىس»
كىرىش سۆز
رەخمەت
خەرىتىلەر
1936: غالىپ ھىتلېر
1.ئىزچىل رادىكاللىشىش يولىدا
2.كېڭەيمىچىلىك ھەۋىسى
3.ئىرقى قىرغىنچىلىق قارىشىنىڭ ئىشارەتلىرى
4.خاتا ھېساپ
5.ئاداققىچە
6.ياۋايىلىق سالاھىتى
7.ھوقۇقنىڭ چوققىسى
8.”يوقۇتۇش ئۇرۇشى” پىلانى
9.ھېسابلىشىش
10.ئىسپاتلانغان ئالدىن كۆرۈش
11.ئەڭ ئاخىرقى دوغا چىقىش

12.قورشاۋ ئاستىدا
13.مۆجىزە تاماسى
14.شەيتاننىڭ تەلىيى
15.چىقىش يولى يوق
16.ھاڭغا قاراپ ئىلگىرلەش
17.يوقۇلۇش
ئاخىرقى سۆز
ئاتالغۇلار ۋە قىسقارتىلمىلار
ئىزاھاتلار
ستاتا ئېلىنغان مەنبەلەر
ئىندىكىس
رەسىم تىزىمى
(1~1165-بەتكىچە)

خىياللىرى ۋە ئوڭۇشسىزلىقلار

"پوچتىخانىنىڭ مۇدىرى بولغان يولدۇشۇم بىر كۈنى ئۇنىڭغا تۇرمۇشۇڭنى قامداش ئۈچۈن نېمە ئىش بىلەن شوغۇللىنىشنى ئويلاۋاتىسەن، ياكى بولمىسا پوچتىخانىدا ئىشلەشنى خالامسەن، دەپ سورىغىدى، مەن داڭلىق بىر رەسسام بولۇپ چىقىش نىيىتىم بار، دەپ قىسقىلا جاۋاب بەرگەن ئىدى."

_ ھىتلېر ئائىلىسىنىڭ ئۇرفاردىكى بىر قوشنىسى

"ئىمتىھاندىن ئۆتەلەيدىغانلىقىمغا ئىشەنچىم شۇنچە كامىل ئىدىكى، ... رەت قىلىنغانلىقىمنى بىلىپ قويياش چاقناپ تۇرغان كۆپ-كۆك دۈزى بېشىمغا چاقماق چۈشكەندەك ھالغا كېلىپ قالغان ئىدىم."

_ ۋىيېنا گۈزەل سەنئەتلەر ئىنىستىتۇتىغا قوبۇل قىلىنىش ئىمتىھانىدىن لاياقەتسىز بولغان ۋاقتىدا ھىتلېرنىڭ دېگەنلىرى

1

ئادولف ھىتلېرغا تۇنجى ئامەت تۇغۇلۇشتىن ئون ئۈچ يىل بۇرۇنلا كەلگەن، دېيىشىمىز مۇمكىن. يەنى، ھىتلېرنىڭ بولغۇسى دادىسى، 1876-يىلىدا ئالوئىس شىكىلگرۇببېر دېگەن فامىلىسىنى ئالوئىس ھىتلېرغا ئۆزگەرتكەنلىكى _ ئۇنىڭغا كەلگەن تۇنجى ئامەت ھېسابلىناتتى. ئادولف، دادىسىنىڭ قىلغان ھەر قانداق بىر ئىشىنىڭ، بەكلا قوپال ئاڭلىنىدىغان شىكىلگرۇببېر دېگەن ئىسمىدىن قۇتقۇزۇپ قالغىنىچىلىك ئۇنى رازى قىلمىغانلىقىنى ئېيتقىنىدا، بىز ھىتلېرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ كۆڭلىدىكى گەپنى ئېيتقانلىقىغا تولۇق ئىشەنسەك بولىدۇ. "خايىل شىكىلگرۇببېر" ('ياشىسۇن شىكىلگرۇببېر' دېگەن مەنىدە _ ئۇ.ت) دېگەن سالامنىڭ قۇلاققا ھەقىقىي مىللىي قەھرىمانغا لايىق بىر سالام بولۇپ تۇيۇلمايدىغانلىقى ھەقىقەتەنمۇ راست ئىدى.

شىكىلگرۇببېرلار جەمەتى، ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد يېزىدىن ئايرىلماي كەلگەن بىر ئائىلە جەمەتى ئىدى. ۋالدۋىيېرتالدا ...

... ...

(ئەسكەرتىش: كېرشاۋنىڭ ئىككى توملۇق «ھىتلېر» ئىسىملىك بىئوگرافىيە كىتابىدىن ئۈلگىلەر مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى ۋە ئېلىنغان بۇ ئۈزۈندىلەر بىلەن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچىنىڭ بۇ كىتابقا بەرگەن قىسقىچە تونۇشتۇرۇشى، تولاندىنىڭ بۇ كىتابى ئاخىرغا پايدىلىنىش ئۈچۈن قوشۇمچە قىلىندى. خالىغانلار كېرشاۋنىڭ بۇ كىتابىنىڭ يېقىندا نەشرى قىلىنغان خىتايچە تەرجىمە نۇسخىسىنى ئوقۇپ باقسا بولىدۇ. _ ئۇ.ت)

# قوشۇمچە-3

مارك مازوۋېر
ھىتلېر ئىمپېرىيىسى
ئىشغالىيەتىدىكى ياۋروپادا
ناتسىستلار ھاكىمىيىتى

Hitler's Empire: Nazi Rule in Occupied Eurppe
Penguin Books 2009
Mark Mazower ,2008

:Türkçe
Hitler İmparatorluğu: İşgal Avrupa'sında Nazi Yönetimi
Çeviren: Yavuz Alogan
.Alfa Basım Yayım Dağıtım San. Ve Tic. Ltd. Şti ,2010
Basım: Mayıs 2013-07-30.1

ئاپتور ھەققىدە

كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدە تارىخ پروفېسسورى بولغان مارك مازوۋېر، ھازىرقى زامان گىرېتسىيە تارىخى، 20-ئەسىر ياۋروپا تارىخى ۋە زامانىۋىي خەلقئارالىق تارىخ ئۈستىدە مۇتەخەسسىس بىرىدۇر. ئۇ، ئوكسفوردتا كلاسسىكلەر ۋە پەلسەپە دەرسلىرىنى ئالغاندىن كېيىن، جون خوپكىنس ئۇنىۋېرسىتېتى بولوگنا مەركىزىدە خەلقئارالىق مۇناسىۋەت كەسپىنى ئوقۇپ، دوكتورلۇق ئوقۇشىنى ھازىرقى زامان تارىخى بويىچە 1988-يىلى ئوكسفورتتا پۈتتۈردى. يازغان كىتاپلىرىنىڭ بىر مۇنچىسى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بولۇپ، بۇ كىتابمۇ لا تايمىستىن يىلنىڭ تارىخ كىتابى دىگەن مۇكاپاتقا ئېرىشدى.

(تولاند كىتابىدا ھىتلېرنى ئىنتايىن ئىرىشچان ئەمما ئەسەبى بىر مىللەتچى دەپ

تەسۋىرلىگەن بولسا، كېرشاۋ كىتابىدا ھىتلېرنى گېرمانىيە خەلقى ئارزۇلاپ ئورتاق ياراتقان بىر ئوبراز، دەپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقاندەك كۆرۈنەتتى. ئەمما بۇ كىتاپ، بۈگۈنكى كۈندىكى چۈشىنىكسىز ئوبزور ماقالىلىرىدەك يېزىلغانمۇ قانداق، ھىتلېر ناتسىستلىرىنىڭ ئەقىدىسى نېمىس مىللىتىنى بىر پۈتۈن گەۋدە ھالىتىدە دۇنيادا مۇستەھكەم ئورۇنغا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت يېقىنقى زامان پرۇسسىيە مىللەتچىلىك ئەقىدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش غايىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ۋە شۇ ئاساستا بۇ ھەرىكەت ئوتتۇرغا چىققان، دېگەن تارىخى ئاساسى بار بىر ھەرىكەتنىڭ ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ داۋاملىشىشى دەيدىغان ئۇقۇمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، مازووېر ۋەزىيەتنى ئوڭ-تەتۈر ئارىلاشتۇرۇپ تەسۋىرلەپ مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندەك تۇيغۇ بېرىدىكەن كىشىگە. بەلكىم ھىتلېرگە بېرىلىدىغان باھالار ئاساسىدا يېزىلىدىغان بۇنداق تەرجىمھال كىتابلىرى، بۇندىن كېيىنكى ھەر بىر ئەۋلات تارىخچىلىرى تەرىپىدىن يەنە خېلى دەۋرلەرگىچە يېڭىلىنىپ يېزىلىپ تۇرسا كېرەك، تۆۋەندە بۇ كىتاپنىڭ كىرىش سۆز قىسمىنى مىسال قىلىپ تەرجىمە قىلىپ قىستۇرۇپ قويدۇم. ئەمما مەن بۇ ئەمگەكلىرىمنى ھىتلېرغا باھا بېرىشكە باش قاتۇرۇش تەشۋىقاتى قىلىش مەقسىتىدە سۇنمىغانلىقىمنى ئالاھىدە ئەسكەرتىمەن. _ ئا. بوران)


مۇندەرىجە

رەسىم تىزىملىكى 9

خەرىتە تىزىملىكى 11

رەخمەت 27

قىسقارتىلما سۆزلەر 29

ئېپىلوگ 31

كىرىش سۆز 41

بىرىنچى بۆلۈم ئۇلۇغ گېرمانىيە ئۈچۈن

1. نېمىسلار ۋە سلاۋيانلار 1848~1918 61

2. ۋېرسايىلدىن ۋېيىنناغىچە 82

3. كېڭەيمىچىلىك ۋە ۋەزىيەتنى جىددىيلەشتۈرۈش: 1938~1940 111

4. پولشانىڭ بۆلۈۋېتىلىشى 142

5. 1940-يىل ياز ئايلىرى 173

6. يوق قىلىش ئۇرۇشى: سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىلگىرلەپ كىرىش 217

7. بۇ زېمىننى مەن ئۇچۇن ئىمسلاشتۇر! 271
8. قالايماقانچىلىقتىن تەشكىللىنىشكە 335

ئىككىنچى بۆلۈم يېڭى تۈزۈم
9. ئىشغال چىقىمىنى تۆلەتكۈزۈش 381
10. ئىشلەمچىلەر 426
11. سۈنئىي دىپلوماتىيە 456
12. ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلىش: يەھۇدىيلار مەسىلىسى 517
13. ھەمكارلاشقۇچىلار 576
14. شەرقلىق ياردەمچىلەر 613
15. مۇخالىپ كۈچلەر 643
16. ھىتلېر كاپۇت! 714

ئۈچىنچى بۆلۈم ئوبرازلار
17. بىز ياۋروپالىقلار 753
18. دۇنيانىڭ يېڭى تۈزۈم تارىخى 781

پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى 819
ئىندېكىس 857

ئېپىلوگ

ۋارزىندىن كۆرۈنۈشلەر

ئىنسانىيەت ئىرقىنىڭ تەدرىجى ئازىيىپ بېرىشى ۋە ئاخىرى بېرىپ يوقۇلۇشى ھەققەتەنمۇ چۈشەندۈرۈش قىيىن بىر مەسىلە ھېسابلانسىمۇ، بۇ مەسىلىنىڭ بەكلا كۆپ سەۋەبلەرگە باغلىق بولىدىغانلىقىنى كۆرىۋالالايمىز.

_ چارلىز دارۋىن 1871 لوندون

ئىمسلار شەرقىي پرۇسسىيەدىن قېچىشقا باشلىغان ۋاقىتلاردا تۇرنىلارمۇ كۆچمەكتە ئىدى. 1944-يىلى ئاخىرقى ياز پەسلى ئىدى. شۇ يىلىنىڭ يانۋار ئېيىدا، ھاۋا بەكلا

سوغۇق بولۇپ، تېمپراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 20 سىلسىيەگە چۈشكەن بولىشىغا قارىماي، 3 مىليوندىن ئارتۇق مۇساپىر مال-ۋارلىرى بىلەن بىرگە قىزىل ئارمىيىنىڭ ئىنتىقام ئېلىشىدىن قورقۇپ غەرپكە قاراپ قېچىپ ئۆزۈن سوزۇلغان ئادەم ئېقىمىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. كەينىگە چېكىنىۋاتقان نېمىس قوشۇنلىرى ئۆتىدىغان يوللارنى كىلومېتىرلەرچە ئارىلىقلاردا ئېتىپ قويغان بۇ كۆچمەنلەر ئېقىمى قېلىن قار باسقان يوللاردا سۆرىلىپ ئاران كېتىۋاتاتتى. ئاخىرقى پۇخرالار پويىز قاتارلىرى "سوغۇقتىن ئۈشۈپ قالغان، ئۆرە تۇرالىغىدەك ماغدۇرىمۇ قالمىغان ئۆزىنى مىڭ تەستە ۋاگونلارغا ئاتالىغان كۆپ قىسمى پاسكىنا يېلىنىڭ كىيىملىك، بەزىلىرى پۈكۈلگەن مۆرىلىرىگە يوتقان يۆگىۋالغان، تاتارغان چىرايلىرى ئۈمىدسىزلىككە تولغان ھالدا پادىدەك قىستىلىپ ئولتۇرغان ئالۋاستىدەك كۆرۈنۈشلەر بىلەن لىق تولغان ئىدى. ئۇرۇش سەپلىرى يېقىنلاشقانسىرى يىغىۋېلىش لاگىرلىرىمۇ بىكار قىلىنىپ، ھېلىغىچە ساق قالغان لاگىر مەھبۇسلىرى ئۈچىنچى ئىمپېرىيىنىڭ ئىچكى قىسىملىرىغا قاراپ يولغا چىقىرىلغان ئىدى. ئۇلارنى يالاپ ماڭغان مۇھاپىزەتچىلەر بولسا دەلدەڭشىپ قالغانلىرىنى پەرق قىلغان ھامان ئېتىپ تاشلايتتى ۋە ئۆلۈكلىرى يول بويىدىلا تاشلىنىپ قالاتتى.

بۇ ئىنسان سېلى ئارىسىدا كېتىۋاتقان ياش مۇساپىردىن بىرسى، ئائىلىسىنىڭ شەرقىي پرۇسسىيەدىكى قورا-جايلىرىنى تاشلاپ قاچقان نېمىس ئاقسۆڭەكلىرىدىن بىرى ئىدى. ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تۆت ھەپتىدىن بېرى يول يۈرمەكتە بولغان بۇ ئاقسۆڭەك كونت ماريئون دۆنخوف دېگەن كىشى، ۋىستۇلىدىن مىڭ-بىر مۇشەققەت بىلەن ئۆتۈپ، پومېرانىيەنىڭ قارلىق چىغىر يوللىرىدا ئاتلىق يول يۈرۈپ ئاخىرى بىسماركنىڭ ۋارزىنىدىكى كونا داچىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ، نۇرغۇن يىل ئۆتكەندىن كېيىن يازغان ئەسلىمىسىدە، قاتتىق شاقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىككى تەرىپى غۇلاچ يەتمەس دۈپ دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغان يولغا كىرىپ قېلىش جەريانىنى تەسۋىرلەپ كېلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: ئۆينىڭ ئالدىدا ياغاچ ساندۇقلار يۈكلەنگەن ئىككى ئاتلىق يۈك ھارۋىسى تۇراتتى. بىسمارك ئائىلىسىنىڭ ھۆججەت-ماتېرىياللىرى بىخەتەرلىك يۈزىسىدىن غەرپ تەرەپلەرگە توشۇلماقتا ئىدى.

بۇ ياش، ئۆيگە كىرىپ بالىلارنى تۇغقا ۋە بىسماركنىڭ ئوغلى بولغان ئېرىنىڭ نەچچە يىل بۇرۇن ۋاپات بولغان بۇ ئۆيلەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە كۆڭلى چىدىماي بۇ يەردىن ئايرىلماسلىق قارارىغا كەلگەن 81 ياشلىق كونت ۋون ئارنىم، مېھمىنىغا كايزېرنىڭ ئوردىسىدىكى ھاياتىغا دائىر ھېكايىلارنى سۆزلەپ بېرىدۇ. بىر ۋاقىتلاردا، قېيىنى ئاتىسىنىڭ ئىزباسارى سۈپىتىدە فۇھرېرگە سالام بەرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ-قىلمىغانلىقى ھەققىدە

مەلۇماتىمىز بولمىسىمۇ، ئۆيىدىن ئايرىلىشنى رەت قىلغانلىقى بەلكىم ئۇچىنچى رەيىچ بىلەن ئۇنىڭ داھىلىرىدىن ئۇمىدسىزلەنگەنلىكى، كونا دۇنياسىنىڭ ناتىسىتلار بىلەن بىرلىكتە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت ھېسسىياتلىرىنى بولسىمۇ ئەكس ئەتتۈرمەكتە ئىدى. باغدىكى توڭلاپ كەتكەن تۇپراقلاردا تېخى يېڭىلا كولانغان بىر گۆر ئۇنى كۈتمەكتە ئىدى. مېھمىنى بىلەن ۋىدالىشىپ ئىككى ھەپتىدەك ۋاقىت ئۆتكەندە قىزىل ئارمىيە بۇ يەرلەرگىمۇ يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ كۈنلەردە يۈز بەرگەن ۋەھشىلىكلەر بىلەن قالايماقانچىلىقنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا قالغان بۇ يەردە ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالمىغان ئىدى.

1945-يىلىنىڭ باشلىرىدا، دۇنيانىڭ يەنە بىر تەرىپىدە، بۇنىڭغا تۇيۇقسىز ئوخشىمايدىغان باشقا بىر ۋارزىنمۇ ھۇجۇمغا ئۇچرىماقتا ئىدى. بۇ ۋارزىن، ياپونىيەنىڭ ئۇرۇش دەۋرىدىكى تىنچ ئوكيان ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇپ ئۇچىغا جايلاشقان قول يەتكۈسىز يىراقتىكى بىر ئىسسىق بەلغۇاغ ۋولقانى ئىدى. بۇ تاغنىڭ تۆۋىدە ئەسلى ئاۋۇستىرالىيەنىڭ ئىشغالىيىتىگە قارشى ئالدىنقى سەپ پىداكارلىرى سۈپىتىدە شۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەن ، قورشاۋ ئاستىدا قېلىپ ئىسسىقنىڭ دەردىدە قىينىلىۋاتقان مىڭلىغان ياپون ئەسكىرى ئېنگلىز-ئامېرىكا ئىلگىرلىشى نەتىجىسىدە قاپقانغا چۈشۈپ قالغان، ئاندىن دەھشەتلىك بومباردىمان ئاستىدا قالغان ئىدى. ياپونلارنىڭ دولقۇندەك ئېقىن قىلغان ۋاقىتلاردا بۇ يەر ئەڭ چوڭ دېڭىز بازىسى ھالىغا كەلتۈرۈلگەن بولسا، مانا ئەندى بۇ يەر تىتما-تىتما قىلىنىپ، ئەسكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئورمانغا ئوخشايدىغان پالمىلىقلارنىڭ قېلىن يۇپۇرماق سايىلىرىدە يوشۇرۇنۇپ يېتىشاتتى. ئۇلاردىن 85 مىڭى شۇ يازدا تەسلىم بولغىنىدا كەينىدە بىر ئۇچۇم ئۇرۇش ئەسىرىنى، يىراقلاردىكى ئۆيچە مازارلارنى ۋە كورىيەلىك فاھىشىلەرنى، تروپىك ساسلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاكوپلارنى، كىلومېتىرلاپ سوزۇلغان تونېللەرنى، توپ-زەمبىرەك ئاكوپلىرىنى كەينىدە تاشلاپ كېتىشكەن ئىدى.

ۋارزىن تېغى، قاتتىق شاقىراپ ياغىدىغان يامغۇرى ۋە ئېغىر نەم ھاۋاسى بىلەن، قېلىن ئورمان قاپلىغان ھالدا ھازىرغىچىلا ئاكتىپ ۋولقانلىق بىر چققا ئىدى. بۇ يېڭى بىرتانىيە ئارىلىدىكى بلانچ كەنتىدىكى ئۇ ئاجايىپ مەنزىرىلىك تەبىئىي پورت ئۈستىدە قاپ-قارا بولۇپ كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. بىر ۋاقىتلاردا نېمىسلارنىڭ پومېرانىيە دەپ ئاتاشقان، بۇگۈنكى كۈندىمۇ بىسمارك تاقىم ئاراللىرى دەپ ئاتىلىپ كېلىنگەن شەكىللىنىۋاتقان مۇستەملىكە ئىمپېرىيىسىنىڭ يىراقلاردىكى كۆزەتچىخانىسىنى شەكىللەندۇرگەن بىر ئارال ئىدى. بۇ يەر كېڭىيىۋاتقان گېرمانىيە يېڭى گېۋىنىيەسىنىڭ ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى تىنچ ئوكيان ھامىلىغىنىڭ

بىر پارچىسى ھېسابلانغان كايزېرۋىلھېلم ئارىلىنىڭ شەرقىدە بىر ئارال ئىدى. بىسمارك بۇ دۆلەتنى پەيدا قىلىش ۋاقتىدا ئويىنغان دېپلوماتىيە ماھارىتى شۇندىن باشلاپ بۇ تاقىم ئاراللىرى، بۇ ۋولقانلاردا، ھەمدە بۇ ئولتۇراق يەرلەردە ئانت ھالىغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى. گازېللې يېرىم ئارىلىدىكى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان شەھەرلەردىن بىرسىگە ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئوغلى ھېربېرتنىڭ ئىسمى قويۇلغان ئىدى. بەلكى بۇ ئىسىملارنىڭ ھەمرالىقىدا، ئەيسا نامىدا يەرلىك رۇھلارنى قۇتقازغان قايسى بىر لۇتېرچى مىسيونېرلارغا، پلانتاتسىيونلار نى قۇرۇپ چىققان ھەمدە ۋەھشى ئىنسانلارنى ئەمگەكچىلەرگە ئايلاندۇرغان قۇرۇق پالما مېۋىسى ئېلىپ-ساتارلىرى بىلەن دېڭىز نەقلىياتچىلىرىغا، ئارالنىڭ كام تېپىلىدىغان دەرەخئەۋرىشكىلىرىنى، گۈل-چېچەكلىرىنى، كېپىنەكلىرىنى يىغىدىغان، سىنىپلاندۇرىدىغان ئانتروپولوگلىرى بىلەن بوتانىكچىلىرىغا خاتىرجەملىك بەرمەكتەدۇر. ئەمما گازەللا يېرىم ئارىلىدىكى تەخمىنەن 16 مىڭغا يېقىن پۇخرالىرى، سانى نەچچە يۈزدىن ئاشمايدىغان چەتئەللىكلەرگە زادىلا دىققەت قىلىپ كېتىشمىگەن ئىدى. "تەبىئىيكى، يەرلىكلەر ياۋروپالىقلار قويغان ئىسىملارنى بىلمەيتتى" دەپ يازىدۇ بۇ ئارالغا كەلگەن تۇنجى ئېتنوگراف، "خۇددى شۇنىڭدەك، ياۋروپالىقلارمۇ يەرلىكلەر بەرگەن ئىسىملاردىن تولۇق خەۋىرى يوق، يىغىپ ئېيتقاندا، قولۋاقلىرى بىلەن ئېقىم بويلاپ ئاخىرى بىر يەرلەردىن ئولتۇراق يەرلەر تاپقان يەرلىكلەر تۇرىۋاتقان يېرىنىڭ ئىسمىنى بىلمىگەچكە، ئۆز يۇرتلىرىغا قايتۇرۇلسۇن دېيىشكە بولمايدىغان بىر ئەۋال ئوتتۇرغا چىقىدۇ. "قىيالاردا شەكىللەنگەن كەنتلەردە ياشايدىغان يەرلىكلەر ئۈچۈن ۋاززىن دېگەن ئىسىم ھېچ بىر مەنا بىلدۈرمەيتتى. ئەسلىدە يەرلىكلەردە يېرىنىڭ نامىنى قويماي تۇرۇپمۇ مەھەلە قۇرالىغانلىقى مەلۇم. ئەمما ياۋروپالىق مۇستەملىكىچى ئولتۇراقلاشقانلار بۇنداق يېرىگە ئات قويۇلماي ياشىيالمايتتى. چۈنكى ئۇلارغا نىسبەتەن يەر ئىسمى ھوقۇق دېگەن مەنىدە بىلىنەتتى.

نېمىسلارنىڭ بۇ ئاراللار ئۈستىدە ھەققىنى تەلەپ قىلىشلىرى خەلقارا ساھەلەردە قوبۇل قىلىنغان يىللاردا سىيبىل ۋون ئارنىم، ۋىلھېلم ۋون بىسمارك بىلەن توي قىلغان ئىدى. ئۇ كۆنلەردە، سىيبىل ۋون ئارنىمنىڭ ياشانغان قېينى ئاتىسى ۋاززىنىدىكى ئۆيىگە بېرىپ كېلىش ئۈچۈن بېرلىنىدىن پات-پاتلا ئايرىلىپ تۇراتتى. پومېرانىيە ئورمانلىقىنىڭ ئىچىگە سېلىنغان مەزمۇت سەھرا ئۆيى ھابسبۇرگ ئارمىيىسىنىڭ مەغلۇپ قىلىنىشىنىڭ مەسئۇلى بولغىنى ھەمدە پرۇسسىيىنى بىرلەشكەن گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يېتەكچىسى ھالىغا كەلتۈرگىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇكاپات قىلىپ بېرىلگەن بىر قورا ئىدى. 1870-يىلى فرانسىيە ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشتىن قىسقا مۇددەت بۇرۇن، ئۇرۇشتا ئۇ بولاي

تۇرۇپمۇ غەلىبە قىلىشىنى كۆزلەپ كايزېرنى يالغۇز تاشلاپ يالغۇز قېلىشىنى تاللىۋالغان يېرىمۇ يەنە مۇشۇ ئۆي ئىدى. پايتەخت بىلەن بولغان ئالاقە گېرمانىيىنىڭ تۈنجى تېلېفون لىنىيىسىدىن بىرسى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلاتتى. بىسمارك كەسپداشلىرىنى بۇ يەرگە يىغىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى شۇ يەردىن باشقۇرغان ئىدى. تەبىئەتنىڭ ئىچىدە بولغىنى ئۈچۈن خاتىرجەملىك ھېس قىلدۇرىدىغان بۇ يەر كۆڭۈل ئارامى يوق ۋە ئاچچىقى يامان مىجەزلىك بولىشى، ياسالمىلىقىدىنمۇ نېرىسىغا ئۆتۈپ ئۇنى تۇپراقنىڭ كۈچىگە قارىتا سىرلىق بىر قاراشقا ئىگە قىلاتتى. بۇ ۋەقە ئۇنىڭ زېھنىدە دۇنيادىكى ھەقىقىي پادىشاھلىقىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. قايسى بىر تارىخچىنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئۇ يەر ھەقىقەتەنمۇ "كىچىك بىر رېيچ ئىمپېرىيىسى" ھېسابلىناتتى.

ئورمانلىقلىرى، ئېتىزلىقلىرى ۋە يېزىلىرى بىلەن بىرگە ئۆزىگە تەۋە بولغان بۇ كىچىك مۈلك ئىچىدە، پارنىكلاردا ئىسسىقبەلباغ مېۋىلىرىنى يېتىشتۈردى ھەمدە چوك بىر قەغەز زاۋۇتىمۇ سېلىۋالغان ئىدى. زاۋۇتنىڭ خامئەشيالىرى مۈلكنى ئوراپ تۇرغان 4 مىڭ گېكتارلىق ئورماندىن، ئەمگەك كۈچى بولسا ئەتراپتىكى ئاھالىدىن تەمىنلەنمەكتە ئىدى. بۇ ئەلدە، فېئودالىزمنىڭ ئىزنىشى ئاستىدا قالغان نۇرغۇن دېھقانلار غەربپتىكى كەنتلەرگە قاراپ كۆچۈپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ئەمگەك كۈچى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. ئەمما بىسمارك بۇ قىينچىلىقنى ئەتراپتىكى خوجايىنلارنىڭ قىلغىنىدەك يەرلىكلەردىنمۇ ئەرزان ئەمگەك كۈچى بولغان ئۇرۇس ۋە پولەك كۆچمەن ئىشچىلىرىنى ئىشقا ئېلىش ئارقىلىق ھەل قىلدى. نەتىجىدە، زامانىۋى گېرمانىيەنىڭ قۇرغۇچىسى بىسمارك، بارغانسىرى نېمىس بولمىغان خەلقلەرگە تايىنىپ ئىش قىلىدىغان بىرسىگە ئايلىنىدۇ.

بۇ يېڭى ئىسىملار گېرمانىيەنىڭ يېڭى ئىسسىق بەلۋاغ جەنىنىتىنى باشقۇرۇشتا قىلچە كار قىلمايدۇ. كۈرەش قىلىشقا توغرا كەلگەن بۇ يەرنىڭ يەرلىكلىرى ئارىسىدا ھەم ياۋروپالىقلارنىڭ بازارغا سالغان قۇرۇتۇلغان پالمىيەلىرى بىلەن پۇراقلىق ترويىك ئۈسۈملۈكلەر، پالمىلار ۋە شام دەرەخلىكلىرىدە بىر-بىرسىنىڭ مال ۋە ئادەملىرىنى ئۇۋلاشنى كەسىپ قىلىۋالغانلار كۆپ ئىدى. شۇڭا بۇ يەرلىكلەر بىلەن كۈرەش قىلىش، بۇ تۈردىكى قىپ يالىڭاچ ياۋايى ئادەملەرنى تونۇش، ئۇلار بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشنى ئۆگىنىشنىڭ تۈنجى قەدىمى بولۇپ بېرىدۇ. بۇ كۈرەش، نېمىسلارنىڭ، ھېچ بولمىغاندا بۇ ئەلنىڭ يېڭى خوجايىنلىرىنىڭ قارىشى بويىچە، بۇ ئىشتىمۇ ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى كۆرسىتىشكە مەجبۇر ئىدى. يېڭى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىر مۇزېي مۇدىرى بۇ ھەقتە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: "دۇنيا، مەدەنىيەتلىك ياۋروپالىق ۋە ئامېرىكىلىقلار ئارىسىدا تولۇق بۆلۈشۈش بىلەن بىرلىكتە، ئىنسانىيەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي

تەتقىقاتلارمۇ بارغانسېرى مىللىيلىششىكە باشلىدى.” نېمىس مۇشتىرلىرى ھەققىي مەنىسىدىكى بىر ئىلمىي ئىرق قارىشىنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىشقا سېلىشى زۆرۈر بولماقتا ئىدى. چۈنكى،

ھاكىم بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن بىر مىللەت، ھەممىدىن بۇرۇن شۇنى بىلىشى كېرەك ئىدىكى، ئىپتىدائىي بىر مىللەت مەدەنىيىتىمىزنىڭ مۇرەككەپ تۈزۈلۈشىگە، پەقەتلا خەۋىرى بولمىغان ھەققانىيەت چۈشەنچىلىرىگە دەرھال مەھلىيا بولۇپ كېتەلىشىنى ئۈمىد قىلالمايمىز. شۇڭا بىز ئۇلاردىن ئاۋال ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى، كۆزقاراشلىرىنى ۋە ھېسسىياتلىرىنى چۈشىنىشكە تىرىشىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

... ...

# كىرىش سۆز

ھەر قانداق بىر ھەربىي ئىشلار جەھەتتە خاتالىق ئۆتكۈزمىگەن بولسا ئەجىبا ئۇرۇشتا غەلىبە قىلالامدى؟ مېنىڭچە غەلىبە قىلالمايتتى. بۇ ئۇرۇش ھېچ بولمىغاندا 1941-يىلىدىن باشلاپ خۇددى ئۇلۇغ جاھان ئۇرۇشى (بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى) غا ئوخشاش مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان بولاتتى. چۈنكى سىياسىي مەقسەتلەر گېرمانىيەنىڭ ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي ئىمكانلىرى بىلەن ھېچقاچان ماس كەلمىگەن ئىدى. ھىتلېرنىڭ غەلىتە ئۇرۇش قىلىش خاراكتېرىنىڭ نېمىس خەلقىگە تۆلەتكەن بىردىن-بىر بەدەل مىليونلىغان ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى بىلەن خاراكتېرلىنەتتى. مۇھىم بولغىنى، ئۇرۇشتا بەربىر يېڭىلگەن بولاتتى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان، ھەر دائىم خىيالىمغا كىرىۋالغىنى، قىتئەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان گېرمانىيەدەك بىر دۆلەت، قانداقلارچىسىغا تىنچلىقنى، مۇۋاپىق بىر تىنچلىقنى كاپالەتلەندۈرەلەيدىغان بىر سىياسەتنى تۈزۈپ چىقالماي قالدى؟ ... گېرمانىيەدە، تۇرغان ئورنىمىزدا قەتئىي ئىمكانسىز ئىكەنلىكىنى كۆرەلمەي، ... پۈتۈن دۇنياغا قارشى چىقالايمىز دەپ ئويلىغىدەك ئاخماق ھالغا كەلگەن ئىدۇق. ... بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ مەن سىياسىيون بىرسى ئەمەسمەن. شۇنىڭدەك بىر تارىخچىمۇ ئەمەسمەن. شۇڭا بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنىمۇ بىلمەيمەن. مېنىڭ بىلىدىغىنىم، پەقەتلا نېمە ئۈچۈن دەپ سوراشتىنلا ئىبارەت.

گېنېرال پولكوۋنىك فېردىناند ھېيمىنىڭ ئۇرۇش ئەسىرى سەبداشلىرىغا سۆزلىگەن نۇتقىدىن.

1945-يىلى 23-ماي

1941-يىلىنىڭ ئۆكتەبىر باشلىرىدا بىر قاتار غالىبىيەتلەر ۋېھرماچتىنى (قۇراللىق قىسىملارنى) موسكۋا تۆۋىگىچە كۆتۈرۈپ، ھىتلېرنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەغلۇپ قىلىنغانلىقىغا ئىشەندۈرۈشتەكەن ئىدى. ئەمما ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتمەيلا ھىتلېر خاتالاشقانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. بۇ خاتالىقىنى تونۇشى بەكلا كېچىككەن ئىدى. بېرلىندىكى تەشۋىقات مىنىستىرلىكىنىڭ مەسئۇللىرى مۇخپىرلارغا ناتسىستلار ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ياۋروپانى نېمىلەر كۈتنۇاتقانلىقى توغرىلىق بەكلا ئاددى چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىدۇ. ئۇلارغا ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى، ئۇچىنچى ئىمپېرىيىنىڭ ھەر تۈرلۈك قۇراللىق تەھدىتلەرگە تاقابىل تۇرالايدىغانلىقىنى، ئۆزىگە يەتكىدەك "چېگرا سىملىرى بىلەن قورشالغان ياۋروپا" قۇرۇپ چىقىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشقەتكەن ئىدى. گېرمانىيە، "ھاكىمىيىتىمىز ئاستىغا كىرگەن ئەللەر" گە قارىتا مۇئامىلە قىلىش جەھەتتە "تېخىمۇ كۆپ ئەركىنلىك بېرىدۇ ۋە ئۇلارغا قارىتا ئالاھىدە ئېغىر بېسىق مۇئامىلىدە بولىدۇ" دەيدۇ، شۇنىڭدەك يەنە "كىچىكىنە ئاجىز بىر دۆلەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئارزۇلىرى ياكى تەلەپلىرى بويىچىلا ياۋروپا تىنچلىقىنى بوزىدىغان مەسىلىلەر بۇندىن كېيىن پەقەتلا روي بەرمەيدۇ" دەپ ئەسكەرتىپ كۆرسەتتى. نېمىس خەلقىچۇ؟ بۇندىن كېيىن بۇ خەلق يېڭى-يېڭى تەھدىتلەرگە دۇچ كېلىشى، شەرقتىكى يېڭى ئاۋراسىيا چېگرالىرىدىكى، ئىنگلىزلارنىڭ ھىندىستان غەربىي شىمال چېگراسىدا دۇچ كەلگەن تىنىماي يۈز بېرىپ تۇرىدىغان توقۇنۇشلارغا ئوخشاش توقۇنۇشلارنى تىنىماي باستۇرۇپ تۇرۇش بىلەن ئاۋارە بولۇشى مۇمكىن. قىسقىسى، "ياۋروپا ئىمپېرىيىسى غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىغا قاراپ ئىلگىرىلىشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى.

بۇ ئىمپېرىيەنىڭ قۇرغۇچىسى بولغان ھىتلېرنى، فۇھرېرنى _ يەنى داھىسىنى ئادەتتە بۇنداق دەپ تونىماسلىقىمىز مۇمكىن. ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەرىپلىرىدىن بىرسى قەتئىي تۈردە بۇ ئىمپېرىيىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىدى. ناتسىستلار ئۆز ئۇستىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىلىرىنىڭ دۇنياۋىي بىر كۈچ دەرىجىسىگە كۆتۈرەلەيدىغان بىر ئىمپېرىيە قۇرۇپ چىقىش ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئۇكىيان ئاتلاپ مۇستەملىكىچىلىككە قارىتا ئۆزلىرىگە يول كۆرسەتكۈچلۈك قىلىدىغانغا ئۇنچە كۆپ تەجرىبىلىرىنىڭ يوقلىقىغا، شۇنىڭدەك ھىندىستاندىكى ئىنگلىزلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ئەقىدىلىرى توغرىلىقمۇ تولۇق بىر مەلۇماتلىرى يوقلىقىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ ئازلا بىر رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا تايىنىپ پۈتكۈل ئىككىلەمچى قىتئەنى باشقۇرۇپ كېتەلىگەنلىكىدىن ئالاھىدە ئىلھاملانغان ئىدى.

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىمپېرىيە دېمەك،

2012. يانۋار تەرجىمە قىلىنىپ، 2014. دېكابىر قايتا سىلىشتۇرۇپ پۈتكۈزۈلدى.

تامام

CONTENTS

List of Maps &Tables P vii
Prologue-Stab in the Back P xiii
Part 1 I, Visionary
Deep are the Roots 1889-1907 P 3 .1
The School of My Life' December 1907-1913 P 28' .2
Overcome with Rapturous Enthusiasm' May 1913-November ' .3
1918 P52
Part 2 In the Beginning Was the Word
Birth of a Party 1919-1922 P 93 .4
Such a Logical and Fanatical Man' 1922-1923 P 122' .5
The Beer Hall Putsch 1923 P 146 .6
Part 3 A Mind in the Making
In Landsberg Prison 1923-1924 P 181 .7
Hitler's Secret Book 1925-1928 P 205 .8
A Death in the Family 1928-1931 P 233 .9
Part 4 The Brown Revolution
It is Almost Like a Dream' 1931-January 30 1933 P 259' .10
An Unguarded Hour 1933-June 1934 P293 .11
The Second Revlution – 'All Revolutions Devour Their .12
'Children

February-August 1934 329 13.Triumph of the Will 1934-
1935 P359
Part 5 War in Masquerade
With the Assurance of a Sleepwalker' March 1936-January ' .14
1937 P 387
Such a Little Human Worm' 1937-February 1938 P 412' .15
The Return of the Native February-April 1938 P432 .16
On the Razor's Edge' May-October 1938 P 459' .17
'Part 6 'To the Very Brink of Boldness
Crystal Night November 1938-March 1939 P 501 .18
The Fox and the Bear January-August 1939 P 521 .19
A Calamity Without Parallel in History' August 24-' .20
September 3.1939 P 550
Part 7 By Force of Arms
Victory in the West September 3.1939-June 25.1940 P581 .21
Ev'n Victors by Victory are Undone' June-October 28.1940 ' .22
P 619
The World will Hold its Breath' November 12.1940-June ' .23
22.1941 P 643
A Door into a Dark, Unseen Room' June 22-December ' .24
19.1941 P 673
Part 8 The Fourth Horseman
And Hell Followed with Him' 1941-1943 P 701' .25
The Family Circle 1943 P 733 .26
And with the Beasts of the Earth' April 1943-April 1944 P ' .27
757
Part 9 Into the Abyss
The Army Bomb Plot November 1943-July 21.1944 P777 .28
The Battle of the Bulge July 21.1944-January 17.1945 P 823 .29
The Time We Must Not Surrender Five Minutes Before ' .30

'Midnight
January 17-April 20.1945 P 844
Five Minutes Past Midnight, or 'The Captain Also Goes Down .31
With His Ship' April 20-30.1945 P 864

Epilogue P 892
Acknowledgements P 899
Glossary P901
Sources P 906
Notes P 924
Index P 1012
List of Maps & Tables
Map – Germany Between the Wars – page 8-9
Map – Europe Under Hitler – page 10-11
Hitler's Family Tree – after page 9
Victory in the West – page 606
The Mediterranean – page 632-633
The Russian Front – page 681
Table of Ranks – page 904

John Toland
:Adolf Hitler
The Definitive Biography /1976

Wordsworth Editions /1997